ترجمة مشكاة المصابيح – قسم الثانى–

الإمام محمد ناصر الدين الألباني

## بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايمىز. ئاللاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۇل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھدىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ، ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن تىرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھتائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن! بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئۇغۇشلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىپ، قوبۇل قىلسۇن. ئامىن! پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىق، گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ــ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن! كۆپۈنچە تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان سەھىھ،ھەسەن ھەدىسلەر، ئەلبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەرتوپلىمى»دىن ئېلىندى. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ئىمام ناسىرۇددىن ئەلبانىينىڭ تەھقىقلىگەن كىتابىدۇر.

قۇرئان ـ ھەدىسنى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس،
تەرجىمە ، بەزى مەنىسىنى بايان قىلىۇر ھەممىنى ئەمەس،
قۇرئان ـ ھەدىس لەبزىنىڭ تەفسىرى، ئۇنىڭ بەزىسىدۇر،
بەزى ئايەتنىڭ مەئنىسى، توپلامدىدۇر، بىردىلا ئەمەس.

## كتاب النكاح – الفصل الأول نىكاھنىڭ كىتابى

**3080 – [ 1 ]** ( متفق عليه )**عن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا معشر الشباب من استطاع منكم الباءة فليتزوج فإنه أغض للبصر وأحصن للفرج ومن لم يستطع فعليه بالصوم فإنه له وجاء "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ياشلار گورۇھى! سىلەردىن كىم توي قىلىشقا قادىر بولسا توي قىلسۇن، چۈنكى ئۇ كۆزنى ھارامدىن يۇمدۇرىدۇ، ئەۋرەتنىمۇ ھارامدىن ساقلايدۇ، توي قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن، چۈنكى، روزا تۇتۇش، ئۇ كىشى ئۈچۈن قالقاندۇر، گۇناھ ــ مەئسىيەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تۆت كىتاب تۈپلىغان، سەھىھ.

**3081 – [ 2 ]** ( متفق عليه )

**وعن سعد بن أبي وقاص قال : رد رسول الله صلى الله عليه وسلم على عثمان ابن مظعون التبتل ولو أذن له لاختصينا**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تويسىز تۇل ئۆتۈشنى رەت قىلدى، ئەگەر ئۇنىڭغا تويسىز تۇل ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە بىز ئۆزىمىزنى پىشتۇرىۋەتكەن بولاتتۇق. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.توي قىلىش بەزىدە ۋاجىپ بولسا، بەزىدە سۈننەت ، بەزىدە مۇباھ بولىدۇ، بەزىدە مەكرۇھ ھەتتا ھارام بولىدىغان چاغمۇ باردۇر، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى؛ نىكاھ يەنى توي قىلىش مىنىڭ سۈننىتىم دىگەن، بارلىق ئالىملار؛سۈننەتنى قىلىسا مۇكاپات باردۇر، مەلۇم سەۋەپ، ئۆزرە بىلەن قىلالمىسا گۇناھ يوقتۇر دىگەن، تۆت مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك؛ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن توي قىلىش ياكى قىلماسلىق شۇ كىشىنىڭ ئىختىيارى، توي قىلىشنى، ئاياللار ئەرگە تىگىشنى، ئەرلەر بىردىن تۆتكىچە ئايال كىشىنى ئادىللىق بىلەن ئېلىشنى **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى دىدى، ئەگەر بىركىشى ئىلىم،ئىبادەت، جىھاد ئۈچۈنلا توي قىلماي ئۆمرى ئۆتۈپ كەتسە، بۇ دۇرۇس دىدى، ئەبۇھەنىيپە رەھ توي قىلىش ئەبزەل دىدى، باشقا ئۈچ مەزھەپ ئالىملىرى؛ توي قىلىشتىن ئىلىم،ئىبادەت،جىھاد ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاش ئەبزەل دىدى، قۇرئاندىكى تۇللارنى ئۆيلەپ قويۇشقا بولغان بۇيرۇق مۇستەھەپ ئۈچۈن ئىكەن، چۈنكى قۇرئاندا ئىلگىركى پەيغەمبەرلەرنىڭ مەنسۇخ بولمىغان، ئەمەلدىن قالمىغان ئىشلىرىغا ئىقتىدا قىلىپ ئېسىلىشقا بۇيرۇلغان، ئەيسا،يەھيا،مەريەم، ئەسھابۇلكەھپى قاتارلىق ئەلەيھمۇسسالاملار، بىر قىسىم ساھابىلار، جۈملىدىن ئائىشەئانىمىز بىلەن بوھتانغا قالغان ساھابە رەز ، شۇچاغدىكى بىر قىسىم تۇللار، تابىئىنلار دەۋرىدە بىر قىسىم كىشىلەر، خۇسۇسەن رابىئە ، ئىبراھىم ئەدھەم قاتارلىقلار، ئىبنى كەسىرنىڭ ئۇستازى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە، ئىمام غەززالى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا،(بۇكىشى ئىھيائىتا نىكاھنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى تەڭ كەلتۈرۈپ، مۆتىدىل،ئوتتۇرھال ھۆكۈم قىلىپ، نىكاھتا پايدا بولسا،توي قىل، زىيانلا بولسا، توي قىلما، ھەر ئىككىلىسى تەڭ مەۋجۇد بولسا، قەلبىڭگە قاراپ ئىش قىل دىگەن) پەيلاسوپ پارابىي، ھەتتا ئىمام مۇھەددىس مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى، ھازىرقى زامان ئالىملىرىدىن مەشھۇر شېھىد سەييىدى قۇتۇپ، تالىبانلارنىڭ مەلۇم رەھبەرلىرى ۋە باشقىلار قەتتى توي قىلمىغان، ئۆزىنى ھەق ئۈچۈن، ئىلىم ـ ئىبادەت،جىھاد ئۈچۈنلا ئاتىغان، مەن بۇ سۆزلەرنى ھەرقايسى تەپسىر كىتاپلىرىدىن، تەپسىرمۇنىير،(سۈرە كەھپىدە بار)

ئەنتاۋىيلاردىن، سەھىھ ھەدىس كىتاپلىرىنىڭ شەرھىسىدىن، پەتھۇلبارى، مىرقات، ۋەباشقىلاردىن، ئابدۇرەھمان جەزەرىينىڭ تۆت مەزھەپ پىقھىسى دىگەن كىتابىدىن، ۋە باشقا پىقھى، ئۇسۇل كىتاپلىرىدىن ئالدىم. شىيھ ئابدۇللاھ ئەززام رەھ «سۈرە تۆۋبىنىڭ سايىسىدا» دىگەن تەپسىرىنىڭ 70 ـ سەھىپىسىدە ؛«شىيھىد سەيىيد قۇتۇپ پەقەت توي قىلمىغان»دەپ يازغاندۇر.سىزمۇ تەتقىق قىلىپ كىتاپ كۆرۈڭ.

3082 – [ 3 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تنكح المرأة لأربع : لمالها ولحسبها ولجمالها ولدينها فاظفر بذات الدين تربت يداك "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى تۆت نەرسىنىڭ جەھىتىدىن نىكاھلىنىدۇ، مىلى ئۈچۈن، ھەسەب يۈز ـــ ئابروېي، ئىناۋىتى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن نىكاھلاپ ئېلىنىدۇ، گەرچە ئىككى قولۇڭ توپا بولسىمۇ (يەنى قاتتىق جاپا ـــ مۇشەققەتتە قالساڭمۇ)، دىن ئىگىسىنى ئېلىش بىلەن زەپەر قۇچقىن، غەلىبە قىلغىن، (يەنى مال ـــ دۇنيا بىلەن چىراي گۈزەللىكىنى قويۇپ، دىنى، ئىمانى بارنى ئال) بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى،ئىبنى ماجە سەھىھ.

3083 – [ 4 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الدنيا كلها متا ع وخير متا ع الدنيا المرأة الصالحة " . رواه مسلم

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ دۇنيانىڭ ھەممىسى مەنپەئەتلىنىدىغان ماتادۇر، بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھ، ياخشى ئايالدۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3084 – [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير نساء ركبن الإبل صالح نساء قريش أحناه على ولد في صغره وأرعاه على زوج في ذات يده "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۆگە مىنگەن ئاياللارنىڭ ياخشىلىرى قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ سالىھ ياخشىسىدۇر، بۇ ئاياللار بالىلىرىغا ، باللاركىچىك چېغىدىن باشلاپلا كۆيۈمچاندۇر، ئېرىگە ئىنائەتچان، ئېرىگە بەكمۇ رىئايە قىلىدىغان ئاياللاردۇر. ئەھمەد، بەيھەقى ، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3085 – [ 6 ] ( متفق عليه )

وعن أسامة بن زيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما تركت بعدي فتنة أضر على الرجال من النساء "

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن كەتكەندىن كېيىن، ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ بەكرەك زەرەر يەتكۈزىدىغان نەرسىنى قالدۇرمىدىم، پىتنە جەھەتتىن ئاياللار ئەڭ زەرەرلىكتۇر، (دۇنيا بىلەن ئاياللدىن ھەزەر قىل). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3086 – [ 7 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الدنيا حلوة خضرة وإن الله مستخلفكم فيها فينظر كيف تعملون فاتقوا الدنيا واتقوا النساء فإن أول فتنة بني إسرائيل كانت في النساء " . رواه مسلم

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دۇنيا دىگەن يېشىل، تاتلىق نەرسىدۇر،( دۇنيادىن ھەزەر قىلىڭلار)، **الله** تائالا سىلەرنى بۇدۇنيادا ئىز باسار خەلىپە قىلىپ قويۇپ، قانداق ئەمەللەرنى قىلىشىڭلارغا قاراپ باقىدۇ، دۇنيادىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ئاياللاردىنمۇ قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى بەنىي ئىسرائىيلدا تۇنجى بۇلۇپ يۈز بەرگەن پىتنە ـ پاساد ئاياللار ئىچىدە يۈز بەرگەندۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3087 – [ 8 ]** ( **متفق عليه** )**وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الشؤم في المرأة والدار والفرس " .**
**متفق عليه . وفي رواية : " الشؤم في ثلاثة : في المرأة والمسكن والدابة "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شۇملۇق ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ، ئەخلاقسىز، تۇغماس ئايالدا، تار، خوشنىسى يامان تۇرالغۇجايىدا، ناچار ھايۋان، ناچار ئاتتا بولىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3088 – [ 9 ]** ( **متفق عليه** )**وعن جابر : قال : كنا مع النبي صلى الله عليه وسلم في غزوة فلما قفلنا كنا قريبا من المدينة قلت : يا رسول الله إني حديث عهد بعرس قال : " تزوجت ؟ " قلت : نعم . قال : " أبكر أم ثيب ؟ " قلت : بل ثيب قال : " فهلا بكرا تلاعبها وتلاعبك " . فلما قدمنا لندخل فقال : " امهلوا حتى ندخل ليلا أي عشاء لكي تمتشط الشعثة وتستحد المغيبة "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازات قىلغان ئىدۇق، بىز غازاتتىن قايتىپ، مەدىنىگە يېقىن كەلگەندە، مەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مەن يېقىندىلا توي قىلغان ئىدىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ توي قىلغانمىدىڭ؟ دىدى، مەن ھەئە دىسەم، رەسۇلۇللاھ: توي قىلمىغان قىزنى ئالدىڭمۇ؟ياكى توي قىلغان جۇۋاننىمۇ؟دىدى، مەن بەلكى توي قىلغان ئايالنى ئالدىم دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نىمە ئۈچۈن توي قىلمىغان قىزچاقنى نىكاھىڭغا ئالمىدىڭ؟، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ، ئۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى، سەن ئۇنى كۈلدۈرەتتىڭ، ئۇ سىنى كۈلدۈرۈپ خۇش قىلاتتى ئەمەسمو،دىدى.بىز مەدىنىگە كىرىش ئۈچۈن يېقىن كەلگەندە؛« كېچىدە كىرىشىمىز ئۈچۈن پۇرسەت مۆھلەت بېرىڭلار، كەچىرەك كىرىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، چاچلىرى چۇۋۇق ئاياللار چېچىنى تارىۋالىدۇ، ئەرلىرى غائىپ بولغان ئاياللار ئېرىگە تەييارلىق قىلىۋالىدۇ،دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ.

**3089 – [ 10 ] الفصل الثاني** ( **حسن** )**عن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ثلاثة حق على الله عونهم : المكاتب الذي يريد الأداء والناكح الذي يريد العفاف والمجاهد في سبيل الله " . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىگە ياردەم بېرىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالدى، 1 ـ قەرزنى ئادا قىلىشنى ئىرادە قىلغان مۇكاتەپ قۇل، (يەنى مەلۇم مىقداردا پۇل بەرسەڭ سەن ئازاد دىيىلگەن قۇل) 2 ـ ئىپپەتلىك بولۇشنى ئىرادە قىلغان، نىكاھلانغۇچى توي قىلغۇچى كىشى، 3 ـ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىد. ئەھمەد، تىرمىزى،نەسەئى،ئىبنى ماجە،ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**3090 – [ 11 ]** ( **حسن** )**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا خطب إليكم من ترضون دينه وخلقه**

**فزوجوه إن لا تفعلوه تكن فتنة في الأرض وفساد عريض " . رواه الترمذي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە، سىلەر ئەخلاقىدىن، دىنىدىن رازى بولىدىغان كىشى ئەلچى بولۇپ كەلسە، ئەلچى ئەۋەتسە، قىز بېرىڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، زېمىندا چوڭ پىتنە ـ پاساد بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى تىرمىز، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىبنى ئەدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تىرمىزى، بەيھەقى ئەبۇ ھاتەمدىن توپلىغان، ھەسەن.

---

**3091 – [ 12 ]** ( صحيح )**وعن معقل بن يسار قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تزوجوا الودود الولود فإني مكاثر بكم الأمم " . رواه أبو داود والنسائي**

مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىلا ياخشى كۆرىدىغان سىلەرگە مۇھەببىتى بار، كۆپ تۇغىدىغان، تۇغۇش قابىلىيىتى بار ئاياللارنى ئېلىڭلار، شۇلار بىلەن توي قىلىڭلار، چۈنكى، مەن سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن، سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلار سەۋەبىدىن ئۈممىتىم كۆپىيىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

---

**3092 – [ 13 ] وعن عبد الرحمن بن سالم بن عتبة بن عويم بن ساعدة الأنصاري عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عليكم بالأبكار فإنهن أعذب أفواها وأنتق أرحاما وأرضى باليسير " . رواه ابن ماجه مرسلا**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلىشىدا قىزلارنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاغزى تاتلىق، ئۇلار كۆپ تۇغىدۇ، (ھىيلە ـ مىكرى، ئالدامچىلىقى ئاز، پاسادلىقى ئاز)، ئازغا رازى بولىدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلساڭلار، قىزلارنى ئېلىشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاغزى تاتلىق، تۇغۇشى كۆپ، ئاسان ھامىلدار بولىدۇ، ئالدى قىزىق، (يەنى جىنسى لەززەتلىك) ئازلا ئەمەلگە رازى بولىدۇ. ئىبنى سانا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن. بەشر ئىبنى ئاسىمنىڭ بوۋىسىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ ياش قىزچاقلىرىنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاغزى تاتلىق، ئاسان ھامىلدار بولۇپ، كۆپ تۇغالايدۇ، ئالدى قىززىق، مەرى ئىسسىقتۇر. شىيرازى توپلىغان، سەھىھ.

---

**3093 – [ 14 ] الفصل الثالث عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لم تر للمتحابين مثل النكاح " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا، ئاللاھ رازىلىقىدا بىرىسى ـ بىرىسىنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان قىز ـ ئوغۇلدىن ئىبارەت ئىككى كىشى ئۈچۈن نىكاھدەك ئەۋزەل نەرسە كۆرۈلۈپ باقمىدى، (بۇ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن ئوغۇل ـ قىزنى نىكاھلاپ قويۇش ئەڭ ئەۋزەل ئىشتۇر، ئۇنداق بولمىسا، پىتنە ـ پاساد يامرايدۇ). ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

---

**3094 – [ 15 ]** ( لم تتم دراسته )

**وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أراد أن يلقى الله طاهرا مطهرا فليتزوج الحرائر " . رواه ابن ماجه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم **الله** تائالاغا

| |
|---|
| گۇناھتىن پاك ـ پاكىز ھالدا ئۇچۇرشۇشنى ئىرادە قىلسا، ئىپپەتلىك ھۆر ئاياللار بىلەن توي قىلسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان. تەكشۈرۈلمىگەن. |
| 3095 – [ 16 ] ( لم تتم دراسته )<br>وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه يقول : " ما استفاد المؤمن بعد تقوى الله خيرا له من زوجة صالحة إن أمرها أطاعته وإن نظر إليها سرته وإن أقسم عليه أبرته وإن غاب عنها نصحته في نفسها وماله " . روى ابن ماجه الأحاديث الثلاثة<br><br>ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن بەندە الله تائالاغا تەقۋالىق قىلغاندىن كېيىن، سالىھ ياخشى ئايالدىنمۇ ياخشىراق بىرەر پايدا ـ مەنپەئەتنى ئالالمايدۇ، (يەنى تەقۋالىقتىن قالسا، سالىھ ئايال ئەڭ ياخشى مەنپەئەتتۇر)سالىھ ئايال دېگەن ئەگەر ئېرى بۇيرىسا، ئىتائەت قىلىدۇ، قارىسا خۇرسەن قىلىدۇ، ئېرى بىرەر ئىشقا قەسەم قىلسا، ۋاپا قىلىشىپ ، ياردەم بېرىدۇ، غائىب بولۇپ، بىرەر جايغا كەتسە، ئۆزىنى، ئېرىنىڭ مېلىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ قوغداپ، نەسىھەت قىلىدۇ.ئىبنى ماجە. |
| 3096 – [ 17 ] ( حسن )<br>وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا تزوج العبد فقد استكمل نصف الدين فليتق الله في النصف الباقي "<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلغان بەندە، دىنىنىڭ يېرىمىنى مۇكەممەل قىلغان بولىدۇ، قالغان يېرىمىدا ئاللاھدىن قورقۇپ، تەقۋا بولسۇن. بەيھەقى، شۇئەبۇلئىماندا توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن. |
| 3097 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته )<br>وعن عائشة قالت : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن أعظم النكاح بركة أيسره مؤنة " . رواهما البيهقي في شعب الإيمان<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەرىكەتى بۈيۈك بولغان نىكاھ، چىقىمى، تويلۇق مېھرى ئاز،ئاسان بولغان نىكاھتۇر.بەيھەقى توپلىغان. |
| باب النظر إلى المخطوبة وبيان العورات<br><br>**ئەلچى ئەۋەتلگەن قىزچاقىقا قارىپ بېقىش ۋە ئەۋرەتنىڭ بايانى توغرىسىدا** |
| 3098 – [ 1 ] ( صحيح ) – الفصل الأول عن أبي هريرة قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : إني تزوجت امرأة من الأنصار قال : " فانظر إليها فإن في أعين الأنصار شيئا " . رواه مسلم<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ مەن ئەنسارلاردىن بىر ئايال بىلەن توي قىلماقچى دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۇ ئايالغا قاراپ باققىن، چۈنكى ئەنسارلارنىڭ كۆزلىرىدە بىر نەرسە بار(يەنى ئازراق مەسىلە بار) دېگەن. مۇسلىم توپلىغان. |
| 3099 – [ 2 ] ( متفق عليه )وعن ابن مسعود رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تباشر المرأة فتنعتها لزوجها كأنه ينظر إليها " |

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى يەنە بىر ئايال بىلەن يالىڭاچ ياتمىسۇن، چۈنكى ئۇ يەنە بىر ئايالنى ئېرىگە سۈپەتلەپ بەرسە، ئېرى ئۇ ئايالغا قارىغاندەك، يالىڭاچ كۆرگەندەك بولىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3100 – [ 3 ]** ( **صحيح** )**وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا ينظر الرجل إلى عورة الرجل ولا المرأة إلى عورة المرأة ولا يفضي الرجل إلى الرجل في ثوب واحد ولا تفضي المرأة إلى المرأة في ثوب واحد " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئايال كىشمۇ ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئەر كىشى ئەر كىشى بىلەن بىر ئورۇندا،بىركىيىم ئىچىدە يالىڭاچ ياتمىسۇن، ئايال كىشمۇ يەنەبىرئايال كىشى بىلەن بىر ئورۇندا،بىر تۆشەكتە كىيىمسىز ياتمىسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3101 – [ 4 ]** ( **صحيح** )**وعن جابر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا لا يبيتن رجل عند امرأة ثيب إلا أن يكون ناكحا أو ذا محرم " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر كىشى بىرەر ئۆيدە، ئېرى يوق يالغۇزئايال بىلەن مەھرەمسىز، ئىككىسى خالى ھالدا ياتمىسۇن. لېكىن، نىكاھلاپ ئالغۇچى ئېرى بولۇپ ياكى مەھرەم ئىگىسى يەنى دادىسى، تاغىسى، قېرىندىشى بولسا ياتسا بولىدۇ. (يەنى ئېرىدىن ۋە مەھرەمدىن باشقا يات كىشى ئايال كىشى بىلەن بىر ئۆيدە يالغۇز ياتمىسۇن، ئەگەر بۇ ھەدىسكە خىلاپلىق قىلىپ، بىللە يېتىپ قالسا، ئۈچىنچىسى شەيتان بولۇپ، ئاندىن ئۈچىلىسى شەيتان بولىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ

**3102 – [ 5 ]** ( **متفق عليه** )**وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إياكم والدخول على النساء فقال رجل : يا رسول الله أرأيت الحمو ؟ قال : " الحمو الموت "**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاياللار ئۆستىگە ئىرنىسىز، تۇيۇقسىز كىرىپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار. بىركىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا؟ئايال كىشىنىڭ ئۆستىگە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ يېقىن تۇققانلىرى (يەنى ئېرىنىڭ قېرىندىشى) ئىرنىسىز، تۇيۇقسىز كىرىپ قالسا قانداق بۇلىدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ: ئەنە شۇ ئۆلۈمگە ئوخشاشتۇر دىدى.(يەنى شۇ ئىشتىن ئۆلۈمدىن ھەزەر قىلغاندەك، ھەزەر قىلسۇن، چۈنكى پىتنە-پاساد ئەشۇ يېقىندىن كىلىپ چىقىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3103 – [ 6 ]** ( **صحيح** )**وعن جابر : أن أم سلمة استأذنت رسول الله في الحجامة فأمر أبا طيبة أن يحجمها قال : حسبت أنه كان أخاها من الرضاعة أو غلاما لم يحتلم . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قان ئالدۇرۇش توغرىسىدا رۇخسەت سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇتەييىبنى ئۇنىڭدىن قان ئېلىپ قويۇشقا بۇيرىدى، مەن ئەبۇتەييىبنى ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىمىلدەش قېرىندىشىمىكى، ياكى ئىھتىلام بولمىغان،بالاغاتكە يەتمىگەن كىچىك بالىمىكى دەپ گۇمان قىلدىم. مۇسلىم توپلىغان.

**3104 – [ 7 ] ( صحيح )**

**وعن جرير بن عبد الله قال : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عن نظر الفجاءة فأمرني أن أصرف بصري . رواه مسلم**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يات ئاياللارغا تۇيۇقسىز قاراپ سېلىش توغرىسىدا سورسام، مىنى، كۆزۈمنى دەرھال باشقا تەرەپكە چۆرۈپ، يۆتكىۋېلىشىمغا بۇيرىدى.مۇسلىم.

**3105 – [ 8 ] ( صحيح )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن المرأة تقبل في صورة شيطان وتدبر في صورة شيطان إذا أحدكم أعجبته المرأة فوقعت في قلبه فليعمد إلى امرأته فليواقعها فإن ذلك يرد ما في نفسه " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئايال كىشى دېگەن شەيتاننىڭ سۈرىتىدە ئالدىنى قىلىپ كېلىدۇ، شەيتاننىڭ سۈرىتىدە ئارقىسىنى قىلىدۇ، بىرىڭلار بىرەر ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئايال ئۇنى ھەيران قالدۇرسا،قەلبىگە چۈشۈپ قالسا، دەرھال ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئايالى بىلەن بىللە بولسۇن، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش، بىرىڭلارنىڭ قەلبىدىكى، كۆڭلىدىكى نەرسىنى يەنى ئاشۇ ھەيرانلىقنى، ئارزۇ ــ ئۈمىدنى قايتۇرىدۇ، يوق قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. گەرچە مۇھەببەت ئىشقى، ئەخلاق، گۈزەللىك، مىجەز ــ خۇلۇقلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، يەنىلا ئەر كىشى دېگەن ئوخشاشلا بىر خىل مەخسەتكە يېتىدۇ، ھېسسىياتنى غىدىقلىغان، ئۇنى غىدىقلاپ قىچىغلىغان ئىسپىرما ھۈجەيرىسىنى چىقىرىۋەتسە، كۆڭلىدىكى نەرسە راستىنلا قايتىپ كېتىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئايال كىشى دېگەن ئالدىنى قىلىپ كەلسە، شەيتاننىڭ سۈرىتىدە كېلىدىكەن، بىرىڭلار بىرەر ئايالنى توساتتىن كۆرۈپ قالسا، ئۇ ئايال ئۇنى ھەيران قالدۇرسا، دەرھال ئۇ كېچە ــ كۈندۈز دېمەي، ئۆز ئايالىنىڭ قېشىغا بارسۇن، ھەقىقەتەن ئۆز ئايالىنىڭ قېشىدىكى نەرسە، شۇ ھەيران قالدۇرغان ئايالدىكى نەرسىگە ئوخشاشتۇر، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3106 – [ 9 ] الفصل الثاني ( حسن )عن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا خطب أحدكم المرأة فإن استطاع أن ينظر إلى ما يدعوه إلى نكاحها فليفعل " . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار، بىرەر ئايالغا ئەلچى ئەۋەتكەن بولسا، ئۇ، شۇ ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشقا قىزىقتۇرغان ئىشلارغا قاراپ بېقىشقا قادىر بولالىسا، شۇنداق قىلسۇن، (يەنى قىزىققان نەرسىگە قاراپ باقسۇن)، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىرەر ئايالغا ئەلچى ئەۋەتكەن بولسا، ياكى ئەۋەتمەكچى بولسا، ئەلچى ئەۋەتىش ئۈچۈنلا قارىسا، قارىغانغا گۇناھ بولمايدۇ، گەرچە ئۇ ئايال بۇ ئىشلارنى بىلمىسىمۇ شۇنداق. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3107 – [ 10 ] ( صحيح )وعن المغيرة بن شعبة قال خطبت امرأة فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل نظرت إليها ؟ " قلت : لا قال : " فانظر إليها فإنه أحرى أن يؤدم بينكما " . رواه أحمد والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي**

ئەنەس، مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، مەن بىر ئايالغا ئەلچى ئەۋەتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:ئۇ ئايالنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟دېدى، مەن ؛ ياق تېخى دېسەم ، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛سەن نىكاھىڭغا ئالىدىغان ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ،ئۇنىڭغا قاراپ باققىن، شۇنداق قىلىش ئاراڭلاردىكى مۇھەببەتكە،

ئىنتىپاقلىقتا، ئۇنىسى ئۆلپەتكە پايدىلىقتۇر،دىدى. ئەھمەد،تىرمىزى.نەسەئى،دارىمى، دارىقۇتنى، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3108 – [ 11 ]** ( لم تتم دراسته )**وعن ابن مسعود قال : رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم امرأة فأعجبته فأتى سودة وهي تصنع طيبا وعندها نساء فأخلينه فقضى حاجته ثم قال : " أيما رجل رأى امرأة تعجبه فليقم إلى أهله فإن معها مثل الذي معها "رواه الدارمي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇيۇقسىز بىر ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھنى ھەيران قالدۇرۇۋىدى، دەرھال ئايالى سەۋدەتنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇ ئۆيىنى تازىلاۋاتىدىكەن،( ياكى خۇشپۇراق ئەتىر ياساۋاتىدىكەن) ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاياللار رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خالىي قويىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، مۇنداقدىگەن؛ قايسى بىرئەركىشى،ئۇنى ھەيران قالدۇرىدىغان گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ قالغاندا، دەرھال ئايالىغا قايتىپ بېرىپ،ئايالى بىلەن بىللە بولسۇن، ئايالى بىلەنمۇ شۇئايالدىكىدەك نەرسە باردۇر.دارىمى 2118 ـ ھەدىس.

**إذا رأى أحدكم المرأة التي تعجبه فليرجع إلى أهله حتى يقع بهم فإن ذلك معهم** ( حب ) عن جابر

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ھەيران قالدۇرىدىغان گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ قالغاندا، دەرھال ئايالىغا قايتىپ بىللە بولسۇن، ئايالى بىلەنمۇ شۇ باردۇر. ئىبنى ھەببان خاتىرلىگەن، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن ئاياللار خۇددى ھەرخىل رەڭدە بويالغان تۇخۇمدەك ئوخشاشتۇر، يىسە بىر خىل. ئەمما، ياخشى كۆرگەن مەھبۇب باشقىچە بولىدۇ، بەخت، لەززەت، روھى، مەنىۋى ئىشتۇر، ئىددىيىگە باغلىقتۇر، مۇھەببەتنى ئاللاھ ياراتقاندۇر، مۇھەببەت **الله** تەرەپتىن، نەپرەت شەيتاندىندۇر، ئىبنى تەيمىيە؛ ئەر كىشى ياخشى كۆرگەن ئايالى بىلەن بىللە بولسا، كۆڭلۈنۈپ كېتىدۇ دىگەن.

**3109 – [ 12 ]** ( صحيح )**وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : المرأة عورة فإذا خرجت استشرفها الشيطان "رواه الترمذي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى دىگەن پۈتۈنلەي ئەۋرەتتۇر، (ھەممە يېرى ئەۋرەتتۇر). شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى سىرتقا چىقسا، شەيتان ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتىۋالىدۇ. (چۈنكى ئاياللار دۇنيا بىلەن بىرگە شەيتاننىڭ سەركەردىسى تورسا). تىرمىزى 1093 ــ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ھىجاب، يۈزنى يۆگەش ۋاجىپتۇر.

**3110 – [ 13 ] وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لعلي : " يا علي لا تتبع النظرة النظرة فإن لك الأولى وليست لك الآخرة " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والدارمي**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئەلى! ئاياللارغا تۇنجى قېتىم قاراپ سېلىشقا يەنە بىر قاراشنى ئەگەشتۇرمە، چۈنكى، ساڭا تۇنجى قېتىم قاراپ سېلىشتا گۇناھ يوق، يەنە بىر قېتىم قارىشىڭ بولۇپمۇ ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ قارىشىڭ دۇرۇس ئەمەس. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم،دارىمى توپلىغان، سەھىھ. سەھىھىنىڭ 7953 ـ ھەدىسى.

**3111 – [ 14 ]** ( حسن )**وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا زوج أحدكم**

| |
|---|
| عبده أمته فلا ينظرن إلى عورتها " . وفي رواية : " فلا ينظرن إلى ما دون السرة وفوق الركبة " . رواه أبو داود<br><br>ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئەۋلادلىرىڭلارنى يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرىپمۇ ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار، ئۇلارئون ياشقاكىرگەندە ئۇلار بىلەن ياتاق ئايرىڭلار،) بىرىڭلار قۇلىنى ياكى ئىجارىچىسىنى، ئىشچىسىنى قول ئاستىدىكى دېدەككەئۆيلەپ، توينى قىلىپ قويسا، ئۇئايالنىڭ كىندىك ئاستىغا، تىزىنىڭ ئۈستىگە قارىمىسۇن، (چۈنكى بۇ جاي ئەۋرەتتۇر) ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىندىك بىلەن تىزنىڭ ئارىلىقى ئەۋرەتتۇر، يەنى يوتىسىمۇ ئەۋرەتتۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. |
| 3112 [ 15 ] ( ضعيف )وعن جرهد : أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : أما علمت أن الفخذ عورة رواه الترمذي وأبو داود<br><br>جورھەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن يوتىنىڭ ئەۋرەتلىكىنى بىلمەمسەن؟ تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئىمام ئەلبانى زەئىپ دېدى، لېكىن، بۇ توغرۇلۇق سەھىھ ھەدىسمۇ بار، جۇرھەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى جۇرھەد! يوتاڭنى ياپقىن چۈنكى، كىشىنىڭ يوتىسى ئەۋرەتتۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.ئەلبانىينىڭ سەھىسىنىڭ 7906ـ ھەدىسى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يوتاڭنى ياپقىن، چۈنكى، كىشىنىڭ يوتىسى ئۇنىڭ ئەۋرىتىدۇر، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. 4158ـ |
| 3113 – [ 16 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال له : " يا علي لا تبرز فخذك ولا تنظر إلى فخذ حي ولا ميت " . رواه أبو داود وابن ماجه<br><br>ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، يوتاڭنى ئاشكارا قىلما، تىرىكنىڭمۇ، ئۆلۈكنىڭمۇ يوتىسىغا قارىما. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ تەكشۈرۈپ زەئىپ دېدى.مەنىسى سەھىھ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرگىز يوتاڭنى ئوچۇق قويمىغىن، ھايات كىشىنىڭمۇ، مېيت كىشىنىڭمۇ يوتىسىغا قارىمىغىن، (چۈنكى ئۇ ئەۋرەت). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.ئەلبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»نىڭ 7440ـ ھەدىسىدۇر. |
| 3114 – [ 17 ] ( ضعيف )وعن محمد بن جحش قال : مر رسول الله صلى الله عليه وسلم على معمر وفخذه مكشوفتان قال : " يا معمر غط فخذيك فإن الفخذين عورة " . رواه في شرح السنة<br><br>مۇھەممەد ئىبنى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەئمەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئىككى يوتىسى ئوچۇق ئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى مەئمەر يوتاڭنى ياپقىن، ئىككى يوتا ئەۋرەت دېدى، بۇ ھەدىس شەرھى سۇننەدە بار بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، |
| 3115 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إياكم والتعري فإن معكم من |

**لا يفارقكم إلا عند الغائط وحين يفضي الرجل إلى أهله فاستحيوهم وأكرموهم " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىيىمسىز يالىڭاچلىنىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى سىلەر بىلەن بىللە سىلەردىن ئايرىلمايدىغان كىشىلەر يەنى پەرىشتىلەر باردۇر، ئۇلار كىشى خالاجايغا بارغاندا، ئەھلى بىلەن بىللە بولغاندىلا ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلاردىن ھايا قىلىڭلار.تىرمىزى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن يالىڭاچلىنىشتىن (يەنى كىيىمسىز مېڭىشتىن، قىپيالىڭاچ ئولتۇرۇشتىن) توسۇلدۇم. تەيالىسى توپلىغان سەھىھ.

تىرمىزىنىڭ 2724 _ ھەدىسىدە يالىڭاچلىنىشتىن توسقان ھەدىس بار، پەرىشتىلەردىن ھايا قىلىشنى سۆزلىگەن، بۇخارىيدا، ئەبۇ داۋۇددا، نامازدا ۋە باشقا ۋاقىتتا يالىڭاچلىنىش دۇرۇس بولمايدۇ دېگەن باب بار. لېكىن، ئەر _ ئايال بىللە بولغاندا كىيىمسى ئورۇندا ياتقاندا سەۋەب، ئۆزرە بىلەن دۇرۇس، مۇنچىدا يۇيۇنغاندا پەردە بولسا، كىيىمسى ياتقاندا ئورۇن _ كۆرپىنىڭ ئىچىدە بولسا دۇرۇس.

**3116 – [ 19 ] ( ضعيف )وعن أم سلمة : أنها كانت عند رسول الله صلى الله عليه وسلم وميمونة إذ أقبل ابن مكتوم فدخل عليه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " احتجبا منه " فقلت يا رسول الله أليس هو أعمى لا يبصرنا ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفعمياوان أنتما ؟ ألستما تبصرانه ؟ " رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ۋە مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئىكەن، تۇيۇقسىز ئىبنى مەكتۇم كىرىپ كەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىككەيلەنگە ھىجاپلىنىڭلار! دېدى، مەن: يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كور ئەمەسمۇ؟ بىزنى كۆرمەيدىغان تۇرسا، دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر ئىككىلىڭلارمۇ كورمۇ؟ سىلەرمۇ ئۇنى كۆرمەمسىلەر؟ دېدى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، شەيخ ئەلبانى زەئىپ دېگەن، بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ھەدىسنى تەپسىرگە كىرگۈزگەن، سۈرە نۇردا ئاياللارمۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىش تەكىتلەنگەن.

**3117 – [ 20 ] ( حسن )وعن بهز بن حكيم عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " احفظ عورتك إلا من زوجتك أو ما ملكت يمينك " فقلت : يا رسول الله أفرأيت إن كان الرجل خاليا ؟ قال : " فالله أحق أن يستحيي منه " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

بەھزى ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، دادىسىدىن بوۋىسىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەۋرىتىڭنى ساقلا! پەقەت ئاياللىڭ، دېدەك، چۆرىلىرىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا، يەنى ئۇلاردىن ساقلاش ھاجەتسىز، (ئاندىن مۇنداق سوئال سورالدى؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر كىشىلەر كۆپ بولۇپ، بىرسى بىرسىنىڭ قېشىدا بولسچۇ؟، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئەۋرىتىڭنى بىرەر كىشىگە كۆرسەتمەسلىككە قادىر بولساڭ، كۆرسەتمە دېدى،)ئاندىن مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر كىشى خالى، يالغۇز بولسچۇ؟ دېسەم، كىشىلەرنىڭ ھايا قىلىشىغا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر دېدى. ئەھمەد،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى

| |
|---|
| ماجه، هاكىم، بەيھەقى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ھەسەن. |
| **3118 – [ 21 ]** ( صحيح )وعن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال:لا يخلون رجل بامرأة إلا كان ثالثهما الشيطان رواه الترمذي<br><br>ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (مەن سىلەرگە ساھابىلىرىمنى ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان تابىئىنلارنى ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان ئەتبائىلارنى لازىم تۇتۇشۇڭلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن، ئاندىن كېيىن، يالغانچىلىق ئاشكارا يامراپ كېتىدۇ، ھەتتا، كىشى قەسەم تەلەپ قىلىنمىسىمۇ قەسەم قىلىپ كېتىدۇ، گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ، **«ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەر كىشى يات ئايال كىشى بىلەن يالغۇز، خالىي جايغا چىقمىسۇن، ئۇنداق قىلماي خالىي جايغا چىقسا، ئۇچىنچىسى شەيتان بولىدۇ»**، (ئاندىن كېيىن، ئۇچىلىسى شەيتان بولىدۇ) سىلەر جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار، تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىكدىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ھەققەتەن شەيتان يالغۇز كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ، ئىككى كىشىدىن يىراقراق تۇرىدۇ، كىم جەننەتنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قاپ ئوتتۇرىسىنى ئىرادە قىلسا، جامائەتنى لازىم تۇتسۇن، (بولۇپمۇ خەلىپە جامائىتىنى لازىم تۇتسۇن) كىمنى ياخشىلىق قىلىشى، خۇرسەن خۇشال قىلسا، يامانلىقى خاپا قىلسا، ئەنە شۇ كىشى مۆئمىندۇر)، ئەھمەد 109 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2354 _ ھەدىس، تىرمىزى 2091 _ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. |
| **3119 – [ 22 ]** ( لم تتم دراسته )وعن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تلجوا على المغيبات فإن الشيطان يجري من أحدكم مجرى الدم " قلنا : ومنك يا رسول الله ؟ قال : " ومني ولكن الله أعانني عليه فأسلم " . رواه الترمذي<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېرى غائىب بولۇپ سىرتتا چىقىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرمەڭلار، ھەققەتەن شەيتان (ئادەم باللىرىنىڭ)ھەر بىرىڭلارنىڭ قان ئاقىدىغان جايلىرىدا ئېقىپ يۈرىيدۇ، بىز: سىلىمۇ شۇنداقمۇ؟دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەندىمۇ شۇنداق، لېكىن الله تائالا ماڭا ئۇنىڭغا قارشى ياردەم بەردى، ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، مەن ئۇنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت قالدىم دېدى. تىرمىزى توپلىغان. |
| **3120 – [ 23 ]** ( صحيح )وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم أتى فاطمة بعبد قد وهبه لها وعلى فاطمة ثوب إذا قنعت به رأسها لم يبلغ رجليها وإذا غطت به رجليها لم يبلغ رأسها فلما رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم ما تلقى قال : " إنه ليس عليك بأس إنما هو أبوك وغلامك " . رواه أبو داود<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا سوۋغا قىلىپ بەرگەن قۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈستىدە قىسقا بىر كىيىم بارئىكەن، ئۇكىيىم بىلەن بېشىنى ياپسا، ئىككى پۇتىغا يەتمەيتتى، ئىككى پۇتىنى ياپسا، بېشىغا يەتمەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ مۇشەققىتىنى كۆرۈپ؛ ساڭا ھېچ بىر چاتاق يوق، ھېچ قىسى يوق، چۈنكى سەن ھايا قىلغان كىشلەرنىڭ بىرسى (يەنى مەن)سىنىڭ داداڭ، يەنەبىرسى سىنىڭ قۇلۇڭدۇر دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ. |
| **3121 – [ 24 ]** الفصل الثالث ( متفق عليه )عن أم سلمة : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان عندها وفي البيت مخنث فقال : لعبد الله بن أبي أمية أخي أم سلمة : يا عبد الله إن فتح الله لكم غدا الطائف فإني أدلك على ابنة غيلان فإنها تقبل بأربع وتدبر |

**بثمان فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لا يدخلن هؤلاء عليكم "**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يېنىدىكى چاغدا، ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر خۇناسا(يەنى سۆز-ھەركەت،ئەخلاقىدا ئاياللارغا ئوخشىۋالغان)كىشى بار ئىكەن، بۇكىشى ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ جىيەنى ئابدۇﷲ قا: ئى ئابدۇﷲ! ئەگەر ئەتە **الله** تائالا سىلەرگە تائىپنى ئىشغال قىلىپ بەرسە، مەن سىنى غەيلاننىڭ قىزىغا كۆرسۈتۈپ قويىمەن، ئۇ شۇنداق كىلىشكەن سىمىز قىزكى، تۆت قاتلاق بىلەن ئالدىنى قىلسا، سەككىز قاتلاق بىلەن ئارقىسىنى قىلىدۇ(يەنى شۇنداق بەك سىمىز)دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭمۇ ئاياللارغا سەپ سالىدىغىننى بىلىپ) ئاۋۇ كىشىلەر (يەنى خۇناسالار،پۇچتۇرۇلغان ئېرىكلەر)سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلارغا كىرمىسۇن دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**3122 – [ 25 ]** ( **صحيح** )**وعن المسور بن مخرمة قال حملت حجرا ثقيلا فبينا أنا أمشي سقط عني ثوبي فلم أستطع أخذه فرآني رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال لي : " خذ عليك ثوبك ولا تمشوا عراة " . رواه مسلم**

مسۋەر ئىبنى مەخرەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىر چاغدا ئېغىر بىرتاشنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسام، ئۇستۇمدىن كىيىمىم چۇشۇپ كەتتى، مەن ئۇنى ئېلىپ كىيىشكە قادىر بۇلالمىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى كۆرۈپ ماڭا مۇنداق دىدى: كىيىمىڭنى ئېلىپ كىيىۋالغىن، سىلەر يالىڭاچ ماڭماڭلار.مۇسلىم ئەبۇ داۋۇد،س

**3123 – [ 26 ]** ( **ضعيف** )**وعن عائشة قالت: ما نظرت أو ما رأيت فرج رسول الله صلى الله عليه وسلم قط .رواه ابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ياكى قاراپ باقمىدىم، ئىبنى ماجە يالغۇز خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، ئۇنىڭ يالغۇز قالغان ھەدىسلىرى زادى زەئىپ.

**3124 – [ 27 ]** ( **ضعيف** )**وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما من مسلم ينظر إلى محاسن امرأة أول مرة ثم يغض بصره إلا أحدث الله له عبادة يجد حلاوتها " . رواه أحمد**

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئەر ، ئايال كىشىنىڭ گۈزەل جايلىرىغا بىرىنچى قېتىم توساتتىن قاراپ سېلىپ، ئاندىن كۆزىنى يۇمۇۋالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە شۇنداق بىر ئىبادەت پەيدا قىلىپ بېرىدۇكى، ئۇ ئىبادەتنىڭ ھالاۋىتىنى تاپىدۇ، ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**3125 – [ 28 ]** ( **ضعيف** )**وعن الحسن مرسلا قال : بلغني أن رسول صلى الله عليه وسلم قال : " لعن الله الناظر والمنظور إليه " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكى ماڭا يەتتى، ئاللاھ قارىغۇچىغا ۋە قارالغۇچىغىمۇ لەنەت قىلدى، «چۈنكى، ئۇ قارىسۇن دەپ ئوچۇق قويغان» بۇ ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلىگەن، ساھابى ئۈزۈلۈپ قالغان، مۇرسەل ھەدىس بولغاچقا، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

باب الولي في النكاح واستئذان المرأة – الفصل الأول

## نىكاھدا ۋەلىي ئىگە بولۇش ۋە ئايال كىشىدىن ئىزنە سوراپ ماقۇللۇقنى ئېلىش توغرىسىدا

**3126 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تنكح الأيم حتى تستأمر ولا تنكح البكر حتى تستأذن " . قالوا : يا رسول الله وكيف إذنها ؟ قال : " أن تسكت "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاجراشقان تۇل ئايالدىن ئوچۇق ـــ ئاشكارا مەسلىھەت قىلىشمىغىچە، ماقۇللىقنى ئالمىغىچە ئۇنى نىكاھلاپ قويۇلمايدۇ، توي قىلمىغان قىزچاقنى ئۇنىڭ ئىزنى، رۇخستى رازىلىقى ئېلىنمىغىچە نىكاھلانمايدۇ،ئۇلار: ئۇ قىزچاقنىڭ ئىزنى قانداق بولىدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ جىم، سۈكۈتتە تۇرۇشى، ئىزنى، رازىلىقى بولىدۇ دېدى. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلغان ئايالنىڭ مەسلىھەتلىشىپ ئوچۇق سۆزى، ماقۇللىقى ئېلىنمىغىچە نىكاھلانمايدۇ، توي قىلمىغان قىزچاقنىڭ ئىزنى، رازىلىقى ئېلىنمىغىچە نىكاھلانمايدۇ، ئۇنىڭ سۆز قىلماي، رەت قىلماي سۈكۈتتە تۇرۇشى، ئىزنى رازىلىقىدۇر. (ئەگەر رازى بولماي مەجبۇرلانسا نىكاھى قايتۇرۇلىدۇ). ترمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3127 – [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الأيم أحق بنفسها من وليها والبكر تستأذن في نفسها وأذنها صماتها " . وفي رواية : قال : " الثيب أحق بنفسها من وليها والبكر تستأمر وإذنها سكوتها " . وفي رواية : قال : " الثيب أحق بنفسها من وليها والبكر يستأذنها أبوها في نفسها وإذنها صماتها " . رواه مسلم**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر قېتىم توي قىلغان تۇل ئايال ئۆزىگە ئۆزى، ۋەلىيسىدىنمۇ بەكرەك ھەقلىقراق بولۇپ، ئىگە بولالايدۇ،ئۇنىڭدىن ئىزنى سورالمايدۇ، توي قىلمىغان قىزچاق، نىكاھ ئىشىدا ئىزنى، رۇخسەت سورىلۇپ، رازىلىقى ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ جىم تۇرۇشى، رازى بولغانلىقىدۇر، (بۇنىڭغا ۋەلى ئىگە بولغۇچى لازىم) مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، ترمىز، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر قېتىم توي قىلغان ئايال ئۆزىگە يەنى نىكاھ ئىشىغا ۋەلىدىنمۇ بەكرەك ھەقلىق، لايىقتۇر، (بۇ ئايال ئوچۇق سۆز قىلىدۇ، ئۆزى ئىگە بولىدۇ) قىزچاققا كەلسەك، بۇنى ئەرگە بېرىشتە دادىسى رۇخستىنى، رازىلىقىنى ئالىدۇ، قىزچاقنىڭ ئىزنى، رازى بولۇشى (تارتىنغانلىقتىن) سۈكەتتە جىم تۇرۇشىدۇر، (ئەگەر رەت قىلسىپ، ئۇنىمىسا، مەجبۇرلاپ نىكاھ قىلىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئۇمەيرەتولكىنىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر قېتىم توي قىلغان ئايال نىكاھ ئىشى توغرىسىدا ئوچۇق سۆز قىلىدۇ، ئاشكارا سۆز قىلىپ، رازى بولۇش، بولماسلىقنى ئوچۇق دەيدۇ، توي قىلمىغان قىزچاقنىڭ رازىلىقى بولسا، ئۇنىڭ جىم تۇرىشىدۇر، (قوشۇلمىسا، مەجبۇرلانمايدۇ، بولمىسا قايتۇرۇلىدۇ) ئەھمەد 17058 ـــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1862 ـــ، سەھىھ.

**3128 – [ 3 ] ( صحيح )وعن خنساء بنت خذام : أن أباها زوجها وهي ثيب فكرهت ذلك فأتت رسول الله صلى الله عليه وسلم فرد نكاحها . رواه البخاري وفي رواية ابن ماجه : نكاح أبيها**

خەنسائ بىنتى خىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇنى دادىسى مەجبۇرلاپ ئەرگە بېرىدۇ، ئۇ توي قىلغان ئايال بولۇپ، دادىسىنىڭ بۇ ئىشنى ياقتۇرماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نىكاھىنى،دادىسىنىڭ مەجبۇرى نىكاھلاپ قويۇشىنى رەت قىلىپ قايتۇرىۋەتكەن. ئىمام بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3129 – [ 4 ]** ( صحيح )وعن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم تزوجها وهي بنت سبع سنين وزفت إليه وهي بنت تسع سنين ولعبها معها ومات عنها وهي بنت ثماني عشرة . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى (52 يېشىدا) ئۇ تېخى يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۆز نىكاھىغا ئالغان،(ئىككى يىلدىن كېيىن) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا توققۇز ياشقا كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قوشۇپ قويۇلغان(يەنى ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويغان) بۇچاغدا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئويناپدىغان ئويۇنچۇقلىرى ئۆزى بىلەن بىللە بار ئىدى، ئۇ 18 ياشقا كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھىجرىيە11-يىلى،63 يېشىدا) ۋاپات تاپتى. (ھىجرىيە 58-يىلى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا 65 يېشىدا ۋاپات تاپتى، 47يىل ئىددەت تۇتقاندەك تۇل ئولتۇرغان ئىدى، 2210 ھەدىسنى يادا بىلەتتى) مۇسلىم توپلىغان.سەھىھ.

**3130 – [ 5 ]** الفصل الثاني ( صحيح )

عن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا نكاح إلا بولي " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي

ئەبۇ مۇسا، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋەلىيسىز يەنى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىسىز نىكاھ قىلىش يوق. ئەھمەد،دارىمى، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋەلىيسىز نىكاھ يوق، ۋەلىسى يوق كىشىگە ۋەلى بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىمران، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋەلىيسىز، ئادىل ئىككى گۇۋاھچىسىز نىكاھ قىلىش يوق، نىكاھ پەقەت ئايال كىشىگە ئىگە بولىدىغان ۋەلى ۋە ئادىل ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ھازىر بولۇشىدا قىلىنىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.( نىكاھنىڭ شەرتى؛ قىزچاققا ئىگە بولغىدەك دادىسى، تاغىسى، قېرىندىشى، ھېچقايسى بولمىسا، سۇلتان، ئىمام ۋەلى بولسا، ئادىل ئىككى گۇۋاھچى ھازىر بولسا، تويلۇق مەھرى بېرىلسە ياكى ۋەدە قىلىنسا، توي قىلغان ئايال بولۇپ قالسا، ئىددىتى توشقان بولسا، ئاندىن نىكاھ قىلىنىدۇ. تۇل ئايال ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالايدۇ، لېكىن، ئەقلى كام، مىيىپ، ئاجىز بولسا، يەنىلا ۋەلى بولۇشى لازىم. چۈنكى، ۋەلىيسىز نىكاھ يوق، ۋەلىيسىز نىكاھ باتىل.

**3131 – [ 6 ]** ( صحيح )وعن عائشة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أيما امرأة نكحت بغير إذن وليها فنكاحها باطل فنكاحها باطل فنكاحها باطل فإن دخل بها فلها المهر بما استحل من فرجها فإن اشتجروا فالسلطان ولي من لا ولي له " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىر ئايال ئۆز ۋەلىيسىنىڭ (يەنى ئىگە بولغۇدەك كىشىسىنىڭ، دادا، ئاكا، تاغىلىرىنىڭ) ئىزنىسىز، رۇخسەتسىز نىكاھلانسا، ئۇنىڭ نىكاھى باتىل، نىكاھى باتىل....، ئەگەر ئەر كىشى بۇ باتىل نىكاھ بىلەن ئۇ ئايالغا چېقىلغان بولسا، ئايالنىڭ

| |
|---|
| ئەۋرتىنى ھالال قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئۇ ئاياللغا تويلۇق مېھرى بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ، داۋالىشىپ قالسا، سۇلتان، ئەمىرلەر ۋەلىسى يوق كىشىگە ۋەلى بولالايدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى،دارىمى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| **3132 – [ 7 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " البغايا اللاتي ينكحن أنفسهن بغير بينة " . والأصح أنه موقوف على ابن عباس . رواه الترمذي** <br><br> ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەقەت زىناخور ، پاھىشۋاز ئاياللارلا دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەتسىز، گۇۋاھچىسىز(ۋەلىيسىزلا)ئۆزلىرىنى ئەرگە بېرىپ نىكاھلىنىدۇ. (يەنى ۋەلىيسىز، گۇۋاھچىسىز نىكاھلانغان ئايال زىناخور ئايالدۇر)تىرمىزى توپلىغان. |
| **3133 – [ 8 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اليتيمة تستأمر في نفسها فإن صمتت فهو إذنها وإن أبت فلا جواز عليها " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي** <br><br> ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېتىم قىزچاقنى ئەرگە بېرىشتە، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ماقۇللىقى، ئىزنى ئېلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ سۈكۈت قىلىپ سۆز قىلماي جىم تۇرسا، بۇ ئۇنىڭ ئىزنى، رۇخستى، ماقۇللىقى بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىماي رەت قىلسا، يىغلاپ تۇرىۋالسا، ئۇنى نىكاھلاپ قويۇش دۇرۇس بولمايدۇ.نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. |
| **3134 – [ 9 ] ( لم تتم دراسته )ورواه الدارمي عن أبي موسى** |
| **3135 – [ 10 ]** <br> **وعن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أيما عبد تزوج بغير إذن سيده فهو عاهر " . رواه الترمذي وأبو داود والدرامي** <br><br> جابىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر قۇل، ئەھلىنىڭ يەنى خوجايىنىنىڭ ئىزنىسىز، رۇخستىسىز توي قىلىپ، خوتۇن ئالسا، ئۇ زىنا قىلغۇچى بولىدۇ، ئەھمەد 13696 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1779 ــ ھەدىس، تىرمىزى 1030 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر قۇل ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ ئىزنىسىز توي قىلسا، خوتۇن ئالسا، ئۇ زىنا قىلغۇچىدۇر،دارىمى، ئىبنى ماجە توپلىغان، 1949 ــ ھەدىس ھەسەن. |
| **3136 – [ 11 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن ابن عباس قال : إن جارية بكرا أتت رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكرت أن أباها زوجها وهي كارها فخيرها النبي صلى الله عليه وسلم . رواه أبو داود** <br><br> ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،تېخى توي قىلمىغان بىر قىزچاق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە منىڭ قېشىغا كېلىپ؛ دادىسىنىڭ ئۇنى مەجبۇرلاپ ئەرگە بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ توينى پەقەت ياقتۇرمايدىغانلىقىنى دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قىزچاققا ئۆي تۇتۇش ياكى تۇتماسلىقتا ئىختىيارلىق بەردى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان. |
| **3137 – [ 12 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تزوج المرأة المرأة ولا تزوج المرأة نفسها فإن** |

**الزانية هي التي تزوج نفسها " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى ئايال كىشىنى ۋەلىيسىز ئەرگە بىرەلمەيدۇ، ئايال كىشى ئۆزىنمۇ ۋەلىيسىز ئەرگە تىگەلمەيدۇ، ئۆزىنى ئەرگە بىرىدىغىنى پەقەت زىناخور ئايالدۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئايال كىشى ۋەلى بولالمايدۇ، ھەم ۋەلىيسىز تويى قىلالمايدۇ، بۇنىڭدىن تۇل قالغان ئاياللار مۇستەسنادۇر.

**3138 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد وابن عباس قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ولد له ولد فليحسن اسمه وأدبه فإذا بلغ فليزوجه فإن بلغ ولم يزوجه فأصاب إثما فإنما إثمه على أبيه "**

ئىبنى ئاباس،ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىركىشىگە بىرەر بالا تۇغۇلسا، ئۇ بالىسىنىڭ ئىسمىنى ياخشى قويسۇن، بالىسغا ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگەتسۇن، بالىسى بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويسۇن، ئەگەر بالىسى بالاغەتكە يەتسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويىمىسا، ئاندىن ئۇ بالا بىرەر گۇناھنى قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ گۇناھى ئاتا ـ ئانىسىغا بۇلىدۇ.

**3139 – [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمر بن الخطاب وأنس بن مالك رضي الله عنه عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " في التوراة مكتوب : من بلغت ابنته اثنتي عشرة سنة ولم يزوجها فأصابت إثما فإثم ذلك عليه " . رواهما البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئەنەس ئىبنى مالىك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تەۋراتتا مۇنداق يېزىلغاندۇر؛« ھەر قانداق بىركىشىنىڭ قىزى 12 ياشقا كىرسە، (بالىسى بالاغەتكە يەتسىمۇ)، يەنە ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويىمىسا، ئاندىن ئۇ قىز بالا بىرەر گۇناھنى قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ گۇناھى ئاتا ـ ئانىسىغا بۇلىدۇ.بۇ ئىككى ھەدىسنى بەيھەقى توپلىغان ، تەكشۇرلىشى تامام بولمىغان.

**باب إعلان النكاح والخطبة والشرط – الفصل الأول**

## نىكاھنى ئىلان قىلىش، نىكاھتاخۇتبە ئوقۇش ۋە قويۇلىدىغان شەرتلەر توغرىسىدا

**3140 – [ 1 ] ( صحيح )عن الربيع بنت معوذ بن عفراء قالت : جاء النبي صلى الله عليه وسلم فدخل حين بني علي فجلس على فراشي كمجلسك مني فجعلت جويرات لنا يضربن بالدف ويندبن من قتل من آبائي يوم بدر إذ قالت إحداهن : وفينا نبي يعلم ما في غد فقال : " دعي هذه وقولي بالذي كنت تقولين " . رواه البخاري**

رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،ئۇ راۋىي خالىدقا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئېرىمگە قۇشۇپ قويۇلغان مىنىڭ تويى كۈنىمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ، خۇددى سەن ھازىر ئولتۇرغاندەك، مىنىڭ كۆرپەمدە ئولتۇردى، بىز ئەنسارلارنىڭ قىزلىرى داپ چېلىپ، بەدىر كۈنى ئۆلۈپ كەتكەن دادىللىرىمىز ھەققىدە شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى، تۇيۇقسىز بىرسى؛ ئارىمىزدا ئەتە نىمە ئىش بۇلىشىنى بىلىدىغان پەيغەمبەر باردۇر دەپ سالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ سۆزۈڭنى تەرىك ئېتىپ، ئۇنداق دىمەي، باياتىن بىرى دىگەن سۆزلىرىڭنى دىگىن دىدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**3141 – [ 2 ] ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنه قالت : زفت امرأة إلى رجل من الأنصار فقال نبي الله صلى الله عليه**

وسلم : " ما كان معكم لهو ؟ فإن الأنصار يعجبهم اللهو " . رواه البخاري

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ:بىر ئايال ئەنسارىلاردىن بولغان ئەرگە جۈپلەپ قويۇلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئائىشە، سىلەر بىلەن بىللە لەھۋە ئويۇن، داپ، شېئىر يوقمۇ؟ چۈنكى ئەنسارىلار شۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنى شۇ خۇرسەن قىلاتتى دىگەن. بۇخارى 4765 ــ ھەس، سەھىھ.

3142 – [ 3 ] ( صحيح )وعنها قالت : تزوجني رسول الله صلى الله عليه وسلم في شوال وبنى بي في شوال فأي نساء رسول الله صلى الله عليه وسلم كان أحظى عنده مني ؟ . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى رامىزاندىن كىيىنكى شەۋۋال ئېيىدا نىكاھىغا ئالدى، شۇنداقلا (ئىككى يىلدىن كىيىن) يەنە شەۋۋال ئېيىدا مەن بىلەن بىللە بولدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قايسى بىر ئايالى رەسۇلۇللاھنىڭ نەزلدە مەندىنمۇ بەكرەك نىسىۋىلىك، مۇھەممەتلىك، يېقىنراق ئىدى؟ (يەنى ئىككى ھىيت ئارلىقىدا توي قىلسا بۇلىدۇ)مۇسلىم توپلىغان.

3143 – [ 4 ] ( متفق عليه )وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أحق الشروط أن توفوا به ما استحللتم به الفروج "

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ۋاپا قىلىشقىلارغا ئەڭ ھەقلىق، لايىق بولغان شەرتلەر بولسا، سىلەرئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرنى ھالال قىلغان شەرتلەردۇر، (يەنى نىكاھدا قويۇلغان شەرتلەردۇر، مەھرى تويلۇقتا ۋاپا قىلىشدۇر)، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3144 –[ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا يخطب الرجل على خطبة أخيه حتى ينكح أو يترك

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار قېرىندىشى ئالىمەن دەپ ئەلچى ئەۋەتكەن قىزچاققا ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، تاكى يا ئۇنى نىكاھلاپ ئالىدۇ،(ئىش تامام) ياكى ۋاز كېچىپ تەرىك ئەتسە، ئاندىن كىيىن ئەلچى ئەۋەتسۇن. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى قېرىندىشىنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەن ئورنىغا ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، قېرىندىشىنىڭ باھا قويغان نەرسىسى ئۈستىگە باھا قويمىسۇن، سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، ئايال كىشى دادا تەرەپ ھاممىسىنىڭ ۋە ئانا تەرەپ ھاممىسىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ، نىكاھلانمايدۇ. ئايال كىشى ھەمشىرىسىنىڭ قاچىسىنى بىكارلاپ، پاكلاپ، ئۆزى نىكاھلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تالاق قىلىنىشىنى سورىمىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغىمۇ ئاللاھنىڭ پۈتكىنى باردۇر. مۇسلىم ، سەھىھ.

3145 – [ 6 ] ( صحيح )

وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تسأل المرأة طلاق أختها لتستفرغ صحفتها ولتنكح فإن لها ما قدر لها "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى ھەمشىرىسىنىڭ قاچىسىنى بىكارلاپ، پاكلاپ ئۆزى نىكاھلىنىشى ئۈچۈن، ئاچا ــ سىڭلىسىنىڭ، ھەمشىرىسىنىڭ تالاق قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ سورىمىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغىمۇ تەقدىر قىلىنغان نەرسە باردۇر. بۇخارى،

| |
|---|
| ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. |
| **3146 – [ 7 ] ( متفق عليه )وعن ابن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن الشغار والشغار : أن يزوج الرجل ابنته على أن يزوجه الآخر ابنته وليس بينهما صداق**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شىغاردىن توستى، يەنى ئۇ بولسا، كىشى قىزنى ياكى بىرەرسىنى باشقىسىغا بېرىدۇ، ئۇ باشقىسى بۇ كىشىگە قىزنى بېرىدۇ، ئارىلىقدا تويلۇق مەھرى سېلىشمايدۇ، مانا مۇشۇنىڭدىن توستى. (چۈنكى، ئاياللار تويلۇق مەھرىدىن مەھرۇم قالىدۇ). بۇخارى 4720 _ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىمدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.<br><br>**( صحيح ) لا شغار في الإسلام ( حم ه حب ) عن أنس ( م ) عن ابن عمر**<br><br>ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىدا قىزنى تويلۇق مەھرىسىز بېرىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە يەنە بىر قىزنى تويلۇق مەھرىسىز ئالىدىغان ئىش يوق. (يەنى تويلۇق مەھرىسىز ئۆزئارا قىز ئالماشتۇرۇش يوق. بەلكى، ئاياللارغا تويلۇق مەھرى بېرىلىپ، بۇ ماللارنىڭ ھوقۇقىمۇ بېرىلىدۇ، خالىسا ئۆزى ئىشلىتىدۇ، خالىسا ئاتا _ ئانىسىغا بېرىدۇ، خالىسا ئېرىگە ياكى، ئېرىنىڭ ئاتا _ ئانىسىغا بېرىدۇ، خالىسا سەدىقە قىلىدۇ. بۇئۇنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى). ئەھمەد مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. |
| **3147 – [ 8 ] ( متفق عليه )**<br>**وعن علي رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن متعة النساء يوم خيبر وعن أكل لحوم الحمر الإنسية**<br><br>جابىر، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى مۇتئە نىكاھىدىن يەنى ۋاقىتلىق نىكاھدىن، بىر ئىككى ئايلىق خوتۇن ئېلىشتىن توسقان. (بۇ قىيامەت كۈنىگىچە ھارام) ۋە ئەھلى ئىشەكنىڭ يەنى ئىنسانلار ئۆيلىرىدە ئىشلىتىۋاتقان ئىشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشدىن توسقان. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بەررائى، جابىر، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى ئىشەكنىڭ يەنى ئىنسانلار ئۆيلىرىدە ئىشلىتىۋاتقان ئىشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشدىن توسقان. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.<br><br>ساھابىلار، تابىئىنلار، ئىشەك گۆشى ھارام دېگەنگە ئىجمائقا كەلگەن، سۈتىمۇ ھارامدۇر،چۈنكى سۈت ، گۆش بىلەن قاندىن كېلىدۇ . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نىجاسەتنى، ھايۋان تېزەكلىرىنى يەيدىغان ھايۋانغا مىنىشدىن، سۈتىنى ئىچىشدىن توسقان. (گۆشىنى يېيىشدىنمۇ توسقان). ئەبۇ داۋۇد 3293 _ ھەدىس، تىرمىزى 1747 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3180 _ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. نىجاسەتنى، ھايۋان تېزەكلىرىنى يەۋالغان ھايۋاننىڭ سۈتىنى ئىچىشدىن توسقان رەسۇلۇللاھ، گۆشى ھارام بولغان ئىشەكنىڭ سۈتىنى ئىچىشتىن توسماسمۇ؟ ئەلبەتتە توسىدۇ. |
| **3148 – [ 9 ] ( صحيح )** |

**وعن سلمة بن الأكوع قال : رخص رسول الله صلى الله عليه وسلم عام أوطاس في المتعة ثلاثا ثم نهى عنها . رواه مسلم**

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋتاس يىلى، ئايال كىشىنى مەلۇم نەرسىنىڭ بەدىلگە ۋاقىتلىق نىكاھلاپ ئىلىشقا ئۈچ كۈن رۇخسەت قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن توسقان ئىدى. مۇسلىم توپلىغان.(قىيامەتكىچە ۋاقىتلىق نىكاھنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ئىنتاياقا كېلىدى)

**3149 – [ 10 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن عبد الله بن مسعود قال : علمنا رسول الله صلى الله عليه وسلم التشهد في الصلاة والتشهد في الحاجة قال : التشهد في الصلاة : " التحيات لله والصلوات والطيبات السلام عليك أيها النبي ورحمة الله وبركاته السلام علينا وعلى عباد الله الصالحين أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله " . والتشهد في الحاجة : " إن الحمد لله نستعينه ونستغفره ونعوذ بالله من شرور أنفسنا من يهد الله فلا مضل له ومن يضلل فلا هادي له وأشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله " . ويقرأ ثلاث آيات ( يا أيها الذين آمنوا اتقوا الله حق تقاته ولا تموتن إلا وأنتم مسلمون ) ( يا أيها الناس اتقوا ربكم الذي خلقكم من نفس واحدة وخلق منها زوجها وبث منهما رجالا كثيرا ونساء واتقوا الله الذي تساءلون والأرحام إن الله كان عليكم رقيبا )( يا أيها الذين آمنوا اتقوا الله وقولوا قولا سديدا يصلح لكم أعمالكم ويغفر لكم ذنوبكم ومن يطع الله ورسوله فقد فاز فوزا عظيما )رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي وفي جامع الترمذي فسر الآيات الثلاث سفيان الثوري وزاد ابن ماجه بعد قوله : " إن الحمد لله نحمده " وبعد قوله : " من شرور أنفسنا ومن سيئات أعمالنا " والدارمي بعد قوله " عظيما " ثم يتكلم بحاجته وروى في شرح السنة عن ابن مسعود في خطبة الحاجة من النكاح وغيره**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە نامازدىكى تەشەھھۇدنى ۋە ھاجەتتىكى تەشەھھۇد شاھادەت كەلىمىسىنى ئۆگۈتەتتى؛ نامازدىكىسى«**ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى ۋەسسەلۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ**»، تەرجىمىسى: ئىختىسادى، جىسمانى، ئىددىيىۋى ئىبادەت، مالدىكى، دىلدىكى، بەدەندىكى ئىبادەت بىر ئاللاھقا خاستۇر، سالام ساڭا ئى پەيغەمبەر، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ساڭا بولسۇن، سالامەتچىلىك، تېنچلىق بىزگە،ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ، ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن.ھاجەت خۇتبىسىدىكى تەشەھھۇد شاھادەت كەلىمىسى؛« **ئىننەلھەمدە لىللاھى نەھمەدۇھۇ ۋە نەستەئىينۇھۇ ۋە نەستەغپىرۇھۇ ۋە نەئۇزۇبىللاھى مىن شۇرۇرى ئەنپۇسىنا ۋە مىن سەييىئاتى ئەئمالىنا مەن يەھدىھى الله ھۇ پەلا مۇزىللە لەھۇ ۋە مەن يۇزلىل پەلا ھادىيە لەھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ**»تەرجىمىسى؛ ھەقىقەتەن بارلىق ھەمدۇ ـ سانا **الله** قا خاستۇر، بىز **الله** قا ھەمدە ئېيتىمىز، پەقەت **الله** تىنلا ياردەم سورايمىز، **الله** تىن مەغپىرەت گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم بولىشىنى سورايمىز، **الله** قا سېغىنىپ، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن، ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمىز، ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئاندىن مۇنۇ ئۈچ ئايەتنى ئوقۇيتتى؛ « يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلاَ

تَمُوتُنَّ إِلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ» سۈرە ئال ئىمران 102 ـ ئايەت.

ئى مۇئمىنلەر! اللهغا مۇۋاپىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار.

« يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيرًا وَنِسَاء وَاتَّقُواْ اللّهَ الَّذِي تَسَاءلُونَ بِهِ وَالأَرْحَامَ إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا»

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اللهدىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئازاب قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.سۈرە نىسائ 1 ـ ئايەت.

« يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا* يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَن يُطِعْ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا»سۈرە ئەھزاب 70 ـ 71 ـ ئايەت.

ئى مۇئمىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.ئەھمەد،دارىمى،تۆت كىتاپ تويلىغان،سەھەھ. بۇ ھەمدە ـ سانا، شاھادەت كەلىمىسى نىكاھتا ۋە باشقا ھەرقانداق ھاجەتتە ئوقۇلىدۇ.مەسلەن؛يىغىن ئاچقاندا.

**3150 – [ 11 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل خطبة ليس فيها تشهد فهي كاليد الجذماء " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەشەھھۇد يەنى شاھادەت كەلىمىسى ئوقۇلمىغان ھەر قانداق خۇتبە چولاق قولغا ئوخشايدۇ، يەنى ناقىستۇر. ئەبۇ داۋۇد،تىرمىزى تويلىغان، سەھەھ.سەھەھىنىڭ 4520 ـ ھەدىسى.

**3151 – [ 12 ] ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل أمر ذي بال لا يبدأ فيه بالحمد لله فهو أقطع " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر (ھال، قىلىق) ئۇلۇغ، كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىش، ئاللاھقا ھەمدۇ ـــ سانا ئېيتىش بىلەن باشلانمىسا، ئۇ ناقىس، كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ، ئىبنى ماجە تويلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**3152 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعلنوا هذا النكاح واجعلوه في**

**المساجد واضربوا عليه بالدفوف " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇشۇ نىكاھنى يەنى ئەر ـ ئايال توي قىلغاننى ئىلان قىلىڭلار، نىكاھنى مەسجىدلەردە قىلىڭلار، ئۇنى داپ چېلىپ ئىلان قىلىڭلار. تىرمىزى تويلىغان. ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نىكاھنى يەنى ئەر ـ ئايال توي قىلغاننى ئىلان قىلىڭلار، «بۇ ئىلان بىرەر قوينى سويۇپ، پىشۇرۇپ، گۆشنى تەقۋا مۇسۇلمانلارغا زىياپەت بېرىش بىلەن بولىدۇ)، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، ھاكىم، ئەبۇ نۇئەيىم تويلىغان، ھەسەن.

**3153 – [ 14 ] ( حسن )عن محمد بن حاطب الجمحي عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " فصل ما بين الحلال والحرام : الصوت والدف في النكاح " . رواه أحمد والترمذي والنسائي وابن ماجه**

مۇھەممەد ئىبنى ھاتىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر ـ ئايالنىڭ جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشىدىكى ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىيدىغان نەرسە، نىكاھدىكى ئاۋاز بىلەن داپ چېلىشتۇر، (يەنى ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان بولسا، گۇۋاھچىلار تەخ بولسا، نىكاھ ئوقۇلۇپ، تەگدىم، قوبۇل قىلدىم، ئالدىم دىگەندىن كېيىن، داپ چېلىپ، نىكاھ ئىلان قىلىنسا، ھالال بولىدۇ) ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم تويلىغان، ھەسەن.

**3154 – [ 15 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة قالت : كانت عندي جارية من الأنصار زوجتها فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا عائشة ألا تغنين ؟ فإن هذا الحي من الأنصار يحبون الغناء " . رواه ابن حبان في صحيحه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئەنسارلاردىن بىر قىزچاق بارئىدى، مەن ئۇنى ئەرگە بەرگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئائىشە! داپ بىلەن شېئىرى قوشاق ئوقۇيدىغان كىشى ئەۋەتمىدىڭلارمۇ؟ چۈنكى ئەنسارلارنىڭ بۇ قەبىلىسى لەھۋە ئويۇن، داپ، شېئىرنى ياخشى كۆرىدۇ دىدى.ئىبنى ھەببان تويلىغان.

**3155 – [ 16 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : أنكحت عائشة ذات قرابة لها من الأنصار فجاء رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أهديتم الفتاة ؟ " قالوا : نعم قال : " أرسلتم معها من تغني ؟ " قالت : لا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الأنصار قوم فيهم غزل فلو بعثتم معها من يقول :أتيناكم أتيناكم فحيانا وحياكم " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنسارلاردىن بولغان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىر قىزچاقنى ئەرگە بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ؛ سىلەر ئۇقىزچاققا بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلدىڭلارمۇ؟دىدى، ئۇلار ھەئە قىلدۇق دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنىڭ بىلەن بىللە داپ چېلىپ شېئىرى ئوقۇيدىغان بىرەر كىشىنى ئەۋەتتىڭلارمۇ؟دىدى، ئۇلار ياق دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئەنسارلار ئارىسىدا ناخشا،غەزەل باردۇر، ئەگەر سىلەر ئۇقىزچاق بىلەن بىللە ئەتەيناكۇم،ئەتەيناكۇم، پەھەييانا، ۋەھەيياكۇم،يەنى بىز سىلەرگە كەلدۇق، **الله** بىزلەرنى ۋە سىلەرنى سالامەت قالدۇرسۇن دەيدىغان كىشىنى ئەۋەتكەن بولساڭلار ياخشى بۇلاتتى دىدى. ئىبنى ماجە تويلىغان.

**3156 – [ 17 ]** ( لم تتم دراسته )وعن سمرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أيما امرأة زوجها وليان فهي للأول منهما ومن باع بيعا من رجلين فهو للأول منهما " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر ئايالنى ئىككى ۋەلىي ئىككى ئەرگە بېرىشنى دېيىشكەن بولسا، ئۇ ئايال ئۆئىككى ۋەلىينىڭ بىرىنجىسى بەرگەن ئەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشى بىرەر نەرسىنى ئىككى كىشىگە ساتقان بولسا، ئۇنەرسە، بىرىنجى قېتىم سېتىۋالغان كىشىنىڭ بولىدۇ. تىرمىزى،نەسەئى،ئەبۇداۋۇد،دارىمى توپلىغان.

**3157 – [ 18 ]** الفصل الثالث ( متفق عليه )

عن ابن مسعود قال : كنا نغزو مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ليس معنا نساء فقلنا : ألا نختصي ؟ فنهانا عن ذلك ثم رخص لنا أن نستمتع فكان أحدنا ينكح المرأة بالثوب إلى أجل ثم قرأ عبد الله : ( يا أيها الذين آمنوا لا تحرموا طيبات ما أحل الله لكم )

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلدۇق، ئاياللىرىمىز بىز بىلەن بىللە ئەمەس ئىدى، بىز: ئۆزىمىزنى پىچىتىۋۇۋەتسەك ئاختا بولۇۋالامدۇق؟ دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۇنىڭدىن توستى، ئاندىن كېيىن بىزگە ئاياللارنى مەلۇم نەرسىنىڭ بەدىلىگە ۋاقىتلىق نىكاھىمىزغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى، بىزنىڭ ھەربىرىمىز ئايال كىشىنى مەلۇم كىيىمنىڭ بەدىلىگە مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھىغا ئالاتتى دەپ، ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:« ئى مۆئمىنلەر! سىلەر الله تائالا سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەن پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋالماڭلار......»بۇخارى،مۇسلىم.

**3158 – [ 19 ]** ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : إنما كانت المتعة في أول الإسلام كان الرجل يقدم البلدة ليس له بها معرفة فيتزوج المرأة بقدر ما يرى أنه يقيم فتحفظ له متاعه وتصلح له شيه حتى إذا نزلت الآية ( إلا على أزواجهم أو ما ملكت أيمانهم )قال ابن عباس : فكل فرج سواهما فهو حرام . رواه الترمذي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ ئاياللارنى مەلۇم نەرسىنىڭ بەدىلىگە ۋاقىتلىق نىكاھلاپ ئېلىش ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يولغا قويۇلغان ئىدى، كىشى مەلۇم شەھەرگە بېرىپ قالسا، ئۇ جاينى ياخشى تونۇمايتتى، ئاندىن ئۇ كىشى شۇ شەھەردە تۇرىدىغان مىقداردا ئاياللارنى ۋاقىتلىق نىكاھلاپ ئالاتتى، ئۇئايال ئۇكىشىنىڭ مال، ماتالىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاش تامىقىنى ئېتىپ، ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى، بۇ ئەھۋال مۇنۇ ئايەت نازىل بولغىچە شۇنداق بولدى، « (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). ئۇلارغا ئۆز ئاياللىرى ، دېدەك، چۆرىلىرى بىلەن بىللە بولسا، مالامەت، تاپا ـ تەنە قىلىنمايدۇ، بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسى تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.» (سۈرە6 ـ 7 ـ ) ئەرلەرگە ئۆز ئاياللىرىنىڭ ، دېدەك، چۆرىلىرىنىڭ ئەۋرىتىدىن باشقا، ھەرقانداق ئاياللىنىڭ ئەۋرىتى مەڭگۈ ھارامدۇر. تىرمىزى توپلىغان.

**3159 – [ 20 ]** ( صحيح )وعن عامر بن سعد قال : دخلت على قرظة بن كعب وأبي مسعود الأنصاري في عرس وإذا جوار يغنين فقلت : أي صاحبي رسول الله صلى الله عليه وسلم وأهل بدر يفعل هذا عندكم ؟ فقالا : اجلس إن شئت فاسمع معنا وإن شئت فاذهب فإنه قد رخص لنا في اللهو عند العرس . رواه النسائي

ئامىر ئىبنى سەئدى مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىر تويدا، قۇرزەت ئىبنى كەئبى، ئەبۇمەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نىڭ قېشىغا كىرەپ قالدىم، ناگاھان ئۆتويدا دىدەك قىزچاقلار داپ بىلەن شىئىرى قوشاق ئوقۇپ ناخشا ئەيتتى، مەن ئۇلارغا: ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرى! ئى بەدىرگە قاتناشقان بەدىرئەھلى! سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار قىلىنسا بولامدۇ؟ دىسەم، ئۇلار ماڭا:ئەگەر خالىساڭ، بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئاڭلا، ئەگەر خالىساڭ، كەتكىن، چۈنكى بىزگە توي قىلغاندا، مۇشۇنداق لەھۋە ،ئويۇن، داپ چېلىشلارغا رۇخسەت قىلىنغان دىدى. نەسەئى توپلىغان.

## باب المحرمات – الفصل الأول — نىكاھلاپ ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللار توغرىسىدا

**3160 – [ 1 ]** ( **متفق عليه** )**عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يجمع بين المرأة وعمتها ولا بين المرأة وخالتها**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى، دادا تەرەپ ھاممىسى ۋە ياكى ئانا تەرەپ ھاممىسى بىلەن بىرگە نىكاھدا جۈپلەپ ئېلىنمايدۇ، (بۇلارنى جۈپلەپ نىكاھىغا ئېلىش ھارام). بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دادا تەرەپ ھاما ئانىنى شۇ ھاما ئانىنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىزى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، قىزچاقنى ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ھاممىسى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ. (يەنى، ھەر قانداق بىر ئايالنى ئۇ ئايالنىڭ دادا تەرەپ ياكى ئانا تەرەپ ھاممىسى بىلەن جۈپلەپ نىكاھلاشقا، توي قىلىپ ئېلىشقا بولمايدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. قىزچاقنى ھاممىسى بىلەن جۈپلەپ ئېلىش ھارام، ھاممىسنى ئۇنىڭ جىيەن قىزى بىلەن جۈپلەش ھارام، يەنى نىكاھلاپ ئېلىش ھارام، دىبەك، چۆرە ھېسابىدا ئېلىشتا ئىختىلاپ بار، قولىدا تۇرۇپ تۇرسا دۇرۇس. ئىىختىلاپ؛ جىمائ، جىنسى ئالاقىدە قىلىنغان.

**3161 – [ 2 ]** ( **صحيح** )**وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يحرم من الرضاعة ما يحرم من الولادة "رواه البخاري**

ئائىشە، ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نەسەپ تۇغۇلۇشتىن ھارام بولغان نەرسە، ئېمىلدەشتىنمۇ ھارام بولىدۇ، (يەنى نەسەبدىن كىشىگە ئانىسى، قىزى، ھەمشىرىسى، ھاممىسى، قېرىنداشلىرىنىڭ قىزى، ھەمشىرىسىنىڭ قىزى قاتارلىق يەتتە كىشى ھارام بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ئېمىلدەشلىكتىنمۇ ئېمىلدەش سۈت ئانىسى، ھەمشىرىسى ئۇلارنىڭ قىزلىرى، ھاممىسى قاتارلىق يەتتە كىشى ھارام بولىدۇ. ئەلۋەتتە نەۋرىسى، چوڭ ئانىسىمۇ ھارامدۇر). بۇ سۈرە نىسانىڭ 22 ـ ، 24 _ ئايىتىگىچە سۆزلەنگەن، سەھىھ ھەدىس بىلەن ھاممىسنى جۈپلەپ ئالماسلىق بېكىتىلدى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ،بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3162 – [ 3 ]** ( **متفق عليه** )**وعنها قالت : جاء عمي من الرضاعة فاستأذن علي فأبيت أن آذن له حتى أسأل رسول الله صلى الله عليه وسلم فجاء رسول الله صلى الله عليه وسلم فسألته فقال : " إنه عمك فأذني له " قالت : فقلت : يا رسول الله إنما أرضعتني المرأة ولم يرضعني الرجل فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم:إنه عمك فليلج عليك وذلك بعدما ضرب علينا الحجاب**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مىنىڭ ئېمىلدەش تاغام كېلىپ، مەندىن ئۆيۈمگە كىرىشكە ئىزنى سوردى، مەن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ باقمىغىچە ئۇنىڭغا كىرىشكە رۇخسەت قىلمىدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەندە، بۇ ئىش توغرىسىدا سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ ئۇ سىزنىڭ تاغىڭىز بولىدۇ، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىڭ دىدى، مەن:

ئى الله نىلك ئەلچىسى! مىنى ئايال كىشى ئىمىتكەن، ئەركىشى ئىمىتمىگەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ سىزنىڭ تاغىڭىز بولىدۇ، ئۇ ئۆيىڭىزگە كىرىۋەرسە بولىدۇ دىدى. ئەشۇ چاغ بىزگە ھىجاپ ئايىتى نازىل بولۇپ بولغاندىن كىيىنكى مەزگىل ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

**3163 – [ 4 ] ( صحيح )وعن علي رضي الله عنه قال : يا رسول الله هل لك في بنت عمك حمزة ؟ فإنها أجمل فتاة في قريش فقال له : " أما علمت أن حمزة أخي من الرضاعة ؟ وإن الله حرم من الرضاعة ما حرم من النسب ؟ " . رواه مسلم**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىلك ئەلچىسى! تاغىللىرى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قىزىنى نىكاھلىرىغا ئېلىشقا قىزىقامىلا؟ چۈنكى ئۇ قۇرەيش قىزلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكى ئىدى دىسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ سەن تېخى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىلك مىنىڭ ئىمىلدەش قېرىندىشىم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ھەقىقەتەن ئاللاھ، نەسەپ جەھەتتىن ھارام قىلغان كىشىلەرنى ئىمىلداش جەھەتتىنمۇ ھارام قىلدى،دىدى.مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، نەسەبدىن، توغۇلۇشتىن ھارام قىلغان نەرسىنى ئىمىلدەشتىنمۇ ھارام قىلدى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. نەسەپتە ھارام بولغان كىشى ئىمىلدەشتىمۇ ئوخشاش ھارامدۇر. مەسىلەن: نەسەبدىن ھارام بولىدىغانلار؛ ئانىسى، چوڭ ئانىسىنى، ھەتتا ئۈستۈنلىسمۇ ھارام، قىزى قىزىنىڭ قىزى نەۋرە قىزى ھەتتا تۆۋەنلىسمۇھارام، ئاچ ـ سىڭلىسى ھارام، ئانا تەرەپ، ياكى دادا تەرەپ ھامىسى ھارام، ئىمىلدەشتىمۇ بۇ ئوخشاشتۇر.

**3164 – [ 5 ] ( صحيح )وعن أم الفضل قالت : إن نبي الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا تحرم الرضعة أو الرضعتان "**

ئۇممە پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنى، بالا تۇنجى قېتىملا بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم شورىسا)، بۇ بىر ئىككى قېتىم شوراش، بىر ئىككى قېتىم ئىمىتىش ، بىرەر نەرسىنى ھارام قىلىۋېتەلمەيدۇ. مۇسلىم 2629 ـ ھەدىس، نەسەئى 3256 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3165 – [ 6 ] ( صحيح )وفي رواية عائشة قال : " لا تحرم المصة والمصتان "**

ئائىشە ، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم شوراش، ئىمىلدەشتىن ھارام قىلالمايدۇ. (لېكىن، كۆپ شورىسا، بالىنىڭ ئۇچىيى ھۆل بولسا، سۈت ئاشقازىنىغا يېتىپ بارسا، ئىمىلدەش، نەسەپكە ئوخشاش ھارام قىلىدۇ). مۇسلىم 2628 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22899 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، مۇسلىمدىن كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3166 – [ 7 ] ( صحيح )وفي أخرى لأم الفضل قال : " لا تحرم الإملاجة والإملاجتان " . هذه روايات لمسلم**

ئۇممە پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنى، بالا تۇنجى قېتىملا بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم شورىسا)، بۇ بىر ئىككى قېتىم شوراش، بىرەر نەرسىنى ھارام قىلىۋېتەلمەيدۇ. مۇسلىم 2629 ـ ھەدىس، نەسەئى 3256 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3167 – [ 8 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : كان فيما أنزل من القرآن : " عشر رضعات معلومات يحرمن " . ثم نسخن**

**بخمس معلومات فتوفي رسول الله صلى الله عليه وسلم وهي فيما يقرأ من القرآن . رواه مسلم**

ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ قۇرئاندىن نازىل قىلىنغان ئايەتلەردە؛« مەلۇم بولغان ئۇچچۇق ئون قېتىم ئېمىتىش هارام قىلىدۇ» دېگەن ئايەت بارئىدى، ئاندىن كېيىن بۇ « مەلۇم بولغان ئۇچچۇق بەش قېتىم شۈرۈتۈپ ئېمىتىش هارام قىلىدۇ» دېگەن بىلەن ئەمەلدىن قالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپتى، ۋەھالەنكى بۇ كېيىنكى ئايەت كۆچكە ئىگە بولۇپ ئوقۇلماقتا.مۇسلىم توپلىغان.(مانا بۇ مەئنىسى قىلىپ، لەبزى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئايەتتۇر.)

**3168 – [ 9 ] ( متفق عليه )وعنها : أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل عليها وعندها رجل فكأنه كره ذلك فقالت : إنه أخي فقال : " انظرن من إخوانكن ؟ فإنما الرضاعة من المجاعة "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىرگەندە، ئۆيۈمدە بىر ئەر كىشى بارئىدى، رەسۇلۇللاھ شۇنى ياقتۇرمىغاندەك قىلىۋىدى، مەن ؛ ئۇ مېنىڭ ئېمىلدەش قېرىندىشىم بولىدۇ دېسەم، ماڭامۇنداق دېگەن: كىمنىڭ قېرىنداشلار ئىكەنلىكىگە قاراپ بېقىڭلار! ھەقىقەتەن ئېمىلدەشلىك دېگەن ئاچلىقتىن يەنى سۈت تەشنالىقىدىن ئېمىش بىلەن بولىدۇ، دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھھە. (ئالىملار ؛ هارام بولىدىغان ئېمىلدەشلىك، بالا كىچىك چاغدا،ئىككى ياشتىن تۆۋەن چاغدا ئەمىسە بولىدۇ،دېدى. بەزىلەر سەھلەت بىنتى سۇھەيلىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوڭ كىشىنى ئېمىتىۋېتىشكە بۇيرۇغان، بۇنىڭدىن چوڭلارمۇ ئەمسە ئېمىلدەش بولىدۇ دېدى، لېكىن، ئالىملار سەھھە مۇسلىمدا بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ كۆڭلىدىكى، قەلبىدىكى نەرسە شۇنداق قىلساڭ يوقايدۇ دەپ ئۇللەت سۆزلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ساھابىلار، تابىئىنلار بارلىق ئالىملار ئېمىلدەشلىك،بالا ئىككى ياشتىن تۆۋەن چاغدا ئەمسە بولىدۇ دېدى، ئەبۇ ھەنىيفە ئىككى يېرىم ياشقىچە دېدى، مالىك ئىككى ياش ۋە نەچچە كۈن دېدى، بارلىق جۇمھۇر ئالىملار؛ هارام بولىدىغان ئېمىلدەشلىك، بالا كىچىك چاغدا،ئىككى ياشتىن تۆۋەن چاغدا ئەمسە بولىدۇ،دېگەنگە قوشۇلدى، دەلىلى؛ كامىل ئىككى يىل ئېمىتىش ئايىتى ۋە يۇقىرقى ئاچلىقدىن ئېمىش ھەدىسىدۇر، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى)

**3169 – [ 10 ] ( صحيح )وعن عقبة بن الحارث : أنه تزوج ابنة لأبي إهاب بن عزيز فأتت امرأة فقالت : قد أرضعت عقبة والتي تزوج بها فقال لها عقبة : ما أعلم أنك قد أرضعتني ولا أخبرتني فأرسل إلى آل أبي إهاب فسألهم فقالوا : ما علمنا أرضعت صاحبتنا فركب إلى النبي صلى الله عليه وسلم بالمدينة فسأله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كيف وقد قيل ؟ " ففارقها عقبة ونكحت زوجا غيره . رواه البخاري**

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇئىھابەنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدىم، ئاندىن بىر ئايال كېلىپ؛ مەن ئۇقبە بىلەن ئۇ نىكاھىغا ئالغان قىزنى ئېمىتىپ قويغان دېدى، مەن ئۇنىڭغا: سېنىڭ مېنى ئېمىتىپ قويغىنىڭنى، بۇئىشنى ماڭا خەۋەر قىلغىنىڭنىمۇ مەن بىلمەيمەن،دېدىم، ئاندىن ئەبۇ ئىھابەنىڭ ئائىلىسىگە بۇئىش توغرىسىدا سوراپ كىلىشكە كىشى ئەۋەتسەم، ئۇلارمۇ: ئۇ ئايالنىڭ قىزىمىزنى ئېمىتىپ قويغىنىنى بىز بىلمەيمىز دېدى، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ سۆز دېيىلىپ بولغان تۇرسا، ئەمدى قانداق بولىدۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ قىزچاق بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى، ئۇ باشقا بىر ئەرگە تەگدى.بۇخارى توپلىغان.

**3170 – [ 11 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد الخدري : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم حنين بعث جيشا إلى أوطاس فلقوا عدوا فقاتلوهم فظهروا عليهم وأصابوا لهم سبايا فكأن ناسا من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم تحرجوا من غشيانهن من أجل أزواجهن من المشركين فأنزل الله تعالى في ذلك ( والمحصنات من النساء إلا ما ملكت أيمانكم )أي فهن لهم حلال إذا انقضت عدتهن . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەين كۈنى ئەۋتاسقا قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلار دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ، قاتتىق جەڭ قىلىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئولجا،غەنىيمەتلەرگە، ئولجا ئېلىنغان ئاياللارغا ئېرىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىدىن نۇرغۇن كىشلەر، ئولجا ئېلىنغان ئۇ ئاياللارنىڭ مۇشرىكلەردىن ئەرلىرى بولغانلىقتىن، ئۇ ئاياللار بىلەن بىللە بولۇشنى گۇناھ سانىغاندا، **الله** تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:« ئەرلىك ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى، پەقەت سىلەرنىڭ باشقۇرۇشۇڭلار ئاستىدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇ **الله**نىڭ سىلەرگە پەرز قىلغان ھۆكۈملىرىدۇر، بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى.....»سۈرە نىسا 24ـ ئايەت. ئولجا ئېلىنغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى توشسىلا(رەھمى پاكلانسىلا) ئۇلارغا ھالالدۇر. مۇسلىم توپلىغان.

**3171 – [ 12 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى أن تنكح المرأة على عمتها أو العمة على بنت أخيها والمرأة على خالتها أو الخالة على بنت أختها لا تنكح الصغرى على الكبرى ولا الكبرى على الصغرى . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي والنسائي وروايته إلى قوله : بنت أختها**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپ توسقان: ئايال كىشىنى ئۇنىڭ دادا تەرەپ ھاممىسى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، دادا تەرەپ ھاما ئانىسىمۇ قېرىندىشىنىڭ قىزى يەنى جىيەن قىزى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، ئايال كىشىنى ئانا تەرەپ ھاما ئانىسىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، ئانا تەرەپ ھاما ئانىسىمۇ ھەمشىرىسىنىڭ قىزى ئۈستىگە جۈپلەپ ئېلىنمايدۇ، چوڭ ئايال كىچىكىنىڭ ئۈستىگە، كىچىك ئايال چوڭىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ. يەنى يۇقىرقى ھامائانا جىيەن قىزلارنى بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ ئېلىش ھارامدۇر. ئەبۇ داۋۇد،تىرمىزى،نەسەئى،دارىمى سەھەھ.

**3172 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن البراء بن عازب قال : مر بي خالي أبو بردة بن دينار ومعه لواء فقلت : أين تذهب ؟ قال : بعثني النبي صلى الله عليه وسلم إلى رجل تزوج امرأة أبيه آتية برأسه . رواه الترمذي وأبو داود**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ يېنىمدىن تاغام ئەبۇبۇردەت ئۆتۈپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن بايراق بار ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن ؛ قەيەرگە بارىسەن؟ دەپ سورىسام، ئۇماڭا: مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ئۆز دادىسىنىڭ ئايالىنى نىكاھىغا ئېلىۋالغان بىركىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى،دىدى.تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان. كىشىگە دادىسى ئالغان ئايال ھارامدۇر.

**3173 – [ 14 ] وعن أم سلمة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحرم من الرضاع إلا ما فتق الأمعاء في**

**الثدي وكان قبل الفطام " . رواه الترمذي**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىملەدەشلىكتىن پەقەت ئانىنىڭ كۆكسىدىكى سۈتتىن، بالىنىڭ ئۈچەيلىرىنى يېرىپ كىرىپ، ئاشقازانغا يېتىپ بارغان نەرسە هارام قىلىدۇ. بۇ ئىملەدەشلىك، بالا ئايرىلىشتىن بۇرۇن، ئىككى ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن بولسا، هارام قىلىدۇ. تىرمىزى تولىغان، سەھەھ. (ئانىنىڭ سۈتىدىن باشقا تۆگە، كالا، قوي سۈتلىرىدە ئىملەدەشلىك بولمايدۇ، هارام قىلمايدۇ، قۇرۇق ئەمچەكنى ئەمسىمۇ هارام بولمايدۇ، ئىككى يىلدىن كىيىنمۇ ئىملەدەشلىك بولمايدۇ،ئىملەدەشلىكنىڭ هارام قىلىشى ئۈچۈن بالا ئىككى ياشتىن تۆۋەن بولسا، سۈت، ئانا سۈتى بولسا، ئاشقازانغا بارسا، ئاندىن هارام قىلالايدۇ. ساھابىلار،مۇشۇھۆكۈمگەئەمەل قىلغان.تىرمىزى سۆزى)

**3174 – [ 15 ]** **( لم تتم دراسته )وعن حجاج بن حجاج الأسلمي عن أبيه أنه قال : يا رسول الله ما يذهب عني مذمة الرضاع ؟ فقال : " غرة : عبد أو أمة " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي**

ھەججاجنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەندىن مىنى ئىمىتكەن ئىنىڭ ئانامنىڭ ئىمىتىش سۈت ھەققىنى نىمە ئادا قىلالايدۇ؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بىر قۇل ياكى دىدەك چۆرىنى ئازات قىلىشىڭ ئادا قىلالايدۇ دىدى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،نەسەئى،دارىمى.

**3175 – [ 16 ]** **( لم تتم دراسته )عن أبي الطفيل الغنوي قال : كنت جالسا مع النبي صلى الله عليه وسلم إذ أقبلت امرأة فبسط النبي صلى الله عليه وسلم رداءه حتى قعدت عليه فلما ذهبت قيل هذه أرضعت النبي صلى الله عليه وسلم .رواه أبو داود**

ئەبۇتتۇپەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئىدىم، تۇيۇقسىز بىر ئايال كىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىدايىنى ئۇ ئايالنىڭ ئاستىغا سېلىپ بەردى، ئۇ ئايال ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى، ئۇ ئايال كەتكەندە، بۇئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىمىتكەن ئىدى دىيىلدى. ئەبۇداۋۇد تولىغان.

**3176 – [ 17 ]** **( صحيح )عن ابن عمر رضي الله عنه أن غيلان بن سلمة الثقفي أسلم وله عشر نسوة في الجاهلية فأسلمن معه فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أمسك أربعا وفارق سائرهن " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ غەيلان ئىبنى سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدا جاھالىيەتتىكى ئاياللىرىدىن ئون ئايالى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇسۇلمان بولدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئاياللىرىڭدىن تۆتنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى قويىۋەتكىن دىدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە تولىغان.

**3177 – [ 18 ]** **( لم تتم دراسته )وعن نوفل بن معاوية قال : أسلمت وتحتي خمس نسوة فسألت النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " فارق واحدة وأمسك أربعا " فعمدت إلى أقدمهن صحبة عندي : عاقر منذ ستين سنة ففارقتها . رواه في شرح السنة**

نەۋپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مۇسۇلمان بولغاندا قول ئاستىمدا بەش ئايالىم بار ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئاياللىرىڭدىن تۆتنى ئېلىپ قېلىپ، بىرىنى قويىۋەتكىن دىدى.مەن ئۇلاردىن 60 يىلدىن بىرى تۇغمىغان، مەن بىلەن بۇرۇندىن بۇرۇن سۆھبەتتە

بىللە بولغان (قېرىراق)ئايالىمنى قويۇپ بەردىم. شەرھىسسۇننى.

**3178 – [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن الضحاك بن فيروز الديلمي عن أبيه قال : قلت : يا رسول الله إني أسلمت وتحتي أختان قال : " اختر أيتهما شئت " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

زەھھاكنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ۋەھالەنكى مىنىڭ قول ئاستىمدا ئاچا ـ سىڭىل ھەمشىرە بولغان ئىككى ئايالىم بار دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ ئۇلارنىڭ قايسىسىنى خالىساڭ، بىرىنى تاللىغىن، يەنەبىرنى قويىۋەتكىن دېدى. تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3179 – [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : أسلمت امرأة فتزوجت فجاء زوجها إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله إني قد أسلمت وعلمت بإسلامي فانتزعها رسول الله صلى الله عليه وسلم من زوجها الآخر وردها إلى زوجها الأول وفي رواية : أنه قال : إنها أسلمت معي فردها عليه . رواه أبو داود**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر ئايال مۇسۇلمان بولۇپ، ئېرىدىن باشقا ئەرگە تېگىدۇ، ئاندىن دەسلەپكى ئېرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇم، ئۇ مىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلەتتى،يەنەبىرخاترىدە؛ئۇ مەن بىلەن بىللە مۇسۇلمان بولغان دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنى ئىككىنجى ئېرىدىن تارتىپ ئېلىپ، بىرىنجى ئېرىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3180 – [ 21 ] ( لم تتم دراسته )وروي في " شرح السنة " : أن جماعة من النساء ردهن النبي صلى الله عليه وسلم بالنكاح الأول على أزواجهن عند اجتماع الإسلاميين بعد اختلاف الدين والدار منهن بنت الوليد بن مغيرة كانت تحت صفوان بن أمية فأسلمت يوم الفتح وهرب زوجها من الإسلام فبعث النبي صلى الله عليه وسلم إليه ابن عمه وهب بن عمير برداء رسول الله صلى الله عليه وسلم أمانا لصفوان فلما قدم جعل له رسول الله صلى الله عليه وسلم تسيير أربعة أشهر حتى أسلم فاستقرت عنده وأسلمت أم حكيم بنت الحارث بن هشام امرأة عكرمة بن أبي جهل يوم الفتح بمكة وهرب زوجها من الإسلام حتى قدم اليمن فارتحلت أم حكيم حتى قدمت عليه اليمن فدعته إلى الإسلام فأسلم فثبتا على نكاحهما . رواه مالك عن ابن شهاب مرسلا**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرغۇن مۇسۇلمان بولغان ئاياللار جامائىتىنى، دىن ۋە ۋەتەن ئالمىشىپ، ئۆزگەرگەندىن كېيىنمۇ، ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئىسلام كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان بولۇشى بىرلەشكەندە، ئۇئاياللارنى ئۆز ئەرلىرىگە دەسلەپكى نىكاھلىرى بىلەنلا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ۋەلىيدىنىڭ قىزى سەپۋاننىڭ ئايالى ئىدى، ۋەلىيدىنىڭ قىزى مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمان بولدى، ئۇنىڭ ئېرى ئىسلامدىن قاچتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپۋانغا ئەممىنلىك بىرىپ، بۇنىڭغا ئالامەت بەلگە قىلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەھبىنى ئۆز ردايى بىلەن ئەۋەتتى، ئۇ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئاسانلىق،ئامانلىق ئۈچۈن تۆت ئاي ۋاقىت مۆھلەت بەردى، ئاندىن ئۇمۇ مۇسۇلمان بولدى، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ قول ئىلكىدە دەسلەپكى نىكاھى بىلەن قېلىۋەردى. ئەبۇجەھىلنىڭ ئوغلى بولغان ئىكرەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى، ھارىسنىڭ قىزى ئۇممە ھەكىم مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى مەككىدە مۇسۇلمان بولدى، ئۇنىڭ ئېرى ئىكرەمەت ئىسلامدىن قېچىپ، يەمەنگە

بېرنۋالدى، ئۇمه ھەكم يەمەنگە بېرىپ، ئېرىنى ئىسلامغا دەئۋەت قىلدى، ئۇمۇ مۇسۇلمان بولدى، ئاندىن بۇ ئىككى ئەر ـ ئايالمۇ بۇرۇنقى نىكاھى ئۈستىدە قېلىۋەردى. ئىمام مالىك ئىبنى شىھابتىن توپلىغان،شەرھىسسۇننى.

**3181 – [ 22 ] الفصل الثالث ( صحيح )عن ابن عباس قال : حرم من النسب سبع ومن الصهر سبع ثم قرأ : ( حرمت عليكم أمهاتكم )الآية . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نەسەپتىن يەتتە تۈرلۈك ئايال ھارام قىلىندى، قۇدـ باجىلىقتىن يەتتە تۈرلۈك ئايال ھارام قىلىندى دەپ، :«سىلەرگە ئانىلىرىڭلار ھارام قىلىندى...... سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئايالىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيەلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيەلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ باك يوقتۇر، يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ. الله ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»دېگەن سۈرە نىسانىڭ 23 ـ ئايىتىنى ئوقۇدى.(شۇنىڭدەكلا ئىملدەشتىمۇ يەتتە تۈرلۈك ئايال ھارام قىلىندى)ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**3182 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أيما رجل نكح امرأة فدخل بها فلا يحل له نكاح ابنتها وإن لم يدخل بها فلينكح ابنتها وأيما رجل نكح امرأة فلا يحل له أن ينكح أمها دخل أو لم يدخل " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث لا يصح من قبل إسناده إنما رواه ابن لهيعة والمثنى بن الصباح عن عمرو بن شعيب وهما يضعفان في الحديث**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئەركىشى بىرەر ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىپ، ئۇ ئايال بىلەن جىنسى ئالاقە قىلغان بولسا، ئۇكىشىگە ئۇئايالنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ ئېلىش ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالى بىلەن جىنسى ئالاقە قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ ئالسا دۇرۇس بولىدۇ.(بۇ ئايەتتە ئۇچۇق سۆزلەنگەن) قايسى بىر ئەركىشى بىرەر ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىپ، ئۇ ئايال بىلەن جىنسى ئالاقە قىلغان بولسۇن ياكى جىنسى مۇناسىۋەت قىلمىغان بولسۇن، ئۇكىشىگە ئۇئايالنىڭ ئانىسىنى نىكاھلاپ ئېلىش ھالال بولمايدۇ.يەنى ھارامدۇر. تىرمىزى توپلىغان.

## باب المباشرة – الفصل الأول ئەر ــ ئاياللار مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

**3183 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن جابر قال : كانت اليهود تقول : إذا أتى الرجل امرأته من دبرها في قبلها كان الولد أحول فنزلت : ( نساوكم حرث لكم فأتوا حرثكم أنى شئتم )**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەھۇدىيلار؛ ئەركىشى ئايالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئالدىغا يەنى جىنسى يولىغا مۇناسىۋەت قىلسا، تۇغۇلغان باللىسى ئالغاي،كۆك كۆز بولۇپ قالىدۇ دەيتتى، ئاندىن مۇنۇ ئايەت نازىل قىلىندى«ئاياللىرىڭلار سىلەرنىڭ زىرائەتكارلىقىڭلاردۇر، سىلەر زىرائەتكارلىقىڭلاردىن ئىبارەت ئاياللىرىڭلارغا خالىغان كەيپىياتتا كىلىۋېرىڭلار»مۇسلىم توپلىغان.(ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئايالىڭ بىلەن ئالدى

تەرەپتىن، ئارقا تەرەپتىن جىنسى مۇناسىۋەت قىلساڭ بولىدۇ، لېكىن، نىشان، مۇناسىۋەت ئورنى؛ ئۇرۇق تىكىلىدىغان، زىرائەت ئورنى بولغان ئالدى تەرەپ ئەۋرەت بولۇشى، جىنسى يولى بولۇشى لازىم، ئارقا مەقئەتكە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن، ھەيز مەزگىلىدە مۇناسىۋەت قىلىشدىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ ساقلان).

**3184 – [ 2 ] وعنه كنا نعزل والقرآن ينزل . متفق عليه . وزاد مسلم : فبلغ ذلك النبي صلى الله عليه وسلم فلم ينهنا**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز ئۆزلە قىلىپ، مەنى، ئىسپىرما سۈيىنى يەرگە تۆكىۋىتەتتۇق، قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنىۋاتاتتى، (يەنى **الله** قۇرئاندا بۇئىشنى توسمىغان)بۇ ئىشىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتسىمۇ، بىزنى ئۇنىڭدىن توسمىغان ئىدى. بۇخارى مۇسلىم.بۇ قۇرئاننىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈكۈت قىلىشىدىن ھەدىس تەقرىر بىلەن دەلىل ئېلىشتۇر.

**3185 – [ 3 ] ( صحيح )وعنه قال : إن رجلا أتى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " إن لي جارية هي خادمتنا وأنا أطوف عليها وأكره أن تحمل فقال : " اعزل عنها إن شئت فإنه سيأتيها ما قدر لها " . فلبث الرجل ثم أتاه فقال : إن الجارية قد حبلت فقال : " قد أخبرتك أنه سيأتيها ما قدر لها " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ مېنىڭ بىر چۆرە قىز دېدېكىم بار،ئۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭ ھامىلدار بولىشىنى ياقتۇرمايمەن،(يەنى ئۇزلەت مەنىي،ئىسپىرما سۈيىنى تۆكىۋەتمەكچىمەن) دىگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئەگەر خالىساڭ ئۇزلەت قىل، شۇنداق قىل، ھەقىقەتەن ئۇ ئايالغا تەقدىر قىلىنغان ئىش چوقۇم كېلىدۇ، (يەنى تۇغۇش، تۇغماسلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە باغلىق)،دىدى.ئۇكىشى بىر مەزگىلدىن كېيىن كېلىپ؛ ئۇدېدەك قىز ھامىلدار بولۇپ قالدى، دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ مەن ساڭا« ھەقىقەتەن ئۇ ئايالغا تەقدىر قىلىنغان ئىش چوقۇم كېلىدۇ،دەپ خەۋەر قىلغان ئىدىم،دىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ،لېكىن،دىنسىزلار بۇنىڭ بىلەن پىلانلىق تۇغۇت پەتىۋاسىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

**3186 – [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي سعيد الخدري قال : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم غزوة بني المصطلق فأصبنا سبيا من سبي العرب فاشتهينا النساء واشتدت علينا العزبة وأحببنا العزل فأردنا أن نعزل وقلنا : نعزل ورسول الله صلى الله عليه وسلم بين أظهرنا قبل أن نسأله ؟ فسألناه عن ذلك فقال :ما عليكم ألا تفعلوا ما من نسمة كائنة إلى يوم القيامة إلا وهي كائنة "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بەنىي مۇستەلەق ئۇرۇشىغا چىقىپ، ئەرەپ ئولجىللىرىدىن نۇرغۇن ئاياللارغا ئېرىشتۇق، بىزگە ئاياللىرىمىزدىن ئايرىلىش قاتتىق ئېغىر كېلىپ، يىراق كۈچۈيۈپ كەتكەن ئىدى،بىز ئايال كىشىنى بەقمۇ ئارزۇ قىلىپ سېغىنغان ئىدۇق، بىز ئۆزلە قىلىشنى ياخشى كۆرۈپ، شۇنى ئىرادە قىلغاندا؛ ئارىمىزدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇرسا، سوراپ باقمايلا مەنىي سۈيىنى يەرگە تۆكۈپ، ئۆزلە قىلامدۇق دىيىشىپ، ئاندىن شۇ ئىش توغرىسىدا سورساق رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: مەنىينى يەرگە تۆكۈپ ئۆزلە قىلىشىڭلاردا ياكى قىلماسلىقىڭلاردا سىلەرگە ھېچ ئىش يوق، چۈنكى، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنىگىچە مەۋجۇد بولىدىغان جان ئىگىسىنى يارىتىشنى پۈتكەن بولسا، ئۇ چوقۇم مەۋجۇد بولىدۇ. (سىلەرنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىشىڭلار توسۇپ قالالمايدۇ)دىدى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ ئۆزلە يەنى مەنى، ئىسپىرما سۈيىنى يەرگە تۆكمەسلىكىڭلارداياكى تۆكىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچ ئىش يوق، چۈنكى، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنىگىچە ياراتماقچى بولغان نەرسىنى ۋە كىشىلەرنى تەقدىر قىلىپ

بولغان، (ئەگەر لا ھەرپىنى زىيادە قىلغاندا، ئۆزلە قىلىشقىلاردا ھېچ ئىش يوق، گۇناھ يوق دېگەن بولىدۇ، مەخسەت سىلەر بۇ ئىشنى قىلماسلەر، ياكى قىلماسلەر سىلەرگە ھېچ ئىش يوق، چۈنكى، ھەممىسى تەقدىردە پۈتۈلۈپ بولغان، ئاللاھ ياراتماقچى بولغان جاننى چوقۇم يارىتىدۇ، گەرچە سەن ئۇ سۇنى تاشقا تۆككەن بولساڭمۇ، ئاللاھ خالىسا، ئۇ بالىنى چىقىرىدۇ، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە) بۇ ھەدىس، نەسەئى 3275 _ ھەدىس، بۇخارى 6113 _ ھەدىس، مۇسلىم 2602 _ ھەدىس، تىرمىزى 1057 _ ھەدىس، ۋە باشقا كىتابلاردا بار بولۇپ، سەھىھ. بىز بۇ توغرىسىدا سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ توختالغان، سىلەر بۇ ھەدىسلەرنىڭ شەرھىلىرىنى كۆۈڭلار ياكى ئالىملارغا كۆرسىتىڭلار، بولۇپمۇ پەتھۇلبارىدا بۇ مەسىلە ئوچۇق سۆزلەنگەن، تۆت مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىمۇ تەپسىلىي باردۇر. مەسىلە ئوخشاشمايدۇ، ئەھۋال ئوخشاشمايدۇ، ھۆكۈممۇ ئوخشاشمايدۇ، ئىسلام مەيدانىدا تۇرۇپ، مەسىلىنى چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن، دىنسىزلار دىيارغا تەدبىقلاش باشقا مەسىلە، مەلۇم سەۋەب ئۆزرە بىلەن ئۆزلەت دۇرۇس بولسىمۇ دۇرۇس بولمايدىغان جاي بار، ھارام بولىدىغان، مەكرۇھ بولىدىغان، مۇباھ، دۇرۇس بولىدىغان جاي بار،ئوزلە مۇتلەق مەكرۇھدۇر.

**3187 – [ 5 ]** ( صحيح )**وعنه قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن العزل فقال : " ما من كل الماء يكون الولد وإذا أراد الله خلق شيء لم يمنعه شيء " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇزلەت يەنى مەنىي سۇيىنى يەرگە تۆكۈۋېتىش توغرىسىدا سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: بالا، مەنىي، ئىسپىرما سۇيىنىڭ ھەممىسىدىن بولمايدۇ، ئاللاھ بىرەر نەرسىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنى بىرەر نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ، (خالىغىڭلارنى قىلىڭلار) دېگەن. مۇسلىم 2605 _ ھەدىس، ئەھمەد 11140 _ ھەدىس، سەھىھ.( بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا بالا مەنىي سۇنىڭ ھەممىسىدىن يارالماستىن، بەلكى، بىر تال ئىسپىرما ھۈجەيرىسىدىن يارىلىدۇ.

**3188 – [ 6 ]** ( صحيح )**وعن سعد بن أبي وقاص : أن رجلا جاء إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : إني أعزل عن امرأتي . فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لم تفعل ذلك ؟ " فقال الرجل : أشفق على ولدها . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو كان ذلك ضارا ضر فارس والروم " . رواه مسلم**

ئۇسامەت ئىبنى زەيد،سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ مەن ئايالىمدىن ئۆزلە قىلىپ، مەنىي سۇيىنى يەرگە تۆكۈشنى مەقسەت قىلدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىسەن؟دېدى، ئۇكىشى؛ ئۇنىڭ بالىسىدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئەگەر بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش بالىغا زىيان يەتكۈزگۈچى بولسا، پارىس، رۇملارغا زەرەر يەتكۈزەتتى،دېدى. (دېمەك زەرەر يوق) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3189 – [ 7 ]** ( صحيح )**وعن جذامة بنت وهب قالت : حضرت رسول الله صلى الله عليه وسلم في أناس وهو يقول : " لقد هممت أن أنهى عن الغيلة فنظرت في الروم وفارس فإذا هم يغيلون أولادهم فلا يضر أولادهم ذلك شيئا " . ثم سألوه عن العزل فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ذلك الوأد الخفي وهي ( وإذا الموؤودة سئلت )رواه مسلم**

جۇزامەت بىنتى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن، يېڭىدىن تۇغقان، بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان ئايالنى، بالىسىغا زەرەر يەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئېرىنىڭ

جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن توسۇشنى مەخسەت قىلىپ بولۇپ، كېيىن قارىسام، رۇم خەلقى بىلەن پارىسلار شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن تۇغقان ئاياللار بىلەن قىلغان جىنسى مۇناسىۋىتى باللىرىغا زىيان يەتكۈزمەپتۇ، (شۇنىڭ بىلەن مەن توسمىدىم).ئاندىن ئۇلار ئۆزلە قىلىپ، مەنىي سۈيىنى يەرگە تۆكۈش توغرىسىدا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئەنەشۇ ئىش بالىنى مەخپى كۆمۈۋىتىشتۇر، ئۇبۇلسا، سۈرە تەكۋىردە؛«تىرىك كۆمۈۋىتىلگەن قىزدىن؛ سەن قايسى گۇناھىنىڭ سەۋەبىدىن كۆمۈۋىتىلدىڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا»دېگەن شۇدۇر،دېدى. مۇسلىم 2612 _ ھەدىس، تىرمىزى 2002 _ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 26176 _ ھەدىس، مالىك توپلىغان، سەھىھ.

**3190 – [ 8 ]** ( صحيح )**وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :إن أعظم الأمانة عند الله يوم القيامة " وفي رواية : إن من أشر الناس عند الله منزلة يوم القيامة الرجل يفضي إلى امرأته وتفضي إليه ثم ينشر سرها " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى **الله** تائالانىڭ نەزىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئامانەت، يەنەبىرخاتىردە؛ ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى **الله** تائالانىڭ نەزىدىكى مەرتىبە جەھەتتىن ئەڭ يامان كىشى، ئايالى بىلەن بىللە بولۇپ، ئايالى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئاندىن ئايالىنىڭ مەخپى سىرىنى كىشىلەرگە ئاشكارلاپ تارقاتقان كىشىدۇر.مۇسلىم توپلىغان.سەھىھ.

**3191 – [ 9 ] الفصل الثاني** ( حسن )**عن ابن عباس قال : أوحي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم : ( نساوكم حرث لكم فأتوا حرثكم )الآية : " أقبل وأدبر واتق الدبر والحيضة " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنداق ۋەھى قىلىندى: «ئاياللىرىڭلار سىلەرنىڭ زىرائەتكارلىقىڭلاردۇر، سىلەر زىرائەتكارلىقىڭلاردىن ئىبارەت ئاياللىرىڭلارغا خالىغان كەيپىياتتا كىلىۋېرىڭلار»دېگەن ئايەت تورىسىدا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئايالىڭ بىلەن ئالدى تەرەپتىن، ئارقا تەرەپتىن جىنسى مۇناسىۋەت قىلساڭ بولىدۇ، لېكىن، نىشان، مۇناسىۋەت ئورنى؛ ئۇرۇق تىكىلىدىغان، زىرائەت ئورنى بولغان ئالدى تەرەپ ئەۋرەت بولۇشى، جىنسى يولى بولۇشى لازىم، ئارقا مەقئەتكە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن، ھەيز مەزگىلىدە مۇناسىۋەت قىلىشدىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ ساقلان. ئەھمەد،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىستىن قانداق ھالەتتە، قانداق كەيپىياتتا ئۆزلىرى خالىغانچە مۇناسىۋەت قىلسا بولىدۇ، لېكىن، مەقئەتتىن، ھېيز، كېسەل چاغدىن ساقلىنىڭ.

**3192 – [ 10 ]** ( صحيح )**وعن خزيمة بن ثابت : أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله لا يستحيي من الحق لا تأتوا النساء في أدبارهن " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه . والدارمي**

خۇزەيمەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھەقىقەتنى بايان قىلىشدىن تارتىنىپ تۇرمايدۇ، سىلەر ھەرگىز ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئىتىگە كەلمەڭلار، يەنى مەقئەتكە جىنسى مۇناسىۋەت قىلماڭلار.ئەھمەد،تىرمىزى،نەسەئى،دارىمى،ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

**3193 – [ 11 ]**

**وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ملعون من أتى امرأته في دبرها " . رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ

ئارقا مەقئەتكە جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كىشى مەلئۇندۇر، (لەنەت قىلىنغان يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغاندۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ 5889 ـ ھەدىسى.

3194 – [ 12 ] ( صحيح )

**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الذي يأتي امرأته في دبرها لا ينظر الله إليه " . رواه في شرح السنة**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاياللىنىڭ ئارقىسىغا مۇناسىۋەت قىلغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، بەيھەقى شۇئەبىلئىماندا توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاياللىنىڭ ئارقا مەقئەتكە جىمائ جىنسى ئالاقە قىلغان ئەرگە، ئاللاھتائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ.شەرھى سۇننە، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3195 – [ 13 ] ( حسن )

**وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا ينظر الله إلى رجل أتى رجلا أو امرأة في الدبر ". رواه الترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشىنىڭ ئارقا مەقئەتكە ياكى ئايال كىشىنىڭ ئارقا مەقئەتكە كەلگەن يەنى جىنسى ئالاقە قىلغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. يەنى قاتتىق غەزەپ قىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3196 – [ 14 ] **وعن أسماء بنت يزيد قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تقتلوا أولادكم سرا فإن الغيل يدرك الفارس فيدعثره عن فرسه " . رواه أبو داود**

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باللىرىڭلارنى مەخپى ئۆلتۈرمەڭلار، (يەنى ھامىلدارنىڭ بالىسىنى چۈشۈرمەڭلار). ھەقىقەتەن ئانا بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن جىنسى ئالاقە قىلىش، پارىسلارنى تېپىۋىلىپ، ئۇلارنى ئاتتىن يىقىتتى، (يەنى شۇ ئىش سەۋەبلىك ئۇلار ئاجىز بولۇپ قالدى). ئەبۇ داۋۇد 3383 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2002 ــ ھەدىس، ئەھمەد 26282 ــ ھەدىس، ھەسەن.(يۇقىرىدا پارىسلارغا زىيان قىلماپتۇ دەپ، بالا ئېمىتىۋاتقان ئايال  بىلەن ئېرىنىڭ جىنسى ئالاقىسىدىن توسمىغان ھەدىس ئۆتتى).

3197 – [ 15 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )

**عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يعزل عن الحرة إلا بإذنها . رواه ابن ماجه**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھۆر، ئەركىن ئاياللدىن ئۆزلە قىلىپ، مەنى، ئىسپىرما سۈيىنى يەرگە تۆكۈۋېتىشتىن توسقان ، لېكىن ئۇ ئاياللىنىڭ ئىزنى رۇخسىتى بىلەن شۇنداق قىلىشتىن توسمىغان. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان.بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەجەر پەتھۇلبارىيدا دەلىل كەلتۈرگەندۇر.

3198 – [ 1 ] **باب – الفصل الأول ( متفق عليه )عن عروة عن عائشة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لها في بريرة : " خذيها فأعتقيها " . وكان زوجها عبدا فخيرها رسول الله صلى الله عليه وسلم فاختارت نفسها ولو كان حرا لم يخيرها**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بەرىيرە ھەققىدە: ئۇنى سېتىۋېلىپ،

ئازات قىلىنغانىدى. بەرىرىنىڭ ئېرى قۇل ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەرىرىگە ئېرى بىلەن بىللە ئۆتۈش-ئۆتمەسلىكتە ئىختىيارلىق بەردى، بەرىرە ئۆزىنى تاللىدى، يەنى ئېرى بىلەن بىللە ئۆتمەسلىكنى تاللىدى، ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى ھۆر ئەركىن كىشى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەرمىگەن بولاتتى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

3199 – [ 2 ] ( صحيح )وعن ابن عباس قال : كان زوج بريرة عبدا أسود يقال له مغيث كأني أنظر إليه يطوف خلفها في سكك المدينة يبكي ودموعه تسيل على لحيته فقال النبي صلى الله عليه وسلم للعباس : " يا عباس ألا تعجب من حب مغيث بريرة ؟ ومن بغض بريرة مغيثا ؟ " فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لو راجعته " فقالت : يا رسول الله تأمرني ؟ قال : " إنما أشفع " قالت : لا حاجة لي فيه . رواه البخاري

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەرىرىنىڭ ئېرى قارا تەنلىك قۇل ئىدى،ئۇنى مۇغىيس دېيىلەتتى، بەرىرە ئازات قىلىنىپ، ئېرىنى تاللاشتا ئىختىيارلىق بېرىلگەندە، ئۇنىڭ ئېرى مەدىنە كوچۇللىرىدا ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ،يىغلىنىپ، تولا يىغلاپ، ياشلىرى ساقاللىرىدىن ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرەتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاباسقا: ئى ئابباس! سەن مۇغىيسنىڭ بەرىرىگە بولغان مۇھەببىتىدىن، بەرىرىنىڭ بولسا، مۇغىيسقا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن ھەيران قالمىدىڭمۇ؟ دىدى، ئاندىن بەرىرىگە؛ ئەگەر سەن ئېرىڭگە قايتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتسەڭ بولۇپتىكەن دىدى، ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مىنى شۇئىشقا سىلى بۇيرىۋاتاملا؟دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ مەن ساڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلاي، ئېرىڭ بىلەن بىللە ئۆتكىن دىدى، بەرىرە: مىنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق دىدى. بۇخارى نىكاھدا، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزدىن بۇ دۇنيادا بىرسى _ بىرسىنى ياخشى كۆرسە، ئاشىق بولسا، ئۇ مەشۇق، ئاشىقنى ياخشى كۆرۈشى ناتايىن، تەس ئىكەن، چۈنكى، مۇھەببەت بىر ئاللاھنىلا ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن قويۇلغان ئىكەن، بولۇپمۇ مەڭگۈلۈك ئاخىرەتنى ياخشى كۆرۈپ يارلىق مۇھەببىتىنى شۇنىڭغا بېغىشلاش ئىكەن، ئاللاھ، ئاخىرەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەن، قەلبلا بولىدىكەن، مۇھەببەت مەۋجۇد، مۇھەببەت، ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ، ئۆچ كۆرۈپ، يامان كۆرۈش شەيتاندىن، ئۇلار ئاللاھنى، ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان مۇھەببەت ھەممىدىن ئۈستۈن، ئۇلار بىر _ بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەم مەھبۇب.

3200 – [ 3 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن عائشة : أنها أرادت أن تعتق مملوكين لها زوج فسألت النبي صلى الله عليه وسلم فأمرها أن تبدأ بالرجل قبل المرأة . رواه أبو داود والنسائي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ، ئەر-خوتۇن ئىككى قۇلنى ئازات قىلماقچى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى، ئايال قۇلدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئېرىنى ئازات قىلىشقا بۇيرىغان. نەسەئى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

3201 – [ 4 ] ( لم تتم دراسته )وعنها : أن بريرة عتقت وهي عند مغيث فخيرها رسول الله صلى الله عليه وسلم وقال لها : " إن قربك فلا خيار لك " . رواه أبو داودوهذا الباب خال عن الفصل الثالث

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ بەرىرە ئازات قىلىنغاندا، ئۇ مۇغىيسنىڭ ئايالى ئىدى، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەرىيرىگە ئىختىيارلىق بەردى، ۋە ئۇنىڭغا؛ ئەگەر ئىبرىك مۇغىيس ساڭا يېقىنچىلىق قىلىپ قويسا، ساڭا ئىختىيارلىق يوق بولىدۇ دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**باب الصداق – الفصل الأول**  **تويلۇق مەھرى ھەققى توغرىسىدا**

**3202 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن سهل بن سعد : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم جاءته امرأة فقالت : يا رسول الله إني وهبت نفسي لك فقامت طويلا فقام رجل فقال : يا رسول الله زوجنيها إن لم تكن لك فيها حاجة فقال : " هل عندك من شيء تصدقها ؟ " قال : ما عندي إلا إزاري هذا . قال : " فالتمس ولو خاتما من حديد " فالتمس فلم يجد شيئا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل معك من القرآن شيء " قال : نعم سورة كذا وسورة كذا فقال : " زوجتكها بما معك من القرآن " . وفي رواية : قال : " انطلق فقد زوجتكها فعلمها من القرآن "**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىر ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمنى سىلىگە سوۋغا قىلىپ ئاتىۋەتتىم دېدى، ئاندىن جاۋاپسىز ھالدا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن بىركىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر سىلىنىڭ بۇ ئايالغا ھاجەتلىرى بولمىسا، ئۇنى ماڭا نىكاھلاپ ئېلىپ بەرسىلە دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سىنىڭ بۇ ئايالنىڭ مەھرى ھەققىگە بەرگىدەك تويلۇق مىلىڭ بارمۇ؟ دېدى، ئۇكىشى؛ مېنىڭ پەقەت مۇشۇ پۇركەنجە ئىشتىنىملابار دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ گەرچە بىر تال تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ ئىزدەپ باققىن دېدى، ئۇكىشى ئىزدەپ ھېچ نەرسە تاپالمىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن قۇرئاندىن قانچىلىك يادا بىلىسەن؟ دېدى، ئۇكىشى؛ مەن پالانى، پالانى سۈرىنى يادا بىلىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ بارغىن، مەن ساڭا بۇ ئايالنى سەن بىلىدىغان قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ بەدىلىگە نىكاھلاپ بەردىم، سەن بۇ ئايالغا قۇرئاندىن ئۆگىتىپ قويغىن دېدى. بۇخارى ، مۇسلىم.

**3203 – [ 2 ] ( صحيح )وعن أبي سلمة قال : سألت عائشة : كم كان صداق النبي صلى الله عليه وسلم قالت : كان صداقه لأزواجه اثنتي عشرة أوقية ونش قالت : أتدري ما النش ؟ قلت : لا قالت : نصف أوقية فتلك خمسمائة درهم . رواه مسلم . ونش بالرفع في شرح السنة وفي جميع الأصول**

ئەبۇ سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىغا بەرگەن تويلۇق مەھرى ھەققى قانچىلىك ئىدى؟ دەپ سورىسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىغا بەرگەن تويلۇق ھەققى، ئون ئىككى يېرىم ئۇۋقىي كۈمۈش پۇل يەنى 500 دەرھەم كۈمۈش پۇل ئىدى دېدى.مۇسلىم توپلىغان.

**3204 – [ 3 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : ألا لا تغالوا صدقة النساء فإنها لو كانت مكرمة في الدنيا وتقوى عند الله لكان أولاكم بها نبي الله صلى الله عليه وسلم ما علمت رسول الله صلى الله عليه وسلم نكح شيئا من نسائه ولا أنكح شيئا من بناته على أكثر من اثنتي عشرة أوقية . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېگەن؛ ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاياللارنىڭ مەھرى ھەققىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، ئەگەر ئۇ ئارتۇق تويلۇق سىلىقىلىش بۇدۇنيادا ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغلۇق، **الله** نىڭ نەزىرىدە تەقۋالىق بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇئىشتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرنىڭ ئەۋلاراقىڭلار، شۇ ئىشنى قىلىشتا ئەڭ

لايىقراقىڭلار بولاتتى، لېكىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئون ئىككى ئۇۋقىي كۈمۈش پۇلدىن يەنى 500 دەرھەم كۈمۈش پۇلدىن كۆپرەك نەرسىگە خوتۇن ئالغىنىنى، ياكى قىز بەرگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، يەنى 500دەرھەمدىن ئېشىپ كەتمەيتتى. ئەھمەد،دارىمى، تۆت كىتاپ توپلىغان سەھىھ.

**3205 – [ 4 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أعطى في صداق امرأته ملء كفيه سويقا أو تمرا فقد استحل " . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر كىشى ئايالىنىڭ تويلۇق ھەققىگە، لىق بىر قوش چاڭگال تالقان ياكى خورما بەرسە، ئۇكىشى جەزمەن شۇ ئايالنى ھالال قىلىپ ئالغان بولىدۇ. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3206 – [ 5 ] ( لم تتم دراسته )وعن عامر بن ربيعة : أن امرأة من بني فزارة تزوجت على نعلين فقال لها رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أرضيت من نفسك ومالك بنعلين ؟ " قالت : نعم . فأجازه . رواه الترمذي**

ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بەنىي پەزارەتتىن بىر ئايال بىر جۈپ ئاياقىقلا ئەرگە تەگدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا: سەن بۇ بىر جۈپ ئاياققا ئۆز نەپسىڭدىن، مال _مۈلۈكۈڭ جەھەتتىن رازى بولدۇڭمۇ؟ دېدى، ئۇ ئايال؛ ھەئە ، مەن رازى دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ نىكاھىنى دۇرۇس قىلىپ بەردى. تىرمىزى توپلىغان.

**3207 – [ 6 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن علقمة عن ابن مسعود : أنه سئل عن رجل تزوج امرأة ولم يفرض لها شيئا ولم يدخل بها حتى مات فقال ابن مسعود : لها مثل صداق نسائها . لا وكس ولا شطط وعليها العدة ولها الميراث فقام معقل بن سنان الأشجعي فقال : قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم في بروع بنت واشق امرأة منا بمثل ما قضيت . ففرح بها ابن مسعود . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي**

ئەلقەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛ بىركىشى بىر ئايالنى ئۇنىڭ تويلۇق مەھرىنى پىچىپ بىكىتىپ بەرمىگەن ھالدا نىكاھلاپ ئېلىپ، ئاندىن تېخى جىنسى ئالاقە قىلماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتسە، قانداق ھۆكۈم قىلىنىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ ئايالغا ئۆزىنىڭ قانارىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش ئايال كىشىنىڭ تويلۇق مەھرىدەك، شۇنىڭدىن زىيادە_كام قىلىنماستىن تويلۇق مېلى بېرىلىدۇ، ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىدىن تۆت ئاي، ئون كۈن ئىددەت تۇتىدۇ، ئېرىنىڭ مال_مۈلۈكىگە ۋەرىس بولالايدۇ دېدى، ئاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، مەئقەل ئىبنى سىنان ئورنىدىن تۇرۇپ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىزدىن بەرۇئ بىنتى ۋاشىق دېگەن ئايال توغرىسىدا، سەن ھۆكۈم قىلغاندەك ھۆكۈم قىلغان ئىدى دېدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،نەسەئى،دارىمى.

**3208 – [ 7 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن أم حبيبة : أنها كانت تحت عبد الله بن جحش فمات بأرض الحبشة فزوجها النجاشي النبي صلى الله عليه وسلم وأمهرها عنه أربعة آلاف . وفي رواية : أربعة آلاف درهم وبعث بها إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم مع شرحبيل بن حسنة . رواه أبو داود والنسائي**

ئۇممە ھەببىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇ ئىبنى جەھشىنىڭ ئايالى ئىدى، ئۇنىڭ ئىبرى ھەبەشىستان زىمىندا ئۆلۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇممەھەببىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نەجاشىي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ تويلۇق مەھرىگەرەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئورنىدا، 4000 دەرھەم كۈمۈش پۇل بېرىپ، ئۇنى شۇرەھبىيل بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھقا ئەۋەتكەن ئىدى.ئەبۇداۋۇد، نەسەئى توپلىغان.

**3209 – [ 8 ]** ( صحيح )وعن أنس قال : تزوج أبو طلحة أم سليم فكان صداق ما بينهما الإسلام أسلمت أم سليم قبل أبي طلحة فخطبها فقالت : إني قد أسلمت فإن أسلمت نكحتك فأسلم فكان صداق ما بينهما . رواه النسائي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇتەلھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇممە سۇلەيمنى نىكاھىغا ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارلىقىدىكى بېكىتىلگەن توىلۇق ھەققى، ئىسلام، مۇسۇلمان بولۇش بولدى، ئۇممە سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئەبۇتەلھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ئىدى، ئاندىن ئەبۇتەلھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتكەندە، ئۇممە سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ئەگەر سەنمۇ مۇسۇلمان بولساڭ، مەن ساڭا ياتلىق بولۇپ تېگىمەن دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇتەلھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مۇسۇلمان بولدى، ئۇلارنىڭ ئارلىقىدىكى بېكىتىلگەن توىلۇق ھەققى،پەقەت ئىسلام، مۇسۇلمان بولۇشلا بولدى. نەسەئى توپلىغان،سەھىھ.

**باب الوليمة – الفصل الأول** **توي زىياپىتى توغرىسىدا**

**3210 – [ 1 ]** ( متفق عليه )عن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم رأى على عبد الرحمن بن عوف أثر صفرة فقال : " ما هذا ؟ " قال : إني تزوجت امرأة على وزن نواة من ذهب قال : " بارك الله لك أولم ولو بشاة "

ئەنەس، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىدە سېرىق ئەتىرنىڭ ئەسرىنى كۆرۈپ؛ بۇ نىمە؟دېدى، ئۇ:مەن بىرتال خورمىنىڭ ئۇرۇقچىلىك ئالتۇنغا(يەنى بەش دەرھەمنى توىلۇق بېرىپ)بىر ئايال بىلەن توي قىلدىم دېگەندە،ئۇنىڭغا: الله ساڭا بەركەت بەرسۇن،گەرچە بىر قوي بىلەن بولسىمۇ توي تامىقى بەرگىن دېدى. (بۇ توي تامىقى، نىكاھنى ئىلان قىلىش ئۈچۈن سۈننەت)مالىك،ئەھمەد،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،تۆتكىتاب توپلىغان

**3211 – [ 2 ]** ( متفق عليه )وعنه قال : ما أولم رسول الله صلى الله عليه وسلم على أحد من نسائه ما أولم على زينب أولم بشاة

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچ قانداق بىرئايالىغا زەينەپنىڭ توي تامىقىنى بەرگەندەك، توي تامىقى بېرىپ باقمىدى، ئۇنىڭغا بىر قوي بىلەن توي زىياپىتى بەرگەن ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**3212 – [ 3 ]** ( صحيح )

وعنه قال : أولم رسول الله صلى الله عليه وسلم حين بنى بزينب بنت جحش فأشبع الناس خبزا ولحما . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەپ بىنتى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىللە بولغاندا، بىر قوي بىلەن توي زىياپىتى بەرگەن ئىدى، كىشىلەر نان ـ گۆشكە تويغان ئىدى.بۇخارى

**3213 – [ 4 ] ( متفق عليه )وعنه قال : إن رسول الله صلى الله عليه أعتق صفية وتزوجها وجعل عتقها صداقها وأولم عليها بحيس . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئازات قىلىپ، ئۇنىڭ ئازات قىلىنىشىنى ئۇنىڭ تويلۇق مەھرى قىلىپ، ئۇنى نىكاھىغا ئالغان ئىدى، ئۇنىڭغا خورما،سۈت،ياغ، قۇرۇتۇلغان سۈت،ئۇن ئارلاشتۇرۇلغان تائام بىلەن توي زىياپىتى بەرگەن ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم .

**3214 – [ 5 ] ( صحيح )وعنه قال : أقام النبي صلى الله عليه وسلم بين خيبر والمدينة ثلاث ليال يبنى عليه بصفية فدعوت المسلمين إلى وليمته وما كان فيها من خبز ولا لحم وما كان فيها إلا أن أمربالأنطاع فبسطت فألقي عليها التمر والأقط والسمن رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر بىلەن مەدىنە ئارىسىدا ئۈچ كېچە تۇرۇپ، سەپىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھابىلەن بىللە بولدى، مەن مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ توي تامىقىغا چاقىردىم، ئۇنىڭ زىياپىتىدە نان، گۆش يوق ئىدى، پەقەت سۈپۈر دوسقان سېلىنىشقا بۇيرۇلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا خورما،سۈت،ياغ، قۇرۇتۇلغان سۈت قۇرۇت تاشلاندى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**3215 – [ 6 ] ( صحيح )وعن صفية بنت شيبة قالت : أولم النبي صلى الله عليه وسلم على بعض نسائه بمدين من شعير . رواه البخاري**

سەپىييە بىنتى شەيبەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ بەزىسىگە ئىككى كېيلۇگىرام ئارپا بىلەنلا توي تامىقى بەرگەن ئىدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**3216 – [ 7 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا دعي أحدكم إلى الوليمة فليأتها " . متفق عليه . وفي رواية لمسلم : فليجب عرسا كان أو نحوه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار توي تامىقىغا چاقىرىلسا،ئۇ يەرگە بارسۇن. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار توي تامىقىغاياكى ئۇنىڭ ئوخشىشىغا چاقىرىلسا بارسۇن.مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

**3217 – [ 8 ] ( صحيح )وعن جابر : قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دعي أحدكم إلى طعام فليجب وإن شاء طعم وإن شاء ترك " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا، بارسۇن، بىرىپ خالىسا يېسۇن خالىسا يېمىسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار، تائامغا چاقىرىلسا بارسۇن، روزا تۇتمىغان بولسا يېسۇن، روزا تۇتقان بولسا، بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويسۇن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا بارسۇن، روزا تۇتمىغان بولسا يېسۇن، روزا تۇتۇۋغلۇق بولسا، بىر چەتتە ناماز ئوقۇسۇن، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا، ئۇ روزا تۇتقان بولسا،

ھەقىقەتەن مەن بۇگۈن روزا تۇتقان دېسۇن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار چاقىرىلسا، ئۇ ئەلچى بىلەن بىللە كەلسە، ئاشۇ بىللە كېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىزنى، رۇخسەت بولىدۇ، كىرىۋەرسۇن، بۇخارى ئەدەپتە، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3218 – [ 9 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " شر الطعام طعام الوليمة يدعى لها الأغنياء ويترك الفقراء ومن ترك الدعوة فقد عصى الله ورسوله "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تائاملارنىڭ ئەڭ يامىنى، كىلىشكە ئۇنىمىغان باي كىشىلەر (چاقىرلىشقا تېگىشلىك ئەمەس كىشلەر) چاقىرىلغان، كېلىشكە تېگىشلىك، چاقىرلىشقا تېگىشلىك پەقىر ـ نامرات كىشىلەر چەكلىنىپ چاقىرىلمىغان توينىڭ تامىقىدۇر، چاقىرسا بارمىغان كىشى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىي بولغان بولىدۇ.بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3219 – [ 10 ] ( متفق عليه )وعن أبي مسعود الأنصاري قال : كان رجل من الأنصار يكنى أبا شعيب كان له غلام لحام فقال : اصنع لي طعاما يكفي خمسة لعلي أدعو النبي صلى الله عليه وسلم خامس خمسة فصنع له طعيما ثم أتاه فدعاه فتبعهم رجل فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " يا أبا شعيب إن رجلا تبعنا فإن شئت أذنت له وإن شئت تركته " . قال : لا بل أذنت له**

ئەبۇمەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇشۇئەيب دەپ كىنايە قىلىنىدىغان ئەنسارلاردىن بىر كىشىنىڭ قاسساپ قۇلى بار ئىدى، ئۇ قۇلىغا: سەن ماڭا بەش كىشىگە كۇپايە قىلغىدەك تاماق تەييار قىلىپ بەرگىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بەش كىشىنىڭ بەشىنجىسى قىلىپ چاقىرىشىم مۇمكىن دېدى، ئاندىن ئۇقۇل تاماقنى تەييار قىلىپ بەردى، ئۇكىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاماققا چاقىردى، ئاندىن ئۇلارغا بىركىشى ئەگىشىۋالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى ئەبۇشۇئەيب! بۇكىشى بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، ئەگەر خالىساڭ، بۇكىشىگىمۇ ئىزنى بەرگىن، (بۇ بىز بىلەن بىللە كىرسۇن) ئەگەر خالىساڭ، ئۇنىڭغا ئىزنى بەرمەي ئۇنى تەرىك ئەتكىن ، قايتىپ كەتسۇن دېدى، ئەبۇشۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ياق، بەلكى مەن بۇ كىشىگىمۇ رۇخسەت قىلدىم، قېنى كىرسۇن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

**3220 – [ 11 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )**

**عن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم أولم على صفية بسويق وتمر . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تالقان، خورما بىلەن توي زىياپىتى بەرگەن ئىدى. ئەھمەد،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3221 – [ 12 ] وعن سفينة : أن رجلا ضاف علي بن أبي طالب فصنع له طعاما فقالت فاطمة : لو دعونا رسول الله صلى الله عليه وسلم فأكل معنا فدعوه فجاء فوضع يديه على عضادتي الباب فرأى القرام قد ضرب في ناحية البيت فرجع . قالت فاطمة : فتبعته فقلت : يا رسول الله ما ردك ؟ قال : إنه ليس لي أو لنبي أن يدخل بيتا مزوقا رواه أحمد وابن ماجه**

سەپىينە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىركىشى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا زىياپەت بىرىدۇ، ئۇنىڭغا تاماق تەييارلانغاندا، پاتىمەرەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىمۇ چاقىرغان بولساق، بىز بىلەن بىللە تاماق

يگەن بولسا دىدى، ئۇلار چاقىردى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلىپ، ئىككى قولىنى ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە تارتىلغان نەقىشلىك پەردىنى كۆرۈپ، ئۆيگە كىرمەي قايتىپ كەتتى، پاتىمەرەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەگىشىپ بىرىپ؛ سىلىنى نىمە قايتۇرۇۋەتتى؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ ماڭا، قاتتىق زىننەت بىرىلگەن، نەقىش ۋە باشقا پەردىلەر بىلەن بىزەلگەن ئۆيگە كىرىش دۇرۇس ئەمەس،دىدى.ئەھمەد 20916 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3263 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3351 _ ھەدىس، سەھىھ. (ئەلى، سەپىنەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن پەيغەمبەرگە زىننەت بىرىلگەن ئۆيگە كىرىشى دۇرۇس ئەمەس، (يەنى ئالتۇن ھەل، كۈمۈش ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن قاتتىق زىننەت بىرىلگەن، نەقىش بىرىلگەن ئۆيگە پەيغەمبەرلەر كىرىشى دۇرۇس ئەمەس، ئۈممەتلەر ئۇلارغا ئەگىشىدۇ ئەلۋەتتە) ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3222 – [ 13 ]** ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من دعي فلم يجب فقد عصى الله ورسوله ومن دخل على غير دعوة دخل سارقا وخرج مغيرا " . رواه أبو داود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:تاماققا چاقىرىلىپ بارمىغان كىشى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىي بولغان بولىدۇ.چاقىرىلماستىن كىرگەن كىشى ئوغرى بولغان ھالدا كىرىپ، بۇلاڭچى بولغان ھالدا چىققان بۇلىدۇ. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3223 – [ 14 ]** ( لم تتم دراسته )وعن رجل من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا اجتمع الداعيان فأجب أقربهما بابا وإن سبق أحدهما فأجب الذي سبق " . رواه أحمد وأبو داود

بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كىشى چاقىرىپ قالسا، ساڭا ئىشىكى، ئۆيى يېقىنراقىغا بارغىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسى بۇرۇنراق چاقىرسا، ئەشۇ بۇرۇن چاقىرغىنىغا بارغىن. ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3224 – [ 15 ]** وعن ابن مسعودقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " طعام أول يوم حق وطعام يوم الثاني سنة وطعام يوم الثالث سمعة ومن سمع سمع الله به " . رواه الترمذي

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (توي زىياپىتىنىڭ) بىرىنجى كۈنىنىڭ تامىقى ھەقتۇر، ئىككىنجى كۈنىنىڭ تامىقى سۈننەتتۇر، ئۈچۈنجى كۈنىنىڭ تامىقى رىيادۇر، كىم رىيا قىلسا، الله ئۇنىڭ مەقسىدىنى مۇشۇ دۇنيادىلا بىرىپ، ئاڭلىتىپ، كۆرسۈتۈپ قويىدۇ.(ئەجىر يوقتۇر)تىرمىزى توپلىغان. ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاۋھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن زىيادە بولغىنى سەدىقە بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، بەزار، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ. تارىق ئىبى ئەشيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئوشۇق بولغىنى ياخشىلىق بولىدۇ، يەنى سەدىقە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ شۇرەيھ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كىيىنكىسى سەدىقە بولىدۇ، بۇخارى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، ئۈچ كۈندىن كىيىنكىسى سەدىقە دىگىنى ئۇنى قىلماسلىققا تەرغىپ قىلغان بولىدۇ، چۈنكى، باي كىشىلەر سەدىقە يىيىشنى ياقتۇرمايدۇ، زىياپەت،

| |
|---|
| مېهمان قىلىش، مېهماننى كۈتۈۋېلىش، توي تامىقى، توي زىياپىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭغا باي، پېقىر، مۇسۇلمان، دىنسىز كاپىر، ياخشى ــ يامان كىرىپ كېتىدۇ، تائامىڭنى مۇتتەقى يىسۇن دىگىنى، زىياپەتتىن باشقا تائامدۇر. توي زىياپىتى، توي تامىقى سۇننەتتۇر، مېهماننى كۈتۈۋېلىش، ئالدىغا چىقىشى ۋاجىپتۇر، ياكى سۇننەتتۇر، مېهمان بولغۇچىمۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن كېتىشى ياكى يۆتكىلىشى لازىم، تويدىكى زىياپەتنى ئىككى تەرەپ ئىككى كۈن بەرسە بولىدۇ، نەغمە ناۋا، رىياخورلۇق، مەنمەنلىك، ئىلان قىلىشلار هارام.سەهىھ3904ـ ھ |
| 3225 – [ 16 ] وعن عكرمة عن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن طعام المتباريين أن يؤكل . رواه أبو داود وقال محيي السنة : والصحيح أنه عن عكرمة عن النبي صلى الله عليه وسلم مرسلا<br><br>ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىر ــ بىرىگە پەخىرلەنگۈچى، مۇسابىقىلىشىپ بىرسى ــ بىرسىگە كۆچىنى، بايلىقنى كۆرسەتكۈچى، مەنمەنچى، رىياخورلارنىڭ تامىقنى يېيىشدىن توسقان، ھەتتا زىياپەتكە چاقىرسا بېرىشدىنمۇ توسقان. ئەبۇ داۋۇد 3262 ــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. |
| 3226 – [ 17 ] الفصل الثالث عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المتباريان لا يجابان ولا يؤكل طعامهما " . قال الإمام أحمد : يعني المتعارضين بالضيافة فخرا ورياء<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر ــ بىرى بىلەن مۇسابىقىلەشكۈچى، كۈچ، سىناشقۇچى، مەنمەنلىك تالىشىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكۈچى رىياخور ئىككى كىشىنىڭ زىياپىتىگە چاقىرىلسا بېرىلمايدۇ، بېرىشقا بولمايدۇ، تاماقلىرى يېيىلمەيدۇ. (چۈنكى ئۇ باھالىنىشقا، پەخىرگە، رىياخورلۇققا ياردەملەشكەنلىك ، ساۋاب يوق، بەلكى گۇناھدۇر).ئەھمەد، بەيهەقى توپلىغان سەهىھ. |
| 3227 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمران ين حصين قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم إجابة طعام الفاسقين<br><br>ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم پاسىقلارنىڭ زىياپىتىگە بېرىشتىن، تامىقنى يېيىشتىن توسقان. بەيهەقى توپلىغان. |
| 3228 – [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إذا دخل أحدكم على أخيه المسلم فليأكل من طعامه ولا يسأل ويشرب من شرابه ولا يسأل "روى الأحاديث الثلاثة البيهقي في " شعب الإيمان " وقال : هذا إن صح فلأن الظاهر أن المسلم لا يطعمه ولا يسقيه إلا ما هو حلال عنده<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىرىڭلار مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇنىڭ تامىقىدىن سورماستىنلا يىسۇن، ئىچىملىكىدىن سورماستىنلا ئىچسۇن. بەيهەقى توپلىغان. ئۇ؛ ئەگەر بۇ ھەدىس سەھىھ بولسا، مۇسۇلمان دىگەن قېرىندىشىغا پەقەت يېنىدىكى ھالالدىنلا تاماق بېرىپ، ھالالدىنلا سۇغۇرىدۇ دىگەن. |
| باب القسم – الفصل الأول ئاياللىرىغا كۈنىنى تەقسىم قىلىش توغرىسىدا |
| 3229 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن ابن عباس: أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قبض عن تسع نسوة وكان يقسم منهن لثمان |

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، توققۇز خوتۇنى قېلىپ قالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن سەككىزگە ئۆزىنى تەقسىم قىلاتتى. (يەنى ئۇلار بىلەن ھەرقايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە بىللە ياتاتتى)بۇخارى،مۇسلىم.

3230 – [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عائشة أن سودة لما كبرت قالت : يا رسول الله قد جعلت يومي منك لعائشة فكان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقسم لعائشة يومين يومها ويوم سودة

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، سەۋدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېشى چوڭۇيۇپ قېرىپ كەتكەندە، ئۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىدىن ماڭا يېتىدىغان ئۆز نۆۋىتىمدىكى كۈنۈمنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆتۈنۈپ بىرەي دېدى،شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۈنى بىلەن سەۋدەتنىڭ كۈنىنى قوشۇپ ئىككى كۈننى تەقسىم قىلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

3231 – [ 3 ] ( صحيح )وعنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يسأل في مرضه الذي مات فيه : " أين أنا غدا ؟ " يريد يوم عائشة فأذن له أزواجه يكون حيث شاء فكان في بيت عائشة حتى مات عندها . رواه البخاري

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقان كېسىلىدە: مەن ئەتە قەيەردە بولىمەن؟دەپ سورايتتى، يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈنىنى مەقسەت قىلاتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى رەسۇلۇللاھقا قەيەردە تۇرۇشنى خالىسا،شۇجايداتۇرۇشىغا ئىزنى بەردى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقانغا قەدەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە تۇردى. ھەم شۇ ئۆيدە ۋاپات تاپتى.بۇخارى.

3232 – [ 4 ] ( متفق عليه )وعنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أراد سفرا أقرع بين نسائه فأيهن خرج سهمها خرج بها معه

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاياللىرى ئارىسىغا قۇرئە،چەك تاشلايتتى، قايسى ئايالغا بىللە چىقىشنىڭ چىكى چىقسا، شۇ ئايالنى سەپەرگە بىللە ئېلىپ چىقاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

3233 – [ 5 ] ( متفق عليه )وعن أبي قلابة عن أنس قال : من السنة إذا تزوج الرجل البكر على الثيب أقام عندها سبعا وقسم إذا تزوج الثيب أقام عندها ثلاثا ثم قسم . قال أبو قلابة : ولو شئت لقلت : إن أنسا رفعه إلى النبي صلى الله عليه وسلم

ئەبۇقەلابە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تويى قىلىنمىغان قىزنى، تويى قىلىنغان جۈۋان چوكاننىڭ ئۈستىگە ئالغان كىشى، قىزنىڭ يېنىدا تۇنجى قېتىم يەتتە كۈن تۇرىدۇ،ئاندىن ئۆزىنى تەقسىم قىلىدۇ، جۈۋان، چوكاننى قىزنىڭ ئۈستىگە ئالسا، چوكاننىڭ ھوجرىسىدا ئۈچ كۈن تۇرسا بولىدۇ،ئاندىن ئۆزىنى تەقسىم قىلىدۇ. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ429ـ ھ

3234 – [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي بكر بن عبد الرحمن : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم حين تزوج أم سلمة وأصبحت عنده قال لها : " ليس بك على أهلك هوان إن شئت سبعت عندك وسبعت عندهن وإن شئت ثلثت عندك ودرت " . قالت : ثلث . وفي رواية : أنه قال لها : " للبكر سبع وللثيب ثلاث " . رواه مسلم

ئىبنى ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممە سەلەمەتنى نىكاھىغا ئالغاندا، مەن شۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: سىنىڭ سەۋەبىڭدىن ساڭا، ئەھلىڭگە ئەھانەت خارلىق يوق، ئەگەر خالىساڭ سىنىڭ ھۇجراڭدا يەتتە كۈن تۇرۇپ، ئاندىن قالغان ئاياللىرىمنىڭ يىنىدا يەتتە كۈن تۇراي، ئەگەر خالىساڭ، سىنىڭ يىنىڭدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن باشقا ئاياللىرىمنى ئايلىناي دىدى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئۈچ كۈن تۇرسىلا دىدى.يەنەبىرخاتىردە؛ ئۇنىڭغا؛«قىزنى ئالسا يەتتە كۈن، جۇۋان، چوكانغا ئۈچ كۈن تۇرۇش بەلگىلەنگەن،»دىدى.( بىرلا ئايالنى ئالسا، شۇ بىرسى بىلەنلا تۇرىدۇ ئەلۋەتتە). مۇسلىم 2651 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1812 _ھەدىس،ئىبنى ماجە، ئەھمەد 25448 _ سەھىھ.

3235 – [ 7 ] الفصل الثاني ( جيد )عن عائشة : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقسم بين نسائه فيعدل ويقول : " اللهم هذا قسمي فيما أملك فلا تلمني فيما تملك ولا أملك " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرى ئارىسىغا ئۆزىنى تەقسىم قىلىپ، ناھايىتى ئادىللىق قىلاتتى، شۇنداق بولسىمۇ مۇنداق دەيتتى:« ئى الله ! بۇ مەن ئىگە بۇلالايدىغان ئىشلاردىكى مىنىڭ تەقسىماتىم، مەن ئىگە بۇلالمايدىغان، پەقەت سەن ئۆزۈڭلا ئىگە بۇلىدىغان ئىشلاردا ماڭا مالامەت قىلمىغايسەن». (يەنى مۇھەببەت،قەلب مايىللىق) دارىمى ، تۆت كىتاپ توپلىغان جەييىد.

3236 – [ 8 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا كانت عند الرجل امرأتان فلم يعدل بينهما جاء يوم القيامة وشقه ساقط " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر ئەرنىڭ ئىككى ئايالى بولسا، ئۇ كىشى بۇ ئىككى ئايال ئارىسىدا ئادىللىق قىلمىسا، (يەنى نەپىقە، ئۆي، كىيىم _ كېچەك، ئۆزىنى تەقسىم قىلىشتا ئادىل بولمىسا)، قىيامەت كۈنى يىرىمى يوق كېلىدۇ، «بۇنداق يىرىمى يوق كىشى، جەننەتكە لايىق بولالمايدۇ» تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى،ئىبنى ماجە،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3237 – [ 9 ] الفصل الثالث ( متفق عليه )عن عطاء قال : حضرنا مع ابن عباس جنازة ميمونة بسرف فقال : هذه زوجة رسول الله صلى الله عليه وسلم فإذا رفعتم نعشها فلا تزعزعوها ولا تزلزلوها وارفقوا بها فإنه كان عند رسول الله صلى الله عليه وسلم تسع نسوة كان يقسم منهن لثمان ولا يقسم لواحدة قال عطاء : التي كان رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يقسم لها بلغنا أنها صفية وكانت آخرهن موتا ماتت بالمدينة وقال رزين : قال غير عطاء : هي سودة وهو أصح وهبت يومها لعائشة حين أراد رسول الله صلى الله عليه وسلم طلاقها فقالت له : امسكني قد وهبت يومي لعائشة لعلي أكون من نسائك في الجنة

ئاتائ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە سەرىپ دىگەن جايدا مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتۇق، ئۇ؛بۇئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالىدۇر، ئۇنىڭ جىنازىسنى كۆتۈرگەندە، قاتتىق تەۋرىتىۋەتمەڭلار،ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندا قۇپاللىق قىلماڭلار، ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە، مىھرىبانلىق بىلەن ئېلىپ مېڭىڭلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توققۇز ئايالى بار ئىدى، ئۇلاردىن سەككىزگە ئۆزىنى تەقسىم قىلىپ، بىرسىگە تەقسىم قىلمايتتى، (ئەشۇ ئايال مۇشۇ بۇلىشى مۇمكىن )دىدى. ئاتائ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنى تەقسىم قىلمايدىغان ئايالىنىڭ سەپىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىكەنلىك خەۋىرى يەتتى، ئۇ مەدىنىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا

ئۆلۈپ كەتتى. رەزىين مۇنداق دەيدۇ؛ ئەتائىتىن باشقىلار؛ ئۇ تەقسىم قىلىنمىغان ئايال سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قويۇۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۆز نۆۋىتىمدىكى كۈنىمنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆتۈنۈپ بىرەي، مېنى قول ئىلكىڭلاردىن ئىلىپ قالسىلا، مەن سىلىنىڭ جەننەتتىكى ئاياللىرىدىن بولۇپ قىلىشىم مۇمكىن، مەن شۇنى ئۈمۈت قىلىمەن دەپ،ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن،بۇ يۇقىردا ئۆتكەندەك ئەڭ سەھىھتۇر،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

باب عشرة النساء وما لكل واحدة من الحقوق – الفصل الأول

## ئاياللار بىلەن ياخشى ئىشرەتتە بولۇش ۋە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا

**3238 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " استوصوا بالنساء خيرا فإنهن خلقن من ضلع وإن أعوج شيء في الضلع أعلاه فإن ذهبت تقيمه كسرته وإن تركته لم يزل أعوج فاستوصوا بالنساء "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاياللارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار، ئۇلار توغرىسىدا مىنىڭ ۋەسىيتىمنى قوبۇل قىلىڭلار،چۈنكى، ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارالغان، نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەگرىرەكى، ئۈستۈنكى قوۋۇرغىدۇر، ئۇنى تۈزلەيمەن دىسەڭ، سۇندۇرىسەن،تەرك ئەتسەڭ ئەگرى قويساڭ ئەگرى پېتىن تۇرۇۋىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارغا دائىم ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىڭلار. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3239 – [ 2 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن المرأة خلقت من ضلع لن تستقيم لك على طريقة فإن استمتعت بها استمتعت بها وبها عوج وإن ذهبت تقيمها كسرتها وكسرها طلاقها " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئايال كىشى دىگەن ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئۇ سەن ئۈچۈن ھېچ بىر يولدا مۇستەقىيم، تۈز بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدا ـ مەنپەئەت ئالماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئەگرىلىكىنى شۇ پېتى قويۇپ قويساڭ، ئۇنىڭدىن پايدا ـ مەنپەئەت ئالالايسەن. ئەگەر ئۇنى تۈزلەيمەن دىسەڭ، سۇندۇرۇۋېتىسەن، ئۇنىڭ سۇنۇپ كېتىشى تالاق قىلىنىشىدۇرز مۇسلىم 2670 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1109 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10044 ـ ھەدىس، دارمى 2125 ـ ھەدىس. سەھىھ. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئايال كىشى دىگەن ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئۇنى تۈزلەيمەن دىسەڭ، سۇندۇرۇۋېتىسەن، ئەگەر شۇ پېتى قويساڭ، ئۇنىڭدا ئەگرىلىك تۇرۇۋېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەنپەئەتمۇ باردۇر، رىغبەت باردۇر، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن. سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئايال كىشى ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئەگەر سەن قوۋۇرغىنىڭ تۈزلىكىنى ئۆز ئەسلىگە، جايىغا قايتۇرۇپ تۈزلەيمەن دىسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇۋېتىسەن، ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ ئايال بىلەن كېلىشىپ، مادارا قىلىپ، بىللە ياشىغىن، (بەزى خاتىرىدە ئاياللارغا كۆپ ياخشىلىقنى، كۆپ نەسىھەت قىلىڭلار دىگەن بار) ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، بۇ سەھىھ

سەدىسلەردىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىدۇك

1. ئايال كىشى بولۇپمۇ ھاۋا ئانا، ئادەم ئاتىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان.
2. ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.
3. ئەسلى يارىلىش، ئەسلى ماددا، تا ھازىرغىچە تەسىر كۆرسەتكەن.
4. ئايال كىشىدە ئەگرىلىك، ھەقدىن مايىللىق بار، ئاياللار بۇ سۆزگە ئاچچىقلانماي،ئۆزىنى ـئۆزى تۈزلىسۇن.

5. ئۇنى تۈزلەشنىڭ ياخشى چارىسى، ياخشىلىقنى ۋەسىيەت قىلىشتۇر.

3240 – [ 3 ] ( صحيح )

وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يفرك مؤمن مؤمنة إن كره منها خلقا رضي منها آخر " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن ئەر، مۆئمىن ئاياللىنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتمىسۇن، تاشلىۋەتمىسۇن، ئەگەر ئۇ ئاياللىنىڭ بىرەر ئەخلاقىدىن رازى بولماي، ياقتۇرمىسا، يەنە بىر ئەخلاقىدىن رازى بولۇپ قالىدۇ، (مۇھەببەت ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ، ئۆچ كۆرۈپ تاشلىۋېتىش شەيتاندىن). مۇسلىم 2672 ــ ھەدىس، ئەھمەد 8013 ــ ھەدىس، سەھىھ.

3241 – [ 4 ] ( متفق عليه )

وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لولا بنو إسرائيل لم يخنز اللحم ولولا حواء لم تخن أنثى زوجها الدهر "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بەنى ئىسرائىل بولمىغان بولسا، (يەنى ئۇلارنىڭ ئەتىگە ئېلىپ قويۇپ ساقلىشى، ئاچ كۆزلۈكى بولمىغان بولسا)، تاماق ئېچىپ، كۆكىرىپ پاختىلىشىپ قالمايتتى، گۆشلەر كۆكىرىپ، سېسىپ قۇرۇتلاپ قالمايتتى، ھاۋا ئانا بولمىغان بولسا، يەنى ئۇنىڭ ئاسىيلىقى بولمىغان بولسا، ئاياللار ئېرىگە مەڭگۈ خىيانەت قىلمايتتى، ئاسىيلىق قىلمايتتى. مۇسلىم 2674 ــ ھەدىس، بۇخارى 3083 ــ ھەدىس، ئەھمەد 7689 ــ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئىشلار شۇلاردىن قالغان، ئەلۋەتتە ھەر بىر ئىشنىڭ باشلىنىشى، ئاساسى بولىدۇ، ھەممە ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ئىنسانلار، جىنلار سەۋەبچى بولىدۇ خالاس.

3242 – [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن زمعة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يجلد أحدكم امرأته جلد العبد ثم يجامعها في آخر اليوم " وفي رواية : " يعمد أحدكم فيجلد امرأته جلد العبد فلعله يضاجعها في آخر يومه " . ثم وعظهم في ضحكهم من الضرطة فقال : " لم يضحك أحدكم مما يفعل ؟ "

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئاياللىنى خۇددى قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلاپ ئۇرمىسۇن، ئاندىن ئۇ ئايالى بىلەن شۇ كۈنى كېچىسىلا بىر ياتاقتا بىللە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يەنەبىرخاتىردە؛بىرىڭلار ئاياللىنى خۇددى قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلاپ ئۇرۇشنى مەخسەت قىلامدۇ؟ ئۇنداق قىلمىسۇن، ئۇ ئايالى بىلەن شۇ كۈنى كېچىسىلا بىر ياتاقتا بىللە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈسراقتىن كۈلۈشى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ؛ بىرىڭلار نىمە ئۈچۈن ئۇ قىلغان ئىشتىن كۈلىدۇ؟ دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**3243 – [ 6 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : كنت ألعب بالبنات عند النبي صلى الله عليه وسلم وكان لي صواحب يلعبن معي فكان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا دخل ينقمعن فيسربهن إلي فيلعبن معي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن بىر نەچچە نەپەر قىزچاقلار بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئويناياتتىم، مىنىڭ مەن بىلەن بىللە ئوينايدىغان ھەمراھلىرىم بارئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرسە، ئۇلار ھايا قىلىپ، تارتىنىپ ئۆي ئىچىگە يوشۇرنۇپ، پەردىلىنەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى مىنىڭ قېشىمغا ئەۋەتەتتى، ئاندىن ئۇلار مەن بىلەن بىللە ئويناياتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**3244 – [ 7 ] ( متفق عليه )وعنها قالت : والله لقد رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يقوم على باب حجرتي والحبشة يلعبون بالحراب في المسجد ورسول الله صلى الله عليه وسلم يسترني بردائه لأنظر إلى لعبهم بين أذنه وعاتقه ثم يقوم من أجلي حتى أكون أنا التي أنصرف فاقدروا قدر الجارية الحديثة السن الحريصة على اللهو**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەن ئۈچۈنلا ھۇجرامنىڭ ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ بەرگىنىنى كۆردۇم، ھەبىيشلىك جەڭچىلەر مەسجىد ئىچىدە قىلىچ ـ نەيزە بىلەن مەشىق قىلىپ ئويناۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىدايى بىلەن مىنى پەردىلەپ تۇسۇپ تۇردى، مەن ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇلۇقى بىلەن مۈرىسى ئارلىقىدىن مارىلاپ قاراپ تۇردۇم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن قايتقانغا قەدەر مەن ئۈچۈنلا تۇرۇپ بەردى، قېنى سىلەر لەھۋە ـ ئويۇنغا ھېرىسمەن، يېشى كىچىك بىر قىزچاقنىڭ شۇ ئويۇننى كۆرۈپ، قانچىلىك مىقداردا تۇرغىنىنى مۆلچەرلەپ كۆرۈڭلار.(يەنى ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ بەرگەن)بۇخارى،مۇسلىم.

**3245 – [ 8 ] ( متفق عليه )وعنها قالت : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لأعلم إذا كنت عني راضية وإذا كنت عني غضبى " فقلت : من أين تعرف ذلك ؟ فقال : " إذا كنت عني راضية فإنك تقولين : لا ورب محمد وإذا كنت علي غضبى قلت : لا ورب إبراهيم " . قالت : قلت : أجل والله يا رسول الله ما أهجر إلا اسمك**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن مەن سېنىڭ مەندىن رازى بولغىنىڭنى ۋە مەندىن رازى بولماي ماڭا غەزەپ قىلغىنىڭنى بىلىۋالىمەن، مەن؛ ئۇنى قەيەردىن بىلىلا؟دىسەم، ماڭا؛ ئەمما سەن مەندىن رازى بولساڭ، لا ۋە رەببى مۇھەممەد يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى دەيسەن، ماڭا غەزەپ قىلىپ، ئۆچ بولۇپ قالساڭ، ئىبراھىمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى دەيسەن،دىدى، مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى**!** **الله** بىلەن قەسەمكى، دەل شۇنداق، لىكىن مەن پەقەت ئىسمىلىرىنىلا تەرىك ئىتىمەن دىدىم. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى ، سەھىھ.

**3246 – [ 9 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دعا الرجل امرأته إلى فراشه فأبت فبات غضبان لعنتها الملائكة حتى تصبح " . متفق عليه . وفي رواية لهما قال : " والذي نفسي بيده ما من رجل يدعو امرأته إلى فراشه فتأبى عليه إلا كان الذي في السماء ساخطا عليها حتى يرضى عنها "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر كىشى ئايالنى

كۆرپىسگە چاقىرسا، ئايالى ئۇنىمىسا، ئەر ئۇ ئايالغا غەزەپ قىلىپ يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقىچە لەنەت قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق بىر ئەر كىشى، ئايالىنى بىللە بولۇش ئۈچۈن كۆرپىگە چاقىرسا، ئايالى ئۇنىڭغا ئۇنىمىسا، ئېرى شۇ ئايالدىن رازى بولمىغىچە، ئۇ ئايال ئېرىنى رازى قىلمىغىچە ئاسماندىكى زات، يەنى ئاللاھ، ئۇ ئايالغا غەزەپ قىلىپ كايىيدۇ. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايالىنى كۆرپىگە چاقىرسا، گەرچە ئۇ ئايال تۆگە ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولسىمۇ، چاقىرىقتا ئاۋاز قوشسۇن، يەنى بۇ ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇشتۇر، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**3247 – [ 10 ]** ( متفق عليه )وعن أسماء أن امرأة قالت : يا رسول الله إن لي ضرة فهل علي جناح إن تشبعت من زوجي غير الذي يعطيني ؟ فقال : " المتشبع بما لم يعط كلابس ثوبي زور "

ئەسمائ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، بىر ئايال ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ بىر كۈندىشىم بار (يەنى ئېرىمنىڭ مەندىن باشقا يەنەبىر ئايالى بار) ئەگەر مەن ئېرىم ماڭا بەرگەن نەرسىدىن باشقا نەرسە بىلەن بۇنى ماڭا ئېرىم بەردى دەپ، ئۇ ئايالنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرسەم ، ماڭا گۇناھ بۇلامدۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن ئۆزىنى قورسىقى توق كۆرسەتكۈچى، ئاغزىنى تاتلىق قىلغۇچى كىشى، خۇددى كىيىمنىڭ ئۆزۈننى ئىچىگە، قىسقىسىنى تېشىغا كىيىپ، ئۆزىنى باي كۆرسەتكۈچى، يالغانچىنىڭ ئىككى كىيىمنى كىيگەن ئەخمەق، پىقىرغا ئوخشايدۇ، دېدى. (خۇددى يارالمىغان نەرسىنى سورىغاندەك، چۈكۈلۈپ كەتكەن كىيىمگە قىرغاق ئىزدىگەندەك ئىش). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد،بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3248 – [ 11 ]** ( صحيح )وعن أنس قال : آلى رسول الله من نسائه شهرا وكانت انفكت رجله فأقام في مشربة تسعا وعشرين ليلة ثم نزل فقالوا : يا رسول الله آليت شهرا فقال : " إن الشهر يكون تسعا وعشرين " . رواه البخاري

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا بىر ئاي يېقىن كەلمەسلىككە قەسەم قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بىر پۇتى مەيسەلدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنكى بالىخانىسىدا ، ئايرىمخانىسىدا 29 كۈنى تۇرۇپ، ئاندىن چۈشتى، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى بىر ئايلىق قەسەم قىلغانىغۇ؟ دېگەندە، مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن ئاي دېگەن 29 كۈنمۇ بولىدۇ (29 كۈنمۇ بىر ئاي بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى بۇخارى، تىرمىزى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بەيھەقى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇسلىم، جابىر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**3249 – [ 12 ]** ( صحيح )وعن جابر قال : دخل أبو بكر رضي الله عنه يستأذن على رسول الله صلى الله عليه وسلم فوجد الناس جلوسا ببابه لم يؤذن لأحد منهم قال : فأذن لأبي بكر فدخل ثم أقبل عمر فاستأذن فأذن له فوجد النبي صلى الله عليه وسلم جالسا حوله نسائه واجما ساكتا قال فقلت : لأقولن شيئا أضحك النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله لو رأيت بنت خارجة سألتني النفقة فقمت إليها فوجأت عنقها فضحك رسول الله صلى الله عليه وسلم وقال : " هن حولي كما ترى يسألنني النفقة " . فقام أبو بكر إلى عائشة يجأ عنقها وقام عمر إلى حفصة يجأ عنقها كلاهما يقول : تسألين رسول الله صلى الله عليه وسلم ما ليس عنده ؟ فقلن : والله لا نسأل رسول الله صلى الله عليه وسلم شيئا أبدا ليس عنده ثم اعتزلهن شهرا أو تسعا وعشرين ثم

**نزلت هذه الآية : ( يا أيها النبي قل لأزواجك )حتى بلغ ( للمحسنات منكن أجرا عظيما )قال : فبدأ بعائشة فقال : " يا عائشة إني أريد أن أعرض عليك أمرا أحب أن لا تعجلي فيه حتى تستشيري أبويك " . قالت : وما هو يا رسول الله ؟ فتلا عليها الآية قالت : أفيك يا رسول الله أستشير أبوي ؟ بل أختار الله ورسوله والدار الآخرة وأسألك أن لا تخبر امرأة من نسائك بالذي قلت : قال : " لا تسألني امرأة منهن إلا أخبرتها إن الله لم يبعثني معنتا ولا متعنتا ولكن بعثني معلما ميسرا " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىزنى سوراپ كىرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىك ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە كىرىشكە رۇخسەت بېرىلمىگەن ئىدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىزنى بېرىلدى، ئۇ كىرىپ كەتتى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىلىپ، ئىزنى سوردى، ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت قىلىنىۋىدى، ئۇمۇ كىرىپ كەتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەم قىلغان ھالدا جىم ئولتۇرغىنىنى كۆردى، ئاياللىرى ئەتراپىدا ئولتۇراتتى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈلدۈرىدىغان سۆزنى قىلمەن دەپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر مىنىڭ ئايالىم خارىجەتىنىڭ قىزى مەندىن نەپىق ەسورسا، مەن قوپۇپ ئۇنىڭ گەردىنىگە ئۇرىمەن دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كىتىپ؛ مانا بۇلار سىلەر كۆرگەندەك، مىنىڭ ئەتراپىمدا ئولتۇرۇپ، مەندىن نەپىقە سوراۋاتىدۇ دىدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ گەردىنىگە ئۇردى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ گەردىنىگە ئۇردى، ھەر ئىككىلىسى: سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا يوق نەرسىنى سوراپ،خىجىل قىلامسىلەر؟ دىدى، ئۇلار؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز ئەمدى مەڭگۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا يوق نەرسىنى سورمايمىز دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلىپ، ئاياللىرىدىن بىرئاي ياكى 29 كۈنى ئايرىلدى، ئاندىن:« يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُل لِّأَزْوَاجِكَ إِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيْنَ أُمَتِّعْكُنَّ وَأُسَرِّحْكُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا*وَإِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَالدَّارَ الْآخِرَةَ فَإِنَّ اللَّهَ أَعَدَّ لِلْمُحْسِنَاتِ مِنكُنَّ أَجْرًا عَظِيمًا سۈرە ئەھزاپ 28 ـ 29___ئايەت)

ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىنىنىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىرئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر **الله**نى ۋە **الله**نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، **الله** ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ ـ نېئمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى».

دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھابىلەن باشلاپ؛ ئى ئائىشە! مەن سىزگە بىر ئىشنى تەڭلەپ ئوتتۇرىغا قويىمەن، بۇ ئىشتا ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ، ئالدىراپ كەتمەسلىكىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن دىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇ نىمە ئىش ئىدى؟دىدى، رەسۇلۇللاھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا يۇقىرقى ئايەتنى ئوقۇپ بەردى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!سىلى توغرىسىدىمۇ ئاتا ـ ئانام بىلەن مەسلىھەتلىشەمدىم؟ بۇنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى

مەن **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىنى ، ئاخىرەت دۇنياسىنى تاللايمەن، مەن دىگەن بۇ سۆزنى ئاياللىرىدىن بىرەرسىگە خەۋەر قىلىپ قويماسلىقلىرىنى سورايمەن دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلاردىن بىرەرسى مەندىن بۇسۆزىڭىز توغرىسىدا سوراپلا قالسا، مەن ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ دەپ بىرىمەن، **الله** تائالا مىنى مۇشەققەتكە سالغۇچى، ئۆزىمۇ مۇشەققەتكە قالغۇچى، باشقىلارغا مۇشەققەت كەلتۈرگۈچى قىلىپ ئەۋەتمىدى، بەلكى مىنى ئاسانلاشتۇرغۇچى، ئاسان قىلغۇچى مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتتى دىدى. مۇسلىم توپلىغان.

**3250 – [ 13 ]** ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : كنت أغار من اللاتي وهبن أنفسهن لرسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : أتهب المرأة نفسها ؟ فلما أنزل الله تعالى : ( ترجي من تشاء منهن وتؤوي إليك من تشاء ومن ابتغيت ممن عزلت فلا جناح عليك )قلت : ما أرى ربك إلا يسارع في هواك . متفق عليه . وحديث جابر : اتقوا الله في النساء وذكر في قصة حجة الوداع

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن؛ ئايال كىشىمۇ ئۆزىنى باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ بىرىۋىتەمدۇ؟ دەپ، ئۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاتاپ بىرىۋەتكەن ئاياللاردىن كۈندەشلىك قىلاتتىم، **الله** تائالا« ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھىچ گۇناھ يوقتۇر، (مانا) بۇ ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، بەرگەنلىرىڭگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر، **الله** دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، **الله** ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ).سۈرە ئەھزاپ 51 ـ ئايەتنى نازىل قىلغاندا؛ مەن سىلىنىڭ رەببىللىرىنىڭ سىلى ئارزۇ قىلغان ھەۋەس، ھىسياتلىرىغىمۇ تىزلا يەتكۈزىدىغانلىقىنى كۆردۈم دىدىم.بۇخارى،مۇسلىم.

**3251 – [ 14 ]** الفصل الثاني ( صحيح )عن عائشة رضي الله عنها أنها كانت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في سفر قالت : فسابقته فسبقته على رجلي فلما حملت اللحم سابقته فسبقني قال : " هذه بتلك السبقة " . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن بىر سەپەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولغان ئىدىم، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن پىيادە يۈگۈرشۈپ مۇسابىقىلەشتىم، مەن يۈگۈرۈپ ئالدىغا كىرىۋالدىم، كىيىن مەن سەمرىپ كەتكەندە، بىز يەنە بىر قېتىم پىيادە يۈگۈرشۈپ مۇسابىقىلەشتۇق، بۇ قېتىم رەسۇلۇللاھ يۈگۈرۈپ، ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتتى، ۋە «بۇ ئۆتكەن قېتىمقىنىڭ بەدىلگە بولسۇن»،دىدى.يەنى ئەمدى تەڭلەشتۇق دىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**3252 – [ 15 ]** ( صحيح )وعنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خيركم خيركم لأهله وأنا خيركم لأهلي وإذا مات صاحبكم فدعوه " . رواه الترمذي . والدارمي

ئائىشە، ئىبنى ئاببىاس، مۇئاۋىيەت رەزىيەلاملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەڭ ياخشىڭلار ئۆز ئەھلىگە ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، مانا مەن ئۆز ئەھلىمگە ياخشى بولۇشتا ياخشىلىق قىلىشتا سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار بولىمەن، ھەمراھىڭلار، قېرىندىشىڭلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ يامانلىقىنى تىلغا ئالىماي، ئۇنى جىم قويۇڭلار، تەرىك ئېتىڭلار. تىرمىزى، تەبرانى، دارىمى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلغىنىڭلار، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ كەبشەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلار، ئەھلىگە ياخشى بولغان

كىشىدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ياخشىلار ھەر جەھەتتە ياخشى بولۇر، دەرىجىسى ئۇنىڭدىن كاتتا بولۇر.

**3253 – [ 16 ] ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن ابن عباس إلى قوله : " لأهلي "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەڭ ياخشىڭلار ئائىلەڭلارغا ياخشى بولۇپ، ياخشىلىق قىلغىنىڭلاردۇر.ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3254 – [ 17 ] ( صحيح )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المرأة إذا صلت خمسها وصامت شهرها وأحصنت فرجها وأطاعت بعلها فلتدخل من أي أبواب الجنة شاءت " . رواه أبو نعيم في الحلية**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى بەش نامىزىنى ئوقۇسا، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتسا، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلىسا، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەتكە، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن قايسىسىدىن كىرىشنى خالىساڭ شۇ ئىشىكتىن كىرگىن دىيىلىدۇ. ئىبنى ھەببان،ئەبۇنۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى بەش نامازنى ئوقۇپ، يىلدا بىر ئاي روزا تۇتسا، ئەۋرىتىنى ساقلاپ، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ ھەدىسنى بەززار، ئەنەسدىن، ئەھمەد ئابدۇرەھمان زۇھەيردىن، تەبرانى ئابدۇرەھمان ئىبنى ھەسەنەدىن توپلىغان، سەھىھ.

**3255 – [ 18 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو كنت آمر أحدا أن يسجد لأحد لأمرت المرأة أن تسجد لزوجها " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ، مۇئاز، بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىشنى بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم، (چۈنكى، ھەققى شۇنداق چوڭ، لېكىن، ئاللاھنىڭ غەيرىگە سەجدە قىلىش، تەزىم قىلىش دۇرۇس ئەمەس). تىرمىزى، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر مەن بىر كىشىنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئېلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئايال كىشى ئېرىنىڭ بارلىق ھەققىنى ئادا قىلمىغىچە پەرۋەردىگارىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ، رەببىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا باغلىق، ھەتتا ئېرى ئايال كىشىنى تەلەپ قىلسا، بىللە بولۇشقا چاقىرسا، گەرچە ئۇ ئايال تۆگىنىڭ ئۈستىدە سەپەر قىلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئېرىنى چەكلەپ، توسۇپ قويالمايدۇ، (باشقا خاتىرىدە تونۇر ئۈستىدە نان يېپىۋاتقان بولسىمۇ دەرھال كەلسۇن، ئېرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسۇن، ئەگەر ئايال كىشى ئېرى بىللە بولۇشقا چاقىرىپ، ئايال كىشى رەت قىلىپ ئۇخلاپ قالسا، تاڭ ئاتقىچە پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا لەنەت قىلىدۇ دىگەن سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى). ئىبنى ماجە 1843 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3256 – [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن أم سلمة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما امرأة ماتت وزوجها عنها راض دخلت الجنة " . رواه الترمذي**

| |
|---|
| ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئايال ئېرى ئۇنىڭدىن رازى بولغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئايال جەننەتكە كىرىدۇ. تىرمىزى توپلىغان. |
| **3257 – [ 20 ] وعن طلق بن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا الرجل دعا زوجته لحاجته فلتأته وإن كانت على التنور " . رواه الترمذي**<br><br>تەلقى ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايالىنى ھاجىتىگە چاقىرسا، گەرچە ئۇ ئايال تونۇر ئۈستىدە بولسىمۇ كەلسۇن. نەسەئى، تىرمىزى ت، سەھىھ. |
| **[ 21 ] – 3258**<br>**وعن معاذ رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تؤذي امرأة زوجها في الدنيا إلا قالت زوجته من الحور العين : لا تؤذيه قاتلك الله فإنما هو عندك دخيل يوشك أن يفارقك إلينا " رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب**<br><br>مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئايالى، ئېرىگە ئازار بەرسە، ئۇ مۇسۇلماننىڭ جەننەتتىكى ھۆرۈلئەينەلەردىن شەھلا كۆزلۈك ئاياللىرى مۇنداق دەيدۇ: سەن ئۇنىڭغا ئازار بەرمىگىن، ئاللاھ ساڭا لەنەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ ھازىر سېنىڭ ئالدىڭدا مېھمان بولۇپ چۈشكەن بىلەن پات يېقىندا ئۇ سەندىن ئايرىلىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىدۇ. تىرمىزى 1094 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2004 _ ھەدىس، ئەھمەد 21085 _ ھەدىس، سەھىھ. |
| **3259 – [ 22 ] ( حسن )وعن حكيم بن معاوية القشيري عن أبيه قال : قلت : يا رسول الله ما حق زوجة أحدنا عليه ؟ قال : أن تطعمها إذا طعمت وتكسوها إذا اكتسيت ولا تضرب الوجه ولا تقبح ولا تهجر إلا في البيت رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**<br><br>بەھز ئىبنى ھەكىمدىن دادىسىدىن بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن،مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ ئاياللىرىمىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى نىمە؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىرائىتىڭگە يەنى ئايالىڭغا خالىغانچە كەل، تائام يېگىنىڭدە ئۇنىڭغىمۇ تائام بەر، كىيىم كىيگىنىڭدە ئۇنىڭغىمۇ كىيىم _ كېچەك ئېلىپ بەر، يۈزىگە ئۇرما، سەتلەشتۈرمە، پەقەت ئۆي ئىچىدىلا ئەدەپلىگىن، ئۆي ئىچىدىلا سۆزلەشكىلا .ئەھمەد،ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن، يەنى سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاش ئەمەل قىلىنىدۇ، ھەسەن مەرتىۋىسىنى بىر مۇقەددىمىدە سۆزلىگەن. |
| **3260 – [ 23 ] وعن لقيط بن صبرة قال : قلت : يا رسول الله إن لي امرأة في لسانها شيء يعني البذاء قال : طلقها " قلت : إن لي منها ولدا ولها صحبة قال : " فمرها " يقول عظها " فإن يك فيها خير فستقبل ولا تضربن ظعينتك ضربك أميتك " رواه أبو داود**<br><br>لەقيت ئىبنى سەبۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ ئايالىمنىڭ ئاغزى بەزەپ، مەن قانداق قىلىمەن؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ ئۇنى تالاق قىلىپ قويۇۋەتكىن دېدى، مەن ئاندىن؛ مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ياخشى سۆھبەت بار، ئۇنىڭدىن بالام بار دېسەم، ئۇنداقتا ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرىغىن، ۋەز _ نەسىھەت قىلغىن، ئەگەر ئۇنىڭدا ياخشىلىق بولۇپ قالسا، پات يېقىندا ئۇ ياخشىلىقنى قىلىدۇ، ئايالىڭنى خۇددى دېدەك چۆرىڭنى ئۇرغاندەك ئۇرما، (يەنى ئۇرماي، نەسىھەت قىل) دېدى. ئەبۇ داۋۇد 123 _ ھەدىس، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. |

3261 – [ 24 ] وعن إياس بن عبد الله قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تضربوا إماء الله " فجاء عمر إلى رسول الله فقال : ذئرن النساء على أزواجهن فرخص في ضربهن فأطاف بآل رسول الله صلى الله عليه وسلم نساء كثير يشكون أزواجهن فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقد طاف بآل محمد نساء كثير يشكون أزواجهن ليس أولئك بخياركم " . رواه أبو داود وابن ماجه والدارمي

ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان ئاياللارنى ئۇرماڭلار.ئاندىن ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئاياللار ھەددىن ئېشىپ، ئەرلىرىدىن غالىپ كىلىپ، كۈتۈلمىسىزلىك پەيدا قىلدى دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى جاراھەتلەندۇرمەي ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىنى ئەرلىرىدىن شىكايەت ئەرز قىلىپ، نۇرغۇن ئاياللار زىيارەت قىلىپ كەلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەققەتەن بۈگۈن كىچە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنى مىنىڭ ئەھلى ئاياللىرىمنى نۇرغۇن ئاياللار زىيارەت قىلىپ كەپتۇ، ھەممىسى ئېرىدىن تاياق يېگەنلىكىدىن شىكايەت، ئەرز قىلىپ كەپتۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئاشۇ ئاياللىرىنى ئۇرغان كىشلەرنى ياخشىلار قاتارىدىن تاپالمايسىلەر، يەنى ئۇلار ياخشى ئەمەس، ئەڭ ياخشىلار ئاياللىرىغا ياخشى بولغىنىڭلاردۇر،دىدى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ئايەتتە، سەھىھ ھەدىسدە ئەخلاقسىزلىق قىلسا، ئەدەپ ئۆگىتىشكە، يارىدار قىلماي بوش ئۇرسا بولىدۇ دىيىلگەن. ھاسىنى گەردەندىن چۈشۈرمەي، قامچىنى ئۇلار كۆرگىدەك جايغا ئېسىپ قويۇشمۇ بار. بۇ ھەدىس، سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز، گۇناھسىز ئۇرۇشدىن توسقان، ئارىلىقتا زىتلىق يوق.

3262 – [ 25 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس منا من خبب امرأة على زوجها أو عبدا على سيده " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىرەر ئايالنى بۇزۇپ، تۇرمۇشنى پاسادلاشتۇرۇپ، ئېرىنى ئۇنىڭغا سەت كۆرسىتىپ ۋەيران قىلسا، ياكى قۇلنى خوجايىنىغا شۇنداق قىلىپ ئېلىۋالسا، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، (يەنى بۇ ئىش ھارام، بىزنىڭ يولىمىزدىن ئەمەس). ئەبۇ داۋۇد 1860 _ ھەدىس، ئەھمەد 8792 _ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

3263 – [ 26 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنه قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا وألطفهم بأهله " . رواه الترمذي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى كامىلراقى، ئەخلاقى ياخشىراق ۋە ئەھلى، بالىلىرىغا مېھرىبان، كۆيۈمچانراقدۇر، تىرمىزى توپلىدى، شەيىخ ئەلبانى زەئىپ دىگەن. لېكىن، بۇ ئەخلاقنى قوللايدىغان سەھىھ ھەدىس بار.

3264 – [ 27 ] وعن أبي هريرةقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا وخياركم خياركم لنسائهم " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح ورواه أبو داود إلى قوله " خلقا "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىلراقى، ئەخلاقى ئەڭ ياخشىراقىدۇر، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار، ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلغان ياخشى كىشىدۇر. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستە ئەخلاقتا ياخشى بولۇش، ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش كۆرسىتىلىدۇ.

**3265 – [ 28 ]** ( صحيح )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قدم رسول الله صلى الله عليه وسلم من غزوة تبوك أو حنين وفي سهوتها ستر فهبت ريح فكشفت ناحية الستر عن بنات لعائشة لعب فقال : " ما هذا يا عائشة ؟ " قالت : بناتي ورأى بينهن فرسا له جناحان من رقاع فقال : " ما هذا الذي أرى وسطهن ؟ " قالت : فرس قال : " وما الذي عليه ؟ " قالت : جناحان قال : " فرس له جناحان ؟ " قالت : أما سمعت أن لسليمان خيلا لها أجنحة ؟ قالت : فضحك حتى رأيت نواجذه رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەببۇك ياكى ھۇنەيىن ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلدى، مېنىڭ ئايرىم تۇرىدىغان ھۇجرا ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىدە پەردە بار ئىدى، شامال چىقىپ، مېنىڭ ئويۇنچۇق قىزلىرىمدىن پەردە ئېچىلىپ قالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ؛ ئى ئائىشە! بۇ نىمە؟دېدى، مەن؛ بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قەغەزدىن ياسالغان ئىككى قانىتى بار ئاتنى كۆرۈپ؛ بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەن كۆرگەن بۇنەرسە نىمە؟ دېدى، مەن؛ ئات دېسەم، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى نىمە؟ دېدى، مەن؛ ئىككى قانىتى دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئىككى قانىتى بار ئاتمۇ بۇلامدۇ؟دېدى، مەن؛ سىلى سۇلەيماننىڭ قاناتلىق ئاتلىرى بارلىقىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلۈپ كەتتى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**3266 – [ 29 ]** الفصل الثالث ( ضعيف )عن قيس بن سعد قال : أتيت الحيرة فرأيتهم يسجدون لمرزبان لهم فقلت : لرسول الله صلى الله عليه وسلم أحق أن يسجد له فأتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : إني أتيت الحيرة فرأيتهم يسجدون لمرزبان لهم فأنت أحق بأن يسجد لك فقال لي : " أرأيت لو مررت بقبري أكنت تسجد له ؟ " فقلت : لا فقال : " لا تفعلوا لو كنت آمر أحد أن يسجد لأحد لأمرت النساء أن يسجدن لأزواجهن لما جعل الله لهم عليهن من حق " . رواه أبو داود

قىيس ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ھەيرەت قەبىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىغا سەجدە قىلغىنىنى كۆرۈپ، ئىچىمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلىنىشقا ئەڭ لايىقتۇر دەپ قالدىم، كېين رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، كۆرگەنلىرىمنى دېدىم ۋە سىلى سەجدە قىلىنىشقا ئەڭ لايىققۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئەگەر سەن مېنىڭ قەبرەمدىن ئۆتۈپ قالساڭ سەجدە قىلامسەن؟ دېدى، مەن ياق دەپ جاۋاب بەردىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق بولسا ماڭا سەجدە قىلماڭلار، ئەگەر مەن بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىشىنى بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئاياللارنى ئەرلىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم. چۈنكى، ئاللاھ ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللار ئۈستىدە شۇنداق ھەق قىلغاندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇيرۇيتتىم. لېكىن، ئۇنداق قىلمىدىم، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. شەيخ ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**3267 – [ 30 ]** ( لم تتم دراسته )ورواه أحمد عن معاذ بن جبل

**3268 – [ 31 ]** ( لم تتم دراسته )وعن عمر رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يسأل الرجل فيما ضرب

امرأته عليه " . رواه أبو داود وابن ماجه

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەركىشى ئايالىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگۈتۈش يۈزىسىدىن ئۇرغانغا سورالمايدۇ. ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە تارتىلىغان. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەدەپ قامچىسىنى ئۆيدىكى ئەھلى، باللار كۆرگىدەك جايغا ئېسىپ قويۇڭلار، (شۇنىڭ ئۆزى ئەدەپتۇر) ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن باللارنى تەربىيلەش مۇھىمدۇر.

( حسن ) علقوا السوط حيث يراه أهل البيت فإنه أدب لهم ( عب طب ) عن ابن عباس

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، قامچىنى ئەھلى بەيت، خوتۇن باللار كۆرۈپ تۇرغىدەك جايغا ئېسىپ قويۇڭلار، ھەقىقەتەن شۇنىڭ ئۆزى ئۇلارغا ئەدەپتۇر، ئابدۇررەززاق، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، مەخسەت ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىش، ياخشى تەربىيلەشتۇر، ئۇيغۇرمۇ بىر مەكتەپتۇر. ( صحيح ) علموا الصبي ابن سبع سنين و اضربوه عليها ابن عشر ( حم ت طب ك ) عن سبرة

سەبۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن؛ كىچىك، سەبىي باللار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە، ئىلىم ئالمىسا، مەجبۇرلاپ ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئۇرۇڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى،ھاكىم توپلىغان،سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ھازىر پۈتۈن يەرشارى بويىنچە بارلىق مائارىپلار مۇشۇ ھەدىس بويىچە ئىلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، مەجبۇرى مائارىپ يولغا قويۇلدى.

3269 – [ 32 ] ( صحيح )وعن أبي سعيد قال : جاءت امرأة إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم ونحن عنده فقالت : زوجي صفوان بن المعطل يضربني إذا صليت ويفطرني إذا صمت ولا يصلي الفجر حتى تطلع الشمس قال : وصفوان عنده قال : فسأله عما قالت فقال : يا رسول الله أما قولها : يضربني إذا صليت فإنها تقرأ بسورتين وقد نهيتها قال : فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو كانت سورة واحدة لكفت الناس " . قال : وأما قولها يفطرني إذا صمت فإنها تنطلق تصوم وأنا رجل شاب فلا أصبر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تصوم امرأة إلا بإذن زوجها " وأما قولها : إني لا أصلي حتى تطلع الشمس فإنا أهل بيت قد عرف لنا ذاك لا نكاد نستيقظ حتى تطلع الشمس قال : " فإذا استيقظت يا صفوان فصل رواه أبو داود وابن ماجه

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، بىر ئايال كىلىپ؛ مىنىڭ ئېرىم سەپۋان مەن ناماز ئۇقۇساام مىنى ئۇرىدۇ، روزا تۇتسام مىنى ئىپتار قىلدۇرىۋىتىدۇ، كۈن چىقمىغىچە بامدات نامازنى ئوقۇمايدۇ دىدى، سەپۋانمۇ شۇ يەردە بار ئىدى، ئۇنىڭدىن سورىغاندا، سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئۇنىڭ مەن ناماز ئۇقۇساام مىنى ئۇرىدۇ، دىگىنىگە كەلسەك، ئايالىم ناماز ئوقۇسا، ئىككى سۈرە ئوقۇيدۇ،مەن ئۇنى بۇنىڭدىن توستۇم دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛«ئەگەر بىر سۈرە بولغان بولسىمۇ، نامازدا ھەممە كىشلەرگە كۇپايە بولغان بولاتتى»دىدى. ئۇ:ئۇنىڭ روزا تۇتسام مىنى ئىپتار قىلدۇرىۋىتىدۇ، دىگىنىگە كەلسەك، ئايالىم دائىم روزا تۇتىۋالىدۇ، مەن ياش يىگىت بولغاچقا سەۋرە قىلالمايمەن دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛«ئايال كىشى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز روزا تۇتمىسۇن، ئېرىنى بىلەن تۇتسۇن» دىدى. ئۇ:ئۇنىڭ مىنى

كۈن چىقمىغىچە بامدات نامازنى ئۇقۇمايدۇ، دىگىنىگە كەلسەك، بىز ئەھلى بەيت كېچىسى يەرلەرگە سۇ قۇيىدىغان ئائىلە، بۇبىزگە ئادەت بۇلۇپ قالدى، كۈن چىقمىغىچە ئويغىنالمىغىلى تاس-تاس قالىمىز دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛«ئى سەپۋان! ئويغانغان ھامان نامازنى ئۇقۇۋالغىن دىدى». ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد 2103 - ھەدىس، ئەھمەد 11335 - ھەدىس، سەھىھ.

**3270 – [ 33 ] وعن عائشة رضي الله عنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان في نفر من المهاجرين والأنصار فجاء بعير فسجد له فقال أصحابه : يا رسول الله تسجد لك البهائم والشجر فنحن أحق أن نسجد لك . فقال : " اعبدوا ربكم وأكرموا أخاكم ولو كنت آمر أحدا أن يسجد لأحد لأمرت المرأة أن تسجد لزوجها ولو أمرها أن تنقل من جبل أصفر إلى جبل أسود ومن جبل أسود إلى جبل أبيض كان ينبغي لها أن تفعله " . رواه أحمد**

ئائىشە رەزىيەللا ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھاجىرلاردىن ۋە ئەنسارلاردىن بولغان بىرنەچچە نەپەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى، تۇيۇقسىز بىر تۆگە كىلىپ، رەسۇلۇللاھقا سەجدە قىلدى، ئاندىن ئۇلار:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلىگە ھايۋانلار، دەل-دەرەخلەر سەجدە قىلىۋاتىدۇ، سىلىگە سەجدە قىلىشىمىزغا بىز ئەڭ ھەقلىق، لايىقراقمىز دىدى، رەسۇلۇللاھ:سىلەر رەببىڭلار بىر **الله** قىلا ئىبادەت قىلىڭلار، قېرىندىشىڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم،(ئەگەر ئەر كىشى ئايالىنى قىزىل سېرىق تاغدىن قارا تاغقا ياكى قارا تاغدىن ئاق تاغقا، تاغ،تاش يۆتكەشكە بۇيرىسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئايالغا شۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، شۇ ئىشنى قىلىشى لايىق بولىدۇ، مەجبۇرىيىتى بولىدۇ)،دىدى. ئىبنى ماجە 1842 _ ھەدىس، ئەھمەد 23331 _ ھەدىس، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ، لېكىن تىرناق ئىچى يەنى ئاخىرى زەئىپ دىگەن.

**3271 – [ 34 ]** ( **لم تتم دراسته** )**وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاثة لا تقبل لهم صلاة ولا تصعد لهم حسنة العبد الآبق حتى يرجع إلى مواليه فيضع يده في أيديهم والمرأة الساخط عليها زوجها والسكران حتى يصحو " . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىنىڭ نامىزى قۇبۇل بولمايدۇ، ياخشىلىقى يۇقىر ئۆرلىمەيدۇ، 1 - قاچقان قۇل، خوجايىنىغا قايتىپ كەلمىگىچە،قولىنى ئۇلارنىڭ قولىغا قويمىغىچە نامىزى قوبۇل ئەمەس،2 - ئېرى غەزەپ قىلىپ، كايىپ، ئاچچىقلىغان ئايال كىشى، 3 - مەست ساقىيىپ ئۇشىغا كەلمىگىچە شۇنداق بۇلىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.( ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىنىڭ نامىزى قۇلىقىدىن يۇقىرى ئۆرلىمەيدۇ، (يەنى قوبۇل بولمايدۇ) قاچقان قۇل، خوجايىنىغا قايتىپ كەلمىگىچە نامىزى قوبۇل ئەمەس، ئېرى غەزەپ قىلىپ، كايىپ، ئاچچىقلىغان ھالدا ياتقان ئايال كىشى، (يەنى بىللە بولۇشنى رەت قىلغان)، ئۈچىنچىسى بولسا، بىر قەۋمنىڭ ئىمامى بولۇپ، بۇ قەۋم ئۇنىڭ ئىماملىقىنى ياقتۇرمايدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3272 – [ 35 ]** ( **حسن** )**وعن أبي هريرة قال : قيل لرسول الله صلى الله عليه وسلم : أي النساء خير ؟ قال : " التي تسره إذا نظر وتطيعه إذا أمر ولا تخالفه في نفسها ولا مالها بما يكره " . رواه النسائي والبيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاياللارنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى؟

دېيىلگەندە، مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، قارىسا ئېرىنى خۇرسەن قىلىدىغان، بۇيرىسا ئىتائەت قىلىدىغان، ئۆز نەپسىدە، مال ــ مۈلكىدە ئېرى ياقتۇرمايدىغان ئىشلار بىلەن ئېرىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان ئايالدۇر. ئەھمەد، نەسەئى،بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قارىساڭ سېنى خۇرسەن قىلالىغان، بۇيرىساڭ ساڭا ئىتائەت قىلىدىغان، سىرتقا چىقىپ كېتىپ، غايىپ بولساڭ، ئۆزىنى ۋە مېلىڭنى ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلىپ، ساقلايدىغان ئايالدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3273 – [ 36 ]** ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس رضي الله عنهما : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أربع من أعطيهن فقد أعطي خير الدنيا والآخرة : قلب شاكر ولسان ذاكر وبدن على البلاء صابر وزوجة لا تبغيه خونا في نفسها ولا ماله " . رواه البيهقي في شعب الإيمان

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە تۆت نەرسە بېرىلسە، ئۇنىڭغا دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى بېرىلگەن بولىدۇ،1 ـ شۈكرى قىلغۇچى دىل،2 ـ ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتقۇچى تىل،3 ـ بالاغا سەۋرى قىلغۇچى بەدەن،4 ـ ئۆز نەپسىدە ۋە ئېرىنىڭ مېلىدا خىيانەت تەلەپ قىلمايدىغان ياخشى ئايال.بەيھەقى توپلىغان. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۈكرى قىلغۇچى دىل، ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتقۇچى تىل، سالىھ، ياخشى ئايال، بۇ ئۈچى سېنىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىڭغا ياخشى ياردەمچى بولالايدۇ، بۇ ئۈچى ئىنسانلار توپلىغان كاڭنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، بەيھەقى، شۇئىبىلئىماندا توپلىغان، سەھىھ. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نېمەتكە شۈكرى قىلغۇچى دىلىنى، ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتقۇچى تىلىنى، تەقۋادار مۆئمىن ئايالنى چىڭ تۇتسۇن، بولۇپمۇ ئاخىرەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان مۆئمىن ئايالنى ئېلىپ، ئۇنى چىڭ تۇتسۇن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

## باب الخلع والطلاق – الفصل الأول

## ئايال كىشىنىڭ ئاجرىشىشى ئۈچۈن ئېرىگە تۆلۈقنى قايتۇرۇپ بېرىپ، كېلىشىم تۈزۈشى ۋە تالاق توغرىسىدا

**3274 – [ 1 ]** ( صحيح )عن ابن عباس : أن امرأة ثابت بن قيس أتت النبي صلى الله عليه وسلم فقالت : يا رسول الله ثابت بن قيس ما أعتب عليه في خلق ولا دين ولكني أكره الكفر في الإسلام فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتردين عليه حديقته ؟ " قالت : نعم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اقبل الحديقة وطلقها تطليقة " . رواه البخاري

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سابىت ئىبنى قەيسنىڭ ئايالى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مەن سابىتقا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى، دىنىنى ئەيىبلىمەيمەن، ئۇنىڭغا ئۆچ ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئىسلام دىنى ئىچىدە نېمەتكە كۇپۇرلۇق قىلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئۇنىڭ تۆلۈققا بەرگەن بېغىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى( خۇلئىنى يەنى تۆلۈق مېھرى بولغان باغنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئاجرىشىشنى)مەقسەت قىلدىڭمۇ؟دېدى، ئۇ: ھەئە دېگەندە، سابىتقا مۇنداق دېگەن: ئى سابىت، باغنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، بۇ ئايالنى بىر تالاق قىلىپ قويىۋەتكىن. بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. باغنى قوبۇل قىلىپ، تالاق قىلغىن دېگەن بۇ ھەدىستە مۇنداق مۇھىم بىر مەسىلە بار، بۇ ئىسلام دىنىدا، خۇلئى يەنى ئەر ــ ئايال كېلىشىشى دېيىلىدۇ، ئەگەر ئەر قويۇپ بەرسە، ئۆزى ئىختىيارى قويۇپ

بەرسە، تويلۇق مېھرىدىن ھېچنېمىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ، ئەگەر ئايال كىشى ئۆزى ئاجرىرىشمەن دەپ تۇرىۋالسا، يامانلاپ ئۇلتۇرۇۋالسا، تويلۇقنى قايتۇرۇشى لازىم، ئاندىن ئاجرىشىدۇ، بۇ خۇلئى دېيىلىدۇ، ئەر تويلۇقنى مۇشۇ ھالەتتە قايتۇرۇپ ئالسا ھالالدۇر.بۇھەدىستا ئۇنىڭدىن باشقا يانا تالاق قىل دېگەن سۆزمۇ باردۇر.

**3275 – [ 2 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمر : أنه طلق امرأة له وهي حائض فذكر عمر لرسول الله صلى الله عليه وسلم فتغيظ فيه رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم قال : " ليراجعها ثم يمسكها حتى تطهر ثم تحيض فتطهر فإن بدا له أن يطلقها فليطلقها طاهرا قبل أن يمسها فتلك العدة التي أمر الله أن تطلق لها النساء " . وفي رواية : " مره فليراجعها ثم ليطلقها طاهرا أو حاملا "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئايالىنى ئايالى ھەيىزدار ھالەتتە تالاق قىلىدۇ، بۇ ئىشنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق ئاچچىقلاپ، ئۆمەرگە: بالاڭ ئابدۇللاھقا دېگىن، ئۇ ئايالىغا قايتىۋالسۇن، ئاندىن ئايالىنى ئۇ ئايال پاك بولۇپ ئاندىن ھەيز كۆرۈپ، ئايالار كېيىسلى بولۇپ يەنە پاك بولغۇچە ساقلاپ تۇتۇپ تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن تالاق قىلىشنى خالىسا، ئۇ ئايالىغا چېقىلىشىدىن، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشىدىن بۇرۇن پاك ــ پاكىز ھالەتتە قويۇپ تالاق قىلسۇن، ئەنە ئاشۇ، ئاللاھتائالا بۇيرىغان، ئايالار تالاق قىلىنىدىغان ئىددەتتۇر، (ئاللاھ شۇ ھالەتتە تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ) يەنەبىرخاتىردە؛ئۇنى بۇيرىغىن، ئۇ ئايالىنى ئايالى پاك ھالەتتە ياكى ھامىلدار ھالەتتە تالاق قىلسۇن دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن؛ ئايالارنى تالاق قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ پاك ھالەتتە چېقىلماي تۇرۇپ، بىرلا تالاق قىلىنىدۇ، تالاق قىلىش دۇرۇس بولسىمۇ، ئۇنى، ئاللاھتائالا ئۆچ كۆرىدۇ، ئاللاھتائالا ئايالارنىڭ تالاق قىلىنىشىغا بۇيرىغان ئىددەت ئەنە شۇدۇر، ئىددەت تۇتۇش ۋە توشۇپ پۈتىشى ئاسان بولىدۇ. بۇ ھەدىستە، قايتىۋالسۇن دېگەن سۆزگە قارىغاندا، ئايال كىشىنى ھەيز كېسەل چاغدا تالاق قىلسا، رەجئى تالاق يۈز بېرىۋېرىدۇ، بارلىق ئالىملار؛ھەيىز چاغدىمۇ تالاق يۈز بېرىدۇ دېگەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تالاق بولىدۇ دېگەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك مەزگىللەردە، بىر كىشى ئايالىنى سەن ئۈچ تالاق دېسە، ئۈچ تالاق يۈز بېرىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلگەن، بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق دىسە ئۈچ تالاق بولىدۇ، بۇ سەھىھ ئەسەرلەردە خېلى كۆپتۇر، خۇسۇسەن ئىبنى ھەجەر پەتھۇلبارى بۇخارىينىڭ شەرھىسىدە شۇنداق يازغان.ئىمام نەۋۋى؛ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ؛سەن راستىنلا ئاللاھ بىلەن قەسەم بېرنى نىيەت قىلغانمۇ؟ دەپ سورىشنى دەلىل قىلىپ، شۇنداق سورىغانغا قارىغاندا، بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق دېسە، ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ دېگەن،ئەمىسە نىمە ئۈچۈن بىرنى نىيەت قىلدىڭمۇ؟ دەپ قەسەم قىلدۇرىدۇ؟. ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا؛ مۇشۇ مەسىلىدە ئىجمائنى يىرتىۋەتكەن، بۇزىۋەتكەن دەپ ئەيىبلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ پەتىۋاسىدا مۇپتى ئىمامنىڭ شۇتالاق قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۈچ تالاققا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى بار دېگەن.باشقا ئىشلاردا بۇ كىشى ئىسلام پىشۋاسى، ئىسلام خىزمىتىنى قاتتىق قىلغان كىشى، ھەتتا ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد ئۈچۈنلا قەتئىي توي قىلمىغان. خۇلاسە، ئايال كىشىنى ھەيزدار چاغدىمۇ تالاق قىلسا تالاق بولىدۇ، بىرلا ئېغىزدا بىرلا قېتىم ئۈچ تالاق دېسە، ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ، بۇ مەسىلىلەر سەھىھ مۇسلىمدا تەپسىلي باردۇر، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسى كۈچلۈك دەلىل ــ ئىسپاتتۇر، ئىجمائ دېگەن قۇرئان ھەدىسىدىن قالسا، شەرىئەتنىڭ قانۇن ــ پىرىنسىپ مەنبەسىدۇر، ئىجمائقا تانسا، كاپىر بولىدۇ، بۇنى بىز «ئىجمائقا كېلىنگەن مەسىلىلەر» دېگەن ئەسەردە يازغان، تەپسىلي بار، كۆرۈڭ.

| |
|---|
| 3276 – [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت: خيرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم فاخترنا الله ورسوله فلم يعد ذلك علينا شيئا<br><br>ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەردى، بىز الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنى تاللىدۇق، ئۇ بىزگە ھېچ نەرسە سانالمىدى(يەنى ھېچقانداق تالاق ھېساپلانمىدى) بۇخارى،مۇسلىم. |
| 3277 – [ 4 ] ( متفق عليه )وعن ابن عباس قال : في الحرام يكفر لقد كان لكم في رسول الله أسوة حسنة<br><br>ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ الله ھالال قىلغان مەلۇم نەرسىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋېلىشتا كاپپارەت بېرىلىدۇ، بۇنىڭدا سىلەرئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە ياخشى ئۈلگە باردۇر.(بۇسۈرەتەھرىمنىڭ تەپسىرىدە سۆزلەنگەن) بۇخارى،مۇسلىم. |
| 3278 – [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عائشة : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يمكث عند زينب بنت جحش وشرب عندها عسلا فتواصيت أنا وحفصة أن أيتنا دخل عليها النبي صلى الله عليه وسلم فلتقل : إني أجد منك ريح مغافير أكلت مغافير ؟ فدخل على إحداهما فقالت له ذلك فقال : " لا بأس شربت عسلا عند زينب بنت جحش فلن أعود له وقد حلفت لا تخبري بذلك أحدا " يبتغي مرضاة أزواجه فنزلت : ( يا أيها النبي لم تحرم ما أحل الله لك تبتغي مرضاة أزواجك )الآية<br><br>ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ قېشىدا دائىم تۇرۇپ ھەسەل ئىچەتتى، مەن ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن قايسىمىزنىڭ قېشىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرسە؛مەن سىلىدىن مەغاپىرنىڭ سېسىق پۇرىقىنى تاپتىم، سىلى شۇنداق دەرەختە ئۈتلىغان ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسىلىنى يېگەنمۇ؟ دېيىش توغرىسىدا مۇۋاپىق كېلىشىۋالدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قايسىمىزنىڭ قېشىغا كىرگەندە، شۇسۆزنى دېدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىرەك يوق، ھېچ قىسى يوق، مەن زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ ئۆيىدە ھەسەل ئىچكەن ئىدىم، مەن ئەمدى قەسەم قىلىۋەتتىم، بۇندىن كېيىن ھەرگىز (ئۇنىڭ قېشىدا) ھەسەل ئىچمەيمەن دېدى، بۇنى ھېچ كىشىگە خەۋەر قىلماڭ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇئىشلىرىدا ئاياللىرىنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلغان ئىدى، ئاندىن مۇنۇ ئايەت نازىل قىلىندى:« ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن الله ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. الله سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسىمىڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى، الله سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.سۈرەتەھرىم 1 ـ 2 ـ ئايەت. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن. ماغاپىر دېگەن تەمى تاتلىق، پۇرىقى سېسىق ئۇسۇملۇكتۇر. |
| 3279 – [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما امرأة سألت زوجها طلاقا في غير ما بأس فحرام عليها رائحة الجنة " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي<br><br>سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئايال ئېرىدىن ھېچبىر چاتاقسىز، ئۆزرىسىز، ئەيىبسىز تالاق قىلىشنى سورىسا، بۇنداق ئايالغا جەننەتنىڭ پۇرىقىمۇ ھارامدۇر، (ئۇ جەننەتكە كىرىش تۇگۇل، پۇرىقىنىمۇ پۇريالمايدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ھاكىم،دارىمى، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ. |

**3280 – [ 7 ]** ( ضعيف )وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أبغض الحلال إلى الله الطلاق " . رواه أبو داود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھالال نەرسىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئۆچرەكى تالاقدۇر، يەنى، تالاق قىلىش ھالال بولسىمۇ، ئاللاھ بۇ قىلمىشنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، شەيخ ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن.

**3281 – [ 8 ]** وعن علي رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا طلاق قبل نكاح ولا عتاق إلا بعد ملك ولا وصال في صيام ولا يتم بعد احتلام ولا رضاع بعد فطام ولا صمت يوم إلى الليل " . رواه في شرح السنة

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نىكاھدىن بۇرۇن تالاق يوق. ئىگە بولۇشدىن بۇرۇن قۇل ئازاد قىلىش يوق. روزىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئۇلاپ تۇتۇش يوق. ئىھتىلامدىن (بالاغەتتىن) كىيىن يىتىملىك يوق. بالا ئىككى ياشقا كىرىپ ئايرىلىپ بولغاندىن كىيىن ئىمىلدەشلىك يوق. روزىنى قاراڭغۇ كىچىگىچە تۇتتۇرىش يوق. شەرھىسسۇننى. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىگە بولالمىغان ئايالنى تالاق قىلىش يوق، ئىگە بولالمىغان قۇلنى ئازاد قىلىش يوق، ئىگە بولالمىغان نەرسىنى سېتىش يوق، ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە نەزىر ۋەدىسى يوق، يۇقىرقىلارنى ئىگە بولغاندا تالاق قىلسا، ئازاد قىلسا، ساتسا، نەزىر قىلسا بولىدۇ. ئىگە بولالماي تۇرۇپ، ھوقۇقى يوق، نەزىر ۋەدىسى پەقەت ئاللاھنىڭ جامالى، رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ياخشى ئىشتىلا بولىدۇ. كىم گۇناھ، مەئسىيەتكە قەسەم قىلسا قەسەم يوق، كىم سىيلە ــ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە، ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ قەسەم يوق، ئۇ كاپارەت بېرىۋېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەلى،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نىكاھدىن بۇرۇن تالاق يوق. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. نىكاھىدا يوق ئايالنى تالاق قىلسا، تالاق بولمايدۇ، باشقا كىشى باشقىلارنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىپ قويالمايدۇ، تالاق قىلىش ھوقۇقى نىكاھدىن كىيىن ئىگە بولغاندا بولىدۇ، تالاق قىلىش، ياچاقنى تۇتقان كىشىنىڭ ھوقۇقىدا دىگەن ھەدىس ئۆتتى. يەنى ئەرنىڭ ھوقۇقىدا بولىدۇ.

**3282 – [ 9 ]** وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا نذر لابن آدم فيما لا يملك ولا عتق فيما لا يملك ولا طلاق فيما لا يملك " . رواه الترمذي وزاد أبو داود : " ولا بيع إلا فيما يملك

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسى ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە ئۇنىڭغا نەزىر ۋەدىسى يوق، قەسەم قىلىش يوق،قۇل ئازات قىلىش يوق. تالاق قىلىشمۇ يوق، چۈنكى، ئىگە ئەمەستۇر. ئىگە بولالمىغان نەرسىنى سېتىش يوق. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ. ئائىشە، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۇناھ، مەئسىيەتكە ۋەدە نەزىرىسى يوقتۇر، ئۇنىڭ كاپارىتى قەسەمنىڭ كاپارىتىگە ئوخشاش، (كاپارەت بېرىپ، گۇناھنى قىلمايدۇ). ئەھمەد، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3283 – [ 10 ]** ( لم تتم دراسته )وعن ركانة بن عبد يزيد أنه طلق امرأته سهيمة البتة فأخبر بذلك النبي صلى الله عليه وسلم وقال : والله ما أردت إلا واحدة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والله ما أردت إلا واحدة ؟ " فقال ركانة : والله ما أردت إلا واحدة فردها إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم فطلقها الثانية في زمان عمر والثالثة في زمان عثمان . رواه أبو داود

**والترمذي وابن ماجه والدارمي إلا أنهم لم يذكروا الثانية والثالثة**

رۇكانەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى سۇھەيمەتنى بەتتە تالاق يەنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى، بۇئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلىنغاندا، رۇكانەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ۋەاللە اللە بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت بىرتالاقنىلا مەقسەت قىلغان دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: اللە بىلەن قەسەمكى،سەن پەقەت بىرتالاقنىلا مەقسەت قىلغانمۇ؟ دىدى، رۇكانەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ۋەاللە اللە بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت بىرتالاقنىلا مەقسەت قىلغان دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئايالىنى قايتۇرۇپ بەردى، رۇكانەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى سۇھەيمەتنى ئىككىنجى قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا تالاق قىلدى، ئۈچۈنجى قېتىم ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا تالاق قىلىۋەتتى.(ئۇ ئاخىرى يەنە ئۈچ تالاق قىلدى) تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە.دارىمى توپلىغان.

**3284 – [ 11 ] وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ثلاث جدهن جد وهزلهن جد : النكاح والطلاق والرجعة " . رواه الترمذي وأبو داود وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ نەرسىنىڭ راستىمۇ راست، چاخچىقىمۇ راست، بىرى نىكاھ، ئىككىنچى تالاق، ئۈچىنچى رەجئى تالاق قىلغۇچىنىڭ ئايالىغا قايتىۋېلىشى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ ھەسەن دىدى. بۇ ھەدىسدىن، چاخچاق قىلىپ نىكاھ ئوقۇسا، تالاق قىلسا، تالاق قىلغۇچى ئايالىغا قايتىۋالسا، بۇ راستقا ئوخشاشتۇر، راستۇر.بۇ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»نىڭ 3027 ـ ھەدىسى.

**3285 – [ 12 ] وعن عائشة قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا طلاق ولا عتاق في إغلاق " . رواه أبو داود وابن ماجه قيل : معنى الإغلاق : الإكراه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەجبۇرلىنىشىدا، تالاق قىلىش ئازاد قىلىش يوق، (قاتتىق بېسىم ئاستىدا مەجبۇرلىنىپ قىلغان تالاق، ئازاد قىلىشلار ھېساب قىلىنمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**3286 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل طلاق جائز إلا طلاق المعتوه والمغلوب على عقله " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وعطاء بن عجلان الراوي ضعيف ذاهب الحديث**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەممە تالاق جائىز، دۇرۇس بولۇپ يۈرىيدۇ، لىكىن مەجنۇن ساراڭنىڭ، ئەقلىغا مەغلۇبىيەت يەتكەن، ئەقلىدىن ئاداشقان مەجنۇننىڭ تالىقى دۇرۇس بولمايدۇ،ئۇنىڭ قىلغىنى تالاق بولمايدۇ. تىرمىزى توپلىغان.

**3287 – [ 14 ] ( صحيح )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رفع القلم عن ثلاثة : عن النائم حتى يستيقظ وعن الصبي حتى يبلغ وعن المعتوه حتى يعقل " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇخلاپ قالغۇچى، ئويغانغانغا قەدەر، كىچىك، سەبى بالا بالاغەتكەيېتىپ،چوڭ بولغانغا قەدەر، مەجنۇن، ساراڭ، ساقايغانغا قەدەر، بۇ ئۈچ

كىشىدىن قەلەم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، (بۇلارغا گۇناھ، جىنايەت ياكى قىلالمىغان ئىشلار گۇناھ يېزىلمايدۇ) تىرمىزى، ئىبنى ماجە،ئەبۇداۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاتالىقنى يازىدىغان قەلەم ئۈچ كىشىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئەقلىغا مەغلۇبىيەت يەتكەن، ئەقلىدىن ئاداشقان مەجنۇن، ساراڭ ساقايغانغا قەدەر قەلەم كۆتۈرۈلدى، ئۇخلاپ قالغۇچى، ئويغانغانغا قەدەر، سەبىي، كىچىك بالا ئىھتىلام بولۇپ، بالىغ بولغانغا قەدەر قەلەم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ ئۈچ كىشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا بەكمۇ مۇناسىۋەتلىك، بۇلار جىنايەتسىز.

**3288 – [ 15 ]** ( صحيح )ورواه الدارمي عن عائشة وابن ماجه عنهما

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن خاتالىق، ئۇنتۇپ قېلىش، مەجبۇرلانغان ئىش كۆتۈرۈۋېتىلدى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3289 – [ 16 ]** وعن عائشةأن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " طلاق الأمة تطليقتان وعدتها حيضتان " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېدەك چۆرە قىزنىڭ تالقىنىنىڭ يۇقىر چېكى ئىككى تالاقتۇر، ئۇنىڭ ئىددىتىمۇ ئىككىلا ھەيزدۇر. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە، دارىمى توپلىغان.دېدەك ئىككىنچى تالاقتىن كېيىن باشقا ئەرگە تەگمىگىچە بىرىنچى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ.

**3290 – [ 17 ]** الفصل الثالث عن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : المنتزعات والمختلعات هن المنافقات . رواه النسائي

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز ئېرىدىن خۇلئى (يەنى توپلۇق مەھرىنى بېرىپ، ئاجرىشىش كېلىشىمىنى) تەلەپ قىلغۇچى ئاياللار، سەۋەبسىزلا ئۇرۇش ــ جېدەل، دە ــ تالاش قىلىدىغان، تولا داۋالىشىدىغان، خۇسۇمەتچى ئاياللار دەل مۇناپىق ئاياللاردۇر، (ئۇنى قويىۋېتىڭ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز خۇلئى تەلەپ قىلغۇچى ئاياللار يەنى ئېرى بىلەن توپلۇق مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ،ئۆزرىسىز ئاجرىشىش كېلىشىمىنى تەلەپ قىلغۇچى ئاياللار مۇناپىق ئاياللاردۇر.تىرمىزى توپلىغان،سەھىھ. سەۋەب، ئۆزرە بىلەن كېلىشىم تەلەپ قىلغۇچى ئاياللارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇلغان، بۇ ھەر قايسى سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىنىڭ خۇلئى بابىدا باردۇر.

**3291 – [ 18 ]** ( لم تتم دراسته )

وعن نافع عن مولاة لصفية بنت أبي عبيد أنها اختلعت من زوجها بكل شيء لها فلم ينكر ذلك عبد الله بن عمر . رواه مالك

ناپىئ رەھ سەپىيەنىڭ ئازادكەردە قۇلىدىن مۇنداق دەيدۇ؛ سەپىيە قول ئىلكىدىكى بارلىق نەرسىسىنى بېرىپ، ئېرىدىن خۇلئى ئاجرىشىش كېلىشىمى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنكار قىلمىغان ئىدى. ئىمام مالىك توپلىغان. يۇقىردىمۇ بىرىنچى ھەدىستە بۇنىڭ ئوخشىشى ئۆتتى.

**3292 – [ 19 ]** ( ضعيف )حديث رجاله ثقات وعن محمود بن لبيد قال : أخبر رسول الله صلى الله عليه وسلم عن رجل طلق امرأته ثلاث تطليقات جميعا فقام غضبان ثم قال : " أيلعب بكتاب الله عز وجل وأنا بين أظهركم ؟ " حتى قام رجل فقال : يا

| |
|---|
| رسول الله ألا أقتله ؟ . رواه النسائي<br><br>مەھمۇد ئىبنى لوبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئەرنىڭ ئايالىنى بىراقلا ئۈچ تالاق قىلغانلىقى خەۋەر قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەزەپ قىلغان ھالدا، دەس تۇرۇپ كېتىپ مۇنداق دېدى، مەن تېخى ئاراڭلاردا ھايات تۇرساممۇ، ئۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ئوينىشامدۇ؟! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەزەپ قىلغىنىنى كۆرگەن بىر ئەر دەس تۇرۇپ، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ؟ دەپ كەتتى، نەسەئى خاتىرلىگەن. شەيخ مۇھەددىس ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېدى، |
| 3293 – [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن مالك بلغه رجلا قال لعبد الله بن عباس : إني طلقت امرأتي مائة تطليقة فماذا ترى علي ؟ فقال ابن عباس : طلقت منك بثلاث وسبع وتسعون اتخذت بها آيات الله هزوا . رواه في الموطأ<br><br>ئىمام مالىكقا مۇنداق خەۋەر يېتىپتۇ: بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ مەن ئايالىمنى 100 تالاق قىلىۋەتتىم، ماڭا قانداق قارايسەن؟ بۇنىڭ ھۆكمى نىمە؟ دېگەندە، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئايالىڭ سەندىن ئۈ100تالاقنىڭ ئۈچى بىلەن ئۈچ تالاق قىلىنىپتۇ، سەن قالغان 97 تالاق بىلەن الله نىڭ ئايەتلىرىگە چاخچاق قىلىپسەن، دېدى. مالىك مۇۋەتتەئە توپلىغان. |
| 3294 – [ 21 ] ( ضعيف )وعن معاذ بن جبل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا معاذ ما خلق الله شيئا على وجه الأرض أحب إليه من العتاق ولا خلق الله شيئا على وجه الأرض أبغض إليه من الطلاق " . رواه الدارقطني<br><br>مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ئى مۇئاز، ئاللاھ يەر يۈزىدە، قۇل ئازاد قىلىشتەك ئۆزىگە سۆيۈملۈك نەرسە ياراتمىدى. ئاللاھ يەر يۈزىدە تالاق قىلىشتىنمۇ ئۆزىگە ئۆچ ، دۈشمەنرەك بىرەر نەرسە ياراتمىدى.دارىقۇتنى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. |
| باب المطلقة ثلاثا – الفصل الأول ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال توغرىسىدا |
| 3295 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة قالت : جاءت امرأة رفاعة القرظي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالت : إني كنت عند رفاعة فطلقني فبت طلاقي فتزوجت بعده عبد الرحمن بن الزبير وما معه إلا مثل هدبة الثوب فقال : " أتريدين أن ترجعي إلى رفاعة ؟ " قالت : نعم قال : " لا حتى تذوقي عسيلته ويذوق عسيلتك "<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رىۋايەتنىڭ ئايالى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا كېلىپ؛ مەن رىۋايەتنىڭ نەزلىدە ئىدىم، ئۇ مىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى، ئاندىن ئەدددىتىم توشقاندا ئۇنىڭدىن كىيىن ئابدۇررەھمانغا تەگدىم، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت كىيىمنىڭ پۆپىشگىدەكلا نەرسە بارئىكەن(يەنى بىز جىنسى ئالاقە قىلمىدۇق)دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سەن ئىبرىك رىۋايەگە قايتىشنى مەخسەت قىلغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، شۇنداققۇ؟ دىسە، ئۇ؛ ھەئە شۇنداق دىدى، رەسۇلۇللاھ: ياق! ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس، سەن ئۇنىڭ ھەسەلچىكىنى، ئۇ سىنىڭ ھەسەلچىكىڭنى تېتىمىغىچە (يەنى ھەقىقىي جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ، لەززەت ئېلىشمىغىچە ، سىنىڭ بۇ ئىككىنچى ئەردىن ئەدددىتىڭ توشمىغىچە) سىنىڭ بىرىنچى ئېرىڭگە قايتىشىڭ قەتئىي ھالال ئەمەس دىدى. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ. |

مانا بۇ ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئەھكامى بولۇپ، ئۇ بىرىنچى ئېرىدىن ئىددىتى توشقاندا، ئالدىن دېيىشۋالماي، ھىيلە ــ مىكىر ئىشلەتمەي، تەبئىيلا ئىككىنچى ئەرگە تەگسە، ئاندىن ھەقىقىي جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشسا، ئاندىن بۇ ئەر ئۆزى خالاپ قويۇپ بەرسە، ياكى ئۆلۈپ كەتسە، ئاندىن ئىددىتى توشسا، ئاندىن بىرىنچى ئېرىگە يېڭى توي‌لۇق مەھرى، يېڭى نىكاھ بىلەن قايتىسا بولىدۇ. لېكىن، بۇ تەبئىيلا ئۆزلىكىدىن بولىدۇ، ئالدىن كېلىشىۋېلىشقا بولمايدۇ. ھالال قىلىپ بېرىشنى مەخسەت قىلىپ، نىكاھىغا ئالغان كىشنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىيەت بېرىلگەن قوچقار دېگەن. ھەم ئاللاھ لەنەت قىلدى، رەھمىتىدىن يىراق قىلدى دېگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆكسىنىڭ ئىرادىسى، نىيىتى، مەخسىدى بويىنچە ھالال قىلىپ بەرگۈچى، ھالال قىلىنغۇچى دەپ ئاتىغان، ئەمەلىيەتتە بۇ دۇرۇس، ھالال دېگەن بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ھىيلە ــ مىكىر قىلىشقاندۇر، ھەقىقەتى، سەممىيىتى يوقتۇر، راست، سەممىي بولسا، تەبئىيلا بولسا، ئالدىن كېلىشىۋالمىسا دۇرۇس. بۇ، ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان رەھمىتىدۇر.

**3296 – [ 2 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن عبد الله بن مسعود قال : لعن رسول الله المحلل والمحلل له . رواه الدارمي**

ئەلى، ئىبنى مەسئۇد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى ھالال قىلىپ بەرگۈچى ئەرگە ۋە ھالال قىلىنغان كىشىگە لەنەت قىلدى، رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ لەنەت قىلدى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد،دارىمى توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇنى يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن ھەدىسنىڭ لەۋزى مۇتلەق بولۇپ، ھارامنى ھالال قىلغۇچى كىشىگە ۋە ھارام ھالال قىلىنغان كىشىگە لەنەت قىلدى دېگەنمۇ بولىدۇ.

**3297 – [ 3 ] ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن علي وابن عباس وعقبة بن عامر**

**3298 – [ 4 ] ( لم تتم دراسته )وعن سليمان بن يسار قال : أدركت بضعة عشر من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم كلهم يقول : يوقف المؤلي . رواه في شرح السنة**

سۇلەيمان ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىدىن ئون نەچچىنى تاپتىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك؛ ئايالغايىقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلغۇچى كىشى توختۇتۇپ قويۇلىدۇ،دېدى.(يەنى ئۇنىڭ تۆت ئاي مۇددىتى توشسا قەسەم قىلغۇچى توختۇتۇپ قويۇلىدۇ، يا قايتىدۇ ياكى تالاق قىلىدۇ، قەسەم قىلىپ تۆت ئاي ئىچىدە ئايالىغا قايتىۋالسا، كاپپارەت بېرىدۇ، بۇ مۇددەت ئۆتۈپ كەتسە ئايالى بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. الله ئەئلەم. ) شەرھىسسۇننى.

**3299 – [ 5 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سلمة : أن سلمان بن صخر ويقال له : سلمة بن صخر البياضي جعل امرأته عليه كظهر أمه حتى يمضي رمضان فلما مضى نصف من رمضان وقع عليها ليلا فأتى رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكر له فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعتق رقبة " قال : لا أجدها قال : " فصم شهرين متتابعين " قال : لا أستطيع قال : " اطعم ستين مسكينا " قال : لا أجد فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لفروة بن عمرو : " أعطه ذلك العرق " وهو مكتل يأخذ خمسة عشر صاعا أو ستة عشر صاعا " ليطعم ستين مسكينا " . رواه الترمذي**

ئەبۇسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سۇلەيمان ئىبنى سەخر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئايالىنى «رامزان ئېيى چىققىچە سەن ماڭا ئانامغا ئوخشاش »دەپ زىھار قىلدى، رامزان ئېيى تەڭ بولغاندا، ئۇ كېچىسى ئايالى

بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ سالدى، ئاندىن كېلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بايان قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىر قۇل ئازاد قىل دېدى، ئۇ: مەن ئۇنچىلىك مال تاپالمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئەمسە كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتقىن دېدى، ئۇ؛ ئۇنىڭغا قادىر بۇلالمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنداق بولسا، 60 مىسكىنگە تويغىدەك بىر ۋاق تاماق بەرگىن دېدى، ئۇ: مەن ئۇنچىلىك مال تاپالمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ پۇرۇەتكە؛ ئۇنىڭغا سەن بىر سۇۋەت يەنى ئونبەش،16سا كەلگىدەك خورما بەرگىن، ئۇ بۇنى 60 مىسكىنگە تويغىدەك بىر ۋاق تاماق بەرسۇن دېدى.ترمزى توپلىغان.

**3300 – [ 6 ]** ( لم تتم دراسته )وروى أبو داود وابن ماجه والدارمي عن سليمان بن يسار عن سلمة بن صخر نحوه قال : كنت امرأ أصيب من النساء ما لا يصيب غيري وفي روايتهما أعني أبو داود والدارمي : " فأطعم وسقا من تمر بين ستين مسكينا

يەنەبىر خاتىردە؛ مەن باشقىلارغا ئوخشىمايمەن، ئاياللىغا ئاسانلا چىقىلىپ ساپتىمەن دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: 60 سا خورمىنى 60 مىسكىنگە تاماق قىلىپ بەرگىن دېدى.دارىمى،ئەبۇداۋۇد،ماج

**3301 – [ 7 ]** ( لم تتم دراسته )وعن سليمان بن يسار عن سلمة بن صخر عن النبي صلى الله عليه وسلم في المظاهر يواقع قبل أن يكفر قال : " كفارة واحدة " . رواه الترمذي وابن ماجه

سۇلەيمان ئىبنى يەسسار، سەلەت ئىبنى سەخر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئاياللىنى ئانىسىغا ئوخشۇتۇپ، زىھار قىلىپ، ئاندىن ۋەدىسىنى بۇزۇپ ئايالى بىلەن بىللە بۇلۇپ، كاپپارەت بىرىشتىن بۇرۇن يەنە بىر قېتىم ئايالى بىلەن بىللە بولغان كىشى توغرىسىدا ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (يۇقىرقىدەك مقداردا) بىر قېتىملا كاپپارەت بىرىشكە بۇيرىغان. ترمزى ، ئىبنى ماجە توپلىغان. بۇ جەمھۇرلارنىڭ كۆز قارشىدۇر.

**3302 – [ 8 ]** الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن عكرمة عن ابن عباس : أن رجلا ظاهر من امرأته فغشيها قبل أن يكفر فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فذكر ذلك له فقال : " ما حملك على ذلك ؟ " قال : يا رسول الله رأيت بياض حجليها في القمر فلم أملك نفسي أن وقعت عليها فضحك رسول الله صلى الله عليه وسلم وأمره أن لا يقربها حتى يكفر . رواه ابن ماجه . وروى الترمذي نحوه وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب وروى أبو داود والنسائي نحوه مسندا ومرسلا وقال النسائي : المرسل أولى بالصواب من المسند

ئىكرىمەتتىن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى ئاياللىنى ئانىسىغا ئوخشۇتۇپ، «سەن ماڭا ئانامغا ئوخشاش»دەپ زىھار قىلىپ، ئاندىن ۋەدىسىنى بۇزۇپ كاپپارەت بىرىشتىن بۇرۇن ئايالى بىلەن بىللە بولۇپ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ ئىشنى بايان قىلدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىنى شۇنداق قىلىشىڭغا نىمە سەۋەپ بولدى؟ دەپ سورىسا، ئۇ: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! مەن ئايدىڭ كېچىدە ئۇنىڭ خەلخال زىبۇ ـ زىننىتىنىڭ (پاچىقىنىڭ) ئاقلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزنەپسىمگە ئىگە بۇلالماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇلۇپ قالدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كىتىپ؛ ئۇنى كاپپارەت بەرمىگىچە ئاياللىغا ئىككىنچى قېتىم يېقىن كەلمەسلىككە بۇيرىدى. ئىبنى ماجە 2055 ـ ترمزى 1120 ـ نەسەئى 3403 ـ ھەدىس.

باب في كون الرقبة في الكفارة مؤمنة – الفصل الأول

## كاپارەت ئۈچۈن ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ مۆئمىن بولۇشى شەرت دېگەن توغرىسىدا

3303 – [ 1 ] ( صحيح )عن معاوية بن الحكم قال : أتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : يا رسول الله إن جارية كانت لي ترعى غنما لي فجئتها وقد فقدت شاة من الغنم فسألتها عنها فقالت : أكلها الذئب فأسفت عليها وكنت من بني آدم فلطمت وجهها وعلي رقبة أفأعتقها ؟ فقال لها رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أين الله ؟ " فقالت : في السماء فقال : " من أنا ؟ " فقالت : أنت رسول الله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعتقها " . رواه مالك وفي رواية مسلم قال : كانت لي جارية ترعى غنما لي قبل أحد والجوانية فاطلعت ذات يوم فإذا الذئب قد ذهب بشاة من غنمنا وأنا رجل من بني آدم آسف كما يأسفون لكن صككتها صكة فأتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم فعظم ذلك علي قلت : يا رسول الله أفلا أعتقها ؟ قال : " ائتني بها ؟ " فأتيته بها فقال لها : " أين الله ؟ " قالت : في السماء قال : " من أنا ؟ " قالت : أنت رسول الله قال : " أعتقها فإنها مؤمنة "

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ بىر دېدەك چۆرەم قويلىرىمنى بېقىپ بىرەتتى، مەن كېلىپ، بىر قويىنى تاپالمىدىم، ئۇنىڭدىن قوي قېنى دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا؛ بۆرە يەپ كەتتى دېدى، مەنمۇ ئادەم بالىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدىم، ئەمدى مېنىڭ ئۈستۈمگە بىر قۇل ئازاد قىلىش ۋاجىپتۇر، ئۇنى ئازاد قىلسام بولامدۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ دېدەككە: الله قەيەردە؟دېدى، ئۇ: الله ئاسماندا دېدى، رەسۇلۇللاھ: مەن كىم؟ دېدى، ئۇ: سىلى الله نىڭ ئەلچىسى دېدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئۇ مۆئمىن ئىكەن ئۇنى ئازاد قىلساڭ بولىدۇ دېدى، مالىك توپلىغان. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە؛ مېنىڭ بىر دېدەك چۆرەم قويلىرىمنى ئۇھۇد ۋە جۇۋانىيەت تەرەپتە بېقىپ بىرەتتى، بىر كۈنى مەن چىقىپ قارىسام ناگاھان بىر بۆرە بىزنىڭ قويلاردىن بىر قويىنى ئېلىپ قاچتى، مەنمۇ ئادەم بالىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلار ئاچچىقلانغاندەك ئاچچىقلايمەن ـ دە! شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدىم،ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ بىر دېدەك چۆرەم قويلىرىمنى بېقىپ بىرەتتى......دەپ بولغان ئىشلارنى بايان قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىشنى ماڭا قاتتىق چوڭ ساناپ كەتتى، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇقۇلنى ئازاد قىلسام بولامدۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇنى قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن دېدى،مەن ئۇنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇ دېدەككە: الله قەيەردە؟دېدى، ئۇ: الله ئاسماندا دېدى، رەسۇلۇللاھ: مەن كىم؟ دېدى، ئۇ: سىلى الله نىڭ ئەلچىسى دېدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئۇ مۆئمىن ئىكەن ئۇنى ئازاد قىلساڭ بولىدۇ دېدى.مۇسلىم.سەھىھ.

باب اللعان – الفصل الأول　　ئەر ئاياللار ئۆز ئارا قەسەم قىلىشىش توغرىسىدا

3304 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن سهل بن سعد الساعدي رضي الله عنه قال : إن عويمر العجلاني قال : يا رسول الله أرأيت رجلا وجد مع امرأته رجلا أيقتله فيقتلونه ؟ أم كيف أفعل ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قد أنزل فيك وفي صاحبتك فاذهب فأت بها " قال سهل : فتلاعنا في المسجد وأنا مع الناس عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما فرغا قال عويمر : كذبت عليها يا رسول الله إن أمسكتها فطلقتها ثلاثا ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " انظروا فإن جاءت به اسحم ادعج العينين

**عظيم الأليتين خدلج الساقين فلا أحسب عويمر إلا قد صدق عليها وإن جاءت به أحيمر كأنه وحرة فلا أحسب عويمرا إلا قد كذب عليها فجاءت به على النعت الذي نعت رسول الله صلى الله عليه وسلم من تصديق عويمر فكان بعد ينسب إلى أمه**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى سىلى بىر دەپ باقسىلا، سىلى زادى قانداق قارايلا؟ ئەگەر بىر ئەر ئايالى بىلەن يەنە بىر ئەركىشىنى تېپىۋالسا، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسە بولامدۇ؟ ئۇنداق قىلسا، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ، ياكى قانداق قىلىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن بىلەن ئايالىڭ توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلىندى، بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەلگىن دېدى، ئۇلار كىلىپ، ئەر-خۇتۇن ئىككىسى مەسجىد ئىچىدىلا قەسەم قىلىشتى، مەن كىشىلەر بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدىم، ئۇلار قەسەمدىن پارىغ بولغاندا، ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر مەن ئۇنى يەنە قول ئىلكىمدە ساقلاپ قالسام، ئۇنىڭغا بوھتان قىلىپ، يالغان سۆزلىگەن بولۇپ قالىمەن دەپ، ئۇ ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:قاراپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇئايال بالىسىنى كۆزلىرى كەڭ ھەم قارا، كاسا ساغرىسى چوڭ، ئىككى پاچىقى تولم سىمىز تۇغسا، ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن راست سۆزلىگەن بولىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن. ئەگەر ئۇئايال بالىسىنى خۇددى يەرگە چاپلىشىپ ماڭىدىغان قىزىل قۇرۇتتەك قىزىلراق تۇغسا، ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن دېدى. ئۇئايال بالىسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەستىقلاپ، راست سۆزلىگەن بولىدۇ دىگەن سۈپەتتە تۇغدى. (يەنى ئۇئايال بالىسىنى كۆزلىرى كەڭ ھەم قارا، كاسا ساغرىسى چوڭ، ئىككى پاچىقى تولم سىمىز تۇغدى) شۇنىڭدىن كيىن ئۇبالا ئانىسىغا نىسبەت بېرىلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**3305 – [ 2 ]** **( متفق عليه )وعن ابن عمر رضي الله عنهما أن النبي صلى الله عليه وسلم لاعن بين رجل وامرأته فانتفى من ولدها ففرق بينهما وألحق الولد بالمرأة . متفق عليه . وفي حديثه لهما أن رسول الله صلى الله عليه وسلم وعظه وذكره وأخبره أن عذاب الدنيا أهون من عذاب الآخرة ثم دعاها فوعظها وذكرها وأخبرها أن عذاب الدنيا أهون من عذاب الآخرة**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئايالىم بۇزۇقچىلىق قىلدى دىگەن بىر ئەر بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئارىسىدا قەسەم قىلدۇردى، ئەركىشى ئۇ ئايالىنىڭ بالىسىدىن تېنىۋېلىپ، بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتىپ، بالىنى ئانىسىغا قوشۇپ قويدى. يەنە بىر خاتىردە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركىشىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، **الله** نىڭ ئەمىر-نەھىلىرىنى،ئاخىرەتنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭغا بۇدۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن شۇنداق ئاسان،يەڭگىل دېدى. ئايال كىشىنىمۇ چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، **الله** نىڭ ئەمىر-نەھىلىرىنى،ئاخىرەتنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭغا بۇدۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن شۇنداق ئاسان،يەڭگىل دەپ چۈشەندۈردى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3306 – [ 3 ]** **( صحيح )**

**وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال للمتلاعنين : " حسابكما على الله أحدكما كاذب لا سبيل لك عليها " قال : يا رسول الله مالي قال : " لا مال لك إن كنت صدقت عليها فهو بما استحللت من فرجها وإن كنت كذبت عليها فذاك أبعد وأبعد لك منها**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۆز ئارا قەسەم قىلىشقان ئەر-ئاياللارغا:« سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ھېسابى الله قا، چۈنكى بىرىڭلار يالغانچى، (سىلەردىن تۆۋبە قىلغۇچى يوقمۇ؟) دەپ، ئاندىن ئەركىشىگە؛ ئەمدى سەن ئۇچۇن بۇئاياللىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق بىر يول قالمىدى،دېدى. ئۇكىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ مېلىم؟دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ساڭا مېلىڭ بېرىلمەيدۇ، چۈنكى ، ئەگەر سەن بۇئايالىڭ ئۈستىدىن راست سۆزلىگەن بولساڭ، ئۇمېلىڭ بۇئاياللىڭ ئەۋرىتىنى ھالال قىلغانلىقىڭنىڭ بەدىلگە بولغان بولىدۇ، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا بوھتان قىلىپ يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، بۇ سەن ئۇچۇن بەكمۇ يىراق،ساڭا مال بېرىلىشى تېخىمۇ يىراقتۇر دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3307 – [ 4 ]** ( صحيح )وعن ابن عباس : أن هلال بن أمية قذف امرأته عند النبي صلى الله عليه وسلم بشريك بن سحماء فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " البينة أو حدا في ظهرك " فقال : يا رسول الله إذا رأى أحدنا على امرأته رجلا ينطلق يلتمس البينة ؟ فجعل النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " البينة وإلا حد في ظهرك " فقال هلال : والذي بعثك بالحق إني لصادق فلينزلن الله ما يبرئ ظهري من الحد فنزل جبريل وأنزل عليه : ( والذين يرمون أزواجهم )فقرأ حتى بلغ ( إن كان من الصادقين ) فجاء هلال فشهد والنبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله يعلم أن أحدكما كاذب فهل منكما تائب ؟ " ثم قامت فشهدت فلما كانت عند الخامسة وقفوها وقالوا : إنها موجبة فقال ابن عباس : فتلكأت ونكصت حتى ظننا أنها ترجع ثم قالت : لا أفضح قومي سائر اليوم فمضت وقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أبصروها فإن جاءت به أكحل العينين سابغ الأليتين خدلج الساقين فهو لشريك بن سحماء " فجاءت به كذلك فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لولا ما مضى من كتاب الله لكان لي ولها شأن . رواه البخاري

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ ھىلال ئىبنى ئۇمەييەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدىلا، شەرىيك ئىبنى سەھمائ بىلەن ئايالىم زىنا قىلدى دەپ، ئايالىغابوھتان چاپلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ دەلىل-ئىسپات،گۇۋاھچى كەلتۈر، ئۇنداق بولمىسا، ئۇچاڭغا جازا قامچىسى يەيسەن دېدى، ئۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىرىمىزنىڭ بىرىمىز ئۆز ئايالى ئۈستىدە يەنەبىر يات ئەرنى كۆرسە، دەلىل-ئىسپات،گۇۋاھچى ئىزدەپ باشقا ياققا يۈرۈپ كېتەمدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە؛ دەلىل-ئىسپات،گۇۋاھچى كەلتۈر، ئۇنداق بولمىسا، ئۇچاڭغا جازا قامچىسى يەيسەن دېدى، ھىلال ئىبنى ئۇمەييەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:سىلنى ھەقلىق بىلەن ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئەلۋەتتە راست سۆزلىگۈچىمەن، چوقۇم الله تائالا مېنىڭ ئۇچامنى جازا قامچىسىدىن قۇتقۇزىدىغان ئايەت نازىل قىلىدۇ، دېدى، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، مۇنۇ ئايەتلەر نازىل قىلىندى:« وَالَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَأْتُوا بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاء فَاجْلِدُوهُمْ ثَمَانِينَ جَلْدَةً وَلَا تَقْبَلُوا لَهُمْ شَهَادَةً أَبَدًا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ إِلَّا الَّذِينَ تَابُوا مِن بَعْدِ ذَلِكَ وَأَصْلَحُوا فَإِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ وَالَّذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ وَلَمْ يَكُن لَّهُمْ شُهَدَاء إِلَّا أَنفُسُهُمْ فَشَهَادَةُ أَحَدِهِمْ أَرْبَعُ شَهَادَاتٍ بِاللَّهِ إِنَّهُ لَمِنَ الصَّادِقِينَ وَالْخَامِسَةُ أَنَّ لَعْنَتَ اللَّهِ عَلَيْهِ إِن كَانَ مِنَ الْكَاذِبِينَ وَيَدْرَأُ عَنْهَا الْعَذَابَ أَنْ تَشْهَدَ أَرْبَعَ شَهَادَاتٍ بِاللَّهِ إِنَّهُ لَمِنَ الْكَاذِبِينَ وَالْخَامِسَةَ أَنَّ غَضَبَ اللَّهِ عَلَيْهَا إِن كَانَ مِنَ الصَّادِقِينَ

ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەر بىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، اللهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر). كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار)، چۈنكى الله مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى الله مەغفىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر. خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، اللهنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن. بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە اللهنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. بەشىنچى قېتىمدا، ئەگەر ئۇ راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا اللهنىڭ غەزىۋى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى (چوقۇم رەسۋا بولاتتىڭلار)، الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (سۈرە نۇر 4 ـ 10 ـ ئايەتلەر) ئاندىن ھىلال ئىبنى ئۇمەييەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىلىپ، ھۇۋاھلىق بىرىپ، قەسەم قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۆز ئارا قەسەم قىلىشقان ئەر ـ ئاياللارغا:« سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ھىسابى الله قا، الله تائالا چۇقۇم بىرىڭلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىنى بىلىدۇ، سىلەردىن تۆۋبە قىلغۇچى بۇقمۇ؟دېدى. ئاندىن ئايال كىشى تۇرۇپ، تۆت قېتىم قەسەم قىلدى، بەشىنجى قېتىمدا، ئۇلار ئۇنى قەسىمنى داۋاملاشتۇرۇشتىن توختۇتۇپ تۇرۇپ؛ بۇ بەشىنجى قېتىمقىسى ئازاپنى مۇقۇم قىلىۋتىدۇ جۇمۇ!! دېدى، ئۇئايال بىرئاز توختاپ، كەينىگە چېكىنمەكچى بولۇپ، قەسەمنى تەخىرقىلغاندا، بىز؛ ئەمدى ئۇ قەسىمدىن قايتىپ، يېنىۋالىدىغان بولدى دەپ گۇمان قىلىشتۇق، ئاندىن ئۇئايال؛ بۇگۈندىن باشلاپ مەن ھەرگىز قەۋمىمنى رەسۋا قىلمايمەن دەپ، قەسىمنى يۈرۈتۈپ، داۋام قىلىۋەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنى كۈزۈتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇئايال بالىسنى كۆزلىرى كەڭ ھەم قارا، ئىككى ساغرىسى چوڭ، ئىككى پاچىقى توم سىمىز تۇغسا، ئۇچاغدا بالا شەرىيك ئىبنى سەھمائىنىڭ بۇلىدۇ دېدى، ئۇئايال بالىسنى دەل شۇنداق تۇغدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر الله نىڭ كىتابىدا يۇقىردا ئۆكەن كۆرسەتمىلەر بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مىنىڭ بۇئايال بىلەن ھىساپ ـ كىتاپ قىلىشىدىغان ئىشىم بارئىدى(يەنى ئۇنى رىجىم،تاش ـ بۇران قىلىپ ئۆلتۈرەتتىم)دېدى.ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**3308 – [ 5 ]** ( صحيح )**وعن أبي هريرة قال : قال سعد بن عبادة : لو وجدت مع أهلي رجلا لم أمسه حتى آتي بأربعة شهداء ؟ قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم " قال : كلا والذي بعثك بالحق إن كنت لأعاجله بالسيف قبل ذلك قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اسمعوا إلى ما يقول سيدكم إنه لغيور وأنا أغير منه والله أغير مني " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئەگەر مەن ئايالىم بىلەن بىر ئەر كىشىنى تاپسام، تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىگىچە ئۇنىڭغا چېقىلالمامدىم؟ دېدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە ، چېقىلالمايسەن دېدى، سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق،

سىلىنى ھەقلىق بىلەن ئەۋەتكەن **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرۈشۈمدىن بۇرۇن ئۇنىڭغا تىزلا قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەييىد خوجاڭلارنىڭ دىگەن سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كۈندەشلىكى بەك كۈچلۈك ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك كۈنلەيمەن، **الله** تائالا مەندىنمۇ بەكرەك كۈندەشلىك قىلىدۇ دېدى. مۇسلىم.

**3309 – [ 6 ]** ( متفق عليه )وعن المغيرة قال : قال سعد بن عبادة : لو رأيت رجلا مع امرأتي لضربته بالسيف غير مصفح فبلغ ذلك رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أتعجبون من غيرة سعد ؟ والله لأنا أغير منه والله أغير مني ومن أجل غيرة الله حرم الله الفواحش ما ظهر منها وما بطن ولا أحد أحب إليه العذر من الله من أجل ذلك بعث المنذرين والمبشرين ولا أحد أحب إليه المدحة من الله ومن أجل ذلك وعد الله الجنة "

ئىبنى مەسئۇد،مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، سەئدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئەگەر مەن بىرەر ئەركىشىنى ئايالىم بىلەن بىللە كۆرۈپ قالسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا قىلىچنىڭ يان تەرپىنى ئۇرماستىن بەلكى تىغ بىسىسىنى ئۇرىمەن دىدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندە مۇنداق دىدى:سىلەر سەئدىنىڭ كۈندەشلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەكراق كۈندەشلىك قىلىمەن، **الله** مەندىنمۇ بەكرەك كۈندەشلىك قىلىدۇ، ئاللاھدىنمۇ قاتتىق كۈندەشلىك قىلىدىغان كىشى يوق، شۇڭا، ئاللاھتائالا، پاھىشە، زىنانىڭ ئاشكارا، يوشۇرۇنلىرىنى ھارام قىلدى، ئاللاھدىنمۇ بەكرەك ئۆزرە قالدۇرماسلىقنى، ئۆزرىنى بۇرۇن قويۇپ، ھۆججەت قويۇشنى ئۆزىگە ياخشى كۆرىدىغان كىشى يوق، شۇڭا ئاللاھتائالا ھۆججەت قويۇش، ئۆزرە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە بىشارەتچى ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلدى. ئاللاھدىنمۇ بەكرەك مەدھىيە، سانا، گۈزەل ماختاشلار ئۆزىگە سۆيۈملۈك كىشى يوق، شۇڭا، ئاللاھ ئۆز ــ ئۆزىنى مەدھىيلەپ سانا ئوقۇدى، ھەم ئۇلگەتتى،ئۇنىڭغا جەننەتنى ۋەدە قىلدى.  ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم ،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3310 – [ 7 ]** ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى يغار وإن المؤمن يغار وغيرة الله أن لا يأتي المؤمن ما حرم الله "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھمۇ كۈنلەيدۇ، كۈندەشلىك قىلىدۇ، مۆئمىنمۇ كۈنلەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۈندەشلىك قىلىپ، كۈنلىشى، مۆئمىننىڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھارام قىلغان نەرسىگە كېلىشىدىندۇر، ئۇنىڭ ھارامغا كەلمەسلىكىدۇر(شۇنىڭ ئۈچۈن ھارام قىلغاندۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3311 – [ 8 ]** ( متفق عليه )وعنه أن أعرابيا أتى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : إن امرأتي ولدت غلاما أسود وإني نكرته فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل لك من إبل ؟ " قال : نعم قال : " فما ألوانها ؟ " قال : حمر قال : " هل فيها من أورق ؟ " قال : إن فيها لورقا قال : " فأنى ترى ذلك جاءها ؟ " قال : عرق نزعها . قال : " فلعل هذا عرق نزعه " ولم يرخص له في الانتفاء منه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەئرابىي كىشى كېلىپ؛ مىنىڭ ئايالىم رەڭگى، تىرىسى قارا بىر بالىنى تۇغۇپ قويدى، مەن ئۇبالىنى ئىنكار قىلىپ تېنىۋالدىم دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئۇنىڭغا: سىنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟دەپ سوردى، ئۇكىشى؛ ھەئە بار دېدى، تۆگەڭنىڭ رەڭگى قانداق؟ ئۇ: قىزىل دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بوز تۆگىمۇ بارمۇ؟ ئۇ: ھەئە باردېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ بوز تۆگىنىڭ كىلىپ قېلىشىنى قانداق قارايسەن؟ ئۇ قەيەردىن كەلدى؟ دېدى، ئۇكىشى؛ تۆگىلەرنىڭ ئەجدادىدىكى قان تومۇرى تارتىپ كىتىپ شۇنداق كەلگەندۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ھە! ئەلۋەتتە سىنىڭ بالاڭنىڭ رەڭگىنىمۇ مۇشۇ قان تومۇردىكى نەرسە تارتىپ كىتىپ شۇنداق تۇغۇلغاندۇر دەپ، ئۇكىشىگە بالىسىنى ئىنكار قىلىپ تېنىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3312 – [ 9 ] ( متفق عليه )وعن عائشة قالت : كان عتبة بن أبي وقاص عهد إلى أخيه سعد بن أبي وقاص : أن ابن وليدة زمعة مني فاقبضه إليك فلما كان عام الفتح أخذه سعد فقال : إنه ابن أخي وقال عبد بن زمعة : أخي فتساوقا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال سعد : يا رسول الله إن أخي كان عهد إلي فيه وقال عبد بن زمعة : أخي وابن وليدة أبي ولد على فراشه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هو لك يا عبد بن زمعة الولد للفراش وللعاهر الحجر " ثم قال لسودة بنت زمعة : " احتجبي منه " لما رأى من شبهه بعتبة فما رآها حتى لقي الله وفي رواية : قال : هو أخوك يا عبد بن زمعة من أجل أنه ولد على فراش أبيه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇتبەت ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قېرىندىشى سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ زەمئىنىڭ دىدىكى تۇغقان بالا مىنىڭ بامالدۇر،ئۇنى سەن ئۆزۈڭگە ئېلىۋالغىن دەپ ۋەسىيەت قىلدى، مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى سەئدى ؛ بۇ مىنىڭ قېرىندىشمىنىڭ بالىسى دەپ، ئۇبالىنى ئېلىۋالدى، زەمئىنىڭ بالىسى ئابدۇ ؛ بۇ مىنىڭ قېرىندىشىم بۇلىدۇ دەپ، ئىككىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا سۆرىشىپ باردى، سەئدى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېرىندىشىم بۇ بالىنى مىنىڭ ئېلىۋېلىشىمنى ماڭا ۋەسىيەت قىلغان دېدى، ئابدۇ ئىبنى زەمئە؛ بۇ مىنىڭ قېرىندىشىم، بۇبالا دادامنىڭ دىدىكىنىڭ بالىسى، دادامنىڭ كۆرپىسىگە تۇغۇلغان دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئابدۇ! بۇبالا سەن ئۈچۈندۇر، بالا كۆرپىنىڭ، زىناخورغا تاش-بۇران دېدى، ئاندىن ئۇبالىنىڭ ئۇتبىگەئوخشاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە، سەۋدەبىنتى زەمئىگە؛ سىز ئۇنىڭدىن ھىجاپلىنىڭ دېدى، ئۇ **الله** قا ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋدەنى كۆرەلمىدى، يەنەبىرخاتىردە؛ ئى ئابدۇ! ئۇبالا داداڭنىڭ كۆرپىسىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سىنىڭ قېرىندىشىڭدۇر دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3313 – [ 10 ] ( متفق عليه )وعنها قالت : دخل علي رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم وهو مسرور فقال : " أي عائشة ألم تري أن مجززا المدلجي دخل فلما رأى أسامة وزيدا وعليهما قطيفة قد غطيا رؤوسهما وبدت أقدامهما فقال : إن هذه الأقدام بعضها من بعض "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كۈنى مىنىڭ قىشىمغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇشال ھالدا كىرىپ مۇنداق دېدى؛ ئى ئائىشە! قارىمامسىز؟ (تەق-تۇرۇق،ھەيئەت ئىلمىغا ئىگەبولغان) مۇجەززەز كىرىپ، ئۇسامە بىلەن زەيدنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ باشلىرى تون بىلەن يىپىقلىق، پۇتلىرى ئوچۇق-ئاشكارا ئىكەن، ئۇ؛ ھەققەتەن بۇ پۇتلارنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن ئىكەن دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3314 – [ 11 ] ( متفق عليه )وعن سعد بن أبي وقاص وأبي بكرة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ادعى إلى غير أبيه وهو يعلم أنه غير أبيه فالجنة عليه حرام "**

سەئىد، ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، (مىيراس مېلىنى دەپ) ئۇنىڭ دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسا، جەننەت،ئۇ كىشىگە ھارامدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ئۇ جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، ھەققەتەن جەننەتنىڭ پۇرىقى 500 يىللىق مۇساپە يىراقلىقدىن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. (ئۇ كىشى 500 يىللىق مۇسا پىدىن تېپىلىدىغان خۇشپۇراقنى پۇرىيالمىسا، جەننەتكە يېقىنمۇ كېلەلمەيدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3315 – [ 12 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا ترغبوا عن آبائكم فمن رغب عن أبيه فقد كفر "وذكر حديث عائشة " ما من أحد أغير من الله " في " باب صلاة الخسوف "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دادائلاردىن يۈز ئۆرمەڭلار، كىم دادىسىدىن، ئەجدادىدىن يۈز ئۆرسە، ئۇ كاپىر بولىدۇ، (يەنى كۇپرى نىئمەت بولىدۇ). بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**3316 – [ 13 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )عن أبي هريرة أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول لما نزلت آية الملاعنة : " أيما امرأة أدخلت على قوم من ليس منهم فليست من الله في شيء ولن يدخلها الله جنته وأيما رجل جحد ولده وهو ينظر إليه احتجب الله منه وفضحه على رؤوس الخلائق في الأولين والآخرين " . رواه أبو داود والنسائي والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر ـ ئاياللارنى قەسەم قىلدۇرىدىغان ئايەتلەر نازىل بولغاندا مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئايال بىرەر قەۋمگە ئۇلاردىن بولمىغان بىر كىشىنى (بۇبالا مۇشۇنىڭ بالىسى دەپ) ئۇلارنىڭ ئىچىگە قوشۇپ كىرگۈزۈپ قويىدىكەن، ئۇ الله نىڭ دىنىدىن، رەھمىتىدىن ھېچ نەرسىدە ئەمەستۇر، الله ئۇنداق ئايالنى ھەرگىز جەننىتىگە كىرگۈزمەيدۇ. ھەر قانداق بىر ئەر قاراپ تۇرۇپ، ئۆز بالىسىدىن تېنىۋالىدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭدىن پەردىلىنىۋالىدۇ، ئەۋۋەل ـ ئاخىر بارلىق خالايىق ئالدىدا ئۇنى رەسۋا قىلىدۇ. ئەبۇداۋۇد،نەسەئى،دارىمى توپلىغان.

**3317 – [ 14 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : إن لي امرأة لا ترد يد لامس فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " طلقها " قال : إني أحبها قال : " فأمسكها إذا " . رواه أبو داود والنسائي وقال النسائي : رفعه أحد الرواة إلى ابن عباس وأحدهم لم يرفعه قال : وهذا الحديث ليس بثابت**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى كېلىپ؛ مېنىڭ ئايالىم ئەرلەرنىڭ قولىنى ، سىلىشىنى، تۇتۇشىنى رەت قىلمايدۇ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇنى تالاق قىلىۋەتكىن دېدى، ئۇكىشى؛ لېكىن مەن ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنداق بولسا، ئۇنى تالاق قىلماي قول ئىلكىڭدە ساقلاپ قالغىن(ياخشى ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قىلغىن)دېدى. ئەبۇداۋۇد،نەسەئى.

**3318 – [ 15 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم قضى أن كل مستحلق استحلق بعد أبيه الذي يدعى له ادعاه ورثته فقضى أن كل من كان من أمة يملكها يوم أصابها فقد لحق بمن استحلقه وليس له مما قسم قبله من الميراث شيء وما أدرك من ميراث لم يقسم فله نصيبه ولا يلحق إذا كان أبوه الذي يدعى له أنكره فإن كان من أمة لم يملكها أو من حرة عاهر بها**

**فإنه لا يلحق به ولا يرث وإن كان الذي يدعى له هو الذي ادعاه فهو ولد زنية من حرة كان أو أمة رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىيتنىڭ ۋارىسلىرى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان، دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ۋارىسلارغا قوشۇپ قويۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان بالا توغرىسىدا مۇنداق ھۆكۈم قىلدى؛ ھەقىقەتەن شۇ خوجايىن دادا، جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كۈنى، ئۆزى ئىگە بولالايدىغان دېدەك، چۆرىسىدىن تۇغۇلغان بالا، كىمگە قوشۇپ قويۇش تەلەپ قىلىنسا،بالا شۇ خوجايىن دادىغا قوشۇپ قويۇلىدۇ، (چۈنكى، ئۇ دادا چۆرىسىگە ئىگە، چۆرە قىز ئۇنىڭ ئىلكىدە) لېكىن، بۇ بالا ئۇنىڭدىن قوشۇپ قويۇشتىن بۇرۇن تەقسىم قىلىنىپ بولغان مىراس مېلىدىن بىرەر نەرسە بېرىلمەيدۇ، بالا قوشۇپ قويۇلغاندا تەقسىم قىلىنىپ بولمىغان مىراس مېلىدىن بىرەر نەرسە تاپسا، ئۇنىڭغا ھەققىي نەسەبدىن بولغان بالىدەك ئۆز نىسىۋىسى بېرىلىدۇ، (چۈنكى، نەسەب مۇقىم بولغان)، ئەگەر بالا ئۇنىڭ داۋا قىلىنغان دادا، ئۇ بالىنى ئىنكار قىلىپ تانسا، بۇ چاغدا بالا نەسەبتە ئۇ دادىغا ، مىراستا ۋارىس بولىدىغانلارغا قوشۇپ قويۇلمايدۇ، ئەگەر ئۇ ۋارىسلار ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان بالا خوجايىن دادىسى ئىگە بولالمايدىغان دېدەك، چۆرىدىن بولسا، ياكى ئۇ دادا زىنا قىلغان ھۆردىن بولسا، بۇ چاغدىمۇ بالا دادىغا، ۋارىسلارغا قوشۇپ قويۇلمايدۇ، بالا ۋارىس بولالمايدۇ، (چۈنكى، زىنا بىلەن نەسەپ مۇقىم بولمايدۇ) گەرچە ئۇنىڭ دادىسى بالام دەپ داۋا قىلسىمۇ، بالا:ئانىسى ھۆر بولسۇن، دېدەك چۆرە بولسۇن، بەرىبىر زىنادىن بولغاندۇر،بالا ئانىنىڭ ئەھلى ئۇنىڭدىن بولىدۇ، (ئىسلامدىن بۇرۇن جاھالىيەتتە شۇنداق ھۆكۈم قىلىنغان، كېيىنمۇ بۇ مۇقىم قىلىنغان). ئىبنى ماجە 2736 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1930 _ ھەدىس، ئەھمەد 6745 _ ھەدىس، ھەسەن.

**ھەدىسدىن ئېلىنغان ھۆكۈملەر :**

1. دادا ئىگە بولالىغان دېدەك، چۆرىسىدىن ياكى ئايالىدىن بولغان بالا، ۋارىس بولىدۇ.
2. لېكىن، قوشۇپ قويۇلۇشتىن بۇرۇن، مىراس تەقسىم قىلىنىپ بولسا، ھېچنەرسە يوق، كېيىنچە ۋارىس بولۇۋالىدۇ.
3. قوشۇپ قويۇلغاندىن كېيىن، مىراس مېلىنى تاپسا، ئۇنىڭ نىسىۋىسى بېرىلىدۇ.
4. دادا ئىنكار قىلسا، قوشۇپ قويۇلمايدۇ.

5. ئىگە بولالمايدىغان دېدەكدىن ياكى زىنا قىلغان ھۆردىن بولغان بالا، دادىغا ھەم ۋارىسلارغا قوشۇپ قويۇلمايدۇ، شۇنداقلا، ئۇنداق بالا ۋارىس بولالمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ھارام زىنادىن بولغان، نەسەپ يوق، زىنادىن بولغان بالا نەسەپكە ئېرىشەلمىگەچ، كىچىك چاغدا ئۆلۈپ كەتسە، نەسەبى مۇقىم بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىدەك جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتى، نەسەپ مۇقىم بولغان باللارغا بولىدۇ _ دە، بۇ باللار جەننەتكە كىرىدۇ، لېكىن، زىنادىن بولغان بالا نەسەپ يوق بولغاچقا، كىچىك ئۆلسە، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

**3319 – [ 16 ] وعن جابر بن عتيك أن نبي الله صلى الله عليه وسلم قال : " من الغيرة ما يحب الله ومنها ما يبغض الله فأما التي يحبها الله فالغيرة في الريبة وأما التي يبغضها الله فالغيرة في غير ريبة وإن من الخيلاء ما يبغض الله ومنها ما يحب الله فأما الخيلاء**

التي يحب الله فاختيال الرجل عند القتال واختياله عند الصدقة وأما التي يبغض الله فاختياله في الفخر " وفي رواية : " في البغي " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي

جابىر ئىبنى ئەتىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ھەم، ئۆچ كۆرىدىغان كۆنلەش بار، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان،ھەم يامان كۆرىدىغان، چوڭچىلىق، مەنمەنلىك بار، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان كۆنلەش، كۆندەشلىك قىلىش بولسا، شەك قىلغان، بىرەر گۇمان بىلەن كۆنلەشتۇر، ئاللاھ يامان كۆرىدىغان كۆنلەش بولسا، شەكسىز، گۇمانسىز، ئورۇنسىز، كۆندەشلىك قىلىشتۇر، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان چوڭچىلىق بولسا، كىشىنىڭ جەڭ مەيدانىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، نوچىلىق قىلىشى، مەنمەنلىك قىلىشى، سەدىقە قىلغاندا، نوچىلىق، مەنمەنلىك قىلىشى، چوڭچىلىق قىلىشدۇر، ئاللاھ ئۆچ كۆرىدىغان كىبىر، چوڭچىلىق بولسا، كىشىنىڭ تاجاۋۇزدا، زۇلۇم قىلىپ ھەددىدىن ئېشىشتا، پەخىر قىلىشتا، چوڭچىلىق،مەنمەنلىك،تەكەببۇرلۇق قىلىشدۇر،ئەھمەد ،نەسەئى،ئىبنى ھەببان،ئەبۇداۋۇد توپلىغان،ھەسەن.

3320 – [ 17 ] الفصل الثالث عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : قام رجل فقال : يا رسول الله إن فلانا ابني عاهرت بأمه في الجاهلية فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا دعوة في الإسلام ذهب أمر الجاهلية الولد للفراش وللعاهر الحجر " . رواه أبو داود

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پالانىنىڭ ئانىسى بىلەن مەن جاھالىيەتتىكى چاغدا زىنا قىلىپ سالغان، ئۇنىڭ بالىسى مېنىڭ ئىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :جاھالىيەتنىڭ ئىشى يوقاپ كەتتى، ئەمدى ئۇ داۋالارنى ئىسلام ئىچىدە قىلىش يوق، بالا كۆرپىنىڭ يەنى ھازىرقى ئاتا ئانىنىڭ بولىدۇ، زىناخورغا تاش ـبوران، رەجىم بولىدۇ دېدى. ئەھمەد 6638 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1936 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن جاھالىيەتتىكى، كاپىر ۋاختىدىكى قىلغان زىناغا جازا يوق، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىنى جازالىمىغان، ھەم ئىسلام كەلتۈرۈش ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىشلارنى يوق قىلىۋېتىدۇ، ئۇ كەچۈرۈلىدۇ.

3321 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته )وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أربع من النساء لا ملاعنة بينهن : النصرانية تحت المسلم واليهودية تحت المسلم والحرة تحت المملوك والمملوكة تحت الحر " . رواه ابن ماجه

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت تۈرلۈك ئاياللار ئارىسىدا ئەرلىرى بىلەن قەسەم قىلدۇرۇش يوقتۇر؛1ـ مۇسۇلمان ئەرنىڭ ناسارا خىرىستىئان ئايالى،2ـ مۇسۇلمان ئەرنىڭ يەھۇدىي ئايالى،3ـ قۇل ئەرنىڭ قول ئاستىدىكى ھۆر ئايال،4ـ ھۆر ئەركىشىنىڭ قۇل ئايالى.ئىبنى ماجە

3322 – [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم أمر رجلا حين أمر المتلاعنين أن يتلاعنا أن يضع يده عند الخامسة على فيه وقال : " إنها موجبة " . رواه النسائي

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلغۇچى ئەرـ ئاياللارنى قەسەم قىلىشقا بۇيرىغان چاغدا، بەشىنچى قېتىم بولغادا، بىر كىشىنى قەسەم قىلغۇچىنىڭ ئاغزىغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ؛ بۇ بەشىنچى قېتىمقىسى ئازاپنى مۇقۇم قىلىۋېتىدۇ جۇمۇ!! دېيىشكە بۇيرىغاندۇر.نەسەئى توپلىغان.

**3323 – [ 20 ] ( صحيح )وعن عائشة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم خرج من عندها ليلا قالت : فغرت عليه فجاء فرأى ما أصنع فقال : " ما لك يا عائشة أغرت ؟ " فقلت : وما لي ؟ لا يغار مثلي على مثلك ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقد جاءك شيطانك " قالت : يا رسول الله أمعي شيطان ؟ قال : " نعم " قلت : ومعك يا رسول الله ؟ قال : " نعم ولكن أعانني عليه حتى أسلم " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمدىن چىقىپ كېتىپتى، مەن كۈنلەپ قالدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، مېنىڭ ئىشىمنى كۆرۈپ؛ ئى ئائىشە! سىزگە نېمە بولدى؟ كۈندەشلىك قىلىۋاتامسىز؟دېدى، مەن؛ ماڭا نېمە بولۇپتتى؟ مەندەك بىر كىشى سىلىگە كۈندەشلىك قىلمامتى ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىزگە شەيتىنىڭىز كېلىپتۇ دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن بىلەن شەيتان بىللىمىكەن؟دېسەم، ھەئە دېدى، سىلى بىلەنمۇ شەيتان بىللە بولامدۇ؟ سىلىگىمۇ شەيتان كېلەمدۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، لېكىن **الله** ماڭا شەيتانغا قارشى ياردەم بەردى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى،مەن سالامەت قالدىم دېدى.مۇسلىم.

## باب العدة – الفصل الأول ئىددەت توغرىسىدا

**3324 – [ 1 ] ( صحيح )عن أبي سلمة عن فاطمة بنت قيس : أن أبا عمرو بن حفص طلقها البتة وهو غائب فأرسل إليها وكيله الشعير فسخطته فقال : والله ما لك علينا من شيء فجاءت رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكرت ذلك له فقال : " ليس لك نفقة " فأمرها أن تعتد في بيت أم شريك ثم قال : " تلك امرأة يغشاها أصحابي اعتدي عند ابن أم مكتوم فإنه رجل أعمى تضعين ثيابك فإذا حللت فآذنيني " . قالت : فلما حللت ذكرت له أن معاوية بن أبي سفيان وأبا جهم خطباني فقال : " أما أبو الجهم فلا يضع عصاه عن عاتقه وأما معاوية فصعلوك لا مال له انكحي أسامة بن زيد " فكرهته ثم قال : " انكحي أسامة " فنكحته فجعل الله فيه خيرا واغتبطت وفي رواية عنها : " فأما أبو جهم فرجل ضراب للنساء " . رواه مسلم وفي رواية : أن زوجها طلقها ثلاثا فأتت النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " لا نفقة لك إلا أن تكوني حاملا "**

ئەبۇسەلەمەت،پاتىمەبىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئەبۇئەمرۇ پاتىمەبىنتى قىيسنى ئۈچ تالاق قىلدى، ئۇ يۇرتىدا يوق ئىدى، ۋەكىلىدىن پاتىمەگە ئارپا ئەۋەتتى، پاتىمە ئۇنى ئاز كۆرۈپ كايىدى، ئەبۇئەمرۇ ياكى ۋەكىلى؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، سەن ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ھېچ نەرسە يوق،ساڭاھېچ نەرسە بىرىلمەيدۇ دېدى، پاتىمەبىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن ئۈچ تالاق قىلىنغان بولساڭ، ساڭا نەپىقە بىرىلمەيدۇ، (لېكىن سەن ھامىلدار بولساڭ بېرىلىدۇ)دەپ، ئۇنى ئۇممە شېرىيكنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرىدى، ئاندىن؛ ئۇ ئاياللىنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن مېنىڭ ساھابىلىرىم كىرىپ تۇرىدۇ، سەن ئەڭ ياخشىسى ئابدۇ**الله** ئىبنى ئۇممەمەكتۇمنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتقىن، ئۇ ئەئما كىشى بولغاچقا،تاشقى كىيىمىڭنى خاتىرجەم سالالايسەن، ئىددىتىڭ توشقاندا ماڭا خەۋەر قىلغىن دېدى، مەن ئىددىتىم توشقاندا خەۋەر قىلىپ، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇپىيان بىلەن ئەبۇجەھمە (ئۆزئارا ئۇقۇشماي)ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئەبۇجەھمە ھاسىسىنى گەردىنىدىن چۈشۈرمەيدۇ،يەنى ئاياللىرىنى ئۇرىدىغان تاياقچى، مۇئاۋىيە بەك پەقىر نامراتتۇر، سەن ئۇسامە ئىبنى زەيدكە تەككىن دېدى، مەن ئۇنى ياقتۇرمۇدۇم، ئاندىن يەنە؛ ئۇسامەگە تەككىن دېدى، مەن ئۇنىڭغا تەگدىم، **الله** ماڭا ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىپ بەردىكى، باشقىلار مېنىڭ

ئورنۇمدا بۇلشنى بەك ئارزۇ قىلىپ كەتكەندەك دەرىجىدە بولۇپ قالدىم. مۇسلىم.

**3325 – [ 2 ] ( صحيح )وعن عائشة قالت : إن فاطمة كانت في مكان وحش فخيف على ناحيتها فلذلك رخص لها النبي صلى الله عليه وسلم تعني النقلة وفي رواية : قالت : ما لفاطمة ؟ ألا تتقي الله ؟ تعني في قولها : لا سكنى ولا نفقة . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ پاتىمەبىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەتراپىدا ئۆي يوق خالى جايدائىدى، ئۇنىڭغا بىرەر خەۋپ يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدىن يۆتكىلىپ، باشقا ئۆيدە ئىددەت تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلغان ئىدى. پاتىمەگە نىمە بولغاندۇ؟ ئۇ ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالغا ئۆي، نەپىقە بىرىلمەيدۇ، دىگەن سۆزىدە **الله** تىن قورقمادىغاندۇ؟ دېدى(چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۆز قارىشىدا ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالغىمۇ نەپىقە بىرىلەتتى،ئۆمەررەزىيە**الله** ئەنھۇمۇ شۇنداق دىگەن ، لېكىن ئۇ ھەدىس بەك سەھىھ _دە! )بۇخارى توپلىغان.

**3326 – [ 3 ] ( لم تتم دراسته )وعن سعيد بن المسيب قال : إنما نقلت فاطمة لطول لسانها على أحمائها . رواه في شرح السنة**

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەھ ؛ پاتىمەبىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرى تەرەپتىن بولغان يېقىنلىرىغا تىلىنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن يۆتكەلگەن دېدى.**الله** ئەئلەم.شەرھىسسۇننى.

**3327 – [ 4 ] ( صحيح )وعن جابر قال : طلقت خالتي ثلاثا فأرادت أن تجد نخلها فزجرها رجل أن تخرج فأتت النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " بلى فجدي نخلك فإنه عسى أن تصدقي أو تفعلي معروفا " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھامما ئانام ئۈچ تالاق قىلىنىپ، (ئىددەت تۇتۇۋېتىپ، زۆرۈرىيەتتىن سىرتتقا چىقىپ) خورمىللىرىنى ئۈزۈپ يىغىشنى ئىرادە قىلغاندا، بىر كىشى ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشىغا قاتتىق كايىپ، ئۇنى توستى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھامما ئانامغا:ئۇنداق ئەمەس،سەن چىقساڭ بۇلىدۇ، سەن چىقىپ، خورماڭنى ئۈزۈۋەرگىن، سەن ئۇنىڭدىن سەدىقە قىلىشىڭ ياكى بىرەر ياخشىلىق قىلىشىڭ مۇمكىن، دېدى.مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

**3328 – [ 5 ] ( صحيح )وعن المسور بن مخرمة : أن سبيعة الأسلمية نفست بعد وفاة زوجها بليال فجاءت النبي صلى الله عليه وسلم فاستأذنته أن تنكح فأذن لها فنكحت . رواه البخاري**

مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سەبىيئەتۇلئەسلەمىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ بىر نەچچە كۈندىن كېينلا نىپاسدار بولۇپ، كېيىن پاكلانغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ توي قىلىشقا ئىزنى سوراپتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نىكالىنىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئاندىن ئۇ توي قىلدى. (يەنى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۇغسا، نىپاسلىقتىن پاكلانسىلا ئىددىتى تۈشىدۇ، تۆت ئاي، ئون كۈن ئىددەت تۇتمايدۇ، ئۇزۇندا تۇغسىمۇ يەنىلا نىپاستىن كېيىن ئىددىتى تۈشىدۇ. )ئىمام بۇخارى.

**3329 – [ 6 ] ( متفق عليه )وعن أم سلمة قالت : جاءت امرأة إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقالت : يا رسول الله إن ابنتي توفي عنها زوجها وقد اشتكت عينها أفنكحلها ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا " مرتين أو ثلاثا كل ذلك يقول : " لا " قال : " إنما هي أربعة أشهر وعشر وقد كانت إحداهن في الجاهلية ترمي بالبعرة على رأس الحول "**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر ئايال كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قىزىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتتى،

قىزىمنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغان ئىدى، ئۇئىددەت تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ كۆزىگە سۈرمە تارتىپ قويسام بۇلامدۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئىككى ئۈچ قېتىملىقىغا ياق، بولمايدۇ دەپ، ئاندىن مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈندۇر. ھەقىقەتەن بىرىڭلار جاھالىيەت دەۋرىدە بىر يىل توشقاندا يىل بېشىدا تۆگىنىڭ مايىقىنى ئاتاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئىددەت تۇتۇش ئادىتى ئىدى، بۇ ئەمەلدىن قالدى. مالىك، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى ئىسلام دىنىدا تۆت ئاي ئون كۈندۇر، ئەگەر ئۇ ئايال ھامىلدار بولسا، تۇغۇپ، نىپاسلىقدىن پاكلانسىلا ئىددىتى توشىدۇ، ئەرگە تەگسە بولىدۇ، بۇئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن شۇنداق بېكىتىلدى.

**3330 – [ 7 ]** ( متفق عليه )**وعن أم حبيبة وزينب بنت جحش عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يحل لامرأة تؤمن بالله واليوم الآخر أن تحد على ميت فوق ثلاث ليال إلا على زوج أربعة أشهر وعشرا "**

ئۇممە ھەبىبە، زەينەپ، ھەپسە، ئائىشە، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن باشقا ھەر قانداق بىر مىيىتكە ئۈچ كۈندىن ئوشۇق قارلىق تۇتۇشى ھالال ئەمەس، پەقەت ئېرىگىلا تۆت ئاي ئون كۈن قارلىقنى، ئىددىتى بىلەن بىرگە تۇتىدۇ. (قارلىق تۇتۇش دېگەن، باشقا دىنىنىڭ ئۆرپ ــ ئادەتلىرىنى، بىدئەت، خۇراپاتنى قىلىش دېگەن بولمايدۇ. بەلكى، زىبۇ ــ زىننەتلىرىنى، گۈزەل كىيىم ــ كېچەكلىرىنى، گىرىم بويۇم، ئەتىرلىرىنى تەرىك ئېتىپ، ئۆلۈمگە قايغۇرىدۇ خالاس). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3331 – [ 8 ]** ( متفق عليه )**وعن أم عطية أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا تحد امرأة على ميت فوق ثلاث إلا على زوج أربعة أشهر وعشرا ولا تلبس ثوبا مصبوغا إلا ثوب عصب ولا تكتحل ولا تمس طيبا إلا إذا طهرت نبذة من قسط أو أظفار " . متفق عليه . وزاد أبو داود : " ولا تختضب "**

ئۇممە ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ ئېرىدىن باشقا مىيىتكە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارلىق تۇتۇپ قايغۇرۇشى ھالال ئەمەس، پەقەت ئېرىگىلا تۆت ئاي ئون كۈن قارلىق تۇتۇپ، بويالغان كىيىم ــ كېچەكلىرىنى كەيمەيدۇ، لېكىن، يىپى بىر خىللا بوياقتا بويۇلۇپ، ئاندىن توقۇلغان كىيىمنى كىيسە بولىدۇ. سۈرمە تارتمايدۇ، خۇشپۇراق ئەتىر گىرىملىرىنى ئىشلەتمەيدۇ، لېكىن، ھەيز كېسىلىدىن پاك بولغاندا ئەزپار ئىسمىلىك خۇشپۇراقتىن، قىستى دېگەن ئارچا ياغىچى چېلانغان سۇدا يۇيۇنسا بولىدۇ. ئۇندىن باشقا خۇشپۇراق ئەتىرلىرىنى تەرىك ئېتىدۇ، چېچىنىمۇ بويىمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد 1959 ــ ھەدىس، ئەھمەد 19864 ــ ھەدىس، بۇخارى 4923 ــ ھەدىس، بەيھەقى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**3332 – [ 9 ]** **الفصل الثاني** ( لم تتم دراسته )**عن زينب بنت كعب : أن الفريعة بنت مالك بن سنان وهي أخت أبي سعيد الخدري أخبرتها أنها جاءت رسول الله صلى الله عليه وسلم تسأله أن ترجع إلى أهلها في بني خدرة فإن زوجها خرج في طلب أعبد له أبقوا فقتلوه قالت : فسألت رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أرجع إلى أهلي فإن زوجي لم يتركني في منزل يملكه ولا نفقة فقالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم " . فانصرفت حتى إذا كنت في الحجرة أو في المسجد دعاني فقال : " امكثي**

**في بيتك حتى يبلغ الكتاب أجله قالت : فاعتددت فيه أربعة أشهر وعشرا . رواه مالك والترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي**

زەينەپ بىنتى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئەبۇسەئىدنىڭ ھەمشىرىسى پەرىيئەت بىنتى مالىك مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، بەنىي خەدرەتتىكى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ ئىددەت تۇتۇشنى سوراپتىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئېرى قاچقان قۇللىرىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىپ، قۇللار ئۇنىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېرىم ماڭا ئۆي ۋە نەپىقە قالدۇرمىدى، مەن ئەھلىمگە قايتىپ بېرىپ ئىددەت تۇتسام بولامدۇ؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ھەئە بولىدۇ دەپ رۇخسەت قىلدى، مەن قايتىپ كېتىۋېتىپ، ھۇجۇرغا ياكى مەسجىدكە بارغىنىمدا مىنى چاقىرىپ؛ سەن ئىددىتىڭ توشقىچە ئۆيۈڭدىن چىقماي ئىددەت تۇتقىن دېدى، مەن ئۆز ئەھلىمنىڭ ئۆيىدە تۆت ئاي، ئون كۈن ئىددەت تۇتتۇم.مالىك،دارىمى، تۆت كىتاپ توپلىغان.

**3333 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته )وعن أم سلمة قالت : دخل علي رسول الله صلى الله عليه وسلم حين توفي أبو سلمة وقد جعلت علي صبرا فقال : " ما هذا يا أم سلمة ؟ " . قلت : إنما هو صبر ليس فيه طيب فقال : " إنه يشب الوجه فلا تجعليه إلا بالليل وتنزعيه بالنهار ولا تمتشطي بالطيب ولا بالحناء فإنه خضاب " قلت بأي شيئ امتشط؟ قال بالسدرتغلفين به راسك. رواه أبو داود والنسائي**

ئۇممە سەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇسەلەمەت ۋاپات تاپقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىرىپتۇ، مەن ئۈستۈمگە سەبىرە دىگەن دەرەخ يېلىمىنى قىلىۋالغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرۈپ؛ ئى ئۇممەسەلەمە! بۇ نىمە؟دېدى، مەن ؛ بۇ دەرەخ يېلىمى ، ئۇنىڭدا خۇش پۇراق يوقتۇر دېدىم، رەسۇلۇللاھ؛ بۇنەرسە پاقىراپ، يۈزنى رەڭلىك نۇرلاندۇرىدىكەن، ئۇنى كېچىسى قىلىپ، كۈندۈزى يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىن، چېچىڭنى ئەتىرە،خىنە بىلەن تارىما، چۈنكى ئۇ چاچ بوياش بولۇپ قالىدۇ،(ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال چېچىنى بوياشتىن چەكلىنىدۇ)دېدى، مەن؛ قايسى نەرسە بىلەن چېچىمنى تارايمەن؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ سىدىر دىگەن كىر ئالىدىغان دەرەخ قۇلىقى بىلەن چېچىڭنى يۇيۇپ تارا دېدى.ئەبۇداۋۇد،نەسەئى توپلىغان.

**3334 – [ 11 ] وعنها عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " المتوفى عنها زوجها لا تلبس المعصفر من الثياب ولا الممشقة ولا الحلي ولا تختضب ولا تكتحل " . رواه أبو داود والنسائي**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال، (تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت توشقىچە ياكى ھامىلدار بولسا، تۇغۇپ بولغىچە) سېرىق رەڭدە، قىزىل رەڭدە بويالغان كىيىمنى كىيمەيدۇ، ھەر خىل زىبۇ-زىينەت بويۇملىرىنى تاقمايدۇ، چېچىنى خېنىدە بويىمايدۇ، ھەتتا كۆزىگىمۇ سۈرمە تارتمايدۇ. (ئىددىتى توشقاندا ئەرلەرگە يا تەگكەن ئېرىگە شۇنداق ياسانسا دۇرۇس بولىدۇ). نەسەئى 3479 _ ھەدىس، مۇسلىم،ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**3335 – [ 12 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن سليمان بن يسار : أن الأحوص هلك بالشام حين دخلت امرأته في الدم من الحيضة الثالثة وقد كان طلقها فكتب معاوية بن أبي سفيان إلى زيد بن ثابت يسأله عن ذلك فكتب إليه زيد : إنها إذا دخلت في الدم من الحيضة الثالثة فقد برئت منه وبرئ منها لا يرثها ولا ترثه . رواه مالك**

سۇلەيمان ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەھۋەس ئۆزىنىڭ ئايالى ئۈچۈنچى قېتىمقى ھەيزىنىڭ قېنى ئىچىگە كىرگەندە يەنى ئۈچۈنچى ھەيزنى كۆرىۋاتقاندا شامدا ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتكەن ئىدى، مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيدئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇ مەسىلىدىن سوراپ خەت يازدى ( يەنى بۇ ئايالنىڭ ئىددىتى تۈشامدۇ؟ ياكى يەنە تۆت ئاي،ئون كۈن ئىددەت تۇتامدۇ؟) زەيدئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ئەگەر ئۇ تالاق قىلىنغان ئايال (ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندە) ئۈچۈنچى ھەيزنىڭ قېنىنى كۆرسە، پاكلانغان بولىدۇ، ئايال ئېرىدىن ، ئەر ئايالدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ ئايرىلىپ كېتىدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ۋارىس بولالمايدۇ دەپ خەت يازدى.(ئەگەر تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچۈنچى ھەيزنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ ئايال يەنە قايتا تۆت ئاي،ئون كۈن ئىددەت تۇتىدۇ،ۋارىس بولالايدۇ)مالىك توپ.

**3336 – [ 13 ]** ( لم تتم دراسته )**وعن سعيد بن المسيب قال : قال عمر بن الخطاب رضي الله عنه أيما امرأة طلقت فحاضت حيضة أو حيضتين ثم رفعتها حيضتها فإنها تنتظر تسعة أشهر فإن بان لها حمل فذلك وإلا اعتدت بعد التسعة الأشهر ثلاثة أشهر ثم حلت . رواه مالك**

سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن؛ ھەرقانداق بىر ئايال تالاق قىلىنىپ، بىرىنجى قېتىمقى ياكى ئىككىنجى قېتىمقى ھەيزنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۈچۈنجى ھەيزى كۆتۈرلۈپ كەتسە، بۇئايال توققۇز ئاي ئىنتىزار بولۇپ كۈتىدۇ، ئەگەر ھامىلدارلىقى ئاشكارا بولسا، شۇ بويىنچە ئىددەت تۇتىدۇ(يەنى بالىنى تۇغۇپ نىپاسلىقتىن پاكلانسا، ئىددىتى تۇشىدۇ) ئەگەر ھامىلدارلىقى ئاشكارا بولمىسا، ئەشۇ توققۇز ئايدىن كېيىن يەنە ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ، ئاندىن توي قىلىشىغا ھالال بولىدۇ. ئىمام مالىك توپلىغان.بالىنىڭ تۇغۇلۇش ۋاقتى ئالتە ئايدىن ئۈچ يىلغىچە، **الله** خالىغان ۋاقىتقىچە بولىدۇ.بىرمەشھۇرئالىمنى ئانىسى ئۈچ يىلدا تۇغقان ئىكەن.

ئۇلجا ئېلىنغان ئايالنىڭ رەھمىنى پاكلاش توغرىسدا **باب الاستبراء – الفصل الأول**

**3337 – [ 1 ]** ( صحيح )**عن أبي الدرداء قال : مر النبي صلى الله عليه وسلم بامرأة مجح فسأل عنها فقالوا : أمة لفلان قال : " أيلم بها ؟ " قالوا : نعم . قال : " لقد هممت أن ألعنه لعنا يدخل معه في قبره كيف يستخدمه وهو لا يحل له ؟ أم كيف يورثه وهو لا يحل له ؟ " . رواه مسلم**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇغۇش ۋاقتى يېقىن قالغان بىر ھامىلدار ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇئايال توغرىسدا سورغاندا، ئۇلار: بۇ پالانىنىڭ دىدەك چۆرىسى دىدى، رەسۇلۇللاھ : ئۇكىشى بۇ ھامىلدار ئايال بىلەنمۇ جىنسى مۇناسىۋەت قىلامدىغاندۇ؟دىدى، ئۇلار: ھەئە شۇنداق دىگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق لەنەت قىلىشنى مەخسەت قىلدىمكى، بۇ لەنەت ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەبرىسگىچە كىرىدۇ، بۇ ئولجا ئالغۇچى كىشى، ئۇ ئايالنىڭ قورسقىدىكى بالىنى قانداقمۇ ئۆزىگە ۋارىس قىلالىسۇن؟، ۋەھالەنكى ئۇ ئۇنىڭغا ھالال ئەمەس تۇرسا، ئۇ ئايال تېخى (رەھمىنى پاكلىمىسا)ئۇنىڭغا ھالال ئەمەس تۇرسا،ئۇنى قانداقمۇ خادىم قىلىپ خىزمەتكە سالالىسۇن؟(،يەنى ئۇ بالا ئۆزىنىڭ ئەمەس،ھەم ئۇنىڭ ئىددىتى توشمىغان شۇڭاھالال ئەمەس). مۇسلىم 2611 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1842 ـ ھەدىس، ئەھمەد 26246 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**3338 – [ 2 ] الفصل الثاني عن أبي سعيد الخدري رفعه إلى النبي صلى الله عليه وسلم قال في سبايا أوطاس : " لا توطأ حامل**

حتى تضع ولا غير ذات حمل حتى تحيض حيضة " . رواه أحمد وأبو داود والدارمي

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋتاس ئۇرۇشىدا ئولجا ئېلىنغان ئاياللار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ھامىلدار ئايال بالىسىنى تۇغمىغىچە، ھامىلدار ئەمەس ئايال ھەيز كۆرۈپ پاك بولمىغىچە جىنسى ئالاقە قىلىنمايدۇ. (يەنى ئولجا ئېلىنغان ئاياللار بولسا، بىر ھەيز بىلەن پاك بولدۇ، ھامىلدار بولسا، تۇغۇشى لازىم، ھەيز كۆرمىسە ئۈچ ئايدا پاك بولىدۇ). ئەھمەد،ئەبۇ داۋۇد،دارىمى ھاكىم تويلىغان،سەھىھ.

3339 – [ 3 ] وعن رويفع بن ثابت الأنصاري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم حنين : " لا يحل لامرئ يؤمن بالله واليوم الآخر أن يسقي ماء زرع غيره " يعني إتيان الحبالى " ولا يحل لامرئ يؤمن بالله واليوم الآخر أن يقع على امرأة من السبي حتى يستبرئها ولا يحل لامرئ يؤمن بالله واليوم الآخر أن يبيع مغنما حتى يقسم . رواه أبو داود ورواه الترمذي إلى قوله زرع غيره

رۇۋەيپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەين كۈنى مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشىنىڭ، مەنى سۈيىدە باشقىلارنىڭ زىرائىتىنى سۇغۇرۇشى (يەنى زىنا قىلىشى، ئولجا ئېلىنغان ھامىلدار ئايالغا چېقىلىشى) ھالال ئەمەس. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشىنىڭ، ئولجا ئېلىنغان ئايالنىڭ رەھمىنى (بىر ھېيز بىلەن بولسىمۇ)پاكلىماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشى ھالال ئەمەس. ئەنەشۇنداق مۆئمىن كىشىنىڭ، تەقسىم قىلىنمىغىچە غەنىيمەتتىن بىرەر نەرسىنى سېتىشى يا سېتىۋېلىشى ھالال ئەمەس، (مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشىسز ئولجا ئالغان غەنىيمەتلىرىدىن بىرەر كىيىمنى كىيىۋېلىشى ھالال ئەمەس، ھەتتا ئۇنى كىيىپ كونارتىپ، چىرىتىپ قايتۇرۇپ بېرەمدۇ؟، ھەم شۇنداق ئولجا ئالغان ھايۋاننى مىنىپ، قېرىتىپ، ئاجىزلىتىپ قايتۇرۇپ بېرىشى ھالال ئەمەس، تەقسىم قىلغانىدا يەتكەن نىسىۋىسىنى ئېلىشى لازىم). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان تويلىغان، ھەسەن.

3340 – [ 4 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن مالك قال : بلغني أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يأمر باستبراء الإماء بحيضة إن كانت ممن تحيض وثلاثة أشهر إن كانت ممن لاتحيض وينهى عن سقي ماء الغير

ئىمام مالىك رەھ مۇنداق دېيدۇ؛ ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ : دېدەك،چۆرىلەرنىڭ رەھمىنى، ھەيز كۆرىدىغان ئايالدىن بولسا، بىر ھەيز بىلەنلا پاكلاشقا، ھەيز كۆرمەيدىغان ئايال بولسا، ئۈچ ئاي بىلەن پاكلاشقا بۇيرىغانلىقى، ھامىلدار بولسا، تۇغۇپ بولمىغىچە چېقىلىشتىن توسقانلىقى يەتتى. مۇئەتتادا.

3341 – [ 5 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عمر : أنه قال : إذا وهبت الوليدة التي توطأ أو بيعت أو أعتقت فلتستبرئ رحمها بحيضة ولا تستبرئ العذراء . رواهما رزين

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: خوجايىنى تەرەپتىن جىنسى ئالاقە قىلىنىدىغان دېدەك چۆرە باشقىلارغا سوۋغات قىلىپ بېرىلسە، ياكى سېتىلسا، ياكى ئازات قىلىنسا، ئۇنىڭ رەھمى بىر ھەيز بىلەنلا پاكلىنىدۇ. يېقىنچىلىق قىلىنمىغان قىزچاق پاكلانمىسىمۇ بولىدۇ. رەزىن تويلىغان.

## باب النفقات وحق المملوك – الفصل الأول نەپىقە بېرىش ۋە قۇلنىڭ ھەققى توغرىسىدا

3342 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن عائشة رضي الله عنها قالت : إن هندا بنت عتبة قالت : يا رسول الله إن أبا سفيان رجل

| |
|---|
| شحيح وليس يعطيني ما يكفيني وولدي إلا ما أخذت منه وهو يعلم فقال : " خذي ما يكفيك وولدك بالمعروف "<br><br>ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، ئەبۇ سوفيياننىڭ ئايالى ھىندى كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەبۇسۇييان ناھايىتى بېخىل كىشى بولۇپ،ئۇ ماڭا ۋە باللىرىمغا كۇپايە بولغىدەك نەرسە بەرمەيدۇ، پەقەت مەن ئۇنىڭ مېلىدىن ئۇنىڭغا بىلدۇرمەي ئېلىۋالىمەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:سەن ئەبۇ سوفيياننىڭ مېلىدىن ساڭا ۋە باللىرىڭغا كۇپايە قىلغۇدەك مالنى ياخشىلىقچە ئالغىن، (يەنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز، خەۋەرسىز ئېلىپ، باللىرىڭغا چىقىم قىل، بۇ ياخشىلىقچە بولسۇن) بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| 3343 – [ 2 ] ( صحيح )وعن جابر بن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أعطى الله أحدكم خيرا فليبدأ بنفسه وأهل بيته " . رواه مسلم<br><br>جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا ياخشىلىق، مال ـ دۇنيا بەرسە، سەدىقە ـ ئېھسانىنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن، ئۆي ئەھلىلىرىدىن باشلىسۇن، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. |
| 3344 – [ 3 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " للمملوك طعامه وكسوته ولا يكلف من العمل إلا ما يطيق " . رواه مسلم<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇلغا، چۆرىگە ياخشىلىقچە تاماق بېرىش، كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىش لازىم، ئىش، خىزمەتتىن پەقەت تاقىتى يېتىدىغان، قادىر بولىدىغان ئىشلارغىلا تەكلىپ قىلىش لازىم، تاقىتى يەتمىگەن ئىشقا تەكلىپ قىلىش يوق. ئەھمەد، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇلغا تاماق بېرىلىدۇ، كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىلىدۇ، ئۇ تاقەت قىلالايدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىپ قالساڭلار، ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئاللاھتائالانىڭ سىلەرگە ئوخشاش بەندىلىرىنى ئازابلىماڭلار، (بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئازابلىغانلار، قىيامەت كۈنى ئازابلىنىدۇ). ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن. |
| 3345 – [ 4 ] ( متفق عليه )وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إخوانكم جعلهم الله تحت أيديكم فمن جعل الله أخاه تحت يديه فليطعمه مما يأكل وليلبسه مما يلبس ولا يكلفه من العمل ما يغلبه فإن كلفه ما يغلبه فليعنه عليه "<br><br>ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەتىراپىڭلاردىكى قۇل، چۆرە قېرىنداشلىرىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە نېئمەت قىلىپ، قول ئاستىڭلاردا ئىتائەتچان قىلىپ بەردى، **الله** تائالا كىمنىڭ قۇل، چۆرە قېرىنداشنى ئۇنىڭ قول ئاستىدا قىلىپ بەرسە، ئۆزى يېگەن تائامدىن تائام، كىيىمدىن كىيىم بەرسۇن، ئۇنى ئۇتاقەت قىلالمايدىغان ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلمىسۇن،ئەگەر تەكلىپ قىلىپ قالسا، ئۆزى ياردەملەشسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. |
| 3346 – [ 5 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو جاءه قهرمان له فقال له : أعطيت الرقيق قوهم ؟ قال : لا قال : فانطلق |

**فأعطهم فإن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كفى بالرجل إثما أن يحبس عمن يملك قوته " . وفي رواية : " كفى بالمرء إثما أن يضيع من يقوت " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇنىڭ ئىش باشقۇرغۇچى قۇماندان ۋەكىيلى كەلگەندە، ئۇ ئۇنىڭغا: قۇللارغا ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت، ئوزۇق-تۈلكىنى بەردىڭمۇ؟ دىدى، ئۇكىشى ياق دىگەندە، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بارغىن ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى بەرگىن، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەن قۇۋۋىتىگە، يىمەك ــ ئىچمەكلىرىگە ئىگە بولغان كىشىدىن ئۇنىڭ ھەققىنى مەھبۇس قىلىپ توختۇتۇپ قويۇشۇڭ، ساڭا گۇناھ جەھەتتىن يېتەرلىكتۇر، كىشىنىڭ يىمەك ــ ئىچمەك قۇۋۋەتلىرىگە ئىگە بولغان يەنەبىركىشىنىڭ ھەققىنى،ئوزۇق-تۈلۈكىنى زايا قىلىۋېتىشى، ئۇنىڭغا گۇناھ بولۇشتا يېتەرلىك كۇپايىدۇر. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3347 – [ 6 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صنع لأحدكم خادمه طعامه ثم جاءه به وقد ولي حره ودخانه فليقعده معه فليأكل وإن كان الطعام مشفوها قليلا فليضع في يده منه أكلة أو أكلتين . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىرىڭلارغا ئۇنىڭ قۇل خادىمى، خىزمەتچىسى تائام قىلىپ،ئاندىن ئۇنى ئېلىپ كەلسە،ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزسۇن، قۇلمۇ تاماق يىسۇن، چۈنكى، ئۇ قۇل خادىم تائامنىڭ ئامالىنى قىلغان،قىززىق ھارارەتكە، تۈتۈنىگە ئىگە بولغاندۇر، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا،تاماق بەك ئاز بولسا،ئۇنىڭ قولىغا تاماقتىن بىر ئىككى لوقما بەرسۇن. بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەرسىڭلارنىڭ خادىمى، قۇلى تائام ئېلىپ كەلسە، ئۆزى بىلەن ئولتۇرغۇزسۇن، ياكى تائامدىن سۇنۇپ بەرسۇن. چۈنكى، ئۇ تائامنىڭ ھارارەت، قىززىقلىرىغا، تۈتۈنلىرىگە ئىگە بولغاندۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3348 – [ 7 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن العبد إذا نصح لسيده وأحسن عبادة الله فله أجره مرتين "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قۇل كىشى ئۆز خوجايىنىغا نەسىھەت قىلسا، پەرۋەردىگارىغا ئىبادەتنى ياخشى قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجرى ئىككى ھەسسە بولىدۇ، يەنى ئىككى كىشىلىك ئەجىر بولىدۇ.مالىك،ئەھمەد،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد سەھىھ

**3349 – [ 8 ] ( متفق عليه )**

**وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعما للمملوك أن يتوفاه الله بحسن عبادة ربه وطاعة سيده نعما له**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ۋاپات بولغىچە ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئىبادەتنى ياخشى قىلغان، خوجايىنىغا ياخشى نەسىھەت قىلغان ۋاپادار قۇل نېمىدىگەن ياخشى، ئۇنىڭغا كاتتا نىئمەت باردۇر، ئۇنىڭ ئەجرى نېمىدىگەن ياخشى. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم تىرمىزى ، سەھىھ.

**3350 – [ 9 ] ( صحيح )وعن جرير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أبق العبد لم تقبل له صلاة " . وفي**

رواية عنه قال : " أيما عبد أبق فقد برئت منه الذمة . وفي رواية عنه قال : أيما عبد أبق من مواليه فقد كفر حتى يرجع إليهم "رواه مسلم

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل، خوجايىندىن قاچسا، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، قايسى بىر قۇل ئۆز خوجايىنلىرىدىن قاچسا،ئۇنىڭدىن ئەھدى كېپىللىك بىكار بولىدۇ، قايسى بىر قۇل ئۆز خوجايىنلىرىدىن قاچسا، تاكى ئۇلارغا قايتىپ كەلمىگىچە ئۇكاپىر ھېسابلىنىدۇ، يەنى نېئمەتكە كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ.مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3351 – [ 10 ]** ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : سمعت أبا القاسم صلى الله عليه وسلم يقول : " من قذف مملوكه وهو بريء مما قال جلد يوم القيامة إلا أن يكون كما قال "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇلىغا زىنا قىلدى دەپ بوھتان چاپلىسا، قۇل ئۇنىڭدىن پاك بولسا، ئۇ بوھتانچى قىيامەت كۈنى ھەد جازاغا تارتىلىپ، قامچىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ دېگەندەك بولۇپ قالسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا،( يەنى جازاغا تارتىلمايدۇ. بەلكى زىناخور جازالىنىدۇ.) ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.سە 6462 ـ ھ

**3352 – [ 11 ]** ( صحيح )وعن ابن عمر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من ضرب غلاما له حدا لم يأته أو لطمه فإن كفارته أن يعتقه " . رواه مسلم

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنىڭ قۇلىنى ئۇ قۇل قىلمىغان گۇناھدا جازالاپ ئۇرسا، تۆھمەت بىلەن ھەد، جازاغا تارتسا، ياكى ئۇ قۇلىنىڭ يۈزىگە شاپىلاق بىلەن ئۇرسا، ئۇنىڭ كاپارىتى شۇ قۇلنى ئاللاھ يولىدا ئازاد قىلىشدۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز قۇلىنى زۇلۇم قىلىپ ئۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن قۇلغاقساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3353 – [ 12 ]** ( صحيح )وعن أبي مسعود الأنصاري قال : كنت أضرب غلاما لي فسمعت من خلفي صوتا : " اعلم أبا مسعود لله أقدر عليك منك عليه " فالتفت فإذا هو رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : يا رسول الله هو حر لوجه الله فقال : " أما لو لم تفعل للفحتك النار أو لمستك النار " . رواه مسلم

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئۆزۈمنىڭ بىر قۇلىنى ئۇرۇۋېتىپ، ئارقام تەرەپتىن بىرئاۋازنى يەنى؛ ئى ئەبۇ مەسئۇد! بىلگىنكى، ھەققەتەن ئاللاھتائالا ساڭا، سەن مۇشۇ قولغا قادىر بولغاندىنمۇ بەكرەك قادىردۇر، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قارىسام، ناگاھان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇرىدۇ، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ قۇل ئاللاھ يولىدا**الله** نىڭ جامالى ئۈچۈن ئازاد ھۆردۇر،دېدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئەگەر سەن شۇنداق قىلمىغان بولساڭ، ساڭا دەۋزەخ ئوتى يېتىپ، سېنى كۆيدۈرەتتى دېدى. مۇسلىمنىڭ 261 ــ 263 ــ ھەدىسلىرى. سەھىھ.

**3354 – [ 13 ]** الفصل الثاني ( صحيح )

عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده : أن رجلا أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : إن لي مالا وإن والدي يحتاج إلى مالي

قال : " أنت ومالك لوالدك إن أولادكم من أطيب كسبكم كلوا من كسب أولادكم " . رواه أبو داود وابن ماجه

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ مال-مۈلۈكۈم بار، ئاتا ئانام مېنىڭ ماللىرىمغا مۇھتاج دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۆزۈڭ ۋە سېنىڭ بارلىق مال — مۈلۈكۈڭ، ئاتا — ئاناڭغاتەۋەدۇر، ھەقىقەتەن ئەۋلادلىرىڭلار، بالىلىرىڭلار، سىلەرنىڭ كەسپىڭلارنىڭ ئەڭ پاك، ھالاللىرىدۇر، سىلەر بالىلىرىڭلارنىڭ، ئەۋلادىڭلارنىڭ كەسپىدىن، كەسىپ قىلىپ تاپقانلىرىدىن ئىزنىسىزلا يەڭلار! ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3355 – [ 14 ] وعنه وعن أبيه عن جده : أن رجلا أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : إني فقير ليس لي شيء ولي يتيم فقال : " كل من مال يتيمك غير مسرف ولا مبادر ولا متأثل " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى،مەن بىرپەقىر، مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق، لېكىن، ئۆيۈمدە بىر مېلى بار يېتىم بار دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :سەن ئۇ يېتىمنىڭ مېلىدىن ئىسراپ قىلماي، بۇزۇپ — چاچماي، مالنى ئىبلىۋالماي، مالنى كۆپەيتىش ئۈچۈن يوشۇرۇن تىقىۋالماي يەپ تۇرغىن، ئۇ يېتىمنىڭ مېلى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ مېلىنى ساقلاپ قالماي، ئۆزۈڭنىڭكىنىمۇ يېگىن دېگەن. ئىبنى ماجە 2709 — ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2488 — ھەدىس،نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

3356 – [ 15 ] وعن أم سلمة عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه كان يقول في مرضه : الصلاة وما ملكت أيمانكم رواه البيهقي في شعب

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخىرقى كېسىلىدەمۇنداق دېگەن: ناماز! نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار، ناماز توغرىسىدا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇللىرىڭلار توغرىسىدا الله تىن قورقۇڭلار، تەقۋادار بولۇڭلار.بەيھەقى، خەتىيبەلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

3357 – [ 16 ] كان آخر كلام النبي صلى الله عليه وسلم: الصلاة الصلاة اتقوا الله فيما ملكت أيمانكم ( د ه ) عن علي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى مۇنداق دېيىش بولدى: ناماز! نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار، سىلەر ئىگە بولغان قول، دېدەك، چۆرىلەر توغرىسىدا ئاللاھدىن قورقۇڭلار.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3358 – [ 17 ] ( لم تتم دراسته )

وعن أبي بكر الصديق رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يدخل الجنة سيئ الملكة . رواه الترمذي وابن ماجه

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باشقۇرىشى ناچار يامان پادىشاھ، قۇلغايامان باش بولغۇچى خوجايىن كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان.

3359 – [ 18 ] وعن رافع بن مكيث أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " حسن الملكة يمن وسوء الخلق شؤم " . رواه أبو داود ولم أر في غير المصابيح ما زاد عليه فيه من قوله : " والصدقة تمنع ميتة السوء والبر زيادة في العمر "

رايىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەخلاقى ياخشى گۈزەل بولۇش، بەركەتتۇر، يامان ئەخلاق شۇملۇقتۇر.(ياكى باشقۇرىشى ياخشى بولۇش، باش بولغۇچى خوجايىننىڭ

ياخشى بولىشى بەركەتتۇر،دەل ئەكسى شۇملۇقتۇر)سەدىقە يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ، ياخشىلىق ئۆمۈرنى زىيادە ئۇزارتىدۇ. ئەبۇداۋۇد توپلىغان. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەخپى سەدىقە قىلىش، رەبىنىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ، سىلە ــ رەھىم قىلىش، ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ، ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلىش يامان ئاقىۋەتتىن يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3360 – [ 19 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا ضرب أحدكم خادمه فذكر الله فارفعوا أيديكم " . رواه الترمذي والبيهقي في شعب الإيمان لكن عنده " فليمسك " بدل " فارفعوا أيديكم "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار خادىمنى، قۇلنى ئۇرماقچى بولغاندا، ئۇ **الله** نى ئەسلەپ تىلغا ئالسا(يەنى **الله** نىڭ نامى بىلەن ئۇرماسلىقنى سورسا) دەرھال قولۇڭلارنى تارتىپ، ئۇنى ئۇرماڭلار.تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار خادىمنى، قۇلنى ئۇرسا، يۈزىدىن ھەزەر قىلسۇن، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. باشقا سەھىھ ھەدىسلەردە يۈزگە ئۇرۇش قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بوكس، بوكستا مۇشلىشىش دۇرۇس ئەمەس.

**3361 – [ 20 ] ( حسن )وعن أبي أيوب قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من فرق بين والدة وولدها فرق الله بينه وبين أحبته يوم القيامة " . رواه الترمذي والدارمي**

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇللارنى سېتىشتا ئانا ــ بالىنىڭ ئارىسىنى ياكى قېرىنداشلار ئارىسىنى ئايرىۋەتسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەھبۇبىدىن يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. (بۇنىڭدىن ئېغىر ئازاب بولماس!). ئەھمەد، تىرمىزى، دارىمى،ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. قۇللاردىن باشقىلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

**3362 – [ 21 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : وهب لي رسول الله صلى الله عليه وسلم غلامين أخوين فبعت أحدهما فقال لي رسول صلى الله عليه وسلم : " يا علي ما فعل غلامك ؟ فأخبرته . فقال :رده رده " رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئاكا ــ ئۇكا قېرىنداش ئىككى قۇلنى بەردى، مەن ئۇلارنىڭ بىرىنى سېتىۋەتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا يا ئەلى، قۇلۇڭنىڭ بىرىگە نېمە بولدى؟ دېدى، مەن ئۇنى ساتقانلىقىمنى خەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قايتۇرۇۋال، ئۇنى قايتۇرۇۋال دەپ كەتتى، يەنى ئايرىۋەتمە دېمەكچى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

**3363 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعنه أنه فرق بين جارية وولدها فنهاه النبي صلى الله عليه وسلم عن ذلك فرد البيع . رواه أبو داود منقطعا**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئانا بالا ئىككى قۇلنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىپ، بىرىنى ساتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى توسقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سودىنى بۇزۇپ، ئۇ قۇلنى قايتۇرۇۋالغان، ئەبۇ داۋۇد،مۇنقەتىئ يەنى ئىسنادى ئۈزۈلۈك ھالدا خاتىرلىگەن،زەئىپ ھەدىستۇر.لىكىن ئۇلارنى ئايرىۋەتمەسلىك كېرەك.

3364 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ثلاث من كن فيه يسر الله حتفه وأدخله جنته : رفق بالضعيف وشفقة على الوالدين وإحسان إلى المملوك " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ ئىش بولۇپ، كىمدە بۇئۈچ ئىش تېپىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئاسان قىلىپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ،1 ـ ئاجىزلارغا مېھرىبانلىق قىلىش،2 ـ ئاتا ـ ئانىلارغا شەپقەت قىلىش،3 ـ قۇللارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر.تىرمىزى توپلىغان.

3365 – [ 24 ] وعن أبي أمامةأن رسول الله صلى الله عليه وسلم وهب لعلي غلاما فقال : " لا تضربه فإني نميت عن ضرب أهل الصلاة وقد رأيته يصلي " . هذا لفظ المصابيح

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر قۇلنى بېرىپ مۇنداق دېگەن: ئۇنى ئۇرمىغىن، ھەقىقەتەن مەن ناماز ئوقۇغۇچىلارنى (ئۆلتۈرۈشتىن) ھەتتا ئۇرۇشتىنمۇ چەكلەندىم، مەن بۇ قۇلنىڭ ناماز ئوقۇغىنىنى كۆردۈم . مەسابىيھنىڭ لەبزى.(ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ھەتتا ئۇرۇشتىنمۇ چەكلەندىم، (ناماز ئوقۇغۇچى كىشىنى ئۇرۇش ھارام). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3366 – [ 25 ] ( لم تتم دراسته )

وفي " المجتبى " للدارقطني : أن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : نمانا رسول الله صلى الله عليه وسلم عن ضرب المصلين

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇشتىن توسقان. دارقۇتنى توپلىغان.(ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن نەھى قىلىنىپ چەكلەندىم، (مۆئمىنىنىڭ قاتىلى دوۋزاختا بولىدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.ئايالىڭىز ناماز ئوقۇسا ئۇنى ھەرگىز ئۇرماڭ.

3367 – [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله كم نعفو عن الخادم ؟ فسكت ثم أعاد عليه الكلام فصمت فلما كانت الثالثة قال : اعفوا عنه كل يوم سبعين مرة رواه أبو داود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز قۇل خادىمدىن قانچىلىك ئەپۇ قىلىمىز؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈكۈت قىلىپ جىم تۇردى، ئۇكىشى يەنە سۆزىنى قايتىلاپ سورىدى، يەنە جىم تۇردى، ئۈچۈنچى قېتىم سورىغاندا، «سىلەرقۇل خادىمدىن ھەر كۈنى 70 قېتىم ئەپۇ قىلىپ كەچۈرۈڭلار » دېدى.ئابۇداۋۇ توپلىغان.

3368 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته )ورواه الترمذي عن عبد الله بن عمرو

3369 – [ 28 ] وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لاءمكم من مملوكيكم فأطعموه مما تأكلون واكسوه مما تكسون ومن لا يلائمكم منهم فبيعوه ولا تعذبوا خلق الله " . رواه أحمد وأبو داود

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل، خىزمەتچى خادىملىرىڭلاردىن بىر كىشى سىلەرگە ئىتائەت قىلىپ مۇۋاپىق كەلسە، ئۇلارغا سىلەر يېگەن تاماقتىن تاماق

بىرىڭلار، سىلەر كەيگەن كىيىمدىن كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بىرىڭلار، ئۇلاردىن سىلەرگە مۇۋاپىق كەلمىگەن، ئېتائەت قىلمىغانلارنى سېتىۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنى ئازابلىماڭلار. ئەھمەد 20509 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4493 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**3370 – [ 29 ]** ( صحيح )وعن سهل بن الحنظلية قال : مر رسول الله صلى الله عليه وسلم ببعير قد لحق ظهره ببطنه فقال : " اتقوا الله في هذه البهائم المعجمة فاركبوها صالحة واتركوها صالحة " . رواه أبو داود

سەھلى ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈمبىسى قۇسقىغا چاپلىشىپ كەتكەن بىر تۆگىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بولۇپمۇ مۇشۇنداق سۆز قىلالماس تىلسىز ھايۋانلار توغرىسىدا ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئۇنى ياخشى مىنىپ، ياخشى ھالدا قالدۇرۇڭلار، يەنى سەۋەبسىز ئۇرماي، قورسىقىغا نەرسە بېرىڭلار.ئەبۇ داۋۇد،ئەھمەد،ئىبنى خۇزەيمە،ئىبنى ھەببان توپلىغان،سەھىھ.

**3371 – [ 30 ]** الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن ابن عباس قال : لما نزل قوله تعالى ( ولا تقربوا مال اليتيم إلا بالتي هي أحسن )وقوله تعالى : ( إن الذين يأكلون أموال اليتامى ظلما )الآية انطلق من كان عنده يتيم فعزل طعامه من طعامه وشرابه من شرابه فإذا فضل من طعام اليتيم وشرابه شيء حبس له حتى يأكله أو يفسد فاشتد ذلك عليهم فذكروا ذلك لرسول الله صلى الله عليه وسلم فأنزل الله تعالى : ( ويسألونك عن اليتامى قل : إصلاح لهم خير وإن تخالطوهم فإخوانكم ) فخلطوا طعامهم بطعامهم وشرابهم بشرابهم . رواه أبو داود والنسائي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ **الله** نىڭ «يېتىمنىڭ مېلىغا يېقىن كەلمەڭلار لېكىن ياخشىلىق بىلەن بولسا بۇ مۇستەسنادۇر.......»«يېتىمنىڭ مېلىنى زۇلۇم قىلىپ يېگەنلەر قۇرسىقىغا ئوتنى يېگەن بولىدۇ....» دېگەن ئايەتلىرى نازىل قىلىنغاندا، ئۆيىدە يېتىم بالا بار كىشىلەر يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى يېتىمنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدىن ئايرىۋالدى، يېتىمنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەر يەنە شۇ يېتىمگە ساقلاپ قويۇلدى، ئۇ ئۇنى يەيتتى، ياكى ئۇ تاماق بۇزۇلۇپ كېتەتتى، بۇ ئىش ئۇلارغا قاتتىق ئېغىر كەلگەندە، ئۇلار بۇئىشلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلدى، ئاندىن **الله** تائالا:« (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرىلىق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «(تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. **الله** (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر **الله** خالىسا، سىلەرنى (قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن) چوقۇم جاپاغا سالاتتى». **الله** ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»سۈرە بەقەر 220 ـ ئايەتنى نازىل قىلدى، ئاندىن ئۇلار يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە ئارلاشتۇردى.ئەبۇداۋۇدنەسەئى

**3372 – [ 31 ]** ( ضعيف )وعن أبي موسى قال : لعن رسول الله صلى الله عليه وسلم من فرق بين الوالد وولده وبين الأخ وبين أخيه . رواه ابن ماجه والدارقطني

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانا بىلەن بالىسىنىڭ، ئاكا ـ ئىنىسىنىڭ، ئاچا ـ سىڭلىسىنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىۋەتكەن كىشىگە لەنەت قىلدى، يەنى قۇلنى شۇنداق قىلىپ ساتسا، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

| |
|---|
| 3373 – [ 32 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن مسعود قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا أتي بالسبي أعطى أهل البيت جميعا كراهية أن يفرق بينهم . رواه ابن ماجه<br><br>ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇرۇشتائولجا ئېلىنغان كىشىلەر كەلتۈرۈلسە قالسا، (ئۇلاردىن بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ قالسا)ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشنى ياقتۇرمىغانلىقتىن ئەھلى بەيت بىرئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىنى بىرلا كىشىگە بىرەتتى.ئىبنى ماجە توپلىغان. |
| 3374 – [ 33 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ألا أنبئكم بشراركم ؟ الذي يأكل وحده ويجلد عبده ويمنع رفده " . رواه رزين<br><br>ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەڭ يامان كىشىلەرنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ بېخىللىقتىن ئۆزى يالغۇزلا تاماق يەيدىغان، قۇلىنى قامچىلاپ ئۇرىدىغان، سوۋغا ـ سالام،ھەدىيىنى باشقىلارغا بەرمەيدىغان كىشىدۇر.رەزىن توپلىغا |
| 3375 – [ 34 ] وعن أبي بكر الصديق رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل الجنة سيئ الملكة " . قالوا : يا رسول الله أليس أخبرتنا أن هذه الأمة أكثر الأمم مملوكين ويتامى ؟ قال : " نعم فأكرموهم ككرامة أولادكم وأطعموهم مما تأكلون " . قالوا : فما تنفعنا الدنيا ؟ قال : " فرس ترتبطه تقاتل عليه في سبيل الله ومملوك يكفيك فإذا صلى فهو أخوك " . رواه ابن ماجه<br><br>ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باشقۇرىشى ناچار يامان پادىشاھ، قۇللارغا يامان باش بولغۇچى خوجايىن كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ.ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى بىزگە «ئۇممەتلەر ئارىسىدا مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئىگە بولىدىغا قۇللىرى، يېتىملىرى ئەڭ كۆپ بولىدۇ» دەپ، بىشارەت بەرمىگەنمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە، مەن شۇنداق خەۋەر بەرگەن، سىلەر ئۇلارنى ئۆز باللىرىڭلارنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەڭلار، ئۆزۈڭلار يېگەن تاماقتىن تاماق بىرىڭلار دېدى، ئۇلار: بىزگە بۇ دۇنيادىن نىمە مەنپەئەت قىلىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: سەن الله يولىدا باغلاپ بېقىپ، الله يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان ئات، ساڭا كۇپايە قىلىدىغا قۇل،چۆرە مەنپەئەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇناماز ئوقۇسا، ئۇسىنىڭ قېرىندىشىڭ بولىدۇ دېدى.ئىبنى ماجە توپلىغان تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان. |
| باب بلوغ الصغير وحضانته في الصغر<br><br>كىچىك باللىنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ۋە ئۇنى تەربىيلەش توغرىسىدا |
| 3376 – [ 1 ] ( متفق عليه ) – الفصل الأول عن ابن عمر رضي الله عنهما قال : عرضت على رسول الله صلى الله عليه وسلم عام أحد وأنا ابن أربع عشرة سنة فردني ثم عرضت عليه عام الخندق وأنا ابن خمس عشرة سنة فأجازني فقال عمر بن عبد العزيز : هذا فرق ما بين المقاتلة والذرية<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان يىلى، مەن 14 ياشتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جەڭگە چىقىشىم ئۈچۈن تەكلىنىسەم، مىنى قايتۇرىۋەتتى. ئاندىن خەندەك يىلى مەن 15 ياشتا |

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جەڭگە چىقىش ئۈچۈن تەڭلەنسەم، ماڭا ئىجازەت بەردى. ئۆمەرئىبنى ئابدۇلئەزىز: مانابۇ كىچىك باللار بىلەن مۇجاھىد جەڭچىنىڭ ئارلىقىدىكى پەرىقتۇر دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**3377 – [ 2 ]** ( متفق عليه )**وعن البراء بن عازب قال : صالح النبي صلى الله عليه وسلم يوم الحديبية على ثلاثة أشياء : على أن من أتاه من المشركين رده إليهم ومن أتاهم من المسلمين لم يردوه وعلى أن يدخلها من قابل ويقيم بها ثلاثة أيام فلما دخلها ومضى الأجل خرج فتبعته ابنة حمزة تنادي : يا عم يا عم فتناولها علي فأخذ بيدها فاختصم فيها علي وزيد وجعفر قال علي : أنا أخذها وهي بنت عمي . وقال جعفر : بنت عمي وخالتها تحتي وقال زيد : بنت أخي فقضى بها النبي صلى الله عليه وسلم لخالتها وقال : " الخالة بمنزلة الأم . وقال لعلي : أنت مني وأنا منك "وقال لجعفر : أشبهت خلقي وخلقي . وقال لزيد : أنت أخونا ومولانا**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيە كۈنى مۇشرىكلەر بىلەن مۇنداق ئۈچ شەرتكە ئاساسەن سۈلھى تۈزۈشتى:1 ـ مۇشرىكلەردىن مۇسۇلمان بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىش، مۇسۇلمانلاردىن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغان كىشىنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرماسلىق،2 ـ مەككىگە كېلەر يىلى كىرىش، 3 ـ كىرگەندە مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇش. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلەر يىلى مەككىگە كىرىپ، ئۈچ كۈنلۈك مۇددەت تۇشۇپ، مەدىنىگە قايتىپ چىقىۋاتقاندا، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئى تاغا، ئى تاغا! دەپ ئەگىشىۋالدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى مەدىنىگە ئېلىپ چىقتى، ئاندىن بۇ قىزچاق توغرىسىدا ئەلى،زەيد،جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار داۋالىشىپ قالدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئۇنى مەن ئېلىپ چىقتىم، ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى دېدى، جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ مېنىڭمۇ تاغامنىڭ قىزى، ئۇنىڭ ھاما ئانىسى مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ دېدى، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ قىزى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قىزچاقنى ھاما ئانىسىغا(يەنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا)بۇيرۇپ؛ ھاما ئانا دېگەن ئۆز ئانىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ، ئى ئەلى! سەن مەندىن، مەن سەندىن، ئى جەئپەر! سەن مېنىڭ خەلق ئىتىلىشىمگەيەنى جىسمىغاۋە ئەخلاقىمغا ئوخشاپ كېتىسەن، ئى زەيد! سەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ۋە ئازادكەردە قۇلىمىز دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**3378 – [ 3 ]** الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )**وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عبد الله بن عمرو : أن امرأة قالت : يا رسول الله إن ابني هذا كان بطني له وعاء وثديي له سقاء وحجري له حواء وإن أباه طلقني وأراد أن ينزعه مني فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنت أحق به ما لم تنكحي " . رواه أحمد وأبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئىدى، قورسىقىم ئۇنىغابالازاكىسى ، بوخچا بولدى، كۆكسۇم ئۇنى سۈغۇرىدىغان تۇلۇن بولدى، قۇچىقىم ئۇنىڭغا بۇشۇك ماكان بولدى (يەنى مەن ئۇنىڭغا قۇساق كۆتۈرۈپ، مەن ئۇنى تۇغۇپ، ئىمىتىپ چوڭ قىلسام)ئۇنىڭ دادىسى مېنى تالاق قىلىۋىتىپ، بالامنى مەندىن تارتىۋالماقچى بولىۋاتىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن نىكاھلانمىسا ئەرگە تەگمىسەڭلا، بالاڭغا سەن ھەقلىقراق دېدى.ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3379 – [ 4 ]** ( لم تتم دراسته )**وعن أبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم خير غلاما بين أبيه وأمه . رواه الترمذي**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئوغۇل بالىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قايسىنى تاللاشتا ئىختىيارلىق بەردى، (بالا قايسىنى تاللىسا شۇنىڭ بولىدۇ)تىرمىزى توپلىغان.

**3380 – [ 5 ]** ( لم تتم دراسته )**وعنه قال : جاءت امرأة إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالت : إن زوجي يريد أن يذهب بابني وقد سقاني ونفعني فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " هذا أبوك وهذه أمك فخذ بيد أيهما شئت " . فأخذ بيد أمه فانطلقت به . رواه أبو داود والنسائي والدارمي**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال كېلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! (ئېرىم مىنى تالاق قىلىۋېتىپ)، ئوغلۇمنى مەندىن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، بالام ماڭا كۆپ مەنپەئەتلەرنى بېرەتتى، ھەتتا مىنى ناتلىق سۇ ئەكىرىپ سۇغىراتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىغا: بۇ سىنىڭ داداڭ، بۇ سىنىڭ ئاناڭ ، قايسىنىڭ قولىنى تۇتۇشنى خالىساڭ، شۇنىڭ قولىنى تۇتقىن دېدى، بالا ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن بالىنى ئانىسى ئېلىپ كەتتى. نەسەئى، دارىمى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3381 – [ 6 ] الفصل الثالث** ( لم تتم دراسته )**عن هلال بن أسامة عن أبي ميمونة سليمان مولى لأهل المدينة قال : بينما أنا جالس مع أبي هريرة جاءته امرأة فارسية معها ابن لها وقد طلقها زوجها فادعياه فرطنت له تقول : يا أبا هريرة زوجي يريد أن يذهب بابني . فقال أبو هريرة : استهما رطن لها بذلك . فجاء زوجها وقال : من يحاقني في ابني ؟ فقال أبو هريرة : اللهم إني لا أقول هذا إلا إني كنت قاعدا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فأتته امرأة فقالت : يا رسول الله إن زوجي يريد أن يذهب بابني وقد نفعني وسقاني من بئر أبي عنبة وعند النسائي : من عذب الماء فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " استهما عليه " . فقال زوجها من يحاقني في ولدي ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هذا أبوك وهذه أمك فخذ بيد أيهما شئت " فأخذ بيد أمه . رواه أبو داود . والنسائي لكنه ذكر المسند . ورواه الدارمي عن هلال بن أسامة**

ھىلال ئىبنى ئۇسامەدىن، ئەبۇ مەيمۇنەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر چاغدا مەن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم، پارىسلىق بىر ئايال بالىسىنى بىللە ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇنى تالىق قىلىۋېتىپ، بالىسىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن داۋالىشىپتۇ، ئۇ ئايال ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پارىس تىلىدا سۆزلەپ؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ! ئېرىم مىنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئوغلۇمنى مەندىن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ،دېدى. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭغاپارىس تىلىدا سۆز قىلىپ؛ ئىككىڭلار بالىغا قۇرئە،چەك تاشلاڭلار دېدى، ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ ئېرى كېلىپ؛ مىنىڭ بالامنى تارتىۋالماقچى بولغان كىمكەن ئۇ؟ دېدى، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ـ ئى **الله** گۇۋاھ بولغىن ـ ، مەن بۇسۆزنى ئۆزۈم تەرەپتىنلا دىگىنىم يوق، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم، بىر ئايال كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! (ئېرىم مىنى تالاق قىلىۋېتىپ)، ئوغلۇمنى مەندىن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، بالام ماڭا كۆپ مەنپەئەتلەرنى بېرەتتى، ھەتتا مىنى ئەبۇئەنەبەت قۇدۇقىدىن تاتلىق سۇ ئەكىرىپ سۇغىراتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا؛ ئىككىڭلار بالىنىڭ قايسىڭلارغا مەنسۇپ بولىشى توغرىسىدا قۇرئە،چەك تاشلاڭلار دېدى، ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ؛ مىنىڭ بالامنى تارتىۋالماقچى بولغان كىمكەن ئۇ؟ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىغا: بۇ سىنىڭ داداڭ، بۇ سىنىڭ ئاناڭ ، قايسىنىڭ قولىنى تۇتۇشنى خالىساڭ، شۇنىڭ قولىنى تۇتقىن دېدى، بالا ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن بالىنى ئانىسى ئېلىپ كەتتى،دېدى. نەسەئى، دارىمى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3382 – [ 1 ]** ( **متفق عليه** )**عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أعتق رقبة مسلمة أعتق الله بكل عضو منه عضوا من النار حتى فرجه بفرجه "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بارابىرىگە ئازاد قىلغۇچىنىڭ ئەزاسىنى ھەتتا، ئەۋرىتىنى ئەۋرىتىنىڭ بارابىرىگە دوۋزاخدىن ئازاد قىلىدۇ. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەمرۇ ئىبنى ئەبسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مۆئمىن قۇلنى ئازاد قىلسا، بۇ ئۇ كىشىنىڭ دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەرگەن فىدىيەسى بولىدۇ، يەنى شۇنىڭ بەدىلىگە دوۋزاخدىن ئازاد بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3383 – [ 2 ]** ( **متفق عليه** )**وعن أبي ذر قال : سألت النبي صلى الله عليه وسلم : أي العمل أفضل ؟ قال : " إيمان بالله وجهاد في سبيله " قال : قلت : فأي الرقاب أفضل ؟ قال : " أغلاها ثمنا وأنفسها عند أهلها " . قلت : فإن لم أفعل ؟ قال : " تعين صانعا أو تصنع لأخرق " . قلت : فإن لم أفعل ؟ قال : " تدع الناس من الشر فإنها صدقة تصدق بها على نفسك "**

ئەبۇ زەر، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟دەپ سورىسام، مۇنداق دېدى؛ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، يەككە يېگانە بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، «يەنى ئىشىنىش، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى بىلەن تەستىقلاپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشدۇر» ئاندىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر،دېدى، مەن قانداق قۇلنى ئازات قىلىش ئەڭ ئەبزەل؟ دېسەم، ئازاد قىلىدىغان قۇلنىڭ ئەۋزەلرەكى، پۇلى، باھاسى قىممەت يۇقىرى بولغىنى، شۇنداقلا ئەھلىنىڭ نەزىدە ھۆرمەتلىك، ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك بولغىنىدۇر،دېدى. مەن: ئەگەر ئۇنى قىلالمىساممچۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ: بىرەر ئىش قىلغۇچى سانىئ كەسىپدارغا ياكى كەسپى يوق ئەخمەق نادان كىشىگە ياردەم بەرگىن، دېدى. مەن: ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىساممچۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ: كىشىلەردىن يامانلىقىڭنى يىغىپ توسقىن، كىشىلەرگە يامانلىق قىلما، چۈنكى، شۇنىڭ ئۆزىلا سەن تەرەپتىن ئۆزۈڭگە قىلىنغان سەدىقە،دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ھازىرتۇرمىدىكى مۆئمىننى قۇتقۇزۇڭ.

**3384 – [ 3 ] الفصل الثاني** ( **صحيح** )**عن البراء بن عازب قال : جاء أعرابي إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : علمني عملا يدخلني الجنة قال : " لئن كنت أقصرت الخطبة لقد أعرضت المسألة أعتق النسمة وفك الرقبة " . قال : أو ليسا واحدا ؟ قال : " لا عتق النسمة : أن تفرد بعتقها وفك الرقبة : أن تعين في ثمنها والمنحة : الوكوف والفيء على ذي الرحم الظالم فإن لم تطق ذلك فأطعم الجائع واسق الظمآن وأمر بالمعروف وانه عن المنكر فإن لم تطق فكف لسانك إلا من خير رواه البيهقي في شعب الإيمان**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر ئەئرابىي كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەلنى ئۆگىتىپ قويسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سەن گەرچە خىتاپىنى، سۆز ئىبارىتىنى قىسقا،ئىخچام قىلغان بولساڭمۇ، كەڭ دائىرىلىك چوڭ بىرمەسىئەلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇڭ، سەن قۇل ئازات قىلغىن، قۇل ئازات قىلىشقا ياردەملەشكىن،دېدى، ئۇكىشى؛ بۇ ئىككىسى بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ياق،بۇئىككىسى بىر ئىش ئەمەس، قۇل ئازات قىلىش دېگەن سەن ئۆزۈڭ مۇستەقىل ئازات قىلىشىڭدۇر، «يەككۇرەقەبە»دېگەن قۇل ئازات قىلىشقا پۇل بېرىپ ياردەم

قىلىشقىدۇر، باشقىلارغا كۆپ سۈت چىقىدىغان چارۋا مېلىنى ئۆتنە،ئارىيەت بەرگىن، سەندىن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋەتىپ، ساڭا زۇلۇم قىلغان يېقىن تۇغقانلىرىڭغىمۇ سەن سىلە ـ رەھىم قىلىپ ياخشىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگىن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ، ئاچ قالغان كىشىگە تاماق بەر، ئۇسسۇز كىشىنى سۇغارغىن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقىن، ئەگەر بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ، تىلىڭنى يىغ، پەقەت ياخشى سۆزنىلا قىلغىن دېدى. بەيھەقى توپلىغان.

**3385 – [ 4 ] وعن عمرو بن عبسة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من بنى مسجدا ليذكر الله فيه بني له بيت في الجنة ومن أعتق نفسا مسلمة كانت فديته من جهنم .ومن شاب شيبة في سبيل الله كانت له نورا يوم القيامة رواه في شرح السنة**

ئوسمان،ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ جامالىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، ئىچىدە ئاللاھ ئەسلىنىپ تۇرىدىغان مەسجىد سالسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ. كىم بىر مۆئمىن مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلسا، بۇ ئۇ كىشىنىڭ دوۋزاختىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن بەرگەن فىدىيەسى بولىدۇ، يەنى شۇنىڭ بەدىلىگە دوۋزاخدىن ئازاد بولىدۇ. كىمنىڭ ئاللاھ يولىدا چاچ ــ ساقىلىغا ئاق كىرسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى كاتتا نۇر بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،نەسەئى، تىرمىزى،ئىبنى ھەببان، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھە.س 6308 ـ ھ

**3386 – [ 5 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن الغريف بن عياش الديلمي قال : أتينا واثلة بن الأسقع فقلنا : حدثنا حديثا ليس فيه زيادة ولا نقصان فغضب وقال : إن أحدكم ليقرأ ومصحفه معلق في بيته فيزيد وينقص فقلنا : إنما أردنا حديثا سمعته من النبي صلى الله عليه وسلم فقال : أتينا رسول الله صلى الله عليه وسلم في صاحب لنا أوجب يعني النار بالقتل فقال : " أعتقوا عنه يعتق الله بكل عضو منه عضو أمنه من النار " . رواه أبو داود والنسائي**

غەرىيپ ئىبنى ئىياس دەيلىمى رەھمەھۇللادىن، بىز ۋاسىلەت ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بىزگە زىيادە نۇقسانلىرى يوق ھەدىسنى سۆزلەپ بەر دېدۇق، ئۇ غەزەپ قىلىپ كېتىپ، مۇنداق دېدى، سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار قۇرئاننى ئوقۇۋاتىدۇ، قۇرئان ئۆيىدە ئېسىغلىق، ئۇ زىيادە، كام قىلالامدۇ؟ دېدى. بىز ئۇنىڭغا ھەققەتەن سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان ھەدىسنى دېمەكچىمىزى دېدۇق، ئاندىن ئۇ: بىز، قاتىللىق بىلەن دوۋزاخقا لايىق بولغان ھەمراھىمىز توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بارغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئۇنىڭ ھەققىدىن قۇل ئازاد قىلىڭلار، ئاللاھ، ئازاد بولغان شۇ قۇلنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ باراۋىرىگە ئۇ ھەمراھىڭلارنىڭ ئەزالىرىنى دوۋزاخدىن ئازاد قىلىدۇ دېدى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**3387 – [ 6 ] وعن سمرة بن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفضل الصدقة الشفاعة بها تفك الرقبة " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى  قۇل ئازات قىلىنىش ئۈچۈن قىلىنغان شاپائەتتۇر. بەيھەقى توپلىغان.

باب إعتاق العبد المشترك وشراء القريب والعتق في المرض – الفصل الأول

## ئىككى تە و پ شېرىك سېتىۋالغان قۇلنى ئا زاد قىلىش ۋە يېقىن كىشىسىنى سېتىۋالسا قانداق قىلىش، كېسەل ھالەتتە قۇل ئا زاد قىلىشى توغرىسىدا

**3388 – [ 1 ]** ( متفق عليه )عن ابن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أعتق شركا له في عبد وكان له مال يبلغ ثمن العبد قوم العبد قيمة عدل فأعطي شركاؤه حصصهم وعتق عليه العبد وإلا فقد عتق منه ما عتق "

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قۇلنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولغان شېرىكچىلىكىنى ئازاد قىلسا، ئۇ قۇلنىڭ مال ــ مۈلكى بولسا، بۇ مال ــ مۈلۈك شۇ قۇلنىڭ پۇلىغا يەنى باھالىنىدىغان قىممىتىگە يەتسە، ئۇ قۇل ئادىل باھا بويىچە قىممەت قويۇلىدۇ، باھالىنىدۇ، ئاندىن باشقا شېرىكلەرگە ئۇلارنىڭ نىسىۋىسى شۇ قۇلنىڭ پۇلىدىن بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇل پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ قۇلنىڭ بېرىدىغان پۇلى، مېلى بولمىسا، ئۇ قۇلدىن ئازاد قىلىنغان يېرى ئازاد قىلىنىدۇ. (قالغان شېرىكلەرگە ئىشلەپ بېرىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ. بۇ قۇل بىر نەچچە خوجايىننىڭ شېرىكچىلىكىدە ئاي كۈنلەرگە بۆلۈنۈپ ئىشلەيدىغان قۇلدۇر، كىم ئازاد قىلسا، شۇنىڭ ئىشىدىن ئازاد بولىدۇ.مال ـ مۈلۈكى بولسا، پۈتۈنلەي ئازات قىلىنىدۇ، بولمىسا، قالغانلارغا ئىشلەيدۇ.

**3389 – [ 2 ]** ( متفق عليه )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أعتق شقصا في عبد أعتق كله إن كان له مال فإن لم يكن له مال استسعي البعد غير مشقوق عليه "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قۇلدىن بېرىمىنى ئازاد قىلسا، شۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە ئۇ قۇلنىڭ مېلىدىن ئېلىپ پۈتۈنلەي خالاس قىلىشى، ئازاد قىلىۋېتىشى ۋاجىپ بولىدۇ، ئەگەر ئۇ قۇلنىڭ مال ــ مۈلكى بولمىسا، ئادىل باھا بويىچە قىممىتى، باھاسى بېكىتىلىپ، ئاندىن ئۇ قۇل قىلىپ قالغان يېرىمىغا مۇشەققەتكە سېلىنماستىن ئېغىر ئىشلارغا سېلىنماستىن ئىشلەپ بېرىدۇ، (ئىشلەپ قەرزىنى تۆلىگەتسە ئاندىن ئازاد قىلىنىدۇ، بۇ يۇقىرقى ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇندۇر قۇلنىڭ يېرىمى ئازاد بولسا، قالغان قىسمىمۇ ئازاد قىلىنىدۇ).ئەھمەد،بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم،تۆت كىتاب سەھىھ.

**3390 – [ 3 ]** ( صحيح )

وعن عمران بن حصين : أن رجلا أعتق ستة مملوكين له عند موته لم يكن له مال غيرهم فدعا بهم رسول الله صلى الله عليه وسلم فجزأهم أثلاثا ثم أقرع بينهم فأعتق اثنين وأرق أربعة وقال له قولا شديدا . رواه مسلم ورواه النسائي عنه وذكر : " لقد هممت أن لا أصلي عليه " بدل : وقال له قولا شديدا وفي رواية أبي داود : قال : " لو شهدته قبل أن يدفن لم يدفن في مقابر المسلمين

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ بىر كىشى ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئالتە قۇلىنى ئازات قىلدى، ئۇ كىشىنىڭ شۇ قۇللىرىدىن باشقا ھېچ قانداق مال ـ مۈلۈكى يوق ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇقۇللارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى ئىككىدىن ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قۇرئە چەك تاشلاپ، ئىككىسىنى ئازات قىلىپ، قالغان تۆتىنى يەنەئۆكىشىگە قۇل قىلىپ بېرىپ، ئۆكىشىگە قاتتىق سۆز قىلدى. يەنى يەنەبىرخاتىرەدە:

مەن بۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇماسلىقنى مەقسەت قىلدىم، ئەگەر مەن ئۇنىڭ دەپنە قىلىنىشىدىن بۇرۇن ھازىر بولغان بولسام، ئۇ مۇسۇلمانلار قەبرىسىگە دەپنە قىلىنمايتتى دېگەن.مۇسلىم،نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3391 – [ 4 ]** ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يجزي ولد والده إلا أن يجده مملوكا فيشتر به فيعتقه " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئادا قىلىپ قايتۇرالمايدۇ، لېكىن، ئۇ ئاتا ــ ئانىسىنى قۇل ھالەتتە تېپىپ ئاندىن سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلسا، ياخشىلىقنى قايتۇرغان بولالىشى مۇمكىن. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**3392 – [ 5 ]** ( متفق عليه )وعن جابر : أن رجلا من الأنصار دبر مملوكا ولم يكن له مال غيره فبلغ النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " من يشتريه مني ؟ " فاشتراه نعيم بن النحام بثمانمائة درهم . متفق عليه . وفي رواية لمسلم : فاشتراه نعيم بن عبد الله العدوي بثمانمائة درهم فجاء بها إلى النبي صلى الله عليه وسلم فدفعها إليه ثم قال : " ابدأ بنفسك فتصدق عليها فإن فضل شيء فلأهلك فإن فضل عن أهلك شيء فلذي قرابتك فإن فضل عن ذي قرابتك شيء فهكذا وهكذا "يقول : فبين يديك وعن يمينك وعن شمالك

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنسارلاردىن بىركىشى ئۆز قۇلىنى «مەن ئۆلسەم ، سەن ئات »دېدى، ئۇكىشىنىڭ شۇ قۇلىدىن باشقا ھېچ قانداق مېلى يوق ئىدى، بو ئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ: بۇ قۇلنى مەندىن كىم سېتىۋالىدۇ؟ دېدى، ئاندىن ئۇ قۇلنى نۇئەيىم 800 دەرھەمگە سېتىۋالدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ پۇللارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ھېلىقى كىشىگە بەردى، ئاندىن ئۇنىڭغا: سەدىق ـ ئېھسان، ھەدىيىنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدىن باشلاپ قىلغىن، ئېشىپ قالسا، ئەھلى ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىڭغا قىلغىن، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالسا، ئۇرۇق ــ تۇققانلىرىڭغا قىلغىن، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالسا، ئاۋۇلار، ماۋۇلارغا يەنى ئەتراپىڭدىكى خۇلۇم ــ خوشنىلارغا قىلغىن،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان.سەھىھ.

**3393 – [ 6 ]** الفصل الثاني عن الحسن عن سمرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من ملك ذا رحم محرم فهو حر " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه

سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رەھمى ئىگىسى بولغان دادىسى، ئانىسى، ئاكىسى، ئاچىسىدەك يېقىن تۇغقانلىرى بولغان قۇلغا ئىگە بولۇپ قالسا، ئۇ قۇل ھۆر، ئازاددۇر، (چوقۇم ئازاد قىلىنىشى لازىم.) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، كىشى ئايالىنىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسى ياكى ھامىسىغا ئىگە بولسا، بۇ ئازاد بولمايدۇ. چۈنكى، ساھابىلار، تابىئىنلار: ئاچا ــ سىڭىل، دېدەك قۇللارنى بىرلا ۋاقىتتا قول ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالايدۇ، ياكى ئايالىنىڭ ئاچىسىنى، سىڭلىسىنى دېدەك، چۆرە ھالەتتە قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلگەن، ھەتتا ئوسمان، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار،ئىبنى رەشد، ئەھمەد رەھمەھۇللاھ ئەلەي، شافىئىيى رەھىمەھۇللاھۇ ئەنھۇم مەزھىپى: ئۇلارنى بىرلا ۋاقىتتا جۇپلەش ھالال دېگەن. يەنى ئاچا ــ سىڭىل، ھەمشىرە چۆرىلەرنى جۇپلەش ھالال دېگەن.يەتھۇلباردىن،ئىجمائتىن، ئىبنى رەشىد قۇرتەبىينىڭ فىقھىسىدىن ئېلىندى.

**3394 – [ 7 ]** ( لم تتم دراسته )

**وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا ولدت أمة الرجل منه فهي معتقة عن دبر منه أو بعده . رواه الدارمي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىنىڭ دىدەك، چۆرىسى ئۇنىڭدىن بالا تۇغسا، ئۇ دىدەك قۇل شۇ كىشى ئۆلگەندىن كىيىنلا ئازات بۇلىدۇ.دارىمى توپلىغان.

**3395 – [ 8 ] ( صحيح )وعن جابر قال : بعنا أمهات الأولاد على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبي بكر فلما كان عمر نهانا عنه فانتهينا . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا ، ئۇممە ۋەلەد قۇللارنى (يەنى ئەگەر تۇغساڭ ، سەن ھۆر، ئازات بۇلىسەن دىيىلگەن) قۇللارنىمۇ سېتىۋىرەتتۇق، كىيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئۇ بىزنى ئۇنداق قۇللارنى سېتىشتىن توستى، بىزمۇ ئۇنىڭدىن ياندۇق. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3396 – [ 9 ] ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أعتق عبدا وله مال فمال العبد له إلا أن يشترط السيد " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر مال ــ مۈلكى بار قۇلنى ئازاد قىلسا، بۇ مال ــ مۈلۈك شۇ قۇلنىڭ بولىۋېرىدۇ، لېكىن، خوجايىن ئۇ مال ــ مۈلۈكنىڭ ئۆزىگە قېلىشىنى شەرت قىلسا، شۇ مال ــ مۈلۈكنىڭ ئۆزىگە قېلىش بەدىلىگە ئازاد قىلسا، بۇ چاغدا مال ــ مۈلۈك خوجايىننىڭ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3397 – [ 10 ] ( صحيح )وعن المليح عن أبيه : أن رجلا أعتق شقصا من غلام فذكر ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فقال : " ليس لله شريك " فأجاز عتقه . رواه أبو داود**

ۋالىد ئەبۇ مۇلەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى قۇلىنىڭ يېرىمىنى ئازات قىلىپ ، ئاندىن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلغاندا رەسۇلۇللاھ: ئاللاھتائالانىڭ قەتئىي شېرىكى يوقتۇر، ئۇ شېرىكتىن بىھاجەتتۇردەپ، ئاندىن ئۇنىڭ شۇنداق ئازات قىلىشىنىمۇ دۇرۇس قىلغاندۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3398 – [ 11 ] ( جيد )وعن سفينة قال : كنت مملوكا لأم سلمة فقالت : أعتقك وأشترط عليك أن تخدم رسول الله صلى الله عليه وسلم ما عشت فقلت : إن لم تشترطي علي ما فارقت رسول الله صلى الله عليه وسلم ما عشت فأعتقتني واشترطت علي . رواه أبو داود وابن ماجه**

سەپىينە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۇممەسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قۇلى ئىدىم، ئۇ ماڭا؛ مەن سىنى ئازات قىلىمەن، لېكىن ساڭا مۇنداق شەرت قويىمەن؛ سەن ھاياتلا بولساڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىزمەت قىلىسەن، دېدى، مەن ئۇنىڭغا: سىلى ماڭا ئۇنداق شەرت قويمىسىلىمۇ، مەن ھاياتلا بولسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايرىلماي، خىزمىتىنى قىلىمەن دېدىم، شۇنداق قىلىپ، ئۇمنى شۇشەرتنى قويۇپ ئازات قىلدى. ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3399 – [ 12 ] ( حسن )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " المكاتب عبد ما بقي**

عليه من مكاتبته درهم " . رواه أبو داود

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇكاتەپ قۇل، تۆلەيدىغان پۇلدىن بىر دەرھەم قەرزى قېلىپ قالسىلا، قۇل ھېسابلىنىدۇ.ئەبۇ داۋۇد ،بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3400 – [ 13 ]** ( ضعيف )وعن أم سلمة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان عند مكاتب إحداكن وفاء فلتحتجب منه " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇكاتەپ قۇللۇقلارنىڭ تۆلىگىدەك پۇلى بولسا، ئۇنىڭدىن ھىجاپلىنىڭلار، (يەنى مەلۇم مىقداردا پۇل بەرسە ئازاد بولۇپ كېتىدىغان مۇكاتەپ، قولىغا خەت قىلىنغان قۇلنىڭ قەرزىنى تۆلىگىدەك پۇلى بولسا، ئايال خوجايىن ھىجاپ، روپاش بولىدۇ دېگەن مەنىدە)، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرىلىگەن، شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا، بۇ ئۈچ كىتابنىڭ ھەممىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاچقا، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسكە، ئايەتكە سېلىپ، يۇقىرقى قائىدە ــ قانۇنلارغا سېلىپ، بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېدى،

**3401 – [ 14 ]** وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من كاتب عبده على مائة أوقية فأداها إلا عشر أواق أو قال : عشرة دنانير ثم عجز فهو رقيق . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنىڭ قۇلىغا 100 ئۆۋقى (يەنى 4000 دەرھەم كۈمۈش پۇلغا) خەت يېزىپ بېرىپ، مۇشۇ پۇلنى بەرسەڭ سەن ئازاد دېسە، ئۇ قۇل ئۇنى ئادا قىلىپ، پەققەت 400 دەرھەم ياكى ئون دىينار قالغاندا ئاجىز كەلسە، ئۇ يەنىلا قۇل ھېسابلىنىدۇ. (يەنى پۈتۈنلەي تولۇق ئادا قىلسا ئازاد بولىدۇ). تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3402 – [ 15 ]** وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أصاب المكاتب حدا أو ميراثا ورث بحساب ما عتق منه " . رواه أبو داود والترمذي وفي رواية له قال : يودى المكاتب بحصة ما أدى دية حر وما بقي دية عبد . وضعفه

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قولىغا مەلۇم مىقداردا پۇل بەرسەڭ، سەن ئازاد بولىسەن دەپ خەت يېزىپ بېرىلگەن مۇكاتەپ قۇل، جازاغا يېتىپ قالسا، ياكى مىراس مېلىغا ۋارىس بولماقچى بولسا، ئازاد قىلىنغان مىقداردا شۇ بويىچە ۋارىس بولالايدۇ، شۇنىڭ بويىچە جازاغا تارتىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە جازا تۇرغۇزۇلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇنچىلىك پۇل بەرسەڭ سەن ئازاد دەپ قولىغا خەت قىلىپ بېرىلگەن مۇكاتەب قۇل ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ نىسبىتى مۇنداق ئادا قىلىنىدۇ، ئۇ قەرزىدىن ئادا قىلىپ بولغان قىسمىغا ھۆرلەرگە بەرگەندەك دىيەت، تۆلۈم پۇلى بېرىلىدۇ، قەرزىدىن قېلىپ قالغان قىسمىغا بولسا، قۇللارغا بەرگەندەك تۆلەم پۇلى ئالىدۇ. (مەسىلەن: قەرزنىڭ يېرىمىنى بەرگەن بولسا، يېرىمى ھۆردەك، يېرىمى قۇلدەك دىيەت، تۆلۈم پۇل ئالىدۇ). ھەتتا جازا مىراسمۇ شۇنداقتۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇكاتەپ قۇلنىڭ دىيەت خۇن، تۆلەم پۇلى، ئازاد قىلىنغان مىقداردىكىسى ھۆرنىڭكىدەك، قۇل قىلىنىدىغان مىقداردىكىسى قۇلنىڭ دىيەت، تۆلەم پۇلىدەك بولىدۇ، (تۆلىگەن پۇلغا قارىتا ئايرىلىدۇ، پۇلنى بېرىپ

بولسا، ھۆر ئىنسان قاتارىدا بولىدۇ، ئەگەر بىرىب بولالمىسا، ئۆلچىنىدۇ) تەبرانى توپلىغان.سەھىھلەردە باردۇر.

**3403 – [ 16 ] الفصل الثالث** ( **لم تتم دراسته** )**عن عبد الرحمن بن أبي عمرة الأنصاري : أن أمه أرادت أن تعتق فأخرت ذلك إلى أن تصبح فماتت قال عبد الرحمن : فقلت للقاسم بن محمد : أينفعها أن أعتق عنها ؟ فقال القاسم : أتى سعد بن عبادة رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " إن أمي هلكت فهل ينفعها أن أعتق عنها ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : نعم رواه مالك**

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەبۇ ئۆمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مىنىڭ ئانام قۇل ئازات قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇئىشنى تاڭ ئاتقىچە كېچىكتۈرۈۋىتىپ، ئاندىن قۇل ئازات قىلالماي ئۆلۈپ كەتتى، مەن قاسىم ئىبنى مۇھەممەدكە: ئانام ھەققىدىن مەن قۇل ئازات قىلسام، بۇنىڭ ئانامغا مەنپەئەتى بولامدۇ؟دىسەم، ئۇماڭا: سەئدى ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئانام ئۆلۈپ كەتتى، ئانام ھەققىدىن مەن قۇل ئازات قىلسام، بۇنىڭ ئانامغا مەنپەئەتى بولامدۇ؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە،مەنپەئەتى بولىدۇ دىگەن،دىدى.ئىمام مالىك توپلىغان.بىدئەتنى قىلماي،سۈننەتنى قىلىڭ.

**3404 – [ 17 ]** ( **لم تتم دراسته** )

**وعن يحيى بن سعيد قال : توفي عبد الرحمن بن أبي بكر في نوم نامه فأعتقت عنه عائشة أخته رقابا كثيرة . رواه مالك**

يەھيا رەھ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇخلاپ قالغان ئۇيقىسى ئىچىدىلا ۋاپات تاپتى، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىدىن ھەمشىرىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نۇرغۇن قۇللارنى ئازات قىلدى. ئىمام مالىك توپلىغان.

**3405 – [ 18 ]** ( **لم تتم دراسته** )**وعن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من اشترى عبدا فلم يشترط ماله فلا شيء له " . رواه الدارمي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر قۇلنى سېتىۋېلىپ، «بۇ قۇلنىڭ مېلىمۇ ماڭا قالىدۇ جۇمۇ!» دەپ شەرت قويمىسا، ئۇكىشىگە قۇلنىڭ مېلىدىن ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ. دارىمى توپلىغان.شەرت قويسا، مال سېتىۋالغۇچىنىڭ بولىدۇ.

## كتاب الإيمان والنذور – الفصل الأول    قەسەم ۋە ۋەدىلەرنىڭ كىتابى

**3406 – [ 1 ]** ( **صحيح** )

**عن ابن عمر رضي الله عنهما أكثر ما كان النبي صلى الله عليه وسلم يحلف : " لا ومقلب القلوب " . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپۈنچە « لا ۋە مۇقەللىبەلقۇلۇبى» يەنى قەلبلەرنى خالىغانچە چۆرۈپ، يۆتكەپ تۇرغۇچى زات، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى دەپ قەسەم قىلاتتى، (مۇھەممەدنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم دەپمۇ قەسەم قىلاتتى). ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3407 – [ 2 ]** ( **متفق عليه** )

**وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله ينهاكم أن تحلفوا بآبائكم من كان حالفا فليحلف بالله أو ليصمت "**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا سىلەرنى داداڭلار بىلەن قەسەم قىلىشىڭلاردىن چەكلەپ توسىدۇ، كىم قەسەم قىلماقچى بولسا، ئاللاھ بىلەنلا بىللاھى دېيىش بىلەن قەسەم قىلسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، جىم تۇرسۇن، مالىك. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3408 – [ 3 ]** ( صحيح )

**وعن عبد الرحمن بن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تحلفوا بالطواغي ولا بآبائكم " . رواه مسلم**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاتا _ بوۋاڭلار بىلەن ۋە تاغۇت بۇتلار بىلەن قەسەم قىلماڭلار. ئەھمەد،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىد سەھىھ.

**3409 – [ 4 ]** ( متفق عليه )**وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من حلف فقال في حلفه : باللات والعزى فليقل : لا إله إلا الله . ومن قال لصاحبه : تعال أقامرك فليتصدق "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى قەسەم قىلىپ، قەسىمدە لات ۋە ئۇززا دېگەن بۇتلار بىلەن قەسەمكى دەپ سالسا، دەرھال«لا ئىلاھە ئىللەللاھ»، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېۋالسۇن، كىم ھەمراھىغا بۇياققا كەل! مەن سەن بىلەن قىمار ئوينايمەن دېسە، ئۇ بۇ جىنايىتى ئۈچۈن ئاز _ تولا نەرسە سەدىقە قىلسۇن. شافىئى، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3410 – [ 5 ]** ( متفق عليه )**وعن ثابت بن الضحاك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من حلف على ملة غير الإسلام كاذبا فهو كما قال وليس على ابن آدم نذر فيما لا يملك ومن قتل نفسه بشيء في الدنيا عذب به يوم القيامة ومن لعن مؤمنا فهو كقتله ومن قذف مؤمنا بكفر فهو كقتله ومن ادعى دعوى كاذبة ليتكثر بها لم يزده الله إلا قلة "**

سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىسلام مىللىتىدىن باشقا مىللەت بىلەن يالغاندىن قەسەم قىلسا، ئىسلامدىن باشقا دىنىنىڭ قەسىمى بىلەن چاخچاق قىلىپ، يالغاندىن شۇنداق قەسەم قىلسا، ئۇ ئۆزى دېگەندەك بولۇپ كېتىدۇ، (يەنى شۇ مىللەتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ،) ئادەم بالىسىنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە ۋەدە نەزرىسى يوق. كىم بۇدۇنيادا ئۆزىنى بىرەر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ نەرسىسى بىلەن ئازابلىنىدۇ. مۆئمىنگە لەنەت قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر، كىم مۆئمىنگە كۇپۇرلۇقنى بوھتان قىلسا، كاپىر دېسە، ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. كىم مال ـ مۈلۈكنى كۆپەيتىش ئۈچۈن يالغاندىن داۋا قىلسا، **الله** ئۇنىڭغا پەقەت ئاز قىلىشنىلا زىيادە قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنى داۋا قىلسا، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوززاخدىن ئېلىۋالسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3411 – [ 6 ]** ( متفق عليه )**وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني والله إن شاء الله لا أحلف على يمين فأرى غيرها خيرا منها إلا كفرت عن يميني وأتيت الذي هو خير "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن مەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، بىرەر ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلىپ، ئاندىن ئۇ ئىشدىن باشقىسنى ياخشراق دەپ قارىسام، يەنى قىلىشنى ياخشى دەپ قارىسام، قەسىمىم توغرىسىدا كاپارەت بېرىۋېتىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋېرىمەن. (قىلماسلىققا قەسەم قىلغان ياخشى ئىشنى قىلىۋېرىپ، قەسەمگە كاپارەت بېرىمەن) بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە تويلىغان،سەھىھ.بىر ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئىشنى قىلماسلىق ياخشى بولسا، قىلىش گۇناھ بولسا، كاپارەت بېرىۋېتىپ، ئۇنى قىلماسلىق لازىم.

**3412 – [ 7 ]** ( متفق عليه )**وعن عبد الرحمن بن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا عبد الرحمن بن سمرة لا تسأل الإمارة فإنك إن أوتيتها عن مسألة وكلت إليها وإن أوتيتها عن غير مسألة أعنت عليها وإذا حلفت على يمين فرأيت غيرها خيرا منها فكفر عن يمينك وأت الذي هو خير " . وفي رواية : " فأت الذي هو خير وكفر عن يمينك "**

ئابدۇرەھمان ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئابدۇرەھمان! سەن ئەمىر، باشلىق بولۇشنى سورىما، ئەگەر ئەمىرلىك ساڭا، سەن ئۇنى سورىغانلىقتىن بېرىلسە، سەن ئۇنىڭغا ۋەكىل قىلىنىپ تاشلاپ قويىلىسەن، ئەگەر ئۇ ساڭا سورىماستىن بېرىلسە، ساڭا ياردەم بېرىلىدۇ، سەن بىر قەسەمنى قىلىپ، قەسەم قىلغان ئىشىڭدىن باشقىسىنى ياخشى دەپ قارىساڭ، قەسىمىڭگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋەرگىن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئۈچ كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

**3413 – [ 8 ]** ( صحيح )**وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من حلف على يمين فرأى خيرا منها فليكفر عن يمينه وليفعل " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر ئىشقا قەسەم قىلىپ، ئاندىن قەسەم قىلغان ئىشىدىن باشقىسىنى ياخشى دەپ قارىسا، ياخشى ئىشنى قىلىۋەرسۇن، قەسىمىگە كاپارەت بېرىۋەتسۇن، (يەنى ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلسا قىلىۋېرىپ، قەسىمىگە كاپارەت بېرىدۇ ياكى يامان ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلسا، ئۇنى قىلماستىن قەسىمىگە كاپارەت بېرىدۇ، ئۇ بولسا، ئون مىسكىنگە بىرۋاق تائام بېرىش ياكى كىيىم ــ كېچەك ئېتىپ بېرىش ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**3414 – [ 9 ]** ( متفق عليه )**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والله لأن يلج أحدكم بيمينه في أهله آثم له عند الله من أن يعطي كفارته التي افترض الله عليه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلارنىڭ ئەھلى، ئائىلىغا يىقىنچىلىق قىلماسلىققا قىلغان قەسىمدە چىڭ تۇرۇپ ئۇنى بۇزماسلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا، ئاللاھ ئۇنىڭغا پەرز قىلغان قەسەمنىڭ كاپپارىتىنى بېرىۋېتىشدىن، گۇناھى كۆپ ھەم ئېغىردۇر. (يەنى قەسەمنى بۇزۇپ، كاپارەت بېرىشى لازىم، بۇ يەڭگىلدۇر). ئەھمەد 7861 ــ ھەدىس، مۇسلىم 3127 ــ ھەدىس،بۇخارى،بەيھەقى تويلىغان، سەھىھ. قەسەمنىڭ كاپارىتى 5 ــ سۈرە مائىدەنىنىڭ 89 ــ ئايىتىدە كۆرستىلگەن، تەرجىمىسىگە قاراڭ، قادىر بولۇشچە شۇ ئىشلارنىڭ بىرىنى قىلىسىز.

**3415 – [ 10 ]** ( صحيح )**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يمينك على ما يصدقك عليه صاحبك ". رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سېنىڭ قەسىمىڭ داۋاگەر ھەمراھىڭ سېنى تەستىقلاپ ساڭا ئىشىنىدىغان نەرسىگە بولىدۇ، يەنى شۇ كىشىنى ئىشەندۈرۈشكە قىلىنىدۇ، بۇ راست بولۇشى لازىم. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەسەم قىلىش دېگەن، سېنىڭ داۋاگەر ھەمراھىڭ ساڭا ئىشىنىپ، سېنى تەستىقلاپ، راستىكەن دەيدىغان نەرسىگە قىلىنىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. داۋاگەر، دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرىدۇ، جاۋابكار قەسەم قىلىدۇ، داۋا شۇ ئۇسۇل بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**3416 – [ 11 ]** ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اليمين على نية المستحلف " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەسەم دېگەن قەسەم قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە ئاساسەن بولىدۇ، «قەسەم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە ئاساسەن قىلىپ بېرىلىدۇ». مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3417 – [ 12 ]** ( صحيح )عن عائشة رضي الله عنها قالت : أنزلت هذه الآية : ( لا يؤاخذكم الله باللغو في أيمانكم ) في قول الرجل : لا والله وبلى والله . رواه البخاري وفي شرح السنة لفظ المصابيح وقال : رفعه بعضهم عن عائشة رضي الله عنه

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ « قەسىمىڭلاردىكى لەغۋە سۆزلەرگە **الله** تائالا سىلەرنى جازالىمايدۇ،لېكىن چىن قەلبىڭلاردىن قەسەم قىلىپ ، ئۇنى بۇزساڭلار جازالايدۇ»دېگەن ئايەت، كىشىنىڭ؛ مەقسەتسىزلا، تىلىدىن تېزلا چىقىپ كېتىپ، لاۋەللاھ بەلا ۋەللاھ، **الله** بىلەن قەسەمكى دەپ سېلىشى توغرىسىدا چۈشكەندۇر.بۇخارى.

**3418 – [ 13 ]** الفصل الثاني  عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تحلفوا بآبائكم ولا بأمهاتكم ولا بالأنداد ولا تحلفوا بالله إلا وأنتم صادقون " . رواه أبو داود والنسائي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھەرگىز ئاتا ــ بوۋاڭلار بىلەن، ئاناڭلار بىلەن، بۇتلار بىلەن قەسەم قىلماڭلار، سىلەر پەقەت ئاللاھ بىلەنلا قەسەم قىلىڭلار، سىلەر پەقەت راستچىل، سەممىي بولۇپ قەسەم قىلىڭلار، قەسەم قىلساڭلار ۋاپا قىلىڭلار، راستچىل بولۇڭلار. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ 7249 ـ ھەدىسلىرى.

**3419 – [ 14 ]** وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من حلف بغير الله فقد أشرك " . رواه الترمذي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن، ئاللاھدىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇ جەزمەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىك بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. 6204 ـ ھەدىسى.

**3420 – [ 15 ]** ( صحيح )وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :  من حلف بالأمانة فليس منا . رواه أبو داود

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم «ئامانەت بىلەن قەسەمكى» دەپ، ئامانەت بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن،( يەنى بىزنىڭ ئەقىيدىمىزدىن، ئەخلاقىمىزدىن) ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3421 – [ 16 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قال : إني بريء من الإسلام فإن كان كاذبا فهو كما قال وإن كان صادقا فلن يرجع إلى الإسلام سالما " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم؛ ھەققەتەن مەن ئىسلام دىنىدىن بىزار دىسە، ئەگەر ئۇ يالغاندىن چاخچاق قىلىپ دەپ قويغان بولسا، ئۇ ئۆزى دىگەندەك بولۇپ كىتىدۇ، (يەنى ئىسلام ئۈنىڭدىن بىزاردۇر، ئۇ چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ) ئەگەر راستىنلا شۇنداق دىسە، ئۇ ئىسلام دىنىغا سالامەت قايتىپ كىلەلمەيدۇ، يەنى ئىمانى سالامەت كەلمەيدۇ. نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3422 – [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي سعيد الخدري قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا اجتهد في اليمين قال : " لا والذي نفس أبو القاسم بيده " . رواه أبو داود**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەمنى قاتتىق كۈچلۈك، تەكىتلىك قىلماقچى بولسا، ئەبۇلقاسىمنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى دەيتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3423 – [ 18 ] ( ضعيف )**

**وعن أبي هريرة قال : كانت يمين رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا حلف : " لا وأستغفر الله " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەسەم قىلغان چېغىدىكى قەسىمى، مۇنۇ لەۋزە ئىدى؛«لا ۋەئەستەغپۇرۇللاھ» دەيتتى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**3424 – [ 19 ] ( صحيح )مرفوع وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله ليه وسلم قال : " من حلف على يمين فقال : إن شاء الله فلا حنث عليه " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي وذكر الترمذي جماعة وقفوه على ابن عمر**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر قەسەم قىلىشقا تىگىشلىك ئىشقا قەسەم قىلىپ، ئاندىن كىيىن ئىنشائاللاھ، ئەگەر ئاللاھ خالىسا دەۋالسا، ھەققەتەن ئۇ ئىستىنا قىلىپ چىقىرىۋالغان بولىدۇ، قەسىمى بۇزۇلمايدۇ. دارىمى، ھاكىم ،تۆت كىتاپ توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر قەسەمنى قىلىپ، ئىنشائاللا، ئەگەر ئاللاھ خالىسا دىسە، ئۇ كىشىگە قەسىمى بۇزۇلۇش يوق، ئاندىن كاپارەتمۇ يوقتۇر. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر ئىشقا قەسەم قىلىپ، ئارقىدىنلا ئەگەر ئاللاھ خالىسا دىسە، ئۇ ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا قەسىمنى بۇزماي ۋاپا قىلىدۇ، ئەگەر خالىسا تەرىك ئېتىدۇ، قەسىمى بۇزۇلغان بولمايدۇ. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. قەسەمدىن كىيىن ئاللاھ خالىسا دىسە، بۇ قەسەم ئىختىيارلىقتا بولۇپ، تەرىك ئەتسە قەسەم قىلغان بولمايدۇ، كاپارەت بەرمەيدۇ، ئەگەر يەنىلا قەسىمنى داۋام قىلسا، مانا بۇ شۇ چاغدا قەسەم بولۇپ ۋاپا لازىم كىلىدۇ.ۋاپا قىلالمىسا كاپپارەت بىرىدۇ، كاپپارەت ئۆز جايىدا بايان قىلىنىدۇ.

**3425 – [ 20 ] الفصل الثالث عن أبي الأحوص عوف بن مالك عن أبيه قال : قلت : يا رسول الله أرأيت ابن عم لي آتيه فلا يعطيني ولا يصلني ثم يحتاج إلي فيأتيني فيسألني وقد حلفت أن لا أعطيه ولا أصله فأمرني أن آتي الذي هو خير وأكفر عن يميني .**

رواه النسائي وابن ماجه وفي رواية قال : قلت : يا رسول الله يأتيني ابن عمي فأحلف أن لا أعطيه ولا أصله قال : كفر عن يمينك

ئەبۇلئەھۋەسنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، تاغامنىڭ بالىسىنىڭ قېشىغا مەن بارسام، ئۇ ماڭا تاماق بەرمەيدۇ، سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ، ئاندىن ئۇ ماڭا مۇھتاج بولۇپ قېلىپ، قېشىمغا كېلىپ مەندىن نەرسە سورىدى، مەن ئۇنىڭغا تاماق بەرمەسلىككە، سىلە ـ رەھىم قىلماسلىققا قەسەم قىلغان ئىدىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قەسىمىمگە كاپپارەت بېرىۋېتىپ، ياخشى ئىشنى قىلىۋېرىشىمگە بۇيرىدى. نەسەئى ، ئىبنى ماجە توپلىغان.

| | |
|---|---|
| باب في النذور – الفصل الأول | ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە قىلىۋالغان نەزر سەدىقىسى توغرىسىدا |

3426 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة وابن عمر رضي الله عنهم قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تنذروا فإن النذر لا يغني من القدر شيئا وإنما يستخرج به من البخيل "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەزىر ۋەدىسى قىلماڭلار، چۈنكى، ئۇ پالانى ئىشىمنى ئوڭۇشلۇق قىلالىسام مۇنداق سەدىقە ــ ئېھسان قىلىمەن دېيىشىڭلار ھەم شۇ نەزرىنى قىلىشىڭلار، تەقدىردىن بىرەر نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايدۇ، قايتۇرالمايدۇ، پەقەت ئۇ نەزىر ۋەدىسى سەۋەبلىك بېخىل كىشىلەردىن سەدىقە ــ ئېھسان چىقىرىلىدۇ خالاس.بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3427 – [ 2 ] ( صحيح )وعن عائشة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من نذر أن يطيع الله فليطعه ومن نذر أن يعصيه فلا يعصه " . رواه البخاري

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا نەزىر ۋەدىسى قىلغان بولسا، ئىتائەت قىلسۇن، كىم ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا، گۇناھ ــ مەئسىيەتكە ۋەدە قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئاسىي بولمىسۇن، (بۇ ۋەدە نەزرىگە قەسەمنىڭ كاپارىتىگە ئوخشاش كاپارەت بەرسۇن). ئەھمەد، بۇخارى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

3428 – [ 3 ] ( صحيح )وعن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا وفاء لنذر في معصية ولا فيما لا يملك العبد " . رواه مسلم وفي رواية : " لا نذر في معصية الله "

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان گۇناھ ــ مەئسىيەتكە نەزىر ۋەدىسى قىلىش يوق، ئۇنداق نەزرىگە ۋاپا قىلىشمۇ يوق. ئادەم بالىسى ئىگە بولالمايدىغان، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى سەدىقە قىلىشقا نەزىر ۋەدىسى يوق.مۇسلىم نەسەئى، ئىبنى ماجە،سەھىھ.
جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان گۇناھ ــ مەئسىيەتكە قىلىنغان ۋەدە نەزرىسىگە ۋاپا قىلىش يوق، بەلكى، كاپارەت بېرىۋېتىدۇ.ئەھمەد ، سەھىھ.

3429 – [ 4 ] ( صحيح )وعن عقبة بن عامر عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كفارة النذر كفارة اليمين " . رواه مسلم

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەزىر ۋەدىسىنىڭ ۋاپا قىلالمىغاندىكى كاپارىتى، قەسەمنىڭ كاپارىتى، (يەنى ۋەدە نەزرىنىڭ كاپارىتى، قەسەمنىڭ

كاپارىتى بولۇپ، ئون مىسكىنگە بىر ۋاق تائام بېرىدۇ، ياكى كىيىم ــ كېچەك ئېتىپ بېرىدۇ، ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، ۋە ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3430 – [ 5 ]** ( صحيح )وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : بينا النبي صلى الله عليه وسلم يخطب إذا هو برجل قائم فسأله عنه فقالوا : أبو إسرائيل نذر أن يقوم ولا يقعد ولا يستظل و لا يتكلم ويصوم فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " مروه فليتكلم وليستظل وليقعد وليتم صومه " . رواه البخاري

ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەۋېتىپ، بىر كىشىنىڭ ئاپتاپتا ئۆرە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇكىشى توغرىسىدىن سورىدى، ئۇلار: بۇ ئەبۇ ئىسرائىل ئاپتاپتا ئۆرە تۇرۇشقا، ئولتۇرماسلىققا، سايىدىماسلىققا، سۆز قىلماسلىققا، شۇ ھالەتتە روزا تۇتۇشقا ئۆزىگە ۋەدە قىلىپتۇ، دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئۇنى بۇيرۇڭلار، سۆز قىلسۇن، سايىدىسۇن، ئولتۇرۇۋرسۇن، روزىسىنى كامىل قىلسۇن، (قەسىمىگە كاپارەت بەرسۇن)دىدى. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3431 – [ 6 ]** ( متفق عليه )وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم رأى شيخا يهادى بين ابنيه فقال : " ما بال هذا ؟ " قالوا : نذر أن يمشي إلى بيت الله قال : " إن الله تعالى عن تعذيب هذا نفسه لغني " . وأمره أن يركب

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ئىككى ئوغلىنىڭ ئارلىقىدا يۆلىنىپ، مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر قېرى كىشىنى كۆرۈپ؛ بۇئادەم نىمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟دىدى، ئۇلار؛ بۇئادەم **الله** نىڭ ئۆيى كەئبىگە مېڭىپ بېرىپ ھەج قىلىشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلىپتۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇكىشىنىڭ ئۆزىنى ئازاپلىشىدىن ھەققەتەن **الله** بىھاجەتتۇر دەپ، ئۇكىشىنى ئۇلاغقا مىنىشكە بۇيرىدى.

**3432 – [ 7 ]** ( صحيح )وفي رواية لمسلم عن أبي هريرة قال : " اركب أيها الشيخ فإن الله غني عنك وعن نذرك "

يەنە بىر خاتىردە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى شەيخ ! ئۇلاغقا مىنىۋالغىن، سەندىن ۋە سىنىڭ نەزىر ۋەدەڭدىن ھەققەتەن **الله** بىھاجەتتۇر دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3433 – [ 8 ]** ( متفق عليه )وعن ابن عباس : أن سعد بن عبادة رضي الله عنهم استفتى النبي صلى الله عليه وسلم في نذر كان على أمه فتوفيت قبل أن تقضيه فأفتاه أن يقضيه عنها

ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سەئدى ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ئانىسى ئۆزىگە ۋەدە قىلىپ ئاندىن ئۇنى ئورۇندىيالماي،ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنىڭ ئۆستىدىكى ۋەدە توغرىسىدا پەتىۋا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئانىسى ھەققىدىن ئۇ ۋەدىگە ۋاپاقىلىپ،ئۇنى ئورۇنداشقا پەتىۋا بەردى.بۇخارى،مۇسلىم.

**3434 – [ 9 ]** ( متفق عليه )

وعن كعب بن مالك قال : قلت : يا رسول الله إن من توبتي أن أنخلع من مالي صدقة إلى الله وإلى رسوله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أمسك بعض مالك فهو خير لك " . قلت : فإني أمسك سهمي الذي بخيبر . وهذا طرف من حديث مطول

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مەن تۆۋبە قىلىش يۈزىسىدىن بارلىق

| |
|---|
| مىلىمنى الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە تاپشۇرشۇمنى، الله يولىدا سەدىقە قىلىشىمنى ئىرادە قىلدىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: بىر قىسىم مىلىڭنى ئۆزۈڭگە ئېلىپ قال، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇردىدى. ئاندىن مەن؛ ئۇنداق بولسا، خەيبەردىكى غەنىيمەتتىن تەككەن نىسۋەمنى ئۆزۈمگە ئېلىپ قالاي دىدىم. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. |
| **3435 – [ 10 ] الفصل الثاني ( صحيح )عن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا نذر في معصية وكفارته كفارة اليمين " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي**<br><br>ئائىشە، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ۋەدە نەزىرىسى يوقتۇر، ئۇنىڭ كاپارىتى قەسەمنىڭ كاپارىتىگە ئوخشاش، (كاپارەت بېرىپ، گۇناھنى قىلمايدۇ). ئەھمەد، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. |
| **3436 – [ 11 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من نذر نذرا لم يسمه فكفارته كفارة يمين . ومن نذر نذرا لا يطيقه فكفارته كفارة يمين . ومن نذر نذرا أطاقه فليف به " . رواه أبو داود وابن ماجه ووقفه بعضهم على ابن عباس**<br><br>ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ۋەدە قىلغان نەرسىسىنىڭ ئىسمىنى ئېنىق ئاتىماي ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ كاپارىتى قەسەمنىڭ كاپارىتىگە ئوخشاشتۇر، كىم تاقەت قىلالمايدىغان نەرسىگە ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ كاپارىتمۇ قەسەمنىڭ كاپارىتىگە ئوخشاشتۇر، كىم تاقەت قىلالايدىغان،قادىر بولىدىغان نەرسىگە ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇكىشى ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسۇن. ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان. يۇقىرقى نەزىر ۋەدىسىگە قەسەمنىڭ كاپپارىتىنى بىرىدۇ.بۇ بىرەرجايغا بېرىش ۋەدىسى ئەمەس. |
| **3437 – [ 12 ] ( صحيح )وعن ثابت بن الضحاك قال : نذر رجل على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم أن ينحر إبلا ببوانة فأتى رسول الله صلى الله عليه وسلم فأخبره فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل كان فيها وثن من أوثان الجاهلية يعبد ؟ " قالوا : لا قال : " فهل كان فيه عيد من أعيادهم ؟ " قالوا : لا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أوف بنذرك فإنه لا وفاء لنذر في معصية الله ولا فيما لا يملك ابن آدم " . رواه أبو داود**<br><br>سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، بىر كىشى بۇۋانەت دىگەن جايدا بىر تۆگە ئۆلتۈرۈشكە ۋەدە قىلىپ، ئاندىن بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ : ئۇ جايدا جاھالىيەت بۇتلىرىدىن ئىبادەت قىلىنىدىغان بىرەر بۇت بارمۇ؟ دىدى ، ئۇلار: ياق، يوق دىدى، رەسۇلۇللاھ : ئۇ جايدا جاھالىيەت ئەھلىنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىدىن بىرەر ھېيت بارمۇ؟ دىدى، ئۇلار: ياق دىگەندە، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغۇرگىن، ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان گۇناھ ــ مەئسىيەتكە نەزىر ۋەدىسى قىلىش يوق، ئۇنداق نەزرىگە ۋاپا قىلىشمۇ يوق. ئادەم بالىسى ئىگە بولالمايدىغان، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى سەدىقە قىلىشقا نەزىر ۋەدىسى يوق دىدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ. |
| **3438 – [ 13 ] ( حسن )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده رضي الله عنه أن امرأة قالت : يا رسول الله إني نذرت أن أضرب على رأسك بالدف قال : " أوفي بنذرك " . رواه أبو داود وزاد رزين : قالت : ونذرت أن أذبح بمكان كذا وكذا مكان يذبح فيه أهل الجاهلية فقال : " هل كان بذلك المكان وثن من أوثان الجاهلية يعبد ؟ " قالت : لا قال : " هل كان فيه عيد من** |

أعيادهم ؟ " قالت : لا قال : " أوفي بنذرك "

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئايال كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەققەتەن مەن سىلى بار جايدا داپ چېلىشمىغا ۋەدە قىلغان ئىدىم دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىشىڭ دىدى، يەنەبىرخاتىرەدە؛ ئۇ ئايال : جاھالىيەت ئەھلى بۇرۇن مال بوغۇزلايدىغان پالانى، پالانى جايدا مال بوغۇزلاشقا ۋەدە قىلدىم دىدى، رەسۇلۇللاھ : ھازىر شۇ جايدا جاھالىيەت بۇتلىرىدىن ئىبادەت قىلىنىدىغان بىرەر بۇت بارمۇ؟ دىدى ، ئۇ: ياق، يوق دىدى، رەسۇلۇللاھ : ئۇ جايدا جاھالىيەت ئەھلىنىڭ ھېيىت ـ بايراملىرىدىن بىرەر ھېيىت بارمۇ؟ دىدى، ئۇ: ياق دىگەندە، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىۋەرگىن، دىدى.(ھەققەتەن ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان گۇناھ ــ مەئسىيەتكە،شېرىككە نەزىر ۋەدىسى قىلىش، قەسەم قىلىش يوق، ئۇنىڭغا كاپارەت بىلىدۇ) ئەبۇ داۋۇد،رەزىين توپلىغان ھەسەن.

**3439 – [ 14 ]** ( صحيح )وعن أبي لبابة : أنه قال للنبي صلى الله عليه وسلم : إن من توبتي أن أهجر دار قومي التي أصبت فيها الذنب وأن أنخلع من مالي كله صدقة قال : " يجزئ عنك الثلث " . رواه رزين

ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مەن تۆۋبە قىلىش يۈزىسىدىن مەن گۇناھ قىلىپ سالغان قەۋمىمنىڭ ئەشۇ يۇرتىدىن ھىجرەت قىلىپ، چىقىپ كېتىشىمنى، بارلىق مېلىمنى **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە تاپشۇرۇپ،**الله** يولىدا سەدىقە قىلىشىمنى ئىرادە قىلدىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: مال ـ مۈلۈكۈڭنىڭ ئۈچتەن بىرىنى 1\3 نى سەدىقە قىلىشىڭ سەندىن كۇپايە بولىدۇ دىدى. رەزىين توپلىغان ئىمام ئەلبانىي سەھىھ دىدى.

**3440 – [ 15 ]** ( صحيح )وعن جابر بن عبد الله : أن رجلا قام يوم الفتح فقال : يا رسول الله انى نزرت لله عز وجل إن فتح الله عليك مكة أن أصلي في بيت المقدس ركعتين قال : " صلى ههنا " ثم عاد فقال : " صل ههنا " ثم أعاد عليه فقال : " شأنك إذا " . رواه أبو داود والدارمي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەققەتەن مەن **الله** رازىلىقى ئۈچۈن، ئەگەر **الله** سىلىگە مەككىنى پەتھى قىلىپ بەرسە، بەيتۇلمۇقەددەستە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشۇمغا ۋەدە قىلغان ئىدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:مۇشۇ مەسجىدتە ئوقۇغىن دېدى، ئۇكىشى يەنە سۆزىنى قايتىلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:يەنە مۇشۇ مەسجىدتە ئوقۇغىن دېدى، ئۇكىشى يەنە سوئالىنى قايتىلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭنىڭ ئىشى دېدى. ئەبۇداۋۇد ، دارىمى توپلىغان.

**3441 – [ 16 ]** ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس : أن أخت عقبة بن عامر رضي الله عنهم نذرت أن تحج ماشية وأنها لا تطيق ذلك فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن الله لغني عن مشي أختك فلتركب ولتهد بدنة " . رواه أبو داود والدارمي وفي رواية لأبي داود : فأمرها النبي صلى الله عليه وسلم أن تركب وتهدي هديا وفي رواية له : فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن الله لا يصنع بشقاء أختك شيئا فلتركب ولتحج وتكفر يمينها "

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇقبەتە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمشىرىسى يالاڭ

ئاياق، پىيادە مېڭىپ ھەج قىلىشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلىۋالدى، ئۇ بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەمشىرەڭنى بۇيرىغىن، ئۇ تۆگىگە مىنىپ ھەج قىلىۋېرىپ، بىر تۆگە ھەدىي قىلىۋەتسۇن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىنىڭ ھەمشىرەڭنىڭ پىيادە مېڭىشىدىن، ئۆزىنى ئازابلىشىدىن بىھاجەتتۇر،دېدى. يەنەبىردە؛ تۆگىگە مىنىپ ھەج قىلىپ، بىردانە ھەدىي قىلىۋېتىشكە بۇيرۇپ؛ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىنىڭ ھەمشىرەڭنىڭ پىيادە مېڭىپ جاپا تارتىپ، ئۆزىنى قىينىشىغا بىرەر نەرسە قىلىپ بەرمەيدۇ، ئۇ تۆگىگە مىنىپ ھەج قىلىۋېرىپ، قەسىمگە كاپارەت بېرىۋەتسۇن دېدى. ئەبۇ داۋۇد،دارىمى توپلىغان ھەسەن.

**3442 – [ 17 ] وعن عبد الله بن مالك أن عقبة بن عامر سأل النبي صلى الله عليه وسلم عن أخت له نذرت أن تحج حافية غير مختمرة فقال : " مروها فلتختمر ولتركب ولتصم ثلاثة أيام " . رواه أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي**

ئىبنى ئاببىاس، ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بېشىغا رومال سالماستىن يالاڭ باش، يالاڭ ئاياق، پىيادە مېڭىپ، ھەج قىلىشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلىۋالغان ھەمشىرىسى توغرىسىدا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ھەمشىرەڭنى بۇيرىغىن، ئۇ بېشىغا رومال سالسۇن، تۆگىگە مىنسۇن، قەسىمىنىڭ كاپارىتىگە ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىنىڭ ھەمشىرەڭنىڭ ئۆزىنى ئازابلىشىدىن بىھاجەتتۇر،دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد،تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە،دارىمى، ھاكىم ، سەھىھ.

**3443 – [ 18 ] وعن سعيد بن المسيب : أن أخوين من الأنصار كان بينهما ميراث فسأل أحدهما صاحبه القسمة فقال : إن عدت تسألني القسمة فكل مالي في رتاج الكعبة فقال له عمر : إن الكعبة غنية عن مالك كفر عن يمينك وكلم أخاك فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : لا يمين عليك ولا نذر في معصية الرب ولا في قطيعة الرحم ولا فيما لا يملك. رواه أبو داود**

سەئىد ئىبنى مۇسەييىبتىن ،ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ئەنسارلاردىن بولغان ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداش ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا مىراس مېلى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرسى قېرىندىشىدىن مىراس مېلىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى سورىغاندا، يەنەبىرسى:ئەگەر سەن يەنە بۇ مىراس مېلىمىزنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى سورىساڭ، مېنىڭ بارلىق مال ـ مۈلۈكۈم كەئبىنىڭ زىبۇ ـ زىننەت، قۇرلۇش ئىسلاھاتى ئۈچۈن بولۇپ كەتسۇن دېدى، ئاندىن ئۇنىڭغا: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: كەئبە سىنىڭ مېلىڭدىن بىھاجەتتۇر، قەسىمىڭگە كاپارەت بەرگىن، قېرىندىشىڭغا سۆز قىلىۋەرگىن ، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: رەبتائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا، سىيلە ــ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشتە، سەن ئىگە بولالمايدىغان نەرسىلەردە ساڭا قەسەم يوق، ۋەدە نەزرىسى يوق، ئۇنىڭغا كاپارەت بەرگىن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3444 – [ 19 ] الفصل الثالث عن عمران بن حصين قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " النذر نذران : فمن كان نذر في طاعة فذلك لله فيه الوفاء ومن كان نذر في معصية فذلك للشيطان ولا وفاء فيه ويكفره ما يكفر اليمين . رواه النسائي**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەدە نەزىرىسى ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش توغرىسىدىكى ۋەدە نەزرىسى بولۇپ، كىم شۇنداق ۋەدە قىلسا، ئەنە شۇ ئاللاھ ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى لازىم. يەنە بىرسى، ئاللاھقا ئاسىي بولۇش توغرىسىدا گۇناھ ـ مەئسىيەتكە قىلىنغان نەزرە بولۇپ، كىم شۇنداق ۋەدە قىلسا، بۇ شەيتان ئۈچۈن بولغىنىدۇر، بۇنداق ۋەدە نەزرىسىگە ۋاپا قىلىش يوق، ئۇنى بۇزۇۋېتىپ، قەسەمگە بەرگەن كاپارەتتەك كاپارەت بېرىدۇ. نەسەئى، سەھىھ.

**3445 – [ 20 ]** ( لم تتم دراسته )وعن محمد بن المنتشر قال : إن رجلا نذر أن ينحر نفسه إن نجاه الله من عدوه فسأل ابن عباس فقال له : سل مسروقا فسأله فقال له : لا تنحر نفسك فإنك إن كنت مؤمنا قتلت نفسا مؤمنة وإن كنت كافرا تعجلت إلى النار واشتر كبشا فاذبحه للمساكين فإن إسحاق خير منك وفدي بكبش فأخبر ابن عباس فقال : هكذا كنت أردت أن أفتيك . رواه رزين

مۇھەممەد ئىبنى مۇنتەشىر رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى، ئەگەر الله تائالا ئۇنى دۈشمىنىدىن نىجات تاپقۇزۇپ قۇتقازسا، ئۆزىنى بوغۇزلاشقا ۋەدە قىلىپتۇ، ئاندىن بۇئىش توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورىغاندا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ؛ سەن بېرىپ مەسرۇقتىن سورىغىن دېدى، ئۇكىشى مەسرۇق رەھمەھۇللاھ دىن سورىسا، ئۇ: سەن ئۆزۈڭنى بوغۇزلىمىغىن، چۈنكى ئەگەر سەن بىر مۆئمىن بولساڭ، بىر مۆئمىننى ئۆلتۈرگەن بولىسەن، ئەگەر سەن كاپىر بولۇپ قالساڭ، دەۋزەخكە ئالدىرىغان بولىسەن، سەن قەسىمىڭنىڭ كاپپارىتىگە بىر قوچقار سېتىۋېلىپ، ئۇنى مىسكىنلەرگە بوغۇزلاپ بەرگىن، چۈنكى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام سەندىن كۆپ ياخشى ئىدى، ئۇنىڭغىمۇ بىر قوچقار پىديە بېرىلگەن دېدى، ئۇ بۇئىشنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەۋەر قىلىۋىدى، ئۇ:مەنمۇ ساڭا ئەنە شۇنداق پەتىۋا بەرمەكچى بولغان دېدى.رەزىين.

## كتاب القصاص – الفصل الأول          قىساسنىڭ كىتابى

**3446 – [ 1 ]** ( متفق عليه )عن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحل دم امرئ مسلم يشهد أن لا إله إلا الله وأني رسول الله إلا بإحدى ثلاث : النفس بالنفس والثيب الزاني والمارق لدينه التارك للجماعة "

ئائىشە،ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈپ ئۆلتۈرۈش، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەنلا ھالال بولىدۇ.1_ گۇناھسىز كىشىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ. 2_توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى رەجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.3_ خەلىپە جامائىتىنى تەرك ئېتىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ دىنىنى تەرك ئەتكەن مۇرتەد ئۆلتۈرۈلىدۇ.( ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە جەڭ ئېلان قىلىپ چىققان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، يا دارغا ئېسىلىدۇ، يا يۇرتىدىن پالاندى قىلىنىدۇ)،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3447 – [ 2 ]** ( صحيح )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لن يزال المؤمن في فسحة من دينه ما لم يصب دما حراما " . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن بەندە هارام قانغا يەتمىسىلا، يەنى قاتىللىق قىلىپ، خۇن قەرزى بولمىسىلا، ئۆز دىنىدا كەڭرىچىلىكتە بولىۋېرىدۇ، (قاتىل بولسا ئىككى ئالەم ھالاك بولىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3448 – [ 3 ]** ( متفق عليه )

وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أول ما يقضى بين الناس يوم القيامة في الدماء "

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم قىلىنىدىغان نەرسە، قان، خۇن داۋاسى، قاتىللىق دىلوسىدۇر. ئەھمەد،

بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەندىلەر ئارىسىدا، ھۆكۈم قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى، قان، خۇن توغرىسىدا بولىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندە ھېساپ بېرىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى نامازدۇر. كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى قان، خۇن داۋاسىدۇر، نەسەئى

**3449 – [ 4 ]** ( متفق عليه )**وعن المقداد بن الأسود أنه قال : يا رسول الله أرأيت إن لقيت رجلا من الكفار فاقتتلنا فضرب إحدى يدي بالسيف فقطعها ثم لاذ مني بشجرة فقال : أسلمت لله وفي رواية : فلما أهويت لأقتله قال : لا إله إلا الله أأقتله بعد أن قالها ؟ قال : " لا تقتله " فقال : يا رسول الله إنه قطع إحدى يدي فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقتله فإن قتلته فإنه بمترلتك قبل أن تقتله وإنك بمترلته قبل أن يقول كلمته التي قال "**

مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، ئەگەر مەن كاپىرلاردىن بىركىشىگە ئۇچراپ ، بىز ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ، ئۇ قىلىچ بىلەن بىر قولۇمنى ئۈزۈپ تاشلىسا، ئاندىن مەن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ مەندىن دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ پاناھ تىلەپ؛ مەن **الله** رازىلىقىدا مۇسۇلمان بولدۇم«لائىلاھە ئىللەالله»**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دىسە، مەن ئۇنى شۇ شاھادەت سۆزىنى دىگەندىن كېيىنمۇ ئۆلتۈرسەم بولامدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ياق، ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىگىن دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇ قىلىچ بىلەن بىر قولۇمنى ئۈزۈپ تاشلىغان تۇرسا،دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە؛ياق، ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىگىن،ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۇ سىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈڭدىن بۇرۇنقى ئورنىڭغا ئۆتۈپ بۇلىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئۇ دىگەن شۇ سۆزىدىن بۇرۇنقى ئورنىغا ئۆتۈپ بۇلىسەن، دېدى(يەنى سەن دەۋزەخكە كىرىپ، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇدېدى)بۇخارى،مۇسلىم.

**3450 – [ 5 ]** ( متفق عليه )**وعن أسامة بن زيد قال : بعثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى أناس من جهينة فأتيت على رجل منهم فذهبت أطعنه فقال : لا إله إلا الله فطعنته فقتلته فجئت إلى النبي صلى الله عليه وسلم فأخبرته فقال : " أقتلته وقد شهد أن لا إله إلا الله ؟ " قلت : يا رسول الله إنما فعل ذلك تعوذا قال : " فهلا شققت عن قلبه ؟ "**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى جۇھەينەت قەبىلىسىدىن بىرقىسىم كىشىلەرگە ئەۋەتتى، مەن ئۇلاردىن بىركىشىنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئۇنىڭغا نەيزە ئۇرۇشقا باشلىدىم، ئۇ: «لائىلاھە ئىللەالله»**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دىسمۇ، مەن ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتىم، ئاندىن كىلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ سەن ئۇنى «لائىلاھە ئىللەالله»**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئەيتسىمۇ، يەنە ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ دېدى، مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇ مەندىن قورقۇپ پاناھ تىلەپ شۇنداق قىلدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇنداق بولسا نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ، تەكشۈرۈپ باقمىدىڭ؟دەپ كايىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3451 – [ 6 ]** ( صحيح )**وفي رواية جندب بن عبد الله البجلي أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كيف تصنع بلا إله إلا الله إذا جاءت يوم القيامة ؟ " . قاله مرارا . رواه مسلم**

| |
|---|
| يەنەبىر خاتىردە؛ جۇندۇپ، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن كىشنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئۇسامە!بۇ«لا ئىلاھە ئىللەللاھ » دېگەن كەلىمە قىيامەت كۈنى كەلگەن چاغدا، سەن بۇ كەلىمە بىلەن قانداق قىلارسەن، زادى قانداقمۇ قىلارسەن؟ دەپ،بۇسۆزنى بىر نەچچە قېتىم تەكرار دېگەن. مۇسلىم، بەزار، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ. |
| 3452 – [ 7 ] ( صحيح )وعن عبد الله بن عمرو رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قتل معاهدا لم يرح رائحة الجنة وإن ريحها توجد من مسيرة أربعين خريفا " . رواه البخاري<br><br>ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەھدى۔توختام، كېلىشىم تۈزگۈچى كىشىنى ئۆلتۈرسە، ئۇ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ، ھەققەتەن جەننەتنىڭ پۇرىقى 40 يىللىق مۇساپە يىراقتىن تېپىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەھدە توختام بار كىشىنى ئۆلتۈرسە، بولۇپمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس ۋە ھالال بولمىغان جايدا ئۆلتۈرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. |
| 3453 – [ 8 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تردى من جبل فقتل نفسه فهو في نار جهنم يتردى فيها خالدا مخلدا فيها أبدا ومن تحسى سما فقتل نفسه فسمه في يده يتحساه في نار جهنم خالدا مخلدا فيها أبدا ومن قتل نفسه بحديدة فحديدته في يده يتوجأ بها في بطنه في نار جهنم خالدا مخلدا فيها أبدا "<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاغدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ ئەبەدىلئەبەد قالغان ھالدا، ئۆزىنى يۇقىرىدىن پەسكە تاشلاپ ئوت ئىچىدە ئازابلىنىدۇ. كىم زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، بۇمۇ جەھەننەمدە ئەبەدىلئەبەد مەڭگۈ قالغان ھالدا، ئوت ئىچىدە شۇ زەھەرنى، دائىم ئىچىپ ئازابلىنىدۇ. كىم ئۆزىنى تۆمۈر بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، ئۇ جەھەننەم ئىچىدە مەڭگۈ ــ مەڭگۈ، ئەبەدىلئەبەد قالغان ھالدا، جەھەننەم ئوتى ئىچىدە شۇ تۆمۈر بىلەن ئۆزىنى ئازابلايدۇ، قورسىقىنى يىرىپ، جاراھەتلەندۈرۈپ ئازابلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| 3454 – [ 9 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الذي يخنق نفسه يخنقها في النار والذي يطعنها يطعنها في النار " . رواه البخاري<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋالغان، ئېسىلىپ ئۆلىۋالغان كىشى، دوۋزاخ ئىچىدە دائىم ئۆزىنى بوغۇپ ئازابلىنىدۇ، ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزىگە تىغ، قورال سانجىپ ئۆلتۈرۈۋالغان كىشى، دوۋزاخ ئىچىدە دائىم شۇ نەرسىنى ئۆزىگە سانجىپ ئازابلىنىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. |
| 3455 – [ 10 ] ( متفق عليه )وعن جندب بن عبد الله قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كان فيمن كان قبلكم رجل به جرح فجزع فأخذ سكينا فحز بها يده فما رقأ الدم حتى مات قال الله تعالى : بادرني عبدي بنفسه فحرمت عليه الجنة " |

جۇندۇبلىببجلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا جاراھەت چىقىپ قالىدۇ، جاراھەت ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزگەندە، ئۇ بەرداشلىق بىرەلمەي، چىدىيالماي پىچاق بىلەن قولىنى كىسىۋىتىدۇ،(يەنەبىردە؛ئوق خالتىسىدىن بىر تال ئوقيانى ئېلىپ، ئۇ جاراھەتكە سانجىۋىتىدۇ)، ئاندىن قەتئىي قان توختىماي، ئۇ ئۆلۈپ كىتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇنداق دەيدۇ: بەندەم ماڭا نەپسى بىلەن ئالدىراپ قالدى، ماڭا ئالدىراپ، ئۆزىنى ئۆلتۈردى، مەن ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلدىم. ئەھمەد، بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام دىنىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋىلىش ھارام قىلىنغان، ئۇنداق كىشى ھارام ئىشنى قىلىپلا جان ئۈزىدۇ ــ دە، دوۋزاختا بولىدۇ، شۇ قاتىللىق قۇرالى بىلەن ئازابلىنىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆزىدىن ئىبارەت بىر كىشىنى ئۆلتۈردى.

**3456 – [ 11 ]** ( صحيح )وعن جابر : أن الطفيل بن عمرو الدوسي لما هاجر النبي صلى الله عليه وسلم إلى المدينة هاجر إليه وهاجر معه رجل من قومه فمرض فجزع فأخذ مشاقص له فقطع بها براجمه فشخبت يداه حتى مات فرآه الطفيل بن عمرو في منامه وهيئته حسنة ورآه مغطيا يديه فقال له : ما صنع بك ربك ؟ فقال : غفر لي بهجرتي إلى نبيه صلى الله عليه وسلم فقال : ما لي أراك مغطيا يديك ؟ قال : قيل لي : لن نصلح منك ما أفسدت فقصها الطفيل على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم وليديه فاغفر " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، تۇپەيل ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ھىجرەت قىلدى، ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىركىشى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ، ئاندىن ئۇ كېسەل بولۇپ قېلىپ، كېسەلگە چىدىيالماي، جەزە ـ پەزە قىلىپ، پىچىقنى ئېلىپ، پىچاق بىلەن قول بارماقلىرىنىڭ مەفسەل،بوغۇملىرىنى كىسىۋەتتى، ئاندىن ئىككى قولىدىن توختىماي قان ئېقىپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇنى تۇپەيل ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشىدە، ئۇنىڭ ھەيئىتى، تەق ـ تۇرىقى ياخشى،گۈزەل، لېكىن قولىنى يېپىۋالغان ھالەتتە كۆرۈپ ئۇنىڭغا؛ ساڭا رەببىڭ قانداق قىلدى؟دېسە، ئۇ؛ ماڭا رەببىم، ئۆز پەيغەمبىرى تەرىپىگە ھىجرەت قىلغانلىقىم ئۇچۈن مەغپىرەت قىلدى دەپتۇ، سەن نىمە ئۇچۈن قولۇڭنى يېپىۋالدىڭ؟دىسە، ئۇ؛ ماڭا؛ سەن ئۆزۈڭ بۇزىۋەتكەن نەرسىنى ساڭا ئوڭشاپ بەرمەيمىز دېيىلدى دەپتۇ، تۇپەيل ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ چۈشىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى **الله**! ئۇنىڭ ئىككى قولىغا مەغپىرەت قىلسىلا دېدى.مسلم توپلىغان سەھىھ.

**3457 – [ 12 ]** ( صحيح )وعن أبي شريح الكعبي عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ثم أنتم يا خزاعة قد قتلتم هذا القتيل من هذيل وأنا والله عاقله من قتل بعده قتيلا فأهله بين خيرتين : ان أحبوا قتلوا وإن أحبوا أخذا العقل " . رواه الترمذي والشافعي . وفي شرح السنة بإسناده وصرح : بأنه ليس في الصحيحين عن أبي شريح وقال :

ئەبۇشۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاندىن سىلەر ئى خۇزائە قەبىلىسى! ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بۇ كىشىنى ئۆلتۈرىۋەتتىڭلار، **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ دىيەت تۆلەم پۇلىنى مەن بىرىمەن، بۇنىڭدىن كىيىن كىم بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرىۋەتسە، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگىللىرى ئىككى خىل تاللاشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ، ئەگەر ئۇلار خالىسا، قاتىلنى (قازي تەرەپتىن)ئۆلتۈرىدۇ، ئەگەر خالىسا، دىيەت تۆلەم پۇلىنى (يەنى 100 تۆگىنى)ئالىدۇ دېدى.تىرمىزى،،شاپىئى توپلىغان.

| |
|---|
| **3458 – [ 13 ] ( صحيح )وأخرجاه من رواية أبي هريرة يعني بمعناه** |
| **3459 – [ 14 ] ( متفق عليه )وعن أنس : أن يهوديا رض رأس جارية بين حجرين فقيل لها : من فعل بك هذا ؟ أفلان ؟ حتى سمي اليهودي فأومأت برأسها فجيء باليهودي فاعترف فأمر به رسول الله صلى الله عليه وسلم فرض رأسه بالحجارة**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىر يەھۇدىي كىشى، بىر قىزچاقىنىڭ بېشىنى ئىككى تاش ئارىسىدا پېرىۋەتتى، ئۇقىزچاقا؛ بۇنى ساڭا كىم قىلدى؟، پالانى قىلدىمۇ؟ پالانى قىلدىمۇ؟ دەپ، ھەتتا ھېلىقى يەھۇدىينىڭ ئىسمى چىقىرلىپ،ماۋۇ پالانى قىلدىمۇ؟ دېيىلگەندە، قىزچاق؛ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ھەئە دېدى، ھېلىقى يەھۇدىي كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۆز جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى جازالاشقا بۇيرىدى، قىساس يۈزىسىدىن ئۇنىڭمۇ بېشى تاش بىلەن پېرىلدى.بۇخارى،مۇسلىم. |
| **3460 – [ 15 ] ( متفق عليه )وعنه قال : كسرت الربيع وهي عمة أنس بن مالك ثنية جارية من الأنصار فأتوا النبي صلى الله عليه وسلم فأمر بالقصاص فقال أنس بن النضر عم أنس بن مالك لا والله لا تكسر ثنيتها يا رسول الله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أنس كتاب الله القصاص " فرضي القوم وقبلوا الأرش فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من عباد الله من لو أقسم على الله لأبره "**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنەسنىڭ ھاممىسى رۇبەيئە ئەنسارلاردىن بىر قىزچاقنىڭ ئۇتتۇر چىشىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلار ئەپۇ قىلىنىشنى، دىيەت يەنى بەش تۆگە بېرىشنى ئېيتسا، قىزچاقنىڭ ئىگىللىرى ئۇنىمايدۇ، ئۇلاررەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىساس ئېلىنىشقا بۇيرىيدۇ، ئەنەس ئىبنى نەزىر؛ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! رۇبەيئىنىڭ چىشى سۇندۇرۇلامدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ياق، ئۇنىڭ چىشىنى سۇندۇرمىسلا دەپ ئۆتىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا؛ ئى ئەنەس! ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان قىساسقا بۇيرۇيدۇ، جىنايەتچى جازالىنىشى لازىم دېگەن، كېيىن قەۋم، رازى بولۇپ،دىيەتنى قوبۇل قەلەپ، ئەپۇ قىلىدۇ، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە شۇنداق ئىسىل كىشىلەر باركى، ئەگەر ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ دېگەن. نەسەئى 4676 _ ھەدىس، بۇخارى 6386 _ ھەدىس، مۇسلىم 3174 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3979 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2639 _ ھەدىس، ئەھمەد 12243 _ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. |
| **3461 – [ 16 ] ( صحيح )وعن أبي جحيفة قال : سألت عليا رضي الله عنه هل عندكم شيء ليس في القرآن ؟ فقال : والذي فلق الحبة وبرأ النسمة ما عندنا إلا ما في القرآن إلا فهما يعطى رجل في كتابه وما في الصحيفة قلت : وما في الصحيفة ؟ قال : العقل وفكاك الأسير وأن لا يقتل مسلم بكافر .رواه البخاري وذكر حديث ابن مسعود : لا تقتل نفس ظلما " في " كتاب العلم**<br><br>ئەبۇ جۇھەيپە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا قۇرئاننىڭ ئىچىدە يوق بولغان ، قۇرئاندىن باشقىمۇ بىرەر نەرسە بارمۇ؟ دەپ سورسام، ئۇ؛ دانلارنى يېرىپ چىقارغان، جانلارنى ياراتقان **الله** بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ يېنىمىزدا پەقەت، قۇرئاندىكى نەرسىلەرلا، قۇرئان ئايەتلىرىدىن كىشىگە بېرىلگەن پەھمە چۈشەنچىلەرلا، ۋە مۇشۇ سەھىپىدىكى نەرسىلا بار دېدى، مەن بۇ سەھىپىنىڭ ئىچىدىكى نېمە؟دېسەم، ئۇ؛ قاتىللىقنىڭ دىيەت تۆلەم پۇلى(ئۇنىڭ ئەھكامى) ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇش، مۇسۇلمان كىشى |

كاپىر دىنسىزنىڭ بارابىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دېگەنلەر باردۇر دېدى. بۇخارى توپلىغان.

**3462 – [ 17 ] الفصل الثاني عن عبد الله بن عمرو أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لزوال الدنيا أهون على الله من قتل رجل مسلم " . رواه الترمذي والنسائي ووقفه بعضهم وهو الأصح**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە پۈتۈن دۇنيانىڭ زاۋال تېپىپ، يوقۇلىشى، ئاللاھتائالاغا بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىنمۇ ھاقارەتلىك، ئاسان ئىشتۇر(يەنى مۆئمىن كىشى پۈتۈن دۇنيادىن ئۇلۇغ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، دۇنيانىڭ زاۋاللىقىدىن قاتتىق ئېغىردۇر). تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. سەيىىد قۇتۇپ رەھمەھۇللا؛ بىر نەپەر مۆئمىن ئاللاھقا پۈتۈن دۇنيادىن مۇھىم، قىممەتلىكتۇر دېگەن.

**3463 – [ 18 ] ( صحيح ) لزوال الدنيا أهون على الله من قتل مؤمن بغير حق ( ه ) عن البراء بن عازب**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيانىڭ زاۋال تېپىپ يوقىلىشى، ئاللاھقا بىر مۆئمىننىڭ ھەقسىز، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن يەڭگىل، ئاساندۇر، يەنى، مۆئمىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن دۇنيانىڭ زاۋاللىقى، ھاقارەتلىك، يەڭگىلرەكتۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3464 – [ 19 ] وعن أبي سعيد وأبي هريرة عن رسول صلى الله عليه وسلم قال : " لو أن أهل السماء والأرض اشتركوا في دم مؤمن لأكبهم الله في النار " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئاسمان ئەھلى، زېمىن ئەھلى ھەممىسى بىرلىشىپ، بىر مۆئمىننىڭ قېنىدا شېرىك بولسا، يەنى ئۇنى بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئەلۋەتتە، ئاللاھتائالا ھەممىسىنى دوۋزاختا يۈزىچە دۈم تاشلايدۇ. تىرمىزى توپلىغان سەھىھ، مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىر مۆئمىننى بىرلىشىپ ئۆلتۈرگەن بىر نەچچە كىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرىغان، 10 كىشى بىرلىشىپ، بىر مۆئمىن مۇسۇلماننى ئۆلتۈرسە، ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئادىل قانۇنى، بارلىق قانۇنلار مۇشۇ ئادىل قانۇنغا كەلمىسە خاتالىشىدۇ.نۇرغۇنلىغان مۆئمىن-مۇسۇلمانلارنى زۇلۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەن پارتىيە-گۇرۇھلەر، دۆلەتلەر ھەممىسى دەۋزەخكە مەھكۇمدۇر.

**3465 – [ 20 ] وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يجيء المقتول بالقاتل يوم القيامة ناصيته ورأسه بيده وأوداجه تشخب دما يقول : يا رب قتلني حتى يدنيه من العرش " . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى، قاتىلى بىلەن بىرگە كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، قاتىلنىڭ بېشى ۋە چېكىسى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ كىشى جان تومۇرى قان ئاقتۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ؛ يا رەببىم! بۇنىڭدىن سوراپ باققىن، بۇ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردى، ئۇلار شۇنداق داۋالىشىپ، ئەرشكە يېقىن بارىدۇ، يەنى، ئەرشنىڭ يېنىغا سۆرەپ ئاپىرىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3466 – [ 21 ] وعن أبي أمامة بن سهل بن حنيف أن عثمان بن عفان رضي الله عنه أشرف يوم الدار فقال : أنشدكم بالله أتعلمون أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يحل دم امرئ مسلم إلا بإحدى ثلاث : زنى بعد إحصان أو كفر بعد إسلام**

**أو قتل نفس بغير حق فقتل به " ؟ فو الله ما زنيت في جاهلية ولا إسلام ولا ارتددت منذ بايعت رسول الله صلى الله عليه وسلم ولا قتلت النفس التي حرم الله فبم تقتلونني ؟ رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه وللدارمي لفظ الحديث**

ئائشه، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئۆيىدە قورشاۋدا قالغان كۈنى، بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەن سىلەردىن الله نىڭ نامى بىلەن تەلەپ قىلىمەنكى، سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟: مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكۈش پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەن ھالال بولىدۇ، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى رەجىم قىلىنىدۇ، يەنى تاش ــ بوران قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇسۇلمان بولۇپ بولغاندىن كېيىن دىندىن قايىپ مۇرتەد بولغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھەقسىزلا گۇناھسىز كىشىنى زۇلۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۇنىڭ بارابىرىگە ئۆلتۈرۈلىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى مەن جاھالىيەتتىكى ۋاقتىمدىمۇ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ئىسلام ئىچىدىمۇ ھەرگىز زىنا قىلىپ باقمىدىم، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغاندىن باشلاپ، مۇرتەد بولۇپ باقمىدىم، دىندىن قايتمىدىم، الله ھارام قىلغان قاتىللىقنىمۇ قىلمىدىم، سىلەر مېنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرىسىلەر؟ . ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى،دارىمى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3467 – [ 22 ] وعن أبي الدرداء عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يزال المؤمن معنقا صالحا ما لم يصب دما حراما فإذا أصاب دما حراما بلح " . رواه أبو داود**

ئەبۇ دەردائى، ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشى قاتىللىق قىلىپ، خۇن قەرزى بولۇپ، ھارام قانغا يەتمىسىلا، ئۇچىسى يەڭگىل تائەت ــ ئىبادەتى كۆپ، گۇناھى ئاز، سالىھ، ياخشى ھالەتتە داۋام قىلالايدۇ،ئۇ كەڭرىچىلىكتە بولىدۇ، ھارام قانغا يېتىپ، قاتىللىق قىلسىلا، قاتتىق جاپا ــ مۇشەققەتكە، ھالاكەتكە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3724 ــ ھەدىس، سەھىھ. مەخسەت: قاتىللىقدىن چەكلەش، گۇناھسىز كىشىنى ئۆلتۈرۈش ھارام، گۇناھى ــ كەبىرە، قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ.

**3468 – [ 23 ] وعنه عنرسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كل ذنب عسى الله أن يغفره إلا من مات مشركا أو من يقتل مؤمنا متعمدا " . رواه أبو داود**

ئەبۇدەردائى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھنىڭ ھەممىسىنى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلىشى، كەچۈرشى مۇمكىن، لېكىن، مۇشرىك ھالەتتە يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنى ياكى مۆئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3469 – [ 24 ] ( لم تتم دراسته )ورواه النسائي عن معاوية**

**3470 – [ 25 ] وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقام الحدود في المساجد ولا يقاد بالولد الوالد " . رواه الترمذي والدارمي**

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەد ـ جازالار مەسجىد ئىچىدە ئىجرا قىلىنمايدۇ، يەنى مەسجىد ئىچىدە قامچىلانمايدۇ، ئاتا ــ ئانا، بالىسىنىڭ بارابىرىگە

ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.بالىغا  قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ.ئەھمەد، تىرمىزى،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**3471 – [ 26 ] ( جيد )وعن أبي رمثة قال : أتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم مع أبي فقال : " من هذا الذي معك ؟ " قال : ابني اشهد به قال : " أما إنه لا يجني عليك ولا تجني عليه " . رواه أبو داود والنسائي وزاد في " شرح السنة " في أوله قال : دخلت مع أبي على رسول الله صلى الله عليه وسلم فرأى أبي الذي بظهر رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : دعني أعالج الذي بظهرك فإني طبيب . فقال : " أنت رفيق والله الطبيب "**

ئەبۇ رىمسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن دادام بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ دادامغا: سەن بىلەن بىللە كەلگەن بۇكىشى كىم ؟ دېدى، دادام؛ بۇ مېنىڭ بالام بولىدۇ، سىلى ئۇنىڭ جىنايىتىگە گۇۋاھ بولۇپ قويسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئەمما سېنىڭ بۇ ئوغلۇڭ ساڭا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولمايدۇ، سەنمۇ ئوغلۇڭغا جىنايەتچى بولمايسەن،دېدى.يەنەبىرخاتىردە؛ مەن دادام بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرگەندە، دادام رەسۇلۇللاھنىڭ دۈمبىسىدىكى پەيغەمبەرلىك بەلگىسىنى كۆرۈپ، كېسەل ئوخشايدۇ دەپ؛ مەن تەبىب بولىمەن، بۇكىسەللىرىنى مەن داۋالاپ قويۇي دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: سەن دېگەن كىشىلەرنى داۋالاشتا كۆيۈنگۈچى، مېھرىبانلىق قىلغۇچى كىشى، ھەقىقى تەبىب **الله** دۇر دېدى.  ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3472 – [ 27 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عن سراقة بن مالك قال : حضرت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقيد الأب من ابنه ولا يقيد الابن من أبيه . رواه الترمذي ( لم تتم دراسته )وضعفه**

ئىبنى ئەمرۇ، سۇراقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بالىدىن دادىغا قىساس ئېلىپ بەرگەنلىكىگە قاتناشقان، لېكىن دادىسىدىن بالىسىغا قىساس ئېلىپ بەرمەيتتى.ت

**3473 – [ 28 ] ( ضعيف )وعن الحسن عن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قتل عبده قتلناه ومن جدع عبده جدعناه " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه والدارمي وزاد النسائي في رواية أخرى : " ومن خصى عبده خصيناه**

ھەسەندىن سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز قۇلىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، بىزمۇ ئۇنى ئۆلتۈرىمىز، قۇلىنىڭ بىرەر يېرىنى كېسىپ چولاق قىلىۋەتسە، بىزمۇ كېسىپ چولاق قىلىۋېتىمىز. يەنە بىر خاتىرىدە پىچىۋەتسە، پىچىۋېتىمىز، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىمى، نەسەئى خاتىرلىگەن، راۋى، كاتىپلىرى كۆپ بولسىمۇ ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دېدى.تىرمىزىي غەرىپ دېدى

**3474 – [ 29 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من قتل متعمدا دفع إلى أولياء المقتول فإن شاؤوا قتلوا وإن شاؤوا أخذوا الدية : وهي ثلاثون حقة وثلاثون جذعة وأربعون خلفة وما صالحوا عليه فهو لهم . رواه الترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەستەن قاتىللىق قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ۋەلى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ، (يەنى ئۇنىڭ ئىشى شۇلارنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ)، ئەگەر ئۇلار خالىسا ئۆلتۈرۈپ قىساس ئالىدۇ، ئەگەر خالىسا ئەپۇ قىلىپ، دىيەت، تۆلەم پۇلىنى ئالىدۇ، ئۇ بولسا 100 تۆگىدۇر، تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن 30، بەش ياشلىق چىشى تۆگىدىن 30،  بوغاز تۆگىدىن 40 تۆگە، جەمئى 100 تۆگە ئالىدۇ. ئۇلار ئۆز ـئارا قانداق سۈلھى قىلىشىۋالسا بۇ شۇلار

ئۆچۈندۇر. (يەنى ئەپۇ قىلامدۇ، دىيەت، خۇن پۇلىنى ئالامدۇ، ياكى بۇنىمۇ ئەپۇ قىلامدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشىدۇر).
ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3475 – [ 30 ] ( صحيح )وعن علي رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " المسلمون تتكافأ دماؤهم ويسعى بذمتهم أدناهم ويرد عليهم أقصاهم وهم يد على من سواهم ألا لا يقتل مسلم بكافر ولا ذو عهد في عهده " . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەمرۇ،ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى، قانلىرى، باراۋەردۇر، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاجىزىمۇ مەرتىبىسى تۆۋىنىمۇ ئەھدىنى ئىجرا قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ يىراقتىكىسىمۇ ئۇلارنى قوغداپ ھىمايە قىلىپ، ئەھدىسىنى قوغداپ ۋاپا قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەن كىشىلەرگە قارشى كۈچ توپلاپ، ياردەملىشىپ، قارشى تۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىرى ئۇلاغلىقلىرى، ئاجىزلىرىغا، جەڭگە قوشۇن تارتىپ چىققانلىرى، ئۆزرە بىلەن ئولتۇرغانلارغا غەنىيمەت بېرىپ ياردەم بېرىدۇ، غەنىيمەتتىن نىسۋە بېرىدۇ. مۆئمىن كاپىرنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئەھدە ئىگىسى ئەھدىسى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.
ئەبۇ داۋۇد 2371 ــ ھەدىس، ئەھمەد،نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**3476 – [ 31 ] ( صحيح )ورواه ابن ماجه عن ابن عباس**

**3477 – [ 32 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي شريح الخزاعي قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من أصيب بدم أو خبل والخبل : الجرح فهو بالخيار بين إحدى ثلاث : فإن أراد الرابعة فخذوا على يديه : بين أن يقتص أو يعفو أو يأخذ العقل فإن أخذ من ذلك شيئا ثم عدا بعد ذلك فله النار خالدا فيها مخلدا أبدا " . رواه الدارمي**

ئەبۇشۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىمگە بىرەر كىشى تەرىپىدىن قان ياكى جاراھەت بىلەن مۇسىبەت يەتكۈزۈلسە، (يەنى كىمنىڭ بىرەر يېقىن كىشىسى ئۆلتۈرۈلسە،ياكى جاراھەتلەندۈرۈلسە)ئۇكىشى مۇنداق ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ؛ ـ ئەگەر تۆتىنچىسىنى مەقسەت قىلسا، ئۇنى دەرھال باغلاپ تۇتۇڭلار ـ 1 ـ قىساس ئېلىش،2 ـ ئەپۇقىلىش، 3 ـ دىيەت تۆلەم پۇلى ئېلىشتۇر، ئەگەر ئۇكىشى شۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئالغاندىن كېيىن يەنە تاجاۋۇز قىلسا، ئۇدەۋزەختە مەڭگۈ،ئەبەدىلئەبەد قالىدۇ.دارىمى توپلىغان.

**3478 – [ 33 ] وعن طاووس عن ابن عباس عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من قتل في عمية في رمي يكون بينهم بالحجارة أو جلد بالسياط أو ضرب بعصا فهو خطأ عقله الخطأ ومن قتل عمدا فهو قود ومن حال دونه فعليه لعنة الله وغضبه لا يقبل منه صرف ولا عدل " . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىپ قالىدىغان تاش ئېتىش ياكى قامچا ، ھاسا بىلەن ئۇرۇش سەۋەبىدىن، ئۇقۇشماسلىقتىن ئۆلتۈرۈلسە ياكى قارىغا ئېتىش مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلسە، (ياكى ئوق ئوۋلاش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلسە) ئۇنىڭ دىيەت، خۇن ـ تۆلەم پۇلى خاتا قاتىللىق قىلغىنىنىڭ تۆلەم پۇلىدۇر، (يەنى 100 تۆگە بېرىلىدۇ،) كىم قەستەن قاتىللىق قىلسا، ئۇنىڭدىن نەخ مەيداندىلا قىساس ئېلىنىدۇ، يەنى قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ، كىم بۇ قىساس ئېلىش مەسىلىسىگە توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى،غەزىپى بولىدۇ،ئۇكىشى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ، ئۇ كىشىدىن پەرز ۋە نەپلە، تۆۋبە ۋە پىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ. نەسەئى

4707 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3935 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2625 _ ھەدىس، سەھىھ.

**3479 -[ 34 ]** ( **ضعيف** )**وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا أعفي من قتل بعد أخذ الدية . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دىيەت يەنى خۇن تۆلەم پۇلى بولغان 100 تۆگىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، قاتىللىق قىلغان كىشىنى ھەرگىز ئەپۇ قىلمايمەن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**3480 – [ 35 ] وعن أبي الدرداء قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من رجل يصاب بشيء في جسده فتصدق به إلا رفعه الله به درجة وحط عنه خطيئة " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئۇبادەت،بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئۆز جەسىدىدە جاراھەتلىنىپ، بىرەر مۇسىيبەتكە ئۇچراپ،ئاندىن ئۇنى سەدىقە قىلىپ، جاراھەتلەندۈرگۈچىدىن ئەپۇ قىلىپ، تۆلەم پۇلى ئالماي، قىساس ئالماي ئۆتىۋەتسە، ئاللاھتائالامۇ ئۇنىڭدىن ئۇ سەدىقە قىلغاندەك ئۆتىۋېتىدۇ، گۇناھىنى، شۇ ئىشنى كاپارەت قىلىپ ئۆچۈرىۋېتىدۇ، ئۇكىشىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئەھمەد،تىرمىزى،ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆز جەسىدىدىن بىرەر نەرسىنى سەدىقە قىلىپ جىنايەتچىدىن ئەپۇ قىلسا، ئۆتىۋەتسە، ئۇ كىشىگە سەدىقە قىلغانىنىڭ مىقدارىدا ئەپۇ قىلىش بېرىلىدۇ، ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3481 – [ 36 ] الفصل الثالث عن سعيد بن المسيب : أن عمر بن الخطاب قتل نفرا خمسة أو سبعة برجل واحد قتلوه قتل غيلة وقال عمر : لو تمالأ عليه أهل صنعاء لقتلتهم جميعا . رواه مالك**

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىر كىشىنى سۇيئى-قەست قىلىپ، مەخپى ئۆلتۈرىۋەتكەن بەش ياكى يەتتە كىشىنى ، شۇبىرلا كىشىنىڭ بارابىرىگە ئۆلتۈرۈشكەبۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرگەن.ۋە ئەگەر ئۇكىشىنى ئۆلتۈرۈشكە سەنئا ئەھلىنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن بولسا، مەن شۇ بىركىشىنىڭ بەدلىگە ئۇلارنىڭ ھەممىسنى ئۆلتۈرگەن بۇلاتتىم دىگەن.ئىمام مالىك توپلىغان.

**3482 – [ 37 ]** ( **صحيح** )**وروى البخاري عن ابن عمر نحوه**

**3483 – [ 38 ] وعن جندب قال : حدثني فلان أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يجيء المقتول بقاتله يوم القيامة فيقول : سل هذا فيم قتلني ؟ فيقول : قتلته على ملك فلان " . قال جندب : فاتقها . رواه النسائي**

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن كىشى، قاتىلىغا ئېسىلغان ھالدا كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم! بۇ مېنى ئۆلتۈرگەن، بۇنىڭدىن نىمە ئۈچۈن مىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى سوراپ باققىن. ئاندىن ئاللاھ قاتىلىغا؛ نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟ دىسە، قاتىل؛ پالانىنىڭ مۈلكىدە ئىگىدارچىلىقىدا شۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرگەن ئىدىم دەيدۇ. (ئاللاھ ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ). جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛شۇنداق قاتىللىقتىن ھەزەر قىل دىدى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3484 – [ 39 ]** ( **ضعيف** )**وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أعان على قتل مؤمن شطر كلمة**

لقي الله مكتوب بين عينيه آيس من رحمة الله " . رواه ابن ماجه

ئەبۇھۇرەيرەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كىم مۆئمىن كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە يېرىم ئېغىز سۆزبىلەن ياردەملەشسە، ئۇ،پىشانىسىگە«بۇ الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمۈت ئۈزگۈچى» دەپ يېزىلغان ھالدا الله قا ئۇچرىشىدۇ.ئىبنى ماجە ، زەئىپ.

3485 – [ 40 ] وعن ابن عمر رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أمسك الرجل الرجل وقتله الآخر يقتل الذي قتل ويحبس الذي أمسك " . رواه الدارقطني

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرسى بىر ئەرنى تۇتۇپ بەرسە، يەنە بىرسى ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ، تۇتۇپ بەرگىنى سولاپ قويۇلىدۇ، دارىقۇتنى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن. بۇ ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ 10 كىشى بىرلىشىپ بىرسىنى ئۆلتۈرسە ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەن قانۇنغا خىلاپ ئىكەن.

## باب الديات – الفصل الأول    دىيەت، خۇن تۆلەم يۇلى توغرىسىدا

3486 – [ 1 ] ( صحيح )عن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : هذه وهذه سواء يعني الخنصر والإبهام . رواه البخاري

ئىبنى ئاببارس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماۋۇ، ماۋۇنىڭ بىلەن بارابەر يەنى چىمچىلاق بىلەن باش بارماق دىيەت، تۆلەم پۇلىدا باراۋەر، (يەنى ھەر بىرىگە ئون تۆگە تۆلەيدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3487 – [ 2 ] ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم في جنين امرأة من بني لحيان سقط ميتا بغرة : عبد أو أمة ثم إن المرأة التي قضى عليها بالغرة توفيت فقضى رسول الله صلى الله عليه وسلم بأن ميراثها لبنيها وزوجها العقل على عصبتها

ھەملۇ ئىبنى نابىغە،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنىي لەھيان قەبىلىسىدىن بىر ئاياللىنىڭ تۇرەلمە بالىسى ئۆلۈك ھالدا چۈشۈپ كەتكەندە، مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتسە، بىر قۇل ياكى چۆرە دىيەت تۆلەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئايال ئۆلۈپ كېتىۋدى، ئۇنىڭ مىراس مېلى باللىرىغا، ئېرىگە بېرىلىدۇ، ئايال كىشىنىڭ خاتا قاتىللىق قىلغاندىكى دىيەت، 100 تۆگىنى قاتىلنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى تۆلىشىپ بېرىدۇدەپ ھۆكۈم قىلدى.بۇخارى،مۇسلىم، تەبرانى ،سەھىھ.

3488 – [ 3 ] ( متفق عليه )وعنه قال : اقتتلت امرأتان من هذيل فرمت إحداهما الأخرى بحجر فقتلتها وما في بطنها فقضى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن دية جنينها غرة : عبد أو وليدة وقضى بدية المرأة على عاقلتها وورثها ولدها ومن معهم

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن ئىككى ئايال ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرسى يەنە بىرسىگە تاش ئېتىپ، ئۇنى ۋە قورسىقىدىكى بالىسىنمۇ ئۆلتۈرىۋەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتسە، بىر قۇل ياكى چۆرە دىيەت تۆلەيدۇ، ئايال كىشىنىڭ خاتا قاتىللىق قىلغاندىكى دىيەت، 100 تۆگەتۆلەم پۇلىنى قاتىلنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى تۆلىشىپ بېرىدۇ، ئۆلگەن

ئايالنىڭ مىراس مېلى باللىرىغا، ئېرىگە بېرىلىدۇ، ئۇنىڭغا بالىسى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغان كىشىلەر ۋارىس بۇلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**3489 – [ 4 ]** ( صحيح )وعن المغيرة بن شعبة : أن امرأتين كانتا ضرتين فرمت إحداهما الأخرى بحجر أو عمود فسطاط فألقت جنينها فقضى رسول الله صلى الله عليه وسلم في الجنين غرة : عبدا أو أمة وجعله على عصبة المرأة هذه رواية الترمذي وفي رواية مسلم : قال : ضربت امرأة ضرتها بعمود فسطاط وهي حبلى فقتلتها قال : وإحداهما لحيانية قال : فجعل رسول الله صلى الله عليه وسلم دية المقتول على عصبة القاتلة وغرة لما في بطنها

مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەر ئىككىلىسى بىرلا ئەرنىڭ ئايالى بولغان، بىر ـ بىرىگە كۇندەش ئىككى ئايالنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە تاش ياكى چېدىرنىڭ تۈۋرىكىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ تۇرەلمە بالىسىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇرەلمە بالا توغرىسىدا، بىر قۇل ياكى دىدەك بېرىشكە ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇتۇلەم پۇلىنى ئۇرغان ئايالنىڭ يېقىن تۇققانلىرىنىڭ تۆلىشىپ بېرىشىنى بۇيرىيدۇ.تىرمىزى. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە؛ئۇ ئايالنىڭ ئاتقان نەرسىسدە ئانا ـ بالا ھەر ئىككىلىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇرەلمە بالا توغرىسىدا، بىر قۇل ياكى دىدەك بېرىشكە ھۆكۈم قىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ خۇن تۆلەم پۇلىنى قاتىل ئايالنىڭ يېقىن تۇققانلىرىنىڭ تۆلىشىپ بېرىشىنى بۇيرىيدۇ.مۇسلىم.

**3490 – [ 5 ]** الفصل الثاني عن عبد الله بن عمرو أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ألا إن دية الخطأ شبه العمد ما كان بالسوط والعصا مائة من الإبل : منها أربعون في بطونها أولادها " . رواه النسائي وابن ماجه والدارمي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن قەستەن قاتىللىققا ئوخشاپ كېتىدىغان، قامچا، ھاسا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ جازاسى، دىيەت، تۆلىمى 100 تۆگىدۇر، بۇ 100 تۆگىدىن 40 تۆگىنىڭ ھەممىسى بوغاز بولۇشى لازىم، (مۇغەللەزەت دىيەت مەنىسىدە،مانا بۇ خاتا ئۆلتۈرگەن قاتىللىقنىڭ جازاسى) نەسەئى،ئىبنى ماجە،دارەمى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3491 – [ 6 ]** ( لم تتم دراسته )ورواه أبو داود عنه وابن ماجه وعن ابن عمر . وفي " شرح السنة " لفظ " المصابيح " عن ابن عمر

**3492 – [ 7 ]** وعن أبي بكر بن محمد بن عمرو بن حزم عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كتب إلى أهل اليمن وكان في كتابه : " أن من اعتبط مؤمنا قتلا فإنه قود يده إلا أن يرضى أولياء المقتول " وفيه : " أن الرجل يقتل بالمرأة " وفيه : " في النفس الدية مائة من الإبل وعلى أهل الذهب ألف دينار وفي الأنف إذا أوعب جدعه الدية مائة من الإبل وفي الأسنان الدية وفي الشفتين الدية وفي البيضين الدية وفي الذكر الدية وفي الصلب الدية وفي العينين الدية وفي الرجل الواحدة نصف الدية وفي المأمومة ثلث الدية وفي الجائفة ثلث الدية وفي المنقلة خمس عشر من الإبل وفي كل أصبع من أصابع اليد والرجل عشر من الإبل وفي السن خمس من الإبل " . رواه النسائي والدارمي وفي رواية مالك : " وفي العين خمسون وفي اليد خمسون وفي الرجل خمسون وفي الموضحة خمس "

ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇھەممەدنىڭ بۇۋىسى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەمەن ئەھلىگە جىنايەت جازالىرى، تۆلەم پۇلى توغرىسىدا يازغان كىتابىدا مۇنداق دىيىلگەن:كىم

بىر مۆئمىننى ئۆلتۈرسە، ئۇ قىساس ئېلىپ بېرىش قانۇنى بويىچە ئۆلتۈرۈلىدۇ، لېكىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگىللىرى رازى بولسا، بۇ مۇستەسنادۇر، (ئۇلار ئۈچ خىل ئىشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ)ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ بارابىرگە ئۆلتۈرۈلىدۇ، خاتا قاتىللىقتىكى ياكى ئەپۇ قىلىپ، تۆلەم ئېلىشتىكى خۇن تۆلەم پۇلى 100 تۈگىدۇر، ئالتۇن ئەھلى 1000 دىينار ئالتۇن بېرىدۇ، (بىر دىينار تۆت گىرام ئەتراپىدا) كىشىنىڭ بۇرنىنى چولاق قىلىۋېتىشتە، دىيەت، تۆلەم بېرىشى لازىم، مۇكەممەل، كامىل چولاق قىلىۋەتسە، 100 تۆگە بېرىدۇ، ھەممە چىشلىرىنى تۆكىۋەتسە 100 تۆگە، ئىككى لىۋىنى كىسىۋەتسە 100 تۆگە تۆلەيدۇ، ئىككى تۇخۇمىنى پىچىۋەتسە 100تۆگە، ئەرلىك ئەۋرەتكە 100 تۆگە، (ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتىگىمۇ100تۆگە)سۇلبى ئومۇرتقىغا 100تۆگە، ئىككى كۆزىنى قۇيىۋەتسە 100تۆگە بېرىدۇ، بىر قولغا 50 تۆگە، بىر پۇتقا 50 تۆگە، بىر كۆزگە 50 تۆگە تۆلەيدۇ، (ئەگەر ھەر ئىككىلىسىنى مىيىپ قىلىپ قويسا، 100 تۆگە بېرىدۇ) بېشىنىڭ چوققىسىنىڭ تېرىسىنى ياردار قىلسا، بېشىنى يېرىۋەتسە، بىر دىيەتنىڭ يەنى 100 تۆگىنىڭ ئۈچتەن بىرىنى تۆلەيدۇ، يەنى 33 تۆگە بېرىدۇ، قورسىقىغا نەرسە سانجىپ ئىچكى جاراھەت شەكىللەندۈرسە، يەنىلا 33 تۆگە تۆلەيدۇ. بىرەر مەپسەل، بوغۇم سۆڭەكنى ئورنىدىن چىقىرۋېتىپ، جاراھەتلەندۈرسە، 15 تۆگە تۆلەيدۇ، تېرىسىنى سويۇپ، جاراھەتلەندۈرسە، 5 تۆگە، ھەربىر چىشقا بەشتىن تۆگە تۆلەيدۇ، پۇت ـ قولنىڭ ھەربىر بارماققا 10دىن تۆگە تۆلەيدۇ، (پۇت ــ قولنىڭ بارماقلىرى ئوخشاشتۇر) نەسەئى،دارىمى،مالىك، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، سەھىھنىڭ 4240 ـ ھەدىسى.باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ شۇنداق ھۆكۈم قىلىنغان.

**3493 – [ 8 ]** ( لم تتم دراسته )**وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم في المواضح خمسا خمسا من الإبل وفي الأسنان خمسا خمسا من الإبل . رواه أبو داود والنسائي والدارمي وروى الترمذي وابن ماجه**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، تېرىسىنى سويىۋېتىپ، جاراھەتلەندۈرسە، 5 تىن تۆگە، ھەربىر چىشقا بەشتىن تۆگە تۆلەيدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغاندۇر.دارىمى تۆت كىتاپ توپلىغان يەنى نەسەئى،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە.

**3484 – [ 9 ] الفصل الأول** ( **لم تتم دراسته** )

**وعن ابن عباس قال : جعل رسول الله صلى الله عليه وسلم أصابع اليدين والرجلين سواء . رواه أبو داود والترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇت ــ قولنىڭ بارماقلىرىنى ئوخشاش قىلغان.(يەنى پۇت ـ قولنىڭ ھەربىر بارماققا 10دىن تۆگە تۆلەيدۇ)، تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3495 – [ 10 ]** ( صحيح )**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الأصابع سواء والأسنان سواء الثنية والضرس سواء هذه وهذه سواء " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بارماقلار باراۋەر، چىشلار باراۋەر، ئوتتۇر چىش بىلەن ئېزىق چىش باراۋەر، باش بارماق بىلەن چىمچىلاق بارماق باراۋەر، (بىر بارماققا 10 تۆگە، ھەر بىر چىشقا بەش تۆگە تۆلەيدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بارماقلار ئوخشاش، باراۋەردۇر، ئوندىن تۆگە دىيەت بېرىلىدۇ، (بىر بارماققا 10 تۆگە تۆلەيدۇ) ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3496 – [ 11 ]** ( حسن )**وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : خطب رسول الله صلى الله عليه وسلم عام الفتح ثم**

قال : " أيها الناس إنه لا حلف في الإسلام وما كان من حلف في الجاهلية فإن الإسلام لا يزيده إلا شدة المؤمنون يد على من سواهم يجير عليهم أدناهم ويرد عليهم أقصاهم يرد سراياهم على قعيدهم لا يقتل مؤمن بكافر دية الكافر نصف دية المسلم لا جلب ولا جنب ولا تؤخذ صدقاتهم إلا في دورهم " . وفي رواية قال : " دية المعاهد نصف دية الحر " . رواه أبو داود

جۇبەيىر،ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھى يىلى خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دىگەن: ئى ئىنسانلار!ئىسلام دىنىدا قەسەم قىلىشىپ ئاكا ـ ئىنى بولۇش يوق، جاھالىيەتتە شۇنداق قەسەملەر بولۇپ قالسا، ئىسلام دىنى ئۇ قەسەمگە پەقەت قاتتىقلىقنى زىيادە قىلىپ تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىدۇ، ۋاپا قىلىشا بولىدۇ. (ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەلدۇر). مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى، قانلىرى، باراۋەردۇر، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاجىز مەرتىۋىسى تۆۋەنمۇ ئەھدىنى ئىجرا قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ يىراقتىكىسىمۇ ئۇلارنى قوغداپ ھىمايە قىلىپ، ئەھدىسىنى قوغداپ ۋاپا قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەن كىشىلەرگە قارشى كۈچ توپلاپ، ياردەملىشىپ، قارشى تۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىرى ئۇلاغلىقلىرى، ئاجىزلىرىغا، جەڭگە قوشۇن تارتىپ چىققانلىرى، ئۆزرە بىلەن ئولتۇرغانلارغا غەنىيمەت بېرىپ ياردەم بېرىدۇ، غەنىيمەتتىن نىسىۋە بېرىدۇ. مۆئمىن كاپىرنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئەھدە ئىگىسى ئەھدىسى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. كاپىرنىڭ تۆلەم پۇلى مۇسۇلماننىڭ تۆلەم پۇلىنىڭ يېرىمىغا تەڭ يەنى 50 تۆگە بېرىلىدۇ، ئەھدە ئىگىسىنىڭ تۆلەم پۇلى ھۆر ئەركىن كىشىنىڭ تۆلەم پۇلىنىڭ يېرىمىغا تەڭ يەنى 50 تۆگە بېرىلىدۇ، زاكات يىغقۇچى خادىمنىڭ ئاسان ئېلىشى ئۈچۈن چارۋا ــ ماللار بىر جايغا يىغىپ توپلانمايدۇ، زاكات خادىملىرىغا قىيىنلاشتۇرۇپ، مال ئىگىسى، چارۋىلارنى يىراققا ئېلىپ قاچمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆشرە ــ زاكات، سەدىقىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىيارلىرىدا بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىر، مىسكىنلىرىگە بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 2371 ــ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

3497 – [ 12 ] ( لم تتم دراسته )وعن خشف بن مالك عن ابن مسعود قال : قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم في دية الخطأ عشرين بنت مخاض وعشرين ابن مخاض ذكور وعشرين بنت لبون وعشرين جذعة وعشرين حقة " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي والصحيح أنه موقوف على ابن مسعود وخشف مجهول لا يعرف إلا بهذا الحديث وروى في شرح السنة أن النبي صلى الله عليه وسلم ودى قتيل خيبر بمائة من إبل الصدقة وليس في أسنان إبل الصدقة ابن مخاض إنما فيها ابن لبون

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خاتا قاتىللىقنىڭ تۆلەم پۇلىغا 20دانە ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە، 20دانە ئىككى ياشلىق ئەركەك تۆگە، 20دانە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگە، 20دانە تۆت ياشلىق چىشى تۆگە، 20دانە بەش ياشلىق تۆگە جەمئى 100تۆگە بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ،نەسەئىتوپلىغان.يەنەبىردە 100تۆگىنىڭ ئارىسىدائۈچ ياشلىق ئەركەك تۆگەباردۇر.

3498 – [ 13 ] ( حسن )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : كانت قيمة الدية على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم ثمانمائة دينار أو ثمانية آلاف درهم ودية أهل الكتاب يومئذ النصف من دية المسلمين قال : فكان كذلك حتى استخلف عمر رضي الله عنه فقام خطيبافقال ان الابل قد غلت قال ففرضهاعلى أهل الذهب ألف دينار وعلى أهل الورق اثني عشر ألفا وعلى أهل البقر مائتي بقرة وعلى أهل الشاء ألفي شاة وعلى أهل الحلل مائتي حلة قال : وترك دية أهل الذمة لم يرفعها فيما رفع من الدية . رواه أبو داود

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا دىيەت تۆلەم

پۇلىنىڭ قىممىتى 800 دىنار ئالتۇن ياكى 8000 دەرھەم كۈمۈش پۇل ئىدى، شۇكۈنلەردە ئەھلى كىتاپلارغا بېرىلىدىغان تۆلەم پۇلى مۇسۇلمانلارنىڭ تۆلەم پۇلىنىڭ يېرىمى يەنى 50تۆگە ياكى 400دىنار ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە سايلانغىچە شۇنداق بولدى، ئاندىن كىيىن ئۇ خۇتبە ئوقۇپ؛ تۆگە قىممەت بولۇپ كەتتى، ئالتۇن ئەھلى 1000 دىنار ئالتۇن، كۈمۈش ئەھلى 12000دەرھەم كۈمۈش بېرىدۇ، كالا ئەھلى 200 كالا، قوي ئەھلى 2000 قوي، كىيىم ـ كېچەك،تون ئەھلى قىممەتلىك توندىن 200تون بېرىدۇ دەپ، ئەھلى زىممى، ئەھلى كىتاپلارنىڭ تۆلەم پۇللىرىنى ئۆز پېتى قويۇپ، يۇقىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ تۆلەم پۇلىنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندەك،ئۇلارنىڭكىنى يۇقىرى كۆتۈرمىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

---

**3499 – [ 14 ]** ( لم تتم دراسته )

**وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه جعل الدية اثني عشر ألفا . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىيەت تۆلەم پۇلىنى 12000 دەرھەم كۈمۈش پۇل قىلىپ بەلگىلىگەن.(12000دەرھەم كۈمۈش ئۆز ۋاقتىدا، 1200ياكى1000دىنار ئالتۇنغا تەڭ ئىدى، 20 دىنار ئالتۇنلا 80 گىرام ئەتراپىدا، تەخمىنەن ھازىرقى جۇڭگو پۇلىدا 8000دىن 14000يۈەنگىچە، ) تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى،دارىمى توپلىغان.

---

**3500 – [ 15 ]** ( لم تتم دراسته )**وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقوم دية الخطأ على أهل القرى أربعمائة دينار أو عدلها من الورق ويقومها على أثمان الإبل فإذا غلت رفع في قيمتها وإذا هاجت رخص نقص من قيمتها وبلغت على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم ما بين أربعمائة دينار إلى ثمانمائة دينار وعدلها من الورق ثمانية آلاف درهم قال : وقضى رسول الله صلى الله عليه وسلم على أهل البقر مائتي بقرة وعلى أهل الشاء ألفي شاة وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العقل ميراث بين ورثة القتيل " وقضى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن عقل المرأة بين عصبتها ولا يرث القاتل شيئا . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەھەر ئەھلىگە خاتا قاتىللىقنىڭ 100تۆگە دىيەت تۆلەمنى، پۇلنىڭ قىممىتىگە سۇندۇرۇپ، 400 دىنار ئالتۇن ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدە كۈمۈش پۇل بېرىشكە بۇيرىغان، بۇقىممەتنى شۇ100تۆگىنىڭ پۇلىغا بوي سۇندۇرغان، تۆگە قىممەت بولۇپ كەتسە، تۆلەم پۇلىنىڭ قىممىتى يۇقىرى كۆتۈرلەتتى، تۆگە ئەرزان بولسا، ئۇنىڭ قىممىتىمۇ تۆۋەن چۈشۈرلەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا دىيەت تۆلەم پۇلىنىڭ قىممىتى 400 دىناردىن 800 دىنار ئالتۇنغىچە، ياكى 8000 دەرھەم كۈمۈش پۇلغىچە يەتكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ يۇقىرقى تۆلەم پۇلىغا كالا ئەھلى 200 كالا، قوي ئەھلى 2000 قوي بېرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى، يۇقىرقى 100تۆگە تۆلەم پۇلى، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرىغا مىراس سۈپىتىدە بېرىلىدۇ دېدى، ئايال كىشىنىڭ تۆلەيدىغان تۆلەم پۇلىنى ئۇنىڭ يېقىن تۇققانلىرى تۆلىشىپ بېرىدۇ، قاتىل مال ـ مۈلۈكتىن ھېچ نەرسىگە ۋارىس بولالمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى توپلىغان.

**3501 – [ 16 ] وعنه عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " عقل شبه العمد مغلظ مثل عقل العمد ولا يقتل صاحبه " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەستەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان شۇبھى قاتىللىقنىڭ دىيەت، خۇن، تۆلەم پۇلى، قەستەن قاتىللىق قىلغانىنىڭ تۆلەم پۇلىغا ئوخشاش 100 تۆگىدۇر، بۇنداق شۇبھى قاتىللىق قىلغۇچى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، (لېكىن 100 تۆگە تۆلەيدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**3502 – [ 17 ] ( لم تتم دراسته )وعنه عن أبيه عن جده قال : قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم في العين القائمة السادة لمكانها بثلث الدية . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،گەرچە كۆرۈشى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ لېكىن ئۆز ئورنىدا ساق تۇرغان كۆزگە 33 تۆگە تۆلەم بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان.ئەبۇداۋۇد،نەسەئى توپلىغا

**3503 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن محمد بن عمرو عن أبي سلمة عن أبي هريرة قال : قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم في الجنين بغرة : عبد أو أمة أو فرس أو بغل . رواه أبو داود وقال : روى هذا الحديث حماد بن سلمة وخالد الواسطي عن محمد بن عمرو ولم يذكر : أو فرس أو بغل**

ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئىبنى ئەمرۇ،ئەبۇسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قۇرساقتىكى تۇرەلمە بالىغا بىر قۇل ياكى دىدەك، ياكى بىر ئات، ياكى خېچىر بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان.ئەبۇداۋۇد.

**3504 – [ 19 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من تطبب ولم يعلم منه طب فهو ضامن " . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تېۋىپلىق قىلىپ ئادەم داۋالىسا، ئۇ كىشىدىن تېۋىپلىق ئىلمى مەلۇم بولمىسا، بۇ تېۋىپ كېپىل بولۇپ خاتا داۋالىغانىنى تۆلەيدۇ، (ھەتتا خاتا داۋالاپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، 100 تۆگە تۆلەم بېرىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**3505 – [ 20 ] ( لم تتم دراسته )وعن عمران بن حصين : أن غلاما لأناس فقراء قطع أذن غلام لأناس أغنياء فأتى أهله النبي صلى الله عليه وسلم فقالوا : إنا أناس فقراء فلم يجعل عليهم شيئا . رواه أبو داود والنسائي**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ پەقىر كىشىلەرنىڭ بىر ئوغلى باي كىشىلەرنىڭ ئوغلىنىڭ قۇلىقىنى كىسىۋەتتى، ئاندىن ھېلىقى نامىرات كىشىلەر كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز بەك نامىرات پەقىرلارمىز دېدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ھېچ قانداق تۆلەم بېرىشنى بۇيرۇمىدى.ئەبۇداۋۇد، نەسەئى توپلىغان. تەكشۈرۈلمىگەن.

**3506 – [ 21 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته )عن علي رضي الله عنه أنه قال : دية شبه العمد أثلاثا ثلاث وثلاثون حقة وثلاث وثلاثون جذعة وأربع وثلاثون ثنية إلى بازل عامها كلها خلفات وفي رواية : قال : في الخطأ أرباعا : خمسة وعشرون حقة**

وخمس وعشرون جذعة وخمس وعشرون بنات لبون وخمس وعشرون بنات مخاض . رواه أبو داود

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن؛ قەستەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان قاتىللىقنىڭ دىيەت تۆلەم پۇلى يەنى 100 تۆگە ئۈچ خىلغائايرىلىپ بېرىلىدۇ، 33 دانە تۆت ياشلىق چىشى تۆگە، 33دانە بەش ياشلىق چىشى تۆگە، 34دانە ئالتە ياشلىقتىن توققۇز ياشلىققىچە چىشى تۆگە، بۇ34تۆگىنىڭ ھەممىسى كامىل ئالتە ياشقا توشقان، بوغاز بولۇشى كېرەك. يەنەبىرخاتىردە؛ خاتا قاتىللىقنىڭ تۆلەم پۇلى تۆت خىلغا ئايرىلىپ بېرىلىدۇ، 25 دانە تۆت ياشلىق چىشى تۆگە، 25دانە بەش ياشلىق چىشى تۆگە، 25 دانە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگە، 25 دانە ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە جەمئى 100 تۆگە بېرىلىدۇ. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

3507 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن مجاهد قال : قضى عمر رضي الله عنه في شبه العمد ثلاثين حقة وثلاثين جذعة وأربعين خلفة ما بين ثنية إلى بازل عامها . رواه أبو داود

مۇجاھىد رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەستەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان قاتىللىقنىڭ دىيەت تۆلەم پۇلىنى مۇنداق ھۆكۈم قىلغان؛ 30 دانە تۆت ياشلىق چىشى تۆگە، 30دانە بەش ياشلىق چىشى تۆگە، 40دانە ئالتە ياشلىقتىن توققۇز ياشلىققىچە بوغاز چىشى تۆگە، بۇ40 تۆگىنىڭ ھەممىسى كامىل ئالتە ياشتىن ئاشقان، ھەممىسى بوغاز بولۇشى كېرەك. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

3508 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وعن سعيد بن المسيب : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قضى في الجنين يقتل في بطن أمه بغرة عبد أو وليدة . فقال الذي قضى عليه : كيف أغرم من لا شرب ولا أكل ولا نطق ولا استهل ومثل ذلك يطل . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما هذا من أخوان الكهان " . رواه مالك والنسائي مرسلا

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەھ دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئۆلتۈرۈلگەن تۆرەلمە بالىغا بىر قۇل ياكى بىر دېدەك تۆلەم بېرىشكە ھۆكۈم قىلسا، تۆلەمنى بېرىدىغان جاۋاپكار؛مەن نېمە دەپ ئىچمىگەن،يېمىگەن،بىرەر نەرسە يېيەلمەيدىغان، ئاۋاز ياكى سۆز قىلالمايدىغان كىچىك بالىغا تۆلەم بەرگىدەكمەن؟ بۇنداق بالىنىڭ قېنى بىكاردۇر، مەن ئۇنىڭغا قانداقمۇ قەرز بولغىدەكمەن؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەققەتەن بۇ كىشى جىنكەش،گەپدانلارنىڭ قېرىندىشى ئىكەن دەپ كايىدى.نەسەئى،مالىك توپلىغان. ھەملۇ ئىبنى نابىغە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاتا قاتىللىق قىلغاندىكى دىيەت 100 تۆگىنى قاتىلنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى تۆلىشىپ بېرىدۇ، ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتسە، بىر قۇل ياكى دېدەك، چۆرە تۆلەيدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3509 – [ 24 ] ( لم تتم دراسته )ورواه أبو داود عنه عن أبي هريرة متصلا

## باب ما يضمن من الجنايات – الفصل الأول جىنايەتتىن نېمىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش توغرىسىدا

3510 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العجماء جرحها جبار والمعدن جبار والبئر جبار "

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلسىز ھايۋانىنىڭ جاراھەتلەندۈرۈشى، قۇدۇقنىڭ، مەدەن، كانىنىڭ ئىچىدە بىرەر كىشىنىڭ ھالاك بولۇشى بىكاردۇر، يەنى تۆلەم يوق، تېپىۋېلىنغان كاك بايلىقىغا بەشتىن بىرىنى بېرىدۇ، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،

نەبرانى،بۇخارى،مۇسلىم،بۇنىڭدىن كىيىنكى تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

**3511 – [ 2 ] ( متفق عليه )وعن يعلى بن أمية قال : غزوت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم جيش العسرة وكان لي أجير فقاتل إنسانا فعض أحدهما الآخر فانتزع المعضوض يده من في العاض فأندر ثنيته فسقطت فانطلق إلى النبي صلى الله عليه وسلم فأهدر ثنيته وقال : " أيدع يده في فيك تقضمها كالفحل "**

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن،يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نەببۇكتىكى ئەڭ قىيىن ئۇرۇشنى قىلغان ئىدىم، مەن ئىجارىگە ئالغان بىر كىشى يەنە بىر كىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئۇلارنىڭ بىرسى يەنەبىرسىنىڭ قولىنى چىشلىۋالدۇ، ئۇ قولىنى تارتىۋالسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇتتۇر چىشىدىن ئىككى تال چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا داۋا قىلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ چىشىنىڭ تۆلەم پۇلىنى بىكار قىلىۋېتىپ: مېنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ ئۇ قولىنى ئېغىزىڭدا تارتىۋالماي قويسا، سەن ئۇنى خۇددى ئەركەك تۆگە چىشلەپ ئۈزگەندەك چىشلەپ ئۈزىۋەتسەڭ ھە! مېنى شۇنىڭغا بۇيرىسۇن دەمسەن؟ ھەي! قولۇڭنى بۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بەرگىن، ئۇ چىشلىسۇن، ئاندىن قولۇڭنى تارتىۋال، سەن شۇنداق قىلىپ باققىن قېنى؟ دەپ كايىدى. مۇسلىم 3171 _ ھەدىس، بۇخارى 4065 _ ھەدىس ۋە باشقىلار تويلىغان، سەھىھ. ئىمران، يەئلا، مەسلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قولىنى چىشلىۋالسا، ئۇ قولىنى تارتىشى بىلەنلا ئۇنىڭ چىشى چۈشۈپ كېتىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەرز قىلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىڭلار قېرىندىشىنى خۇددى ئەركەك تۆگە چىشلىگەندەك چىشلەمدۇ؟ ئۇ چىشقا تۆلەم پۇلى يوق دىگەن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

**3512 – [ 3 ] ( متفق عليه )وعن عبد الله بن عمرو قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من قتل دون ماله فهو شهيد**

ئىبنى ئەمرۇ، سەئىد، بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مېلىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ. ئەھەمد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان تويلىغان، سەھىھ. سەئىد ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم قېنىنى، جېنىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم دىنىنى، ئىمانىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شېھىد، كىم ئەھلىنى، بالىلىرىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇمۇ شېھىد بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان ئۈچ كىتاب تويلىغان، سەھىھ. سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم زۇلۇمغا ئۇچراپ، زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، شېھىد بولىدۇ. (شەرتى، مۆئمىن بولۇش). نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى ، سەھىھ.

**3513 – [ 4 ] ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : جاء رجل فقال : يا رسول الله أرأيت إن جاء رجل يريد أخذ مالي ؟ قال : " فلا تعطه مالك " قال : أرأيت إن قاتلني ؟ قال : " قاتله " قال : أرأيت إن قتلني ؟ قال : " فأنت شهيد " . قال : أرأيت إن قتلته ؟ قال : " هو في النار " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، بىركىشى كېلىپ مېنىڭ مېلىمنى ئېلىۋېلىشنى مەقسەت قىلسا، قانداق قىلىمەن؟دېدى.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئۇنىڭغامېلىڭنى بەرمىگىن،دېدى. ئۇكىشى؛ ئەگەر ئۇ مەن بىلەن مالنى تالىشىپ ئۇرۇش

قىلىسچۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ: سەنمۇ مىلىگىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلغىن دېدى، ئۇكىشى؛ ئۇ مىنى ئۆلتۈرىۋەتسىچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: سەن مىلىگىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسەڭ، شېھىد بولىسەن دېدى، ئۇ: ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسەمچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇبۇلاگچى دەۋزەختە بولىدۇ دېدى. مۇسلىم توپلىغان.

**3514 – [ 5 ]** ( متفق عليه )وعنه أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لو اطلع في بيتك أحد ولم تأذن له فخذفته بحصاة ففتأت عينه ما كان عليك من جناح "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر بىر كىشى ئىزنىسىز، رۇخسەتسىز ئىشىكىڭنىڭ يوچۇقىدىن ساڭا مارىلاپ قارىسا، ئاندىن سەن ئۇ كىشىگە تاش ئېتىپ، كۆزىنى قۇيىۋەتسەڭ، ساڭا ھىچ گۇناھ، جىنايەت يوقتۇر. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، رۇخسەت سوراش، كۆزنىڭ جەھتىدىن يولغا قويۇلغان.

**3515 – [ 6 ]** ( متفق عليه )وعن سهل بن سعد : أن رجلا اطلع في جحر في باب رسول الله صلى الله عليه وسلم ومع رسول الله صلى الله عليه وسلم مدرى يحك به رأسه فقال : " لو أعلم أنك تنظرني لطعنت به في عينيك إنما جعل الاستئذان من أجل البصر "

سەھلى ئىبنى سەئىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇجرىسى ئىچىگە ئىشىك يۇچىقىدىن مارىلاپ قارىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىدابېشىنى قاشلاپ ناراۋاتقان تاغاقتەك ياغاچ بار ئىدى،ئۇنىڭغا: ئەگەر مەن سېنىڭ مارىلاپ قارىشىڭنى بىلگەن بولسام، بۇ تاغاقنى كۆزۈڭگە سانجىۋەتكەن بولاتتىم، ھەققەتەن ئىزنى، رۇخسەت سوراش دىگەن كۆزنىڭ جەھتىدىن، كۆرۈپ قېلىشىدىن يولغا قويۇلغان دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ.

**3516 – [ 7 ]** ( متفق عليه )وعن عبد الله بن مغفل أنه رأى رجلا يخذف فقال : لا تخذف فإن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن الخذف وقال : " إنه لا يصاد به صيد ولا ينكأ به عدو ولكنها قد تكسر السن وتفقأ العين "

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ بىركىشىنىڭ تاش ئاتقىنىنى كۆرۈپ؛ سوزماقتا تاش ئاتمىغىن ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوزماقتا تاش ئېتىشتىن توسقان ۋە ھەققەتەن ئۇ، ئۇۋنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، دۈشمەننى ئېغىر يارىدار قىلالمايدۇ. لېكىن، ئۇ باللارنىڭ كۆزىنى قويۇپ، چىشنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ دىگەن. (دىنسىز دۈشمەننىڭ كۆزىنى قويسا ياخشى بولاتتى). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3517 – [ 8 ]** ( متفق عليه )وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا مر أحدكم في مسجدنا وفي سوقنا ومعه نبل فليمسك على نصالها أن يصيب أحدا من المسلمين منها بشيء "

ئەبۇ مۇسۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار، مەسجىدىمىزدىن، بازارلىرىمىزدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوقيا بولسا،ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارغا مۇسىيبەت يەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوقياسىنىڭ ئۇچىنى قولى بىلەن تۇتىۋالسۇن، مۇسۇلمان كىشىنى جاراھەتلەندۈرمىسۇن، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**3518 – [ 9 ]** ( متفق عليه )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يشير أحدكم على أخيه بالسلاح

**فإنه لا يدري لعل الشيطان يترع في يده فيقع في حفرة من النار "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىغا قۇرال بىلەن ئىشارەت قىلمىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ بىلمەي قالىدۇ، شەيتان قۇرالنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى دوۋزاخنىڭ گىرۋىكىگە، لىۋىگە ئاپىرىپ قويىدۇ، (ئەگەر قارشى تەرەپكە قۇرال تىڭىپ ئۇلسە،ئۇقاتىل دوۋزاخقا كىرىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3519 – [ 10 ] ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أشار إلى أخيه بحديدة فإن الملائكة تلعنه حتى يضعها وإن كان أخاه لأبيه وأمه " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا تەھدىد سېلىپ، تۆمۈر تىغ بىلەن ئىشارەت قىلسا، تەھدىد سېلىنغان، ئىشارەت قىلىنغان كىشى گەرچە بىر دادا بىر ئانىدىن بولغان قېرىندىشى بولسىمۇ، ھەقىقەتەن پەرىشتىلەر ئىشارەت قىلغۇچىغا قۇرالىنى قويغانغا قەدەر لەنەت قىلىدۇ.بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3520 – [ 11 ] ( صحيح )وعن ابن عمر وأبي هريرة رضي الله عنهم عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من حمل علينا السلاح فليس منا " . رواه البخاري وزاد مسلم : " ومن غشنا فليس منا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىزگە قارشى قۇرال كۆتۈرسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس، كىم بىزنى ئالداپ بىزگە ساختىپەزلىك قىلسا، ئۇمۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس.بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بىز، بىزدىن ئەمەس دىگەننى يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن.

**3521 – [ 12 ] ( صحيح )**

**وعن سلمة بن الأكوع قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سل علينا السيف فليس منا " . رواه مسلم**

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىزگە قارشى قىلىچنى غىلاپىدىن سۇغارسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس،(يەنى ئۇمۇسۇلمان ئەمەس).ئەھمەد،مۇسلىم سەھىھ.

**3522 – [ 13 ] ( صحيح )وعن هشام بن عروة عن أبيه أن هشام بن حكيم مر بالشام على أناس من الأنباط وقد أقيموا في الشمس وصب على رؤوسهم الزيت فقال : ما هذا ؟ قيل : يعذبون في الخراج فقال هشام : أشهد لسمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله يعذب الذين يعذبون الناس في الدنيا " . رواه مسلم**

ئىياز ئىبنى غەنەم، ھىشام ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئۇ شامدا نىبتىيلەردىن بولغان بىرتۈركۈم كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ، ئۇلار ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلۇپ، باشلىرىغا قىزىتىلغان ياغ قۇيىلىۋېتىپتۇ، ئۇ؛ بۇ نىمە ئىش؟ دىسە، ئۇلار؛ بۇكىشىلەر دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن خىراج باجنى بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئازاپلىنىۋاتىدۇ دىدى، ئاندىن ھىشام ؛ گۇۋاھلىق بىرىمەنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئازابلىغانلارنى ئازابلايدۇ،دىدى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ئام بولۇپ، ھەرقانداق ئازابتا ئازابلىسا، قىيامەت كۈنى ئازاپلىغۇچىلار ئازابلىنىدۇ، ھەتتا، مۇھەببەت ئازابىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**3523 – [ 14 ]** ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يوشك إن طالت بك مدة أن ترى أقواما في أيديهم مثل أذناب البقر يغدون في غضب الله ويروحون في سخط الله " . وفي رواية : " ويروحون في لعنة الله " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر ساڭا ھاياتلىق مۇددىتى ئۇزۇن بولۇپ قالسا، قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچا بار كىشىلەرنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن، ئۇلار ئەتىگەندە ئاللاھنىڭ غەزىپى ئىچىدە چىقىپ، يەنە كەچتە ئاللاھنىڭ كايىشى، ئاچچىقلىشى،لەنىتى ئىچىدە قايتىپ كېلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئۇلار، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان زالىملاردۇر.

**3524 – [ 15 ]** ( صحيح )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صنفان من أهل النار لم أرهما : قوم معهم سياط كأذناب البقر يضربون بها الناس ونساء كاسيات عاريات مميلات مائلات رؤوسهم كأسنمة البخت المائلة لا يدخلن الجنة ولا يجدن ريحها وإن ريحها لتوجد من مسيرة كذا وكذا " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دوۋزاخ ئەھلىدىن ئىككى سىنىپ كىشىلەر بار بولۇپ، مەن تېخى ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىدىم، (يەنى بۇندىن كېيىن چىقىدۇ) بىرسى كالىنىڭ قۇيرىقىدەك قامچىلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ كىشىلەرنى ئۇرىدىغان كىشىلەردۇر، (يەنى زالىملار) يەنە بىرسى بولسا، ئەمەلىيەتتە كىيىم كىيىۋالغان، ئەمما ئۆزىنىڭ كىيىمى نىپىز، بەزى جايىدا بولمىغاچقا يالىڭاچ ھېسابلىنىدىغان ياكى زىننەت كىيىمنى كىيىۋالغان تەقۋالىق كىيىمدىن يالىڭاچ ياكى نىئمەت كىيىمنى كىيىۋالغان شۈكرىدىن يالىڭاچ،ياخشى كىيىمنى كىيىۋالغان ياخشىلىقدىن يالىڭاچ، بەزى يېرىگە كىيىم كىيىۋالغان بەزى يېرى يالىڭاچ ئاياللاردۇر، تائەتتىن مايىل، مېڭىشىدا كىبرە قىلىشىدا مايىل، ئەرلەرگە مايىل ھەم ئەرلەرنى مايىل قىلغۇچى، قەلبىنى پىتنە _ پاسادقا مايىل قىلغۇچى، بېشى، چېچى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك، چېچىنى مۈڭگۈز چىقىرىپ گەردىنىگە تۈگۈپ، باشقىلارغا كۆرسەتكۈچى ئاياللار بولۇپ، بۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ھەتتا، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ پۇراقلىرى مانداق _ مانداق، يەنى 500 يىل مۇساپىدىن تېپىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.شەيىخ زەندانى بۇھەدىسنى مۆجىزە قاتارىغا تىزغان.

**3525 – [ 16 ]** ( متفق عليه )

وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قاتل أحدكم فليجتنب الوجه فإن الله خلق آدم على صورته "

ئەبۇ سەئىد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار قېرىندىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا،ئۇنىڭ يۈزىگەئۇرۇشتىن ھەزەر قىلسۇن، چۈنكى **الله** تائالا ئادەم ئاتىنى ئۆزى نەرەپتىن بولغان ئالاھىدە گۈزەل سۈرەتتە ياراتقاندۇر. (ياكى بىرىڭلار ئۇرماقچى بولغان شۇكىشىنىڭ سۈرىتىدە ياراتقاندۇر، ياكى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل سۈرىتىدە ياراتقاندۇر)بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3526 – [ 17 ]** الفصل الثاني ( لم تتم دراسته )

عن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كشف سترا فأدخل بصره في البيت قبل أن يؤذن له فرأى عورة أهله فقد أتى حدا لا يحل له أن يأتيه ولو أنه حين أدخل بصره فاستقبله رجل ففقأ عينه ما عيرت عليه وإن مر الرجل على باب لا ستر له غير مغلق فنظر فلا خطيئة عليه إنما الخطيئة على أهل البيت " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىركىشىنىڭ ئۆيىنىڭ پەردىسىنى قېرىپ ئىچىپ، ئىزنى رۇخسەت قىلىنىشىدىن بۇرۇن ئۆيگە مارىلاپ قاراپ، ئۆي ئەھلىنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇ كىلىش ھالال بولمايدىغان، تەزىر جازاسىغالايىق قىلىپ قويىدىغان بىرھەدجازاغا كەلگەن بولىدۇ(يەنى جازالاشقا لايىق بولىدۇ) ئەگەر ئۇكىشى ئۆي ئىچىگە مارىلاپ قاراۋاتقاندا، بىركىشى چىقىپ ئۇنىڭ كۆزىنى قويىۋەتسە، مەن ئۇنى ئەيىبلىمەيمەن. ئەگەر بىركىشى يول بويىدىكى تاقالمىغان، يېپىپ قويۇلمىغان، پەردىمۇ تارتىلمىغان ئىشكىنىڭ ئۇتتۇرىدىن ئۆتۈپ، ئۆي ئىچىگە قاراپ سالسا، ئۇكىشىگە خاتالىق يوق. خاتالىق ئىشىككە پەردە تارتمىغان ئۆي ئەھلىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.تىرمىزى توپلىغان.

**3527 – [ 18 ] وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يتعاطى السيف مسلولا . رواه الترمذي وأبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ يالىڭاچ ھالەتتە بىرسى _ بىرسىگە سۇنۇپ بېرىشىدىن توسقان. (غىلىپىغا سېلىپ تۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىغان). ئەھمەد 14215 _ ھەدىس، تىرمىزى 2089 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2221 _ ھەدىس، ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**3528 – [ 19 ] وعن الحسن  عن سمرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى أن يقد السير بين أصبعين . رواه أبو داود**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بارماق ئارىسىدىكى سۇيۇلۇپ كەتكەن تېرىنى كېسىشتىن توسقان.ياكى ئىككى بارماق ئارىسىدا تېرە كېسىشتىن توسقان(چۈنكى كەسكۈچى خاتالىشىپ بارمىقىنى جاراھەتلەندۈرۈپ قويىدۇ، )ئەبۇداۋۇد2222 _ ،ھاكىممۇ توپلىغان سۈيۈتى سەھىھ دېگەن،ئەلبانىي ھەسەن دېدى.ياكى ھەدىسنىڭ مەنىسى ئىككى بارماق ئارىسىدا تىغ بىسلىق نەرسىنى سۈرتۈپ ئەيتىشتىن توسقان دېگەنمۇ بولىدۇ.

**3529 – [ 20 ] ( صحيح ) وعن سعيد بن زيد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من قتل دون دينه فهو شهيد ومن قتل دون دمه فهو شهيد ومن قتل دون ماله فهو شهيد ومن قتل دون أهله فهو شهيد " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دىنىنى، ئىمانىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شېھىد، كىم قېنىنى، جېنىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم ئەھلىنى، باللىرىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇمۇ شېھىد بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3530 – [ 21 ] وعن ابن عمر رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لجهنم سبعة أبواب : باب منها لمن سل السيف على أمتي أو قال : على أمة محمد " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وحديث أبي هريرة : " الرجل جبار " ذكر في " باب الغضب "هذا الباب خال من الفصل الثالث**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەھەننەمنىڭ يەتتە ئىشىكى باردۇر، ئۇنىڭدىن بىرئىشكى مەخسۇس مېنىڭ ئۈممەتىمگەقارشى يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىگە قارشى قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغارغان كىشىلەر ئۈچۈنلا ئۇچۇقتۇر.تىرمىزى توپلىغان.

## باب القسامة – الفصل الأول　　قەسەم قىلدۇرۇش توغرىسىدا

**3531 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) **عن رافع بن خديج وسهل بن أبي حثمة أنهما حدثا أن عبد الله بن سهل ومحيصة بن مسعود أتيا خيبر فتفرقا في النخل فقتل عبد الله بن سهل فجاء عبد الرحمن بن سهل وحويصة ومحيصة ابنا مسعود إلى النبي صلى الله عليه وسلم فتكلموا في أمر صاحبهم فبدأ عبد الرحمن وكان أصغر القوم فقال له النبي صلى الله عليه وسلم : " كبر الكبر قال يحيى بن سعد : يعني ليلي الكلام الأكبر فتكلموا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " استحقوا قتيلكم أو قال صاحبكم بأيمان خمسين منكم " . قالوا : يا رسول الله أمر لم نره قال : فتبرئكم يهود في أيمان خمسين منهم ؟ قالوا : يا رسول الله قوم كفار ففداهم رسول الله صلى الله عليه وسلم من قبله . وفي رواية : " تحلفون خمسين يمينا وتستحقون قاتلكم أو صاحبكم " فوداه رسول الله صلى الله عليه وسلم من عنده بمائة ناقةوهذا الباب خال من الفصل الثاني**

رافىئ ، سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئابدۇ**الله** ئىبنى سەھلى بىلەن مۇھەييەسەت ئىبنى مەسئۇد خەيبەرگە بېرىپ، خورمىزارلىقتا بىر-بىردىن ئايرىلىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئىبنى سەھلى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئابدۇررەھمان ئىبنى سەھلى ۋە مەسئۇدنىڭ ئىككى ئوغلى ھۇۋەييەسەت بىلەن مۇھەييەسەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھەمراھىنىڭ ئىشى توغرىسىدا سۆز قىلدۇ، قەۋمىنىڭ كىچىكرەكى بولغان ئابدۇررەھمان سۆزلەشكە باشلىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چوڭلارنى سۆزلىگىلى قويغىن، ئالدى بىلەن چوڭلار سۆز قىلسۇن دېدى. ئاندىن ئۇلار سۆزلىرىنى دەپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سىلەردىن 50 كىشىنىڭ قەسەم قىلىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ھەمراھىڭلارنىڭ تۆلەم پۇلىنى تەلەپ قىلساڭلار بۇلىدۇ دېدى، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز بۇنداق قارىمايمىز، بۇ بىزنىڭ كۆزقارىشىمىز ئەمەس تۇرسا، بىز قانداق قەسەم قىلىمىز؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق بولسا، خەيبەر يەھۇدىيلىرىدىن 50 كىشى قەسەم قىلىپ، سىلەرنىڭ گۇمانىڭلارنى يوق قىلىپ، تۆھمەتتىن قۇتۇلىدۇ دېدى، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇلار دىگەن كاپىر تۇرسا،(ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ چوڭ-چوڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلغان تۇرسا، بۇ ئۇلارغا قانچىلىك ئىش ئىدى؟)دېدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ يېنىدىن (يەنى بەيتۇلمالدىن)100 تۆگە تۆلەم بەردى.بۇخارى،مۇسلىم.

**3532 – [ 2 ] الفصل الثالث** ( لم تتم دراسته ) **عن رافع بن خديج قال : أصبح رجل من الأنصار مقتولا بخيبر فانطلق أولياؤه إلى النبي صلى الله عليه وسلم فذكروا ذلك له فقال : " ألكم شاهدان يشهدان على قاتل صاحبكم ؟ " قالوا : يا رسول الله لم يكن ثم أحد من المسلمين وإنما هو يهود وقد يجترئون على أعظم من هذا قال : " فاختاروا منهم خمسين فاستحلفوهم " . فأبوا فوداه رسول الله صلى الله عليه وسلم من عنده . رواه أبو داود**

رافىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەنسارلاردىن بىركىشى خەيبەردە ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ يېقىن كىشىللىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ،بۇئىشنى خەۋەر قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەمراھىڭلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ قاتىللىقىغا گۇۋاھلىق بىرىدىغان ئىككى گۇۋاھچىڭلار بارمۇ؟دېدى، ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇجايدا بىرمۇ مۇسۇلمان يوق ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلاردۇر، ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ چوڭ-چوڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلغان تۇرسا، بۇ ئۇلارغا قانچىلىك ئىش ئىدى؟دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلاردىن 50 كىشىنى تاللاپ قەسەم قىلدۇرۇڭلار، خەيبەر يەھۇدىيلىرىدىن 50 كىشى قەسەم قىلىپ، سىلەرنىڭ گۇمانىڭلارنى يوق قىلىپ، تۆھمەتتىن قۇتۇلىدۇ دېدى، ئۇلار« ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇلار دىگەن كاپىر تۇرسا»دەپ،بۇنىڭغا

ئۆتمىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ يېنىدىن (يەنى بەيتۇلمالدىن)100 تۆگە تۆلەم بەردى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

باب قتل أهل الردة والسعاة بالفساد – الفصل الأول

دىندىن قايتىۋالغان كىشىنى، پاساد تېرىپ قالايمىقانچىلىق چىقارغان كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا

3533 – [ 1 ] ( صحيح )

عن عكرمة قال : أتي علي بزنادقة فأحرقهم فبلغ ذلك ابن عباس فقال : لو كنت أنا لم أحرقهم لنهي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تعذبوا بعذاب الله " ولقتلتهم لقول رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من بدل دينه فاقتلوه " . رواه البخاري

ئىكرىمەت رەھ مۇنداق دېدى؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇرتەد دىنسىزلار كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۇلارنى ئوتتا كۆيدۈردى، بۇ ئىش ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەندە، ئۇ:مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، ئۇلارنى ئوتتا كۆيدۈرمەي، قىلىچ بىلەن كاللىسىنى ئېلىپ ئۆلتۈرەتتىم،چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ئازابلىماڭلار، (يەنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئازابلىماڭلار). كىم دىنىنى ئۆزگەرتسە، (يەنى ئىسلام دىنىدىن مۇرتەد بولۇپ باشقا دىنغا قايتىۋالسا) ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، (ساھابىلار ئۇنداق كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالغان، بۇ ئىجمائىدىمۇ بار). ئەھمەد، بۇخارى،ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

3534 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عباس قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن النار لا يعذب بها إلا الله رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (مەن سىلەرنى پالانى بىلەن پالانىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىڭلارغا بۇيرىغان ئىدىم،) ھەققەتەن ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ، پەقەت ئاللاھلا ئازاپلايدۇ، باشقىسى ئازابلىيالمايدۇ، (ئەگەر ئۇلارنى تۇتىۋالساڭلار، كۆيدۈرمەي ئۆلتۈرۈڭلار) ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد، كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئوت بىلەن ئوت ئىگىسى ئاللاھدىن باشقا كىشىنىڭ ئازاپلىشى لايىق ئەمەس، پەقەت ئاللاھلا ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ئازابلاشقا ئەڭ لايىقتۇر، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ھەمزە ئىبنى ئەمرۇلئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر پالانىغا قادىر بولالىساڭلار، ئۇنى ئوت بىلەن كۆيدۈرمەي ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ھەققەتەن ئوت بىلەن ئوتنىڭ ئىگىسى ئاللاھلا ئازابلايدۇ، ئەھمەد 15457 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2299 _ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىس ئىسلام دۈشمىنىگە قارشى دېيىلگەن، ئاۋۋال كۆيدۈرۈۋېتىڭلار دەپ بولۇپ، كېيىن، ئۆلتۈرۈڭلار دېگەن، ئۇلار شۇنداق قىلغان.

3535 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن علي رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " سيخرج قوم في آخر الزمان حداث الأسنان سفهاء الأحلام يقولون من خير قول البرية لا يجاوز إيمانهم حناجرهم يمرقون من الدين كما يمرق السهم من الرمية فأينما لقيتموهم فاقتلوهم فإن في قتلهم أجرا لمن قتلهم يوم القيامة "

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇنىڭدىن كېيىن ئاخىر زاماندا يېشى كىچىك، ئەقلىسىز نادان قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار مەخلۇقلار سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى يەنى ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلىدۇ، (پەقەت ئاغزىدىلا ياخشى سۆز قىلىپ قويىدۇ) ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان

گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، (يەنى قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ) ئۇلارنىڭ ئىمانىمۇ گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ،ئۇلار خۇددى ئوقيا ئوقى نىشانغا تېگىپ، تېزلا چىقىپ كەتلەندەك، ئىسلام دىنىدىن تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلارغا ئۇچراشساڭلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھىدە ئەجىر، مۇكاپات باردۇر.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3536 – [ 4 ]** ( صحيح )**وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يكون أمتي فرقتين فيخرج من بينهما مارقة يلي قتلهم أولاهم بالحق . رواه مسلم**( تمرق مارقة عند فرقة بين المسلمين فيقتلها أولى الطائفتين بالحق)

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىك يۈز بەرگەندە، تەپرىقچى، بۆلگۈنچى بىر قوشۇن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ،ئۈممىتىم ئىككى پىرقە بولۇپ كىتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىككى تائىپىنىڭ ھەقكە يېقىنراقى، ئەلاراقى بولغان بىرجامائە چىقىپ ، خاتا پىرقىنى ئۆلتۈرىدۇ، يەنى ھەقىقەتچىلەر غەلىبە قىلىدۇ، مۇسلىم 1767 _ ھەدىس، بۇ ھەدىس، بۇخارىدا 10 قېتىم كېلىدۇ، 7007 _ ھەدىس، نەسەئى 4032 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4136 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 165 _ ھەدىس، ئەھمەد 10855 _ ھەدىس، سەھىھ،ئالىملار؛خاتا پىرقە، خاۋارىجلار بولارنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باستۇردى دىدى.ۋەيەنە مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خاتالاشقان،لېكىن ئەيۇۋقلىنىدۇ ئەلۋەتتە.

**3537 – [ 5 ]** ( **متفق عليه** )

**وعن جرير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم في حجة الوداع : " لا ترجعن بعدي كفارا يضرب بعضكم رقاب بعض "**

جەرىير، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ بۇكرەت، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا مۇنداق دىگەن: مەندىن كىيىن بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ئۆزئارا جەڭ قىلىشىپ، كاپىرلىققا قايتىپ كەتمەڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،تۆت كىتاب ، سەھىھ.

**3538 – [ 6 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أبي بكرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا التقى المسلمان حمل أحدهما على أخيه السلاح فهما في جرف جهنم فإذا قتل أحدهما صاحبه دخلاها جميعا " . وفي رواية عنه : قال : " إذا التقى المسلمان بسيفهما فالقاتل والمقتول في النار " قلت : هذا القاتل فما بال المقتول ؟ قال : " إنه كان حريصا على قتل صاحبه "**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى مۇسۇلمان بىر _ بىرىگە قارشى قۇرال كۆتۈرۈشۈپ ئۇچراشسا، ھەر ئىككىلىسى دوۋزاخنىڭ گىرۋىگىدە بولىدۇ، بىرسى _ بىرسىنى ئۆلتۈرگەن ھامان ھەر ئىككىسى بىراقلا دوۋزاخقا كىرىدۇ، يەنەبىردە؛ئەبۇ بۇكرەت، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى مۇسۇلمان بىر _ بىرىگە قۇرال، قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇچراشسا، بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۆلتۈرگۈچى قاتىل ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ دوۋزاختا بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، قاتىلغۇ دوۋزاختا بولسۇن، ئۆلتۈرۈلگۈچى كىشىنىڭ ھالى نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، چۈنكى، ئۇمۇ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشكە ھىرىسمەن ئىدى، يەنى جىم تۇرسا ئۆلتۈرەتتى دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام دۆلتى، ئىسلام دۆلتىگە قۇرال كۆتۈرمىسۇن.بولمىسا ئىككى ئالىملىك زىياندۇر.

**3539 – [ 7 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أنس قال : قدم على النبي صلى الله عليه وسلم نفر من عكل فأسلموا فاجتووا المدينة**

**فأمرهم أن يأتوا إبل الصدقة فيشربوا من أبوالها وألبانها ففعلوا فصحوا فارتدوا وقتلوا رعاتها واستاقوا الإبل فبعث في آثارهم فأتي بهم فقطع أيديهم وأرجلهم وسمل أعينهم ثم لم يحسمهم حتى ماتوا " . وفي رواية : فسمروا أعينهم وفي رواية : أمر بمسامير فأحميت فكحلهم بها وطرحهم بالحرة يستسقون فما يسقون حتى ماتوا**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇكلىن قەبىلىسىدىن بىرنەچچە نەپەر كىشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇسۇلمان بولدى، ئاندىن ئۇلارغا مەدىنىنىڭ ھاۋاسى خىل كەلمەي، ئۇلار كېسەل بولۇپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى زاكات تۆگىلىرىنىڭ قېشىغا ىبرىپ، تۆگىلەرنىڭ سۈت،سۈدۈكلىرىدىن ئىچىشكە بۇيرىدى، ئاندىن ئۇلار تۆگىنىڭ سۈت ـ سۈدۈكلىرىنى ئىچىپ ساقىيىشىپلا، مۇرتەد بولۇپ، دىندىن قايتىپ، تۆگەباقىدىغان پادىچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلەرنى ھەيدەپ قاچتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇئىشتىن خەۋەر تېپىپ،ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلار كەلتۈرۈلگەندە، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى كېسىلدى، كۆزلىرى قىزىق تۆمۈر بىلەن قويۇلدى، ئاندىن كەسكەن جايلىرىنى داغلىمايلا، ئۇلارقىززىق ئاپتاپ، ھارارەتكە تاشلاپ قويۇلۇپ، سۇ سورىسىمۇ سۇ بېرىلمىدى، ئاخىرى ئۇلار شۇنداق ئۆلدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.(ئۇلاردىن شۇنداق قىساس ئېلىنىدى،**الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە جەڭ ئېلان قىلغان كىشلەرنىڭ جازاسى قۇرئاندا ئەنە شۇنداقتۇر.)

**3540 – [ 8 ] الفصل الثاني ( جيد )**

**عن عمران بن حصين قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يحثنا على الصدقة وينهانا عن المثلة . رواه أبو داود**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى سەدىقە قىلىشىمىزغا تەرغىپ قىلىپ قىزىقتۇراتتى،(گەرچە دىنسىز كاپىرنى ئۆلتۈرۈشتە بولسىمۇ) كۆز ـ قۇلاقلىرىنى، ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىنى، ئەزالىرىنى كېسىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈشىمىزدىن توساتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان جەييىد.

**3541 – [ 9 ] ( جيد ) ورواه النسائي عن أنس**

ئىمران، ئىبنى ئۆمەر،ئەنەس، مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (گەرچە دىنسىز كاپىرنى ئۆلتۈرۈشتە بولسىمۇ) كۆز ـ قۇلاقلىرىنى، ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىنى، ئەزالىرىنى كېسىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈشدىن توسقان. ھاكىم،نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3542 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الرحمن بن عبد الله عن أبيه قال : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في سفر فانطلق لحاجته فرأينا حمرة معها فرخان فأخذنا فرخيها فجاءت الحمرة فجعلت تفرش فجاء النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " من فجع هذه بولدها ؟ ردوا ولدها إليها " . ورأى قرية نمل قد حرقناها قال : " من حرق هذه ؟ " فقلنا : نحن قال : " إنه لا ينبغي أن يعذب بالنار إلا رب النار " . رواه أبو داود**

ئابدۇررەھماننىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، بىز بىر سەپەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ ھاجىتىگە يۈرۈپ كەتكەندە، بىز ئىككى چۈجىسى بار بىرقۇشنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ چۈجىلىرىنى ئېلىۋالدۇق، قۇش كېلىپ، قاناتلىرىنى يەرگە يېيىپ، پەس ئۇچۇپ باللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ كېلىپ؛ كىم بۇ قۇشنىڭ باللىرىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى؟ ئۇنىڭ

باللىرنى قايتۇرۇپ بىرىڭلار دېدى.ئاندىن بىز كۆيدۈرۈۋېتكەن چۈمۈلە ئۇۋىسىنى كۆرۈپ:بۇنى كىم كۆيدۈردى؟دېدى، بىز: بىز كۆيدۈرۈپ ساپتىمىز دېسەك، رەسۇلۇللاھ : ھەقىقەتەن ئوت بىلەن ئوت ئىگىسى ئاللاھدىن باشقا كىشىنىڭ ئازاپلىشى لايىق ئەمەس، پەقەت ئاللاھلا ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ئازابلاشقا ئەڭ لايىقتۇر، دېدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

**3543 – [ 11 ] وعن أبي سعيد الخدري وأنس بن مالك عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " سيكون في أمتي اختلاف وفرقة قوم يحسنون القيل ويسيئون الفعل يقرؤون القرآن لا يجاوز تراقيهم يمرقون من الدين مروق السهم في الرمية لا يرجعون حتى يرتد السهم على فوقه هم شر الخلق والخليقة طوبى لمن قتلهم وقتلوه يدعون إلى كتاب الله وليسوا منا في شيء من قاتلهم كان أولى بالله منهم قالوا : يا رسول الله ما سيماهم ؟ قال : " التحليق " . رواه أبو داود**

ئەبۇ سەئىد، ئەنەس، ئۇۋەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ، ۋە بىر قەۋىمنىڭ تەپرىقچىلىقى، بۆلۈنۈۋېلىشى يۈز بېرىدۇ، ئۇلار سۆزنى ياخشى قىلىدۇ، ئەمەلنى بولسا يامان قىلىدۇ، قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ،ئۇلار دىنىدىن خۇددى ئوقيا نىشانغا چىقىپ كەتكەندەك،نىشانغا تېگىپ تېزلاچىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلارغا قارشى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىلمىگىچە ئۇلار دىنغا قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇلار بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا چاقىرىدۇ، لېكىن، ئۇلار قۇرئاندىن ھېچبىر يېرىدە ئەمەس، ھېچبىر جايغا ئەمەل قىلمايدۇ،ئۇلاربىزدىن ئەمەس، كىم ئۇلارنى ئۆلتۈرەلىسە، ئۇ ئاللاھقا ئۇلاردىن يېقىنراق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى دائىم چېچىنى چۈشۈرتۈش. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3544 – [ 12 ] وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحل دم امرئ مسلم يشهد أن لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله إلا بإحدى ثلاث زنا بعد إحصان فإنه يرجم ورجل خرج محاربا لله ورسوله فإنه يقتل أو يصلب أو ينفى من الأرض أو يقتل نفسا فيقتل بها " . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈپ ئۆلتۈرۈش، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەنلا ھالال بولىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى رىجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە جەڭ ئېلان قىلىپ چىققان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ياكى دارغا ئېسىلىدۇ، ياكى يۇرتىدىن پالاندى قىلىنىدۇ، گۇناھسىز كىشىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۇنىڭ بارابىرگە قىساس يۈزىسىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3545 – [ 13 ] وعن ابن أبي ليلى قال : حدثنا أصحاب محمد صلى الله عليه وسلم أنهم كانوا يسيرون مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فنام رجل منهم فانطلق بعضهم إلى حبل معه فأخذه ففزع فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحل لمسلم أن يروع مسلما " . رواه أبو داود**

ساھابىلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ماڭغان بىرسەپەردە، ئارام ۋاقتىدا بىركىشى ئۇخلاپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۇخلاپ قالغان كىشىنىڭ يېنىدىكى

ئارغامچىنى تارتىپ ئالسا، ئۇكىشى قاتتىق چۆچۈپ، قورقۇپ كىتىدۇ،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننى قورقۇتۇپ، چۆچۈتىشىتىشى ھالال ئەمەس، (شۇنىڭ ئورنىدا دىنسىزنى قورقۇتسۇن). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3546 – [ 14 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أبي الدرداء عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أخذ أرضا بجزيتها فقد استقال هجرته ومن نزع صغار كافر من عنقه فجعله في عنقه فقد ولى الإسلام ظهره " . رواه أبو داود**

ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم زىممىيلاردىن جىزيە باج تاپشۇرلىدىغان بىر زىمىننى سېتىۋالسا، ئۇكىشى ھىجرىتىنى بىكار قىلغان بولىدۇ، كىم كاپىرلارنىڭ خارلىقىنى ئۇنىڭ گەردىنىدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ گەردىنىگەقىلىۋالسا، (يەنى جىزيەنى ئۆزى بىرىدىغان قىلىۋالسا) ئۇ ئىسلام دىنىنى ئارقىسىغا تاشلاپ،يۈز ئۆرۈپ،دىنىنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3547 – [ 15 ] وعن جرير بن عبد الله قال : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم سرية إلى خثعم فاعتصم ناس منهم بالسجود فأسرع فيهم القتل فبلغ ذلك النبي صلى الله عليه وسلم فأمر لهم بنصف العقل وقال : " أنا بريء من كل مسلم مقيم بين أظهر المشركين " قالوا : يا رسول الله لم ؟ قال : " لا تتراءى ناراهما " . رواه أبو داود**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەسئەم قەبىلىسىگە قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلاردىن بىرقىسىم كىشىلەر سەجدە قىلىش بىلەن (يەنى ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ نامازغا تۇرۇش بىلەن پاناھلىق تىلەپ، ئۆزلىرىنى،جانلىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى،ئۇلار مۇسۇلمانلارئىدى)ئاندىن ئۇلارمۇ ئۇرۇشنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا تىزلا ئۆلتۈرۈلدى، بۇ ئىش رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە، ئۇلارغا يېرىم دىيەت يەنى ھەربىرىگە 50 دىن تۆگە بىرىشكە بۇيرۇپ: مەن، ھەرقانداق مۇشرىك، دىنسىزلارنىڭ ئارىسىدا، قېتىدا مۇقىم تۇرغان ھەرقانداق مۇسۇلماندىن بىزار (يەنى ئۇ ئۆيىنى شۇلارنىڭ ئارىسىدا قىلىدۇ، خوشنا ياشايدۇ، ھۇجۇم قىلىنغاندا بولسا، تەڭ ئۆلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چەكلىنىدۇ، ھەدىسنىڭ دىيىلىشى سەۋەبىمۇ شۇنداق بولغان) مۇسۇلمانلار بىلەن دىنسىز، مۇشرىكلارنىڭ ئوتلىرى، تۈتۈنلىرى بىرگە كۆرۈنمىسۇن، ئۆيى ــ ئۆيىدىن يىراق بولسۇن دىگەن، ئەبۇ داۋۇد 2274 ــ ھەدىس، تىرمىزى 1530 ــ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**3548 – [ 16 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الإيمان قيد الفتك لا يفتك مؤمن " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە، زۇبەيىر، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمان دىگەن؛ خىيانەت قىلىپ، تۇيۇقسىز غەپلەتتە ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توسۇپ، چەكلەپ قويىدى، مۆئمىن تۇيۇقسىز غەپلەتتە قالدۇرۇپ، باشقىلارنى خىيانەت قىلىپ ئۆلتۈرمەيدۇ،(ھەم شۇنداق ئۆلتۈرۈلمەيدۇ) ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**3549 – [ 17 ] وعن جرير عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أبق العبد إلى الشرك فقد حل دمه " . رواه أبو داود**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇل، خوجايىنىدىن شىرىككە قاچسا،(ھەرقانداق بىربەندە شىرىك تەرەپكە قاچسا)ئۇنىڭ قېنى ھالال يەنى ئۇ ئۆلتۈرلىدۇ.ئەبۇداۋۇد.
جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇل، خوجايىنىدىن قاچسا، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3550 – [ 18 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن علي رضي الله عنه أن يهودية كانت تشتم النبي صلى الله عليه وسلم وتقع فيه فخنقها رجل حتى ماتت فأبطل النبي صلى الله عليه وسلم دمها . رواه أبو داود**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر يەھۇدىي ئايال دائىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تىللاپ، ئەيىبلەپ تەنە قىلاتتى،ئازار بىرىپ دەشنام قىلاتتى، مۇسۇلمانلاردىن بىركىشى ئۇئايالنى بوغۇپ ئۆلتۈردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇئايالنىڭ قېنىنى بىكار قىلىپ تۆلەم بىكىتمىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3551 – [ 19 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حد الساحر ضربة بالسيف " . رواه الترمذي**

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سېھرگەرنىڭ جازاسى قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتۇر. تىرمىزى توپلىغان.

**3552 – [ 20 ] الفصل الثالث عن أسامة بن شريك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما رجل خرج يفرق بين أمتي فاضربوا عنقه " . رواه النسائي**

ئۇسامەت ئىبنى شەرىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قانداق بىر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئارىلىقىنى تەپرىقچىلىق سېلىپ ئايرىۋېتىش ئۈچۈن بەيئەت تەلەپ قىلىپ چىقسا، ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇپ، كاللىسىنى ئېلىڭلار! نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3553 – [ 21 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن شريك بن شهاب قال : كنت أتمنى أن ألقى رجلا من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم أسأله عن الخوارج فلقيت أبا برزة في يوم عيد في نفر من أصحابه فقلت له : هل سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يذكر الخوارج ؟ قال : نعم سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم بأذني ورأيته بعيني : أتي رسول الله صلى الله عليه وسلم بمال فقسمه فأعطى من عن يمينه ومن عن شماله ولم يعط من وراءه شيئا . فقام رجل من ورائه فقال : يا محمد ما عدلت في القسمة رجل أسود مطموم الشعر عليه ثوبان أبيضان فغضب رسول الله صلى الله عليه وسلم غضبا شديدا وقال : " والله لا تجدون بعدي رجلا هو أعدل مني " ثم قال : " يخرج في آخر الزمان قوم كأن هذا منهم يقرؤون القرآن لا يجاوز تراقيهم يمرقون من الإسلام كما يمرق السهم من الرمية سيماهم التحليق لا يزالون يخرجون حتى يخرج آخرهم مع المسيح الدجال فإذا لقيتموهم هم شر الخلق والخليقة " . رواه النسائي**

ئىبنى شىھاب رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىرەر ساھابىگە ئۇچراپ، خاۋارىج توغرۇلۇق سورۇشۇمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، مەن ھېيىت كۈنى نۇرغۇن ساھابىلار ئارىسىدا ئەبۇبەرزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچراپ ئۇنىڭغا؛ سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن خاۋارىج توغرۇلۇق بىرەر سۆز ئاڭلىغانمۇ؟دەپ سورسام، ئۇماڭا؛ ھەئە، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىككى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ،مۇشۇئىككى قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مال كىلىۋىدى، ئۇنى تەقسىم قىلىپ، ئوڭ ۋە سول نەرپىدىكىلەرگە بىرىپ، ئارقىدىكىلەرگە ھېچ نەرسە بەرمىدى، ئارقا تەرەپتىن چىرايى قارا، بېشىدا پەقەت چاچ يوق، ئۇستىدە ئىككى دانە ئاق كىيىم بار بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەقسىماتتا ئادىللىق قىلمىدىڭ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق غەزەپ قىلىپ؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، سىلەر مەندىن كىيىن مەندىنمۇ ئادىلراق بىرەر كىشىنى قەتئى تاپالمايسىلەر، بۇنىڭدىن كىيىن ئاخىر زاماندا (يېشى كىچىك، ئەقىلسىز نادان قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار مەخلۇقلار سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى

قىلدۇ، )گويياكى مۇشۇ كىشى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندەك قىلدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، (يەنى قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ) ئۇلارنىڭ ئىمانىمۇ گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ،ئۇلار خۇددى ئوقيا ئوقى نىشانغا تېگىپ، تېزلا چىقىپ كەتلەندەك، ئىسلام دىنىدىن تېزلا چىقىپ كېتىدۇ،ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى چېچىنى دائىم چۈشۈرتۈپ تۇرۇشتۇر، ئۇلار ھەرزامان دائىم ھىقىپ تۇرىدۇ، ھەتتائۇلارنىڭ ئاخىرى دەججال بىلەن بىللە چىقىدۇ، ئۇلارغا ئۇچراشساڭلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇردېدى.نەسەئى.

**3554 – [ 22 ] ( حسن ) وعن أبي غالب رأى أبو أمامة رؤوسا منصوبة على درج دمشق فقال أبو أمامة : " كلاب النار شر قتلى تحت أديم السماء خير قتلى من قتلوه " ثم قرأ ( يوم تبيض وجوه وتسود وجوه ) الآية قيل لأبي أمامة : أنت سمعت من رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قال : لو لم أسمعه إلا مرة أو مرتين أو ثلاثا حتى عد سبعا ما حدثتكموه . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن**

ئەبۇ غالىپتىن، ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەمەشىق يولىنىڭ بۇيىدا ئېسىقلىق (خاۋارىجلارنىڭ)باشلىرىنى كۆرۈپ؛ بۇلار دوۋزەخنىڭ ئىتلىرى، ئاسمان ئاستىدىكى ئەڭ يامان ئۆلگەن كىشىلەردۇر، بۇلار ئۆلتۈرگەن كىشىلەر ئەڭ ياخشى ئۆلگەن كىشىلەردۇر دەپ، « ئۇكۈنى نۇرغۇن يۈزلەر ئاقىرىپ كېتىدۇ، نۇرغۇن يۈزلەر قارىداپ كېتىدۇ» دىگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئۇنىڭغا؛ سەن بۇسۆزلىرىڭنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانمۇ؟ دىيىلدى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر، ئىككى قېتىم، ياكى ئۇچ ھەتتا يەتتە قېتىم ئاڭلىمىغان بولسام، بۇھەدىسنى سىلەرگە سۆزلەپ بەرمىگەن بولاتتىم،دېدى.تىرمىزى،ئىبنى ماجە.ھەسەن. ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خاۋارىجلار دوۋزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر، (يەنى خەلىپە ئىمامغا قارشى چىققۇچىلار) ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## كتاب الحدود – الفصل الأول　　جازا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ كىتابى

## زىناخورلارنىڭ جازاسى

**3555 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي هريرة وزيد بن خالد : أن رجلين اختصما إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال أحدهما : اقض بيننا بكتاب الله وقال الآخر : اجل يا رسول الله فاقض بيننا بكتاب الله وائذن لي أن أتكلم قال : " تكلم " قال : إن ابني كان عسيفا على هذا فزنى بامرأته فأخبروني أن على ابني الرجم فافتديت منه بمائة شاة وبجارية لي ثم إني سألت أهل العلم فأخبروني أن على ابني جلد مائة وتغريب عام وإنما الرجم على امرأته فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أما والذي نفسي بيده لأقضين بينكما بكتاب الله أما غنمك وجاريتك فرد عليك وأما ابنك فعليه جلد مائة وتغريب عام وأما أنت يا أنيس فاغد إلى امرأة هذا فإن اعترفت فارجمها " فاعترفت فرجمها**

ئەبۇ ھۇرەيرە، زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، ئىككى كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا داۋالىشىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرى:بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويغىن، دېدى. يەنەبىرسىمۇ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى شۇنداق، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويغىن، مېنىڭ سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغىن دېدى. رەسۇلۇللاھ؛قېنى سۆزلە دېدى،ئۇ كىشى؛ ئوغلۇم بۇنىڭغا ئىجارىگە ئىشلەيتتى،ئاندىن ئۇ بۇكىشىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپتۇ، ئۇلار ماڭا ئوغلۇڭ رەجىم قىلىنىدۇ

دەپ خەۋەر قىلدى، ئاندىن مەن 100 قوي بىلەن بىر دېدەك، چۆرە خادىمىمنى پىدىيە بىرىپ، كىيىن ئىلىم ئەھلىللىرىدىن سورسام، ئۇلار ماڭا؛ ئوغلۇڭ 100 قامچا ئۇرۇلۇپ، بىر يىل پالاندى قىلىنىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئايالى رجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ،دەپ خەۋەر قىلدى دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە مەن ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويىمەن، 100 قوي بىلەن دېدەك،چۆرەڭ ساڭا قايتۇرۇلىدۇ، ئوغلۇڭ 100 قامچا ئۇرۇلۇپ، بىر يىل پالاندى قىلىنىدۇ. ماۋۇ كىشىنىڭ ئايالى رجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئى ئەنەس! سەن بۇ ئايالنىڭ قېشىغا ئەتىگەندە بارغىن، ئەگەر ئۇ ئېتىراپ قىلىپ ئىقرار قىلسا، ئۇنى رجىم قىلىۋەتكىن،دېدى. ئۇ ئايال ئېتىراپ قىلىپ، رجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، يەنى تاش ـ بوران قىلىندى. بۇخارى 6326 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3210 ـ ھەدىس، كىيىنكى تۆت كىتاب، ئەھمەد 16423 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3556 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن زيد بن خالد قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يأمر فيمن زنى ولم يحصن جلد مائة وتغريب عام . رواه البخاري**

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛ توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلغان كىشىنى 100 قامچا ئۇرۇپ، بىر يىل پالاندى قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.بۇخارى توپلىغان.

**3557 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن عمر رضي الله عنه قال : إن الله بعث محمدا وأنزل عليه الكتاب فكان مما أنزل الله تعالى آية الرجم رجم رسول الله صلى الله عليه وسلم ورجمنا بعده والرجم في كتاب الله حق على من زنى إذا أحصن من الرجال والنساء إذا قامت البينة أو كان الحبل أو الاعتراف**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن **الله** تائالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا كىتاپ نازىل قىلدى، **الله** نازىل قىلغان كىتاپنىڭ جۈملىسىدىن رجىم ئايىتىمۇ باردۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توي قىلغاندىن كىيىن زىنا قىلغانلارنى رجىم قىلدى، ئۇنىڭدىن كىيىن بىزمۇ رجىم قىلدۇق، **الله** نىڭ كىتابىدا، توي قىلغاندىن كىيىن زىنا قىلغان ئەر ـ ئاياللارنى دەلىل ـ ئىسپات،گۇۋاھچىلار بولسىلا،ياكى ھامىلدارلىق بىلەن ئىسپاتلانسا، ياكى ئۆزى ئېتىراپ قىلىپ ئىقرار قىلسا، رجىم يەنى تاش ـ بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈش ھەقتۇر.بۇخارى،مۇسلىم.(بۇنىڭ ھۆكمى بار،لەبزى كۆتۈرۈلگەن)

**2558 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن عبادة بن الصامت أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " خذوا عني خذوا عني قد جعل الله لهن سبيلا : البكر بالبكر جلد مائة ووتغريب عام والثيب بالثيب جلد مائة والرجم "**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەندىن ئېلىڭلار، مەندىن ئېلىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۇئاياللارغا يول قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ؛ توي قىلمىغان كىشى توي قىلمىغان كىشى بىلەن زىنا قىلسا، ئۇلارنى 100 قامچا ئۇرۇپ، بىر يىل پالايمىز، توي قىلغان كىشى بىلەن توي قىلغان كىشى زىنا قىلسا، ئۇلار 100 قامچا ئۇرۇلۇپ، رجىم قىلىنىپ، چالما ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس سۈرە نىسانىڭ 15 ـ ئايىتىگە تەپسىردۇر. «ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تۆت گۇۋاھچىنى ئۆزۈڭلاردىن كەلتۈرۈڭلار، ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ، جىنايەتنى ئىسپاتلىسا، تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا قەدەر ياكى ئاللاھتائالا ئۇلارغا بىرەر چىقىش يولى قىلىپ بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار» مانا بۇ سەھىھ ھەدىستىكى

چىقىش يولى، زىناخورلار توي قىلمىغان بولسا، 100 قامچا ئۇرۇپ، بىر يىل پالاش، توي قىلغان كىشى بولۇپ قالسا، گەرچە ئايالى، ئىرى يېنىدا بولمىسىمۇ، بىرقېتىم توي قىلغانلا بولسا،زىنا قىلسا رەجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

2559 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن عمر : أن اليهود جاؤوا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكروا له أن رجلا منهم وامرأة زنيا فقال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما تجدون في التوراة في شأن الرجم ؟ " قالوا : نفضحهم ويجلدون قال عبد الله بن سلام : كذبتم إن فيها الرجم فأتوا بالتوراة فنشروها فوضع أحدهم يده على آية الرجم فقرأ ما قبلها وما بعدها فقال عبد الله بن سلام : ارفع يدك فرفع فإذا فيها آية الرجم . فقالوا : صدق يا محمد فيها آية الرجم . فأمر بهما النبي صلى الله عليه وسلم فرجما . وفي رواية : قال : ارفع يدك فرفع فإذا فيها آية الرجم تلوح فقال : يا محمد إن فيها آية الرجم ولكنا نتكاتمه بيننا فأمر بهما فرجما

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئۆزلىرىدىن بىرئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى بايان قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا؛ سىلەر رەجىم تاش-بوران قىلىش توغرىسىدا تەۋراتتا قانداق تاپتىڭلار؟ دېدى، ئۇلار؛ بىز زىناخورلارنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ئۇلارنى سازايى قىلىپ، رەسۋا قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار قامچىلىنىدۇ،بىز شۇنداق تاپتۇق دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام: سىلەر يالغان سۆزلىدىڭلار، تەۋراتتا رەجىم ئايىتى باردۇر، تەۋراتنى كەلتۈرۈڭلار دېدى، ئاندىن ئۇلار تەۋراتنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ بىرسى قولىنى رەجىم ئايىتىنىڭ ئۈستىگە قويىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدى-ئارقىسىنى ئوقۇدى، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام:قولۇڭنى كۆتۈرگىن دېدى، ئۇ قولىنى كۆتۈرىۋىدى، قاگاھان رەجىم ئايىتى ئوچۇق-ئاشكارا، روشەن كۆرۈندى، ئۇلار؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ راست ئەيتتى، تەۋراتتا رەجىم ئايىتى باردۇر،لېكىن بىز ئۇنى يوشۇرغەن ئىدۇق دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇئىككى زىناخورلارنى رەجىم قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

3560 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : أتى النبي صلى الله عليه وسلم رجل وهو في المسجد فناداه : يا رسول الله إني زنيت فأعرض عنه النبي صلى الله عليه وسلم فتنحى لشق وجهه الذي أعرض قبله فقال : إني زنيت فأعرض عنه النبي صلى الله عليه وسلم فلما شهد أربع شهادات دعاه النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " أبك جنون ؟ " قال : لا فقال : " أحصنت ؟ " قال : نعم يا رسول الله قال : " اذهبوا به فارجموه " قال ابن شهاب : فأخبرني من سمع جابر بن عبد الله يقول : فرجمناه بالمدينة فلما أذلقته الحجارة هرب حتى أدركناه بالحرة فرجمناه حتى مات وفي رواية للبخاري : عن جابر بعد قوله : قال : نعم فأمر به فرجم بالمصلى فلما أذلقته الحجارة فر فأدرك فرجم حتى مات . فقال له النبي صلى الله عليه وسلم خيرا وصلى عليه

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئىدى، بىركىشى كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن زىنا قىلىپ سالدىم دەپ توۋلىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، باشقا ياققا قارىۋالدى، ئۇكىشى يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدى تەرەپىگە ئۆتۈپ؛ مەن زىنا قىلىپ سالدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يەنە يۈزىنى ئۆرۈپ، باشقا ياققا قارىۋالدى، ئۇكىشى يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدى تەرەپىگە ئۆتۈپ؛ مەن زىنا قىلىپ سالدىم دەپ، تۆت قېتىم گۇۋاھلىق بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى چاقىرىپ؛ سەن ساراڭ، مەجنۇنمۇ؟ دېدى، ئۇ؛ ياق،مەن ساق دېدى. رەسۇلۇللاھ؛سەن توي قىلغانمۇ؟دېدى، ئۇ؛ ھەئە توي قىلغان دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇنى ئاپىرىپ، رەجىم تاش-بوران قىلىڭلاردېدى،جابىرمۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئۇنى مەدىنىدە نامازگاھتىلا رەجىم قىلدۇق، تاشلار ئۇنىڭغا راسا تەگكەندە، ئۇ قاچتى، بىز ئۇنى بىرتاشلىق سايدا تېپىپ، يەنە رەجىم تاش-بوران

قىلدۇق، ئۇ ئۆلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ياخشى سۆز قىلىپ، ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**3561 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : لما أتى ماعز بن مالك النبي صلى الله عليه وسلم فقال له : " لعلك قبلت أو غمزت أو نظرت ؟ " قال : لا يا رسول الله قال : " أنكتها ؟ " لا يكني قال : نعم فعند ذلك أمر رجمه . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ سەن ئۇ ئايالنى سۆيۈپ سالغان ياكى سىلاپ سالغان، ياكى ئۇنىڭغا قاراپ قالغان بولۇشىڭ مۇمكىن شۇنداقمۇ؟دېدى، ئۇ:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ياق، ئۇنداق ئەمەس دېدى، رەسۇلۇللاھ بۇقېتىم كىنايە قىلماي؛ سەن ئۇ ئايال بىلەن راستىنلا جىمائ،جىنسى مۇناسىۋەت قىلدىڭمۇ؟دېدى، ئۇ؛ ھەئە قىلدىم دېگەندە، شۇچاغدا، ئاندىن ئۇنى رىجىم قىلىشقا بۇيرىدى.بۇخارى توپلىغان.

**3562 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن بريدة قال : جاء ماعز بن مالك إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله طهرني فقال : " ويحك ارجع فاستغفر الله وتب إليه " . فقال : فرجع غير بعيد ثم جاء فقال : يا رسول الله طهرني . فقال النبي صلى الله عليه وسلم مثل ذلك حتى إذا كانت الرابعة قال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فيم أطهرك ؟ " قال : من الزنا قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أبه جنون ؟ " فأخبر أنه ليس بمجنون فقال : " أشرب خمرا ؟ " فقام رجل فاستنكهه فلم يجد منه ريح خمر فقال : " أزنيت ؟ " قال : نعم فأمر به فرجم فلبثوا يومين أو ثلاثة ثم جاء رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " استغفروا لماعز بن مالك لقد تاب توبة لو قسمت بين أمة لوسعتهم "**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مېنى پاكلىسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ساڭا ۋايدۇر، سەن قايتىپ، **الله** تىن گۇناھىڭنىڭ مەغپىرىتىنى سوراپ، **الله** قا تەۋبە قىلغىن دېدى، ئۇ قايتىپ كېتىپ، ئۇزۇن تۇرمايلا يەنە كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مېنى پاكلىسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛يەنە شۇنداق دېدى، تۆتىنچى قېتىم بولغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛مەن سېنى نېمىدىن پاكلايمەن؟دېدى، ئۇ؛ مېنى زىنادىن پاكلىسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ بۇ ساراڭمۇ، مەجنۇنمۇ؟دېدى، بۇ،ساراڭ ئەمەس دەپ خەۋەر قىلىنغاندا، ياكى ھاراق ئىچتىمۇ؟دېدى، بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى پۇراپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھاراقنىڭ پۇرىقىنى تاپالمىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛سەن راستىنلا زىنا قىلدىڭمۇ؟دېدى، ئۇ؛ھەئە قىلدىم دېگەندە، ئۇنى رىجىم قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، ئۇلار ئىككى ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئۇلارغا؛ سىلەر مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەغپىرەت سوراڭلار، ئۇ شۇنداق سەمىمىي تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇنىڭ تەۋبىسى ئۈممەت ئارىسىغا تەقسىم قىلىنىپ قالسا، ئەلۋەتتە كەڭرى يېتەتتى دېدى.

**ثم جاءته امرأة من غامد من الأزد فقالت : يا رسول الله طهرني فقال : " ويحك ارجعي فاستغفري الله وتوبي إليه " فقالت : تريد أن ترددني كما رددت ماعز بن مالك : إنها حبلى من الزنا فقال : " أنت ؟ " قالت : نعم قال لها : " حتى تضعي ما في بطنك " قال : فكفلها رجل من الأنصار حتى وضعت فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : قد وضعت الغامدية فقال : " إذا لا نرجمها وندع ولدها صغيرا ليس له من يرضعه " فقام رجل من الأنصار فقال : إلي رضاعه يا نبي الله قال : فرجمها . وفي رواية : أنه قال لها : " اذهبي حتى تلدي " فلما ولدت قال : " اذهبي فأرضعيه حتى تفطميه " فلما فطمته أتته بالصبي في يده كسرة خبز فقالت :**

**هذا يا نبي الله قد فطمته وقد أكل الطعام فدفع الصبي إلى رجل من المسلمين ثم أمر بها فحفر لها إلى صدرها وأمر الناس فرجموها فيقبل خالد بن الوليد بحجر فرمى رأسها فتنضح الدم على وجه خالد فسبها فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " مهلا يا خالد فو الذي نفسي بيده لقد تابت توبة لو تابها صاحب مكس لغفر له " ثم أمر بها فصلى عليها ودفنت . رواه مسلم**

ئاندىن ئەزەد قەبىلىسىدىن غامىدىيلىك بىر ئايال كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مىنى پاكلىسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ساڭا ۋايدۇر، سەن قايتىپ، **الله** تىن گۇناھىڭنىڭ مەغپىرىتىنى سوراپ، **الله** قا تەۋبە قىلغىن دېدى، ئۇئايال؛ سىلى مىنى مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قايتۇرغاندەك(تۆت قېتىم)قايتۇراي دەملا؟دېدى، ـ ئەمەلىيەتتە بۇئايال زىنادىن هامىلدار ئىدى ـ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛سەنمۇ زىنا قىلدىڭمۇ؟دېدى، ئۇئايال؛ هەئە قىلدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛قورسىقىڭدىكى بالاڭنى تۇغقۇلغىچە ساقلاپ تۇرغىن دېدى، ئەنسارلاردىن بىركىشى ئۇنىڭغا، ئۇ تۇغقانغاقەدەر كېپىل بولۇپ تۇردى، ئۇ تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇكىشى كېلىپ؛ غامىدىيلىك ئايال تۇغۇپ بولدى دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ شۇنداقتىمۇ ئۇنى رىجىم قىلالمايمىز، چۈنكى بىز ئۇنىڭ بالىسىنى ئىمىتكۈچىسى يوق هالدا كىچىك قالدۇرامدۇق؟دېدى، ئەنسارلاردىن بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بۇبالىنى ئىمىتكۈزۈشكە مانا مەن كېپىل دېدى، ئاندىن ئۇ ئايالنى رىجىم قىلدى. يەنەبىر خاتىردە؛ ئۇئايالغا؛ سەن بالاڭنى تۇغۇپ بولغىچە قايتىپ تۇرغىن دېدى، ئۇ ئايال تۇغۇپ بولغاندا؛ ئۇنى ئىمىتىپ، ئايرىغانغا قەدەر قايتىپ تۇرغىن دېدى، ئۇئايال بالىسىنى ئايرىپ بولۇپ، بالىسىنىڭ قولىغا بىر پارچە ناننى تۇتقۇزۇپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بۇ بالامنى ئايرىپ بولدۇم، ئۇ ئۆزى تاماق يېگىدەك بولدى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىچىك بالىنى مۇسۇلمانلاردىن بىركىشىگە بېرىپ، ئۇ ئايالنى رىجىم قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆكسىگە كەلگىچىلىك ئازگال كولاندى، ئاندىن كىشىلەرنى رىجىم قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇلار ئۇ ئايالغا تاش ئېتىپ، رىجىم تاش ـ بۇران قىلدى، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تاشنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇ ئايالنىڭ بېشىغا ئېتتۇۋدى، ئۇئايالنىڭ بېشى يېرىلىپ، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزىگە قان چاچراپ كەتتى، ئاندىن خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىجىم قىلىنغان ئۇ ئايالنى تىللاپ ئەيىبلىگەندە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى خالىد! مۆھلەت بەر، ئالدىراپلا ئۇ ئايالنى تىللاپ ئەيىبلەپ كەتمە، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن بۇ ئايال شۇنداق بىر سەممىي سادىق تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇ تەۋبىنى، هەقسىز ئېلىنغان باج چىقىمنىڭ ئىگىسى، باجگىر قىلغان بولسىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىناتتى، تەۋبىسى قوبۇل بولاتتى دىدى. ئاندىن ئۇئايالغا جىنازا نامىزى ئوقۇشقا،ئۇنى دەپنە قىلىشقا بۇيرىدى. مۇسلىم 3208 ـــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ت، سەھىھ.

**3563 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إذا زنت أمة أحدكم فتبين زناها فليجلدها الحد ولا يثرب عليها ثم إن زنت فليجلدها الحد ولا يثرب ثم إن زنت الثالثة فتبين زناها فليبعها ولو بحبل من شعر "**

ئەبۇ هۇرەيرە، زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ دېدىكى زىنا قىلسا، زىنا قىلغانلىقى ئېنىق، ئاشكارا بولسا، ئۇنى جازالاپ قامچىلىسۇن، (يەنى قازى قامچىلىسۇن). دائىم بېشىغا قويۇپ ئەيىبلىمىسۇن، ئاندىن يەنە زىنا قىلسا، يەنە قامچىلىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن، ئۈچىنچى قېتىم يەنە زىنا قىلسا، گەرچە چۇپۇردىن بولغان، يۇڭدىن بولغان ئارغامچىغىمۇ بولسا سېتىۋەتسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**3564 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن علي رضي الله عنه قال : يا أيها الناس أقيموا على أرقائكم الحد من أحصن منهم ومن لم**

يحصن فإن أمة لرسول الله صلى الله عليه وسلم زنت فأمرني أن أجلدها فإذا هي حديث عهد بنفاس فخشيت إن أنا جلدتها أن أقتلها فذكرت ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فقال : " أحسنت " . رواه مسلم . وفي رواية أبي داود : قال : " دعها حتى ينقطع دمها ثم أقم عليها الحد وأقيموا الحدود على ما ملكت أيمانكم "

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىنسانلار! قۇللىرىڭلارغىمۇ ـ ئۇلار توي قىلغان بولسۇن ياكى توي قىلمىغان بولسۇن ـ ھەد جازانى تۇرغۇزۇڭلار، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر دېدەكى زىنا قىلغان ئىدى، مېنى ئۇدېدەكنى قامچىلاشقا بۇيرىغان، ناگاھان ئۇدېدەك يېڭىدىنلا تۇغقان بولۇپ، نىپاسدار ئىكەن، ئەگەر ئۇنى قامچىلىسام، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمدىن ئەنسىرەپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلسام، ماڭا؛ ياخشى قىلىپسەن، ئۇنىڭ قېنى توختىغانغا قەدەر تەرك ئېتىپ تۇرغىن، ئاندىن ئۇنىپاسلىقىدىن پاكلانغادا، قامچىلاپ جازالىغىن دېدى، سىلەر قۇللىرىڭلارغىمۇ ھەد جازانى تۇرغۇزۇڭلار.مۇسلىم،داۋ

3565 – [ 11 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : جاء ماعز الأسلمي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : إنه قد زنى فأعرض عنه ثم جاء من شقه الآخر فقال : إنه قد زنى فأعرض عنه ثم جاء من شقه الآخر فقال : يا رسول الله إنه قد زنى فأمر به في الرابعة فأخرج إلى الحرة فرجم بالحجارة فلما وجد مس الحجارة فر يشتد حتى مر برجل معه لحي جمل فضربه به وضربه الناس حتى مات . فذكروا ذلك لرسول الله صلى الله عليه وسلم أنه فرحين وجد مس الحجارة ومس الموت فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هلا تركتموه " . رواه الترمذي وابن ماجه وفي رواية : " هلا تركتموه لعله أن يتوب الله عليه "

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مائىز ئىبنى مالىك ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن زىنا قىلدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يۈزنى ئۆرۈپ، باشقا ياققا قارىۋالدى، ئاندىن ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن كېلىپ،رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ؛ مەن زىنا قىلىپ سالدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يەنە يۈزنى ئۆرۈپ، باشقا ياققا قارىۋالدى، ئاندىن ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن زىنا قىلىپ سالدىم دەپ، تۆت قېتىم گۇۋاھلىق بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى تۆتىنچى قېتىم سايلىققا ئېلىپ چىقىپ تاش بىلەن رەجىم قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇ تاشلارنىڭ قاتتىق تەككەن ئەلىمىنى تاپقاندا، قاتتىق قاچتى، ئۇ قېچىۋېتىپ تۆگىنىڭ ئېڭەك،باش سۆڭىكىنى تۇتۇپ تۇرغان بىركىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى، ئۇكىشى مائىزنى شۇ سۆڭەك بىلەن ئۇردى، كىشىلەرمۇ ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلدى. ئۇلار كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ ئۇ تاشلارنىڭ قاتتىق تەككەن ئەلىمىنى،ئۆلۈمنىڭ ئەلىمىنى تاپقاندا، ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى خەۋەر قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نېمە ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بەرمىدىڭلار، ئۇ تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى دېدى.تىرمىزى ، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

3466 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال لماعز بن مالك : " أحق ما بلغني عنك ؟ " قال : وما بلغك عني ؟ قال : " بلغني أنك قد وقعت على جارية آل فلان " قال : نعم فشهد أربع شهادات فأمر به فرجم . رواه مسلم

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ماڭا سەن توغرۇلۇق يەتكەن خەۋەر راستمۇ؟دېدى، ئۇ؛ سىلىگە مەن توغرۇلۇق قانداق خەۋەر يەتتى؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ماڭا سېنىڭ پالانى ئائىلىسىنىڭ قىز دېدەكى بىلەن زىنا

قىلغانلىقىنى يەتتى، دېدى. مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھەئە شۇنداق دەپ، تۆت قېتىم گۇۋاھلىق بېرىپ ئىقرار قىلغاندا، ئۇنى رىجىم قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى.ئاندىن ئۇ رىجىم قىلىندى. مۇسلىم توپلىغان.

**3567 – [ 13 ] وعن يزيد بن نعيم عن أبيه أن ماعزا أتى النبي صلى الله عليه وسلم فأقر عنده أربع مرات فأمر برجمه وقال لهزال : " لو سترته بثوبك كان خيرا لك " قال ابن المنكدر : إن هزالا أمر ماعزا أن يأتي النبي صلى الله عليه وسلم فيخبره . رواه أبو داود**

نۇئەيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، زىنا قىلغىنىغا تۆت قېتىم ئىقرارقىلدى،ئاندىن ئۇ رىجىم قىلىنىشقا بۇيرۇلۇپ ، تاش-بوران قىلىنغاندا، ئۇ ۋايجان دەپ قاچىدۇ، لېكىن، بىرسى ئۇنى تۆگىنىڭ پاچىقى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەزال دېگەن ساھابە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ نېمە ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بەرمىدىڭلار، ئۇ تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى دەپ، ئى ھەززال! ئەگەر سەن ئۇ مائىزنى كىيىمىڭ بىلەن يېپىپ توسىۋالغان بولساڭ،(ياكى سەن سۆز قىلماي ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپقان بولساڭ) بۇ ساڭا بەك ياخشى بولغان بولاتتى دېگەن.ئىبنى مۇنكەدىر؛ ھەززال ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغابېرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ،خەۋەر قىلىشقا بۇيرىغان دېدى. ئەھمەد 20885 _ ھەدىس، مالىك 1290 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3568 – [ 14 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عبد الله بن عمرو بن العاص رضي الله عنهما أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " تعافوا الحدود فيما بينكم فما بلغني من حد فقد وجب " . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆز ئاراڭلاردىكى ھەد، جازالارنى ئەپۇ قىلىشىڭلار، (ماڭا ئېلىپ كەلمەڭلار) ماڭا يېتىپ قالغان ھەد، جازا ۋاجىپ بولۇپ كېتىدۇ، (مەن چوقۇم جازاغا تارتىمەن) ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى نەرسەمنى ئوغۇرلىۋالدى دەپ ئېلىپ كېلىدۇ، قولىنى كەسمەكچى بولسا، ئۇنداق قىلمىسىلا، مەن بۇنى مەخسەت قىلمىغان دېگەندە دېگەندۇر، ئەگەر ئەپۇ قىلىپ، سوراپ بارمىغان بولسا، قولىنى كەسمەيتتى.

**3569 – [ 15 ] وعن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أقيلوا ذوي الهيآت عثراتهم إلا الحدود " . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسىل خىسلەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى، ئەيىب _ نۇقسانلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار، لېكىن، شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن جازالار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، «چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاتىمە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ قولىنى كېسەتتىم دېگەن» يۇقىرقى ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، ئەدەبتە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3570 – [ 16 ] ( لم تتم دراسته ) وعنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ادرؤا الحدود عن المسلمين ما استطعتم فإن كان له مخرج فخلوا سبيله فإن الإمام أن يخطئ في العفو خير من أن يخطئ في العقوبة " . رواه الترمذي وقال : قد روي عنها ولم يرفع وهو أصح**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مۇسۇلمانلاردىن قادىر بولىشىڭلارچە ھەد-جازالارنى مۇداپىئە قىلىپ كەتكۈزۈڭلار، ئەگەر ئۇنىڭغا (يەنى جىنايى جاۋاپكارغا)بىرەر چىقىش يولى بولسىلا، ئۇنى ئۆزيولىغا قويىۋېتىڭلار، چۈنكى ئىمامنىڭ ئەپۇ قىلىشتىكى خاتالىششى جازالاشتىكى

| |
|---|
| خاتالىشىشىدىن ياخشىراقتۇر. تىرمىزى توپلىغان. |
| **3571 – [ 17 ] ( لم تتم دراسته ) وعن وائل بن حجر قال : استكرهت امرأة على عهد النبي صلى الله عليه وسلم فدرأ عنها الحد وأقامه على الذي أصابها ولم يذكر أنه جعل لها مهرا . رواه الترمذي**<br><br>ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، بىر ئايال زىناغا مەجبۇرلۇنۇپ(باسقۇنچۇلۇق قىلىندى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالدىن جازانى ئەپۇقىلىپ، ئۇنىڭغا باسقۇنچۇلۇق قىلغان كىشىنى جازالىدى. ئۇئايال ئۇچۇن تويلۇق، مەھرى ھەققى قىلىپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالمىدى. تىرمىزى توپلىغان. |
| **3572 – [ 18 ] ( صحيح ) وعنه : أن امرأة خرجت على عهد النبي صلى الله عليه وسلم تريد الصلاة فتلقاها رجل فتجللها فقضى حاجته منها فصاحت وانطلق ومرت عصابة من المهاجرين فقالت : إن ذلك الرجل فعل بي كذا وكذا فأخذوا الرجل فأتوا به رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال لها : " اذهبي فقد غفر الله لك " وقال للرجل الذي وقع عليها : " ارجموه " وقال : " لقد تاب توبة لو تابها أهل المدينة لقبل منهم " . رواه الترمذي وأبو داود**<br><br>ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، بىر ئايال نامازنى مەقسەت قىلىپ چىقسا، ئۇنىڭغا بىركىشى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇئايالنى بېسىۋېلىپ، مەجبۇرىي باسقۇنچۇلۇق قىلىپ، ھاجىتىنى ئادا قىلىۋالىدۇ، ئۇ ئايال قاتتىق ۋارقىرىسا، ئۇكىشى قېچىپ كېتىدۇ، ئۇئايال مۇھاجىرلاردىن بىر تۈكۈم جامائەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ؛ ئاۋۇ ئەركىشى ماڭا مۇنداق،مۇنداق قىلدى دەيدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۇكىشىنى تۇتۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېلىقى ئايالغا؛ سەن ئۆيۈڭگە كەتكىن، الله تائالا ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن دېدى، (يەنى مەجبۇرلانغۇچىنى جازالىمىدى)ئۇئايالغا باسقۇنچۇلۇق قىلغان كىشىنى رەجىم قىلىۋېتىڭلار دېدى، ئاندىن بۇكىشى شۇنداق سەمىيمى تۆۋبە قىلدىكى، ئەگەر مەدىينە ئەھلى شۇتۆۋبىنى قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قوبۇل قىلىناتتى دېدى.تىرمىزى،ئەبۇداۋاد توپلىغان سەھىھ. |
| **3573 – [ 19 ] ( لم تتم دراسته ) وعن جابر : أن رجلا زنى بامرأة فأمر به النبي صلى الله عليه وسلم فجلد الحد ثم أخبر أنه محصن فأمر به فرجم . رواه أبو داود**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى بىر ئايال بىلەن زىنا قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى جازالاپ قامچىلاشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇكىشىنىڭ توي قىلغان كىشى ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىنىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇكىشىنى رەجىم قىلىشقا بۇيرىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان. |
| **3574 – [ 20 ] ( لم تتم دراسته ) وعن سعيد بن سعد بن عبادة أن سعد بن عبادة أتى النبي صلى الله عليه وسلم برجل كان في الحي مخدج سقيم فوجد على أمة من إمائهم يخبث بها فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " خذوا له عثكالا فيه مائة شمراخ فاضربوه ضربة " . رواه في شرح السنة وفي رواية ابن ماجه نحوه**<br><br>سەئدى ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سەئدى ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ھەي قەبىلىسىدىن يارىلىشى ناقىس، چولاق، قاتتىق كېسەل بىر كىشىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ |

قىشقا ئېلىپ كېلىدۇ، ـ بۇكىشى ئۇلارنىڭ دېدەك چۆرىسى بىلەن زىنا قىلغان ئىكەن ـ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: 100 تال چىۋىق تاللىرى بار چوڭ بىر شاخنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇكىشىنى بىرنى ئۇرۇڭلار دېدى. ئىبنى ماجە،شەرھىسسۇننى.

**3575 – [ 21 ] ( حسن ) وعن عكرمة عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من وجدتموه يعمل عمل قوم لوط فاقتلوا الفاعل والمفعول به " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلىقىنى يەنى لىۋات بەچچىۋازلىقنى قىلغان كىشىنى تاپساڭلار، قىلغۇچى پائىلنى ۋە قىلىنغۇچى مەپئۇلنى ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. ئەھمەد، دارىقۇتنى، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى، تۆت كىتاب تونپلىغان سەھىھ. لىۋات ھارام.

**3576 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أتى بهيمة فاقتلوه واقتلوها معه " . قيل لابن عباس : ما شأن البهيمة ؟ قال : ما سمعت من رسول الله صلى الله عليه وسلم في ذلك شيئا ولكن أره كره أن يؤكل لحمها أو ينتفع بها وقد فعل بها ذلك . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھايۋانغا كەلسە، يەنى ھايۋان بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ ھايۋاننىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، (چۈنكى، ھايۋاننىڭ ئىنسان سۈرىتىدە تۇغۇپ قويۇش ئېھتىمالى بار، ئىنساننى ئۆلتۈرۈش قاتتىق ئۇرۇش، تەزىر ئۇرۇش مەنىسىدە).ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ھايۋاننى نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىمىز؟دېيىلگەندە،ئۇ:بۇ توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھتىن بىرەر نەرسە ئاڭلىمىدىم، لېكىن مەن ئۇنداق ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنى، ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتلىنىشنى ياقتۇرمىغان دەپ قارايمەن،چۈنكى ئۇھايۋانغا يۇقىرقى مەكروھ قىلىق قىلىندى ئەمەسمۇ؟دېدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋانغا چېقىلىپ، ھايۋان بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كىشىنى تاپساڭلار، ئۇنىمۇ، ھايۋاننىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، (يەنى ھايۋانغا چېقىلىش ھارامدۇر). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3577 – [ 23 ] عن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أخوف ما أخاف على أمتي عمل قوم لوط " . رواه الترمذي وابن ماجه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىمگە ئەنسىرەيدىغان ئەڭ قورقۇنۇشلۇق نەرسە، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىشى، يەنى لىۋات، بەچچىۋازلىقتۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3578 – [ 24 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس : أن رجلا من بني بكر بن ليث أتى النبي صلى الله عليه وسلم فأقر أنه زنى بامرأة أربع مرات فجلده مائة وكان بكرا ثم سأله البينة على المرأة فقالت : كذب والله يا رسول الله فجلد حد الفرية . رواه أبو داود**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بەنىي بەكرىدىن بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىقىغا تۆت قېتىم ئىقرار قىلىپ گۇۋاھلىق بەردى، - ئۇتوي قىلمىغان كىشى ئىكەن - رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى 100 قامچا ئۇردى، ئاندىن ئايال كىشىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن ئاياللىڭ زىيىنىغا دەلىل - ئىسپات،گۇۋاھلىق سورىۋىدى، ئۇ ئايال؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** بىلەن قەسەمكى ئۇ يالغان سۆزلەپتۇ دېدى. ئاندىن ئۇكىشىگە بوھتان قىلغانلىقى جازاسىغا يەنە 80قامچا ئۇرۇلدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3579 – [ 25 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن عائشة قالت : لما نزل عذري قام النبي صلى الله عليه وسلم على المنبر فذكر ذلك فلما نزل من المنبر أمر بالرجلين والمرأة فضربوا حدهم . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى ئاقلاپ، مىنىڭ ئۆزرەمگە ئايەت نازىل قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ؛ ئۇنى بايان قىلدى، ئاندىن مۇنبەردىن چۈشكەندە، ئىككى ئەر، بىر ئايالنى ماڭا بوھتان قىلغانغا جازالاپ، قامچا ئۇرۇشقا بۇيرىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3580 – [ 26 ]** الفصل الثالث ( صحيح ) عن نافع : أن صفية بنت أبي عبيد أخبرته أن عبدا من رقيق الإمارة وقع على وليدة من الخمس فاستكرهها حتى افتضها فجلده عمر ولم يجلدها من أجل أنه استكرهها . رواه البخاري

نافىئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا سەپىييە مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ خەلىپە ئەمىرلىكنىڭ قۇللىرىدىن بىر ئەرقۇل، غەنىيمەتنىڭ بەشتەن بىرىدىن ئەۋەتىلگەن ئولجىدىن بولغان بىر دېدەكنىڭ چۆرىنى مەجبۇرلاپ، باسقۇنچۇلۇق قىلىپ، ئۇقىزچاقىنىڭ قىزلىقىنى زاۋال تاپقۇزىدۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئەرقۇلنى قامچىلاپ، ھېلىقى قىزنى قامچىلىمىدى، چۈنكى ئۇ مەجبۇرلانغان ئىدى. ئىمام بۇخارى.

**3581 – [ 27 ]** ( حسن ) وعن يزيد بن نعيم بن هزال عن أبيه قال : كان ماعز بن مالك يتيما في حجر أبي فأصاب جارية من الحي فقال له أبي : ائت رسول الله صلى الله عليه وسلم فأخبره بما صنعت لعله يستغفر لك وإنما يريد بذلك رجاء أن يكون له مخرجا فأتاه فقال : يا رسول الله إني زنيت فأقم علي كتاب الله حتى قالها أربع مرات قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إنك قد قلتها أربع مرات فبمن ؟ " قال : بفلانة . قال : " هل ضاجعتها ؟ " قال : نعم قال : " هل باشرتها ؟ " قال : نعم قال : " هل جامعتها ؟ " قال : نعم قال : فأمر به أن يرجم فأخرج به إلى الحرة فلما رجم فوجد مس الحجارة فجزع فخرج يشتد فلقيه عبد الله بن أنيس وقد عجز أصحابه فنزع له بوظيف بعير فرماه به فقتله ثم أتى النبي صلى الله عليه وسلم فذكر ذلك له فقال : " هلا تركتموه لعله أن يتوب . فيتوب الله عليه " . رواه أبو داود

يەزىيدئىبنى نۇئەيم ئىبنى ھەززال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم مۇنداق دەيدۇ؛ مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادامنىڭ ھۇجرىسىدىكى بىر يېتىم ئىدى، ئۇ ھەي قەبىلىسىدىن بىر دېدەك بىلەن زىنا قىلىپ سالدى، دادام ئۇنىڭغا؛ سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغابېرىپ،قىلغان ئىشىڭنى خەۋەر قىلغىن، ساڭا مەغپىرەت سورىسا، مەغپىرەت قىلىنىشى مۇمكىن دەيدۇ، ئۇشۇئىشىدىن بىرەر چىقىش يولىنى مەقسەت قىلىپ كېلىپ، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن زىنا قىلىپ سالدىم ، ماڭا **الله** نىڭ كىتابىدا كۆرسىتىلگەن بۇيىچە جازا بەرسىلە دەپ، زىنا قىلغىنىغا تۆت قېتىم ئىقرارقىلىدۇ،(چۈنكى بۇئىشقا تۆت گۇۋاھچى تولۇق بولۇشى لازىم، بىركىشىنىڭ ئۆززىيىنىغا تۆت قېتىم گۇۋاھلىق بەرگەن ئىقرارى شۇنىڭغا تەڭدۇر)ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن بۇئىقرار سۆزىڭنى تۆت قېتىم دېدىڭ، سەن زادى كىم بىلەن زىنا قىلدىڭ؟دېدى، ئۇ:

پالانى ئايال بىلەن دېدى، رەسۇلۇللاھ:سەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتتىڭمۇ؟دېدى، ئۇ: ھەئە دېدى، رەسۇلۇللاھ:سەن ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتىڭمۇ؟دېدى،ئۇ:ھەئە دېدى، رەسۇلۇللاھ:سەن ئۇنىڭ بىلەن جىمائ، جىنسى مۇناسىۋەت قىلدىڭمۇ؟دېدى،ئۇ:ھەئە قىلدىم دېدى، ئاندىن ئۇنى رىجىم قىلىنىشقا بۇيرىدى ، ئۇ سايلىققا ئېلىپ چىقىلىپ، رىجىم قىلىنغاندا تاش-بوران قىلىنغاندا، تاشلارنىڭ قاتتىق تەككەن ئەلىمىنى تاپقاندا،ئۇ ۋايجان دەپ قاچتى،ئۇنى رىجىم قىلىشقا تەقانلار ئاجىز كېلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئابدۇاللە ئىبنى ئۇنەيس ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنى تۆگىنىڭ پاچىقى (يەنەبىردە باش سۆڭىكى)بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەززال دېگەن ساھابە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نېمە ئۇچۇن ئۇنى قويۇپ بەرمىدىڭلار، ئۇ تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى دەپ، (ئى ھەززال! ئەگەر سەن ئۇ مائىزنى كىيىمىڭ بىلەن يېپىپ توسۇۋالغان بولساڭ،(ياكى سەن سۆز قىلماي ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپقان بولساڭ) بۇ ساڭا بەك ياخشى بولغان بولاتتى دېگەن.ئىبنى مۇنكەدىر؛ ھەززال ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېبېرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ،خەۋەر قىلىشقا بۇيرىغان دېدى. ئەھمەد 20885 _ ھەدىس، مالىك 1290 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3582 – [ 28 ]** ( لم تتم دراسته وعن عمرو بن العاص قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من قوم يظهر فيهم الزنا إلا أخذوا بالسنة وما من قوم يظهر فيهم الرشا إلا أخذوا بالرعب " . رواه أحمد

ئەمرۇئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا زىنا، پاھىشىۋازلىق ئاشكارا بولسا، ئۇلار قەھەتچىلىك بىلەن جازالىنىپ ئازاپلىنىدۇ، ھەرقانداق بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا پارىخورلۇق،پارىخورلۇق ئاشكارا بولسا، ئۇلارقورقۇنچا،خەۋىپ بىلەن جازالىنىپ ئازاپلىنىدۇ،ئەھمەد.

**3583 – [ 29 ]** وعن ابن عباس وأبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " **ملعون من سب أباه ملعون من سب أمه ملعون من ذبح لغير الله ملعون من غير تخوم الأرض ملعون من كمه أعمى عن طريق ملعون من وقع على بهيمة** ملعون من عمل عمل قوم لوط " . رواه رزين

ئىبنى ئابباس،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دادىسىنى تىللاپ، ئەيىبلىگۈچى مەلئۇن، ئانىسىنى تىللاپ ئەيىبلىگۈچىمۇ مەلئۇن، ئاللاھنىڭ غەيرىگە مال بوغۇزلاپ قان قىلغۇچىغا لەنەت قىلىنىدۇ. زېمىننىڭ چېگرا -پاسىل بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتكەن كىشىگە لەنەت قىلىنىدۇ. ئەما، كور كىشىنى يولدىن ئازدۇرۇپ، باشقا يولغا سېلىپ قويغان كىشى مەلئۇن، ھايۋان بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كىشى مەلئۇن، لۇت قەۋمىنىڭ قىلىقىنى يەنى لىۋات، بەچچىۋازلىق قىلغان كىشىگە لەنەت قىلىنىدۇ، رەھمەتتىن يىراق قىلىنىدۇ. (يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر).رەزىين، ئەھمەد 2764 _ ھەدىس، سەھىھ.

**3584 – [ 30 ]** ( لم تتم دراسته ) وفي رواية له عن ابن عباس : أن عليا رضي الله عنه أحرقهما وأبا بكر هدم عليهما حائطا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىشىنى، يەنى لىۋات، بەچچىۋازلىقنى قىلغان ھەر ئىككىلى كىشىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرىۋەتكەن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تام ئۆرۈپ، ئۇلانى ئۆلتۈرگەندۇر.ئەھمەد توپلىغان.

**3585 – [ 31 ]** وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا ينظر الله عز وجل إلى رجل أتى رجلا أو امرأة في دبرها

" . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشىنىڭ ئارقا مەقئەتتىگە ياكى ئايال كىشىنىڭ ئارقا مەقئەتتىگە كەلگەن يەنى جىنسىي ئالاقە قىلغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. يەنى قاتتىق غەزەپ قىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايالىنىڭ ئارقا مەقئەتتىگە جىمائ يەنى جىنسىي ئالاقە قىلغان ئەرگە ئاللاھتائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3586 – [ 32 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه أنه قال : " من أتى بهيمة فلا حد عليه " . رواه الترمذي وأبو داود وقال الترمذي : عن سفيان الثوري أنه قال : وهذا أصح من الحديث الأول وهو : " من أتى بهيمة فاقتلوه " والعمل على هذا عند أهل العلم

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋان بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغان كىشىگە ھەد جازا يوقتۇر.ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى توپلاپ؛سۈپيان؛ بۇ ئالدىدىكى ئۆلتۈرۈش ھەدىسىدىن سەھىھراق بولۇپ، ئالىملار مۇشۇ كېيىنكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىدۇ دېدى.

3587 – [ 33 ] ( جيد ) وعن عبادة بن الصامت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أقيموا حدود الله في القريب والبعيد ولا تأخذكم في الله لومة لائم " . رواه ابن ماجه

ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ھەد، جازا قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى يىراق ــ يېقىن ھەممى كىشىدە ئىجرا قىلىپ مۇستەھكەم بەرپا قىلىڭلار، يەنى يېقىن تۇغقان بولسىمۇ جازانى تۇرغۇزۇڭلار، ئاللاھ يولىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا تاپا قىلغۇچى مالامەتچىنىڭ تاپا ــ تەنە مالامەتلىرىگە پەرۋا قىلماڭلار، قورقماڭلار، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3588 – [ 34 ] ( جيد ) وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إقامة حد من حدود الله خير من مطر أربعين ليلة في بلاد الله " . رواه ابن ماجه

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ شەھەرلىرىدە 40 كۈن يامغۇر ياغقاندىن، ئاللاھنىڭ ھەد، جازا قانۇنىدىن بىرنى بەرپا قىلغان ياخشىدۇر،( يەنى بەرىكەت، تىنچلىق؛ ئاسىيلارنى جازالىغاندا، گۇناھ، مەئسىيەت مەۋجۇد بولمىغاندا، ئىلىم، ئىبادەت ياخشى بولغاندا بولىدۇ)، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3589 – [ 35 ] ( جيد ) ورواه النسائي عن أبي هريرة

## باب قطع السرقة – الفصل الأول ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش توغرىسىدا

3590 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن عائشة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تقطع يد السارق إلا بربع دينار فصاعدا "

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوغرىنىڭ قولى پەقەت بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىرىدە، ئۇنىڭدىن زىيادە ئارتۇق نەرسىدە كېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا كېسىلمەيدۇ، ئۆلچەم پەقەت شۇدۇر. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(بىر دىينار بىر مىسقال ئالتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ تۆتتەن بىرى، 80 يۇەندىن 110 يۇەنگىچە بولۇۋاتىدۇ، مانا مۇشۇ قىممەتكە يەتسە قول كېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا قول كېسىلمەيدۇ، ئۆلچەم پەقەت بىر دىينارنىڭ تۆتتەن بىرىدۇر، مەيلى ئالتۇن قىممەت بولۇپ كەتسۇن ياكى ئەرزان بولسۇن، پۈتۈن دۇنيادا پەقەت مۇشۇلا ئۆلچەم قىلىنىدۇ خالاس. يەنى ئالتۇن ئۆلچەمدۇر). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر دىينارنىڭ 1/4گە قولنى كەسسەڭلار بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز ئوغۇرلىسا، قولنى كەسمەڭلار، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بىر دىينار، بىر مىسقال، تۆت گىرام ئالتۇن بولۇپ، 400 يۇەن بولسا، 1/4ى 100 يۇەن بولىدۇ.ھازىرقى باھاسى 160يۇەندۇر.

**3591 – [ 2 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن ابن عمر قال : قطع النبي صلى الله عليه وسلم يد سارق في مجن ثمنه ثلاثة دراهم**

سەئىد،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغرىنىڭ قولىنى بىر دانە قالقاننىڭ پۇلچىلىك، (ياكى قىممىتىچىلىك) نەرسىدە كەسكەن،ئۇنىڭ پۇلى ئۈچ دەرھەم كۈمۈش پۇل ئىدى. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3592 – [ 3 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لعن الله السارق يسرق البيضة فتقطع يده ويسرق الحبل فتقطع يده "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، تۇخۇم ئوغۇرلايدىغان ئوغرىغا لەنەت قىلدى، (ئەگەر ئۆلچەمگە يەتسە) ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ، ئارغامچا ئوغۇرلايدىغان ئوغرىغىمۇ لەنەت قىلدى، ئۇنىڭمۇ قولى كېسىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3593 – [ 4 ] الفاصل الثاني عن رافع بن خديج عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا قطع في ثمر ولا كثر " رواه مالك والترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي وابن ماج**

رايىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىۋە _ چىۋىدە، خورما دەرىخىنىڭ ئوتتۇرىدىن چىقىدىغان خورما يىغىدا قول كېسىش يوق،( يەنى يەپ قالسا، قولى كېسىلمەيدۇ، چۈنكى ئۆلچەمگە توشمايدۇ). ئەھمەد 16623 _ ھەدىس، مالىك 1320 _ ھەدىس، ئىبنى ھەببان،دارىمى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، خامانغا، مەيدانغا ئاپارسا، ئۆيگە ئەكىرىپ بولسا، ئاندىن ئوغۇرلىسا، ئۆلچەمگە توشسا قولى كېسىلىدۇ، ئۇ بولسا بىر دىينارنىڭ تۆتتەن بىرىدۇر، بۇ ئۆزىنى خارلىغانلىقتۇر، ئىپپەتلىك بولسا، باشقىلار ئۇنىڭ بىر بارمىقىنى كېسىۋەتسە، 10 تۆگە تۆلەم بېرىدۇ، بۇ قىممىتى،ۋە ئىپپەتلىك ھۆرمىتىدۇر.

**3594 – [ 5 ]** ( **حسن** ) **وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عبد الله بن عمرو بن العاص عن رسول الله صلى الله عليوسلم : انه سئل عن الثمر المعلق قال : " من سرق منه شيئا بعد أن يؤويه الجرين فبلغ ثمن المجن فعليه القطع " . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى ئۆمەر،ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مىۋە _ چىۋىدىن ھاجىتى چۈشۈپ، ئاغىزى بىلەن يەپ، يېنىغا يوشۇرۇن ئېلىۋالمىسا، ئۇ كىشىگە ھېچ ئىش يوق، ئازاپ ھەم تۆلەم يوق، كىم ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى يېنىغا ئېلىپ چىقىپ كەتسە، ئۇ كىشىگە ئىككى ھەسسە

تۆلەم بىلەن ئازاب، تەئزىر كېلىدۇ.ئېسىقلىق ، ساڭگىلاپ قالغان مېۋىدىن سورالغاندا مۇنداق دېدى؛كىم ئۇ مېۋە _ چېۋىلەردىن خامانغا، ئامبارغا ئاپىرىلىپ، يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوغۇرلىسا، ئۇنىڭ مىقدارى بىرقالقاننىڭ پۇلىغا يېتىپ قالسا، (يەنى بىر دىينارنىڭ تۆتتەن بىرىگە يېتىپ قالسا) ئۇ ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، (كىم يۇقىرقى مىقداردىن تۆۋەن، ئازىراق ئوغۇرلىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇرلانغان مالنىڭ ئىككى ھەسسىسىدەك تۆلەم كېلىدۇ، قولى كېسىلمەي، تەزىر ئۇرۇلۇپ ئازابلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3816 _ ھەدىس، نەسەئى 4872 _ ھەدىس، تىرمىزىيمۇ توپلىغان، ھەسەن.

**3595 – [ 6 ] وعن عبد الله بن عبد الرحمن بن أبي حسين المكي أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا قطع في ثمر معلق ولا في حريسة جبل فإذا آواه المراح والجرين فالقطع فيما بلغ ثمن المجن " . رواه مالك**

ئىبنى ئەمرۇ،ئابدۇ**الله** رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئېسىقلىق مېۋىلەردە ياكى باغدىن يولغا ساڭگىلاپ قالغان مېۋىلەردە قول كېسىلمەيدۇ، ئەگەر ئۇنى مېۋە يىغىدىغان خامانغا، مەيدانغا يىغىپ توپلىسا، ئاندىن ئوغۇرلىغان نەرسىنىڭ قىممىتى بىر جەڭ كىيمىنىڭ، قالقاننىڭ قىممىتىگە يەتسە، قولى كېسىلىدۇ، تاغلاردا ئوتلاۋاتقان چارۋىلارنى يېۋالسا، ياكى ئۇۋنى يېۋالسا، قول كېسىلمەيدۇ، ئۇنى قوتانغا سولاپ بولغاندىن كېيىن ئوغۇرلىسا، قىممىتى يەنىلا جەڭ كىيمىنىڭ مىقدارىغا يەتسە( يەنى بىر دىينارنىڭ تۆتتەن بىرىگە يەتسە) ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ.مالىك، نەسەئى 4871 _ ھەدىس، ھەسەن.

**3596 – [ 7 ] وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس على المنتهب قطع ومن انتهب نهبة مشهورة فليس منا " . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ مېلىنى ئوچۇق _ ئاشكارا قەھرى قىلىپ ئېلىۋالغۇچى بۇلاڭچىغا، قول كېسىش يوق،كىم كىشىلەرنىڭ مېلىنى ئوچۇق _ ئاشكارا قەھرى قىلىپ بۇلىۋالسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3597 – [ 8 ]) وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ليس على خائن ولا منتهب ولا مختلس قطع " . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه والدارمي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ مېلىنى ئوچۇق _ ئاشكارا قەھرى قىلىپ ئېلىۋالغۇچى بۇلاڭچىغا، تېز سۈرئەتتە يوشۇرۇن ئالغۇچى يانچۇقچىغا، خىيانەت قىلغان خائىنغا قول كېسىش يوق، (لېكىن، جازالىرىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان،دارىمى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، تېز سۈرئەتتە نەرسىلەرنى، پۇللارنى ئېلىۋالغۇچى، يانچۇقچىغا (ئوچۇق ئاشكارا قەھرى قىلىپ ئېلىۋالغۇچى، بۇلاڭچىغا، خائىنغا قول كېسىش يوق) بۇلارنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ، (لېكىن، بۇلاڭچى، قاراقچىنىڭ پۇت - قوللىرى كېسىلىدۇ، يۇرتىدىن پالاندى قىلىنىدۇ، دارغا ئېسىلىدۇ، يانچۇقچىلار تەزىر ئۇرۇلىدۇ، تۈرمىگە قامىلىدۇ). نەسەئى 4889 - ھەدىس، تىرمىزى 1368 - ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3818 - ھەدىس، ئىبنى ماجە 2581 - ھەدىس، ئەھمەد 14539 - ھەدىس، سەھىھ.

**3598 – [ 9 ] ( لم تتم دراسته ) وروى في " شرح السنة " : أن صفوان بن أمية قدم المدينة فنام في المسجد وتوسد رداءه فجاء**

| |
|---|
| سارق وأخذ رداءه فأخذه صفوان فجاء به إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فأمر أن تقطع يده فقال صفوان : إني لم أرد هذا هو عليه صدقة . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فهلا قبل أن تأتيني به "<br><br>سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە كېلىپ، تون،ردايىنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاپ قالدۇ، ئاندىن بىرئوغرى كېلىپ، ئۇنىڭ ردايىنى ئېلىۋالدۇ، سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئوغرىنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىيدۇ، ئاندىن سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن بۇنى مەقسەت قىلمىغان (يەنى ئۇنىڭ قولىنى كەستۈرۈتىشنى مەقسەت قىلمىغان ئىدىم) مېنىڭ ردايىم ئۇنىڭغا سەدىقە بولۇپ كەتسۇن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ نىمە ئۈچۈن ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن شۇنداق دېمەيسەن؟(ئەمدى بەك كېچىكتىڭ)دېدى.دارىمى،ئىبنى ماجە،شەرھسسۇننەلەر توپلىغان. |
| 3599 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وروى نحوه ابن ماجه عن عبد الله بن صفوان عن أبيه |
| 3600 – [ 11 ] ( لم تتم دراسته ) والدارمي عن ابن عباس |
| 3601 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن بسر بن أرطاة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تقطع الأيدي في الغزو " . رواه الترمذي والدارمي وأبو داود والنسائي إلا أنهما قالا : " في السفر " بدل " الغزو "<br><br>بۇسر ئىبنى ئەبۇ ئەرتات رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردە قول كېسىلمەيدۇ. ئەھمەد 16968 _ ھەدىس، تىرمىزى 1370 _ ھەدىستە؛« غازات مەيدانىدا قول كېسىلمەيدۇ» دېيىلگەن. نەسەئى 4893 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3828 _ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھھە. ئەۋزائى قاتارلىق ئالىملار: غازاتتا قولنى كەسسە، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار، شۇڭا ئىمام، قوماندان قايتقاندا ھەم سەپەردىن يانغاندا قولنى كېسىدۇ دېدى، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، ئۇنىڭغا پايدىلىقتۇر. ئۇ بۇنى بىلسە، ئۆزى ئىقرار قىلىپ تۇتۇپ بېرىدۇ، خۇددى بەزى ساھابە ئىقرار قىلىپ، رەجىمدا ئۆلگەندەك ). |
| 3602 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي سلمة عن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال في السارق : " إن سرق فاقطعوا يده ثم إن سرق فاقطعوا رجله ثم إن سرق فاقطعوا يده ثم إن سرق فاقطعوا رجله " . رواه في شرح السنة<br><br>ئەبۇسەلەمەت،ئەبۇھۇرەيرەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ ئوغۇرلۇق قىلسا، ئۇنىڭ بىر قولىنى كېسىڭلار، ئەگەر يەنە ئوغۇرلۇق قىلسا، ئۇنىڭ بىر پۇتىنى كېسىڭلار،ئاندىن كېيىن يەنە ئوغۇرلۇق قىلسا، ئۇنىڭ يەنە بىر قولىنى كېسىڭلار، ئاندىن كېيىن يەنە (تۆتىنجى قېتىم)ئوغۇرلۇق قىلسا، ئۇنىڭ يەنە بىر پۇتىنى كېسىڭلار. شەرھسسۇننەلەر توپلىغان. |
| 3603 – [ 14 ] ( لم تتم دراسته ) وعن جابر قال : جيء بسارق إلى النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اقطعوه " فقطع ثم جيء به الثانية فقال : " اقطعوه " فقطع ثم جيء به الثالثة فقال : " اقطعوه " فقطع ثم جيء به الرابعة فقال : " اقطعوه " فقطع فأتي به الخامسة فقال : " اقتلوه " فانطلقنا به فقتلناه ثم اجتررناه فألقيناه في بئر ورمينا عليه الحجارة . رواه أبو داود والنسائي<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئوغرى كەلتۈرۈلۈپدى؛ ئۇنىڭ قولىنى كېسىڭلار دېدى، ئۇنىڭ قولى كېسىلدى. ئاندىن ئىككىنجى قېتىم يەنە شۇ ئوغرى كەلتۈرۈلۈپدى؛ ئۇنىڭ |

(پۇتىنى) كىسىڭلار دېدى، ئۇنىڭ (پۇتى) كېسىلدى. ئاندىن ئۈچۈنچى قېتىم يەنە شۇ ئوغرى كەلتۈرۈلدى؛ يەنە كىسىڭلار دېدى، ئۇنىڭ قولى كېسىلدى. ئاندىن تۆتىنچى قېتىم يەنە شۇ ئوغرى كەلتۈرۈلدى؛ يەنە كىسىڭلار دېدى، ئۇنىڭ (پۇتى) كېسىلدى. ئاندىن بەشىنچى قېتىم يەنە شۇ ئوغرى(ئوغۇرلۇق قىلىپ) كەلتۈرۈلدى؛ ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار دېدى، بىز ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرىۋەتتۇق، ئاندىن ئۇنى سۆرەپ چىقىپ، بىرقۇدۇققا تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش ئاتتۇق. ئەبۇداۋۇد بىلەن نەسەئى توپلىغان.

**3604 – [ 15 ]** ( لم تتم دراسته ) **وروي في شرح السنة في قطع السارق عن النبي صلى الله عليه وسلم : " اقطعوه ثم احسموه "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش كەيپىياتى توغرىسىدا؛ ئۇنىڭ قولىنى كېسىپ، قانىنى توختۇتۇش ئۈچۈن تۆمۈرنى قىزتىپ، كېسىلگەن جايىنى داغلاڭلار، دېگەن. شەرھسسۇننىلەر توپلىغان.

**3605 – [ 16 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن فضالة بن عبيد قال : أتي رسول الله صلى الله عليه وسلم بسارق فقطعت يده ثم أمر بها فعلقت في عنقه . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

پۇزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئوغرى كەلتۈرۈلدى؛ ئۇ ئوغرىنىڭ قولى كېسىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قولىنى بويىنىغا ئېسىپ قويۇشقا بۇيرىدى.تۆت كىتاپ توپلىغان.

**3606 – [ 17 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا سرق المملوك فبعه ولو بنش " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ئوغۇرلۇق قىلسا، ئۇنى گەرچە 20 دەرھەمگىمۇ بولسا سېتىۋېتىڭلار. ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3607 – [ 18 ]** **الفصل الثالث** ( لم تتم دراسته ) **عن عائشة قالت : أتي رسول الله صلى الله عليه وسلم بسارق فقطعه فقالوا : ما كنا نراك تبلغ به هذا قال : " لو كانت فاطمة لقطعتها " . رواه النسائي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئوغرى كەلتۈرۈلدى؛ ئۇنىڭ قولىنى كەستى، ئاندىن ئۇلار؛ بىز سىلىنى بۇنىڭغا بۇنچىۋالا قىلىشىدۇ دەپ گۇمان قىلماپتۇق(بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇ ئەمەس ئىدى، بىز سىلىنى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ،رەھىم قىلارمىكىن )دېگەن ئىدۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر ئۇ ئوغرىنىڭ ئورنىدا، قىزىم پاتىمەرەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغۇرلۇق قىلغان بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنىمۇ كەسكەن بولاتتىم دېدى.نەسەئى توپلىغان.

**3608 – [ 19 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن ابن عمر قال : جاء رجل إلى عمر بغلام له فقال : اقطع يده فإنه سرق مرآة لامرأتي فقال عمر رضي الله عنه : لا قطع عليه وهو خادمكم أخذ متاعكم . رواه مالك**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بىرغۇلامنى يەنى ئۆزىنىڭ قۇلىنى ئېكىلىپ؛ بۇ مىنىڭ ئايالىمنىڭ ئەينىكىنى ئوغۇرلاپتۇ، بۇنىڭ قولىنى كەسكىن دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ سىلەرنىڭ خادىم خىزمەتچىڭلاردۇر، ئۇ سىلەرنىڭ ماتالىرىڭلاردىن ئېلىپ ساپتۇ، ئۇنىڭغا قولىنى كېسىش يوقتۇر دېدى. ئىمام مالىك توپلىغان.

3609 – [ 20 ] وعن أبي ذر قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أبا ذر " قلت : لبيك يا رسول الله وسعديك قال : " كيف أنت إذا أصاب الناس موت يكون البيت فيه بالوصيف " يعني القبر قلت : الله ورسوله أعلم . قال : " عليك بالصبر " قال حماد بن أبي سليمان : تقطع يد النباش لأنه دخل على الميت بيته . رواه أبو داود

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! مەن: لەببەيۋ، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مانا مەن ئىتائەتلىرىدە دېسەم، ئەگەر كىشىلەرگە قاتتىق ئۆلۈم يەتسە، ئۆيى كىشىگە قەبرە بولۇپ كەتسە، قانداق قىلىسەن؟ قېنى دەپ باققىنە؟،دېدى. مەن: ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئالىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەۋرى قىلغىن دېدى.ھەمماد؛ مۇشۇ ھەدىسنى دەلىللەپ، كېپەن ئوغرىسىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، چۈنكى ئۇ مېيىتنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلۇققا كىرىدۇ دېدى.ئەبۇداۋۇد.سەھ7819 ـ ھەد

باب الشفاعة في الحدود – الفصل الأول ھەد جازادا شاپائەت قىلىش توغرىسىدا

3610 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن عائشة رضي الله عنها أن قريشا أهمهم شأن المرأة المخزومية التي سرقت فقالوا : من يكلم فيها رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فقالوا : ومن يجترئ عليه إلا أسامة بن زيد حب رسول الله صلى الله عليه وسلم فكلمه أسامة . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتشفع في حد من حدود الله ؟ " ثم قام فاختطب ثم قال : " إنما أهلك الذين قبلكم أنهم كانوا إذا سرق فيهم الشريف تركوه وإذا سرق فيهم الضعيف أقاموا عليه الحد وايم الله لو أن فاطمة بنت محمد سرقت لقطعت يدها " . متفق عليه . وفي رواية لمسلم : قالت : كانت امرأة مخزومية تستعير المتاع وتجحده فأمر النبي صلى الله عليه وسلم بقطع يدها فأتى أهلها أسامة فكلموه فكلم رسول الله صلى الله عليه وسلم بقطع يدها فأتى أهلها أسامة فكلموه فكلم رسول الله صلى الله عليه وسلم فيها ثم ذكر الحديث بنحو ما تقدم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەخزۇم قەبىلىسىلىك ئوغۇرلۇق قىلغان بىر ئايالنىڭ ئىشى قۇرەيشلەرنى غەمگە سالدى، ئۇلار؛بۇئايال توغرىسىدا شاپائەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىم سۆز قىلىدۇ؟دېيىشىپ، بۇنىڭغا پەقەت رەسۇلۇللاھ بەك ياخشى كۆرىدىغان ئۇسامەئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلا جۈرئەت قىلالايدۇ دېدى، ئۇسامەئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇئايالغا شاپائەت قىلىپ، سۆز قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئى ئۇسامە! سەن تېخى ئاللاھنىڭ جازا قانۇنلىرىدىن بىر جازا توغرىسىدا شاپائەت قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟.ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇتبە ئوقۇپ؛ ھەققەتەن سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشلەرنى ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلمىشلىرى ھالاك قىلىۋەتتى، جەزمەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن يۇز ئابرۇيلۇق، ئۇلۇغراق كىشى ئوغۇرلۇق قىلسا، ئۇنى قويۇپ بېرىپ، جازالىمايتتى، ئاجىز كىشلەر ئوغۇرلۇق قىلسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەد، جازانى يۈرغۈزاتتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھالاك بولدى، الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قىزىم پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغۇرلۇق قىلغان بولسىمۇ،ئۇنىڭ قولىنى كېسەتتىم دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

3611 – [ 2 ] الفصل الثاني عن عبد الله بن عمر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من حالت شفاعته دون حد من حدود الله فقد ضاد الله ومن خاصم في باطل وهو يعلمه لم يزل في سخط اله تعالى حتى يترع ومن قال في مؤمن ما ليس فيه أسكنه الله ردغة الخبال حتى يخرج مما قال " . رواه أحمد وأبو داود وفي رواية للبيهقي في شعب الإيمان " من أعان على

**خصومة لا يدري أحق أم باطل فهو في سخط الله حتى يترع "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمنىڭ شاپائەت قىلىشى، ھاجەتنى ئادا قىلىپ بېرىشى، ئاللاھنىڭ ھەد ـ جازا قانۇنلىرىدىن بىرەر جازانى تۇسۇپ قويسا، (يەنى ئۇنىڭ شاپائىتى، شەرئى جازادىن بىرەر جازانى ئىجرا قىلىشدىن توسۇپ قويسا،) ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىدە ئاللاھقا قارشى چىققانلىق، ئەمرىنىڭ خىلاپىدا ئىش قىلغان بولىدۇ، (ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنىڭ زىتىدا، قارشىسىدا تۇرغان بولىدۇ،) كىم ئۆز ئۈستىدە قەرزى بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن ئەمەس بەلكى ياخشىلىقلىرى باشقىلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ياكى قەرز ئىگىسىنىڭ يامانلىقلىرى، قەرىزدارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىش بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، كىم بىلىپ تۇرۇپ باتىل نەرسە توغرىسىدا داۋالاشسا، ئۇ بۇ ئىشدىن ئۆزىنى تارتمىغىچە ئاللاھنىڭ غەزىپى، كايىشى ئىچىدە تۇرىۋېرىدۇ، كىم مۆئمىن توغرىسىدا ئۇنىڭدا يوق نەرسىلەرنى دەپ ئەيىبلەپ تۆھمەت قىلسا، ئۇ بۇ دىگەن سۆزلىرىدىن يېنىپ چىقمىغىچە، ئاللاھتائالا ئۇنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭ، زەرداپلىرى ئىچىدە تۇرغۇزىدۇ، ئۇ دىگەن سۆزدىن يېنىپ چىقالمايدۇ ـ دە، ئازابدىنمۇ چىقالمايدۇ. كىم بىرەر داۋانىڭ ھەق ياكى باتىل ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلسا، بۇكىشىمۇ شۇئىشدىن ئۆزىنى تارتمىغىچە ئاللاھنىڭ غەزىپى، كايىشى ئىچىدە تۇرىۋېرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3123 ـ ھەدىس، ئەھمەد 5129 ـ ھەدىس، تەبرانى، بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3612 – [ 3 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أبي أمية المخزومي : أن النبي صلى الله عليه وسلم أتي بلص قد اعترف اعترافا ولم يوجد معه متاع فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما إخالك سرقت " . قال : بلى فأعاد عليه مرتين أو ثلاثا كل ذلك يعترف فأمر به فقطع وجيء به فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " استغفر الله وتب إليه " فقال : أستغفر الله وأتوب إليه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم تب عليه " ثلاثا . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي هكذا وجدت في الأصول الأربعة وجامع الأصول وشعب الإيمان ومعالم السنن عن أبي أمية**

ئەبۇئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر قاراقچى ئوغرى كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۆز جىنايىتىنى ئېتراپ قىلىپ، ئىقرار قىلدى، لېكىن مال،ماتائ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تېپىلمىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ مەن سىنى ئوغۇرلۇق قىلدۇ دەپ گۇمان قىلمايمەن دىدى، ئۇ ئوغرى؛ ياق،ئۇنداق ئەمەس ، مەن ئوغۇرلۇق قىلدىم دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ھېلىقى سۆزىنى ئىككى ئۈچ قېتىم قايتىلىدى، ئۇ ئوغرى؛ ياق،ئۇنداق ئەمەس ، مەن ئوغۇرلۇق قىلدىم دەپ، ھەر قېتىم ئىقرار قىلىۋەردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى، ئاندىن ئۇ كەلتۈرۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ سەن **الله** تىن گۇناھىڭنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى سوراپ، **الله** قا تۆۋبە قىلغىن دىدى، ئۇ:«ئەستەغپىرۇ**الله** ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيھى»دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم؛ «ئى **الله** ! ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلسلا»دىدى.ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى، دارىمى، ئەنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان.

**3613 – [ 4 ] وفي نسخ المصابيح عن أبي رمثة بالراء والثاء المثلثة بدل الهمزة والياء**

باب حد الخمر – الفصل الأول هاراق ئىچكەننىڭ جازاسى توغرىسىدا

3614 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم ضرب في الخمر بالجريد والنعال وجلد أبو بكر رضي الله عنه أربعين

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم هاراق ئىچكەن كىشىنى خورمىنىڭ شۇيۇڭى،چىۋىق تاللىرى، كەش ئاياقلار بىلەن ئۇردى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى 40 قامچا ئۇردى.بۇخ،مۇ

3615 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وفي رواية عنه : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يضرب في الخمر بالنعال والجريد أربعين

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم هاراق ئىچكەن كىشىنى خورمىنىڭ شۇيۇڭى،چىۋىق تاللىرى بىلەن، كەش ئاياقلار بىلەن 40نى قىرىقنى ئۇراتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

3616 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن السائب بن يزيد قال : كان يؤتى بالشارب على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم وإمرة أبي بكر وصدرا من خلافة عمر فنقوم عليه بأيدينا ونعالنا وأرديتنا حتى كان آخر إمرة عمر فجلد أربعين حتى إذا عتوا وفسقوا جلد ثمانين . رواه البخاري

سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، هاراق ئىچكۈچى كەلتۈرۈلسە، بىز ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۇنى قوللىرىمىز بىلەن، كەش،ئاياق،تونلىرىمىز بىلەن ئۇراتتۇق، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، هاراق ئىچكۈچىنى 40 قامچا ئۇردى، ئاندىن ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئەزۋىيلەپ، پاسىقلىشىۋىدى، 80 قامچا ئۇردى.بۇخارى توپلىغان.

3617 – [ 4 ] الفصل الثاني عن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من شرب الخمر فاجلدوه فإن عاد في الرابعة فاقتلوه " قال : ثم أتي النبي صلى الله عليه وسلم بعد ذلك برجل قد شرب في الرابعة فضربه ولم يقتله . رواه الترمذي

ئىبنى ئۆمەر، مۇئاۋىيە، زۇۋەيب، ئەبۇ ھۇرەيرە، شۇرەھبىل، جەرىر، ئىبنى ئەمرۇ، جابىر، خۇزەيف، شەرىيد ۋە بىر نەچچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم هاراق ئىچسە، ئۇنى قامچىلاڭلار، ئىككىنچى قېتىم يەنە قايتا ئىچسە، يەنە قامچىلاڭلار، ئۈچىنچىسىدىمۇ شۇنداق، تۆتىنچى قېتىم قايتا ئىچسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۆتىنچى قېتىم هاراق ئىچكەن كىشى كەلتۈرۈلسە، ئۇنى ئۆلتۈرمەي، يەنە قامچا بىلەن ئۇردى.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم،تىرمىزى،دارىمى، بەيھەقى،تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، دارىقۇتنى، ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، سەھىھ.

3618 – [ 5 ] ( لم تتم دراسته ) ورواه أبو داود عن قبيصة بن دؤيب

3619 – [ 6 ] وفي أخرى لهما وللنسائي وابن ماجه والدارمي عن نفر من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم منهم ابن عمر ومعاوية وأبو هريرة والشريد إلى قوله : " فاقتلوه " بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاش.

3620 – [ 7 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الرحمن بن الأزهر قال : كأني أنظر إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم إذ أتي برجل قد شرب الخمر فقال للناس : " اضربوه " فمنهم من ضربه بالنعال ومنهم من ضربه بالعصا ومنهم من ضربه بالميتخة . قال ابن

وهب : يعني الجريدة الرطبة ثم أخذ رسول الله صلى الله عليه وسلم ترابا من الأرض فرمى به في وجهه . رواه أبو داود

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ھاراق ئىچكەن بىركىشى كەلتۈرۈلۈشىدى، كىشىلەرگە: ئۇنى ئۇرۇڭلار دېدى، -مەن قاراپ تۇرغان ئىدىم- ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۇنى ئايىقى بىلەن، بەزىسى ھاسا بىلەن، بەزىسى خورمىنىڭ ھۆل چىۋىقلىرى بىلەن ئۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **زېمىندىن بىرچاڭگال توپىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى**.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3621 – [ 8 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم أتي برجل قد شرب الخمر فقال : " اضربوه " فمنا الضارب بيده والضارب بثوبه والضارب بنعله ثم قال : " بكتوه " فأقبلوا عليه يقولون : ما اتقيت الله ما خشيت الله وما استحييت من رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال بعض القوم : أخزاك الله . قال : " لا تقولوا هكذا لا تعينوا عليه الشيطان ولكن قولوا : اللهم اغفر له اللهم ارحمه " . رواه أبو داود**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھاراق ئىچكەن بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلۈشىدى، كىشىلەرگە: ئۇنى ئۇرۇڭلار دېدى، بىزدىن بەزىلەر ئۇنى قولى بىلەن، بەزىلەر كىيىمى بىلەن، بەزىلەر ئايىقى بىلەن ئۇردى. ئاندىن ئۇنى تاپا-تەنە قىلىپ، ئەيىبلەڭلار دېدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلىپ؛ سەن **الله** تىن قورقمىدىڭمۇ؟تەقۋادار بولمىدىڭمۇ؟**الله** نىڭ ئازابىدىن ھەزەر قىلمىدىڭمۇ؟ **الله** نىڭ ئەلچىسىدىن ھايا قىلمىدىڭمۇ؟دېدى، قەۋمنىڭ بەزىسى؛ **الله** سىنى خارقىلسۇن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق دېمەڭلار، ئۇنىڭغا قارشى شەيتانغا ياردەم بەرمەڭلار، لېكىن سىلەر؛ ئى **الله** ! ئۇنىڭغا رەھىم قىلسىلا، ئۇنى مەغپىرەت قىلسىلا دەڭلار دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**3622 – [ 9 ]** ( ضعيف )**وعن ابن عباس قال : شرب رجل فسكر فلقي يميل في الفج فانطلق به إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما حاذى دار العباس انفلت فدخل على العباس فالتزمه فذكر ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فضحك وقال : " أفعلها ؟ " ولم يأمر فيه بشيء . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەر ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ، يولدا دەلدەڭشىپ يۈرۈپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كىرىۋاپتۇ، ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاناھ تىلەپتۇ. بۇ ئەھۋال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلىنغاندا، كۈلۈپ كېتىپ، شۇنداق قىلدىما؟ دەپ قويۇپ، ھېچبىر جازاغا بۇيرىماپتۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن. ئىشەنچىلىك ئەسەرگە قارىغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ھاراق ئىچكەن كىشىنى 80 قامچا ئۇرغان، بۇ خېلى مەشھۇردۇر.

**3623 – [ 10 ]** ( متفق عليه ) **الفصل الثالث عن عمير بن سعيد النخفي قال : سمعت علي بن أبي طالب يقول : ما كنت لأقيم على أحد حدا فيموت فأجد في نفسي منه شيئا إلا صاحب الخمر فإنه لو مات وديته وذلك أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لم يسنه**

ئۆمەيرىبىننەخىيىدىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەرقانداق بىركىشىنى ھەد ئۇرۇپ جازالسام، ئاندىن ئۇكىشى شۇ ئىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتسە، قەلبىمدە ئۇنىڭدىن ھېچ قانداق ئازاپلىنىش،قايغۇرۇپ ئىچ ئاغرىتىش ھىس قىلمايمەن، لېكىن ھاراق ئىچكۈچىنى جازالسام، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا تۆلەم پۇلى بىرىمەن، چۈنكى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراق ئىچكۈچىگە مۇئەييەن ئېنىق ھەدجازانى سۈننەت قالدۇرمىغاندۇر. بۇخارى ،مۇسلىم توپلىغان.

3624 – [ 11 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ثور بن زيد الديلمي قال : إن عمر استشار في حد الخمر فقال له علي : أرى أن تجلده ثمانين جلدة فإنه إذا شرب سكر وإذا سكر هذى وإذا هذى افترى فجلد عمر رضي الله عنه في حد الخمر ثمانين . رواه مالك

سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاراق ئىچكەننىڭ جازاسى توغرىسىدا، ئۇلاردىن مەسلىھەت ئېلىۋىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن ئۇنى 80 قامچا ئۇرۇشۇڭنى توغرا دەپ قارايمەن، چۈنكى ئۇ ھاراق ئىچسە، مەست بولسا، مەست بولدۇ، قالايمىقان سۆزلەيدۇ، قالايمىقان ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىسە، كىشىلەرگە تۆھمەت، بوھتان قىلىدۇ،دېدى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاراق ئىچكەن كىشىنى 80 قامچا ئۇردى. ئىمام مالىك توپلىغان.

باب مالا يدعى على المحدود – الفصل الأول

## جازالانغان كىشىگە لەنەت قىلماسلىق ۋە بەد دۇئا قىلماسلىق توغرىسىدا

3625 – [ 1 ] ( صحيح ) عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه أن رجلا اسمه عبد الله يلقب حمارا كان يضحك النبي صلى الله عليه وسلم وكان النبي صلى الله عليه وسلم قد جلده في الشراب فأتي به يوما فأمر به فجلد فقال رجل من القوم : اللهم العنه ما أكثر ما يؤتى به فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لا تلعنوه فو الله ما علمت أنه يحب الله ورسوله " . رواه البخاري

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھىمار دەپ لەقەم قىلىنىدىغان، ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈلدۈرەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ھاراق ئىچكەنلىكى سەۋەبلىك قامچىلىغان ئىدى، بىركۈنى ئۇكىشى يەنە جازالاشقا كەلتۈرۈلۈپ، يەنە قامچىلاندى، قەۋمدىن بىركىشى؛ بۇ نىمەدىگەن تولا جازاغا كەلتۈرۈلگەن ھە!! ئى الله! بۇنىڭغا لەنەت قىلغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنىڭغا لەنەت قىلماڭلار، الله بىلەن قەسەمكى، مىنىڭ بىلىشىمچە ئۇ الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنى بەك ياخشى كۆرەتتى دېدى.بۇخارى توپلىغان.

3626 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : أتي النبي صلى الله عليه وسلم برجل قد شرب الخمر فقال : " اضربوه " فمنا الضارب بيده والضارب بنعله والضارب بثوبه فلما انصرف قال بعض القوم : أخزاك الله قال : " لا تقولوا هكذا لا تعينوا عليه الشيطان " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھاراق ئىچكەن بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلگەندى، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرگە؛ ئۇنى ئۇرۇڭلار دېدى، بىزدىن بەزىلەر ئۇنى قولى بىلەن، بەزىلەر كىيىمى بىلەن، بەزىلەر ئايىقى بىلەن ئۇردى.جازادىن يارىغ بولۇپ قايتقاندا، قەۋمنىڭ بەزىسى؛ الله سىنى خارقىلسۇن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق دېمەڭلار، ئۇنىڭغا قارشى شەيتانغا ياردەم بەرمەڭلار،( لېكىن سىلەر؛ ئى الله ! ئۇنىڭغا رەھىم قىلسىلا، ئۇنى مەغپىرەت قىلسىلا دەڭلار دېدى). بۇخارى توپلىغان.

3627 – [ 3 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبي هريرة قال : جاء الأسلمي إلى نبي الله صلى الله عليه وسلم فشهد على نفسه أنه

**أصاب امرأة حراما أربع مرات كل ذلك يعرض عنه فأقبل في الخامسة فقال : " أنكتها ؟ " قال : نعم قال : " حتى غاب ذلك منك في ذلك منها " قال : نعم قال : " كما يغيب المرود في المكحلة والرشاء في البئر ؟ " قال : نعم قال : " هل تدري ما الزنا ؟ " قال : نعم أتيت منها حراما ما يأتي الرجل من أهله حلالا قال : " فما تريد بهذا القول ؟ " قال : أريد أن تطهرني فأمر به فرجم فسمع نبي الله صلى الله عليه وسلم رجلين من أصحابه يقول أحدهما لصاحبه : انظر إلى هذا الذي ستر الله عليه فلم تدعه نفسه حتى رجم رجم الكلب فسكت عنهما ثم سار ساعة حتى مر بجيفة حمار شائل برجله فقال : " أين فلان وفلان ؟ " فقالا : نحن ذان يا رسول الله فقال : " انزلا فكلا من جيفة هذا الحمار " فقالا : يا نبي الله من يأكل من هذا ؟ قال : " فما نلتما من عرض أخيكما آنفا أشد من أكل منه والذي نفسي بيده إنه الآن لفي أنهار الجنة ينغمس فيها " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىپ قالغانلىقىغا ئۆز نەپسىگە قارشى گۇۋاھلىق بەردى، تۆت قېتىم گۇۋاھلىق بەرسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كەينىنى قىلىۋالدى، بەشىنچى قېتىم مۇنداق دېدى، سەن شۇ ئايال بىلەن راستىنلا ھارامدىن جىنسى مۇناسىۋەت قىلدىڭمۇ؟ ئەسلەمى ھەئە شۇنداق دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنىڭ ئەۋرىتىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە غايىپ بولدىمۇ؟ دېدى. ئۇ ھەئە خۇددى قەلەم دەۋەتتە ئارغامچا قۇدۇقتا غايىپ بولۇغاندەك غايىپ بولدى دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىنانىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ دېدى، ئۇ ھەئە بىلىمەن، خۇددى ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا ھالالدىن كەلگەندەك مەن بۇ ئايالغا ھارامدىن كەلدىم دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن بۇنداق قىلىپ بۇ سۆزلىرىڭ بىلەن نېمىنى مەخسەت قىلدىڭ؟ دېدى. ئۇ مېنى گۇناھدىن پاكلاشلىرىنى مەخسەت قىلدىم دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى رەجىم قىلىشقا يەنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن ئىككى ئەرنىڭ بىرسى ـ بىرسىگە مۇنداق دېيىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى. قاراڭلار بۇنىڭغا، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى ياپسا، بۇ ئۆزىنى بولدى قىلماي خۇددى ئىت رەجىمدا ئۆلگەندەك چالما ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا گەپ قىلماي بىر سائەت مېڭىپ، پۇتلىرى چىرىپ، تىتىلىپ كەتكەن بىر ئېشەكنىڭ تاپىنىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، پالانى، پوكۇنى قېنى؟ دېدى. ئۇلار مانا بىز يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىڭلار چۈشۈپ ماۋۇ ئېشەكنىڭ تاپىدىن يەڭلار دېدى، ئۇلار ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بۇنى كىم يەيدۇ؟ دېدى، سىلەر باياتىن قېرىندىشىڭلارنىڭ كەينىدىن ئۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈپ غەيۋەت قىلىپ يەتكەن نەرسە، بۇ ئېشەكنىڭ تاپىنى يېگەندىنمۇ ياماندۇر، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن ئۇ ھازىر جەننەتنىڭ بۇلاق، ئۆستەڭلىرىدە كېچىپ يۈرىدۇ دېدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى ئىسناد يوللىرىنى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن، ئەمما، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ئىقرار قىلىپ، زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن مائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن ساھابە راستىنلا رەجىم قىلىنىدى.

**3628 – [ 4 ] وعن خزيمة بن ثابت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أصاب ذنبا أقيم عليه حد ذلك الذنب فهو كفارته " رواه في شرح السنة**

خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر گۇناھنى قىلىپ سالسا، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە شۇ گۇناھنىڭ ھەد جازاسى تۇرغۇزۇلسا، يەنى ئىسلام قانۇنى بويىنچە

جازالانسا، بۇ جازا ئۇنىڭ گۇناھىغا كاپارەتتۇر. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

3629 – [ 5 ] ( لم تتم دراسته ) وعن علي رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من أصاب حدا فعجل عقوبته في الدنيا فالله أعدل من أن يثني على عبده العقوبة في الآخرة ومن أصاب حد فستره الله عليه وعفا عنه فالله أكرم من أن يعود في شيء قد عفا عنه " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريبهذا الباب خال عن الفصل الثالث

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جازالاشقا تېگىشلىك بىر گۇناھنى قىلىپ سېلىپ، ئۇنىڭ ھەد جازاسى مۇشۇ دۇنيادىلا تېز بېرىلسە، اللّٰه تائالا ئۇبەندىسىگە ئاخىرەتتىمۇ يەنە تەكرار جازا بېرىشتىن بەكمۇ ئادىلراقتۇر.(يەنى ئۇنى تەكرار جازالىمايدۇ) كىم جازالاشقا تېگىشلىك بىر گۇناھنى قىلسا، اللّٰه تائالا ئۇنى يېپىپ يوشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلسا، اللّٰه تائالا ئەپۇ قىلىپ بولغان نەرسىنى ئۇنىڭغا قايتىلاشتىن بەكمۇ ئۇلۇغ،ھۆرمەتلىكتۇر.(يەنى ئەپۇ قىلغىنى قىلغان)تىرمىزى،ئىبنى ماجە

## باب التعزيز – الفصل الأول تەئزىر ئۇرۇش توغرىسىدا

3630 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي بردة بن ينار عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يجلد فوق عشر جلدات إلا في حد من حدود الله

ئەبۇ بۇردەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوندىن يۇقىرى تەزىر قامچىسى ئۇرۇلمايدۇ، لېكىن، ئاللاھنىڭ ھەد، جازالىرىدىن بىرەر جازاغا تارتىشتا ئۇنىڭدىن يۇقىرى كۆپ ئۇرۇلىدۇ. (مەسىلەن: ھاراق ئىچسە، بوھتان قىلسا، 80 قامچا ئۇرۇلىدۇ، توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلسا، 100 قامچا ئۇرۇلىدۇ، قورئان، ھەدىستە كۆرسىتىلگەن جازادىن باشقا تەزىر قامچىسى ئوندىن تۆۋەن ئۇرۇلىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

3631 – [ 2 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا ضرب أحدكم فليتق الوجه " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار خادىمنى، قۇلنى ئۇرسا، ئۇنىڭ يۈزىدىن ھەزەر قىلسۇن، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. باشقا سەھىھ ھەدىسلەردە يۈزگە ئۇرۇش قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ،جازادىمۇ شۇنداق، شۇنىڭ ئۈچۈن، بوكس، بوكستا مۇشلىشىش دۇرۇس ئەمەس.

3632 – [ 3 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا قال الرجل للرجل : يا يهودي فاضربوه عشرين وإذا قال : يا مخنث فاضربوه عشرين ومن وقع على ذات محرم فاقتلوه " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى يەنەبىر مۇسۇلمان كىشىنى «ئى يەھۇدىي!»(ياكى ناسارا)دېسە، ئۇنى 20 قامچا ئۇرۇڭلار، «ئى خۇناسا!ئى ئاياللىغا ئوخشۇۋالغۇچى!» دېسە، ئۇنى 20 قامچا ئۇرۇڭلار، مەھرەم ئىگىسى بىلەن يەنى نىكاھتا ھارام بولىدىغان كىشى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار.تىرمىزى توپلىغان.

3633 – [ 4 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمر رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا وجدتم الرجل قد غل في سبيل الله فأحرقوا متاعه واضربوه " . رواه الترمذي وأبو داود وقال الترمذي : هذا حديث غريب هذا الباب خال من الفصل الثالث

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:الله يولىدا مىڭگۈزۈپ، الله يولىدىكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغان كىشىنى تاپساڭلار، ئۇنىڭ مال،ماتالىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇڭلار. تىرمىزى ،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

باب بيان الخمر ووعيد شاربها – الفصل الأول ھاراقنىڭ بايانى ۋە ئۇنى ئىچكۈچىگە تەھدىد توغرىسىدا

3634 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الخمر من هاتين الشجرتين : النخلة والعنبة " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاراق مۇشۇ ئىككى خىل دەرەختىن، خورما بىلەن ئۈزۈمدىن ياسىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ باشقا ھەدىسلەردە ھاراق: ئۈزۈم، خورما، بۇغداي، قوناق، ئارپا، ھەسەل قاتارلىقلاردا ياسىلىدۇ دېگەن بار، ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر.

3635 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : خطب عمر رضي الله عنه على منبر رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " إنه قد نزل تحريم الخمر وهي من خمسة أشياء : العنب والتمر والحنطة والشعير والعسل والخمر ما خامر العقل " . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرىدە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھاراقنى ھارام قىلىپ ئايەت نازىل قىلىندى، ھاراق؛ ئۈزۈم، خورما، بۇغداي، ئارپا، ھەسەل قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسىلىدۇ، ھاراق دېگەن ئەقىلنى پەردە بىلەن يېپىۋېلىپ، ئەقىلنى بۇلغاپ چىرىتىدىغان نەرسىدۇر. بۇھەدىسنى ۋە تۆۋەندىكىسىنىمۇ ئىمام بۇخارى توپلىغان.

3636 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : لقد حرمت الخمر حين حرمت وما نجد خمر الأعناب إلا قليلا وعامة خمرنا البسر والتمر . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھاراق ھارام قىلىندى، ھاراق ھارام قىلىنغان چاغدا، بىز ئۈزۈم ھارىقىنى ناھايىتى ئاز تاپاتتۇق،شۇچاغدا ھاراقلىرىمىزنىڭ كۆپۈنچىسى پىششىق ـ توڭ خورمىلاردىن ئىدى.

3637 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن عائشة قالت : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن البتع وهو نبيذ العسل فقال : " كل شراب أسكر فهو حرام "

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەسەلنى چىلاپ ئىچىدىغان بىتئى دېگەن ئىچىملىكتىن سورالغاندا مۇنداق دېگەن: مەست قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىك ھارامدۇر. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق نامازدىن مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، يەنى نامازدىن مەست قىلىپ توسىدىغان ھەر قانداق مەست قىلغۇچى، ھارامدۇر. مۇسلىم 3730 ـ ھەدىس، سەھىھ، باشقا خاتىرىدە مۇتلەق مەست قىلغۇچى ھارام دېيىلگەن.

3638 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل مسكر خمر وكل

مسكر حرام ومن شرب الخمر في الدنيا فمات وهو يدمنها لم يتب لم يشربها في الآخرة " . رواه مسلم

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھاراقتۇر، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، كىم بۇ دۇنيادا ھاراق ئىچىپ، دائىم ئىچىپ تۆۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، بۇنداق كىشى ئاخىرەتتىكى ئېسىل شاراپ، مەيدىن ئىچەلمەيدۇ، (يەنى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، چۈنكى، تۆۋبىسىز گۇناھ ئۈستىدە ئۆلدى). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3639 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن جابر أن رجلا قدم من اليمن فسأل النبي صلى الله عليه وسلم عن شراب يشربونه بأرضهم من الذرة يقال له المزر فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أو مسكر هو ؟ " قال : نعم قال : " كل مسكر حرام إن على الله عهدا لمن يشرب المسكر أن يسقيه من طينة الخبال " . قالوا : يا رسول الله وما طينة الخبال ؟ قال : عرق أهل النار أو عصارة أهل النار رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەمەندىن بىركىشى كېلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدا قۇناقتىن ياساپ ئىچىدىغان مىزرە دېيىلىدىغان ئىچىملىكتىن سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇ مەست قىلامدۇ؟دېدى، ئۇكىشى:ھەئە دېگەندە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، ھەققەتەن مەست قىلغۇچى ھاراقنى ئىچكۈچى كىشىنى دوزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭ- زەرداپ تەرلىرىدىن بولغان تىينەتۇلخەبال دېيىلىدىغان، قان ــ يىرىڭ، قايناق سۇ بىلەن سۇغۇرۇشنى ئاللاھ ئۆزىگە ئەھدە قىلىپ، ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3640 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن أبي قتادة : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن خليط التمر والبسر وعن خليط الزبيب والتمر وعن خليط الزهو والرطب . وقال : " انتبذوا كل واحد على حدة " . رواه مسلم

جابىر،ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆل خورما بىلەن خورما غورىسىنى، قۇرۇق ئۈزۈم، يىمىش بىلەن قۇرۇق خورمىنى چىلاپ ئىچىملىك قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: ھۆل خورما بىلەن خورما غورىسىنى، قۇرۇق ئۈزۈم، يىمىش بىلەن قۇرۇق خورمىنى چىلاپ ئىچىملىك قىلىشتا بىرلەشتۈرمەڭلار. (چۈنكى، ھاراق بولۇپ قالىدۇ).ھەرقايسىسىنى ئايرىم،ئايرىم چىلاڭلار.مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پىششىق، قۇرۇق خورمىنى ھۆل خورما بىلەن بىرگە بىراقلا چىلاپ ئىچمەڭلار، پىششىق خورما بىلەن قۇرۇق يىمىش ئۈزۈمنى بىراقلا بىرگە چىلاپ ئىچمەڭلار، ھەر قايسىنى ئالاھىدە ئايرىم ــ ئايرىم چىلاپ ئىچىملىك قىلىپ ئىچسەڭلار بولىدۇ. (مەخسەت، مەست قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار). نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3641 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم سئل عن الخمر يتخذ خلا ؟ فقال : " لا " . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ھاراقتىن ئاچچىق سۇ،سىركا ياساش توغرىسىدا سورالغاندا، ياق، ئۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس دەپ،ئۇنىڭدىن توستى.مۇسلىم توپلىغان.

3642 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن وائل الحضرمي أن طارق بن سويد سأل النبي صلى الله عليه وسلم عن الخمر فنهاه . فقال : إنما أصنعها للدواء فقال : " إنه ليس بدواء ولكنه داء " . رواه مسلم

ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تارىق ئىبنى سۇۋەيدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھاراق ياساش توغرىسىدا سورىغاندا ئۇنى توستى.ئۇ:مەن ئۇنى كېسەل داۋالاش ئۇچۇن ياسايمەن دىگەندە مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ھاراق، كېسەلگە داۋا ئەمەس، بەلكى، ئۇ كېسەلدۇر، دەتتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسدىن ھاراق، دوختۇر بۇيرىسمۇ داۋا ئەمەس كېسەلدۇر، ئىچىشكە بولمايدۇ.

**3643 – [ 10 ] الفصل الثاني عن عبد الله بن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من شرب الخمر لم يقبل الله له صلاة أربعين صباحا فإن تاب تاب الله عليه . فإن عاد لم يقبل الله له صلاة أربعين صباحا فإن تاب تاب الله عليه فإن عاد لم يقبل الله له صلاة أربعين صباحا فإن تاب تاب الله عليه فإن عاد في الرابعة لم يقبل الله له صلاة أربعين صباحا فإن تاب لم يتب الله عليه وسقاه من نهر الخبال " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھاراق ئىچسە، ئۇ كىشىنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئەگەر ئۇتۆۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر يەنە قايتا ھاراق ئىچسە، يەنە 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەگەر تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر يەنە قايتا ھاراق ئىچسە، يەنە 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، يەنە تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. تۆتىنچى قېتىم قايتا ھاراق ئىچسە، يەنە 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئەگەر تۆۋبە قىلسا، بۇقېتىم ئاللاھ ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ قان ــ يىرىڭ، زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3644 – [ 11 ] ورواه النسائي وابن ماجه والدارمي عن عبد الله بن عمرو**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھاراق ئىچىپ مەست بولسا، ئۇنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەگەر مەست ھالەتتە ئۆلسە، دوۋزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر (مەسلىكىدىن 40 كۈن كېيىن) تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر يەنە قايتا ھاراق ئىچىپ مەست بولسا، 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۆلسە دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئەگەر تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر يەنە قايتا ھاراق ئىچىپ، مەست بولسا، يەنە 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۆلسە دوۋزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر تۆۋبە قىلسا، ئاللاھ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر تۆتىنچى قېتىم قايتا ھاراق ئىچىپ تۆۋبە قىلماۋەرسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئۇنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ قان ــ يىرىڭ زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرۇشى ھەق بولدى. (ئىككى رەكئەت ناماز پۈتۈن دۇنيادىن ياخشى تۇرسا، 40 كۈنلۈك ناماز زايا كەتسە ھەي ئىسىت!) نەسەئى،دارىمى،ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**3645 – [ 12 ] وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما أسكر كثيره فقليله حرام " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

جابىر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كۆپ ئىچسە، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئازىراقىمۇ ھارامدۇر، (چۈنكى، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارام، ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھاراقتۇر، ھاراق ھارامدۇر، 500 گرام ئىچسە مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر تامچىسىمۇ ھارامدۇر، ھارامنىڭ جايى دوۋزاختۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن كۆپ ئىچسە مەست قىلغان نەرسىنىڭ ئىزىدىنمۇ توسىمەن، يەنى مەن سىلەرنى كۆپ ئىچسە مەست قىلىدىغان

| |
|---|
| ئەرسىنىڭ ئازىراقىدىنمۇ توسىمەن . نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. |
| **3646 – [ 13 ] وعن عائشة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما أسكر منه الفرق فملء الكف منه حرام " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (6 كىلوگرام) 12 جىڭ ئىچىشە مەستت قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر ئالقىنىمۇ ھارامدۇر، (يەنى بىر ئالقان ئىچىسىمۇ ھارام، بىر تامچىسىمۇ ھارام. مەستت قىلغۇچىنىڭ ئىزىمۇ، كۆپىمۇ، شارابىمۇ، تامىقىمۇ، يېيىشىمۇ، ئىچىشىمۇ ھارامدۇر). ئەھمەد 23287 ــ ھەدىس، بۇخارى 5158 ــ ھەدىس، مۇسلىم 3728 ــ ھەدىس، تىرمىزى 1789 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3202 ــ ھەدىس، سەھىھ. |
| **3647 – [ 14 ] وعن النعمان بن بشير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من الحنطة خمرا ومن الشعير خمرا ومن التمر خمرا ومن الزبيب خمرا ومن العسل خمرا " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب**<br><br>نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھاراق بۇغدايدىن ياسىلىدۇ، ھەقىقەتەن ھاراق ئارپىدىن، خورمىدىن، ئۈزۈمدىن، يىمىش قۇرۇق ئۈزۈمدىن، ھەسەلدىن ياسىلىدۇ، مەن ھەرقانداق مەستت قىلغۇچىدىن توسىمەن.ئەبۇداۋۇد ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.كۆيۈنچە تەكشۈرلشى تامام بولمىغان ھەدىسلەر ئەلبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەرتوپلىمى»دىن ئېلىندى. |
| **3648 – [ 15 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أبي سعيد الخدري قال : كان عندنا خمر ليتيم فلما نزلت ( المائدة ) سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عنه وقلت : إنه ليتيم فقال : " أهريقوه " . رواه الترمذي**<br><br>ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ يېنىمىزدا بىر يېتىم باللىنىڭ ھارىقى بار ئىدى، سۈرە مائىدە دىكى ھاراق ھارام قىلىنغان ئايەت نازىل قىلىنغاندا، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ ھاراق بىر يېتىم باللىنىڭ ئىدى دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنى تۆكۈۋېتىڭلار دېدى.تىرمىزى |
| **3649 – [ 16 ]** ( صحيح ) **وعن أنس عن أبي طلحة : أنه قال : يا نبي الله إني اشتريت خمرا لأيتام في حجري قال : " أهرق الخمر واكسر الدنان " . رواه الترمذي وضعفه . وفي رواية أبي داود : أنه سأله النبي صلى الله عليه وسلم عن أيتام ورثوا خمرا قال : " أهرقها " . قال : أفلا أجعلها خلا ؟ قال : " لا "**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ھۇجرامدىكى يېتىم باللارنىڭ تىجارىتى ئۈچۈن ھاراق سېتىۋالغان ئىدىم،ئەمدى قانداق قىلىمەن؟دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھاراقنى تۆكۈۋېتىڭلار،ئۇنىڭ ئىدىش ـ كۈزىلىرىنى چېقىۋېتىڭلار، دېدى.تىرمىزى.ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە؛ ھاراققا ۋارىس بولغان يېتىم باللارنىڭ ھارىقى توغرىسىدا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنى تۆكۈۋېتىڭلار دېدى.ئۇھاراقنى ئاچچىق سۇ،سىركا قىلىپ بەرمەيمۇ؟دېگەندە، ياق، ئۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس دېگەن.سەھىھ. |
| **3650 – [ 17 ] الفصل الثالث** ( ضعيف )**عن أم سلمة قالت : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن كل مسكر ومفتر . رواه أبو داود**<br><br>ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرقانداق مەستت قىلغۇچى ۋە |

ئەقلنى بۇلغايدىغان زەھەرلىك ئىچىملىكدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا ئىسناد جەھەتتىن راۋىيدا مەسىلە بار دەپ زەئىپ دېگەن. ئەمەلىيەتتە، مەست قىلغۇچى ھارامدىن توسقىنى سەھىھ، «ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر» دېگەن ھەدىس، توققۇز ھەدىس كىتابتا بار. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق مەست قىلغۇچىدىن ۋە مەجنۇنلۇقنى، زەھەرلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زەھەرلىك ئىچىملىكدىن توسقان. (زەھەرلىك چېكىملىكمۇ قاتتىق چەكلىنىدۇ). ئەھمەد 25416 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3201 _ ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ زەھەرلىك ئىچىملىك، چېكىملىككە، مەست قىلغۇچى ھاراققا قارىتا چەكلەش بۇيرۇقى يەنى ھارام.سەھىھنىڭ 6977 ـ ھەدىسى.

**3651 – [ 18 ] ( صحيح ) وعن ديلم الحميري قال : قلت لرسول الله صلى الله عليه وسلم : يا رسول الله إنا بأرض باردة ونعالج فيها عملا شديدا وإنا نتخذ شرابا من هذا القمح نتقوى به على أعمالنا وعلى برد بلادنا قال : " هل يسكر ؟ " قلت : نعم قال : " فاجتنبوه " قلت : إن الناس غير تاركيه قال : " إن لم يتركوه فقاتلوهم " . رواه أبو داود**

دەيلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ھاۋاسى قاتتىق سوغۇق زىمىندا ياشايمىز، شۇنداقلا، ئۇ زىمىندا قاتتىق جاپالىق ئەمگەك قىلىمىز، بىز بۇغدايدىن بىر خىل شاراپ ئىچىملىك ياساپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىش ـ ئەمگەكلىرىمىزگە، شەھرىمىزنىڭ سوغۇقلىرىغا قارشى ئۆزىمىزنى كۈچلاندۇرىمىز دىسەم، رەسۇلۇللاھ:ئۇ ئىچىملىك مەست قىلامدۇ؟ دېدى، مەن؛ ھەئە، مەست قىلىدۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭدىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ، يىراق تۇرۇڭلار دېدى، مەن؛ كىشىلەر ئۇنى ھەرگىز تەرىك ئەتمەيدۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئەگەر ئۇلار ھاراقنى تەرىك ئەتمىسە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار دېدى. ئەبۇداۋۇد تويلىغان سەھىھ.

**3652 – [ 19 ] وعن عبد الله بن عمرو : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن الخمر والميسر والكوبة والغبيراء وقال : " كل مسكر حرام " . رواه أبو داود** إن الله حرم على أمتي الخمر و الميسر و المزر و الكوبة و الغبيراء و زادني صلاة الوتر

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمگە ھاراقنى، قىمارنى، مىزرە ئىسىملىك قوناق، ئارپا، بۇغدايدا ياسالغان مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنى، شىشخالنى، دۇمباق بارىبتنى، ئەجەملەر، ھەبەشىيلەر قوناقدىن ياسايدىغان ھاراقنى ھارام قىلدى، (قاتتىق مەنئى قىلىپ چەكلىدى) ماڭا ۋىتىر نامىزىنى زىيادە قىلىپ بەردى دەپ، ئۇنەرسىلەردىن توستى.ئەبۇداۋۇد،تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3653 – [ 20 ] وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يدخل الجنة عاق ولا قمار ولا منان ولا مدمن خمر " . رواه الدارمي وفي رواية له : " ولا ولد زنية " بدل " قمار "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتا _ ئانىسىغا ۋارقىراپ گەردەن قاققۇچى، قىمارۋاز،زىنادىن بولغان بالا، گەپ توشۇغۇچى سۇخەنچى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.دارىمى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دائىم ھاراق ئىچكۈچى زاباي، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلار سىلەرنىڭچە قەيەرگە كىرەر؟! سەھىھنىڭ 7673 ـ ھەدىسلىرى.

**3654 – [ 21 ]** ( ضعيف )وعن أبي أمامة قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى بعثني رحمة للعالمين وهدى للعالمين وأمرني ربي عز وجل بمحق المعازف والمزامير والأوثان والصلب وأمر الجاهلية وحلف ربي عز وجل : بعزتي لا يشرب عبد من عبيدي جرعة خمر إلا سقيته من الصديد مثلها ولا يتركها من مخافتي إلا سقيته من حياض القدس " . رواه أحمد

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئالla ھ مېنى ئالەملەرگە رەھمەت ۋە ھىدايەت قىلىپ ئەۋەتتى، رەببىم، ئەززە ۋە جەللە مېنى ناخشا ــ مۇزىكا، نەغمە ــ ناۋا سازلىرىنى نەيلەرنى بۇتلارنى كىرىسنى، جاھالىيەت ئىشلىرىنى يوقىتىشىمغا بۇيرىدى. رەببىم، مۇنداق قەسەم قىلىپ، ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ بەندەمدىن بىر بەندە بىر ئوتلام ھاراق ئىچىدىكەن، مەن ئۇنى دوۋزاخنىڭ يىرىڭ، زەرداپلىرى بىلەن سۇغىرىمەن، ھاراقنى مەندىن قورقۇپ تەرىك ئېتىدىكەن، مەن ئۇنى پاك شاراپىدىن سۇغۇرىمەن... ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. دائىم دىگۈدەك ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن ھەدىس، زەئىپ دىيىلدى. مەن توققۇز كىتابنىڭ دىسكىسىدىن (پىلاستىنكا) تەكشۈرۈپ باقسام، بۇ كىشىدىن ھەدىس سۆزلەيدىغان ئىككى راۋى زەئىپ ئىكەن، ھەدىسلىرى مۇنكەر ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. ئەلۋەتتە زەئىپ دىگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك شۇنداق، تەكشۈرۈلۈشى تامام بولمىغان ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى زەئىپ بولۇشى مۇمكىن، سەھلىرىمۇ باردۇر، شارائىتىڭىز يار بەرسە ئەرەپچىنى بىلسىڭىز توققۇز كىتاب دىسكىسىدىن تەكشۈرۈڭ.

**3655 – [ 22 ]** وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ثلاثة قد حرم الله عليهم الجنة : مدمن الخمر والعاق والديوث الذي يقر في أهله الخبث " . رواه أحمد والنسائي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىگە ئاللاھتائالا جەننەتنى جەزمەن ھارام قىلدى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى زاباي كىشىگە، ئاتا ــ ئانىسىغا ۋارقىراپ، گەردەن قاققۇچىغا، ئەھلىگە نىجىس كىشىنى، پاھىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان، خوتۇن قىزلىرىدىن كۈندەشلىك قىلمايدىغان، دەيۈزگە جەننەتنى ھارام قىلدى. ئەھمەد،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3656 – [ 23 ]** وعن أبي موسىالأشعري أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ثلاثة لا تدخل الجنة : مدمن الخمر وقاطع الرحم ومصدق السحر " رواه أحمد

ئەبۇمۇسارەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ تۈرلۈك كىشى مەڭگۈ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، 1 ـ دائىم ھاراق ئىچكۈچى زاباي،2 ـ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزىۋەتكۈچى،3 ـ سېھرىگەرلىكنى تەستىقلاپ ئىشەنگۈچى.ئەھمەد توپلىغان. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ تۈرلۈك كىشى مەڭگۈ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، 1 ـ خوتۇن ــ قىزلىرىنى، ئاچا ــ سىڭىللىرىنى كۈنلىمەيدىغان، كۈندەشلىك قىلمايدىغان، دەيۈز كىشى، 2 ـ ھەر جەھەتتىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئايال كىشى، 3 ـ ھاراقنى دائىم ئىچكۈچى زاباي كىشى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ۋە باشقا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشىدىن توسقان، لەنەت قىلغان ھەدىسلەردىن ئەر، جىنسى ئەزاسىنى ئايالغا ئۆزگەرتسە، ئايال ئەرگە ئۆزگەرتسە، قەتئىي ھارامدۇر.

**3656 – [ 24 ]** وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مدمن الخمر إن مات لقي الله كعابد وثن " . رواه أحمد

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دائىم ھاراق ئىچىپ، زاباي ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ بۇتقا ئىبادەت قىلىپ چوقۇنغۇچىغا ئوخشاش ھالەتتە، ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم،ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3658 – [ 25 ] ( صحيح ) مدمن الخمر كعابد وثن ( تخ هب ) وروى ابن ماجه عن أبي هريرة**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاراقنى دائىم ئىچكۈچى، بۇتقا ئىبادەت قىلغۇچىغا ئوپمۇ ــ ئوخشاشتۇر، (چۈنكى، مەستىن شۇ شېرىك ئىشلار يۈز بېرىدۇ). بەيھەقى،ئىبنى ماجە، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**3659 – [ 26 ] والبيهقي في " شعب الإيمان " عن محمد بن عبيد الله عن أبيه . قال : ذكر البخاري في التاريخ عن محمد بن عبد الله عن أبيه**

**3660 – [ 27 ] وعن أبي موسى أنه كان يقول : ما أبالي شربت الخمر أو عبدت هذه السارية دون الله . رواه النسائي**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى؛ (ئەگەر مەن ھاراق ئىچىپ قالسام)، ھاراق ئىچەمدىم ياكى **الله** نى قويۇپ مۇشۇ تۈۋرۈككە ئىبادەت قىلامدىم پەرۋا قىلمايمەن.(يەنى ھاراق ئىچىش بىلەن **الله** نىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىش ، شېرىك كەلتۈرۈش ئوخشاش بارابەردۇر) نەسەئى توپلىغان.بۇنىڭغا يۇقىردا سەھىھ ھەدىس ئۆتتى.

## كتاب الإمارة والقضاء – الفصل الأول ئەمىر باش بولۇش ۋە قازىيلىقنىڭ كىتابى

**3661 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أطاعني فقد أطا ع الله ومن عصاني فقد عصى الله ومن يطع الأمير فقد أطاعني ومن يعص الأمير فقد عصاني وإنما الإمام جنة يقاتل من ورائه ويتقى به فإن أمر بتقوى الله وعدل فإن له بذلك أجرا وإن قال بغيره فإن عليه منه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا ئىتائەت قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. (چۈنكى، مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) كىم ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، جەزمەن ئۇ،ئاللاھقا ئاسىي بولىدۇ، كىم ئىسلام خەلىپىسى، ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. (چۈنكى، ئۇ قۇرئان، ھەدىس، سۈننەت بويىنچە بۇيرىيدۇ). كىم خەلىپە، ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلسا، جەزمەن ئۇ ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئىمام قالقاندۇر، قوماندان بولغان ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ساقلىنىپ تۇرۇپ جەڭ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىمام، ئاللاھدىن قورقۇشقا، تەقۋالىققا بۇيرۇسا، ئادىل بولسا، جەزمەن ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئىشلاردا ئەجىر، مۇكاپات بولىدۇ، ئەگەر ئۇ يۇقىرقىدىن باشقا ئىشلارغا بۇيرىسا، ئادىل بولمىسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدۇ، جىنايەت ئارتىلىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3662 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أم الحصين قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أمر عليكم عبد مجدع يقودكم بكتاب الله فاسمعوا له وأطيعوا " . رواه مسلم**

ئۇممە ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەرگە قارا تەنلىك، ئەزالىرى كېسىلىپ كەتكەن چولاق بىر قۇل باش بولسا، ئۇ سىلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بىلەن يېتەكلەپ، يېتەكلەپ قوماندانلىق قىلسا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. مۇسلىم، ئىبنى

ماجه توپلىغان، سەھىھ.چۈنكى،بىز بىر ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە ئىتائەت قىلىمىز، ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گەرچە ئەزالىرى كېسىلىپ، چولاق بولغان كىشى، ساڭا باش بولسىمۇ،(ھەقكە بۇيرىسىلا) ئاڭلاپ ئىتائەت قىل، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3663 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أسمعوا وأطيعوا وإن استعمل عليكم عبد حبشي كأن رأسه زبيبة " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بېشى يىمىشتەك قورۇلۇپ كەتكەن، ھەبەشىستانلىق، قارا تەنلىك مۇسلمان قۇل سىلەرگە باش بولسا، خىزمەتكە چۈشسىمۇ، سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىڭلار. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمام، خەلىپە، مۇسۇلمان باشلىقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇلارغىمۇ ئۆزلىرى تەكلىپ قىلىنغان ئىشلار يۈكلىنىدۇ، سىلەرگىمۇ سىلەرتەكلىپ قىلىنغان ئىشلار يۈكلىنىدۇ، يەنى، ھەركىم ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3664 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " السمع والطاعة على المرء المسلم فيما أحب وأكره ما لم يؤمر بمعصية فإذا أمر بمعصية فلا سمع ولا طاعة "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە،ئۇ ياخشى كۆرگەن ياكى ياقتۇرمىغان ھەرقانداق ئىشلاردا، گۇناھ _ مەئسىيەتكە بۇيرۇلمىسىلا ۋاجىپ بولىدۇ، ئەگەر مەئسىيەتكە، ئاللاھقا ئاسىي بولۇشقا بۇيرۇلسا، بۇ چاغدا ئاڭلاشمۇ يوق، ئىتائەت قىلىشمۇ يوقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ئۇقەيلى توپلىغان، سەھىھ.

**3665 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا طاعة في معصية إنما الطاعة في المعروف**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ بىرەر كىشىگە ئىتائەت قىلىش يوق. ھەققەتەن ئىتائەت، گۇناھ _مەئسىيەتتە ئەمەس، بەلكى، ياخشىلىقتا بولىدۇ. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئىمران، ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خالىققا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش يوق، بويسۇنۇش يوق. (دىنسىزلارغا، مۇشرىكلارغا، زالىملارغا ئەسلا ئىتائەت قىلىش يوق، بىز تەقدىرگە رازى بولساقمۇ، دىنسىز، زالىملارغا نارازى). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3666 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن عبادة بن الصامت قال : بايعنا رسول الله صلى الله عليه وسلم على السمع والطاعة في العسر واليسر والمنشط والمكره وعلى أثرة علينا وعلى أن لا ننازع الأمر أهله وعلى أن نقول بالحق أينما كنا لا نخاف في الله لومة لائم . وفي رواية : وعلى أن لا ننازع الأمر أهله إلا أن تروا كفرا بواحا عندكم من الله فيه برهان**

ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، قىيىنچىلىقتىمۇ، ئاسان بولغاندىمۇ، ياقتۇرغان،ياقتۇرمىغاندىمۇ، كەڭچىلىك،ۋە تار بولغاندىمۇ، جاپادىمۇ،ھالاۋەتتىمۇ، ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشقا، بىزگە

سايلانغان ئەميرلەرنى ئۆز نەپسىمىزدىن،جېنىمىزدىنمۇ ئۈستۈن،ئەۋلا بىلىشكە، خەلىپىلىكنى ئۇنىڭ ئەھلىدىن تالاشماسلىقىمىزغا،تارتىۋالماسلىقىمىزغا، قەيەردە بولساق، پەقەت ھەق سۆزنىلا قىلىشىمىزغا، الله يولىدا مالامەتچىلەرنىڭ تاپا ـ تەنە،مالامەتلىرىدىن قورقماسلىقىمىزغا بەيئەت قىلغان ئىدۇق. يەنەبىرخاتىردە؛ خەلىپىلىكنى ئۇنىڭ ئەھلىدىن تالاشماسلىقىمىزغا،تارتىۋالماسلىقىمىزغا بەيئەت قىلغان ئىدۇق. لېكىن ئەمىرلەردە ئۇچۇق ـ ئاشكارا كۇپۇرلۇقنى كۆرسەڭلار،تارتىۋالساڭلار،ئىتائەت قىلمىساڭلار بۇلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۇپۇرلىقى سىلەرگە الله تەرەپتىن ھۆججەت بۇلىدۇ دىگەن بار.بۇخارى،مۇسلىم.

**3667 – [ 7 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : كنا إذا بايعنا رسول الله صلى الله عليه وسلم على السمع والطاعة يقول لنا : " فيما استطعتم "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە:قادىربۇلىشىڭلارچە،قادىر بولالىغان ئىشىڭلاردا دەپ تۇراتتى. خارى،مۇسلىم.

**3668 – [ 8 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من رأى من أميره شيأ يكرهه فليصبر فإنه ليس أحد يفارق الجماعة شبرا فيموت إلا مات ميتة جاهلية "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئەمىر، خەلىپىسدىن ياقتۇرمايدىغان ئىشنى كۆرسە، سەۋرە قىلسۇن، چۈنكى، كىم خەلىپە جامائىتىدىن بىر غېرىچ ئايرىلىپ ئۆلسە، ئۇ جاھالىيەتلەرچە ئىماندىن ئاجراپ ئۆلگەن بولىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستە ئوچۇق تۇرسىمۇ يەنىلا نادان مۇسۇلمانلار، نەپسانىيەتچى راھەتپەرەس ئىسلام دۆلەتلىرى، خەلىپىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىۋەتتى، ھەم قايتا قۇرمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەييىد قۇتۇپ: ھەممىسى جاھالىيەت دىگەن بۇ ھۆكۈمنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى قىلغاندۇر، كىم سەييىد قۇتۇپنىڭ،مۇھەممەدقۇتۇپنىڭ يەنى ئىككى قۇتۇپنىڭ قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىسدىن ئالغان ھۆكۈملىرىنى ئەيىبلىسە، ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەيىبلىگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە، توغرىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسىدۇر. ئۇنىڭ بىرى بولسا، خەلىپىلىك تۈزۈمىدۇر.

**3669 – [ 9 ]** ( **صحيح** ) **وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من خرج من الطاعة وفارق الجماعة فمات مات ميتة جاهلية ومن قاتل تحت راية عمية يغضب لعصبية أو يدعو لعصبية أو ينصر عصبية فقتل فقتلة جاهلية ومن خرج على أمتي بسيفه يضرب برها و فاجرها ولا يتحاشى من مؤمنها ولا يفي لذي عهد عهده فليس مني ولست منه " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم خەلىپىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، خەلىپە جامائىتىدىن ئايرىلىپ ئۆلسە، ئۇ جاھالىيەتلەرچە ئۆلگەن بولىدۇ، كىم قەۋمى، مىللىتى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن غەزەپ قىلىدىغان ياكى مىللەتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، تەرەپبازلىققا چاقىرىدىغان ياكى شۇلارغا ياردەم بېرىدىغان مەخسەتتە، غايىسى نامەلۇم بولغان قارىغۇلارچە جەڭ قىلىدىغان قوشۇننىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئۆلۈمىمۇ جاھالىيەتلەرچە ئۆلۈم بولىدۇ،( يەنى

دىنسز ھالەتتە ئۆلگەن بولىدۇ.) كىم مېنىڭ ئۈممىتىمگە قارشى قوزال كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياخشى ــ يامان ھەممىسىگە قىلىچ ئۇرسا، ئۈممەتنىڭ مۆئمىنلىرىنى ئايرىپ قويمىسا، ئەھدى، توختام، كېلىشىم بار كىشىلەرنىڭ ئەھدىسىگىمۇ ۋاپا قىلمىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەن ئۇنىڭدىن ئەمەس، (يەنى ئۇمۇ كاپىر بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3670 – [ 10 ]** ( صحيح ) **وعن عوف بن مالك الأشجعي عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " خيار أئمتكم الذين يحبونهم ويحبونكم وتصلون عليهم ويصلون عليكم وشرار أئمتكم الذي تبغضونهم ويبغضونكم وتلعنوهم ويلعنوكم " قال : قلنا : يا رسول الله أفلا ننابذهم عند ذلك ؟ قال : " لا ما أقاموا فيكم الصلاة لا ما أقاموا فيكم الصلاة ألا من ولي عليه وال فرآه يأتي شيئا من معصية الله فليكره ما يأتي من معصية الله ولا ينزعن يدا من طاعة " . رواه مسلم**

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمام خەلىپىلىرىڭلارنىڭ ياخشىسى سىلەر ئۇلارنى ئۇلار سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا ئۇلار سىلەرگە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان، مەغپىرەت سوراپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر، ئىمام، خەلىپەڭلارنىڭ ئەڭ يامىنى بولسا، سىلەر ئۇلارغا غەزەپ قىلىدىغان، ئۇلار سىلەرنى ئۆچ كۆرۈپ، سىلەرگە غەزەپ قىلىدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت قىلىدىغان، ئۇلار سىلەرگە لەنەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر،ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! شۇنداق چاغدا بىز ئۇلارنى تاشلىۋەتمەمدۇق؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، ئۇلار ئاراڭلاردا نامازنى بەرپا قىلىپ تۇرسىلا، ئۇلارنى تاشلىۋەتمەڭلار، ئاگاھ بولۇڭلار، كىمگە بىرەر كىشى ۋالىي قىلىنىپ، ئاندىن ئۇكىشى ۋالىيسىنىڭ **الله** قا ئاسىي بولىدىغان بىرەر ئىشقا كەلگەنلىكىنى ، بىرەر گۇناھ ـ مەئسىيەتنى قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭ **الله** قا ئاسىي بولغانلىقىنى ، بىرەر گۇناھ ـ مەئسىيەتنى قىلغانلىقىنى يامان كۆرۈپ، قەلبىدە نا رازى بولسۇن، لېكىن قولىنى بەيئەت ئىتائەتتىن تارتىۋالمىسۇن ،دېدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3671 – [ 11 ]** ( صحيح ) **وعن أم سلمة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يكون عليكم أمراء تعرفون وتنكرون فمن أنكر فقد برئ ومن كره فقد سلم ولكن من رضي وتابع " قالوا : أفلا نقاتلهم ؟ قال : " لا ما صلوا لا ما صلوا " أي : من كره بقلبه وأنكر بقلبه . رواه مسلم**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن پات يېقىندا سىلەرگە سىلەر تونۇيدىغان، نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى تونمايدىغان كىشىلەر ئىمام بولىدۇ، كىم ئۇنىڭ مۇنكەر ئىشلىرىنى قەلبىدە ئىنكار قىلسا، ئۇ قۇتۇلۇپ قالىدۇ، پاك بولۇپ، گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ، كىم قەلبىدىن ئۇنى ياقتۇرمىسا، ئۇ سالامەت قالىدۇ، يەنى ئىمانى سالامەت قالىدۇ، گۇناھدىن سالامەت قالىدۇ، لېكىن، ئۇلارغا رازى بولغان، ئەگەشكەن كىشى ئۇنداق ئەمەس، سالامەت قالمايدۇ، پاك بولالمايدۇ،ئۇلار: بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلمامدۇق؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ :ئۇلارنامازئوقۇسىلا، ئۆلتۈرمەڭلار،دېدى.مۇسلىم، ئەھمەد 25391 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4133 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**3672 – [ 12 ]** ( متفق عليه ) **وعن عبد الله بن مسعود قال : قال لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنكم سترون بعدي أثرة وأمورا تنكرونها " قالوا : فما تأمرنا يا رسول الله ؟ قال : " أدوا إليهم حقهم وسلوا الله حقكم "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سىلەر

مەندىن كېيىن پات يېقىندا قاتتىق شەخسىيەتچىلىكنى كۆرىسىلەر، ھەممىسى؛ مەن، مەنلا دەيدۇ، سىلەر ئىنكار قىلىدىغان نۇرغۇن مۇنكەر ئىشلارنى كۆرىسىلەر، شۇ كۈنلەردە ئۇلارغا يەنى سىلەرگە باشلىق، خەلىپە بولغانلارغا ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى بولسا، ئاللاھدىنلا سوراڭلار. بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3673 – [ 13 ] ( صحيح ) وعن وائل بن حجر قال : سأل سلمة بن يزيد الجعفي رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : يا نبي الله أرأيت إن قامت علينا أمراء يسألونا حقهم ويمنعونا حقنا فما تأمرنا ؟ قال : " اسمعوا وأطيعوا فإنما عليهم ما حملوا وعليكم ما حملتم " . رواه مسلم**

ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەلەمەت ئىبنى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى خەۋەر بەرسىلە، ئەگەر بىزگە ئەمىرلەر باشلىق بولۇپ، بىزدىن ئۆز ھەققىنى سوراپ ئېلىپ، بىزنىڭ ھەققىمىزنى بەرمىسە،بىزنى نىمىگە بۇيرىيلا؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ئىمام، خەلىپە باشلىقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇلارغىمۇ ئۆزلىرى تەكلىپ قىلىنغان ئىشلار يۈكلىنىدۇ، سىلەرگىمۇ سىلەرتەكلىپ قىلىنغان ئىشلار يۈكلىنىدۇ، يەنى، ھەركىم ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم،دېدى. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3674 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من خلع يدا من طاعة لقي الله يوم القيامة ولا حجة له . ومن مات وليس في عنقه بيعة مات ميتة جاهلية " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىسلام خەلىپىسىگە ئىتائەت قىلىشدىن قولنى تارتىۋالسا، ئۇ قىيامەت كۈنى ھۆججەتسىز ھالەتتە ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ، كىم بويىندا ئىسلام خەلىپىسىنىڭ بەيئىتى يوق ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ جاھالىيەتلەرچە ئۆلگەن بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (يەنى خەلىپىسىگە بەيئەت قىلماي ئۆلسە، دىنسىز ھالەتتە ئۆلگەن بولىدۇ، خەلىيپە دىگەن، تۆت چوڭ خەلىپىدەك بولىدۇ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى بىر ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئانغا، «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دىگەن بايراق ئاستىغا توپلاپ، يەر شارىدا پەقەت قۇرئاننىلا قانۇن قىلىدۇ، ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىشىدۇ، ئەپسۇس! تولىمۇ ئەپسۇس، ھازىر بۇنداق خەلىپە يوق ئىكەن، ياكى بىزگە مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ، ۋە**الله** ئەئلەم)

**3675 – [ 15 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " كانت بنو إسرائيل تسوسهم الأنبياء كلما هلك نبي خلفه نبي وإنه لا نبي بعدي وسيكون خلفاء فيكثرون " قالوا : فما تأمرنا ؟ قال : " فوا بيعة الأول فالأول أعطوهم حقهم فإن الله سائلهم عما استرعاهم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەنىي ئىسرائىللارغا پەيغەمبەرلەر سىياسەت يۈرگۈزۈپ باشقۇراتتى، ھەر قاچان بىر پەيغەمبەر ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر پەيغەمبەر، خەلىپە، ئىز باسار بولاتتى. ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن قەتئىي پەيغەمبەر يوق، پات يېقىندا خەلىپىلەر بولىدۇ، ئۇلار كۆپىيىپ كېتىدۇ،(نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ كىتىدۇ.) دىگەندىن كېيىن، ئۇلار؛ بىزنى نېمىگە بۇيرىيلا؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەۋۋەلقىسىنىڭ، تۇنجىسىنىڭ، ئاندىن يەنە تۇنجىسىنىڭ بەيئىتىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئاللاھتائالا ئۇلار ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا

قىلىپ بېرىڭلار، (سىلەر ھەققىڭلارنى ئاللاھدىن سوراڭلار) ھەققەتەن ئاللاھتائالا ئۇلاردىن ئۇلارنى پادىچى، باشلىق قىلغان ئىشلاردىن سوراققا تارتىدۇ دېدى، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە ت، سەھىھ.

**3676 - [ 16 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا بويع لخليفتين فاقتلوا الآخر منهما رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنىپ قالسا، يەنە بىرنى يەنى ئىككىنچى ئاسىينى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3677 - [ 17 ] ( صحيح ) وعن عرفجة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إنه سيكون هنات وهنات فمن أراد أن يفرق أمر هذه الأمة وهي جميع فاضربوه بالسيف كائنا من كان " . رواه مسلم**

ئەرپەجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن كەلگۈسىدە پىتنە _ پاساد، بىدئەت، مۇنكەر ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئىشى، خەلىپىلىكى ھۆم بىرلا ھالدا، ئىتتىپاق ھالدا تۇرسا، كىم ئۇنى پارچىلاپ، مۇتەپەررىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار، (ئۈممەت بىرلىكىنى، خەلىپىلىكنى پارچىلىغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ) مۇسلىم 3442 _ ھەدىس، نەسەئى 3955 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4134 _ ھەدىس، ئەھمەد 19396 _ ھەدىس، سەھىھ.

**3678 - [ 18 ] ( صحيح ) وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من أتاكم وأمركم جميع على رجل واحد يريد أن يشق عصاكم أو يفرق جماعتكم فاقتلوه " . رواه مسلم**

ئەرپەجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ خەلىپىلىك ئىشىڭلار بىرلا كىشىگە ماقۇللۇنۇپ، ئىتتىپاق ھالەتتە تۇرساڭلار، سىلەرگە يەنە بىر كىشى كېلىپ، ھاساڭلارنى پېرىۋېتىشنى، جامائەت بىرلىكىڭلارنى بۆلۈۋېتىشنى، مۇتەپەررىق قىلىۋېتىشنى مەخسەت قىلىپ كەلسە،يەنى خەلىپىلىك بەيئەت داۋاسى قىلسا، ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3679 - [ 19 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من بايع إماما فأعطاه صفقة يده وثمرة قلبه فليطعه إن استطاع فإن جاء آخر ينازعه فاضربوا عنق الآخر " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر ئىمامغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قولىنى بەرسە، قەلبىنىڭ مېۋىسىنى بەرسە، چىن قەلبىدىن بەيئەت قىلسا، ئۇ ئىمامغا قادىر بولۇشىچە ئىتائەت قىلسۇن، ئەگەر ئۇئىمامنىڭ بەيئىتىنى تالىشىپ، يەنە بىرسى كەلسە، يەنە بىرسى ئىماملىق داۋاسى قىلىپ، بەيئەت تەلەپ قىلسا، كېيىنكى كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن، ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، (چۈنكى، ئىسلام خەلىپىسى، ئىمامى بىرلا بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3680 - [ 20 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الرحمن بن سمرة قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تسأل الإمارة فإنك إن أعطيتها عن مسألة وكلت إليها وإن أعطيتها عن غير مسألة أعنت عليها "**

ئابدۇرەھمان ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئابدۇرەھمان! سەن ئەمىر، باشلىق بولۇشنى سورىما، ئەگەر ئەمىرلىك ساڭا، سەن ئۇنى سورىغانلىقتىن بېرىلسە، سەن ئۇنىڭغا ۋەكىل قىلىنىپ تاشلاپ قويىلىسەن، ئەگەر ئۇ ساڭا سورىماستىن بېرىلسە، ساڭا ياردەم بېرىلىدۇ،

سەن بىر قەسەمنى قىلىپ قەسەم قىلغان ئىشىڭدىن باشقىسىنى ياخشى دەپ قارىساڭ، قەسىمىڭگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋەرگىن. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3681 – [ 21 ]** ( صحيح ) وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إنكم ستحرصون على الإمارة وستكون ندامة يوم القيامة فنعم المرضعة وبئست الفاطمة " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سىلەر پات يېقىندا ئەمىرلىككە، خەلىپىلىككە، باشلىقلىققا ھېرىسمەن بولىسىلەر، ھەققەتەن ئۇ باش بولۇش، بۇندىن كېيىن قىيامەت كۈنى ھەسرەت ــ نادامەت بولىدۇ، باللىنى ئىمىتكۈچى نېمىدىگەن ياخشى، باللىنى ئايرىۋەتكۈچى نېمىدىگەن يامان (يەنى بۇ كىنايە سۆز بولۇپ، ماقال ـ تەمسىلدۇر، مەنىسى؛ ئۈنىڭغا بۇ دۇنيا نېمىدىگەن ياخشى، ئاخىرەت نېمىدىگەن يامان دىگەن بولىدۇ، چۈنكى، باشلىق بولسا، بۇ دۇنيادا مال ــ دۇنيا، يۈز ــ ئابرۇي، سۆزى ئۆتكۈرلۈك، ماددى، مەنىۋى لەززەت بار، راھەت ــ پاراغەت بار، ئۆلگەن ھامان ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ، دەھشەتلىك كۈنلەرگە قالىدۇ) بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3682 – [ 22 ]** ( صحيح ) وعن أبي ذر قال : قلت : يا رسول الله ألا تستعملني ؟ قال : فضرب بيده على منكبي ثم قال : " يا أبا ذر إنك ضعيف وإنها أمانة وإنها يوم القيامة خزي وندامة إلا من أخذها بحقها وأدى الذي عليه فيها " . وفي رواية : قال له : " يا أبا ذر إني أراك ضعيفا وإني أحب لك ما أحب لنفسي لا تأمرن على اثنين ولا تولين مال يتيم " . رواه مسلم

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنى خىزمەتچى ئەمەلدار قىلمامىلا؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دىگەن: ئى ئەبۇ زەر! ھەققەتەن سەن بەك ئاجىز، ئۇ باشلىق ۋالىي بولۇش ئامانەتتۇر، ئۇ قىيامەت كۈنى خارلىق ۋە ھەسرەت ــ نادامەتتۇر، پەقەت ئۇنى ھەققى بىلەن ئېلىپ، باشلىق بولۇشتىكى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ھەق مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى بۇ خارلىق نادامەتتىن مۇستەسنادۇر. ئى ئەبۇ زەر! ھەققەتەن مەن سېنى ئاجىز كۆرۈۋاتىمەن، ئۆزۈم ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى سەن ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىمەن، سەن ھەرگىز ئىككى كىشىگە ئەمىر، باش بولمىغىن، يېتىمنىڭ مېلىغا ئىگە بولمىغىن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3683 – [ 23 ]** ( متفق عليه ) وعن أبي موسى قال : دخلت على النبي صلى الله عليه وسلم أنا ورجلان من بني عمي فقال أحدهما : يا رسول الله أمرنا على بعض ما ولاك الله وقال الآخر مثل ذلك فقال : " إنا والله لا نولي على هذا العمل أحدا سأله ولا أحدا حرص عليه " . وفي رواية قال : " لا نستعمل على عملنا من أراده "

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن تاغامنىڭ بالىلىرىدىن ئىككى كىشى بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدىم،ئۇلارنىڭ بىرسى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله تائالا سىلىنى ئىگە قىلغان ئىشلارنىڭ بەزىسىگە بىزنىمۇ باش ۋالىي قىلسىلا دىدى، يەنەبىرسىمۇ شۇنداق دىگەندە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بىز، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئەمەل تۇتۇش خىزمىتىگە، ئۇ خىزمەتنى سورىغان، تەلەپ قىلغان، ھېرىسمەن بولغان، ئۇنى ئىرادە قىلغان كىشىنى ھەرگىز ئىگە قىلمايمىز، سايلىمايمىز.بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3684 – [ 24 ]** ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تجدون من خير الناس أشدهم

كراهية لهذا الأمر حتى يقع فيه "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (كىشىلەرنى مەدەن، كانلاردەك تاپىسلەر، ئۇلارنىڭ جاھالىيەتتىكى ياخشىلىرى ئىسلام دىنىدىمۇ فىقھشۇناس ئالىم بولسىلا ياخشى ھېسابلىنىدۇ)، بۇ ئىشتا يەنى ئەمىر خەلىپە بولۇشىدا، باشلىق بولۇشتا، شۇ ئىشقا چۈشۈپ قېلىشىدىن بۇرۇن قاتتىق ياقتۇرمىغان كىشىنى، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى دېسەڭلار بولىدۇ، (دەل شۇلار سايلىنىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئالالھنىڭ نەزلىدە سىلەر تاپىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمە كىشىدۇر، ئاۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ماۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3685 – [ 25 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا كلكم راع وكلكم مسؤول عن رعيته فالإمام الذي على الناس راع وهو مسؤول عن رعيته والرجل راع على أهل بيته وهو مسؤول عن رعيته والمرأة راعية على بيت زوجها وولده وهي مسؤولة عنهم وعبد الرجل راع على مال سيده وهو مسؤول عنه ألا فكلكم راع وكلكم مسؤول عن رعيته "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئاگاھ بولۇڭلار، ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىلىقىدىن ھېساب بېرىپ، سوراققا تارتىلىدۇ، ئىماممۇ بىر پادىچى، ئۇمۇ ئۆز پادىلىقىدىن، پادىچى بولغان قەۋمى توغرىسىدىن سوراققا تارتىلىدۇ، ئەر كىشىمۇ بىر پادىچى، ئەھلىگە باشلىقتۇر، ئۇمۇ ئۆزى مەسئۇل بولغان پادىلىقىدىن سورۇلىدۇ. ئايال كىشىمۇ ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىگە،باللىرىغا پادىچى، ئايالمۇ ئۆز پادىلىقىدىن، مەسئۇل بولغان ئىشلىرىدىن سوراققا تارتىلىدۇ، قۇل، خادىممۇ بىر پادىچى، ئۇمۇ خوجايىنىنىڭ مال ــ مۈلكى توغرىسىدىكى پادىلىقىدىن سوراققا تارتىلىدۇ، كىشى ئۆز دادىسىنىڭ مال ــ مۈلكىگە پادىچى، ئۇمۇ پادىلىقىدىن ھېساب بېرىپ، مەسئۇل بولغان ئىشىدىن سوراققا تارتىلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىلىقىدىن ھېساب بېرىپ، سوراققا تارتىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3686 – [ 26 ] ( متفق عليه ) وعن معقل بن يسار قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من وال يلي رعية من المسلمين فيموت وهو غاش لهم إلا حرم الله عليه الجنة "

مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنى ئالالھتائالا پادىچى، باش قىلسا،ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پادىلىقىغائىگە قىلىنىپ سىنالسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇلارغا خىيانەت قىلغان، ساختىپەزلىك قىلغان، ئالدامچى ھالدا ئۆلسە، (ئۆلگەن كۈنىمۇ تۆۋبىسىز ھالەتتە ئۆلسە)، ئالالھ ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3687 – [ 27 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من عبد يسترعيه الله رعية فلم يحطها بنصيحة إلا لم يجد رائحة الجنة "

مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنى ئالالھتائالا پادىچى، باش قىلسا،ئۇكىشى ئۇنى (باشقىلارغا،بولۇپمۇ قول ئاستىدىكىلەرگە)نەسىھەت قىلىش بىلەن مۇھاپىزەت قىلمىسا،ياخشى باشقۇرۇپ ساقلىمىسا، بۇنداق پادىچى جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ

يۈرىيالمايدۇ. بۇخارى، مۇسلىم.

**3688 – [ 28 ] ( صحيح ) وعن عائذ بن عمرو قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن شر الرعاء الحطمة رواه مسلم**

ئائىز ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پادىچىلارنىڭ، باش بولغانلارنىڭ ئەڭ يامىنى، رەھىم قىلماس، زالىم بولغىنىدۇر، مۇسلىم 3411 _ ھەدىس، ئەھمەد 19719 _ ھەدىس، سەھىھ.

**3689 – [ 29 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم من ولي من أمر أمتي شيئا فشق عليهم فاشقق عليه ومن ولي من أمر أمتي شيئا فرفق بهم فارفق به " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغۇچىكەن: ئى ئاللاھ، كىم مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا مۇشەققەت، قىيىنچىلىق سالسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇشەققەت، قىيىنچىلىق سالسىلا، كىم ئۇممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا مېھرىبان بولۇپ، ئاسان قىلسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبان بولۇپ، ئاسان قىلسىلا. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3690 – [ 30 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن المقسطين عند الله على منابر من نور عن يمين الرحمن وكلتا يديه يمين الذين يعدلون في حكمهم وأهليهم وما ولوا " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئادىللار، ئاللاھنىڭ نەزىدىكى ئادىل كىشىلەر، قىيامەت كۈنى رەھماننىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھنىڭ ھەر ئىككى قولى ئوڭدۇر، ئۇ ئادىل كىشىلەر ھۆكۈملىرىدە ئەھلى، باللىرى، ئاياللىرى توغرىسىدا ھەمتا ئۆزلىرى ئىگە بولغان بارلىق ئىشلاردا ئادىللىق قىلىدىغانلاردۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق، ئىككى قولى باردۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار دېگەندىكىن باردۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە؛ «فىقھۇلئەكبەر» دېگەن ئەقىيدە كىتابىدا، كىم ئاللاھنىڭ قولى دېگەنگە قۇدرەت،مۇكاپات، نېئمەت مەئنا بەرسە، ئۇ مۆئتەزىللەردەك ئاللاھنىڭ «قول» دېگەن سۈپىتىگە تانغان بولىدۇ دېگەن. قولى مەلۇم، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈپ، ئېتىقاد قىلىش ۋاجىپ، سوئال بىدئەت، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە، سەلەفى، سالىھ، ساھابىلار، تابىئىنلار تۆت چوڭ ئىماملار بىردەك شۇنداق قارايدۇ، ئاللاھ ۋە رەسۇلى دېگەننى ئىسپاتلىغاننى ئىسپاتلايدۇ، نەفي، بولۇشسىز قىلغاننى نەفي بولۇشسىز قىلىدۇ، سۈكۈت قىلغانغا سۈكۈت قىلىدۇ، ئۆزگەرتمەيدۇ، خاتا چۈشەنمەيدۇ، ئوخشاتمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر.مانابۇ بىزنىڭ ئەقىيدىمىزدۇر.

**3691 – [ 31 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما بعث الله من نبي ولا استخلف من خليفة إلا كانت له بطانتان : بطانة تأمره بالمعروف وتحضه عليه وبطانة تأمره بالشر وتحضه عليه والمعصوم من عصمه الله " . رواه البخاري**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇ پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىسىنىڭ ئىككى دانە خاس، يېقىن مەسلىھەتچى ۋەزىرى باردۇر، بىرسى ياخشى ياردەمچى بولۇپ، ئۇ خەلىپىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياخشىلىق قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، يامانلىققا بۇيرۇپ، يامانلىق قىلىشقا تەرغىپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساق قالغان كىشى ئاللاھ

ساقلاپ قالغان كىشىدۇر، ئاللاھ ساقلاپ قالمىسا، ھېچ كىشى ساق قالمايدۇ. ئەھمەد 10914 ـ ھەدىس، بۇخارى 6659 ـ ھەدىس، نەسەئى 4131 ـ ھەدىس، سەھىھ. پادىشاھ باش بولغان كىشى، تەقۋا، ياخشى ئالىمنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىشى لازىم، تەقۋا ئالىملارنى مەسلىھەتچى قىلىش لازىم.

**3692 – [ 32 ] ( صحيح ) وعن أنس قال :كان قيس بن سعد من النبي صلى الله عليه وسلم بمنزلة صاحب الشرط من الأمير رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، قىيس ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇددى ئەمىرنىڭ قوغدۇغچى ساقچىسى يېنىدا تۇرغىنىدەك، دائىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىلا تۇراتتى.بۇخارى.

**3693 – [ 33 ] ( صحيح ) وعن أبي بكرة قال : لما بلغ رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أهل فارس قد ملكوا عليهم بنت كسرى قال : " لن يفلح قوم ولوا أمرهم امرأة " . رواه البخاري**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پارس ئەھلى كىسرانىڭ قىزىنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلغانلىق خەۋىرى يەتكەندە، مۇنداق دىگەن: ئىشلىرىغا ئايال كىشىنى ئىگە قىلغان قەۋم، ھەرگىز نىجات تاپمايدۇ. (ئايال كىشىنىڭ باشلىق بولۇشى، پادىشاھ بولۇشى دۇرۇس ئەمەس، پەيغەمبەرمۇ ھەم ئايالدىن چىقمىغان، قەۋمگە ئىمامىمۇ ھەم بولالمايدۇ، ئەرلەر باش بولۇپ، ھالىمىز مۇشۇ تۇرسا، ئايال كىشى باش بولسا نىمە بولۇپ كېتەر ھە!؟!). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3694 – [ 34 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن الحارث الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " آمركم بخمس : بالجماعة والسمع والطاعة والهجرة والجهاد في سبيل الله وإنه من خرج من الجماعة قيد شبر فقد خلع ربقة الإسلام من عنقه إلا أن يراجع ومن دعا بدعوى الجاهلية فهو من جثى جهنم وإن صام وصلى وزعم أنه مسلم " . رواه أحمد والترمذي**

ھارىس ئىبنى ھارىس ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا مەنمۇ سىلەرنى بۇيرۇيمەن؛1. جامائەتنى (مەيلى مەسجىد جامائىتى بولسۇن، مەيلى خەلىپە جامائىتى بولسۇن) لازىم تۇتۇڭلار،2. ئاڭلاش، 3. ئىتائەت قىلىش، 4. ھىجرەت قىلىش، 5. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ھەقىقەتەن كىم جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھالقىسىنى بويۇنچىقىنى بويىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتكەن بولىدۇ، تۆۋبە قىلىپ، قايتىپ كېلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، كىم جاھالىيەت چاقىرقى بىلەن چاقىرسا، جاھىلىيەت دۇئالىرىنى قىلسا، گەرچە ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلسىمۇ، ناماز ئوقۇپ روزا تۇتسىمۇ، يەنىلا جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرىدىغانلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ كېتىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ چاقىرقى بىلەن چاقىرىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى دەپ ئاتىدى، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ 1724ـ ھەدىسنىڭ ئاخىرى بۇلۇپ، يۇقىرقى يەھيا، ئەيسا ۋە بەنى ئىسرائىللار بۇيرۇلغان بەش ئىش، ھازىرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق بەش تۈۋرۈكى، پەش پەرىزدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ بەش نەرسىنى تەكىتلەپ بۇيرۇغان، يالغۇز سىلەرلا ئەمەس، بۇرۇنقىلارمۇ بۇيرۇ لغان، بۇ قەدىمى ئىبادەت دەۋېتىپ،يانا بەش نەرسىگە بۇيرىدى.

**3695 – [ 35 ] ( صحيح ) وعن زياد بن كسيب العدوي قال : كنت مع أبي بكرة تحت منبر ابن عامر وهو يخطب وعليه ثياب رقاق فقال أبو بلال : انظروا إلى أمير نا يلبس ثياب الفساق . فقال أبو بكرة : اسكت سمعت رسول الله صلى الله عليه**

**وسلم يقول : " من أهان سلطان الله في الأرض أهانه الله " رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

زەيياد مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنبىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، ئۇ ئۇستىگە نىپىز،ئىسىل كىيىم كەيگەن ھالدا خۇتبە سۆزلەۋاتاتتى، ئاندىن ئەبۇ بىلال؛ ئەمىرىمىزغا قاراڭلار، ئۇ پاسىقلارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپتۇ دېدى، ئاندىن ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛سۆز قىلماي جىم ئولتۇرغىن،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىم ئاللاھنىڭ زېمىندىكى سۇلتان، خەلىپىسىنى ئاھانەت قىلىپ ھاقارەتلەپ خارلىسا، ئاللاھمۇ ئۇ كىشىنى خارلايدۇ. تىرمىزى نوپلىغان، ھەسەن.

**3696 – [ 36 ] ( صحيح ) وعن النواس بن سمعان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا طاعة لمخلوق في معصية الخالق " . رواه في شرح السنة**

ئىمران، ھەكەم،نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خالىققا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان سەھىھ.

**3697 – [ 37 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من أمير عشرة إلا يؤتى به يوم القيامة مغلولا حتى يفك عنه العدل أو يوبقه الجور " . رواه الدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئون كىشىگە باش بولغان ئەمىرلا بولىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنى تاقاق، كويزا، كىشەن سېلىنغان ھالدا كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنى يا ئادىللىقى قۇتقۇزىدۇ، ياكى زۇلۇم، جەۋرىسى ھالاك قىلىدۇ.دارىمى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3698 – [ 38 ] ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ويل للأمراء ويل للعرفاء ويل للأمناء ليتمنين أقوام يوم القيامة أن نواصيهم معلقة بالثريا يتجلجلون بين السماء والأرض وأنهم لم يلوا عملا " . رواه في " شرح السنة " ورواه أحمد وفي روايته : " أن ذوائبهم كانت معلقة بالثريا يتذبذبون بين السماء والأرض ولم يكونوا عملوا على شيء "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمىر، باشلىقلارغا ۋاي، كىشىلەرگە ئىش ئۆگىتىدىغان يۇرت ئاقساقاللىرىغا،جىنكەش كاھىنلارغا ۋاي، كىشىلەرنى ئەمىن قىلىدىغان ئەمىنلىك بەرگۈچىلەرگە ۋاي، قىيامەت كۈنى بىر تۈركۈم قەۋىم چېكىلىرى ئۆرۈم چاچلىرى يۇكە يۇلتۇزغا ئېسىقلىق ھالدا ئاسمان ــ زېمىن ئارىسىدا پۇلاڭلىتىلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، ئۇياقتىن ــ بۇياققا تەۋرىگەن ھالدا ھېچ ئىشقا ئىگە بولمىساق بولۇپتىكەن، ھېچ بىر خىزمەتكە مەسئۇل بولمىساق بولۇپتىكەن دەپ قاتتىق ئارزۇ قىلىپ پۇشايمان قىلىپ كېتىدۇ، ئەھمەد خاتىرلىگەن، شەرھى سۈننەدە باربولۇپ، ئەلبانى بۇ ھەدىس زەئىپ دېگەن.

**3699 – [ 39 ] ( ضعيف )وعن غالب القطان عن رجل عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العرافة حق ولابد للناس من عرفاء ولكن العرفاء في النار " . رواه أبو داود**

غالىبولقەتتائاندىن بىر ئەرنىڭ دادىسىدىن، چوڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىشلارنى تونۇتۇش، يول كۆرسىتىش ھەق، كىشىلەرگىمۇ ئۇ لازىم، لېكىن، شۇنداق قىلغان يۇرت چوڭلىرى يۇرت ئاقساقاللىرى(كاھىنلار)دوۋزاختا بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى

زەئىپ دىگەن، چۈنكى، راۋىيلار ئارىسىدا نامەلۇم كىشى بار. ھەدىس بەزىدە مەنىسى، مەتىنىسى جەھەتتىن زەئىپ بولىدۇ، بەزىدە بولسا، ئىسناد تۇتاشقان، يوللىرى، راۋىيلىرى، كاتىپلىرى جەھەتتىن زەئىپ بولىدۇ، بۇ سۆزلەر مۇقەددىمىدە سۆزلەنگەن.

**3700 – [ 40 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن كعب بن عجرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعيذك بالله من إمارة السفهاء " . قال : وما ذاك يا رسول الله ؟ قال : " أمراء سيكونون من بعدي من دخل عليهم فصدقهم بكذبهم وأعانهم على ظلمهم فليسوا مني ولست منهم ولن يردوا علي الحوض ومن لم يدخل عليهم ولم يصدقهم بكذبهم ولم يعنهم على ظلمهم فأولئك مني وأنا منهم وأولئك يردون علي الحوض " . رواه الترمذي والنسائي**

كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭامۇنداق دىگەن: مەن **الله** تائالاغا سىغىنىپ، سىنى ئەقىلسىز نادان ئەمىيلەردىن پاناھ تىلىتىمەن، (يەنى شۇلاردىن پاناھ تىلىگىن دىدى) مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇ قانداق ئىش؟دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:پات يېقىندا مەندىن كىيىن بىر تۈركۈم ئەمىيلەر بولىدۇ، كىم ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى راست دەپ تەستىقلىسا، ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ياردەملەشسە، ئۇنداق كىشلەر مەندىن ئەمەس،مەن ئۇلاردىن ئەمەس، ئۇلار ھەۋزى ـ كەۋسەردىن سۇ ئىچەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرمىگەن، ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى راست دەپ تەستىقلىمىغان، ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ياردەملەشمىگەن كىشلەر مىنىڭ جۈملەندىن،مەن ئۇلاردىن، بۇلار ھەۋزى ـ كەۋسەردىن سۇ ئىچەلەيدۇ،دىدى.تىرمىزى ، نەسەئى توپلىغان

**3701 – [ 41 ] وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من سكن البادية جفا ومن أتبع الصيد غفل ومن أتى السلطان افتتن " . رواه أحمد والترمذي والنسائي وفي رواية أبي داود : " من لزم السلطان افتتن وما ازداد عبد من السلطان دنوا إلا ازداد من الله بعدا "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم سەھرا، يېزىدا ياشىسا، دىلى قاتتىق، تەبىئىتى قوپال بولۇپ كىتىدۇ، كىم ئوۋغا ئەگەشسە، غەپلەتتە قالىدۇ، كىم سۇلتانغا تولا كەلسە، پىتنە ــ پاسادقا قالىدۇ، (دىنىسىز پادىشاھقا بارسا، مۇناپىق بولىدۇ).كىم سۇلتاننى لازىم تۇتسا، پىتنىگە چۈشۈپ كىتىدۇ، ھەرقانداق بىر بەندە سۇلتان تەرەپتىن يېقىنلىقنى زىيادە قىلسا، **الله** تەرەپتىن يىراقلىقنى زىيادە قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3702 – [ 42 ]** ( ضعيف )**وعن المقدام بن معدي كرب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم ضرب على منكبيه ثم قال : " أفلحت يا قديم إن مت ولم تكن أميرا ولا كاتبا ولا عريفا " . رواه أبو داود**

مىقدام ئىبنى مەئدى كەرىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دىگەن: ئى قەدىم ئەگەر سەن باشلىق بولماي كاتىپمۇ بولماي يۇرت چوڭى، ئاقساقىلى بولماي ئۆلسەڭ نىجات تاپىسەن، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**3703 – [ 43 ]** ( ضعيف )**وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل الجنة صاحب مكس " : يعني الذي يعشر الناس . رواه أحمد وأبو داود والدارمي**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باجگىر يەنى ئۆشرە يىغقۇچى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، دارمى خاتىرلىگەن. ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ ھەدىسكە خىلاپ بولغاچقا، زەئىپ دېگەن. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى زاكات خادىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان تۇرسا، قۇرئاندىمۇ ئۇلار خىزمەتچى دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ ھەدىس ئىسلام باجگىرىنى مەخسەت قىلسا، زەئىپ، ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارنى مەخسەت قىلسا ئۇلارنى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ دېيىش ھاجەتسىز، ئۇلار بەربىر دوۋزاختا بولىدۇ، بۇ ھەدىس ھەر جەھەتتىن زەئىپ.

**3704 – [ 44 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أحب الناس إلى الله يوم القيامة وأقربهم منه مجلسا إمام عادل وإن أبغض الناس إلى الله يوم القيامة وأشدهم عذابا " وفي رواية : " وأبعدهم منه مجلسا إمام جائر " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئاللاغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى،مەجلىس جەھەتتىن يېقىنراقى ئادىل ئىمامدۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئاللاغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ دۈشمەن ئۆچرەكى،مەجلىس جەھەتتىن ئەڭ يىراقراقى، ئازاپ جەھەتتىن ئەڭ قاتتىق ئازاپلىنىدىغىنى زالىم ئىمامدۇر.تىرمىزى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى، زالىم ئىمامدۇر، يەنى زالىم خەلىپە، سۇلتاندۇر، ئەبۇ يەئلا، ئەۋسەت، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، ھەسەن.

**3705 – [ 45 ]** ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفضل الجهاد من قال كلمة حق عند سلطان جائر " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، زالىم سۇلتان، زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قىلغان ھەق سۆزدۇر، بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، ئەبۇ سەئىدلىخۇدرىدىن، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، تەبرانى، بەيھەقى، ئەبۇ ئۇمامەتتىن، ئەھمەد نەسەئى، بەيھەقى تارىق ئىبنى شىھاب رەزىيالاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئەڭ چوڭ جىھاد بولسا، زالىم سۇلتان، زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئادىل، ھەق سۆز قىلىشتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3706 – [ 46 ]** ( صحيح ) ورواه أحمد والنسائي عن طارق بن شهاب

ئەبۇ ئۇمامەت،تارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىھادنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەكى، زالىم ئىمامغا، باشلىققا دېيىلىدىغان ھەق سۆزدۇر. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ھە سەن.

**3707 – [ 47 ]** وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أراد الله بالأمير خيرا جعل له وزير صدق إن نسي ذكره وإن ذكر أعانه . وإذا أراد به غير ذلك جعل له وزير سوء إن نسي لم يذكره وإن ذكر لم يعنه ". رواه أبو داود والنسائي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر ئەمىر، خەلىپىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا سەممىي، سادىق، ئىشەنچلىك ۋەزىرنى قىلىپ بېرىدۇ، خەلىپە ئۇنتۇپ قالسا، ۋەزىر ئەسلىتىدۇ، ئەسلىسە، ئىسىگە كەلسە، ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن باشقىنى ئىرادە قىلسا،

يەنى ياخشىلىقنى ئىرادە قىلمىسا، ئۇ خەلپىگە يامان، ئوسال ۋەزىرنى قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنتۇپ قالسا، ئەسلەتمەيدۇ، ئېسىگە ئالسا، ياردەم بەرمەيدۇ.نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3708 –[ 48 ] وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : إن الأمير إذا ابتغى الريبة في الناس أفسدهم رواه أبو داود**

جۇبەير، كەسىير ئىبنى مۇررەت، مىقدام، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئەمىر، خەلىپە بولغان كىشى كىشىلەردىن بولۇپمۇ، ئۆز خادىملىرىدىن شەكلەنسە، گۇمانلانسا، ئۇلارنى بۇزۇپ قويىدۇ، پاسادقا يۈزلەندۈرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3709 – [ 49 ] وعن معاوية قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إنك إذا اتبعت عورات الناس أفسدهم " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سەن كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئىزدەپ ئەگەشسەڭ، يەنى ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى، سىرلىرىنى ئىزدىسەڭ، شەك، گۇمان قىلساڭ، ئۇلارنى بۇزۇپ قويىسەن ياكى پىتنە پاسادقا قويغىلى تاس قالىسەن، ئىشلار بۇزۇلىدۇ،بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى باش بولغانلار، كىشىلەردىن يەنى تارقاپ يۈرگەن ئۆسەك سۆزلەردىن يۈز ئۆرۈڭلار، قارىماسەن؟ كىشىلەر ئارىسىدا شەك، گۇماننى تەلەپ قىلساڭ، ئۇلارنى بۇزۇپ قويىسەن، ياك بۇزۇپ قويغىلى، پىتنە ــ پاساد سالغىلى تاس قالىسەن، تەبرانى توپلىغان سەھىھ.

**3710 – [ 50 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كيف أنتم وأئمة من بعدي يستأثرون بهذا الفيء ؟ " . قلت : أما والذي بعثك بالحق أضع سيفي على عاتقي ثم أضرب به حتى ألقاك قال : " أولا أدلك على خير من ذلك ؟ تصبر حتى تلقاني " . رواه أبو داود**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مەندىن كېيىنكى ئىماملار ئۆزۈڭلارنى ئىشەنچىلىك ھېسابلاپ، بۇ ھەمىدىن ئۆزلىرىنى ئەۋزەل بىلىپ كەتسە، سىلەرنىڭ ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر ھە!! مەن: سىلنىنى ھەقلىق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، قىلىچىمنى مۈرەمگە ئېسىپ، تاكى سىلىگە ئۇچراشقانغا قەدەر الله يولىدا ئۇرۇش قىلىمەن دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:مەن سىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر ئىشقا كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋرى قىلىشىڭدۇر دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3711 – [ 51 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن عائشة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أتدرون من السابقون إلى ظل الله عز وجل يوم القيامة ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم قال : " الذين إذا أعطوا الحق قبلوه وإذا سئلوه بذلوه وحكموا للناس كحكمهم لأنفسهم "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قىيامەت كۈنى الله نىڭ سايىسىغا ھەممىدىن بۇرۇن باردىغانلارنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى، ئۇلار: الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلار ھەققى بېرىلسە قوبۇل قىلىدىغان، ئۇلاردىن نەرسە

سورالسا، بارلىقنى **الله** يولىدا بېغىشلاپ ھەممىنى بېرىدىغان، كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلسا، ئۆزلىرىگە ھۆكۈم قىلغاندەكلا ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغان كىشىلەردۇر دېدى. ئەھھمەد،بەيھەقى،

**3712 – [ 52 ] وعن جابر بن سمرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ثلاثة أخاف على أمتي : الاستسقاء بالأنواء وحيف السلطان وتكذيب القدر "**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئۇممىتىمگە ئەنسىرەيدىغان ئۈچ ئىش بار؛1. ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلار بىلەن سۇ تەلەپ قىلىشى. 2. سۇلتان، پادىشاھنىڭ زۇلۇم قىلىشى. 3. تەقدىرنى ئىنكار قىلىشى، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3713 – [ 53 ] وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ستة أيام اعقل يا أبا ذر ما يقال لك بعد " فلما كان اليوم السابع قال : " أوصيك بتقوى الله في سر أمرك وعلانيته وإذا أسأت فأحسن ولا تسألن أحدا شيئا وإن سقط سوطك ولا تقبض أمانة ولا تقض بين اثنين "**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ئى ئەبۇزەر! ئالتە كۈندىن كېيىن ساڭا نىمە دېيىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگىن دەپ، يەتتىنچى كۈنى بولغاندا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان؛ مەن ساڭا ئاللاھدىن قورقۇپ، تەقۋادار بولۇشۇڭنى ۋەسىيەت قىلىمەن، ئىشىڭنىڭ يوشۇرۇنلىرىدە، ئاشكارا بولغانلىرىدىمۇ مەخپى بولسۇن، ئاشكارا بولسۇن، تەقۋادار بولغىن، يامانلىق قىلىپ سالساڭ، ئارقىدىنلا ياخشىلىق قىل،گەرچە قامچاڭ يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ، ھەرگىز كىشىدىن نەرسە سورىما، ئامانەتنى خىيانەت قىلىپ، ئېلىۋالما، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈمدار قازى بولمىغىن، ھۆكۈم قىلمىغىن. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن، مۇھىم نۇقتىسى تەقۋادار بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، نەرسە سورىماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ھاكىم، قازىلىقدىن ھەزەر قىلىش.

**3714 – [ 54 ] وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " ما من رجل يلي أمر عشرة فما فوق ذلك إلا أتاه الله عز وجل مغلولا يوم القيامة يده إلى عنقه فكه بره أو أوبقه إثمه أولها ملامة وأوسطها ندامة وآخرها خزي يوم القيامة**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئون كىشىنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان، باش بولغان كىشىنى ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قولىنى بوينىغا قوشۇپ، تاقاق، كويزا ـ كىشەن سېلىنغان ھالەتتە كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنى ياخشىلىقى، ئادىللىقى قۇتقۇزىدۇ ياكى گۇناھى، زۇلۇمى ھالاك قىلىدۇ، تاقاقنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ، ۋالىيلىق، ئەمىرلىكنىڭ ئەۋۋەلى مالامەت، ئوتتۇرىسى نادامەت، ئاخىرى بولسا قىيامەت كۈنى خارلىقتۇر. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**3715 – [ 55 ] وعن معاوية قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا معاوية إن وليت أمرا فاتق الله واعدل " . قال : فما زلت أظن أني مبتلى بعمل لقول النبي صلى الله عليه وسلم حتى ابتليت**

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:ئى مۇئاۋىي! ئەگەر سەن ئىشقا يەنى ئەمىر خەلىپىلىككە ئىگە قىلىنساڭ، **الله** تىن قورقۇپ، تەقۋادار بولغىن، ئادىللىق قىلغىن دېدى.مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ سۆزىدىن تاكى مەن سىنالغانغا قەدەر، ئەمەلدارلىق بىلەن سىنىلىدىكەنمەن دەپ گۇمان قىلىپ كەلدىم،ئاخىرى مەن سىنالدىم.بەيھەقى توپلىغان.

| |
|---|
| **3716 – [ 56 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعوذوا بالله من رأس السبعين وإمارة الصبيان " . روى الأحاديث الستة أحمد وروى البيهقي حديث معاوية في " دلائل النبوة "**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھقا سىغىنىپ ھىجرىيە 70 ـ يىلدىن ۋە كىچىك بالىنىڭ پادىشاھ، سۇلتان، باشلىق بولۇشىدىن پاناھ تىلەڭلار دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئىككى راۋىيسىدا مەسىلە بار، نەسەئى كۆچلۈك ئەمەس دىگەن، ئەھمەد توپلىغان، زەئىپلىك گۇمان بار، |
| **3717 – [ 57 ] ( ضعيف )وعن يحيى بن هاشم عن يونس بن أبي إسحاق عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كما تكونون كذلك يؤمر عليكم "**<br><br>يەھيا ئىبنى ھاشىم، يۇنۇس ئىبنى ئەبۇ ئىسھاقدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر قانداق بولساڭلار سىلەرگىمۇ شۇنداق باشلىق بولىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن ۋە ئۇ بۇ ھەدىس مۇنقەتىئ، ئىسنادى ئۈزۈلۈك، زەئىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كىشىنىڭ رىۋايىتى زەئىپ دىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىدى. |
| **3718 – [ 58 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن السلطان ظل الله في الأرض يأوي إليه كل مظلوم من عباده فإذا عدل كان له الأجر وعلى الرعية الشكر وإذا جار كان عليه الإصر وعلى الرعية الصبر "**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سۇلتان، الله نىڭ زىمىندىكى سايىسىدۇر،(يەنى زىمىندىكى خەلىيپىسىدۇر)الله تائالا بەندىللىرىدىن ئۇنىڭ قېشىغا بارلىق زۇلۇمغا ئۇچىرىغانلارنى يىغىپ ئەۋەتىدۇ، ئەگەر سۇلتان ئادىللىق قىلسا، ئۇنىڭغا ئەجىر ساۋاب بولىدۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە شۇكۇر تەشەككۇر لازىم بولىدۇ،ئەگەر ئۇ زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدۇ، خەلققە سەۋرە قىلىش لازىم كىلىدۇ.بەيھەقى. |
| **3719 – [ 59 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أفضل عباد الله عند الله منزلة يوم القيامة إمام عادل رفيق وإن شر الناس عند الله منزلة يوم القيامة إمام جائر خرق "**<br><br>ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى الله نىڭ دەرگاھىدىكى بەندىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ئەڭ ئەبزەلرەكى، مېھرىبان،ئادىل ئىمام ئەمىيردۇر. ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى الله نىڭ دەرگاھىدىكى بەندىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ئەڭ يامانراقى، قاتتىق قول، زالىم ئىمامدۇر. |
| **3720 – [ 60 ] وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من نظر إلى أخيه نظرة يخيفه أخافه الله يوم القيامة " . روى الأحاديث الأربعة البيهقي في " شعب الإيمان " وقال في حديث يحي هذا : منقطع وروايته ضعيف**<br><br>ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قېرىندىشىغا ھەيبەتلىك قاراپ، ئۇنى قورقۇتۇۋەتسە، الله تائالامۇ ئۇنى قىيامەت كۈنى قورقۇتۇۋىتىدۇ. يۇقىرقى تۆت ھەدىسنى بەيھەقى توپلىغان. بۇھەدىس زەئىپ. |
| **3721 – [ 61 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى يقول : أنا الله** |

لا إله إلا أنا مالك الملوك وملك الملوك قلوب الملوك في يدي وإن العباد إذا أطاعوني حولت قلوب ملوكهم عليهم بالرحمة والرأفة وإن العباد إذا عصوني حولت قلوبهم بالسخطة والنقمة فساموهم سوء العذاب فلا تشغلوا أنفسكم بالدعاء على الملوك ولكن اشغلوا أنفسكم بالذكر والتضرع كي أكفيكم ملوككم " . رواه أبو نعيم في " الحلية "

ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:الله تائالا مۇنداق دەيدۇ؛ مانا مەن بىر الله ، ھەق مەئبۇد مەن، مەندىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مەن بارلىق ئىگىدارچىلىقنىڭ ئىگىسى ۋە بارلىق مۇلۇكنىڭ ، پادىشاھلارنىڭ پادىشاسىمەن، پادىشاھلارنىڭ قەلب دىللىرى مېنىڭ قولۇمدا، بەندىلەر ماڭا ياخشى ئىتائەت قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا رەھمەت قىلىش بىلەن كۆيۈنۈش مېھرىبانلىق قىلىشقا چۆرۈپ بېرىمەن ، بەندىلەر ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ پادىشاسىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا غەزەپ قىلىپ كايىشىغا، ئىنتىقام ئېلىپ جازالىشىغا چۆرۈۋېتىمەن، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇلارغا قاتتىق ئازاپنىڭ تەمىنى تېتىتىدۇ، سىلەر پادىشاھلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولماي، ئۆزۈڭلارنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن، الله نى كۆپ ئەسلەپ زىكرى ئېيتىش، الله قا يىلىنىپ تەزەررۇئ چېكىش بىلەن مەشغۇل بۇلۇڭلار، پادىشاھىڭلارغا مەن ئۆزۈم كۇپايە قىلىمەن.ئەبۇمۇئەيىم تويلىغان.الله ئەئلەم.

## باب ما على الولاة من التيسير – الفصل الأول ۋالىيلارنىڭ ئاسان قىلىش مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا

3722 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي موسى قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا بعث أحدا من أصحابه في بعض أمره قال : " بشروا ولا تنفروا ويسروا ولا تعسروا "

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن بىرەرسىنى بىرەر ئىشقا ئەۋەتسە، مۇنداق دېيتتى: كىشىلەرنى ئىسلامغا، ھەققەتكە دەۋەت قىلىپ چاقىرىڭلار، بىشارەت بېرىپ، نەپرەتلەندۇرمەڭلار، قاچۇرىۋەتمەڭلار، ئاسان قىلىپ، قىيىنلاشتۇرماڭلار.بۇخارى،مۇسلىم،ئەبۇداۋۇد،تويلىغان، سەھەھ.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشىنى ئىشلىرىنىڭ بەزىسىگە ئەۋەتسە، مۇنداق دېيتتى: خۇش بىشارەت بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرۈپ قاچۇرۇۋەتمەڭلار، كىشلەرنى يىرگەندۈرمەڭلار، ئاسان قىلىڭلار، قىيىن، تەس قىلماڭلار، يەنى دەۋەتتە. ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھەھ.

3723 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يسروا ولا تعسروا وسكنوا ولا تنفروا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئى خەتىبلەر، ئىماملار! ۋائىزلار، دەۋەتچىلەر) ئاسان قىلىڭلار، قىيىن، تەس قىلماڭلار، خۇش بىشارەت بېرىڭلار،خاتىرجەم قىلىڭلار، نەپرەنلەندۇرمەڭلار، قاچۇرىۋەتمەڭلار. بەيھەقى ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى تويلىغان، سەھەھ.

3724 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن ابن أبي بردة قال : بعث النبي صلى الله عليه وسلم جده أبا موسى ومعاذا إلى اليمن فقال : " يسرا ولا تعسرا وبشرا ولا تنفرا وتطاوعا ولا تختلفا "

ئىبنى ئەبۇبۇردەتىنىڭ بۇۋىسى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن: سىلەر قىيىنلاشتۇرماي ئاسان قىلىڭلار، نەپرەتلەندۇرمەي، قاچۇرماي خۇش بىشارەت بېرىڭلار، ئىختىلاپلاشماي، ئىتائەت قىلىشىڭلار، ئىتتىپاقلىشىڭلار. بۇخارى،مۇسلىم،

ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3725 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الغادر ينصب له لواء يوم القيامة فيقال : هذه غدرة فلان بن فلان "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن خىيانەتچى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىر بايراق تىكلىنىدۇ، ئاندىن ؛ ئاگاھ بولۇڭلار، مانا بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ خىيانىتى دېيىلىدۇ. مالىك، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ، قىيامەت كۈنى ئەۋۋەل ـ ئاخىر بارلىق كىشىلەرنى توپلىغاندا، ھەربىر خىيانەتچىگە بىردىن بايراق تىكلىنىپ، بۇ پالانىنىڭ بالىسى، پالانىنىڭ خىيانىتى دېيىلىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3726 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لكل غادر لواء يوم القيامة يعرف به "

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچىنىڭ بىردىن بايرىقى بولىدۇ، ئۇ خىيانەتچى، ئارقىسىغا، كۆتىگە قادالغان ئاشۇ بايراق بىلەن تونۇلىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

3727 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لكل غادر لواء عند استه يوم القيامة " . وفي رواية : " لكل غادر لواء يوم القيامة يرفع له بقدر غدره ألا ولا غادر أعظم من أمير عامة " . رواه مسلم

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچى، ئەھدىسىنى بۇزغۇچى ئۈچۈن بىردىن بايراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا قادىلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچىنىڭ بايرىقى بولۇپ، بايراق ئۇنىڭ خىيانىتىنىڭ مىقدارىدا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، ئاۋام خەلقنىڭ ئەمىر، باش بولغۇچىسىدىنمۇ خىيانىتى چوڭ خائىن يوقتۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئى باش بولغۇچىلار، ئىماملار ئاگاھ بولۇڭلار!!! ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر خىيانەتچى، ئەھدە بۇزغۇچىنىڭ بىردىن بايرىقى بولۇپ، بۇ بايراق ئۇنىڭ ئارقىسىغا خىيانىتىنىڭ مىقدارىدا قادىلىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

3728 – [ 7 ] الفصل الثاني عن عمرو بن مرة أنه قال لمعاوية : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ( من ولاه الله شيئا من أمر المسلمين فاحتجب دون حاجتهم وخلتهم وفقرهم احتجب الله دون حاجته وخلته وفقره " . فجعل معاوية رجلا على حوائج الناس . رواه أبو داود والترمذي وفي رواية له ولأحمد : " أغلق الله له أبواب السماء دون خلته وحاجته ومسكنته "

ئەبۇ مەريەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى: كىمنى **الله** تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا، يەنى ھوقۇققا ئىگە قىلسا،ئۇ ئەمەلدار بولۇپلا، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى، ھاجىتىنى، پېقىرلىقىنى، ئاپەتلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىشىكىنى تاقاپ، پەردىلىنىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھمۇ ئۇنىڭ دوسلۇقىنى، ھاجىتىنى، پېقىرلىق، مۇھتاجلىقىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ پەردىلىنىۋالىدۇ،

كارى بولمايدۇ. ئاندىن مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەخسۇس كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىدىغان كىشى سايلاپ قويغان ئىدى.تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد،ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3729 – [ 8 ] الفصل الثالث عن أبي الشماخ الأزدي عن ابن عم له من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم أنه أتى معاوية فدخل عليه فقال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من ولي من أمر الناس شيئا ثم أغلق بابه دون المسلمين أو المظلوم أو ذي الحاجة أغلق الله دونه أبواب رحمته عند حاجته وفقره أفقر ما يكون إليه "**

ئەبۇ شىماخنىڭ تاغىسىنىڭ بالىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدۇ: كىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا، يەنى ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئەمەلدار بولۇپلا، ئۇلارنىڭ دوستلىقىنى،ياكى ھاجەت ئىگىسىنىڭ ھاجىتىنى، پېقىرلىقىنى، ئاپەتلىرىنى، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىشىكىنى تاقاپ، پەردىلىنىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ھاجىتىنى، پېقىرلىق، مۇھتاجلىقنى، قىيىنچىلىقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ،ئۇ ئەڭ مۇھتاج ۋاقتىدا رەھمەت ئىشىكىنى تاقاپ پەردىلىنىۋالىدۇ. بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3730 – [ 9 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمر بن الخطاب رضي الله عنه أنه كان إذا بعث عماله شرط عليهم : أن لا تركبوا برذونا ولا تأكلوا نقيا ولا تلبسوا رقيقا ولا تغلقوا أبوابكم دون حوائج الناس فإن فعلتم شيئا من ذلك فقد حلت بكم العقوبة ثم يشيعهم . رواهما البيهقي في شعب الإيمان**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىزمەتچى ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتسە، ئۇلارغا مۇنداق شەرت قويۇپ ئەۋەتەتتى؛ سىلەر ياخشى ئاتقا مىنمەيسىلەر، ئاق ئۇننىڭ نېنىنى يېمەيسىلەر، ئىسىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى كەيمەيسىلەر، ئىشىكلىرىڭلارنى كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن تاقىۋالمايسىلەر، ئەگەر شۇلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ قالساڭلار، سىلەرگە ﷲ نىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئازابى چۈشىدۇ دەپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ،ئۇلارغا ئەگىشىپ بىللە چىقاتتى.بەيھەقى.

**باب العمل في القضاء والخوف منه – الفصل الأول** قازىيلىق خىزمىتى ۋە بۇ خىزمەتتىن قورقۇش توغرىسىدا

**3731 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي بكرة قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا يقضين حكم بين اثنين وهو غضبان "**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قازى، ئىككى كىشى ئارىسىدا غەزەپ قىلغان ھالىتىدە ھۆكۈم قىلمىسۇن. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.
ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشى يەنى قازى، بىر ھۆكۈملۈك مەسىلىدە ئىككى خىل ھۆكۈم قىلمىسۇن، بىرەر كىشى ئىككى داۋاگەر ئارىسىدا غەزەپ قىلغان، ئاچچىقلانغان ھالدا ھۆكۈم چىقارمىسۇن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3732 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن عمرو وأبي هريرة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا حكم الحاكم فاجتهد فأصاب فله أجران وإذا حكم فاجتهد فأخطأ فله أجر واحد "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاكىم ھۆكۈم چىقارغاندا، ئىجتىھاد قىلىپ، تېرىشىپ توغرا ھۆكۈم چىقارسا، ئىككى ئەجىر ئالىدۇ، ھۆكۈم قىلغاندا ئىجتىھاد قىلىپ، خاتا ھۆكۈم قىلسا، يەنىلا بىر

ئەجىر ئالىدۇ، «خاتالىق ئەپۇدۇر» بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد يەنى بۇ تۆت كىتاب، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

**3733 – [ 3 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من جعل قاضيا بين الناس فقد ذبح بغير سكين " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كىشىلەر ئارىسىدا قازىي، ھاكىم قىلىنسا، ھەقىقەتەن ئۇ پىچاقسىز بوغۇزلانغان بولىدۇ، (يەنى گال پىچاق بىلەن ياكى پىچاقتىن باشقا نەرسە بىلەن بوغۇزلانغان بولىدۇ، يەنى ئەنە شۇنداق قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، زالىم بولسا، ھالاك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىكتۇر). تىرمىزى 1247 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3101 _ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ماجە 2299 _ ھەدىس، ئەھمەد 6848 _ ھەدىس، سەھىھ.

**3734 – [ 4 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ابتغى القضاء وسأل وكل إلى نفسه ومن أكره عليه أنزل الله عليه ملكا يسدده " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىم قازىيلىقنى تەلەپ قىلىپ سورىسا، ئۇ ئۆز نەپسىگە تاپشۇرۇپ قويۇلىدۇ،(ئۇنىڭغا ياردەم بىرىلمەيدۇ)كىم مەجبۇرىي قازىي قىلىنسا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى رۇسلاپ توغرىلايدىغان پەرىشتە چۈشۈرىدۇ. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە ت.

**3735 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " القضاة ثلاثة : واحد في الجنة واثنان في النار فأما الذي في الجنة فرجل عرف الحق فقضى به ورجل عرف الحق فجار في الحكم فهو في النار ورجل قضى للناس على جهل فهو في النار " . رواه أبو داود وابن ماجه**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قازىيلار ئۈچ خىل بولىدۇ، ئىككىسى دوۋزاختا، بىرسى جەننەتتە بولىدۇ، بىر كىشى ھەقنى تونۇپ، ھەقىقەتنى بىلىپ، ھەق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلسا، ئۇ جەننەتتە بولىدۇ، بىر كىشى كىشىلەرگە ئىلىمسىز، نادان تۇرۇپ ھۆكۈم قىلسا، دوۋزاختا بولىدۇ، ئۈچىنچىسى بولسا، ھەقنى تونۇپ، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ھۆكمىدە قەستەن زۇلۇم قىلىپ، خاتا ھۆكۈم قىلىدۇ، مانا بۇمۇ دوۋزاختا كىرىدۇ، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قازىي ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئىككىسى دوۋزاختا بىرسى جەننەتتە بولىدۇ، ھاۋايى _ ھەۋەس، ئارزۇسى بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى قازى، دوۋزاختا، ئىلىمسىز ھۆكۈم قىلغان قازى دوۋزاختا، ھەق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلغان قازى جەننەتتە بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. قۇرئاندا: ئالللاھنىڭ نازىل قىلغان كىتابى قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان قازىلارنى، قۇرئاننى قانۇن قىلمىغانلارنى كاپىر دىگەندۇر، ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ۋاي! بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى ۋە ئاشۇ ئايەتلەرنىڭ ھۆكمى، ھەممە ئىسلام دۆلىتىگە ئىجرا قىلىنىدۇ، قىيامەتتىمۇ مۇشۇ قانۇن بىلەن ھىساب ئالىدۇ، مۇشۇ قۇرئان قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، ئالللاھ بىزلەرگە قۇرئاننى قانۇن قىلىپ بەرگەي، قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان قازىيلىق ھاكىمىيەت قىلىپ بەرگەي، ئامىن! لېكىن بىزمۇ قاتتىق تىرىشايلى! ئالللاھ ئۆزى ساقلاپ، ئاسان قىلسۇن، ئامىن!

3736 – [ 6 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من طلب قضاء المسلمين حتى يناله ثم غلب عدله جوره فله الجنة ومن غلب جوره عدله فله النار " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمانلارغا قازىي بولۇشنى تەلەپ قىلىپ بۇ خىزمەتكە ئېرىشسە، ئاندىن ئادىللىقى، زۇلۇمى ئۈستىدىن غالىپ كەلسە، جەننەتكە كىرىدۇ، زۇلۇم قىلىشى ئادىللىقى ئۈستىدىن غالىپ كەلسە، دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن.

3737 – [ 7 ] ( ضعيف )وعن معاذ بن جبل : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما بعثه إلى اليمن قال : " كيف تقضي إذا عرض لك قضاء ؟ " قال : أقضي بكتاب الله قال : " فإن لم تجد في كتاب الله ؟ " قال : فبسنة رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " فإن لم تجد في سنة رسول الله ؟ " قال : أجتهد رأيي ولا آلو قال : فضرب رسول الله صلى الله عليه وسلم على صدره وقال : " الحمد لله الذي وفق رسول رسول الله لما يرضى به رسول الله " . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە ساڭا ھۆكۈم قىلىش دۇچ كەلسە، قانداق ھۆكۈم قىلىسەن؟ دېدى، ئۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بىلەن دېدى.ئەگەر قۇرئاندىن تاپالمساڭ چۇ؟ دېسە، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ سۈننىتى ھەدىس بىلەن دېدى. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ تاپالمساڭچۇ؟ دېگەن ئۇ، ئۆز كۆز قارىشىم بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، تىرىشچانلىقنى ھەرگىز ئاز قىلمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئۆز ئەلچىسىنىڭ ئەلچىسىنى، ئۆز ئەلچىسى رازى بولىدىغان نەرسىگە ھىدايەت، تەۋپىق ئاتا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر دېدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. چۈنكى، بىر راۋىيسى ھارىسنىڭ ھەدىسلىرى زەئىپ ئىكەن، نامەلۇم كىشلەر بار ئىكەن، بۇنى بىزمۇ تەكشۈردۇق،

3738 – [ 8 ] عن علي رضي الله عنه قال : بعثني رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى اليمن قاضيا فقلت : يا رسول الله ترسلني وأنا حديث السن ولا علم لي بالقضاء ؟ فقال : " إن الله سيهدي قلبك ويثبت لسانك إذا تقاضى إليك رجلان فلا تقض للأول حتى تسمع كلام الآخر فإنه أحرى أن يتبين لك القضاء " . قال : فما شككت في قضاء بعد . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماج هوسنذكر حديث أم سلمة : " إنما أقضي بينكم برأيي " في باب " الأقضية والشهادات " إن شاء الله تعالى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى يەمەنگە قازىي قىلىپ ئەۋەتتى، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ يېشىم كىچىك، قازىيلىققا ئىلمىم يوق تۇرسا، يەنە مىنى قازىي قىلىپ ئەۋەتەملا؟ دېسەم، ماڭا: پات يېقىندا الله سىنىڭ قەلبىڭنى ھىدايەت قىلىدۇ، تىلىڭنى توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئىككى كىشى ساڭا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كەلسە، يەنە بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، بىرىنچىسى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىۋەتمە، شۇنداق قىلساڭ، بىر ئازدىن كېيىنلا قانداق ھۆكۈم قىلىشىڭنى بىلىۋالىسەن دېدى.مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈم قىلىشتا شەك قىلىپ باقمىدىم.ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە، تىرمىزى تۇپلىغان، ھەسەن.

3739 – [ 9 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من حاكم يحكم بين الناس إلا جاء يوم القيامة وملك آخذ بقفاه ثم يرفع رأسه إلى السماء فإن قال : ألقه ألقاه في مهواة أربعين خريفا " . رواه أحمد وابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغان ھەرقانداق بىر ھاكىم بۇلىدىكەن، قىيامەت كۈنى بىر پەرىشتە ئۇنى ئۇنىڭ گەردىنىدىن تۇتقان ھالدا ئېلىپ كىلىپ، بېشىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ، **الله** نىڭ ئەمرىگە ئىنتىزار بۇلىدۇ، ئەگەر **الله**؛ تاشلا دىسىلا، پەرىشتە ئۇنى 40 يىللىق ھالاكەتلىك ئازگالغا تاشلايدۇ. ئەھمەد،ئىبنى ماجە،بەيھەقى توپلىغان.

**3740 – [ 10 ] وعن عائشة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ليأتين على القاضي العدل يوم القيامة يتمنى أنه لم يقض بين اثنين في تمرة قط " . رواه أحمد**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:قىيامەت كۈنى قازىي بولغان كىشىگە شۇنداق بىر ئادىللىق كىلىدۇكى، ئۇكۈنى ئۇ ئىككى كىشى ئارىسىدا بىرتال خورما چاغلىق نەرسىگە ھۆكۈم قىلمىسام بۇلۇپتىكەن دەپ ئارزۇ قىلىپ كىتىدۇ.ئەھمەد توپلىغان.

**3741 – [ 11 ] وعن عبد الله بن أبي أوفى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله مع القاضي ما لم يجر فإذا جار تخلى عنه ولزمه الشيطان " . رواه الترمذي وابن ماجه وفي رواية : " فإذا جار وكله إلى نفسه "**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قازى زۇلۇم قىلمىسلا، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، (يەنى ئۇ توغرا، ئادىل ھۆكۈم قىلالايدۇ، ھەقتە چىڭ تۇرالايدۇ) قازى ھۆكۈمدە زۇلۇم قىلىپ ،جەۋرە سالسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن خالى بولىۋالىدۇ ــدە، ئۇنى شەيتان لازىم تۇتىدۇ، تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئەبۇ ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، زۇلۇم قىلمايدىغان قازى بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، قازى زۇلۇم قىلسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ، زالىم قازىغا شەيتاننى لازىم قىلىپ، ھەمراھ قىلىپ قويىدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3742 – [ 12 ] ( لم تتم دراسته ) وعن سعيد بن المسيب : أن مسلما ويهوديا اختصما إلى عمر فرأى الحق لليهودي فقضى له عمر به فقال له اليهودي : والله لقد قضيت بالحق فضربه عمر بالدرة وقال : وما يدريك ؟ فقال اليهودي : والله إنا نجد في التوراة أنه ليس قاض يقضي بالحق إلا كان عن يمينه ملك وعن شماله ملك يسددانه ويوفقانه للحق ما دام مع الحق فإذا ترك الحق عرجا وتركاه . رواه مالك**

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر يەھۇدىي ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كىلىدۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقنىڭ يەھۇدىيغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەھۇدىينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىدۇ، يەھۇدىي ئۇنىڭغا؛**الله** بىلەن قەسەمكى سەن ھەقلىق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلدىڭ دەيدۇ، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇنى ساڭا نىمە بىلدۈردى؟دەپ، ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرىدۇ، يەھۇدىي ئۇنىڭغا؛**الله** بىلەن قەسەمكى،بىز تەۋراتتا مۇنداق تاپتۇق؛ھەرقانداق بىر قازىي ھەقلىق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلىدىكەن،ئۇ ھەق بىلەن بىللە بولسىلا، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر پەرىشتە، سول تەرىپىدە بىر پەرىشتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشىنى توغرىلاپ،ھۆكمىنى ھەقكە مۇۋاپىق قىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇ ھەقنى تەرك ئەتسە، ئۇئىككى پەرىشتە يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىقىپ كىتىپ، ئۇنى تاشلاپ قويىدۇ.مالىك توپلىغان.

**3743 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن موهب : أن عثمان بن عفان رضي الله عنه قال لابن عمر : اقض بين الناس قال :**

أو تعاقبني يا أمير المؤمنين ؟ قال : وما تكره من ذلك وقد كان أبوك قاضيا ؟ قال : لأني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من كان قاضيا فقضى بالعدل فبالحري أن ينقلب منه كفافا " . فما راجعه بعد ذلك . رواه الترمذي

ئىبنى مۇۋھىب رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ كىشلەر ئارىسدا ھۆكۈم قىلىپ قازىي بۇلۇپ بەرگىن دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مىنى قىيناپ، ئازاپلاي دەمسەن؟دېدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ سەن نىمە ئۈچۈن بۇئىشنى ياقتۇرمايسەن؟ سىنىڭ داداڭمۇ قازىي بولغانغۇ؟دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىم قازىي بۇلۇپ، ئادىل ھۆكۈم قىلسا، بۇ ئۇنىڭ پايدا مەپئەتى ئۈچۈنمۇ ئەمەس،زىيىنىغىمۇ ئەمەس، تەڭ بولغان ھالدا قايتىشىغا ئەڭ لايىقتۇر،(ئەگەر زۇلۇم قىلسا،دوزەخكە كىرىدۇ) ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنىڭدىن كىيىن ئۇنىڭغا قازىي بولغىن دەپ مۇراجىئەت قىلمىدى.تىرمىزى توپلىغان.

3744 – [ 14 ] وفي رواية رزين عن نافع أن ابن عمر قال لعثمان : يا أمير المؤمنين لا أقضي بين رجلين : قال : فإن أباك كان يقضي فقال : إن أبي لو أشكل عليه شيء سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم ولو أشكل على رسول الله صلى الله عليه وسلم شيء سأل جبريل عليه السلام وإني لا أجد من أسأله وسمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من عاذ بالله فقد عاذ بعظيم " . وسمعته يقول : " من عاذ بالله فأعيذوه " . وإني أعوذ بالله أن تجعلني قاضيا فأعفاه وقال : لا تخبر أحدا

نافىئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن ئىككى كىشى ئارىسدا ھەرگىز ھۆكۈم قىلمايمەن دېدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛سىنىڭ داداڭمۇ قازىي بولغانغۇ؟دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛دادامغا بىرەر ئىش مۇشكۇل بۇلۇپ قالسا،ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورايتتى، ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر ئىش مۇشكۇل بۇلۇپ قالسا،ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى، (ئۇ الله دىن سورايتتى،)مەن كىمدىن سورايمەن؟ مەن سورىغىدەك كىشى تاپالمايمەن،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىم ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىسە، ھەقىقەتەن ئۇ ھەقىقى پاناگاھ بىلەن پاناھ تىلىگەن بولىدۇ. يەنى توغرا پاناھ تىلىگەن بولىدۇ، ئاللاھدىن باشقا ئىلتىجا قىلىنىدىغان كىشى يوق. كىم ئاللاھقا سىغىنىپ، ئاللاھ بىلەن پاناھلىق سورىسا، ئۇنىڭغا پاناھلىق بىرىپ قۇتقۇزۇڭلار».مەن ئاللاھقا سىغىنىپ، مىنى قازىي قىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، مىنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزغىن دېدى، ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قازىي قىلماي، بۇئىشتىن ئۇنى ساقلاپ قىلىپ،ئۇنى ئەپۇقىلىپ؛بۇئىشنى ھىچ بىر كىشىگە خەۋەر قىلىپ قويمىغىن دېدى. ئەھمەد.رەزىن توپلىغان، سەھىھ.

باب رزق الولاة وهداياهم – الفصل الأول

## ۋالىيلارنىڭ مائاشى، تۇرمۇش تەمىناتى ۋە ئۇلارغا قىلىنغان ھەدىيلەر توغرىسىدا

3745 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أعطيكم ولا أمنعكم أنا قاسم أضع حيث أمرت " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە مەن ئۆز مەيلىمچە بەرمەيمەن، شۇنداقلا ئۆز مەيلىمچە چەكلەپ، توسۇپ قويمايمەن، مەن پەقەت قاسىم، تەقسىم قىلغۇچى،

مەن نەگە بۇيرۇلسام، شۇ جايغا قويىمەن، شۇ جايغا بېرىمەن، (ھەممە ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، مەن ئۇنىڭ ئەلچىسى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن بولسام ئەبۇلقاسىم (يەنى قاسىمنىڭ دادىسى قاسىم تەقسىم قىلغۇچى مەنىسىدە)، ئاللاھ بېرىدۇ، مەن تەقسىم قىلىمەن (يەنى ئىلىمنى، ئولجا، غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلاتتى، مال ــ دۇنيا بېرىلسە، سېخىيلىق بىلەن تەقسىم قىلاتتى، ئۆشرە ــ زاكىتىنىمۇ،مىيراسنىمۇ ، ئىش خىزمەتنىمۇ ، ئەسكەر، قوشۇننىمۇ تەقسىم قىلاتتى) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3746 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن خولة الأنصارية قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن رجالا يتخوضون في مال الله بغير حق فلهم النار يوم القيامة " . رواه البخاري**

خەۋلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ مېلىدا ھەقسىز، ئورۇنسىز كېچىپ، ھەقسىز تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئاللاھ رازى بولمايدىغان جايلارغا تەسەررۇپ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۇچۇن پەقەت دوۋزاخلا باردۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3747 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : لما استخلف أبو بكر رضي الله عنه قال : لقد علم قومي أن حرفتي لم تكن تعجز عن مؤونة أهلي وشغلت بأمر المسلمين فسيأكل آل أبي بكر من هذا المال ويحترف للمسلمين فيه . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە سايلانغاندا ئۇ مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن قەۋمىم مىنىڭ تىجارەت كەسپىمنىڭ ئەھلى باللىرىمنىڭ نەپىقە چىقىملىرىدىن ئاجىز كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇلمەن، شۇڭا پات يېقىندا مىنىڭ ئائىلەم مۇشۇ بەيتۇلمالدىن يەپ تۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەسىپ قىلىمەن.ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**3748 – [ 4 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن بريدة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من استعملناه على عمل فرزقناه رزقا فما أخذ بعد ذلك فهو غلول " . رواه أبو داود**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەر كىشىنى بىز خىزمەتكە قويۇپ، مائاش، تۇرمۇش پۇلى بەرسەك، ئاندىن ئۇنىڭ شۇ مائاش، رىزقىدىن سىرىت ئېلىۋالغىنى خىيانەتتۇر، (قىيامەت كۈنى خىيانىتىنى گەردىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەدىي ئىبنى ئۇمەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشىنى بىز خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرساق، زاكات خادىمى قىلساق، ئاندىن ئۇ بىزدىن بىر تال يىڭنە چاغلىق ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى نەرسىنى يوشۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى خىيانەت بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ شۇ خىيانىتى بىلەن بىرگە كېلىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمامغا قىلىنغان ھەدىي، سوۋغا ــ سالام خىيانەتتۇر، (يەنى ئىمامغا، قازىغا، خىزمەتچى خادىمغا قىلىنغان ھەدىي، خىيانەت، پارا، جازانىدۇر.) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇمەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھوقۇق تۇتقان خىزمەتچى ئەمەلدارلارغا بېرىلگەن ھەدىي، سوۋغا ــ سالاملار خىيانەتتۇر، (سەدىقە يىغقۇچى خادىملار بۇ ماڭا بېرىلگەن ھەدىي دېسە، ئۇ ئۆز ئەينى خىيانەتتۇر، ھەم ئۆز ئەينى پارىدۇر،). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3749 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن عمر رضي الله عنه قال : عملت على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فعملني . رواه أبو داود**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئەمەلدار بولۇپ خىزمەت قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ماڭا ئىش ھەققى بەرگەن ئىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**3750 – [ 6 ] ( لم تتم دراسته ) وعن معاذ قال : بعثني رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى اليمن فلما سرت أرسل في أثري فرددت فقال : " أتدري لم بعثت إليك ؟ لا تصيبن شيئا بغير إذني فإنه غلول ومن يغلل يأت بما غل يوم القيامة لهذا دعوتك فامض لعملك " . رواه الترمذي**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مېنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ئىدى ، مەن مېڭىپ بولغاندا، ئارقامدىن ماڭا كىشى ئەۋەتىپتۇ، مەن كەلسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئارقاڭدىن كىشى ئەۋەتكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ رۇخسەتىمسىز ھېچ نەرسىنى ئالمىغىن، چۈنكى ئۇ خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ، كىم خىيانەت قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇخىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن كېلىدۇ، مەن سېنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرتقان ئىدىم، ئەمدى خىزمىتىڭگە ماڭساڭ بولىدۇ دېدى.تىرمىزى توپلىغان.

**3751 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن المستورد بن شداد قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " من كان لنا عاملا فليكتسب زوجة فإن لم يكن له خادم فليكتسب خادما فإن لم يكن له مسكن فليكتسب مسكنا " . وفي رواية : " من اتخذ غير ذلك فهو غال " . رواه أبو داود**

مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزگە خىزمەتچى ئەمەلدار بولسا، يەنى ئۆتنۈرە ــ زاكات يىغقۇچى خادىم بولسا، ئايالى بولمىسا، ئايال ئېلىۋالسۇن، ئەگەر خىزمەتچى خادىمى بولمىسا، خىزمەتچى قۇل، خادىمدىن بىرنى ئېلىۋالسۇن، ئۆيى بولمىسا، تۇرالغۇ جاي ئۈچۈن ئۆي ئېلىۋالسۇن، (بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىگە بېرىلگەن مائاشقا، تۇرمۇش پۇلىغا ياكى ئىمام ئۆزى بۆلۈپ بەرگەن نەرسىگە ئېلىنىدۇ). كىم ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر نەرسە ئېلىۋالسا، ئۇ خىيانەتچى ياكى ئوغرى بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3752 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن عدي بن عميرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يا أيها الناس من عمل منكم لنا على عمل فكتمنا منه مخيطا فما فوقه فهو غال يأتي به يوم القيامة " . فقام رجل من الأنصار فقال : يا رسول الله اقبل عني عملك . قال : " وما ذاك ؟ " قال : سمعتك تقول : كذا وكذا قال : " وأنا أقول ذلك من استعملناه على عمل فليأت بقليله وكثيره فما أوتي منه أخذه وما نهي عنه انتهى " . رواه مسلم وأبو داود واللفظ له**

ئەدىي ئىبنى ئۇمەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئى ئىنسانلار! سىلەردىن كىم بىزگە ئەمەلدار بولۇپ، بىرەر خىزمەتنى قىلسا،ئاندىن ئۇ بىزدىن بىر تال يىڭنە چاغلىق ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى نەرسىنى يوشۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى خىيانەت بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ شۇ خىيانىتى بىلەن بىرگە كېلىدۇ.ئاندىن ئەنسارلاردىن بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزگە بەرگەن خىزمەتلىرىنى بىزدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېيىسەن؟دېسە، ئۇكىشى؛ مەن سىلىنىڭ مۇنداق،مۇنداق دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم؛ شۇنداق،

مەن شۇنداق دېدىم، بىز سىلەردىن بىر كىشنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلدار قىلساق، ئۇ ئالغان نەرسىنىڭ ئېزىنىمۇ، جىقنىمۇ ھەممىنى تولۇق كەلتۈرسۇن، ئۇنىڭغا بىز تەرەپتىن بېرىلگەن نەرسىنى ئالسۇن، ئۇنىڭدىن چەكلەنگەن، توسالغان نەرسىنى ئالماي، يانسۇن،دېدى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3753 – [ 9 ]** **( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : لعن رسول الله صلى الله عليه وسلم الراشي والمرتشي . رواه أبو داود وابن ماجه**

**3754 – [ 10 ]** **( صحيح ورواه الترمذي عنه وعن أبي هريرة**

**3755 – [ 11 ]** **( صحيح ) ورواه أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان " عن ثوبان وزاد : " والرائش " يعني الذي يمشي بينهما**

ئىبنى ئەمرۇ،سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ پار بەرگۈچى ۋە پار ئالغۇچىغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولىدۇ دەپ،ئۇلارغا لەنەت قىلدى.پارئالغۇچى بىلەن بەرگۈچىنىڭ ئارلىقىدا ماڭغۇچىغىمۇ لەنەت قىلدى. (يەنى پار هارامدۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى،ئىبنى ماجە،بەيھەقى، ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، ھۆكۈم قىلغاندا پار بەرگۈچى، پار ئالغۇچى ھەر ئىككى كىشىگە لەنەت قىلدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (ئۇنىڭدىن باشقا پار بېرىپ باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىغا، ناھەق، باتىل ئىشلارغا پار بەرگۈچىگىمۇ لەنەت قىلىنىدۇ، ھەتتا مۇتلەق پار بەرگۈچى، پار ئالغۇچى دوۋزاختا بولىدۇ دېگەن ھەدىس بار، لېكىن، زۆرۈرىيەت جەھەتىدىن جان ساقلاشتا، باللارنى قۇتقۇزۇشتا، تۈرمىدىن مەھبۇس ئالىملارنى دىنى رەھبەرلەرنى قۇتقۇزۇشتا، باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ جىھاد قىلىشتا پاسپورتقا پار بەرسە بۇ دۇرۇس بولىدۇ، دەلىل؛ بىر ساھابە، كاپىرلارغا بارلىق ماللىرىنى بېرىپ، ھىجرەت قىلغان ئىدى،ئۇسۇل قائىدىسىدە؛ زۆرۈرىيەت بەزى چەكلەنگەن نەرسىلەرنى دۇرۇس قىلىپ بېرىدۇ،دېيىلگەن.ئەسلى ئەزىيمەت ھۆكۈمدىن باشقا مەلۇم ۋاقىتتا رۇخسەت ھۆكۈممۇ ئىبلىنىدۇ، يەنە بار!.............

**3756 – [ 12 ]** **( صحيح ) وعن عمرو بن العاص قال : أرسل إلي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أن اجمع عليك سلاحك وثيابك ثم ائتني " قال : فأتيته وهو يتوضأ فقال : " يا عمرو إني أرسلت إليك لأبعثك في وجه يسلمك الله ويغنمك وأزعب لك زعبة من المال " . فقلت : يا رسول الله ما كانت هجرتي للمال وما كانت إلا لله ولرسوله قال : " نعما بالمال الصالح للرجل الصالح " . رواه في " شرح السنة " وروى أحمد نحوه وفي روايته : قال : " نعم المال الصالح للرجل الصالح "**

ئەمرۇئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ كىيىمىڭنى كىيىپ، قۇراللىرىڭنى ئېلىپ قېشىمغا كەلگىن دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، مەن كەلسەم، رەسۇلۇللاھ تاھارەت ئېلىۋاتىدىكەن، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئى ئەمرۇ! مەن سىنى بىرتەرەپكە خىزمەتكە ئەۋەتىشىم ئۈچۈن چاقىرتتىم،بۇئىشتا **الله** سىنى سالامەت قىلىدۇ، ساڭا نۇرغۇن غەنىيمەت ئاتاقىلىدۇ، ساڭا نۇرغۇن مال-دۇنيا ئاتا قىلىدۇ،ۋەشۇنداق قىلغاي دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ ھىجرىتىم مال-دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس بەلكى **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى ئۈچۈن ئىدى دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ھالالدىن كەسىپ قىلىنغان ياخشى مال ، سالىھ ياخشى كىشى ئۈچۈن نىمە دېگەن ياخشى ھە! دېدى.ئەھمەد،شەرھىسسۇننى.سەھىھ.

**3757 – [ 13 ]** **الفصل الثالث ( حسن ) عن أبي أمامة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من شفع لأحد شفاعة فأهدى له هدية عليها فقبلها فقد أتى بابا عظيما من أبواب الربا " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قىرىندىشى ئۈچۈن بىرەر ئىشتا شاپائەت قىلسا، گۇناھىنى تىلىۋېلىپ ياردەم بەرسە، ئاندىن ئۇنىڭغا شۇ ئىش سەۋەبلىك بىرەر نەرسە ھەدىي قىلىنسا، ئۇشاپائەتچى ھەدىينى قوبۇل قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ جازانە، ئۆسۈم ئىشىكلىرىدىن چوڭ بىر ئىشىككە كەلگەن بولىدۇ، (يەنى ئەڭ چوڭ جازانە قىلغان بولىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**باب الأقضية والشهادات – الفصل الأول داۋاغا ھۆكۈم قىلىش ۋە گۇۋاھلىق توغرىسىدا**

**3758 – [ 1 ] ( صحيح ) عن ابن عباس رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لو يعطى الناس بدعواهم لادعى ناس دماء رجال وأموالهم ولكن اليمين على المدعى عليه " . رواه مسلم وفي " شرحه للنووي " أنه قال : وجاء في رواية " البيهقي " بإسناد حسن أو صحيح زيادة عن ابن عباس مرفوعا : " لكن البينة على المدعي واليمين على من أنكر "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ داۋاسى سەۋەبلىك داۋا قىلغان نەرسىسى بېرىلىۋەرسە، ئەلۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ قانلىرىنى، جانلىرىنى، ماللىرىنى داۋا قىلىدۇ، لىكىن، داۋاگەر دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرىدۇ،ئۇنى ئىنكار قىلغان جاۋابكار بولسا، قەسەم قىلىدۇ، (شۇنىڭ بىلەن دىلو ئاخىرلىشىدۇ).مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جاۋابكار قەسەم قىلسا، داۋاگەرنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىسا، بۇ داۋا بىكار قىلىنىدۇ، داۋاگەرنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى بولسا، جاۋابكار قەسەم قىلالمىسا، جاۋابكار جىنايەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ، قازى، ساقچىلارمۇ ئىلمىلىك، پەم ـ پاراسەتلىك بولۇشى، يېڭى تېخنىكا بىلەن دەلىل ـ ئىسپات تۇرغۇزۇپ، قايىل قىلىشى لازىم، مەسىلەن، بارماق ئىزىدەك ۋە باشقىلار.

**3759 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من حلف على يمين صبر وهو فيها فاجر يقتطع بها مال امرئ مسلم لقي الله يوم القيامة وهو عليه غضبان " فأنزل الله تصديق ذلك : ( إن الذين يشترون بعهد الله وأيمانهم ثمنا قليلا ) إلى آخر الآية**

ئەشئەس ئىبنى قىيس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مەجبۇرى يالغان قەسەم قىلىپ، زۇلۇم بىلەن شۇ قەسەم ئارقىلىق مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋالسا، ئۇ قەسەمدە پاجىر، كاززاپ بولسا،قىيامەت كۈنى ئۇ ، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ. ئاندىن شۇنى تەستىقلاپ **الله** تائالا :« ھەقىقەتەن **الله** نىڭ ئەھدىسىنى ، ئۆزلىرىنىڭ قەسەملىرىنى پۇچەك پۇلغا سېتىۋېتىدىغانلار........»دىگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3760 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من اقتطع حق امرئ مسلم بيمينه فقد أوجب الله له النار وحرم الله عليه الجنة " فقال له رجل : وإن كان شيئا يسير يا رسول الله ؟ قال : " وإن كان قضيبا من أراك " . رواه مسلم**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم قىلىپ ئېلىۋالسا، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ۋاجىپ قىلىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ.بىركىشى؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كىچىككىنە ئاز نەرسە بولسىمۇ شۇنداقمۇ؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ ؛ گەرچە ئۇ نەرسە ئىراك ياغىچىنىڭ بىر تال تايىقى بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ،دېدى. (چۈنكى ھارام

| |
|---|
| دىگەن ئاز بولسمۇ ھامىنى ھارام) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| 3761 –[ 4 ] ( متفق عليه ) وعن أم سلمة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : إنما أنا بشر وإنكم تختصمون إلي ولعل بعضكم أن يكون ألحن بحجته من بعض فأقضي له على نحو ما أسمع منه فمن قضيت له بشيء من حق أخيه فلا يأخذنه فإنما أقطع له قطعة من النار<br><br>ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن مەن بىر ئىنسان، سىلەر ماڭا داۋالىشىپ كىلىسىلەر، بەزىڭلار ــ بەزىڭلاردىن ھۆججەت كەلتۈرۈشتە گەپدان، سۆزگە ئۇستا بولۇشى مۇمكىن، ئاندىن مەن ئاڭلىغىنىم بويىچە، بۇ سۆزگە ئۇستا كىشىگە ھۆكۈم قىلىپ قىلىشىم مۇمكىن، مەن كىمگە مۇسۇلمانلاردىن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ھەققىنى ھۆكۈم قىلىپ سالسام، ھەققەتەن ئۇ باشقىلارنىڭ ھەققى دوۋزاخ ئوتىدىن بىر پارچىدۇر، خالىسا، ئۇنى ئالسۇن، خالىسا تەرك ئېتىپ قويۇپ قويسۇن، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. |
| 3762 – [ 5 ] ( متفق عليه )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن أبغض الرجال إلى الله الألد الخصم<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئۆچمەنرەكى، داۋالىشىشىدا قاتتىق چىڭ تۇرۇغاقراقىدۇر، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقى.سەھىھ |
| 3763 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قضى بيمين وشاهد . رواه مسلم<br><br>ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋابكارنىڭ قەسىمى بىلەن، داۋاگەرنىڭ دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت،گۇۋاھچى كەلتۈرۈشى بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئىدى، ياكى جاۋابكارنىڭ بىرلا گۇۋاھچىسى ۋە قەسىمى بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئىدى.مۇسلىم توپلىغان. گۇۋاھچى بىلەن بىرگە قەسەم قىلدۇرۇپ، داۋا سورىغان ھەدىس مۇشۇ شۇدۇر. |
| 3764 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن علقمة بن وائل عن أبيه قال : جاء رجل من حضرموت ورجل من كندة إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال الحضرمي : يا رسول الله إن هذا غلبني على أرض لي فقال الكندي : هي أرضي وفي يدي ليس له فيها حق فقال النبي صلى الله عليه وسلم للحضرمي : " ألك بينة ؟ " قال : لا قال : " فلك يمينه " قال : يا رسول الله إن الرجل فاجر لا يبالي على ما حلف عليه وليس يتورع من شيء قال : " ليس لك منه إلا ذلك " . فانطلق ليحلف فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لما أدبر : " لئن حلف على ماله ليأكله ظلما ليلقين الله وهو عنه معرض " . رواه مسلم<br><br>ئەلقەمەتنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەزرى مەۋتتىن بىركىشى، كىندەت قەبىلىسىدىن بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كىلىپ،ھەزرىمىيلىك كىشى؛ ئى اللہ نىڭ ئەلچىسى! بۇ كىشى ماڭا غالىپ كىلىپ، مىنىڭ زىمىنىمنى ئېلىۋالدى دىدى، كىندىيلىك كىشى؛ ئۇ مىنىڭ زىمىنىم، ئۇ ھازىرمۇ مىنىڭ قولۇمدا، ئۇزىمىندا بۇنىڭ ھېچ قانداق ھەققى يوق دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىمىيلىك كىشىگە؛ سىنىڭ دەلىل ـ ئىسپات،ھۆججەت ياكى گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟دىدى، (چۈنكى داۋاگەر ئىسپات،گۇۋاھچى كەلتۈرىشى لازىم)»ئۇ: ياق،يوق دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا، بۇ كىندىيلىك كىشى ساڭا قەسەم قىلىپ بىرىدۇ(چۈنكى جاۋاپكار قەسەم قىلىدۇ)دىدى، ھەزرىمىيلىك كىشى؛ ئى اللہ نىڭ ئەلچىسى! بۇ كىشى پاسىق،پاجىردۇر، بۇ قەسەم قىلغان نەرسىسىگە پەرۋا قىلمايدۇ، بۇ ھېچ قانداق |

نەرسىدىن ھەزەر قىلمايدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ساڭا پەقەت شۇلا،يەنى بۇنىڭ قەسەم قىلىپ بېرىشىلا باردۇر،دېدى. كىندىلىك كىشى قەسەم قىلىشقا باشلىدى، ئۇ قەسەم قىلىشقا رەسمى يۈزلەنگەندە، ياكى قەسەم قىلىپ بولۇپ قايتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئەگەر ئۇ كىندىلىك كىشى زۇلۇم قىلىپ، ھەزرىمىلىك كىشىنىڭ مېلىنى يېۋالماقچى بولۇپ قەسەم قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنى **الله** تائالا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالغان ھالەتتە **الله** قا ئۇچۇرشىدۇ دېدى. مۇسلىم توپلىغان.

**3765 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن أبي ذر رضي الله عنه أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من ادعى ما ليس له فليس منا وليتبوأ مقعده من النار " . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنى داۋا قىلسا، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن.مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3766 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن زيد بن خالد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا أخبركم بخير الشهداء ؟ الذي يأتي بشهادته قبل أن يسألها " . رواه مسلم**

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە گۇۋاھچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، گۇۋاھلىقى سورۇلۇشدىن بۇرۇنلا ھەق، ئادىل ھالەتتە كەلتۈرگەن، سورۇلۇشدىن بۇرۇنلا ئۆزى كېلىپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىدۇر، مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3767 – [ 10 ] ( متفق عليه ) وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير الناس قرني ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يجيء قوم تسبق شهادة أحدهم يمينه ويمينه شهادته "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ياخشىسى، مېنىڭ زامانىمدىكىلەر، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولغان ئۈچىنچى ئەسىردىكى كىشىلەردۇر، ئاندىن كېيىن، نۇرغۇن قەۋىملەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى، قەسىمىگە، قەسىمى گۇۋاھلىقىغا ئىلگىرلەپ كېتىدۇ، (يەنى، يالغان قەسەم، يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3768 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم عرض على قوم اليمين فأسرعوا فأمر أن يسهم بينهم في اليمين أيهم يحلف . رواه البخاري**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر قەۋمگە قەسەم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەسەم قىلىشقا ئالدىرىشىپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ قەسەم قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چەك تاشلاشقا ، ئاندىن چەك كىمگە چىقسا، شۇ كىشىنىڭ قەسەم قىلىشىغا بۇيرىدى.بۇخارى.

**3769 – [ 12 ] الفصل الثاني عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " البينة على المدعي**

**واليمين على المدعي عليه " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرۈش، داۋالاشقۇچى داۋاگەرنىڭ ئۈستىگە، قەسەم قىلىش بولسا، جاۋابكارنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، گۇۋاھچى بىلەن بىرگە قەسەم قىلدۇرۇپ، داۋا سورىغان ھەدىسمۇ بار، داۋا، ئىقرار بىلەن قەسەم قىلدۇرۇش، دەلىل ــ ئىسپات، گۇۋاھچى كەلتۈرۈشلەر بىلەن سورىلىدۇ.

**3770 – [ 13 ]** ( حسن ) **وعن أم سلمة رضي الله عنها عن النبي صلى الله عليه وسلم : في رجلين اختصما إليه في مواريث لم تكن لهما بينة إلا دعواهما فقال : " من قضيت له بشيء من حق أخيه فإنما أقطع له قطعة من النار " . فقال الرجلان : كل واحد منهما : يا رسول الله حقي هذا لصاحبي فقال : " لا ولكن اذهبا فاقتسما وتوخيا الحق ثم استهما ثم ليحلل كل واحد منكما صاحبه " . وفي رواية قال : " إنما أقضي بينكما برأيي فيما لم يترل علي فيه " . رواه أبو داود**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مىراس توغرىسىدا داۋالىشىپ كەلگەن، داۋاسىدىن باشقا ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان ئىككى كىشىگە مۇنداق دىدى: ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان،ماڭا ۋەھى نازىل بولمىغان ئىشلاردا ئۆز رەئيىم بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، سىلەر ماڭا داۋالىشىپ كېلىسىلەر، بەزىڭلار ــ بەزىڭلاردىن ھۆججەت كەلتۈرۈشتە گەپدان، سۆزگە ئۇستا بولۇشى مۇمكىن، ئاندىن مەن ئاڭلىغىنىم بويىچە، بۇ سۆزگە ئۇستا كىشىگە ھۆكۈم قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن، مەن كىمگە ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ھەققىنى ھۆكۈم قىلىپ سالسام، ھەقىقەتەن ئۇ باشقىلارنىڭ ھەققى دوۋزاخ ئوتىدىن بىر پارچىدۇر، خالىسا، ئۇنى ئالسۇن، خالىسا تەرىك ئېتىپ قويۇپ قويسۇن.ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ بۇ ھەققىم ھەمراھىمغا،قېرىندىشىمغا قالسۇن دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ياق، لېكىن سىلەر ئىككىڭلار بېرىپ ھەقنى ئىزدەڭلار، ئاندىن چەك تاشلاڭلار، ئاندىن تەقسىم قىلىشىڭلار، ئاندىن ھەربىرىڭلار ھەمراھىڭدىن رازىلىق تەلەپ قىلسۇن،دىدى.ئەبۇداۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3771 – [ 14 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن جابر بن عبد الله : أن رجلين تداعيا دابة فأقام كل واحد منهما البينة أنها دابته نتجها فقضى بها رسول الله صلى الله عليه وسلم للذي في يده . رواه في " شرح السنة "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىككى كىشى بىر ھايۋان توغرىسىدا داۋالىشىپ قېلىپ، ھەر ئىككىلىسى ئۇ ھايۋاننىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىگە، ئۇنى ئۇرۇقلاندۇرۇپ بوغاز قىلغانلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات،شاھىد كەلتۈردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ھايۋاننى شۇ ھايۋان قولىدا تۇرغان كىشىگە ھۆكۈم قىلىپ قويدى.شەر

**3772 – [ 15 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أبي موسى الأشعري : أن رجلين ادعيا بعيرا على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فبعث كل واحد منهما شاهدين فقسمه النبي صلى الله عليه وسلم بينهما نصفين . رواه أبو داود وفي رواية له وللنسائي وابن ماجه : أن رجلين ادعيا بعيرا ليست لواحد منهما بينة فجعله النبي صلى الله عليه وسلم بينهما**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، ئىككى كىشى بىر تۆگە توغرىسىدا داۋالىشىپ قېلىپ، ھەر ئىككىلىسى ئىككىدىن گۇۋاھچى كەلتۈردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇتۇگىنى ئۇئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا تەڭدىن بۆلۈپ تەقسىم قىلىپ بەردى. يەنە

بىرخاتىردە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، ئىككى كىشى بىر تۆگە توغرىسىدا داۋالىشىپ قىلىپ، ھەر ئىككىلىسى ئۆچۈن ئىسپات،گۇۋاھچى بولمىغاچقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇتۇگىنى ئۇئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا بۆلۈپ، تەڭ تەقسىم قىلىپ بەردى.نەسەئى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجەتوپلىغان.

**3773 – [ 16 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أبي هريرة أن رجلين اختصما في دابة وليس لهما بينة فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " استهما على اليمين " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىككى كىشى بىر ھايۋان توغرىسىدا داۋالىشىپ قىلىپ، ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن ئىسپات،گۇۋاھچى بولمىغاچقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:قەسەم قىلىشقا قۇرئە، چەك تاشلىشىڭلار دىگەن.(يەنى بىرسىنى قەسەم قىلدۇرۇپ داۋانى سورىغان) ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجەتوپلىغا

**3774 – [ 17 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم قال لرجل حلفه : " احلف بالله الذي لا إله إلا هو ماله عندك شيء " يعني للمدعي . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلدۇرماقچى بولغان كىشىگە: «بىللاھىللەزىي لائىلاھەئىللاھۇۋە»دەپ،ئۆزىدىن باشقا ھەق ئىلاھ بولمىغان بىر **الله** بىلەن قەسەم قىلغىن، (ئەگەر شۇنداق قەسەم قىلالىساڭ)داۋاگەر ئۈچۈن سەندىن ھىچ نەرسە ئېلىپ بېرىلمەيدۇ. (قەسەم قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى سىنىڭمۇ گۇۋاھچىڭ يوق ئىكەن، سەن قەسەم قىلالمىساڭ، نەرسە داۋاگەرنىڭ بۇلىدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.جاۋاپكار قەسەم قىلىدۇ،داۋاگەر دەلىل ـ ئىسپات،گۇۋاھچى كەلتۈرىدۇ.

**3775 – [ 18 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن الأشعث بن قيس قال : كان بيني وبين رجل من اليهود أرض فحجدني فقدمته إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " ألك بينة ؟ " قلت : لا قال لليهودي : " احلف " قلت : يا رسول الله إذن يحلف ويذهب بمالي فأنزل الله تعالى : ( إن الذين يشترون بعهد الله وأيمانهم ثمنا قليلا الآية . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەشئەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىلەن بىر يەھۇدىي كىشىنىڭ ئارىسىدا بىر پارچە زېمىن بار ئىدى، ئۇ مېنىڭ زېمىنىمغا تېنىۋالدى، مەن داۋالىشىپ،ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ سىنىڭ دەلىل ـ ئىسپات،ھۆججەت ياكى گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟دېدى، مەن ؛ ياق دىسەم، رەسۇلۇللاھ يەھۇدىيغا؛ سەن قەسەم قىلغىن دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇنداقتا ئۇ قەسەم قىلىۋېرىدۇ، قەسەم قىلىش بىلەن مېنىڭ مېلىمنى ئېلىۋالىدۇ دىسەم، ئاندىن **الله** تائالا:« **الله** نىڭ ئەھدىسىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قەسەملىرىنى پۇچەك پۇلغا سېتىۋېتىدىغانلار.......»دىگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3776 – [ 19 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعنه أن رجلا من كندة ورجلا من حضرموت اختصما إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم في أرض من اليمن فقال الحضرمي : يا رسول الله إن أرضي اغتصبنيها أبو هذا وهي في يده قال : " هل لك بينة ؟ " قال : لا ولكن أحلفه والله ما يعلم أنها أرضي اغتصبنيها أبوه ؟ فتهيأ الكندي لليمين فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يقطع أحد مالا بيمين إلا لقي الله وهو أجذم " فقال الكندي : هي أرضه . رواه أبو داود**

ئەشئەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ كىندەت قەبىلىسىدىن بىركىشى بىلەن ھەزرى مەۋتتىن بىركىشى

يەمەندىكى بىر زىمىننى داۋالىشىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كىلىپ،ھەزرىمىيلىك كىشى: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ كىشىنىڭ دادىسى ماڭا غالىپ كىلىپ، مىنىڭ زىمىنىمنى بۇلاپ ئېلىۋالغان، ئۇ زىمىن ھازىرمۇ بۇنىڭ قولىدا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىمىيلىك كىشىگە: سىنىڭ دەلىل ـ ئىسپات،ھۆججەت ياكى گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟دېدى، ئۇ: ياق،يوق، لېكىن مەن بۇنى ۋە**الله** ھى بىلەن قەسەم قىلدۇرىمەن، **الله** بىلەن قەسەمكى بۇ ، ئۇ زىمىننىڭ مىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇزىمىننى مەندىن، بۇنىڭ دادىسى بۇلاپ ئېلىۋالغان دېدى، كىندىيلىك كىشى قەسەم قىلىشقا تەييارلىنىپ ،قەسەمگە رەسمى يۈزلەنگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەرقانداق بىر كىشى يالغان قەسەم قىلىش بىلەن بىرەر كىشىنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئۇ جۇزام،تىرە كېسىلى بولغان، چولاق ھالەتتە **الله** تائالاغا ئۇچۇرشىدۇ دېدى.ئاندىن كىندىيلىك كىشى بۇسۆزنى ئاڭلاپ؛ئۇ بۇكىشىنىڭ زىمىنى ئىدى دەپ، زىمىننى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بىرىدۇ.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3777 – [ 20 ] وعن عبد الله بن أنيس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من أكبر الكبائر الشرك بالله وعقوق الوالدين واليمين الغموس وما حلف حالف بالله يمين صبر فأدخل فيها مثل جناح بعوضة إلا جعلت نكتة في قلبه إلى يوم القيامة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن گۇناھى كەبىرلەرنىڭ ئەڭ چوڭى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش (ئاللاھ ساقلىسۇن) ئاتا ــ ئانىغا ۋارقىراپ، گەردەن قېقىش، (ئاللاھ كەچۈرسۇن) يالغان قەسەمدۇر، ھەرقانداق بىر قەسەم قىلغۇچى، ئاللاھ بىلەن يالغان قەسەم قىلىپ، دائىم قەسەمنى بانا سەۋەب قىلىپ، ئۆز مېلىغا پاشىنىڭ قانىتى چاغلىق ھارام مالنى كىرگۈزىۋالسا، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى شۇ قەسەمخورنىڭ قەلبىدە قارا چېكىت، بەلگەقىلىپ قويىدۇ، ئەھمەد 15465 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2946 ــ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىملارمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**3778 – [ 21 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحلف أحد عند منبري هذا على يمين آثمة ولو على سواك أخضر إلا تبوأ مقعده من النار أو وجبت له النار " . رواه مالك وأبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى، گەرچە يېشىل ھۆل مىسۋاك دەرىخى يەنى مىسۋاك چاغلىق نەرسىگەقەسەم قىلسىمۇ، مۇنبىرىم يېنىدا تۇرۇپ يالغان قەسەم قىلسا، ئۇ دوۋزاخدىن ئورۇن ئالسۇن، ئۇ كىشىگە دوۋزاخ ۋاجىپ بولىدۇ.مالىك،ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3779 – [ 22 ] وعن خريم بن فاتك قال : صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاة الصبح فلما انصرف قام قائما فقال : " عدلت شهادة الزور بالإشراك بالله " ثلاث مرات . ثم قرأ : ( فاجتنبوا الرجس من الأوثان واجتنبوا قول الزور حنفاء لله غير مشركين به ) رواه أبو داود وابن ماجه**

خەرىيم ئىبنى پاتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ،نامازدىن قايتقاندا، كىشىلەر ئارىسىدا ئورە تۇرۇپ؛ يالغان گۇۋاھلىق بىرىش، **الله** قا شىرىك كەلتۈرۈش بىلەن گۇناھ جەھەتتىن تەڭ قىلىندى، (بۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھى تەڭدۇر)دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، ئاندىن:

| |
|---|
| « نجىس بۇتتىن يىراق تۇرۇڭلار، **الله** رازىلىقى ئۈچۈن ھەققە مايىل بولۇپ، **الله** قا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا، يالغان سۆز،يالغان گۇۋاھلىقتىن يىراق تۇرۇڭلار»دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماج |
| **3780 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته ) ورواه أحمد والترمذي عن أيمن بن خريم إلا أن ابن ماجه لم يذكر القراءة** |
| **3781 – [ 24 ] وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تجوز شهادة خائن ولا خائنة ولا مجلود حدا ولا ذي غمر على أخيه ولا ظنين في ولاء ولا قرابة ولا القانع مع أهل البيت " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب ويزيد بن زياد الدمشقي الراوي منكر الحديث**<br><br>ئائىشە، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خىيانەتچى خائىن ئەر ۋە خائىن ئايالنىڭ،جازالىنىپ قامچىلانغان كىشىنىڭ، زىناخور ئەر ۋە زىناخور ئايالنىڭ، ئىسلامدا تۇرۇپ قېرىنداشىغا ھىقدە، ھەسەد ، ئاداۋەت قىلىدىغان كىشىنىڭ،يېقىن تۇققان،دوستلارنىڭ،ئەھلى بەيت بىلەن بىللە قانائەتلەنگۈچى قۇل خادىملارنىڭ گۇۋاھلىقى دۇرۇس بولمايدۇ.تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ، سەھىھ. |
| **3782 – [ 25 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تجوز شهادة خائن ولا خائنة ولا زان ولا زانية ولا ذي غمر على أخيه " . ورد شهادة القانع لأهل البيت . رواه أبو داود**<br><br>ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خىيانەتچى خائىن ئەر ۋە خائىن ئايالنىڭ، زىناخور ئەر ۋە زىناخور ئايالنىڭ، ئىسلامدا تۇرۇپ قېرىنداشىغا ھىقدە، ھەسەد، ئاداۋەت قىلىدىغان كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەھلى بەيت بىلەن بىللە قانائەتلەنگۈچى قۇل خادىملارنىڭ شۇئۆي ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى رەت قىلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| **3783 –[ 26 ] وعن أبي هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : لا تجوز شهادة بدوي على صاحب قرية .رواه أبو داود وابن ماجه**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېزىلىق، سەھرالىقلارنىڭ گۇۋاھلىقى شەھەرلىكنىڭ زىيىنىغا دۇرۇس بولمايدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. زەئىپلىك گۇمانى بار. چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ بىر راۋىيسىنى نەسەئى كۈچلۈك ئەمەس دېگەن، يەنە بىر راۋىيسى ھەدىسى يېزىلىدىغان ئەمما، ھۆججەت قىلىنمايدىغان كىشى ئىكەن.لېكىن ئەلبانىي سەھىھ ھەدىسنىڭ 7235 ـ ھەدىسىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېزىدا تۇرىدىغان سەھرالىقنىڭ گۇۋاھلىقى، شەھەر ئەھلىنىڭ ئۈستىگە دۇرۇس ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇمانخورنىڭ گۇمانى گۇۋاھلىقى، مەجنۇننىڭ گاھ ھۇشىغا كېلىپ، گاھ ھۇشىدىن كېتىدىغان ساراڭنىڭ گۇۋاھلىقى دۇرۇس ئەمەس، قوبۇل ئەمەس. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. بۇھەدىسلەردىكى «لايەجوزۇ» دۇرۇس ئەمەس، ئىجرا قىلىنمايدۇ، يۈرگۈزۈلمەيدۇ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. |
| **3784 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عوف بن مالك : أن النبي صلى الله عليه وسلم قضى بين رجلين فقال المقضي عليه لما أدبر : حسبي الله ونعم الوكيل فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى يلوم على العجز ولكن عليك بالكيس فإذا غلبك أمر فقل : حسبي الله ونعم الوكيل " . رواه أبو داود** |

ئەۋق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىپ قويسا، ئۆزىنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم قىلىنغان كىشى قايتىپ كېتىۋېتىپ؛(خۇددى زۇلۇمغا ئۇچىرىغاندەك)ماڭا الله كۇپايە، الله نىمە دېگەن ياخشى ۋەكىل دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ ھەقىقەتەن الله تائالا ئەقىلسىزلىققا، ئاجىزلىققا رازى بولمايدۇ، قادىر تۇرۇپ ئاجىز كەلگەننى ئەيىبلەيدۇ، سەن ئەقىللىقلىقنى، پەم-پاراسەت بىلەن غەلىبە قىلىشنى لازىم تۇتقىن، ئاندىن ساڭا بىرەر ئىش غالىپ كەلسە، «ھەسبىيەالله ۋە نىئمەلۋەكىيل» دېگەن يۇقىرقى سۆزنى دېگىن دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3785 – [ 28 ] ( حسن ) وعن بهز بن حكيم عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم حبس رجلا في تهمة . رواه أبو داود وزاد الترمذي والنسائي : ثم خلى عنه**

بەھزنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنى تۆھمەت تۇغرىسىدا، (ئىش رۇشەن ئېنىقلانغىچە) سولاپ قويۇپ تۇردى.تىرمىزى،نەسەئى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان.ھەسەن.

**3786 – [ 29 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن عبد الله بن الزبير رضي الله عنهما قال : قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن الخصمين يقعدان بين يدي الحاكم . رواه أحمد وأبو داود**

ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ داۋاگەر بىلەن جاۋاپكاردىن ئىبارەت ئىككى كىشى ھاكىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى.(بۇ قائىدىنى ئۆزىمۇ ھەم ئىجرا قىلدى) ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

## كتاب الجهاد – الفصل الأول جىھادنىڭ كىتابى

**3787 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من آمن بالله ورسوله وأقام الصلاة وصام رمضان كان حقا على الله أن يدخله الجنة جاهد في سبيل الله أو جلس في أرضه التي ولد فيها " . قالوا : أفلا نبشر الناس ؟ قال : " إن في الجنة مائة درجة أعدها الله للمجاهدين في سبيل الله ما بين الدرجتين كما بين السماء والأرض فإذا سألتم الله فاسألوه الفردوس فإنه أوسط الجنة وأعلى الجنة وفوقه عرش الرحمن ومنه تفجر أنهار الجنة " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈرسە، ناماز ئوقۇپ زاكات بەرسە، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتسا، ئۇ، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىپ جەڭ قىلسۇن ياكى ئۆزى تۇغۇلغان زېمىندا مۇقىم ئولتۇرسۇن، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش، ئاللاھنىڭ ئۈستىگە ھەق بولىدۇ، يەنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.ئۇلار؛ بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە خۇش-بىشارەت بەرمەيلىمۇ؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇ دەرىجىلەرنى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويغاندۇر، ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرىق، ئاسمان ــ زېمىننىڭ ئارىسىدىكى پەرقتەك چوڭدۇر، ئاللاھدىن سوراپ قالساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن بۇ جەننەت، جەننەتلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ۋە شۇنداقلا ئەڭ ئۈستىدە، ئۇ ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر. رەھمانتائالانىڭ ئەرشىمۇ، فىردەۋس دېگەن جەننەتنىڭ ئۈستىدىلا، باشقا جەننەتلەرنىڭ ئۆستەڭلىرى مۇشۇ جەننەتتىن ئېقىپ چىقىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار؛ بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن، ئاسمان، كۇرسى، ھەتتا ئەرشىمۇ گۈمبەز، يۇملاق ئىكەن، چۈنكى،

ئەرشنىڭ ئاستىدىكى فىردەۋس جەننەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۈستۈن بولسا، گۈمبەز ھاسىل بولىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز بىرەر نەرسىنى ئوتتۇرىنى ئۈستۈن قىلىپ بېقىڭ، گۈمبەز ھاسىل بولىدۇ دېدى، ھازىرمۇ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشچە، قۇياش، ئاي، باشقا پىلانىتلار، سىستېمىلار، سامان يولى قاتارلىقلار، يۇملاق گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ چىقتى، ھەتتا، يەرشارىمۇ يۇملاق، ئېلىپىس شەكلىدە ئىكەن.يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن، ئەرش-كۈرسى توغرىسىدا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدىن باشقا سۆز ئېتىبارىغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى، بۇ غەيب ئالەم، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

**3788 – [ 2 ]** ( متفق عليه ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل المجاهد في سبيل الله كمثل الصائم القائم القانت بآيات الله لا يفتر من صيام ولا صلاة حتى يرجع المجاهد في سبيل الله "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغۇچىنىڭ ئوخشىشى «ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جەڭ قىلىۋاتقان كىشىنى ئوبدان بىلىدۇ» ئۆيگە قايتقانغا قەدەر دائىم روزا تۇتقۇچى، **الله** نىڭ ئايەتلىرى بىلەن قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇغۇچى، روزىدىن، نامازدىن ھېرىپ ــ چارچاپ قالمايدىغان، دائىم سەدىقە قىلىپ تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ، ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جەڭ قىلغان مۇجاھىدقا مۇنداق كېپىل بولدى، ئەگەر ئۇنى ۋاپات تاپقۇزسا، جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ئۇنى ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت بىلەن بىرگە سالامەت قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى، (ئى مۇسۇلمانلار، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىڭلار). بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3789 – [ 3 ]** ( متفق عليه ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " انتدب الله لمن خرج في سبيله لا يخرجه إلا إيمان بي وتصديق برسلي أن أرجعه بما نال من أجر وغنيمة أو أدخله الجنة "**

**3790 – [ 4 ]** ( متفق عليه ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لولا أن رجالا من المسلمين لا تطيب أنفسهم أن يتخلفوا عني ولا أجد ما أحملهم عليه ما تخلفت عن سرية تغزو في سبيل الله والذي نفسي بيده لوددت أن أقتل في سبيل الله ثم أحيى ثم أقتل ثم أحيى ثم أقتل ثم أحيى ثم أقتل "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە مۇنداق دەپ كېپىل بولدى، تەقدىر قىلدى، جاۋاب بەردى؛ بۇ بەندەمنى ئۆيىدىن جەڭ مەيدانىغا پەقەت ماڭا ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش، ئەلچىلىرىمنى تەستىقلاپ ئىشىنىشلا چىقاردى، ئۇنداق بولغانىكەن، مەن ئۇنى يا ئۇ ئېرىشىدىغان ئەجىر، ساۋاب بىلەن ، غەنىيمەت بىلەن قايتۇرىمەن، ياكى ئۇنى شېھىد قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ؛**الله** بىلەن قەسەمكى، ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، مەن ئۇرۇشقا چىقىپ كېتىپ، مېنىڭ ئارقامدا قالغانلىقلىرىغا قەلبى خاتىرجەم ئارام تاپمايدىغان،مەن ئۇلارغا ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىپ بېرەلمەي،ئات-ئۇلاغ راسلاپ بېرەلمەيدىغان مۇسۇلمان كىشىلەر بولمىغان بولسا، **الله** يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان ھېچبىر بىر قوشۇننىڭ ئارقىسىدا جىھاددىن قېلىپ ئولتۇرمايتتىم، ئەلۋەتتە مەن شەك ــ شۈبھىسىز ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى، ئاندىن تىرىلىپ، يەنە ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى، ئاندىن تىرىلىپ، يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى، ئاندىن تىرىلىپ يەنە ... بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بەيھەقى، بۇخارى 35 ــ ھەدىس، مۇسلىم 3485 ــ ھەدىس، نەسەئى 3101 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2743 ــ ھەدىس، ئەھمەد 6860 ــ ھەدىس، مالىك 883 ــ

| |
|---|
| ھەدىس، دارمى 2284 ـــ ھەدىس، سەھىھ. مۇشەققەتكە سالماسلىقى، 1 ـــ كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، 2 ـــ جىھادقا چىقماي ئارقىدا ئولتۇرغانلارغا بولۇپمۇ ھازىر مۇشەققەت كېلىپ قالاتتى، ھازىر ئەسكەرلەر چىقىدۇ، قالغانلار ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە چىقماي خەلىپە بولۇپ تۇراتتى، لېكىن، نۇرغۇن جەڭگە ئۆزى قاتناشقان، 3 ـــ ئەرسە تاپالماي چىقالمايدىغانلار بىلەن بىللە قېلىشى بار.ئىككى ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى بىرلا قىلىندى.چۈنكى بىرھەدىستۇر. |
| **3791 – [ 5 ]( متفق عليه )وعن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : رباط يوم في سبيل الله خير من الدنيا وما عليها**<br><br>سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كۈن جەڭ تەييارلىقى، پۈتۈن دۇنيادىن ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى قامچىسىنىڭ ئورنى پۈتۈن دۇنيادىن ئۈنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، (چۈنكى، ئۇ جەننەتكە كىرگەنلىك بولىدۇ) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن بەندىنىڭ ئەتىگەن ئاخشام بېرىپ ـــ كېلىشى پۈتۈن دۇنيادىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر ئاي جىھادنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش، پۈتۈن زامان روزا تۇتقاندىن ياخشىدۇر، كىم، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئات تۇتۇپ، تەييارلىق قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، چوڭ قورقۇنچىدىن قاتتىق چۆچۈشتىن ئەمىن بولىدۇ، ئۇنىڭ رىزقى جەننەتتىن ئەتىگەن ـــ ئاخشام يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇ رىزىقلىنىپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇنى تىرىلدۈرۈپ قوپارغانغا قەدەر ئۇ كىشىگە مۇجاھىدىنىڭ جىھادقا تەييارلىق قىلغۇچىنىڭ ئەجرى، مۇكاپاتى يېتىپ تۇرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. |
| **3792 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لغدوة في سبيل الله أو روحة خير من الدنيا وما فيها**<br><br>ئەنەس، سەھلى ئىبنى سەئىد ،ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جىھاد ئۈچۈن ئەتىگەن يا كەچتە بېرىپ كېلىش، تەييارلىق قىلىش، دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئەتىگەن ـ ئاخشام بېرىش، يەنى جەڭ قىلىش، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە كۈن چىققان ۋە كۈن كىرگەن بارلىق نەرسىلەردىن يەنى دۇنيا، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، جىھاددا شېھىدلىك بار، غەلىبە، غەنىيمەت بار، ساۋاب، ئەجىر بار، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى دوستلىقى بار، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى، مەغپىرەت قىلىنىش، ۋە شاپائەت قىلىشلار باردۇر. |
| **3793 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن سلمان الفارسي قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " رباط يوم وليلة في سبيل الله خير من صيام شهر وقيامه وإن مات جرى عليه عمله الذي كان يعمله وأجري عليه رزقه وأمن الفتان " . رواه مسلم**<br><br>سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كېچە ـــ كۈندۈز ئۇرۇش تەييارلىق قىلىش، بىر ئاي روزا تۇتقاندىن كېچىلىرى قىيامدا تۇرغاندىن ياخشىراقتۇر، ئەگەر مۇجاھىد تەييارلىق قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇقلىماقچى بولغان ئەمەللىرى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا |

جەننەتتىن رىزىق يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇ قەبرىدىكى سوراق ــ سوئالدىن ئازابدىن ئەمىن، خاترجەم قىلىنىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3794 – [ 8 ]** ( صحيح ) وعن أبي عبس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما اغبرت قدما عبد في سبيل الله فتمسه النار " . رواه البخاري

ئەبۇئەبس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئىككى قەدىمىنى ئاللاھ يولىدا چاڭ ــ توزان باسسا، ئۇنى دەۋزەخ كۆيدۈرەلمەيدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا هارام قىلىدۇ، (يەنى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ياكى ئىلىم ئېلىپ، ئىلىم بەرسە، ۋە باشقىلار). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مالىك، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنىڭ ئىككى قەدىمىنى ئاللاھ يولىدا چاڭ ــ توزان باسسا، ئۇ ئىككى قەدەم ئاللاھ يولىدا جەڭ مەيدانىدا چاڭ ــ توزاننى كېچىپ ماڭسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى هارام قىلىدۇ، تۆت كىتاب، شىرازى توپلىغان، سەھىھ.

**3795 – [ 9 ]** (صحيح ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : لا يجتمع كافر وقاتله في النار أبدا . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاپىر بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى مەڭگۈ دوۋزاختا بىرلەشمەيدۇ، (يەنى كاپىر دوۋزاخقا كىرسە، ئۇنى ئۆلتۈرگەن مۇجاھىد، جەننەتكە كىرىدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3796 – [ 10 ]** ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من خير معاش الناس لهم رجل ممسك عنان فرسه في سبيل الله يطير على متنه كلما سمع هيعة أو فزعة طار عليه يبتغي القتل والموت مظانه أو رجل في غنيمة في رأس شعفة من هذه الشعف أو بطن واد من هذه الأودية يقيم الصلاة ويؤتي الزكاة ويعبد الله حتى يأتيه اليقين ليس من الناس إلا في خير " رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئىككى ئالەمدە تۇرمۇشى ئەڭ ياخشى، بەختلىك بولىدىغىنى، مۇنۇ ئىككى كىشىدۇر، بىرى، ئاللاھ يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ھەر قاچان دۈشمەن كەلگىنىنى ئاڭلىسا ياكى دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندىكى قورقۇنۇشلۇق خەۋەرنى ئاڭلىسا، دەرھال شۇ تەرەپكە ئات سېلىپ، ئات ئۈستىدە ئۇچقاندەك يېتىپ بارىدۇ، ئۇ، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى ياكى ئۆلۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆلۈمنىڭ ئېشەنچلىك مەيدانىنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، مۇشۇ تاغنىڭ چوققىلىرىدىن بىر تاغ چوققىسىدا ياكى بىرەر يايلاق، يېزىلاردا بىر بۆلەك قوينى بېقىپ، تۇرمۇشنى قامداپ، ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر شۇ جايدا ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ، رەببىگە ئىبادەت قىلىپ ياشايدۇ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ ياخشى ھەم ياخشىلىقتىكى كىشىدۇر. مۇسلىم 3503 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3967 ــ ھەدىس. سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئاۋام خەلق زاكاتنى ئۆزلىرى، پېقىر، مىسكىنلەرگە بېرىپ، بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ. ئىلىم، ئىبادەت بىلەنلا زاھىد بولۇپ ئۆتسە، دۇرۇس بولۇشى چىقىدۇ، ئۇنىدىن باشقا ئەڭ ياخشى، ئەۋزەل يول جىھاد قىلىشتۇر، يول ئاشۇ ئىككىدۇر.

**3797 – [ 11 ]** ( صحيح ) وعن زيد بن خالد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من جهز غازيا في سبيل الله فقد غزا ومن خلف غازيا في أهله فقد غزا "

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر غازىينى جابدۇتسا، تەييارلىقنى قىلىپ بەرسە، ھەققەتەن ئۇ ئاللاھ يولىدا غازات قىلغان بولىدۇ، كىم ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىۋاتقان ئۇرۇشقا ماڭغان غازىي، جەڭچىنىڭ ئائىلىسىدە ياخشى ئىز باسار بولۇپ، ياردەم بېرىپ ياخشىلىق قىلسا، جەزمەن ئۇمۇ ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا غازات قىلغۇچى غازىينى جابدۇتۇپ، تەييارلىقنى قىلىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ غازىينىڭ ئەجرى، ساۋابلىرىدىن ھېچنەرسە كاملىماستىن، ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، ئۇمۇ غازى ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جەڭ تەييارلىقى جەڭدىن بۇرۇنقى پەرزدۇر.

**3798 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حرمة نساء المجاهدين على القاعدين كحرمة أمهاتهم وما من رجل من القاعدين يخلف رجلا من المجاهدين في أهله فيخونه فيهم إلا وقف له يوم القيامة فيأخذ من عمله ما شاء فما ظنكم ؟ " . رواه مسلم**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇرۇشقا چىقىپ كەتكەن مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرى، جەڭگە چىقماي ئولتۇرغانلارغا خۇددى، ئانىلىرى ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، جەڭدىن ئولتۇرۇۋالغان كىشىلەردىن بىرەر كىشى، مۇجاھىدلاردىن بىرەر كىشىنىڭ ئەھلىگە خەلىپە، ئىز باسار بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا خىيانەت قىلىپ قالسا، بۇ خائىن قىيامەت كۈنى مۇجاھىد ئۈچۈن مەخسۇس توختۇتۇپ بېرىلىدۇ، ئاندىن مۇنداق دېيىلىدۇ؛مانا بۇ ئورۇنىڭدا ئىز باسار خەلىپە بولۇپ، خىيانەت قىلغان كىشى، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئۆزۈڭ خالىغانچە ئېلىۋالغىن، ئاندىن مۇجاھىد ئۇ خائىننىڭ ياخشىلىقلىرىدىن خالىغانچە ئېلىۋالىدۇ، گۇمانىڭلار قانداقراق؟ (يەنى سىلەرچە قانچىلىك ئېلىۋالا؟) (مېنىڭچە، ھەممىنى ئېلىۋالىدۇ، ياخشىلىقى بولمىسا، يامانلىقلىرىنى ئۇنىڭ گەردىنىگە ئارتىپ قويىدۇ،پەقەت بولمىغاندا، دەرىجە بېرىلىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسئەى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3799 – [ 13 ] ( صحيح ) وعن أبي مسعود الأنصاري قال : جاء رجل بناقة مخطومة فقال : هذه في سبيل الله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لك بها يوم القيامة سبعمائة ناقة كلها مخطومة " . رواه مسلم**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگىسىنى، نۇختىسى بىلەن قوشۇپ ئەكىلىپ سەدىقە قىلىپ؛ بۇ **الله** يولىدا ئۇرۇش تەييارلىقى بولسۇن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن ئۈچۈن شۇ بىر تۆگەڭنىڭ بارابىرىگە قىيامەت كۈنى جەننەتتىن 700 تۆگە نۇختىسى بىلەن بىللە بېرىلىدۇ دېدى.مۇسلىم، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**3800 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم بعث بعثا إلى بني لحيان من هذيل فقال : " لينبعث من كل رجلين أحدهما والأجر بينهما " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھۇزەيلدىن بەنىي لەھيان قەبىلىسىگە قوشۇن ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن: ھەر ئىككى كىشىدىن بىرسى جەڭگە بارسۇن، بىرسى خەلىپە، ئىز باسار بولۇپ تۇرۇپ بىرسىنى ئەۋەتسۇن، ئەجىر، ساۋاب ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش، باراۋەر بولىدۇ، مۇسلىم 3513 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2149 _ ھەدىس، ئەھمەد 10874 _ ھەدىس، سەھىھ.

**3801 – [ 15 ]** ( صحيح ) **وعن جابر بن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لن يبرح هذا الدين قائما يقاتل عليه عصابة من المسلمين حتى تقوم الساعة " . رواه مسلم**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ دىن مەڭگۈ بەرپا بولۇپ داۋام قىلىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنى قوغداپ، مۇسۇلمانلادىن بىر تائىپە جامائەت، قىيامەت كۈنىگىچە ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3802 – [ 16 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يكلم أحد في سبيل الله والله أعلم بمن يكلم في سبيله إلا جاء يوم القيامة وجرحه يثعب دما اللون لون الدم والريح ريح المسك "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنسە، ـ ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جاراھەتلەنگەن كىشىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ ـ ، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى جاراھىتى قان ئاقتۇرغان ھالدا كېلىدۇ، رەڭگى قان رەڭگىدۇر، پۇرىقى بولسا مىسكىنىڭ خۇشپۇرىقىدۇر، (شۇ ھالەتتە كېلىشىنىڭ ئۆزى ھەممىگە كۇپايە).بۇخارى،مۇسلىم تىرمىزى، نەسەئى ت، سەھىھ.

**3803 – [ 17 ]** ( متفق عليه ) **وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من أحد يدخل الجنة يحب أن يرجع إلى الدنيا وله ما في الأرض من شيء إلا الشهيد يتمنى أن يرجع إلى الدنيا فيقتل عشر مرات لما يرى من الكرامة "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شېھىددىن باشقا ھېچ كىشى جەننەتكە كىرىپ بولۇپ ئاندىن بۇ دۇنياغا قايتىشنى، بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، پەقەت شېھىدلا جەننەتكە كىرىپ بولۇپمۇ، يەنە بىر دۇنياغا قايتىشنى، بارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىشنى، شېھىدلىقتا بېرىلگەن كارامەتنى كۆرگەنلىكىدىن، بۇ دۇنيادا ئاللاھ يولىدا ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ، پەقەت شېھىدلا بۇ دۇنياغا قايتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، مەخسىدى ئەنە شۇنداق كۆپ قېتىم ئۆلتۈرۈلۈش. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3804 – [ 18 ]** ( صحيح ) **وعن مسروق قال : سألنا عبد الله بن مسعود عن هذه الآية : ( ولا تحسبن الذين قتلوا في سبيل الله أمواتا بل أحياء عند ربهم يرزقون ) الآية قال : إنا قد سألنا عن ذلك فقال : " أرواحهم في أجواف طير خضر لها قناديل معلقة بالعرش تسرح من الجنة حيث شاءت ثم تأوي إلى تلك القناديل فاطلع إليهم ربهم اطلاعة فقال : هل تشتهون شيئا ؟ قالوا : أي شيء نشتهي ونحن نسرح من الجنة حيث شئنا ففعل ذلك بهم ثلاث مرات فلما رأوا أنهم لن يتركوا من أن يسألوا قالوا : يا رب نريد أن ترد أرواحنا في أجسادنا حتى نقتل في سبيلك مرة أخرى فلما رأى أن ليس لهم حاجة تركوا " . رواه مسلم**

مەسرۇق رەھ : بىز ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «سىلەر **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلماڭلار،بەلكى ئۇلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا تىرىكتۇر، ئۇلارغا رىزق بېرىلىپ تۇرىدۇ»دىگەن ئايەت توغرىسىدا سورساق، ئۇ:بىزمۇ شۇئايەت توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورساق مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن شېھىدلارنىڭ روھلىرى، يېشىل قۇشنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ، بۇ قۇشلارنىڭ قەپەزلىرى ئەرشى تەھتىدە ئېسىقلىق تۇرىدۇ، قۇشلار بىلەن ئۇ روھ جەننەتنىڭ خالىغان يېرىدە يايراپ، ئوتلاپ، ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، ئاندىن قەپەزلىرىگە قايتىشىدۇ، رەببى ئۇلارغا ئاشكارا بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: يەنە بىرەر نەرسە ئارزۇ قىلامسىلەر؟ ئۇلار بىز

جەننەتتە خالىغان يېرىمىزدە يايراپ، ئۇچۇپ يۈرسەك، يەنە قانداق نەرسىنى ئارزۇ ۋە ئىشتىها قىلارمىز؟ دەيدۇ، بۇ سوئال ــ جاۋابلار ئۇلارغا ئۈچ قېتىم قىلىنىدۇ، ئۇلار زادى بىرەر نەرسە سورىمىغىچە تەرىك ئېتىلمەيدىغىنىنى بىلگەندە، مۇنداق دەپ سورايدۇ، ئى رەببىمىز ئاللاھ، بىز سىلىنىڭ روھلىرىمىزنى جانلىرىمىزنى، جەسەدلىرىمىزگە قايتۇرۇشلىرىنى مەخسەت قىلىمىز، دۇنياغا قايتىپ، سىلىنىڭ يوللىرىدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەك، شېھىد بولساق دەيمىز. ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن ھېچبىر ھاجەتنىڭ يوقلىغىنى كۆرگىنىدە، ئۇلار سوئال سوراشدىن تەرىك ئېتىلىدۇ، (ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇراتتى ،بۇنى بىزلەرگە شېھىد بولسۇن دەپ سۆزلەتتى) مۇسلىم، تىرمىزى ت، سەھىھ.

**3805 – [ 19 ]** ( صحيح ) **عن أبي قتادة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قام فيهم فذكر لهم أن الجهاد في سبيل الله والإيمان بالله أفضل الأعمال فقام رجل فقال : يا رسول الله أرأيت إن قتلت في سبيل الله يكفر عني خطاياي ؟ فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم إن قتلت في سبيل الله وأنت صابر محتسب مقبل غير مدبر " . ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كيف قلت ؟ " فقال : أرأيت إن قتلت في سبيل الله أيكفر عني خطاياي ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم وأنت صابر محتسب مقبل غير مدبر إلا الدين فإن جبريل قال لي ذلك "** . رواه مسلم

ئەبۇ قەتادە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا:**الله** قا ئىمان كەلتۈرۈش، **الله** يولىدىكى جىھاد ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دىگەندە، بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى خەۋەر بەرسىلە، ئەگەر مەن **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىم ئۆچۈرلەمدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ھەئە، ئەگەر سەن ئاللاھ يولىدا سەۋرە قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئارقاڭنى قىلىپ قاچماستىن دۈشمەنگە ئالدىڭنى قىلىپ تىك تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈلسەڭ، يەنى شېھىد بولساڭ دەپ، ئاندىن سەن باياتىن نىمە دېدىڭ؟دېدى، ئۇكىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى خەۋەر بەرسىلە، ئەگەر مەن **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىم ئۆچۈرلەمدۇ؟دېدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ھەئە، ئەگەر سەن ئاللاھ يولىدا سەۋرە قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئارقاڭنى قىلىپ قاچماستىن دۈشمەنگە ئالدىڭنى قىلىپ تىك تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈلسەڭ، يەنى شېھىد بولساڭ، ئاللاھ سەندىن قەرزىڭدىن باشقا بارلىق خاتالىقلىرىڭنى، گۇناھلىرىڭنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما، قەرزىڭ يەنى كىشلەر ھەققى قىلىپ قالىدۇ، ماڭا جىبرىئىل تېخى باياتىن شۇنداق دىگەن ئىدى،دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3806 – [ 20 ]** ( صحيح ) **وعن عبد الله بن عمرو بن العاص أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " القتل في سبيل الله يكفر كل شيء إلا الدين "** . رواه مسلم

ئىبنى ئەمرۇ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، قەرىزدىن باشقا بارلىق خاتالىقلارغا كاپارەت بولۇپ ھەممىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، پەقەت شېھىد بولسىمۇ قەرىز قېلىپ قالىدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، قەرىزدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەڭلار، قەرىزنى ۋاختىدا بېرىۋېتىڭلار، ئاندىن شېھىد بولۇشقا ئالدىراڭلار، ئاللاھدىن سوراڭلار، ئاللاھ بىزگە شېھىد دەرىجىسىنى بەرسۇن، ئامىن!

**3807 – [ 21 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يضحك الله تعالى إلى رجلين يقتل**

**أحدهما الآخر يدخلان الجنة : يقاتل هذا في سبيل الله فيقتل ثم يتوب الله على القاتل فيستشهد "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا، بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىرگەن ئىككى كىشىدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، بۇ بىرسى، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا قاتىلنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ شېھىد بولىدۇ. (خۇددى ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، يالغان پەيغەمبەر مۇسەيلىمەت كاززاپنى ئۆلتۈرگەندەك).بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇنداق مىساللار بەك كۆپ، ھەم شۇ ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ

**3808 – [ 22 ] ( صحيح ) وعن سهل بن حنيف قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سأل الله الشهادة بصدق بلغه الله منازل الشهداء وإن مات على فراشه . رواه مسلم**

سەھلى ئىبنى ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھتائالادىن سەمىمىي، راستچىللىق بىلەن چىن دىلىدىن شېھىد بولۇشنى سورىسا، گەرچە ئۇ كىشى ئۆز كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى شېھىدلەرنىڭ مەنزىل مەرتىبىلىرىگە يەتكۈزىدۇ. مۇسلىم ۋە ئۇنىڭدىن كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3809 – [ 23 ] ( صحيح ) وعن أنس أن الربيع بنت البراء وهي أم حارثة بن سراقة أتت النبي صلى الله عليه وسلم فقالت : يا رسول الله ألا تحدثني عن حارثة وكان قتل يوم بدر أصابه سهم غرب فإن كان في الجنة صبرت وإن كان غير ذلك اجتهدت عليه في البكاء فقال : " يا أم حارثة إنها جنان في الجنة وإن ابنك أصاب الفردوس الأعلى " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھارىس ئىبنى سۇراقەنىڭ ئانىسى رەبىيئە كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ھارىس توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەملا؟ ئۇ بەدىر كۈنى ئۇنىڭغا ناتۇنۇش ئوق تىگىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا، سەۋرى قىلاي، ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا جايدا بولسا، ئۇنىڭغا قاتتىق يىغلايمەن دىگەندە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئۇممە ھارىس!، ھەقىقەتەن ئۇ جەننەت دىگەن، بىر جەننەت ئىچىدىكى بىر نەچچە جەننەتلەردۇر، باغۇ ـ بوستانلاردۇر، سېنىڭ ئوغلۇڭ ھارىس، ئەڭ ئۈستۈندىكى فىردەۋس دىگەن جەننەتكە ئېرىشتى، فىردەۋس دىگەن جەننەت، جەننەتلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىدىكى ئەڭ ئۈستۈن جايدا ۋە ئەۋزەلدۇر.بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ھارىسنىڭ ئانىسى! ھەقىقەتەن ئۇ بىرلا جەننەت ئەمەس، لېكىن، ئۇ ناھايىتى كۆپ جەننەتتۇر، ھارىس بولسا، ئەڭ ئۈستۈندىكى فىردەۋس دىگەن جەننەتكە يەتتى. ئەھمەد، بۇخارى توپل، سەھىھ.

**3810 – [ 24 ] ( صحيح ) وعنه قال : انطلق رسول الله صلى الله عليه وسلم وأصحابه حتى سبقوا المشركين إلى بدر وجاء المشركون فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قوموا إلى جنة عرضها السماوات والأرض " . قال عمير بن الحمام : بخ بخ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما يحملك على قولك : بخ بخ ؟ " قال : لا والله يا رسول الله إلا رجاء أن أكون من أهلها قال : " فإنك من أهلها " قال : فأخرج تمرات من قرنه فجعل يأكل منهن ثم قال : لئن أنا حييت حتى آكل تمراتي إنها الحياة طويلة قال : فرمى بما كان معه من التمر ثم قاتلهم حتى قتل . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن بىللە بەدرىگە مۇشرىكلەردىن بۇرۇن باردى، ئاندىن مۇشرىكلەر كەلگەندە، ساھابىلارنى جەڭگە قىزىقتۇرۇپ، مۇنداق بۇيرۇق قىلدى؛ توغرىلىقى ئاسمان ــ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە قوپۇڭلار، يەنى ئۇرۇش قىلىڭلار، ھۇجۇمغا ئاتلىنىڭلار، شېھىد بولساڭلار ئاشۇ جەننەت سىلەرنىڭ دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ياخشى،ياخشى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ سېنىڭ ياخشى،بەك ياخشى دېيىشىڭگە نىمە سەۋەب بولدى؟دېدى، ئۇ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** بىلەن قەسەمكى، شۇ جەننەتنىڭ ئەھلىدىن بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىپ شۇنداق دېدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ سەن شۇجەننەتنىڭ ئەھلىدىن دېدى، ئاندىن ئۇ ئوق خالتىسىدىن بىرنەچچە تال خورمىنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى، ئاندىن ئۇ: ئەگەر مەن مۇشۇ خورمىلارنى يەپ بولغىچە ھايات قالسام، بۇھاياتلىق ماڭا بەك ئۇزۇن ھاياتلىق بولۇپ كەتكىدەك دەپ، خورمىللىرىنى تاشلىۋېتىپ، مۇشرىكلەرگە قارشى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى، ئاندىن ئۇ شېھىد قىلىندى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ

**3811 – [ 25 ]** ( **صحيح** ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما تعدون الشهيد فيكم ؟ " قالوا : يا رسول الله من قتل في سبيل الله فهو شهيد قال : " إن شهداء أمتي إذا لقليل : من قتل في سبيل الله فهو شهيد ومن مات في سبيل الله فهو شهيد ومن مات في الطاعون فهو شهيد ومن مات في البطن فهو شهيد " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاراڭلاردا قانداق كىشىنى شېھىد دەپ سانايسىلەر؟ ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلا كىشى شېھىد دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنداقتا مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ شېھىد بولىدىغان كىشىلىرى بەكلا ئاز بولۇپ قالامدۇ؟ كىم، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ شېھىد، كىم ئاللاھ يولىدا ئۆلسىمۇ ئۇمۇ شېھىد بولىدۇ. ۋابادا، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلسە، سۇدا غەرىق بولسا ئۇ كىشىمۇ شېھىد بولىدۇدېدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. جابىر ئىبنى ئەتىيكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇنىڭ بوۋىسى ئاغرىپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوقلاپ كەلگەن، بىرسى بىز سېنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد بولۇشىڭنى ئارزۇ قىلاتتۇق دېدى، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداقتا مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ شېھىد بولىدىغان كىشىلىرى بەكلا ئاز بولۇپ قالامدۇ؟ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، شېھىدلىق بولىدۇ، ۋابا كېسىلىدە ئۆلگەن كىشى شېھىد بولىدۇ، ئىككى قات، ھامىلدار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شېھىد بولىدۇ، سۇدا غەرىق بولۇپ، ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلگەن كىشى شېھىد بولىدۇ، زاتۇلجەنبى دېگەن كېسەلدە، ئۆلگەن كىشى شېھى بولىدۇ، (بۇ كېسەل، مۇتلەق بىقىنى ئاغرىش ياكى قورساقتا جاراھەت چىقىش ياكى سىلسىلە كېسەل،ئىچكى كىسەل) بۇ ھەدىس ئىبنى ماجە 2793 ــ ھەدىس، نەسەئى 1823 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2704 ــ ھەدىس، ئەھمەد 22635ـ ھەدىس، مالىك 493 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئەمما، يۇقىرقى ئىشلاردا مۇسۇلمان، مۆئمىن بولۇشى، نىيىتى خالىس بولۇشى شەرت، باشقا ھەدىسلەردە مۇسۇلمان، مۆئمىن،**الله** يولىدا دېگەن شەرتلەر بار.

**3812 – [ 26 ]** ( **صحيح** ) **وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من غازية أو سرية تغزو فتغتنم وتسلم إلا كانوا قد تعجلوا ثلثي أجورهم وما من غازية أو سرية تخفق وتصاب إلا تم أجورهم " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھەرقانداق بىر قوشۇن، غەنىيمەتكە يەتسە،مۇسىيبەتتىن سالامەت قالسا، ئۇلارغا ئاخىرەتتىكى ئەجرىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمى مۇشۇ دۇنيادىلا تېز بېرىلگەن بولىدۇ، ئۇلارغا ئەجرىنىڭ ئۈچتەن بىرى قالىدۇ، ئەگەر

غەنىيمەتكە قەتئىي ئىرىشەلمسە،ئۇنىڭ ئۇستىگەمۇسىيبەتكە يەتسە، ئۇلارنىڭ ئەجىر، ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3813 – [ 27 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من مات ولم يغزو ولم يحدث به نفسه مات على شعبة نفاق " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم غازات، جەڭ قىلماي، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىشنى قەلبىگە، كۆڭلىگە، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماي، ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى مۇناپىقلىقنىڭ بىر شاخچىسى ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3814 – [ 28 ] ( متفق عليه ) وعن أبي موسى قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : الرجل يقاتل للمغنم والرجل يقاتل للذكر والرجل يقاتل ليرى مكانه فمن في سبيل الله ؟ قال : " من قاتل لتكون كلمة الله هي العليا فهو في سبيل الله**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىركىشى غەنىيمەت ئۈچۈنلا جەڭ قىلىدۇ، بىركىشى شۆھرەت،باتۇرلۇق ئۈچۈنلا جەڭ قىلىدۇ، بىركىشى ئۆز ئورنىنى كۆرسۈتۈش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، زادى كىم **الله** يولىدا جەڭ قىلغان بۇلىدۇ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھنىڭ كەلىمىسى ئۈستۈن بولسۇن ئۈچۈن جەڭ قىلسا، ئەنە ئاشۇ ئاللاھ يولىدىكى جىھاد بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش قۇرئان بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا قۇرئاننى قانۇن قىلىپ خەلىپىلىك تۈزۈم ئورنىشتۇر، شۇ مەخسەتتە قىلىنغان ئۇرۇش، ئاللاھ يولىدا بولىدۇ.

**3815 – [ 29 ] ( صحيح ) وعن أنس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم رجع من غزوة تبوك فدنا من المدينة فقال : " إن بالمدينة أقواما ما سرتم مسيرا ولا قطعتم واديا إلا كانوا معكم " . وفي رواية : " إلا شركوكم في الأجر " . قالوا : يا رسول الله وهم بالمدينة ؟ قال : " وهم بالمدينة حبسهم العذر " . رواه البخاري**

ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبىۇك ئۇرىشىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، مەدىينىگە يېقىن قالغاندا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەدىنىدە بىر تۈركۈم قەۋملەر باركى، سىلەر بىرەر ئۇرۇش مەيدانىغا سەيرە قىلساڭلار، بىرەر نەپىقە، چىقىم، سەدىقە قىلساڭلار، بىرەر يېزا ــ قىشلاقلارنى بېسىپ ئۆتسەڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن شۇ ئىشلاردا ئەجىردە بىللە بولىدۇ،سىلەرگە شىرىك بۇلىدۇ.ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار مەدىينىدە تۇرسا، دىگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلار مەدىنىدە بولغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئۆزرىسى كۇپايە بولىدۇدېدى. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ.

**3816 – [ 30 ] ( صحيح ) ورواه مسلم عن جابر**

**3817 – [ 31 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن عمرو قال : جاء رجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فاستأذنه في الجهاد فقال : " أحي والدك ؟ " قال : نعم قال : " ففيهما فجاهد " . متفق عليه . وفي رواية : " فارجع إلى والديك فأحسن صحبتهما "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىغاندا، ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟دېدى، ئۇ: ھەئە ھايات دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر ئاتا ــ ئاناڭ ھايات بولسا، سەن شۇلار ھەققىدە جىھاد قىلىغن، يەنى ئاتا ــ ئاناڭغا ياخشىلىق

قىلغىن،يەنەبىرخاتىردە؛ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قېشىغا قايتىپ بىرىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن دىگەن، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ ھەدىسىدىن مۇجاھىد، ئاتا ــ ئانىسى ياخشى تەقۋا كىشىلەر بولسا، رۇخسەت، ئىزنى بىلەن جەڭگە چىقىدۇ، چۈنكى، ئاتا ــ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش پەرىز ئەيىندۇر، ئەگەر ئەسكەر يېتىشمىسە، ياكى دۈشمەن باستۇرۇپ كىرسە، بىز ھۇجۇم قىلماي، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا مۇداپىئە قىلساق، ئۇ چاغدا بالا، ئاتا ــ ئانىسىدىن، قول خوجايىندىن، ئايال ئېرىدىن رۇخسەت ئىزنى سورىماي، جەڭگە مۇداپىئەگە ئاتلىنىدۇ، دىگەن.

**3818 – [ 32 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال يوم الفتح** : ( **" لا هجرة بعد الفتح ولكن جهاد ونية وإذا استنفرتم فانفروا "**

ئائىشە، سەفۋان، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى مۇنداق دىگەن: مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كىيىن ھىجرەت قىلىش يوق، (يەنى مەككىدىن مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت يوق). لېكىن، جىھاددا، ھىجرەت بار.ياخشى ئىشلارنى نىيەت قىلىشدا ھىجرەت بار، (چۈنكى، جىھاد ئۈزۈلۈپ قالمىسا، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، جىھاد ھىجرىتى مەڭگۈ بار ياكى جىھاد بىلەن خالىس نىيەتلا قالدى خالاس). سىلەردىن ئۇرۇشقا چىقىشىڭلار تەلەپ قىلىنسا، دەرھال ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشقا چىقىڭلار. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مۇجاشىئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەككىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كىيىن ھىجرەت يوق، ھىجرەت ئاخىرلاشتى (لېكىن، جىھاد ھىجرىتى بار، لېكىن، پەزىلىتى ئۇ ھىجرەتكە يەتمەيدۇ). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ 7565 ـ ھەدىسلىرىنى كۆرۈڭلار.

**3819 – [ 33 ] الفصل الثاني عن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تزال طائفة من أمتي يقاتلون على الحق ظاهرين على من ناوأهم حتى يقاتل آخرهم المسيح الدجال " . رواه أبو داود**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر، تاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرى دەججالغا قارشى ئۇرۇش قىلغانغا قەدەر، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان، قارشى تۇرغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ تائىپە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى، خەلىپىلەر سۈننىتىنى چىڭ چىشلىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ساھابىلار، تابىئىنلارنىڭ ئەقىيدىسىدىكى، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى توغرا يولنى يول تۇتقان، سەلەف، سالىھلار يولىدىكى ھەقىقەتچى، سۈننەتچى، ئەسلىيەتچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ شۇئارى، لا ئىلاھە ئىللەللاھ!، قۇرئان كالامۇللاھ، ھەدىسى رەسۇلۇللاھ، ساھابىلار، تابىئىنلار دەپ توۋلاشتۇر، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى ساھابىلار، تابىئىنلار، سەلەف، سالىھلار ئاشۇ بىر تائىپە غالىبلار قاتارىدىن قىلسىلا ئامىن!

**3820 – [ 34 ]** ( **ضعيف** )**وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من لم يغز ولم يجهز غازيا أو يخلف غازيا في أهله بخير أصابه الله بقارعة قبل يوم القيامة " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم جەڭ قىلمىسا، جەڭچى، ئەسكەرنىمۇ جابدۇتمىسا، تەييارلىق قىلىشىپ بەرمىسە، ياكى غازى جەڭچىنىڭ ئەھلى باللىرىغا ياخشى

قاراپ، ئىز باسار بولۇپ تۇرمىسا، ئاللاھ بۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن ھالاكەت يەتكۈزىدۇ، ئەبۇ داۋۇدخاتىرلىگەن. ئىككى راۋىيسىدا مەسىلە بولغاچقا، بىر راۋىينىڭ ھەدىسلىرى مۇنكەر بولغاچقا، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**3821 – [ 35 ]** ( صحيح وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " جاهدوا المشركين بأموالكم وأنفسكم وألسنتكم " . رواه أبو داود والنسائي والدارمي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىكلارغا قارشى مېلىڭلار بىلەن جېنىڭلار بىلەن تىللىرىڭلار بىلەن جىھاد، ئۇرۇش قىلىڭلار، (قەلەم كۆرۈشى، ئەلەم كۆرۈشتىن يامان) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3822 – [ 36 ]** وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفشوا السلام وأطعموا الطعام واضربوا الهام تورثوا الجنان " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالامنى كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار، ئاراڭلاردا ئومۇملاشتۇرۇڭلار، تائام بېرىڭلار،مۇشرىك دىنسىزلەرنىڭ باشلىرىغا قىلىچ ئۇرۇڭلار،جىھاد قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ، جەننەتلەرگە ۋارىس قىلىنىسىلەر.تىرمىزى توپلىغان.

**3823 – [ 36 ]** ( صحيح ) وعن فضالة بن عبيد عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كل ميت يختم على عمله إلا الذي مات مرابطا في سبيل الله فإنه ينمى له عمله إلى يوم القيامة ويأمن فتنة القبر " . رواه الترمذي وأبو داود

پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيدە، ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مېيىت، يەنى ئۆلگەن كىشى، ئۆز ئەمەلىنىڭ ئۈستىدە تامام قىلىنىدۇ، ئەمەلىنىڭ ئۈستىدە جان ئۈزىدۇ ــ دە، ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ تامام بولىدۇ. لېكىن، ئاللاھ يولىدا جەڭگە تەييارلىق قىلىپ، جەڭگە تەييار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۇچۇن، قىيامەت كۈنىگىچە ئەمەللىرى، ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى يېتىپ تۇرىدۇ، (چۈنكى، ئۇنى خۇددى كېيىسلەدەك ئۆلۈم توسۇپ قويىدى، ئۇ ئەسلى جىھاد قىلاتتى)، ئۇ ھەم قەبرە ئازابىدىن قەبرە پىتنىسىدىن ئەمىن، خاتىرجەم قىلىنىدۇ، (ھەتتا، رىزىق يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇ شېھىد) تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3824 – [ 37 ]** ( صحيح ) ورواه الدارمي عن عقبة بن عامر

**3825 – [ 38 ]** ( صحيح ) وعن معاذ بن جبل أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من قاتل في سبيل الله فواق ناقة فقد وجبت له الجنة ومن جرح جرحا في سبيل الله أو نكب نكبة فإنها تجيء يوم القيامة كأغزر ما كانت لونها الزعفران وريحها المسك ومن خرج به خراج في سبيل الله فإن عليه طابع الشهداء " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا تۆگىنى سېغىش جەريانىدا بوتلىقنى ئىمىتىپ، ئايرىۋەتكەنچىلىك مىقداردا جەڭ قىلسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، كىم چىن دىلىدىن سەممىي سادىقلىق بىلەن ئاللاھدىن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى سورىسا، ئاندىن ئۇ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، كىم ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنسە ياكى قول بارماقلىرىدا جاراھەتلەنسە، ھەقىقەتەن ئۇ جاراھەت قىيامەت كۈنى بۇرۇنقىدىن

قاتتىق، ئېغىرراق قان ئاقتۇرغان ھالدا كېلىدۇ، رەڭگى زەئپىرانىنىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى مىسكە _ ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ، كىمگە ئاللاھ يولىدىكى سەپەردە بىرەر جاراھەت ياكى بىرەر نەرسە چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە شېھىدلەرنىڭ سىماسى، ھەيئىتى، تامغىسى بولىدۇ. ئىبنى ھەببان ، ئۈچ كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد 2179 _ ھەدىس، نەسەئى 3090 _ ھەدىس، تىرمىزى 1581 _ ھەدىس، سەھىھ.

**3826 – [ 39 ] ( صحيح ) وعن خريم بن فاتك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أنفق نفقة في سبيل الله كتب له بسبعمائة ضعف " . رواه الترمذي والنسائي**

خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىرنەرسە نەپىقە قىلسا، (بىرلا نەرسە سەدىقە قىلسا)، ئۇ كىشى ئۈچۈن نىيىتى، ئىخلاسىغا قارىتا 700 ھەسسە ئەجىر يېزىلىدۇ، (يەنى بىرگە 700 ھەسسەئەجىر بېرىلىدۇ.) ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم ت، سەھىھ.

**3827 – [ 40 ] ( حسن ) وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أفضل الصدقات ظل فسطاط في سبيل الله ومنحة خادم في سبيل الله أو طروقة فحل في سبيل الله " . رواه الترمذي**

ئەدى ئىبنى ھاتەم ، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا چېدىر، كۆنلۈكلەرنىڭ سايىسىنى بېرىش، ئاللاھ يولىدا خادىم، ئىشچى، قۇلنى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش، ئاللاھ يولىدا ئەركەك تۆگىنى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇشلار، سەدىقىنىڭ ئەۋزەللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3828 – [ 41 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يلج النار من بكى من خشية الله حتى يعود اللبن في الضرع ولا يجتمع على عبد غبار في سبيل الله ودخان جهنم " . رواه الترمذي وزاد النسائي في أخرى : " في منخري مسلم أبدا " وفي أخرى : " في جوف عبد أبدا ولا يجتمع الشح والإيمان في قلب عبد أبدا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھدىن قورقۇپ، يىغلاپ ياش تۆككەن كىشى، سۈت يىلىنگە قايتمىغىچە دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. يەنى مەڭگۈ دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، مۇسۇلماننىڭ بۇرنىدا ئاللاھ يولىدىكى چاڭ _ توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ ئىس _ تۈتەك، تۈتۈنلىرى مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كاپىرنى ئۆلتۈرگەن، ئاندىن توغرا يول تۇتۇپ ئۇتتۇرىھال، نورمال ئەمەل قىلىپ، ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدىگەن مۇسۇلمان بىلەن ئۇ، ئۆلتۈرگەن كاپىر، بۇ ئىككى كىشى دوۋزاختا بىرلەشمەيدۇ،( مۇسۇلمان جەننەتتە، كاپىر دوۋزاختا بولىدۇ)، مۆئمىننىڭ ئىچىدە ئاللاھ يولىدىكى چاڭ _ تۇزان بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈن، زەھىرى بىرلەشمەيدۇ. (يەنى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان ۋە كاپىرنى ئۆلتۈرگەن مۇجاھىد دوۋزاخقا كىرمەيدۇ). بىرەر بەندىنىڭ قەلبىدە ھەسەد قىلىش،بېخىللىق بىلەن ئىمان بىرلەشمەيدۇ. ئەھمەد،تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3829 – [ 42 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عينان لا تمسهما النار : عين بكت من خشية الله وعين باتت تحرس في سبيل الله " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى خىل كۆزگە مەڭگۈ دوۋزاخ ئوتى تەگمەيدۇ، مەڭگۈ شۇنداق، بىرى ئاللاھدىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆز، يەنە بىرسى ئاللاھ يولىدا كېچىسى گۈزەتچىلىكتە تۇرغان كۆزدۇر،تىرمىزى، ئەبۇ يەئلا، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى خىل كۆز دوۋزاخ ئوتىنى كۆرمەيدۇ، بىرى خالى جايدا ئاللاھدىن قورقۇپ دىللىرى ئېرىپ، ياش تۆككەن كۆز، يەنە بىرسى ئاللاھ يولىدا جاراھەتلىنىپ، قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆز، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3830 – [ 43 ]** ( حسن ) وعن أبي هريرة قال : مر رجل من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم بشعب فيه عيينة من ماء عذبة فأعجبته فقال : لو اعتزلت الناس فأقمت في هذا الشعب فذكر ذلك لرسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " لا تفعل فإن مقام أحدكم في سبيل الله أفضل من صلاته سبعين عاما ألا تحبون أن يغفر الله لكم ويدخلكم الجنة ؟ اغزوا في سبيل الله من قاتل في سبيل الله فواق ناقة وجبت له الجنة " . رواه الترمذي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى تاغ يولىرىدىن بىرىدە تاتلىق سۇ ئاقىدىغان بىر بۇلاقنى كۆرۈپ، كاشكى مەن مۇشۇ جايدا كىشىلەردىن ئايرىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلسامكەن دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق قىلمىغىن، ھەققەتەن بىرىڭلارنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش جەڭ مەيدانىدا تۇرۇشى، ئۆيىدىكى 70 يىللىق نامىزىدىن ئەۋزەلدۇر، ئاللاھنىڭ سىلەرنى مەغپىرەت قىلىشىنى، جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى ياخشى كۆرمەمسىلەر؟ ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىڭلار، كىم ئاللاھ يولىدا تۆگىنى ئىككى قېتىم ساغقاننىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتچىلىك جەڭ قىلسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇ جەننەتكە ھەق بولىدۇ دىگەن. ئەھمەد 10367 _ ھەدىس، تىرمىزى 1574 _ ھەدىس، ھەسەن. (يۇقىرىدىمۇ ئەڭ ياخشى يولنىڭ ئىككى ئىكەنلىكى ئۆتۈپ كەتتى، بىرسى ئاللاھ يولىدا شېھىد بولۇش، بۇ ھەدىسمۇ شۇنى كۆرسەتتى، يەنە بىرسى، ئاشۇ ساھابە ھېس قىلغان ئىلىم، ئىبادەتتە زاھىد بولۇشتۇر، بۇ زاھىدلىققا كىيىنكى پىتنە _ پاساد دەۋرىدە رۇخسەتتۇر)

**3831 – [ 44 ]** ( ضعيف )وعن عثمان رضي الله عنه عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " رباط يوم في سبيل الله خير من ألف يوم فيما سواه من المنازل " . رواه الترمذي والنسائي

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كۈن ئۇرۇشقا، جەڭگە تەييارلىق قىلىش، ئات توقۇش، شۇ كۈندىن باشقا جەڭگە تەييارلىق قىلىنمايدىغان 1000 كۈندىن ياخشىدۇر. تىرمىزى، نەسەئى خاتىرلىگەن. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن.

**3832 – [ 45 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " عرض علي أول ثلاثة يدخلون الجنة : شهيد وعفيف متعفف وعبد أحسن عبادة الله ونصح لمواليه " . رواه الترمذي

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ماڭا جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان ئۈچ كىشى تەڭلەندى، ئۇلار؛1ـ شېھىد ، 2ـ ھارامدىن،سائىللىقتىن ساقلىنىدىغان ئىپپەتلىك كىشى، 3ـ الله قا ئىبادەتنى ياخشى قىلغان، ئۆز خوجايىنلىرىغا نەسىھەت قىلغان قۇلدۇر.تىرمىزى توپلىغان.

**3833 – [ 46 ]** ( صحيح ) وعن عبد الله بن حبشي : أن النبي صلى الله عليه وسلم سئل أي الأعمال أفضل ؟ قال : " طول

**القيام " قيل : فأي الصدقة أفضل ؟ قال : " جهد المقل " قيل : فأي الهجرة أفضل ؟ قال : " من هجر ما حرم الله عليه " قيل : فأي الجهاد أفضل ؟ قال : " من جاهد المشركين بماله ونفسه " . قيل : فأي القتل أشرف ؟ قال : " من أهريق دمه وعقر جواده " . رواه أبو داودوفي رواية للنسائي : أن النبي صلى الله عليه وسلم سئل : أي الأعمال أفضل ؟ قال : " إيمان لا شك فيه وجهاد لا غلول فيه وحجة مبرورة " . قيل : فأي الصلاة أفضل ؟ قال : " طول القنوت " . ثم اتفقا في الباقي**

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبشىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ:نامازدىكى قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇش دېدى، سەدىقىنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ دېيىلگەندە، پەقىرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، نامرات كىشىنىڭ بەرگەن سەدىقىسى دېدى، ھىجرەتنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ: **الله** ھارام قىلغان نەرسىنى تەرىك ئەتكەن كىشىنىڭ ھىجرىتى يەنى ھارامنى تەرىك ئېتىشى دېدى، جىھادنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ: مۇشرىكلەرگە قارشى مېلى بىلەن ، جېنى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىنىڭ جىھادى دېدى، ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ھەم ئۇلۇغراق؟ دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ:**الله** يولىدا ئات ـ ئۇلاغلىرى ئۆلتۈرۈلگەن، قېنى تۆكۈلگەن كىشىنىڭ ئۆلۈمى دېدى، يەنە؛ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، شەكسىز ئىمان، خىيانەتسىز جىھاد، مەقبۇل بولغان ھەجدۇر، نامازنىڭ ئەۋزىلى قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇشتۇردىگەن.ئەبۇداۋۇد ،نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**3834 – [ 47 ] ( صحيح ) وعن المقدام بن معدي كرب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " للشهيد عند الله ست خصال : يغفر له في أول دفعة ويرى مقعده من الجنة ويجار من عذاب القبر ويأمن من الفزع الأكبر ويوضع على رأسه تاج الوقار الياقوتة منها خير من الدنيا وما فيها ويزوج ثنتين وسبعين زوجة من الحور العين ويشفع في سبعين من أقربائه " . رواه الترمذي وابن ماجه**

مىقدام ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شېھىد ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئالتە يەنەبىرخاتىردە يەتتە خىسلەت ئىش باردۇر، تۇنجى قېتىم تامغان قېنىنىڭ بارابىرىگىلا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت بولۇپ بولىدۇ، ئۆز ئورنىنى جەننەتتىن كۆرەلەيدۇ، قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، چوڭ قورقۇنچىدىن، چۆچۈشتىن ئەمىن قالىدۇ، خاتىرجەم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا كاتتىلىق، ئۇلۇغلۇق تاجىسى قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ بىر تال ياقۇتى پۈتۈن دۇنيا، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، ئىمان توندىن تون، زىننەت قاتارلىقلار كىيدۈرۈلۈپ، جەننەتنىڭ ھورۇلئەيىن، شەھلا كۆزلۈك ھۆر قىزلىرىدىن 72سى خوتۇن قىلىپ بېرىلىدۇ، ئۆز ئەھلى بەيتلىرىدىن ئائىلىسى، يېقىن جەمەتىدىن 70 ئىنسانغا شاپائەت قىلىپ، جەننەتكە ئەكىرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**3835 – [ 48 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لقي الله بغير أثر من جهاد لقي الله وفيه ثلمة " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىم **الله** يولىدا جەڭ قىلماستىن، ئۆزىدە جىھادنىڭ بىرەر ئەسرى، ئالامىتى بولماستىن ئۆلسە، ئۇكىشى ئۆزىدە ئەيىب ـ نوقسان بار ھالەتتە **الله** قا ئۇچۇرشىدۇ.تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3836 – [ 49 ] ( حسن ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الشهيد لا يجد ألم القتل إلا كما يجد أحدكم ألم**

**القرصة " . رواه الترمذي والنسائي والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇ قەتادە،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىد دېگەن ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئەلەم، ئاغرىقىنى ھېس قىلمايدۇ، پەقەت خۇددى بىرىڭلار چۈمۈلىنىڭ چاققانلىقىنى ھېس قىلغانچىلىكلا شۇنچىلىك ھېس قىلىدۇ، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ. ەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىد دېگەن ئۆلتۈرۈلۈشدىن پەقەت بىرىڭلار چۈمۈلىنىڭ چاققانلىقىنى ھېس قىلغانچىلىك، شۇنچىلىكلا ھېس قىلىدۇ،تىرمىزى،دارىمى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، شېھىد، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە لەززەت ھېس قىلىدۇ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىد، ئەھلى بەيت ئائىلىسىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلالايدۇ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3837 – [ 50 ]** ( **حسن** ) **وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ليس شيء أحب إلى الله من قطرتين وأثرين : قطرة دموع من خشية الله وقطرة دم يهراق في سبيل الله وأما الأثران : فأثر في سبيل الله وأثر في فريضة من فرائض الله تعالى " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:**الله** قا ئىككى تامچىدىن ۋە ئىككى ئەسەر ئالامەتتىنمۇ سۆيۈملۈكراق بىرەر نەرسە يوقتۇر، ئىككى تامچىنىڭ بىرى، **الله** تىن قورقۇپ يىغلىغاندىكى كۆزنىڭ ياش تامچىسى، يەنە بىرى، **الله** يولىدا تۆكۈلگەن قان تامچىسى. ئىككى ئىز ئالامەتنىڭ بىرى؛ **الله** يولىدىكى جاراھەت ئىزى، ئۇرۇش ئالامىتى، يەنە بىرى؛ **الله** نىڭ پەرزلىرىدىن بىرەر پەرزدىكى ئالامەت ئىزدۇر(خۇددى نامازدىكى سەجدە ئىزى، تاھارەتتىكى ئالامەت، رۇزىدارنىڭ ئېغىز بۇيىدەك) تىرمىزى توپلىغان ھەسەن.

**3838 – [ 51 ]** ( **ضعيف** )**وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تركب البحر إلا حاجا أو معتمرا أو غازيا في سبيل الله فإن تحت البحر نارا وتحت النار بحرا " . رواه أبو داود**

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىزغا سەپەر قىلىپ چىقما. لېكىن، پەرز ھەجگە، ئۆمرە ھەجگە چىقساڭ، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچى غازى بولۇپ چىقساڭ بولىدۇ. ھەقىقەتەن دېڭىز ئاستىدا ئوت بار، ئوت ئاستىدا يەنە دېڭىز بار، دېگەن. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن. بەزىلەر بۇ ھەدىس مۆجىزە، سەھىھ بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ھەسەن دەرىجىسگە كۆتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەدىستىن يەر ئاستىدا زېمىننىڭ ئىچى ئوت دېگەن، تەنتاۋى رەھمەھۇللا بۇ دېگەنلىك زېمىننىڭ بىر يۈزىدە دېڭىز بار، قاپ ئوتتۇرىسىدا ئوت بار، يەنە بىر چېتىدە، يەنە بىر قۇرۇقلۇقدا يەنە دېڭىز بار دېگەن بولىدۇ. يانار تاغ بۇنىڭ شاھىدى دېگەن. بۇ بىر سىرلىق مۆجىزە، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، مېنى ھەيران قالدۇرغىنى مەيلى زەئىپ بولسۇن، مەيلى سەھىھ، ھەسەن بولسۇن، نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن مۇشۇ سۆز قىلىنغان، دېڭىز ئاستىدا ئوت بار دېيىلگەن، ھازىر بۇ ئىسپاتلاندى، ئاجايىپ ئىش دە!.

**3839 – [ 52 ]** ( **حسن** ) **وعن أم حرام عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " المائد في البحر الذي يصيبه القيء له أجر شهيد والغريق له أجر شهيدين " . رواه أبو داود**

ئۇممە هەرام رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا چىقىپ، دېڭىز دولقۇنىدىن كىمنىڭ تەۋرىگەنلىكىدىن بېشى قىيىپ، ياندۇرۇپ قوسۇپ كەتكەن كىشىگە بىر شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، غەرىق بولغان كىشىگە ئىككى شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ. (بىرى ئاللاھ يولىدا ئۆلۈش، يەنە بىرى سۇدا غەرىق بولۇشتۇر). ئەبۇ داۋۇد 2132 _ ھەدىس، سەھىھ.

**3840 – [ 53 ] ( ضعيف )وعن أبي مالك الأشعري قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : من فصل في سبيل الله فمات أو قتل أو وقصه فرسه أو بعيره أو لدغته هامة أو مات في فراشه بأي حتف شاء الله فإنه شهيد وإن له الجنة رواه أبو داود**

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. كىم ئاللاھ يولىدا ئۆيدىن ئايرىلسا، ئاندىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە ياكى باشقىلار ئۆلتۈرسە ياكى ئېتى، تۆگىسى دەسسەپ ئۆلتۈرسە ياكى زەھەرلىك ھاشارەت، يىلان، چايان چىقىپ ئۆلسە ياكى ئاللاھ خالىغان ھالاكەت بىلەن ئۆز كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلسە، ئۇ جەزمەن شېھىد بولىدۇ. ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن. چۈنكى، ئىككى راۋىيدا مەسىلە بار، بىرسى كۈچلۈك ئەمەس، يەنە بىرسى بەنى ئىبنى سەۋبان مەزھىپى، قەدرىيە تەقدىرگە تانىدىغان مەزھەپتە، ھەدىسى كۈچلۈك ئەمەس.

**3841 – [ 54 ] وعن عبد الله بن عمرو أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " قفلة كغزوة " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىھاد غازاتتىن قايتىشمۇ جىھاد، غازات قىلغانغا ئوخشاشتۇر، (يەنى جەڭ قىلىپ، غەلىبە قىلىپ قايتىش جەريانىدىمۇ تا ئۆيگە چۈشكىچە جەڭ قىلغاننىڭ ساۋابى، ئەجرى يېزىلىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3842 – [ 55 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " للغازي أجره وللجاعل أجره وأجر الغازي " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغۇچى غازى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەجرى تولۇق بېرىلىدۇ، ئەجىر ھەققىگە مال بېرىپ، ئورنىغا باشقىلارنى چىقىرىپ، غازىيلارنى جابدۇتقان كىشىگە ئۆزىنىڭ ئەجرى ۋە غازىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 2164 _ ھەدىس، سەھىھ. ئۇممە ھەرەم رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا چىقىپ، بېشى قېيىپ قۇسۇپ كەتكەن، ھۆ قىلغان كىشى ئۈچۈن بىر شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، دېڭىزدا غەرىق بولغۇچى ئۈچۈن ئىككى شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، (بىرى ئاللاھ يولىدا غەرىق بولدى، ئىككىنچىسى، سۇدا غەرىق بولدى). تەبرانى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت: دىنسىزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، دېڭىز ئارمىيىسىنى قۇرۇشتۇر.

**3843 – [ 56 ] وعن أبي أيوب سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " ستفتح عليكم الأمصار وستكون جنود مجندة يقطع عليكم فيها بعوث فيكره الرجل البعث فيتخلص من قومه ثم يتصفح القبائل يعرض نفسه عليهم من أكفيه بعث كذا ألا وذلك الأجير إلى أخر قطرة من دمه " . رواه أبو داود**

ئەبۇئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:يات يېقىندا سىلەرگە نۇرغۇن شەھەرلەر ئىشغال قىلىنىدۇ، يېقىندا نۇرغۇن توپلاشقان،بىرلەشكەن قوشۇن بولىدۇ، شۇچاغلاردا سىلەرگە

(ئىشغال قىلىنغان جايلارغا ئەۋەتىش ئۈچۈن)ئەسكەر چىقىرىش بىكىتىلىدۇ، ئەسكەرلىككە ئادەم قوبۇل قىلىنىدۇ، لېكىن ھەرقانداق بىركىشى ئەسكەرلىكنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇ ئۆز قەۋمىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئاندىن باشقا قەبىلىلەرگە ئۆزىنى تەڭلەپ، ئۇلاردىن سوراپ سۈرۈشتۈرۈپ، كىمنىڭ ئورنىدا مەن كۇپايە بولۇپ ئەسكەر بولىمەن؟ كىمنىڭ ئورنىدا مۇنچىلىك پۇلغا ئەسكەر بولۇپ بېرىمەن؟دەيدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەنە شۇنداق پۇلنى كۆزلەپ چىققان كىشى، ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغىچە يەنى ئۆلگىچە ئىجارىكەشتۇر(يەنى ئۇ مۇجاھىد ئەمەس،بەلكى ئىجارىچىدۇر)ئەبۇداۋۇد2163 ـ ھەدىس،ئەھمەد22402 ـ ھەدىس.

**3844 – [ 57 ] وعن يعلى بن أمية قال : آذن رسول الله صلى الله عليه وسلم بالغزو وأنا شيخ كبير ليس لي خادم فالتمست أجيرا يكفيني فوجدت رجلا سميت له ثلاثة دنانير فلما حضرت غنيمة أردت أن أجري له سهمه فجئت النبي صلى الله عليه وسلم فذكرت له فقال : " ما أجد له في غزوته هذه في الدنيا والآخرة إلا دنانيره التي تسمى " . رواه أبو داود**

يەئلا ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ غازاتقا چىقىشنى ئېلان قىلدى،مېنىڭ خادىم قۇلۇم يوق ئىدى، مەن بەك قېرىپ كەتكەن بولغاچقا ئۆرۈشقا ئۆزۈم چىقالماي، بىر كىشىنى ئۈچ دىنارغا ئىجارە ئېلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا ئۇرۇشقا چىقاردىم، كېيىن غەلىبە قىلىپ، غەنىيمەت كەلگەندە،مەن ئەشۇ ئىجارىگە ئالغان كىشىمنىڭ نىسىۋىسىنى مەقسەت قىلىپ كېلىپ، بۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا مۇنداق دېگەن: مەن ئۇ كىشىنىڭ بۇ قېتىمقى مۇشۇ غازاتنى قىلىشىدا دۇنيا، ئاخىرەتلىك(ئەجىردىن) ھېچنەرسە تاپالمىدىم، پەقەت ئات قويۇپ ئالغان، جىھادقا مەخسەت قىلىپ چىققان ئاشۇ ئۈچ دىنارنى ئۇنىڭ ھەققى دەپ تاپتىم، ئۇنىڭدىن باشقا ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت يوق دېگەن ئىدى. ئەبۇ داۋۇد 2165 ـــ ھەدىس، ئەھمەد 17277 ـــ ھەدىس، سەھىھ، بۇ ھەدىسدىن گەرچە ئورنىغا باشقا كىشىنى جەڭگە چىقىرىش دۇرۇس بولسىمۇ، ئاساسى مەخسەت، نىيەت، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش، ئىسلام دىنى، ئاخىرەت بولۇشى كېرەك، غەلبە قىلسا، غەنىيمەت شۇ يەردە باردۇر.

**3845 – [ 58 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أن رجلا قال : يا رسول الله رجل يريد الجهاد في سبيل الله وهو يبتغي عرضا من عرض الدنيا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لا أجر له " . رواه أبو داود**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىر كىشى الله يولىدىكى جىھادقىلىشىدىن بۇدۇنيانىڭ مال ـ ماتالىرىدىن بىرەر نەرسىنى تەلەپ قىلىپ چىقسا قانداق بولىدۇ؟دېگەندە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ئۇنداق كىشىگە ئەجىر ساۋاب يوقتۇر دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**3846 – [ 59 ] ( حسن ) وعن معاذ قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الغزو غزوان فأما من ابتغى وجه الله وأطاع الإمام وأنفق الكريمة وياسر الشريك واجتنب الفساد فإن نومه ونهبه أجر كله . وأما من غزا فخرا ورياء وسمعة وعصى الإمام وأفسد في الأرض فإنه لم يرجع بالكفاف " . رواه مالك وأبو داود والنسائي**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غازات يەنى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش، ئىككى خىل بولىدۇ، ئەمما، بىر كىشى ئاللاھنىڭ جامالىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، ئىماماغا ئىتائەت قىلىپ، مال ـــ مۈلكىنىڭ ئىسىللىرىنى چىقىم قىلىپ جەڭ قىلسا، شېرىكىگە ئاسان قىلسا، زېمىندا پىتنە ـــ پاساد تېرىشدىن يىراق بولسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۇخلىشى، ئويغۇنىشى، بارلىق سۆز ـــ ھەرىكىتى، ئەجىر ـــ

ساۋاب بولىدۇ، ئەمما بىر كىشى پەخىرلىنىپ، كۆرسەتمە رىيا قىلىپ، ئاڭلاتما رىيا قىلىپ، ئىماماغا ئاسىيلىق قىلىپ، زىمىندا پىتنە ــ پاساد تېرىپ ئۇرۇش قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ كىچىككىنە ئەجىر بىلەنمۇ قايتالمايدۇ، قەتئىي ساۋاب يوق، ئەھمەد 21031 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2154 ــ ھەدىس، دارىمى 2310 ــ ھەدىس، نەسەئى 4124 ــ ھەدىس،مالىك، ھاكىم، بەيھەقىمۇ توپلىغان، ھەسەن.

**3847 – [ 60 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو أنه قال : يا رسول الله أخبرني عن الجهاد فقال : " يا عبد الله بن عمرو إن قاتلت صابرا محتسبا بعثك الله صابرا محتسبا وإن قاتلت مرائيا مكاثرا بعثك الله مرائيا مكاثرا يا عبد الله بن عمرو على أي حال قاتلت أو قتلت بعثك الله على تلك الحال " . رواه أبو داود**

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ماڭا جىھاد توغرۇلۇق خەۋەر بەرسلە، دەپتۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئابدۇللا، سەن سەۋرى قىلىپ ساۋاب ئۈمىد قىلىپ جەڭ قىلغان بولساڭ، ئاللاھ سېنى شۇنداق ھالەتتە قوپۇرىدۇ، رىيا قىلىپ غەنىيمەتنى كۆپ ئېلىش نىيىتىدە جەڭ قىلغان بولساڭ، ئاللاھ سېنى شۇلاردىن قىلىپ قوپۇرىدۇ، قانداق ھالدا جەڭ قىلساڭ ئاللاھ سېنى نىيىتىڭگە ئاساسەن شۇ ھالدا قوپۇرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى ئىسناد يوللىرىنى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن.

**3848 – [ 61 ] وعن عقبة بن مالك عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أعجزتم إذا بعثت رجلا فلم يمض لأمري أن تجعلوا مكانه من يمضي لأمري ؟ " . رواه أبو داودوذكر حديث فضالة : " والمجاهد من جاهد نفسه " . في " كتاب الإيمان "**

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە بىرەركىشىنى باش قىلىپ ئەۋەتسەم، ئۇ مېنىڭ بۇيرۇقىمنى ئىجرا قىلمىسا، ئەمىر-پەرمانىمنى راۋان قىلمىسا، سىلەر ئۇنىڭ ئورنىغا بۇيرۇقىمنى ئىجرا قىلىدىغان، ئەمىر-پەرمانىمنى راۋان قىلىدىغان بىر كىشىنى سايلاشقا ئاجىز كىلەمسىلەر؟ (يەنى ئاسىينى ئېلىپ تاشلاپ، ئىتائەتچان كىشىنى ئۆزۈڭلارغا باش قىلىپ سايلاڭلار) ھەقىقى مۇجاھىد ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلغان كىشىدۇر. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3849 – [ 62 ] الفصل الثالث عن أبي أمامة قال : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في سرية فمر رجل بغار فيه شيء من ماء وبقل فحدث نفسه بأن يقيم فيه ويتخلى من الدنيا فاستأذن رسول الله صلى الله عليه وسلم في ذلك فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لم أبعث باليهودية ولا بالنصرانية ولكني بعثت بالحنيفية السمحة والذي نفس محمد بيده لغدوة أو روحة في سبيل الله خير من الدنيا وما فيها ولمقام أحدكم في الصف خير من صلاته ستين سنة " . رواه أحمد**

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بىرقېتىملىق ئۇرۇشقا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە قوشۇن تارتىپ چىقتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى تاغ يوللىرىدىن بىرغاردا سەي-كۆكتات، ئاتلىق سۇ، ئاقىدىغان بىر بۇلاقنى كۆرۈپ؛ كاشكى مەن مۇشۇ جايدا بۇدۇنيادىن، بارلىق كىشىلەردىن ئايرىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ تۇرسامكەن دەپ، رەسۇلۇللاھتىن ئىزنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق قىلمىغىن، مەن يەھۇدىي،ناسارالارنىڭ دىنى بىلەن ئەۋەتىلمىدىم، لېكىن مەن ھەققە مايىل، ئاسان بولغان، ئىسلام دىنى بىلەن ئەۋەتىلدىم، **الله** بىلەن قەسەمكى، **الله** يولىدا ئەتىگەن-ئاخشام ئۇرۇشقا بېرىپ-كىلىش،ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىش پۈتۈن دۇنيادىن، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، ھەقىقەتەن بىرىڭلارنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش جەڭ مەيدانىدىكى سەپتە تۇرۇشى، ئۆيىدىكى 60

يىللىق نامىزىدىن ئەۋزەلدۇر،دېدى.ئەھمەد توپلىغان.

**3850 – [ 63 ] ( صحيح ) وعن عبادة بن الصامت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من غزا في سبيل الله ولم ينو إلا عقالا فله ما نوى " . رواه النسائي**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدىكى جەڭنى، ئۇ پەقەت (ئاللاھنىڭ جامالىنى، جەننەتنى ئەمەس) بەلكى، بىرەر زىمىننى يا غەنىيمەتنى نىيەت قىلىپ قىلسا، ئۇ كىشىگە نىيەت قىلغىنى بېرىلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3851 – [ 64 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من رضي بالله ربا والإسلام دينا وبمحمد رسولا وجبت له الجنة " . فعجب لها أبو سعيد فقال : أعدها علي يا رسول الله فأعادها عليه ثم قال : " وأخرى يرفع الله بها العبد مائة درجة في الجنة ما بين كل درجتين كما بين السماء والأرض " . قال : وما هي يا رسول الله ؟ قال : " الجهاد في سبيل الله الجهاد في سبيل الله " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ سەئىد! كىم ئاللاھقا رەب جەھەتتىن رازى بولسا، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن رازى بولسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىب بولىدۇ، ئۇ جەننەتكە ھەقلىق بولىدۇ، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇئەنھۇ بۇسۆزگە ئەجەپلىنىپ كېتىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇسۆزنى ماڭا يەنە بىر قېتىم قايتىلاپ بەرسىلە دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇ سۆزنى ئۇنىڭغا قايتىلاپ بېرىپ؛ لېكىن، يەنە بىر ئىش باربولۇپ، **الله** تائالا بەندىگە شۇ ئىش سەۋەبلىك جەننەتتە 100 دەرىجە يۇقىر كۆتۈرىدۇ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى خۇددى ئاسمان ــ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك چوڭدۇر،دېدى. ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇئەنھۇ ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇقانداق ئىش؟دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ ئىش بولسا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر!...... دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3852 – [ 65 ] ( صحيح ) وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أبواب الجنة تحت ظلال السيوف " فقام رجل رث الهيئة فقال : يا أبا موسى أنت سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول هذا ؟ قال : نعم فرجع إلى أصحابه فقال : أقرأ عليكم السلام ثم كسر جفن سيفه فألقاه ثم مشى بسيفه إلى العدو فضرب به حتى قتل . رواه مسلم**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچ سايىسى ئاستىدا، ئاندىن ھەيئەت،تەق-تۇرقى كۆرۈمسىز،نامرات چىراي بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى ئەبۇمۇسا! سەن راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟دېدى، ئەبۇمۇسا؛ ھەئە ئاڭلىدىم دېدى، ئۇكىشى قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ؛ سىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سالام يوللايمەن دەپ، قىلىچىنىڭ غىلىپىنى كىسىپ تاشلىۋېتىپ، ئاندىن قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە دۈشمەنلەر ئارىسىغا كىرىپ، قاتتىق جەڭ قىلىپ، شېھىد قىلىندى. ئەھمەد، مۇسلىم تىرمىزى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس، خۇددى «جەننەت ئانىنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دېگەنگە ئوخشايدۇ. ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن جەننەتكە كىرگەندەك، جەڭ مەيدانىغا بارتۇلارچە قىلىچ ئوينىتىپ كىرىپ شېھىد بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ.ھەدىسنى ساھابىلار ئەنە شۇنداق تىرلا توغرا چۈشىنەلەيتتى.

**3853 – [ 66 ] وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لأصحابه : " إنه لما أصيب إخوانكم يوم أحد جعل الله أرواحهم في جوف طير خضر ترد أنهار الجنة تأكل من ثمارها وتأوي إلى قناديل من ذهب معلقة في ظل العرش فلما وجدوا طيب مأكلهم ومشربهم ومقيلهم قالوا : من يبلغ إخواننا عنا أننا أحياء في الجنة لئلا يزهدوا في الجنة ولا ينكلوا عند الحرب فقال الله تعالى : أنا أبلغكم عنكم فأنزل الله تعالى : ( ولا تحسبن الذين قتلوا في سبيل الله أمواتا بل أحياء ) إلى أخر الآيات ) رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرىغا مۇنداق دىگەن: قېرىنداشلىرىڭلارغا ئوھۇد كۈنى مۇسىبەت يەتكەندە، (يەنى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار شېھىد بولغاندا)، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ روھلىرىنى يېشىل قۇشنىڭ ئىچىدە قىلدى، بۇ قۇش، جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدىن سۇ ئىچىدۇ، مىۋىلىرىدىن يەيدۇ، ئاندىن ئەرشنىڭ سايىسىغا ئېسىقلىق ئالتۇن قەپەزلىرىگە قايتىپ كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ، ئۇلار يېمەك ــ ئىچمەكلىرىنىڭ، ئارامگاھلىرىنىڭ لەززىتىنى تاپقاندا، مۇنداق دىيىشىپ كېتىدۇ، بىزنىڭ جەننەتتە ھايات ئىكەنلىكىمىزنى، دائىم رىزىقلىنىپ تۇرىۋاتقانلىقىمىزنى، ئۇلارنىڭ جىھادنى تەرىك ئەتمەسلىكى، جەڭدە قورقماسلىقى، ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۆزلىرى جەڭدىن قېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ ئۇ دۇنيادا قالغان قېرىنداشلىرىمىزغا كىم بۇ ئىشلارنى يەتكۈزىدۇ؟ ئاندىن ئاللاھتائالا؛ مانا مەن يەتكۈزىمەن دەپ، «الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلماڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر........»«دىگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3854 – [ 67 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي سعيد الخدري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " المؤمنون في الدنيا على ثلاثة أجزاء : الذين آمنوا بالله ورسوله ثم لم يرتابوا وجاهدوا بأموالهم وأنفسهم في سبيل الله والذي يأمنه الناس على أموالهم وأنفسهم ثم الذي إذا أشرف على طمع تركه لله عز وجل " . رواه أحمد**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەر بۇدۇنيادا ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ؛1ـ الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئىمانىدا قىلچىلىك شەك قىلمىغان، الله يولىدا مال‍لىرى،جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغانلاردۇر.2ـ كىشىلەر مال ــ مۈلۈكلىرىگە، ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئەمىن بولغان، خاتىرجەم ئىشەنگەن، كىشىلەرنى مال ــ مۈلكىدىن، جانلىرىدىن خاتىرجەم قىلغان مۆئمىن كىشىدۇر، 3ـ بىرەر نەرسىنى نەپسى تاما قىلسا، ئۇنى الله تائالانىڭ رازىيلىقىنى كۆزلەپ تەرىك ئەتكەن كىشىدۇر. ئەھمەد توپلىغان.

**3855 – [ 68 ] ( حسن ) وعن عبد الرحمن بن أبي عميرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما من نفس مسلمة يقبضها ربها تحب أن ترجع إليكم وأن لها الدنيا وما فيها غير الشهيد " قال ابن عميرة : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لأن أقتل في سبيل الله أحب إلي من أن يكون لي أهل الوبر والمدر " . رواه النسائي**

ئىبنى ئەبۇ ئۆمەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەردىن پەرۋەردىگارى جېنىنى ئالغان ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى،(جەننەتكە كىرىپ بۇلۇپ ئاندىن) سىلەرگە قايتىپ كېلىشنى، دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، پەقەت، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلا شېھىدلىقنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەچكە، بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىشنى، پۈتۈن دۇنيانى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىشنى، ئاندىن يەنە بىر قېتىم شېھىد بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئاللاھ

يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشۈم، ماڭا مەن ئۈچۈن بارلىق يۈك كېگىز ئۆي ئەھلى، چالما ئۆي ئەھلىنىڭ بىرلىشىدىن يەنى پۈتۈن دۇنيانىڭ بىرلىشىدىن سۆيۈملۈكتۇر. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3856 – [ 69 ] وعن حسناء بنت معاوية قالت : حدثنا عمي قال : قلت للنبي صلى الله عليه وسلم : من في الجنة ؟ قال : " النبي في الجنة والشهيد في الجنة والمولود في الجنة والوئيد في الجنة " . رواه أبو داود**

ھەسنائ بىنتى مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، بىزگە تاغام مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەردى؛ مەن رەسۇلۇللاھقا؛ كىم ـ كىملەر جەننەتتە بولىدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر جەننەتتە، شېھىد جەننەتتە، سىددىق جەننەتتە، ئىسلام ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللار جەننەتتە،تىرىك كۆمۈۋىتىلگەن باللار جەننەتتە بولىدۇ دىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3857 – [ 70 ] ( ضعيف )وعن علي وأبي الدرداء وأبي هريرة وأبي أمامة وعبد الله بن عمر وعبد الله بن عمرو وجابر بن عبد الله وعمران بن حصين رضي الله عنهم أجمعين كلهم يحدث عن رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه قال : " من أرسل نفقة في سبيل الله وأقام في بيته فله بكل درهم سبعمائة درهم ومن غزا بنفسه في سبيل الله وأنفق في وجهه ذلك فله بكل درهم سبعمائة ألف درهم " . ثم تلا هذه الآية : ( والله يضاعف لمن يشاء )رواه ابن ماجه**

ئەلى ئەبۇددەردائى، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئومام، ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ، جابىر، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆيىدە ئولتۇرغان بولسىمۇ ئاللاھ يولىدا جەڭ تەييارلىقى ئۈچۈن نەپىقە خىراجەت ئەۋەتسە، ھەربىر دەرھەمگە 700 دەرھەم بەرگەندەك ساۋاب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇرۇشقا ئۆزى قاتنىشىپ شۇنداق نەپىقە خىراجەت بەرگەن بولسا، ھەربىر دەرھەمگە 700000 دەرھەم بەرگەندەك ساۋاب بولىدۇ.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەتتە دان، يەتتە باشاقچە تىلغا ئېلىنىدىغان ئايەتنى ئاللاھ خالىغان كىشىگە چەندان ــ چەندان زىيادە قىلىپ بېرىدۇ دىگەن يەرگىچە ئوقۇدى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس زەئىپ دىگەن. چۈنكى، بىر راۋىسى نامەلۇم، بىلىنمەيدۇ، يەنە بىر راۋىسى خاتالىشىدۇ، يەنە بىرسى بولسا ھۆججەت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىس ساھابىلار كۆپ بولسىمۇ، يەنىلا زەئىپ دىيىلدى.

**3858 – [ 71 ] ( لم تتم دراسته )وعن فضالة بن عبيد قال : سمعت عمر بن الخطاب يقول : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الشهداء أربعة : رجل مؤمن جيد الإيمان لقي العدو فصدق الله حتى قتل فذلك الذي يرفع الناس إليه أعينهم يوم القيامة هكذا " ورفع رأسه حتى سقطت قلنسوته فما أدري أقلنسوة عمر أراد أم قلنسوة النبي صلى الله عليه وسلم ؟ قال : " ورجل مؤمن جيد الإيمان لقي العدو كأنما ضرب جلده بشوك طلح من الجبن أتاه سهم غرب فقتله فهو في الدرجة الثانية ورجل مؤمن خلط عملا صالحا وآخر سيئا لقي العدو فصدق الله حتى قتل فذلك في الدرجة الثالثة ورجل مؤمن أسرف على نفسه لقي العدو فصدق الله حتى قتل فذاك في الدرجة الرابعة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

پۇزالەتتىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:شېھىدلەر تۆت تۈرلۈك بولىدۇ، 1 ـ ئىمانى كامىل مۆئمىن كىشى دۈشمەنگە ئۇچۇرشۇپ، **الله** قا ۋە **الله** نىڭ ئۇنىڭغا بىرىدىغان مۇكاپاتىغا شەكسىز ئىشىنىپ تەستىقلاپ، ئۇرۇش مەيدانىدا **الله** يولىدا ئۆلتۈرلىدۇ، ئەنە شۇكىشى شۇنداق يۇقىر دەرجىدە بولۇدۇكى،قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى كۆتۈرشۈپ ، مانا مۇشۇنداق قاراپ قالىدۇ، ـ بۇنى

ئەمەلی كۆرستىپ بىرىمەن دەپ، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، باش كىيىم يەرگە چۈشۈپ كەتتى. 2 ـ ئىمانى كامىل مۆئمىن كىشى دۈشمەنگە ئۇچۇرشۇپ، دۈشمەندىن قورىققىنىدىن گۈياكى بەدەنلىرىگە شۇخۇلۇق دەرەخ ئۇرۇلۇپ،تىرىسىگە ئۇنىڭ تىكەنلىرى سانچىلغاندەك تىترەپ،قورقۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا نا تونۇش ئوق تېگىپ،ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، بۇكىشى ئىككىنجى دەرىجىدە بولىدۇ،3 ـ ياخشى ئەمەللىرىگە يامان ئەمەللەرنى ئارلاشتۇرۇپ قىلغان مۆئمىن كىشى دۈشمەنگە ئۇچۇرشۇپ، **الله** قا ۋە **الله** نىڭ ئۇنىڭغا بىرىدىغان مۇكاپاتىغا شەكسىز ئىشىنىپ تەستىقلاپ، **الله** يولىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلتۈرلىدۇ، ئەنەشۇكىشى ئۈچۈنجى دەرىجىدە بولىدۇ،4 ـ ئۆزىگەكۆپ زۇلۇم قىلغان، گۇناھلارنى قىلىپ ئىسراپ قىلغان،ھەددىدىن ئاشقان مۆئمىن كىشى دۈشمەنگە ئۇچۇرشۇپ، **الله** قا ۋە **الله** نىڭ ئۇنىڭغا بىرىدىغان مۇكاپاتىغا شەكسىز ئىشىنىپ تەستىقلاپ، ئۇرۇش مەيدانىدا **الله** يولىدا ئۆلتۈرلىدۇ، ئەنەشۇكىشى تۆرتىنجى دەرىجىدە بولىدۇ.تىرمىزى توپلىغان .

**3859 – [ 72 ]** ( صحيح ) **وعن عتبة بن عبد السلمي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " القتلى ثلاثة : مؤمن جاهد نفسه وماله في سبيل الله فإذا لقي العدو قاتل حتى يقتل " قال النبي صلى الله عليه وسلم فيه : " فذلك الشهيد الممتحن في خيمة الله تحت عرشه لا يفضله النبيون إلا بدرجة النبوة ومؤمن خلط عملا صالحا وآخر سيئا جاهد بنفسه وماله في سبيل الله إذا لقي العدو قاتل حتى يقتل " قال النبي صلى الله عليه وسلم فيه : " ممصمصة محت ذنوبه وخطاياه إن السيف محاء للخطايا وأدخل من أي أبواب الجنة شاء ومنافق جاهد بنفسه وماله فإذا لقي العدو قاتل حتى يقتل فذاك في النار إن السيف لا يمحو النفاق " . رواه الدارمي**

ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، 1 ـ **الله** يولىدا جېنى بىلەن،مېلى بىلەن جىھاد قىلىپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا، **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىپ شېھىد بولىدۇ، ئەشۇ جىھاد مۇشەققەتلىرىگە.ئېغىر سىناقلارغا سەۋرە قىلغۇچى شېھىد ئەرشىنىڭ ئاستىدىكى **الله** نىڭ چېدىرىدىلا تۇرىدۇ، پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭدىن پەقەت پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى بىلەنلا، پەزىلەت جەھەتتىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ، 2 ـ ياخشى ئەمەللىرىگە يامان ئەمەللەرنى ئارلاشتۇرۇپ قىلغان مۆئمىن كىشى بولۇپ، بۇمۇ **الله** يولىدا جېنى بىلەن،مېلى بىلەن جىھاد قىلىپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىپ شېھىد بولىدۇ، بۇنىڭ جىھادى خاتالىقتىن پاكلىغۇچى جىھاد بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىنى،خاتالىقلىرىنى ئۇچۇرۇپ تاشلايدۇ، ھەقىقەتەن قىلىچ خاتالىقلارنى ئۇچۇرگۇچىدۇر، بۇكىشى جەننەتكە جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ قايسىسىدىن كىرىشنى خالىسا، شۇ ئىشىكتىن كىرگۈزلىدۇ،3 ـ مۇناپىق كىشمۇ جېنى بىلەن،مېلى بىلەن جىھاد قىلىپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرلىدۇ، بۇ مۇناپىق بەربىر دەۋزەخكە كىرىدۇ، قىلىچ مۇناپىقلىقنى ئۇچىرەلمەيدۇ.دارىمى توپلىغان سەھىھ.

**3860 – [ 73 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن ابن عائذ قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم في جنازة رجل فلما وضع قال عمر بن الخطاب رضي الله عنه : لا تصل عليه يا رسول الله فإنه رجل فاجر فالتفت رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى الناس فقال : " هل رآه أحد منكم على عمل الإسلام ؟ " فقال رجل : نعم يا رسول الله حرس ليلة في سبيل الله فصلى عليه رسول الله صلى الله عليه وسلم وحثا عليه التراب وقال : " أصحابك يظنون أنك من أهل النار وأنا أشهد أنك من أهل الجنة " وقال : " يا عمر إنك لا تسأل عن أعمال الناس ولكن تسأل عن الفطرة " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئىبنى ئائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ جىنازىسىغا چىقىپ،

جنازا ناماز ئۇچۇن قويۇلغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇكىشىگە ناماز ئوقۇمىسىلا، چۈنكى بۇ پاسىق،پاجىر كىشىدۇر دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەر تەرەپكە قاراپ؛ سىلەردىن بىرەر كىشى بۇكىشىنى ئىسلامنىڭ بىرەر خىزمىتى ئۈستىدە كۆرگەنمۇ؟دېدى، بىركىشى ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مانا مەن كۆرگەن، بۇكىشى **الله** يولىدا بىر كېچە پوستتا تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى مۇھاپىزەت قىلغان دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىشىگە ناماز چۈشۈرۈپ، (قەبرە بېشىدا) ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا چېچىپ تاشلاپ؛ ھەمراھلىرىڭ سىنى دەۋزەخ ئەھلىدىن دەپ گۇمان قىلىشىدىكەن، مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەن جەننەت ئەھلىدىن بولىسەن. ئى ئۆمەر!سەن كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن سورالمايسەن، لېكىن سەن پىترەت، ئىسلام دىنى توغرىسىدا سورىلىسەن دېدى. بەيھەقى توپلىغان.

**ئۇرۇش تەييارلىقى توغرىسىدا** **باب إعداد آلة الجهاد – الفصل الأول**

**3861 – [ 1 ]** ( صحيح ) **عن عقبة بن عامر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو على المنبر يقول : " ( وأعدوا له ما استطعتم من قوة ) ألا إن القوة الرمي ألا إن القوة الرمي ألا إن القوة الرمي ) رواه مسلم**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە، سۈرە ئەنپالدىكى «قادىر بولالىشىڭلارچە دۈشمەنگە قارشى كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتىن تەييارلىق قىلىڭلار»دىگەن كۈچ ــ قۇۋۋەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دىگەنلىكى ئاڭلىدىم: ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن كۈچ ــ قۇۋۋەت، ئوق ئېتىش، ئوق ئېتىش! ئوق ئېتىش!!! دەپ ئۈچ قېتىم دىگەن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، (سىلەرمۇ ئاگاھ بولۇڭلاركى، راستىنلا كۈچ ــ قۇۋۋەت، تەييارلىق، ئوق ئېتىش، بومبا ئېتىش!راكىتا ئېتىش!! ئاتوم ئېتىشتۇر!!!.)

**3862 – [ 2 ]** ( صحيح ) **وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ستفتح عليكم الروم ويكفيكم الله فلا يعجز أحدكم أن يلهو بأسهمه " . رواه مسلم**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پات يېقىندا سىلەرگە رۇم زىمىنى ۋە نۇرغۇن زىمىنلار ئىشغال قىلىنىدۇ، سىلەرگە ئاللاھ كۇپايە بولىدۇ، شۇ چاغدىمۇ بىرىڭلار ئوقيالىرىنى ئويناشتىن، قارىغا ئېتىپ تۇرۇشتىن ئاجىز كەلمىسۇن، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3863 – [ 3 ]** ( صحيح )

**وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من علم الرمي ثم تركه فليس منا أو قد عصى " . رواه مسلم**

ئۇقبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئوق ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى بىلىپ، ياخشى ئۆگىنىپ، ئاندىن ئۇنى تەرك ئېتىپ تاشلىۋەتسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس. (يەنى ئەخلاقىمىزدىن، باتۇرئەسكەرلىرىمىزدىن ئەمەس،ئۇ ئاسىيدۇر). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئوق ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، تەرك ئەتىپ تاشلىۋەتسە، ھەقىقەتەن ئۇ كاتتا بىر نېئمەتكە كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان سەھىھ. راست! ئوق ئېتىش، قارىغا ئېتىش كاتتا نېئمەتتۇر، ئۇ جەڭ مەيدانىدا مىسلىسىز نېئمەتتۇر، قارىغا ئېتىپ، نىشانلاپ ئاتقان كاپىرنىڭ بارلىق نەرسىلىرى غەنىيمەتتۇر، نېخى ئاخىرەتتىكى دەرىجىلەر ئۇنىڭدىن زور نېئمەتتۇر. سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوقيا ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئۇ ئويۇنلىرىڭلارنىڭ ياخشىسىدۇر،بەزار، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**3864 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن سلمة بن الأكوع قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم على قوم من أسلم يتناضلون بالسوق فقال : " ارموا بني إسماعيل فإن أباكم كان راميا وأنا مع بني فلان " لأحد الفريقين فأمسكوا بأيديهم فقال : " ما لكم ؟ " قالوا : وكيف نرمي وأنت مع بني فلان ؟ قال : " ارموا وأنا معكم كلكم " . رواه البخاري**

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋەئ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ ، ئەسلەم قەبىلىسىدىن سۇۋق دېگەن جايدا ئوقيا ئېتىپ مۇسابىقە قىلىشىۋاتقانلارغا؛ ئى ئىسمائىلنىڭ بالىلىرى! ئېتىڭلار!، ھەقىقەتەن داداڭلارمۇ، بوۋاڭلارمۇ ئوقيا ئاتاتتى دەپ، ئىككى پىرقىنىڭ بىرسى ئۈچۈن مەن پالانىنىڭ باللىرى بىلەن بىللە دېدى، ئۇلار ئېتىشتىن توختاپ قالدى، رەسۇلۇللاھ؛سىلەرگە نىمە بولدى؟دېسە، ئۇلار؛ سىلى پالانىنىڭ باللىرى بىلەن بىللە بولسىلا، بىز قانداق ئاتالايمىز؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛مەن ھەممىڭلار بىلەن بىللە ئېتىڭلار،ئېتىڭلار! دېدى. ئەھمەد، بۇخارى، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

**3865 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : كان أبو طلحة يتترس مع النبي صلى الله عليه وسلم بترس واحد وكان أبو طلحة حسن الرمي فكان إذا رمى تشرف النبي صلى الله عليه وسلم فينظر إلى موضع نبله . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىرلا قالقاندا دۈشمەندىن مۇداپىئەلەنگەن ئىدى، ئۇ ئوقيانى بەك ياخشى ئاتاتتى، ئۇ ئوق ئاتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بويىنىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقىنىڭ تەككەن جايىغا قارايتتى.بۇخارى توپلىغان

**3866 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ( البركة في نواصي الخيل )**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەرىكەت ئاللاھ يولدا بېقىلغان ئاتنىڭ چېكىسىدە بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3867 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن جرير بن عبد الله قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يلوي ناصية فرس بأصبعه ويقول : " الخيل معقود بنواصيها الخير إلى يوم القيامة : الأجر والغنيمة " . رواه مسلم**

ئۇرۋەت، جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارماقلىرى بىلەن ئاتنىڭ چېكىسىنى تاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر، غەنىيمەتتىن ئىبارەت، ياخشىلىق چىگىلگەندۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق چىگىلگەندۇر، (بۇ ياخشىلىق ئەجىر بىلەن غەنىيمەتتۇر) بۇ ھەدىسنى مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، تەبرانىيلار، ئىبنى ئۆمەر، ئۇرۋەت، ئەنەس، ئەبۇ زەر، ئەبۇسەئىد، سەۋادەت، نۇئمان، ئەبۇ كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىردۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىق قىيامەت كۈنىگىچە ئاللاھ يولدا بېقىلغان ئاتنىڭ چېكىسىگە باغلانغاندۇر، بۇنداق ئاتقا، نەپىقە، چىقىم قىلغۇچى، خۇددى سەدىقە، نەپىقىگە ئالقىنىنى يۇمماستىن ئېچىپ تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ، ئەۋسەتتە بار، سەھىھ.

| |
|---|
| **3868 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من احتبس فرسا في سبيل الله إيمانا وتصديقا بوعده فإن شبعه وريه وروثه وبوله في ميزانه يوم القيامة " . رواه البخاري**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ ئەجىر ــ ساۋاب ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، تەستىقلاپ، ئاللاھ يولىدا جەڭ ئېتىنى باقسا، ئۇ ئاتنىڭ ئوت ــ چۆپكە تويىشى، سۇغا قېنىشى، تېزىكى، سۈدىكى، ھەممە نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ مىيزانغا چۈشىدۇ، ياخشىلىق قاتارىدا مىيزاندا تارتىلىدۇ. بۇخارى 2641 ــ ھەدىس، نەسەئى 3526 ــ ھەدىس، ئەھمەد 8511 ــ ھەدىس توپلىغان، سەھىھ. |
| **3869 – [ 9 ] ( صحيح ) وعنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يكره الشكال في الخيل والشكال : أن يكون الفرس في رجله اليمنى بياض وفي يده اليسرى أو في يده اليمنى ورجله اليسرى . رواه مسلم**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ئالدى سول پۇتى بىلەن ئارقا ئوڭ پۇتىدا ياكى ئەكسى بۇيىچە پۇتلىرىنىڭ بەزىسىدە ئاق رەڭ بار ئاتنى ياخشى كۆرمەيتتى، يامان كۆرەتتى. مۇسلىم 3483 ــ ھەدىس، تىرمىزى 1620 ــ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 9515 ــ ھەدىس، سەھىھ. |
| **3870 – [ 10 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم سابق بين الخيل التي أضمرت من الحفياء وأمدها ثنية الوداع وبينهما ستة أميال وسابق بين الخيل التي لم تضمر من الثنية إلى مسجد بني زريق وبينهما ميل**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تېز چېپىشى ئۈچۈن ئىچى تارتىلغان ئاتلارنى ھەيفائتىن باشلاپ، سىنيەتۇلۋەدائ دېگەن يەرگىچە مۇسابىقىگە سالاتتى، بۇئىككى جاينىڭ ئارلىقىدىكى مۇساپە ئالتە مىيل(يەنى 10 كىلومېتىرئەتراپىدا)ئىدى، ئىچى تارتىلمىغان ئاتلارنى سىنيەت دېگەن جايدىن باشلاپ، بەنىي زۇرەيق مەسجىدىگىچە مۇسابىقىگە سالاتتى، بۇئىككى جاينىڭ ئارلىقىدىكى مۇساپە بىرمىيل(يەنى 1609دىن،2000مېتىرئەتراپىدا)ئىدى، بۇخارى،مۇسلىم.(ئىمام سۇيۇتى؛ئاتنىڭ ئىچىنى تارتىش دېگەن؛ئاتنى سەمرىتىپ بولۇپ، ئاندىن ئاز-ئازدىن يەم بىرىپ، بىر ئۆيگە ئۇستىگە ئىگەر توقۇپ، ئېكىرىپ قويۇلىدۇ، ئات راسا نەرلەپ قۇرىغاندا ، ئاندىن تېز يۈگۈرىدۇ دېدى.) |
| **3871 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : كانت ناقة لرسول الله صلى الله عليه وسلم تسمى العضباء وكانت لا تسبق فجاء أعرابي على قعود له فسبقها فاشتد ذلك على المسلمين فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن حقا على الله أن لا يرتفع شيء من الدنيا إلا وضعه " . رواه البخاري**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەزبائ ئىسىملىك بىر تۆگىسى بار ئىدى، بۇتۆگە مۇسابىقىدە ھەرگىز يېڭىلمەيتتى، بىر ئەئرابىي تۆگىسىگە مىنىپ كىلىپ، ئۇتۆگىنى مۇسابىقىدە يېڭىۋالدى، بۇئىش مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئېغىر كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا بۇ دۇنيانىڭ ئىشىدىن بىرەر نەرسىنى ئۇستۈنلىككە يۈقىرى كۆتۈرسە، ھامىنى بىر كۈن ئۇ نەرسىنى تۆۋەنگە، پەسكە چۈشۈرۈۋېتىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ. |
| **3872 – [ 12 ] الفصل الثاني عن عقبة بن عامر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله تعالى يدخل** |

**بالسهم الواحد ثلاثة نفر الجنة : صانعه يحتسب في صنعته الخير والرامي به ومنبله فارموا واركبوا وأن ترموا أحب إلي من أن تركبوا كل شيء يلهو به الرجل باطل إلا رمية بقوسه وتأديبه فرسه وملاعبته امرأته فإنهن من الحق " . رواه الترمذي وابن ماجه وزاد أبو داود والدارمي : " ومن ترك الرمي بعد ما علمه رغبة عنه فإنه نعمة تركها " . أو قال : " كفرها "**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، جابىر ئىبنى ئۇمەيىر،ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا بىردانە ئوق سەۋەبىدىن ئۈچ نەپەر كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئوقنى ياسىغۇچى ئۇنى ياسىغاندا ساۋاپ ئۈمۈت قىلىپ، ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىپ ياسىسا،ئۇنى، ئوقنى ئاتقۇچىنى ،ئوق بىلەن تەمىنلەپ، ئوق يەتكۈزۈپ بەرگۈچىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئوق ئېتىشنى،قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىش بىلەن بىرگە ئات مىنىشنىمۇ مەشىق قىلىڭلار، سىلەرنىڭ قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىشىڭلار، مەن ئۈچۈن ئات مىنىپ مەشىق قىلىشىڭلاردىن ياخشى ۋە سۆيۈملۈكتۇر، كىشىنىڭ ئۆيۈن ئوينىغان ھەر قانداق نەرسىسى، غەپلەتتە قالدۇرىدىغان ئويۇن تاماشىسى باتىلدۇر، پەقەت تۆت ئىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، كىشىنىڭ قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىشى، كىشىنىڭ جەڭ ئېتىنى ياخشى كۆندۈرىشى،كىشىنىڭ ئايالى بىلەن ئوينىشىشى، كىشىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى مەشىق قىلىشى، ئويۇن تاماشا ئەمەستۇر، (بۇ ئىشلارغىمۇ ساۋاب باردۇر). كىم ئوق ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ،ئۇنى تەرك ئېتىپ تاشلىۋەتسە، ھەقىقەتەن ئۇ كاتتا بىر نېئمەتكە كۇپرىلىق قىلغان بولىدۇ.دارىمى، نەسەئىدەك تۆت كىتاپ توپلىغان، سەھىھ.

**3873 – [ 13 ] ( صحيح ) وعن أبي نجيح السلمي قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من بلغ بسهم في سبيل الله فهو له درجة في الجنة ومن رمى بسهم في سبيل الله فهو له عدل محرر ومن شاب شيبة في الإسلام كانت له نورا يوم القيامة " . رواه البيهقي في شعب الإيمان . وروى أبو داود الفصل الأول والنسائي الأول والثاني والترمذي الثاني والثالث وفي روايتهما : " من شاب شيبة في سبيل الله " بدل " في الإسلام "**

ئەبۇ نەجىيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر ئوقنى جايىغا تەككۈزۈپ ئاتسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر دەرىجە يۇقىر ئۆرلەش بولىدۇ. (مەن شۇ كۈنى 16 ئوقنى جايىغا تەككۈزگەن ئىدىم)، كىم ئاللاھ يولىدا بىر ئوقنى ئاتسا، ئۇ بىر قۇل ئازاد قىلغانغا تەڭ بولىدۇ. كىمنىڭ ئىسلام دىنى ئىچىدە مۇسۇلمان ھالەتتە چاچ ــ ساقىلىغا ئاق كىرسە، ئۇ قىيامەت كۈنى نۇر بولىدۇ. كىمنىڭ ئاللاھ يولىدا چاچ ــ ساقىلىغا ئاق كىرسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى كاتتا نۇر بولىدۇ. نەسەئى 3092 ــ ھەدىس، تىرمىزى 1562 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3452 ــ ھەدىس،ئەھمەد،بەيھەقى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا دۈشمەنگە بىر تال ئوق ئاتسا، ئوق دۈشمەنگە يېتىپ بارسا، مەيلى توغرا ئېتىپ تەككۈزسۇن، ياكى خاتا كەتسۇن، تەگسۇن تەگمىسۇن ئۇنىڭ بۇ ئىشى بىر قۇل ئازاد قىلغانغا تەڭ، (ئەمەل نىيەت بىلەن بولىدۇ، قۇل ئازاد قىلغان كىشى دوۋزاخدىن ئازاد بولىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3874 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا سبق إلا في نصل أو خف أو حافر " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسابىقىگە سېلىش يەنى ئاللاھ يولىدا جەڭگە تەييارلىق قىلىشتىكى مۇسابىقە پەقەت، ئات، تۆگىدە، ئوقيا ئېتىشتا بولىدۇ. (ئويۇن ــ تاماشاغا قىمارغا مۇسابىقە يوق). ئەھمەد، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

**3875 – [ 15 ]** ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أدخل فرسا بين فرسين فإن كان يؤمن أن يسبق فلا خير فيه وإن كان لا يؤمن أن يسبق فلا بأس به " . رواه في شرح السنة وفي رواية أبي داود : قال : " من أدخل فرسا بين فرسين يعني وهو لا يأمن أن يسبق فليس بقمار ومن أدخل فرسا بين فرسين وقد أمن أن يسبق فهو قمار "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئېتىنى ئىككى ئات ئارىسىغا سالسا، مۇسابىقىلىشىپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولسا، يەنىلا ياخشىلىق يوق، خاتىرجەم بولالمىسا كىرەك يوق دېگەن، يەنە بىر خاتىرىدە ئىككى ئات ئارىسىغا ئات سالسا، مۇسابىقىدىن خاتىرجەم بولالىسا قىمار ئەمەس خاتىرجەم بولالمىسا قىمار بولىدۇ دېگەن. بۇ ھەدىس شەرھى سۈننەدە بار بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**3876 – [ 16 ]** وعن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا جلب ولا جنب " . زاد يحيى في حديثه : " في الرهان " . رواه أبو داود والنسائي ورواه الترمذي مع زيادة في باب " الغضب "

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۆرۈگە، رەنگە قويۇلغان ئاتنى، (مۇسابىقىدە، يا سەپەردە) ئېتىنى تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن، ئەگەشتۈرۈۋېلىشى، بىرسى ھېرىپ ــ چارچاپ قالسا، يەنە بىرسىگە مىنىش ئۈچۈن ئېتىغا يەنە بىر ئاتنى ياندىۋېلىشى، ياكى پەخرىگە يانداپ قوشۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس، (ئىسلامدا بۇنداق ئىش يوق). ئەبۇ داۋۇد 2216 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**لا جلب و لا جنب و لا شغار في الإسلام و من انتهب نهبة فليس منا ( حم ت ن ) عن عمران بن حصين**

ئىمران، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زاكات خادىملىرى چارۋ ــماللارنى، زاكاتنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممىسنى بىر جايغا توپلاپ يىغمايدۇ. مال ئىگىلىرى چارۋىلارنى يىراقتا ئېلىپ قاچمايدۇ،( ياكى كىشى ئېتىغا يەنە بىر ئاتنى يانداپ قوشمايدۇ، ئاتنى تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر كىشىنى ياللاپ ئەگەشتۈرمەيدۇ)، ئىسلام دىنىدا شىغار يوق، يەنى قىزنى تويلۇق مەھرىسىز بېرىپ، يەنە بىر قىزنى ئۇنىڭ بەدىلىگە تويلۇق، مەھرىسىز ئېلىش يوق، بەلكى ئاياللارغا تويلۇقى تولۇق بېرىلىدۇ، كىم بۇلاڭچىلىق قىلسا، ئوچۇق ــ ئاشكارا قەھرى قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلىۋالسا، ئۇ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس،( يەنى بۇ ھارامدۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3877 – [ 17 ]** ( صحيح ) وعن أبي قتادة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " خير الخيل الأدهم الأقرح الأرثم ثم الأقرح المحجل طلق اليمين فإن لم يكن أدهم فكميت على هذه الشية " . رواه الترمذي والدارمي

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتنىڭ ياخشىسى تۇم قارا، يۈزىدە ئاق قاشقا بار، بۇرنى بىلەن ئۈستۈنكى لىۋى ئاق بولغان ئاتتۇر، ئاندىن قالسا، قاشقىلىق، ئوڭ پۇتىدىن باشقا پۇتلىرىدا ئاق رەڭ بار، ئوڭ پۇتىدا ئاقلىق بار ئاتتۇر، ئەگەر تۇم قارا ئات بولمىسا، مۇشۇ ئالامەتلەرنىڭ شەرتىگە ئاساسەن، قارىغا مايىل، قىزىل ئات بولسىمۇ بولىدۇ، قارامتۇل قىزىل. تىرمىزى 1619 ــ

| |
|---|
| ھەدىس، ئىبنى ماجە 2779 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21518 ـ ھەدىس، دارمى 2321 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. |
| **3878 – [ 18 ] ( ضعيف )وعن أبي وهب الجشمي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عليكم بكل كميت أغر محجل أو أشقر أغر محجل أو أدهم أغر محجل " . رواه أبو داود والنسائي**<br><br>ئەبۇ ۋەھبىلجوشەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قارامتۇل، قىزىل، يۈزى، پۇتلىرى ئاق ئاتنى لازىم تۇتۇڭلار ياكى نۇرلۇق قاشقىلىق، پۇتلىرى بىشى ئاق چار، بوز ئاتنى لازىم تۇتۇڭلار، ياكى تۇم قارا، پۇتى، بېشى ئاق ئاتنى لازىم تۇتۇڭلار، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، ئەھۋالى نامەلۇم، ئىبنىق ئەمەس راۋىيسى بار. |
| **3879 – [ 19 ] ( حسن )**<br><br>**وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يمن الخيل في الشقر " . رواه الترمذي وأبو داود**<br><br>ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتنىڭ بەرىكىتى تۇم قىزىل ئاتتا بولىدۇ. تىرمىزى 1618 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2182 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2326 ـ ھەدىس، سەھىھ. |
| **3880 – [ 20 ] ( ضعيف )وعن عتبة بن عبد السلمي أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تقصوا نواصي الخيل ولا معارفها ولا أذنابها فإن أذنابها مذابها ومعارفها دفاءها ونواصيها معقود فيها الخير " . رواه أبو داود**<br><br>ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇسەلمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ، ئاتنىڭ چېكىسىنى، ياللىغىنى، قۇيرۇقىنى قىرقىماڭلار، قۇيرۇقى چىۋىننى قورۇيدۇ، ياللىغى ئىسسىتىدۇ، چېكىسىگە ياخشىلىق چىگىلگەندۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىدى. ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس زەئىپ دېگەن. |
| **3881 – [ 21 ] ( ضعيف )وعن أبي وهب الجشمي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ارتبطوا الخيل وامسحوا بنواصيها وأعجازها أو قال : كفالها وقلدوها ولا تقلدوها الأوتار " . رواه أبو داود والنسائي**<br><br>ئەبۇ ۋەھبىلجوشەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئات تۇتقۇڭلار، ئاتنىڭ چېكىسىنى كاسلىرىنى ياكى دۈمبىسىنى سىلاپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئاسساڭلارمۇ زەي تارنى ئاسماڭلار. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ، خۇددى يۇقىرقى ھەدىسكە ئوخشاش نامەلۇم كىشى بار. |
| **3882 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم عبدا مأمورا ما اختصنا دون الناس بشيء إلا بثلاث : أمرنا أن نسبغ الوضوء وأن لا نأكل الصدقة وأن لا نتري حمارا على فرس . رواه الترمذي والنسائي**<br><br>ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ الله تەرەپتىن بۇيرۇلغان بەندە ئىدى، پەقەت بىزگىلا ئۈچ ئىشنى خاس بۇيرىغان ئىدى، تاھارەتنى كامىل ئېلىشىمىزغا، سەدىقەزاكات يېمەسلىكىمىزگە، ئېشەكنى ئاتقا ئاتۇلدۇرۇپ قويماسلىقىمىزغا بۇيرىغان ئىدى.تىرمىزى،نەسەئى توپلىغان. |
| **3883 – [ 23 ] ( صحيح ) وعن علي رضي الله عنه قال : أهديت رسول الله صلى الله عليه وسلم بغلة فركبها فقال علي : لو حملنا الحمير** |

| |
|---|
| **على الخيل فكانت لنا مثل هذه ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إنما يفعل ذلك الذين لا يعلمون رواه أبو داود والنسائي**<br><br>ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر خېچىر ھەدىيە قىلىندى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى مىندى، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر ئېشەكنى ئاتقا ئاتۇلدۇرۇپ قويساق، بىزگىمۇ مۇشۇنداق خېچىر بولغان بولاتتى دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن شۇنداق ئىشنى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان نادانلار قىلىدۇ دېدى. ئەبۇداۋۇد، نەسەئى توپلىغان.سەھىھ.ئالىملار؛ ئېشەكنى ئاتقا ئەمەس،بەلكى ئاتنى ئېشەككە قويۇپ خېچىر تۇغۇلسا، مىنسە بولىدۇ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خېچىرنى مىنگەن، خېچىر قۇرئاندىمۇ بايان قىلىنغان دېدى. |
| **3884 – [ 24 ]** ( لم تتم دراسته )<br>**وعن أنس قال : كانت قبيعة سيف رسول الله صلى الله عليه وسلم من فضة . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي والدارمي**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچىنىڭ تۇتقا دەستىسى كۈمۈشتىن ئىدى. دارىمى ئۈچ كىتاپ توپلىغان. |
| **3885 – [ 25 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن هود بن عبد الله بن سعد عن جده مزيدة قال : دخل رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم الفتح وعلى سيفه ذهب وفضة . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**<br><br>ھەۋدەتنىڭ بوۋىسى مەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى مەككىگە كىردى،ۋە ھالەنكى قىلىچىغا ئالتۇن ـ كۈمۈشتەزىننەت بېرىلگەن ئىكەن.تىرمىزى توپلىغان |
| **3886 – [ 26 ]** ( لم تتم دراسته )<br>**وعن السائب بن يزيد : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان عليه يوم أحد درعان قد ظاهر بينهما . رواه أبو داود وابن ماجه**<br><br>سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇستىدە ئىككى دانە جەڭ كىيىمى بار ئىدى، ئۇئىككى كىيىمنىڭ ئارىسى ئۇچۇق ئايرىقلىق ئىدى، (يەنى بىرنى يەنەبىرنىڭ ئۇستىگە كىيىۋالغان ئىدى). ئەبۇداۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان. |
| **3887 – [ 27 ]** **وعن ابن عباس قال : كانت راية نبي الله صلى الله عليه وسلم سوداء ولواؤه أبيض رواه الترمذي وابن ماجه**<br><br>ئىبنى ئاببس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چوڭ قوشۇننىڭ ئەلەم بايرىقى قارا، كىچىك قوشۇنلىرىنىڭ بايرىقى بولسا ئاق ئىدى. ئىبنى ماجە 2808 _ ھەدىس، تىرمىزى 1604 _ ھەدىس، ھەسەن. بۇ ئىككى بايراق پەرقى، توققۇزكىتاپ پىلاستىنكىسىنىڭ تىرمىزىيدىكى لۇغىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. |
| **3888 – [ 28 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن موسى بن عبيدة مولى محمد بن القاسم قال : بعثني محمد بن القاسم إلى البراء بن عازب يسأله عن راية رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : كانت سوداء مربعة من نمرة . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**<br><br>ئىبنى قاسىمنىڭ ئازادكەردە قۇلى مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى مۇھەممەد ئىبنى قاسىم، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چوڭ قوشۇننىڭ ئەلەم بايرىقى توغرىسىدا سوراپ كىلىشكە ئەۋەتتى، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى |

ۋەسەللەمنىڭ چوڭ قوشۇنىنىڭ ئەلەم بايرىقى يىلپىز تىرىسىدەك ئاق ـ قارا يوللۇق رەختتە ياسالغان، تۆت چاسا، قارا بايراق ئىدى دېدى.ئەھمەد،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.«لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»يېزىلغان

**3889 – [ 29 ] وعن جابر : أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل مكة ولواؤه أبيض . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قوشۇنلىرىنىڭ بايرىقى ئاق ھالەتتە مەككىگە كىرگەن ئىدى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**3890 – [ 30 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن أنس قال : لم يكن شيء أحب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم بعد النساء من الخيل . رواه النسائي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاياللاردىن قالسىلا، ئاتتىن سۆيۈملۈكرەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى، يەنى ئاتنى الله يولىدىكى جەڭ ئۈچۈن بەك ياخشى كۆرەتتى.نەسەئى توپلىغان.

**3891 – [ 31 ] ( لم تتم دراسته ) وعن علي قال : كانت بيد رسول الله صلى الله عليه وسلم قوس عربية فرأى رجلا بيده قوس فارسية قال : " ما هذه ؟ ألقها وعليكم بهذه وأشباهها ورماح القنا فإنها يؤيد الله لكم بها في الدين ويمكن لكم في البلاد " . رواه ابن ماجه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولدا ئەرەبلەرگە مەنسۇپ ياچاق،ئوق يا بارئىدى، بىركىشىنىڭ قولدا پارسلارغا مەنسۇپ ئوق يانى كۆرۈپ؛ نىمەڭ بۇ؟ بۇنى تاشلىۋىتىپ، مانا مۇنداق ئوق يالارنى ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى، ياخشى نەيزىلەرنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى الله تائالا مۇشۇ نەرسىلەر سەۋەبلىك ئۆز ياردىمى بىلەن دىنىڭلارنى كۈچلاندۇرۇپ، سىلەرنى شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، نۇسرەت،ئىمكانىيەت بىرىپ، ياردەم بېرىدۇ دېدى. ئىبنى ماجە توپلىغان.

## باب آداب السفر – الفصل الأول — سەپەردىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار توغرىسىدا

**3892 – [ 1 ] ( صحيح ) عن كعب بن مالك : أن النبي صلى الله عليه وسلم خرج يوم الخميس في غزوة تبوك وكان يحب أن يخرج يوم الخميس . رواه البخاري**

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك ئۇرۇشىغا پەيشەنبە كۈنى چىققان ئىدى، پەيشەنبە كۈنى غازاتقا، ئۇرۇشقا چىقىشنى، ھۇجۇم قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3893 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو يعلم الناس ما في الوحدة ما أعلم ما سار راكب بليل وحده " . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر كىشىلەر يالغۇزلۇقتىكى، يالغۇز، تەنھا ھالدا سەپەر قىلىشتىكى خەتەرنى مەن بىلگەندەك بىلسە ئىدى، مەن بىلگەن نەرسىنى بىلگەن بولسا، ھېچبىر ئاتلىق كىشى كېچىدە تەنھا، يالغۇز سەپەر قىلمايتتى، يالغۇزيول يۈرمەيتتى. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئۇنىڭ خەتىرى، قورقۇش، جىنغا يولۇقۇش، سۆيىقەستكە ئۇچراش، ئۇرۇش ۋاختىدا ئۆلتۈرۈلۈش، خىيانەت قىلىنىش، قاراقچى، بۇلاڭچىغا ئۇچراش، ھايۋانلار خەتىرى

قاتارلىقلار، دىن ئۆچۈن مەخپى قىلىنغان خىزمەتلەرنى شۇلارمۇ مەخپى كېچىسى قىلىنغان.تەييارلىقنى ئوبدان قىلىپ، بىختەر زىمىندا كېچىسى خىزمەت قىلسا، ئىلىم ئالسا، ئىلىم بەرسە بۇ بەكمۇ ياخشىدۇر، بىختەردۇر، ئۇنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى قوغدايدۇ.

**3894 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تصحب الملائكة رفقة فيها كلب ولا جرس " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرىشتىلەر، ئىت بىللە بار بولغان ۋە جاراڭ ــ جۇرۇڭ كولدۇرما بار كارۋان جامائەتكە ھەمراھ بولمايدۇ. مۇسلىم 3949 ــ ھەدىس، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرىشتىلەر جاراڭ ــ جۇرۇڭ كولدۇرما بار كارۋان جامائەتكە ھەمراھ بولمايدۇ. نەسەئى 5126 ــ ھەدىس، ئەھمەد 45807 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرىشتىلەر يىلپىز تېرىسى بار كارۋانغا ھەمراھ بولمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3601 ــ ھەسەن. (مەخسەت، ئىتنى، كولدۇرمىنى، يىلپىز تېرىسىنى، سۈرەت، رەسىمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلمىسۇن، ھارام ئىشنى قىلمىسۇن دىمەكچى، شۇ چاغدا پەرىشتىلەر ھەمراھ بولىدۇ، ئاتقا كولدۇرما ئاسسا بولمايدۇ، يۇقىرىدا توستى.)

**3895 – [ 4 ] ( صحيح ) وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الجرس مزامير الشيطان " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كولدۇرما، شەيتاننىڭ نەيىدۇر، سىزىدۇر، (يەنى ئۇلاغلارغا، باللارغا، ئاياللار پۇت ــ قوللىرىغا كولدۇرما ئاسا، قەتئىي بولمايدۇ، شەيتان ئازدۇرىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3896 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن أبي بشير الأنصاري : أنه كان مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في بعض أسفاره فأرسل رسول الله صلى الله عليه وسلم رسولا : " لا تبقين في رقبة بعير قلادة من وتر أو قلادة إلا قطعت "**

ئەبۇ بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەپەرلىرىنىڭ بەزىسىدە بىللە بولغان ئىكەن، رەسۇلۇللاھ كارۋانلارغا مۇنداق دەپ كىشى ئەۋەتتى: تۆگىلەرنىڭ بويىنىدىكى زەي تارىدىن بولغان قەلادە، بەلگە، بويۇنچۇقلارنى قويماي ئۈزۈۋەتكىن، (مەخسەت، جاھالىيەت ئىشلىرىنى قىلماسلىق).بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3897 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا سافرتم في الخصب فأعطوا الإبل حقها من الأرض وإذا سافرتم في السنة فأسرعوا عليها السير وإذا عرستم بالليل فاجتنبوا الطريق فإنها طرق الدواب ومأوى الهوام بالليل " . وفي رواية : " إذا سافرتم في السنة فبادروا بها نقيها " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۇرمۇش،يامغۇر مولچۇلۇق چاغدا سەپەر قىلىپ قالساڭلار، تۆگىلەرنىڭ زىمىندىن بولغان نىسىۋىسىنى بېرىڭلار، قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىقتا سەپەر قىلىپ قالساڭلار، تۆگىنى تېزراق ھەيدەپ، قىسقا ۋاقىتتا ئىشنى تۈگىتىڭلار، كېچىدە يول ئۈستىدە قونۇپ قالساڭلار، يولدىن يىراقراق يېتىڭلار، ھەققەتەن يول، ھايۋانلارنىڭمۇ يولىدۇر، زەھەرلىك ھايۋان،

ھاشارەتلەر جايدۇر، بولۇپمۇ كېچىدە. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۈرمۈش مول زىمىندا سەپەر قىلساڭلار، ھايۋانلارنىڭ نىسىۋىسىنى بېرىڭلار، قۇرغاق زىمىندا سەپەر قىلساڭلار، تېز مېڭىڭلار، كېچىدە قونماقچى بولساڭلار، يول ئۈستىدە ياتماڭلار، يول بارلىق ھايۋانلار جايىدۇر، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**3898 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري قال : بينما نحن في سفر مع رسول الله صلى الله عليه وسلم إذ جاءه رجل على راحلة فجعل يضرب يمينا وشمالا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كان معه فضل ظهر فليعد به على من لا ظهر له ومن كان له فضل زاد فليعد به على من لا زاد له " قال : فذكر من أصناف المال حتى رأينا أنه لا حق لأحد منا في فضل . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەر قىلىپ كېتىۋاتساق، تۇيۇقسىز بىركىشى تۆگە ئۈستىدە كىلىپ، تۆگىسىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دىگەن: كىمنىڭ سەپەر جەريانىدا ئارتۇق بوش تۇردىغان، باشقىلارنى مىندۈرۈپ ئېلىۋالغۇدەك ئۇلىغىنىڭ ئۇچىسى بولسا، (ياكى قاتناش قۇراللىنىڭ بوش ئورنى بولسا) ئۇنى باشقا ئۇلىغى يوق كىشىلەرگە بېرىپ، باشقىلارنى ئېلىۋالسۇن، كىمنىڭ ئوزۇق ــ تۈلۈكى ئاشقىدەك بولسا، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ــ تۈلۈكى يوق كىشىلەرگە بەرسۇن...... رەسۇلۇللاھ بارلىق ماللارنىڭ تۈرلىرىنى تىلغا ئالدى، ھەتتاكى بىز؛ ھاجەتتىن ئارتۇق ئېشىپ قالغان نەرسىدە ھىچ قايسىمىزنىڭ ھەققى يوق ئىكەن دەپ قالدۇق.(مەخسەت، ئارتۇقنى ئاللاھ يولدا بېرىۋېتىش، ھاجەتتىن زىيادىسىنى تۇتۇپ قالماسلىق، سەپەردە يار ــ يۆلەكتە بولۇشتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3899 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " السفر قطعة من العذاب يمنع أحدكم نومه وطعامه وشرابه فإذا قضى نهمه من وجهه فليعجل إلى أهله "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەپەر ئازابنىڭ بىر پارچىسىدۇر، ئۇ بىرىڭلارنى تائامدىن، ئىچىملىكدىن، ئۇيقۇسىدىن توسۇپ قويىدۇ، بىرىڭلار ئۆز يولىدا ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولسا، ئەھلىگە قايتىشقا ئالدىرىسۇن، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3900 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن جعفر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا قدم من سفر تلقي بصبيان أهل بيته وإنه قدم من سفر فسبق بي إليه فحملني بين يديه ثم جيء بأحد ابني فاطمة فأردفه خلفه قال : فأدخلنا المدينة ثلاثة على دابة . رواه مسلم**

ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلسە، ئۆي ئەھلىنىڭ كىچىك سەبىي باللىرى ئالدىغا چىقىرلاتتى، بىر قېتىم سەپەردىن كەلگەندە، مەن بۇرۇن چىقىرلىپ، ئالدىغا ئەۋەتىلدىم، مىنى ئالدىغا مىندۇرۇپ ئېلىۋالدى، ئاندىن پاتىمەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىر بالىسى كەلتۇرۇلدى، ئۇنى ئارقىسىغا مىندۈرىۋالدى، بىز ئۈچ كىشى بىر تۆگىگە مىنگىشىپ مەدىنىگە كىردۇق.مۇسلىم توپلىغان.

**3901 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن أنس : أنه أقبل هو وأبو طلحة مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ومع النبي صلى الله عليه**

وسلم صفية مردفها على راحلته . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، خەيبەر غازىتىدىن مەن ۋە ئەبۇتەلھە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قايتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپىيىيەمۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈۋالغان ئىدى. بۇخارى توپلىغان.

---

3902 – [ 11 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يطرق أهله ليلا وكان لا يدخل إلا غدوة أو عشية

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلسە، ئەھلىگە تۇيۇقسىز كېچىسى كىرمەيتتى، مۆھلەت بېرىپ،ئەتىگەن ياكى كەچ تەرەپتە كىرەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

---

3903 – [ 12 ] ( متفق عليه ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا طال أحدكم الغيبة فلا يطرق أهله ليلا "

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ غايىپ بولۇپ، باشقا جايدا تۇرۇشى، ئۇزراپ كەتسە، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئەھلىگە كېچىدە كىرمىسۇن، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ئۇلارنى قورقۇتماسلىق، ئاۋارە قىلماسلىق ياكى تەييارلىقسىز ھالدا كىرمەسلىك ياكى باشقا سەۋەبلەر چىقىپ تۇرىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلگەن كىشىنىڭ ئەھلىگە، ئايالىغا كېچىدە تۇيۇقسىز كىرىشىدىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

---

3904 – [ 13 ] ( متفق عليه ) وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا دخلت ليلا فلا تدخل على أهلك حتى تستحد المغيبة وتمتشط الشعثة "

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:سەپەردىن كېچىدە كېلىپ قالساڭ، ئەھلىڭگە كېچىدە كىرمىگىن، ئۇ سەن يوق چاغلاردىكى ئەھۋالغا تەييارلىق قىلىۋالسۇن، چاچلىرىنى تارىۋالسۇن، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

---

3905 – [ 14 ] ( صحيح ) وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم لما قدم المدينة نحر جزورا أو بقرة . رواه البخاري

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، تۆگە ياكى كالا ئۆلتۈرۈپ زىياپەت بەرگەن.بۇخارى توپلىغان.

---

3906 – [ 15 ] ( متفق عليه ) وعن كعب بن مالك قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم لا يقدم من سفر إلا نهارا في الضحى فإذا قدم بدأ بالمسجد فصلى فيه ركعتين ثم جلس فيه للناس

كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلسە، پەقەت كۈندۈزى چاشكا ۋاقتى بىلەنلا كىرەتتى، سەپەردىن كەلگەندە ئالدى بىلەن مەسجىدتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش بىلەن باشلايتتى، ئاندىن كىيىن مەسجىدتە كىشىلەرنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ئولتۇراتتى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

---

3907 – [ 16 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : كنت مع النبي صلى الله عليه وسلم في سفر فلما قدمنا المدينة قال لي : " ادخل

المسجد فصل فيه ركعتين " . رواه البخاري

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىر قېتىملىق سەپەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولغان ئىدىم، بىز مەدىنىگە كەلگەندە ماڭا؛ مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن دېدى.بۇخارى.

**3908 – [ 17 ] الفصل الثاني ( جيد ) عن صخر بن وداعة الغامدي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم بارك لأمتي في بكورها " وكان إذا بعث سرية أو جيشا بعثهم من أول النهار وكان صخر تاجرا فكان يبعث تجارته أول النهار فأثرى وكثر ماله . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ئۈممىتىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەتىگەنگە بەرىكەت بەرسىلە، (يەنى بۇ ھەدىسنى ساھابىلار، تابىئىنلار، ھەتتا ھەرقايسى ھەدىس ئالىملىرى، كاتىبلىرى، ئەتىگەن دەپ چۈشەندى، بەزى خاتىرىدە پەيشەنبە ئەتىگىنى دېگەن بار.) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇن ئەۋەتسە، ئەتىگەندە ئەۋەتەتتى .( سەخرۇلغامىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ساھابىلار، تابىئىنلار مۇشۇ ھەدىسدىن ئەتىگەندە مۇھىم ئىشنى ئىلىپ باراتتى، ھەتتا، تىجارەتچىلىرى ئەتىگەندە مالنى ئەۋەتەتتى، دەسلەپ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن سۈننەتكە ئەمەل قىلغاچقا مىلى كۆپىيىپ،باي بولۇپ بەرىكەت تاپقان، بۇ ئىشلار تىرمىزىينىڭ مۇشۇ ھەدىستە يەنى 1133 ھەدىسدە سۆزلەنگەن، ئەبۇ داۋۇدنىڭ 2239 _ ھەدىسدە سۆزلەنگەن، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر، سەخرۇلغامىدىدىن، ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەردىن، تەبرانى ئىبنى ئاببااس، ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، كەئبى، نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**3909 – [ 18 ] ( جيد ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عليكم بالدلجة فإن الأرض تطوى بالليل " رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىسى يول يۈرۈشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، زىمىن، يول كېچىسى قاتلىنىپ قىسقىرايدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى ، سەھىھ.

**3910 – [ 19 ] ( صحيح ) وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الراكب شيطان والراكبان شيطانان والثلاثة ركب " . رواه مالك والترمذي وأبو داود والنسائي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يالغۇز ھالدا ئاتلىق سەپەر قىلغۇچى شەيتاندۇر، ئىككى كىشى سەپەر قىلسىمۇ ئۇلارمۇ شەيتاندۇر، ئۈچ كىشى بىرلىشىپ ياكى كۆپ كىشى ماڭسا، مانا بۇلار ھەققى كارۋان ھىسابلىنىدۇ، ئەھمەد،مالىك، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى،نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، مەخسەت، يالغۇز ماڭماي توپلۇشۇپ مېڭىڭلار، بولۇپمۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە، بۇ بىخەتەرلىك ئۈچۈندۇر، ۋە يەنە بۇزۇقچىلۇق،پاھىشە كۆپ شەھەردە، يالغۇز كىشى راستىنلا شەيتان بولۇپ قالىدۇ.

**3911 – [ 20 ] ( حسن )**

**وعن أبي سعيد الخدري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا كان ثلاثة في سفر فليؤمروا أحدهم " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشى سەپەردە بىللە بولۇپ قالسا، ئۇلار بىرىنى ئۆزىگە ئەمىر باشلىق قىلسۇن،ئەبۇداۋۇد، بەيھەقى توپلىغان،

سەھىھ. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشى بولسا، بىرسى ئىمام بولسۇن، ئىماملىققا لايىقراقى قۇرئانغا ئالىم بولغان قارىيراقىدۇر، مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ئۈچ كىشى جامائەت ھىسابلىنىدۇ.

3912 – [ 21 ] ( مرسل ) وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " خير الصحابة أربعة وخير السرايا أربعمائة وخير الجيوش أربعة آلاف ولن يغلب اثنا عشر ألفا من قلة " . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث غريب

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ساھابىلارنىڭ ياخشىلىرى تۆتتۇر، (يەنى تۆت خەلىپە) كىچىك ئۇرۇشلارغا ئەۋەتىلگەن كىچىك قوشۇننىڭ ياخشىسى 400دۇر، زور چوڭ قوشۇننىڭ ياخشىسى 4000دۇر، 12000 كىشىلىك قوشۇن ئاز كىلىپ قىلىپ يېڭىلىپ قالمايدۇ، (يېڭىلىپ قالسا، ئازلىقىدىن باشقا سەۋەب بار) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3913 – [ 22 ] ( جيد )

وعن جابر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتخلف في المسير فيزجي الضعيف ويردف ويدعو لهم . رواه أبو داود

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلار بىلەن بىللە ماڭسا،قوشۇننىڭ ئارقىدىراق ماڭاتتى، ئاجىزلارنى يۆلەپ، ئۇلارغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنى مىندۈرۈۋىلىپ، بىللە ھەيدەپ ماڭاتتى، ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3914 – [ 23 ] ( جيد ) وعن أبي ثعلبة الخشني قال : كان الناس إذا نزلوا منزلا تفرقوا في الشعاب والأودية فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن تفرقكم في هذه الشعاب والأودية إنما ذلكم من الشيطان " . فلم ينزلوا بعد ذلك منزلا إلا انضم بعضهم إلى بعض حتى يقال : لو بسط عليهم ثوب لعمهم . رواه أبو داود

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىشىلەر بىرەر جايغا چۈشسە، يوللارغا، ئازگال جايلارغا، مۇتەپەررىق بولۇپ، تارقاپ كىتەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ توغرىسىدا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ يوللارغا، ئازگال جايلارغا تارقاپ، مۇتەپەررىق بولۇشۇڭلار شەيتاندىندۇر، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدۇر. ئەھمەد 17070 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2259 ـ ھەدىس، ھاكىمىۇ توپلىغان، سەھىھ.ئاندىن كىيىن ئۇلار بىرەر جايغا چۈشۈپ قالسا، بىر-بىرسىگە يېقىن توپلۇشۇپ ئولتۇراتتى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىرەر كىيىم يېيىلىپ يېپىلسا، ھەممىسىنى يۆگەشكە يېتەتتى.

3915 – [ 24 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال : كنا يوم بدر كل ثلاثة على بعير فكان أبو لبابة وعلي بن أبي طالب زميلي رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : فكانت إذا جاءت عقبة رسول الله صلى الله عليه وسلم قالا : نحن نمشي عنك قال : " ما أنتما بأقوى مني وما أنا بأغنى عن الأجر منكما " . رواه في شرح السنة

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بەدىر كۈنى ھەر ئۈچ ئادەم بىر تۆگىگە مىنگەشكەن ئىدۇق، ئەبۇلۇبابە بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر تۆگىگە مىنگەشكەن ئىدى، ھەر قىتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چۈشۈپ مېڭىش نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇلار: سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا بىز ماڭايلى، سىلى تۆگىگە مىنىپ ماڭسىلا دەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سىلەر

مەندىن كۈچلۈك ئەمەس، مەنمۇ سىلەر مىنگەندىكى ئەجىر،ساۋاپتىن بىھاجەت ئەمەس دېدى.شەرھىسسۇننى.

**3916 - [ 25 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : لا تتخذوا ظهور دوابكم منابر فإن الله تعالى إنما سخرها لكم لتبلغكم إلى بلد لم تكونوا بالغيه إلا بشق الأنفس وجعل لكم الأرض فعليها فاقضوا حاجاتكم رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋانلىرىڭلارنىڭ ئۈچىسىنى، ئۈستىنى مۇنبەر، كۇرسا قىلىۋېلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۇنى سىلەرگە پەقەت جاپا ــ مۇشەققەتلەر بىلەنلا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يىراق شەھەرلەرگە يېتىپ بېرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەندۇر، ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى قىلىپ بەردى، ھاجەتلىرىڭلارنى زېمىن ئۈستىدە ئادا قىلىڭلار، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ 2691 ـ ھەدىسى.

**3917 - [ 26 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : كنا إذا نزلنا منزلا لا نسبح حتى نحل الرحال . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز سەپەر قىلىش جەريانىدا بىرەر جايغا چۈشسەك، يۈك ـ تاقلارنى يېشىپ چۈشۈرىۋەتمىگىچە ناماز ئوقۇمايتتۇق.(يەنى ئۇلاغلارنى ئايايتتۇق) ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**3918 - [ 27 ] ( صحيح ) وعن بريدة قال : بينما رسول الله صلى الله عليه وسلم يمشي إذ جاءه رجل معه حمار فقال : يا رسول الله اركب وتأخر الرجل فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا أنت أحق بصدر دابتك إلا أن تجعله لي " . قال : جعلته لك فركب . رواه الترمذي وأبو داود**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىيادە مېڭىپ كېتىۋاتاتتى، بىركىشى ئېشەكنى ئېلىپ كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇنىڭغا مىنىۋالسىلا دەپ، ئۆزى ئارقىسىغا مىنىشنى مەقسەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:ياق، سەن ماڭا قارىغاندا ئۆز ھايۋىنىڭنىڭ يەنى ئېشىكىڭنىڭ ئالدى باش تەرىپىگە مىنىشكە ئەڭ لايىق (چۈنكى ئۇ سېنىڭ) لېكىن، مەن ئۈچۈن ئۆتۈنۈپ بېرىشىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.ئۇكىشى؛ مەن ئۇنى سىلىگە ئۆتۈنۈپ بەردىم دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئېشەكنىڭ ئالدى تەرىپىگە مىندى. (يەنى ھۆرمەتلەپ ئۆتۈنۈپ بەرسە بولىدۇ، ھازىرقى قاتناش قۇراللىرى بۇ ھەدىسكە قىياس قىلىنىدۇ، ھەركىشى ئۆز سەيياىرىسىگە ئۆزى لايىق، ھۆرمەتلەش باشقا گەپ) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى، ئۆز ھايۋىنىنىڭ (ياكى سەيياىرىسىنىڭ) ئالدى تەرىپىگە، ئۆز كۆرپىسىنىڭ تۆرىگە، ئۆز جايىدا ئىمام بولۇشقا ئۆزى ئەڭ لايىق، ھەقلىقراقدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3919 - [ 28 ] ( حسن ) وعن سعيد بن أبي هند عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تكون إبل للشياطين وبيوت للشياطين " . فأما إبل الشياطين فقد رأيتها : يخرج أحدكم بنجيبات معه قد أسمنها فلا يعلو بعيرا منها ويمر بأخيه قد انقطع به فلا يحمله وأما بيوت الشياطين فلم أرها كان سعيد يقول : لا أراها إلا هذه الأقفاص التي يستر الناس بالديباج . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتانلار ئۈچۈن تۆگە بولىدۇ، شەيتانلار ئۈچۈن ئۆيلەر بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، 2205 ــ ھەدىس، سەھىھ، ساھابىلار بۇ ھەدىسنى مۇنداق شەرھىيلىدى؛ شەيتانلار ئۈچۈن بولغان تۆگە، كىشىلەر يول ئۈستىدە ئۆزگە

ئەگەشتۈرۈۋالىدىغان ئەمما ئۇنىڭغا كىشىلەرنى مىندۈرۈۋالمايدىغان، پەخىر ئۈچۈن باققان سىمىز ياخشى تۆگىدۇر. شەيتانلار ئۈچۈن بولغان ئۆيلەر بولسا، ھاجەتتىن زىيادە سېلىنغان، بارلىق تاملىرى ئىپسىل يىپەك پەردىلەر بىلەن قاپلانغان، ياكى مۇنكەر ئىشلار ئۈچۈن سېلىنغان ئۆيلەردۇر.يىپەك رەخت بىلەن پەردىلەنگەن كاجۇۋۇ دۇر.

3920 – [ 29 ] ( صحيح ) وعن سهل بن معاذ عن أبيه قال : غزونا مع النبي صلى الله عليه وسلم فضيق الناس المنازل وقطعوا الطريق فبعث نبي الله صلى الله عليه وسلم مناديا ينادي في الناس : " إن من ضيق منزلا أو قطع طريقا فلا جهاد له " . رواه أبو داود

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازات قىلغان ئىدۇق، كىشىلەر چۈشىدىغان ئۆرۇنلارنى تارىقىس قىيىن قىلىپ قويدى، يوللارنى توسۇپ، مېڭىشنى ئۆزۈپ قويدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە بىركىشىنى مۇنداق دەپ نىدا قىلىپ توۋلاشقا ئەۋەتتى: كىم جاي مەنزىلنى تار قىلىپ قويسا ياكى يولنى ئۈزۈپ قويسا، ياكى مۆئمىنگە ئازار بەرسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن جىھاد يوق بولىدۇ، (يەنى كىشىلەرگە ئازار بەرسە ياكى يولنى بۇزۇۋەتسە ، جىھادنىڭ ئەجرى كۆيىدۇ، جىھادى يوق بولىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن گۇناھ _ مەئسىيەت ياخشى، ئەمەللەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ.

3921 – [ 30 ] وعن جابر رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن أحسن ما دخل الرجل أهله إذا قدم من سفر أول الليل " . رواه أبو داود

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشىنىڭ سەپەردىن كەلگەندە ئەھلىگە كىرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاختى، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدۇر. ئەبۇ داۋۇد تو، سەھىھ.

3922 – [ 31 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن أبي قتادة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا كان في سفر فعرس بليل اضطجع على يمينه وإذا عرس قبيل الصبح نصب ذراعه ووضع رأسه على كفه . رواه مسلم

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىش جەريانىدا كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئارام ئېلىشقا چۈشسە، ئېخى كېچە ئۇزۇن بولسا، بېشىغا ياستۇق قويۇپ، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى، سۈبھىدىن، بامدات نامىزىدىن بۇرۇنلا ئارامغا چۈشسە، بىلىكىنى تىكلەپ، بېشىنى ئالقىنىغا قويۇپ، ئازراق ئارام ئېلىۋالاتتى، يەنى ياتمايتتى.مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3923 – [ 32 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس قال : بعث النبي صلى الله عليه وسلم عبد الله بن رواحة في سرية فوافق ذلك يوم الجمعة فغدا أصحابه وقال : أتخلف وأصلي مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم ألحقهم فلما صلى مع رسول الله صلى الله عليه وسلم رآه فقال : " ما منعك أن تغدو مع أصحابك ؟ " فقال : أردت أن أصلي معك ثم ألحقهم فقال : " لو أنفقت ما في الأرض جميعا ما أدركت فضل غدوقم " . رواه الترمذي

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى راۋاھەنى بىر قوشۇن ئىچىدە بىرجايغا ئەۋەتتى، ئەشۇ چاغ جۈمەكۈنىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەتىگەندە مېڭىپ بولدى، ئۇ:مەن كېچىكىپ تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جۈمەنامىزىنى ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارغا يېتىشىۋالىمەن دەپ قالدى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە

جۇمئەنامىزنى ئۇقۇپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرۈپ قىلىپ؛ سىنى ھەمراھلىرىڭ بىلەن بىللە ئەتىگەندە مىڭىشىڭدىن نىمە توستى؟دېدى، ئۇ: مەن سىلى بىلەن ناماز ئۇقۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى **الله** يولىدا نەپىقە قىلىپ خەژلىسەڭمۇ، ئۇلارنىڭ ئەتىگەندە ئۇرۇشقا ماڭغاندىكى پەزىلىتىنى ھەرگىز تاپالمايسەن دېدى.ترمزى.

**3924 – [ 33 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تصحب الملائكة رفقة فيها جلد نمر رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرىشتىلەر يولۋاس، يىلپىز تېرىسى بار كارۋانغا ھەمراھ بولمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3601 _ ھەسەن. (مەخسەت، ئىتنى، كولدۇرمىنى، يىلپىز تېرىسىنى، سۈرەت، رەسىمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلمىسۇن، هارام ئىشنى قىلمىسۇن دىمەكچى، شۇ چاغدا پەرىشتىلەر ھەمراھ بولىدۇ، ئاتقا كولدۇرما ئاسسا بولمايدۇ، يۇقىرىدا توستى.)

**3925 – [ 34 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن سهل بن سعد رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سيد القوم في السفر خادمهم فمن سبقهم بخدمة لم يسبقوه بعمل إلا الشهادة " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەۋمىنىڭ سەييدى خوجىسى يەنى باشلىقى، سەپەردە ئۇلارنىڭ خادىم خىزمەتچىسى بولىدۇ، كىم سەپەر ئۈستىدە مۇجاھىدلارنىڭ خىزمىتىنى ھەممىدىن بۇرۇن قىلىۋالسا، ھېچ قانداق بىر كىشى بىرەر ئەمەل بىلەن ئۇكىشىدىن دەرىجىدە ئىلگىرى ھەم يۇقىرى بولالمايدۇ، پەقەت شېھىد بولغاندىلا ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولالايدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

**باب الكتاب إلى الكفار ودعائهم إلى الإسلام – الفصل الأول**

## دىنسىزلارغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش توغرىسىدا

**3926 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) **عن ابن عباس : أن النبي صلى الله عليه وسلم كتب إلى قيصر يدعوه إلى الإسلام وبعث بكتابه إليه دحية الكلبي وأمره أن يدفعه إلى عظيم بصرى ليدفعه إلى قيصر فإذا فيه : " بسم الله الرحمن الرحيم من محمد عبد الله ورسوله إلى هرقل عظيم الروم سلام على من اتبع الهدى أما بعد فإني أدعوك بداعية الإسلام أسلم تسلم وأسلم يؤتك الله أجرك مرتين وإن توليت فعليك إثم الأريسيين و ( يا أهل الكتاب تعالوا إلى كلمة سواء بيننا وبينكم أن لا نعبد إلا الله ولا نشرك به شيئا ولا يتخذ بعضنا بعضا أربابا من دون الله فإن تولوا فقولوا : اشهدوا بأنا مسلمون ) متفق عليه . وفي رواية لمسلم قال : من محمد رسول الله " وقال : " إثم اليريسيين " وقال : " بدعاية الإسلام "**

ئىبنى ئاbباس ، ئەبۇ سوفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،رۇم پادىشاسى قەيسەرىيەنى ھىرەقلىگە مۇنداق مەكتۇپ يوللاپ،ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرغان، مەكتۇپىنى ئۇنىڭغا دىھيەتۇلكەلبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇبىلەن ئەۋەتىپ؛خەتنى بەسرانىڭ چوڭىغابىرىشكە بۇيرىغان،ئاندىن ئۇكىشى قەيسەرگەيەتقۇزىدۇ؛ (**بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ** ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگە، ھىدايەتكە ئەگەشكەن كىشىلەرگە سالام، تېنىچلىق بولسۇن، ئەمما بەئدۇ، ھەقىقەتەن مەن سىنى ئىسلام دىنىنىڭ چاقىرىقى بىلەن چاقىرىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن، مۇسۇلمان بول،

سالامەت قالىسەن،مۇسۇلمان بولساڭ، ئاللاھ ساڭا ئەجرىڭنى ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، ئەگەر يۈز ئۆرۈپ، مۇسۇلمان بولمىساڭ، بارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ، «ئى ئەھلى كىتاب، (يەنى يەھۇدىي، ناسارالار) كىلىڭلار پەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ، بىر ــ بىرىمىزنى ئىلاھ قىلماسلىقتەك ھەممىزگە ئورتاق، باراۋەر بولغان، بىر سۆزگە يەنى بىر خىل ئەقىدىگە ئەمەل قىلايلى، دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈپ، بۇنى قوبۇل قىلمىسا، ئى يەھۇدىي، ناسارالار جامەسى! بىزنىڭ مۇسلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار دېگىن» سۈرە ئال ئىمران، 64 ــ ئايەت،بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3927 – [ 2 ] ( صحيح ) وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم بعث بكتابه إلى كسرى مع عبد الله بن حذافة السهمي فأمره أن يدفعه إلى عظيم البحرين فدفعه عظيم البحرين إلى كسرى فلما قرأ مزقه قال ابن المسيب : فدعا عليهم رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يمزقوا كل ممزق . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىسراغا يازغان خېتىنى ئابدۇاللە ئىبنى ھۇزاپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇ خەتنى بەھرەيننىڭ چوڭىغا بىرىشنى بۇيرىدى، ئاندىن بەھرەيننىڭ چوڭى ئۇ خەتنى كىسراغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، كىسرا خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ،يىرتىپ تاشلىۋەتتى. ئىبنى مۇسەييىب رەھ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا قارشى ئۇلارنىڭ ئەشۇ خەتكە ئوخشاش پارچىلىنىپ، مۇتەپەررىق بولۇپ كېتىشىگە بەد دۇئا قىلىۋەتتى، (ئۇلار ئاخىرى شۇنداق بولدى)بۇخارى.

**3928 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم كتب إلى كسرى وإلى قيصر وإلى النجاشي وإلى كل جبار يدعوهم إلى الله وليس بالنجاشي الذي صلى عليه النبي صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ شام پادىشاسى كىسراغا، رۇم پادىشاسى قەيسەرگە ، ھەبەشىستان پادىشاسى نەجاشىيغا، ۋە بارلىق زالىم دىنسىز پادىشاھلارغا مەكتۇپ يوللاپ، خەت يېزىپ، ئۇلارنى الله تەرەپكە(ئىسلامغا) دەئۋەت قىلىپ چاقىردى. بۇ نەجاشىي سۇلۇللاھ جىنازا نامىزىنى ئوقۇغان نەجاشىي ئەمەستۇر.مۇسلىم 3323 ـ ھەدىس،تىرمىزى2640 ـ ھەدىسى سەھىھ.

**3929 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن سليمان بن بريدة عن أبيه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أمر أميرا على جيش أو سرية أوصاه في خاصته بتقوى الله ومن معه من المسلمين خيرا ثم قال : " اغزوا بسم الله قاتلوا من كفر بالله اغزوا فلا تغلوا ولا تغدروا ولا تمثلوا ولا تقتلوا وليدا وإذا لقيت عدوك من المشركين فادعهم إلى ثلاث خصال أو خلال فأيتهن ما أجابوك فاقبل منهم وكف عنهم ثم ادعهم إلى الإسلام فإن أجابوك فاقبل منهم وكف عنهم ثم ادعهم إلى التحول من دارهم إلى دار المهاجرين وأخبرهم أنهم إن فعلوا ذلك فلهم ما للمهاجرين وعليهم ما على المهاجرين فإن أبوا أن يتحولوا منها فأخبرهم أنهم يكونون كأعراب المسلمين يجري عليهم حكم الله الذي يجري على المؤمنين ولا يكون لهم في الغنيمة والفيء شيء إلا أن يجاهدوا مع المسلمين فإن هم أبوا فعلهم الجزية فإن هم أجابوك فاقبل منهم وكف عنهم فإن هم أبوا فاستعن بالله وقاتلهم وإذا حاصرت أهل حصن فأرادوك أن تجعل لهم ذمة الله وذمة نبيه فلا تجعل لهم ذمة الله ولا ذمة نبيه ولكن اجعل لهم ذمتك وذمة أصحابك فإنكم أن تخفروا ذممكم وذمم أصحابكم أهون من أن تخفروا ذمة الله وذمة رسوله وإن حاصرت أهل حصن فأرادوك أن**

**تترلهم على حكم الله فلا تترلهم على حكم الله ولكن أنزلهم على حكمك فإنك لا تدري : أتصيب حكم الله فيهم أم لا ؟ " . رواه مسلم**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قوشۇنغا ئەمىر باشلىق سايلىسا،
ئۇنىڭغا خۇسۇسەن **الله** تىن قورقۇشقا،تەقۋالىق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلاتتى، مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىقنى ۋەسىيەت
قىلاتتى، ئاندىن مۇنداق دەيتتى: ئاللاھنىڭ يولىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ، غازات قىلىڭلار، ئاللاھقا
كاپىر بولغان، تانغان، دىنسىزنى ئۆلتۈرۈڭلار، غازات قىلىڭلار، ئولجا، غەنىيمەتكە خىيانەت قىلماڭلار، ئەھدە،
توختام، كېلىشىمنى بۇزماڭلار، ئۆلتۈرگەندە، كۆز ــ قۇلاقلارنى، ئەزالارنى كېسىپ قىينىماڭلار، كىچىك بالىلارنى
ئۆلتۈرمەڭلار! مۇشرىك، دىنسىزلاردىن بولغان دۈشمەنلەرگە ئۇچراشساڭ، تۆۋەندىكى ئۈچ خىسلەت ئىشقا
چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار بۇ ئۈچ خىسلەت ئىشنىڭ قايسى بىرىگە ئاۋاز قوشسا، قوبۇل قىلسا، سەنمۇ قوبۇل قىلىپ،
ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قولۇڭنى تارتقىن، 1 ـ ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىر، ئەگەر ئۇلار بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشسا،
ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ، ئۆلتۈرۈشتىن قولۇڭنى تارتىن، 2 ـ ئاندىن ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن، مۇھاجىرلار يۇرتىغا
يۆتكىلىشكە چاقىر، مۇنداق خەۋەر قىل؛ ئەگەر ئۇلار يۆتكەلسە، مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىگە بولغان ئىشلار
ئۇلارنىڭمۇ مەنپەئەتىگە بولىدۇ، زىيىنىغا بولغان ئىشلار ئۇلارنىڭمۇ زىيىنىغا بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار يۆتكىلىشكە
ئۇنىمىسا، مۇنداق خەۋەر قىل؛ ھەقىقەتەن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەئراب، يېزىدىكىلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ،
مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ھۆكمى، ئىجرا قىلىنغاندەك ئۇلارغىمۇ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى، قانۇنى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۇلارغا
دۈشمەنلەردىن ئېلىنغان ئولجا، غەنىيمەتلەردىن ھېچنېمە بېرىلمەيدۇ، لېكىن، مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە
تۇرۇپ، جەڭ قىلسا، بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار يۇقىرقى ئىككى ئىشقا ئۇنىمىسا، 3 ـ ئۇلاردىن جىزيە، قان بېجى ئال،
جان بېجى ئال، ئەگەر ئۇلار بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ئۇنىسا، سەنمۇ قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمىگىن، ئەگەر
بۇ ئۈچ خىسلەت ئىشقا ئۇنىمىسا، ئاللاھدىنلا ياردەم سوراپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرگىن،
قورغان، شەھەر ئەھلىنى مۇھاسىرىگە ئالساڭ، ئۇلار سېنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ۋە ئەلچىسىنىڭ ئەھدە،
كېپىللىكىنى قىلىپ بېرىشىڭنى سورىسا، ھەرگىز ئۇنداق قىلىپ بەرمەي، ئۆزۈڭنىڭ ئەھدە، كېلىشىم،
كېپىللىكىنى قىلىپ بەرگىن، ساھابىلىرىڭنىڭ ھەمراھلىرىڭنىڭ كېپىللىكىنى قىلىپ بەرگىن، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ
ئەھدىسىنى، كېپىللىكىنى، كېلىشىمنى، ئەمىنلىكىنى بۇزۇشۇڭلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەھدە،
كېپىللىكىنى بۇزۇشتىن ئاسان، يەڭگىلرەكتۇر، بىرەر قورغان ئەھلىنى مۇھاسىرىگە ئالساڭ، ئۇلار ئاللاھنىڭ
ھۆكمىگە چۈشۈرۈشۈڭنى ئىرادە قىلسا، ئۇنداق قىلماي، سەن ئۆزۈڭنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈرگىن، سەن ئۇلار
توغرىسىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى توغرا قىلىشىڭنى ياكى قىلالماسلىقىڭنى بىلەلمەيسەن. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ
داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسەئى توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشدا مۇھىم يوليورۇققا
ئىگە، ھۆكۈمگە چۈشۈش ئىشى خۇددى مەلۇم قەبىيلە،يەنى بەنۇ قۇرەيزە سەئىدنىڭ ھۆكمىگە چۈشكەنگە
ئوخشاشتۇر. بۇ ھەدىستىن ئاۋۋال ئىسلامغا چاقىرىش، ئاندىن يۇقىرقى چاقىرىققا چاقىرىش، ئاندىن جىزيە
قويۇش، زادى ئۇنىمىسا، ئۇرۇشۇش، ئۆلتۈرۈش مەخسەد قىلىنىدۇ، ئىسلام دىنى ئۇرۇشنى، ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىدۇ،
ئىسلام دىنىغا كىرىشنى مەجبۇرلاپ قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ قانۇنى ھۆكۈمگە قايتۇرۇش ئۈچۈن قىلىدۇ، مەخسەت
مەملىكەتۇللاھدۇر.

**3930 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن أبي أوفى : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم في بعض أيامه التي لقي فيها العدو
انتظر حتى مالت الشمس ثم قام في الناس فقال : " يا أيها الناس لا تتمنوا لقاء العدو واسألوا الله العافية فإذا لقيتم فاصبروا**

**واعلموا أن الجنة تحت ظلال السيوف " ثم قال : " اللهم منزل الكتاب ومجري السحاب وهازم الأحزاب واهزمهم وانصرنا عليهم**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشمەنگە ئۇچىراشقان كۈنلىرىنىڭ بەزىسىدە، كۈننىڭ مايىل بۇلىشىغا ئىنتىزار بۇلۇپ، ئاندىن كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ئى ئىنسانلار! دۈشمەنگە ئۇچىقۇشۇشنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئاللاھدىن ئىككى ئالەملىك ساقلىشنى سوراڭلار، ئەگەر دۈشمەنگە ئۇچىقۇشۇپ قالساڭلار،سەۋرە قىلىپ، چىداڭلار، بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدۇر، (يەنى شېھىدلارنىڭدۇر) ئى ئاللاھ! ئى كىتابنى نازىل قىلغۇچى، بۇلۇتلارنى ماڭدۇرغۇچى، قوشۇنلارنى يەڭگۈچى، ئۇلارنى ئۆزۈلۈك يەڭگىن، مەغلۇپ قىلغىن، بىزگە دىنىسىزلارغا قارشى ياردەم بەرگىن.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3931 – [ 6 ]** ( متفق عليه ) **وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا غزا بنا قوما لم يكن يغزو بنا حتى يصبح وينظر إليهم فإن سمع أذانا كف عنهم وإن لم يسمع أذانا أغار عليهم قال : فخرجنا إلى خيبر فانتهينا إليهم ليلا فلما أصبح ولم يسمع أذانا ركب وركبت خلف أبي طلحة وإن قدمي لتمس قدم نبي الله صلى الله عليه وسلم قال : فخرجوا إلينا بمكاتلهم ومساحيهم فلما رأى النبي صلى الله عليه وسلم قالوا : محمد والله محمد والخميس فلجؤوا إلى الحصن فلما رآهم رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الله أكبر الله أكبر خربت خيبر إنا إذا نزلنا بساحة قوم فساء صباح المنذرين "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن بىللە دىنىسىز قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ قالسا، تاڭ ئاتمىغىچە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقمىغىچە ھۇجۇم قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلاردىن ئەزاننى ئاڭلىسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قول تارتىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلاردىن ئەزاننى ئاڭلىمىسا، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلاتتى، بىز خەيبەرگە ئۇرۇشقا چىقىپ، ئۇلارنىڭ جايىغا كىچىدە يىتىپ باردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقاندا ئۇلاردىن ھىچ ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاچقا، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئات سالدى، مەن ئەبۇتەلھەنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالدىم، مىنىڭ ئىككى پۇتۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇتىغا تىگىشىپ تۇراتتى،(چۈنكى بىز ئۈچ كىشى بىر تۆگىگە مىنگەشكەن ئىدۇق)خەيبەر ئەھلى بىزنىڭ بارغىنىمىزنى ئۇقماي، بىر تەرەپكە سۈۋەت ـ زەمبىل، كەتمەن ـ جوتولىرىنى ئېلىپ ئېتىزلىققا چىقىپتۇ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپلا؛ مۇھەممەد! **الله** بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد قوشۇن باشلاپ كەپتۇ!!دەپ، قورغانلىرىغا يۈگۈرۈشۈۋالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى كۆرۈپ؛ « **الله** ئەكبەر **الله** ئەكبەر!!خەرىبەت خەيبەر خەيبەر خاراپ بولسۇن، بىز بىرەر دىنىسىز قەۋم بار جاينىڭ بىر تەرىپىگە بىرچىتىگە چۈشسەك، ئاگاھلاندۇرۇلغانلارنىڭ ئەتىگىنى نىمەدىگەن يامان ھە!»دىدى.بۇخارىي،مۇسلىم.

**3932 – [ 7 ]** ( صحيح ) **وعن النعمان بن مقرن قال : شهدت القتال مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فكان إذا لم يقاتل أول النهار انتظر حتى تهب الأرواح وتحضر الصلاة . رواه البخاري**

نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ كۈندۈزنىڭ ئەۋۋەلىدە ئۇرۇش قىلماي قالسا، كۈن قەرىلىپ، شامال چىقىشىغا(يەنى ھاۋانىڭ سۆيىشىغا) ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشىگە ئىنتىزار بۇلاتتى. بۇخارى توپلىغان.

**3933 – [ 8 ] الفصل الثاني عن النعمان بن مقرن قال : شهدت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فكان إذا لم يقاتل أول**

**النهار انتظر حتى تزول الشمس وتهب الرياح وينزل النصر . رواه أبو داود**

نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ كۈندۈزنىڭ ئەۋۋەلىدە ئۇرۇش قىلماي قالسا، كۈن قەرىلىپ، شامال چىقىشقا(يەنى ھاۋانىڭ سۇيىشىغا،ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشىگە )ياردەم،نۇسرەتنىڭ چۈشىشىگە ئىنتىزار بولاتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3934 – [ 9 ] ( لم تتم دراسته ) وعن قتادة عن النعمان بن مقرن قال : غزوت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فكان إذا طلع الفجر أمسك حتى تطلع الشمس فإذا طلعت قاتل فإذا انتصف النهار أمسك حتى تزول الشمس فإذا زالت الشمس قاتل حتى العصر ثم أمسك حتى يصلي العصر ثم يقاتل قال قتادة : كان يقال : عند ذلك تهيج رياح النصر ويدعو المؤمنون لجيوشهم في صلاتهم . رواه الترمذي**

قەتادە،نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازات قىلغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ، سۇبھى يورۇپ قالسا، كۈن چىققىچە ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ تۇراتتى، كۈن چىقىپ بولغاندا ئۇرۇش قىلاتتى، كۈن چىڭ چۈش بولۇپ، كۈن تىكلەشكەندە كۈن قەرىلگىچە ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ تۇراتتى، كۈن قەرىلگەندە، ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگىچە ئۇرۇش قىلاتتى،ئاندىن ئۇرۇشتىن توختاپ تۇرۇپ،ئەسىر نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە ئۇرۇش قىلاتتى.قەتادە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ شۇچاغدا يەنى كۈن قەرىلگەندە ياردەم، نۇسرەت شامىلى چىقىدۇ دىيىلەتتى، مۆئمىلەر ئۆز قوشۇنلىرى ئۈچۈن نامازلىرىدا ياردەم سوراپ دۇئا قىلاتتى.تىرمىز

**3935 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عصام المزني قال بعثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم في سرية فقال : " إذا رأيتم مسجدا أو سمعتم مؤذنا فلا تقتلوا أحدا " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئىسام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى بىرقوشۇن ئىچىدە ئۇرۇشقا ئەۋەتىپ، مۇنداق دىگەن: بىرەر مەسجىدنى كۆرسەڭلار ياكى مۇئەززىنىنىڭ ئەزىنىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇلاردىن ھىچ بىر كىشىنى ئۆلتۈرمەڭلار. تىرمىزى ، ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3936 – [ 11 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن أبي وائل قال : كتب خالد بن الوليد إلى أهل فارس : بسم الله الرحمن الرحيم من خالد بن الوليد إلى رستم ومهران في ملأ فارس . سلام على من اتبع الهدى . أما بعد فإنا ندعوكم إلى الإسلام فإن أبيتم فأعطوا الجزية عن يد وأنتم صاغرون فإن أبيتم فإن معي قوما يحبون القتل في سبيل الله كما يحب فارس الخمر والسلام على من اتبع الهدى . رواه في شرح السنة**

ئەبۇۋائىل رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پارىس ئەھلىگە مۇنداق خەت ئەۋەتتى:« ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **الله** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، بۇ خەت خالىد ئىبنى ۋەلىددىن پارىس جامائىتى ئىچىدىكى باش بولغان رۇستەم بىلەن مېھرانغا ئەۋەتىلدى، ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە سالام، تىنچلىق بولسۇن، ئەممابەئىدۇ؛ ھەقىقەتەن بىز سىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىمىز، ئەگەر مۇسۇلمان بولۇشقا ئۇنىمساڭلار، سىلەر خارلانغان ھالدا، جىزيە جان بېجىنى نەخ تاپشۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمساڭلار، خۇددى پارىس ئەھلى ھاراقنى ياخشى كۆرگەندەك، **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغان قەۋملەر مەن بىللىدۇر، ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە سالام،تىنچلىق يار بولسۇن.(يەنى مۇسۇلمان بولۇڭلار،ياكى ئۇنىڭغا ئۇنىمساڭلار جىزيە

باج تاپشۇرۇشلار،ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمساڭلار،مەن ھېلىقى قوشۇنلىرىم بىلەن سىلەرنى ئۆلتۈرىمەن.) شەرھىسسۇننى.

**باب القتال في الجهاد – الفصل الأول** **الله يولىدائۇرۇش قىلىش توغرىسىدا**

**3937 – [ 1 ] ( متفق عليه عن جابر قال : قال رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم يوم أحد : أرأيت إن قتلت فأين أنا ؟ قال : " في الجنة " فألقى تمرات في يده ثم قاتل حتى قتل**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇھۇد كۈنى بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: قېنى دەپ باقسىلا، ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم قەيەردە بولىمەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جەننەتتە بولىسەن دېدى.ئۇكىشى قولىدىكى خورمىللىرىنى تاشلىۋېتىپ، **الله** يولىدا ئۆلتۈرۈلىپ شېھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**3938 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن كعب بن مالك قال : لم يكن رسول الله صلى الله عليه وسلم يريد غزوة إلا ورى بغيرها حتى كانت تلك الغزوة يعني غزوة تبوك غزاها رسول الله صلى الله عليه وسلم في حر شديد واستقبل سفرا بعيدا ومفازا وعدوا كثيرا فجلى للمسلمين أمرهم ليتأهبوا أهبة غزوهم فأخبرهم بوجهه الذي يريد . رواه البخاري**

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك ئۇرۇشىغىچە، ھەرقانداق بىر غازاتنى ئىرادە قىلىپ قالسىلا، (ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن ھۇجۇم قىلىش قائىدىسى بويىچە)ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى باشقا نىشانىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قويۇش بىلەن يوشۇرەتتى، ئەشۇ تەبۇك ئۇرۇشى بولغاندا ئۇنداق قىلمىدى، بۇقېتىم تەبۇكتىكى ئۇرۇش نىشانىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشقا ياخشى تەييارلىق قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆزى ئىرادە قىلغىنى بويىچە ئۇلارغا روشەن ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك ئۇرۇشىنى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق چاغدا قىلغان ئىدى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇزاق سەپەرگە، چۆل باياۋانغا ۋە نۇرغۇن دۈشمەنلەرگە ئالدىنى قىلىپ چىققان ئىدى.ئىمام بۇخارى .

**3939 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الحرب خدعة "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەڭ دىگەن ھىيلە _ نەيرەڭ بىلەن بولىدۇ، (مەسىلەن؛ شەرىقدىن شەپە بېرىپ، غەرىپكە ھۇجۇم قىلىش) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەزار، تەبرانى، ئىبنى ئەساكىرلار، ھەتتا بۇخارى، مۇسلىممۇ، جابىر، ئەبۇھۇرەيرە، ئەنەس، كەئبى ئىبنى مالىك، ئىبنى ئابباس، ھۇسەيىن، زەيىد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئەۋىف ئىبنى مالىك، نۇئەيم، ئىبنى مەسئۇد، نەۋۋاس، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملادىن توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىر.

**3940 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يغزو بأم سليم ونسوة من الأنصار معه إذا غزا يسقين الماء ويداوين الجرحى . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممە سۇلەيمنى ۋە ئەنسارلاردىن بىر نۇركۇم ئاياللارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋېلىپ غازات جەڭ قىلغان ئىدى، ئەرلەر جەڭ قىلسا، ئاياللار سۇ توشۇيتتى، يارىدارلارنى داۋالايتتى.مۇسلىم توپلىغان.

**3941 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن أم عطية قالت : غزوت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم سبع غزوات أخلفهم في رحالهم**

فأصنع لهم الطعام وأداوي الجرحى وأقوم على المرضى . رواه مسلم

ئۇممە ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە يەتتە قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدىم، مەن ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرەتتىم، جاراھەتلەنگەنلەرنى داۋالايتتىم، كېسەللىرىگە قارايتتىم.مۇسلىم توپلىغان.

3942 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن عمر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن قتل النساء والصبيان

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەڭ قىلىش جەريانىدا ئاياللارنى، سەبىي باللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توسقان. بەيھەقى ۋە باشقا بارلىق سەھىھ كىتابلاردا بار، سەھىھ. ھەر قانداق دۆلەت ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئاياللارنى، سەبىي باللارنى ئۆلتۈرمەيدۇ، لېكىن، ئايال ئەسكەر بولسا ئۆلتۈرىدۇ.

3943 – [ 7 ] ( متفق عليه ) وعن الصعب بن جثامة قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن أهل الدار يبيتون من المشركين فيصاب من نسائهم وذراريهم قال : " هم منهم " . وفي رواية : " هم من آبائهم "

جۇسامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشرىكلەرنىڭ ئارىسىدا ياتقان ئۇلارنىڭ ئۆي ئەھلىللىرىدىن ئاياللىرىغا، باللىرىغا مۇسىيبەت يېتىپ قالىدىكەن، ئۇلارنى قانداق قىلىمىز؟دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ:ئۇلار مۇشرىكلەرنىڭ جۈملىسىدىن، دادىللىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

3944 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قطع نخل بني النضير وحرق ولها يقول حسان : وهان على سراة بني لؤي حريق بالبويرة مستطيروفي ذلك نزلت ( ما قطعتم من لينة أو تركتموها قائمة على أصولها فبإذن الله )

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنىي نەزىرلەرنىڭ خورمىللىرىنى كېسىپ كۆيدۈردى، بۇ توغرىسىدا ھەسسان مۇنداق دېگەن:بۇۋەيرەت دېگەن جايدا بەنىي لۇئەيىنىڭ ئۇلۇغلىرىغا يالقۇنلاۋاتقان ئوتنىڭ كۆيۈشى ئاسان بولدى، شۇئىش توغرىسىدا مۇنۇ ئايەت نازىل قىلىندى:« (ئى مۇسۇلمانلار! ) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى يىلتىزى بىلەن قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە الله رۇخسەت قىلىدۇ، (اللهنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) اللهنىڭ ئىتائەتتىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر.»سۈرە ھەشر 5 ـ ئايەت. بۇخارى،مۇسلىم.

3945 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن عون : أن نافعا كتب إليه يخبره أن ابن عمر أخبره أن النبي صلى الله عليه وسلم أغار على بني المصطلق غارين في نعمهم بالمريسيع فقتل المقاتلة وسبى الذرية

ئىبنى ئەۋنگە نافىئ رەھ مۇنداق خەت يازغان:ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەرىيسىئ دېگەن جايدا، بەنىي مۇستەلەقلەرگە ئۇلار چارۋا ماللىرى ئارىسىدا غەپلەتتە قالغاندىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللىرىنى، باللىرىنى ئولجا ئالغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

3946 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن أبي أسيد : أن النبي صلى الله عليه وسلم قال لنا يوم بدر حين صففنا لقريش وصفوا لنا : " إذا اكثبوكم فعليكم بالنبل " . وفي رواية : " إذا أكثبوكم فارموهم واستبقوا نبلكم " . رواه البخاري وحديث سعد : " هو تنصرون " سنذكره في باب " فضل الفقراء " . وحديث البراء : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم رهطا في باب " المعجزات " إن شاء الله تعالى

| |
|---|
| ئەبۇ ئۇسەيددىن، دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر كۈنى بىز قۇرەيشكە سەپ تارتقاندا، ئۇلار بىزگە سەپ تارتقاندا بىزگە مۇنداق دىگەن: ئۇلار سىلەرگە يوپۇرۇلۇپ، يېقىن كەلگەندە ئۇلارنى ئوقيا بىلەن ئېتىڭلار! ئالدى بىلەن ئوقيا بىلەن ئېتىڭلار، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇرۇنقى جەڭ قائىدىسى، ئالدى بىلەن ئوقيائېتىش، ئاندىن نەيزە، ئاندىن قىلىچ، بەزىدە مەنچاناق بىلەن تاش ئېتىشتۇر،ئوق ئېتىش،قارغا ئېتىش،بەكمۇ مۇھىم.ھازىر باشقۇرلىدىغان بومبا،ئاتوم،يادرۇ قىرغۇچى قۇراللاربار. |
| 3947 – [ 11 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته ) عن عبد الرحمن بن عوف قال : عبأنا النبي صلى الله عليه وسلم ببدر ليلا . رواه الترمذ<br><br>ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى بەدىردە، دىنسىزغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كېچىسىلا تەييارلاپ، تەرتىپكە سالغان ئىدى.تىرمىزى توپلىغان. |
| 3948 – [ 12 ] وعن المهلب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن بيتكم العدو فليكن شعاركم : حم لا ينصرون " . رواه الترمذي وأبو داود<br><br>ساھابىلاردىن بىر ئەردىن،مەھلەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر دۈشمەن سىلەرگە كېچىدە ھۇجۇم قىلسا، سىلەرنىڭ شۇئارىڭلار؛« ھامىىم لا يۇنسەرۇن» بولسۇن يەنى ھام مىيم لا يۇنسەرۇن دەڭلار، تەرجىمىسى: ھام مىمنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، لايۇنسەرۇن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ دىگەن مەنىدە بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سىلەر ئەتە دۈشمەنگە ئۇچرىشىسىلەر، شۇ چاغدا شۇئارىڭلار ھام، مىيم، لايۇنسەرۇن دىگەن ئايەت بولسۇن، (يەنى ھام، مىم، ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ) دىگەننى كۆپ دەڭلار، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. |
| 3949 –[ 13 ] ( ضعيف )وعن سمرة بن جندب قال : كان شعار المهاجرين : عبد الله وشعار الأنصار: عبد الرحمن .رواه أبو داود<br><br>سۇمرەت ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇھاجىرلارنىڭ شۇئارچىسى ئابدۇللا، ئەنسارىلارنىڭ بولسا ئابدۇررەھمان ئىدى، شۇئار دىگەن ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا قوشۇن تونۇلىدىغان بىرەر بەلگە، ئالامەت دىگەن مەنىدە، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى ئارىسىدا ھەدىسى كۈچلۈك بولمىغان ھەدىسنىڭ ئىسنادىنىڭ پاكى شەيخىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدىغان ھەججاج دىگەن راۋى بار ئىكەن. ئەلى ئىبنى مەيدىنى مەن ئۇنى قەستەن تەرىك ئەتتىم دىگەن، يەھيا ئىبنى مەئىين كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلبانى زەئىپ دىدى. |
| 3950 – [ 14 ] ( حسن ) وعن سلمة بن الأكوع قال : غزونا مع أبي بكر زمن النبي صلى الله عليه وسلم فبيتناهم نقتلهم وكان شعارنا تلك الليلة : أمت أمت . رواه أبو داود<br><br>سەلەمەت ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە دىنسىزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدۇق، بىز ئۇلارنى كېچىسىلا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈردۇق، شۇ كېچىدىكى شۇئارىمىز«ئۆلتۈرگىن،ئۇلارنى ئۆلتۈرگىن » دىيىش ئىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان،ھەسەن. |
| 3951 – [ 15 ] ( لم تتم دراسته ) وعن قيس بن عباد قال : كان أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم يكرهون الصوت عند |

القتال . رواه أبو داود

قيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرى قاتتىق ئۇرۇش بولىۋاتقاندا (الله نىڭ زىكرىدىن باشقا، تەكبىردىن باشقا) ئاۋاز قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

---

**3952 – [ 16 ] ( لم تتم دراسته ) وعن سمرة بن جندب عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اقتلوا شيوخ المشركين واستحيوا شرخهم " أي صبيانهم . رواه الترمذي وأبو داود**

سۇمرەت ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىكلەرنىڭ جەڭ تەدبىرلىرىنى كۆرسەتكەن، رەئىيى ئىگىسى بولغان قېرىللىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ سەبىي كىچىك باللىرىنى ئۆلتۈرمەي ھايات قويۇڭلار.تىرمىزى ، ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

---

**3953 – [ 17 ] ( ضعيف )وعن عروة قال : حدثني أسامة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان عهد إليه قال : " أغر على أبنى صباحا وحرق " . رواه أبو داود**

ئورۇۋەتتىن ماڭا ئۇسامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئۇبنا دېگەن جايغا ئەتىگەندە ھۇجۇم قىل ۋە ئوت قويىۋەت، كۆيدۈرىۋەت دەپ تاپىلاپتۇ. (ئۇبنا پەلەستىندىكى بىنا ئىكەن) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. شەيخ مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

---

**3954 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي أسيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم بدر : " إذا أكثبوكم فارموهم ولا تسلوا السيوف حتى يغشوكم " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ئۇسەيددىن، دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر كۈنى بىزگە مۇنداق دېگەن: ئۇلار سىلەرگە يېپىرۇلۇپ، يېقىن كەلگەندە ئۇلارنى ئوقيا بىلەن ئېتىڭلار! ئالدى بىلەن ئوقيا بىلەن ئېتىڭلار، ئۇلار سىلەرگە يېقىن كىلىپ قورشىمىغىچە قىلىچلارنى غىلىپىدىن سۇغارماڭلار، بەكلا يېقىنلاشقاندا، ئاندىن (نەيزىنى ئىشقا سېلىپ بولۇپ) قىلىچنى ئىشقا سېلىڭلار.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

---

**3955 – [ 19 ] ( لم تتم دراسته ) وعن رباح بن الربيع قال : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في غزوة فرأى الناس مجتمعين على شيء فبعث رجلا فقال : " انظروا على من اجتمع هؤلاء ؟ " فقال : على امرأة قتيل فقال : " ما كانت هذه لتقاتل " وعلى المقدمة خالد بن الوليد فبعث رجلا فقال : " قل لخالد : لا تقتل امرأة ولا عسيفا " . رواه أبو داود**

رىباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىرقېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنىڭ بىرنەرسىگە توپلۇشۇپ، ئۇلىشىۋالغىنىنى كۆرۈپ، بىر كىشىنى «سەن بېرىپ، ئاۋۇ كىشىلەرنىڭ نىمىگە توپلىشىۋالغىنىنى كۆرۈپ كەلگىن» دەپ ئەۋەتتى، ئۇكىشى كىلىپ؛ ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئاياللىنىڭ جەسىدىگە ئولىشىۋاپتۇ دېدى، ئۇ ئايال ئەسكەر ئەمەسكەن، ئۇرۇشقا قاتناشمىغان ئىكەن، قوشۇننىڭ ئالدىدا خالىد ئىبنى ۋەلىد بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بىر كىشىنى«سەن خالىدقا: سەن ھەرگىز ئاياللارنى،خىزمەت قىلىشقا ئەگىشىپ چىققان ئىجارىچىلارنى ئۆلتۈرمىگىن دېگىن»دەپ ئەۋەتتى.ئەبۇداۋۇد

---

**3956 – [ 20 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " انطلقوا باسم الله وبالله وعلى ملة رسول الله لا**

| |
|---|
| تقتلوا شيخا فانيا ولا طفلا صغيرا ولا امرأة ولا تغلوا وضموا غنائمكم وأصلحوا وأحسنوا فإن الله يحب المحسنين رواه أبو داود<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله نىڭ ياردىمى بىلەن، الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ مىللىتى ۋە سۈننىتى ئۈستىدە، الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ، ئۇرۇشقا ئاتلىنىڭلار! بەك قېرى كىشلەرنى، بەك كىچىك سەبىي باللارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاياللارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، ئولجا ـ غەنىيمەتلىرىڭلارنى بىر يەرگە توپلاپ قويۇڭلار، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ياخشىلىق قىلىڭلار، الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.ئەبۇداۋۇد توپلىغان. |
| 3957 – [ 21 ] ( لم تتم دراسته ) وعن علي رضي الله عنه قال : لما كان يوم بدر تقدم عتبة بن ربيعة وتبعه ابنه وأخوه فنادى : من يبارز ؟ فانتدب له شباب من الأنصار فقال : من أنتم ؟ فأخبروه فقال : لا حاجة لنا فيكم إنما أردنا بني عمنا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قم يا حمزة قم يا علي قم يا عبيدة بن الحارث " . فأقبل حمزة إلى عتبة وأقبلت إلى شيبة واختلف بين عبيدة والوليد ضربتان فأثخن كل واحد منهما صاحبه ثم ملنا على الوليد فقتلناه واحتملنا عبيدة . رواه أحمد وأبو داود<br><br>ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدر كۈنى ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن قېرىندىشى قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ؛ يەكمۇ ـ يەك، بىرگە ـ بىر ئېلىشىدىغان كىشى بارمۇ؟ دەپ توۋلىدى، ئۇلارغا قارشى ئەنسارلاردىن بولغان ياشلار ئالدىغا چىقتى، ئۇ:سىلەر كىملەر؟دېدى، ئەنسارلار ئۆزلىرىنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇ: بىزنىڭ سىلەرگە ھاجىتىمىز يوق، بىز پەقەت تاغىللىرىمىزنىڭ باللىرىنى مەقسەت قىلىمىز دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى ھەمزە!سەن چىق، ئى ئەلى! سەن چىق، ئى ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس! سەنمۇ چىققىن دېدى، ھەمزە ئۇتبىگە ئالدىنى قىلىپ(ئۇنى ئۆلتۈردى)مەن شەيبىنى ئۆلتۈردۈم، ئۇبەيدە بىلەن ۋەلىيدنىڭ ئارىسىدا بىردىن قىلىچ ئۇرۇش بولدى، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرنى يارىلاندۇردى، ئاندىن بىز ۋەلىيدنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇبەيدەنى كۆتۈرۈپ ئەكەتتۇق.ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد تولىغان. |
| 3958 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر قال : بعثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم في سرية فحاص الناس حيصة فأتينا المدينة فاختفينا بها وقلنا : هلكنا ثم أتينا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلنا : يا رسول الله نحن الفارون . قال : " بل أنتم العكارون وأنا فئتكم " . رواه الترمذي . وفي رواية أبي داود نحوه وقال : " لا بل أنتم العكارون " قال : فدنونا فقبلنا يده فقال : " أنا فئة من المسلمين "وسنذكر حديث أمية بن عبد الله : كان يستفتح وحديث أبي الدرداء " ابغوني في ضعفائكم " في باب " فضل الفقراء " إن شاء الله تعالى<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى بىر قوشۇننىڭ ئىچىدە ئۇرۇشقا ئەۋەتتى، دىنسىز كىشلەر بىزگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى، بىز قېچىپ كېلىپ مەدىنىگە يوشۇرۇنىۋالدۇق، بىز ئىچىمىزدە؛ ئەمدى بىز ھالاك بولدۇق دېيىشىپ، ئاندىن كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز جەڭدىن قاچتۇق دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، بەلكى سىلەر دۈشمەنلەرنى ئالداپ قويۇپ، يەنە قايتا ھۇجۇم قىلغۇچىلار، مەن سىلەرنىڭ ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەسى ھساپلىنىمەن(سىلەر مەن تەرەپكە قاچقان بولىسلەر)دېدى.بىز يېقىن كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى سۆيۈپ كەتتۇق.ترمىزى،ئەبۇداۋۇد تېپلىغان. |
| 3959 – [ 23 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن ثوبان بن يزيد : أن النبي صلى الله عليه وسلم نصب المنجنيق على أهل |

الطائف . رواه الترمذي مرسلا

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىف  ئەھلىگە قارشى ھۇجۇمدا، تاش ئاتىدىغان مەنجەناقنى تىكلەپ ئۇلارغا تاش ئاتقان ئىدى. تىرمىزى توپلىغان.

باب حكم الاسراء – الفصل الأول    ئەسىرلەرنىڭ ھۆكۈمى توغرىسىدا

3960 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " عجب الله من قوم يدخلون الجنة في السلاسل " . وفي رواية : " يقادون إلى الجنة بالسلاسل " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەببىمىزاللە، جەننەتكە زەنجىر ـ كىشەنلەر ئىچىدە سۆرۈلۈپ ھەيدىلىدىغان،شۇسەۋەبلىك جەننەتكە كىرىدىغان قەۋملەردىن ئەجەپلىنىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەننەتكە زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن سۆرۈلۈپ ھەيدىلىپ ماڭغان، تېخى ئۇلار بۇ ئىشنى ياقتۇرمىغان قەۋملەر ئۈچۈن ئەجەپلىنىپ، ھەيران قالىمەن، تەبرانى بىلەن ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن بۇ ئىككى ھەدىستىكى مەخسەت،ئۇلار، مۇسۇلمان قوشۇنلار ئەسىر ئالغان كىشىلەر بولۇپ، دەسلەپتە زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن سۆرۈلۈپ، ئۇلار بۇنى ياقتۇرماي ماڭىدۇ، كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئىمان ئېيتىپ، جەننەت ئەھلىدىن بولۇپ قالىدۇ، مانا بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىشتۇر. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زەنجىر ـ كىشەنلەرگە باغلانغان ھالدا جەننەتكە ھەيدەلگەن كىشىلەردىن كۈلۈپ كېتىمەن، (يەنى مۇسۇلمانلار ئەسىر ئالغان كىشىلەر كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، جەننەت ئەھلىدىن بولۇپ قالىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3961 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن سلمة بن الأكوع قال أتى النبي صلى الله عليه وسلم عين من المشركين وهو في سفر فجلس عند أصحابه يتحدث ثم انفتل فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " اطلبوه واقتلوه " . فقتلته فنفلني سلبه

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇرۇش سەپىرىدىكى چاغدا، مۇشرىكلەردىن بىر جاسۇس، ئىشپىيون رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ، ساھابىللىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سۆزلىشىپ بولۇپلا، ئاندىن ئۇ قايتىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: دەرھال ئۇ جاسۇسنى تۇتۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار دىدى، مەن بىرىپ ئۇنى ئۆلتۈردۈم، ئۇنىڭ يېنىدىكى كىيىم ـ كېچەك، بارلىق نەرسىللىرىنى ماڭا ئولجا قىلىپ بەردى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

3962 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : غزونا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم هوازن فبينا نحن نتضحى مع رسول الله صلى الله عليه وسلم إذ جاء رجل على جمل أحمر فأناخه وجعل ينظر وفينا ضعفة ورقة من الظهر وبعضنا مشاة إذ خرج يشتد فأتى جمله فأثاره فاشتد به الجمل فخرجت أشتد حتى أخذت بخطام الجمل فأنخته ثم اخترطت سيفي فضربت رأس الرجل ثم جئت بالجمل أقوده وعليه رحله وسلاحه فاستقبلني رسول الله صلى الله عليه وسلم والناس فقال : " من قتل الرجل ؟ " قالوا : ابن الأكوع فقال : " له سلبه أجمع "

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەۋازىن

قەبىلىسىگە قارشى غازات قىلدۇق، بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇلارغىلىرىمىزنى ئوتلاقتا قويۇۋېتىپ، غىزالىنىۋاتساق، تۇيۇقسىز بىر كىشى قىزىل تۆگىگە مىنىپ كېلىپ، تۆگىسىنى چۆكىلاندۇرۇپ ياتقۇزۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراشقا باشلىدى، ـ مىنىدىغان ئۇلاغ بەكلا ئاز بولغاچقا ئارىمىزدا ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن ئاجىز كىشىلەر بار ئىدى، بەزىلىرىمىز پىيادە ئىدى، تۇيۇقسىز ھېلىقى كىشى ئالدىراپ چىقىپ، تۆگىسىنى ئورنىدىن قوزغاپ، ناھايىتى تېز قاچتى، مەنمۇ تېزلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، تۆگىنىڭ نوختىسىدىن تۇتۇپ ئۇنى ياتقۇزدۇم ـــ دە! قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ، ئۇكىشىنىڭ بېشىغا ئۇردۇم، ئاندىن تۆگىنى يېتىلەپ كەلدىم، ئۇنىڭ جابدۇقلىرى،ماتالىرى، قۇراللىرى تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىدى، ماڭا كىشىلەر بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچراپ؛ بۇكىشىنى كىم ئۆلتۈردى؟دېدى، ئۇلار: سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈردى دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭ يېنىدىكى كىيىم ـ كېچەك، بارلىق نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى سەلەمەتنىڭ بولىدۇ دېدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

**3963 – [ 4 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي سعيد الخدري قال : لما نزلت بنو قريظة على حكم سعد بن معاذ بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم إليه فجاء على حمار فلما دنا قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قوموا إلى سيدكم " فجاء فجلس فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن هؤلاء نزلوا على حكمك " . قال : فإني أحكم أن تقتل المقاتلة وأن تسبى الذرية . قال : " لقد حكمت فيهم بحكم الملك " . وفي رواية : " بحكم الله "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بەنىي قۇرەيزەلەر سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە چۈشكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتتى، ئۇ ئېشەككە مىنىپ كېلىپ يېقىنلاشقاندا، رەسۇلۇللاھ: سىلەرئۇرنۇڭلاردىن تۇرۇپ، سەيىيدىڭلارغا،يول باشچىڭلارغا ياردەملىشىڭلار دېدى،(چۈنكى ئۇ يارىدارئىدى) ئۇ كېلىپ ئولتۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ:ئى سەئىدى! ئاۋۇ كىشىلەر سېنىڭ ھۆكۈم قىلىشىڭغا چۈشتى دېدى، سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرلىشىگە، ئاياللىرىنىڭ، باللىرىنىڭ ئولجا ئېلىنىشىغا ھۆكۈم قىلىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن سەن ئۇلارغا بىرىدىنبىر پادىشاھ بولغان الله نىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلدىڭ دېدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

**3964 – [ 5 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم خيلا قبل نجد فجاءت برجل من بني حنيفة يقال له : ثمامة بن أثال سيد أهل اليمامة فربطوه بسارية من سواري المسجد فخرج إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " ماذا عندك يا ثمامة ؟ " فقال : عندي يا محمد خير إن تقتل تقتل ذا دم وإن تنعم تنعم على شاكر وإن كنت تريد المال فسل تعط منه ما شئت فتركه رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى كان الغد فقال له : " ما عندك يا ثمامة ؟ " فقال : عندي ما قلت لك : إن تنعم تنعم على شاكر وإن تقتل تقتل ذا دم وإن كنت تريد المال فسل تعط منه ما شئت . فتركه رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى كان بعد الغد فقال له : " ما عندك يا ثمامة ؟ " فقال : عندي ما قلت لك : إن تنعم تنعم على شاكر وإن تقتل تقتل ذا دم وإن كنت تريد المال فسل تعط منه ما شئت . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أطلقوا ثمامة " فانطلق إلى نخل قريب من المسجد فاغتسل ثم دخل المسجد فقال : أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله يا محمد والله ما كان على وجه الأرض وجه أبغض إلي من وجهك فقد أصبح وجهك أحب الوجوه كلها إلي والله ما كان من دين أبغض إلي من دينك فأصبح دينك أحب الدين كله إلي و والله ما كان من بلد أبغض إلي من بلدك فأصبح بلدك أحب البلاد كلها إلي . وإن خيلك أخذتني وأنا أريد العمرة فماذا ترى ؟ فبشره رسول الله صلى الله عليه وسلم وأمره أن يعتمر فلما قدم مكة قال له قائل : أصبوت**

؟ فقال : لا ولكني أسلمت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم والله لا يأتيكم من اليمامة حبة حنطة حتى يأذن فيها رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم واختصره البخاري

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجىد تەرەپكە ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلار يەمامە ئەھلىنىڭ سەيىيدى ئاقساقالى بولغان، بەني ھەنىيفە جەمەتىدىن سۇمامە دېيىلىدىغان بىركىشىنى تۇتۇپ ئېكىلىپ، مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېشىغا چىقىپ؛ ئى سۇمامە! سىنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىڭ قانداق؟دېدى، ئۇ: ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ گۇمانىم ياخشى، ئەگەر مىنى ئۆلتۈرسەڭ، بىر خۇن ئىگىسىنى ئۆلتۈرسەن، ئەگەر نىئمەت ئاتا قىلىپ قويۇپ بەرسەڭ، تەشەككۇر بىلدۈرىدىغان كىشىنى قويۇپ بەرگەن بۇلسەن،(يەنى مەن ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن)ئەگەر مال ـ دۇنيانى مەقسەت قىلساڭ، سورىغىن، ساڭا خالىغىنىڭ بېرىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆز پېتى قويۇپ تۇرۇپ، ئەتىسى بولغاندا، يەنە ئۇنىڭغا؛ ئى سۇمامە! سىنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىڭ قانداق؟دېدى، ئۇيەنە: ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ساڭا ئاخشام دىگەندەك، مىنىڭ گۇمانىم ياخشى، ئەگەر مىنى ئۆلتۈرسەڭ، بىر خۇن ئىگىسىنى ئۆلتۈرسەن، ئەگەر نىئمەت ئاتا قىلىپ قويۇپ بەرسەڭ، تەشەككۇر بىلدۈرىدىغان كىشىنى قويۇپ بەرگەن بۇلسەن،(يەنى مەن ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن)ئەگەر مال ـ دۇنيانى مەقسەت قىلساڭ، سورىغىن، ساڭا خالىغىنىڭ بېرىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يەنە ئۆز پېتى قويۇپ تۇرۇپ، ئەتىسى بولغاندا، يەنە ئۇنىڭغا؛ ئى سۇمامە! سىنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىڭ قانداق؟دېدى، ئۇيەنە: ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ساڭا ئاخشام دىگەندەك، مىنىڭ گۇمانىم ياخشى، ئەگەر مىنى ئۆلتۈرسەڭ، بىر خۇن ئىگىسىنى ئۆلتۈرسەن، ئەگەر نىئمەت ئاتا قىلىپ قويۇپ بەرسەڭ، تەشەككۇر بىلدۈرىدىغان كىشىنى قويۇپ بەرگەن بۇلسەن،(يەنى مەن ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن)ئەگەر مال ـ دۇنيانى مەقسەت قىلساڭ، سورىغىن، ساڭا خالىغىنىڭ بېرىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سۇمامەنى قويۇپ بېرىڭلار دېدى، ئۇ چىقىپ مەسجىدكە يېقىن بىر خورمىزارلىققا بېرىپ غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ؛«گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **الله** بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە سىنىڭ يۈزۈڭدىنمۇ ماڭا دۈشمەنرەك، سەت،ئۆچ كۆرىنىدىغان بىرەر يۈز يوق ئىدى، مانا ئەمدى سىنىڭ يۈزۈڭ ماڭا، بارلىق يۈزلەردىن ئەڭ سۆيۈملۈك يۈزگە ئايلاندى، **الله** بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە سىنىڭ دىنىڭدىنمۇ ماڭا دۈشمەنرەك،ئۆچ كۆرىنىدىغان بىرەر دىن يوق ئىدى، مانا ئەمدى سىنىڭ دىنىڭ ماڭا، بارلىق دىنلاردىن ئەڭ سۆيۈملۈك دىنغا ئايلاندى، **الله** بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە سىنىڭ شەھرىڭدىنمۇ ماڭا دۈشمەنرەك،ئۆچ كۆرىنىدىغان بىرەر شەھەر يوق ئىدى، مانا ئەمدى سىنىڭ شەھرىڭ ماڭا، بارلىق شەھەرلەردىن ئەڭ سۆيۈملۈك شەھەرگە ئايلاندى، مەن ئۆمرە ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلىپ كىتىۋاتسام، مىنى سىنىڭ ئاتلىق قوشۇنۇڭ تۇتىۋالدى، مانا ئەمدى ماڭا قانداق قارايسەن؟(مەن قانداق قىلىمەن؟) دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا خۇش ـ بىشارەتلەر بېرىپ، ئۇنى ئۆمرە ھەج قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇ مەككىگە كەلگەندە، بىرسى ئۇنىڭغا؛ سەن راست دىنىڭدىن قايتىۋالدىڭمۇ؟دېدى، ئۇ: ياق، لېكىن مەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە مۇسۇلمان بولدۇم، **الله** بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئىزنى قىلىپ رۇخسەت قىلمىغىچە، سىلەرگە يەمامەدىن بىر تال بۇغداينىڭ دېنىمۇ كەلمەيدۇ دېدى.(چۈنكى ئۇ ئاشلىق كارۋىنىنىڭ ئۆتۈش يولىدا ئىدى)بۇخارى،مۇسلىم.

**3965 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن جبير بن مطعم أن النبي صلى الله عليه وسلم قال في أسارى بدر : " لو كان المطعم بن عدي حيا ثم كلمني في هؤلاء النتنى لتركتهم له " . رواه البخاري**

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بەدىر ئەسىرلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئەگەر مۇتئىم ئىبنى ئەدى ھايات بولۇپ، ئاندىن ماڭا ئاۋۇ سېسىق تاپلار يەنى ئەسىرلەر توغرىسىدا شاپائەت قىلىپ سۆز قىلسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قويۇپ بەرگەن بولاتتىم. (كېيىن، بۇ ئەسىرلەردىن پىدىيە پۇلى ئېلىنغان) ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھھە.

**3966 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن أنس : أن ثمانين رجلا من أهل مكة هبطوا على رسول الله صلى الله عليه وسلم من جبل التنعيم متسلحين يريدون غرة النبي صلى الله عليه وسلم وأصحابه فأخذهم سلما فاستحياهم . وفي رواية : فأعتقهم فأنزل الله تعالى ( وهو الذي كف أيديهم عنكم وأيديكم عنهم ببطن مكة ) رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، (ھۇدەيبىييە يىلى) مەككە ئەھلىدىن 80 نەپەركىشى تەنئىم تېغىدىن قۇرال ئاسقان ھالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى چۈشۈپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە ساھابىلىرىنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئۆلتۈرمەكچى بولدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى تەسلىم قىلدۇرۇپ ھايات ئەسىر ئالدى، ئاندىن ئۇلارنى ھايات قالدۇرۇپ ئازاد قىلىۋەتتى، ئاندىن **الله** تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:« **الله** ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىييەدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشتىن توستى، **الله** قىلىدىغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»سۈرە پەتھى 24 ـ ئايەت.مۇسلىم توپلىغان.

**3967 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن قتادة قال : ذكر لنا أنس بن مالك عن أبي طلحة أن نبي الله صلى الله عليه وسلم أمر يوم بدر بأربعة وعشرين رجلا من صناديد قريش فقذفوا في طوي من أطواء بدر خبيث مخبث وكان اذا ظهر على قوم أقام بالعرصة ثلاث ليال فلما كان ببدر اليوم الثالث أمر براحلته فشد عليها رحلها ثم مشى وأتبعه أصحابه حتى قام على شفة الركي فجعل يناديهم بأسمائهم وأسماء آبائهم : " يا فلان بن فلان ويا فلان بن فلان أيسركم أنكم أطعتم الله ورسوله ؟ فإنا قد وجدنا ما وعدنا ربنا حقا فهل وجدتم ما وعدكم ربكم حقا ؟ " فقال عمر : يا رسول الله ما تكلم من أجساد لا أرواح لها ؟ قال النبي صلى الله عليه وسلم : " والذي نفس محمد بيده ما أنتم بأسمع لما أقول منهم " . وفي رواية : " ما أنتم بأسمع منهم ولكن لا يجيبون " . متفق عليه . وزاد البخاري : قال قتادة : أحياهم الله حتى أسمعهم قوله توبيخا وتصغيرا ونقمة وحسرة وندما**

ئەنەس،ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر كۈنى قۇرەيشلەرنىڭ چوڭ كاتتىباشلىرىدىن 24 كىشىنى بەدىر قۇدۇقلىرىدىن نىجىس،سېسىق بىرقۇدۇققا تاشلاشقا بۇيرىدى، بىرەر قەۋمنىڭ ئۈستىدىن ئۇرۇشتا غالىب كەلسە، جەڭ مەيدانىدا ئۈچ كۈن تۇراتتى، بەدىردە تۇرغانىنىڭ ئۈچۈنچى كۈنى بولغاندا، تۆگىسىگە جابدۇق،كاجۇۋلىرىنى چىگىشكە، سەپەرگە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرىدى، ئاندىن پىيادە ماڭدى، ساھابىلىرىمۇ ئەگىشىپ ماڭدى، ئاندىن ھېلىقى قۇدۇقنىڭ لېۋىدە، گىرۋىگىدە تۇرۇپ، قۇدۇققا تاشلانغان كاپىرلارنىڭ ئىسىملىرى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ندا قىلىپ؛ ئى پالانىنىڭ بالىسى پالانى! ئى پالانىنىڭ بالىسى پالانى!مانا ئەمدى **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلغان بولسىڭلار سىلەرنى خۇرسەن قىلغۇۋاتامدۇ؟(يەنى ئىتائەت قىلساقچۇ!دەپ كەتتىڭلارمۇ؟)ھەققەتەن بىزمۇ رەببىمىز بىزگە ۋەدە قىلغانىنى

ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ سىلەرگە رەببىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى بۇ روھى يوق ئۆلۈك جەسەدكە سۆز قىلىۋاتىلىغۇ؟ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:الله بىلەن قەسەمكى، مەن دىگەن سۆزلەرنى سىلەر ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئاڭلىيالمايسىلەر،ئۇلار ئاڭلايدۇ، لېكىن، ئۇلار ماڭا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ دىگەن ئىدى.قەتادە؛ الله تائالا ئۇلارنى تىرىلدۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرىنى ئۇلارغا تاپا ـ تەنە،مالامەت، ھەسرەت ـ نادامەت قىلىپ، ئۇلارنى خارلاپ،ھاقارەتلەپ ئاڭلاتقان دېدى. ئەھمەد، بۇخارى، بەيھەقى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3968 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن مروان والمسور بن مخرمة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قام حين جاءه وفد من هوازن مسلمين فسألوه أن يرد إليهم أموالهم وسبيهم فقال : " فاختاروا إحدى الطائفتين : إما السبي وإما المال " . قالوا : فإنا نختار سبينا . فقام رسول الله صلى الله عليه وسلم فأثنى على الله بما هو أهله ثم قال : " أما بعد فإن إخوانكم قد جاؤوا تائبين وإني قد رأيت أن أرد إليهم سبيهم فمن أحب منكم أن يطيب ذلك فليفعل ومن أحب منكم أن يكون على حظه حتى نعطيه إياه من أول ما يفيء الله علينا فليفعل " فقال الناس : قد طيبنا ذلك يا رسول الله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنا لا ندري من أذن منكم ممن لم يأذن فارجعوا حتى يرفع إلينا عرفاؤكم أمركم " . فرجع الناس فكلمهم عرفاؤهم ثم رجعوا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فأخبروه أنهم قد طيبوا وأذنوا . رواه البخاري**

مەرۋان ، مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئەلچىللىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھتىن ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ۋە ئولجا ئېلىنغان باللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاڭلار، يا باللارنى تاللاڭلار، ياكى مال ـ مۈلۈكنى تاللاڭلار دېدى، ئۇلار ؛ ئولجا ئېلىنغان باللىرىمىزنى تاللىدۇق دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئورە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەپ، الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتقاندىن كيىن مۇنداق دېدى: ئەمما بەئدۇ، ھەقىقەتەن قېرىنداشلىرىڭلار تۆۋبە قىلغان ھالدا، مۇسۇلمان بولۇپ كەپتۇ، مەن ئۇلارغا باللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى لايىق كۆردۈم، سىلەردىن كىم شۇنىڭغا چىن قەلبىدىن رازى بولۇشنى ياخشى كۆرسە، شۇنداق قىلسۇن، سىلەردىن كىم قايتۇرۇپ بېرىشنى ياقتۇرماي، ئۆز نىسىۋىسىنىڭ قولىدا قېلىشنى ياخشى كۆرسە، بىز ئۇنىڭغا الله تائالا بىزگە ئاتا قىلغان ئولجا ـ غەنىيمەتنىڭ تۇنجىسىدىن بېرىمىز، ئۇمۇ قايتۇرۇپ بەرسۇن، دېدى، كىشىلەر؛ بىز شۇنىڭغا (يەنى ئۇلارنىڭ باللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە) چىن قەلبىمىزدىن رازى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بىز سىلەردىن شۇنىڭغا رازى بولۇپ رۇخسەت قىلغان كىشى بىلەن رۇخسەت قىلمىغان كىشىنى ئايرىپ بىلەلمەيمىز، سىلەر قايتىپ بېرىپ، مەسلىھەت قىلىڭلار، ئاندىن بىرلىككە كەلگەن پىكرىڭلارنى باشلىقلىرىڭلار بىزگە ئېلىپ كەلسۇن دېدى، كىشىلەر قايتىشتى، ئۇلارغا باشلىقلىرى، ئالىملىرى سۆز قىلدى، ئاندىن ئۇلار قايتىپ كىلىپ؛ ئۇلارنىڭ ھېلىقى باللارنى قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولۇپ رۇخسەت قىلغانلىقلىرىنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلدى.بۇخارى توپلىغان.سەھىھ.

**3969 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن عمران بن حصين قال : كانت ثقيف حليفا لبني عقيل فأسرت ثقيف رجلين من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم وأسر أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم رجلا من بني عقيل فأوثقوه فطرحوه في الحرة فمر به رسول الله صلى الله عليه وسلم فناداه : يا محمد يا محمد فيم أخذت ؟ قال : " بجريرة حلفائكم ثقيف " فتركه ومضى فناداه : يا محمد يا محمد فرحمه رسول الله صلى الله عليه وسلم فرجع فقال : " ما شأنك ؟ " قال : إني مسلم . فقال : " لو قلتها وأنت تملك**

أمرك أفلحت كل الفلاح " . قال : ففداه رسول الله صلى الله عليه وسلم بالرجلين اللذين أسرتهما ثقيف . رواه مسلم

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سۇقەيف قەبىلىسى ئۇقەيل جەمەتى بىلەن قەسەمداش ئىدى، سۇقەيف قەبىلىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى كىشىنى ئەسىر ئېلىۋالدى، ساھابىلار ئۇقەيل جەمەتىدىن بىركىشىنى ئەسىر ئېلىۋېلىپ، ئۇنى چىڭ باغلاپ، تاشلىق مەيدانغا(ياكى قىززىق ھارارەتلىك ئاپتاپقا) تاشلاپ قويدى، ئۇنىڭ يېنىدىن رەسۇلۇللاھ ئۆتكەندە، ئۇ رەسۇلۇللاھنى توۋلاپ نىدا قىلىپ؛ ئى مۇھەممەد!ئى مۇھەممەد! مىنى نىمە دەپ تۇتتۇڭ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ: سىلەرنىڭ قەسەمدىشىڭلار سۇقەيف قەبىلىسىنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن تۇتتۇق دەپ، ئۇنى تاشلاپ ئۆز يولىغا كېتىۋەردى، ئۇ يەنە توۋلاپ ئى مۇھەممەد! ئى مۇھەممەد!دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ؛ نىمە دەيسەن؟نىمە ئىشىڭ بار؟دېدى، ئۇ؛ مەن مۇسۇلمان بولدۇم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر سەن بۇ سۆزنى ئۆز ئىشىڭغا ئىگە بولالايدىغان چاغدا دېگەن بولساڭ، پۈتۈنلەي نىجات تاپقان بولاتتىڭ(بەك كېچىكىپ قالدىڭ)دەپ، ئۇكىشىنى سۇقەيف قەبىلىسى ئەسىر ئېلىۋالغان ئىككى كىشىنىڭ بەدىلىگە پىدىيە بىرىپ ئۇلارنى ئالماشتۇردى.مۇسلىم تولىغان.

**3970 – [ 11 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته ) عن عائشة رضي الله عنها قالت : لما بعث أهل مكة في فداء أسرائهم بعثت زينب في فداء أبي العاص بمال وبعثت فيه بقلادة لها كانت عند خديجة أدخلتها بها على أبي العاص فلما رآها رسول الله صلى الله عليه وسلم رق لها رقة شديدة وقال : " إن رأيتم أن تطلقوا لها أسيرها وتردوا عليها الذي لها " فقالوا : نعم وكان النبي صلى الله عليه وسلم أخذ عليه أن يخلي سبيل زينب إليه وبعث رسول الله صلى الله عليه وسلم زيد بن حارثة ورجلا من الأنصار فقال : " كونا ببطن يأجج حتى تمر بكما زينب فتصحباها حتى تأتيا بها " . رواه أحمد وأبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەككە ئەھلى ئەسىرگە چۈشكەن كىشىلىرىگە پىدىيە مال ئەۋەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى زەينەپمۇ ئېرى ئەبۇلئاسنىڭ پىدىيسى ئۈچۈن مال ئەۋەتتى، بۇ ماللارنىڭ ئارىسىدا خەدىيچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا زەينەپ بىلەن ئەبۇلئاسنىڭ تويى بولغاندا زەينەپكە ھەدىيە قىلغان بىر دانە گىلاپكىمۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپ: ئەگەر قوشۇلساڭلار زەينەپنىڭ ئەسىرىنى ھەقسىز قويۇپ بىرىپ، ئۇنىڭ ماللىرىنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار دېدى، ئۇلار: بولىدۇ دەپ قوشۇلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇلئاسنى قويۇپ بەرگەندە، ئۇنىڭغا قىزى زەينەپنى ئۆزى تەرەپكە يولغا سېلىپ قويۇۋشنى شەرت قويدى، ۋە زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن ئەنسارلاردىن بىر كىشىنى قىزىنى ئالغىلى ئەۋەتىپ ئۇلارغا؛ سىلەر بەتنى يەئجۇج دېگەن جايدا تۇرۇپ تۇرۇپ، زەينەپ يېنىڭلاردىن ئۆتكەندە ئۇنى قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار دېدى.ئەھمەد بىلەن ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3971 – [ 12 ] ( لم تتم دراسته ) وعنها : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما أسر أهل بدر قتل عقبة بن أبي معيط والنضر بن الحارث ومن على أبي عزة الجمحي . رواه في شرح السنة والشافعي وابن إسحاق في " السيرة "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر ئەھلىنى ئەسىر ئالغاندا، ئۇلاردىن ئۇقبەت ئىبنى مۇئەيتنى، نەزر ئىبنى ھارىسنى ئۆلتۈردى. ئەبۇئەززەت جۇمەھىينى قويۇپ بەردى.شاپىئى،شەرھس

**3972 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن مسعود أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما أراد قتل عقبة بن أبي معيط قال : من**

**للصبية ؟ قال : " النار " . رواه أبو داود**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (بەدىر ئەسىرلىرىدىن)ئۇقبەت ئىبنى مۇئىيتنى ئۆلتۈرۈشنى ئىرادە قىلغاندا، ئۇ: سەبىي كىچىك باللىرىمغا كىم مۇھاپىزەتچىلىك قىلىپ،ئىگە بولۇپ قارايدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:دەۋزەخ دېدى.(يەنى سەن كىرىدىغان دەۋزەخنىڭ غەمىدە قالغىن، مەخلۇقاتلارغا **الله** ئۆزى كىپىل دېدى)ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3973 – [ 14 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن علي رضي الله عنه عن رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أن جبريل هبط عليه فقال له : خيرهم يعني أصحابك في أسارى بدر : القتل والفداء على أن يقتل منهم قابلا مثلهم " قالوا الفداء ويقتل منا . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جىبرىئىل چۈشۈپ مۇنداق دەپتۇ: بەدىر ئەسىرلىرىنى ئۆلتۈرۈش ياكى قويۇپ بېرىپ پىدىيە ئېلىشتا ساھابىللىرىڭغا ئىختىيارلىق،تاللاش پۇرستى بەرگىن، لېكىن كىلەر يىلى بەدىردە ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىكلەرنىڭ بارابىرىدە (يەنى 70) مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرلىدۇ. ئۇلار؛ مەيلى، بىزدىن ئۆلتۈرۈلسىمۇ، ئۇلارنى پىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرەيلى دېدى.(يەنى ئۇلارغاشەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشىنى ئۈمۈت قىلغان ئىدى،)تىرمىزى توپلىغان.بۇھەدىس ئايەتكە خىلاپ ئىكەن، چۈنكى ئۇلار بۇئەسىرلەردىن پىدىيە ئالغانلىقلىرى ئۈچۈن ئايەتتە تاپا ـ تەنىگە،**الله** نىڭ كايىشىغا ئۇچۇرغاندۇر)

**3974 - [ 15 ]** ( لم تتم دراسته ) **عن عطية القرظي قال : كنت في سبي قريظة عرضنا على النبي صلى الله عليه وسلم فكانوا ينظرون فمن أنبت الشعر قتل ومن لم ينبت لم يقتل فكشفوا عانتي فوجدوها لم تنبت فجعلوني في السبي . رواه أبو داود وابن ماجه . والدارمي**

ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن قۇرەيزلەردىن ئېلىنغان ئولجىلارنىڭ ئارىسىدا ئىدىم،بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەگلەندۇق، ئۇلار قاراپ بېقىپ تەكشۇردى، كىمنىڭ ئەۋرىتىگە تۈك ئۈنگەن بولسا، ئۇ ئۆلتۈرۈلدى، كىمنىڭ ئەۋرىتىگە تۈك ئۈنمىگەن بولسا، ئۇ ئۆلتۈرۈلمەي ھايات قالدۇرۇلدى، ئۇلار مىنىڭ ئەۋرىتىمنى ئېچىپ كۆرۈپ تۈك ئۈنمىگەن تاپتى، شۇنىڭ بىلەن مىنى ئولجىلار قاتارىغا قوشۇۋەتتى.ئەبۇداۋۇد،دارىمى،ئىبنىماج

**3975 – [ 16 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن علي رضي الله عنه قال : خرج عبدان إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم يعني الحديبية قبل الصلح فكتب إليه مواليهم قالوا : يا محمد والله ما خرجوا إليك رغبة في دينك وإنما خرجوا هربا من الرق . فقال ناس : صدقوا يا رسول الله ردهم إليهم فغضب رسول الله صلى الله عليه وسلم وقال : " ما أراكم تنتهون يا معشر قريش حتى يبعث الله عليكم من يضرب رقابكم على هذا " . وأبى أن يردهم وقال : " هم عتقاء الله " . رواه أبو داود**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھۇدەيبىييە يىلى سۇلھىدىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا نۇرغۇن قۇللار مەككىدىن قېچىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى خەت يېزىپ؛ ئى مۇھەممەد! ئۇلار سىنىڭ قېشىڭغا دىنىڭغا قىزىقىپ چىققىنى يوق، ئۇلار پەقەت قۇللۇقتىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلەردۇر دېدى، كىشىلەرمۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار راست دەيدۇ، بۇ قۇللارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرسىلە دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق غەزەپ قىلىپ ئاچچىقلاپ؛ ئى قۇرەيشلەر جامائىتى! مەن سىلەرنىڭ **الله**

ئائالا سىلەرگە بويىنىڭلارغا قىلىچ ئۇرىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىمگىچە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ياغىنىڭلارنى كۆرۈپ باقمىدىم دەپ، قۇللارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلماي«بۇلار اللە نىڭ ئازادكەردىللىرى» دەپ، ئۇلارنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**3976 – [ 17 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن ابن عمر قال : بعث النبي صلى الله عليه وسلم خالد بن الوليد إلى بني جذيمة فدعاهم إلى الإسلام فلم يحسنوا أن يقولوا : أسلمنا فجعلوا يقولون : صبأنا صبأنا فجعل خالد يقتل ويأسر ودفع إلى كل رجل منا أسيره حتى إذا كان يوم أمر خالد أن يقتل كل رجل منا أسيره فقلت : والله لا أقتل أسيري ولا يقتل رجل من أصحابي أسيره حتى قدمنا إلى النبي صلى الله عليه وسلم فذكرناه فرفع يديه فقال : " اللهم إني أبرأ إليك مما صنع خالد " مرتين . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىدنى بەنىي جۇزەيمەتكە ئەۋەتتى، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىردى، ئۇلار: بىز مۇسۇلمان بولدۇق دېيىشنى (شاھادەت كەلىمىسىنى)ياخشى قىلالماي، دىنىمىزدىن يەنە بىر دىنغا قايتتۇق، دىنىمىزدىن ياندۇق دېدى، خالىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئەسىر ئېلىشقا باشلىدى، بىزدىن ھەر بىر كىشىگە بىردىن ئەسىرنى بەردى، بىر كۈنى خالىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزدىن ھەر بىركىشىنىڭ ئۆز قولىدىكى ئەسىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، مەن: اللە بىلەن قەسەمكى، مەن ئەسىرىمنى ئۆلتۈرمەيمەن، مېنىڭ ھەمراھلىرىمدىن بولغان كىشىلەرمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ سورىمىغىچە ئۆز ئەسىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ دېدىم، بىز كېلىپ بۇئىشنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ؛ ئى اللە ! مەن خالىدنىڭ قىلغان ئىشىدىن بىزارمەن، ئى اللە ! مەن خالىدنىڭ ئىشىدىن پاكتۇرمەن دېدى.بۇخارى توپلىغان.

ئەمىنلىك بېرىش توغرىسىدا باب الأمان – الفصل الأول

**3977 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أم هانئ بنت أبي طالب قالت : ذهبت إلى رسول الله عام الفتح فوجدته يغتسل وفاطمة ابنته تستره بثوب فسلمت فقال : " من هذه ؟ " فقلت : أنا أم هانئ بنت أبي طالب فقال : " مرحبا بأم هانئ " فلما فرغ من غسله قام فصلى ثماني ركعات ملتحفا في ثوب ثم انصرف فقلت : يا رسول الله زعم ابن أمي علي أنه قاتل رجلا أجرته فلان بن هبيرة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قد أجرنا من أجرت يا أم هانئ " قالت أم هانئ وذلك ضحى . متفق عليه . وفي رواية للترمذي : قالت : أجرت رجلين من أحمائي فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قد أمنا من أمنت "**

ئۇممە ھانىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارسام، رەسۇلۇللاھ يۇيۇنىۋاتقان ئىكەن، قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىيىم بىلەن پەردىلەپ تۇرۇپتىكەن، مەن سالام قىلسام، رەسۇلۇللاھ: كىم بۇ؟دېدى، مەن؛ مەن ئۇممە ھانىئى دېسەم، رەسۇلۇللاھ: مەرھابا، خۇش كەپسىز دېدى، غۇسلىدىن پارىغ بولغاندا، نامازغا تۇرۇپ، كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن نامازدىن قايتقاندا، ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئانامنىڭ بالىسى يەنى قېرىندىشىم ئەلى، پالانى ئەمىنلىك بەرگەن بىركىشىنى ئۆلتۈرۈپ ساپتۇ، مەن ئۇنىڭغا ئەمىنلىك بەردىم (يەنە بىر خاتىردە ئېرىمنىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن ئىككى كىشىگە ئەمىنلىك بەردىم)دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى ئۇممە ھانىئى! سىز ئەمىنلىك بەرگەن كىشىگە بىزمۇ ئەمىنلىك بەردۇق دېدى. ئەشۇ ۋاقىت زۇھا يەنى چاشكا ۋاقتى ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى توپلىغان.

**3978 – [ 2 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن المرأة لتأخذ للقوم " يعني تجير على**

**المسلمين . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئايال كىشىمۇ بەزى قەۋمگە يەنى مۇسۇلمانلارغا ئەھدە ئېلىپ، ئامانلىق بېرەلەيدۇ، ھمايە قىلىنىش ھوقۇقى بېرەلەيدۇ، تىرمىزى 1504 _ ھەدىس.ھەسەن.

**3979 – [ 3 ] وعن عمرو بن الحمق قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من أمن رجلا على نفسه فقتله أعطي لواء الغدر يوم القيامة " . رواه في شرح السنة**

ئەمرۇ ئىبنى ھەمەق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە قەلبى خاتىرجەم بولۇپ ئىشەنسە،ئەمىنلىك بەرسە، ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئىشەنگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، قاتىل كىشى ئۇچۇن قىيامەت كۈنى، خىيانەت بايرىقى قادىلىدۇ.(ياكى ئەمەنلىك بېرىپ، ئاندىن كېيىنلا ئۆلتۈرىۋەتسە،يەنىلا ئوخشاش خائىندۇر) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەلۋەتتە، بۇ خىيانەتچى قاتىل تۆۋبە قىلمىسا، دوۋزاختا بولىدۇ.ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر كىشىنىڭ قېنىغا، جېنىغا، ئەمىنلىك، تېنىچلىق بېرىپ، ئىشەنسە، ئاندىن ئۇ كىشى ئەمىنلىك بەرگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، گەرچە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى كاپىر، دىنسىز بولسىمۇ مەن قاتىلدىن بىزار (مەن خائىندىن بىزاردۇرمەن). نەسەئى، بۇخارى تارىىدا توپلىغان، سەھىھ.

**3980 – [ 4 ] وعن سليم بن عامر قال : كان بين معاوية وبين الروم عهد وكان يسير نحو بلادهم حتى إذا انقضى العهد أغار عليهم فجاء رجل على فرس أو برذون وهو يقول : الله أكبر الله أكبر وفاء لا غدر فنظر فإذا هو عمرو ابن عبسة فسأله معاوية عن ذلك فقال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من كان بينه وبين قوم عهد فلا يحلن عهدا ولا يشدنه حتى يمضي أمده أو ينبذ إليهم على سواء " . قال : فرجع معاوية بالناس . رواه الترمذي وأبو داود**

سۇلەيم مۇنداق دەيدۇ؛ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن رۇملۇقلار ئارىسىدا ئەھدى كېلىشىم بار ئىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ شەھرى تەرىپكە يېقىن مېڭىپ، ئەھدىنىڭ مۇددىتى توشقان ۋاقىتتىلا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، ئاندىن بىركىشى؛ الله ئەكبەر! الله ئەكبەر!! ۋاپا قىلىش كېرەك، خىيانەت قىلماسلىق لازىم دەپ، ئات ئۈستىدە كەلدى، ناگاھان ئۇ ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن بۇئىش توغرىسىدا سورىغاندا،ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ئۆزى بىلەن بىرەر قەۋملەر ئارىسىدا ئەھدە، توختام، كېلىشىم بار كىشى شۇ ئەھدىنامىنىڭ مۇددىتى توشمىغىچە ياكى ئۇ قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈپ باراۋەر، ئوخشاش بىلگەن ھالەتتە ئەھدىنى تاشلاپ بەرمىگىچە، ئەھدىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئىلان قىلمىغىچە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئۆزى خالىغانچە ئەھدە ئەقدىسىنى چەگمىسۇن، ياكى يەشمىسۇن، بەلكى قارشى تەرەپ بىلەن بىرگە مەسلىھەت قىلىپ، چىگىپ يېشىدۇ، يەنى چىگىتىدۇ ياكى بۇزىدۇ، ۋاپا قىلىدۇ ياكى مەسلىھەت بىلەن بۇزۇۋېتىدۇ ،دېدى.ئاندىن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەر بىلەن بىللە قايتىپ كەتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3981 – [ 5 ] وعن أبي رافع قال : بعثني قريش إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم ألقي في قلبي الإسلام فقلت : يا رسول الله إني والله لا أرجع إليهم أبدا قال : " إني لا أخيس بالعهد ولا أحبس البرد ولكن ارجع**

فإن كان في نفسك الذي في نفسك الآن فارجع " . قال : فذهبت ثم أتيت النبي صلى الله عليه وسلم فأسلمت . رواه أبو داود

ئەبۇ رايئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مىنى قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، مەن رەسۇلۇللاھنى كۆرگەندىلا قەلبىمگە ئىسلام ، مۇسۇلمان بولۇش چۈشتى، ئاندىن مەن:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن مۇسۇلمان بولمەن، **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارغا مەڭگۇ قايتىپ كەتمەيمەن دىسەم رەسۇلۇللاھ ماڭامۇنداق دېدى: ھەققەتەن مەن ئەھدىنى بۇزمايمەن، ماڭا ئەۋەتىلگەن ئەلچىنى تۇتۇپ قالمايمەن، سەن ئۇلارغا قايتىپ تۇرغىن، ئەگەر ھازىرقى كۆڭلىدىكى نەرسە بولۇپ قالسا، (يەنى مۇسۇلمان بولماقچى بولساڭ) يەنە بىز تەرەپكە قايتىپ كېلەرسەن دېدى، مەن كېتىپ تۇرۇپ، ئاندىن كېين كېلىپ، مۇسۇلمان بولدۇم. ئەبۇ داۋۇد 2377 _ ھەدىس، ئەھمەد 22737 _ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3982 – [ 6 ] وعن نعيم بن مسعود أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لرجلين جاءا من عند مسيلمة : " أما والله لولا أن الرسل لا تقتل لضربت أعناقكما " . رواه أحمد وأبو داود

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇسەيلەمەت كاززاپنىڭ يېنىدىن كەلگەن بەدقىلىق، شاپ بۇرۇت، مەجۇسىي ئىككى ئەلچىگە مۇنداق دېگەن: ئەمما ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، «ھەققەتەن ئەلچىلەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ» دېگەن قائىدە بولمىغان بولسا، مەن سىلەر ئىككىڭلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ بىلەن ئۇراتتىم، يەنى كاللاڭلارنى ئالاتتىم.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3983 – [ 7 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال في خطبة : " أوفوا بحلف الجاهلية فإنه لا يزيد يعني الإسلام إلا شدة ولا تحدثوا حلفا في الإسلام " . رواه الترمذي من طريق ابن ذكوان عن عمرو وقال : حسن وذكر حديث علي : " المسلمون تتكافأ " في " كتاب القصاص "

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: جاھالىيەتتىكى قەسەملەرگە (ياخشىلىق ئۈچۈن قىلىنغان بولسىلا) ۋاپا قىلىڭلار، ھەققەتەن ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا پەقەت، تېخىمۇ قاتتىقلىقنى زىيادە قىلىدۇ، ئاندىن تېخىمۇ ۋاپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئىسلام دىنىدا قەسەمنى يېڭىدىن پەيدا قىلماڭلار، ياكى جاھالىيەت قەسەملىرىنى ئىسلام ئىچىدە قىلماڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان،سەھ

3984 – [ 8 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن ابن مسعود قال : جاء ابن النواحة وابن أثال رسولا مسيلمة إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال لهما : " أتشهدان أني رسول الله ؟ " فقالا : نشهد أن مسيلمة رسول الله فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " آمنت بالله ورسوله ولو كنت قاتلا رسولا لقتلتكما " . قال عبد الله : فمضت السنة أن الرسول لا يقتل . رواه أحمد

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىبنى نەۋۋاھە بىلەن ئىبنى ئۇسال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا مۇسەيلەمەت كاززاپنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا؛ مىنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بىرەمسىلەر؟دىسە، ئۇلار؛ بىز مۇسەيلەمەتنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىمىز دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **الله** قا ۋە **الله** نىڭ ئەلچىلىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم، ئەگەر مەن ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە سىلەرنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم دېدى. شۇنىڭ بىلەن «ئەلچىلەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ» دېگەن سۈننەت راۋان بولۇپ قالدى.ئەھمەد توپلىغان.

باب قسمة الغنائم والغلول فيها – الفصل الأول

## غەنيیمەتنى تەقسىم قىلىش ۋە ئۇنىڭغا خيانەت قىلماسلىق توغرىسىدا

**3985 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) عن أبي هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " فلم تحل الغنائم لأحد من قبلنا ذلك بأن الله رأى ضعفنا وعجزنا فطيبها لنا "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىزدىن بۇرۇنقى كىشىلەرگە غەنىيمەت ھالال ئەمەس ئىدى، ئاندىن ئاللاھتائالا بىزنىڭ زەئىپ، ئاجىزلىقىمىزنى كۆرۈپ، بىزگە رەھمەت قىلىپ، غەنىيمەتلەرنى بىزگە ھالال قىلىپ بەردى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگە باش بولغان، خوجايىن بولغان يىپتەكچى، قۇماندانلارغا غەنىيمەت ھالال ئەمەس ئىدى، غەنىيمەت بىر جايغا توپلىنىاتتى، ئاندىن ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلاتتى، (لېكىن، بىزگە ھالال قىلىندى) تىرمىزى ، سەھىھ.

**3986 – [ 2 ]** ( متفق عليه ) وعن أبي قتادة قال : خرجنا مع النبي صلى الله عليه وسلم عام حنين فلما التقينا كانت للمسلمين جولة فرأيت رجلا من المشركين قد علا رجلا من المسلمين فضربته من ورائه على حبل عاتقه بالسيف فقطعت الدرع وأقبل علي فضمني ضمة وجدت منها ريح الموت ثم أدركه الموت فأرسلني فلحقت عمر بن الخطاب فقلت : ما بال الناس ؟ قال : أمر الله ثم رجعوا وجلس النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " من قتل قتيلا له عليه بينة فله سلبه " فقلت : من يشهد لي ؟ ثم جلست ثم قال النبي صلى الله عليه وسلم مثله فقلت : من يشهد لي ؟ ثم جلست ثم قال النبي صلى الله عليه وسلم مثله فقمت فقال : " ما لك يا أبا قتادة ؟ " فأخبرته فقال رجل : صدق وسلبه عندي فأرضه مني فقال أبو بكر : لا ها الله إذا لا يعمد الى أسد من أسد الله يقاتل عن الله ورسوله فيعطيك سلبه . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " صدق فأعطه " فأعطانيه فاتبعت به مخرفا في بني سلمة فإنه لأول مال تأثلته في الإسلام

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھۇنەين يىلى بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقتۇق، بىز دىنسىزلارغا ئۇچراشقاندا، بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردا يېڭىلىش يۈز بەردى، مەن مۇشرىكلەردىن بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بىركىشىنى بېسىۋالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۈرىسىدىكى جان تومۇرىغا قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ جەڭ كىيىمىنى كىسىۋەتتىم، ئۇ ماڭا ئالدىنى قىلىپ كىلىپ، مىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، مەن ئۇنىڭدىن ئۆلۈمنىڭ پۇرىقىنى تاپتىم، ئاندىن ئۇ ئۆلۈپ مىنى قويۇپ بەردى، مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىشىغا كىلىپ؛ كىشىلەرگە نىمە بولدى؟جەڭ قانداق بولدى؟دىسەم، ئۇ: **الله** نىڭ ئەمرى، خالىغىنى بولدى دىدى. ئاندىن كىشىلەر قايتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ؛ كىم مۇشرىكلەردىن بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭغا دەلىل ـ ئىسپات،گۇۋاھچىسى بولسا، ئۆلتۈرگۈچىگە ئۇدىنىسىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە يېنىدا بار بولغان بارلىق نەرسىللىرى بېرىلىدۇ دىدى، مەن؛ كىم ماڭا گۇۋاھچى بولىدۇ؟دەپ،ئاندىن ئولتۇردۇم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە شۇنداق دىدى، مەن يەنە كىم ماڭا گۇۋاھچى بولۇپ بېرىدۇ؟دەپ،ئاندىن ئولتۇردۇم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە شۇنداق دىدى، مەن يەنە ئورنۇمدىن تۇرسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى ئەباقەتادە!ساڭا نىمە بولدى؟دىدى، مەن بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلسام، بىر كىشى ؛ بۇ راست دىدى،

ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، يېنىدا بار بولغان بارلىق نەرسىللىرى مانا مەندە ئىدى، ئۇنى مەندىن سىلى رازى قىلىۋەتسىلە دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ياق ئۇنداق ئىش يوق، الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئەبۇقەتادە راست ئەيتقان بولسىلا، الله نىڭ يولۋاسلىرىدىن بىر يولۋاس الله، الله نىڭ ئەلچىسىنى دەپ جەڭ قىلغان تۇرسا، ئۇ ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، يېنىدا بار بولغان بارلىق نەرسىللىرىنى رەسۇلۇللاھ ساڭا بەرسە بولمايدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇ راست دېدى، بۇنىڭ نەرسىللىرىنى بەرگىن دېدى، ئۇكىشى ئۇنەرسىلەرنى ماڭا بەردى، مەن ئۇنىڭغا بەنىي سەلەمەت جەمەتى ئىچىدە بىر باغۇ ـ بوستانلىق سېتىۋالدىم، ھەققەتەن بۇ ، مەن ئۇلجا ـ غەنىيمەت ئالغان، ئىسلام دىنى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئۆزۈمنىڭ تەۋەلىكىدە قىلغان مال ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**3987 –[ 3 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أسهم للرجل ولفرسه ثلاثة أسهم : سهما له وسهمين لفرسه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتلىق كىشىگە ئۈچ ئۈلۈش نىسىۋە بۆلۈپ بەردى، بىر ئۈلۈشنى ئۇكىشىنىڭ ئۆزىگە، ئىككى ئۈلۈش نىسىۋىنى ئېتىغا بەردى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3988 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن يزيد بن هرمز قال : كتب نجدة الحروري إلى ابن عباس يسأله عن العبد والمرأة يحضران المغنم هل يقسم لهما ؟ فقال ليزيد : اكتب إليه أنه ليس لهما سهم إلا أن يحذيا . وفي رواية : كتب إليه ابن عباس : إنك كتبت إلي تسألني : هل كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يغزو بالنساء ؟ وهل كان يضرب لهن بسهم ؟ فقد كان يغزو بهن يداوين المرضى ويحذين من الغنيمة وأما السهم فلم يضرب لهن بسهم . رواه مسلم**

يەزىيد ئىبنى ھۇرمۇز مۇنداق دەيدۇ؛ نەجدەت رەھ ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق سوئال سوراپ خەت يېزىپتۇ: قۇل ۋە ئايال كىشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئاندىن غەنىيمەتكە ھازىر بولسا، ئۇلارغىمۇ غەنىيمەتتىن تەقسىم قىلىنىپ بېرىلەمدۇ؟ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا؛ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يازغىن دېدى:«قۇلغا، ئايال كىشىگە غەنىيمەتتىن تەقسىم قىلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدا نىسىۋىسى يوق، لېكىن بۇلارغا ئازراق نەرسە بېرىلسە بۇلىدۇ»يەنە بىر خاتىردە؛ سەن مەندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللار بىلەن ئۇرۇش قىلغانمۇ؟ ئاياللارغىمۇ غەنىيمەتتىن تەقسىم قىلىپ،نىسىۋە ئۈلۈش بۆلۈپ بەرگەنمۇ؟دەپ سوراپ ماڭا خەت يېزىپسەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللار بىلەن ئۇرۇش قىلغان، ئاياللار يارىدارلارنى داۋالايتتى، كېسەللەرگە قارايتتى، (تاماق ئېتىپ بىرەتتى)ئۇلارغىمۇ غەنىيمەتتىن ئازراق نەرسە بېرىلەتتى، لېكىن ئاياللارغا غەنىيمەتتىن نىسىۋە بۆلۈپ بېرىلمەيتتى،دېدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھە.

**3989 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن سلمة بن الأكوع قال : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم بظهره مع رباح غلام رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا معه فلما أصبحنا إذا عبد الرحمن الفزاري قد أغار على ظهر رسول الله صلى الله عليه وسلم فقمت على أكمة فاستقبلت المدينة فناديت ثلاثا يا صباحاه ثم خرجت في آثار القوم أرميهم بالنبل وأرتجز وأقول : أنا ابن الأكوع واليوم يوم الرضع فما زلت أرميهم وأعقر بهم حتى ما خلق الله من بعير من ظهر رسول الله صلى الله عليه وسلم إلا خلفته وراء ظهري ثم اتبعتهم أرميهم حتى ألقوا أكثر من ثلاثين بردة وثلاثين رمحا يستخفون ولا يطرحون شيئا إلا جعلت عليه آراما من الحجارة يعرفها رسول الله صلى الله عليه وسلم وأصحابه حتى رأيت فوارس رسول الله صلى الله عليه وسلم ولحق أبو قتادة فارس رسول الله صلى الله عليه وسلم بعبد الرحمن فقتله قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير فرساننا اليوم أبو قتادة**

**وخير رجالتنا سلمة " . قال : ثم أعطاني رسول الله صلى الله عليه وسلم سهمين : سهم الفارس وسهم الراجل فجمعهما إلي جميعا ثم أردفني رسول الله صلى الله عليه وسلم وراءه على العضباء راجعين إلى المدينة . رواه مسلم**

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىللىرىنى غۇلامى رىباھ بىلەن ئەۋەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم،بىز تاڭ ئاتقۇزغاندا، تۇيۇقسىز ئابدۇررەھمان پىزارى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىللىرىگە ھۇجۇم قىلدى، مەن بىر ئېگىز دۆڭ، تۇپۇلۇككە چىقىپ، مەدىنىنگە ئالدىمنى قىلىپ تۇرۇپ؛ ئى سۇبھى ئەھلى!!يەنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم بارمۇ؟!!!دەپ ئۈچ قېتىم توۋلۇدۇم، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارقىسدىن قوغلاپ مېڭىپ، ئۇلارغا ئوق ئاتقاچ مۇنداق شېئىر ئوقۇدۇم: مەن ئەكۋەئىنىڭ ئوغلى، بۈگۈن بولسا، ھالاكەتنىڭ كۈنى، مەن ئۇلارغا ئۇزمەي ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈردۈم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ **الله** ياراتقان بارلىق تۆگىللىرىنى ئارقامدا قالدۇردۇم(يەنى تۆگىلەرنىڭ ھەممىسنى قۇتقۇزدۇم) ئاندىن ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ، يەنە ئوق ئاتتىم، ئۇلار يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن 30 تون، 30 نەيزىنى تاشلاپ قاچتى، ئۇلار ھەرقانداق بىر نەرسىنى تاشلىسىلا، مەن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىللىرى ئۇنەرسىنى تونۇسۇن دەپ، تاشتا بەلگە ئالامەت سېلىپ قويدۇم، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتلىق قوشۇننى كۆردۈم، ئۇلاردىن ئەبۇقەتادەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىزارىيغا يېتىشىۋېلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بۈگۈن ئاتلىق قوشۇنىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەبۇ قەتادە، ئەرلىرىمىزنىڭ، پىيادە قىسمىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەلەمەت بولدى دېدى، ئاندىن ماڭا غەنىيمەتتىن ئىككى ئۈلۈش نىسىۋە بەردى، يەنى ئاتلىق كىشىنىڭ ۋە پىيادە ئەسكەرنىڭ ئىككى ئۈلۈش نىسىۋىسىنى ماڭا جۇغلاپ بەردى، ئاندىن مەدىنىگە قايتقىچە، مىنى ئەزبائ دېگەن تۆگىسىنىڭ ئارقىسغا مىندۇرىۋالدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**3990 – [ 6 ]** ( **متفق عليه** )

**وعن ابن عمر:أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان ينفل بعض من يبعث من السرايا لأنفسهم خاصة سوى قسمة عامة الجيش**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئەۋەتكەن قوشۇندىكى كىشلەرنىڭ بەزىسگە، ئومۇميۈزلۈك قوشۇن ئاممىسىنىڭ غەنىيمەت تەقسىماتىدىن باشقا، ئۇلارغا خاسلا بەزى نەرسىلەرنى زىيادە نەپلە قىلىپ بىرەتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3991 – [ 7 ]** ( **متفق عليه** ) **وعنه قال : نفلنا رسول الله صلى الله عليه وسلم نفلا سوى نصيبنا من الخمس فأصابني شارف والشارف : المسن الكبير**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە، غەنىيمەتنىڭ بەشتەن تۆت ھەسسىسدىن تېگىدىغان نىسىۋىمىزدىن باشقىمۇ، زىيادە نەرسە بىرەتتى، ماڭىمۇ غەنىيمەتتىن يېشى خېلى چوڭ بىرتۆگە يەتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3992 – [ 8 ]** ( **صحيح** ) **وعنه قال : ذهبت فرس له فأخذها العدو فظهر عليهم المسلمون فرد عليه في زمن رسول الله صلى الله عليه وسلم . وفي رواية : أبق عبد له فلحق بالروم فظهر عليهم المسلمون فرد عليه خالد بن الوليد بعد النبي صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇنىڭ بىر ئېتى قېچىپ كىتىپ، ئۇ ئاتنى دۈشمەنلەر تۇتىۋالىدۇ، ئاندىن

كيين مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا ئۇ ئات ئۇنىڭغا قايتۇرلۇپ بېرىلىدۇ، يەنەبىرخاتىردە؛ ئۇنىڭ بىر قۇلى قېچىپ، رۇملۇقلارغا قوشۇلۇۋالىدۇ، ئاندىن كيين مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدىن كيينمۇ، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ قۇلنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**3993 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن جبير بن مطعم قال : مشيت أنا وعثمان بن عفان إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقلنا : أعطيت بني المطلب من خمس خيبر وتركتنا ونحن بمنزلة واحدة منك ؟ فقال : " إنما بنو هاشم وبنو المطلب واحد " . قال جبير : ولم يقسم النبي صلى الله عليه وسلم لبني عبد شمس وبني نوفل شيئا . رواه البخاري**

جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ؛ خەيبەرنىڭ غەنىيمەتلىرىدىن بەنىي مۇتتەلىبلەرگە بېرىپ ، بىزگە بەرمەپلا، بىز سىلىگە نىسبەتەن ئوخشاش بىر ئورۇندا ئىدۇققۇ؟دىسەك، رەسۇلۇللاھ بىزگە مۇنداق دىگەن: ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىپ جەمەتى بىر نەرسىدۇر، يەنى ھاشىم باللىرى بىلەن مۇتەللىپ باللىرى بىر تۇغقان، جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇقېتىمقى غەنىيمەتتىن ئابدۇشەمسى جەمەتى بىلەن نەۋپەل جەمەتىگە ھېچ نەرسە تەقسىم قىلمىدى دېدى.بۇخارى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن ھاشىم جەمەتى بىلەن مەتەللىپ جەمەتىنى بىر نەرسە دەپ قارايمەن، (ھەقىقەتەن ئۇلار بىرلا نەرسىدەكتۇر) ھەقىقەتەن ئۇلار بىزدىن جاھالىيەتتىمۇ، ئىسلامدىمۇ ئايرىلىپ كەتمىدى، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3994 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما قرية أتيتموها وأقمتم فيها فسهمكم فيها وأيما قرية عصت الله ورسوله فإن خمسها لله ولرسوله ثم هي لكم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قايسى بىر شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسەڭلار، ئۇ جايدا مۇقىم تۇرالساڭلار، (يەنى، قۇرال كۈچى ئىشلەتمەي، ئىشغال قىلساڭلار) سىلەرنىڭ نىسىۋە، ئۈلۈشۈڭلار شۇ شەھەردە بولىدۇ، (يەنى بۇ فيئى مال ئولجا قاتارىدا تەقسىم قىلىنىدۇ) قايسى بىر شەھەر ئەھلى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلسا، قۇرال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلساڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ غەنىيمەتلەرنىڭ 1/5 ى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بولىدۇ، قالغان تۆت ھەسسىسىنى سىلەر ئۈلۈشۈسىلەر. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3995 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن خولة الأنصارية قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن رجالا يتخوضون في مال الله بغير حق فلهم النار يوم القيامة " . رواه البخاري**

خەۋلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ مېلىدا ھەقسىز، ئورۇنسىز كېچىپ، ھەقسىز تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئاللاھ رازى بولمايدىغان جايلارغا تەسەررۇپ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۈچۈن پەقەت دوۋزاخلا باردۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇھەدىس يۇقىرىدا 3746 _ ھەدىستا ئۆتكەن.

**3996 – [ 12 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أبي هريرة قال : قام رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم فذكر الغلول فعظمه وعظم أمره ثم قال : " لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته بعير له رغاء يقول : يا رسول الله أغثني فأقول : لا أملك لك شيئا قد أبلغتك . لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته فرس له حمحمة فيقول : يا رسول الله أغثني فأقول : لا أملك لك شيئا قد أبلغتك لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته شاة لها ثغاء يقول : يا رسول الله أغثني فأقول : لا أملك لك شيئا قد أبلغتك لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته نفس لها صياح فيقول : يا رسول الله أغثني فأقول : لا أملك لك شيئا قد أبلغتك لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته رقاع تخفق فيقول : يا رسول الله أغثني فأقول : لا أملك لك شيئا قد أبلغتك لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته صامت فيقول : يا رسول الله أغثني فأقول : لا أملك لك شيئا قد أبلغتك " . وهذا لفظ مسلم وهو أتم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ئارىمىزدا ئورنىدىن تۇرۇپ، غەنىيمەتكە قىلىنغان خىيانەتنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىنى قاتتىق چوڭ ساناپ مۇنداق دېگەن: مەن بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنى گەردىنىدە خىيانەت قىلغان تۆگىسى بوزلاپ ھۆركىرىگەن ھالدا كەلگەن تېپىپ قالماي، ئۇ چاغدا ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!، مېنى قۇتقازسىلا ياردەم قىلسىلا دەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا؛ مەن سەن ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، ھەقىقەتەن مەن ساڭا ھەممىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بولغان دەيمەن. مەن بىرىڭلارنى، قىيامەت كۈنى، گەردىنىدە ئېتى كىشنەپ، خىرقىرىغان ھالدا كەلگىنىنى تېپىپ قالماي، ئۇمۇ؛ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ياردەم قىلسىلا دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: مەن ساڭا تولۇق يەتكۈزۈپ قويغان، مەن سەن ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن دەيمەن. مەن بىرىڭلارنى، قىيامەت كۈنى گەردىنىدە قويلار مەرىگەن ھالەتتە كەلگىنىنى ئۇچۇرتۇپ قالماي، ئۇنىڭغىمۇ مەن شۇنداق دەيمەن، مەن بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنى گەردىنىدە ئاۋاز قىلىۋاتقان جان، نەپسى بار ھالەتتە تېپىپ قالماي، ئۇمۇ ئاھ، پاھ، ۋايجان دەيدۇ، مەن يەنە شۇنداق دەيمەن، مەن بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنى ئۇچىسىدا تەۋرەپ، ھەرىكەتلىنىۋاتقان، لەپىلدەۋاتقان كىيىم ـ كېچەك بار ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي، ئۇ؛ ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ياردەم قىلسىلا دەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا؛ مەن سەن ئۈچۈن ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، مەن ساڭا يەتكۈزۈپ بولغان دەيمەن. مەن بىرىڭلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئۇچىسىدا سۆز قىلالماس، جانسىز نەرسە يەنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيا بار ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي، ئۇ؛ ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ياردەم قىلسىلا دەپ پەرياد چېكىدۇ، مەن ئۇنىڭغا مەن ساڭا تولۇق يەتكۈزۈپ بولغان، مەن ساڭا ھېچنەرسىگە ئىگە بولمايمەن دەيمەن. (شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئازابلىنىدۇ.) مۇسلىم 3412 ـ ھەدىس، بۇخارى 2844 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9139 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3997 – [ 13 ]** ( **متفق عليه** ) **وعنه قال : أهدى رجل لرسول الله صلى الله عليه وسلم غلاما يقال له : مدعم فبينما مدعم يحط رحلا لرسول الله صلى الله عليه وسلم إذ أصابه سهم عاثر فقتله فقال الناس : هنيئا له الجنة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كلا والذي نفسي بيده إن الشملة التي أخذها يوم خيبر من المغانم لم تصبها المقاسم لتشتعل عليه نارا " . فلما سمع ذلك الناس جاء رجل بشرك أو شراكين إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " شراك من نار أو شراكان من نار "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مىدئەم دېيىلىدىغان بىر قۇلنى ھەدىي قىلدى، بىر چاغدا ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسىنى يۈتلەپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا ناتونۇش ئوق تېگىپ،ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى، كىشىلەر؛ ئۇنىڭغاجەننەت ئەجەپ ئاسان

بولدى، دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئۇ خەيبەر كۈنى ئالغان تون، رىدا، تەقسىمات يەتمىگەن غەنىيمەتتىن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوت بولۇپ لاۋۇلداۋاتىدۇ. (چۈنكى، ئۇ خىيانەت ئىدى)دېدى.ئاندىن كىشىلەر بۇسۆزنى ئاڭلاپ،غەنىيمەتتىن ئالغان بىر تال،ئىككى تال ئاياق شوينىسىنىمۇ ئەكىلىشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بىر- ئىككى تال ئاياق شوينىسى بولسىمۇ دەۋزەخ ئوتىدىندۇر دېدى.بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى،ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى سەھىھ.

**3998 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : كان على ثقل النبي صلى الله عليه وسلم رجل يقال له كركرة فمات فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هو في النار " فذهبوا ينظرون فوجدوا عباءة قد غلها . رواه البخاري**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛كەركەرەت دېيىلىدىغان بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوك-تاقىللىرىغا،(ئولجا-غەنىيمەتلەرگە)قارايتتى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئۇ دەۋزەخكە كىرىدۇ،دېدى، ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ قاراپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇ ئولجا-غەنىيمەتتىن خىيانەت قىلغان بىر كاسايا، جۇۋىنى تاپتى. بۇخارى توپلىغان.

**3999 – [ 15 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر قال : كنا نصيب في مغازينا العسل والعنب فنأكله ولا نرفعه رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئۇرۇش مەيدانلىرىمىزدا ھەسەل،ئۈزۈملەرگە ئېرىشىپ قالساق، ئۇنى ئېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن كۆتۈرۈپ يۈرمەيلا، يەۋېرەتتۇق. بۇخارى توپلىغان.

**4000 – [ 16 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن مغفل قال : أصبت جرابا من شحم يوم خيبر فالتزمته فقلت : لا أعطي اليوم أحدا من هذا شيئا فالتفت فإذا رسول الله صلى الله عليه وسلم يبتسم إلي . متفق عليه . وذكر الحديث أبي هريرة " ما أعطيكم " في باب " رزق الولاة "**

ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن خەيبەر كۈنىدىكى ئۇرۇشتا، بىر تۇلۇم ياغقا ئېرىشىپ، ئۇنى مەھكەم چىڭ تۇتقىنىمچە؛ بۈگۈن مەن بۇنىڭدىن ھېچ كىشىگە بىرەر نەرسە بەرمەيمەن دىدىم، ئاندىن قارىسام، ناگاھان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قاراپ، تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.بۇخارى،مۇسلىم.

**4001 – [ 17 ] الفصل الثاني عن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله فضلني على الأنبياء أو قال : فضل أمتي على الأمم وأحل لنا الغنائم " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى، ئۇممىتىمنى بارلىق ئۇممەتلەر ئۈستىگە پەزىلەتتە ئارتۇق قىلىندى، بىزگە غەنىيمەتلەت ھالال قىلىندى،تىرمىزى توپلىغان. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۈستىگە، تۆت خىسلەت ئىش بىلەن پەزىلەتلىك قىلدى.

1. ئاللاھ مېنى بارلىق ئىنسانلارغا، ئومومىيۈزلۈك كىشلەرگە ئەلچى، پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

2. ئاللاھ بارلىق زېمىننى مەن ئۈچۈن، ئۈممىتىم ئۈچۈن پاك ۋە مەسجىد قىلىپ بەردى، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قانداق بىر كىشى نامازنى تاپسا، ئۇنىڭ ئالدىدا مەسجىدى بار، تاھارەت سۈيىنىڭ ئورنىدا پاك تۇپراق بار، (سۇ تاپالمىسا تەيەممۇم قىلىپ، شۇ پاك جايدىلا ناماز ئوقۇسا بولىدۇ، مۇقىم تۇرغاندا جامائەتكە چىقىپ ئوقۇيدۇ)

3. ئاللاھ، ماڭا بىر ئايلىق مۇساپە نېرىدىن دىنسىزلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بەردى.

4. ئاللاھ ماڭا غەنىيمەتنى ھالال قىلىپ بەردى، (يەنە بىر خاتىرىدە شاپائەت 5 _ ئورۇندا سۆزلىنىدۇ) تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**4002 – [ 18 ] وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : يومئذ يوم حنين : " من قتل كافرا فله سلبه " فقتل أبو طلحة يومئذ عشرين رجلا وأخذ أسلابهم . رواه الدارمي**

قەتادە، ئەنەس، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەيىن كۈنى مۇنداق دىگەن: كىم (جەڭ مەيدانىدا )بىر كاپىرنى يەنى دىنسىزنى ئۆلتۈرسە، ئۇ كىشگە ئۇ كاپىرنىڭ كىيىم _ كېچەكلىرى، يېنىدا بار بولغان بارلىق نەرسىللىرى، ھەتتا قۇراللىرىمۇ بېرىلىدۇ. (لېكىن، گۇۋاھچى، دەلىل _ ئىسپات كەلتۈرۈشى لازىم)ئەبۇتەلھە شۇكۈنى 20 كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بارلىق نەرسىللىرىنى ئالغان ئىدى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد،دارىمى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4003 – [ 19 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عوف بن مالك الأشجعي وخالد بن الوليد : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قضى في السلب للقاتل . ولم يخمس السلب . رواه أبو داود**

ئەۋف ، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كاپىرنىڭ كىيىم _ كېچەكلىرىنى، يېنىدا بار بولغان بارلىق نەرسىللىرىنى ئۇنى ئۆلتۈرگەن مۇجاھىد كىشىگە بېرىشكە ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنى غەنىيمەتنىڭ بەشتەن بىرى قاتارىدا تەقسىم قىلمىغان ئىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4004 – [ 20 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الله بن مسعود قال : نفلني رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم بدر سيف أبي جهل وكان قتله . رواه أبو داود**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر كۈنى ماڭا ئەبۇجەھىلنىڭ قىلىچىنى تەقسىماتتىن زىيادە ئارتۇق قىلىپ بەرگەن ئىدى. چۈنكى ئەبۇجەھىلنى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4005 – [ 21 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمير مولى آبي اللحم قال : شهدت خيبر مع ساداتي فكلموا في رسول الله صلى الله عليه وسلم وكلموه أني مملوك فأمرني فقلدت سيفا فإذا أنا أجره فأمر لي بشيء من خرثي المتاع وعرضت عليه رقية كنت أرقي بها المجانين فأمرني بطرح بعضها وحبس بعضها . رواه الترمذي وأبو داود إلا أن روايته انتهت عند قوله : المتا ع**

ئەبۇللەھمنىڭ ئازادكەردە قۇلى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن خوجايىنلىرىم بىلەن بىللە خەيبەرئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدىم ، ئۇلار مەن توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆز قىلدى، ۋە مىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىمنىمۇ ئەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قىلىچلارنى ئېسىپ قويۇشقا (يەنى مىنى قىلىچلارغا قاراشقا)بۇيرىدى، مەن كىچىكلىكىمدىن قىلىچلارنى سۆرەپ يۈرەتتىم، ئاندىن ماڭا غەنىيمەتتىن قازان ـ قۇشۇقتەك ئۆي سايمانلىرىدىن ئازراق نەرسە بېرىشكە بۇيرىدى. مەن شۇچاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەن ساراڭلارغا ئوقۇيدىغان ئايىتى ــ شىپالارنى تەڭلىسەم، ئۇنىڭ بەزىسىنى تەرىك ئېتىپ، بەزىسنى ساقلاپ قېلىشىمغا بۇيرىدى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4006 – [ 22 ] وعن مجمع بن جارية قال : قسمت خيبر على أهل الحديبية فقسمها رسول الله صلى الله عليه وسلم ثمانية عشر سهما وكان الجيش ألفا وخمسمائة فيهم ثلاثمائة فارس فأعطى الفارس سهمين والراجل سهما رواه أبو داود وقال : حديث ابن عمر أصح فالعمل عليه وأتى الوهم في حديث مجمع أنه قال : إنه قال : ثلاثمائة فارس وإنما كانوا مائتي فارس**

مەجمەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ خەيبەر ھۇدەيبىيىيە ئەھلىگە تەقسىم قىلىنغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى 18 ئۈلۈش قىلىپ تەقسىم قىلدى، (18 ئۈلۈشنىڭ ھەر بىرسى 100دىن ئىدى) قوشۇن شۇچاغدا 1500 بولۇپ، ئۇلاردىن 300ى ئاتلىق قوشۇن ئىدى، ئاتلىقلارغا ئىككى ئۈلۈش، پىيادە قىسىمدىكىلەرگە بىر ئۈلۈش بەردى.

**4007 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن حبيب بن مسلمة الفهري قال شهدت النبي صلى الله عليه وسلم نفل الربع في البدأة والثلث في الرجعة . رواه أبو داود**

ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشتا غەنىيمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى (تەقسىماتتىن ئايرىم)ئارتۇق مۇكاپات بەرگەنلىكىگە ، ئۇرۇشتىن قايتقاندا ، ئۈچتەن بىرىنى ئارتۇق بەرگەنلىكىگە قاتناشقان ئىدىم.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4008 –[ 24 ] وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان ينفل الربع بعد الخمس والثلث بعد الخمس إذا قفل رواه أبو داود**

ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىيمەتنىڭ بەشتەن بىرىنى **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە ئايرىۋېتىپ بولغاندىن كېيىن (ھازىر خەلىپىگە ئەۋەتكەندىن كېيىن)ئاندىن باشتا غەنىيمەتنىڭ تۆتتەن بىرىنى (تەقسىماتتىن باشقا)ئارتۇق مۇكاپات قىلىپ بىرەتتى، ئۇرۇشتىن قايتقاندا ، ئۈچتەن بىرىنى ئارتۇق مۇكاپات بىرەتتى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.قالغىنىنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلاتتى.

**4009 – [ 25 ] وعن أبي الجويرية الجرمي قال : أصبت بأرض الروم جرة حمراء فيها دنانير في إمرة معاوية وعلينا رجل من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم من بني سليم يقال له : معن بن يزيد فأتيته بها فقسمها بين المسلمين وأعطاني منها مثل ما أعطى رجلا منهم ثم قال : لولا أني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول :لا نفل إلا بعد الخمس لأعطيتك .رواه أبو داود**

جۇۋەيرىيىيە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا، رۇم زېمىنىدىن بىردانە قىزىل كوزا تېپىۋالدىم، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بار ئىكەن، شۇچاغدا بىزگە مەئنى ئىبنى يەزىيد دىگەن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشلىق ئىدى، مەن ئالتۇنلارنى ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلسەم، ئۇ ئالتۇنلارنى مۇسۇلمانلار

ئارىسىغا تەقسىم قىلىپ بەردى، ماڭىمۇ ئۇلاردىن بىركىشىگە بەرگەندەكلا،بىر كىشىلىك نىسۋە بەردى، ئاندىن ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇجاھىدلارغا نەپلە قىلىپ، زىيادە نەرسە بېرىش، مۇكاپات بېرىش، غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياكى خەلىپىگە تاپشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بېرىلىشى لازىم» .دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولسام، ساڭا ئارتۇق بىرەتتىم دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4010 – [ 26 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي موسى الأشعري قال : قدمنا فوافقنا رسول الله صلى الله عليه وسلم حين افتتح خيبر فأسهم لنا أو قال : فأعطانا منها وما قسم لأحد غاب عن فتح خيبر منها شيئا إلا لمن شهد معه إلا أصحاب سفينتنا جعفرا وأصحابه أسهم لهم معهم . رواه أبو داود**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ھەبەشىستاندىن قايتقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەيبەرنى ئىشغال قىلغىنىغا مۇۋاپىق كېلىپ قاپتىمىز، ئاندىن بىزگىمۇ غەنىيمەتتىن نىسۋە بەردى، خەيبەرنىڭ غەنىيمىتى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە خەيبەرنى ئىشغال قىلىشقا قاتناشقانلارغىلا تەقسىم قىلىنىپ، ئىشغال قىلىشقا قاتناشمىغانلارغا غەنىيمەتتىن ھېچ نەرسە بېرىلمىدى، پەقەت بىز ھەبەشىستاندىن قايتقان جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېمىسىدىكىلەرگىمۇ غەنىيمەتتىن تەقسىم قىلىنىپ بېرىلدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،

**4011 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته ) وعن يزيد بن خالد : أن رجلا من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم توفي يوم خيبر فذكروا لرسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " صلوا على صاحبكم " فتغيرت وجوه الناس لذلك فقال : " إن صاحبكم غل في سبيل الله " ففتشنا متاعه فوجدنا خرزا من خرز يهود لا يساوي درهمين . رواه مالك وأبو داود والنسائي**

يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر ساھابە خەيبەر كۈنى ۋاپات تاپتى، ئۇلار بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قېرىندىشىڭلارغا ئۆزۈڭلار نامىز چۈشۈرۈۋېلىڭلار دېدى، ئۇلار بۇنىڭدىن ھەيران قىلىپ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇ قېرىندىشىڭلار الله يولىدىكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىپ سالدى دېدى، ئاندىن بىز ئۇنىڭ مال ـ ماتالىرىنى تەكشۈرۈپ، يەھۇدىيلارنىڭ مارجانلىرىدىن قىممىتى ئىككى دەرھەمگە تەڭ كەلمەيدىغان بىر دانە مارجاننى تاپتۇق.ئىمام مالىك، ئەبۇداۋۇد،نەسەئى توپلىغان.

**4012 – [ 28 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الله بن عمرو قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أصاب غنيمة أمر بلالا فنادى في الناس فيجيئون بغنائمهم فيخمسه ويقسمه فجاء رجل يوما بعد ذلك بزمام من شعر فقال : يا رسول الله هذا فيما كنا أصبناه من الغنيمة قال : " أسمعت بلالا نادى ثلاثا ؟ " قال : نعم قال : " فما منعك أن تجيء به ؟ " فاعتذر قال : " كن أنت تجيء به يوم القيامة فلن أقبله عنك " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر غەنىيمەتكە ئېرىشسە، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كىشىلەرنىڭ ئالغان ئولجا ـ غەنىيمەتلىرىنى غەنىيمەت توپلايدىغان مەيدانغا ئېلىپ كېلىشكە نىدا قىلىپ تورلاشقا بۇيرۇيتتى، ئاندىن ئۇنىڭ بەشتەن بىرىنى ئايرىۋېلىپ، قالغان تۆت ھەسسىنى قوشۇنلار ئارىسىغا تەقسىم قىلاتتى. بىر كۈنى غەنىيمەتنىڭ بەشتەن بىرى تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىر

كىشى يۇقىدىن ئىشلەنگەن بىردانە نوختىنى ئىبلىپ كىلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇمۇ بىز ئېرىشكەن غەنىيمەتتىن ئىدى، دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن بىلالنىڭ ئۈچ قېتىم «غەنىيمەتنى تاپشۇرۇڭلار»دىگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمۇ؟دېدى، ئۇكىشى؛ ئاڭلىغان ئىدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئەكىلىشتىن سىنى نىمە توستى؟دېدى، ئۇكىشى ئۆزرە ئەيتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن ئەمدى ئۇنى قىيامەت كۈنى ئىبلىپ كىلەسەن!، مەن ئۇنى قوبۇل قىلمايمەن دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4013 – [ 29 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبا بكر وعمر حرقوا متاع الغال وضربوه . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار،غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئۇنىڭ مال ـ ماتالىرىنى كۆيدۈرىۋەتكەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

**4014 – [ 30 ] ( لم تتم دراسته )وعن سمرة بن جندب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من يكتم غالا فإنه مثله " . رواه أبو داود**

سۇمرەت ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: كىم غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنى يوشۇرسا، ئۇمۇ خىيانەتچىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. بۇ ھەدىس زەئىپ. چۈنكى، ئىككى راۋىيدا مەسلە بار، سۇلەيمان ئىبنى مۇسانى بۇخارى رەھمەھۇللا ھەدىسى مۇنكەر دىگەن. جەئپەر دىگەن راۋىينى ئىبنى ھەجەر نامەلۇم دىگەن، ئىبنى ئابدۇلبەر كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، ئىبنى قەتتان ئەھۋالى تونۇلمايدۇ دىگەن، خۇبەيىب دىگەن ئۈچىنچى راۋىينىمۇ ئىبنى ھەجەر تونۇلمايدۇ دىگەن. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن يۇقىرقى ھەدىس زەئىپتۇر، ئەلبانى رەھمەھۇللا دەل مۇشۇنداق تەكشۈردى، ھازىر ئاسان، توققۇز كىتاب پروگراممىسى، مۇھەددىس پروگراممىسى، زەھەبى ناملىق پروگراما، ئۇندىن باشقا كومپيۇتىر دىسكىلىرى بىلەن تەكشۈرىمىز.

**4015 – [ 31 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي سعيد قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن شري المغنم حتى تقسم . رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىيمەتنى تەقسىم قىلىنىپ بولمىغىچە سېتىۋېلىشتىن ، سېتىشتىن توسقان.ترمىزى توپلىغان.

**4016 – [ 32 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم : نهى أن تباع السهام حتى تقسم . رواه الدارمي**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىيمەتتىن بولغان ئۈلۈش نىسۋىنى غەنىيمەت تەقسىم قىلىنىپ بولمىغىچە سېتىۋېلىشتىن ، سېتىشتىن توسقان.دارىمى توپلىغان.

**4017 – [ 33 ] وعن خولة بنت قيس : قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن هذه المال خضرة حلوة فمن أصابه بحقه بورك له فيه ورب متخوض فما شاءت به نفسه من مال الله ورسوله ليس له يوم القيامة إلا النار "رواه الترمذي**

خەۋلەت بىنتى قىيس،ئىبنى ئەمرۇ،ئۆمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بۇ مال، يېشىل، تاتلىق نەرسە، كىم بۇ مالغا ھەققى بىلەن يەتسە، ئۇ مالدا بەرىكەت

بېرىلىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ماللىرىدا نەپسى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان، ئاللاھ رازى بولمايدىغان، ئالاھ ياقتۇرمايدىغان جايلارغا تەسەررۇپ قىلىدىغان كىشىلەر باركى، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا پەقەت دوۋزاخلا باردۇر. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، مەيلى ۋالى، باشلىق بولسۇن، مەيلى پۇخرا بولسۇن، مالنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى، سەدىقە ــ ئېھسانلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى لازىم، ھارام يوللارغا ئىستېمال قىلماسلىق لازىم.سەھىھنىڭ 1608 ـ 2251 ـ 3410 ـ ھەدىسلىرى.

**4018 – [ 34 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم تنفل سيفه ذا الفقار يوم بدر رواه أحمد وابن ماجه وزاد الترمذي وهو الذي رأى فيه الرؤيا يوم أحد**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «زۇلپۇقار» دېگەن قىلىچىنى بەدىر كۈنى تەقسىماتىدىن زىيادە نەپلە قىلىپ ئالغان ئىدى.ئەھمەد،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**4019 – [ 35 ] وعن رويفع بن ثابت أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فلا يركب دابة من فيء المسلمين حتى إذا أعجفها ردها فيه ومن كان يؤمن بالله واليوم الآخر فلا يلبس ثوبا من فيء المسلمين حتى إذا أخلقه ردها فيه " . رواه أبو داود**

رۇۋەيپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ئىسپىرما سۈيى بىلەن باشقىلارنىڭ زىرائىتىنى سۇغارمىسۇن، (يەنى زىنا قىلمىسۇن)، ئاللاھقا ئاخىرەتكە ئىمانى بار كىشى ئولجا ئېلىنغان ئاياللارنى پاكلىمغىچە يەنى ئۇئايال بىر قېتىم ھەيز، كېسەل بولمىغىچە چېقىلمىسۇن، مۇناسىۋەت قىلمىسۇن، ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى تەقسىم قىلىنمىغىچە غەنىيمەتنى ساتمىسۇن، ئاللاھقا، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈرۈشسىز ئولجا،غەنىمەت ئالغان ئۇلاغلىرىغا مىنمىسۇن، ھەتتا ئۇنى قېرىتىپ، كېسەل قىلىپ كىرەكتىن چىقارسا، غەنىيمەت ئىچىگە قايتۇرىۋېتىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىيمەت، ئولجا ئالغان كىيىملىرىنىمۇ كىيمىسۇن، تاكى ئۇنى كىيىپ، كونارتىپ، چىرىتىپ ئاندىن قايتۇرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.سەھىھنىڭ 6507 ـ

**4020 – [ 36 ] ( لم تتم دراسته ) وعن محمد بن أبي المجالد عن عبد الله بن أبي أوفى قال : قلت : هل كنتم تخمسون الطعام في عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قال : أصبنا طعاما يوم خيبر فكان الرجل يجيء فيأخذ منه مقدار ما يكفيه ثم ينصرف ورواه أبو داود**

مۇھەممەدتىن ، مەن: ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا تاماقلارنىمۇ بەشتەن بىرى قىلىپ ئۈلىشەمتىڭلار؟دېسەم، ئۇ: بىز خەيبەر كۈنى تاماققىمۇ ئېرىشكەن ئىدۇق، مۇجاھىد كىشى كېلىپ، تاماقتىن ھاجىتىگە كۇپايە بولغىدەك مىقداردا ئېلىپ قايتىۋىرەتتى،دېدى.داۋۇد.

**4021 – [ 37 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن ابن عمر : أن جيشا غنموا في زمن رسول الله صلى الله عليه وسلم طعاما وعسلا فلم يؤخذ منهم الخمس . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ قوشۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا تاماق، ھەسەللەرنىمۇ غەنىيمەت ئالغان ئىدى، لېكىن ئۇلاردىن بەشتەن بىرى قىلىش ئۈچۈن تاماقلار ئېلىنىۋېلىنمىدى.داۋ

**4022 – [ 38 ] ( لم تتم دراسته ) وعن القاسم مولى عبد الرحمن عن بعض أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم قال : كنا نأكل**

الجزور في الغزو ولا نقسمه حتى إذا كنا لنرجع إلى رحالنا وأخرجتنا منه مملوءة . رواه أبو داود

ساھابىلارنىڭ بەزىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا) ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا تۆگىلەرنى غەنىيمەت ھىسابىدا تەقسىم قىلمايلا يەۋىرەتتۇق، ھەتتا ئورنىمىزغا قايتىدىغان چاغدا، شۇتۆگىنىڭ گۆشلىرىدىن بوخچىلىرىمىز لىق تولغان ھالدا قايتاتتۇق.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

4023 – [ 39 ] وعن عبادة بن الصامت أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقول : " أدوا الخياط والمخيط وإياكم والغلول فإنه عار على أهله يوم القيامة " . رواه الدارمي

ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: ئى ئىنسانلار! ھەققەتەن مۇشۇنچىلىك نەرسىمۇ يەنى بىر تال يۇڭمۇ سىلەرنىڭ غەنىيمەتلىرىڭلاردىندۇر، سىلەر غەنىيمەتتىن بىر تال يىپ ــ يىڭنىنىمۇ ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن نەرسىنىمۇ تولۇق ئادا قىلىپ تاپشۇرۇڭلار،خىيانەت قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ھەققەتەن تەقسىم قىلىنىشىدىن بۇرۇن غەنىيمەتتىن ئېلىنىپ خىيانەت قىلىنغان نەرسە، قىيامەت كۈنى خىيانەت ئەھلىگە ئار ــ نومۇستۇر، ئەيىب ــ نۇقسان ۋە دوۋزاخ ئوتىدۇر. بۇ ھەدىسنى ھۇنەيىن كۈنى غەلىبە قىلغاندا دىگەن.دارىمى، ئىبنى ماجە 2840 ــ ھەدىس، سەھىھ.

4024 – [ 40 ] يا أيها الناس ! ردوا على ردائي فوالله لو أن لي بعدد شجر تهامة نعما لقسمته عليكم ثم لا تلقوني بخيلا و لا جبانا و لا كذوبا ; يا أيها الناس ! ليس لي من هذا الفيء شيء و لا هذه الوبرة إلا الخمس و الخمس مردود فيكم فأدوا الخياط و المخيط فإن الغلول يكون على أهله عارا و نارا و شنارا يوم القيامة ( حم ن ) عن ابن عمرو

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئىنسانلار! تون، ردايىمنى قويۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ماڭا تەھامەنىڭ دەرەخلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ ماللار بولغان بولسىمۇ ئۇنى سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن بولاتتىم، ئاندىن سىلەر مىنى بېخىيل، قورقۇنچاق، كاززاپ تاپمايتتىڭلار، بەلكى، سېخى، باتۇر، سەممى سادىق تاپاتتىڭلار، ئى ئىنسانلار! ماڭا سىلەرنىڭ ئولجا، غەنىيمەتلىرىڭلاردىن ھىچ نەرسە ھەتتا بىر تال تۆگە يۇڭىمۇ ھالال ئەمەس، پەقەت بەشتەن بىرىلا ھالال، ئۇمۇ يەنىلا سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. سىلەر غەنىيمەتتىن يىپ ــ يىڭنە چاغلىق نەرسىلەرنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئادا قىلىڭلار، چۈنكى، خىيانەت، قىيامەت كۈنى شۇ خىيانەت ئەھلىگە ئار ــ نومۇس، ئەيىب ــ نۇقسان، شەرمەندىچىلىك، رەسۋاچىلىق ۋە دوۋزاخ ئوتى بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

4025 – [ 41 ] وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : دنا النبي صلى الله عليه وسلم من بعير فأخذ وبرة من سنامه ثم قال : " يا أيها الناس إنه ليس لي من هذا الفيء شيء ولا هذا ورفع أصبعه إلا الخمس والخمس مردود عليكم فأدوا الخياط والمخيط " فقام رجل في يده كبة شعر فقال : أخذت هذه لأصلح بها بردعة فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أما ما كان لي ولبني عبد المطلب فهو لك " . فقال : أما إذا بلغت ما أرى فلا أرب لي فيها ونبذها . رواه أبو داود

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىگە يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ لۈكىسىدىن بىر تال يۇڭنى ئېلىپ مۇنداق دىدى: (ئى ئىنسانلار!ردايىمنى قويۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ماڭا تەھامەنىڭ دەرەخلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ ماللار بولغان بولسىمۇ ئۇنى سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن بولاتتىم، ئاندىن سىلەر مىنى بېخىيل، قورقۇنچاق، كاززاپ تاپمايتتىڭلار، بەلكى، سېخى، باتۇر،

سەممى سادىق تاپاتتىڭلار،) ئى ئىنسانلار! ماڭا سىلەرنىڭ ئولجا، غەنىيمەتلىرىڭلاردىن ھېچ نەرسە ھەتتا مۇشۇ بىر تال تۈگە يۇڭمۇ ھالال ئەمەس، پەقەت بەشتەن بىرىلا ھالال، ئۇمۇ يەنىلا سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. سىلەر غەنىيمەتتىن يىپ ــ يىڭنە چاغلىق نەرسىلەرنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئادا قىلىڭلار، (چۈنكى، خىيانەت، قىيامەت كۈنى شۇ خىيانەت ئەھلىگە ئار ــ نومۇس، ئەيىب ــ نۇقسان، شەرمەندىچىلىك، رەسۋاچىلىق ۋە دوۋزاخ ئوتى بولىدۇ.)ئاندىن بىر كىشى قولىدا بىر تۇتام يۇڭنى تۇتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ؛ مەن بۇنى تۈگىنىڭ دۈمبىسىگە سالىدىغان پالاس،ئۇچۇلۇقنى ئوڭشاپ قويۇاي دەپ ئالغان ئىدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ماڭا تەككەن، ئابدۇلمۇتتەلىپ جەمەتىگە تەككەن نەرسە ساڭا بېرىلىدۇ،شۇنى ئىشلەتكىن دېدى، ئۇكىشى: سىلى مەن كۆرگەن ۋە مەن ئاڭلىغان نەرسىنى يەتكۈزگەن بولسىلا،(يەنى خىيانەتنىڭ ئازابى شۇنداق قاتتىق بولسا)مېنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوقتۇر دەپ، ئۇنى تاشلىۋەتتى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە تو ھەسەن.

**4026 – [ 42 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمرو بن عبسة قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى بعير من المغنم فلما سلم أخذ وبرة من جنب البعير ثم قال : ولا يحل لي من غنائمكم مثل هذا إلا الخمس والخمس مردود فيكم رواه أبو داود**

ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئۇقۇپ بېرىپ، ئاندىن نامازدىن سالام بەرگەندە، غەنىيمەت تۈگىسىنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن(لۇكىسىدىن) بىر تال يۇڭنى ئېلىپ مۇنداق دېدى: ئى ئىنسانلار! ماڭا سىلەرنىڭ ئولجا، غەنىيمەتلىرىڭلاردىن ھېچ نەرسە ھەتتا مۇشۇ بىر تال يۇڭمۇ ھالال ئەمەس، پەقەت بەشتەن بىرىلا ھالال، ئۇمۇ يەنىلا سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ.ئەبۇداۋۇد.

**4027 – [ 43 ] وعن جبير بن مطعم قال : لما قسم رسول الله صلى الله عليه وسلم سهم ذوي القربى بين بني هاشم وبني المطلب أتيته أنا وعثمان بن عفان فقلنا : يا رسول الله هؤلاء إخواننا من بني هاشم لا ننكر فضلهم لمكانك الذي وضعك الله منهم أرأيت إخواننا من بني المطلب أعطيتهم وتركتنا وإنما قرابتنا وقرابتهم واحدة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما بنو هاشم وبنو المطلب شيء واحد هكذا " . وشبك بين أصابعه . رواه الشافعي وفي رواية أبي داود والنسائي نحوه وفيه : " إنا وبنو المطلب لا نفترق في جاهلية ولا إسلام وإنما نحن وهم شيء واحد " وشبك بين أصابعه**

جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېقىن تۇققانلىرىنىڭ نېسىۋىسىنى ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىپ جەمەتىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەندە، مەن ئوسمان ئىبنى ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھاشىم جەمەتىدىكى ئاۋۇ كىشىلەر بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ پەزلىنى ئىنكار قىلمايمىز، چۈنكى **الله** تائالا سىلىنى شۇلاردىن تاللىدى، قېنى دەپ باقسىلا، سىلى ھاشىم جەمەتىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا بېرىپ، بىزگە بەرمىدىلە، بىزنىڭ تۇققانلىقىمىز بىر ئىدى دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەققەتەن مەن ھاشىم جەمەتى بىلەن مەتەللىپ جەمەتىنى بىر نەرسە دەپ قارايمەن، ھەققەتەن ئۇلار بىرلا نەرسىدەكتۇر، ھەققەتەن ئۇلار بىزدىن جاھالىيەتتىمۇ، ئىسلامدىمۇ ئايرىلىپ كەتمىدى، بىز ئۇلار بىلەن خۇددى مۇشۇنداق بىرلا نەرسە دەپ، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى كىرىشتۈردى.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە،شاپىئى توپلىغان، سەھىھ.

**4028 – [ 44 ] الفصل الثالث ( متفق عليه ) عن عبد الرحمن بن عوف قال : إني واقف في الصف يوم بدر فنظرت عن يميني وعن شمالي فإذا بغلامين من الأنصار حديثة أسنانهما فتمنيت أن أكون بين أضلع منهما فغمزني أحدهما فقال : يا عم هل تعرف أبا**

**جهل ؟ قلت : نعم فما حاجتك إليه يا ابن أخي ؟ قال : أخبرت أنه يسب رسول الله صلى الله عليه وسلم والذي نفسي بيده لئن رأيته لا يفارق سوادي سواده حتى يموت الأعجل منا فتعجبت لذلك قال : وغمزني الآخر فقال لي مثلها فلم أنشب أن نظرت إلى أبي جهل يجول في الناس فقلت : ألا تريان ؟ هذا صاحبكما الذي تسألاني عنه قال : فابتدراه بسيفهما فضرباه حتى قتلاه ثم انصرفا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فأخبراه فقال : " أيكما قتله ؟ " فقال كل واحد منهما : أنا قتله فقال : " هل مسحتما سيفيكما ؟ " فقالا : لا فنظر رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى السيفين فقال : " كلاكما قتله " . وقضى رسول الله صلى الله عليه وسلم بسلبه لمعاذ بن عمرو بن الجموح والرجلان : معاذ بن عمرو بن الجموح ومعاذ بن عفراء**

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بەدىر كۈنى سەپنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئوڭ تەرىپىمگە ۋە سول تەرىپىمگە قارىسام، ناگاھان ئەنسارلاردىن يېشى كىچىك ئىككى ياش يىگىت تۇرىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئۆزۈمنى كۈچلاندۇرۇپ، ئۇلارنى قالقان قىلىپ جەڭ قىلىشىمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ؛ ئى تاغا! سىلى ئەبۇجەھىلنى تونۇمىلا؟دېدى، مەن؛ ھەئە تونۇيمەن، ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئۇنىڭدا نىمە ھاجىتىڭ بار ئىدى؟دېدىم، ئۇ:ماڭا ئۇنىڭ دائىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تىللاپ ئەيىبلەيدىغانلىق خەۋىرى يېتىپ قالدى، **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى كۆرۈپلا قالسام، ئىككىمىزنىڭ بىرىمىز ئۆلمىگىچە ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن دېدى، مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىپ تۇرسام، ئۇلارنىڭ يەنە بىرسىمۇ ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، بىرىنجىسى دىگەندەك دېدى، شۇئەسنادا مەن ئۇزۇن تۇرمايلا، ئەبۇجەھىلنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئۇلارغا: قاراڭلار! سىلەر مەندىن سوئال سورىغان كىشى يەنى ئەبۇجەھىل دىگەن ئەنە ئاشۇ شۇ دېدىم، ئۇلار قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ بېرىپ، ھەر ئىككىلىسى ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈردى، ئاندىن قايتىپ كىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنى قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار؟دېدى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى؛ ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:قىلىچىڭلاردىكى قاننى ئېيتىۋەتتىڭلارمۇ؟دېدى، ئۇلار: ياق تېخى دەپ، قىلىچلىرىنى كۆرسەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قىلىچقا قاراپ: ئەبۇجەھىلنى ھەر ئىككىلىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەر دەپ، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى، يېنىدا بار بولغان بارلىق نەرسىللىرىنى مۇئاز ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى جەمۇھقا بۇيرۇپ بەردى، ئۇ ئىككى كىشى، مۇئاز ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى جەمۇھ بىلەن مۇئاز ئىبنى ئەپرائە ئىدى.يەنى ئاكا-ئۇكا قېرىنداشلار ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**4029 – [ 45 ]** **( متفق عليه ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم بدر : " من ينظر لنا ما صنع أبو جهل ؟ " فانطلق ابن مسعود فوجده قد ضربه ابنا عفراء حتى برد قال : فأخذ بلحيته فقال : أنت أبو جهل فقال : وهل فوق رجل قتلتموه . وفي رواية : قال : فلو غير أكار قتلني**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر كۈنى ؛ كىم ئەبۇجەھىلغا نىمە بولغانلىقىغا قاراپ باقىدۇ؟ دېدى، ئاندىن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەپرائەنىڭ ئىككى ئوغلى قىلىچ ئۇرغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلىقىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: ئەبۇجەھىل دىگەن سەنما؟ دەيدۇ، ئۇ: سىلەر ئۆلتۈرگەن كىشىدىنمۇ مەرتىبىدە ئۇستۈن كىشى بارمۇ؟دەيدۇ. يەنەبىرخاتىرىدە؛ كاشكى مىنى ئۇككاردىن يەنى سەھرالىق دېھقان ئەپرائەنىڭ ئىككى ئوغلىدىن باشقىلار

| |
|---|
| ئۆلتۈرگەن بولسىچۇ دەيدۇ. بۇخارى،مۇسلىم. |
| 4030 – [ 46 ] ( متفق عليه ) وعن سعد بن أبي وقاص قال : أعطى رسول الله صلى الله عليه وسلم رهطا وأنا جالس فترك رسول الله صلى الله عليه وسلم منهم رجلا وهو أعجبهم إلي فقمت فقلت : ما لك عن فلان ؟ والله إني لأراه مؤمنا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أو مسلما " ذكر سعد ثلاثا وأجابه بمثل ذلك ثم قال : " إني لأعطي الرجل وغيره أحب إلي منه خشية أن يكب في النار على وجهه " . متفق عليه . وفي رواية لهما : قال الزهري : فترى : أن الإسلام الكلمة والإيمان العمل الصالح<br><br>سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىسىم كىشىلەرگە نەرسە بېرىپ، ئۇلاردىن مەلۇم بىر كىشىگە بەرمىدى، مەن شۇ جايدا ئولتۇرۇغلۇق ئىدىم، ھېلىقى نەرسە بېرىلمىگەن كىشى مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇراتتى(يەنى ئۇ مۆئمىن ئىدى) مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلىگە نىمە بولدى؟ پالانىغا بەرمىدىلىغۇ؟ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى مۆئمىن دەپ قارايمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ياكى مۇسۇلماندۇ دېدى، مەن يۇقىرقى سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرار دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قېتىم يۇقىرقىدەك جاۋاپ بېرىپ؛ ئى سەئدى! مەن بەزى كىشىلەرگە نەرسە بېرىمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن باشقىسى ماڭا سۆيۈملۈكتۇر، مېنىڭ ئۇ كىشىگە نەرسە بېرىشىم، ئاللاھتائالانىڭ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن بولغان، (يەنى مەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن بېرىمەن، بولمىسا ئۇ دوۋزاخقا كىرىپ كېتىدۇ) دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.زۇھەيرى؛ئىسلام دىگەن شاھادەت سۆزى، ئىمان دىگەن ياخشى ئەمەلدۇر دېدى. شەيخ ئۇسەيمىين؛ ئىسلام بىلەن ئىمان بىللە كەلسە، ئىمان ئەۋزەلدۇر، بۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم كەلسە، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېدى. |
| 4031 – [ 47 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قام يعني يوم بدر فقال : " إن عثمان انطلق في حاجة الله وحاجة رسوله وإني أبايع له " فضرب له رسول الله بسهم ولم يضرب بشيء لأحد غاب غيره رواه أبو داود<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ھەقىقەتەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ **الله** ۋە **الله** نىڭ ھاجىتى ئۈچۈن (يەنى قىزىنىڭ كېسىلى سەۋەبلىك ئۆيىگە) كەتتى، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بەيئەت قىلىپ قويىمەن دەپ،(بىر قولىنى يەنە بىر قولىغا ئۇردى) ۋە ئۇنىڭغا غەنىيمەتتىن نىسىۋە بۆلۈپ بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇشقا قاتناشمىغان ھەرقانداق بىر كىشىگە غەنىيمەتتىن نىسىۋە بەرمىگەن ئىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان. |
| 4032 – [ 48 ] ( لم تتم دراسته ) وعن رافع بن خديج قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يجعل في قسم المغانم عشرا من الشاء ببعير . رواه النسائي<br><br>رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىيمەت تەقسىم قىلىشتا ئون قوينى بىر تۆگىگە تەڭ قىلىپ تەقسىم قىلاتتى. نەسەئى توپلىغان. |
| 4033 – [ 49 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " غزا نبي من الأنبياء فقال لقومه : لا يتبعني رجل ملك بضع امرأة وهو يريد أن يبني بها ولما يبن بها ولا أحد بنى بيوتا ولم يرفع سقوفها ولا رجل اشترى غنما أو خلفات وهو ينتظر ولادها فغزا فدنا من القرية صلاة العصر أو قريبا من ذلك فقال للشمس : إنك مأمورة وأنا مأمور اللهم |

**احبسها علينا فحبست حتى فتح الله عليه فجمع الغنائم فجاءت يعني النار لتأكلها فلم تطعمها فقال : إن فيكم غلولا فليبايعني من كل قبيلة رجل فلزقت يد رجل بيده فقال : فيكم الغلول فجاؤوا برأس مثل رأس بقرة من الذهب فوضعها فجاءت النار فأكلتها " . زاد في رواية : " فلم تحل الغنائم لأحد قبلنا ثم أحل الله لنا الغنائم رأى ضعفنا وعجزنا فأحلها لنا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر غازات قىلىپ قەۋمىگە مۇنداق دېدى: سىلەردىن يېڭىدىن توي قىلغان، ئايالىنىڭ ئەۋرىتىگە ئىگە بولۇپ، تېخى بىرگە بولمىغان، ئەمما بىللە بولۇشنى ئىرادە قىلغان كىشى ماڭا ئەگىشىپ جەڭگە چىقمىسۇن، ۋە شۇنداقلا يېڭىدىن ئۆي سالغان تېخى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى كۆتۈرمىگەن يەنى ئۆيىنى ياپمىغان كىشى،ۋە قوي ياكى بوغاز كالا، تۆگىلەرنى سېتىۋالغان، بۇ ھايۋانلارنىڭ تۇغۇپ بېرىشىگە ئىنتىزار بولۇپ ساقلاۋاتقان كىشمۇ، ماڭا ئەگەشمىسۇن، بىز بىلەن جەڭگە چىقمىسۇن، (چۈنكى بۇلارنىڭ قەلبى كەينىدە قىلىپ، ياخشى جەڭ قىلالمايدۇ) ئۇ پەيغەمبەر ئۇرۇش قىلىپ، ئىشغال قىلماقچى بولغان شەھەرگە يېقىن كەلگەندە، ئەسىر ۋاختى بولۇپ قالىدۇ، ياكى شۇنىڭغا يېقىن بولىدۇ، پەيغەمبەر قۇياشقا؛ سەنمۇ بۇيرۇلغان مەئمۇر، مەنمۇ بۇيرۇلغان مەئمۇر دەپ ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلىدۇ؛ ئى ئاللاھ، كۈننى بىزگە توختۇتۇپ بەرسىلە، ئاندىن دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپ، كۈن ئۇلارغا، ئاللاھتائالا غەلىبە ئاتا قىلىپ، شەھەرنى پەتھى قىلىپ، ئىشغال قىلغانغا قەدەر توختاپ تۇرىدۇ، (چۈنكى كۈن كىرىپ كەتسە، ئەتىسى ئۇرۇش قىلىش ھارام بولغان كۈن كېلىپ قالاتتى) ئۇ غەلىبە قىلىپ، غەنىيمەتلەرنى توپلىدى، ئوت ئۇنى كۆيدۈرۈپ يېۋېتىش ئۈچۈن كېلىپ، ئۇ غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرمىدى، يىمىدى، ئاندىن ئۇ؛ ھەقىقەتەن ئاراڭلاردا خىيانەت بار، ماڭا ھەربىر قەبىلىدىن بىر كىشى يەنى قەبىيلە باشلىقى بەيئەت قىلسۇن دېدى، بىر كىشىنىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى، ئاندىن پەيغەمبەر؛ خىيانەت سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بار ئىكەن، ماڭا سېنىڭ قەبىلەڭ بەيئەت قىلسۇن دېدى، ئۇلار بەيئەت قىلىۋىدى، ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى، ئاندىن ئۇ؛ خىيانەت سىلەردە ئىكەن، سىلەر ئۇلجا، غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىپسىلەر دېدى، ئۇلار كالىنىڭ بېشىدەك ئالتۇننى كەلتۈردى، ئۇنى غەنىيمەت ئارىسىدا قويىۋىدى، ئوت كېلىپ، غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرۈپ يېۋەتتى،بىزدىن بۇرۇن ھېچ بىر كىشىگە ھالال ئەمەس ئىدى، ئاندىن ئاللاھتائالا بىزنىڭ زەئىپ، ئاجىزلىقىمىزنى كۆرۈپ، بىزگە رەھمەت قىلىپ، غەنىيمەتلەرنى بىزگە ھالال قىلىپ بەردى، (ئەمدى ئۇنى ئوت ئەمەس بىز يەيمىز) ئەھمەد،بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش، بۇرۇندىن بارلىقى، پەرىزلىكى، دۇنيا پەرەس كىشىلەرنىڭ جەڭنى ياخشى قىلالمايدىغانلىقى، قۇياش يۇشەئىبنى نۇن دېگەن پەيغەمبەرگە توختاپ تۇرغان مۆجىزە، غەنىيمەت بۇرۇنقىلارغا ھالال بولماستىن، ئۇنى ئوت چۈشۈپ كۆيدۈرۈش مۆجىزىسى، خىيانەتنىڭ ھاراملىقى، بەيئەتنىڭ مۆجىزە، ئۇرۇش قىلىشنىڭ بىزگىمۇ پەرىز ئىكەنلىكى، غەنىيمەتنىڭ بىزگە ھالاللىقى چىقىدۇ.

**4034 – [ 50 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : حدثني عمر قال : لما كان يوم خيبر أقبل نفر من صحابة النبي صلى الله عليه وسلم فقالوا : فلان شهيد وفلان شهيد حتى مروا على رجل فقالوا : فلان شهيد فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كلا إني رأيته في النار في بردة غلها أو عباءة " ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا ابن الخطاب اذهب فناد في الناس : أنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون ثلاثا " قال : فخرجت فناديت : ألا إنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون ثلاثا . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، خەيبەر كۈنى بىر نەچچە نەپەر ساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارئالدىنى

قىلىپ كېلىپ؛ پالانى شېھىد بولدى، پالانى شېھىد بولدى دېيىشىپ، بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ؛بۇ كىشىمۇ شېھىد بولدى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇنى ئۇخىيانەت قىلغان بىر دانە تون ياكى جۇۋا سەۋەبلىك دەۋزەختە كۆردۈم دەپ،ئاندىن ئى ئىبنى خەتتاپ! سەن بېرىپ كىشىلەرگە مۇنداق نىدا قىلىپ تووۋلىغىن؛« جەننەتكە پەقەت شەكسىز ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەرلار كىرىدۇ!!!».مەن بېرىپ، ئۈچ قېتىم شۇنداق تووۋلۇدۇم. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

باب الجزية – الفصل الأول دىنىسىزلارغا جان بېجى قويۇش توغرىسىدا

**4035 – [ 1 ]** ( صحيح ) **عن بجالة قال : كنت كاتبا لجزء بن معاوية عم الأحنف فأتانا كتاب عمر بن الخطاب رضي الله عنه قبل موته بسنة : فرقوا بين كل ذي محرم من المجوس ولم يكن عمر أخذ الجزية من المجوس حتى شهد عبد الرحمن بن عوف أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أخذها من مجوس هجر . رواه البخاري وذكر حديث بريدة : إذا أمر أميرا على جيش في " باب الكتاب إلى الكفار "**

بەجالەت رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەھنەپنىڭ تاغىسى جەزئىبنى مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كاتىپ بولغان ئىدىم، بىزگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن بىر يىل بۇرۇن ئۇنىڭ مۇنداق خېتى كەلدى؛ مەجۇسىيلاردىن ھەر قانداق مەھرەم ئىگىللىرىنىڭ ئارلىقىنى ئايرىۋېتىڭلار،(يەنى ئۇلار ئانىسىنى،ھەمشىرىسىنى، قىزلىرىنى نىكاھىغا ئېلىۋالغان بولسا، ئاچا ـ سىڭىل،ئانا ـ بالىنى جۈپلەپ ئېلىۋالغان بولسا، ئۇلارنى ئايرىۋېتىڭلار) ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجەر دىگەن جايدىكى مەجۇسىيلاردىن جىزيە ئالغان دەپ گۇۋاھلىق بەرمىگىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەجۇسىيلاردىن جىزيە ئالمىغان ئىدى.(ئەشۇ گۇۋاھلىقتىن كېيىن ئاندىن جان بېجى ئالدى)بۇخارى توپلىغان.

**4036 – [ 2 ]** **الفصل الثاني** ( لم تتم دراسته ) **عن معاذ : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما وجهه إلى اليمن أمره أن يأخذ من كل حالم يعني محتلم دينارا أو عدله من المعافري : ثياب تكون باليمن . رواه أبو داود**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ھەر بىر ئىھتىلام بۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەن زىممىيدىن بىر دىنار ئالتۇن ئېلىشقا ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدە يەمەنگە مەنسۇپ مەئافىير دىگەن كىيىمدىن جىزيە ئېلىشقا بۇيرىغان. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4037 – [ 3 ]** ( لم تتم دراسته ) **عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تصلح قبلتان في أرض واحدة وليس على المسلم جزية " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى قىبلى ئەھلىنىڭ يەنى ئىككى خىل دىن ئەھلىنىڭ بىر زېمىندا تۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس، (مۇسۇلمانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن كاپىرلارنىڭ زېمىنىدا تۇرسا بولمايدۇ، كاپىرلارمۇ مۇسۇلمانلار زېمىنىدىن بۇلۇپمۇ ئەرەپ ـ يېرىم ئارىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ)مۇسۇلمانغا جىزيە باج قويۇلمايدۇ.ئەھمەد،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4038 – [ 4 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أنس قال : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم خالد بن الوليد إلى أكيدر دومة فأخذوه فأتوا به فحقن له دمه وصالحه على الجزية . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىدنى شامدىكى دۇۋمەت دىگەن قەلئەنىڭ باشلىقى ئۇكەيدەرگە ئەۋەتتى، ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ ئەكەلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆلتۈرمەي،ئۇنىڭ قىنىنى ساقلاپ قىلىپ ئۇلارنىڭ باج تاپشۇرۇشىغا سۈلھى تۈزۈشتى.داۋد

4039 – [ 5 ] ( لم تتم دراسته ) وعن حرب بن عبيد الله عن جده أبي أمه عن أبيه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إنما العشور على اليهود والنصارى وليس على المسلمين عشور " . رواه أحمد وأبو داود

ھەربىنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يەھۇدىي-ناسارالارنىڭ تىجارەت ماللىرىدىن،زىرائەتلىرىدىن ئۆشرە يەنى ئوندىن بىرى ئېلىنىدۇ، (بۇ جىزيەدىن باشقا ئېلىنىدىغان چىقىم)مۇسۇلمانلارنىڭ تىجارەت ماللىرىدىن ئۆشرە يەنى ئوندىن بىرى ئېلىنمايدۇ(بەلكى يىل توشقاندا قىرىقدەن بىرى ئېلىنىدۇ، زىرائەتلىرىدىن 1\10 ياكى 1\20 ئېلىنىدۇ.زىممىيلارنىڭ تىجارەت مېلىدىن 1\20ى ئېلىنىدۇ،دىنسىز ھەربىيدىن 1\10ى ئېلىنىدۇ.)ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

4040 – [ 6 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عقبة بن عامر قال : قلت : يا رسول الله إنا نمر بقوم فلا هم يضيفونا ولا هم يؤدون ما لنا عليهم من الحق ولا نحن نأخذ منهم . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن أبوا إلا أن تأخذوا كرها فخذوا رواه الترمذي

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز بىرەر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالساق، ئۇلار بىزنى مېھمان قىلمىسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى بىزنىڭ ھەققىمىزنى ئادا قىلمىسا، بىز يەنە ئۇلاردىن بىرەر نەرسە ئالالامدۇق؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر ئۇلار يۇقىرقى ئىشلارغا ئۇنىمىسا، پەقەت سىلەرنىڭ مەجبۇرىي ئېلىشىڭلارغىلا ئۇنىسا، ئۇنداقتا ئۇلاردىن ئۆز ھەققىڭلارنى ئېلىۋېرىڭلار دىدى.تىرمىزى.

4041 – [ 7 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن أسلم أن عمر بن الخطاب رضي الله عنه ضرب الجزية على أهل الذهب أربعة دنانير وعلى أهل الورق أربعين درهما مع ذلك أرزاق المسلمين وضيافة ثلاثة أيام . رواه مالك

ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زىممىيلارنىڭ ئالتۇن ئەھلىگە تۆت دىينار ئالتۇن، كۈمۈش ئەھلىگە 40 دەرھەم كۈمۈش جىزيە باج قويدى،(ئۇلار بۇنى ھەر يىلى تاپشۇرىدۇ)شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلارنىڭ رىزىقلىرىنى(يەنى ئۇرۇشقا چىققاندىكى ئۇرۇش تەييالىقنى) بېرىدۇ، ۋە ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ قالسا، ئۈچ كۈن زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالىدۇ.مالىك توپلىغان.

باب الصلح – الفصل الأول سۈلھى توغرىسىدا

4042 – [ 1 ] ( صحيح ) عن المسور بن مخرمة ومروان بن الحكم قالا : خرج النبي صلى الله عليه وسلم عام الحديبية في بضع عشرة مائة من أصحابه فلما أتى ذا الحليفة قلد الهدي وأشعر وأحرم منها بعمرة وسار حتى إذا كان بالثنية التي يهبط عليهم منها بركت به راحلته فقال الناس : حل حل خلأت القصواء خلأت القصواء فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ما خلأت القصواء وما ذاك لها بخلق ولكن حبسها حابس الفيل " ثم قال : " والذي نفسي بيده لا يسألوني خطة يعظمون فيها حرمات الله إلا أعطيتهم إياها " ثم زجرها فوثبت فعدل عنهم حتى نزل بأقصى الحديبية على ثمد قليل الماء يتبرضه الناس تبرضا فلم يلبثه الناس حتى نزحوه وشكي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم العطش فانتزع سهما من كنانته ثم أمرهم أن يجعلوه فيه فو الله ما زال يجيش لهم بالري حتى صدروا عنه فبينا هم كذلك إذ جاء بديل بن ورقاء الخزاعي في نفر من خزاعة ثم أتاه عروة بن مسعود وساق

**الحديث إلى أن قال : إذ جاء سهيل بن عمرو فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " اكتب : هذا ما قاضى عليه محمد رسول الله " . فقال سهيل : والله لو كنا نعلم أنك رسول الله ما صددناك عن البيت ولا قاتلناك ولكن اكتب : محمد بن عبد الله فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " والله إني لرسول الله وإن كذبتموني اكتب : محمد بن عبد الله " فقال سهيل : وعلى أن لا يأتيك منا رجل وإن كان على دينك إلا رددته علينا فلما فرغ من قضية الكتاب قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لأصحابه : " قوموا فانحروا ثم احلقوا " ثم جاء نسوة مؤمنات فأنزل الله تعالى : ( يا أيها الذين آمنوا إذا جاءكم المؤمنات مهاجرات ) الآية . فنهاهم الله تعالى أن يردوهن وأمرهم أن يردوا الصداق ثم رجع إلى المدينة فجاءه أبو بصير رجل من قريش وهو مسلم فأرسلوا في طلبه رجلين فدفعه إلى الرجلين فخرجا به حتى إذا بلغا ذا الحليفة نزلوا يأكلون من تمر لهم فقال أبو بصير لأحد الرجلين : والله إني لأرى سيفك هذا يا فلان جيدا أرني أنظر إليه فأمكنه منه فضربه حتى برد وفر الآخر حتى أتى المدينة فدخل المسجد يعدو فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لقد رأى هذا ذعرا " فقال : قتل والله صحابي وإني لمقتول فجاء أبو بصير فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ويل أمه مسعر حرب لو كان له أحد " فلما سمع ذلك عرف أنه سيرده إليهم فخرج حتى أتي سيف البحر قال : وانفلت أبو جندل بن سهيل فلحق بأبي بصير فجعل لا يخرج من قريش رجل قد أسلم إلا لحق بأبي بصير حتى اجتمعت منهم عصابة فو الله ما يسمعون بعير خرجت لقريش إلى الشام إلا اعترضوا لها فقتلوهم وأخذوا أموالهم فأرسلت قريش إلى النبي صلى الله عليه وسلم تناشده الله والرحم لما أرسل إليهم فمن أتاه فهو آمن فأرسل النبي صلى الله عليه وسلم إليهم . رواه البخاري**

مسۋەر بىلەن مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيە يىلى بىرمىڭ نەچچە يۈز ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىللە ھەجگە چىقتى، ئۇلار زۇلھۇلەيپ دېگەن جايغا كەلگەندە ھەدىي تۆگىلىرىنىڭ بويىنىغا نەرسە ئېسىپ بەلگە سالدى، ۋە شۇجايدىن ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلىدى، ئۇلار مېڭىپ مەككەئەھلىگە چۈشىدىغان سىنىيەت دېگەن جايغا كەلگەندە، تۆگە يېتىۋالدى، كىشىلەر چو! چو! دىيىشىپ، قەسۋائ دېگەن تۆگە يېتىۋالدى!تۆگە يېتىۋالدى دىيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تۆگە ئۆز ئىختىيارى بۇيىچە يېتىۋالمىدى، ئۇنىڭ بۇنداق ئادىتى يوق ئىدى ، لېكىن ئۇنى فىيلنى توختاتقان **الله** توختاتتى دەپ؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇلار مەندىن **الله** هارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئۇلۇغلايدىغان سۈلھى خىتى تەلەپ قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارغا سۈلھى خىتى بىرەتتىم (يەنى ئۇرۇش توختۇتۇش ئۈچۈن سۈلھى تۈزۈشكەن بولاتتىم)دېدى، ئاندىن تۆگىگە چو! دەپ ۋارقىرىدى، تۆگە سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇلار مەككە يولىدىن باشقا ياققا بۇرۇلۇپ، ھۇدەيبىيە تېغىنىڭ بىر چېتىدىكى سۇيى ئاز بىر قۇدۇق بۇيىغا چۈشتى، كىشىلەر ئۇ قۇدۇقتىن ئاز-ئازدىن سۇ ئالاتتى، كىشىلەر ئۇزۇن تۇرمايلا، قۇدۇقنىڭ سۈيىنى پاك-پاكىز قىرىپ تۈگەتتى، ئاندىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇسسۇزلۇقتىن شىكايەت قىلىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوق خالتىسىدىن يەنى ئوقدانىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ئۇنى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە سانجىپ قويۇشقا بۇيرىدى، **الله** بىلەن قەسەمكى، قۇدۇقنىڭ سۇيى بولدۇقلاپ ئۆرلەپ چىقىۋەردى، ئۇلار سۇغا قېنىپ، ئۇلارغلىرىنىمۇ سۇغۇرۇپ قايتتى، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، بۇدەيل ئىبنى ۋەرقا خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر نەچچە نەپەر كىشى بىلەن كەلدى، ئاندىن ئۇرۋەت كەلدى، ئاندىن ئۈچۈنجى قېتىم سۇھەيل ئىبنى ئەمرۇ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى ئەلى! «بۇ **الله** نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈلھى تۈزۈشكەن سۈلھىدۇر....»دەپ يازغىن دېدى، ئاندىن سۇھەيل؛ بىز سىنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى بىلىدىغان، ئىتراپ قىلىدىغان بولساق، سىنى بەيتۇالله تىن توسمىغان، سەن

بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتۇق، لېكىن سەن «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ....» دەپ يازغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **الله** بىلەن قەسەمكى، گەرچە سىلەر مىنى ئىنكار قىلساڭلارمۇ، مەن چوقۇم **الله** نىڭ ئەلچىسى، بولۇپتۇ «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ....» دەپ يازغىن دېدى. سۇھەيل؛ بىز تەرەپتىن بىرەر كىشى گەرچە ئۇ سىنىڭ دىنىڭدا بولسىمۇ، مۇسۇلمان بولۇپ قېشىڭغا بارسا ، ئۇنى بىزگە قايتۇرىسەن، بىزگە كەلگەن كىشىڭلارنى سىلەرگە قايتۇرمايمىز دېدى. سۈلھىنىڭ كىتابىدىن پارىغ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرىغا:قوپۇڭلار، قۇربانلىق ھەدىيلىرىنى بوغۇزلاپ ، چېچىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار دېدى. ئاندىن مەككىدىن مۆئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلدى، **الله** تائالا بۇ توغرىسىدا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى؛«ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە مۆئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە،.......ئۇلارنى كاپىرلاغا قايتۇرماڭلار» (سۇرە مۇمتەھىنە)شۇنىڭ بىلەن **الله** تائالا مۇسۇلمانلارنى، ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆئمىن ئاياللارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇشتىن توستى، ئۇلارنىڭ تويلۇق مەھرىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، قۇرەيشلەردىن ئەبۇبۇسەير مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى، قۇرەيشلەر ئۇنى تەلەپ قىلىپ ئىككى كىشىنى ئەۋەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سۈلھى بويىچە شۇئىككى كىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى، ئۇلار ئۇنى ئېلىپ زۇلھۇلەيپىكە يەتكەندە، تاماق،خورما يېيىش ئۈچۈن ئارامغا چۈشتى، ئەبۇبۇسەير ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىگە: **الله** بىلەن قەسەمكى، ئى پالانى! مەن سىنىڭ قىلىچىڭنى بەك كاتتا ياخشى قىلىچ دەپ گۇمان قىلىمەن، قېنى قىلىچىڭنى ئېلىپ ماڭا بىر كۆرسەتكىنە، مەن بىر كۆرۈپ باقاي دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن قىلىچنى ئېلىۋېلىپ ئىمكانىيەتكە ئېرىشىپلا، ئۇنى قىلىچ بىلەن بىرنى چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ، يەنەبىرسى قېچىپ كىتىپ، مەدىنىگە بېرىپ، مەسجىدكە كىرىپ ئۇياق ـ بۇياقتىن يۈگۈرىشۇرنىدىغان جاي ئىزدەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن بۇ قورقۇنۇشلۇق بىر خەۋىپنى كۆرۈپتۇ دەيدۇ، ئۇكىشى؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، ھەمراھىم ئۆلتۈرۈلدى، مەنمۇ ھازىر ئۆلتۈرۈلگىلى ئازلا قالدىم دەيدۇ، ئاندىن ئەبۇبۇسەير ئۇنى قوغلاپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنىڭ ئانىسىغا ۋايدۇر،يەنى بۇ قاتتىق مۇشەققەت،غەم ـ قايغۇ ئېلىپ كەلدى، بۇ يەنە قايتا جەڭ ئۇرۇشقا ئوت ياقتى ، كاشكى بۇنى تۇتۇشقا قادىر بولالايدىغان بىرەر كىشى بولسىچۇ؟دېدى، ئەبۇبۇسەير بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنى يەنە كاپىرلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشىنى بىلىپ، دېڭىز ساھىلىغا قېچىپ چىقتى، ئەبۇجەندەلمۇ كاپىرلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، ئەبۇبۇسەيرگە قوشۇلدى، قۇرەيشلەردىن مۇسۇلمان بولۇپ قېچىپ چىققان ھەر قانداق بىر كىشى ئەبۇبۇسەيرنىڭ تويىغا قوشۇلۇشقا باشلىدى، ھەتتا بۇلار بىر توپ جامائەت بولۇپ شەكىللەندى، **الله** بىلەن قەسەمكى، بۇلار قۇرەيشلەرنىڭ شامغا ماڭغان بىرەر كارۋىنىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا قالسا، ئۇلارنى توسۇپ ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋالدى، ئاندىن قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە **الله** نىڭ نامىدىن، ئارىمىزدىكى سىلە ـ رەھىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن شۇنى تەلەپ قىلىمىزكى، بىز پەقەت سىلەرگە ئەبۇبۇسەيرنىڭ ئىشى توغرۇلۇقلا ئەلچى ئەۋەتتۇق، سىلەر ئۇنى قېشىڭلارغا ئېكىلىۋالساڭلار، ئۇلار كارۋانلىرىمىزنى توسىۋالمىسا، بىز تەرەپتىن سىلەرگە مۇسۇلمان بولۇپ بارغان كىشى ئەمىن خاتىرجەم بولسۇن،ئۇ بىزگە قايتۇرۇلمىسۇن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبۇسەيرنىڭ جامائىتىگە ئەلچى ئەرەتىپ، ئۇلارنى قېشىغا ئېكىلىۋالدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**4043 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن البراء بن عازب قال : صالح النبي صلى الله عليه وسلم المشركين يوم الحديبية على ثلاثة أشياء : على أن من أتاه من المشركين رده إليهم ومن أتاهم من المسلمين لم يردوه وعلى أن يدخلها من قابل ويقيم بها ثلاثة أيام ولا**

**يدخلها إلا بجلبان السلاح والسيف والقوس ونحوه فجاء أبو جندل يحجل في قيوده فرده إليهم**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىييە كۈنى مۇشرىكلەر بىلەن مۇنداق ئۈچ شەرتكە ئاساسەن سۈلھى تۈزۈشتى؛1 ـ مۇشرىكلەردىن مۇسۇلمان بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بىرىش، مۇسۇلمانلاردىن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغان كىشىنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرماسلىق،2 ـ مەككىگە كېلەر يىلى كىرىش، 3 ـ كىرگەندە مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇش، مەككىگە قۇراللىنىپ كىرىش، پەقەت قىلىچ،ياچاق قاتارلىق قۇراللارنى غىلاپلاپ، غىلىپىدىن چىقارماي، تىرە بوخچىللىرىغا سېلىپ، تۆگىنىڭ ئارقىسىغا ئېسىپ كىرىشتۇر. ئاندىن سۈلھى تامام بولۇپ بولغاندا، ئەبۇ جەندەل كويزا ـ كىشەنلىرىنى سۆرەپ مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى سۈلھىدىكى بويىچە ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردى.بۇخارى،مۇسلىم.

**4044 – [ 3 ]** ( صحيح ) **وعن أنس : أن قريشا صالحوا النبي صلى الله عليه وسلم فاشترطوا على النبي صلى الله عليه وسلم أن من جاءنا منكم لم نرده عليكم ومن جاءكم منا رددتموه علينا فقالوا : يا رسول الله أنكتب هذا ؟ قال : " نعم إنه من ذهب منا إليهم فأبعده الله ومن جاءنا منهم سيجعل الله له فرجا ومخرجا " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھۇدەيبىييە كۈنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۈلھى تۈزۈشۈپ، مۇنداق شەرتلەرنى قويدى؛ سىلەردىن بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەن كىشىنى بىز سىلەرگە قايتۇرمايمىز، بىز تەرەپتىن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارغان كىشىنى بىزگە قايتۇرىسىلەر، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مۇشۇنداق سۈلھىنىمۇ يازىمىزمۇ؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە يازىمىز، بىزدىن ئۇلارنىڭ قېشىغا مۇرتەد بولۇپ كەتكەن كىشىنى **الله** رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ئۇلاردىن بىزنىڭ قېشىمىزغا مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن كىشىگە **الله** ئاسانلىق، چىقىش يولى بېرىدۇ دېدى.مۇسلىم توپلىغان.

**4045 – [ 4 ]** ( متفق عليه ) **وعن عائشة قالت في بيعة النساء : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يمتحنهن بهذه الآية : ( يا أيها النبي صلى الله عليه وسلم إذا جاءك المؤمنات يبايعنك ) فمن أقرت بهذا الشرط منهن قال لها : " قد بايعتك " كلاما يكلمها به والله ما مست يده يد امرأة قط في المبايعة**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاياللارنىڭ بەيئىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن مۇنۇ ئايەت بىلەن ئىمتىھان ئالدى؛ « ئى پەيغەمبەر! قېشىڭغا مۆئمىن ئاياللار بەيئەت قىلىشقا كەلسە،.........»سۈرە مۇمتەھىنە، ئاياللاردىن كىم مۇشۇ ئايەتتىكى شەرتكە ئىقرار قىلسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا سۆز جەھەتتىنلا : مەن سىنى بەيئەت قىلدۇردۇم، بەيئىتىڭنى قوبۇل قىلدىم دەيتتى.**الله** بىلەن قەسەمكى، بەيئەت قىلدۇرۇش جەريانىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولى ھېچ بىر ئايالنىڭ قولىغا تېگىپ باقمىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

**4046 – [ 5 ]** **الفصل الثاني** ( لم تتم دراسته ) **عن المسور ومروان : أنهم اصطلحوا على وضع الحرب عشر سنين يأمن فيها الناس وعلى أن بيننا عيبة مكفوفة وأنه لا إسلال ولا إغلال . رواه أبو داود**

مىسۋەر بىلەن مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇلار ئون يىل ئۇرۇش توختۇتۇشقا سۈلھى تۈزۈشتى، بۇ ئون يىلدا كىشىلەر ئەمىن، خاتىرجەم بولىدۇ. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ـ خۇددى كىيىمنى ئامانەت قويىغاندەك ـ ساپ دىللىق بىلەن چىگىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ھىيلە ـ مىكىر قىلماسلىق، مەخپى ئوغۇرلۇق

| |
|---|
| قىلماسلىق، ھەرقانداق نەرسىگە خىيانەت قىلماسلىق سۈلھى شەرتلىرى بارئىدى، (ئۈچ يىلدىن كېيىنلا ئۇلار خىيانەت قىلىپ، سۈلھى ئەھدىسىنى بۇزدى)ئەبۇداۋۇد 2385 ـ ھەدىس، |
| 4047 – [ 6 ] ( جيد ) وعن صفوان بن سليم عن عدة من أبناء أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم عن آبائهم عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ألا من ظلم معاهدا أو انتقصه أو كلفه فوق طاقته أو أخذ منه شيئا بغير طيب نفس فأنا حجيجه يوم القيامة " . رواه أبو داود<br><br>سەفۋان ئىبنى سەلىم ، نۇرغۇن ساھابىلارنىڭ بالىلىرى،ۋەئۇلارنىڭ دادىللىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، كىم ئەھدى، توختام، كېلىشىم تۈزگۈچىگە زۇلۇم قىلسا، ياكى ھەققىنى كام بەرسە، ياكى ئۇنىڭ تاقىتى، كۈچ ـ قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلسا، ياكى ئۇنىڭ نەرسىسىنى ئۇ چىن دىلىدىن رازى بولماستىن ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى مانا مەن ئۇنىڭ داۋاگىرى، ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدىغان كىشىسى بولىمەن. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغام، سەھىھ. |
| 4048 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن أميمة بنت رقيقة قالت : بايعت النبي صلى الله عليه وسلم في نسوة فقال لنا : " فيما استطعتن وأطقتن " قلت : الله ورسوله أرحم بنا منا بأنفسنا قلت : يا رسول الله بايعنا تعني صافحنا قال : " إنما قولي لمائة امرأة كقولي لامرأة واحدة " . رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه ومالك في الموطأ<br><br>ئۇمەيمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئاياللار ئارىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: سىلەر قادىر بولالايدىغان، تاقەت قىلالايدىغان ئىشلاردا دەپ تۇراتتى، مەن ئىچىمدە؛ اللە ۋە اللە نىڭ ئەلچىسى بىزگە، بىز ئۆزۈمىزگە كۆيۈنگەندىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈپ رەھىم قىلىدىكەن دېدىم، ئاندىن مەن؛ ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! بىز بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ بەيئەت قىلماملا؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەققەتەن مىنىڭ 100 ئايالغا قىلغان سۆزۈم، بىر ئايالغا قىلغان سۆزۈمگە ئوخشاشتۇر، (بىرئايالغا دېگىنىم 100گە دېگەندەك بولىدۇ)دېدى. تىرمىزى،نەسەئى،ئىبنى ماجا،مالىك توپلىغان.سەھىھ. |
| 4049 – [ 8 ] الفصل الثالث ( متفق عليه ) عن البراء بن عازب قال : اعتمر رسول الله صلى الله عليه وسلم في ذي القعدة فأبى أهل مكة أن يدعوه يدخل مكة حتى قاضاهم على أن يدخل يعني من العام المقبل يقيم بها ثلاثة أيام فلما كتبوا الكتاب كتبوا : هذا ما قاضى عليه محمد رسول الله . قالوا : لا نقر بها فلو نعلم أنك رسول الله صلى الله عليه وسلم ما منعناك ولكن أنت محمد بن عبد الله فقال : " أنا رسول الله وأنا محمد بن عبد الله " . ثم قال لعلي بن أبي طالب : " أمح : رسول الله " قال : لا والله لا أمحوك أبدا فأخذ رسول الله صلى الله عليه وسلم وليس يحسن يكتب فكتب : " هذا ما قاضى عليه محمد بن عبد الله : لا يدخل مكة بالسلاح إلا السيف في القراب وأن لا يخرج من أهلها بأحد إن أراد أن يتبعه وأن لا يمنع من أصحابه أحدا إن أراد أن يقيم بها " فلما دخلها ومضى الأجل أتوا عليا فقالوا : قل لصاحبك : اخرج عنا فقد مضى الأجل فخرج النبي صلى الله عليه وسلم<br><br>بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلقەئدە ئېيىدا ئۆمرە ھەج قىلماقچى بولغاندا، مەككە ئەھلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىگە كىرىشىگە يول قويماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن مەككىگە كېلەر يىلى كىرىپ، ئۈچ كۈن تۇرۇشقا سۈلھى تۈزۈشتى، ئۇلار سۈلھى خەتنى يازغاندا مۇنداق يازدى؛ «بۇ اللە نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ |

ئەلەيهى ۋەسەللەم سۆلھى تۈزۈشكەن سۆلھىدۇر....» ئاندىن ئۇلار؛ بىز بۇنىڭغا ئىقرار قىلمايمىز، ئەگەر بىز سىنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى بىلىدىغان، ئىتراپ قىلىدىغان بولساق، سىنى بەيتۇ**الله** تىن توسمىغان، سەن بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتۇق، لېكىن سەن «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇ**الله**....» دەپ يازغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: **الله** بىلەن قەسەمكى، گەرچە سىلەر مىنى ئىنكار قىلساڭلارمۇ، مەن چوقۇم **الله** نىڭ ئەلچىسى ۋە مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇ**الله** دەپ، ئاندىن ئى ئەلى! «**الله** نىڭ ئەلچىسى» دىگەن خەتنى ئۆچۈرۋەتكىن دېدى، ئۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى ھەرگىز ئۆچۈرۋەتمەيمەن دېدى، ئاندىن قەلەمنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئېلىپ مۇنداق يازدى؛ ـ ئەمەلىيەتتە خەتنى ياخشى يازالمايتتى ـ «بۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇ**الله** قىلغان سۆلھىدۇر، ئۇ مەككىگە كېلەر يىلى كىرىدۇ، كىرگەندە قورال ئېلىپ كىرمەيدۇ، پەقەت قىلىچنى غىلاپ ئىچىدە ئېلىپ كىرسە بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا مەككە ئەھلىدىن بىرەر كىشى ئەگىششنى مەقسەت قىلسا، ئۇنى بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى مەككىدە تۇرۇپ قېلىشنى مەقسەت قىلسا، ئۇنى بۇئىشتىن توسمايدۇ»، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم كېلەر يىلى مەككىگە كىرىپ ، تۇرۇش مۇددىتى توشقاندا، ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ تۇرۇش مۇددىتى توشتى، سەن ساھىبىڭغا دېگىن، ئۇ ئەمدى بىزنىڭ قېشىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مەدىنىگە چىقىپ كەتتى.بۇخارى،مۇسلىم.

**باب إخراج اليهود من جزيرة العرب**

## يەھۇدىيلارنى ئەرەب ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا

**4050 – [ 1 ]** ( **متفق عليه** ) **– الفصل الأولعن أبي هريرة قال : بينا نحن في المسجد خرج النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " انطلقوا إلى يهود " فخرجنا معه حتى جئنا بيت المدارس فقام النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " يا معشر يهود أسلموا تسلموا اعلموا أن الأرض لله ولرسوله وأني أريد أن أجليكم من هذه الأرض . فمن وجد منكم بماله شيئا فليبعه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، بىر چاغدا بىز مەسجىدتە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم چىقىپ؛ يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا يۈرۈڭلار! دېدى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ دەرىس ئۆيىگە باردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ؛ئى يەھۇدىيلار گورۇھى! مۇسۇلمان بولۇڭلار، سالامەت قالىسىلەر، بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن زىمىن ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭدۇر، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى بۇ زىمىندىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەخسەت قىلدىم، سىلەردىن كىم مال ــ مۈلكىدىن بىرەر نەرسىنى تاپسا، ئۇنى سېتىۋالسۇن، تەييارلىق قىلسۇن، ئۇنداق قىلمايدىكەن، بىلىپ قالسۇنكى، ھەقىقەتەن بۇ زىمىن (پۈتۈن يەرشارى» ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭدۇر.بۇخارى،مۇسلىم، بەيهەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4051 – [ 2 ]** ( **صحيح** ) **وعن ابن عمر قال : قام عمر خطيبا فقال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان عامل يهود خيبر على أموالهم وقال : " نقركم ما أقركم الله " . وقد رأيت إجلاءهم فلما أجمع عمر على ذلك أتاه أحد بني أبي الحقيق فقال : يا أمير المؤمنين أتخرجنا وقد أقرنا محمد وعاملنا على الأموال ؟ فقال عمر : أظننت أني نسيت قول رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كيف بك إذا أخرجت من خيبر تعدو بك قلوصك ليلة بعد ليلة ؟ " فقال : هذه كانت هزيلة من أبي القاسم فقال كذبت**

**يا عدو الله فأجلاهم عمر وأعطاهم قيمة ما كان لهم من الثمر مالا وإبلا وعروضا من أقتاب وحبال وغير ذلك . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشلەر ئارىسىدا ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىپ مۇنداق دېگەن: «بىز سىلەرنى الله تائالا ئورۇنلاشتۇرغانغا قەدەر ئورۇنلاشتۇرىمىز»، (الله خالىغان بىركۈنى سىلەرنى قوغلاپ چىقىرىمىز) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛مەن ئەمدى ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى توغرا دەپ قارايمەن دەپ، شۇنىڭغا ئىرادە قىلغاندا، ئەبۇلھۇقەيقنىڭ باللىرىدىن بىر يەھۇدىي ئۇنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بىزنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ جايدا تۇرغىلى قويۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ ماللىرىمىز بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان تۇرسا، ئەمدى سەن بىزنى قوغلاپ چىقىرامسەن؟دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛سەن مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئۇنتۇپ قالدى دەپ گۇمان قىلامسەن؟:« رەسۇلۇللاھ ساڭا؛ سەن خەيبەردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا ھالىڭ قانداق بولۇپ كېتەر ھە! شۇچاغدا سىنىڭ ياش كۈچلۈق تۆگەڭمۇ سىنى بىر كېچە، بىر كىچىدىن كيىن يەنە بىركېچە ھېرىپ چارچاپ ئېلىپ ماڭىدۇ » دىگەنغۇ؟ دېدى، ئۇ: بۇسۆز دېگەن ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەپتىن دىيىلگەن چاخچاق سۆزى ئىدى دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى الله نىڭ دۈشمىنى! يالغان سۆزلىدىڭ دەپ، ئۇلارنىڭ چارۋا مال، مال ـ ماتالىرىنىڭ، مىۋە ـ چىۋىللىرىنىڭ ، قازان ـ قۇشۇقدەك ئۆي سايمانلىرىنىڭمۇ قىممىتىدە پۇل ۋە باشقا نەرسە بېرىپ، ئۇلارنى ئەرەپ ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقاردى.بۇخارى توپلىغان.

**4052 – [ 3 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أوصى بثلاثة : قال : " أخرجوا المشركين من جزيرة العرب وأجيزوا الوفد بنحو ما كنت أجيزهم " . قال ابن عباس : وسكت عن الثالثة أو قال : فأنسيتها**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ نەرسگە ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دىگەن: مۇشرىك، دىنسىزلارنى ئەرەب ـ يېرىم ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، ئەلچىلەرگە مەن ئىجازەت بەرگەندەك، ئىجازەت، رۇخسەت بېرىڭلار، ئۈچۈنجىسىدىن جىم تۇردى ياكى مەن ئۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يەھۇدىيلارنى ناسارا، خرىستىئانلارنى يەنى ئەھلى كىتابلارنى ئەرەب ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلارا!. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**4053 – [ 4 ]** ( **صحيح** ) **وعن جابر بن عبد الله قال : أخبرني عمر بن الخطاب رضي الله عنه أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لأخرجن اليهود والنصارى من جزيرة العرب حتى لا أدع فيها إلا مسلما " . رواه مسلم وفي رواية : " لئن عشت إن شاء الله لأخرجن اليهود والنصارى من جزيرة العرب "**

جابىر، ئىبنى ئۆمەر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلۋەتتە مەن ئەرەب ـ يېرىم ئاراللىرىدىن يەھۇدىي، ناسارالارنى قوغلاپ چىقىرىمەن، تاكى مەن پەقەت مۇسۇلمانىنلا قالدۇرۇپ، مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارنى قالدۇرماي قوغلاپ چىقىرىمەن، (ھەتتا، مۇشرىك، دىنسىزلارمۇ قوغلاپ چىقىرىلىدۇ). ئەگەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ياشاپ قالسام، ئاللاھ خالىسا چوقۇم يەھۇدىي، ناسارالارنى ئەرەپ ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىسىت! ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ۋايدۇر.ئۇلارمۇ بۇ ھەدىسنى بىلەمدىغاندۇ؟ بىلىدۇ!!لېكىن نەپسى ـ راھەت،شەيتاننىڭ قولى ـ دە!

الفصل الثاني ليس فيه إلا حديث ابن عباس " لا تكون قبلتان " وقد مر في باب الجزية ((أخرجوا يهود الحجاز و أهل نجران من جزيرة العرب و اعلموا أن شر الناس الذين اتخذوا قبور أنبيائهم مساجد ( حم ع حل الضياء ) عن أبي عبيدة بن

ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھىجاز يەھۇدىيلىرىنى، نەجران ئەھلىنى ئەرەب ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، ھەققەتەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىللىرىنى مەسجىد قىلىۋالغان كىشىلەردۇر. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ئەبۇ نۇئەيم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**4054 – [ 5 ] الفصل الثالث ( متفق عليه ) عن ابن عمر : أن عمر بن الخطاب رضي الله عنهما أجلى اليهود والنصارى من أرض الحجاز وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم لما ظهر على أهل خيبر أراد أن يخرج اليهود منها وكانت الأرض لما ظهر عليها لله ولرسوله وللمسلمين فسأل اليهود رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يتركهم على أن يكفوا العمل ولهم نصف الثمر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نقركم على ذلك ما شئنا " فأقروا حتى أجلاهم عمر في إمارته إلى تيماء وأريحاء**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەھۇدىي ـ ناسارالارنى ھىجاز زىمىنىدىن قوغلاپ چىقاردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر ئەھلىگە غالىپ كەلگەندىمۇ، ئۇلارنى خەيبەردىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى، مۇسۇلمانلار غالىپ كەلگەن زىمىن، **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ بولاتتى، يەھۇدىيلار شۇچاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىز ئىش ـ ئەمگەكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقساق، بىزگە چىققان مىۋە كىرىمنىڭ يېرىمى بېرىلسە دەپ تەلەپ قىلغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بىز سىلەرنى مۇشۇ شەرت ئۈستىدە ئۆزىمىز خالىغان مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز دىدى، ئاندىن ئۇلار شۇ بويىچە قارار ئېلىپ ئۇرۇنلاشتى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك دەۋرىدە، يەھۇدىي ـ ناسارالارنى ھىجاز زىمىنىدىن تىيمائ ۋە ئەرىيھائ دىگەن جايغا قوغلاپ چىقاردى.مۇتتەپەق.

## باب الفيء – الفصل الأول ئۇرۇشسىز ئولجا ئېلىنغان غەنىيمەت توغرىسىدا

**4055 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن مالك بن أوس بن الحدثان قال : قال عمر بن الخطاب رضي الله عنه : إن الله قد خص رسوله صلى الله عليه وسلم في هذا الفيء بشيء لم يعطه أحدا غيره ثم قرأ ( ما أفاء الله على رسوله منهم ) إلى قوله ( قدير ) فكانت هذه خالصة لرسول الله صلى الله عليه وسلم ينفق على أهله نفقة سنتهم من هذا المال . ثم يأخذ ما بقي فيجعله مجعل مال الله**

مالىك ئىبنى ئەۋىستىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەققەتەن **الله** تائالا ئۆز ئەلچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇرۇشسىز ئېلىنغان مۇشۇ غەنىيمەتتىن ھېچ بىر كىشىگە بەرمىگەننى خاس ئاتا قىلىپ بەردى دەپ؛ « **الله** پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن يەنى (بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىيمەتلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن **الله** پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، **الله** ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»دىگەن سۈرە ھەشر 6 ـ ئايەتنى ئوقۇدى، بۇ غەنىيمەت رەسۇلۇللاھقىلا خاس بولۇپ، رەسۇلۇللاھ مۇشۇ مالدىن ئەھلىنىڭ بىر يىللىق نەپىقىسىنى بەرگەن ئىدى، ئاندىن ئېشىپ قالغىنىنى ئېلىپ، **الله** نىڭ مىلى يەنى بەيتۇلمال سەرىپ قىلىنىدىغان جايلارغا سەرىپ ئەتتى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

**4056 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن عمر قال : كانت أموال بني النضير مما أفاء الله على رسوله مما لم يوجف المسلمون عليه**

**بخيل ولا ركاب فكانت لرسول الله صلى الله عليه وسلم خالصة ينفق على أهله نفقة سنتهم ثم يجعل ما بقي في السلاح والكراع عدة في سبيل الله**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بەنى نەزىرنىڭ ماللىرى، **الله** ئۆز پەيغەمبىرىگە خاس ئاتا قىلىپ بەرگەن، مۇسۇلمانلار ئات ـ تۆگە چاپتۇرماي، ئۇرۇش قىلمايلا قولغاكەلتۈرگەن ئولجا مىلىدىن ئىدى، بۇ غەنىيمەت رەسۇللاھقىلا خاس بولۇپ، رەسۇللاھ مۇشۇ مالدىن ئەھلىنىڭ بىر يىللىق نەپىقىسىنى بەرگەن ئىدى، ئاندىن ئېشىپ قالغىنىنى ئېلىپ، **الله** نىڭ مىلى يەنى بەيتۇلمال سەرىپ قىلىنىدىغان جايلارغا،**الله** يولىدا ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، قۇرال،ئات ـ تۆگە سېتىۋېلىشقا چىقىم قىلدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

**4057 – [ 3 ] الفصل الثاني عن عوف بن مالك : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا أتاه الفيء قسمه في يومه فأعطى الآهل حظين وأعطى الأعزب حظا فدعيت فأعطاني حظين وكان لي أهل ثم دعي بعدي عمار بن ياسر فأعطي حظا واحدا رواه أبو داود**

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەسكەرلەر ئات چاپتۇرمىغان يەنى ئۇرۇش قىلماي قولغا ئالغان ئولجا، فيئى مال كېلىپ قالسا، ئۇنى شۇ كۈنىلا تەقسىم قىلىپ بېرەتتى، ئەھلى، خوتۇن بالىلىرى بار كىشىگە ئىككى نىسىۋە، تۇل كىشىگە بىر كىشىلىك نىسىۋە بېرەتتى.مىنىڭ ئەھلىم بولغاچقا ماڭا ئىككى كىشىلىك نىسىۋە بەردى، ئەممارغا بىرلا نىسىۋە بەردى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئۇرۇش بىلەن قۇرال كۈچى ئىشلىتىپ ئالغان ئولجا ـ غەنىيمەتنىڭ بەشتەن بىرىنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا، يېتىم، مىسكىنگە بېرىۋېتىپ، قالغان تۆت ھەسسىسىنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

**4058 – [ 4 ] وعن ابن عمر قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم أول ما جاءه شيء بدأ بالمحررين . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇنجى بولۇپ غەنىيمەتتىن نەرسە كەلسە، ئۇنى ئازات قىلىنغان قۇللارغا(مۇكاتەپ قۇللارغا)تەقسىم قىلىشتىن باشلىغىنىنى كۆرگەن ئىدىم. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4059 – [ 5 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عائشة : أن النبي صلى الله عليه وسلم أتي بظبية فيها خرز فقسمها للحرة والأمة قالت عائشة : كان أبي يقسم للحر والعبد . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غەنىيمەتتىن بىر بوخچا مارجان كىلتۈردى،ئۇنى ھۆر ئاياللارغا ۋە قۇل ئاياللارغا تەقسىم قىلىپ بەردى،دادام ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇرۇشسىز ئېلىنغان ئولجىنى ھۆر ۋە قۇللارنىڭ ئارىسىغا تەقسىم قىلىپ بىرەتتى.ئەبۇداۋۇد2563 ـ ھەدىس.

**4060 – [ 6 ] ( لم تتم دراسته ) وعن مالك بن أوس بن الحدثان قال : ذكر عمر بن الخطاب يوما الفيء فقال : ما أنا أحق بهذا الفيء منكم وما أحد منا بأحق به من أحد إلا أنا على منازلنا من كتاب الله عز وجل وقسم رسوله صلى الله عليه وسلم فالرجل وقدمه والرجل وبلاؤه والرجل وعياله والرجل وحاجته . رواه أبو داود**

مالىك ئىبنى ئەۋستىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى ئولجىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دىدى؛ بۇ ئولجا ماللىرىغا مەن سىلەردىن بەكىرەك ھەقلىق ئەمەسمەن، بىزدىن ھېچ بىركىشى بۇماللارغا يەنە بىر كىشىدىن ھەقلىقراق ئەمەس، مەن بۇ مالنى تەقسىم قىلىشىمدا، پەقەت **الله** نىڭ كىتابىدىكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ تەقسىماتىدىكى ئورۇنلىرىمىزدا چىڭ تۇرىمەن، بۇ ماللارغا ئەڭ لايىق كىشىلەر؛ئالدى بىلەن ئەڭ بۇرۇن ئىسلامغا كىرگەن كىشىلەر، ئاندىن قالسا، الله يولىدا ئەڭ كۆپ ئەزىيەت تارتقان، سىناق بالاسى قاتتىق بولغان كىشىلەر، ئاندىن قالسا، ئەھلى باللىرى كۆپ كىشىلەر، ئاندىن ھاجەتمەن كىشىلەردۇر دېدى.داۋد

**4061 – [ 7 ]** ( لم تتم دراسته ) وعنه قال : قرأ عمر بن الخطاب رضي الله عنه : ( إنما الصدقات للفقراء والمساكين ) حتى بلغ ( عليم حكيم ) فقال : هذه لهؤلاء . ثم قرأ ( واعلموا أن ما غنمتم من شيء فأن لله خمسه وللرسول ) حتى بلغ ( وابن السبيل ) ثم قال : هذه لهؤلاء . ثم قرأ ( ما أفاء الله على رسوله من أهل القرى ) حتى بلغ ( للفقراء ) ثم قرأ ( والذين جاؤوا من بعدهم ) ثم قال:هذه استوعبت المسلمين عامة فلئن عشت فليأتين الراعي وهو بسرو حمير نصيبه منها لم يعرق فيها جبينه رواه في شرح السنة

مالىك ئىبنى ئەۋستىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛« ئۆشرە ـ زاكاتلار پەقىر ـ مىسكىنلەرگە.........بېرىلىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ؛ بۇ ئەنە ئاۋۇلار ئۈچۈندۇر دېدى، ئاندىن « بىلىڭلاركى سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.......» دېگەن ئايەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ؛ بۇ ئەنە ئاۋۇلار ئۈچۈندۇر دېدى، ئاندىن « الله پەيغەمبىرىگە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللهغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللهدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللهنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. (ئۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار اللهنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن، دىلىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز سەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ.(سۈرە ھەشر 7 ـ 10 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ؛ مانا بۇ ئۇمۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەگەر مەن ھايات ياشاپ قالسام، ئاندىن ماڭا سەرۋەھمىيەر دېگەن يىراق جايدىن بىر پادىچى ئەشۇ ئولجىدىن بولغان نىسىۋىسىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، ئۇكىشى پىشانىسىنى ئەجىرسىز تەرلەتمەيدۇ،يەنى ئورۇنسىز جاپا ـ مۇشەققەت تارتمايدۇ،نىسىۋىسىنى تولۇق ئالالايدۇ دېدى.

**4062 – [ 8 ]** ( لم تتم دراسته ) وعنه قال : كان فيما احتج فيه عمر أن قال : كانت لرسول الله صلى الله عليه وسلم ثلاث صفايا بنو النضير و خيبر وفدك فأما بنو النضير فكانت حبسا لنوائبه وأما فدك فكانت حبسا لأبناء السبيل وأما خيبر فجزأها رسول الله صلى الله عليه وسلم ثلاثة أجزاء : جزأين بين المسلمين وجزء نفقة لأهله فما فضل عن نفقة أهله جعله بين فقراء المهاجرين . رواه أبو داود

مالىك ئىبنى ئەۋستىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پېيئى مىلىمۇ تەقسىم قىلىنىدۇ دېگەنگە ھۆججەت كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈنلا خاس تاللاپ بېرىلگەن ئۈچ ئولجا مىلى بار ئىدى؛ ئۇلار؛ بەنۇ نەزىر، خەيبەر، پەدەك. بەنۇنەزىيرنىڭ ماللىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نائىبلىرىغا(مېھمانلىرىغا،يىراقتىن كەلگەن ئەلچىلەرگە)چىقىم قىلىندى، پەدەكنىڭ ماللىرى مۇساپىرلارغا چىقىم قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر ماللىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئىككى بۆلۈكىنى مۇسۇلمانلار

ئارىسىغا تەقسىم قىلىپ بەردى، بىر بۆلۈكىنى ئەھلىللىرىگە نەپىقە قىلىپ بەردى، ئۇلاردىن ئېشىپ قالغىنىنى مۇھاجىرلارنىڭ پەقىر نامراتلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4063 – [ 9 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن المغيرة قال : إن عمر بن عبد العزيز جمع بني مروان حين استخلف فقال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كانت له فدك فكان ينفق منها ويعود منها على صغير بني هاشم ويزوج منها أيمهم وإن فاطمة سألته أن يجعلها لها فأبى فكانت كذلك في حياة رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى مضى لسبيله فلما ولي أبو بكر عمل فيها بما عمل رسول الله صلى الله عليه وسلم في حياته حتى مضى لسبيله فلما أن ولي عمر بن الخطاب عمل فيها بمثل ما عملا حتى مضى لسبيله ثم اقتطعها مروان ثم صارت لعمر بن عبد العزيز فرأيت أمرا منعه رسول الله صلى الله عليه وسلم فاطمة ليس لي بحق وإني أشهدكم أني رددتها على ما كانت . يعني على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبي بكر وعمر . رواه أبو داود**

مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە سايلانغاندا، مەرۋاننىڭ باللىرىنى يىغىپ مۇنداق دېدى؛ ھەققەتەن پەدەكنىڭ ماللىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاس ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن نەپىقە قىلدى، ھاشىم جەمەتىنىڭ باللىرىنىڭ كىچىكلىرىگە ياخشىلىق قىلدى، ئۇلارنىڭ تۇل قالغانلىرىنى ئۆيلىدى، قىزى پاتىمە رەزىيەللاھ ئەنھا ئۇ مالدىن سورىۋىدى بەرمىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھايات چېغىدا تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇنداق بولدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە سايلانغاندىمۇ، بۇماللارنى ۋاپات بولغانغا قەدەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاندەكلا، بىر تەرەپ قىلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە سايلانغاندىمۇ، بۇماللاردا ۋاپات بولغانغا قەدەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇبەكرى قىلغاندەكلا قىلدى، ئاندىن بۇۋام مەرۋان ئۇنى تەقسىم قىلىپ بۆلىۋەتتى، ئاندىن بۇ مال مېنىڭ باشقۇرىشىمغا قالدى، مەن بۇ ئىشتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى پاتىمە رەزىيەللاھ ئەنھاغا بۇ مالدىن بەرمەي چەكلەپ قويغانىنى توغرا دەپ قارايمەن، مېنىڭ بۇ مالدا قىلچىلىك ھەققىم يوق، مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مەن بۇ ماللارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇبەكرى،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ زامانىدىكى ھالىتىگە قايتۇرىمەن. (ئەلۋەتتە ئەڭ توغرا ئىش ئەنە شۇ زامانىدىكى ئىشتۇر.) ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

## كتاب الصيد والذبائح – الفصل الأول

## ئوۋ ئوۋلاش ۋە بوغۇزلانغان چارۋا مالنىڭ كىتابى

**4064 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن عدي بن حاتم قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أرسلت كلبك فاذكر اسم الله فإن أمسك عليك فأدركته حيا فاذبحه وإن أدركته قد قتل ولم يأكل منه فكله وإن أكل فلا تأكل فإنما أمسك على نفسه فإن وجدت مع كلبك كلبا غيره وقد قتل فلا تأكل فإنك لا تدري أيهما قتل . وإذا رميت بسهمك فاذكر اسم الله فإن غاب عنك يوما فلم تجد فيه إلا أثر سهمك فكل إن شئت وإن وجدته غريقا في الماء فلا تأكل "**

ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆگۈتۈلگەن ئوۋ ئىتىڭنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ قويۇپ بەرسەڭ،ئۇ ساڭا نەرسە تۇتۇپ ئەكەلسە، ئۇۋنى ھايات تاپساڭ، ئۇنى بوغۇزلاپ يېگىن، ئەگەر ئۇنى تاپقىنىڭدا ئوۋ ئۆلۈپ بولغان بولسا، گەرچە ئۇ ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ، ئىتىڭ يېمىگەن بولسىلا يېگىن، لېكىن ئىت يەپ قويغانىنى يېمىگىن، ھەققەتەن مەن ئىتنىڭ ئوۋنى ئۆزى

ئۆچۈن تۇتۇپ ساقلاپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ئەگەر سەن قويۇپ بەرگەن ئىتقا باشقا ئىتلار ئارىلىشىپ قالسا، ئۇنى تاپقىنىڭدا ئوۋ ئۆلۈپ بولغان بولسا، يەنە يېمىگىن، چۈنكى سەن قايسىسىنىڭ ئۆلتۈرگىنىنى بىلەلمەيسەن، ئەگەر سەن بىرەر ئوۋغا ئوقيا ئوقنى بىسمىللاھى دەپ ئاتساڭ، بىر ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى تاپساڭ، ئۇنىڭدا پەقەت سېنىڭ ئوقۇڭنىڭ ئەسىرى بولسا،ئەگەر خالىساڭ ئۇنى يېگىن،ئەگەر ئوۋ سۇغا چۈشۈپ كەتسە «سېنىڭ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغاچقا،ھەم سۇ ئۆلتۈرگەچكە»ئۇنى يېمىگىن. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سۇئەلەبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆگىتىلگەن ئىتىڭنى قويۇپ بەرسەڭ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، بىسمىللا دىگەن بولساڭ، ئۇ تۇتۇپ ساقلاپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى يېگىن، گەرچە ئۇ ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ شۇنداق، ئەگەر سەن بوغۇزلاشقا ئۈلگۈرسەڭ، بوغۇزلاپ يېگىن، ئوقيادا ئۆلتۈرگەن نەرسە بولسىمۇ ئۇ ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ يەۋەرگىن، بىسمىللا دىگىن، «قاپقانمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە» ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى سەھىھ.

**4065 – [ 2 ]** ( **متفق عليه** ) **وعنه قال : قلت : يا رسول الله إنا نرسل الكلاب المعلمة قال : " كل ما أمسكن عليك " قلت : وإن قتلن ؟ قال : " وإن قتلن " قلت : إنا نرمي بالمعراض . قال : " كل ما خزق وما أصاب بعرضه فقتله فإنه وقيذ فلا تأكل "**

ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ئوۋغا ئۈگۈتۈلگەن ئىتىمىزنى قويۇپ بېرىمىز دىسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئىتىڭ ساڭا تۇتۇپ ئەكەلگەن نەرسىنى يەۋەرگىن دېدى، مەن؛ گەرچە ئىت ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ شۇنداقمۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: گەرچە ئىت ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ،(ئىتنى بىسمىللاھى دەپ قويۇپ بەرگەن بولساڭ) ئىتىڭ ساڭا تۇتۇپ ئەكەلگەن نەرسىنى يەۋەرگىن دېدى، مەن؛ بىز ئوق ـ يا ئاتىمىز دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئوۋغا ئوقيانى ئاتساڭ، ئوقيا توغرىسىغا تەگسىمۇ يېرتىۋەتسە، تېشىپ ئۆتۈپ كەتسە، يېگىن، توغرىسىغا تېگىپ ئۆلتۈرسە يېمىگىن، ئۇ چاغدا ئۇ سوقۇلۇپ، ئۇرۇلۇپ ئۆلگەن نەرسە بولۇدۇ، ئۇنى يېيىش ھارام «قۇرئاندا بۇنى ھارام دىگەن بار»دېدى.بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4066 – [ 3 ]** ( **متفق علهيه** ) **وعن أبي ثعلبة الخشني قال : قلت : يا نبي الله إنا بأرض قوم أهل كتاب أفنأكل في آنيتهم وبأرض صيد أصيد بقوسي وبكلبي الذي ليس بمعلم وبكلبي المعلم فما يصلح ؟ قال : " أما ذكرت من آنية أهل الكتاب فإن وجدتم غيرها فلا تأكلوا فيها وإن لم تجدوا فاغسلوها وكلوا فيها وما صدت بقوسك فذكرت اسم الله فكل وما صدت بكلبك المعلم فذكرت اسم الله فكل وما صدت بكلبك غير معلم فأدركت ذكاته فكل "**

ئەبۇ سۇئەلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئەھلى كىتاپ يەنى يەھۇدىي ـ ناسارالاردىن ئىبارەت قەۋىم بار زىمىندا ياشايمىز، بىز ئۇلارنىڭ قاچىسىدا تاماق يىسەك بولامدۇ؟ يەنە بىز ئوۋ كۆپ زىمىندا ياشايمىز، مەن ياچاق بىلەن، ئۈگۈتۈلمىگەن ئىتىم بىلەن ۋە ئۈگۈتۈلگەن ئىتىم بىلەنمۇ ئوۋ ئوۋلايمەن بۇلارنىڭ قايسىسى دۇرۇس؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: سەن تىلغا ئالغان يەھۇدى، ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلارنىڭ قاچىلىرىغا كەلسەك، ئەگەر ئۇ قاچىلاردىن باشقا پاكىز قاچا تاپالىساڭلار، ئۇلارنىڭ قاچىلىرىدا يىمەي، شۇ پاكىز قاچىدا يەڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ قاچىسىدىن باشقا قاچا زادى تاپالمىساڭلار، ئەھلى كىتابلارنىڭ قاچىسىنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇ قاچىدا يەڭلار. سەن ئوقيارىڭدا ئوۋلىغان نەرسىگە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىگەن بولساڭ، بىسمىللاھى دىگەن بولساڭ، ئۇنى يېگىن، سەن ئۆگىتىلگەن ئىتىڭ بىلەن ئوۋلىغان نەرسىگىمۇ بىسمىللاھى دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالساڭ، ئۇنى يېگىن،

سەن ئۆگىتىلمىگەن ئىتنىڭ بىلەن ئوۋلىغان نەرسىنى ھايات تاپساڭ، ئۇنى بوغۇزلىيالىساڭ ئاندىن ئۇنى يىگىن، (يەنى ئۆلگەن بولسا بوغۇزلىيالمىساڭ، ياكى بىسمىللاھى دىمىگەن بولساڭ، يىمىگىن) بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇشرىكلەرنىڭ دىنسىزلارنىڭ قازانلىرىدا نەرسە پىشۇرماڭلار، نەرسە يىمەڭلار، ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا قازاننى، قاچىنى تاپالمىساڭلار، قاتتىق يۇيۇۋىتىپ، پاكىز، ياخشى يۇيۇپ ئاندىن نەرسە پىشۇرۇپ يەڭلار. ئىبنى ماجە 2821 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3342 _ ھەدىس، سەھىھ.

**4067 – [ 4 ]** ( صحيح )

**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا رميت بسهمك فغاب عنك فأدركته فكل ما لم ينتن " . رواه مسلم**

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەن ئوقيارىڭنى ئاتساڭ، ئۇ ئۈچ كۈن غايىپ بولۇپ كەتسە، ئاندىن شۇ يېتى تاپساڭ، ئۇۋ سېسىپ كەتمىسىلا يىگىن، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. بۇ خىل ھەدىسنىڭ ئوخشىشى كۆپ ئۆتتى، شەرتى بىسمىللا دىيىش، قان چىقىش، ئوقيا سوقۇلۇپ، توغرىسىغا تەگمەسلىك، سۇدا غەرىق بولماسلىق، سېسىپ كەتمەسلىك، ئۇۋ ئىتتى بولسا، ئۆزى يېۋالماسلىق، باشقا بىر ئىت شېرىك بولماسلىك، قاپقان بولسا، بىسمىللاھى دەپ قۇرسا يىسە بولىدۇ، تور، قاپقاندا قان چىقمىسمۇ بولىدۇ، سېسىپ كەتمىسىلا يەڭلار.

**4068 – [ 5 ]** ( صحيح ) **وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال في الذي يدرك صيده بعد ثلاث : " فكله ما لم ينتن "رواه مسلم**

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەر ئوۋغا ئوقيا ئاتساڭ، ئۇنى سەن ئۈچ كۈندىن كېيىن تاپساڭ، سېنىڭ ئوقيارىڭ ئۇنىڭدا تېخىچە بولسا، ئۇ نەرسە سېسىپ كەتمىگەن بولسىلا، يەۋەرگىن.مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى سەھىھ دىگەن، ئوقيانى بىسمىللاھى دەپ ئېتىش شەرت.

**4069 – [ 6 ]** ( صحيح ) **وعن عائشة قالت : قالوا : يا رسول الله إن هنا أقواما حديث عهدهم بشرك يأتوننا بلحمان لا ندري أيذكرون اسم الله عليها أم لا ؟ قال : " اذكروا أنتم اسم الله وكلوا " . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇيەردە زامانى شىرىككە يېقىن بولغان، تېخى يېڭىدىنلا مۇسۇلمان بولغان قەۋىملەر باردۇر، ئۇلار بىزگە گۆش ئېكىلىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان مالغا بىسمىللاھى دىگەنلىكىنى ياكى دىمىگەنلىكىنى بىلمەيمىز؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەر **الله** نىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ بىسمىللاھى دەپ يەۋىرىڭلار دېدى.بۇخارى توپلىغان.

**4070 – [ 7 ]** ( صحيح **وعن أبي الطفيل قال : سئل علي : هل خصكم رسول الله صلى الله عليه وسلم بشيء ؟ فقال : ما خصنا بشيء لم يعم به الناس إلا ما في قراب سيفي هذا فأخرج صحيفة فيها : " لعن الله من ذبح لغير الله ولعن الله من سرق منار الأرض وفي رواية من غير منار الأرض ولعن الله من لعن والده ولعن الله من آوى محدثا " . رواه مسلم**

ئەبۇتتۇپەيل رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نەرسىنى خاس ۋەسىيەت قىلغانمۇ؟دەپ سورالدى، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

بىزگە، كىشىلەرگە ئام بايان قىلمىغان بىرەر نەرسىنى خاس ۋەسىيەت قىلمىدى، پەقەت قىلىچىمنىڭ غىلىپىدىكى مۇشۇ نەرسىنى خاس بايان قىلىپ بەرگەن دەپ، غىلاپتىن بىر ۋاراقنى چىقىرىپ ئوقۇپ بەردى: ئاللاھتائالانىڭ غەيرىگە مال بوغۇزلىغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ، زىمىننىڭ مۇنار، بەلگىللىرىنى ئوغۇرلاپ ئۆزگەرتكەن كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ، ئاتا _ ئانىسىغا لەنەت قىلغان كىشىگە ئاللاھتائالا لەنەت قىلدى، بىدئەتچىگە ئورۇن، جاي بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغۇچىغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن ئاتا _ ئانىنى تىللاپ، ئەيىبلەش، لەنەت قىلىش، ئۇرۇپ ئازار بېرىش ھارام، قۇربانلىقتىن باشقا ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىنغان ھەر خىل قان قىلىشلار ھارام، شېرىكتۇر. بىدئەت ھارام، بىدئەتكە ئورۇن بېرىش ھارام، زىمىننىڭ چېگرا، بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتىش، قىر تاراشلاش ھارامدۇر.

**4071 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن رافع بن خديج قال : قلت : يا رسول الله إنا لاقوا العدو غدا وليست معنا مدى أفنذبح بالقصب ؟ قال : " ما أنهر الدم وذكر اسم الله فكل ليس السن والظفر وسأحدثك عنه : أما السن فعظم وأما الظفر فمدى الحبش " وأصبنا نهب إبل وغنم فند منها بعير فرماه رجل بسهم فحبسه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لهذه الإبل أوابد كأوابد الوحش فإذا غلبكم منها شيء فافعلوا به هكذا "**

رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ئەتە دۈشمەنلەرگە ئۇچۇرشىمىز، بىز بىلەن مال بوغۇزلايدىغان نەرسە بولمىسا، ئۇنى قومۇشتەك نەرسە بىلەن بوغۇزلىساق بولامدۇ؟دىسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھالال ھايۋانغا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلىنىپ، بىسمىللاھ دىيىلىپ قان تۆكۈلسىلا ئۇنى يېگىن، لېكىن قان تۆككەن نەرسە چىش بىلەن تىرناق بولماسلىقى كېرەك، مەن سىلەرگە بۇ ئىككىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي؛ ئەمما چىش بولسا، سۆڭەكتۇر، تىرناق بولسا ھەبەشىي، ئەجەملەرنىڭ پىچىقىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلاردا قان تۆكسە، يېگىلى بولمايدۇ دېدى.بىز نۇرغۇن تۆگە،قويلارنىڭ غەنىيمەتكە ئېرىشتۇق، ئۇنىڭدىن بىر تۆگە قاچتى، بىر كىشى ئوقيا ئېتىپ ئۇنى توختاتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ : ھەققەتەن بۇ تۆگىلەرنىڭمۇ، ۋەھشى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قاچقاقلىرى بولغاندەك، ۋەھشى قاچقاقلىرى باردۇر، ئەگەر تۆگىدىن بىرەرسى سىلەرگە غالىپ كېلىپ قاچسا، ئۇنى ئاشۇنداق بىر تەرەپ قىلىڭلار، (يەنى، ئوقيا ئېتىپ، نەيزە ئېتىپ بىسمىللاھى دەپ ئۆلتۈرسەڭلار، يىسەڭلار بولىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب ، سەھىھ.

**4072 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن كعب بن مالك أنه كان له غنم ترعى بسلع فأبصرت جارية لنا بشاة من غنمنا موتا فكسرت حجرا فذبحتها به فسأل النبي صلى الله عليه وسلم فأمره بأكلها . رواه البخاري**

كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مىنىڭ مەدىنىدىكى سەلئى دىگەن تاغدا ئوتلايدىغان قويلىرىم بار ئىدى، بىزنىڭ بىر دىدەك قۇلىمىز قويلىرىمىزدىن بىر قوينىڭ ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، تاشنى سۇندۇرۇپ ، ئۇنىڭ قىرى بىلەن ئۇ قوينى بوغۇزلاپتۇ، مەن بۇ ئىش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قوينى يەۋېرىشىمىزگە بۇيرىدى.بۇخارى.

**4073 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن شداد بن أوس عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله تبارك وتعالى كتب**

**الإحسان على كل شيء فإذا قتلتم فأحسنوا القتلة وإذا ذبحتم فأحسنوا الذبح وليحد أحدكم شفرته وليرح ذبيحته " . رواه مسلم**

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بارلىق نەرسىلەرگە ئىھساننى ياخشىلىق قىلىشنى پۈتىۋەتتى،مال ئۆلتۈرۈسەڭلار، ياخشىلىقچە، چىرايلىق ئۆلتۈرۈڭلار، (ئەزالىرىنى كىسىپ تاشلاپ قىينىماڭلار) مال بوغۇزلىساڭلار ياخشىلىق بىلەن بوغۇزلاڭلار، بىرىڭلار پىچىقىنى ئىتتىك بىلەپ تىزلا بوغۇزلاپ، بوغۇزلانغان مېلىنى راھەتلەندۈرسۇن، مۇسلىم، ئەھمەد، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە، باشقا كىتابلاردا ئالىملار؛ بۇ سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، ھورۇنلۇقدىن ئۆزرىسىز نامازنى تەرىك ئەتكەن،ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىنى، ياخشىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈش، قىلىچنى ئىتتىك بىلەپ، تىزلا چېپىۋىتىشنى تەكىتلىگەن، بۇ ھۆكۈم نامازنى تەرىك ئەتكۈچىنىڭ ھۆكۈمىدە باردۇر.

**4074 – [ 11 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم ينهى أن تصبر بهيمة أو غيرها للقتل**

ئىبنى ئۆمەر،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنىڭ ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ مەجبۇرى ھالدا سولاپ قويۇلۇپ ياكى قارىغا ئىتىش نىشانى قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىشىدىن توسقان. (ھالال بولسا، ھاجەت چۈشسە ئۆلتۈرۈپ يىگىلۈك، بولمىسا ھايۋانلارغىمۇ زۇلۇم قىلىش ھارام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇڭا پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەتتۇر). ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنى قارىغا ئىتىش نىشانى قىلىپ، سولاپ قويۇپ مەجبۇرى ئۆلتۈرۈشدىن توسقان. بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقيا بىلەن قارىغا ئىتىش نىشانى قىلىنىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى يىيىشدىن توسقان. تىرمىزى 1748 _ ھەدىس، نەسەئى 4362 _ ھەدىس، ئەھمەد 2053 _ ھەدىس، سەھىھ.

**4075 – [ 12 ] ( متفق عليه ) وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم لعن من اتخذ شيئا فيه الروح غرضا**

ئىبنى ئاباس،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جانلىق نەرسىنى يەنى تىرىك ھايۋانلارنى ئوق ئىتىش، قارىغا ئىتىش نىشانى قىلىۋالغان كىشىگە قاتتىق لەنەت قىلىپ، ئۇنداق قىلىشتىن توسقان.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4076 – [ 13 ] ( صحيح وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تتخذوا شيئا فيه الروح غرضا " . رواه مسلم**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: روھى، جېنى بار نەرسىنى يەنى ھايات ھايۋاننى قارىغا ئىتىش نىشانى قىلىۋالماڭلار، (يۇقىرىدا شۇنداق ئۆلگەن نەرسىنى يىيىشدىن توسقان). مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4077 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الضرب في الوجه وعن الوسم في الوجه . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋاننىڭ ياكى قۇلنىڭ يۈزىگە كۆيدۈرۈپ

بەلگە سېلىنىشىدىن، ۋە يۈزىگە ئۇرۇشىدىن توسقان. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4078 – [ 15 ]** ( صحيح ) وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم مر عليه حمار وقد وسم في وجهه قال : لعن الله الذي وسمه رواه مسلم

ئىبنى ئابباس،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، يۈزىگە ئوتتا كۆيدۈرۈپ داغلاپ بەلگە سېلىنغان بىر ئېشەكنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ھايۋاننىڭ يۈزىگە ئوتتا داغلاپ بەلگە سالغان كىشىگە لەنەت قىلدى.مۇسلىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4079 – [ 16 ]** ( متفق عليه ) وعن أنس قال : غدوت إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم بعبد الله بن أبي طلحة ليحنكه فوافيته في يده الميسم يسم إبل الصدقة

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇتەلھە بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئەتىگەندە بارسام،ـ بىرىنچىمىزدىكى مەقسەت ئابدۇللاھ نى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبغىرلاندۇرۇپ قويىشى ئۈچۈن ئىدى- رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىدا داغلاپ بەلگە سالىدىغان نەرسە بار ئىكەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن زاكات تۆگىللىرىگە بەلگە سېلىۋاتقان ئىكەن. بىز رەسۇلۇللاھنى شۇ ھالەتتە تاپتۇق.بۇخارى،مۇسلىم.

**4080 – [ 17 ]** ( متفق عليه ) وعن هشام بن زيد عن أنس قال : دخلت على النبي صلى الله عليه وسلم وهو في مربد فرأيته يسم شاء حسبته قال : في آذانها

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرسەم، رەسۇلۇللاھ قوتاندا ئىكەن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قويىنىڭ قۇلاقلىرىغا بەلگە سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇخارى،مۇسلىم.

**4081 – [ 18 ]** الفصل الثاني عن عدي بن حاتم قال : قلت يا رسول الله أرأيت أحدنا أصاب صيدا وليس معه سكين أيذبح بالمروة وشقة العصا ؟ فقال : " أمرر الدم بم شئت واذكر اسم الله " . رواه أبو داود والنسائي

ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، ماڭا خەۋەر بەرسىلە، بىزنىڭ بىرىمىز ئوۋ ئوۋلىسا، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنى بوغۇزلايدىغان پىچاق بولمىسا، ئۇنى نىپىز تاش بىلەن، ھاسىسىنىڭ ژىرىق ,يېرىقلىرى بىلەن بوغۇزلىسا بولامدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاننى سەن خالىغان نەرسە بىلەن تۆكۈپ ئاقتۇرغىن، بوغۇزلىماقچى بولغان نەرسىگە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىگىن، بىسمىللاھ دېگىن، (ھايۋاننى بوغۇزلىماقچى بولغان نەرسىدىن تىرناق بىلەن سۆڭەك چەكلىنىدۇ، باشقىسى دۇرۇس) نەسەئى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4082 – [ 19 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي العشراء عن أبيه أنه قال : يا رسول الله أما تكون الذكاة إلا في الحلق واللبة ؟ فقال : " لو طعنت في فخذها لأجزأ عنك " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه والدارمي وقال أبو داود : وهذه ذكاة المتردي وقال الترمذي : هذا في الضرورة

ئەبۇلئۇشەرائ نىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماللنى بوغۇزلاش پەقەت ماللنىڭ گېلىغا، بويىنىغىلا دۇرۇس بولامدۇ؟(باشقا جايدا دۇرۇس بولمامدۇ؟)دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئەگەر سەن (بىسمىللاھى دەپ)ئۇنىڭ يۇتىشىغا نەيزە سانجىساڭمۇ سەندىن كۇپايە بۇلىدۇ دېدى. دارىمى، تۆت كىتاپ توپلىغان.

**4083 – [ 20 ] وعن عدي بن حاتم أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما علمت من كلب أو باز ثم أرسلته وذكرت اسم الله فكل مما أمسك عليك " . قلت : وإن قتل ؟ قال : " إذا قتله ولم يأكل منه شيئا فإنما أمسكه عليك " . رواه أبو داود**

ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئەگەر سەن بىرەر ئىتنى ياكى قارچۇغۇ،قۇشنى ئۇگۇتۇپ كۆندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى ئوۋغا، **الله** نىڭ ئىسمىنى ئەلسەپ«بىسمىللاھى» دەپ قويۇپ بەرسەڭ، ئۇ ساڭا تۇتۇپ كەلگەن نەرسىدىن يىگىن. مەن؛ گەرچە ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ يەيمەنمۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ ؛ئەگەر ئۇ ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئۇنىڭدىن يىمىسە، ئۇ ئوۋنى ساڭىلا تۇتۇپ ئەكەلگەن بۇلىدۇ(شۇڭا يەۋەرگىن، يەپ قويسا يىمىگىن)دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4084 – [ 21 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه قال : قلت : يا رسول الله أرمي الصيد فأجد فيه من الغد سهمي قال : " إذا علمت أن سهمك قتله ولم تر فيه أثر سبع فكل " . رواه أبو داود**

ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مەن ئوۋغا ئوق ئېتىپ، ئەتىسى ئۇنىڭدا ئۆز ئوقامنى تاپىمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئەگەر ئۇنى سىنىڭ ئوقاڭلا ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلسەڭ، ئۇنىڭدا يىرقۇتقۇچ ھايۋاننىڭ ئەسرىنى كۆرمىسەڭ، يەۋەرگىن دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلى

**4085 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابر قال : نهينا عن صيد كلب المجوس . رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز مەجۇسىيلارنىڭ ئىتىدا ئوۋ ئوۋلاشدىن چەكلەنگەن، تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىس غەرىيپ دىگەن، بۇ ھەدىسنىڭ شەرىيك دىگەن راۋىسى خاتالىشىدىكەن، غەلەت ھەدىسلىرى بارئىكەن، ھەججاج دىگەن راۋىسى تەرىك ئىتىلگەن، شەيخىنىڭ، زەئىپ كىشىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇردىكەن.

**4086 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي ثعلبة الخشني قال : قلت : يا رسول الله إنا أهل سفر نمر اليهود والنصارى والمجوس فلا نجد غير آنيتهم قال : " فإن لم تجدوا غيرها فاغسلوها بالماء ثم كلوا فيها واشربوا " . رواه الترمذي**

ئەبۇسۆئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز سەپەر ئەھلى دائىم سەپەر قىلىپ تۇرىمىز، بىز يەھۇدىي،ناسارا، مەجۇسىيلارنىڭ يېنىدىن ئۇتىمىز،بەزىدە ئۇلارنىڭ قاچىسىدىن باشقا قاچا تاپالمايمىزدىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:(ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا قاچا تاپالساڭلار، شۇنىڭدا يەڭلار)ئەگەر ئۇلارنىڭ قاچىسىدىن باشقا قاچا تاپالمىساڭلار، ئۇنى سۇ بىلەن پاكىز يۇيىۋىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭدا يەپ ـ ئىچىڭلار دېدى. تىرمىزى توپلىغان.

**4087 – [ 24 ] وعن قبيصة بن هلب عن أبيه قال : سألت النبي صلى الله عليه وسلم عن طعام النصارى وفي رواية : سأله رجل فقال : إن من الطعام طعاما أتحرج منه فقال : "لا يتخلجن في صدرك شيء ضارعت فيه النصرانية رواه الترمذي وأبو داود**

ھولۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ناسارالارنىڭ تامىقى توغرىسىدا سورسام، يەنە بىرخاتىردە ؛ بىركىشى مەن بەزى تاماقلاردىن ھەزەر قىلىپ،ئۇنى يىيىشنى گۇناھ سانايمەن دىگەندە مۇنداق دىگەن: سەن ناسارالارغا ئوخشاپ قالغان بىرەر نەرسە، مەڭگۇ قەلبىڭگە كىرىۋالمىسۇن، (يەنى

تاماقتا يا كىيىم _ كېچەكتە يا توي مەسلىسىدە ۋە ياكى ھەر قانداق ئۆرپ _ ئادەتتە ناسارالارغا قەتئىي ئوخشىۋالما، ئۇلارغا ئوخشاپ قالدىغان نەرسە قەلبىڭگە كىرمىسۇن). ئەھمەد 20959 _ ھەدىس، تىرمىزى 1490 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3290 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2820 _ ھەدىس، ھەسەن.

**4088 – [ 25 ] وعن أبي الدرداء قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن أكل المجثمة وهي التي تصبر بالنبل رواه الترمذي**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقيا بىلەن قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىنىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى يېيىشدىن توسقان. تىرمىزى 1748 _ ھەدىس، نەسەئى 4362 _ ھەدىس، ئەھمەد 2053 _ ھەدىس، سەھىھ.

**4089 – [ 26 ] وعن العرباض بن سارية أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى يوم خيبر عن كل ذي ناب من السباع وعن كل ذي مخلب من الطير وعن لحوم الحمر الأهلية وعن المجثمة وعن الخليسة وأن توطأ الحبالى حتى يضعن ما في بطوهن قال محمد بن يحيى : سئل أبو عاصم عن المجثمة فقال : أن ينصب الطير أو الشيء فيرمى وسئل عن الخليسة فقال : الذئب أو السبع يدركه الرجل فيأخذ منه فيموت في يده قبل أن يذكيها . رواه الترمذي**

بەررائى،ئىرباز، جابىر، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر،ئىبنى ئاباباس، ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى ھەر قانداق مەگىنى بار يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋاننى يېيىشدىن، ھەر قانداق ئىلمەك تىرنىقى بار گۆشخور قۇشلارنى يېيىشدىن توسقان، (مەسلەن: شىر- يولۋاس، ئىت-مۈشۈك، يىلپىز، بۆرە، تۈلكە ھارام، ئوۋچى قۇش، قارچۇغا، بۈركۈت ھارام. ئۇسەيمىن رەھمەھۇللا؛ پىلمۇ ھارام دىگەن، چۈنكى مەگىنى بار. ۋەللاھۇ ئەئلەم) ئەھلى ئىشەكنى يەنى ئىنسانلار ئۆيلىرىدە ئىشلىتىۋاتقان ئىشەكنى يېيىشدىن، ئوقيا بىلەن قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىنىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى يېيىشدىن،بۆرىگە ئوخشاش يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋاننىڭ ئاغزىدىن ئۆلۈپ بولغان ئوۋنى تارتىۋېلىپ،بوغۇزلىماستىنلا يېيىشتىن توسقان.ھامىلدار ئايال بىلەن قورسىقىدىكى بالىسنى تۇغۇپ بولمىغىچە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن توسقان. بەيھەقى، مۇسلىم،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4090 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس وأبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن شريطة الشيطان . زاد ابن عيسى : هي الذبيحة يقطع منها الجلد ولا تفرى الأوداج ثم تترك حتى تموت . رواه أبو داود**

ئىبنى ئاباباس ، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسى بۇيىچە بوغۇزلاشتىن توسقان.يەنى ئۆلتۈرىلىدىغان مالنىڭ بويىنىدىكى ئىككى دانە جان تومۇرىنى كەسمەي، تېرىسىنى كېسىپ قويۇپلا، ئۆلگەنگە قەدەر ئۇنى قويۇپ بېرىشتىن توسقان.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4091 – [ 28 ] ( صحيح ) وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ذكاة الجنين ذكاة أمه . رواه أبو داود والدارمي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھايۋاننىڭ ئىچىدىكى تۆرەلمىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى، ئانىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى بىلەن كۇپايە بولىدۇ، (يەنى ئانىسىنى بوغۇزلىسا، ئىچىدىكى بالىسىنى بوغۇزلىماي يېگىلى بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد،دارىمى، ھاكىم، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، دارىقۇتنى، تەبرانىيلار، ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ئەييۇب، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە، ئەبۇدەردائى، كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، بەزىلەر بۇ ھەدىسنى تۆرەلمىنى ئاندەك

بوغۇزلاش كېرەك دېگەن، لېكىن ساھابىلار، تابىئىنلار ئۇنداق چۈشەنمىگەن، ئانىسىنى بوغۇزلىسا شۇ كۇپايە دېگەن.

**4092 – [ 29 ] ( صحيح ) من رحم و لو ذبيحة عصفور رحمه الله يوم القيامة ( خد طب الضياء ) عن أبي أمامة**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رەھىمدىل بولسا، گەرچە بىر قۇشقاچنى بوغۇزلىسمۇ رەھىم قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە ئالللاھ رەھمەت قىلىدۇ. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىسدىن، رەھىم قىلسا، رەھىم قىلىنىشىدىن باشقا قۇشقاچ ھالال دېگەن ھۆكۈم چىقىدۇ.

**4093 – [ 30 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي سعيد الخدري قال : قلنا : يا رسول الله ننحر الناقة ونذبح البقرة والشاة فنجد في بطنها جنينا أنلقيه أم نأكله ؟ قال : " كلوه إن شئتم فإن ذكاته ذكاة أمه " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ سەئىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز تۆگە، كالا، قوي بۇغۇزلىساق، ئۇلارنىڭ قورسىقىدىن تۇرەلمە باللىسىنى تاپىمىز، (يەنى ئىچىدىن باللىسى چىقىپ قالىدۇ)بىز ئۇنى تاشلىۋېتەمدۇق؟ ياكى يەمدۇق؟دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھايۋاننىڭ ئىچىدىكى تۇرەلمىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى، ئانىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى بىلەن كۇپايە بولىدۇ، (يەنى ئانىسىنى بوغۇزلىسا، ئىچىدىكى باللىسىنى بوغۇزلىماي يېگىلى بولىدۇ)ئەگەر خالىساڭلار يەۋېرىڭلار دېدى. ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان.

**4094 – [ 31 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الله بن عمرو بن العاص أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من قتل عصفورا فما فوقها بغير حقها سأله الله عن قتله " قيل : يا رسول الله وما حقها ؟ قال : " أن يذبحها فيأكلها ولا يقطع رأسها فيرمي بها " . رواه أحمد والنسائي والدرامي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:كىم قۇچقاچ چاغلىق ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسىنى ھەقسىز ئۆلتۈرسە، **الله** تائالا ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىدىن سوراقا تارتىپ، ئۇنى ئازاپلايدۇ،دېدى. ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭ ھەققى نىمە؟دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقلىق بىلەن ئۆلتۈرۈش، ئۇنى بوغۇزلاپ يېيىشتۇر، ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېتىپلا ، ئۇنى زايا قىلىپ تاشلىۋېتمەسلىكتۇردېدى. ئەھمەد،نەسەئى،دارىمى توپلىغان.

**4095 – [ 32 ] عن أبي واقد الليثي قال : قدم النبي صلى الله عليه وسلم المدينة وهم يجبون أسنمة الإبل ويقطعون أليات الغنم فقال : " ما يقطع من البهيمة وهي حية فهي ميتة لا تؤكل " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ ۋاقىد، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد، تەمىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مەدىنە ئەھلى تىرىك تۆگىنىڭ لوكىللىرىنى، تىرىك قوينىڭ قۇيرۇقلىرىنى كېسىپ يەيتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تىرىك ھايۋاندىن كېسىۋېلىنغان نەرسە، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكتۇر،ئۇنى يېگىلى بولمايدۇ دېدى. (يەنى ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ ھۆكمىدە ھارامدۇر، مەسىلەن: بىرەر قوي، كالىنىڭ گۆشى ياكى يېغىنى ئۇھايۋانى تىرىك قويۇپ كېسىۋالسا، ئۇ نەرسە ھارام بولىدۇ، چۈنكى، شەرتى، ئالللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، بىسمىللاھ دەپ بوغۇزلاشتۇر) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.تەمىيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا تۆگىنىڭ لوكىسىنى ياخشى كۆرىدىغان، قوينىڭ قۇيرۇقلىرىنى كېسىۋالىدىغان قەۋملەر

بولىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، تېرىك ھايۋاندىن كېسىۋېلىنغان نەرسە ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكتەك ھارامدۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4096 – [ 33 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن عطاء بن يسار عن رجل من بني حارثة أنه كان يرعى لقحة بشعب من شعاب أحد فرأى بها الموت فلم يجد ما ينحرها به فأخذ وتدا فوجأ به في لبتها حتى أهراق دمها ثم أخبر رسول الله صلى الله عليه وسلم فأمره بأكلها . رواه أبو داود ومالك وفي روايته : قال : فذكاها بشظاظ**

ئەتائ ئىبنى يەسساردىن، ھارىس جەمەتىدىن بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇكىشى ئۇھۇد تاغلىرىدىن بىر تاغدا، تۆگىشىغا يېقىن قالغان بىر تۆگىنى بېقىۋېتىپ، ئۇنىڭدا ئۆلۈم ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇكىشى تۆگىنى بوغۇزلايدىغان نەرسە تاپالماي، بىر تال قوزۇقنى ئېلىپ، ئۇنى بىسمىللاھى دەپلا تۆگىنىڭ گېلىغا سانجىپ قان چىقىرىپتۇ، ئاندىن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ تۆگىنىڭ گۆشىنى يەۋېرىشكە بۇيرىدى. ئەبۇداۋۇد، مالىك توپلىغان.

**4097 – [ 34 ] وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :ما من دابة فى البحر إلا وقد ذكاها الله لبني آدم رواه الدارقطني**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىزدىكى ھەرقانداق بىر ھايۋاننى الله تائالا ئادەم باللىرى ئۈچۈن بوغۇزلاپ قويغاندۇر(يەنى دېڭىز ھايۋىنىنى بوغۇزلاش ھاجەتسىز)دارقۇتنى

**باب ذكر الكلب – الفصل الأول ئىتنىڭ بايانى توغرىسىدا**

**4098 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من اقتنى كلبا إلا كلب ماشية أو ضار نقص من عمله كل يوم قيراطان "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چارۋا _ ماللارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈرۈلگەن ئىتتىن باشقا بىر ئىتنى باقسا، ئۇ كىشىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھەر كۈنى ئىككى قىرات يەنى چوڭ ئىككى تاغدەك كاملاپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى.مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4099 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من اتخذ كلبا إلا كلب ماشية أو صيد أو زرع انتقص من أجره كل يوم قيراط "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چارۋىلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن،زىرائەت ئىتىدىن، ئوۋ ئوۋلاش ئىتىدىن باشقا كېرەكسىز ئىتنى باقسا، ئۇنىڭ ئەجىر، ساۋابىدىن ھەر كۈنى بىر قىيرات يەنى چوڭ تاغدەك كاملاپ تۇرىدۇ. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئوۋ ئىتىدىن، چارۋىلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، زىمىن، زىرائەتنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا بىر ئىتنى باغلاپ باقسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئەجىر _ ساۋابلىرىدىن ھەر كۈنى چوڭ ئىككى تاغدەك كەملەپ تۇرىدۇ. مۇسلىم 2942 _ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. (زىرائەت، دېھقانچىلىقنى قوغداش، چارۋا مالنى قوغداش، ئوۋ ئوۋلاش، ئىز قوغلاپ جىنايەتچىنى تۇتۇش، زەھەرلىك

بويۇملارنى بايقاش توغرىسدا ئاپشاركا باقسا دۇرۇس بولىدۇ).

**4100 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : أمرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم بقتل الكلاب حتى إن المرأة تقدم من البادية بكلبها فنقتله ثم نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن قتلها وقال : " عليكم بالأسود البهيم ذي النقطتين فإنه شيطان " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ،( چارۋا _ ماللارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈرۈلگەن ئىتتىن، زىرائەت، قويلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا) بارلىق ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغان. ھەتتا بىرەر يالغۇز ئايال يىزا سەھرادىن ئىتىنى ئەكەلسىمۇ، ئۇئىتنى ئۆلتۈرىۋېرەتتۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇپ؛كۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىككى چېكىتى بار، تۆت كۆزلۈك، تۇم قارا ئىتنى ئۆلتۈرۈڭلار، چۈنكى، ئۇ شەيتاندۇر،دېدى. مۇسلىم 2938 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2463 _ ھەدىس، ئەھمەد 14048 _ ھەدىس، سەھىھ. بىز ؛ جىنلارنىڭ مۇشۇ تۈرىنى، ئىت سۈرەتلىكىنى سۆزلىگەن، شەيتان جىنلارنىڭ نەسلىدىندۇر.

**4101 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم أمر بقتل الكلاب إلا كلب صيد أو كلب غنم أو ماشية**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،چارۋا _ ماللارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈرۈلگەن ئىتتىن، زىرائەت، قويلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا بارلىق ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغان. بۇخارى، مۇسلىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت كۆزلۈك تۇم قارا ئىت شەيتاندۇر. ئەھمەد تويلىغان، سەھىھ.

**4102 – [ 5 ] الفصل الثاني عن عبد الله بن مغفل عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لولا أن الكلاب أمة من الأمم لأمرت بقتلها كلها فاقتلوا منها كل أسود بهيم " . رواه أبو داود والدارمي وزاد الترمذي والنسائي : " وما من أهل بيت يرتبطون كلبا إلا نقص من عملهم كل يوم قيراط إلا كلب صيد أو كلب حرث أو كلب غنم "**

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئىتلارمۇ ئۇممەتلەردىن بىر ئۇممەت بولمىغان بولسا، مەن ئىتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغان بولاتتىم، سىلەر ئىتلاردىن تۇم قارا، تۆت كۆزلۈكنى ئۆلتۈرۈڭلار، (چۈنكى، ئۇ شەيتاندۇر). ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى،دارىمى، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.يەنەبىرخاتىردە؛ھەرقانداق بىر ئۆي ئەھلى ئوۋ ئىتىدىن، چارۋىلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، زىمىن، زىرائەتنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا بىر ئىتنى باغلاپ باقسا، ھەققەتەن ئۇلارنىڭ ئەجىر _ ساۋابلىرىدىن ھەر كۈنى چوڭ بىر تاغدەك ئەجىر كەملەپ تۇرىدۇدېيىلگەن.يەنەبىردە؛ئىككى تاغدەك دېيىلگەن.

**4103 – [ 6 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن التحريش بين البهائم . رواه الترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇشقا، سوقۇشقا سېلىشتىن توسقاندۇر.تىرمىزى تويلىغان.مەنىسى سەھىھ.

**باب ما يحل اكله وما يحرم – الفصل الأول**

## يېيىش ھالال قىلىنغان ۋە ھارام قىلىنغان نەرسىلەر توغرىسىدا

| |
|---|
| 4104 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :كل ذي ناب من السباع فأكله حرام رواه مسلم<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق مەگىنلىك، يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋانلارنى يىيىش ھارامدۇر، (مەسىلەن: شىر- يولۋاس، ئىت- مۈشۈك، بۆرە قاتارلىق). مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەگىنى بار يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋانلارنى يىيىشدىن توسقان. بەيھەقى، تۆت كىتاب ت، سەھىھ. |
| 4105 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن كل ذي ناب من السباع وكل ذي مخلب من الطير . رواه مسلم<br><br>ئىبنى ئاببابس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق مەگىنى بار يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋاننى يىيىشدىن، ھەر قانداق ئىلمەك تىرنىقى بار گۆشخور قۇشلارنى يىيىشدىن توسقان. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. |
| 4106 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن أبي ثعلبة قال : حرم رسول الله صلى الله عليه وسلم لحوم الحمر الأهلية<br><br>بەررائى، جابىر، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلىييە ئىشەكنى (يەنى ۋەھشىي ئىشەكنى ئەمەس بەلكى، ئىنسانلار ئۆيلىرىدە ئىشلىتىۋاتقان ئىشەكنى) يىيىشنى ھارام قىلىپ، ئۇنى يىيىشتىن توسقان. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ساھابىلار، تابىئىنلار، ئىشەك گۆشى ھارام دىگەنگە ئىجمائقا كەلگەن، سۈتىمۇ ھارامدۇر،چۈنكى سۈت ،ئۇنىڭ گۆشى بىلەن قىنىدىن كىلىدۇ .بۇخارىينىڭ شەرھىيسىدىن، |
| 4107 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى يوم خيبر عن لحوم الحمر الأهلية وأذن في لحوم الخيل<br><br>بەررائى، جابىر، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى ئەھلىييە ئىشەكنى يەنى ئىنسانلار ئۆيلىرىدە ئىشلىتىۋاتقان ئىشەكنى يىيىشدىن توسقان. ئاتنىڭ گۆشىنى يىيىشكە رۇخسەت قىلغاندۇر. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.ئات گۆشى ھالالدۇر. |
| 4108 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن أبي قتادة أنه رأى حمارا وحشيا فعقره فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " هل معكم من لحمه شيء ؟ " قال : معنا رجله فأخذها فأكلها<br><br>ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ۋەھشىي ئىشەكنى كۆرۈپ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئەكىلىدۇ.(ئاندىن ئۇلار ئۇنى يەيدۇ) ئۇلار كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ گۆشىدىن سىلەردە يەنە بارمۇ؟ دىسە، ئۇ: ھەئە ، ئۇنىڭ بىر پۇتى بار دەيدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئىلىپ يەيدۇ. (يەنى بۇ ئۇزۇن ھەددىسنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەقسەت ۋەھشى ئىشەك ھالالدۇر) بۇخارى، مۇسلىم. |
| 4109 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : أنفجنا أرنبا بمر الظهران فأخذتها فأتيت بها أبا طلحة فذبحها وبعث رسول الله صلى الله عليه وسلم بوركها وفخذيها فقبله<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز مەررى زەھران دىگەن جايدا بىر توشقاننى ئۈرىنىدىن قوزغىۋىتىپ، |

ئاندىن مەن ئۇنى تۇتۇپ ئەباتەلھەگە ئەكەلسەم، ئۇ ئۇنى بوغۇزلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇتوشقاننىڭ ئىككى يوتا سان گۆشىنى ئەۋەتسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قوبۇل قىلىپ، (يىگەن ئىدى) بۇخارى، مۇسلىم. مەقسەت توشقان گۆشى ھالالدۇر.

**4110 – [ 7 ]** ( متفق عليه ) **وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الضب لست آكله ولا أحرمه "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كېلەنى مەن يىمەيمەن، بىراق ئۇنى ھارامۇ دىمەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تويلىغان، سەھھە، كېلە ئاسىيانىڭ ئىسسىق بەلۋاغ قۇملۇقىدا ياشايدىغان تېنى بىر قەدەر چوڭ، ئەمما توشقاندىن كىچىك، بېشى كىچىك، قۇيرۇقى ئۇزۇن، پاتمۇچۇق، كەسلەنچۈكك تۈرىدىكى ھايۋان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق، 40 كۈندە بىر قېتىم ھاجەت قىلىدۇ، بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار ئۇنى بوغۇزلاپ يىسە ھالال دىگەنگە ئىجمائقا كەلگەن، ئەبۇ ھەنىيفە؛ مەكرۇھ تەھرىم دىگەندۇر.دارلىق ئۇچۈن ھالال قىلىنغان، ئۇ ھالالدۇر، ھەنىيفىيەلەر؛ ھالال دىگەن ھۆكۈم مەنسۇخ دىگەندۇر.**الله** ئەئلەم.

**4111 – [ 8 ]** ( متفق عليه ) **وعن ابن عباس : أن خالد بن الوليد أخبره أنه دخل مع رسول الله صلى الله عليه وسلم على ميمونة وهي خالته وخالة ابن عباس فوجد عندها ضبا محنوذا فقدمت الضب لرسول الله صلى الله عليه وسلم فرفع رسول الله صلى الله عليه وسلم يده عن الضب فقال خالد : أحرام الضب يا رسول الله ؟ قال : " لا ولكن لم يكن بأرض قومي فأجدني أعافه " قال خالد : فاجتررته فأكلته ورسول الله صلى الله عليه وسلم ينظر إلي**

ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھامما ئانىسى بولغان مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە كاۋاپ قىلىپ پۇشۇرۇلغان كېلەنى كۆرۈپتۇ، مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كاۋاپ قىلىپ پۇشۇرۇلغان كېلەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئەكەلسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن قولىنى كۆتۈرىۋاپتۇ، (يەنى ئۇنى يىمەپتۇ) ئاندىن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كېلە ھارامۇ؟دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، ھارام ئەمەس، لېكىن بۇ مەنىڭ قەۋمىمنىڭ زىمىندا يوقتۇر، مەن ئۇنى يەپ كۆنمىگەچكە ياقتۇرمايدىكەنمەن دەپتۇ، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئاندىن مەن ئۇنى ئالدىمغا تارتىپ يىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قاراپ تۇردى دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**4112 – [ 9 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي موسى قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يأكل لحم الدجاج**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توخۇ گۆشىنى يىگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇخارى، مۇسلىم.يەنى توخۇ گۆشى ھالالدۇر، بىراق ئۇنىڭ يىمەكلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

**4113 – [ 10 ]** ( متفق عليه ) **وعن ابن أبي أوفى قال : غزونا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم سبع غزوات كنا نأكل معه الجراد**

ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە يەتتە قېتىم غازات قىلدۇق، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە چېكەتكىنى (يەنى ئىڭىز قۇچقۇچىنى )يىگەن ئىدۇق. بۇخارى،مۇسلىم.

**4114 – [ 11 ]** ( متفق عليه ) **وعن جابر قال : غزوت جيش الخبط وأمر علينا أبو عبيدة فجعنا جوعا شديدا فألقى البحر حوتا ميتا لم نر مثله يقال له : العنبر فأكلنا منه نصف شهر فأخذ أبو عبيدة عظما من عظامه فمر الراكب تحته فلما قدمنا ذكرنا ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فقال : " كلوا رزقا أخرجه الله إليكم وأطعمونا إن كان معكم " قال : فأرسلنا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم منه فأكله**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن قۇساقنىڭ ئاچلىقىدىن دەرەخنىڭ قۇلاقلىرىنى يەپكەتكەن قوشۇن بىلەن بىللە جەڭ قىلغان ئىدىم، بىزگە ئەبۇئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باش ئەمىر قىلىنغان ئىدى، بىزنىڭ شۇچاغدا قورسىقىمىز قاتتىق ئېچىپ كەتكەن ئىدى، (ئاندىن بىز دەرەخ قۇلاقلىرىنى يەپكەتكەن ئىدۇق)دېڭىز ئۆز ساھىلىغا بىر ئۆلۈك بېلىقنى تاشلاپتۇ، بىز ئۇنىڭ ئوخششىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق، ئۇنى ئەنبەر دېيىلىدۇ(يەنى كىت) بىز ئۇنىڭدىن يېرىم ئاي يىدۇق، ئەبۇئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىدىن بىر تال سۆڭەكنى ئېلىپ تىكلەپ تۇرغۇزدى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئاتلىق كىشى بىمالال ئۆتۈپ كەتتى، بىز قايتىپ كەلگەندە بۇئىشلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **الله** تائالا سىلەرگە چىقىرىپ بەرگەن رىزىقنى يەپسىلەر، ئۇنى يەۋېرىڭلار، ئەگەر سىلەردە يەنە بار بولسا، بىزگىمۇ تائام بېرىڭلار دېدى.بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇنىڭدىن ئەۋەتىپ بەرسەك، ئۇنى يېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**4115 – [ 12 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا وقع الذباب في إناء أحدكم فليغمسه كله ثم ليطرحه فإن في أحد جناحيه شفاء وفي الآخر داء " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىدىكى ئىچىملىكىگە چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى پۈتۈنلەي چۆمدۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئېلىپ تاشلىۋەتسۇن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىر قانىتىدا كېسەل، يەنە بىر قانىتىدا شىپا باردۇر، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بەك سەھىھ. بۇ ھەدىس ھازىر مۆجىزە بولۇپ قالدى، راستلا زەھەر بىلەن شىپا چىقتى، چىۋىننىڭ ئەقلى، پەمى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىلھام، 4000 كۆز قاتارلىقلار بايقالدى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى چۆكتۈرۈۋەتسۇن، چۈنكى، ئۇنىڭ بىر قانىتىدا زەھەر، يەنە بىر قانىتىدا شىپالىق بار، ئۇ زەھەرنى بۇرۇن قىلىپ، شىپانى كېيىن قىلىدۇ، ئۇ كېسەل بار قانىتى بىلەن قوغدىنىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4116 – [ 13 ]** ( صحيح ) **وعن ميمونة أن فأرة وقعت في سمن فماتت فسئل رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " ألقوها وما حولها وكلوه " . رواه البخاري**

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كۆيدۈرۈلگەن ياغقا چۈشۈپ كىتىپ، شۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قالغان چاشقان توغرىسىدا سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چاشقاننى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ياغنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ،قېلىپ قالغان ياغنى يەڭلار دېدى.بۇخارى توپلىغان.

**4117 – [ 14 ]** ( متفق عليه ) **وعن ابن عمر أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " اقتلوا الحيات واقتلوا ذا الطفيتين والأبتر فإنهما يطمسان البصر ويستسقطان الحبل قال عبد الله : فبينا أنا أطارد حية أقتلها ناداني أبو لبابة : لا تقتلها فقلت : إن**

رسول الله صلى الله عليه وسلم أمر بقتل الحيات . فقال : إنه نهى بعد ذلك عن ذوات البيوت وهن العوامر

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يىلانلارنى، ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋىتىڭلار، بولۇپمۇ قۇيرۇقى كېسىلگەندەك قىسقا يىلاننى، ئىككى چىكىتلىك زەھەرلىك يىلاننى ئۆلتۈرۈڭلار، بۇ ئىكى يىلان سىزىقلىق بولۇپ قورقۇنۇشلۇقىدىن ھامىلدارنىڭ بالىسىنى چۈشۈرۈۋىتىدۇ، كۆزنى چېقىشنى ئىزدەيدۇ،كۆزنى كور قىلىپ قويىدۇ،( بىرىنىڭ ئۈستىدە ئاق ئىككى سىزىق بار يەن بىرسى بولسا، قۇيرۇقى بەك قىسقا، بۇلار كۆزنى قويۇۋىتىدۇ، ئاياللارنىڭ بالىسىنى چۈشۈرۈۋىتىدۇ)، بىر چاغدا مەن بىر يىلاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوغلاۋاتسام، ئەبۇلۇبابە؛ ئۇنى ئۆلتۈرمە!!دەپ ماڭا نىدا قىلىپ توۋلىدى، مەن ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : يىلانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغانغۇ؟دىسەم، ئۇ: شۇنىڭدىن كىيىن ئۆي يىلانلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان، ئۇلار ئۆيلەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، گۈللەندۈرگۈچى (جىنلاردۇر)دېدى.بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ، مۇسلىمدا ئۆي يىلانلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك خاتىرلەنگەن.

**4118 – [ 15 ]** ( صحيح ) **وعن أبي السائب قال : دخلنا على أبي سعيد الخدري فبينما نحن جلوس إذ سمعنا تحت سريره حركة فنظرنا فإذا فيه حية فوثبت لأقتلها وأبو سعيد يصلي فأشار إلي أن أجلس فجلست فلما انصرف أشار إلى بيت في الدار فقال : أترى هذا البيت ؟ فقلت : نعم فقال : كان فيه فتى منا حديث عهد بعرس قال : فخرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى الخندق فكان ذلك الفتى يستأذن رسول الله صلى الله عليه وسلم بأنصاف النهار فيرجع إلى أهله فاستأذنه يوما فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خذ عليك سلاحك فإني أخشى عليك قريظة " . فأخذ الرجل سلاحه ثم رجع فإذا امرأته بين البابين قائمة فأهوى إليها بالرمح ليطعنها به وأصابته غيرة فقالت له : اكفف عليك رمحك وادخل البيت حتى تنظر ما الذي أخرجني فدخل فإذا بحية عظيمة منطوية على الفراش فأهوى إليها بالرمح فانتظمها به ثم خرج فركزه في الدار فاضطربت عليه فما يدري أيهما كان أسرع موتا : الحية أم الفتى ؟ قال : فجئنا رسول الله صلى الله عليه وسلم وذكرنا ذلك له وقلنا : ادع الله يحييه لنا فقال : " استغفروا لصاحبكم " ثم قال : " إن لهذه البيوت عوامر فإذا رأيتم منها شيئا فحرجوا عليها ثلاثا فإن ذهب وإلا فاقتلوه فإنه كافر " . وقال لهم : " اذهبوا فادفنوا صاحبكم " وفي رواية قال : " إن بالمدينة جنا قد أسلموا فإذا رأيتم منهم شيئا فآذنوه ثلاثة أيام فإن بدا لكم بعد ذلك فاقتلوه فإنما هو شيطان "** . رواه مسلم

ئەبۇسائىب مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ئولتۇراتتۇق، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كارۋىتى ئاستىدا بىر نەرسىنىڭ ھەركەت قىلغىنىنى ئاڭلاپ قارىساق، ناگاھان ئۇ جايدا يىلان تۇرىدۇ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرسام، ناماز ئۇقۇۋاتقان ئەبۇسەئىد ماڭا؛ ئولتۇرۇپ تۇرغىن دەپ ئىشارەت قىلدى، مەن جىم ئولتۇرۇپ تۇردۇم، ئۇ نامىزىدىن پارىغ بولغاندا، چوڭ ھويلىدىكى بىر ئۆيگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ؛ بۇ ئۆينى كۆردۈڭمۇ؟ دېدى، مەن؛ ھەئە دىسەم، ئۇ: بۇ ئۆيدە يېڭىدىن توي قىلغان بىر ياش يىگىت تۇراتتى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە خەندەق ئۇرىشىغا چىقتۇق، ئۇيىگىت دائىم كۈن تىكلەشكەندە ئۆيىگە بېرىپ كېلىشكە ئىزنى سورايتتى، بىر كۈنى ئۇ ئەھلىنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىشكە رۇخسەت سوراپتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئىزنى قىلىپ؛ قۇراللىڭنى ئېلىۋالغىن، چۈنكى مەن ساڭا قۇرەيزلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن دېدى،ئۇيىگىت قۇراللىنى ئېلىپ ئەھلىگە قايتىپ بارسا، ناگاھان ئايالى ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغۇدەك، ئۇ ئايالىنى كۆنلەپ ئۇنىڭغا نەيزە ئۇرۇشقا تەمشەلگەندە، ئايالى ئۇنىڭغا؛ سەن نەيزەڭنى يىغىۋېلىپ، مىنى ئۆيدىن زادى نىمە چىقىرىۋەتكەنلىكىگە قاراپ باققىن دەپتۇ، ئۇيىگىت ئۆيىگە كىرىپ

قارىسا، ناگاھان چوڭ بىر يىلان كۆرۈپ ئۇستىدە يۆگىشىپ ياتقىدەك، يىگىت يىلانغا نەيزە سانجىپ ئۇنى نەيزىسىگە يۆگەپ، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ھويلىسىغا تاشلاپتۇ، ئاندىن يىلان يىگىتكە يۆگىشىۋېلىپ ئۇنى چېقىپتۇ، يىگىت بۇرۇن ئۆلەمدۇ؟ياكى يىلانمۇ؟ ئۇنى بىلگىلى بولماپتۇ، ئاندىن بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ؛الله قا دۇئا قىلسىلا، بۇيىگىتنى بىزگە تىرىلدۈرۈپ بەرسىكەن دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بىرىپ قېرىندىشىڭلارنى دەپنە قىلىڭلار، ئۇنىڭغا مەغپىرەت سوراڭلار، ھەققەتەن بۇ ئۆيلەر ئۆچۈن يىلان سۈرەتلىك جىنلاردىن ئاۋاتلاشتۇرغۇچىلار باردۇر، ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭلار، ئۈچ قېتىم ياكى ئۈچ كۈن چىقىپ كېتىش توغرىسىدا خەۋەر بېرىڭلار، ئەگەر كەتسە، كەتكەنچە بولىدۇ، چىقىپ كەتمىسە، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئۇ دىگەن كاپىر جىندۇر.يەنەبىرخاتىردە؛ ھەققەتەن مەدىنىدە مۇسۇلمان بولغان جىنلار بار، سىلەر ئۇلاردىن بىرەر نەرسىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا چىقىپ كېتىش توغرىسىدا ئۈچ كۈن خەۋەر قىلىڭلار، چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلساڭلار، ئەگەر شۇنىڭدىن كىيىن سىلەرگە يەنە ئاشكارا بولۇپ كۆرۈنسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ھەققەتەن ئۇ شەيتاندۇر،دىدى. ئەھمەد، مۇسلىم 4150 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1404 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4575 ـ ھەدىس، مالىك 1547 ـ ھەدىس سەھىھ.

**4119 – [ 16 ]** ( متفق عليه ) **وعن أم شريك : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أمر بقتل الوزغ وقال : كان ينفخ على إبراهيم**

ئائىشە،ئۇممەشەرىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەزغىنى يەنى كېلە ياكى كەسلەنچۈك تۈردىكى بىرھايۋان قۇلۇيۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا، زىمىندا بار بولغان ھەرقانداق ھايۋان ئۇنىڭدىن ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ياردەملەشتى، لېكىن ۋەزغى يەنى كېلە ياكى كەسلەنچۈك تۈردىكى قۇلىيۇن ئۇنداق قىلماي ئەكسىچە ئوتنى ئۇلغايتىشقا پۈۋدىدى، ئەھمەد،بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. يەنە بىر خاتىرىدە؛ ئۇ، بەيتۇلمۇقەددەسكە ئوت كەتكەندىمۇ پۈۋدىشىپ بەرگەن ئىكەن.

**4120 – [ 17 ]** ( صحيح ) **وعن سعد بن أبي وقاص أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أمر بقتل الوزغ وسماه فويسقا** . **رواه مسلم**

سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەزغىنى يەنى كېلە ياكى كەسلەنچۈك تۈردىكى بىرھايۋاننى( قۇلۇيۇننى) ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپ،ئۇنى پاسىق نىجىس دەپ ئاتىدى.مۇسلىم توپلىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، سام ئەبرەس دىگەن قولىيۇننى، كەسلەنچۈك تۈردىكى بىر خىل ھايۋاننى پاسىق، نىجىس دىگەن ئىدى. نەسەئى، ئىبنى ھەببان ، سەھىھ.

**4121 – [ 18 ]** ( صحيح **وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من قتل وزغا في أول ضربة كتبت له مائة حسنة وفي الثانية دون ذلك وفي الثالثة دون ذلك " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ۋەزغىنى يەنى سام ئەبرەس دەپ ئاتىلىدىغان قولىيۇن كەسلەنچۈكنى (يەنى ھايۋانغا چاپلىشىۋېلىپ، قويىنىڭ سۈتىنى ئىمىۋالىدىغان كىلەكە ئوخشاش ھايۋاننى) بىر ئۇرۇپلا ئۆلتۈرسە، ئۇ كىشىگە 100 ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن كىشىگە مۇنداق ـ مۇنداق ياخشىلىق، ئۈچىنچى قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرگەن كىشىگە مۇنداق ـ مۇنداق ياخشىلىق يەنى 100دىن تۆۋەن ياخشىلىق يېزىلىدۇ. (چۈنكى، ئۇ پاسىق، نىجىستۇر، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئوتنى پۈۋلىگەندۇر). مۇسلىم 4156 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1402 ـ ھەدىس،

| |
|---|
| ئىبنى ماجە 3220 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8305 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ. |
| **4122 – [ 19 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قرصت نملة نبيا من الأنبياء فأمر بقرية النمل فأحرقت فأوحى الله تعالى إليه : أن قرصتك نملة أحرقت أمة من الأمم تسبح ؟ "**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەرنى چۈمۈلە چېقىۋالدى، ئاندىن ئۇ چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەھى قىلدى؛ سېنى پەقەت بىر دانە چۈمۈلە چېقىۋالسا، سەن ماڭا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان ئۇممەتتىن بىر ئۇممەتنى كۆيدۈردۈڭغۇ؟، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ، ئەسلى ئىش مۇنداق، بۇ پەيغەمبەر، ئاللاھتائالاغا سەن نېمە ئۈچۈن يامان كىشىلەر سەۋەبىدىن ياخشىلارنىمۇ قوشۇپ ھالاك قىلىسەن؟ دېگەندە، مۇشۇ چارىنى قوللىنىپ ۋەھى قىلىغاندۇر. |
| **4123 – [ 20 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وقعت الفأرة في السمن فإن كان جامدا فألقوها وما حولها وإن كان مائعا فلا تقربوه " . رواه أحمد وأبو داود**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كۆيدۈرۈلگەن ياغقا چاشقان چۈشۈپ كەتسە، ئەگەر ياغ ئۇيۇپ قاتقان بولسا، چاشقاننى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ياغنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ،قېلىپ قالغان ياغنى يەڭلار،ئەگەر ياغ سۇيۇق بولسا، ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەڭلار(يەنى ئۇنى يېمەڭلار) ئەھمەد بىلەن ئەبۇداۋۇد تويلىغان. |
| **4124 – [ 21 ] ( لم تتم دراسته ) ورواه الدارمي عن ابن عباس** |
| **4125 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته ) وعن سفينة قال : أكلت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم لحم حبارى . رواه أبو داود**<br><br>سەپىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بۇدۇنە قۇشىنىڭ گۆشىنى يېگەن ئىدىم. ئەبۇداۋۇد تويلىغان.بۇقۇشنىڭ بويىنى يۇغان،كۇل رەڭ،تۇمشىقى ئۇزۇندۇر. |
| **4126 – [ 23 ] وعن ابن عمر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن أكل الجلالة وألبانها . رواه الترمذي وفي رواية أبي داود : قال : نهى عن ركوب الجلالة**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجاسەت يېۋالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشدىن، سۈتىنى ئىچىشدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر تويلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نەجاسەتنى، ھايۋان تېزەكلىرىنى يەيدىغان ھايۋانغا مىنىشدىن، ئۇنىڭ سۈتىنى ئىچىشدىن توسقان. (گۆشىنى يېيىشدىنمۇ توسقان). ئەبۇ داۋۇد 3293 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1747 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3180 ـ ھەدىس، ھاكىم تويلىغان، سەھىھ. (شۇنىڭ ئۈچۈن توخىغا ئىككى ۋاخ دان چاچسا، ئاندىن تۇخۇمى ھالال، بولمىسا مەكرۇھ بولىدۇ، قويۇپ بېرىلگەن توخنى ئۈچ كۈن سولاپ، پاكىز دان بېرىپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈپ يەيمىز، كالا تۇغۇپ، ئۆز ھەمرىيىنى يېۋالسا، ئۇن كۈندىن 40 كۈنگىچە قويۇپ، ئاندىن ساغىمىز، بۇ ھەدىسدىن ئىشەكنىڭ سۈتى ھارامدۇر،چۈنكى سۈت گۆشى بىلەن قاندىن كېلىدۇ.«ھارامدا داۋا، شىپا يوقتۇر» ھەدىس. ئىشەكنى، توڭگۇزنى ئىمىپ چوڭ بولغان قوينى، موزاينى، گۆشى پاكىز بولغىچە پاكىز نەرسە بېرىپ باقسا ھالال بولىدۇ، دەلىل ؛ يۇقىرىدا تۇرۇپتۇ، |

ئۆيلىنىڭ، نىجاسەت بىرىلگەن ھايۋاننى يېمەڭ، سۈتىنى ئىچمەڭ، نىجاسەت ئارىلاشقان ھەر قانداق نەرسىنى ياكى ھارام ئارىلاشقان نەرسىنى يېيىشكە، ئىچىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ھەتتا، توڭگۇز مېيى ئارىلاشقان گىرىم بويۇم، چاچ سوپۇنلىرىمۇ نىجىس، مەينەتتۇر.) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نىجىس داۋادىن، نىجىس نەرسە بىلەن داۋالىنىشدىن توسقان. (چۈنكى ئۇ، ھارام ھەم نىجىستۇر، ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ). ئەبۇ داۋۇد 3372 _ ھەدىس، ترمىزى 1968 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3450 _ ھەدىس، (بۇنى زەھەر دىگەن يەنى زەھەر بىلەن داۋالىنىشدىن توسقان). ئەھمەد 7703 _ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ

---

**4127 – [ 24 ]** ( حسن ) وعن عبد الرحمن بن شبل : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن أكل لحم الضب . رواه أبو داود

ئائىشە، ئابدۇرەھمان شىبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلەنى يېيىشدىن توسقان، ئىبنى ئەساكىر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. بىز يۇقىرىدا بۇ كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق تۆرىدىكى ھايۋان توغرىسىدىكى ئىختىلاپنى بايان قىلغان، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

---

**4128 – [ 25 ]** وعن جابر رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن أكل الهرة وأكل ثمنها . رواه أبو داود والترمذي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈشۈكنى يېيىشتىن، ۋە ئۇنى ساتقان پۇلنى يېيىشتىن توسقاندۇر.ئەبۇداۋۇد، ترمىزى توپلىغان.مۈشۈك گۆشى ھارامدۇر.

---

**4129 – [ 26 ]** وعنه حرم رسول الله صلى الله عليه وسلم يعني يوم خيبر الحمر الإنسية ولحوم البغال وكل ذي ناب من السباع وكل ذي مخلب من الطير . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى ئەھلىيە ئىنسىيە ئىشەكنى (يەنى ۋەھشىي ئىشەكنى ئەمەس بەلكى، ئىنسانلار ئۆيلىرىدە ئىشلىتىۋاتقان ئىشەكنى) قېچىرنىڭ گۆشىنى، ھەر قانداق مەگىنى بار يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋاننى ، ۋە ھەر قانداق ئىلمەك تىرنىقى بار گۆشخور قۇشلارنى يېيىشنى ھارام قىلىپ، ئۇلارنى يېيىشتىن توسقان .ترمىزى توپلىغان.

---

**4130 –[ 27 ]** وعن خالد بن الوليد :أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن أكل لحوم الخيل والبغال والحميررواه أبو داود والنسائي

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئات گۆشىنى، خېچىر، ئىشەك گۆشىنى يېيىشدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى خاتىرلىگەن . ئەبۇ داۋۇد رەھمەللا: بۇ ھەدىس مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالغان، (يەنى ئات گۆشى توغرىسىدىكى ھۆكۈمى مەنسۇخ، قېچىر، ئىشەك ھارام). ئاتنى بولسا، (سەھىھۇل بۇخارى، مۇسلىمدىكى مۇتتەپەق ھەدىسكە ئاساسلىنىپ) نۇرغۇن ساھابىلەر جامائىتى يېگەن دىگەن.ئەبۇداۋۇد3296 ـ ھەدىسى، بۇ جۇمھۇر مۇھەددىس ۋە فىقھى ئالىملارنىڭ سۆزدۇر.يەنى ئات ھالالدۇر.

---

**4131 – [ 28 ]** ( لم تتم دراسته ) وعنه قال : غزوت مع النبي صلى الله عليه وسلم يوم خيبر فأتت اليهود فشكوا أن الناس قد أسرعوا إلى خضائرهم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا لا يحل أموال المعاهدين إلا بحقها " . رواه أبو داود

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن خەيبەر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ئىدىم، شۇچاغدا يەھۇدىيلار كىلىپ؛ كىشىلەر يەنى ئەسكەرلەر بىزنىڭ

باغۇ-بوستانلىرىمىزغا، خورمىلىرىمىزغا ئالدىراپلا تاجاۋۇز قىلىپ كەتتى دەپ شىكايەت قىلدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەھدىسى بار زىممىيلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرى ھەقسىز ھالال بولمايدۇ، پەقەت جىزيەدىن ئىبارەت ھەققى بىلەنلا ھالال بولىدۇ دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4232 – [ 29 ]** ( جيد ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أحلت لنا ميتتان ودمان : الميتتان : الحوت والجراد والدمان : الكبد والطحال " . رواه أحمد وابن ماجه والدارقطني

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزگە ئىككى دانە ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك بىلەن ئىككى دانە قان ھالال قىلىندى، ئىككى ئۆلۈك بولسا، بېلىق بىلەن چېكەتكە، ئىككى قان بولسا، جىگەر بىلەن تالدۇر،ئەھمەد، ئىبنى ماجە،دارقۇتنى، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

**4133 – [ 30 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي الزبير عن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما ألقاه البحر وجزر عنه الماء فكلوه وما مات فيه وطفا فلا تأكلوه " . رواه أبو داود وابن ماجه وقال محيي السنة : الأكثرون على أنه موقوف على جابر

ئەبۇزۇبەير،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىز سۈيى ئېتىپ قىرغاققا تاشلىۋەتكەن، سۈيى كاملاپ سەۋەپ بىلەن ئۆلگەن بېلىقلارنى يەۋېرىڭلار، سۇدا ئۆزى ئۆلۈپ لەيلەپ قالغان بېلىقلارنى يېمەڭلار. ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن.كۆپۈنچە كىشلەر؛بۇ جابىر رە نىڭ سۆزى دېدى.

**4134 – [ 31 ]** ( لم تتم دراسته )وعن سلمان قال : سئل النبي صلى الله عليه وسلم عن الجراد فقال : " أكثر جنود الله لا آكله ولا أحرمه " . رواه أبو داود وقال محيي السنة : ضعيف

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن چېكەتكە ئېڭىز قۇچقىچى توغرۇلۇق سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ كۆپرەكىدۇر، مەن ئۇنى يېمەيمەن، ھارامدۇ دېمەيمەن دەپ جاۋاب بەردى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، مۇھيى سۈننى دېگەن ئالىم زەئىپ دېگەن. شۇنداقلا چېكەتكىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىگە سەھىھ ھەدىس باردۇر.

**4135 – [ 32 ]** وعن زيد بن خالد قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن سب الديك وقال : إنه يؤذن للصلاة . رواه أبو داود

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورازنى تىللاپ ئەيىبلەشتىن توسۇپ، مۇنداق دېگەن:چۈنكى خوراز نامازغا ئەزان توۋلاپ ئويغۇتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

**4136 – [ 33 ]** ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تسبوا الديك فإنه يوقظ للصلاة " . رواه أبو داود

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خورازنى تىللاپ ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى، ئۇ نامازغا ئويغۇتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4137 – [ 34 ]** وعن عبد الرحمن بن أبي ليلى قال : قال أبو ليلى : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا ظهرت الحية في المسكن فقولوا لها : إنا نسألك بعهد نوح وبعهد سليمان بن داود أن لا تؤذينا فإن عادت فاقتلوها . رواه الترمذي وأبو داود

ئەبۇلەيلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۆيلەردە يىلان ئاشكارا بولسا، ئۇنىڭغا مۇنداق دەڭلار:« ھەقىقەتەن بىز سەندىن نوھنىڭ ئەھدىسى بىلەن ۋە سۇلەيمان ئىبنى

داۋۇدنىڭ ئەھدىسى بىلەن بىزگە ئازار بەرمەسلىكىڭنى سورايمىز» ئەگەر ئۇ يەنە قايتا كىلىپ ھۇجۇم قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىڭلار. تىرمىزى بىلەن ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4138 – [ 35 ] وعن عكرمة عن ابن عباس قال : لا أعلمه إلا رفع الحديث : أنه كان يأمر بقتل الحيات وقال : " من تركهن خشية ثائر فليس منا " . رواه في شرح السنة**

ئىبنى مەسئۇد ، جەرىر، ئوسمان،ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىلانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دىگەن: يىلانلارنىڭ ھەممىسنى ئۆلتۈرۈڭلار، كىم ئۇلارنىڭ قايتا كېلىپ، قىساس، ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى تەرىك ئەتسە، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، يەنى بىزنىڭ باتۇرلىمىزدىن ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھھە.

**4139 – [ 36 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما سالمناهم منذ حاربناهم ومن ترك شيئا منهم خيفة فليس منا " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يىلانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، ھەققەتەن بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش، جەڭ قىلغاندىن باشلاپ ، ئۇلار بىلەن تىنىچلىق سۆلھىسى تۈزەلمىدۇق، كىم ئۇلارنىڭ قايتا كېلىپ، قىساس، ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى تەرىك ئەتسە، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد،تەبرانى توپلىغان، سەھھە.

**4140 – [ 37 ] وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اقتلوا الحيات كلهن فمن خاف ثأرهن فليس مني " . رواه أبو داود والنسائي**

ئىبنى مەسئۇد ، جەرىر، ئوسمان،ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىلانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دىگەن: يىلانلارنىڭ ھەممىسنى ئۆلتۈرۈڭلار، كىم ئۇلارنىڭ قايتا كېلىپ، قىساس، ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقسا، ئۇ مىنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس، يەنى بىزنىڭ باتۇرلىمىزدىن ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھھە.

**4141 – [ 38 ] ( لم تتم دراسته ) وعن العباس رضي الله عنه قال : يا رسول الله إنا نريد أن نكنس زمزم وإن فيها من هذه الجنان يعني الحيات الصغار فأمر رسول الله صلى الله عليه وسلم بقتلهن . رواه أبو داود**

ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز زەمزەم قۇدۇقىنى ۋە ئۇنىڭ سۈيىنى تازلاپ پاك ـ پاكىز قىلماقچى ئىدۇق، لىكىن ئۇنىڭ ئىچىدە كىچىك يىلانلار بار ئىكەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇيىلانلارنى ئۆلتۈرىۋېتىشكە بۇيرىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4142 – [ 39 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن مسعود رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " اقتلوا الحيات كلها إلا الجان الأبيض الذي كأنه قضيب فضة " . رواه أبو داود**

ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يىلانلارنىڭ ھەممىسنى ئۆلتۈرۈڭلار، لىكىن كۈمۈش دەستىگە ئوخشاش ئاق يىلاننى ئۆلتۈرمەڭلار. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

4143 – [ 40 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وقع الذباب في إناء أحدكم فامقلوه فإن في أحد جناحيه داء وفي الآخر شفاء فإنه يتقي بجناحه الذي فيه الداء فليغمسه كله " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، چىۋىننى چۆمدۈرۈۋەتسۇن، چۈنكى، ئۇنىڭ بىر قانىتىدا كېسەل، يەنەبىر قانىتىدا شىپالىق بار، ئۇ كېسەل بار قانىتى بىلەن قوغدىنىدۇ،شۇڭا ئۇنى پۈتۈنلەي چۆمدۈرۈۋېتىپ، ئاندىن تاشلىۋەتسۇن. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان تونلىغان، سەھىھ.

4144 – [ 41 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا وقع الذباب في الطعام فامقلوه فإن في أحد جناحيه سما وفي الآخر شفاء وإنه يقدم السم ويؤخر الشفاء " . رواه في شرح السنة

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىدىكى تاماققا چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى چۆكتۈرۈۋەتسۇن، چۈنكى، ئۇنىڭ بىر قانىتىدا زەھەر، يەنە بىر قانىتىدا شىپالىق داۋا باردۇر، ئۇ زەھەرنى بۇرۇن قىلىپ، شىپانى كېيىن قىلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

4145 – [ 42 ] وعن ابن عباس قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن قتل أربع من الدواب : النملة والنحلة والهدهد والصرد . رواه أبو داود والدارمي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان؛ چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ، سەرەد ئىسىملىك بېشى، تۇمشۇقى يوغان، يېرىمى ئاق، يېرىمى قارا پەيلىرى كۆپ قۇشنى( يەنى ھۇقۇشنى) ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد 4583 _ ھەدىس، ئەھمەد 2907 _ ھەدىس، دارمى 19154 _ ھەدىس، ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان سەھىھ. چۈمۈلىنىڭ زەرەرى ئاز، يوق دېيەرلىك، لېكىن ئەتقىقات بار، ئىبرەت بار، مۆجىزە باردۇر، ھەسەل ھەرىسىمۇ شۇنداق ۋە مەنپەئەتلىك، ھۆپۈپ بىلەن سەرەد قۇش بولسا، گۆشى ھارام ۋە ئىنسانلارغا ئۆلارنىڭ ھايات قېلىشى مەنپەئەتلىك، شۇڭا قوغدىلىدۇ، بەلكىم مۆجىزە باردۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرقى ھۇقۇش، سەرەدنى، پاقىنى، چۈمۈلىنى، ھۆپۈپنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاقىنى داۋا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. پاقا داۋاغا، شىپاغا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئالىملار: زەرەردەك بىرەر سەۋەبتىن باشقا ياكى ئەھرامدىن باشقا ھالەتتە ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشتىن توسسا، بۇ شۇ ھايۋاننىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرىدۇ، مەخسەت، يېمىسۇن، يىراق بولسۇن دەپ، ھارام دەپ توسىدۇ دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆپۈپ سېسىق ھەم گۆشخور، زىيانلىق ماددا ھاشارەتنى يەيدۇ، پاقىمۇ شۇنداق دېگەن. ئىمام ئىبنى ئەسىرنىڭ كىتابىدىن ئېلىندى.

4146 – [ 43 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن ابن عباس رضي الله عنهما قال : كان أهل الجاهلية يأكلون أشياء ويتركون أشياء تقذرا فبعث الله نبيه وأنزل كتابه وأحل حلاله وحرم حرامه فما أحل فهو حلال وما حرم فهو حرام وما سكت عنه فهو عفو وتلا ( قل لا أجد فيما أوحي إلي محرما على طاعم يطعمه إلا أن يكون ميتة أو دما ) رواه أبو داود

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن؛ جاھالىيەت ئەھلى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يەپ، نۇرغۇن

نەرسلەرنى نجىس ساناپ يىمەيتتى، ئاندىن **الله** تائالا ئۆز پەيغەمبىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۆز كىتابى قۇرئاننى نازىل قىلدى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن چەكسىز نەرسلەرنى ھالال قىلىپ، ئاز بىر قىسىم نەرسلەرنى ھارام قىلدى، **الله** قۇرئاندا ھالال قىلغان نەرسە ھالالدۇر. **الله** قۇرئاندا ھارام قىلغان نەرسە ھارامدۇر. ئۇچۇق سۆز قىلماي سۈكۈت قىلغان نەرسە، ئەپۇۋدۇر.(يەنى دۇرۇستۇر)دەپ مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:« (ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى،ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە،ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نجىس يىمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىندۇر ـ ۋە **الله**دىن غەيرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن.كىمكى ئۆلاردىن (يەنى يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يىسە (ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)،چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر،(بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر.»سۈرە ئەنئام 145 ـ ئايەت. ئەبۇداۋۇد توپلىغان،تەكشۈرلىشى تامام بولمىغان بولسا، مەخسۇس ئەبۇداۋۇدنىڭ تەكشۈرلىشنى كۆرۈڭلار.

**4147 – [ 44 ]** ( صحيح ) وعن زاهر الأسلمي قال : إني لأوقد تحت القدور بلحوم الحمر إذ نادى منادي رسول الله صلى الله عليه وسلم : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم ينهاكم عن لحوم الحمر . رواه البخاري

زاھىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئېشەك گۆشى سېلىنغان قازاننىڭ ئاستىغا ئوت قالاۋاتسام، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جاكاچىسى؛ ئاگاھ بولۇڭلار!! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلىيە ئېشەكنىڭ گۆشىدىن توستى دەپ توۋلىدى. بۇخارى توپلىغان.

**4148 – [ 45 ]** ( صحيح ) وعن أبي ثعلبة الخشني يرفعه : " الجن ثلاثة أصناف صنف لهم أجنحة يطيرون في الهواء وصنف حيات وكلاب وصنف يحلون ويظعنون " . رواه في شرح السنة

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىنلار ئۈچ سىنىپ، ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ؛ بىر تۈرىنىڭ قاناتلىرى بار بولۇپ، قاناتلىرى بىلەن ھاۋادا ئۇچالايدۇ، يەنە بىر تۈرى بولسا، يىلان،ئىتلارنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، ياكى ئۆزى يىلان، ئىتتۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، گاھ بىر ئورۇنغا چۈشىدۇ، گاھ سەپەر قىلىپ كۆچۈپ كېتىدۇ. تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**باب العقيقة – الفصل الأول**

## ئەقىيقە قىلىش يەنى بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قوي ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا

**4149 – [ 1 ]** ( صحيح ) عن سلمان بن عامر الضبي قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " مع الغلام عقيقة فأهريقوا عنه دما وأميطوا عنه الأذى " . رواه البخاري

سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بالا تۇغۇلسا، ئەقىيقە قىلىشى لازىم، بالا ھەققىدىن قان تۆكۈپ، ئەقىقە قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن ئەزىيەتنى، نجاسەتنى تازىلاڭلار. (يەنتە كۈن بولغاندا چېچى چۈشۈرۈلۈپ ئىسىم قويۇلىدۇ). بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۇغۇلغان بالا ھەققىدە ئەقىيقە قىلىپ، قان تۆكۈڭلار، قوي بوغۇزلاڭلار، بالىدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ، يۇيۇڭلار،

نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بالا تۇغۇلغاندا قىلىنىدىغان ئەقىقە قويى، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ياكى بولمىسا، 14 ـ كۈنى ياكى 21 ـ كۈنى بوغۇزلىنىدۇ، زىيائۇلمەقدەسى، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**4150 – [ 2 ]** ( صحيح ) وعن عائشة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يؤتى بالصبيان فيبرك عليهم ويحنكهم . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەبىي، كىچىك باللار كەلتۈرۈلسە، ئۇلارغا بەرىكەت تىلەيتتى، ئۇلارنى ئېغىزلاندۇراتتى، ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى.مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، سەھىھ.

**4151 – [ 3 ]** ( متفق عليه ) وعن أسماء بنت أبي بكر أنها حملت بعبد الله بن الزبير بمكة قالت : فولدت بقباء ثم أتيت به رسول الله صلى الله عليه وسلم فوضعته في حجره ثم دعا بتمرة فمضغها ثم تفل في فيه ثم حنكه ثم دعا له وبرك عليه فكان أول مولود ولد في الإسلام

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى زۇبەيرگە مەككىدە ھامىلدار بولغان ئىدىم، ئاندىن ئۇنى مەدىنىنگە كەلگەندىن كىيىن قۇبائدا تۇغۇپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا ئېلىپ كىلىپ، قۇچىقىدا قويدۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما كەلتۈرۈپ ئۇنى يۇمشاق چايناپ،ئاندىن ئاغزىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سىلىپ ئۇنى ئېغىزلاندۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى، ئىبنى زۇبەير ئىسلام ئىچىدە تۇغۇلغان باللىنىڭ تۇنجىسى ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**4152 – [ 4 ]** الفصل الثاني ( صحيح ) عن أم كرز قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " أقروا الطير على مكناتها " . قالت : وسمعته يقول : " عن الغلام شاتان وعن الجارية شاة ولا يضركم ذكرانا كن أو إناثا " . رواه أبو داود وللترمذي والنسائي من قوله : يقول : " عن الغلام " إلا آخره وقال الترمذي : هذا صحيح

ئۇممەكەرەز رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سەلمان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن، (جاھالىيەتتىكىلەر قۇشنى ئۇچۇرۇپ، قۇش ئۇڭ تەرەپكە ئۇچسا، سەپەر قىلاتتى، سول تەرەپكە ئۇچسا، سەپەردىن قالاتتى، شۇڭا )رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇشلارنى ئۆز ئۇۋۇا ئۇرۇنلىرىدا قويۇڭلار. ۋەيەنە؛ ئوغۇل باللىدىن ئىككى قوي، قىز باللىدىن بىر قوي ئەقىقە قىلىنىدۇ، قوينىڭ ئەركەك ياكى چىشى بولۇشى سىلەرگە زەرەر قىلالمايدۇ،دىگەن. (يەنى ئەقىقە قويى، ئەركەك يا چىشى بولسىمۇ بولىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئوغۇل باللىدىن ئىككى قوي، قىز باللىدىن بىر قوي ئەقىقە قىلىنىدۇ، (قادىر بولالمىسا، بىر قوي بولىۋىرىدۇ، يەنىمۇ قادىر بولالمىسا، قىلمىسىمۇ بولىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئۇممەكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئائىشە، ئەسمائبىنتى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئوغۇلدىن ئىككى قوي كۇپايە بولىدۇ، قىزدىن بىر قوي كۇپايە يەنى ئەقىقىسىگە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، تەبرانى توپلىغان، ئىمام سۇيۇتى، ئەلبانى سەھىھ دىگەن، بالا تۇغۇلۇپ، يەتتىنچى كۈنى ئەقىقىسىنى قىلىپ ئىسىم قويۇلىدۇ، بىر قوي بىلەن زىياپەت بىرىپ، ئىسمىنى ئىلان قىلىپ، دۇئا قىلىدۇ، تەبرىكلەيدۇ، لىكىن، بىدئەتتىن، خۇراپاتلىقدىن ھەزەر قىلىنىدۇ.

**4153 – [ 5 ]** ( صحيح ) وعن الحسن عن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الغلام مرتهن بعقيقته تذبح عنه

يوم السابع ويسمى ويحلق رأسه " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والنسائي لكن في روايتهما " رهينة " بدل " مرتهن " وفي رواية لأحمد وأبي داود : " ويدمى " مكان : " ويسمى " وقال أبو داود : " ويسمى " أصح

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئوغۇل بالا ئەقىيقىسىگە گۆرۈگە، رەنىگە تۇتۇلىدۇ، تۇغۇلغان بالا ھەققىدىن بالا تۇغۇلۇپ يەتتىچى كۈنى ئەقىيقىسى قىلىنىپ قوي بوغۇزلىنىدۇ، بالىغا شۇ كۈنى ئىسىم قويۇلىدۇ، چىچى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ،ئەھمەد،نەسەئى،ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى 142 ــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەقىيقىگە قۇربانلىققا يارىغان قوي يارايدۇ، شەرتلىرى ئوخشاش،ئەقىيقە بالا تۇغۇلۇپ 7 ـ 14 ــ 21 كۈنى قىلىنىدۇ.يەقەت بولمىغاندا كىيىن قىلىسىمۇ بۇلىدۇ.

4154 – [ 6 ] وعن محمد بن علي بن حسين عن علي بن أبي طالب قال : عق رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الحسن بشاة وقال : " يا فاطمة احلقي رأسه وتصدقي بزنة شعره فضة " فوزناه فكان وزنه درهما أو بعض درهم . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب وإسناده ليس بمتصل لأن محمد بن علي بن حسين لم يدرك علي بن أبي طالب

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلغاندا بىر قوي ئەقىيقە قىلىپ؛ ئى پاتىمە! ئۇنىڭ چىچىنى چۈشۈرۈۋەتكىن، چىچىنىڭ ۋەزنىدە، ئىغىرلىقىدا كۈمۈش پۇل سەدىقە قىلغىن دىدى.بىز ئۇنىڭ چىچىنى مىزاندا تارتساق، ئىغىرلىقى بىر دەرھەم ياكى بىر دەرھەمنىڭ بەزىسىنىڭ مىقدارىچىلىك كەلدى،(يەنى 60 يوەن ئەتراپىدا) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

4155 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم عق عن الحسن والحسين كبشا كبشا . رواه أبو داود وعند النسائي : كبشين كبشين

ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تۇغۇلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر قويدىن(يەنەبىردە ئىككى قويدىن) ئەقىيقە قىلغان ئىدى.ئەبۇداۋۇد بىلەن نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

4156 – [ 8 ] ( حسن ) وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن العقيقة فقال : " لا يحب الله العقوق " كأنه كره الاسم وقال : " من ولد له ولد فأحب أن ينسك عنه فلينسك عن الغلام شاتين وعن الجارية شاة " . رواه أبو داود والنسائي

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەقىيقە قىلىش توغرىسىدا سورالغاندا مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئالللاھتائالا، باللارنىڭ، ئاتا ــ ئانىلىرىغا ۋارقىراپ، گەردەن قىقىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بىرەر كىشىگە بالا تۇغۇلسا، ئۇ بالىسى ھەققىدىن مال بوغۇزلاپ، ئالللاھقا يىقىنچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرسە، مال بوغۇزلاپ ئەقىيقە قىلسۇن، ئوغۇل باللىدىن بىر ــ بىرىگە ھەم تەڭ ئوخشاش باراۋەر، كۈپايە بولغىدەك ئىككى قوي بوغۇزلىنىدۇ، قىز باللىدىن بىر قوي بوغۇزلانسا بولىدۇ. نەسەئى 4141 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2459 ــ ھەدىس، ئەھمەد 6426 ــ ھەدىس. سەھىھ. (شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئالدىنى ئىلىپ، دۇئا قىلىش، بەرىكەت، ھىدايەت تەلەپ قىلىش، ئىسىم قويۇش، ئىلان قىلىش، ئىنساپ، تەۋپىق تىلەش ئۈچۈن بىر ــ ئىككى قوي سويۇپ، ئەقىيقە بىرىشنى بىكىتتى، بۇ سۈننەتتۇر).

**4157 – [ 9 ] وعن أبي رافع قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم أذن في أذن الحسن ابن علي حين ولدته فاطمة بالصلاة . رواه الترمذي وأبو داود . وقال الترمذي : هذا حيث حسن صحيح**

ئەبۇراپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۇغقان چاغدا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇددى نامازغا ئەزان توۋلىغاندەك، ئەزان توۋلىغىنىنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان ئىدىم.تىرمىزى توپلاپ سەھىھ دېگەن.

**4158 – [ 10 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن بريدة قال : كنا في الجاهلية إذا ولد لأحدنا غلام ذبح شاة ولطخ رأسه بدمه فلما جاء الإسلام كنا نذبح الشاة يوم السابع ونحلق رأسه ونلطخه بزعفران . رواه أبو داود وزاد رزين : ونسميه**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز جاھالىيەتتىكى ۋاقتىمىزدا بىرەرسىمىزگە بالا تۇغۇلسا، قوي بوغۇزلاپ، بالىنىڭ بېشىنى شۇ قوينىڭ قېنى بىلەن بوياۋېتىۋق .ئاندىن ئىسلام دىنى يىتىپ كەلگەندە، بىرەرسىمىزگە بالا تۇغۇلسا، ئۇنىڭ ھەققىدە ئەقىقە قىلىش يۈزىسىدىن بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قوي بوغۇزلاپ، بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ،ئىسىم قويۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى زەئپىران بىلەن بويايدىغان بولدۇق.ئەبۇداۋۇد،رەزىين، سەھىھ.

## كتاب الأطعمة – الفصل الأول تاماق، يېمەكلىكلەر كىتابى

**4159 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن عمر بن أبي سلمة قال : كنت غلاما في حجر رسول الله صلى الله عليه وسلم وكانت يدي تطيش في الصفحة . فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم " سم الله وكل بيمينك وكل مما يليك "**

ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇچىقىدىكى بىر كىچىك بالا ئىدىم، قولۇم تاماق بار قاچىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ ماڭا مۇنداق دېدى: ئى بالام، يېقىن كەلگىن، بىسمىللاھى دېگىن، ئوڭ قولۇڭدا ئالدىڭدىن يېگىن.بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان،سەھىھ. بۇ بالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆگەي بالىسدۇر.

**4160 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن حذيفة قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الشيطان يستحل الطعام أن لا يذكر اسم الله عليه " . رواه مسلم**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائامغا بىسمىللاھ دىمىگەن ئىككى كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن شەيتان ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلەنمىگەن، بىسمىللاھ دېيىلمىگەن تائامنى ئۆزىگە ھالال قىلىپ يىۋالىدۇ، ھەققەتەن شەيتان بۇ ئەئرابى بىلەن بىرگە كېلىپ، تائامنى ھالال قىلىپ يېيىلىشنى مەخسەت قىلىشدى، مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدىم، بۇ قىزچاق بىلەنمۇ كېلىپ، تائامنى يېيىلىشنى مەخسەت قىلغاندا، مەن بۇ قىزچاقنىڭ قولىنىمۇ تۇتىۋالدىم. جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن شەيتاننىڭ قولى ھازىر بۇ ئىككىسىنىڭ قولى بىلەن بىرگە مىنىڭ قولۇمدا دېدى، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4161 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دخل الرجل بيته فذكر الله عند دخوله وعند طعامه قال الشيطان : لا مبيت لكم ولا عشاء وإذا دخل فلم يذكر الله عند دخوله قال الشيطان : أدركتم المبيت وإذا لم**

يذكر الله عند طعامه قال : أدركتم المبيت والعشاء " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆيگە كىرگەندە، ئاللاھنى ئەسلىسە، تائام يېگەندىمۇ ئاللاھنى ئەسلىسە، بىسمىللا دېسە، شەيتان بالىلىرىغا، قوشۇنلىرىغا؛ سىلەرگە بۇ جايدا قونالغۇ ھەم تاماق يوق دەيدۇ، ئەگەر كىشى ئۆيگە كىرگەندە، بىسمىللا دەپ ئاللاھنى ئەسلىمىسە، شەيتان قونالغۇ تاپتىڭلار دەيدۇ، تائام يېگەندە، ئاللاھنى ئەسلىمىسە، شەيتان ھە! ئەمدى قونالغۇ ھەم تائام تاپتىڭلار دەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4162 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أكل أحدكم فليأكل بيمينه وإذا شرب فليشرب بيمينه " . رواه مسلم

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يېسە، ئوڭ قولى بىلەن يېسۇن، شاراپ ئىچسىمۇ ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، چۈنكى، شەيتان سول قولى بىلەن يەپ ــ ئىچىدۇ، بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار، تائام يېگەندە ئوڭ قولى بىلەن يېسۇن، ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، ئوڭ قولى بىلەن ئېلىپ يەنە ئوڭ قولى بىلەن بەرسۇن. چۈنكى، شەيتان سول قولى بىلەن يەپ ــ ئىچىدۇ، ئالىدۇ، بېرىدۇ، بۇ ھەدىسنى ھەسەن، ئىبنى سوفيان، مۇسنەد دېگەن كىتابدا توپلىغان، سەھىھ.

4163 – [ 5 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يأكلن أحدكم بشماله ولا يشربن بها فإن الشيطان يأكل بشماله ويشرب بها " . رواه مسلم

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سول قولى بىلەن يېمىسۇن، سول قولى بىلەن ئىچمىسۇن، چۈنكى، شەيتان سول قولى بىلەن يەپ ــ ئىچىدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

4164 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن كعب بن مالك قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يأكل بثلاثة أصابع ويلعق يده قبل أن يمسحها . رواه مسلم

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ بارمىقى بىلەن يەيتتى، قولىنى سۈرتىشتىن، لۆڭگىگە ئېيتىشتىن بۇرۇن يالىۋېتەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

4165 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن جابر : أن النبي صلى الله عليه وسلم أمر بلعق الأصابع والصفحة وقال : " إنكم لا تدرون في أية البركة ؟ " . رواه مسلم

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماق يېگەندە بارماقلارنى، قاچىلارنى يالىۋېتىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يېسە، بارماقلىرىنى يالىۋەتسۇن، چۈنكى سىلەر بەرىكەتنىڭ تائامنىڭ قايسى يېرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى،جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، تەبرانى، زەيد ئىبنى سابىتتىن، ئەۋسەت، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن توپلىغان، سەھىھ.

**4166 – [ 8 ]** ( متفق عليه ) **وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أكل أحدكم فلا يمسح يده حتى يلعقها أو يلعقها "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاماق يېگەندە، قولىنى، بارمىقىنى يالىتىۋەتمىگىچە،ياكى ئەھلىگە يالىتىۋەتمىگىچە لۆڭگىگە ئېتىمىسۇن. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

**4167 – [ 9 ]** ( صحيح ) **وعن جابر قال : النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الشيطان يحضر أحدكم عند كل شيء من شأنه حتى يحضره عند طعامه فإذا سقطت من أحدكم لقمة فليمط ما كان بها من أذى ثم ليأكلها ولا يدعها للشيطان فإذا فرغ فليلعق أصاب فانه لا يدري : في أي طعامه يكون البركة ؟ " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرىڭلارنىڭ ھەممە ئىشىدا ھازىر بولىدۇ، ھەتتا، تائام يەۋەتقاندىمۇ ھازىر بولىدۇ، بىرىڭلاردىن بىر لوقما تائام چۈشۈپ كەتسە، ئۇ تائامدىكى نىجاسەتنى، ئەزىيەتنى تازىلىۋېتىپ يەۋەتسۇن، چۈشۈپ كەتكەن ئۇ تائامنى شەيتانغا قالدۇرمىسۇن، تائامدىن پارىغ بولغاندا، بارماقلىرنى يالىۋەتسۇن، چۈنكى، ئۇ بەرىكەتنىڭ تائامنىڭ قايسى يېرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4168 – [ 10 ]** ( صحيح ) **وعن أبي جحيفة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا آكل متكئا " . رواه البخاري**

ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيمەن. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4169 – [ 11 ]** ( صحيح ) **وعن قتادة عن أنس قال : ما أكل النبي صلى الله عليه وسلم على خوان ولا في سكرجة ولا خبز له مرقق قيل لقتادة : على ما يأكلون ؟ قال : على السفر . رواه البخاري**

قەتادە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىز تاماق شىرەسى ئۈستىدە تاماق يەپ باقمىغان، شۇنداقلا كىچىك پىيالە قاچىدىمۇ تاماق يەپ باقمىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەرگىز تاسقالغان ئاق ئۇندا يۇمشاق نان قىلىپ بېرىلمىگەن ئىدى،قەتادەگە؛ ئۇلار نىمىنىڭ ئۈستىدە تاماق يەيتتى؟دېيىلدى،ئۇ؛سۇپۇر داستىخاننىڭ ئۈستىدە يەيتتى دېدى.بۇخارى4995 ـ تىرمىزى،ئىبنى ماجە،سەھىھ

**4170 – [ 12 ]** ( صحيح ) **وعن أنس قال : ما أعلم النبي صلى الله عليه وسلم رأى رغيفا مرققا حتى لحق بالله ولا رأى شاة سميطا بعينه قط . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولۇپ **الله** قا ئۇچراشقانغا قەدەر، بۇغداينىڭ ئاق ئۇنىنىڭ گىردە نېنىنى، كاۋاپ قىلىنغان قوي گۆشىنى كۆرۈپ باققىنىنى بىلمەيمەن.بۇخار

**4171 – [ 13 ]** ( صحيح ) **وعن سهل بن سعد قال : ما رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم النقي من حين ابتعثه الله حتى قبضه الله وقال : ما رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم منخلا من حين ابتعثه الله حتى قبضه قيل : كيف كنتم تأكلون الشعير**

غير منخول ؟ قال : كنا نطحنه وننفخه فيطير ما طار وما بقي ثريناه فأكلناه . رواه البخاري

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، الله تائالا ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن باشلاپ، تاكى ۋاپات بولۇپ الله قا ئۇچراشقانغا قەدەر، بۇغداينىڭ تاسقالغان ئاق ئۇنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، شۇنداقلا الله تائالا ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن باشلاپ ۋاپات تاپقۇزغىچە، كىپىكدىن تاسقىلىپ ئايرىلغان ئۇنىنى (ئەلگەكنى)كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. سىلەر تاسقالمىغان ئارپا ئۇنىنى قانداق يەيتتىڭلار؟ دېيىلدى، ئۇ: بىز ئالدى بىلەن ياغىچاق تاشتا ئارپا دېنىنى ئېزىپ يۇمشۇتۇپ، ئاندىن سورۇپ پۈۋلەيتتۇق، ئۇچقۇشقا تېگىشلىك كېپەكلىرى ئۇچۇپ كېتەتتى، قېلىپ قالغان ئۇنىنى خېمىر قىلىپ يەيتتۇق دېدى. بۇخارى توپلىغان. يېڭىدىن پەيدا بولغان تۇنجى ئۆي سايمىنى ئەلگەك بولدى.

4172 – [ 14 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : ما عاب النبي صلى الله عليه وسلم طعاما قط إن اشتهاه أكله وإن كرهه تركه

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىز تاماقنى ئەيىبلىمەيتتى، ئەگەر ئىشتىھاسى كېلىپ يېگىسى كەلسە، ئۇنى يەيتتى، ئەگەر يېگىسى كەلمىسە، ئۇنى يېمەي قويۇپ قوياتتى.بۇخ،مس

4173 – [ 15 ] ( صحيح ) وعنه أن رجلا كان يأكل أكلا كثيرا فأسلم فكان يأكل قليلا فذكر ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فقال : " إن المؤمن يأكل في معى واحد والكافر يأكل في سبعة أمعاء " . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر، جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىر كىشى ناھايىتى كۆپ تاماق يەيتتى، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ ئازلا تاماق يەيدىغان بولدى، بۇئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلىنغاندا مۇنداق دېگەن: مۆئمىن بىرلا ئۈچەيگە يەيدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4175 – [ 17 ] ( صحيح ) وروى مسلم عن أبي موسى وابن عمر المسند منه فقط

4176 – [ 18 ] وفي أخرى له عن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم ضافه ضيف وهو كافر فأمر رسول الله صلى الله عليه وسلم بشاة فحلبت فشرب حلابها ثم أخرى فشربه ثم أخرى فشربه حتى شرب حلاب سبع شياه ثم إنه أصبح فأسلم فأمر له رسول الله صلى الله عليه وسلم بشاة فحلبت فشرب حلابها ثم أمر بأخرى فلم يستتمها فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المؤمن يشرب في معى واحد والكافر يشرب في سبعة أمعاء "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر مېھمان كاپىر ھالىتىدە چۈشتى، رەسۇلۇللاھ قوينى سېغىپ ئۇنىڭ سۈتىنى ئۇ مېھمانغا ئۇچۇرۇشكە بۇيرىدى، ئۇكىشى بىر قاچا سۈتنى ئىچىپ بولدى، ئاندىن يەنە سېغىپ بەرسە ئۇنىمۇ ئىچىپ بولدى، ئاندىن يەنەبىرقاچا سۈتنىمۇ ئىچىپ بولدى، سېغىپ بەرسە ئىچىۋېرىپ تاكى يەتتە قاچا سۈتنى ئىچىپ بولدى، ئاندىن تاڭ ئاتقاندا ئۇكىشى مۇسۇلمان بولدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ يەنە قوينى سېغىپ ئۇنىڭ سۈتىنى بۇ مېھمانغا ئۇچۇرۇشكە بۇيرىدى، ئۇكىشى بىر قاچا سۈتنى ئىچىپ بولۇپ، ئىككىنچى قاچىدىكى سۈتنى تولۇق ئىچىپ بولالمىدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مۆئمىن بىر ئۈچەيگە ئىچىدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە ئىچىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

4177 – [ 19 ] ( متفق عليه ) وعنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " طعام الاثنين كافي الثلاثة وطعام الثلاثة كافي الأربعة

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشىنىڭ تائامى، ئۈچ كىشىگە، ئۈچ كىشىلىك تائام تۆت كىشىگە كۇپايە بولىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، مالىك، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشىنىڭ تائامى تۆت كىشىگە، تۆت كىشىلىك تائام سەككىزگە كۇپايە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تائام ئۈستىگە بىرلىشىپ يەڭلار، مۇتەپەررىق ھالدا ئايرىم ــ ئايرىم يېمەڭلار، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، بۇ بۇيرۇق مۇستەھەپ ئۈچۈن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قۇرئاندا بىرلىشىپ، يېسىمۇ، ئايرىم- ئايرىم يېسىمۇ بولىدىغان بار.

**4178 – [ 20 ]** ( صحيح ) **وعن جابر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " طعام الواحد يكفي الاثنين وطعام الاثنين يكفي الأربعة وطعام الأربعة يكفي الثمانية " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشىلىك تائام ئىككى كىشىگە، ئىككى كىشىلىك تائام تۆت كىشىگە، تۆت كىشىلىك تائام، سەككىز كىشىگە تېتىپ كۇپايە بولىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4179 – [ 21 ]** ( متفق عليه ) **وعن عائشة رضي الله عنها قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " التلبينة مجمة لفؤاد المريض تذهب ببعض الحزن "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالۋا كېسەلنىڭ يۈرىكىنى راھەتلەندۈرىدۇ، ئۇ بىر قىسىم غەم ــ قايغۇلارنى يوقىتىدۇ، ئەھمەد 24036 ــ ھەدىس، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى، مۇسلىم 4106 ــ ھەدىس، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**4180 – [ 22 ]** ( متفق عليه ) **وعن أنس أن خياطا دعا النبي صلى الله عليه وسلم لطعام صنعه فذهبت مع النبي صلى الله عليه وسلم فقرب خبز شعير ومرقا فيه دباء وقديد فرأيت النبي صلى الله عليه وسلم يتتبع الدباء من حوالي القصعة فلم أزل أحب الدباء بعد يومئذ**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ماشىنچى سەيپۇڭ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاماققا چاقىردى، مەنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بارغان ئىدىم، ئۇكىشى بىزگە ئارپا نېنى بىلەن شورپا كەلتۈردى، شورپىنىڭ ئىچىدە كاۋا بىلەن قۇرۇتۇلغان گۆش بار ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاماق قاچىسىنىڭ ئەتراپىدىن كاۋىنى تىرىپ يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ كۈنىدىن باشلاپلا كاۋىنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەلدىم. بۇخارى، مۇسلىم.

**4181 – [ 23 ]** ( متفق عليه ) **وعن عمرو بن أمية أنه رأى النبي صلى الله عليه وسلم يحتزمن كتف الشاة في يده فدعي إلى الصلاة فألقاها والسكين التي يحتز بها ثم قام فصلى ولم يتوضأ**

ئەمرۇئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قوينىڭ تاغاق گۆشىدىن پىچاقتا كېسىپ يېگەنلىكىنى، ئاندىن نامازغا ئەزان تۇۋلۇنۇپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۆشنى ۋە گۆش كېسىۋاتقان پىچاقنى تاشلاپ نامازغا بېرىپ، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇخارى، مۇسلىم.

**4182 – [ 24 ]** ( صحيح ) **وعن عائشة رضي الله عنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يحب الحلواء والعسل . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھالۋا بىلەن ھەسەلنى ياخشى كۆرەتتى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم،كىيىنكى تۆت كىتاب، يەنى نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، بۇلاردا شىپا، داۋا باردۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كاۋىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، كاۋىنىڭ مۆجىزىسى ئىنتېرنېت تور بېتىدە سۈرىتى بىلەن باردۇر.

**4183 – [ 25 ] ( صحيح ) وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم سأل أهله الأدم . فقالوا : ما عندنا إلا خل فدعا به فجعل يأكل به ويقول : " نعم الإدام الخل نعم الإدام الخل " . رواه مسلم**

جابىر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىدىكىلەرىدىن چاي سورىغاندا، ئۇلار: بىزنىڭ يېنىمىزدا پەقەت سىركىلا بار دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كەلتۈرۈپ يېيىشكە باشلاپ مۇنداق دېگەن: سىركا (يەنى ئۈزۈمنى قاينىتىپ ياسايدىغان، ئەمما، مەست قىلىش دەرىجىسىگە بارمىغان ئىچىملىك)نېمىدېگەن ياخشى ئۆي چېيى ھە! سىركا نېمىدېگەن ياخشى ئۆي چېيى ھە! (ئۇ نان بىلەن بىرگە يېيىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم 3823 _ ھەدىس، ۋە مۇسلىمدىن كېيىنكى تۆت كىتاب ،سەھىھ.

**4184 – [ 26 ] ( متفق عليه ) وعن سعيد بن زيد قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " الكمأة من المن وماؤها شفاء للعين " . متفق عليه . وفي رواية لمسلم : " من المن الذي أنزل الله تعالى على موسى عليه السلام "**

سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: موگو، ئاللاھتائالا بەنى ئىسرائىلغا چۈشۈرگەن مەننى دېگەن نېمەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئۇنىڭ سۈيى كۆزگە شىپادۇر. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەجۋەت خورمىسى جەننەتتىندۇر، ئۇنىڭدا زەھەرگە شىپا بار، موگو مەننى دېگەن تائامنىڭ جۈملىسىدىن، ئۇنىڭ سۈيى كۆزگە شىپا، ئەرەبلەرنىڭ قارا قوچقىرى بولۇپمۇ يېغى نېرۋىغا مۇناسىۋەتلىك يان ئاغرىق، يوتا، پاچاق، رېماتىزىم كېسەللىكىگە شىپادۇر، گۆشى يېيىلىپ، شورپىسى ئىچىلىدۇ، ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ، سەھىھنىڭ 3713 _ ھەدىستە ئۆتكەن، سەھىھ.

**4185 – [ 27 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن جعفر قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يأكل الرطب بالقثاء**

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرخەمەكنى خورما بىلەن يەيتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، ھەتتا بۇخارى 5020 _ ھەدىس، مۇسلىم 3806 _ ھەدىسدە بار بولۇپ، سەھىھ. بۇ تەرخەمەك، قوغۇننىڭ ئۇزۇنچاق كىچىكى بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا خوڭگۋى دېيىلىدۇ، بەزى خاتىرىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككىسىنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ يېگەن دېيىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئىككى خىل نەرسىنى ئىككى قولدا يېسە دۇرۇس بولىدۇ، مەسىلەن: قوغۇن _ تاۋۇز بىلەن ناننى يېگەندەك. سەھلى ئىبنى سەئىد، ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قوغۇن ـ تاۋۇزنى خورما بىلەن يەيتتى. ئىبنى ماجە، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوغۇننى خورما بىلەن يەيتتى، ۋە مۇنداق دەيتتى: بۇنىڭ ھارارىتى، ئىسسىقلىقى يەنى خورمىنىڭ ئىسسىقلىقى، ماۋۇنىڭ يەنى قوغۇننىڭ سوغۇقلىقى بىلەن سۇندۇرۇلىدۇ، بۇ قوغۇننىڭ سوغۇقلىقى بولسا، خورمىنىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ.

| |
|---|
| ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. |
| **4186 – [ 28 ] ( متفق عليه ) وعن جابر قال : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم بمر الظهران نجني الكباث فقال : " عليكم بالأسود منه فإنه أطيب " فقيل : أكنت ترعى الغنم ؟ قال : " نعم وهل من نبي إلا رعاها ؟ "** <br><br> جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەررى زەھران دېگەن يەردىن ئۆتۈپ قىلىپ، ئۇجايدىن ئىراك دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈپ تەردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قارىلىرىنى ئۈزۈڭلار، چۈنكى ئۇ بەك مىزىلىك تاتلىق دېدى، سىلمۇ قوي باققانمۇ؟دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ:ھەئە مەنمۇ قوي باققان، ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر بولىدىكەن ئۇمۇ قوي باققاندۇر دېدى.بۇخارى.مۇسلىم |
| **4187 – [ 29 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم مقعيا يأكل تمرا وفي رواية : يأكل منه أكلا ذريعا . رواه مسلم** <br><br> ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زوڭ ئولتۇرۇپ خورما يېگىنىنى كۆرگەن ئىدىم، يەنەبىرخاتىردە؛ مەلۇم سەۋەپتىن ناھايىتى تېز يېگەن ئىدى دېيىلگەن.مۇسلىم توپلىغان. |
| **4188 – [ 30 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يقرن الرجل بين التمرتين حتى يستأذن أصحابه** <br><br> ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنىڭ ئىككى تال خورمىنى قېرىنداشلىرىنىڭ ئىزنىسىز جۈپلەپ-جۈپلەپ يېيىلىشىدىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر قەۋم، جامائەت بىلەن بىرگە خورما يەپ قالسا، جۈپلەپ ــ جۈپلەپ ئىككىدىن يېۋالمىسۇن، لېكىن، ئۇلار ئىزنى قىلسا، رۇخسەت قىلىپ رازى بولسا، بۇ مۇستەسنادۇر.بۇخارى،مۇسلىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. |
| **4189 – [ 31 ] ( صحيح ) وعن عائشة رضي الله عنها إن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يجوع أهل بيت عندهم التمر " . وفي رواية : قال : " يا عائشة بيت لا تمر فيه جياع أهله " قالها مرتين أو ثلاثا . رواه مسلم** <br><br> ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېنىدا خورما بار ئۆي ئەھلى، ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ. يەنەبىر خاتىردە؛ ئىككى ئۈچ قېتىم «ئى ئائىشە! ئۆزىدە خورما بولمىغان ئۆي ئەھلى ئاچ قالىدۇ» دېگەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. |
| **4190 – [ 32 ] ( متفق عليه ) وعن سعد قال : سمعت رسول الله يقول : " من تصبح بسبع تمرات عجوة لم يضره ذلك اليوم سم ولا سحر** <br><br> سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەدىنىنىدىكى ئەجۋەت خورمىسىدىن يەتتە تال يەپ بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ كۈنى زەھەر ۋە سېھرى زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد،بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. |
| **4191 – [ 33 ] ( صحيح ) وعن عائشة رضي الله عنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن في عجوة العالية شفاء وإنها ترياق أول البكرة " . رواه مسلم** <br><br> ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەدىنىنىڭ |

نەجدكە يېقىن ئۇستۈن تەرپىدىكى باغلارنىڭ ئەجۋەت خورمىسىدا، (يەنى ياخشى، كاتتا خورمىلىرىدا) شىپالىق داۋا باردۇر، ۋە ئۇنى ئەتىگەندە يەپ بەرسە، زەھەر قايتۇرىدۇ، (يۇقىرقى خاتىرىدە ھەر ئەتىگىنى يەپ بەرسە، ئۇ كىشىگە زەھەر ياكى سېھرى تەسىر قىلمايدۇ دېيىلدى) مۇسلىم 3815 _ ھەدىس، ئەھمەد 23344 _ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ ھۈرەيرە ئەبۇ سەئىد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەجۋەت خورمىسى جەننەتتىن نازىل قىلىنغان، ئۇنىڭدا زەھەرگە شىپا باردۇر، موگو، يەنى ئىسرائىللارغا بېرىلگەن، مەننى دېگەن تائامنىڭ تۈرلىرىدىندۇر، موگونىڭ سۈيى كۆز ئاغرىقىغا شىپادۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4192 – [ 34 ]** ( **متفق عليه** ) **وعنها قالت : كان يأتي علينا الشهر ما نوقد فيه نارا إنما هو التمر والماء إلا أن يؤتى باللحيم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىزگە ئايلار شۇنداق ئۆتەتتىكى، بىز قازانغا ئوت ياقمايمۇ بىرەر ئاي ئۆتۈپ كىتەتتى، (يەنى تاماق ئېتىپ يىمەي)پەقەت خورما بىلەن سۇدىلا جان باقاتتۇق، لېكىن ئازراق گۆش كىلىپ قالسا ئاندىن قازانغا ئوت ياقاتتۇق. بۇخارى، مۇسلىم.

**4193 – [ 35 ]** ( **متفق عليه** ) **وعنها قالت : ما شبع آل محمد يومين من خبز بر إلا وأحدهما تمر**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى بۇغداي ئۇنىنىڭ نېنىغا ئىككى كۈنمۇ تويۇپ باقمىغان ئىدى، لېكىن تويىسىمۇ ئۇنىڭ بىرى يەنىلا خورما ئىدى.(يەنى ئۇلار دەسلەپتە تويغۇدەك بۇغداي نېنىنىمۇ يەپ باقمىغان ئىدى، كېيىنچە ياخشىلانغان ئىدى) بۇخارى، مۇسلىم.

**4194 – [ 36 ]** ( **متفق عليه** ) **وعنها قالت : توفي رسول الله صلى الله عليه وسلم وما شبعنا من الأسودين**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز خورما بىلەن سۇغا تويۇپ باقمايلا ۋاپات تاپتى،(يەنى بۇ نەرسىلەرنى ئۇچاغلاردا تويغىچە يېيەلمەيتتۇق،ھەم قۇرسىقىمىزنى بەك تويغۇزۇۋەتمەيتتۇق)بۇخ،مس

**4195 – [ 37 ]** ( **صحيح** ) **وعن النعمان بن بشير قال : ألستم في طعام وشراب ما شئتم ؟ لقد رأيت نبيكم صلى الله عليه وسلم وما يجد من الدقل ما يملأ بطنه . رواه مسلم**

نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سىلەر ھازىر تائام-شاراپتا،يىمەك-ئىچمەكتە ئۆزۈڭلار خالىغانچە كەڭرىچىلىكتە ئەمەسمۇ؟؟!! مەن پەيغەمبىرىڭلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇرسىقىنى تويغۇزغىدەك پۇچەك، ناچار خورمىنىمۇ تاپالمىغىنىنى كۆرگەن ئىدىم.مۇسلىم توپلىغان.

**4196 – [ 38 ]** ( **صحيح** ) **وعن أيوب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أتي بطعام أكل منه وبعث بفضله إلي وإنه بعث إلي يوما بقصعة لم يأكل منها لأن فيها ثوما فسألته : أحرام هو ؟ قال : " لا ولكن أكرهه من أجل ريحه " . قال : فإني أكره ما كرهت . رواه مسلم**

ئەبۇئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاماق كەلتۈرۈلسە، ئۇنىڭدىن يەپ، ئاشقىنىنى ماڭا ئەۋەتەتتى، بىر كۈنى ماڭا بىر قاچا تاماق ئەۋەتىپتۇ، قارىسام ئۇنىڭدىن پەقەتلا يېمەپتۇ، چۈنكى ئۇ تاماقتا سامساق بار ئىكەن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سامساق ھاراممۇ؟ دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق،ھارام ئەمەس، لېكىن مەن ئۇنىڭ پۇرىقىنىڭ جەھىتىدىن ئۇنى

ياقتۇرمايمەن، دېدى. مەن؛ سىلى ياقتۇرمىغاننى مەنمۇ ياقتۇرمايمەن دېدىم.مۇسلىم توپلىغان.

**4197 – [ 39 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من أكل ثوما أو بصلا فليعتزلنا " أو قال : " فليعتزل مسجدنا أو ليقعد في بيته " . وإن النبي صلى الله عليه وسلم أتي بقدر فيه خضرات من بقول فوجد لها ريحا فقال : " قربوها " إلى بعض أصحابه وقال : " كل فإني أناجي من لا تناجي "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خام سامساق بىلەن خام پىيازنى يېسە، ئۇ بىزدىن، مەسجىدىمىزدىن ئايرىلسۇن، ياكى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرسۇن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئارىسىدا يېشىل سەي ـ كۆكتات بار بىر قازان تاماق كەلتۈرلۈشىدى،ئۇنىڭدىن بىر خىل پۇراقنى تېپىپ؛ ساھابىللىرىنىڭ بەزىسگە؛بۇنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار دەپ، بۇنى سەن يېگىن، چۈنكى مەن سەن مۇناجاتلاشمايدىغان كىشى بىلەن مۇناجاتلىشىمەن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خام سامساق، خام پىياز، چېكسەي، يۇمغاق سۈتلەردىن ئىبارەت مۇشۇنداق پۇراقلىق سەي ـ كۆكتاتلارنى يېسە، بىزگە، مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، چۈنكى ئادەم بالىلىرى ئازار يېگەن نەرسىلەردىن پەرىشتىلەرمۇ ئازار يەيدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، (پىششىق ھالەتتە يېسە بولىدۇ) توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ نىجىس، سېسىق دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىن (يەنى خام سامساقتىن ) يېسە مەسجىدلەردە بىزگە يېقىن كەلمىسۇن، ئى ئىنسانلار! ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى مېنىڭ ھارام قىلىش ھوقۇقۇم يوق، لېكىن مەن بۇ ئۆسۈملۈك، كۆكتاتنىڭ پۇرىقىنى ياقتۇرمايمەن، (خام يېيىش مەكرۇھ پىششىق ھالەتتە پۇرىقىنى يوقۇتۇپ يېسە دۇرۇس بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4198 – [ 40 ]** ( **صحيح** ) **وعن المقدام بن معدي كرب عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : كيلوا طعامك يبارك لكم فيه رواه البخاري**

مىقدام، ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر، ئەبۇ ئەييۇب، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائاملىرىڭلارنى، ئاشلىقىڭلارنى تارازا، مىيزاندا تارتىپ، كەمچەندە كەمچەنلەڭلار، شۇنىڭدا سىلەرگە بەرىكەت بېرىلىدۇ. (شۇنداق قىلغاندا ئۆشرە زاكات ئايرىلىدۇ، يىللىق ھېساب بويىنچە پىلانلىنىدۇ، ۋەھاكازا). ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائاملىرىڭلارنى، ئاشلىقىڭلارنى جىڭلاڭلار، كەمچەنلەڭلار، چۈنكى، بەرىكەت، كەمچەنلەنگەن، جىڭلانغان ئاش، تائاملاردا بولىدۇ. ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ.

**4199 – [ 41 ]** ( **صحيح** ) **وعن أبي أمامة أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا رفع مائدته قال : " الحمد لله حمدا كثيرا طيبا مباركا فيه غير مكفي ولا مودع ولا مستغنى عنه ربنا " . رواه البخاري**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوسقىنى كۆتۈرۈلگەندە، مۇنداق دەيتتى: «بارلىق ھەمدۇ ــ سانالار، نۇرغۇن پاك بەرىكەتلىك، بەكمۇ كۆپ، ھەمدۇ ــ سانالار ئاللاھقا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا بىزگە كۇپايە بولغان، بىزگە جاي بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئاللاھقا خاستۇر،(«غەير مەكپىيىن» يەنى ئاللاھنىڭ ئىنئامى ئۆزىگە قايتۇرۇلمايدۇ، بۇ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمايمىز ياكى بۇ، ئاللاھ ھېچ كىشىگە مۇھتاج ئەمەس دېگەن بولىدۇ، ياكى ئاللاھنىڭ پەزلى، نىئمىتىدىن بىھاجەت بولالمايمەن ياكى بۇ نىئمەت رەت قىلىنمايدۇ، يۆتكىۋېتىلمەيدۇ دېگەن بولىدۇ،) ئاللاھنىڭ نىئمەت پەزلى بىزدىن

يۈتكۈۋېتىلمەستىن، رەت قىلىنماستىن ئۇ نېئمەتكە كۈپرىلىق قىلىنماستىن، بۇ ھەمدۇ ـ سانالار قەتئىي تەرك ئېتىلمەستىن ئاللاھقا خاستۇر. ئى رەببىمىز، بۇنىئمەتتىن بىھاجەت قىلىنغان كىشى يوق، شۇنداقلا ھەمدۇ ئېيتىشتىننمۇ بىھاجەت ئەمەسمىز». ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. تائامدىن كېيىن، ھەمدە ئېيتىش بەلگىلەنگەن، تۈرى كۆپ بولۇپ، سەھىھ بولغىنىنى ئېيتىڭلار.

**4200 – [ 42 ]** ( صحيح ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى ليرضى عن العبد أن يأكل الأكلة فيحمده عليه أو يشرب الشربة فيحمده عليها " . رواه مسلم وسنذكر حديثي عائشة وأبي هريرة : ما شبع آل محمد وخرج النبي صلى الله عليه وسلم من الدنيا في " باب فضل الفقراء " إن شاء الله تعالى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، تائام يەپ، شاراپ، ئىچىملىك ئىچىپ شۈنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقان بەندىسىدىن رازى بولىدۇ (ھەتتا، ئۇنىڭ يەپ ـ ئىچىشىدىنمۇ رازىدۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن تائام، شاراب، زىياپەتتىن كېيىنلا ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش چىقىدۇ.

**4201 – [ 43 ]** الفصل الثاني ( لم تتم دراسته ) عن أبي أيوب قال : كنا عند النبي صلى الله عليه وسلم فقرب طعام فلم أر طعاما كان أعظم بركة منه أول ما أكلنا ولا أقل بركة في آخره قلنا : يا رسول الله كيف هذا ؟ قال : " إنا ذكرنا اسم الله عليه حين أكلنا ثم قعد من أكل ولم يسم الله فأكل معه الشيطان " . رواه في شرح السنة

ئەبۇئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق، بىزگە تاماق كەلتۈرۈلدى، بىز دەسلەپتە تاماق يېگىنىمىزدە، ئۇنىڭدىنمۇ بەركىتى بۈيۈك تاماقنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق، ئاخىردا يېگىنىمىزدە بولسا، تاماقنىڭ بەركىتى پەقەت قالمىدى، بىز؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىز دەسلەپتە تاماق يېگىنىمىزدە، **الله** نىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ، بىسمىللاھى دەپ يېگەن ئىدۇق، ئاندىن كېيىن تاماققا، **الله** نىڭ ئىسمىنى ئەسلىمەي، بىسمىللاھى دېمەيلا يەيدىغان كىشىلەر قاتناشتى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە شەيتانمۇ تامىقىمىزنى يېدى. (شۇنىڭ بىلەن تاماقنىڭ بەركىتى ئازلاپ كەتتى)دېدى. شەرھىسسۇننى توپلىغان.

**4202 – [ 44 ]** ( صحيح ) وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أكل أحدكم فنسي أن يذكر الله على طعامه فليقل : بسم الله أوله وآخره " . رواه الترمذي وأبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يېگەندە، بىسمىللاھى دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىسۇن، ئەگەر باشتا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالسا، بىسمىللاھى ئەۋۋەلىھى ۋە ئاخىرەھى دېسۇن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

**4203 – [ 45 ]** ( ضعيف )وعن أمية بن مخشي قال : كان رجل يأكل فلم يسم حتى لم يبق من طعامه إلا لقمة فلما رفعها إلى فيه قال : بسم الله أوله وآخره فضحك النبي صلى الله عليه وسلم ثم قال : " ما زال الشيطان يأكل معه فلما ذكر اسم الله استقاء ما في بطنه " . رواه أبو داود

ئۇمەييەت ئىبنى مەخشا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەر تائام يەپ بىسمىللا دېمىدى، تائامدىن بىر لوقما قالغاندا

ئۇنى ئاغزىغا ئاپارغىچە بىسمىللا ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ يەنى ئەۋۋەل ئاخىر ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ يەيمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كېتىپ، شەيتان ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەۋاتاتتى، ئۇ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشى بىلەنلا شەيتان قورسىقىدىكىنى قۇسۇۋەتتى دېدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن.

**4204 – [ 46 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا فرغ من طعامه قال : " الحمد لله الذي أطعمنا وسقانا وجعلنا مسلمين " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام يەپ پارىغ بولغاندا مۇنداق دۇئا قىلاتتى، «**ئەلھەمدۇلىللاھىللەزى ئەتئەمەنا ۋەسەقەنا ۋە جەئەلەنا مۇسلىمىين**» يەنى: بارلىق ھەمدۇ ــ سانا بىزگە تائام بەرگەن،بىزنى سۇغارغان بىزنى مۇسۇلمان قىلغان ئاللاھقا خاستۇر دېگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. مەن بۇ ھەدىسنى باشقا بىر زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمىدىمۇ كۆرگەن ئىدىم.

**4205 – [ 47 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : الطاعم الشاكر كالصائم الصابر رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائامنى يەپ شۈكرى قىلغۇچى، سەۋرە قىلىپ روزا تۇتقۇچىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4206 – [ 48 ] وابن ماجه والدارمي عن سنان بن سنة عن أبيه** الطاعم الشاكر له مثل أجر الصائم الصابر

سەنان ئىبنى سۇننەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائام يەپ، ئۇنىڭغا شۈكرى قىلغۇچى ئۈچۈن، سەۋرە قىلىپ، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، ئەھمەد،دارىمى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4207 – [ 49 ] ( صحيح ) وعن أبي أيوب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أكل أو شرب قال : " الحمد لله الذي أطعم وسقى وسوغه وجعل له مخرجا " رواه أبو داود**

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەپ ئىچكەندە مۇنداق دەيتتى: بىزگە تائام بەرگەن، سۇغارغان، گالدىن ئۆتۈشنى، ھەزىم بولۇشنى ئاسان قىلغان، بۇ تائام، شاراپقا چىقىش يولىنى چىقىرىش سىستېمىسىنى قىلىپ بەرگەن ئاللاھقا شۈكرى، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئەبۇ داۋۇد 3353 ــ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4208 – [ 50 ] ( ضعيف )وعن سلمان قال : قرأت في التوراة أن بركة الطعام الوضوء بعده فذكرت ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بركة الطعام الوضوء قبله والوضوء بعده " . رواه الترمذي وأبو داود**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن تەرۋاتتا تائامنىڭ بەرىكىتى تائام يەپ بولۇپ، تاھارەت ئېلىش ياكى قولىنى يۇيۇشدۇر دەپ ئوقۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇنى دېسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائامنىڭ بەرىكىتى تائامدىن بۇرۇن ھەم كېيىن قولنى يۇيۇشدۇر دېدى. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد

تويلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. بۇ ھەدىس تەۋراتنى ئوقۇسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاچچىقلانغان سەھىھ ھەدىسكە زىت، خىلاپ ئىكەن، لېكىن، ئەلبانى ئىسناد يوللىرىنى، راۋىيلارنى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن.

---

**4209 – [ 51 ] وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم خرج من الخلاء فقدم إليه طعام فقالوا : ألا نأتيك بوضوء ؟ قال : " إنما أمرت بالوضوء إذا قمت إلى الصلاة " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەت قىلىپ بولۇپ خالادىن چىقتى، ئاندىن تاماق كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلار؛ تاھارەت ئېلىۋېلىشلىرى ئۈچۈن سۇ كەلتۈرەمدۇق؟دېگەندە مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن نامازغا تۇرسام، تاھارىتىم بولمىسا، تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلدۇم، (ھەر قېتىم ھاجەتخانىدىن چىقىپلا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلمىدۇم) نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

---

**4210 – [ 52 ] ( لم تتم دراسته ) ورواه ابن ماجه عن أبي هريرة**

---

**4211 – [ 53 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم : أنه أتي بقصعة من ثريد فقال : " كلوا من جوانبها ولا تأكلوا من وسطها فإن البركة تنزل في وسطها "رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي هذا حديث حسن صحيح**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چوڭ بىر قاچىدا شورپا كەلتۈرۈلگەندە مۇنداق دېگەن: سىلەر قاچا، لىگەننىڭ ئەتراپىدىن يەڭلار، ئوتتۇرىدىن يېمەي تۇرۇڭلار، چۈنكى، بەرىكەت ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ئەھمەد،تىرمىزى،ئىبنى ماجە،دارىمى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، ئوتتۇرىدىن بەرىكەت بىلەن بىللە يەڭلار. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىسمىللاھ دەپ چۆرىسىدىن، ئەتراپىدىن يەڭلار، ئۈستىنى، ئوتتۇرىنى قويۇپ قويۇپ يەڭلار، ھەقىقەتەن بەرىكەت، ئۇ تائامغا ئۈستىدىن ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

---

**4212 – [ 54 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : ما رئي رسول الله صلى الله عليه وسلم يأكل متكئا قط ولا يطأ عقبه رجلان . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىز يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيتتى، ئارقىسىدا كىشى ماڭمايتتى.(بەلكى ئۆزى ئارقىسىدا ياكى ئارىسىدا ماڭاتتى.)ئەبۇداۋۇد تو، سەھىھ.

---

**4213 – [ 55 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الله بن الحارث بن جزء قال : أتي رسول الله صلى الله عليه وسلم بخبز ولحم وهو في المسجد فأكل وأكلنا معه ثم قام فصلى وصلينا معه ولم نزد على أن مسحنا أيدينا بالحصباء . رواه ابن ماجه**

ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نان بىلەن گۆش كەلتۈرۈلدى، ۋەھالەنكى رەسۇلۇللاھ مەسجىدنىڭ ئىچىدە ئىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يېدى، بىزمۇ بىللە يېدۇق، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى، بىزمۇ بىللە ناماز ئوقۇدۇق، بىز پەقەت قوللىرىمىزنى ئۇششاق تاشلارغا ئەيتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن زىيادە ئىش قىلمىدۇق(يەنى تاھارەت ئالمىدۇق،قولىمىزنى يۇمۇدۇق)ئىبنى ماجە توپلىغان

---

**4214 – [ 56 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة قال : أتي رسول الله صلى الله عليه وسلم بلحم فرفع إليه الذراع وكانت**

تعجبه فنهس منها . رواه الترمذي وابن ماجه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە گۆش كەلتۈرۈلۈپ، ئالدى قولى ئېلىپ بېرىلدى- رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئالدى قولنىڭ گۆشى خۇرسەن قىلاتتى- ئاندىن ئۇنى چىشى بىلەنلا غاجىلاپ يېدى. ترمىزى بىلەن ئىبنى ماجە توپلىغان.

4215 – [ 57 ] وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقطعوا اللحم بالسكين فإنه من صنع الأعاجم وانهسوه فإنه أهنأ وأمرأ " . رواه أبو داود والبيهقي في شعب الإيمان وقالا : ليس هو بالقوي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۆشنى پىچاقتا كەسمەڭلار، چۈنكى ئۇ ئەجەملەرنىڭ قىلىقى، گۆشنى چىشىڭلار بىلەن چىشلەپ،غاجاپ يەڭلار، شۇنداق يېيىش بەك سىڭىشلىك، مەنپەئەتلىك، بەك ياخشى، سالامەتلىككە پايدىلىق.ئەبۇداۋۇد،بەيھەقى توپلىغان.

4216 – [ 58 ] ( حسن ) وعن أم المنذر قالت : دخل علي رسول الله صلى الله عليه وسلم ومعه علي ولنا دوال معلقة فجعل رسول الله صلى الله عليه وسلم يأكل وعلي معه يأكل فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لعلي : " مه يا علي فإنك ناقه " قالت : فجعلت لهم سلقا وشعيرا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " يا علي من هذا فأصب فإنه أوفق لك " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه

ئۇممە مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىزنىڭ ئۆيگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە كىردى، بىزنىڭ ئۆيدە قورۇتۇش ئۈچۈن ئېسىقلىق تۇرۇق خورما غورۇللىرى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يېيىشكە باشلىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بىللە يېيىشكە باشلىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەلى! سەن بۇنى يېمەي تۇرغىن، چۈنكى سەن تېخى ئەمدىلا كېسەلدىن ساقايدىڭ، دېدى. مەن ئۇلارغا ئارپا بىلەن چامغۇر كۆكتاتلارنى قايناتىپ تاماق قىلىپ بەردىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەلى! مانا بۇنىڭدىن يېگىن، چۈنكى بۇ ساڭا بەك مۇۋاپىقتۇر، كېسەللىكنى ياخشىلايدۇ دېدى.ئەھمەد25806 ـ ،ترمىزى1960 ـ ،ئىبنى ماجە3433 ـ ئەبۇداۋۇد3358 ـ ھەسەن

4217 – [ 59 ] وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يعجبه الثفل . رواه الترمذي والبيهقي في شعب الإيمان

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۇفلۇ يەنى شورپا ئەجەپلەندۈرۈپ خۇرسەن قىلاتتى، شورپىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد 12821 ــ ھەدىس، ترمىزى،بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، سۇفلۇ ، سۇخلۇ تالقان، ئۇن، خورما دېگەنمۇ بولىدۇ.

4218 – [ 60 ] وعن نبيشة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أكل في قصعة فلحسها استغفرت له القصعة " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث غريب

نەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قاچىدا تائام يەپ ئاندىن قاچىنى يالىۋەتسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن قاچا مەغپىرەت سورايدۇ، ئىبنى ماجە، دارمى، ترمىزى خاتىرلەپ، ترمىزى غەرىيپ دېگەن، ئەلبانى مۇشۇ سۆز بىلەن كۇپايىلىنىپ سۆز قىلمىغان، زەئىپلىك گۇمانى بار.

4219 – [ 61 ] ( جيد ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من بات وفي يده غمر لم يغسله فأصابه شيء فلا يلومن إلا نفسه " . رواه الترمذي وأبو داود وابن ماجه

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قولىدا كىر قالدۇقلىرى بار ھالەتتە قولىنى يۇماي يېتىپ قالسا، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە يەتسە،( يەنى كېسەل بولسا ياكى زەھەرلىك ھايۋان چاقسا)، ئۇ پەقەت ئۆزىنىلا مالامەت قىلسۇن، ئۆزىنىلا ئەيىبلىسۇن. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى قولىدا گۆشقا ئۇخشاش يېمەكلىكنىڭ كىر قالدۇقلىرى، يۇراقلىرى بار ھالەتتە يېتىپ قالسا، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرەر جاراھەت، مۇسىبەت يېتىپ قالسا ئۇ پەقەت ئۆزىنىلا مالامەت ، تاپا ــ تەنە قىلسۇن.( بۇ ئۆزىنىڭ شورى.) تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

4220 – [ 62 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس قال : كان أحب الطعام إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم الثريد من الخبز والثريد من الحيس . رواه أبو داود

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاماقنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، نان بىلەن گۆشتىن قىلىنغان، خورما،قۇرۇتولغان سۈت، ياغ بىلەن قىلىنغان تاماق ئىدى.(يەنى باقالى بىلەن، نان، شورپا،گۆش ئىدى).ئەبۇداۋۇد 3289 ـ ھەدىس.

4221 – [ 63 ] وعن أبي أسيد الأنصاري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كلوا الزيت وادهنوا به فإنه من شجرة مباركة " . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي

ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زەيتۇن يېغىدىن يەڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ياغلاپ خۇشپۇراق قىلىڭلار، ھەققەتەن ئۇ ياغ، مۇبارەك، بەرىكەتلىك دەرەخدىن ئېلىنىدۇ، تىرمىزى، ئەھمەد،ئىبنى ماجە،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

4222 – [ 64 ] وعن أم هانئ قالت : دخل علي النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " أعندك شيء " قلت : لا إلا خبز يابس وخل فقال : " هاتي ما أقفر بيت من أدم فيه خل " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئۇممە ھانئى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ؛يېنىڭدا يېگىدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟دېدى، مەن؛ ياق، پەقەت مۇشۇ قاتتىق ـ قۇرۇق نان بىلەن سىركا بار دېسەم، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:ئۇنى كەلتۈرگىن، سىركا بار ئۆي، چايدىن بىھاجەتتۇر، چايغا مۇھتاج بولمايدۇ.تىرمىزى، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم، ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن، سىركا، ئۇزۇمنى قاينىتىپ ياسايدىغان ئىچىملىك، تەبئىتى سوغۇق، ئەگەر مەست قىلىش دەرىجىسگە بارسا ئۇ چاغدا ئۇ ھاراق بولۇپ، ھارام بولىدۇ، دىققەت قىلىڭلار.

4223 – [ 65 ] ( ضعيف )وعن يوسف بن عبد الله بن سلام قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم أخذ كسرة من خبز الشعير فوضع عليها تمرة فقال : " هذه إدام هذه " وأكل . رواه أبو داود

يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارپا نېنىنىڭ پارچىسى ئۈستىگە خورما قويۇپ يېگىنىنى كۆردۈم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خورما بۇ

تاننىڭ چېيى ئورنىدا دېدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.

**4224 – [ 66 ] ( لم تتم دراسته ) وعن سعد قال : مرضت مرضا أتاني النبي صلى الله عليه وسلم يعودني فوضع يده بين ثديي حتى وجدت بردها على فؤادي وقال : " إنك رجل مفؤود ائت الحارث بن كلدة أخا ثقيف فإنه رجل يتطبب فليأخذ سبع تمرات من عجوة المدينة فليجأهن بنواهن ثم ليلدك بهن " . رواه أبو داود**

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن قاتتىق ئاغرىپ كېسەل بولۇپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يوقلاپ كېلىپ، قولىنى كۆكسۈمگە قويدى، مەن قولىنىڭ سوغۇقلىقىنى يۈرىكىمدە تاپدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىنىڭ يۈرىكىڭ كېسەل ئىكەن، سەن يۈرەك كېسىلى بولۇپ قاپسەن، سەن سۇقەيپىنىڭ قېرىندىشى ھارىسنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ تەبىبلىق قىلىدىغان كىشى، ئۇ مەدىنىنىڭ ئەجۋەت خورمىسىدىن يەتتە تال خورما ئېلىپ، ئۇخورمىلارنى ئۇرۇقلىرى بىلەن قوشۇپ سوقۇپ ئېزىپ ، ئاندىن ئۇنى ساڭا ئۇچۇرسۇن، دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4225 – [ 67 ] ( صحيح ) وعن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يأكل البطيخ بالرطب . رواه الترمذي وزاد أبو داود : ويقول : " يكسر حر هذا ببرد هذا وبرد هذا بحر هذا " . وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

سەھلى ئىبنى سەئىد، ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قوغۇن ـ تاۋۇزنى خورما بىلەن يەيتتى. ئىبنى ماجە، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوغۇننى خورما بىلەن يەيتتى، ۋە مۇنداق دەيتتى: بۇنىڭ ھاراربتى، ئىسسىقلىقى يەنى خورمىنىڭ ئىسسىقلىقى، ماۋۇنىڭ يەنى قوغۇننىڭ سوغۇقلىقى بىلەن سۇندۇرۇلىدۇ، بۇ قوغۇننىڭ سوغۇقلىقى بولسا، خورمىنىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4226 – [ 68 ] وعن أنس قال : أتي النبي صلى الله عليه وسلم بتمر عتيق فجعل يفتشه ويخرج السوس منه . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇرۇتى بار خورما كەلتۈرۈلسە، ئۇنى تەكشۈرۈپ، قۇرتىنى چىقىرىۋېتىپ يەيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ئۇنى بىلمەي يىسە بولىدۇ، ھالال.

**4227 – [ 69 ] وعن ابن عمر قال : أتي النبي صلى الله عليه وسلم بجبنة في تبوك فدعا بالسكين فسمى وقطع .رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تەبۇكتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پىشلاق ئېرىمچىك كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىچاقنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى پىچاق بىلەن بىسمىللاھى دەپ كەستى.(كەسكەن ئىكەن يەيدۇ ـ دە!)ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4228 – [ 70 ] وعن سلمان قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن السمن والجبن والفراء فقال : " الحلال ما أحل الله في كتابه والحرام ما حرم الله في كتابه وما سكت عنه فهو مما عفا عنه " . رواه ابن ماجه والترمذي وقال : هذا حديث غريب وموقوف على الأصح**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياغ، پىشلاق ئېرىمچىك، ۋەھشىي ئېشەك توغرىسىدا سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: ھالال نەرسە دېگەن، الله تائالا ئۆز كىتابىدا ھالال قىلغان

نەرسدۇر، هارام نەرسمۇ، **الله** تائالا ئۆز كىتابىدا هارام قىلغان نەرسىدۇر، **الله** سۆز قىلماي سۈكۈتتە تۇرغان نەرسىلەر، **الله** تائالا ئەپۇ قىلغان نەرسىلەردۇر.تىرمىزى بىلەن ئىبنى ماجە توپلىغان.

**4229 – [ 71 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " وددت أن عندي خبزة بيضاء من برة سمراء ملبقة بسمن ولبن " فقام رجل من القوم فاتخذه فجاء به فقال : " في أي شيء كان هذا ؟ " قال في عكة ضب قال : " ارفعه " . رواه أبو داود وابن ماجه وقال أبو داود : هذا حديث منكر**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمالردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم :مەن هازىر شامغا مەنسۇپ بولغان ياخشى بۇغداينىڭ ئاق ئۇنىغا ياغ بىلەن سۈت ئارلاشتۇرۇپ يېقىلغان ئاق ناننىڭ ئالدىمدا بۇلۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ قالدىم دېدى، شۇئانلا قەۋمدىن بىركىشى ئۆيىگە بېرىپ، شۇنداق ئاق نان قىلىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: بۇنىڭ يېغى، خېمىرى قانداق نەرسىنىڭ ئىچىدە ئىدى ؟ دېدى، ئۇكىشى؛ كېلەنىڭ ياغ قاچىسىدا ئىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم؛ ئۇنداق بولسا، بۇنى مەندىن نېرى كۆتۈرگىن دەپ ئۇنى يېمىدى.ئىبنى ماجە، ئەبۇداۋۇد توپلاپ؛ بۇ ھەدىس مۇنكەر دېدى.

**4230 – [ 72 ] وعن علي رضي الله عنه قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن أكل الثوم إلا مطبوخا . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم خام سامساقنى يېيىشتىن توسقان، لېكىن پىشۇرۇپ يېسە بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4231 – [ 73 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي زياد قال : سئلت عائشة عن البصل فقالت : إن آخر طعام أكله رسول الله صلى الله عليه وسلم طعام فيه بصل . رواه أبو داود**

ئەبۇزەبىياد مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن پىياز توغرىسىدا سورسام، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىردا يېگەن تاماقنىڭ ئىچىدە پىياز بار ئىدى دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4232 – [ 74 ] وعن ابني بسر السلميين قالا : دخل علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقدمنا زبدا وتمرا وكان يحب الزبد والتمر . رواه أبو داود**

بۇسر سەلمەيىننىڭ ئىككى ئوغلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىزنىڭ قېشىمىزغا كىرىپتى، بىز ئالدىغا قايماق بىلەن خورمىنى ئەكەلدۇق، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قايماق بىلەن خورمىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4233 – [ 75 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عكراش بن ذؤيب قال : أتينا بجفنة كثيرة من الثريد والوذر فخبطت بيدي في نواحيها وأكل رسول الله صلى الله عليه وسلم من بين يديه فقبض بيده اليسرى على يدي اليمنى ثم قال : " يا عكراش كل من موضع واحد فإنه طعام واحد " . ثم أتينا بطبق فيه ألوان التمر فجعلت آكل من بين يدي وجالت يد رسول الله صلى الله عليه وسلم في الطبق فقال : " يا عكراش كل من حيث شئت فإنه غير لون واحد " ثم أتينا بماء فغسل رسول الله صلى الله عليه وسلم يديه ومسح ببلل كفيه وجهه وذراعيه ورأسه وقال : " يا عكراش هذا الوضوء مما غيرت النار " . رواه الترمذي**

ئىكراش رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، بىزگە چوڭ بىر داستا ناهايىتى كۆپ پارچىلانغان گۆشلەر، شورپىسى بىلەن بىللە

كەلتۈرۈلدى، مەن قولۇمنى داسنىڭ ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ ، ھەممە يېرىدىن ئېلىپ يېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىدىنلا يەۋاتاتتى، ئاندىن مېنىڭ قىلىقىمنى كۆرۈپ، سول قولى بىلەن مېنىڭ ئوڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ؛ ئى ئىكراش! بىرلا ئورۇندىن يەنى ئالدىڭدىن يېگىن، چۈنكى بۇ بىر خىللا تاماقتۇر دېدى، ئاندىن بىزگە چوڭ بىرتەخسىدە تۈر ـ خىللىرى كۆپ بولغان خورما كەلتۈرۈلدى، مەن بۇ قېتىم ئالدىمدىنلا يېيىشكە باشلىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ قولى تەخسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلانغىلى تۇردى(يەنى ھەممە يېرىدىن ئېلىپ يېدى) ئاندىن ئى ئىكراش! ئۆزۈڭ خالىغان يەردىن يېگىن، چۈنكى بۇ بىر خىل، بىر تۈردىن ئەمەس دېدى، ئاندىن بىزگە سۇ كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى يۇيۇپ،ئاندىن ئىككى قولىنىڭ سۈيىنىڭ ئاشقان ھۆللىكى بىلەن يۈزىنى، ئىككى بىلىكىنى، بېشىنى سىلىۋېتىپ؛ ئى ئىكراش! مانا بۇ ئوت ئۆزگەرتكەن نەرسىدىن يەنى ئوتتا پۇشۇرۇلغان تاماقنى يېگەندىكى تاھارەتتۇر دېدى.تىرمىزى توپلىغان.

**4234 – [ 76 ] وعن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أخذ أهله الوعك أمر بالحساء فصنع ثم أمر فحسوا منه وكان يقول : " إنه ليرتو فؤاد الحزين ويسرو عن فؤاد السقيم كما تسروا إحداكن الوسخ بالماء عن وجهها " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھلىگە قىزىتما كېسەل يەتسە، سۇ، سۈت، ياغ، ھەسەل بىلەن قىلىنىدىغان تائام ھالۋىغا بۇيرۇيتتى، بۇ تائام پىشۇرۇلغاندا، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىچىشكە بۇيرۇيتتى، ۋە مۇنداق دەيتتى: بۇ ھالۋا، كېسەل سەۋەبىدىن غەم قىلغۇچى كىشى بىلەن كېسەل كىشىنىڭ قەلبىنى كۈچلەندۈرۈپ راھەتلەندۈرىدۇ، خۇددى بىرىڭلار يۈزىدىن كىر، توگرىنى تازىلاپ سۇ بىلەن يوق قىلغاندەك، كېسەلنىڭ قەلبىدىن كېسەللىك ئەلەملىرىنى زاۋال تاپقۇزۇپ، يوق قىلىۋېتىدۇ. تىرمىزى 1962 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3437 ــ ھەدىس، ئەھمەد 24857 ــ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4235 – [ 77 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العجوة من الجنة وفيها شفاء من السم والكمأة من المن وماؤها شفاء للعين " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەجۋەت خورمىسى جەننەتتىن نازىل قىلىنغان، ئۇنىڭدا زەھەرگە شىپا باردۇر، موگو، بەنى ئىسرائىللارغا بېرىلگەن، مەننى دېگەن تائامنىڭ تۈرلىرىدىندۇر، موگونىڭ سۈيى كۆز ئاغرىقىغا شىپادۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4236 – [ 78 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن المغيرة بن شعبة قال : ضفت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات ليلة فأمر بجنب فشوي ثم أخذ الشفرة فجعل يحز لي بها منه فجاء بلال يؤذنه بالصلاة فألقى الشفرة فقال : " ما له تربت يداه ؟ " قال : وكان شاربه وفاء فقال لي : " أقصه على سواك ؟ أو قصه على سواك " . رواه الترمذي**

مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مېھمان بولدۇم، رەسۇلۇللاھ؛ قوي گۆشىنىڭ قوۋۇرغا، يان ـ بىقىن گۆشىنى كاۋاپ قىلىشقا بۇيرىدى، ئاندىن پىچاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ماڭا كاۋاپتىن كېسىپ بېرىشكە باشلىۋىدى، بىلال كىلىپ نامازغا ئەزان توۋلىدى، رەسۇلۇللاھ پىچاقنى تاشلىۋېتىپ؛ ئۇنىڭغا نىمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ قولى توپا بولسۇن (يەنى مۇشۇنداق چاغدىمۇ

ئەزان تووۋلامدۇ؟)دېدى، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇرنىتى بەك ئۇسۇپ كىتىپتىكەن، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ سەن بۇرۇتۇمنى مسۋاككا تەگشەپ قىرقىپ ئېلىۋەتكىن دېدى. تىرمىزى توپلىغان.

**4237 – [ 79 ] ( صحيح ) وعن حذيفة قال : كنا إذا حضرنا مع النبي صلى الله عليه وسلم لم نضع أيدينا حتى يبدأ رسول الله صلى الله عليه وسلم فيضع يده وإنا حضرنا معه مرة طعاما فجاءت جارية كأنها تدفع فذهبت لتضع يدها في الطعام فأخذ رسول الله صلى الله عليه وسلم بيدها ثم جاء أعرابي كأنما يدفع فأخذه بيده فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الشيطان يستحل الطعام أن لا يذكر اسم الله عليه وإنه جاء بهذه الجارية ليستحل بها فأخذت بيدها فجاء بهذا الأعرابي ليستحل به فأخذت بيده والذي نفسي بيده إن يده في يدي مع يدها " . زاد في رواية : ثم ذكر اسم الله وأكل . رواه مسلم**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تاماققا داخىل بولساق، ئالدى بىلەن رەسۇلۇللاھ تاماققا قولىنى قويمىغىچە قوللىرىمىزنى تاماققا ئۇزاتمايتتۇق، بىز بىرقېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تاماققا داخىل بولۇپ قالدۇق، ئاندىن بىر قىزچاق كىلىپ، خۇددى بىرسى ئۇنى ئىتتىرگەندەك تېزلا قولىنى تاماققا ئۇزاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدى، ئاندىن بىر ئەئرابىي كىشى كىلىپ ئۇمۇ خۇددى بىرسى ئۇنى ئىتتىرگەندەك تېزلا قولىنى تاماققا ئۇزاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتىۋېلىپ: ھەقىقەتەن شەيتان ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلەنمىگەن، بىسمىللاھ دېيىلمىگەن تائامنى ئۆزىگە ھالال قىلىپ يىۋالىدۇ، ھەقىقەتەن شەيتان بۇ ئەئرابىي بىلەن بىرگە كىلىپ، تائامنى ھالال قىلىپ يېيىشنى مەخسەت قىلىۋىدى، مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدىم، بۇ قىزچاق بىلەنمۇ كىلىپ، تائامنى يېيىشنى مەخسەت قىلغانىدا، مەن بۇ قىزچاقنىڭ قولىنىمۇ تۇتىۋالدىم. جىنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن شەيتاننىڭ قولى ھازىر بۇ ئىككىسىنىڭ قولى بىلەن بىرگە مېنىڭ قولۇمدا دېدى. ئاندىن «بىسمىللاھى» دەپ تاماق يىدى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4238 – [ 80 ] ( لم تتم دراسته ) عن عائشة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أراد أن يشتري غلاما فألقى بين يديه تمرا فأكل الغلام فأكثر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن كثرة الأكل شؤم " . وأمر برده . رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قۇلنى سېتىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇ قۇلنىڭ ئالدىغا خورما قۇيۇپ بەرسە، ئۇقۇل خورمىدىن بەك كۆپ يەپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بەك كۆپ يېيىش شۇملۇقتۇر دەپ، ئۇقۇلنى قايتۇرىۋىتىشكە بۇيرىدى.بەيھەقى توپلىغان.

**4239 – [ 81 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سيد إدامكم الملح . رواه ابن ماجه**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئېتىتقاتقۇلارنىڭ خوجايىنى، كاتتىسى تۇزدۇر، ئىبنى ماجە يالغۇز خاتىرلىگەن. زەئىپتۇر، چۈنكى، ھەدىسنىڭ ئەيسا دىگەن راۋىيسى ھەدىسى مۇنكەر، مەترۇك ئىكەن، ئەبۇ داۋۇد نەسەئى بۇ راۋىينى مەترۇك دىگەن. ئەمرۇئىبنى پالاس قاتتىق زەئىپ دىگەن، يەھيا ئىبنى مەئىين:ئۇنىڭ ھەدىسى يېزىلمايدۇ دىگەن،

**4240 – [ 82 ] وعنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وضع الطعام فاخلعوا نعالكم فإنه أروح لأقدامكم "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالدىڭلارغا تاماق قويۇلسا، ئاياقلىرىڭلارنى سېلىۋېتىپ يەڭلار، شۇنداق قىلىش پۇتلىرىڭلارغا راھەتتۇر.دارىمى توپلىغان.

4241 – [ 83 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أسماء بنت أبي بكر : أنها كانت إذا أتيت بثريد أمرت به فغطي حتى تذهب فورة دخانه وتقول : إني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " هو أعظم للبركة " . رواهما الدارمي

ئەسماء رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا شورپا كەلتۈرۈلسە، شورپىنىڭ قىززىق ھاراررتى، قاينىغاندىكى ھور-پارلىرى يوقاپ كەتكەنگە قەدەر، ئۇنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويۇشقا بۇيرۇيتتى،ئاندىن ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ؛ شۇنداق قىلىشنىڭ بەركىتى كۆپ،كاتتا بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى.دارىمى.

4242 – [ 84 ] ( لم تتم دراسته ) وعن نبيشة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أكل في قصعة ثم لحسها تقول له القصعة : أعتقك الله من النار كما أعتقتني من الشيطان " . رواه رزين

نەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قاچىدا تاماق يەپ بولۇپ، ئاندىن قاچىسنى يالىۋەتسە، قاچا ئۇنىڭغا؛ سەن مېنى شەيتاندىن قۇتقازغاندەك، الله تائالا سېنىمۇ دوزەختىن ئازاد قىلىپ قۇتقازسۇن، دەيدۇ. رەزىين توپلىغان.

## باب الضيافة – الفصل الأول زىياپەت توغرىسىدا

4243 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليكرم ضيفه ومن كان يؤمن بالله واليوم الآخر فلا يؤذ جاره ومن كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليقل خيرا أو ليصمت " . وفي رواية : بدل " الجار " " ومن كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليصل رحمه "

ئەبۇ شۇرەيھە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە مۆئمىن بولاي دېسە، مېھمىنىنى ياخشى كۈتۈپ ھۆرمەتلىسۇن، كىم ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، خوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىپ ئازار بەرمىسۇن، كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈتتە جىم تۇرسۇن. كىم ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، سىلە-رەھىم قىلسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4244 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن أبي شريح الكعبي أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليكرم ضيفه جائزته يوم وليلة والضيافة ثلاثة أيام فما بعد ذلك فهو صدقة ولا يحل له أن يثوي عنده حتى يخرجه "

ئەبۇ شۇرەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە شەكسىز ئىشەنگەن مۆئمىن بولسا، مېھمىنىنى ھۆرمەتلەپ، ياخشى كۈتسۇن، مېھمانىنىڭ ھەققى بىر كېچە ــ كۈندۈز كۈتۈلۈشتۇر، زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىنكى قىلىنغان نەرسە سەدىقە بولىدۇ. (يەنى كىشلەر سەدىقىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ، يېيىشنى خالىمايدۇ). مېھمانىنىڭمۇ ئۆينى قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر تۇرۇۋېرىشى ھالال ئەمەس. (بىر كۈندىن كېيىن، ئېشىپ كەتسە، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېتىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،كىيىنكى تۆت كىتاپ توپلىغان، سەھىھ.

4245 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن عقبة بن عامر قال : قلت للنبي صلى الله عليه وسلم : " إنك تبعثنا فتنزل بقوم لا يقروننا فما ترى ؟ فقال لنا : " إن نزلتم بقوم فأمروا لكم بما ينبغي للضيف فاقبلوا فإن لم يفعلوا فخذوا منهم حق الضيف الذي ينبغي لهم

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى بىزنى دەئۋەتكە ئەۋەتىلا، ئاندىن بىز بىرەر قەۋمنىڭ يۇرتىغا چۈشسەك ئۇلار بىزنى مېھمان قىلمايدۇ، ياخشى كۆتمەيدۇ، بىز بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىمىز؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرەر قەۋمنىڭ يۇرتىغا چۈشسەڭلار، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن مېھمانغا، زىياپەتكە لايىق نەرسىگە بۇيرىسا، قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، شۇلارغا لايىق بولغۇدەك مېھماندارچىلىقنىڭ زىياپەتنىڭ ھەققىنى ئېلىڭلار، (يەنى ئامال بولمىسا، رۇخسەتسىز يەۋېرىڭلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى باردۇر)، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان.

4246 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم اوليلة فإذا هو بأبي بكر وعمر فقال : " ما أخرجكما من بيوتكما هذه الساعة ؟ " قالا : الجوع قال : " وأنا والذي نفسي بيده لأخرجني الذي أخرجكما قوموا " فقاموا معه فأتى رجلا من الأنصار فإذا هو ليس في بيته فلما رأته المرأة قالت : مرحبا وأهلا فقال لها رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أين فلان ؟ " قالت : ذهب يستعذب لنا من الماء إذ جاء الأنصاري فنظر إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم وصاحبيه ثم قال : الحمد لله ما أحد اليوم أكرم أضيافا مني قال : فانطلق فجاءهم بعذق فيه بسر وتمر ورطب فقال : كلوا من هذه وأخذ المدية فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إياك والحلوب " فذبح لهم فأكلوا من الشاة ومن ذلك العذق وشربوا فلما أن شبعوا ورووا قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لأبي بكر وعمر : " والذي نفسي بيده لتسألن عن هذا النعيم يوم القيامة أخرجكم من بيوتكم الجوع ثم لم ترجعوا حتى أصابكم هذا النعيم " . رواه مسلم . وذكر حديث أبي مسعود : كان رجل من الأنصار في " باب الوليمة "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىرتتا چىقسا، ناگاھان ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار تۇرغىدەك، ئۇلارغا؛ مۇشۇ سائەتتە سىلەرنى ئۆيۈڭلاردىن نىمە سىرتتا چىقاردى؟دېدى، ئۇلار: قۇساقنىڭ ئاچلىقى دېدى، رەسۇلۇللاھ : جېنىم قول ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى مىنىمۇ سىلەرنى چىقارغان نەرسە سىرتتا چىقاردى، يۈرۈڭلار دېدى، ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئەنسارلاردىن بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇكىشى ئۆيىدە يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئايالى رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ؛ مەرھابا، خۇش كەپسىلەر،ئۆيگە كىرىڭلار دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ئېرىڭىز پالانى قېنى؟ دېدى، ئۇئايال؛ بىزگە قۇدۇقتىن تاتلىق سۇ ئېلىپ كەلگىلى كەتتە دېدى، دەل شۇ چاغدا ئەنسارى كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا ۋە ساھابىلىرىغا قاراپ؛ ئەلھەمدۇ لىللاھ، بۈگۈن مەندىنمۇ مېھمانلىرى ئۇلۇغ ھۆرمەتلىك بىرەر كىشى يوق دەپ، ئۇلارغا بىر ساپاق ھۆل خورما ، خورما غورىسى، ۋە پىششىق قۇرۇق خورما كەلتۈردى، ئاندىن بۇنىڭدىن يىگەچ تۇرۇڭلار دەپ پىچاقنى قولىغا ئالدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ؛ يىلىنىدە سۈتى بار بوغاز ئۇلاغنى ، يېنىدا بالىسى بار ئۇلاغنى بوغۇزلاشتىن ھەزەر قىلغىن دېدى، ئۇكىشى ئۇلارغا مال بوغۇزلاپ، گۆش پۇشۇرۇپ مېھمان قىلدى، ئۇلار قوي گۆشلىرىنى ۋە ئەشۇ ھۆل ـ قۇرۇق خورملارنى يېدى، ئىچىملىك ئىچتى، قۇساقلىرى تويۇپ، ئىچىملىككە قانغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى مۇشۇ نىئمەتتىن سوراق ـ سۇئال قىلىنىسىلەر، ھېساپ بېرىسىلەر، سىلەرنى ئۆيۈڭلاردىن ئاچلىق چىقارغان ئىدى،

| |
|---|
| ئاندىن سىلەرگە بۇ نىئمەت يەتمىگىچە قايتمىدىڭلار،ئەمدى سورىلىسىلەر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. |
| **4247 – [ 5 ] الفصل الثاني عن المقدام بن معدي كرب سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " أيما مسلم ضاف قوما فأصبح الضيف محروما كان حقا على كل مسلم نصره حتى يأخذ له بقراه من ماله وزرعه " . رواه الدارمي وأبو داود وفي رواية : " وأيما رجل ضاف قوما فلم يقروه كان له أن يعقبهم بمثل قراه "**<br><br>مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر مۇسۇلمان بىرەر قەۋمنىڭ يېنىغا مېھمان بولۇپ چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ مېھماندارچىلىقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە شۇمېھمانغاياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن،زىرائەتلىرىدىن ئۇنىڭ مېھمان بولۇش زىياپىتىنىڭ مىقدارىدا ئېلىپ بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ. (يەنى ئىزنىسىزلا يېسە گۇناھ بولمايدۇ) قايسى بىر مۇسۇلمان بىرەر قەۋمنىڭ يېنىغا مېھمان بولۇپ چۈشسە، ئۇلار ئۇنى مېھمان قىلمىسا، ئۇكىشى مېھمان بولۇش زىياپىتىنىڭ مىقدارىدا ئۇلاردىن ئىزنىسىز نەرسە ئېلىپ يېسە گۇناھ بولمايدۇ.ئەبۇداۋۇد، دارىمى تولىغان. |
| **4248 – [ 6 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي الأحوص الجشمي عن أبيه قال : قلت : يا رسول الله أرأيت إن مررت برجل فلم يقرني ولم يضفني ثم مر بي بعد ذلك أأقريه أم أجزيه ؟ قال : " بل اقره " . رواه الترمذي**<br><br>ئەبۇلئەھۋەسنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، ئەگەر مەن بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتسەم، ئۇمېنى مېھمان قىلمىسا، ماڭا زىياپەت بەرمىسە، ئاندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتكەندە، مەن ئۇنى مېھمان قىلامدىم؟ ياكى ئۇنى قىلمىشىغا يارىشا جازالامدىم؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ياق، بەلكى ئۇنى مېھمان قىلىسەن دېدى.تىرمىزى توپلىغان. |
| **4249 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن أنس أو غيره أن رسول الله صلى الله عليه وسلم استأذن على سعد بن عبادة فقال : " السلام عليكم ورحمة الله " فقال سعد : وعليكم السلام ورحمة الله ولم يسمع النبي صلى الله عليه وسلم حتى سلم ثلاثا ورد عليه سعد ثلاثا ولم يسمعه فرجع النبي صلى الله عليه وسلم فاتبعه سعد فقال : يا رسول الله بأبي أنت وأمي ما سلمت تسليمة إلا هي بأذني : ولقد رددت عليك ولم أسمعك أحببت أن أستكثر من سلامك ومن البركة ثم دخلوا البيت فقرب له زبيبا فأكل نبي الله صلى الله عليه وسلم فلما فرغ قال : " أكل طعامكم الأبرار وصلت عليكم الملائكة وأفطر عندكم الصائمون " . رواه في " شرح السنة "**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئدىنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە ئىزنى سوراپ:ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ دېدى، سەئدى؛ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇ**الله** دەپ بوشراق دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئاڭلىماي، ئۈچ قېتىم سالام قىلدى، سەئدمۇ ئۈچ قېتىم سالام قايتۇردى، لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئاڭلىماي قايتىپ كەتتى، سەئدى ئەگىشىپ چىقىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇنكى ، سىلى ھەر قېتىم سالام قىلغاندا مەن ئۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، سىلىگە سالام قايتۇرۇپ تۇردۇم، لېكىن مەن بىزگە سىلىنىڭ سالاملىرىنىڭ بەركەتلىرى كۆپ بولسۇن ئۈچۈن سىلىگە قايتۇرغان سالامىنى ئاڭلاتمىدىم دېدى، ئاندىن ئۇلار ئۆيىگە كىردى، رەسۇلۇللاھقا قۇرۇق ئۈزۈم يېمىش كەلتۈرۈلدى، ئۇنى يەپ تاماقتىن پارىغ بولغاندا: تائامىڭلارنى ياخشى كىشىلەر يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت يوللىدى، ئۆيۈڭلاردا روزا تۇتقانلار ئىپتار قىلدى،دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. |
| **4250 – [ 8 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي سعيد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " مثل المؤمن ومثل الإيمان كمثل الفرس** |

**في آخيته يجول ثم يرجع إلى آخيته وإن المؤمن يسهو ثم يرجع إلى الإيمان فأطعموا طعامكم الأتقياء وأولوا معروفكم المؤمنين " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان " وأبو نعيم في " الحلية "**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن بىلەن ئىماننىڭ ئوخششى ، ئات بىلەن ئۇنىڭ ئۇقۇرىغا ئوخشايدۇ، ئات جەۋلان قىلىپ ئايلىنىپ ئاخىر ئۆز ئۇقۇرىنى تاپقاندەك، مۆئمىن كىشىمۇ سەھۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى تۆۋبە بىلەن ئىمانىغا قايتىدۇ.تائامىڭلارنى تەقۋادارلارغا بېرىڭلار، ياخشىلىقىڭلارنى مۆئمىنلەرگە قىلىڭلار.بەيھەقى، ئەبۇنۇئەيم توپلىغان.

**4251 – [ 9 ] عن عبد الله بن بسر قال : كان للنبي صلى الله عليه وسلم قصعة يحملها أربعة رجال يقال لها : الغراء فلما أضحوا وسجدوا الضحى أتي بتلك القصعة وقد ثرد فيها فالتفوا عليها فلما كثروا جثا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال أعرابي : ما هذه الجلسة ؟ فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن الله جعلني عبدا كريما ولم يجعلني جبارا عنيدا " ثم قال : " كلوا من جوانبها ودعوا ذروها يبارك فيها " . رواه أبو داود**

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەررائ ئىسىملىك چوڭ بىر داس قاچىسى بار ئىدى، ئۇنى تۆت كىشى كۆتۈرۈپ يۆتكەيتتى، قۇربانلىق قىلىسا، شورپىنى گۆشلىرى بىلەن قوشۇپ شۇ قاچىغا تۆكۈپ، ساھابىلىرى بىلەن بىرگە چۆرىسىدىن، ئەتراپىدىن يەيتتى، چۈنكى، بەرىكەت ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ.بىر قېتىم قۇربانلىق قىلىپ، چاشكا نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، ئەشۇ چوڭ داس قاچا كەلتۈرۈلدى، شورپا گۆش بىلەن بىرگە شۇ داسقا تۆكۈلگەن ئىدى، ئۇلار توپلۇشۇپ، داسنى چۆرىدەپ ئولتۇردى، ئۇلار ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ (ئورۇننى كەڭرىتىش ئۈچۈن)تىزلىنىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، بىر ئەئرابىي؛ بۇ قانداق ئولتۇرۇش؟دېدى، رەسۇلۇللاھ : ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مىنى سېخى، ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ بەندە قىلدى، مىنى جەببار، زۇلۇمكەش زومىگەر، زالىم، ھەقىقەتكە بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان، ھەقىقەتتىن مايىل بولىدىغان قىلمىدى، چۆرىسىدىن، ئەتراپىدىن يەپ، ئۈستىنى، ئوتتۇرىنى قالدۇرۇپ تۇرۇڭلار، بەرىكەت شۇ جايغا بېرىلىدۇ، دېدى. ئەبۇ داۋۇدنىڭ 3281 _ ھەدىسى، ئىبنى ماجە 3254 _ ھەدىس. سەھىھ.

**4252 – [ 10 ] وعن وحشي بن حرب عن أبيه عن جده : أن أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم قالوا : يا رسول الله إنا نأكل ولا نشبع قال : " فلعلكم تفترقون ؟ " قالوا : نعم قال : " فاجتمعوا على طعامكم واذكروا اسم الله يبارك لكم فيه " . رواه الترمذي**

ۋەھشى ئىبنى ھەربىنىڭ بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ساھابىلەر؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز تاماق يىسەك تويمايمىز، بۇ نىمە ئىش؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەر تاماقنى مۇتەپەررىق بۆلۈپ بۆلۈنۈپ يەيدىغان ئوخشايسىلەر دېدى، ئۇلار؛ ھەئە شۇنداق دىگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ تاماقىڭلارغا ھەممىڭلار بىرلىشىپ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ يەڭلار، شۇنداق قىلغاندا سىلەر ئۈچۈن تائامدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، دېدى. ئەھمەد ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى،ئىبنى ھەببان، ئىبنى ماجە ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

**4253 – [ 11 ] الفصل الثالث عن أبي عسيب مرسل ضعيف قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم ليلا فمر بي فدعاني فخرجت إليه ثم مر بأبي بكر فدعاه فخرج إليه ثم مر بعمر فدعاه فخرج إليه فانطلق حتى دخل حائطا لبعض الأنصار فقال لصاحب الحائط : " أطعمنا بسرا " فجاء بعذق فوضعه فأكل رسول الله صلى الله عليه وسلم وأصحابه ثم دعا بماء بارد فشرب فقال : " لتسألن عن هذا النعيم يوم القيامة " قال : فأخذ عمر العذق فضرب فيه الأرض حتى تناثر البسر قبل رسول الله صلى الله**

**عليه وسلم ثم قال : يا رسول الله إنا لمسؤولون عن هذا يوم القيامة ؟ قال : " نعم إلا من ثلاث خرقة لف بها الرجل عورته أو كسرة سد بها جوعته أو حجر يتدخل فيه من الحر والقر " . رواه أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان " . مرسلا**

ئەبۇئۇسەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، مىنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ مىنى چاقىردى، مەن چىقتىم، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنى چاقىردى، ئۇمۇ چىقتى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنى چاقىردى، ئۇمۇ چىقتى، ئاندىن مېڭىپ ئەنسارلارنىڭ بەزىسىنىڭ باغۇ-بوستانلىقىغا كىرىپ ئۇنىڭغا؛ بىزگە توك خورما غورىلىرىدىن تاماق بەرگىن دېدى، ئۇكىشى بىر ساپاق خورما كەلتۈرۈپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى ئۇنىڭدىن يېدى، ئاندىن سوغۇق،مۇزلۇق سۇ كەلتۈرۈپ ئىچتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قىيامەت كۈنى مۇشۇ نېئمەتلەر توغرىسىدا چۇقۇم سوراققا تارتىلىسىلەر دېدى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خورما ساپىقىنى ئېلىپ يەرگە بىرنى ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ توك غورۇلىرى رەسۇلۇللاھ تەرەپكە چاچراپ كەتتى، ئاندىن ئۇ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز قىيامەت كۈنى مۇشۇنىڭدىنمۇ سورىلىمىزمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە سورىلىسىلەر، پەقەت ئۈچ نەرسىدىن سورالمايسىلەر، ئۇلار: كىشى ئەۋرىتىنى يۆگەپ ياپقان لاتا كىيىم، ئاچلىقىنى توسقۇدەك بىر پارچە نان، ئىسسىق-سوغۇقتىن ساقلىنىپ كىرىۋالغان كىچىككىنە ھۇجرا ئۆيدۇر دېدى. بەيھەقى.

**4254 – [ 12 ]** ( **لم تتم دراسته** )**وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وضعت المائدة فلا يقوم رجل حتى ترفع المائدة ولا يرفع يده وإن شبع حتى يفرغ القوم وليعذر فإن ذلك يخجل جليسه فيقبض يده وعسى أن يكون له في الطعام حاجة " رواه ابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوسقان سېلىنىپ قالسا، ئېلىنمىغۇچە ھېچكىم قوپمىسۇن، گەرچە ئۆزى تويغان بولسىمۇ باشقىلار يەپ بولمىغۇچە قولىنى تائامدىن تارتىۋالمىسۇن، ئۇنداق قىلسا، بىللە ئولتۇرغان كىشىنى خىجىل قىلىپ قويىدۇ، ئۇكىشىنىڭ تائامغا ھاجىتى بولۇشى مۇمكىن. ئىبنى ماجە، بەيھەقى خاتىرلىگەن. زەئىپ ھەدىستۇر.

**4255 – [ 13 ]** ( **لم تتم دراسته** ) **ضعيف وعن جعفر بن محمد عن أبيه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أكل مع قوم كان آخرهم أكلا . رواه البيهقي في " شعب الإيمان " مرسلا**

جەئپەر ئىبنى مۇھەممەددىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋم بىلەن تائام يەپ قالسا، ئەڭ ئاخىرىدىمۇ يەيتتى، بەيھەقى خاتىرلىگەن مۇرسەل، زەئىپ.

**4256 – [ 14 ] وعن أسماء بنت يزيد قالت : أتي النبي صلى الله عليه وسلم بطعام فعرض علينا فقلنا : لا نشتهيه . قال : " لا تجتمعن جوعا وكذبا " . رواه ابن ماجه**

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاماق كەلتۈرۈلۈپتى، ئۇنى بىزگىمۇ تەڭلىدى، بىز؛ (رەسۇلۇللاھنىلا يېسۇن دەپ)بىز ھازىر تاماق يېمەيمىز،يېگىمىز يوق دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قورساقنىڭ ئاچلىقى بىلەن يالغان سۆزنى بىرلەشتۈرمەڭلار، يەنى قورسىقىڭلار ئاچ تۇرۇپ قورسىقىم توق دېمەڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

| |
|---|
| 4257 – [ 15 ] وعن عمر بن الخطاب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كلوا جميعا ولا تفرقوا فإن البركة مع الجماعة " . رواه ابن ماجه<br><br>ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەممىڭلار بىرلىشىپ تۇرۇپ تاماق يەڭلار، مۇتەپەررىق بولماڭلار، ئايرىم ــ ئايرىم يېمەڭلار، چۈنكى، بەرىكەت جامائەت بىلەن بىللە بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن. |
| 4258 – [ 16 ] وعن أبي هريرة ضعيف قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من السنة أن يخرج الرجل مع ضيفه إلى باب الدار " . رواه ابن ماجه<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى مېھمىنىنى ئۇزاتقاندا، ھويلىسىنىڭ ئىشىكىگىچە چىقىشى سۈننەتتۇر. ئىبنى ماجە يالغۇز خاتىرلىگەن، زەئىپتۇر. |
| 4259 – [ 17 ] ( لم تتم دراسته ) ورواه البيهقي في " شعب الإيمان " عنه وعن ابن عباس وقال : في إسناده ضعيف |
| 4260 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته ) منكروعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الخير أسرع إلى البيت الذي يؤكل فيه من الشفرة إلى سنام البعير " . رواه ابن ماجه<br><br>ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پىچاقدىن يەنى خىزمەتنىڭ ياخشىلىقىدىن تۆگىنىڭ لوكىسىغىچە يېيىلگەن ئۆيگە ياخشىلىق ئالدىرايدۇ، ئىبنى ماجە يالغۇز خاتىرلىگەن بولۇپ، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى ئارىسىدا جۇبارەت دېگەن كىشى بولۇپ، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا ئۇنىڭ ھەدىسلىرى پۈتۈنلەي يالغان دېگەن. ئەبۇ داۋۇد مۇنكەر دېگەن. ئىككىنچى راۋىيسى ئابدۇراھمان ئىبنى نوھشەل بولۇپ، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىسھاق، ئۇ كاززاپ دېگەن، ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ، مەترۇك يەنى يالغانچى دەپ ئەيىبلىگەن. خۇلاسە كالام بۇ ھەدىس مۇنكەر. |
| باب أكل المضطر<br><br>زۆرۈرىيەتكە چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ يېيىشى توغرىسىدا |
| وهذا الباب خال من الفصل الأول والفصل الثالث |
| 4261 – [ 1 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته ) عن الفجيع العامري أنه أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : ما يحل لنا من الميتة ؟ قال : " ما طعامكم ؟ " قلنا : نغتبق ونصطبح قال أبو نعيم : فسره لي عقبة : قدح غدوة وقدح عشية قال : " ذاك وأبي الجوع " فأحل لهم الميتة على هذه الحال . رواه أبو داود<br><br>پۇجەيئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ بىزگە ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكتىن نىمە ھالال بۇلىدۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ: سىلەرنىڭ ھازىرقى تاماقىڭلار نىمە؟دىدى، ئۇ؛ بىز ئەتىگەن ـ ئاخشامدا بىر قاچىدىنلا سۈت ئىچەلەيمىز، شۇنىڭ ئۈزىلا قاتتىق ئاچارچىلىقتۇر دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇشۇنداق قاتتىق ئاچ قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى ھالال قىلىپ بەردى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان. |

**4262 – [ 2 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي واقد الليثي أن رجلا قال : يا رسول الله إنا نكون بأرض فتصيبنا بها المخمصة فمتى يحل لنا الميتة ؟ قال : " ما لم تصطبحوا وتغتبقوا أو تحتفئوا بها بقلا فشأنكم بها " . معناه : إذا لم تجدوا صبوحا أو غبوقا ولم تجدوا بقلة تأكلونها حلت لكم الميتة . رواه الدارمي**

ئەبۇۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز بىر زىمىندا ياشايمىزكى، بىزگە ئۇيەردە قاتتىق ئاچارچىلىق يىتىدۇ، بىزگە ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك قاچان ھالال بۇلىدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەتىگەن ـ ئاخشامدا بىر قاچىدىنلا سۈت ئىچەلمىسەڭلار، ياكى سەي ـ كۆكتات بىلەنمۇ بولسا جان باقالمىساڭلار، ئاندىن ئۇنىڭدىن خالىساڭلار يەڭلار دېدى. ئۇنىڭ مەنىسى؛ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئىچىدىغان بىر قاچىدىنمۇ سۈت تاپالمىساڭلار، يىگىدەك سەي ـ كۆكتاتنىمۇ تاپالمىساڭلار، ئاندىن سىلەرگە ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك ھالال بۇلىدۇ دېدى. دارىمى توپلىغان.(ئۇنىمۇ يىمىسە، ئۆلىدۇ ـدە ئەلۋەتتە، زۆرۈرىييەتتە ھالاللىقى قۇرئاندابار)

**باب الأشربة – الفصل الأول** **ئىچىملىك توغرىسىدا**

**4263 – [ 1 ] ( متفق عليه )عن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتنفس في الشراب ثلاثا . متفق عليه . وزاد مسلم في رواية ويقول : " إنه أروى وأبرأ وأمرأ "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىملىك ياكى سۇ ئىچسە، (قاچىنىڭ ئىچىشغا) ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچەتتى، ۋە شۇنداق ئىچىش بەك سىڭىشلىك، مەنپەئەتلىك، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ سىلىق ئۆتىدۇ، سالامەتلىككە ياخشى پايدىلىق دەيتتى. ئەھمەد 12456 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3239 ـ ھەدىس، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ۋە تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**2464 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عباس قال نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الشرب من في السقاء**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشدىن توسقان. بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشدىن، نىجاسەت يىگەن ھايۋانغا مىنىشدىن، (گۆشىنى يىيىشدىن، سۈتىنى ئىچىشدىن)، ئوقيا بىلەن قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىپ مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى يىيىشدىن توسقان. ئەھمەد، ھاكىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4265 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن أبي سعيد الخدري قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن اختناث الأسقية . زاد في رواية : واختناثها : أن يقلب رأسها ثم يشرب منه**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن سۇ ئىچىشتىن، سۇنۇق، يۇچۇق يىرىدىن ئىچىشدىن، سۇندۇرۇپ، شۇ جايدىن ئىچىشدىن توسقان. مۇسلىم 3769 ـ ھەدىس، بۇخارى 5194 ـ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4266 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه نهى أن يشرب الرجل قائما . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئىچىملىك ئىچىشىدىن توسقان. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4267 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يشربن أحد منكم قائما فمن نسي منكم فليستقئ " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ھەرگىز ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچىملىك ئىچمىسۇن، (ئەگەر ئۇنتۇپ قىلىپ، ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچىپ سالسا ئۇنى قۇسىۋەتسۇن). مۇسلىم توپلىغان،ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ، لېكىن، قۇسىۋەتسۇن دېگىنى زەئىپ دېگەن.

**4268 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عباس قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم بدلو من ماء زمزم فشرب وهو قائم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەمزەم سۈيىنى چېلەك، سوغا بىلەن ئېكىلىپ بەرسەم، ئۇنى ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچكەن ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**4269 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن علي رضي الله عنه : أنه صلى الظهر ثم قعد في حوائج الناس في رحبة الكوفة حتى حضرت صلاة العصر ثم أتي بماء فشرب وغسل وجهه ويديه وذكر رأسه ورجليه ثم قام فشرب فضله وهو قائم ثم قال : إن أناسا يكرهون الشرب قائما وإن النبي صلى الله عليه وسلم صنع مثل ما صنعت . رواه البخاري**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن كۇپىدىكى بىر مەيداندا ئەسرىنىڭ ۋاقتى كىرگىچە، كىشىلەرنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ئولتۇردى، ئاندىن سۇ كەلتۈرۈلۈپتى ئۇنى ئىچىپ، يۈزىنى،ئىككى قولىنى يۇيۇپ، بېشىغا مەسھ قىلىپ، ئىككى پۇتىنىمۇ يۇيۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇنىڭ ئاشقىنىنى ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچىپ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆرە تۇرغان ھالدا سۇ ئىچىشنى ياقتۇرمايدىكەن، ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن قىلغاندەكلا قىلغان ئىدى(يەنى تاھارەتتىن كېيىن ئاشقان سۇنى ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچكەن ئىدى)دېدى.بۇخارى توپلىغان.

**427 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل على رجل من الأنصار ومعه صاحب له فسلم فرد الرجل وهو يحول الماء في حائط فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن كان عندك ماء بات في شنة وإلا كرعنا ؟ " فقال : عندي ماء بات في شن فانطلق إلى العريش فسكب في قدح ماء ثم حلب عليه من داجن فشرب النبي صلى الله عليه وسلم ثم أعاد فشرب الرجل الذي جاء معه . رواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا، بوستانلىرىغا سۇ قويۇۋاتقان ئەنسارلاردىن بىر كىشىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى، ئۇكىشىمۇ سالام قايتۇرغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ: ئەگەر ئۆيۈڭدە بوگۈن بىر كېچە تۇلۇمدا تۇرغان مۇزلۇق سۇ بولسا، بىزنى شۇ سۇ بىلەن سۇغارغىن، ئەگەر ئۇنداق سۇ بولمىسا، بىز مۇشۇ ئېرىقدىنلا سۇ ئىچەيلى،دېدى، ئۇ كىشى؛يېنىمدا شۇنداق سۇ بار دەپ،باراڭ ئاستىغا بېرىپ، قاچىغا سۇنى قۇيۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆي قويىنى سېغىپ، سۇتىنى سۇغا ئارلاشتۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۇغاردى،ئاندىن يەنە بىر قاچا ئەكىلىۋىدى ئۇنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى كىشى ئىچتى.بۇخارى 5182 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3236 _

ھەدىس، ئەھمەد 13994 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3423 _ ھەدىس، دارمى 2031 _ ھەدىس، سەھىھ.

**4271 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن أم سلمة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الذي يشرب في آنية الفضة إنما يجرجر في بطنه نار جهنم " . متفق عليه . وفي رواية لمسلم : " إن الذي يأكل ويشرب في آنية الفضة والذهب "**

ئۇممەت سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئالتۇن قاچا، كۈمۈش قاچىلاردا تائام يىگەن، شاراپ، ئىچىملىك ئىچكەن كىشىنىڭ قورسىقىدا جەھەننەم ئوتى ئۇياقىدىن _ بۇياققا ھەرىكەتلىنىپ،غولدۇرلايدۇ.بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. تەبرانى تۆۋەنكى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا دىگەننى زىيادە خاتىرلىگەن، مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن قاچا، كۈمۈش قاچىدا ئىچىملىك ئىچىشىدىن، نەرسە يىيىشىدىن توسقان، ئەرلەرنى ئالتۇن سىلىش، يىپەك كىيىم كىيىشىدىن توسقان، يىلپىزنىڭ تېرىسىدىن كىيىم كىيىشىدىن، ئۇ تېرىگە مىنىشىدىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4272 – [ 10 ] ( متفق عليه ) وعن حذيفة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تلبسوا الحرير ولا الديباج ولا تشربوا في آنية الذهب والفضة ولا تأكلوا في صحافها فإنها لهم في الدنيا وهي لكم في الآخرة "**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يىپەك رەختتە كىيىم _ كېچەك كىيمەڭلار، يىپەك ئارىلاش نەرسىنىمۇ كىيمەڭلار، قىلىن ھەم نېپىز يىپەك كۆرپە ۋەھاكازالارغا مىنمەڭلار. ئالتۇن قاچىدا، كۈمۈش قاچىدا ئىچىملىك ئىچمەڭلار، ئۇنىڭ قاچا، تەخسە، پەتنۇسلىرىدا تاماق يىمەڭلار، چۈنكى، بۇلار بۇ دۇنيادا دىنسىزلار ئۇچۇندۇر، ئاخىرەتتە سىلەر ئۇچۇندۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4273 – [ 11 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : حلبت لرسول الله صلى الله عليه وسلم شاة داجن وشيب لبنها بماء من البئر التي في دار أنس فأعطي رسول الله صلى الله عليه وسلم القدح فشرب وعلى يساره أبو بكر وعن يمينه أعرابي فقال عمر : أعط أبا بكر يا رسول الله فأعطى الأعرابي الذي عن يمينه ثم قال : " الأيمن فالأيمن وفي رواية : " الأيمنون الأيمنون ألا فيمنوا "**

ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، سەھلى ئىبنى سەئىد، ئىبنى زۇبەيىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆي قويىمىزنى سىغىپ، سۈتكە ھويلىمىزدىكى قۇدۇقنىڭ سۈيىنى ئارلاشتۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا بەردىم، رەسۇلۇللاھنىڭ سول تەرىپىدە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ئوڭ تەرىپىدە بىر ئەئرابىي بار ئىدى، ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئىچىپ بولۇپ ئۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەرسىلە دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈتنى ئىچىپ بولۇپ سول تەرىپىدىكى ئەبۇ بەكرىگە بەرمەي، ئوڭ تەرىپىدىكى بىر ئەئرابىغا بېرىپ، مۇنداق دىدى؛ ئوڭ تەرەپىدىن، ئوڭ تەرەپتىن كەلسۇن، ئوڭ تەرەپتىكىلەرگە ئاۋۋال بېرىڭلار. تىرمىزى، 1815 _ ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد 3238 _ ھەدىس، ئەھمەد 12941 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە، مالىك، دارمى، بەيھەقى، نەسەئى ، سەھىھ.

**4274 – [ 12 ] ( متفق عليه ) وعن سهل بن سعد قال : أتي النبي صلى الله عليه وسلم بقدح فشرب منه وعن يمينه غلام أصغر القوم والأشياخ عن يساره فقال : " يا غلام أتأذن أن أعطيه الأشياخ ؟ " فقال : ما كنت لأوثر بفضل منك أحدا يا رسول**

الله فأعطاه إياه   وحديث أبي قتادة سنذكر في " باب المعجزات " إن شاء الله تعالى

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قاچا ئىچىملىك كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قەۋمىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان بىر بالا، سول تەرىپىدە پىشقەدەم شەيخلەر بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىملىكنى ئىچىپ بولۇپ، سول تەرىپىدىكى بالىغا؛ ئى غۇلام! بۇنى ماۋۇ پىشقەدەملەرگە بېرىشىمگە رۇخسەت قىلامسەن؟دېدى، ئۇ بالا؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلىدىن ئاشقان ئىچىملىكنىڭ پەزلى بەركىتىنى ھېچ كىشىگە بەرمەيمەن، مەن ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىمەن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئىچىملىكنى ئۇنىڭغا بەردى. بۇخارى، مۇسلىم.

**4275 – [ 13 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن ابن عمر قال : كنا نأكل على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم ونحن نمشي ونشرب ونحن قيام . رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح غريب**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا مېڭىپ يۈرگەن ھالدا تاماق يەۋېرەتتۇق، ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچىملىك ئىچىۋېرەتتۇق.تىرمىزى،دارىمى،ئىبنى ماجە،سەھىھ.

**4276 – [ 14 ] ( حسن ) وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يشرب قائما وقاعدا . رواه الترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆرە تۇرغان ھالدا ۋە ئولتۇرغان ھالدا ئىچىملىك ئىچكىنىنى كۆرگەن ئىدىم.تىرمىزى توپلىغان ھەسەن.

**4277 – [ 15 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يتنفس في الإناء أو ينفخ فيه . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچىنىڭ ئىچىگە تىنىشتىن، نەپەسلىنىشتىن ياكى پۈۋلەشتىن توسقان. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4278 – [ 16 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تشربوا واحدا كشرب البعير ولكن اشربوا مثنى وثلاث وسموا إذا أنتم شربتم واحمدوا إذا أنتم رفعتم " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:تۆگە سۇ ئىچكەندەك، بىرلا قېتىمدا ئىچمەڭلار، لېكىن ئىككى، ئۈچ قېتىم ئىچىڭلار، ئىچكەن چاغدا بىسمىللاھى دەڭلار، ئىچىپ بولۇپ ئاغزىڭلارنى كۆتۈرگەندە، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىڭلار.تىرمىزى توپلىغان.

**4279 – [ 17 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن النفخ في الشراب فقال رجل : القذاة أراها في الإناء قال : أهرقها " قال : فإني لا أروى من نفس واحد قال : " فأبن القدح عن فيك ثم تنفس  . رواه الترمذي والدارمي**

ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاراپقا پۈۋدەشتىن توستى، بىر ئەر قاچىدا ئەخلەتنى كۆرسەمچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆكۈۋەت دېدى. ئۇ ئەر مەن بىرلا تىنىپ ئىچىملىككە قانمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

| |
|---|
| قەدەھنى ئاغزىڭدىن نېرى قىلىپ ئاندىن تىنىۋال دېدى، تىرمىزى، دارىمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، چۈنكى، راۋىيلار ئارىسىدا نامەلۇم كىشى بار. |
| **4280 – [ 18 ] وعنه قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الشرب من ثلمة القدح وأن ينفخ في الشراب رواه أبو داود**<br><br>ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەدەھنىڭ، قاچىنىڭ سۇنۇق، پۇچۇقىدىن ئىچىشتىن، ئىچىملىككە پۈۋلەشدىن توسقان. ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىملىكنىڭ ئىچىگە پۈۋلەشدىن، نەپەسلىنىشدىن، قەدەھ، قاچىنىڭ پۇچۇق ـ سۇنۇقىدىن ئىچىشدىن ياكى قۇلىقى بار جايىدىن ئىچىشتىن توسقان. تەبرانى تويلىغان، ھەسەن. چۈنكى، شۇنداق قىلىشتا كىشىگە زىيان باردۇر. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماققا، شاراپ، ئىچىملىككە پۈۋلەشدىن توسقان. (پاكىز مىۋىگىمۇ شۇنداق، لېكىن، تازىلاش ئۈچۈن بولسا مەيلى، پۈۋلەپ يېيىش دۇرۇس). تەبرانى تويلىغان، ھەسەن. |
| **4281 – [ 19 ] ( صحيح ) وعن كبشة قالت : دخل علي رسول الله صلى الله عليه وسلم فشرب من في قربة معلقة قائما فقمت إلى فيها فقطعته . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب صحيح**<br><br>كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ، ئۆرە تۇرغان ھالدا ئېسىقلىق تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن سۇ ئىچتى، ئاندىن مەن دەرھاللا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇ تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى كىسىۋېلىپ (تەبەررۇك ئۈچۈن ئۆيۈمدە ساقلىدىم)تىرمىزى، ئىبنى ماجە تويلىغان سەھىھ. |
| **4282 – [ 20 ] وعن الزهري عن عروة عن عائشة قالت : كان أحب الشراب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم الحلو البارد . رواه الترمذي وقال : والصحيح ما روي عن الزهري عن النبي صلى الله عليه وسلم مرسلا**<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شاراپ، ئىچىملىكنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، سوغۇق، مۇزلۇق تاتلىقى ئىدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم تويلىغان، سەھىھ. |
| **4283 – [ 21 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أكل أحدكم طعاما فليقل : اللهم بارك لنا فيه وأطعمنا خيرا منه . وإذا سقي لبنا فليقل : اللهم بارك لنا فيه وزدنا منه فإنه ليس شيء يجزى من الطعام والشراب إلا اللبن " . رواه الترمذي وأبو داود**<br><br>ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىركىشى تائام يىسە، مۇنداق دىسۇن؛ ئى ئاللاھ بۇ تائامدا بىزگە بىركەت بەرسىلە، ئۇنىڭدىن ياخشىنى بىزگە ئاتا قىلسىلا، سۈت بىلەن سۇغۇرۇلسا مۇنداق دىيسۇن؛ ئى ئاللاھ، بىز ئۈچۈن بۇنىڭدا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىزگە ئۇنىڭدىن زىيادە قىلىپ بەرسىلە، تائام ۋە شاراپقا سۈتتىن باشقىسى كۇپايە قىلمايدۇ، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئىمام ئەلبانى زەئىپ دەپ. بۇ ھەدىسنى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ 381 ـ ھەدىسىدە ھەسەن دىگەن. |
| **4284 – [ 22 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : كان النبي صلى الله عليه وسلم يستعذب له الماء من السقيا . قيل : هي عين بينها وبين المدينة يومان . رواه أبو داود**<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇغۇرۇش ئۆيلىرىدىن، سۇغۇرۇش |

قۇدۇقلىرىدىن تاتلىق سۇ كەلتۈرۈلەتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.بۇ تاتلىق سۇ چىقىدىغان قۇدۇق بىلەن مەدىنىنىڭ ئارلىقى ئىككى كۈنلۈك يول ئىدى.

4285 – [ 23 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من شرب في إناء ذهب أو فضة أو إناء فيه شيء من ذلك فإنما يجرجر في بطنه نار جهنم " . رواه الدارقطني

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئالتۇن قاچىدا ياكى كۈمۈش قاچىدا ياكى ئالتۇن ــ كۈمۈشدىن ئىش قوشۇلغان قاچا، قەدەھلەردە شاراپ ئىچىپ قالسا، جەھەننەم ئوتى ئۇنىڭ قورسىقىدا ئۇۋىلاقدىن ـ بۇياققا ھەرىكەتلىنىدۇ. يەنى قورسىقىدا ئوت ئويناخشىيدۇ، دارىقۇتنى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.مەنىسى سەھىھدۇر، بۇ يۇقىردا ئۆتتى.

**باب النقيع والأنبذة – الفصل الأول**

## خورما، قۇرۇق ئۈزۈمدەك نەرسە چىلانغان ئىچىملىك توغرىسىدا

4286 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أنس قال : لقد سقيت رسول الله صلى الله عليه وسلم بقدحي هذا الشراب كله : العسل والنبيذ والماء واللبن . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇشۇ قاچام بىلەن ھەسەل، خورما بىلەن ئۈزۈمدە ياسالغان ئىچىملىك، سۇ ، سۈت قاتارلىق بارلىق ئىچىملىكلەر بىلەن سۇغارغان ئىدىم.مۇسلىم توپلىغان.

4287 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : كنا ننبذ لرسول الله صلى الله عليه وسلم في سقاء يوكأ أعلاه وله عزلاء ننبذه غدوة فيشربه عشاء وننبذه عشاء فيشربه غدوة . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈستى تەرەپتىكى ئاغزى بوغۇچ شوينىسى بىلەن چىگىلىدىغان، ئاستى تەرەپتىن سۈيى سىزىپ ئايرىلىپ كىتىدىغان (ياكى ئىچىملىك ئىچكىلى بولىدىغان ئاغزى ئاستىدا بولغان، يەنى ساپ ئىچىملىك ياسىلىدىغان)تۇلۇمغا خورما،ئۈزۈملەرنى چىلاپ ئىچىملىك قىلىپ بىرەتتۇق، ئەتىگەن تەرەپتە چىلاپ بەرسەك، كەچتە ئىچەتتى، كەچ تەرەپتە چىلاپ بەرسەك، ئەتىگىنى ئىچەتتى.مۇسلىم توپلىغان.بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ سەھىھلىكىگە بارلىق ئالىملار ئىتتىپاقلا كەلگەن.

4288 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم ينبذ له أول الليل فيشربه إذا أصبح يومه ذلك والليلة التي تجيء والغد والليلة الأخرى والغد إلى العصر فإن بقي شيء سقاه الخادم أو أمر به فصب . رواه مسلم

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىچىنىڭ ئەۋۋەلىدە ئىچىملىك چىلاپ بىرىلسە، ئۇنى شۇكۈنى ئەتىسى، ۋە يەنە بىر كىچىسى، ئاندىن ئۇنىڭ ئەتىسى، ۋە كىلەركى يەنە بىر كىچە، ۋە ئۇنىڭ ئەتىسى ئەسىرگىچە ئىچەتتى، ئەگەر ئۇنىڭدىن يەنە ئېشىپ قالغىنى بولسا، ئۇنىڭدا قۇل خادىملارنى سۇغۇراتتى، ياكى ئۇنى تۆكۈۋىتىشكە بۇيرۇيتتى. مۇسلىم توپلىغان.(يەنى ئۈچ كۈنگىچە ئىچەتتى،ئاندىن تۆكۈۋىتەتتى.چۈنكى ئۈزۈن تۇرسا، مەست قىلىدىغان ھاراق بولۇشى ئېنىقلا)

**4289 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : كان ينبذ لرسول الله صلى الله عليه وسلم في سقائ فإذا لم يجدوا سقاء ينبذ له في تور من حجارة . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزىنىڭ تىرە تۇلۇمىغا ئىچىملىك چىلاپ بېرىلەتتى، ئەگەر ئۇلار تىرە تۇلۇم تاپالمىسا، تاشتىن ياسالغان قاچىغا چىلاپ بېرەتتى. مۇسلىم توپلىغان.

**4290 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن الدباء والحنتم والمرفت والنقير وأمر أن ينبذ في أسقية الأدم . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاپاقتا ياسالغان قاچىدىن، دەرەخ كۆتىكىدىن ياسالغان تەڭلە تۇلۇمدىن، لاي، يۇڭ بىلەن، قان بىلەن ياسالغان قاچىدىن، رومكىلاردىن توسقان. تىرە تۇلۇملارغا ئىچىملىك چىلاشقا بۇيرىغان.مۇسلىم توپلىغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  بىر ئەلچىلەرگە مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرنى تۆت ئىشقا بۇيرۇپ، تۆت ئىشدىن توسىمەن، سىلەرنى يالغۇز ئاللاھقىلا ئىمان كەلتۈرۈشكىلارغا بۇيرۇيمەن، ئالاھقا ، تەنھا بىر دەپ ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ھەقىقەتەن بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنىڭ 1/5نى تاپشۇرۇشتۇر. مەن سىلەرنى قاپاقتا ياسالغان قاچىدىن، دەرەخ كۆتىكىدىن ياسالغان تۇلۇمدىن، لاي بىلەن يۇغدىن، قاندىن ياسالغان قاچىدىن، رومكىلاردىن توسىمەن، بەيھەقى، مۇسلىم، بۇخارى قاتارلىقلار خاتىرلىگەن سەھىھ ھەدىستۇر. بۇ ھەدىستە، تۆتكە بۇيرۇيمەن دەپ، بەشنى بۇيرۇغان مەسلىگە ئالىملار مۇنداق دىگەن، تۆتنى ۋەدە بويىچە بۇيرۇغان، بەشىنچىسىنى قوشۇپ قويغان. چۈنكى، ئۇلار ئۇرۇش ۋاختىدا ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇزەر قەبىلىسىنىڭ كاپىرلىرى بىلەن يېقىن ياشايتتى، ھەج تېخى پەرىز بولمىغاچقا تىلغا ئالمىغان. يۇقىرقى ئىچىملىك، تۇلۇم، قاچا _ تاۋاقلارنىڭ چەكلىنىشى مەنسۇخ قىلىنغان،ئەبۇھۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن سىلەرنى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىچىملىك چىلاشدىن توسقان، ئەمدى ھەرقانداق نەرسە بولسا چىلاپ ئىچىڭلار، ئەمما، مەس قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار دىگەن، بۇ ھەدىسنى مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، جۇمھۇر ئالىملار بۇ ھەدىس بىلەن يۇقىرقى قاچامەسلىسى مەنسۇخ دېدى، يەنى ئەمەلدىن قالغان.ئاستىدىكى ھەدىسكە قاراڭ. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئوشۇق يېيىشدىن توسقان ئىدىم، ئەمدى يەۋېرىڭلار، باشقىلارغاسەدىقەقىلىپ بېرىڭلار سىلەر خالىغانچە ساقلاپ، ئېلىپ قويۇڭلار، مەن سىلەرگە ھەرخىل قاچا، تاۋاقلارنىغا ئىچىملىك چىلاپ ئىچمەسلىكىڭلارنى دىگەن، قاپاق تۇتقىسى بار رومكا، ياغاچ بىلەن چېپىپ ياسالغان تۇلۇم، قاچا، ھەنتەم يەنى لاي، يۇڭ بىلەن ياسالغان قاچىلاردىن توسقان ئىدىم، ئەمدى خالىغانچە چىلاپ ئىچىۋېرىڭلار، ھەرقانداق مەست قىلغۇچىدىن ھەزەر قىلىپ، يىراق بولۇڭلار، مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشدىن توسقان ئىدىم، زىيارەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى زىيارەت قىلىۋەرسۇن، لېكىن، سىلەر پاھىشە بەزەپ سۆزلەرنى قىلماڭلار، نەسەئى 2006 _ ھەدىس، سەھىھ.

**4291 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن بريدة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " نهيتكم عن الظروف فإن ظرفا لا يحل شيئا ولا يحرمه وكل مسكر حرام " . وفي رواية : قال : " نهيتكم عن الأشربة إلا في ظروف الأدم فاشربوا في كل وعاء غير أن لا**

**تشربوا مسكرا " . رواه مسلم**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى نۇرغۇن قاچا ــ تاۋاقلاردا ئىچىملىك ئىچىشتىن توسقان ئىدىم، (سەۋەبى ھاراقنىڭ زامانىغا يېقىن ئىدى، ھاراق ئۇ چاغدا ئەمدىلا ھارام قىلىنغان، ھاراقنى ئەسلىمەسلىك ئۈچۈن ھاراق يۇقى بار نەرسىدە نەرسە ئىچمەسلىك ئۈچۈن ئىدى). ھەقىقەتەن تۇلۇن، قاچىلار بىرەر نەرسىنى ھالال ياكى ھارام قىلالمايدۇ، ئەمدى ئىچىۋېرىڭلار. لېكىن، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، ئۇنى قەتئىي ئىچمەڭلار. مەن سىلەرنى تېرىلەردىن بولغان تۇلۇندىن باشقا نەرسىلەردىكى ئىچىملىكلەردىن توسقان ئىدىم، ئەمدى ھەر قانداق تۇلۇن، كوزىلاردا ئىچىۋېرىڭلار، لېكىن، مەست قىلىدىغان شارابنى ئىچمەڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى بەزى بىر تۇلۇنلاردىن توسقان ئىدىم، ئەمدى ھەر قانداق تۇلۇنغا ئىچىملىك چىلىساڭلار بولىدۇ، لېكىن، ھەر قانداق مەست قىلىدىغان نەرسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، يىراق تۇرۇڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4292 – [ 7 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أبي مالك الأشعري أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ليشربن ناس من أمتي الخمر يسموها بغير اسمها " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ھاراقنى ھاراق دېگەن ئىسىمدىن باشقا ئىسىم قويۇپ ئىچىپ كېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھاراقنى باشقا ئىسىم قويۇپ ئىچىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرىدا نەغمە ــ ناۋا، ساز چېلىنىدۇ، ناخشىچى ئاياللار ناخشا ئوقۇيدۇ، ئاللاھتائالا ئۇلارنى يەرگە يۇتتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسىنى مايمۇن، توڭگۇز قىلىۋېتىدۇ (يەنى بۇ ئىشلار قاتتىق ھارام). ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر ھاراقنى، ھاراق دېگەن ئىسىمدىن باشقا بىر ئىسىمنى قويىۋېلىپ، ئىچىپ كەتمىگىچە كېچە ــ كۈندۈزلەر يوقاپ كەتمەيدۇ، (يەنى باشقا ئىسىم بىلەن ھاراقنى ئىچىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4293 – [ 8 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن عبد الله بن أبي أوفى قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن نبيذ الجر الأخضر قلت : أنشرب في الأبيض ؟ قال : " لا " . رواه البخاري**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېشىل تاۋاقنىڭ ئىچىملىكىدىن،يېشىل قاچىغا چىلانغان ئىچىملىكىدىن توستى. مەن: ئاق تاۋاقنىڭ ئىچىملىكىنى ئىچسەك بولامدۇ؟ دېسەم، ياق بولمايدۇ دېدى. ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**باب تغطية الأواني وغيرها – الفصل الأول**

## قاچا ـ تاۋاقلارنىڭ، قازان ـ قوشۇقلارنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇش توغرىسىدا

**4294 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان جنح الليل أو أمسيتم فكفوا**

**صبيانكم فإن الشيطان ينتشر حينئذ فإذا ذهب ساعة من الليل فخلوهم وأغلقوا الأبواب واذكروا اسم الله فإن الشيطان لا يفتح بابا مغلقا وأوكوا قربكم واذكروا اسم الله وخمروا آنيتكم واذكروا اسم الله ولو أن تعرضوا عليه شيئا وأطفئوا مصابيحكم "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداقدىگەن: كەچ قىلغان چېغىڭلاردا باللىرىڭلارنى سىرتتا چىقارماڭلار، چۈنكى شۇ چاغدا جىن ـ شەيتانلار كۆپ تارقايدۇ، كېچىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندە ئاندىن ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، ئىشىكلەرنى بىسمىللاھ دەپ تاقاڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان قۇلۇپ سېلىنغاندا بىسمىللاھ دەپ تاقالغان ئىشىكنى ئاچالمايدۇ، قاچا ــ قۇچىلارنى، قازان ــ قومۇشلارنى، تۇلۇنلارنى بىسمىللاھ دەپ يېپىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىڭلار،گەرچە بىرەر ياغاچ، شال قويۇپمۇ بولسا تائام، شارابلارنى يېپىپ قويۇڭلار،( شەيتان بىسمىللاھ دەپ تاقالغان ئىشىكنى ئاچالمايدۇ، يېپىلغان پەردىنى ئاچالمايدۇ، تۇلۇن ئاغزىدىكى بوغۇچنى يېشەلمەيدۇ) ئۇخلىغاندا چىراقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۇخلاڭلار. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4295 – [ 2 ] ( صحيح ) وفي رواية للبخاري : قال : " خمروا الآنية وأوكوا الأسقية وأجيفوا الأبواب واكفتوا صبيانكم عند المساء فإن للجن انتشارا أو خطفة وأطفئوا المصابيح عند الرقاد فإن الفويسقة ربما اجترت الفتيلة فأحرقت أهل البيت "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قاچا ــ قۇچىلارنى يېپىپ قويۇڭلار،سۇ بار تۇلۇننىڭ ئاغزىنى بوغۇپ، چىگىپ قويۇڭلار،ياغاچ تۇلۇن بولسا، ئاغزىنى يېپىپ قويۇڭلار، ئىشىكلەرنى تاقاپ يېتىڭلار، كەچ كىرگەندە باللىرىڭلارنى سىرتتا چىقارماي، ئۆيدە مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن كەچلەردە جىنلار تارقىلىدۇ، ئوغۇرلۇقچە سۆز تىڭشايدۇ، ئۇخلىغاندا چىراقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۇخلاڭلار، چۈنكى پاسىق، نىجىس چاشقان چىراق پىلىكىنى سۆرەپ، ئۆي ئەھلىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، ئوت قويۇپ بېرىدۇ، بۇخارى 3069 ــ ھەدىس، مۇسلىم 3755 ــ ھەدىس، ئەھمەدلەرمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4296 – [ 3 ] ( صحيح ) وفي رواية لمسلم قال : " غطوا الإناء وأوكوا السقاء وأغلقوا الأبواب وأطفئوا السراج فإن الشيطان لا يحل سقاء ولا يفتح بابا ولا يكشف إناء فإن لم يجد أحدكم إلا أن يعرض على إنائه عودا ويذكر اسم الله فليفعل فإن الفويسقة تضرم على أهل البيت بيتهم "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قاچىلارنى يېپىپ قويۇڭلار، تۇلۇنلارنىڭ ئاغزىنى بوغۇچ بىلەن چىگىپ قويۇڭلار، ئىشىكلەرنى تاقاپ، چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ يېتىڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلىنىپ، بىسمىللاھ دەپ چىگىلگەن تۇلۇننىڭ ئاغزىنى يېشەلمەيدۇ، ئىشىكنى ئاچالمايدۇ، قاچىنىڭ ئۈستىدىكى يۇپۇقنى ئاچالمايدۇ، ئەگەر بىرىڭلار ھىچ نەرسە تاپالماي پەقەت شال، ياغاچ تاختا تاپسا، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى قاچىسىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويسۇن، چىراقنى ئۆچۈرۈپ يېتىڭلار دىيىشىم، ھەقىقەتەن چاشقان، شەيتاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۆي ئەھلىگە ئۆينى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، مۇھىت ئاسراشقا،ئوت ئۇچۇرۇشكە ۋە ئالدىنى ئېلىشقا، پاكىزلىققا،تازىلىق تەكشۈرۈشكە،يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بۇ ھەدىس كۈچلۈك دەلىل ــ ئىسپاتتۇر.

**4297 – [ 4 ] ( صحيح ) وفي رواية له : قال : " لا ترسلوا فواشيكم وصبيانكم إذا غابت الشمس حتى تذهب فحمة العشاء**

| |
|---|
| **فإن الشيطان يبعث إذا غابت الشمس حتى تذهب فحمة العشاء "**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كۈن كىرگەن چاغدا، تارقىلىپ كېتىدىغان تۈگە، قويلىرىڭلارنى، سەبىي كىچىك باللىرىڭلارنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى تۈنجى زۇلمىتى كەتكەنگە قەدەر قويۇپ بەرمەڭلار، سىرىتقا چىقارماڭلار، ھەققەتەن شۇ چاغدا جىن ـ شەيتانلار ناھايىتى كۆپ تارقاپ كېتىدۇ. مۇسلىم 3757 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. |
| **4298 – [ 5 ] ( صحيح ) وفي رواية له : قال : " غطوا الإناء وأوكوا السقاء فإن في السنة ليلة ينزل فيها وباء لا يمر بإناء ليس عليه غطاء أو سقاء ليس عليه وكاء إلا نزل فيه من ذلك الوباء "**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قاچىلارنى يېپىپ قويۇڭلار، تۇلۇملارنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپ، چىگىپ قويۇڭلار، چۈنكى، بىر يىل ئىچىدە بىر كىچە بار بولۇپ، بۇ كېچىدە ۋابا كېسىلى چۈشىدۇ، بۇ ۋابا، يېپىپ قويۇلمىغان قاچا، ئاغزى بوغۇلمىغان تۇلۇملارنىڭ يارابىرىدىن ئۆتۈپ قالسىلا، دەرھال ئۇنىڭغا شۇ ۋابا كېسىلىدىن چۈشىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، پاك ـ پاكىز تازىلىق ھەممە كىشىگە پايدىلىق.ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار،دەلىل؛ ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىپ قاچىنى يېپىڭلار. |
| **4299 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : جاء أبو حميد رجل من الأنصار من النقيع بإناء من لبن إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ألا خمرته ولو أن تعرض عليه عودا "**<br><br>جابىر، ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇھۇمەيد نەقىئ دىگەن جايدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قاچا سۈت ئەكەلگەندە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دىگەن: گەرچە ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ شال قويۇپ قويۇپمۇ بولسا، ئۇنى يېپىپ ئەكەلمەپسەن؟ ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم ،بۇخارى، سەھىھ. |
| **4300 – [ 7 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تتركوا النار في بيوتكم حين تنامون "**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇخلىغان چېغىڭلاردا، ئۆيۈڭلاردا ئوتنى تەرىك ئېتىپ قالدۇرماي،ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار. مۇسلىم ،بۇخارى، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| **4301 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن أبي موسى قال : احترق بيت بالمدينة على أهله من الليل فحدث بشأنه النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن هذه النار إنما هي عدو لكم فإذا نمتم فأطفئوها عنكم "**<br><br>ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەدىنىدە بىر ئۆيگە كېچىسى ئوت كېتىپ، ئۆي ئەھلىمۇ كۆيۈپ كەتتى، بۇئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلىنغاندا مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بۇ ئوت سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلاردۇر، سىلەر ئۇخلىغان چاغلاردا ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۇخلاڭلار، (ئوت، چىراغ، ھەتتا توك چىراغنىمۇ ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۇخلاڭلار) بەيھەقى، مۇسلىم ،بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| **4302 – [ 9 ] الفصل الثاني عن جابر قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إذا سمعتم نباح الكلاب ونهيق الحمير من الليل فتعوذوا بالله من الشيطان الرجيم فإنهن يرين ما لا ترون . وأقلوا الخروج إذا هدأت الأرجل فإن الله عز وجل يبث من** |

**خلقه في ليلته ما يشاء وأجيفوا الأبواب واذكروا اسم الله عليه فإن الشيطان لا يفتح بابا إذا أجيف وذكر اسم الله عليه وغطوا الجرار وأكفئوا الآنية وأوكوا القرب " . رواه في شرح السنة**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدە ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى، ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلىساڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەڭلار، ئۇلار سىلەر كۆرمىگەننى كۆرەلەيدۇ، كىشىلەر تىنچلىنىپ، جىمىققاندا سىرتقا ئاز چىقىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە، كېچىدە ئۆزى خالىغان مەخلۇقلىرىنى تارقىتىۋېتىدۇ، ئىشىكلەرنى تاقىغاندا، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ، بىسمىللاھ دەپ تاقاڭلار، شۇنداق تاقالغان ئىشىكنى شەيتان ئاچالمايدۇ، قاچا ـ تاۋاقلارنى چېلەك ـ تولۇقلارنى يېپىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىڭلار، يەنىلا بىسمىللاھ دەڭلار. ئەھمەد، بۇخارى ئەدەپتە، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

**4303 – [ 10 ] وعن ابن عباس قال : جاءت فأرة تجر الفتيلة فألقتها بين يدي رسول الله صلى الله عليه وسلم على الخمرة التي كان قاعدا عليها فأحرقت منها مثل موضع الدرهم فقال : " إذا نمتم فأطفئوا سرجكم فإن الشيطان يدل مثل هذه على هذا فيحرقكم " . رواه أبو داود وهذا الباب خال من الفصل الثالث**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاشقان چىقىپ كېلىپ، چىراقنىڭ پىلىكىنى سۆرەپ ئېكىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان جايىنامازنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى،ئوت ئۇنىڭدىن بىر دەرھەم مىقدارىنى كۆيدۈرىۋەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئۇخلىساڭلار چىرىقىڭلارنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاڭلار، چۈنكى، شەيتان ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بۇنىڭغا كۆرسىتىپ، سىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، (يەنى چاشقان ۋە باشقىلارنى ئىشقا سېلىپ ئوتقا كۆرسىتىپ قويىدۇ) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## كتاب اللباس – الفصل الأول كىيىم ـ كېچەكنىڭ كىتابى

**4304 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أنس قال : كان أحب الثياب إلى النبي صلى الله عليه وسلم أن يلبسها الحبرة**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىيىملەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقى، پاختا رەخت بىلەن زىننەتلەنگەن، پاختىدا تىكىلگەن كىيىم ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4305 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن المغيرة بن شعبة : أن النبي صلى الله عليه وسلم لبس جبة رومية ضيقة الكمين**

مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇمىيىيەگە مەنسۇپ ئىككى يېڭى تار جۇۋىنى كەيگەن ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**4306 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن أبي بردة قال : أخرجت إلينا عائشة كساء ملبدا وإزارا غليظا فقالت : قبض روح رسول الله صلى الله عليه وسلم في هذين**

ئەبۇبۇردەت مۇنداق دەيدۇ؛ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىزگە، ياماق سېلىنغان كونا بىر كاساپا تونى ۋە قوپال، قېلىن رەختتە تىكىلگەن بىر ئىشتاننى ئېلىپ چىقىپ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇ ئىككى

كىيىم ئىچىدە ۋاپات تاپقان ئىدى دېدى.بۇخارى2877 ـ مۇسلىم3879 ـ ھەدىس.

**4307 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن عائشة قالت : كان فراش رسول الله صلى الله عليه وسلم الذي ينام عليه أدما حشوه ليف**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىسى بېشىنى قويۇپ ئۇخلايدىغان ياستۇقى ۋە ياتىدىغان كۆرپىسى تېرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىگە سالغان سېلىنجا، خورما قوۋزىقى ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4308 – [ 5 ] ( صحيح ) وعنها قالت : كان وساد رسول الله صلى الله عليه وسلم الذي يتكئ عليه من أدم حشوه ليف . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىسى بېشىنى قويۇپ ئۇخلايدىغان ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ياستۇقى تېرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىگە سالغان سېلىنجا، خورما قوۋزىقى ئىدى. ئەھمەد،مۇسلىم ، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4309 – [ 6 ] ( صحيح ) وعنها قالت : بينا نحن جلوس في بيتنا في حر الظهيرة قال قائل لأبي بكر : هذا رسول الله صلى الله عليه وسلم مقبلا متقنعا . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر چاغدا بىز ھاۋا تازا قىززىغان چىلك چۈشتە ئۆيىمىزدە ئولتۇرساق، بىرسى دادامغا؛ مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسسىقنىڭ جەھتىدىن بېشىنى رىدايىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن يۆگىۋالغان ھالدا مۇشۇ تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ دېدى. بۇخارى توپلىغان.

**4310 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال له : " فراش للرجل وفراش لامرأته والثالث للضيف والرابع للشيطان " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كۆرپە ئەر ئۈچۈن، بىر كۆرپە ئۇنىڭ ئايالى ئۈچۈن، ئۈچىنچى كۆرپە مېھمان ئۈچۈن، تۆتىنچى كۆرپە بولسا، شەيتان ئۈچۈندۇر،مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار؛ ھەدىسىدىن مەخسەت، زىيادە، ھاجەتتىن ئارتۇق كۆرپە شەيتان ئۈچۈن بولىدۇ، ئەگەر بالىسى بولسا، مېھمان كۆپ بولسا، كۆرپە كۆپىيىدۇ، ئەمما، ھاجەتتىن زىيادە قىلىۋېلىش چەكلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ ھەدىسىدىن ئەر كىشى ئايالىدىن باشقا ئورۇن ــ كۆرپىدە ياتسا بولىدۇ، چۈنكى، ئايالى ئۈچۈن بىر كۆرپە دېيىلگەن، ياكى ھەربىر ئايالىرىنىڭ بىردىن كۆرپىسى بولىدۇ دېگەن.

**4311 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : لا ينظر الله يوم القيامة إلى من جر إزاره بطرا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىبىر قىلىپ كۆرەڭلەپ ئىشتىنىنى ئۇزۇن سۆرەپ يۈرگەن كىشىگە، ئىككى ھوشۇقىدىن ئۇزۇن كىيگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، يەنى ئازاب قىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغ سەھىھ.

**4312 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : من جر ثوبه خيلاء لم ينظر الله إليه يوم القيامة**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تەكەببۇرلۇق قىلىپ، كىيىملىرىنى ئۇزۇن سۆرەپ يۈرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ،

(يەنى غەزەپ قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئازابلىنىدۇ، كىبىرنىڭ جازاسى خارلىقتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كىبىر قىلىپ تەكەببۇرلۇق قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئىشتىنىنى ھوشۇقىدىن ئۇزۇن سۆرەپ يۈرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە ئاللاھتائالا رەھمەت نەزرى بىلەن قارىمايدۇ. مۇسلىم قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**4313 – [ 10 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بينما رجل يجر إزاره من الخيلاء خسف به فهو يتجلجل في الأرض إلى يوم القيامة " . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر چاغدا بىر كىشى كىبىر قىلىپ كۆرەڭلەپ، تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتان، رىدالىرىنى سۆرەپ كىتىۋاتاتتى، ئۇنى يەر يۇتىۋەتتى، ئۇ تا قىيامەت كۈنىگىچە يەر ئىچىگە ھەرىكەتلىنىپ كىرىپ كىتىۋاتىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار؛ ئۇ كىشى قارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشى دىيدى.

**4314 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أسفل من الكعبين من الإزار في النار " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىشتاننىڭ ئىككى ھوشۇقىدىن تۆۋەن بولۇپ قالغان يىرى، دوۋزاختا بولىدۇ، (يەنى ھوشۇقىدىن ئۇزۇن ئىشتان كىيگۈچى دوۋزاختا). بۇخارى، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.تەپسىلى ھۆكۈم تۆۋەندە كىلىدۇ؛

**4315 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يأكل الرجل بشماله أو يمشي في نعل واحد وأن يشتمل الصماء أو يحتبي في ثوب واحد كاشفا عن فرجه . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ئۇچۇق قولى بىلەن تۇتۇشىدىن، ئۇڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلىشدىن،سول قولى بىلەن تاماق يىيىشىدىن، بىرلا ئاياغدا مېڭىشىدىن، پۈتۈن بەدىنىنى يۆگىۋىلىشىدىن، پۇتۇنلەي يۆگىنىۋىلىشىدىن، ئەۋرىتىنى ياپماستىن، ئەۋرىتى ئۈستىدە بىرەر نەرسە بولماستىن بىرلا كىيىمدە ئىتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشىدىن توسقان.مۇسلىم، نەسەئى 5245 _ ھەدىس، بۇخارى 5374 _ ھەدىس، ئەھمەد 10998 _ ھەدىس، سەھىھ.

**4319 – [ 16 ] ( متفق عليه ) وعن عمر وأنس وابن الزبير وأبي أمامة رضي الله عنهم أجمعين عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من لبس الحرير في الدنيا لم يلبسه في الآخرة "**

ئەنەس،ئۆمەر،ئىبنى زۇبەير،ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بۇ دۇنيادا يىپەك رەختنى كەيسە، ئۇنى ئاخىرەتتە كىيەلمەيدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4320 – [ 17 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما يلبس الحرير في الدنيا من لا خلاق له في الآخرة "**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن يىپەك رەختنى

بۇ دۇنيادا، ئاخىرەتتە نىسۋىسى بولمىغان كىشى كىيىدۇ، (يەنى يىپەك رەخ ئاياللارغا ھالال، ئەرلەرگە ھارام) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4321 – [ 18 ] ( متفق عليه ) وعن حذيفة قال : نهانا رسول الله صلى الله عليه وسلم أن نشرب في آنية الفضة والذهب وأن نأكل فيها وعن لبس الحرير والديباج وأن نجلس عليه**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى تۆۋەندىكى نەرسىلەردىن توساپ مۇنداق دېگەن: ئالتۇن قاچىدا، كۈمۈش قاچىدا ئىچىملىك ئىچمەڭلار، ئۇنىڭ قاچا، تەخسە، پەتنۇسلىرىدا تاماق يېمەڭلار، يىپەك رەختتە كىيىم ــ كېچەك كەيمەڭلار، يىپەك ئارىلاش نەرسىنىمۇ كەيمەڭلار،، قىلىن ھەم نىپىز يىپەك كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار ۋە مىنمەڭلار. چۈنكى، بۇلار بۇ دۇنيادا دىنسىزلار ئۈچۈندۇر، ئاخىرەتتە سىلەر ئۈچۈندۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4322 – [ 19 ] ( صحيح ) وعن علي رضي الله عنه قال : أهديت لرسول الله صلى الله عليه وسلم حلة سيراء فبعث بها إلي فلبستها فعرفت الغضب في وجهه فقال : " إني لم أبعث بها إليك لتلبسها إنما بعثت بها إليك لتشققها خمرا بين النساء "**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەختتىگە يىپەك ئارلاشتۇرلۇپ توقۇلغان بىر تون رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەدىي قىلىندى، ئاندىن ئۇنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ، مەن ئۇنى كىيىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىرايىدا غەزىپىنىڭ ئالامىتىنى تونۇدۇم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن ئۇنى ساڭا كىيىشىڭ ئۈچۈن ئەۋەتمىگەن، ئۇنى يىرتىپ، ئاياللار ئارىسىغا رومال قىلىپ بىرىشىڭ ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدىم دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**4323 – [ 20 ] ( متفق عليه ) وعن عمر رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن لبس الحرير إلا هكذا ورفع رسول الله صلى الله عليه وسلم إصبعيه : الوسطى والسبابة وضمهما**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەك رەختنى كىيىشتىن توسقان.لېكىن كېسەل سەۋەبىدىن مۇشۇنچىلىك كەيسە بولىدۇ دەپ، كۆرسەتكۈچى بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن.يەنى ئىككىلىك كەيسە بولىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەك رەختتىن، نىپىز ۋە قىلىن يىپەكتىن توسقان (يەنى ئەرلەرنىڭ كىيىشىدىن توسقان). ئىبنى ماجە 3579 ــ ھەدىس، بۇ بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر، سەھىھ. زەيد ئىبنى ئەرقەم، ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇن بىلەن يىپەك رەخت ئۈممىتىمنىڭ ئاياللىرىغا ھالال، ئەرلىرىگە ھارامدۇر، (يەنى زىننەتتە، كىيىمدە)، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىپەك رەختنىڭ كىيىمى بىلەن ئالتۇن، ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام قىلىندى، ئاياللىرىغا ھالال قىلىندى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4324 – [ 21 ] ( صحيح ) وفي رواية لمسلم : أنه خطب بالجابية فقال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن لبس الحرير إلا موضع أصبعين أو ثلاث أو أربع**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ شامدىكى جابىيە دېگەن جايدا خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەك رەختنى كىيىشتىن توسقان.لېكىن كېسەل سەۋەبىدىن مۇشۇنچىلىك يەنى

ئىككى ئۇچ ياكى تۆت بارماق مىقدارى كەيسە بولىدۇ.مۇسلىم.

**4325 – [ 22 ] ( صحيح ) وعن أسماء بنت أبي بكر : أنها أخرجت جبة طيالسة كسروانية لها لبنة ديباج وفرجيها مكفوفين بالديباج وقالت : هذه جبة رسول الله صلى الله عليه وسلم كانت عند عائشة فلما قبضت قبضتها وكان النبي صلى الله عليه وسلم يلبسها فنحن نغسلها للمرضى نستشفي بها . رواه مسلم**

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇ بىرگە، پارس پادىشاسى كىسرانىڭ يۇرتى تەيالىسگە مەنسۇپ بولغان، يېپەك ئارلاش رەختتە ياقا تۇتۇلغان، ھەم شۇنداق رەختتە چۆرىسگە زىغزىق تۇتۇلغان بىر جۇۋىنى ئېلىپ چىقىپ؛ مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۇۋىسى ئىدى، بۇجۇۋا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ئىدى، ئۇ ۋاپات تاپقاندا مەن بۇنى ئېلىۋالدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇجۇۋىنى كىيەتتى، شۇڭا بىز بۇ جۇۋىنى يۇيۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنى كېسەللىرىمىزگە ئۇچۇرۇپ داۋالايمىز دېدى.مۇسلىم توپلىغان.

**4326 – [ 23 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : رخص رسول الله صلى الله عليه وسلم للزبير وعبد الرحمن بن عوف في لبس الحرير لحكة بهماوفي رواية لمسلم قال : إنهما شكوا من القمل فرخص لهما في قمص الحرير**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبەير بىلەن ئابدۇررەھمانغا ئۇلاردىكى قىچىشقاق كېسەللىكى جەھەتتىن يېپەك رەختتە كىيىم كىيىشكە رۇخسەت قىلغان ئىدى، يەنەبىرخاتىردە؛ ئۇلار پىت ـ سىركە، قىچىشقاقتىن شىكايەت قىلغاندا، ئۇ ئىككىسىگە يېپەك كۆڭلەك كىيىشكە رۇخسەت قىلغان دېيىلگەن. بۇخارى،مۇسلىم.

**4327 – [ 24 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم علي ثوبين معصفرين فقال : " إن هذه من ثياب الكفار فلا تلبسها "وفي رواية : قلت : أغسلهما ؟ قال : " بل احرقهما " . رواه مسلم وسنذكر حديث عائشة : خرج النبي صلى الله عليه وسلم ذات غداة في " باب مناقب أهل بيت النبي صلى الله عليه وسلم "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇستۇمدە سېرىق، قىزىل رەڭدە بويالغان ئىككى دانە كىيىمنى كۆرۈپ مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بۇ سېرىق، قىزىلدا بويالغان بۇ كىيىم، كۇپپار، دىنسىزلارنىڭ كىيىمى ئىكەن، سىلەر بۇنى ھەرگىز كىيمەڭلار،مەن؛ بۇنىڭ رەڭلىرىنى يۇيىۋەتسەم بولامدۇ؟ دىسەم، ياق، بەلكى ئۇنى كۆيدۈرىۋەتكىن دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن سېرىق، قىزىل بويالغان بولۇپمۇ دىنسىزلار پوسۇنىدىكى، بەلگىسىدىكى كىيىملەرنى ئەرلەر كىيىشى دۇرۇس ئەمەس، ئاياللارمۇ ئۇلارنىڭ پوسۇنىدىن ھەزەر قىلىپ، مۇسۇلمانچە، كەڭ، ئۇزۇن كىيىم كىيىشى لازىم.

**4328 – [ 25 ] الفصل الثاني عن أم سلمة قالت : كان أحب الثياب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم القميص . رواه الترمذي وأبو داود**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىيىملەرنىڭ سۆيۈملۈكرەكى كۆڭلەك ئىدى، دىگەن ھەدىس غەرىيب بولۇپ، ئىسناد، راۋىيلار ئارىسىدا ھەدىسى مۇنكەر، ھەتتا يالغان سۆزلەپ قويىدىغان كىشى بار ئىكەن. بەلكىم بۇ زەئىپ ھەدىسلەر ھەسەن لىيغەير دەرىجىسگە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن، ۋەاللە ئەئلەم.تىرمىزىي،ئەبۇداۋۇد.ئەلبانىي بۇ ھەدىسنى سەھىھ ھەدىسلەردە سەھىھ دىگەن.

4329 – [ 26 ] ( لم تتم دراسته )وعن أسماء بنت يزيد قالت : كان كم قميص رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى الرصغ . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كوڭلىكىنىڭ يېڭى ، بىغىشىغىچە ئىدى.تىرمىزىي توپلاپ غېرىپ دېدى.

4330 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا لبس قميصا بدأ بميامنه . رواه الترمذي

ئەبۇھۇرەيرەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كوڭلەك كەيسە، ئوڭ تەرىپىدىن باشلايتتى. تىرمىزىي،توپلىغان.

4331 – [ 28 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إزارة المؤمن إلى أنصاف ساقيه لا جناح عليه فيما بينه وبين الكعبين ما أسفل من ذلك ففي النار " قال ذلك ثلاث مرات " ولا ينظر الله يوم القيامة إلى من جر إزاره بطرا " . رواه أبو داود وابن ماجه

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىننىڭ ئىشتىنى پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە بولىدۇ، ئۇنىڭغا پاچاق بىلەن ئوشۇق ئارىلىقىدا كىيسە گۇناھ يوق، ئوشۇقدىن ئاستىن بولۇپ قالسا، ئۇ دوۋزاختا بولىدۇ، بۇسۆزنى ئۈچ قېتىم دەپ يەنە؛كىم ئىشتىنىنى كىبىرە قىلىپ كۆرەڭلەپ، سۆرەپ يۈرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ،دىدى. مالىك، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ توغرىسىدا توختۇلۇپ؛ ئىشتاننى ئۇزۇن، يەرگە سۆرىلىپ تۇرغىدەك كىيىشنىڭ ئۆزىلا كىبىرگە كىرىدۇ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ، بۇ ئازاب ۋەدىسىدىن مۇستەسنا قىلىنغان، ئۇنى دورىماي، ئىشتاننى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە كىيىش مۇستەھەپ، ھوشۇققىچە كىيىش دۇرۇس، ئوشۇقدىن ئېشىپ كەتسە، ھارام بولىدۇ، چۈنكى، ئازاب ۋەدە قىلىنغان دېدى. بەزىلەر؛ مەكرۇھ دېدى، بۇ مەسىلىگە كىبرى، رىيا ئارىلاشسا ھارام.ئۇنداق بولمىسا مەكرۇھ دىيىش تاللانغان سۆز بولدى، ئادەتنىڭ ئۈستىگە زىيادە، ئۇزۇن قىلىش، سۆرەپ يۈرۈش مەكرۇھ، كىبىر بىلەن رىيا ئارىلاشسىلا ھارام بولىدۇ. ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى؛ ئىشتاننى كىبرە قىلىپ سۆرەپ ئوشۇقدىن ئۇزۇن كىيىش، گۇناھى كەبىيرە، چۈنكى، ئازاب ۋەدىسى بار، ھەتتا ناماز قوبۇل بولمايدۇ دىگەن بار، كىبىر، رىيا قىلماي، ئوشۇقدىن ئۇزۇن كىيسىمۇ ھارام بولىدۇ، بۇ توغرىسىدا ھەدىسلەر كۆپ،دىگەن ئەبۇ بەكرىنى بۇ مەسىلىگە ئارىلاشتۇرماڭ، ئۇنداق بولسا، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بىكاردىن دىيىلگەن بولۇپ قالىدۇ، بەزىلەر كىبرە بولمىسا ھارام بولماي مەكرۇھ دىگەن، ئىبنى ئابدۇلبەررى؛كىبرى قىلىپ سۆرىسە، ئوشۇقدىن ئۇزۇن كىيسە، ئازاب ۋەدىسى چۈشىدۇ، ئۇنداق بولمىسا يەنىلا ئۇ خار ئىشتۇر دىگەن، ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دىگەن: كىبىر بىلەن، رىيا بىلەن ھوشۇقدىن تۆۋەن كىيسە، يەنى ئىشتاننى، تون، كۆڭلەكنى بۇ ھارام بولىدۇ، كىبىر، پەخىر، رىيا بولمىسا، مەكرۇھ دېدى. شافئى رەھمەھۇللا؛ ئىشتاننى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە كىيىش مۇستەھەپ، ئوشۇققىچە كىيىش دۇرۇس، ئوشۇقدىن تۆۋەن كىيىش كىبىر قىلسا ھارام دەپ چەكلىنىدۇ، كىبىر، رىيا قىلمىسا، مەكرۇھ تەنزىيھ پاكلىقتا چەكلىنىدۇ دىگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىشتاننى سۆرەپ يۈرۈشدىن ھەزەر قىل، شۇنىڭ ئۆزىلا كىبرى بولىدۇ دىگەن، تەبرانى خاتىرلىگەن، بۇ سۆز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇتاش، دىگۈچى بار ئىكەن، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردە دوۋزاخ ئوتى بىلەن ۋەدە بەرگەن، ناماز قوبۇل بولمايدۇ دىگەنمۇ بار، ئەڭ ياخشىسى شۇ نۇرغۇن ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىڭلار، ئەبۇ

بەكرىگە پەتتۇا بېرىلگەن دەپ بۇ ھەدىسلەرنى يوققا چىقارماقچىلار، سىلەر ئالىممۇ؟ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ساھابىلار، تابىئىنلارمۇ؟ دەلىلنى ساھابە، تابىئىنلاردەك چۈشىنىڭ ۋە ئەمەل قىلىڭ، يۇقىرقى سۆزلەر بۇخارىنىڭ شەرھىسى، پەتھۇلبارىيدىن ئېلىندى، ھەدىس مۇتلەق كەلگەچكە، مۇتلەق ئەمەل قىلايلى، ھارامىمۇ مەكرۇھمۇ؟ سوراپ ئولتۇرمايلى، ئالاھىدە مۇستەسنا قىلىنغان ئىشتان مەسىلىسىدە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دورىماڭ، سىز ئۇنىڭدەك ئەمەس، ھەدىسكە ئېسىلىڭ.

**4332 – [ 29 ] ( صحيح ) وعن سالم عن أبيه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الإسبال في الإزار والقميص والعمامة من جر منها شيئا خيلاء لم ينظر الله إليه يوم القيامة " . رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه**

ئىبنى ئەمرۇ،سالىمنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىشتان، كۆڭلەك، سەللە قاتارلىقلارنى سۆرەپ، ئۇزۇن كىيىشكە كەلسەك، كىم بۇلاردىن بىرەرسىنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، چوڭچىلىق قىلىپ سۆرەپ يۈرسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئەبۇ داۋۇد، نەسئەى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4333 – [ 30 ] ( لم تتم دراسته )**

**وعن أبي كبشة قال : كان كمام أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم بطحا . رواه الترمذي وقال : هذا حديث منكر**

ئەبۇ كەبشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ يەڭلىرى كەڭرى ئىدى، تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىس مۇنكەر دىگەن، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى ئارىسىدا ھەدىسى زەئىپ، كۈچلۈك ئەمەس كىشىلەر بار ئىكەن.

**4334 – [ 31 ] وعن أم سلمة قالت لرسول الله صلى الله عليه وسلم حين ذكر الإزار : فالمرأة يا رسول الله ؟ قال : " ترخي شبرا " فقالت : إذا تنكشف عنها قال : " فذراعا لا تزيد عليه " . رواه مالك وأبو داود والنسائي وابن ماجه**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشتاننى تىلغا ئالغاندا، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئاياللارچۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ:ئاياللار بىر غېرىچ ئۇزۇن كىيىدۇ دېدى، ئۇ: ئۇنىڭدىمۇ پۇتىسىڭ دۈمبىسى ئېچىلىپ قالسىچۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا، ئاياللار بىر گەز ئۇزۇن كىيىدۇ،ئۇنىڭدىن زىيادە قىلمايدۇ، دېدى.مالىك،ئەبۇداۋۇد،نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممە سەلەمەتكە مۇنداق دىگەن: (ئەگەر بىر غېرىچ قۇيرۇقى بېسىپ تۇرالمىسا) ئىشتان ـ كۆلەكنىڭ، پۇتنىڭ دۈمبىسىنى بېسىپ تۇرىدىغان قۇيرىقى بىر گەز بولىدۇ، (يەنى40، 50 سانتا ئۇزۇن بولسىمۇ چوقۇم پۇتنىڭ دۈمبىسىنى،كەيپىياتىنى يېپىپ تۇرسۇن) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4335 – [ 32 ] وفي رواية الترمذي والنسائي عن ابن عمر فقالت : إذا تنكشف أقدامهن قال : " فيرخين ذراعا لا يزدن عليه**

**4336 – [ 33 ] ( صحيح ) وعن معاوية بن قرة عن أبيه قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم في رهط من مزينة فبايعوه وإنه لمطلق الأزرار فأدخلت يدي في جيب قميصه فمسست الخاتم . رواه أبو داود**

ئىبنى قۇررەتنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مۇزەينە قەبىلىسىدىن بولغان بىر توپ جامائەتلەر ئارىسىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدىم ، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلدى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىللىرى يېشىگلىك ئىكەن، مەن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن قولۇمنى سېلىپ ، پەيغەمبەرلىك بەلگىسى بولغان خاتەمۇننەبۇۋۋەتنى سىلىۋالدىم.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4337 – [ 34 ] ( صحيح ) وعن سمرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " البسوا الثياب البيض فإنها أطهر وأطيب وكفنوا فيها موتاكم " . رواه أحمد والترمذي والنسائي وابن ماجه**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاق كىيىم كىيىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ پاكتۇر، پاكىز تۇرىدۇ، (چۈنكى، كىر ئاسان بىلىنىشىپ يۇيۇلىدۇ) ئاق كىيىملەرگە مېيىتلەرنى كېپەنلەڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاق كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، چۈنكى، ئۇ كىيىمىڭلارنىڭ ياخشىسىدۇر، مېيىتلەرنى ئاق كىيىمگە كېپەنلەڭلار، ھەقىقەتەن سۇرمەڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئىسمەت دىگەن تاشتۇر، ئۇ كۆزنى رۇشەنلەشتۈرۈپ، كىرپىك تۈكىنى ئۆستۈرىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4338 – [ 35 ] وعن ابن عمر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا اعتم سدل عمامته بين كتفيه . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەللە يۆگىسە پەتلىسىنى ئىككى تاغىقى ئارىسىغا تاشلاپ قوياتتى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب دىگەن. بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى ئارىسىدا غەلەت قىلىدىغان، خاتالىشىدىغان، كۈچلۈك ئەمەس كىشىلەر بار. لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن سەللە يۆگىگەن، مەككىگە قارا سەللە بىلەن كىرگەن سەھىھ ھەدىس يەتتە كىتابتا خاتىرلەنگەن، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، دارمى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلاردا.بۇنىڭ ئوخشىشى سەھىھدا بار. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەللە يۆگەپ قالسا، سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى، ئۈچىنى ئىككى تاغىقى ئارىسىغا ساڭگىلىتىپ، تاشلاپ قوياتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن سەللە يۆگەش سۈننەتتۇر.سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ 4676 ـ ھەدىسدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقىدىمۇبار.

**4339 – [ 36 ] وعن عبد الرحمن بن عوف قال : عممني رسول الله صلى الله عليه وسلم فسدلها بين يدي ومن خلفي . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا سەللە يۆگەپ قويۇپ، ئۇنىڭ پەتلىسىنى،ئۈچىنى ئالدىم تەرەپكە ۋە ئارقام تەرەپكە ساڭگىلىتىپ تاشلاپ قويدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4340 – [ 37 ] ( ضعيف )وعن ركانة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " فرق ما بيننا وبين المشركين العمائم على القلانس " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب وإسناده ليس بالقائم**

روكانەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز بىلەن مۇشرىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى كىيىمدىكى پەرىق بولسا، قەلەنسۇەت باش كىيىمى ئۈستىگە سەللە يۆگەش دىگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب، ئىسنادى كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**4341 – [ 38 ] ( صحيح ) وعن أبي موسى الأشعري أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أحل الذهب والحرير للإناث من**

أمتي وحرم على ذكورها " . رواه الترمذي والنسائي وقال الترمذي : هذا صحيح

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتۇن بىلەن يىپەك، ئۈممىتىمنىڭ ئايال كىشىلىرىگە ھالال قىلىندى، ئەر كىشىلىرىگە ھارام قىلىندى.تىرمىزى، نەسەئى، ئەھمەد سەھىھ.

**4342 – [ 39 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا استجد ثوبا سماه باسمه عمامة أو قميصا أو رداء ثم يقول " اللهم لك الحمد كما كسوتنيه أسألك خيره وخير ما صنع له وأعوذ بك من شره وشر ما صنع له " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر يېڭى كىيىم كىيسە، ئۇ كىيىمنى كۆڭلەك ياكى سەللە يا رىدا،تون دىگەن ئىسىملىرى بىلەن ئاتايتتى، ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، بارلىق ھەمدۇ سىلىگە خاس، ماڭا سىلى كىيىم بەردىلە، مەن سىلىدىن بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقنى ۋە بۇ كىيىم ئۈچۈن قىلىنغان نەرسىنىڭ ياخشىلىقنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنغان يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمە». ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ دۇئا، بۇ ھەقىقى زىكرى، مانا بۇ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، ئاللاھنى ئەسلەشتۇر.

**4343 – [ 40 ] وعن معاذ بن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أكل طعاما ثم قال : الحمد لله الذي أطعمني هذا الطعام ورزقنيه من غير حول مني ولا قوة غفر له ما تقدم من ذنبه " . رواه الترمذي وزاد أبو داود : " ومن لبس ثوبا فقال : الحمد لله الذي كساني هذا ورزقنيه من غير حول مني ولا قوة غفر له ما تقدم من ذنبه وما تأخر "**

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تاماق يەپ بولۇپ؛«بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ماڭا مۇشۇ تاماقنى، مىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمسىز تاماق ۋە رىزىق قىلىپ بەرگەن، ئاللاھقا خاستۇر دىسە» ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، كىم بىر كىيىمنى كىيىپ: «بارلىق ھەمدۇ ـ سانا مىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمسىز ماڭا مۇشۇ رىزىقنى بەرگەن، مۇشۇ كىيىمنى بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر» دىسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب ھەسەن.

**4344 – [ 41 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة قالت قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا عائشة إذا أردت اللحوق بي فليكفك من الدنيا كزاد الراكب وإياك ومجالسة الأغنياء ولا تستخلقي ثوبا حتى ترقعيه " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب لا نعرفه إلا من حديث صالح بن حسان قال محمد بن إسماعيل : صالح بن حسان منكر الحديث**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ماڭا مۇنداق دىگەن: ئى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، قىيامەت كۈنى ماڭا تېز قوشۇلۇشنى مەخسەت قىلساڭ، بۇ دۇنيادىن سەپەرگە چىققان ئاتلىق ئادەم، ئوزۇق ئالغانچىلىك كۇپايىلەنسەڭ بولىدۇ. بايلار بىلەن ئولتۇرۇشتىن ھەزەر قىلغىن، كىيىمڭ ئاجىزلاپ كىيگۈچىلىكى قالمىغانغا قەدەر، كونىرتىپ چىرتتىۋەتمە، تىرمىزى خاتىرلەپ، بۇ ھەدىسنى بىز سالىھ ئىبنى ھەسساندىن دىگەن كىشىدىنلا تونۇيمىز غەرىيب دىگەن. بۇخارى رەھمەھۇللا بۇ كىشىنىڭ ھەدىسلىرى مۇنكەر دىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىس زەئىپ بولىدۇ.

**4345 – [ 42 ] عن أبي أمامة إياس بن ثعلبة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا تسمعون ؟ ألا تسمعون أن**

البذاذة من الإيمان أن البذاذة من الإيمان ؟ " . رواه أبو داود

ئەبۇ ئۇمامە،ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:سىلەر تېخى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟قۇلاق سالمامسىلەر؟ ئاددى ـ ساددا يەپ ئىچىپ،ھەيئەت، تۇرۇقى كۆرۈنۈشى ناچار، كۆرۈمسىز، كەمتەر يۈرۈشمۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر (چۈنكى بۇنداق كىشىدە كىبىر يوق، كەمتەر كېلىدۇ) ئىبنى ماجە 4108 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3630 ــ ھەدىس، ئەھمەد 21289 ــ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4346 – [ 43 ] ( حسن ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لبس ثوب شهرة من الدنيا ألبسه الله ثوب مذلة يوم القيامة " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇدۇنيادا نام ـ شۆھرەت ئۈچۈن، شۆھرەت ـ پەرەسلىك كىيىمنى كىيسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇ كىشىگە شۇ كىيىمنىڭ ئوخشىشىدەك خارلىق كىيىمنى كەيدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوت يېقىلىدۇ، ئوت ئۇ كىيىمدە لاۋۇلدايدۇ. (بۇ شۆھرەتپەرەسنىڭ ئاقىۋىتى). ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**4347 – [ 44 ] ( حسن ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من تشبه بقوم فهو منهم . رواه أحمد وأبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ كېتىدۇ، (ھەتتا كىيىم ــ كېچەك، چاچ پوسۇندىمۇ يەھۇدىيلاردەك باشقا مىللەتكە ئوخشاپ قېلىشىدىن توسقان).ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى سەھىھ.

**4348 – [ 45 ] وعن سويد بن وهب عن رجل من أبناء أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ترك لبس ثوب جمال وهو يقدر عليه وفي راويه : تواضعا كساه الله حله الكرامة ومن تزوج لله توجه الله تاج الملك " . رواه أبو داود**

مۇئاز ئىبنى ئەنەس ۋە ساھابىلارنىڭ بالىسىدىن،دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قادىر تۇرۇپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەرلىكتىن زىننەتلىك ئېسىل لىباس كىيىملەرنى تەرك ئەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى بارلىق خالايىقلار ئالدىدىلا چاقىرىپ، ئىماننىڭ كارامەت تونلىرىدىن قايسىسىنى خالىسا، شۇنى كىيىشكە ئىختىيارلىق بېرىدۇ. (كاتتا، ئېسىل تونلاردىن تاللىۋال دەپ،كارامەت تونىنى كەيدۈرىدۇ.)كىم **الله** رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئايال بىلەن توي قىلسا، **الله** ئۇكىشىگە پادىشاھلىق تاجىنى كەيدۈرۈپ ھۆرمەتلەيدۇ.ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**4349 – [ 46 ] ( لم تتم دراسته ) وروى الترمذي منه عن معاذ بن أنس حديث اللباس**

**4350 – [ 47 ] ( حسن ) وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يحب أن يرى أثر نعمته على عبده " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا بەندىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمىتىنىڭ ئەسىرى كۆرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ، تىرمىزى،

ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.مەخسەت ياسىنىش ئەمەس باشقىلارغاياردەم بىرىشتۇر ،باشقىلار تونۇپ سورىيالايدۇ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئاللاھ گۈزەلدۇر، ھەر جەھەتتىن گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۆز نىئمىتىنىڭ ئەسىرى، تەسىرى، بەندىسىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھ كىشلەرنىڭ ئالدىدا ھاجەتمەن بولۇۋالغان، قاتتىق غەمكىن، مىسكىن بولۇۋالدىغان، ئۆزىنى پىقىر، يوقسىز كۆرسىتىدىغان، ئۈمۈتسىز كىشىنى ئۆچ كۆرىدۇ، يامان كۆرىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئاللاھ بىرەر بەندىگە نىئمەت، مال ــ دۇنيا ئاتا قىلسا، بەندىسىنىڭ ئۈستىدە شۇ نىئمەتنىڭ تەسرى، ئەسرى كۆرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىلىم بەرسە، ئەمەل قىلىپ ئۆگەت، مال ــ دۇنيا بەرسە، ئۆزۈڭمۇ باشقىلارمۇ پايدىلانسۇن.

**4351 – [ 48 ] وعن جابر قال : أتانا رسول الله صلى الله عليه وسلم زائرا فرأى رجلا شعثا قد تفرق شعره فقال : " ما كان يجد هذا ما يسكن به رأسه ؟ ورأى رجلا عليه ثياب وسخة فقال : ما كان يجد هذا ما يغسل به ثوبه ؟ رواه أحمد النسائي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى زىيارەت قىلىپ كىلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، چاچلىرىنى توپا ـ چاڭ باسقان بىركىشىنى كۆرۈپ مۇنداق دىگەن: ماۋۇ كىشى بىشىنى، چىچىنى يۇغۇشتۇرغۇدەك نەرسە تاپالمىغاندىمۇ؟ ئاندىن ئۈستىدە كىر،توگرا كىيىم بار بىركىشىنى كۆرۈپ يەنە: ئەمما ماۋۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇغىدەك نەرسە تاپالمىغاندىمۇ؟دىدى. ئەھمەد،نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن، چاچنى يۇيۇپ تاراپ پاكىز تۇتۇش، چۇۋالچاق قىلماي ياستىپ تۇرۇش، چىرايلىق تۇتۇش، كىيىملەرنى يۇيۇپ، پاكىز، رەتلىك كىيىش چىقىدۇ.

**4352 – [ 49 ] ( صحيح ) وعن أبي الأحوص عن أبيه قال : أتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم وعلي ثوب دون فقال لي : " ألك مال ؟ " قلت : نعم . قال : " من أي المال ؟ " قلت : من كل المال قد أعطاني الله من الإبل والبقر والخيل والرقيق . قال : " فإذا آتاك الله مالا فلير أثر نعمة الله عليك وكرامته " . رواه أحمد والنسائي وفي شرح السنة بلفظ المصابيح**

ۋالىد ئەبۇلئەھۋەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىغا، ئۈستۈمدە ناچار،تۆۋەن دەرىجىلىك كىيىم بار ھالەتتە كەلدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ سىنىڭ مىلىڭ بارمۇ؟دىدى، مەن ؛ ھەئە بار دىسەم، قانداق مىلىڭ بار دىدى، مەن؛ مالنىڭ ھەممە تۈرىدىن بار، **الله** ماڭا كالا ـ تۆگە،ئات ـ ئىشەك،ھەتتا قۇللاردىنمۇ ئاتا قىلدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ئاللاھ ساڭا مال ــ دۇنيا بەرسە، ئۈستۈڭدە ئاللاھنىڭ نىئمىتىنىڭ ئەسرى كۆرۈلسۇن، شۇنداقلا، مال ــ دۇنيانىڭ كارامىتى، يەنى سېخىيلىق كۆرۈلسۇن «باشقىلار بىلىپ سورىيالايدۇ».ئەھمەد،نەسەئى، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**4353 – [ 50 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو قال : مر رجل وعليه ثوبان أحمران فسلم على النبي صلى الله عليه وسلم فلم يرد عليه . رواه الترمذي وأبو داود**

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۈستىدە قىزىل ئىككى كىيىم بار بىر ئەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا سالام قايتۇرمىدى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، شەيىخ، مۇھەددىس ئەلبانى زەئىپ دىگەن، لېكىن ئەر كىشى قىزىل كىيىم كىيىشدىن چەكلىنىدۇ.بۇسەھىھ.

| |
|---|
| **4354 – [ 51 ] وعن عمران بن حصين أن نبي الله صلى الله عليه وسلم قال : لا أركب الأرجوان ولا ألبس المعصفر ولا ألبس القميص المكفف بالحرير " وقال : " ألا وطيب الرجال ريح لا لون له وطيب النساء لون لا ريح له " . رواه أبو داود**<br><br>ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن يىپەك رەختتە ئىشلەنگەن ئىگەر كۆرپىگە مىنمەيمەن، سېرىق رەڭدە بويالغان كىيىمنى كىيمەيمەن، يىپەك رەخت بىلەن زىغزىق سىزىق چىقىرىلغان كۆڭلەكنى كىيمەيمەن، ئاگاھ بولۇڭلار، ئەرلەرنىڭ ئەتىرىسى خۇشپۇرىقى بار، رەڭگى بولماسلىقى لازىم، ئاياللارنىڭ ئەتىر، گىرىم بويۇملىرىنىڭ ئىبرى ئۈچۈن رەڭگى بار، خۇشپۇرىقى بولماسلىقى لازىم. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزىل رەڭدە بويالغان يىپەك رەختتىن ئىشلەنگەن ئىگەر كۆرپىسىدىن توسقان (يىپەك ھەم قىزىل بولغاچقا ئەرلەر چەكلىنىدۇ). تىرمىزى 2712 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3529 ــ ھەدىس، سەھىھ. |
| **4355 – [ 52 ] ( ضعيف )وعن أبي ريحانة قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن عشر : عن الوشر والوشم والنتف وعن مكامعة الرجل الرجل بغير شعار ومكامعة المرأة المرأة بغير شعار وأن يجعل الرجل في أسفل ثيابه حريرا مثل الأعاجم أو يجعل على منكبيه حرير مثل الأعاجم وعن النهبى وعن ركوب النمور ولبوس الخاتم إلا لذي سلطان " . رواه أبو داود والنسائي**<br><br>ئەبۇ رەيھانەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئون ئىشدىن توستى، 1 ـ چىشىنىڭ ئەتراپىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، نېپىزلىتىش، 2 ـ مەڭ چېكىش، 3 ـ يۈزىنىڭ تۈكىنى يۇلۇۋېتىش، 4 ــ ئەر كىشى ئەر كىشى بىلەن ئىچ كىيىمسىز يالىڭاچ يېتىش، 5 ـ ئايال كىشى ئايال كىشى بىلەن ئىچ كىيىمسىز يالىڭاچ يېتىش، 6 ـ ئەر كىشى ئەجەملەردەك كىيىمنىڭ ئاستى تەرىپىگە يىپەك رەخ قىلىۋېلىش، 7 ـ ياكى مۈرىسىگە شۇنداق قىلىۋېلىش، 8 ـ بۇلاڭچىلىقدىن، 9 ـ يىلپىزدەك يىرتقۇچى ھايۋان تېرىسىگە مىنىشدىن، 10 ـ سۇلتاندىن باشقىلارنىڭ ئۈزۈك سېلىشىدىن توستى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى خاتىرلىگەن. ئىسناد، راۋىيلار جەھەتتىن سەھىھ ئىكەن، لېكىن، شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىدى. |
| **4356 – [ 53 ] وعن علي قال : نهاني رسول الله صلى الله عليه وسلم عن خاتم الذهب وعن لبس القسي والمياثر . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي وابن ماجه وفي رواية لأبي داود قال : نهى عن مياثر الأرجوان**<br><br>ئەلى،بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن، يىپەك رەخت بىلەن زىغزىق تۈتۈلغان سىزىق چىقىرىلغان كىيىمدىن، يىپەكتىن ئىشلەنگەن قىزىل كۆرپىدىن يەنى ئىگە كۆرپىسىدىن، توسقان. بۇخارى 5390 ــ ھەدىس، تىرمىزى قاتارلىق تۆت توپلىغان، سەھىھ. |
| **4357 – [ 54 ] وعن معاوية قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا تركبوا الخز ولا النمار "رواه أبو داود والنسائي**<br><br>مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىپەك ئارىلاش توقۇلغان نەرسىگە، يىلپىزنىڭ تېرىسىگە مىنمەڭلار.نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. |
| **4358 – [ 55 ] وعن البراء بن عازب : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن الميثرة الحمراء . رواه في شرح السنة**<br><br>بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەكتىن ئىشلەنگەن قىزىل كۆرپىدىن يەنى ئىگە كۆرپىسىدىن، يىپەك رەخت بىلەن زىغزىق تۈتۈلۈپ سىزىق چىقىرىلغان كىيىمدىن توسقان. بۇخارى |

5390 ـــ ھەدىس، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**4359 – [ 56 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي رمثة التيمي قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم وعليه ثوبان أخضران وله شعر قد علاه الشيب وشيبه أحمر . رواه الترمذي وفي رواية لأبي داود : وهو ذو وفرة وبها ردع من حناء

ئەبۇرەمسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈستىدە يېشىل ئىككى دانە كىيىم بار ئىكەن، شۇنداقلا بېشىدا چاچ بار ئىكەن، چېچىغا ئاق چاچ غالىپ كېلىپ، كۆپۈنچە چېچى ئاقىرىپ كېتىپتىكەن، ئاق چاچلىرى قىزىل رەڭدە بويالغان ئىكەن، يەنەبىردە؛چېچى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە ئىكەن، ئۇنىڭدا خىنىنىڭ ئەسىرى بارئىكەن دېيىلگەن. تىرمىزى بىلەن ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4360 – [ 57 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أنس : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان شاكيا فخرج يتوكأ على أسامة وعليه ثوب قطر قد توشح به فصلى بهم . رواه في شرح السنة

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ ئاغرىپ قېلىپ، ئۇسامەگە يۆلۈنۈپ نامازغا چىقتى، ئۈستىدە يەمەنگە مەنسۇپ تون بار ئىدى، ئۇنىڭغا يۆگىنىپ تۇرۇپ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەردى. شەرھۇسسۇننە توپلىغان.

**4361 – [ 58 ]** ( صحيح ) وعن عائشة قالت : كان على النبي صلى الله عليه وسلم ثوبان قطريان غليظان وكان إذا قعد فعرق ثقلا عليه فقدم بز من الشام لفلان اليهودي . فقلت : لو بعثت إليه فاشتريت منه ثوبين إلى الميسرة فأرسل إليه فقال : قد علمت ما تريد إنما تريد أن تذهب بمالي فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كذب قد علم أني من أتقاهم وآداهم للأمانة " . رواه الترمذي والنسائي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈستىدە قوپال تىكىلگەن، قېلىن ئىككى دانە تون بار ئىدى، ئولتۇرسا ئۇ تون ئېغىر كېلىپ تەرلەپ كېتەتتى، شۇچاغدا بىر يەھۇدىي ئۇچۈن شامدىن رەخ كەلدى، مەن؛ سىلى ئۇنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ، باي بولغاندا بېرىشكە ئىككى دانە كىيىم سېتىۋالغان بولسىلا بولۇپتىكەن دېسەم، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قېشىغا شۇ مەقسەتتە كىشى ئەۋەتسە، ئۇ: مەن ئۇنىڭ نىمىنى مەقسەت قىلغىنىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ مىنىڭ مېلىمنى ئېلىۋالماقچى دەپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇيەھۇدىي يالغان سۆزلەپتۇ، ئۇ مىنىڭ ئۇلاردىنمۇ ئەڭ تەقۋادار ئىكەنلىكىمنى، ئامانەتنى ئۇلارغا قارىغاندا ئەڭ بەك ئادا قىلىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ دېدى. نەسەئى بىلەن تىرمىزى،سەھىھ

**4362 – [ 59 ]** ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : رآني رسول الله صلى الله عليه وسلم وعلي ثوب مصبوغ بعصفر موردا فقال : " ما هذا ؟ " فعرفت ما كره فانطلقت فأحرقته فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ما صنعت بثوبك ؟ " قلت : أحرقته قال : " أفلا كسوته بعض أهلك ؟ فإنه لا بأس به للنساء " . رواه أبو داود

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئۈستۈمدە قىزىل رەڭدە بويالغان كىيىم بار ھالەتتە كۆرۈپ، نىمە بۇ؟ دېدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ ياقتۇرمىغىنىنى بىلىپ، ئۇ كىيىمنى ئاپىرىپ كۆيدۈرۈۋەتتىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا

كىيمىڭنى نېمە قىلدىڭ دېدى؟ مەن كۆيدۈرۈۋەتتىم دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە ئۈچۈن خوتونۇڭغا كىيىم ئېتىپ بەرمىدىڭ، ئۇنى ئاياللار كىيسە كېرەك يوق، گۇناھ يوق دېدى. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، شەيىخ ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**4363 – [ 60 ]** ( صحيح ) **وعن هلال بن عامر عن أبيه قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم بمنى يخطب على بغلة وعليه برد أحمر وعلي أمامه يعبر عنه . رواه أبو داود**

ھىلالنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىنا تېغىدا، ئۈستىدە قىزىل تون بار ھالەتتە، قېچىرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ خۇتبە سۆزلەۋاتقىنىنى كۆردۇم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىراقتىكىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتاتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

**4364 – [ 61 ]** ( صحيح ) **وعن عائشة قالت : صنعت للنبي صلى الله عليه وسلم بردة سوداء فلبسها فلما عرق فيها وجد ريح الصوف فقذفها . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قارا تون تىكىپ بەرسەم، ئۇنى كىيىپ تەرلەپ كىتىپ، ئۇنىڭدىن يۇڭنىڭ پۇرىقىنى تاپقاندا، ئۇ جۇۋىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى.ئەبۇداۋۇد،سەھىھ.

**4365 – [ 62 ]** ( ضعيف )**وعن جابر قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم وهو محتب بشملة قد وقع هدبها على قدميه . رواه أبو داود**

جابىر ئىبنى سۇلەيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تونغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، تونىنىڭ ئەتراپى ئىككى قەدىمى ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. چۈنكى، راۋىيلار ئىچىدە نامەلۇم كىشى بار.

**4366 – [ 63 ]** ( ضعيف )**وعن دحية بن خليفة قال : أتي النبي صلى الله عليه وسلم بقباطي فأعطاني منها قبطية فقال : " اصدعها صدعين فاقطع أحدهما قميصا وأعط الآخر امرأتك تختمر به " . فلما أدبر قال : " وأمر امرأتك أن تجعل تحته ثوبا لا يصفها " . رواه أبو داود**

دىھيەت ئىبنى خەلىپەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىبتىيگە مەنسۇپ تونلار كەلدى، ماڭا توندىن بىرنى بېرىپ، بۇنى ئىككى پارچە قىلىپ، بىرنى ساڭا كۆڭلەك پىچ، يەنە بىر پارچىسىنى ئاياللىڭغا بەر، رومال قىلىپ يۆگەنسۇن دېدى، ئۇ ماڭغاندا، ئاياللىڭنى بۇيرۇغىن، ئۇنىڭ ئاستىغا، ئىچىگە يەنە بىر قات كىيىم قىلسۇن، ئۇ كىيىم ئاياللىڭنى سۇپەتلەپ، بەدىنىنى بىلىندۈرمىسۇن دېدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**4367 –[ 64 ]**( ضعيف )**وعن أم سلمة أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل عليها وهي تختمر فقال : لية لا ليتين رواه أبو داود**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ رومال سېلىۋاتقاندا كىرىپ مۇنداق دەپتۇ: بىر قېتىم يۆگە، ئىككى يۆگىمىسەڭمۇ بولىدۇ يەنى ئەرلەردەك يۆگەۋەرمە، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، چۈنكى، نامەلۇم راۋى بار،

**4368 – [ 65 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن ابن عمر قال : مررت برسول الله صلى الله عليه وسلم وفي إزاري استرخاء فقال : " يا عبد الله ارفع إزارك " فرفعته ثم قال : " زد " فزدت فما زلت أتحراها بعد فقال : بعض القوم : إلى أين ؟ قال : " إلى أنصاف الساقين " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدىم، ئىشتىنىم سەل ئۇزۇنراق ئىدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئى ئابدۇاللە! ئەگەر سەن ئاللاھنىڭ بەندىسى بولىدىغان بولساڭ، ئىشتىنىڭنى كۆتۈرگىن، (يەنى ھۇشۇقۇڭدىن يۇقىرى كۆتۈرگىن)،دېدى، مەن كۆتۈردۇم، يەنە زىيادە كۆتۈرگىن دېدى، مەن يەنىمۇ ئۈستۈن كۆتۈردۈم، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئىشتىنىمنى يۇقىر كۆتۈرۈشكە قاتتىق تىرىشىپ چىڭ تۇردۇم، قەۋمىنىڭ بەزىسى ؛ قەيەرگىچە كۆتۈرۈلسە بولىدۇ؟ دېدى، ئۇ: پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە كۆتۈرۈلىدۇ دېدى.مۇسلىم، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4369 – [ 66 ] ( صحيح ) وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من جر ثوبه خيلاء لم ينظر الله إليه يوم القيامة " . فقال أبو بكر : يا رسول الله إزاري يسترخي إلا أن أتعاهده . فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنك لست ممن يفعله خيلاء " . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تەكەببۇرلۇق قىلىپ، كىيىملىرىنى ئۇزۇن سۆرەپ يۈرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، (يەنى غەزەپ قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئازابلىنىدۇ، كىبىرنىڭ جازاسى خارلىقتۇر).ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ ئىشتىنىم ئازراق ئۇزۇن سۆرىلىپ قالىدۇ، لېكىن مەن ئۇنى ھۇشۇقۇمدىن يۇقىر كۆتۈرۈشكە قاتتىق تىرىشىپ چىڭ تۇرىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سەن ئۇنداق كىبرى قىلىدىغانلاردىن ئەمەسسەن،دېدى.بۇخارى، ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4370 – [ 67 ] ( صحيح ) وعن عكرمة قال : رأيت ابن عباس يأتزر فيضع حاشية إزاره من مقدمه على ظهر قدمه ويرفع من مؤخره قلت لم تأتزر هذه الإزرة ؟ قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يأتزرها . رواه أبو داود**

ئىكرەمەت رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشتان كەيگەندە، ئىشتىنىنىڭ ئالدى پۇشقىنى پۇتىنىڭ دۇمبىسىنى يېپىپ تۇرغۇدەك ئۇزۇن قويغىنىنى، ئارقىسىنى بولسا كۆتۈرۈپ ئېگىز كەيگىنىنى كۆرۈپ؛ نىمە ئۈچۈن بۇنداق ئىشتان كىيىلا؟دىسەم، ئۇ ماڭا؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلىپ ئىشتان كەيگىنىنى كۆرگەن ئىدىم دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.سەھىھ.

**4371 – [ 68 ] ( ضعيف )وعن عبادة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عليكم بالعمائم فإنها سيماء الملائكة وأرخوها خلف ظهوركم " . رواه البيهقي**

ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، سەللىنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ بەلگىسى، ئۇنىڭ پەتلىسىنى، ئۇچىنى دۈمبەڭلارغا تاشلاڭلار، بەيھەقى خاتىرلىگەن، شەيىخ ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن،

**4372 – [ 69 ] ( حسن )وعن عائشة أن أسماء بنت أبي بكر دخلت على رسول الله صلى الله عليه وسلم وعليها ثياب رقاق**

**فأعرض عنه وقال : يا أسماء إن المرأة إذا بلغت المحيض لن يصلح أن يرى منها إلا هذا وهذا . وأشار إلى وجهه وكفيه .رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، ئەبۇ بەكرنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنها، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئۇستىدە نېپىز كىيىم بار ھالدا كىرىپ كەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن يەنە ئى ئەسما، ئايال كىشى ھەيز كۆرۈپ، بالاغەتكە يەتسە، ماۋۇ جاي بىلەن ماۋۇ جايدىن باشقىسى كۆرۈنسە بولمايدۇ دەپ يۈزى بىلەن ئىككى ئالقىنىغا ئىشارەت قىلىپتۇ. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن بولۇپ،ئۇ: بۇ ھەدىس مۇرسەل يەنى تابىئىن كىشى ساھابىنى قويۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپ سۆزلەپ كېتىدۇ. خالىد ئىبنى دۇرەيىك، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانى تاپمىغان، كۆرۈپمۇ باقمىغان دىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇسەيمىين بۇ ھەدىسنى زەئىپ دىگەن، (ھىجاپ دىگەن كىتابدىن ئېلىندى) ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا بۇ ھەدىسنىڭ سەئىيد ئىبنى بۇشەيىر دىگەن راۋىيسىنى زەئىپ دىگەن، توققۇز كىتاب دىسكىسىدىن كۆردۈم. يۇقىرقى زەئىپ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3580 ـ ھەدىسى، ئەلبانى بۇ ھەدىسنى باشقا قوللايدىغان يوللار بار دەپ ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ، لېكىن توغرا، ھەق، راست سۆز شۇكى، ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللا مۇرسەل، زەئىپ دىگەن، ھەدىسنى خاتىرلىگۈچى تويتوغرا بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلبانىمۇ مۇرسەل ھەدىسنى مۇتلەق زەئىپ دەپ كەلگەن، بۇ ھەدىس بەزى ساھابىلار تەپسىرىگىمۇ خىلاپ، زىنتۇر.**الله** ئەئلەم.

**4373 – [ 70 ] وعن أبي مطر قال : إن عليا اشترى ثوبا بثلاثة دراهم فلما لبسه قال : " الحمد لله الذي رزقني من الرياش ما أتجمل به في الناس وأواري به عورتي " ثم قال : هكذا سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول رواه أحمد**

ئەبۇ مەتر رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۈچ دەرھەمگە بىردانە كىيىم سېتىۋېلىپ، ئۇنى كەيگەندە:«بارلىق ھەمدۇ-سانا، مەن كىشلەر ئارىسىدا ئەۋرىتىمنى ياپىدىغان، گۈزەل زىننەتلىنىپ ياسىنىدىغان زىننەتنىڭ لىباسىنى ماڭا رىزىق قىلىپ بەرگەن **الله** قا خاستۇر»دەپ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى.ئەھمەد توپلىغان.

**4374 – [ 71 ] ( ضعيف )وعن أبي أمامة قال : لبس عمر بن الخطاب رضي الله عنه ثوبا جديدا فقال : الحمد لله الذي كساني ما أواري به عورتي وأتجمل به في حياتي ثم قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من لبس ثوبا جديدا فقال : الحمد لله الذي كساني ما أواري به عورتي وأتجمل به في حياتي ثم عمد إلى الثوب الذي أخلق فتصدق به كان في كنف الله وفي حفظ الله وفي ستر الله حيا وميتا " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ يېڭى كىيىم كىيىپ مۇنداق دىدى، «بارلىق ھەمدۇ ـ سانا، ماڭا ئەۋرىتىمنى ياپقۇدەك ھاياتىمدا گۈزەل ياسانغۇدەك كىيىم ـ كېچەك بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر»، ئاندىن ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېڭى كىيىم كىيىپ شۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋە يەنە كىم يېڭى كىيىم كىيىپ شۇنداق دېسە، ئاندىن كونا كىيىمنى سەدىقە قىلسا، ئۇ مەيلى تىرىك بولسۇن، مەيلى ئۆلۈپ كەتسۇن، ئاللاھنىڭ ھىمايىسى، قوغدىشى، پەردىسى ئاستىدا بولىدۇ،دىگەنلىكىنىمۇئاڭلىغان ئىكەن. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دىگەن، ئىمام ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

4375 – [ 72 ] ( لم تتم دراسته ) وعن علقمة بن أبي علقمة عن أمه قالت : دخلت حفصة بنت عبد الرحمن على عائشة وعليها خمار رقيق فشقته عائشة وكستها خمارا كثيفا . رواه مالك

ئەلقەمەتنىڭ ئانىسىدىن، ئابدۇررەھماننىڭ قىزى ھەپسە، ھاماما ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا، ئۈستى ـ بېشىدا نېپىز رومال بار ھالەتتە كىرگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ نېپىز رومىلىنى يىرتىپ تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا چىڭچى كۆرۈنۈپ قالمىغىدەك قېلىن رومال قىلىپ بەردى.ئىمام مالىك توپلىغان.ئايالالارنىڭ بېشىغا نېپىز ياغلىق سېلىش دۇرۇس ئەمەس.چىچى ئەۋرەت بولۇپ، ئۇنى ئۇچۇق قويۇش ھارامدۇر.

4376 – [ 73 ] ( صحيح ) وعن عبد الواحد بن أيمن عن أبيه قال : دخلت على عائشة وعليها درع قطري ثمن خمسة دراهم فقالت : ارفع بصرك إلى جاريتي انظر إليها فإنها تزهى أن تلبسه في البيت وقد كان لي منها درع على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فما كانت امرأة تقين بالمدينة إلا أرسلت إلي تستعيره . رواه البخاري

ئابدۇلۋاھىدنىڭ دادىسى رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇنىڭ ئۇستىدە قىممىتى بەش دەرھەمچىلىك كېلىدىغان، ناھايىتى قوپال تىكىلگەن بىر كۆڭلەك بار ئىكەن، ئۇماڭا؛ سەن ماۋۇ دېدەك خادىمىمغا قارا، بۇ ھازىر ئۆي ئىچىدىمۇ ئۇ كۆڭلەكنى كىيىشتىن ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتۇپ، ئۇنى ياراتمايدۇ، ئۇنى كىيىشكە ھەرگىز رازى بولماي كىبرى قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا مېنىڭ مۇشۇنداق بىر كۆڭلىكىم بار ئىدى، مەدىنىدىكى ھەرقانداق بىر ئايال توي ئۈچۈن زىننەتلىنىپ ياسانماقچى بولسا، شۇ كۆڭلىكىمنى ئارىيەت ئېلىش ئۈچۈن ماڭا كىشى ئەۋەتەتتى دېدى.بۇخارى 2435 ـ ھەدىس.

4377 – [ 74 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : لبس رسول الله صلى الله عليه وسلم يوما قباء ديباج أهدي له ثم أوشك أن نزعه فأرسل به إلى عمر فقيل : قد أوشك ما انتزعته يا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " نهاني عنه جبريل " فجاء عمر يبكي فقال : يا رسول الله كرهت أمرا وأعطيتنيه فما لي ؟ فقال : " إني لم أعطكه تلبسه إنما أعطيتكه تبيعه " . فباعه بألفي درهم . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان، يىپەكتىن تىكىلگەن بىر توننى كىيىپ، ئاندىن تېزلا ئۇنى سېلىۋېتىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەۋەتتى، ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئۇ توننى تېزلا سېلىۋەتتىلىغۇ؟ دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مېنى ئۇنىڭدىن جىبرىئىل توستى دېدى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىغلىغىنىچە كېلىپ؛ ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! سىلى ياقتۇرمىغان نەرسىنى ماڭا بېرىپلا، ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەن ئۇنى ساڭا كەيسۇن دەپ بەرمىدىم، سېتىپ پۇلىنى خەژلىشىڭ ئۈچۈن بەردىم دېدى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇ توننى 2000 دەرھەمگە ساتتى.مۇسلىم 3861 ـ ھەدىس.

4378 – [ 75 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : إنما نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن ثوب المصمت من الحرير فأما العلم وسدى الثوب فلا بأس به . رواه أبو داود

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساپ ھالدا پۈتۈنلەي يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كىيىمدىن توسقان، ئەمما، بىرەر تال يىپ بەلگە ، زىغزىق دېگەندەك نەرسىدە كىرەك يوق، چاتاق يوق.ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، راۋىيلار ئارىسىدا خۇبەيىب ئىسىملىك كىشى

بولۇپ، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل ئۇنىڭ ھەدىسى كۈچلۈك ئەمەس، ھۆججەت ئەمەس دېگەن.

**4379 – [ 76 ] ( صحيح ) وعن أبي رجاء قال : خرج علينا عمران بن حصين وعليه مطرف من خز وقال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أنعم الله عليه نعمة فإن الله يحب أن يرى أثر نعمته على عبده " . رواه أحمد**

ئەبۇرىجائى مۇنداق دەيدۇ؛ بىزنىڭ يېنىمىزغا ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەلدى،ۋەھالەنكى ئۇنىڭ ئۇستىدە، ئىككى تەرىپىدە چۈرىسىدە زىغزىق ئەلەم بار كىيىم بار ئىدى،ئاندىن ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن دېدى: ھەققەتەن ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسگە نىئمەت، مال ــ دۇنيا ئاتا قىلسا، بەندىسىنىڭ ئۇستىدە شۇ نىئمەتنىڭ تەسرى، ئەسرى كۆرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ،ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4380 – [ 77 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس رضي الله عنهما قال : كل ما شئت والبس ما شئت ما أخطأتك اثنتان : سرف ومخيلة . رواه البخاري في ترجمة باب**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سىنى ئىسراپ قىلىش بىلەن كىبىردىن ئىبارەت ئىككىلا نەرسە خاتالاشتۇرمىسىلا، خالىغىنىڭچە يەپ ـ ئىچىپ، خالىغىنىڭچەكىيىۋەرگىن،(يەنى ئىسراپ قىلماي، بۇزۇپ ــ چاچماي، كىبىر قىلماي يەپ ــ ئىچىڭلار، كىيىڭلار)دەيتتى.ئىمام بۇخارى بابنىڭ تەرجىمىسدە يازغان.سەھىھ.

**4381 – [ 78 ] ( حسن ) وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كلوا واشربوا وتصدقوا والبسوا ما لم يخالط إسراف ولا مخيلة " . رواه أحمد والنسائي وابن ماجه**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ ئىسراپ قىلماي، بۇزۇپ ــ چاچماي، كىبىر قىلماي يەپ ــ ئىچىڭلار، كىيىڭلار، سەدىقىمۇ قىلىڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن،( پۇتۇن مال ــ مۈلكىنى ھەق يولدا تۇگەتسە، ئىسراپ بولماس، بىر تىيىن بىر سىنىتنى ناھەق، باتىل يولغا بەرسە ئىسراپ بولۇر).

**4382 – [ 79 ] ( لم تتم دراسته )عن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أحسن ما زرتم الله في قبوركم ومساجدكم البياض " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرەڭلاردا، مەسجىدىڭلاردا ئاللاھنى زىيارەت قىلىدىغان كىيىمڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاق كىيىمدۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، زەئىپ ھەدىس، لېكىن ئاق كىيىم ياخشى،

## باب الخاتم – الفصل الأول بارماقتا ئۈزۈك سېلىش توغرىسىدا

**4383 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن ابن عمر رضي الله عنهما قال : اتخذ النبي صلى الله عليه وسلم خاتما من ذهب وفي رواية : وجعله في يده اليمنى ثم ألقاه ثم اتخذ خاتما من الورق نقش فيه : محمد رسول الله وقال : " لا ينقشن أحد على نقش خاتمي هذا " . وكان إذا لبسه جعل فصه مما يلي بطن كفه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇندىن ئۈزۈك قىلدۇرۇپ، ئۇنى

ئۈزۈك قولىغا سالغان ئىدى، ئاندىن كېيىن ئالتۇننى تاشلىۋېتىپ (يەنى ئالتۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ)كۈمۈشتىن ئۈزۈك قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا « مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»دەپ نەقىش ئويدۇردى، ۋە: ھېچ بىر كىشى ئۈزۈكىگە مېنىڭ مۇشۇ ئۈزۈكۈمنىڭ نەقىشىدەك نەقىش قىلدۇرمىسۇن، (يەنى «مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ» سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) دېدى، بۇ كۈمۈش ئۈزۈكنى قولىغا سالسا، ئۇنىڭ كۆزىنى ئالقىنىغا قىلىۋالاتتى.(ئۇنىڭ مۇھەممەداللاھ نىڭ ئەلچىسى دېگەن نەقىشى بار ئىدى).بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەقىقەتەن مەن كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك سالدىم، ئۇنىڭغا «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ نەقىش چەكتۈردۈم، بىر كىشى ئۈزۈكىگە شۇ نەقىشكە ئوخشاش نەقىش چەكتۈرمىسۇن،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4384 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن علي قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن لبس القسي والمعصفر وعن تختم الذهب وعن قراءة القرآن في الركوع . رواه مسلم**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەك رەخت بىلەن زىغىرنى تۇتۇلۇپ سىزىق چىقىرىلغان كىيىمدىن، سېرىق،قىزىلدا بويالغان كىيىمدىن، ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن، رۇكۇدا تۇرۇپ قۇرئان قىرائەت قىلىشتىن توسقان. مۇسلىم توپلىغان.

**4385 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم رأى خاتما من ذهب في يد رجل فنزعه فطرحه فقال : " يعمد أحدكم إلى جمرة من نار فيجعلها في يده ؟ " فقيل للرجل بعدما ذهب رسول الله صلى الله عليه وسلم : خذ خاتمك انتفع به . قال : لا والله لا آخذه أبدا وقد طرحه رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ مۇنداق دېگەن؛ بىرىڭلار دوۋزاخ ئوتىدىن بىر چوغنى ئېلىپ، قولىغا قويۇشنى مەخسەت قىلىۋاتامدۇ؟ رەسۇلۇللاھ كەتكەندىن كېيىن ئۇ كىشىگە: ئۇ ئالتۇننى ئېلىپ، باشقا ئىشلاردا مەنپەئەتلەن دېيىلسە، ئۇ كىشى؛ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاشلىۋەتكەن نەرسىنى مەڭگۈ ئالمايمەن دېگەن. (ئۇلار شۇنداق قاتتىق ئىتائەت قىلاتتى). مۇسلىم 3897 _ ھەدىس، سەھىھ. ئالتۇن ئۈزۈك ئەركىشىگە ھارام.ئاياللارغا ھالالدۇر.

**4386 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم أراد أن يكتب إلى كسرى وقيصر والنجاشي فقيل : إنهم لا يقبلون كتابا إلا بخاتم فصا غ رسول الله صلى الله عليه وسلم خاتما حلقة فضة نقش فيه : محمد رسول الله . رواه مسلم . وفي رواية للبخاري : كان نقش الخاتم ثلاثة أسطر : محمد سطر ورسول سطر والله سطر**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ كىسرا، قەيسەر، نەججاشي قاتارلىق پادىشاھلارغا مەكتۇپ يازماقچى بولغاندا، ئۇلار پەقەت تامغا ئۇرۇلغان ، مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇپنىلا قوبۇل قىلىدۇ دېيىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈمۈشتىن بىر ھالقا ئۈزۈك ياساتتى، ئۇنىڭغا « **محمد رسول الله** »دەپ نەقىش ئويۇلدى، ئۈزۈكنىڭ نەقىشى ئۈچ قۇر خەت ئىدى، مۇھەممەد بىر قۇر، رەسۇل بىر قۇر، **الله** بىر قۇر خەت ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

**4387 – [ 5 ] ( صحيح ) وعنه أن نبي الله صلى الله عليه وسلم كان خاتمه من فضة وكان فصه منه . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكى كۈمۈشتىن، ئۈزۈكنىڭ كۆزىمۇ كۈمۈشتىن ئىدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**4388 [ 6 ] ( متفق عليه ) وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لبس خاتم فضة في يمينه فيه فص حبشي كان يجعل فصه مما يلي كفه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىغا كۈمۈشتىن ئۈزۈك سالغان ئىدى، ئۈزۈكنىڭ كۆزى بولسا، ھەبەشىستانغا مەنسۇپ تاش ئىدى، ياكى قارىراق تاش ياكى شۇ ئۈزۈك كۆزۈنىڭ ياسىلىشى ھەبەشكە مەنسۇپ ئىدى. بۇ كۈمۈش ئۈزۈكنى قولىغا سالسا، ئۈنىڭ كۆزىنى ئالقىنىغا قىلىۋالاتتى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالتۇن ئۈزۈك ئەرلەرگە ھارام. كۈمۈش، تۆمۈر بولسا مەيلى، بەزىلەر كۈمۈشتە، تۆمۈردە ئۈزۈك سېلىش سۈننەت دېدى.مۇسلىم شەرھىسىدىن.

**4389 – [ 7 ] ( صحيح ) وعنه قال : كان خاتم النبي صلى الله عليه وسلم في هذه وأشار إلى الخنصر من يده اليسرى . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكى مۇشۇ قولىدا ئىدى دەپ، سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا ئىشارەت قىلدى.مۇسلىم توپلىغان. ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكنى ئوڭ قولىغا سالاتتى. بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ھەر ئىككى ھەدىس سەھىھ بولۇپ، ئالىملار مۇنداق دېدى؛ ئوڭ قولىغا ياكى سول قولىغا سالسا دۇرۇس بولىدۇ، قايسىغا سالسا ئىختىيار، مەكرۇھ ئەمەس، سەلەف، سالىھلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوڭ قولىغا، كۆپىنچىسى سول قولىغا سالغان، ئىمام مالىك، سول قولىغا سالىدۇ دېدى، باشقىلار ئوڭ قولىغا سېلىش ئەۋزەل دېدى، ئاياللارمۇ ھەر ئىككى قولىغا سالسا بولىدۇ، ئۈزۈكنى چىمچىلاقنىڭ يېنىدىكى نامسىز بارماققا سالىدۇ، يەنى چىمچىلاق بىلەن ئوتتۇر بارماق ئارىسىدىكى بارماققا، بۇ سۈننەت، قىلسا ساۋاب بار، قىلالمىسا ئازاب يوقتۇر. مۇسلىم شەرھىسىدىن.

**4390 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن علي رضي الله عنه قال : نهاني رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أتختم في إصبعي هذه أو هذه قال : فأومأ إلى الوسطى والتي تليها . رواه مسلم**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى ماۋۇ ۋە ماۋۇ بارمىقىمغا ئۈزۈك سېلىشىمدىن توسقان دەپ، ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى باش بارمىقىغا ئىشارەت قىلغان.مۇسلىم.

**4391 – [ 9 ] الفصل الثاني عن عبد الله بن جعفر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يتختم في يمينه . رواه ابن ماجه**

ئابدۇللا ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىغا ئۈزۈك سالاتتى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئىچىدە ئىبراھىم ئىبنى پەزلە بولۇپ، ئەبۇ ھاتەم بۇنىڭ ھەدىسى مۇنكەر، زەئىپ دېگەن. تىرمىزىمۇ زەئىپ دېگەن، نەسەئى مۇنكەر دېگەن، شۇنداقلا بۇنىڭ ھەدىسى يېزىلمايدۇ دېگەن. ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللا؛ ئوڭ قولىغا ۋە ئىبنى ئۆمەردىن سول قولىغا ئۈزۈك سالاتتى دەپ ئىككى خىل رىۋايەت قىلغان، مۇسنەد ئەھمەدتە ئوڭ قولى دېگەن بار، تىرمىزى، نەسەئىيدا بار، ئۈزۈك سالغىنى راست، ئالتۇننى تاشلىغىنى تېخىمۇ راست.بۇمەسئەلىنى سەھىھ ھەدىسلەردە سۆزلىدۇق.

**4392 – [ 10 ]** ( لم تتم دراسته ورواه أبو داود والنسائي عن علي

**4393 – [ 11 ]** وعن ابن عمر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يتختم في يساره . رواه أبو داود

ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكىنى سول قولىغا سالاتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ.

**4394 – [ 12 ]** ( صحيح ) وعن علي رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم أخذ حريرا فجعله في يمينه وأخذ ذهبا فجعله في شماله ثم قال : " إن هذين حرام على ذكور أمتي " . رواه أحمد وأبو داود والنسائي

ئەلى ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىدا يىپەك رەختنى، سول قولىدا ئالتۇننى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بۇ ئىككىسى يەنى ئالتۇن بىلەن يىپەك رەخت، ئۈممىتىمنىڭ ئەر كىشىلىرىگە ھارام قىلىندى، ئايال كىشىلىرىگە ھالال قىلىندى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، ئالتۇن بىلەن يىپەك رەخت، ئەر كىشىلەرگە ھارام، چۈنكى، ھەدىستە ئوچۇقلا ھارام دىگەن، ئاياللارغا ھالالدۇر.

**4395 – [ 13 ]** ( صحيح ) وعن معاوية أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن ركوب النمور وعن لبس الذهب إلا مقطعا . رواه أبو داود والنسائي

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىلپىزنىڭ ، يولۋاسنىڭ تىرىسىدىن كىيىم كىيىشدىن، ئۇ تىرىگە مىنىشدىن توسقان. ئالتۇن قاچا، كۈمۈش قاچىدا ئىچىملىك ئىچىشدىن، نەرسە يىيىشدىن توسقان، ئەرلەرنى ئالتۇن سىلىش، يىپەك كىيىم كىيىشدىن توسقان،لېكىن كىچىككىنە بىر پارىغا رۇخسەت قىلغاندۇر.(ئالىملار؛بۇنى قىلىچقا ھەل بىرىشكە رۇخسەت قىلغان، ياكى كىسەل سەۋەبىدىن ، زۆرۈرىيىيەتتىن رۇخسەت قىلغان دىيدى. )ئەبۇداۋۇد،نەسەئى، تەبرانى تويلىغان، سەھىھ.

**4396 – [ 14 ]** ( ضعيف )وعن بريدة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال لرجل عليه خاتم من شبه : " ما لي أجد منك ريح الأصنام ؟ " فطرحه ثم جاء وعليه خاتم من حديد فقال : " ما لي أرى عليك حلية أهل النار ؟ " فطرحه فقال : يا رسول الله من أي شيء أتخذه ؟ قال : " من ورق ولا تتمه مثقالا " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىرىق مىس، تۇچىدىن ئۈزۈك سېلىۋالغان ئەرگە مەن سەندىن بۇتنىڭ پۇرىقىنى تىپىۋاتىمەنغۇ دىدى؟ ئۇ ئەر ھىلىقى ئۈزۈكنى تاشلىۋىتىپ، تۆمۈردىن ئۈزۈك سىلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمدى مەن سەندە دوۋزاخ ئەھلىنىڭ زىينەت بويۇملىرىنى كۆردۈمغۇ؟ دىدى، ئۇ ئەر ئۇنىمۇ تاشلىۋىتىپ، نىمىدىن ئۈزۈك سالىمەن؟ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈمۈشدىن سال، لېكىن بىر مىسقالغا توشتۇرىۋەتمە دىدى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، شۇنداقلا ئەبۇ داۋۇدقا شەرھى يازغان، ئىمام ئابادىمۇ زەئىپ دىگەن، ئىمام نەۋەۋىمۇ زەئىپ دىگەن،

**4397 – [ 15 ]** ( ضعيف )وعن ابن مسعود قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يكره عشر خلال : الصفرة يعني الخلوق وتغيير الشيب وجر الأزرار والتختم بالذهب والتبرج بالزينة لغير محلها والضرب بالكعاب والرقى إلا بالمعوذات وعقد التمائم

| |
|---|
| وعزل الماء لغير محله وفساد الصبي غير محرمه . رواه أبو داود والنسائي<br><br>ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئون خىل ئىشنى ياقتۇرمايتتى، 1 ـ رەڭگى سېرىق خۇشپۇراقنى، 2 ـ ئاق چاچنى بوياپ ئۆزگەرتىشنى، 3 ـ ئىشتاننى سۆرەپ ئۇزۇن كىيىشنى، 4 ـ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشنى، 5 ـ ھوشۇقنى ئۇرۇپ ئويناشنى، بەلكىم قىماردۇر، 6 ـ ئورۇنسىز زىينەت بىلەن ياسىنىشنى، 7 ـ سۈرە فەلەق، سۈرە ناستىن باشقا نەرسىلەرنى ئوقۇپ باخشىلىق قىلىشنى، رۇقى قىلىشنى، 8 ـ تۇمار ئېسىشنى، 9 ـ ئورۇنسىز مەنى سۈيىنى تۆكۈۋېتىشنى، 10 ـ كىچىك باللارنى بۇزۇۋشنى،(ھارام قىلمىغان ئاساستاياقتۇرمايتتى.) ئەلبانى بۇ ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن بولسىمۇ زەئىپ دىگەن. چۈنكى، ھەدىسنىڭ مەنىسىدىن ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ئۇندىن باشقا ھارام ئىشلارنى شېرىك ئىشلارنى ھارام دىمەي، مەكرۇھ مەنىسى چىقىپ قالىدۇ، ياقتۇرمايتتى، كەربە كۆرەتتى دىگەن بولىدۇ. شۇنداقلا ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئىچىدە قاسىم ئىسىملىك ئەھۋالى نامەلۇم كىشى بار، ۋە ئىبنى ھەرمەلەت دىگەن كىشنى ئىمام بۇخارى ھەدىسى سەھىھ ئەمەس دىگەن. |
| 4398 – [ 16 ] ( ضعيف )وعن ابن الزبير : أن مولاة لهم ذهبت بابنة الزبير إلى عمر بن الخطاب وفي رجلها أجراس فقطعها عمر وقال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " مع كل جرس شيطان " . رواه أبو داود<br><br>ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇلارنىڭ قۇل، خادىملىرى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئاپىرىپتۇ، بۇ قىزچاقنىڭ پۇتىدا كولدۇرما بار ئىكەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۈزۈۋېتىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم ھەرقانداق كولدۇرما، جىرىڭ بىلەن، جىرىڭ ــ شەيتان بىللە بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن.لىكىن پەرىشتە ھەمراھ بولماسلىق سەھىھ. |
| 4399 – [ 17 ] ( لم تتم دراسته ) وعن بنانة مولاة عبد الرحمن بن حيان الأنصاري كانت عند عائشة إذ دخلت عليها بجارية وعليها جلاجل يصوتن فقالت : لا تدخلنها علي إلا أن تقطعن جلاجلها سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تدخل الملائكة بيتا فيه أجراس " . رواه أبو داود<br><br>بىر كۈنى بەنانەت رەھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا بار ئىكەن، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قېشىغا بىر قىزچاق كىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاۋاز چىقىرىپ جىرىڭلايدىغان كولدىرىملار بار ئىكەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: بۇ قىزچاقنى مىنىڭ قېشىمغا كىرگۈزمەڭلار، لىكىن ئۇنىڭ كولدومىللىرىنى ئۈزۈۋېتىپ كىرگۈزۈڭلار، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم؛ «جىرىڭلايدىغان كولدىرىملار بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ».ئەبۇداۋۇد توپلىغان. |
| 4400 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الرحمن بن طرفة أن جده عرفجة بن أسعد قطع أنفه يوم الكلاب فاتخذ أنفا من ورق فأنتن عليه فأمره النبي صلى الله عليه وسلم أن يتخذ أنفا من ذهب . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي<br><br>ئابدۇررەھمان رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەشھۇر ۋەقە يۈزبەرگەن كىلاب كۈنى، بۇۋام ئەرپەجەتنىڭ بۇرنى كېسىلىپ كېتىپتىكەن، ئۇ كۈمۈشتىن بۇرۇن ياسىتىپ سالسا، ئۇنىڭغا سېسىق پۇراپ كېتىپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئالتۇندىن بۇرۇن ياسىتىپ سېلىشقا بۇيرۇپتۇ.تىرمىزى،نەسەئى، ئەبۇداۋۇد توپلىغان. |

| |
|---|
| **4401 – [ 19 ] ( جيد ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أحب أن يحلق حبيبه حلقة من نار فليحلقه حلقة من ذهب ومن أحب أن يطوق حبيبه طوقا من نار فليطوقه طوقا من ذهب ومن أحب أن يسور حبيبه سوارا من نار فليسوره من ذهب ولكن عليكم بالفضة فالعبوا بها " . رواه أبو داود**<br><br>ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەڭ بەك ياخشى كۆرگەن يېقىن ھەبىبىگە ئوتتىن ئۈزۈك ـ ھالقا سېلىنىشنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا ئالتۇندىن ئۈزۈك ـ ھالقا سېلىپ قويسۇن. كىم ئەڭ ياخشى كۆرگەن يېقىن ھەبىبىگە ئوتتىن گىلاپكا ئېسىلىشنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ بوينىغا ئالتۇندىن گىلاپكا ئېسىپ قويسۇن. كىم ئەڭ بەك ياخشى كۆرگەن يېقىن ھەبىبىگە ئوتتىن بىلەيزۈك سېلىنىشنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ قولىغا ئالتۇندىن بىلەيزۈك سېلىپ قويسۇن.لېكىن سىلەر كۈمۈشنى لازىم تۇتۇڭلار،كۈمۈشنى ئۈزۈڭلار خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىپ ، زىننەت بۇيۇمى ياساڭلار.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.سەھىھ. لېكىن بۇ ھەدىس مەنسۇخ يەنى ئەمەلدىن قالغان. ئالتۇن ـ كۈمۈش، يىپەك رەخت ئەرلەرگە ھارام بولسىمۇ، ئاياللارغا ھالالدۇر.ياكى بۇ ھەدىستىكى مەقسەت ئەرلەرلا بولۇشى مۇمكىن.بۇ يۇقىردا ئۆچۈق ئۆتتى. |
| **4402 – [ 20 ] ( ضعيف )وعن أسماء بنت يزيد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أيما امرأة تقلدت قلادة من ذهب قلدت في عنقها مثلها من النار يوم القيامة وأيما امرأة جعلت في أذنها خرصا من ذهب جعل الله في أذنها مثله من النار يوم القيامة " . رواه أبو داود والنسائي**<br><br>ئەسمائ بىنتى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر ئايال ئالتۇن گىلاپكا ئاسسا، قىيامەت كۈنى شۇنىڭغا ئوخشاش ئوتتىن گىلاپكا سېلىنىدۇ، قانداق بىر ئايال قۇلىقىغا ئالتۇن، زىرە ئاسسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇ ئايالنىڭ قولىقىغا شۇنىڭغا ئوخشاش ئوتتىن زىرە ـ مونجاق قىلىپ قويىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.ياكى مەنسۇخ ئەمەلدىن قالغان بولىدۇ. |
| **4403 – [ 21 ] ( ضعيف )وعن أخت لحذيفة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يا معشر النساء أما لكن في الفضة ما تحلين به ؟ أما إنه ليس منكن امرأة تحلى ذهبا تظهره إلا عذبت به " . رواه أبو داود والنسائي**<br><br>ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ھەمشىرىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار گۇرۇھى، جامائىتى، سىلەر كۈمۈش بىلەن زىينەت بويۇم قىلساڭلار بولىدۇ، رۇخسەت، ئەمما قايسى بىر ئايال ئالتۇننى زىينەت بويۇم قىلىپ ئاشكارىلىسا، قىيامەت كۈنى شۇنىڭ بىلەن شۇ سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى خاتىرلىگەن، شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن، |
| **4404 – [ 22 ] الفصل الثالث عن عقبة بن عامر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يمنع أهل الحلية والحرير ويقول : " إن كنتم تحبون حلية الجنة وحريرها فلا تلبسوها في الدنيا " . رواه النسائي**<br><br>ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىبۇ ـ زىننەت،يىپەك ئەھلىللىرىنى چەكلەپ مۇنداق دەيتتى؛ ئەگەر سىلەر جەننەتنىڭ زىبۇ ـ زىننەت،يىپەك كىيىملىرىنى ياخشى كۆرسەڭلار، بۇلارنى بۇ دۇنيادا كەيمەڭلار.نەسەئى توپلىغان. |
| **4405 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم اتخذ خاتما فلبسه قال : " شغلني هذا** |

عنكم منذ اليوم إليه نظرة وإليكم نظرة " ثم ألقاه . رواه النسائي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئۈزۈك ياسىتىپ سېلىپ، ئاندىن «بۇنى سالغان كۈنىمدىن باشلاپ، بۇنىڭغا بىر قاراپ، سىلەرگە بىر قاراپ، بۇ مېنى سىلەردىن مەشغۇل قىلىپ توسۇپ قويدى» دەپ،ئاندىن ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى. نەسەئى توپلىغان.

4406 – [ 24 ] ( لم تتم دراسته ) وعن مالك قال : أنا أكره ان يلبس الغلمان شيئا من الذهب لأنه بلغني أن رسول الله صلى الله عليه وسلم نهى عن التختم بالذهب فأنا أكره للرجال الكبير منهم والصغير . رواه في الموطأ

ئىمام مالىك رەھ مۇنداق دېگەن: مەن كىچىك ئوغۇل باللارغىمۇ، ئالتۇندىن بىرەر نەرسە سېلىپ قويۇلۇشىنى ياقتۇرمايمەن(يەنى مەكروھ دەيمەن) چۈنكى ماڭا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالتۇندىن ئۈزۈك سېلىشتىن توسقانلىقى يەتتى، مەن شۇڭا ئۇلاردىن چوڭ ئەرلەرگىمۇ ، ۋە كىچىك ئوغۇللارغىمۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى (يەنى ئالتۇننى ئەر جىنسىنىڭ ئىستىمال قىلىشىنى)قەتئىي ياقتۇرمايمەن.مۇۋتەئ.

باب النعال – الفصل الأول   ئاياغ كىيىش توغرىسىدا

4407 – [ 1 ] ( صحيح ) عن ابن عمر قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يلبس النعال التي ليس فيها شعر . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاشلانغان يەنى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يۈڭى يوق تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغنى كىيەتتى، ساقلىنى ۋەرەس، زەئپىران بىلەن سېرىقتا بوياپتتى، (ۋەرەس دېگەن پۇرىقى خۇشپۇراق، سېرىق رەڭلىك ئۆسۈملۈك، زەئپىران تونۇشلۇق). ئەبۇ داۋۇد 3677 _ ھەدىس،بۇخارى، بەيھەقى ۋە باشقا سەھھەھ ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر، سەھھە.

4408 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : إن نعل النبي صلى الله عليه وسلم كان لها قبالان

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايغىنىڭ ، پۇتنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا تۇرىدىغان ئىككى تال بوغوچ، شوينىسى بار ئىدى، (ئۇنى ئىلدۇرۇۋالاتتى).بۇخارى، تىرمىزى 1695 _ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھھە.

4409 – [ 3 ] ( صحيح وعن جابر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم في غزوة غزاها يقول : " استكثروا من النعال فإن الرجل لا يزال راكبا ما انتعل " . رواه مسلم

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىملىق غازىتىدا مۇنداق دېگەن: كەشلەرنى كۆپ قىلىپ قويۇڭلار، چۈنكى، كىشى ئايىغى بولسىلا دائىم سەپەرگە چىقالايدۇ، «بولۇپمۇ ئۇرۇشقا» ئەھمەد، بۇخارى تارىخدا، مۇسلىم، نەسەئى، جابىردىن، تەبرانى ئىمراندىن، ئەۋسەت ئىبنى ئەمرۇ رەزىيلاھۇ ئەنھۇمدىن توپلىغان، سەھھە. بۇ ھەدىس ئۇرۇش سەپىرگە تەييارلىق قىلدۇرىدۇ.

4410 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا انتعل أحدكم فليبدأ باليمنى وإذا نزع فليبدأ بالشمال لتكن اليمنى أولهما تنعل وآخرهما تنزع "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئاياغنى

كىيگەندە، ئوڭدىن باشلىسۇن، سالغاندا بولسا، سول پۇتىدىن باشلىسۇن، ئوڭ پۇتىنىڭ ئايىقى كەيگەندە باشتا، سالغاندا ئاخىردا بولسۇن. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ترمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4411 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يمشي أحدكم في نعل واحدة ليحفيهما جميعا أو لينعلهما جميعا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار بىر پاي ئاياقتا ياكى بىر پاي ئۆتۈك بىلەن ماڭمىسۇن، يا ھەر ئىككىلىسىنى كىيىپ ماڭسۇن، ياكى ھەر ئىككىلىسىنى سىلىۋىتىپ يالاڭ ئاياق ماڭسۇن. بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، ترمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

**4412 – [ 6 ] ( صحيح وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا انقطع شسع نعله فلا يمش في نعل واحدة حتى يصلح شسعه ولا يمش في خف واحد ولا يأكل بشماله ولا يحتبي بالثوب الواحد ولا يلتحف الصماء " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ ئاياغ شوينىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇنى ئوڭشىمىغىچە بىر ئاياغ بىلەن ماڭمىسۇن، بىر ئۆتۈك بىلەنمۇ ماڭمىسۇن، سول قولىدا تائام يىمىسۇن، بىرلا كىيىم بىلەن يۆگەنمىسۇن، ئۇستى ـــ بىشىنى پۈتۈنلەي يۆگىۋالمىسۇن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4413 – [ 7 ] الفصل الثاني عن ابن عباس قال : كان لنعل رسول الله صلى الله عليه وسلم قبالان مثنى شراكهما . رواه الترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايىغىنىڭ ، پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا ئىلدۇرىۋالىدىغان ئىككى تال بوغۇچ شوينىسى بار ئىدى، بىر جۈپ ئاياغ شوينىسى بار ئىدى،(ئۇنى ئىلدۇرۇۋالاتتى).بۇخارى، ترمىزى 1695 ـــ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4414 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن ينتعل الرجل قائما . رواه أبو داود**

ئەنەس،جابىر،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئۆرە تۇرغان ھالدا ئايىغىنى كىيىشىدىن توسقان. ترمىزى،ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. (چۈنكى، مۇشەققەت بار، ئايىغى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، لىكىن، مۇشەققەت بولمىسا ياكى كۆپ جامائەتلەر ئارقىسىدىن كېلىۋاتسا، مەسجىددىن چىقىۋاتسا يەنىلا ئولتۇرۇپ كىيىمەن دىيسە بولمايدۇ، بولۇپمۇ، ساپما ئاياغقا ئوخشاش كېتىۋىتىپ پۇتىغا سايقىلى، ئۆرە تۇرۇپلا كەيگىلى بولىدىغان نەرسىنى ئۆرە تۇرۇپلا كەيسە دۇرۇس، ياكى باشقا ئۇرۇنغا يۆتكىلىپ ئولتۇرۇپ كىيسۇن، بۇ مۇستەھەپتۇر.)

**4415 – [ 9 ] ( صحيح ) ورواه الترمذي وابن ماجه عن أبي هريرة**

**4416 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وعن القاسم بن محمد عن عائشة قالت : ربما مشى النبي صلى الله عليه وسلم في نعل واحدة وفي رواية : أنها مشت بنعل واحدة . رواه الترمذي وقال : هذا أصح**

قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دىگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپۈنچە بىر پاي ئاياق بىلەنمۇ ماڭاتتى، يەنەبىردە؛ مەن بىر پاي ئاياق بىلەنمۇ ماڭاتتىم دىيىلگەن.ترمىزى.

**4417 –[ 11 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عباس قال : من السنة إذا جلس الرجل أن يخلع نعليه فيضعهما بجنبه رواه أبو داود

ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:كىشى ئولتۇرغاندا، ئىككى ئايىقىنى سېلىپ، ئۇنى يېنىدا قويۇپ قويۇشى سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4418 – [ 12 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن ابن بريدة عن أبيه أن النجاشي أهدى إلى النبي صلى الله عليه وسلم خفين أسودين ساذجين فلبسهما . رواه ابن ماجه . وزاد الترمذي عن ابن بريدة عن أبيه : ثم توضأ ومسح عليهما

**هذا الباب خال من الفصل الثالث**

ئىبنى بۇرەيدەنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ نەجاشىي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئەمما نەقىشلەنمىگەن ئىككى دانە قارا ئۆتۈكنى ھەدىيە قىلغۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئۆتۈكنى كەيگەن ئىدى،ۋە ئۇنى تاھارەت ئۈستىگە كىيىپ قالسا، تاھارەت ئالغاندا ئۇنىڭغا مەسھ قىلغان ئىدى.تىرمىزى بىلەن ئىبنى ماجە توپلىغان.

## باب الترجل – الفصل الأول چاچ تاراش توغرىسىدا

**4419 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) عن عائشة رضي الله عنها قالت : كنت أرجل رأس رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا حائض

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن ھەيىزدار ھالەتتىمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتىم. بۇخارى،مۇسلىم،

**4420 – [ 2 ]** ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الفطرة خمس : الختان والاستحداد وقص الشارب وتقليم الأظفار ونتف الإبط "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىمقى سۈننەتتىن ھازىرمۇ سۈننەت ھېسابلىنىدىغان بەش نەرسە باردۇر، خەتنە قىلىش، ئەۋرەت تۈكىنى تازىلاش، بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇق تۈكىنى ئېلىش،بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇتنى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن 10 ئىش باردۇر، (بۇلار بىرگىمۇ سۈننەتتۇر). 1 ـ بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش، 2 ـ ساقالنى كامىل تولۇق قويۇش، 3 ـ مىسۋاك سېلىش، 4 ـ ئاغىزى بۇرنىغا سۇ ئېلىش، 5 ـ تىرناقلارنى ئېلىپ تۇرۇش، 6 ـ بارماقلارنىڭ بوغۇملىرىنى قاتلىشىپ، تۈرۈلۈپ قالغان جايلارنى يۇيۇش، 7 ـ قولتۇق تۈكىنى تازىلاش، 8 ـ ئەۋرەتنى پاك ــ پاكىز تازىلاش، 9 ـ ئىستىنجا قىلىش، 10 ـ (راۋىي ئۇنتۇپ قالغان بولۇپ، ئاغىزىغا سۇ ئېلىش دېگەن بەزىلەر باشقا سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن دەلىللەپ خەتنە قىلىش دېگەن) بۇ ھەدىسنى مۇسلىم تاھارەتتە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

**4421 – [ 3 ]** ( متفق عليه ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خالفوا المشركين : أوفروا اللحى وأحفوا الشوارب " . وفي رواية : " أنهكوا الشوارب وأعفوا اللحى "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىكلارنىڭ

خلاپىدا، قارشىسىدا ئىش قىلغۇچىلار، بۇرۇتنى قىرقىپ ئېلىپ تۇرۇپ، ساقالنى تولۇق، كامىل قويۇغلار، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بىر قىسىم ئالىملار: رەببىم بۇيرىدى دېگەن ھەدىسنى دەلىللەپ ساقال قويۇش ۋاجىپ دېگەن، بەزىلەر؛ كۈچلۈك سۈننەت دېگەن، بۇ ھەدىسىدە سۈننەت دېيىلگەن، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا؛ساقالنى ئۈزۈرسىز دائىم ئالدۇرغان كىشى پاسىق دېگەن.

**4422 – [ 4 ] ( صحيح )**

**وعن أنس قال : وقت لنا في قص الشارب وتقليم الأظفار ونتف الإبط وحلق العانة أن لا نترك أكثر من أربعين ليلة . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىزگە بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇق تۈكىنى ئېلىش، ئەۋرەت تۈكىنى تازىلاشتا 40 كۈندىن ئارتۇق تەرىك ئەتمەسلىكىمىزگە ۋاقىت بېكىتىلدى(يەنى بۇتازىلىقلارنى ۋاقتىدا قىلىشىمىز، بىرەر ئايغىچە تاشلىۋەتمەسلىكىمىز سۈننەت قىلىپ بېكىتىلدى)مۇسلىم توپلىغان.

**4423 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن اليهود والنصارى لا يصبغون فخالفوهم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار چاچ ــ ساقىلىنى بويىمايدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ خىلاپىنى قىلىپ، بوياڭلار (باشقا خاتىرىلەردە؛ بويىساڭلار، قارا رەڭدە بوياشتىن ھەزەر قىلىڭلار دېگەن بار) بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4424 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : أتي بأبي قحافة يوم فتح مكة ورأسه ولحيته كالثغامة بياضا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " غيروا هذا بشيء واجتنبوا السواد " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى ئەبۇقەھاپە كەلتۈرۈلدۇ، ئۇنىڭ چاچ-ساقىلى سۇغامەت دېگەن دەرەخنىڭ چېچەك-مېۋىلىرىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئىكەن، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇنىڭ چېچىنى بىرەر نەرسە بىلەن بوياپ ئۆزگەرتىڭلار، لېكىن، قارا رەڭدىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاچ ــ ساقالدىكى ئاقنى بوياپ، ئۆزگەرتسەڭلار بولىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭغا قارا رەڭنى يېقىن قىلماڭلار، (قارا رەڭدە بوياش ھارامدۇر، مۇسلىمدا بار) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق چاچ، ئاق ساقاللارنى بوياپ ئۆزگەرتىڭلار، لېكىن، يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشىۋالماڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4425 – [ 7 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عباس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يحب موافقة أهل الكتاب فيما لم يؤمر فيه وكان أهل الكتاب يسدلون أشعارهم وكان المشركون يفرقون رؤوسهم فسدل النبي صلى الله عليه وسلم ناصيته ثم فرق بعد**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالاھىدە بۇيرۇلمىغان ئىشلاردا، ئەھلى كىتاپلارغا مۇۋاپىق كېلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار چاچلىرىنى ئىككىگە ئايرىماي تۈزلا تاراپ، پەسكە قويۇپ بىرەتتى، مۇشرىكلار بولسا، چاچلىرىنى ئىككىگە ئايرىپ تارايتتى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېكىسىنى ئىككىگە ئايرىپ تارىماي، پەس تەرەپكە قويۇپ بەردى، ئاندىن كېيىنچە (بارلىق كاپىرلارغا

ئوخشماسلىق ئۈچۈن) چېچىنى، چېكىسىنى ئىككى تەرەپكە ئايرىپ تارىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**4426 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن نافع عن ابن عمر قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم ينهى عن القزع . قيل لنافع : ما القزع ؟ قال : يحلق بعض رأس الصبي ويترك البعض وألحق بعضهم التفسير بالحديث**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كىچىك بالىنىڭ چېچىنىڭ بىر قىسىم يېرىنى چۈشۈرۈپ، يەنە بىر قىسىم يېرىدە چاچ قويۇپ، ئۇيەر ــ بۇيېرىگە چېكە، مۆڭگۈز چاچ قويۇشتىن توسقاندۇر.بۇخارى،مۇسلىم.ئاستىغا قاراڭ.

**4427 – [ 9 ] ( صحيح وعن ابن عمر : أن النبي صلى الله عليه وسلم رأى صبيا قد حلق بعض رأسه وترك بعضه فنهاهم عن ذلك وقال : " احلقوا كله أو اتركوا كله " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، چېچىنىڭ بىر قىسىم يېرى چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر قىسىم يېرىدە چاچ قويۇلغان بىر كىچىك بالىنى كۆرۈپ،ئۇلارنى شۇنداق قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: كىچىك بالىنىڭ چېچىنى، ئۇيەر ــ بۇيېرىگە چېكە، مۆڭگۈز چاچ قويماستىن، يا پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋېتىڭلار، ياكى بىراقلا چېچىنى قويۇڭلار.مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4428 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : لعن الله المخنثين من الرجال والمترجلات من النساء وقال : " أخرجوهم من بيوتكم " . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى خۇناسا ئەرلەرگە ۋە ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا قاتتىق لەنەت قىلدى.ئۇلارنى ئۆيلىرىڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار.بۇخارى، تىرمىزى، بۇخارى ئەدەپ دېگەن كىتابىدىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4429 – [ 11 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " لعن الله المتشبهين من الرجال بالنساء والمتشبهات من النساء بالرجال " . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى ئەرلەرگە، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى.بۇخارى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ كىيىمدەك كىيىم كىيىۋالغان ئەرگە، ئەرلەرنىڭ كىيىمدەك كىيىم كىيىۋالغان ئايالغا ئاللاھتائالا لەنەت قىلدى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. كىيىمىڭ پوسۇنىغا دىققەت قىلىڭ.

**4430 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : لعن الله الواصلة والمستوصلة والواشمة والمستوشمة**

ئىبنى مەسئۇد،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، چاچ ئۇلىغۇچى ۋە ئۇلاتقۇچى ئاياللارغا، مەڭ ئويغۇچى ۋە ئويدۇرغۇچى ئاياللارغا، قاش ــ كىرپىكلىرىنى، يۈزىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلغۇچى ۋە يۇلدۇرغۇچى ئاياللارغا، گۈزەللىك ئۈچۈنلا چىشلىرىنى قاپلاتقۇچى، بىر ــ بىرىدىن يىراقلاشتۇرغۇچى ئاياللارغا، الله نىڭ يارىتىشىنى ئۆزگەرتكۈچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4431 – [ 13 ]** ( صحيح ) **وعن عبد الله بن مسعود قال : لعن الله الواشمات والمستوشمات والمتنمصات والمتفلجات للحسن المغيرات خلق الله فجاءته امرأة فقالت : إنه بلغني أنك لعنت كيت وكيت فقال : ما لي لا ألعن من لعن رسول الله صلى الله عليه وسلم ومن هو في كتاب الله فقالت : لقد قرأت ما بين اللوحين فما وجدت فيه ما تقول قال : لئن كنت قرأتيه لقد وجدتيه أما قرأت : ( ما آتاكم الرسول فخذوه وما نهاكم عنه فانتهوا ) ؟ قالت : بلى قال : فإنه قد نهى عنه**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا، مەڭ ئۇيغۇچى ۋە ئۇيدۇرغۇچى ئايالالارغا، قاش ـــ كىرپىكلىرىنى، يۈزىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلغۇچى ۋە يۇلدۇرغۇچى ئايالالارغا، گۈزەللىك ئۈچۈنلا چىشلىرىنى قاپلاتقۇچى، بىر ـــ بىرىدىن يىراقلاشتۇرغۇچى ئايالالارغا، چاچ ئۇلىغۇچى، ئۇلاتقۇچىلارغا، **الله** نىڭ يارىتىشىنى ئۆزگەرتكۈچى ئايالالارغا لەنەت قىلدى.ئاندىن بىر ئايال ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ماڭا سىنىڭ مۇنداق، مۇنداق كىشىلەرگە لەنەت قىلغىنىڭ يەتتى بۇ راستمۇ؟دېدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھەئە، **الله** نىڭ ئەلچىسى لەنەت قىلغان كىشىلەرگە مەن نىمە ئۈچۈن لەنەت قىلمىغۇدەكمەن؟ۋەھالەنكى ئۇنداق كىشى **الله** نىڭ كىتابىدىمۇ لەنەت قىلىنىدۇ دېدى، ئۇئايال؛مەن قۇرئاننىڭ ئىككى ماقاۋىسى ئارلىقىنى يەنى پۈتۈنلەي ئوقۇپمۇ سەن دىگەن سۆزلەرنى پەقەت تاپالمىدىمغۇ؟ دېدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئەگەر سەن ھەقىقى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇغان بولساڭ، ئەلۋەتتە تاپالايتتىڭ، سەن قۇرئاندا«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار(بۇيرىغاننى قىلىڭلار)توسقانىدىن دەرھال يېنىڭلار»دىگەن ئايەتنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟دېدى، ئۇئايال؛ئوقۇدۇم دېدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھە!! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ئىشلاردىن توسقان دېدى. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4432 – [ 14 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : العين حق " ونهى عن الوشم . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كۆز تېگىش ھەق، راست ئىشتۇر.(ئۇنىڭ ئەمەلى تەسىرى بار).ۋە رەسۇلۇللاھ مەڭ ئۇيۇش ۋە ئۇيدۇرۇشتىن توسقان.بۇخارى.

**4433 – [ 15 ]** ( صحيح ) **وعن ابن عمر قال : لقد رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم ملبدا . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى تاراپ، بەزىسىنى بەزىسىگە يىملاپ قاتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇخارى5459ـ مۇسلىم2031ـ قالغان تۆت كىتاپتىمۇ بار.

**4434 – [ 16 ]** ( متفق عليه ) **وعن أنس قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يتزعفر الرجل**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە زەئپىراننى ئىستېمال قىلىشدىن توسقان، (چۈنكى ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق). بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4435 – [ 17 ]** ( متفق عليه ) **وعن عائشة قالت : كنت أطيب النبي صلى الله عليه وسلم بأطيب ما نجد حتى أجد وبيص الطيب في رأسه ولحيته**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىز تاپالىغان خۇش ـ پۇراق

ئەتىرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن ئەتىر چىچىپ قوياتتىم، ھەتتا خۇش-پۇراق ئەتىرلەرنىڭ ئاق نۇرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاچ-ساقاللىرىدا تاپاتتىم. بۇخارى، مۇسلىم،

**4436 – [ 18 ]** ( صحيح ) وعن نافع قال : كان ابن عمر إذا استجمر استجمر بألوة غير مطراة وبكافور يطرحه مع الألوة ثم قال : هكذا كان يستجمر رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلىتىشتە، ئۆيگە خۇشپۇراق نەرسە يېقىشتا، ئەلۇۋۋەت دېيىلىدىغان خۇشپۇراق ياغاچنى باشقا ئەتىرگە ئارىلاشتۇرماي ياقاتتى، ئىستېمال قىلاتتى، كافۇرا ئىسملىك ئەتىرنى ئىستېمال قىلسا، ئۇنى ئەلۇۋۋەتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلاتتى، (مەخسەت، خۇشپۇراق ئەتىر ئىستېمال قىلىشتۇر).ناپىئ رەھ ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق ئىستىمال قىلاتتى دىگەن. مۇسلىم 4148 _ ھەدىس، نەسەئى 5045 _ ھەدىس، سەھىھ.

**4437 – [ 19 ]** الفصل الثاني عن ابن عباس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يقص أو يأخذ من شاربه وكان إبراهيم خليل الرحمن صلوات الرحمن عليه يفعله . رواه الترمذي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇرتىدىن قىرقىپ ئېلىپ تۇراتتى، ۋە رەھمان تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلاتتى دىگەن.تىرمىزى توپلىغان.

**4438 – [ 20 ]** ( جيد ) وعن زيد بن أرقم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من لم يأخذ شاربه فليس منا " . رواه أحمد والترمذي والنسائي

زەيىد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بۇرتىدىن قىرقىپ ئالمىسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس، (يەنى ئەخلاقىمىزدىن، سۈننىتىمىزدىن ئەمەس). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**4439 – [ 21 ]** ( ضعيف )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يأخذ من لحيته من عرضها وطولها . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەمرۇئىبنى شۇئەيبىدىن دادىسىدىن، بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساقىلىنىڭ توغرىسىدىن، ئۇزۇنىسىدىن ئېلىپ تۇراتتى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن. چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئارىسىدا ئۆمەر ئىبنى ھارۇن بولۇپ، ئەلى مەيدەنى بۇكىشى قاتتىق زەئىپ دىگەن، يەھيا ئىبنى مەئىين: ئۇ كاززاپ دىگەن، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل: مەن ئۇنىڭدىن ھېچنېمە رىۋايەت قىلمايمەن دىگەن، ئىككىنچى كىشى ئۇسامە بولۇپ، خاتالىشىدىكەن، ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسى، ھۆججەت ئەمەس دىگەن، نەسەئى كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، خۇلاسە بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ، ئەمەل قىلىنمايدۇ،

**4440 – [ 22 ]** وعن يعلى بن مرة أن النبي صلى الله عليه وسلم رأى عليه خلوقا فقال : " ألك امرأة ؟ " قال : لا قال : " فاغسله ثم اغسله ثم لا تعد " . رواه الترمذي والنسائي

يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈستىدە خەلۇق دىگەن سىرىق

رەڭدىكى خۇشپۇراق نەرسىنى كۆرۈپ؛ سىنىڭ ئايالىڭ بارمۇ؟دېدى، ئۇ؛ ياق دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئۇنداق بولسا، بۇنەرسىنى يۇيىۋەت،يۇيىۋەت!يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىن!ئاندىن قايتا ئىشلەتمە دېدى.تىرمىزى،نەسەئى توپلىغان.

**4441 – [ 23 ]** ( **ضعيف** )**وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يقبل الله صلاة رجل في جسده شيء من خلوق " . رواه أبو داود**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەسىدىدە خەلۇق دېگەن سېرىق رەڭدىكى خۇشپۇراق نەرسە بار كىشىنىڭ نامىزىنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرىلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن. چۈنكى، راۋىيسى خاتالىشىدىكەن، كۈچلۈك ئەمەس، زەئىپ ئىكەن،

**4442 – [ 24 ]** ( **لم تتم دراسته** ) **وعن عمار بن ياسر قال : قدمت على أهلي من سفر وقد تشققت يداي فخلقوني بزعفران فغدوت على النبي صلى الله عليه وسلم فسلمت عليه فلم يرد علي وقال : " اذهب فاغسل هذا عنك " . رواه أبو داود**

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئەھلىمگە سەپەردىن كەلگىنىمدە، سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن قوللۇرۇم قۇرۇپ، يېرىلىپ كىتىپتىكەن، ئۇلار ماڭا زەئپىران بىلەن ئىلىشتۇرۇپ، سېرىق رەڭدىكى خەلۇق ئىسمىلىك ئەتىرنى سۈركەپ  قويدى، مەن ئەتىگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ سالام قىلسام، ماڭا سالام قايتۇرماي؛ سەن بېرىپ، بۇنى ئۆزۈڭدىن يۇيىۋەتكىن دېدى.ئەبۇداۋۇد3985 ـ ئەھمەد 18129 ـ ھەدىس.

**4443 – [ 25 ]** ( **صحيح** ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " طيب الرجال ما ظهر ريحه وخفي لونه وطيب النساء ما ظهر لونه وخفي ريحه " . رواه الترمذي والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرلەرنىڭ ئىستېمال قىلىدىغان ئەتىربويۇملىرى، پۇرىقى ئاشكارا بولۇپ، رەڭگى مەخپى بولغىنىدۇر، ئاياللارنىڭ بولسا ئەرلىرى ئۈچۈن رەڭگى ئاشكارا بولۇپ، پۇرىقى مەخپى بولغان ئەتىر بويۇملىرىدۇر.نەسەئى، تىرمىزى، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى سەھىھ.

**4444 – [ 26 ] وعن أنس قال : كانت لرسول الله صلى الله عليه وسلم سكة يتطيب منها رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈككەت ئىسمىلىك قىممەت باھالىق ناھايىتى ياخشى خۇشپۇراق ئەتىرسى بار بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ئەتىردىن ئىشلىتەتتى. ئەبۇ داۋۇد 3631 _ ھەدىس، سەھىھ.

**4445 – [ 27 ] وعنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يكثر دهن رأسه وتسريح لحيته ويكثر القناع كأن ثوبه ثوب زيات . رواه في شرح السنة**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇش پۇراق ئۈچۈن بېشىغا ۋە ساقىلىنى تاراشقا ياغنى كۆپ ئىستىمال قىلاتتى، بېشىدىكى ياغدىن سەللىسىنى ساقلاش ئۈچۈن بېشىغا لاتا رەخ قويىۋالاتتى، ياغنى كۆپ ئىشلەتكەنلىكتىن كىيىمى خۇددى ياغچىنىڭ كىيىمىدەك بۇلۇپ كىتەتتى.شەرھىسسۇننى

4446 – [ 28 ] وعن أم هانئ قالت : قدم رسول الله صلى الله عليه وسلم علينا بمكة قدمة وله أربع غدائر . رواه أحمد وأبو داود والترمذي وابن ماجه

ئۇممە هانىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىكى چېغدا بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەندە، تۆت تال ئۆرمە چېچى بار ئىكەن.ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان.

4447 – [ 29 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عائشة قالت : إذا فرقت لرسول الله صلى الله عليه وسلم رأسه صدعت فرقه عن يافوخه وأرسلت ناصيته بين عينيه . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى ئىككى يانغا ئايرىپ تاراپ قويغىنىمدا، چېچىنى بېشىنىڭ قاپ ـ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى يان تەرەپكە ئايرىپ تاراپ، چېكىسىنى بولسا، ئىككى كۆزى ئارىسىدىن ساڭگىلىتىپ قويۇپ بىرەتتىم . ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

4448 – [ 30 ] وعن عبد الله بن مغفل قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الترجل إلا غبا . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دائىم چاچنى تاراۋېرىشتىن توسقان، لېكىن، چاڭ ــ توزان بولۇپ كەتسە تاراشقا رۇخسەت قىلغان. ئەھمەد، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.( چاچنى دىسىزلارغا خىلاق پوسۇندا قويسا بولىدۇ.)

4449 – [ 31 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الله بن بريدة قال : قال رجل لفضالة بن عبيد : ما لي أراك شعثا ؟ قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان ينهانا عن كثير من الإرفاه قال : مالي لا أرى عليك حذاء ؟ قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يأمرنا أن نحتفي أحيانا . رواه أبو داود

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى پۇزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: نىمە ئىش بۇ؟ مەن سىنىڭ چېچىڭنى توپا ـ چاڭ باسقان چۇۋۇلچاق كۆردۇمغۇ؟دېدى، ئۇ:بىزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەك كۆپ نىمەتلىنىپ كېتىشتىن، باياشات تۇرمۇشتىن توسقان دېدى، ئاندىن ئۇكىشى؛ مەن سىنىڭ پۇتۇڭدا ئايىقىڭ يوقلىقىنى كۆردۇمغۇ؟دېدى، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى كۆپۈنچە چاغلاردا كەمتەرلىك يۈزىسىدىن يالاڭ ئاياق مېڭىشىمىزغا بۇيرۇيتتى دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

4450 – [ 32 ] وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من كان له شعر فليكرمه " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ چېچى بولسا، ئۇنى ھۆرمەتلىسۇن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن،ھەسەن .ئەمما چاچ قويۇشنىڭ ھەدىسى مۇتىۋاتىر، سەھىھ.

4451 – [ 33 ] وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أحسن ما غير به الشيب الحناء والكتم " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاق چاچنى، ئاق ساقالنى ئۆزگەرتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى خىنىدۇر ۋە كەتىمە دېگەن ئۆسۈملۈكتۇر، ياغ ئارىلاشتۇرۇلغان زائپىراندۇر، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار؛ كەتىمنى خىنە

بىلەن قوشۇپ ئىشلەتسە، چاچ ــ ساقالنى قارا قىلىپ قويىدۇ، بۇ قارا بوياشتىن چەكلەنگەن، كەتمى دىگەن خىننىگە ئوخشاش ئۆسۈملۈكنى ئايرىم ئىشلەتسۇن دىگەن، دىنسىزلارغا ئوخشىماسلىق شەرتتۇر.

**4452 – [ 34 ]** ( صحيح ) وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يكون قوم في آخر الزمان يخضبون بهذا السواد كحواصل الحمام لا يجدون رائحة الجنة " . رواه أبو داود والنسائي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاخىر زاماندا چاچ ــ ساقاللىرىنى خۇددى كەپتەر پوكىنىدەك پارقىرىتىپ، قارا رەڭدە بويىۋالىدىغان قەۋملەر بولىدۇ، ئۇلار ھەرگىز جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، (قارا رەڭدە بوياش ھارام). ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4453 – [ 35 ]** وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يلبس النعال السبتية ويصفر لحيته بالورس والزعفران وكان ابن عمر يفعل ذلك . رواه النسائي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشلانغان يەنى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغنى كىيەتتى، ساقىلىنى ۋەرەس، زەئپىران بىلەن سېرىقتا بويايتتى، (ۋەرەس دىگەن پۇرىقى خۇشپۇراق، سېرىق رەڭلىك ئۆسۈملۈك، زەئپىران تونۇشلۇق). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد 3677 ــ ھەدىس، بەيھەقى،نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**4454 – [ 36 ]** ( جيد ) وعن ابن عباس قال : مر على النبي صلى الله عليه وسلم رجل قد خضب بالحناء فقال : " ما أحسن هذا " . قال : فمر آخر قد خضب بالحناء والكتم فقال : " هذا أحسن من هذا " ثم مر آخر قد خضب بالصفرة فقال : " هذا أحسن من هذا كله " . رواه أبو داود

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، چاچ ـ ساقىلىنى خىننە بىلەن بويىۋالغان بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈيتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇ نىمە دىگەن ياخشى دىدى، ئاندىن چاچ ـ ساقىلىنى خىننە ۋە كەتمى دىگەن ئۆسۈملۈك بىلەن بويىۋالغان يەنەبىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈيتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇ ئانىڭدىن ياخشى دىدى، ئاندىن چاچ ـ ساقىلىنى سېرىق رەڭ بىلەن بويىۋالغان بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛مانا بۇ ھەممىسىدىن ياخشى دىدى. ئەبۇداۋۇد ت.

**4455 [ 37 ]** ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : غيروا الشيب ولا تشبهوا باليهود رواه الترمذي

زۇبەيىر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: چاچ ــ ساقالنىڭ ئاقلىرىنى بوياپ ئۆزگەرتسەڭلار بولىدۇ، لېكىن، يەھۇدىيلارغا ئوخشىۋالماڭلار، (يەنە بىر خاتىرىدە قارا رەڭدە بوياش ھارام، مۇسلىم) ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4456 – [ 38 ]** ( صحيح ) و **4457** ( **39** ) ورواه النسائي عن ابن عمر والزبير

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاق چاچ، ئاق ساقاللارنى ئۆزگەرتىڭلار، لېكىن، يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشىۋالماڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4458 – [ 40 ] ( حسن ) وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تنتفوا الشيب فإنه نور المسلم من شاب شيبة في الإسلام كتب الله له بها حسنة وكفر عنه بها خطيئة ورفعه بها درجة " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاق چاچنى، ئاق ساقالنى يۇلۇۋەتمەڭلار، چۈنكى ئۇ مۇسۇلماننىڭ نۇرىدۇر، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ئىسلام دىنى ئىچىدە چاچ _ ساقىلىغا ئاق كىرگۈزسە، ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ كىشى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ. **الله** تائالا ئۇكىشىگە شۇنىڭ بەدلىگە بىر ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۈچۈرۈپ، شۇ ئاق چاچنىڭ بارابىرىدە ئۇكىشىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتىرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4459 – [ 41 ] وعن كعب بن مرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من شاب شيبة في الإسلام كانت له نورا يوم القيامة " . رواه الترمذي والنسائي**

كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ئىسلام دىنى ئىچىدە چاچ _ ساقىلىغا ئاق كىرگۈزسە، ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ كىشى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ. تىرمىزى،نەسەئى توپلىغان.

**4460 – [ 42 ] ( حسن ) وعن عائشة قالت : كنت أغتسل أنا ورسول الله صلى الله عليه وسلم من إناء واحد وكان له شعر فوق الجمة ودون الوفرة . رواه الترمذي والنسائي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر داستىن سۇ ئېلىپ يۇيىناتتىم، رەسۇلۇللاھنىڭ چېچى مۈرىسىدىن سەل ئۆستۈنرەك، قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىدىن سەل پەسرەك ئىدى. نەسەئى،ئەبۇ داۋۇد 3655 _ ھەدىس، تىرمىزى 1677 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3625 _ھەدىس، سەھىھ. جۇممە مۈرىسىگە چۈشكەن چاچ، ۋەفرەت قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە يەتكەن چاچ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى.چاچنى ئەنە شۇنداق قويۇش سۈننەتتۇر.

**4461 – [ 43 ] وعن ابن الحنظلية رجل من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " نعم الرجل خريم الأسدي لولا طول جمته وإسبال إزراه " فبلغ ذلك خريما فأخذ شفرة فقطع بها جمته إلى أذنيه ورفع إزراه إلى أنصاف ساقيه . رواه أبو داود**

بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خەرىيمۇلئەسەدىنىڭ ئىشتىنى بەك ئۇزۇن بولمىسا، چېچىمۇ بەك ئۇزۇن بولمىغان بولسا، ئۇ نىمە دېگەن ياخشى ئەر ھە! ئاندىن بۇسۆز ئۇنىڭغا يەتكەندە، ئۇ پىچاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن چېچىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە كىسىۋەتتى، ئىشتىنىنى پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە ئۆستۈن كۆتۈردى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4462 – [ 44 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : كانت لي ذؤابة فقالت لي أمي : لا أجزها كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يمدها ويأخذها . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مىنىڭ ئۆرۈم چىچىم بار ئىدى، ئانام ماڭا مەن بۇ چېچىڭنى ئېلىۋەتمەيمەن،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سىلاپ تۇتۇپ، كۆتۈرۈپ قويىۋاتتى دېگەن، ئەبۇ داۋۇد توپلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.

4463 – [ 45 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن جعفر : أن النبي صلى الله عليه وسلم أمهل آل جعفر ثلاثا ثم أتاهم فقال : " لا تبكوا على أخي بعد اليوم " . ثم قال : " ادعوا لي بني أخي " . فجيء بنا كأنا أفرخ فقال : " ادعوا لي الحلاق " فأمره فحلق رؤوسنا . رواه أبو داود والنسائي

ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىنغاندا) جەئپەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بەردى، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ بۈگۈندىن باشلاپ، قېرىندىشىمغا ھەرگىز يىغلىماڭلار، ماڭا قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرىنى چاقىرىپ بېرىڭلار دېدى، بىز خۇددى چۈجىلەرگە ئوخشاش كەلتۈرۈلدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ماڭا سەتىراچنى چاقىرىڭلار دەپ، ئۇنى بىزنىڭ چېچىمىزنى چۈشۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى.ئەبۇداۋۇد،نەسەئى توپلىغان.

4464 – [ 46 ] وعن أم عطية الأنصارية : أن امرأة كانت تختن بالمدينة . فقال لها النبي صلى الله عليه وسلم : " لا تنهكي فإن ذلك أحظى للمرأة وأحب إلى البعل " . رواه أبو داود وقال : هذا الحديث ضعيف وراويه مجهول

ئۇممە ئەتىييەتىلئەنسارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ھەققەتەن مەدىنىدە بىر ئايال، ئاياللارنى خەتنە قىلاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا؛ بەك ۋايىغا يەتكۈزۈپ كەسمە، ئازلا كەسسەڭ بولىدۇ، بۇنداق قىلىش ئايال ئۈچۈن لەززەتلىك، ئەرگە بولسا، سۆيۈملۈكتۇر دېدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، شۇنداقلا بۇ ھەدىسنىڭ بىر راۋىيسى مەجھۇل، نامەلۇم ئىكەن، ھەدىسنىڭ ئوزىمۇ مۇرسەل ئىكەن، بىر راۋىيسى خاتالىشىدىكەن، لېكىن بۇھەدىسنى ئەلبانى «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»دا سەھىھ دەپ يازغان.

4465 – [ 47 ] وعن كريمة بنت همام : أن امرأة سألت عائشة عن خضاب الحناء فقالت : لا بأس ولكني أكرهه كان حبيبي يكره ريحه . رواه أبو داود والنسائي

ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى كەرىمەتتىن توپلىغان مەشھۇر ھەدىسلەردە؛ بىر ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن خىنىنە قويۇش توغرۇلۇق سورىغاندا ، ئانىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: خىنىنە قويساڭ بولىدۇ چاتاق يوق، لېكىن مەن ئۇنىڭ پۇرىقىنى يامان كۆرىمەن، مېنىڭ ھەبىبىم رەسۇلۇللاھمۇ ئۇنىڭ پۇرىقىنى ياقتۇرمايتتى دېگەن .

4466 – [ 48 ] ( لم تتم دراسته )وعن عائشة أن هندا بنت عتبة قالت : يا نبي الله بايعني فقال : " لا أبايعك حتى تغيري كفيك فكأنهما كفا سبع " . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇتبەتىنىڭ قىزى ھىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مېنى بەيئەت قىلدۇرسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولۇڭنى (خىنىدەك نەرسە بىلەن) ئۆزگەرتمىسەڭ، مەن ساڭا بەيئەت قىلمايمەن، خۇددى ئۇ يىرتقۇچى ھايۋاننىڭ قولىدەككەن دېدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، بىر راۋىسى نامەلۇم كىشى بولۇپ مۇبھەم ئىنىق ئەمەس، زەئىپلىك گۇمان بار،

4467 – [ 49 ] وعنها قالت : أومت امرأة من وراء ستر بيدها كتاب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقبض النبي صلى الله عليه وسلم يده فقال : " ما أدري أيد رجل أم يد امرأة ؟ " قالت : بل يد امرأة قال : " لو كنت امرأة لغيرت أظفارك " يعني

| |
|---|
| **الحناء . رواه أبو داود والنسائي**<br><br>ۋە يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر ھەدىستە: بىر ئايال پەردىنىڭ كەينىدىن رەسۇلۇللاھقا كىتاب سۇنۇپ بەردى ، رەسۇلۇللا ئۆزىنىڭ قولىنى تارتىۋىلىپ « بۇ ئەرنىڭ قولىمۇ ياكى ئايالنىڭ قولىمۇ؟ بىلمىدىم دېدى، ئۇ ئايال: بۇ ئايالنىڭ قولى دېۋىدى ، رەسۇلۇللاھ : ئەگەرسەن ئايال كىشى بولساڭ، تىرنىقىڭنى خىنىنە بىلەن ئۆزگەرتكەن بولاتتىڭ »دېدى . ئەبۇ دادۇد، 3635 ـ نەسەئى5002 ـ ئەھمەد25057 ـ قاتارلىقلار توپلىغان . |
| **4468 – [ 50 ] وعن ابن عباس قال : لعنت الواصلة والمستوصلة والنامصة والمتنمصة والواشمة والمشتوشمة من غير داء . رواه أبو داود**<br><br>ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھېچ بىر كېسەلسىزلا،ئۆزرىسىز چاچ ئۇلاتقۇچى ۋە ئۇلىغۇچى ئايالLارغا، قاش ـ كىرپىكلىرىنى،يۈزىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلغۇچى ۋە يۇلدۇرغۇچى ئايالLارغا، مەڭ ئويغۇچى ۋە ئويدۇرغۇچى ئايالLارغا لەنەت قىلىندى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان. |
| **4469 – [ 51 ] ( صحيح )**<br><br>**وعن أبي هريرة قال : لعن رسول الله صلى الله عليه وسلم الرجل يلبس لبسة المرأة والمرأة تلبس لبسة الرجل . رواه أبو داود**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايالLارنىڭ كىيمىدەك كىيىم كىيىۋالغان ئەرگە، ئەرلەرنىڭ كىيىمىدەك كىيىم كىيىۋالغان ئايالغا ئاللاھتائالا لەنەت قىلدى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. |
| **4470 – [ 52 ] وعن ابن أبي مليكة قال : قيل لعائشة : إن امرأة تلبس النعل قالت : لعن رسول الله صلى الله عليه وسلم الرجلة من النساء . رواه أبو داود**<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئەرلەرنىڭكىدەك ئاياغ كەيگەن ئايال كىشى توغرۇلۇق سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن دېدى: ھەيئەت تۇرقىدا، كىيىم ـ كېچەك پوسۇنىدا ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئايالLارغا ئاللاھتائالا لەنەت قىلدى، رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، (بىر خاتىرىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لەنەت قىلدى دېيىلگەن). ئەبۇ داۋۇد 3576 ـ ھەدىس، سەھىھ. |
| **4471 – [ 53 ] ( ضعيف )وعن ثوبان قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا سافر كان آخر عهده بإنسان من أهله فاطمة وأول من يدخل عليها فاطمة فقدم من غزاة وقد علقت مسحا أو سترا على بابها وحلت الحسن والحسين قلبين من فضة فقدم فلم يدخل فظنت أن ما منعه أن يدخل ما رأى فهتكت الستر وفكت القلبين عن الصبيين وقطعته منهما فانطلقا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم يبكيان فأخذه منهما فقال : " يا ثوبان اذهب بهذا إلى فلان إن هؤلاء أهلي أكره أن يأكلوا طيباتهم في حياتهم الدنيا . يا ثوبان اشتر لفاطمة قلادة من عصب وسوارين من عاج " . رواه أحمد وأبو داود**<br><br>سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلسا، ئەڭ ئاخىرىدا پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن خوشلىشاتتى، كەلگەندە بولسا ئەڭ ئاۋۋال كۆرۈشەتتى، بىر قېتىم غازاتتىن كېلىپ قارىسا پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىشىكگە پەردە تارتىۋاپتۇ، ھەسەن ـ ھۈسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا ئىككى بولاپكا ئېسىپ قويۇپتۇ، ئۇ، كۈمۈشتىن ئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ قېتىم ئۆيگە كىرمىدى، پاتىمە |

رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇشۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ كىرمىگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىپ، پەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، كىچىك باللاردىن ئۇ بۇلاپكىنى ئۈزۈۋەتتى، بۇ ئىككى قوشماق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا يىغلاپ باردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ نەرسىنى بۇ ئىككىسىدىن ئېلىپ، ئى سەۋبان، بۇنى پالانىغا ئاپىرىپ بەر، بۇئىككىسى مىنىڭ ئەھلىم، مەن ئۇلارنىڭ نىسىۋىسىنى، مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا يېيىلىشىنى، ئاخىرەتتە قۇرۇق قېلىشىنى ياقتۇرمايمەن، ئى سەۋبان پاتىمە ئۈچۈن پەيدىن بىر بۇلاپكا، پىل چىشىدىن ئىككى بىلەيزۈك سېتىۋېلىپ كەل دېدى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

**4472 – [ 54 ] وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : اكتحلوا بالإثمد فإنه يجلو البصر وينبت الشعر " . وزعم أن النبي صلى الله عليه وسلم كانت له مكحلة يكتحل بها كل ليلة ثلاثة في هذه وثلاثة في هذه . رواه الترمذي**

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىسمەد تاشلىرى بىلەن سۈرمە تارتىڭلار، ھەققەتەن ئۇ كۆزنى رۇشەن قىلىدۇ، تۈك ئۆستۈرىدۇ، يەنى كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن بىر سۈرمەدان بار بولۇپ، ھەر كېچىسى شۇ سۈرمەداندىكى ئىسمەد تېشى بىلەن ھەر بىر كۆزىگە ئۈچ قېتىمدىن سۈرمە تارتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4473 – [ 55 ] وعنه قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم يكتحل قبل أن ينام بالإثمد ثلاثا في كل عين قال : وقال : " إن خير ما تداويتم به اللدود والسعوط والحجامة والمشي وخير ما اكتحلتم به الإثمد فإنه يجلو البصر وينبت الشعر وإن خير ما تحتجمون فيه يوم سبع عشرة ويوم تسع عشرة ويوم إحدى وعشرين " وإن رسول الله صلى الله عليه وسلم حيث عرج به ما مر على ملأ من الملائكة إلا قالوا : عليك بالحجامة . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كېچىسى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىسمەد تېشى بىلەن ھەر بىر كۆزىگە ئۈچ قېتىمدىن سۈرمە تارتاتتى.ۋە سىلەر داۋالىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى كېسەلنىڭ ئاغرىقىنى داۋالاش ئۈچۈن ئېغىزىدىن ئۇچۇرلىدىغان دورا، بۇرۇن كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن بۇرنىغا تېمىتىلىدىغان دورا، قان ئالدۇرۇش، قستى بەھىر دىگەن ئۆسۈملۈك،كۆپ مېڭىپ بىرىشتۇر. سىلەرسۈرمە تارتىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىسمەد تېشىدۇر،چۈنكى ئۇ كۆزنى رۇشەن قىلىدۇ، تۈك ئۆستۈرىدۇ، يەنى كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ، سىلەر قان ئالدۇرىدىغان كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاينىڭ 17 ـ 19 ـ 21 ـ كۈنلىرىدۇر،دەيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىئراج كېچىسى ھەر بىر پەرىشتىلەر جامائەتىدىن ئۆتۈپلا قالسا، ئۇلار؛ قان ئالدۇرۇشنى لازىم تۇتقىن دەپ تاپىلىغانكەن.تىرمىزى توپلىغان.

**4474 – [ 56 ] وعن عائشة : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى الرجال والنساء عن دخول الحمامات ثم رخص للرجال أن يدخلوا بالميازر . رواه الترمذي وأبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر ـ ئاياللارنى ئاممۋى مۇنچىغا كىرىشتىن توسۇپ، ئاندىن كىيىن ئەرلەرنىڭ ئىشتان بىلەن كىرىشكە رۇخسەت قىلغان.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاممۋى مۇنچىلار مىنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئاياللىرىغا ھارامدۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4475 – [ 57 ] ( صحيح ) وعن أبي المليح قال : قدم على عائشة نسوة من أهل حمص فقالت : من أين أنتن ؟ قلن : من الشام فلعلكن من الكورة التي تدخل نساؤها الحمامات ؟ قلن : بلى قالت : فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تخلع امرأة ثيابها في غير بيت زوجها إلا هتكت الستر بينها وبين ربها " . وفي رواية : " في غير بيتها إلا هتكت سترها بينها وبين الله عز وجل " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇمۇلەيھتىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھىمسى ئەھلىنىڭ ئاياللىرى كەلگەندە، ئۇ:سىلەر قەيەردىن؟دېدى، ئۇلار؛ بىز شامدىن كەلدۇق دېدى، ئۇ:سىلەر ئاياللىرى ئاممىۋى مۇنچىغا كىرىدىغان كوۋرەت دېگەن شەھەردىن ئىكەنسىلەردە؟دېدى، ئۇلار ؛ شۇنداق دېگەندە،ئۇ:مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەر قانداق بىر ئايال كىيىمنى ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىدىن باشقا بىر ئۆيدە سالسا،ئۇ ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلايدۇ، (يەنى، ئاللاھ ئۇ ئايالنى ئىككى ئالەمدە رەسۋا قىلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4476 – [ 58 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ستفتح لكم أرض العجم وستجدون فيها بيوتا يقال لها : الحمامات فلا يدخلنها الرجال إلا بالأزر وامنعوها النساء إلا مريضة أو نفساء " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇندىن كېيىن سىلەر ئۇچۈن ئەجەم زېمىنلىرى ئىشغال قىلىنىدۇ، ئۇ يەردە مۇنچا دېيىلىدىغان نۇرغۇن ئۆيلەرنى تاپىسىلەر، ئۇ ئۆيگە ئەرلەر ئىشتانسىز كىرمىسۇن، كېسەل، نىپاس ئاياldىن باشقا بارلىق ئاياللارنى چەكلەڭلار دېدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**4477 – [ 59 ] ( صحيح ) وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فلا يدخل الحمام بغير إزار ومن كان يؤمن بالله واليوم الآخر فلا يدخل حليلته الحمام ومن كان يؤمن بالله واليوم الآخر فلا يجلس على مائدة تدار عليها الخمر " . رواه الترمذي والنسائي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى مۇنچىغا ئىشتانسىز كىرمىسۇن، ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ئايالىنى ئاممىۋى مۇنچىغا ئەكىرمىسۇن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۆئمىن كىشى ھاراق ــ شاراپ ئايلاندۇرۇلغان دوسقاندا ئولتۇرمىسۇن، قاتناشمىسۇن.نەسەئى، تىرمىزى، ھاكىم سەھىھ.

**4478 – [ 60 ] الفصل الثالث ( متفق عليه ) عن ثابت قال : سئل أنس عن خضاب النبي صلى الله عليه وسلم فقال : لو شئت أن أعد شمطات كن في رأسه فعلت قال : ولم يختضب زاد في رواية : وقد اختضب أبو بكر بالحناء والكتم واختضب عمر بالحناء بحتا**

سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى بوياشقا توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: ئەگەر مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىدىكى ئاق چاچلارنى ساناشنى خالىسام، ئەلۋەتتە سانىيالايتىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بويىمىغان. لېكىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىنىنە ۋە كەتمى بىلەن بويىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىنە بىلەنلا بويىدى دېدى. بۇخارى،مۇسلىم. رەسۇلۇللاھنىڭمۇ بويىغىنى ۋە بوياشقا بۇيرىغىنىمۇ باردۇر.

**4479 – [ 61 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر أنه كان يصفر لحيته بالصفرة حتى تمتلئ ثيابه من الصفرة فقيل له : لم تصبغ بالصفرة ؟ قال : إني رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يصبغ بها ولم يكن شيء أحب إليه منها وقد كان يصبغ ثيابه كلها حتى عمامته . رواه أبو داود والنسائي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساقلىنى سېرىقتا بوياپتتى، ھەتتا سېرىق رەڭ كىيىمگىمۇ تەسىر قىلغان ئىدى، ئۇنىڭغا؛ نىمە ئۈچۈن سېرىقتا بويايلا؟دېيىلسە، ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سېرىق رەڭ بىلەن بويىغىنىنى كۆرگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھقا رەڭلەر ئىچىدە سېرىق رەڭدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك نەرسە يوق ئىدى، رەسۇلۇللاھ بارلىق كىيىمىنى ھەتتا سەللىسىنىمۇ سېرىق رەڭدە بوياپتتى دېدى.ئەبۇداۋۇد،نەسەئى توپلىغان.

**4480 – [ 62 ]** ( صحيح ) وعن عثمان بن عبد الله بن موهب قال : دخلت على أم سلمة فأخرجت إلينا شعرا من شعر النبي صلى الله عليه وسلم مخضوبا . رواه البخاري

ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ بىزگە رەسۇلۇللاھسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاچلىرىدىن بويالغان چاچنى چىقىرىپ كۆرسەتتى.بۇخارى توپلىغان.

**4481 – [ 63 ]** وعن أبي هريرة قال : أتي رسول الله صلى الله عليه وسلم بمخنث قد خضب يديه ورجليه بالحناء فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما بال هذا ؟ " قالوا : يتشبه بالنساء فأمر به فنفي إلى النقيع . فقيل : يا رسول الله ألا تقتله ؟ فقال : " إني نهيت عن قتل المصلين " . رواه أبو داود

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككى قولىنى ۋە ئىككى پۇتىنى خىننە بىلەن بويىۋالغان بىر خۇناسا كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇنىڭ بۇ نىمە قىلغىنى ئىكەن؟دېدى، ئۇلار؛ بۇ ئاياللارغا ئوخشىۋاپتۇ، مەقسىدى شۇ ئىكەن دېدى، ئاندىن ئۇ خۇناسا، نەقىيئە دېگەن يىراق جايغا پالاندى قىلىندى، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتمەمدۇق؟دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەن ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەندىم دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4482 – [ 64 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن الوليد بن عقبة قال : لما فتح رسول الله صلى الله عليه وسلم مكة جعل أهل مكة يأتونه بصبيانهم فيدعو لهم بالبركة ويمسح رؤوسهم فجيء بي إليه وأنا مخلق فلم يمسني من أجل الخلوق . رواه أبو داود

ۋەلىيد ئىبنى ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغاندا، مەككە ئەھلى كىچىك باللىرىنى ئەكىلىشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ باللىرىغا بەركەت تىلەپ دۇئا قىلىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىلىدى، مەن كەلتۈرۈلدۈم، ۋەھالەنكى ماڭا خەلۇق دېگەن سېرىق سەڭلىك ئەترە چېچىلغان ئىدى، شۇنىڭ جەھتىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى تۇتۇيمۇ قويمىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4483 – [ 65 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي قتادة أنه قال لرسول الله صلى الله عليه وسلم إن لي جمة أفأرجلها ؟ قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم وأكرمها " قال : فكان أبو قتادة ربما دهنها في اليوم مرتين من أجل قول رسول الله صلى الله عليه

وسلم : " نعم وأكرمها " . رواه مالك

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مېنىڭ مۈرەمگە چۈشكىدەك چېچىم باردۇر، مەن چېچىمنى تارىسام بولامدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە بولىدۇ، چېچىڭنى پاك-پاكىز يۇيۇپ تاراپ ھۆرمەتلە دېدى، ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ« ھەئە بولىدۇ، چېچىڭنى پاك-پاكىز يۇيۇپ تاراپ ھۆرمەتلە»دېگەن سۆزىنىڭ جەھىتىدىن ھەر كۈنى ئىككى قېتىم چېچىغا ياغ سۈرتۈپ تارايتتى. ئىمام مالىك توپلىغان.

**4484 – [ 66 ]** ( ضعيف )وعن الحجاج بن حسان قال دخلنا على أنس بن مالك فحدثتني أختي المغيرة قالت : وأنت يومئذ غلام ولك قرنان أو قصتان فمسح رأسك وبرك عليك وقال : " احلقوا هذين أو قصوهما فإن هذا زي اليهود " . رواه أبو داود

ھەججاج ئىبنى ھەسساندىن بىز ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ قېشىغا كىردۇق، ئۇ بىزگە مۇنداق دەپ بەردى، ماڭا مۇغىرەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ھەمشىرىسى مۇنداق دەپ بەرگەن، سەن ئۇ كۈنلەردە كىچىك بالا ئىدىڭ، سېنىڭ ئىككى تال مۇڭگۈز چېچىڭ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىڭنى سىلاپ بەرىكەت تىلەپ مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككى تال چاچنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار. چۈنكى، ئۇ يەھۇدىيلار پوسۇنى ئىكەن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، شەيخ ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن.

**4485 – [ 67 ]** وعن علي قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن تحلق المرأة رأسها . رواه النسائي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ چېچىنى چۈشۈرتىشىدىن توسقاندۇر.نەسەئى توپلىغان.ئالىملار؛ ئاياللارنىڭ چېچىنى چۈشۈرتىشى ھارامدۇر دېگەن.

**4486 – [ 68 ]** وعن عطاء بن يسار قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم في المسجد فدخل رجل ثائر الرأس واللحية فأشار إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم بيده كأنه يأمره بإصلاح شعره ولحيته ففعل ثم رجع فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أليس هذا خيرا من أن يأتي أحدكم وهو ثائر الرأس كأنه شيطان " . رواه مالك

ئەتائىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئىدى، چاچ-ساقاللىرى چۇۋۇق،چاك-توزان باسقان بىركىشى كىرىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، گويىاكى ئۇنى چاچ-ساقاللىرىنى ئوڭشاشقا بۇيرىغاندەك قىلدى، ئۇكىشى ئۇنى چۈشۈنۈپ شۇنداق قىلىپ قايتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مانا مۇشۇنداق قىلىش يەنى چاچ-ساقاللارنى پاك-پاكىز يۇيۇپ تاراش، بىرىڭلارنىڭ خۇددى جىن-شەيتاندەك چاچلىرى چۇۋۇلچاق كەلگىنىدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟دېدى.ئىمام مالىك توپلىغان.

**4487 – [ 69 ]** ( حسن ) وعن ابن المسيب سمع يقول : " إن الله طيب يحب الطيب نظيف يحب النظافة كريم يحب الكرم جواد يحب الجود فنظفوا أراه قال : أفنيتكم ولا تشبهوا باليهود "قال : فذكرت ذلك لمهاجر بن مسمار فقال : حدثنيه عامر بن سعد عن أبيه عن النبي صلى الله عليه وسلم مثله إلا أنه قال : " نظفوا أفنيتكم " . رواه الترمذي

سەئىدئىبنى مۇسەييىب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەقىقەتەن الله تائالا پاكتۇر، پاكلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، الله نىڭ زاتى-سىپاتىمۇ پاكتۇر ، پاك-

پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، **الله** ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ھويلا ـ ئاراملىرىڭلارنى، ئۆيلىرىڭلارنىڭ ئالدىنى پاكىز تازىلاڭلار، ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار ئۇنداق قىلمايدۇ،ئۇلارغا ئوخشىماڭلار، مەن بۇ ھەدىسنى مۇھاجىر ئىبنى مىسمارغا دىسەم، ئۇ؛ ماڭا ئامىر ئىبنى سەئد دادىسىدىن شۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن دېدى.تىرمىزى، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**4488 – [ 70 ] وعن يحي بن سعيد أنه سمع سعيد بن المسيب يقول : كان إبراهيم خليل الرحمن أول الناس ضيف الضيف وأول الناس اختتن وأول الناس قص شاربه وأول الناس رأى الشيب فقال : يا رب : ما هذا ؟ قال الرب تبارك وتعالى : وقار يا إبراهيم قال : رب زدني وقارا . رواه مالك**

سەئىدئىبنى مۇسەييب رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ كىشىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم مېھماننى مېھمان قىلىپ كۈتكۈنى، تۇنجى بولۇپ ئۆزىنى خەتنە قىلغىنى، تۇنجى بولۇپ بۇرۇتىنى قىرقىغىنى، تۇنجى قېتىم چاچ ـ ساقىلىدا ئاقنى كۆرگىنى رەھمان تائالانىڭ يېقىن دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىدى، ئۇ؛ ئاقنى كۆرۈپ؛ ئى رەببىم! بۇ نىمە؟دېدى، **الله** تائالا؛ ئى ئىبراھىيم! بۇ كاتتىلىق،ئۇلۇغلۇق دېدى، ئاندىن ئۇ:ئى رەببىم! ماڭا ئۇلۇغلۇقنى، كاتتىلىقنى تېخىمۇ زىيادە قىلسىلا دېدى.مالىك توپلىغان.

**باب التصاوير – الفصل الأول** **سۈرەت ۋە ئۇنى سىزىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا**

**4489 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) **عن أبي طلحة قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : لا تدخل الملائكة بيتا فيه كلب ولا تصاوير**

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىت بار ئۆيگە، سۈرەت، رەسىم بار ئۆيگە رەھمەت پەرىشتىلىرى كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سۈرەت، ھەيكەل، رەسىم بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سۈرەت، رەسىم بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ، لېكىن، كىيىم ـ كېچەك بىساتىڭلاردىكى رەقەم نەقىش گۈللەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4490 – [ 2 ]** ( صحيح ) **وعن ابن عباس عن ميمونة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أصبح يوما واجما وقال : " إن جبريل كان وعدني أن يلقاني الليلة فلم يلقني أم والله ما أخلفني " . ثم وقع في نفسه جرو كلب تحت فسطاط له فأمر به فأخرج ثم أخذ بيده ماء فنضح مكانه فلما أمسى لقيه جبريل فقال : " لقد كنت وعدتني أن تلقاني البارحة " . قال : أجل ولكنا لا ندخل بيتا فيه كلب ولا صورة فأصبح رسول الله صلى الله عليه وسلم يومئذ فأمر بقتل الكلاب حتى إنه يأمر بقتل الكلب الحائط الصغير ويترك كلب الحائط الكبير . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە، مەيمۇنە، ئۇسامە، بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى غەم قىلغان ھالدا، شۇك بولۇپ قېلىپ تاڭ ئاتقۇزدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:ماڭا جىبرىئىل ئاخشام كېچە ئۇچۇرشۇشقا ۋەدە بەرگەن ئىدى، لېكىن ئۇ كەلمىدى، **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھەرگىز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ باقمىغان ئىدى،(چۇقۇم بىرەر سەۋەب بار) دەپ،ئاندىن قەلبىگە كارۋىتى ئاستىدىكى ئىتنىڭ كۈچۈكى كىلىپ، ئۇنى سىرىتقا ئېچقىۋىتىشكە بۇيرىدى، ئاندىن مۇبارەك قولى بىلەن سۇ ئېلىپ، ئىت تۇرغان

جايغا چىچىپ ئۇجايىنى پاكلىدى، كەچ كىرگەندە جىبرىئىل كىلىپ ئۇچىراشتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ماڭا ئۆتكەن كېچە ئۇچۇرۇشۇشقا ۋەدە قىلغان ئىدىڭغۇ؟دىدى، جىبرىئىل؛ شۇنداق، لىكىن بىز پەرىشتىلەر، ئىت ۋە سۈرەتلەر بار ئۆيگە كىرمەيمىز،دىدى.شۇ كۈنى تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ بارلىق ئىتلارنى ھەتتا كىچىك باغلارنى قوغدايدىغان ئىتلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، چوڭ باغلارنى قوغدايدىغان ئىتلارنى قالدۇرۇپ قويىدى.بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد تويلىغان، سەھىھ، ئالاھىدە سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز ھەرقانداق رەسىم، سۈرەت ساقلانمىسۇن.

**4491 – [ 3 ]** ( صحيح ) **وعن عائشة رضي الله عنها أن النبي صلى الله عليه وسلم لم يكن يترك في بيته شيئا فيه تصاليب إلا نقضه . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىدە سۈرەت بار نەرسىنى قالدۇرماي، بۇزۇپ چۇۋۇپ تاشلايتتى. بۇخارى تويلىغان.

**4492 – [ 4 ]** ( متفق عليه ) **وعنها أنها اشترت نمرقة فيها تصاوير فلما رآها رسول الله صلى الله عليه وسلم قام على الباب فلم يدخل فعرفت في وجهه الكراهية قالت : فقلت : يا رسول الله أتوب إلى الله وإلى رسوله ما أذنبت ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما بال هذه النمرقة ؟ " قلت : اشتريتها لك لتقعد عليها وتوسدها فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أصحاب هذه الصور يعذبون يوم القيامة ويقال لهم : أحيوا ما خلقتم " . وقال : " إن البيت الذي فيه الصورة لا تدخله الملائكة**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،ئۇ ئۇقماستىن سۈرەت بار ياستۇقنى سېتىۋالىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ، ئىشىك تۈۋىدە تورۇپ ئۆيگە كىرمەيدۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىدە ياقتۇرماسلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن **الله** قا تۆۋبە قىلدىم،مەن **الله** نىڭ ئەلچىسىگە قانداق گۇناھ قىلىپ سالدىم؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ ياستۇقنىڭ ئىشى قانداق ئىش؟دىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:مەن ئۇنى سىلىنىڭ ياستۇق قىلىشلىرى ئۈچۈن، يۆلىنىپ ئولتۇرۇشلىرى ئۈچۈن سېتىۋالغان ئىدىم دىگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن بۇ سۈرەتنى سىزغانلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابلىنىدۇ، ئۇلارغا ياراتماقچى بولغان نەرسەڭلارنى تىرىلدۈرۈپ بېقىڭلار دىيىلىدۇ، ھەقىقەتەن سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ.مۇتتەپىق

**4493 – [ 5 ]** ( متفق عليه ) **وعنها أنها كانت قد اتخذت على سهوة لها سترا فيه تماثيل فهتكه النبي صلى الله عليه وسلم فاتخذت منه نمرقتين فكانتا في البيت يجلس عليهم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇ ئۇقماستىن ئۆيىنىڭ ھاۋادان تەكچىسىگە سۈرەت بار پەردىنى تاتىدۇ، ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىرتىۋىتىدۇ، ئاندىن كىيىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ رەختتە ئىككى دانە ياستۇق تىكىپ، ئۆي ئىچىدە قويۇپ قويۇدۇ،ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم.

**4494 – [ 6 ]** ( متفق عليه ) **وعنها أن النبي صلى الله عليه وسلم خرج في غزاة فأخذت نمطا فسترته على الباب فلما قدم فرأى النمط فجذبه حتى هتكه ثم قال : " إن الله لم يأمرنا أن نكسو الحجارة والطين "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتقا چىقىپ كەتكەندە، ئۇ ئىشىك ئۈستىگە نىپىز پەردە تارتىپ قويىدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتتىن قايتىپ كەلگەندە، پەردىنى كۆرۈپ، ئۇنى تارتىپ يىرتىۋىتىپ؛ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، بىزگە رىزىق بەرگەن نەرسىلەردە،

تاش ــ چالمىلارغا، لاي قىشلارغا كىيىم ــ كېچەك كىيدۈرۈشمىزنى بۇيرىمىدى، دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن؛ ھاجەتتىن زىيادە ئارتۇق ئۆي بىزەپ ياساش، جاڭشۇ قىلدۇرۇش، بارلىق تاملارغا گىلەم، پەردە تۇتۇش قاتارلىق ئىسراپچىلىقلار، مەنمەنلىكلەر چەكلىنىدۇ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن زەدىۋال ــ پەدىۋال كۆپايە بولا.

**4495 – [ 7 ]** ( متفق عليه ) **وعنها عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : أشد الناس عذابا يوم القيامة الذين يضاهون بخلق الله**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغانلار، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا ئوخشۇتۇپ، رەسىم سىزىدىغان، ھەيكەل ياسايدىغان رەسساملاردۇر. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4496 – [ 8 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " قال الله تعالى : ومن أظلم ممن ذهب بخلق كخلقي فليخلقوا ذرة أو ليخلقوا حبة أو شعيرة "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مەخلۇقۇمغا ئوخشاش مەخلۇق ياراتماقچى بولغان كىشىدىنمۇ زالىمراق كىشى يوق، قېنى ئۇلار بىر تال دان ياكى بىر تال قوناق ياكى بىر تال ئارپا يارىتىپ باقسۇن قېنى! (ھەرگىز يارىتالمايدۇ، رەسساملار بىلەن ھەيكەلتاراشلار ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان زالىملاردۇر) بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4497 – [ 9 ]** ( متفق عليه ) **وعن عبد الله بن مسعود قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " أشد الناس عذابا عند الله المصورون "**

ئىبنى ئۆمەر،ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ قاتتىق ئازابقا قالىدىغان كىشىلەر، سۈرەت سىزغۇچى رەسساملاردۇر، ئۇلارغا سىلەر ئىجاد قىلغان، ياراتماقچى بولغان نەرسىنى تىرىلدۈرۈپ بېقىڭلار دېيىلىدۇ،(ئاندىن ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئاندىن ئازاپلىنىدۇ) بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسلەردىن جانلىق مەخلۇقلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىش، ھەيكىلىنى ياساش ھارامدۇر، پەتىۋانى قويۇپ، مۇتلەق ھەدىسكە ئەمەل قىلىڭ، شەھۋانى سۈرەتلەر تېخىمۇ ھارام.

**4498 – [ 10 ]** ( متفق عليه ) **وعن ابن عباس قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " كل مصور في النار يجعل له بكل صورة صورها نفسا فيعذبه في جهنم " . قال ابن عباس : فإن كنت لابد فاعلا فاصنع الشجر وما لا روح فيه**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق سۈرەت سىزغۇچى ھەيكەلتاراش دوۋزاختا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىزغان سۈرەتكە (**الله** تەرىپىدىن)جان ئاتا قىلىنىپ، بۇ سۈرەت ئۇنى جەھەننەم ئىچىدە قاتتىق ئازابلايدۇ. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئەگەر سەن ئامالسىز قىلماقچى بولساڭ،(يەنى ئامالسىزلىقتىن سۈرەت سىزىپ جان باقماقچى بولساڭ)دەل ـ دەرەخلەرنىڭ، جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزساڭ بۇلىدۇ دېدى. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4499 – [ 11 ]** ( صحيح ) **وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من تحلم بحلم لم يره كلف أن يعقد**

**بين شعيرتين ولن يفعل ومن استمع إلى حديث قوم وهم له كارهون أو يفرون منه صب في أذنيه الآنك يوم القيامة ومن صور صورة عذب وكلف أن ينفخ فيها وليس بنافخ " . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يالغاندىن كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۇم دەپ داۋا قىلسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى ئىككى تال قىلنىڭ (ياكى ئارپىنىڭ)ئارىسىنى چىگىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز چىگىشكە قادىر بولالمايدۇ. (ئاندىن ئازابلىنىشى تۈرغانلا گەپ _ دە!). كىم بىرەر قەۋمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ مەخپى، ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىسا، ئۇلار بۇ كىشىنىڭ بۇ قىلمىشنى ياقتۇرمىسا،ياكى ئۇنىڭدىن قاچىسمۇ يەنە ئاڭلىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قۇلىقىغا مىس، قوغۇشۇن ئېرىتىلىپ قۇيۇلىدۇ، كىم بىرەر جانلىق نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزسا، قىيامەت كۈنى ئۆكىشنى شۇ رەسىمگە روھ، جان پۈۋلەشكە تەكلىپ قىلىنىپ ئازابلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرگىز روھ پۈۋدەپ جان كىرگۈزەلمەيدۇ.بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4500 - [ 12 ] ( صحيح ) وعن بريدة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من لعب بالنردشير فكأنما صبغ يده في لحم خنزير ودمه " . رواه مسلم**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم شىشخال ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى ئوينىسا، خۇددى ئۇ قولىنى توڭگۇزنىڭ گوشىغا، قېنىغا چىلاپ شورىغاندەك بولىدۇ. ئەھمەد 21901 _ ھەدىس، مۇسلىم 4194 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4288 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3753 _ ھەدىس، سەھىھ. يەنى قىمار ھارامدۇر. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم شىشخال ئوينىسا، ئۇ جەزمەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 42867 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3752 _ ھەدىس، ھاكىم، ئەھمەد 18700 _ ھەدىس، مالىك 1509 _ ھەدىس، ھەسەن.

**4501 - [ 13 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتاني جبريل عليه السلام قال : أتيتك البارحة فلم يمنعني أن أكون دخلت إلا أنه كان على الباب تماثيل وكان في البيت قرام ستر فيه تماثيل وكان في البيت كلب فمر برأس التمثال الذي على باب البيت فيقطع فيصير كهيئة الشجرة ومر بالستر فليقطع فليجعل وسادتين منبوذتين توطآن ومر بالكلب فليخرج " . ففعل رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى؛ مەن ئۆتكەن كېچە قىشىڭغا كەلگەن ئىدىم، مىنى سەن بار ئۆيگە كىرىشمىدىن پەقەت مۇشۇ ئىشلار توسۇپ قويدى؛ ئىشىك ئۈستىدە سۈرەت بار ئىكەن، ئۆيدە قىرام پەردە بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ سۈرەت بار ئىكەن، شۇنداقلا ئۇ ئۆيدە ئىت بار ئىكەن، ئۆيدىكى سۈرەتنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىشكە بۇيرىغىن، شۇنداق قىلغاندا ئۇ سۈرەت دەرەخنىڭ تۇرقىغا ئۆزگىرىدۇ، پەردىنى كېسىپ ياستۇق قىلىشقا، تاشلاپ ئولتۇرىدىغان نەرسە قىلىشقا بۇيرىغىن، ئىتنى بولسا، چىقىرىۋېتىشكە بۇيرىغىن،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلدى.تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىدى، سەھىھ. تەنتاۋى

| |
|---|
| ئەپسىرىدىكىدەك سۈرەتلەرگە ۋە ئىسلامى مۆئجىزە قىلىملىرىگە،بالىلارنىڭ قونچاقلىرىغا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، سەۋەبسىز، ئورۇنسىز، ئۆزرىسىز خاتىرە قالدۇرۇشنى مەخسەت قىلىپ سۈرەتكە چۈشۈش دۇرۇس ئەمەس، بولۇپمۇ ھەيكەل، بۇت ھارام قىلىنغان. چۈنكى، بۇددا دىنى سۈرەت ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى سۈرەت سىزغۇچى ھەيكەلتاراشلار قاتتىق ئازابلىنىدۇ. |
| **4502 – [ 14 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : يخرج عنق من النار يوم القيامة لها عينان تبصران وأذنان تسمعان ولسان ينطق يقول : إني وكلت بثلاثة : بكل جبار عنيد وكل من دعا مع الله آلها آخر وبالمصورين رواه الترمذي** <br><br> ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئوتىدىن بىر بۆلۈك قىززىق ئوت چىقىدۇ، ئۇنىڭ كۆرىدىغان ئىككى كۆزى، ئاڭلايدىغان ئىككى قۇلىقى، سۆزلەيدىغان تىلى بار بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرگە مۇئەككەل قىلىندىم، ئۇلارنى دوزاخقا ئەكىرىمەن، بىرىنچى، ھەر قانداق زالىم، مۇتەكەببىر، ھەقتىن بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان زۇلۇمكەش، ئىككىنچى، ئاللاھ بىلەن قوشۇپ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلىپ شېرىك كەلتۈرگەن ھەرقانداق مۇشرىكنى دەۋزەخكە ئەكىرىمەن. ئۈچىنچى، سۈرەت سىزغۇچى رەسسام، ھەيكەلتاراشلارنى دوۋزاخقا ئەكىرىمەن. ئەھمەد، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ. |
| **4503 – [ 15 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله تعالى حرم الخمر والميسر والكوبة وقال : كل مسكر حرام " . قيل : الكوبة الطبل . رواه البيهقي في شعب الإيمان** <br><br> ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ھاراقنى، قىمارنى، مىزرە ئىسمىلىك مەست قىلغۇچى ھاراقنى، كوبەت يەنى شىشخال، دۇمباق، باربىتنى ھارام قىلدى، ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر. بەيھەقى تويلىغان، سەھىھ. ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھاراقنى، قىمارنى، شىشخال ئويناشنى، داقا ــ دۇمباقنى ھارام قىلدى، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر. ئەھمەد 2347 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3210 ــ ھەدىس، سەھىھ. |
| **4504 – [ 16 ] وعن ابن عمر : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن الخمر والميسر والكوبة والغبيراء . الغبيراء : شراب يعمله الحبشة من الذرة يقال له : السكركة . رواه أبو داود** <br><br> ئىبنى ئەمرۇ،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى چەكلەپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئۈممىتىمگە ھاراقنى، قىمارنى، مىزرە ئىسمىلىك قوناق، ئارپا، بۇغدايدا ياسالغان مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنى، شىشخالنى، دۇمباقنى، باربىتنى، ئەجەملەر، ھەبەشىيلەر قوناقتىن ياسايدىغان ھاراقنى ھارام قىلدى، (قاتتىق مەنئى قىلىپ چەكلىدى، ماڭا ۋىتىر نامىزىنى زىيادە قىلىپ بەردى،) ئەبۇ داۋۇد 3210 ــ ھەدىس، تەبرانى، بەيھەقى تويلىغان، سەھىھ. |
| **4505 – [ 17 ] وعن أبي موسى الأشعري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من لعب بالنرد فقد عصى الله ورسوله " . رواه أحمد وأبو داود** <br><br> ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم شىشخال ئوينىسا، ئۇ جەزمەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4287 ــ ھەدىس، |

ئىبنى ماجە 3752 ــ، ھاكىم، ئەھمەد 18700 ــ ھەدىس، مالىك 1509 ــ ھەدىس، ھەسەن.

**4506 – [ 18 ] ( حسن ) وعن أبي هريرة : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم رأى رجلا يتبع حمامة فقال : " شيطان يتبع شيطانة " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس، ئوسمان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەپتەرگە ئەگىشىۋالغان كەپتەرۋازنى كۆرۈپ:« شەيتان، شەيتانغا ئەگىشىۋاپتۇ» دېگەن،ئەھمەد،بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، يەنى كەپتەرگە ئەگىشىۋالغان كىشىنى شەيتان دېگەن، چۈنكى، ئۇ ھەقدىن يىراق، ئىبادەتتىن غەپلەتتە قالغان، پايدىسى مەنپەئەتى يوق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن غەپلەتتە قالدۇرغۇچى كەپتەرنىمۇ شەيتان دېگەن.

**4507 – [ 19 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن سعيد بن أبي الحسن قال : كنت عند ابن عباس إذ جاءه رجل فقال : يا ابن عباس إني رجل إنما معيشتي من صنعة يدي وإني أصنع هذه التصاوير فقال ابن عباس : لا أحدثك إلا ما سمعت من رسول الله صلى الله عليه وسلم سمعته يقول : " من صور صورة فإن الله معذبه حتى ينفخ فيه الروح وليس بنافخ فيها أبدا . فربا الرجل ربوة شديدة واصفر وجهه فقال : ويحك إن أبيت إلا أن تصنع فعليك بهذا الشجر وكل شيء ليس فيه روح رواه البخاري**

سەئىد ئىبنى ئەبۇلھەسەن رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدىم، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ!مېنىڭ تۇرمۇش مەئىيشىتىم قولۇمنىڭ سەنئىتىدىنلا بولىدۇ، مەن رەسىم سىزىپ جان باقىمەن دېدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن پەقەت ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانلىرىمنىلا سۆزلەپ بېرىمەن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر جانلىق نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇ رەسىمگە روھ، جان پۈۋلىگەنگە قەدەر ئازاپلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرگىز روھ پۈۋدەپ جان كىرگۈزەلمەيدۇ، دېدى. ئاندىن ئۇكىشى چوڭقۇر بىر نەپەسلەنگەندىن كېيىن، قورققىنىدىن چىرايى سارغىيىپ كەتتى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ساڭا ۋايدۇر، ئەگەر ئۇنىمساڭ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ، ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ جان باققىن دېدى.بۇخارى توپلىغان.

**4508 – [ 20 ] ( متفق عليه ) وعن عائشة قالت : لما اشتكى النبي صلى الله عليه وسلم ذكر بعض نسائه كنيسة يقال لها : مارية وكانت أم سلمة وأم حبيبة أتتا أرض الحبشة فذكرتا من حسنها وتصاوير فيها فرفع رأسه فقال : " أولئك إذا مات فيهم الرجل الصالح بنوا على قبره مسجدا ثم صوروا فيه تلك الصور أولئك شرار خلق الله "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ ئاغرىپ ياتقاندا، ئاياللىرىنىڭ بەزىسى يەھۇدىي ـ ناسارالارنىڭ چىركاۋلىرىنى تىلغا ئالدى، ئۇنى مارىيە دېيىلىدۇ، ئۇممە سەلەمەت بىلەن ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھالار ھەبەشىستان زېمىنىغا بارغان ئىكەن،ئۇلار ئۇ چىركاۋنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۈرەت،رەسىملەرنى تىلغا ئالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاشۇ يەھۇدىي ـ ناسارالار بولسا، ئارىسىدا بىرەر ياخشى، سالىھ كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە مەسجىد يەنى چىركاۋ سالغان، مەسجىد ئىچىگە شۇ كىشىنىڭ سۈرىتىنى سىزىدۇ، ئەنە شۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىدە مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ يامانلىرىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4509 – [ 21 ] وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أشد الناس عذابا يوم القيامة من قتل نبيا أو قتله نبي أو قتل أحد والديه والمصورون وعالم لم ينتفع بعلمه "**

ئىبنى مەسئۇد ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى، پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرگەن، ياكى پەيغەمبەر ئۆلتۈرگەن كىشىدۇر، ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرەرسىنى ئۆلتۈرگەن كىشىدۇر، يەنە بىرسى بولسا، كىشىلەرنى ئىلىمسىز ئازدۇرغان كىشى، ياكى ئىلمى بىلەن پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىنمىغان ئالىم كىشى، ۋە شۇنداقلا، سۈرەت، ھەيكەل سىزىدىغان رەسسامدۇر.بەيھەقى، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

---

**4510 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي رضي الله عنه أنه كان يقول : الشطرنج هو ميسر الأعاجم**

«شاخمات ئەجەملەرنىڭ قىمارى» دېگەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدۇر.

---

**4511 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن شهاب أن أبا موسى الأشعري قال : لا يلعب بالشطرنج إلا خاطئ**

«شاخماتنى پەقەت خاتالاشقۇچىلا ئوينايدۇ» دېگەن، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدۇر،

---

**4512 – [ 24 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه أن سئل عن لعب الشطرنج فقال : هي من الباطل ولا يحب الله الباطل . روى البيهقي الأحاديث الأربعة في شعب الإيمان**

شاخمات ئەجەملەرنىڭ قىمارى دېگەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدۇر. شاخماتنى خاتالاشقۇچى ئوينايدۇ دېگەن، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ سۆزىدۇر، «شاخمات باتىل، ئاللاھ باتىلنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەن ئىبنى شىھابنىڭ سۆزىدۇر، بۇلارنى بەيھەقى شۇئەبىلئىماندا خاتىرلىگەن. بۇ سۆزنىڭ تەكشۈرۈلۈشى تامام بولمىغان، لېكىن، قىمار ھارام، بۇ سۈرە مائىدە 91 ـ ئايەتتە ئېنىقتۇر.

---

**4513 – [ 25 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يأتي دار قوم من الأنصار ودونهم دار فشق ذلك عليهم فقالوا : يا رسول الله تأتي دار فلان ولا تأتي دارنا . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لأن في داركم كلبا " . قالوا : إن في دارهم سنورا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " السنور سبع " . رواه الدارقطني**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەنسارلاردىن بىر قەۋمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، يەنە بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرمىدى، بۇ ئىش ئۇلارغا ئېغىر كېلىپ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىرىپ بىزنىڭكىگە كەلمەيلا؟ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈنكى، ئۆيۈڭلاردا ئىت بار ئىكەن دېدى، ئۇلار سىلە كىرگەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مۈشۈك بارغۇ؟ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ دېگەن خۇشخۇر زىيارەتچى دېدى، دارىقۇتنى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

---

**كتاب الطب والرقى – الفصل الأول**

## تىبابەتنىڭ ۋە ئايىتى شىپا ئوقۇشنىڭ كىتابى

| |
|---|
| **4514 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أنزل الله داء إلا أنزل له دواء رواه البخاري**<br><br>ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا بىرەر كېسەلنى نازىل قىلىپ چۈشۈرسە، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ، شىپاسىنىمۇ چۈشۈرگەندۇر، (داۋالىنىڭلار)بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: داۋالىنىشمۇ، داۋامۇ تەقدىردىندۇر، داۋالىنىش، ئاللاھ خالىغان نەرسە بىلەن ئاللاھتائالا خالىغان كىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، (ئاللاھنىڭ خالىشى، ئىرادىسىسىز ھىچ ئىش يوق) ئىبنى سەنا توپلىغان، ھەسەن. ئۇممە دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالا كېسەلنى ۋە ئۇنىڭ داۋاسىنى، شىپاسىنىمۇ ياراتتى، داۋالىنىڭلار، لېكىن، ھارام نەرسىلەر بىلەن قەتئىي داۋالانماڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ھارامدا داۋا يوقتۇر. |
| **4515 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لكل داء دواء فإذا أصيب دواء الداء برأ بإذن الله " . رواه مسلم**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەربىر كېسەلنىڭ داۋاسى باردۇر، داۋا كېسەلگە يەتكەندە،كىسەل، ئاللاھتائالانىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن ساقىيىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەگەر ئاللاھ ئىزنى قىلمىسا، داۋالاش ئۇنۇم بەرمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى كېسەل، مىيىپ، ساراڭ ھالەتتە قىلىپ قالىدۇ، بۇ ئىبرەتتۇر. |
| **4516 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الشفاء في ثلاث : في شرطة محجم أو شربة عسل أو كية بنار وأنا أنهى أمتي عن الكي " . رواه البخاري**<br><br>ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شىپا ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ، ھەسەل ئىچىشتە، قان ئالدۇرۇشتا، ئوتتا داغلاپ داۋالاشتا، مەن ئۈممىتىمنى ئوتتا داغلاپ داۋالاشتىن توسىمەن، «چۈنكى ئۇنىڭدا ئازاب زەرەر بار» بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ھەسەلدە شىپا بارلىقى قۇرئاندا باردۇر، قان ئالدۇرۇشتا بىر قىسىم مۆجىزىلەر كۆرۈلدى، ئىنتىرنىت تور بېتىدىن كۆرۈڭ،<br>WWW.55A.NET |
| **4517 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : رمي أبي يوم الأحزاب على أكحله فكواه رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھزاپ كۈنى ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جان تومۇرىغا ئوق تېگىپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئوتتا داغلاپ داۋالىدى.مۇسلىم. |
| **4518 – [ 5 ] ( صحيح ) وعنه قال : رمي سعد بن معاذ في أكحله فحمسه النبي صلى الله عليه وسلم بيده بمشقص ثم ورمت فحمسه الثانية . رواه مسلم**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەئدئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جان تومۇرىغا ئوق تېگىپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئوقيانىڭ تىغىنى ئوتتا قىزىتىپ داغلاپ داۋالىدى.ئاندىن ئىششىپ كېتىپ يەنە قان توختىمىسا، يەنە ئىككىنجى قېتىم داغلاپ داۋالىدى. مۇسلىم. |

**4519 – [ 6 ]** ( صحيح ) وعنه قال : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى أبي بن كعب طبيبا فقطع منه عرقا ثم كواه عليه . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھزاپ كۈنى ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جان توقۇرىغا ئوق تېگىپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بىر تەبىبنى ئەۋەتتى، تەبىب ئۇنىڭ تومۇرىنى كېسىپ، ئاندىن ئۇنى ئوتتا داغلاپ داۋالىدى. مۇسلىم.داغلاشنىڭ پايدىسى قان توختۇتۇشتۇر.

**4520 – [ 7 ]** ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " في الحبة السوداء شفاء من كل داء إلا السام " . قال ابن شهاب : السام : الموت والحبة السوداء : الشونيز

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قارا داندا يەنى سىيادانىدا ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق كېسەللەرگە شىپا، داۋا باردۇر.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۇنىيز يەنى قارا سىيادان، ئۆلۈمدىن باشقا بارلىق كېسەللەرگە داۋا، شىپا بولىدۇ، ئىبنى سەنا، ئابدۇلغەنى ،ئەبۇنۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ، دوكتۇر مۇھەممەد قەندەل؛ 1987 ـ يىلى «سىيادانىنىڭ مىكرۇپ ئۆلتۈرۈشتىكى رولى ئەڭ چوڭدۇر» دېگەن، شۇنىڭدىن باشلاپلا ئۇنىڭدا كېسەللەرگە قارشى دورا ياسالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئەكىس تەسىرى يوقتۇر، بۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىدۇر.

**4521 – [ 8 ]** ( متفق عليه ) وعن أبي سعيد الخدري قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : أخي استطلق بطنه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اسقيه عسلا " فسقاه ثم جاء فقال : سقيته فلم يزده إلا استطلاقا فقال له ثلاث مرات . ثم جاء الرابعة فقال : " اسقه عسلا " . فقال : لقد سقيته فلم يزده إلا استطلاقا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " صدق الله وكذب بطن أخيك " . فسقاه فبرأ

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ قېرىندىشىمنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كەتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ س ؛ ئۇنىڭغا ھەسەل ئىچۈرگىن دېدى، ئۇ قېرىندىشىغا ھەسەل ئىچۈرۈپ كېلىپ؛ ھەسەل بىلەن سوغارسام، ئۇنىڭ قورساق ئاغرىقىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىۋەتتى دېدى، ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم :ئۇنىڭغا ھەسەل ئىچۈرگىن دېدى، ئاندىن ئۇ تۆرتىنجى قېتىم كەلگەندىمۇ يەنىلا قېرىندىشىڭغا ھەسەل ئىچۈر دېدى، ئۇ قېرىندىشىغا ھەسەل ئىچۈرۈپ يەنە كېلىپ؛ ھەسەل بىلەن سوغارسام، ئۇنىڭ قورساق ئاغرىقىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىۋەتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: الله قۇرئاندا«ھەسەلدە شىپا باردۇر»دەپ راست سۆزلىدى، قېرىندىشىڭنىڭ قورسىقى يالغانچى كاززاپ ئىكەن دېدى، ئاندىن ئۇيەنە ھەسەل ئىچۈرىۋىدى، ئۇ ساقىيىپ قالدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**4522 – [ 9 ]** ( متفق عليه ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أمثل ما تداويتم به الحجامة والقسط البحري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەر داۋالىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەل، ياخشىراقى قان ئالدۇرۇشتۇر، دېڭىزغا مەنسۇپ بولغان قىستى ئىسمىلىك، خۇشپۇراق دورا ئۆسۈملۈكدۇر، (بۇنى كىشىلەر قىستى بەھرى دەپ ئاتىشىدۇ) كىچىك، سەبى باللىرىڭلارنى ئۇلارنىڭ گاللىرىغا، تاماقلىرىغا مەلۇم كىسەل سەۋەبىدىن بارماقلىرىڭلارنى سېلىپ، ئازابلىماڭلار،

مۇسلىم 2952 _ ھەدىس، بۇخارىي 5263 _ ھەدىس، ئەھمەد 11603 _ ھەدىس. سەھىھ

**4523 – [ 10 ]** ( متفق عليه ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا تعذبوا صبيانكم بالغمز من العذرة عليكم بالقسط**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىچىك بالىلىرىڭلارنى، ئۇلارنىڭ بۇرنىغا، تامغاق گاللىرىغا چىقىپ قالغان جاراھەت، كېسەل سەۋەبىدىن ئۇ جايغا بارماقلىرىڭلارنى سېلىپ، كوچىلاپ ئازابلىماڭلار، لېكىن، سىلەر قىستى بەيھرىينى، ھىندى ئاچا ياغىچىنى لازىم تۇتۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن داۋالاڭلار. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئۇ نەرسە مىكرۇپ، ۋىرۇسنى ئۆلتۈرۈشتە ياخشى داۋا، شىپادۇر.

**4524 – [ 11 ]** ( متفق عليه ) **وعن أم قيس قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " على ما تدغرن أولادكن بهذا العلاق ؟ عليكن بهذا العود الهندي فإن فيه سبعة أشفية منها ذات الجنب يسعط من العذرة ويلد من ذات الجنب "**

ئۇممە قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نېمە ئۈچۈن باللىرىڭلارنىڭ تامغاق گاللىرىغا بارماقلىرىڭلارنى سېلىپ ئازابلايسىلەر؟ ئۇلارنىڭ گېلىغا چىققان جاراھەت كېسەلنى داۋالاشتا مۇشۇ ھىندى ئاچ ياغىچىنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنىڭدا يەتتە كېسەلگە يەتتە خىل داۋا باردۇر، بۇ ئۆسۈملۈك داۋا بولىدىغان كېسەللەرنىڭ بىرسى يان ئاغرىق، ئىچكى كېسەللىك، رىماتىزىم، نېرۋىغا ئالاقىدار بۇ كېسەل مۇشۇ ياغاچ بىلەن داۋالىنىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، كىچىك باللارنىڭ گال، تامغاقلىرىغا چىققان كېسەل داۋالىنىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم ئەھمەد، بەيھەى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە سەھىھ.

**4525 – [ 12 ]** ( متفق عليه ) **وعن عائشة ورافع بن خديج عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : الحمى من فيح جهنم فأبردوها بالماء**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىزىتما كېسەل، جەھەننەمنىڭ زەھەرلىك قىززىق ئوتى، ئۇنى سۇ بىلەن سوۋۇتۇڭلار، (سۇ بىلەن ئۆچۈرۈڭلار) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تىرمىزى،مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە، راپىئ ئىبنى خەدىيچە، ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىزىتما كېسەل، مۆئمىنىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى دوۋزاخ ئۈستىدىن بولغان نىسىۋىسىدۇر، (يەنى گۇناھقا كاپارەت بولىدۇ _دە، دوۋزاخقا كىرمەيدۇ) ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىزىتما كېسەل، (گۇناھلاردىن تازىلىغۇچى) جەھەننەمدىن بولغان كورەك ئوتىدۇر، سىلەر بۇ ئوتنى سوغۇق سۇ بىلەن ئۆچۈرۈپ يىراق قىلىڭلار، ئۆزۈڭلاردىن يىراقلاشتۇرۇڭلار، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بۇ ھەدىس مەنىۋىي مۇتىۋاتىردۇر.

**4526 – [ 13 ]** ( صحيح ) **وعن أنس قال : رخص رسول الله صلى الله عليه وسلم في الرقية من العين والحمة والنملة . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆز تەككەندىن، يىلان ـ چايانىنىڭ زەھىرىدىن، چۇملە(ۋەباشقا زەھەرلىك ۋايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن)ياكى ئۇششاق جاراھەتتىن ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالىنىشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى.مۇسلىم توپلىغان.

**4527 – [ 14 ] ( متفق عليه ) وعن عائشة قالت : أمر النبي صلى الله عليه وسلم أن نسترقي من العين**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆز تەككەن كىشىلەرگە ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالىنىشقا بۇيرىغان.بۇخارى، مۇسلىم تويلىغان.

**4528 – [ 15 ] ( متفق عليه ) وعن أم سلمة أن النبي صلى الله عليه وسلم رأى في بيتها جارية في وجهها سفعة يعني صفرة فقال : " استرقوا لها فإن بها النظرة "**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۆيىدە چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بىر قىزچاقنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: بۇ كىسەل بولغان ئايالغا رۇقى يەنى ئايىتى شىپا قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇنىڭغا كۆز تېگىپتۇ. بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى تويلىغان، سەھىھ.

**4529 – [ 16 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الرقى فجاء آل عمرو بن حزم فقالوا : يا رسول الله إنه كانت عندنا رقية نرقي بها من العقرب وأنت نهيت عن الرقى فعرضوها عليه فقال : " ما أرى بها بأسا من استطاع منكم أن ينفع أخاه فلينفعه " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايىتى شىپا ئوقۇشتىن توستى ، ئاندىن ئەمرۇئىبنى ھەزىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز يىلان ـ چايان چېقىۋالغانلارغا ئايىتى شىپا ئوقۇيتتۇق، سىلى ئۇنىڭدىن توسۇپلىغۇ؟دەپ، ئوقۇيدىغان ئايىتى شىپالىرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەڭلىگەندە مۇنداق دېگەن: مەن بۇنىڭدا ھېچ بىر چاتاق بار دەپ قارىمايمەن، سىلەردىن كىم قېرىندىشىغا پايدا ــ مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قادىر بولسا، پايدا ــ مەنپەئەت يەتكۈزسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.يەنى ئۇنىڭدا شىرىك بولمىغاچقا رۇخسەت قىلغان.

**4530 – [ 17 ] ( صحيح ) وعن عوف بن مالك الأشجعي قال : كنا نرقي في الجاهلية فقلنا : يا رسول الله كيف ترى في ذلك ؟ فقال : " اعرضوا علي رقاكم لا بأس بالرقى ما لم يكن فيه شرك " . رواه مسلم**

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز جاھالىييەتتىكى چاغدىمۇ ئايىتى شىپالارنى ئوقۇيتتۇق، ئاندىن كىيىن بىز؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى بۇنىڭغا قانداق قارايلا؟دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايىتى شىپالىرىڭلارنى ماڭا تەڭلەڭلار، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، شېرىك ئىشلار بولمىسىلا رۇقى يەنى ئايىتى شىپا قىلساڭلار، چاتاق يوق. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد تويىغان، سەھىھ. باخشى ـ داخانلار، جىنكەش ـ كاھىنلارچە قىلماي، ئالالاھ ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى كۆرسەتىپ بەرگەندەك قىلىش، شېرىكتىن ساقلىنىش لازىم.ئەڭ توغرىسى قۇرئان ئايىتى ۋە سەھىھ ھەدىسلەردۇر.

**4531 – [ 18 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " العين حق فلو كان شيء سابق القدر سبقته العين وإذا استغسلتم فاغسلوا " . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆز تېگىش ھەق، راستۇر، ئەگەر بىرەر نەرسە تەقدىردىن ئېلگىرلەپ كەتسە، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش، ئېلگىرلەپ كېتەتتى، سىلەردىن كۆز تەگكەن كىشىنى يۇيۇپ قويۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلسا، يۇيۇپ قويۇڭلار، (يەنى كۆز تەگكەن كىشىنى شۇ كۆز

| |
|---|
| تاشلىغان، كۆزى چۈشكەن ھەسەدخور يۇيۇپ قويسا ساقىيىدۇ، بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلىپ داۋالىغان) ئەھمەد، مۇسلىم 4058 ــ ھەدىس، سەھىھ. |
| **4532 – [ 19 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أسامة بن شريك قال : قالوا : يا رسول الله أفنتداوى ؟ قال : " نعم يا عبد الله تداووا فإن الله لم يضع داء إلا وضع له شفاء غير داء واحد الهرم " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**<br><br>ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇلار:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز داۋالانساق بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەئە بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! كېسەل بولساڭلار، داۋالىنىڭلار، چۈنكى، ئاللاھتائالا بىر كېسەلنى قويسا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ بىللە قويغاندۇر، لېكىن، قېرىلىقتىن ئىبارەت بۇ كېسەلگە داۋا يوقتۇر. ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ |
| **4533 – [ 20 ] وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تكرهوا مرضاكم على الطعام فإن الله يطعمهم ويسقيهم " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب**<br><br>ئۇقبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەللىرىڭلارنى تاماققا، ئىچىملىككە زورلاپ مەجبۇرلىماڭلار، چۈنكى، ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تاماق بېرىپ، ئۇزى سۇغۇرىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. |
| **4534 – [ 21 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم كوى أسعد بن زرارة من الشوكة . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەسئەدئىبنى زەرارەتنىڭ يۇزىگە ۋە بەدەنلىرىگە قىزىل نەرسە چىقىپ قالغاندا، ئۇنى داغلاپ داۋالىغان.تىرمىزى توپلىغان. |
| **4535 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته ) وعن زيد بن أرقم قال : أمرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم أن نتداوى من ذات الجنب بالقسط البحري والزيت . رواه الترمذي**<br><br>زەيدئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئىچكى كېسەللىك، يان ئاغرىق، رىماتىزىملارنى قستىي بەھرىي ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن داۋالىشىمىزغا بۇيرۇيتتى.تىرمىزى. |
| **4536 – [ 23 وعنه قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم ينعت الزيت والورس من ذات الجنب . رواه الترمذي**<br><br>زەيدئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئىچكى كېسەللىك، يان ئاغرىق، رىماتىزىملارنى زەيتۇن يېغى بىلەن، ۋەرەس دېگەن سېرىق رەڭلىك گۈل ئۇسۇملۇك بىلەن داۋالاشنى بەك ياخشى دەپ مەدھىلەيتتى.تىمىزى توپلىغان. |
| **4537 – [ 24 ] وعن أسماء بنت عميس أن النبي صلى الله عليه وسلم سألها : " بم تستمشين ؟ " قالت : بالشبرم قال : " حار حار " . قالت : ثم استمشيت بالسنا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لو أن شيئا كان فيه الشفاء من الموت لكان في السنا " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب** |

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قۇرساق ئاغرىقىڭغا، سەپرا ـ بەلغەمگە نىمىنى ئىچىۋاتىسەن؟نىمە بىلەن ئىچىڭنى راۋانلاشتۇرىۋاتىسەن؟دىسە، ئۇ: شىبرىم دىگەن ئۆسۈملۈكنى دەيدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ئۇ بەك ئىسسىق، ھارارەتلىكتۇر دىدى، ئاندىن مەن سەنا دىگەن دۇرا ئۆسۈملۈكى بىلەن كىبسلىمنى داۋالىسام، رەسۇلۇللاھ؛ ئەگەر بىرەر نەرسىدە ئۆلۈمگە شىپا، داۋا بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە سەنا دىگەن ئۆسۈملۈكتە بولغان بولاتتى دىدى.تىرمىزى،ئىبنى ماجە. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممە ھارام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەنا ئىسملىك ئۆسۈملۈك بىلەن ھەسەلنى ياكى موگۈنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، بۇ ئىككىسىدە ئۆلۈمدىن باشقا ھەر قانداق كىسەلگە داۋا، شىپا باردۇر، ئىبنى ماجە 3448 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، ھەسەن.

**4538 – [ 25 ]** ( **ضعيف** )**وشطره الأول** ( **صحيح** )**وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله أنزل الداء والدواء وجعل لكل داء دواء فتداووا ولا تداووا بحرام " . رواه أبو داود**

ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ كىسەلنى چۈشۈردى، داۋاسىنىمۇ چۈشۈردى، ھەربىر كىسەلگە داۋا، شىپالىق قىلدى، داۋالىنىڭلار، لىكىن، ھارام بىلەن داۋالانماڭلار، ئەبۇ داۋۇد توپلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىسنىڭ باش تەرىپى سەھىھ، ئاخىرى زەئىپ دىگەن. ئۇممە دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كىسەلنى ۋە ئۇنىڭ داۋاسىنى، شىپاسىنىمۇ ياراتتى، داۋالىنىڭلار، لىكىن، ھارام نەرسىلەر بىلەن قەتئىي داۋالانماڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ھارامدا داۋا يوقتۇر.سەھىھىنىڭ1762 ـ ھەد

**4539 – [ 26 ]** ( **صحيح** )

**وعن أبي هريرة قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الدواء الخبيث . رواه أحمد وأبو داود والترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نىجىس داۋادىن، نىجىس نەرسە بىلەن داۋالىنىشدىن توسقان. (چۈنكى ئۇ ھارام ھەم نىجىستۇر، ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ). ئەبۇ داۋۇد 3372 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1968 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3450 ـ ھەدىس، (بەزىلەر؛ بۇنى زەھەر دىگەن، زەھەر بىلەن داۋالىنىشدىن توسقان). ئەھمەد 7703 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ

**4540 – [ 27 ]** ( **صحيح** ) **وعن سلمى خادمة النبي صلى الله عليه وسلم قالت : ما كان أحد يشتكي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم وجعا في رأسه إلا قال : " احتجم " ولا وجعا في رجليه إلا قال : " اختضبهما " . رواه أبو داود**

رەسۇلۇللاھنىڭ خادىمى، ئەبۇ راپىئنىڭ ئايالى سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر كىشى باش ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلسا، بارغىن، قان ئالدۇرغىن دەيتتى، پۇت ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلسا، بارغىن، ئۇنى خىنىنە بىلەن بويىغىن دەيتتى،(خىنىمۇ شىپادۇر).ئەبۇداۋۇد، تەبرانى ھەسەن.

**4541 – [ 28 ] وعنها قالت : ما كان يكون رسول الله صلى الله عليه وسلم قرحة ولا نكبة إلا أمرني أن أضع عليها الحناء . رواه الترمذي**

سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر جاراھەت چىقسا، ياكى شوخا ـ تىكەن كىرىپ مۇسىبەت يەتكۈزسە، مىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە خىنىنى قويۇپ تىڭىشىمغا بۇيرۇيتتى.تىرمىزى، ئىبنى

ماجه توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ رەيھان گۈلىنىڭ سەيىدى، خوجىسى ھىنائ ئىسمىلىك خىنە گۈلىدۇر، تەبرانى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

**4542 – [ 29 ] وعن أبي كبشة الأنماري : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يحتجم على هامته وبين كفيه وهو يقول : " من أهراق من هذه الدماء فلا يضره أن لا يتداوى بشيء لشيء " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن، ئىككى تاغىقى ئارىسىدىن قان ئالدۇراتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: كىم مۇشۇ ئۇسۇلدا قان ئالدۇرسا، مۇشۇبۇزۇق قاندىن تۆكسە، بىرەر كېسەل ئۈچۈن بىرەر نەرسە بىلەن داۋالانمىسمۇ ئۇنىڭغا زەرەر يەتمەيدۇ، يەنى مۇشۇ قان ئالدۇرۇش شىپا، داۋادۇر. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

**4543 – [ 30 ] وعن جابر : أن النبي صلى الله عليه وسلم احتجم على وركه من وثء كان به . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇت، ئەزالىرىغا سۇڭەك ئاجىزلىقىدىن ئىبارەت كېسەللىك يەتكەندە،يوتىسىنىڭ ئۈستىدىن قان ئالدۇرغان ئىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4544 – [ 31 ] ( صحيح ) وعن ابن مسعود قال : حدث رسول الله صلى الله عليه وسلم عن ليلة أسري به : أنه لم يمر على ملأ من الملائكة إلا أمروه : " مر أمتك بالحجامة " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي هذا حديث حسن غريب**

ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنى سەيرە قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى، پەرىشتىلەر جامائەتىدىن ئۆتتۈپلا قالسام، ئۇلار ماڭا: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈممىتىڭنى قان ئالدۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرىغىن دەپ تاپىلىدى. ئىبنى ماجە، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، مىنى سەيرە قىلدۇرۇلغان كېچىسى مەن پەرىشتىلەر جامائەتىدىن ئۆتتۈپلا قالسام، ئۇلار ماڭا قان ئالدۇرۇشۇمنى تاپىلاپ، كۆپ بۇيرۇپ كەتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ھازىر ئوكۇل، سۈيۈقلۇق ئېسىلىدۇ، قان ئالدۇرۇشتىكى مۆجىزە نۇر بېتىدە باردۇر.

**4545 – [ 32 ] ( صحيح ) وعن عبد الرحمن بن عثمان : أن طبيبا سأل النبي صلى الله عليه وسلم عن ضفدع يجعلها في دواء فنهاه النبي صلى الله عليه وسلم عن قتلها . رواه أبو داود**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر تېبىب كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پاقىنى دۇرا-دەرمەك قىلىپ داۋالاش توغرىسىدا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاقىنى داۋا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. پاقا داۋاغا، شىپاغا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئالىملار: زەرەر يەتكۈزگەنىدەك بىرەر سەۋەبتىن باشقا ياكى ئېھرامدىن باشقا ھالەتتە ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشتىن توسسا، بۇ شۇ ھايۋاننىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرىدۇ، مەخسەت، يىمىسۇن، يىراق بولسۇن دەپ، ھارام دەپ توسىدۇ دىگەن. پاقىمۇ شۇنداقتۇر. ئىمام ئىبنى ئەسىرنىڭ كىتابىدىن ئېلىندى.

**4546 – [ 33 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يحتجم في الأخدعين والكاهل . رواه أبو**

**داود وزاد الترمذي وابن ماجه : وكان يحتجم سبع عشرة وتسع عشرة وإحدى وعشرين**

ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بويىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى تومۇردىن ۋە ئىككى تاغىقى ئارىسىدىن قان ئالدۇراتتى، ئايىنىڭ 17 ـ، 19 ـ، 21 ـ كۈنلىرى قان ئالدۇراتتى.ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىدىن قان ئالدۇراتتى، ۋە ئۇنى ئۇممە مۇغىيس دەپ ئاتايتتى، يەنى ياردەمنىڭ، داۋانىڭ ئاساسى. خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، ھەسەن

**4547 – [ 34 ] وعن ابن عباس رضي الله عنهما أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يستحب الحجامة لسبع عشرة وتسع عشرة وإحدى وعشرين . رواه في شرح السنة**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايىنىڭ 17 ـ، 19 ـ، 21 ـ كۈنلىرى قان ئالدۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.شەرھىسسۇننە.

**4548 – [ 35 ] ( حسن ) وعن أبي هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من احتجم لسبع عشرة وتسع عشرة وإحدى وعشرين كان شفاء له من كل داء " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئايىنىڭ 17 ـ، 19 ـ، 21 ـ كۈنلىرى قان ئالدۇرسا، بۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن ھەر قانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**4549 – [ 36 ] ( ضعيف )وعن كبشة بنت أبي بكرة : أن أباها كان ينهى أهله عن الحجامة يوم الثلاثاء ويزعم عن رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أن يوم الثلاثاء يوم الدم وفيه ساعة لا يرقأ " . رواه أبو داود**

ئەبۇ بوكرەتنىڭ قىزى كەبشەدىن ئۇنىڭ دادىسى ئەھلى باللىرىنىڭ سەيشەنبە كۈنى قان ئالدۇرۇشىدىن توساتتى،ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەيشەنبە كۈنى قان كۈنى،بۇ كۈندە بىر سائەت بولۇپ، ھەرگىز قان توختىمايدىكەن دېگەننى داۋا قىلىدۇ،ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن،ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن.

**4550 – [ 37 ] ( لم تتم دراسته ) وعن الزهري مرسلا عن النبي صلى الله عليه وسلم : " من احتجم يوم الأربعاء أو يوم السبت فأصابه وضح فلا يلومن إلا نفسه " . رواه أحمد وأبو داود وقال : وقد أسند ولا يصح**

زۇھەيرى رەھىمەھۇللاھتىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چاھارشەنبە كۈنى ياكى شەنبەكۈنى قان ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاق كېسەل يەتسە، ئۇ پەقەت ئۆزىنىلا مالامەت قىلىپ، ئۆزىگىلا تاپا ـ تانا قىلسۇن.ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4551 – [ 38 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه مرسلا قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من احتجم أو اطلى يوم السبت أو الأربعاء فلا يلومن إلا نفسه في الوضح " . رواه في شرح السنة**

زۇھەيرى رەھىمەھۇللاھتىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چاھارشەنبە كۈنى ياكى شەنبەكۈنى قان ئالدۇرۇپ،ياكى ئەزاسىنى ياغدەك بىرەر دۇرا بىلەن مايلاپ، ئۇنىڭغا ئاق كېسەل يەتسە، ئۇ

پەقەت ئۆزىنىلا مالامەت قىلىپ، ئۆزىگىلا تاپا ـ تانا قىلسۇن.شەرھىسسۇننى.

**4552 – [ 39 ] ( حسن ) وعن زينب امرأة عبد الله بن مسعود أن عبد الله رأى في عنقي خيطا فقال : ما هذا ؟ فقلت : خيط رقي لي فيه قالت : فأخذه فقطعه ثم قال : أنتم آل عبد الله لأغنياء عن الشرك سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الرقى والتمائم والتولة شرك " فقلت : لم تقول هكذا ؟ لقد كانت عيني تقذف وكنت أختلف إلى فلان اليهودي فإذا رقاها سكنت فقال عبد الله : إنما ذلك عمل الشيطان كان ينخسها بيده فإذا رقي كف عنها إنما كان يكفيك أن تقولي كما كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " أذهب البأس رب الناس واشف أنت الشافي لا شفاء إلا شفاؤك شفاء لا يغادر سقما " . رواه أبو داود**

زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،ئىبرىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بوينۇمدىكى ئىپسقلىق يىپنى كۆرۈپ: بۇ نىمە؟ دېدى، مەن: بۇ ماڭا ئايىتى شىپا ئوقۇلغان يىپتۇر دېسەم، ئۇ: سىلەر ئابدۇاللە نىڭ (يەنى ئۆزىنىڭ ) ئائىلىسىدىكىلەر شىرىكتىن بىھاجەتسىلەر،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەقىقەتەن بىر قىسىم رۇقى يەنى ۋىردە، زىكرىلەرنى ئوقۇپ شىپا قىلىش، ھىقدى ـ ھەسەدنى، كۆز تېگىشنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئېسىۋالغان تۇمارلار، ئەر ــ ئايالنى بىر ــ بىرىگە ياخشى كۆرسىتىدىغان ئىسسىتقۇ، يامان كۆرسىتىدىغان سوۋۇتقىلار،سېھىرگەرلىك ھەم شىرىكتۇر.ئاندىن مەن: نىمە ئۈچۈن شۇنداق دەيسەن؟ مىنىڭ كۆزۈم ياشاڭغىراپ،چاپاقلىشىپ،قىزىرىپ ئاغرىيتتى، مەن پالانى يەھۇدىينىڭ قېشىغان بارسام، ئۇ ئايىتى شىپا ئوقۇپ قويسا ساقايدىغۇ؟دىسەم، ئۇ: ئەنە شۇ جىن ـ شەيتانىنىڭ (يەھۇدىي بىلەن ھەمكارلاشقان )ئەمىلىدۇر، ئۇ كۆزۈڭگە قولىنى سانجىپتۇ، ئاندىن يەھۇدىي ھېلىقى نەرسىسنى ئوقۇسا، قولىنى تارتىپ تۇرۇپتۇ(يەنە بارمىساڭ يەنە شۇنداق قىلىپتۇ)ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغاندەكلا دۇئا قىلىشىڭ كۇپايىدۇر دېدى: «ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئازاب، ئەلەملەرنى يوق قىلسىلا، شىپالىق ئاتا قىلسىلا، سىلى شاپىي، شىپالىق ئاتا قىلغۇچى، سىلىنىڭ شىپالىرىدىن باشقا شىپا يوق، سىلىنىڭ شىپالىقلىرى ھېچبىر كېسەلنى قويماي ساقايتتۇۋېتىدۇ،» ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.كېسەلنى تىبابەتتىن ياكى قۇرئان ،سەھىھ ھەدىس بىلەن كىتابەتتىن داۋالايمىز،ئەگەر بۇنىڭدىمۇ ئۈنۈم بەرمىسە،باخشى ـ داخان،كاھىن ـ جىنكەش،دىنسىزلارنىڭ قېشىغا بارمايمىز.

**4553 – [ 40 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : سئل النبي صلى الله عليه وسلم عن النشرة فقال : هو من عمل الشيطان رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جاھالىيەتنىڭ رۇقىي شىپالىرىدىن، جىن چاپلاشقان ساراڭنى داۋالاپ نەرسە ئوقۇشلىرىدىن سورالغاندا، ئۇ جىن ـ شەيتانىنىڭ (دىنسىز مۇشرىكلەر بىلەن ھەمكارلاشقان )ئەمىلىدۇر،دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4554 – [ 41 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما أبالي ما أتيت إن أنا شربت ترياقا أو تعلقت تميمة أو قلت الشعر من قبل نفسي " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئەگەر ئايىتى شىپا ئىچىپ قالسام، ياكى تۇمار ئاسسام ياكى ئۆز نەپسىمدىن شىئىرى دىسەم، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشىمدىن پەرۋا قىلمايمەن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، يەنى بۇ ئىشلارنى قىلغان كىشى

ھەرقانداق ئىشلارنى قىلسا، پەرۋا قىلمىسمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ گۇناھى ھەممىدىن يامان، ئەلبانى بۇ ھەدىسنى زەئىپ دىگەن.

**4555 – [ 42 ] ( صحيح ) وعن المغيرة بن شعبة قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " من اكتوى أو استرقى فقد برئ من التوكل " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئوتتا داغلاپ داۋالانسا ياكى ئايىتى شىپا قىلدۇرسا، ھەقىقەتەن ئۇ تەۋەككۇل قىلىشدىن بىزار بولغان بولىدۇ، (قەتئىي تەۋەككۇل قىلمىغان بولىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4556 – [ 43 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عيسى بن حمزة قال : دخلت على عبد الله بن عكيم وبه حمرة فقلت : ألا تعلق تميمة ؟ فقال : نعوذ بالله من ذلك قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تعلق شيئا وكل إليه " . رواه أبو داود**

ئەيسائىبنى ھەمزە مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇنىڭغا قىزىل نەرسىلەر چىقىپ كىتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا؛ تۇمار ئېسىۋالمامسەن؟دىسەم، ئۇ؛نەئۇزۇبىللاھى مىن زالىك، **الله** قا سېغىنىپ شۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىم پايدا ـ مەنپەئەتنى كەلتۈرۈشنى،زىياننى دەپئى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ نەرسە ئېسىۋالسا، ئۇكىشى شۇ نەرسىسگە تاپشۇرۇلۇپ قويۇلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بوينىغا تۇمار ئاسسا، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. (چۈنكى ئۇ خالىقنى قويۇپ، مەخلۇقتىن پايدا ـ مەنپەئەتنى كەلتۈرۈشنى،زىياننى دەپئى قىلىشنى ئۈمىد قىلدى، پاناھ تىلىدى). ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4557 – [ 44 ] ( صحيح ) وعن عمران بن حصين أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا رقية إلا من عين أو حمة " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

بۇرەيدە، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايىتى شىپا ئوقۇش، پەقەت كۆز تېگىشدىن ياكى ھايۋاننىڭ زەھەرىدىن ياكى قان كېسىلىدىن دۇرۇس بولىدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن قۇرئاندا، سەھىھ ھەدىستە كۆرسىتىلگەندىن ئوقۇش لازىم.

**4558 – [ 45 ] ورواه ابن ماجه عن بريدة**

**4559 – [ 46 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا رقية إلا من عين أو حمة أو دم . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەتئىي ئايىتى شىپا ئوقۇشقا بولمايدۇ.پەقەت كۆز تىگىشكە، زەھەرلىك ھايۋان چېقىۋالغان كېسەلگە، قان كېسىلىگە ئوقۇسا بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، ئىبنى ماجە بۇرەيدەتتىن خاتىرلىدى، ئەلبانى ھەر ئىككىلىسىنى زەئىپ دىگەن، سەھىھنىڭ 7496 ـ ھەدىسىدە سەھىھسى بار.

**4560 – [ 47 ] ( صحيح ) وعن أسماء بنت عميس قالت : يا رسول الله إن ولد جعفر تسرع إليهم العين أفأسترقي لهم ؟**

**قال : " نعم فإنه لو كان شيء سابق القدر لسبقته العين " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

ئەسمائ بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! جەئپەرنىڭ باللىرىغا تىزلا كۆز تىگىدۇ، مەن ئۇلارغا ئايىتى شىپا ئوقۇتسام بولامدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەئە بولىدۇ، ئەگەر بىر نەرسە تەقدىردىن ئىلگىرىلەپ كەتسە، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش ئىلگىرىلەپ كېتەتتى، (يەنى كۆز تېگىش راست ئىشتۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4561 – [ 48 ]** ( صحيح ) **وعن الشفاء بنت عبد الله قالت : دخل رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا عند حفصة فقال : " ألا تعلمين هذه رقية النملة كما علمتيها الكتابة ؟ " . رواه أبو داود**

شەپا بىنتى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن ھەپسىنىڭ يېنىدا ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كەلدى دە، مۇنداق دېدى: بۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويغاندەك چۇمۇلىدىن (ۋە باشقا زەھەرلىك نەرسىلەردىن) پاناھ تىلەيدىغان يوللۇق ئايىتى شىپالارنى ئۆگىتىپ قويىماسمەن؟ ئەبۇداۋۇد 3389 _ ھەدىس، ئەھمەد 25847 _ ھەدىس، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئاياللارغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىش، ئىلغار مائارىپنى ئۆگىنىش دۇرۇستۇر. ئەبۇ بەكرى ئىبنى سۇلەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، يېنىدىكى بىر ئايالغا مۇنداق دىگەن: سەن ھەپسىگە چۇمۇلە ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشارەتلەر چېقىۋالسا ئوقۇلىدىغان رۇقى، ئايىتى شىپانى ئۆگىتىپ قويغىن، ئەبۇ ئۇبەيد توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دىگەن.

**4562 – [ 49 ]** ( صحيح ) **وعن أبي أمامة بن سهل بن حنيف قال : رأى عامر بن ربيعة سهل بن حنيف يغتسل فقال : والله ما رأيت كاليوم ولا جلد مخبأة قال : فلبط سهل فأتي رسول الله صلى الله عليه وسلم فقيل له : يا رسول الله هل لك في سهل بن حنيف ؟ والله ما يرفع رأسه فقال : " هل تتهمون له أحدا ؟ " فقالوا : نتهم عامر بن ربيعة قال : فدعا رسول الله صلى الله عليه وسلم عامرا فتغلظ عليه وقال : " علام يقتل أحدكم أخاه ؟ ألا بركت ؟ اغتسل له " . فغسل له عامر وجهه ويديه ومرفقيه وركبتيه وأطراف رجليه وداخلة إزاره في قدح ثم صب عليه فراح مع الناس ليس له بأس . رواه في شرح السنة ورواه مالك وفي روايته : قال : " إن العين حق توضأ له "**

ئۇبۇئۇمامە ئىبنى سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،سەھلى ئىبنى ھەنىيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇيىنىۋاتقاندا، ئۇنى ئامىر ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرۈپ؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن بۇگۈنكىدەك گۈزەللىكنى، ۋە بۇنداق گۈزەل، ئاق ، سۇزۇك تېرىنى كۆرۈپ باقمىغان (ۋاھ!!_پاھ!!ھويجو!!دەپ ئىچىگە تارتتى) شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزى تىگىپ، سەھلى شۇزامان يەرگە يىقىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىشى كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سەھلى ئىبنى ھەنىيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كۆز تەگدى، ئۇنى داۋالايدىغان بىرەر چارە_ئامالىرى بارمۇ؟ **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي ياتىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ س؛ بىرەر كىشىدىن گۇمان قىلامسىلەر؟دېدى، ئۇلار؛ ھەئە، ئامىر ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن گۇمان قىلىمىز دېدى، رەسۇلۇللاھ س ئۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ قاتتىق سۆز قىلىپ؛ بىرىڭلار قېرىندىشىنى نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىدۇ؟ زادى نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىدۇ؟ سەن نىمە ئۈچۈن كۆزۈڭنى يامان قىلغانلىقىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا بەركەت تىلىمىدىڭ؟ ئۇنى يۇيۇپ قويغىن دېدى، ئامىر ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سەھلىنىڭ يۈز_كۆزىنى، ئىككى قولىنى، ئىككى جەينىكىنى، ئىككى تىزىنى، ئىككى پۇتىنىڭ ئەتراپىنى، ئىشتىنىنىڭ ئىچىنى

يەنى ھەتتا ئەۋرىتىنمۇ، قاچىدا سۇ ئىلىپ قۇيۇپ يۇيۇپ قويدى، ئاندىن سەھلى ئۆزىدە ھىچ بىر ئەلەم،كېسەل يوقتەكلا كىشىلەر بىلەن ئۆيىگە قايتتى.كۆز تىگىش ھەق راستتۇر، ئۇنى تاھارەت ئالدۇرۇش كېرەك.مالىك،شەرھىسسۇننى توپلىغان سەھىھ.

4563 – [ 50 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتعوذ من الجان وعين الإنسان حتى نزلت المعوذتان فلما نزلت أخذ بهما وترك سواهما . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن غر

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناس چۈشكەنگە قەدەر جىنلارنىڭ يامانلىقىدىن، ئىنسانلارنىڭ كۆزى تېگىشدىن پاناھ تىلەيتتى، ئۇ ئىككى سۈرە چۈشۈۋىدى، شۇ ئىككى سۈرىنىلا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىلارنى تەرىك ئەتتى. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

4564 – [ 51 ] ( ضعيف )وعن عائشة قالت : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل رئي فيكم المغربون ؟ " قلت : وما المغربون ؟ قال : " الذين يشترك فيهم الجن " . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئاراڭلاردا مۇغرىبىنلا كۆرۈلدىمۇ؟ مەن؛ مۇغرىبون دىگەن نىمە؟ دىسەم، جىن شىرىك بولۇۋالغانلار دىدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.جىن بىلەن شىرىكلەشكەن داخانلارغا بارماڭلار.

4565 – [ 52 ] ( لم تتم دراسته ) وذكر حديث ابن عباس : " خير ما تداويتم " في " باب الترجل "

4566 – [ 53 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المعدة حوض البدن والعروق إليها واردة فإذا صحت المعدة صدرت العروق بالصحة وإذا فسدت المعدة صدرت العروق بالسقم "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاشقازان، بەدەننىڭ كۆلىدۇر، تومۇرلار بۇ كۆلگە سۇ ئىلىپ كىلىدۇ ۋە كىتىدۇ، ئاشقازان ساق بولسا، تومۇرلار ساق قايتىدۇ، ئاشقازاندا كىسەل بولسا، تومۇرلار كىسەل قايتىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

4567 – [ 54 ] ( صحيح ) وعن علي قال : بينا رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات ليلة يصلي فوضع يده على الأرض فلدغته عقرب فناولها رسول الله صلى الله عليه وسلم بنعله فقتلها فلما انصرف قال : " لعن الله العقرب ما تدع مصليا ولا غيره أو نبيا وغيره " ثم دعا بملح وماء فجعله في إناء ثم جعل يصبه على إصبعه حيث لدغته ويمسحها ويعوذها بالمعوذتين . رواهما البيهقي في شعب الإيمان

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋىتىپ قولىنى زىمىنغا قويۇۋىشىغىلا چايان چىقىۋالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايىقىنى ئىلىپ ئۇنىڭ بىلەن چايانى ئۆلتۈرۈۋىتىپ، نامازدىن قايتقاندا مۇنداق دىدى: ئاللاھتائالا چايانغا لەنەت قىلدى، ئۇ ناماز ئوقۇغىنىنمۇ ۋە ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىنىمۇ ، پەيغەمبەرنىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەمەس كىشلەرنىمۇ قالدۇرماي، ئايرىماي چىقىۋىرىدۇ.ئاندىن قاچىدا تۇز بىلەن سۇ كەلتۈرۈپ، بارمىقىنىڭ چايان چىقىۋالغان جايىغا ئۇنى قۇيۇپ، سىلاپ تۇرۇپ سۈرە پەلەق،سۈرە ناس بىلەن پاناھ تىلىدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ

| |
|---|
| ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا چايانغا لەنەت قىلدى، ئۇ ناماز ئوقۇغىنىنمۇ ۋە ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىنىمۇ قويماي، ئايرىماي چاقىدۇ، چايانىنى ھەرەمدە، ئىھرامدا بولساڭلارمۇ، ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولساڭلارمۇ ئۆلتۈرۈڭلار. ئىبنى ماجە ت، سەھىھ. |
| **4568 – [ 55 ] ( صحيح ) وعن عثمان بن عبد الله بن موهب قال : أرسلني أهلي إلى أم سلمة بقدح من ماء وكان إذا أصاب الإنسان عين أو شيء بعث إليها مخضبه فأخرجت من شعر رسول الله صلى الله عليه وسلم وكانت تمسكه في جلجل من فضة فخضخضته له فشرب منه قال : فاطلعت في الجلجل فرأيت شعرات حمراء . رواه البخاري**<br><br>ئوسمان ئىبنى ئابدۇاللە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مېنى ئەھلىم بىر قاچا سۇ بىلەن ئۇممە سەلەمەنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى، ـ بىرەر كىشىگە كۆز تەگسە، ياكى كېسەل بولسا، ئۇنى ئۇممە سەلەمەنىڭ دېبسى قېشىغا ئەۋەتەتتى ـ مەن بارغاندىن كېيىن ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىچىنى چىقاردى، ـ ئۇچاچنى كۈمۈش كولدۇرما ئىچىدە ساقلىغان ئىكەن ـ، ئاندىن كولدۇما ئىچىدىكى چاچنى داستىكى سۇنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ھەركەتلەندۇردى، ئاندىن كۆز تەككەن ياكى كېسەل بولغان كىشى ئۇ سۇنى ئىچىپ ساقىياتتى، مەن كولدوما ئىچىگە قاراپ بىر نەچچە تال قىزىل بۇيالغان چاچنى كۆردۈم.بۇخارى. |
| **4569 – [ 56 ] وعن أبي هريرة أن ناسا من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم قالوا لرسول الله : الكمأة جدري الأرض ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الكمأة من المن وماؤها شفاء للعين والعجوة من الجنة وهي شفاء من السم " . قال أبو هريرة : فأخذت ثلاثة أكمؤ أو خمسا أو سبعا فعصرهن وجعلت ماءهن في قارورة وكحلت به جارية لي عمشاء فبرأت . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، ساھابىلار رەسۇلۇللاھقا؛ موگو (خۇددى كىچىك باللىنىڭ تېرىسىگە قىزىل چىققاندەك)، زېمىننىڭ ئىچىدىن چىققان زېمىننىڭ قىزىلدۇر دەپ، ئۇنى ئەيىبلىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: موگو، بەنى ئىسرائىللارغا بېرىلگەن مەننى دېگەن تائامنىڭ تۈرلىرىدىندۇر، موگونىڭ سۈيى كۆز ئاغرىقىغا شىپادۇر، ئەجۋەت خورمىسى جەننەتتىن نازىل قىلىنغان، ئۇنىڭدا زەھەرگە شىپا باردۇر. ئەبۇ ھۇرەيرەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن موگودىن ئۈچ تال ياكى بەش ياكى يەتتە تال ئېلىپ، ئۇنى سىقىپ، سۈيىنى شىشىگە ئېلىپ، مېنىڭ دېدىكىم،چۈرەم ئەمشائەنىڭ كۆزىگە سۈرتۈپ قويسام، ئۇنىڭ كۆزى ساقايدى دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسەئى سەھىھ. |
| **4570 – [ 57 ] ( لم تتم دراسته )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من لعق العسل ثلاث غدوات في كل شهر لم يصبه عظيم البلاء "**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەربىر ئايدا ئۈچ ئەتىگەن ھەسەلنى يالاپ بەرسە، ئۇنىڭغا چوڭ بالا يەتمەيدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، شۇنداقلائۇۋەندىكى قۇرئان بىلەن ھەسەلدىن ئىبارەت ئىككى شىپانى لازىم تۇتۇڭلار دېگەن، ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزى، ھەدىس مەۋقۇپتۇر دېگەن. |
| **4571 – [ 58 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبد الله بن مسعود قال:قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : عليكم بالشفاءين :** |

العسل والقرآن " . رواهما ابن ماجه والبيهقي في شعب الإيمان وقال : والصحيح أن الأخير موقوف على ابن مسعود

ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئان بىلەن ھەسەلدىن ئىبارەت ئىككى شىپانى لازىم تۇتۇڭلار.بۇ ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزى، ھەدىس مەۋقۇپتۇر دىگەن.

**4572 – [ 59 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي كبشة الأنماري : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم احتجم على هامته من الشاة المسمومة قال معمر : فاحتجمت أنا من غير سم كذلك في يافوخي فذهب حسن الحفظ عني حتى كنت ألقن فاتحة الكتاب في الصلاة . رواه رزين

ئەبۇكەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ،زەھەرلەنگەن قوي گۆشىنى يەپ سالغانلىقتىن، بېشىنىڭ قاپ ئوتتۇرىدىن قان ئالدۇرغان ئىدى. مەئمەر مۇنداق دەيدۇ؛ مەن زەھەرلەنمىسەممۇ بېشىمنىڭ ئوتتۇرىدىن قان ئالدۇرغاچقا(ياكى ئۈزۈنسىز قان ئالدۇرغاچقا)يادلاش قابىلىيىتىم يوقاپ كەتتى، ھەتتا ناماز دا سۈرە پاتىھەگىمۇ لوقما سېلىنىپ، ماڭا دەپ بېرىلىدىغان بۇلۇپ قالدىم.رەزىين توپلىغان.

**4573 – [ 60 ]** ( ضعيف )وعن نافع قال : قال ابن عمر : يا نافع ينبغ بي الدم فأتني بحجام واجعله شابا ولا تجعله شيخا ولا صبيا . وقال ابن عمر : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الحجامة على الريق أمثل وهي تزيد في العقل وتزيد في الحفظ وتزيد الحافظ حفظا فمن كان محتجما فيوم الخميس على اسم الله تعالى واجتنبوا الحجامة يوم الجمعة ويوم السبت ويوم الأحد فاحتجموا يوم الاثنين ويوم الثلاثاء واجتنبوا الحجامة يوم الأربعاء فإنه اليوم الذي أصيب به أيوب في البلاء . وما يبدو جذام ولا برص إلا في يوم الأربعاء أو ليلة الأربعاء " . رواه ابن ماجه

نافىئدىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ياناپىئ ! قېنىم ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، قان ئالىدىغان كىشىنى باشلاپ كەلگىن، ئۇ قېرى بولماستىن كىچىك بالا بولماستىن بەلكى ياش يىگىت بولسۇن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ئەتىگەندە ناشتىدىدا قان ئالدۇرۇش بەك ياخشى، ئەۋزەلدۇر، ئۇ ئەقىلنى زىيادە قىلىدۇ، يادلاش قابىلىيىتىنى زىيادە قىلىدۇ، ھاپىزنىمۇ شۇنداق، كىم قان ئالدۇرماقچى بولسا، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن پەيشەنبە كۈنى ئالدۇرسۇن، جۈمئە كۈنى، شەنبە كۈنى، يەكشەنبە كۈنى قان ئالدۇرۇشتىن ھەزەر قىلسۇن، دۈشەنبە، سەيشەنبە قان ئالدۇرۇڭلار، چارشەنبە كۈنى يەنە ھەزەر قىلىڭلار، ئۇ كۈنى ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامغا بالا يەتكەن كۈن،جوزام، تېرە كېسىلى، ئاق كېسەل، چارشەنبە كۈنى كۈندۈز ياكى كېچىسى يۈز بەرگەن،ئىبنى ماجە توپلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش زەئىپ ۋە يالغان ھەدىسلەرنى يالغان ھەدىسلەر توپلىمى دىگەن كىتابىمدا يازغان.

**4574 – [ 61 ]** وعن معقل بن يسار قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الحجامة يوم الثلاثاء لسبع عشرة من الشهر دواء لداء السنة " . رواه حرب بن إسماعيل الكرماني صاحب أحمد وليس إسناده بذاك هكذا في المنتقى

مەقئەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاينىڭ 17سى چاھارشەنبە كۈنى قان ئالدۇرۇش شۇ بىر يىللىق كېسەلگە داۋا، شىپادۇر، بۇ ھەدىس مۇنتەقادا بولۇپ، زەئىپ ئىكەن.

**4575 – [ 62 ]** ( لم تتم دراسته ) وروى رزين نحوه عن أبي هريرة

**باب الفأل والطيرة – الفصل الأول** **ياخشى پال ۋە شۇم پال ئېلىش توغرىسىدا**

**4576 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي هريرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا طيرة وخيرها الفأل " قالوا : وما الفأل ؟ قال : " الكلمة الصالحة يسمعها أحدكم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۇم پال ئېلىش يوق، پالنىڭ ياخشىسى بىرىڭلار تۇنجى قېتىم ئاڭلايدىغان ياخشى سۆز، ياخشى ئىسىمدۇر، ئۇ ياخشى پالدۇر. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل يۇقۇش يوق، شۇم پال ئېلىش يوق، مېنى ياخشى پال خۇرسەن قىلىدۇ، ياخشى پال دېگەن، بىرىڭلار ئاڭلايدىغان ياخشى سۆزدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4577 – [ 2 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا عدوى ولا طيرة ولا هامة ولا صقر وفر المجذوم كما تفر من الأسد " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز ئۆزى يۇقىدۇ دېگەن ئېتىقاد يوق. شۇم پال ئېلىپ، ئەمەلدىن يانسا بولمايدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىدۇ دېيىش خاتا، باتىل ئېتىقادتۇر، مەددە قۇرۇت جاننى ئالالمايدۇ. جوزام دېگەن تېرە كېسىلىدىن، شىر۔ يولۋاسدىن قاچقاندەك قاچقىن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**4578 – [ 3 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا عدوى ولا هامة ولا صفر " . فقال أعرابي : يا رسول فما بال الإبل تكون في الرمل لكأنها الظباء فيخالها البعير الأجرب فيجر بها ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فمن أعدى الأول " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە، سائىب  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز ئۆزى يۇقىدۇ دېگەن ئېتىقاد يوق، مېيىتلەرنىڭ سۆڭىكى ھۇقۇشقا ئايلىنىدۇ دېگەن ئېتىقاد باتىل، (قۇش سايراپ ۋەيران قىلىشمۇ باتىل). كىشى قورساقتا چۇشكەن مەددە قۇرۇت سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ يوق، ئاندىن بىر ئەئرابىي كىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قۇملۇقتا خۇددى كىيىكلەردەك ساپ۔ساق تۆگىلەر ئوتلاۋاتسا،ئۇلارغا بىر دانە تەمرەتكىلىك تۆگە ئارلىشىپلا، ھەممە تۆگىنى تەمرەتكىلىك قىلىۋېتىدىكەنغۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنداق بولسا، تۇنجى قېتىمقى تۆگىنىڭ تەمرەتكىسىنى كىم پەيدا قىلدى ؟ دەپ، (ئەرەپلەرنىڭ خۇراپات ئادىتىگە قارشى تۇرغان، كېسەل ئاللاھنىڭ تەقدىر۔ قازاسى ۋە خالىشى بىلەن يۇقىدۇ، ئۆزىلا يۇقمايدۇ، ياكى كېسەل يۇقمايدۇ، ئالاھىدە ۋاباغا ئوخشاشلىرى مۇستەسنا دېگەن بولىدۇ)، بۇخارى، ئەھمەد،بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، مۇسلىم 4116 _ ھەدىس،سەھىھ.

**4579 – [ 4 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا عدوى ولا هامة ولا نوء ولا صفر " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل يۇقۇش يوق، ئۆلۈكلەر سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىش يوق، يامغۇر پالانى يۇلتۇزنىڭ سەۋەبىدىن ياغدى دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ

يوق، مەددە قۇرۇتنىڭ جان ئېلىشمۇ يوق، بۇلار جاھالىيەت ئېتىقادلىرى.مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسلەر بىلەن جاھالىيەت ئېتىقادلىرىغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن، ئىسلام ئېچىدىكى توغرا ئېتىقاد ھەققى ئېتىقادتۇر، كېسەل يۇقۇش دىگىنى، تەقدىرسىز يۇقمايدۇ، بەلكى، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن يۇقىدۇ دىگىنى، شۇڭا ساقلار كېسەللەر بار جايغا كېسەللەر ساقلار بار جايغا چۈشمەسلىكنى دىگەن. جوزام كېسىلىدىن قېچىشنى دىگەن، ئالىملار: توغرا، كېسەل يۇقۇش يوق، بۇ ئام سۆز، لېكىن، جوزام، قىچىشقاق، تۇبېركىلىيۇز قاتارلىقلار تەقدىر بىلەن يۇقىدۇ، بۇ خاس دىگەن. كىشى لائىلاھە ئىللەللاھ! دەپ ئىسلام دىنىغا كىرىش بىلەنلا جاھالىيەت ئېتىقادىدىن ئۆرۈپ ــ ئادەتلىرىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشى لازىم

**4580 – [ 5 ]** ( صحيح ) وعن جابر قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " لا عدوى ولا صفر ولا غول " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز يۇقمايدۇ، كىشى شۇم پال ئېلىپ، ئەمەلدىن يانسا بولمايدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭكى قۇشقا ئايلىنىدۇ دىيىش خاتا، باتىل ئېتىقادتۇر، مەددە قۇرۇت جاننى ئالالمايدۇ، چۆللەردە سەپەر قىلغاندا ئېزىتقۇ يوق، (بۇنداق ئېتقات خاتادۇر). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: چۆل، جاڭگاللاردا سەپەر قىلغانلارنى ئازدۇرغۇچى، جىن ــ شەيتانلاردىن بولغان ئېزىتقۇ يوق، (بۇ جاھالىيەت ئېتىقادى)، ئېزىتقۇ مەۋجۇد ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد 3414 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**4581 – [ 6 ]** ( صحيح وعن عمرو بن الشريد عن أبيه قال : كان في وفد ثقيف رجل مجذوم فأرسل إليه النبي صلى الله عليه وسلم : " إنا قد بايعناك فارجع " . رواه مسلم

ئەمرۇئىبنى شەرىيدنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سۇقەيپ قەبىلىسىنىڭ ئەلچىللىرى ئارىسىدا جوزام كېسىلى (يەنى يۇقۇملۇق تېرى كېسىلى) بولغان بىر كىشى بارئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ «بىز ساڭا بەيئەت قىلغان بولدۇق، سەن ئەمدى قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دەپ كىشى ئەۋەتكەن ئىدى.مۇسلىم توپلىغان.مەقسەت ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشمىغان.

**4582 – [ 7 ]** الفصل الثاني عن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتفاءل ولا يتطير وكان يحب الاسم الحسن . رواه في شرح السنة

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى پال ئالاتتى، شۇم پال ئالمايتتى، ياخشى، گۈزەل ئىسىمنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4583 – [ 8 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن قطن بن قبيصة عن أبيه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " العيافة والطرق والطيرة من الجبت " . رواه أبو داود

قۇتنى ئىبنى قەبىيسەتنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇشنىڭ ئۇچۇش يۆنۈلىشىدىن، ئاۋازلىرىدىن،ئىسىملىرىدىن پال ئېلىش، تاش ـ چالمىدا پال ئېچىش، قۇمغا خەت يېزىپ،سىسىزىق سىزىپ پال ئېلىش، شۇم پال ئېلىشلار سېھرىگەرلىك،شىرىك ئىشلاردىندۇر.داۋۇد

**4584 – [ 9 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الله بن مسعود عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الطيرة شرك " قاله ثلاثا

وما منا إلا ولكن الله يذهبه بالتوكل . رواه أبو داود والترمذي وقال : سمعت محمد بن إسماعيل يقول : كان سليمان بن حرب يقول في هذا الحديث : " وما منا إلا ولكن الله يذهبه بالتوكل " . هذا عندي قول ابن مسعود

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم مۇنداق دېگەن: شۇم پال ئېلىش الله قا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بىزدىن ھەرقانداق بىر كىشى بۇلىدىكەن، شۇم پال ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىگە چۈشكەن ۋەھىمە، گۇمانلىرىنى الله تائالا تەۋەككۇل قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبىدىن يوق قىلىپ كەتكۈزىۋەتتى، دېدى.تىرمىزى بىلەن ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

4585 – [ 10 ] ( ضعيف )وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أخذ بيد مجذوم فوضعها معه في القصعة وقال : " كل ثقة بالله وتوكلا عليه " . رواه ابن ماجه

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، جوزام، تىرە كېسىلى بولغان كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئىككىسى بىللە بىر قاچىدىن تاماق يېدى ۋە مۇنداق دېدى، ئاللاھقا ئىشەنگەن ۋە تەۋەككۇل قىلغان ھالدا يېگىن، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

4586 – [ 11 ] وعن سعد بن مالك أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا هامة ولا عدوى ولا طيرة وإن تكن الطيرة في شيء ففي الدار والفرس والمرأة " . رواه أبو داود

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتنىڭ سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىش يوق، كېسەل تەقدىرسىز يۇقۇش يوق، شۇم پال يوق، شۇملۇق بولسا ناچار ئاتتا، تار ھويلىدا، ئەخلاقسىز، ناچار، تۇغماس ئايالدا باردۇر.ئەبۇداۋۇد، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل يۇقۇش يوق، شۇم پال يوق،( سۆڭەك قۇشقا ئايلىنىش يوق، مەددە قۇرۇتنىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈشى يوق، ھەممىسى جاھالىيەت ئېتىقادلىرى خاتادۇر).ھەقىقەتەن شۇملۇق ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ،ناچار ئاتتا ، ئەخلاقسىز،تۇغماس ئايالدا،خوشنىسى يامان تار ھويلىدا. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

4587 – [ 12 ] وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يعجبه إذا خرج لحاجة أن يسمع :يا راشد يا نجيح .رواه الترمذي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىرەر ھاجەت ئۈچۈن سەپەرگە چىققاندا، ياراشىد! يا نەجىيھ يەنى ئى توغرا يول تاپقۇچى، نىجات تاپقۇچى دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى ئەجەبلەندۈرۈپ، خۇرسەن قىلاتتى، (چۈنكى، بۇ ياخشى، گۈزەل ئىسىملاردىن ياخشى پال ئالاتتى). تىرمىزى 1541 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

4588 – [ 13 ] وعن بريدة : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان لا يتطير من شيء فإذا بعث عاملا سأل عن اسمه فإذا أعجبه اسمه فرح به ورئي بشر ذلك على وجهه وإن كره اسمه رئي كراهية ذلك على وجهه وإذا دخل قرية سأل عن اسمها فإن أعجبه اسمها فرح به ورئي بشر ذلك في وجهه وإن كره اسمها رئي كراهية ذلك في وجهه رواه أبو داود

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نەرسىدىن شۇم پال ئالمايتتى، ياخشى پال ئالاتتى. بىرەر ئەمەلدار خىزمەتچىنى ئەۋەتسە، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورايتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمى

ئەجەبلەندۈرۈپ خۇرسەن قىلسا، ئۇنىڭدىن ياخشى پال ئېلىپ خۇشال بولاتتى، شۇنىڭ خۇش-بىشارىتى چىرايىدا كۆرۈنەتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ياقتۇرمىسا، شۇنى ياقتۇرماسلىقمۇ چىرايىدا كۆرۈنەتتى، ئەگەر بىرەر شەھەرگە كىرسە، ئۇشەھەرنىڭ ئىسمىنى سورايتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمى ئەجەبلەندۈرۈپ خۇرسەن قىلسا، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى پال ئېلىپ خۇشال بولاتتى، شۇنىڭ خۇش-بىشارىتى چىرايىدا كۆرۈنەتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ياقتۇرمىسا، شۇنى ياقتۇرماسلىقمۇ چىرايىدا كۆرۈنەتتى.ئەبۇداۋۇد،ھەكىيم، بەغۋى توۇ، سەھىھ.

**4589 – [ 14 ] ( حسن ) وعن أنس قال : قال رجل : يا رسول الله إنا كنا في دار كثر فيها عددنا وأموالنا فتحولنا إلى دار قل فيها عددنا وأموالنا . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ذروها ذميمة " . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز بىر يۇرتتا ئىدۇق، ئۇ جايدا بىزنىڭ سانىمىز، مال-مۈلۈكلىرىمىز كۆپىيۈپ كەتكەن ئىدى، بىز يەنە بىر يۇرتقا يۆتكىلىشىدۇق، بىزنىڭ سانىمىز،مال-مۈلۈكلىرىمىز بەكلا ئازلاپ كەتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنداق بولسا، كېيىنكى ئۇ يۇرتنى خار ھالىتىدە قالدۇرۇپ كېتىڭلار دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

**4590 – [ 15 ] ( ضعيف )وعن يحيى بن عبد الله بن بحير قال : أخبرني من سمع فروة بن مسيك يقول : قلت : يا رسول الله عندنا أرض يقال لها أبين وهي أرض ريفنا وميرتنا وإن وباءها شديد . فقال : " دعها عنك فإن من القرف التلف " . رواه أبو داود**

يەھيا ئىبنى ئابدۇللا ماڭا پەرۋەتتىن ئاڭلىغان كىشى خەۋەر قىلغان فۇرۋەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزنىڭ زىمىنىمىز ئەبيەن دېيىلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مول تۇرمۇش كەچۈرىدىغان جايىمىز، كارۋانلار جايى، تائام تولۇق، لېكىن ئۇ جايدا ۋابا قاتتىق كۆچلۈكتۇر دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ جاينى تاشلاپ چىكەتكىن، كېسەلگە، ۋاباغا يېقىن كېلىشتىن ھالاكەت كېلىدۇ دەپتۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېدى، چۈنكى بۇ ھەدىس سەھىھ ھەدىسكە خىلاپ.

**4591 – [ 16 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن عروة بن عامر قال : ذكرت الطيرة عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أحسنها الفأل ولا ترد مسلما فإذا رأى أحدكم ما يكره فليقل : اللهم لا يأتي بالحسنات إلا أنت ولا يدفع السيئات إلا أنت ولا حول ولا قوة إلا بالله " . رواه أبو داود**

ئۇرۋەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا شۇم پال تىلغا ئېلىنغاندا، مۇنداق دېگەن:ئۇنىڭ ياخشىسى ياخشى پال ئېلىشتۇر، شۇم پال مۇسۇلماننى ئۆز يولىدىن توسمىسۇن، (بۇ مۇسۇلماننىڭ ئىشى ئەمەس) بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسە، :« ئى **الله** ! ياخشىلىقلارنى پەقەت سىلىلا كەلتۈرەلەيلا، يامانلىقلارنىمۇ پەقەت سىلىلا دەپئى قىلالايلا، **الله** نىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ-قۇۋۋەت يوقتۇر»دېسۇن.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

## باب الكهانة – الفصل الأول　كاھىنلىق، جىنكەشلىكنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**4592 – [ 1 ] ( صحيح ) عن معاوية بن الحكم قال : قلت : يا رسول الله أمورا كنا نصنعها في الجاهلية كنا نأتي الكهان قال : " فلا تأتوا الكهان " قال : قلت : كنا نتطير قال : " ذلك شيء يجده أحدكم في نفسه فلا يصدنكم " . قال : قلت : ومنا رجال يخطون قال : " كان نبي من الأنبياء يخط فمن وافق خطه فذاك " . رواه مسلم**

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز جاھالىيەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلاتتۇق، بىز كاھىن ـ جىنكەشنىڭ قېشىغا باراتتۇق دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەمدى ھەرگىز كاھىننىڭ قېشىغا بارماڭلار دېدى، مەن؛ بىز شۇم پال ئالاتتۇق دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇئىش بىرىڭلار قەلبىدە تاپىدىغان، گۇمان قىلىدىغان نەرسىدۇر، شۇم پال سىلەرنى ئۆز يۇلۇڭلاردىن،ھاجىتىڭلاردىن توسۇپ قويمىسۇن دېدى، مەن؛ بىزدىن خەتتاتلىق قىلىدىغانلار بار دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر خەتتات ئىدى، (بەزىلەر ئىدرىس دېيىشىدۇ) كىمنىڭ خەتتاتلىقى ئۇنىڭ خېتىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇ شۇنداق بولىدۇ، (يەنى خەتتاتلىقى دۇرۇس بولىدۇ)دېدى.ئەھمەد،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى سەھىھ.

**4593 – [ 2 ]** ( متفق عليه ) **وعن عائشة قالت : سأل أناس رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الكهان فقال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم : إنهم ليسوا بشيء " قالوا : يا رسول الله فإنهم يحدثون أحيانا بالشيء يكون حقا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تلك الكلمة من الحق يخطفها الجني فيقرها في أذن وليه قر الدجاجة فيخلطون فيها أكثر من مائة كذبة**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كاھىن(يەنى غەيىبنى، سىرنى داۋا قىلىدىغان جىنكەشلەر)توغرىسىدا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلار ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ دېدى، ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار بەزىدە ھەق،راست بولغان ئىشنىمۇ سۆزلەيدۇ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئەشۇ ھەق بولغان،راست يۈزبەرگەن بىر كەلىمە سۆزنى جىنلار ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىۋېلىپ، ئۇنى جىنكەش دوستىنىڭ قۇلىقىغا خۇددى توخۇنىڭ قىچقىرغىنىدەك، قىرقىراپ ئىلھام قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۇ بىر سۆزگە ئۆز ئىچىدىن 100 يالغاننى ئارلاشتۇرۇپ قوشۇپ سۆزلەيدۇ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**4594 – [ 3 ]** ( صحيح ) **وعنها قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الملائكة تنزل في العنان وهو السحاب فتذكر الأمر قضي في السماء فتسترق الشياطين السمع فتوحيه إلى الكهان فيكذبون معها مائة كذبة من عند أنفسهم . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پەرىشتىلەر بۇلۇتلارغا چۈشۈپ، ئاسماندا ھۆكۈم قىلىنغان ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ ئەسلىشىدۇ، ئۇنى شەيتانلار ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىۋېلىپ، كاھىنلارغا (يەنى غەيىبنى، سىرنى داۋا قىلىدىغان جىنكەشلەرگە) ۋەسۋەسە، ئىلھام قىلىپ تاشلايدۇ، ئاندىن بۇلار ئۇ بىر سۆزگە ئۆز ئىچىدىن 100 يالغاننى قوشۇپ سۆزلەيدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (ئىسلام دىنى كاھىن، جىنكەشلەرگە بېرىشتىن ئۇلارغا ئىشىنىشتىن توسىدۇ).

**4595 – [ 4 ]** **وعن حفصة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أتى عرافا فسأله عن شيء لم تقبل صلاة أربعين ليلة " . رواه مسلم**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم غەيىب داۋاسى قىلىدىغان يۇرت ئاقساقىلى كاھىننىڭ، داخاننىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرەر نەرسە توغرىسىدا مەسىلە سورىسا، ئۇ كىشىنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەھمەد 16041 _ ھەدىس، مۇسلىم 4137 _ ھەدىس. سەھىھ. بىزگە تەقۋا، دانا، ئالىملار مەسلىھەت سوراشنى يېتەرلىكتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم غەيىبنى داۋا

قىلدىغان داخانغا، پالچىغا، كاھىن، جىنكەشكە بارسا، ئاندىن ئۇ دىگەن سۆزلەرنى تەستىقلاپ ئىشەنسە، ھەققەتەن ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا كاپىر بولدى. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. باخشى، داخان، جىنكەش، كاھىننىڭ يىنىغا بىرىش قەتئىي ھارامدۇر، شىرىكتۇر. بىزگە قۇرئان، سەھىھ ھەدىس كۇپايە، ئۇلارغا ھاجىتىمىز يوق.

**4596 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن زيد بن خالد الجهني قال : صلى لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاة الصبح بالحديبية على أثر سماء كانت من الليل فلما انصرف أقبل على الناس فقال : " هل تدرون ماذا قال ربكم ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم قال : أصبح من عبادي مؤمن بي وكافر فأما من قال : مطرنا بفضل الله ورحمته فذلك مؤمن بي كافر بالكوكب وأما من قال : مطرنا بنوء كذا وكذا فذلك كافر بي ومؤمن بالكوكب "**

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھۇدەيبىيەدە كېچىسى ياغقان يامغۇرنىڭ ئارقىسىدىنلا بامدات نامىزىنى ئۇقۇپ بىرىپ، نامازدىن پارىغ بولغاندا كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ مۇنداق دىدى: سىلەر بۇگۇن كېچە رەببىڭلارنىڭ نىمە دىگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ئۇلار؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دىيىشتى، رەسۇلۇللاھ؛ ئاللاھتائالا مۇنداق دىدى؛ بۇگۇن مىنىڭ بەندىلىرىمدىن ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن ۋە كاپىردىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك كىشى تاڭ ئاتقۇزدى، ئەمما بىر كىشى يامغۇرمىز ئاللاھنىڭ پەزلى ــ رەھمىتى بىلەن ياغدى دىسە، ئەنە شۇ كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن بولۇپ يۇلتۇزلارنى ئىنكار قىلغان كىشى بولىدۇ. ئەمما بىر كىشى يامغۇرىمىز پالانى ــ پالانى، مۇنداق ــ مۇنداق يۇلتۇزنىڭ سەۋەبىدىن ياغدى دىسە، ئۇ كىشى ماڭا كاپىر بولۇپ، يۇلتۇزلارغا ئىشەنگەن، يۇلتۇزلارغا مۆئمىن بولىدۇ، (بۇ مۇشرىكتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بۇخارى،مۇسلىم.

**4597 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما أنزل الله من السماء من بركة إلا أصبح فريق من الناس بها كافرين يترل الله الغيث فيقولون : بكوكب كذا وكذا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ئاسماندىن بەرىكەت يامغۇر چۈشۈرسە، كىشىلەرنىڭ بىر پىرقىسى شۇنىڭ سەۋەبىدىن كاپىرغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، يامغۇرنى ئاللاھ چۈشۈرسە، ئۇلار پالانى، پوكۇنى يۇلتۇز سەۋەبىدىن چۈشتى دەيدۇ،ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4598 – [ 7 ] الفصل الثاني عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من اقتبس علما من النجوم اقتبس شعبة من السحر زاد ما زاد " . رواه أحمد وأبو داود وابن ماجه**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىلمى نۇجۇمدىن، يۇلتۇز ئىلمىدىن ئىلىم ئالسا، سىھىردىن بىر پارچە ياكى سىھىرنىڭ بىر شېخىنى ئالغان بولىدۇ، زىيادە قىلغانسىرى، سىھرى ئىلمى زىيادە بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن مەخسەت، غەيىب داۋاسى قىلىدىغان ئىلمى نۇجۇمچىلاردۇر، يۇلتۇزغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ قىلمىشى باردۇر. لېكىن، ئاسترونومىيە ئىلمى، يۇلتۇز تەتقىقاتى، قۇياش فىزىكىسى، ئالەم بوشلۇقى ئىلمى، ئورbىتىلار، ئاسمان يولىرى ئىلمى، مېتىئورولوگىيە ئىلمى چەكلەنمەيدۇ، بۇنىڭغا قۇرئاندا، ئالاھىدە قاراشقا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا

تەۋھىد ئىلمى قىلىشقا، دىنىسىزلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسسالامدەك قايىل قىلىشقا ئۇرغۇن ئىشارەتلەر بار.بۇ دەلىل ــ ئىسپاتلارنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، تەنتاۋىيغا، فىي زىلالىغا ۋە تەنتاۋى جەھەرلىرىدىن تاللانىملارغا، ئىنتېرنېت تور بېتىگە قاراڭ، كائىناتتا مۆجىزىلەر ئىنتايىن كۆپتۇر، بولۇپمۇ قۇرئان مۆجىزىسى.ئاددىسى سىز سۈرە تەكۋىيرگە، سۈرە بۇرۇجغا چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن قاراڭ، تەتقىق قىلىڭ، بۇ تەۋھىد، بۇ ئىمان، بۇ دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەتتۇر.

**4599 – [ 8 ]** ( صحيح )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أتى كاهنا فصدقه بما يقول أو أتى امرأته حائضا أو أتى امرأته من دبرها فقد برئ مما أنزل على محمد " . رواه أحمد وأبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىم كاھىن، جىنكە شىنىڭ يېنىغا بېرىپ،گېپىنى تەستىقلىسا ياكى ھەيزىدار كېسەل ئايالى بىلەن مۇناسىۋەت قىلسا ياكى ئايالىنىڭ مەقئىتىگە، ئارقا تەرىپىگە كەلسە، ئۇ،مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشكەن قۇرئاندىن بىزار بولغان بولىدۇ،يەنە بىر خاتىرىدە كاپىر بولغان بولىدۇ.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، بۇخىل ھەدىسنى يۇقىردا ئەلبانى زەئىپ دەپ بولغان.بۇجايداسەھىھ دەپتۇ،ئىسناد ئىككى بۇلىشى مۇمكىن الله ئالىم.

**4600 – [ 9 ]** ( صحيح ) الفصل الثالث عن أبي هريرة أن نبي الله صلى الله عليه وسلم قال : إذا قضى الله الأمر في السماء ضربت الملائكة بأجنحتها خضعانا لقوله كأنه سلسلة على صفوان فإذا فزع عن قلوبهم قالوا : ماذا قال ربكم ؟ قالوا : للذي قال الحق وهو العلي الكبير فسمعها مسترقوا السمع ومسترقوا السمع هكذا بعضه فوق بعض " ووصف سفيان بكفه فحرفها وبدد بين أصابعه " فيسمع الكلمة فيلقيها إلى من تحته ثم يلقيها الآخر إلى من تحته حتى يلقيها على لسان الساحر أو الكاهن . فربما أدرك الشهاب قبل أن يلقيها وربما ألقاها قبل أن يدركه فكذب معها مائة كذبة فيقال : أليس قد قال لنا يوم كذا وكذا : كذا وكذا ؟ فيصدق بتلك الكلمة التي سمعت من السماء " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ ئاسماندا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، ئاللاھنىڭ سۆزىگە بويسۇنۇپ، پەرىشتىلەر قانات قېقىپ كېتىدۇ، سۆز،گۇياكى تاش ئۈستىدىكى زەنجىرسۆرەلگەندەك جاراڭلىق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبى چۆچۈپ ھۇشىدىن كېتىپ، يەنە ھۇشىغا كەلگەندە؛ رەببىڭلار باياتىن نېمە دېدى؟ دەيدۇ، ئۇلار؛ ئاللاھ ھەقنى دېدى، ئۇ ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنى ئوغۇرلۇقچە سۆز تىڭشىغۇچىلار ئاڭلايدۇ، ئۇلار بىرسى ــ بىرسىنىڭ ئۈستىدە، قەۋەت ــ قەۋەتتۇر، كۆپىنچە بۇ سۆز ئوغرىسىنى،ئۇ ھەمراھى جىنكەشكە كېلىشىدىن بۇرۇن، سۆزنى دەپ بېرىشىدىن بۇرۇن، ئاقار يۇلتۇزلار تېپىپ كۆيدۈرىدۇ، كۆپىنچىسى كۆيۈشىدىن ساقلىنىپ قېلىپ، يېنىدىكىگە دەپ بېرىدۇ، ئۇ ئاستىدىكىگە دەپ بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوغۇرلىغان بىر سۆزنى زىمنغا تاشلايدۇ، بولۇپمۇ سېھرىگەر، جىنكەشلەر قوبۇل قىلىپ، بۇ بىر سۆز بىلەن قوشۇپ 100 يالغاننى سۆزلەيدۇ، كىشىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ؛ پالانى كۈنى مۇنداق دېمىگەنمىدىڭ؟ مۇنداق بولىدۇ دىگەنىغۇ، راستلام شۇنداق بولدى، بىز بۇنى ئۆز ئەينى تاپتۇق دېيىشىدۇ، ئەسلى ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن، ئوغۇرلىقچە جىنلار ئاڭلىغان، ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ جەھتىدىن بولغان ئىدى، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، مانا بۇ ھەدىس جىنكەش كاھىنىنى، جىنلار مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**4601 – [ 10 ]** ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : أخبرني رجل من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم من الأنصار : أنهم بينا

**جلوس ليلة مع رسول الله صلى الله عليه وسلم رمي بنجم واستنار فقال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما كنتم تقولون في الجاهلية إذا رمي بمثل هذا ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم كنا نقول : ولد الليلة رجل عظيم ومات رجل عظيم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فإنها لا يرمى بها لموت أحد ولا لحياته ولكن ربنا تبارك اسمه إذا قضى أمر سبح حملة العرش ثم سبح أهل السماء الذين يلونهم حتى يبلغ التسبيح أهل هذه السماء الدنيا ثم قال الذي يلون حملة العرش لحملة العرش : ماذا قال ربكم ؟ فيخبرونهم ما قال : فيستخبر بعض أهل السماوات بعضا حتى يبلغ هذه السماء الدنيا فيخطف الجن السمع فيقذفون إلى أوليائهم ويرمون فما جاؤوا به على وجهه فهو حق ولكنهم يقرفون فيه ويزيدون " . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس ۋە ئەنسارىلاردىن بولغان بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇلار بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇرسا، بىر تال يۇلتۇز نۇر چىقىرىپ ئېقىپ چۈشۈپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:سىلەر جاھالىيەتتىكى ۋاقىتىڭلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يۇلتۇز ئېقىپ چۈشسە، نېمە دەيتتىڭلار؟ دىسە، ئۇلار؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى ئالىمكى، بىز ئۇچاغلاردا؛ بۈگۈن كېچە ئۇلۇغ بىركىشى تۇغۇلۇپتۇ ياكى ئۇلۇغ بىركىشى ئۆلۈپتۇ دەيتتۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ھەقىقەتەن ئۇ يۇلتۇزلار بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن ئېتىلمايدۇ، ئېقىپ چۈشمەيدۇ، لېكىن رەببىمىز ئاللاھتائالا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر تەسبىھ ئېيتىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان ئاسمان ئەھلى تەسبىھ ئەيتىپ كىتىدۇ، بۇ تەسبىھ دۇنيا ئاسمىنىنىڭ ئەھلىگىچە يىتىپ كىلىدۇ،ئاندىن ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەرگە ئۇلارغا يېقىن بولغانلار؛ رەببىڭلار نېمە دېدى؟ دىيىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار بىرسى ــ بىرسىگە ئاللاھنىڭ نېمە دىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشىپ، ئاسمان ئەھلى بەزىسى ــ بەزىسىدىن خەۋەر تەلەپ قىلىشىپ تاكى ئۇ خەۋەر ھۆكۈم بولسا، مۇشۇ دۇنيا ئاسمىنىغىچە يېتىدۇ، ئاندىن ئۇنى جىنلار ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاپ، قېچىپ كىلىپ، جىنكەش دوستلىرىغا تاشلايدۇ، ئۇ جىنلار ئەنە شۇ ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىلىدۇ، (زىمىنغا چۈشكىچە ساق قالىدىغىنى ئاز) ئۇلار ئۆز ئەينى ئېلىپ كەتكەن خەۋەر ھەق، راست ئىدى، لېكىن ئۇلار بۇ خەۋەردە پىرقە ــ پىرقىگە بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا چۈشكىچە ئىختىلاپ قىلىشىپ، نۇرغۇن يالغان سۆزلەرنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.بۇ سەھىھ ھەدىس جىنلار خەۋىرى، جىنكەش توغرىسىدا مۆجىزە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى ئىلىم پەندىمۇ، بولۇپمۇ ئاسترونومىيەدە مۆجىزە بولىدۇ، شۇنداقلا سۈرە سافقاتتىكى ئايەتلەر، بۇ ھەدىس بىلەن شۇ ئايەتكە بەرگەن ساھابە، تابىئىنلارنىڭ تەپسىر ئىزاھات، شەرھىيلىرى مۆجىزە بولماقتا، راستىنلا ئاقار يۇلتۇز بىر نەرسىنى قوغلايدۇ، ئىزدەيدۇ، راستىنلا يۇلتۇزلار نۇرى ئاجرايدۇ، ئۆزى ئەمەس، نۇرى، ئوتى ئاجراپ، ئاندىن مىتئورىت تاشقا ئايلىنىپ، ئاندىن قوغلاپ ئاتموسفرادا كۆيۈپ كۆيدۈرىدۇ، بۇ رۇشەن مۆجىزىدۇر.

**4602 – [ 11 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن قتادة قال : خلق الله تعالى هذه النجوم لثلاث جعلها زينة للسماء ورجوما للشياطين وعلامات يهتدى بها فمن تأول فيها بغير ذلك أخطأ وأضاع نصيبه وتكلف مالا يعلم . رواه البخاري تعليقا وفي رواية رزين : " تكلف مالا يعنيه ومالا علم له به وما عجز عن علمه الأنبياء والملائكة "**

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن؛ **الله** تائالا بۇ يۇلتۇزلارنى ئۈچ ئىش ئۈچۈن ياراتقان، **الله** يۇلتۇزلارنى ئاسمانغا زىننەت قىلدى، جىن ـ شەيتانلارغا رجىم،كۆيدۈرگۈچى قىلدى، مۇساپىرلار يول تاپىدىغان ئالامەت قىلدى، كىم يۇلتۇز توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقىچە تەئۋىل قىلىپ چۈشەنسە، ئۇ خاتالاشقان بۇلىدۇ، نىسۋىسىنى زايا قىلىۋېتىدۇ، بىلمەيدىغان نەرسىگە، قىلچىلىك پايدىسى يوق نەرسىگە، ئىلىم بولمىغان ھەتتا پەيغەمبەرلەر،

پەرىشتىلەرمۇ بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن نەرسىگە ئۆزى تەكلىپ قىلغان بولىدۇ.بۇخارى،رەزىين توپلىغان.يەنە تەۋھىد ئىلمىگە دەلىل قىلدى، قۇرئانغا مۆجىزە قىلدى، ئاستورنومىيەنى دەلىل قىلىش.

**4603 – [ 12 ] ( لم تتم دراسته ) وعن الربيع مثله وزاد : والله ما جعل الله في نجم حياة أحد ولا رزقه ولا موته وإنما يفترون على الله الكذب ويتعللون بالنجوم**

رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يۇقىرقىدەك سۆز قىلىپ، ئۇ يەنە؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، **الله** تائالا يۇلتۇزلاردا بىرەر كىشىنىڭ ھاياتىنى ياكى ماماتىنى، ھەم ئۇنىڭ رىزقىنى قىلمىدى، بۇنداق خاتا خۇراپىيلارچە چۈشۈنۈپ سۆز قىلىدىغانلار ، **الله** قا بوھتان قىلغان بولىدۇ، ھەرخىل ھادىسىلەرگە يۇلتۇزلار بىلەن ئىللەت سەۋەب كۆرسىتىدۇ دىگەن.بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھالىيەت خوراپاتلىقىدۇر.

**4604 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من اقتبس بابا من علم النجوم لغير ما ذكر الله فقد اقتبس شعبة من السحر المنجم كاهن والكاهن ساحر والساحر كافر " . رواه رزين**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: كىم ئىلمى نۇجمدىن يەنى يۇلتۇز ئىلمىدىن بىر باب ئالسا، تىبخى ئۇ ئاللاھ ئەسلەنمەيدىغان ھالدا ئالسا، جەزمەن سېھىردىن بىر شاخچە ئالغان بولىدۇ، يۇلتۇز ئىلمىنى كەسىپ قىلغان مۇنەججىم كاھىندۇر، كاھىن، جىنكەش بولسا، ساھىردۇر، ساھىر، سېھىرگەر بولسا، كاپىردۇر، بۇ ھەدىسنى رەزىين خاتىرلىگەن بولۇپ، زەئىپتۇر،

**4605 – [ 14 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو أمسك الله القطر عن عباده خمس سنين ثم أرسله لأصبحت طائفة من الناس كافرين يقولون : سقينا بنوء المجدح " . رواه النسائي**

ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىدىن يامغۇرنى بەش يىل توختۇتۇپ ئاندىن ياغدۇرسا، ئىنسانلاردىن بىر بۆلۈكى بىز پالانى يۇلتۇزدىن مەجدەھ دىگەن يۇلتۇز سەۋەبىدىن سۇغۇرۇلدۇق دىيىش ئارقىلىق كاپىرغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، نەسەئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

## كتاب الرؤيا – الفصل الأول   چۈش توغرىسىدا

**4606 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لم يبق من النبوة إلا المبشرات " قالوا : وما المبشرات ؟ قال : " الرؤيا الصالحة " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر قالمىدى، مەن بىلەن ئاخىرلاشتى، پەقەت ياخشى چۈشتىن ئىبارەت خۇش بىشارەت قىلىپ قالدى. بۇخارى توپلىغان، سەھھەھ. بۇ راست، ھەق ياخشى چۈش كۆرىدىغان ئەۋلىيالارنى كۆرسىتەتتى، مانا ھازىر، ئۇنداق كىشىلەرمۇ ئۇ بىشارەتمۇ قالمىدى، چۈنكى، ئۇنى كۆرۈپ باقمىدۇق، ئىبغىزدا بار، ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ قالدى، بەلكىم، بەر شارىدا باردۇر، ئاللاھ ئالىم. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەرلىك كېتىپ ئاخىرلاشتى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەرلىك يوق، لېكىن، خۇش بىشارەتچى راست چۈش كۆرىدىغانلار قىلىپ قالدى، بۇ بىشارەت بولسا، كىشى كۆرىدىغان ياخشى، راست چۈشتۇر، ياكى ئۇ كىشىگە كۆرسىتىلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

| |
|---|
| **4607 – [ 2 ]** ( **متفق عليه** ) **وزاد مالك برواية عطاء بن يسار : " يراها الرجل المسلم أو ترى له "**<br><br>ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىك بىشارەتلىرىدىن ھېچنەرسە قالماي پەقەتلا ئاخىرلاشتى، پەقەت مۇسۇلمان كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىغان ياخشى، راست بىشارەت چۈشلا قالدى، ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن قۇرئاننى رۇكۇ ياكى سەجدە قىلغان ھالدا ئوقۇشتىن چەكلەندىم، رۇكۇغا كەلسەك، ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارنى ئۇلۇغلاپ، (سۇبھانە رەببىلئەزىيم) دەڭلار، ئەمما سەجدىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار، دۇئا قىلىشقا تىرىشىڭلار، سىلەر ئۈچۈن سەجدىدىكى دۇئانىڭ ئىجاۋەت بولۇشى چوقۇمدۇر، ۋاجىپ، مۇقىم قىلىندى، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| **4608 – [ 3 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الرؤيا الصالحة جزء من ستة وأربعين جزءا من النبوة "**<br><br>ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ رەزىيىن،ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى چۈش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارىسىدىن بىر پارىسىدۇر، بۇ ھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، بۇ بەك سەھىھ، مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەر، مۇتتەقىيلەر بىر ـ بىرىگەدەرجىدە ئوخشاشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ 25 دىن 70گىچە دېيىلگەن. ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ 70دەن بىر پارىسىدۇر، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالىھ، ياخشى چۈش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 25 پارىسىدىن بىر پارىسىدۇر، ئىبنى نەججار توپلى، سەھىھ. |
| **4609 – [ 4 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من رآني في المنام فقد رآني فإن الشيطان لا يتمثل في صورتي "**<br><br>جابىر،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، ھەقىقەتەن ئۇ، مېنى كۆرگەن بولىدۇ، چۈنكى، شەيتاننىڭ مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرىۋېلىشى ھەرگىز لايىق ئەمەس، ئۇ مېنىڭ سۈرىتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ.ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، ھەقىقەتەن مەن ئاشۇ شۇ، شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرەلمەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. |
| **4610 – [ 5 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من رآني فقد رأى الحق "**<br><br>ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى كۆرسە، ھەقىقەتەن ئۇ مېنى راستلا كۆرگەن بولىدۇ. چۈنكى، شەيتان مېنىڭ سۈرەت، پوسۇنىمغا كىرەلمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. |
| **4611 – [ 6 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من رآني في المنام فيسراني في** |

**اليقظة ولا يتمثل الشيطان بي "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، پات يېقىندا ئۇ مېنى ئويغاق ھالەتتىمۇ كۆرىدۇ. (يەنى قىيامەتتە كۆرىدۇ، ياكى شۇ زاماندىكىلەر كۆرەتتى). شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ.بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى،ئەبۇ داۋۇد سەھىھ

**4612 – [ 7 ] ( متفق عليه ) وعن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الرؤيا الصالحة من الله والحلم من الشيطان فإذا رأى أحدكم ما يحب فلا يحدث به إلا من يحب وإذا رأى ما يكره فليتعوذ بالله من شرها ومن شر الشيطان وليتفل ثلاثا ولا يحدث بها أحدا فإنها لن تضره "**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ياخشى چۈش ئاللاھ تەرەپتىن، يامان چۈش،ئىھتىلام شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ، ئەگەر بىرىڭلار ياخشى چۈش كۆرسە، خۇش بىشارەت ئالسۇن، ئۇنى پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگىلا سۆزلەپ بەرسۇن،كىم ياقتۇرمايدىغان يامان چۈش كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن، ئاللاھقا سىغىنىپ يامان چۈشىنىڭ ۋە شەيتانىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن، ھەققەتەن ئۇ،چۈش ئۇ كىشىگە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يامان چۈشنى ھېچ كىشىگە خەۋەر قىلمىسۇن، بۇخارى،مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ.

**4613 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا رأى أحدكم الرؤيا يكرهها فليبصق عن يساره ثلاثا وليستعذ بالله من الشيطان ثلاثا وليتحول عن جنبه الذي كان عليه " . رواه مسلم**

ئەبۇ قەتادە،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ياخشى چۈش، ئاللاھ تەرەپتىن، ئىھتىلام بولۇش شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ، بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان چۈشنى كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىپ، ئاللاھقا سىغىنىپ لەنەت قىلىنغان، قوغلانغان شەيتاندىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسۇن، ياتقان تەرىپىدىن باشقا تەرىپىگە يۆتكىلىپ ياتسۇن.مۇسلىم، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ

**4614 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا اقترب الزمان لم يكد يكذب رؤيا المؤمن ورؤيا المؤمن جزء من ستة وأربعين جزءا من النبوة وما كان من النبوة فإنه لا يكذب " . قال محمد بن سيرين : وأنا أقول : الرؤيا ثلاث : حديث النفس وتخويف الشيطان وبشرى من الله فمن رأى شيئا يكرهه فلا يقصه على أحد وليقم فليصل قال : وكان يكره الغل في النوم ويعجبهم القيد ويقال : القيد ثبات في الدين**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زامان يېقىنلاشقانسىرى يەنى قىيامەت يېقىن قالغاندا، مۇسۇلمان كىشىنىڭ چۈشى راست بولۇپ، يالغانغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ چۈشى راستراقى سۆزىدە سەمىمىي راستراق بولغىنىدۇر، مۆئمىننىڭ ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارىدىن بىر پارىسىدۇر، 46\بىرىدۇر، پەيغەمبەرلىكتىن بولغان نەرسە يەنى چۈش ئىلھامى يالغان بولمايدۇ، چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى ئاللاھ تەرەپتىن خۇش بىشارەتتۇر، يەنە بىرى نەپسى پەيدا قىلغان دىلدىكى، كۆڭۈلدىكى كەسپى ئىشتۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، شەيتانىنىڭ قورقىتىشىدۇر، بىرىڭلار ئۆزىنى خۇرسەن قىلىدىغان چۈشنى كۆرسە، خالىسا بىرەر كىشىگە، دوستىغا سۆزلەپ بەرسۇن، ئەگەر ئۇ ياقتۇرمايدىغان

| |
|---|
| ياман چۈش كۆرسە، ھېچ كىشىگە سۆزلەپ بەرمەي، دەس تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسۇن، مەن چۈشتىكى بۇيۇنغا سېلىنىدىغان تاقاقنى ياخشى كۆرمەيمەن، كويزا ــ كىشەننى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى، بۇنىڭ تەبىرى، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشتۇر. بۇخارى،مۇسلىم تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەلبانىي سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ رەنىڭ باياندا سەھىھ دېگەن. |
| **4616 – [ 11 ]** ( صحيح ) وعن جابر قال : جاء النبي صلى الله عليه وسلم فقال : رأيت في المنام كأن رأسي قطع قال : فضحك النبي صلى الله عليه وسلم وقال : " إذا لعب الشيطان بأحدكم في منامه فلا يحدث به الناس " . رواه مسلم<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ مەن چۈشۈمدە بېشىم كېسىلىپ كۆرۈپتىمەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرىڭلار بىلەن چۈشىدە ئوينىسا، بۇ چۈشنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىسۇن.مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| **4617 – [ 12 ]** ( صحيح ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رأيت ذات ليلة فيما يرى النائم كأنا في دار عقبة بن رافع فأوتينا برطب من رطب ابن طاب فأولت أن الرفعة لنا في الدنيا والعاقبة في الآخرة وأن ديننا قد طاب " . رواه مسلم<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چۈشۈمدە گوياكى مەن بۇگۈن كېچە ئۇقبەت ئىبنى راپىئنىڭ ھويلىسىدا تۇرىمەن،بىزگە ئىبنى تابەنىڭ خورمىلىرىدىن خورما كەلتۈرۈلدى، بۇ چۈشۈمگە مۇنداق تەبىر بەردىم، ھەقىقەتەن بىز ئۈچۈن بۇ دۇنيادا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، يۈكسەكلىك بولىدىكەن، ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت بىز ئۈچۈن بولىدىكەن، ھەقىقەتەن دىنىمىز پاك ــ پاكىز بولۇپتۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، يۈكسەكلىك راپىئدىن، ئاقىبەت ئۇقبەتتىن، پاكلىق تابەتدىن ئېلىنغان. |
| **4618 – [ 13 ]** ( متفق عليه ) وعن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " رأيت في المنام أني أهاجر من مكة إلى أرض بها نخل فذهب وهلي إلى أنها اليمامة أو هجر فإذا هي المدينة يثرب ورأيت في رؤياي هذه : أني هززت سيفا فانقطع صدره فإذا هو ما أصيب من المؤمنين يوم أحد ثم هززته أخرى فعاد أحسن ما كان فإذا هو ما جاء الله به من الفتح واجتماع المؤمنين<br><br>ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چۈشۈمدە مەككىدىن خورمىلىق بىر زېمىنغا ھىجرەت قىلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، گۇمانىم ئۇ زېمىن يەمامە ياكى ھەجەرمىكى دېگەنگە باردى، ناگاھان ئۇ يەسرىپ دېيىلىدىغان مەدىنە ئىكەن، مەن يەنە مۇشۇ چۈشۈمدە قىلىچنى چېپىپ، شىلتىپ كۆرۈپتىمەن، قىلىچنىڭ باش تەرىپى سۇنۇپ كەتتى، ناگاھان ئۇ مۆئمىنلەرگە ئوھۇد كۈنى يەتكەن مۇسىبەت ئىكەن، ئاندىن يەنە بىر قېتىم چاپتىم، شىلتىدىم، قىلىچ بۇرۇنقىدىن ياخشىراق ھالەتكە قايتتى، مانا بۇ، ئاللاھتائالا بىزگە ئاتا قىلغان غەلىبە، مەككىنى ئىشغال قىلىش، مۆئمىنلەرنىڭ توپلىشىپ، يىغىلىشى ئىكەن، مەن بۇ چۈشۈمدە كالىنى كۆردۈم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشىلىقتۇر، ناگاھان ئۇ ئوھۇد كۈنىدىكى |

مۆئمىنلەردىن بىر نەچچە نەپەر كىشىلەر ئىكەن، ناگاھان ياخشىلىق بولسا، ئاللاھتائالا بىزگە كەلتۈرۈپ بەرگەن ياخشىلىقلار ئىكەن، بەدرى كۈنىدىن كېيىنكى ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان راستچىل ساۋاب ئىكەن، ئەجىرىمىز ئىكەن، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، ئىبنى ماجە سەھىھ.

**4619 – [ 14 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بينا أنا نائم بخزائن الأرض فوضع في كفي سواران من ذهب فكبرا علي فأوحي إلي أن أنفخهما فنفختهما فذهبا فأولتهما الكذابين اللذين أنا بينهما صاحب صنعاء وصاحب اليمامة " . متفق عليه . وفي رواية : " يقال لأحدهما مسيلمة صاحب اليمامة والعنسي صاحب صنعاء " لم أجد هذه الرواية في** ( **الصحيحين** ) **وذكرها صاحب الجامع عن الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئۇخلاۋاتسام، چۈشۈمدە ماڭا زېمىننىڭ خەزىنىلىرى بېرىلدى، قولۇمغا ئالتۇن بىلەيزۈكتىن ئىككىسى قويۇلدى، بۇ ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈك ماڭا ناھايىتى چوڭكېيىپ، مېنى غەم قىلدۇردى، ئاللاھتائالا ماڭا، ئۇ ئىككىسىنى پۈۋدىگىن دەپ ۋەھيى قىلدى، مەن ئۇ ئىككىسىنى پۈۋدىسەم، ئۇلار ئۇچۇپ، يوقاپ كەتتى، مەن ئۇ ئىككى بىلەيزۈكنى، مەن ئارىسىدا تۇرىۋاتقان بولساممۇ،پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدىغان ئىككى كاززاپ دەپ چۈشەندىم، چۈشۈمگە شۇنداق تەبىر بەردىم، بىرسى سەنئا ئىگىسى يەنە بىرى يەمامە ئىگىسى، (يەنى سەنئالىق ئەنسىسى بىلەن يەمامەلىك مۇسەيلەمەت كاززاپلارئىدى)بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى ، سەھىھ.

**4620 – [ 15 ]** ( صحيح ) **وعن أم العلاء الأنصارية قالت : رأيت لعثمان بن مظعون في النوم عينا تجري فقصصتها على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " ذلك عمله يجري له " . رواه البخاري**

ئۇممە ئىلائى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن بىر قۇدۇقنىڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈرىشىۋاتقان ئەمەللىرىدۇر دېدى.بۇخارى توپلىغان.

**4621 – [ 16 ]** ( صحيح ) **وعن سمرة بن جندب قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا صلى أقبل علينا بوجهه فقال : " من رأى منكم الليلة رؤيا ؟ " قال : فإن رأى أحد قصها فيقول : ما شاء الله فسألنا يوما فقال : " هل رأى منكم أحد رؤيا ؟ " قلنا : لا قال : " لكني رأيت الليلة رجلين أتياني فأخذا بيدي فأخرجاني إلى أرض مقدسة فإذا رجل جالس ورجل قائم بيده كلوب من حديد يدخله في شدقه فيشقه حتى يبلغ قفاه ثم يفعل بشدقه الآخر مثل ذلك ويلتئم شدقه هذا فيعود فيصنع مثله . قلت : ما هذا ؟ قالا : انطلق فانطلقنا حتى أتينا على رجل مضطجع على قفاه ورجل قائم على رأسه بفهر أو صخرة يشدخ بها رأسه فإذا ضربه تدهده الحجر فانطلق إليه ليأخذه فلا يرجع إلى هذا حتى يلتئم رأسه وعاد رأسه كما كان فعاد إليه فضربه فقلت : ما هذا ؟ قالا : انطلق فانطلقنا حتى أتينا إلى ثقب مثل التنور أعلاه ضيق وأسفله واسع تتوقد تحته نار فإذا ارتفعت ارتفعوا حتى كاد أن يخرجوا منها وإذا خمدت رجعوا فيها وفيها رجال ونساء عراة فقلت : ما هذا ؟ قالا : انطلق فانطلقنا حتى أتينا على نهر من دم فيه رجل قائم على وسط النهر وعلى شط النهر رجل بين يديه حجارة فأقبل الرجل الذي في النهر فإذا أراد أن يخرج رمى الرجل بحجر في فيه فرده حيث كان فجعل كلما جاء ليخرج رمى في فيه بحجر فيرجع كما كان فقلت ما هذا ؟ قالا : انطلق فانطلقنا حتى انتهينا إلى روضة خضراء فيها شجرة عظيمة وفي أصلها شيخ وصبيان وإذا رجل قريب من الشجرة بين يديه نار يوقدها فصعدا بي الشجرة فأدخلاني دار أوسط الشجرة لم أر قط أحسن منها فيها رجال شيوخ وشباب ونساء وصبيان ثم أخرجاني منها**

**فصعدا بي الشجرة فأدخلاني دار هي أحسن وأفضل منها فيها شيوخ وشباب فقلت لهما : إنكما قد طوفتماني الليلة فأخبراني عما رأيت قالا : نعم أما الرجل الذي رأيته يشق شدقه فكذاب يحدث بالكذبة فتحمل عنه حتى تبلغ الآفاق فيصنع به ما ترى إلى يوم القيامة والذي رأيته يشدخ رأسه فرجل علمه الله القرآن فنام عنه بالليل ولم يعمل بما فيه بالنهار يفعل به ما رأيت إلى يوم القيامة والذي رأيته في الثقب فهم الزناة والذي رأيته في النهر آكل الربا والشيخ الذي رأيته في أصل الشجرة إبراهيم والصبيان حوله فأولاد الناس والذي يوقد النار مالك خازن النار والدار الأولى التي دخلت دار عامة المؤمنين وأما هذه الدار فدار الشهداء وأنا جبريل وهذا ميكائيل فارفع رأسك فرفعت رأسي فإذا فوقي مثل السحاب وفي رواية مثل الربابة البيضاء قالا : ذلك مترلك قلت : دعاني أدخل مترلي قالا : إنه بقي لك عمر لم تستكمله فلو استكملته أتيت مترلك " . رواه البخاري . وذكر حديث عبد الله بن عمر في رؤيا النبي صلى الله عليه وسلم في المدينة في " باب حرم المدينة "**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇپ بولسا، بىزگە ئالدىنى قىلىپ؛ سىلەردىن بىرەر كىشى بۈگۈن كېچە چۈش كۆردىمۇ؟ دەپ سورايتتى، ئەگەر بىرەر كىشى چۈش كۆرسە، ئۇنى رەسۇلۇللاھقا سۆزلەپ بېرەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى **الله** خالىغان ئىلىملەر بىلەن دەپ بېرەتتى، بىر كۈنى بىزدىن ؛بۈگۈن كېچە سىلەردىن بىرەر كىشى چۈش كۆردىمۇ؟ دەپ سوردى، بىز: ياق كۆرمىدۇق دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ لېكىن مەن بۈگۈن كېچە ئىككى كىشىنى كۆردۈم، ئۇلار ماڭا كېلىپ قولۇمدىن تۇتۇپ، مېنى مۇقەددەس، پاك ــ پاكىز ئۇلۇغ بىر جايغا ئاپاردى، بۇ جەرياندا ناگاھان بىر كىشى ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ بېشىدا يەنە بىر كىشى قولىدا ئىلمەك تۆمۈرنى ئامبۇرنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، تۆمۈرنى ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن، زاڭقىدىن سېلىپ، ئاغزىنى يېرىپ، گەردىنىدىن چىقىرىۋاتىدۇ، ئاندىن ئۇنى چىقىرىپ، يەنە بىر تەرىپىگە سېلىپ، يەنە گەردىنىدىن چىقىرىۋاتىدۇ، بىرنى يىرتىپ شۇنداق قىلىپ بولغۇچە يەنە بىر تەرىپى ساقىيىپ، ئەسلىگە كېلىدۇ، ئاندىن يەنە شۇنداق قىلىدۇ، مەن بۇ نېمە ئىش دېسەم، ئۇلار: مېڭىۋەرگىن دېدى، مەن ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭدىم، ناگاھان ئۇياندا بىر كىشى ئوڭدا ياتىدۇ، بېشىدا بىر كىشى قولىدا تاشنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، تاش بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىپ، يەنجىۋاتىدۇ، تاش يۇملاق كەتسە، تاشنى ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ تاشنى ئەكەلگىچە ئۇنىڭ بېشى ساقىيىپ بولىدۇ، ئاندىن يەنە شۇنداق ئۇرۇپ قىينايدۇ، مەن بۇ نېمە ئىش؟ دېسەم، ئۇلار ماڭغىن دېدى، مەن بىللە ماڭدىم، ناگاھان ئۇياندا تونۇرغا ئوخشاش سېلىنغان بىر ئۆي، ئازگال تۇرىدۇ، ئۈستى تار، ئاستى كەڭرىدۇر، ئۇنىڭ ئاستىغا ئوت يېقىلىپتۇ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن يالىڭاچ ئەرلەر، ئاياللار كۆيۈۋېتىپتۇ، ئوت ئۇلغايسا، ئۇلار ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كېتەي دىگەندە، ئوت پەسلەيدۇ ــ دە، ئۇلار يەنە ئاستىغا چۈشۈپ، ئوت يەنە ئۇلغىيىدۇ، مەن بۇ نېمە ئىش؟ دېسەم، ئۇلار مېڭىۋەرگىن دېدى، مەن ئۇلار بىلەن ماڭدىم، ناگاھان ئۇياندا قانلا ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ تۇرىدۇ، ئۆستەڭ ئىچىدە بىر كىشى تۇرىدۇ،ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا ئالدىغا تاش دۆلىۋالغان بىر كىشى تۇرىدۇ، ئۆستەڭ ئىچىدىكى كىشى قىرغاققا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يېقىن قالغاندا قىرغاقتىكى كىشى ئۇنىڭ ئاغزىغا تاش ئېتىپ، چىققىلى قويمايدۇ، ئۇ كىشى ئۆز جايىغا قايتىپ كېتىدۇ، ئۇ دائىم شۇنداق قىلىپ تۇرىدۇ، مەن بۇ نېمە ئىش دېسەم، ئۇلار مېڭىۋەرگىن دېدى، مەن ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭدىم، ناگاھان ئۇياندا يايپېشىل چوڭ بىر باغ تۇرىدۇ، بۇ باغدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ كۆتىكىدە بىر شەيخ، قېرى كىشى ئولتۇرىدۇ، ئەتراپىدا نۇرغۇن سەبىي باللار بار ئىكەن، ناگاھان ئۇنىڭغا يېقىنلا بىر جايدا بىر كىشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئوت باردۇر، بۇ كىشى دائىم دىگىدەك، ئوتنى يەنە يېقىپ، ئۇلغايتىپ، قىزىقلىق گىرادۇسىنى زىيادە قىلىپ

تۇرىدىكەن، ئاندىن ئۇلار مېنى بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى ئۆرلىتىپ، مېنى بىر ھويلىغا كىرگۈزدى، مەن ئۇنىڭدىن گۈزەلرەك ھويلىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ناگاھان بۇ ھويلىدا نۇرغۇن قېرى- ياش كىشىلەر، ئاياللار، باللار بار ئىكەن، ئۇلار مېنى بۇ ھويلىدىن ئېلىپ چىقىپ، يەنە بىر دەرەخدىن ئۆرلۈتۈپ، بالدۇرقىدىن گۈزەلرەك ئەۋزەلرەك بىر ھويلىغا ئەكىردى، بۇ قورۇدا نۇرغۇن قېرى ـ ياش كىشىلەر بار ئىكەن، مەن ئۇلارغا ئىككىڭلار مېنى بۈگۈنكېچە خېلى كۆپ تاۋاب قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن جايلارنى نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرسەتتىڭلار، ئەمدى مەن كۆرگەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ خەۋەر قىلىڭلار دېدىم، ئۇلار؛ بولىدۇ، قۇلاق سال، ئەمما سەن كۆرگەن تۇنجى كىشى، يەنى ئاغزى، ئىڭىكى يېرىلغان كىشى بولسا، يالغانچى، كاززاپ ئىدى، ئۇ بىر يالغاننى سۆزلىسە، بۇ يالغان سۆز ئۇنىڭدىن ئېلىنىپ، پۈتۈن ئۇپۇقتا ئەتراپلارغا تارقاپ كېتەتتى، بۇ كاززابقا سەن كۆرگەن شۇ ئازاب تا قىيامەت كۈنىگىچە شۇنداق قىلىنىدۇ، ئاندىن قىيامەتتىن كېيىن ئاللاھ خالىغان ئازابلارنى قىلىدۇ، ئەمما سەن كۆرگەن ئۇڭدا ياتقان بېشى يېرىلۋاتقان كىشى بولسا، ئاللاھتالا قۇرئاننى بەرگەن يەنى 30 پارا قۇرئاننى يادا بىلىپ تۇرۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرمايدىغان، كۈندۈزى قۇرئان ئىچىدىكى يوليورۇقلارغا ئەمەل قىلمايدىغان كىشى بولۇپ، سەن كۆرگەن شۇ ئازاب، قىيامەت كۈنىگىچە بولۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇمۇ ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ، ئەمما سەن كۆرگەن تونۇردىكى كىشىلەر، زىناخورلار بولۇپ، بۇلارمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئەمما سەن كۆرگەن قاندىن بولغان ئۆستەڭ ئىچىدىكى كىشى بولسا، جازانە، ئۆسۈم يېگۈچىدۇر، بۇمۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ، (ئاندىن كېيىن قەبرىسىدىن جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭدەك قوپىدۇ) ئەمما سەن كۆرگەن دەرەخ كۆتىگىدىكى قېرى شەيخ بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك باللار ئىنسانلارنىڭ بارلىق كىشىلەرنىڭ باللىرىدۇر، (يۇقىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللارغا ئۇ كېپىل دىگەن) ئەمما، سەن كۆرگەن ئوت يېقىۋاتقان كىشى بولسا، دوۋزاخنى باشقۇرغۇچى مالىك خازىنىدۇر، ئاشۇ بولسا، دوۋزاخدۇر. سەن تۇنجى بولۇپ كىرگەن ھويلا بولسا، بارلىق مۆئمىنلەرنىڭ ھويلىسى جەننەتتۇر، كېيىنكى ھويلا بولسا، مەخسۇس شېھىدلارنىڭ قارارگاھىدۇر، يەنى جەننەتتۇر، مەن بولسام، جىبرىئىل ماۋۇ كىشى مىيكائىل بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار ماڭا بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قارا دېدى، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ناگاھان بۇلۇتنىڭ تۇرقىدەك ئۈستۈن بىر مەنزىلنى كۆردۈم، ئۇلار ماڭا، ئەنە شۇ بولسا، سېنىڭ ھويلاڭ، قارارگاھىڭ دېدى، مەن ئۇلارغا؛ مېنى قويىۋېتىڭلار، بىر كىرىپ باقاي دېسەم، ئۇلار ھەقىقەتەن ساڭا ئازغىنا ئۆمۈر قالدى، سەن تېخى ئۇنى مۇكەممەل تۈگەتمىدىڭ، ئەگەر سەن ئۇ ئۆمۈرنى كامىل تۈگەتسەڭ، بۇ ھويلاڭغا چوقۇم كىرىسەن دېدى،بۇخارى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردا ئاز ـ ئازدىن باردۇر، بۇ ھەدىسنىمۇ يۇقىرقىدەك تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ كۆرۈڭلار، چۈنكى، بۇ جەننەت ـ دوۋزاخ تەتقىقاتى.

**4622 – [ 17 ] الفصل الثاني عن أبي رزين العقيلي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رؤيا المؤمن جزء من ستة وأربعين جزءا من النبوة وهي على رجل طائر ما لم يحدث بها فإذا حدث بها وقعت " . وأحسبه قال : " لا تحدث إلا حبيبا أو لبيبا " . رواه الترمذي**

ئەبۇ رەزىيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىننىڭ راست چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 40 پارىسىدىن بىر پارچىدۇر، (يەنى بىر خاتىرىدە 1/46دۇر دىگەن بار) چۈش كىشىنىڭ ئۈستىدە سۆزلەنمىسىلا، تەبىر بېرىلمىسىلا، ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، ئەگەر سۆزلىنىپ تەبىر بېرىلسە، دەرھال چۈشىدۇ، (يەنى تەبىر بويىنچە يۈز بېرىدۇ) چۈشنى پەقەت ئەقىللىق، دانا ئالىمغا ياكى يېقىن دوستقا سۆزلەپ

بېرىڭلار، باشقىلارغا قالايمىقان سۆزلەپ بەرمەڭلار، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**وفي رواية أبي داود قال: الرؤيا على رجل طائر ما لم تعبر فإذا عبرت وقعت وأحسبه قال:ولا تقصها إلا على واد أو ذي رأي**

ئەبۇ رەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈش تەبىر بېرىلمىسىلا كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، تەبىر بېرىلگەن ھامان يۈز بېرىدۇ، چۈشنى پەقەت يېقىن دوستقا ياكى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ياكى رەئيى، كۆز قاراش ئىگىسى بولغان دانا ئالىملارغا سۆزلەپ بېرىڭلار، باشقىلارغا قالايمىقان سۆزلەپ بەرمەڭلار، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4623 – [ 18 ]** ( ضعيف )**وعن عائشة رضي الله عنها قالت سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن ورقة . فقالت له خديجة : إنه كان قد صدقك ولكن مات قبل أن تظهر . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أريته في المنام وعليه ثياب بيض ولو كان من أهل النار لكان عليه لباس غير ذلك " . رواه أحمد والترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھدىن ۋەرقەت دېگەن كىشى توغرۇلۇق سورالدى. «ئۇ بۇخارىنىڭ باشتىكى ھەدىستە سۆزلەنگەن، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تاغىسى، تەۋراتنى بىلىدىغان كىشى شۇدۇر» خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھقا، ئۇ سىلىگە راست سۆزلەپتىكەن، لېكىن، ئۇ سىلى ئاشكارا بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ مەن ئۇنى چۈشۈمدە ئاق كىيىم كىيىۋالغان ھالدا كۆردۈم، ئەگەر ئۇ دوۋزاخ ئەھلى بولغان بولسا، كىيىمى ئۇنداق بولمايتتى دېدى، ئەھمەد، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.لىكىن سەھىھ ھەدىستە ئۇنى جەننەت ئەھلى دېگەن بار.بۇنىڭ سەھسىمۇ بار.

**4624 – [ 19 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن ابن خزيمة بن ثابت عن عمه أبي خزيمة رضي الله عنهم أنه رأى فيما يرى النائم أنه سجد على جبهة النبي صلى الله عليه وسلم فأخبره فاضطجع له وقال : " صدق رؤياك " فسجد على جبهته . رواه في شرح السنة وسنذكر حديث أبي بكرة : كأن ميزانا نزل من السماء في باب " مناقب أبي بكر وعمر رضي الله عنهما "**

ئەبۇ خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پېشانىسىگە سەجدە قىلىپ چۈش كۆرۈپ، بۇچۈشنى رەسۇلۇللاھقا سۆزلەپ بەرسە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوڭدا يېتىپ بېرىپ؛ چۈشۈڭنى راستقا چىقىرىپ ئەمەلىيلەشتۈرىۋالغىن دېدى، ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پېشانىسىگە سەجدە قىلدى.شەرھسسۇننى.

**4625 – [ 20 ] الفصل الثالث** ( صحيح ) **عن سمرة بن جندب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم مما يكثر أن يقول لأصحابه : " هل رأى أحد منكم من رؤيا ؟ " فيقص عليه من شاء الله أن يقص وإنه قال لنا ذات غداة : " إنه أتاني الليلة آتيان وإنهما ابتعثاني وإنهما قالا لي : انطلق وإني انطلقت معهما " . وذكر مثل الحديث المذكور في الفصل الأول بطوله وفيه زيادة ليست في الحديث المذكور وهي قوله : " فأتينا على روضة معتمة فيها من كل نور الربيع وإذا بين ظهري الروضة رجل طويل لا أكاد أرى رأسه طولا في السماء وإذا حول الرجل من أكثر ولدان رأيتهم قط قلت لهما : ما هذا ما هؤلاء ؟ " قال : " قالا لي : انطلق فانطلقنا فانتهينا إلى روضة عظيمة لم أر روضة قط أعظم منها ولا أحسن " . قال : " قالا لي : ارق فيها " . قال : " فارتقينا فيها فانتهينا إلى مدينة مبنية بلبن ذهب ولبن فضة فأتينا باب المدينة فاستفتحنا ففتح لنا فدخلناها فتلقانا فيها رجال شطر من خلقهم كأحسن ما أنت راء وشطر منهم كأقبح ما أنت راء " . قال : " قالا لهم : اذهبوا فقعوا في ذلك النهر " قال : " وإذا نهر معترض**

**يجري كأن ماءه المحض في البياض فذهبوا فوقعوا فيه ثم رجعوا إلينا قد ذهب ذلك السوء عنهم فصاروا في أحسن صورة " وذكر في تفسير هذه الزيادة : " وأما الرجل الطويل الذي في الروضة فإنه إبراهيم وأما الولدان الذين حوله فكل مولود مات على الفطرة " قال : فقال بعض المسلمين : يا رسول الله وأولاد المشركين ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " وأولاد المشركين وأما القوم الذين كانوا شطر منهم حسن وشطر منهم قبيح فإنهم قوم قد خلطوا عملا صالحا وآخر سيئا تجاوز الله عنهم " . رواه البخاري**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپۈنچە ئەھۋاللاردا ناماز ئۇقۇپ بولسا، بىزگە ئالدىنى قىلىپ؛ سىلەردىن بىرەر كىشى بۈگۈن كېچە چۈش كۆردىمۇ؟ دەپ سورايتتى، ئەگەر بىرەر كىشى چۈش كۆرسە، ئۇنى رەسۇلۇللاھقا **الله** نىڭ خالىغىنى بويىچە سۆزلەپ بېرەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى **الله** خالىغان ئىلىملەر بىلەن دەپ بېرەتتى، بىر كۈنى بىزدىن ؛بۈگۈن كېچە سىلەردىن بىرەر كىشى چۈش كۆردىمۇ؟ دەپ سوردى، بىز: ياق كۆرمىدۇق دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ لېكىن مەن بۈگۈن كېچە ئىككى كىشىنى كۆردۈم، ئۇلار ماڭا كېلىپ قولۇمدىن تۇتۇپ، ماڭا؛ ماڭغىن دېدى، مەن ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدىم، .......ئاندىن بىرىنجى پەسلىدىكى ئۇزۇن ھەدىسنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇنىڭدا سۆزلەپ بەرمىگەن مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى؛« ئاندىن بىز ياپيېشىل قاراڭغۇ سايىلىق بىر باغقا كەلدۇق، ئۇ باغدا باھار پەسلىنىڭ ھەر خىل چېچەكلىرى بار ئىكەن، شۇنداق گۈزەل ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئېگىز بىر كىشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىدىن بېشىنى كۆرەلمىگىلى تاس قالدىم، ناگاھان ئۇكىشىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن باللار تۇرىدۇ، مەن ئۇلارنى ھەرگىز كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن، مەن ھېلىقى ئىككى كىشىگە؛ بۇ نىمە؟ بۇ كىملەر؟دىسەم، ئۇلار؛ مېڭىۋەرگىن دېدى، بىز مېڭىپ ناھايىتى چوڭ بىر باغقا كەلدۇق، مەن ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ھەم گۈزەلرەك بىرەر باغنى كۆرۈپ باقمىغان، ئۇلار ماڭا؛ ئۆرلە دېدى، بىز يۇقىر ئۆرلەپ، بىر قىشى ئالتۇندىن، يەنە بىر قىشى كۈمۈشتىن سېلىنغان بىرشەھەرگە كەلدۇق، شەھەرنىڭ ئىشىك يېنىغا كېلىپ ، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدۇق، ئىشىك ئېچىلدى، بىز ئىچىگە كىرىشىمىزگىلا، بىزگە يېرىمى ناھايىتى گۈزەل چىرايلىق، يېرىمى بولسا سەن كۆرگەن نەرسىدىنمۇ ئەڭ قەبىھ سەترەك كىشىلەر ئۇچراشتى، ھېلىقى ئىككى كىشى ئۇلارغا؛ سىلەر بېرىپ ئاۋۇ ئۆستەڭگە چۈشۈڭلار دېدى، ناگاھان ئۇيان تەرەپتە سۈيى سۈتتىنمۇ ئاقراق بىر ئۆستەڭ ئېقىۋاتقان ئىكەن، ئۇلار بېرىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ قايتىپ كەلدى، ئۇلاردىكى قەبىھ سەتلىك يوقاپ، ئۇلار ئەڭ گۈزەل كىشىلەرگە ئايلاندى، ئاندىن ئۇلار؛باغ ئىچىدىكى ھېلىقى ئېگىز كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باللار بولسا، پىترەت ئىسلام دىنى ئۇستىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللاردۇر دېدى، مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مۇشرىكلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغىدەك تەبىئەت ئۇستىدە تۇغۇلغان باللىرىمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرەمدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە ئۇلارمۇ كىرىدۇ دېدى، (لېكىن ئەشۇ تەبىئەتنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىيلىق،ناسارالىق،مەجۇسىيلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇتەسنادۇر، ئۇلار دەۋزەختە بولىدۇ، تەبىئىتى ئۆزگەرتىلمىگەنلەر جەننەتتە خادىم بولىدۇ دىگەن ھەدىسمۇ بار، **الله** ئالىمدۇر دېگىنىمۇ بار) يېرىمى گۈزەل ، يېرىمى سەت كىشىلەر بولسا، ياخشى ئەمەللىرىگە يامان ئەمەللەرنى ئارلاشتۇرۇپ قىلغان كىشىلەردۇر، **الله** تائالا ئۇلاردىن ئۆتىۋەتىدۇ.بۇخارى تويلىغان.

**4626 – [ 21 ]** ( صحيح )

| |
|---|
| **وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من أفرى الفرى أن يري الرجل عينيه ما لم تريا " . رواه البخاري**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى چۈشىدە كۆزى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۈم دېيىشى، كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دېيىشى ئەڭ چوڭ بۆھتان،تۆھمەت، يالغانچىلىقتۇر.بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. |
| **4627 –[ 22 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : أصدق الرؤيا بالأسحار رواه الترمذي والدارمي**<br><br>ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: چۈشنىڭ ئەڭ راستى سەھەردىكىسى، تىرمىزى، دارىمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىلىرى ئارىسىدا ئىبنى لەھىيئەت دېگەن كىشى بولۇپ، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا ئۇنىڭ ھەدىسى ھۆججەت بولالمايدۇ دېگەن. يەھيا ئىبنى مەئىين ئۇنىڭ ھەدىسى ھېچنېمە ئەمەس دەۋەتكەن، ئەمرۇ دېگەن ئالىم ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ، ئۇنىڭ كىتابىنى كۆيدۈرۈشنى تەلەپ قىلمەن دېگەن. ئىككىنچى راۋىيسى درراج دېگەن كىشىنى ئەھمەد رەھمەھۇللا، ھەدىسى مۇنكەر دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەدىس ئۈچ ھەدىس كىتابىدا بولسىمۇ ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. ھەربىر ھەدىسنى ئەنە شۇنداق تەكشۈرۈپ مەنىسىنى، مەتنىسىنى، ئىسنادىنى، يوللىرىنى، راۋىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىدۇ، سەۋەبى، ئىللىتى سۆزلەنمىگەن ھەدىسلەرمۇ دەل مۇشۇنداق بولىدۇ. توغرا چۈشۈنىڭ، ئاللاھ ئەلبانىغا رەھمەت قىلسۇن، ئامىن! |
| **كتاب الآداب ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ كىتابى** |
| **[ 1 ] باب السلام – الفصل الأول سالام توغرىسىدا** |
| **4628 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خلق الله آدم على صورته طوله ذراعا فلما خلقه قال اذهب فسلم على أولئك النفر وهم نفر من الملائكة جلوس فاستمع ما يحيونك فإنها تحيتك وتحية ذريتك فذهب فقال : السلام عليكم فقالوا : السلام عليك ورحمة الله " قال : " فزادوه ورحمة الله " . قال : " فكل من يدخل الجنة على صورة آدم وطوله ستون ذراعا فلم يزل الخلق ينقص بعده حتى الآن "**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئادەم ئاتىنى ئۆزى تەرەپتىن بولغان ئالاھىدە گۈزەل سۈرەتتە ياراتتى، ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەزدۇر، ئاندىن، بارغىن، ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەرگە سالام قىلغىن، ئۇلارنىڭ ساڭا قايتۇرغان سالامىغا قۇلاق سالغىن، ھەقىقەتەن ئۇ سېنىڭ ۋە باللىرىڭنىڭ سالامى بولىدۇ،دېدى. ئادەم بېرىپ؛ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېدى، ئۇلار؛ ئەسسالامۇ ئەلەيكە ۋەرەھمەتۇللاھى دەپ كېيىنكى رەھمەت يوللاشنى زىيادە قىلدى، جەننەتكە كىرىدىغان ھەرقانداق كىشى ئادەم ئاتىنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، ئېگىزلىكى 60 گەز ئىدى، يارىلىش، ئىنسان جىسمى ئادەمدىن باشلاپ تاھازىرغىچە كاملاپ، كىچىكلەپ كەلدى.بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد بىلەن بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. **ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى؛**<br>1. ئادەم ۋە ئۇنىڭ باللىرىنى ئاللاھ تۇپراقتىن ياراتتى. |

2. ئادەمنى ئاللاھ تائالا ئۆز قولى بىلەن مەخسۇس گۈزەل سۈرەتتە ياراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئۇنىڭ سۈرىتىدە جەننەتكە كىرىدۇ.

3. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەز ئىدى.

4. كاملاش، كىچىكلەش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىغىچە بولغان، ئۇنىدىن كېيىن ھەم ھازىر ھەم كەلگۈسىدە كىچىكلىمەيدۇ.

5. سالام قەدىمى ئىبادەتتۇر.

6. سالام قايتۇرۇش ۋاجىپتۇر.

7. ئاللاھتائالا ئوخششى يوق ،ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە سۆز قىلىدۇ.

**4629 – [ 2 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن عبد الله بن عمرو : أن رجلا سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم : أي الإسلام خير ؟ قال : " تطعم الطعام وتقرأ السلام على من عرفت ومن لم تعرف "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىسلامنىڭ ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى؟دەپ سورغاندا مۇنداق دىگەن: كىشىلەرگە تاماق بېرىشىڭ، سەن تونىغان ۋە تونىمىغان كىشىلەرگە سالام قىلىشىڭدۇر دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**4630 – [ 3 ]** **و عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " للمؤمن على المؤمن ست خصال : يعوده إذا مرض ويشهده إذا مات ويجيبه إذا دعاه ويسلم عليه إذا لقيه ويشمته إذا عطس وينصح له إذا غاب أو شهد " لم أجده " في الصحيحين " ولا في كتاب الحميدي ولكن ذكره صاحب " الجامع " برواية النسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن ئۈچۈن يەنە بىر مۆئمىننىڭ ئۈستىدە ئالتە خىسلەت ھەققى بار، كېسەل بولسا يوقلايدۇ، ئۆلۈپ كەتسە جىنازىسىغا ھازىر بولىدۇ، چاقىرسا بارىدۇ، ئۇچراشسا سالام قىلىدۇ، چۈشكۈرسە يەرھەمۇكەاللە دەپ جاۋاب بېرىدۇ، غايىپ بولۇپ، يوق بولۇپ قالسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، مۇئمىن مەنپەئەتى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4631 – [ 4 ]** ( **صحيح** ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تدخلون الجنة حتى تؤمنوا ولا تؤمنوا حتى تحابوا أو لا أدلكم على شيء إذا فعلتموه تحاببتم ؟ أفشوا السلام بينكم " رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقى مۆئمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا بىر _ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشمىغىچە مۆئمىن بولالمايسىلەر، ئەگەر قىلساڭلار ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ، دوست بولۇپ قالىدىغان بىر ئىشنى سىلەرگە ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇميۈزلۈك كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلقارالىق سالاملىششىدۇر، دوستلىشىپ ھەمكارلىششىدۇر.

**4632 – [ 5 ] ( متفق عليه )**

**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يسلم الراكب على الماشي والماشي على القاعد والقليل على الكثير "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلاغلىق، ئاتلىق كىشى، پىيادە ماڭغان كىشىگە سالام قىلىدۇ، مېڭىۋاتقان كىشى تۇرغان، ئولتۇرغان كىشىگە سالام قىلىدۇ، ئاز كىشىلەر كۆپ كىشىلەرگە سالام قىلىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم.ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد سەھىھ.

**4633 – [ 6 ] ( صحيح )**

**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يسلم الصغير على الكبير والمار على القاعد والقليل على الكثير "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىكلەر چوڭلارغا سالام قىلىدۇ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار، مېڭىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا سالام قىلىدۇ، ئاز كىشىلەر كۆپ كىشىلەرگە سالام قىلىدۇ. بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. چوڭلار ياكى كۆپ كىشىلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسا، ئولتۇرغان ئازلارغا، كىچىكلەرگە سالام قىلىدۇ، ئاياللار جامائەتكە سالام قىلسا بولىدۇ.

**4634 – [ 7 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر على غلمان فسلم عليهم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۇلارغىمۇ سالام قىلغان ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**4635 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تبدؤوا اليهود ولا النصارى بالسلام وإذا لقيتم أحدهم في طريق فاضطروه إلى أضيقه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىي، ناسارالارغا ۋە دىنسىزلارغا باشتا سالامنى بۇرۇن قىلماڭلار، يولدا ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە ئۇچراپ قالساڭلار، ئۇنى يولنىڭ تار يېرىگە، چېتىگە قىستاڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**4636 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا سلم عليكم اليهود فإنما يقول أحدهم : السام عليك . فقل : وعليك "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە يەھۇدىيلار سالام قىلسا، مۇنداق دېيدۇ؛ئەسسامۇ ئەلەيكۇم، (يەنى سام دېگەن ئۆلۈم دېگەن بولۇپ، سىلەرگە ئۆلۈم بولسۇن دېيدۇ)، سىلەرمۇ ۋەئەلەيكۇم يەنى سىلەرگىمۇ شۇ بولسۇن دەڭلار، بۇخارى،مۇسلىم. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4637 – [ 10 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا سلم عليكم أهل الكتاب فقولوا : وعليكم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە ئەھلى كىتابدىن يەنى يەھۇدى، ناسارالاردىن بىر كىشى سالام قىلسا، ۋە ئەلەيكۇم دەپ قويۇڭلار، يەنى شۇ سۆزنىلا قىلىپ ئاخىرىنى دېمەڭلار، بۇخارى،مۇسلىم. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4638 – [ 11 ] ( متفق عليه ) وعن عائشة قالت : استأذن رهط من اليهود على النبي صلى الله عليه وسلم فقالوا السام عليكم . فقلت : بل عليكم السام واللعنة . فقال : " يا عائشة إن الله رفيق يحب الرفق في الأمر كله " قلت : أولم تسمع ما قالوا ؟ قال : " قد قلت وعليكم " . وفي رواية : " عليكم " ولم يذكر الواووفي رواية للبخاري . قالت : إن اليهود أتوا النبي صلى الله عليه وسلم فقالوا : السام عليك . قال : " وعليكم " فقالت عائشة : السام عليكم ولعنكم الله وغضب عليكم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مهلا يا عائشة عليك بالرفق وإياك والعنف والفحش " . قالت : أو لم تسمع ما قالوا ؟ قال : " أو لم تسمعي ما قلت رددت عليهم فيستجاب لي فيهم ولا يستجاب لهم في "وفي رواية لمسلم . قال : " لا تكوني فاحشة فإن الله لا يحب الفحش والتفحش "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، يەھۇدىيلار جامائىتى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئىرنى سوراپ كىرىپ؛ «ئەسسامۇ ئەلەيكۇم»سىلەرگە ئۆلۈم بولسۇن دېدى، مەن؛ بەلكى ئۆلۈم بىلەن لەنەت سىلەرگە بولسۇن دېسەم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەك مېھرىبان، شەپقەتلىكتۇر، ھەممە ئىشلاردا مېھرىبانلىقنى، رەھىمدىللىقنى، مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ، دېدى. مەن؛ سىلى ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟دېسەم، مەنمۇ؛ۋەئەلەيكۇم دېدىمغۇ دېدى، يەنەبىردە؛ يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئىرنى سوراپ كىرىپ؛ «ئەسسامۇ ئەلەيكۇم»سىلەرگە ئۆلۈم بولسۇن دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ ۋەئەلەيكۇم دېدى، مەن؛ ئۆلۈم سىلەرگە بولسۇن، **الله** سىلەرگە غەزەپ قىلىپ،لەنەت قىلسۇن دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ئى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا! مۆھلەت بەر، ئالدىراپ كەتمە، مېھرىبانلىقنى، مۇلايىملىقنى لازىم تۇت، قوپاللىقتىن، پاھىشە سۆز قىلىشتىن، ئاغزى بەزەپلىكتىن، كىشىلەرنى تىللاشتىن، قاغاشتىن قاتتىق ھەزەر قىلغىن دېدى.يەنەبىردە؛ئى ئائىشە! سەن ھەرگىز پاھىشە سۆزلەيدىغان ئاغزى بەزەپ بولمىغىن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، پاھىشە سۆز قىلغان، ئاغزى بەزەپ كىشىنى، پاھىشە سۆزلەشكە سەۋەب بولۇپ شۇنى تەلەپ قىلغۇچىنى، پاھىشۋازلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ دېدى. مەن؛ سىلى ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ ؛سەن مېنىڭ ۋەئەلەيكۇم دەپ ئۇلارغا جاۋاپ قايتۇرغىنىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ماڭا ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، ئۇلارغا ئىجاۋەت قىلىنمايدۇدېدى. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4639 – [ 12 ] ( متفق عليه ) وعن أسامة بن زيد : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر بمجلس فيه أخلاط من المسلمين والمشركين عبدة الأوثان واليهود فسلم عليهم**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلەر، بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇت پەرەسلەر، يەھۇدىيلار ئارلىشىپ ئولتۇرغان بىر مەجلىسنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۇلارغىمۇ سالام قىلغان ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم.مەقسەت مۇسۇلمانلاردۇر. دىنسىزلارغا خەت يازغاندىمۇ، ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە سالام بولسۇن دىگىنى يۇقىردا ئۆتتى.

**4640 – [ 13 ] ( متفق عليه ) وعن أبي سعيد الخدري عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إياكم والجلوس بالطرقات " . فقالوا : يا رسول الله ما لنا من مجالسنا بد نتحدث فيها . قال : " فإذا أبيتم إلا المجلس فأعطوا الطريق حقه " . قالوا : وما حق الطريق يا رسول الله قال : " غض البصر وكف الأذى ورد السلام والأمر بالمعروف والنهي عن المنكر "**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يوللاردا ئۆلتۈرۈشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز سۆزلىشىپ ئولتۇرىدىغان مەجلىس بىزگە زۆرۈردۇر، بىزگە بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق دېگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ ئۆلتۈرۈشتىن باشقىغا ئۇنىمىساڭلار، يولنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىپ ئولتۇرۇڭلار،دېدى. ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!يولنىڭ ھەققى نىمە؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ بولسىمۇ ھارامدىن كۆزنى يۇمۇۋېلىش، ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، ئازارنى توسۇش، سالام قايتۇرۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش،يول كۆرسۈتۈپ قويۇشتۇر،مەزلۇم ئاجىزلەرگە، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم بىرىشىڭلار، يولدىن ئېزىپ قالغانلارنى توغرا يولغا سېلىپ قويۇشىڭلاردۇر دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىسمۇ مۇشۇ شۇدۇر.

**4641 – [ 14 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم في هذه القصة قال : " وإرشاد السبيل " . رواه أبو داود عقيب حديث الخدري هكذا**

**4642 – [ 15 ] وعن عمرعن النبي صلى الله عليه وسلم في هذه القصة قال : " وتغيثوا الملهوف وتهدوا الضال " . رواه أبو داود عقيب حديث أبي هريرة هكذا ولم أجدهما في " الصحيحين "**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يولدا ئۆلتۇرماڭلار، ئەگەر بىز زادى يولدا ئولتۇرىمىز دىسەڭلار، پەقەت يولدا، يول دوقمۇشلىرىدا ئولتۇرۇشقىلا ئۇنىساڭلار، ئۇنداقتا، كىشىلەرنى يولغا سېلىپ قويۇڭلار، (يەنى يول بىلمەي سورىسا، دەپ بېرىڭلار) سالام قايتۇرۇڭلار، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىگە ياردەم بېرىڭلار، مۇشۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4643 – [ 16 ] الفصل الثاني وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " للمسلم على المسلم ست بالمعروف : يسلم عليه إذا لقيه ويجيبه إذا دعاه ويشمته إذا عطس ويعوده إذا مرض ويتبع جنازته إذا مات ويحب له ما يحب لنفسه " رواه الترمذي والدارمي**

ئەبۇ مەسئۇد،ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەنەبىرمۇسۇلمان ئۈستىدە ياخشىلىقچە ئالتە خىسلەت ھەققى بار؛ئۇچراشقاندا سالام قىلىدۇ، ۋە سالامىغا جاۋاپ قايتۇرىدۇ، چاقىرسا بارىدۇ، چۈشكۈرسە جاۋاب بېرىدۇ، كېسەل بولسا يوقلايدۇ، ئۆلسە جىنازىسىغا ھازىر بولۇپ ئەگىشىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى يەنەبىر مۇسۇلمان ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئەھمەد،تىرمىزى،دارىمى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4644 – [ 17 ] ( حسن ) وعن عمران بن حصين أن رجلا جاء إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : السلام عليكم فرد عليه ثم جلس . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " عشر " . ثم جاء لآخر فقال : السلام عليكم ورحمة الله فرد عليه ثم جلس . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : عشرون . ثم جاء آخر فقال : السلام عليكم ورحمة الله وبركاته فرد عليه فقال : " ثلاثون " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىركىشى كىلىپ؛ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دېدى، رەسۇلۇللاھ سالام قايتۇرۇپ؛ بۇكىشىگە ئون ياخشىلىق يېزىلدى دېدى،ئۇكىشى ئولتۇردى، ئاندىن يەنەبىركىشى كىلىپ؛« ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇ**الله** ھى»دېدى، رەسۇلۇللاھ سالام

| |
|---|
| قايتۇرۇپ؛ بۇكىشىگە 20 ياخشىلىق يېزىلدى دېدى،ئۈچىنچى كىشى كېلىپ؛ « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ»دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا سالام قايتۇرۇپ؛ بۇكىشىگە 30 ياخشىلىق يېزىلدى دېدى.تىرمىزى بىلەن ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن. |
| **4645 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته ) وعن معاذبن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم بمعناه وزاد ثم أتى آخر فقال : السلام عليكم ورحمة الله وبركاته ومغفرته فقال : " أربعون " وقال : " هكذا تكون الفضائل " . رواه أبو داود**<br><br>مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يۇقىرقىدەك ھەدىس سۆزلەپ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىركىشى كېلىپ؛ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دېدى، رەسۇلۇللاھ سالام قايتۇرۇپ؛ بۇكىشىگە ئون ياخشىلىق يېزىلدى دېدى،ئۈچىنچى ئولتۇردى، ئاندىن يەنەبىركىشى كېلىپ؛.......... ئاندىن يەنەتۆرتىنچى بىركىشى كېلىپ؛« ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ ۋە مەغپىرەتۇھۇ» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا سالام قايتۇرۇپ؛ بۇكىشىگە 40 ياخشىلىق يېزىلدى،پەزىلەتلەر ئەنە شۇنداق بولىدۇ، دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان. ساھابىلاردىن بىر ئەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۇچراشسا، مۇنداق دەپ سالام قىلسۇن، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. |
| **4646 – [ 19 ] ( إسناده صحيح ) وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أولى الناس بالله من بدأ السلام " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**<br><br>ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئەۋلاراقى، يېقىنراقى سالامنى باشتىلا قىلغۇچىلىرى، (چوڭىكى، ئۇنىڭدا كىبىر، ھەسەد يوق)ئەھمەد،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. |
| **4647 – [ 20 ] ( صحيح ) وعن جرير : أن النبي صلى الله عليه وسلم مر على نسوة فسلم عليهن . رواه أحمد**<br><br>جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللار جامائىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارغا سالام قىلدى.ئەھمەد توپلىغان سەھىھ. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇلارغا سالام قىلاتتى. ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ. ئاياللار جامائىتى يېنىدىن ئۆتسە سالام قىلسا بولىدۇ، ئايالى، ئاچا ــ سىڭلىسى، ئانىسى، ھامىسى بولسا، يالغۇز بولسىمۇ سالام قىلسا بولىدۇ، نامەھرەم، ئەجنەبىي ئايال يالغۇز بولسا، سالام قىلىش مەكرۇھ. چوڭىكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن بىللە تۇرۇپمۇ چوشىنىچە بىرىپ قويغان، خالى جايغا ئەر ــ ئايالنىڭ چىقىشىنى، بىللە تۇرۇشىنى توسقان، سالامىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. يېنىدا ھايا قىلغىدەك كىشى باربولسا، سالام قىلسا بولا. |
| **4648 – [ 21 ] ( حسن ) وعن علي بن أبي طالب رضي الله عنه قال : يجزئ عن الجماعة إذا مروا أن يسلم أحدهم ويجزئ عن الجلوس أن يرد أحدهم . رواه البيهقي في " شعب الإيمان " مرفوعا . وروى أبو داود وقال : ورفعه الحسن بن علي وهو شيخ أبي داود**<br><br>ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر توپ جامائەت، |

ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ بىرسى سالام قىلسا، ھەممىسىدىن كۇپايە بولىدۇ. ئولتۇرغانلاردىنمۇ بىرسى سالامنى قايتۇرسا، ھەممىسىدىن كۇپايە بولىدۇ.بەيھەقى،ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

4649 – [ 22 ] ( ضعيف )وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده رضي الله عنهم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ليس منا من تشبه بغيرنا لا تشبهوا باليهود ولا بالنصارى فإن تسليم اليهود الإشارة بالأصابع وتسليم النصارى الإشارة بالأكف " . رواه الترمذي وقال : إسناده ضعيف

ئەمرۇئىبنى شۇئەيبىدىن، دادىسىدىن، بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزدىن باشقىلارغا ئوخشىۋالغان كىشى بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس. يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشىۋالماڭلار، يەھۇدىيلارنىڭ سالامى، بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىش، ناسارالارنىڭ سالام قىلىشى بولسا، ئالقانلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىشتۇر دېگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ ئىسنادى زەئىپ دېگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا؛بۇجايدا زەئىپ  دېگەن.«سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ»5434 ـ ھەدىسىدە ھەسەن دېگەن،چۈنكى مۇنۇ ھەدىسمۇ باردۇر؛ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھەرگىز يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ سالام قىلىشىغا ئوخشاش سالام قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ سالام قىلىشى، ئالقانلىرى بىلەن ئىشارە قىلىپ قويۇشتۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ بىر بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سالام قىلىشى يەھۇدىيلارنىڭ قىلىقىدۇر، (سىلەر ئۇنداق قىلماڭلار) ئەبۇ يەئلا، بەيھەقى، ئەۋسەت توپلىغان، ھەسەن.

4650 – [ 23 ] ( له إسنادان أحدهماصحيح ) وعن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال اتا : " إذا لقي أحدكم أخاه فليسلم عليه فإن حالت بينهما شجرة أو جدار أو حجر ثم لقيه فليسلم عليه " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىغا ئۇچراشسا، سالام قىلسۇن، ئەگەر ئارىلىقنى بىرەر دەرەخ ياكى تام، باغ، ياكى چوڭ بىر تاش ئايرىۋېتىپ، ئاندىن يەنە ئۇچراشسا، يەنە سالام قىلسۇن، «يەنى سالام قىلىشىپ، ئارقىنى ئايلىنىپ كىرسە، يەنە سالام قىلسۇن» ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇسۇلمان ئەر، ھەمراھ بولۇپ قالسا، ئاندىن بۇلارنىڭ ئارىلىقىنى دەرەخ ياكى تاش ياكى چالما، تام ئايرىۋېتىپ، قايتا كۆرۈشسە، بىرسى يەنە بىرسىگە يەنە سالام قىلسۇن! سالامنى ئاشكارا كەڭرى تارقاتسۇن، ئايىمىسۇن، بەيھەقى توپل،  ھەسەن.

4651 – [ 24 ] ( ضعيف )وعن قتادة قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إذا دخلتم بيتا فسلموا على أهله وإذا خرجتم فأودعوا أهله بسلام " رواه البيهقي في " شعب الإيمان " مرسلا

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيگە كىرسەڭلار ئەھلىگە سالام قىلىڭلار، ئۆيدىن چىققاندا بولسا سالام بىلەن خوشلىشىڭلار، بەيھەقى مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن.ئەلبانى زەئىپ دېگەن. لېكىن سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ 526 ـ ھەدىسىدە ھەسەن دېگەن، چۈنكى سەھىھ ھەدىستە؛ئىزنى سورىغاندا، كۆرۈشكەندە،خوشلاشقاندا سالام قىلىش بار.

4652 – [ 25 ] [ 1 ] وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يا بني إذا دخلت على أهلك فسلم يكون بركة

عليك وعلى أهل بيتك " . رواه الترمذي

ئەنس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى بالام! ئەھلىڭگە كىرگىنىڭدە، ئۇلارغا سالام قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ، ساڭا ۋە ئەھلى بەيتىڭگە بەرىكەت بولىدۇ.تىرمىزى.

4653 – [ 26 ] وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " السلام قبل الكلام " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث منكر منكر

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالام قىلىش، سۆز قىلىشتىن بۇرۇن بولىدۇ.تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىس مۇنكەر دېگەن،يەنى راۋىيسى پاسىق دېگەن بولىدۇ.

السلام قبل السؤال فمن بدأكم بالسؤال قبل السلام فلا تجيبوه ( ابن النجار ) عن ابن عمر

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالام قىلىش، سوئال سوراشتىن بۇرۇن بولىدۇ، كىم سىلەرگە سالام قىلىشتىن بۇرۇن سوئال سورىسا، جاۋاب بەرمەڭلار، (سوئال سورىسا، جاۋاب بەرسە سالام قاچان بولىدۇ؟) ئىبنى نەججار توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سالام قىلىشتىن بۇرۇن سۆز قىلىش بىلەن باشلىسا، ئۇ كىشىگە جاۋاب بەرمەڭلار، (چۈنكى سالام، سۆز ـ سوئالدىن بۇرۇن بولىدۇ). تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھلىك 6122 ـ ھەدىسى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالام قىلىش بىلەن باشلىمىغان كىشىگە كىرىشكە ئىزنى، ئىجازەت بەرمەڭلار. بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. 7190 ـ

4654 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمران بْن حصين قال : كنا في الجاهلية نقول : أنعم الله بك عينا وأنعم صباحا . فلما كان الإسلام نُهينا عن ذلك . رواه أبو داود

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز جاھالىيەتتە؛(سالامنىڭ ئورنىدا) الله ساڭا نىئمەت بېرىپ قەلبىڭنى خاتىرجەم قىلسۇن، ئەتىگەنلىكىڭنى ياخشى قىلسۇن دېيتتۇق، ئىسلام دىنى يېتىپ كەلگەندە بىز ئۇنىڭدىن چەكلىنىپ،(سالام قىلىشقا بۇيرۇلدۇق)ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

4655 – [ 28 ] وعن غالب قال : إنا لجلوس بباب الحسن البصري إذ جاء رجل فقال : حدثني أبي عن جدي قال : بعثني أبي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : ائتيه فأقرئه السلام . قال : فأتيته فقلت : أبي يقرئك السلام . فقال : عليك وعلى أبيك السلام . رواه أبو داود

غالىب رەھ مۇنداق دېيدۇ؛ بىز ھەسەن بەسەرىينىڭ ئىشىك يېنىدا ئولتۇراتتۇق، بىركىشى كېلىپ؛ ماڭا دادام بۇۋىسىدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى: دادامنىڭ بۇۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ دادام مىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ؛ سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، رەسۇلۇللاھقا مەندىن سالام يوللىغىن دېدى، مەن بېرىپ؛ دادام سىلىگە سالام يوللىدى دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ساڭا ۋە داداڭغا سالام بولسۇن دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4656 – [ 29 ] وعن أبي العلاء بن الحضرمي أن العلاء الحضرمي كان عامل رسول الله صلى الله عليه وسلم وكان إذا كتب إليه بدأ بنفسه . رواه أبو داود**

ئەبۇلئەلائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەلائى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمەلدارخادىمى ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا خەت يازسا، ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلايتتى. يەنى ئۆزىگە سالام قىلىش بىلەن باشلايتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاپ دۇئا قىلاتتى. ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4657 – وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا كتب أحدكم كتابا فليتر به فإنه أنجح للحاجة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث منكر**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەرسىڭلار خەت يېزىپ قالسا، توپىغا تاشلىۋەتسۇن (يەنى بۇ كىنايە سۆز بولۇپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ كەمتەرلىك بىلەن يازسۇن)، شۇنداق قىلىش ھاجەتنى بەكرەك ئادا قىلىدۇ. تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىس مۇنكەر دىگەن. چۈنكى، ھەمزەت دىگەن راۋى بولۇپ، بۇ كىشىنى ئەھمەد رەھمەھۇللا؛ ھەدىسى تاشلىنىدۇ دىگەن. يەھيا ئىبنى مەئىين؛ ئۇنىڭ ھەدىسى ھېچنېمە ئەمەس دىگەن، بۇخارى رەھمەھۇللا؛ ھەدىسى مۇنكەر دىگەن، ئەبۇ زەرئەت؛ زەئىپ دىگەن، ئەبۇ ھاتەم رازى؛ مۇنكەر دىگەن، ئەبۇ داۋۇد؛ ئۇ ھېچنېمە ئەمەس دىۋەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تىرمىزى بۇ ھەدىس مۇنكەر دىگەن، ئىسنادىدا، راۋىيسىدا مەسىلە بار.

**4658 – [ 31 ] عن زيد بن ثابت قال : دخلت على النبي صلى الله عليه وسلم وبين يديه كاتب فسمعته يقول : " ضع القلم على أذنك فإنه أذكر للمآل . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وفي إسناده ضعف**

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرسەم، كاتىپقا مۇنداق دەۋاتقان ئىكەن؛ قەلەمنى قۇلۇقۇڭغا قىستۇرۇپ قويغىن، شۇنداق قىلىش مۇراد _ مەخسەدنى، ئارزۇ _ ئارماننى بەك ئەسلىتىدۇ، قۇلايلىق بولىدۇ. تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىس غەرىيپ، ئىسنادى زەئىپ دىگەن.

**4659 – [ 32 ]** ( صحيح ) **وعنه قال : أمرني رسول الله صلى الله عليه وسلم أن أتعلم السريانية . وفي رواية : إنه أمرني أن أتعلم كتاب يهود وقال : " إني ما آمن يهود على كتاب " . قال : فما مر بي نصف شهر حتى تعلمت فكان إذا كتب إلى يهود كتبت وإذا كتبوا إليه قرأت له كتابهم . رواه الترمذي**

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى سۇريانىي تىلىنى ئۆگىنىۋىشۇمگە، ۋە يەھۇدىيلارنىڭ تىل خەتلىرىنى ئۆگىنىۋىشۇمگە بۇيرۇپ؛ مەن يەھۇدىيلارغا خەت ئوقۇتۇش-يازدۇرۇشتا ئىشەنچە قىلالمايمەن،(شۇڭا سەن ئۆگەنگىن)دىدى. يېرىم ئاي ئۆتمەيلا، مەن ئۇ تىلنى پىششىق ئۆگىنىۋالدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىيلارغا خەت يازماقچى بولسا، مەن يېزىپ بىرەتتىم، ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يازغان خىتىنىمۇ مەن ئوقۇپ بىرەتتىم.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ. بۇنىڭدىن دىن دەئۋىتى مۇناسىۋەتلىك بولغان تىلنى ئۆگىنىۋىش، ئۆگىتىش، شۇ تىلغا قۇرئاننى ۋە سەھىھ

| |
|---|
| ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ئۈچۈنلا چىقىپ تۇرىدۇ. |
| **4660 – [ 33 ] ( حسن ) وعن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا انتهى أحدكم إلى مجلس فليسلم فإن بدا له أن يجلس فليجلس ثم إذا قام فليسلم فليست الأولى بأحق من الآخرة " رواه الترمذي وأبو داود** <br><br> ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار مەجلىسكە بارسا، سالام قىلسۇن، ئەگەر ئولتۇرغۇسى كەلسە، ئولتۇرسۇن، ئاندىن قوپۇپ كەتمەكچى بولسا، يەنە بىر سالام قىلسۇن، تۇنجى قېتىمقى سالام ئاخىرقىدىن ھەقلىقراق ئەمەس، يەنى ھەر ئىككىلىسى باراۋەر، ئوخشاشتۇر، ئاخىرقىسىمۇ ھەقلىقتۇر، خوشلاشقاندا سالام قىلىپ خوشلىشىڭلار، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ. |
| **4661 – [ 34 ] وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : لا خير في جلوس في الطرقات إلا لمن هدى السبيل ورد التحية وغض البصر وأعان على الحمولة " رواه في " شرح السنة "وذكر حديث أبي جري في " باب فضل الصدقة** <br><br> ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:يوللاردا ئولتۇرۇشتا قىلچە ياخشىلىق يوق، لېكىن كىشىلەرنى توغرا يولغا سېلىپ قويغان، سالام قايتۇرغان، كۆزىنى ھارامدىن يۇمغان، كىشىلەرنىڭ ھايۋانلىرىغا يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىشىپ ياردەم بەرگەن كىشىگە ياخشىلىق باردۇر.شەرھسسۇننى توپلىغان. |
| **4662 – [ 35 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لما خلق الله آدم ونفخ فيه الروح عطس فقال : الحمد لله فحمد الله بإذنه فقال له ربه : يرحمك الله يا آدم اذهب إلى أولئك الملائكة إلى ملأ منهم جلوس فقل : السلام عليكم . فقال : السلام عليكم . قالوا : عليك السلام ورحمة الله . ثم رجع إلى ربه فقال : إن هذه تحيتك وتحية بنيك بينهم . فقال له الله ويداه مقبوضتان : اختر أيتهما شئت ؟ فقال : اخترت يمين ربي وكلتا يدي ربي يمين مباركة ثم بسطها فإذا فيها آدم وذريته فقال : أي رب ما هؤلاء ؟ قال : هؤلاء ذريتك فإذا كل إنسان مكتوب عمره بين عينيه فإذا فيهم رجل أضوؤهم – أو من أضوئهم – قال : يا رب من هذا ؟ قال : هذا ابنك داود وقد كتبت له عمره أربعين سنة . قال : يا رب زد في عمره . قال : ذلك الذي كتبت له . قال : أي رب فإني قد جعلت له من عمري ستين سنة . قال : أنت وذاك . قال : ثم سكن الجنة ما شاء الله ثم أهبط منها وكان آدم يعد لنفسه فأتاه ملك الموت فقال له آدم : قد عجلت قد كتب لي ألف سنة . قال : بلى ولكنك جعلت لابنك داود ستين سنة فجحد فجحدت ذريته ونسي فنسيت ذريته " قال : " فمن يؤمئذ أمر بالكتاب والشهود " رواه الترمذي** <br><br> ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالللاھتائالا ئادەمنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا روھنى پۈۋدىگەندە، ئادەم چۈشكۈرۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ، ئالللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئالللاھقا ھەمدۇ ئېيتىپ، ئەلھەمدۇلىللاھ دېدى، ئاندىن ئۇنىڭغا رەببى؛ يەرھەمۇكەاللە، ئى ئادەم! سەن ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەر جامائىتىگە بارغىن، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دىگىن دېدى، ئادەم شۇنداق قىلدى، پەرىشتىلەر، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھ دېدى، ئاندىن ئادەم رەببىگە قايتىپ |

كەلدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن بۇ سېنىڭ ۋە سېنىڭ باللىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى سالامدۇر دەپ، ئاندىن ئاللاھتائالا (ئوخشىشى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان) ئىككى قولىدا ئادەمنىڭ باللىرىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ، سەن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللىغىن دېدى، ئادەم، مەن رەببىمنىڭ ئوڭ قولىدىكىنى تاللىدىم، ئەمەلىيەتتە رەببىمنىڭ ھەر ئىككىلى قولى ئوڭدۇر، مۇبارەكتۇر، (چۈنكى، ئوخشىشى يوق، خالىق تۇرسا) ھەم مۇبارەكتۇر دېدى، ئاندىن ئاللاھ قولىنى ئېچىپ، كەڭ يايدى، ناگاھان ئاللاھنىڭ قولىدا ئادەم ۋە ئۇنىڭ باللىرى تۇرىدۇ، ئادەم، ئى رەببىم، ئۇلار نىمە دېدى. ئاللاھتائالا: ئۇلار سېنىڭ باللىرىڭ دېدى، ناگاھان ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ پېشانىسىغا پۈتۈلگەن ئىكەن، يەنى تەقدىر قىلىنىپ بولۇپتۇ، ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرى ئەڭ كۈچلۈك ھەم گۈزەل بىر كىشى تۇرىدۇ، ئادەم؛ ئى رەببىم، بۇ كىم؟ دېدى، ئاللاھ: بۇ سېنىڭ بالاڭ داۋۇد دېدى، ئۇنىڭ ئۆمرى 40 يىل پۈتۈلگەن ئىكەن، ئادەم؛ ئى رەببىم، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساڭ دېدى، ئاللاھ بۇ دېگەن پۈتۈلۈپ بولغان ئىشتۇر دېدى، ئادەم؛ ئى رەببىم، ھەقىقەتەن مەن مېنىڭ ئۆمرىمدىن 60 يىلنى بەردىم دېدى، ئاللاھتائالا ئۇنداق بولسا مەيلى، ساڭا شۇنداق بولسۇن دېدى، ئادەم جەننەتتە تۇرغۇزۇلدى، ئاندىن ئاللاھ خالىغان مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن ئادەم زىمىنغا چۈشۈرۈلدى، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى ئىشلەپ تەييارلىق قىلاتتى، چۈنكى، جەننەتتىن چۈشۈرۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ، جاننى بەر دېسە، ئادەم ھەقىقەتەن ئالدىراپ قاپسەن، ماڭا 1000 يىل ئۆمۈر پۈتۈلگەن دېدى، پەرىشتە؛ شۇنداق، ساڭا 1000 يىل ئۆمۈر پۈتۈلگەن، لېكىن، سەن بالاڭ داۋۇدقا 60 يىلنى بېرىۋەتكەن، ئەمدى ئەجىلىڭ توشتى دېسە، ئادەم تېنىۋالدى، باللىرىمۇ تېنىۋالدى، ئادەم ئۇنۇتتى، باللىرىمۇ ئۇنۇتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كۈندىن باشلاپ، يېزىپ قويۇشقا گۇۋاھچى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى؛

1. ئاللاھتائالا ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتتى، يەنە كېيىن مۇشۇ تۇپراققا تاشلىدى.

2. روھ دېگەن مەخلۇقنى پۈۋدىدى.

3. چۈشكۈرۈككە ھەمدۇ ئېيتسا، جاۋاب بېرىش.

4. سالام، قەدىمى ئىبادەتتۇر.

5. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق ئىككى قولى باردۇر، ئاللاھ ۋە رەسۇلى بار دېدى، بىزمۇ بار دېدۇق، ئوخشىشى يوق، مەنىسى مەلۇم كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈپ ئېتىقاد قىلىش ۋاجىپ، سوئال سوراش بىدئەتتۇر.

6. ئادەم باللىرى ئىككى پىرقىگە بۆلۈندى، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى.

7. ئاللاھنىڭ ھەر ئىككى قولى ئوڭدۇر، مۇبارەكتۇر.

8. ئۆز ۋاختىدىكى باللار روھلاردۇر، ياكى ئالىملار ئۇنى ھۆجەيرىدۇر دېدى.

9. ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق قولدا زەررىگىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

10. ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆمرى ئالدىدىن پۈتۈلۈپ بولغان، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسىمۇ، بۇمۇ پۈتۈلۈپ بولدى. چۈنكى، ھەممىنى ئاللاھتائالا ئالدىدىن بىلىدۇ، قاتىل، بىنا قۇرۇلۇشنى چۈۋۈيدۇ، ئەمەلىيەتتە جاننى ئاللاھنىڭ پەرىشتىللىرى ئالىدۇ.

11. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى بار.

12. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىپ، پۈتۈپ بولغان ئۆمۈردىن 60 يىلنى، ئادەمدىن داۋۇدقا ئېلىپ بەردى، ئادەمنىڭ جېنىنى شۇ مۇددەت توشقاندا ئالدى، ئۆمرى 940 يىل بولدى.

13. ئادەم جەننەتتە ياشاپ تۇرۇپ باققان.

14. ئاندىن ئاسىيلىقى سەۋەبىدىن ئايالى ھاۋا بىلەن بىرگە زىمىنغا تاشلانغان، مۇشۇ بىز ياشاۋاتقان يەر شارىغا تاشلىغان.

15. ئاخىرىدا ئەجەل توشۇپ، ئۆز جايىغا كەتتى، لېكىن، تېنىۋېلىش، ئۇنتۇپ قېلىش، خاتالىشىش دېگەن كېسەللىكنى ئىرسىيەت قالدۇرۇپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىپ قويۇش، گۇۋاھچى كەلتۈرۈش بېكىتىلدى، خاتالىق ئەپۇ قىلىندى، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

**4663 – [ 36 ] وعن أسماء بنت يزيد قالت : مر علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم في نسوة فسلم علينا . رواه أبو داود وابن ماجه والدارمي**

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،بىز ئاياللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، بىزگە سالام قىلغان ئىدى.ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ماجە،دارىمى توپلىغان.

**4664 – [ 37 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن الطفيل بن أبي بن كعب : أنه كان يأتي ابن عمر فيغدو معه إلى السوق . قال فإذا غدونا إلى السوق لم يمر عبد الله بن عمر على سقاط ولا على صاحب بيعة ولا مسكين ولا أحد إلا سلم عليه . قال الطفيل : فجئت عبد الله بن عمر يوما فاستتبعني إلى السوق فقلت له : وما تصنع في السوق وأنت لا تقف على البيع ولا تسأل عن السلع وتسوم بها ولا تجلس في مجالس السوق فاجلس بنا ههنا نتحدث . قال : فقال عبد الله بن عمر : يا أبا بطن – قال وكان الطفيل ذا بطن – إنما نغدو من أجل السلام نسلم على من لقيناه . رواه مالك والبيهقي في " شعب الإيمان "**

تۇپەيل رەھ مۇنداق دەيدۇ؛- ئۇ دائىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ بىلەن بىللە بازارغا بارىدىكەن- بىز ئەتىگەندە بازارغا ماڭساق، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ، چەرچەن ماڭ ساتىدىغان كىشىنىڭ ياكى ئېلىم-سېتىم قىلىۋاتقان، ياكى بىرەر مىسكىن، ۋە ياكى ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپلا قالسا، ئۇلارغا سالام قىلاتتى، بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلسەم، مېنى بازارغا بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى، مەن ئۇنىڭغا؛ سەن بازاردا نېمە ئىش قىلىسەن؟ ئېلىم-سېتىم بەيئىنىڭ ئۈستىدە تۇرمايدىكەنسەن، مالغا باھا قويۇپ سورمايدىكەنسەن، بازاردىكى بىرەر مەجلىسدىمۇ ئولتۇرمايدىكەنسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە بىز بىلەن بىللە مۇشۇيەردە ئولتۇرغىن، بىز

ھەدىس سۆزلىشەيلى دىسەم، ئۇ ماڭا؛ ئى ئەبۇ بەتنى! بىز بازارغا پەقەت سالام قىلىۋىلىش ئۈچۈنلا ئەتىگەندە بارىمىز، ئۇچراشقانلىكى كىشىگە سالام قىلىۋالىمىز دىدى.مالىك،بەيھەقى تو.

**4665 – [ 38 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن جابر قال : أتى رجل النبي صلى الله عليه وسلم فقال : لفلان في حائطي عذق وإنه آذاني مكان عذقه فأرسل النبي صلى الله عليه وسلم : " أن بعني عذقك " قال : لا . قال : " فهب لي " . قال : لا . قال : " فبعنيه بعذق في الجنة " ؟ فقال : لا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما رأيت الذي هو أبخل منك إلا الذي يبخل بالسلام " . رواه أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ مىنىڭ بىغىمدا پالانىنىڭ بىر تۈپ خورمىسى بار، ئۇكىشى خورمىسىنى دەپلا ماڭا بەك ئازار بەردى، (يەنى ئەھلى ـ باللىرىم تۇرسا، ئۇ باغقا كىرىۋەردى)دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتىپ، خورماڭنى ماڭا سېتىپ بەرگىن دىدى، ئۇكىشى؛ ياق دەپ ئۇنىمىدى، رەسۇلۇللاھ؛ خورماڭنى ماڭا ھەدىيە بەرگىن دىدى، ئۇكىشى؛ ياق دەپ ئۇنىمىدى، رەسۇلۇللاھ؛ خورماڭنى ماڭا جەننەتتىكى خورمىنىڭ بەدلىگە سېتىپ بەرگىن دىدى، ئۇكىشى؛ يەنە ياق دەپ ئۇنىمىدى، رەسۇلۇللاھ؛ مەن سەندىمۇ بېخىلراق بىرەر كىشىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، لېكىن سالام قىلىشقا بېخىللىق قىلغان كىشى سەندىنمۇ بېخىلراقتۇر دىدى.ئەھمەد،بەيھەقى تو.

**4666 – [ 39 ] وعن عبدالله عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " البادئ بالسلام بريء من الكبر " . رواه البيهقي في**

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سالامنى باشتىلا قىلىۋالغان كىشى كىبىردىن بىزار بولۇپ قۇتۇلغان بولىدۇ.بەيھەقى تويلىغان.

## [ 2 ] باب الاستئذان – الفصل الأول     كىرىشكە رۇخسەت سوراش توغرىسىدا

**4667 – [ 1 ]** ( متفق عليه )**عن أبي سعيد الخدري قال : أتانا أبو موسى قال : إن عمر أرسل إلي أن آتيه فأتيت بابه فسلمت ثلاثا فلم يرد علي فرجعت . فقال : ما منعك أن تأتينا ؟ فقلت : إني أتيت فسلمت على بابك ثلاثا فلم ترد علي فرجعت وقد قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا استأذن أحدكم ثلاثا فلم يؤذن له فليرجع " . فقال عمر : أقم عليه البينة . قال أبو سعيد : فقمت معه فذهبت إلى عمر فشهدت**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇمۇسارەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېشىمىزغا كىلىپ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنى قېشىغا چاقىرتىپ كىشى ئەۋەتىپتۇ، مەن ئىشىك يېنىغا بىرىپ ئۈچ قېتىم سالام قىلسام، ماڭا سالام قايتۇرمىدى، ئاندىن مەن قايتىپ كەتسەم، ئۇ ماڭا؛ بىزنىڭ قېشىمىزغا كىلىشكىدىن سىنى نىمە توستى؟ دىدى، مەن؛ ئىشىكىڭ يېنىغا بىرىپ ئۈچ قېتىم سالام قىلسام، ماڭا سالام قايتۇرمۇدۇڭ، ئاندىن مەن قايتىپ كەتتىم ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا : سىلەردىن بىر كىشى ئۈچ قېتىم ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، يەنە رۇخسەت بىرىلمىسە، قايتىپ كەتسۇن دىگەن،دىسەم، ئۇ؛ بۇسۆزىڭگە گۇۋاھچى كەلتۈرگىن دەپ تۇرىۋالدى دىدى، ئاندىن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرىپ گۇۋاھلىق بەردىم. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى زىيائۇلمەقدەسى، جۇندۇبدىنمۇ تويلىغان، سەھىھ.

**4668 – [ 2 ]** ( صحيح ) **وعن عبد الله بن مسعود قال : قال لي النبي صلى الله عليه وسلم : " إذنك علي أن ترفع الحجاب**

**وأن تسمع سوادي حتى أنهاك "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن:، سېنىڭ مەندىن ئىزنى، رۇخسەت سورىشىڭ، ئىشىك پەردىسىنى كۆتىرىشڭلامدۇر،يەنى كىرىۋەر،شۇنداقلا مەن سېنى توسقانغا قەدەر مېنىڭ مەخپى سىرلىرىمنى ئاڭلاۋەرگىن. مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4669 – [ 3 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن جابر قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم في دين كان على أبي فدققت الباب فقال : " من ذا ؟ " فقلت : أنا . فقال : " أنا أنا " . كأنه كرهها**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن دادامنىڭ گەردىنىدىكى قەرزى توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىشىكنى قاقسام، كىم؟دېدى، مەن؛ بۇ مەن! دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ئىسمىمنى ئۇچۇق دېمەي، «بۇ مەن» دېگەن سۆزۈمنى ياقتۇرماي؛ مەن،مەن(نىمە ئۇ مەن دېگەن؟)دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.يەنى كىم؟ دېسە، مەن پالانى دېيىش كېرەك.ئىشىكنى قاققانلىق، بۇ مەن دېگەنلىك بۇلىدۇ.

**4670 – [ 4 ]** ( **صحيح** ) **وعن أبي هريرة قال : دخلت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فوجد لبنا في قدح . فقال : " أبا هر الحق بأهل الصفة فادعهم إلي " فأتيتهم فدعوتهم فأقبلوا فاستأذنوا فأذن لهم فدخلوا**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كىردىم، رەسۇلۇللاھ بىرقاچا سۈتنى كۆرۈپ؛ ئى ئەباھۇررىن! سەن سۇپا ئەھلىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنى قېشىمغا چاقىرىپ كەلگىن دېدى، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنى چاقىرىپ كەلدىم، ئۇلار كېلىپ، كىرىشكە ئىزنى سوردى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا رۇخسەت قىلىۋىدى، ئۇلار كىردى.بۇخارى توپلىغان.

**4671 – [ 5 ]**) **عن كلدة بن حنبل : أن صفوان بن أمية بعث بلبن أو جداية وضغابيس إلى النبي صلى الله عليه وسلم والنبي صلى الله عليه وسلم بأعلى الوادي قال : فدخلت عليه ولم أسلم ولم أستأذن فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ارجع فقل : السلام عليكم أأدخل " . رواه الترمذي وأبو داود**

كەلدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەپۋان ئىبنى ئۇمەييەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا سۈت ياكى ئوغلاقنىڭ ئورنىدا كىيىك بالىسىنىڭ گۆشى ۋە تەرخەمەك بىلەن ئەۋەتىلىپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇچاغدا مەككە ۋادىيسىنىڭ ئۇستۈن تەرىپىدە ئىكەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سالامۇ قىلماي، رۇخسەتمۇ سورماي كىرىپتىمەن، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئارقاڭغا قايت! سەن قايتا كېلىپ؛ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! كىرسەم بولامدۇ؟دېگىن دېدى. تىرمىزى 2634 ـ ئەبۇداۋۇد4507 ـ ئەھمەد14878 ـ ھەدىس.

**4672 – [ 6 ]** ( **صحيح** ) **وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا دعي أحدكم فجاء مع الرسول فإن ذلك إذن " . رواه أبو داود . وفي رواية له قال : " رسول الرجل إلى الرجل إذنه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چاقىرىلسا، ئۇ ئەلچى بىلەن بىللە كەلسە، ئاشۇ بىللە كېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىزنى، رۇخسەت بولىدۇ، كىرىۋەرسۇن، بىركىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە چاقىرتىپ ئەلچى ئەۋەتىشى ئۇنىڭ ئىزنى رۇخسەت بېرىشىدۇر.بۇخارى ئەدەپتە، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

4673 – [ 7 ] وعن عبد الله بن بسر قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أتى باب قوم لم يستقبل الباب تلقاء وجهه ولكن من ركنه الأيمن أو الأيسر فيقول : " السلام عليكم السلام عليكم " وذلك أن الدور لم يكن يومئذ عليها ستور رواه أبو داودوذكر حديث أنس قال عليه الصلاة والسلام :السلام عليكم ورحمة الله في باب الضيافة

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالسا، ئىشىككە يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلمايتتى، لېكىن، ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ياكى سول تەرىپىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!!!» دەيتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئىشىكنىڭ ئۈستىدە پەردىلەر يوق ئىدى.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، توپلىغان، سەھىھ.

4674 – [ 8 ] الفصل الثالث عن عطاء أن رجلا سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : استأذن على أمي ؟ فقال : " نعم " فقال الرجل : إني معها في البيت . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " استأذن عليها " فقال الرجل : إني خادمها . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " استأذن عليها أتحب أن تراها عريانة ؟ " قال : لا . قال : " فاستأذن عليها " . رواه مالك مرسلا

ئەتائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى؛ مەن ئانامنىڭ ئۆيىگە كىرىشىمگىمۇ ئىزنى سورامدىم؟دېدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەئە رۇخسەت سوراپ كىرىسەن دېدى، ئۇكىشى؛ مەن ئانام بىلەن بىر ئۆيدە تۇرسام؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛شۇنداقتىمۇ رۇخسەت سوراپ كىرىسەن دېدى، ئۇكىشى؛ مەن ئانامنىڭ خادىمى تۇرسام دېدى، رەسۇلۇالله س؛ يەنىلا رۇخسەت سوراپ كىرىسەن، سەن ئاناڭنى قىپ يالىڭاچ كۆرۈشۈڭنى ياخشى كۆرەمسەن؟ دېدى، ئۇكىشى؛ ياق دېگەندە، سۇلۇالله س؛ھە!ئۇنداق بولسا، رۇخسەت سوراپ كىرىسەن دېدى.ئىمام مالىك توپلىغان.

4675 – [ 9 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : كان لي من رسول الله صلى الله عليه وسلم مدخل بالليل ومدخل بالنهار فكنت إذا دخلت بالليل تنحنح لي . رواه النسائي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېچىسى بىر، كۈندۈزى بىر ئىككى قېتىم كىرەتتىم، كېچىدە كىرىپ قالسام يۆتىلىپ قوياتتىم ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلاتتى، نەسەئى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، ئىبنى ئەيياش دېگەن راۋى غەلەت ھەدىس سۆزلەيدۇ، خاتالىشىدۇ، ئىبنى نوجەيىي دېگەن راۋى نامەلۇم.

4676 – [ 10 ] ( ضعيف )وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : لا تأذنوا لمن لم يبدأ بالسلام رواه البيهقي في "شعب الإيمان

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالام بىلەن باشلىمىغان كىشىگە ئىزنى، رۇخسەت بەرمەڭلار، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن، سەۋەبىنى سۆزلەپ قويىدۇق.بۇ توغرىسىداسەھىھ ھەدىسمۇ باردۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالام قىلىش بىلەن باشلىمىغان كىشىگە كىرىشكە ئىزنى، ئىجازەت بەرمەڭلار. بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھنىڭ 7190 ـ ھەدىسى.

[ 3 ] باب المصافحة والمعانقة – الفصل الأول

قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش توغرىسىدا

4677 – [ 1 ] ( صحيح )

عن قتادة قال : قلت لأنس : أكانت المصافحة في أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قال : نعم . رواه البخاري

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، مەن ئەنەسكە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرى ئارىسىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش بارمىدى؟دىسەم، ئۇ؛ ھەئە شۇنداق ئىش بار ئىدى دېدى.بۇخارى.

4678 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قبل رسول الله صلى الله عليه وسلم الحسن بن علي وعنده الأقرع بن حابس . فقال الأقرع : إن لي عشرة من الولد ما قبلت منهم أحدا فنظر إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم قال : " من لا يرحم لا يرحم " متفق عليه وسنذكر حديث أبي هريرة : " أثم لكع " في " باب مناقب أهل بيت النبي صلى الله عليه وعليهم أجمعين " إن شاء تعالى وذكر حديث أم هانئ في " باب الأمان "

ئەبۇ ھۇرەيرە، جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ قويدى، ئۇ يەردە ئەقرەئ ئىبنى ھابىسمۇ بار ئىدى، ئۇ؛ مىنىڭ ئون بالام بار، مەن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ سۆيۈپ قويمايمەن دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: رەھىم _ شەپقەت قىلمايدىغان كىشىگە رەھىم قىلىنمايدۇ، (يەنى ئازابلىنىدۇ.) بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەلۇم بىر قەۋم بىز كىچىك باللىرىمىزنى سۆيۈپ قويمايمىز دىگەندە، مسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ قەلبىڭدىن رەھمەتنى تارتىپ ئېلىۋەتسە، مەن ساڭا قانداق ئىگە بولالايمەن دىگەن، ئەھمەد 23272 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3655 _ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

4679 – [ 3 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن البراء بن عازب رضي الله عنهما قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " ما من مسلمين يلتقيان فيتصافحان إلا غفر لهما قبل أن يتفرقا " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه وفي رواية أبي داود قال : " إذا التقى المسلمان فتصافحا وحمدا الله واستغفراه غفر لهما "

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى مۇسۇلمان قول ئېلىشىپ سالاملاشسا، ئۇلار بىر _ بىرىدىن ئايرىلىشىدىن بۇرۇنلا ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ، (يەنى كىچىك خاتالىقلار كەچۈرۈلىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى مۇسۇلمان بىر _ بىرىگە ئۇچرىشىپ، بىرسى يەنە بىر ھەمراھىغا سالام قىلسا، ۋە قولنى تۇتسا، ئۇنىڭ قولنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا تۇتسا،الله قا ھەمدۇ_سانا ئەيتىپ، مەغپىرەت سورىسا، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنماي تۇرۇپ ئايرىلمايدۇ، يەنى ئايرىلىشىدىن بۇرۇن كەچۈرۈلۈپ بولىدۇ.ئەھمەد،تىرمىزى،ئىبنى ماجە،داۋۇد ، ھەسەن

4680 – [ 4 ] ( حسن أو صحيح ) وعن أنس قال : قال رجل : يا رسول الله الرجل منا يلقى أخاه أو صديقه أينحني له ؟

قال : " لا " . قال : أفيلتزمه ويقبله ؟ قال : " لا " . قال : أفيأخذ بيده ويصافحه ؟ قال : " نعم " . رواه الترمذي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزدىن بىرەر كىشى قېرىندىشىغا ياكى يېقىن دوستىغا ئۇچۇرشۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ سالام قىلامدۇ؟دېدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ياق دېدى، ئۇكىشى؛ ئەمىسە ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيەمدۇ؟دېسە، يەنە ياق دېدى، ئۇكىشى؛ قولىنى تۇتۇپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە بولامدۇ؟دەپتى، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە بولىدۇ دېدى.تىرمىزى، سەھىھ.

4681 – [ 5 ] ( لم تتم دراسته )ضعيف وعن أبي أمامة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " تمام عيادة المريض أن يضع أحدكم يده على جبهته أو على يده فيسأله : كيف هو ؟ وتمام تحياتكم بينكم المصافحة " . رواه أحمد والترمذي وضعفه

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل يوقلاشنىڭ كاملىلىقى شۇكى، قولۇڭلارنى ئۇ كېسەلنىڭ پېشانىسىگە ياكى قولىغا قويۇپ تۇرۇپ قانداق ئەھۋاللىرى؟ دەپ ھال سوراشتۇر، سالام قىلىشنىڭ كامىللىقى بولسا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشتۇر. ئەھمەد، تىرمىزى خاتىرلەپ زەئىپ دېگەن.

4682 – [ 6 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها قالت : قدم زيد بن حارثة المدينة ورسول الله صلى الله عليه وسلم في بيتي فأتاه فقرع الباب فقام إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم عريانا يجر ثوبه والله ما رأيته عريانا قبله ولا بعده فاعتنقه وقبله رواه الترمذي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، زەيد ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەدىنىگە كەلگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىدى، ئۇ كېلىپ ئىشىكنى قاقتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالىڭاچ پېتى كىيىمنى سۆرەپ ئىشىك تەرەپكە قوپتى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ يالىڭاچ كۆرۈپ باقمىدىم «كۆڭدۈزى باشقىلار بىلەن بىللە دېمەكچى، ئۇ ئايالى تۇرسا» ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەيدنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى، تىرمىزى خاتىرلىگەن. شەيخ ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن.

4683 – [ 7 ] ( ضعيف )وعن أيوب بن بشير عن رجل من عنزة أنه قال : قلت لأبي ذر : هل كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يصافحكم إذا لقيتموه ؟ قال : ما لقيته قط إلا صافحني وبعث إلي ذات يوم ولم أكن في أهلي فلما جئت أخبرت فأتيته وهو على سرير فالتزمني فكانت تلك أجود وأجود . رواه أبو داود

ئەييۇب ئىبنى بۇشەيردىن ئەنزەت قەبىلىسىدىن بىر ئەردىن، مەن ئەبۇ زەرگە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇچىقاشساڭلار سىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەمتى؟ دېدىم، ئۇ، ھەرقانداق چاغدا ئۇچىقۇشۇپ قالسام مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى دېدى، ۋە يەنە بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئادەم ئەۋەتىپتۇ، مەن ئۆيدە يوق ئىكەنمەن، كېلىپ خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بارسام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كارىۋات ئۈستىدە ئىكەن، مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، بۇ كاتتا، بەكمۇ كاتتا ئىش بولدى دېگىنە دېدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

4684 – [ 8 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عكرمة بن أبي جهل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم جئته : " مرحبا بالراكب المهاجر " . رواه الترمذي

ئىكرەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن كەلگەن كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ ھىجرەت قىلغۇچى ئات ـ ئۇلاغلىق كىشىگە مەرھابا، خۇش كەپسىز دېدى.تىرمىزى توپلىغان.

**4685 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن أسيد بن حضير – رجل من الأنصار – قال : بينما هو يحدث القوم – وكان فيه مزاح – بينا يضحكهم فطعنه النبي صلى الله عليه وسلم في خاصرته بعود فقال : أصبرني . قال : " اصطبر " . قال : إن عليك قميصا وليس علي قميص فرفع النبي صلى الله عليه وسلم عن قميصه فاحتضنه وجعل يقبل كشحه قال : إنما أردت هذا يا رسول الله . رواه أبو داود**

ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنسارلاردىن بىركىشى بىر چاغدا كىشىلەرگە چاخچاق،ىنزامەت سۆزلەرنى قىلىپ ، ئۇلارنى كۈلدۈرىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلىگە ھاسىسى بىلەن نۇقۇپ قويدى، ئۇكىشى؛ مەن سىلىدىن قىساس ئالىمەن ، قىساسىمنى بەرسىلە دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇلىدۇ، مەن تۇرۇپ بىرەي ، قىساسىڭنى ئېلىۋالغىن دېدى، ئۇكىشى ؛ مىنىڭ ئۇستۇمدە كۆڭلەك يوق ئىدى، سىلىنىڭ ئۇستىلىرىدە كۆڭلەك بار ئىكەن دېدى، رەسۇلۇللاھ كۆڭلىكىنى كۆتۈرىۋىدى، ئۇكىشى رەسۇلۇللاھنى يالىڭاچلا قۇچاقلاپ، يان بىقىنلىرىغا سۆيۈشكە باشلىدى، ۋە ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن مانا مۇشۇنى مەقسەت قىلغان ئىدىم دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**4686 – [ 10 ] ( ضعيف )وعن الشعبي : أن النبي صلى الله عليه وسلم تلقى جعفر بن أبي طالب فالتزمه وقبل مابين عينيه . رواه أبو داود والبيهقي في " شعب الإيمان " مرسلاوفي بعض نسخ " المصابيح " وفي " شرح السنة " عن البياضي متصلا**

شۇئبىنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەئپەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىلەن ئۇچرىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، پىشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى مۇرسال ھالدا خاتىرلىگەن، مەسابىھدا شەرھى سۈننەدە بار بولۇپ، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن.

**4687 – [ 11 ] ( ضعيف )وعن جعفر بن أبي طالب في قصة رجوعه من أرض الحبشة قال : فخرجنا حتى أتينا المدينة فتلقاني رسول الله صلى الله عليه وسلم فاعتنقني ثم قال : " ما أدري : أنا بفتح خيبر أفرح أم بقدوم جعفر ؟ " . ووافق ذلك فتح خيبر . رواه في " شرح السنة "**

ئەبۇ تالىپ ئوغلى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەبەشىستان زىمىنىدىن قايتقان قىسسىدە مۇنداق دەيدۇ: بىز چىقىپ مەدىنىگە كەلدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئۇچقۇشۇپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن خەيبەرنىڭ زىمىنىنىڭ ئىشغال قىلىنغىنىغا خۇشال بولدۇممۇ؟ ياكى جەئپەرنىڭ كەلگىنىگىمۇ؟ ھېچ بىلمىدىم دېدى. چۈنكى، بۇ چاغ خەيبەر زىمىنى ئىشغال قىلىنغان ۋاقىتقا مۇۋاپىق كېلىپ قالغان، بۇ ھەدىس شەرھى سۈننەدە بار بولۇپ، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن،

**4688 – [ 12 ] ( لم تتم دراسته ) وعن زارع وكان في وفد عبد القيس قال : لما قدمنا المدينة فجعلنا نتبادر من رواحلنا فنقبل يد رسول الله صلى الله عليه وسلم ورجله . رواه أبو داود**

زارىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ـ ئۇ ئۆزۋاقتىدا ئابدۇ قەيس ئەلچىللىرى ئارىسىدا بار ئىكەن ـ بىز مەدىنىگە كەلگەندە، ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزدىن ئالدىراپ چۈشۈپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

يۇت ـ قوللىرىغا سۈيۈشكە باشلىدۇق. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4689 – [ 13 ]** ( **صحيح** ) **وعن عائشة رضي الله عنها قالت : ما رأيت أحدا كان أشبه سمتا وهديا ودلا . وفي رواية حديثا وكلاما برسول الله صلى الله عليه وسلم من فاطمة كانت إذا دخلت عليه قام إليها فأخذ بيدها فقبلها وأجلسها في مجلسه وكان إذا دخل عليها قامت إليه فأخذت بيده فقبلته وأجلسته في مجلسها . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ھەيئەت تۇرىقىدا، مېڭىشىدا، شەكلىدە، سۆز كالامىدا پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ بەكرەك ئوخشايدىغان بىرەر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى تۇتۇپ سۆيۈپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرسە، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى تۇتۇپ سۆيۈپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**4690 – [ 14 ]** ( **لم تتم دراسته** ) **وعن البراءقال : دخلت مع أبي بكر رضي الله عنهما أول ما قدم المدينة فإذا عائشة مضطجعة قد أصابتها حمى فأتاها أبو بكر فقال : كيف أنت يا بنية ؟ وقبل خدها . رواه أبو داود**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى قېتىم مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرسەم، ناگاھان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قىزىتما كېسەلدىن ئاغرىپ يېتىپتىكەن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئى قىزىم! ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟دەپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ كەتكەن ئىدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4691 – [ 15 ]** ( **لم تتم دراسته** ) **وعن عائشة رضي الله عنها أن النبي صلى الله عليه وسلم أتي بصبي فقبله فقال : " أما إنهم مبخلة مجبنة وإنهم لمن ريحان الله " . رواه في " شرح السنة "**

ئەلى ئىبنى مۇررەت،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىچىك بالا كەلتۈرۈلسە، ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن باللار ئاتا ــ ئانىلارنىڭ بېخىللىق قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، قورقۇنچاقلىق قىلىپ، جىھادقا چىقالماسلىقىغىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ،ئۇلار **الله** تائالا نىڭ بەندىللىرىگە ئاتا قىلغان رىزقىدىندۇر.شەرھىسسۇننى، ئىبنى ماجە 3656 ــ ھەدىس، ئەھمەد ، سەھىھ. ئەسۋەد ئىبنى خەلەپ، خەۋلەت ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن باللار ئاتا ــ ئانىلارنىڭ بېخىل بولۇشىغا، جەڭدىن قورقۇشقا، ئىلىم ئالالماي نادان قېلىشىغا نۇرغۇن غەم ــ قايغۇ، دەرت ــ ئەلەملىرىگە سەۋەبچى بولىدۇ، (راست!!، ھەممە خاپىلىقتا باللار سەۋەبچى، ھەتتا، ئىبادەت، جىھاد، ھىجرەتتىن توسۇپ قويىدۇ) ھاكىم بىلەن تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بالا دىگەن يۈرەكنىڭ مىۋىسى، يۈرەك پارىسى، ھەقىقەتەن ئۇ، كىشىنى قورقۇنچاق، بېخىل قىلىپ، غەم ــ ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ، جەڭدىن قورقۇشقا، بېخىللىققا، غەم ــ ئەندىشىلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**4692 – [ 16 ] الفصل الثالث عن يعلىقال : إن حسنا وحسينا رضي الله عنهم استبقا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم**

فضمهما إليه وقال : " إن الولد مبخلة مجبنة " . رواه أحمد

ئەلى ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا چىققاندا، ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېخىللىق قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، قورقۇنچاقلىق قىلىپ، جىھادقا چىقالماسلىقىغىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ، ئىبنى ماجە 3656 ـ ھەدىس، ئەھمەدتىمۇ بار، سەھىھ.

**4693 – [ 17 ]** ( لم تتم دراسته )وعن عطاءالخراساني أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " تصافحوا يذهب الغل وتهادوا تحابوا وتذهب الشحناء " رواه مالك مرسلا

ئەتائىلخاراسانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈڭلار، ھىقده ھەسەت يوقايدۇ، ھەدى بېرىشىپ دوستلۇشۇڭلار، ئۆچ ـ ئاداۋەت يوقايدۇ، مالىك مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن مۇرسەل ھەدىس ئەلبانىينىڭ نەزلىدە زەئىپتۇر.

**4694 – [ 18 ]** وعن البراءبن عازب رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صلى أربعا قبل الهاجرة فكأنما صلاهن في ليلة القدر والمسلمان إذا تصافحا لم يبق بينهما ذنب إلا سقط " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم كۈن تىكلەشكەن چىلك چۈشتىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، گويىاكى ئۇنامازنى قەدىر كېچىسى ئوقۇغاندەك بولىدۇ، ئىككى مۇسۇلمان قول ئېلىشىپ سالاملاشسا، ئۇلارنىڭ ئارلىقىدا گۇناھ قالماي تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.بەيھەقى

## [ 4 ] باب القيام – الفصل الأول

## باشقىلار كىرگەندە ئورنىدىن تۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا

**4695 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) عن أبي سعيد الخدري قال : لما نزلت بنو قريظة على حكم سعد بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم إليه وكان قريبا منه فجاء على حمار فلما دنا من المسجد قال رسول الله صلى الله عليه وسلم للأنصار : " قوموا إلى سيدكم " . متفق عليه . ومضى الحديث بطوله في " باب حكم الأسراء "

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بەني قۇرىيزلەر سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە چۈشكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتتى، ئۇ ئىشەككە مىنىپ كېلىپ مەسجىدكە يېقىنلاشقاندا، رەسۇلۇللاھ ئەنسارلارغا: سىلەرئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، سەيىيدىڭلارغا، يول باشچىڭلارغا ياردەملىشىڭلار دىدى،(چۈنكى ئۇ ياردارئىدى) ئۇ كېلىپ ئولتۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ:ئى سەئدى! ئاۋۇ كىشلەر سىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىڭغا چۈشتى دىدى، سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلتۇرۇلىشىگە، ئايالىرىنىڭ، باللىرىنىڭ ئولجا ئېلىنىشىغا ھۆكۈم قىلىمەن دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن سەن ئۇلارغا بىردىنبىر پادىشاھ بولغان الله نىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلدىڭ دىدى. بۇخارى،مۇسلىم تويلىغان.

**4696 – [ 2 ]** ( متفق عليه ) وعن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يقيم الرجل الرجل من مجلسه ثم يجلس

| |
|---|
| فيه ولكن تفسحوا وتوسعوا " . متفق عليه<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن، لېكىن، كەڭرىتىڭلار، كەڭرى قىلىڭلار ، ئورۇن بوشىتىڭلار دىسۇن. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. |
| 4697 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من قام من مجلسه ثم رجع إليه فهو أحق به " . رواه مسلم<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە، ۋەھى ئىبنى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى مەجلىسدىكى ئورنىدىن قوپۇپ كېتىپ، ئاندىن يەنە قايتىپ كەلسە، ئۇ ئورۇنغا ئۆزى لايىقتۇر، ئەھمەد، بۇخارى، ئەدەپتە، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| 4698 – [ 4 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أنس بن مالك قال : لم يكن شخص أحب إليهم من رسول الله صلى الله عليه وسلم وكانوا إذا رأوه لم يقوموا لما يعلمون من كراهيته لذلك . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ساھابىلارغا ھېچ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك سۆيۈملۈك ھەم ئۇلۇغراق ئەمەس ئىدى، ئۇلار شۇنچە ئۇلۇغ ، سۆيۈملۈك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياقتۇرمايدىغىنىنى بىلگەنلىكىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرمايتتى. تىرمىزى توپلىغان سەھىھ. |
| 4699 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن معاوية قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سره أن يتمثل له الرجال قياما فليتبوأ مقعده من النار " رواه الترمذي وأبو داود<br><br>مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆزىگە كىشىلەرنىڭ(ھۆرمەت ئۈچۈن ) ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قاتار تىزىلىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، (بۇ ئەجەملەر، دىنسىزلار ئادىتى بولۇپ، ئىسلام دىندا بۇنداق قىلىش ھارام سانىلىدۇ).ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى،توپلىغان سەھىھ |
| 4700 – [ 6 ] ( ضعيف )وعن أبي أمامة قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم متكئا على عصا فقمنا فقال : " لا تقوموا كما يقوم الأعاجم يعظم بعضها بعضا " . رواه أبو داود<br><br>ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاسىسىغا يۆلىنىپ چىقتى، بىز ھەممىمىز دەس تۇردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەجەملەر يەنى غەيرى ئەرەبلەر بىرسى ــ بىرسىنى ئۇلۇغلىغاندەك، شۇنىڭ ئۈچۈن دەس تۇرغاندەك، ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار دىدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرلەپ قويغان، چۈنكى بۇ يەنىلا ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىسناد قىلىپ سۆزلەنگەن ھەدىس. راۋىيلاردا مەسىلە بار. |
| 4701 – [ 7 ] وعن سعيد بن أبي الحسن قال : جاءنا أبو بكرة في شهادة فقام له رجل من مجلسه فأبى أن يجلس فيه وقال : إن |

**النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن ذا ونهى النبي صلى الله عليه وسلم أن يمسح الرجل يده بثوب من لم يكسه . رواه أبو داود**

سەئىد ئىبنى ئەبۇلھەسەن رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ گۇۋاھلىق بىرىش توغرىسىدا ئەبۇبۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېشىمىزغا كىلىۋىدى، بىركىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن بوشىتۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئەبۇبۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئورۇندا ئولتۇرغىلى ئۇنىماي؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنىڭ باشقىلارنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ كىتىشىدىن، باشقىلارنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋىتىشتىن، ئۆزى كىيىم ئىتىپ بەرمىگەن كىشىنىڭ كىيىمنى كىر قولى بىلەن سىلاپ تۇتىشىدىن توسقان دىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4702 – [ 8 ]** ( **ضعيف** )**وعن أبي الدرداء قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا جلس – جلسنا حوله – فأراد الرجوع نزع نعله أو بعض ما يكون عليه فيعرف ذلك أصحابه فيثبتون . رواه أبو داود**

ئەبۇ دەرداڭ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرسا،بىز ئەتىراپىدا ئولتۇراتتۇق، قايتىشنى ئىرادە قىلسا، ئاياغنى ئالاتتى ياكى ئۈستىدىكى بىرەر كىيىمنى ئالاتتى، بۇ ئەھۋالنى ساھابىلار بىلسىمۇ ئورنىدا قوزغالماي مۇقىم ئولتۇراتتى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

**4703 – [ 9 ] وعن عبد الله بن عمرو عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يحل لرجل أن يفرق بين اثنين إلا بإذنهما " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى كىشى ئارىسىنى ئايرىۋىتىشى ھالال ئەمەس، پەقەت شۇلارنىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن ئايرىشى دۇرۇس، (بۇ ھۆكۈم، مەجلىسدە، خۇتبىدە ئولتۇرغان كىشىنىڭ ۋە باشقا كىشلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىشدىن توسىدۇ، ھەممىگە ئامدۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4704 – [ 10 ] وعن عمروبن شعيب عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا تجلس بين رجلين إلا بإذنهما " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئىزنىسىز ئولتۇرماڭلار، رۇخستى بىلەن ئولتۇرۇڭلار. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4705 – [ 11 ]** ( **ضعيف** )**عن أبي هريرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يجلس معنا في المسجد يحدثنا فإذا قام قمنا قياما حتى نراه قد دخل بعض بيوت أزواجه**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن مەسجىددە ئولتۇرۇپ بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بىرەتتى، ئەگەر ئورنىدىن تۇرسا، ھەممىمىز بىراقلا تۇراتتۇق، ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكىچە قاراپ تۇراتتۇق، بەيھەقى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**4706 – [ 12 ]** ( **ضعيف** )**وعن واثلة بن الخطاب قال : دخل رجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو في المسجد قاعد فتزحزح له رسول الله صلى الله عليه وسلم . فقال الرجل : يا رسول الله إن في المكان سعة . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : "**

إن للمسلم لحقا إذا رآه أخوه أن يتزحزح له " . رواهما البيهقي في " شعب الإيمان "

ۋاسلەت ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىددە ئولتۇرغان ئىدى، ئۇ كىشىگە ئورۇن بوشۇتۇپ بەردى، ئۇ ئەر ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئورۇن كەڭرى ئىكەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن مۇسۇلماننىڭ ھەققى بار، ئۇنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن قېرىندىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىشى لازىم، بەيھەقى خاتىرلىگەن، شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن. نۇرغۇن ھەدىسنىڭ مەنىسى سەھىھ بولسىمۇ، ئىسنادى، راۋىسى، يوللىرى جەھەتتىن زەئىپ بولىدۇ.

## [ 5 ] باب الجلوس والنوم والمشي – الفصل الأول

## مېڭىش، ئولتۇرۇش، قانداق يېتىپ ئۇخلاش توغرىسىدا

4707 – [ 1 ] ( صحيح ) عن ابن عمر قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم بفناء الكعبة محتبيا بيديه . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەئبىنىڭ ئىشىك ئالدى تەرەپتە، ئىككى قولىنى ئىككى پاچىقىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ زوڭ ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم.بۇخارى،مۇسلىم.

4708 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن عباد بن تميم عن عمه قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم في المسجد مستلقيا واضعا إحدى قدميه على الأخرى . متفق عليه

ئەببادنىڭ تاغىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىد ئىچىدە، بىر پۇتىنى يەنەبىر پۇتىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئوڭدا ياتقىنىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇخارى،مۇسلىم.

4709 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يرفع الرجل إحدى رجليه على الأخرى وهو مستلق على ظهره . رواه مسلم

جابىر،ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئوڭدا يېتىشىدىن توسقان.مۇسلىم ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالمىسا، شۇ ھالەتتە ياتسا بولىدۇ، چۈنكى، يەنىلا ئەھمەد 15849 _ ھەدىستە، بۇخارى 455_، 5813 _ ھەدىستە، مۇسلىم 3921 _ ھەدىستە، تىرمىزى 2689 _ ھەدىسلەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قىلغانلىقى ، دۇرۇسلىقى باردۇر.بۇ يۇقىردا ئۆتتى.

4710 – [ 4 ] ( صحيح ) وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : لا يستلقين أحدكم ثم يضع رجليه على الأخرى رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھېچ بىر ئىنسان بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتمىسۇن، (چۈنكى، ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

4711 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بينما رجل يتبختر

في بردين وقد أعجبته نفسه خسف به لأرض فهو يتجلجل فيها إلى يوم القيامة " . متفق عليه .

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا بىر كىشى ئېسىل تونلىرى ئىچىدە، چاچلىرى تارالغان، مۇرىسىگە چۇشۇپ تۇرغان ھالدا ئۆز ــ ئۆزىدىن ئەجەپلىنىپ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئاللاھتائالا ئۇنى يەرگە يۇتكۇزۇۋەتتى، ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە زېمىننىڭ ئىچىگە چۆكۈپ، كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەھمەد 10050 ــ ھەدىس، دارىمى 438 ــ ھەدىس، مۇسلىم 3895 ــ ھەدىس، بۇخارى 5343 ــ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھادىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرىكى كىشىلەردە يۈز بەرگەن بولۇپ، بىرگىمۇ قانۇندۇر، مەنسۇخ قىلىنمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە سۆزلەپ بېرىلدى. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاۋھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەردىن بىر كىشى تونى، رىدالىرى ئىچىدە كىبىر قىلغان، پەخىرلەنگەن ھالدا چىقتى، ئاللاھتائالا ئۇنى زېمىننىڭ يۇتۇپ كېتىشىگە بۇيرىدى، زېمىن ئۇنى يۇتىۋەتتى، ئۇ تا قىيامەت كۈنىگىچە زېمىننىڭ ئىچىگە ھەرىكەتلىنىپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، (يەنى قارۇن) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

4712 – [ 6 ] ع لفصل الثاني ن جابر بن سمرة قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم متكئا على وسادة على يساره . رواه الترمذي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياستۇققا يۆلىنىپ، سول يېنىچە ياتقىنىنى كۆرگەن ئىدىم.تىرمىزى توپلىغان .

4713 – [ 7 ] وعن أبي سعيد الخدري قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا جلس في المسجد احتبى بيديه . رواه رزين

ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئولتۇرۇپ قالسا، ئىككى قولىنى ئىككى پاچىقىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، ئىككى قولى بىلەن يۆلىنىپ زوڭ ئولتۇراتتى، رەزىين خاتىرلىگەن.

4714 – [ 8 ] وعن قيلة بنت مخرمة أنها رأت رسول الله صلى الله عليه وسلم في المسجد وهو قاعد القرفصاء . قالت : فلما رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم المتخشع أرعدت من الفرق . رواه أبو داود

قەيلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدتە ، ئىككى قولىنى ئىككى پاچىقىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، ئىككى قولى بىلەن ھالقا قىلىپ يۆگەپ تۇتۇپ،زوڭ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناھايىتى كەمتەر،**الله** تىن قورققۇچى، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغىنىنى كۆرۈپ، قورققىنىمدىن تىترەپ كەتتىم دېيدۇ.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**( حسن ) كان يجلس القرفصاء ( طب ) عن إياس بن ثعلبة**

4914. ئىياس ئىبنى سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرسا ئىككى يوتىسىنى قورسىقىغا چاپلاپ، ئىككى پاچىقىنى ئىككى قولى بىلەن ھالقا قىلىپ، يۆگەپ تۇتۇپ، كاسىسىدا ئولتۇراتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

4715 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن جابر بن سمرة قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا صلى الفجر تربع في مجلسه حتى تطلع

الشمس حسناء . رواه أبو داود

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، كۈن رۇشەن ،ئۇچۇق ـ ئاشكارا چىققانغا قەدەر ناماز ئوقۇغان جايىدا چازانى قۇرۇپ يۆتىسى بىلەن كاسىسىدا ئولتۇراتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن بامداتتىن كېيىن، شەرئەت يولىغا قويىغان، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر دەلىل بولغان، زىكرى تەسبىھ، تەكبىر، قىرائەت، تىلاۋەت، دۇرۇت، سالاملار بىلەن ئىلىم ئېلىش، ئىلىم بېرىش، ئىبادەت بىلەن كۈن چىققىچە مەسجىددە ئولتۇرسا، بەك ياخشى، لېكىن، ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن، جىھاد ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تەسبىھدىن كېيىن ياكى بۇرۇن چىقىپ كەتسە، يولدا ئېيتىۋالسا بۇمۇ دۇرۇس، بۇ ئىشلار مۇستەھەپتۇر.

4716 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن أبي قتادة : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا عرس بليل اضطجع على شقه الأيمن وإذا عرس قبيل الصبح نصب ذراعه ووضع رأسه على كفه . رواه في " شرح السنة "

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىش جەريانىدا كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئارام ئېلىشقا چۈشسە، تېخى كېچە ئۇزۇن بولسا، بېشىغا ياستۇق قويۇپ، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى، سۈبھىدىن، بامدات نامىزىدىن بۇرۇنلا ئارامغا چۈشسە، بېشىنى ئوڭ ئالقىنىغا قويۇپ، بىلىكىنى تىكلەپ، ئازىراق ئارام ئېلىۋالاتتى، يەنى ياتمايتتى. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم تو، سەھىھ.

4717 – [ 11 ] ( لم تتم دراسته ) وعن بعض آل أم سلمة قال : كان فراش رسول الله صلى الله عليه وسلم نحوا مما يوضع في قبره وكان المسجد عند رأسه . رواه أبو داود

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بەزىسىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇخلاش ئۈچۈن سېلىنغان كۆرپىسى، (مېيت ئۈچۈن) قەبرىسگە سېلىنغان نەرسگە ئوخشاش ئاددى ئىدى. نامازگاھى بېشى تەرەپتە ئىدى، ياكى ئۇخلىسا، بېشىنى مەسجىد تەرەپكە قىلىپ يېتىپ ئۇخلايتتى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

4718 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم رجلا مضطجعا على بطنه فقال : " إن هذه ضجعة لا يحبها الله " . رواه الترمذي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركىشىنىڭ قورسىقىنى زېمىنغا قىلىپ، دۈم ياتقىنىنى كۆرۈپ مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بۇ، ئاللاھتائالا ياخشى كۆرمەيدىغان يېتىشتۇر، يەنى قورسىقىنى زېمىنغا قىلىپ، دۈم يېتىشنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم تو، سەھىھ.

4719 – [ 13 ] وعن يعيش بن طخفة بن قيس الغفاري عن أبيه – وكان من أصحاب الصفة – قال : بينما أنا مضطجع من السحر على بطني إذا رجل يحركني برجله فقال : " هذه ضجعة يبغضها الله " فنظرت فإذا هو رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه أبو داود وابن ماجه

سۇپا ئەھلىدىن بولغان تەخپەت ئىبنى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىرچاغدا سەھەرگە يېقىن قورسىقىمنى يەرگە چاپلاپ دۈم ياتسام،بىركىشى مېنى پۇتى بىلەن مىدىرلىتىپ مۇنداق دىدى: ھەققەتەن بۇ خىل يېتىش

يەنى قورسقنى چاپلاپ دۈم يېتىش، ئاللاھتائالا ئۆچ كۆرىدىغان، غەزەپ قىلىدىغان يېتىشتۇر، قارىسام ناگاھان ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىكەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4720 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن علي بن شيبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من بات على ظهر بيت ليس عليه حجاب – وفي رواية : حجار – فقد برئت منه الذمة " . رواه أبو داود . وفي " معالم السنن " للخطابي " حجى

ئەلى ئىبنى شەيبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى ئۆگزىسىنىڭ ئۈستىدە ھىجابسىز، پەردىسىز ئەتراپىنى توسۇپ تۇرىدىغان قورغانسىز ياتسا، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىدىن ئەھدە، كېپىللىك بىكار قىلىندۇ، ئۇ بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئۆزى ئىگە بولىدۇ، (يەنى ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتسە يا بىرەر كېلىشمەسلىك كەلسە، ياكى ھايۋان چېقىۋالسا، بۇ ئۆزىنىڭ شورى بولىدۇ). ئەبۇ داۋۇد 4384 _ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

4721 – [ 15 ] وعن جابرقال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن ينام الرجل على سطح ليس بمحجور عليه . رواه الترمذي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ، ئەتراپى توسۇلمىغان، مۇداپىئەسى بولمىغان ئۆگزىدە ئۇخلىشىدىن توسقان. (چۈنكى، ئۆگزىدە ئۇخلاپ چۈشۈپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

4722 – [ 16 ] ( ضعيف )وعن حذيفة قال : ملعون على لسان محمد صلى الله عليه وسلم من قعد وسط الحلقة . رواه الترمذي وأبو داود

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەجلىس ھالقىسىنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئادەم، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىنغان،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن.ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

4723 – [ 17 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير المجالس أوسعها " رواه أبو داود

ئەبۇ سەئىد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەجلىسلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كەڭرى بولغىنىدۇر، ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى، بەزار، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

4724 – [ 18 ] ( صحيح ) وعن جابر بن سمرة قال : جاء رسول الله صلى الله عليه وسلم وأصحابه جلوس فقال : " ما لي أراكم عزين ؟ " . رواه أبو داود

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ھالقا _ ھالقا بولۇپ، ئايرىم _ ئايرىم ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ، ماڭا نىمە بولدى؟ مەن سىلەرنى مۇتەپەررىق كۆردۇمغۇ؟ بىر جايغا يىغىلىپ ئولتۇرماپسىلەرغۇ؟ دېدى. مۇسلىم 651 _ ھەدىسنىڭ بىر قىسمى، ئەھمەد 19958 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئىلمى مەجلىسدە، بىر يەرگە توپلۇشۇپ، دانا، ئالىمنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاش چىقىشىدۇ.

4725 – [ 19 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا كان أحدكم في الفيء فقلص الظل

فصار بعضه في الشمس وبعضه في الظل فليقم " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چۈشلۈك سايىدا بولۇپ قالسا، سايە كاملاپ يۆتكىلىشكە باشلىسا، يېرىمى سايىدا، يېرىمى ئاپتاپتا بولۇپ قالسا، دەرھال قوپۇپ كەتسۇن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. چۈنكى، راۋىيلار ئارىسىدا نامەلۇم كىشى بار، ئۇ مۇخلەد دېگەن كىشى، شۇنداقلا ئېنىق بولمىغان ئىسىم بار.بىر كىشىدىن دېگەن سۆز بار.

4726 – [ 20 ] ( لم تتم دراسته ) وفي "شرح السنة " عنه . قال : " وإذا كان أحدكم في الفيء فقلص عنه فليقم فإنه مجلس الشيطان " . هكذا رواه معمر موقوفا

شەرھى سۈننەدە سىلەردىن بىرسى چۈشلۈك سايىدا بولۇپ قالسا، سايە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىسا، دەرھال قوپۇپ كەتسۇن، دەل شۇنداق جاي شەيتاننىڭ جايى دېيىلگەن، مەئمەر مەۋقۇپ ھالدا خاتىرلىگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇياش سايىسىدا بولسا، سايە تارتىلىپ، كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، بىر قىسمى سايىدا بىر قىسمى ئاپتاپتا بولۇپ قالسا، قوپۇپ كەتسۇن، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، سەھىھ توپلامنىڭ 748 ـ ھەدىسى.

4727 – [ 21 ] وعن أبي أسيد الأنصاري أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول وهو خارج من المسجد فاختلط الرجال مع النساء في الطريق فقال للنساء : " استأخرن فإنه ليس لكن أن تحققن الطريق عليكن بحافات الطريق " . فكانت المرأة تلصق بالجدار حتى إن ثوبها ليتعلق بالجدار . رواه أبو داود والبيهقي في " شعب الإيمان "

ئۇسەيدىلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئەرلەرنىڭ يولدا ئاياللار بىلەن بىللە ئارىلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئاياللارغامۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار، ئەرلەردىن كېيىنرەك مېڭىڭلار، يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا مېڭىشىڭلار دۇرۇس بولمايدۇ، سىلەر دېگەن يولنىڭ بىر چېتىدە مېڭىشىڭلار لازىم،(يەنى ئېپپەتلىك ھايالىق بولۇش)ئۇچاغلاردا ئاياللار تامغا چاپلىشىپ ماڭاتتى، ھەتتا كىيىمى تامغا ئىلىنىپ قالاتتى.بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىز بۇ ئىشىكنى يەنى مەسجىدنىڭ بىر ئىشىكىنى ئاياللارنىڭ كىرىپ ــ چىقىشى ئۈچۈن قالدۇرغان بولساق ھە! (ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاياللار كىرىدىغان ئىشكدىن ئەرلەرنىڭ كىرىشىنى قاتتىق توسقان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكىچە مەسجىدكىمۇ ئاياللار ئىشىكىدىن كىرمىگەن)، ئەبۇ داۋۇد 391 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللا؛ ئاياللار مەسجىددە كىرىپ ــ چىقىشتا ئەرلەردىن ئايرىم بولۇشى كېرەك دېگەن، ھازىر ئاياللار مەسجىدنى ئايرىم سالسا، ئىمامنىڭ ئاۋازىنى،مىكروپۇن، زوۋكىدىن ئاڭلاپ ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ.

( حسن ) ليس للنساء وسط الطريق ( هب ) عن أبي عمرو ابن حماس وأبي هريرة

ئەبۇ ئەمرۇ، ئىبنى ھىماس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **ئاياللارنىڭ يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مېڭىشى دۇرۇس ئەمەس**. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

4728 – [ 22 ] ( ضعيف )موضوعون ابن عمر : أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى أن يمشي – يعني الرجل – بين المرأتين .

رواه أبو داود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر كىشىنىڭ ئىككى ئايال ئوتتۇرىسىدا مېڭىشىدىن توسقان دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەبۇ داۋۇد 4589 _ ھەدىس. ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس يالغان دېگەن، ئەلبانىنىڭ ئەبۇ داۋۇدنى تەكشۈرگەن كىتابىدا بار، چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ بىر راۋىيسى داۋۇد ئىبنى ئەبۇ سالىھ دېگەن كىشى توغرىسىدا ئالىملار مۇنداق دېگەن؛ بۇخارى رەھمەھۇللا: ھەدىسى تونۇلمايدۇ دېگەن، ئەبۇ زەرئەت؛ ھەدىسى مۇنكەر دېگەن. ئەبۇ ھاتەم؛ ئۇ نامەلۇم ھەدىسلىرى مۇنكەر دېگەن، ئىبنى ھەببان؛ بۇ كىشى يالغان ھەدىس سۆزلەيدۇ دېگەن، ئىمام زەھەبى؛ ئۇنىڭ ھەدىسلىرى مۇنكەر دېگەن، خۇلاسە، بۇ ھەدىسنى يالغان دېگەن بەزىلەر مۇنكەر زەئىپ دېگەن.

4729 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته ) وعن جابر بن سمرة قال : كنا إذا أتينا النبي صلى الله عليه وسلم جلس أحدنا حيث ينتهي . رواه أبو داود وذكر حديثا عبد الله بن عمرو في " باب القيام " وسنذكر حديث علي وأبي هريرة في " باب أسماء النبي صلى الله عليه وسلم وصفاته " إن شاء الله تعالى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەك قالساق، ھەربىرىمىز ئۆزى يېتىپ بارغان جايىدىلا ئولتۇراتتى.يەنى ئورۇن بۇشتۇشمايتتى، تۆر تالاشمايتتى. ئەبۇ داۋۇد تو.

4730 – [ 24 ] الفصل الثالث  عن عمروبن الشريد عن أبيه قال : مر بي رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا جالس هكذا وقد وضعت يدي اليسرى خلف ظهري واتكأت على ألية يدي . قال : " أتقعد قعدة المغضوب عليهم رواه أبو داود

ئەمرۇنىڭ دادىسى شەرىيدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتكەندە، مەن مانامۇشۇنداق، سول قولۇمنى ئارقامغا قويۇپ، ئوڭ قولۇمنىڭ ئالقان گۆشىگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتىم، مېنى كۆرۈپ؛ غەزەپ قىلىنغان مۇتەكەببىر يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇرغىنىدەك ئولتۇردۇڭمۇ؟دېدى. ئەبۇ داۋۇد تو.

4731 – [ 25 ] وعن أبي ذر قال : مر بي النبي وأنا مضطجع على بطني فركضني برجله وقال : " يا جندب إنما هي ضجعة أهل النار " . رواه ابن ماجه

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،مەن قۇرسىقىمچە دۈم ياتسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمدىن ئۆتۈپ، مېنى پۇتى بىلەن تېپىپ مىدىرلىتىپ؛ ئى جۇندۇب! بۇ دېگەن دوزەخ ئەھلىنىڭ يېتىشىدۇر دېدى.ئىبنى ماجە توپلىغان.

[ 6 ] باب العطاس والتثاؤب – الفصل الأول          چۈچكۈرۈك ۋە ئەسنەش توغرىسىدا

4732 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله يحب العطاس ويكره التثاؤب فإذا عطس أحدكم وحمد الله كان حقا على كل مسلم سمعه أن يقول : يرحمك الله . فأما التثاؤب فإنما هو من الشيطان فإذا تثاءب أحدكم فليرده مااستطاع فإن أحدكم إذا تثاءب ضحك منه الشيطان " . رواه البخاري وفي رواية لمسلم : " فإن أحدكم إذا قال : ها ضحك الشيطان منه "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن

ئاللاھتائالا بەندىسىنىڭ چۈچكۈرۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەسنەشلىرىنى يامان كۆرىدۇ، (مەخسەت، روھلۇق، چېچەن، تېتىك بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، مىس ــ مىس ھورۇننى يامان كۆرىدۇ)، بىرىڭلار چۈشكۈرۈپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتسا، ئۇنى ئاڭلىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مۇنداق دېيىشى ھەق بولىدۇ؛« يەرھەمۇكەللاھ، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن»، ئەمما، ئەسنەشكە كەلسەك، ھەققەتەن ئۇ شەيتان تەرەپدىن بولىدۇ، بىرىڭلار ئەسنەپ قالسا، ئامال بار قادىر بولۇشچە ئۇنى قايتۇرسۇن،بىرىڭلار ئەسنەپ، ئەگەر ئۇ؛ ھا! دېسە، شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە شەيتان كىرىۋالىدۇ، شەيتان مۇسۇلمانلارنى ھورۇنلاشتۇرىدۇ، سۇسلاشتۇرىدۇ) ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4733 – [ 2 ]** ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا عطس أحدكم فليقل : الحمد لله وليقل له أخوه – أو صاحبه – يرحمك الله . فإذا قال له يرحمك الله فليقل : يهديكم الله ويصلح بالكم " رواه البخاري

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرسە، ئەلھەمدۇلىللاھ دېسۇن، شۇنداق دېسە، قېرىندىشى ياكى ھەمراھى يەرھەمۇكەاللە دېسۇن، ئاندىن ئۇ شۇنداق دېسە، چۈشكۈرگۈچى؛ يەھدىيكۇمۇللا ۋەيۇسلىھ، بالەكۇم دىسۇن، ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرسە، بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر دىسۇن، يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن دىسۇن، ئاندىن ئۇ جاۋابەت، ئاللاھ بىزگە ۋەسىلەرگە مەغپىرەت قىلسۇن دىسۇن، بۇ ھەدىسنى تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى مەسئۇددىن، ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب، سالىم ئىبنى ئۇبەيددىن توپلىغان، سەھىھ.

**4734 – [ 3 ]** ( متفق عليه ) وعن أنس قال : عطس رجلان عند النبي صلى الله عليه وسلم فشمت أحدهما ولم يشمت الآخر . فقال الرجل : يا رسول الله شمت هذا ولم تشمتني قال : " إن هذا حمد الله ولم تحمد الله " . متفق عليه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىككى كىشى چۈچكۈردى، بىرىگە جاۋاپ قايتۇرۇپ، يەنەبىرىگە جاۋاپ قايتۇرمىدى، يەنەبىركىشى؛ ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! بۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرۇپ، ماڭا جاۋاپ قايتۇرمىدىلىغۇ؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇكىشى اللە قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتتى،سەن ئەيتمىدىڭ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**4735 – [ 4 ]** ( صحيح ) وعن أبي موسى قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إذا عطس أحدكم فحمد الله فشمتوه وإن لم يحمد الله فلا تشمتوه " . رواه مسلم

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرۈپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتسا، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن دەپ جاۋاب بىرىڭلار، ئەگەر ھەمدۇ ــ سانا ئېيتمىسا، جاۋاب بەرمەڭلار، مۇسلىم، ئەھمەد، بۇخارى ئەدەبتە توپلىغان، سەھىھ.

**4736 – [ 5 ]** ( صحيح ) وعن سلمة بن الأكوع أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم وعطس رجل عنده فقال له : " يرحمك الله " ثم عطس أخرى فقال : " الرجل مزكوم " . رواه مسلم وفي رواية الترمذي أنه قال له في الثالثة : " إنه مزكوم "

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا بىر كىشى چۈچكۈردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ يەرھەمۇكەاللە دېدى، ئاندىن ئۇكىشى يەنە چۈچكۈرۈيتى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇكىشى زۇكام

كېسىلى ئىكەن دېدى.يەنەبىردە؛ئۈچۈنجى قېتىم شۇنداق دېدى.مۇسلىم،تىرمىزى توپلىغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرسە، بىللە ئولتۇرغان كىشى جاۋاب قايتۇرسۇن، ئەگەر ئۈچ قېتىمدىن زىيادە چۈشكۈرسە، ئۇ زۇكام كېسىلى بولىدۇ، ئۈچ قېتىمدىن كېيىن جاۋاب قايتۇرمىسمۇ بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، توپلىغان، سەھىھ.

**4737 – [ 6 ]** ( صحيح ) **وعن أبي سعيد الخدري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: " إذا تثاءب أحدكم فليمسك بيده على فمه فإن الشيطان يدخل " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ئەسنەپ قالسا، قولنى ئاغزىغا قويىۋالسۇن، چۈنكى، شەيتان ئەسنەش بىلەن كىرىۋالىدۇ، مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار نامازدا ئەسنىسە، قادىر بولىشىچە، بېسىۋېلىپ توختىتىۋالسۇن، چۈنكى، شەيتان شۇنىڭ بىلەن كىرىۋالىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4738 – [ 7 ] الفصل الثاني** ( إسناده جيد ) **عن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم كان إذا عطس غطى وجهه بيده أو ثوبه وغض بها صوته . رواه الترمذي وأبو داود . وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشكۈرسە، قولىنى ياكى كىيىمىنى يۈزىگە،ئاغزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ توساتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى پەس قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرگەندە، قولىنى، ئالقىنىنى يۈزىگە ئاغزىغا قويۇپ ئاۋازىنى پەس قىلسۇن، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**4739 – [ 8 ]** ( إسناده جيد ) **وعن أبي أيوب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا عطس أحدكم فليقل : الحمد لله على كل حال وليقل الذي يرد عليه : يرحمك الله وليقل هو : يهديكم ويصلح بالكم " رواه الترمذي والدارمي**

ئەبۇ ئەييۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرسە، ھەرھالدا بارلىق ھەمدۇ ـــ سانا ئاللاھقا خاستۇر دېسۇن، ئەتراپىدىكى كىشىلەر؛ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن دېسۇن، ئاندىن ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە؛ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، ئىشىڭلارنى ئوڭشىسۇن دېسۇن، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە،دارىمى، بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ.

**4740 – [ 9 ]** ( إسناده جيد ) **وعن أبي موسى قال : كان اليهود يتعاطسون عند النبي صلى الله عليه وسلم يرجون أن يقول لهم : يرحمكم الله فيقول : " يهديكم الله ويصلح بالكم " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا چۈچكۈرۈپ قالسا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا؛«**الله** سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن » دېيىشىنى بەكمۇ ئۈمۈت قىلاتتى، لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئۇنداق دېمەي، **الله** سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، ئىشىڭلارنى، ھازىرقى ھالىڭلار ئىسلاھ قىلىپ ئوڭشىسۇن دەيتتى. تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان، ئىسنادى جەييىد.

| |
|---|
| **4741 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن هلال بن يساف قال : كنا مع سالم بن عبيد فعطس رجل من القوم فقال : السلام عليكم . فقال له سالم : وعليك وعلى أمك . فكأن الرجل وجد في نفسه فقال : أما إني لم أقل إلا ما قال النبي صلى الله عليه وسلم إذ عطس رجل عند النبي صلى الله عليه وسلم فقال : السلام عليكم فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " عليك وعلى أمك إذا عطس أحدكم فليقل : الحمد لله رب العالمين وليقل له من يرد عليه : يرحمك الله وليقل : يغفر لي ولكم " رواه الترمذي وأبو داود**<br><br>هىلال رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئىدۇق، بىركىشى چۈچكۈرۈپ؛ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېدى، سالىم؛ ساڭا ۋە ئاناڭغا سالام بولسۇن دېدى، ئۇكىشى خاپا بولۇپ ئاچچىقلانغاندا، سالىم ؛ مەن پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دېگەن سۆزىنى دېدىم، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا چۈچكۈرۈپ؛ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ساڭا ۋە ئاناڭغا سالام بولسۇن دەپ، ئاندىن مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرسە، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر دىسۇن، يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا؛ ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن دىسۇن، ئاندىن ئۇ جاۋابەن؛ ئاللاھ بىزگە ۋەسىلەرگە مەغپىرەت قىلسۇن دىسۇن، بۇ ھەدىسنى تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب، سالىم ئىبنى ئۇبەيدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ. |
| **4742 – [ 11 ] ( لم تتم دراسته )وعن عبيد بن رفاعة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " شمت العاطس ثلاثا فإن زاد فشمته وإن شئت فلا " . رواه أبو داود والترمذي وقال : هذا حديث غريب**<br><br>ئۇبەيد ئىبنى رىپائەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: چۈشكۈرگەن كىشىگە ئۈچ قېتىم جاۋاب قايتۇر، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، خالىساڭ جاۋاب قايتۇر، خالىساڭ قايتۇرما، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن، زەئىپلىك گۇمان بار. |
| **4743 – [ 12 ] وعن أبي هريرة قال : " شمت أخاك ثلاثا فإن زاد فهو زكام " . رواه أبو داود وقال : لا أعلمه إلا أنه رفع الحديث إلى النبي صلى الله عليه وسلم**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈشكۈرگەن قېرىندىشىڭغا ئۈچ قېتىم يەرھەمەكەللاھ دەپ جاۋاب بەرگىن، ئۈچ قېتىمدىن ئېشىپ كەتسە، ھەققەتەن ئۇ بىرەر كىسەلنىڭ چۈششى ياكى زۇكام بولىدۇ، (بۇنىڭغا جاۋاب يوق) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى سىنا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن. |
| **4744 – [ 13 ] ( إسناده جيد ) الفصل الثالث عن نافع : أن رجلا عطس إلى جنب ابن عمر فقال : الحمد لله والسلام على رسول الله صلى الله عليه وسلم قال ابن عمر : وأنا أقول : الحمد لله والسلام على رسول الله وليس هكذا . علمنا رسول الله صلى الله عليه وسلم أن نقول : الحمد لله على كل حال . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**<br><br>نايپئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛بىركىشى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا چۈچكۈرۈپ؛ ئەلھەمدۇ لىللاھى ۋەسسالاتۇ ئەلا رەسۇلۇللاھى دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەنمۇ بۇ ئىككى ئۇلۇغ زىكرىنى دىيمەن، لېكىن چۈچكۈرۈككە بۇنداق دىمەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە «ئەلھەمدۇ لىللاھى ئەلا كۇللى ھال» دىيىشىمىزنى ئۆگۈتۈپ قويغان دېدى.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ. |

| [ 7 ] باب الضحك – الفصل الأول كۈلۈش مەسىلىسى توغرىسىدا |
|---|
| 4745 – ( صحيح ) عن عائشةرضي الله عنها قالت : ما رأيت النبي صلى الله عليه وسلم مستجمعا ضاحكا حتى أرى منه لهواته إنما كان يتبسم . رواه البخاري<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېغىزىنىڭ تامىغاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغانغا قەدەر بەك كۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا كۈلەتتى. بۇخارى توپلىغان. |
| 4746 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن جرير قال : ما حجبني النبي صلى الله عليه وسلم منذ أسلمت ولا رآني إلا تبسم . متفق عليه<br><br>جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپلا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن پەردىلىنىۋالمىدى، مىنى ئۆيىگە كىرىشتىن ۋە باشقا ئىشلىرىمدىن توسمىدى، سورسالا بىرەتتى، مىنى كۆرسىلا تەبەسسۇم قىلىپ كۈلەتتى.مۇسلىم، بۇخارى توپلىغان. |
| 4747 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن جابر بن سمرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يقوم من مصلاه الذي يصلي فيه الصبح حتى تطلع الشمس فإذا طلعت الشمس قام وكانوا يتحدثون فيأخذون في أمر الجاهلية فيضحكون ويبتسم صلى الله عليه وسلم . رواه مسلم . وفي رواية للترمذي : يتناشدون الشعر<br><br>جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، كۈن چىققانغا قەدەر ناماز ئوقۇغان جايىدا قوپماي ئولتۇراتتى، كۈن چىقىپ بولغاندا ئاندىن ئورنىدىن تۇراتتى، ئۇلار سۆزلىشىپ جاھالىيەتتىكى ئىشلارنى تىلغا ئېلىشىپ كۈلۈشۈپ كىتەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا كۈلەتتى، ئەھمەد، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا كۈلەتتى، يەنى كۈلسە، تەبەسسۇم قىلاتتى خالاس. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. |
| 4748 – [ 4 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته ) عن عبد الله بن الحارث بن جزء قال : ما رأيت أحدا أكثر تبسما من رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه الترمذي<br><br>ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ كۆپرەك تەبەسسۇم قىلىپ كۈلىدىغان بىرەر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم.تىرمىزى توپلىغان. |
| 4749 – [ 5 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن قتادة قال : سئل ابن عمر : هل كان أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم يضحكون ؟ قال : نعم والإيمان في قلوبهم أعظم من الجبل . وقال بلال بن سعد : أدركتهم يشتدون بين الأغراض ويضحك بعضهم إلى بعض فإذا كان الليل كانوا رهبانا . رواه في " شرح السنة "<br><br>قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېدى؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىمۇ كۈلەمتى؟دەپ سورالسا، ئۇ؛ ھەئە كۈلەتتى، ۋەھالەنكى ئىمان ئۇلارنىڭ قەلبىدە تاغدىنمۇ چوڭراق ئىدى دېدى. بىلال ئىبنى سەئد رەھ مۇنداق دېدى؛ مەن ئۇلارنى كۈندۈزى غەرەز-مەقسەت، |

نشانلىرىغا يىتىشتە قاتتىق چىڭ تۇرىدىغان، بەزىسى بەزىسىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كېتىدىغان،كېچىسى بولسا، تەركى دۇنيا بولۇپ قاتتىق ئىبادەت قىلىپ كېتىدىغان تاپتىم.شەرھىسسۇننى.ئىمام نەۋەۋىي ياخشىلارنىڭ باغچىسى دېگەن كىتابىدا، ساھابىلار ـ تابىئىنلارنىڭ كۆپۈنچىسى قىرىق ياشتىن ئاشسا، ئۆزىنى ئىلىم ـ ئىبادەت، جىھادقا ئاتايتتى دەپ يازغاندۇر.

**[ 8 ] باب الأسامي – الفصل الأول** ئىسىم قويۇش توغرىسىدا

**4750 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أنس قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم في السوق فقال رجل : يا أبا القاسم فالتفت إليه النبي صلى الله عليه وسلم فقال : إنما دعوت هذا . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " سموا باسمي ولا تكنوا بكنيتي . متفق عليه**

ئىبنى ئابباس،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازاردا تۇرسا، بىركىشى؛ ئى ئەبۇلقاسىم!دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇكىشىگە قارىسا، ئۇكىشى؛ مەن سىلىنى ئەمەس بۇنى چاقىرغان ئىدىم دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، مېنىڭ كىنايە ئىسمىم بىلەن كىنايە ئىسىم قويماڭلار، بۇخارى،مۇسلىم،تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4751 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " سموا باسمي ولا تكنوا بكنيتي فإني إنما جعلت قاسما أقسم بينكم " متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويساڭلار بولىدۇ، كىنايە ئىسمىم بىلەن كىنايە قىلىپ ئاتىماڭلار، ھەقىقەتەن مەن تەقسىم قىلغۇچى قاسىم بولۇپ ئەۋەتىلدىم، مەن ئاراڭلارغا تەقسىم قىلىمەن، (يەنى ئىلىمنى، غەنىيمەتنى، مىراسلارنى تەقسىم قىلىمەن) بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4752 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أحب أسمائكم إلى الله : عبد الله وعبد الرحمن " رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىدە ئىسىملىرىڭلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، ئابدۇللاھ، ئابدۇراھمان.... قاتارلىق ئىسىملاردۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. «**الله** نىڭ ئىسىم ــ سۈپەتلىرىگە ئابدۇ، بەندە، قۇل دېگەننى قوشۇپ قويسا ياخشى بولىدۇ» ئەبۇ سەبرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باللىرىڭلارغا قويىماقچى بولغان ئىسىملىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئابدۇللاھ، ئابدۇراھمان، ھارىس قاتارلىقلاردۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4753 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن سمرة بن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تسمين غلاما يسارا ولا رباحا ولانجيحا ولا أفلح فإنك تقول : أثم هو ؟ فلا يكون فيقول لا " رواه مسلم . وفي رواية له قال : " لا تسم غلاما رباحا ولا يسارا ولا أفلح ولا نافعا "**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئوغلۇڭغا رەباھ، ئەپلەھ، يەسسار، نەجىيھ دېگەن ئىسىملارنى قويمىغىن، چۈنكى، ئۇ راستىنلا پايدا ئالغۇچى، نىجات تاپقۇچى،

ئاسانلىقتا ئېرىشكۈچىمۇ؟ دېيىلسە، ياق دېيىلىدۇ، بۇ ياخشى بولمايدۇ. سەن بالاڭغا رەباھ، يەسسار، ئەپلەھ، ناپىئ دېگەن ئىسىملارنى قويما، ئۇنداق ئاتىمىغىن. ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4754 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن جابر قال أراد النبي صلى الله عليه وسلم أن ينهي عن أن يسمى بيعلى وببركة وبأفلح وبيسار وبنافع وبنحو ذلك . ثم سكت بعد عنها ثم قبض ولم ينه عن ذلك . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەئلا، بەركەت، ئەپلەھ، يەسسار، ناپىئ قاتارلىق ئىسىملارنى قويۇشتىن توسماقچى بولۇپ، ئاندىن كېيىن توسماي جىم تۇردى، ئاندىن يۇقىرقى ئىسىملارنى قويۇشتىن توسمايلا ۋاپات بولۇپ كەتتى.مۇسلىم توپلىغان.

**4755 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أخنى الأسماء يوم القيامة عند الله رجل يسمى ملك الأملاك " . رواه البخاري . وفي رواية لمسلم قال : " أغيظ رجل على الله يوم القيامة وأخبثه رجل كان يسمى ملك الأملاك لا ملك إلا لله "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئىسىملارنىڭ، ئاللاھنىڭ نەزلىدە ئەڭ قەبىھرەكى، پادىشاھلار پادىشاھى دەپ ئاتالغان كىشىنىڭ ئىسمىدۇر، ئاللاھدىن باشقا ئىككى ئالەملىك ھەق پادىشاھ يوقتۇر، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن، ئاللاھقا ئەڭ ئۆچ، دۈشمەن كىشى، نىجىس كىشى بولسا، ئاللاھنىڭ ئەڭ قاتتىق غەزىپى چۈشىدىغان كىشى بولسا، مەلىكۇلئەملاك، شاھىنشاھ يەنى پادىشاھلار پادىشاھى دەپ ئاتالغان كىشىدۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەق پادىشاھ يوق، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزلىدە، ئەڭ قەبىھ ئىسىم، ھاقارەتلىك ئىسىم بولسا، مەلىكۇلئەملاك، شاھىنشاھ يەنى پادىشاھلار پادىشاھى دەپ ئاتالغان ئەردۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ غەزىپى، ئۆزىنى پادىشاھلار پادىشاھى دەپ داۋا قىلغان كىشىگە قاتتىق بولىدۇ، ئاللاھدىن باشقا ئىككى ئالەملىك ھەق پادىشاھ يوقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ھارىس توپلىغان، سەھىھ.

**4756 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن زينب بنت أبي سلمة قالت : سميت برة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم " لا تزكوا أنفسكم الله أعلم بأهل البر منكم سموها زينب " . رواه مسلم**

زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مېنىڭ ئىسمىم بەررەت ئىدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئىسمىمنىڭ بەررەت يەنى ياخشى كىشى دېگەن بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاقلاپ، ياخشى دەۋالماڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ياخشىلىق ئەھلىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ، بۇرۇنلا بىلەتتى، سىلەر ئۇنى زەينەپ دەپ ئاتاڭلار دېگەن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4757 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : كانت جويرية اسمها برة فحول رسول الله صلى الله عليه وسلم اسمها جويرية وكان يكره أن يقال : خرج من عند برة . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، جۇۋەيرىييەنىڭ ئىسمى بەررەت ئىدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ياخشى كىشىنىڭ، ياخشىلىقنىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقتى دېيىلىشىنى ياقتۇرماي، ئۇنىڭ ئىسمىنى جۇۋەيرىييەگە ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى.مۇسلىم.

**4758 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر أن بنتا كانت لعمر يقال لها : عاصية فسماها رسول الله صلى الله عليه وسلم جميلة رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنهۇنىڭ بىر قىزى ئاسىيە(يەنى ئەيىن بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچى)دەپ ئاتىلاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنى جەمىيلە دەپ ئاتىدى.مۇسلىم.

**4759 – [ 10 ] ( متفق عليه ) وعن سهل بن سعد قال أتي بالمنذر بن أبي أسيد إلى النبي صلى الله عليه وسلم حين ولد فوضعه على فخذه فقال : " وما اسمه ؟ " قال : فلان : " لاولكن اسمه المنذر " . متفق عليه**

سەهلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، مۇنزىر تۇغۇلغاندا ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى يوتىسىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ؛ بۇنىڭ ئىسمى نىمە؟دېدى، ئۇنى ئېلىپ كەلگەن كىشى: بۇنىڭ ئىسمى پالانى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ياق، لېكىن بۇنىڭ ئىسمى مۇنزىر بولسۇن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىسمىنى ئۆزگەرتسە، ياكى ئىسىم قويسا، بۇنىڭ ئىسمى پالانى بولسۇن دېسىلا دۇرۇستۇر.

**4760 – [ 11 ] ( صحيح )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يقولن أحدكم عبدي وأمتي كلكم عباد الله وكل نسائكم إماء الله . ولكن ليقل : غلامي وجاريتي وفتاي وفتاتي . ولا يقل العبد : ربي ولكن ليقل : سيدي " وفي رواية : " ليقل : سيدي ومولاي " . وفي رواية : " لا يقل العبد لسيده : مولاي فإن مولاكم الله "رواه مسلم**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇللىرىنى دېدەك، چۆرىسىنى: ئەبدى، ئەمەتى دېمىسۇن، ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاياللىرىڭلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى، لېكىن، ئۇ؛ غولامى، جارىيەتى، پەتايە، پەتاتى دېسۇن، يەنى بەندەم دېمەي، ئوغلۇم، ياش خادىم، خىزمەتچىم دېسۇن. قۇل، خوجايىنىنى رەببىم دېمىسۇن، بەلكى، سەييىدى، مەۋلايە دېسۇن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇلىنى بەندەم دېمىسۇن، قۇل، خوجايىنىنى رەببىم دېمىسۇن، خوجايىن، ياش يىگىتىم، خىزمەتچى خادىم دېسۇن، قۇل بولسا، سەييىدى خوجايىنىم دېسۇن. چۈنكى، سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ بەندىسى، قۇلى، رەببىڭلار بولسا، بىر ئاللاھلامدۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4761 – [ 12 ] ( صحيح ) وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تقولوا : الكرم فإن الكرم قلب المؤمن " . رواه مسلم**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۈزۈمنى كەرەم دېمىسۇن، چۈنكى، كەرەم يەنى سېخى دېگەن مۆئمىننىڭ قەلبىدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئىسمىنى، ئاتالغۇلارنى توغرا تاللاپ قويۇڭلار.

**4762 – [ 13 ] ( صحيح ) وفي رواية له عن وائل بن حجر قال : " لا تقولوا : الكرم ولكن قولوا : العنب والحبلة "**

ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۈزۈمنى كەرەم دېمەي، بەلكى، ئىنەب، ھەبلەت يەنى ئۈزۈم، باراڭ ـ تال دەڭلار، (كەرەم دېگەن سېخى كىشى دېگەن بولىدۇ). مۇسلىم 4176 ــ ھەدىس

| |
|---|
| **4763 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تسموا العنب الكرم ولا تقولوا : يا خيبة الدهر فإن الله هو الدهر " . رواه البخاري**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈزۈمنى كەرىم دەپ ئاتىماڭلار. (چۈنكى، يەنە بىر مەنىسى سېخى دىگەن بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ كەرىمدۇر). ھەي زامانىنىڭ زىيىنى، ھالاكىتى دىمەڭلار، چۈنكى، ئاللاھ زامانىنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرىدۇ.بۇخار بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. |
| **4764 – [ 15 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يسب أحدكم الدهر فإن الله هو الدهر " . رواه مسلم**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر زامانىنى(بالايى _ئاپەت ھادىسلەرنى) تىللىماڭلار، ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى، زامانىنى ئاللاھ تەدبىرى بىلەن باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بىرىڭلار زامانىنى تىللىمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زامانىنى تەدبىرى بىلەن باشقۇرغۇچىدۇر، بىرىڭلار ئۈزۈمنى كەرەم دىمىسۇن، ھەقىقەتەن كەرەم يەنى سېخى كىشى دىگەن مۇسۇلمان كىشىدۇر. مۇسلىم . |
| **4765 – [ 16 ] ( متفق عليه ) وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يقولن أحدكم : خبثت نفسي ولكن ليقل : لقست نفسي " . متفق عليه و ذكر حديث أبي هريرة : " يؤذيني ابن آدم " في " باب الإيمان "**<br><br>سەھلى، ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار نەپسىم نىجىس بولدى دىمىسۇن، لىكىن، نەپسىم ئاجىزلاشتى، سىقىلدى، تاقەتسىز بولۇپ قالدى دىسۇن. بۇخارى 5711 _ ھەدىس، مۇسلىم 4180 _ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ت، سەھىھ. |
| **4766 – [ 17 ] الفصل الثاني ( إسناده جيد ) عن شريح بن هانئ عن أبيه أنه لما وفد إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم مع قومه سمعهم يكنونه بأبي الحكم فدعاه رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " إن الله هو الحكم فلم تكنى أبا الحكم ؟ " قال : إن قومي إذا اختلفوا في شيء أتوني فحكمت بينهم فرضي كلا الفريقين بحكمي . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أحسن هذا فما لك من الولد ؟ " قال : لي شريح ومسلم وعبد الله قال : " فمن أكبرهم ؟ " قال قلت : شريح . قال فأنت أبو شريح " . رواه أبو داود والنسائي**<br><br>شۇرەيھنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قەۋمى بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئۇنى «ئەبۇلھەكەم» دەپ كىنايە قىلىدىغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چاقىرتىپ؛ ھەقىقەتەن ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى بىر **الله** تۇر، ھۆكۈم قىلىش **الله** قىلا خاستۇر، سەن نىمە ئۈچۈن ئەبۇلھەكەم دەپ كىنايە قىلىنىپ قالدىڭ؟دىدى، ئۇ: قەۋمىم بىرەر نەرسىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، مىنىڭ قېشىمغا كىلىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قۇياتتىم، ھەر ئىككىلى تەرەپ مىنىڭ ھۆكمىگە رازى بۇلاتتى، (شۇڭا مىنى شۇنداق كىنايە قىلىشىدۇ)دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ ئىشنىڭ نىمە دىگەن ياخشى ھە!(ئەمدى بۇنىڭدىن كىيىن **الله** نىڭ ھۆكمى بىلەنلا ھۆكۈم قىلىپ قويغىن) نەچچە بالاڭ بار؟دىدى، ئۇ: شۇرەيھ ، مۇسلىم ، ئابدۇالله دەپ ئۈچ بالام بار دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلارنىڭ قايىسسى ئەڭ چوڭى؟دىدى، مەن؛ شۇرەيھ ئەڭ چوڭى دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ سىنىڭ كىنايە ئىسمىڭ ئەبۇشۇرەيھ بولسۇن دىدى. ئەبۇ داۋۇد ،نەسەئى توپلىغان سەھىھ. |

**4767 – [ 18 ] ( ضعيف )وعن مسروق قال : لقيت عمر فقال : من أنت ؟ قلت : مسروق بن الأجدع . قال عمر : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الأجدع شيطان " رواه أبو داود وابن ماجه**

مەسرۇق رەھمەھۇللادىن، مەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچراشتىم، ئۇ سەن كىم دېدى؟ مەن ئەجدەئ ئوغلى مەسرۇق دېدىم، ئۇ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەجدەئ دېگەن شەيتان دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى،ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن.شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.

**4768 – [ 19 ] ( ضعيف )وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تدعون يوم القيامة بأسمائكم وأسماء آبائكم فأحسنوا أسمائكم " رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئىسمىڭلار بىلەن ۋە ئاتا ــ بوۋاڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسمىڭلارنى گۈزەل قويۇڭلار، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئىمام ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.

**4769 – [ 20 ] وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم ؟ نهى أن يجمع أحد بين اسمه وكنيته ويسمى أبا القاسم . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن كىنايە ئىسمىنى، بىرەر كىشىنىڭ بىرلەشتۈرۈپ، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىۋېلىشىدىن، ئەبۇلقاسىم دەپ ئىسىم قويۇۋېلىشتىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4770 – [ 21 ] ( منكر )وعن جابر : أن النبي صلى الله عليه وسلم ؟ قال : " إذا سميتم باسمي فلا تكتنوا بكنيتي " . رواه الترمذي وابن ماجه . وقال الترمذي : هذا حديث غريب . وفي رواية أبي داود قال : " من تسمى باسمي فلا يكتن بكنيتي ومن تكنى بكنيتي فلا يتسم باسمي "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇپ قالساڭلار، كىنايە ئىسىم بىلەن كىنايە قىلماڭلار، ئىبنى ماجە، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب دېگەن، ئەبۇ داۋۇدنىڭ خاتىرىسىدە ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويغان كىشى كىنايە ئىسمىم بىلەن كىنايە قىلمىسۇن، كىنايە ئىسمىم بىلەن كىنايە قىلغان كىشى ئىسمىمنى ئىسىم قويمىسۇن، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىسنى تەكشۈرۈپ مۇنكەر دېگەن. چۈنكى راۋىيلاردا مەسىلە بار، لېكىن، بۇ توغرىسىدىكى مۇسلىمنىڭ 3976 ــ ھەدىسى بولسا، سەھىھ. بۇزەئىپ ھەدىسنىڭ مەنىسى سەھىھكەئوخشاپ قالدى.

**4771 – [ 22 ] ( ضعيف )وعن عائشة رضي الله عنها أن امرأة قالت : يا رسول الله إني ولدت غلاما فسميته محمدا وكنيته أبا القاسم فذكر لي أنك تكره ذلك . فقال : " ما الذي أحل اسمي وحرم كنيتي ؟ أو ماالذي حرم كنيتي وأحل اسمي ؟ " . رواه أبو داود . وقال محيي السنة : غريب**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر ئايال ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مەن بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئىسمىنى مۇھەممەد قويدۇم، ئەبۇلقاسىم دەپ كىنايە قىلدىم، لېكىن، بۇنى سىلىنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقلىرى ماڭا دېيىلدى دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە، ئىسمىمنى ھالال قىلىپ كىنايە ئىسمىمنى ھارام قىلىپتۇ؟ ياكى

نىمە كىنايە ئىسمىنى ھالال قىلماي، ئىسمىنى ھالال قىلىپتىمۇ؟ دېدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، مۇھىيسسۇننە غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

4772 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته ) وعن محمدبن الحنفية عن أبيه قال : قلت : يا رسول الله أرأيت إن ولد لي بعدك ولد أسميه باسمك وأكنيه بكنيتك ؟ قال : " نعم " . رواه أبو داود

مۇھەممەدىنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، ماڭا خەۋەر بەرسىلە، ئەگەر ماڭا سىلى بۇدۇنيادىن كەتكەندىن كىيىن بىرەر بالا تۇغۇلسا، مەن ئۇنىڭغا سىلىنىڭ ئىسىملىرىنى قويسام، سىلىنىڭ كىنايە ئىسىملىرى بىلەن چاقىرسام، دۇرۇس بۇلامدۇ؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە بۇلىدۇ دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.چۈنكى ئۇچاغدا ئىبلىشىپ كەتمەيدۇ.

4773 – [ 24 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس قال : كناني رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ ببقلة كنت أجتنيها . رواه الترمذي وقال : هذا حديث لا نعرفه إلا من هذا الوجه . وفي " المصابيح " صححه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى بەقلەت دەپ كىنايە قىلغان ئىدى، چۈنكى مەن ئۇنى يەنى شۇ مىۋىنى ۋە سەي ـ كۆكتاتنى ئۈزەتتىم.تىرمىزى3765 ـ ئەھمەد13240 ـ

4774 – [ 25 ] وعن عائشة رضي الله عنها قالت : إن النبي صلى الله عليه وسلم ؟ كان يغير الاسم القبيح . رواه الترمذي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ قەبىھ، سەت ئىسىملارنى، گۈزەل ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋىتەتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

4775 – [ 26 ] ( إسناده جيد ) وعن بشير بن ميمون عن أسامة بن أخدري أن رجلا يقال له أصرم كان في النفر الذين أتوا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ما اسمك ؟ قال : أصرم قال : بل أنت زرعة رواه أبو داود

بەشىير،ئۇسامەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەسرەم دېيىلىدىغان بىر كىشى بار بۇلۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن؛ئىسمىڭ نىمە؟ دەپ سورىسا، ئۇ؛ ئەسرەم دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ياق، بەلكى سەن زۇرئەت دېيىلگىن دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان، ئىشنادى جەييىد. ئەسرەم ئۈزۈش مەنىسىدە، زۇرئەت تېرىش مەنىسىدە.

4776 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته ) وقال : وغير النبي صلى الله عليه وسلم اسم العاص وعزير وعتلة وشيطان والحكم وغراب وحباب وشهاب وقال : تركت أسانيدها للاختصار

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئاسىي،ئەزىز،ئۇزەير،ئەتەلەت، شەيتان، ئەلھەكەم، غۇراب، ھەبباب، شىھاب قاتارلىق ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى.

4777 – [ 28 ] وعن أبي مسعود الأنصاري قال لأبي عبد الله أو قال أبو عبد الله لأبي مسعود : ما سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في ( زعموا ) قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " بئس مطية الرجل " زعموا . رواه أبو داود وقال : إن أبا عبد الله حذيفة

ئەبۇمەسئۇد، ئەبۇئابدۇﷲ هۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «زەئەمۇ» دىگەن دەۋا گۇمان سۆزى توغرىسىدا نىمە دىيگەنلىكىنى ئاڭلىغان؟دىسە،ئۇ:مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ئۇكىشىنىڭ ئۇلار ياخشى دەپ داۋا قىلغان، گۇمان قىلغان بۇ تۆگىسى نىمىدىگەن يامان،دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دىدى. (يەنى كىشىلەر ياخشى دەپ دەۋا گۇمان قىلغان تۆگە ناچار چىقىپ قالغان،بۇسۆزمۇ چەكلەنگەن) ئەھمەد 22313 _، ئەبۇ داۋۇد 4321 _، سەھىھ.

**4778 – [ 29 ] ( صحيح ) وعن حذيفة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تقولوا : ما شاء الله وشاء فلان ولكن قولوا : ما شاء الله ثم شاء فلان " . رواه أحمد وأبو داود**

هۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ خالىسا ۋە پالانى خالىسا دىمەڭلار. لېكىن، سىلەر؛ ئاللاھ خالىسا ئاندىن قالسا پالانى خالىسا «ماشائاللاھ سۇممە شائە پالانى» دەڭلار، (يەنى ئاللاھنىڭ شىپالىق بېرىشى بىلەن ئاندىن قالسا مۇشۇ دوختۇرنىڭ كەسپى ياردىمىدە پالانى شىپا تاپتى، ساقىيىپ قالدى دەڭلار). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس كىچىك، مەخپى شېرىكلەردىن توسىۋاتىدۇ.ئەقىيدە مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىۋاتىدۇ.

**4779 – [ 30 ] وفي رواية منقطعا قال : لا تقولوا : ما شاء الله وشاء محمد وقولوا ما شاء الله وحده رواه في شرح السنة**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ خالىسا ۋە مۇھەممەد خالىسا دىمەڭلار. لېكىن، سىلەر؛ يەككە يىگانە بىر ئاللاھلا خالىسا دەڭلار.شەرھىسسۇننى.

**4780 – [ 31 ] ( صحيح ) وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تقولوا للمنافق سيد فإنه إن يك سيدا فقد أسخطتم ربكم " . رواه أبو داود**

بۇيرەيدە،هۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر مۇناپىقنى (ياكى دىنسىزنى) سەييىدى، خوجام، باشلىق دىمەڭلار، ئەگەر مۇناپىق سىلەرنىڭ سەييىد، خوجاڭلار بولسا، سىلەر رەببىڭلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرگەن بولىسلەر، كايىشىغا يولىقىسلەر. ئەھمەد 21861 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4325 _ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. (ئى پالانى شۇجى!، پالانى شاڭجاڭ!، پالانى سوجاڭ! دىگەن كىشى، رەببىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، كايىشىغا ئۇچرايدۇ، بۇ خىل خۇشامەت قىلىش ھارامدۇر)

**4781 – [ 32 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن عبد الحميد بن جبير بن شيبة قال : جلست إلى سعيد بن المسيب فحدثني أن جده حزنا قدم على النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " ما اسمك ؟ " قال : اسمي حزن قال : " بل أنت سهل " قال : ما أنا بمغير اسما سمانيه أبي . قال ابن المسيب : فما زالت فينا الحزونة بعد . رواه البخاري**

ئابدۇلھەمىد مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەھ نىڭ يېنىدا ئولتۇرسام، ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى؛ ئۇنىڭ بوۋىسى ھەزەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن؛ ئىسمىڭ نىمە؟دەپ سورىسا، ئۇ؛ ھەزەن(يەنى غەم_قايغۇ)دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ؛ ياق، بەلكى سەن سەھلى، ئىسمىڭ سەھلى (يەنى ئاسانلىق)بولسۇن دىسە، ئۇ؛ دادام ماڭا قويۇپ قويغان ئىسىمنى ئۆزگەرتمەيمەن دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تا ھازىرغىچە ئارىمىزدا غەم_قايغۇ داۋاملىشىۋاقتا.بۇخارى

4782 – [ 33 ] ( ضعيف )وعن أبي وهب الجشمي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تسموا أسماء الأنبياء وأحب الأسماء إلى الله عبد الله وعبد الرحمن وأصدقها حارث وهمام أقبحها حرب ومرة " . رواه أبو داود

ئەبۇ ۋەھبلجوشەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئىسمىلىرىنى قويۇڭلار، ئاللاھقا سۆيۈملۈك ئىسىملار بولسا، ئابدۇللا يەنى ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئابدۇرەھمان ئىسمىنىڭ راستچىلراقى، ھارىس قەبىھرەكى بولسا، ھەرب يەنى جەڭ، مۇررەت يەنى ئاچچىق دېگەن ئىسىملاردۇر، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

## [ 9 ] باب البيان والشعر – الفصل الأول

## شېئىر ۋە پاساھەتلىك سۆزلەش توغرىسىدا

4783 – [ 1 ] ( صحيح ) عن ابن عمر قال : قدم رجلان من المشرق فخطبا فعجب الناس لبيانهما فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من البيان لسحرا " . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كۈن چىقىش تەرەپتىن ئىككى كىشى كېلىپ خۇتبە سۆزلىۋىدى، كىشىلەر ئۇلارنىڭ پاساھەتلىك بايانلىرىدىن ھەيران قېلىشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پاساھەتلىك، بالاغەتلىك سۆز قىلىشتا، ئەقلىنى لال قىلىدىغان سېھىر باردۇر، (كىشى پاساھەتلىك، كېلىشكەن سۆزلەرنى ئاڭلىسا، ھەيران قالىدۇ، قايىل بولۇپ كېتىدۇ، خۇددى، سېھىر بىلەن تەسىرلەنگەندەك، تەسىرلىنىدۇ) مالىك، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن كىشىنىڭ نامىزىنى ئۇزۇن ئوقۇشى، خۇتبىنى قىسقا ئوقۇشى، شۇ كىشىنىڭ فىقھشۇناس ئالىم ئىكەنلىكىگە ئالامەت دەلىلدۇر، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇپ، خۇتبىنى قىسقا قىلىڭلار، ھەققەتەن بالاغەتلىك، پاساھەتلىك سۆز قىلىشدا ئەقلىنى لال قىلىدىغان، سېھرى كۈچ بار، مۇسلىم 1437 ــ ھەدىس، ئەھمەد 17598 ــ ھەدىس، دارمى 1511 ــ ھەدىس، سەھىھ.

4784 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أبي بن كعب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من الشعر حكمة " رواه البخاري

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن شېئىردىن ھېكمەت چىقىدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد،بۇخارى، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر، ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تىرمىزى، ئىبنى مەسئۇددىن، تەبرانى ئەمرۇدىن، ئەبۇ بۇكرەتتىن، ئەبۇ نۇئەيم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، خەتىبۇلبەغداد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ھەسساندىن، ئىبنى ئەساكىر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ، بۇخارى 5679 ــ ھەدىس، ئەھمەد 20225 ــ ھەدىس. ئالىملار مۇنداق ئىزاھات بەردى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايانىدىن، پاساھەتلىك سۆزلەشتىن، سېھرى بار دېگىنى، پاساھەتلىك سۆزى بىلەن ھېلى ماختاپ، ھېلى ئەيىپلەپ، قايىل قىلىپ، ھەقدىن بۇرمىلاپ، ھەققەتتىن مايىل قىلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇ چەكلىنىدۇ. شېئىردىن ھېكمەت بار دېگىنى، سۈرە شۇئەرادىكى ئاللاھ رۇخسەت قىلغان ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللىرىنى قىلغان، مۇئمىن شائىرنى، ئاللاھنى ئەسلىگەن، زاكىر، شاكىر، شائىرنى كۆزدە تۇتىدۇ، خۇددى ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام دىنىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇداپىئە قىلىپ، شېئىر ئوقۇغاندەك،

بۇلار دۇرۇس، ھىكمەت باردۇر، ئەمما، ئىشق ــ مۇھەببەت، ھىسسىياتنى قوزغايدىغان، شەھۋانى شېئىردىن ھېلى ماختاش، ھېلى خارلاش شېئىرلىرىدىن، خۇشامەتچى، مەئسىيەت شېئىرلىرىنى قورساققا توللىغاندىن، يىرىڭ، زەرداپنى توللىغان ياخشىراق، مۇشۇ مەنىدىكى ھەدىسمۇ بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا بار بولۇپ، سەھىھ. مەخسەت، شېئىرنىڭ ياخشى ــ يامىنى، ھالال، ھارىمى باردۇر.

**4785 – [ 3 ]** ( صحيح ) **وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : هلك المتنطعون "قالها ثلاثا .رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم مۇنداق دىگەن: مەسىلىنى چوڭقۇر كورچىلاپ، ھەددىدىن ئېشىپ قاتتىق تەكلىپ قويىۋالغۇچىلار ھالاك بولدى، ھالاك بولۇپ بولدى. مۇسلىم 4823 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3992 ــ ھەدىس، ئەھمەد 3473 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**4786 – [ 4 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أصدق كلمة قالها الشاعر كلمة لبيد : ألا كل شيء ما خلا الله باطل " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شائىر ئېيتقان سۆزنىڭ ئەڭ راستچىل، سەمىمىرەكى، شائىر لۇبەيدىنىڭ سۆزىدۇر؛« ئەلا، كۇللى شەيئىن ما خەلە**الله** باتىل»، تەرجىمىسى: ئاللاھدىن باشقا بارلىق نەرسىلەر باتىلدۇر،بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپ، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەرەبلەر سۆزلىگەن شېئىر سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، لۇبەيدەنىڭ سۆزىدۇر، ئۇ بولسا، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھدىن باشقا بارلىق نەرسە باتىلدۇر. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4787 – [ 5 ]** ( صحيح ) **وعن عمرو بن الشريد عن أبيه قال : ردفت رسول الله صلى الله عليه وسلم يوما فقال : " هل معك من شعر أمية بن أبي الصلت شيء ؟ " قلت : نعم . قال : " هيه " فأنشدته بيتا . فقال : " هيه " ثم أنشدته بيتا فقال : " هيه " ثم أنشدته مائة بيت . رواه مسلم**

ئەمرۇنىڭ دادىسى شەرىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ كىتىۋاتسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ سەن ئۇمەييە ئىبنى ئەبىسسىلتىنىڭ شېئىرلىرىدىن بىرەر نەرسىنى يادا بىلەمسەن؟دىدى، مەن؛ ھەئە بىلىمەن دىسەم، قىنى ئۇقۇغىن دىدى، مەن رەسۇلۇللاھقا ئۇنىڭدىن بىر بىيىت ئۇقۇپ بەرسەم، يەنە ئوقۇ!دىدى، يەنە بىر بىيىت ئۇقۇپ بەرسەم، يەنە،يەنە دىدى، تاكى مەن 100 بىيىت شېرى ئۇقۇپ بەردىم.مۇسلىم توپلىغان.

**4788 – [ 6 ]** ( متفق عليه ) **وعن جندب : أن النبي صلى الله عليه وسلم كان في بعض المشاهد وقد دميت أصبعه فقال : هل أنت إلا أصبع دميت وفي سبيل الله ما لقيت متفق عليه**

جۇندۇبۇلبىجلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارمىقى بىرجەڭدە يارىلانغاندا مۇنداق دىگەن: سەن پەقەت ئاللاھ يولىدا ئۇچرىغان ئەزىيەت، ئازارلاردا يارىلىنىپ قانىغان بارماقسەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4789 – [ 7 ]** ( متفق عليه **وعن البراء قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم يوم قريظة لحسان بن ثابت : أهج المشركين فإن**

**جبريل معك " وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول لحسان : " أجب عني اللهم أيده بروح القدس متفق عليه**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قۇرەيزە كۈنى ھەسسان دېگەن شائىرغا مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پاك روھ، جىبرىئىل سەن بىلەن بىللە ياردەم بېرىدۇ، سەن مۇشرىكلارغا قارشى ھەجۋى شېئىر ئوقۇغىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ھەسسان! سەن مۇشرىكلەرگە قارشى شېئىر ئېيتىپ جاۋاب بەرگىن، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن جاۋاب بەرگىن، ئى ئاللاھ! ھەسساننى پاك روھ، جىبرىئىل بىلەن كۈچلەندۈرسىلە.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھەھ. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىدى؛ مۇشرىك، دىنسىزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا، مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئارىسىدا مۇنداق كىشىلەر بولۇشى كېرەك، قوماندان، گېنېرال، ئوتۇق قانات، سول قانات، ئەسكەر باشلىقلىرى، ئالاھىدە قىسىم، قارغا ئېلىش ئەترىتى، ھۇجۇمچى قىسىم، ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپ، ياردەمچى قىسىم، يوشۇرۇن كۈچ، مۇداپىئە قىسىم، قۇرۇقلۇق، ھاۋا، دېڭىز ئارمىيىلىرى، مەخسۇس تەربىيلەنگەن جاسۇسلار، رازۋېدچىكلار، زاپاس قىسىم، تەمىنات، ئوق — دورا توشۇغۇچى قىسىم، ئۈچۈر — ئالاقە قىلغۇچى قىسىم، ئۇنىدىن باشقا مەخسۇس دەئۋەتچىلەر، ۋائىزلار، ئالىم، دوكتورلار، ئىنژېنىر، مۇتەخەسسىسلەر، موللا ئالىملار، مەخسۇس جىھاد ئايىتىنى ئوقۇيدىغان قارىيلار، مۇھەددىس، ھەدىسشۇناسلار، ھەتتا ھەسساندەك شائىرلار، دۇمباقچى قىسىم، كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان باتۇرلار،ئىلغارقۇرال ياراقلار،ھەتتايادرۇقۇراللارمۇ بولۇشى لازىم

**4790 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن عائشة رضي الله عنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أهجوا قريشا فإنه أشد عليهم من رشق النبل " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسسانغا مۇنداق دېگەن: ئۇلارنىڭ ھەجۋى شېئىرى ئارقىلىق ئەدىۋىنى بەر، قۇرەيشلەرگە يەنى شۇ چاغدىكى مۇشرىكلارغا قارشى ھەجۋى شېئىر ئوقۇغىن، ھەققەتەن ئۇ ئۇلارغا ئوقيا ئېتىلغاندىنمۇ قاتتىقراقتۇر، ئوق ياغقاندىنمۇ قاتتىق چىڭ تۇيۇلىدۇ، (چۈنكى، ئاساسى جەڭ روھ، ئىددىيىدە بولىدۇ)مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھەھ.

**4791 – [ 9 ] ( صحيح ) وعنها قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول لحسان : إن روح القدس لا يزال يؤيدك ما نافحت عن الله ورسوله سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " هجاهم حسان فشفى واشتفى رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ھەسسان! ھەققەتەن سەن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى مۇداپىئە قىلىپ قوغداپ، ئىسلام دىنىنى قوغداپ، دىنسىز مۇشرىكلارغا قارشى، ھەجۋى شېئىرنى ئوقۇپلا تۇرساڭ، جىبرىئىل سېنى كۈچلەندۈرۈپ، ساڭا ياردەم بېرىدۇ، مۇشرىكلارغا قارشى ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەجۋى شېئىرى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ ئەيىب — نۇقسانلىرىنى شېئىرى بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، رەسۋا قىلىپ، مۆئمىنلەر قەلبىگە شىپالىق بېغىشلىدى، ئۆزىنىڭ قەلبىمۇ شىپا تاپتى، ئاچچىقى چىقتى. مۇسلىم 4545 — ھەدىسنىڭ ئاخىرى، بۇ ھەدىستە ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېئىرى باردۇر.بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسسان دېگەن ئىسلام شائىرىغا مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سەن مۇشرىكلارغا قارشى ھەجۋى شېئىرنى ئوقۇپلا تۇرساڭ، جىبرىئىل سەن بىلەن بىللە بولىدۇ، يەنى ياردەم بېرىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھەھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن، ئاللاھتائالا ھەسسانغا، پاك روھ، جىبرىئىل بىلەن ياردەم بېرىپ، كۈچلەندۈرىدۇ،

پەقەت ھەسسان، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى مۇداپىئە قىلسىلا، شۇنداق قىلغانلىقىدىن ئاللاھ ياردەم بېرىدۇ، (ھەسسان شائىر بولۇپ، مۇنبەر ئۈستىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ئىسلام دىنىنى مۇسۇلمانلارنى مۇداپىئە قىلىپ، شېئىر ئېيتاتتى) ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4792 – [ 10 ]** ( متفق عليه ) **وعن البراء قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم ينقل التراب يوم الخندق حتى اغبر بطنه يقول : والله لولا الله ما اهتدينا ولا تصدقنا ولا صلينا فأنزلن سكينة علينا وثبت الأقدام إن لاقينا إن الأولى قد بغوا علينا إذا أرادوا فتنة أبينا يرفع بها صوته : " أبينا أبينا " . متفق عليه**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەك كۈنى توپا يۆتكەپ، مۇبارەك قۇساقلىرى توپا ـ چاڭ بولۇپ كەتكەن ئىدى، ۋە مۇنداق دېدى:« الله بىلەن قەسەمكى، الله بولمىغان بولسا، (ھېچ نەرسە بولمايتتى)الله نىڭ ھىدايىتى بولمىغان بولسا، بىز ھىدايەت تاپالمايتتۇق، سەدىقە ـ زاكات بەرمەيتتۇق،ھەتتا نامازمۇ ئوقۇيالمايتتۇق، ئى الله ! بىزگە خاتىرجەملىك نازىل قىلسىلا، دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقاندا قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلسىلا. ئاۋۇ دىنسىزلار بىزگە بەك ھەددىدىن ئاشتى، ئۇلار پىتنە ـ پاسادلارنى مەقسەت قىلسا، بىز ئۇنىمايمىز،ھەرگىز ئۇنىمايمىز!ئۇنىمايمىز!!!دەپ توۋلىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**4793 – [ 11 ]** ( متفق عليه ) **وعن أنس قال : جعل المهاجرون والأنصار يحفرون الخندق وينقلون التراب وهم يقولون : نحن الذين بايعوا محمدا على الجهاد ما بقينا أبدا يقول النبي صلى الله عليه وسلم وهو يجيبهم : اللهم لا عيش إلا عيش الآخرة فاغفر للأنصار والمهاجرة متفق عليه**

ئەنەس، سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار خەندەك كولاپ توپا يۆتكىگىچە؛« بىز مەڭگۈ ھاياتلا بولىدىكەنمىز، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، الله يولىدا جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلغان كىشىلەرمىز»دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ئاخىرەت تۇرمۇشىدىن باشقا ھەققى تۇرمۇش، مەئىشەت يوقتۇر، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارغا مەغپىرەت قىلسىلا»بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىز، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ت، سەھىھ.

**4794 – [ 12 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لأن يمتلئ جوف رجل قيحا يريه خير من أن يمتلئ شعرا " متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد، سەلمان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ ئىچىگە، قورسىقىغا ئۆنى سىڭىپ، چىرىتىپ پاسادلاشتۇرۇپ يەپ كەتكۈدەك يىرىڭ، زەرداپنىڭ لىق تولۇشى، ئۇنىڭ ئۇچۇن شېئىرنىڭ تولۇشىدىن ياخشىراقتۇر. ئەھمەد 8025 ــ ھەدىس، بۇخارى 5689 ــ ھەدىس، مۇسلىم 4191 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2778 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4795 –** ( صحيح ) **الفصل الثاني عن كعب بن مالك أنه قال للنبي صلى الله عليه وسلم : إن الله تعالى قد أنزل في الشعر ما أنزل . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن المؤمن يجاهد بسيفه ولسانه والذي نفسي بيده لكأنما ترمونهم به نضح النبل " رواه في شرح السنة وفي " الاستيعاب " لابن عبد البر أنه قال : يا رسول الله ماذا ترى في الشعر ؟ فقال : " إن المؤمن يجاهد بسيفه**

**ولسانه "**

كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ **الله** تائالا شېئىرى توغرىسىدا نازىل قىلغان ئايەتلىرىنى نازىل قىلدى، ئەمدى سىلى نىمە دەيلا؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۆئمىن قىلىچى بىلەن ھەم تىلى بىلەن جىھاد قىلىدۇ، **الله** بىلەن قەسەمكى، گۇياكى سىلەر دىنسىزلارغا ھەجۋىي شېئىرلەرنى ئوق ئاتقاندەك ئاتىسىلەر،يەنى بۇ ئۇلارغا ئوقيادىنمۇ قاتتىقراقتۇر، دېدى.ئەھمەد،ئىبنى ئابدۇلبەرر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ئەلەم كۆرىشى بىلەن بىرگە قەلەم كۆرىشى لازىمدۇر.

**4796 – [ 14 ] وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الحياء والعي شعبتان من الإيمان والبذاء والبيان شعبتان من النفاق " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھاياقىلىش بىلەن سۆزنى ئاز قىلىش، ئىماننىڭ ئىككى شاخچىسىدۇر، پاھىشە سۆزلەش، ئېغىزى بەزەپلىك بىلەن كۆپ سۆزلىۋېتىش، مۇناپىقلىقنىڭ ئىككى شاخچىسىدۇر، تىرمىزى 1950 _ ھەدىس، ئەھمەد 21280 _ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ بۇكرەت، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ئىمان جەننەتتە (يەنى ھايا ۋە ئىمان ئەھلى جەننەتتەبۇلىدۇ). قېلىن پاھىشە سۆزلەش، ئىغىزى بەزەپلىك، قەلبىنىڭ قاتتىقلىقى، ئەخلاقى، تەبىئىتى قوپاللىق، سىلە _ رەھىم قىلماسلىقدىندۇر،بۇ دوۋزاختا بولىدۇ، ، تىرمىزى 1932 _ ھەدىس، ئەھمەد 10108 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھايا بىلەن ئىمان بىرلىشىپ كەتكەن ئىككى مۇڭگۇزدۇر، بۇلارنىڭ بىرسى كۆتۈرلۈپ كەتسە، يەنە بىرسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، (يەنى ئىمان بولمىسا، ھايا بولماس.ھايابولمىسا،ئىمانى كامىل بولماس.) ئەبۇ نۇئەيم، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4797 – [ 15 ] وعن أبي ثعلبة الخشني أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال:إن أحبكم إلي وأقربكم مني يوم القيامة أحاسنكم أخلاقا وإن أبغضكم إلي وأبعدكم مني مساويكم أخلاقا الثرثارون المتشدقون المتفيقهون رواه البيهقي في شعب الإيمان**

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقىڭلار، قىيامەت كۈنى مەجلىسلەردە ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى ياخشىراقىڭلاردۇر، ھەقىقەتەن ماڭا ئەڭ ئۆچ، دۈشمەنرەكىڭلار، ئاخىرەتتە مەندىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى ناچار، يامىنىڭلاردۇر، ئۇلار شۇنداق كۆپ گەپ قىلىدىغانلار، سورىمىسىمۇ سۆزلەيدىغانلار، ۋە سۆزنى ئېھتىياتسىز، ھەزەر قىلماستىن كەڭرى، ئارتۇق سۆزلەيدىغانلار، بولۇپمۇ كىشىلەرنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلىپ سۆزلەيدىغانلار، ئاغزىنى كەڭ ئېچىپ سۆزنى كۆپ قىلىدىغان، ياساپ سۆزلەيدىغانلار، تولدۇرۇپ سۆز قىلىدىغانلاردۇر،ئەخلاقسىز موتەكەببىرلەردۇر.(خۇلاسىلىغاندا، كۆپ سۆزلىگۈچى كىشىلەرگە ئۇزۇن گەپ قىلغۇچى ھەم مۇتەكەببىردۇر)، ئەھمەد 17066 _ ھەدىس، تىرمىز 1941 _ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، بەيھەقىلارمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4798 – [ 16 ] وروى الترمذي نحوه عن جابر وفي روايته قالوا : يا رسول الله قد علمنا الثرثارون والمتشدقون فما المتفيقهون**

| |
|---|
| ؟ قال : " المتكبرون "<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا سۆيۈملۈك بولغان، قىيامەت كۈنى مەجلىستە ماڭا يېقىن بولىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، ماڭا دۈشمەن بولۇپ، قىيامەت كۈنىمۇ مەندىن يىراق بولىدىغىنىڭلار، ئەخلاقسىز، ئورۇنسىز كۆپ سۆزلىگۈچىلەر، پاساھەت بىلەن ئاغزىنى تولدۇرۇپ، ياساپ سۆزلىگۈچىلەر، مۇتەكەببىرلەردۇر،بەيھەقى، تىرمىزى 1941 ــ ھەدىس، ھەسەن. |
| **4799 – [ 17 ] ( حسن ) وعن سعد بن أبي وقاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى يخرج قوم يأكلون بألسنتهم كما تأكل البقرة بألسنتها " رواه أحمد**<br><br>سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەلگۈسىدە خۇددى كالا زىمىندىن ئوت ــ چۆپلەرنى يالماپ يېگەندەك، تىللىرى بىلەن يالماپ، يۇگەپ ھەممىنى يەيدىغان قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇ، (يەنى دۇنياپەرەس، قالايمىقان سۆزلىگۈچىلەر) شۇنداق قەۋملەر مەيدانغا چىقمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. |
| **4800 – [ 18 ] وعن عبد الله بن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله يبغض البليغ من الرجال الذي يتخلل بلسانه كما يتخلل الباقرة بلسانها " . رواه الترمذي وأبو داود وقال الترمذي : هذا حديث غريب**<br><br>ئىبنى ئەمرۇ،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، كىشىلەردىن سۆز قىلغاندا باشقىلارنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلىدىغان، خۇددى كالا، ئوت ــ چۆپلەرنى يۇلاپ، يۇگەپ يېگەندەك، تىللىرىنى يوغانتىپ، قالايمىقان ھەممە گەپنى سۆزلەيدىغان ياڭزا چىقىرىپ، مەسخىرە سۆزنى كۆپ قىلىدىغان مۇبالىغىچى كىشىگە ئۆچ بولۇپ، غەزەپ قىلىدۇ، دۈشمەن تۇتىدۇ، ئەبۇ داۋۇد 4352 ــ ھەدىس، ئەھمەد 6469 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2780 ــ ھەدىس. سەھىھ. |
| **4801 – [ 19 ] ( ضعيف )رواية بيهقي حسن.**<br>**وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مررت ليلة أسري بي بقوم تقرض شفاههم بمقاريض النار فقلت : يا جبريل من هؤلاء ؟ قال : هؤلاء خطباء أمتك الذين يقولون ما لا يفعلون " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سەيرە قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى بىر تۈرلۈك قەۋمنىڭ ئۈنتۈرىدىن ئۆتتۈم، ئۇلارنىڭ لەۋلىرى ئوتتىن بولغان قايچا بىلەن كىسىلىۋېتىپتۇ، مەن: ئى جىبرىئىل، ئۇلار قانداق كىشىلەر؟ دەپ سورىدۇم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ئۇلار سىنىڭ ئۈممىتىڭنىڭ خەتىپلىرى، ئۇلار ئۆزى قىلمايدىغان ئىشلارنى دەيدىغان خەتىپلار دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا؛ بەيھەقىمۇ توپلىغان بۇ ھەدىسنى بۇجايدا زەئىپ دېگەن بولسىمۇ، سەھىھنىڭ 129 ـ ھەدىسىدە ھەسەن دېگەن، ھۆججەتتۇر. |
| **4802 – [ 20 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تعلم صرف الكلام ليسبي به قلوب الرجال أو الناس لم يقبل الله منه يوم القيامة صرفا ولا عدلا " . رواه أبو داود**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھاجەتتىن |

زىيادە، ئارتۇق سۆزلەشنى، سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن پەرز، نەپلە تۆۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەبۇ داۋۇد تەنها خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، چۈنكى، زەھھاك ئىبنى شۇرەھبىلنى ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

**4803 – [ 21 ] وعن عمروبن العاص أنه قال يوما وقام رجل فأكثر القول . فقال عمرو : لو قصد في قوله لكان خيرا له سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لقد رأيت – أو أمرت – أن أتجوز في القول فإن الجواز هو خير  رواه أبو داود**

بىركۈنى بىر كىشى خۇتبە ئۇقۇغىلى تۇرۇپ، سۆزىنى ناھايىتى كۆپ، ئۇزۇن قىلىپ كەتتىپتى، ئەمرۇئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دىدى؛ ئەگەر ئۇ سۆزىنى نۇرمال،ئوتتىھال قىلغان بولسا، بەكمۇ ياخشى بولغان بۇلاتتى، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم؛ مەن سۆزنى قىسقا، نۇرمال قىلىشىمغا بۇيرۇلدۇم،سۆزنى نۇرمال،ئوتتىھال قىلىش بەك ياخشىدۇر.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4804 – [ 22 ] ( ضعيف )وعن صخر بن عبد الله بن بريدة عن أبيه عن جده قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن من البيان سحرا وإن من العلم جهلا وإن من الشعر حكما وإن من القول عيالا " . رواه أبو داود**

سەخرى ئىبنى ئابدۇللادىن، دادىسىدىن، بوۋىسىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم، ھەقىقەتەن پاساھەتلىك، بالاغەتلىك سۆزلەشتە سېھرى بار كىشىنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئىلىمدىن نادانلىق بار، يەنى ئالىم بىلمەيدىغان نەرسىگە ئۆزىنى تەكلىپ قىلىدۇ. شېئىردا ھىكمەت بار، يەنى ۋەز ــ نەسىھەت، ماقال ــ تەمسىللەر. سۆزدە مۇھتاجلىق، قىيىنچىلىق بار، يەنى سۆزنى، سۆز ئەھلى بولمىغان، ئۇنى ئىرادە قىلمىغان كىشىگە سۆزلەشتە ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، چۈنكى، راۋىيلار ئارىسىدا نامەلۇم كىشى بار.

**4805 – [ 23 ] ( صحيح ) الفصل الثالث عن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يضع لحسان منبرا في المسجد يقوم عليه قائما يفاخر عن رسول الله صلى الله عليه وسلم أوينافح . ويقول رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يؤيد حسان بروح القدس ما نافح أو فاخر عن رسول الله صلى الله عليه وسلم " . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىد ئىچىدە ھەسسانغا مۇنبەر قويۇپ بەرگەن بولۇپ، ھەسسان ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنى،ئىسلامنى مۇداپىئەقىلىپ قوغداپ، ئىسلام بىلەن پەخىرلىنەرتتى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھەسسانغا، پاك روھ، جىبرىئىل بىلەن ياردەم بېرىپ، كۈچلەندۈرىدۇ، پەقەت ھەسسان، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى مۇداپىئە قىلسىلا، شۇنداق قىلغانلىقىدىن ئاللاھ ياردەم بېرىدۇ، (ھەسسان شائىر بولۇپ، مۇنبەر ئۈستىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ئىسلام دىنىنى، مۇسۇلمانلارنى مۇداپىئە قىلىپ، شېئىر ئېيتاتتى) ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4806 – [ 24 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : كان للنبي حاد يقال له : أنجشة وكان حسن الصوت . فقال له النبي صلى الله عليه وسلم : " رويدك يا أنجشة لا تكسر القوارير " . قال قتادة : يعني ضعفة النساء . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قېتىمقى سەپىرىدە، قارا تەنلىك، ئاۋازى گۈزەل، ئەنجەشەت دېگەن قۇل خادىمى تۆگىلەرنى تېز ھەيدەپ ماڭدى، بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قۇلغا؛ ئى ئەنجەشەت! شىشىدەك نازۇك، ئاجىز ئاياللىرىنى ئاۋايلا، تۆگىلەرنى مۆھلەت بېرىپ ئاستا يۈتلەپ ماڭ دېگەن ئىدى. بۇخارى 5683 _ ھەدىس، مۇسلىم 4287 _ ھەدىس، ئەھمەد 11599 _ ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4807 – [ 25 ] ( حسن ) وعن عائشة رضي الله عنها قالت : ذكر عند رسول الله صلى الله عليه وسلم الشعر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هو كلام فحسنه حسن وقبيحه قبيح " . رواه الدارقطني**

ئىبنى ئەمرۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەزلىدە شېئىر تىلغا ئېلىنغاندا مۇنداق دېگەن: شېئىرى سۆزى باشقا سۆزلەرگە ئوخشاشتۇر، شېئىرنىڭ ياخشىسى سۆزلەرنىڭ ياخشىسىغا، قەبىھ، يامانلىرى، سۆزلەرنىڭ يامان قەبىھلىرىگە ئوخشاشتۇر،بەيھەقى، تەبرانى ئەۋسەتتە، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار؛ شەرئەتتە چەكلەنمەي مەدھىيىلىنىدىغان شېئىر دۇرۇس، ئەكسى گۇناھ دېدى

**4808 – [ 26 ] ( لم تتم دراسته ) وروى الشافعي عن عروة مرسلا**

**4809 – [ 27 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري قال : بينا نحن نسير مع رسول الله صلى الله عليه وسلم بالعرج إذ عرض شاعر ينشد . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خذوا الشيطان أو أمسكوا الشيطان لأن يمتلئ جوف رجل قيحا خير له من أن يمتلئ شعرا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇسەئىد، سەلمان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، بىر چاغدا بىز ئەرەج دېگەن جايدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كېتىۋاتساق، تۇيۇقسىز بىر شائىر چىقىپ شېئىر دېكلىماتسىيە قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئاۋۇ شەيتاننى تۇتۇڭلار، ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ ئىچىگە، قورسىقىغا ئۇنى سىڭىپ، چىرىتىپ يەپ كەتكۈدەك يىرىڭ ـ زەرداپنىڭ لىق تولۇشى، ئۇنىڭ ئۇچۇن شېئىرنىڭ تولۇشىدىن ياخشىراقتۇر،دېدى.مۇسلىم توپلىغان.بۇ يامان تەرىپىدۇر.

**4810 – [ 28 ] ( ضعيف )وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الغناء ينبت النفاق في القلب كما ينبت الماء الزرع " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناخشا ـ مۇزىكا خۇددى سۇ زىرائەت ئۈسۈملۈكلىرىنى ئۈندۈرگەندەك، قەلبتە مۇناپىقلىقنى ئۈندۈرىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەك ئارىلاش كىيىمدىن، مىيىتكە ئاۋازلىق يىغلاشدىن، باتىل شېئىردىن، سۈرەت، رەسىم سىزىشدىن، ئورۇنسىز جاھالىيەتلەرچە زىنەتلىك ياسىنىشتىن، يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلىڭ تېرىسىگە مىنىشدىن، ئۇنى كىيىشدىن، ئالتۇن، يىپەكتىن، ناخشا ئېيتىشتىن توسقان، (يەنى ھارام قىلغان). ئەھمەد 16327 _ ھەدىس، سەھىھ. (لېكىن، بۇلاردىن ئىسلامى شېئىر، جانسىز نەرسىنىڭ سۈرىتى، يىپەك بىلەن ئالتۇننىڭ، ئاياللارغا ھالال بولۇشى مۇستەسنادۇر)

**4811 – [ 29 ] ( حسن ) وعن نافع رحمه الله قال : كنت مع ابن عمر في طريق فسمع مزمارا فوضع أصبعيه في أذنيه وناء عن**

**الطريق إلى الجانب الآخر ثم قال لي بعد أن بعد : يا نافع هل تسمع شيئا ؟ قلت : لا فرفع أصبعيه عن أذنيه قال كنت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فسمع صوت يراع فصنع مثل ما صنعت . قال نافع : فكنت إذ ذاك صغيراورواه أحمد وأبو داود**

ناپىئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە يولدا كېتىۋاتاتتىم، ئۇ نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ ،ئۇنى ئاڭلىماسلىق ئۇچۇن بارماقلىرىنى قۇلىقىغا سىلىقىپ، ئاندىن يولدىن خېلى يىراقلاپ بولغاندىن كېيىن؛ ئى ناپىئ! نەيدىن بىرەر مەرسىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟دېدى، مەن؛ ياق ئەمدى ئاڭلانمىدى دىسەم، بارماقلىرىنى قۇلىقىدىن كۆتۈرۈۋېتىپ؛مەنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇمۇش نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قىلىپ، ماڭا ئوخشاش قىلغان ئىدى دېدى. ناپىئ رەھ ؛ مەن شۇچاغدا بەك كىچىك ئىدىم دەيدۇ.ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد توپلىغان.ھەسەن.

**[ 10 ] باب حفظ اللسان والغيبة والشتم**

## غەيۋەتتىن، تىللىشىپ قىلىشتىن تىلنى ساقلاش توغرىسىدا

**4812 – [ 1 ] ( صحيح ) – الفصل الأول عن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يضمن لي ما بين لحييه وما بين رجليه أضمن له الجنة " . رواه البخاري**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا ئاغزى بىلەن ئەۋرەتىدىن ئىبارەت ئىككى ئىبغىزغا كېپىل بولسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن، يەنى ئىبغىزنى، ئەۋرەتنى مەھكەم ساقلاڭلار. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**4813 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العبد ليتكلم بالكلمة من رضوان الله لا يلقي لها بالا يرفع الله بها درجات وإن العبد ليتكلم بالكلمة من سخط الله لا يلقي لها بالا يهوي بها في جهنم " . رواه البخاري . وفي رواية لهما : " يهوي بها في النار أبعد ما بين المشرق والمغرب "**

بىلال ئىبنى ھارىس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن كىشى ئاللاھ رازى بولىدىغان بىر ئىبغىز سۆزنى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ سۆزنىڭ قەيەرگىچە يېتىپ بارىدىغىنىنى گۇمانمۇ قىلمايدۇ،كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئاللاھ، بۇ كىشى ئۇچۇن شۇ بىر ئىبغىز سۆزنىڭ سەۋەبىدىن تا قىيامەت كۈنىگىچە رازىلىقىنى يازىدۇ،نۇرغۇن دەرىجە يۇقىر كۆتۈرىدۇ. ھەققەتەن كىشى ئاللاھ غەزەپ قىلىپ كايىيدىغان بىر ئىبغىز سۆزنى قىلىدۇ، ئۇ بۇ سۆزنىڭ قەيەرگىچە يېتىپ بارىدىغىنىنى گۇمانمۇ قىلمايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇ بىر ئىبغىز سۆزنىڭ سەۋەبىدىن تا قىيامەت كۈنىگىچە غەزەپ ـ نەپرىتىنى، ئۇچرىشىنى يازىدۇ، شۇ سۆزنىڭ سەۋەبىدىن دوۋزاخنىڭ مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىسىدىنمۇ يىراقراق چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، مالىك، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بەندە سۈرۈشتۈرمەستىن ئىنىقلاپ كۆرمەيلا، بىر ئىبغىز سۆزنى قىلىدۇ ـ دە، ئۇ، شۇ سۆزنىڭ سەۋەبىدىن دوۋزاخنىڭ مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىسىدىنمۇ يىراقراق چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن كىشى دىققەت قىلماستىن گۇناھ يوق، چاتاق يوق دەپ قاراپ، بىر ئىبغىز سۆزنى قىلىپ

تاشلايدۇ ـــدە، شۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ سەۋەبىدىن دوۋزاخ ئىچىنىڭ 70 يىللىق چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە تورپلىغان، سەھىھ. بۇ چۈقۇم ئەقىيدە ئىشى(ئاللاھ بىزنىڭ بارلىق ھەممە گۇناھىمىزنى كەچۈرسۇن، ئامىن!)

**4814 – [ 3 ]** ( متفق عليه ) **وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سباب المسلم فسوق وقتاله كفر " . متفق عليه**

ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ ھۇرەيرە، سائىد ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل، ئەمرۇ ئىبنى نۇئمان، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنى تىللاپ، ئەيىبلەش پاسىقلىق، ئۇنى ئۆلتۈرۈش بولسا، كاپىرلىق بولىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننى تىللاش، ئەيىبلەش پاسىقلىقتۇر، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش كاپىرلىقتۇر، مۇسۇلماننىڭ مال ـــ مۈلكى، خۇددى قېنى ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنى ھالال بىلسە، كاپىر بولىدۇ، ياكى كاپىرنىڭ قىلىقى، ئەخلاقى بولىدۇ، ياكى بۇ ئىش ئاخىردا كاپىرلىققا ئاپىرىدۇ، ياكى بۇ قېرىنداشلىق نېئمىتىگە، كۇپىرلىق بولىدۇ، ياكى بۇ چوڭ كۇپىردىن تۆۋەن كۇپۇرلۇق بولىدۇ، خۇددى كىچىك شېرىك بولغاندەك، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، مۇسلىم شەرھىسىدىن.

**4815 – [ 4 ]** ( متفق عليه ) **وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيما رجل قال لأخيه كافر فقد باء بها أحدهما " . متفق عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئىنسان قېرىندىشىغا «ئى كاپىر» دېسە، شەك ـــ شۈبھىسىز بۇ كۇپىرلىق بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى قايتىدۇ، ئەگەر ئۇ قېرىندىشى راستىنلا كاپىر بولسا، ئۇ قايتىدۇ، ئەگەر ئۇ كاپىر بولمىسا، ئۇ چاغدا، بۇ سۆزنى دېگۈچى كاپىر بولۇپ قايتىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىمام نەۋەۋى سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە بۇ توغرىلىق مۇنداق دېگەن:

1. كاپىرنىڭ قىلىقى، ئەخلاقى بىلەن قايتىدۇ.
2. مۆئمىننى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلسا، كاپىر بولىدۇ.
3. شۇ سۆزنى دېيىشنى ھالال بىلسە، كاپىر بولۇپ قايتىدۇ.
4. بۇ سۆز ئاخىردا ئۇنى كاپىرلىققا يېقىن ئاپىرىپ كاپىر قىلىۋېتىدۇ.
5. توغرىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ. بۇ ھەدىس، ئۆز ئەينى زاھىرىدا قالىدۇ.

6. بۇ قېرىنداشلىق نېئمىتىگە كۇپىرلىق بولىدۇ.

**4816 – [ 5 ]** ( صحيح ) **وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يرمي رجل رجلا بالفسوق ولا يرميه بالكفر إلا ارتدت عليه إن لم يكن صاحبه كذلك " رواه البخاري**

**4817 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من دعا رجلا بالكفر أو قال : عدو الله وليس كذلك إلا حار عليه " . متفق عليه**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىلىپ تۇرۇپ دادىسىدىن باشقا كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلغان كىشى، كاپىر بولىدۇ، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنى داۋا قىلغان كىشى بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، ئۇ ئۆزئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، كىم بىر كىشىنى كاپىر دەپ چاقىرسا، ياكى ئۇنى ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دېسە، ئۇ كىشى ئۇنداق بولمىسا، يەنى كاپىر ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولمىسا، بۇ سۆزلەر دېگۈچىگە قايتىدۇ، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى پاسىق دەپ ياكى كاپىر دەپ بۆھتان چاپلىسا، ئۇ كىشى ئۇنداق بولمىسا، بۇ سۆزمۇ دېگۈچىگە قايتىدۇ، ئۆزى كاپىر، پاسىق بولىدۇ. (ياكى بۇ جىنايەت ئۇنى ئاخىرىدا شۇنداق قىلىۋېتىدۇ)، بۇخارى،مۇسلىم ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.ئىككى ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى بىردۇر،بۇ سەھىھنىڭ 5431 ـ ھەدىسىدۇر.

**4818 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن أنس وأبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " المستبان ما قالا فعلى البادئ مالم يعتد المظلوم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە ،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرسى ــ بىرسىنى تىللاپ، ئەيىبلەشكۈچى ئىككى كىشىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ گۇناھى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ھەددىدىن ئاشمىسىلا، تاجاۋۇز قىلمىسىلا، تۇنجى قېتىم باشتا باشلىغۇچى كىشىگە بولىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتسە، ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرسى ــ بىرسىنى تىللاپ، ئەيىبلەشكۈچى ئىككى كىشى، بىر ــ بىرىنى باتىل، پاھىشە سۆز بىلەن تىللاپ ئەيىبلىگۈچى، بىرسى ــ بىرسىنى يالغانچى قىلىپ، ئىنكار قىلغۇچى، يالغان سۆزلىگۈچى ئىككى شەيتاندۇر. بۇ ھەدىس ئەھمەتتە بەش ئورۇندا كېلىدۇ. 16836 ــ ھەدىس، 17615 ــ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**4819 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا ينبغي لصديق أن يكون لعانا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىددىيق يەنى سەممىي سادىق مۆئمىننىڭ لەنەت قىلغۇچى بولۇشى لايىق ئەمەس، لەنەت قىلغۇچى سىددىيق دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن تولا لەنەت قىلغۇچى بولمايدۇ، لەنەت قىلغۇچى كىشى كامىل مۆئمىن بولمايدۇ. (بەلكى، پاسىق كىشىلەر لەنەتكار كېلىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4820 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن أبي الدرداء قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن اللعانين لا يكونون شهداء ولا شفعاء يوم القيامة " . رواه مسلم**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تولا لەنەت قىلىپ، قاغاپ ئەيىبلىگۈچىلەر، لەنەت بىلەن دۇئا قىلغۇچىلار، ئاغىزى بەزەپ كىشىلەر قىيامەت كۈنى شاپائەتچى ۋە گۇۋاھچى بولالمايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4821 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا قال الرجل : هلك الناس فهو أهلكهم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى ئىنسانلار ھالاك بولدى ياكى ھالاك بولغاي دىسە، ئۆزى بالدۇر ھالاك بولىدۇ، بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، بۇھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بىرەر كىشى مۇسۇلمانلار تۈگەشتى دىسە، ئۆزى بالدۇر تۈگىشىدۇ، ھالاك بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشىنىڭ ئىنسانلار ھالاك بولدى،تۈگەشتى، ئىنسانلار ھالاك بولسۇن دىگىنىنى ئاڭلىساڭ، دەل شۇ كىشى بالدۇر ھالاك بولىدۇ، «چۈنكى ئۇمۇ ئىنسان»، مالىك، مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان.

**4822 – [ 11 ] ( متفق عليه ) وعنه : قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تجدون شر الناس يوم القيامة ذا الوجهين الذي يأتي هؤلاء بوجه وهؤلاء بوجه " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىلەر تاپىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمە كىشىدۇر، ئاۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كىلىدۇ، ماۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كىلىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4823 – [ 12 ] ( متفق عليه وعن حذيفة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا يدخل الجنة قتات " . متفق عليه . وفي رواية مسلم : " نمام "**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇياقتىن ــ بۇياققا كىشىلەرنىڭ گەپ ــ سۆزلىرىنى توشىغۇچى سۇخەنچى، جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم،كىيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گەپ توشۇغۇچى سۇخەنچى، ئاتا ــ ئانىسىغا ۋارقىراپ گەردەن قاققۇچى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4824 – [ 13 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عليكم بالصدق فإن الصدق يهدي إلى البر وإن البر يهدي إلى الجنة وما يزال الرجل يصدق ويتحرى الصدق حتى يكتب عند الله صديقا . وإياكم والكذب فإن الكذب يهدي إلى الفجور وإن الفجور يهدي إلى النار وما يزال الرجل يكذب ويتحرى الكذب حتى يكتب عند الله كذابا " . متفق عليه . وفي رواية مسلم قال : " إن الصدق بر وإن البر يهدي إلى الجنة . وإن الكذب فجور وإن الفجور يهدي إلى النار "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەممىي، راست سۆزلەشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن راستچىللىق، ياخشىلىققا ئاپىرىدۇ، ياخشىلىق بولسا، جەننەتكە ئاپىرىدۇ، كىشى راست سۆزلەۋىرىپ، راستچىللىقنى ئىزدەۋىرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىددىق، سەممىي، راستچىل كىشى دەپ يېزىلىدۇ، يالغانچىلىقدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن يالغانچىلىق، گۇناھـ مەئسىيەتكە يېتەكلەيدۇ،

گۇناھ ـ مەئسىيەت بولسا، دوۋزاختا ئاپىرىدۇ، كىشى يالغانىنلا ئىزدەپ يالغان سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزلىدە كاززاپ، يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: راستچىللىقنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇ، ياخشىلىق بىلەن بىللە، ئۇ ئىككىسى جەننەتتە. يالغاندىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇ گۇناھ، مەئسىيەت بىلەن بىللە بۇ ئىككىسى دوۋزاختا بولىدۇ، ئاللاھتائالادىن شەكسىز ئىشەنچ، ئىمان سوراڭلار، ئىككى ئالەمدە سىلەرنى ئەپۇ قىلىپ، ساقلىشىنى سوراڭلار، چۈنكى، كىشىگە شەكسىز ئىشەنچ، ئىماندىن قالسا، ساق ـ سالامەت ساقلىنىشتىن ياخشىراق نەرسە بېرىلمەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**4825 – [ 14 ]** ( متفق عليه ) **وعن أم كلثوم رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس الكذاب الذي يصلح بين الناس ويقول خيرا وينمي خيرا " . متفق عليه**

ئۇممە گۇلسۇم، شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەرنى توشۇپ ئاپارغان، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغان، ئەپلەشتۈرۈپ، ياراشتۇرغان كىشى كاززاپ ئەمەس، يالغانچى ھېسابلانمايدۇ. مۇسلىم، بۇخارى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. كىشىلەرنىڭ ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ كېلىشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلىسە دۇرۇس، بۇ ھەدىس ،ئىسلامىي ب د ت غا سوۋغات قىلىندۇ.

**4826 – [ 15 ]** ( صحيح ) **وعن المقداد بن الأسود رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا رأيتم المداحين فاحثوا في وجوههم التراب " . رواه مسلم**

مەدھىيىچىلەرنى كۆرسەڭلار، يۈزىگە توپا چېچىڭلار دىگەن ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى، بەيھەقى، ھاكىملار مىقداد، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان، سەھىھ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەدداھلارنىڭ يەنى مەدھىيىچىلەرنىڭ يۈزىگە توپا چېچىڭلار! تىرمىزى، ئىبنى ئەدى، ئەبۇ نۇئەيمەلەر توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس سەھىھ دىگەن يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەدھىيىچىلەرنىڭ ئاغزىغا توپا چېچىڭلار! بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىبنى ھەببان، ئىبنى ئۆمەردىن ئىبنى ئەساكىر، ئۇبادەت ئىبنى سامىتتىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

**4827 – [ 16 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي بكرة قال : أثنى رجل على رجل عند النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " ويلك قطعت عنق أخيك " ثلاثا " من كان منكم مادحا لا محالة فليقل : أحسب فلانا والله حسيبه إن كان يرى أنه كذلك ولا يزكي على الله أحدا " . متفق عليه**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېرىندىشىنى بەكلا ماختاپ مەدھىيىلىگەن كىشىگە: ساڭا ۋايدۇر، سەن قېرىندىشىڭنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلىدىڭ، ئۇنى بوغۇزلىغان بولدۇڭ، بىرىڭلار قېرىندىشىنى ماختاپ، مەدھىيىلەشتىن زادى ئامال بولمىسا، مەدھىيىلىمەكچى بولسا، مەن پالانىنى مۇشۇنداق گۇمان قىلىمەن دىسۇن. ئۇنىڭ ھېسابىنى ئاللاھ ئالىدۇ، ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھ بىلىدۇ،

مەن بىرەر كىشىنى ئاللاھقا ماختاپ ئاقلاپ مەدھىيلەپ كەتمەيمەن، مۇنداق ــ مۇنداق گۇمان قىلىمەن، ئەگەر بىلسە، مۇنداق گۇمان قىلىمەن دېسۇن دېگەن ئىدى. مۇسلىم، بۇخارى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4828 – [ 17 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أتدرون ما الغيبة ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : ذكرك أخاك بما يكره " . قيل أفرأيت إن كان في أخي ما أقول ؟ قال : " إن كان فيه ما تقول فقد اغتبته وإن لم يكن فيه ما تقول فقد بهته " . رواه مسلم . وفي رواية : " إذا قلت لأخيك ما فيه فقد اغتبته وإذا قلت ما ليس فيه فقد بهته "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ئۇلار: **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ قېرىندىشىڭنى ئۇ ياقتۇرمايدىغان نەرسە بىلەن تىلغا ئالساڭ، ئۇ غەيۋەت بولىدۇ دېدى، ئەگەر مەن قېرىندىشىم توغرىسىدا دېگەن نەرسە ئۇنىڭدا بار بولۇپ قالسىچۇ؟ دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئەگەر سەن دېگەن شۇ نەرسە ئۇنىڭغا بولسا، غەيۋەت بولىدۇ، ئەگەر بولماي قالسا، سەن ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان بولىسەن،دېدى. مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

**4829 – [ 18 ]** ( متفق عليه ) **وعن عائشة رضي الله عنها أن رجلا استأذن على النبي صلى الله عليه وسلم . فقال : " ائذنوا له فبئس أخو العشيرة " فلما جلس تطلق النبي صلى الله عليه وسلم في وجهه وانبسط إليه . فلما انطلق الرجل قالت عائشة : يا رسول الله قلت له : كذا وكذا ثم تطلقت في وجهه وانبسطت إليه . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " متى عهدتني فحاشا ؟ إن شر الناس منزلة يوم القيامة من تركه الناس اتقاء شره " وفي رواية : " اتقاء فحشه " . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىزنى سورىدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىڭلار، بۇ نىمە دېگەن يامان خوشنا، ئۆز قەۋمىدىن نىمە دېگەن يامان تۇغقان ھە!دېدى، ئۇ كىشى كىرىپ ئولتۇرغاندا بولسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا خۇش چىراي ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىپ،ياخشى سۆزلەرنى قىلدى، ئۇكىشى چىقىپ كەتكەندە، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى ئۇنىڭغا ئارقىسىدا مۇنداق،مۇنداق دەۋاتاتتىلە، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالدىدا خۇش چىراي ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىپ،ياخشى سۆزلەرنى قىلدىلىغۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! سەن مىنىڭ قاچان پاھىشە سۆز قىلغىنىمنى، ئاغزىم بەزىپلىك قىلغىنىمنى بىلگەن، شۇنداق بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ باققانمۇ؟ ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەنزىل جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانراقى، كىشىلەر ئۇنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ تەرىك ئەتكەن، قورقۇپ تاشلىۋەتكەن كىشىدۇر. (شۇڭا مەن ئۇ كىشىگە خۇشچىراي بولدۇم)دېدى. مۇسلىم، بۇخارى، ئەھمەد، بەيھەقى ت، سەھىھ

**4830 – [ 19 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل أمتي معافي إلا المجاهرون وإن من المجانة أن يعمل الرجل عملا بالليل ثم يصبح وقد ستره الله . فيقول : يا فلان عملت البارحة كذا وكذا وقد بات يستره ربه ويصبح يكشف ستر الله عنه " . متفق عليه وذكر في حديث أبي هريرة : " من كان يؤمن بالله " في " باب الضيافة "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنىڭ

ئۆممىتىمنىڭ ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىپ ساقلىنىدۇ، لېكىن، جەھرىچى، ئۆزىنى ئاشكارىلىغۇچىلار ئەپۇ قىلىنمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ ئاشكارىلاش بولسا، كىشى كېچىسى بىر يامان ئەمەلنى قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى ياپقان، پەردىلىگەن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئاندىن ئۇ: ئى پالانى!مەن دىگەن بۈگۈن كېچە مۇنداق ـــ مۇنداق ئەمەللەرنى قىلىۋەتتىم دەپ، گۇناھىنى ئاشكارىلايدۇ، ئۇ كېچىنى، رەببى ئۇنى پەردىلەپ گۇناھىنى يېپىپ ئۆتكۈزگەن ئىدى، تاڭ ئاتقۇزۇپلا ئاللاھنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئۇنى قانداقمۇ ئەپۇ قىلىپ كەچۈرسۇن؟ مۇسلىم، بۇخارى،بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**4831 – [ 20 ] الفصل الثاني عن أنس رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ترك الكذب وهو باطل بني له في ربض الجنة ومن ترك المراء وهو محق بني له في وسط الجنة ومن حسن خلقه بني له في أعلاها " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن . وكذا في شرح السنة وفي المصابيح قال غريب**

ئەبۇ ئۇمامە،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن، گەرچە ئىشىدا، داۋاسىداتوغرا ھەقىقەتنى سۆزلەپ ھەق قىلغان بولسىمۇ جىدەل، مۇنازىرە ئىختىلاپىنى تەرىك ئەتكەن كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ چۆرىسىدىكى، ئەتراپىدىكى بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن، گەرچە چاخچاق قىلىۋاتقان بولسىمۇ يالغان سۆزلەشنى تەرىك ئەتكەن كىشى ئۈچۈن،باتىل يالغاننى تەرىك ئەتكۈچى ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن، ئەخلاقى ياخشى، گۈزەل كىشى ئۈچۈن، جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەرتىبىسىدىن بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن،تىرمىزى،ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان،ھەسەن.چاخچاق قىلىپمۇ يالغان سۆزلىمە دىگەن ھەدىس بار،ئىختىلاپ قىلىشماسلىق، ئىتتىپاقلىق كۈچ، غەلبىنىڭ ئاساسى، ئەخلاقى ياخشى بۇلۇش قۇرئاندا، سەھىھ ھەدىستە كۆپ كېلىدۇ.

**4832 – [ 21 ] وعنن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتدرون ما أكثر ما يدخل الناس الجنة ؟ تقوى الله وحسن الخلق . أتدرون ما أكثر ما يدخل الناس النار ؟ الأجوفان : الفم والفرج " رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسىمۇ **الله** تىن قورقۇپ تەقۋالىق قىلىش بىلەن ياخشى ئەخلاقتۇر. كىشىلەرنى دەۋزەخكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسىنىڭ نىمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسىمۇ ئېغىز بىلەن ئەۋرەتتىن ئىبارەت ئىككى ئېغىز بوشلۇقتۇر.تىرمىزى بىلەن ئىبنى ماجە.

**4833 – [ 22 ] وعن بلال بن الحارث قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الرجل ليتكلم بالكلمة من الخير ما يعلم مبلغها يكتب الله له بها رضوانه إلى يوم يلقاه . وإن الرجل ليتكلم بالكلمة من الشر ما يعلم مبلغها يكتب الله بها عليه سخطه إلى يوم يلقاه " . رواه في شرح السنة و روى مالك والترمذي وابن ماجه نحوه**

بىلال ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كىشى ئاللاھ رازى بولىدىغان بىر ئېغىز ياخشى سۆزنى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ سۆزنىڭ قەيەرگىچە يېتىپ بارىدىغىنىنى گۇمانمۇ قىلمايدۇ، ئاللاھ، بۇ كىشى ئۈچۈن شۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ سەۋەبىدىن تا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ئۇچراشقىچە رازىلىقىنى يازىدۇ، ھەقىقەتەن كىشى ئاللاھ غەزەپ قىلىپ كايىيدىغان بىر ئېغىز يامان سۆزنى قىلىدۇ، ئۇ بۇ سۆزنىڭ قەيەرگىچە يېتىپ بارىدىغىنىنى گۇمانمۇ قىلمايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇ بىر ئېغىز

سۆزنىڭ سەۋەبىدىن تا قىيامەت كۈنىگىچە غەزەپ ــ نەپرىتىنى، ئۆچلىكىنى يازىدۇ، مالىك، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

**4834 – [ 23 ] وعن بهزبن حكيم عن أبيه عن جده قا ل : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ويل لمن يحدث فيكذب ليضحك به القوم ويل له ويل له " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والدارمي**

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان كىشىگە ۋايدۇر، ئۇنىڭغا ۋايدۇر، (يالغانچى كۈلدۈرگە ئارتىسقا ۋايدۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**4835 – [ 24 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العبد ليقول الكلمة لا يقولها إلا ليضحك به الناس يهوي بها أبعد ما بين السماء والأرض وإنه ليزل عن لسانه أشد مما يزل عن قدمه " . رواه البيهقي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەندە سۆرۈۋشتۇرمەستىن ئىنقىلاپ كۆرمەيلا، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈنلا بىر ئىغىز سۆزنى قىلىدۇ ــدە، ئۇ، شۇ سۆزنىڭ سەۋەبىدىن دوۋزاخنىڭ ئاسمان ـ زىمىن ئارىسىدىنمۇ يىراقراق چوڭقۇر يىرىگە چۈشۈپ كىتىدۇ، كىشىنىڭ قەدىمىدىن تېيىلىپ كىتىشىدىن تىلىدىن تېيىلىپ كىتىشى قاتتىق كۆپ ئۇچرايدۇ.ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4836 – [ 25 ] الفصل الثالث وعن عبدالله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من صمت نجا " . رواه أحمد والترمذي والدارمي والبيهقي في " شعب الإيمان**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم سۆز قىلماي جىم تۇرسا، كەم سۆز بولسا، ئۇ نىجاد تاپىدۇ. (چۈنكى سۆزگە ھىساب بار). ئەھمەد،بەيھەقى،دارىمى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4837 – [ 26 ] وعن عقبةبن عامر قال : لقيت رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : ما النجاة ؟ فقال : " أملك عليك لسانك وليسعك بيتك وابك على خطيئتك " . رواه أحمد والترمذي**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھقا ئۇچۇرشۇپ، نىجاتلىق دىگەن نىمە؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تىلىڭغا ئىگە بول، ئەھلى بەيتلىرىڭ ئۈچۈن سەئىي ئەمەل قىل، خاتالىقىڭغا يىغلىغىن.ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4838 – [ 27 ] وعن أبي سعيد رفعه قال : " إذا أصبح ابن آدم فإن الأعضاء كلها تكفر اللسان فتقول : اتق الله فينا فإنا نحن بك فإن استقمت استقمنا وإن اعوججت اعوججنا " . رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر كۈنى ئادەم باللىسى تاڭ ئاتقۇزسىلا، ئۇنىڭ بارلىق ئەزالىرى تىلىنى ئەيىبلەپ، تىلغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يالۋۇرۇپ، مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ ھەققىمىزدە ئالالھدىن قورققىن، ھەقىقەتەن بىز ساڭا باغلىق، سەن رۇس، تۈز بولساڭ، بىزمۇ شۇنداق بولىمىز، ئەگەر سەن ئەگرى بولساڭ، بىزمۇ ئەگرى بولىمىز، تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمە، بەيھەقىلەر

توپلىغان، ھەسەن.

**4839 – [ 28 ] ( صحيح ) وعن علي بن الحسين رضي الله عنهما قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من حسن إسلام المرء تركه ما لا يعنيه " . رواه مالك وأحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ھۇسەيىن، ئەبۇ بەكرى، ئەبۇ زەر، ئەلى، زەيد ئىبنى سابىت، ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆزىگە ھېچ قانداق ياردىمى، پايدىسى بولمايدىغان نەرسىنى تەرك ئېتىشى، ئۇنىڭ ئىسلامىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدۇر، ياخشى مۇسۇلمان، پايدىسى، ياردىمى تەگمەيدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.مالىك، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد،بەيھەقى، تەبرانى، ھاكىم، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. ئى مۇسۇلمانلار! دۇنيا ــ ئاخىرەتتە پايدىسى يوق، ياردىمى يوق، مەنپەئەتسىز ئىشلارنى تاشلاڭلار، ھەر قانداق ئۆرپ ــ ئادەت بولسىمۇ تاشلاڭلار، شۇ چاغدا ياخشى مۇسۇلمان ھېسابلىنىسىلەر.

**4840 – [ 29 ] ( صحيح ) ورواه ابن ماجه عن أبي هريرة**

**4841 – [ 30 ] ( صحيح ) والترمذي والبيهقي في " شعب الإيمان " عنهما**

**4842 – [ 31 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس قال : توفي رجل من الصحابة . فقال رجل : أبشر بالجنة . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أو لا تدري فلعله تكلم فيما لا يعنيه أو بخل بما لا ينقصه " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ساھابىلاردىن بىر كىشى ۋاپات تاپقاندا، بىركىشى؛ جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن ھېچ نىمىنى بىلمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى ، سۆزلىرىنى بىلمەي تۇرۇپلا خۇش بىشارەت بېرەمسەن؟ ئۇ ئۆزىگە قىلچە پايدا ـ مەنپەئەت بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سالغاندۇ، ياكى كاملىماس نەرسىگە(يەنى ئىلمىنى بىرىشكە ياكى زاكاتقا) بېخىللىق قىلىپ سالغاندۇ، (شۇڭا بىلمەي تۇرۇپ بىشارەت بەرمىگىن)دېدى.تىرمىزى توپلىغان.

**4843 – [ 32 ] ( صحيح ) وعن سفيان بن عبد الله الثقفي قال : قلت : يا رسول الله ما أخوف ما تخاف علي ؟ قال : فأخذ بلسان نفسه وقال : " هذا " . رواه الترمذي وصححه**

سۇپيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى مەندىن ئەنسىرەيدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ قورقۇنۇشلۇقراقى نىمە؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ؛ مانا مۇشۇ نەرسە دېدى. يەنى ئەڭ ئەنسىرەيدىغان نەرسەم تىلىڭلار دېدى. تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**4844 – [ 33 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كذب العبد تباعد عنه الملك ميلا من نتن ما جاء به " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە يالغان سۆزلىگەن ھامان، ئۇنىڭ يالغان سۆزىنىڭ سېسىقلىقىدىن، پەرىشتە ئۇنىڭدىن بىر مىيل يەنى ئىككى كىلومېتىر يىراقلاپ كېتىدۇ. تىرمىزى توپلىغان.

**4845 – [ 34 ] ( لم تتم دراسته ) وعن سفيان بن أسد الحضرمي قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : "**

كبرت خيانة أن تحدث أخاك حديثا هو لك به مصدق وأنت به كاذب " . رواه أبو داود

سۇپيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قېرىندىشىڭ ساڭا ئىشىنىپ راست سۆزلىسە، سىنىڭ قېرىندىشىڭغا يالغان سۆزلىشىڭ ئەڭ چوڭ خىيانەتتۇر.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

4846 – [ 35 ] وعن عمارقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كان ذا وجهين في الدنيا كان له يوم القيامة لسانان من نار " . رواه الدارمي

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇ دۇنيادا مانىڭغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدىغان، ئانىڭغا يەنە بىر يۈزى بىلەن كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمە بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى ئوْچۈن ئوتتىن ئىككى تىل بولىدۇ. دارىمى توپلىغان.

[ 36 ] وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس المؤمن بالطعان ولا باللعان ولا الفاحش ولا البذيء " رواه الترمذي والبيهقي في شعب الإيمان وفي أخرى له ولا الفاحش البذيء وقال الترمذي : هذا حديث غريب

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشى دىگەن تەنە قىلغۇچى، لەنەت قىلغۇچى، پاھىشە سۆز قىلغۇچى، ئاغزى بەزەپ بولمايدۇ، ئاغزىنى ئەسكى قىلمايدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى،بەيھەقى،ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

4848 – [ 37 ] وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يكون المؤمن لعانا " . وفي رواية : " لاينبغي للمؤمن أن يكون لعانا " . رواه الترمذي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشى دىگەن تولا لەنەت قىلغۇچى بولمايدۇ، لەنەت قىلغۇچى كىشى كامىل مۆئمىن بولمايدۇ.بۇخسلەت مۆئمىنگە لايىق ئەمەس. (بەلكى، پاسىق كىشىلەر لەنەتكار كېلىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.جۇرمۇز ئىبنى ئەۋسەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىنىڭ لەنەت قىلغۇچى بولماسلىقىڭغا ۋەسىيەت قىلىمەن، (مەيلى ئىنسان، مەيلى ھايۋان بولسۇن، لەنەت قىلما) ئەھمەد، تەبرانى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

4849 – [ 38 ] وعن سمرة بن جندب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تلاعنوا بلعنة الله ولا بغضب الله ولا بجهنم " . وفي رواية " ولا بالنار " . رواه الترمذي وأبو داود

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ لەنىتى بىلەن، ئاللاھنىڭ غەزىپى بىلەن،جەھەننەم دوۋزاخ بىلەن لەنەت قىلماڭلار، (يەنى ساڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى، غەزىپى بولسۇن دىمەڭلار، ھوي! دوۋزىخى، ساڭا دوۋزاخ بولسۇن دىمەڭلار). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

4850 – [ 39 ] وعن أبي الدرداء قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن العبد إذا لعن شيئا صعدت اللعنة إلى السماء فتغلق أبواب السماء دونها ثم تهبط إلى الأرض فتغلق أبوابها دونها ثم تأخذ يمينا وشمالا فإذا لم تجد مساغا رجعت إلى

**الذي لعن فإن كانت لذلك أهلا وإلا رجعت إلى قائلها " . رواه أبو داود**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەندە بىرەر نەرسىگە لەنەت قىلسا، ئۇ لەنەت ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ، ئاسمان ئىشىكلىرى ئۇنى كىرگۈزمەيدۇ، تاقىلىپ قالىدۇ، ئاندىن لەنەت زېمىنغا چۈشىدۇ، زېمىن ئىشىكلىرىمۇ ئۇنى كىرگۈزمەيدۇ، يەنى قوبۇل قىلماي تاقىلىپ قالىدۇ، (چۈنكى، ئاسمان ـ زېمىن لەنەتكە لايىق ئەمەس) ئاندىن لەنەت ئوڭ تەرەپكە، سول تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، سىغقىدەك ئۆرۈن تاپالمىغاندا،لەنەت قىلىنغان نەرسىگە قايتىدۇ، ئەگەر ئۇ نەرسە راستىنلا لەنەتكە لايىق بولسا، شۇنداق بولغىنى، ئىش تامام، ئەگەر ئۇ نەرسە لەنەتكە لايىق بولمىسا، شۇ لەنەتنى دىگۈچىگە ئاغزىدىن چىقارغۇچىغا قايتىپ بارىدۇ، ئەبۇ داۋۇد 4259 ـ ھەدىس. ھەسەن.

**4851 – [ 40 ]** ( صحيح ) **وعن ابن عباس أن رجلا نازعته الريح رداءه فلعنها . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تلعنها فإنها مأمورة وإنه من لعن شيئا ليس له بأهل رجعت اللعنة عليه " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شامالغا لەنەت قىلما، تىللىما، چۈنكى، ئۇمۇ بۇيرۇلغاندۇر، (ئۇنى باشقۇرۇپ بۇيرىغۇچى ئاللاھدۇر). كىم بىرەر نەرسىگە لەنەت قىلسا، ئۇ نەرسە لەنەتكە لايىق بولمىسا لەنەت ئەھلى بولمىسا، ئۇ لەنەت شۇ لەنەت قىلغان كىشىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4852 – [ 41 ] وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يبلغني أحد من أصحابي عن أحد شيئا فإني أحب أن أخرج إليكم وأنا سليم الصدر " . رواه أبو داود**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا ساھابىللىرىم توغرۇلۇق ھېچ بىر كىشى بىرەر يامان سۆز يەتكۈزمىسۇن، چۈنكى مەن سىلەرگە قەلبىم سالامەت ھالدا چىقىشىمنى ياخشى كۆرىمەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4853 – [ 42 ] وعن عائشةقالت : قلت للنبي صلى الله عليه وسلم : حسبك صفية كذا وكذا – تعني قصيرة – فقال : " لقد قلت كلمة لو مزج بها البحر لمزجته " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەقىقەتەن سەفىييە بەك پاكىنەك ئىكەن دىبسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن سەن بىر ئىغىز سۆزنى قىلدىڭكى، ئەگەر بۇ سۆز دېڭىز سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ھەممە يېرىگە ئارىلىشىپ سۈيىنى تېخىمۇ ئاچچىق قىلىۋېتەتتى دىگەن. (يەنى كىشىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىش ھارام). ئەبۇ داۋۇد 4232 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2426 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2484 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4854 – [ 43 ] وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما كان الفحش في شيء إلا شانه وما كان الحياء في شيء إلا زانه " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق نەرسىدە پاھىشلىق، ئاغىزى بەزەپلىك بولىدىكەن، بۇ ئۇ نەرسىنى قەبىھ سەتلەشتۈرىۋېتىدۇ، ھەر قانداق نەرسىدە ھايا

بولىدىكەن، بۇ ئۇ نەرسىنى زىينەتلىك، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**4855 – [ 44 ] وعن خالد بن معدان عن معاذ قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من عير أخاه بذنب لم يمت حتى يعمله " يعني من ذنب قد تاب منه رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وليس اسناده بمتصل لأن خالدا لم يدرك معاذ بن جبل**

خالىد ئىبنى مەئدان، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشىنى تۆۋبە قىلىپ بولغان گۇناھ بىلەن ئەيىبلەۋەرسە، شۇ ئەمەلنى يەنى گۇناھنى ئۆزى قىلمىغۇچە ئۆلمەيدۇ، يەنى ھامىنى بىر كۈن شۇ گۇناھنى ئۆزى قىلىپ سالىدۇ دېگەن ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب، ئىسنادى يولى تۇتاش ئەمەس. چۈنكى، خالىد ئىبنى مەئدان، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاپالمىغان، كۆرۈپمۇ باقمىغان دېگەن.

**4856 – [ 45 ] وعن واثلة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تظهر الشماتة لأخيك فيرحمه الله ويبتليك " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ ساڭا ئۆچ دۈشمەن بولغان قېرىندىشىڭنىڭ بالاغا گىرىپتار بولغان چاغدىكى خۇشاللىقىڭنى ئۇنىڭغا ئاشكارا قىلما، چۈنكى بىركۈنلەردە الله تائالا ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، سىنى بالاغا گىرىپتار قىلىشىمۇ مۇمكىن.تىرمىزى توپلىغان.

**4857 – [ 46 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " ما أحب أني حكيت أحدا وأن لي كذا وكذا " . رواه الترمذي وصححه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەندە ئۇنداق ــ مۇنداق ئەيىب ــ نۇقسانلار تۇرسا، ئۇنى قويۇپ، باشقا بىر ئىنساننىڭ ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى ھىكايە قىلىپ سۆزلەپ كېتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4858 – [ 47 ] وعن جندب قال : جاء أعرابي فأناخ راحلته ثم عقلها ثم دخل المسجد فصلى خلف رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما سلم أتى راحلته فأطلقها ثم ركب ثم نادى : اللهم ارحمني ومحمدا ولا تشرك في رحمتنا أحدا . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتقولون هو أضل أم بعيره ؟ ألم تسمعوا إلى ما قال ؟ " قالوا : بلى ؟ . رواه أبو داود وذكر حديث أبي هريرة : " كفى بالمرء كذبا " في " باب الاعتصام " في الفصل الأول**

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەئرابى كېلىپ،تۆگىسىنى چۆكىلاندۇرۇپ باغلاپ، ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدى، ئاندىن نامازدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭ تۆگىسىنى يېشىپ، مىندۈرۈپ قويسا،(يەنە بىردە ئۆزى مىنىپ) ئۇ، ئى ئاللاھ: مەن بىلەن مۇھەممەدە سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەھمەت قىلسىلا، باشقىلارنى شېرىك قىلمىسىلا دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن كەڭرى رەھمەتنى تار قىلىۋەتتىڭ، شەخسىيەتچىلىك قىلدىڭ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭرىدۇر، ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا 100 رەھمەت يارىتىپ، بىر رەھمەتنى بۇ دۇنياغا چۈشۈردى، شۇ بىر رەھمەت بىلەن پۈتۈن خالايىق ئىنسان، جىنلار، ھايۋانلارمۇ بىر ــ بىرىگە

كۆيۈنۈپ، رەھىيم قىلىشىدۇ، 99 رەھمەت، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا رەھمەتكە لايىق بولىدىغانلار ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان، ئى ساھابىلىرىم، سىلەر ئۇ كىشىنى نادان ئازغۇنراق دەپ قارامسىلەر، ياكى تۆگىسىنىمۇ؟ سىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ دىسە، ئۇلار؛ ئاڭلىدۇق دىگەن. ئەھمەد 18046 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4241 _ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4859 – [ 48 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا مدح الفاسق غضب الرب تعالى واهتز له العرش " رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پاسىق كىشى مەدھىيلەنسە، رەبتائالا غەزەپ قىلىدۇ، ئەرش تەۋرەپ كېتىدۇ، (يەنى مەدھىيلىگۈچىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىدىن شۇنداق بولىدۇ،) بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**4860 – [ 49 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يطبع المؤمن على الخلال كلها إلا الخيانة والكذب " . رواه أحمد**

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن كىشى خىيانەت بىلەن يالغانچىلىقتىن باشقا بارلىق ياخشى خىسلەت(بولۇپمۇ راسچىللىق بىلەن ئامانەت)ئۈستىگە يارىتىلغاندۇر. ئۇ ھەرگىز خىيانەت قىلمايدۇ،يالغان سۆز قىلمايدۇ.ئەھمەد توپلىغان.

**4861 – [ 50 ] ( لم تتم دراسته ) والبيهقي في شعب الإيمان عن سعد بن أبي وقاص**

**4862 – [ 51 ] ( لم تتم دراسته ) وعن صفوان بن سليم أنه قيل لرسول الله صلى الله عليه وسلم : أيكون المؤمن جبانا ؟ قال : " نعم " . فقيل : أيكون المؤمن بخيلا ؟ قال : " نعم " . فقيل : أيكون المؤمن كذابا ؟ قال : " لا " . رواه مالك والبيهقي في " شعب الإيمان " مرسلا**

سەفۋان ئىبنى سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۆئمىن قورقۇنچاق بولامدۇ؟ دىيىلسە، ھەئە دىدى، بېخىل بولامدۇ؟ دىيىلسە ھەئە دىدى، كازراپ، يالغان سۆزلىگۈچى بولامدۇ؟ دىيىلسە، ياق دەپ جاۋاب بەردى، مالىك بىلەن بەيھەقى مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن، مۇرسەل،

**4863 – [ 52 ] ( صحيح ) وعن ابن مسعود قال : " إن الشيطان ليتمثل في صورة الرجل فيأتي القوم فيحدثهم بالحديث من الكذب فيتفرقون فيقول الرجل منهم : سمعت رجلا أعرف وجهه ولا أدري ما اسمه يحدث " . رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: شەيتان ئىنساننىڭ سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئۇلارغا يالغان سۆزدىن بىرنى قىلىۋىتىدۇ، ئاندىن ئۇلار تارقاپ ، ئۇلاردىن بىركىشى؛ مەن بىركىشىدىن مۇنداق بىر ئېغىز سۆزنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇنى كۆرسەم، چىرايىنى تونۇيمەن، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن دەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان.سەھىھ.

**4864 – [ 53 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمران بن حطان قال : أتيت أبا ذر فوجدته في المسجد محتبيا بكساء أسود وحده . فقلت : يا أبا ذر ماهذه الوحدة ؟ فقال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الوحدة خير من جليس السوء والجليس**

**الصالح خير من الوحدة وإملاء الخير خير من السكوت والسكوت خير من إملاء الشر "**

ئىمران ئىبنى ھەتتان رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئۇنىڭ مەسجىدتە قارا تونغا يۆگىنىپ، يالغۇز ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ؛ ئى ئەبۇزەر! بۇ يالغۇز ئولتۇرۇشتىن مەقسەت نىمە؟ دەپ سورىسام، ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: يالغۇز ئولتۇرۇش، يامان مەجلىستىن ياخشىدۇر، ياخشى مەجلىس، يالغۇز ئولتۇرۇشتىن ياخشىدۇر، ياخشى سۆز قىلىپ بېرىش، سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇشتىن ياخشىدۇر، سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇش، يامان سۆز قىلىپ بېرىشتىن ياخشىدۇر.بەيھەقى.

**4865 – [ 54 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن عمران بن حصين أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " مقام الرجل بالصمت أفضل من عبادة ستين سنة "**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ كۆپ سۆز قىلماي، سۈكۈتتە جىم تۇرىشى، 60 يىللىق ئىبادەتتىن ئەبزەلدۇر.بەيھەقى.

**4866 – [ 55 ] وعن أبي ذر قال : دخلت على رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكر الحديث بطوله إلى أن قال : قلت : يا رسول الله أوصني قال : " أوصيك بتقوى الله فإنه أزين لأمرك كله " قلت : زدني قال : " عليك بتلاوة القرآن وذكر الله عز وجل فإنه ذكر لك في السماء ونور لك في الأرض " . قلت : زدني . قال : " عليك بطول الصمت فإنه مطردة للشيطان وعون لك على أمر دينك " قلت : زدني . قال : " إياك والضحك فإنه يميت القلب ويذهب بنور الوجه " قلت : زدني . قال : قل الحق وإن كان مرا " . قلت : زدني . قال : " لا تخف في الله لومة لائم " . قلت : زدني . ليحجزك عن الناس ما تعلم من نفسك "**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: مەن سىنىڭ **الله** تىن قورقۇپ تەقۋادار بولۇشىڭغا ۋەسىيەت قىلىمەن، چۈنكى تەقۋالىق، بارلىق ئىشىڭنىڭ زىننىتى، ئەڭ ئەبزىلى،دېدى. مەن؛ يەنە زىيادە قىلسىلا دىسەم، قۇرئان تىلاۋىتىنى، يەنى قۇرئاننى دائىم ئوقۇپ تۇرۇشنى، **الله** نى ئەسلەپ زىكرى ئەيتىشنى لازىم تۇتقىن، بۇ سىنىڭ ئاسماندىكى زىكرىڭ،تىلغا ئېلىنىدىغان شۆھرىتىڭ، زىمىندىكى نۇرۇڭدۇر دېدى. مەن يەنىمۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ كۆپ سۆز قىلماي سۈكۈتتە تۇرۇشنى چىڭ تۇتقىن، شۇنداق قىلىش شەيتاننى قوغلاپ قاچۇرىدۇ، دىن ئىشلىرىڭغا ياردەمچى بولىدۇ دېدى، مەن؛ يەنىمۇ زىيادە قىلسىلا دىسەم، كۈلۈشتىن قاتتىق ھەزەر قىلغىن، چۈنكى كۆپ كۈلۈش قەلبنى ئۆلتۈرۈپ، يۈزنىڭ نۇرىنى يوقىتىدۇ، دېدى. مەن يەنىمۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ئاڭلىغۇچىلارغا گەرچە ئاچچىق بولسىمۇ، ھەقنى سۆزلىگىن دېدى. مەن؛ يەنە زىيادە قىلسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ **الله** يولىدا (ھەرقانداق بىر خىزمەتنى قىلىشتا)مالامەت،تاپا ـ تەنە قىلغۇچىلارنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىدىن قورقمىغىن دېدى، مەن؛ يەنىمۇ زىيادە ۋەسىيەت قىلسىلا دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ سىنىڭ ئۆزۈڭدىكى ئەيىب ـ نوقسانلىرىڭنى بىلىشىڭ، كىشىلەرنىڭ سەن بىلمىدىغان ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى سۆزلەپ قېلىشىڭدىن سىنى توسسۇن دېدى. يەنى ئۆزۈڭدە ئۇنداق ـ مۇنداق ئەيىب ــ نوقسانلار تۇرسا، ئۇنى تۈزەتمەي تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى سۆزلەپ كەتمىگىن دېدى. بەيھەقى.

**4867 – [ 56 ] وعن أنس عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يا أبا ذر ألا أدلك على خصلتين هما أخف على الظهر وأثقل**

**في الميزان ؟ " قال : قلت : بلى . قال : " طول الصمت وحسن الخلق والذي نفسي بيده ما عمل الخلائق بمثلهما "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئى ئەبۇزەر! مەن ساڭا ئۇچاڭغا يەڭگىل يەنى تەكلىپتە يەڭگىل، مىيزاندا ئېغىر ئىككى خىسلەت ئىشنى كۆرسۈتۈپ قويمايمۇ؟دېدى، ئۇ: ئەلۋەتتە بۇلىدۇ دىسە، رەسۇلۇللاھ: گۈزەل، ياخشى ئەخلاقنى لازىم تۇتقىن، ئۇزۇن ــ ئۇزۇن ۋاقىت سۆز قىلماي جىم تۇرۇشنى لازىم تۇت، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خالايىقلار، بۇ ئىككى خىسلەت ئىشنىڭ ئوخشىشىدەك نەرسە بىلەن گۈزەل، ياخشى ئەخلاقلىق بولالمايدۇ، پەقەت مۇشۇ ئىككى ئىش بىلەنلا ئەخلاقلىق بولالايدۇ،دېدى.بەيھەقى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ھەسەن.

**4868 – [ 57 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عائشة قالت : مر النبي صلى الله عليه وسلم بأبي بكر وهو يلعن بعض رقيقه فالتفت إليه فقال : " لعانين وصديقين ؟ كلا ورب الكعبة " فأعتق أبو بكر يومئذ بعض رقيقه ثم جاء إلى النبي صلى الله عليه وسلم وقال : لا أعود . روى البيهقي الأحاديث الخمسة في " شعب الإيمان "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، دادام ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قۇللىرىنىڭ بەزىسىنى ئەيىبلەپ لەنەت قىلىۋاتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ؛ كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، سىددىق كىشىمۇ لەنەت قىلىدىغان بولامدۇ؟ بۇنداق سۈپەت ھەرگىز سىددىق سۈپەتلىك كىشىدە بىرلەشمەيدۇ دېدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ كۈنىلا قۇللىرىنىڭ بەزىسىنى ئازاد قىلىۋىتىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق لەنەت قىلمايمەن دېدى،بەيھەقى.

**4869 – [ 58 ] ( صحيح ) وعن أسلم قال : إن عمر دخل يوما على أبي بكر الصديق رضي الله عنهم وهو يجبذ لسانه . فقال عمر : مه غفر الله لك . فقال أبو بكر : إن هذا أوردني الموارد . رواه مالك**

ئەسلەم رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرسە، ئۇ ئۆزىنىڭ تىلىنى سوزۇپ تارتىپ ، ئۆزىنى جازالاپ ئازاپلاۋاتقىدەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئۇنداق قىلماي تىلىڭنى قويىۋەتكىن، **الله** ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن دىسە، ئۇ: ھەقىقەتەن مىنىڭ مۇشۇ تىلىم، مىنى ھالاكەتلىك جايغا تاشلاپ قويىدۇ دېدى. مالىك توپلىغان،

**4870 – [ 59 ] وعن عبادة بن الصامت أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اضمنوا لي ستا من أنفسكم أضمن لكم الجنة : اصدقوا إذا حدثتم وأوفوا إذا وعدتم وأدوا إذا ائتمنتم واحفظوا فروجكم وغضوا أبصاركم وكفوا أيديكم "**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ماڭا ئالتە ئىشقا كېپىل بولساڭلار، مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كېپىل بولىمەن، 1ـ سۆزلىگەندە راست، سەمىمىي سۆزلەڭلار، 2ـ ۋەدە قىلساڭلار ۋاپا قىلىڭلار، 3ـ سىلەرگە ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلماستىن ئادا قىلىڭلار، 4ـ ئەۋرەتلىرىڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، 5ـ كۆزلىرىڭلارنى ھارامدىن يۇمۇڭلار، 6ـ قوللىرىڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4872 – [ 61 ] 4871 ( 60 ) وعن عبد الرحمن بن غنم وأسماء بنت يزيد رضي الله عنهم أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " خيار عباد الله الذين إذا رؤوا ذكر الله . وشرار عباد الله المشاؤون بالنميمة والمفرقون بين الأحبة الباغون البراء العنت " .**

رواهما أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان "

ئابدۇررەھمان، ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى (يەنى دوستلىرى بولغان ئەۋلىيالار دېگەن) دائىم ئاللاھنى ئەسلىگەن ھالدا كۆرۈلىدۇ، ياكى ئۇلارنى باشقىلار كۆرگەن ھامان ئاللاھ ئەسلىنىدۇ، ئاللاھ تىلغا ئېلىنىپ، زىكرى ئېيتىلىدۇ. ئاللاھتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەڭ يامانلىرى بولسا، گەپ-سۆز توشۇيدىغان سۇخەنچىلەر، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلارنى ئايرىۋەتكەنلەر، پاك، ياخشى كىشىلەرگە يامانلىقنى تەلەپ قىلىپ، زىنا بىلەن بوھتان قىلىدىغانلاردۇر. بەيھەقى توپلىغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ دوستلىرى، ئەۋلىيالار دېگەن، ئۇلار كۆرۈلگەندە، ئاللاھ ئەسلىنىدۇ، يەنى ئۇلارنى باشقىلار كۆرسە، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىپ كېتىدۇ، ياكى ئۇلار دائىم ئاللاھنى ئەسلىگەن ھالدا كۆرۈلىدۇ، (ئايەتتە، ئەۋلىيا، مۇتتەقى شۇ دېگەن) ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن.

**4873 – [ 62 ] وعن ابن عباس أن رجلين صليا صلاة الظهر أو العصر وكانا صائمين فلما قضى النبي صلى الله عليه وسلم الصلاة قال: أعيدا وضوءكما وصلاتكما وامضيا في صومكما واقضيا يوما آخر قالا:لم يا رسول الله ؟ قال: اغتبتم فلانا**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رۇزىدار ئىككى كىشى پېشىن ياكى ئەسىر نامىزىنى ئۇقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن سالام بەرگەندە ئۇلارغا: سىلەر بىرىپ تاھارىتىڭلارنى قايتا ئېلىپ، نامىزىڭلارنى قايتا ئۇقۇڭلار، رۇزاڭلارنى داۋام قىلىپ تۇتىۋىرىپ، باشقا بىر كۈنى رۇزاڭلارنىڭمۇ قازاسىنى قىلىڭلار دېدى، ئۇلار؛نىمە ئۈچۈن؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ؛چۈنكى سىلەر پالانىنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭلار دېدى.بەيھەقى تو.

**4874 – [ 63 ] 4875 ( 64 ) وعن أبي سعيد وجابر قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الغيبة أشد من الزنا " . قالوا : يا رسول الله وكيف الغيبة أشد من الزنا ؟ قال : " إن الرجل ليزني فيتوب فيتوب الله عليه " – وفي رواية : " فيتوب فيغفر الله له وإن صاحب الغيبة لا يغفر له حتى يغفرها له صاحبه "**

ئەبۇسەئىد،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەيۋەت قىلىش زىنادىنمۇ قاتتىق ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇلار؛ نىمە ئۈچۈن؟دېسە، رەسۇلۇللاھ؛ چۈنكى كىشى زىنا قىلىپ سېلىپ، تۆۋبە قىلسا، **الله** ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ،مەغپىرەت قىلىدۇ، غەيۋەت قىلغان كىشىگە شۇغەيۋىتى قىلىنغان كىشى كەچۈرمىگىچە مەغپىرەت قىلىنمايدۇ دېدى.بەيھەقى توپلىغان.

**4876 – [ 65 ] وفي رواية أنس رضي الله عنه قال : " صاحب الزنا يتوب وصاحب الغيبة ليس له توبة " . روى البيهقي الأحاديث الثلاثة في " شعب الإيمان "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، زىناخور تۆۋبە قىلىدۇ، تۆۋبىسى قوبۇل بولىدۇ، غەيۋەتخورغا تۆۋبە يوق دېگەن. بەيھەقى خاتىرلىگەن، گەرچە بۇ ھەدىس مەۋقۇپ، ساھابە سۆزى بولسىمۇ، زەئىپلىك گۇمان بار، چۈنكى، قۇرئاندا شېرىكدىن باشقىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ.

**4877 – [ 66 ] ( لم تتم دراسته )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من كفارة الغيبة أن تستغفر لمن اغتبته تقول : اللهم اغفر لنا وله " . رواه البيهقي في " الدعوات الكبير " وقال : في هذا الإسناد ضعف**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: غەيۋەت قىلىپ سىلىشنىڭ كاپاراتى شۇكى، سەن غەيۋەتنى قىلغان كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت سوراپ قويىسەن، ئى ئاللاھ بىزگە ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا دەيسەن دىگەن ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلەپ ئىسنادى زەئىپ دىگەن.

## [ 11 ] باب الوعد ۋەدە بېرىپ ۋە ئۇنى ئادا قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

4878 – [ 1 ] ( متفق عليه ) الفصل الأول عن جابر قال : لما مات رسول الله صلى الله عليه وسلم وجاء أبو بكر مال من قبل العلاء بن الحضرمي . فقال أبو بكر : من كان له عند النبي صلى الله عليه وسلم دين أو كانت له قبله عدة فليأتنا . قال جابر : فقلت : وعدني رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يعطيني هكذا وهكذا وهكذا . فبسط يديه ثلاث مرات . قال جابر : فحثا لي حثية فعددتها فإذا هي خمسمائة وقال : خذ مثليها . متفق عليه

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەلائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن نۇرغۇن ماللار كەلدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: كىمنىڭ رەسۇلۇللاھتا ئېلىشى بولسا، ياكى ئۇكىشىگە رەسۇلۇللاھ تەرەپتىن بىرەر نەرسە بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان بولسا، ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلسۇن دىدى، مەن؛ رەسۇلۇللاھ ماڭا مۇنداق،مۇنداق،مۇنداق نەرسە بېرىشكە ۋەدە قىلغان دەپ، ئىككى قولۇمنى ئۈچ قېتىم يېيىپ ئاچتىم، ئاندىن ئۇ ماڭا ئىككى قولدا چاڭگاللاپ بىرچاڭگال ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېلىپ بەردى، مەن ئۇنى سانىسام، ئۇ 500 چىقتى، ئاندىن ئۇماڭا؛ سەن يەنە بۇنىڭ ئىككى ئوخششىدەك ئېلىۋالغىن دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

4879 – [ 2 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته ) عن أبي جحيفة قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم أبيض قد شاب وكان الحسن بن علي يشبهه وأمر لنا بثلاثة عشر قلوصا فذهبنا نقبضها فأتانا موته فلم يعطونا شيئا . فلما قام أبو بكر قال : من كانت له عند رسول الله صلى الله عليه وسلم عدة فليجئ فقمت إليه فأخبرته فأمر لنا بها . رواه الترمذي

ئەبۇجۇھەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرىپ، خىلى قېرىپ كەتكەن ۋاقتىدا كۆرگەن ئىدىم، ـ رەسۇلۇللاھقا ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بەك ئوخشايدۇ ـ رەسۇلۇللاھ بىزگە 13 تۆگە بېرىشكە بۇيرىغان ئىدى، بىز ئۇ تۆگىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن بارساق، بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى، بىزگە ئۇ تۆگىلەرنى بىرەلمىگەن ئىدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندا: كىمنىڭ رەسۇلۇللاھتا ئېلىشى بولسا، ياكى ئۇكىشىگە رەسۇلۇللاھ تەرەپتىن بىرەر نەرسە بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان بولسا، ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلسۇن دىدى، مەن؛ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ؛ ھېلىقى ئىشلارنى خەۋەر قىلسام، ئۇ بىزگە شۇ13 تۆگىنى بېرىشكە بۇيرىدى.تىرمىزى توپلىغان.

4880 – [ 3 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن أبي الحسماء قال : بايعت النبي صلى الله عليه وسلم قبل أن يبعث وبقيت له بقية فوعدته أن آتيه بها في مكانه فنسيت فذكرت بعد ثلاث فإذا هو في مكانه فقال : " لقد شققت علي أنا ههنا منذ ثلاث أنتظرك " . رواه أبو داود

ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇلئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىشىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن سودا قىلىپ، ئازىراق پۇلى قېلىپ، پالانى ماكاندا كۆرۈشەيلى دەپ ۋەدە بەردىم، كېيىن ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېسىمگە كېلىپ بارسام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم شۇ ماكاندا تۇرۇپتۇ، سەن ماڭا مۇشەققەت سېلىپ قويدۇڭ، چۈنكى، مەن سېنى ئۈچ كۈندىن بېرى ساقلاۋاتىمەن دېدى. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

4881 – [ 4 ] ( ضعيف )وعن زيد بن أرقم عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا وعد الرجل أخاه ومن نيته أن يفي له فلم يف ولم يجئ للميعاد فلا إثم عليه " . رواه أبو داود والترمذي

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر ئەر قېرىندىشىغا ۋەدە بەرسە، نىيىتى ۋاپا قىلىش بولۇپ، ۋاپا قىلالماي ۋەدىلەشكەن جايغا كىلەلمىسە، ئۇ ئەرگە گۇناھ يوق، يەنى نىيىتى توغرا _دە! ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. چۈنكى، راۋىلار ئارىسىدا ئەبۇ نۇئمان بولۇپ، تىرمىزى بۇ كىشى نامەلۇم دىگەن، ئەبۇ ھاتەممۇ شۇنداق دىگەن، زەھەبىمۇ شۇنداق دىگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەبۇ ۋەققاس دىگەن راۋىيمۇ نامەلۇم بولۇپ، تىرمىزى ئۇنىڭ ئىسنادى كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، ئەبۇ داۋۇد 4343 _ ھەدىس. تىرمىزى 2557 _ ھەدىس.

4882 – [ 5 ] وعن عبد الله بن عامر قال : دعتني أمي يوما ورسول الله صلى الله عليه وسلم قاعد في بيتنا فقالت : ها تعال أعطيك . فقال لها رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أردت أن تعطيه ؟ " قالت : أردت أن أعطيه تمرا . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أما أنك لو لم تعطيه شيئا كتبت عليك كذبة رواه أبو داود والبيهقي في شعب

ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى ئانام مىنى چاقىرىپ، بۇياققا كەل، ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نىمە بېرىسەن دېدى؟ ئانام ؛خورما بېرىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەمما سەن ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە بەرمىگەن بولساڭ، ساڭا بىر يالغانچىلىق يېزىلاتتى،دېدى. ئەبۇ داۋۇد 4339 _ ھەدىس، ئەھمەد 1514 _ ھەدىس،بەيھەقى، ئەلبانى سەھىھ دىگەن.

4883 – [ 6 ] الفصل الثالث عن زيد بن أرقم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من وعد رجلا فلم يأت أحدهما إلى وقت الصلاة وذهب الذي جاء ليصلي فلا إثم عليه " . رواه رزين

زەيدئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىر كىشى يەنەبىركىشىگە بىرەر جايدا ئۇچرۇشۇشنى ۋەدە قىلسا، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرسى نامازنىڭ ۋاقتىغىچە كىلەلمىسە، بۇرۇن كەلگەن كىشى ناماز ئۇقۇش ئۈچۈن ئۇجايدىن كىتىپ قالسا، بۇنىڭغا ھىچ گۇناھ يوقتۇر. رەزىين.

## [ 12 ] باب المزاح چاخچاق، نىزامەت سۆزى توغرىسىدا

4884 – [ 1 ] الفصل الأول ( متفق عليه ) عن أنس قال : إن كان النبي صلى الله عليه وسلم ليخالطنا حتى يقول لأخ لي صغير : " يا أبا عمير ما فعل النغير ؟ " كان له نغير يلعب به فمات . متفق عليه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق ئەخلاقلىق ئىكەنكى، ھەتتا بىزدەك كىچىك باللارنىڭ بىنىغا كىرىپمۇ ئەھۋال سورايتتى، مىنىڭ ئەبۇ ئۇمەير ئىسىملىك قېرىندىشىم بار بولۇپ، ئۇ دائىم تومۇچۇق، بۇلبۇلنى ئوينىتاتتى، ئۇ قۇش ئۆلۈپ قېلىشىدى قېرىندىشىم غەم قىلدى، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرۈپ؛ ئى ئەبۇ ئۇمەيىرا! نۇغەيىر ئىسىملىك بۇلبۇلۇڭغا نىمە بولدى؟ دەپ تەسەللى

| |
|---|
| بەرگەن ئىدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد 4318 ــ ھەدىس، بۇخارى 5664 ــ ھەدىس، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب تويلىغان، سەھىھ. |
| **4885 – [ 2 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة قال : قالوا : يا رسول الله إنك تداعبنا قال : إني لا أقول إلا حقا " . رواه الترمذي**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلمۇ بىز بىلەن چاخچاق قىلىشىپ، ئوينىشىدىكەنلىغۇ؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن گەرچە سىلەر بىلەن چاخچاق قىلىشىپ، ئويناشقان بولساممۇ، يەنىلا ھەقنى، ھەقىقەتنى سۆزلەيمەن، پەقەت ھەق سۆز قىلىپلا، چاخچاق قىلىمەن. ئەھمەد، تىرمىزى تويلىغان، سەھھ.ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن چاخچاق سۆزنى دەيمەن، لىكىن، مەن پەقەت ھەق، ھەقىقەتنىلا سۆزلەيمەن، ھەق چاخچاق قىلىمەن، تەبرانى خەتىبۇلبەغداد تويلىغان، سەھىھ. |
| **4886 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أنس أن رجلا استحمل رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : إني حاملك على ولد ناقة ؟ " فقال : ما أصنع بولد الناقة ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : وهل تلد الإبل إلا النوق رواه الترمذي وأبو داود**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى يول ئۈستىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تۆگە ئۈستىگە ئېلىۋېلىشنى سورايدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەن سىنى تۆگىنىڭ بالىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىۋالاي دەيدۇ، ئۇ كىشى؛ مەن تۆگە بالىسىنى قانداق قىلاي؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ تۆگىنى پەقەت تۆگە تۇغىدىغۇ؟ دەيدۇ، (يەنى سەن مىنىدىغان تۆگىمۇ تۆگىنىڭ بالىسى دىگەن). تىرمىزى 1914 ــ ھەدىس، ئەھمەد 13315 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4346 ــ ھەدىس، سەھىھ. |
| **4887 – [ 4 ] وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال له : " يا ذا الأذنين . رواه أبو داود والترمذي**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا؛ يازەلئۇزنەيىن يەنى ئى ئىككى قۇلاق ئىگىسى دەپ چاخچاق قىلغان. تىرمىزى 1915 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4349 ــ ھەدىس، ئەھمەد 11837 ــ ھەدىس، سەھىھ. |
| **4888 – [ 5 ] وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال لامرأة عجوز : " إنه لا تدخل الجنة عجوز " فقالت : وما لهن ؟ وكانت تقرأ القرآن . فقال لها : " أما تقرئين القرآن ؟ ( إنا أنشأناهن إنشاء فجعلناهن أبكارا ) رواه رزين . وفي شرح السنة " بلفظ " المصابيح "**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىرى ئايالغا؛ قىرى ئاياللار جەننەتكە كىرمەيدۇ دىدى، ئۇ ئايال؛ ئۇلارمۇ (ناماز ئوقۇپ،روزا تۇتۇپ)قۇرئان ئوقۇيدىغان تۇرسا، نىمە ئۈچۈن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالغا؛ سەن قۇرئان ئوقۇمۇدىڭمۇ؟ سەن قۇرئاندا« شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن يارىتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىزلا قىلدۇق .»سۈرە ۋاقىئە 35 ـ 36 ـ ئايەتلەرنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟دىدى.رەزىين تويلىغان. |
| **4889 – [ 6 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه أن رجلا من أهل البادية كان اسمه زاهر بن حرام وكان يهدي النبي صلى الله عليه وسلم من البادية فيجهزه رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا أراد أن يخرج فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن زاهرا باديتنا ونحن** |

**حاضروه " . وكان النبي صلى الله عليه وسلم يحبه وكان دميما فأتى النبي صلى الله عليه وسلم يوما وهو يبيع متاعه فاحتضنه من خلفه وهو لا يبصره . فقال : أرسلني من هذا ؟ فالتفت فعرف النبي صلى الله عليه وسلم فجعل لا يألوا ما ألزق ظهره بصدر النبي صلى الله عليه وسلم حين عرفه وجعل النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " من يشتري العبد ؟ " فقال : يا رسول الله إذا والله تجدني كاسدا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : لكن عند الله لست بكاسد رواه في شرح السنة**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يىزا ئەھلىدىن زاھىر ئىسىملىك بىر كىشى، يېزىسىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەدىي ئېلىپ كېلەتتى، ئۇ يۇرتىغا قايتماقچى بولسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا شەھەردىكى نەرسىلەردىن بىرىپ جابدۇتۇپ يولغا سالاتتى، ۋە زاھىر بىزنىڭ يېزىمىز(يەنى يېزىمىزدا ياشاپ، بىزگە يېزىنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ)بىز ئۇنىڭ  شەھەرى(يەنى بىز ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ نەرسىلىرىدىن بىرىمىز)دەيتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ـئۇكىشىنىڭ چىرايى سەل كۆرۈمسىزرەك ئىدى ـ، بىركۈنى ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، مال ـ ماتالىرىنى سېتىۋاتسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئارقا تەرىپىدىن قۇچاقلايدۇ، ئۇ كۆرمەيلا؛ مىنى قويىۋىتىڭ، كىم بۇ؟دەپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، رەسۇلۇللاھنى تونىغاندا، ئۇچىسىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆكسىگە چاپلىشىپ تۇرغىنىنى بىلگەچكە، ئۆزىنى قاچۇرماي، تېخىمۇ چاپلاپ تۇرىۋىلىشقا باشلايدۇ، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ قۇلنى كىم ئالىدۇ؟دەيدۇ، ئاندىن ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** بىلەن قەسەمكى، مىنى ساتماقچى بولسىلا، مىنىڭ بازىرىمنىڭ بەكلا كاساتلىقىنى، مىنىڭ بەكلا ئەرزانلىقىمنى بايقايلا دەيدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ لېكىن سەن **الله** نىڭ نەزىلدە كاسات ئەمەس،ئەرزان ئەمەس دەيدۇ.شەرھىسسۇننى.

**4890 – [ 7 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عوف بن مالك الأشجعي قال : أتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم في غزوة تبوك وهو في قبة من أدم فسلمت فرد علي وقال : " ادخل " فقلت : أكلي يا رسول الله ؟ قال : " كلك " فدخلت . قال عثمان بن أبي عاتكة : إنما قال أدخل كلي من صغر القبة . رواه أبو داود**

ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن تەببۇك ئۇرىشى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ تېرىدىن ياسالغان گۈمبەز چېدىرنىڭ ئىچىدە ئىكەن، مەن سالام قىلسام، ماڭا سالام قايتۇرۇپ؛كىرگىن دېدى، مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن پۈتۈنلەي ھەممە يېرىم بىلەن كىرەمدىم؟دىسەم، ھەئە  پۈتۈنلەي كىرگىن دېدى. ئوسمان  رەھ ؛ ئۇ؛ مەن پۈتۈنلەي ھەممە يېرىم بىلەن كىرەمدىم؟دىگەن سۆزنى، چېدىرنىڭ كىچىكلىكىدىن شۇنداق دىگەن ئىدى دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4891 – [ 8 ] ( لم تتم دراسته ) وعن النعمان بن بشير قال : استأذن أبو بكر على النبي صلى الله عليه وسلم فسمع صوت عائشة عاليا فلما دخل تناولها ليلطمها وقال : لا أراك ترفعين صوتك على رسول الله صلى الله عليه وسلم فجعل النبي صلى الله عليه وسلم يحجزه وأبو بكر مغضبا . فقال النبي صلى الله عليه وسلم حين خرج أبو بكر : " كيف رأيتني أنقذتك من الرجل ؟ " . قالت : فمكث أبو بكر أياما ثم استأذن فوجدهما قد اصطلحا فقال لهما : أدخلاني في سلمكما كما أدخلتماني في حربكما فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " قد فعلنا قد فعلنا " . رواه أبو داود**

نوئمان  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىزنى سوراۋېتىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاۋازىنىڭ بەكلا يۇقىرى ، ئۈستۈن چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۆيگە كىرگەن چاغدا، ئۇنىڭ يۈزىگە كاچات بىلەن ئۇرماقچى بولۇپ؛مەن بۇندىن كېيىن سىنىڭ

رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ئاۋازدا سۆز قىلغانلىقىڭنى كۆرۈپ قالماي! دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنى توسىۋالىدۇ، ۋە ھالەنكى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىزىغا قاتتىق غەزەپ قىلىپ ئاچچىقلايدۇ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ مىنىڭ سىزگە بولغان مۇئامىلەم قانداقراق ئىكەن؟ مەن سىزنى دادىڭىزنىڭ تايىقىدىن قۇتقۇزۇپ قالدىم دەيدۇ، ئاندىن بىر نەچچە كۈندىن كىيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىزنى سوراپ كىلىپ، ئۇلارنىڭ يارىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ؛ خۇددى مىنى ئۇرۇش ھالىتىڭلاردا كىرگۈزگەندەك، يارىشىپ،كىلىشىپ قالغان سۈلھى ھالىتىڭلاردا كىرەۈزۈڭلار دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ؛ شۇنداق قىلدۇق، شۇنداق قىلدۇق كىرگىن دەيدۇ.ئەبۇداۋۇد تو.

**4892 – [ 9 ]** ( لم تتم دراسته )**وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تمار أخاك ولا تمازحه ولا تعده موعدا فتخلفه " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وهذا الباب خال عن الفصل الثالث**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قېرىندىشىڭ بىلەن جىدەللەشمە، ئۇنىڭغا چاخچاق قىلما، ۋەدە بەرمە، خىلاپلىق قىلىپ قالىسەن، تىرمىزى يالغۇز خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن. بۇ ھەدىس زەئىپ. چۈنكى، لەيس ئىبنى ئوبوسۇلەيم دىگەن راۋيىنى ئەھمەد ھەدىسى مۇزتەرىپ دىگەن، يەھيا ئىبنى مەئىين زەئىپ دىگەن، ئەبۇ ھاتەم زەئىپ دىگەن، بۇ بابدا 3 ــ پەسلە يوق.

## [ 13 ] باب المفاخرة ئۆزئارا پەخىرلىنىش، تەرەببازلىق مەسلىسى توغرىسىدا

**4893 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) **الفصل الأول عن أبي هريرة قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم : أي الناس أكرم ؟ فقال : " أكرمهم عند الله أتقاهم " . قالوا : ليس عن هذا نسألك . قال : " فأكرم الناس يوسف نبي الله ابن نبي الله ابن خليل الله " . قالوا : ليس عن هذا نسألك . قال : " فممن معادن العرب تسألوني ؟ " قالوا : نعم . قال : فخياركم في الجاهلية خياركم في الإسلام إذا فقهوا " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىشىلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ھۆرمەتلىك؟دەپ سورالغاندا مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ **الله** نىڭ نەزلىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ،ھۆرمەتلىكراقى ، ئۇلارنىڭ ئەڭ تەقۋاراقىدۇر دىدى، ئۇلار؛ بىز بۇنىڭدىن سورمىدۇق دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئۇلۇغراقى، ئىبراھىم خەلىيلۇ**الله** نىڭ ئوغلى ئىسھاق ئوغلى يەئقۇپ ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدۇر، (يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەي نەۋرىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلەردۇر)،دىدى. ئۇلارىيەنە؛ بىز بۇنىڭدىن سورمىدۇق دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ سىلەر كىشىلەرنىڭ ، ئەرەبلەرنىڭ كاكٔ مەدەنلىرىدىن سوراپسىلەردە؟دىدى، ئۇلار؛ ھەئە شۇنداق دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەرنىڭ جاھالىيەتتىكى ياخشى كىشىڭلار، دىنىدا فىقھى قانۇنشۇناس ئالىم بولسىلا، ئىسلام دىنىدىمۇ ياخشى كىشىلەردۇر،دىدى. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4894 – [ 2 ]** ( صحيح ) **وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الكريم ابن الكريم ابن الكريم ابن الكريم يوسف بن يعقوب بن إسحاق بن إبراهيم " . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ ئادەمنىڭ بالىسى ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ كىشى، ئاتا ــ بوۋىلىرىمۇ ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ كىشى بولسا،

| |
|---|
| ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەيقۇبنىڭ ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالاملاردۇر، ھەممىسى پەيغەمبەر. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان سەھىھ. |
| 4895 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن البراء بن عازب قال : في يوم حنين كان أبو سفيان بن الحارث آخذا بعنان بغلته يعني بغلة رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما غشيه المشركون نزل فجعل يقول " أنا النبي لا كذب أنا ابن عبد المطلب " قال : فما رئي من الناس يومئذ أشد منه . متفق عليه<br><br>بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھۇنەين كۈنى ئەبۇسۇپيان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېچىرىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇقلۇق ئىدى، رەسۇلۇللاھنى مۇشرىكلەر قورشىۋالغاندا، رەسۇلۇللاھ قېچىردىن چۈشۈپ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر يالغانچى ئەمەسمەن، مەن ئابدۇلمۇتتەللىپنىڭ ئوغلى بولىمەن»، شۇكۈنى كىشىلەرئارىسىدا،رەسۇلۇللاھدىنمۇ كۈچلۈك، باتۇرراق بىرەر كىشى كۆرۈلمىدى. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. |
| 4896 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا خير البرية فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ذاك إبراهيم " . رواه مسلم<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى! دېسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئەشۇ بارلىق خەلقنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر دېدى. مۇسلىم توپلىغان. |
| 4897 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تطروني كما أطرت النصارى ابن مريم فإنما أنا عبده فقولوا : عبد الله ورسوله " . متفق عليه<br><br>ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مېنى، خۇددى ناسارالار مەريەم ئوغلى ئەيسانى ئۇچۇرغاندەك كۆككە كۆتۈرۈپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئۇچۇرماڭلار، مەرتىبەمدىن ئاشۇرۇپ، ئۇلۇغلاپ كەتمەڭلار، ھەقىقەتەن مەن بىر الله نىڭ بەندىسى، قۇلىمەن، سىلەر مېنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. |
| 4898 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن عياض بن حمار المجاشعي أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله أوحى إلي : أن تواضعوا حتى لا يفخر أحد على أحد ولا يبغي أحد على أحد " . رواه مسلم<br><br>ئىياز ئىبنى ھەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ماڭا مۇنداق ۋەھىي قىلدى؛ ئۆزۈڭلارنى ناھايىتى كەمتەر، تۆۋەن تۇتۇڭلار، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە پەخىر قىلمىسۇن، پەخىرلەنمىسۇن، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە تاجاۋۇز قىلمىسۇن، ھەددىدىن ئاشمىسۇن، زۇلۇم قىلمىسۇن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ماڭا مۇنداق ۋەھىي قىلدى، ئۆزئارا كەمتەر بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارغا زۇلۇم قىلمىسۇن، تاجاۋۇز قىلمىسۇن، ھەددىدىن ئاشمىسۇن، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن. |

**4899 – [ 7 ] الفصل الثاني ( حسن ) عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لينتهين أقوام يفتخرون بآبائهم الذين ماتوا إنما هم فحم من جهنم أو ليكونن أهون على الله من الجعل الذي يدهده الخراء بأنفه إن الله قد أذهب عنكم عبية الجاهلية وفخرها بالآباء إنما هو مؤمن تقي أو فاجر شقي الناس كلهم بنو آدم وآدم من تراب رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەر بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشتىن دەرھال يانسۇن، ھەقىقەتەن ئۇلار جەھەننەمنىڭ يېقىلغۇكۆمۈرلىرىدۇر، ياكى ئۇلار پەخىرلىنىشتىن يانمىسا، ئۇلار ئەلۋەتتە ئاللاھتائالاغا، نىجاسەتنى بۇرنى بىلەن ئىتتىرىدىغان سىپىسىق، قارا قۇرتتىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر، **الله** جاھالىيەتنىڭ كىبىرلىرىنى، ناچار ئادەتلىرىنى، ئاتا بوۋىلار بىلەن پەخىرلىنىشنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ يوق قىلىۋەتتى. مانا ئەمدى كىشىلەر ئىككىلا تائىپە بولىدۇ، بىرى تەقۋادار مۆئمىن، يەنە بىرى بولسا، پاجىر، پاسىق شەقىيدۇر، ھەممىسى ئادەم باللىرى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، (سىلەر نىمىگە پەخىرلىنىسىلەر؟) تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد 4452 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8381 ـ ھەدىس،ھەسەن ، سەھىھ.

**4900 – [ 8 ]** ( صحيح ) **وعن مطرف بن عبد الله الشخير قال : قال أبي : انطلقت في وفد بني عامر إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلنا : أنت سيدنا . فقال : " السيد الله " فقلنا وأفضلنا فضلا وأعظمنا طولا . فقال : " قولوا قولكم أو بعض قولكم ولا يستجرينكم الشيطان " . رواه أحمد وأبو داود**

ئابدۇللاھ ئىبنى شۇخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، دادام مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بەنىي ئامىرنىڭ ئەلچىللىرى ئارىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ، بىز؛ سىلى بىزنىڭ، قۇرەيشلەرنىڭ سەييىدى دىسەك،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ماختاشلىرىمىزنى ياقتۇرماي؛« ھەقىقى سەييىد، خوجايىن ئاللاھتائالادۇر» دىدى، (چۈنكى، ھەممە، ئاللاھقا قۇل بەندىدۇر) ئاندىن بىز؛ سىلى بىزنىڭ پەزلى جەھەتتە ئەڭ ئەبزىلىمىز، سوۋغا ئاتايا،ھەدىي بىرىشتە ئەڭ ئۇلۇغىمىز،سېخىيراقىمىز دىسەك، رەسۇلۇللاھ؛ سۆزۈڭلارنى ياكى سۆزۈڭلارنىڭ بەزىسىنى دەڭلار، لېكىن شەيتان سىلەرنى ئازدۇرمىسۇن، لايىق بولمايدىغان قالايمىقان سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلىۋەتمىسۇن دىدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4901 – [ 9 ] وعن الحسن عن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الحسب المال والكرم التقوى " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ھەسەن،سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەسەپ، يۈز ـ ئابرۇي، ئىناۋەت بولسا، مال ـ دۇنيادۇر، سېخى، كەرىملىك بولسا، تەقۋالىقتۇر، ھەسەب، مال ـ دۇنيادۇر، كەرىم بولسا، تەقۋالىق، (بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەپسىر ئىزاھاتى) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4902 – [ 10 ] وعن أبي بن كعب قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من تعزى بعزاء الجاهلية فأعضوه بهن أبيه ولا تكنوا " . رواه في " شرح السنة "**

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىنى

جاھىلىيەتكە مەنسۇپ قىلىپ پەخىرلەنگىننى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا؛ داداڭنىڭ ئىشىنى، قېرىنداشىنى چىڭ تۇت، چىڭ چىشلە دەڭلار، دادىسىنى يەنى جاھالىيەتنى ئوچۇق ئەيىبلەڭلار، ئەمما، كىنايە قىلماڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4903 – [ 11 ] ( ضعيف )وعن عبد الرحمن بن أبي عقبة عن أبي عقبة وكان مولى من أهل فارس قال : شهدت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم أحدا فضربت رجلا من المشركين فقلت خذها مني وأنا الغلام الفارسي فالتفت إلي فقال : " هلا قلت : خذها مني وأنا الغلام الأنصاري ؟ " . رواه أبو داود**

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇ ئۇقبەتىدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ كىشى پارىس ئەھلىنىڭ ئازاد كەردە قۇلى ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئوھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقان، مەن مۇشرىكلاردىن بىرسىنى راسا ئۇرۇپ بۇ تاياقنى مەندىن ئال، مەن بولسام پارىسلار ئوغلانى دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ نىمە ئۈچۈن ئەنسارلار ئوغلانى دىمەيسەن؟ دەپ ئىنكار قىلدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. بۇ ھەدىس ئىسناد، راۋىلىرى سەھىھ بولسىمۇ، مەنىسى، مەتنىسى جەھەتتىن زەئىپ بولۇشى مۇمكىن.

**4904 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن ابن مسعود عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من نصر قومه على غير الحق فهو كالبعير الذي ردي فهو ينزع بذنبه " . رواه أبو داود**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قەۋمى ئۈچۈن ھەقنىڭ غەيرىگە يەنى ھەقسىز باتىلغا، زۇلۇمغا ياردەم بەرسە، ئۇ خۇددى ئېگىز تاغدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان، قۇيرىقىدىن ئۈستىگە تارتىلىۋاتقان تۆگىگە ئوخشايدۇ، (يەنى ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4905 – [ 13 ] ( ضعيف )وعن واثلة بن الأسقع قال : قلت : يا رسول الله ما العصبية ؟ قال : " أن تعين قومك على الظلم رواه أبو داود**

ۋاسىلەت ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئەسەبىييە ئۇرۇق ـــ تۇغقان، مىللەتچى داۋاسى دىگەن نىمە؟ دەپ سورىدۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: زۇلۇمغا قارشى قەۋمىڭگە ياردەم بېرىشىڭ دىدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى. ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس مەنىسىدىنلا زەئىپ دىگەن، بىز مۇسۇلمان قەۋمگە زۇلۇمغا قارشى ياردەم بېرىشىمىز لازىم، بۇ مىللەتچىلىك، تەرەپبازلىق ئەمەس.

**4906 – [ 14 ] ( ضعيف )وعن سراقة بن مالك بن جعشم قال : خطبنا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " خير كم المدافع عن عشيرته ما لم يأثم " . رواه أبو داود**

سوراقەئىبنى مالىك جوشئۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار، گۇناھكار بولۇپ قالمىسىلا ئۇرۇق ـــ تۇغقىنىنى، ئەھلى باللىرىنى، يېقىنلىرىنى مۇداپىئە قىلىپ قوغدىغانلار دىدى. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرەھمان يەنى ئىبنى ئەبۇ لەبىيبەت بولۇپ، يەھيا ئىبنى مەئىين بۇ كىشىنىڭ ھەدىسى ھېچنىمە ئەمەس دىگەن، دارىقۇتنى زەئىپ دىگەن. مانا مۇ شۇنداق سەۋەبلەردىن بۇ ھەدىس زەئىپ، لېكىن، ھەققەتەن ئىسلام دىنى، مىللەتۋازلىقنى، تەرەپبازلىقنى، قەبىلە، يۇرتۋازلىقنى، تىل، رەڭ

ۋاھاكازالارنى قاتتىق چەكلەيدۇ.

**4907 – [ 15 ] ( ضعيف )وعن جبير بن مطعم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ليس منا من دعا إلى عصبية وليس منا من قاتل عصبية وليس منا من مات علىعصبية " . رواه أبو داود**

جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ كىم قەۋم، مىللەت، ئۇرۇق ــ تۇغقانلىق ياكى مىللەتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، تەرەپبازلىققا چاقىرسا، شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلسا، ھەم شۇنداق داۋا ئۈستىدە ئۆلسە، ئۇنداق كىشى بىزدىن ئەمەس.ئەبۇداۋۇد توپلىغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خەلىپىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، خەلىپە جامائىتىدىن ئايرىلىپ ئۆلسە، ئۇ جاھالىيەتلەرچە ئۆلگەن بولىدۇ، كىم قەۋمى، مىللىتى، ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى ئۈچۈن غەزەپ قىلىدىغان ياكى مىللەتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، تەرەپبازلىققا چاقىرىدىغان ياكى شۇلارغا ياردەم بېرىدىغان مەخسەتتە، غايىسى نامەلۇم بولغان قارىغۇلارچە جەڭ قىلىدىغان قوشۇننىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئۆلۈممۇ جاھالىيەتلەرچە ئۆلۈم بولىدۇ،( يەنى دىنسىز ھالەتتە ئۆلگەن بولىدۇ،) كىم مېنىڭ ئۈممىتىمگە قارشى قۇرال كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياخشى ــ يامان ھەممىسىگە قىلىچ ئۇرسا، ئۈممەتنىڭ مۆئمىنلىرىنى ئايرىپ قويمىسا، ئەھدى، توختام، كېلىشىم بار كىشىلەرنىڭ ئەھدىسىگىمۇ ۋاپا قىلمىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەن ئۇنىڭدىن ئەمەس، (يەنى ئۇمۇ كاپىر بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. جۇندۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مىللەتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، تەرەببازلىق، قەۋم، قېرىنداشلار ئۈچۈن غەزەپ قىلىدىغان، شۇلارغا ياردەم بېرىدىغان غايىسى، نىشانى نامەلۇم بولغان قارىغۇلارچە ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇننىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئۆلۈمى جاھالىيەتلەرچە، دىنسىز ئۆلۈم بولىدۇ. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4908 – [ 16 ] وعن أبي الدرداء عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " حبك الشيء يعمي ويصم " . رواه أبو داود**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سېنىڭ بىرەر نەرسىنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ كېتىشىڭ، سىنى كۆزى كور ئەئما،گاس قىلىۋېتىدۇ.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4909 – [ 17 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن عبادةبن كثير الشامي من أهل فلسطين عن امرأة منهم يقال لها فسيلة أنها قالت : سمعت أبي يقول : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : يا رسول الله أمن العصبية أن يحب الرجل قومه ؟ قال : " لا ولكن من العصبية أن ينصر الرجل قومه على الظلم " . رواه أحمد وابن ماجه**

پەلەستىن ئەھلىدىن بولغان ئۇبادەدىن، شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان پەسىلەت رەھ دىن، ئۇنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كىشىنىڭ ئۆز قەۋمىنى ياخشى كۆرىشى تەرەببازلىق، مىللەتۋازلىققا كىرەمدۇ؟ دەپ سورىسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىكەن: ياق،ئۇ تەرەببازلىق، قەبىلىۋازلىققا كىرمەيدۇ، لېكىن كىشىنىڭ؛ ئۆز قەۋمىنىڭ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشىغا ياردەم بېرىشى، زۇلۇمغا يادەم بېرىپ ھەكارلىششى تەرەبباز،مىللەتۋاز،قەبىلىۋازلىققا كىرىدۇ . ئەھمەد.ئىبنى ماجە توپلىغان.

**4910 – [ 18 ] ( صحيح ) وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنسابكم هذه ليست بمسبة على أحد كلكم بنو آدم طف الصاع بالصاع لم تملؤوه ليس لأحد على أحد فضل إلا بدين وتقوى كفى بالرجل أن يكون بذيا**

**فاحشا بخيلا " . رواه أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان "**

ئۇقبه رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نەسەپلىرىڭلار بىرەر كىشىنىڭ ئەيىبلىنىشىگە، ئار نۇمۇسقا قېلىشىغا سەۋەب بولالمايدۇ، ھەممىڭلار ئادەم باللىرى ، ھەممىڭلار سا ساغا، مىزان مىزانغا كەلگەندەك باراۋەر، ئەيىب ـ نوقسان،كەمچىلىكتە ئوخشاش، ئۇنى لىق تولدۇرالمايسىلەر، (يەنى ئەيىب ـ نوقسانسىز، كەمچىلىكسىز كىشى يوق)ھىچ بىر كىشى ئۇچۇن يەنە بىر كىشىنىڭ ئۇستىدە پەزىلەت يوق، ھەرقانداق بىر كىشى يەنەبىر كىشىنىڭ ئۇستىدىن پەقەت دىن ـ دىيانەت، تەقۋالىق بىلەنلا پەزىلەتتە ئۇستۈن تۇرىدۇ، كىشىنىڭ ئەيىب ـ نوقسانلىق بولۇشىغا، ئار نۇمۇسقا قېلىشىغا، كەمچىلىكىگە ئۇنىڭ ئاغزى بەزەپ بولۇشى،پاھىشە سۆزلىشى، بېخىل بولۇشى يېتەرلىكتۇر.ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نەسەبلىرىڭلاردىن سىلە ـ رەھىم قىلغىدەك نەرسىنى بىلىۋېلىڭلار، ھەقىقەتەن سىلە ـ رەھىم قىلىش، ئەھلىدە مۇھەببەتتۇر، مال ـ دۇنيادا بايلىقتۇر، ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ، (يەنى شۇ ئىشلارغا سەۋەب بولۇر) تىرمىزى 1902 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ھاكىم، بۇخارىمۇ ئوخشىشىنى توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نەسەبلىرىڭلارنى تونۇڭلار، تونۇشتۇرۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار سىلە ـ رەھىمنى ياخشى قىلالايسىلەر، گەرچە بەك يېقىن بولسىمۇ سىلە ـ رەھىم ئۈزۈلسە، يېقىنلىق قالمايدۇ، گەرچە بەك يىراق بولسىمۇ، سىلە ـ رەھىم قىلىش ئۇلانسا، يىراقلىق قالمايدۇ، ھاكىم، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەن ئۆزۈڭگە قاراپ باق، ھەقىقەتەن سەن ئاق، سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىكلەردىن ياخشى ھېسابلانمايسەن، سەن پەقەت ئۇلاردىن تەقۋالىق بىلەن، ئاللاھدىن قورقۇش بىلەن، مۇتتەقىي دىگەن ئۇنۋان بىلەن پەزىلەتتە ئارتۇق تۇرىسەن، ئەھمەد ، ھەسەن.

**[ 14 ] باب البر والصلة**

## ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىنلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش توغرىسىدا

**4911 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) **– الفصل الأول عن أبي هريرة قال : قال رجل : يا رسول الله من أحق بحسن صحابتي ؟ قال : " أمك " . قال : ثم من ؟ قال : " أمك " . قال : ثم من ؟ قال " أمك " . قال : ثم من ؟ قال : " أبوك " . وفي رواية قال : " أمك ثم أمك ثم أمك ثم أباك ثم أدناك أدناك " . متفق عليه**

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، بىر كىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ياخشىلىق قىلىش سۆھبىتىمگە كىم ئەڭ ھەقلىقراق؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ياخشىلىق قىلىشتا ئاۋۋال ئاناڭغا، ئاندىن يەنە ئاناڭغا، ئاندىن يەنىلا ئاناڭغا قىل، ئاندىن كېيىن داداڭغا ئاندىن يېقىن تۇغقانلارغا، ئاندىن يېقىنلارغا قىلغىن.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئانا شۇنداق ئۇلۇغ، ھەققى چوڭدۇر، شۇنداقلا دادىغا قارىغاندا ئايال كىشى بولغان ئانىنى رازى قىلماق تەس، بۇنى دادىلار چۈشەنسەڭلار. سەئىسەت مۇجاشئى، ئەبۇ رەمسەت ئۇسامەت ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ياخشىلىقنى ئاناڭغا، ئاندىن داداڭغا، ئاندىن ئاچا ـ سىڭىل ھەمشىرەڭگە، ئاندىن ئاكا ـ ئىنىڭگە، ئاندىن ساڭا يېقىن بولغانلارغا، ئاندىن يېقىنلارغا، ئۇلاردىن تۆۋەنلەرگە قىلغىن، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ

ئەرتيپنى بۇزماڭلار، ئىشلار ياخشى بولىدۇ.

**4912 – [ 2 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رغم أنفه رغم أنفه رغم أنفه " . قيل : من يا رسول الله ؟ قال : " من أدرك والديه عند الكبر أحدهما أو كلاهما ثم لم يدخل الجنة " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرنىغا قۇم تىقىلسۇن، بۇرنىغا قۇم تىقىلسۇن، بۇرنىغا قۇم ــ تۇپراق تىقىلسۇن، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇ قانداق كىشى؟ دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ:بۇ شۇنداق بىر كىشىكى، ئۇنىڭ نەزلىدە ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياكى بىرسى قېرىپ قالىدۇ، ئاندىن بۇ كىشى ئاتا ــ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلماي، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، شۇنداق كىشىنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسۇن، دېدى.(ئەگەر ياخشىلىق قىلغان بولسا، جەننەتكە كىرەتتى) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ

**4913 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن أسماء بنت أبي بكر رضي الله عنه قالت : قدمت علي أمي وهي مشركة في عهد قريش فقلت : يا رسول الله إن أمي قدمت علي وهي راغبة أفأصلها ؟ قال : " نعم صليها " . متفق عليه**

ئەبۇ بەكرنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، قۇرەيشلەرنىڭ زامانىدا ئانام قېشىمغا مۇشرىك ھالىتىدە كەپتۇ، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئانام قېشىمغا كەپتۇ، ۋەھالەنكى ئۇ ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، مەن ئۇنىڭغا سىلە ـ رەھىم قىلسام بولامدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەئە بولىدۇ دېدى.ب

**4914 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن عمرو بن العاص قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن آل فلان ليسوا لي بأولياء إنما وليي الله وصالح المؤمنين ولكن لهم رحم أبلها ببلالها . متفق عليه**

ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن پالانىنىڭ باللىرىنىڭ ئائىلىسى مېنىڭ دوستۇم ئەمەس، شەك ــ شۈبھىسىز مېنىڭ دوستۇم دېگەن، ئاللاھدۇر، مۆئمىنلەرنىڭ سالىھ، ياخشىلىرىدۇر، پەقەت ئۇلار ئۇچۇن مەن بىلەن بولغان يېقىن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىلا بار، مەن ئۇ، سىلە ـ رەھىمنى ياخشىلىق قىلىش، ئېھسان قىلىش بىلەنلا ئۇلىيالايمەن، يەنى ياخشىلىق قىلىمەن خالاس. مۇسلىم 303 ــ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئەھمەد 8372 ــ ھەدىس، سەھىھ.ئەھمەد، تەبرانى.

**4915 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن المغيرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله حرم عليكم عقوق الأمهات ووأد البنات ومنع وهات . وكره لكم قيل وقال وكثرة السؤال وإضاعة المال " . متفق عليه**

مۇغىيرەت ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئانىلارغا ۋارقىراشنى، بويۇن قېقىشنى، قىز باللارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشنى، بېرىشكە تېگىشلىك باشقىلارنىڭ ھەققىنى چەكلەپ، توسۇپ قېلىشنى، ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى ھارام قىلدى، (يەنى باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى ياكى ھەققىنى بەرمەي قېلىشنى ھارام قىلدى)، ئاللاھ، سىلەرگە قىيىل قالىنى يەنى مۇنداق دېيىلىپتۇ، پالانى مۇنداق دەپتۇ دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى قىلىپ پاراڭ سېلىشنى، كۆپ سوئال سوراۋېرىشنى، ماللارنى زايا قىلىۋېتىشنى يامان كۆرىدۇ، ياقتۇرمايدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان.

**4916 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من الكبائر شتم الرجل والديه " قالوا : يا رسول الله وهل يشتم الرجل والديه ؟ قال : نعم يسب أبا الرجل فيسب أباه ويسب أمه فيسب أمه متفق عليه**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنى تىللاپ، ئەيىبلىشى گۇناھى ــ كەبىيرىدۇر،ئۇلار؛ ئى الله نى ئەلچىسى! كىشى ئاتا ـ ئانىسىنمۇ تىللامدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ بولسا، مۇنداق يۈز بېرىدۇ: كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ دادىسىنى يا ئانىسىنى تىللاپ ئەيىبلەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى بۇنىڭ دادىسىنى، ئانىسىنى تىللاپ، ئەيىبلەيدۇ، ئاخىردا ئۆزىنىڭ دادىسىنى، ئانىسنى تىللاپ، ئەيىبلىگەن بولىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4917 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من أبر البر صلة الرجل أهل ود أبيه بعد أن يولي " . رواه مسلم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلىشنىڭ ياخشىراقى، كىشىنىڭ دادىسى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ دوستلىرىنىڭ ئەھلىگە سىلە ــ رەھىم قىلىپ، ياخشىلىق قىلىشدۇر، يەنى دادىسىنىڭ دوستلىرىغا ئەھلىلىرىگە ياخشىلىق قىلىشتۇر، مۇسلىم، ئەھمەد،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى ئەدەبتە توپلىغان، سەھىھ.

**4918 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أحب أن يبسط له في رزقه وينسأ له في أثره فليصل رحمه " . متفق عليه**

ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم رىزقى كەڭرى بولۇشنى، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشنى ياخشى كۆرسە، سىلە - رەھىيم قىلسۇن، تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4919 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خلق الله الخلق فلما فرغ منه قامت الرحم فأخذت بحقوي الرحمن فقال : مه ؟ قالت : هذا مقام العائذ بك من القطيعة . قال : ألا ترضين أن أصل من وصلك وأقطع من قطعك ؟ قالت : بلى يا رب قال : فذاك " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بارلىق مەخلۇقلارنى يارىتىپ پارىغ بولغاندا، سىلە ــ رەھىم دەس تۇرۇپ، رەھمان تائالا نىڭ (ئوخشىشى يوق،ئۆزىگە لايىق)بېلىگە ئېسىلىۋالىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛قويۇۋەت، نېمە سۆزلۈك بار دەيدۇ، ئۇ؛ مانا بۇ سىلىگە سېغىنىپ سىلە ــ رەھىمنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن پاناھ تىلىگۈچىنىڭ جايى دەيدۇ. ئاللاھ؛ شۇنداق راست دەيسەن، سىنى ئۇلىغان كىشىگە مەنمۇ رەھمىتىمنى ئۇلايمەن، سىنى ئۈزگەن كىشىدىن مەنمۇ ئۈزۈۋېتىمەن، يەنە رازى بولماسمەن؟ دېسە، سىلە ــ رەھىيم؛ ئەلۋەتتە رازى بولىمەن، ئى رەببىم، دەيدۇ، ئاللاھ؛ ئۇنداق بولسا ساڭا شۇ بېرىلدى دەيدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھھە.

**4920 – [ 10 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الرحم شجنة من الرحمن . فقال الله : من**

**وصلك وصلته ومن قطعك قطعته " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۈرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلە ــ رەھىم، رەھمانتائالاغا يېقىن تۇرۇپ داۋالىشىدۇ، ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: سىنى ئۇلىغان كىشىگە رەھمىتىمنى ئۇلاپ يەتكۈزىمەن، سىنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن مەنمۇ ئۈزۈۋېتىمەن، يەنى رەھمىتىمنى ئۈزۈۋېتىمەن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەھىمدىل كىشىلەرگە رەھمان تابارەك ۋەتەئەلا رەھىيىم قىلىدۇ، سىلەر زىمىندىكى كىشىلەرگە رەھىم ــ شەپقەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ، سىلە ــ رەھىم بولسا، رەھمان دىگەن ئىسىم ــ سۈپەتتىن شاخلاپ چىققان، رەھمانغا بەكمۇ يېقىندۇركى ئۇنى ئۇلاپ، سىلە ــ رەھىم قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم ــ شەپقەت قىلىپ، رەھمىتىنى ئۇلاپ يەتكۈزىدۇ، كىم ئۇنى ئۈزۈۋەتسە، ئاللاھمۇ ئۈزۈۋېتىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان سەھىھ.

**4921 – [ 11 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الرحم معلقة بالعرش تقول : من وصلني وصله الله ومن قطعني قطعه الله " . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلە ــ رەھىيىم ئەرشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى ئۇلاپ، سىلە ــ رەھىيىم قىلغان كىشىگە ئاللاھمۇ رەھمىتىنى ئۇلاپ يەتكۈزىدۇ، مىنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن ئاللاھمۇ ئۈزۈۋېتىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4922 – [ 12 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن جبير بن مطعم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا يدخل الجنة قاطع  متفق عليه**

جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىيلە ـ رەھىمنى ئۈزگۈچى كىشى، يېقىن تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلمايدىغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. بۇخارى،مۇسلىم ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4923 – [ 13 ]** ( **صحيح** ) **وعن ابن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس الواصل بالمكافيء ولكن الواصل الذي إذا قطعت رحمه وصلها " . رواه البخاري**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرغۇچى، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلغۇچى كىشى، سىلە ــ رەھىمنى ئۇلىغۇچى ھېسابلانمايدۇ، لېكىن، سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاپ، تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلغۇچى دىگەن؛ سىلە ــ رەھىم ئۈزۈلۈپ كەتكەندە ئۇنى ئۇلاپ ياخشىلىق قىلغان كىشىدۇر. بۇخارى 5532 ــ ھەدىس، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد 6496 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**4924 – [ 14 ]** ( **صحيح** ) **وعن أبي هريرة أن رجلا قال : يا رسول الله إن لي قرابة أصلهم ويقطعوني وأحسن إليهم ويسيؤون إلي وأحلم عليهم ويجهلون علي . فقال : " لئن كنت كما قلت فكأنما تسفهم المل ولا يزال معك من الله ظهير عليهم ما دمت على ذلك " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،بىر كىشى كېلىپ؛ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ يېقىن تۇغقان،

خوشنىلىرىم بار بولۇپ، مەن ئۇلارغا سىلە ــ رەھىيم قىلسام، ئۇلار مەندىن ئۈزۈۋېتىدۇ، مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ، مەن ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ، دانا بولسام، ئۇلار ماڭا جاھىللىق، نادانلىق قىلىدۇ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر سەن، سەن دېگەندەكلا بولساڭ، ھەقىقەتەن ئۇلارغا دائىم كۆل سورىغان يەنى دائىم تائام بېرىپ تۇرغان بولىسەن، مۇشۇ ئىشىڭدا مۇقىم، چىڭ تۇرالىساڭلا، ئۇلارغا قارشى، ئاللاھ تەرەپتىن بىر ياردەمچى دائىم سەن بىلەن بىللە بولىدۇ، سىنى مۇداپىئە قىلىپ قوغدايدۇ دېدى. مۇسلىم 4640 ــ ھەدىس، ئەھمەد 8975 ــ ھ، سەھىھ.

**4925 – [ 15 ] الفصل الثاني عن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يرد القدر إلا الدعاء ولا يزيد في العمر إلا البر وإن الرجل ليحرم الرزق بالذنب يصيبه " . رواه ابن ماجه**

سەلمان،سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قازايى قەدەر ھۆكمىنى پەقەت دۇئا قىلىشلا قايتۇرالايدۇ، ئۆمۈرنى پەقەت ياخشىلىق قىلىشلا زىيادە ئۇزارتالايدۇ. (**الله** قادىر، ئۇ ھەممىنى قىلالايدۇ).كىشى قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبلىك رىزقىدىن مەھرۇم قالىدۇ.ئىبنى ماجە، تىرمىزى ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4926 – [ 16 ] وعن عائشةقالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دخلت الجنة فسمعت فيها قراءة فقلت : من هذا ؟ قالوا : حارثة بن النعمان كذلكم البر كذلكم البر " . وكان أبر الناس بأمه . رواه في " شرح السنة " . والبيهقي في " شعب الإيمان "وفي رواية : قال : " نمت فرأيتني في الجنة " بدل " دخلت الجنة "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن جەننەتكە كىرىپ، جەننەتتە مۇڭلۇق بىر قىرائەتنى ئاڭلىدىم، بۇ كىم بولىدۇ؟ دېسەم، ئۇلار؛ بۇ ھارىسەت ئىبنى نۇئمان بولىدۇ دېدى، ياخشى كىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ، ياخشىلىق قىلىش ئەنە شۇنداق بۇلىدۇ،(قۇرئاننى ياخشى ئوقۇغان كىشمۇ شۇنداق بولىدۇ)،ئۇ ئانىسىغا بەك ياخشىلىق قىلاتتى.بەيھەقى، تىرمىزى بىلەن ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4927 – [ 17 ] وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رضى الرب في رضى الوالد وسخط الرب في سخط الوالد " . رواه الترمذي**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەبىنىڭ رازىلىقى، ئاتا ــ ئانىنىڭ رازىلىقىدا، غەزەپ قىلىشمۇ ئاتا ــ ئانىنىڭ غەزەپ قىلىشىدا بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ، مەۋقۇپ، ساھابىلەر سۆزى دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ بىر راۋىسى نامەلۇم، قانداق كىشىلىكى بىلىنمەيدۇ، ئەلبانى سەھىھ دېدى. ئىبنى ئەمرۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەبىنىڭ رازىلىقى، ئاتا ــ ئانىنىڭ رازىلىقىدا، رەبىنىڭ كايىشى، غەزىپى ئاتا ــ ئانىنىڭ كايىشى، غەزەپ قىلىشىدا بولىدۇ، (ئاتا ـ ئانا رازى، رەب تائالارازى) تىرمىزى، ھاكىم، بەزار توپلىغان، سەھىھنىڭ 3507 ـ ھەدىسى.

**4928 – [ 18 ] وعن أبي الدرداء أن رجلا أتاه فقال : إن لي امرأة وإن لي أمي تأمرني بطلاقها ؟ فقال له أبو الدرداء : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم :الوالد أوسط أبواب الجنة فإن شئت فحافظ على الباب أو ضيع رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتا ـ ئانا دېگەن جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىدۇر، (يەنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ)، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى، بىر كىشى كېلىپ؛ ئاتا ـ ئانام ئايالىمنى تالاق قىلىپ قويۇۋېتىشىمنى ئېيتىپ تۇرىۋالدى، مەن ئارىلىقدا قالدىم، قانداق قىلىمەن؟ دېگەندە، ئاندىن پەتىۋا بېرىپ سۆزلىگەن، يەنى ئەگەر خالساڭ ئىشىكنى يەنى ئايالىڭنى مۇھاپىزەت قىل ياكى تالاق قىلىۋېتىپ، ئاتا ـ ئاناڭغا تۇرغىن دېگەن. تىرمىزى 1822 ـ ھەدىس، ئەھمەد 20724 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2080 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام دىنىدا ئاتا ـ ئانا بىلەن ئايالى ياكى ئېرى ئارىسىدا تەڭلىكتە قالسا، ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانىسىنى تاللايدۇ، چۈنكى، بۇ پەرزدۇر، توي دېگەن سۈننەت، ئاتا ـ ئانا تېپىلمايدۇ، ئەر ياكى ئايال تېپىلىدۇ. لېكىن، ئاتا ـ ئانىلار زالىم بولسا، ھەقدىن چىقىپ كەتسە، قىز يا ئوغۇل ياخشى مۇسۇلمان تەقۋا بولسا، بۇ مەسىلىنى ئىسلام ئالىملىرى ئادىل ھەل قىلىشى لازىم، مۆئمىنگە زۇلۇم قىلىنسا بولمايدۇ، ھەققەت ھامىنى ھەققەتتۇر. ئاتا ـ ئانا دېگەن پەيغەمبەرلەردەك، ساھابىلار، تابىئىنلاردەك بولۇشى لازىم، زادى بىزگە قانداق ئاتا ـ ئانىلار كېرەك؟

**4929 – [ 19 ] ( حسن ) وعن بهز بن حكيم عن أبيه عن جده قال : قلت : يا رسول الله من أبر ؟ قال : " أمك " قلت : ثم من ؟ قال : " أمك " قلت : ثم من ؟ قال : " أمك " قلت : ثم من ؟ قال : " أباك ثم الأقرب فالأقرب " رواه الترمذي وأبو داود**

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كىمگە ياخشىلىق قىلىمەن؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىق قىلىشتا ئاۋۋال ئاناڭغا قىل، ئاندىن كىمگە؟دېسەم، يەنە ئاناڭغا، ئاندىن يەنىلا ئاناڭغا قىل، ئاندىن كېيىن داداڭغا، ئاندىن يېقىن تۇغقانلارغا، ئاندىن يېقىنلارغا قىلغىن،دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد،تىرمىزى،ھاكىم،ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ

**4930 – [ 20 ] ( حسن صحيح ) وعن عبد الرحمن بن عوف قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " قال الله تبارك : أنا الله وأنا الرحمن خلقت الرحم وشققت لها من اسمي فمن وصلها وصلته ومن قطعها بتته " . رواه أبو داود**

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مانا مەن الله ، مەن رەھماندۇرمەن، سىلە ـ رەھىمىنى مەن ئۆزۈم ياراتقان، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن، مېنىڭ ئىسمىمدىن بىر ئىسمنى چىقىرىپ بەردىم، يەنى رەھىم دەپ ئاتىدىم، كىم سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاپ، يېقىن تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسا، مەنمۇ ئۇ كىشىگە رەھمىتىمنى، ياخشىلىقىمنى ئۇلاپ يەتكۈزىمەن، كىم ئۇنى ئۈزۈپ قويسا، مەنمۇ ئۈزۈۋېتىمەن، كىم ئۇنى قەتئىي ئۈزۈۋەتسە، مەنمۇ رەھمىتىمنى مەڭگۈلۈك ئۈزۈۋېتىمەن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، بۇخارى، ئەدەپ دېگەن كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.

**4931 – [ 21 ] وعن عبدالله بن أبي أوفى قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تنزل الرحمة على قوم فيهم قاطع الرحم " رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئارىسىدا سىلە ـ رەھمىنى ئۈزۈۋەتىدىغان كىشى بار قەۋمگە الله نىڭ رەھمىتى چۈشمەيدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

**4932 – [ 22 ] ( صحيح ) وعن أبي بكرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من ذنب أحرى أن يعجل الله**

**لصاحبه العقوبة في الدنيا مع مايدخر له في الآخرة من البغي وقطيعة الرحم " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانلار خەلىپىسىگە قارشى قۇرال كۆتۈرۈشدىن، ھەددىدىن ئېشىپ، تاجاۋۇز قىلىشدىن، سىلە — رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشدىنمۇ، ئاللاھتائالانىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابىنى تەييارلاپ قويۇشى بىلەن بىرگە مۇشۇ دۇنيادىلا تېز ئازاب بېرىشكە لايىقراق گۇناھ يوقتۇر، (پەقەت ئاشۇ باغىيلىق بىلەن سىلە — رەھىمنى ئۈزۈۋېتىش بۇ ئىككى ئالەملىك ئازابقا لايىقتۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**4933 – [ 23 ] وعن عبدالله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل الجنة منان ولا عاق ولا مدمن خمر " . رواه النسائي والدارمي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گەپ توشۇغۇچى سۇخەنچى، ئاتا — ئانىسىغا ۋارقىراپ گەردەن قاققۇچى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.دارىمى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4934 – [ 24 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعلموا من أنسابكم ما تصلون به أرحامكم فإن صلة الرحم محبة في الأهل مثراة في المال منسأة في الأثر " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نەسەبلىرىڭلاردىن سىلە — رەھىم قىلغىدەك نەرسىنى بىلىۋېلىڭلار، ھەققەتەن سىلە — رەھىم قىلىش، ئەھلىدە مۇھەببەتتۇر، مال — دۇنيادا بايلىقتۇر، ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ، (يەنى شۇ ئىشلارغا سەۋەب بولۇر) تىرمىزى 1902 — ھەدىس، ئەھمەد، ھاكىم، بۇخارىمۇ ئوخشىشىنى توپلىغان، سەھىھ.

**4935 – [ 25 ] وعن ابن عمر أن رجلا أتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله إني أصبت ذنبا عظيما فهل لي من توبة ؟ قال : " هل لك من أم ؟ " قال : لا . قال : " وهل لك من خالة ؟ " . قال : نعم . قال : " فبرها "رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ناھايىتى چوڭ بىر گۇناھنى قىلىپ سالدىم، مەن تۆۋبە قىلسام، قوبۇل بولامدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئاناڭ بارمۇ؟ دىسە، ئۇ؛ ياق دېدى، ھاما ئاناڭ بارمۇ؟ دىسە، ئۇ؛ ھەئە بار دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇنداق بولسا، تۆۋبە يۈزىسىدىن ھاما ئاناڭغا ياخشىلىق قىل دېدى.تىرمىزى،ھامائانا،ئانىدۇر.

**4936 – [ 26 ]** ( **ضعيف** )**وعن أبي أسيد الساعدي قال : بينا نحن عند رسول الله صلى الله عليه وسلم إذ جاء رجل من بني سلمة فقال : يا رسول الله هل بقي من بر أبوي شيء أبرهما به بعد موتهما ؟ قال : " نعم الصلاة عليهما والاستغفار لهما وإنفاذ عهدهما من بعدهما وصلة الرحم التي لا توصل إلا بهما وإكرام صديقهما " . رواه أبو داود وابن ماجه**

ئەبۇ سەئىد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، تۇيۇقسىز بەنى سەلەمەتدىن بىر ئەر كېلىپ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاتا — ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىش بارمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق، بار، ئۇلارغا ئاتاپ ناماز

ئوقۇش، گۇناھىغا مەغپىرەت سوراش، ئەھدە، ۋەدىلىرىنى ئىجرا قىلىش، ئۇلار قىلغان سىلە ــ رەھىمنى داۋام قىلىش، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەتلەش دېدى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.

4937 – [ 27 ] ( ضعيف )وعن أبي الطفيل قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يقسم لحما بالجعرانة إذ أقبلت امرأة حتى دنت إلى النبي صلى الله عليه وسلم فبسط لها رداءه فجلست عليه . فقلت : من هي ؟ فقالوا : هي أمه التي أرضعته . رواه أبو داود

ئەبۇتتوپەيىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىئرانەت دېگەن جايدا گۆش تەقسىم قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئىدىم، تۇيۇقسىز بىر ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا تون، چاپان سېلىپ بەردى، ئۇ ئايال چاپان ئۈستىدە ئولتۇردى، مەن ئۇ كىم؟ دەپ سورىسام، ئۇلار بۇ ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئېمىتكەن ئىنىك ئانىسى بولىدۇ دېيىشتى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. ئىسناد يولى، راۋىيلار زەئىپ بولۇشى مۇمكىن.

4938 – [ 28 ] ( متفق عليه ) الفصل الثالث عن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " بينما ثلاثة نفر يماشون أخذهم المطر فمالوا إلى غار في الجبل فانحطت على فم غارهم صخرة من الجبل فأطبقت عليهم فقال بعضهم لبعض : انظروا أعمالا عملتموها لله صالحة فادعوا الله بها لعله يفرجها . فقال أحدهم : اللهم إنه كان لي والدان شيخان كبيران ولي صبية صغار كنت أرعى عليهم فإذا رحت عليهم فحلبت بدأت بوالدي أسقيهما قبل ولدي وإنه قد نأى بي الشجر فما أتيت حتى أمسيت فوجدهما قد ناما فحلبت كما كنت أحلب فجئت بالحلاب فقمت عند رؤوسهما أكره أن أوقظهما وأكره أن أبدأ بالصبية قبلهما والصبية يتضاغون عند قدمي فلم يزل ذلك دأبي ودأبهم حتى طلع الفجر فإن كنت تعلم أني فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج لنا فرجة نرى منها السماء ففرج الله لهم حتى يرون السماء قال الثاني : اللهم إنه كان لي بنت عم أحبها كأشد ما يحب الرجال النساء فطلبت إليها نفسها فأبت حتى آتيها بمائة دينار فلقيتها بها فلما قعدت بين رجليها . قالت : يا عبد الله اتق الله ولا تفتح الخاتم فقمت عنها . اللهم فإن كنت تعلم أني فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج لنا منها ففرج لهم فرجة وقال الآخر : اللهم إني كنت استأجرت أجيرا بفرق أرز فلما قضى عمله قال : أعطني حقي . فعرضت عليه حقه فتركه ورغب عنه فلم أزل أزرعه حتى جمعت منه بقرا وراعيها فجاءني فقال : اتق الله ولا تظلمني وأعطني حقي . فقلت : اذهب إلى ذلك البقر وراعيها فقال : اتق الله ولا تهزأ بي . فقلت : إني لا أهزأ بك فخذ ذلك البقر وراعيها فأخذ فانطلق بها . فإن كنت تعلم أني فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج ما بقي ففرج الله عنهم " . متفق عليه

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن ئۈچ كىشى مېڭىپ كېتىۋېتىپ،يامغۇردا قېلىپ، قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن بىر غارنىڭ ئىچىگە كىردى، شۇ ئەسنادا تاغدىن بىر تاش دومىلاپ چۈشۈپ، غارنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ قويدى، ئۇلار سولۇنۇپ قېلىپ غار ئىچىدە تۇرۇپ،ئۆز ئارا بىر بىرىگە؛ بىزنى بۇ تاشنىڭ توسۇۋېلىشىدىن پەقەت بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھقا قىلغان دۇئايىمىزلا قۇتقۇزالايدۇ دېيىشتى، ئۇلارنىڭ بىرسى، ئى ئاللاھ، مېنىڭ ياشتا چوڭقايغان قېرى ئاتا ــ ئانام ۋە كىچىك باللىرىم بار ئىدى، مەن دائىم ئاتا ــ ئانامنى باشتىلا غىزالاندۇرۇپ ئاندىن ئەھلىمنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى غىزالاندۇراتتىم، بىر كۈنى مەن ئوت چۆپ ئىزدەپ بەك كەچ قايتىپ كەلدىم، ئاتا ــ ئانامغا ئۇسسۇزلۇق بېرىش ئۈچۈن، ماللىرىمنى سېغىپ كەلگەن ئىدىم، ئۇلار ئۇخلاپ قاپتۇ، مەن ئۇلارنى

ئۇيغۇتۇشنى لايىق كۆرمىدىم، ئەھلىمنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى ئۇلاردىن بۇرۇن سوغۇرۇشنىمۇ لايىق كۆرمىدىم، شۇنىڭ بىلەن مەن كۈتۈپ تۇردۇم، قاچىنى تۇتقان ھالدا ئۇلارنىڭ ئويغۇنىشىنى كۈتتۇاتىمەن، كىچىك بالىلىرىم ئاچلىقتا پۇتۇمغا ئېسىلىپ يىغلايتتى، شۇنداق قىلىپ تاڭ يورىدى، ئۇلار ئويغۇنۇپ سۈتنى ئىچتى، ئى ئاللاھ، شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن، دېدى، تاش ئۇلار ئاسماننى كۆرەلىگىدەك ئازىراق ئېچىلدى، لېكىن ئۇلار چىقىپ كېتەلمەيتتى، يەنە بىرى؛ ئى ئاللاھ، مېنىڭ تاغامنىڭ، ماڭا كىشلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ سۆيۈملۈك بىلىندىغان مەن قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزى بار ئىدى، مەن ئۇنى نىيەت قىلىپ تەلەپ قىلىدىم، ئۇ 100 دىينار ئەكەل دەپ، مېنى رەت قىلدى، بىر يىلى قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ، مېنىڭ قېشىمغا كەپتۇ، مەن ئۇنىڭغا مېنى ئۆز نەپسىگە ئىگە قىلىش شەرتى بىلەن (يەنى مەن بىلەن بىللە بولۇش شەرتى) بىلەن 120 دىينار ئالتۇن تىللا بەردىم، ئۇ ماقۇل كەلدى، ھەتتا مەن ئۇنىڭغا قادىر بولغان ۋاختىمدا يەنى مەن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپ، مۇناسىۋەتنى مەخسەت قىلغان ۋاختىمدا، ئۇ؛ ئاللاھدىن قورققىن، پېچەتنى يولسىز بۇزما، ئۇزۈكنى ھەققىسىز ساپما، (يەنى نىكاھسىز بۇنداق قىلما دېدى) شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن يىراق كەتتىم، ۋەھالەنكى، ئۇ ئايال مەن ئۈچۈن كىشلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىدى، مەن ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىم، ئالتۇننىمۇ ئالمىدىم، ئەگەر بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن دېدى، تاش يەنە ئازىراق كۆتۈرۈلدى، ئۇلار يەنە چىقىپ كېتەلمەيتتى، ئۈچىنچىسى ئېيتتى، ئى ئاللاھ، مەن نۇرغۇن مەدىكار، ئىشلەمچىلەرنى ئىش ھەققى بېرىپ ئىشلەتكەن، بىر ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنىلا بېرەلمەي قالغىنىنى بەرگەن ئىدىم، ئۇ ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى زىرائەت تېرىپ ، ئاندىن كالا ۋە ئۇنىڭ پادىچىسىنى سېتىۋالغىدەك كۆپەيتىپ قويدۇم، پۇل ماللار كۆپەيگەن بىر چاغلاردىن كېيىن ئۇ ئادەم كېلىپ؛ ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، **الله** تىن قورققىن، ماڭا زۇلۇم قىلماي مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بەرگىن دېدى، مەن ئۇنىڭغا؛ سەن كۆرۈۋاتقان  ئاشۇ نەرسىلەر يەنى تۆگە، قوي، كالا، ئات، قۇللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ دېدىم، ئۇ ھەيران قېلىپ، ئەي ئاللاھنىڭ بەندىسى، مىنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلما دېدى، مەن ئۇنىڭغا سېنى مەسخىرە قىلمىدىم دېسەم، ئۇ بىرەرسىنىمۇ قويماي ھەممىسىنى ھەيدەپ ماڭدى، ئى ئاللاھ، ئەگەر بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن دېدى، شۇنىڭ بىلەن تاش كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئۆڭكۈردىن مېڭىپ چىقىپ كەتتى، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ياخشى ئەمەللەرنى شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىش دۇرۇس، شۇنداقلا بۇ ئەۋلىيالار كارامىتى ھېسابلىنىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ مۆجىزىسىدۇر، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرزدۇر، مەنسەپلىك، گۈزەل ئايال، قانۇنسىز، نىكاھسىز چاقىرسا، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدەك قېچىش ۋاجىپ، ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىش باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەپ قويۇش، تىجارەت قىلىپ قويۇشلار دۇرۇس، دۇئا ئىبادەتتۇر.

**4939 – [ 29 ]** ( إسناده جيد ) **وعن معاوية بن جاهمة أن جاهمة جاء إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال** : **يا رسول الله أردت أن أغزو وقد جئت أستشيرك . فقال** : " **هل لك من أم ؟** " **قال** : **نعم . قال** : " **فالزمها فإن الجنة عند رجلها** " . **رواه أحمد والنسائي والبيهقي في " شعب الإيمان "**

جاھىمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن **الله** يولىدا غازات قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، سىلىگە مەسلىھەت سالغىلى كەلدىم دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئاناڭ ھاياتمۇ؟ دېدى، ئۇ؛ ھەئە دىسە، رەسۇلۇللاھ؛  ئاناڭغا ياخشىلىق قىل، ھەقىقەتەن جەننەت ئۇنىڭ قەدەملىرى

| |
|---|
| ئاستىدىدۇر،دېدى. ئەھمەد، نەسەئى،بەيھەقى، توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن، ھەدىسدىن مەخسەت ئاتا ــ ئانىغا ياخشىلىق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ ئوچۇق سۆزلەنگەن. مۇئاۋىيەئىبنى جاھىمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئاناڭنىڭ پۇتى ئاستىدا، ئاناڭنى لازىم تۇتۇپ ياخشىلىق قىلغىن، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن. |
| **4940 – [ 30 ] وعن ابن عمر قال : كانت تحتي امرأة أحبها وكان عمر يكرهها . فقال لي : طلقها فأبيت . فأتى عمر رسول الله صلى الله عليه وسلم فذكر ذلك له فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " طلقها رواه الترمذي وأبو داود**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مىنىڭ بىر ئايالىم بار بولۇپ، مەن ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم، لېكىن دادام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ياقتۇرماي يامان كۆرەتتى، (مۇشىنىڭغا قارىغاندا ئايالدا بىر مەسىلە بار) دادام ماڭا؛ ئۇ ئايالىڭنى تالاق قىلۋەت دېدى، مەن ئۇنىمىسام، دادام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، شۇئىشلارنى خەۋەر قىلىپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ ئايالىڭنى تالاق قىلىۋەتكىن دېدى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد. |
| **4941 – [ 31 ] وعن أبي أمامة أن رجلا قال : يا رسول الله ما حق الوالدين على ولدهما ؟ قال : " هما جنتك ونارك " رواه ابن ماجه**<br><br>ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن بىر ئەر؛ يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاتا ــ ئانىنىڭ بالىسى ئۈستىدىكى ھەققى نىمە؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ ئىككىسى، سىنىڭ جەننىتىڭ ياكى دوۋزاخ ئەھلى بولىشىڭدۇر دېدى، يەنى شۇنىڭغا سەۋەب بولىدۇ، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، سەھىھ،بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسگە مۇۋاپىق سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر. |
| **4942 – ( موضوع )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العبد ليموت والداه أو أحدهما وإنه لهما لعاق فلا يزال يدعو لهما ويستغفر لهما حتى يكتبه الله بارا "**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاتا ــ ئانىسىغا ۋارقىرايدىغان، قوپاللىق قىلىدىغان كىشىنىڭ، ئاتا ــ ئانىسى ياكى بىرسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاندىن بۇ كىشى دائىم دۇئا قىلىپ ئۇلارغا مەغپىرەت سوراپ تۇرسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئاتا ــ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچى دەپ يۇتىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇھەدىس يالغان دىگەن. |
| **4943 – [ 33 ] ( ضعيف جدا )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أصبح مطيعا لله في والديه أصبح له بابان مفتوحان من الجنة وإن كان واحدا فواحدا . ومن أمسى عاصيا لله في والديه أصبح له بابان مفتوحان من النار وإن كان واحدا فواحدا " قال رجل : وإن ظلماه ؟ قال : " وإن ظلماه وإن ظلماه "**<br><br>ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاتا ــ ئانىسى ھەققىدە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ تاڭ ئاتقۇزسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىككى ئىشكى ئېچىلىدۇ، ئاتىسى ياكى ئانىسى يالغۇزلا بىر بولسا، جەننەت ئىشكى بىر بولىدۇ. كىم ئاتا ــ ئانىسى ھەققىدە ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تاڭ ئاتقۇزسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخدىن ئىككى ئىشك ئېچىلىدۇ، بىر بولسا، بىرسى ئېچىلىدۇ، بىر ئەر ئەگەر ئاتا ــ ئانىسى زۇلۇم قىلسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلۇم قىلسىمۇ شۇنداق دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا قاتتىق زەئىپ دىگەن. |

**4944 – [ 34 ] ( موضوع )وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " مامن ولد بار ينظر إلى والديه نظرة رحمة إلا كتب الله له بكل نظرة حجة مبرورة " . قالوا : وإن نظر كل يوم مائة مرة ؟ قال : " نعم الله أكبر وأطيب "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاتا ــ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچى بالا، ئاتا ــ ئانىسىغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىسا، ئاللاھ بۇ بالا ئۈچۈن ھەربىر قارىغىنىغا قوبۇل بولغان ياخشى بىر ھەجنى يازىدۇ، ئۇلار 100 قېتىم قارىسىمۇ شۇنداق يازامدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق، ئاللاھ بۈيۈك، پاكتۇر دېدى، بەيھەقى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى رەھمەھۇللا يالغان دىگەن. ئەلبانىينىڭ مىشكاتتىكى مۇتلەق ھالدا زەئىپ، مۇنكەر، يالغان دىگەن سۆزىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان كىشى ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، دەلىل ــ ئىسپاتى بارمىدۇ؟ نىمىگە ئاساسلىنىپ قايسى؟ دەلىل ــ ئىسپات بىلەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىدىغاندۇ؟ دەپ قالىدۇ. لېكىن، ئەلبانى رەھمەھۇللانىڭ مەخسۇس زەئىپ ھەدىسلەر توپلانغان، كىتابنى كۆرگەن كىشى شەكسىز ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىتابدا 9000 ھەدىس بولۇپ، ھەربىر ھەدىسكە نۇرغۇن دەلىل ــ ئىسپات، قائىدە ــ قانۇن ئىلگىرىكى كاتتا مۇھەددىسلەر سۆزى بىلەن باھا بېرىپ ھۆكۈم چىقارغان، قادىر بولسىڭىز بىر كۆرۈڭ.

**4945 – [ 35 ] وعن أبي بكرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل الذنوب يغفر الله منها ما شاء إلا عقوق الوالدين فإنه يعجل لصاحبه في الحياة قبل الممات "**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بارلىق گۇناھلاردىن **الله** خالىغىنىنى مەغپىرەت قىلىپ ئۆتىۋېتىدۇ، (ھەتتا تۆۋبە قىلىسا ھەممىنى كەچۈرىدۇ) لېكىن ئاتا ــ ئانىسىغا ۋارقىرىغۇچى،گەردەن قاققۇچى كىشىنىڭ گۇناھىنى ئۆتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ئۇ ئۆلۈشىدىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادىلا قاتتىق ئازاپ بىلەن جازاسىنى بىرىدۇ. بەيھەقى توپلىغان. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى كىشىگە ئاللاھ مۇشۇ دۇنيادىلا تىز ئازاپ بېرىدۇ، بىرسى ئۆز ئىمامىغا، خەلىپىسىگە قىلىچ كۆتۈرگەن، ھەددىدىن ئاشقان زومىگەر باغي تاجاۋۇزچى، يەنە بىرسى بولسا، ئاتا ــ ئانىسىغا ۋارقىرىغۇچى، بۇخارى، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4946 – [ 36 ] ( ضعيف )وعن سعيد بن العاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حق كبير الإخوة على صغيرهم حق الوالد على ولده " . روى البيهقي الأحاديث الخمسة في " شعب الإيمان "**

سەئىد ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: چوڭ ئاكا ــ ئاچىلار ھەققى كىچىك، ئىنى ــ سىڭىللار ئۈستىگە بولىدۇ، خۇددى ئاتا ــ ئانىلار ھەققى باللار ئۈستىدە بولغاندەك، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن.

## [ 15 ] باب الشفقة والرحمة على الخلق — خەلقلەرگە رەھىم ــ شەپقەت قىلىش توغرىسىدا

**4947 – [ 1 ] ( متفق عليه ) الفصل الأول**

**عن جرير بن عبد الله قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يرحم الله من لا يرحم الناس " . متفق عليه**

جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرگە رەھىيىم ــ

شەپقەت قىلمىغان كىشىگە ئاللاھمۇ رەھىم قىلمايدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھىم ــ شەپقەت قىلمايدىغان كىشىگە رەھىم قىلىنمايدۇ، كەچۈرمىگەن كىشىگە مەغپىرەت قىلىنمايدۇ، تەۋبە قىلمىغان كىشىگە تەۋبە قوبۇل قىلىنىپ قالمايدۇ، ئەپۇ قىلمىسا، ئەپۇ قىلىنمايدۇ، (كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، ياخشىلىققا ياخشىلىقتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھەھ.

**4948 – [ 2 ]** ( متفق عليه ) **وعن عائشة قالت : جاء أعرابي إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : أتقبلون الصبيان ؟ فما نقبلهم . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أو أملك لك أن نزع الله من قلبك الرحمة " . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر ئەئرابىي كېلىپ؛ سىلەر كىچىك باللارنى سۆيۈپ قۇيامسىلەر؟ بىز كىچىك باللىرىمىزنى سۆيۈپ قويمايمىز دېگەندە، مسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئاللاھ قەلبىڭدىن رەھمەتنى تارتىپ ئېلىۋەتسە، مەن ساڭا قانداق ئىگە بولالايمەن دېگەن، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد 23272 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3655 ــ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھەھ

**4949 – [ 3 ]** ( متفق عليه ) **وعنها قالت : جاءتني امرأة ومعها ابنتان لها تسألني فلم تجد عندي غير تمرة واحدة فأعطيتها إياها فقسمتها بين ابنتيها ولم تأكل منها ثم قامت فخرجت . فدخل النبي صلى الله عليه وسلم فحدثته فقال : " من ابتلي من هذه البنات بشيء فأحسن إليهن كن له سترا من النار " . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مىنىڭ قېشىمغا بىر ئايال ئىككى قىزىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ،مەندىن نەرسە سورىدى، مەن پەقەت ئۇ ئايالغا يېنىمدا بار بولغان بىرتاللا خورمىنى بەرسەم، ئۇنى ئۆزى يىمەي، ئىككى قىزىغا تەڭ قىلىپ بىرىپ،ئاندىن چىقىپ كەتتى، مەن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ قىز باللاردىن بىرەر نەرسە بىلەن سىنالسا، ئاندىن ئۇ قىز باللىرىغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ قىز باللار ئۇنىڭغا دوۋزاخدىن سۇترە، پەردە بولىدۇ. (يەنى شۇ سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرىدۇ). بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھەھ.

**4950 – [ 4 ]** ( صحيح ) **وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من عال جاريتين حتى تبلغا جاء يوم القيامة أنا وهو هكذا " وضم أصابعه . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىككى قىز باللىغا ئۇلار بالىغ بولغىچە ئىگە بولۇپ، ياخشى قارىسا،قىيامەت كۈنى ئۇ مەن بىلەن بىللە جەننەتكە مۇشۇنداق يېقىن كىرىدۇ. (ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتتى). مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ.

**4951 – [ 5 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الساعي على الأرملة والمسكين كالساعي في سبيل الله " وأحسبه قال : " كالقائم لا يفتر وكالصائم لا يفطر " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇل ئاياللارغا، مىسكىنلەرگە خىزمەت قىلىپ، ھاجىتىدىن چىققۇچى كىشى، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغۇاتقان مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر، ياكى كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ھېرىپ قالماي ناماز ئوقۇغۇچىغا، كۈندۈزى ئىپتار قىلماي روزا

ئۇتقۇچىغا ئوخشايدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4952 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا وكافل اليتيم له ولغيره في الجنة هكذا " وأشار بالسبابة والوسطى وفرج بينهما شيئا . رواه البخاري**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆزى ئۇچۇن بولغان يېتىمگە ياكى باشقىلار ئۇچۇن بولغان يېتىمگە كېپىل بولغۇچى بىلەن مەن، جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمىز دەپ ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆزى ئۇچۇن بولغان يېتىمگە ياكى باشقىلار ئۇچۇن بولغان يېتىمگە كېپىل بولغۇچى، جەننەتتە مەن بىلەن بىللە بولىدۇ، تۇل ئاياللارغا، مىسكىنلەرگە خىزمەت قىلىپ، سەئيي ئەمەل قىلغۇچى،ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچى مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر،بۇ ھەدىس،ئەۋسەت دىگەن كىتابتا بار بولۇپ،ئەلبانى سەھىھ دىگەن.

**4953 – [ 7 ] ( متفق عليه ) وعن النعمان بن بشير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ترى المؤمنين في تراحمهم وتوادهم وتعاطفهم كمثل الجسد إذا اشتكى عضوا تداعى له سائر الجسد بالسهر والحمى " . متفق عليه**

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەر ئۆزئارا دوستلۇق، كۆيۈنۈش، رەھىم _ شەپقەت قىلىشلىرىدا، مېھرىبانلىقلىرىدا خۇددى بىر جەسەدكە ئوخشايدۇ، ئۇ جەسەددىن بىرەر ئەزا كېسەل بولۇپ ئاغرىپ قالسا، جەسەدنىڭ قالغان جايلىرى پۈتۈن ئەزالىرى ئۇيقۇسىزلىق، قىزىش بىلەن تەڭ ئەلەم تارتىدۇ. ئەھمەد 17648 _ ھەدىس، مۇسلىم 4685 _ ھەدىس،بۇخارى، سەھىھ.ئەنە شۇنىڭدەك بارلىق مۇسۇلمانلار پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇشى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشى، ياردەم بېرىشى، ئىتتىپاقلىشىش، خۇشاللىقتا تەڭ خۇشال، دەرت _ ئەلەم، خاپىلىقتا تەڭ ئەلەم تارتىشى، قايغۇرۇشى بىرسى باش بولسا، بىرسى ئەزا، بىرسى يۈرەك بولسا، بىرسى بۆرەك، بىرسى قول بولسا، بىرسى پۇت بولۇشى، بىرسى ئاشقازان بولسا، بىرسى جىگەر، بىرسى غەرپتە بولسا، يەنە بىرسى شەرقتە تۇرۇپ، شۇنىڭ غېمىنى يېيىشى، ئاللاھ قۇرئاندا بۇيرىغاندەك ئاكا _ ئۇكا، ئاچا _ سىڭىل، قېرىنداشلاردىن بولۇشى بەكمۇ زۆرۈر، مەڭگۈ زۆرۈردۇر.

**4954 – [ 8 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المؤمنون كرجل واحد إن اشتكى عينه اشتكى كله وإن اشتكى رأسه اشتكى كله " . رواه مسلم**

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەر بىرلا كىشىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى ئاغرىسا ھەممە يېرى تەڭ ئاغرىيدۇ، ئەگەر كۆزى ئاغرىسا، يەنە ھەممە يېرى تەڭ ئاغرىپ دەرت _ ئەلەم تارتىدۇ، قىزىپ ئۇيقۇسىز قالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.(مۆئمىنلەر ئەنە شۇنداق ئىتتىپاق بولۇشى، يار _ يۆلەكتە بولۇشى، خاپىلىقتا دەرت _ ئەلەمگە تەڭ ئەلەم تارتىشى، بىر _ بىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى، زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشى، پۈتۈن دۇنيا بويىنچە ھەمكارلىشىپ، بىرلىشىپ، ياردەملىشىش بەكمۇ زۆرۈر، بولۇپمۇ ھازىر قاتتىق زۆرۈردۇر.)

**4955 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " المؤمن للمؤمن كالبنيان يشد بعضه بعضا " ثم شبك بين أصابعه . متفق عليه**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىن ئۈچۈن خۇددى بەزىسى ــ بەزىسىنى چىڭىتىپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ،دەپ بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى. (ئەنە شۇنداق زىچ ھەمكارلىششى، ئۆزئارا ياردەملىششى، يار ــ يۆلەكتە بولۇشى لازىم). بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4956 – [ 10 ]** ( متفق عليه ) وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه كان إذا أتاه السائل أو صاحب الحاجة قال : " اشفعوا فلتؤجروا ويقضي الله على لسان رسوله ما شاء " . متفق عليه

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سائىل ياكى بىرەر ھاجەت ئىگىسى كەلسە مۇنداق دەيتتى: شاپائەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە ئەجىر بېرىلىدۇ، ئاللاھ، پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شاپائەت قىلىڭلار، يەنى قېرىندىشىڭلارنى سۇراپ، تىلىۋېلىڭلار، ياردەم بېرىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ، بۇ دۇنيادىكى شاپائەت، ئىگە بولۇش، ياردەم قىلىش، سۇراپ تىلىۋېلىش يولىنى مېڭىپ بېرىشتۇر.

**4957 – [ 11 ]** ( متفق عليه ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " انصر أخاك ظالما أو مظلوما " . فقال رجل : يا رسول الله أنصره مظلوما فكيف أنصره ظالما ؟ قال : " تمنعه من الظلم فذاك نصرك إياه " . متفق عليه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قېرىندىشىڭغا ئۇ زالىم بولسۇن ياكى مەزلۇم بولۇسۇن ياردەم بەرگىن دىگەندە،بىر كىشى؛زۇلۇمغا ئۇچۇرىغان كىشىگىغۇ ياردەم بىرىمەن؟، زالىمغا قانداق ياردەم بېرىمەن؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنى زۇلۇمدىن توسسەن، ھەقىقەتەن شۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا بەرگەن ياردەم دېدى، ئەھمەد بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4958 – [ 12 ]** ( متفق عليه ) وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " المسلم أخو المسلم لا يظلمه ولا يسلمه ومن كان في حاجة أخيه كان الله في حاجته ومن فرج عن مسلم كربة فرج الله عنه كربة من كربات يوم القيامة ومن ستر مسلما ستره الله يوم القيامة " . متفق عليه

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، خارلىمايدۇ، كىم قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولسا، مۇھتاج چاغدا ياردەم بەرسە، ئاللاھمۇ ئۇ مۇھتاج چاغدا ياردەم بېرىدۇ. كىم مۇسۇلماندىن بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرىنى ئاسان قىلىپ، ئۇنىڭ غەملىرىنى يوق قىلسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەتنىڭ قىيىنچىلىق، مۇشەققەتلىرىدىن بىرىنى ئاسان قىلىپ، غېمىنى يوق قىلىدۇ، كىم مۇسۇلماننىڭ ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب ــ نۇقسانلىرىنى ياپىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم 4677 ــ ھەدىس، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4959 – [ 13 ]** ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المسلم أخو المسلم لا يظلمه ولا

**يخذله ولا يحقره التقوى ههنا " . ويشير إلى صدره ثلاث مرار " بحسب امرئ من الشر أن يحقر أخاه المسلم كل المسلم على المسلم حرام : دمه وماله وعرضه " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمايدۇ، يالغان سۆزلىمەيدۇ، خارلىمايدۇ، ھاقارەتلىمەيدۇ، ئۈچ قېتىم تەقۋالىق مانا مۇشۇ يەردە دەپ قەلبىگە ئىشارەت قىلغاندۇر، كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىشى، ئۇ كىشىنىڭ يامان كىشى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك كۇپايىدۇر، ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ مال ـــ مۈلكى، قېنى، جېنى، يۈز ـــ ئابرۇيىنى تۆكۈش يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر.مۇسلىم، تىرمىزى ،سەھىھ.

**4960 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن عياض بن حمار قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أهل الجنة ثلاثة : ذو سلطان مقسط متصدق موفق ورجل رحيم رفيق القلب لكل ذي قربى ومسلم وعفيف متعفف ذو عيال . وأهل النار خمسة : الضعيف الذي لا زبر له الذين هم فيكم تبع لا يبغون أهلا ولا مالا والخائن الذي لا يخفى له طمع وإن دق إلا خانه ورجل لا يصبح ولا يمسي إلا وهو يخادعك عن أهلك ومالك وذكر البخل أو الكذب والشنظير الفحاش " . رواه مسلم**

ئىياز ئىبنى ھەمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەققەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۈگۈنكى مۇنۇ كۈندە ماڭا ئۈگەتكەن، بىلدۈرگەن، سىلەر بىلمەيدىغان ئىلىملەرنى سىلەرگە ئۈگىتىشىمنى بۇيرىدى، ئاللاھ مۇنداق دېيدۇ: مەن بەندەمگە ئاتا قىلىپ بەرگەن ماللار ھالالدۇر، ھەققەتەن مەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ھەققە مايىل مۇسۇلمان ياراتتىم، ھەققەتەن ئۇلارغا شەيتانلار كېلىپ، ئۇلارنى دىنلىرىدىن چىقىرىپ ئازدۇرۇۋەتتىدۇ، مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنى ماڭا مەن بىرەر ھۆججەت، دەلىل ـــ ئىسپات چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرىيدۇ، ھەققەتەن ئاللاھتائالا زېمىن ئەھلىگە قاراپ ئازغىنا ئەھلى كىتابلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە ئەرەپ، ئەجەملەرگە غەزەپ قىلدى، كايىدى ۋە دېدىكى ھەققەتەن مەن سېنى سىناپ، ئىمتىھان ئېلىش، سەن بىلەن باشقىلارنى سىناپ، ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم، ساڭا كىتاب قۇرئاننى نازىل قىلدىم، ئۇنى سۇمۇ يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، يەنى قوغدايمەن، ئۇنى سەن ئۇخلىغان ۋە ئويغاق ھالدا ئوقۇيسەن، (چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىلى ئۇخلىمايتتى) ھەققەتەن ئاللاھتائالا مېنى قۇرەيشلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشىمگە بۇيرىدى، مەن ئاندىن ئى رەببىم، ئۇنداقتا ئۇلار بېشىمنى دەسسەپ، يەنجىپ، چەيلەپ بىردانە ياپلاق ناندەك قىلىپ تاشلاپ قويىدۇ دېدىم، ئاللاھتائالا، ئۇنداق بولسا، ئۇلار سېنى قوغلاپ چىقارغاندەك، سەنمۇ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغىن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىل، بىز ساڭا ياردەم بېرىمىز، ئاللاھ يولىدا خەجلە، ساڭىمۇ خەجلىنىدۇ، قوشۇن ئەۋەتكىن، بىزمۇ سېنىڭ قوشۇنىڭدەك بەش ھەسسە قوشۇن ئەۋەتىمىز، ساڭا ئىتائەت قىلغان كىشىلەر بىلەن بىرگە ساڭا ئاسىي بولغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغىن.

جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1. ئادىل، سەممىي، راستچىل، تەۋپىق تاپقان، سۇلتان پادىشاھ.

2. دىلى يۇمشاق، مېھرىبان، ھەرقانداق يېقىن تۇغقان ۋە مۇسۇلمانلارغا قەلبى يۇمشاق، رەھىمدىل كىشىدۇر.

3. ھارامدىن ساقلانغان ئىپپەتلىك، سائىللىق قىلىشدىنمۇ ئىپپەتلىك، كۆپ ئەھلى باللىرى بولغان مۇشەققەتلىك مۇسۇلماندۇر.

دوۋزاخ ئەھلى بەش تۈرلۈك بولىدۇ؛

1. لايىق بولمايدىغان ئىشلاردىن توسۇپ قالغىدەك ئەقىل ــ پاراسەت يوق، دائىم سىلەرگە ئەگىشىۋالىدىغان يا ئەھلى، يا مالنى تەلەپ قىلمايدىغان، دىن، دۇنيادا نەتىجىسى يوق، ئاجىز، دۆت كىشىدۇر.

2. كىچىككىنە تاما قىلغۇدەك نەرسە كۆرۈنسىلا خىيانەت قىلىدىغان خائىندۇر.

3. تاڭ ئاتقۇزسا، كەچ قىلسا، دائىم دىگۇدەك ئەھلىڭ ۋە مېلىڭ توغرىسىدا سېنى ئالدايدىغان ھىيلە ــ مېكىر قىلىدىغان كىشىدۇر.

4. بېخىل ياكى كاززاپ كىشىدۇر.

5. ئەخلاقى يامان، ناچار ئەخلاقلىق، پاھىشە ئىشنى قىلغۇچى، پاھىشە سۆزلىگۈچى كىشىدۇر، (چۈنكى، بۇ ھاياسىزدۇر) مۇسلىم 5109 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4250 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4169 ــ ھەدىس، ئەھمەد 17616 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**4961 – [ 15 ] ( متفق عليه ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لا يؤمن أحد حتى يحب لأخيه ما يحب لنفسه " . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بەندە قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ، ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ياخشىلىقلارنى ياخشى كۆرمىگىچە، قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۆئمىن بولالمايدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى تونلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بەندە ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى، خوشنىسى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۆئمىن بولالمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، خوشنىسى يۇقىرقى قېرىندىشى شۇ دە!

**4962 – [ 16 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والله لا يؤمن والله لا يؤمن " . قيل : من يا رسول الله ؟ قال : " الذي لا يأمن جاره بوائقه " . متفق عليه**

ئەبۇ شۇرەيھ ،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خوشنىلىرى، ئۇنىڭ يامانلىق ھالاكەتلىرىدىن ئەمىن، خاتىرجەم بولمىغان كىشى، خوشنىلىرىنى ئۇزھالاكىتىدىن خاتىرجەم قىلمىغان كىشى مۆئمىن ئەمەس، ھەرگىز مۆئمىن ئەمەس، ئۇ ھەرگىز مۆئمىن بولالمايدۇ. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4963 – [ 17 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل الجنة من لا يأمن جاره بوائقه**

" . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خوشنىسىنى ھالاكەتلىك يامانلىقلىرىدىن ئەمىن قىلمايدىغان، خوشنىلىرى ئەمىن خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4964 – [ 18 ] ( متفق عليه ) وعن عائشة وابن عمر رضي الله عنهم عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما زال جبريل يوصيني بالجار حتى ظننت أنه سيورثه " . متفق عليه**

ئائىشە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىبرىئىل ماڭا؛ خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى كۆپ قېتىم ۋەسىيەت قىلغۇرگەچكە، مەن ئۇنى خوشنىلارنىمۇ ئۆز خوشنىسىغا ۋارىس قىلىپ قويامدىكى دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4965 – [ 19 ] ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كنتم ثلاثة فلا يتناجى اثنان دون الآخر حتى تختلطوا بالناس من أجل أن يحزنه " . متفق عليه**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشى بولساڭلار، كىشىلەرگە ئارىلاشمىغىچە، بىرسىنى قويۇپ،قالغان ئىككىسى مەخپى مۇڭداشمىسۇن، ئۇنداق قىلسا، ئۇ كىشىنى غەمگە سېلىپ قويىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان

**4966 – [ 20 ] ( صحيح ) وعن تميم الداري أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الدين النصيحة " ثلاثا . قلنا : لمن ؟ قال : " لله ولكتابه ولرسوله ولأئمة المسلمين وعامتهم " . رواه مسلم**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دىن دىگەن؛ ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى، باشلىقلىرى ئۈچۈن ۋە ئومومىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشتۇر، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تەمىمۇددارىدىن، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەھمەد يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا مۇنداق دىگەن: ئاللاھ ئۈچۈن نەسىھەت قىلىش، ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش، ئىخلاس قىلىش توغرىسىدا بولىدۇ، شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، رەبلىكى، ئىسىم ــ سۈپىتى، ئەقىدە، تەۋھىد مەسىلىلىرى توغرىسىدا بولىدۇ، كىتابى ئۈچۈن بولىدىغان نەسىھەت بولسا، قۇرئاننى قوغداش، خاتا تەئۋىلىدىن بۇرمىلاشلاردىن قوغداش، ئۇنى ئۆگىنىپ، ئىسلام نۇرىنى ساقلاپ قوغداشتۇر، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىگە شەكسىز ئىشىنىش توغرىسىدا، بۇيرۇقلىرىغا شەرتسىز ئەمەل قىلىش، چەكلىگەن نەھلىرىدىن يېنىش توغرىسىدا، قۇرئاننى قانۇن قىلىش، ئۇنىڭ ئەھكامى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش توغرىسىدا، قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى، سۆزى دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبىرى

ئۇچۇن بولىدىغان نەسىھەت؛ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىش، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرۈش سۆزلىرىنى تەستىقلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش، خەۋەرلىرىگە ئىشىنىش، راستچىل، سەممىي دىيىش، بۇيرۇغىنى قىلىپ توسقۇنىدىن يېنىش، ئۇنىڭ ئىزباساردىن بولۇپ، شەرىئىتىنى قوغداش، ئۇنىڭ سۈننىتىنى، ھەدىسلىرىنى قۇرئانغا تەپسىرى، بايان، ئىزاھات دەپ بىلىش، ئۇنىڭ دىنى ئۇچۇن ياردەم بېرىشتۇر. ئۆلىما، ئىماملار ئۇچۇن بولىغان نەسىھەت؛ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلگە قىلىش، ئۇلارغا ھەق ئۇچۇن ياردەم بېرىش، ئۇلارنى قوغداش، ئاسراش، ئىلمىنى تارقىتىشقا ياردەملىشىش، ئىجمائ، قىياسلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئەخلاقتا ياخشى بولۇش، سۇئال، مۇنازىرىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن قىلىش، دەۋەتنى قوللاش، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ. ئەمىر، خەلىپە، باشلىقلار ئۇچۇن قىلىنىغان نەسىھەت بولسا، ئۇلارنىڭ ئىمام، باشلىق، خەلىپە بولۇشىغا رازى بولۇپ، ئىمام دەپ ئېتىقاد قىلىش، ياخشىلىقلىرىغا ياردەم بېرىش، كەڭ تارقىتىش بۇيرۇغىنى توسقىنى ئىسلام شەرىئىتىگە قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ بىلەن بولسا، بۇيرۇغىنىنى قىلىش، توسقىنىدىن يېنىش، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يېپىش، ئەپۇ قىلىش، ئۇلارغا قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىقماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغان نەسىھەت؛ مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، سالام، سەدىقە، نەپىقە، ياردەم قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ، ئاخىرىدا ئۇ بۇ ھەدىسدىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛

1. نەسىھەتنىڭ مۇھىملىقى.
2. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياخشى ئىلىم بېرىشى.
3. ساھابىلارنىڭ ئىلىمغا ھېرىسمەن بولۇشى.
4. ئالدى بىلەن ئاللاھ،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ئان كىتاب، ئىمام دىگەندەك تەرتىپ بىلەن مۇھىملىرىنى بۇرۇن سۆزلەش چىقىپ تۇرىدۇ.
5. نەسىھەتنىڭ ۋاجىپلىقى.
6. ئىسلام جەمئىيىتى ئۇچۇن چوقۇم بىر خەلىپە، ئىمام بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى كۆرستىلىدۇ.
7. شۇنداقلا مەسجىد ئىمام بولۇش لازىم.

مانا بۇ ھەدىس شەرھىسى، ۋە مۇھىم نۇقتىلىرى، ھەدىستىن ھۆكۈم، پايدا چىقىرىشتاھەربىر ھەدىسنى ئەنە شۇنداق تەتقىق قىلىپ ئوقۇڭلار.

**4967 – ( متفق عليه ) عن جرير بن عبد الله قال : بايعت رسول الله صلى الله عليه وسلم على إقام الصلاة وإيتاء الزكاة والنصح لكل مسلم . متفق عليه**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، ھەر بىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىشقا بەيئەت قىلدىم. بۇخارى،مۇسلىم.

**4968 – [ 22 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة قال : سمعت أبا القاسم الصادق المصدوق صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تنزع الرحمة إلا من شقي " . رواه أحمد والترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەمىيمى ـ سادىق،راست سۆزلىگۈچى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەھمەت، رەھىيم ـــ شەپقەت قىلىش، پەقەت شەقىي، دوۋزىخى (بەدبەخت كىشىنىڭ قەلبىدىنلا ئېلىۋېلىنىدۇ)، (شۇنىڭ ئۈچۈنلا دىنسىزلار، بولۇپمۇ سىياسىيغا مەسئۇل ساقچىلار، مۇسۇلمانلارغا رەھىيم ـــ شەپقەت قىلمايدۇ، ئۇلارغىمۇ دوۋزاخ ئىچىدە رەھىيم قىلىنمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**4969 – [ 23 ] وعن عبدالله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : الراحمون يرحمهم الرحمن ارحموا من في الأرض يرحمكم من في السماء " . رواه أبو داود والترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەھىمدىل كىشىلەرگە رەھمان تابارەك ۋەتەئەلا رەھىيم قىلىدۇ، سىلەر زىمىندىكى كىشىلەرگە رەھىم ـــ شەپقەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ، سىلە ـــ رەھىم بولسا، رەھمان دىگەن ئىسىم ـــ سۈپەتتىن شاخلاپ چىققان، رەھمانغا بەكمۇ يېقىندۇركى ئۇنى ئۇلاپ، سىلە ـــ رەھىم قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم ـــ شەپقەت قىلىپ، رەھمىتىنى ئۇلاپ يەتكۈزىدۇ، كىم ئۇنى ئۈزۈۋەتسە، ئاللاھمۇ ئۈزۈۋېتىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان سەھىھ.

**4970 – [ 24 ] ( ضعيف )وعن بن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :ليس منا من لم يرحم صغيرنا ولم يوقر كبيرنا ويأمر بالمعروف وينه عن المنكر رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىچىكلىرىمىزگە رەھىيم قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن ياخشىلىققا بۇيرۇمىغان، يامانلىقدىن توسمىغان كىشى بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس. تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. چۈنكى، غەرىيپ ھەدىس، سەھىھ ياكى ھەسەن ياكى زەئىپ بولىدۇ، ئۇ، راۋىسى باشتىن ـــ ئاخىرى بىرلا بولغان ھەدىس، بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى سەھىھ ئىكەن، ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: چوڭلىرىمىزغا ئۇلۇغلاپ ھۆرمەت قىلمىغان، كىچىكلىرىمىزگە رەھىيم ـــ شەپقەت قىلمىغان، كۆيۈنمىگەن، ئالىملىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونىمىغان، (يەنى مەسىلە سورىمىغان، سۆزنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلمىغان) كىشى بىزدىن ئەمەس. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.سەھىھنىڭ 5444 ـ ھەدىسلىرى.

**4971 – [ 25 ] ( ضعيف )وعن نس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أكرم شاب شيخا من أجل سنه إلا قيض الله له عند سنه من يكرمه " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىرياش، قېرى كىشىنى ھۆرمەتلىسە، ئاللاھ شۇ ياش يىگىتنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالغاندا، ئۇنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشىنى قىلىپ بېرىدۇ، بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ يەزىد، ئەبۇ رەھال دىگەن ئىككى راۋىيلارنىڭ ھەدىسى زەئىپ، مۇنكەر ئىكەن، ئەبۇ ھاتەم، زەھەبى،

بۇخارى، ئىبنى ئەدى، ئىبنى ھەببان، دارىقۇتنى سۆزىدۇر.ئىبادەتنى الله ئاخىرەت دەپلا قىلغىن.

**4972 – [ 26 ] ( حسن ) وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من إجلال الله إكرام ذي الشيبة المسلم وحامل القرآن غير الغالي فيه ولا الجافي عنه وإكرام السلطان المقسط رواه أبو داود والبيهقي في " شعب الإيمان**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ ھۆرمەتلىسەڭلار؛ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بولغانلىقىدىن، ئاللاھ رازى بولغانلىقىدىن، چاچ ــ ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن مۇسۇلماننى ھۆرمەتلەڭلار، قۇرئان توغرىسىدا ھەددىدىن ئاشمىغان، قەلبى قۇرئاندىن قاتمىغان، قۇرئاندىن يىراق بولمىغان، قۇرئان ئەھلىنى، قارى ، ئالىملارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئادىل سۇلتاننى، ئەمىر، باشلىقلارنى ھۆرمەتلەڭلار، (بۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئۇلۇغلىغان بولىدۇ) بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**4973 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير بيت في المسلمين بيت فيه يتيم يحسن إليه وشر بيت في المسلمين بيت في يتيم يساء إليه " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ياخشىسى ياخشىلىق قىلىنىپ تۇرىدىغان يېتىم بولغان ئۆي، يامىنى بولسا، يامانلىق قىلىنىپ تۇرىدىغان، يېتىم بار ئۆي، ئىبنى ماجە خاتىرلىدى، زەئىپ ھەدىستۇر.

**4974 – [ 28 ] بي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من مسح رأس يتيم لم يمسحه إلاالله كان له بكل شعرة تمر عليها يده حسنات ومن أحسن إلى يتيمة أو يتيم عنده كنت أنا وهو في الجنة كهاتين " وقرن بي أصبعيه . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يېتىمنىڭ بېشىنى پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا سىلاپ ياخشىلىق قىلسا، ئۇكىشىگە ئۇنىڭ قولى يېتىمنىڭ بېشىدىن سىپاپ ئۆتكەن ھەر بىر تال چاچنىڭ بارابىرىگە ياخشىلىق يېزىلىدۇ، كىم يېتىم ئوغۇل ياكى يېتىم قىز بالىغا ياخشىلىق قىلسا، مەن ئۇكىشى بىلەن جەننەتتە مانا مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمىز دەپ، ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلدى. ئەھمەد،تىرمىزى.

**4975 – [ 29 ] ( وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من آوى يتيما إلى طعامه وشرابه أوجب الله له الجنة البتة إلا أن يعمل ذنبا لا يغفر . ومن عال ثلاث بنات أو مثلهن من الأخوات فأدبهن ورحمهن حتى يغنيهن الله أوجب الله له الجنة " . فقال رجل : يا رسول الله واثنتين ؟ قال : " واثنتين " حتى قالوا : أو واحدة ؟ لقال : واحدة " ومن أذهب الله بكريمتيه وجبت له الجنة " قيل : يا رسول الله وما كريمتاه ؟ قال : " عيناه " . رواه في " شرح السنة**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يېتىم باللارنى يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە قوشۇۋالسا، ئەلۋەتتە الله تائالا ئۇكىشىگە جەننەتنى ۋاجىب قىلىدۇ، لېكىن شىرىكتىن ئىبارەت مەغپىرەت قىلىنماس گۇناھنى قىلىپ قېلىپ (تۆۋبىسىز ئۆلسە)بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. كىم ئۈچ قىزغا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەمشىرىلەرگە ئىگە بولۇپ، الله ئۇلارنى بىھاجەت قىلغانغا قەدەر، ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ تەربىيلىسە، ئەلۋەتتە الله تائالا ئۇكىشىگە جەننەتنى ۋاجىب قىلىدۇ، بىركىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئىككى قىزغا ئىگە بولسىچۇ؟دېيتى، ئىككىگە ئىگە بولسىمۇ شۇنداق دېدى،

ھەتتا ئۇلار بىرسىچۇ؟ دىسە، بىرقىزغا ئىگە بولسىمۇ، جەننەتنى ۋاجىپ قىلىدۇ دىدى. ئاندىن كىمنى **الله** تائالا سىناپ،ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى كور ئەئما قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغىمۇ جەننەت ۋاجىب بۇلىدۇ دىدى.شەرھىسسۇننى.

**4976 – [ 30 ] ( لم تتم دراسته )وعن جابربن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لأن يؤدب الرجل ولده خير له من أن يتصدق بصاع . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وناصح الراوي ليس عند أصحاب الحديث بالقوي**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەر كىشىنىڭ بالىسىنى ئەدەپلەپ تۇرۇشى ھەر كۈنى بىرسا نەرسە سەدىقە قىلغاندىن ياخشى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ، راۋىسى كۈچلۈك ئەمەس دىگەن، بۇ زەئىپ دىگەن بولىدۇ.

**4977 – [ 31 ] وعن أيوب بن موسى عن أبيه عن جده أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : ما نحل والد ولده من نحل أفضل من أدب حسن . رواه الترمذي والبيهقي في شعب الإيمان " وقال الترمذي : هذا عندي حديث مرسل**

ئەييۇب مۇسادىن دادىسىدىن بوۋىسىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاتا ـ ئانا، بالىسىغا ياخشى ئەدەپ ــ ئەخلاق ئۆگىتىشىدىنمۇ ئەۋزەلرەك سوۋغا بىرەلمەيدۇ، بەيھەقى، تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىس غەرىيپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىنىڭ نەزىرىمدە بۇ مۇرسەل دىگەن، مۇرسەل، زەئىپ ھەدىس جۈملىسىدىن بولىدۇ.مەنىسى سەھىھ.ھېكمەتلىك ئىكەن.

**4978 – [ 32 ] وعن عوف بن مالك الأشجعي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا وامرأة سفعاء الخدين كهاتين يوم القيامة " . وأومأ يزيد بن ذريع إلى الوسطى والسبابة " امرأة آمت من زوجها ذات منصب وجمال حبست نفسهاعلى يتاماها حتى بانوا أوماتوا " رواه أبو داود**

ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئېرىدىن ياش، گۈزەل، مەنسەپدار ھالدا تۇل قېلىپ، ئاندىن يېتىم باللىرىغا ـ ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەنگە ياكى مۇستەقىل ئايرىلىپ كەتكەنگە قەدەر ـ ئىگە بۇلىمەن دەپ توي قىلماي ،مۇشەققەتتىن ئىككى مەڭزى قارىداپ چىرايىغا قورۇق چۈشۈپ كەتكەن تۇل ئايال،مەن بىلەن جەننەتتە مانا مۇشۇنداق يېقىن تۇرىدۇ دەپ، ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان. بۇنىڭدىن مەلۇم سەۋەپ بىلەن يەنى ئىلىم ـ ئىبادەت،جىھاد ئۈچۈن توي قىلمىسا دۇرۇس.

**4979 – [ 33 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كانت له أنثى فلم يئدها ولم يهنها ولم يؤثر ولده عليها – يعني الذكور – أدخله الله الجنة " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمنىڭ قىزى بولسا، تىرىك كۆمۈۋەتمىسە، خارلىمسا، ئوغلىنى قىزى ئۈستىگە ئۈستۈن بىلمىسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

**4980 – [ 34 ] وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من اغتيب عنده أخوه المسلم وهو يقدر على نصره فنصره نصره الله في الدينا والآخرة . فإن لم ينصره وهو يقدر على نصره أدركه الله به في الدنيا والآخرة رواه في شرح السنة**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىمنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان

| |
|---|
| قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتى قىلىنسا، ئۇ قېرىندىشىغا ياردەم بېرىشكە قادىر بولسا، ئاندىن قېرىندىشىنى ئاقلاپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلسا، الله ئۇ كىشىگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياردەم قىلىدۇ، ئەگەر قادىر تۇرۇپ، قېرىندىشىغا ياردەم قىلمىسا، الله ئۇنىڭغا ئىككى ئالەمدە ياردەم قىلماي، بەلكى ئۇنى جازالاپ خارلاپ، ئىنتىقام ئالىدۇ.شەرھىسسۇننە |
| **4981 – [ 35 ] وعن أسماء بنت يزيد قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من ذب عن لحم أخيه بالمغيبة كان حقا على الله أن يعتقه من النار " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**<br><br>ئەسما بىنتى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز قېرىندىشىنىڭ يۇز ــ ئابرۇيىنى ئۇ يوق يەردىمۇ قوغداپ، مۇداپىئە قىلسا، ئۇ كىشىنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇشنى ئالللاھتائالا ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەھمەد،بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. |
| **4982 – [ 36 ] وعن أبي الدرداء قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من مسلم يرد عن عرض أخيه إلا كان حقا على الله أن يرد عنه نار جهنم يوم القيامة "ثم تلا هذه الآية :( وكان حقا علينا نصر المؤمنين ) رواه في شرح السنة**<br><br>ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشى قېرىندىشىنىڭ يۈز ــ ئابرۇيىنى قوغداپ مۇداپىئە قىلىپ ئەيىب ــ نۇقسانلارنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئالللاھ ئۇ كىشىنىڭ يۈزىدىن دوۋزاخ ئوتىنى قايتۇرىدۇ. ئاندىن « مۆئمىنلەرگە ياردەم بېرىش بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ھەقتۇر» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشىنىڭ يۈز ــ ئابرۇيىنى قوغدىسا، ئەيىبلىگۈچىلەرگە رەددىيە بەرسە، ئەيىب ــ نۇقسانلارنى رەت قىلىپ قايتۇرسا، بۇ ئىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخدىن پەردە بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. |
| **4983 – [ 37 ] وعن جابرأن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما من امرئ مسلم يخذل امرأ مسلما في موضع ينتهك فيه حرمته وينتقص فيه من عرضه إلا خذله الله تعالى في موطن يحب فيه نصرته وما من امرئ مسلم ينصر مسلما في موضع ينتقص فيه عرضه وينتهك فيه حرمته إلا نصره الله في موطن يحب فيه نصرته " . رواه أبو داود**<br><br>جابىر، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئىنسان، يەنەبىرمۇسۇلمان ئىنساننى ئۇنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىدىغان، يۈز ئابرۇيى، ئىناۋىتى تۆكۈلىدىغان ئورۇندا خارلىسا، ئالللاھتائالا ئۇ ئىنساننى ئۇ ياردەم، نۇسرەتكە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرۇپ ئارزۇ قىلىدىغان ئورۇندا قاتتىق خارلايدۇ. ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى مۇسۇلمان كىشىگە ئۇ مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىدىغان، يۈز ئابرۇيى، ئىناۋىتى تۆكۈلىدىغان ئورۇندا ياردەم بەرسە، ئالللاھتائالا ئۇ كىشىگە ئۇ نۇسرەت، ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ ئارزۇ قىلىدىغان جايدا ياردەم بېرىدۇ، (خۇلاسە، مۇسۇلماننى خارلىغاننى خارلايدۇ، ياردەم بەرگەنگە ياردەم بېرىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن. |
| **4984 – [ 38 ] ( ضعيف )وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من رأى عورة فسترها كان كمن أحيا مؤودة " . رواه أحمد والترمذي وصححه**<br><br>ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر |

ئەۋرەتنى كۆرۈپ، ياپسا، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بالىنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى خاتىرلەپ سەھىھ دىگەن بولسىمۇ، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىدى.

**4985 – [ 39 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أحدكم مرآة أخيه فإن رأى به أذى فليمط عنه " . رواه الترمذي وضعفه . وفي رواية له ولأبي داود : " المؤمن مرآة المؤمن والمؤمن أخو المؤمن يكف عنه ضيعته ويحوطه من ورائه "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەر بىرىڭلار ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئەينىكىدۇر، ئۇنىڭدا بىرەر ئازار،ئەيىب-نوقسانىنى كۆرسە، ئۇنى تۈزۈتۈپ يوق قىلىۋەتسۇن، مۆئمىن، مۆئمىننىڭ ئەينىكىدۇر، مۆئمىن، مۆئمىننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىننىڭ، زىرائەت، تىجارەت، سانائەت جەھەتتىكى تۇرمۇشىنىڭ زىيىنىدىن ھالاكىتىدىن زايا كېتىشىدىن توسىدۇ، قادىر بولۇشىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى قوغدايدۇ،زىياندىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4272 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1852 ـ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

**4986 – [ 40 ] وعن معاذ بن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من حمى مؤمنا من منافق بعث الله ملكا يحمي لحمه يوم القيامة من نار جهنم ومن رمى مسلما بشيء يريد به شينه حبسه الله على جسر جهنم حتى يخرج مما قال رواه أبو داود**

مۇئازئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر مۆئمىننى مۇناپىقتىن ھىمايە قىلىپ قوغداپ قالسا،قىيامەت كۈنى **الله** تائالا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ پەرىشتە شۇھىمايە قىلغان كىشىنىڭ گۆشىنى، بەدىنىنى دوزەخ ئوتىدىن ھىمايە قىلىپ قوغدايدۇ. كىم بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ئىچىپ، ئۇنى باشقىلارغا سەت،يامان كۆرسۇتۇپ، رەسۋا قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا بوھتان قىلسا، قىيامەت كۈنى **الله** تائالا ئۇكىشىنى دوزەخ كۈۋرەكى يەنى سىرات ئۇستىدە، ئۇكىشى ئۆزى دىگەن بوھتاننىڭ گۇناھىدىن پاكلىنىپ چىققانغا قەدەر توختۇتۇپ قويىدۇ.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**4987 – [ 41 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير الأصحاب عند الله خيرهم لصاحبه وخير الجيران عند الله خيرهم لجاره رواه الترمذي والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھنىڭ نەزلىدە ھەمراھلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۆز ھەمراھىغا، قېرىندىشىغا ياخشى بولغان كىشىدۇر، خوشنىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولسا، خوشنىسىغا ياخشى بولغان كىشىدۇر،دارمى، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4988 – [ 42 ] ( صحيح ) وعن ابن مسعود قال : قال رجل للنبي صلى الله عليه وسلم : يا رسول الله كيف لي أن أعلم إذا أحسنت أو إذا أسأت ؟ فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إذا سمعت جيرانك يقولون : قد أحسنت فقد أحسنت . وإذا سمعتهم يقولون : قد أسأت فقد أسأت " . رواه ابن ماجه**

ئىبنى مەسئۇد، گولسوم خوزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، بىر كىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۆزۈمنىڭ ياخشى ياكى يامان كىشى ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلىمەن؟دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خوشنىلىرىڭنىڭ ساڭا، سىلى ياخشى ئادەم، ياخشىلىق قىلغۇچى دىگىنىنى ئاڭلىساڭ، سەن

ياخشىلىق قىلغۇچى، ياخشى كىشى ھېساپلىنىسەن، يامان قىلدىلا، سىلى يامان كىشى دېگىنىنى ئاڭلىساڭ، سەن يامان ئادەم ھېسابلىنىسەن، ئەھمەد، تەبرانى، ئىبنى ماجە تونىلغان، سەھىھ. يەنى شۇ سۆزلەرنى خوشنىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ بېقىڭلار، مەخپى ھالەتتە تىڭشاڭلار بۇ دېگەن گۇۋاھلىقتۇر. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خوشنىلىرىڭ، سىنى ھەققەتەن بۇ كىشى ياخشى ئادەم دەپ مەدھىيلىسە، سەن ياخشى كىشى ھېسابلىنىسەن، سىنى ھەققەتەن بۇ كىشى ناچار، يامان ئادەم دىسە، سەن يامان ئادەم ھېسابلىنىسەن، ئىبنى ئەساكىر تونىلغان، سەھىھ،

**4989 – [ 43 ] وعن عائشةأن النبي صلى الله عليه وسلم قال : أنزلوا الناس منازلهم . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى ئۆز ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭلار، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد يالغۇزلا خاتىرلىگەن بولۇپ، مەيمۇن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تاپالمىغان. دىمەك، ئىسنادى ئۈزۈلۈك دېگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەھيا دېگەن راۋىنى ئەبۇ ھاتەم رازى، مەن ئۇنى تاپقان بولسامۇ، ھەدىسلىرىنى يازمىدىم دېگەن. ئىبنى ئەبى خەلەپ دېگەن كىشى، خاتالىشىدىكەن، يەھيا ئىبنى يەمان دېگەن كىشىنى بولسا، ئىبنى ھەببانىدەك ئالىملار كۆپ خاتالىشىدۇ دېگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ يادىلاش قابىلىيىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، بۇ ھەدىس زەئىپ، بولۇپمۇ ئىسنادى ئۈزۈلۈك، ئەبۇ داۋۇد 4202 ـ ھەدىس.

**4990 – [ 44 ] ( حسن ) الفصل الثالث عن عبد الرحمن بن أبي قراد أن النبي صلى الله عليه وسلم توضأ يوما فجعل أصحابه يتمسحون بوضوئه فقال لهم النبي صلى الله عليه وسلم : " ما يحملكم على هذا ؟ " قالوا : حب الله ورسوله . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " من سره أن يحب الله ورسوله أويحبه الله ورسوله فليصدق حديثه إذا حدث وليؤد أمانته إذا اؤتمن وليحسن جوار من جاوره "**

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ قەراد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئېلىۋىدى، ساھابىللىرى تاھارەتتىن ئاشقان سۇيىنى ئېلىپ ئۆزلىرىگە،يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ بۇنداق قىلىشىڭلارغا نىمە سەۋەب بولدى؟ دىسە، ئۇلار؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىنىڭ مۇھەببىتى دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ سىلەرنى ياخشى كۆرۈشىنى ياخشى كۆرسەڭلار، ياكى **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرسەڭلار، سىلەرگە ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلماي ئادا قىلىڭلار، سۆزلىسەڭلار ، سەممىي راست سۆزلەڭلار، سىلەرگە خوشنا بولغان كىشىنىڭ خوشنىسىغىمۇ ياخشىلىق قىلىڭلار،بەيھەقى، تەبرانى تونىلغان، ھەسەن.

**4991 – [ 45 ] ( حسن ) وعن ابن عباس قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ليس المؤمن بالذي يشبع وجاره جائع إلى جنبه " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزى ھەرخىل لەززەتلىك تاماقلاردا قورسىقىنى لىق تويغۇزۇپ يۈرىيدىغان، خوشنىسى بولسا، يېنىدا ئاچ تۇرىدىغان بۇنداق كىشى مۆئمىن ئەمەس. تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى، بۇخارى ئەدەپتە تونىلغان، سەھىھ.

**4992 – [ 46 ] وعن أبي هريرة قال : قال رجل : يا رسول الله إن فلانة تذكر من كثرة صلاتها وصيامها وصدقتها غير أنها**

تؤذي جيرانها بلسانها . قال : " هي في النار " . قال : يا رسول الله فإن فلانة تذكر قلة صيامها وصدقتها وصلاتها وإنها تصدق بالأثوار من الإقط ولا تؤذي جيرانها . قال:هي في الجنة . رواه أحمد والبيهقي في شعب الإيمان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! پالانى ئايالنىڭ ناماز-رۇزىسىنىڭ، سەدىقىسىنىڭ شۇنداق كۆپلىكى تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ ئايال تىلى بىلەن خوشنىللىرىغا ئازار بېرىدىكەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ ئايال دەۋزەختە بولىدۇ دېدى، ئاندىن ئۇكىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! پالانى ئايالنىڭ ناماز-رۇزىسىنىڭ شۇنداق ئازلىقى تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ، ئۇ قورۇتۇلغان قورۇق سۈت پارچىللىرىنى سەدىقە قىلىدىكەن، لېكىن بۇ ئايال تىلى بىلەن خوشنىللىرىغا ئازار بەرمەيدىكەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇ ئايال جەننەتتە بولىدۇ دېدى.ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان.

**4993 – [ 47 ] وعنه قال : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم وقف على ناس جلوس فقال : " ألا أخبركم بخيركم من شركم ؟ " . قال : فسكتوا فقال ذلك ثلاث مرات . فقال رجل : بلى يا رسول الله أخبرنا بخيرنا من شرنا . فقال : " خيركم من يرجى خيره ويؤمن شره وشركم من لا يرجى خيره ولا يؤمن شره " . رواه الترمذي والبيهقي في " شعب الإيمان " وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ توختاپ مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەڭ ياخشى كىشىلەر بىلەن ئەڭ يامان كىشىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار بۇسۆزنى ئۈچ قېتىم دېگىچە جىم تۇردى، ئاندىن بىر كىشى؛ بولىدۇ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ يامانلىرىمىزدىن ياخشىللىرىمىزنى خەۋەر قىلىپ بەرسىلە دېگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ سىلەرنىڭ ياخشىلار، ياخشىلىقى ئۈمىد قىلىنىدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم، ئەمىن قىلىنىدىغان يەنى يامانلىقى يوق كىشىدۇر، يامىنىڭلار بولسا، ياخشىلىقى ئۈمىد قىلىنمايدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم، ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان كىشىدۇر، (ياخشىلىقى يوق، يامانلىقى كۆپ كىشىدۇر) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان،بەيھەقى، سەھىھ.

**4994 – [ 48 ] وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى قسم بينكم أخلاقكم كما قسم بينكم أرزاقكم إن الله يعطي الدنيا من يحب ومن لا يحب ولا يعطي الدين إلا من أحب فمن أعطاه الله الدين فقد أحبه والذي نفسي بيده لا يسلم عبد حتى يسلم قلبه ولسانه ولا يؤمن حتى يأمن جاره بوائقه "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن الله تائالا ئاراڭلارغا رىزىقڭلارنى تەقسىم قىلغاندەك، ئەخلاقىڭلارنىمۇ ئاراڭلارغا تەقسىم قىلغاندۇر، الله تائالا مال-دۇنيانى ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرمىگەن ھەممە كىشىگە بېرىۋېرىدۇ، (خۇددى دىنسىز مۇناپىقلارغا تەدرىيجى بابلاش ئۈچۈن بەرگەندەك) لېكىن دىننى (ئىماننى، ئىلىم بىلەن توغرا ئەقىيدە،ئەمەلنى)پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگىلا بېرىدۇ، كىمگە الله تائالا دىننى (ئىماننى، ئىلىم بىلەن توغرا ئەقىيدىنى،ياخشى ئەمەلنى)بەرگەن بولسا، ئۇنى الله تائالا شەكسىز ياخشى كۆرگەن بولىدۇ، (ئاندىن ئۇنى بىزمۇ ياخشى كۆرۈپ،دوست تۇتىشىمىز ، الله يولىدىكى خىزمەتلىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ شېرىك بولۇشىلىشىمىز لازىم)الله بىلەن قەسەمكى، بەندىنىڭ تىلى بىلەن دىلى مۇسۇلمان بولمىغىچە،سالامەت بولمىغىچە، (باشقىلار ئۇنىڭ قولىدىن،تىلىدىن سالامەت بولمىغىچە) ئۇ ھەرگىز مۇسۇلمان بولالمايدۇ، خوشنىللىرى ئۇنىڭ

هالاكەتلىك يامانلىقلىرىدىن ئەمىن،خاتىرجەم بولمىغىچە ئۇ مۆئمىن بۇلالمايدۇ.ئەھمەد ،بەيھەقى توپلىغان.

**4995 – [ 49 ] وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " المؤمن مألف ولا خير فيمن لا يألف ولا يؤلف " رواهما أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان "**

سەھلى ئىبنى سەئىد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن دىگەن، ئۈنسى ـ ئۈلپەت، پايدا ـ مەنپەئەت بىرىپ، كىلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىشىپ ياشايدۇ، ئۇنداق بولمايدىغان ھەم ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغان، كىلىشىپ، ئەپلىشىپ ياشىغىلى بولمايدىغان كىشىدە ياخشىلىق يوقتۇر. (كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى كىشىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەتنى كۆپ بەرگىنىدۇر).دارقۇتنى،بەيھەقى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى كاملراقى، ئەخلاقى ياخشىراقىدۇر، ئۇلار ئەخلاقى ياخشى بولغانلىقىدىن، ئەتراپى دەسسىلىپ، كەمتەرلىك بىلەن ياشايدۇ، كىشىلەردىن ئازار يەيدۇكى، ئازار بەرمەيدۇ، كىشىلەر بىلەن ئۈنسى ئۈلفەت بىرىشىپ، ئىناق ئىتتىپاق ياشايدۇ، كىلىشىپ ياشايدۇ، ئۇلار بىلەنمۇ كىلىشكىلى بولىدۇ، كىشىلەرگە ئۈنسى ئۈلفەت بەرمەيدىغان كىلىشىپ ئۆتمەيدىغان كىلىشكىلىمۇ بولمايدىغان بۇنداق كىشىدە ياخشىلىق يوقتۇر، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ.

**4996 – [ 50 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من قضى لأحد من أمتي حاجة يريد أن يسره بها فقد سرني ومن سرني فقد سر الله ومن سر الله أدخله الله الجنة "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مىنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنىڭ، خۇرسەن قىلىشنى ئىرادە قىلغان ھالدا ھاجىتىنى ئادا قىلىپ قويسا، ئۇ مىنى خۇرسەن قىلغان بولىدۇ، مىنى خۇرسەن قىلسا، ئاللاھنى خۇرسەن قىلغان بولىدۇ، ئاللاھنى خۇرسەن قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**4997 – [ 51 ] ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أغاث ملهوفا كتب الله له ثلاثا وسبعين مغفرة واحدة فيها صلاح أمره كله وثنتان وسبعون له درجات يوم القيامة "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر زۇرۇرىيەتكە چۈشۈپ قالغان ھاجەتمەنگە ياردەم بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن 73 مەغپىرەتنى يازىدۇ، بىر مەغپىرەت ئۇنىڭ دۇنيادىكى بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، ياخشىلىنىشى بولىدۇ، 72سى بولسا، جەننەتتە قىيامەت كۈنى دەرىجە بولىدۇ، يەنىلا بەيھەقى توپلىغان زەئىپ دىيىلدى.

**4999 – [ 53 ] 4998 ( 52 )( ضعيف )وعنه وعن عبد الله قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الخلق عيال الله فأحب الخلق إلى الله من أحسن إلى عياله " . روى البيهقي الأحاديث الثلاثة في " شعب الإيمان "**

ئەنەس ۋە ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خەلىقلەر ئاللاھقا مۇھتاج كىشىلەردۇر، خەلقلەرنىڭ **الله** قا سۈيۈملۈك ياخشىسى، ئاللاھقا مۇھتاج كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغىنىدۇر، بەيھەقى خاتىرلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىدى، ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا دوستراقى، ئاياللىرىغا، ئەھلى، باللىرىغا

| |
|---|
| مەنپەئەتلىكرەكدۇر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد زىيادىلىرىدە توپلىغان، ھەسەن. |
| **5000 – [ 54 ] وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أول خصمين يوم القيامة جاران " . رواه أحمد**<br><br>ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ داۋالىشىدىغانلار، خوشنىلار، بىر ـ بىرىگە خوشنا بولغان ئىككى كىشى. بۇ ھەدىسنى ئەھمەدرەھىمەھۇللا يالغۇز خاتىرلىگەن، باشقا كىتابتا يوق بولۇپ، راۋىيلار ئارىسىدا ئىبنى لەھيئەت دىگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى توغرىسىدا ئالىملار مۇنداق دىگەن: ئىبنى مەھدى، مەن ئۇنىڭ ھەدىسنى قاتارغا ئالمايمەن، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھىمەھۇللا، ئۇنىڭ ھەدىسى ھۆججەت ئەمەس، ئىبرەتكە يېزىپ قويىدۇم دىدى، يەھيا ئىبنى مەئىين ئۇنىڭ ھەدىسى ھېچنېمە ئەمەس دىدى، ئەمرۇ ئىبنى پالاس؛ ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ، كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋشنى تەلەپ قىلمەن دىگەن. خۇلاسە، بۇ ھەدىس زەئىپ ئىكەن، ئۇقبەت ئىبنى ئامرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ داۋالىشىدىغانلار يېقىن خوشنىلاردۇر، (بۇ ئىككىسى يېقىن بولغاچقا، ھەققى بىر ـ بىرىگە ئۆتۈپ تۇرغاچقا، تۇنجى بولۇپ داۋالىشىدۇ) تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى بۇنى سەھىھىنىڭ 2563 ـ ھەسەن دىدى. |

| |
|---|
| **5001 – [ 55 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة أن رجلا شكا إلى النبي صلى الله عليه وسلم قسوة قلبه فقال : " امسح رأس اليتيم وأطعم المسكين " . رواه أحمد**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا؛ قەلبىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىشىگە : يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغىن، مىسكىنلەرگە تاماق بەرگىن دىدى. ئەھمەد توپلىغان. |
| **5002 – [ 56 ] ( ضعيف )وعن سراقة بن مالك أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ألا أدلكم على أفضل الصدقة ؟ ابنتك مردودة إليك ليس لها كاسب غيرك " . رواه ابن ماجه**<br><br>سۇراقە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مەن سىلەرنى سەدىقىنىڭ ئەۋزەلرەككە كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ سەندىن باشقا كەسىپ قىلىپ بېرىدىغان كىشىسى بولمىغان قىزىڭنىڭ ساڭا قايتۇرۇلۇشى، يەنى ئاجرىشىپ ياكى يامانلاپ كېلىشى، ئاندىن ئۇنى باقسا ئەۋزەل سەدىقە قىلغان بولىدۇ، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، چۈنكى، بىر راۋى كۆپ خاتالىشىدىكەن. |
| **[ 16 ] باب الحب في الله ومن الله – الفصل الأول**<br><br>**ئاللاھ رازىلىقىدا دوست تۇتۇش توغرىسىدا** |
| **5003 – [ 1 ] ( صحيح ) عن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الأرواح جنود مجندة فما تعارف منها ائتلف وما تناكر منها اختلف " . رواه البخاري**<br><br>رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: روھلار، ئەرۋاھلار توپلۇشۇپ بىرلىشىدىغان قوشۇندۇر، |

| |
|---|
| روھى دۇنيادا تونۇشقان، كېلىشكەن روھلار، بۇ جايدىمۇ تونۇشۇپ، كېلىشىپ ئۆتىدۇ، شۇ جايدا تونۇشمىسا، ئىختىلاپلىشىدۇ، تونۇشمايدۇ، (ياخشىلار، ياخشىنى، شەقى شەقىينى، يامانلار يامانلارنى تاپىدۇ) بۇخارى، ئائىشەدىن، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، تەبرانى، ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان، مۇسلىم 4773 _ ھەدىس، بۇخارى 3123 _ ھەدىس، بۇخارىدا سەككىز جايدا كېلىدۇ، تىرمىزى 1948 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4229 _ ھەدىس، ئەھمەدتە 18 جايدا كېلىدۇ، 10404 _ ھەدىس، مالىك، دارمىيلاردا بار، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن روھىي، ئىددىي، تەبئىي، تۇغما ئەخلاقى ئەسلىدىن ياخشىلار، ياخشىلار بىلەن يامانلار، يامانلار بىلەن بىرگە بولۇش چىقىدۇ. |
| **5004 – [ 2 ] ( صحيح ) ورواه مسلم عن أبي هريرة** |
| **5005 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله إذا أحب عبدا دعا جبريل فقال : إني أحب فلانا فأحبه قال : فيحبه جبريل ثم ينادي في السماء فيقول : إن الله يحب فلانا فأحبوه فيحبه أهل السماء ثم يوضع له القبول في الأرض . وإذا ابغض عبدا دعا جبريل فيقول : إني أبغض فلانا فأبغضه . فيبغضه جبريل ثم ينادي في أهل السماء : إن الله يبغض فلانا فأبغضوه . قال : فيبغضونه . ثم يوضع له البغضاء في الأرض " . رواه مسلم**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ، مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن پالانىنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن، ئاندىن جىبرىئىلمۇ ياخشى كۆرۈپ، ئاسمان ئەھلىگە مۇنداق دەپ توۋلايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ پالانىنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار، ئاندىن ئۇ بەندىنى ئاسمان ئەھلى ياخشى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى ئۈچۈن مۇھەببەتنى قوبۇل قىلىش ياخشى كۆرۈشلەر زېمىنغا تاشلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زېمىن ئەھلىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ بىرەر بەندىنى ئۆچ كۆرسە، غەزەپ قىلسا، جىبرىئىلنى چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن پالانىنى ئۆچ كۆرىمەن، غەزەپ قىلىمەن، سەنمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتقىن، ئاندىن جىبرىئىل ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ، ئاسمان ئەھلىگە مۇنداق دەپ توۋلايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ، پالانىنى ئۆچ كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرۈڭلار، دۈشمەن تۇتۇڭلار! ئاندىن ئاسمان ئەھلى ئۇ بەندىنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ بەندىنى ئۆچ كۆرۈش، دۈشمەن تۇتۇش زېمىنغا تاشلىنىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. قارا قارا! دوستۇم، مانا بۇ ئىلاھى مۇھەببەت، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشى بىز مانا مۇشۇنى مەخسەت قىلىمىز. |
| **5006 – [ 4 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يقول يوم القيامة : أين المتحابون بجلالي ؟ اليوم أظلهم في ظلي يوم لا ظل إلا ظلي " . رواه مسلم**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەپ توۋلايدۇ: مېنىڭ كاتتىلىقىم، ئۇلۇغلۇقۇم ئۈچۈنلا دوستلاشقان، مېنى دەپلا ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكەنلەر قېنى! مېنىڭ سايامدىن باشقا سايە بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ سايىسى بىلەنلا سايە تاشلايمەن! ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. |
| **5007 – [ 5 ] ( صحيح ) وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم : " أن رجلا زار أخا له في قرية أخرى فأرصد الله له على مدرجته ملكا قال : أين تريد ؟ قال : أريد أخا لي في هذه القرية . قال : هل لك عليه من نعمة تربها ؟ قال : لا غير أني أحببته في** |

**الله . قال : فإني رسول الله إليك بأن الله قد أحبك كما أحببته فيه " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى مەلۇم بىر يېزىدىكى قېرىندىشىنى زىيارەت قىلىپ چىقىپتۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۆتىدىغان يولىغا بىر پەرىشتىنى كۈزەتچى قىلىپ قويۇپتۇ، پەرىشتە ئۇ كىشىگە؛ قەيەرگە ماڭدىڭ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ؛ مېنىڭ بۇ يېزىدا ياكى شەھەردە بىر قېرىندىشىم بارئىدى، زىيارەت قىلىپ ماڭدىم دەپتۇ، پەرىشتە: ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇستۇڭدە قايتۇرىدىغان بىرەر ياخشىلىق بارمىدى؟ ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇپ چىقتىڭمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ كىشى: ياق ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن مەن ئۇنى ئاللاھ يولىدا، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىمەن دەپتۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا؛ ھەقىقەتەن مەن ساڭا ئەۋەتىلگەن، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولىمەن، ھەقىقەتەن سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى ياخشى كۆرگەندەك، ئاللاھتائالامۇ سىنى ياخشى كۆرىدۇ دەپتۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**5008 – [ 6 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن ابن مسعود قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله كيف تقول في رجل أحب قوما ولم يلحق بهم ؟ فقال : " المرء مع من أحب " . متفق عليه**

ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، بىركىشى بىرقەۋمنى ياخشى كۆرسە، لېكىن ئۇلارغا قوشۇلالمىسا سىلى قانداق قارايلا؟دىگەندە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىللە بولىدۇ. (يەنى جەننەتتە،شۇڭا ئاللاھ ۋە رەسۇلنى ياخشى كۆرۈش ۋاجىپ).مۇسلىم،بۇخارى، ئەھمەد ،بەيھەقى،ئۈچ كىتاب سەھىھ.

**5009 – [ 7 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أنس أن رجلا قال : يا رسول الله متى الساعة ؟ قال : " ويلك وما أعددت لها ؟ " قال : ما أعددت لها إلا أني أحب الله ورسوله . قال : " أنت مع من أحببت " قال أنس : فما رأيت المسلمين فرحوا بشيء بعد الإسلام فرحهم بها**

ئەنەس، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىر كىشى؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قىيامەت قاچان؟ دەپ سورايدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ساڭا ۋايدۇر، سەن قىيامەت ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىڭ؟ دېسە، ئۇ كىشى؛ مەن ھېچنېمە تەييارلىيالمىدىم، لېكىن مەن، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرىمەن دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن ياخشى كۆرگەن كىشىڭ بىلەن بىللە بولىسەن دىگەن ئىدى. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامدىن كىيىن ، مۇسۇلمان بولغاندىن كىيىن مۇشۇ ھەدىسكە خۇشال بولغىنىدەك ، بىرەر نەرسىگە خۇشال بولغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم.مۇسلىم،بۇخارى، بەيھەقى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ساھابىلار بۇ ھەدىسكە ئىنتايىن خۇشال بولغان، ئەلۋەتتە، بىزمۇ سانسىز خۇشال بولدۇق، ئاللاھقا سانسىز ھەمدۇ ــ سانالار، شۈكرىلەر بولسۇن، بىزمۇ ئاللاھنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ساھابىلارنى، تابىئىنلارنى، بارلىق ئەزىز ھۆرمەتلىك مۆئمىنلەرنى ياخشى كۆرىمىز، ياخشى كۆرگىنىمىز بىلەن بىللە بولىدىكەنمىز ئەمەسمۇ؟!!!**الله** مۇرادىمىزغا يەتكۈزسۇن ئامىن!

**5010 – [ 8 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل الجليس الصالح والسوء كحامل المسك ونافخ الكير فحامل المسك إما أن يحذيك وإما أن تبتاع منه وإما أن تجد منه ريحا طيبة ونافخ الكير إما أن يحرق ثيابك وإما أن تجد منه ريحا خبيثة " . متفق عليه**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ياخشى

ھەمراھلار مەجلىسى بىلەن يامان ھەمراھلار مەجلىسىنىڭ مىسالى؛ ياخشى كىشىلەرگە ئارىلىشىش بىلەن يامان كىشىلەرگە ئارىلىشىشنىڭ مىسالى؛ مىسكە ئەنبەر كۆتۈرۈۋالغۇچى بىلەن كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ، مىسكە كۆتۈرۈۋالغۇچى يا ساڭا مىسكە ئەنبەردىن بېرىدۇ، چېچىپ قويىدۇ، يا سەن ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسەن، ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق، مەزىلىك پۇراقنى تاپىسەن، ھېچبىر زىيىنى يوقتۇر. كۆرەك باسقۇچىغا كەلسەك، يا ئۇ كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ، ياكى سەن ئۇنىڭدىن سېسىق پۇراقنى تاپىسەن، ھېچبىر پايدا يوق، (ئەنە شۇنىڭدەك ياخشى تەقۋادار ئالىملار بىلەن ئارىلاشساڭ، ئىلىم ئالىسەن، نەسىھەت ئاڭلايسەن، ئەگىشىسەن، مەنپەئەت باردۇر، يامان كىشىگە ئارىلاشساڭ، زىياندىن باشقىسى يوق، يامانىنىڭ يامىنى يۇقىدۇ خالاس) مۇسلىم،بۇخارى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5011 – [ 9 ] الفصل الثاني ( صحيح ) وعن معاذ بن جبل قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " قال الله تعالى : وجبت محبتي للمتحابين في والمتجالسين في والمتزاورين في والمتباذلين في " . رواه مالك . وفي رواية الترمذي قال : " يقول الله تعالى : المتحابون في جلالي لهم منابر من نور يغبطهم النبيون والشهداء "**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۈم، دوست تۇتۇشۇم، مېنى دەپ مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ مېنىڭ يولۇمدا ئۆزئارا بىر ــ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقان، بىرگە ئولتۇرغان، ئىلمى مەجلىس ئاچقان، مال ــ دۇنياسىنى ھەق ئۈچۈن تاپشۇرۇشتا مۇسابىقىلەشكەن، ئۆزئارا يوقلىشىپ، زىيارەت قىلىشقان، ئىتتىپاقداش بەندىلىرىم ئۈچۈندۇر، مېنىڭ كاتتا ئۇلۇغلۇقۇم، ھەققىدىلا بىر ــ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقانلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى نۇردىن مۇنبەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلەر، شېھىدلەرمۇ ئاررزۇ قىلىپ قالىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى و تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، ئاللاھ رازىلىقىدا دوستلىشايلى. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۈم، مېنى دەپ ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقانلار ئۈچۈن ھەق، ۋاجىپ بولدى، مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۈم، مېنى دەپ مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ، ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىپ باردى ــ كەلدى قىلىشقان، سىلە ــ رەھىم، دوستلۇقنى ئۇلىغان، ئۆزئارا نەسىھەت قىلىشقان، ئۆزئارا يوقلاپ، زىيارەت قىلىشقان، مېنى دەپ مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن مال ــ دۇنياسىنى بېرىشتە، ھەق ئۈچۈن تاپشۇرۇشتا مۇسابىقىلەشكەن كىشىلەر ئۈچۈن ھەق ۋاجىپ بولدى، مېنى دەپ بىر ــ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشقانلار، قىيامەت كۈنى نۇردىن بولغان مۇنبەر ئۈستىدە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلەرمۇ، سىددىيىق، شېھىدلارمۇ ئاررزۇ قىلىپ قالىدۇ، (ئىسلام دىنىدا بىرلەشتۈرۈشكە، بىر ــ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشتۇرۇشقا، بۇنىڭدىن ئارتۇق تەرغىبات، مۇكاپات يوقتۇر)، ئەھمەدتە بەش ئورۇندا كېلىدۇ، 21066 ــ ھەدىس، مالىك، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5012 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمرقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من عباد الله لأناسا ما هم بأنبياء ولا شهداء يغبطهم الأنبياء والشهداء يوم القيامة بمكانهم من الله " . قالوا : يا رسول الله تخبرنا من هم ؟ قال : " هم قوم تحابوا بروح الله على غير أرحام بينهم ولا أموال يتعاطونها فوالله إن وجوههم لنور وإنهم لعلى نور لا يخافون إذا خاف الناس ولا يحزنون إذا حزن الناس " وقرأ الآية : ( ألا إن أولياء الله لا خوف عليهم ولا هم يحزنون ) رواه أبو داود**

ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن **الله** تائالانىڭ بىر تۈركۈم بەندىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىدلەرمۇ ئەمەس، لېكىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلەر، شېھىدلەرمۇ **الله** تەرەپتىن ئۆزلىرىگە بېرىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىزگە خەۋەر قىلىپ دەپ بەرسىلە، ئۇلار كىملەر؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇلار **الله** نىڭ كالامى قۇرئان سەۋەبلىك، ئۆز ئارا ئۇرۇق-تۇققان بولمىسىمۇ، ئالدى-بەردى، ئالاقە قىلىدۇردىغان مال-مۈلۈك بولمىسىمۇ، **الله** نىڭ مۇھەببىتى بىلەنلا **الله** رىزالىقىدا دوستلاشقان، بىر بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن قەۋىملەردۇر، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى نۇردۇر، ئۇلار نۇردىن بولغان مۇنبەر ئۈستىدە بولىدۇ، كىشىلەر قورقۇپ، غەم قىلغاندىمۇ، ئۇلار قورقمايدۇ، غەم قىلمايدۇ دەپ،:« ئاگاھ بولۇڭلاركى، **الله** نىڭ دوستلىرى بولغان ئەۋلىيالارغا قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار غەم قىلمايدۇ»دىگەن سۈرە يۇنۇسنىڭ ئايىتىنى ئوقۇدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**5013 – [ 11 ]** ( لم تتم دراسته ) ورواه في شرح السنةعن أبي مالك بلفظ " المصابيح " مع زوائد وكذا في " شعب الإيمان "

**5014 – [ 12 ]** (صحيح الالباني الذي رايت وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لأبي ذر يا أبا ذر أي عرى الإيمان أوثق ؟ " قال : الله ورسوله أعلم قال : الموالاة في الله والحب في الله والبغض في الله رواه البيهقي في شعب الإيمان

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ زەرگە مۇنداق دىگەن: ئى ئەبۇزەر!ئىماننىڭ تۇتقىسىنىڭ قايسىسى ئەڭ مۇستەھكەم؟ئۇ؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى ئالىم دىسە، رەسۇلۇللاھ؛ ئىماننىڭ مۇستەھكەم تۇتقىسى، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوستلۇشۇش، ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ دۈشمەن تۇتۇش، ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتۇش، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللىنىڭ يولىدا دۈشمەن تۇتۇپ ئۆچ كۆرۈشتۇر، دېدى. بەيھەقى،تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5015 – [ 13 ]** ( لم تتم دراسته )ضعيف وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا عاد المسلم أخاه أو زاره قال الله تعالى : طبت وطاب ممشاك وتبوأت من الجنة منزلا " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر بىر مۇسۇلمان، مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا، زىيارەت قىلسا، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: گۇناھىڭدىن پاك بولدۇڭ، ماڭغان قەدەم ئىزلىرىڭ پاك بولدى، جەننەتتىن ئورۇن ئالدىڭ، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن، بۇنى ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، بۇ يۇقىرىدىمۇ ئۆتتى،كېسەل يوقلاشنىڭ ھەدىسى سەھىھ.

**5016 – [ 14 ]** ( صحيح ) وعن المقدام بن معديكرب عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أحب الرجل أخاه فليخبره أنه أحبه " . رواه أبو داود والترمذي

مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىببە، ئەنەس ۋە باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىنى، بۇرادىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن، ئەھمەد، بۇخارى، ئەدەپتە، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىملەر توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ھەمراھىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ جايىغا، ئۆيىگە بېرىپ، ھەقىقەتەن ئۇنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ قويسۇن، ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5017 – [ 15 ] ( حسن ) وعن أنس قال : مر رجل بالنبي صلى الله عليه وسلم وعنده ناس . فقال رجل ممن عنده : إني لأحب هذا في الله . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أعلمته ؟ " قال : لا . قال : " قم إليه فأعلمه " . فقام إليه فأعلمه فقال : أحبك الذي أحببتني له . قال : ثم رجع . فسأله النبي صلى الله عليه وسلم فأخبره بما قال . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " أنت مع من أحببت ولك ما احتسبت " رواه البيهقي في شعب الإيمان وفي رواية الترمذي : " المرء مع من أحب وله ما اكتسب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇدى، رەسۇلۇللاھ سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىكى كىشىلەردىن بىرسى؛ مەن بۇكىشىنى **الله** رازىلىقىدا بەك ياخشى كۆرىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈڭنى ئۇنىڭغا بىلدۈردۈڭمۇ؟دىسە، ئۇكىشى؛ ياق دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ قوپقىن، سەن بېرىپ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغىن دېدى، ئۇكىشى بېرىپ شۇنداق قىلىۋىدى، ھېلىقى كىشى؛ سەن مىنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن **الله** مۇ سىنى ياخشى كۆرسۇن دېدى، بۇكىشى قايتىپ كىلىپ؛ بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ؛ سەن ياخشى كۆرگەن كىشىڭ بىلەن بىللە بولىسەن، ساڭا سەن شۇ مۇھەببەتتە تەلەپ قىلغان ساۋاپ بىرىلىدۇ، كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ تەلەپ قىلغان ئەجىر ساۋابى بىرىلىدۇ دېدى. تىرمىزى ،بەيھەقى توپلىغان.ھەسەن..

**5018 – [ 16 ] ( حسن ) وعن أبي سعيد أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تصاحب إلا مؤمنا ولا يأكل طعامك إلا تقي " . رواه الترمذي وأبو داود والدارمي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەن پەقەت مۆئمىنگىلا ھەمراھ بول، مۆئمىن بولمىغان كىشىگە ھەمراھ بولما، تامىقىڭنى پەقەت مۇتتەقى، تەقۋادار ياخشى كىشىلا يىسۇن، باشقىسى يىمىسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم،دارىمى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.(زىياپەت بەرگەندە، توي تامىقى قىلغاندا ھەممە كىشى يىسە بولىدۇ،دەلىل؛ھۆل جىگەر ئىگىسىگە نەرسە بەرسە، ئۇنىڭدا ئەجىر باردۇر، لېكىن، خاس مىھمان چاقىرىشتا مۆئمىن، مۇتتەقىنى چاقىرغىن.)

**5019 – [ 17 ] ( حسن غريب ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المرء على دين خليله فلينظر أحدكم من يخالل " . رواه أحمد والترمذي وأبو داود والبيهقي في " شعب الإيمان " وقال الترمذي : هذا حديث حسن غريب . وقال النووي : إسناده صحيح**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشى ئارىلاشقان دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، بىرىڭلار قانداق كىشى بىلەن ئارىلىشىپ، قانداق كىشى بىلەن دوست بولغىنىغا قاراپ باقسۇن.ئەھمەد،بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.نەۋەۋىي؛ئىسنادى سەھىھ دىگەن.

**5020 – [ 18 ] ( ضعيف )وعن يزيد بن نعامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا آخى الرجل الرجل فليسأله عن اسمه واسم أبيه وممن هو ؟ فإنه أوصل للمودة " . رواه الترمذي**

يەزىيد ئىبنى نۇئامەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشى بىلەن دوستلاشماقچى، قىرىنداش، بۇرادەر بولماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى دادىسىنىڭ

ئىسمىنى، كىملىكىنى، قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى سورىسۇن، شۇنداق قىلىش دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ، چىڭ باغلايدۇ. تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەزىيد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۆز ئاڭلىمىغان. چۈنكى، ئۇ تابىئىن دىگەن، ئىبنى جەرير تەبرى؛ بۇ كىشى نامەلۇم، ھۆججەت بولالمايدۇ دىگەن. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن،

**5021 – [ 19 ] الفصل الثالث عن أبي ذر قال : خرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أتدرون أي الأعمال أحب إلى الله تعالى ؟ " قال قائل : الصلاة والزكاة . وقال قائل : الجهاد . قال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن أحب الأعمال إلى الله تعالى الحب في الله والبغض في الله " . رواه أحمد وروى أبو داود الفصل الأخير**

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا چىقىپ: ئەمەللەرنىڭ قايسىسىنىڭ **الله** قا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟دىسە، بەزىسى؛ ناماز-رۇزا دىسە، بەزىسى؛ جىھاد دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ ئەمەللەرنىڭ **الله** قا ئەڭ سۆيۈملۈكراقى (ئىماننىڭ مۇستەھكەم تۇتقىسى)، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوستلىشىش، ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ دۈشمەن تۇتۇش، ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتۇش، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللىنىڭ يولىدا دۈشمەن تۇتۇپ ئۆچ كۆرۈشتۇر،دىدى. تەبرانى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، توپلىغان، سەھىھ.

**5022 –[ 20 ] وعن أبي أمامة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :ما أحب عبد عبدا لله إلا أكرم ربه عز وجل رواه أحمد**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىر بەندە، يەنە بىر بەندىنى ئاللاھ ئۈچۈنلا، ئاللاھ رازىلىقىنى دەپلا ياخشى كۆرۈپ دوست تۇتسا، ئۇنى پەرۋەردىگارى ھۆرمەتلەيدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**5023 – [ 21 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أسماء بنت يزيد أنها سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ألا أنبئكم بخياركم ؟ " قالوا : بلى يا رسول الله قال : " خياركم الذين إذا رؤوا ذكر الله " رواه ابن ماجه**

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مەن سىلەرگە ئەڭ ياخشىڭلاربىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇلار؛ بۇلىدۇ دىسە، رەسۇلۇللاھ س؛ سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار، ئۇلار كۆرۈلگەندە، ئاللاھ ئەسلىنىدۇ، يەنى ئۇلارنى باشقىلار كۆرسە، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىپ كېتىدۇ، ياكى ئۇلار دائىم ئاللاھنى ئەسلىگەن ھالدا كۆرۈلىدۇ،ئىبنى ماجە توپلىغان. ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھنىڭ دوستلىرى، ئەۋلىيالار دىگەن، ئۇلار كۆرۈلگەندە، ئاللاھ ئەسلىنىدۇ، يەنى ئۇلارنى باشقىلار كۆرسە، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىپ كېتىدۇ، ياكى ئۇلار دائىم ئاللاھنى ئەسلىگەن ھالدا كۆرۈلىدۇ، (ئايەتتە، ئەۋلىيا، مۇتتەقى شۇ دىگەن) ھەكىيم ، ھەسەن.

**5024 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو أن عبدين تحابا في الله عز وجل واحد في المشرق وآخر في المغرب لجمع الله بينهما يوم القيامة . يقول : هذا الذي كنت تحبه في "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئەگەر ئىككى بەندە **الله** رازىلىقىدا بىر بىرنى ياخشى كۆرۈشۈپ دوستلاشسا، بىرسى مەشرىقتە، يەنەبىرسى مەغرىپتە بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى **الله** تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ؛ مانا بۇ كىشى سەن مىنىڭ رازىلىقىمنى دەپ دوستلاشقان

كىشى بۇلىدۇ دېيدۇ.بەيھەقى.

**5025 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي رزين أنه قال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا أدلك على ملاك هذا الأمر الذي تصيب به خير الدنيا والآخرة ؟ عليك بمجالس أهل الذكر وإذا خلوت فحرك لسانك ما استطعت بذكر الله وأحب في الله وأبغض في الله يا أبا رزين هل شعرت أن الرجل إذا خرج من بيته زائرا أخاه شيعه سبعون ألف ملك كلهم يصلون عليه ويقولون : ربنا إنه وصل فيك فصله ؟ فإن استطعت أن تعمل جسدك في ذلك فافعل "**

ئەبۇرەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: مەن سىنى سەن دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىدىغان مۇشۇ ئىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك مۇستەھكەم بولغان يىغىندىسىغا كۆرسىتىپ قويمايدۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، زىكرى ئەھلىنىڭ مەجلىسىنى لازىم تۇتقىن، خالى بولساڭمۇ، يالغۇز قالغاندىمۇ، قادىر بولۇشىڭچە **الله** نى ئەسلەپ زىكرى بىلەن تىلىڭنى ھەركەتلەندۈرگىن، **الله** رازىلىقىدا دوست تۇتۇپ، **الله** رازىلىقىدا دۈشمەن تۇتقىن، ئى ئەبۇرەزىين! كىشى ئۆيىدىن قېرىندىشىنى زىيارەت قىلىپ چىقسا، ئۇنىڭغا 70000پەرىشتىنىڭ ئەگىشىپلىپ، ھەممىسى بىردەك ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ؛ ئى رەببىمىز! بۇكىشى سىلىنىڭ رازىلىقلىرىنى دەپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن سىلە ـ رەھىمنى ئۇلىدى، سىلىمۇ رەھمەتلىرىنى ئۇلاپ يەتكۈزسىلە دېيدىغىنىنى بىلمەمسەن؟ بەدىنىڭنى شۇنداق ئەمەل قىلدۇرۇشقا قادىر بولالىساڭ،شۇنداق قىلغىن.بەيھەقى.

**5026 – [ 24 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة قال : كنت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في الجنة لعمدا من ياقوت عليها غرف من زبرجد لها أبواب مفتحة تضيء كما يضيء الكوكب الدري " . فقالوا : يا رسول الله من يسكنها ؟ قال : " المتحابون في الله والمتجالسون في الله والمتلاقون في الله " . روى البيهقي الأحاديث الثلاثة في " شعب الإيمان "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:جەننەتتە ياقۇتتىن بىر تۈۋرۈك باردۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە زەبەرجەتتىن بىر مېھمانخانا باردۇر، ئۇنىڭ ئۇچۇق تۇرىدىغان ئىشىكلىرى باردۇر، ئۇ خۇددى نۇرلۇق يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ يورىيدۇ، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭدا كىم تۇرىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇنۇرلۇق مېھمانخانىدا، **الله** رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ دوستلاشقان، ئىلمى مەجلىسلەردە بىللە ئولتۇرۇشقان، ئۆز ئارا زىيارەت قىلىشىپ ئۇچرىشىپ تۇرۇشقانلار تۇرىدۇ دېدى.بەيھەقى.

## [ 17 ] باب ما ينهىعنه من التهاجر والتقاطع واتباع العورات – الفصل الأول

## ئۈچ ــ ئاداۋەتتىن، ئالاقىنى ئۈزۈشتىن، ئەۋرەتلەرنى ئىزلەپ مارىلاشدىن چەكلەش توغرىسىدا

**5027 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي أيوب الأنصاري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحل للرجل أن يهجر أخاه فوق ثلاث ليال يلتقيان فيعرض هذا ويعرض هذاوخيرهما الذي يبدأ بالسلام " . متفق عليه**

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ، قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى ھالال ئەمەس،ئاداۋەت دېگەن: ئاداۋەتتىكى ئىككى كىشى بىرسى ــ بىرسىگە ئۇچرىشىپ، ئۇدۇل كېلىشىپ قالسىمۇ بىر ـ بىردىن يۈز ئۆرۈۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىراقى سالامنى باشتا قىلغىنىدۇر. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تۇپلىغان، سەھەھ.

**5028 – [ 2 ]** ( متفق عليه وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إياكم والظن فإن الظن أكذب الحديث ولا تحسسوا ولا تجسسوا ولا تناجشوا ولا تحاسدوا ولا تباغضوا ولا تدابروا وكونوا عباد الله إخوانا " . وفي رواية : " ولا تنافسوا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۇمان قىلىشدىن ھەزەر قىلىڭلار، گۇمان سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر، كىشلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئىزدىمەڭلار، قۇلاق سالماڭلار، ئەيىبلىرىنى ئىزدەپ، سۇرەشتە قىلماڭلار، جاسۇسلۇق قىلماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا، پەزىلىتىگە قىزىقىشماڭلار، ئۆزئارا ھەسەد قىلىشماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىۋالماڭلار، ئاللاھنىڭ، بىر تۇغقان قېرىنداش ئاكا ـ ئۇكا بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، بىر كىشى، قېرىندىشى ئەلچى ئەۋەتكەن جايغا، قېرىندىشى نىكاھلاپ ئالمىغىچە ياكى تەرىك ئېتىپ، ۋاز كەچمىگىچە ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، (يا ئۇ نىكاھىغا ئالىدۇ، خالاس، يا ئۇ ۋاز كېچىدۇ، ئاندىن ئەلچى ئەۋەتسە بولىدۇ) مالىك، ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بەيھەقى، دارمى توپلىغان، سەھىھ.

**5029 – [ 3 ]** ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تفتح أبواب الجنة يوم الإثنين ويوم الخميس فيغفر لكل عبد لا يشرك بالله شيئا إلا رجلا كانت بينه وبين أخيه شحناء فيقال : انظروا هذين حتى يصطلحا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتلەرنىڭ ئىشىكلىرى دۈشەنبە كۈنى، پەيشەنبە كۈنى ئېچىلىدۇ، بۇ كۈنلەردە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بارلىق بەندىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدۇ، كەچۈرۈلىدۇ، لېكىن، ئارىلىقىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بار كىشلەر مەغپىرەت قىلىنماي قالىدۇ، ئۇلار توغرىسىدا «بۇ ئىككىسى يارىشىۋالغىچە، كېلىشىۋالغىچە قالدۇرۇپ قويۇڭلار دىيىلىدۇ»، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**5030 – [ 4 ]** ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعرض أعمال الناس في كل جمعة مرتين يوم الإثنين ويوم الخميس فيغفر لكل مؤمن إلا عبدا بينه بين أخيه شحناء فيقال : اتركوا هذين حتى يفيئا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشلەرنىڭ ئەمەللىرى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى تەڭلىنىپ ھېساب ـ كىتاب قىلىنىپ، سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، ھەربىر مۆئمىن بەندە ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدۇ، پەقەت ئارىلىقىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بار كىشلەر قېلىپ قالىدۇ، بۇلار ئۈچۈن بۇ ئىككى كىشى يارىشىۋالمىغىچە، ئەپلىشىۋالمىغىچە قالدۇرۇپ قويۇڭلار دىيىلىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5031 – [ 5 ]** ( متفق عليه ) وعن أم كلثوم بنت عقبة بن أبي معيط قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : ليس الكذاب الذي يصلح بين الناس ويقول خيرا وينمي خيرا " وزاد مسلم قالت : ولم أسمعه – تعني النبي صلى الله عليه وسلم – يرخص في شيء مما يقول الناس كذب إلا في ثلاث : الحرب والإصلاح بين الناس وحديث الرجل امرأته وحديث المرأة زوجها**

ئۇممە گۇلسۇم، شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەرنى توشۇپ ئاپارغان، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق كىشلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغان، ئەپلەشتۈرۈپ، ياراشتۇرغان كىشى كاززاپ ئەمەس، يالغانچى ھېسابلانمايدۇ. مەن تۆۋەندىكى كىشلەرنى يالغانچى كاززاپ دەپ سانىمايمەن، كىشلەر ئارىسىنى ئىسلاھ

قىلىشنى ئىراده قىلىپ، ئەپلەشتۈرۈشنى مەخسەت قىلىپ سۆز قىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ياراشتۇرىدىغان كىشى، جەڭ، ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا يالغان سۆزلىگەن كىشى،(نارازى قىلماسلىق ئۈچۈن) ئايالىغا يالغان سۆزلىگەن ياكى ئېرىگە يالغان سۆزلىگەن كىشى يالغانچى سانالمايدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. كىشىلەرنىڭ ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ كېلىشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلىسە دۇرۇس، بۇ ھەدىس ،ئىسلامي ب د ت غا سوۋغات قىلىنىدۇ.

**5032 – [ 6 ] وذكر حديث جابر : " إن الشيطان قد أيس " في " باب الوسوسة "**

**5033 – [ 7 ] الفصل الثاني) عن أسماء بنت يزيد قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحل الكذب إلا في ثلاث : كذب الرجل امرأته ليرضيها والكذب في الحرب والكذب ليصلح بين الناس " . رواه أحمد والترمذي**

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يالغان سۆزلەپ قويۇش پەقەت ئۈچ ئىشتىلا دۇرۇس، كىشى ئايالىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئايالىغا يالغان سۆزلەش دۇرۇس، جەڭ، ئۇرۇشتا يالغان سۆزلەش دۇرۇس، كىشىلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ياراشتۇرۇشتا يالغان سۆزلىسە دۇرۇس بولىدۇ.ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن

**5034 – [ 8 ]** ( إسناده جيد ) وعن عائشة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : **" لا يكون لمسلم أن يهجر مسلما فوق ثلاثة فإذا لقيه سلم عليه ثلاث مرات كل ذلك لا يرد عليه فقد باء بإثمه**. رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتىشى ھالال ئەمەس، ئاداۋەت تۇتۇلغان مۇسۇلمان، ئاداۋەت تۇتقۇچىغا ئۇچرىشىپ، ئۈچ قېتىم سالام قىلسا، ئۇ ئۈچ قېتىمنىڭ ھەممىسىدە سالام قايتۇرمىسا، ھەقىقەتەن ئاداۋەت تۇتقۇچى مۇسۇلمان، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قايتىدۇ. سالام قىلغۇچى، پاك پاكىز بولۇپ قايتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5035 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يحل لمسلم أن يهجر أخاه فوق ثلاث فمن هجر فوق ثلاث فمات دخل النار " . رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلماننىڭ، ئۆز قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئوشۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ھالال ئەمەس، كىم ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ

**5036 – [ 10 ] ( إسناده لين ) وعن أبي خراش السلمي أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من هجر أخاه سنة فهو كسفك دمه " . رواه أبو داود**

ھەدرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قېرىندىشىغا ساق بىر يىل ئاداۋەت تۇتسا، ئۇ،قېرىندىشىنىڭ قېنىنى تۆككەندەك گۇناھكار بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**5037 – [ 11 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحل لمؤمن أن يهجر مؤمنا فوق**

**ثلاث فإن مرت به ثلاث فليلقه فليسلم عليه فإن رد عليه السلام فقد اشتركا في الأجر وإن لم يرد عليه فقد باء بالإثم وخرج المسلم من الهجرة " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىننىڭ يەنە بىر مۆئمىنگە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ھالال ئەمەس، ئەگەر ئۈچ كۈن ئۆتۈپ قالسا، ئۇچقۇشۇپ سالام قىلىشسۇن، سالام قايتۇرسا، ھەر ئىككىلىسى ئەجىردە شېرىك بولىدۇ، سالام قايتۇرمىسا، بۇ كىشى گۇناھ بىلەن قايتىدۇ، سالام قىلغۇچى بولسا، ئاداۋەتتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭغا گۇناھ يوق، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس زەئىپ، بولۇپمۇ ئاخىرى دىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسناد، راۋىلاردا مەسىلە بار،

**5038 – [ 12 ] وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا أخبركم بأفضل من درجة الصيام والصدقة والصلاة ؟ " قلنا : بلى . قال : " إصلاح ذات البين وفساد ذات البين هي الحالقة رواه أبو داود والترمذي وقال : هذا حديث صحيح**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە روزىنىڭ، نامازنىڭ، سەدىقىنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ يۇقىرى، ئەۋزەل تۇرىدىغان بىر دەرىجىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسا، كىشىلەر ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ، ياراشتۇرۇشتۇر، (ھەتتا، دۆلەتلەر ئارىسىنىمۇ ياراشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەقىقەتەن كىشىلەر ئارىسىنى پاساد تېرىپ بۇزۇۋېتىش، ئاداۋەتتە، ئۇرۇش ــ جېدەلدە قويۇش دىننى يوقىتىدۇ، (چاچنى چۈشۈرمەيدۇ، دىننى پاكىز چۈشۈرۈۋېتىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5039 – [ 13 ] وعن الزبيرقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دب إليكم داء الأمم قبلكم الحسد والبغضاء هي الحالقة لا أقول تحلق الشعر ولكن تحلق الدين " . رواه أحمد والترمذي**

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھىقدە، ھەسەد، ئۈچ ــ ئاداۋەتلىرىدىن ئىبارەت كېسەللىكى يوشۇرۇن ھالدا ئۆمىلەپ كىرىۋالدى، ئۇ بولسا، چاچنى ئەمەس، دىننى چۈشۈرۈپ تاشلىغۇچى ھالاك قىلغۇچىدۇر. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات **الله** بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۆئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ، دوستلاشمىغىچە مۆئمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرگە ئەگەر ئىجرا قىلساڭلار، ئۆزئارا دوستلىشالايدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئاشكارا، كەڭرى قىلىڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن، تىرمىزىينىڭ 2038 ــ ھەدىسىدا سەھىھ دىيىلگەن.

**5040 – [ 14 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إياكم والحسد فإن الحسد يأكل الحسنات كما تأكل النار الحطب " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن؛ ھەسەد قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى ھەسەد قىلىش، خۇددى ئوت ئۇتۇننى كۆيدۈرۈپ يەپ كەتكەندەك، ياخشىلىقلارنى كۆيدۈرۈپ يەپ كىتىدۇ. ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**5041 – [ 15 ] وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : إياكم وسوء ذات البين فإنها الحالقة رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن؛ كىشىلەر ئارىسىنى

پىتنە ـ پاساد بىلەن يامانلاشتۇرۇپ بۇزۇۋېتىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇ چاچنى ئەمەس، دىننىڭنى چۈشۈرۈپ پاكىز تازىلاپ يوق قىلىۋېتىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

5042 – [ 16 ] وعن أبي صرمة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من ضار ضار الله به ومن شاق شاق الله عليه " . رواه ابن ماجه والترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەبۇ سەرمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم (كىشىلەرگە)زەرەر يەتكۈزسە، ئاللاھمۇ ئۇ كىشىگە زەرەر يەتكۈزىدۇ، كىم مۇشەققەتكە قويسا، ئاللاھمۇ ئۇ كىشىگە مۇشەققەتلىك قىلىپ قويىدۇ. ئەھمەد ،تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

5043 – [ 17 ] وعن أبي بكر الصديق رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ملعون من ضار مؤمنا أو مكر به " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشىگەزەرەر يەتكۈزگەن ياكى ھىلە ـ مىكىر قىلغان كىشى مەلئۇندۇر، لەنەت قىلىنىپ رەھمەتتىن يىراق قىلىنىدۇ.تىرمىزى.

5044 – [ 18 ] وعن ابن عمر قال : صعد رسول الله صلى الله عليه وسلم المنبر فنادى بصوت رفيع فقال : " يا معشر من أسلم بلسانه ولم يفض الإيمان إلى قلبه لا تؤذوا المسلمين ولا تعيروهم ولا تتبعوا عوراتهم فإنه من يتبع عورة أخيه المسلم يتبع الله عورته ومن يتبع الله عورته يفضحه ولو في جوف رحله " . رواه الترمذي

ئىبنى ئۆمەر، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېگەن: ئى تىلىدا ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولغان، لېكىن، قەلبىگە ئىمان كىرمىگەن جامائەلەر! مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمەڭلار، ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئۇلارنى ئەيىبلىمەڭلار، كەمسىتمەڭلار، ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يەنى يوشۇرۇن ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كوچىلاپ ئىزدىمەڭلار، كىم مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ئىزدىسە، (ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى سۈرۈشتۈرسە)، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى ئىزدەپ تەلەپ قىلىپ، گۇناھ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، گەرچە ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىدە بولسىمۇ ئۇنى رەسۋا قىلىۋېتىدۇ، ئەيتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، شەرمەندە قىلىدۇ. ئەھمەد، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. يەنى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان.

5045 – [ 19 ] وعن سعيدبن زيد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن من أربى الربا الاستطالة في عرض المسلم بغير حق " . رواه أبو داود والبيهقي في " شعب الإيمان "

سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن جازانە، ئۆسۈمنىڭ ئەڭ چوڭراقى، مۇسۇلماننىڭ مىلىغا، يۈز ـ ئابرۇيىغا ھەقسىز تاجاۋۇز قىلىشتۇر، ئەبۇ داۋۇد 4233 ـ ھەدىس، ئەھمەد 1564 ـ ھەدىس، بەھەقى،سەھىھ.

5046 – [ 20 ] وعن أنس قال:قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لما عرج بي ربي مررت بقوم لهم أظفار من نحاس يخمشون وجوههم وصدورهم فقلت : من هؤلاء يا جبريل ؟ قال : هؤلاء الذين يأكلون لحوم الناس ويقعون في أعراضهم رواه أبو داود

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىم مېنى ئۆرلەتكەن مىئراج كېچىسى مەن بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم، ئۇلارنىڭ تۆمۈر، مىسدىن تىرناقلىرى بار بولۇپ، يۈزلىرىنى، كۆكسىلىرىنى تاتىلاپ، ياردار قىلىپ تۇراتتى، مەن، ئى جىبرىئىل، ئۇلار كىملەر؟ دېسەم، ئۇ ماڭا: ئۇلار كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، گۆشلىرىنى يېگەنلەر، يۈز ــ ئابرۇيىنى تۆككەنلەر دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5047 – [ 21 ] وعن المستوردعن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من أكل برجل مسلم أكلة فإن الله يطعمه مثلها من جهنم ومن كسا ثوبا برجل مسلم فإن الله يكسوه مثله من جهنم ومن قام برجل مقام سمعة ورياء فإن الله يقوم له مقام سمعة ورياء يوم القيامة " . رواه أبو داود**

مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەيىبىنى، سىرلىرىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۇنى باشقىلارغا چېقىش بەدىلىگە بىرەر نەرسە يېسە، ھەققەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە شۇ تائامنىڭ ئوخشىشىدەك جەھەننەمدىن زەققۇم تامىقىنى يېدۈرىدۇ، كىم يۇقارقىدەك ئىشلار بىلەن مۇسۇلمان كىشىنى زەرەرگە ئۇچرىتىپ، كىيىم كىيسە، جەزمەن ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە شۇ كىيىمنىڭ مىقدارىدا جەھەننەم ئوتىدىن كىيىم كىيدۈرىدۇ. كىم بىرەر مۇسۇلمان كىشىنى ئەيىبلەپ ئۇنىڭغا ھەسەد قىلىپ، بەسلىشىپ، ئاڭلاتما رىيا ۋە كۆرسەتمە رىيا ئورنىدا تۇرسا، ئۆزىنى پەزىلەتلىك كۆرسەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى رىيا ئورنىدا تۇرغۇزۇپ رەسۋا قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ، سەھىھ.

**5048 – [ 22 ] وعن أبي هريرة قال:قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : حسن الظن من حسن العبادة رواه أحمد وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:گۇماننى ياخشى قىلىش، ئىبادەتنى ياخشى قىلغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد.

**5049 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عائشة قالت : اعتل بعير لصفية وعند زينب فضل ظهر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لزينب : " أعطيها بعيرا " . فقالت : أنا أعطي تلك اليهودية ؟ فغضب رسول الله صلى الله عليه وسلم فهجرها ذا الحجة والمحرم وبعض صفر . رواه أبو داود وذكر حديث معاذ بن أنس : " من حمى مؤمنا " في " باب الشفقة والرحمة "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، سەپىيەنىڭ تۆگىسى كېسەل بولۇپ ئاغرىپ قالدى، زەينەپنىڭ تۆگىسىنىڭ يەنەبىركىشىنى ئېلىۋالغىدەك ئارتۇق ئورنى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئۇ بوش ئورۇننى سەپىيەگە بەرگىن دېسە، ئۇ؛ مەن ئۇنى بىر يەھۇدىي ئايالغا بېرەمدىم؟دېدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق غەزەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەج ئېيىدا، مۇھەررەم ئېيىدا، ۋە سەپەر ئېيىنىڭ بىرقىسمىدا ئاداۋەت تۇتۇپ سۆز قىلمىدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.چۈنكى مۇسۇلمان بولغان كىشى يەھۇدىي بولمايدۇ.ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ الله نىڭ ئەلچىسىگە بوي سۇنماي ئاسىيلىق قىلدى.

**5050 – [ 24 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رأى عيسى بن مريم رجلا يسرق فقال له عيسى : سرقت ؟ قال : كلا والذي لا إله إلا هو . فقال عيسى : آمنت بالله وكذبت نفسي " رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئىيسا

ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئوغرىلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا؛ سەن ئوغرىلىق قىلدىڭمۇ؟ دېسە، ئۇ كىشى؛ ئۆزىدىن باشقا ھەق ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىز ئوغرىلىق قىلمىدىم دېدى، ئەيسا: مەن ئاللاھقا شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم، مېنىڭ نەپسىم يەنى كۆزۈم يالغانچى ئوخشايدۇ دېدى، ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

**5051 – [ 25 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : كاد الفقر أن يكون كفرا وكاد الحسد أن يغلب القدر**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پېقىر كاپىر بولغىلى، پېقىرلىق كاپىر قىلغىلى تاس قالىدۇ، ھەسەد قىلىش، تەقدىر ئۈستىدىن غالىپ كەلگىلى تاس قالىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**5052 – [ 26 ] ( ضعيف )وعن جابر عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من اعتذر إلى أخيه فلم يعذره أو لم يقبل عذره كان عليه مثل خطيئة صاحب المكس " . رواهما البيهقي في " شعب الإيمان " وقال : المكاس : العشار**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر كىشى قېرىندىشىغا ئۆزرە قويسا، كەچۈرۈم سورىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىغان، كەچۈرمىگەن كىشىگە باجگىر، ئۆشرە يىغقۇچىنىڭ گۇناھى بولىدۇ، يەنى شۇنداق ئېغىر گۇناھدا ئازابلىنىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**[ 18 ] باب الحذر والتأني في الأمور ھەزەر قىلىش ۋە تەمكىنلىك، ئېغىر ـ بېسىق بولۇش توغرىسىدا**

**5053 –[ 1 ] ( متفق عليه ) الفصل الأول عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :لا يلدغ المؤمن من جحر مرتين**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىننى بىر تۆشۈكتە ئىككى قېتىم يىلان چاقمايدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

مۇسۇلمانلارغا قارشى شېئىر بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان بىر كىشىنى قويۇپ بەرسە، ئۇ يەنە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ يەنە ئەسىرگە چۈشكەندە، مېنى قويۇپ بەرسىلە دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ.

**5054 – [ 2 ] ( صحيح )**

**وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال لأشج عبد القيس : " إن فيك لخصلتين يحبهما الله : الحلم والأناة " رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇلقەيىس ئەلچىسىدىن ئەشەجج دىگەن كىشىگە مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سەندە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت ئىش بار ئىكەن، بىرسى، مېھرىبانلىق، چېچەنلىك، كۆيۈنۈش، يەنە بىرى تەمكىنلىك، ئالدىراپ كەتمەسلىك، مۆھلەت بېرىش، سەۋاتلىق، مۇسلىم 25 ـ ھەدىسنىڭ ئاخىرى، ئەھمەد 10746 ـ ھەدىس، تىرمىزىمۇ توپلىغان، 1934 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئەشەج! ھەقىقەتەن سەندە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت ئىش بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق بىلەن تەمكىنلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق يەنى ئالدىراڭغۇ ئەمەس. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5055 – [ 3 ] عن سهل بن سعد الساعدي أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : الأناة من الله والعجلة من الشيطان " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب . وقد تكلم بعض أهل الحديث في عبد المهيمن بن عباس الراوي من قبل حفظه**

ئەنەس،سەهلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئېغىر ـ بېسىقلىق، تەمكىنلىك، ئاللاھتائالا تەرەپتىندۇر، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىندۇر،تىرمىز، بەيهەقى توپلىغان، هەسەن.

**5056 – [ 4 ] عن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا حليم إلا ذو تجربة " رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەقەت تەجرىبىلىك كىشىلا، مىهرىبان، چىچەن، كۆيۈمچان، ئەقىللىق بۇلىدۇ. ئەهمەد،تىرمىزى توپلىغان.

**5057 – [ 5 ] وعن أنس أن رجلا قال للنبي صلى الله عليه وسلم : أوصني . فقال : " خذ الأمر بالتدبير فإن رأيت في عاقبته خيرا فأمضه وإن خفت غيا فأمسك " . رواه في " شرح السنة "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە؛ ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا دىگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:ئىشنى تەدبىر بىلەن ئالدىرىماي، ئاقىۋىتىنى ئويلىنىپ پۇختا قىلغىن، ئەگەر ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدە ياخشىلىقنى كۆرسەڭ(يەنى ياخشىلىق بۇلىشىنى پەرەز قىلىپ سەزسەڭ)ئۇ ئىشىڭنى راۋان قىلىپ قىلىۋەرگىن، ئەگەر ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىكى ئازغۇنلۇقتىن قورقساڭ، ئۇ ئىشنى قىلماي جىم تۇرغىن.شەرهىس

**5058 – [ 6 ] وعن مصعب بن سعد عن أبيه قال الأعمش : لا أعلمه إلا عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " التؤدة في كل شيء خير إلا في عمل الآخرة " . رواه أبو داود**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: هەربىر ئىشتا، هەربىر نەرسىدە تەمكىنلىك، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق بەك ياخشى، لىكىن، ئاخىرەت ئەمەللىرىدە، تۆۋبە ـ ئىبادەتلەردە ئالدىراش تېخىمۇ بەك ياخشى، ئەبۇ داۋۇد 4176 ـ هەدىس، هاكىم، بەيهەقى توپلىغان، سەهىه.

**5059 – [ 7 ] وعن عبد الله بن جرجس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " السمت الحسن والتؤدة والاقتصاد جزء من أربع وعشرين جزءا من النبوة " . رواه الترمذي**

ئابدۇللاھ ئىبنى سىرجەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ياخشى يول،ياخشى ئەخلاق، ئالدىرىماسلىق، تەمكىنلىك، ئىشلاردا نورمال، ئوتتۇرىهال بولۇش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 24 پارىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر، 1/24دۇر.تىرمىزى، ئابدۇ ئىبنى هۇمەيد، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى تو، سەهىه.

**5060 – [ 8 ] وعن ابن عباس أن نبي الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الهدي الصالح و السمت الصالح والاقتصاد جزء من خمس وعشرين جزءا من النبوة " . رواه أبو داود**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: هەقىقەتەن ياخشى يول، توغرا يول تۇتۇش، دىنغا ئەگىشىش، گۈزەل هەيئەت، ئىشلاردا ئوتتۇرىهال نورمال بولۇش، پەيغەمبەرلىكنىڭ

25 پارىسدىن بىر پارىدۇ، پەيغەمبەرلىك خىسلىتىنىڭ 1/25دۇر. ئەھمەد 2565 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4146 ــ ھەدىس، ھەسەن.

**5061 – [ 9 ] ( حسن ) وعن جابر بن عبد الله عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا حدث الرجل الحديث ثم التفت فهي أمانة " . رواه الترمذي وأبو داود**

جابىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى بىر سۆزنى قىلسا، ئاندىن ئۇ قايتسا، ئۇ سۆز ئاڭلىغانلارغا ئامانەت بولىدۇ، يەنى ئۇ سۆزنى ئاشكارا قىلماسلىق لازىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ھەسەن.

**5062 – [ 10 ] وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال لأبي الهيثم بن التيهان : " هل لك خادم ؟ " فقال : لا . قال : فإذا أتانا سبي فأتنا " فأتي النبي صلى الله عليه وسلم برأسين فأتاه أبو الهيثم فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " اختر منهما " . فقال : يا نبي الله اختر لي فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن المستشار مؤتمن . خذ هذا فإني رأيته يصلي واستوص به معروفا " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇممە سەلەمەت، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇلھەيسەمگە: سىنىڭ قۇل خىزمەتچىڭ بارمۇ؟دېدى، ئۇ؛ ياق دېسە، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنداق بولسا، بىزگە ئولجا كەلگەندە كەلگىن دېدى، رەسۇلۇللاھقا ئولجىدىن ئىككى كىشى كەلتۈردى، ئەبۇلھەيسەم كەلدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ ئىككىسىدىن بىرنى تاللىغىن دېدى، ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا يەنىلا سىلى تاللاپ بەرسىلە دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ مۇشاۋۇرلۇق، مەسلىھەت سېلىش، ئامانەت قىلىندى، ئىشىڭلارنى مەسلىھەت بىلەن قىلىڭلار ياكى مەسلىھەت سېلىنغان ئىش ئامانەتتۇر، خىيانەت قىلماڭلار ياكى ئەڭ توغرىسى: مەسلىھەت سېلىنغان ئىش، ئەمىن، تىنىچ، ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.مەسلىھەت سالغۇچىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ، سەن بۇنى ئالغىن، چۈنكى مەن بۇنىڭ ناماز ئۇقۇغىنىنى كۆردۈم، (ناماز بار كىشىدە ئىشەنچى بار) بۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشتا مىنىڭ تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلغىن، بۇنىڭغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىل. تىرمىزى 2748 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4463 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3735 ــ ھەدىس، ئەھمەد 21326 ــ ھەدىس، دارمى 2341 ــ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5063 – [ 11 ] وعن جابرقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المجالس بالأمانة إلا ثلاثة مجالس : سفك دم حرام أو فرج حرام واقتطاع مال بغير حق "رواه أبو داود وذكر حديث أبي سعيد : إن أعظم الأمانة في باب المباشرة في الفصل الأول**

ئەلى،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەجلىسلەر ئامانەت بىلەن ئېچىلىدۇ، مەجلىسدىكى سۆزلەر ئامانەتتۇر، (ئۇنى ئاشكارىلىغۇچى، خىيانەتچى خائىندۇر). پەقەت ئۈچ مەجلىس بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر؛ ھارام قىلىنغان قاننى تۆكۈپ قاللىق قىلىش مەجلىسى، ھارام زىنا مەجلىسى، باشقىلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى ھەقسىز ئېلىۋېلىشقا ئېچىلغان مەجلىس بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.(بۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارلاپ خەۋەر قىلىپ قويسا بولىدۇ)ئەبۇداۋۇد،خەتىيبۇلبەغداد توپلىغان، ھەسەن. ئوسمان، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەجلىس، يىغىندا دېيىلگەن سۆزلەر ياكى ئادەتتە ئۆلتۈرۈپ دېيىشكەن سۆزلەر ئامانەتتۇر، (ئۇنى مەخپى ساقلاش لازىم، سىر ساقلاش لازىم، كۆرگەنلا كىشىگە دېيىشكە بولمايدۇ) ئەبۇشەيخ توپلىغان، ھەسەن.

**الفصل الثالث5064 - [ 12 ] ( موضوع )عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لما خلق الله العقل قال له : قم فقام ثم قال له : أدبر ثم قال له : أقبل فأقبل ثم قال له : اقعد فقعد ثم قال : ما خلقت خلقا هو خير منك ولا أفضل منك ولا أحسن منك بك آخذ وبك أعطي وبك أعرف وبك أعاتب وبك الثواب وعليك العقاب " . وقد تكلم فيه بعض العلماء**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەقىلنى ياراتقاندا، ئۇنىڭغا تۇر دېدى. ئۇ تۇردى، ئارقاڭنى قىل دېدى، ئۇ شۇنداق قىلدى، ئالدىڭنى قىل دېدى، ئۇ ئالدىنى قىلدى، ئولتۇر دېدى، ئۇ ئولتۇردى، ئاندىن ئاللاھ ئەقىلگە مەن سەندىن ياخشى ئەۋزەل، چىرايلىقراق بىرەر مەخلۇق ياراتمىدىم، سەن بىلەن بېرىپ سەن بىلەن ئالىمەن، سەن بىلەن تونۇلىمەن، سەن بىلەن تاپا قىلىمەن، سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ساۋاب سېنىڭ ئۈستۈڭگە ھەم ئازاپ دېدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس يالغان دېگەن، شۇنداق، مەنمۇ بۇ ھەدىسنى يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يازغان، بەيھەقى خاتىرلىگەن.

**5065 - [ 13 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الرجل ليكون من أهل الصلاة والصوم والزكاة والحج والعمرة " . حتى ذكر سهام الخير كلها : " وما يجزى يوم القيامة إلا بقدر عقله "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى ناماز،روزا، زاكات، پەرز ياكى ئۆمرە ھەج........قاتارلىق بارلىق ياخشىلىق ئەھلىدىن بولىدۇ، لېكىن قىيامەت كۈنى ئۇكىشىگە ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ئەقلىنىڭ مىقدارىدا، ئەقىل قىلىپ چۈشۈنۈپ،چىن قەلبىدىن كۆڭۈل قويۇپ قىلغىنىنىڭ مىقدارىدا بېرىلىدۇ.بەيھەقى. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى ناماز ئوقۇپ قايتىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇ كىشى ئۆچۈن نامىزىنىڭ 1/10، 1/9، 1/8، 1/7، 1/6، 1/5ى (ياخشى بولسا) 1/4، 1/3ى، ھەتتا يېرىمى پۈتۈلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىستە ئەڭ ياخشى ئوقۇغان كىشى نامىزىنىڭ يېرىمىغا ئېرىشتى، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، 1/10گە ئېرىشتى، نامازنىڭ ئەجرى نىيەت، ئىخلاس، سەممىيلىك، ئەقىل قىلىپ چۈشىنىشكە باغلىق بولىدۇ.

**5066 - [ 14 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي ذر قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا أبا ذر لا عقل كالتدبير ولا ورع كالكف ولاحسب كحسن الخلق "**

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

**5067 - [ 15 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الاقتصاد في النفقة نصف المعيشة والتودد إلى الناس نصف العقل وحسن السؤال نصف العلم " روى البيهقي الأحاديث الأربعة في شعب الإيمان "**

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

## [ 19 ] باب الرفق والحياء وحسن الخلق – الفصل الأول

## مېھرىبانلىق قىلىش، ھايا قىلىش، ياخشى ئەخلاق توغرىسىدا

**5068 - [ 1 ] ( صحيح ) عن عائشة رضي الله عنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله تعالى رفيق يحب الرفق**

ويعطي على الرفق ما لا يعطي على العنف وما لا يعطي على ما سواه " . رواه مسلم . وفي رواية له : قال لعائشة : " عليك بالرفق وإياك والعنف والفحش إن الرفق لا يكون في شيء إلا زانه ولا ينزع من شيء إلا شانه "

ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ئاھايىتى كۆيۈمچان، مېھرىباندۇر، ئاللاھ مېھرىبانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، قوپاللىقتا، باغرى تاشلىقتا بەرمىگەن ياردەملەرنى مېھرىبانلىقتا بېرىدۇ، (ئۇندىقتا كىشىلەرگە كۆيۈنۈپ، مېھرىبان بولۇش بىلەن ئاللاھدىن ياردەم سورايلى) مېھرىبانلىقنى، كۆيۈنۈشنى ، مۇلايىملىقنى لازىم تۇتقىن، قوپاللىقتىن، پاھىشە سۆزلەشدىن ھەزەر قىلغىن،ھەقىقەتەن مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، ھەرقانداق نەرسىدە بولسا، ئۇنى زىننەتلىك، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ، ئۇ ھەرقانداق نەرسىدىن تارتىلىپ ئېلىۋېلىنسا، ئۇ نەرسىنى قەبىھ سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى ئەدەپتە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەلدىن، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەلىدىن، تەبرانى، ئەبۇ ئۇمامەدىن، بەزار، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ،مۇسلىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

5069 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن جرير عن النبي صلى الله عليه وسلم : " من يحرم الرفق يحرم الخير " . رواه مسلم

جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇين، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېھرىبانلىقدىن، مۇلايىملىقدىن مەھرۇم قالسا، بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5070 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر على رجل من الأنصار وهو يعظ أخاه في الحياء فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دعه فإن الحياء من الإيمان " . متفق عليه

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قېرىندىشىغا ھايا توغرىسىدا ۋەز-نەسىھەت قىلىۋاتقان بىر ئەنسارىينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ مۇنداق دېگەن:ئۇنى ئۆز ئىشىغا قويۇۋەتكىن، ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، (يەنى ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر)بۇخارى، مۇسلىم بىلەن تىرمىزى تو، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا بىلەن ئىمان بىرلىشىپ كەتكەن ئىككى مۇڭگۈزدۇر، بۇلارنىڭ بىرسى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، يەنە بىرسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، (يەنى ئىمان بولمىسا، ھايا بولماس.ھايابولمىسا،ئىمانى كامىل بولماس.) ئەبۇ نۇئەيم، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

5071 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الحياء لا يأتي إلا بخير " . وفي رواية : " الحياء خير كله " متفق عليه

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا قىلىش پەقەت ياخشىلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ، ھايا پەقەت ياخشىلىقتىنلا كېلىدۇ، (يەنى ھايا قىلىش، ياخشىلىقنى ھاسىل قىلىدۇ، ھايا پەقەت ياخشىلىقتىن ھاسىل بولىدۇ) ھايا دېگەن بارچە ياخشىلىقتۇر، ياكى ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى ھايادۇر،بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

5072 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن مما أدرك الناس من كلام النبوة

**الأولى : إذا لم تستحي فاصنع ما شئت " رواه البخاري**

ئبنى مەسئۇد، ھۆزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر سۆزلىرىدىن تاپقان بىر سۆز شۇكى، (كىشىلەردىن ياكى ئاللاھدىن) ھايا قىلمىساڭ، خالىغان ئىشىڭنى قىلغىن، (يەنى بۇ تەھدىد سۆزى بولۇپ، ئاللاھدىن، كىشىلەردىن ھايا قىلغان كىشى، يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ، ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىن) ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5073 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن النواس بن سمعان قال : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عن البر والإثم فقال : " البر حسن الخلق والإثم ما حاك في صدرك وكرهت أن يطلع عليه الناس " . رواه مسلم**

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدا سورسام، مۇنداق دىگەن: ياخشىلىق دىگەن؛ ئەخلاقى گۈزەل بولۇشتۇر، يامانلىق، گۇناھ بولسا، قەلبىڭنى شەكلەندۈرگەن، سىنى ئىككىلەندۈرگەن، كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى، بىلىپ قېلىشىنى، سەن ياقتۇرمىغان ئىشتۇر، مۇسلىم 4633 _ ھەدىس، تىرمىزى 2311 _ ھەدىس، بۇخارى، ئەدەپتە تو، سەھىھ.

**5074 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن من أحبكم إلي أحسنكم أخلاقا " . رواه البخاري**

ئبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ماڭا دوستراق، سۆيۈملۈكرەكىڭلار، ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، بۇخارى توپلىغان.

**5075 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن من خياركم أحسنكم أخلاقا " متفق عليه**

ئبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەڭ ياخشىڭلار ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەڭ ياخشىڭلار ئۆمرى ئۇزۇن، ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، ئەھمەد، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**5076 – [ 9 ] الفصل الثاني عن عائشة رضي الله عنها قالت : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " من أعطي حظه من الرفق أعطي حظه من خير الدنيا والآخرة ومن حرم حظه من الرفق حرم حظه من خير الدنيا والآخرة رواه في شرح السنة**

ئەبۇ دەردائى،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمگە مېھرىبانلىق نىسۋىسى بېرىلسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە دۇنيا _ ئاخىرەتلىك ياخشىلىقتىن بولغان نىسۋىسى بېرىلگەن بولىدۇ، كىم مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق نىسۋىسىدىن مەھرۇم قالسا، جەزمەن ئۇ دۇنيا _ ئاخىرەتلىك ياخشىلىقتىن ئىبارەت نىسۋىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5077 – [ 10 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الحياء من الإيمان والإيمان في الجنة . والبذاء من الجفاء والجفاء في النار " . رواه أحمد والترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ بۇكرەت، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ئىمان جەننەتتە (يەنى ھايا ۋە ئىمان ئەھلى جەننەتتەبولىدۇ). قېلىن پاھىشە سۆزلەش، ئىغىزى بەزەپلىك، قەلبىنىڭ قاتتىقلىقى، ئەخلاقى، تەبىئىتى قوپاللىق، سىلە ـــ رەھىم قىلماسلىقدىندۇر،بۇ دوۋزاختا بولىدۇ، ، تىرمىزى 1932 ــ ھەدىس، ئەھمەد 10108 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**5078 – [ 11 ] وعن رجل من مزينة قال : قالوا : يا رسول الله ما خير ما أعطي الإنسان ؟ قال : " الخلق الحسن " رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

مۇزەينە قەبىلىسىدىن بىر ئەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئىنسانغا بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى نىمە؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسانغا بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ياخشى، گۈزەل ئەخلاقتۇر.بەيھەقى توپلىغان.

**5079 – [ 12 ] ( صحيح ) خير ما أعطي الناس خلق حسن ( حم ن ه ك ) وفي شرح السنة عن أسامة بن شريك**

ئۇسامەت ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ياخشى، گۈزەل ئەخلاقتۇر، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىستىكىنىڭ ھەممىسى گۈزەل ئەخلاقتۇر.

**5080 – [ 13 ] وعن حارثة بن وهب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل الجنة الجواظ ولا الجعظري " قال : والجواظ : الغليظ الفظ رواه أبو داود في " سننه " . والبيهقي في " شعب الإيمان وصاحب " جامع الأصول " فيه عن حارثة . وكذا في " شرح السنة " عنه ولفظه قال : " لا يدخل الجنة الجواظ الجعظري " . يقال : الجعظري : الفظ الغليظ وفي نسخ " المصابيح " عن عكرمة بن وهب ولفظه قال : " والجواظ : الذي جمع ومنع . والجعظري : الغليظ الفظ**

ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇتەكەببىر، بېخىل، قوپال، دىلى قاتتىق كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ.بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد 4168 ــ ھەدىس، سەھىھ. سوراقەت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ ئەھلى دېگەن ھەرقانداق سۆزى قوپال، چوڭچى، مۇتەكەببىر، پەخىرلىنىپ ماڭىدىغان، كىبىر قىلىدىغان، مالنى كۆپلەپ توپلاپ، ئاللاھ يولىدا بەرمەيدىغان، كىشىلەرنى كەمسىتىدىغان، ھەققەتنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەردۇر. جەننەت ئەھلى بولسا، يۇۋاش، ئاجىز، دائىم مەغلۇپ بولۇپ باشقىلار تەرەپدىن بوزەك قىلىنىدىغان، زۇلۇم قىلىنىدىغان كىشىلەردۇر، ئىبنى قانىئ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5081 – [ 14 ] وعن أبي الدرداء عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن أثقل شيء يوضع في ميزان المؤمن يوم القيامة خلق حسن وإن الله يبغض الفاحش البذيء رواه الترمذي وقال :حديث حسن صحيح . وروى أبو داود الفصل الأول**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قىيامەت كۈنى مۆئمىننىڭ مىزانىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە، ياخشى ئەخلاقتۇر، ھەققەتەن ئاللاھتائالا، پاھىشە سۆزلەيدىغان ھەم پاھىشە، قېلىن سۆز قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئېغىزى بەزەپ كىشىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ، دۈشمەن تۇتىدۇ،

تىرمىزى،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىيزاندا ياخشى، گۈزەل ئەخلاقدىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان نەرسە يوقتۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5082 – [ 15 ]** ( صحيح ) **وعن عائشة رضي الله عنها قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن المؤمن ليدرك بحسن خلقه درجة قائم الليل وصائم النهار " . رواه أبو داود**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۆئمىن كىشى ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرغان، كۈندۈزى روزا تۇتقان كىشىنىڭ دەرىجىلىرىنى تاپالايدۇ، ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى ئەخلاقىنى ياخشى، گۈزەل قىلىش بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرغۇچىنىڭ، چىلىڭ چۈشلەردە ئۇسسۇز قېلىپ، روزا تۇتقۇچىنىڭ دەرىجىسىنى تاپىدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىشلىرىدا ئادىل، ئوتتۇرىھال يول تۇتقۇچى مۇسۇلمان، ئەخلاقىنىڭ گۈزەل، ياخشى بولۇشى، نەپىقە، چىقىم قىلىشتا، سېخى بولۇشى سەۋەبلىك، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرىدىغان، كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرىجىلىرىگە يېتەلەيدۇ، ئوخشاش دەرىجە تاپالايدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان،سەھىھ.

**5083 – [ 16 ]** ( حسن ) **وعن أبي ذر قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اتق الله حيثما كنت وأتبع السيئة الحسنة تمحها وخالق الناس بخلق حسن " . رواه أحمد والترمذي والدارمي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەيەردە بولساڭ، ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىپ، ئاللاھدىن قورقىن، ھەربىر يامانلىققا ئۇنى ئۆچۈرىدىغان بىر ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرگىن، كىشىلەر بىلەن ياخشى ئەخلاقتا بولغىن، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد،دارىمى، ھاكىم، بەيھەقى، ئەبۇ زەردىن، مۇئازدىن، ئىبنى ئەساكىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

**5084 – [ 17 ] وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا أخبركم بمن يحرم على النار وبمن تحرم النار عليه ؟ على كل هين لين قريب سهل " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

جابىر، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەتە يەنى قىيامەت كۈنىدە دوۋزاخ هارام بولىدىغان،ئۇكىشى دەۋزەخكە هارام بۇلىدىغان كىشى بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ھەر قانداق مۇلايىم، يۇمشاق دىل، كىشىلەرگە يېقىن، ئاسان قىلغۇچى، ئىشلارنى يەڭگىللەشتۈرگۈچى، قولغا يېقىن، ئايىغى يېنىك، مۇئامىلىدىمۇ ئاسانلاشتۇرغۇچى كىشىدۇر،ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، تىرمىزى 2412 _ ھەدىس، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5085 – [ 18 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال :المؤمن غر كريم والفاجر خب لئيم رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن نۇرلۇق، سېخى، ھۆرمەتلىك بولىدۇ. پاجىر، مۇناپىق بولسا، پەسكەش، پاساتچى، ئالدامچى بولىدۇ، بۇ ھەدىس زەئىپ. چۈنكى، بىر راۋى ئەر ئىسمى بىلەن نامەلۇم كىشىدۇر، شۇنداقلا يەنە بىر راۋىنى ئەبۇ ھاتەم ھەدىسى ئاجىز دېگەن، ئىبنى

ئەدى، غەلەت سۆزلەيدۇ دېگەن، بشر دېگەن راۋىينى ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا؛ ھەدىسى زەئىپ دېگەن، يەھيا ئىبنى مەئىين بولسا، ئۇ مۇنكەر ھەدىس سۆزلەيدۇ دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن، سېخىي، ئەخلاقى ياخشى، يامانلىقى يوق، نۇرلۇق بولىدۇ، پاجىر، پاسىق دېگەن، پەسكەش ھىيلە ــ مىكرى كۆپ، ئالدامچى، پاسادچى بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4158 ــ ھەدىس، تىرمىزى 1887 ــ ھەدىس، ئەھمەد 8755 ــ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، ئەلبانى مىشكاتتا بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن، سەھىھ توپلىمىدا بولسا، بۇ زەئىپ ھەدىس، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن، ئاللاھۇ ئەئلەم، ئەلبانىيمۇ بىر قىسىم ھۆكۈملىرىدىن يانغان، چۈنكى ئۇ ھەقنى تاپسىلا سەللەمنا دەيدۇ.

**5086 – [ 19 ] وعن مكحول قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المؤمنون هينون لينون كالجمل الآنف إن قيد انقاد وإن أنيخ على صخرة استناخ " . رواه الترمذي مرسلا**

مەكھۇل، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەر دېگەن مۇلايىم، يۇۋاش، ئاسان قىلغۇچى، ئىتائەتچاندۇر، ئۇلار خۇددى بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگىگە ئوخشاش يۆتىلسە، شۇ تەرەپكە بويسۇنۇپ ماڭىدۇ، ئەگەر تاش ئۈستىگە چوكلاندۇرۇلسىمۇ، شۇ جايدىلا ياتىدۇ. (يەنى ئىسلام خەلىپىسىگە، قۇماندان، گېنېرالغا شۇنداق، ئۆزئارا شۇنداق كۆيۈمچان، مېھرىبان، لېكىن، كاپىرلارغا قاتتىق قول بولىدۇ). ئىبنى مۇبارەك،تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**5087 – [ 20 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " المسلم الذي يخالط الناس ويصبر على أذاهم أفضل من الذي لا يخالطهم ولا يصبر على أذاهم " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرە قىلىدىغان مۆئمىن، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ئەزىيەتلىرىگىمۇ سەۋرە قىلمايدىغان مۆئمىندىن ئەۋزەلدۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە توغرا خاتالىق مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس، چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى مۆئمىن دېيىلگەن، پەقەت ئەۋزەللىك مەۋجۇد. پىتنە ــ پاسادنىڭ دەۋرى ئاخىر زامانلاردا ئىماننى ساقلاپ قېلىش، ھەممىدىن ئەۋزەل، ئەگەر ماڭا: سەن ئۈچۈن مال ـ دۇنيا ،جامائەت تۇغقانلار، قەۋىملەر، توي، تۇرمۇش، ئايال، بالا ـ ماللار مۇھىممۇ؟ ياكى ئىمانمۇ؟ دېيىلسە، ئەلۋەتتە مەن: ئىمان مۇھىم، ئىمان ئەۋزەل دېگەن بولاتتىم، ئاللاھنى، ئاخىرەتنى، جەننەتنى، ئىماننى توغرا ئېتىقادنى تاللىغان بولاتتىم، سىزچۇ؟!.

**5088 – [ 21 ] وعن سهل بن معاذ عن أبيه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من كظم غيظا وهو يقدر على أن ينفذه دعاه الله على رؤوس الخلائق يوم القيامة حتى يخيره في أي الحور شاء رواه الترمذي وأبو داود وقال الترمذي هذا حديث غريب**

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاچچىقىنى راۋان قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئەپۇ قىلىپ، ئاچچىقىنى يەڭسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇنى بارلىق خالايىقلار ئالدىدا چاقىرىپ، ھورۇلئەيىن بولغان شەھلا كۆزلۈك جەننەت ئاياللىرىدىن قايسىنى خالىسا، شۇنىڭ بىلەن جۈپلەپ توينى قىلىپ قويۇشقا ئىختىيارلىق بېرىدۇ، ئۇ خالىغىنىنى تاللايدۇ. ئۇنىڭ قەلبىگە ئىماننى ۋە ئەمىنلىكنى ، خاتىرجەملىكنى لىق توللايدۇ.تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن.

**5089 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته ) وفي رواية لأبي داود عن سويد بن وهب عن رجل من أبناء أصحاب النبي صلى الله عليه**

| |
|---|
| وسلم عن أبيه قال : " ملأ الله قلبه أمنا وإيمانا "وذكر حديث سويد : " من ترك لبس ثوب جما ل " في " كتاب اللباس " |
| **5090 – [ 23 ] الفصل الثالث عن زيد بن طلحة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لكل دين خلقا وخلق الإسلام الحياء " . رواه مالك مرسلا**<br><br>زەيد ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر دىننىڭ ئەخلاقى باردۇر، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر، ئىمام مالىك مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن. |
| **5091 – [ 24 ] – 5092 [ 25 ] ورواه ابن ماجه والبيهقي في " شعب الإيمان " عن أنس وابن عباس**<br><br>ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر دىننىڭ ئەخلاقى بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر، يەنى ئۆزگە خاس ئەخلاقى ھايادۇر، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ 2149 ـ ھەدىسى. |
| **5093 – [ 26 ] وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الحياء والإيمان قرناء جميعا فإذا رفع أحدهما رفع الآخر**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا بىلەن ئىمان بىرلىشىپ كەتكەن ئىككى مۇڭگۈزدۇر، بۇلارنىڭ بىرسى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، يەنە بىرسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەبۇ نۇئەيم، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاياقىلىش بىلەن سۆزنى ئاز قىلىش، ئىماننىڭ ئىككى شاخچىسىدۇر، پاھىشە سۆزلەش، ئېغىزى بەزىپلىك بىلەن كۆپ سۆزلىۋېتىش، مۇناپىقلىقنىڭ ئىككى شاخچىسىدۇر، تىرمىزى 1950 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21280 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. |
| **5094 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته ) وفي رواية ابن عباس : " فإذا سلب أحدهما تبعه الآخر " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان** |
| **5095 – [ 28 ] وعن معاذ قال : كان آخر ما وصاني به رسول الله صلى الله عليه وسلم حين وضعت رجلي في الغرز أن قال : " يا معاذ أحسن خلقك للناس " . رواه مالك**<br><br>مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن پۇتۇمنى ئۈزەڭگىگە قويغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:ئى مۇئاز! كىشىلەرگە ئەخلاقىڭنى ياخشى ھەم گۈزەل قىلغىن. مالىك.ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دىنىڭدا چىڭ تۇر، ئىبادەت بىلەن ئىستىقامەت قىل، توغرا يول تۇت، ئەخلاقىڭنى كىشىلەرگە ياخشى قىلغىن، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. |
| **5096 – [ 29 ] وعن مالك بلغه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " بعثت لأتمم حسن الأخلاق " رواه الموطأ "**<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئەخلاقنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى، ئېسىل ئەخلاقنى، مۇكەممەل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم، ئىبنى سەئىد، ھاكىم، بەيھەقى،مالىك، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ. |
| **5097 – [ 30 ] ( حسن ) ( صحيح ) بعثت لأتمم صالح الأخلاق ورواه أحمد عن أبي هريرة** |

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى يەنى ئەڭ ياخشى ئەخلاقنى مۇكەممەل قىلىشىم ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم،ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان،

**5098 – [ 31 ]** ( لم تتم دراسته )**وعن جعفر بن محمد عن أبيه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا نظر في المرآة قال : " الحمد لله الذي حسن خلقي وخلقي وزان مني ما شان من غيري " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان " مرسلا**

جەئپەر ئىبنى مۇھەممەددىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەينەككە قارىسا، مۇنداق دەيتتى: بارلىق ھەمدۇ ــ سانا، مىنىڭ يارىلىشىمنى، ئەخلاقىمنى گۈزەل قىلغان، مەندىن باشقىلارغا سەت قەبىھ قىلغان نەرسىنى ماڭا زىينەتلىك گۈزەل قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، بەيھەقى مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن، زەئىپ.

**5099 – [ 32 ]** ( صحيح ) **وعن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " اللهم حسنت خلقي فأحسن خلقي " . رواه أحمد**

ئىبنى مەسئۇد،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، يارىلىشىمنى گۈزەل قىلغاندەك، ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلسىلا. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5100 – [ 33 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا أنبئكم بخياركم ؟ " قالوا : بلى . قال : " خياركم أطولكم أعمارا وأحسنكم أخلاقا " رواه أحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مەن سىلەرگە ئەڭ ياخشىڭلارنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇلار؛ بۇلىدۇ دىسە، رەسۇلۇللاھ؛ ئەڭ ياخشىڭلار ئۆمرى ئۇزۇن، ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، ئەھمەد، بەزار توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ئىسلامى ياخشى بولغان كىشى يەنى مۇسۇلماندارچىلىقى ياخشى كىشى بولسا، دىنىدا فىقھى ئالىم بولسىلا، ئەخلاقى ياخشى بولغان كىشىدۇر، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، ئەخلاقى ياخشى، فىقھشۇناس ئالىم ياخشى مۇسۇلماندۇر.

**5101 – [ 34 ]** ( حسن ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا رواه أبو داود والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىلراقى، ئەخلاقى ياخشىراقىدۇر، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد،دارىمى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، تۇغما ئىقتىدارلىق ئەسلى ئەخلاقتا ۋە كەسپى ئەخلاقتا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، باردى ــ كەلدىدە، تىجارەتتە، ئىلىم ئېلىش- بېرىشتە، مۇنازىرىدە، ئائىلىدە، خوشنىلار ئارىسىدا، ھەتتا دۆلەتلەرگە خەلقئارالىق ياخشى ئەخلاقتا ياخشى ئەخلاقلىق بولۇڭلار.

**5102 – [ 35 ]وعنه أن رجلا شتم أبا بكر والنبي صلى الله عليه وسلم جالس يتعجب ويتبسم فلما أكثر رد عليه بعض قوله فغضب النبي صلى الله عليه وسلم وقام فلحقه أبو بكر وقال : يا رسول الله كان يشتمني وأنت جالس فلما رددت عليه بعض قوله غضبت وقمت . قال : " كان معك ملك يرد عليه فلما رددت عليه وقع الشيطان " . ثم قال : " يا أبا بكر ثلاث كلهن حق : ما من عبد ظلم بمظلمة فيغضي عنها لله عز وجل إلا أعز الله بها نصره وما فتح رجل باب عطية يريد بها صلة إلا زاد الله بها كثرة وما**

فتح رجل باب مسألة يريد بها كثرة إلا زاد الله بها قلة " . رواه أحمد

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، بىر كىشى كېلىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۈچ قېتىم تىللاپ، ئەيىبلەپ ئازار بەردى، رەسۇلۇللاھ ھەيران قېلىپ، تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ ئولتۇردى، ئۇ كىشى كۆپ تىللىغاچقا، ئۈچىنچى قېتىمدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىپ، نۇسرەتكە ئېرىشىپ بەزى سۆزنى قايتۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەزەپ قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئەبۇ بەكرى بېرىپ؛ ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! ئۇ مىنى تىللىسا، جىم ئولتۇردىلا، مەن ئۇنىڭغا رەددىيە بەرسەم، غەزەپ قىلىپ كەتتىلە، سىلى مەندىن خاپا بولۇپ قالدىلىمۇ؟، ماڭا ئاچچىقلىرى كەلدىمۇ؟ دېدى. دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:«ئاسماندىن بىر پەرىشتە چۈشۈپ، ئۇ كىشى ساڭا دەۋاتقان سۆزلەرنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ رەت قىلىپ، ئىنكار قىلىۋاتاتتى، سەن ئۇنىڭ سۆزىنى قايتۇرۇپ، قىساس ئالغاندا بولسا، شەيتان چۈشتى، شەيتان چۈشكەندە بولسا، مەن ئۆلتۇرمۇدۇم، چۈنكى مەن، شەيتان بىلەن بىللە ئولتۇرمايمەن.ئى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ!ئۈچ ئىشنىڭ ھەممىسى ھەقتۇر؛ ھەرقانداق بىر بەندە زۇلۇمغا ئۇچراپ، ئۇنى **الله** رازىلىقى ئۈچۈنلا ئەپۇ قىلىپ ئۆتىۋەتسە، **الله** ئۇنىڭ نۇسرىتىنى كۈچلاندۇرۇپ، ئۇنى ئەزىز غالىپ قىلىدۇ، ھەرقانداق بىر كىشى سىلە-رەھىمنى مەقسەت قىلىپ، ھەدىي،سوۋغا-سالام بېرىشكە ئىشىك ئاچسا، **الله** ئۇنىڭ مال-دۇنياسىغا كۆپلۈكنى، بەركەتنى زىيادە قىلىۋىتىدۇ، ھەرقانداق بىر كىشى مال-دۇنياسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن سائىللىققا ئىشىك ئاچسا، **الله** ئۇنىڭغا ئازلىقنى ھەتتا يوقلۇقنى زىيادە قىلىۋىتىدۇ،دېدى.ئەبۇ داۋۇد 4251 _ ھەدىس، ئەھمەد 9251 _ ھەدىس، ھەسەن.

5103 – [ 36 ] وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا يريد الله بأهل بيت رفقا إلا نفعهم ولا يحرمهم إياه إلا ضرهم " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: **الله** تائالا ھەر قانداق بىر ئۆي ئەھلىگە مېھرىبانلىقنى، دىلى يۇمشاقلىقنى بېرىشنى ئىرادە قىلسا، بۇ خىسلەت ئارقىلىق ئۇلارغا پايدا _ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، ئۇلارنى بۇ خىسلەتتىن مەھرۇم قويسا، ئۇلارغا شۇ سەۋەبلىك زەرەر يەتكۈزىدۇ.بەيھەقى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر ئۆي ئەھلىگە مېھرىبانلىق، دىلى يۇمشاقلىق بېرىلسە، بۇ خىسلەت ئۇلارغا پايدا _ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## [ 20 ] باب الغضب والكبر غەزەپ ۋە كىبىر توغرىسىدا

5104 – [ 1 ] ( صحيح ) – الفصل الأول عن أبي هريرة أن رجلا قال للنبي صلى الله عليه وسلم : أوصني . قال : " لا تغضب " . فرد ذلك مرارا قال : " لا تغضب " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۈرەيرە، جارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا دىگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ غەزەپ قىلما، ئاچچىقلانما دىگەن.شۇ سۆزنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. بۇخارى، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: غەزەپ قىلما، ئاچچىقلانما، چېچىلما، ساڭا جەننەت بېرىلىدۇ. ئىبنى

ئەبۇدۇنيا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ( ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇرغا جەننەت بېرىلىدىغان ھەدىس بار)

**5105 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس الشديد بالصرعة إنما الشديد الذي يملك نفسه عند الغضب " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈچلۈك، باتۇرلۇق باشقىلارنى مۇساپىقىدە، چېلىشدا يېڭىۋېلىش بىلەن بولمايدۇ، بەلكى، ھەقىقى باتۇر، كۈچلۈك كىشى بولسا، غەزەپ قىلغاندا، ئاچچىقى كەلگەندە نەپسىگە، ئۆزىگە ئىگە بولۇپ، راۋان قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئاچچىقنى يەڭگەن كىشىدۇر.بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد،بەيھەقى . سەھىھ، يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇرلۇق، ھەقىقى باتۇرلۇق بولۇپ، غەزەپ قىلىپ ئاچچىقى كېلىپ، ئاچچىقى كۈچىيىپ، يۈزى قىزىرىپ، چاچلىرى، تۈكلىرى تىترەپ كەتكەندە، ئاچچىقنى يەڭگەن كىشى ھەقىقى باتۇردۇر، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**5106 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن حارثة بن وهب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا أخبركم بأهل الجنة ؟ كل ضعيف متضعف لو أقسم على الله لأبره . ألا أخبركم بأهل النار ؟ كل عتل جواظ مستكبر " . متفق عليه . وفي رواية مسلم : " كل جواظ زنيم متكبر**

ھارىس ئىبنى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلى بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسا، ھەرقانداق زەئىپ، ئاجىز، ياۋاش، باشقىلار تەرپىدىن مەغلۇپ، بوزەك قىلىنىدىغان مۇسۇلماندۇر، ئەگەر ئۇ الله قا قەسەم قىلسا، الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ. دوۋزخ ئەھلى بولسا، مۇتەكەببىر، چوڭچى، مەنمەنچى، تىلى، دىلى قاتتىق قوپال، مال جۇغلاپ، ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمەيدىغان، كىبىر قىلىدىغان كىشلەرنى ھاقارەتلەپ، ھەققەتنى ئىنكار قىلىپ، بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان كىشىدۇر. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە تو، سەھىھ.

**5107 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل النار أحد في قلبه مثقال حبة خردل من إيمان . ولا يدخل الجنة أحد في قلبه مثقال حبة من خردل من كبر " . رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دېنى چاغلىق ئىمانى بار كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دىنى مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى، ياخشىلىقى بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىپ، جەننەتكە كىرگەن ھەدىسلەر كۆپ ئۆتتى، كىبىر بولسا، ھەقنى ئىنكار قىلىپ، كىشلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتۇر. شەيتانمۇ كىبىر سەۋەبلىك كاپىر بولدى.

**5108 – [ 5 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل الجنة من كان في قلبه مثقال ذرة من كبر " . فقال رجل : إن الرجل يحب أن يكون ثوبه حسنا ونعله حسنا . قال : " إن الله تعالى جميل يحب الجمال . الكبر بطر الحق وغمط الناس " . رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىدە زەررە

مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، بىر كىشى: ھەقىقەتەن كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئاياغلىرى گۈزەل، ياخشى بولۇشىنى ياخشى كۆرىشچۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ كىبىر قىلغانلىق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ، كىبىر قىلىش دىگەن: ھەقنى ئىنكار قىلىپ، ھەقىقەتكە باش ئەگمەي، قايىل بولماسلىق، كىشلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۆزىنى ئۈستۈن چوڭ تۇتۇشتۇر دىگەن. مۇسلىم 131 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1322 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3600 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5109 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاثة لا يكلمهم الله يوم القيامة ولا يزكيهم " . وفي رواية : " ولا ينظر إليهم ولهم عذاب أليم : شيخ زان وملك كذاب وعائل مستكبر " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت نەزرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارغا دەرتلىك ئازاب باردۇر، قېرى شەيخ زىناخور، يالغانچى كاززاپ پادىشاھ، مۇتەكەببىر كىبىرسى بار پېقىردۇر، مۇسلىم بىلەن نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5110 – [ 7 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقول الله تعالى : الكبرياء ردائي والعظمة إزاري فمن نازعني واحدا منهما أدخلته النار " . وفي رواية : " قذفته في النار " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىبىر، چوڭچىلىق، كاتتىلىق مىنىڭ رىدايىم، ئىززەت، ئۇلۇغلۇق مىنىڭ ئىزارىم، كىم مەندىن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرنى تالاشسا، مەن ئۇنى دوۋزاخقا تاشلايمەن، ئەھمەد،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئىززەت مىنىڭ ئىشتان ـ كۆڭلەكىم، كىبرى چوڭچىلىق مىنىڭ رىدايىم، كىم مەندىن بۇ ئىككى نەرسىنى تالىشىدىكەن، (يەنى كىبىر قىلىدىكەن، ئىززەت ماڭا خاس دەيدىكەن) مەن ئۇنى ئازابلايمەن،سەمۇيىھ، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار، ئەلبانى سەھىھ دىگەن.

**5111 – [ 8 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته ) عن سلمة بن الأكوع قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يزال الرجل يذهب بنفسه حتى يكتب في الجبارين فيصيبه ما أصابهم " رواه الترمذي**

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىشى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىۋېرىپ، ئۆزىنى يۇقۇتۇپ قويۇپ، ئۆزىنى غەزەپتىن، كىبىردىن توسالماي، زۇلۇمكەش زومىگەرلەرنىڭ قاتارىدا يېزىلىپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا شۇلارغا يەتكەن ئازاب يېتىدۇ.تىرمىزى توپلىغان.

**5112 – [ 9 ] عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يحشر المتكبرون أمثال الذر يوم القيامة في صور الرجال يغشاهم الذل من كل مكان يساقون إلى سجن في جهنم يسمى : بولس تعلوهم نار الأنيار يسقون من عصارة أهل النار طينة الخبال " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زالىم، مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى سۈرىتى ئەرلەر سۈرىتىدە، جىسمى بولسا زەررىچىلەردەك كىچىك قوپۇرۇلىدۇ،ئۇلارنى كىشلەر

| |
|---|
| دەسسەپ يۇرىيدۇ، (تەكەببۇرلۇقنىڭ جازاسى خارلىقتۇر) ئۇلارنى خارلىق ھەر تەرەپتىن قورشايدۇ، ئۇلار جەھەننەم ئىچىدىكى بولىس دەپ ئاتىلىدىغان تۈرمىگە ھەيدەپ ئاپىرىلىدۇ، ئۇلارنى قاتمۇ ـ قات قىززىق ئوت قورشاپ ئۈستى ـ ئۈستىگە ئوت قويۇلىدۇ، ئۇلار دوۋزاخ ئەھلىنىڭ تىينەتۇلخەبال دەپ ئاتىلىدىغان قان ــ يىرىڭ زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرىلىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. |
| **5113 – [ 10 ] ( ضعيف )وعن عطية بن عروة السعدي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الغضب من الشيطان وإن الشيطان خلق من النار وإنما يطفأ النار بالماء فإذا غضب أحدكم فليتوضأ " . رواه أبو داود**<br><br>ئەتىييەت ئىبنى ئۇرۋەت سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن غەزەپ شەيتاندىن، ئۇ ئوتتىن يارالغان، ئوت سۇ بىلەن ئۆچۈرۈلىدۇ، سىلەردىن بىر كىشى غەزەپ قىلسا، تاھارە ئالسۇن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. چۈنكى، ئەبۇ ۋائىل دىگەن راۋىينى زەھەبى ھەدىسى مۇنكەر دىگەن، ئۇرۋەتنى ئىبنى ھەببان خاتالىشىدۇ دىگەن. |
| **5114 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن أبي ذر رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا غضب أحدكم وهو قائم فليجلس فإن ذهب عنه الغضب وإلا فليضطجع " رواه أحمد والترمذي**<br><br>ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ئاچچىقى كىلىپ، غەزەپلەنسە، ئۆرە تۇرغان بولسا، ئولتۇرۇۋالسۇن، غەزىپى كەتسە، كەتتى، ئەگەر يەنە كەتمىسە، ئاچچىقى بېسىقمىسا، ئوڭدا يېتىۋالسۇن، ئەھمەد،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. |
| **5115 – [ 12 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أسماء بنت عميس قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " بئس العبد عبد تخيل واختال ونسي الكبير المتعال بئس العبد عبد تجبر واعتدى ونسي الجبار الأعلى بئس العبد عبد سهى ولهى ونسي المقابر والبلى بئس العبد عبد عتى وطغى ونسي المبتدأ والمنتهى بئس العبد عبد يختل الدنيا بالدين بئس العبد عبد يختل الدين بالشبهات بئس العبد عبد طمع يقوده بئس العبد عبد هوى يضله بئس العبد عبد رغب يذله " رواه الترمذي والبيهقي في " شعب الإيمان " . وقالا : ليس إسناده بالقوي وقال الترمذي أيضا : هذا حديث غريب**<br><br>ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەممىدىن ئۈستۈن، بۈيۈك **الله** نى ئۇنتۇپ قىلىپ، ئۆزىنى ئۈستۈن،چوڭ تۇتۇپ، كىبرى قىلغان بەندە، نىمە دىگەن يامان بەندە ھە! ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى جەببار **الله** نى ئۇنتۇپ قىلىپ، ھەددىدىن ئاشقان، زۇمىگەرلىك قىلىپ زۇلۇم قىلغان بەندە، نىمە دىگەن يامان بەندە ھە! قەبرىستانلىقنى ۋە ئۇنىڭدا چىرىپ،سېسىپ تۈگەشنى ئۇنتۇپ قىلىپ، سەھۋەنلىك،خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، غەپلەتتە قالغان بەندە، نىمە دىگەن يامان بەندە ھە! باش ـ ئاخىرنى، تۇنجى قېتىم پەيدا قىلىنىشنى ۋە ئاخىردا بارار جايىنى ئۇنتۇپ قىلىپ، ھەددىدىن ئېشىپ، تاجاۋۇزچىلىق قىلغان بەندە، نىمە دىگەن يامان بەندە ھە! بۇدۇنيانى دىنىنىڭ بەدىلىگە تەلەپ قىلغان بەندە، نىمە دىگەن يامان بەندە ھە! دىنىنى شۈبھىلەر بىلەن بۇزغان بەندە، نىمە دىگەن يامان بەندە ھە! تاماخورلۇق قۇماندان بولۇپ يۇتىلەپ ماڭغان، بەندە، نىمە دىگەن يامان بەندە ھە! ھاۋايى ـ ھەۋەس ئازدۇرغان بەندە، نىمە دىگەن يامان بەندە ھە! مال ـ دۇنياغا ھىرىسمەنلىك خار قىلغان بەندە، نىمە دىگەن يامان بەندە ھە! تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، مەنىسى سەھىھ. |

**5116 – [ 13 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما تجرع عبد أفضل عند الله عز وجل من جرعة غيظ يكظمها ابتغاء وجه الله تعالى " . رواه أحمد**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:بەندە، **الله** تائالانىڭ نەزىدە، **الله** جامالىنى (رازىلىقىنى)تەلەپ قىلىپ، غەزىپى كەلگەندە، ئاچچىقىنى يۇتكەندىنمۇ ئەۋزەلرەك بىرەر ئىچىملىك يۇتمەيدۇ.ئەھمەد توپلىغان.(يەنى ئاچچىق يۇتۇش، ئەڭ ئەۋزەل شاراپتۇر.)

**5117 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس في قوله تعالى : ( ادفع بالتي هي أحسن ) قال : الصبر عند الغضب والعفو عند الإساءة فإذا فعلوا عصمهم الله وخضع لهم عدوهم كأنه ولي حميم قريب . رواه البخاري تعليقا**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالانىڭ« (ئۇلارنىڭ قىلغان) يامانلىقىغا (ئەپۇ قىلىش بىلەن) ياخشىلىق قىلغىن، ئۇلارنىڭ (سېنى) سۆكۈپ تىلەشلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان مەسخىرىسىنى) بىز ئوبدان بىلىمىز.» (سۈرە مۆئمىنۇن 96 ـ ) دېگەن ئايىتىنى ؛ غەزەپ قىلىپ ئاچچىقى كەلگەندە سەۋرى قىلىش، باشقىلار يامانلىق قىلغاندا ئەپۇ قىلىش دەپ تەپسىر قىلدى، ۋە ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلالىسا، **الله** تائالا ئۇلارنى ئۆزى ساقلاپ قالىدۇ، ئۇلارغا دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ،ئاندىن گۈياكى ئۇ دۈشمەنمۇ، يېقىن دوستىدەك بولۇپ قالىدۇ، دېدى.ئىمام بۇخارى ھەدىسنىڭ ئىسناد يوللىرىنى قىسقارتىپ يازغاندۇر,سەھىھ.

**5118 – [ 15 ] ( لم تتم دراسته ) وعن بهزبن حكيم عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الغضب ليفسد الإيمان كما يفسد الصبر العسل "**

بەھزنىڭ بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن غەزەپ قىلىش، خۇددى دەرەختىن سىقىپ چىقىرىلغان ئاچچىق سۇ ھەسەلنى بۇزغاندەك، ئىماننى بۇزۇپ تاشلايدۇ. بەيھەقى.

**5119 – [ 16 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمرقال وهو على المنبر : يا أيها الناس تواضعوا فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من تواضع لله رفعه الله فهو في نفسه صغير وفي أعين الناس عظيم ومن تكبر وضعه الله فهو في أعين الناس صغير وفي نفسه كبير حتى لهو أهون عليهم من كلب أو خنزير "**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ؛ ئى ئىنسانلار! ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەر بولۇڭلار، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئەزىز قىلىۋېتىدۇ.ئۇكىشى ئۆز كۆڭلىدە ناھايىتى كىچىك ھاقارەتلىكتۇر، لېكىن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە كاتتا ئۇلۇغدۇر, كىم كىبىرى،تەكەببۇرلۇق قىلسا، **الله** تائالا ئۇنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ،شۇنداق پەس قىلىۋېتىدۇكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە ناھايىتى كىچىك ھاقارەتلىكتۇر، ئۆز كۆڭلىدە بولسا، كاتتا ئۇلۇغدۇر, ئۇنداق مۇتەكەببىر كىشى كىشىلەرنىڭ نەزىدە ئىت ياكى توڭگۇزدىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر.بەيھەقى،ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە بەرگەنگە مال كامىلاپ قالمايدۇ، ئەپۇچان بەندىگە ئاللاھ ئىززەتنى زىيادە قىلىدۇ، ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ، (تەكەببۇر كىشى ھەممىدىن پەسكەشتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5120 – [ 17 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال موسى بن عمران عليه السلام : يا رب من أعز عبادك عندك ؟ قال : من إذا قدر غفر "**

ئەبۇ ھۇرەيرە ،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مۇسا ئەلەيھىسسالام ؛ ئى رەببىم! سىنىڭ نەزىلىڭدە بەندىلىرىڭدىن كىم ئەڭ ئەزىزراق؟دەپ سورسا، **الله** تائالا؛ قادىر بولغاندا ئەپۇ قىلىپ كەچۈرگەن كىشى دېدى.بەيھەقى.

**5121 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من خزن لسانه ستر الله عورته ومن كف غضبه كف الله عنه عذابه يوم القيامة ومن اعتذر إلى الله قبل الله عذره "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تىلىنى ساقلىسا، **الله** تائالا ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى (يەنى ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى)ياپىدۇ، كىم غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، ئاچچىقلىنىشتىن ساقلانسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن ئازابىنى ساقلاپ قالىدۇ،  كىم **الله** قا ئۆزرە ئەيتسا، **الله** ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.(يەنى ئۆزىنى ئېتراپ قىلىپ تۆۋبە قىلسا، قوبۇل قىلىدۇ)بەيھەقى.

**5122 – [ 19 ] ( حسن بشواهده ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ثلاث منجيات وثلاث مهلكات فأما المنجيات : فتقوى الله في السر والعلانية والقول بالحق في الرضى والسخط والقصد في الغنى والفقر . وأما المهلكات : فهوى متبع وشح مطاع وإعجاب المرء بنفسه وهي أشدهن " . روى البيهقي الأحاديث الخمسة في " شعب الإيمان "**

ئەبۇ ھۇرەيرە ،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
ئازابدىن قۇتقۇزغۇچى ئۈچ نەرسە بار؛
1. مەخپى يوشۇرۇن ھالەتتىمۇ، ئاشكارا ھالەتتىمۇ ئاللاھتائالادىن قورقۇش.
2. رازى بولغان چاغدىمۇ، غەزەپ قىلىپ، ئاچچىقى كەلگەندىمۇ ئادىل بولۇش.
3. پېقىرلىقتىمۇ، باي ھالەتتىمۇ نورمال، ئوتتۇرىھال بىر خىل بولۇش،
ھالاك قىلغۇچى ئۈچ نەرسە بار؛
1 ـ ھاۋايى ــ ھەۋەسكە ئەگىشىش، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىش.
2 ـ ئىتائەت قىلىنغان بېخىللىق.

3 ـ ئىنسانىنىڭ ئۆز ــ ئۆزىدىن ئەجەپلىنىپ كېتىشى، بۇ ئەڭ قاتتىقراقىدۇر.بەيھەقى، ئەبۇشەيخ،تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالاك قىلغۇچى ئۈچ نەرسە بار، قۇتقۇزغۇچى ئۈچ نەرسە بار، كاپارەت بولىدىغان ئۈچ نەرسە، دەرىجە بولىدىغان ئۈچ نەرسە باردۇر، ئەمما، ھالاك قىلغۇچىلار بولسا، ئىتائەت قىلىنغان بېخىللىق، ئەگىشىلىپ كېتىلگەن ھاۋايى ــ ھەۋەس، كىشىنىڭ ئۆز ــ ئۆزىدىن ئەجەبلىنىپ كېتىشىدۇر. ئەمما قۇتقۇزغۇچىلار بولسا، غەزەپ قىلغاندىمۇ، رازى بولغاندىمۇ ئادىل بولۇش، پېقىرلىقتىمۇ، باي ھالەتتىمۇ ئوتتۇرىھال، بىر خىل بولۇش، ئاشكارا، يوشۇرۇن ھالەتتە ئاللاھتائالادىن قورقۇش. ئەمما، كاپارەت بولىدىغا ئۈچ نەرسە بولسا، نامازدىن كېيىن،

ئامازغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاش، قاتتىق سوغۇقتىمۇ، مۇشەققەتلىك چاغلاردىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، جامائەتكە كۆپ چىقىش. ئەمما، دەرىجە بولىدىغان ئۈچ نەرسە بولسا، سالامنى ئاشكارا، كەڭرى قىلىش، تائام بېرىش، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلەردە ناماز ئوقۇشتۇر، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى ھەسەن دېگەن، چۈنكى، بۇنىڭ ئايەتتىن، سەھىھ ھەدىسلەردىن شاھىدى بار.

باب الظلم الفصل الأول زۇلۇم توغرىسىدا

5123 – [ 1 ] عن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الظلم ظلمات يوم القيامة " . متفق عليه

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇمدىن ھەزەر قىلىپ ساقلىنىڭلار، ھەققەتەن بۇ دۇنيادا زۇلۇم قىلىش، قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەتتۇر،بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ ھەدىس.

5124 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله ليملي للظالم حتى إذا أخذه لم يفلته " ثم يقرأ ( وكذلك أخذ ربك إذا أخذ القرى وهي ظالمة ) الآية . متفق عليه

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن، ئاللاھ زالىمغا پۇرسەت، مۆھلەت بېرىدۇ، ھالاك قىلىشقا تۇتقاندا بولسا، ھەرگىز بوش قويىۋەتمەيدۇ، خالاس قىلىۋەتمەيدۇ، قاچۇرۇپ قويمايدۇ، ئاندىن «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان شەھەر ئەھلىنى ئازاپقا تۇتقاندا، رەببىڭنىڭ جازالاپ تۇتىشى ئەنە شۇنداق قاتتىقتۇر»دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.ئىبنى ماجە 4008 _ ھەدىس، تىرمىزى 3035 _ ھەدىس، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم سەھىھ، ئايەتمۇ بىللە باردۇر.

5125 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم لما مر بالحجر قال : " لا تدخلوا مساكن الذين ظلموا أنفسهم إلا أن تكونوا باكين أن يصيبكم ما أصابهم " ثم قنع رأسه وأسرع السير حتى اجتاز الوادي . متفق عليه

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجر زېمىنىدىن ئۆتكەندە مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاۋۇ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ ئازابلانغان، ھالاك قىلىنغانلارنىڭ دىيارلىرىغا يىغلىغۇچى بولۇپ كىرىڭلار، ئەگەر يىغلىغۇچىلاردىن بولالمىساڭلار، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كىرمەڭلار، ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت، ئازاب سىلەرگىمۇ يېتىپ قالمىسۇن. ئاندىن بېشىنى مەھكەم يۆگەپ، ئۇلىغىنى تېزلىتىپ، ئۇ جايدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمە، بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.ئۇ سەمۇد قەۋمىنىڭ دىيارى ئىدى.

5126 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كانت له مظلمة لأخيه من عرضه أو شيء فليتحلله منه اليوم قبل أن لا يكون دينار ولا درهم إن كان له عمل صالح أخذ منه بقدر مظلمته وإن لم يكن له حسنات أخذ من سيئات صاحبه فحمل عليه " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشىغا يۈز ـ ئابرۇي، ئىناۋىتىنى تۆكۈپ ياكى مال ـ مۈلۈك جەھەتتىن زۇلۇم قىلىپ سالغان بولسا، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بولمىغان، ھېساب ـ كىتاب، پۇل ـ مال بىلەن ئېلىنمايدىغان قىيامەت كۈنى ئېلىپ بېرىلىشتىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادا رازىلىق ئالسۇن، رازى قىلسۇن، قىيامەت كۈنى بولسا، زالىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قىلغان

| |
|---|
| زۇلۇملىرىنىڭ مىقدارىدا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ يامان ئەمەللىرى، گۇناھلىرى ئېلىنىپ، زالىمنىڭ ئۈستىگە قىلىنىدۇ. (ئەنە شۇ كۈن كېلىشتىن بۇرۇن، رازى قىلىۋېلىڭلار). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. |
| **5127 – [ 5 ]** ( صحيح ) وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أتدرون ما المفلس ؟ " . قالوا : المفلس فينا من لا درهم له ولا متاع . فقال : " إن المفلس من أمتي من يأتي يوم القيامة بصلاة وصيام وزكاة ويأتي وقد شتم هذا وقذف هذا . وأكل مال هذا . وسفك دم هذا وضرب هذا فيعطى هذا من حسناته وهذا من حسناته فإن فنيت حسناته قبل أن يقضى ما عليه أخذ من خطاياهم فطرحت عليه ثم طرح في النار " . رواه مسلم<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇپلىسنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلار؛ بىز ئارىمىزدا دەرھەم-پۇللىرى، مال-ماتالىرى يوق كىشىنى مۇپلىس دەيمىز دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن ئۈممىتىمدىن مۇپلىس ئىپلاس كىشى دېگەن، مۇنداق كىشى بولۇپ، قىيامەت كۈنى نۇرغۇن ناماز، روزا، زاكاتلار بىلەن كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرىنى تىللاپ بىرگە بۆھتان قىلىپ، ئۇنىڭ مېلىنى يېۋېلىپ، بۇنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئۇنى ئۇرۇپ، بۇنى قىلىپ كېلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى تۈگىمەستىن ئۇنىڭ ياخشىلىقى تۈگەپ كەتسە، باشقىلارنىڭ خاتالىق گۇناھلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ ، ئاندىن ئۇ دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، مانا بۇ مۇپلىس، ئىپلاس ئادەم دېدى.مۇسلىم تىرمىزى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. |
| **5128 – [ 6 ]** ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لتؤدن الحقوق إلى أهلها يوم القيامة حتى يقاد للشاة الجلحاء من الشاة القرناء " . رواه مسلم وذكر حديث جابر : " اتقوا الظلم " . في " باب الإنفاق "<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە ھەقلەر، كىشىنىڭ ئېلىشى، نېسىۋلىرى قىيامەت كۈنى ئۆز ئەھلىگە قايتۇرۇلۇپ ئادا قىلىنىدۇ، ھەتتا مۈڭگۈزسىز قوي ئۈچۈن مۈڭگۈزلۈك قويدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ دۇنيادا مۈڭگۈزسىز بولۇپ بوزەك قىلىنغان قوي، قىيامەت كۈنى مۈڭگۈزلۈك ھالەتتە ئۆزىنى ئۈسسەگەن قوينى ئۈسسۈۋالىدۇ. (ئاھ! بۇ نېمىدېگەن مىسلىسىز ئادىل قانۇن ھە!). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ. |
| **5129 – [ 7 ]** الفصل الثاني ( ضعيف )وعن حذيفة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تكونوا إمعة تقولون : إن أحسن الناس أحسنا وإن ظلموا ظلمنا ولكن وطنوا أنفسكم إن أحسن الناس أن تحسنوا وإن أساؤوا فلا تظلموا " . رواه الترمذي . ويصح وقفه على ابن مسعود<br><br>ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۆز ۋە قىلىقلاردا باشقىلارغا تەقلىدچى بولماڭلار، كىشىلەر ياخشىلىق قىلسا، بىزمۇ ياخشىلىق قىلىمىز، زۇلۇم قىلسا، زۇلۇم قىلىمىز دېمەي، مۇستەھكەم، سۇباتلىق بولۇڭلار، كىشىلەر ياخشىلىق قىلسا، ياخشىلىق قىلغايسىلەر، زۇلۇم قىلسا، يامانلىق قىلسا، سىلەر زۇلۇم قىلماڭلار، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب دېگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. چۈنكى، ئەبۇ ھاشىم دېگەن راۋى زەئىپ دېيىلدى، بۇخارى رەھمەھۇللا؛ بارلىق مۇھەددىسلەر بۇ كىشىنى زەئىپ دېگەن دېدى، نەسەئىمۇ زەئىپ دېگەن، تىرمىزى، بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى بولماستىن، |

ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزى دېگەن، ئەلبانى سەۋەبسىز زەئىپ دېمەيدۇ.

**5130 – [ 8 ] وعن معاوية أنه كتب إلى عائشة رضي الله عنها أن اكتبي إلي كتابا توصيني فيه ولا تكثري . فكتبت : سلام عليك أما بعد : فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من التمس رضى الله بسخط الناس كفاه الله مؤونة الناس ومن التمس رضى الناس بسخط الله وكله الله إلى الناس " والسلام عليك . رواه الترمذي**

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا؛ ماڭا كۆپ سۆزلىمەستىن قىسقا قىلىپلا،بىر پارچە ۋەسىيەت يېزىپ ئەۋەتكىن دەپ خەت يازدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا؛ سالامۇن ئەلەيكە، ئەمما بەئدۇ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەپ خەت يازدى: كىم كىشىلەرنى خاپا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈش بەدىلىگە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھنى رازى قىلمەن دەپ كىشىلەرنى كايىتىپ قويسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە كىشىلەرنىڭ چىقىملىرىدىن ياردەملىرىدىن ھەممە ئىشلىرىدىن كۇپايە بولىدۇ، ئۇزى ئىگە بولىدۇ. كىم ئاللاھنىڭ غەزىپى، كايىشى بەدىلىگە كىشىلەرنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى كىشىلەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئىگە بولمايدۇ.ۋەسسالامۇ ئەلەيكە» تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5131 – [ 9 ] الفصل الثالث ( متفق عليه ) عن ابن مسعود قال : لما نزلت : ( الذين آمنوا ولم يلبسوا إيمانهم بظلم ) شق ذلك على أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم وقالوا : يا رسول اله : أينا لم يظلم نفسه ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس ذاك إنما هو الشرك ألم تسمعوا قول لقمان لابنه : ( يا بني لا تشرك بالله إن الشرك لظلم عظيم ؟ ) في رواية : " ليس هو كما تظنون إنما هو كما قال لقمان لابنه " .**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىيمانىغا زۇلۇمنى (يەنى شېرىكنى)ئارلاشتۇرمىغانلار ئەمىن خاتىرجەم بولىدۇ»دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ ساھابىلارغا قاتتىق ئېغىر كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قايسى بىرىمىز ئۆزىگە زۇلۇم قىلماي قالدۇ؟دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئۇ سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇ زۇلۇم شېرىكتۇر، سىلەر لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا قىلغان مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟:«ئى ئوغلۇم! **الله** قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، چۈنكى شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر»دېگەن.بۇخارى،مۇسلىم،مانابۇ ئايەتنى ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىشدۇر.

**5132 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي أمامة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من شر الناس منزلة عند الله يوم القيامة عبد أذهب آخرته بدنيا غيره " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قىيامەت كۈنى **الله** نىڭ دەرگاھىدا مەنزىل ئورۇن جەھەتتىن ئەڭ يامان كىشى، ئاخىرەتلىكىنى باشقىلارنىڭ دۇنيارىنىڭ(مال-دۇنيارىنىڭ)بەدىلىگە زايا قىلىپ يوق قىلىۋەتكەن بەندىدۇر.ئىبنى ماجە توپلىغان.

**5133 – [ 11 ] ( ضعيف )وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الدواوين ثلاثة : ديوان لا يغفره الله : الإشراك بالله . يقول الله عز وجل ( إن الله لا يغفر أن يشرك به ) وديوان لا يتركه الله : ظلم العباد فيما بينهم حتى يقتص بعضهم من بعض وديوان لا يعبأ الله به ظلم العباد فيما بينهم وبين الله فذاك إلى الله : إن شاء عذبه وإن شاء تجاوز عنه "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ خاتىرە دەپتەر ئۈچ خىل بولىدۇ، بىرى ئالالاھ كەچۈرمەيدىغان دەپتەردۇر، ئۇ بولسىمۇ شېرىك كەلتۈرۈش دەپ ئايەتنى ئوقۇدى، ئىككىنچىسى، ئاللاھ تەرىك ئەتمەي، سۈرۈشتە قىلىدىغان دەپتەر. ئۇ بولسا، بەندىلەرنىڭ بىر ــ بىرىگە زۇلۇم قىلىشى بولۇپ، بىرسى ــ بىرسىدىن قىساس ئېلىپ تۈگەيدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا، ئاللاھ پەرۋا قىلمايدىغان دەپتەر بولۇپ، بۇ، ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدىكى بەندىنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ قېلىشىدۇر، ئۇنى ئاللاھ خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا ئۆتنۈپتىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5134 – [ 12 ] وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إياك ودعوة المظلوم فإنما يسأل الله تعالى حقه وإن الله لا يمنع ذا حق حقه "**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار،چۈنكى ئۇ **الله** تىن ئۆز ھەققىنى سورايدۇ، **الله** تائالا ھەق ئىگىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىنى چەكلەپ توسمايدۇ.يەنى ئېلىپ بېرىدۇ.بەيھەقى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، گەرچە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى كاپىر، دىنسىز بولسىمۇ، يەنىلا دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەققەتە مەزلۇمنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىلىقىدا پەردە يوقتۇر، سەمۇيە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستە دىنسىز، كاپىرنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان چاغدىكى دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇشى سۆزلەندى، بىرىنچىسى، بۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بۇ باشقىراق بولىدۇ، زالىم دىنسىزغا ئوخشمايدۇ. ئىككىنچىسى، بۇ، مۇشۇ دۇنيادىلا تۇرغانلارنىڭ ئىجاۋەت بولغاندەك بولۇشى مۇمكىن، ئاللاھ ئالىمدۇر.

**5135 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أوس بن شرحبيل أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من مشى مع ظالم ليقويه وهو يعلم أنه ظالم فقد خرج من الإسلام "**

ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كىم بىرەر كىشىنىڭ زۇلۇم قىلغۇۋاتقان زالىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى كۈچلەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ بىللە ماڭسا، جەزمەن بۇنداق كىشى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ(يەنى دىنسىز زالىم قاتارىدا بولىدۇ)بەيھەقى توپلىغان.

**5136 – [ 14 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة أنه سمع رجلا يقول : إن الظالم لا يضر إلا نفسه فقال أبو هريرة : بلى والله حتى الحبارى لتموت في وكرها هزلا لظلم الظالم . روى البيهقي الأحاديث الأربعة في " شعب الإيمان "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىر كىشىنىڭ ؛ زالىم پەقەت ئۆزىگىلا زەرەر يەتكۈزىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېگەن: ئۇنداق ئەمەس، بەلكى، **الله** بىلەن قەسەمكى، زالىمنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقىدىن بۇدۇنە،قىرغاۋۇل قۇشى ئۆز ئۇۋىسىدا تورۇپمۇ ئورۇقلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ .(زالىمنىڭ سەۋەبىدىن يامغۇر ياغمايدۇ)بەيھەقى.

## [ 22 ] باب الأمر بالمعروف ياخشىلىققا بۇيرۇش توغرىسىدا

**الفصل الأول5137 – [ 1 ] ( صحيح )عن أبي سعيد الخدري عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " من رأى منكم منكرا فليغيره بيده فإن لم يستطع فبلسانه فإن لم يستطع فبقلبه وذلك أضعف الإيمان " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى

مۇنكەر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىپ تۈزەتسۇن، ئەگەر قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، دىلى بىلەن نارازى بولۇپ، مەيدان ئايرىسۇن، ئەنە ئاشۇ ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر. (ئۇنىڭ ئارقىسىدا قىچىنىڭ دېنىچىلىك ئىمان يوق). ئەھمەد، مۇسلىم،تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. (قولى بىلەن تۈزىتىدىغانلار ھاكىمىيەت، ئىسلام ساقچىلىرىدۇر، تىلى بىلەن تۈزىتىدىغانلار، ئالىم، ئۆلىمالاردۇر، دىلى بىلەن نارازى بولۇپ، مەيدان ئايرىيدىغانلار ئاۋام خەلقتۇر، ياكى بۇ بىرلا شەخستە يۈز بېرىشى مۇمكىن.)

**5138 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن النعمان بن بشير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل المدهن في حدود الله والواقع فيها مثل قوم استهمواسفينة فصار بعضهم في أسفلها وصار بعضهم في أعلاها فكان الذي في أسفلها يمر بالماء على الذين في أعلاها فتأذوا به فأخذ فأسا فجعل ينقر أسفل السفينة فأتوه فقالوا : مالك ؟ قال : تأذيتم بي ولا بد لي من الماء . فإن أخذوا على يديه أنجوه ونجوا أنفسهم وإن تركوه أهلكوه وأهلكوا أنفسهم " . رواه البخاري**

نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ھەد، جازا قانۇنلىرىنى بەرپا قىلىپ تۇرغۇچىلار بىلەن بۇ ھەد، جازاغا چۈشۈپ قالغۇچى ھىيلە ــ مىكىر ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ مىسالى، دېڭىزدا كىمىگە چەك تاشلاشقان قەۋمنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر، بەزىسى كېمىنىڭ ئۈستىگە بەزىسى ئاستىغا چۈشىدۇ، كېمىنىڭ ئاستىدىكى كىشىلەر سۇ ئالسا، ئۈستىدىكى كىشىلەردىن ئۆتىدۇ، ئاندىن ئۈستىدىكىلەر: بىز سىلەرنى سۇ ئالغىلى قويمايمىز، سىلەر تولا ئۈستىگە چىقىپ بىزگە ئازار بەردىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئاستىدىكىلەرقولىغا پالتا ئېلىپ: بىز ئۈستىمىزدىكىلەرگە تولا ئازار بەرمەي، سۇ ئالىدىغان تېشۈكىمىز ئۈچۈن كېمىنىڭ ئاستىنى تېشەيلى دەپ،كېمىنىڭ ئاستىنى چېپىشقا باشلايدۇ، ئۈستىدىكىلەر كېلىپ: سىلەرگە نېمە بولدى؟دېسە، ئۇلار؛ سىلەر بىزگە ئازار بەردىڭلار، بىزدىن ئازار ھىس قىلدىڭلار، بىزگە سۇ زۆرۈردۇر دەيدۇ، ئەگەر ئۈستىدىكىلەر كارى بولماي ئاستىدىكىلەرنى يامان نىيەتلىرى بىلەن تاشلىۋەتسە، ھەممىسى بىراقلا ھالاك بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئاستىدىكىلەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ياردەملەشسە، ئۆزلىرىمۇ ئۇلارمۇ ھەممىسى نىجات تېپىپ قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى 2099 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئەنە شۇنىڭدەك جازا قانۇنىنى ئىجرا قىلىدىغانلار يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن تارتىپ نەسىھەت قىلىپ، تەربىيلەپ خىزمەت ئىشلەپ جىنايەتتىن، گۇناھ، مەئسىيەتتىن توسۇپ قالسا، ئەگەر بىرەرسى ھەم جازاغا چۈشۈپ قالسا، ئىبرەت ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ كاپارەت بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن جازالاپ تۇرسا، ھەممىسى نىجات تېپىپ قۇتۇلۇپ قالىدۇ، كارى بولماي، تاشلىۋەتسە، جازاغىمۇ تارتمىسا، قۇرئاننى قانۇن قىلمىسا ھالاك بولىدۇ.

**5139 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن أسامة بن زيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يجاء بالرجل يوم القيامة فيلقى في النار فتندلق أقتابه في النار فيطحن فيها كطحن الحمار برحاه فيجتمع أهل النار عليه فيقولون : أي فلان ما شأنك ؟ أليس كنت تأمرنا بالمعروف وتنهانا عن المنكر ؟ قال : كنت آمركم بالمعروف ولا آتيه وأنهاكم عن المنكر وآتيه " . متفق عليه**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى ساڭگىلاپ سۆرىلىپ قالىدۇ، ئۇ دوۋزاخ ئىچىدە خۇددى ئېشەك تۈگمەن تېشىنى چۆرگىلەپ ئايلانغاندەك ئۈچەيلىرىنى چۆرگىلەپ ئايلىنىدۇ، دوۋزاخ ئەھلى ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى پالانى، ساڭا يەتكەن بۇ ئازاب ــ مۇسىبەت نېمە ئىش؟ سەن بىزنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقدىن توسمىغانمۇ؟. ئۇ كىشى: ئەلۋەتتە مەن سىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقدىن

نوسقان، لېكىن، مەن سىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۆزۈم ئۇنى قىلماپتىكەنمەن، مەن سىلەرنى يامانلىقدىن توسۇپ، ئۆزۈم ئۇ يامانلىقنى قىلىپ كېتىپتىمەن دەيدۇ، (مانا بۇ شۇنداق كىشىلىرنىڭ جازاسى). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇنداق كىشلەردىن قىلمىسىلا. ئامىن!

**5140 – [ 4 ] عن حذيفة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " والذي نفسي بيده لتأمرن بالمعروف ولتنهون عن المنكر أو ليوشكن الله أن يبعث عليكم عذابا من عنده ثم لتدعنه ولا يستجاب لكم " . رواه الترمذي**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يا سىلەر ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقدىن توسسىلەر ياكى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىن سىلەرگە ئومومىيۈزلۈك ئازاب ئەۋەتىدۇ. ئاندىن ئاللاھقا دۇئا قىلساڭلار، ئىجاۋەت قىلىنماي ھالاك بولىسىلەر. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**5141 – [ 5 ] ( حسن ) وعن العرس بن عميرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا عملت الخطيئة في الأرض من شهدها فكرهها كان كمن غاب عنها ومن غاب عنها فرضيها كان كمن شهدها " . رواه أبو داود**

ئەرس ئىبنى ئۇمەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىمىندا بىر خاتالىق، گۇناھ، مەئسىيەت قىلىنسا، ئۇ جايغا ھازىر بولۇپ، تۆپىدە تۇرغانلار، ئۇنى ئىنكار قىلىپ ياقتۇرمىسا، ئۇنىڭدىن غايىپ بولغاندەك بولىدۇ، بىرەر كىشى غايىپ بولسىمۇ، شۇ گۇناھنىڭ ئۈستىدە بولمىسىمۇ ئۇ خاتالىققا رازى بولسا، بىللە خاتالاشقاندەك بولىدۇ، يەنى، گۇناھقا شېرىك بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**5142 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن أبي بكر الصديق رضي الله عنه قال : يا أيها الناس إنكم تقرؤون هذه الآية : ( يا أيها الذين آمنوا عليكم أنفسكم لا يضركم من ضل إذا اهتديتم ) فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الناس إذا رأوا منكرا فلم يغيروه يوشك أن يعمهم الله بعقابه " . رواه ابن ماجه والترمذي وصححه . وفي رواية أبي داود : " إذا رأوا الظالم فم يأخذوا على يديه أوشك أن يعمهم الله بعقاب " . وفي أخرى له : " ما من قوم يعمل فيهم بالمعاصي ثم يقدرون على أن يغيروا ثم لا يغيرون إلا يوشك أن يعمهم الله بعقاب " . وفي أخرى له : " ما من قوم يعمل فيهم بالمعاصي هم أكثر ممن يعمله "**

جەرىيردىن ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى ئىنسانلار! سىلەر؛« ئى مۆئمىنلەر!سىلەر ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن مەھكەم ساقلاپ، ئۆزۈڭلارغا ھەزى بولۇپ ھىدايەت تاپساڭلار، سىلەرگە ئازغۇنلار زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ»دىگەن ئايەتنى ئوقۇيسىلەر،(يەنى بۇ ئايەتتىن ئۆزۈڭلار بىلەنلا بولۇڭلار دىگەن مەنا چىقىپ قالىدۇ)لېكىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەقىقەتەن كىشىلەر يامان ئىشنى، مۇنكەر ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى تۈزەتمىسە، ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئازابىنى، ھالاك قىلىشنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىراقلا ئومومىيۈزلۈك قىلىۋېتىشى مۇمكىن،يەنەبىردە؛ ھەقىقەتەن كىشىلەر زالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتىۋالمىسا، زۇلۇم قىلىشدىن توسماي، رازى بولسا، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئازابى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئاممەتەن زالىم ۋە باشقا كىشىلەرنىمۇ ھالاك قىلىشى مۇمكىن، يەنە بىردە؛ ھەر قانداق بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىنسا، ئۇلار گۇناھ قىلغان پاسىقلاردىن كۆپ ھەم كۈچلۈك ئەزىز تۇرۇپ ئاندىن ئۇنى توسمىسا، ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئازابنى ئومومىيۈزلۈك چۈشۈرىدۇ، بىراقلا ھالاك قىلىدۇ، (كىيىن، ئەملى، نىيىتى ئۈستىدە قوپىدۇ، ئاجىزلار چارە ــ ئامال قىلالمايدىغانلار مۇستەسنا).

ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5143 – [ 7 ] وعن جرير بن عبد الله قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما من رجل يكون في قوم يعمل فيهم بالمعاصي يقدرون على أن يغيروا عليه ولا يغيرون إلا أصابهم الله منه بعقاب قبل أن يموتو " . رواه أبو داود وابن ماجه**

جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا بىرەر كىشى گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلسا، ئۇلار گۇناھ قىلغان پاسىقلاردىن كۆپ ھەم كۈچلۈك قادىر تۇرۇپ ئاندىن ئۇنى توسىمىسا، ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئازابنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشۈرىدۇ، بىراقلا ھالاك قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5144 – [ 8 ] ( ضعيف ولبعض فقره شواهد )وعن أبي ثعلبة في قوله تعالى : ( عليكم أنفسكم لا يضركم من ضل إذا اهتديتم )فقال : أما والله لقد سألت عنها رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " بل ائتمروا بالمعروف وتناهوا عن المنكر حتى إذا رأيت شحا مطاعا وهوى متبعا ودينا مؤثرة وإعجاب كل ذي رأي برأيه ورأيت أمرا لا بد لك منه فعليك نفسك ودع أمر العوام فإن وراءكم أيام الصبر فمن صبر فيهن قبض على الجمر للعامل فيهن أجر خمسين منهم ؟ قال : " أجر خمسين منكم " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ سۇئلەبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «ئۆزۈڭلارنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزۈڭلار توغرا ھىدايەت يولىنى تاپساڭلار، ئازغانلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن ئايەت توغرىسىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىدۇم، ئۇ مۇنداق دېدى: ئىتائەت قىلىنغان بېخىللىقنى، ئەگىشىلگەن ھاۋايى ــ ھەسەۋنى، ئۈستۈن چوڭ بىلىنگەن قەرزىنى، ھەربىر كۆز قاراش ئىگىسىنىڭ ئۆز كۆزقارىشى بىلەن ئەجەپلىنىپ كەتكىنىنى كۆرگەنگە قەدەر ياخشىلىقا بۇيرۇپ، يامانلىقدىن توسقىن، (يەنى يۇقىرقى ئىشلار يۈز بەرگەندە، ئىختىيارىڭ دېگەن مەنىدە) سەن ئۈچۈن زادى ئامال يوق ئىشنى كۆرسەڭمۇ، ئۆزۈڭنى لازىم تۇتۇپ، ئۆزۈڭ بىلەن بول، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشىنى تەرىك ئەتكىن، تېخى ئارقاڭلاردا سەۋرىنىڭ كۈنلىرى باردۇر، كىم شۇ كۈندە سەۋرە قىلسا، ئۇ خۇددى چوغنى چاڭگاللىغاندەك بولىدۇ، چىڭ تۇتسا قولى كۆيىدۇ، تاشلىۋەتسە قۇرۇق قالىدۇ، شۇ كۈنلەردە ئەمەل قىلغۇچىلارغا شۇلاردىن 50 كىشىنىڭ ئەجرى بولامدۇ؟ دېسەم، سىلەردىن 50 كىشىنىڭ ئەجرى بولىدۇ دېدى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. چۈنكى، بۇ سەھىھ ھەدىسكە خىلاپ، ئۇ بولسىمۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرقى ئايەتنى چۈشەندۈرگەن سەھىھ ھەدىسىدۇر،

**5145 – [ 9 ] ( ضعيف وبعض فقره صحيحة الأسانيد ) وعن أبي سعيد الخدري قال : قام فينا رسول الله صلى الله عليه وسلم خطيبا بعد العصر فلم يدع شيئا يكون إلى قيام الساعة إلا ذكره حفظه من حفظه ونسيه من نسيه وكان فيما قال : " إن الدنيا حلوة خضرة وإن الله مستخلفكم فيها فناظر كيف تعملون ألا فاتقوا الدنيا واتقوا النساء " وذكر : " إن لكل غادر لواء يوم القيامة بقدر غدرته في الدنيا ولا غدر أكبر من غدر أمير العامة يغرز لواؤه عند أسته " . قال : " ولا يمنعن أحدا منكم هيبة الناس أن يقول بحق إذا علمه " وفي رواية : " إن رأى منكرا أن يغيره " فبكى أبو سعيد وقال : قد رأيناه فمنعتنا هيبة الناس أن نتكلم فيه . ثم قال : " ألا إن بني آدم خلقوا على طبقات شتى فمنهم من يولد مؤمنا ويحيى مؤمنا ويموت مؤمنا ومنهم من يولد كافرا ويحيى كافرا ويموت كافرا ومنهم من يولد مؤمنا ويحيى مؤمنا ويموت كافرا ومنهم من يولد كافرا ويحيى كافرا ويموت مؤمنا " قال : وذكر الغضب " فمنهم من يكون سريع الغضب سريع الفيء فإحداهما بالأخرى ومنهم من يكون بطيء الغضب بطيء الفيء**

**فإحداهما بالأخرى وخياركم من يكون بطيء الغضب سريع الفيء وشراركم من يكون سريع الغضب بطيء الفيء " . قال : " اتقوا الغضب فإنه جمرة على قلب ابن آدم ألا ترون إلى انتفاخ أوداجه ؟ وحمرة عينيه ؟ فمن أحس بشيء من ذلك فليضطجع وليتلبد بالأرض " قال : وذكر الدين فقال : " منكم من يكون حسن القضاء وإذا كان له أفحش في الطلب فإحداهما بالأخرى ومنهم من يكون سيء القضاء وإن كان له أجمل في الطلب فإحداهما بالأخرى وخياركم من إذا كان عليه الدين أحسن القضاء وإن كان له أجمل في الطلب وشراركم من إذا كان عليه الدين أساء القضاء وإن كان له أفحش في الطلب " . حتى إذا كانت الشمس على رؤوس النخل وأطراف الحيطان فقال : " أما إنه لم يبق من الدنيا فيما مضى منها إلا كما بقي من يومكم هذا فيما مضى منه " . رواه الترمذي**

تىرمىزى، ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن خاتىرلىگەن بۇ ھەدىسنى ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. بۇ ھەدىستا مۇنداق دېيىلىدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزىدىن كېيىن  تۇرۇپ خۇتبە سۆزلەپ بەردى؛قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنى بىرنى قويماي سۆزلىدى، يادا ئالغانلار ئالدى، ئۇنۇتقانلار ئۇنۇتتى، بۇ خۇتبىدە مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دۇنيا يېشىل، تاتلىقدۇر، ئاللاھ سىلەرنى ئۇنىڭغا خەلىپە، ئىز باسار قىلىپ قانداق قىلىشقلارغا قارايدۇ، دۇنيا بىلەن ئايال كىشىدىن ھەزەر قىلىڭلار، قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچىنىڭ دۇنيادىكى خىيانىتى مىقداردا بايرىقى بولىدۇ، ئاۋام خەلقنىڭ باشلىرى بولغان خەلىپىلىرىنىڭ خىيانىتىدىن چوڭ خىيانەت يوق، ئۇنىڭ بايرىقى ئارقىسىغا قادىلىدۇ، سىلەرنى ھەقنى سۆزلەشدىن، كىشىلەرنىڭ ھەيبىتى توسۇپ قويمىسۇن، يامان ئىشنى ئۆزگەرتىشدىن توسۇپ قويمىسۇن، ئەبۇ سەئىيد سۆزنى دەۋتىپ، بىز ئۇ ئىشلارنى كۆردۇق، لېكىن، ھەقنى سۆزلەشدىن توسۇشقا تېگىشلىكنى توسۇشدىن ھەيبەت توسۇپ قويدى دەپ يىغلاپ كېتىپ يەنە سۆزنى داۋام قىلدى، ئاگاھ بولۇڭلار، ئادەم باللىرى نەچچە تەبىقە يارىتىلدى، ئۇلاردىن بەزىسى مۆئمىن تۇغۇلۇپ، مۆئمىن ياشاپ يەنە مۆئمىن ئۆلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى كاپىر تۇغۇلۇپ، كاپىر ياشاپ، كاپىر پېتى ئۆلىدۇ، بەزىسى مۆئمىن تۇغۇلۇپ، مۆئمىن ياشاپ، كاپىر ئۆلىدۇ، بەزىسى كاپىر تۇغۇلۇپ، كاپىر ياشاپ، مۆئمىن ئۆلىدۇ، ئاندىن غەزەپنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى تېز ئاچچىقلاپ، تېز يانىدۇ، بۇنىڭ بىر ئىشى بىر ئىشىغا تەڭ، بەزىسىنىڭ ئاچچىقى ئاستا كېلىپ، ئاستا يانىدۇ، بۇمۇ بىر ـ بىرىگە تەڭ. ياخشىڭلار، ئاچچىقى ئاستا كېلىپ، تېز يانغىنى. يامىنىڭلار، ئۇنىڭ ئەكسى. غەزەپدىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇ قەلبىدىكى چوغدۇر، ئۇنىڭ جان تومۇرلىرىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىگە كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كېتىشىگە قارىمامسىلەر؟ كىم شۇنى ھىس قىلسا، ئۇگىدا يېتىۋالسۇن،ئاندىن قەرىزنى تىلغا ئالدى........ياخشىڭلار قەرزنى ياخشىلىقچە ئادا قىلغىنىڭلار، يامىنىڭلار مايانلىق قىلغىنىڭلار...... ئاندىن ئاخىرىدا دۇنيادىن پەقەت ھازىرقى، بۈگۈنكى كۈنلۈكلارچىلىك قالدى دېدى، ئۇ چاغ بولسا، كۈن كىرىپ كېتىش ئالدىدا ئىدى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، چۈنكى، ئەلى ئىبنى زەيد جودئان دېگەن كىشىنى يەھيا تەرىك ئەتتى، ئەھمەد رەھمەھۇللا بىلەن يەھيا مەئىين كۈچلۈك ئەمەس دېگەن.يەنە بىر راۋىسى خاتالىشىدىكەن،سەۋەب كۆپ.

**5146 – [ 10 ] وعن أبي البختري عن رجل من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لن يهلك الناس حتى يعذروا في أنفسهم " . رواه أبو داود**

بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئۆزلىرىدىن ئۆزرە ئىبىتقىدەك، كەچۈرۈم سورىغىدەك گۇناھلىرى، ئەيىبلىرى كۆپ بولمىغىچە، ئۇلارغا گۇناھلىرىنىڭ كۆپلىكىگە

ھۆججەت تۇرغۇزۇلمىغىچە ھەرگىز ھالاك بولمايدۇ، شۇ ھالەتتە ھالاك بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3783 _ ھەدىس، ئەھمەد 17573 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5147 – [ 11 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عدي بن عدي الكندي قال : حدثنا مولى لنا أنه سمع جدي رضي الله عنه يقول : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله تعالى لا يعذب العامة بعمل الخاصة حتى يروا المنكر بين ظهرانيهم وهم قادرون على أن ينكروه فلا ينكروا فإذا فعلوا ذلك عذب الله العامة والخاصة " . رواه في " شرح السنة "**

ئەدىينىڭ بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن **الله** تائالا، ئاۋام خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا مۇنكەر يامان ئىشنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىنكار قىلىپ توسۇشقا قادىر تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى توسماي، كارى بولمىغىچە ، ئاۋام خەلقنى خاس بىرەر كىشىنىڭ يامان ئەمەللىرى سەۋەپلىك ئازاپلىمايدۇ، ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا(يەنى يامان ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ، توسۇشقا قادىر تۇرۇپ توسمىسا) ئاندىن ئۇلارنى ئىچىدىكى ئاز بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ يامان ئەمەللىرى سەۋەپلىك ئازاپلايدۇ.شەرھىسسۇننە.

**5148 – [ 12 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لما وقعت بنو إسرائيل في المعاصي نهتهم علماؤهم فلم ينتهوا فجالسوهم في مجالسهم وآكلوهم وشاربوهم فضرب الله قلوب بعضهم ببعض فلعنهم على لسان داود وعيسى ابن مريم ذلك بما عصوا وكانوا يعتدون " . قال : فجلس رسول الله صلى الله عليه وسلم وكان متكئا فقال : " لا والذي نفسي بيده حتى تأطروهم أطرا " . رواه الترمذي وأبو داود وفي روايته قال : " كلا والله لتأمرن بالمعروف ولتنهون عن المنكر ولتأخذن على يدي الظالم ولتأطرنه على الحق أطرا ولتقصرنه على الحق قصرا أو ليضربن الله بقلوب بعضكم على بعض ثم ليلعننكم كما لعنهم "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەنى ئىسرائىللار، گۇناھ _ مەئسىيەتكە چۈشكەندە، ئۇلارنى ئۆلىمالىرى توساپ باقتى، ئۇلار يانماپتى، ئالىملىرى توسماي ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشۇپ يىيىشتى، ئىچىشتى، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىرىنى _ بىرسىگە ئۇردى، يەنى پىرقە _ پىرقىگە بۆلۈۋەتتى، ئۇلارغا، ئاسىيلىق ھەددىدىن ئېشىش سەۋەبىدىن، داۋۇد،ئەيسا ئەلەيھىمەسسالامنىڭ تىلىدا لەنەت قىلىندى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇس ئولتۇرغاندىن كيىن؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، زالىمنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇنى زۇلۇمدىن توسۇپ، ھەقىقەتكە مەجبۇر كەلتۈرسىلەر، زالىملارنى جازالىيسىلەر ياكى **الله** تائالا سىلەرنىمۇ مۇتەپەررىق قىلىۋېتىپ، ئۇلارغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىدۇ. تىرمىزى،ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن،ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

**5149 – [ 13 ] وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " رأيت ليلة أسري بي رجالا تقرض شفاههم بمقاريض من نار قلت : من هؤلاء يا جبريل ؟ قال : هؤلاء خطباء أمتك يأمرون الناس بالبر وينسون أنفسهم " . رواه في " شرح السنة " والبيهقي في " شعب الإيمان " وفي روايته قال : " خطباء من أمتك الذين يقولون ما لا يفعلون ويقرؤون كتاب الله ولا يعملون "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنى سەيرە قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى، نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئوتتىن بولغان قايچىدا كېسىلگىنىنى كۆرۈپ، ئى جىبرىئىل ئۇلار كىملەر دېدىم؟ ئۇ: ئۇلار سېنىڭ ئۈممىتىڭنىڭ كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، يەنە بىر خاتىرىدە؛ ئۆزلىرى ئەمەل قىلمايدىغان ئىشلارنى باشقىلارغا سۆزلەيدىغان، قۇرئاننى ئوقۇپ، ئەمەل قىلمايدىغان

خەتىپلار، ئىماملار دېدى، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى سەھىھ دېدى.

**5150 – [ 14 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن عماربن ياسر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنزلت المائدة من السماء خبزا ولحما وأمروا أن لا يخونوا ولا يدخروا لغد فخانوا وادخروا ورفعوا لغد فمسخوا قردة وخنازير "** . رواه الترمذي

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئەيسانىڭ زامانىدا ئاسماندىن گۆش بىلەن نان بار دوسقان نازىل قىلىنىپ، ئۇلار خىيانەت قىلماسلىقتا، ئەتىگە ئۇنىڭدىن نەرسە ئېلىپ تەييارلىق قىلماسلىققا بۇيرۇلدى، ئاندىن ئۇلار خىيانەت قىلدى، ئەتىگە تەييارلىق قىلىپ ئېلىۋالدى، ئۆيلىرىگە كۆتۈرۈپ ماڭدى، ئاندىن ئۇلار مايمۇن، توڭگۇزغا ئۆزگەرتىۋېتىلدى.تىرمىزى توپلىغان.

**5151 – [ 15 ] الفصل الثالث** ( لم تتم دراسته ) **عن عمربن الخطاب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنه تصيب أمتي في آخر الزمان من سلطانهم شدائد لا ينجو منه إلا رجل عرف دين الله فجاهد عليه بلسانه ويده وقلبه فذلك الذي سبقت له السوابق ورجل عرف دين الله فصدق به ورجل عرف دين الله فسكت عليه فإن رأى من يعمل الخير أحبه عليه وإن رأى من يعمل بباطل أبغضه عليه فذلك ينجو على إبطانه كله "**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئاخىر زاماندا ئۈممىتىمگە ئۇلارنىڭ سۇلتانلىرى تەرەپتىن قاتتىق مۇسىيبەتلەر يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن پەقەت **الله** نىڭ دىنىنى تونىغان، دىنىنى قوغداپ تىلى بىلەن، قولى بىلەن، دىلى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى نىجات تېپىپ قۇتۇلالايدۇ، ئەنە شۇ سائادەنمەنلىك خۇش بىشارەتلىرى ئىلگىرلەپ كەتكەن ئىلغار كىشىدۇر، ۋە يەنە **الله** نىڭ دىنىنى تونۇپ، ئۇنى تەستىقلاپ ئىشەنگەن، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم چىڭ تۇرغان، ياخشىلىق قىلغان كىشىنى كۆرسە، ئۇنى دىنىنى دەپ ياخشى كۆرىدىغان، باتىل يامان ئىشنى قىلغان كىشىنى كۆرسە، غەزەپ قىلىپ توسىدىغان كىشمۇ ياخشىلىقنى ياخشى كۆرىشى، يامانلىق باتىل ئىشنى يامان كۆرىشى ئاساسىدا نىجات تاپىدۇ. بەيھەقى.

**5152 – [ 16 ] وعن جابرقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أوحى الله عز وجل إلى جبريل عليه السلام : أن اقلب مدينة كذا وكذا بأهلها قال : يارب إن فيهم عبدك فلانا لم يعصك طرفة عين " . قال : " فقال : اقلبها عليه وعليهم فإن وجهه لم يتمعر في ساعة قط "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:**الله** تائالا جىبرىئىلغا: پالانى، پالانى شەھەرنى ئەھلى بىلەن قوشۇپ دۇم كۆمتىرىۋەتكىن دەپ ۋەھى قىلدى، ئۇ: ئى رەببىم! بۇ شەھەردە سىنىڭ پالانى بەندەڭ بار بولۇپ، ئۇ ساڭا، بىر قېتىم كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىكمۇ ئاسىيلىق قىلىپ باقمىدى دېسە، **الله** تائالا: ئۇ شەھەرنى ئەشۇ كىشىنىڭ ۋە شەھەرئەھلىنىڭ ئۈستىگە دۇم كۆمتىرىۋەرگىن، چۈنكى ئۇ پالانى بەندەم يامانلىقنى كۆرگەندە،ئۇنىڭ يۈزى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن قىزىرىپ ئۆزگىرىپ باقمىدى دېدى. يەنى نوسۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، نارازىمۇ بولمىدى، دىلىدا نارازى بولمىدى، بەيھەقى.

**5153 – [ 17 ] وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله عز وجل يسأل العبد يوم القيامة فيقول : ما لك إذا رأيت المنكر فلم تنكره ؟ " قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فيلقى حجته فيقول : يا رب خفت الناس ورجوتك "** . روى البيهقي الأحاديث الثلاثة في " شعب الإيمان "

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ قىيامەت كۈنى بەندىلەردىن سۇئال سوراپ، سوراقتا تارتىدۇ، ھەتتا، ئۇنىڭدىن مۇنداق سورايدۇ، سەن مۇنكەر، ياماننى كۆرگىنىڭدە ئۇنى ئىنكار قىلىشىڭدىن، توسۇشىڭدىن سېنى نېمە توستى؟ بەندە جاۋاب بېرەلمىسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۈگىتىپ، ھۆججەتنى، جاۋابنى تەلقىن قىلىپ تاشلايدۇ. ئاندىن بەندە؛ ئى رەببىم، سېنىڭ رەھمەتلىرىنى، ئەپۇلىرىنى ئۈمىد قىلدىم، كىشىلەردىن قورقتۇم دەيدۇ.بەيھەقى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5154 – [ 18 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي موسى الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفس محمد بيده إن المعروف والمنكر خليقتان تنصبان للناس يوم القيامة فأما المعروف فيبشر أصحابه ويوعدهم الخير وأما المنكر فيقول : إليكم إليكم وما يستطيعون له إلا لزوما " . رواه أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان "

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:الله بىلەن قەسەمكى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىككى مەخلۇق بولۇپ، قىيامەت كۈنى بۇ ئىككىسى كىشىلەرگە تىكلىنىپ تۇرغۇزۇلىدۇ، ياخشىلىق بولسا، ئۆز ئىگىللىرىگە خۇش بىشارەت بېرىپ، ياخشىلىقنى ۋەدە قىلىدۇ، يامانلىق بولسا؛ مەندىن يىراق تۇرۇڭلار، نېرى تۇرۇڭلار دەيدۇ، يامانلىق ئەھلى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا قادىر بولالماي ، ئۇنىڭغا چاپلىشىپ قالىدۇ.يەنى جازاسىنى تارتىدۇ.ئەھمەد، بەيھەقى.

**كتاب الرقاق – الفصل الأول**

## قەلبى يۇمشاق بولۇش، زاھىد بولۇپ ئاخىرەتكە تۈرۈشنىڭ كىتابى

**5155 – [ 1 ]** ( صحيح ) عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعمتان مغبون فيهما كثير من الناس : الصحة والفراغ " . رواه البخاري

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەجىردىن مەھرۇم قىلىپ، زور زىيان تارتىۋاتقان ئىككى نېئمەت باردۇر، بىرى ساقلىق، يەنە بىرى بولسا بوش ۋاقىتتۇر. بۇخارى 5933 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2226 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 3038 ـ ھەدىس، دارمى 2591 ـ ھەدىس، سەھىھ.(كىشىلەر ساقلىقىنىڭ بوش ۋاقىتىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى قىلالماي، ئەيىب ـ نۇقسانلىق، كەمچىلىك سادىر قىلىپ نۇرغۇن ياخشىلىق، ئەجىرنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، زور زىيان تارتىدۇ.

**5156 – [ 2 ]** ( صحيح ) وعن المستورد بن شداد قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " والله ما الدنيا في الآخرة إلا مثل ما يجعل أحدكم أصبعه في اليم فلينظر بم يرجع " . رواه مسلم

مۇستەۋرد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن پەقەت بىرىڭلار بارمىقىنى دېڭىزنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۇنىڭ نېمە بىلەپ قايتىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرغىنىغا ئوخشايدۇ. (يەنى ئاخىرەت چەكسىز دېڭىز بولسا، بۇ دۇنيا ئاشۇ بارماقتا يۇققان سۇچىلىكتۇر). مۇسلىم 5101 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2245 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4098 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17322 ـ ھەدىس، سەھىھ.

5157 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر بجدي أسك ميت . قال : " أيكم يحب أن هذا له بدرهم ؟ " فقالوا : ما نحب أنه لنا بشيءقال : " فوالله للدنيا أهون على الله من هذا عليكم " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئىككى قۇلىقى چۇلاق بىر كىچىك قوينىڭ جەسىدىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ،ئۇنىڭ تاپىنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ؛قايىسىڭلار بۇنى بىر دەرھەمگە ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ دىسە، ئۇلار؛ بىز ئۇنى ھېچ نەرسىگە ئېلىشنى ياخشى كۆرمەيمىز دېدى،(چۈنكى ئۇ ئۆلۈك،ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەيىب_نوقسانى بار)ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،ئەلۋەتتە بۇ دۇنيا ئاللاھقا،مۇشۇ جەسەد سىلەرگە ھاقارەتلىك بولغاندىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. (باشقا خاتىرىدە، بۇ دۇنيا ئاللاھنىڭ نەزىدە بىر تال پاشىنىڭ قانىتىغا ئەرزىگەن بولسا، كاپىرلارغا بىر تامچە سۇنىمۇ بەرمىگەن بولاتتى دېيىلگەن ئۆتتى). مۇسلىم 5257 _ ھەدىس، ئەھمەد 14402 _ھ ەدىس، ئەبۇ داۋۇد تۇپلىغان، سەھىھ.

5158 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الدنيا سجن المؤمن وجنة الكافر " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە، سەلمان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ دۇنيا دىگەن مۆئمىننىڭ تۈرمىسى، كاپىر، دىنسىزلارنىڭ جەننىتىدۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم، بەزار تۇپلىغان، سەھىھ، بۇ دۇنيا جەننەتكە نىسبەتەن تۈرما بولسا، دوۋزاخقا نىسبەتەن جەننەتتۇر.

5159 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن الله لا يظلم مؤمنا حسنة يعطي بها في الدنيا ويجزي بها في الآخرة وأماالكافر فيطعم بحسنات ما عمل بها لله في الدنيا حتى إذا أفضى إلى الآخرة لم يكن له حسنة يجزى بها رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالا زۇلۇم قىلمايدۇ، مۆئمىن كىشىنىڭ ياخشىلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭغا دۇنيادىمۇ بىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا، كاتتا ساۋاب بىرىلىدۇ، كاپىر، دىنسىزنىڭ الله ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگەكەلسەك، ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا بۇ دۇنيادىلا تائام (ۋە باشقا كىيىم _ كېچەك، سالامەتلىك) قاتارلىقلارنى بىرىدۇ، ئۇ ئاخىرەتكە بارغاندا بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارابىرىگە ياخشىلىق، مۇكاپات بەرگۈدەك بىرمۇ ياخشىلىقى بولمايدۇ، (چۈنكى، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئاخىرەت ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ، سەۋەبى ئىمان يوق) مۇسلىم، ئەھمەد تۇپلىغان، سەھىھ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، مۆئمىن كىشى ئەمەللىرىدە ياخشىلىقلىرىدا ئاللاھنى، جەننەتنى، ئاخىرەتنى، ساۋاب، مۇكاپاتنى مەخسەت قىلىدۇ، دىنسىزلار بولسا، قەتئىي ئۇنداق ئەمەس، پەقەت دۇنيانىلا خالاس

5160 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حجبت النار بالشهوات وحجبت الجنة بالمكاره إلا أن عند مسلم : " حفت " . بدل " حجبت "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دوۋزاخ، شەھۋەتلەر بىلەن پەردىلەندى، جەننەت بولسا، جاپا _ مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن پەردىلەندى، (كىم ئاشۇ پەردىلەرنى بۆسۈپ ئۆتسە، بۇ ئىككىسىگە كىرىدۇ) بۇخارى،مۇسلىم تۇپلىغان، سەھىھ. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن قورشاپ پەردىلەندى، دوۋزاخ بولسا، شەھۋەتلەر بىلەن قورشاپ پەردىلەندى، (ئۇنى بۆسۈپ ئۆتسە، بۇ

ئىككىسىگە كىرىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5161 – [ 7 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تعس عبد الدينار وعبد الدرهم وعبد الخميصة إن أعطي رضي وإن لم يعط سخط تعس وانتكس وإذا شيك فلا انتقش . طوبى لعبد آخذ بعنان فرسه في سبيل الله أشعث رأسه مغبرة قدماه إن كان في الحراسة كان في الحراسة وإن كان في الساقة كان في الساقة وإن استأذن لم يؤذن له وإن شفع لم يشفع رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇن ــ كۈمۈشنىڭ، كىيىم ــ كېچەكلەرنىڭ قۇللىرى بەندىلىرى ھالاك بولۇپ كەتتى، ئەگەر ئۇنىڭغا بېرىلسە، رازى بولىدۇ، بېرىلمىسە، كايىپ، ئاچچىقلايدۇ، ئۇنداق دۇنيا پەرەس كىشىلەر ھالاك بولۇپ كەتتى، ھەر جەھەتتىن چوڭ زىيان تارتتى، ئەگەر ئۇنىڭغا بىر تال شوخا تىكەن كىرىپ كەتسە، ئۇنى تارتىپ قويۇلمايدۇ، (بۇ ئۆزىنىڭ شورى) ئاللاھ يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، چاچلىرى چۇۋۇق، قەدەملىرىنى چاڭ ــ توزان باسقان مۇجاھىد كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئۇ پوستا قويۇلسا، پوستا تۇرىدۇ، شۇ جايدا بولىدۇ، قوشۇن ئىچىدە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇلسا، يۈرۈش قىلىپ جەڭ قىلىدۇ.ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بېرىلمەيدۇ، ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شاپائەت سورىسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇنداق كىشىگە خۇش مۇبارەك، بۇخارى 2673 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2297 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4126 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5162 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن أبي سعيد الخدري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن مما أخاف عليكم من بعدي ما يفتح عليكم من زهرة الدنيا وزينتها " . فقال رجل : يا رسول الله أو يأتي الخير بالشر ؟ فسكت حتى ظننا أنه يترل عليه قال : فمسح عنه الرحضاء وقال : " أين السائل ؟ " . وكأنه حمده فقال : " إنه لا يأتي الخير بالشر وإن مما ينبت الربيع ما يقتل حبطا أو يلم إلا آكلة الخضر أكلت حتى امتدت خاصرتاها استقبلت الشمس فثلطت وبالت ثم عادت فأكلت . وإن هذا المال خضرة حلوة فمن أخذه بحقه ووضعه في حقه فنعم المعونة هو ومن أخذه بغير حقه كان كالذي يأكل ولا يشبع ويكون شهيدا عليه يوم القيامة**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە مەندىن كېيىن دۇنيانىڭ زىبۇ ــ زىننەتلىرى، گۈزەللىكى، مال ـ دۇنيالىرى كەڭرى ئېچىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، دېسە، بىركىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ياخشىلىقمۇ يامانلىقنى ئېلىپ كېلەمدۇ؟دېدى، جىم تۇرۇپتى، بىز ۋەھى نازىل بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدۇق، ئاندىن تەرلىرىنى ئېتىۋېتىپ؛ سوئال سورىغۇچى قېنى؟دېدى، گۈياكى ئۇنى ماختىغاندەك قىلىپ؛ ھەقىقەتەن ياخشىلىق، يامانلىق بىلەن كەلمەيدۇ، ياخشىلىق، ياخشىلىق بىلەن كېلىدۇ، ياخشىلىق يامانلىقنى ئېلىپ كەلمەيدۇ، (لېكىن، بۇ مىسالغا قۇلاق سېلىڭلار) ھەقىقەتەن باھار ئۈندۈرگەن ئوت ــ چۆپلەردىن ماللارنىڭ قورسىقىنى ئېسىپ، قورسىقىنى ئېتىۋېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ياكى ھالاكەتكە، ئۆلۈمگە يېقىن ئاپىرىپ قويىدىغان نەرسىلەر بار، (بۇ مال ــ دۇنيانى ھەقسىز ئېلىۋېلىپ، ئورۇنسىز ئەسەرۈپ قىلغان كىشىنىڭ ھالاك بولىشىدۇر) لېكىن، يېشىل ئوت ــ چۆپنى لايىقىدا يەپ، قورسىقى تويۇپ، قورسىقى چىققاندا، ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىپ، تېزەكلەپ، مايالاپ، سىيىپ ئىچىنى بوشۇتۇپ، ئاندىن يەنە كېلىپ ئوتلىغان ئۇلاغ، ئۆلۈمدىن، ھالاكەتتىن قۇتۇلىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ مال ـ دۇنيا دېگەن، يېشىل، تاتلىق نەرسىدۇر، (بۇ مال ــ دۇنيانى لايىقىدا ھەققى بىلەن ئېلىپ، ھەققىنى ئادا قىلىپ، جايىغا سەدىقە قىلغان كىشىنىڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىدۇر) مۇسۇلمانغا ھەمراھ بولغان مال ــ دۇنيا نېمىدېگەن ياخشى، ئۇ مال ــ دۇنيا دېگەن؛ مۇنداق مۇسۇلمان كىشىگە خاستۇر، مۇسۇلمان كىشى ئۇ ماللارنى مىسكىن، يېتىم، مۇساپىرلارغا، غېرىپلارغا

بېرىدۇ، كىم ئۇ مال ــ دۇنيانى ھەققى بىلەن ئېلىپ، شۇ ماللارنىڭ ھەققى بار جايلارغا قويالسا، جايىدا ئەسەررۇپ قىلسا، مال ــ دۇنيا دېگەن ئۇ كىشىگە نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى ھە! (بۇنداق كىشىگە بەرىكەت بېرىلىدۇ) كىم مال ــ دۇنيانى ھەققىسىز ئېلىپ، ھارامدىن ئېلىپ، ئەسەررۇپ قىلسا، ئۇ يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ مال ــ دۇنيا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قارىشىسىغا، زىيىنىغا گۇۋاھچى بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس مۇسۇلمانلارغا مال ــ دۇنياغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشنى ئۆگەتتى

**5163 – [ 9 ]** ( متفق عليه ) وعن عمرو بن عوف قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فوالله لا الفقر أخشى عليكم ولكن أخشى عليكم أن تبسط عليكم الدنيا كما بسطت على من كان قبلكم فتنافسوها كما تنافسوها وتهلككم كما أهلكتهم

ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى ھەققەتەن ئەبۇ ئۇبەيدە، بەھرەيىندىن ئولجا، غەنىيمەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى، دەپ گۇمان قىلىمەن، سىلەر ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن، بىشارەت ئېلىڭلاركى، ئۇ راست ئېلىپ كەلدى، سىلەرنى خۇرسەن قىلىدىغان، سىلەرگە ئاسان قىلىدىغان نەرسىلەرنى، ئارزۇ ــ ئۈمىد قىلساڭلار بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە پېقىرلىقدىن ئەنسىرىمەيمەن، لېكىن مەن دۇنيانىڭ، خۇددى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگەكەڭرى بولۇپ كەتكەندەك ، سىلەرگىمۇ كەڭرى بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن،ئاندىن سىلەر، بۇرۇنقىلارقىززىققاندەك، دۇنياغا قىزىقىپ كېتىسىلەر،ئاندىن دۇنيا ،بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلغادەك ،سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىشىتىدۇ،مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. بۇخارى،مۇسلىم،«ئەھمەد ،بەيھەقى،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان ،سەھىھ

**5164 – [ 10 ]** ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " اللهم اجعل رزق آل محمد قوتا وفي رواية "كفافا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىنىڭ رىزقىنى كۈچ ــ قۇۋۋەت قىلىپ بەرسىلە، ئىشىپمۇ قالماي، كاملاپمۇ قالماي، نورمال، ئوتتۇرىھال كۈپايە بولغىدەك قىلىپ بەرسىلە.بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5165 – [ 11 ]** ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قد أفلح من أسلم ورزق كفافا وقنعه الله بما آتاه " . رواه مسلم

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى مۇسۇلمان بولغان، رىزقى ئېشىپمۇ قالماي، كاملاپمۇ قالماي، قەرىزدار بولۇپ قالماي، ئوتتۇرىھال نورمال بېرىلگەن، ئاللاھ بەرگەن نەرسىسىگە قانائەت قىلدۇرغان، ئاللاھقا شۈكرى قىلىپ، قانائەت قىلغان كىشى جەزمەن ئىككى ئالەم نىجات تاپىتى، (ئۇ ھەممىدىن بەختلىكتۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5166 – [ 12 ]** ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقول العبد : مالي مالي . وإن ماله من ماله ثلاث : ما أكل فأفنى أو لبس فأبلى أو أعطى فأقتنى . وما سوى ذلك فهو ذاهب وتاركه للناس " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە مېلىم، مېلىم دەيدۇ، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئۆچۈن پەقەت مال ــ مۈلكىدىن ئۈچ نەرسە قالىدۇ، يەپ تۈگەتكىنى، كىيىپ

چىرىتكىنى ياكى بىرىپ باي قىلغىنى، رازى قىلغىنى، يەنى سەدىقە قىلغىنى قالىدۇ،ئۇنىڭدىن باشقا ماللاردىن ئۇ كېتىپ، ماللىرىنى كىشىلەرگە قالدۇرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5167 – [ 13 ]** ( متفق عليه ) **وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يتبع الميت ثلاثة : فيرجع اثنان ويبقى معه واحد يتبعه أهله وماله وعمله فيرجع أهله وماله ويبقى عمله "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىيىتكە ئۈچ نەرسە ئەگىشىدۇ، ئىككىسى قايتىپ كېلىپ، بىرسى قېلىپ قالىدۇ،ئۇنىڭغا ئەھلى، ئەملى، مېلى ئەگىشىدۇ، ئەھلى بىلەن ماللىرى قايتىدۇ، ئەمەللىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5168 – [ 14 ]** ( صحيح ) **وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : أيكم مال وارثه أحب إليه من ماله ؟ قالوا:يا رسول الله ما منا أحد إلا ماله أحب إليه من مال وارثه قال :فإن ماله ما قدم ومال وارثه ما أخر رواه البخاري**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قايسىڭلارغا ئۆزىنىڭ مېلىدىن ۋارىسىنىڭ مېلى سۆيۈملۈك؟ ئۇلار: ئۆزىمىزنىڭ مېلى دىگەندە، رەسۇلۇللاھ:ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ مېلى دىگەن ئۆزىدىن بۇرۇن تەقدىم قىلغاچ تۇرغان مالدۇر، ۋارىسىنىڭ مېلى بولسا، كېيىن قالغان، قالدۇرغان مالدۇر دىگەن، (مەخسەت، ئاخىرەت ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا نەرسە بەرگىن) بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.
ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىلىڭلاركى، سىلەردىن ھەربىر كىشىگە ۋارىسىنىڭ مېلى ئۆز مېلىدىن سۆيۈملۈكتۇر، «يەنى مالنى ئاللاھ يولىدا خەۋلىمەي قالدۇرۇپ قويىدۇ» سىنىڭ مېلىڭ، سەن ئاللاھ يولىدا تەقدىم قىلغان مالدۇر، ۋارىسىڭنىڭ مېلى بولسا، سەن كىيىن قالدۇرغان مالدۇر، «ئۇنداقتا مالنى تەقدىم قىلىۋال» نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5169 – [ 15 ]** ( صحيح ) **وعن مطرف عن أبيه قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم وهو يقرأ : ( ألهاكم التكاثر ) قال : يقول ابن آدم : مالي مالي قال : وهل لك يا ابن آدم إلا ما أكلت فأفنيت أو لبست فأبليت أو تصدقت فأمضيت ؟رواه مسلم**

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، «سىلەرنى ماللارنىڭ، باللارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن پەخىرلىنىش ئالداپ ھەقدىن تۇسۇپ قويدى»دىگەن ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسى مېلىم، مېلىم دەيدۇ، ئى ئادەم بالىسى!، سەن ئۈچۈن پەقەت مېلىڭدىن يەپ تۈگەتكىنىڭ، كىيىم كىيىپ، چىرىتكىنىڭ، سەدىقە قىلىپ يۈرتكىنىڭ يېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەڭ كاتتا، ياخشىسى بولسا، ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىۋېلىشتۇر. چۈنكى، ئۇنى ساڭا ئاللاھ بەرگەندۇر.

**5170 – [ 16 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس الغنى عن كثرة العرض ولكن الغنى غنى النفس "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بايلىق، بىھاجەتلىك، مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بولمايدۇ، لېكىن، بايلىق، بىھاجەتلىك، نەپسىنىڭ بىھاجەت بولۇشى بىلەن بولىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. راست، نۇرغۇن بايلار، بىھاجەت ئەمەس، ھېچ بايدەك ئەمەس، چۈنكى، ئۇنىڭ نەپسى بىھاجەت ئەمەس، تويماستۇر،

تۇرغۇن ئىلىم ئەھلى، ئىبادەت ئەھلى، ھەقىقەتچى زاھىدلار گەرچە مال ــ دۇنياسى كۆپ بولمىسىمۇ، نەپسى بىھاجەت بولغاچقا ئۇلار خاتىرجەم، باي، بىھاجەتتۇر، ئۇلار ئاللاھ بىلەن بىللە بەختلىكتۇر، ئۇلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بىللە بولۇشىدىكى، ئىلىم، ئىبادەتلىرىدىكى، خالىي جايدا سىردىشىپ، مۇناجات قىلىشىدىكى پەزىلەتلەرنى، كارامەتلەرنى، پادىشاھلار ئاشۇ چوڭ ـ چوڭ تىجارەتچى، كارخانىچىلار بىلگەن بولسا ئىدى، قاتتىق ھەسەد قىلغان بولاتتى.ھەتتا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

**5171 – [ 17 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أخذ عني هؤلاء الكلمات فيعمل بهن أو يعلم من يعمل بهن ؟ " قلت : أنا يا رسول الله فأخذ بيدي فعد خمسا فقال : " اتق المحارم تكن أعبد الناس وارض بما قسم الله لك تكن أغنى الناس وأحسن إلى جارك تكن مؤمنا وأحب للناس ما تحب لنفسك تكن مسلما ولا تكثر الضحك فإن كثرة الضحك تميت القلب " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەندىن مۇنۇ كەلىمىلەرنى ئېلىپ ئەمەل قىلىدۇ؟ ياكى ئەمەل قىلىدىغانلارغا ئۆگىتىپ قويىدۇ؟ مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مانا مەن دېسەم، رەسۇلۇللاھ قولۇمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنۇ بەش كەلىمىنى ساناپ: ھارامدىن ساقلان، كىشىلەرنىڭ ئابىدراقى بولىسەن، ئاللاھ ساڭا تەقسىم قىلغانغا رازى بولساڭ، كىشىلەرنىڭ بايراقى بولىسەن، خوشناڭغا ياخشىلىق قىلساڭ، مۆئمىن، ئەمىن بولىسەن، ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى باشقا كىشىلەرگىمۇ ياخشى كۆرسەڭ، مۇسۇلمان بولىسەن، تولا كۈلمە، تولا كۈلۈش قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ، تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەقۋادار بولغىن، شۇنداق قىلساڭ، كىشىلەرنىڭ ئىبادەتكار، ئابىدراقى بولىسەن، قانائەتچان بولغىن، شۇندا كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ شۈكرى قىلغۇچىراقى بولىسەن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى كىشىلەرگىمۇ ياخشى كۆرگىن، مۆئمىن بولىسەن، ساڭا خوشنا بولغان خوشنىلارغا، ھەمراھلارغا ياخشىلىق قىلغىن، مۇسۇلمان بولىسەن، ئاز كۈلگىن، ھەقىقەتەن كۆپ كۈلۈش قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5172 – [ 18 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يقول : ابن آدم تفرغ لعبادتي أملأ صدرك غنى وأسد فقرك وإن لا تفعل ملأت يدك شغلا ولم أسد فقرك " . رواه أحمد وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى، سەن پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىشقا پارىغ بولغىن، ۋاختىڭنى ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ئاجىراتقىن، شۇنداق قىلساڭ مەن قەلبىڭگە بىھاجەتلىكنى لىق تولدۇرۇۋېتىمەن، پېقىرلىقىڭنى توسۇپ قالىمەن، مۇھتاجلىقىڭنى مەن توسۇپ، سېنى باي، ھەممىدىن باي قىلىمەن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، ئىبادەت ئۈچۈنلا ئاجىرتمىساڭ، مەن سېنىڭ ئىككى قولۇڭغا مەشغۇللۇقنى لىق توللاپ قويىمەن، پېقىرلىقىڭنى، مۇھتاجلىقىڭنىمۇ توسۇپ قالمايمەن، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئى ئادەم بالىسى، ئاللاھ شۇنداق دەۋاتسا، يەنە نېمىگە ئىككىلىنىسەن؟ نېمىدىن ئەنسىرەيسەن، سېنى ئاللاھ پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتقان، سېنى تىجارەت ئۈچۈن، مال ــ دۇنيا توپلاش ئۈچۈن، شۆھرەت، مەنمەنلىك، كىبىر، رىيا خورلۇق، تاماخورلۇق ئۈچۈن ياراتمىغان، ھوشۇڭنى تاپ،

ئۆتكەن ۋاقت ئۆتۈپ كەتتى، تۆۋبە قىل،
كەلگۈسى سىنىڭ قولۇڭدا ئەمەس، بۇنى بىل،
ھازىرقى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل،
ئىلىم ئېلىپ ئاللاھ يولىدا، ئىبادەتلام قىل.

**5173 – [ 19 ] وعن جابرقال : ذكر رجل عند رسول الله صلى الله عليه وسلم بعبادة واجتهاد وذكر آخر برعة فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لا تعدل بالرعة " . يعني الورع . رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا؛ بىركىشىنىڭ قاتتىق ئىبادەتكار ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىلىمدا ئىجتىھاد ئىگىسى ئىكەنلىكى، يەنە بىر كىشىنىڭ بولسا تەقۋادار ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغاندا مۇنداق دىگەن:سەن تەقۋادارلىققا ھىچ بىر نەرسىنى تەڭ قىلما، ئىلىم بىلەن ئىبادەتمۇ تەقۋالىققا تەڭ ئەمەستۇر.تىرمىزى توپلىغان.لىكىن سەھىھ ھەدىستا ئەمەل قىلغان ئالىم، ئابىد ئۈستىگە پەزىلەتلىكتۇر.

**5174 – [ 20 ] وعن عمربن ميمون الأودي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لرجل وهو يعظه : " اغتنم خمسا قبل خمس : شبابك قبل هرمك وصحتك قبل سقمك وغناك قبل فقرك وفراغك قبل شغلك وحياتك قبل موتك رواه الترمذي مرسلا**

ئىبنى ئاباباس ، ئەمرۇ ئىبنى مەيمۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەز-نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دىگەن: بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىل، 1 ـ قېرىشىڭدىن بۇرۇن ياش ۋاقتىڭنى، 2 ـ كىسەل بولۇشۇڭدىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى، 3 ـ پېقىر، يوقسىز بولۇشۇڭدىن بۇرۇن بايلىقىڭنى، 4 ـ مەشغۇل بولۇشۇڭدىن بۇرۇن پارىغ بوش ۋاقتىڭنى، 5 ـ ئۆلۈشۈڭدىن بۇرۇن ھاياتىڭنى غەنىيمەت بىل.تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى، ئەھمەد، ئەبۇ نۇئەيىملەر توپلىغان، سەھىھ.

**5175 – [ 21 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ما ينتظر أحدكم إلا غنى مطغيا أو فقرا منسيا أو مرضا مفسدا أو هرما مفندا أو موتا مجهزا أو الدجال فالدجال شر غائب ينتظر أو الساعة والساعة أدهى وأمر "رواه الترمذي والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىرىڭلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا، ھەددىدىن ئاشۇرۇپ تاغىي زۇمىگەر قىلىۋېتىدىغان بايلىققا، ياكى مەشغۇل قىلىپ تائەت-ئىبادەتنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدىغان پەقىرلىققا، ياكى بەدەننى بۇزىدىغان كىسەللىككە، ياكى چىرىتىپ تۈگىتىدىغان قېرىلىققا، ياكى جاننى ئېلىپ ئۆلتۈرگۈچى ئۆلۈمگە، ياكى دەججالنىڭ چىقىشىغا،ياكى قىيامەتنىڭ قايىم بۇلۇشىغا ئىنتىزار بۇلۇپ ساقلامدۇ؟!دەججال ئىنتىزار بۇلىنىۋاتقان، چىقىشى كۈتۈپ تۇرۇلغان يامانلىقتۇر، قىيامەت بولسا، تەخمۇ دەھشەتلىك،ئاچچىق ئازاپتۇر،قورقۇنۇشلۇقتۇر.يەنى بۇئىشلارنى ساقلىماي ياخشى ئەمەل قىلىڭلار.تىرمىزى بىلەن نەسەئى توپلىغان.ئىمام نەۋەۋىي ياخشىلار باغچىسىدا يازغاندۇر.

**5176 – [ 23 ] ( حسن ) وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ألا إن الدنيا ملعونة ملعون ما فيها إلا ذكر الله وما والاه وعالم أو متعلم " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن دۇنيا لەنەت قىلىنغاندۇر، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرگىمۇ لەنەت قىلىنغاندۇر، پەقەت زىكرۇللاھ ئاللاھنى ئەسلەش، مانا مۇشۇنىڭغا يېقىن ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار، ئىبادەت، ئالىم ياكى ئىلىم ئالغۇچى ئوقۇغۇچى بۇلەنەتتىن مۇستەسنادۇر، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، (مال دۇنيا بىلەن ئايال كىشى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇش سەركەردىسى)

**5177 – [ 23 ] وعن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو كانت الدنيا تعدل عند الله جناح بعوضة ما سقى كافرا منها شربة " رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر دۇنيا، ئاللاھنىڭ نەزىدە بىر تال پاشىنىڭ قانىتىغا ئەرزىسە، بىر تال قاناتقا تەڭ بولغان بولسا، بۇ دۇنيادىن كاپىر، دىنسىزنى بىر ئوتلام سۇ بىلەنمۇ سۇغارمىغان بولاتتى.ئەھمەد، تىرمىزى،ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، دۇنيا دېگەن ئايالار بىلەن قوشۇلۇپ شەيتاننىڭ سەركەردىسى بولىدۇ، بۇ دۇنيا، ئاخىرەتكە نىسبەتەن يوق نەرسە، ئاللاھنىڭ نەزىدە ئىمان ـ ئېتىقاد، ئىلىم، ئىبادەت، دوستلۇق، مۇھەببەت باردۇر، سەن ئاشۇ پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ ئەمەس دۇنيانى ئاللاھ يولىدا خەجلەپ، كۆرەڭلەپ كەتمە، چۈنكى، ئۇ پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ ئەمەس، نومۇس قىلغىن، شۇنىمۇ ئاللاھ يولىدا بېرەلمەمسەن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىنگە دۇنيانى ئەمەس ئىماننى ئېتىقادنى ئىلىم، ئىبادەتنى بېرىدۇ، دۇنيادىن قوغداپ ئۇنى بەرمەيدۇ، بەرسە، ئېزىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئېزىپ كەتمىگەن مۆئمىنگە دۇنيا ياخشى ياردەمچى بولىدۇ.

**5178 – [ 24 ] ( إسناده جيد ) وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تتخذوا الضيعة فترغبوا في الدنيا " . رواه الترمذي والبيهقي في " شعب الإيمان "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر باغۇ ـ بوستان، زىرائەت، تىجارەت ئىشلىرىنى تۇتماڭلار، ئۇ چاغدا دۇنياغا قىزىقىپ قالىسىلەر. تىرمىزى 250 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3398 ـ ھەدىس، بەيھەقى،ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، ئىمام، ئالىم، ئوقۇتقۇچى ئۇستازلارغا مۇجاھىد قوماندانلارغا دېيىلگەن، بۇلار زىرائەت، تىجارەت قىلماي مەخسۇس ئىسلام دىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ.

**5179 – [ 25 ] وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من أحب دنياه أضر بآخرته ومن أحب آخرته أضر بدنياه فآثروا ما يبقى على ما يفنى " . رواه أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كىم بۇ دۇنيارىنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتسە، ئاخىرەتلىكىنى زەرەر تارتىدۇ، كىم ئاخىرەتلىكىنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتسە، بۇ دۇنيارىنى زەرەر تارتىدۇ، يوقۇلۇپ كېتىدىغان پانىي دۇنيانىڭ ئۈستىگە، مەڭگۈلۈك باقىي دۇنيانى ئۈستۈن قويۇڭلار، يەنى بۇدۇنيانى ئەمەس بەلكى ئاخىرەتنى تاللاڭلار.ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان.

**5180 – [ 26 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم : " لعن عبد الدينار ولعن عبد الدرهم " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:دىنار،دەرھەم، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ قۇل بەندىلىرىگە لەنەت قىلىنىدى.ئۇلار رەھمەتتىن يىراق قىلىنىدى.تىرمىزى توپلىغان.

**5181 – [ 27 ] ( صحيح ) وعن كعب بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما ذئبان جائعان أرسلا في غنم بأفسد لها من حرص المرء على المال والشرف لدينه " رواه الترمذي والدارمي**

كەئبنى ئبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىنساننىڭ مال ـ دۇنيا بىلەن شەرەپكە، يۈز ـ ئابرۇيغا ھېرىسمەن بولۇشىنىڭ دىنىنى، ئىمانىنى ۋەيران قىلىپ، ھالاك قىلىشى، قويلار ئارىسىغا ئەۋەتىلگەن ئاچ قالغان ئىككى بۆرىنىڭ، قويلارنى ھالاك قىلىشىدىنمۇ ئېغىرراقتۇر، (يەنى، ئاچ قالغان ئىككى بۆرىنىڭ قويلارنى ۋەيران قىلىپ، ھالاك قىلىشىدىنمۇ، مال ـ دۇنيا بىلەن يۈز ـ ئابرۇيغا ھېرىسمەن بولۇش ئىمانىنى، دىنىنى بەكرەك ھالاك قىلىۋېتىدۇ، مال ــ دۇنيا، يۈز ــ ئابرۇي ھېرىسمەنلىك ئىماننىڭ بۆرىسى) ئەھمەد،دارىمى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5182 – [ 28 ] وعن خباب عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ما أنفق مؤمن من نفقة إلا أجر فيها إلا نفقته في هذا التراب " . رواه الترمذي وابن ماجه**

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارغا ئۇنىڭ خەژلىگەن نەپىقە، چىقىم قىلغان بارلىق نەرسىلىرىگە ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ، لېكىن، ئۇ مۇشۇ تۇپراق ئىچىگە، قۇرۇلۇشقا چىقىم قىلىۋەتكەن نەرسىلىرىگە ئەجىر يوق، ساۋاب يوق،تىرمىزى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، مەنىمەنلىك، ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش قىلماق.ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇ بىلەن لايغا پۇل كەتمەيدۇ. جەنناپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەندىنىڭ بارلىق نەپىقە، چىقىملىرىغا ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ لاي بىلەن سۇغا پۇل خەژلەپ سالغان بىناكارلىق قۇرلۇشىغا ئەجىر، ساۋاب يوق، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، بۇ ئام ھۆكۈمدىن مەسجىد، مەدرىس، دىنى مەكتەپ، ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىلىرى، ھاجىتى ئەسلى بولۇپ قالغان ئۆيلەر، خالىس، ھەقسىز سېلىنغان دوختۇرخانىلار، يول، كۆۋرۈكلەر مۇستەسنا قىلىپ چىقىرىلىدۇ، بۇلارغا كاتتا ساۋاب، ئەجىر بار، ھەدىسنىڭ مەخسىدى ھاجەتتىن زىيادە، ئۇشۇقدىن ئوشۇق ئارتۇق قىلىۋالغان ئىشلاردۇر.

**5183 – [ 29 ] وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " النفقة كلها في سبيل الله إلا البناء فلا خير فيه " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندىنىڭ بارلىق نەپىقە، چىقىملىرىغا ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ، ئۇ الله يولىدا بولغان بۇلىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ لاي بىلەن سۇغا پۇل خەژلەپ سالغان بىناكارلىق قۇرلۇشىغا ئەجىر، ساۋاب يوق،ئۇنىڭدا ياخشىلىق يوقتۇر.تىرمىزى توپلىغان.

**5184 – [ 30 ] ( ضعيف )وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم خرج يوما ونحن معه فرأى قبة مشرفة فقال : " ما هذه ؟ " قال أصحابه : هذه لفلان رجل من الأنصار فسكت وحملها في نفسه حتى إذا جاء صاحبها فسلم عليه في الناس فأعرض عنه صنع ذلك مرارا حتى عرف الرجل الغضب فيه والإعراض فشكا ذلك إلى أصحابه وقال : والله إني لأنكر رسول الله صلى الله عليه وسلم . قالوا : خرج فرأى قبتك . فرجع الرجل إلى قبته فهدمها حتى سواها بالأرض . فخرج رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم فلم يرها قال : " ما فعلت القبة ؟ " قالوا : شكا إلينا صاحبها إعراضك فأخبرناه فهدمها . فقال : " أما إن كل**

**بناء وبال على صاحبه إلا ما لا إلا ما لا " يعني ما لا بد منه . رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىر كۈنى بىز بىلەن چىقىپ، ئىگىز بىر گۈمبەزنى كۆردى، بۇ نېمە؟ دېدى. ساھابىلار ئەنسارىدىن بولغان بىر ئەرنىڭ گۈمبىزى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، جىم تۇردى، گۈمبەز ئىگىسى كېلىپ سالام قىلىۋدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈز ئۆرۈۋالدى، سالام قايتۇرمىدى، بۇ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى، ئەر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەزەپ قىلغىنىنى، يۈز ئۆرۈۋالغىنىنى بىلىپ، ساھابىلارغا شىكايەت قىلدى، ساھابىلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۈمبىزىڭنى كۆرۈپ شۇنداق قىلدى دېدى، ئۇ قايتىپ گۈمبىزىنى چىقىپ، يەر بىلەن تۈز قىلىۋەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ گۈمبەزنى كۆرمەي، ئۇ گۈمبەزگە نېمە بولدى؟ دەپ سورىدى، ئۇلار بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرقانداق بىنا، قۇرۇلۇش ئىگىسىگە ۋابال بولىدۇ، ئازاپ بولىدۇ، پەقەت ئامال بولمىغانلىرى، زۆرۈرلىرى، بۇنىڭ سىرتىدا دېدى.ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن،ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن،ئىسناددا راۋىيلاردا مەسىلە بار

**5185 – [ 31 ] وعن أبي هاشم بن عتبة قال : عهد إلي رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إنما يكفيك من جمع المال خادم ومركب في سبيل الله " . رواه أحمد والترمذي والنسائي وابن ماجه . وفي بعض نسخ " المصابيح " عن أبي هاشم بن عتيد بالدال بدل التاء وهو تصحيف**

ئەبۇ ھاشىم، ئىبنى ئۇتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ساڭا مال توپلاپ يىغىشدىن؛ بىر دانە خادىم يەنى قۇل ۋە ئاللاھ يولىدىكى مەركەپ يەنى تۆگە، ئاتتەك مىنىدىغان نەرسە كۇپايە بولىدۇ، يەتەرلىكتۇر،ئەھمەد، تىرمىزى،نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**5186 – [ 32 ] ( ضعيف )وعن عثمان بن عفان رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ليس لابن آدم حق في سوى هذه الخصال : بيت يسكنه وثوب يواري به عورته وجلف الخبز والماء " . رواه الترمذي**

ئۇسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسىنىڭ بۇ دۇنيادا مۇنۇ خىسلەتلەردىن باشقا نەرسىدە ھەققى يوق، يەنى ھېساب بېرىپ، سورىلىدۇ. 1 ـ ئۇ ياشىغىدەك ئۆي، 2 ـ ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك كىيىم، 3 ـ چاي، نەرسە ئارىلاشمىغان ساپ ناندۇر، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. چۈنكى، ئابدۇسەمەت دىگەن راۋى خاتالىشىدۇ، ھەمران دىگەن كىشىنى بۇخارى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، مۇھەممەد ئىبنى سەئىد، ئالىملار بۇنىڭ ھەدىسلىرىنى ھۆججەت، دەلىل قىلمايدۇ دىگەن.

**5187 – [ 33 ] وعن سهل بن سعد قال : جاء رجل فقال : يا رسول الله دلني على عمل إذا أنا عملته أحبني الله وأحبني الناس . قال : " ازهد في الدنيا يحبك الله وازهد فيما عند الناس يحبك الناس " رواه الترمذي وابن ماجه**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر مەن ئەمەل قىلالىسام، مېنى **الله** مۇ، كىشىلەرمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەمەلنى ماڭا كۆرسىتىپ قويسىلا دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دۇنيادىن زاھىد بولساڭ، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن زاھىد بولۇپ، تەرىك ئەتسەڭ، كىشلەرمۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىبنى ماجە، تەبرانى،

ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيادىن زاھىد بولساڭ، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما، كىشىلەرگە كەلسەك، بۇنى يەنى بۇ دۇنيانى، ئۇلارغا تاشلاپ بەر، شۇنداق قىلساڭ، ئۇلار سېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەبۇ نۇئەيىم ، سەھىھ.

**5188 – [ 34 ] وعن ابن مسعود أن النبي صلى الله عليه وسلم نام على حصير فقام وقد أثر في جسده فقال ابن مسعود : يا رسول الله لو أمرتنا أن نبسط لك ونعمل . فقال : " ما لي وللدنيا ؟ وما أنا والدنيا إلا كراكب استظل تحت شجرة ثم راح وتركها " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بورا ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلايتتى، ئورنىدىن تۇرسا، بەدەنلىرىگە بورىنىڭ ئىزلىرى چىقىپ كېتەتتى، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر بىزنى بۇيرىغان بولسىلا، بىز سىلىگە بىسات سېلىپ بەرگەن بولساق، سىلى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولساق دېسەك، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مېنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم؟ مەن پەقەت بۇ دۇنيادا بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا سايىداپ ئازىراق ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى تاشلاپ، ئۇزۇن يولغا راۋان بولغان مۇساپىرغا ئوخشايمەن، (يەنى مەن ئاشۇ مۇساپىر شۇ، بۇ دۇنيا بولسا، شۇ دەرەخ سايىسىدۇر، مېنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان مۇئامىلەم، ئاشۇ مۇساپىرنىڭ دەرەخ سايىسىغا قىلغان مۇئامىلىسىدۇر)دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم، بۇ دۇنيانىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشى؟ (يەنى مېنىڭ ئاساسى مەخسىدىم، بۇ دۇنيا ئەمەس، ئاخىرەتتۇر). جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئوخشۇشۇم بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئوخشىشى پەقەت بىر مۇساپىر، ئاتلىق كىشىنىڭ ياز، تومۇز، ئىسسىق كۈنلەردە سەيرە قىلىپ، يول ئۈستىدە بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا كۈندۈزدىن بىر سائەت سايىداپ، ئارام ئېلىپ، ئاندىن ئۇ سايىنى تاشلاپ ئۇزۇن يولغا راۋان بولغىنىغا ئوخشاشتۇر. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇنيا بىزگە نىسبەتەن يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭ، ئارامگاھدۇر خالاس، مۇساپىر ئۇزۇن يولغا راۋان بولغاندەك، بىز ھامىنى بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىمىز، ئۆلۈم بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر، بۇ دۇنيا مۇسابىقە، ئىمتىھان مەيدانىدۇر، نۇرغۇن كىشىلەر نەتىجىسىنى كۈتۈپ، بىر چەتتە قەبرىلەردە تۇرىۋاتىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر مەيداندا مۇسابىقىلىشىۋاتىدۇ، ئىمتىھان بېرىۋاتىدۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر مەيدانغا بىز چۈشىمىز، ئەمدى ۋاختىڭلار توشتى، چىقىپ كېتىڭلار دەۋاتىدۇ، ئۇلاردىن كېيىنمۇ مۇسابىقىلىشىدىغان، ئىمتىھان بېرىدىغانلار باردۇر، ھامىنى بىر كۈن بۇ مۇسابىقىنىڭ ئىمتىھانىنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ، ئى مۇسۇلمانلار! غەپلەتتە قالماڭلار، قېرىلىقدىن بۇرۇن ياشلىقنى، كېسەللىكدىن بۇرۇن ساقلىقنى، پېقىرلىقدىن بۇرۇن بايلىقنى، ئۆلۈم كېلىشدىن بۇرۇن ھاياتلىقنى غەنىيمەت بىلىڭلار، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇڭلار، ۋاقىت غەنىيمەتتۇر، ئۆتۈپ كەتكەنگە پۇشايمان، تۆۋبە قىلىڭلار، كەلگۈسى قولۇڭلاردا ئەمەس، ھازىرقى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىڭلار!.قازاندا نىمە بولسا. چۈمۈچكە شۇ چىقىدۇ.

**5189 – [ 35 ]** ( حسن ) **وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أغبط أوليائي عندي لمؤمن خفيف الحاذ ذو حظ من الصلاة أحسن عبادة ربه وأطاعه في السر وكان غامضا في الناس لا يشار إليه بالأصابع وكان رزقه كفافا فصبر على ذلك " ثم نقد بيده فقال : " عجلت منيته قلت بواكيه قل تراثه " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ نەزىرىمدىكى دوستلىرىمنىڭ ئەڭ ئەۋلاسى، باشقىلار ئورنىنى ئارزۇ قىلىپ قالىدىغان يۇقىر دەرىجىدىكىسى، مال ـ دۇنياسى ئاز،

ئەھلى باللىرىدىن ئۈچىسى يەڭگىل، (يەنى ئايالى،ياكى ئىرى، باللىرى يوق)نامازدىن ئالاھىدە نىسىۋىسى بار (يەنى ئىبادەتكار)رەببىگە تائەت ـ ئىبادەتنى ياخشى قىلغان، مەخپى يۇشىرىن ھالەتتىمۇ **الله** قا ئىتائەت قىلىدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا مەخپى يۇشىرىن تۇرىدىغان، بارماقلار بىلەن ئەنەئاشۇ شۇ دەپ ئىشارەت قىلىنمايدىغان، (يەنى مەشھۇر بولۇپ نامى چىقمىغان)رىزقى ئىشىپمۇ قالماي، كاملاپمۇ قالماي، نورمال بولغان، شۇنىڭغا سەۋرى قىلىپ قانائەت قىلغان، ـ ئاندىن قولى بىلەن چىكىپ تۇرۇپ؛ياكى بارماقلىرىنى ئالقىنى ئىچىگە كەينى ـ كەينىدىن يىغىپ يۇمۇپ تۇرۇپ ـ ؛ئۆلۈمى تىزلا بولغان(يەنى بۇدۇنىيا بىلەن ئالاقىسى بولمىغاچقا، روھى تىزلا ئاسان چىقىپ يۇقىرغا ئۆرلىگەن)يىغلىغۇچىللىرى ۋە مىراسى ئاز بولغان مۆئمىن كىشىدۇر.ئەھمەد،تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان ھەسەن.

**5190 – [ 36 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عرض علي ربي ليجعل لي بطحاء مكة ذهبا فقلت : لا يارب ولكن أشبع يوما وأجوع يوما فإذا جعت تضرعت إليك وذكرتك وإذا شبعت حمدتك وشكرتك " . رواه أحمد والترمذي**

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:رەببىم ماڭا مەككىنىڭ بەتھائە دىگەن تىغىنى ئالتۇن قىلىپ بىرىشكە تەكلىدى، مەن؛ ياق ئى رەببىم! ئۇنداق قىلىپ بەرمىسىلە، لىكىن مەن بىركۈن توق، بىركۈن ئاچ تۇراي، قورسۇقۇم ئاچقاندا سىلىگە تەزەررۇئ چىكىپ، سىلىنى ئەسلەي، قورسۇقۇم تويغاندا بولسا، سىلىگە ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ شۇكۇر قىلاي دىدىم. ئەھمەد،تىرمىزى،

**5191 – [ 37 ] وعن عبيدالله بن محصن قال : قال رسول الله صلى الله عليه : " من أصبح منكم آمنا في سربه معافى في جسده عنده قوت يومه فكأنما حيزت له الدنيا " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئابدۇللاھ ئىبنى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئۆز ئەھلىدە، ئائىلىسىدە ئەمىن، خاتىرجەم ھالدا، جەسىدى ساق _ سالامەت ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزسا، يىنىدا بىر كۈنلۈك قۇۋۋىتى، ئوزۇق _ تۈلىكى، يەيدىغىنى بولسا، خۇددى ئۇ كىشىگە پۈتۈن دۇنيا ھەممە نەرسىلىرى بىلەن بويسۇندۇرۇلۇپ توپلاپ بىرىلگەندەك بولىدۇ. تىرمىزى 2268 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4131 _ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

**5192 – [ 38 ] معجزوعن مقدام بن معدي كرب قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما ملأ آدمي وعاء شرا من بطن بحسب ابن آدم أكلات يقمن صلبه فإن كان لا محالة فثلث طعام وثلث شراب وثلث لنفسه رواه الترمذي وابن ماجه**

مۆئجىز، مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىدىن باشقا يامانلىق تولدۇردىغان بوخچىسى يوقتۇر، ئۇنىڭ قورسىقى بىردىنبىر يامانلىق توللايدىغان تۇلۇندۇر، (ھەي قورساق، ھەي قورساق!!!)، قورساقدىنمۇ يامانراق يامانلىق توللايدىغان تۇلۇن يوقتۇر، ئادەم بالىسىغا سۆلبىنى، ئومۇرتقىسىنى تۈزلىگىدەكلا يىمەكلىك كۇپايىدۇر، (يەنى جان ساقلاش ئۈچۈنلا يىسە شۇ كۇپايە)، ئەگەر ئامال بولمىسا، زادى يەيمەن دىسە، قورساقنىڭ ئۈچتەن بىرى تائامغا، ئۈچتەن بىرى شاراپ، ئىچىملىككە، ئۈچتەن بىرى نەپەسلىنىشكە قىلىشى لازىم، (بۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىنى تور بىتىدىن كۆرۈلك).
ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5193 – [ 39 ] وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم سمع رجلا يتجشأ فقال : " أقصر من جشائك فإن أطول**

**الناس جوعا يوم القيامة أطولهم شبعا في الدنيا " . رواه في " شرح السنة " . وروى الترمذي نحوه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا كىكىردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: كىكىرىشىڭنى بىزدىن توسۇپ، يىراق قىل، ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادا كۆپ ھاللاردا قورسىقى توق يۈرگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئاچلىقى ئەڭ ئۇزۇن بولىدىغان كىشىدۇر دىگەن. تىرمىزى 2402 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3341 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5194 – [ 40 ] وعن كعب بن عياض قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : إن لكل أمة فتنة وفتنة أمتي المال رواه الترمذي**

كەئبى ئىبنى ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئازدۇرغۇچى سىناق پىتنىسى بولىدۇ، مىنىڭ ئۈممىتىمنىڭ پىتنىسى مال ــ دۇنيادۇر، (مال ــ دۇنيا بىلەن ئايال كىشى چوڭ سىناق پىتنىسى بولىدۇ) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىنىڭ سىناق پىتنىسى ئەھلىدە، مېلىدا، ئۆزنەپسىدە،باللىرىدا،خوشنىللىرىدا بولىدۇ، ئۇنى روزا، ناماز، سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش، ياماندىن توسۇشلار كاپارەت بولۇپ ئۆچۈرۋېتىدۇ، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن كەتكەندىن كىيىن، ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ بەكىرەك زەرەر يەتكۈزىدىغان نەرسىنى قالدۇرمىدىم، پىتنە جەھەتتىن ئاياللار ئەڭ زەرەرلىكتۇر، (دۇنيا بىلەن ئايالدىن ھەزەر قىل). ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5195 – [ 41 ] ( ضعيف )وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يجاء بابن آدم يوم القيامة كأنه بذج فيوقف بين يدي الله فيقول له : أعطيتك وخولتك وأنعمت عليك فما صنعت ؟ فيقول : يا رب جمعته وثمرته وتركته أكثر ما كان فارجعني آتك به كله . فيقول له : أرني ما قدمت . فيقول : رب جمعته وثمرته وتركته أكثر ماكان فارجعني آتك به كله . فإذا عبد لم يقدم خيرا فيمضي به إلى النار " . رواه الترمذي وضعفه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسى كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇ خۇددى ئوغلاق بالىسىدەك ھاقارەتلىك ھالدا ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا مەن ساڭا بەرگەن، سىنى يۈز ئابرۇيلۇق خادىملىق قىلىپ قويغان، نۇرغۇنلىغان نىئمەتلەرنى بەردىم سەن نىمە ئىش قىلدىڭ؟ ئۇ ئى رەببىم، مەن ئۇنى يىغىپ توپلاپ مىۋىنى ئېلىپ بالدۇرقىدىن كۆپرەك قالدۇرغان، مىنى دۇنياغا قايتۇرساڭ ئۇنىڭ ھەممىنى ساڭا ئەكەلسەم يەنى سەن ئۈچۈن خەجلەپ ئالدىڭغا ئەكەلسەم دەيدۇ.ئاللاھ ئۇنىڭغا، سەن ئۇ نىئمەتلەردىن نىمىنى ئىلگىرى قىلىپ تەييارلىدىڭ؟ دىسە، ئۇ يەنە شۇ سۆزنى قىلىدۇ، ھېچبىر ياخشىلىقنى تەقدىم قىلالمايدۇ، ئاندىن دوۋزاخقا ئاپىرىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىسنىڭ، ئىسمائىل ئىبنى مۇسلىم دىگەن راۋى زەئىپ دىگەن. يەھيا بۇ كىشى ئېلىشىپ قالغان دىدى، سوپيان ئۇ خاتالىشىدۇ دىگەن. ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللائۇنىڭ ھەدىسى مۇنكەر دىگەن،يەھيا ئۇ ھېچنىمە ئەمەس دەۋەتتى، باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى يېزىلمايدىغان زەئىپ دىگەن.ئەلبانى رەھمەھۇللامۇ زەئىپ دىگەن.بۇنىڭ مەنىسىدە سەھىھ ھەدىسمۇ باردۇر.

**5196 – [ 42 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أول ما يسأل العبد يوم القيامة**

من النعيم أن يقال له : ألم نصح جسمك ؟ ونروك من الماء البارد ؟ " . رواه الترمذي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى بەندىدىن سوئال سورۇلۇپ، سوراققا تارتىلىدىغان نېئمەتنىڭ تۇنجىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىش بولىدۇ، سەن ئۈچۈن جىسمىڭنى، تېنىڭنى ساق ــ سالامەت قىلمىدىممۇ؟ سېنى سوغۇق، مۇزلۇق، تاتلىق سۇ بىلەن قاندۇرمىدىممۇ؟ دېيىلىدۇ، (ئاھ! باشقا نېئمەتلەردىن قانداق ھېساب بېرەرمىز؟ ئاللاھ رەھمىتى بىلەن ئاسان قىلا، ئامىن!) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

5197 – [ 43 ] ( صحيح لشواهده وعن ابن مسعود عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تزول قدما ابن آدم يوم القيامة حتى يسأل عن خمس : عن عمره فيما أفناه وعن شبابه فيما أبلاه وعن ماله من أين اكتسبه وفيما أنفقه وماذا عمل فيما علم ؟ " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئادەم باللىسىنىڭ ئىككى قەدىمى بەش نەرسىدىن سورۇلۇپ بولمىغىچە پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا مۇقىم تۇرۇۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىدىن سورىلىدۇ، ئۇ ئۆمرىنى قايسى ئىشلاردا ئاخىرلاشتۇردى؟ ياشلىقىدىن سورىلىدۇ، ياشلىقنى نېمىگە سەرىپ قىلىپ تۈگەتتى، قانداق ئۆتكۈزدى، مېلىدىن سورىلىدۇ، ئۇ مال ــ دۇنياسىنى نەدىن تاپتى، قانداق تاپتى، قەيەرگە چىقىم قىلدى؟ بىلگەن ئىلمىگە قانداق ئەمەل قىلدى، نېمە قىلدى، قىلغانلىرىنى نېمە ئۈچۈن قىلدى؟ ھەممىدىن سورىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ بەرزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ ئىككى قەدىمى تۆت نەرسىدىن سورۇلۇپ بولمىغىچە مۇقىم تۇرۇۋېرىدۇ.

بىرىنچى، ئۇ ئۆمرىنى قانداق ــ قانداق ئىشلاردا ئاخىرلاشتۇردى، نەتىجىسى نېمە بولدى، نېمە قالدۇردى، نېمىنى ئېلىپ باردى.

ئىككىنچى، ئۇ بىلگەن، ئۆگەنگەن، ئاڭلىغان ئىلمىگە قانداق ئەمەل قىلدى، نېمە قىلدى؟

ئۈچىنچى، ئۇ مال ــ دۇنياسىنى قەيەردىن تاپتى، قانداق تاپتى، نەگە چىقىم قىلدى؟

تۆتىنچى، ئۇ جىسمىنى، تەن سالامەتلىكىنى، كۈچ ــ قۇۋۋىتىنى نېمىگە سەرىپ قىلىپ تۈگەشتۈردى، نېمىنى دەپ چىرىتتى؟ سورىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

5198 – [ 44 ] الفصل الثالث عن أبي ذر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال له : " إنك لست بخير من أحمر ولا أسود إلا أن تفضله بتقوى " . رواه أحمد

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۆزۈڭگە قاراپ باق، ھەقىقەتەن سەن ئاق تەنلىك، سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىكلەردىن ياخشى ھېسابلانمايسەن، سەن پەقەت ئۇلاردىن تەقۋالىق بىلەن، ئاللاھدىن قورقۇش بىلەن، مۇتەقىي دېگەن ئۇنۋان بىلەن پەزىلەتتە ئارتۇق تۇرىسەن،

| |
|---|
| ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن. |
| **5199 – [ 45 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما زهد عبد في الدنيا إلا أنبت الله الحكمة في قلبه وأنطق لسانه وبصره عيب الدنيا وداءها ودواءها وأخرجه منها سالما إلى دار السلام رواه البيهقي في شعب الإيمان**<br><br>ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەرقانداق بىر بەندە بۇ دۇنيادىن تەرك ـ دۇنيا بولۇپ زاھىد بولسا، **الله** تائالا ئۇنىڭ قەلبىگە ھېكمەتنى ئۇندۇرىدۇ، تىلىدا ئۇنى سۆزلىتىدۇ، ئۇنىڭغا بۇ دۇنيانىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، كېسەل،دەرت ـ ئەلەم،داۋالىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنى بۇدۇنيادىن مەڭگۈلۈك سالامەت دۇنياسىغا سالامەت چىقىرىدۇ.بەيھەقى توپلىغان. |
| **5200 – [ 46 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " قد أفلح من أخلص الله قلبه للإيمان وجعل قلبه سليما ولسانه صادقا ونفسه مطمئنة وخليقته مستقيمة وجعل أذنه مستمعة وعينه ناظرة فأما الأذن فقمع وأما العين فمقرة لما يوعى القلب وقد أفلح من جعل قلبه واعيا " رواه أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان "**<br><br>ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قەلبىنى ئىمان ئۈچۈن **الله** قا ئىخلاس قىلدۇرغان، **الله** قىلا خالىس قىلغان، قەلبىنى ھەقد ـ ھەسەد،رىيا ـ كىبىر،شېرىكتىن سالامەت قىلغان، تىلىنى سەمىيمى سادىق راسچىل قىلغان، نەپسىنى،كۆڭلىنى **الله** نى ئەسلەپ خاتىرجەم قىلغان، تەبىئىتىنى مۇستەقىم رۇس قىلغان، (ئەخلاقىنى گۈزەل قىلغان)قۇلىقىنى ھەقنى ئاڭلايدىغان، كۆزىنى ھەقنى كۆرىدىغان قىلغان بەندە ئىككى ئالەم نىجات تاپىدۇ، (قەلبى ئىلىم قوبۇلىدىغان تولۇن بولسا)قۇلاق ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كەمچەندۇر، (ئىلىم ئۇنىڭدىن قويۇلىدۇ)كۆز بولسا، قەلبى يادا ئالىدىغان نەرسىنى قارار ئالدۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، قەلبىنى ئىلىم ـ مەرىپەت،ھەقىقەتنى يادا ئالىدىغان قىلغان كىشى نىجات تاپىدۇ. ئەھمەد ،بەيھەقى توپلىغان. |
| **5201 – [ 47 ]** ( إسناده جيد **وعن عقبة بن عامر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا رأيت الله عز وجل يعطي العبد من الدنيا على معاصيه ما يحب فإنما هو استدراج " ثم تلا رسول الله صلى الله عليه وسلم : ( فلما نسوا ماذكروا به فتحنا عليهم أبواب كل شيء حتى إذا فرحوا بما أوتوا أخذناهم بغتة فإذا هم مبلسون ) رواه أحمد**<br><br>ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە گۇناھ ـ مەئسىيەتتە مۇقىم تۇرسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇ بەندىگە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان دۇنيانى بەرگىنىنى كۆرسەڭ، ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھ تەرەپتىن تەدرىجى باپلاپ ھالاك قىلىشتۇر، ئاندىن :« ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا ، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق،ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)،ئۇلار ھەسرەتتە قالدى.»دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. سۈرە ئەنئام 44 ـ ئايەت.ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھەھ. |
| **5202 – [ 48 ]** **وعن أبي أمامة أن رجلا من أهل الصفة توفي وترك دينارا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كية " قال : ثم توفي آخر فترك دينارين فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : كيتان رواه أحمد والبيهقي في شعب الإيمان**<br><br>ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، (مۇھاجىرلارنىڭ پەقىرلىرى ھېساپلىنىدىغان)سۇپا ئەھلىدىن بىركىشى ۋاپات |

تېپىپ، بىردىنار ئالتۇن قالدۇرغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئۇ ئۇتتا بىر قېتىم داغلىنىپ كۆيدۈرلىدۇ، ئاندىن يەنە بىركىشى ۋاپات تېپىپ، ئىككى دىنار ئالتۇن قالدۇرغاندا رەسۇلۇللاھ؛ بۇكىشى ئۇتتا ئىككى قېتىم داغلىنىپ كۆيدۈرلىدۇ،دېدى.(چۈنكى ئۇلار يېنىدا ئالتۇنى بار تۇرۇپ، پېقىرلارنىڭ ھەققىنى يېگەندۇر، بايلارغا سائىللىق هارامدۇر) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان.

**5203 – [ 49 ] وعن معاوية أنه دخل على خاله أبي هاشم بن عتبة يعوده فبكى أبو هاشم فقال : ما يبكيك يا خال ؟ أوجع يشئزك أم حرص على الدنيا ؟ قال : كلا ولكن رسول الله عهد إلينا عهدا لم آخذ به . قال : وما ذلك ؟ قال : سمعته يقول : إنما يكفيك من جمع المال خادم ومركب في سبيل الله وإني أراني قد جمعت رواه أحمد والترمذي والنسائي وابن ماجه**

مۇئاۋىي ،تاغىسى ئەبۇ هاشىم ئىبنى ئۇتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرسە، ئۇ يىغلاۋاتقىدەك، ئۇ؛ ئى تاغا! سىنى نىمە يىغلاتتى؟سىنى بىئارام قىلىپ قىيناۋاتقان كېسەلمۇ؟ ياكى دۇنياغا بولغان ھىرسىمەنلىك يىغلاتتىمۇ؟ دىسە، تاغىسى؛ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، لېكىن بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەسىيەت قىلسا، مەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالمىدىم دېدى، ئۇ؛ ئۇ قانداق ۋەسىيەت ئىدى؟دىسە، تاغىسى؛مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەقىقەتەن ساڭا مال توپلاپ يىغىشدىن بىر دانە خادىم يەنى قۇل ۋە ئاللاھ يولىدىكى مەركەپ يەنى تۆگە، ئاتتەك مىنىدىغان نەرسە كۇپايە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىكتۇر،دىگەن. لېكىن مەن كۆپ مال ـ دۇنيا توپلاپ كەتتىم دېدى.ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**5204 – [ 50 ] وعن أم الدرداء قالت : قلت : لأبي الدرداء : مالك لا تطلب كما يطلب فلان ؟ فقال : إني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن أمامكم عقبة كؤودا لا يجوزها المثقلون " . فأحب أن أتخفف لتلك العقبة**

ئۇممەدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،مەن ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ساڭا نىمە بولدى؟ پالانى مال سورغاندەك سەنمۇ مال ـ دۇنيا سورمىدىڭغۇ؟دىسەم، ئۇماڭا؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ھەقىقەتەن ئالدىڭلاردا ناھايىتى مۇشەققەتلىك، ئىگىز داۋان باردۇر، ئۇ داۋاندىن يۈكى ئېغىر كىشلەر ھەرگىز ئۆتەلمەيدۇ، شۇڭا مەن ئەشۇ ئىگىز داۋاندىن يەڭگىل ئۆتۈشۈمنى ياخشى كۆرىمەن دېدى. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. (يۈكى ئېغىر كىشلەر، باشلىق بولغانلار، ئىماملار، پادىچى بولغانلار، مال ــ دۇنياغا كۆپ بېرىلگەنلەر، خوتۇن باللىرى كۆپ بولۇپ، ھېسابىنى كۆپ بېرىدىغانلار، بۇ داۋاندىن ئۆتۈش چارىسىنى ئاللاھ سۈرە بەلەددە كۆرسىتىپ قويغاندۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.)

**5205 – [ 51 ] ( لم تتم دراسته وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل من أحد يمشي على الماء إلا ابتلت قدماه ؟ " قالوا : لا يا رسول الله قال : " كذلك صاحب الدنيا لا يسلم من الذنوب " . رواهما البيهقي في " شعب الإيمان**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:سۇ ئۈستىدە ماڭغان كىشىنىڭ ئىككى پۇتى ھۆل بولامدۇ؟بولمامدۇ؟ ئۇلار؛ ئەلۋەتتە ھۆل بولىدۇ دىسە، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن سالامەت قالمايدۇ دېدى. بەيھەقى توپلىغان.

**5206 – [ 52 ] ( لم تتم دراسته ) وعن جبيربن نفير رضي الله عنه مرسلا قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أوحي إلي أن أجمع المال وأكون من التاجرين ولكن أوحي إلي أن ( سبح بحمد ربك وكن من الساجدين . واعبد ربك حتى يأتيك**

**اليقين ) رواه في شرح السنة " وأبو نعيم في " الحلية " عن أبي مسلم**

جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا مال ـ دۇنيا توپلۇشۇمغا، تىجارەتچى بولۇشۇمغا ۋەھى نازىل قىلىنمىدى، لېكىن ماڭا:« پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدۇ ۋە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن. سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن.»دەپ ۋەھى قىلىندى.سۈرە ھىجر 98 ـ 99 ـ ئايەت.ئەبۇنۇئەيم،شەرھىسسۇننى.

**5207 – [ 53 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من طلب الدنيا حلالا استعفافا عن المسألة وسعيا على أهله وتعطفا على جاره لقي الله تعالى يوم القيامة ووجهه مثل القمر ليلة البدر . ومن طلب الدنيا حلالا مكاثرا مفاخرا مرائيا لقي الله وهو عليه غضبان " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان " وأبو نعيم في " الحلية "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كىم بۇدۇنيانى، مال ـ دۇنيارىنى سائىللىقتىن ئېپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن، ئەھلى باللىرىغا سەئيى قىلىپ خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، خوشنىللىرىغا كۆيۈنۈپ ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ھالالدىن تەلەپ قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنى **الله** قا يۈزى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ. كىم بۇدۇنيانى، مال ـ دۇنيانى مېلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، باشقىلارغا پەخىرلىنىش ئۈچۈن، رىيا قىلىپ كۆرسۈتۈش ئۈچۈن ھالالدىن تەلەپ قىلسا، بۇكىشى قىيامەت كۈنى **الله** تائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا **الله** قا ئۇچرىشىدۇ(ھارامدىن تەلەپ قىلسا ئۇدۇللا دوزەخكەچۈشىدۇ) بەيھەقى،ئەبۇنۇئەيم توپلىغان.

**5208 – [ 54 ]** ( ضعيف جدا ) **وعن سهل بن سعد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن هذا الخير خزائن لتلك الخزائن مفاتيح فطوبى لعبد جعله الله مفتاحا للخير مغلاقا للشر وويل لعبد جعله الله مفتاحا للشر مغلاقا للخير " . رواه ابن ماجه**

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بۇ ياخشىلىق خەزىنىدۇر، ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئاچقۇچى بار، ئاللاھ ياخشىلىققا ئاچقۇچ، يامانلىق ئۈچۈن قۇلۇپ قىلغان بەندىگە،خۇش مۇبارەك.ياخشىلىققاقۇلۇپ ،يامانلىققائاچقۇچ قىلغان كىشىگە ۋايدۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.

**( حسن ) عند الله خزائن الخير و الشر مفاتيحها الرجال فطوبى لمن جعله الله مفتاحا للخير مغلاقا للشر و ويل لمن جعله الله مفتاحا للشر مغلاقا للخير ( طب الضياء ) عن سهل بن سع**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ نەزلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچلىرى كىشلەردۇر، ئاللاھتائالا ياخشىلىققا ئاچقۇچ، يامانلىققا قۇلۇپ قىلغان كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئاللاھتائالا يامانلىققا ئاچقۇچ، ياخشىلىققا قۇلۇپ قىلىپ قويغان كىشىگە ۋايدۇر، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

**5209 –[ 55 ] وعن علي رضي الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :إذا لم يبارك للعبد في ماله جعله في الماء والطين**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ مال ـ دۇنياسىغا بەركەت بېرىلمىگەن چاغدا، بەندە ئۇنى سۇ بىلەن لايغا چىقىم قىلىپ قۇرۇلۇش قىلىدۇ.بەيھەقى.

**5210 – [ 56 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اتقوا الحرام في البنيان فإنه أساس الخراب " . رواهما البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھارام مال ـ دۇنيادا قۇرلۇش بىنا سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلغىن، چۈنكى ئۇ بارلىق ھالاكەت خاراپنىڭ ئاساسىدۇر.بەيھەقى.

**5211 – [ 57 ] وعن عائشة رضي الله عنها عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الدنيا دار من لا دار له ومال من لا مال له ولها يجمع من لا عقل له " . رواه أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇدۇنيا دىگەن؛ تۇرالغۇ ھويلىسى يوق كىشىنىڭ ھويلىسىدۇر، مېلى يوق كىشىنىڭ مال ـ دۇنياسىدۇر، مال ـ دۇنيانى پەقەت ئەقلى يوق كىشىلا جۇغلاپ توپلايدۇر دېگەن. بەيھەقى بىلەن ئەھمەد توپلىغان.

**5212 –[ 58 ] ( لاأصل له مرفوعا )وعن حذيفة رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في خطبته : الخمر جماع الإثم والنساء حبائل الشيطان وحب الدنيا رأس كل خطيئة قال : وسمعته يقول : أخروا النساء حيث أخرهن الله رواه رزين**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇتبىسىدە مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ھاراق بارلىق گۇناھنىڭ چوغلۇغۇچىسى، گۇناھلار توپلىمى. ئاياللار بولسا، شەيتاننىڭ ئارغامچىسى، ئازدۇرۇش ۋاستىسى، دۇنيانى ياخشى كۆرۈش بارلىق خاتالىقنىڭ باش ئاساسى، ئاللاھمۇ ئاياللارنى كېيىن قويغاندەك، ئۇلارنى كېيىن قالدۇرۇڭلار، رەزىين خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىسنىڭ ھېچ جايدا ئەسلى ئاساسى يوق دىگەن. دۇنيانى ياخشى كۆرۈش بارلىق خاتالىقنىڭ بېشى دىگەن، سۆزنى ھەسەن بەسرىدىن مۇرسەل ھالدا بەيھەقىمۇ خاتىرلىگەن، مەنىسى خېلى بولىدۇ.

**5213 – [ 59 ] ( لم تتم دراسته )وروى اليهقي منه في " شعب الإيمان " عن الحسن مرسلا : " حب الدنيا رأس كل خطيئة "**

«دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، بارلىق خاتالىقنىڭ ئاساسلىق بېشى» دىگەن ھەدىسنى بەيھەقىمۇ ھەسەن بەسرىدىن مۇرسەل ھالدا خاتىرلىگەن، مەنىسى خېلى بولىدۇ.

**5214 – [ 60 ] وعن جابررضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسم : " إن أخوف ما أتخوف على أمتي الهوى وطول الأمل فأما الهوى فيصد عن الحق وأما طول الأمل فينسي الآخرة وهذه الدنيا مرتحلة ذاهبة وهذه الآخرة مرتحلة قادمة ولكل واحدة منهما بنون فإن استطعتم أن لا تكونوا بني الدنيا فافعلوا فإنكم اليوم في دار العمل ولا حساب وأنتم غدا في دار الآخرة ولا عمل " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئۇممەتلىرىمگە ئەڭ بەك قورقۇپ ئەنسىرەيدىغان نەرسە، ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن ئارزۇ ـ ئۇمۇتنى ئۇزۇن قىلىپ كېتىشىدۇر، ھاۋايى ـ ھەۋەس ھەقتىن تۇسۇپ قويىدۇ، ئارزۇ ـ ئۇمۇتنى ئۇزۇن قىلىش ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، بۇ دۇنيا ئارقىسىنى قىلىپ كېتىۋاتماقتا، ئاخىرەت بولسا ئالدىنى قىلىپ كېلىۋاتماقتا، ھەرئىككى دۇنيانىڭ بالىلىرى باردۇر، سىلەر دۇنيا بالىلىرىدىن بولماي، ئاخىرەت بالىلىرىدىن بولۇشۇڭلارغا قادىر بولساڭلار شۇنداق قىلىڭلار،بۇگۈن سىلەر ھىساپنىڭ

كۈندە ئەمەس بەلكى ئەمەلنىڭ كۈندە. ئەتىدىكى قىيامەت كۈن بولسا، ئەمەلنىڭ كۈندە ئەمەس بەلكى هساپ بېرىشنىڭ كۈندە بۇلسىلەر.(شۇڭا دۇنيا پەرەس بولماي، ئاخىرەت پەرەس بۇلۇڭلار)بەيھەقى.

**5215 – [ 61 ] وعن علي رضي الله عنه قال : ارتحلت الدنيا مدبرة وارتحلت الآخرة مقبلة ولكل واحدة منهما بنون فكونوا من أبناء الآخرة ولا تكونوا من أبناء الدنيا فإن اليوم عمل ولا حساب وغدا حساب ولا عمل رواه البخاري**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: بۇ دۇنيا ئارقىسىنى قىلىپ كىتىۋاتماقتا، ئاخىرەت بولسا ئالدىنى قىلىپ كىلىۋاتماقتا، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ باللىرى باردۇر، سىلەر دۇنيا باللىرىدىن بولماي، ئاخىرەت باللىرىدىن بولۇڭلار،بۇگۈن هساپنىڭ كۈنى ئەمەس بەلكى ئەمەلنىڭ كۈندۇر. ئەتىدىكى قىيامەت كۈن بولسا ئەمەلنىڭ كۈنى ئەمەس بەلكى هساپ بېرىشنىڭ كۈندۇر.ئىمام بۇخارى توپلىغان. سەھىھ.

**5216 – [ 62 ] وعن عمرورضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم خطب يوما فقال في خطبته : " ألا إن الدنيا عرض حاضر يأكل منه البر والفاجر ألا وإن الآخرة أجل صادق ويقضي فيها ملك قادر ألا وإن الخير كله بحذافيره في الجنة ألا وإن الشر كله بحذافيره في النار ألا فاعملوا وأنتم من الله على حذر واعلموا أنكم معروضون على أعمالكم فمن يعمل مثقال ذرة خيرا يره ومن يعمل مثقال ذرة شرا يره " . للشافعي**

ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى خۇتبىسىدە مۇنداق دىگەن؛ ئى ئىنسانلار، ئاگاھ بۇلۇڭلاركى، ھەقىقەتەن دۇنيا ھازىرقى نەخ ماتادۇر، ئۇنىڭدىن ياخشى ــ يامان كىشىلەر يەيدۇ، ئاخىرەت بولسا، راستچىل ۋەدە بولۇپ، بۇ توغرىسىدا ئادىل، قادىر پادىشاھ ئاللاھ ھۆكۈم قىلىدۇ، ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي جەننەتتە بۇلىدۇ، يامانلىقنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي دەۋزەختە بۇلىدۇ، شۇنى بىلىڭلاركى؛ سىلەر ھامىنى بىر كۈنى ئەمەللىرىڭلارغا تەكلىنىسىلەر، « كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»شاپىئى توپلىغان

**5217 – [ 63 ] ( ضعيف )وعن شداد رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " يا أيها الناس إن الدنيا عرض حاضر يأكل منها البر والفاجر وإن الاخرة وعد صادق يحكم فيها ملك عادل قادر يحق فيها الحق ويبطل الباطل كونوا من أبناء الآخرة ولا تكونوا من أبناء الدنيا فإن كل أم يتبعها ولدها "**

شەددات رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ئى ئىنسانلار، ھەقىقەتەن دۇنيا ھازىرقى نەخ ماتادۇر، ئۇنىڭدىن ياخشى ــ يامان كىشىلەر يەيدۇ، ئاخىرەت بولسا، راستچىل ۋەدە بولۇپ، بۇ توغرىسىدا ئادىل، قادىر پادىشاھ ئاللاھ ھۆكۈم قىلىدۇ، ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل قىلىدۇ، دۇنيا باللىرىدىن بولماي، ئاخىرەت باللىرىدىن بولۇڭلار، ھەرقانداق ئانا باللىسىنى ئەگەشتۈرىدۇ، ئەبۇ نۇئەيىم ھىلىيەتۇلئەۋلىيائتا خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**5218 – [ 64 ] ( صحيح ) وعن أبي الدرداء رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما طلعت الشمس إلا وبجنبتيها ملكان يناديان يسمعان الخلائق غير الثقلين : يا أيها الناس هلموا إلى ربكم ما قل وكفى خير مما كثر وألهى " رواهما أبو نعيم في " الحلية "**

ئەبۇ سەئىد،ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كۈن

چىققان ھەر بىركۈنى، كۈننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى پەرىشتە تۇرۇپ،ئىنسان-جىنلاردىن باشقا بارلىق مەخلۇقلارغا ئاڭلىتىپ بۇنداق دەپ توۋلايدۇ: ئى ئىنسانلار!(جىنلار) رەببىڭلارنەرەپكە كىلىڭلار!!ھاجەتكە كۇپايە بولىغان ئاز نەرسىمۇ، ئاخىرەتتىن ئالداپ مەشغۇل قىلغان كۆپ نەرسىدىن كۆپ ياخشىدۇر.ئەبۇنۇئەيىم، ئەبۇ يەئلا ،زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، باشقا بالا مال دۇنيادىن پىقىرلىق ياخشى.

5219 – [ 65 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة رضي الله عنه يبلغ به قال : " إذا مات الميت قالت الملائكة : ما قدم ؟ وقال بنو آدم : ما خلف ؟ " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆلۈشكە تىگىشلىك كىشى ئۆلسە، پەرىشتىلەر: ئۇ نىمىنى ئاخىرەت ئۈچۈن تەقدىم قىلىپتۇ دەيدۇ، ئادەم باللىرى: ئۇ ئارقىسىدا نىمە قالدۇرۇپتۇ دىيىشىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

5220 – [ 66 ] ( لم تتم دراسته ) وعن مالك رضي الله عنه : أن لقمان قال لابنه : " يا بني إن الناس قد تطاول عليهم ما يوعدون وهم إلى الآخرة سراعا يذهبون وإنك قداستدبرت الدنيا منذ كنت واستقبلت الآخرة وإن دارا تسيرإليها أقرب إليك من دار تخرج منها " . رواه رزين

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ لوقمان بالىسىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان؛ ئى بالام! كىشىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر (يەنى قىيامەت،ھىساپ،جەننەت-دەۋزەخ)ئۇلارغا بەك ئۇزۇنغا كىتىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاخىرەتكە بەك تىزلا يىتىپ بارىدۇ، سەن بۇدۇنياغا يارالغاندىن باشلاپلا ، بۇدۇنيانى ئارقاڭدا قالدۇرۇپ، ئاخىرەتكە ئالدىڭنى قىلىپ كىتىۋاتىسەن، سەن يىتىپ بارىدىغان ئاخىرەت دۇنياسى ، سەن چىقىپ كىتىدىغان بۇدۇنيادىن ساڭا بەكلا يىقىندۇر.(چۈنكى كىلىدىغان نەرسە بەك يىقىن، ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە بەكلا يىراقتۇر)رەزىن توپلىغان.مەنىسى سەھىھ.

5221 – [ 67 ] وعن عبدالله بن عمرو رضي الله عنهما قال : قيل لرسول الله صلى الله عليه وسلم : أي الناس أفضل ؟ قال : " كل مخموم القلب صدوق اللسان " . قالوا : صدوق اللسان نعرفه فما مخموم القلب ؟ قال : " هو النقي التقي لا إثم عليه ولا بغي ولا غل ولا حسد " قيل: فمن على أثره ؟ قال: الذي يشنأ الدنيا و يحب الآخرة قيل: فمن على أثره ؟ قال: مؤمن في خلق حسن. رواه ابن ماجه والبيهقي في " شعب الإيمان "

ئبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھقا كىشىلەرنىڭ قايسىسى ئەبزەل؟دىيىلسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، سەممىي سادىق، راستچىل تىلىنىڭ، مەخمۇم دىلىنىڭ ئىگىسىدۇر، مەخمۇم دىل دىگەن نىمە؟ دىيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەخمۇم دىل كىشى دىگەن؛ ھەقدە- ھەسەد، ھەددىدىن ئېشىش، تاجاۋۇزچىلىق،خىيانەت، گۇناھ بولمىغان پاك، پاكىز، ئاق، تەقۋا قەلبىنىڭ ئىگىسىدۇر دىدى، بۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدىغان ياخشى كىشى كىم؟ دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇ دۇنيانى ئۆچ كۆرۈپ، ئاخىرەتنى ياخشى كۆرگەن كىشى دىدى، ئۇنىڭدىن كىيىنكىسچۇ؟ دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ گۈزەل، ياخشى ئەخلاقلىق مۆئمىن دىدى، بەيھەقى،ئبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5222 – [ 68 ] وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أربع إذا كن فيك فلا عليك ما فاتك من الدنيا : حفظ أمانة

**وصدق حديث وحسن خليقة وعفة في طعمة " . رواه أحمد والبيهقي في " شعب الإيمان "**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت خىسلەت ئىش سەندە بولسا، پۈتۈن دۇنيا قولۇڭدىن كەتسىمۇ ساڭا ھېچ زەرەر يوق، بىرىنچى، ئامانەتنى مۇھاپىزەت قىلىش يەنى ئادا قىلىش، ئىككىنچى، راست سۆزلەش، ئۈچىنچى، ياخشى ئەخلاق، تۆتىنچى، تائامدا ئېھتىياتچانلىق بولۇش. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقىلەر، ئىبنى ئەمرۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئىبنى ئەدى، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

**5223 – [ 69 ] ( لم تتم دراسته ) وعن مالك رضي الله عنه قال : بلغني أنه قيل للقمان الحكيم : ما بلغ بك ما نرى ؟ يعني الفضل قال : صدق الحديث وأداء الأمانة وترك ما لا يعنيني . رواه في " الموطأ "**

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: لوقمان ھەكىمگە؛ بىز كۆرۈۋاتقان سەندىكى بۇ پەزىلەت مەرتىبىسىگە سىنى نىمە يەتكۈزدى؟دېيىلسە، ئۇ: سۆزنى راست قىلىش،سەمىيمى سادىق بولۇش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ماڭا قىلچە مەنپەئەتى بولمىغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش دەپ جاۋاپ بەرگەندۇر.مالىك مۇۋەتتەدە توپلىغان.

**5224 – [ 70 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تجيء الأعمال فتجيء الصلاة فتقول : يارب أنا الصلاة . فيقول : إنك على خير . فتجيء الصدقة فتقول : يارب أنا الصدقة . فيقول : إنك على خير ثم يجيء الصيام فيقول : يارب أنا الصيام . فيقول : إنك على خير . ثم تجيء الأعمال على ذلك . يقول الله تعالى : إنك على خير . ثم يجيء الإسلام فيقول : يا رب أنت السلام وأنا الإسلام . فيقول الله تعالى : إنك على خير بك اليوم آخذ وبك أعطي . قال الله تعالى في كتابه : ( ومن يبتغ غير الإسلام دينا فلن يقبل منه وهو في الآخرة من الخاسرين )**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئەمەللەر كېلىدۇ، ناماز كېلىپ، ئى رەببىم، مەن ناماز دېسە، سەن ياخشىلىق ئۈستىدە دەيدۇ، سەدىقىگىمۇ شۇنداق، رامىزانمۇ شۇنداق ئەمەللەر كېلىپ، شۇنداق دېسە، ئاللاھ مۇ ،شۇنداق دەيدۇ، ئاندىن ئىسلام دىنى كېلىپ، ئى رەببىم، سەن سالام، مەن ئىسلام دەيدۇ. ئاللاھ، سەنمۇ ياخشىلىق ئۈستىدە بۇگۈن سەن بىلەن بېرىپ سەن بىلەن ئالىمەن، ئاندىن ئىسلام دىنىدىن باشقا دىننى تەلەپ قىلغان كىشىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئەھمەد رەھمەھۇللا خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

**5225 – [ 71 ] وعن عائشةرضي الله عنها قالت : كان لنا ستر فيه تماثيل طير فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم :يا عائشة حوليه فإني إذا رأيته ذكرت الدنيا "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ قىبلە تەرىپىدە قۇشنىڭ سۈرىتى بار پەردە بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئى ئائىشە! بۇنى ئېلىپ يىراققا تاشلىۋەتكىن، ھەققەتەن مەن ھەر قېتىم كىرىپ بۇنى كۆرسەم، بۇ دۇنيانى ئەسلەپ قالىدىكەنمەن دېگەن. (باشقا خاتىرىدە، سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، سۈرەت سىزغۇچى قاتتىق ئازابلىنىدۇ دېگەن. مۇسلىم 3934 ــ ھەدىس، نەسەئى 5258 ــ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

5226 – [ 72 ] وعن أبي أيوب الأنصاري رضي الله عنه قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : عظني وأوجزفقال :إذا قمت في صلاتك فصل صلاة مودع ولا تكلم بكلام تعذر منه غدا وأجمع الإياس مما في أيدي الناس

ئەبۇ ئەييۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ناھايىتى قىسقا قىلىپ ۋەز-نەسىھەت قىلسىلا دېگەندە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تۇرساڭ، نامازنى ئىتائەت بىلەن ۋىدالاشقاندەك، چېدىماي قالغاندەك ئوقۇغىن، سەن ئەتە ئۆزرە ئېيتىپ، كەچۈرۈم سورىغىدەك بىرەر ئېغىز سۆز قىلما! كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن ئۈمىد ئۈزۈشكە ئىرادە باغلا، يەنى تاما قىلما. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5227 – [ 73 ] وعن معاذبن جبل رضي الله عنه قال : لما بعثه رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى اليمن خرج معه رسول الله صلى الله عليه وسلم يوصيه ومعاذ راكب ورسول الله صلى الله عليه وسلم يمشي تحت راحلته فلما فرغ قال : يا معاذ إنك عسى أن لا تلقاني بعد عامي هذا ولعلك أن تمر بمسجدي هذا وقبري " فبكى معاذ جشعا لفراق رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم التفت فأقبل بوجهه نحو المدينة فقال : " إن أولى الناس بي المتقون من كانوا وحيث كانوا " روى الأحاديث الأربعة أحمد

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ۋەسىيەت قىلغاچ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى، مۇئاز ئاتلىق ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىدا پىيادە كېتىۋاتاتتى، ۋەسىيىتىدىن پارىغ بولغاندا مۇنداق دېدى: ئى مۇئاز! سەن مۇشۇ يىلىمدىن كېيىن ماڭا ئۇچۇرشالماي ، مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمنىڭ ۋە قەبرەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشۈڭ مۈمكىن، ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن ئايرىلغىنىغا چىدىماي، جەزە-پەزە قىلىپ يىغلاپ كەتتى ـ ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇبارەك يۈزى بىلەن مەدىنە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ؛ ھەقىقەتەن ماڭا ئەڭ لايىق، ئەڭ يېقىن كىشىلەر بولسا، قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانداق مىللەت، قانداق تىل، قانداق رەڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانداق جايدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەڭ تەقۋادار بولغان، ئاللاھدىن قورىققۇچى كىشلەردۇر،دېدى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

5228 – [ 74 ] ( ضعيف )وعن ابن مسعود رضي الله عنه قال : تلا رسول الله صلى الله عليه وسلم : ( فمن يرد الله أن يهديه يشرح صدره للإسلام )فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن النور إذا دخل الصدر انفسح " . فقيل : يا رسول الله هل لتلك من علم يعرف به ؟ قال : " نعم التجافي من دار الغرور والإنابة إلى دار الخلود والاستعداد للموت قبل نزوله "

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ ھىدايەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشىنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا كەڭ ئاچىدۇ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن نۇر قەلبكە كىرسە، قەلب كەڭرىيدۇ دېدى، بىلگىلى بولىدىغان بىرەر ئىلىم بەلگە بارمۇ؟ دېيىلسە، بار، ئۇ بولسىمۇ بۇ ئالدامچى دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىپ، مەڭگۈلۈك ئاخىرەت دۇنياسىغا قايتىشتۇر، ئۆلۈم كېلىشىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش دېدى، بەيھەقى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

5229 – ( ضعيف ) 5230 ( ضعيف )وعن أبي هريرة وأبي خلاد رضي الله عنهما : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا رأيتم العبد يعطى زهدا في الدنيا وقلة منطق فاقتربوا منه فإنه يلقى الحكمة " . رواهما البيهقي في " شعب الإيمان "

ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇخەللاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

دۇنيادىن زاھىدلىق، تەركى ــ دۇنيا بولۇش بىرىلگەن، ئاز سۆزلەيدىغان كىشىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىڭلار، چۈنكى، ئۇنىڭغا ھىكمەت تاشلىنىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ئۈممەتنىڭ تۇنجى كىشىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، ياخشىلىنىشى، زاھىدلىق بىلەن شەكسىز ئىشەنچ بىلەن بولىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرى بولسا، بېخىللىق بىلەن ئارزۇ ــ ئۈمىدىنى كۆپ، ئۇزۇن قىلىش بىلەن ھالاك بولىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ئۈممەتنىڭ ئەۋۋىلى، شەكسىز ئىشەنچ، ئىمان بىلەن ۋە زاھىدلىق بىلەن نىجاد تاپتى، ئاخىرى بولسا، بېخىللىق بىلەن ۋە ئارزۇ ــ ئۈمىدتىنى كۆپ ۋە ئۇزۇن قىلىش بىلەن ھالاك بولىدۇ. ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، ھەسەن. نىجاد تاپاي دېسەڭ، شەكسىز ئىشەنچ بىلەن زاھىدلىقنى لازىم تۇت.

**[ 1 ] باب فضل الفقراء وما كان من عيش النبي صلى الله عليه وسلم – الفصل الأول**

## پېقىرلارنىڭ پەزىلىتى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا

**5231 – ( صحيح )عن أبي هريرة قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : رب أشعث مدفوع بالأبواب لو أقسم على الله لأبره رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كەمدىن ــ كەم بىر تۇزكۇم كىشىلەر باركى،ئۇلار چاچلىرى چۇۋۇق توپا چاڭ باسقان، ئىشىكلەردىن قوغلىنىدۇر، ئىتتىرىلىدۇ، ئەگەر بۇ كىشى ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، سورىغىنىنى بېرىپ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغام، سەھىھ، ئەنە شۇنداق ئەۋلىيالار بۇ رەزىل دۇنيادا قارشى ئېلىنماي رەت قىلىنىدۇ.

**5232 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن مصعب بن سعد قال : رأى سعد أن له فضلا على من دونه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هل تنصرون وترزقون إلا بضعفائكم ؟ " . رواه البخاري**

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرئۈستىدە پەزىلىتىم باردەپ قارىغانلىقىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرگە پەقەت ئاجىز، زەئىپلىرىڭلارنىڭ سەۋەبىدىنلا نۇسرەت، ياردەم، رىزىق بېرىلىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5233 [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن أسامة بن زيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : قمت على باب الجنة فكان عامة من دخلها المساكين وأصحاب الجد محبوسون غير أن أصحاب النار قد أمر بهم إلى النار وقمت على باب النار فإذا عامة من دخلها النساء**

ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئىشىكىدە تۇردۇم، ناگاھان جەننەتكە كىرگەن كىشىلەرنىڭ ئومومىيۈزلىكى، كۆپچىلىكى، مىسكىنلەر ئىكەن، ناگاھان بايلار بولسا، ھېسابقا تۇتۇلۇپتۇ، لېكىن، دوۋزاخ ئەھلى بولغان بايلار ئاللىبۇرۇن دوۋزاخقا بۇيرۇلۇپتۇ، دوۋزاخ ئىشىكىدە تۇردۇم، ناگاھان دوۋزاخقا كىرگەن كىشلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار ئىكەن، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى ،مۇسلىم نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5234 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اطلعت في الجنة فرأيت أكثر أهلها**

**الفقراء . واطلعت في النار فرأيت أكثر أهلها النساء "**

ئبنى ئابباس، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە قاراپ چىقتىم، جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى پېقىرلار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. دوۋزاخقا قاراپ، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، ئاياللارنىڭ دىيىنى كام، ئەقلى كام ۋە باشقا ئىقتىدارلىرى، ھەتتائىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرگە تەڭ،ئايال كىشى باش بولسا، ئۈممەت ھالاك بولۇشى،فىتنىسى قاتارلىقلار باشقا ھەدىسلەردە خاتىرلەنگەن.

**5235 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن فقراء المهاجرين يسبقون الأغنياء يوم القيامة إلى الجنة بأربعين خريفا " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى قىيامەت كۈنى بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5236 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن سهل بن سعد قال : مر رجل على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال لرجل عنده جالس : " ما رأيك في هذا ؟ " فقال رجل من أشراف الناس : هذا والله حري إن خطب أن ينكح وإن شفع أن يشفع . قال : فسكت رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم مر على رجل فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما رأيك في هذا ؟ " فقال : يا رسول الله هذا رجل من فقراء المسلمين هذا حري إن خطب أن لا ينكح . وإن شفع أن لا يشفع . وإن قال أن لا يسمع لقوله . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هذا خير من ملء الأرض مثل هذا**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، رەسۇلۇللاھ ئالدىدا ئولتۇرغان بىركىشىگە:بۇكىشى توغرىسىدا كۆز قارىشىڭ قانداق؟دېدى، ئۇكىشى؛ بۇكىشى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغراقلىدىن بولىدۇ، **الله** بىلەن قەسەمكى، بۇكىشى ئەلچى ئەۋەتسە ، قىز بېرىپ نىكاھلاپ قويۇلۇشقا، شاپائەت تەلەپ قىلسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنىشقا ئەڭ لايىقتۇر دېدى، بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن يەنە بىر كىشى ئۆتتۇدى، رەسۇلۇللاھ ئالدىدا ئولتۇرغان ھېلىقى كىشىگە:بۇكىشى توغرىسىدا كۆز قارىشىڭ قانداق؟دېدى، ئۇكىشى؛ بۇكىشى مۇسۇلمانلارنىڭ پەقىر نامراتلىرىدىن بولۇپ، بۇكىشى ئەلچى ئەۋەتسە ، نىكاھلاپ قويۇلماسلىققا، شاپائەت تەلەپ قىلسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنماسلىققا ، سۆز قىلسا، سۆزىگە قۇلاق سېلىنماسلىققائەڭ لايىقتۇر دېدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بۇ ئىككىنجى پەقىر كىشى ، بىرىنجى كىشىنىڭ ئوخششىنىڭ زىمىنغا لىق تولغىنىدىنمۇ كۆپ ياخشىدۇر دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5237 –[ 7 ] ( متفق عليه ) وعن عائشة قالت : ما شبع آل محمد من خبز الشعير يومين متتابعين حتى قبض رسول الله صلى الله عليه وسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتكەنگە قەدەر، ئارپا نېنىغا ئۇزۇلدۇرمەي ئۇدى ئىككى كۈن تويۇپ باقمىغان ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5238 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن سعيد المقبري عن أبي هريرة : أنه مر بقوم بين أيديهم شاة مصلية فدعوه فأبى أن يأكل وقال :**

خرج النبي صلى الله عليه وسلم ولم يشبع من خبز الشعير . رواه البخاري

سەئىدتىن، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ، ئالدىدا كاۋاپ قىلىنغان قوي گۆشى بار بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالغاندا، ئۇلار ئۇنى كاۋاپ يېيىشكە چاقىرسا، يېگىلى ئۇنىماي مۇنداق دىگەن:رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ دۇنيادىن ئارپا نېنىغىمۇ تويۇپ باقماي چىقىپ كەتتى. بۇخارى توپلىغان،

5239 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن أنس أنه مشى إلى النبي صلى الله عليه وسلم بخبز شعير وإهالة سنخة ولقد رهن النبي صلى الله عليه وسلم درعا له بالمدينة عند يهودي وأخذ منه شعيرا لأهله ولقد سمعته يقول : " ما أمسى عند آل محمد صاع بر ولا صاع حب وإن عنده لتسع نسوة " . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ دائىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا، ئارپا نېنى بىلەن ئۆزۈن تۇرغانلىقتىن پۇرىقى ئۆزگىرىپ قالغان كونا ياغنى ئاپىرىپ بېرىدىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىكى چاغدا، ئۆزىنىڭ جەڭ كىيىمىنى بىر يەھۇدىيغا گۆرۈگە رەنىگە قويۇپ،ئۇنىڭدىن ئەھلى ئۈچۈن ئارپا ئالغان ئىكەن، دەسلەپكى مەزگىللەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىدە، بىرسا بۇغداي، ياكى بىر سا دان بىركېچە تولۇق تۇرۇپ باقمىغان، ۋە  ھالەنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توققۇز ئايالى بار ئىدى.(كىيىنچە ياخشىلىنىپ، بىر يىل يەتكىدەك ئاشلىق قىلىپ بەرگەن)بۇخارى

5240 – [ 10 ] ( متفق عليه ) وعن عمر قال : دخلت على رسول الله صلى الله عليه وسلم فإذا هو مضطجع على رمال حصير ليس بينه وبينه فراش قد أثر الرمال بجنبه متكئا على وسادة من أدم حشوها ليف . قلت : يا رسول الله : ادع الله فليوسع على أمتك فإن فارس والروم قد وسع عليهم وهم لا يعبدون الله . فقال : " أو في هذا أنت يا ابن الخطاب ؟ أولئك قوم عجلت لهم طيباتهم في الحياة الدنيا " . وفي رواية : " أما ترضى أن تكون لهم الدنيا ولنا الآخرة ؟ "

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن كىرسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بورىنىڭ ئۈستىدىلا يېتىپتۇ، بورا بىلەن ئۆزىنىڭ ئارلىقىدا ھېچ نەرسە بولمىغاچقا، بەدىنىنىڭ يانلىرىغا بورىنىڭ تۇقۇلما ئىزلىرى چىقىپ قاپتۇ، سېلىنچىسى خورما قوۋزىقى بولغان ، تېرىدىن ياسالغان ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، مەن؛ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ قا دۇئا قىلسىلا، ئۇممەتلىرىگە( ئىسلام ئۈچۈن) مال ــ دۇنيالارنى كەڭرى قىلىپ بەرسۇن، قارىسىلا، رۇم، پارىسلارغا مال ـ دۇنيا شۇنداق كەڭرى ئىكەن، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ قا ئىبادەت قىلماي، شېرىك كەلتۈرىدۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى خەتتاپ ئوغلى، سەن شەك قىلىۋاتامسەن؟ سەنمۇ مۇشۇنداق ئىتقاتتىمۇ؟ ئاۋۇلار بولسا، يەنى ئەھلى كىتابلار مەجۇسىيلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ نەيىبىلىرى، نازۇ ــ نېئمەتلىرى، نېسىۋىلىرى مۇشۇ ھاياتى دۇنيادىلا تېز بېرىلگەن كىشىلەردۇر، بىزگە ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ، سەن بۇنە رازى ئەمەسمۇ؟ دىگەن. بۇخارى،مۇسلىم. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

5241 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : لقد رأيت سبعين من أصحاب الصفة ما منهم رجل عليه رداء إما إزار وإما كساء قد ربطوا في أعناقهم فمنها ما يبلغ نصف الساقين ومنها ما يبلغ الكعبين فيجمعه بيده كراهية أن ترى عورته رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،مەن سۇپا ئەھلىدىن 70 كىشىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇلاردىن ھېچ بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە تون رىدا يوق ئىدى، يا ئىشتىنى ياكى بويۇنلىرىغا ئېسىپ باغلىۋالغان كاساياسى، يېپىنچىسى

بارئىدى، ئۇنىڭ بەزىسى پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە،بەزىسى ئىككى ھۇشىقىغىچە يېتەتتى، ئۇلار ئەۋرىتىنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىنى ياقتۇرماي، ئۇنى قولى بىلەن يىغىپ كىرىشتۈرۈپ ئولتۇراتتى.بۇخارى توپلىغان.

**5242 – [ 12 ]** (**متفق عليه**) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا نظر أحدكم إلى من فضل عليه في المال والخلق فلينظر إلى من هو أسفل منه " متفق عليه . وفي رواية لمسلم قال : " انظروا إلى من هو أسفل منكم ولا تنظروا إلى من هو فوقكم فهو أجدر أن لا تزدروا نعمة الله عليكم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار مال جەھەتتىن، چىراي گۈزەللىك، ئەخلاق جەھەتتىن ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىگە قارىغاندا، دەرھال ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىگە قارىسۇن، (شۇنداق قىلسا، تۈزكۈر بولماستىن شۈكرى قىلىدۇ) ئۆزۈڭلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە قاراڭلار، سىلەردىن ھەر جەھەتتە يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا قارىماڭلار، شۇنداق قىلىش، ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان نىئمەتنى ھاقارەتلىمەسلىككە، ئاز كۆرمەسلىككە، ئەيىبلىمەسلىككە، ئەڭ لايىقتۇر، (يەنى تۈز كور بولماي، شۈكرى قىلىشقا ئاپىرىدۇ لىكىن، ئۆلگە، ئۆرنەك قىلىشتا پەيغەمبەرگە، ساھابىلارغا، تابىئىنلارغا قاراۋەرگىن)، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ

**5243 – [ 13 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يدخل الفقراء الجنة قبل الأغنياء بخمسمائة عام نصف يوم " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىر، نامراتلىرى جەننەتكە، بايلىرىدىن يېرىم كۈن يەنى 500 يىل بۇرۇن كىرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (جەننەتكە كىرگەندىن كىيىنكى دەرىجىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى پېقىرلار جامائىتى! مەن سىلەرگە خۇش بىشارەت بەرمەيمۇ؟ ھەقىقەتەن مۆئمىنلەرنىڭ پېقىر، نامراتلىرى بايلىرىدىن يېرىم كۈن، ئۇ بولسىمۇ 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ. (بايلار ھېساب بېرىشكە تۇتۇلىدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5244 – [ 14 ] وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اللهم أحيني مسكينا وأمتني مسكينا واحشرني في زمرة المساكين " فقالت عائشة : لم يا رسول الله ؟ قال : " إنهم يدخلون الجنة قبل أغنيائهم بأربعين خريفا يا عائشة لا تردي المسكين ولو بشق تمرة يا عائشة أحبي المساكين وقربيهم فإن الله يقربك يوم القيامة " رواه الترمذي والبيهقي في " شعب الإيمان "**

ئەبۇ سەئىد، ئۇبادەت ئىبنى سامىت،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورايىتتى، ئى ئاللاھ، مىنى مىسكىن ياشىتىپ، مىسكىن ھالدا ئۆلتۈرۈپ، مىسكىن پېتى جېنىمنى ئېلىپ، مىسكىنلەر توپىدا تىرىلدۈرسىلە.قىيامەت كۈنى مىنى مىسكىنلەر جامائىتى ئىچىدە قوپۇرسىلا،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ نىمە ئۈچۈن؟دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن، مۇمۇسۇلمانلارنىڭ پېقىر-مىسكىن كىشىلىرى قىيامەت كۈنى، بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ، ئى ئائىشە گەرچە بىرتال خورمىنىڭ يېرىمىنى بىرىپمۇ بولسا، مىسكىننى رەت قىلىپ قايتۇرماڭ، مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارغا يېقىن تۇرۇڭ، قىيامەت كۈنى **الله** مۇ سىزگە يېقىن تۇرىدۇ، دىدى. بەيھەقى،تىرمىزى، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد، ئىبنى ماجە، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5245 – [ 15 ]** ( لم تتم دراسته ) وروى ابن ماجه عن أبي سعيد إلى قوله " زمرة المساكين "

**5246 – [ 16 ]** ( صحيح ) وعن أبي الدرداء عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ابغوني في ضعفائكم فإنما ترزقون – أو تنصرون – بضعفائكم " . رواه أبو داود

ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنى ئاجىزلار ئىچىدىن ئىزدەڭلار، ماڭا ئاجىزلارنى تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرگە ئاجىز يەنى بالىلار، ئاياللار، قىرىلار، غىرىپ ــ غۇرۋالار سەۋەبىدىن، يىتىم ــ يىسىر، مىيىپ ـ مىسكىنلەر سەۋەبىدىن رىزىق بىرىلىدۇ، ياردەم بىرىلىدۇ. مۇسلىم، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد،ئەبۇداۋۇد، ھاكىم ئىبنى جارۇد توپلىغان.سەھىھ

**5247 – [ 17 ]** ( ضعيف )وعن أمية بن خالد بن عبد الله بن أسيد عن النبي صلى الله عليه وسلم : أنه كان يستفتح بصعاليك المهاجرين . رواه في " شرح السنة "

ئۇمەييە ئىبنى خالىد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىغا ئىشىكنى ئاچاتتى، ھەم ئۇلارنى تەلەپ قىلاتتى، شەرھى سۇننىدە بار بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**5248 – [ 18 ]** ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تغبطن فاجرا بنعمة فإنك لا تدري ما هو لاق بعد موته إن له عند الله قاتلا لا يموت " . يعني النار . رواه في " شرح السنة "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پاجىرلاردىكى نىئمەتنى ئارزۇ قىلماڭلار، سىلەر ئۇنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن نىمىگە يولۇقىدىغىنىنى بىلمەيسىلەر، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىلىدە دوۋزاخدىن ئىبارەت ئۆلمەس قاتىل بار، يەنىلا شەرھى سۇننى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**5249 – [ 19 ]** ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الدنيا سجن المؤمن وسنته وإذا فارق الدنيا فارق السجن والسنة " . رواه في " شرح السنة "

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دۇنيا مۆئمىنىنىڭ تۈرمۈسى ۋە قەھەتچىلىك يىلى، مۆئمىن دۇنيادىن ئايرىلسا، تۈرمىدىن، قەھەتچىلىكدىن قۇتۇلىدۇ، شەرھى سۇننى، زەئىپ دىيىلدى،

**5250 – [ 20 ]** وعن قتادة بن النعمان أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا أحب الله عبداحماه الدنيا كما يظل أحدكم يحمي سقيمه الماء " . رواه أحمد والترمذي

قەتادە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ، بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى خۇددى بىرىڭلار كېسەل كىشىسىنى (زەرەر قىلىدۇ دەپ)سۇدىن ھىمايە قىلىپ ساقلىغاندەك،بۇ دۇنيادىن ھىمايە قىلىپ ساقلايدۇ. تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5251 – [ 21 ]** وعن محمود بن لبيد أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اثنتان يكرههما ابن آدم : يكره الموت والموت خير

للمؤمن من الفتنة ويكره قلة المال وقلة المال أقل للحساب " . رواه أحمد

مەھمۇد ئىبنى لوبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى ئىككى ئىشنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇ ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم مۆئمىنگە پىتنىگە قېلىشتىن ياخشىدۇر، ئۇ مال ــ دۇنيانىڭ ئاز بولۇشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمەلىيەتتە، مالنىڭ ئازلىقى ھېسابنىڭ ئازلىقىدۇر، ئەھمەد، سەئىد ئىبنى مەنسۇر توپلىغان، سەھىھ.

**5252 – [ 22 ]** ( ضعيف )وعن عبد الله بن مغفل قال : جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " إني أحبك . قال : " انظر ما تقول " . فقال : والله إني لأحبك ثلاث مرات . قال : " إن كنت صادقا فأعد للفقر تجفافا للفقر أسرع إلى من يحبني من السيل إلى منتهاه " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئابدۇللا ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، مەن سىلىنى ياخشى كۆرىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نېمە دەۋاتقىنىڭغا قاراپ سۆزلە دېدى، ئۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلىنى راستلا ياخشى كۆرىمەن دەپ، ئۈچ قېتىم دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق بولسا، پېقىرلىققا تەييارلىق قىلىپ قوي، پېقىرلىق ئۇچقۇن قالقان چاپان تەييارلا، چۈنكى، مېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە، پېقىرلىق كەلكۈن قارارگاھقا ئالدىرىغاندىنمۇ بەكرەك ئالدىرايدۇ دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن، چۈنكى، بىر راۋىسىنى ئالىملار ھەدىسى زەئىپ دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بالالەر، مۇسىبەت، سىناقلار مېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە، سەل ئۆز قارارگاھىغا قاراپ ئاققاندىنمۇ تېزراق يېتىدۇ، يەنى ئۇكىشى كۆپ بالاغا قالىدۇ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ئىمام ئەلبانىي بۇ ھەدىسنى سەھىھنىڭ 1592 ـ ھەدىسىدە ھەسەن دېدى.

**5253 – [ 23 ]** ( صحيح ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقد أخفت في الله وما يخاف أحد ولقد أوذيت في الله وما يؤذى أحد ولقد أتت علي ثلاثون من بين ليلة ويوم وما لي ولبلال طعام يأكله ذو كبد إلا شيء يواريه إبط بلال " . رواه الترمذي قال : ومعنى هذا الحديث : حين خرج النبي صلى الله عليه وسلم هاربا من مكة ومعه بلال إنما كان مع بلال من الطعام ما يحمل تحت إبطه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئاللاھ يولىدا كۆپ قورقۇپ ئەنسىرىدىم،ھېچ كىشى ئۇنداق ئەنسىرەپ باقمىغان، ئاللاھ يولىدا كۆپ ئەزىيەتكە ئۇچرىدىم، ھېچ بىر كىشى ئۇنداق ئەزىيەتكە ئۇچراپ باقمىغان، ھەققەتەن ماڭا بىر كېچە ــ كۈندۈز ئىچىدە 30 قېتىم ئەزىيەت، ئازار يەتتى.(مەككىدىن چىققاندا) بىلال بىلەن ئىككىمىزگە جىگەر ئىگىسى، ھاياتلىق ئىگىسى يېگىدەك نەرسە يوق ئىدى، پەقەت بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولتۇقىدا يوشۇرۇپ، مەخپى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلا بار ئىدى، شۇنىلا يەيتتۇق. ئەھمەد 13543 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2396 ــئىبنى ماجە،ئىبنى ھەببان ت سەھىھ.

**5254 – [ 24 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي طلحة قال : شكونا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم الجوع فرفعنا عن بطوننا عن حجر حجر فرفع رسول الله صلى الله عليه وسلم عن بطنه عن حجرين . رواه الترمذي وقال : حديث غريب

ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاچلىقتىن شىكايەت قىلىپ، ھەر بىرىمىز قۇرساقلىرىمىزدىن بىرتالدىن، بىرتالدىن تاشنى ئالساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئاچلىقتىن قۇرسىقىغا تېڭىۋالغان ئىككى تال تاشنى ئالغان ئىدى.تىرمىزى توپلىغان.

**5255 – [ 25 ] وعن أبي هريرة أنه أصابهم جوع فأعطاهم رسول الله صلى الله عليه وسلم تمرة تمرة . رواه الترمذي**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇلارغا ئاچارچىلىق يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا بىرتالدىن، بىرتالدىن خورما بەرگەن ئىدى.تىرمىزى توپلىغان.

**5256 – [ 26 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عمروبن شعيب عن أبيه عن جده عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " خصلتان من كانتا فيه كتبه الله شاكرا : من نظر في دينه إلى من هو فوقه فاقتدى به ونظر في دنياه إلى من هو دونه فحمد الله على ما فضله الله عليه كتبه الله شاكرا صابرا . ومن نظر في دينه إلى من هو دونه ونظر في دنياه إلى من هو فوقه فأسف على ما فاته منه لم يكتبه الله شاكرا ولا صابرا رواه الترمذي وذكر حديث أبي سعيد : " أبشروا يا معشر صعاليك المهاجرين " في باب بعد فضائل القرآن**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئىككى خىسلەت ئىش باربولۇپ ، كىمدە بۇ ئىككى خىسلەت ئىش بولسا، **الله** ئۇكىشىنى شۇكۇر قىلغۇچى دەپ يازىدۇ، كىم دىنى (ئىمانى،تەقۋالىقى)جەھەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان كىشىگە قاراپ، ئۇكىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ئەگەشسە، دۇنيالىقى جەھەتتە ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە قاراپ، **الله** نىڭ ئۇكىشىنى ئۇنىڭ ئۇستىگەپەزىلەتلىك قىلغىنىغا **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتسا، **الله** بۇنداق كىشىنى سەۋرى قىلىپ ، شۇكۇر قىلغۇچى دەپ يازىدۇ، كىم دىنى (ئىمانى،)جەھەتتە ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە قارىسا، دۇنيالىقى جەھەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان كىشىگە قاراپ، قولىدىن كەتكەن نەرسىگە،ئۇنىڭغا بېرىلمىگەن نەرسىگە ئاھ ئۇرۇپ غەم قىلسا، **الله** بۇنداق كىشىنى سەۋرى قىلىپ ، شۇكۇر قىلغۇچى دەپ يازمايدۇ،تىرمىزى توپلىغان.

**5257 – [ 27 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن أبي عبد الرحمن الحبلي قال : سمعت عبد الله بن عمرو وسأله رجل قال : ألسنا من فقراء المهاجرين ؟ فقال له عبد الله : ألك امرأة تأوي إليها ؟ قال : نعم . قال : ألك مسكن تسكنه ؟ قال : نعم . قال : فأنت من الأغنياء . قال : فإن لي خادما . قال : فأنت من الملوك . قال : عبد الرحمن : وجاء ثلاثة نفر إلى عبد الله بن عمرو وأنا عنده . فقالوا : يا أبا محمد إناوالله ما نقدر على شيء لا نفقة ولا دابة ولا متاع . فقال لهم : ما شئتم إن شئتم رجعتم إلينا فأعطيناكم ما يسر الله لكم وإن شئتم ذكرنا أمركم للسلطان وإن شئتم صبرتم فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن فقراء المهاجرين يسبقون الأغنياء يوم القيامة إلى الجنة بأربعين خريفا " . قالوا : فإنا نصبر لا نسأل شيئا " . رواه مسلم**

ئابدۇررەھماندىن، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر كىشى ؛ بىز مۇھاجىرلارنىڭ ئەڭ پەقىر كىشىلىرىدىن ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ؛ سىنىڭ سەن بىللە بۇلىدىغان، ساڭا ھەمراھ بۇلىدىغان ئايالىڭ بارمۇ؟دىسە، ئۇكىشى؛ ھەئە بار دېدى، سەن تۇرىدىغان ئۆيۈڭ بارمۇ؟ دىسە، بار دېدى، ئاندىن ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئۇنداق بولسا، سەن بايلارنىڭ جۈملىسىدىن دېدى، ئۇكىشى؛ مىنىڭ يەنە بىر قۇل خىزمەتچىممۇ بار دىسە،ئۇ؛ ئۇنداقتا سەن پادىشاھلارنىڭ جۈملىسىدىن بۇلىسەن دېدى، ئابدۇررەھمان مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدىم، ئۇنىڭ قېشىغا ئۈچ نەپەر كىشى كىلىپ؛ ئى ئەبامۇھەممەد! **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز نەپىقە، ئۇلاغ، مال ـ ماتا ھېچ بىر نەرسىگە قادىر ئەمەسمىز، بىزنىڭ ھېچ نەرسىمىز يوق

دىگەندە، ئۇ؛ سىلەر تۈۋەندىكى ئىشلاردىن قايسىنى خالايسىلەر؟ ئەگەر خالىساڭلار، بىزنىڭ قېشىمىزغا قايتىپ كېلىڭلار، بىز سىلەرگە الله ئاسان قىلغان نەرسىلەردىن بېرەيلى، ئەگەر خالىساڭلار، ئىشىڭلارنى سۇلتانغا خەۋەر قىلايلى، ئەگەر خالىساڭلار سەۋرە قىلىڭلار، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەقىقەتەن مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى قىيامەت كۈنى بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ، ئۇلار؛ ئۇنداق بولسا، بىز سەۋرە قىلىپ، ھېچ نەرسە سورمايمىز دىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5258 – [ 28 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن عبدالله بن عمرو قال : بينما أنا قاعد في المسجد وحلقة من فقراء المهاجرين قعود إذ دخل النبي صلى الله عليه وسلم فقعد إليهم فقمت إليهم فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ليبشر فقراء المهاجرين بما يسر وجوههم فإنهم يدخلون الجنة قبل الأغنياء بأربعين عاما " قال : فلقد رأيت ألوانهم أسفرت . قال عبد الله بن عمرو : حتى تمنيت أن أكون معهم أو منهم . رواه الدارمي**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا مەن مەسجىدتە ئولتۇراتتىم، مۇھاجىرلارنىڭ ئەڭ پەقىر كىشىللىرىدىنمۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ھالقا بولۇپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇردى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا يۆتكەلدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مۇھاجىرلارنىڭ ئەڭ پەقىر كىشىللىرى ئۆزلىرىنى خۇرسەن قىلىدىغان، يۈزلىرىنى يورۇق نۇرلۇق قىلىدىغان نەرسە بىلەن خۇش بىشارەت ئالسۇن، چۈنكى ئۇلار قىيامەت كۈنى بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ،دىدى. مەن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ خۇشاللىقتىن نۇرلۇنۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ھەتتا مەنمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولسامچۇ، ئۇلار بىلەن بىللە بولسامچۇ دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم.دارىمى توپلىغان.

**5259 – [ 29 ] وعن أبي ذر قال : أمرني خليلي بسبع : أمرني بحب المساكين والدنو منهم وأمرني أن أنظر إلى من هو دوني ولا أنظر إلى من هو فوقي وأمرني أن أصل الرحم وإن أدبرت وأمرني أن لا أسأل أحدا شيئا وأمرني أن أقول بالحق وإن كان مرا وأمرني أن لا أخاف في الله لومة لا ئم وأمرني أن أكثر من قول : لا حول ولا قوة إلا بالله فإنهن من كتر تحت العرش . رواه أحمد**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يېقىن دوستۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى يەتتە ئىشقا بۇيرىغان ئىدى؛ مىنى مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشكە، ئۇلارغا يېقىن تۇرۇشقا، (دۇنيالىقتا)ئۆزۈمدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە قارىشىمغا، يۇقىرى تۇرىدىغان كىشىگە قارىماسلىقىمغا، گەرچە مەن ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەر يىراقلاپ كەتسىمۇ، ماڭا سىلە ـ رەھىم قىلمىسىمۇ، سىلە ـ رەھىم قىلىشىمغا، بىرەر كىشىدىن ھېچ نەرسە سورىماسلىقىمغا، گەرچە ئاچچىق بولسىمۇ ھەق سۆزنى قىلىشىمغا، الله يولىدا تاپا ـ تەنە قىلغۇچىلارنىڭ تاپا، مالامەتلىرىدىن قورقماسلىقىمغا، «لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى»الله نىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر دىگەن سۆزنى كۆپ قىلىشىمغا بۇيرىغان.بۇسۆز ئەرشى ئاستىدىكى كاڭدىندۇر.دىدى. ئەھمەد تو.

**5260 – [ 30 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يعجبه من الدنيا ثلاثة الطعام والنساء والطيب فأصاب اثنين ولم يصب واحدا أصاب النساء والطيب ولم يصب الطعام . رواه أحمد**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بۇدۇنيالىقتىن ئۈچ نەرسە خۇرسەن قىلاتتى، تاماق، ئاياللىرى، خۇشپۇراق ئەترە ئەجەپلەندۈرەتتى، ئاياللىرى بىلەن خۇشپۇراق ئەتىردىن ئىبارەت

| |
|---|
| ئىككى نەرسىگە ئىرىشىپ، ئىسلى تاماققا ئىرىشەلمىدى.ئەھمەد توپلىغان. |
| **5261 – [ 31 ] ( حسن ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حبب إلي الطيب والنساء وجعلت قرة عيني في الصلاة " . رواه أحمد والنسائي . وزاد ابن الجوزي بعد قوله : " حبب إلي " " من الدنيا "**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بۇ دۇنيارىڭلاردىن ئاياللار بىلەن (يەنى ئايالى) خۇشپۇراق ئەتىرلەر ياخشى كۆرسىتىلدى، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، خۇرسەن بولۇپ، خۇشال بولۇشى، نامازدا قىلىندى، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. |
| **5262 – [ 32 ] ( صحيح ) وعن معاذ بن جبل أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما بعث به إلى اليمن قال : " إياك والتنعم فإن عباد الله ليسوا بالمتنعمين " . رواه أحمد**<br><br>مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن: (يېمەك ــ ئىچمەك، كىيىم ــ كېچەك، تۇرمۇشۇڭلاردا) نېئمەتلىك، باياشات بولۇپ كېتىشتىن ھەزەر قىلغىن، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ياراملىق بەندىلىرى راھەت ــ پاراغەتتە، بەكلا مول تۇرمۇشتا ئەمەستۇر، ئەھمەد، بەيھەقى ھەسەن. |
| **5263 – [ 33 ] ( لم تتم دراسته )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من رضي من الله باليسير من الرزق رضي الله منه بالقليل من العمل "**<br><br>ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھدىن ئاز رىزىققا رازى بولسا، ئاللاھ ئۇ بەندىدىن ئاز ئەمەلگىمۇ رازى بولىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن.زەئىپ ئاللاھدىن رازى بولماي ھەددى ئەمەس. |
| **5264 – [ 34 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من جاع أو احتاج فكتمه الناس كان حقا على الله عز وجل أن يرزقه رزق سنة من حلال " . رواهما البيهقي في " شعب الإيمان "**<br><br>ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاچ قېلىپ ياكى مۇھتاج بولۇپ قېلىپ، بۇنى كىشىلەردىن يوشۇرسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە بىر يىلغىچە ھالالدىن رىزىق بېرىشكە كېپىل بولىدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. |
| **5265 – [ 35 ] ( ضعيف )وعن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يحب عبده المؤمن الفقير المتعفف أبا العيال " . رواه ابن ماجه**<br><br>ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ئەھلى ـ باللىرى كۆپ پېقىر ئىپپەتلىك مۆئمىن بەندىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىبنى ماجە خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. |
| **5266 – [ 36 ] ( لم تتم دراسته ) وعن زيدبن أسلم قال : استسقى يوما عمر فجيء بماء قد شيب بعسل فقال : إنه لطيب لكني أسمع الله عز وجل نعى على قوم شهواتهم فقال ( أذهبتم طيباتكم في حياتكم الدنيا واستمتعتم بها ) فأخاف أن تكون حسناتنا** |

**عجلت لنا فلم يشربه . رواه رزين**

زەيدئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىچكىلى سۇ سورىۋىدى، ئۇنىڭغا ھەسەل ئارلاشتۇرۇلغان سۇ كەلتۈرۈلدى، ئاندىن ئۇ؛ بۇ ئىچىملىك بەك ئىسىل ياخشى بولۇپ كىتىپتۇ، لېكىن مەن، **الله** تائالانىڭ؛ مەلۇم قەۋملەرگە «سىلەر ھاياتىڭدۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا تەييىبات،ئىسىل نۇرمۇشۇڭلاردىن بەھرىمەن بولۇپ بولغان، نىسۋەڭلارنى تولۇق ئېلىپ مەنپەئەتلىنىپ بولغان ئىدىڭلار.....» دەپ، ئۇلارنىڭ شەھۋەتلىرىنى(ئىسىل تۇرمۇشلىرىنى)ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دەپ ئۇنى ئىچمىدى.رەزىين.

**5267 – [ 37 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر قال : ما شبعنا من تمر حتى فتحنا خيبر . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دىگەن: بىز خەيبەرنى ئىشغال قىلمىغىچە، خورمىغىمۇ تويۇپ باقمىغان ئىدۇق.(ئاندىن كىيىن كەڭرىچىلىك بولغان) ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**[ 2 ] باب الأمل والحرص – الفصل الأول**　　ئارزۇ ــ ئۈمىد ۋە ھىرىسمەنلىك توغرىسىدا

**5268 – [ 1 ] ( صحيح ) عن عبد الله قال : خط النبي صلى الله عليه وسلم خطا مربعا وخط خطا في الوسط خارجا منه وخط خططا صغارا إلى هذا الذي في الوسط من جانبه الذي في الوسط وفقال : " هذا الإنسان وهذا أجله محيط به وهذا الذي هو خارج أمله وهذه الخطوط الصغار الأعراض فإن أخطأه هذا نهسه هذا وإن أخطأه هذا نهسه هذا " . رواه البخاري**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت چاسا كەتەكچە سىزىق سىزدى، ئاندىن ئۇنىڭ سىرتىدا ئوتتۇرغىراق بىر سىزىق سىزدى، ئاندىن كەتەكچىنىڭ ئوتتۇرىدىكى سىزىقنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە نۇرغۇن كىچىك سىزىقلارنى سىزىپ مۇنداق دىدى: مانا بۇ ئوتتۇرىدىكى ئىنساندۇر، ماۋۇ ئەتراپىدىكى كەتەكچە سىزىق ئەجەل بولۇپ ئۇنى قورشاپ تۇرىدۇ، ماۋۇ تېشىدىكى سىزىق بولسا، ئۇنىڭ ئارزۇ ــ ئارمانلىرىدۇر، بۇ كىچىك سىزىقلار بولسا، ھەر خىل بالايى-ئاپەت، ھادىسىلەر بولۇپ، ئەگەر ئىنساندىن ماۋۇ بىرسى خاتا كەتسە، ماۋۇ يەنە بىرسى قاماللاپ، قورشاپ تۇتىدۇ، ئەگەر ماۋۇ خاتا كېتىپ يەتمەي قالسا، ماۋۇ بىرسى چىلك تۇتۇپ، ئىنسانغا چوقۇم يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارزۇ ــ ئارمانلىرىغا، شېرىن خىياللىرىغا يېتەلمەي ئۆلىدۇ. ئەھمەد 3478 ــ ھەدىس، بۇخارى 5938 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2378 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت، قۇرۇق ئارزۇ ــ ئارمان، شېرىن خىيال قىلماي، ھەققەتىنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىخلاس قىلىپ، مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن تىرىشىپ، ئاللاھ رازى بولغۇدەك ئۆزى ئۈچۈن، خەلقى ئۈچۈن كەلگۈسى ئۈچۈن ئەمەلىي تۆھپە، نەتىجە ھاسىل قىلىشى لازىم، پەرىشتە يوقنى يېزىپ قويمايدۇ، بارنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئىنسان قىلسا، ئۆزىگە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.




ھەدىستىن مەقسەت؛ ئىنسان ئارزۇ-ئارمان،خام خىياللارنى ئازراق قىلىشى كېرەك،چۈنكى، ئۇنى ئەجەل قورشاپ تۇرىدۇ،ئارزۇلىرى ئەجەلنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئارمانغا يېتىشتىن بۇرۇن

ئەجەل كىلىپ بولىدۇ، ئەجەلگە بالاي ـ ئاپەتلەر سەۋەبتۇر.

---

**5269 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : خط النبي صلى الله عليه وسلم خطوطا فقال : " هذا الأمل وهذا أجله فبينما هو كذلك إذ جاءه الخط الأقرب " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەچچە سىزىق سىزىپ: مانا بۇ ئىنساننىڭ ئارزۇ ــ ئارمانلىرى، ماۋۇ يېقىنىدىكى بولسا، ئۇنىڭ ئەجىلى، ئۇ شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز يېقىنىدىكى سىزىق يەنى ئەجەل، ئۆلۈش ۋاختى كېلىدۇ دېگەن. بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

---

**5270 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " يهرم ابن آدم ويشب منه اثنان : الحرص على المال والحرص على العمر "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇداق دېگەن: ئادەم بالىسى قېرىغانسېرى ئۇنىڭدا ئىككى نەرسە تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىدۇ، مال دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇش بىلەن بىرگە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ھېرىسمەن بولۇش. بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى قېرىغانسىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى نەرسە ياش قېلىپ قالىدۇ. بىرسى ھېرىسمەنلىك، يەنە بىرى بولسا، ئارزۇ ــ ئۈمۈدنى ئۇزۇن قىلىش. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

---

**5271 – [ 4 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يزال قلب الكبير شابا في اثنين : في حب الدنيا وطول الأمل "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرى شەيخنىڭ قەلبى ئىككى نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتە ياپياش تۇرۇۋېرىدۇ، مال ــ دۇنيانى، بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتە، ئارزۇ ئۈمىدلىرى ئۇزۇن بولۇشتا ياش تۇرىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

---

**5272 – [ 5 ] ( صحيح )وعنه قال:قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : أعذر الله إلى امرئ أخر أجله حتى بلغه ستين سنة رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەززىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا،ئۇ 60 ياشقا كىرگىچە ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان بولسا، ئۇ بەندىگە تولۇق ئۆزرە ئېيتىپ بولغان بولىدۇ، يەنى ئۆمۈر توغرىسىدا بەندىگە ئۆزرە قويمايدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.يەنەبىردە: ھەققەتەن ئاللاھتائالا، 60 ياشتىن 70 ياشقا يەتكەنگە قەدەر ئۆمۈر بېرىپ ياشاتقان بەندىسىگە تولۇق ئۆزرى ئېيتىپ بولىدۇ، يەنى ھېچقانداق ئۆزرە قويمايدۇ، (ئايەتتىكى مەن سىلەرگە ئۆمۈر، پۇرسەت بەرمىدىممۇ؟ دېگەن سۇئال شۇدۇر). ھاكىم توپلىغان، بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆمرى 60 ـ 70 تۇر، سەھىھ. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى 60 ياشقا يەتكۈزسە، ھەققەتەن ئۇ بەندىگە تولۇق ئۆزرە ئېيتىپ بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆمۈرنى ۋايىغا يەتكىچە بەرگەن بولىدۇ، يەنى بەندىنىڭ ئۆمۈر توغرىسىدا ئۆزرىسى قالمايدۇ، ئابدۇ ئىبنى ھەمىيد توپلىغان، سەھىھ.

---

**5273 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لو كان لابن آدم واديان من مال لابتغى**

**ثالثا ولا يملأ جوف ابن آدم إلا التراب ويتوب الله على من تاب "**

ئەنەس، ئىبنى ئاباباس، ئىبنى زۇبەيىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇۋاقىد، بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر يايلاق، بىر چاڭگال مال بولسا، ئەلۋەتتە ئىككىنچى بىر يايلاق مالنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىككى يېزا يايلاق مال بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچىنچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى پەقەت تۇپىلا تولدۇرىدۇ، (ئۇ ئۆلگەندە ئاندىن تويىدۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى بىر چىمدىم تۇپراق تويغۇزىدۇ، تۇپىدىن باشقىسى قورسىقىنى تولدۇرالمايدۇ) ئاللاھ تۆۋبە قىلغان كىشىنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە، بەزار، بۇخارى تارىخدا تۇپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر جاڭگال خورمازارلىق بولسا، يەنە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھەتتا، ئۇ بىر نەچچە خورمازارلىق بېغى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى پەقەت تۇپىلا تولدۇرالايدۇ، يەنى ئۇ ئۆلسە تويىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان تۇپلىغان، سەھىھ.كىشىنىڭ نەپسىنى، ئاچكۆزلۈكىنى كۆرسىتىدۇ

**5274 – [ 7 ]** ( صحيح ) **وعن ابن عمر قال : أخذ رسول الله صلى الله عليه وسلم ببعض جسدي فقال : " كن في الدنيا كأنك غريب أو عابر سبيل وعد نفسك في أهل القبور " . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ بەدىنىمنى ، جەسىدىمنىڭ بەزىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: سەن بۇ دۇنيادا خۇددى غەرىب (يەنى ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتتىكى ناتونۇش) كىشىدەك بولغىن ياكى مۇساپىردەك بولغىن، ئۆزۈڭنى قەبرە ئەھلىدىن سانىغىن، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەھ تۇپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭ، سەن بۇنىڭغا مۇساپىردەك مۇئامىلە قىلغىن، بۇ بىر مۇسابىقە مەيدانى، سەن بۇ مەيداندا ئۇتۇپ چىققىن.تاڭ ئاتقۇزساڭ كەچكە،كەچ قىلساڭ، تاڭغا ئىنتىزا بولمىغىن.

**5275 – [ 8 ] الفصل الثاني (عن عبد الله بن عمرو قال : مر بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا وأمي نطين شيئا فقال : " ما هذا يا عبد الله ؟ " قلت شيء نصلحه . قال : " الأمر أسرع من ذلك " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئانام بىلەن ئىككىمىز بىر ئۆيىنى لاي ئىتىپ ئوڭشاۋاتساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوتتۇرىمىزدىن ئۆتۈپ؛ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ دېدى، بىز؛ بۇ ئۆيىنى ئوڭشاپ قويايلى دېدۇق، دېسەك، رەسۇلۇللاھ شۇ چاغدا؛ ئىش ئۇنىڭدىن تېزىراق بولۇشى مۇمكىن دىگەن، (يەنى ئۆلۈم سىلەرگە بۇ تاملار خاراپ بولۇشدىن بۇرۇنراق كېلىشى مۇمكىن) ئەبۇ داۋۇد 4558 _ ھەدىس، تىرمىزى 2257 _ ھەدىس، ئەھمەد 6213 _ ھەدىس، سەھىھ، بارلىق ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسنى زاھىدلىقنىڭ بابىغا كەلتۈرگەن، ئەمر دىگەن شۇ ئىشنى ئۆلۈم دەپ شەرھىيلىگەن، چۈنكى، تاغدىكى تاملار ئۇزۇن تۇرالايدۇ.

**5276 – [ 9 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يهريق الماء فيتيمم بالتراب فأقول : يا رسول الله إن الماء منك قريب يقول : " ما يدريني لعلي لا أبلغه " . رواه في " شرح السنة " وابن الجوزي في كتاب " الوفاء "**

ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنى تۆكۈۋىتىپلا (يەنى كىچىك تەرەت قىلىپلا)، ئاندىن تۇپىدا تەيەممۇم قىلدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سۇ سىلىگە بەك يېقىنلا يەردە بارغۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ سۇنى ئىستىمال قىلالىشىمنى ماڭا نىمە بىلدۇرىدۇ؟ مەن سۇ بار جايغا يىتىپ

بارالماسلىقىم مۇمكىن دېدى. شەرھىسسۇننى.

**5277 – [ 10 ] عن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " هذا ابن آدم وهذا أجله " ووضع يده عند قفاه ثم بسط فقال : " وثم أمله " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەچچەسىزىق سىزىپ مۇنداق دېگەن: مانا بۇ ئادەم بالىسى ئىنسان، ماۋۇ يېقىندىكى بولسا، ئۇنىڭ ئەجىلى، ئۆلۈش ۋاختى، ئاندىن ئاۋۇلار، ماۋۇلار بولسا، ئۇنىڭ ئارزۇ ــ ئارمانلىرىدۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5278 – [ 11 ] وعن أبي سعيد الخدري أن النبي صلى الله عليه وسلم غرز عودا بين يديه وآخر إلى جنبه وآخر أبعد منه . فقال : " أتدرون ما هذا ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " هذا الإنسان وهذا الأجل " أراه قال : " وهذا الأمل فيتعاطى الأمل فلحقه الأجل دون الأمل " . رواه في " شرح السنة "**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تال تاياقنى ئالدىغا قاداپ، ئاندىن يەنەبىرنى ئۇنىڭ يېنىغا قاداپ، ئاندىن يەنەبىرتالنى ئۇنىڭدىن يىراقراق قاداپ مۇنداق دېگەن:بۇنىڭ نىمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلار؛ الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ مانا بۇ ئىنسان، ماۋۇ يېقىندىكى بولسا، ئۇنىڭ ئەجىلى، ئۆلۈش ۋاختى، ئاندىن ئاۋۇلار، ماۋۇلار بولسا، ئۇنىڭ ئارزۇ ــ ئارمانلىرىدۇر، ئىنسان ئارزۇ-ئارمانلىرىغا، ئۇمۇتلىرىگە يېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ،لېكىن ئارزۇ ــ ئارمان، ئۇمىدلەرگە يېتىشتىن بۇرۇن ئۆلۈم كېلىدۇ، ئەجەل تۇشىدۇ،دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5279 – [ 12 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " عمر أمتي من ستين سنة إلى سبعين " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئۆمرى 60 ـ 70 يىلدۇر، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب دېگەن، زەئىپتۇر. چۈنكى، مۇھەممەد، كامىل دېگەن راۋىلار كۈچلۈك ئەمەس، زەئىپ ئىكەن، بۇ ھەدىس سەھىھلەر توپلىمىدا ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

**5280 – [ 13 ] ( حسن )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعمار أمتي ما بين الستين إلى السبعين وأقلهم من يجوز ذلك " . رواه الترمذي وابن ماجه وذكر حديث عبد الله بن الشخير في " باب عيادة المريض "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئۆمرى، 60يىلدىن70 يىلغىچىدۇر، 70دىن ئۆتىدىغانلار ناھايىتى ئازدۇر. تىرمىزى،ئىبنى ماجە، ھەسەن

**5281 – [ 14 ] الفصل الثالث عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أول صلاح هذه الأمة اليقين والزهد وأول فسادها البخل والأمل " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۇممەتنىڭ تۇنجى كىشىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، ياخشىلىنىشى،ئىسلاھاتىنىڭ تۇنجىسى زاھىدلىق بىلەن، شەكسىز ئىشەنچ بىلەن بولىدۇ، بۇ ئۇممەتنىڭ ئاخىرى،پىتنە ـ پاسادىنىڭ تۇنجىسى بولسا، بېخىللىق بىلەن ئارزۇ ــ ئۇمۇدىنى كۆپ،

ئۆزۈن قىلىش بىلەن ھالاك بولىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ئۈممەتنىڭ ئەۋۋىلى، شەكسىز ئىشەنچ، ئىمان بىلەن ۋە زاھىدلىق بىلەن نىجاد تاپتى، ئاخىرى بولسا، بېخىللىق بىلەن ۋە ئارزۇ ــ ئۈمۈدتىنى كۆپ ۋە ئۇزۇن قىلىش بىلەن ھالاك بولىدۇ. ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، ھەسەن. نىجاد تاپاي دېسەڭ، شەكسىز ئىشەنچ بىلەن زاھىدلىقنى لازىم تۇت.

5282 – [ 15 ] ( لم تتم دراسته ) وعن سفيان الثوري قال : ليس الزهد في الدنيا بلبس الغليظ والخشن وأكل الجشب إنما الزهد في الدنيا قصر الأمل . رواه في " شرح السنة

سۇپيان سەۋرى رەھ مۇنداق دىگەن: بۇدۇنيادىكى زاھىدلىق، تەرك ـ دۇنيالىق؛ قوپال،قېلىن،مەينەت ئەسكى جونداق،ياماق كىيىملەرنى كىيىۋېلىش بىلەن، غورگىل، ناچار،يېرىك تاماقلارنى يېيىش بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى زاھىدلىق ئارزۇ ــ ئۈمۈدىنى قىسقىراق قىلىش بىلەن بۇلىدۇ.شەرھىسسۇننى.

5283 – [ 16 ] ( لم تتم دراسته ) وعن زيدبن الحسين قال : سمعت مالكا وسئل أي شيء الزهد في الدنيا ؟ قال : طيب الكسب وقصر الأمل . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "

زەيد ئىبنى ھەسەن رەھ مۇنداق دەيدۇ: ئىمام مالىك رەھ تىن؛ بۇدۇنيادىكى زاھىدلىق، تەرك ـ دۇنيالىق قانداق قىلىش بىلەن بۇلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، مەن ئۇنىڭ؛ زاھىدلىق پاك،ھالال كەسىپ قىلىش بىلەن، ئارزۇ ــ ئۈمۈدىنى قىسقىراق قىلىش بىلەن بۇلىدۇ دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.بەيھەقى توپلىغان.

[ 3 ] باب استحباب المال والعمر للطاعة – الفصل الأول

تائەت ـ ئىبادەت ئۈچۈن، ئۆمۈرنىڭ، دۇنيانى، مال ـ ئۇزۇن بۇلىشىنى ياخشى كۆرۈش توغرىسىدا

5284 – [ 1 ] ( صحيح ) عن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يحب العبد التقي الغني الخفي " . رواه مسلم وذكر حديث ابن عمر : " لا حسد إلا في اثنين " في " باب فضائل القرآن "

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا تەقۋا، مۇتتەقى، بىھاجەت بولغان، ئۆزىنى كىشىلەردىن بىھاجەت تۇتىدىغان، ئىبادەتتە مەخپى بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ساڭا بولماي ماڭا بولسىچۇ دىمەستىن، بەلكىم، ماڭمۇ بولسىچۇ دىگەن ھەسەدە پەقەت ئىككىلا نەرسىدە دۇرۇستۇر؛ بىر كىشىگە ئاللاھتائالا قۇرئاننى ئۆگەتتىدۇ، ئۇنى قارى قىلىدۇ ئۇ قۇرئاننى كېچە تەرەپلەردە ۋە كۈندۈز تەرەپلەردە قىيامدا تۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئۇنى خوشنىسى ئاڭلاپ؛ كاشكى ماڭىمۇ پالانىغا بېرىلگەن نەرسە بېرىلسىچۇ، مەنمۇ ئۇ قىلغان ئەمەلنىڭ ئوخششىنى قىلاركەنمەن دەپ ھەسەد قىلىدۇ. («ئەمەل» دىگەن سۆز ئوقۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ). يەنە بىر كىشىگە ئاللاھتائالا كۆپ مال بېرىدۇ، ئۇ بۇ ماللارنى ھەق يولدىلا چىقىم قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن بۇنى كۆرگەن، ئاڭلىغان كىشى: كاشكى ماڭىمۇ پالانىغا بېرىلگەن مال ـ دۇنيا بېرىلگەن بولسا، مەنمۇ ئۇ قىلغان ئەمەللەرنىڭ ئوخششىنى قىلىۋالاركەنمەن دەپ كېتىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

5285 – [ 2 ] الفصل الثاني عن أبي بكرة أن رجلا قال : يا رسول الله أي الناس خير ؟ قال : " من طال عمره وحسن عمله

" . قال : فأي الناس شر ؟ قال : " من طال عمره وساء عمله " . رواه أحمد والترمذي والدارمي

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كىشلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى؟ قايسىسى ئەڭ يامان؟دەپ سورغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىدۇر، كىشلەرنىڭ ئەڭ يامىنى بولسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى يامان بولغان كىشىدۇر، ئەھمەد، تىرمىزى،دارىمى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، كىشىنىڭ ياخشى ــ يامان بولۇشى، ئەمەلىنىڭ ياخشى ــ يامان بولىشىغا باغلىقتۇر.

5286 – [ 3 ] وعن عبيد بن خالد أن النبي صلى الله عليه وسلم آخى بين رجلين فقتل أحدهما ثم مات الآخر بعده بجمعة أو نحوها فصلوا عليه فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ما قلتم ؟ " قالوا : دعونا الله أن يغفر له ويرحمه ويلحقه بصاحبه . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " فأين صلاته بعد صلاته وعمله بعد عمله ؟ " أو قال : " صيامه بعد صيامه لما بينهما أبعد مما بين السماء والأرض " . رواه أبو داود والنسائي

ئۇبەيدە ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى كىشىنى دىنى قېرىنداش قىلىپ قويدى، ئۇلارنىڭ بىرسى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولدى، ئاندىن يەنە بىرسىمۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن ياكى شۇنچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇلار ئۇنىڭغا ناماز چۈشۈرگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ سىلەر بۇنىڭغا نىمە دەپ دۇئا قىلدىڭلار؟دېدى، ئۇلار؛ بىز، الله نىڭ بۇنىڭغا رەھىم قىلىپ مەغپىرەت قىلىشىغا، بۇنى شېھىد بولغان قېرىندىشىغا قوشۇپ قويۇشىغا الله قا دۇئا قىلدۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇنداقتا بۇرۇنقى شېھىدبولغان كىشىنىڭ ناماز ـ رۇزىللىرى ، ئەمەللىرى توختىغاندىن كېيىنكى، بۇ قېرىندىشىنىڭ ناماز ـ رۇزا، ياخشى ئەمەللىرى قەيەرگە كېتىدۇ؟بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارلىقىدىكى دەرىجە پەرقى ئاسمان ـ زېمىن ئارلىقىدىنمۇ چوڭدۇر دېدى.(يەنى كېيىن ئۆلۈپ كەتكىنى نىيىتى سەمىيمى سادىق بولغاچقا، شېھىدلىق دەرىجىسىگە يېتىپ بۇلۇپ، ئاندىن يەنە قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن بۇرۇن شېھىد بولغان قېرىندىشىدىن يۇقىر تۇرىدۇ)دېدى. ئەبۇداۋۇد بىلەن نەسەئى توپلىغان.

5287 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أبي كبشة الأنماري أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ثلاث أقسم عليهن وأحدثكم حديثا فاحفظوه فأما الذي أقسم عليهن فإنه ما نقص مال عبد من صدقة ولا ظلم عبد مظلمة صبر عليها إلا زاده الله بها عزا ولا فتح عبد باب مسألة إلا فتح الله عليه باب فقر وأما الذي أحدثكم فاحفظوه " فقال : " إنما الدنيا لأربعة نفر : عبد رزقه الله مالا وعلما فهو يتقي فيه ربه ويصل رحمه ويعمل لله فيه بحقه فهذا بأفضل المنازل . وعبد رزقه الله علما ولم يرزقه مالا فهو صادق النية ويقول : لو أن لي مالا لعملت بعمل فلان فأجرهما سواء . وعبد رزقه الله مالا ولم يرزقه علما فهو يتخبط في ماله بغير علم لا يتقي فيه ربه ولا يصل فيه رحمه ولا يعمل فيه بحق فهذا بأخبث المنازل وعبد لم يرزقه الله مالا ولا علما فهو يقول : لو أن لي مالا لعملت فيه بعمل فلان فهو نيته ووزرهما سواء " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث صحيح

ئەبۇ كەبشە ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئۈچ ئىشقا قەسەم قىلىمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەدىقە، زاكات بەرگەنگە مال كاملاپ قالمايدۇ، ھەرقانداق بىر بەندە ئۆزىگە قىلىنغان زۇلۇمغا سەۋىر قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇ بەندىگە ئىززەتنى زىيادە قىلىدۇ، ھەرقانداق بىر بەندە سائىللىقتا بىر ئىشىكنى ئاچسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە پېقىرلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. مەن سىلەرگە بىر ھەدىس

سۆزلەپ بېرەي، ئۇنى ئوبدان يادا ئېلىڭلار، ھەقىقەتەن دۇنيا تۆت نەپەر كىشى ئۈچۈندۇر، بىر بەندىگە ئاللاھتائالا مال بىلەن ئىلىمنى رىزىقى بېرىدۇ، ئۇ بەندە بۇ مال بىلەن ئىلىمدا پەرۋەردىگارىدىن قورقۇپ، تەقۋالىق قىلىدۇ، سىلە ــ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ئۈچۈنلا ھەق، توغرا ئەمەللەرنى قىلىدۇ، مانا بۇ كىشى مەنزىللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدە بولىدۇ. يەنە بىر بەندىگە ئاللاھتائالا ئىلىمنى رىزىق بېرىپ، مالنى رىزىق بەرمەيدۇ، بۇ بەندىنىڭ نىيىتى سەممىي، سادىق، راستچىل بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: كاشكى، مېنىڭمۇ مېلىم بولغان بولسا، پالانىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدەك ئەمەل قىلاتتىم! بۇ كىشى نىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئاشۇ ياخشى ئەمەل قىلغان كىشى بىلەن بۇنىڭ ئەجىر، ساۋابى باراۋەر، ئوخشاش بولىدۇ. يەنە بىر بەندىگە ئاللاھتائالا مال ــ دۇنيا بېرىپ، ئىلىم بەرمەيدۇ، بۇ كىشى مال ــ دۇنياسىدا ئىلىمسىز پاتقاقتا پېتىپ، قالايمىقان تەسەررۇپ قىلىدۇ، مال ــ دۇنياسىدا پەرۋەردىگارىدىن قورقمايدۇ، تەقۋالىق قىلمايدۇ، سىلە ــ رەھىم قىلمايدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن ئۇ ماللاردا ھەق ئەمەللەرنى قىلمايدۇ، مانا بۇ كىشى مەنزىللەرنىڭ ئەڭ نىجىس، يامىنىدا بولىدۇ. يەنە بىر بەندىگە ئاللاھتائالا مالمۇ، ئىلىممۇ بەرمەيدۇ، بۇئىلىمسىز مۇنداق دەيدۇ: كاشكى مېنىڭمۇ مال ــ دۇنيالىرىم بولسا، پالانىدەك ئەمەللەرنى قىلاتتىم! (بۇ پالانى يامان كىشى بولۇپ، ئەمەللىرىمۇ يامان) بۇ بەندىمۇ نىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ يامان ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ گۇناھى باراۋەر، ئوخشاش بولىدۇ، (چۈنكى، بۇ رازى بولۇپ ئارزۇ قىلدى ياكى يۇقىرقىدەك ئەجىردە باراۋەر بولىدۇ)، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5288 – [ 5 ] ( صحيح ) و عن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله تعالى إذا أراد بعبد خيرا استعمله " . فقيل : وكيف يستعمله يا رسول الله ؟ قال : " يوفقه لعمل صالح قبل الموت " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ئاللاھ بىرەر بەندىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئەمەل قىلدۇرىدۇ، ئەمەل تەلەپ قىلدۇرىدۇ، قانداق ئەمەل قىلدۇرىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۆلۈش ئالدىدا تەۋپىق ئاتا قىلىپ، ياخشى، سالىھ ئەمەلنى ئاسان، مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ بېرىپ، ئاندىن شۇ ئەمەل ئۈستىدە ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ دېدى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىپ قالسا، ئۇنى ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن پاكلايدۇ، ئۇلار قانداق پاكلايدۇ؟ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ ئۇ كىشىگە ياخشى ئەمەلنى ئىلھام قىلىدۇ، ئاندىن شۇ ئەمەلنىڭ ئۈستىدە جېنىنى ئالىدۇ،دېدى. تەبرانى ، سەھىھ.

**5289 – [ 6 ] ( ضعيف )وعن شداد بن أوس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الكيس من دان نفسه وعمل لما بعد الموت . والعاجز من أتبع نفسه هواها وتمنى على الله " . رواه الترمذي وابن ماجه**

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەقىللىق كىشى بولسا، نەپسنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆلگەندىن كېيىنكى نەرسىگە تەييارلىق قىلغان كىشىدۇر، ئەقىلسىز بولسا، نەپسنى ھاۋايى ــ ھەۋەسكە ئەگەشتۈرۈپ ئاللاھقا ئارزۇ قىلىدىغان كىشىدۇر، تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5290 – [ 7 ] ( صحيح ) الفصل الثالث عن رجل من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم قال : كنا في مجلس فطلع علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم وعلى رأسه أثر ماء فقلنا : يا رسول الله نراك طيب النفس . قال : أجل . قال : ثم خاض القوم في**

**ذكر الغنى فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا باس بالغنى لمن اتقى الله عز وجل والصحة لمن اتقى خير من الغنى وطيب النفس من النعيم " رواه أحمد**

يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بىر مەجلىستە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىچىدا سۇنىڭ ئەسرى بار ھالدا يەنى غۇسلى قىلىپلا قىشىمىزغا چىقىپ كەلدى، بىز؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز سىلنى بۇگۈن خۇشال ـ خۇرام ، خاترجەم كۆردۇققۇ دىسەك، رەسۇلۇللاھ؛شۇنداق دىدى، ئاندىن كىشلەر بايلىق توغرىسدا سۆز ئېچىشىدى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ئاللاھتىن قورقىدىغان تەقۋادار كىشى ئۈچۈن بايلىق بولسا، چاتاق يوق، تەقۋادار كىشى ئۈچۈنمۇ سالامەتلىك، تەننىڭ ساقلىقى بايلىقدىن ياخشىدۇر، قەلبىنىڭ، كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكى ئەڭ چوڭ نىئمەتتۇر. ئەھمەد 22076 ـــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2123 ـــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5291 – [ 8 ] ( لم تتم دراسته ) وعن سفيان الثوري قال كان المال فيما مضى يكره فأما اليوم فهو ترس المؤمن وقال لولا هذه الدنانير لتمندل بنا هؤلاء الملوك وقال من كان في يده من هذه شيء فليصلحه فإنه زمان إن احتاج كان أول من يبذل دينه وقال : الحلال لايحتمل السرف . رواه في شرح السنة**

سۇپيان رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مال ـ دۇنيا ئۆتكەنكى ۋاقىتلاردا ياقتۇرۇلمايتتى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە مال ـ دۇنيا مۆئمىن كىشىنىڭ قالقىنىدۇر، ئەگەر قولىمىزدا بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بولمىغان بولسا، ئاۋۇ پادىشاھلار بىزنى كىرنى ئەيتىدىغان قول ياغلىق لۇڭگە قىلىۋالاتتى(يەنى قاتتىق خارلايتتى)كىمنىڭ قولىدا مال ـ دۇنيادىن بىرەر نەرسە بولسا، ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ ئوڭشاپ، ياخشى يولغا ئىشلىتىپ،ئۇنى قالقان قىلسۇن، بۇ شۇنداق يامان زامانكى، ئەگەر كىشى مۇھتاج بولۇپ قالسا، دۇنيانى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن دىنىنى تاپشۇرۇپ سېتىۋېتىدۇ، ھالال مال ـ دۇنيادا ئىسراپچىلىق بولمايدۇ، ھالال مالنى ئىسراپ قىلىۋېتىپ، باشقىلارغا مۇھتاج بولۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

**5292 – [ 9 ] وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ينادي مناد يوم القيامة : أين أبناء الستين ؟ وهو العمر الذي قال الله تعالى [ أولم نعمركم ما يتذكر فيه من تذكر وجاءكم النذير ] رواه البيهقي في شعب الإيم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى بىر جاكارچى مۇنداق دەپ توۋلايدۇ؛ 60 ياشقا كىرگەنلەر قېنى قەيەردە سىلەر؟ 60 يىل بولسا، الله تائالا « ئۇلار دەۋزەختە: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (الله ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز ـ نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق».دىگەن ئۆمۈر شۇدۇر.بەيھەقى توپلىغان.سۈرە پاتىر37 ـ .

**5293 – [ 10 ] وعن عبدالله بن شداد قال إن نفرا من بني عذرة ثلاثة أتوا النبي صلى الله عليه وسلم فأسلموا قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يكفينيهم ؟ " قال طلحة : أنا . فكانوا عنده فبعث النبي صلى الله عليه وسلم بعثا فخرج فيه أحدهم فاستشهد ثم بعث بعثا فخرج فيه الآخر فاستشهد ثم مات الثالث على فراشه . قال : قال طلحة : فرأيت هؤلاء الثلاثة في الجنة ورأيت الميت على فراشه أمامهم والذي استشهد آخرا يليه وأولهم يليه فدخلني من ذلك فذكرت للنبي صلى الله عليه وسلم فقال : " وما أنكرت من ذلك ؟ ليس أحد أفضل عند الله من مؤمن يعمر في الإسلام لتسبيحه وتكبيره وتهليله**

ئىبنى شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بەنىي ئۆزرەت قەبىيلىسىدىن ئۈچ نەپەر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولدى، رەسۇلۇللاھ: بۇلارنىڭ چىقىمىغا كىم كۈپايە بولىدۇ؟ بۇلارنى كىم ئۆيىدە تۇرغۇزىدۇ؟دېدى، تەلھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مانا مەن كۈپايە، دېدى، ئۇلار شۇنىڭ ئۆيىدە تۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ بىرسى بۇ قوشۇن ئارىسىدا چىقىپ شېھىد بولدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ يەنە قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ يەنە بىرسى بۇ قوشۇن ئارىسىدا چىقىپ شېھىد بولدى، ئاندىن ئۈچۈنجىسى ئۆز كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلدى، تەلھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن ئۇ ئۈچ كىشىنى جەننەت ئىچىدە كۆرۈپ، ئۆز كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلگىنىنى (دەرجىدە)ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا، ئىككىنجى قېتىم شېھىد بولغىنىنى ئۇنىڭ يېنىدا، ئۈنجى قېتىم شېھىد بولغىنىنى بولسا، ئەڭ ئاخىردا كۆردۈم، ئاندىن قەلبىمگە گۇمان چۈشۈپ، (يەنى مېنىڭچە بولغاندا ئۈنجىسى دەرىجە جەھەتتىن ئەڭ يۇقىرى بۇلىشى كېرەك ئىدى،شۇڭا مەن بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ)بۇ چۈشۈمنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ؛سەن بۇنىڭدىن نېمىنى ئىنكار قىلىپ ، ھەيران قالىسەن؟ **الله** تائالانىڭ نەزىدە، تەسبىھـ تەكبىر،تەھلىل(ياخشى ئەمەللەر)ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئىچىدە ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىلگەن مۆئمىندىمۇ ئەۋزەلرەك بىرەر كىشى يوقتۇر دېدى. بەيھەقى توپلىغان.

**5294 – [ 11 ] وعن محمدبن أبي عميرة وكان من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : إن عبدا لو خر على وجهه من يوم ولد إلى أن يموت هرما في طاعة الله لحقره في ذلك اليوم ولود أنه رد إلى الدنيا كيما يزداد من الأجر والثواب رواهما أحمد**

ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ،مۇھەممەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ،**الله** يولىدا تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ قېرىپ، ئاجىزلاپ ئۆلگىچە، (يۈزىچە سۆرۈلۈپ قىينالسا)، يۈزىچە يىقىلىپ ئىبادەتلا قىلغان بولسىمۇ، ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى بۇ ئىشنى ھاقارەتلىك كىچىك، ئاز سانايدۇ، ئەجىر، ساۋابلىرىنى زىيادە قىلىشىش ئۈچۈن، دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئەھمەد 16991 ـ ھەدىس، تەبرانى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ. ئى قېرىنداشلار! بىز قايسى بىر قىلىپ كەتكەن ئىبادەت، ئەمەللىرىمىزگە نەتىجە، تۆھپىلىرىمىزگە كۆرەڭلەپ خاتىرجەم يۈرىيمىز؟!!

باب التوكل والصبر – الفصل الأول

## تەۋەككۇل ۋە سەۋرە قىلىش توغرىسىدا

**5295 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يدخل الجنة من أمتي سبعون ألفا بغير حساب هم الذين لا يسترقون ولا يتطيرون وعلى ربهم يتوكلون .**

ئىبنى ئابباس، ئىمران، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن 70000 كىشى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار ئايىتى شىپا ئوقۇتمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ، ئوت بىلەن داغلاپ داۋالاتمايدۇ، پەقەت رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە 70000نىڭ ھەر مىڭى بىلەن يەنە 70000 باردۇر، بۇ سۆزنى ئەرەپلەر ناھايىتى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان بولۇپ، مەنىسى ئىنتايىن كۆپ دېگەن بولىدىكەن، شۇ 70000غىلا خاس بولماستىن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەن، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدىكەن.

**5296 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعنه قال خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم يوما فقال : " عرضت علي الأمم فجعل يمر النبي ومعه الرجل والنبي ومعه الرجلان والنبي ومعه الرهط والنبي وليس معه أحد فرأيت سوادا كثيرا سد الأفق فرجوت أن يكون أمتي**

**فقيل هذا موسى في قومه ثم قيل لي انظر فرأيت سوادا كثيرا سد الأفق فقيل لي انظر هكذا وهكذا فرأيت سوادا كثيرا سد الأفق فقيل : هؤلاء أمتك ومع هؤلاء سبعون ألفا قدامهم يدخلون الجنة بغير حساب هم الذين لا يتطيرون ولايسترقون ولا يكتوون وعلى ربهم يتوكلون فقام عكاشة بن محصن فقال : ادع الله أن يجعلني منهم . قال " اللهم اجعله منهم " . ثم قام رجل فقال : ادع الله أن يجعلني منهم . فقال سبقك بها عكاشة .**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بارلىق ئۈممەتلەر تەڭلەندى، مەن بەزى پەيغەمبەرنى بىر توپ جامائەت بىلەن كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەرنى بولسا، بىر ئىككى كىشى بىلەنلا كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەر بىلەن ھېچكىشى يوق،ئۇنى يالغۇزلا كۆردۈم، (يەنى ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇ ئىمان ئېيتقان، ئەگەشكەن كىشى يوق ئىكەن) تۇيۇقسىز ماڭا ناھايىتى چوڭ جامائەت كۆلەڭگىسى كۆرۈندى، مەن ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىممىكى دەپ گۇمان قىلىپ تۇرسام، ماڭا؛ بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمى دېيىلدى،ئاندىن ماڭا؛ لېكىن، سەن ئاۋۇ ئۇپۇققا قارا دېيىلدى، مەن قارىسام، ناھايىتى چوڭ جامائەتلەر قارىسى ئىكەن، ماڭا بۇياقدىكى ئۇپۇققا قارا دېيىلدى، قارىسام ناگاھان بەكمۇ كۆپ جامائەت توپى ئىكەن، ئاندىن ماڭا مانا بۇ سېنىڭ ئۈممىتىڭ، ئۇلار بىلەن بىرگە جەننەتكە ھېسابسىز، ئازابسىز كىرىدىغان 70000 كىشى باردۇر، بۇ كىشىلەر ئايىتى شىپا ئوقۇمايدۇ، ھەم ئوقۇتمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ، پال سالدۇرمايدۇ، ئوتتا داغلاپمۇ داۋالاتمايدۇ، ئۇلار پەقەت ھەممە ئىشلىرىدا رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ،دېيىلدى. ئاندىن ئۇككاش ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** نىڭ مېنى شۇلاردىن قىلىشىغا **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئى **الله** ! ئۇككاشنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلسىلا دېدى، ئاندىن يەنەبىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** نىڭ مېنىمۇ شۇلاردىن قىلىشىغا **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ؛بۇنىڭغا سەندىن ئۇككاش ئىلگىرلەپ كەتتى، سەن كېيىن قالدىڭ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئۈممىتىمدىن 70000 كىشىنىڭ ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشى بېرىلدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇقتۇر، دىللىرى بولسا بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدەك پاك، ساپتۇر، مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللىدىن يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشنى سورىدىم، ئاندىن ئاللاھ ماڭا يۇقىرقى 70000 كىشىدىن ھەربىر كىشى بىلەن بىللە يەنە 70000 كىشىنىڭ جەننەتكە ھېسابسىز كىرىشنى بەردى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ $70000 \times 70000$

تۆت مىليارت 900 مىليون بولىدۇ = 4900000000.يەنى مەقسەت شۇنداق كۆپتۇر.

**5297 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن صهيب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " عجبا لأمر المؤمن كله خير وليس ذلك لأحد إلا للمؤمن إن أصابته سراء شكرفكان خيرا له وإن أصابته ضراء صبر فكان خيرا له " رواه مسلم**

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئىشى

ئەجەپلىنەرلىكتۇر، ھەققەتەن مۆئمىننىڭ بارلىق ئىشلىرى ياخشىلىقتۇر، بۇنداق ياخشىلىق پەقەت مۆئمىن ئۈچۈنلا بولىدۇ، مۆئمىن بولمىغان كىشىلەرگە ئۇنداق بولمايدۇ، ئەگەر مۆئمىنگە خۇرسەن بولىدىغان، خۇشاللىق ئىشلار يەتسە، ئۇ شۈكرى قىلىدۇ ـــ دە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا زەرەر يەتسە، سەۋرى قىلىدۇ ـــ دە، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5298 – [ 4 ]** ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المؤمن القوي خير وأحب إلى الله من المؤمن الضعيف وفي كل خير احرص على ما ينفعك واستعن بالله ولاتعجز وإن أصابك شيء فلا تقل لو أني فعلت كان كذا وكذا ولكن قل قدر الله وما شاء فعل فإن لو تفتح عمل الشيطان رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ( ئېتىقاد، ئەمەللىرى، باتۇرلىقىدا) كۈچلۈك مۆئمىن، ئاجىز، زەئىپ مۆئمىندىن ئاللاھقا سۆيۈملۈك ۋە ياخشىراقتۇر. ھەممىسىدە ياخشىلىق باردۇر، سەن ئۆزۈڭگە پايدا ـــ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان نەرسىگە ھېرىسمەن بول!، ئاللاھ بىلەنلا ياردەم سورا، ئاجىز بولما، ئەگەر ساڭا بىرەر نەرسە يەتسە، مۇسىبەت يەتسە، زىيان يەتسە، ھەي! ئەگەر مانداق قىلغان بولسام مۇنداق ـــ مۇنداق بولاتتى ئەمەسمۇ؟ دېمىگىن، لېكىن، سەن ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئاللاھ خالىغانى قىلىدۇ.(ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان ئىرادە قىلمىغان نەرسە بولمايدۇ) دېگىن، ھەققەتەن لەۋ كەلىمىسى، يەنى ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولسام، ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام دېگەن بۇ سۆز شەيتاننىڭ خىزمەت ئەمەللىرىگە ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىكىدىن كىرىپ، خىزمىتىنى قىلىسا، ئۇ كىشى ئازىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5299 – [ 5 ]** الفصل الثاني عن عمر بن الخطاب قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : لو أنكم تتوكلون على الله حق توكله لرزقكم كما يرزق الطير تغدو خماصا وتروح بطانا " . رواه الترمذي وابن ماجه

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر ئاللاھتائالاغا ھەقىقى لايىقىدا تەۋەككۇل قىلالىساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئاللاھتائالا قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بەرگەن بولاتتى، ئەتىگىنى ئاچ قورساق چىقىپ كېتىپ، كەچتە توق قورساق قايتىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5300 – [ 6 ]** وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أيها الناس ليس من شيء يقربكم إلى الجنة ويباعدكم من النار إلا قد أمرتكم به وليس شيء يقربكم من النار ويباعدكم من الجنة إلا قد نهيتكم عنه وإن الروح الأمين – وفي رواية : وإن روح القدس – نفث في روعي أن نفسا لن تموت حتى تستكمل رزقها ألا فاتقوا الله وأجملوا في الطلب ولا يحملنكم استبطاء الرزق أن تطلبوه بمعاصي الله فإنه لا يدرك ما عند الله إلا بطاعته " . رواه في " شرح السنة " والبيهقي في " شعب الإيمان " إلا أنه لم يذكر : " وإن روح القدس "

ئەبۇ ئۇمامە،ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! سىلەرنى جەننەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ، دوزەختىن يىراقلاشتۇرىدىغان نەرسە، پەقەت مەن سىلەرنى بۇيرىغان ئىشلاردۇر، سىلەرنى دوزەخكە يېقىنلاشتۇرۇپ، جەننەتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان نەرسە، پەقەت مەن سىلەرنى توسقان نەرسىدۇر، (يەنى مەن بۇيرىغان ئىشلارنى قىلساڭلار، مەن توسقاندىن يانساڭلارلا، جەننەتكە

كىرىپ، دەۋزەختىن قۇتىلالايسىلەر،سىلەرگە بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوقتۇر)ھەقىقەتەن روھۇلقۇددۇس، پاك روھ، جىبرىئىل قەلبىمگە مۇنداق ئىلھام قىلدى؛ شەك ــ شۈبھىسىز ھەربىر جان ئىگىسى ئەجىلى توشماي تۇرۇپ، رىزقى پۈتۈنلەي تۈگىمەي تۇرۇپ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، تەقۋادار بولۇڭلار، رىزقىنى تەلەپ قىلىشنى چىرايلىق قىلىڭلار، بىرىڭلارغا رىزىق، مال ــ دۇنيانىڭ كېچىكىپ قېلىشى، ئۇنى ئاللاھقا ئاسىي قىلىپ قويمىسۇن (يەنى ئاسىيلىق بىلەن گۇناھ بىلەن تەلەپ قىلماڭلار)، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىلدىكى نەرسىگە (مەيلى ئۇ، بۇ دۇنيالىق نەرسە بولسۇن، ياكى ئۇ دۇنيالىق، ئاخىرەتلىك نەرسە بولسۇن) پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ، ئاسىيلىق بىلەن يەتكىلى بولمايدۇ، ئەبۇ نۇئەيم ھىلىيەتتە،بەيھەقى، سەھىھ.

**5301 – [ 7 ] وعن أبي ذر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الزهادة في الدنيا ليست بتحريم ولا إضاعة المال ولكن الزهادة في الدنيا أن لا تكون بما في يديك أوثق بما في يد الله وأن تكون في ثواب المصيبة إذا أنت أصبت بها أرغب فيها لو أنها أبقيت لك " رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب وعمرو بن واقد الراوي منكر الحديث**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيادىن تەركى ــ دۇنيا، زاھىد بولۇش، بىرەر نەرسىنى ھارام قىلىۋېلىش بىلەن، مالنى زايا قىلىش بىلەن بولمايدۇ، ۋە لېكىن، قولۇڭدىكى نەرسىدىن ئاللاھنىڭ قولىدىكى نەرسە ئىشەنچىلىك بولۇش بىلەن يەنى ئاخىرەتكە تۇرۇش بىلەن، يەتكەن مۇسىبەت مەڭگۈ قالسىمۇ ئۇنىڭ ساۋابىغا قىزىقىش، چوڭ بىلىش بىلەن بولىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن.تىرمىزى؛بۇ ھەدىس غەرىيپ،ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەمرۇ ئىبنى ۋاقىد دېگەن راۋىنىڭ ھەدىسى مۇنكەر دېگەن.

**5302 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : كنت خلف رسول الله صلى الله عليه وسلم يوما فقال : " يا غلام احفظ الله يحفظك احفظ الله تجده تجاهك وإذا سألت فاسأل الله وإذا استعنت فاستعن بالله واعلم أن الأمة لو اجتمعت على أن ينفعوك بشيء لم ينفعوك إلا بشيء قد كتبه الله لك ولو اجتمعوا على أن يضروك بشيء لم يضروك إلا بشيء قد كتبه الله عليك رفعت الأقلام وجفت الصحف " رواه أحمد والترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ئىدىم، ماڭا مۇنداق دېگەن: ئى غۇلام! ھەقىقەتەن مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمە سۆزنى ئۆگىتىپ قوياي، سەن دائىم قەلبىڭدە ئاللاھنى ئەسلەپ، ساقلاپ تۇر، سېنىمۇ ئاللاھ ساقلايدۇ، ئاللاھنى ئەسلىسەڭ ئۇنى ئالدىڭدىلا تاپىسەن، سورىساڭ بىر ئاللاھدىنلا سورىغىن، ياردەمنىمۇ بىر ئاللاھدىنلا سورىغىن، بىلگىنكى، بارلىق ئۈممەت ساڭا بىرەر نەرسىنى مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولۇپ توپلاشسا، ئۇلار پەقەت سەن ئۈچۈن ئاللاھ پۈتكەننى مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ، باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇلار ساڭا زەرەر يەتكۈزمەكچى بولۇپ، بىرلەشسىمۇ ساڭا ھېچ نەرسىنى زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت ئاللاھ ساڭا پۈتكەننى يەتكۈزەلەيدۇ. تەقدىرنى يازغان قەلەم كۆتۈرۈلۈپ بولدى ، سوھۇف دەپتەرلەر قۇرۇپ بولدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5303 – [ 9 ] ( لم تتم دراسته ) وعن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : من سعادة ابن آدم رضاه بما قضى الله له ومن شقاوة ابن آدم تركه استخارة الله ومن شقاوة ابن آدم سخطه بما قضى الله له رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث غريب**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىنىڭ سائادەتمەنلىك بەختى، **الله** ئۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈم قىلغانغا ئۇنىڭ رازى بولىشىدۇر، ئادەم بالىسىنىڭ شەقىيلىق

ئازابىي، **الله** ئۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈم قىلغانغا ئۇنىڭ كايىپ،ئاچچىقلاپ نارازى بولىشىدۇر، شۇنداقلا **الله** تىن ياخشىلىقنى تەلەپ قىلماسلىقىدۇر. ئەھمەد، تىرمىزى.

**5304 – [ 10 ] الفصل الثالث ( متفق عليه ) عن جابر أنه غزا مع النبي صلى الله عليه وسلم قبل نجد فلما قفل معه فأدركتهم القائلة في واد كثير العضاه فترل رسول الله صلى الله عليه وسلم وتفرق الناس يستظلون بالشجر فترل رسول الله صلى الله عليه وسلم تحت سمرة فعلق بها سيفه ونمنا نومة فإذا رسول الله صلى الله عليه وسلم يدعونا وإذا عنده أعرابي فقال : " إن هذا اخترط علي سيفي وأنا نائم فاستيقظت وهو في يده صلتا . قال : ما يمنعك مني ؟ فقلت : الله ثلاثا " ولم يعاقبه وجلس**

**5305 – [ 11 ] وفي رواية أبي بكر الإسماعيلي في " صحيحه " فقال : من يمنعك مني ؟ قال : " الله " فسقط السيف من يده فأخذ السيف فقال : " من يمنعك مني ؟ " فقال : كن خير آخذ . فقال : " تشهد أن لا إله إلا الله وأني رسول الله " . قال : لا ولكني أعاهدك على أن لا أقاتلك ولا أكون مع قوم يقاتلونك فخلى سبيله فأتى أصحابه فقال : جئتكم من عند خير الناس . هكذا في " كتاب الحميدي " و " الرياض "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نەجىد تەرەپتە دۈشمەنگە قارشى ئالدىمىزنى قىلىپ، زاتىررىقائ دىگەن جايغا كەگەندە، يەنە بىرخاتىردە؛ قايتقاندا ـ بىز بىرەر تۈپ سايىلىق دەرەخنىڭ ئۈستىگە كىلىپ قالساق ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قالدۇراتتۇق بۇقېتىممۇ چۈشلۈك ئارامدا شۇنداق قىلدۇق ـ ، رەسۇلۇللاھ چۈشلۈك ئارامغا چۈشتى، كىشلەر تارقاقلىشىپ، دەرەخ سايىسىدا سايىداپ چۈشلۈك ئارام ئېلىشتى، رەسۇلۇللاھ سەمۈرە دەرىخىنىڭ سايىسىغا چۈشۈپ، قىلىچىنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپتىكەن، بىز قاتتىق ئۇخلاپ كىتىپتىمىز، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھ بىزنى چاقىردى، بىز كەلسەك، ناگاھان بىر ئەئرابىي رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، رەسۇلۇللاھ؛ ھەقىقەتەن، ماۋۇ كىشى مەن ئۇخلاۋاتقاندا مېنىڭ قېلىچىمنى ماڭا قارشى سۇغۇرۇپتۇ، مەن ئويغۇنۇپ قارىسام، قېلىچ ئۇنىڭ قولىدا غىلاپسىز يالىڭاچ تۇرۇپتۇ، ئۇ ماڭا؛ سېنى مەندىن توسۇپ، قۇتقۇزىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئەمدى سىنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ دېدى، مەن؛ ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ دېدىم، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەنە ئولتۇرۇپتۇ دېدى،ئۇنى جازالىمىدى، ئۇشۇجايىدا ئولتۇرۇپ قالدى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.يەنەبىردە؛ تۇيۇقسىز مشرىكلەردىن بىركىشى كىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ، غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ: مەندىن قورقۇۋاتامسەن؟دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق ، قورقمايمەن دىسە، ئۇ: سىنى مەندىن كىم قوغداپ قالىدۇ؟دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:مىنى سەندىن **الله** قوغدايدۇ دىدى، قىلىچ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېلىچنى ئېلىپ، ئەمدى سېنى كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟ دېسە، ئۇ يالۋۇرۇپ؛ سىلى قىلىچنى ئالغان كىشىنىڭ ياخشىسى بولسىلا، يەنى مىنى ئەپۇ قىلسىلا دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ؛**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ، مىنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بىرەمسەن؟دىسە، ئۇكىشى؛ياق،ئۇنداق قىلالمايمەن، لېكىن مەن سىلى بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىققا، سىلىگە قارشى ئۇرۇشقانلار بىلەنمۇ بىللە چىقماسلىققا ئەھدى ـ توختام بىرەي دەيدۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بىرىدۇ، ئۇكىشى ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ مەن سىلەرگە ئەڭ ياخشى كىشىنىڭ قېشىدىن كەلدىم دەيدۇ. يەنەبىردە؛ساھابىلار ئۇنىڭغا تەھدىد سېلىپ قورقۇتىۋىدى، ئۇ قىلىچنى غىلىپىغا سېلىپ ئېسىپ قويدى، دېيىلگەن.بۇخارى،مۇسلىملار توپلىغان.سەھىھنىڭ 2243 ـ ھەدىسى.

**5306 – [ 12 ] ( ضعيف )وعن أبي ذر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إني لأعلم آية لو أخذ الناس بها لكفتهم :**

**( من يتق الله يجعل له مخرجاويرزقه من حيث لا يحتسب )رواه أحمد وابن ماجه والدارمي**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن بىر ئايەتنى بىلىمەن، ئەگەر ئىنسانلار شۇ ئايەتنى ئېلىپ شۇنىڭغا ئىسىلسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا شۇ ئايەت كۇپايە قىلاتتى، ئۇ بولسىمۇ «كىم ئاللاھدىن قورقۇپ تەقۋالىق قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە چىقىش يولى قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ ئۇيلىمىغان جايدىن رىزىق بېرىدۇ». ئەھمەد، دارمى، ئىبنى ماجەلەر خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**5307 – [ 13 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن مسعود قال : أقرأني رسول الله صلى الله عليه وسلم : ( إني أنا الرزاق ذو القوة المتين ) رواه أبو داود والترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى، مۇنۇ ئايەتنى:«ئىننى ئەنە ررەززاقۇ زۇلقۇۋۋەتىلمەتىين»دەپ ئۇقۇتتى، تەرجىمىسى؛ **الله** مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن مەنلا ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇرمەن، قۇدرەتلىكتۇرمەن، (مىنىڭ) قۇۋۋىتىم ئارتۇقتۇر.ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى توپلىغان.بۇ ئايرىم قىرائەت بۇلۇپ، مۇتىۋاتىر ئەمەس، مۇتىۋاتىر قىرائەت بولسا،« ئەننە **الله** ھە ھۇۋە ررەززاقۇ زۇلقۇۋۋەتىلمەتىين» **الله** ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (**الله**نىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر.سۈرە زارىيات 58 ـ .

**5308 – [ 14 ] ( إسناده جيد ) وعن أنس قال : كان أخوان على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فكان أحدهما يأتي النبي صلى الله عليه وسلم والآخر يحترف فشكا المحترف أخاه إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " لعلك ترزق به " رواه الترمذي وقال : هذا حديث صحيح غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئىككى قېرىنداش كىشى بار بولۇپ، بىرسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىلىم ئالاتتى، يەنە بىرسى كەسىپ قىلاتتى، كەسىپ قىلىدىغىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قېرىندىشى توغرىسىدا ئەرىز قىلىپ شىكايەت قىلدى، (يەنى مەن يالغۇز جاپا تارتىمەن، ئۇ بىكار ئولتۇرۇپ يەيدۇ دىگەندەك) ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: سەن ئاشۇ ئىلىم ئېلىۋاتقان قېرىندىشىڭنىڭ سەۋەبىدىن رىزىققا ئېرىشىسەن، ساڭا شۇ سەۋەبدىن رىزىق بېرىلىشى مۇمكىن دىگەن. تىرمىزى 2267 _ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. كەسىپ قىلغۇچىنىڭ رىزقىنى ئىلىم ئالغۇچى تالىپ ئوقۇغۇچى يىۋالماستىن، بەلكى، شۇ تالىپ سەۋەبدىن كەسىپدارغا رىزىق بېرىلگەن، ئى قېرىنداشلار! ئوقۇغۇچى تالىپلارغا بەس قىلماڭلار.

**5309 – [ 15 ] وعن عمرو بن العاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن قلب ابن آدم بكل واد شعبة فمن أتبع قلبه الشعب كلها لم يبال الله بأي واد أهلكه ومن توكل على الله كفاه الشعب " . رواه ابن ماجه**

ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئادەم بالىسىنىڭ قەلبى ھەر بىر ۋادىي جايلارغا پارچىلىنىپ،بۇلۇنۇپ، شۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، كىم قەلبىنى بارلىق بۇلەكلەرگە(يەنى ھەممە دۇنيا ئىشلىرىغا بۇلۇپ،غەم قىلىپ)ئەگەشتۇرسە، **الله** تائالا، ئۇكىشى قەلبىنى، ئۆزىنى قايسى بىر ھالاكەتلىك جايدا ھالاك قىلسا، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ، كارى بولمايدۇ، كىم **الله** قىلا تەۋەككۇل قىلسا، **الله** ئۇنىڭ بارلىق قەلبى پارچىلىنىدىغان ، غەم قىلىدىغان ئىشلىرىغا ئۆزى كۇپايە بۇلىدۇ،ياردەم قىلىدۇ.ئىبنى ماجە توپلىغان.

**5310 – [ 16 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " قال ربكم عز وجل : لو أن عبيدي أطاعوني لأسقيتهم المطر بالليل وأطلعت عليهم الشمس بالنهار ولم أسمعهم صوت الرعد " . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىڭلا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بەندىلىرىم ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى كېچىسى يامغۇر بىلەن سۇغۇرۇپ كۈندۈزى قۇياشنى چىقىرىپ، ئىللىتتقان بولاتتىم، گۈلدۈرماما، چاقماقلارنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاتمايتتىم، ئەھمەد رەھمە ھۇللاخاتىرلىگەن،ئەلبانىرەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.چۈنكى، سەدىقەت دېگەن راۋىينى يەھيا ئىبنى مەئىين، ئۇنىڭ ھەدىسى ھېچنېمە ئەمەس دەۋەتكەن، ئەبۇ داۋۇد: زەئىپ دېگەن، تىرمىزى كۈچلۈك ئەمەس دېدى،ئەبۇ ھاتەم: ھەدىسى ھۆججەت ئەمەس دېدى، نەسەئى،ساجىيلار: زەئىپ دېگەن.

**5311 – [ 17 ] وعنه قال : دخل رجل على أهله فلما رأى ما بهم من الحاجة خرج إلى البرية فلما رأت امرأته قامت إلى الرحى فوضعتها وإلى التنور فسجرته ثم قالت : اللهم ارزقنا فنظرت فإذا الجفنة قد امتلأت . قال : وذهبت إلى التنور فوجدته ممتلئا . قال : فرجع الزوج قال : أصبتم بعدي شيئا ؟ قالت امرأته : نعم من ربنا وقام إلى الرحى فذكر ذلك إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " أما إنه لو لم يرفعها لم تزل تدور إلى يوم القيامة " . رواه أحمد**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،بىركىشى ئەھلىگە كىرىپ، ئۇلاردىكى ئاچلىق ھاجىتىنى كۆرۈپ، كەسىپ ئۈچۈن سەھراغا چىقىپ كىتىدۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئۇنىڭ ئايالى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تۈگمەننى ئايلاندۇرۇپ ماڭدۇرىدۇ، تونۇرغا ئوت ياقىدۇ، ئاندىن ئى **الله**! بىزگە ئۆز نەزلىللىرىدىن رىزق بەرسلە دەپ دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن قاراپ باقسا، تۈگمەننىڭ ئاستىدىكى داس يەنى ئۇن تەگلىسى ئۇنغا لىق تولۇپتۇ، تونۇرغا بىرىپ قارىسا، تونۇرمۇ نانغا لىق تولغان ئىكەن، ئېرى قايتىپ كىلىپ؛ سىلەر مەن كەتكەندىن كىيىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشتىڭلارمۇ؟ دەيدۇ، ئايالى؛ ھەئە، رەببىمىز تەرەپدىنلا ئېرىشتۇق دىسە، ئۇ تۈگمەننى كۆرۈپ بېقىپ، ئۇنى كۆتۈرىۋېتىپ بىرىپ، بۇ ئىشلارنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ ئەگەر ئۇ تۈگمەن تېشىنى كۆتىرىۋەتمىگەن بولسا، ئۇتۈگمەن قىيامەت كۈنىگىچە ئايلىنىپ مېڭىپ، ئۇن چىقىرىۋېرەتتى، دېدى.ئەھمەد.
جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاماق سوراپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا 30سا ئەتراپىدا ئارپا بېرىدۇ، ئۇلار بۇ ئارپىنى كەمچەنلىگىچە ئۆزى، ئايالى، مىھمىنى يەۋېرىدۇ، كەمچەنلىۋېتىپ، بۇ تۆگەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دىگەندە،«ئەگەر سەن ئۇ ئارپىنى كەمچەنلىمىگەن بولساڭ، سىلەر ئۇنىڭدىن يەۋېرەتتىڭلار، ئۇ ئارپا سىلەر ئۈچۈن تۇرمۇشۇڭلارنى بەرپا قىلىپ، مەڭگۈ كۈپايە بولاتتى، (لېكىن، سەن ئۇنى كەمچەنلەپ قويۇپ،كاملىغىنىنى بىلىپ قالدىڭ _ دە، ئۇ تۆگەپ كەتتى)دىگەن. مۇسلىم 4228 _ ھەدىس، ئەھمەد 14214 _ ھەدىس، سەھىھ، بۇ رۇشەن مۆجىزە، كارامەتتۇر.

**5312 – [ 18 ] وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الرزق ليطلب العبد كما يطلبه أجله " . رواه أبو نعيم في " الحلية "**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن رىزق بەندىنى ئۇنىڭ ئەجىلى تەلەپ قىلغاندىنمۇ بەكرەك تەلەپ قىلىدۇ، (يەنى رىزىق تۆگەپ ئاندىن ئەجىلى

نوشىدۇ، رىزىق دېگەن پۈتۈلۈپ بولغان، ئۇ سىلەرنى تەلەپ قىلغان ئىكەن، سىلەر ئۇنى بۇنچە قوغلىشىپ كەتمەڭلار) تەبرانى،ئەبۇنۇئەيم، ئىبنى ئەدى توپلىغان، ھەسەن.

**5313 – [ 19 ] ( متفق عليه ) وعن ابن مسعود قال : كأني أنظر إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم يحكي نبيا من الأنبياء ضربه قومه فأدموه وهو يمسح الدم عن وجهه ويقول : " اللهم اغفر لقومي فإنهم لا يعلمون "**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، گوياكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قاراۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھ ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى؛ ئۇنى قەۋمى قاتتىق ئۇرۇپ، باش ـ كۆزلىرىنى قانغا بويىۋەتتى، ئۇ پەيغەمبەر قانىنى يۈزىدىن سۈرتۈپ ئەيتىپ تۇرۇپ؛ ئى الله! قەۋمىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**[ 5 ] باب الرياء والسمعة – الفصل الأول** ئاڭلاتما رىيا ۋە كۆرسەتمە رىيا توغرىسىدا

**5314 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله لا ينظر إلى صوركم ولا أموالكم ولكن ينظر إلى قلوبكم وأعمالكم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرنىڭ سۈرىتىڭلارغا، كۆرۈنىشىڭلارغا، مال ــ مۈلكۈڭلارغا، باي بولۇشۇڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا، ئەمىلىڭلارغا، ئەمەلىيىتىڭلارغا قارايدۇ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (پەرىشتىلەرمۇ يوقنى يازمايدۇ، ئىخلاس قىلىپ، ياخشى ئەمەل قىلىڭلار، نىيىتىڭلار خالىس بولسۇن)

**5315 – [ 2 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال الله تعالى : أنا أغنى الشركاء عن الشرك من عمل عملا أشرك فيه معي غيري تركته وشركه " وفي رواية : فأنا منه بريء هو للذي عمله " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن شېرىكلەردىن قەتئىي بىھاجەت، كىم بىر ئەمەلنى قىلىپ، ئۇ ئەمەلدە مەن بىلەن بىرگە مەندىن باشقىلارنى شېرىك قىلغان بولسا، (ياكى رىياقىلغان بولسا) مەن ئۇ كىشىنى شېرىكى بىلەن بىرگە تاشلاپ قويىمەن، يەنە بىر خاتىرىدە؛مەن ئۇنىڭدىن بىزار،ئۇ ئەمىلىنىڭ ساۋابىنى ئارزۇقىلغان كىشىسىدىن ئېلىۋالسۇن، ئۇنىڭغا ئەمەلىڭنىڭ ئەجرىنى شۇ شېرىكتىن ئېلىۋال دېيىلىدۇ. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5316 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن جندب قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " من سمع سمع الله به ومن يرائي يرائي الله به**

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاڭلىتىپ رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاڭلىتىپ قويىدۇ، كىم كۆرسەتمە رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنى كۆرسىتىپ قويىدۇ خالاس، شۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتى تۈگەيدۇ، كىم ئۇزۇنگە مۇشەققەت قىلىۋالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنىمۇ مۇشەققەت سېلىپ قويىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۆرسەتمە رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، كىم ئاڭلاتما رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنى يەنى ئەمەللىرىنى ئاڭلىتىپ قويىدۇ، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى باشقىلار ئاڭلاش، كۆرۈش بولىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5317 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أبي ذر قال : قيل لرسول الله صلى الله عليه وسلم : أرأيت الرجل يعمل الخير ويحمده الناس عليه . وفي رواية : يحبه الناس عليه قال : " تلك عاجل بشرى المؤمن " . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ قېنى دەپ باقسىلا، بىر كىشى ياخشى ئەمەلەرنى قىلسا، كىشىلەر ئۆزلىكىدىن ئۇكىشىنى مەدھىلەپ،ماختاپ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كەتسە، قانداق بولىدۇ؟ دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:ئەنە ئاشۇ، مۆئمىن كىشىنىڭ تېز بېرىلگەن خۇش بىشارىتىدۇر دېدى. (چۈنكى سەھەب ھەدىستە الله ياخشى كۆرگەننى ئاسمان- زېمىن ئەھلى ياخشى كۆرىدۇ دېيىلگەن)مۇسلىم.

**5318 – [ 5 ] الفصل الثاني ( حسن ) عن أبي سعد بن أبي فضالة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إذا جمع الله الناس يوم القيامة ليوم لا ريب فيه نادى مناد : من كان أشرك في عمل عمله لله أحدا فليطلب ثوابه من عند غير الله فإن الله أغنى الشركاء عن الشرك " . رواه أحمد**

ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ پوزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تەئالا، يۈز بېرىشىدە شەك يوق قىيامەت كۈنى ئەۋۋەل ــ ئاخىر بارلىق كىشىلەرنى توپلىغاندا، بىر تولغۇچى، جاكارچى، مۇنداق نىدا قىلىدۇ؛ كىم ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ئەمەللىرىدە بىرەر كىشىنى شېرىك قىلسا، رىيا قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپات، ساۋابىنى شۇ كىشىدىن تەلەپ قىلسۇن، ئاللاھ، شېرىكلەردىن بىھاجەت، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**5319 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من سمع الناس بعمله سمع الله به أسامع خلقه وحقره وصغره " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەمەلنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى مەخلۇقلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاڭلىتىپ قويىدۇ، ئۇنى بەكمۇ ھاقارەتلىك ، كىچىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ.(كىم كۆرسەتمە رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنى كۆرسىتىپ قويىدۇ خالاس، شۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتى تۈگەيدۇ)،بەيھەقى توپلىغان سەھەم.

**5320 – [ 7 ] وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من كانت نيته طلب الآخرة جعل الله غناه في قلبه وجمع له شمله وأتته الدنيا وهي راغمة ومن كانت نيته طلب الدنيا جعل الله الفقر بين عينيه وشتت عليه أمره ولا يأتيه منها إلا ما كتب له " . رواه الترمذي ورواه أحمد**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ نىيىتى،غېمى ئاخىرەتنى تەلەپ قىلىشلا بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىدە بىھاجەتلىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن چېچىلىپ كەتكەن ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بارلىق ئىشلىرىنى ئاسان قىلىدۇ، دۇنيا ئۇنىڭغا خار پېتى بويسۇندۇرۇلغان ھالەتتە ئۆزى كېلىدۇ، كىمنىڭ نىيىتى، بارلىق غەم ــ ئەندىشىسى مۇشۇ دۇنيادىلا بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ پېقىرلىقىنى ئىككى كۆزى ئارىسىدا پىشانىسىدىلا قىلىپ قويىدۇ، ئىشلىرىنى پاتپاراق قىلىپ، قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ، قولاشقان، بىرلەشكەن ئىشنى مۇتەپەررىق قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا دۇنيادىن پەقەت تەقدىر قىلىنغان، تەقدىردە پۈتۈلۈپ بولۇنغان نىسىۋىسىلا كېلىدۇ.ئەھمەد، تىرمىزى 2389 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4095 ــ ھەدىس، سەھەم.

| |
|---|
| 5321 – [ 8 ] ( لم تتم دراسته والدارمي عن أبان عن زيد بن ثابت |
| 5322 – [ 9 ] وعن أبي هريرة قال : قلت : يا رسول الله بينا أنا في بيتي في مصلاي إذ دخل علي رجل فأعجبني الحال التي رآني عليها فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رحمك الله يا أبا هريرة لك أجران : أجر السر وأجر العلانية " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن بىر چاغدا ئۆيۈمدىكى نامازگاھىمدا ناماز ئۇقۇۋاتسام، بىر كىشى كىرىپ، مېنىڭ ناماز ئۇقۇۋاتقان ھالىتىمدىن ھەيران قېلىپ ئەجەبلىنىپ كەتتى،بۇ قانداق بولىدۇ؟دېسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ساڭا مەخپى يۇشۇرۇن قىلغانىڭ ۋە ئاشكارا قىلغانىڭ ئەجرىدىن ئىبارەت ئىككى ئەجرى باردۇر،تىرمىز |
| 5323 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يخرج في آخر الزمان رجال يختلون الدنيا بالدين يلبسون للناس جلود الضأن من اللين ألسنتهم أحلى من السكر وقلوبهم قلوب الذئاب يقول الله : " أبي يغترون أم علي يجترؤون ؟ في حلفت لأبعثن على أولئك منهم فتنة تدع الحليم فيهم حيران " . رواه الترمذي<br><br>ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا بىر تۈركۈم كىشىلەر مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار ھىلە ـ مىكىر قىلىپ، دىنىنىڭ بەدىلىگە مال ـ دۇنيا تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلار كىشىلەرگە مۆلايىم بولۇش ئۈچۈن قوي تېرىسىنى كىيىدۇ، تىلى شېكەردىن تاتلىق، دىللىرى بولسا، بۆرىنىڭ دىلىدۇر(زەھەردىن ئاچچىقتۇر)الله مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ مۆھلەت بەرگەنلىكىمدىن، تەدرىجى بابلىشىمدىن مەغرۇرلىنامدۇ؟ ياكى ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھ قىلىشقا جۈرئەت قىلامدۇ؟ ئۆزۈم بىلەن قەسەمكى، مەن ئەشۇ كىشىلەرگە شۇنداق بىر پىتنە ـ پاسات ئەۋەتىمەنكى، بۇ پىتنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دانا ئالىملارنىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.تىرمىزى توپلىغان. |
| 5324 – [ 11 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله تبارك وتعالى قال : لقد خلقت خلقا ألسنتهم أحلى من السكر وقلوبهم أمر من الصبر في حلفت لأتيحنهم فتنة تدع الحليم فيهم حيران في يغترون أم علي يجترؤون ؟ " رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله مۇنداق دەيدۇ؛ مەن شۇنداق بىرتۈركۈم كىشىلەرنى ياراتتىمكى، ئۇلارنىڭ تىلى شېكەردىن تاتلىق، دىللىرى بولسا،زەھەردىن ئاچچىقتۇر، ئۆزۈم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئەشۇ كىشىلەرگە شۇنداق بىر پىتنە ـ پاساتنى تەقدىر قىلىپ ئەۋەتىمەنكى، بۇ پىتنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دانا ئالىملارنىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.ئۇلار مېنىڭ مۆھلەت بەرگەنلىكىمدىن، تەدرىجى بابلىشىمدىن مەغرۇرلىنامدۇ؟ ياكى ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھ قىلىشقا جۈرئەت قىلامدۇ؟ تىرمىزى توپلىغان. |
| 5325 – [ 12 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لكل شيء شرة ولكل شرة فترة فإن صاحبها سدد وقارب فارجوه وإن أشير إليه بالأصابع فلا تعدوه " . رواه الترمذي<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر |

نەرسە ئۆچۈن، ھېرىسمەنلىك، شوخلۇق، چاققانلىق بولىدۇ، ھەربىر ھېرىسمەنلىكنىڭ چاققانلىقىنىڭ ئاجىزلىقى ئۈزۈلۈپ قېلىشى بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ھېرىسمەن كىشى، سۆز ــ ھەرىكەتلىرىدە توغرا يول تۇتسا، ئىستىقامەت قىلسا، توغرا، ئوتتۇرىھال يول بىلەن يېقىنچىلىق ئىزدىسە، ئۇنى ئۈمىد قىلساڭلار، ئىزدىسەڭلار بولىدۇ، ئەگەر ئۇ كىشىگە بارماقلار بىلەن ئىشارەت قىلىنسا، ئۇنى قاتاردا سانىماڭلار، ئېتىبارغا ئالماڭلار، (چۈنكى، دىندا ياكى دۇنيادا بارماقلار بىلەن ئىشارەت قىلىنغان كىشىگە يامانلىقتا شۇ ئىشارەت كۇپايىدۇر، ئاللاھتائالا ساقلاپ قالغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا دېيىلدى) تىرمىزى 2377 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر ئەمەل ئۈچۈن قىزىقىش، ھېرىسمەنلىك بولىدۇ، ھەربىر ھېرىسمەنلىكنىڭ ئاجىزلىشىپ، ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ۋاختى بولىدۇ، كىمنىڭ قىزىقىشى، ھېرىسمەنلىكى ئاخىرىداھەم ئاجىزلىشىپ قېلىشىمۇ مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە، مېنىڭ سۈننىتىمگە بولسا، ئۇ ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، توغرا يولدا بولىدۇ، كىمنىڭ ئۇنداق بولماي، باشقىچە بولسا، مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە بولمىسا، ھالاك بولىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5326 – [ 13 ] وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " بحسب امريء من الشر أن يشار إليه بالأصابع في دين أو دنيا إلا من عصمه الله " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئەگەر كىشىگە بارماقلار بىلەن ئىشارەت قىلىنسا، ئۇنى قاتاردا سانىماڭلار، ئېتىبارغا ئالماڭلار،چۈنكى)، دىندا ياكى دۇنيائىشىدا بارماقلار بىلەن ئىشارەت قىلىنغان كىشىگە يامانلىقتا شۇ ئىشارەت قىلىنىشى كۇپايىدۇر، ئاللاھتائالا ساقلاپ قالغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.بەيھەقى توپلىغان.كىشىلەر ئاينا!!ئاشۇكىشى شۇ!!دېسە، ئۇمۇ رىيا قىلسا،بۇ يامانلىقتۇر.

**5327 – [ 14 ] الفصل الثالث ( صحيح عن أبي تميمة قال : شهدت صفوان وأصحابه وجندب يوصيهم فقالوا : هل سمعت من رسول الله صلى الله عليه وسلم شيئا ؟ قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من سمع سمع الله به و من راءى راءى الله به و من شاق شق الله عليه يوم القيامة قالوا أوصنا قال: إن أول ما ينتن من الانسان بطنه فمن استطاع أن لا يأكل إلا طيبا فليفعل ومن استطاع أن لا يحول بينه وبين الجنة ملء كف من دم اهراقه فليفعل . رواه البخاري**

ئەبۇ تەمىم مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سەپۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مەجلىسىگە قاتناشقان ئىدىم، جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ۋەسىيەت قىلىۋاتقان ئىكەن، ئۇلار؛ سەن رەسۇلۇللاھتىن بىرەر نەرسە ئاڭلىدىڭمۇ؟دېسە، ئۇ:مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: كىم ئاڭلىتىپ رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاڭلىتىپ قويىدۇ، كىم كۆرسەتمە رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنى كۆرسىتىپ قويىدۇ خالاس، شۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتى تۈگەيدۇ، كىم ئۆزىگە مۇشەققەت قىلىۋالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنىمۇ مۇشەققەت سېلىپ قويىدۇ. ئۇلار؛ بىزگە ۋەسىيەت قىلغىن دېدى، ئۇ؛ ئىنساندىن تۇنجى بۇلۇپ سېسىپ بۇزۇلىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ قورسىقىدۇر، كىم پاك، ھالال نەرسىنىلا يېيىشكە قادىر بۇلالىسا، شۇنداق قىلسۇن، كىم ئۆزى بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا ئۇ تۆككەن بىر ئالقان قاننى توسالغۇ قىلماسلىققا قادىر بولسا، شۇنداق قىلسۇن، (يەنى قەتئى قاتىللىق قىلمىسۇن)دېدى.ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5328 – [ 15 ] ( ضعيف )وعن عمر بن الخطاب أنه خرج يوما إلى مسجد رسول الله صلى الله عليه وسلم فوجد معاذ بن جبل قاعدا عند قبر النبي صلى الله عليه وسلم يبكي فقال : ما يبكيك ؟ قال : يبكيني شيء سمعته من رسول الله صلى الله عليه**

**وسلم سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن يسير الرياء شرك ومن عادى لله وليا فقد بارز الله بالمحاربة إن الله يحب الأبرار الأتقياء الأخفياء الذين إذا غابوا لم يتفقدوا وإن حضروا لم يدعوا ولم يقربوا قلوبهم مصابيح الهدى يخرجون من كل غبراء مظلمة " . رواه ابن ماجه والبيهقي في " شعب الإيمان "**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىگە چىقىپ، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، سېنى نىمە يىغلاتتى؟ دەپ سوراپتۇ. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان سۆز دەپ مۇنداق دەپتۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئازغىنا رىيامۇ شېرىكتۇر، كىم ئاللاھنىڭ دوستى بولغان ئەۋلىيالارغا تاجاۋۇز قىلسا، ئۇ، ئاللاھقا يەكمۇ يەك ئوچۇق ــ ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ، ياخشى، تەقۋا، مەخپى كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇكى، ئۇلار يوق بولۇپ قالسا، سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، ھازىر بولۇپ قالسا، چاقىرىلمايدۇ. يېقىن قىلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبى ھىدايەت چىرىقىدۇر، ئۇلار زۇلمەتنىڭ چاڭ ــ توزانلىرىدىن، مۇشكۇلىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئىبنى ماجە، بەيھەقى خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. چۈنكى، ھۆرمەلەت دىگەن راۋىينىڭ ھەدىسى ھۆججەت ئەمەس، يەنىلا ئىبنى لەھىيئەت بولۇپ، زەئىپ، ئەيسا ئىبنى ئابدۇرەھمانىنى بارلىق ئالىملار جۈملىدىن بۇخارى، ئەبۇ ھاتەم، نەسەئى، ئىبنى ئەدى، ئۇقەيلىلار: ھەدىسى مۇنكەر دىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دەپ يەكۈنل ھۆكۈم قىلغاندۇر.

**5329 – [ 16 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن العبد إذا صلى في العلانية فأحسن وصلى في السر فأحسن قال الله تعالى : هذا عبدي حقا " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بەندە نامازنى ئاشكارا ئوقۇپمۇ ياخشى قىلسا،مەخپى ئوقۇپمۇ ياخشى قىلسا، ئاللاھتائالا مانا بۇ مىنىڭ ھەققى بەندەم دەيدۇ، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**5330 – [ 17 ] وعن معاذبن جبل أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يكون في آخر الزمان أقوام إخوان العلانية أعداء السريرة " . فقيل : يا رسول الله وكيف يكون ذلك . قال : ذلك برغبة بعضهم إلى بعض ورهبة بعضهم من بعض**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاخىر زاماندا، تاشقى كۆرۈنۈشى بىر بىرىگە قېرىنداش، دوستتەك، ئەمما ئىچكى دۇنياسى بولسا، بىر بىرىگە دۈشمەن كىشىلەر بولىدۇ، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇ ئىش قانداق بولىدۇ؟دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ:شۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى؛ ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ بەزىسىگە(يەنى مال ـ دۇنيارىغا)قىزىقانلىقىنىڭ، بەزىسىنىڭ بەزىسىدىن قورققانلىقىنىڭ سەۋەبىدىندۇر.(يەنى ئۇلار **الله** يولىدىكى دىنى قېرىنداش ئەمەس،بەلكى دۇنيا كۈيىدىكى ساختا قېرىنداش، دىن يولىدىكى ئەمەس، بەلكى ژىن يولىدىكى دوستلاردۇر)ئەھمەد توپلىغان.

**5331 – [ 18 ] ( لم تتم دراسته ) وعن شداد بن أوس قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من صلى يرائي فقد أشرك ومن صام يرائي فقد أشرك ومن تصدق يرائي فقد أشرك " رواهما أحمد**

شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم باشقىلار كۆرسۇن

دەپ، رىيا قىلىپ ناماز ئوقۇسا، رىيا قىلىپ رۇزا تۇتسا، رىيا قىلىپ سەدىقە قىلسا، **الله** قا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.ئەھمەد توپلىغان.سۈرە كەھپىنىڭ ئاخىرقى 110 ـ ئايىتىدە رىيا شېرىك دېيىلگەندۇر.

**5332 – [ 19 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعنه أنه بكى فقيل له : ما يبكيك ؟ قال : شيء سمعت من رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول فذكرته فأبكاني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " أتخوف على أمتي الشرك والشهوة الخفية " قال : قلت يا رسول الله أتشرك أمتك من بعدك ؟ قال : " نعم أما إنهم لا يعبدون شمسا ولا قمرا ولا حجرا ولا وثنا ولكن يراؤون بأعمالهم . والشهوة الخفية أن يصبح أحدهم صائما فتعرض له شهوة من شهواته فيترك صومه " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ يىغلىغاندا، ئۇنىڭغا؛ سىنى نىمە يىغلاتتى دېيىلدى، ئۇ؛ مىنى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان مۇنۇ سۆز يىغلاتتى دېدى:مەن ئۈممىتىمگە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرىشىدىن، مەخپىي شەھۋەتلىرىدىن قورقىمەن دېدى. مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كيىن ئۈممەتلىرى شېرىك كەلتۈرەرمۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئەمما ئۇلار كۈن ـ ئايغا، تاش ـ چالما بۇتلارغا ئىبادەت قىلمايدۇ، لېكىن ئۇلار ئەمەللىرىنى رىيا قىلىپ كۆرسىتىدۇ(مانا بۇ مەخپىي شېرىكتۇر،كىچىك شېرىكتۇر)مەخپىي شەھۋەتلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ بىرى رۇزا تۇتقان ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا شەھۋەتلىرىدىن بىرەر شەھۋەت دۇچ كېلىپ تەڭلەنسە، شەھۋىتىنى دەپ رۇزىسىنى تەرك ئېتىدۇ،دېدى.بەيھەقى

**5333 – [ 20 ]** ( حسن ) **وعن أبي سعيد الخدري قال : خرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم ونحن نتذاكر المسيح الدجال فقال : " ألا أخبركم بما هو أخوف عليكم عندي من المسيح الدجال ؟ " فقلنا : بلى يا رسول الله قال : " الشرك الخفي أن يقوم الرجل فيصلي فيزيد صلاته لما يرى من نظر رجل " . رواه ابن ماجه "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز دەججالنىڭ ئىشىنى تىلغا ئېلىپ مۇزاكىرە قىلىشىۋاتساق،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ: مەن سىلەرگە مىنىڭ نەزىرىمدە دەججالنىڭ ئىشىدىنمۇ قورقۇنۇشلۇقراق نەرسىنى خەۋەر قىلىپ بەرمەيدۇ؟ دېدى، بىز؛ بولىدۇ دېسەك، رەسۇلۇللاھ ؛ ئۇ مەخپىي شېرىك كەلتۈرۈشتۇر، ئۇ دىگەن: كىشى نامازغا تۇرۇپ، يېنىدىكى كىشىنى كۆرسۇن دەپ نامىزىنى زىيادە ياخشى ئوقۇپ كىتىدۇ، كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ بارلىقىدىن شۇنىڭ ماكانىنىڭ يەنى يېنىداتۇرغىنىنىڭ جەھىتىدىن ئەمەل قىلىشىدىتۇر، (يەنى يېنىدىكى كىشىنى كۆرسۇن ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى شېرىكتۇر)دېدى.ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شېرىك مىنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە تاشنىڭ ئۈستىدە چۈمۈلە ئۆمىلىگەندىنمۇ مەخپىيرەكتۇر، ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ، ھەسەن.

**5334 – [ 21 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن محمود بن لبيد أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن أخوف ما أخاف عليكم الشرك الأصغر " قالوا : يا رسول الله وما الشرك الأصغر ؟ قال : " الرياء " . رواه أحمد . وزاد البيهقي في " شعب الإيمان " : " يقول الله لهم يوم يجازي العباد بأعمالهم : اذهبوا إلى الذين كنتم تراؤون في الدنيا فانظروا هل تجدون عندهم جزاء وخيرا ؟ "**

ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە ئەنسىرەيدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ قورقۇنۇشلىقى كىچىك شېرىكتۇر، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كىچىك شېرىك دىگەن نىمە؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ كىچىك شېرىك ئەمەللەرنى رىيا قىلىشتۇر. قىيامەت كۈنى **الله** تائالا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە جازا ـ مۇكاپات بەرگەندە، رىياخورلارغا؛ سىلەر دۇنيادىكى چاغدا ئەمەللىرىڭلارنى

كۆرسۈتۈپ ريىا قىلغان كىشلەرنىڭ قىشىغا بىرىپ، مۇكاپاتىنى شۇلاردىن ئىلتۇبىلىڭلار، بىرىپ قاراپ بىقىڭلار، ئۇلارنىڭ يىنىدا بىرەر ياخشى مۇكاپاتنى تاپالامسىلەر قىنى؟!!دەيدۇ، دىدى. ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان. مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە ئەڭ ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نەرسە، كىچىك شىرىكتۇر، ئۇ بولسا، ريىا قىلىشتۇر، ئالللاھ قىيامەت كۈنى كىشلەرنىڭ ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرگەندە، رىياخورلارغا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر دۇنيادىكى چاغدا، ريىا قىلىپ، ئەمەللىرىڭلارنى كۆرسەتكەن، كۆرسۇن دىگەن كىشلىرىڭلارنىڭ يىنىغا بىرىڭلار، ئۇلارنىڭ يىنىدا مۇكاپات، ساۋابىنى تاپالامسىلەر؟ قاراپ بىقىڭلار، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5335 – [ 22 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو أن رجلا عمل عملا في صخرة لا باب لها ولا كوة خرج عمله إلى الناس كائنا ما كان "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئەگەر بىر كىشى ئىشىك-تۈشۈكلىرى يوق ئۈيۈل تاشنىڭ ئىچىدە بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇنىڭ ئەمىلى قانداق ئەمەل بولىشىدىن قەتئىي نەزەر كىشلەرگە ئاشكارا بولۇپ چىقىپ كىتىدۇ.بەيھەقى.

**5336 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عثمان بن عفان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من كانت له سريرة صالحة أو سيئة أظهر الله منها رداء يعرف به "**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىمنىڭ ئىچكى دۇنيارى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، **الله** تائالا ئۇنىڭ ئىچىدىن، ئىچكى سىرى تونۇلىدىغان بىر رىدادەك ئالامەتنى ئاشكارا قىلىۋىتىدۇ.(يەنى چوقۇم بىرەر ئالامەت بىلەن ئىچكى سىرى تونىلىدۇ)بەيھەقى.

**5337 – [ 24 ] وعن عمر بن الخطاب عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إنما أخاف على هذه الأمة كل منافق يتكلم بالحكمة ويعمل بالجور " روى البيهقي الأحاديث الثلاثة في " شعب الإيمان "**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مىنىڭ ئۈممىتىمگە ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نەرسەم بولسا، ھەرقانداق تىلى مۇلايىم، سۆزى ئۆتكۈر، تىلغا باي، ھىكمەتلىك سۆز قىلىدىغان سۆزى قايىل قىلارلىق، ئۆزى بولسا جەۋرە-زۇلۇم بىلەن ئەمەل قىلىدىغان مۇناپىقتۇر، ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇنداق مۇناپىق ئاسانلا سۆزىگە ئىشەندۈرىدۇ، شىرىن سۆزىگە ئەمەس، سالامەت قەلبىگە قاراپ نىيىتىگە قاراپ، ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش قىلايلى. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە مەندىن كىيىن، ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نەرسە، ھەرقانداق تىلغا باي تىلى مۇلايىم، شىرىن سۆزلۈك مۇناپىقدۇر، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ يۇقىرقى ھەدىسكە ئوخشاپ كەتسمۇ مۇنداق پەرقلىنىدۇ؛

1. ساھابىلار ئوخشاشمايدۇ، بىرى ئۆمەر، بىرى ئىمراندۇر.
2. كاتىپلار ئوخشمايدۇ، بىرى ئەھمەد، بىرى تەبرانى، بەيھەقى.

3. سلەرگە دېگەن سۆز بىلەن ئۆممىتىم دېگىنى شۇنداقلا مەندىن كېيىن دېگەن سۆز ئوخشاشمايدۇ.

**5338 – [ 25 ] ( ضعيف )وعن المهاجر بن حبيب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال الله تعالى : إني لست كل كلام الحكيم أتقبل ولكني أتقبل همه وهواه فإن كان همه وهواه في طاعتي جعلت صمته حمدا لي ووقارا وإن لم يتكلم " رواه الدارمي**

مۇھاجىر ئىبنى ھەبىيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەرقانداق ھېكمەتلىك سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمايمەن، لېكىن، ئۇنىڭ ھىممىتىنى، ئىرادىسىنى، مەخسىدىنى، ھاۋايى ــ ھەۋىسىنى قوبۇل قىلىمەن، ئەگەر ئۇنىڭ ھەممىتى، قەستى، ھاۋايى ــ ھەۋىسى ماڭا ئىتائەت قىلىش بولسا، گەرچە ئۇ سۆزلىمەي جىم تۇرسىمۇ ئۇنىڭ جىم تۇرۇشىنى ماڭا ھەمدۇ ئېيتىش، كاتتا ئۇلۇغلاش ھېسابلايمەن . دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.

**[ 6 ] باب البكاء والخوف – الفصل الأول** قورقۇش ۋە يىغلاش توغرىسىدا

**5339 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أبي هريرة قال : قال أبو القاسم صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لو تعلمون ما أعلم لبكيتم كثيرا ولضحكتم قليلا " . رواه البخاري**

ئەبۇددەردائى،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:جېنىم قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەن نەرسىلەرنى بىلگەن بولساڭلار، كۆپ يىغلاپ، ئاز كۈلەتتىڭلار، ئىگىز ــ ئىگىز تاغلارغا، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، چىقىپ كېتەتتىڭلار، ئاللاھ! ئاللاھ! دەپ كېتەتتىڭلار،بۇخارى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا باياتىن جەننەت بىلەن دوۋزاخ مۇشۇ تاملىك توغرىسىدا، مۇشۇ تام توغرىسىغا تەڭلەنگەندەك تەڭلەندى، مەن ياخشىلىق، يامانلىق توغرىسىدا بۈگۈنكىدەك كۈننى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممىنى بىزگە بىلدۈردى، ئىلمنى ھەرگىز يوشۇرمايتتى، بىز ئەمدى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلگەننى بىلدۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىمايمىز؟ كۆرگەن بولساڭلار دېمىدى، بىلگەن بولساڭلار دېدى، يوشۇرمىدى، بىز بىلدۇق، ھەزەر قىلايلى، تەقۋالىققا تىرىشايلى.

**5340 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أم العلاء الأنصارية قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والله لا أدري والله لا أدري وأنا رسول الله ما يفعل بي وبكم " . رواه البخاري**

ئۇممەئىلائى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،مەن بىلمەيمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،مەن **الله** نىڭ ئەلچىسى بولساممۇ ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقنى ، قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن . بۇخارى توپلىغان.

**5341 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عرضت علي النار فرأيت فيها امرأة من بني إسرائيل تعذب في هرة لها ربطتها فلم تطعمها ولم تدعها تأكل من خشاش الأرض حتى ماتت جوعا ورأيت عمرو بن عامر الخزاعي يجر قصبه في النار وكان أول من سيب السوائب " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر مىنىڭ ئارقامغا قاچقانلىقىمنى كۆرگەن چاغدا، دوۋزاخ كەلتۈرۈلۈپ، ماڭا تەڭلىنىپ كۆرسىتىلگەن ئىدى، (ماڭا ئۇنىڭ ئوت يالقۇنى، تۈتۈنلىرى، زەھىرى يىتىپ قىلىشىدىن قورقۇپ قاچقان ئىدىم. ھەتتا مەن ئى رەببىم! مەن دوۋزاخ ئىچىدىمۇ نىمە؟ دەپ كەتتىم)، مەن دوۋزاخ ئىچىدە بەنىي ئىسرائىلدىن بىر ئايالنىڭ مۈشۈك توغرىسىدا ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇ ئايال ئۇ مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، قويۇپ بەرمىگەن، تاماق، سۇ بەرمىگەن بولۇپ، مۈشۈك ئاچلىقدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ئەگەر قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زىمىننىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنى،چاشقاننى يەپ ھايات قالاتتى، بۇ ئايال شۇ سەۋەبلىك ئازابلىنىپتۇ، مەن يەنە دوۋزاخ ئىچىدە ئەمرۇ ئىبنى ئامىر خۇزائىينىڭ ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇ تۇنجى بولۇپ سائىبە، بەھىيرەت ئىسمىلىك تۆگىنى ھارام قىلىۋىلىش، بۇتقا ئاتاش قائىدىسىنى يولغا قويغان كىشىدۇر، (تۇنجى بولۇپ بۇددا دىنىغا،شىرىك ئىتىقاتقا ئاساس سالغۇچى) مسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5342 – [ 4 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن زينب بنت جحش أن رسول الله صلى الله عليه وسلم دخل يوما فزعا يقول : " لا إله إلا الله ويل للعرب من شر قد اقترب فتح اليوم من ردم يأجوج ومأجوج مثل هذه " وحلق بأصبعيه : الإبهام والتي تليها . قالت زينب : فقلت : يا رسول الله أفنهلك وفينا الصالحون ؟ قال : " نعم إذا كثر الخبث "**

زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركۈنى چۆچىغان ھالدا كىرىپ مۇنداق دىگەن:لا ئىلاھە ئىللەللاھ! ئەرەپلەرگە يىقىنلىشىپ قالغان يامانلىقدىن ۋايدۇر، بۈگۈن يەئجۇج ـ مەئجۇجلارنىڭ توساقلىرىدىن مانا مۇشۇنچىلىك ئىچىلىپ بولدى دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى ھالقا قىلدى، مەن؛ ئارىمىزدا سالىھە، ياخشىلار بولسىمۇ، ھالاك بولامدۇق؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە، نىجىس، گۇناھ ـ مەئسىيەت كۆپىيىپ كەتسە، ھەممىسى ھالاك بولىدۇ، قىيامەت كۈنى نىيىتى ئەمەللىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ دىدى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5343 – [ 5 ]** ( **صحيح** ) **وعن أبي عامر أو أبي مالك الأشعري قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ليكونن من أمتي أقوام يستحلون الخز والحرير والخمر والمعازف وليترلن أقوام إلى جنب علم يروح عليهم بسارحة لهم يأتيهم رجل لحاجة فيقولون : ارجع إلينا غدا فيبيتهم الله ويضع العلم ويمسخ آخرين قردة وخنازير إلى يوم القيامة " . رواه البخاري . وفي بعض نسخ " المصابيح " : " الحر " بالحاء والراء المهملتين وهو تصحيف وإنما هو بالخاء والزاي المعجمتين نص عليه الحميدي وابن الأثير في هذا الحديث . وفي كتاب " الحميدي " عن البخاري وكذا في " شرحه " للخطابي : " تروح سارحة لهم يأتيهم لحاجة "**

ئەبۇ ئامىر، ئەبۇ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلۋەتتە مىنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە زىنانى،يىپەك ئارلاش كىيىمنى، يىپەك رەختنى، ھاراقنى، نەغمە ـ ناۋا، سازلارنى ھالال قىلىۋالىدىغان، ھالال سانايدىغان كىشىلەر مەيدانغا كىلىدۇ، بىر تۈركۈم قەۋىملەر تاغ باغرىغا چۈشۈپ، چارۋا ماللىرىنى يايلاقتا باقىدۇ، ئۇلاغلىرى ئوتلاپ كىلىدۇ، ئۇلارغا بىر ھاجەتمەن كىشى يەنى پىقىر كىلىپ، نەرسە سورىسا، ئۇلار ئۇنىڭغا؛ ئەتە كەلگىن دەپ نەرسە بەرمەيدۇ، شۇ كىچىسى ئاللاھتائالا ئۇلارنى ئۇخلۇتۇپ قويۇپ، تاغنى ئۇلارغا ئەۋەتىدۇ، تاغ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە گۆمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇلاردىن قىلىپ قالغانلارنى تا قىيامەت كۈنىگىچە مايمۇن، توڭگۇزغا ئۆزگەرتىۋىتىدۇ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**5344 – [ 6 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أنزل الله بقوم عذابا أصاب**

**العذاب من كان فيهم ثم بعثوا على أعمالهم "**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر قەۋمگە ئازاپ چۈشۈرسە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشى كىشىگىمۇ ئازابنى يەتكۈزىدۇ، ئاندىن ئۇلار نىيىتى، ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ئازابلاشنى ئىرادە قىلسا، ئازابنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشى كىشىلەرگىمۇ يەتكۈزىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلىدۇ، يەنە بىر خاتىرىدە نىيەتلىرى، ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلىدۇ دېيىلگەن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5345 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن جابر قال:قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : يبعث كل عبد على ما مات عليه رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر بەندە قىيامەت كۈنى ئۇ ئۆلگەن ئەمەل ئۈستىدە قوپۇرىلىدۇ، (چۈنكى، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېساب قىلىنىدۇ). ئىبنى ماجە، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشلەر قىيامەت كۈنى نىيەتلىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرىلىدۇ. ئەھمەد تولىغان، سەھىھ.

**5346 – [ 8 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما رأيت مثل النار نام هاربها ولا مثل الجنة نام طالبها " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن، دوۋزاخنىڭ ئوخششىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قاچقۇچىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى ۋە جەننەتنىڭ ئوخششىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرمىدىم، (يەنى دوۋزاخنىڭ خەۋپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن قاچقۇچى، جەننەت تەلەپ قىلغۇچى كىشى ھەرگىز ئۇخلىمايتتى، لىكىن، ھازىر كىشلەر ئۇخلاۋاتىدۇ، چۈنكى، ئىمان، ئېتىقاد يوقتۇر. دوۋزاخدىن قېچىپ، جەننەتنى دەپ ھەتتا ئاللاھنىڭ جامالىنى، مۇھەببىتىنى دەپ ئۇخلىمايدىغانلارمۇ كۆپتۇر). تىرمىزى، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**5347 – [ 9 ] وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني أرى ما لا ترون وأسمع ما لا تسمعون أطت السماء وحق لها أن تئط والذي نفسي بيده ما فيها موضع أربعة أصابع إلا وملك واضع جبهته ساجد لله والله لو تعلمون ما أعلم لضحكتم قليلا ولبكيتم كثيرا وما تلذذتم بالنساء على الفرشات ولخرجتم إلى الصعدات تجأرون إلى الله " . قال أبو ذر : يا ليتني كنت شجرة تعضد . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەر كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيمەن، ئاڭلىيالمىغاننى ئاڭلايمەن، ئاسمان غىچىرلاپ ئاۋاز چىقىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى ھەق، لايىقتۇر، چۈنكى، ئاسماندا تۆت بارماقنىڭ يەنى بىر ئالقاننىڭ يېرىمچىلىك ئورۇنلا بولسا، شۇ جايغا پەرىشتە، ئاللاھ ئۈچۈن سەجدە قىلغان ھالدا پىشانىسىنى قويۇپ تۇرۇۋغلۇق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار، كۆرپە، تۆشەكلەر ئۈستىدە ئاياللىرىڭلاردىن لەززەت ئالالمايتتىڭلار، ئەلۋەتتە، ئېگىز ــ ئېگىز تاغلارغا، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ چىقىپ كېتەتتىڭلار، ئاللاھ ئاللاھ! دەپ كېتەتتىڭلار، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئىست!كاشكى مەن كېسىپ ئۈتۈن

قىلىنىدىغان دەرەخ بۇلۇپ كەتكەن بولسامچۇ؟دەپ كەتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**5348 – [ 10 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من خاف أدلج ومن أدلج بلغ المنزل . ألا أن سلعة الله غالية ألا إن سلعة الله الجنة " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كۈندۈزى قورققان كىشى، ئۇغرىدىن، ئىسسىقدىن ئەنسىرىگەن كىشى كېچىسى يول يۈرىدۇ، كېچىسى يول يۈرگەن كىشى مەنزىلگە تىز يېتەلەيدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەققەتەن ئاللاھنىڭ ساتىدىغان مېلىنىڭ باھاسى بەك قىممەت، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ مېلى جەننەتتۇر. (يەنى، كېچىسى ناماز ئوقۇش بىلەن مالنى سېتىۋېلىپ، مەنزىلگە تىزراق يېتىڭلار). تىرمىزى 2374 ــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5349 – [ 11 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يقول الله جل ذكره : أخرجوا من النار من ذكرني يوما أو خافني في مقام " رواه الترمذي والبيهقي في " كتاب البعث والنشور "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ئۇلارغا: مىنى ئىخلاس بىلەن بىرەر كۈن ئەسلەپ زىكرى ئەيتقان ياكى ئالدىمدا تۇرۇپ ھىساپ بېرىشتىن قورققان كىشىنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ.تىرمىزى،بەيھەقى توپلىغان.

**5350 – [ 12 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عائشة قالت : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عن هذه الآية : ( والذين يؤتون ما أتوا وقلوبهم وجلة ) أهم الذين يشربون الخمر ويسرقون ؟ قال : " لا يا بنت الصديق ولكنهم الذين يصومون ويصلون ويتصدقون وهم يخافون أن لا يقبل منهم أولئك الذين يسارعون في الخيرات " . رواه الترمذي وابن ماجه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:« ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلغان، ئۆزلىرىگە بىرىلگەن نەرسىدىن الله يولىدابەرگەن ، ۋە ھالەنكى قەلبلىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر»دىگەن ئايەت توغرىسىدا، ئۇلار ھاراق ئىچىپ، ئوغۇرلۇق قىلىدىغانلارمۇ؟دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:ياق ئى سىددىقنىڭ قىزى! لىكىن ئۇلار روزا تۇتۇپ، ناماز ئوقۇپ، سەدىقە قىلىپ، شۇ ئەمەللەرنىڭ ئۆزلىرىدىن قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقۇپ ئەنسىرەيدىغانلاردۇر، ئەنە شۇلار ياخشىلىققا ئالدىرايدىغانلاردۇر.تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان.

**5351 – [ 13 ] وعن أبي بن كعب قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا ذهب ثلثا الليل قام فقال : " يا أيها الناس اذكروا الله اذكروا الله جاءت الراجفة تتبعها الرادفة جاء الموت بما فيه جاء الموت بما فيه " . رواه الترمذي**

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمى ئۆتۈپ بولغاندا قىيامدا تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: ئى ئىنسانلار! ئاللاھنى ئەسلەڭلار، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەڭلار، زىمىننىڭ قاتتىق تەۋرىشى يىتىپ كەلدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئارقىدىنلا ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر تەۋرەيدۇ، ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر يىتىپ كەلدى، (سۈرە نازىئات 6 ـ، 7 ـ ئايەتلىرىدە بار). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.ياكى سۈرنىڭ بىرىنجى پۈۋدىلىشى ۋە ئىككىنجى پۈۋدىلىشى يىتىپ كەلدى.

**5352 – [ 14 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي سعيد قال : خرج النبي صلى الله عليه وسلم لصلاة فرأى الناس كأنهم يكتشرون**

**قال : " أما إنكم لو أكثرتم ذكر هادم اللذات لشغلكم عما أرى الموت فأكثروا ذكر هادم اللذات الموت فإنه لا يأت على القبر يوم إلا تكلم فيقول : أنا بيت الغربة وأنا بيت الوحدة وأنا بيت التراب وأنا بيت الدود وإذا دفن العبد المؤمن قال له القبر : مرحبا وأهلا أما إن كنت لأحب من يمشي على ظهري إلي فإذ وليتك اليوم وصرت إلي فسترى صنيعي بك " . قال : " فيتسع له مد بصره ويفتح له باب إلى الجنة وإذا دفن العبد الفاجر أو الكافر قال له القبر : لا مرحبا ولا أهلا أما إن كنت لأبغض من يمشي على ظهري إلي فإذ وليتك اليوم وصرت إلي فسترى صنيعي بك " قال : " فيلتئم عليه حتى يختلف أضلاعه " . قال : وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم بأصابعه . فأدخل بعضها في جوف بعض . قال : " ويقيض له سبعون تنينا لو أن واحدا منها نفخ في الأرض ما أنبتت شيئا ما بقيت الدنيا فينهسنه ويخدشنه حتى يفضى به إلى الحساب " قال : وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما القبر روضة من رياض الجنة أو حفرة من حفر النار " . رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا چىقىپ، كىشلەرنىڭ چىشلىرىنى چىقىرشىپ ھىجىيىپ كۈلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: ئەمما سىلەر، ئەگەر بارلىق لەززەتنى ئۈزۈپ تاشلىغۇچى ئۆلۈمنى ئەسلەشنى كۆپ قىلغان بولساڭلار، ئۇنىڭ غىمى سىلەرنى مەن كۆرگەن بۇ كۈلۈشلەردىن ئەلۋەتتە مەشغۇل قىلىپ قويغان بولاتتى، سىلەر بارلىق لەززەتنى ئۈزۈپ تاشلىغۇچى ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەڭلار، قەبرە ھەر كۈنى مۇنداق دەپ تۇرىدۇ؛ مەن غېرىپلىقنىڭ، تەنھا يالغۇزلۇقنىڭ ئۆيى، مەن تۇپراققا ئايلىنىشنىڭ، قۇرۇتلارنىڭ ئۆيى. ئەگەر مۆئمىن بەندە دەپنە قىلىنسا، قەبرە ئۇنىڭغا: مەرھابا،خۇش كەپسەن، سىنى قارشى ئالىمەن، سەن ماڭا، ئۈستۈمدە ماڭغان كىشلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى ئىدىڭ، بۈگۈن مەن ساڭا ئىگە ھاكىم قىلىندىم، سەن ئاخىرى مىنىڭ قېشىمغا كەلدىڭ، (زادى كىلىتتىڭ)مىنىڭ ساڭا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى ھازىر كۆرۈپ قالىسەن، ئاندىن قەبرە مۆئمىن كىشىگە كۆز يېتىم مىقدارى شۇنداق كەڭرىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرەپكە بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئەگەر پاسىق-پاجىر ياكى كاپىر بەندە دەپنە قىلىنسا، قەبرە ئۇنىڭغا؛ ساڭامەرھابالىق يوق، سىنى قارشى ئالمايمەن، سەن ماڭا ئۈستۈمدە ماڭغان كىشلەرنىڭ ئەڭ ئۆچ دۈشمەنرەكى ئىدىڭ، بۈگۈن مەن ساڭا ئىگە ھاكىم قىلىندىم، سەن ئاخىرى مىنىڭ قېشىمغا كەلدىڭ، (زادى كىلىتتىڭ!!)مىنىڭ ساڭا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى ھازىر كۆرۈپ قالىسەن، ئاندىن قەبرە ئۇنىڭغا شۇنداق تارىيىپ قىسىلىدۇكى، ئۇنىڭ قوۋۇرغىللىرى بىر-بىرىگە مانا مۇشۇنداق كىرىشىپ، گىرەلىشىپ كىتىدۇ دەپ، بارماقلىرىنى بىر بىرىگە كىرىشتۈردى، ئاندىن ئۇدىنىسىزغا 70 دانە زەھەرلىك يىلانلار غالىپ قىلىنىپ مۇئەككەل قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ يىلانلاردىن بىرەرسى زەھىرىنى بۇ زىمىنغا پۈۋدىسە، (ئۇنىڭ زەھەرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن)زىمىن تا قىيامەت كۈنىگىچە بىرەر تال ئۈسۈملۈك گىياھ ئۇندۇرمەيدۇ، يىلانلار ئۇنى چىشلەپ چېقىپ، تاكى ئۇ ھساپ مەيدانىغا ئاپىرىلغانغا قەدەر ئۇنى ياردار قىلىپ ئازاپلايدۇ، ھەقىقەتەن قەبرە جەننەتنىڭ باغلىرىدىن بىر باغدۇر، ياكى دەۋزەخنىڭ ئوتلۇق ئازگاللىرىدىن بىر ئازگالدۇر.تىرمىزى توپلىغان.

**5353 – [ 15 ] وعن أبي جحيفة قال : قالوا : يا رسول الله قد شبت . قال : " شيبتني سورة هود وأخواتها . رواه الترمذي**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر، ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ چاچلىرىغا ئاق كىرىپتۇ دېيىلگەندە مۇنداق دىگەن: سۈرە ھۇد ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى چېچىمغا ئاق كىرگۈزۈۋەتتى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سۈرە ھۇد ۋە ئۇنىڭ مۇپەسسەل، ئۇششاق سۈرىلەردىكى ئوخشاشلىرى چېچىمغا ئاق كىرىش مۇددىتىدىن

بۇرۇن ئاق كىرگۈزۈەتتى. سەئدى ئىبنى مەنسۇر، ئىبنى مەردەۋىيىە توپلىغان، سەھىھ.

**5354 – [ 16 ] وعن ابن عباس قال : قال أبو بكر : يا رسول الله قد شبت . قال : شيبتني ( هود ) و ( المرسلات ) و( عم يتساءلون ) و( إذا الشمس كورت ) رواه الترمذي وذكر حديث أبي هريرة : لا يلج النار في كتاب الجهاد**

ئىبنى ئاببباس، ئەبۇ بەكرى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، ئەبۇ بەكرى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ چاچلىرىغا ئاق كىرىپتۇ دىگەندە مۇنداق دىگەن: سۈرە ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسەلات، ئەممە سۈرىسى، سۈرە تەكۋىرلەر چىچىمغا ئاق كىرگۈزۈۋەتتى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى مەردەۋى توپلىغان، سەھىھ، چۈنكى، بۇ سۈرىلەردە ئاجايىپ قورقۇنۇشلۇق ئىشلار، بۇ ئالەم ۋەيران بولۇپ، قىيامەت قۇرۇلۇشى، قىيامەتنىڭ قۇرقۇنۇشلۇق ئىشلىرى سۆزلىنىدۇ.

**5355 – [ 17 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن أنس قال : إنكم لتعملون أعمالا هي أدق في أعينكم من الشعر كنا نعدها على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم من الموبقات . يعني المهلكات . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ سىلەر ھازىر نۇرغۇن ئەمەللەرنى قىلىۋاتىسلەر، ئۇ ئەمەللەر سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا قىلدىنمۇ كىچىك،ئىنچىكە كۆرىنىۋاتىدۇ، لېكىن بىز شۇئەمەللەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ھالاكەتلىك گۇناھ دەپ ھىساپلايتتۇق.بۇخارى.

**5356 – [ 18 ] وعن عائشة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يا عائشة إياك ومحقرات الذنوب فإن لها من الله طالبا " . رواه ابن ماجه والدارمي والبيهقي في " شعب الإيمان "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئائىشە! گۇناھلارنىڭ ھەقىيرلىك، كىچىكلىرىدىنمۇ ھەزەر قىلغىن، چۈنكى الله تائالا تەرەپتىن كىچىك گۇناھلارنىمۇ تەلەپ قىلىپ ئىزدەپ يازغۇچى باردۇر.ئىبنى ماجە،دارىمى،بەيھەقى توپلىغان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گۇناھلارنىڭ ھەقىيرلىك، كىچىكلىرىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ توپلۇشۇپ كىشىنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ، خۇددى چۆل، بىپايان زېمىنغا چۈشكەن كىشىلەر بىرىسى بىر تال ياغاچ، بىرىسى بىر تال چاۋار ئېلىپ كېلىپ، تاكى بۇلار بىر دۆۋە ئوتۇن توپلاپ، ئوتنى ئۇلغايتىپ، ئۇنىڭدا نەرسىلىرىنى پىشۇرىدۇ، (ئەنە شۇنداق گۇناھلار توپلانسا، ھالاك قىلىشتا مەخسىدىگە يېتىدۇ) ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.(ھەقىقەتەن كىچىك گۇناھلارنىڭ ئىگىسىمۇ ھساپ ئېلىش بىلەن تۇتۇلۇپ قالسا ئۇگۇناھلار ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ.(كىم ھىسابدا زىغىرلانسا،ھالاك بولىدۇ.)ئەھمەد،تەبرانى،بەيھەقي،زىيائۇلمەقدەس توپلىغان.سەھىھ.)

**5357 – [ 19 ] ( صحيح وعن أبي بردة بن أبي موسى قال : قال لي عبد الله بن عمر : هل تدري ما قال أبي لأبيك ؟ قال : قلت : لا . قال : فإن أبي قال لأبيك يا أبا موسى هل يسرك أن إسلامنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم وهجرتنا معه وجهادنا معه وعملنا كله معه برد لنا ؟ وأن كل عمل عملناه بعده نجونا منه كفافا رأسا برأس ؟ فقال أبوك لأبي : لا والله قد جاهدنا بعد رسول الله صلى الله عليه وسلم وصلينا وصمنا وعملنا خيرا كثيرا . وأسلم على أيدينا بشر كثير وإنا لنرجو ذلك . قال أبي : ولكني أنا والذي نفس عمر بيده لوددت أن ذلك برد لنا وأن كل شيء عملناه بعده نجونا منه كفافا رأسا برأس . فقلت : إن أباك**

**والله كان خيرا من أبي . رواه البخاري**

ئەبۇبەردەت ئىبنى ئەبۇمۇسا رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما؛ دادامنىڭ داداڭغا نىمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟دېدى، مەن؛ ياق دىسەم، ئۇ؛ دادام داداڭغا؛ ئى ئەبۇمۇسا! بىزنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئەيتقان ئىسلامىمىز، مۇسۇلمان بولۇشىمىز، بىللە قىلغان ھىجرىتىمىز، جىھادىمىز، بارلىق ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن مۇقۇم يېزىلىشى، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن قىلغان ئەمەللىرىمىزگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭدىن نىجات تېپىپ قۇتۇلساقلا، مەنپەئەتىمىزگىمۇ بولماي، زىيىنىمىزغىمۇبولماي، باشمۇ-باش،تەڭمۇ-تەڭ بۇلىشى سىنى خۇرسەن قىلامدۇ؟سەنمۇ شۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟دىسە، داداڭ؛ ياق، **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز رەسۇلۇللاھتىن كېيىن **الله** يولىدا جىھاد قىلدۇق، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتتۇق، نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلدۇق، بىزنىڭ قولىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى، بىز شۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمۈت قىلىمىز دېدى، ئاندىن دادام؛ لېكىن مەن، ئۆمەرنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللەقىلغان شۇ ئەمەللەرنىڭ بىز ئۈچۈن مۇقۇم يېزىلىشىنى، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن قىلغان ئەمەللىرىمىزگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭدىن نىجات تېپىپ قۇتۇلساقلا، مەنپەئەتىمىزگىمۇ بولماي، زىيىنىمىزغىمۇبولماي، باشمۇ-باش،تەڭمۇ-تەڭ بۇلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن دېدى.ئاندىن مەن ئىبنى ئۆمەرگە؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، سىنىڭ داداڭ، ئەلۋەتتە مىنىڭ دادامدىن كۆپ ياخشىدۇر دېدىم.بۇخارى.

**5358 – [ 20 ] و ( لم تتم دراسته ) عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أمرني ربي بتسع : خشية الله في السر والعلانية وكلمة العدل في الغضب والرضى والقصد في الفقر والغنى وأن أصل من قطعني وأعطي من حرمني وأعفو عمن ظلمني وأن يكون صمتي فكرا ونطقي ذكرا ونظري عبرة وآمر بالعرف " وقيل " بالمعروف " رواه رزين**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مىنى رەببىم توققۇز نەرسىگە بۇيرىدى؛ 1. مەخپى يوشۇرۇن ھالەتتىمۇ، ئاشكارا ھالەتتىمۇ ئاللاھتائالادىن قورقۇش. 2. رازى بولغان چاغدىمۇ غەزەپ قىلىپ، ئاچچىقىم كەلگەندىمۇ ئادىل سۆز قىلىشىمغا. 3. پېقىرلىقتىمۇ، باي ھالەتتىمۇ نورمال، ئوتتۇرىھال بىر خىل بولۇشىمغا،4-مەندىن سىلە-رەھىمنى ئۈزىۋەتكەن كىشىگىمۇ سىلە- رەھىم قىلىشىمغا،5-مىنى،سوۋغا،ھەدىيلىرىدىن مەھرۇم قويغان كىشىگىمۇ مىنىڭ بىرىۋىرىشىمگە،6-ماڭا زۇلۇم قىلغان كىشىدىن ئەپۇ قىلىپ ئۆتىۋىتىشىمگە،7-سۆزقىلماي سۈكۈتتە تۇرۇشىمنى پىكىر-تەپەككۇر قىلىشىمغا،8-سۆزۈمنى بولسا، زىكرى قىلىشىمغا،9-قاراشلىرىمنى ئىبرەت قىلىشىمغا،ياخشىلىققا بۇيرىشىمغا بۇيرىدى.رەزىين توپلىغان.

**5359 – [ 21 ] (وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من عبد مؤمن يخرج من عينيه دموع وإن كان مثل رأس الذباب من خشية الله ثم يصيب شيئا من حر وجهه إلا حرمه الله على النار رواه ابن ماجه**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەرقانداق بىر مۆئمىن بەندىنىڭ ئىككى كۆزىدىن، **الله** تىن قورقۇپ، گەرچە چىۋىننىڭ بېشىچىلىك بىرتامچە ياش چىقىپ، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ، مەڭزىدىن يالاپ چۈشسە، **الله** تائالا ئۇكىشىنى دەۋزەخكە ھارام قىلىدۇ.ماجە.

**[ 7 ] باب تغير الناس – الفصل الأول** كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىۋېلىشى توغرىسىدا

**5360 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما الناس كالإبل المائة لا تكاد تجد فيها راحلة**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كىشىلەر يۈزلەرچە تۆگىگە ئوخشايدۇ، سەن شۇنچە كۆپ تۆگىلەر ئارىسىدىن سەپەرگە يارامىلىق ياخشى بىر تۆگىنىمۇ تاپالمىغىلى تاس — تاس قالىسەن.(يەنى بىرەرسىنى ئاران تەستە تاپالايسەن.ھازىرقى كىشىلەردىن،ياخشى،يارامىلىقى 1000دىن بىرەرسى باردۇر.)بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد،بەيھەقى،تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5361 – [ 2 ]** ( **متفق عليه** ) **وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لتتبعن سنن من قبلكم شبرا بشبر وذراعا بذراع حتى لو دخلوا حجر ضب تبعتموهم " . قيل : يا رسول الله اليهود والنصارى ؟ قال : " فمن "**

ئەبۇ ھۇرەيرە ،ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ئەلۋەتتە سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا، سۇننەتلىرىگە بىر غېرىچ، بىر غېرىچدىن، بىر گەز، بىر گەزدىن نەخمۇ — نەخ، ئوپمۇ ئوخشاش ئەگىشىپ كېتىسىلەر، ھەتتا، ئۇلار بىر پاتمىچۇقنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ باققان بولسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا ئەخشىپ يول سىلىپ كىرىپ باقىسىلەر، ئۇلار؛ سىلى دىگەن كىشىلەر يەھۇدىي، ناسارالارمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ كىمكى؟ دەپ قويىدى، يەنى دەل شۇلاردۇر، چۈنكى، پىرقىگە بۆلۈنگەنمۇ شۇلاردۇر.بۇخارى، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ھاكىم ت، سەھىھ.

**5362 – [ 3 ]** ( **صحيح** ) **وعن مرداس الأسلمي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يذهب الصالحون الأول فالأول وتبقى حفالة كحفالة الشعير أو التمر لا يباليهم الله بالة " . رواه البخاري**

مىرداس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەۋۋەلكى سالىھ كىشىلەر، ئۇنجى ياخشى كىشىلەر كېتىدۇ، ئاندىن خۇددى ئارپا ياكى خورمىنىڭ پۇچەك، ناچارلىرى قېلىپ قالغاندەك كىشىلەرنىڭ ناچار، يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھتائالا ھەرگىز ئۇلارغا پەرۋا قىلمايدۇ، قەتئىي ئىگە بولمايدۇ. بۇخارى 5954 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17062 ـ ھەدىس، دارمى 2603 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5363 – [ 4 ] الفصل الثاني عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا مشت أمتي المطيطاء وخدمتهم أبناء الملوك أبناء فارس والروم سلط الله شرارها على خيارها " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىم پەخىرلىنىپ، كىبىر قىلىپ ماڭغان چاغدا، ئۇلارغا پادىشاھنىڭ باللىرى، پارىس، رۇملۇقلارنىڭ باللىرى خادىم بولۇپ خىزمەت قىلغان چاغدا، ئۈممىتىمنىڭ يامان كىشىللىرى، ياخشى كىشىلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ، ھاكىم بۆلىۋالىدۇ، **الله** شۇنداق قىلىپ قويىدۇ.تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5364 – [ 5 ]** ( **لم تتم دراسته** ) **وعن حذيفة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تقوم الساعة حتى تقتلوا إمامكم وتجتلدوا بأسيافكم ويرث دنياكم شراركم " . رواه الترمذي**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ئۆز ئىمامىڭلارنى ئۆلتۈرمىگىچە، ئۆز ئارا قىلىچ ئۇرۇشمىغىچە، دۇنيارىڭلارغا ئەڭ يامان كىشىڭلار ۋارىس بولمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.تىرمىزى توپلىغان.

**5365 – [ 6 ] وعن قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى يكون أسعد الناس بالدنيا لكع بن لكع " . رواه الترمذي والبيهقي في " دلائل النبوة "**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ دۇنياغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ بايلىرى، بەختلىكلىرى، پەسكەش، ئەخمەق، ئىلىمسىز، نادانلارنىڭ باللىرى بولغان، پەسكەش، ئەخمەق، نادان، ئىلىمسىز دۆت كىشىلەر بولمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. (يەنى ئىلىمسىز، نادان، پەسكەش، ئەخمەق، دۆت كىشىلەر بۇ دۇنياغا ئىگە بولۇپ، باي بولغاندا قىيامەت قايىم بولىدۇ، دەل شۇلار ئەڭ يامان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن). ئەھمەد،بەيھەقى، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ دۇنيا، مۇتىھەم، ئەخمەق، پەسكەش، ئىلىمسىزنىڭ بالىسى بولغان مۇتىھەم، پەسكەش، ئەخمەق، ئىلىمسىزنىڭ قول ئىلىكىگە ئۆتمەي تۇرۇپ يوقالمايدۇ. (يەنى پەسكەش، تۆھمەتخور، ئەخمەق، نادان، ئىلىمسىز، دۆت كىشى باشلىق باي بولماي تۇرۇپ، قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەبىي، كىچىك بالا پادىشاھ بولماي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ). ئەھمەد 7972 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5366 – [ 7 ] وعن محمد بن كعب القرظي قال : حدثني من سمع علي بن أبي طالب قال : إنا لجلوس مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في المسجد فاطلع علينا مصعب بن عمير ما عليه إلا بردة له مرقوعة بفرو فلما رآه رسول الله صلى الله عليه وسلم بكى للذي كان فيه من النعمة والذي هو فيه اليوم ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كيف بكم إذا غدا أحدكم في حلة وراح في حلة ؟ ووضعت بين يديه صحفة ورفعت أخرى وسترتم بيوتكم كما تستر الكعبة ؟ " . فقالوا : يا رسول الله نحن يومئذ خير منا اليوم نتفرغ للعبادة ونكفى المؤنة . قال : " لا أنتم اليوم خير منكم يومئذ " . رواه الترمذي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا بىز مەسجىدتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق، قىشىمىزغا مۇسئەپ ئىبنى ئۇمەير چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىدە پەقەت تىرە بىلەن ياماق سېلىنغان تونلا بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى نىئمەتلىك باياشات تۇرمۇشىنى، ۋە ھازىرقى شۇ ھالىتىنى ئەسلەپ يىغلاپ كىتىپ ئاندىن؛ بىرىڭلار ئەتىگەندە بىرخىل تونىنى كىيىپ چىقسا، كەچتە يەنەبىرخىل تونىنى كىيىدىغان، ئالدىغا بىرخىل تاماق قويۇلسا، ئاندىن يەنە بىر ۋاققا يەنەبىرخىل تاماق قويۇلىدىغان، ئۆيلىرىڭلارنى خۇددى كەئبىنى يۇپۇق بىلەن ياپقاندەك، پەردىلەپ يېپىپ كىتىدىغان كۈنلەر كەلگەندە ھالىڭلار قانداق بولۇپ كىتەر ھە! دىدى، ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز شۇكۈنلەردە ھازىرقى ھالىمىزدىن ياخشاراق بولۇپ كىتىمىز، چۈنكى بىز تۇرمۇش چىقىملىرىدىن كۇپايىلىنىپ، ئىبادەتكىلا پارىغ بولۇپ ئولتۇرىمىز دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ ياق، سىلەر بۈگۈن شۇ كۈندىكىدىن ياخشىراق دىدى.تىرمىزى. ئەبۇ جۇھەيپەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرگە پات يېقىندا پۈتۈن دۇنيا ئىشغال قىلىنىدۇ، ھەتتا سىلەر خۇددى كەئبىگە زىننەت بەرگەندەك، ئۆيۈڭلارنى زىننەتلەپ كېتىسىلەر، سىلەر بۈگۈن شۇ كۈندىكىدىن ياخشىراق (باشقا بالا بايلىقدىن پېقىرلىق ياخشىدۇر) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5367 – [ 8 ] وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يأتي على الناس زمان الصابر فيهم على دينه كالقابض**

**على الجمر " رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب إسنادا**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، شۇ زامان ئەھلى ئارىسىدا، دىنىدا سەۋرى قىلىپ، چىداپ تۇرغۇچى، خۇددى ئالقىنى بىلەن چوغنى چاڭگاللاپ تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىختىلاپلاشقاندا، مېنىڭ سۈننىتىمگە مەھكەم ئېسىلغۇچى كىشى، خۇددى چوغنى چاڭگاللاپ تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ. (تاشلىۋەتسە، چوغدىن قۇرۇق قالىدۇ، چىڭ تۇتۇپ تۇرسا، قولى كۆيىدۇ، ئىمانىنى ساقلىماق، سۈننەتكە مەھكەم ئېسىلماق ئەنە شۇنداق قىيىندۇر، سەبرى قىلغانلار ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغانلار ئاداققىچە مۇستەھكەم تورغانلار چوقۇم نىجاد تاپىدۇ). ھەكىيم ت، سەھىھ.

**5368 – [ 9 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان أمراؤكم خياركم وأغنياؤكم سمحاءكم وأموركم شورى بينكم فظهر الأرض خير لكم من بطنها . وإذا كان أمراؤكم شراركم وأغنياؤكم بخلاؤكم وأموركم إلى نسائكم فبطن الأرض خير لكم من ظهرها " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئەگەر ئەمىر باشلىقلىرىڭلار ئەڭ ياخشىڭلار بولسا، بايلىرىڭلار ئەڭ سېخىيلىرىڭلاربولسا، ئىشلىرىڭلار ئۆز ئاراڭلاردا مەسلىھەت،كېڭەش بىلەن بولسا، بۇچاغدا سىلەرگە زېمىننىڭ ئۈستى ئىچىدىن ياخشىدۇر.ئەگەر ئەمىر باشلىقلىرىڭلار ئەڭ يامىنىڭلار بولسا، بايلىرىڭلار ئەڭ بېخىيللىرىڭلار بولسا، ئىشلىرىڭلار ئۆز ئاراڭلاردا مەسلىھەت،كېڭەش بىلەن بولماستىن،بەلكى ئاياللىرىڭلارغا تاپشۇرۇلسا، بۇچاغدا سىلەرگە زېمىننىڭ ئىچى ئېشىدىن ياخشىدۇر.تىرمىزى توپلىغان.

**5369 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يوشك الأمم أن تداعى عليكم كما تداعى الأكلة إلى قصعتها " . فقال قائل : ومن قلة نحن يومئذ ؟ قال : " بل أنتم يومئذ كثير ولكن غثاء كغثاء السيل وليترعن الله من صدور عدوكم المهابة منكم وليقذفن في قلوبكم الوهن " . قال قائل : يا رسول الله وما الوهن ؟ قال : " حب الدنيا وكراهية الموت " . رواه أبو داود والبيهقي في " شعب الإيمان "**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا بارلىق ئۈممەتلەر ھەممە تەرەپتىن خۇددى چوڭ قاچىغا تاماق يەيدىغانلار ئولاشقاندەك بىر ــ بىرىنى چاقىرىشىپ سىلەرگە قارشى ئۇلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! شۇ كۈنى بىزنىڭ ئازلىقىمىزدىن شۇنداق بولامدۇ؟ دېيىلدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ياق سىلەر شۇكۈنى ئاز ئەمەس، بەلكى كۆپ، لېكىن، سىلەر خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن كۆپۈككە، ئەخلەتكە ئوخشاش ۋەزنىگە كەلمەس، كېرەك كەلمەس بولۇپ قالىسىلەر،دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەردىن قورقۇيدىغان قورقۇنجا، سىلەرنىڭ ھەيۋەتىڭلار كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئاجىزلىق، قورقۇش، ئەنسىرەش سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قىلىنىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، سىلەرنىڭ دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، مال ــ دۇنيانى دوست تۇتۇپ، ئۆلۈمنى ياقتۇرماسلىقىڭلاردۇر. ئەھمەد 21363 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3745 ــ ھەدىس،بەيھەقى، سەھىھ.

**5370 – [ 11 ] الفصل الثالث عن ابن عباس قال : " ما ظهر الغلول في قوم إلا ألقى الله في قلوبهم الرعب ولا فشا الزنا في**

**قوم إلا كثر فيهم الموت ولا نقص قوم المكيال والميزان إلا قطع عنهم الرزق ولا حكم قوم بغير حق إلا فشا فيهم الدم ولا ختر قوم بالعهد إلا سلط عليهم عدوهم " . رواه مالك**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش نەرسە بەش نەرسىگە باغلىق بولۇپ، شۇ بەش نەرسە يۈز بەرسە، كەينىدىنلا بەش نەرسە يۈز بېرىدۇ.

1 . قەۋىم ئەھدىنى بۇزىۋەتسە، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى شۇ خىيانەتچى قەۋمىدىن غالىپ كېلىدۇ.خىيانەت قىلسا، **الله** ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچىنى تاشلايدۇ.

2. قەۋىم ئىچىدە زىنا پاھىشە ئاشكارا بولسا، ئۆلۈم ئاشكارا بولۇپ، ئۆلۈش كۆپىيىپ كېتىدۇ.

3. ئۇلار جىلىڭ، تارازا۔ مىيزان، كەمچەنلەردە كام بېرىپ، ئوشۇق ئېلىپ كىشلەرگە زىيان سالسا، ئۆسۈملۈك، گىياھلار، زىرائەتلەر ئۈنمەيدۇ، مەھسۇلاتلىرىدىن چەكلىنىدۇ، ئاپەت يۈز بېرىپ،رىزىقتىن مەھرۇم قىلىنىپ، قەھەتچىلىك بىلەن ئازابلىنىدۇ.

4. ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلماي، ئۇنىڭدىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھەقسىزھۆكۈم قىلسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاتىللىق، پىقىرلىق، نامراتلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ،(چۈنكى،ئۇنداق ھاكىم،كاپىر دىنىسىز بولىدۇ).

5. ئۇلار ئۆشرە ــ زاكاتىنى بەرمىسە، ئۇلاردىن يامغۇر توختاپ قېلىپ، ياغمايدۇ،مالىك،تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى مۇھاجىرلار گورۇھى! بەش خىسلەت ئىش بولۇپ، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن سىنالساڭلار مۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، مەن ئاللاھقا سېغىنىپ، ئۇ ئىشلارنىڭ سىلەرنى تېپىۋېلىشىدىن سىلەرنىڭ ئۇ بەش ئىشنى قىلىشىڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن، ھەر قانداق بىر قەۋىمدە زىنا، پاھىشە ئاشكارا بولسا، ئۇلار زىنانى ئوچۇق ــ ئاشكارا ئىلان قىلىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋابا كېسىلى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ئىلگىرىكى ئاتا ــ بوۋىلىرىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان قورقۇنۇشلۇق كېسەللەر ئاشكارا بولۇپ كەڭ تارقاپ كېتىدۇ. تاراز۔ مىيزان، كەمچەنلەردە كام بېرىپ، كىشلەرنى زىيانغا ئۇچراتسا، ئۇلار قەھەتچىلىك يىللار بىلەن، چىقىمنىڭ خىراجەتنىڭ قاتتىق ئېغىر بولۇشى بىلەن، سۇلتان، پادىشاھنىڭ جەۋرى ــ جاپا، زۇلمى بىلەن ئازابلىنىدۇ. ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى بەرمىسە، ئۇلارغا ئاسماندىن يامغۇر ياغمايدۇ،۔ ھايۋانلار بولمىغان بولسىغۇ ئۇلارغا بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمايتتى۔، ئاللاھنىڭ ئەھدىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھدىسىنى بۇزسا، ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى غالىپ قىلىۋېتىدۇ. ئۇلاردىن باشقا بولغان دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ. ئىماملار، باشلىقلار، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا، دۇچ كەلگەن مەسلىلەردە ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھىنى، قۇرئاننى تەلەپ قىلمىسا، ئىسلام دىنىنى قۇرئاننى قانۇن قىلمىسا، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ ئازابىنى، ھالاكىتىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا قىلىپ قويىدۇ، يەنى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ئىختىلاپ قىلىشىپ ھالاك بولىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا زىنا، پاھىشە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىلان قىلىنغان كىشلەردە ۋابا كېسىلى، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان كېسەللەر ئاشكارا بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى، بۇنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، ئىنتېرنېت تور بېتىنى كۆرۈڭ، دوكتورلار نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ئاشكارىلىغان، ھەدىسنىڭ كېيىنكى تەرەپلىرىمۇ مۆجىزە بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەكلا يۈز بەرگەن ۋە ھەم كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

## [ 8 ] باب الإنذار والتحذير – الفصل الأول ھەزەرقىلدۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش توغرىسىدا

**5371 – [ 1 ]** ( صحيح ) **عن عياض بن حمار المجاشعي أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال ذات يوم في خطبته : " ألا إن ربي أمرني أن أعلمكم ما جهلتم مما علمني يومي هذا : كل مال نحلته عبدا حلال وإني خلقت عبادي حنفاء كلهم وإنه أتتهم الشياطين فاجتالتهم عن دينهم وحرمت عليهم ما أحللت لهم وأمرتهم أن يشركوا بي ما لم أنزل به سلطانا وإن الله نظر إلى أهل الأرض فمقتهم عربهم وعجمهم إلا بقايا من أهل الكتاب وقال : إنما بعثتك لأبتليك وأبتلي بك وأنزلت عليك كتابا لا يغسله الماء تقرؤه نائما ويقظان وإن الله أمرني أن أحرق قريشا فقلت : يا رب إذا يثلغوا رأسي فيدعوه خبزة قال : استخرجهم كما أخرجوك وأغزهم نغزك وأنفق فسننفق عليك وابعث جيشا نبعث خمسة مثله وقاتل بمن أطاعك من عصاك " . رواه مسلم**

ئىياز ئىبنى ھەمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۈگۈنكى مۇنۇ كۈندە ماڭا ئۆگەتكەن، بىلدۈرگەن، سىلەر بىلمەيدىغان ئىلىملەرنى سىلەرگە ئۆگىتىشىمنى بۇيرىدى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمگە ئاتا قىلىپ بەرگەن ماللار ھالالدۇر، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ھەققە مايىل مۇسۇلمان ياراتتىم، ھەقىقەتەن ئۇلارغا شەيتانلار كېلىپ، ئۇلارنى دىنلىرىدىن چىقىرىپ ئازدۇرۇۋەتتىدۇ، مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنى ماڭا مەن بىرەر ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرىيدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زېمىن ئەھلىگە قاراپ، ئازغىنا ئەھلى كىتابلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن باشقا بارلىق كىشلەرگە ئەرەپ، ئەجەملەرگە غەزەپ قىلدى، كايىدى ۋە دېدىكى ھەقىقەتەن مەن سېنى سىناپ، ئىمتىھان ئېلىش، سەن بىلەن باشقىلارنى سىناپ، ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم، ساڭا كىتاب قۇرئاننى نازىل قىلدىم، ئۇنى سۇمۇ يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، يەنى قوغدايمەن، ئۇنى سەن ئۇخلىغان ۋە ئويغاق ھالدا ئوقۇيسەن، (چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىلى ئۇخلىمايتتى) ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مېنى قۇرەيشلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشىمگە بۇيرىدى، مەن ئاندىن؛ ئى رەببىم، ئۇنداقتا ئۇلار بېشىمنى دەسسەپ، يەنجىپ، چەيلەپ بىردانە ياپىلاق ناندەك تاشلاپ قويىدۇ دېدىم، ئاللاھتائالا؛ ئۇنداق بولسا، ئۇلار سېنى قوغلاپ چىقارغاندەك، سەنمۇ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغىن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىل، بىز ساڭا ياردەم بېرىمىز، ئاللاھ يولىدا خەرجلە، ساڭىمۇ خەرجلىنىدۇ، قوشۇن ئەۋەتكىن، بىزمۇ سېنىڭ قوشۇنىڭدەك بەش ھەسسە قوشۇن ئەۋەتىمىز، ساڭا ئىتائەت قىلغان كىشلەر بىلەن بىرگە ساڭا ئاسىي بولغان كىشلەرگە قارشى ئۇرۇش

قىلغىن. جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1. ئادىل، سەممىي، راستچىل، تەۋپىق تاپقان، سۇلتان، پادىشاھ.

2. دىلى يۇمشاق، مېھرىبان، ھەرقانداق يېقىن تۇغقان ۋە مۇسۇلمانلارغا قەلبى يۇمشاق، رەھىمدىل كىشىدۇر.

3. ھارامدىن ساقلانغان ئىپپەتلىك، سائىللىق قىلىشتىن نومۇس قىلىدىغان ئىپپەتلىك، كۆپ ئەھلى باللىرى بولغان مۇشەققەتلىك مۇسۇلماندۇر.

دوۋزاخ ئەھلى بەش تۈرلۈك بولىدۇ؛

1.لايىق بولمايدىغان ئىشلاردىن توسۇپ قالغىدەك ئەقىل ــ پاراسەت يوق، دائىم سىلەرگە ئەگىشىۋالىدىغان يا ئەھلى، يا مالنى تەلەپ قىلمايدىغان، دىن، دۇنيادا نەتىجىسى يوق، ئاجىز، دۆت كىشىدۇر.

2. كىچىككىنە تاما قىلغۇدەك نەرسە كۆرۈنسىلا خىيانەت قىلىدىغان خائىندۇر.

3. تاڭ ئاتقۇزسا، كەچ قىلسا، دائىم دېگۈدەك ئەھلىڭ ۋە مېلىڭ توغرىسىدا سېنى ئالدايدىغان ھىيلە ــ مېكىر قىلىدىغان كىشىدۇر. 4. بېخىل ياكى كاززاپ كىشىدۇر. 5. ئەخلاقى يامان، ناچار ئەخلاقلىق، پاھىشە ئىشنى قىلغۇچى، پاھىشە سۆزلىگۈچى كىشىدۇر، (چۈنكى، بۇ ھاياسىزدۇر) مۇسلىم 5109 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4250 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4169 ــ ھەدىس، ئەھمەد 17616 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5372 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عباس قال : لما نزلت ( وأنذر عشيرتك الأقربين ) صعد النبي صلى الله عليه وسلم الصفا فجعل ينادي : " يا بني فهر يا بني عدي " لبطون قريش حتى اجتمعوا فقال : " أرأيتكم لو أخبرتكم أن خيلا بالوادي تريد أن تغير عليكم أكنتم مصدقي ؟ " قالوا : نعم ما جربنا عليك إلا صدقا . قال : " فإني نذير لكم بين يدي عذاب شديد " . فقال أبو لهب : تبا لك سائر اليوم ألهذا جمعتنا ؟ فنزلت : ( تبت يدا أبي لهب وتب ) متفق عليه . وفي رواية نادى : " يا بني عبد مناف إنما مثلي ومثلكم كمثل رجل رأى العدو فانطلق يربأ أهله فخشي أن يسبقوه فجعل يهتف يا صباحاه "**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «يېقىن تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپا تېغىغا چىقىپ، پۈتۈن قەۋم ــ جامائەتلەرنى توپلاپ،قۇرەيش جەمەتىگە: ئى پەھرى جەمەتى، ئى بەنى ئەدى! ئى بەنى ئابدۇماناپ! ئى ئابدۇلمۇتتەللىب جەمەتى! قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر ماڭا قانداق قارايسىلەر؟ ئەگەر مەن سىلەرگە مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا سايلىق، يايلاقلاردا دۈشمەنلەر، ئاتلىق قوشۇنلار كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلىدىكەن دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ ئۇلار؛ھەئە، بىز پەقەت سېنى راستچىل، سەممىي دەپ تەجرىبە قىلدۇق، ئىشىنىمىز دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قاتتىق ئازابنىڭ يەنى دوۋزاخنىڭ ئالدىدا،شۇئازاپنىڭ سىلەرگە كېلىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇ ئازابتىن ھەزەر قىلدۇرغۇچى دېدى.يەنە بىردە؛ قەبىيسەت، زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇناماق جەمەتى! ھەقىقەتەن مەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى، ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن مېنىڭ مىسالىم، مۇنۇ كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ دۈشمەننى كۆرۈپ دەرھال ئەھلىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەھلىگە ئۆزىدىن بۇرۇن ئىلگىرلەپ بېرىۋېلىشىدىن قورقىدۇ. ئۇ ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، دۈشمەندىن مەخپى ھالدا ئى سۆيۈملۈك ئەھلى! ئى قەۋم ــ جامائەتلەر، قېرىنداشلىرىم! دۈشمەن كەلدى، سىلەرگە دۈشمەن

كەلدى، ھەزەر قىلىڭلار دەيدۇ. ئەنە شۇنىڭدەك مەن سىلەرنى دوۋزاخدىن ئاگاھلاندۇرىمەن.ئاندىن ئەبۇلەھەب ؛ ھۇ ئۆلگۈر!ساڭا بۇگۈندىن باشلاپ ھالاكەت بولسۇن، بىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن يىغدىڭمۇ؟!دىگەندە، «ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن.....»دىگەن سۈرە مەسەد نازىل قىلىندى. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5373 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : لما نزلت ( وأنذر عشيرتك الأقربين ) دعا النبي صلى الله عليه وسلم قريشا فاجتمعوا فعم وخص فقال : " يا بني كعب بن لؤي أنقذوا أنفسكم من النار يا بني مرة بن كعب أنقذوا أنفسكم من النار . يا بني عبد شمس أنقذوا أنفسكم من النار يا بني عبد مناف أنقذوا أنفسكم من النار . يا بني هاشم أنقذوا أنفسكم من النار . يا بني عبد المطلب أنقذوا أنفسكم من النار . يا فاطمة أنقذي نفسك من النار فإني لا أملك لكم من الله شيئا غير أن لكم رحما سأبلها ببلالها " . رواه مسلم وفي المتفق عليه قال : " يا معشر قريش اشتروا أنفسكم لا أغني عنكم من الله شيئا ويا صفية عمة رسول الله لا أغني عنك من الله شيئا . ويا فاطمة بنت محمد سليني ما شئت من مالي لا أغني عنك من الله شيئا "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «يېقىن تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»دىگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشلەرنى چاقىرىپ، ئۇلار يىغىلغاندا، ئام ۋە خاس سۆز قىلىپ مۇنداق دىگەن: ئى كەئبى ئىبنى لۇئەي جەمەتى! ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى مۇررەت ئىبنى كەئبى جەمەتى! ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى ئابدۇشەمسى جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى ئابدۇماناف جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى ئابدۇلمۇتتەللىپ جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى قىزىم پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا! سەنمۇ ئۆزۈڭنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزغىن! ھەقىقەتەن مەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاھدىن ھىچ نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، پەقەت سىلەر ئۈچۈن مەن بىلەن بولغان يېقىن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار، مەن ئۇ، سىلە ـ رەھىمنى ياخشىلىق قىلىش، ئېھسان قىلىش بىلەنلا ئۇلىيالايمەن، يەنى ياخشىلىق قىلىمەن خالاس. مۇسلىم 303 ــ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئەھمەد 8372 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھ ئەنھۇملاردىن، «يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇر» دىگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممىسىنى يىغىپ، مۇنداق دىگەن: ئى قۇرەيشلەر جامائىتى! ئۆزۈڭلارنى ئاللاھدىن سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىپ دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، قىيامەت كۈنى مەن سىلەردىن ھىچ نەرسىنى يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھىچ نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايمەن، ئى ئابدۇماناف جەمەتى، ئى ئابباس، ئى سەفىييە! سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار، سىلەردىنمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھىچ نەرسىنى توسۇپ قالالمايمەن، بىھاجەت قىلالمايمەن، ئى پاتىمە! سەنمۇ شۇنداق قىل، بۇ دۇنيادا مېنىڭ مال ــ مۈلكۈمدىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى سورىغىن، لېكىن، قىيامەت كۈنى سەندىنمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھىچ نەرسىنى قۇتقۇزالمايمەن، بىھاجەت قىلالمايمەن، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. بەيھەقى، ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5374 – [ 4 ] الفصل الثاني عن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أمتي هذه أمة مرحومة ليس عليها عذاب في الآخرة عذابها في الدنيا : الفتن والزلازل والقتل " . رواه أبو داود**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ بۇ ئۈممىتىم رەھىيم قىلىنغان ئۈممەتتۇر، بۇ ئۈممەتكە، ئاخىرەتتە ئازاب يوق، ھەقىقەتەن بۇ ئۈممەتنىڭ بۇ دۇنيادىكى

ئازابلىرى، پىتنە ــ پاساد،دىنى مۇسىيبەت، يەر تەۋرەش، قاتىللىق قىلىنىش، ۋە بالا ــ قازالاردۇر، ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى، هاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5375 – [ 5 ] 5376 [ 6 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي عبيدة ومعاذ بن جبل عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن هذا الأمر بدأ نبوة ورحمة ثم يكون خلافة ورحمة ثم ملكا عضوضا ثم كان جبرية وعتوا وفسادا في الأرض يستحلون الحرير والفروج والخمور يرزقون على ذلك وينصرون حتى يلقوا الله " رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئەبۇ ئۇبەيدە، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن بۇ دىننىڭ ئىشى باشتا پەيغەمبەرلىك ۋە رەھمەت بىلەن باشلاندى، ئاندىن كىيىن خەلىپىلىك ۋە رەھمەت بۇلىدۇ، ئاندىن كىيىن زالىم پادىشاھلىق بۇلىدۇ، ئاندىن كىيىن كىشىلەرگە قەھرى قىلىدىغان زۇمىگەر تاجاۋۇزچۇلۇق، ۋە پىتنە-پاسادلارىۋز بىرىدۇ، ئۇلار ئۇ چاغدا يىپەك رەختلەرنى، تەقۋالارغا نالايىق كىيىملەرنى، ئەۋرەتلەرنى، هاراقلارنى هالال ساناپ كىتىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارغا(**الله** هلا بىلىدىغان مەلۇم هىكمەتتىن)ئۇلار **الله** قا ئۇچراشقانغا قەدەر رىزق ۋە نۇسرەت ياردەم بىرىلىۋىرىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

**5377 – [ 7 ] ( حسن ) وعن عائشة قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن أول ما يكفأ – قال زيد بن يحيى الراوي : يعني الإسلام – كما يكفأ الإناء " يعني الخمر . قيل : فكيف يا رسول الله وقد بين الله فيها مابين ؟ قال : " يسمونها بغير اسمها فيستحلونها " . رواه الدارمي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:خۇددى قاچا دۈم كۆمتۈرۈلۈپ.يۆتكەلگەندەك، تۇنجى قېتىم يۆتكىلىپ ئۆزگىرىدىغان نەرسە ئىسلامدۇر.ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** تائالا قۇرئان كىتابىدا بايان قىلىشقا تىگىشلىكىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن تۇرسا،ئۇقانداق ئۆزگىرىدۇ؟دىسە، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ خۇددى ئۇلار هاراقنى ئۇنىڭ باشقا ئىسمى بىلەن ئاتاپ، هالال ساناپ ئىچىپ كەتكەندەك، (ئىسلام دىنىنىمۇ باشقا ئاتالغۇ ئۇسۇللار بىلەن ئۆزگەرتىدۇ)دىدى.دارىمى 2008-ھەسەن. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلۇۋەتتە مىنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر هاراقنى ئۆزى ئاتىۋالغان ئۆزلىرى قويىۋالغان خىلمۇ ــ خىل ئىسىملار بىلەن هالال قىلىپ ئىچىپ كىتىدۇ، (ئاندىن هالاك بولىدۇ). ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر هاراقنى باشقا ئىسىم قويۇپ ئىچىپ كىتىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرىدا نەغمە ــ ناۋا، ساز چېلىنىدۇ، ناخشىچى ئاياللار ناخشا ئوقۇيدۇ، ئاللاھتائالا ئۇلارنى يەرگە يۇتتۇرۇۋىتىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسىنى مايمۇن، توڭگۇز قىلىۋىتىدۇ (يەنى بۇ ئىشلار قاتتىق هارام). ئىبنى ماجە، ئىبنى هەببان، تەبرانى، بەيھەقى ت سەھىھ.

**5378 – [ 8 ] الفصل الثالث ( حسن ) عن النعمان بن بشير عن حذيفة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تكون النبوة فيكم ما شاء الله أن تكون ثم يرفعها الله تعالى ثم تكون خلافة على منهاج النبوة ما شاء الله أن تكون ثم يرفعها الله تعالى ثم تكون ملكا عاضا فتكون ما شاء الله أن تكون ثم يرفعها الله تعالى ثم تكون ملكا جبرية فيكون ما شاء الله أن يكون ثم يرفعها الله تعالى ثم تكون خلافة على منهاج نبوة " ثم سكت قال حبيب : فلما قام عمر بن عبد العزيز كتبت إليه بهذا الحديث أذكره إياه وقلت : أرجو أن تكون أمير المؤمنين بعد الملك العاض والجبرية فسر به وأعجبه يعني عمر بن عبد العزيز رواه أحمد والبيهقي في دلائل النبوة**

تۇئمان،ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ مادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراڭلاردا الله تائالا خالىغان ۋاقىتقىچىلىك پەيغەمبەرلىك زامانى (يەنى مېنىڭ زامانىم)بولىدۇ، ئاندىن الله ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاراڭلاردا الله تائالا خالىغان ۋاقىتقىچىلىك پەيغەمبەرنىڭ يولى بويىنچە خەلىپىلىك بولىدۇ، ئاندىن الله ئۇنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىن الله تائالا خالىغان ۋاقىتقىچىلىك زالىم پادىشاھلىق بولىدۇ، ئاندىن الله ئۇنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىن الله تائالا خالىغان ۋاقىتقىچىلىك كىشىلەرگە قەھرى قىلىدىغان زومىگەر تاجاۋۇزچى پادىشاھلىق بولىدۇ، ئاندىن كېيىن الله تائالا ئۇنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە پەيغەمبەرنىڭ تۇتقان يولى بويىنچە خەلىپىلىك زامانى بولىدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سۈكۈت قىلىپ جىم تۇردى.ھەبىب مۇنداق دېيدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ ئەسلىتىپ، مۇشۇ ھەدىسنى يازدىم، ۋە مەن سېنىڭ ئەشۇ زالىم پادىشاھتىن ، زومىگەر تاجاۋۇزچىدىن كېيىنكى، مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى خەلىپىسى بولۇشۇڭنى ئۈمۈت قىلىمەن دېسەم، ئۇ مېنىڭ بۇ سۆزۈمدىن بەكلا خۇرسەن بولۇپ ھەيران قاپتۇ.ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان.شەيخ ئىمام مۇھەددىس ئەلبانىي بۇھەدىسنى ھەسەن دېدى.

## كتاب الفتن – الفصل الأول پىتنە -پاسادىنىڭ كىتابى

**5379 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن حذيفة قال : قام فينا رسول الله صلى الله عليه وسلم مقاما ما ترك شيئا يكون في مقامه إلى قيام الساعة إلا حدث به حفظه من حفظه ونسيه من نسيه قد علمه أصحابي هؤلاء وإنه ليكون منه الشيء قد نسيته فأراه فأذكره كما يذكر الرجل وجه الرجل إذا غاب عنه ثم إذا رآه عرفه**

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا تۇرۇپ خۇتبە سۆزلەپ، شۇ ئورنىدىكى ئىشلاردىن تارتىپ، تا قىيامەت كۈنىگىچە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قويماي سۆزلەپ بەردى. ئۇنى يادا ئالغالار يادا ئېلىۋالدى، ئۇنتۇپ كەتكەنلەر ئۇنۇتۇپ كەتتى، ئۇ سۆزلەرنى مېنىڭ ئەنە ئاۋۇ ھەمراھلىرىم ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ ئىشلاردىن مەن ئۇنتۇپ كەتكەن بىرەر ئىش يۈز بەرسە، ئاندىن مەن ئۇ ئىشنى كۆرسەم، خۇددى بىر كىشىدىن ئۇ تونۇيدىغان يەنەبىر كىشى غائىب بولۇپ يۇقاپ كېتىپ، ئاندىن كېيىن پەيدا بولغاندا ئۇنى كۆرسە، ئۇنىڭ يۈزىنى تونۇپ ئېسىگە ئالغاندەك، كۆرسەم ئېسىمگە ئېلىپ ئەسلىيەلەيمەن.بۇخارى،مس

**5380 – [ 2 ] ( صحيح ) وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " تعرض الفتن على القلوب كالحصير عودا عودا فأي قلب أشربها نكتت فيه نكتة سوداء وأي قلب أنكرها نكتت فيه نكتة بيضاء حتى يصير على قلبين : أبيض بمثل الصفا فلا تضره فتنة ما دامت السماوات والأرض والآخر أسود مربادا كالكوز مجخيا لا يعرف معروفا ولا ينكر منكرا إلا ما أشرب من هواه " رواه مسلم**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پىتنە ــ پاسادلار قەلبگە خۇددى بورا بىر تالدىن بىر تالدىن توقۇلغاندەك بىردىن ــ بىردىن تەگلىنىدۇ، قايسى قەلبگە پىتنە ــ پاساد ئۇچۇرۇلۇپ كىرگۈزۈلسە، ئۇ قەلبگە بىر دانە قارا چېكىت ئۇرۇلىدۇ، (كۆپ كىرگۈزۈلسە كۆپ ئۇرۇلىدۇ) قايسى قەلب ئۇنى ئىنكار قىلسا، رەت قىلسا، ھەتتا، بۇ قەلب، تۆپتۈز، ئۈستىدە نەرسە تۇرماس، نەرسە يۇقماس، ئاق تاشتەك ئاقىرىدۇ، بۇ قەلبگە ئاسمان ــ زېمىن داۋام قىلىپ ھەممىشە تۇرسىلا مەڭگۈ بىرەر نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، پىتنە ــ پاساد، زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يەنە بىر قەلب بولسا، چار، قارا، ئالا چىپار بولۇپ قېلىپ، ئۇ خۇددى دۈم قىلىنغان، يېنى قىلىنغان كوزىغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنىڭ

قارىلىقدىن تەتۈرلىكىدىن، ياخشىلىقنى ياخشىلىق دەپ تونىمايدۇ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ، پەقەت ئۇ ھاۋايى ــ ھەۋەسلەردىن ئۆزىگە كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرنىلا قوبۇل قىلىپ تونۇيدۇ، مۇسلىم 207 ــ ھەدىس، بۇخارى 6567 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2184 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3945 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22322 ــ، سەھىھ.

**5381 – [ 3 ]** ( متفق عليه ) وعنه قال : حدثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم حديثين رأيت أحدهما وأنا أنتظر الآخر : حدثنا : " إن الأمانة نزلت في جذر قلوب الرجال ثم علموا من القرآن ثم علموا من السنة " . وحدثنا عن رفعها قال : " ينام الرجل النومة فتقبض الأمانة من قلبه أثرها مثل أثر الوكت ثم ينام النومة فتقبض فيبقى أثرها مثل أثر المجل كجمر دحرجته على رجلك فنفط فتراه منتبرا وليس فيه شيء ويصبح الناس يتبايعون ولا يكاد أحد يؤدي الأمانة فيقال : إن في بني فلان رجلا أمينا ويقال للرجل : ما أعقله وما أظرفه وما أجلده وما في قلبه مثقال حبة من خردل من إيمان " . متفق عليه

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئىككى ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن، مەن ئۇنىڭ بىرنىڭ يۈز بەرگىنىنى كۆردۈم، يەنە بىرنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتىۋاتىمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئامانەت كىشىلەرنىڭ قەلب يىلتىزلىرىغا قۇرئاندىن بۇرۇنلا نازىل قىلىنىپ، ئورنۇتۇلغان، ئاندىن قۇرئان نازىل بولۇپ، كىشىلەر قۇرئاننى، سۈننەتنى بىلىپ ياخشى ئۆزلەشتۈردى، كېيىنكى كۈندە كىشى ئۇخلاپ قالىدۇ ــ دە، قەلبىدىن ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، پەقەت چېكىتچىلىك، ئانچىكى ئىزى قالىدۇ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلايدۇ ـــ دە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى قاپىرىپ قالغان قاپارتمىنىڭ ئاق ئىزىدەك كىچىككىنە ئىز قالىدۇ، بۇ خۇددى پۇتىڭ بىلەن بىر چوغنى دۇملىتىۋەتسەڭ، قاراپ باقساڭ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمىغاندەكلا بىر ئىشتۇر، (يەنى ئامانەت شۇنچىلىك قالىدۇ، يوق دېيەرلىك) ئاندىن كىشىلەر سودا ــ سېتىق قىلىشسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئامانەتنى ئادا قىلغۇدەك بىرەر ئىشەنچىلىك ئادەم تېپىلمايدۇ، ھەتتا پالانى جەمەتتە بىر ئىشەنچىلىك ئادەم بار ئىكەن دېيىلسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا، ئۇنىمدىگەن ياخشى، ھەم كۈچلۈك، نېمىدېگەن ئېسىل، نېمىدېگەن دانا دەپ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قەلبىدە قىچا ئۇرۇغۇچىلىك ئىمان يوقتۇر، باشقا خاتىرىدە ھۇزەيفە ئېيتىدۇ، مېنىڭ بېشىمدىن شۇنداق بىر زامانلار ئۆتكەندۇر، ئۇ چاغلاردا قايسى بىرىڭلار بىلەن سودا ــ سېتىق قىلسام، پەرۋا قىلمايتتىم، ئەگەر مەن مۇئامىلە قىلىشقان كىشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ دىيانىتى ھەققىمنى قايتۇرغۇزاتتى، ئەگەر ئۇ خىرىستىئان، ناسارا، يەھۇدىي بولسا، مېنىڭ ھەققىمنى ئۇلارنىڭ كاتىباشلىرى قايتۇرغۇزاتتى، ئەمما، بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا پەقەت پالانى ۋە پالانى بىلەنلا سودا مۇئامىلىسى، قىلىشىمەن. دېيىلگەن، بۇخارى 6016 ــ ھەدىس، مۇسلىم 206 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2105 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4043 ــ ھەدىس، ئەھمەد 22171 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5382 – [ 4 ]** ( متفق عليه ) وعنه قال : كان الناس يسألون رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الخير وكنت أسأله عن الشر مخافة أن يدركني قال : قلت : يا رسول الله إنا كنا في جاهلية وشر فجاءنا الله بهذا الخير فهل بعد هذا الخير من شر ؟ قال : " نعم " قلت : وهل بعد ذلك الشر من خير ؟ قال : " نعم وفيه دخن " . قلت : وما دخنه ؟ قال : " قوم يستنون بغير سنتي ويهدون بغير هديي تعرف منهم وتنكر " . قلت : فهل بعد ذلك الخير من شر ؟ قال : " نعم دعاة على أبواب جهنم من أجابهم إليها قذفوه فيها " . قلت : يا رسول الله صفهم لنا . قال : " هم من جلدتنا ويتكلمون بألسنتنا " . قلت : فما تأمرني إن أدركني ذلك ؟ قال : " تلزم جماعة المسلمين وإمامهم " . قلت : فإن لم يكن لهم جماعة ولا إمام ؟ قال : " فاعتزل تلك الفرق كلها ولو أن تعض بأصل

**شجرة حتى يدركك الموت وأنت على ذلك "**

هۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىشلەر دائىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياخشىلىق توغرىسىدا سورايتتى، مەن بولسام، يامانلىق ماڭا يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يامانلىق توغرىسىدىلا سورايتتىم، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز بۇرۇن جاھالىيەتتە ۋە يامانلىق ئىچىدىلا ئىدۇق، **الله** تائالا بىزگە بۇ ياخشىلىقنى كەلتۈرۈپ بەردى، بۇ ياخشىلىقتىن كېيىنمۇ يامانلىق بۇلامدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە يامانلىق بۇلىدۇ دېدى، مەن؛ شۇ يامانلىقتىن كېيىنمۇ يەنە ياخشىلىق بۇلامدۇ؟دېسەم، ھەئە ياخشىلىق بۇلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تۇتۇندەك،چاڭ ـ تۇزاندەك ئارلاشمىلار بۇلىدۇ دېدى، مەن؛ بۇ دېگەنلىرى نېمىسى؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ئۇلار شۇنداق بىر قەۋمكى، مېنىڭ سۈننىتىمدىن باشقا بىر سۈننەت يولىنى سۈننەت قىلىۋالىدۇ، مېنىڭ ھىدايەت يولۇمدىن باشقا بىريول بىلەن يول تۇتۇپ ماڭىدۇ، سەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن بەزىسىنى ياخشىلىق دەپ تونۇيسەن، بەزىسىنى ئىنكار قىلىسەن دېدى، مەن يەنە؛ ئەشۇ ياخشىلىقتىن كېيىنمۇ يەنە يامانلىق بۇلامدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرىگە چاقىرىدىغان چاقىرىقچى، دەۋەتچىلەر بولىدۇ، كىم ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشسا جاۋاب بەرسە، ئۇلار ئۇنى جەھەننەمگە تاشلىۋېتىدۇ، دېدى، مەن؛ ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرسىلە دېسەم، رەسۇلۇللاھ ؛ئۇلار بىزنىڭ تىرىمىزدىكى يەنى سىرىق تەنلىكلەردىن بولغان قەۋم بولۇپ، بىزنىڭ تىلىمىز ئەرەب تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ،دېدى،مەن؛ئەگەر مېنى شۇ زامانلاردىكى شۇ ئىشلار تېپىۋالسا، مېنى نېمىگە بۇيرىيلا؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ شۇ چاغدا مۇسۇلمانلار جامائىتىنى، ئۇلارنىڭ ئىمامىنى، خەلىپىسىنى لازىم تۇت،دېدى، مەن؛ ئەگەر مۇسۇلمانلارغا جامائەت، ئىمام، خەلىپە بولمىسچۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ئەگەر مۇسۇلمانلارغا جامائەت، ئىمام، خەلىپە بولمىسا، شۇ پىرقىنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلغىن، گەرچە سەن دەرەخ يىلتىزلىرىنى چايناپ، يەپ قالساڭمۇ، سىنى ئۆلۈم تاپقانغا قەدەر شۇ ھالەتتە تۇرغىن. (يەنى، گەرچە سەن دەرەخ يىلتىزلىرىنى چايناپ، تۇرمۇش كەچۈرسەڭمۇ، شۇ ھالەتتە سېنى ئۆلۈم تاپسۇن، ئۇ ئازغۇن پىرقىلەرگە ھەرگىز ئەگەشمە)بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**وفي رواية لمسلم : قال : " يكون بعدي أئمة لا يهتدون بهداي ولا يستنون بسنتي وسيقوم فيهم رجال قلوبهم قلوب الشياطين في جثمان إنس " . قال حذيفة : قلت : كيف أصنع يا رسول الله إن أدركت ذلك ؟ قال : تسمع وتطيع الأمير وإن ضرب ظهرك وأخذ مالك فاسمع وأطع "**

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىن مېنىڭ ھىدايەت يولۇمنى يول تۇتمايدىغان، سۈننەتلىرىمگە مەھكەم ئېسىلىپ ماڭمايدىغان ئىماملار بۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جىسمى ئىنسانغا، قەلبى شەيتانغا ئوخشايدىغان كىشلەر باشلىق بۇلۇپ ئىش بېجىرىدۇ، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر مېنى شۇئىشلار تېپىۋالسا، مەن قانداق قىلىمەن؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛گەرچە ئۇلار ئۇچاڭغا ئۇرۇپ، مال ـ مۈلۈكۈڭنى تارتىۋالسىمۇ، ئىسلام ئەمىرى بولغان خەلىپىگە ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغىن دېدى.

**5383 – [ 5 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بادروا بالأعمال فتنا كقطع الليل المظلم يصبح الرجل مؤمنا ويمسي كافرا ويمسي مؤمنا ويصبح كافرا يبيع دينه بعرض من الدنيا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلمەتلىك

كېچىنىڭ پارچىسىدەك قەبىھ پىتنە ــ پاسادنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن، ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار، ئۇ چاغلاردا كىشى مۆئمىن تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر ھالەتتە كەچ قىلىدۇ، مۆئمىن ھالەتتە كەچ قىلىپ، كاپىر بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى دىنىنى، ئىمانىنى بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇچەك نەرسىلىرىگە سېتىۋېتىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5384 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ستكون فتن القاعد فيها خير من القائم والقائم فيها خير من الماشي والماشي فيه خير من الساعي من تشرف لها تستشرفه فمن وجد ملجأ أو معاذا فليعذ به " وفي رواية لمسلم : قال : " تكون فتنة النائم فيها خير من اليقظان واليقظان خير من القائم والقائم فيها خير من الساعي فمن وجد ملجأ أومعاذا فليستعذ به "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يات يېقىندا نۇرغۇن پىتنە ــ پاسادلار يۈز بېرىدۇ، بۇ پىتنە زامانىدا ئۇخلاپ قالغۇچى ئويغاق كىشىدىن، ئويغاق كىشى ئۆرە تۇرغۇچىدىن، ئولتۇرۇۋالغۇچىمۇ ئۆرە تۇرغۇچىدىن، ئۆرە تۇرغۇچى ماڭغۇچىدىن، ماڭغۇچى يۈگۈرگۈچىدىن ياخشىدۇر، كىم ئۇ پىتنىگە بويۇن سوزۇپ قارىسا، پىتنە ــ پاسادمۇ ئۇنى كۆتۈپ تۇرىدۇ، ئۇ كىشى پىتنىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا بىرەر پاناھگاھ ئىلتىجا قىلىدىغان جاي تاپقان كىشى شۇ جاي بىلەن پاناھلانسۇن، بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5385 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن أبي بكرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنها ستكون فتن ألا ثم تكون فتن ألا ثم تكون فتنة القاعد خير من الماشي فيها والماشي فيها خير من الساعي إليها ألا فإذا وقعت فمن كان له إبل فليلحق بإبله ومن كان له غنم فليلحق بغنمه ومن كانت له أرض فليلحق بأرضه " فقال رجل : يا رسول الله أرأيت من لم يكن له إبل ولا غنم ولا أرض ؟ قال : " يعمد إلى سيفه فيدق على حده بحجر ثم لينج إن استطاع النجاء اللهم هل بلغت ؟ " ثلاثا فقال : رجل : يا رسول الله أرأيت إن أكرهت حتى ينطلق بي إلى أحدالصفين فضربني رجل بسيفه أو يجيء سهم فيقتلني ؟ قال : " يبوء بإثمه وإثمك ويكون من أصحاب النار " رواه مسلم**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كەلگۈسىدە نۇرغۇن پىتنە ــ پاسادلار يۈز بېرىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاندىن كېيىن چوڭ بىر پىتنە ــ پاساد يۈز بېرىدۇ، ئاندىن يەنە يۈز بېرىدۇ،بۇ پىتنە ــ پاسادتا يېتىۋالغۇچى ئولتۇرغۇچىدىن ياخشى، ئولتۇرغۇچى ئۆرە تۇرغۇچىدىن ياخشى، ئۆرە تۇرغۇچى ماڭغۇچىدىن ياخشى، ئۇ پىتنە ــ پاساد كۆڭلەردە ماڭغۇچى، پىتنە ــ پاسادقا يۈگۈرگۈچىدىن ياخشى، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ پىتنە ــ پاساد يۈز بەرسە، تۆگىسى بار كىشى تۆگىسىگە، قويى بار كىشى قويىغا زېمىنى بار كىشى زېمىنىغا قوشۇلۇپ شۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتسۇن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەنلا بولسۇن،بىر كىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! يۇقىرقى نەرسىلىرى يوق كىشى قانداق قىلىدۇ؟دېسە، ھېچنېمىسى يوق كىشى، قىلىچىنىڭ بىسىنى تاشقا ئۇرۇپ، ياتقۇزۇۋېتىپ، ئاندىن قادىر بولۇشىچە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە نىجاتلىققا ئىرىشىپ، ئىمانىنى ئېلىپ نىجاد تاپسۇن، ئى ئاللاھ! يەتكۈزدۈممۇ؟ئى ئاللاھ! يەتكۈزدۈممۇ؟، گۇۋاھ بولغىن،دېدى. بىر كىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، شۇ چاغلاردا مەن مەجبۇرلانسام، مېنى ئىككى سەپنىڭ بىرسىگە مەجبۇرى ئاپىرىلىپ، ئاندىن مېنى بىر كىشى قىلىچى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە، ياكى ماڭا ئوق تېگىپ ئۆلسەم، قانداق بولىدۇ؟دېسە، رەسۇلۇللاھ؛ سېنى

ئۆلتۈرگەن شۈكىشى ئۆزىنىڭ ۋە سىنىڭ گۇناھلىرىڭنى گەردىنىڭگە ئېلىپ قايتىپ، دەۋزەخ ئەھلىدىن بۇلىدۇ دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5386 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يوشك أن يكون خير مال المسلم غنم يتبع بها شغف الجبال ومواقع القطر يفر بدينه من الفتن " . رواه البخاري**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەلگۈسىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۇ تاغ چوققىسىغا ۋە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدىغان جايلارغا ئەگەشتۈرۈپ چىقىدىغان قوي بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، ئۇ، شۇ ۋاقىتتا پىتنە ـ پاساددىن دىنىنى، ئىمانىنى ئېلىپ قاچىدۇ، دىنى بىلەن قاچىدۇ، ئىمانىنى ساقلايدۇ. ئەھمەد 10608 ـ ھەدىس، بۇخارى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ پىتنە ـ پاساد دەۋرىدە زاھىدلىق يولىغا مېڭىپ، ئىلىم، ئىبادەت بىلەن بولۇشنىڭ دەلىلى، بۇ ھەرقايسى تەپسىرلەردە بار، جۈملىدىن تەبەرىي،تەنتاۋى، تەپسىر مۇنىيرغىچە باردۇر.

**5387 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن أسامة بن زيد قال : أشرف النبي صلى الله عليه وسلم على أطم من آطام المدينة فقال : " هل ترون ما أرى ؟ قالوا : لا . قال : " فإني لأرى الفتن خلال بيوتكم كموقع المطر "**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنىڭ قورغان تاملىرىدىن بىر تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ مۇنداق دېگەن: سىلەرمۇ مەن كۆرۈۋاتقان نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ ئۇلار؛ ياق دېسە، رەسۇلۇللاھ ؛ھەقىقەتەن مەن ئۆيلىرىڭلارنىڭ ئارىلىرىغا خۇددى يامغۇرنىڭ چۈشكەن ئورنىنى كۆرگەندەك پىتنە ـ پاسادلارنىڭ چۈشكەن ئورۇنلىرىنى كۆرىۋاتىمەن، (كېيىن راستىنلا شۇ جايلارغا پىتنە ـ پاساد چۈشكەن). ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5388 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هلكة أمتي على يدي غلمة من قريش " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ھالاك بولۇشى، قۇرەيشدىن بولغان بىر كىچىك غۇلامنىڭ قولىدىدۇر. (يەنى، بالا پادىشاھ، بالا ئەمىرنىڭ). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام خەلىپىسى مىراس قالدۇرۇلماستىن بەلكى مۆئمىنلەر ئۆزلىرى تاللاپ سايلايدۇ، ئەڭ دانا، ئالىم، تەقۋا كىشىنى تاللاپ سايلايدۇ، خۇددى تۆت خەلىپىنى تاللاپ سايلىغاندەك.

**5389 – [ 11 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يتقارب الزمان ويقبض العلم وتظهر الفتن ويلقى الشح ويكثر الهرج " قالوا : وما الهرج ؟ قال : " القتل " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت ئالامىتى شۇكى، بۇندىن كېيىن زامان، ۋاقىت قىسقىراپ ئۆزئارا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ، ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بېخىللىق تاشلىنىدۇ، پىتنە ـ پاسادلار ئاشكار بولىدۇ، زور قىرغىنچىلىق ئۇرۇش بولۇپ كېتىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زامان، ۋاقىت، بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا ئىنتايىن يېقىنلىشىپ قىسقىراپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇ چاغدا بىر يىل 12 ئاي، خۇددى بىر ئايدەك. بىر ئاي بولسا، بىر ھەپتىدەك.بىر ھەپتە بولسا بىر

كۈندەك بولۇپ قالىدۇ، بىر كۈن بىر سائەتتەك بولىدۇ، بىر سائەت بولسا، خۇددى ئوتنىڭ، غىل ــ پال قىلىپ ئۆچۈپ قالغان ئۇچقۇندىسىدەك بولۇپ قالىدۇ. تىرمىزى 2254 ــ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس جۇغراپىيىلىك جەھەتتە مۆجىزە بولۇپ، بۇ سىرنى تېخى ئالىملار قىياسمۇ قىلالمىدى، بۇ مەنىۋى جەھەتتە دېيىلگەن سۆزمۇ؟ ياكى يەرشارىنىڭ ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرەمدۇ؟ بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

**5390 – [ 12 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لا تذهب الدنيا حتى يأتي يوم لا يدري القاتل فيم قتل ؟ ولا المقتول فيم قتل ؟ فقيل : كيف يكون ذلك ؟ قال : الهرج القاتل والمقتول في النار رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرگە بۇندىن كېيىن شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، قاتىل، قايسى نەرسىنى دەپ قاتىللىق قىلغىنىنى بىلمەيدۇ، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىمۇ قايسى نەرسىنى دەپ ئۆلتۈرۈلگىنىنى بىلمەيدۇ.شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كەلمىگىچە بۇدۇنيا يوقىمايدۇ.قىيامەت قايىم بولمايدۇ، شۇئىشلار قانداق يۈز بېرىدۇ؟دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنىڭ سەۋەبى زور قىرغىنچىلىق، ئۇرۇشتۇر، قاتىلمۇ، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىمۇ، ھەر ئىككىلىسى دوزەخكە كىرىدۇ دېدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5391 – [ 13 ] ( صحيح ) وعن معقل بن يسار قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " العبادة في الهرج كهجرة إلي " . رواه مسلم**

مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىكى، پىتنە ــ پاساد يىللىرىدىكى ئىبادەت، خۇددى ماڭا قىلغان ھىجرەتكە ئوخشايدۇ،مۇسلىم، ئەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5392 – [ 14 ] ( صحيح وعن الزبير بن عدي قال : أتينا أنس بن مالك فشكونا إليه ما نلقى من الحجاج . فقال : " اصبروا فإنه لا يأتي عليكم زمان إلا الذي بعده أشرمنه حتى تلقوا ربكم " . سمعته من نبيكم صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري**

زۇبەير ئىبنى ئەدى مۇنداق دېيدۇ؛ بىز ھەججاجنىڭ زۇلمىدىن ئۇچرىغان ئەزىيەتلىرىمىز توغرىسىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ كەلسەك،ئۇ بىزگە:سەۋرى قىلىڭلار،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېيدۇ: سىلەرگە بىرەر يىل ياكى بىرەر كۈن كەلسە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىل، كۈنلەر بۇرۇنقى كۈنلەردىن، يىللاردىن يامانراق بولىدۇ، بۇ يامانلىشىپ مېڭىش تاكى سىلەر رەببىڭلارغا ئۇچراشقانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ. (قىيامەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر يىل بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىل ئۇ بۇرۇنقى يىلدىن يامان بولىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال سىلەر رەببىڭلارغا ئۇچراشقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ، يەنى قىيامەت كۈنىگىچە بۇ يىلدىن كېلەر يىل يامان، كېلەر يىلدىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىل تېخىمۇ يامان بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئى مۇسۇلمانلار! شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماي قىلىدىغان ئىسلام خىزمەتلىرىنى تېز ــ تېز قىلىۋالايلى! ياخشىلىقتا، جەننەتكە، مەغپىرەتكە ئالدىراڭلار.

**5393 – [ 15 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن حذيفة قال : والله ما أدري أنسي أصحابي أم تناسوا ؟ والله ما ترك رسول الله صلى الله عليه وسلم من قائد فتنة إلى أن تنقضي الدنيا يبلغ من معه ثلاثمائة فصاعدا إلا قد سماه لنا باسمه واسم أبيه واسم قبيلته . رواه أبو داود**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەمراھلىرىم ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى سىلەرمۇ، ھېچ بىلمىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تا قىيامەتكىچە، دۇنيا ئاخىرلىشىدىغانغا قەدەر 300دىن ئارتۇق پىتنە پىتەكچىلىرىنىڭ بىرنى قويماي ئىسىم ـ پامىلىسىنى، ھەتتا قەبىلىسىنىڭ ئىسمىدىن تارتىپ دەپ بەرگەن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5394 – [ 16 ] ( صحيح ) وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنما أخاف على أمتي الأئمة المضلين وإذا وضع السيف في أمتي لم يرفع عنهم إلى يوم القيامة " . رواه أبو داود والترمذي**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئۈممىتىمگە زالالەتچى ئازغۇن، ئازدۇرغۇچى ئىماملاردىن قورقىمەن، شۇنداق ئىماملاردىن ئەنسىرەيمەن، ئۈممىتىم ئىچىگە ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، قىرغىنچىلىق ئۈچۈن قىلىچ قويۇلسا، قىيامەت كۈنىگىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ.تىرم،داۋد،سەھە

**5395 – [ 17 ] ( حسن ) وعن سفينة قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " الخلافة ثلاثون سنة ثم تكون ملكا ثم يقول سفينة : أمسك : خلافة أبي بكر سنتين وخلافة عمر عشرة وعثمان اثنتي عشرة وعلي ستة رواه أحمد والترمذي وأبو داود**

سەپىينەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىنكى خەلىپىلىك ئۈممىتىم ئىچىدە 30 يىل داۋام قىلىدۇ، ئاندىن، شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھلىق تۈزۈمى بولىدۇ، سەپىينەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى ئىككى يىل، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى ئون يىل، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى 12 يىل، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى ئالتە يىل داۋاملاشقان،جەمئى دەل 30 يىلدۇر دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، خەلىپىلىك تۈزۈمى نېمىدېگەن توغرا ھە! سەپىينەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىلىكى 30 يىل داۋاملىشىدۇ، ئاندىن كېيىن، پادىشاھلىقنى ئاللاھتائالا ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ ھەم مۆجىزىدۇر، تۆت خەلىپىنىڭ خەلىپىلىك ۋاختى 30 يىلدۇر، بەزىلەر ئۆمەرئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىك ۋاختىنى قوشىدۇ، ئۇ بەك ئازدۇر يەنى ئىككى يىل.

**5396 – [ 18 ] وعن حذيفة قال : قلت : يا رسول الله أيكون بعد هذا الخير شر كما كان قبله شر ؟ قال : " نعم " قلت : فما العصمة ؟ قال : " السيف " قلت : وهل بعد السيف بقية ؟ قال : " نعم تكون إمارة على أقذاء وهدنة على دخن " . قلت : ثم ماذا ؟ قال : " ثم ينشأ دعاة الضلال فإن كان لله في الأرض خليفة جلد ظهرك وأخذ مالك فأطعه وإلا فمت وأنت عاض على جذل شجرة " . قلت : ثم ماذا ؟ قال : " ثم يخرج الدجال بعد ذلك معه نهر ونار فمن وقع في ناره وجب أجره وحط وزره ومن وقع في نهره وجب وزره وحط أجره " . قال : قلت : ثم ماذا ؟ قال : " ثم ينتج المهر فلا يركب حتى تقوم الساعة " وفي رواية : " هدنة على دخن وجماعة على أقذاء " . قلت : يا رسول الله الهدنة على الدخن ما هي ؟ قال : " لا ترجع قلوب أقوام كما كانت عليه " . قلت : بعد هذا الخير شر ؟ قال : " فتنة عمياء صماء عليها دعاة على أبواب النار فإن مت يا حذيفة وأنت عاض على جذل خير لك من أن تتبع أحدا منهم " . رواه أبو داود**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مۇشۇ ياخشىلىقتىن كېيىنمۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى يامانلىقتەك يامانلىق يۈز بېرەرمۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە يۈز بېرىدۇ دېدى، مەن؛ ئۇنىڭدىن ساقلىنىش نىمە

بىلەن بولىدۇ دىسەم، قىلىچ بىلەن دېدى، مەن؛ شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يامانلىقنىڭ قالدۇقلىرى قېلىپ قالامدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە، شۇچاغدا ئەمىرلىق،باشلىقلىق، سۇلھى، كېلىشىملەر خالىس ياخشىلىق ئۈستىدە بولماي، ھىقدە ـ ھەسەد، نۇقسانلار، ئارىلاشما كىر نەرسە ئۈستىدە بولىدۇ، بۇ دىگەنلىك، كىشىلەرنىڭ قەلبى، ئەسلى ھالىتىگە قايتمايدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئاندىن دوۋزاخقا، زالالەتكە چاقىرىدىغانلار بولىدۇ، شۇ كۈنلەردە زىمىندا ئاللاھنىڭ ئىسلام خەلىپىسىنى كۆرسەڭ، گەرچە ئۇ مېلىڭنى ئېلىۋالسىمۇ، جىسمىڭنى جاراھەتلەندۈرسىمۇ شۇ خەلىپىنى لازىم تۇت،ئاگلاپ ئىتائەت قىل، ئەگەر خەلىپە كۆرمىسەڭ، زىمىننىڭ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكىن، گەرچە سەن دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىنى چايناپ ھايات كەچۈرسەڭمۇ، ئۆلارغا ئەگەشمە، بۇ تۇرمۇشۇڭ ئۆلارغا ئەگەشكەندىن ياخشىدۇر، ئاندىن نىمە ئىشلار يۈز بىرىدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئاندىن دەججال چىقىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆستەڭ سۇ ۋە ئوت باردۇر، كىم ئۇنىڭ ئۆستەڭ سۈيىگە كىرسە گۇناھلىرى مۇقىم قىلىنىپ، ئەجىر ــ ساۋابلىرى كۆيۈپ ئۆچۈرۈلىدۇ، كىم ئۇنىڭ ئوتىغا كىرسە، يا كىرمەكچى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەجىر ــ ساۋابى مۇقىم بولۇپ، گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئات ـ تۇگە ئۆلاغلار تۇغۇپ كۆپىيىپ كىتىدۇ، لېكىن قىيامەتكىچە ئۆلارغا مىنىلمەيدۇ، (چۈنكى ئۆلارغا باشقا نەرسىلەر يارتىلىپ بىرىلىدۇ)ئاندىن كىيىن ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولىدۇ.يەنەبىرخاتىردە؛ بۇندىن كېيىن، سۇلھى، كېلىشىملەر خالىس ياخشىلىق ئۈستىدە بولماي، ھىقدە، ھەسەد، نۇقسانلار، ئارىلاشما نەرسە ئۈستىدە بولىدۇ، بۇ دىگەنلىك، كىشىلەرنىڭ قەلبى، ئەسلى ھالىتىگە قايتمايدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئاندىن دوۋزاخقا، زالالەتكە چاقىرىدىغانلار بولىدۇ، شۇ كۈنلەردە زىمىندا ئاللاھنىڭ ئىسلام خەلىپىسىنى كۆرسەڭ، گەرچە ئۇ مېلىڭنى ئېلىۋالسىمۇ، جىسمىڭنى جاراھەتلەندۈرسىمۇ شۇ خەلىپىنى لازىم تۇت، ئەگەر خەلىپە كۆرمىسەڭ، زىمىننىڭ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكىن، گەرچە سەن دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىنى چايناپ ھايات كەچۈرسەڭمۇ، ئۆلارغا ئەگەشمە، بۇ تۇرمۇشۇڭ ئۆلارغا ئەگەشكەندىن ياخشىدۇر، دېدى.ئەبۇ داۋۇد 3706 ــ ھەدىس، ئەھمەد 22333 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3969 ــ ھەدىس، ھەسەن. ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن، دەججال چىققاندىن كىيىنمۇ سىناقدىن سالامەت ئۆتكەن كىشىنىڭ گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلۈپ، ئەجىر ــ ساۋاب بولىدىغان ئىشلار بار دىگەن چىقىدۇ. ئەلۋەتتە دەججال چىققاندىن كىيىنمۇ ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش، يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈش شېھىد بولۇشلار بار.يەنە كەشپىيات،تەرەققىيات مۆجىزلىرىگە ئىشارەت قىلىنغاندۇر.

**5397 – [ 19 ] وعن أبي ذر قال : كنت رديفا خلف رسول الله صلى الله عليه وسلم يوما علىحمار فلما جاوزنا بيوت المدينة قال : " كيف بك يا أبا ذر إذا كان بالمدينة جوع تقوم عن فراشك ولا تبلغ مسجدك حتى يجهدك الجوع ؟ " قال : قلت : الله ورسوله أعلم . قال : " تعفف يا أبا ذر " . قال : " كيف بك يا أبا ذر إذا كان بالمدينة موت يبلغ البيت العبد حتى إنه يباع القبر بالعبد ؟ " . قال : قلت الله ورسوله أعلم . قال : " تصبر يا أبا ذر " . قال : " كيف بك يا أبا ذر إذا كان بالمدينة قتل تغمر الدماء أحجار الزيت ؟ " قال : قلت : الله ورسوله أعلم . قال : " تأتي من أنت منه " . قال : قلت : وألبس السلاح ؟ قال : " شاركت القوم إذا " . قلت : فكيف أصنع يا رسول الله ؟ قال : " إن خشيت أن يبهرك شعاع السيف فألق ناحية ثوبك على وجهك ليبوء باثمك وإثمه " . رواه أبو داود**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىشەككە مىنگىشىپ كىتىۋاتاتتىم، بىز مەدىينە ئۆيلىرىدىن ئۆتكەندە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: ئى ئەبۇ زەر! قانداق قارايسەن، قېنى دەپ باققىنە؟ ئەگەر كىشىلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يەتسە، سەن كۆرپەڭدىن، ئورنۇڭدىن

مەسجىدكە قوپۇپ چىقىشقىمۇ قادىر بولالمىساڭ، قانداق قىلىسەن؟ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دىسەم، ئى ئەبۇ زەر!ئىپپەتلىك بولغىن، ئەگەر كىشىلەرگە قاتتىق ئۆلۈم يەتسە، ئۆيى كىشىگە قەبرە بولۇپ كەتسە، قانداق قىلىسەن؟ قىنى دەپ باققىنە؟، مەن: ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئالىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەۋرى قىلغىن دىدى. ئى ئەبۇ زەر! قىنى دەپ باققىنە، ئەگەر كىشىلەر بەزىسى بەزىسىنى ئۆلتۈرۈپ كەتسە، ھەتتا سايىدىكى ئاق تاشلار قانغا غەرىق بولۇپ قىزىلللىققا بويىلۇپ كەتسە، قانداق قىلىسەن؟ مەن: ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئالىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ :ئۆيۈڭگە كىرىۋېلىپ، ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ ئۆيۈڭ ئىچىدىلا ئولتۇرغىن، مەن: ئەگەر مەن تەرىك ئېتىلمىسەم، ئۆيۈمگىمۇ باستۇرۇپ كىرىسچۇ؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن، ئۆزۈڭ بىللە بولغان كىشى بىلەن بىر قاتاردا بىر تەرەپ قىلىنىسەن، سەن ھەققەت بار تەرەپتە تۇرغىن، ئۇ: مەن قىلىچىمنى، قۇرالىمنى ئالامدىم؟ دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنداقتا سەن ئۇلارغا شېرىك بولۇپ قالىسەن، لېكىن سەن، قىلىچىنىڭ نۇرى سېنى توسۇپ قايتۇرۇۋشىدىن، پىتنىگە سىنى سۆرەپ كىرىپ، شېرىك قىلىشىدىن قورقساڭ، رىدا تونۇڭنىڭ بىر تەرىپىنى، پىشنى يۈزۈڭگە تاشلاپ، يۈزۈڭنى يۆگەپ قىنى مىنى ئۆلتۈرگىن دىگىن، شۇنداق قىلالىساڭ، ئۇ قاتىل ئۆزىنىڭ ۋە سىنىڭ گۇناھلىرىڭنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قايتىدۇ، ئۇ دوۋزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ، (خۇددى ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ياخشىسى بولغىن دىگەن).
ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد 3717 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3948 _ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم ، سەھىھ.

**5398 – [ 20 ] وعن عبد الله بن عمرو بن العاص أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " كيف بك إذا أبقيت في حثالة من الناس مرجت عهودهم وأماناتهم ؟ واختلفوا فكانوا هكذا ؟ " وشبك بين أصابعه . قال : فبم تأمرني ؟ قال : " عليك بما تعرف ودع ما تنكر وعليك بخاصة نفسك وإياك وعوامهم " . وفي رواية : " إلزم بيتك واملك عليك لسانك وخذ ما تعرف ودع ما تنكر وعليك بأمر خاصة نفسك ودع أمر العامة " . رواه الترمذي وصححه**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پات يېقىندا كېلىدىغان بىر زامانلاردا ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟، ئۇ چاغدا كىشلەر قاتتىق تاسقىلىپ ياخشىلىرى كېتىپ، ناچار، يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرى، ئامانەتلىرى ئېلىشىپ، پاسادلىشىپ بۇزۇلىدۇ، ئۇلار قاتتىق ئىختىلاپلىشىپ كېتىدۇكى، مانا مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدۇ دەپ بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى،ئۇ؛بىزنى نىمىگە بۇيرىيلا؟دىسە، ئاندىن شۇ چاغدىكى چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ  مۇنداق دىدى: سىلەر تونىغان، ياخشى دەپ قارىغان ئىشلارنى تۇتۇپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىسىلەر، سىلەر ئىنكار قىلغان مۇنكەر ئىشلارنى تەرىك ئېتىسىلەر، سىلەرنىڭ خاس، خۇسۇسىي ئىشىڭلارغا ئالدىڭلارنى قىلىپ، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشلىرىنى تەرىك ئېتىسىلەر. ئۆيۈڭنى لازىم تۇتۇپ، تىلىڭغا ئىگە بۇلۇپ، ياخشىلىقنى قىلىپ، يامانلىقنى تەرىك ئېتىپ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى بىلەن بۇلۇپ، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشلىرىنى تەرىك ئەتكىن دىدى.ئىبنى ماجە 3947 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3779 _ ھەدىس. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يېقىندا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ چاغلاردا كىشلەر تاللىنىپ تاسقىلىپ ياخشىلىرى كېتىپ، رەزىل، ناچارلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرى، ئامانەتلىرى بۇزۇلۇپ، ئارىلىشىپ پاسادلىشىدۇ، ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ، مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدۇ.- بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى-، بىر _ بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق ئىختىلاپقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىز قانداق قىلىمىز، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؟ دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :سىلەر ياخشى دەپ تونىغان ئىشلارنى تۇتۇسىلەر، يامان دەپ قارىغان ئىشلارنى بولسا، ئىنكار قىلىپ، تەرىك ئېتىسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ خاس ئىشىڭلارغا ئالدىڭلارنى قىلىپ چىڭ

نۇتىسلەر، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشنى تەرىك ئېتىسلەر، (چۈنكى، ئۇ پىتنە ــ پاساد، ئىختىلاپ، ئۇرۇش ــ جېدەل، قالايمىقان ۋاقىتتۇر). ئەبۇ داۋۇد 3779 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6766 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5399 – [ 21 ]** ( صحيح ) وعن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " إن بين يدي الساعة فتنا كقطع الليل المظلم يصبح الرجل مؤمنا ويمسي كافرا ويمسي مؤمنا ويصبح كافرا القاعد خير من القائم والماشي خير من الساعي فكسروا فيها قسيكم وقطعوا فيها أوتاركم واضربوا سيوفكم بالحجارة فإن دخل على أحد منكم فليكن كخير ابني آدم " . رواه أبو داود . وفي رواية له ( ضعيف ) : " ذكر إلى قوله " خير من الساعي " ثم قالوا : فما تأمرنا ؟ قال : كونوا أحلاس بيوتكم " . وفي رواية الترمذي : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال في الفتنة : " كسروا فيها قسيكم وقطعوا فيها أوتاركم والزموا فيها أجواف بيوتكم وكونوا كابن آدم " . وقال : هذا حديث صحيح غريب

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت بولۇش ئالدىدا زۇلمەتلىك كېچىنىڭ پارچىسىدەك، قەبىھ، دەھشەتلىك پىتنە ــ پاسادلار باردۇر، شۇ پىتنە ــ پاسادنىڭ يامانلىقىدىن، كىشى مۆئمىن ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر ھالدا كەچ قىلىدۇ، مۆئمىن ھالەتتە كەچ قىلغان بولسا، كاپىر ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۇ پىتنە كۆرۈلەردە، ئولتۇرۇۋالغۇچى ئۆرە تۇرغۇچىدىن ياخشى، ئۆرە جىم تۇرغۇچى كىشى، ماڭغۇچىدىن، ئاستا ماڭغۇچى، يۈگۈرگۈچىدىن ياخشىدۇر، ئۇ چاغلاردا ئوقيالىرىڭلارنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ زەي تارىسىنى ئۈزۈۋېتىڭلار، قىلىچلىرىڭلارنى تاشقا ئۇرۇۋېتىڭلار، ئەگەر بىرسى ئۆيۈڭلارغا كىرسە، بىرىڭلار، خۇددى ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ياخشىسىدەك بولسۇن، يەنى قاتىل بولماي، ئۆلتۈرۈلسۇن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. پىتنە دېگەننىڭ مەنىسى؛ سىناق، بالا، پاسادلىق، دىنسىزلارنىڭ مۇسۇلمانلىرى ئېزىشى، زۇلۇم قىلىشى، مۇسۇلمانلار ئارا، ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، دىنغا مۇسىبەت يېتىش، ئېزىپ كېتىش، ھەتتا، ئىلىم، ئىبادەتتىن توسۇلۇپ، چەكلىنىپ قېلىشتۇر، باللار، ماللارمۇ بىرپىتنە.

**5400 – [ 22 ]** وعن أم مالك البهزية قالت : ذكر رسول الله صلى الله عليه وسلم فتنة فقربها . قلت : يا رسول الله من خير الناس فيها ؟ قال :رجل في ماشيته يؤدي حقها ويعبد ربه ورجل آخذ برأس فرأسه يخيف العدو ويخوفونه رواه الترمذي

ئىبنى ئابباس، ئۇممە مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىتنە ـ پاسادلارنى تىلغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ بەكلا يېقىنلىقىنى دېدى، ئاندىن مەن؛ شۇچاغدىكى كىشىنىڭ ياخشىسىنى سورسام،مۇنداق دېگەن: پىتنە ــ پاساد دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئالالاھنىڭ، دىنسىز دۈشمەنلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ، جەڭگە تەييار تۇرىدىغان كىشىدۇر، بۇ كىشى ئۇ دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇپ، ئەنسىرىتىدۇ، ئۇلار بۇ كىشىنى قورقۇتىدۇ، ياكى يېزىدىن، غاردىن بىرگە چارۋا ـ مال بىلەن ئايرىلىپ،ئۇنىڭ ھەققىنى، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ئالالاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان،رەببىگىلا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن كىشىدۇر، (يەنى، يول ئىككى، بىرى جەڭچى بولۇپ، شېھىد بولۇش، يەنە بىرى، ئالىم، ئابىد، زاھىد بولۇش) تىرمىزى،ھاكىم بىلەن تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5401 – [ 23 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن عبدالله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ستكون فتنة تستنظف العرب قتلاها في النار اللسان فيها أشد من وقع السيف " . رواه الترمذي وابن ماجه

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:يات يېقىندا چوڭ

پىتنە ـ پاسادلار يۈز بېرىدۇ، بۇ پىتنە ـ پاساد ئەرەپلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلىرىنى قويماي دەۋزەخكە تاشلاپ ھالاك قىلىدۇ، شۇ چاغدا (بىرەر تەرەپكە يان بېسىپ،بىرىنى خاتا،تەنە بىرىنى توغرادەپ) سۆز قىلىش، قىلىچ شىلتىغاندىنمۇ قاتتىق ئېغىر گۇناھتۇر.تىرمىزى بىلەن ئىبنى ماجە توپلىغان.ئىبنى ئابدۇلئەزىز: الله تائالا بىزنىڭ قىلىچلىرىمىزنى شۇ پىتنىدىن پاك ساقلاپ قالغاندەك،بىز ئۇنىڭدىن تىللىرىمىزنى پاك ساقلاپ قالايلى!دېگەن. ئىبنى كەسىر قاتارلىق ئالىملار؛مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، يەھۇدىي ـ ناسارالارنىڭ سۈيىقەستىدىن يۈزبېرىپ قالغان بىرقىسىم پىتنىلەر، خۇددى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاكا ـ ئۇكىلار ئارىسىدىكى ئىشلارغا ئوخشايدۇ، بۇ ئىجتىھاتتىن يۈز بەرگەن بولۇپ، توغرا قىلغىنىغا ئىككى ئەجرە، خاتا قىلغىنىغا بىر ئەجرە بېرىلىدىغانلاردۇر، دېگەن.

**5402 – [ 24 ]** ( ضعيف )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ستكون فتنة صماء بكماء عمياء من أشرف لها استشرفت له وإشراف اللسان فيها كوقوع السيف " . رواه أبو داود

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇندىن كېيىن شۇنداق بىر پىتنە ــ پاساد بولىدۇكى،ئۇنىڭ ئەھلى، ھەقنى ئاڭلىماس گاس،سۆزلىمەس گاچا، كوردۇر، كىم ئۇ پىتنىگە بېشىنى چىقىرىپ يېقىنلاشسا، پىتنىمۇ ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۆزىگە تارتىدۇ، ئۇ پىتنە توغرىسىدا سۆز قىلىش، سۆز بىلەن شېرىك بولۇش، قىلىچنى چاپقانغا ئوخشاشتۇر. ئەبۇ داۋۇتلا خاتىرلىگەن بولۇپ، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، ئابدۇرەھمان ئىبنى بەيلامانى دېگەن كىشىنى ئەبۇ ھاتەم: ئاجىز دېگەن، سالىھ: ھەدىسى مۇنكەر دېگەن، دارىقۇتنى؛ ھۆججەت بولماس، زەئىپ دېگەن. ئەزدى: مۇنكەر دېگەن.سەھسىمۇ بار.

**5403 – [ 25 ]** ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمر قال : كنا قعودا عند النبي صلى الله عليه وسلم فذكر الفتن فأكثر في ذكرها حتى ذكر فتنة الاحلاس فقال قائل : وما فتنة الأحلاس . قال : " هي هرب وحرب ثم فتنة السراء دخنها من تحت قدمي رجل من أهل بيتي يزعم أنه مني وليس مني إنما أوليائي المتقون ثم يصطلح الناس على رجل كورك على ضلع ثم فتنة الدهماء لا تدع أحدا من هذه الأمة إلا لطمته لطمة فإذا قيل : انقضت تمادت يصبح الرجل فيها مؤمنا ويمسي كافرا حتى يصير الناس إلى فسطاطين : فسطاط إيمان لا نفاق فيه وفسطاط نفاق لا إيمان فيه . فإذا كان ذلك فانتظروا الدجال من يومه أو من غده رواه أبو داود

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتۇق، رەسۇلۇللاھ ؛ پىتنىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا بەك كۆپ سۆزلىدى، ھەتتا ئەھلاس پىتنىسىنىمۇ تىلغا ئالدى، بىرسى بۇ توغرىسىدا سورغاندا،مۇنداق دېگەن: پىتنەتۇلئەھلاس يەنى ھايۋان ئۇچىسىغا سالىدىغان پالاستەك ھەممىگە تەڭ يېتىدىغان، داۋام قىلىدىغان پىتنە بولسا، قېچىش، جەڭ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇش پىتنىسىدۇر، ئاندىن كېيىنكى كەڭرىچىلىك، بايلىق پىتنىسى بولسا، ئۇنىڭ باشلىنىشى، چاڭ ــ توزان، تۈتۈنى مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بولغان بىر كىشىنىڭ قەدىمى ئاستىدىن باشلىنىدۇ، ئۇ ئۆزىنى مەندىن دەپ داۋا قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مەندىن ئەمەس، ھەقىقەتەن مېنىڭ يېقىن دوستلىرىم دېگەن تەقۋادار، مۇتتەقىيلەردۇر، ئاندىن كىشىلەر خۇددى قوۋۇرغىلار ئۈستىگە بولجۇڭ، لوق گۆش بىرلەشكەندەك ھەممىسى بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلا كىشىگە بەيئەت قىلىشىدۇ، ئاندىن كېيىنكى قارا پىتنە، ھەممىسىگە يېتىدىغان كۆزى يوق، ئەما پىتنە ـ پاساد بولسا، بۇ ئۈممەتتىن ھېچ كىشىنى قالدۇرماي ھەممىسىنى كاچاتلايدۇ، ھەممە كىشىگە يېتىدۇ، ئەمدى ئۈزۈلدى دېيىلسە، ئۇ ھەممە جايغا يامراپ كەڭرىيدۇ، بۇ پىتنە ــ پاسادتا كىشى مۆئمىن تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر ھالەتتە كەچ قىلىدۇ، ھەتتا كىشىلەر ئىككى گورۇھ، پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىرى ئىمان پىرقىسى،بۇنىڭدا مۇناپىقلىق

يوق، يەنە بىرى مۇناپىق پىرقىسى ئۇنىڭدا ئىمان يوق، ئەنە شۇ ئىش يۈز بەرگەندە، شۇ كۈنلا ياكى ئەتىسى دەججاللىنىڭ چىقىشىنى كۈتىڭلار، ئەھمەد 5892 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3704 ـ ھەدىس، ھاكىم تو، سەھىھ.

**5404 – [ 26 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ويل للعرب من شر قد اقترب أفلح من كف يده " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەرەبلەرگە يېقىنلىشىپ قالغان چوڭ يامانلىقدىن، پىتنە ــ پاسادلاردىن ۋايدۇر، قولنى يىغقان كىشى نىجاد تاپىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5405 – [ 27 ] ( صحيح ) وعن المقداد بن الأسود قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن السعيد لمن جنب الفتن أن السعيد لمن جنب الفتن إن السعيد لمن جنب الفتن ولمن ابتلى فصبر فواها " . رواه أبو داود**

مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سائادەتمەن كىشى دىگەن پىتنە ــ پاسادقا يېقىن ھەمراھ قىلىنغان مۇسۇلمان كىشىدۇر، بالالاردا سىنىلىپ، سىناققا سەۋرى قىلغان كىشىدۇر، (پىتنە ــ پاساد، بالالارغا سەۋرى قىلغان كىشى نېمىدىگەن ياخشى) ئەبۇ داۋۇد، 3719 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5406 – [ 28 ] ( صحيح ) وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا وضع السيف في أمتي لم يرفع عنها إلى يوم القيامة ولا تقوم الساعة حتى تلحق قبائل من أمتي بالمشركين وحتى تعبد قبائل من أمتي الأوثان وإنه سيكون في أمتي كذابون ثلاثون كلهم يزعم أنه نبي الله وأنا خاتم النبيين لا نبي بعدي ولا تزال طائفة من أمتي على الحق ظاهرين لا يضرهم من خالفهم حتى يأتي أمر الله " . رواه أبو داود**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن، ئاللاھتائالا ماڭا زېمىننى قاتلاپ، يىغىپ كۆرسەتتى، مەن زېمىننىڭ مەشرىق، مەغرىپلىرىنى كۆردۈم، ھەققەتەن ئۈممىتىمنىڭ پادىشاھلىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى يات يېقىندا ماڭا كۆرسىتىلگەن جايلارغا يېتىپ بارىدۇ، ماڭا ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن ئىبارەت ئىككى كاڭ بېرىلدى، ھەققەتەن مەن ئۈممىتىم ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمدىن ئۇلارنى قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك قىلماسلىقنى سورىدۇم، شۇنداقلا، ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن باشقا دۈشمەنلەرنى غالىپ قىلماسلىقنى سورىدىم، دۈشمەنلەر غالىپ كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، سەلتەنەتلىرىنى تارتىۋالىدۇ، ھەققەتەن رەببىم ئاللاھ، ماڭا مۇنداق دىدى، ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەققەتەن مەن بىرەر ھۆكۈمنى، قازانى قىلسام، شەك ــ شۈبھىسىز ئۇ رەت قىلىنمايدۇ، مەن ئۈممىتىڭنى قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق بىلەن ئومومىيۈزلۈك ھالاك قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ سەلتەنەتلىرىنى تارتىۋالىدىغان، ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ قىلمايمەن، گەرچە دۈشمەنلەر ئۇلارغا قارشى پۈتۈن قىتئەلەر ئارا تەرەپ ــ تەرەپدىن بىرلەشسىمۇ يەنىلا ئۈممىتىڭ ئۈستىگە غالىپ قىلمايمەن، تاكى ئۇلار يەنى ئۈممىتىڭ بەزىسى ــ بەزىسىنى ھالاك قىلىپ، بەزىسى ــ بەزىسىنى يوقىتىۋېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى: ھەققەتەن مەن ئۈممىتىمگە زالالەتچى ئازغۇن، ئازدۇرغۇچى ئىماملاردىن قورقىمەن، شۇنداق ئىماملاردىن ئەنسىرەيمەن، ئۈممىتىم ئىچىگە ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، قىرغىنچىلىق ئۈچۈن قىلىچ قويۇلسا،

قىيامەت كۈنىگىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ، ئۈممىتىمدىن بىر نەچچە قەبىلە مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ كەتمىگىچە، بىر نەچچە قەبىلە بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ھەققەتەن يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە 30 كاززاپ چىقىپ، ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ، مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، تامام قىلغۇچىسى، مەندىن كېيىن قەتئىي پەيغەمبەر چىقمايدۇ، ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ھەق ئۈستىدە، ھەققەت ئۈستىدە غەلىبە قىلغان ھالدا، داۋاملىشىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۇلارغا زىيان _ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى، قىيامەت كەلگەنگە قەدەر شۇنداق غەلىبە قىلىدۇ، مۇسلىم 5144 _ ھەدىس، تىرمىزى 2102 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3710 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3942 _ ھەدىس، ئەھمەد 21415 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5407 – [ 29 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن مسعود عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " تدور رحى الإسلام لخمس وثلاثين أو ست وثلاثين أو سبع وثلاثين فإن يهلكوا فسبيل من هلك وإن يقم لهم دينهم يقم لهم سبعين عاما " . قلت : أمما بقي أو مما مضى ؟ قال : " مما مضى " . رواه أبو داود**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىنىڭ پەلەك چاقى 35 ياكى 36 ياكى 37 يىل ئايلىنىدۇ، (يەنى ئىسلام قوشۇنىنىڭ كاپىرلارغا قارشى ئوموميۈزلۈك ئۇرۇش قىلىشى)، ئەگەر ئۇلار ھالاك بولۇپ تۈگەشسە، توغرا يول ئاشۇ ھالاك بولغانلارنىڭ يولىدۇر، (يەنى توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەرنىڭ يولىدۇر) ئەگەر ئۇلارغا دىنى داۋام قىلىپ قالسا، ئۆتۈپ كەتكەن يىللار بىلەن بىرگە 70 يىل مۇقىم ھالەتتە داۋام قىلىدۇ، ئەھمەد 3523 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3712 _ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا دىنسىزلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىش 37 يىل داۋام قىلغان، كېيىن مۇسۇلمانلار بۆلۈنۈپ كەتكەن، راستىنلا 70 يىلدىن كېيىن بەكلا پارچىلىنىپ قالايمىقان پىتنە _ پاساد يۈز بەرگەن، ھازىرغۇ تېخىمۇ شۇنداق، تارىخ كۆرۈلۈك، توغرا، راست تارىخنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىبنى كەسىيرنىڭ «بەدايەت ۋە نەھايەت»نى لازىم تۇتۇڭ.

**5408 – [ 30 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن أبي واقد الليثي : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما خرج إلى غزوة حنين مر بشجرة للمشركين كانوا يعلقون عليها أسلحتهم يقال لها : ذات أنواط . فقالوا : يا رسول الله اجعل لنا ذات أنواط كما لهم ذات أنواط فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سبحان الله هذا كما قال قوم موسى ( اجعل لنا إلها كما لهم آلهة ) والذي نفسي بيده لتركبن سنن من كان قبلكم " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا چىقىپ، مۇشرىكلارنىڭ قۇرال،قىلىچلىرىنى زاتى ئەنۋات دېيىلىدىغان دەرەخ پۇتاقلىرىغا ئېسىپ قويغان بىر دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ساھابىلار مۇشرىكلارنىڭ قىلىچلىرىنى دەرەخ پۇتاقلىرىغا ئېسىپ قويغىنىنى كۆرۈپ، بىزگىمۇ شۇنداق قىلىپ بەرسىلە دېگەندە، مۇنداق دېگەن: سۇبھانەللاھ! بۇ خۇددى مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ «ئۇلارنىڭمۇ ئىلاھى بولغاندەك، بىزگىمۇ بىر ئىلاھ قىلىپ بەرگىن» دېگەن سۆزىگە ئوخشاش سۆز بولدى، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە سىلەر سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ سۈننەت يوللىرىغا مېڭىپ كېتىدىكەنسىلەر دېگەن ئىدى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5409 – [ 31 ] ( صحيح ) وعن ابن المسيب قال : وقعت الفتنة الأولى – يعني مقتل عثمان – فلم يبق من أصحاب بدر أحد**

ثم وقعت الفتنة الثانية – يعني الحرة – فلم يبق من أصحاب الحديبية أحد ثم وقعت الفتنة الثالثة فلم ترتفع وبالناس طباخ . رواه البخاري

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن ئىبارەت بىرىنجى پىتنە ـ پاساد يۈز بەرگەندە، بەدىر ئەھلىدىن بىرمۇ كىشى ھايات قالمىدى، ھەررەت زېمىندا ئۇرۇش يۈز بىرىشتىن ئىبارەت ئىككىنجى پىتنە ـ پاساد يۈز بەرگەندە، ھۇدەيبىيە ئەھلىدىن بىرمۇ كىشى ھايات قالمىغان ئىدى، ئاندىن كېيىن ئۈچۈنجى قېتىملىق پىتنە ـ پاساد يۈز بىرىپ تا ھازىرغىچە كۆتۈرۈلمىدى، ۋە ھالەنكى كىشلەردە ياخشىلىق قالمىدى يەنى تابىئىنلار ئارىسىدا بىرمۇ ساھابە قالمىدى.بۇخارى توپلىغان.

## [ 1 ] باب الملاحم – الفصل الأول ئۇرۇش قىرغىنچىلىقنىڭ كۆچىيىشى توغرىسىدا

**5410 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قا ل : " لا تقوم الساعة حتى تقتتل فئتان عظيمتان تكون بينهما مقتلة عظيمة دعواهما واحدة وحتى يبعث دجالون كذابون قريب من ثلاثين كلهم يزعم أنه رسول الله وحتى يقبض العلم وتكثر الزلازل ويتقارب الزمان ويظهر الفتن ويكثر الهرج وهو القتل وحتى يكثر فيكم المال فيفيض حتى يهم رب المال من يقبل صدقته وحتى يعرضه فيقول الذي يعرضه عليه : لا أرب لي به وحتى يتطاول الناس في البنيان وحتى يمر الرجل بقبر الرجل فيقول : يا ليتني مكانه وحتى تطلع الشمس من مغربها فإذا طلعت ورآها الناس آمنوا أجمعون فذلك حين ( لا ينفع نفسا إيمانها لم تكن آمنت من قبل أو كسبت في إيمانها خيرا ) ولتقومن الساعة وقد نشر الرجلان ثوبهما بينهما فلا يتبايعانه ولا يطويانه ولتقومن الساعة وقد انصرف الرجل بلبن لقحته فلا يطعمه ولتقومن الساعة وهو يليط حوضه فلا يسقي فيه ولتقومن الساعة وقد رفع أكلته إلى فيه فلا يطعمها " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناھايىتى كۆپ ئىككى جامائە قوشۇن، ئۆزئارا ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى زور، كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىرغىنچىلىق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ داۋاسى بىردۇر. (يەنى ھەر ئىككى تەرەپ مېنىڭ ھەق دەيدۇ، داۋاسى بىر ھەققەتتۇر). ئوتتۇزغا يېقىن كاززاپ دەججاللار ئوتتۇرىغا چىقمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ھەممىسى مەن ئالالاھنىڭ ئەلچىسى، مەن پەيغەمبەر دەپ داۋا قىلىدۇ. (ئۇلار شۇڭا كاززاپتۇر). ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ ئېلىۋېلىنمىغىچە، يەر تەۋرەش كۆپىيىپ كەتمىگىچە، زامان، ۋاقىت قىسقىراپ يېقىنلىشىپ كەتمىگىچە، پىتنە ـ پاسادلار ئاشكارا بولۇپ كەتمىگىچە، ئۇرۇش، قاتىللىق، قىرغىنچىلىق كۆپىيىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، (يەنى قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، نادانلار قالىدۇ، يەر كۆپ تەۋرەيدۇ، پىتنە ـ پاسادلار، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئاشكارا بولىدۇ، قىرغىنچىلىق ئۇرۇش كۆپ بولىدۇ). ئاراڭلاردا مال ـ دۇنيا كۆپىيىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، مال ـ دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، مال ئىگىسى سەدىقىنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان كىشىنى مەخسەت قىلىپ ئىزدەيدۇ، مالنى ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلسا، ئۇ كىشى مېنىڭ بۇ مالغا ھاجىتىم يوق دەيدۇ. كىشىلەر بىناكارلىق، قۇرۇلۇش سېلىشتا، بىنانى ئېگىز سېلىشتا بەسلەشمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتۈپ، ئېسىت! كاشكى مەن مۇشۇ كىشىنىڭ ئورنىدا بولسامچۇ، بۇ كىشىنىڭ ئورنىدا مەن ئۆلسەمچۇ دېمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. كۈن كىرگەن جايدىن چىقمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىققاندا بولسا، كىشلەر ئۇنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئىمان كەلتۈرۈپ، مۆئمىن بولدۇق، مۇسۇلمان بولدۇق دەپ كېتىدۇ، ئەنە شۇ چاغ بولسا، ھېچبىر كىشىگە، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىماندا ياخشىلىق قىلمىغان بولسا، ئالامەتنى

كۆرۈپ ئېيتقان ئىمانى، قىلغان ياخشى ئەمەللىرى پايدا ــ مەنپەئەت قىلمايدىغان چاغدۇر. (شۇ زاماندىن كېيىن ئۇغۇلغانلارغا ئىمانى پايدا قىلىشى مۇمكىن). قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇكى، ئىككى كىشى سودا قىلىش ئۈچۈن رەختلىرىنى، كىيىملىرىنى ئېچىپ كۆرۈشۈپ، سودىنى قىلىشقا ھەم شۇ رەختنى قاتلاپ جايىغا ئېلىپ قويۇشقا قادىر بولالمايدۇ. قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز قايىم بولىدۇكى، كىشى تۆگىنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىچىشكە قادىر بولالمايدۇ، قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇكى، كىشى قۇدۇق، كۆللىرىنى ئوڭشاپ، چۆرىسىگە لاي قويۇپ ئىسلاھ قىلىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭدىن سۇ ئىچەلمەيدۇ، ھەم سۇغىرالمايدۇ. قىيامەت تۇيۇقسىزلا يۈز بېرىدۇكى، كىشى يەيدىغان تامىقىنى ئاغزىغا كۆتۈرۈپ شۇ چاغقىچە قىيامەت قايىم بولۇپ كېتىپ ئۇ تاماقنى يېيىشكە قادىر بولالمايدۇ. بەيھەقى، ئەھمەد 8468 ــ ھەدىس، بۇخارى 6025 ــ ھەدىس، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

---

**5411 – [ 2 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى تقاتلوا قوما نعالهم الشعر وحتى تقاتلوا الترك صغار الأعين حمر الوجوه ذلف الأنوف كأن وجوههم المجان المطرقة " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر يەنە ئاياغلىرى يۇڭدىن بولغان قەۋم بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، سىلەر كۆزلىرى كىچىك، يۈزلىرى قىزىل، بۇرنى پاناق، قىسقا، يۈزى يوللۇق قالقانغا ئوخشايدىغان تۈرۈك دېگەن قەۋم بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، بىرىڭلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇنىڭ مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشى، بارلىق مال ــ مۈلكى، ئەھلى ــ باللىرىنىڭ بەدىلىگە بولىشىدىنمۇ، ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىدۇ. بۇخارى 3322 ــ ھەدىس، مۇسلىم،بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

---

**5412 – [ 3 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى تقاتلوا خوزا وكرمان من الأعاجم حمر الوجوه فطس الأنوف صغار الأعين وجوههم المجان المطرقة نعالهم الشعر " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئەجەملەردىن يەنى غەيرى ئەرەپلەردىن بولغان خوزۋازە ، كورمان دېگەن قەبىلىلەر بىلەن يەنى شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغان يۈزلىرى قىزىل، بۇرۇنلىرى پاناق، كۆزلىرى كىچىك، ئاياغلىرى يۇڭدىن بولغان، يۈزى خۇددى يوللۇق قالقان، جەڭ كىيىمگە ئوخشاش قەۋملەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.( ئالىملار: بۇ جەڭ بولۇپ بولغان، يەنە بولۇشى مۇمكىن، ۋەللاھۇ ئەئلەم دېدى. تۈرۈكلەر، يەئجۇج ــ مەئجۇجلار بىلەن بىر نەۋرە ئىكەن، تۈرۈك، خىتاي، مۇڭغۇللار بىر ئەۋلاد،ئەجدادى بىر)

---

**5413 – [ 4 ] ( لم تتم دراسته ) وفي رواية له وعن عمرو بن تغلب : " عراض الوجوه "**

---

**5414 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى يقاتل المسلمون اليهود فيقتلهم المسلمون حتى يختبئ اليهودي من وراء الحجر والشجر فيقول الحجر والشجر : يا مسلم يا عبد الله هذا يهودي خلفي فتعال فاقتله إلا الغرقد فإنه من شجر اليهود " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا، يەھۇدىي،

ناشنىڭ، دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرنىۋالسا، تاش ياكى دەرەخ: ـ ئى مۇسۇلمان! ئى الله نىڭ بەندىسى! مانا بۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامغا يوشۇرنىۋالدى، بۇياققا كەل، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت دەپ سۆزلەپ كېتىدۇ، (ياردەم بېرىدۇ). لېكىن، غەرقەد ئىسىملىك دەرەخ ئۇنداق دېمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر. (ئۇ شۇلار كۆيىنىدىغان شوخلۇقۇ، تىكەنلىك دەرەخ). مۇسلىم 5203 ــ ھەدىس، بۇخارى 2709 ــ ھەدىس، ئەھمەد 8807 ــ ھەدىس، سەھىھ.

5415 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى يخرج رجل من قحطان يسوق الناس بعصاه " . متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەھتان دېگەن جايدىن بىر كىشى چىقىپ كىشىلەرنى ھاسىسى بىلەن ھەيدەپ ماڭمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

5416 – [ 7 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تذهب الأيام والليالي حتى يملك رجل يقال له : الجهجاه " . وفي رواية : " حتى يملك رجل من الموالي يقال له : الجهجاه " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەھجاھ دېيىلىدىغان كىشى پادىشاھ بولمىغىچە، كېچە ــ كۈندۈزلەر يوقاپ كەتمەيدۇ، يەنى قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم 5183 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2154 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئازاد قىلىنغان قۇللاردىن جەھجاھ دېيىلىدىغان كىشى، دۇنياغا پادىشاھ بولمىغىچە كېچە ــ كۈندۈز يوقاپ كەتمەيدۇ. تىرمىزى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

5417 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن جابر بن سمرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لتفتحن عصابة من المسلمين كنز آل كسرى الذي في الأبيض " . رواه مسلم

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، مۇسۇلمانلاردىن بىر بۆلۈك جامائەت يەنى قوشۇن، كىسرا قوشۇنىنىڭ ئاق قەسىردىكى كاڭلىرىنى ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىنى ئىشغال قىلىدۇ، خەزىنىسىنى ئولجا، غەنىيمەت ئالىدۇ. مۇسلىم 5198 ــ ھەدىس، ئەھمەد 19905 ــ ھەدىس، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس، رۇشەن مۆجىزىدۇر.

5418 – [ 9 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هلك كسرى فلا يكون كسرى بعده وقيصر ليهلكن ثم لا يكون قيصر بعده ولتقسمن كنوزهما في سبيل الله " وسمى " الحرب خدعة " . متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىسرا ھالاك بولدى، ئاندىن كېيىن ھەرگىز كىسرا بولمايدۇ، قەيسەر ھالاك بولدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز قەيسەر بولمايدۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرى ئاللاھ يولىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ؛ئۇرۇشنى ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن بولىدۇ دېدى. مۇسلىم 5197 ــ ھەدىس، بۇخارى 2888 ــ ھەدىس، سەھىھ. قەيسەر، رۇم پادىشاھى، كىسرا پارىسلار پادىشاھىنىڭ لەقىمى بولۇپ، راستىنلا ئۇلارنىڭ مال ــمۈلكى، ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرى ئاللاھ يولىدا تەقسىم قىلىنغان، ئۇلاردىن كېيىن تا ھازىرغىچە كىسرا، قەيسەر بولۇپ باقمىدى، بۇ ھەدىس رۇشەن مۆجىزىدۇر.

**5419 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن نافع بن عتبة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تغزون جزيرة العرب فيفتحها الله ثم فارس فيفتحها الله ثم تغزون الروم فيفتحها الله ثم تغزون الدجال فيفتحه الله " . رواه مسلم**

ناپىئ ئىبنى ئوتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئەرەپ ئاراللىرىغا قارشى ئۇرۇن قىلىسىلەر، ئاللاھ ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ئىشغال قىلىدۇ، ئاندىن پارىس (مەجۇسىيلارغا) قارشى ئۇرۇش، غازات قىلىسىلەر، ئۇنىمۇ ئاللاھ ئىشغال قىلىشىپتىدۇ، ئاندىن رۇم خەلقىگە (ئەھلى كىتابلارغا) قارشى ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئاللاھ ئۇلارنىمۇ سىلەر ئۈچۈن ئىشغال قىلىپ ئېلىپ بېرىدۇ، ئاندىن دەججالغا قارشى ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئاللاھ ئۇنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ، ئىشغال قىلىپ بېرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

**5420 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن عوف بن مالك قال : أتيت النبي صلى الله عليه وسلم في غزوة تبوك وهو في قبة من أدم فقال : " اعدد ستا بين يدي الساعة : موتي ثم فتح بيت المقدس ثم موتان يأخذ فيكم كقعاص الغنم ثم استفاضة المال حتى يعطى الرجل مائة دينار فيظل ساخطا ثم فتنة لا يبقى بيت من العرب إلا دخلته ثم هدنة تكون بينكم وبين بني الأصفر فيغدرون فيأتونكم تحت ثمانين غاية تحت كل غاية اثنا عشر ألفا " . رواه البخاري**

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن تەبۇك ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ تېرىدىن بولغان چېدىر گۈمبەزنىڭ ئىچىدە ئىكەن، ماڭا مۇنداق دېگەن: قىيامەتنىڭ ئالدىدىكى ئالتە ئىشنى سانىغىن.

1 ـ كەڭ كۆلەملىك ئۆلۈم ۋەقەسى

2 ـ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئىشغال قىلىنىشى.

3 ـ يەنە بىر قېتىملىق قاتتىق ئۆلۈم ۋەقەسى بولىدۇ، ئۇ سىلەرنى خۇددى قوينىڭ ۋابا كېسىلى تۇتقاندەك قاتتىق تۇتۇپ، تېز سۈرئەتتە نۇرغۇن كىشىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

4 ـ مال ــ دۇنيا كۆپىيىپ كېتىدۇ، ھەتتا، بىر كىشىگە 100 دىنار سوۋغا، ھەدىيە بېرىلسىمۇ، يەنە ئاچچىقلايدۇ، «قىممىتى 40000 يۈەن كېلىدۇ»

5 ـ ئاندىن پىتنە ــ پاساد يۈز بېرىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئۆيلىرى قالماي بۇ پىتنە ــ پاساد كىرىۋالىدۇ.

6 ـ ئاندىن سىلەر بىلەن سېرىق تەنلىكلەرىيەنى رۇم ئارىسىدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈلىدۇ، ئۇلار توختامغا خىلاپلىق قىلىپ، كېلىشىمنى بۇزۇپ، 80 بايراق ئاستىدا قوشۇن تارتىپ كېلىدۇ، ھەربىر بايراق ئاستىدا 12000 كىشىلىك قوشۇن باردۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5421 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى ينزل الروم بالأعماق أو بدابق فيخرج إليهم جيش من المدينة من خيار أهل الأرض يومئذ فإذا تصافوا قالت الروم : خلوا بيننا وبين الذين سبوا منا نقاتلهم فيقول المسلمون : لا والله لا نخلي بينكم وبين إخواننا فيقاتلونهم فينهزم ثلث لا يتوب الله عليهم أبدا ويقتل ثلثهم أفضل الشهداء عند الله ويفتتح الثلث لا يفتنون أبدا فيفتتحون قسطنطينية فبينا هم يقتسمون الغنائم قد علقوا سيوفهم بالزيتون إذ**

**صاح فيهم الشيطان : إن المسيح قد خلفكم في أهليكم فيخرجون وذلك باطل فإذا جاؤوا الشام خرج فبينا هم يعدون للقتال يسوون الصفوف إذ أقيمت الصلاة فيترل عيسى بن مريم فأمهم فإذا رآه عدو الله ذاب كما يذوب الملح في الماء فلو تركه لانذاب حتى يهلك ولكن يقتله الله بيده فيريهم دمه في حربته " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆۋەندىكى مۇنۇ ھادىسىلەر يۈز بەرمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ رۇم خەلقى، يەنى ئەھلى كىتابلار، ئەئماق ياكى بەدابىق دېگەن جايغا چۈشىدۇ، ئۇلارغا قارشى شۇ كۈنلەردىكى زېمىن ئەھلىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى بولغان قوشۇن، مەدىنىدىن چىقىدۇ، ئۇلار جەڭگە سەپ تارتقاندا، رۇملۇقلار: سىلەر بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشماي، بىز بىلەن بىزنى تىللاپ ئەيىبلىگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى خالى قويۇپ بېرىڭلار، بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلايلى دەيدۇ. مۇسۇلمانلار: ياق، **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز سىلەر بىلەن قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىنى خالى قويمايمىز، بىزمۇ مۇسۇلمانلارغا چوقۇم ياردەم بېرىمىز دەپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، دۈشمەننىڭ ئۈچتىن بىرى مەغلۇپ بولۇپ يېڭىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۆۋبىسىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلمايدۇ، مۇسۇلمانلاردىن ئۈچتىن بىرى ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد قىلىنىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شېھىدلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىدۇر. مەڭگۈ پىتنىگە، ئازابقا قالمايدىغان يەنە ئۈچتىن بىرى غەلىبە قىلىدۇ، ئۇلار قىستىنتىنىيىنى ئىشغال قىلىدۇ، ئۇلار شۇ ئەسنادا قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، غەنىيمەتلىرىنى تەقسىم قىلىشىۋاتسا، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ  ئارىسىدا شەيتان، ھەي! ھەقىقەتەن مەسىھ دەججال چىقىپ، ئەھلىڭلارغا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا ئىز باسار بولۇپ پىتنە ـ پاساد تېرىپتۇ! دەيدۇ، ئۇلار چىققىدەك بولسا، ئۇ خەۋەر باتىل، يالغان ئىكەن، ئۇلار شام زېمىنىغا كەلگەندە دەججال چىقىدۇ، شۇ ئەسنادا ئۇلار جەڭگە تەييارلىق قىلىپ، سەپلەرنى تۈزلەۋاتسا، تۇيۇقسىز نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا مەريەم ئوغلى ئەيسا چۈشۈپ، ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ، ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولغان دەججال ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپلا خۇددى  تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك ئېرىپ، بوشاپ كېتىدۇ، ئەگەر ئەيسا ئۇنى ئۆلتۈرمەي تەرىك ئەتكەن بولسىمۇ دەججال ھالاك بولۇپ ئۆلگەنگە قەدەر ئۆزلىگىدىن ئېرىپ تۈگەيتتى، لېكىن، ئاللاھتائالا دەججالنى ئەيسانىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلارغا دەججالنىڭ قېنىنى ئەيسانىڭ نەيزىسىدە، قىلىچىدا كۆرسىتىدۇ، راست ئۆلۈپتۇ دېگۈزىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5422 – [ 13 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن مسعود قال : إن الساعة لا تقوم حتى لا يقسم ميراث ولا يفرح بغنيمة . ثم قال : عدو يجمعون لأهل الشام ويجمع لهم أهل الإسلام ( يعني الروم ) فيتشرط المسلمون شرطة للموت لا ترجع إلا غالبة فيقتتلون حتى يحجز بينهم الليل فيفيء هؤلاء وهؤلاء كل غير غالب وتفنى الشرطة ثم يتشرط المسلمون شرطة للموت لا ترجع إلا غالبة فيقتتلون حت يحجز بينهم الليل فيفيء هؤلاء وهؤلاء كل غير غالب وتفنى الشرطة ثم يشترط المسلمون شرطة للموت لا ترجع إلا غالبة فيقتتلون حتى يمسوا فيفيء هؤلاء وهؤلاء كل غير غالب وتفنى الشرطة فإذا كان يوم الرابع نهد إليهم بقية أهل الإسلام فيجعل الله الدبرة عليهم فيقتلون مقتلة لم ير مثلها حتى إن الطائر ليمر بجنباتهم فلا يخلفهم حتى يخر ميتا فيتعاد بنو الأب كانوا مائة فلا يجدونه بقي منهم إلا الرجل الواحد فبأي غنيمة يفرح أو أي ميراث يقسم ؟ فبينا هم كذلك إذ سمعوا ببأس هو أكبر من ذلك فجاءهم الصريخ : أن الدجال قد خلفهم في ذراريهم فيرفضون ما في أيديهم ويقبلون فيبعثون عشر فوارس طليعة " . قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لأعرف أسماءهم وأسماء آبائهم وألوان خيولهم هم خير فوارس أو من خير فوارس على ظهر**

**الأرض يومئذ " . رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مىراسلار تەقسىم قىلىنمايدىغان، غەنىيمەتلەرگە خۇشال بولمايدىغان چاغلار يېتىپ كەلمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئاندىن ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: چوڭ بىر قوشۇن شام ئەھلىگە توپلىنىدۇ، ئۇلارغا قارشى ئىسلام ئەھلى توپلۇشۇپ چىقىدۇ، مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ئۆلۈمگەشەرتلىشىپ، غەلىبە قىلماي زادى قايتماسلىقفا بەيئەت قىلىدۇ، ئۇلار ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى كېچە توسۇپ قويۇپ، ھەر ئىككىلى تەرەپ غەلىبە قىلالماي قايتىدۇ، بەيئەت شەرتى ئاخىرلىشىدۇ،ئاندىن مۇسۇلمانلار يەنە ئۆز ئارا ئۆلۈمگەشەرتلىشىپ، غەلىبە قىلماي زادى قايتماسلىقفا بەيئەت قىلىدۇ، ئۇلار ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى كېچە توسۇپ قويۇپ، ھەر ئىككىلى تەرەپ غەلىبە قىلالماي قايتىدۇ، بەيئەت شەرتى ئاخىرلىشىدۇ، مۇسۇلمانلارىيەنە ئۈچۈنجى قېتىم ئۆز ئارا ئۆلۈمگەشەرتلىشىپ، غەلىبە قىلماي زادى قايتماسلىقفا بەيئەت قىلىدۇ، ئۇلار ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى كېچە توسۇپ قويۇپ، ھەر ئىككىلى تەرەپ غەلىبە قىلالماي قايتىدۇ، بەيئەت شەرتى ئاخىرلىشىدۇ، تۆرتىنجى كۈنى بولغاندا، ئۇلارغا قارشى ئىسلام ئەھلىنىڭ قالغانلىرى قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ، **الله** تائالا، يېڭىلىپ قېچىشنى دىنسىزلارغا قىلىپ قويىدۇ، (يەنى دىنسىزلار يېڭىلىدۇ)ئۇلار شۇنداق چوڭ،كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلىدۇكى، ئۇنىڭدەك ئۇرۇش تارىختا كۆرۈلۈپ باقمايدۇ، ھەتتا بىر قۇش ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچۇپ، ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىن، ئۆلگەنلەرنىڭ ئۈستىدىن ئۆتمەكچى بولسا، ئۇياققا بۇسۇپ ئۆتەلمەيلا ئۆلگەن ھالدا يىقىلىدۇ، باللار جەڭدە ئۆلگەن دادىلارنى سانايدۇ، ھەر 100 كىشىدىن پەقەت بىرلا كىشى ھايات قالىدۇ، ئۇلار بۇچاغدا قايسى غەنىيمەتكە خۇشال بولالىسۇن؟قايسى مىراس تەقسىم قىلىنسۇن؟ ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولغان قاتتىق بىر ئۇرۇش،جەڭ خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ، ئاندىن ئۇلارغا تۇيۇقسىز بىر جاكارچى؛ ھەقىقەتەن دەججال چىقىپتۇ!!! ئۇ ئۇلارنىڭ ئەھلى ـ باللىرىنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ،پىتنە ـ پاساد تېرىپتۇ دەپ توۋلايدۇ، ئاندىن ئۇلار قوللىرىدىكى نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىپ، شۇ تەرەپكە ئالدىنى قىلىدۇ، ئۇلار ئون ئاتلىق ئاۋانگارت،ئىلغار قوشۇننى دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى، ئاتا بوۋىللىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ رەڭگىللىرىنىمۇ بىلىمەن، ئۇلار شۇكۈنىسى يەر يۈزىدىكى ئاتلىق قوشۇننىڭ ئەڭ ياخشىللىرىدۇر.مۇسلىم.

**5423 – [ 14 ]** **( صحيح ) وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " هل سمعتم بمدينة جانب منها في البر وجانب منها في البحر ؟ " قالوا : نعم يا رسول الله قال : " لا تقوم الساعة حتى يغزوها سبعون ألفا من بني إسحاق فإذا جاؤوها نزلوا فلم يقاتلوا بسلاح ولم يرموا بسهم قال : لا إله إلا الله والله أكبر فيسقط أحد جانبيها . – قال ثور بن يزيد الراوي : لا أعلمه إلا قال – : " الذي في البحر يقولون الثانية : لا إله إلا الله والله أكبر فيسقط جانبها الآخر ثم يقولون الثالثة : لا إله إلا الله والله أكبر فيفرج لهم فيدخلوها فيغنمون فبينا هم يقتسمون المغانم إذ جاءهم الصريخ فقال : إن الدجال قد خرج فيتركون كل شيء ويرجعون " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر مەدىنىنىڭ بىر تەرىپى قۇرۇقلۇقتا، يەنە بىر تەرىپى دېڭىزدا دەپ ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئۇلار؛ھەئە ئاڭلىغان دىگەندە، رەسۇلۇللاھ ؛ مەدىنىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئىسھاقنىڭ باللىرىدىن 70000 كىشىلىك قوشۇن غازات قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلار مەدىنىگە چۈشىدۇ، ئۇلار قورال بىلەن جەڭ قىلمايدۇ، ئوقيامۇ ئاتمايدۇ، ئۇلار پەقەت

لائىلاھە ئەللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر!!! دېسىلا مەدىنىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىرسى يەنى دېڭىزىدىكى تەرىپى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر!!! دەپ تەكبىر ئېيتسا، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى يەنە بىر تەرىپى چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم تەكبىر ئېيتىشى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن غەلىبە ئاتا قىلىنىپ، ئىشلار ئاسان بولىدۇ، ئۇلار مەدىنىگە كىرىپ، غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ، تەقسىم قىلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر جاكارچى؛ ھەققەتەن دەججال چىقىپتۇ!!! دەپ توۋلايدۇ، ئاندىن ئۇلار ھەممە نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ كېتىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5424 – [ 15 ] الفصل الثاني ( حسن ) عن معاذ بن جبل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " عمران بيت المقدس خراب يثرب وخراب يثرب خروج الملحمة وخروج الملحمة فتح قسطنطينية وفتح قسطنطينية خروج الدجال " . رواه أبو داود**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ گۈللىنىشى، يەسرىبنىڭ يەنى مەدىنىنىڭ خاراب بولۇشىدۇر، مەدىنىنىڭ خاراب بولۇشى بولسا، زور قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش، جەڭنىڭ ئاشكارا بولۇشىدۇر، بۇ ئۇرۇشنىڭ چىقىشى بولسا، قىستىنتىنىيەنىڭ پەتھى، ئىشغال قىلىنىشىدۇر، قىستىنتىنىيەنى ئىشغال قىلىش بولسا، دەججالنىڭ چىقىشىدۇر، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5425 – [ 16 ] ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الملحمة العظمى وفتح القسطنطينية وخروج الدجال في سبعة أشهر " . رواه الترمذي وأبو داود**

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناھايىتى چوڭ ئۇرۇش، قىستىنتىنىيەنىڭ ئىشغال قىلىنىشى (يەنى رۇم پادىشاھىنىڭ زېمىنى،رۇم، رىم شەھىرى شۇ، ئىتالىيەدە ئىكەن) دەججالنىڭ چىقىشى، يەتتە ئاي ئىچىدە يۈز بېرىدۇ دېگەن ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، ئەبۇ مەريەم زەئىپ، ھەدىسى مۇنكەر، كۈچلۈك ئەمەسكەن.

**5426 – [ 17 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن بسر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " بين الملحمة وفتح المدينة ست سنين ويخرج الدجال في السابعة " . رواه أبو داود وقال : هذا أصح**

ئابدۇللا ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن. چوڭ جەڭ، ئۇرۇش بىلەن شەھەرنى، مەدىنىنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئارىلىقى، ئالتە يىلدۇر. دەججال يەتتىنچى يىلى چىقىدۇ. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5427 – [ 18 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر قال : يوشك المسلمون أن يحاصروا إلى المدينة حتى يكون أبعد مسالحهم سلاح وسلاح : قريب من خيبر . رواه أبو داود**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار مەدىنىدە مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ دۈشمەندىن ساقلىنىدىغان قورغانى سالاھ دېگەن جايدۇر، (ياكى بىردىنبىر ئامالى قورالدۇر). ھاكىم ئەبۇ داۋۇد 3709 _ ھەدىس، ئەھمەد 8848 _ ھەدىسدە كىشلەر مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ قۇراللىق قورغانى خەيبەرگە يېقىن سالاھ دېگەن جايدا دېيىلگەن.

**5428 – [ 19 ]** ( صحيح ) **وعن ذي مخبر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ستصالحون الروم صلحا آمنا فتغزون أنتم وهم عدوا من ورائكم فتنصرون وتغنمون وتسلمون ثم ترجعون حتى تنزلوا بمرج ذي تلول فيرفع رجل من أهل النصرانية الصليب فيقول : غلب الصليب فيغضب رجل من المسلمين فيدقه فعند ذلك تغدر الروم وتجمع للملحمة " وزاد بعضهم : " فيثور المسلمون إلى أسلحتهم فيقتتلون فيكرم الله تلك العصابة بالشهادة " . رواه أبو داود**

زىي مەخمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر پات يېقىندا رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇش توختۇتۇش، تېنچلىق كېلىشىمنامىسى تۈزىسىلەر، ئاندىن سىلەر ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلاردىن باشقا بىر دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، سىلەر سالامەت ھالدا غەلىبە قىلىپ، غەنىيمەت ئالىسىلەر، ئاندىن زى تەلەلۇل دىگەن جايدىكى بىر يايلاق باغقا چۈشىسىلەر، رۇملۇق ئەسكەرلىرىدىن بىرسى قوپۇپ، كىرىس بەلگىسىنى كۆتۈرۈپ؛ كىرىس غەلىبە قىلدى، خىرىستوس غەلىبە قىلدى! دەپ توۋلايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلاردىن بىرسى قوپۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خىيانەت قىلىپ، ئەھدىنى بۇزىدۇ، زور قىرغىنچىلىق، چوڭ جەڭ بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار سىلەرگە قارشى توپلۇشۇپ، سىلەرگە 80 بايراق قوشۇن ئىچىدە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، ھەربىر بايراق ئاستىدا 10000 يەنە بىر خاتىرىدە 12000 قوشۇن بار، مۇسۇلمانلار دەس تۇرۇپ قوزغۇلۇپ ، قۇراللىرىنى ئېلىپ جەڭ قىلىدۇ، **الله** تائالا شۇ جامائەلەرنى شېھىدلىق بىلەن ھۆرمەتلەيدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5429 – [ 20 ]** ( ضعيف )**وعن عبد الله بن عمرو عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اتركوا الحبشة ما تركوكم فإنه لا يستخرج كتر الكعبة إلا ذو السويقتين من الحبشة " . رواه أبو داود**

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەبەشىستانلىقلار، سىلەرنى جىم قويسىلا، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماي، تەرىك ئېتىڭلار، ھەققەتەن كەئبىنىڭ كاڭلىرىنى ھەبەشىستانىنىڭ ئىنچىكە، زىلۋا پاچاقلار چىقىرىۋېتىدۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، چۈنكى، راۋىيلار ئارىسىدا مۇسا ئىبنى جۇبەيىرنىڭ ئەھۋالى نامەلۇم، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىكلەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشماي سىلەرنى جىم قويسىلا، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماي جىم قويۇڭلار، چۈنكى، كەئبىنىڭ كاڭلىرىنى پەقەت ھەبەشىستانلىق كىچىك، ئىنچىكە پاچاقلار چىقىرىۋېتىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىسنى مىشكاتتا زەئىپ دىگەن بولسىمۇ، سەھىھ توپلىمىدا ھەسەن دىگەن.

**5430 – [ 21 ] وعن رجل من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم قال : " دعوا الحبشة ما ودعوكم واتركوا الترك ما تركوكم " . رواه أبو داود والنسائي**

بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەبەشىستانلىقلار، سىلەرنى جىم قويسىلا، سىلەرمۇ ئۇلارنى جىم قويۇڭلار، تۈركلەر سىلەرنى ئۇرۇش قىلماي جىم، تەرىك ئەتسىلا سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماي، ئۇلارنى تەرىك ئېتىڭلار،نەسەئى،ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،ھەسەن.لېكىن، ئايەت سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ يولىيورۇقى،تەلىپى شۇكى،قادىر بولساقلا مەملىكەتنى، زىمىننى ھۆكۈمنى ئاللاھقىلا قىلىشتۇر.

**5431 – [ 22 ]** ( ضعيف )**وعن بريدة عن النبي صلى الله عليه وسلم في حديث : " يقاتلكم قوم صغار الأعين " يعني الترك .**

**قال : " تسوقوهم ثلاث مرات حتى تلحقوهم بجزيرة العرب فأما السياقة الأولى فينجو من هرب منهم وأما الثانية فينجو بعض ويهلك بعض وأما الثالثة فيصطلمون " أو كما قال . رواه أبو داود**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، كۆزلىرى كىچىك، تۇرۇكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش قىسسىدىكى ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ئۇلارنى ئۈچ قېتىم قىستاپ ھەيدەيسىلەر، ھەتتا ئەرەب ئاراللىرىغا ئاپىرىۋېتىسىلەر، تۇنجى قېتىم قاچقانلار قۇتۇلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم بىر قىسمى ھالاك بولۇپ، بىر قىسمى قۇتۇلىدۇ، ئۈچىنچى قېتىم سۈلھى تەلەپ قىلىدۇ. ياكى شۇنىڭدەك بىر سۆزنى قىلدى. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5432 – [ 23 ]** ( إسناده جيد ) **وعن أبي بكرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ينزل أناس من أمتي بغائط يسمونه البصرة عند نهر يقال له : دجلة يكون عليه جسر يكثر أهلها ويكون من أمصار المسلمين وإذا كان في آخر الزمان جاء بنو قنطوراء عراض الوجوه صغار الأعين حتى ينزلوا على شط النهر فيتفرق أهلها ثلاث فرق فرقة يأخذون في أذناب البقر والبرية وهلكوا وفرقة يأخذون لأنفسهم وهلكوا وفرقة يجعلون ذراريهم خلف ظهورهم ويقاتلونهم وهم الشهداء " . رواه أبو داود**

ئەبۇ بەكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن نۇرغۇن كىشىلەر دەجلەت دېيىلىدىغان دەريانىڭ يېنىدىكى بەسرەت دېيىلىدىغان كەڭرى زېمىنغا چۈشىدۇ، ئۇ دەريانىڭ چوڭ كۆۋرۈكى باردۇر، بۇ جاينىڭ ئەھلى كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇ جاي مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ، ئاخىر زامان بولغاندا، قەنتۇرانىڭ باللىرى بولغان يۈزلىرى يۇمىلاق، كۆزلىرى كىچىك قەۋملەر كېلىدۇ، ئۇلار دەريانىڭ بىر قىرغىقىغا چۈشىدۇ، بۇ شەھەر ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلار ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىر پىرقىسى كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ، يېزا ـ سەھراغا بېرىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ ھالاك بولىدۇ، يەنە بىر پىرقىسى ئۆزىگە ئايرىم يول تۇتۇپ، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، يەنە بىر پىرقىسى بولسا، ئاياللىرىنى، باللىرىنى ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلار شېھىد بولىدۇ، (قالغانلىرىغا غەلىبە ئاتا قىلىنىدۇ). ئەھمەد 19553 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3752 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**5433 – [ 23 ]** ( صحيح ) **وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يا أنس إن الناس يمصرون أمصارا فإن مصرا منها يقال له : البصرة فإن أنت مررت بها أو دخلتها فإياك وسباخها وكلأها ونخيلها وسوقها وباب أمرائها وعليك بضواحيها فإنه يكون بها خسف وقذف ورجف وقوم يبيتون ويصبحون قردة وخنازير " رواه أبو داود**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەنەس! ھەقىقەتەن كىشىلەر نۇرغۇن شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپ، شەھەردە ياشايدۇ، ئۇ شەھەرلەردىن بەسرەت ياكى بۇسەيرەت دېيىلىدىغان بىر شەھەر بولۇپ، سەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالساڭ ياكى ئۇ شەھەرگە كىرىپ قالساڭ، ئۇنىڭ گىياھ ئۈنمەس شورلۇق، تۈزلۈق زېمىنىدىن، ئوت ـ چۆپلۈك يايلاقلىرىدىن، بازارلىرىدىن، ئەمىر، باشلىقلارنىڭ ئىشىكىگە بېرىشىدىن قاتتىق ھەزەر قىلغىن، سەن ئۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىنى لازىم تۇت. چۈنكى، ئۇ شەھەر ئىچىدە يەر يۇتۇپ كېتىش، ئاسماندىن تاشلار يېغىش، قاتتىق بوران چىقىش، كۈچلۈك يەر تەۋرەشلەر يۈز بېرىدۇ، قەۋملەر ئاخشىمى ساق يېتىپ، ئەتىگىنى مايمۇن، توڭگۇزغا ئۆزگىرىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3753 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5434 – [ 24 ]** ( ضعيف )**وعن صالح بن درهم يقول : انطلقنا حاجين فإذا رجل فقال لنا : إلى جنبكم قرية يقال لها : الأبلة ؟ قلنا : نعم . قال : من يضمن لي منكم أن يصلي لي في مسجد العشار ركعتين أو أربعا ويقول هذه لأبي هريرة ؟ سمعت خليلي أبا القاسم صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله عز وجل يبعث من مسجد العشار يوم القيامة شهداء لا يقوم مع شهداء بدر غيرهم " . رواه أبو داود . وقال : هذا المسجد مما يلي النهر وسنذكر حديث أبي الدرداء : " إن فسطاط المسلمين " في باب : " ذكر اليمن والشام " . إن شاء الله تعالى**

سالىھ ئىبنى دەرھەم بىز ھەج قىلىپ ماڭغان ئىدۇق، تۇيۇقسىز بىر ئەر سىلەرگە يېقىن جايدا ئەبلەت دىگەن يۇرت بارمۇ؟ دېدى، بىز بار دىدۇق، ئۇ سىلەردىن كىم ماڭا ئەششار مەسجىدىدە ئىككى ياكى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشقا كېپىل بولالايدۇ دەپ مۇنداق دېدى، ئۇ ئەسلى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن، مەن دوستۇم ئەبۇل قاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق ئاڭلىدىم، ئالläھ قىيامەت كۈنى ئەششار مەسجىدىدىن بىر بۆلۈك شېھىدلارنى قوپۇرىدۇ، بەدرىدىكى شېھىدلار بىلەن ئۇلاردىن باشقىلار بىللە قوپماي دەل ئاشۇ شېھىدلار بىللە قوپىدۇ دېدى، ئۇ مەسجىد، دەرياغا يېقىن جايدا. ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**5435 – [ 25 ]** ( متفق عليه ) **الفصل الثالث عن شقيق عن حذيفة قال : كنا عند عمر فقال : أيكم يحفظ حديث رسول الله صلى الله عليه وسلم في الفتنة ؟ فقلت : أنا أحفظ كما قال : قال : هات إنك لجريء وكيف ؟ قال : قلت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول " فتنة الرجل في أهله وماله ونفسه وولده وجاره يكفرها الصيام والصلاة والصدقة والأمر بالمعروف والنهي عن المنكر " فقال عمر : ليس هذا أريد إنما أريد التي تموج كموج البحر . قال : ما لك ولها يا أمير المؤمنين ؟ إن بينك وبينها بابا مغلقا . قال : فيكسر الباب أويفتح ؟ قال : قلت : لا بل يكسر . قال : ذاك أحرى أن لا يغلق أبدا . قال : فقلنا لحذيفة : هل كان عمر يعلم من الباب ؟ قال : نعم كما يعلم أن دون غد ليلة إني حدثته حديثا ليس بالأغاليط قال : فهبنا أن نسأل حذيفة من الباب ؟ فقلنا لمسروق : سله . فسأله فقال : عمر . متفق عليه**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، ئۇ بىزگە: قايسىڭلار رەسۇلۇللاھنىڭ پىتنە توغرىسىدىكى ھەدىسىنى يادا ئالغان؟دېدى، مەن؛ مانا مەن، رەسۇلۇللاھ دېگەندەكلا يادا ئالغان دىسەم، ئۇ؛ھەقىقەتەن بۇنىڭغا سەن جۈرئەتلىك، قېنى دىگىنە قانداق بۇلىدۇ؟دېدى، مەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىشىنىڭ سىناق پىتنىسى ئەھلىدە، مېلىدا، ئۆزنەپسىدە،باللىرىدا،خوشنىللىرىدا بولىدۇ، ئۇنى روزا، ناماز، سەدىقە، ياخشىلىقا بۇيرۇش، يامانلىقدىن توسۇشلار كاپارەت بولۇپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇدىگەن،دىسەم،ئۇ: مەن بۇنى مەقسەت قىلمىدىم، مەن دېڭىز دولقۇنلىغاندەك دولقۇنلاپ كېتىدىغان پىتنىنى مەقسەت قىلدىم، دېدى، مەن؛ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىلىنىڭ ئۇ پىتنە-پاساد بىلەن نىمە ئىشلىرى؟ سوئال سوراشقا نىمە ھاجەتلىرى؟ سىلى بىلەن ئۇ پىتنىنىڭ ئارلىقىدا قۇلۇپلانغان ئىشىكى باردۇر، دىسەم، ئۇ؛ ئىشىك سۇندۇرۇلۇپ چېقىلامدۇ؟ياكى ئېچىلامدۇ؟دېدى، مەن؛ ئېچىلمايدۇ، بەلكى چېقىلىدۇ دىسەم، ئۇ؛ ئۇنداق بولسا، بۇپىتنىنىڭ ئىشكى مەڭگۈ تاقالمىغىدەك دېدى، بىز ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشىكنىڭ كىملىكىنى بىلەمتى؟دىسەك، ئۇ؛ ھەئە ، خۇددى ئەتە ئەتىگەننىڭ ئالدى بۇگۈن كەچ ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بىلەتتى، مەن ئۇنىڭغا غەلىتىلىك بولمىغان، چۈشۈنۈكسىز بولمىغان ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن تۇرسام دېدى، بىزھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىشىكنىڭ كىملىكىنى سوراشتىن ئەيمىنىپ،قورقۇپ، مەسرۇققا؛سەن ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن دىدۇق، ئۇ سورسا، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئىشكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇدۇر دەپ جاۋاب

| |
|---|
| بىرىپتۇ.(يەنى بۇكىشى ۋاپات بولسا، پىتنە-پاسادلار ئاشكارا بولىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى) بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. |
| 36 – [ 26 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس قال : فتح القسطنطينة مع قيام الساعة . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث غريب<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ قىستىنتىنىيەنى ئىشغال قىلىش، قىيامەت قايىم بولۇش بىلەن بىللە بولىدۇ، دېدى.تىرمىزى توپلاپ؛بۇھەدىس غەرىب دېدى. |
| قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا باب أشرا ط الساعة |
| 5437 – ( متفق عليه ) – الفصل الأول عن أنس قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن من أشراط الساعة أن يرفع العلم ويكثر الجهل ويكثر الزنا ويكثر شرب الخمر ويقل الرجال وتكثر النساء حتى يكون لخمسين امرأة القيم الواحد " . وفي رواية : " يقل العلم ويظهر الجهل "<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى، ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ،ئاز قالىدۇ، نادانلىق، جاھىللىق ئاشكارا بولۇپ كۆپىيىپ كېتىدۇ، زىنا ئۇچۇق-ئاشكارا كۆپ قىلىنىدۇ، ھاراق ئىچىلىدۇ، ئەرلەر كېتىپ،ئاز قېلىپ، ئاياللار قېلىپ قالىدۇ،ئاياللار كۆپىيىپ كېتىدۇ، ھەتتا، 50 ئايالغا بىرلا ئەر كىشى تۇرمۇشقا ئىگە بولىدۇ، (يەنى ئاياللىرى، ئاچا _ سىڭىللىرى، ھاممىلىرى، قىزلىرى قاتارلىق)بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلى، سەھىھ. |
| 5438 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن جابر بن سمرة قال : سمعت رسول النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إن بين يدي الساعة كذابين فاحذروهم " . رواه مسلم<br><br>جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن كاززاپلار چىقىدۇ، ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.يالغان ھەدىسدىنمۇ ھەزەر قىلىڭلار. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا 30 دەججال، كاززاپ بار، (يەنە بىر خاتىرىدە ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ، ھەزەر قىلىڭلار دېگەن بار) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. |
| 5439 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : بينما كان النبي صلى الله عليه وسلم يحدث إذ جاء أعرابي فقال : متى الساعة ؟ قال : إذا ضيعت الأمانة فانتظر الساعة قال : كيف إضاعتها ؟ قال :إذا وسد الأمر إلى غير أهله فانتظر الساعة رواه البخاري<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىس سۆزلەۋاتسا، تۇيۇقسىز بىرئەئرابىي كىشى كېلىپ؛قىيامەت قاچان بولىدۇ؟دېدى،رەسۇلۇللاھ،ئامانەتكە خىيانەت قىلىنىپ زايا كەتكەندە قىيامەتكە ئىنتىزار بولغىن دېدى،ئۇكىشى؛ بۇ قانداق بولىدۇ؟دېگەندە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئىش، ئىش ئەھلىنىڭ غەيرىگە تاپشۇرۇلغاندا، «يەنى ئىلىم، خەلىپىلىك، ھاكىملىق، ۋالىيلىق، قازىيلىق، بۇ ئىشلارنىڭ ئەھلى بولمىغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇلغاندا» قىيامەتكە ئىنتىزار بول، قىيامەتنى كۈتكىن،دېدى. ئىمام بۇخارى |

توپلىغان، سەھىھ.

**5440 – [ 4 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى يكثر المال ويفيض حتى يخرج الرجل زكاة ماله فلا يجد أحدا يقبلها منه وحتى تعود أرض العرب مروجا وأنهارا " رواه مسلم . وفي رواية : قال : " تبلغ المساكن إهاب أو يهاب "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مال ـــ دۇنيا ئېنتايىن كۆپىيىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، مال ـــ دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، كىشى مېلىنىڭ زاكىتىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ. ئەرەپ زېمىنلىرى باغۇ ـــ بوستانلىققا، ئېرىق ـــ ئۆستەڭ، دەريالارغا ئايلىنىپ قايتا شۇ ھالىتىگە كەلمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۆجىزە دىدىلەر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت ئالدىدىكى شۇچاغدا ئولتۇرۇشلۇق جاي ، ماكانلار، ئۆيلەر ئىھابە دىگەن جايغىچە يېتىدۇ، (بۇ جاي، مەدىنىدىن نەچچە مىيىل كېلىدىكەن. مەدىنىدىكى تۇرالغۇ جايلار شۇنداق كەڭرىگەن.) مۇسلىم 5165 ـــ ھەدىس، سەھىھ.

**5441 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يكون في آخر الزمان خليفة يقسم المال ولا يعده " . وفي رواية : قال : " يكون في آخر أمتي خليفة يحثي المال حثيا ولا يعده عدا " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاخىر زاماندا ئولجا ئېلىنغان غەنىيمەت ماللىرىنى ساناپ ئولتۇرمايلا تەقسىم قىلىدىغان خەلىپە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا ماللارنى ساناپ ئولتۇرمايلا، بۆلۈپ ـــ بۆلۈپ، چاڭگاللاپلا ئۈلەشتۈرىدىغان خەلىپە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5442 – [ 6 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يوشك الفرات أن يحسر عن كنز من ذهب فمن حضر فلا يأخذ منه شيئا " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پات يېقىندا پۇرات دەرياسىدىن ئالتۇن كاڭ ئېچىلىپ ئاشكارا بولۇشى مۇمكىن، ئۇ جايغا بارغان كىشى ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئالالمايدۇ.بۇخارى، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم 5153 ـــ ھەدىس، سەھىھ. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پات يېقىندا پۇرات دەرياسىدىن چوڭ بىر ئالتۇن تاغ ئاشكارا بولىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ئاڭلاپ، ھەممىسى شۇ جايغا بارىدۇ، ئالتۇن تاغ يېنىدىكىلەر ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر كىشىلەرنى تەرك ئەتسەك كارىمىز بولمىسا، ئۇلار ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ دەپ شۇنىڭ بىلەن ئالتۇننى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ھەر 100 كىشىدىن 99 ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەھمەد 20308 ـــ ھەدىس، مۇسلىم 5155 ـــ ھەدىس، سەھىھ.

**5443 – [ 7 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى يحسر الفرات عن جبل من**

**ذهب يقتتل الناس عليه فيقتل من كل مائة تسعة وتسعون ويقول كل رجل منهم : لعلي أكون أنا الذي أنجو " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يۇرات دەرياسىدىن چوڭ ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ قالمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، كىشىلەر شۇ ئالتۇننى دەپ ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ھەر يۈزدىن (100دىن) 99 كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مەن قۇتۇلۇپ قېلىشىم مۇمكىن، مەن نىجات تېپىشىم مۇمكىن دەپ قالىدۇ، لېكىن، نىجاد تاپالماي ھەممىسى ئۆلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ دەريا كۇفىدە ھازىرمۇ بار.

**5444 – [ 8 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تقيء الأرض أفلاذ كبدها أمثال الأسطوانة من الذهب والفضة فيجيء القاتل فيقول : في هذا قتلت ويجيء القاطع فيقول : في هذا قطعت رحمي . ويجيء السارق فيقول : في هذا قطعت يدي ثم يد عونه فلا يأخذون من شيئا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىن ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسىنى يەنى كاڭلىرىنى قۇسۇپ، تۈۋرۈكلەردەك ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنى تاشلاپ بېرىدۇ، ئاندىن قاتىل كېلىپ، مەن مانا مۇشۇنى دەپ قاتىللىق قىلغان دەيدۇ، قاراقچى كېلىپ، مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن سىلە ــ رەھىيم، تۇغقانلىقنى ئۈزگەن ئىدىم دەيدۇ، ئوغرى كېلىپ، مېنىڭ قولۇم مۇشۇنى دەپ كېسىلگەن دەيدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۇنى قالدۇرۇپ قويىدۇ، بۇ ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن ھېچ نەرسە ئالمايدۇ، نەسەئى، مۇسلىم 1683 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2124 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5445 – [ 9 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لا تذهب الدنيا حتى يمر الرجل على القبر فيتمرغ عليه ويقول : يا ليتني مكان صاحب هذا القبر وليس به الدين إلا البلاء " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جېنىم قول ئېلىكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىشى قەبرە يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە يۇمىلاپ، قەبرىگە سۈركىلىپ تۇرۇپ، كاشكى، ئىسىت! مەن مۇشۇ قەبرە ئىگىسىنىڭ ئورنىدا بولسامچۇ؟! دەپ كەتمىگىچە، بۇ دۇنيا يوقىلىپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ، پەقەت شۇنداق دەپ كەتكەندىلا بۇ دۇنيا يوقايدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ كىشىدە دىن، ئىمان بولماستىن، بەلكى بالالەر، پىتنە ــ پاسادلار باردۇر. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ كۈنلەرنى ھازىرمۇ بار دېسەك بولىدۇ.

**5446 – [ 10 ] ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى تخرج نار من أرض الحجاز تضيء أعناق الإبل ببصرى " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىجاز زېمىنىدىن بىر ئوت چىقىپ، تۆگىنىڭ بويىنىدەك بۇسرا شەھىرىگە نۇر چاچمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى ، سەھىھ. ئىبنى كەسىير، بەدايەت دېگەن تارىخ كىتابىدا بۇ ئالامەت يۈز بېرىپ بولدى دېگەن.

**5447 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أول أشراط الساعة نار تحشر الناس من المشرق إلى المغرب " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پەيغەمبەردىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدىغان ئۈچ ئىشدىن سورالغاندا، مۇنداق دىگەن: ئەمما قىيامەتنىڭ تۇنجى ئالامىتى، مەشرىق تەرەپتىن چىقىدىغان ئوت بولۇپ، كىشىلەرنى مەغرىب تەرەپكە توپلايدۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ تۇنجى قېتىم يەيدىغىنى لەھەك بېلىقنىڭ جىگىرىنىڭ زىيادە پارچىسىدۇر، ئەمما، ئۇ بۇ دۇنيادىكىگە زادى ئوخشىمايدۇ، ئەمما، بالىسىنىڭ دادىسىغا ياكى ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىشىگە كەلسەك، ئەرنىڭ مەنىي سۈيى ئايالنىڭكىدىن ئىلگىرلەپ كەتسە، بالا ئەرگە تارتىپ ئوخشاپ كېتىدۇ، ئايالنىڭ مەنىي سۈيى ئەرنىڭكىدىن ئىلگىرلەپ كەتسە، بالا ئانىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5448 – [ 12 ] الفصل الثاني عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى يتقارب الزمان فتكون السنة كالشهر والشهر كالجمعة وتكون الجمعة كاليوم ويكون اليوم كالساعة وتكون الساعة كالضرمة بالناررواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زامان، ۋاقىت، بىر _ بىرىگە ئۆزئارا ئىنتايىن يېقىنلىشىپ قىسقىراپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇ چاغدا بىر يىل 12 ئاي، خۇددى بىر ئايدەك. بىر ئاي بولسا، بىر ھەپتىدەك.بىر ھەپتە بولسا بىر كۈندەك بولۇپ قالىدۇ، بىر كۈن بىر سائەتتەك بولىدۇ، بىر سائەت بولسا، خۇددى ئوتنىڭ، غىل _ پال قىلىپ ئۆچۈپ قالغان ئۇچقۇندىسىدەك بولۇپ قالىدۇ. تىرمىزى 2254 _ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5449 – [ 13 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن حوالة قال : بعثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم لنغنم على أقدامنا فرجعنا فلم نغنم شيئا وعرف الجهد في وجوهنا فقام فينا فقال : " اللهم لا تكلهم إلي فأضعف عنهم ولا تكلهم إلى أنفسهم فيعجزوا عنها ولا تكلهم إلى الناس فيستأثروا عليهم " ثم وضع يده على رأسي ثم قال : " يا ابن حوالة إذا رأيت الخلافة قد نزلت الأرض المقدسة فقد دنت الزلازل والبلابل والأمور العظام والساعة يومئذ أقرب من الناس من يدي هذه إلى رأسك رواه أبو داود**

ئابدۇللا ئىبنى ھاۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىيادە ھالەتتە غەنىيمەت ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، بىز ھېچنېمە ئالالماي قايتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەھۋالنى يۈزىمىزدىن كۆرۈپ دەس تۇرۇپ مۇنداق دېدى؛ ئى ئاللاھ، ئۇلارنى ماڭا تاشلاپ قويمىسلا، مەن ئاجىز كېلىپ قالىمەن، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسىگىمۇ تاشلاپ قويمىسلا، ئۇلارمۇ ئاجىز كېلىدۇ، كىشىلەرگە تاشلاپ قويمىسلا، ئۇلار قىساس ئالىدۇ، ئاندىن قولىنى بېشىمغا قويۇپ، ئى ھاۋالە ئوغلى، خەلىپىلىكنىڭ مۇقەددەس زىمىنىغا يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە چۈشكىنىنى كۆرسەڭ، ھەقىقەتەن قاتتىق يەر تەۋرەش، بالا، غەملەر، چوڭ _ چوڭ ئىشلار يېقىن قالىدۇ، قىيامەت كۈن شۇ كىشىلەرگە، بېشىڭغا قولۇم يېقىن بولغاندىنمۇ يېقىندۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.لېكىن سەھىھنىڭ 7838 ـ ھەدىسىدە؛ ئىبراز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئىبنى ھەۋالە! خەلىپىلىكنىڭ مۇقەددەس زىمىنىغا يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە چۈشكىنىنى كۆرگىنىڭدە ھەقىقەتەن قاتتىق يەر تەۋرەش، نۇرغۇن غەم _ قايغۇلۇق ئىشلار، دەرت _ ئەلەملەر، چوڭ _ چوڭ ئىشلار بەكمۇ يېقىن قالغان بولىدۇ، قىيامەت كۈن، قىيامەت قايىم بولۇش شۇ كۈنلەردە كىشىلەرگە مېنىڭ مۇشۇ قولۇم بېشىڭغا يېقىن بولغاندىنمۇ بەكرەك يېقىندۇر، قولىنى بېشىمغا قويۇقلۇق ئىدى. ئەبۇ داۋۇد 2173 _ ھەدىس، ئەھمەد 21449 _ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**5450 – [ 14 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا اتخذ الفيء دولا والأمانة مغنما**

والزكاة مغرما وتعلم لغير الدين وأطاع الرجل امرأته وعق أمه وأدنى صديقه وأقصى أباه وظهرت الأصوات في المساجد وساد القبيلة فاسقهم وكان زعيم القوم أرذلهم وأكرم الرجل مخافة شره وظهرت القينات والمعازف وشربت الخمور ولعن آخر هذه الأمة أولها فارتقبوا عند ذلك ريحا حمراء وزلزلة وخسفا ومسخا وقذفا وآيات تتابع كنظام قطع سلكه فتتابع " . رواه الترمذي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئورۇنسىز ئېلىنغان ئولجا، غەنىيمەت، دۆلەت قىلىنسا، (يەنى تەقسىم قىلىنماي، قولدىن ـ قولغا ئۆتىدىغان بايلىق) ئامانەت، غەنىيمەت قىلىنسا، زاكات قەرز قالسا، ئىلىم دىنىنىڭ غەيرىگە ئۆگىتىلسە، ئەر ئايالىغا ئىتائەت قىلسا، ئانىسىغا ۋارقىرىسا، دادىسىنى يىراق قىلىپ، دوستىنى يېقىن قىلسا، ئاۋازلار مەسجىددە كۆتۈرۈلسە، قەبىلىگە پاسىق باشلىق بولسا، قەۋمگە رەزىل كىشى كېپىل بولسا، باش بولسا، ئەر يامان ئەسكىلىكىدىن ھۆرمەتلەنسە، ناخشا ـ مۇزىكا، سازلار، ناخشىچى ئاياللار ئاشكارا بولسا، ھاراقلار ئىچىلسە، بۇ ئۈممەتنىڭ ئەۋۋىلىگە، ئاخىرى لەنەت قىلسا، شۇ چاغدا قىزىل شامالغا، يەر تەۋرەشكە، يەر يۇتۇپ كېتىشكە، سۈرەتلەر، چىرايلار ئۆزگەرتىلىشكە، خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن تىزىق مارجان كەينى ـ كەينىدىن تۆكۈلگەندەك ،ئالامەتلەرگەئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇر، تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5451 – [ 15 ]** ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا فعلت أمتي خمس عشرة خصلة حل بها البلاء " وعد هذه الخصال ولم يذكر " تعلم لغير الدين " قال : " وبر صديقه وجفا أباه " وقال : " وشرب الخمر ولبس الحرير " . رواه الترمذي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم، 15 خىسلەت ئىشنى قىلسا ئۇلارغا بالا ـ قازا چۈشىدۇ، يۇقىرقى خىسلەتلەرنى ساندى، ئىلىمنى تىلغا ئالمىدى، دادىسىغا قوپاللىق قىلىپ، دوستىغا ياخشىلىق قىلىدۇ دەپ ئۆزگەردى، ھاراق ئىچىشكە، يىپەكنى كىيىشنى قوشۇپ سۆزلىدى، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، تىرمىزى بۇ ھەدىس غەرىيپ، پەدەئىنى، جەئىبنى، پۈزلەتنى ئالىملار زەئىپ دېدى دېگەن. بۇخارى رەھمەھۇللا بۇ كىشىنىڭ ھەدىسلىرى مۇنكەر دېدى، مۇسلىمۇ شۇنداق دېدى. ئەبۇ ھاتەم ھەدىسى ھۆججەت ئەمەس دېگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇھەممەد ئىسىملىك يەنە بىر راۋى نامەلۇم، ئېنىق ئەمەس دېيىلدى.

**5452 – [ 16 ]** ( حسن ) وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تذهب الدنيا حتى يملك العرب رجل من أهل بيتي يواطيء اسمه اسمي " رواه الترمذي وأبو داود . وفي رواية له : " لو لم يبق من الدنيا إلا يوم لطول الله ذلك اليوم حتى يبعث الله فيه رجلا مني – أو من أهل بيتي – يواطئ اسمه اسمي واسم أبيه اسم أبي يملأ الأرض قسطا وعدلا كما ملئت ظلما وجورا "

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسمى مېنىڭ ئىسمىمغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ دېيىلىدىغان، مېنىڭ ئەھلى ـ بەيتىمدىن بولغان كىشى ئەرەبلەرگە پادىشاھ بولماي تۇرۇپ بۇ دۇنيا يوقالمايدۇ، يەنى قىيامەت قۇرۇلمايدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بۇ دۇنيادىن پەقەت بىر كۈنلا قالغان بولسىمۇ چوقۇم ئالLاھتائالا شۇ كۈندە ئىسمى مېنىڭ

ئىسمىمغا، دادىسىنىڭ ئىسمى دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدىغان، مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بىر كىشىنى ئەۋەتكەنگە قەدەر شۇ بىر كۈننى ئۇزارتاتتى، بۇ كىشىنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ، قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇ كىشى خۇددى زېمىنغا جەۋرى ــ جاپا، زۇلۇم تولۇپ كەتكەندەك، زېمىنغا ئادىللىقنى، تېنىچلىقنى، بەرىكەتنى تولدۇرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زاماندىن پەقەت بىر كۈن قالغان تەقدىردىمۇ چوقۇم، ئاللاھتائالا مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن، ئائىلەمدىن بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ زېمىنغا خۇددى جەۋرى زۇلۇم تولۇپ كەتكەندەك، ئادىللىقنى تولدۇرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ، ئىمام مەھدى شۇ دېدى، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن چىقىدۇ، مانا بۇمۇ قىيامەتنىڭ بىر ئالامىتىدۇر.

**5453 – [ 17 ]** ( صحيح ) **وعن أم سلمة قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " المهدي من عترتي من أولاد فاطمة " . رواه أبو داود**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام مەھدى مېنىڭ ئائىلەمدىن، ئەھلىمدىن، پاتىمەنىڭ باللىرىدىن چىقىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام مەھدى بىزنىڭ ئەھلى بەيتتىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئاللاھ ئۇنى بىر كېچىدىلا ئىسلاھ قىلىپ، سالىھ، ياخشى كىشى قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5454 – [ 18 ]** ( حسن ) **وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المهدي مني أجلى الجبهة وأقنى الأنف يملأ الأرض قسطا وعدلا كما ملئت ظلما وجورا يملك سبع سنين " . رواه أبو داود**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەھدى مەندىن يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمدىن پاتىمەنىڭ باللىرىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ چېچى يوق، رۇشەندۇر، بۇرنى ئىنچىكە، ئۇزۇندۇر، زېمىنغا خۇددى جەۋرى ــ جاپا، زۇلۇم لىق تولغاندەك ئۇ ئادىللىقنى، تېنىچلىقنى بەرىكەتنى لىق توللايدۇ. ئۇ يەتتە يىل پادىشاھ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3736 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2158 ــ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، ھەسەن. ئىمام مەھدى ئاخىر زاماندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇشتىدىن پاتىمە دېگەن قىزىنىڭ باللىرىدىن تەبىيلا چىقىدۇ، مەيدانغا كېلىدۇ. ئىسمى، فامىلىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشايدۇ، بىز شۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز، سىرلىقلاشتۇرمايمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەننى دەيمىز، سۈكۈتتە سۈكۈت قىلىمىز.

**5455 – [ 19 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم في قصة المهدي قال : " فيجيء إليه الرجل فيقول : يا مهدي أعطني أعطني . قال : فيحثي له في ثوبه ما استطاع أن يحمله " . رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمام مەھدىينىڭ قىسسىسىدە مۇنداق دېگەن:ئۇنىڭ قېشىغا كىشىلەر كېلىپ؛ ئى مەھدىي! ماڭا بەرگىن، ماڭا نەرسە بەرگىن دەيدۇ، مەھدىي ئۇكىشىنىڭ كىيىمىگە ئۇكۆتۈرۈشكە قادىر بولالىغىدەك كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى چاڭگاللاپلا بولۇپ بېرىدۇ.تىرمىز

**5456 – [ 20 ]** ( ضعيف )**وعن أم سلمة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يكون اختلاف عند موت خليفة فيخرج رجل**

من أهل المدينة هاربا إلى مكة فيأتيه الناس من أهل مكة فيخرجوه وهو كاره فيبايعونه بين الركن والمقام يبعث إليه بعث من الشام فيخسف بهم بالبيداء بين مكة والمدينة فإذا رأى الناس ذلك أتاه أبدال الشام وعصائب أهل العراق فيبايعونه ثم ينشأ رجل من قريش أخواله كلب فيبعث إليهم بعثا فيظهرون عليهم وذلك بعث كلب ويعمل الناس بسنة نبيهم ويلقي الإسلام بجرانه في الأرض فيلبث سبع سنين ثم يتوفى ويصلي عليه المسلمون " . رواه أبو داود

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىختىلاپ خەلىپە ئۆلگەندە يۈز بېرىدۇ، مەدىنە ئەھلىدىن بىر ئەر مەككىگە قېچىپ چىقىدۇ، مەككە خەلقى چىقىپ ئۇ ياقتۇرمىسىمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ، ئورنى كەئبىدىكى مەقامى ئىبراھىم بىلەن رۇكنى دېگەن تاشتۇر. ئاندىن بۇ كىشىگە شامدىن (ھازىرقى سۈرىيەلەر) قوشۇن ئەۋەتىلىدۇ، بۇلارنى مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى بەيدائ دېگەن جايدا يەر يۇتىدۇ، كىشىلەر ئۇنى كۆرگەندە، بۇ كىشى يېنىغا شامدىكى ئابدال، ئەۋلىيالارمۇ، ئىراق ئەھلىمۇ كېلىپ بەيئەت قىلىدۇ، ئاندىن قۇرەيشدىن بىر ئەر چىقىدۇ، تاغىللىرى ئىتتۇر، ئۇلارغا قوشۇن ئەۋەتىلىدۇ، لېكىن، ئۇلار غالىپ كېلىدۇ، ئۇ بولسا، ئىت قوشۇنى، كىشىلەر بولسا، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بويىنچە ئەمەل قىلىدۇ، ئىسلام دىنىنى زېمىندىكى خوشنىلىرىغا تاشلايدۇ، بۇ كىشى يەتتە يىل تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، مۇسۇلمانلار نامازنى چۈشۈرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

5457 – [ 21 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : ذكر رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بلاء يصيب هذه الأمة حتى لا يجد الرجل ملجأ يلجأ إليه من الظلم فيبعث الله رجلا من عترتي وأهل بيتي فيملأ به الأرض قسطا وعدلا كما ملئت ظلما وجورا يرضى عنه ساكن السماء وساكن الأرض لا تدع السماء من قطرها شيئا إلا صبته مدرارا ولا تدع الأرض من نباتها شيئا إلا أخرجته حتى يتمنى الأحياء الأموات يعيش في ذلك سبع سنين أو ثمان سنين أو تسع سنين " . رواه

ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، زېمىنغا ئادىللىقنى تولدۇرىدىغان، ئاسمان ــ زېمىن ئەھلى رازى بولىدىغان، يەتتە ياكى سەككىز ياكى توققۇز يىل تۇرىدىغان ئەر توغرىسىدىكى ھەدىسنى يەنى مەھدىي توغرىسىدىكى ھەدىسنى ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن،

5458 – [ 22 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يخرج رجل من وراء النهر يقال له : الحارث حراث على مقدمته رجل يقال له : منصور يوطن أو يمكن لآل محمد كما مكنت قريش لرسول الله وجب على كل مؤمن نصره – أو قال : إجابته – " . رواه أبو داود

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىز، دەريا ئارقىسىدىن ھارىس ھەرراس ئىسىملىك بىر ئەر چىقىدۇ، قوشۇنىغا مەنسۇر ئىسىملىك كىشى قوماندان بولىدۇ، ئۇ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىگە خۇددى قۇرەيش ئىمكانىيەت بەرگەندەك ئىمكانىيەت بېرىدۇ، ۋەتەن بېرىدۇ، ھەربىر مۆئمىننىڭ ئۇ كىشىگە ياردەم بېرىشى، چاقىرقىغا ئاۋاز قوشۇشى ۋاجىپ بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ زەئىپ دېگەن،

5459 – [ 23 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده لا تقوم الساعة حتى تكلم السباع الإنس وحتى تكلم الرجل عذبة سوطه وشراك نعله ويخبره فخذه بما أحدث أهله بعده "رواه الترمذي

| |
|---|
| ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋان ئىنسانغا سۆز قىلمىغىچە، كىشى قامچىسىنىڭ دەستىسىگە بىر تەرىپىگە ۋە ئايىغىنىڭ يىپىغا سۆز قىلمىغىچە، ئۇ كىشىگە يوتىسى (يەنى يوتىسىدىكى نەرسە) ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەھلى پەيدا قىلغان، سادىر قىلغان ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمىگىچە ھەرگىز قىيامەت قايىم بولمايدۇ. تىرمىزى 2107 ــ ھەدىس، ئەھمەد 11365 ــ ھەدىس، ئەھمەد 11413 ــ ھەدىستە خەۋەر قىلىدىغىنى، ئايىغى، قامچىسى، ھاسىسى قاتارلىقلار بار. بۇنى ھاكىم، ئىبنى ھەببانلارمۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئالىملار: ئۇ نەرسىنى تېلىفون، چاقىرغۇقاتارلىقلار شۇ، ئۆز ئەينى شۇ دىدى. مەن تور بېتىدىن بىر شېرنىڭ ئاللاھ! ئاللاھ!!! دېگەن سۆزنى قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىدىم،كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇندىن باشقا ئىشلارمۇ بار، بۇ ھەدىسنىڭ 1000 يىل بۇرۇنقى ئەسلى نۇسخىسى ساقلاقلىق باردۇر. ئىلغار ئۇسكىنىدە تەكشۈرۈلسە بولىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ رۇشەن مۆجىزىسىدۇ |
| **5460 – [ 24 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن أبي قتادة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : الآيات بعد المائتين " . رواه ابن ماجه**<br><br>ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت ئالامەتلىرى 200دىن كېيىن بولىدۇ. ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.بۇ200 نامەلۇم. |
| **5461 – [ 25 ] ( ضعيف )وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا رأيتم الرايات السود قد جاءت من قبل خراسان فأتوها فإن فيها خليفة الله المهدي " . رواه أحمد والبيهقي في " دلائل النبوة "**<br><br>سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاراساندىن كەلگەن قارا بايراقلارنى كۆرسەڭلار، دەرھال بېرىڭلار، ئۇلار ئىچىدە ئاللاھنىڭ مەھدى ئىسىملىك خەلىپىسى بار، ئەھمەد بىلەن بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. |
| **5462 – [ 26 ] ( ضعيف )وعن أبي إسحاق قال : قال علي ونظر إلى ابنه الحسن قال : إن ابني هذا سيد كما سماه رسول الله صلى الله عليه وسلم وسيخرج من صلبه رجل يسمى باسم نبيكم يشبهه في الخلق – ثم ذكر قصة – يملأ الأرض عدلا . رواه أبو داود ولم يذكر القصة**<br><br>ئەبۇ ئىسھاقدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىسى ھەسەنگە قاراپ مۇنداق دېگەن: بۇ بالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەك سەييىد خوجا بولىدۇ، ئۇنىڭ سۈلبىدىن، پۇشتىدىن ئىسمى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمىغا، ھەتتا يارىلىشىمۇ ئوخشايدىغان بىر ئەر چىقىدۇ دەپ زېمىنغا ئادىللىقنى تولدۇرىدىغان قىسسىنى سۆزلىگەن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلەپ، قىسسىنى يازمىغان، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ 6734 ـ، 6735 ـ، 6736 ــ ھەدىسلىرىدە مەھدى توغرىسىدا سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەرنى يازغان، ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. |
| **5463 – [ 27 ] وعن جابربن عبد الله قال : فقد الجراد في سنة من سني عمر التي توفي فيها فاهتم بذلك هما شديدا فبعث إلى اليمن راكبا وراكبا إلى العرق وراكبا إلى الشام يسأل عن الجراد هل أرى منه شيئا فأتاه الراكب الذي من قبل اليمن بقبضة فنثرهابين يديه فلما رآها عمر كبر وقال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : إن الله عز وجل خلق ألف أمة ستمائة منها** |

في البحر وأربعمائة في البر فإن أول هلاك هذه الأمة الجراد فإذا هلك الجراد تتابعت الأمم كنظام السلك رواه البيهقي في شعب

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغان يىلى، چېكەتكىلەر يۇقاپ كەتتى، ئۇ قاتتىق غەم قىلىپ، يەمەن، ئىراق، شام تەرەپلەرگە چېكەتكىنىڭ خەۋىرىنى سوراپ كىلىشكە، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە كۆرەلەمدۇ-يوق بىلىپ كىلىشكە ئاتلىك كىشىلەرنى ئەۋەتتى، يەمەن تەرەپتىن كەلگەن ئاتلىق كىشى، بىر چاڭگال چېكەتكىنى ئىلىپ كىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا چېچىپ قويۇپ قويدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن الله ئەكبەر!دەپ تەكبىر ئەيتىپ كىتىپ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:الله تائالا ، 1000ئۇممەت ياراتتى، ئۇنىڭدىن 600 ئۇممەت دىڭىزدا، 400ى قۇرۇقلىقتىدۇر، بۇ ئۇممەتلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ ھالاك بولىدىغىنى(يەنى ئۆلۈپ تۈگەيدىغىنى)چېكەتكىدۇر، ئەگەر چېكەتكىلەر ئۆلۈپ تۈگىسە، قالغان بارلىق ئۇممەتلەر خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجانلار كەينى-كەينىدىن تۆكۈلگەندەك، كەينى-كەينىدىن ھالاك بولۇپ تۈگەيدۇ.(يەنى قىيامەت قايىم بولىدۇ)دىدى.بەيھەقى تويلىغان.

## باب العلامات بين يدي الساعة وذكر الدجال – الفصل الأول

## قىيامەتنىڭ ئالدىدىكى ئالامەتلەر، ۋە دەججالنىڭ بايانى توغرىسىدا

**5464 – ( صحيح ) عن حذيفة بن أسيد الغفاري قال : اطلع النبي صلى الله عليه وسلم علينا ونحن نتذاكر . فقال : " ما تذكرون ؟ " . قالوا : نذكر الساعة . قال : " إنها لن تقوم حتى تروا قبلها عشر آيات فذكر الدخان والدجال والدابة وطلوع الشمس من مغربها ونزول عيسى بن مريم ويأجوج ومأجوج وثلاثة خسوف : خسف بالمشرق وخسف بالمغرب وخسف بجزيرة العرب وآخر ذلك نار تخرج من اليمن تطرد الناس إلى محشرهم " . وفي رواية : " نار تخرج من قعر عدن تسوق الناس إلى المحشر " . وفي رواية في العاشرة " وريح تلقي الناس في البحر " . رواه مسلم**

ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز مۇزاكىرە قىلىشىۋاتساق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ؛ نىمىنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتىسىلەر؟دىدى، بىز؛ قىيامەت توغرىسىدا دىسەك مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئون ئالامەتلەر يۈز بەرمەي تۇرۇپ قايىم بولمايدۇ، ئۇلار بولسا، 1- دوخان، تۈتۈن، 2- دەججالنىڭ چىقىشى، 3- سۆزلىگۈچى ھايۋاننىڭ چىقىشى، 4- قۇياشنىڭ كىرگەن يېرىدىن چىقىشى، 5- ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇپ كېتىشنىڭ بىرىسى مەشرىقتە، 6- يەنە بىرسى مەغرىپتە، 7- يەنە بىرسى بولسا، ئەرەب ئاراللىرىدا بولىدۇ، 8- ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەججالنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈشى، 9- يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنىڭ توساقلىرى ئېچىلىپ ئۇلارنىڭ چىقىشى، 10- يەمەندىكى ئەدنى دىگەن شەھەرنىڭ بىر چېتىدىن ئوت چىقىپ، كىشىلەرنى مەھشەرگە تويلايدۇ، ئوت ئۇلار بىلەن بىللە چۈشۈپ نەدە كەچ قىلسا، شۇ جايدا كەچ قىلىدۇ، قەيەردە ئارام ئالسا، شۇ جايدا بىللە تۇرىدۇ، بەزى خاتىرىدە ئوچۇقلا يەمەندىن چىقىپ، كىشىلەرنى مەھشەرگە قوغلايدۇ،10-بىرخىل شامال چىقىپ كىشىلەرنى دېڭىزغا تاشلايدۇ دېيىلگەن، مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇت، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.ئالىملار بۇ ئالامەتلەر مۇتىۋاتىر دىگەن.

**5465 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بادروا بالأعمال ستا . الدخان والدجال ودابة الأرض وطلوع الشمس من مغربها وأمر العامة وخويصة أحدكم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالتە ئىشنىڭ يىتىپ

كېلىشىدىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار، 1. كەڭ كۆلەملىك تۇتۇن، گاز. 2. دەججالنىڭ چىقىشى، 3. زېمىندىن ھايۋاننىڭ چىقىپ سۆزلىشى، 4. كۈننىڭ كىرگەن جايى مەغرىپتىن چىقىشى، 5. ئاۋام خەلقنىڭ ئۆلۈمى قىيامەتتىن بۇرۇن، 6. ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆلۈمى يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن، ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار .مۇسلىم ، ئەھمەد 8910 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5466 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : إن أول الآيات خروجا طلوع الشمس من مغربها وخروج الدابة على الناس ضحى وأيهما ما كانت قبل صاحبتها فالأخرى على أثرها قريبا "رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت ئالدىدىكى ئالامەتلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ چىقىدىغىنى، قۇياشنىڭ كىرگەن جايىدىن چىقىشىدۇر، ئىنسانلارغا چاشكا ۋاقتى بىلەن سۆزلەيدىغان ھايۋاننىڭ چىقىشىدۇر، بۇ ئىككى ئالامەتنىڭ قايسىسى يەنە بىرسىدىن بۇرۇن يۈز بەرسە، يەنە بىرسىمۇ ئۇنىڭغا بەكلا يېقىندۇر، ئەگىشىپلا كېلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ تۇنجىسى قۇياشنىڭ كىرگەن جايىدىن چىقىشىدۇر، (ئاندىن قالغانلىرى يۈز بېرىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5467 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ثلاث إذا خرجن ( لا ينفع نفسا إيمانها لم تكن آمنت من قبل أو كسبت في إيمانها خيرا ) طلوع الشمس من مغربها والدجال ودابة الأرض " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەرسە چىقسا، «ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئىمانىدا بىرەر ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان كىشىلەرگە ئىمانى ياخشىلىقلىرى پايدا _ مەنپەئەت قىلمايدۇ»، (چۈنكى، بۇ ئۈچ نەرسە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى).

1. كۈننىڭ كىرگەن جايىدىن چىقىشى. 2. دەججالنىڭ چىقىشى.

3. زېمىننىڭ سۆزلەيدىغان ھايۋىنى چىقسا، ھېچ كىشىگە ئىمان پايدا _ مەنپەئەت بەرمەيدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5468 – [ 5 ] ( متفق عليه ) وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم حين غربت الشمس : " أين تذهب ؟ " . قلت : الله ورسوله أعلم . قال : " فإنها تذهب حتى تسجد تحت العرش فتستأذن فيؤذن لها ويوشك أن تسجد ولا يقبل منها وتستأذن فلا يؤذن لها ويقال لها : ارجعي من حيث جئت فتطلع من مغربها فذلك قوله تعالى " ( والشمس تجري لمستقر لها ) قال : " مستقرها تحت العرش " . متفق عليه**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن كىرگەن چاغدا مۇنداق دېگەن: بۇ قۇياشنىڭ قەيەرگە بارىدىغىنىنى بىلەمسىلەر؟ بىز **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى ئالىم دېسەك، ھەقىقەتەن بۇ ئەرشى ئەھتىدىكى قارارگاھقا بارغانغا قەدەر ماڭىدۇ، ئاندىن ئۇ بىرىپ سەجدە قىلىپ يىقىلىدۇ، ئۇ سەجدىدە بىشىڭنى كۆتۈرا! كەلگەن يىرىڭگە قايتقىن! دىيىلگەنگە قەدەر تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ قايتىپ يەنە چىقىدىغان جايىدىن چىقىدۇ، يەنە مېڭىپ، يەنە شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ ئىزنى سورىسا ئىزنى بىرىلمەي ئۇنىڭغا يەنە شۇ سۆز قىلىنىدۇ، ئۇ يەنە قايتىپ چىقىدىغان جايىدىن چىقىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى ئىنكار قىلمايدۇ، يەنى بۇ خىل ئىشلار

قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ، كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ، ئاخىرىدا ئۇ ئەرشى تەھتىدە يەنە سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بىشىڭنى كۆتۈر! ئەتە كىرگەن جايىڭدىن چىق دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەتىسى كىرگەن جايىدىن چىقىدۇ، بۇ ئىشنىڭ قاچان بولىدىغىنىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسا، ھېچبىر نەپسكە بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، ئىمانىدا ياخشىلىق قىلمىغان بولسا، ئىمانى مەنپەئەت بەرمەيدىغان چاغدا يۈز بېرىدۇ، «بۇ قىيامەت ئالامىتى»ئەشۇ بولسا الله نىڭ سۈرە ياسىندىكى «كۈن ئۆزىنىڭ قارارگاھىغاقاراپ ماڭىدۇ»دېگەن سۆزىدۇر، ئۇنىڭ قارارگاھى ئەرشنىڭ ئاستىدىدۇر.بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ . بۇ سەھىھ ھەدىس مەڭگۈ مۆجىزە ئورۇنىدا تۇرماقتا، قۇياش زىمىنغا كىرمەستىن ماڭىدىكەن، زىمىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، كىرگەن جايىدىن قانداق چىقىدۇ؟ ئالىملار قۇياش ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىر كېچە ــ كۈندۈزدە 17 مىليون 28 مىڭ كىلومېتىر ماڭىدۇ دېگەن، ئاللاھ ئالىم. بۇ توغرىسىدا سۈرە ياسىندا ئوچۇق قىلىپ قۇياش ماڭىدۇ، ئۆز يەلكىدە سەيرە قىلىدۇ دېيىلگەن.

**5469 – [ 6 ]** ( صحيح ) وعن عمران بن حصين قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما بين خلق آدم إلى قيام الساعة أمر أكبر من الدجال " . رواه مسلم

ھىشام ئىبنى ئامىر،ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم يارالغاندىن باشلاپ، تا قىيامەت قايىم بولغىچە، دەججالنىڭ پىتنىسىدىنمۇ چوڭىراق نەرسە يوقتۇر، ئۇ بەك چوڭ ئىشتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5470 – [ 7 ]** ( متفق عليه ) وعن عبد الله قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله لا يخفى عليكم إن الله تعالى ليس بأعور وإن المسيح الدجال أعور عين اليمنى كأن عينه عنبة طافية " . متفق عليه

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۇممىتىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق پەيغەمبەرلەر دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، ھەقىقەتەن دەججال سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىشىدىن ھېچ نەرسە سىلەرگە مەخپىي بولمايدۇ، دەججالمۇ سىلەرگە مەخپىي بولمايدۇ. ھەقىقەتەن رەببىڭلار الله سىلەرگە مەخپىي بولمايدۇ، الله نىڭ بىركۆزى كور ئەمەس، دەججالنىڭ بولسا ئوڭ كۆزى كوردۇر، ئۇنىڭ كۆزى خۇددى سوقا ئۈزۈمدەك ئۆرلەڭگۈ، كۆكتۇر.بۇخارى،مۇسلىم.

**5471 – [ 8 ]** ( متفق عليه ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من نبي إلا أنذر أمته الأعور الكذاب ألا إنه أعور وإن ربكم ليس بأعور مكتوب بين عينيه : ك ف ر " . متفق عليه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر بولىدىكەن، ئۇ ئۈممىتىنى بىر كۆزى كور، كاززاپ دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، ئاگاھ بولۇڭلار، دەججالنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەقىقەتەن رەببىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس. (الله نىڭ قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر)، دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا، پىشانىسىغا «ك ف ر» دەپ يېزىقلىقتۇر، ئۇنى ھەر قانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ، بۇخارى،مۇسلىم. تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق پەيغەمبەر ئۈممىتىنى بىر كۆزى كور كاززاپ دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، ئاگاھ بولۇڭلار، دەججالنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلار بىر كۆزى

| |
|---|
| كور ئەمەس، دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا، پىشانىسىغا (كافىر) دەپ يېزىقلىق بولۇپ، ئۇ خەتنى ھەر قانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن ئاللاھتائالانىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق، ئىككى كۆزى باردۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار دېدى، بىزمۇ بار دېدۇق، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر، كۆزى بارلىقى مەلۇم، كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان، ئېتىقاد ۋاجىپ، كەيپىياتتىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر. |
| **5472 – [ 9 ]** ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :ألا أحدثكم حديثا عن الدجال ماحدث به نبي قومه ؟ :إنه أعور وإنه يجيء معه بمثل الجنة والنار فالتي يقول : إنها الجنة هي النار وإني أنذركم كما أنذر به نوح قومه<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا مەندىن بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەر قەۋمىگە سۆزلەپ بەرمىگەن بىر سۆزنى سۆزلەپ بەرمەيمۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇ بىر كۆزى كوردۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەننەت، دوۋزاخنىڭ مىسالى، ئوخشاش سۈرىتى بار، ئۇنىڭ جەننەت دېگىنى دوۋزاخدۇر، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇنىڭ ئوت دېگىنى مۇزلۇق سۇدۇر) ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى دەججالدىن خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرغاندەك ئاگاھلاندۇرىمەن، بۇخارى،مۇسلىم بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ۋە ھازىر ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ دەججالدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىشى، يامانلىقتا، رەزىللىككە، مۇنكەر ئىشقا، باتىلغا، دىنسىزلىقتا قارشى تۇرۇشدۇر، دۈشمەنگە ئالدىن تەييارلىق قىلىشدۇر، ئەددىيدە جەڭ قىلىشتۇر، شەكسىز ئىشەنگەن ئىماندۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم، دەججال چوقۇم چىقىدۇ. |
| **5473 – [ 10 ]** ( متفق عليه ) وعن حذيفة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال :إن الدجال يخرج وإن معه ماء ونارا فأما الذي يراه الناس ماء فنار تحرق وأما الذي يراه الناس نارا فماء بارد عذب فمن أدرك ذلك منكم فليقع في الذي يراه نارا فإنه ماء عذب طيب "وزاد مسلم : إن الدجال ممسوح العين عليها ظفرة غليظة مكتوب بين عينيه كافر يقرؤه كل مؤمن كاتب وغير كاتب<br><br>ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دەججال چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن سۇ ھەم ئوت باردۇر، ئەمما كىشىلەر، مۇزلۇق سۇ دەپ گۇمان قىلغان نەرسە بولسا، ئەمەلىيەتتە، كۆيدۈرىدىغان ئوتتۇر، ئەمما، كىشىلەر ئوت دەپ گۇمان قىلغان نەرسە، ئەمەلىيەتتە سوغۇق تاتلىق سۇدۇر، سىلەردىن كىم شۇ ئەھۋالنى تاپسا، دەججالنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلسە، ئوت دەپ گۇمان قىلغان نەرسىگە ئىككىلەنمەي سەكرەپ چۈشسۇن، چۈنكى، ئۇ تاتلىق سوغۇق سۇدۇر، ھەقىقەتەن دەججالنىڭ سول كۆزى (بىر خاتىرىدە ئوڭ كۆزى) سىلىقتەكىنەدەكلا كوردۇر، كۆزىنىڭ ئۈستىدە يىپىپ تۇرىدىغان قىلىن تېرە باردۇر، ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىغا «كافىر» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ خەتنى كاتىپ بولسۇن ياكى خەت يازالمايدىغان مۆئمىن بولسۇن، ھەر قانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ، ئوقۇشنىڭ (شەرتى مۆئمىن بولۇشتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (دەججال بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ بىلەن كىشىلەرنى سىناپ، ئازدۇرىدۇ، ئىلاھلىق داۋاسى قىلىدۇ، ئۇنىڭدا سېھرىگەرلىك بار، جىنلار ھەمكارلىشىدۇ، شەيتان ياردەمچى بولىدۇ، بەندىلەرنى سىناش ئۈچۈن ھەرخىل ئىشلار باردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار، ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، پىشانىسىدە كافىر دېگەن خەت يېزىقلىق بولىدۇ) |
| **5474 – [ 11 ]** ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الدجال أعور العين اليسرى جفال الشعر معه |

جنته وناره فناره جنة وجنته نار " . رواه مسلم

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججالنىڭ سول كۆزى كوردۇر، ئۇنىڭ تولۇكلىرى بەك كۆپ، قويۇقتۇر، (چۈنكى ئۇ ئۇزۇن باغلاقتا تۇرغان) ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەننەت، دوۋزاخنىڭ تەقلىدى كۆرۈنۈشى باردۇر، ئۇنىڭ دوۋزاخ دىگىنى جەننەتتۇر، جەننەت دىگىنى دوۋزاختۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5475 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن النواس بن سمعان قال : ذكر رسول الله صلى الله عليه وسلم الدجال فقال : " إن يخرج وأنا فيكم فأنا حجيجه دونكم وإن يخرج ولست فيكم فامرؤ حجيج نفسه والله خليفتي على كل مسلم إنه شاب قطط عينه طافيه كأني أشبهه بعبد العزى بن قطن فمن أدركه منكم فليقرأ عليه فواتح سورة الكهف " . وفي رواية " فليقرأ عليه بفواتح سورة الكهف فإنها جواركم من فتنته إنه خارج خلة بي الشام والعراق فعاث يمينا وعاث شمالا يا عباد الله فاثبتوا " . قلنا : يا رسول الله وما لبثه في الأرض ؟ قال : " أربعون يوما يوم كسنة ويوم كشهر ويوم كجمعة وسائر أيامه كأيامكم " . قلنا : يا رسول الله فذلك اليوم الذي كسنة أتكفينا فيه صلاة يوم . قال : " لا اقدروا له قدره " . قلنا : يا رسول الله وما إسراعه في الأرض ؟ قال : " كالغيث استدبرته الريح فيأتي على القوم فيدعوهم فيؤمنون به فيأمر السماء فتمطر والأرض فتنبت فتروح عليهم سارحتهم أطول ما كانت ذرى وأسبغه ضروعا وأمده خواصر ثم يأتي القوم فيدعوهم فيردون عليه قوله فينصرف عنهم فيصبحون ممحلين ليس بأيديهم شيء من أموالهم ويمر بالخربة فيقول لها : أخرجي كنوزك فتتبعه كنوزها كيعاسيب النحل ثم يدعو رجلا ممتلئا شبابا فيضربه بالسيف فيقطعه جزلتين رمية الغرض ثم يدعوه فيقبل ويتهلل وجهه يضحك فبينما هو كذلك إذ بعث الله المسيح بن مريم فيترل عند المنارة البيضاء شرقي دمشق بين مهروذتين واضعا كفيه على أجنحة ملكين إذا طأطأ رأسه قطر وإذا رفعه تحدرمنه مثل جمان كاللؤلؤ فلا يحل لكافر يجد من ريح نفسه إلا مات ونفسه ينتهي حيث ينتهي طرفه فيطلبه حتى يدركه بباب لد فيقتله ثم يأتي عيسى إلى قوم قد عصمهم الله منه فيمسح عن وجوههم ويحدثهم بدرجاتهم في الجنة فبينما هو كذلك إذ أوحى الله إلى عيسى : إني قد أخرجت عبادا لي لا يدان لأحد بقتالهم فحرز عبادي إلى الطور ويبعث الله يأجوج ومأجوج ( وهم من كل حدب ينسلون ) فيمر أوائلهم على بحيرة طبرية فيشربون ما فيها ويمر آخرهم ويقول : لقد كان بهذه مرة ماء ثم يسيرون حتى ينتهوا إلى جبل الخمر وهو جبل بيت المقدس فيقولون لقد قتلنا من في الأرض هلم فلنقتل من في السماء فيرمون بنشابهم إلى السماء فيرد الله عليهم نشابهم مخضوبة دما ويحصر نبي الله وأصحابه حتى يكون رأس الثور لأحدهم خيرا من مائة دينار لأحدكم اليوم فيرغب نبي الله عيسى وأصحابه فيرسل الله عليهم النغف في رقابهم فيصبحون فرسى كموت نفس واحدة ثم يهبط نبي الله عيسى وأصحابه إلى الأرض فلا يجدون في الأرض موضع شبر إلا ملأه زهمهم ونتنهم فيرغب نبي الله عيسى وأصحابه إلى الله فيرسل الله طيرا كأعناق البخت فتحملهم فتطرحهم حيث شاء الله " . وفي رواية " تطرحهم بالنهبل ويستوقد المسلمون من قسيهم ونشابهم وجعابهم سبع سنين ثم يرسل الله مطرا لا يكن منه بيت مدر ولا وبر فيغسل الأرض حتى يتركها كالزلفة ثم يقال للأرض : أنبتي ثمرتك وردي بركتك فيومئذ تأكل العصابة من الرمانة ويستظلون بقحفها ويبارك في الرسل حتى إن اللقحة من الإبل لتكفي الفئام من الناس واللقحة من البقر لتكفي القبيلة من الناس واللقحة من الغنم لتكفي الفخذ من الناس فبينا هم كذلك إذ بعث الله ريحا طيبة فتأخذهم تحت آباطهم فتقبض روح كل مؤمن وكل مسلم ويبقى شرار الناس يتهارجون فيها تمارج الحمر فعليهم تقوم الساعة "

**رواه مسلم إلا الرواية الثانية وهي قوله : " تطرحهم بالنهبل إلى قوله : سبع سنين " . رواها الترمذي**

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنى سىلەردىن ئەنسىرەتكىنى دەججالدىن باشقا نەرسىدۇر ياكى دەججالدىن باشقا نەرسە مىنى سىلەرگە ئەنسىرىتەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇ مەن ئاراڭلاردىكى چاغدا چىقىپ قالسا، مەن سىلەرنى قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىمەن، مەن غالىپ كېلىمەن، ئەگەر ئۇ ئاراڭلاردا مەن يوق چاغدا چىقىپ قالسا، ھەربىر ئىنسان ئۆزى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ، دەججالغا قارشى چىڭ تۇرىدۇ، ئاللاھتائالا ھەربىر مۇسۇلمانغا مېنىڭ خەلىپەم، ئىز باسارىم بولۇپ ياردەم بېرىدۇ، ھەقىقەتەن دەججال: يىرىك چاچلىق، چېچى قاتتىق بۇدرە، بىر كۆزى ئورسىز، خۇددى ئۈزۈمدەك ئۆرلەپ قالغاندۇر، مەن ئۇنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قەتەنگە ئوخشىتىمەن، سىلەردىن كىم دەججالنى تاپسا، ئۇنىڭغا قارشى سۈرە كەھپىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن،بۇ سىلەرنى ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئەمىن ساقلاپ قالىدۇ، دەججال شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىكى تاشلىق بىر زىمىندىن چىقىدۇ، ئۇ ئوڭ تەرەپكە، سول تەرەپكە قاتتىق پىتنە ــ پاسادلار بىلەن ئالدىرايدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مۇستەھكەم، چىڭ تۇرۇڭلار، سۇباتلىق بولۇڭلار، ساھابىلار، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇ زىمىندا قانچىلىك تۇرىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ 40 كۈن تۇرىدۇ، تۇنجى بىر كۈن بىر يىلدەك. ئىككىنچى كۈن بىر ئايدەك، يەنە بىر كۈن بىر ھەپتىدەك بولۇپ، قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ ھازىرقى كۈنلىرىڭلارغا ئوخشاشتۇر دېدى، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاشۇ بىر كۈن بىر يىلدەك بولسا، شۇ بىر يىلدەك بىر كۈن ئىچىدە ھازىرقى بىر كۈنلۈك نامىزىمىز كۇپايە بولامدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، ھەرگىز كۇپايە بولمايدۇ، ئۇ كۈننى ھازىرقى مۇشۇ كۈنگە ئۆلچەڭلار، مىقدارىنى ئۆلچەپ شۇ ئۇزۇن بىر كۈندە بىر يىللىق نامازنى ئوقۇيسىلەر دەپ جاۋاب بەردى، ئۇلار دەججالنىڭ زىمىندىكى ئالدىراش سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ خۇددى شامال، بوران قالدۇرغان يامغۇردۇر، يەنى بوراندەك تېزلىكتە زىمىننى ئايلىنىدۇ دېدى، دەججال مەلۇم بىر قەۋمگە كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرىدۇ، چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدۇ، ئۇ ئاسماننى بۇيرۇيدۇ، ئاسمان يامغۇر ياغدۇرىدۇ، زىمىننى بۇيرىسا زىرائەت، ئوت ــ چۆپلەرنى مول ئۈندۈرىدۇ، ئۇلارغا چاھارپاي، ھايۋانلىرى كەچ تەرەپتە لوكىسى ناھايىتى ئىگىز، بويى ئۆسكەن يىلىنلىرى سۈتكە تولغان، قورساقلىرى تويۇپ، تازا چىققان ھالەتتە قايتىپ كېلىدۇ، (يەنى بىر كۈندىلا سەمرىپ كېتىدۇ،) ئاندىن ئۇ يەنە بىر قەۋمگە كېلىپ، ئۇلارنى چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىدۇ، دەججال ئۇلاردىن قايتىپ كېتىدۇ، ئۇلار قەھەتچىلىككە قېلىپ، قوللىرىدا ھېچ نەرسە قالمايدۇ، مال ــ مۈلۈكلىرى تۆگەپ كېتىدۇ، دەججال بىر خارابىلىقدىن ئۆتۈپ، ئۇ جايغا؛ ئالتۇن ــ كۈمۈش كانلىرىڭنى چىقارغىن دەيدۇ، ئاندىن ئۇ جاينىڭ كانلىرى دەججالغا خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ جامائەت توپى ئەگەشكەندەك

ئەگىشىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ، تولغان، ياش، سېمىز بىر يىگىتنى چاقىرىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ئىككى پارچە قىلىپ، ئوقيانى نىشانغا ئاتقاندەك يىراققا ئېتىۋېتىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ يىگىتنى چاقىرسا، يىگىت يۈزلىرى نۇرلانغان، كۈلۈمسىرىگەن هالدا خۇشخۇي چىراي بىلەن ئالدىنى قىلىپ كېلىدۇ، ئۇلار شۇ هالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئاللاھتائالا مەريەم ئوغلى ئەيسانى ئەۋەتىدۇ، ئەيسا، (هازىرقى سۇرىيەنىڭ پايتەختى) دەمەشىقنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا زەئپىران بىلەن بويالغان ئىككى تون ئارىسىدا ئىككى قولىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان هالدا چۈشىدۇ، ئۇ بېشىنى پەس قىلسا، تامچىلار چۈشىدۇ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرسە ئۈنىڭدىن خۇددى گۆھەر دانچىلىرىدەك تەر چۈشىدۇ، ھەرقانداق كاپىر، دىنىسىز ئۇنىڭ نەپەس پۇرىقىنى تاپسا، شۇ هامان ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ نەپەس پۇراقلىرى كۆزى يەتكەن جايغا يېتىدۇ، ئاندىن ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى لود دىگەن جاينىڭ ئىشىكىدە تېپىپ، شۇ جايدىلا ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، ئاندىن ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا، ئاللاھتائالا دەججالدىن ساقلاپ، مۇھاپىزەت قىلىپ قالغان قەۋملەر كېلىدۇ، ئەيسا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇلار شۇ هالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز، ئاللاھتائالا، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھى قىلىدۇ: ھەقىقەتەن مەن نۇرغۇن بەندىلەرنى چىقىرىۋېتىمەن، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھېچبىر كىشى ئۇچۇن كۈچ _ قۇدرەت يوق، سەن بۇ بەندىلىرىمنى تۇر تېغىغا يىغقىن! (ئەيسا، مۇسۇلمانلار بىلەن تۇر تېغىغا جايلاشقاندا) ئاللاھتائالا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ھەربىر ئېگىز جايلاردىن ئالدىرىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلكى قوشۇنلىرى تەبرىييە دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىكى سۇنى ئىچىپ تۈگىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرى كېلىپ، ھەقىقەتەن مۇشۇ جايدا بىر قېتىم سۇ ئېقىپتىكەن ھە! دەپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇلار سەيرە قىلىپ، خەمىر تېغىغا يېتىپ بارىدۇ، ئۇ بەيتۇلمۇقەددەستىكى تاغدۇر، ئاندىن ئۇلار ھەقىقەتەن بىز زېمىندىكى كىشلەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتۇق، كېلىڭلار، ئەمدى بىز ئاسماندىكى كىشلەرنى ئۆلتۈرەيلى! دەپ ئاسمانغا ئوقيا ئاتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى تېخىمۇ پىتنە، سىناققا قويش ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ ئوقيالىرىنى قانغا بويالغان هالدا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا بىر كالىنىڭ بېشى، بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا 100 دىينار ئالتۇن بولۇشىدىنمۇ ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، تەزەررۇئ بىلەن دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھتائالا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنىڭ بويۇنلىرىغا تۆگە، قوينىڭ بۇرنىغا كىرىۋالىدىغان قۇرۇتتەك بىر خىل قۇرۇتنى ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى بىر كىشى ئۆلگەندەكلا، ئۆلۈكلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالانىڭ ياردىمى بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (قورغاندىن )زېمىنغا چۈشىدۇ، ئۇلار زېمىندىن بىر غېرىچ يەرنى تاپسىلا ئۇ جايدا يەئجۇج مەئجۇجلارنىڭ تاپلىرى، سېسىق پۇراقلىرى لىق تولغاندۇر، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، تۆگىنىڭ بوينىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ، قۇشلار

ئۇلارنى كۆتۈرۈپ، ئاللاھ خالىغان جايلارغا زېمىننىڭ ئەڭ يىراق چوڭقۇر جايلىرىغا تاشلايدۇ،مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قورال ــياراق، ئوقيالىرىنىڭ ياغىچىنى يەتتە يىل قالايدۇ، ئاندىن، ئاللاھتائالا يامغۇر ئەۋەتىدۇ، بۇ يامغۇر ھەربىر يۇڭ كىگىز ئۆي بولسۇن، ياكى تاش، چالما ئۆي بولسۇن، پاك ــ پاكىز يۇيۇپ، تازىلاپ، زېمىننى خۇددى ئەينەكتەك پاكىز قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن زېمىنغا مېۋىلىرىڭنى ئۈندۈرگىن، بەرىكىتىڭنى ياغدۇرغىن دېيىلىدۇ، شۇ چاغدىكى بەرىكەتتىن بىر توپ جامائەت، بىر دانە ئانارنى يەپ تويىدۇ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا سايىدايدۇ، ئۇ چاغدا سۈتكە شۇنداق بەرىكەت بېرىلىدۇكى، ھەققەتەن بىر دانە سېغىن تۆگە كىشىلەردىن نۇرغۇن جامائەتكە كۇپايە بولىدۇ. بىر دانە سېغىن كالا، كىشىلەرنىڭ بىر قەبىلىسىگە كۇپايە بولىدۇ، بىر دانە سېغىن قوي، كىشىلەرنىڭ بىر جەمەتكە كۇپايە بولىدۇ، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئاللاھتائالا، پاك، خۇشپۇراق بىر خىل يۇمشاق لەرزان شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەربىر مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ جېنىنى ئالىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار ئۇ چاغدا خۇددى ئېشەكلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا بىرسى ــ بىرسىگە ئارتىلىپ، چېپىشقاندەك ئوچۇق ــ ئاشكارا مۇنكەر ئىشلارنى، جىنسى مۇناسىۋەتلەرنى قىلىشىدۇ، (ھايا قەتئىي يوقتۇر) ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئەھمەد 16971 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4065 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2166 ــ ھەدىس، مۇسلىم 5228 ــ، سەھىھ،

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.**

1. دەججال ئەڭ قورقۇنۇشلۇق پىتنە ــ پاسادچى.

2. ھەربىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ.

3. دەججالنىڭ سۈپىتى، چىقىش ئورنى ئوچۇق سۆزلەندى.

4. دەججالغا قارشى سۈرە كەھپنىڭ بېشى ئوقۇلىدۇ.

5. ئۇ شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىن چىقىپ، پاساد تېرىيدۇ.

6. ئۇ زېمىندا 40 كۈن تۇرىدۇ، مۇددىتى يۇقىرىدا ئۆتتى.

7. ۋاقىت پەرقى مەككە ــ مەدىنىگە ئوخشاشمايدىغان جايلاردىكى ياكى ھازىرقى ۋاقىتتىن ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ياكى باشقا پىلانىتلارغا چىقىپ قالسا، ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلىپ قالسا، نامازنى مۇشۇ 24 سائەتلىك كۈنگە ئۆلچەيمىز.

8. دەججالغا ئەگىشىدىغانلار ۋە رەت قىلىدىغانلار، يەنىلا ھەق ۋە باتىل، ئىككى تائىپە كىشىلەر باردۇر.

9. دەججالغا كىشىلەرنى سىناش يۈزىسىدىن ھەرخىل سېھىرلىك ئىشلار بېرىلگەن، جىن ــ شەيتانلار ھەمكارلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشلار دەل ئەكسىدۇر.

10. ھەربىر كىشى ھەربىر مۇسۇلمان ئىددىيىسىدە، ئېتىقادىدا دەججالغا قارشى كۆرەش قىلىدۇ، رەزىللىككە، باتىلغا قارشى كۆرەش قىلىدۇ، مانا بۇ ھازىرمۇ پاناھ تىلەشتۇر.

11. شۇ زامانلاردىكى مۆئمىنلەرمۇ قاتتىق سىناققا، بالالارغا گىرىپتار بولىدۇ.

12. ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەمەشىققە يەنى ھازىرقى سۈرىيەگە چۈشىدۇ،ئۇنى پەرىشتە ئېلىپ چۈشۈپ قويىدۇ.

13. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچلۈك، باتۇرلىقى، كارامىتى بار ھالدا چۈشۈشى، كاپىرلار ئۇنى كۆرۈپلا ئۆلۈپ كېتىشى باردۇر.

15. ئەيسا چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ، مانا بۇ قىيامەت قۇرۇلۇشنىڭ ئالامىتى.

16. دەججالدىن ساقلىنىپ قالغان مۇسۇلمانلارغا ئەيسا، جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىدۇ.

17. ئاندىن يەئجۇج مەئجۇجلار چىقىدۇ، تەنتاۋى ۋە بەزى ئالىملار ئۇلار بولسا، مۇڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار دەپ قارىغان.

18. يەئجۇج مەئجۇجلار ئادەم باللىرىدۇر.

19. ئۇلار ئاسمانغا ھوجۇم قىلماقچى بولىدۇ، مانا بۇ ئالەم بوشلۇقىدا ئۇرۇش قىلىشقا ئىشارەتتۇر.

20. شۇنچە كۆپ، شۇنچە ھاكاۋۇر، ھەددىدىن ئاشقان بۇ زالىملارنى ئاللاھتائالا بىر قۇرۇت دىگەن قۇشۇن بىلەن ھالاك قىلىدۇ، مانا بۇ ۋابا كېسىلىگە، مىكرۇپ، ۋىرۇسقا ئىشارەتتۇر، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى ئايرىپ قىلىپ، دىنسىزلارنى يوقىتىدىغان گىس تەتقىقاتىدۇر.

21. ئاندىن، زىمىن تازىلىنىپ، قاتتىق بەرىكەت، مولچىلىق بولۇپ كېتىدۇ، كيىن مۇسۇلمانلار قالماي تۈگەپ، ئەڭ يامان، ھاياسىز، دىنسىزلار قىلىپ قالىدۇ، قىيامەت ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

**5476 – [ 13 ]** ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يخرج الدجال فيتوجه قبله رجل من المؤمنين فيلقاه المسالح مسالح الدجال . فيقولون له : أين تعمد ؟ فيقول : أعمد إلى هذا الذي خرج . قال : فيقولون له : أو ما تبارك وتعالى ؤمن بربنا ؟ فيقول : ما بربنا خفاء . فيقولون : اقتلوه . فيقول بعضهم لبعض : أليس قد نهاكم ربكم أن تقتلوا أحدا دونه " . قال : " فينطلقون به إلى الدجال فإذا رآه المؤمن قال : يا أيها الناس هذا الدجال الذي ذكر رسول الله صلى الله عليه وسلم " . قال : " فيأمر الدجال به فيشبح . فيقول : خذوه وشجوه فيوسع ظهره وبطنه ضربا " . قال : " فيقول : أو ما تؤمن بي ؟ " قال : " فيقول : أنت المسيح الكذاب " . قال : " فيؤمر به فيؤشر بالمنشار من مفرقه حتى يفرق بين رجليه " . قال : " ثم يمشي الدجال بين القطعتين ثم يقول له : أتؤمن بي ؟ فيقول : ما ازددت إلا بصيرة " . قال : " ثم يقول : يا أيها الناس إنه لا يفعل بعدي بأحد من الناس " . قال : " فيأخذه الدجال ليذبحه فيجعل ما بين رقبته إلى ترقوته نحاسا فلا يستطيع إليه سبيلا " قال : " فيأخذه بيديه ورجليه فيقذف به فيحسب الناس أنما قذفه إلى النار وإنما ألقي في الجنة " فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هذا أعظم الناس شهادة عند رب العالمين " . رواه مسلم

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججال ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ، مۆئمىنلەردىن بىر كىشى ئۇ تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ماڭىدۇ، ئۇ كىشىگە دەججالنىڭ قۇراللىق قوشۇنلىرىدىن بىر قوشۇن ئۇچراپ، قەيەرنى مەخسەت قىلىپ ماڭىدىڭ دەيدۇ، ئۇ كىشى: يېڭىدىن چىققان مۇشۇ كىشىنى يەنى دەججالنى مەخسەت قىلىپ ماڭىدىم دەيدۇ، ئۇلار: سەن تېخى بىزنىڭ رەببىمىزگە ئىمان

كەلتۈرمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى، بىزنىڭ رەببىمىز مەخپى ئەمەس، ئۇ نەگە بارساق بىز بىلەن بىللە دەيدۇ، ئۇلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! دەيدۇ، بەزىسى ــ بەزىسىگە رەببىڭلار سىلەرنى ئۇنىڭسىز بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرۈشۈڭلاردىن توسمىغانمۇ؟ ئۇنى ئۆزى ئۆلتۈرسۇن دەپ ئۇ كىشىنى دەججالنىڭ قېشىغا ئاپىرىدۇ، مۆئمىن كىشى دەججالنى كۆرگەندە، ئى ئىنسانلار! ئى خالايىق! بۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن دەججال شۇ ئىكەن دەپ نىدا قىلىدۇ، دەججال ئۇنى تۇتۇپ يەرگە ياتقۇزۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇنى تۇتۇڭلار، باش ــ كۆزىنى ئۇرۇپ يېرىڭلار، ئاندىن ئۇ مۆئمىننىڭ ئۇچىسىغا قورساقلىرىغا ناھايىتى كۆپ ئۇرۇلىدۇ، ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دەججال ئۇ كىشىگە، سەن يەنە ماڭا ئىمان كەلتۈرمەمسەن؟ ماڭا ئىشەنمەمسەن؟ دەيدۇ. مۆئمىن: سەن دىگەن كاززاپ مەسىيھ دەججال تۇرساڭ دەيدۇ، ئاندىن ئۇ مۆئمىن، دەججالنىڭ ئەمىر ــ پەرمانى بىلەن بېشىنىڭ چاچ ئايرىمىسىدىن باشلاپ چاتىرقىچە ھەرە بىلەن تىلىنىپ ئىككى پارچە قىلىنىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ ئىككى پارچە ئارىسىدا مېڭىپ، ئۇ كىشىگە ئورنۇڭدىن تۇر! دەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ كىشىگە؛ ئەمدى ماڭا ئىشىنەمسەن، ئىمان كەلتۈرەمسەن؟ دەيدۇ. مۆئمىن كىشى؛ مەن پەقەت مۆجىزە ئالامەتنى رۇشەن ھۆججەتنى زىيادە قىلدىم، دەيدۇ، ئاندىن مۆئمىن كىشى كىشىلەرگە: ئى خالايىق! ھەقىقەتەن ئۇ دەججال ئەمدى ھېچ كىشىگە ماڭا قىلغاندەك قىلالمايدۇ، قورقماڭلار دەيدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ كىشىنى بوغۇزلىۋېتىش ئۈچۈن تۇتىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ گەردىنىدىن گېلىغىچە بوينىغا مىس قوغۇشۇن قىلىنىدۇ، دەججال ئۇ كىشىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قول ــ پۇتىدىن تۇتۇپ، يىراققا ئاتىدۇ، كىشىلەر ئۇنى دوۋزاخقا ئۇتقا ئاتتى دەپ گۇمان قىلىپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشى جەننەتكە، باغۇ ــ بوستانلىققا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ مۆئمىن كىشى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى گۇۋاھلىقى ئەڭ بۈيۈك كىشىدۇر. مۇسلىم 5230 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5477 – [ 14 ]** ( صحيح ) **وعن أم شريك قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليفرن الناس من الدجال حتى يلحقوا بالجبال " قالت أم شريك : قلت : يا رسول الله فأين العرب يومئذ ؟ قال : " هم قليل " . رواه مسلم**

ئۇممە شەرىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلۋەتتە كىشىلەر دەججالدىن يەنى ئۇنىڭ پىتنىسىدىن، ھۇجۇمىدىن، ئىماندىن ياندۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تاغلارغا قېچىپ چىقىۋالىدۇ. مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! شۇكۈنلەردە ئەرەپلەر قەيەردە بولىدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ ؛ ئۇلار ئۇچاغدا بەكلا ئازدۇر دېدى.ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5478 – [ 15 ]** ( صحيح ) **وعن أنس عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يتبع الدجال من يهود أصفهان سبعون ألفا عليهم طيالسة " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججالغا ئەسبىھاننىڭ يەھۇدىيلىرىدىن 70000 يەھۇدىي ئەگىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇستىدە سىزىق يوللۇق قېلىن كاسايا جۇۋا باردۇر. (ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇ ۋەقە يۇقىرىدا تاش دەرەخنىڭ سۆز قىلىشىدا ئۆتكەن). مۇسلىم 5237 ــ ھەدىس، ئەھمەد 12865 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5479 – [ 16 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يأتي الدجال وهو محرم عليه أن يدخل نقاب المدينة فيترل بعض السباخ التي تلي المدينة فيخرج إليه رجل وهو خير الناس أو من خيار الناس فيقول : أشهد**

**أنك الدجال الذي حدثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم حديثه فيقول الدجال : أرأيتم إن قتلت هذا ثم أحييته هل تشكون في الأمر ؟ فيقولون : لا فيقتله ثم يحييه فيقول : والله ما كنت فيك أشد بصيرة مني اليوم فيريد الدجال أن يقتله فلا يسلط عليه "**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججال مەدىنىنى مەخسەت قىلىپ كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇنىڭغا، مەدىنىنىڭ كوچا يوللىرىغا كىرىش ھارام قىلىنغان، يەنى چەكلەنگەن، ئۇ، مەدىنىگە يېقىن، گىياھ ئۈنمەس شورلۇق زىمىننىڭ بەزىسىگە چۈشىدۇ، شۇ كۈنى ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان بىر كىشى چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن دەججال بولىسەن، دەججال ئۇلارغا: قانداق قارايسىلەر؟ قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر بۇنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن تىرىلدۈرسەم، يەنە مېنىڭ ئىشىمدا ئىلاھلىقىمدا شەك قىلامسىلەر دەيدۇ، ئۇلار ياق شەك قىلمايمىز دەيدۇ، دەججال ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، ئىزنى بىلەن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى تىرىلىپ قوپۇپ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن ساڭا نىسبەتەن بۈگۈنكىدەك كۈچلۈك ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات، ئالامەتكە ئېرىشىپ باقمىغان دەيدۇ، (چۈنكى ئۇ مۇشۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىنى بىلىدۇ، كۆزى بىلەن كۆرىدۇ). ئاندىن دەججال ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەخسەت قىلىدۇ يۇ، لېكىن، غالىپ كېلەلمەيدۇ، كۈچى يەتمەيدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5480 – [ 17 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يأتي المسيح من قبل المشرق همته المدينة حتى يترل دبر أحد ثم تصرف الملائكة وجهه قبل الشام وهنالك يهلك " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەسىھ دەججال كۈن چىقىش تەرەپتىن مەدىنىنى مەخسەت قىلىپ كېلىپ، ئوھۇد تېغىنىڭ ئارقىسىغا چۈشىدۇ، ئاندىن كىيىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى يۆنىلىشىنى شام تەرەپكە چۆرۈۋېتىدۇ، ئۇ شۇ جايدا ھالاك بولىدۇ، يەنى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ جايدا ئۆلتۈرىدۇ. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5481 – [ 18 ] ( صحيح ) وعن أبي بكرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يدخل المدينة رعب المسيح الدجال لها يومئذ سبعة أبواب على كل باب ملكان " رواه البخاري**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەدىنىگە دەججالنىڭ قورقۇنجىسى كىرەلمەيدۇ. دەججال چىققان شۇ كۈنلەردە مەدىنىنىڭ يەتتە ئىشكى بار بولۇپ، ھەر بىر ئىشىكتە ئىككى پەرىشتە پوستا تۇرۇپ قوغدايدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋابا كېسىلى ۋە دەججال مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزە راستىنلا مەدىنىگە ۋابا كىرمەيدۇ.

**5482 – [ 19 ] ( صحيح ) وعن فاطمة بنت قيس قالت : سمعت منادي رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما قضى صلاته جلس على المنبر وهو يضحك فقال : " ليلزم كل إنسان مصلاه " . ثم قال : " هل تدرون لم جمعتكم ؟ " . قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " إني والله ما جمعتكم لرغبة ولا لرهبة ولكن جمعتكم لأن تميما الداري كان رجلا نصرانيا فجاء فبايع وأسلم وحدثني حديثا وافق الذي كنت أحدثكم به عن المسيح الدجال حدثني أنه ركب في سفينة بحرية مع ثلاثين رجلا من لخم وجذام فلعب بهم الموج شهرا في البحر فأرفؤوا إلى جزيرة حين تغرب الشمس فجلسوا في أقرب سفينة فدخلوا الجزيرة فلقيتهم دابة أهلب كثير**

**الشعر لا يدرون ما قبله من دبره من كثرة الشعر قالوا : ويلك ما أنت ؟ قالت : أنا الجساسة قالوا : وما الجساسة ؟ قالت : أيها القوم انطلقوا إلى هذا الرجل في الدير فإنه إلى خبركم بالأشواق قال : لما سمت لنا رجلا فرقنا منها أن تكون شيطانة قال : فانطلقنا سراعا حتى دخلنا الدير فإذا فيه أعظم إنسان ما رأيناه قط خلقا وأشده وثاقا مجموعة يده إلى عنقه ما بين ركبتيه إلى كعبيه بالحديد . قلنا : ويلك ما أنت ؟ قال : قد قدرتم على خبري فأخبروني ما أنتم ؟ قالوا : نحن أناس من العرب ركبنا في سفينة بحرية فلعب بنا البحر شهرا فدخلنا الجزيرة فلقيتنا دابة أهلب فقالت : أنا الجساسة اعمدوا إلى هذا في الدير فأقبلنا إليك سراعا وفزعنا منها ولم نأمن أن تكون شيطانة فقال : أخبروني عن نخل بيسان قلنا : عن أي شأنها تستخبر ؟ قال : أسألكم عن نخلها هل تثمر ؟ قلنا : نعم . قال : أما إنها توشك أن لا تثمر . قال : أخبروني عن بحيرة الطبرية قلنا : عن أي شأنها تستخبر ؟ قال : هل فيها ماء ؟ قلنا هي كثيرة الماء . قال : أما إن ماءها يوشك أن يذهب . قال : أخبروني عن عين زغر . قالوا : وعن أي شأنها تستخبر ؟ قال : هل في العين ماء ؟ وهل يزرع أهلها بماء العين ؟ قلنا له : نعم هي كثيرة الماء وأهله يزرعون من مائها . قال : أخبروني عن نبي الأميين ما فعل ؟ قلنا : قد خرج من مكة ونزل يثرب . قال : أقاتله العرب ؟ قلنا : نعم . قال : كيف صنع بهم ؟ فأخبرناه أنه قد ظهر على من يليه من العرب وأطاعوه . قال لهم : قد كان ذلك ؟ قلنا : نعم . قال : أما إن ذلك خير لهم أن يطيعوه وإني مخبركم عني : إني أنا المسيح الدجال وإني يوشك أن يؤذن لي في الخروج فأخرج فأسير في الأرض فلا أدع قرية إلا هبطتها في أربعين ليلة غير مكة وطيبة هما محرمتان علي كلتاهما كلما أردت أن أدخل واحدة أو واحدا منهما استقبلني ملك بيده السيف صلتا يصدني عنها وإن على كل نقب منها ملائكة يحرسونها . " قال رسول الله صلى الله عليه وسلم – وطعن بمخصرته في المنبر – : " هذه طيبة هذه طيبة هذه طيبة " يعني المدينة " ألا هل كنت حدثتكم ؟ " فقال الناس : نعم فإنه أعجبني حديث تميم أنه وافق الذي كنت أحدثكم عنه وعن المدينة ومكة . ألا إنه في بحر الشأم أو بحر اليمن لا بل من قبل المشرق ماهو من قبل المشرق ماهو من قبل المشرق ماهو " وأومأ بيده إلى المشرق . رواه مسلم**

پاتىمە بىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇئەززىنىنىڭ نامازغا كېلىڭلار!!دېگەن نىداسىنى ئاڭلاپ، مەسجىدكە چىقىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، رەسۇلۇللاھ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈلگەن ھالدا مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ؛ ھەر بىر ئىنسان نامازگاھىدا مەھكەم ئولتۇرسۇن، مېنىڭ سىلەرنى نىمە ئۈچۈن يىغقانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟دېدى، ئۇلار؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن بۇ ئورنۇمدا سىلەرگە پايدا _ مەنپەئەتلىك بىرەر ئىش ئۈچۈن قىزىقىپ ياكى قورقۇپ، قىزىقتۇرۇش ياكى قورقۇتۇش ئۈچۈن تۇرمۇدۇم، سىلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغمىدىم، لېكىن، ناسارا دىنىدىكى تەمىيمۇدارى ماڭا كېلىپ،مۇسۇلمان بولۇپ، خۇشاللىق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى، مەن بۇ خەۋەردىن خۇشال بولۇپ، قەلبىم ئارام تېپىپ، چۈشتە ئۇخلىيالمىدىم، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ بۇ خۇشاللىقنى سىلەرگە يەتكۈزۈشنى ياخشى كۆردۈم، دىققەت قىلىڭلار، ھەقىقەتەن تەمىيمۇدارى ماڭا؛ مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدىغان بىر ھەدىسىمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزنى قىلىپ مۇنداق خەۋەر قىلدى:ئۇ 30 كىشى بىلەن لەخمى جۇزام دېگەن جايدىن كېمە بىلەن دېڭىزغا سەپەرگە چىقىپتۇ،دولقۇن ئۇلارنىڭ كېمىسىنى بىر ئاي ئاۋارە قىلىپ، مەقسەتلىرىدىن باشقا ياققا بۇراپ، شامال ئۇلارنى كېمىسى بىلەن ئۇلار تونىمايدىغان بىر ئارالغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ،ئۇلار كۈن كىرگەن چاغدا بىر ئارالغا يېقىن بېرىپ قاپتۇ، ئۇلار كېمىسىنىڭ يېنىغائىبلىۋېلىنغان كىچىك قولۋاققا ئولتۇرۇپ، مەلۇم بىر ئارالغا چىقىپتۇ، ناگاھان ئۇلار يوڭلۇق، يۇڭلىرى، چاچ تۈكلىرى ناھايىتى قويۇق ھەم كۆپ بىر مەخلۇققا ئۇچراپتۇ، ئۇلار بۇ

مەخلۇقنىڭ يۈكىنىڭ كۆپلىكىدىن ئەر يا ئاياللىقىنى بىلمەيدىكەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ساڭا ۋايدۇر،سەن نېمە؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ، مەن جاسۇس (دەججالنىڭ جاسۇسى) دەپتۇ، ئۇلار، ئۇنداق بولسا، بىزگە بىرەر خەۋەر دەپ بەرگىن دەپتۇ، ئۇ، مەن سىلەرگە بىرەر خەۋەرنى دەپ بەرمەيمەن، سىلەردىنمۇ خەۋەر تەلەپ قىلمايمەن، لېكىن، بۇ غاردا خەۋەر بار، سىلەر جاھىللارچە ئېزىپ بۇ جايغا يېقىن كېلىپ قاپسىلەر، كۆپ مۇشەققەت تارتىپسىلەر، بۇ غارغا بېرىڭلار، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئىچىدە سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلارنى كۈتۈپ، ئىشتىياق چېكىپ تۇرغان سىلەرگىمۇ خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولغان بىر كىشى بار دەپتۇ.-ئۇ بىزگە بىر كىشى بار دېگەندە، بىز ئۇنىڭ جىن-شەيتان ئىكەنلىكىدىن قورقتۇق- ئۇلار كېلىپ، ئىچىگە كىرسە، ئۇ غاردا قولى بوينىغا قاتتىق باغلاقلىق، تىزىدىن باشلاپ ئىككى ھوشقىغىچە تۆمۈر زەنجىر _ كىشەنلەر بىلەن باغلاپ قويۇلغان،ناھايىتى چوڭ بىر قېرى شەيخ تۇرغۇدەك، بۇ قېرى، غەم _ قايغۇسىنى شىكايەتلىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ، بۇلار؛ ساڭا ۋايدۇر، سەن نىمە؟ دىسە، ئۇ؛سىلەر مىنىڭ خەۋىرىمگە قادىر بۇلدۇڭلار،ماڭا دەڭلار قېنى، سىلەر نىمە؟ سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇلار؛بىز ئەرەپ، بىز شامدىن كەلدۇق دەپ،يۇلۇققان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بىرىپتۇ، ئۇ؛ ئەرەبلەر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ دەپتۇ، ئۇلار؛ مانا بىز ئەرەبلەر، نېمىدىن سورايسەن؟ دەپتۇ، ئۇ؛ ئاراڭلاردا ئاشكارا بولۇپ چىققان بىر كىشى بار، ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇلار؛ ياخشى، ئۇ بىر قەۋىم بىلەن قارشىلىشىپ، ئۇرۇش قىلغان، ئاللاھ ئۇنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ قىلدى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئىشى ھۆم، ئىتتىپاقتۇر، ئىلاھى بىردۇر، دىينى بىردۇر دېسە، ئۇ؛ زەغرە قۇدۇقىغا نېمە بولدى؟ دېدى، ئۇلار؛ ياخشى، كىشىلەر ئۇ قۇدۇقدىن زىرائەتلىرىنى سۇغۇرۇۋاتىدۇ، سۇ، ئىچىملىك ئۈچۈن سۇ ئېلىۋاتىدۇ دېسە، ئۇ، ئەممان قۇدۇقچۇ؟ بېيسان خورمىلىرى چۇ؟ دېدى، ئۇلار؛ بۇ باغلار ھەر يىلى مېۋە بېرىۋاتىدۇ دېدى، ئۇ تەبرىيىە دېڭىزى نېمە بولدى؟ دەپ سورىدى، ئۇلار سۈيىنىڭ كۆپلىكىدىن تېشىپ كېتەي دەپ قالدى دېدى، ئاندىن ئۇ ھەسرەتلىك ھالدا قاتتىق ئۈچ قېتىم تىنىدى، ۋە مۇنداق دېدى؛ئۇ قۇدۇقلارنىڭ ۋە شۇ دېڭىزنىڭ سۈيى يۇقاپ كىتىشى مۇمكىن، ئۇ باغلارمۇ مېۋە بەرمەسلىكى مۇمكىن، ماڭا تۈرۈك ئەرەپلەرنىڭ پەيغەمبىرى توغرۇلۇق خەۋەر بىرىڭلار،ئۇ نىمە قىلىۋاتىدۇ؟دىسە، ئۇلار؛مىنىڭ مەككىدىن چىقىپ، مەدىنىگە چۈشۈپ، غەلبە قىلغانلىقىمنى خەۋەر قىلسا، ئۇ؛ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ئۆزلىرى ئۈچۈن بەك ياخشىدۇر،مەن بولسام دەججال بۇلىمەن، ماڭا بىر كۈنى چىقىشىمغا ئىزنى بېرىلىدۇ، ئەگەر مەن مۇشۇ باغلاقدىن بوشانسام، قېچىپ قۇتۇلسام، مۇشۇ ئىككى پۇتۇم بىلەن ھېچبىر زىمىن قويماي، بارلىق زىمىنغا دەسسەيمەن، 40 كۈن ئىچىدە پۈتۈن جايغا بارىمەن، لېكىن، مەككە بىلەن تەييىبەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ماڭا ئۇ جايغا كىرىشكە يول يوق،ماڭا ئۇجايغا كىرىشىم ھارام قىلىنغان، بۇ ئىككى جاينىڭ بىرەرسىگە كىرمەكچى بولسام، پەرىشتىلەر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ چىقىپ مىنى تۇسىدۇ،بۇ ئىككى جاينىڭ ھەر بىر كوچا-يول-ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر پوستا تۇرۇپ، ئۇجاينى قوغدايدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى داۋام قىلىپ، ھاسىسى بىلەن مۇنبەرنى ئۇرۇپ قويۇپ، مېنىڭ خۇشاللىقىم مانا مۇشۇ يەرگە يەتتى، مەن مۇشۇ ئاخىرقى سۆزگە خۇشال بولدۇم، مانا بۇ مەدىنە تەييىبەت دېگەن شۇدۇر، جېنىم ئېلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەدىنىدىكى ھەربىر تار يول، كەڭ يول، تاغ، يايلاق بولسۇن، ھەممىلا جايدا پەرىشتىلەر قىيامەت كۈنىگىچە قېلىچىنى سۇغۇرۇپ، غىلاپسىز ھالدا تۇتۇپ تۇرىدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن دەججال كىرەلمەيدۇ) مەن سىلەرگە تولۇق يەتكۈزدۇممۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ھەئە يەتكۈزدىلە دىسە، رەسۇلۇللاھ؛ ئاگاھ بۇلۇڭلاركى، دەججال ھازىر شام ياكى يەمەن دېڭىزىدا، ياق، ئۇ بەلكى مەشرىق تەرەپتە ئىكەن دەپ، كۈن چىقىش تەرەپكە ئىشارەت قىلدى. ئەھمەد 26083 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4064 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3767 _ ھەدىس، تىرمىزى 2179 _ ھەدىس، مۇسلىم، سەھىھ.

**5483 – [ 20 ]** ( متفق عليه ) وعن عبد الله بن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " رأيتني الليلة عند الكعبة فرأيت رجلا آدم كأحسن ما أنت راء من أدم الرجال له لمة كأحسن ما أنت راء من اللمم قد رجلها فهي تقطر ماء متكأ على عواتق رجلين يطوف بالبيت فسألت : من هذا ؟ فقالوا : هذا المسيح بن مريم " قال : " ثم إذا أنا برجل جعد قطط أعور العين اليمنى كأن عينة عنبة طافية كأشبه من رأيت من الناس بابن قطن واضعا يديه على منكبي رجلين يطوف بالبيت فسألت من هذا ؟ فقالوا : هذا المسيح الدجال " . متفق عليه . وفي رواية : قال في الدجال : " رجل أحمر جسيم جعد الرأس أعور عين اليمنى أقرب الناس به شبها ابن قطن "وذكر حديث أبي هريرة : " لا تقوم الساعة حتى تطلع الشمس من مغربها " في " باب الملاحم " وسنذكر حديث ابن عمر : قام رسول الله صلى الله عليه وسلم في الناس في " باب قصة ابن الصياد " إن شاء الله تعالى

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن مەسىھ دەججال ئوڭ كۆزى كوردۇر، خۇددى ئۈنىڭ كۆزى، سوق ئۈزۈمدەك ئۆرلەپ چىقىغلىقتۇر، مەن بۈگۈن كېچە ئۆزۈمنى كەئبىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپتىمەن، ناگاھان سىلەر كۆرىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلى بولغان بۇغداي ئۆڭلۈك بىر كىشى كۆرۈندى، ئۇنىڭ چاچلىرى ئىككى مۈرىسىگە تېگىپ يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، چاچلىرى تاراغلىق، سۇ تېمىتىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئىككى قولىنى ئىككى كىشىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، شۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتىدۇ، مەن بۇ كىم؟ دېسەم، ئۇلار بۇ مەريەم ئوغلى مەسىھ ئەيسادۇر دېدى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر كىشىنى كۆردۈم، چاچلىرى چوۋۇق، سەت، بۇدرە قىلىنغان، ئوڭ كۆزى كور، خۇددى ئىبنى قەتەنگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئىككى قولىنى ئىككى كىشىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتىدۇ، مەن بۇ كىم بولىدۇ؟ دېسەم، ئۇلار بۇ مەسىھ دەججال بولىدۇ دېدى، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابتىمۇبار. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:، مەن بۈگۈن كېچە ئۆزۈمنى كەئبىنىڭ يېنىدا كۆردۈم، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر كىشىنى كۆردۈم، بۇ سەن كۆرگەن بۇغداي ئۆڭلۈك كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكى، ئۇنىڭ مۈرىسىگىچە چېچى باركەن، ئۇ ئەڭ گۈزەل چاچتۇر، ئۇ چېچىنى تارىۋاپتۇ، چاچ سۇ تېمىتىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئىككى كىشىگە يۆلىنىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتىدۇ، بۇ كىم؟ دەپ سورىسام، مەريەم ئوغلى ئەيسا دېيىلدى، ئاندىن قاتتىق بۇدرە چاچ، ئوڭ كۆزى كور، كۆزى سوقا ئۈزۈمدەك، ئۆلەڭگۈ بىر كىشىنى كۆردۈم، بۇ كىم؟ دەپ سورىسام، مەسە دەججال دېيىلدى، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە بىر چۈش ئارقىلىق ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن دەججال سۈرەتلەپ بېرىلدى، دەججالنى ئەيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ ئۆلتۈرۈشى سەھىھ.

**5484 – [ 21 ]** الفصل الثاني ( صحيح ) عن فاطمة بنت قيس في حديث تميم الداري : قالت : قال : فإذا أنا بامرأة تجر شعرها قال : ما أنت ؟ قالت : أنا الجساسة اذهب إلى ذلك القصر فأتيته فإذا رجل يجر شعره مسلسل في الأغلال يترو فيما بين السماء والأرض . فقلت : من أنت ؟ قال : أنا الدجال " . رواه أبو داود

پاتىمە بىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، تەمىيمۇددارىينىڭ ھەدىسىدا مۇنداق دېيىلگەن؛ مەن ناگاھان چاچلىرىنى سۆرەپ يۈرگەن بىر ئايالنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، سەن نىمە؟دېسەم، ئۇ؛ مەن جاسۇس، سەن بۇ قەسىرگە بارغىن دېدى، مەن كەلسەم، ناگاھان بىركىشى چاچلىرىنى سۆرەپ، كويزا ـ كىشەن،تاقاقلارغا باغلاقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇ ئاسمان ـ زېمىن ئارلىقىدەك ئېگىز جايلارغا سەكرىيەلەيدىكەن، سەن كىم؟دېسەم، ئۇ؛ مەن دجال دېدى. ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**5485 – [ 22 ]** ( صحيح ) **وعن عبادة بن الصامت عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إني حدثتكم عن الدجال حتى خشيت أن لا تعقلوا . إن المسيح الدجال قصير أفحج جعد أعور مطموس العين ليست بناتئة ولا حجراء فإن ألبس عليكم فاعلموا أن ربكم ليس بأعور " رواه أبو داود**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ بەردىم، شۇنداقتىمۇ مەن سىلەرنىڭ ئەقىل قىلىپ چۈشىنەلمەسلىكىڭلاردىن ئەنسىرەپ قالدىم، بىلىۋىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن دەججال پاكىنەك ئەر كىشىدۇر، ئىككى پاچىقىنىڭ ئارىلىقى يىراق، ئىنچىكە پاچاقتۇر، ئۆزى سەت، قوپال، چاچلىرى چۈۋۈق، بىر كۆزى كور، يەكچەشمە بولۇپ، بىر كۆزى تۈزلا،سىلىۋەتكەندەك قارىغۇ قىلىنغان، بەكمۇ تېشىغا چىقىغلىق ئەمەس، ئىچىگە كىرىگلىكمۇ ئەمەس، ئورا كۆزمۇ ئەمەس، ئەگەر سىلەرگە ئىلىشىپ كەتسە، شۇنى بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ بىر كۆزى كور ئەمەس (ئۆزىگە لايىق، ئوخشىشى يوق، ئىككى كۆزى باردۇر) ھەقىقەتەن سىلەر ئۆلۈپ ئاخىرەتكە بارمىغۇچە رەببىڭلارنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر، ئەھمەد 21701 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3763 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5486 – [ 23 ] وعن أبو عبيدة بن الجراح قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إنه لم يكن نبي بعد نوح إلا قد أنذر الدجال قومه وإني أنذركموه " فوصفه لنا قال : " لعله سيدركه بعض من رآني أو سمع كلامي " . قالوا : يا رسول الله فكيف قلوبنا يومئذ ؟ قال : " مثلها " يعني اليوم " أوخير " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نوھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر قەۋمىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى،(نوھ ئەلەيھىسسالاممۇ قەۋمىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى،) ھەقىقەتەن مەنمۇ سىلەرنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرىمەن،ئاندىن بىزگە دەججالنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ بىرىپ؛ مىنى كۆرگەن ياكى سۆزۈمنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ بەزىسى دەججالنى تېپىشى مۇمكىن دېدى، ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! شۇكۈنلەردە قەلبىمىز قانداق بولۇپ كىتەر؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ياخشى بولىدۇ دېدى.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد.

**5487 – [ 24 ] وعن عمروبن حريث عن أبي بكر الصديق قال : حدثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الدجال يخرج من أرض بالمشرق يقال لها : خراسان يتبعه أقوام كأن وجوههم المجان المطرقة " . رواه الترمذي**

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دەججال، مەشرىق تەرەپتىن خاراسان دىيىلىدىغان شەھەردىن چىقىدۇ، دەججالغا يۈزلىرى يوللۇق قالقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەۋىم ئەگىشىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججال مەشرىق زىمىنىدىن خاراسان دىيىلىدىغان جايدىن چىقىدۇ، دەججالغا خۇددى يۈزلىرى يوللۇق قالقاندەك كىشىلەر ئەگىشىدۇ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار؛ ئۇلار مۇڭغۇل، خەنزۇ، تۈركلەر بولۇشى مۇمكىن دىگەن، يەھۇدىيلارمۇ باردۇر.

**5488 – [ 25 ]** ( صحيح ) **وعن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سمع بالدجال فلينأ منه**

**فو الله إن الرجل ليأتيه وهو يحسب أنه مؤمن فيتبعه مما يبعث به من الشبهات " رواه أبو داود**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم دەججالنىڭ چىققىنىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئۆزىنى كامىل مۆئمىن ھىسابلايدىغان بىر كىشى دەججالنىڭ يىنىغا بىرىپ، ئۇنى شۈبھىلەر قىزىقتۇرۇپ، ۋەسۋەسىلەر سەۋەبىدىن دەججالغا ئەگىشىپ كىتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن دەججال بارالمايدىغان كىشىلەر بار ئىكەن، دەججالدىن يىراق تۇرغىلى، قاچقىلى بولىدىكەن، ئەلۋەتتە دەججالدىن ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى، قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ. ئى مۇسۇلمانلار! ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ چۆچۈپ ھۇشۇڭلاردىن كەتمەي، ئاللاھدىن ياردەم سوراپ، ھەقتە، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار، ئۇ ھەقىقەتچى مۆئمىننى ھىچ نەرسە قىلالمايدۇ، بىز شەيتاندىن قورقمىغاندەك دەججالدىنمۇ قورقمايمىز، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە، ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھۇ ئەكبەر!

**5489 – [ 26 ] وعن أسماء بنت يزيد بن السكن قالت : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " يمكث الدجال في الأرض أربعين سنة السنة كالشهر والشهر كالجمعة والجمعة كاليوم واليوم كاضطرام السعفة في النار " . رواه في " شرح السنة**

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججال چىقىپ زىمىندا 40 يىل تۇرىدۇ، ئۇ چاغدا بىر يىل 12 ئاي، خۇددى بىر ئايدەك. بىر ئاي بولسا، بىر ھەپتىدەك.بىر ھەپتە بولسا بىر كۈندەك بولۇپ قالىدۇ، بىر كۈن بىر سائەتتەك بولىدۇ، بىر سائەت بولسا، خۇددى ئوتنىڭ، غىل ــ پال قىلىپ ئۆچۈپ قالغان ئۇچقۇندىسىدەك بولۇپ قالىدۇ.شەرھىسسۇننى.سەھىھ ھەدىستە 40 كۈن تۇرىدۇ دىيىلدى.

**5490 – [ 27 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يتبع الدجال من أمتي سبعون ألفا عليهم السيجان " . رواه في " شرح السنة**

ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مىنىڭ ئۇممىتىمدىن 70000 كىشى دەججالغا ئەگىشىپ كىتىدۇ، ئۇلارنىڭ بىشىدا يىشىل بۆك بولىدۇ، يەنى باش كىيىمى شەرھى سۈننىدە بار، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.يەھۇدىيلارنىڭ ئەگىششى سەھىھ.

**5491 – [ 28 ] وعن أسماء بنت يزيد قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم في بيتي فذكر الدجال فقال : " إن بين يديه ثلاث سنين سنة تمسك السماء فيها ثلث قطرها والأرض ثلث نباتها . والثانية تمسك السماء ثلثي قطرها والأرض ثلثي نباتها . والثالثة تمسك السماء قطرها كله والأرض نباتها كله . فلا يبقى ذات ظلف ولا ذات ضرس من البهائم إلا هلك وإن من أشد فتنته أنه يأتي الأعرابي فيقول : أرأيت إن أحييت لك إبلك ألست تعلم أني ربك ؟ فيقول بلى فيمثل له الشيطان نحو إبله كأحسن ما يكون ضروعا وأعظمه أسنمة " . قال : " ويأتي الرجل قد مات أخوه ومات أبوه فيقول : أرأيت إن أحييت لك أباك وأخاك ألست تعلم أني ربك ؟ فيقول : بلى فيمثل له الشياطين نحو أبيه ونحو أخيه " . قالت : ثم خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم لحاجته ثم رجع والقوم في اهتمام وغم مما حدثهم . قالت : فأخذ بلحمتي الباب فقال : " مهيم أسماء ؟ " قلت : يا رسول الله لقد خلعت أفئدتنا بذكر الدجال . قال : " إن يخرج وأنا حي فأنا حجيجه وإلا فإن ربي خليفتي علىكل مؤمن " فقلت : يا رسول الله والله إنا لنعجن عجيننا فما نخبزه حتى نجوع فكيف بالمؤمنين يومئذ ؟ قال :يجزئهم ما يجزئ أهل السماء من التسبيح والتقديس رواه أحمد**

ئەبۇ ئۇمامە ،ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججالنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ئاللاھ، ئادەم باللىرىنى ياراتقاندىن باشلاپ يەر يۈزىدە دەججالنىڭ پىتنىسىدىنمۇ چوڭراق پىتنە ــ پاساد بولۇپ باقمىدى، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر ئۈممىتىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، مەن بولسام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، سىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئۈممەت بۇلسىلەر، دەججال شەك ــ شۈبھىسىز چوقۇم سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چىقىدۇ، ئەگەر ئۇ مەن ئاراڭلاردا بار ھايات ۋاختىمدا چىقىپ قالسا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مەنلا ھۆججەت قويۇپ غالىپ كېلىمەن، مەن داۋالىشىمەن، ئەگەر ئۇ مەندىن كېيىن چىقىپ قالسا، ھەممىسى ئۆزىگە ئۆزى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ، ھەربىر مۇسۇلمانغا ياردەم بېرىشتە، ئاللاھتائالا ماڭا خەلىپە بولىدۇ، ئىگە بولىدۇ. ھەقىقەتەن دەججال شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىن چىقىدۇ، ئاندىن ئۇ ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە خۇددى بوراندەك تېز بارىدۇ، پىتنە ــ پاساد تېرىيدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئى خالايىق! مۇستەھكەم چىڭ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە دەججالنىڭ مەندىن بۇرۇن ھېچ بىر پەيغەمبەر سۈپەتلەپ بەرمىگەن سۈپىتىنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئۇ ئالدى بىلەن چىقىپلا مەن پەيغەمبەر دەيدۇ، دىققەت قىلىڭلار، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق. ئاندىن ئۇ ئۆزىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ. دىققەت قىلىڭلار، سىلەر ئۆلۈپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارمىغىچە رەببىڭلارنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر. ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر. رەببىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس، ئوخشىشى يوق. دەججالنىڭ پىشانىسىگە «كافىر» دېگەن خەت يېزىقلىق بولۇپ، ئۇنى ھەر قانداق كاتىپ ۋە غەيرى كاتىپ بولغان خەت يازالايدىغان خەت يازالمايدىغان مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ.

ھەقىقەتەن ئونىڭ، كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان پىتنىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەننەت ــ دوۋزاخنىڭ كۆرۈنۈشى بار، دوۋزاخ دېگىنى جەننەت، جەننەت دېگىنى دوۋزاخ ئوتىدۇر، كىم ئۇنىڭ ئوتى بىلەن سىنىلىپ، بالاغا قالسا، ئاللاھدىنلا ياردەم سوراپ، سۈرە كەھپىنىڭ باش تەرىپىنى ئوقۇسۇن، ئاندىن ئوت خۇددى ئىبراھىمغا سالامەت بولغاندەك سوغۇق ۋە سالامەت بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇ يېزىلىق ئەئرابىيغا قانداق قارايسەن، قېنى دەپ باققىنە، ئەگەر مەن ساڭا داداڭ بىلەن ئاناڭنى تىرىلدۈرۈپ بەرسەم مېنىڭ رەببىڭ ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دەيدۇ، ئۇ ئەئرابى ھەئە گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككى جىن ــ شەيتان ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ، ئى بالام، سەن ئۇنىڭغا ئەگەشكىن، ئۇ سېنىڭ رەببىڭ بولىدۇ دەيدۇ، ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ كالا ـ تۇگىللىرىنىمۇ (الله نىڭ ئىزنى بىلەن ) تىرىلدۈرۈپ شۇنداق قىلىدۇ، جىن ـ شەيتانلار ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىدۇ،ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇ بىر مۆئمىن ئىنسانغا غالىپ كېلىپ ئۇنى ھەرە بىلەن تىلىپ ئىككى پارچە قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ مېنىڭ بۇ بەندەمگە قاراڭلار، مەن ئۇنى تىرىلدۈرسەم ئۇ قويۇپ مەندىن باشقا رەببىم بار دەپ داۋا قىلىۋالىدۇ دەيدۇ. (چۈنكى، ئۇ مۆئمىننىڭ ئېتىقادىنى تولۇق چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئالدىن شۇنداق دېگەن). ئاندىن، ئاللاھ ئۇ بەندىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ

بەندىگە نىجىس دەججال؛ رەببىڭ كىم؟ دەيدۇ، ئۇ بەندە؛ مېنىڭ رەببىم ئاللاھدۇر، سەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەججال بولسەن دەيدۇ، ۋە يەنە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۈگۈنكىدەك ساڭا تولۇق ھۆججەت ئالامەت، دەلىل ــ ئىسپاتتا بولۇپ باقمىغان، سەن راستىنلا دەججال دەيدۇ، (چۈنكى، ئۇ مۆئمىن مۇشۇ ھەدىسنى تولۇق بىلىدۇ، بۇ ھەدىسلەر ئۇ چاغدا مۆجىزىگە ئايلىنىدۇ، ئۆزىمۇ مۆجىزە ئىدى). ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پىتنىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئاسماننى يامغۇر يېغىشقا بۇيرىسا، يامغۇر ياغدۇرىدۇ، زېمىننى زىرائەت، ئۆسۈملۈك ئۈندۈرۈشكە بۇيرىسا ئۇمۇ ئۈندۈرىدۇ، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىزنى بىلەن بولىدۇ) يەنە ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇ بىر قەبىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چارۋا ــ ماللىرى قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر پىتنىسى شۇكى، ئۇ يەنە بىر قەبىلىدىن ئۆتسە ئۇلار ئۇنى تەستىقلاپ ئىشىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ئاسماننى بۇيرىسا، يامغۇر ياغىدۇ، زېمىننى بۇيرىسا زىرائەت ئۈندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ چارۋا ــ ماللىرى شۇ كۈنىلا بورۇنقىدىن سېمىز، چوڭ قورسىقى توقلىقىدىن بەللىرى چىقىپ ئوتلايدۇ، شۇنداق سۈتلۈك بولۇپ كېتىدۇ.(بۇمۇ جىن ـ شەيتانىنىڭ ھەمكارلىششى) ئۇ، زېمىن قالماي ھەممە جايغا دەسسەيدۇ لېكىن، مەككە ــ مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ، مەككە ــ مەدىنىنىڭ ھەربىر كوچا يول ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر، يالىڭاچ قىلىچ تۇتۇپ قوغدايدۇ، ئۇ مەدىنىگە يېقىن نۇزۇلۇق، شورلۇق زېمىنىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدىكى قىزىل دۆۋە تۆپىلىككە چۈشكەندە مەدىنە ئىچىدە مۇناپىق ئەر، مۇناپىق ئايال قالماي ھەممىسى دەججالنىڭ قېشىغا چىقىدۇ، مەدىنە ئۆزىدىن خۇددى كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك نىجىسلارنى كاپىر، مۇناپىقلارنى تازىلايدۇ، شۇ كۈننى خالاس كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبلەر شۇ كۈندە قەيەردە بولىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار ئۇ چاغدا ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى كۆپىنچىسى بەيتۇلمۇقەددەستە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىمامى سالىھ، ياخشى كىشى بولۇپ، بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئىمامى ئۇلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققاندا، تۇيۇقسىز ئۇلارغا ئەيسا بامدات ۋاختىدا چۈشىدۇ، ئىمام ئەيسانىڭ ناماز ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىدۇ، ئەيسا ئەلەيھىسسالام قولىنى ئىمامنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئالدىغا چىققىن، سەن ناماز ئوقۇۋەرگىن، سەن ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىلدى دەيدۇ، ئىمام ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بېرىپ، نامازدىن قايتقاندا ئەيسا ئىشىكنى ئېچىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا دەججال 70000 يەھۇدىي بىلەن بىللە تۇرىدۇ، ھەممىسى ئالتۇن بىلەن ھەل، زىننەت بېرىلگەن ئېسىل قىلىچلارنى ئاسقان ھالەتتە تۇرىدۇ، دەججال ئەيسانى كۆرۈپ خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك ئېرىپ كېتىدۇ، ئۇ ئەيسادىن قاچىدۇ، ئەيسا، توختا! ھەقىقەتەن مېنىڭ ساڭا بىرلا قېلىچ ئۇرۇشۇم بار، سەن ھەرگىز ماڭا غالىپ كېلەلمەيسەن، قېچىپ قۇتۇلالمايسەن دەپ ئۇنى قوغلاپ بېرىپ شەرىق نەرەپتىكى لۇد دېيىلىدىغان ئىشىكتە ئۇنى تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارنى مەغلۇپ قىلىپ يېڭىدۇ.

ئاللاھ ياراتقان ھەر قانداق بىر نەرسىدە يەھۇدىي يوشۇرۇنۇپ ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇ نەرسىنى سۆزلىتىۋېتىدۇ، تاش، چالما دەرەخ، تام، ھايۋانمۇ قالماي ھەممىسى: ئى ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىسى، مانا بۇ

يەھۇدىي، بۇجايغا يوشۇرنۇۋالدى كەل بۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن دەيدۇ، لېكىن، غەرقەد ئىسمىلىك دەرەخ سۆز قىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ پەرۋىش قىلىدىغان شوخۇلۇق دەرىخىدۇر، ئاندىن مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىم ئىچىدە ئادىل ھاكىم، ئادىل ئىمام بولىدۇ، كىرىس بەلگىسىنى چاقىدۇ، توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرىدۇ، دىنسىزلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىگە تاپشۇرىدىغان باجنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت ئىسلام دىنىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، بولمىسا ئۆلتۈرىدۇ، ئۆشرە ــ زاكاتنى يىغمايدۇ، قوي، كالا، تۆگىلەرنى زاكات ھېسابلاپ ئالمايدۇ، ئۆزئارا ئۆچ ــ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەربىر زەھەرلىك ھايۋاننىڭ زەھىرى تارتىلىپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ھەتتا كىچىك سەبى باللار قوللىرىنى زەھەرلىك يىلاننىڭ ئاغىزىغا سالسا، يىلان ئۇ بالىغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، بىر كىچىك دىدەك، چۆرە، بالا، شىر، يولۋاسقا زەرەر يەتكۈزسىمۇ ئۇ يولۋاس، ئۇ قىزچاققا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. بۆرىلەر قويلار ئارىسىدا خۇددى شۇ قويلارنى باقىدىغان ئىتتەك بولۇپ قالىدۇ، پۈتۈن زېمىن خۇددى قاچا سۇغا تولغاندەك تىنىچلىققا، سالامەتلىككە تولىدۇ، كەلىمە بىرلا بولىدۇ، يەنى ئىسلام دىنىلا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» بولىدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىنىدۇ، ئۇرۇش توختىتۇلىدۇ. ئەرەبلەر پادىشاھلىقنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ، زېمىن خۇددى كۈمۈش تەخسى، پەتنۇستەك بولۇپ ئادەمنىڭ زامانىدەك ئۆسۈملۈك ئۈندۈرىدۇ، بەرىكەت تولىدۇ، ھەتتا بىر توپ جامائەت بىر ساپاق ئۈزۈمگە تويىدۇ، بىر توپ جامائەت بىرلىشىپ بىر تال ئانارنى يېسە شۇ بىر تال ئانار ئۇلارنى تويغۇزىدۇ. كالا مۇنداق مالغا ئېلىنىدۇ، يەنى قىممەت، ئات بولسا، بىر نەچچە ئۇششاق دەرھەمگە سېتىلىدۇ، ئۇلار ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! نېمە ئۈچۈن ئات ئەرزان؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چۈنكى ئۇ مەڭگۈ جەڭگە مىنىلمەيدۇ، كالا بولسا پۈتۈن يەرنى ھەيدەيدۇ، شۇڭا ئۇ قىممەت دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى؛ دەججالنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىدا،قىيامەت ئالدىدا ئۈچ يىل بولۇپ، بۇ قەھەتچىلىك يىللاردا كىشىلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يېتىدۇ، بىرىنچى يىلىلا ئاللاھ، ئاسماننى يامغۇرنىڭ ئۈچتەن بىرىنى توختۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ، زېمىننى ئۆسۈملۈك، زىرائەتلىرىنىڭ ئۈچتەن بىرىنى توختۇتۇشقا، ساقلاپ چىقارماسلىققا بۇيرىيدۇ، ئىككىنچى يىلى ئۈچتەن ئىككى قىسمىنى توختۇتۇشقا بۇيرىيدۇ، ئۈچىنچى يىل بولسا، ئاسماننى پۈتۈنلەي يامغۇر ياغدۇرماسلىققا، زېمىننى پۈتۈنلەي ئۆسۈملۈك، زىرائەت، گىياھ ئۈندۈرمەسلىككە بۇيرىيدۇ، ئاسمان بىر تامچە يامغۇر ياغدۇرمايدۇ، زېمىنمۇ بىر تال گىياھ ئۈندۈرمەيدۇ، تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىلەر، چارۋىلار پۈتۈنلەي قالماي ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ئۇلار نېمە يەيدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇلار تۇرمۇشنى تەھلىل، تەكبىر، تەسبىھ، ھەمدۇ ئېيتىپ ئۆتكۈزىدۇ، ئاشۇ ئىبادەت زىكرىلەر ئۇلارغا ئاسمان ئەھلىگە زىكىر ـ تەسبىھ كۆپايە بولغاندەك،تاماقنىڭ ئورنىدا كۇپايە بولىدۇ دىگەن. ئىبنى ماجە 4067 ــ ھەدىس، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇ خىل ھەدىسدىن يۇقىرىدا ھۆكۈم ئالغان ئىدۇق.

**5492 – [ 29 ] الفصل الثالث** ( متفق عليه ) **عن المغيرة بن شعبة قال : ما سأل أحد رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الدجال أكثر مما سألته وإنه قال لي : " ما يضرك ؟ " قلت : إنهم يقولون : إن معه جبل خبز ونهر ماء . قال : هو أهون على الله من ذلك**

مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھېچ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دەججال توغرىسىدا، مەندىنمۇ كۆپرەك سوئال سورىمدى، مەن ئەڭ كۆپ سوئال سورسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ دەججال ساڭا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ(سەن ئەنسىرىمىگىن)دېدى، مەن؛ ئۇلار؛ دەججال بىلەن بىللە تاغدەك نانلار، ئۆستەڭدە ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلار بار دېيىشىدۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ دەججالنىڭ ئۆزىمۇ، **الله** تائالاغا، شۇنەرسىلەردىنمۇ ھاقارەتلىك تۇرسا دېدى.(يەنى ئۇھەقىقى ئەمەس، بەلكى جىن ـ شەيتانلار ھەمكارلاشقان يالغان كۆرىنىشلەردۇر، ئۇ ھەقاندىاق

داۋالارنى قىلسمۇ، بەر بىر ئۇنىڭ بىر كۆزى كورلۇق ئىنسانىي سۈپىتى،كازراپلىق ئالامىتى باردۇر)بۇخارى،مۇسلىم.

**5493 – [ 30 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يخرج الدجال على حمار أقمر ما بين أذنيه سبعون باعا " . رواه البيهقي في " كتاب البعث والنشور "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:دەججال ئىككى قۇلىقىنىڭ ئارلىقى 70 غۇلاچ كىلىدىغان ئاق ئىشەكىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ چىقىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

**[ 4 ] باب قصة ابن الصياد – الفصل الأول** **سەييياد ئوغلىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا**

**5494 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن عبد الله بن عمر أن عمر بن الخطاب انطلق مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في رهط من أصحابه قبل ابن الصياد حتى وجدوه يلعب مع الصبيان في أطم بني مغالة وقد قارب ابن صياد يومئذ الحلم فلم يشعر حتى ضرب رسول الله صلى الله عليه وسلم ظهره بيده ثم قال : " أتشهد أني رسول الله ؟ " فقال : أشهد أنك رسول الأميين . ثم قال ابن صياد : أتشهد أني رسول الله ؟ فرصه النبي صلى الله عليه وسلم ثم قال : " آمنت بالله وبرسله " ثم قال لابن صياد : " ماذا ترى ؟ " قال : يأتيني صادق وكاذب . قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خلط عليك الأمر " . قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني خبأت لك خبيئا " وخبأ له : ( يوم تأتي السماء بدخان مبين ) فقال : هو الدخ . فقال : " اخسأ فلن تعدو قدرك " . قال عمر : يا رسول الله أتأذن لي في أن أضرب عنقه ؟ قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن يكن هو لا تسلط عليه وإن لم يكن هو فلا خير لك في قتله " . قال ابن عمر : انطلق بعد ذلك رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبي بن كعب الأنصاري يؤمان النخل التي فيها ابن صياد فطفق رسول الله صلى الله عليه وسلم يتقي بجذوع النخل وهو يختل أن يسمع من ابن صياد شيئا قبل أن يراه وابن صياد مضطجع على فراشه في قطيفة له فيها زمزمة فرأت أم ابن صياد النبي صلى الله عليه وسلم وهو يتقي بجذوع النخل . فقالت : أي صاف – وهو اسمه – هذا محمد . فتناهى ابن صياد . قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو تركته بين " . قال عبد الله بن عمر : قام رسول الله صلى الله عليه وسلم في الناس فأثنى على الله بما هو أهله ثم ذكر الدجال فقال : إني أنذركموه وما من نبي إلا وقد أنذر قومه لقد أنذر نوح قومه ولكني سأقول لكم فيه قولا لم يقله نبي لقومه تعلمون أنه أعور وأن الله ليس بأعور**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە، ھەمراھلىرىدىن ئىبارەت جامائەتلەر ئارىسىدا ئىبنى سەيياد تەرەپكە بېرىپتۇ، ئۇ بەنىي مۇغالىتە قەبىلىسىنىڭ قورغانلىرىدىن بىر قورغان ئىچىدە، كىچىك باللار بىلەن بىللە ئويناۋاتقان ئىكەن، ئىبنى سەيياد شۇ كۈنلەردە ئىھتىلام بولۇشقا يېقىن قالغان ئىكەن، رەسۇلۇللاھ مۇبارەك قولى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئۇرغانغا قەدەر، ئۇ ئۇلارنىڭ بارغانلىقىنى سەزمەپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: مىنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بىرەمسەن؟دىسە، ئۇ رەسۇلۇللاھقا قاراپ؛سىنىڭ تورۇك ساۋاتسىز ئەرەپلەرنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بىرىمەن، سەنمۇ مىنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بىرەمسەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سوئال ـ جاۋابنى تاشلاپ، ئۇنى قاتتىق بىر سىقىپ قويۇپ بىرىپ ئاندىن ئۇنىڭغا: مەن ، **الله** قا ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسگە ئىمان كەلتۈردۈم، سەن قانداق قارايسەن؟ نىمىنى كۆردۈڭ؟دېدى، ئۇ؛ ماڭا راسچىل سەمىيمى كىشى ۋە يالغانچى كىشى كەپتۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ساڭا ئىشلار ئېلىشىپ كىتىپتۇ، مەن سەندىن بىر نەرسىنى يوشۇردۇم(ئۇنى تاپالامسەن؟) دېدى.ـ رەسۇلۇللاھ ئەسلى«يەۋمە تەئتىسسامائۇ بىدۇخانىممۇبىين»دىگەننى يوشۇرغان ئىدى.ـ ئۇ؛ يوشۇرغان نەرسەڭ، دۇخ،دۇخ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئاغزىڭنى يۇم!! ھەددىڭدىن

ئاشما!دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!  ئىبنى سەييادنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىمغا ماڭا رۇخسەت قىلامىلا؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ دەججال بولۇپ قالسا، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز غالىب بولالمايسەن (يەنى ئۇنى ئەيسا ئۆلتۈرىدۇ) ئەگەر ئۇ دەججال بولماي قالسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭدە ياخشىلىق يوق. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ شۇنىڭدىن كېيىن  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇبەي ئىبنى كەئبى بىلەن بىللە ئىبنى سەيياد بار خورمىزارلىقنى مەقسەت قىلىپ بېرىپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى ئىبنى سەييادنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئاڭلاشنى مەقسەت قىلىپ، خورمىنىڭ شاخلىرى بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۇشۇرۇنىشكە باشلاپتۇ، ئىبنى سەيياد ئۆزىنىڭ تونىغا يۆگىنىپ، كۆرپىسى ئۈستىدە ياتقان ئىكەن، ئۇنىڭدىن بىرخىل چۈشۈنۈكسىز ئاۋازلار يىراقتىن ئاڭلىنىپ چىقىۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ، رەسۇلۇللاھنىڭ خورمىنىڭ شاخلىرى بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۇشۇرۇنغىنىنى كۆرۈپ؛ ھەي ساپ!! دەپ ئۇنى تووۋلاپ، بۇ مۇھەممەد كەپتۇ دېدى، ئاندىن ئىبنى سەيياد سۆزىنى توختاتتى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ھەي!ئەگەر ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى جىم قويغان بولسا،  ئۇنىڭ ئىشى ئۇچۇق-ئاشكارا بولاتتى دېدى.ئاندىن بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ، **الله** قا ھەمدۇ-سانا ئەيتىپ، ئاندىن دەججالنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، ھەر قانداق پەيغەمبەر قەۋمىنى  دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، نوھ ئەلەيھىسسالامۇ قەۋمىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى، لېكىن، مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا ھېچبىر پەيغەمبەر قەۋمىگە دەپ بەرمىگەن بىر سۆزنى دەپ بېرىمەن، ئۇ بولسىمۇ، ھەقىقەتەن دەججالنىڭ بىر كۆزى كوردۇر. ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىر كۆزى كور ئەمەستۇر، (ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق. دەججال دېگەن ئادەم بالىسى) بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تىرمىزى 2175 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3768 _ ھەدىس، سەھىھ. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر؛ ئىبنى سەيياد دەججال ئۆزى شۇ دېگەن، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.ئۇھازىر جىلغىداقاماقلىق.مۇسلىمدا ئەمەس دېگەنمۇ بار، توغرىسىنى **الله** ئۆزى بىلىدۇ.

**5495 – [ 2 ]** ( صحيح ) **وعن أبي سعيد الخدري قال : لقيه رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبو بكر وعمر – يعني ابن صياد – في بعض طرق المدينة فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتشهد أني رسول الله ؟ " فقال هو : أتشهد أني رسول الله ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " آمنت بالله وملائكته وكتبه ورسله ماذا ترى ؟ " قال : أرى عرشا على الماء . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ترى عرش إبليس على البحر وما ترى ؟ " قال : أرى صادقين وكاذبا أو كاذبين وصادقا . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لبس عليه فدعوه " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەدىنە يوللىرىنىڭ بىرىسىدە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىبنى سەييادقا ئۇچراپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: مېنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟دېسە، ئۇ ؛(سېنىڭ تۇرۇلۇك ساۋاتسىز ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن)، سەنمۇ مېنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ: مەن ، **الله** قا ۋە **الله** نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم، سەن قانداق قارايسەن؟ نېمىنى كۆردۈڭ؟دېدى، ئۇ؛ مەن سۇ ئۈستىدە ئەرشنى كۆردۈم دېدى، رەسۇلۇللاھ: سەن ئىبلىس شەيتاننىڭ دېڭىز ئۈستىدىكى ئەرشىنى كۆرۈپسەن، سەن يەنە نېمىنى كۆردۈڭ دېسە، ئۇ؛ ماڭا ئىككى راستچىل سەمىمى كىشى ۋە بىر يالغانچى كىشى، ياكى ئىككى يالغانچى بىلەن بىر راستچىل كىشى كەلدى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇنىڭغا ئىشلار ئېلىشىپ كېتىپتۇ، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار دېدى.مۇسلىم توپلىغان.

5496 – [ 3 ] ( صحيح ) وعنه أن ابن صياد سأل النبي صلى الله عليه وسلم عن تربة الجنة . فقال : " درمكة بيضاء ومسك خالص " . رواه مسلم

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىبنى سەيياد، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جەننەتنىڭ تۇپرىقى توغرىسىدا سورغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ تۇپرىقى، دەرمەكەتنىڭ ئاق تۇپرىقى، ئاق ئۇندەك، ئاق نانغا ئوخشاشتۇر، خالىس ساپ مىسك ـ ئەنبەردۇر.مۇسلىم. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ زېمىنى، تۇپرىقى ئاق، نۇرلۇق، خۇددى ئاق ناندەك گۈزەلدۇر، ئەبۇسەئىدنىڭ تويلىغان، سەھىھ.

5497 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن نافع قال : لقي ابن عمر ابن صياد في بعض طرق المدينة فقال له قولا أغضبه فانتفخ حتى ملأ السكة . فدخل ابن عمر على حفصة وقد بلغها فقالت له : رحمك الله ما أردت من ابن صياد ؟ أما علمت أن رسول الله عليه وسلم قال : " إنما يخرج من غضبة يغضبها " . رواه مسلم

نافىئتىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنە يوللىرىنىڭ بەزىسىدە ئىبنى سەييادقا ئۇچراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر قىسىم سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇ ئاچچىقتىن يولغا لىق كەلگىدەك(يەنى يولغا پاتمىغىدەك)ئىششىپ يوغىناپ كېتىدۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرگەندە،ـ ئۇنىڭغا ھېلىقى يولدىكى ئىشلار يەتكەچكە ـ ئۇنىڭغا؛الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، سەن ئىبنى سەييادتىن نىمىنى مەقسەت قىلدىڭ؟ سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟: ھەققەتەن دەججال قاتتىق غەزەپ قىلىپ ئاچچىقلانغاندا چىقىدۇ ، مۇسلىم 5216 _ ھەدىس، ئەھمەد 25223 _ ھەدىس، 25221 _ ھەدىس، سەھىھ.

5498 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري قال : صحبت ابن صياد إلى مكة فقال : ما لقيت من الناس ؟ يزعمون أني الدجال ألست سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إنه لا يولد له " . وقد ولد لي أليس قد قال : " هو كافر " . وأنا مسلم أو ليس قد قال : " لا يدخل المدينة ولا مكة " ؟ وقد أقبلت من المدينة وأنا أريد مكة . ثم قال لي في آخر قوله : أما والله إني لأعلم مولده ومكانه وأين هو وأعرف أباه وأمه قال : فلبسني قال : قلت له : تبا لك سائر اليوم . قال : وقيل له : أيسرك أنك ذاك الرجل ؟ قال : فقال : لو عرض علي ما كرهت . رواه مسلم

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن مەككىگە بارغىچە، ئىبنى سەييادقا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ئىدىم، ئۇ ماڭا؛ سەن كىشىلەردىن مەن توغرۇلۇق نىمىلەرنى ئاڭلىدىڭ؟ ئۇلار مېنى دەججال دەپ داۋا قىلىشىدىكەن،سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛ «دەججالغا بالا تۇغۇلمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ماڭا بالا تۇغۇلدى، رەسۇلۇللاھ؛دەججالنى «كافىر»دېمىگەنمۇ؟ مانا مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ئۇنى مەككە ـ مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ، دېمىگەنمۇ؟ مانا مەن ھازىر مەدىنىدىن چىقىپ، مەككىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن، ئەمما الله بىلەن قەسەمكى، مەن دەججالنىڭ تۇغۇلغان ئورنىنى، تۇرۇشلۇق ماكانىنى، ھازىر ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى بىلىمەن دېدى، ئۇ ماڭا ئىشلارنى بەكلا ئېلىشتۇرۇۋەتتى، مەن ئۇنىڭغا؛ بۈگۈندىن باشلاپ ساڭا ھالاكەت بولسۇن دېدىم، ئىبنى سەييادقا؛ سىنىڭ ئەشۇ دەججال بولۇشۇڭ سىنى خۇرسەن قىلامدۇ؟دېيىلسە، ئۇ؛ ئەگەر شۇنداق بولۇش ماڭا تەكلىپ قىلىنسە، مەن ئۇنى ياقتۇرماي قالمايمەن يەنى خالايمەن دېدى.مۇسلىم.

| |
|---|
| **5499 –[ 6 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر رضي الله عنهما قال : لقيته وقد نفرت عينه فقلت :متى فعلت عينك ما أرى ؟ قال :لا أدري قلت : لا تدري وهي في رأسك ؟ قال : إن شاء الله خلقها في عصاك قال:فنخر كأشد نخير حمار سمعت رواه مسلم**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئىبنى سەييادقا ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ بىر كۆزىنىڭ تىرىسى بىر يانغا قېچىپ، ئىششىپ كىتىپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا؛ مەن كۆرىۋاتقان كۆزۈڭدىكى بۇ ھادىس قاچان يۈز بەردى؟ دىسەم، ئۇماڭا؛ بىلمەيمەن دىدى، مەن؛ كۆزۈڭ سىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ بىشىدا تۇرسىمۇ بىلمەمسەن؟دىسەم، ئۇ؛ ئەگەر **الله** خالىسا، بۇ كۆزنى سىنىڭ ھاساڭغىمۇ يارىتىۋىرىدۇ دىدى، ئاندىن خۇددى ئىشەك ھاڭرىغاندەك، قاتتىق ئاۋاز قىلىپ ئاچچىقلاپ كەتتى.مۇسلىم توپلىغان. |
| **5500 – [ 7 ] ( متفق عليه ) وعن محمد بن المنكدر قال : رأيت جابر بن عبد الله يحلف بالله أن ابن الصياد الدجال . قلت : تحلف بالله ؟ قال : إني سمعت عمر يحلف على ذلك عند النبي صلى الله عليه وسلم فلم ينكره النبي صلى الله عليه وسلم**<br><br>ئىبنى مۇنكەدىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن جابىر ئىبنى ئابدۇ**الله** رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، **الله** بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ؛ ئىبنى سەيياد دەججالنىڭ ئۆزى شۇ دىگەنلىكىنى كۆرۈپ؛ سەن **الله** بىلەن قەسەم قىلىۋاتىسەنغۇ؟دىسەم، ئۇ ماڭا؛ مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا، **الله** بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ؛ ئىبنى سەيياد دەججالنىڭ ئۆزى شۇ دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئىنكار قىلمىدى دىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.لىكىن يۇقىردا مۇسلىمنىڭ سەھىھ ھەدىسىدا؛ تەمىمۇددارىينىڭ ھەدىسى ئۆتتى، ئۇنىڭدا دەججال بىر ئارالدا باغلاقلىق ئىكەن. |

| |
|---|
| **5501 – [ 8 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن نافع قال : كان ابن عمر يقول : والله ما أشك أن المسيح الدجال ابن صياد . رواه أبو داود والبيهقي في " كتاب البعث والنشور "**<br><br>نافىئتىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەسىھ دەججالنىڭ ئىبنى سەيياد ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك قىلمايمەن، دەيتتى.ئەبۇداۋۇد،بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ. |
| **5502 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن جابر رضي الله عنه قال : قد فقدنا ابن صياد يوم الحرة . رواه أبو داود**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بىز ئىبنى سەييادنى ھەررەت كۈنى يۇتتىرىۋەتتۇق دىگەن.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.سەھىھ. |
| **5503 – [ 10 ] وعن أبي بكرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يمكث أبو الدجال ثلاثين عاما لا يولد لهما ولد ثم يولد لهما غلام أعور أضرس وأقله منفعة تنام عيناه ولا ينام قلبه " . ثم نعت لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم أبويه فقال : أبوه طوال ضرب اللحم كأن أنفه منقار وأمه امرأة فرضاخية طويلة اليدين " . فقال أبو بكرة : فسمعنا بمولود في اليهود فذهبت أنا والزبير بن العوام حتى دخلنا على أبويه فإذا نعت رسول الله صلى الله عليه وسلم فيهما فقلنا هل لكما ولد ؟ فقالا: مكثنا ثلاثين عاما لا يولد لنا ولد ثم ولد لنا غلام أعور أضرس وأقله منفعة تنام عيناه ولا ينام قلبه قال فخرجنا من عندهما فإذا هو مجندل في الشمس في قطيفة وله همهمة فكشف عن رأسه فقال ما قلتما : وهل سمعت ما قلنا ؟ قال : نعم تنام عيناي ولا ينام قلبي رواه الترمذي** |

ئەبۇبۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:دەججالنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا 30 يىلغىچە بىرمۇ بالا تۇغۇلمايدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا بىر كۆزى ئەئما، ئېزىق چىشى چوڭ توڭكاي، مەنپەئەتى ئاز، ئىككى كۆزى ئۇخلىسىمۇ، قەلبى ئۇخلىمايدىغان بىر ئوغۇل بالا تۇغۇلىدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىزگە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى سۈپەتلەپ؛ دەججالنىڭ دادىسى ئۇزۇق ، ئىگىز ، بۇرنى خۇددى قۇشنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاش كىشىدۇر، ئانىسى بولسا، ناھايىتى چوڭ، سېمىز، ئىككى قولى ئۇزۇن ئايالدۇر، كېيىن بىز يەھۇدىيلەر ئارىسىدا شۇنداق بىر بالىنىڭ تۇغۇلغىنىنى ئاڭلاپ، مەن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرسەك، ناگاھان ئۇلار رەسۇلۇللاھ سۈپەتلەپ بەرگەندەكلا ئىكەن، بىز؛ سىلەرنىڭ بالاڭلار بارمۇ؟دىسەك، ئۇلار؛بىزگە 30 يىلغىچە بىرمۇ بالا تۇغۇلمىدى، ئاندىن كېيىن بىزگە بىر كۆزى ئەئما، ئېزىق چىشى چوڭ، توڭكاي، مەنپەئەتى ئاز، ئىككى كۆزى ئۇخلىسىمۇ، قەلبى ئۇخلىمايدىغان بىر ئوغۇل بالا تۇغۇلدى،دېدى. ئاندىن بىز ئۇلارنىڭ قېشىدىن چىقساق، ناگاھان دەججال تون كاسايىسى ئىچىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە چۈشەنگىلى بولمايدىغان مەخپى گوڭ ـ گوڭ سۆز بار ئىكەن، ئۇ يۈزىنى ئېچىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ؛ نىمە دېدىڭلار؟دېدى، بىز؛ سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىدىڭمۇ؟دىسەك، ئۇ؛ ھەئە، مىنىڭ ئىككى كۆزۈم ئۇخلىسىمۇ، قەلبىم ئۇخلىمايدۇ دېدى. تىرمىزى توپلىغان.

**5504 – [ 11 ]** ( **لم تتم دراسته** ) **وعن جابر أن امرأة من اليهود بالمدينة ولدت غلاما ممسوحة عينه طالعة نابه فأشفق رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يكون الدجال فوجده تحت قطيفة يهمهم . فآذنته أمه فقالت : يا عبد الله هذا أبو القاسم فخرج من القطيفة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ما لها قاتلها الله ؟ لو تركته لبين " فذكر مثل معنى حديث ابن عمر فقال عمر بن الخطاب ائذن لي يا رسول الله فأقتله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن يكن هو فليست صاحبه إنما صاحبه عيسى بن مريم وإلا يكن هو فليس لك أتقتل رجلا من أهل العهد " . فلم يزل رسول الله صلى الله عليه وسلم مشفقا أنه هو الدجال . رواه في شرح السنة وهذا الباب خال عن الفصل الثالث**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ يەھۇدىيلەردىن بىر ئايال مەدىنىدە، كۆزى خۇددى سىلىۋەتكەندەك كور، ئېزىق چىشلىرى توڭكاي بىر ئوغۇل بالىنى تۇغدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ بالىنىڭ دەججال بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنى تون كاساياسىغا يېپىنغان، چۈشۈنۈكسىز سۆزلەرنى قىلىۋاتقان ھالەتتە تاپتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ ئۇختۇرۇپ؛ ئى ئابدۇ**الله**! بۇ ئەبۇلقاسىم كەپتۇ دېدى، ئاندىن ئۇ يۆگەنگەن توندىن چىقىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ؛ ھەي! ئۇنىڭ ئانىسىغا نىمە بولغاندۇ؟ **الله** ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن، ئەگەر ئۇ بالىسىنى جىم قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى (يەنى دەججال ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى)ئاشكارا بولاتتى دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇنى ئۆلتۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئەگەر بۇ دەججال بولۇپ قالسا، سەن بۇنى ئۆلتۈرىدىغان كىشى ئەمەس، بۇنى ئۆلتۈرىدىغان كىشى ئەيسادۇر، ئەگەر بۇ دەججال بولماي قالسا، سىنىڭ ئەھدىسى بار زىممىي كىشىنى ئۆلتۈرۈشۈڭ دۇرۇس ئەمەس دېدى، رەسۇلۇللاھ دائىم ئۇنىڭ دەججال بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا كەلدى.شەرھسسۇننى توپلىغان.

**[ 5 ] باب نزول عيسى عليه السلام – الفصل الأول** **ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى توغرىسىدا**

**5505 – [ 1 ]** ( **متفق عليه** ) **عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفسي بيده ليوشكن أن يترل فيكم ابن مريم حكما عدلا فيكسر الصليب ويقتل الخترير ويضع الجزية ويفيض المال حتى لا يقبله أحد حتى تكون السجدة**

**الواحدة خيرامن الدنيا وما فيها " . ثم يقول أبو هريرة : فاقرؤا إن شئتم [ وإن من أهل الكتاب إلا ليؤمنن به قبل موته ] الآية .**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پات يېقىندا ئاراڭلارغا مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا چۈشۈشى مۇمكىن، ئۇ ئادىل ئىمام، ئادىل ھاكىم بولۇپ چۈشۈشى مۇمكىن، ئۇ چۈشۈپ كىرىس بەلگىسىنى چاقىدۇ. توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، جىزيە، جان بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، (يەنى ئۇ چاغدا كىشى يا مۇسۇلمان بولىدۇ، ياكى ئۆلتۈرلىدۇ خالاس.) مال ـ دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، ئۇنى ھېچ كىشى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا بىرلا سەجدە قىلىشۋېلىش، بۇ دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ.ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئەگەر خالىساڭلار،«ھەرقانداق بىر ئەھلى كىتاپ بۇلىدىكەن، ئەيسانىڭ ئۆلۈشىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ»دىگەن ئايەتنى ئۇقۇڭلار دېدى.بۇخارى،مۇسلىم ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپ، سەھىھ.

**5506 – [ 2 ] ( صحيح ) وعنه قا ل : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والله ليترلن ابن مريم حكما عادلا فليكسرن الصليب وليقتلن الخترير وليضعن الجزية وليتركن القلاص فلا يسعى عليها ولتذهبن الشحناء والتحاسد وليدعون إلى المال فلا يقبله أحد " . رواه مسلم . وفي رواية لهما قال : " كيف أنتم إذا نزل ابن مريم فيكم وإمامكم منكم "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئەيسا چوقۇم ئادىل ھاكىم بولۇپ چۈشىدۇ، كىرىست بەلگىسىنى چاقىدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، دىنسىزلار، ئىسلام دۆلىتىگە تاپشۇرىدىغان قان بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۆلتۈرىدۇ، مال ــ دۇنيانىڭ بەرىكىتىنىڭ كۆپلىكىدىن، تۆگەبوتلاقلىرى تەرك ئېتىلىپ، تاشلىنىپ قالىدۇ، ھېچ كىشى ئۇنىڭدا ھەرىكەت قىلمايدۇ. ھەم ئۇنى مىنمەيدۇ، ئۇ چاغدا ئۆچ ــ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ھىقدە ـ ھەسەد يوقايدۇ، ئەلۋەتتە ئەيسا مال ــ دۇنيانى ئېلىۋېلىڭلار دەپ چاقىرسا، ھېچ بىر كىشى ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسلىم 221 ــ ھەدىس، سەھىھ.يەنەبىرخاتىردە؛ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام، ئاراڭلارغا چۈشكەندە، ئىماملار يەنىلا سىلەردىن بولغاندا قانداق بولۇپ كېتەرسىلەر؟. مەريەم ئوغلى ئەيسا، ئاراڭلارغا چۈشۈپ، سىلەرنى ئۆزگە ئىمام قىلغاندا، ھالىڭلار قانداق بولار ھە؟!. بەيھەقى مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5507 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تزال طائفة من أمتي يقاتلون على الحق ظاهرين إلى يوم القيامة " . قا ل : " فيترل عيسى بن مريم فيقول أميرهم : تعال صل لنا فيقول : لا إن بعضكم على بعض أمراء تكرمة الله هذه الأمة " . رواه مسلم وهذا الباب خال عن الفصل الثاني**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىر بۆلەك كىشىلەر قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى تائىپە ئارىسىغا مەريەم ئوغلى ئەيسا چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمىرى، خەلىپىسى بۇياققا كەل! بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگىن دەيدۇ. ئەيسا: ياق، ھەقىقەتەن بەزىڭلار بەزىڭلارغا ئەمىر، ئىمام بولىسىلەر، بۇ ئاللاھتائالانىڭ بۇ ئۈممەتنى ھۆرمەتلىشىدۇر دەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5508 – [ 4 ] الفصل الثالث عن عبد الله بن عمرو قا ل : قا ل رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يترل عيسى بن مريم إلى**

الأرض فيتزوج ويولد له ويمكث خمسا وأربعين سنة ثم يموت فيدفن معي في قبري فأقوم أنا وعيسى بن مريم في قبر واحد بين أبي بكر وعمر " . رواه ابن الجوزي في كتاب الوفاء

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا زىمىنغا چۈشۈپ توي قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بالا تۇغۇلىدۇ، ئۇ زىمىندا 45 يىل تۇرىدۇ، ئاندىن ۋاپات بولۇپ، مىنىڭ قەبرەمگە دەپنە قىلىنىدۇ، مەن مەريەم ئوغلى ئەيسا بىلەن بىللە ، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ ئارىسىدا بىر قەبرىدىن تىرىلىپ قوپىمىز.ئىبنى جەۋزى ۋاپا دىگەن كىتابىدا توپلىغان.

**[ 6 ] باب قرب الساعة وإن من مات فقد قامت قيامته – الفصل الأول**

## قىيامەتنىڭ يېقىنلىقى، كىم ئۆلسە ئۇنىڭ قىيامىتى قايىم بولغاندەك بولۇشى توغرىسىدا

**5509 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) عن شعبة عن قتادة عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بعثت أنا والساعة كهاتين " . قال شعبة : وسمعت قتادة يقول في قصصه كفصل إحداهما على الأخرى فلا أدري أذكره عن أنس أو قاله قتادة ؟

ئەنەس،قەتادە، سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن ھالەتتە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن قىيامەت شۇنداق يېقىن، بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ جۇبەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن قىيامەت شامىلىنىڭ ئەۋۋىلىدە يەنى قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئەۋەتىلدىم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5510 – [ 2 ]** ( صحيح ) وعن جابر قا ل : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول قبل أن يموت بشهر : " تسألوني عن الساعة ؟ وإنما علمها عند الله وأقسم بالله ما على الأرض من نفس منفوسة يأتي عليها مائة سنة وهي حية يومئذ " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر مەندىن قىيامەت توغرىسىدا سورايسىلەر، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قايىم بولىدىغان ۋاقتىنىڭ ئىلمى الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر، الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن نەپەسلىنىۋاتقان ھەر قانداق بىر جان ئىگىسىگە ساق 100 يىل كەلمەيدۇ، 100 يىل كەلگەن شۇ كۈندە ئۇ ھايات قالمايدۇ، (بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا 100 يىل توشقاندا، شۇ ۋاقىتتا بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ساھابە ئاخىرلاشقان).مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۈگۈنكى كۈندە، يەر يۈزىدە بار بولغان نەپەس ئېلىۋاتقان جان ئىگىسىگە 100 يىل كەلمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، (بۇ ھەدىسنى ۋاپات تېپىشىدىن بىر ئاي بۇرۇن دىگەن بولۇپ، بۇ مۆجىزە، راستىنلا 100 يىلدىن كېيىن ھىجرىيە110 ـ يىلى ساھابە قالمىغان). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىدىكى يەنە بىر سەھىھ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن ئالىملار؛ خىزىرمۇ ئۆلۈپ كەتكەن دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئايەتمۇ دەلىلدۇر.

**5511 – [ 3 ]** ( صحيح ) وعن أبي سعيد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يأتي مائة سنة وعلى الأرض نفس منفوسة

**اليوم " . رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يەر يۈزىدە بۈگۈن نەپەسلىنىۋاتقان جان ئىگىسى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا 100 يىل تولۇق كەلمەي تۇرۇپ يوقۇلۇپ بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. راستىنلا 100 يىل توشماي تۇرۇپ شۇ زاماندىكى كىشلەر ئۆلۈپ تۈگىگەن، بۇ ھەدىستىن خىزىرمۇ ئۆلۈپ بولغان بولىدۇ، خىزىر ھايات دىگەن ھەدىسلەر يالغان ياكى قاتتىق زەئىپتۇر.

**5512 – [ 4 ] وعن عائشة قالت : كان رجال من الأعراب يأتون النبي صلى الله عليه وسلم فيسألونه عن الساعة فكان ينظر إلى أصغرهم فيقول : " إن يعش هذا لا يدركه الهرم حتى تقوم عليكم ساعتكم " . متفق عليه**

ئەنەس، مۇغەيرەت، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، ئەئرابىيلاردىن بولغان كىشلەر كېلىپ؛ قىيامەت قاچان؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن بىر بالىنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ئەگەر بۇ بالا ھايات ياشاپ قالسا، بۇ بالىنى قېرىلىق تېپىشدىن بۇرۇن قىيامەت قايىم بولۇشى مۇمكىن، مۇسلىم 5249 _ ھەدىس، بۇخارى 6006 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4119 _ ھەدىس، ئەھمەد 13347 _ ھەدىس، سەھىھ. يەنە بىر خاتىرىدە سىلەرنىڭ قىيامىتىڭلار قايىم بولىدۇ دىگەن بار، ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە قازى ئىيازنىڭ مۇنۇ سۆزىنى يازغان، بۇ توغرىسىدىكى بارلىق رىۋايەتلەر ئاشۇ مەنىگە يەنى سىلەرنىڭ قىيامەتىڭلار دىگەنگە قايتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ شۇلارنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشىدۇر، ئەلۋەتتە كىچىك بىر بالا ھايات كەچۈرۈپ قالسا، ئۇ قېرىغىچە چوڭلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ھەدىسنىڭ مەنىسى، ئۇ بالا قېرىغىچە ئۆلۈپ تۈگەپ كەتىشىڭلار قىيامەتكە ئوخشاشدۇر دىگەن بولىدۇ، ياكى بۇ بالا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىگەن، ئۇزۇن ياشىمىغان ھەم قېرىمىغان، كىچىكلا ئۆلۈپ كەتكەن دىيىلدى.

**5513 – [ 5 ] الفصل الثاني عن المستورد بن شداد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " بعثت في نفس الساعة فسبقتها كما سبقت هذه هذه " وأشار بأصبعيه السبابة والوسطى . رواه الترمذي**

مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مەن قىيامەتنىڭ ئۆزىدە،(يەنى قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ ئاشكارا بۇلىدىغان ۋاقتىدا) ئەۋەتىلدىم، مەن قىيامەتتىن خۇددى ماۋۇ ئوتتۇرا بارماق، كۆرسەتكۈچى بارماقتىن ئىلگىرى بولغىنىدەكلا ئىلگىرىدۇرمەن.تىرمىزى توپلىغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن بۇ دۇنيادىن ئەمەس، بۇ دۇنيامۇ مەندىن ئەمەس، مەن بۇ دۇنيانىڭ ئەمەس، بۇ دۇنيامۇ مېنىڭ ئەمەس، ھەققەتەن مەن قىيامەت بىلەن بىللە ئەۋەتىلدىم، بىز مۇسابىقە قىلىشمىز، يەنى مەن قىيامەت ئالدىدىلا ئەۋەتىلدىم، مەن كېلىپ ئۇزۇن قالماي قىيامەت كېلىدۇ. زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5514 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن سعد بن أبي وقاص عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إني لأرجو أن لا تعجز أمتي عند ربها أن يؤخرهم نصف يوم " . قيل لسعد : وكم نصف يوم ؟ قال : خمسمائة سنة . رواه أبو داود**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن مەن ئۈممىتىمنىڭ، پەرۋەردىگارى ئالدىدا، ئۇلارنى يېرىم كۈن كېچىكتۈرۈۋېتىشدىن ئاجىز كەلمەسلىكىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، (يەنى 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن،ئۇ بىر كۈن 1000 يىلچە كېلىدۇ،

مۆئمىنگە ئۇنداق ئەمەس) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن؛ ھەقىقەتەن، ئالاھتائالا مىنى ئۇممىتىم توغرىسىدا ئۇلارنى يېرىم كۈن يەنى 500 يىل كېچىكتۈرۈش توغرىسىدا ئاجىز قىلمايدۇ، (يەنى مەن شاپائەت قىلىپ، بۇرۇنراق جەننەتكە ئەكىرىپ كېتىمەن دىگەن بولىدۇ) ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**5515 – [ 7 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل هذه الدنيا مثل ثوب شق من أوله إلى آخره فبقي متعلقا بخيط في آخره فيوشك ذلك الخيط أن ينقطع " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بۇ دۇنيانىڭ مىسالى: خۇددى ئەۋۋەلىدىن ئاخىرغىچە يىرىپ يىرتىلىپ، پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىر تاللا يىپقا ئېسىلىپ قالغان رەختكە ئوخشايدۇ، ئۇ يىپمۇ ئۈزۈلۈپ كىتىشى مۇمكىن.(يەنى شۇ يىپ ئۈزۈلسە، رەخت ئىككى پارا بۇلۇپ كەتكەندەك، پات يېقىندىلا قىيامەت قايىم بۇلىشى مۇمكىن)بەيھەقى. مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن؛ خۇددى بىر تال يىڭنە دېڭىزنىڭ سۈيىگە چىلاپ ئېلىنغانچىلىك ئىشتۇر، يەنى بۇ دۇنيا، ئاخىرەت ئالدىدا يوق نەرسىدۇر، چۈنكى، بۇ دۇنيا ۋاقىتلىق، چەكلىك، ئاخىرەت بولسا، مەڭگۈ چەكسىزدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**[ 7 ] باب لا تقوم الساعة إلا على شرار الناس – الفصل الأول**

## قىيامەت پەقەت كىشلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ دىگەن توغرىسىدا

**5516 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا تقوم الساعة حتى لا يقال في الأرض : الله الله " . وفي رواية : " لا تقوم الساعة على أحد يقول : الله الله " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يەر يۈزىدە (يەر شارىدا) ئاللاھ! ئاللاھ! دىيىلمەيدىغان بولمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، چىن دىلىدىن ئاللاھ! ئاللاھ! دىيىلمىگەندە ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ. (چۈنكى، قىيامەت كىشلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، ئۇلار خۇددى ئىشەكتەكتۇر). يەنەبىرخاتىردە؛ چىن دىلىدىن ئاللاھ! ئاللاھ!دەيدىغان كىشىنىڭ ئۈستىگە قىيامەت قايىم بولمايدۇ،دىيىلگەن. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5517 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة إلا على شرار الخلق " . رواه مسلم**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت پەقەت كىشلەرنىڭ ئەڭ يامان كىشلىلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. قىيامەت قايىم بولۇش ئاز قالغانسىرى كىشلەر يامانلىشىدۇ، زامان يامان بولىدۇ، يامان كىشلەرلا قالغاندا قىيامەت قۇرۇلىدۇ.

**5518 – [ 3 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تقوم الساعة حتى تضطرب أليات نساء دوس حول ذي الخلصة " . وذو الخلصة : طاغية دوس التي كانوا يعبدون في الجاهلية . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زۇلخەلسەت دىگەن

بۇتنىڭ ئەتراپىدا دوۋەيس قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ساغرىسى ئويناخشىمىغىچە (يەنى ئۇلار شۇ بۇتقا چوقۇنۇپ، ئىبادەت قىلىپ كەتمىگىچە) قىيامەت قايىم بولمايدۇ.بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5519 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا يذهب الليل والنهار حتى يعبد اللات والعزى " . فقلت : يا رسول الله إن كنت لأظن حين أنزل الله : ( هو الذي أرسل رسوله بالهدى ودين الحق ليظهره على الدين كله ولو كره المشركون ) أن ذلك تاما . قال : " إنه سيكون من ذلك ما شاء الله ثم يبعث الله ريحا طيبة فتوفي كل من كان في قلبه مثقال حبة من خردل من إيمان فيبقى من لا خير فيه فيرجعون إلى دين آبائهم " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: لات، ئۇززا دىگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىنىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** تائالا:« مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، **الله** ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.»(سۈرە تۆۋبە33 ـ سۈرە سەپ 9 ـ ئايەت)دىگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا، مەن تېخى بۇ ئىسلام دىنىنى مەڭگۈ باشقا دىنلار ئۈستىدىن كامىل غالىپ كىلىدۇ دەپ، گۇمان قىلىپ قاپتىمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛شۇ سىز گۇمان قىلغان ئىش،پات يېقىندا **الله** خالىغان ۋاقىتقىچە شۇنداق بولىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا، مۇلايىم يۇمشاق، پاك شامالنى ئەۋەتىدۇ، بۇ شامال سەۋەبلىك قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دىنى مىقدارىچىلىك ئىمانى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاپات تاپىدۇ، بىرمۇ مۇسۇلمان قالماي ئۆلۈپ كېتىپ، قەتئىي ياخشىلىق يوق كىشىلەر قېلىپ قالىدۇ،ئاندىن ئۇلار ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ باتىل دىنلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ. (قىيامەت ئاشۇ يامان كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە قورۇلىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5520 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يخرج الدجال فيمكث أربعين " لا أدري أربعين يوما أو شهرا أو عاما " فيبعث الله عيسى ابن مريم كأنه عروة بن مسعود فيطلبه فيهلكه ثم يمكث في الناس سبع سنين ليس بين اثنين عداوة ثم يرسل الله ريحا باردة من قبل الشام فلا يبقى على وجه الأرض أحد في قلبه مثقال ذرة من خير أو إيمان إلا قبضته حتى لو أن أحدكم دخل في كبد جبل لدخلته عليه حتى تقبضه " قال : " فيبقى شرار الناس في خفة الطير وأحلام السباع لا يعرفون معروفا ولا ينكرون منكرا فيتمثل لهم الشيطان فيقول ألا تستجيبون ؟ فيقولون : فما تأمرنا ؟ فيأمرهم بعبادة الأوثان وهم في ذلك دار رزقهم حسن عيشهم ثم ينفخ في الصور فلا يسمعه أحد إلا أصغى ليتا ورفع ليتا " قال : " وأول من يسمعه رجل يلوط حوض إبله فيصعق ويصعق الناس ثم يرسل الله مطرا كأنه الطل فينبت منه أجساد الناس ثم ينفخ فيه أخرى فإذا هم قيام ينظرون ثم يقال : يا أيها الناس هلم إلى ربكم وقفوهم إنهم مسؤولون . فيقال : أخرجوا بعث النار . فيقال : من كم ؟ كم ؟ فيقال : من كل ألف تسعمائة وتسعة وتسعين " قال : " فذلك يوم يجعل الولدان شيبا وذلك يوم يكشف عن ساق " . رواه مسلم وذكر حديث معاوية : " لا تنقطع الهجرة " في " باب التوبة "**

ئىبنى ئۆمەر،ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەججال مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ئاشكارا بولۇپ چىقىپ، قىرىق (كۈن) تۇرىدۇ، ـ40كۈنمۇ؟ياكى ئايمۇ؟ياكى يىلمۇ؟ بۇنى بىلمىدىم ـ ئاندىن ئاللاھتائالا، مەريەم ئوغلى ئەيسانى ئەۋەتىدۇ، ئۇ خۇددى سۇقەفىيلىك ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشايدۇ، ئەيسا، دەججالنى ئىزدەپ قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن كىشىلەر ئارىسىدا يەتتە يىل تۇرىدۇ، بۇ يىللاردا ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئۆچ ــ ئاداۋەت بولمايدۇ، ئاندىن، ئاللاھتائالا سوغۇق شامالنى ئەۋەتىدۇ، بۇ

شامال شام تەرەپتىن چىقىپ، يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررە مىقدارىدا ئىمانى بار كىشىنىڭ ھېچ بىرىنى قالدۇرماي جېنىنى قەبزى روھ قىلىپ ئالىدۇ. ھەتتا، بىرىڭلار تاغنىڭ ئوتتۇرىدىكى غارغا كىرىۋالسىمۇ ئۇ شامال كىرىپ ئۇنىڭمۇ جېنىنى ئالىدۇ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار يامانلىقىدىن، ئەقىلسىزلىقىدىن، تاجاۋۇز قىلىشىدا، زۇلۇم قىلىشىدا خۇددى يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ، گۆشخور قۇشلارنىڭ ئەخلاقىدا بولۇپ كېتىدۇ، ياخشىلىقنى ياخشىلىق دەپ تونىمايدۇ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئاندىن ئۇلارغا شەيتان سۈرەتكە كىلىپ، يول كۆرسەتكۈچىنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، چاقىرىققا ئاۋاز قوشمامسىلەر؟ دەيدۇ، ئۇلار بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ دەيدۇ، شەيتان ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ، بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلار بۇتقا ئىبادەت قىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ رىزقى كەڭرىپ، تۇرمۇش مەئىيشىتى ناھايىتى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن سۈر مۈڭگۈز پۈۋدىلىدۇ، يەنى ئىسراپىل سۈرنى پۈۋلەيدۇ، ئۇنى ئاڭلىغان ھەر قانداق بىر كىشى بوينىنى ئېگىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالىدۇ، ئۇ ئاۋازنى ئاڭلايدىغان تۇنجى كىشى تۆگىنىڭ كۆلىنى ئوڭشاۋاتقان كىشى بولۇپ، ئۇ شۇ ھامان ھۇشىدىن كېتىپ ئۆلىدۇ، ئاندىن بارلىق كىشىلەر ئۆلىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا خۇددى شەبنەم تامچىسىدەك يامغۇرنى ئەۋەتىدۇ، شۇ يامغۇردىن، زىمىندىن ئىنسانلارنىڭ جەسەدلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن سۈرە يەنە بىر قېتىم پۈۋدىلىدۇ. كىشىلەر ناگاھان قەبرىلىرىدىن چىقىپ، تىرىلىپ قوپۇپ، نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولۇپ قاراپ تۇرىشىدۇ، ئاندىن، ئى ئىسانلار! (جىنلار!) رەببىڭلار تەرەپكە كېلىڭلار! دىيىلىدۇ. ئۇلارنى توختۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلاردىن سۇئال_ سوراق قىلىنىدۇ، ھېساب ئېلىنىدۇ دىيىلىدۇ، ئاندىن دوۋزاخ ئەھلىنى چىقىرىڭلار دىيىلىدۇ، قانچىلىك دەپ سورىلىدۇ؟ ھەر 1000دىن 999نى دوۋزاخقا چىقىرىلىدۇ دىيىلىدۇ، ئەنە شۇ بولسا، قورقۇنۇشلۇقىدىن كىچىك باللارنىڭ چېچىنى ئاق باش قىلىۋېتىدىغان كۈندۇر، ئاشۇ بولسا، ئىش بەكمۇ قىيىنلىشىدىغان كۈندۇر، (بۇ، سۈرە قەلەم 42 _ ئايەت، باللارنىڭ بېشى ئاقىرىشى، سۈرە مۇززەممىل 17 _ ئايەت). ئەھمەد 6268 _ ھەدىس، مۇسلىم 5233 _ ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىيدىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز.

## كتاب أحوال القيامة    قىيامەت ئەھۋاللىرىنىڭ كىتابى

### [ 1 ] باب بدء الخلق و النفخ في الصور    تۇنجى يارىتىلغان مەخلۇق ۋە سۈرنىڭ پۈدىلىشى توغرىسىدا

**5521 – [ 1 ] ( متفق عليه ) – الفصل الأول عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما بين النفختين أربعون " قالوا : يا أبا هريرة أربعون يوما ؟ قال : أبيت . قالوا : أربعون شهرا ؟ قال : أبيت . قالوا : أربعون سنة ؟ قال : أبيت . " ثم ينزل الله من السماء ماء فينبتون كما ينبت البقل " قال : " وليس من الإنسان شيء لا يبلى إلا عظما واحدا وهو عجب الذنب ومنه يركب الخلق يوم القيامة " . وفي رواية لمسلم قال :كل ابن آدم يأكله التراب إلا عجب الذنب منه خلق وفيه يركب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىسرافىلنىڭ ئىككى قېتىملىق سۈرنى پۈۋدىشىنىڭ ئارىلىقى 40 دۇر، ـ ئۇلار؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە! 40 كۈنمۇ؟دىسە، ئۇ؛ مەن بىلمەيمەن دېدى، 40 ئايمۇ؟ 40 يىلمۇ؟ دىسە، يەنە مەن بىلمەيمەن دېدى ـ ئىككىنچى قېتىم سۈرنى پۈۋدىگەندىن كېيىن، ئاللاھتائالا ئاسماندىن سۇ چۈشۈرىدۇ، ئاندىن كىشىلەر خۇددى كۆكتات، ئوت _ چۆپ ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئىنساننىڭ ھەممە يېرى، بارلىق جەسەد، ئەزالىرى سېسىپ، چىرىپ كېتىدۇ، پەقەت بىرلا سۆڭەك قېلىپ قالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ توققۇز كۆزنىڭ ئاخىردىكى قۇيرۇق سۆڭەكدۇر، ئىنسان شۇ سۆڭەكتىن يارىتىلغان، قىيامەت كۈنىمۇ شۇ سۆڭىكىدىن قۇراشتۇرۇلۇپ، تىرىلىپ قوپىدۇ.يەنەبىردە؛ ئادەم بالىسىنىڭ جەسەدلىرىنىڭ ھەممە يېرىنى تۇپراق

يەپ كېتىدۇ، پەقەت توققۇز كۆزنىڭ ئاخىرىدىكى قۇيرۇق سۆڭكىنى تۇپراق چىرىتىپ يېيەلمەيدۇ، ئادەم بالىسى شۇ سۆڭەكدىن يارالغان، يەنە شۇ سۆڭەكدىن قۇراشتۇرۇلىدۇ، يەنى تىرىلدۈرۈلىدۇ.بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس، مۆجىز دۇر، سەھىھ.

**5522 – [ 2 ]** ( متفق عليه ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يقبض الله الأرض يوم القيامة ويطوي السماء بيمينه ثم يقول : أنا الملك أين ملوك الأرض ؟ " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا زىمىننى چاڭگاللاپ تۇرۇپ، ئاسمانلارنى ئوڭ قولىدا قاتلاپ، يۆگەپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، مانا مەن ھەق پادىشاھ، زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قېنى؟ دەپ نىدا قىلىدۇ، (ئۇ كۈندە پادىشاھلىق قەھھار**الله** غىلا خاستۇر). بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5523 – [ 3 ]** ( صحيح ) **وعن عبد الله بن عمرو قال : قا ل رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يطوي الله السماوات يوم القيامة ثم يأخذهن بيده اليمنى ثم يقول : أنا الملك أين الجبارون ؟ أين المتكبرون ؟ ثم يطوي الأرضين بشماله – وفي رواية : يأخذهن بيده الأخرى – ثم يقول : أنا الملك أين الجبارون أين المتكبرون ؟ " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ئالاھتائالا ئاسمانلارنى قاتلاپ ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مانا مەن بىردىنبىر پادىشاھ بولىمەن، مۇتەكەببىرلەر قېنى، زۇلۇمكەش زومىگەرلەر قېنى؟ ئاندىن زىمىننى قاتلاپ، ئۇ يەتتە زىمىننى يەنە بىر قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، مانا مەن پادىشاھ بولىمەن، زۇلۇمكەش، زومىگەرلەر، زالىم، مۇتەكەببىرلەر قېنى دەپ نىدا قىلىپ توۋلايدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. **ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق، ئوخشىشى يوق، ئىككى قولى باردۇر، ھەر ئىككىلى قولى ئوڭدۇر، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر.**

**5524 – [ 4 ]** **وعن عبد الله بن مسعود قال : جاء حبر من اليهود إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : يا محمد إن الله يمسك السماوات يوم القيامة على أصبع والأرضين على أصبع والجبال والشجر على أصبع والماء والثرى على أصبع وسائر الخلق علىأصبع ثم يهزهن فيقول : أنا الملك أنا الله . فضحك رسول الله صلى الله عليه وسلم تعجبا مما قال الحبر تصديقا له . ثم قرأ : ( وما قدروا الله حق قدره والأرض جميعا قبضته يوم القيامة والسماوات مطويات بيمينه سبحانه وتعالى عما يشركون ) متفق عليه**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەھۇدىيلەردىن بىر ئالىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن **الله** تائالا قىيامەت كۈنى يەتتە ئاسماننى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە، يەتتە زىمىننى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە، تاغلارنى،دەل ـ دەرەخلەرنى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە، سۇنى، تۇپراقلارنى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە، قالغان بارلىق مۇخلۇقلارنى بىر بارمىقىنىڭ ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇلارنى سىلكىپ ھەركەتلەندۈرۈپ؛ مانا مەن بىردىنبىر پادىشاھ، مانا مەن **الله** دەيدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئەجەبلىنىپ ھەيران قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن:« ئۇلار **الله**نى ھەققىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي **الله**نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار **الله**نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، **الله** ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.»(سۈرە زۇمەر 67 ـ )دىگەن ئايەتنى ئوقۇدى.بۇخارى،مۇسلىم.بۇئايەت،سەھىھ

ھەدىستىن؛اللە نىڭ ئۆزىگە لايىق،ئوخشىشى يوق قولى،بارماقلىرى باردۇر.

**5525 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عن قوله : ( يوم تبدل الأرض غير الأرض والسماوات ) فأين يكون الناس يومئذ ؟ قال : " على الصراط " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ، اللە تائالا نىڭ :« ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك اللەنىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھىدا) ھازىر بولىدۇ.»دېگەن(سۈرە ئىبراھىم 48 ـ )ئايىتى توغرىسىدا سوراپ، كىشىلەر شۇ كۈنى قەيەردە بولىدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ كىشىلەر شۇ كۈنى سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە بولىدۇ دېدى. مۇسلىم توپلىغان.سەھىھ.

**5526 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :الشمس والقمر مكوران يوم القيامة رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇياش بىلەن ئاينىڭ قىيامەت كۈنى نۇرى ئۆچۈرۈلىدۇ، (بىر ــ بىرىگە يۆگىلىپ، كىرىشىپ كېتىدۇ) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي، ھۆركىرەپ، مۆرەپ تۇرىدىغان ئىككى كالىدەك دوۋزاختا بولىدۇ، تەيالىسى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ. قۇياش بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىپ، كاپىرلار قاتتىق ئازابلىنىدۇ، بۇ ھەر قايسى تەپسىرلەردە كەڭرى باردۇر، بولۇپمۇ تەپسىر مىيزانىدا مەن كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنسىز، مۇشرىكلار ئۆز مەبۇدلىرى بىلەن بىرگە دوۋزاخقا تاشلىنىدىغان ئايەت، ھەدىسلەر بار، دېمەك، قۇياش بىلەن ئاي، يۇلتۇزلار ، چوقۇنغۇچىلىرى بىلەن بىرگە دوۋزاختا بولىدۇ.بۇكافىرلارنى ئازاپلاش ئۈچۈندۇر.

**5527 – [ 7 ] الفصل الثاني عن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كيف أنعم وصاحب الصور قد التقمه وأصغى سمعه وحنى جبهته ينتظر متى يؤمر بالنفخ " . فقالوا : يا رسول الله وما تأمرنا ؟ قال : " قولوا : حسبنا الله ونعم الوكيل " . رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئابباس، زەيد ئىبنى ئەرقەم، ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قانداقمۇ خۇشال بولالاي؟ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ۋەھالەنكى، سۇر، مۈڭگۈز ئىگىسى ئىسرافىيل ئەلەيھىسسالام مۈڭگۈز سۇرنى چېلىش ئۈچۈن ئاغزىغا قويۇپ، بۇيرۇق چۈشىدىغان تەرەپكە پىشانىسىنى ئېگىپ، قۇلاق سېلىپ سۇرنى پۈۋدەشكە قاچان بۇيرۇلىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولۇپ، ساقلاپ تۇرىۋاتىدۇ، بۇيرۇلغان ھامان پۈۋدەيدۇ، شۇئان قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئۇلار؛بىزنى نېمىگە بۇيرىيلا؟ بىز قانداق قىلىمىز؟ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىيل، بىز پەقەت بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلدۇق دەڭلار دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تەبرانى، ئەبۇشەيخ، ئەبۇ نۇئەيم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5528 – [ 8 ] وعن عبد الله بن عمرو عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : الصور قرن ينفخ فيه رواه الترمذي وأبو داود والدارمي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قۇرئاندا پۈۋدىلىشى تىلغا ئېلىنىدىغان) سۇر بولسا، پۈۋدىلىدىغان مۈڭگۈزدۇر، (بۇنى ئىسراپىل پۈۋدەيدۇ، كەيپىياتىنى بىلمەيمىز)

| |
|---|
| ئەھمەد،دارىمى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ. |
| **5529 – [ 9 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن ابن عباس قال في قوله تعالى ( فإذا نقر في الناقور ): الصور قال : و ( الرجفة ) : النفخة الأولى و ( الرادفة ): الثانية . رواه البخاري في ترجمة باب**<br><br>ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ الله تائالانىڭ:« فَإِذَا نُقِرَ فِي النَّاقُورِ» سۇر چېلىنغان ۋاقىت ـ ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر.»دېگەن(سۈرە مۇددەسسىر8 ـ 9 ـ )ئايىتىنى « ئىسراپىل پۈۋلەيدىغان سۇر» دەپ تەپسىر قىلدى، يَوْمَ تَرْجُفُ الرَّاجِفَةُ* تَتْبَعُهَا الرَّادِفَةُ*بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دە زېمىن (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ . ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاسمان (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ.دېگەن (سۈرە نازىئات 6 ـ 7 ـ )ئايىتىنى؛ سۇۋرىنىڭ بىرىنجى قېتىم پۈۋدىلىشى ۋە ئىككىنجى قېتىم پۈۋدىلىشى دېدى.بۇخارى. |
| **5530 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أبي سعيد قال : ذكر رسول الله صلى الله عليه وسلم صاحب الصور وقال : " عن يمينه جبريل عن يساره ميكائيل "**<br><br>ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇر ئىگىسى ئىسراپىيلنى تىلغا ئېلىپ؛ ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە جىبرىئىل،سول تەرىپىدە مىكائىيل تۇرىدۇ دېدى.رەزىن توپلىغان. |
| **5531 – [ 11 ] وعن أبي رزين العقيلي قال : قلت : يا رسول الله كيف يعيد الله الخلق ؟ ما آية ذلك في خلقه ؟ قال : أما مررت بوادي قومك جدبا ثم مررت به يهتز خضرا ؟ قلت : نعم قال :فتلك آية الله في خلقه ( كذلك يحيي الله الموتى ) رواهما رزين**<br><br>ئەبۇرەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله تائالا مەخلۇقلارنى قانداق كەيپىياتتا قايتا تىرىلدۈرىدۇ؟دېسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن (كۆز يەسلىدە)قەۋمىڭنىڭ يېزىسىنىڭ قۇرغاق ھالىتىدە يېنىدىن ئۆتمەمسەن؟ئاندىن كېيىن (باھاردا)ئۇ يېزىنىڭ ياپ ـ يېشىل ئۇسۇملۇككە يەلپۈنگەن ھالىتىدە ئۆتسەنغۇ؟دېدى،مەن؛ھەئە شۇنداق دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ئەنە شۇ، الله تائالانىڭ مەخلۇقلارنى قايتا تىرىلدۈرىشىگە مەخلۇقلىرى ئىچىدىكى ئالامەتلىرىدۇر«الله تائالا ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ»دېدى.رەزىن توپلىغان. |
| [ 2 ] باب الحشر – الفصل الأول     **قىيامەت كۈنى تىرىلىپ توپلىنىش توغرىسىدا** |
| **5532 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يحشر الناس يوم القيامة على أرض بيضاء عفراء كقرصة النقي ليس فيها علم لأحد "**<br><br>سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر قىيامەت كۈنى خۇددى ئاق ئۇنىڭ توقچىدەك، ئاق ناندەك نۇرلۇق، ئاق زېمىننىڭ ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرۇلىدۇ، توپلىنىدۇ، ئۇ زېمىندا ھېچ بىر كىشى ئۈچۈن بەلگە، ئالامەت يوقتۇر، ئەلەم يوقتۇر. بەيھەقى، بۇخارى ،نمۇسلىم توپلىغان، سەھەھ. جەننەت ئەھلىگە كالا گۆشى، بېلىق گۆشى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ جىگەر پارچىسى ۋە مۇشۇ زېمىن، يەرشارى، ئاق نان قىلىنىپ زىيايەت بېرىلىدۇ.مۇسلىم. |
| **5533 – [ 2 ] وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تكون الأرض يوم القيامة خبزة واحدة يتكفؤها الجبار بيده كما يتكفأ أحدكم خبزته في السفر نزلا لأهل الجنة " . فأتى رجل من اليهود . فقال : بارك الرحمن عليك يا أبا** |

**القاسم ألا أخبرك بترل أهل الجنة يوم القيامة ؟ قال : " بلى " . قال : تكون الآرض خبزة واحدة كما قال النبي صلى الله عليه وسلم . فنظر النبي صلى الله عليه وسلم إلينا ثم ضحك حتى بدت نواجذه ثم قال : ألا أخبرك بإدامهم ؟ بالام والنون . قالوا : وما هذا ؟ قال : ثور ونون يأكل من زائدة كبدهما سبعون ألفا . متفق عليه**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىمىن قىيامەت كۈنى بىر دانە ناندەك بولۇپ قالىدۇ، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى جەببار ئاللاھ ، زىمىننى ئۆز قولى بىلەن خۇددى بىرىڭلار سەپەر تەييارلىقىغا ناننى راستىلىغاندەك، جەننەت ئەھلىگە زىياپەت بېرىش ئۈچۈن قولدىن ــ قولغا يۆتكەپ، راسلايدۇ. ئاندىن يەھۇدىيلاردىن بىر كىشى كىلىپ؛ ئى ئەبۇلقاسىم! رەھمان تائالا ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، ساڭا مەن قىيامەت كۈنىدىكى، جەننەت ئەھلىنىڭ تۇنجى قېتىملىق زىياپىتى توغرىسىدا خەۋەر بەرمەيدۇ؟ دېدى، بۇلىدۇ دىسە، ئۇ؛ سۇلۇللاھ دېگەندەكلا، زىمىن قىيامەت كۈنى بىر دانە نان بولىدۇ.....دېدى. رەسۇلۇللاھ بىزگە قاراپ (ئىككى سۆزنىڭ مۇۋاپىق راست چىققانلىقىدىن)ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلدى، ئاندىن ئۇكىشى؛ مەن ئۇلارنىڭ ناشتىلىق چاي تامىقىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولىسمۇ، بالامۇن ۋە نۇن يەنى كالاگۆشى بىلەن بېلىق گۆشى، بۇ ئىككىسىنىڭ جىگەرلىرىنىڭ بىر تەرىپىدىكى پارچىسىدىن 70000 كىشى يەپ تۇيىدۇ دېدى. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىمنىڭ 5000 ــ ھەدىسىدە، قىيامەت ۋە جەننەتنىڭ سۈپىتىدە بۇ ھەدىسنى كەلتۈرگەن، ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسكە شەرھى يېزىپ، ئاللاھتالا قىيامەت كۈنى زىمىننى چوڭ بىر دانە نان قىلىپ جەننەت ئەھلى ئۈچۈن زىياپەت بېرىدۇ، ئۇلار بۇ نان بىلەن بىرگە كالا گۆشى، لەھەڭنىڭ جىگەر پارچىسىنى يەپ ناشتا قىلىدۇ دىگەن، ئاللاھ قادىردۇر.

**5534 – [ 3 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يحشر الناس على ثلاث طرائق : راغبين راهبين واثنان على بعير وثلاثة على بعير وأربعة على بعير وعشرة على بعير وتحشر بقيتهم النار . تقيل معهم حيث قالوا وتبيت معهم حيث باتو وتصبح معهم حيث أصبحوا وتمسي معهم حيث يمسوا " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەر ئۈچ يول يەنى ئۈچ پىرقىگە ئاساسەن توپلىنىدۇ، بىرىنچى پىرقە، مەھشەرگاھقا، كەڭرىلىك بىلەن ئازادە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىپ جەننىتىگە قىزىقىپ، ئازابىدىن، كايىشىدىن قورققان ھالدا توپلىنىدۇ، ئىككىنچى پىرقە بولسا، ئەمەللىرىگە يارىشا ئىككى كىشى بىر تۆگە ئۈستىدە، ئۈچ كىشى بىر تۆگە ئۈستىدە، تۆت، ھەتتا ئون كىشى بىر تۆگە ئۈستىدە توپلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ قالغانلىرىنى ئوت توپلايدۇ، بۇ ئوت، ئۇلار قەيەردە ئارام ئالسا شۇ يەردە بىللە ئارام ئالىدۇ، ئۇلار كەچ قىلىپ ياتقان جايدا بىرگە ياتىدۇ، ئۇلار تاڭ ئاتقۇزسا ياكى كەچ قىلسا بۇ ئوتمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە تاڭ ئاتقۇزىدۇ، كەچ قىلىدۇ، بۇ ئۈچىنچى پىرقىدۇر. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5535 – [ 4 ] وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إنكم محشورون حفاة عراة غرلا " ثم قرأ : ( كما بدأنا أول خلق نعيده وعدا علينا إنا كنا فاعلين ) وأول من يكسى يوم القيامة إبراهيم وإن ناسا من أصحابي يؤخذ بهم ذات الشمال فأقول : أصيحابي أصيحابي فيقول : إنهم لن يزالوا مرتدين على أعقابهم مذ فارقتهم . فأقول كما قال العبد الصالح : ( وكنت عليهم شهيدا ما دمت فيهم ) إلى قوله ( العزيز الحكيم ) متفق عليه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يالىڭاچ، يالاڭ ئاياق، ھەتتا خەتنە قىلىنمىسىز قوپۇرۇلىسىلەر.ئاندىن «بىز مەخلۇقنى تۇنجى قېتىم ياراتقىنىمىزدەك يەنە قايتا يارىتىمىز،بۇ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە قىلىنغان ۋەئدىدۇر، بىز ئۇنى چۇقۇم ئىجرا قىلىمىز»دىگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئاگاھ بولۇڭلار، خالايىقلاردىن تۇنجى بولۇپ كىيىم كىيدۈرۈلىدىغىنى ئىبراھىمدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۈممىتىمدىن،ساھابىللىرىمدىن نۇرغۇن كىشىلەر كەلتۈرۈلۈپ ئۇلارنىڭ سول قولىدىن تۇتۇلىدۇ، نامە _ ئەمەل دەپتىرى سول قولىغا بېرىلىدۇ،(دوزاققا ھەيدىلىدۇ) مەن: ئى رەببىم! ئۇلار مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىدى دەپ قالىمەن، ئاندىن ماڭا: ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن،ئۇلار سەن ئايرىلغاندىن باشلاپلا، دىنىدىن قايتىپ، مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردۇر دىيىلىدۇ، مەن ئاندىن سالىھ بەندە ئەيسا دىگەننى دەيمەن؛«مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھايات تۇرغىنىمدا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ گۇۋاھ بولغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلىپ ۋاپات تاپقۇزغاندا بولسا، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار سەن». (سۈرە مائىدە 117 _ ئايەت). ماڭا: ھەقىقەتەن ئۇلار سەندىن ئايرىلغاندىن باشلاپلا كەينىگە يېنىپ، مۇرتەد بولۇپ شۇ دىنىدىن يانغان مۇرتەد ھالىتىدە داۋاملاشتى دىيىلىدۇ.بۇخار،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغ، سەھىھ.

**5536 - [ 5 ] وعن عائشة قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : يحشر الناس يوم القيامة حفاة عراة غرلا قلت : يا رسول الله الرجال والنساء جميعا ينظر بعضهم إلى بعض ؟ فقال :يا عائشة الأمر أشد من أن ينظر بعضهم إلى بعض متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەر قىيامەت كۈنى يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، ھەتتا خەتنە قىلىنمىسىز تىرىلىپ قوپۇرۇلىدۇ،مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئەر ـ ئاياللار ھەممىسى بىراقلا قوپۇرۇلسا، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشامدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ئى ئائىشە! ئىش ئۇلارنىڭ بەزىسى ـ بەزىسىگە قاراشلىرىدىن قاتتىق كۆچلۈك ۋە ئېغىردۇر دىگەن.بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

**5537 - [ 6 ] وعن أنس أن رجلا قال : يا نبي الله كيف يحشر الكافر على وجهه يوم القيامة ؟ قال : " أليس الذي أمشاه على الرجلين في الدنيا قادرا على أن يمشيه على وجهه يوم القيامة ؟ " . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەت كۈنى كاپىرلار قانداق يۈزىچە قوپۇرۇلىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ئىككى پۇتىچە ماڭدۇرۇشقا قادىر بولغان زات ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى ئۇلارنى يۈزىچە ماڭدۇرۇشقا قادىرئەمەسمۇ؟ يەنى قادىردۇر.يەنە بىر خاتىرىدە؛ دوۋزاخقا دىگەن بار، ئەھمەد 12913 _ ھەدىس، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5538 - [ 7 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يلقى إبراهيم أباه آزر يوم القيامة وعلى وجه آزر قترة وغبرة فيقول له إبراهيم : ألم أقل لك : لا تعصني ؟ فيقول له أبوه : فاليوم لا أعصيك . فيقول إبراهيم : يا رب إنك وعدتني ألا تخزني يوم يبعثون فأي خزي أخزى من أبي الأبعد فيقول الله تعالى : إني حرمت الجنة على الكافرين ثم يقال لإبراهيم : ما تحت رجليك ؟ فينظر فإذا هو بذيخ متلطخ فيؤخذ بقوائمه فيلقى في النار " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسى ئازەرگە ئۇچرىشىدۇ، ئازەرنىڭ يۈزىدە قارا چاڭ ــ توزان بار بولۇپ، بۇ خارلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى، ئىبراھىم دادىسىغا؛ مەن ساڭا: ماڭا ئاسىي بولماي، ئىتائەت قىلغىن دېمىگەنمۇ؟ دېسە، دادىسى، مانا ئەمدى بۈگۈن ساڭا ئاسىي بولمايمەن دەيدۇ، ئىبراھىم؛ ئى رەببىم! ھەققەتەن سەن ماڭا كىشىلەر تىرىلىپ قوپىدىغان قىيامەت كۈنى مېنى خار قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭ، قايسى خارلىق بۇ ھەقتىن يىراقلاپ كەتكەن دادامنىڭ ئىشىدىن چوڭ خارلىق بولسۇن، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئار نومۇس، خارلىق بولماس دەيدۇ، ئاللاھتائالا؛ ھەققەتەن مەن جەننەتنى كاپىر، دىنسىزلارغا ھارام قىلدىم دەيدۇ، ئاندىن ئى ئىبراھىم! پۇتىڭنىڭ ئاستىغا قارا دېيىلىدۇ، ئۇ قارىسا ناگاھان لايغا، ئۆزىنىڭ نىجاسەتلىرىگە مىلىنىپ،بۇلۇنۇپ، نىجاسەتلەر ئارىسىدا ياتقان بۆرىگە ئوخشاش بىر ھايۋان (يەنى قىزىل ئىت) سىرتلان تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپ دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، (يەنى ئىبراھىمنى خار قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ دادىسىنى شۇ سۈرەتكە ئۆزگەرتىپ دوۋزاخقا تاشلايدۇ). بۇخارى 3101 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5539 – [ 8 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يعرق الناس يوم القيامة حتى يذهب عرقهم في الأرض سبعين ذراعا ويلجمهم حتى يبلغ آذانهم " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر قىيامەت كۈنى شۇنداق تەرلەپ كېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەرلىرى زېمىندا 70 گەزگە يېتىدۇ، تەر ئۇلارنى يۈگەنلەپ ئاغزىغا ھەتتا قۇلاقلىرىغا يېتىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5540 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن المقداد قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " تدنى الشمس يوم القيامة من الخلق حتى تكون منهم كمقدار ميل فيكون الناس على قدر أعمالهم في العرق فمنهم من يكون إلى كعبيه ومنهم من يكون إلى ركبتيه ومنهم من يكون إلى حقويه ومنهم من يلجمهم العرق إلجاما وأشار رسول الله صلى الله عليه وسلم بيده إلى فيه رواه مسلم**

مىقدام ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى قۇياش كىشىلەرگە شۇنداق يېقىنلىشىدۇكى، ھەتتا ئۇلاردىن بىر مىيىل يەنى 1700 مېتىر مىقدارى يىراقتا تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مىقدارىدا تەردە تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى ھوشۇقىغىچە تەردە تۇرىدۇ، بەزىسى تىزىغىچە، بەزىسى بېلىگىچە تەردە تۇرىدۇ، بەزىسىنى تەر يۈگەن سېلىۋالىدۇ، (يەنى تەرگە چۆكۈپ تۇرىدۇ، تەر ئاغزىغىچە يېتىدۇ) دەپ، ئاغزىغا ئىشارەت قىلدى.مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5541 – [ 10 ] وعن أبي سعيد الخدري عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يقول الله تعالى : يا آدم فيقول : لبيك وسعديك والخير كله في يديك . قال : أخرج بعث النار . قال : وما بعث النار ؟ قال : من كل ألف تسعمائة وتسعة وتسعين فعنده يشيب الصغير ( وتضع كل ذات حمل حملها وترى الناس سكارى وما هم بسكارى ولكن عذاب الله شديد ) قالوا : يا رسول الله وأينا ذلك الواحد ؟ قال : " أبشروا فإن منكم رجلا ومن يأجوج ومأجوج ألف " ثم قال : " والذي نفسي بيده أرجو أن تكونوا ربع أهل الجنة " فكبرنا . فقال : " أرجو أن تكونوا ثلث أهل الجنة " فكبرنا فقال : " أرجو أن تكونوا نصف أهل الجنة " فكبرنا قال : " ما أنتم في الناس إلا كالشعرة السوداء في جلد ثور أبيض أو كشعرة بيضاء في جلد ثور أسود " . متفق عليه**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم! ئادەم؛ لەببەي يا رەببىم، مانا مەن تەييار، بارلىق ياخشىلىق سىلىنىڭ قوللىرىدا دەيدۇ، ئاللاھ: دوۋزاخقا

لايىق بولغان دوۋزاخ ئەھلىنى چىقارغىن دەيدۇ، ئادەم: ئۇلار قانچىلىك؟ دەيدۇ، ئاللاھتائالا:ھەر 1000دىن 999ى دوۋزاخ ئەھلى بولىدۇ دەيدۇ، شۇ چاغدا كىچىك باللارنىڭ چىچى ئاقىرىپ كېتىدۇ، «ھەر قانداق ھامىلدار ھامىلىنى، بالىسنى تاشلىۋېتىدۇ، كىشىلەرنى مەس كۆرىسەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەست ئەمەس، لېكىن، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» ئۇلار؛ يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!ئادەم باللىرىدىن جەننەت ئەھلى بولغان بىر كىشى قايسىمىز بولىدۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، خۇش بىشارەت بېرىڭلار،ۋە بىشارەت ئېلىڭلار جەننەتكە كىرىدىغان بىر كىشى سىلەردىن بولىدۇ، 1000لەرچە كىشى بولسا، يەئجۇج ۋە مەئجۇجلاردىن بولىدۇ، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتەن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن دىسە، ئۇلار خۇشال بولۇپ تەكبىر ئېيتىپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرنىڭ، جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتەن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن دېدى. ئۇلار تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىلەر باشقا كىشلەرگە نىسبەتەن پەقەت ئاق كالىنىڭ تېرىسىدىكى قارا تۈككە ياكى قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى ئاق تۈككە ياكى ئېشەكنىڭ پاچىقىدىكى رەقەم، ئالامەت، بەلگە، ئالغا ئوخشاشلا ئاز بولىسلەر دېدى. (بۇ ھەدىسدىن يەئجۇج ــ مەئجۇجلەر ئادەم بالىسى دېگەن چىقىدۇ). بۇخارى 6049 ــ ھەدىس، مۇسلىم 327 ــ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5542 – [ 11 ] وعنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " يكشف ربنا عن ساقه فيسجد له كل مؤمن ومؤمنة ويبقى من كان يسجد في الدنيا رياء وسمعة فيذهب ليسجد فيعود ظهره طبقا واحدا " . متفق عليه**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ ئاندىن ئاللاھتائالا سىلەر بىلەن رەببىڭلار ئارىسىدا سىلەر تونۇيدىغان بىرەر بەلگە، ئالامەت بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار، ھەئە بار، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتەپاچىقى بار، ئۇ پاچىقىنى ئاچىدۇ، بۇ ئىبغىر مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق پاچاقىنى ئاچىدۇ، مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، (ئاندىن چىن دىلىدىن خالاپ، ئاللاھقا سەجدە قىلغانلارغا) ئاللاھ سەجدە قىلىشقا ئىزنى، رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلىدۇ. ئاللاھقا بۇ دۇنيادىكى چاغدا رىيا قىلىپ ئۆزىگە يېتىدىغان مۇسىبەتتىن قورقۇپ سەجدە قىلىدىغانلارنىڭ ئۈچىسىنى ئاللاھتائالا بىرلا قەۋەت نەرسە قىلىپ قويىدۇ، ئۇ ئېگىلمەس تۈزلا، بىرلا نەرسىدەك بولۇپ قالىدۇ، ھەر قاچان سەجدە قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپ، سەجدە قىلالمايدۇ.بۇخارى،مۇسلىم.سەھىھىنىڭ 7031 ـ ئۇزۇن ھەدىسىنىڭ بىر قىسمى.

**5543 – [ 12 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليأتي الرجل العظيم السمين يوم القيامة لا يزن عند الله جناح بعوضة " . وقال : " اقرؤوا ( فلا نقيم لهم يوم القيامة وزنا ) متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن قىيامەت كۈنى ناھايىتى چوڭ، سېمىز، كېلىشكەن كىشىلەر كېلىدۇ، لېكىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىدە مىزاندا پاشىنىڭ قانتىچىلىك ئېغىر كەلمەيدۇ، پاشىنىڭ قانتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ، (يەنى قىلچىلىك ياخشىلىقى يوق) «ئۇلارغا قىيامەت كۈنى ۋەزنى مىزان تۇرغۇزمايمىز » دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار.بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(بۇ ھەدىستە، قىيامەت كۈنى ئەمەللەرنى مىزاندا تارتىش كۆرسىتىلدى، ئۆزىنى يا ياخشى سۈرەتنى يا ئەمەللەرنى يارىتىدۇ.)

**5544 – [ 13 ] الفصل الثاني عن أبي هريرة قال : قرأ رسول الله صلى الله عليه وسلم هذه الآية : ( يومئذ تحدث أخبارها ) قال : أتدرون ما أخبارها ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : فإن أخبارها أن تشهد على كل عبد وأمة بما عمل على ظهرها أن تقول:عمل علي كذا وكذا يوم كذا وكذا قال : فهذه أخبارها رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:« بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۈنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى- يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ».دېگەن(سۈرە زىلزال 4 -)ئايەتنى ئوقۇپ؛ ئۈنىڭ خەۋىرىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى،قانداق بۇلىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟دېدى، ئۇلار؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۈنىڭ خەۋەر قىلىشى؛ ئۈنىڭ ھەر بىر ئەر-ئايال بەندىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە، بۇ بەندە مىنىڭ ئۈستۈمدە پالانى،پالانى كۈنى ، پالانى، پالانى ئەمەللەرنى قىلدى دەپ، گۇۋاھلىق بېرىشىدۇر،مانا بۇ ئۈنىڭ خەۋەر قىلىشىدۇر دېدى.ئەھمەد،تىرمىزى.

**5545 – [ 14 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من أحد يموت إلا ندم " . قالوا : وما ندامته يا رسول الله ؟ قال : " إن كان محسنا ندم أن لا يكون ازداد وإن كان مسيئا ندم أن لا يكون نزع " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈپ كەتكەن ھەر قانداق بىركىشى چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ، ئۇلار؛ ئۈنىڭ پۇشايمىنى قانداق بولىدۇ ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئەگەر ئۇكىشى ياخشى بەندە بولسا، ياخشىلىقنى نىمە ئۈچۈن زىيادە قىلمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ، ئەگەر ئۇكىشى يامان بەندە بولسا، نىمىشقا قولۇمنى يامانلىقتىن تارتمىغاندىمەن، نىمىشقىمۇ يامانلىق قىلغاندىمەن دەپ پۇشايمان قىلىدۇ دېدى. تىرمىزى توپلىغان.

**5546 – [ 15 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يحشر الناس يوم القيامة ثلاثة أصناف : صنفا مشاة وصنفا ركبانا وصنفا على وجوههم " قيل : يا رسول الله وكيف يمشون على وجوههم ؟ قال : " إن الذي أمشاهم على أقدامهم قادر على أن يمشيهم على وجوههم أما إنهم يتقون بوجوههم كل حدب وشوك " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئۈچ سىنىپ بۇلۇپ توپلىنىدۇ؛ بىر سىنىپ كىشىلەر پىيادە ماڭغان ھالەتتە، يەنەبىر سىنىپ كىشىلەر ئاتلىق،ئۇلاغلىق، يەنەبىر سىنىپ كىشىلەر يۈزىچە ماڭغان ھالەتتە توپلىنىدۇ، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار قانداق يۈزىچە ماڭالايدۇ؟دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇلارنى قەدەملىرى بىلەن،ئىككى پۇتى بىلەن ماڭدۇرۇشقا قادىر بولغان زات **الله** ، ئۇلارنى يۈزىچىمۇ ماڭدۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر ، ئۇلار تىخى يۈزىچە مىڭىشىپ، ئېگىز-پەس جايلاردىن، شۇخا-تىكەنلەردىن ھەزەر قىلىپ ماڭىدۇ دېدى.تىرمىزى توپلىغان.

**5547 – [ 16 ] ( حسن ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سره أن ينظر إلى يوم القيامة كأنه رأي عين فليقرأ : ( إذا الشمس كورت ) و ( إذا السماء انفطرت ) و ( إذا السماء انشقت ) رواه أحمد والترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى قىيامەت كۈنىگە قارىشى، قىيامەت كۈنىنى كۆزى بىلەن كۆرگەندەك كۆرۈشى خۇرسەن قىلسا، «ئىزەششەمسۇ كۇۋۋىرەتنى،

ئىزەسساماڭۇنغەتەرەتنى، ئىزەسساماڭۇنشەققەتنى يەنى سۈرە تەكۋىر، ئىنفىتار، ئىنشىقاقنى» ئوقۇسۇن. (ئەنە شۇ قىيامەت كۆرۈنۈشىدۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5548 – [ 17 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن أبي ذر قال : إن الصادق المصدوق صلى الله عليه وسلم حدثني : " إن الناس يحشرون ثلاثة أفواج : فوجا راكبين طاعمين كاسين وفوجا تسحبهم الملائكة على وجوههم وتحشرهم النار وفوجا يمشون ويسعون ويلقي الله الآفة على الظهر فلا يبقى حتى إن الرجل لتكون له الحديقة يعطيها بذات القتب لا يقدر عليها "رواه النسائي**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،راست سۆزلىگۈچى ،سەمىيمى سادىق،باشقىلار تەرىپىدىن تەستىقلانغان زات رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن:كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك جامائەت بولۇپ توپلىنىدۇ؛بىر قىسىم جامائەتلەر ئات ـ ئۇلاغلىق،نىئمەتلىك،باياشات،كىيىم ـ كېچەك كەيگەن ھالەتتە توپلىنىدۇ،يەنەبىرقىسىم جامائەتلەرنى پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزىچە سۆرەيدۇ، ئۇلارنى ئوت توپلايدۇ،ئۈچۈنچى تۈردىكى جامائەتلەر پىيادە ئالدىراپ ماڭىدۇ،الله تائالا مەركەپلەرنىڭ ئۈچىسىغا ئاپەت قىيىنچىلىقنى تاشلايدۇ،ھېچ بىر كىشى قالماي،ھەممىسى ئۆزىنىڭ چوڭ بىر بېغى بولسا، ئۇباغنى شۇ مەركەب تۆگىنىڭ بەدىلگە بىرىپ،تۈگە بىلەن مېڭىشلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ،لېكىن ئۇنىغا قادىر بولالمايدۇ. نەسەئى توپلىغان. تەكشۈرۈلمىگەن.

**[ 3 ] باب الحساب والقصاص والميزان – الفصل الأول**

## قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب ،قىساس، تارازا ـ مىزان توغرىسىدا

**5549 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ليس أحد يحاسب يوم القيامة إلا هلك " . قلت : أو ليس يقول الله : ( فسوف يحاسب حسابا يسيرا ) فقال : " إنما ذلك العرض ولكن من نوقش في الحساب يهلك "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىنىدىغانلا كىشى ھالاك بولۇپ ئازابلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئاللاھ قۇرئاندا «پات يېقىندا ئۇنىڭدىن ئاسان، يەڭگىل ھېساب ئېلىنىدۇ» دىمىدىمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ دىگەن ھېساب ئېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇ تەڭلەپ قويۇش،(كۆزدىن كەچۈرۈش) لېكىن، كىم ھېسابىدا زىغىرلىنىپ، ئىنچىكە ھېساب ئېلىنىپ قالسا، ھالاك بولىدۇ، چوقۇم ئازابلىنىدۇ دىدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمدىن قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىپ، ھېساب ئېلىنىپ قالسىلا، ئۇ ھالاك بولىدۇ. (ئاسان ھېساب دىگەن تەڭلەپ قويۇپ كۆزدىن كۈچرۈشتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5550 – [ 2 ] وعن عدي بن حاتم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما منكم أحد إلا سيكلمه ربه ليس بينه وبينه ترجمان ولا حجاب يحجبه فينظر أيمن منه فلا يرى إلا ما قدم من عمله وينظر أشأم منه فلا يرى إلا ما قدم وينظر بين يديه فلا يرى إلا النار تلقاء وجهه فاتقوا النار ولو بشق تمرة " . متفق عليه**

ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئارىسىدا تەرجىمان يوق ھالەتتە،ئۇنى

پەردىلەپ تۇسۇپ قويىدىغان ھىجاپسىزلا سۆز قىلىدۇ، (چۈنكى، ئاللاھنىڭ سۆزىنى جانلىق، جانسىز ھەممىسى رۇشەن چۈشىنەلەيدۇ). ئۇ كىشى ئوڭ تەرىپىگە قاراپ ئۆزى بۇرۇن قىلغان ئەمەلدىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ، سول تەرىپىگە قارايمۇ پەقەت بۇرۇن قىلغان ئەمەللىرىنىلا كۆرىدۇ، ئالدىغا قاراپ دوۋزاخدىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ، پەقەت يۈزى تەرەپتە دوۋزاخنىلا كۆرىدۇ، سىلەر يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ، ياخشى سۆز قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوۋزاخدىن ساقلىنىڭلار.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5551 – [ 3 ] وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله يدني المؤمن فيضع على كنفه ويستره فيقول : أتعرف ذنب كذا ؟ أتعرف ذنب كذا ؟ فيقول : نعم يا رب حتى قرره ذنوبه ورأى نفسه أنه قد هلك . قال : سترتها عليك في الدنيا وأنا أغفرها لك اليوم فيعطى كتاب حسناته وأما الكفار والمنافقون فينادى بهم على رؤوس الخلائق : ( هؤلاء الذين كذبوا على ربهم ألا لعنة الله على الظالمين ) متفق عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ قىيامەت كۈنى مۆئمىننى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپۇ پەردىسىنى قويۇپ، كىشىلەردىن پەردىلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىغا ئىقرار قىلدۇرىدۇ، ئىتراپ قىلدۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ ئاۋۇ گۇناھنى تونۇدۇڭمۇ، ماۋۇ گۇناھىڭنى تونۇدىڭمۇ، دېسە، بەندە؛ شۇنداق، تونۇدۇم، ئى رەببىم دەيدۇ، ئۇ بارلىق گۇناھلىرىغا ئىقرار كىلىپ، ئىتراپ قىلىپ، ئۆز كۆڭلىدە؛ ئەمدى مەن ھالاك بولدۇم، تۈگەشتىم دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇشىغا شەكسىز ئىشىنىپ بولغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ ھەقىقەتەن مەن ساڭا بۇ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادىكى چاغدا ياپقان، يوشۇرغان ئىدىم، مانا ئەمدى بۈگۈن مەن ساڭا ئۇ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈردۈم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى يېزىلغان كىتابى ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ، (ئاندىن ئۇ ئى خالايىق كۆرۈڭلار، نامە _ ئەمىلىمنى، ئىخلاسىمغا لايىق، كىتابىمنى ئوقۇپ بېقىڭلار دەپ تۇۋلايدۇ) ئەمما، كاپىر، دىنسىز، مۇناپىقلارغا كەلسەك، گۇۋاھچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئەنە ئاشۇلار پەرۋەردىگارىغا ئىنكار قىلغانلار، يالغان سۆزلىگەنلەردۇر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ لەنىتى رەھمىتىدىن يىراق قىلىشى، شۇنداق زالىملارغا بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇخارى،مۇسلىمدىمۇ بار، سەھىھ.

**5552 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إذا كان يوم القيامة دفع الله إلى كل مسلم يهوديا أو نصرانيا فيقول : هذا فكاكك من النار " رواه مسلم**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئاللاھتائالا بۇ ئۇممەتنىڭ ھەربىر مۆئمىن كىشىسىگە بىردىن كاپىرنى،يەھۇدىي،ناسارانى بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ؛ مانا بۇ سېنىڭ دوۋزادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېرىدىغان فىدىيەڭ بولىدۇ، يەنى مۇسۇلمان كاپىرنى بېرىپ، ئۆزى قۇتۇلىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھتائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ دوۋزاخدىكى ئورنىغا يەھۇدىينى ياكى ناسارانى كىرگۈزىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يەھۇدىي، ناسارالار جەننەتكە پەقەت بىزلا كىرىمىز، مۇسۇلمانلار دوۋزاخقا كىرىدۇ دېگەن ئېتىقادتا تۇرىدۇ، بۇ قۇرئاندا شۇنداق بايان قىلىنغان،شۇنداقلا ئۇلار ئىسلامنىڭ،مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى)

**5553 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يجاء بنوح يوم القيامة فيقال له : هل**

بلغت ؟ فيقول : نعم يا رب فتسأل أمته : هل بلغكم ؟ فيقولون : ما جاءنا من نذير . فيقال : من شهودك ؟ فيقول : محمد وأمته " . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فيجاء بكم فتشهدون على أنه قد بلغ " ثم قرأ رسول الله صلى الله عليه وسلم ( وكذلك جعلناكم أمة وسطا لتكونوا شهداء على الناس ويكون الرسول عليكم شهيدا رواه البخاري

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۈممىتى بىلەن بىرگە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى قەۋمىڭگە يەتكۈزدۈڭمۇ؟ دەيدۇ، ئۇ، ھەئە يا رەببىم، يەتكۈزدۈم دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈممىتىگە؛ ئۇ سىلەرگە راست يەتكۈزدىمۇ؟ دەيدۇ، ئۇلار: ياق بىزگە ھەرگىز پەيغەمبەر كېلىپ باقمىدى دەپ تېنىۋالىدۇ، ئاللاھ نۇھقا، ساڭا كىم گۇۋاھچى بولالايدۇ؟ دەيدۇ، نۇھ: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى گۇۋاھچى بولالايدۇ دەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ مۇنۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «ئەنە شۇنىڭدەك يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك، كىشىلەرگە يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتكە شاھىد، گۇۋاھچى بولىشىڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھى بولۇشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى، ئادىل ئۈممەت قىلدۇق» سۈرە بەقەرە 143 ــ ئايىتىنى ئوقۇدى، (ۋەستە دېگەن، ئادىل گۇۋاھچى دېگەن بولىدۇ)،ئاندىن سىلەر چاقىرىلىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ راست يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىسىلەر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى جازالايدۇ. مەن سىلەرگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەڭ ئەۋۋەلقى پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتى شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ ئۈممەت، ئارىلىقدىكى، ئوتتۇرىدىكى ئۈممەتلەرگىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، بۇ سەھىھنىڭ 8033 ـ ھەدىستابار.

**5554 – [ 6 ]** ( صحيح ) وعن أنس قال : كنا عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فضحك فقال هل تدرون مما أضحك ؟ " . قال : قلنا : الله ورسوله أعلم . قال : " من مخاطبة العبد ربه يقول : يا رب ألم تجرني من الظلم ؟ " قال : " يقول : بلى " . قال : " فيقول : فإني لا أجيز على نفسي إلا شاهدا مني " . قال : فيقول : كفى بنفسك اليوم عليك شهيدا وبالكرام الكاتبين شهودا " . قال : " فيختم على فيه فيقال لأركانه : انطقي " . قال : " فتنطق بأعماله ثم يخلى بينه وبين الكلام " . قال : " فيقول : بعدا لكن وسحقا فعنكن كنت أناضل " . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېگەن:نىمىدىن كۈلگىنىمنى بىلدىڭلىمۇ؟ بىز: اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېسەك، رەسۇلۇللاھ؛مەن بەندىنىڭ رەببى بىلەن خىتاپلىشىپ،جاۋابلىششىدىن كۈلدۈم، بەندە قىيامەت كۈنى ئى رەببىم! مېنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزمامسەن؟ دەيدۇ، ئاللاھتائالا بولىدۇ، مەن سېنى قۇتقۇزاي دېسە، بەندە: ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمگە پەقەت ئۆزۈمدىنلا گۇۋاھچى بولۇشنى دۇرۇس دەپ قارايمەن، گۇۋاھچى ئۆزۈمدىن بولسا دەيدۇ، ئاللاھتائالا: بۈگۈن ساڭا گۇۋاھچىلىقتا پەقەت ئۆزۈڭ كۇپايە، ئۇلۇغ پۈتۈكچى پەرىشتە كىرامەن كاتىبىنلار كۇپايە دەيدۇ، ئۇنىڭ ئاغىزى پېچەتلىنىپ، ئەزالىرىغا سۆزلەڭلار دېيىلىدۇ، ئۇلار بارلىق ئەمەللىرىنى بىرنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سۆزلەش بېرىلگەندە ئۇ: ئى ئەزالىرىم!، سىلەرگە ھالاكەت بولسۇن، ئاللاھنىڭ رەھمىتى يىراق بولسۇن، مەن سىلەرنى دەپ داۋالىشىپ جاپا تارتىۋاتسام، سىلەر ھەممىنى سۆزلەۋەتتىڭلارغۇ، مېنى رەسۋا قىلدىڭلارغۇ؟ دەيدۇ. مۇسلىم 5271 ــ ھەدىس، نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5555 - [ 7 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قالوا : يا رسول الله هل نرى ربنا يوم القيامة ؟ قال : " فهل تضارون في رؤية الشمس في الظهيرة ليست في سحابة ؟ " قالوا : لا قال : " فهل تضارون في رؤيةالقمر ليلة البدر ليس في سحابة ؟ " قالوا : لا قال : " فوالذي نفسي بيده لا تضارون في رؤية ربكم إلا كما تضارون في رؤية أحدهما " . قال : " فيلقى العبد فيقول : أي فل : ألم أكرمك وأسودك وأزوجك وأسخر لك الخيل والإبل وأذرك ترأس وتربع ؟ فيقول بلى قال : " أفظننت أنك ملاقي ؟ فيقول لا فيقول : فإني قد أنساك كما نسيتني ثم يلقى الثاني فذكر مثله ثم يلقى الثالث فيقول له مثل ذلك فيقول يارب آمنت بك وبكتابك وبرسلك وصليت وصمت وتصدقت ويثني بخير مااستطاع فيقول : ههنا إذا . ثم يقال الآن تبعث شاهدا عليك ويتفكر في نفسه : من ذا الذي يشهد علي ؟ فيختم على فيه ويقال لفخذه : انطقي فتنطق فخذه ولحمه وعظامه بعمله وذلك ليعذر من نفسه وذلك المنافق وذلك يسخط الله عليه "رواه مسلم وذكر حديث أبي : " يدخل من أمتي الجنة " في " باب التوكل " برواية ابن عباس**

7032. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەلەمدۇق؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇلۇتسىز، ھاۋا ئوچۇق چاغدا چېلىڭ چۈشتە قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلامسىلەر؟ بۇلۇتسىز، ھاۋا ئوچۇق چاغدا 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ ئۇلار؛ياق دېسە، ھەرگىز شەك قىلمايسىلەر، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەنە شۇنىڭدا شەك قىلمىغاندەك، ئاخىرەتتە ئاللانى كۆرۈشتە شەك قىلمايسىلەر، قېنىپ كۆرىسىلەر. (مانا بۇ مۆئمىنىنىڭ ئاقىۋىتى). ئاندىن ئاللاھ بىر بەندىگە ئۇچرىشىپ، ھەي پالانى، مەن سېنى ھۆرمەتلىك قىلمىدىممۇ؟ سېنى سەييىد، خوجايىن قىلمىدىممۇ؟ ساڭا ئايال جۈپتىڭنى يارىتىپ بېرىپ، سېنى توي قىلدۇرمىدىممۇ يەنى ساڭا ئايالىڭنى ئاتا قىلمىدىممۇ؟ ساڭا ئات ـ تۆگىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ، سېنى باشلىق، رەئىس ھالەتتە قالدۇرمىدىممۇ؟ سەن نۇرغۇن مال ـ مۈلۈككە ئېرىشىپ، باي بولدۇڭ، باشقىلار ساڭا ئىتائەت قىلاتتى، سەن كەڭ ـ تاشا، خۇشال ـ خۇرام ئوينىمىدىڭمۇ؟ دېسە، ئۇ بەندە: ئى رەببىم، سىلى ماڭا ھەممىنى ئاتا قىلغان، راست دەپ ئىقرار قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن ماڭا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ، ئۇچرىشىشىڭغا ئىشەنگەنمۇ، گۇمان قىلىپ باققانمۇ؟ دېسە، ئۇ بەندە، ياق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەققەتەن سەن مېنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇپ قالىمەن، يەنى دوۋزاختا قالدۇرىمەن دەيدۇ، ئاندىن ئىككىنچى بەندىگە يەنە ئاشۇنداق سوئال قويۇپ، ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. (مانا بۇ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى). ئاندىن ئۈچىنچى بەندىگە ئۇچرىشىپ، شۇنىڭ ئوخشىشىنى دېگەندە ئۇ بەندە: ئى رەببىم، مەن ساڭا، كىتابلىرىڭغا، بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىڭگە ئىمان كەلتۈرگەن، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، سەدىقە قىلدىم دەپ قادىر بولۇشىچە ئۆزىنى ماختايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇنداق بولسا سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن دەپ ئاندىن ئۇنىڭغا ھازىر بىز ساڭا گۇۋاھچى ئەۋەتىمىز دېيىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئىچىدە ماڭا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىمدۇ؟ دەپ قالىدۇ، تەپەككۇر قىلىپ ئويلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىغا پېچەت ئۇرۇلۇپ، مۆھۈر بېسىلىپ، يوتىسى قاتارلىق ئەزالىرىغا سۆزلەڭلار دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يوتىسى، گۆشى، سۆڭكى ھەتتا بارلىق ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنى سۆزلەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (مانا بۇ سۈرە ياسىنىنىڭ 65 ـ ئايىتىدىكى قوللار سۆزلەپ، پۇتلار گۇۋاھلىق بېرىشتۇر). شۇنداق قىلىش، ئۇنىڭ ئۆزىدىن گۇۋاھچى چىقىرىپ، ئۆزرىسىنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈندۇر، ئەنە شۇ بولسا، ئاللاھ غەزەپ قىلىدىغان مۇناپىقتۇر. (بۇ مۇناپىقنىڭ ئاقىۋىتى). مۇسلىم 5270 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5556 - [ 8 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أبي أمامة قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : وعدني ربي أن يدخل الجنة من**

أمتي سبعين ألفا لا حساب عليهم ولا عذاب مع كل ألف سبعون ألفا وثلاث حثيات من حثيات ربي رواه أحمد والترمذي وابن ماجه

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەببىم ماڭا ئۈممىتىمدىن 70000 كىشىنى ھىسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋەدە بەردى، ھەربىر 1000 كىشى بىلەن يەنە 70000 كىشى بىللە كىرىدۇ، ۋە رەببىمنىڭ ئوخشىشى يوق چاڭگاللىرىدىن ئۈچ چاڭگال كىشلەرمۇ جەننەتكە كىرەلەيدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى،ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. 70000 × 70000=تۆت مىليارت 900 مىليون بۇلىدۇ = 4900000000.يەنە ئۈچ چاڭگال باردۇر،يەنى شۇنداق كۆپتۇر.

5557 – [ 9 ] ( ضعيف )وعن الحسن عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يعرض الناس يوم القيامة ثلاث عرضات : فأما عرضتان فجدال ومعاذير وأما العرضة الثالثة فعند ذلك تطير الصحف في الأيدي فآخذ بيمينه وآخذ بشماله " . رواه أحمد والترمذي وقال لا يصح هذا الحديث من قبل أن الحسن لم يسمع من أبي هريرة

ھەسەن بەسرىيدىن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىنسانلار قىيامەت كۈنى ئۈچ قېتىم ھىسابقا تەڭلىنىدۇ، ئىككى قېتىمقى بولسا، جىدەل، مۇنازىرە، ئۆزرە قويۇشتۇر. ئۈچىنچى قېتىمدا نام، ئەمەل دەپتەرلىرى قوللارغا تېگىدۇ، بەزىسى ئوڭ قولدا، بەزىسى سول قولدا ئالىدۇ، ئەھمەد ۋە تىرمىزى خاتىرلەپ، بۇ ھەدىس سەھىھ ئەمەس. چۈنكى، ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سۆز ئاڭلاپ باقمىغان، ھەدىسنىڭ ئىسنادى، تۇتاشقان يولى ئۈزۈلۈك دىگەن. شەيىخ ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس زەئىپ دىگەن.

5558 – [ 10 ] ( ضعيف ) وقدرواه بعضهم عن الحسن عن أبي موسى

5559 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله سيخلص رجلا من أمتي على رؤوس الخلائق يوم القيامة فينشر عليه تسعة وتسعين سجلا كل سجل مثل مد البصر ثم يقول : أتنكر من هذا شيئا ؟ أظلمك كتبتي الحافظون ؟ فيقول : لا يارب فيقول : أفلك عذر ؟ قال لا يارب فيقول بلى . إن لك عندنا حسنة وإنه لا ظلم عليك اليوم فتخرج بطاقة فيها أشهد أن لا إله إلا الله وأن محمدا عبده ورسوله فيقول احضر وزنك . فيقول : يا رب ما هذه البطاقة مع هذه السجلات ؟ فيقول : إنك لا تظلم قال : فتوضع السجلات في كفة والبطاقة في كفة فطاشت السجلات وثقلت البطاقة فلا يثقل مع اسم الله شيء " . رواه الترمذي وابن ماجه

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئاللاھ، قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنى، خالايىقلار ئالدىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ گۇناھ ــ مەئسىيەتلىرى يېزىلغان 99 خاتىرە دەپتەرنى يېيىپ قويىدۇ، ھەربىر خاتىرە كۆز يەتكۈدەك مىقداردا شۇنداق چوڭ، ئۇزۇن، كەڭرىدۇر، ئاندىن ئاللاھ، ئۇنىڭغا، سەن بۇلاردىن بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلامسەن؟، ساڭا مۇھاپىزەتچى، كاتىپلىرىم، زۇلۇم قىلىپتىمۇ؟ دىسە، ئۇ ياق يا رەببىم، ئىنكار قىلمايمەن، زۇلۇممۇ يوقكەن دەيدۇ: ئاللاھ: بىرەر ئۆزرەڭ بارمۇ؟ دىسە، ئۇ ياق ئۆزرەممۇ يوق دەيدۇ، ئاللاھ: ئۇنداق ئەمەس، ساڭا بىر ئۆزرە بار، ھەققەتەن سەن ئۈچۈن بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا بىر ياخشىلىق بار، بۇ كۈندە ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ دەپ ئارقىدىنلا ئىچىدە شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان بىر قەغەزنى چىقىرىلىدۇ، بۇ قەغەزدە «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، جەزمەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە

ئەلچىسى دېگەن» كەلىمىلەر باردۇر. ئاللاھ ئۇ كىشىگە ياخشىلىق ۋەزنىگگە، مىيزانىڭغا كەل، هازىر بول دېسە، ئۇ كىشى بۇنچىۋالا دەپتەر، خاتىرىلەر ئالدىدا بۇ قەغەز قانچىلىك بولا؟ دەيدۇ، ئۇنىڭغا كەل دېگەندىكىن كەل، ساڭا ھەرگىز زۇلۇم قىلىنمايدۇ دېيىلىدۇ، ئاندىن گۇناھ ــ مەئسىيەت يېزىلغان خاتىرىلەر مىيزانىنىڭ بىر ئالقىنىغا، شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان قەغەز بىر ئالقىنىغا قويۇلىدۇ، خاتىر دەپتەرلەر يەڭگىل كېلىپ قالىدۇ، ھېلىقى قەغەز ئېغىر كېلىدۇ، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن ھېچنەرسە مىيزاندا ئېغىرلىقدا تەڭ كىلەلمەيدۇ، يەنە بىر خاتىرىدە بىسمىللاھ بىلەن ھېچ نەرسە ئۇنى مىيزاندا ئېغىر كېلىپ بېسىپ كېتەلمەيدۇ دېيىلدى، تىرمىزى 2563 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4290 ــ ھەدىس، ئەھمەد 6699 ــ ھەدىس، ھاكىمىۇ، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى، رەھمىتى، ئادىللىقى، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئىسمىنىڭ بەرىكىتى، ئەمدى گەپ، شۇ شاھادەت كەلىمىسنى ئېلىپ، ئىمان بىلەن بارالىشىمىزدا قالدى.

**5560 – [ 12 ]** ( ضعيف )وعن عائشة أنها ذكرت النار فبكت فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما يبكيك ؟ " . قالت : ذكرت النار فبكيت فهل تذكرون أهليكم يوم القيامة ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أما في ثلاثة مواطن فلا يذكر أحد أحدا : عند الميزان حتى يعلم : أيخف ميزانه أم يثقل ؟ وعند الكتاب حين يقال ( هاؤم اقرؤوا كتابيه ) حتى يعلم : أين يقع كتابه أفي يمينه أم في شماله ؟ أم من وراء ظهره ؟ وعند الصراط : إذا وضع بين ظهري جهنم " . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، دوۋزاخنى ئەسلەپ يىغلاپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىنى قايسى نەرسە يىغلاتتى؟ دەپ سورىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، دوۋزاخنى ئەسلەپ يىغلىدىم، سىلەر قىيامەت كۈنى ئەھلىڭلارنى ئەسلەپ قويارسىلەرمۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ ئورۇندا بىرەر كىشى يەنە بىر كىشىنى قەتئىي ئەسلىيەلمەيدۇ، ئۆزى بىلەنلا قالىدۇ. بىرىنچى، مىيزان ئالدىدا تارازىسى ئېغىر كىلەمدۇ ياكى يەڭگىلمۇ، بۇنى بىلمىگىچە ئەسلىيەلمەيدۇ.ئىككىنچى، كىتاب بېرىلگەندە، كىتابىمنى ئېلىپ ئوقۇڭلار دېمىگىچە، كىتاب ئوڭ قولغا چۈشەمدۇ؟ سولغىمۇ؟ بۇنى بىلمىگىچە ئەسلىيەلمەيدۇ. ئۈچىنچى، سىرات كۆۋرۈكى، جەھەننەم ئۈستىگە قويۇلغاندا، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5561 – [ 13 ]** الفصل الثالث عن عائشة قالت : جاء رجل فقعد بين يدي رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله إن لي مملوكين يكذبونني ويخونونني ويعصونني وأشتمهم وأضربهم فكيف أنا منهم ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان يوم القيامة يحسب ما خانوك وعصوك وكذبوك وعقابك إياهم فإن كان عقابك إياهم بقدر ذنوبهم كان كفافا لا لك ولا عليك وإن كان عقابك إياهم دون ذنبهم كان فضلا لك وإن كان عقابك إياهم فوق ذنوبهم اقتص لهم منك الفضل فتنحى الرجل وجعل يهتف ويبكي فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أما تقرأ قول الله تعالى : ( ونضع الموازين القسط ليوم القيامة فلا تظلم نفس شيئا وإن كان مثقال حبة من خردل أتينا بها وكفى بنا حاسبين ) فقال الرجل : يا رسول الله ما أجد لي ولهؤلاء شيئا خيرا من مفارقتهم أشهدك أنهم كلهم أحرار . رواه الترمذي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر كىشى كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، مۇنداق دېدى: ھەققەتەن مېنىڭ قۇللۇرىم مېنى يالغانچى قىلىدۇ، ماڭا يالغان سۆزلەيدۇ، ئاسىيلىق قىلىپ، خىيانەت قىلىدۇ، مەن ئۇلارنى تىللاپ، ئەيىبلەپ ئۇرىمەن، بۇ قانداق بولىدۇ؟. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئۇلارنىڭ ساڭا خىيانەت قىلىشى، ئاسىيلىق قىلىشى، يالغان سۆزلىشى ھەممىسىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ ياكى شۇنىڭ بارابىرىدە كۇپايە بولغىدەك قىلىنىشى لازىم، ساڭا ئەجىر يېزىلىدۇ،

سىنىڭ ئۇلارنى جازالىشىڭغا كەلسەك، ئەگەر ئۇلارنى جازالىشىڭ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ بارابىرىدە، مىقدارىدا دەلمۇ ــ دەل بولسا،بۇ، تەڭلىشىدۇ، نورمال بولغان بولىدۇ، سىنىڭ مەنپەئەتىڭگىمۇ ، زىيىنىڭغىمۇ بولمايدۇ، ئەگەر جازالىشىڭ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مىقدارىدىن تۆۋەن، ئاز بولغان بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن پەزلە، زىيادە مۇكاپات بولىدۇ، ئەگەر جازالىشىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئارتۇق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلار ئۈچۈن سەندىن ئاشۇ ئوشۇق، ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن زىيادىسى قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇكىشى يىراققا بېرىپ، ئاۋاز قىلىپ يىغلىغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ سەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ دەپ«قىيامەت كۈنى بىز ئادىل مىزان ئورنىتىمىز، ھېچ بىر كىشىگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ........» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئۇ كىشى يىغلاپ كېتىپ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىشىمدىن ياخشىراق نەرسە ، چارە ـ ئامال تاپالمىدىم، مەن سىلىنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلار الله رازىلىقىدا ھۆر ئازاتتۇر دېدى. تىرمىزى 3089 ــ ھەدىس، ئەھمەد 25197 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5562 – [ 14 ]** ( صحيح ) **وعنها قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في بعض صلاته : اللهم حاسبني حسابا يسيرا " قلت : يا نبي الله ما الحساب اليسير ؟ قال :أن ينظر في كتابه فيتجاوز عنه إنه من نوقش الحساب يومئذ يا عائشة هلك رواه أحمد**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىنىڭ بەزىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئى الله ! مەندىن ناھايىتى ئاسان،يەڭگىل ھېساپ ئالسىلا»مەن؛ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاسان يەڭگىل ھېساپ ئېلىش دېگەن نىمە؟ئۇ قانداق بولىدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ئۇبولسا، نامە ـ ئەمەل دەپتىرىگە قاراپ قويۇپلا، ئەپۇ قىلىپ ئۆتىۋېتىشتۇر، ئى ئائىشە!شۇ كۈنى كىمدىن زىغىرلىنىپ قاتتىق سورۇشتە قىلىنىپ، ھېساب ئېلىنسا، ئۇ چوقۇم ئازاپقا قالىدۇ. ئۇ ھالاك بولىدۇ. (ئاسان ھېساب دېگەن تەكلەپ قويۇپ كۆزدىن كۆچۈرۈشتۇر)دېدى. تەبرانى، ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5563 – [ 15 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أبي سعيد الخدري أنه أتى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : أخبرني من يقوى على القيام يوم القيامة الذي قال الله عز وجل :( يوم يقوم الناس لرب العالمين ) ؟ فقال :يخفف على المؤمن حتى يكون عليه كالصلاة المكتوبة**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ قېنى ماڭا خەۋەر قىلىپ دەپ بەرسىلە، الله تائالا :« ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ،»(سۈرە مۇتەپپىپىين 6 ـ )دەپتۇ، قىيامەت كۈنى شۇنداق تىك تۇرۇشقا زادى كىم كۈچلۈك، قادىر بولالايدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ كۈن مۆئمىنگە شۇنداق يەڭگىل بولۇدۇكى، خۇددى ئۇنىڭغا(ئىككى رەكئەت)پەرىز نامازچىلىكلا بولىدۇ دېدى. بەيھەقى توپلىغان.

**5564 – [ 16 ]** ( ضعيف )**وعنه قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن ( يوم كان مقداره خمسين ألف سنة ) ما طول هذا اليوم ؟ فقال : " والذي نفسي بيده إنه ليخفف على المؤمن حتى يكون أهون عليه من الصلاة المكتوبة يصليها في الدنيا " . رواهما البيهقي في كتاب " البعث والنشور "**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈن توغرىسىدا سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ كۈن مۆئمىنگە دۇنيادىكى ئوقۇغان پەرىز نامازدىنمۇ ئاسان، يەڭگىل بولىدۇ دېدى. بەيھەقى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

5565 – [ 17 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أسماء بنت يزيد عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " يحشر الناس في صعيد واحد يوم القيامة فينادي مناد فيقول : أين الذين كانت تتجافى جنوبهم عن المضاجع ؟ فيقومون وهم قليل فيدخلون الجنة بغير حساب ثم يؤمر لسائر الناس إلى الحساب " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "

ئەسمائە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر قىيامەت كۈنى تۈپ-تۈز بىر مەيدانغا توپلىنىدۇ، ئاندىن بىر جاكارچى؛ كېچىسى يانلىرى ياتاقتىن بوش تۇرىدىغان كىشىلەر (يەنى كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەر) قېنى؟! سىلەر قەيەردە؟!!دەپ توۋلايدۇ، ئۇلار ئورنىدىن تۇرىدۇ، -ئۇلار ناھايىتى ئازدۇر- ئۇلار جەننەتكە ھېساپسىزلا كىرىپ كېتىدۇ، ئاندىن قېلىپ قالغان كىشىلەر ھېساپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

[ 4 ] باب الحوض والشفاعة – الفصل الأول ھەۋزى- كەۋسەر بۇلاق ۋە شاپائەت توغرىسىدا

5566 – ( صحيح ) عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بينا أنا أسير في الجنة إذا أنا بنهر حافتاه الدر المجوف قلت : ما هذا يا جبريل ؟ قال : الكوثر الذي أعطاك ربك فإذا طينه مسك أذفر " . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا مەن جەننەت ئىچىدە سەير قىلىپ كېتىۋاتسام، تۇيۇقسىز ماڭا بىر ئۆستەڭ ئاشكارا بولدى، ئۇنىڭ ئىككى گىرۋىكى ئىچى كاۋاك گۆھەر- مارجان گۈمبەزدىن ئىكەن، مەن؛ ئى جىبرىئىل، بۇ قايسى ئۆستەڭ؟ دېسەم، ئۇ: بۇ ئاللاھتائالا ساڭا بەرگەن كەۋسەر شۇ دېدى، ئاندىن قولى بىلەن ئۇ ئۆستەڭنىڭ لېيىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئۇ لايدىن مىسكە ئەنبەر چىقاردى، (يەنى ئۇنىڭ لېيىمۇ مىسكە ئەنبەر ئىكەن) ئاندىن ماڭا سىدرەتۇلمۇنتاھا كۆرسىتىلدى، مەن ئۇنىڭ ئەزلىدە بەكمۇ ئۇلۇغ، كاتتا نۇرنى كۆردۈم، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھھە. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرسەم، ناگاھان بىر ئۆستەڭ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى قىرى، گىرۋىكى ئىچى كاۋاك، گۆھەر زەبەرجەتتىن بولغان چېدىرلار بىلەن ئورالغان ئىكەن، سۇ ئېقىۋاتقان جايغا قولۇمنى سېلىپ ئۇرۇپ باقسام، ناگاھان ئۇ مىسكە، خۇشپۇراق ئەنبەر ئىكەن، يا جىبرىئىل بۇ نېمە؟ دېسەم، ئۇ: بۇ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن كەۋسەر شۇدۇر دېدى، ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، سەھھە.

5567 – [ 2 ] وعن عبد الله بن عمرو قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حوضي مسيرة شهر وزواياه سواء ماؤه أبيض من اللبن وريحه أطيب من المسك وكيزانه كنجوم السماء من يشرب منها فلا يظمأ أبدا " . متفق عليه

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ كەۋسەر كۆلۈم بىر ئايلىق مۇساپە كەلگىدەك كەڭرىدۇر، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى شۇنداق كەڭ، ھەم چوڭقۇردۇر، سۈيى سۈتتىن ئاق، پۇرىقى مىسكە ئەنبەردىن خۇشپۇراق، قاچا، جاملىرى بولسا، ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك كۆپتۇر، كىم ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچسە، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھھە.

5568 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إن حوضي أبعد من أيلة من عدن لهو أشد بياضا من الثلج وأحلى من العسل باللبن ولآنيته أكثر من عدد النجوم وإني لأصد الناس عنه كما يصد الرجل إبل الناس عن حوضه " . قالوا : يا رسول الله أتعرفنا يومئذ ؟ قال : نعم لكم سيماء ليست لأحد من الأمم تردون علي غرا من أثر الوضوء " رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمنىڭ كەڭلىكى، يەمەندىكى ئەدنى دېگەن شەھەردىن باشلاپ (مىسىر بىلەن شام ئارىسىدىكى) ئەيلەت دېگەن شەھەرنىڭ يىراق بولغان كەڭلىكىدىنمۇ كەڭرىدۇر، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ سۈيى قاردىن، سۈتتىن ئاقراق، ھەسەلدىن تاتلىقراق، ئۇنىڭ ئالتۇن قاچىلىرى، جاملىرى، يۇلتۇزلارنىڭ ساندىنمۇ كۆپتۇر، ھەقىقەتەن مەن بەزى كىشىلەرنى خۇددى كىشى باشقىلارنىڭ تۆگىسىنى ئۆز كۆلىدىن توسقاندەك، كەۋسەردىن توسىمەن، ساھابىلار شۇ كۈنى بىزنى تونىيالامىلا؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەئە، ئەلۋەتتە سىلەرنى تونۇيمەن، سىلەر ئۈچۈن بارلىق ئۈممەتلەردىن  ھېچ كىشىدە بولمىغان ئالاھىدە بەلگە، ئالامەت بار، سىلەر مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمنىڭ ئۈستىگە، تاھارەتنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئاتنىڭ قاشقىسىدەك نۇرلۇق، بەلگە بىلەن كېلىسىلەر،دېدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5569 – [ 4 ]** ( صحيح ) **وفي رواية له عن أنس قال : " ترى فيه أباريق الذهب والفضة كعدد نجوم السماء "**

**5570 – [ 5 ]** ( صحيح ) **وفي أخرى له عن ثوبان قال : سئل عن شرابه . فقال : " أشد بياضا من اللبن وأحلى من العسل يغت فيه ميزابان يمدانه من الجنة : أحدهما من ذهب والآخر من ورق "**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن كەۋسەر كۆلۈمنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىدا قىيامەت كۈنى ئەھلى يەمەنلەر ئۈچۈن ياكى كىتابىي ئوك تەرەپىدىن بېرىلىدىغانلار ئۈچۈن كىشىلەرنى توسۇپ تۇرىمەن، (يەمەن ئەھلى ئۈچۈن توسۇپ، چەكلەپ تۇرىمەن دېگىنى سەھىھ) مەن كىشىلەرنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن قانلار ئاققانغا قەدەر ھاسام بىلەن ئۇرىمەن، كەۋسەر كۆلىنىڭ كەڭلىكىدىن سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: كەۋسەرنىڭ كەڭلىكى مېنىڭ مۇشۇ ئورنۇمدىن ئۇممان دېگەن دۆلەتكىچە شۇنداق كەڭدۇر، شارابى، ئىچىملىكى بولسا، سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىقتۇر، كەۋسەر كۆلىگە ئىككى ئۆستەڭ سۇ قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككى ئۆستەڭ كەۋسەرنىڭ ئىچىملىكىنى جەننەتتىن زىيادە قىلىپ، كۆپەيتىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككى ئۆستەڭنىڭ بىرى ئالتۇن، يەنە بىرسى بولسا، كۈمۈشتۇر، ئەھمەد، مۇسلىم 4256 _ ھەدىس، ئەھمەد، 21390 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5571 – [ 6 ] وعن سهل بن سعد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني فرطكم على الحوض من مر علي شرب ومن شرب لم يظمأ أبدا ليردن علي أقوام أعرفهم ويعرفونني ثم يحال بيني وبينهم فأقول : إنهم مني . فيقال : إنك لا تدري ما أحدثوا بعدك ؟ فأقول : سحقا سحقا لمن غير بعدي " . متفق عليه**

سەھلى ئىبنى سەئىد، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ساقلاپ تۇرىمەن، مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتەلىگەن كىشى ئۇنىڭدىن ئىچىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، ئەلۋەتتە، ماڭا نۇرغۇن كىشىلەر كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى تونۇيمەن، ئۇلار مېنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئارىلىقىمىز توسۇلۇپ قالىدۇ، مەن؛ ھەقىقەتەن ئۇلار مېنىڭ ئۈممىتىم ئىدى دەيمەن، ئاندىن ماڭا؛ سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن، نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ، مەن ئاندىن؛ مەندىن كېيىن دىنىمنى ئۆزگەرتكەن، دىنىنى ئالماشتۇرغان، دىنىدا بىدئەت پەيدا قىلغانلارغا ھالاكەت بولسۇن، ئۇلار ھالاك بولسۇن دەيمەن،بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5572 – [ 7 ] وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يحبس المؤمنون يوم القيامة حتى يهموا بذلك فيقولون : لو**

استشفعنا إلى ربنا فيريحنا من مكاننا فيأتون آدم فيقولون : أنت آدم أبو الناس خلقك الله بيده وأسكنك جنته وأسجد لك ملائكته وعلمك أسماء كل شيء اشفع لنا عند ربك حتى يريحنا من مكاننا هذا . فيقول : لست هناكم . ويذكر خطيئته التي أصاب : أكله من الشجرة وقد نهي عنها – ولكن ائتوا نوحا أول نبي بعثه الله إلى أهل الأرض فيأتون نوحا فيقول : لست هناكم – ويذكر خطيئته التي أصاب : سؤاله ربه بغير علم – ولكن ائتوا إبراهيم خليل الرحمن . قال : فيأتون إبراهيم فيقول : إني لست هناكم – ويذكر ثلاث كذبات كذبهن – ولكن ائتوا موسى عبدا آتاه الله التوراة وكلمه وقربه نجيا . قال : فيأتون موسى فيقول : إني لست هناكم – ويذكر خطيئته التي أصاب قتله النفس – ولكن ائتوا عيسى عبد الله ورسوله وروح الله وكلمته " قال : " فيأتون عيسى فيقول : لست هناكم ولكن ائتوا محمدا عبدا غفر الله له ماتقدم من ذنبه وما تأخر " . قال : " فيأتوني فأستأذن على ربي في داره فيؤذن لي عليه فإذا رأيته وقعت ساجدا فيدعني ما شاء الله أن يدعني فيقول : ارفع محمد وقل تسمع واشفع تشفع وسل تعطه " . قال : " فأرفع رأسي فأثني على ربي بثناء تحميد يعلمنيه ثم أشفع فيحد لي حدا فأخرج فأخرجهم من النار وأدخلهم الجنة ثم أعود الثانية فأستأذن على ربي في داره . فيؤذن لي عليه فإذا رأيته وقعت ساجدا . فيدعني ما شاء الله أن يدعني ثم يقول : ارفع محمد وقل تسمع واشفع تشفع وسل تعطه . قال : " فأرفع رأسي فأثني على ربي بثناء وتحميد يعلمنيه ثم أشفع فيحد لي حدا فأخرج فأخرجهم من النار وأدخلهم الجنة ثم أعود الثالثة فأستأذن على ربي في داره فيؤذي لي عليه فإذا رأيته وقعت ساجدا فيدعني ما شاء الله أن يدعني ثم يقول : ارفع محمد وقل تسمع واشفع تشفع وسل تعطه " . قال : " فأرفع رأسي فأثني على ربي بثناءوتحميد يعلمنيه ثم أشفع فيحد لي حدا فأخرج فأخرجهم من النار وأدخلهم الجنة حتى ما يبقى في النار إلا من قد حبسه القرآن " أي وجب عليه الخلود ثم تلا هذه الآية ( عسى أن يبعثك الله مقاما محمودا ) قال : " وهذا المقام ا لمحمود الذي وعده نبيكم " متفق عليه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قىيامەت كۈنى مۆئمىنلەر بىر مەيداندا توختۇتۇلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن قاتتىق غەم قىلىپ؛ رەببىمىزدىن شاپائەت تەلەپ قىلساق، بىزنى بۇغەم-قايغۇلىرىمىزدىن خالاس قىلىپ راھەتلەندۇرسە دەپ، ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ سىلى كىشىلەرنىڭ دادىسى بولغان، **الله** ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، جەننىتىدە تۇرغۇزغان، پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇرغان، بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈرگەن ئادەم ئاتا بۇللا، بىزگە رەببىلىرىنىڭ نەزلىدە شاپائەت قىلغان بولسىلا، رەببىمىز بىزنى بۇغەم-قايغۇلىرىمىزدىن خالاس قىلىپ راھەتلەندۇرسە دەيدۇ، ئۇ؛ مەن بۇجايدا شاپائەت قىلىشقا لايىق ئەمەس دەپ، چەكلەنگەن دەرەختىن يەپ قالغان خاتالىقنى ئەسلەپ؛ لېكىن سىلەر، **الله** تائالا زىمىنغا تۇنجى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن نوھنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار بارسا، نوھ ئەلەيھىسسالام رەببىدىن ئىلىمسىز سوراپ سالغان سوئال خاتالىقنى ئەسلەپ؛ مەن بۇنىڭغا لايىق ئەمەس، لېكىن سىلەر رەھمان تائالانىڭ يېقىن دوستى ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار كەلسە، بۇمۇ ھەق ئۈچۈن سۆزلەپ سالغان ئۈچ يالغان سۆزنى ئەسلەپ؛ مەن بۇنىڭغا لايىق ئەمەس، لېكىن سىلەر **الله** تائالا تەۋرات بەرگەن، مۇناجاتىغا يېقىن قىلىپ، سۆز قىلغان بەندىسى مۇسانىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار بارسا، ئۇمۇ؛ قىبتىيلىق بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان خاتالىقنى تىلغا ئېلىپ؛ مەن بۇجايدا شاپائەت قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن، لېكىن سىلەر **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، كەلىمىسى بولغان ئەيسا رۇھۇ**الله** نىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ،ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا بارسا، ئۇ؛ سىلەر، **الله** تائالا ئىلگىرى-ئاخىر بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋەتكەن بەندە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مىنىڭ قېشىمغا كېلىدۇ، مەن رەببىمنىڭ (مەندىن باشقا ھېچ بىر كىشى كىرەلمەيدىغان)خاس جايىغا كىرىشىمگە ئىزنى سورايمەن، ماڭا رۇخسەت قىلىنىدۇ، مەن رەببىمنى

كۆرگەندە سەجدىگە يىقىلىمەن، **الله** مىنى ئۆزى خالىغان مۇددەتكىچە سەجدىدە قالدۇرىدۇ، ئاندىن ماڭا: ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈرگىن، سۆزۈڭنى دىگىن، سۆزۈڭ ئاڭلىنىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، سورىغىن، سورىغىنىڭ بېرىلىدۇ دەيدۇ، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، **الله** ماڭا ئۈگەتكەن ھەمدۇ ـ سانالار بىلەن **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ، شاپائەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلىمەن، ماڭا دوزەختىن ئېلىپ چىقىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان كىشىلەر بەلگىلىنىدۇ، مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ بولغاندىن كىيىن، ئىككىنجى قېتىم قايتىپ كىلىپ؛ مەن رەببىمنىڭ (مەندىن باشقا ھېچ بىر كىشى كىرەلمەيدىغان)خاس دارىغا كىرىشىمگە ئىزنى سورايمەن، ماڭا رۇخسەت قىلىنىدۇ، مەن رەببىمنى كۆرگەندە سەجدىگە يىقىلىمەن، **الله** مىنى ئۆزى خالىغان مۇددەتكىچە سەجدىدە قالدۇرىدۇ، ئاندىن ماڭا: ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈرگىن، سۆزۈڭنى دىگىن، سۆزۈڭ ئاڭلىنىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، سورىغىن، سورىغىنىڭ بېرىلىدۇ دەيدۇ، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، **الله** ماڭا ئۈگەتكەن ھەمدۇ ـ سانالار بىلەن **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ، شاپائەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلىمەن، ماڭا دوزەختىن ئېلىپ چىقىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان كىشىلەر بەلگىلىنىدۇ، مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ بولغاندىن كىيىن، ئۈچۈنجى قېتىم قايتىپ كىلىپ؛يەنە شۇنداق قىلىمەن، ماڭا رۇخسەت قىلىنغاندىن كىيىن، مەن يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى دوزەختىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن، دوزەختە پەقەت قۇرئان كەرىم توختۇتۇپ قويغان يەنى دوزەختە مەڭگۈ قېلىشى ۋاجىپ بولغان كىشىلەرلا قېلىپ قالىدۇ، ئاندىن«سىنى رەببىڭ مەقامەممەھمۇداغا ئەۋەتىشى مۇمكىن.....»دىگەن ئايەتنى ئۇقۇپ؛مانا بۇ شاپائەت قىلىش ئورنى، رەببىڭلار پەيغەمبىرىڭلارغا ۋەدە قىلغان مەقامەممەھمۇدا شۇدۇر دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5573 – [ 8 ]** ( صحيح ) **عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أسعد الناس بشفاعتي يوم القيامة من قال : لا إله إلا الله خالصا من قلبه أونفسه "رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى شاپائىتىم بىلەن بەختىلىك بولىدىغان، سائادەتمەن كىشى بولسا، چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، خالىس ھالدا، ساپ ھالدا، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، لا ئىلاھە ئىللەللا دىگەن كىشىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5574 – [ 9 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا كان يوم القيامة ماج الناس بعضهم في بعض فيأتون آدم فيقولون : اشفع لنا إلى ربك فيقول : لست لها ولكن عليكم بابراهيم فإنه خليل الرحمن فيأتون إبراهيم فيقول لست لها ولكن عليكم بموسى فإنه كليم الله فيأتون موسى فيقول لست لها ولكن عليكم بعيسى فإنه روح الله وكلمته فيأتون عيسى فيقول لست لها ولكن عليكم بمحمد فيأتوني فأقول أنا لها فأستأذن على ربي فيؤذن لي ويلهمني محامد أحمده بها لا تحضرني الآن فأحمده بتلك المحامد وأخر له ساجدا فيقال يا محمد ارفع رأسك وقل تسمع وسل تعطه واشفع تشفع فأقول يارب أمتي أمتي فيقال انطلق فأخرج من كان في قلبه مثقال شعيرة من إيمان فأنطلق فأفعل ثم أعود فأحمده بتلك المحامدوأخر له ساجدا فيقال يا محمد ارفع رأسك وقل تسمع وسل تعطه واشفع تشفع فأقول يارب أمتي أمتي فيقال انطلق فأخرج من كان في قلبه مثقال ذرة أو خردلة من إيمان فأنطلق فأفعل ثم أعود فأحمده بتلك المحامدوأخر له ساجدا فيقال يا محمد ارفع رأسك وقل تسمع وسل تعطه واشفع تشفع فأقول يارب أمتي أمتي فيقال انطلق فأخرج من كان في قلبه أدنى أدنى أدنى مثقال حبة من خردلة من إيمان فأخرجه من النار فأنطلق فأفعل ثم أعود الرابعة فأحمده بتلك المحامدوأخر له ساجدا فيقال يا محمد ارفع رأسك وقل تسمع وسل تعطه واشفع تشفع فأقول يارب ائذن لي فيمن قال لا إله إلا الله قال ليس ذلك لك ولكن وعزتي وجلالي وكبريائي وعظمتي لأخرجن منها من قال لا إله إلا الله " . متفق عليه**

**5575 – [ 10 ] وعنه قال أتى النبي صلى الله عليه وسلم بلحم فرفع إليه الذراع وكانت تعجبه فنهس منها نهسة ثم قال : " أنا سيد الناس يوم القيامة يوم يقوم الناس لرب العالمين وتدنو الشمس فيبلغ من الغم والكرب ما لا يطيقون فيقول الناس ألا تنظرون من يشفع لكم إلى ربكم ؟ فيأتون آدم " . وذكر حديث الشفاعة وقال : " فأنطلق فآتي تحت العرش فأقع ساجدا لربي ثم يفتح الله علي من محامده وحسن الثناء عليه شيئا لم يفتحه على أحد قبلي ثم قال يا محمد ارفع رأسك وسل تعطه واشفع تشفع فأرفع رأسي فأقول أمتي يارب أمتي يارب فيقال يا محمد أدخل من أمتك من لا حساب عليهم من الباب الأيمن من أبواب الجنة وهم شركاء الناس فيما سوى ذلك من الأبواب ثم قال : والذي نفسي بيده إن ما بين المصراعين من مصاريع الجنة كما بين مكة وهجر " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينىڭ ئالدى قولنىڭ گۆشىدىن غاجاپ يەۋەتىپ مۇنداق دىگەن: مەن قىيامەت كۈنى، كىشىلەر پەرۋەردىگارى ئۈچۈن تىرىلىپ قوپۇپ تۇرىدىغان كۈندە، بارلىق كىشىلەرنىڭ سەيىيدى، خوجىسى، يول باشچىسى بولىمەن، نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ قىيامەت كۈنى بولغان چاغدا، ئاللاھ بۇرۇنقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى تۈپتۈز بىر جايغا توپلايدۇ، كىشىلەر بىر-بىرىگە قالايمىقان ئېلىشىپ كىتىدۇ، چاقىرىقچى دەۋەتنى ئۇلارغا ئاڭلىتالايدۇ، كۆز يەنى ئاللاھنىڭ كۆزى ئۇلارنى قورشاپ كۆرىدۇ، ھېچ كىشى مەخپى بولالمايدۇ، قۇياش ئۇلارغا شۇنداق يېقىنلىشىدۇ، كىشىلەرگە ئۇلار تاقەت قىلالمىغۇدەك، كۆتۈرەلمىگىدەك دەرىجىدە غەم _ قايغۇ، مۇشەققەت يېتىدۇ، بەزىسى بەزىسگە مۇنداق دېيىشىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت _ ئەلەمگە قارىمامسىلەر؟ سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ مۇشۇققەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلىدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ قارىمامسىلەر؟ بەزىسى بەزىسگە، ئادەم ئاتىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ، ئۇلار كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى ئادەم، سەن بىزنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ دادىسى، ئاللاھ سىنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، ساڭا روھنى پۈۋدىدى، پەرىشتىلەرنى بۇيرىدى، ئۇلار ساڭا سەجدە قىلدى، (مەخسەت سەن شۇنداق ئۇلۇغ بولغاندىكىن) رەببىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ بىز ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن؟. ئادەم ئاتا ئۇلارغا ؛ ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق بىر غەزەپ قىلدىكى، مۇندىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلماس، ئاچچىقلانماس، ھەقىقەتەن ئاللاھ مىنى دەرەخنى يېيىشتىن توسقان ئىدى، مەن ئاسىي بولدۇم، بۈگۈن مەنمۇ ئۆز جېنىم، نەپسىم بىلەن قالدىم، شاپائەت قىلالمايمەن، مەندىن باشقىلارنىڭ يېنىغا نۇھنىڭ يېنىغا بېرىڭلا دەيدۇ، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن بولساڭ زىمىن ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى مۇرسەل پەيغەمبەر، ئاللاھ سېنى شۈكرى قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن، بىز ئۈچۈن رەببىڭدىن شاپائەت تەلىپ قىلساڭ، نۇھ ئەلەيھىسسالام؛ رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدىكى بۇرۇنمۇ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، مەن ئۈچۈن ئىجاۋەت بولىدىغان بىرلا دۇئا بار ئىدى، مەن ئۇ دۇئانى قەۋمىمدىن دىنسىز زالىملارغا قارشى قىلىپ بولدۇم، مەنمۇ بۈگۈن ئۆزۈم بىلەن قالدىم، جېنىم بىلەن قالدىم، ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مەندىن باشقا كىشىنىڭ قېشىغا بىرىڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلاردەيدۇ، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، زىمىن ئەھلىدىن بىردىنبىر ئاللاھنىڭ دوستى، خەلىيلى، بىزنىڭ ھالىمىزغا، بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىماملا؟ ئۆتۈنۈپ قاللى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت سورىساڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇقىرقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ، مەن ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ سالغان، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسا ئەلەيھىسسالام، سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاللاھ سىلىنى ئەلچى قىلىش، سۆزلەش بىلەن كىشىلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى، شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، ھالىمىزغا قارىمامىلا؟ دەپ يالۋۇرىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ يۇقىرقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ بۇيرۇلماستىن قاتىللىق قىلىپ سالغانمەن، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەرگە شاپائەت قىلالىغىدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن، سىلەر ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، (چۈنكى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ئىچىدە تۇرىدۇ) ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى،الله سىلىنى مەريەم ئانىغا تاشلىغان،سىلى الله نىڭ كۈن دىگەن سۆزى ۋە ئاللاھ تەرەپتىن بولغان روھ، سىلى كىشىلەرگە بۆشۈكتە تۇرۇپلا سۆز قىلغان، دىمەك، سىلى شۇنداق ئۇلۇغ، بىز ئۈچۈن ئاللاھدىن شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن بۇ قاتتىق غەم _ قايغۇغا قارىمامىلا؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا؛ ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدى، بۇرۇنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، (بۇ غەزەپ زالىملاردىن دىنىسىزلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن) مەنمۇ ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مىنىڭ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاللاھ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان، بىزنىڭ ھالىمىزغا قارىمامىلا؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت _ ئەلەم، غەيم _ قايغۇ، قورقۇنجلارنى كۆرمەملا، بىزگە بىر قاراپ باقسىلا، ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارلىرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلسىلا، ئاندىن مەن يۈرۈپ ئەرشى تەھتىگە كېلىمەن، رەببىمگە سەجدە قىلىپ يىقىلىمەن، ئاندىن ئاللاھ مەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە بىلدۈرمىگەن ھەمدۇ _ سانالارنى ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئېچىپ بېرىدۇ، بىلدۈرىدۇ، (دىمەك، شۇ ھەمدۇ _ سانا، ئىسىم ئەزەملەرنى ئوقۇيدۇ) ئاندىن ماڭا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بېشىڭنى كۆتۈرگىن! سورىغىن، بېرىلىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇدىيىلىدۇ، ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم دەيمەن، ئاندىن ماڭا ئۈممىتىڭدىن ھېساب يوق ھالدا، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكدىن كىرگۈزگىن، ئۇلارۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن ھېساب بىلەن كىرىدىغانلار ۋە باشقا جەننەت ئەھلى بولغان كىشىلەر، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكدىن باشقا ئىشىكلەردە شېرىك بولۇپ، ئورتاق جەننەتكە كىرىدۇ، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى يان ياغىچىنىڭ ئارىلىقى ياكى ئىشىكلىرىدىن ئىككى ئىشىكنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھەجەردەك ياكى مەككە بىلەن بۇسرادەك شۇنداق كەڭرىدۇر، (بۇسرا، ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى بولىدۇ) مەن شۇ ھەمدۇ ـ سانالارنى ئەيتىپ، سەجدىگە يىقىلىپ، شۇ رۇخسەت سۆزىنى ئاڭلاپ، قەلبىدە زەررىچىلىك، بىرتال قىچچىلىك مىقداردا ئىمانى بار كىشىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە تۆۋەن يەنە تۆۋەن ئىمانى بار كىشىلەرنى دەۋزەختىن ئېلىپ چىقىپ ، جەننەتكە ئەكىرىمەن، مەن بۇشاپائەت ئىشىنى تۆت قېتىم قىلىپ، بەشىنجى قېتىمدا، الله تائالا ماڭا؛ «لائىلاھەئىللەالله » الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دىگەن كىشىنى دەۋزەختىن ئېلىپ چىقىش سىنىڭ ئىشىڭلا ئەمەس، لېكىن مەن ئىززىتىم بىلەن، ئۇلۇغلۇقۇم، كاتتىلىقىم، كىبرىيائى ئەزىمىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، «لائىلاھەئىللەالله » الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دىگەن كىشىنى دەۋزەختىن ئېلىپ چىقىپ، جەننەتكە كىرگۈزىمەن دېدى. بۇ ھەدىسنى بارلىق ھەدىس كىتابلىرى توپلىغان، بۇخارى 3092 ـ، 3111 ـ، 4343 _ ھەدىس، مۇسلىم 287 _ ھەدىس، تىرمىزى 2358 _ ھەدىس، نەسەئى 1128 _ ھەدىس، ئەھمەد 9250 _ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار

شاپائەتنى مۇتىۋاتىر خەۋەر دېگەن، بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز، ئاللاھ بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن! «تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار» دېگەن ئەسەردە شاپائەتكە يۆلەنمەسلىك، گەرچە ئىمان كەلتۈرسەكمۇ، شەكسىز ئىشەنسەكمۇ يۆلىنىۋالماي، بىزمۇ شاپائەت قىلغىدەك بولايلى! دېگەن بار، شاپائەت، ئاللاھ ئىزنى قىلغان، شاپائەتچىلەر قىلىشنى خالىغان، شاپائەتكە لايىق بولغان كىشىگە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭمۇ شەرتى بار.

**5576 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن حذيفة في حديث الشفاعة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " وترسل الأمانة والرحم فتقومان جنبتي الصراط يمينا وشمالا " رواه مسلم**

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاپائەت ھەدىسىدا مۇنداق دېگەن: ئامانەت بىلەن سىلە ـ رەھىم ئەۋەتىلىپ، ئۇلار سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە تۇرۇپ(شاپائەت قىلىدۇ)مۇسلىم توپلىغان.

**5577 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمرو بن العاص أن النبي صلى الله عليه وسلم تلا قول الله تعالى في إبراهيم : [ رب إنهن أضللن كثيرا من الناس فمن تبعني فإنه مني ] وقال عيسى : [ إن تعذبهم فإنهم عبادك ] فرفع يديه فقال " اللهم أمتي أمتي " . وبكى فقال الله تعالى : " يا جبريل اذهب إلى محمد وربك أعلم فسله ما يبكيه ؟ " . فأتاه جبريل فسأله فأخبره رسول الله صلى الله عليه وسلم بما قال فقال الله لجبريل اذهب إلى محمد فقل : إنا سنرضيك في أمتك ولا نسوؤك " . رواه مسلم**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، **الله** تائالانىڭ ئىبراھىم توغرىسىدىكى:« پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنىڭغا) مەغفىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن) .(سۈرە ئىبراھىم 36 ـ )دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ؛ ئەيسا؛ «ئى **الله** ! ئەگەر ئۇلارنى ئازاپلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر » دېگەن ئىدى دەپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ؛ ئى **الله** ! ئۇممۇتۇم،ئۇممۇتۇم دەپ يىغلاپ كەتتى، **الله** تائالا؛ ئى جىبرىئىل! سەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپ باققىن،ئۇنى زادى نىمە يىغلىتىۋاتىدۇ؟ـ ئەمەلىيەتتە رەببىڭ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ ـ دېدى، جىبرىئىل كىلىپ سوراپتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرقى سۆزلىرىنى خەۋەر قىلدى، ئاندىن **الله** تائالا جىبرىئىلغا؛ سەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ دېگىن:بىز سىنى ئۇممىتىڭ توغرىسىدا ئوبدان رازى قىلىمىز، ھەرگىز سىنى غەم قىلدۇرمايمىز دېدى.مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**5578 – [ 13 ] وعن أبي سعيد الخدري أن أناسا قالوا يا رسول الله هل نرى ربنا يوم القيامة ؟ قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم هل تضارون في رؤية القمر ليلة البدر صحوا ليس فيها سحاب ؟ " قالوا : لا يا رسول الله قال : " ما تضارون في رؤية الله يوم القيامة إلا كما تضارون في رؤية أحدهما إذا كان يوم القيامة أذن مؤذن ليتبع كل أمة ما كانت تعبد فلا يبقى أحد كان يعبد غيرالله من الأصنام والأنصاب إلا يتساقطون في النار حتى إذا لم يبق إلا من كان يعبد الله من بر وفاجر أتاهم رب العالمين قال : فماذا تنظرون ؟ يتبع كل أمة ما كانت تعبد . قالوا : ياربنا فارقنا الناس في الدنيا أفقر ما كنا إليهم ولم نصاحبهم "( متفق عليه )**

**5579 – [ 14 ] وفي رواية أبي هريرة " فيقولون : هذا مكاننا حتى يأتينا ربنا فإذا جاء ربنا عرفناه "وفي رواية أبي سعيد : " فيقول هل بينكم وبينه آية تعرفونه ؟ فيقولون : نعم فيكشف عن ساق فلا يبقى من كان يسجد لله من تلقاء نفسه إلا أذن الله له**

**بالسجود ولا يبقى من كان يسجد اتقاء ورياء إلا جعل الله ظهره طبقة واحدة كلما أراد أن يسجد خر على قفاه ثم يضرب الجسر على جهنم وتحل الشفاعة ويقولون اللهم سلم سلم فيمر المؤمنون كطرف العين وكالبرق وكالريح وكالطير وكأجاويد الخيل والركاب فناج مسلم ومخدوش مرسل ومكدوس في نار جهنم حتى إذا خلص المؤمنون من النار فوالذي نفسي بيده ما من أحد منكم بأشد مناشدة في الحق – قد تبين لكم – من المؤمنين لله يوم القيامة لإخوانهم الذين في النار يقولون ربنا كانوا يصومون معنا ويصلون ويحجون فيقال لهم : أخرجوا من عرفتم فتحرم صورهم على النار فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقولون : ربنا ما بقي فيها أحد ممن أمرتنا به . فيقول : ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال دينار من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقول : ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال نصف دينار من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقول : ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال ذرة من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقولون : ربنا لم نذر فيها خيرا فيقول الله شفعت الملائكة وشفع النبيون وشفع المؤمنون ولم يبق إلا أرحم الراحمين فيقبض قبضة من النار فيخرج منها قوما لم يعملوا خيرا قط قد عادوا حمما فيلقيهم في نهر في أفواه الجنة يقال له : نهر الحياة فيخرجون كما تخرج الحبة في حميل السيل فيخرجون كاللؤلؤ في رقابهم الخواتم فيقول أهل الجنة : هؤلاء عتقاء الرحمن أدخلهم الجنة بغير عمل ولا خير قدموه فيقال لهم لكم ما رأيتم ومثله معه " . متفق عليه**

ئەبۇ سەئىد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، كىشلەر؛بىز قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەلەمدۇق دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ھاۋا سۈپسۈزۈك، بۇلۇت بولمىغان چۈشتە قۇياشنى كۆرۈشدىن شەكتە بولامسىلەر؟ سىلەر ھاۋا سۈزۈك بۇلۇت بولمىغان كېچىلەردە 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرۈشدىن شەكتە بولامسىلەر؟ ئۇلار ياق دىگەندە، سىلەر پەقەت قىيامەت كۈنى ئاللاھنى كۆرۈشتە، خۇددى ئاشۇ ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتە شەكتە بولغىنىڭلاردەك، شەكتە بۇلۇپ قالىسىلەر، (يەنى **الله** نى كۇرۇشتە شەكتەبولماڭلار. رۇشەن، قېنىپ كۆرىسىلەر،) قىيامەت كۈنى بولغان چاغدا بىر مۇئەززىن، جاكارچى ھەربىر ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلىپ چوقۇنغان نەرسىگە ئەگەشسۇن! دەپ توۋلايدۇ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە، تاشقا، بۇتقا ۋە باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنغانلار بىرسىمۇ قالماي دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. تاكى ئۇلاردىن ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ــ يامان كىشىلەر، سالىھ ۋە پاسىقلار ۋە يەھۇدىي ــ ناسارالار قېلىپ قالغاندا يەھۇدىيلار چاقىرتىلىپ، ئۇلارغا: سىلەر نىمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ دىيىلىدۇ، ئۇلار: بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. ئۇلارغا يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھ خوتۇن ئالغىنى يوق، بالا تۇغقىنى يوق، ئاللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوق، ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاك دىيىلىپ، سىلەر نىمىنى تەلەپ قىلىسىلەر دەپ سورۇلىدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارساڭ دەيدۇ، ئۇلارغا ئاۋۇ سۇ بار كۆلگە سۇ ئىچكىلى بارمامسىلەر؟ دەپ ئىشارەت قىلىنىدۇ، ئۇلار دوۋزاخقا توپلىنىشىدۇ، ئۇ،گەرچە بەزىسى، بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتقان ئوت بولسىمۇ، ئۇلارغا چۆللۈكتىكى ساراپ سۇدەك كۆرۈنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ناسارالار چاقىرلىپ، ئۇلارنىمۇ سىلەر  نىمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار دىيىلىدۇ، ئۇلار، بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەيساغا ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاكتۇر) ئۇلارغا سىلەر يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، چۈنكى ئايالى يوق،

چۈنكى ئوخششى يوق، ئۇ خالق ئاللاھدۇر، دېيلىپ، ئاندىن ئۇلارغا سىلەر نېمىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ دەپ سورۇلىدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارغان بولساڭ دەيدۇ. ئۇلارمۇ ئاخىرىدا دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، دوۋزاخنى سۇمىكى دەپ سەكرەيدۇ، ئاندىن پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ــ يامان كىشىلەر قېلىپ قالغاندا، ئۇلارغا، ئاللاھتائالا ئۇلار كۆرىدىغان سۈرەت، كۆرۈنۈشنىڭ ئەڭ ئەدنا، تۆۋىنىدە يەنى باشقا بىر سۈرەتتە كېلىپ، (يەنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كېلىپ،): سىلەر نېمىنى ساقلاپ، ئىنتىزار بولۇۋاتىسىلەر؟، ھەممە ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلغان نەرسىگە ئەگىشىپ كەتتى، سىلەر نېمىدەپ قالدىڭلار؟ دەيدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز ئۇ كىشىلەردىن ئۇ دۇنيادىكى چاغدىمۇ ئەڭ مۇھتاج تۇرۇپ ئايرىلىپ كېتىپ ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولمىغان دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا مانا مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھقا سېغىنىپ، سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز دەپ ئىككى ــ ئۈچ قېتىم شۇنداق دەپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى يەنى ھېلىقى پاجىر، پاسىقلىرى ئارقىسىغا چېكىنىپ، يېنىپ كەتكىلى تاس ــ تاس قالىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا سىلەر بىلەن رەببىڭلار ئارىسىدا سىلەر تونۇيدىغان بىرەر بەلگە، ئالامەت بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار، ھەئە بار، ئۇنىڭ ئوخششى يوق، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان پاچىقى بار، ئۇ پاچىقنى ئاچىدۇ، بۇ ئىبغىر مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخششى يوق پاچاقنى ئاچىدۇ، مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن ئۆز نەپسى تەرەپتىن چىن دىلىدىن خالاپ، ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغانلارغا ئاللاھ سەجدە قىلىشقا ئىزنى، رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلىدۇ. ئاللاھقا بۇ دۇنيادىكى چاغدا رىيا قىلىپ ئۆزىگە يېتىدىغان مۇسىبەتتىن قورقۇپ سەجدە قىلىدىغانلارنىڭ ئۇچىسىنى ئاللاھتائالا بىرلا قەۋەت نەرسە قىلىپ قويىدۇ، ئۇ ئىگىلمەس تۈزلا، بىرلا نەرسىدەك بولۇپ قالىدۇ، ھەر قاچان سەجدە قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپ، سەجدە قىلالمايدۇ. ئاندىن سەجدە قىلغان مۆئمىنلەر بېشىنى كۆتۈرسە، ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخششى يوق سۈرىتىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنى تۇنجى قېتىم كۆرەلەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا مانا مەن رەببىڭلار دەيدۇ، ئۇلارمۇ ھەئە راس سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەيدۇ، ئاندىن جەھەننەم ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، شاپائەت دۇرۇس بولۇپ چۈشىدۇ، ئاندىن ھەربىر پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر؛ ئى ئاللاھتائالا، سالامەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ سالامەت قىلسىلا دەپ تۇرىدۇ. (چۈنكى سىرات كۆرۈۋرۈكى، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىكتۇر). ئۇلار سىرات كۆۋرۈكى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق بولىدۇ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سىرات كۆۋرۈكى بولسا، قەدەملەر تېيىلىپ، قارار ئېلىپ تۇرالمايدىغان تېيىلغاق، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۇچى ئىلمەك قاماق ـ ئىلمەككلەر بار، ئۇچى توم، كۆتىكى ئىنچىكە، ئىلىنغان نەرسە ئاسان چۈشۈپ كەتمەيدىغان نەجد دېگەن جايدىكى سەئدان دېيىلىدىغان شوخا تىكەنگە ئوخشاش، شوخا تىكەنلىرى بار، قورقۇنۇشلۇق كۆۋرۈكتۇر. مۆئمىنلەر ئۇنىڭدىن چاقماق تېزلىكىدە، كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە خۇددى چاقماق نۇرىدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ،

بەزىسى شامالدەك. بەزىسى تېز ئۇچقان قۇشتەك. بەزىسى تېز، چاپقۇر نوچى ئاتتەك. بەزىسى كارۋان تۆگىسىدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن سالامەت قۇتۇلىدىغانلار بار، يارىلىنىپ، ياردار قىلىنىپ ئاندىن قويۇپ بېرىلىدىغانلار بار، جەھەننەم ئوتى ئىچىگە يۈزىچە دۈم تاشلىنىپ، چۈشۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار، ھەتتا مۆئمىنلەر دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ خالاس تاپقاندا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئىچىدىكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن، مۆئمىن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئاللاھدىن ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىشكە دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇشقا تەلەپ قىلىشىدا سىلەردەك قاتتىق، چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىدىغان بىرىمۇ كىشى يوق، سىلەر يەنى مۆئمىنلەر شۇ چاغدا مۇنداق دەپ تەلەپ قىلىدۇ: ئى رەببىمىز!، ئۇلار بىز بىلەن بىرگە روزا تۇتاتتى، ناماز ئوقۇيتتى، ھەج قىلاتتى، ئۇلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزسىلا، ئاندىن ئۇلارغا دوزاخدىن سىلەر تونىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىڭلار دېيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى دوۋزاخ ئوتىغا ھارام بولۇپ، ئوت كۆيدۈرەلمەيدۇ، ئۇلار نۇرغۇن خەلقلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ، ئوت ئۇۋلارنىڭ پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە، تىزىغىچە كۆيدۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇلار ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىغان كىشىلەردىن ھېچ كىشى قالمىدى دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇلارغا: قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە بىر دىنار مىقداردا ئىمان، ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە نۇرغۇن، ناھايىتى كۆپ خەلقلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى بۇيرىغان كىشىلەردىن ھېچ كىشىنى قالدۇرماي دوۋزاخدىن چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە يېرىم دىنار مىقداردا ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنىمۇ دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى دوۋزاخدىن چىقىرىشقا بۇيرىغان كىشىدىن ھېچ بىرىنى قويماي چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇلارغا يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە زەررىچىلىك مىقداردا ياخشىلىق، ئىمان بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىنتايىن كۆپ خەلقلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، ئەمدى بىز دوۋزاختا قەتئىي ياخشىلىق، ئىمان دىگەن نەرسىنى قالدۇرمىدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا: پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ بولدى، ئەمدى رەھىيم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىيم ـــ شەپقەت قىلغۇچىراقى بولغان مەن قالدىم دەپ دوۋزاخدىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشى يوق قولى بىلەن چاڭگاللاپ، قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان نۇرغۇن قەۋىملەرنى چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇلار كۆيۈپ قارا كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئىشىك ئېغىزلىرىدىكى نەھرۇلھايات(ھاياتلىق بۇلىقى) دىگەن ئۆستەڭگە تاشلايدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ جەسەدلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دانلار ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا قارىماسىلەر؟، تاشتىكى يا دەرەخ يېنىدىكى قۇياشقا يېقىنراق بولغىنى، سېرىق، يېشىل بولىدۇ، سايىدا ئۈنگىنى بولسا ئاق بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ جەسەدلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، كىيىن گۆھەردەك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بويۇن، گەردەنلىرىدە مۆھۈر بېسىلغان تامغا بار بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇلارنى تونىيالايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن ئازاد قىلىپ، جەننەتكە، ئۇلار

قىلغان ئەمەلسىز ئىلگىرى تەقدىم قىلغان ياخشىلىقىسىزلا كىرگۈزگەن، ئالللاھنىڭ ئازادگەردىلىرىدۇر، ئاندىن، ئالللاھ ئۇلارغا: جەننەتكە كىرىڭلار، جەننەتتە سىلەر كۆرگەن نەرسىلەر سىلەرنىڭ بولىدۇ دەيدۇ. ئۇلار: ئى رەببىمىز، سىلى بىزگە ئالەملەردىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدىلا، دەپ كېتىدۇ. (ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئىدى). ئاندىن ئالللاھتائالا ئۇلارغا، سىلەر ئۇچۈن مېنىڭ نەزىلىمدە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەك مۇكاپات بار دەيدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، قايسى نەرسە بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل بولسۇن؟ دەيدۇ. ئالللاھتائالا: ئۇ بولسا مېنىڭ سىلەردىن رازى بولۇشۇم بولۇپ، مەن سىلەرگە بۇندىن كېيىن مەڭگۈ غەزەپ قىلمايمەن دەيدۇ، (ئالللاھنىڭ رازىلىقى راستىنلا جەننەتتىنمۇ بۈيۈكتۇر).بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. مۆئمىنلەر قىيامەت كۈنى ھەم جەننەتتە ئالللاھنى كۆرەلەيدۇ، بۇ كاتتا مۇكاپاتتۇر.
2. ھەربىر ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلغان چوقۇنغان نەرسىسىگە ئەگىشىپ، دوۋزاخقا چۈشىدۇ.
3. ھەتتا يەھۇدىي، ناسارالارمۇ دوۋازاخقا چۈشىدۇ.
4. ئالللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوقتۇر، ئوخششى يوق.
5. مۆئمىنلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.
6. ئۇلارغا ئالللاھ، ئۆزىگە لايىق ئوخششى يوق، ئەڭ گۈزەل جامالى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.
7. رىياخور، مۇناپىقلار سەجدە قىلالمايدۇ.
8. دوۋزاخ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ.
9. ئۇ قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك ئۇنىڭ شوخا تىكەن، ئىلمەكلىرى باردۇر.
10. مۆئمىنلەرنىڭ بەزىسى چاقماق تېزلىكىدە، بەزىسى بولسا ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەتتا دوۋزاخقا تاشلىنىدىغانلار بار.
11. پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ، قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى، ياخشىلىقى بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىدۇ.
12. ئالللاھتائالا رەھمەت ــ پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن نۇرغۇن قەۋملەرنى چاڭگالللاپ چىقىرىپ قىلچە ياخشىلىقىسىزلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، چۈنكى، بۇ ئۆزىنىڭ خالىغىنى، رەھمەت ــ پەزلىدۇر.
13. ئالللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق، كاتتىلىقىغا، ئۇلۇغلىقىغا لايىق ئوخششى يوق، قولى باردۇر.
14. ئۈئازادگەردىلەر نەھرۇلھاياتتا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپ، جەسەد، تەنلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىدە مۆھۈر، تامغا بېسىلغاندۇر.

15. ئالللاھتائالا جەننەتتىنى بەرگەندىن كېيىنمۇ ئۆز رازىلىقىنى ئاتا قىلىدۇ، ئالللاھنىڭ رازىلىقى جەننەتتىنمۇ

ئەۋزەل ۋە بۈيۈكتۇر. ئى ئاللاھ بىزگە جامالىلىرىنى، رازىلىقلىرىنى ئاتا قىلسىلا، ئامىن!

**5580 – [ 15 ]** ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا دخل أهل الجنة الجنة وأهل النار النار يقول الله تعالى : من كان في قلبه مثقال حبة من خردل من إيمان فأخرجوه فيخرجون قد امتحشوا وعادوا حمما فيلقون في نهر الحياة فينبتون كما تنبت الحبة في حميل السيل ألم تروا أنها تخرج صفراء ملتوية " . متفق عليه

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوۋزاخ ئەھلى دوۋزاخقا كىرىپ بولغاندا، ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: قەلبىدە بىر تال قىچىنىڭ دېنى چاغلىق ئىمانى بار كىشلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار، ئۇلار دوۋزاخدىن كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن،قارا كۆمۈرگە ئېلىنىپ كەتكەن ھالدا چىقىدۇ، ئۇلار، نەھرۇلھايات يەنى ھاياتلىق بۇلىقى دېگەن ئۆستەڭگە تاشلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەن، جەسەدلىرى خۇددى سەل ئېلىپ كەلگەن لايىنىڭ بىر تەرىپىدە دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۈنىنىڭ ئەگرى ھالەتتە يۈگىشىپ، سېرىق ئۈنۈپ چىقىدىغانلىقىغا قارىماسەن؟ ئەنە شۇنداق سېرىق ئۈنۈپ چىقىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5581 – [ 16 ]** وعن أبي هريرة أن الناس قالوا يا رسول الله هل نرى ربنا يوم القيامة ؟ فذكر معنى حديث أبي سعيد غير كشف الساق وقال : " يضرب الصراط بين ظهراني جهنم فأكون أول من يجوز من الرسل بأمته ولا يتكلم يومئذ الرسل وكلام الرسل يومئذ : اللهم سلم سلم . وفي جهنم كلاليب مثل شوك السعدان ولا يعلم قدر عظمها إلا الله تخطف الناس بأعمالهم فمنهم من يوبق بعمله ومنهم من يخردل ثم ينجو حتى إذا فرغ الله من القضاء بين عباده وأراد أن يخرج من النار من أراد أن يخرجه ممن كان يشهد أن لا إله إلا الله أمر الملائكة أن يخرجوا من يعبد الله فيخرجونهم ويعرفونهم بآثار السجود وحرم الله تعالى على النار أن تأكل أثر السجود فكل ابن آدم تأكله النار إلا أثر السجود فيخرجون من النار قد امتحشوا فيصب عليهم ماء الحياة فينبتون كما تنبت الحبة في حميل السيل ويبقى رجل بين الجنة والنار وهو آخر أهل النار دخولا الجنة مقبل بوجهه قبل النار فيقول : يا رب اصرف وجهي عن النار فإنه قد قشبني ريحها وأحرقني ذكاؤها . فيقول : هل عسيت إن أفعل ذلك أن تسأل غير ذلك ؟ فيقول : ولا وعزتك فيعطي الله ما شاء الله من عهد وميثاق فيصرف الله وجهه عن النار فإذا أقبل به على الجنة ورأى بهجتها سكت ما شاء الله أن يسكت ثم قال : يا رب قدمني عند باب الجنة فيقول الله تبارك وتعالى : اليس أعطيت العهود والميثاق أن لا تسأل غير الذي كنت سألت . فيقول : يا رب لا أكون أشقى خلقك . فيقول : فما عسيت إن أعطيت ذلك أن تسأل غيره . فيقول : لا وعزتك لا أسألك غير ذلك فيعطي ربه ما شاء من عهد وميثاق فيقدمه إلى باب الجنة فإذا بلغ بابها فرأى زهرتها وما فيها من النضرة والسرور فسكت ما شاء الله أن يسكت فيقول : يا رب أدخلني الجنة فيقول الله تبارك وتعالى : ويلك يا ابن آدم ما أغدرك أليس قد أعطيت العهود والميثاق أن لا تسأل غير الذي أعطيت . فيقول : يا رب لا تجعلني أشقى خلقك فلا يزال يدعو حتى يضحك الله منه فإذا ضحك أذن له في دخول الجنة . فيقول : تمن فيتمنى حتى إذا انقطعت أمنيته قال الله تعالى : تمن من كذا وكذا أقبل يذكره ربه حتى إذا انتهت به الأماني قال الله : لك ذلك ومثله معه "وفي رواية أبي سعيد : " قال الله : لك ذلك وعشرة أمثاله متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!بىز قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەلەمدۇق دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇلۇت يوق، ھاۋا ئوچۇق چاغدا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشدىن شەك قىلىپ، دە ــ تالاش، جېدەل ــ

ماجرا قىلامسىلەر؟ ياق! سىلەر ئەنە شۇنىڭدەك رەببىڭلارنى قىنىپ كۆرىسىلەر، رۇشەن، ئوچۇق كۆرىسىلەر، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر). ئاللاھتائالا كىشىلەرنى توپلاپ، تېرىلدۈرۈپ قوپارغاندا، كىم نېمىگە ئىبادەت قىلسا ئۇ شۇ نەرسىگە ئەگەشسۇن دەيدۇ، قۇياشقا چوقۇنغانلار قۇياشقا، ئايغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئايغا ئەگىشىدۇ، ھەر خىل بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلار بۇتقا ئەگىشىدۇ، پەقەت مۇشۇ ئۈممەت قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلار باردۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلار ئاللاھنى تونۇيدىغان سۈرەتتىن باشقا بىر سۈرەتتە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار دېسە، ئۇلار، ئاللاھقا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز، بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدۇر، رەببىمىز بىزگە كەلگەنگە قەدەر بىز مۇشۇ جايدا تۇرىمىز رەببىمىز كەلسە بىز ئۇنى ئوبدان تونۇيمىز، (چۈنكى ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ھەم ئالامەت بار دەيدۇ). ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار تونۇيدىغان ئۆز سۈرىتىدە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار شۇنداق، سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەپ ئاللاھقا ئەگىشىدۇ، (بۇ ھەدىس، سۈرە فەجرنىڭ 22 ـ ئايىتىدىكى «پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا» دېگەن ئايەتكە تەپسىردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ قادىردۇر). ئاندىن جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئۈممىتى بىلەن سىراتتىن ئۆتىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، شۇ كۈنى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ كىشى سۆز قىلالمايدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى بولسا، ئى ئاللاھ، سالامەت قىلسىلا، سالامەت قىلسىلا دېيىش بولىدۇ، جەھەننەم ئىچىدە سىرات كۆۋرۈكىدە سەئدان شوخا ـ تىكەنلىرىدەك شوخۇلۇق، تىكەنلىك ئىلمەك بار بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلىقىنىڭ مىقدارىنى پەقەت بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەمەللىرىگە قارىتا ئىلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى ئەمەللىرى سەۋەبلىك پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى يىقىلىپ ـ قوپۇپ، يارىدار بولۇپ ئاندىن نىجاد تېپىپ قۇتۇلىدۇ. ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولغاندا، ئۆز رەھمەت ـ پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن ئۆزى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئىرادە قىلغاندا، پەرىشتىلەرنى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر ھەق ئىلاھ يوق دېگەن كىشىلەردىن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇپ، دوۋزاخدىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ دوۋزاخقا ئۇلارنىڭ سەجدە ئىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ يەۋېتىشنى ھارام قىلغان ئىدى، ئۇلار دوۋزاخدىن چىققاندا قاتتىق كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نەھرۇلھاياتنىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ جەسەد تەنلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولىدۇ، پەقەت دوۋزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا دوۋزاخدىن چىقىدىغان جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرى بولغان كىشى قېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى دوۋزاخ تەرەپكە ئالدىنى قىلدۇرۇلغان ھالدا ئوت ئۇچقۇندىسىدا كۆيۈپ تۇراتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن دوۋزاخنىڭ پۇراقلىرى ماڭا قاتتىق ئازار بېرىپ، مېنى بەك قىينىۋەتتى، يالقۇن ئۇچقۇنلىرى يۈزۈمنى كۆيدۈردى، مېنىڭ يۈزۈمنى دوۋزاخدىن باشقا تەرەپكە چۆرۈۋەتسەڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر ساڭا ئۇ قىلىپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ. ئۇ بەندە، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، مىيساق، توختام بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوۋزاخدىن چۆرۈۋېتىدۇ، ئۇ جەننەتكە ئالدىنى قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنى كۆرۈپ، ئاللاھ خالىغان مۇددەتتە تۇرۇپ ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغان ئاپىرىپ قويساڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئاۋۋال سورىغىنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدى، توختام بەرمىگەنمۇ دېسە، ئۇ: ئى رەببىم مەن بەندىلىرىڭنىڭ شەقى، جاپاكەشلىرى بولمىسام دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر شۇنى ساڭا بەرسەم سەن ئۇنىڭدىن

باشقىنى يەنە سورايسەن دەيدۇ. ئۇ: ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، توختاملارنى قەسەملەرنى بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ، جەننەت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا يەتكەندە، جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىق، نازۇ ــ نېئمەتنىڭ گۈزەللىكىنى، بەختىنى كۆرگەندە، ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ئەھدىدىن خىجىل بولۇپ چىداپ تۇرىۋېتىپ، ئاندىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەت ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتسەڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! ۋاي ساڭا، سەن نېمىدېگەن خىيانەتچى، تولا ئەھدىنى بۇزغۇچى ھە!، سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام بەرگەنىڭغۇ؟ دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، مېنى مەخلۇقلىرىڭنىڭ شەقىيسى، جاپاكەش ئازابلىنىدىغىنى قىلمىساڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىپ، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ۋە خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئىنتىھاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن دەپ بىر ــ بىرلەپ دەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5582 – [ 17 ]** ( صحيح ) **وعن ابن مسعود أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " آخر من يدخل الجنة رجل يمشي مرة ويكبو مرة وتسفعه النار مرة فإذا جاوزها التفت إليها فقال : تبارك الذي نجاني منك لقد أعطاني الله شيئا ما أعطاه أحدا من الأولين والآخرين فترفع له شجرة فيقول : أي رب أدنني من هذه الشجرة فلأستظل بظلها وأشرب من مائها فيقول الله : يا ابن آدم لعلي إن أعطيتكها سألتني غيرها ؟ فيقول : لا يا رب ويعاهده أن لا يسأله غيرها وربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها ويشرب من مائها ثم ترفع له شجرة هي أحسن من الأولى فيقول : أي رب أدنني من هذه الشجرة لأشرب من مائها وأستظل بظلها لا أسألك غيرها . فيقول : يا ابن آدم ألم تعاهدني أن لا تسألني غيرها ؟ فيقول : لعلي إن أدنيتك منها تسألني غيرها ؟ فيعاهده أن لا يسأله غيرها وربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها ويشرب من مائها ثم ترفع له شجرة عند باب الجنة هي أحسن من الأوليين فيقول : أي رب ادنني من هذه فلأستظل بظلها وأشرب من مائها لا أسألك غيرها . فيقول : يا ابن آدم ألم تعاهدني أن لا تسألني غيرها ؟ قال : بلى يا رب هذه لا أسألك غيرها وربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فإذا أدناه منها سمع أصوات أهل الجنة فيقول : أي رب أدخلنيها فيقول : يا ابن آدم ما يصريني منك ؟ أيرضيك أن أعطيك الدنيا ومثلها معها . قال : أي رب أتستهزئ مني وأنت رب العالمين ؟ فضحك ابن مسعود فقال : ألا تسألوني مم أضحك ؟ فقالوا : مم تضحك ؟ فقال : هكذا ضحك رسول الله صلى الله عليه وسلم . فقالوا : مم تضحك يا رسول الله ؟ قال : " من ضحك رب العالمين ؟ فيقول : إني لا أستهزئ منك ولكني على ما أشاء قدير "** . رواه مسلم

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:، جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى بولسا، سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە گاھ تۈز ماڭالايدۇ، گاھ يىقىلىپ توختاپ قالىدۇ، گاھ ئۇنىڭغا دوۋزاخ ئوتى يېتىپ، بەلگە سېلىپ قويىدۇ، ئۇ دوۋزاخدىن سالامەت ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ، مىنى سەندىن قۇتقازغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر، ئۇ كاتتا، ئۇلۇغ زاتتۇر، ماڭا ئاللاھتائالا ئەۋۋەل ــ ئاخىر ھىچ كىشىگە بەرمىگەن نېئمەتنى ئاتا قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر تۈپ دەرەخ كۆتۈرۈلۈپ كۆرۈنىدۇ، ئۇ، ئەي رەببىم ئاللاھ، مىنى بۇ دەرەخكە يېقىپ قىلىپ قويساڭ، سايىسىدا سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام دەيدۇ. ئاللاھ: ئى ئادەم بالىسى، ئەگەر مەن ئۇنى ساڭا بەرسەم، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقىنمۇ سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ،

ئۇ، ياق ئى رەببىم، سورىمايمەن دەپ ئۇنىڭدىن باشقىنى زادى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام، ۋەدىلەر بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ياكى ئالدىن ھۆججەت تۇرغۇزىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ، ئۇنىڭ سەۋرە قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ، ئۇنى دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىداپ سۈيىدىن ئىچىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالدىدىكىدىن ياخشىراق، گۈزەل  بىر دەرەخ كۆرۈنىدۇ، ئۇ بەندە: ئى رەببىم، مېنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىدىسام، سۈيىدىن ئىچسەم، ئەمدى بۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھتائالا، ئى ئادەم بالىسى، ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ماڭا ئەھدە، توختام، ھەتتا قەسەم بەرمىگەنمىدىڭ؟، ئەگەر ساڭا بۇنى بەرسەم، يەنە باشقىنى سورايسەن دەيدۇ، ئۇ باشقىنى سورىماسلىققا قەسەم، ئەھدە بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋرىسىزلىكىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، يېقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىدا سايىداپ، سۈيىدىن ئىچىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىدا بىر دەرەخ ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئەۋۋەلكى ئىككىسىدىن گۈزەل، ياخشىراق ئىدى، ئۇ،  ئى رەببىم، مېنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام، ئەمدى قەتئىي باشقىسىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھ، تۈنجى قېتىمقى سۆزنى دەيدۇ، ئۇمۇ يەنە شۇ سۆزنى قىلىپ قەسەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ يېقىن قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن، ئۇ جەننەتنىڭ ئەھلىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق دەيدۇ؛ ئى رەببىم، مېنى جەننەتكە كىرگۈزىۋەتسەڭ بوپتىكەن. ئاللاھتائالا: ئى ئادەم بالىسى، مەن ساڭا قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ دۇنيا، دۇنيانىڭ ئوخشىشىدەك يەنە بىر ھەسسە بەرسەم رازى بولامسەن؟ دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، سىلى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مېنى زاڭلىق، مەسخىرە قىلىۋاتامال؟ دەيدۇ. ئاللاھ: مەن سېنى زاڭلىق قىلمىدىم، لېكىن، مەن نېمىنى خالىسام شۇنىڭغا قادىر دەيدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇكۈلۈپ كىتىپ، نىمىشقا كۈلگىنىمدىن سورىمامسىلەر دىسە، ئۇلار سورايدۇ، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلدى، ئۇلار؛ نىمىشقا كۈلىلا؟دىگەندە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ بەندە: ئى رەببىم، سىلى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مېنى زاڭلىق، مەسخىرە قىلىۋاتامال؟ دىگەندە، **الله** نىڭ كۈلۈپ كىتىشىدىن كۈلدۈم دېدى. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد ۋە باشقىلار توپلىدى.سەھىھ

**5583 – [ 18 ]** ( صحيح ) **وفي رواية له عن أبي سعيد نحوه إلا أنه لم يذكر " فيقول : يا ابن آدم ما يصريني منك ؟ " إلى آخر الحديث وزاد فيه : " ويذكره الله : سل كذا وكذا حتى إذا انقطعت به الأماني قال الله : هو لك وعشرة أمثاله قال : ثم يدخل بيته فتدخل عليه زوجتاه من الحور العين فيقولان : الحمد لله الذي أحياك لنا وأحيانا لك قال : فيقول : ما أعطي أحد مثل ما أعطيت**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە؛ يۇقىرقىغا ئوخشاش بايان قىلىنىپ،يەنە؛ ئاللاھ ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىپ، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ۋە خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئىنتىهاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن دەپ بىر ــ بىرلەپ دەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ.ئاندىن ئۇ جەننەتتىكى ئۆيگە كىرىدۇ، ئۇنىڭ قېشىغا ھۆۋرلئەيىنلەردىن بولغان جەننەتتىكى ئاياللىرىدىن ئىككىسى كىرىپ؛ سىنى بىزگە، بىزنى ساڭا ياراتقان **الله** قا شۈكۈرى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا **الله** قا خاستۇر دەيدۇ، ئۇبەندە؛ ماڭا بېرىلگەندەك بۇنداق مۇكاپات ھېچ بىر كىشىگە بېرىلمىدى دەپ قالىدۇ.دىيىلگەن، بۇ يۇقىردا ئۆتتى.

**5584 – [ 19 ]** ( صحيح ) **وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " ليصيبن أقواما سفع من النار بذنوب أصابوها**

| |
|---|
| عقوبة ثم يدخلهم الله الجنة بفضله ورحمته فيقال لهم : الجهنميون " . رواه البخاري<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئۇلار قىلغان گۇناھلار سەۋەبىدىن ئۇلارنى ئازابلاپ، گۇناھىدىن پاكلاش يۈزىسىدىن دوۋزاخ ئوتى يېتىپ تېرىلىرىنى قارا قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن چىقىرىپ، نەھرۇلھايات بۇلىقىغا سېلىپ، تېرىلىرىنى گۈزەل قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمەت پەزلى بىلەنلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلارنى جەننەمىيىۇن دېيىلىدۇ، يەنى دوۋزاختا كىرىپ ــ چىققانلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئەھمەد 11913 ــ ھەدىس، بۇخارى 6896 ــ ھەدىس، سەھىھ. |
| 5585 – [ 20 ] ( صحيح ) وعن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يخرج أقوام من النار بشفاعة محمد فيدخلون الجنة ويسمون الجهنميين " . رواه البخاري وفي رواية : " يخرج قوم من أمتي من النار بشفاعتي يسمون الجهنميين<br><br>ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئۈممىتىمدىن نۇرغۇن كىشىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتى بىلەن (يەنى مىنىڭ شاپائىتىم بىلەن)دوۋزاخدىن چىقىپ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار جەھەننەمىيىۇن دەپ ئاتىلىدۇ، (يەنى، جەھەننەمگە كىرىپ چىققانلار). ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. |
| 5586 – [ 21 ] وعن عبد الله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لأعلم آخر أهل النار خروجا منها وآخر أهل الجنة دخولا رجل يخرج من النار حبوا . فيقول الله : اذهب فادخل الجنة فإن لك مثل الدنيا وعشرة أمثالها . فيقول : أتسخر مني – أو تضحك مني – وأنت الملك ؟ " ولقد رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم ضحك حتى بدت نواجذه وكان يقال : ذلك أدنى أهل الجنة منزلة . متفق عليه<br><br>ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن دوۋزاخدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان، جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان جەننەت ئەھلىنىڭ ئاخىرقى كىشىسىنى ئوبدان بىلىمەن، بۇ كىشى دوۋزاخدىن ئۆمىلەپ چىقىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ بارغىن، جەننەتكە كىرگىن! دەيدۇ، ئۇ جەننەتكە كەلسە، ئۇنىڭغا جەننەت تولۇپ بولغاندەك خىيال قىلىنىدۇ، ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئى رەببىم، مەن جەننەتنى لىق تولغان تاپتىم، جەننەت توشۇپ بوپتۇ دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ بارغىن، جەننەتكە كىرگىن، ھەققەتەن سەن ئۈچۈن جەننەتتە دۇنيادەك ھەتتا دۇنيانىڭ ئون ئوخشىشىدەك، ئون ھەسسىسىگە تەڭ كەلگۈدەك بېرىلىدۇ دەيدۇ، ئۇ، ئى ئاللاھ، سىلى ئالەملەرنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتاملا دەيدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ رەھمەت ــ پەزلى شۇنداق كەڭرى، بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بىزلەرنى رەھمەت ــ پەزلى بىلەن جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن!)مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ئەشۇ كىشى ئەمەلىيەتتە جەننەتتىكى مەرتىۋىسىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ |
| 5587 – [ 22 ] ( صحيح ) وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لأعلم آخر أهل الجنة دخولا الجنة وآخر أهل النار خروجا منها رجل يؤتى به يوم القيامة فيقال : اعرضوا عليه صغار ذنوبه وارفعوا عنه كبارها فتعرض عليه صغار ذنوبه وفيقال : عملت يوم كذا وكذا كذا وكذا وعملت يوم كذا وكذا كذا وكذا ؟ فيقول : نعم . لا يستطيع أن ينكر وهو |

**مشفق من كبار ذنوبه أن تعرض عليه . فيقال له فإن لك مكان كل سيئة حسنة . فيقول : رب قد عملت أشياء لا أراها ههنا " وقد رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم ضحك حتى بدت نواجذه . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن دوۋزاخدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان، جەننەتكە كىرىش جەھەتتىن جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئاخىرى بولغان كىشىنى ئوبدان تونۇيمەن، بۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى كەلتۈرۈلۈپ، پەرىشتىلەرگە مۇنداق دېيىلىدۇ، ئۇنىڭغا گۇناھلىرىنىڭ كىچىكلىرىنى تەڭلەڭلار، ئۇنىڭدىن چوڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىڭلار، ئاندىن ئۇ كىشىگە پالانى كۈنى پالانى ئىشنى، پوكۈنى كۈنى پوكۈنى ئىشنى قىلدىڭ، پالانى كۈنى مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭ دېيىلىدۇ، ئۇ ئىنكار قىلىشقا قادىر بولالماي، ھەئە شۇنداق دەيدۇ، راست مەن قىلغان دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ گۇناھلىرىنىڭ چوڭ ــ چوڭلىرىنىڭ تەڭلىنىپ قىلىشىدىن قاتتىق قورقۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا؛ ھەقىقەتەن سەن ئۇچۈن ھەربىر يامانلىقىنىڭ باراۋىرىگە بىردىن ياخشىلىق بېرىلىدۇ دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇ؛ ئى رەببىم ئاللاھ، مەن نۇرغۇن ئىشلارنى بەزى گۇناھلارنى قىلغان ئىدىم، بۇ جايدا ئۇ ئىشلارنى كۆرمىدىمغۇ؟ دەپ قالىدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئۇنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئىدى، ئاللاھ خالىغان كىشىگە يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ) مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5588 – [ 23 ]** ( صحيح ) **وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : يخرج من النار أربعة فيعرضون على الله ثم يؤمر بهم إلى النار فيلتفت أحدهم فيقول : أي رب ؟ لقد كنت أرجو إذا أخرجتني منها أن لا تعيدني فيها قال : فينجيه الله منها رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەلۇم سەۋەبلەردىن دوۋزاخدىن تۆت كىشى چىقىپ، ئۇلار ئاللاھقا تەڭلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوۋزاخقا قايتۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغاندا ئۇلارنىڭ بىرسى ئارقىسىغا قاراپ: ئى رەببىم ئاللاھ! مېنى دوۋزاخدىن چىقارغان ئىكەنسەن، ئەمدى مېنى ئۇنىڭغا قايتۇرمىساڭ، مەن شۇنى ئۈمىد قىلاتتىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن قۇتقۇزىدۇ. مۇسلىم 283 ــ ھەدىس، ئەھمەد 12835 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5589 – [ 24 ]** ( صحيح ) **وعن أبي سعيد رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يخلص المؤمنون من النار فيحبسون على قنطرة بين الجنة والنار فيقتص لبعضهم من بعض مظالم كانت بينهم في الدنيا حتى إذا هذبوا ونقوا أذن لهم في دخول الجنة فوالذي نفس محمد بيده لأحدهم أهدى بمنزله في الجنة منه بمنزله كان له في الدنيا " . رواه البخاري**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەر دوۋزاخدىن قۇتۇلغاندا، جەننەت بىلەن دوۋزاخ ئوتتۇرىدىكى كەڭرى بىر مەيداندا توختۇتۇلۇپ، ئۆزئارا دۇنيادىكى چاغدا يۈز بېرىپ قالغان زۇلۇملارغا بىر ــ بىرىگە قىساس ئېلىپ بېرىلىپ، گۇناھدىن پاكلىنىپ، جەننەتكە لايىق ئەدەپ ــ ئەخلاق بېرىلگەندە، ئاندىن ئۇلارغا جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئۆز قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى دۇنيادىكى جايىنى تونىغاندىن بەكىرەك جەننەتتىكى ئورۇن، جايلىرىنى تونىيالايدۇ، بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5590 – [ 25 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل أحد الجنة إلا أري مقعده**

**من النار لو أساء ليزداد شكرا ولا يدخل النار أحد إلا أري مقعده من الجنة لو أحسن ليكون عليه حسرة " . رواه البخاري**

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتكە كىرگەن هەر قانداق بىر كىشىگە ئۇنىڭ دوۋزاختىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ؛ يامان كىشى بولغان بولسام، ئاقىۋىتىم ھەقىقەتەن قورقۇنۇشلۇق ھالاكەت بولار ئىكەن دەپ شۈكرى قىلىشنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ كېتىدۇ، دوۋزاخقا كىرگەن ھەر قانداق كىشىگە ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ؛ ئىسىت! كاشكى مەن ياخشى كىشى بولسامچۇ دەپ قاتتىق ھەسرەت ـــ نادامەت چېكىدۇ. (بۇ كۆرسىتىلىش، جان ئالغان چاغدىكى ھەدىسنىڭ بايانىدا ئۆتۈپ كەتتى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5591 – [ 26 ] ( متفق عليه ) وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا صار أهل الجنة إلى الجنة وأهل النار إلى النار جيء بالموت حتى يجعل بين الجنة والنار ثم يذبح ثم ينادي مناد : يا أهل الجنة لا موت ويا أهل النار لا موت . فيزداد أهل الجنة فرحا إلى فرحهم ويزداد أهل النار حزنا إلى حزنهم " . متفق عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوۋزاخ ئەھلى دوۋزاخقا كىرىپ بولغاندا، ئۆلۈمنى كەلتۈرۈلۈپ، جەننەت بىلەن دوۋزاخ ئوتتۇرىدا قويۇلۇپ بوغۇزلىنىدۇ، «يەنى قوچقار سۈرەتتە بوغۇزلىنىدۇ» ئاندىن بىر جاكارچى مۇنداق توۋلايدۇ، ئەي! جەننەت ئەھلى، ئەمدى ئۆلۈش يوق، مەڭگۈ قالىسىلەر، ھەي دوۋزاخ ئەھلى! ئەمدى ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ قالىسىلەر، جەننەت ئەھلىگە خۇشاللىقتا خۇشاللىق زىيادە بولىدۇ، دوۋزاخ ئەھلىگە غەم ـــ قايغۇغا، غەم ـــ قايغۇ زىيادە بولىدۇ، ھەر ئىككىلىسى شۇلارنى زىيادە قىلىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيهەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5592 – [ 27 ] الفصل الثاني عن ثوبان عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " حوضي من عدن إلى عمان البلقاء ماؤه أشد بياضا من اللبن وأحلى من العسل وأكوابه عدد نجوم السماء من شرب منه شربة لم يظمأ بعدها أبدا أول الناس ورودا فقراء المهاجرين الشعث رؤوسا الدنس ثيابا الذين لا ينكحون المتنعمات ولا يفتح لهم السدد " . رواه أحمد والترمذي وابن ماجه . وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ھەۋزى كۆلۈمنىڭ كەڭلىكى ئەدەندىن باشلاپ، ئۇممانۇلبۇلقاغىچە كەڭدۇر، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق، قاچا، جاملىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەك كۆپتۇر، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، كەۋسەر كۆلىگە تۇنجى بولۇپ سۇ ئىچكىلى كېلىدىغانلار مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشلىرى بولۇپ، چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى كىر، ئېسىل ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىپ لەززەتلىنىپ باقمىغان، ئۇلار ئۈچۈن ھاجەت راۋا بولۇشنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ باقمىغان، شۇنداق پېقىر، نامرات مۇھاجىرلار ئىدى،ئەھمەد،ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ھاكىم، سەھىھ.

**5593 – [ 18 ] ( صحيح ) وعن زيد بن أرقم قال : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فنزلنا منزلا فقال : " ما أنتم جزء من مائة ألف جزء ممن يرد علي الحوض " . قيل : كم كنتم يومئذ ؟ قال : سبعمائة أو ثمانمائة . رواه أبو داود**

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر جايغا چۈشكەندە، مۇنداق دىگەن: سىلەر قىيامەتتە ھەۋزى كەۋسەرگە سۇ ئىچىشكە كېلىدىغان كىشلەرنىڭ 100000

| |
|---|
| پارچىسىدىن بىر پارچىمۇ ئەمەس، 100000دەن بىرسىمۇ ئەمەس، ئۇلار شۇنداق كۆپتۇر. سىلەر شۇچاغدا قانچىلىك ئىدىڭلار؟دېيىلدى، ئۇ؛ يەتتە،سەككىز يۈز800دېدى.ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. |
| **5594 – [ 29 ] وعن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لكل نبي حوضا وإنهم ليتباهون أيهم أكثر واردة وإني لأرجو أن أكون أكثرهم واردة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**<br><br>سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ بىردىن ھەۋزى كۆلى بار بولۇپ، ئۇلار قايسىسىنىڭ كېلىدىغان كىشىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىنى پاھالىشىپ، ماختىنىشىپ كېتىدۇ، ھەققەتەن مەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، كۆلگە كېلىدىغان كىشىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇشۇمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. |
| **5595 – [ 30 ] ( إسناده جيد ) وعن أنس قا ل سألت النبي صلى الله عليه وسلم أن يشفع لي يوم القيامة فقال : " أنا فاعل " . قلت يا رسول الله فأين أطلبك ؟ قال اطلبني أول ما تطلبني على الصراط " . قلت فإن لم ألقك على الصراط ؟ قال : " فاطلبني عند الميزان قلت فإن لم ألقك عند الميزان ؟ قال: فاطلبني عند الحوض فإني لا أخطىء هذه الثلاث المواطن  رواه الترمذي وقا لهذا حديث غريب**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەت كۈنى ماڭا شاپائەت قىلىشىنى سورىسام، رەسۇلۇللاھ؛ (ئەگەر **الله** خالىسا)مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن دېدى، مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىنى قەيەردىن تاپىمەن؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ سەن مىنى ئالدى بىلەن سىرات كۆۋرىكى ئۈستىدىن ئىزدەيسەن دېدى، مەن؛ ئەگەر مەن سىلى بىلەن سىرات ئۈستىدە ئۇچۇرشالمىسامچۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ سەن مىنى مىزاننىڭ يېنىدا ئىزدىگىن دېدى، مەن؛ ئەگەر مەن سىلى بىلەن مىزاننىڭ يېنىدىمۇ ئۇچۇرشالمىسامچۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنداقتا سەن مىنى ھەۋزى-كەۋسەر يېنىدا ئىزدىگىن، مەن بۇ ئۈچ جايدىن ھەرگىز خاتالىشىپ قالمايمەن، شۇئۈچ جايدا چوقۇم بولىمەن دېدى.تىرمىزى توپلىغان،ئىسنادى كاتتا،س |
| **5596 – [ 31 ] ( ضعيف )وعن ابن مسعود عن النبي صلى الله عليه وسلم قا ل : قيل له ما المقام المحمود ؟ قا ل : " ذلك يوم ينزل الله تعالى على كرسيه فيئط كما يئط الرحل الجديد من تضايقه به وهو كسعة ما بين السماء والأرض ويجاء بكم حفاة عراة غرلا فيكون أول من يكسى إبراهيم يقول الله تعالى : اكسوا خليلي بريطتين بيضاوين من رياط الجنة ثم أكسى على أثره ثم أقوم عن يمين الله مقاما يغبطني الأولون والآخرون " . رواه الدارمي**<br><br>ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەقام مەھمۇد دېگەن نېمە؟ دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كۈندە ئاللاھ كۇرسىغا چۈشىدۇ، كۇرسى خۇددى يېڭى جابدۇق غىچىرلىغاندەك، تارلىقىدىن غىچىرلايدۇ، ئۇ، ئاسمان ـــ زېمىن ئارىلىقىدەك كەڭرى ئىدى، سىلەر ئۇ كۈندە يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ، ھەتتا خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە كېلىسىلەر، تۇنجى قېتىم كىيىم كىيدۈرۈلىدىغىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولىدۇ، ئاللاھ دوستۇمغا جەننەتنىڭ تونلىرىدىن ئاپئاق ئىككى توننى كىيدۈرۈڭلار! دەيدۇ. ئارقىدىن ماڭا كىيىم كىيدۈرۈلىدۇ، ئاندىن مەن، ئاللاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر جايدا تۇرىمەن، ئەۋۋەل ـ ئاخىر ھەممىسى بۇ جايىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. دېمەك، شۇ مەقامەم مەھمۇد دېمەكچى، دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى بۇ زەئىپ ھەدىس دېگەن. |

| |
|---|
| **5597 – [ 32 ] وعن المغيرة بن شعبة قا ل : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم شعار المؤمنين يوم القيامة على الصراط : رب سلم سلم " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**<br><br>مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى مۆئمىنلەرنىڭ سىرات كۆۋرىكى ئۈستىدىكى شۇئارى؛ ئى رەببىم! سالامەت قىلسىلا،سالامەت قىلسىلا دېيىش بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان. |
| **5598 – [ 33 ] ( صحيح ) وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قا ل : شفاعتي لأهل الكبائر من أمتي رواه الترمذي وأبو داود**<br><br>جابىر، ئىبنى ئاbباس، ئىبنى ئۆمەر، كەئىبنى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ شاپائىتىم، ئۈممەتلىرىمنىڭ گۇناھى ــ كەبىيرىنى قىلغان كىشىلىرىگە بولىدۇ، كابائىر ئەھلىگە بولىدۇ، ئەھمەد،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى،ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تەبرانى، خەتىيب توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەقامەممەھمۇدا دېگەن شاپائەت شۇدۇر. (يەنى قۇرئاندا سۈرە ئىسرادا تىلغا ئېلىنغان مەدھىيلىنىدىغان ئالى مەرتىبىلىك ئورۇن، چوڭ شاپائەت قىلىش شۇدۇر) ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. |
| **5599 – [ 34 ] ( صحيح ورواه ابن ماجه عن جابر** |
| **5600 – [ 35 ] ( صحيح ) وعن عوف بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " آتاني آت من عند ربي فخيرني بين أن يدخل نصف أمتي الجنة وبين الشفاعة فاخترت الشفاعة وهي لمن مات لا يشرك بالله شيئا " . رواه الترمذي وابن ماجه**<br><br>ئەبۇ مۇسا، ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا رەببىمدىن بىر ئەلچى كېلىپ، ئۈممىتىمنىڭ يېرىمىنىڭ جەننەتكە كىرىشى بىلەن شاپائەت ئوتتۇرىسىدا تاللىشىمغا ئەركىنلىك،ئىختىيارلىق بەردى،مەن شاپائەت قىلىشنى تاللىدىم،مېنىڭ شاپائىتىم ئالالاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەن كىشىگە يېتىدۇ، تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ھەببانلار توپلىدى، سەھىھ. |
| **5601 – [ 36 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن أبي الجدعاء قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " يدخل الجنة بشفاعة رجل من أمتي أكثر من بني تميم " رواه الترمذي والدارمي وابن ماجه**<br><br>ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ جەدئا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە جەننەتكە مېنىڭ ئۈممىتىمدىن سالىھ بىر كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن بەنى تەممىم قەبىيلىسىدىنمۇ كۆپىرەك كىشىلەر كىرەلەيدۇ. ئەھمەد،تىرمىزى،دارىمى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە جەننەتكە پەيغەمبەر بولمىغان بەلكى شېھىد ياكى تەقۋادار ئەمەل قىلىدىغان ئالىم كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن رەبىيئە،مۇزەردىن ئىبارەت چوڭ ئىككى قەبىيلىدەك كۆپ كىشىلەر كىرىدۇ، ھەققەتەن مەن دېمەكچى بولغان ھەق سۆزنى ھەققەتنى دېيمەن. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالالاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىد، ئەھلى بەيتى ئائىلىسىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلالايدۇ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. |

| |
|---|
| **5602 – [ 37 ]** ( ضعيف )وعن أبي سعيد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن من أمتي من يشفع للقبيلة ومنهم من يشفع للعصبة ومنهم من يشفع للرجل حتى يدخلوا الجنة " رواه الترمذي<br><br>ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن چوڭ بىر قەبىلىگە شاپائەت قىلالايدىغان كىشى بار. ئۇلاردىن بىرەر جەمەت ئائىلىگە شاپائەت قىلىدىغىنى بار، بىرەر كىشىگە شاپائەت قىلىدىغىنى بار. ھەتتا، ئۇلار شاپائەت بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.سەھىسمۇبار. |
| **5603 – [ 38 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله عز وجل وعدني أن يدخل الجنة من أمتي أربعمائة ألف بلا حساب " . فقال أبو بكر زدنا يا رسول الله قال وهكذا فحثا بكفيه وجمعهما فقال أبو بكر : زدنا يا رسول الله . قال : وهكذا فقال عمر دعنا يا أبكر . فقال أبو بكر : وما عليك أن يدخلنا الله كلنا الجنة ؟ فقال عمر : إن الله عزوجل إن شاء أن يدخل خلقه الجنة بكف واحد فعل فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " صدق عمر " رواه في شرح السنة<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەقىقەتەن **الله** تائالا ماڭا ئۈممۈتۈمدىن 400000 كىشىنى ھېساپسىزلا جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋەدە قىلدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىزگە ئۇلارنىڭ يەنىمۇ زىيادە بولۇشىنى تەلەپ قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ھەقىقەتەن **الله** تائالا (ئۆزىگە لايىق)ئىككى ئالقىنى بىلەن مانا مۇشۇنداق چاڭگاللاپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ دېدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىزگە ئۇلارنىڭ يەنىمۇ زىيادە بولۇشىنى تەلەپ قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛يەنە شۇنداق كۆپ كىشىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ دېدى، ئۇ يەنە شۇنداق دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى ئەبۇبەكرى! بىزنى ئەمەل قىلغىلى قويغىن دېدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا ھەممىمىزنى جەننەتكە كىرگۈزىۋەتسە، ساڭا نىمە زىيىنى؟دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئەگەر **الله** تائالا بارلىق مەخلۇقلىرىنى بىر ئالقان بىلەنلا جەننەتكە كىرگۈزۈشنى خالىسا، ئەلۋەتتە كىرگۈزەلەيدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راست گەپ قىلدى دېدى.شەرھىسسۇننى. |
| **5604 – [ 39 ]** ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يصف أهل النار فيمر بهم الرجل من أهل الجنة فيقول الرجل منهم : يا فلان أما تعرفني ؟ أنا الذي سقيتك شربة . وقال بعضهم : أنا الذي وهبت لك وضوءا فيشفع له فيدخله الجنة " . رواه ابن ماجه<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەۋزەخ ئەھلى سەپ تارتىپ تۇرىدۇ، جەننەت ئەھلىدىن بىر ئەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتىدۇ، دوۋزاخ ئەھلىدىن بىرسى ھېلىقى ئەرگە سەن مېنى تونۇمىدۇڭمۇ؟ مەن ساڭا سۇ بەرگەن دېسە، يەنە بىرسى مەن ساڭا تاھارەت سۈيى بەرگەن دەيدۇ، ئۇ ئەر شاپائەت قىلىپ ئۇلارنى جەننەتكە كىرىدۇ، ئىبنى ماجە يالغۇزلا خاتىرلىگەچكە ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. |
| **5605 – [ 40 ]** ( ضعيف )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن رجلين ممن دخل النار اشتد صياحهما فقال الرب تعالى : أخرجوهما . فقال لهما : لأي شيء اشتد صياحكما ؟ قالا : فعلنا ذلك لترحمنا . قال : فإن رحمتي لكما أن تنطلقا فتلقيا أنفسكما حيث كنتما من النار فيلقي أحدهما نفسه فيجعلها الله بردا وسلاما ويقوم الآخر فلا يلقي نفسه فيقول له |

**الرب تعالى : ما منعك أن تلقي نفسك كما ألقى صاحبك ؟ فيقول : رب إني لأرجو أن لا تعيدني فيها بعد ما أخرجتني منها . فيقول له الرب تعالى : لك رجاؤك . فيدخلان جميعا الجنة برحمة الله " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دەۋزەخ ئەھلىدىن ئىككى ئەر قاتتىق ۋارقىرايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئەكەلدۈرۈپ، نىمە ئۈچۈن ۋارقىرايسىلەر؟ دەپ سورايدۇ، (ئەمەلىيەتتە بىلىدۇ) ئۇلار بىزگە رەھىم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ دەيدۇ. ئاللاھ رەھمىتىم سىلەرگە بولسۇن، بېرىپ جايىڭلارغا ئۆزۈڭلارنى تاشلاڭلار! دەيدۇ. بىرسى بۇ بۇيرۇقنى بىنائەن ئۆزىنى تاشلىسا، ئاللاھ ئوتنى سوغۇق، سالامەت قىلىپ بېرىدۇ، يەنە بىرسى ئۆزىنى تاشلىماي تۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا نىمە توسالغۇ بولدى؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ، ئى رەببىم مىنى شۇ جايغا تاشلىمساڭ دىدى، ئاللاھ، بوپتۇ، ساڭا ئۈمۈدۈڭ بېرىلدى دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن، بولۇپمۇ بۇنداق ئەقىدە، ئېتىقاد مەسىلىلىردە زەئىپ ھەدىس، دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت بولالمايدۇ، ئاللاھ ئالىم،

**5606 – [ 41 ] وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : يرد الناس النار ثم يصدون منها بأعمالهم فأولهم كلمح البرق ثم كالريح ثم كحضر الفرس ثم كالراكب في رحله ثم كشد الرجل ثم كمشيه رواه الترمذي والدارمي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەر دوۋزاخقا كېلىپ، ئاندىن ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىدا ئۇنىڭدىن قايتالايدۇ، (يەنى سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلەيدۇ) ئەۋۋەلكى ئەڭ ياخشى ئەمەل قىلغانلىرى بولسا، كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقىچىلا چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاندىن كىيىنكىلەر شامالدەك. ئاندىن ئات چاپقاندەك، ئاندىن كارۋانلار ماڭغاندەك، ئاندىن كىشى تېزىراق ماڭغاندەك، ئاندىن كىيىنكىسى بولسا، پىيادە مېڭىپ ئۆتىدۇ، (بەزىسى دوۋزاخقا تاشلىنىپ كېتىدۇ.) ئەھمەد،دارىمى، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. دوۋزاخنىڭ كەڭلىكى قانچىلىك بولسا، سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى شۇنداق ئۇزۇن بولىدۇ، ئۇ قىلىچدىن ئىتتىك، قىلدىن ئىنچىكە دىيىلگەن.مۇسلىم

**5607 – [ 42 ] الفصل الثالث عن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن أمامكم حوضي ما بين جنبيه كما بين جرباء وأذرح " . قال بعض الرواة : هما قريتان بالشام بينهما مسيرة ثلاث ليال . وفي رواية : " فيه أباريق كنجوم السماء من ورده فشرب منه لم يظمأ بعدها أبدا متفق عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئالدىڭلاردا ھەۋزى كەۋسەرىم سىلەرنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كەڭلىكى جەربائ بىلەن ئەزرەھنىڭ كەڭلىكىدەك كېلىدۇ، (بۇ ئىككىسى، شام دىيارىدىكى ئىككى شەھەر بولۇپ، ئارىلىقى ئۈچ كېچە ــ كۈندۈزلۈك مۇساپە كېلىدۇ) كەۋسەر بۇلاق بويىدا ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك كۆپ، ئۇرۇق چەينەكلەر، جاملار باردۇر، كەۋسەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ سۈيىدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى، شۇنىڭدىن كېيىن، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ.بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5608 –[ 43 ]44– 5609 ( صحيح ) وعن حذيفة وأبي هريرة قالا : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يجمع الله تبارك وتعالى الناس فيقوم المؤمنون حتى تزلف لهم الجنة فيأتون آدم فيقولون : يا أبانا استفتح لنا الجنة . فيقول : وهل أخرجكم من الجنة إلا خطيئة أبيكم لست بصاحب ذلك اذهبوا إلى ابني إبراهيم خليل الله " قال : " فيقول إبراهيم : لست بصاحب ذلك إنما**

**كنت خليلا من وراء وراء اعمدوا إلى موسى الذي كلمه الله تكليما فيأتون موسى عليه السلام فيقول : لست بصاحب ذلك اذهبوا إلى عيسى كلمة الله وروحه فيقول عيسى : لست بصاحب ذلك فيأتون محمدا صلى الله عليه وسلم فيقوم فيؤذن له وترسل الأمانة والرحم فيقومان جنبتي الصراط يمينا وشمالا فيمر أولكم كالبرق " . قال : قلت : بأبي أنت وأمي أي شيء كمر البرق ؟ قال : " ألم تروا إلى البرق كيف يمر ويرجع في طرفة عين . ثم كمر الريح ثم كمر الطير وشد الرجال تجري بهم أعمالهم ونبيكم قائم على الصراط يقول : يا رب سلم سلم . حتى تعجز أعمال العباد حتى يجيء الرجل فلا يستطيع السير إلا زحفا " . وقال : " وفي حافتي الصراط كلاليب معلقة مأمورة تأخذ من أمرت به فمخدوش ناج ومكردس في النار " . والذي نفس أبي هريرة بيده إن قعر جهنم لسبعين خريفا . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەرنى يىغىپ توپلايدۇ، مۆئمىنلەرگە جەننەت يېقىن قىلىنغاندا، مۆئمىنلەر قوپۇپ ئادەم ئاتىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئى دادىمىز! بىزگە جەننەت ئىشىكىنى ئېچىپ بەرسىلە دەيدۇ، ئادەم ئۇلارغا: سىلەرنى پەقەت جەننەتتىن داداڭلار ئادەمنىڭ يەنى مېنىڭ خاتالىقىم چىقىرىۋەتكەن، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئەمەس، لايىق ئەمەسمەن، سىلەر ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كەلسە، ئۇ مەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئەمەس، مەن دىگەن يېقىن دوستىنىڭ ئارقىسىدىكى دوستى بولىمەن، دەرىجىدە كېيىن تۇرىمەن، ئاللاھ بىۋاستە سۆز قىلغان مۇساغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار مۇساغا كەلسە، ئۇمۇ، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئەمەس، لايىق ئەمەس، سىلەر ئاللاھنىڭ كەلىمىسى بولغان ئالاھ تەرەپتىن يارىتىلغان، پۈۋدەلگەن روھ بولغان ئەيساغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئەيسامۇ مەن ئۇنىڭ ئىگىسى، ئەھلى ئەمەس، سىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئۇلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېلىدۇ، ئۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا جەننەت ئىشىكىنى ئېچىشقا ئىزنى، ئىجازەت بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى داۋام قىلىپ مۇنداق دىگەن: ئامانەت بىلەن سىلە ـ رەھىم ئەۋەتىلىپ، ئۇ ئىككىسى سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرغۇزۇلىدۇ، سىلەرنىڭ ئەۋۋىلىڭلار ئەڭ ياخشىڭلار، چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاندىن كېيىنكىلەر شامالدەك، ئاندىن قۇش ئۇچقاندەك، ئاندىن تېز ماڭغاندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ماڭدۇرىدۇ، سىراتتىن ئۆتكۈزىدۇ، پەيغەمبىرىڭلار سىراتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ؛ ئى رەببىم! سالامەت قىلىسىلا، سالامەت قىلىسىلا دەپ تۇرىدۇ، تاكى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئاجىز كېلىپ قالىدۇ، ھەتتا كىشى مېڭىشقا قادىر بولالماي، ئۆمىلەپ ماڭىدۇ، سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېسىقلىق ئىلمەكلەر بار بولۇپ، ئۇ تۇتۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى قاچۇرىۋەتمەي مەھكەم تۇتۇشقا بۇيرۇلغاندۇر، بەزىلەر جاراھەتلىنىپ، ئەزالىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ قۇتۇلىدۇ، بەزىلەر دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ. (ئەبۇ ھۇرەيرە ؛ ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، دوۋزاخنىڭ چوڭقۇرلىقى 70 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ دېدى). مۇسلىم 288 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئى ئاللاھ، بىزلەرنى دوۋزاخدىن ساقلىسىلا، ئامىن!

**5610 – [ 45 ] وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يخرج من النار بالشفاعة كأنهم الثعارير ؟ قال : " إنه الضغابيس " . متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر تۈركۈم قەۋىملەر شاپائەت بىلەن دوۋزاخدىن چىقىدۇ، ئۇلار خۇددى تەرخەمەكتەك، دەرەخلەر كۆتىكى يېنىغا چىقىدىغان

ئۆسۈملۈكتەك بولۇپ قالغان، (يەنى، كۆيۈپ قارداپ كېتىدۇ، ئاندىن ھاياتلىق سۈيى قۇيۇلۇپ، جەسەدلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ).مۇسلىم، بۇخارى 6073 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5611 – [ 46 ] موضوع وعن عثمان**

**بن عفان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يشفع يوم القيامة ثلاثة : الأنبياء ثم العلماء ثم الشهداء " . رواه ابن ماجه**

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، ئۆلىمالار، شېھىدلار شاپائەت قىلىدۇ، ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن. ئەلبانى بۇ ھەدىس يالغان دېگەن، سەۋەبى بۇ ھەدىسنىڭ ئەھمەد ئىبنى يۇنۇس دېگەن راۋىنى ھۆججەت ئەمەس دېگەن. ئەنبەسەت دېگەن راۋىنى بولسا، يەھيا ئىبنى مەئىين ئۇ ھېچنېمە ئەمەس دېگەن، بۇخارى رەھمەھۇللا تەرىك ئەتكەن. ئەبۇ داۋۇد زەئىپ دېگەن، تىرمىزىمۇ شۇنداق دېگەن. ئەبۇ زەرئەت مۇنكەر دېگەن، ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسى مەترۇك يەنى يالغانچىلىق بىلەن ئەيىبلىنىدۇ دېگەن، ۋە بۇ كىشى يالغاندىن ھەدىس توقۇيدۇ دېگەن. ئەللاق دېگەن راۋىينى ئەزدى ھەدىس يوقايدۇ دېگەن، زەھەبى قاتتىق ئاجىز دېگەن. ئەلبانى ئەبۇ ھاتەمنىڭ سۆزى بوييچە بۇ ھەدىس يالغان دېگەن.

## باب صفةالجنة وأهلها – الفصل الأول　　جەننەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى توغرىسىدا

**5612 – [ 1 ] عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قال الله تعالى : أعددت لعبادي الصالحين ما لا عين رأت ولا أذن سمعت ولا خطر على قلب بشر . واقرؤوا إن شئتم : ( فلا تعلم نفس ما أخفي لهم من قرة عين متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن سالىھ، ياخشى مۇتتەقى بەندىلىرىم ئۈچۈن، جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسان قەلبىگە خۇتۇر چۈشۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويدۇم، ئەگەر خالىساڭلار؛« ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن اللهنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.»دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار.سۈرە سەجدە 17 ـ ئايەت.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5613 – [ 2 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : موضع سوط في الجنة خير من الدنيا وما فيها " . متفق عليه**

سەھلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتىكى بىر تال قامچىنىڭ ئورنى، بۇ دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر. (چۈنكى، ئۇ جەننەتنىڭ ئىچىدۇر). بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**5614 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " غدوة في سبيل الله أو روحة خير من الدنيا وما فيها ولو أن امرأة من نساء أهل الجنة اطلعت إلى الأرض لأضاءت مابينهما ولملأت ما بينهما ريحا ولنصيفها على رأسها خير من الدنيا وما فيها " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئەتىگەندە يا كەچتە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، جەڭگە قاتنىشىش، پۈتۈن دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىدىن

ياخشىدۇر، ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى ياچاق ئەگمىسچىلىك ئورنى پۈتۈن دۇنيادىن، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئەگەر جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بىر ئايال زېمىنغا چىقىپ قالسا، ئەلۋەتتە مەشرىق- مەغرىب ئارلىقىنى خۇشپۇراق مىسكىگە تولدۇرۇۋېتىدۇ، مەشرىق، مەغرىب ئارلىقىنى نۇر بىلەن يورىتىۋېتىدۇ، جەننەت ئاياللىنىڭ بېشىدىكى رومال، پۈتۈن دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر. ئەھمەد 11984 ـ ھەدىس، بۇخارى 2583 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3492 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1575 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەنە ئاشۇ پەزىلەتكە، مۇكاپاتقا، مۇجاھىد، شېھىد ئېرىشىدۇ.

**5615 – [ 4 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في الجنة شجرة يسير الراكب في ظلها مائة عام لا يقطعها ولقاب قوس أحدكم في الجنة خير مما طلعت عليه الشمس أو تغرب " . متفق عليه**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، ناھايىتى تېز چاپىدىغان، تېز چاپسۇن ئۈچۈن ئىچى تارتىلغان، ئورۇق قويۇلغان ئېسىل كاتتا، ئاتلىق ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ يايىسىدا 100 يىل سەيرە قىلىپ ئات چاپتۇرسا، ئۇ سايىنىڭ بىر چېتىگە ئۆزۈپ چىقالمايدۇ، (جەننەت دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرى ئەنەشۇنداقتۇر) ئاللاھ يولىدا ئەتىگەندە يا كەچتە جەڭگە بېرىش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، ئۆز ئۈستىدىن كۈن چىقىپ كىرگەن بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. جەننەتتىكى ياچاق ئەگمىسچىلىك ئورۇن، ئۈستىدىن كۈن چىقىپ كىرگەن بارلىق نەرسىدىن يەنى پۈتۈن دۇنيادىن ياخشىراقتۇر. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، بەيھەقى سەھلى ئىبنى سەئىددىن، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ سەئىددىن، يەنە بەيھەقى تىرمىزى ئىبنى ماجەلەر، ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن تو، سەھىھ.

**5616 – [ 5 ] وعن أبي موسى قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن للمؤمن في الجنة لخيمة من لؤلؤة واحدة مجوفة عرضها وفي رواية : طولها ستون ميلا في كل زاوية منها أهل ما يرون الآخرين يطوف عليهم المؤمن وجنتان من فضة آنيتهما ما فيهما وجنتان من ذهب آنيتهما وما فيهما وما بين أن ينظروا إلى ربهم إلا رداء الكبرياء على وجهه في جنة عدن " . متفق عليه**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر مۆئمىن ئۈچۈن جەننەتتە ئالاھىدە بىردىن ئىچى كاۋاك گۆھەر، زەبەرجەتتىن ياسالغان چېدىر بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 مىلدۇر، مۆئمىن ئۈچۈن ئۇ چېدىرنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭلىرىدا ئەھلى ئاياللىرى بار، مۆئمىن ئۇلارنى ناۋاپ، زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن، ئۇئەھلىلەر بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئىككى جەننەت كۈمۈشتىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاچىسى، ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ كۈمۈشتۇر، ئىككى جەننەت ئالتۇندىن بولۇپ، قاچىلىرى ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ ئالتۇندۇر، جەننەت ئەدنىدىكى قەۋملەر بىلەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرۇشى ئارىسىدا پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇق جامالىغا لايىق رىداسى باردۇر، كاتتىلىقى باردۇر، (يەنى ئۇلار ئاللاھنى كۆرەلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق)مۇسلىم 5070 ـ ھەدىس، بۇخارى 4501 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2452 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18850 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنىنىڭ جەننەتتىكى چېدىرسى ئىچى كاۋاك گۆھەر، زەبەرجەتتىن بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 مىيىل (يەنى 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ مىيىلنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ) چېدىرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىدا مۆئمىن ئۈچۈن ئەھلى جۈپتى، مەھبۇبى بولۇپ، بىرسىنى يەنە بىرسى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ، (يەنى چېدىر شۇنداق كەڭرى گۈزەلدۇر) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5617 – [ 6 ]** ( صحيح ) **وعن عبادة بن الصامت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " في الجنة مائة درجة ما بين**

**كل درجتين كما بين السماء والأرض والفردوس أعلاها درجة منها تفجر أنهار الجنة الأربعة ومن فوقها يكون العرش فإذا سألتم الله فاسألوه الفردوس " رواه الترمذي ولم أجده في الصحيحين ولا في كتاب الحميدي**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇ دەرىجىلەرنى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويغاندۇر، ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق، ئاسمان ــ زېمىننىڭ ئارىسىدىكى پەرقتەك چوڭدۇر، ئاللاھدىن سوراپ قالساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن بۇ جەننەت، جەننەتلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ۋە شۇنداقلا ئەڭ ئۈستىدە، دەرىجىدە ئۇ ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر. رەھمانتائالانىڭ ئەرشىمۇ، فىردەۋس دېگەن جەننەتنىڭ ئۈستىدىلا، باشقا جەننەتلەرنىڭ تۆت ئۆستەڭلىرى مۇشۇ جەننەتتىن ئېقىپ چىقىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، ئاسمان كۇرسى، ھەتتا، ئەرشىمۇ گۈمبەز، يۇملاق ئىكەن، چۈنكى، فىردەۋس ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۈستۈن بولسا، گۈمبەز ھاسىل بولىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز بىرەر نەرسىنى ئوتتۇرىنى ئۈستۈن قىلىپ بېقىڭ، گۈمبەز ھاسىل بولىدۇ دېدى، ھازىرمۇ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشچە، قۇياش، ئاي، باشقا پىلانىتلار، سىستېمىلار، سامان يولى قاتارلىقلار، يۇملاق گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ چىقتى، ھەتتا، يەرشارىمۇ يۇملاق، ئېلىپىس شەكلىدە ئىكەن.يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن، ئەرش كۇرسى توغرىسىدا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدىن باشقا سۆز ئېتىبارىغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى، بۇ غەيب ئالەم، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق خۇددى ئاسمان ــ زېمىن ئارىسىدەك چوڭدۇر، پىردەۋس دېگەن جەننەت دەرىجە جەھەتتىن ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئەۋزەلدۇر، جەننەتنىڭ تۆت ئۆستەڭلىرى ئاشۇ پىردەۋسدىن ئېقىپ چىقىدۇ، رەھمانتائالانىڭ ئەرشى شۇ جەننەتنىڭ ئۈستىدۇر، ئاللاھتائالادىن سورىساڭلار، پىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، (ئى ئاللاھ، بىزنى فىردەۋس ئەھلىدىن قىلسىلا، ئامىن!) ئەبۇ شەيبە، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان سەھىھ.

**5618 – [ 7 ]** ( صحيح ) **وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في الجنة لسوقا يأتونها كل جمعة فتهب ريح الشمال فتحثو في وجوههم وثيابهم فيزدادون حسنا وجمالا فيرجعون إلى أهليهم وقد ازدادوا حسنا وجمالا فيقول لهم أهلوهم والله لقد ازددتم بعدنا حسنا وجمالا فيقولون وأنتم والله لقد ازددتم حسنا وجمالا "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر بازار بولۇپ، جەننەت ئەھلى بازارغا ھەر جۈمئە كۈنى كېلىدۇ، (يەنى ھەر جۈمئە كۈنىنىڭ مىقدارىدا كېلىپ تۇرىدۇ) ئۇ بازاردا مىسكە ئەنبەر دۆۋىسى بار بولۇپ، شىمال شامىلى چىقىش بىلەنلا، شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە، كىيىم ــ كېچەكلىرىگە شۇ مىسكە ئەنبەرنى چاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھۆسنى ــ جامالىغا ھۆسۈن - جامال زىيادە بولۇپ، تېخىمۇ گۈزەل، چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلىگە شۇ زىيادە قىلىنغان ھۆسنى ــ جامالى بىلەن قايتىپ بارسا، ئەھلىلىرى ئۇلارغا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىزدىن ئايرىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۆسنى جامالىڭلار زىيادە بولۇپ شۇنداق گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر دەيدۇ، ئۇلارمۇ ئەھلىگە؛ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرمۇ ھۆسنى ــ جامالىڭلار زىيادە بولۇپ، شۇنداق گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر دەيدۇ، ھەر ئىككىسى گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ، (مانا بۇ سۈرەت بازىرى بولۇشى مۇمكىن) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5619 – [ 8 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قا ل : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أول زمرة يدخلون الجنة على**

**صورة القمر ليلة البدر ثم الذين يلونهم كأشد كوكب دري في السماء إضاءة قلوبهم على قلب رجل واحد لا اختلاف بينهم ولا تباغض لكل امرئ منهم زوجتان من الحور العين يرى مخ سوقهن من وراء العظم واللحم من الحسن يسبحون الله بكرة وعشيا لا يسقمون ولا يبولون ولا يتغوطون ولا يتفلون ولا يتمخطون آنيتهم الذهب والفضة وأمشاطهم الذهب ووقود مجامرهم الألوة ورشحهم المسك على خلق رجل واحد على صورة أبيهم آدم ستون ذراعا في السماء . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان جامائەتلەر 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولىدىغانلار بولسا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىدەك، يورىشى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدەك بولىدۇ،ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ، ئۆچ ـ ئاداۋەت يوقتۇر، ھەر بىرىنىڭ ھۆۋرىلەيندىن ئىككىدىن ھۆرئايالى بولۇپ، بۇ ئاياللارنىڭ سۈزۈلۈك، گۈزەل ئىكەنلىكىدىن پاچىقىنىڭ يىلىكى گۆشىنىڭ،سۆڭىكىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ،ئۇلار ئەتىگەن ــ ئاخشام مىقداردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە كېسەل بولمايدۇ،چوڭ ــ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، مىشقىرمايدۇ، بۇرۇندىن نەرسە كەلمەيدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ،قاچىلىرىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشتۇر، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى تارايدىغان تاغاقلىرى ئالتۇندۇر، پۇراقلىرى بولسا، مىسكە ئەنبەردۇر، خۇشپۇراق ئۈچۈن ياندۇرۇپ قويىدىغان شاگلىرى يورۇتۇپ قويىدىغان نەرسىسى بولسا، ئەلۇت دىيىلىدىغان خۇشپۇراق ياغاچتۇر، جۈپتىلىرى، ئاياللىرى بولسا، شەھلا كۆزلۈك ھۆر قىزلاردۇر، ئەخلاقى بولسا، بىرلا كىشىنىڭ ئەخلاقىدەك، سۈرەت، چىراي، بەدەن شەكلى، دادىسى، ئادەم ئاتىنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەزدۇر، (ئاللاھ ئادەم ئاتىنى ئۆز قولى بىلەن ئەڭ گۈزەل ياراتقان،جەننەت ئەھلى شۇسۈرەتتەبۇلىدۇ)،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5620 – [ 9 ]** **( صحيح ) وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أهل الجنة يأكلون فيها ويشربون ولايتفلون ولايبولون ولا يتغوطون ولا يتمخطون " . قالوا : فما بال الطعام ؟ قال : " جشاء ورشح كرشح المسك يلهمون التسبيح والتحميد كما تلهمون النفس " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى، جەننەتتە يەيدۇ، ئىچىدۇ، لېكىن، تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ ــ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ، بۇرنىدىن نەرسە كەلمەيدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ تائامىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى بولسا، قورساق تويغاندىكى كېكىرىش ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىپلا تەرلەش بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، تەرلىرى بولسا، مىسكىنىڭ خۇشپۇرىقىدەك خۇشپۇراقتۇر، خۇددى سىلەرگە نەپەسلىنىش، تىنىق ئاسان قىلىنغاندەك، ئۇلارغا تەسبىھ، تەكبىر ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىش ئىلھام بىلەن ئاسان قىلىنىدۇ، نەپەسنىڭ ئورنىدا بولىدۇ، ئەھمەد 14394 ــ ھەدىس، دارمى 2706 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4116 ھەدىس، مۇسلىم 5066 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5621 – [ 10 ]** **( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يدخل الجنة ينعم ولا يبأس ولا تبلى ثيابه ولا يفنى شبابه " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتكە كىرگەن

كىشى ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ، ھەرگىز كېسەل بولمايدۇ، غەم – قايغۇ قىلمايدۇ، ئازابلانمايدۇ، كىيىم – كېچەكلىرى كونىرىمايدۇ، چىرىمەيدۇ، ياشلىقى تۈگىمەيدۇ، ئۇلار مەڭگۈ ياپ ـ ياش تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

5622 – [ 11 ] ( حسن ) أهل الجنة: جرد مرد كحل لا يفنى شبابهم و لا تبلى ثيابهم ( ت ) عن أبي هريرة

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ بولسا، جەسەد، بەدەنلىرىدە تۈك يوقتۇر، (قولتۇق، ئەۋرەتلىرىدىمۇ زادى تۈك يوقتۇر) ئىڭىكىدىمۇ تۈك يوق، يەنى ساقال يوقتۇر، مەخسەت، شۇنداق گۈزەل، چىرايلىق، ئۇلارنىڭ ياشلىقلىرى تۈگىمەيدۇ، چىراي گۈزەللىك، تەنلىرىنىڭ قۇۋۋىتى تۈگىمەيدۇ، كىيىملىرى كونىرىمايدۇ، چىرىمايدۇ، تىرمىزى 2462 – ھەدىس، ئەھمەد 9006 – ھەدىس، ھەسەن دىگەن بولسىمۇ بۇ ھەدىسنىڭ ئايەتتە شاھىدى بار، جەننەتتە جەننەت ئەھلى خالىغان نەرسە باردۇر.

5623 – [ 12 ] وعن أبي سعيد وأبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ينادي مناد : إن لكم أن تصحوا فلا تسقموا أبدا وإن لكم أن تحيوا فلا تموتوا أبدا وإن لكم أن تشبوا فلا تهرموا أبدا وإن لكم أن تنعموا فلا تبأسوا أبدا " رواه مسلم

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلىگە بىر جاكارچى مۇنداق نىدا قىلىدۇ، ھەققەتەن سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ ساق – سالامەت تۇرىسىلەر، كېسەل بولمايسىلەر،ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر، مەڭگۈ ياش، گۈزەل تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر، مەڭگۈ نېئمەتتە لەززەتلىنىسىلەر، ھەرگىز ئازابلانمايسىلەر، غەم – قايغۇ قىلمايسىلەر، يوقسىز بولمايسىلەر. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5624 – [ 13 ] وعن أبي سعيد الخدري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن أهل الجنة يترآءون أهل الغرف من فوقهم كما تترآءون الكوكب الدري الغابر في الأفق من المشرق أو المغرب لتفاضل ما بينهم " قالوا يا رسول الله تلك منازل الأنبياء لا يبلغها غيرهم قال : " بلى والذي نفسي بيده رجال آمنوا بالله وصدقوا المرسلين " . متفق عليه

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن جەننەت ئەھلىلىرى ئۆزلىرىدىن يۇقىرى ئۆزنىنىڭ ئۈستىدىكى غۇرفەت ئەھلى بولغان ئۈستۈن دەرىجىلىكلەرگە، خۇددى سىلەر مەشرىقنىڭ ياكى مەغرىپنىڭ ئۇپۇقلىرىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نۇرلۇق يۇلتۇزغا بېشىڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاراپ قالغاندەك قارىشىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەزىلەت پەرقى، ئەنە شۇنداقتۇر، ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئاشۇبولسا، باشقىلار ئېرىشەلمەيدىغان، پەيغەمبەرلەرنىڭلا ئورۇنلىرىمۇ؟ دىسە، رەسۇلۇللاھ؛ياق ئۇنداق ئەمەس، الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار الله قا شەقسىز ئىمان كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىغان كىشىلەردۇر دىدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

5625 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قا ل : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يدخل الجنة أقوام أفئدتهم مثل أفئدة الطير " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەتكە بىر تۈركۈم قەۋملەر كىرىدۇكى، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى خۇددى قۇشنىڭ يۈرەكلىرىگە ئوخشايدۇ، (يەنى قەلبى يۇمشاق،

ئاجىز، ئاسان ئىرىپ ياش تۆكىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن ئاسان قورقىدۇ، ئەيمىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھقىلا نەۋەككۇل قىلىدۇ، كۆيۈمچان كېلىدۇ). مۇسلىم، جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپىتىدە توپلىغان، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، شەرھىسى مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىنندى، ئىمام نەۋەۋى.

**5626 – [ 15 ] وعن أبي سعيد قا ل : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تعالى يقول لأهل الجنة يا أهل الجنة فيقولون لبيك ربنا وسعديك والخير كله في يديك فيقول : هل رضيتم ؟ فيقولون : وما لنا لا نرضى يا رب وقد أعطيتنا ما لم تعط أحدا من خلقك ؟ فيقول ألا أعطيكم أفضل من ذلك ؟ فيقولون : يا رب وأي شيء أفضل من ذلك ؟ فيقول : أحل عليكم رضواني فلا أسخط عليكم بعده أبدا " . متفق عليه**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، جەننەت ئەھلىگە مۇنداق دەيدۇ:ئى جەننەت ئەھلى!، ئۇلار؛ لەببەي بىز تەييار ،بارلىق ياخشىلىق سىلىنىڭ قوللىرىدا دەيدۇ، ئاللاھ؛ رازى بولدۇڭلارمۇ؟دەيدۇ، ئۇلار ؛ ھەقىقەتەن سىلى بىزگە مەخلۇقلىرىدىن ھېچكىشىگە بېرىپ باقمىغان مۇكاپاتلارنى بىزگە بەرگەن تۇرسىلا، بىز يەنە نېمىگە رازى بولمىغۇدەكمىز؟ دەيدۇ، ئاللاھ:مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەكىنى بەرمەيمۇ؟ دىسە، ئۇلار؛ ئى پەرۋەردىگارىمىز، قايسى نەرسە ئۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك بولا؟ دەيدۇ. ئاللاھ، ئۇلارغا؛ مەن سىلەرگە مېنىڭ رازىلىقىمنى ھالال قىلىپ چۈشۈرىمەن، مۇندىن كېيىن مەڭگۈ سىلەرگە غەزەپ قىلمايمەن، ئاچچىقلانمايمەن دەيدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5627 – [ 16 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن أدنى مقعد أحدكم من الجنة أن يقول له : تمن فيتمنى ويتمنى فيقول له : هل تمنيت ؟ فيقول نعم فيقول له : فإن لك ما تمنيت ومثله معه " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى مەرتىبىسىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى، ئۇنىڭغا؛ خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇ ئارزۇسىنى قويماي سورايدۇ،يەنە سورايدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئىنتىھاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن، دەپ بىر ــ بىرلەپ دەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: سوراپ بولدىڭمۇ؟دىسە، ئۇ؛ ھەئە دەيدۇ، **الله** ؛ ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ. بەيھەقى، ئەھمەد،مۇسلىم.

**5628 – [ 17 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سيحان وجيحان والفرات والنيل كل من أنهار الجنة " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەيھان، جەيھان، پۇرات، نىيىل دەريالىرىنىڭ ھەممىسى جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدىندۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، سەيھان بىلەن جەيھان، تۇرسۇس شەھىرىدىكى ئاۋاسىم دېيىلىدىغان جايدىكى ئىككى دەريادۇر، پۇرات كۇفىدىكى دەريادۇر، مەنىسى، تاتلىق سۇ، نىيىل مىسىردىكى مەشھۇر دەريادۇر، ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى، مەخسىدىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بەلكىم، بىز ئىنسانلارغا كۆرسەتمەي جەننەتتىن مەنبۇى جەھەتتىن ئاقتۇرغاندۇ ياكى بۇ تەمسىلدۇر دېدى، ياكى تۈنجى ھاسىل بولۇشى، شەكىللىنىشى شۇنداق بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت دەريا ئۆستەڭ، جەننەت ئۆستەڭلىرىدىن سەيھان، جەيھان، نىيل، پۇرات قاتارلىق، شىيرازى توپلىغان، ئەلبانىي سەھىھ دېگەن، سەيھان بىلەن جەيھان، تورسوس، مەسىيەت دېگەن شەھەرلەرگە يېقىن، ئەۋاسىم دېگەن جايدىكى ئىككى دەريادۇر، نىيل، مىسىردىكى مەشھۇر دەريادۇر، پۇرات بولسا، كۇفىدىكى دەريادۇر، ھەدىستە جەننەتتىن دېيىلدى، راستىنلا جەننەتتىن كەلگەنمۇ ياكى ھازىرمۇ مەنبەئى جەھەتتىن بىرگە كۆرۈنمەي كەلدىمۇ ياكى جەننەتتىكى بۇلاق ئۆستەڭگە ئوخشاتتىمۇ؟ توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، بىز ئىشنىمىز خالاس.

**5629 – [ 18 ] ( صحيح ) وعن عتبة بن غزوان قال : ذكر لنا أن الحجر يلقى من شفة جهنم فيهوي فيها سبعين خريفا لا يدرك لها قعرا والله لتملأن ولقد ذكر لنا أن ما بين مصراعين من مصاريع الجنة مسيرة أربعين سنة وليأتين عليها يوم وهو كظيظ من الزحام " . رواه مسلم**

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت،ئۇتبەت،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ناھايىتى سېمىز، چوڭ بوغاز يەتتە تۆگىدەك چوڭلۇقتىكى بىر تاش، جەھەننەمنىڭ گىرۋىكىدىن پەسكە تاشلانسا، ئۇ تاش پەسكە قاراپ 70 يىل چۈشسە، يەنىلا دوۋزاخنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمايدۇ.**الله** بىلەن قەسەمكى، دەۋزەخ چۇقۇم لىق تولىدۇ. جەننەت ئىشىكلىرىدىن ھەربىر ئىشىكنىڭ ئىككى يان تەرەپىنىڭ ئارىلىقى، يەنى جەننەت ئىشىكنىڭ كەڭلىكى 40 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، ئۇنىڭغا شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ھەقىقەتەن ئۇ، شۇ كۈندىكى جەننەتكە كىرگەنلەرگە قىستاڭچىلىقتىن تار كېلىدۇ، ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. ئەھمەد ،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، بۇ دوۋزاخقا تاشلانغان تاش بولۇپ، 70 يىلدىن باشلاپ ئۇ دوۋزاخ ئىچىگە ئاستى تەرەپكە چۈشۈۋاتىدۇ، ھازىرمۇ چۈشۈۋاتىدۇ، ئۇ تېخى دوۋزاخنىڭ تېگىگە يەتكىنى يوق، ئۇ ئاستىغا چۈشۈپ بولغىچە دوۋزاخنىڭ ئەڭ ئاستىغا يەتكەنگە قەدەر چۈشىدۇ،دېدى. مۇسلىم 5078 _ ھەدىس، ئەھمەد 8484 _ ھەدىس، مانا بۇ ھەدىس، دوۋزاخنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**5630 – [ 19 ] الفصل الثاني ( صحيح لشواهده ) عن أبي هريرة قال : قلت : يا رسول الله مم خلق الخلق ؟ قال : " من الماء " . قلنا : الجنة ما بناؤها ؟ قال : " لبنة من ذهب ولبنة من فضة وملاطها المسك الأذفر وحصباؤها اللؤلؤ والياقوت وتربتها الزعفران من يدخلها ينعم ولا يبأس ويخلد ولا يموت ولا يبلى ثيابهم ولا يفنى شبابهم " . رواه أحمد والترمذي والدارمي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەخلۇقاتلار نىمىدىن يارتىلغان؟دىسەك، سۇدىن دېدى، جەننەت ۋە ئۇنىڭ قۇرلۇشى قانداق؟ دىسەك،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ بىنالىرى، قۇرۇلۇشلىرى، بىر قىشى كۈمۈشتىن، بىر قىشى ئالتۇندىن، بۇقشلارغا قويىدىغان لايلىرى خۇشپۇراق مىسكە _ ئەنبەردۇر، نەقىش تاشلىرى بولسا، گۆھەر، مارجان، ياقۇتتۇر، تۇپرىقى زەئپىراندۇر، جەننەتكە كىرگەن كىشى مەڭگۈ نېئمەتتە لەززەت ئالىدۇ، كېسەل بولمايدۇ، ئازابلانمايدۇ، مەڭگۈ قالىدۇ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىم _ كېچەكلىرىمۇ كونىرىمايدۇ، چىرىمەيدۇ، ياشلىقى تۈگەپ كەتمەيدۇ، مەڭگۈ ياش تۇرىدۇ، ئەھمەد 2700 _ ھەدىس، بۇخارى 3005 _ ھەدىس، مۇسلىم 5067 _ ھەدىس، تىرمىزى 2450 _ ھەدىس،دارىمى، ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**5631 - [ 20 ] ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ما في الجنة شجرة إلا وساقها من ذهب رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە دەرەخلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ غولى ئالتۇندىن دېگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، تىرمىزى غەرىيپ دېگەندىن سىرت، بۇ ھەدىسنىڭ زىياد دېگەن راۋىسىنى ئەبۇ ھاتەم رازى مۇنكەر دېگەن. دارىقۇتنى ھۆججەت ئەمەس دېگەن، ئۇنىڭ دادىسىمۇ شۇنداق ئىكەن،بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىسمۇ بار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە بار دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پاچاق غولى، كۆتىكى ئالتۇندۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھنىڭ 5647 ـ ھەدىسى ئەلبانىي.

**5632 – [ 21 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في الجنة مائة درجة ما بين كل درجتين مائة عام " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى 100 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (ئىلگىرىكى ھەدىستە، ئاسمان ــ زېمىن ئارىسىدەك دېيىلگەن، بۇ، ئۇ چاغدا 500 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ) ھەدىسىدىن مەخسەت، دەرىجىلەر ئارىلىقىدىكى پەرىق چوڭدۇر.

**5633 – [ 22 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في الجنة مائة درجة لو أن العالمين اجتمعوا في أحداهن لوسعتهم " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن جەننەتتە 100 دەرىجە بولۇپ، بارلىق ئەھلى قىلغۇچىلارغا ئۇنىڭ بىرسى بىرىلسە، ئۇلار شۇ بىر دەرىجىگە بىرلەشسە، يەنە يېتىپ ــ ئېشىپ قالاتتى. تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا يۇقىرقىغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن زەئىپ دېگەن.

**5634 – [ 23 ] ( ضعيف )وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم في قوله تعالى ( وفرش مرفوعة ) قال : " ارتفاعها لكما بين السماء والأرض مسيرة خمسمائة سنة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

يەنە شۇ كىشىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ،قۇرئاندىكى ئېگىز كۆرپە تۆشەكنى تەپسىرلەپ ئېگىزلىكى ئاسمان ــ زېمىن ئارلىقىدەك 500 يىللىق مۇساپە دېگەن، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5635 – [ 24 ] ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أول زمرة يدخلون الجنة يوم القيامة ضوء وجوههم على مثل ضوء القمر ليلة البدر والزمرة الثانية على مثل أحسن كوكب دري في السماء لكل رجل منهم زوجتان على كل زوجة سبعون حلة يرى مخ ساقها من ورائها " . رواه الترمذي**

يەنە شۇ كىشىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرىدىغان تۇنجى جامائەت 14 كۈنلۈك تولۇق ئايدەك بولىدۇ، ئىككىنچى قېتىمقىلار بولسا، نۇرلۇق يۇلتۇزدەك بولارنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن ھۆر ئايال بېرىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئۇستىدە 70 قەۋەت كىيىم بولىدۇ، پاچىقىنىڭ يىلىكى تېشىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى يەنىلا زەئىپ دېگەن. چۈنكى، سوپيان

ۋەكىيئ دېگەن راۋىنى بۇخارى رەھمەھۇللا؛ بۇ كىشى توغرۇلۇق سۆز قىلىنىدى دېدى. ئەبۇ زەرئەت؛ يالغانچى دەپ ئەيىبلەندى دېگەن. ئەبۇ ھاتەم؛ ئاجىز دېگەن، نەسەئى؛ ئىشەنچىلىك ئەمەس دېگەن. ئىككىنچى راۋى ئەتىييەتنى ئەھمەد رەھمەھۇللا؛ زەئىپ دېگەن، ئەبۇ زەرئەت؛ ئاجىز دېگەن، ئەبۇ ھاتەم؛ زەئىپ دېگەن، ئەبۇ داۋۇد؛ ئۇنىڭغا تايىنىشقا بولمايدۇ دېگەن، مانا شۇنداق سەۋەبلەردىن ئەلبانى رەھمەھۇللا يۇقىرقى ئۈچ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن. لېكىن، مۇشۇ مەنىدە سەھىھ مۇسلىمدا سەھىھ ھەدىس بار، ئۇ دېگەن سەھىھ، ئىككىسى ئىككى ھەدىس ــ دە! يوللىرى ئوخشىمايدۇ.

5636 – [ 25 ] ( صحيح لشواهده ) وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يعطى المؤمن في الجنة قوة كذا وكذا من الجماع " . قيل : يا رسول الله أو يطيق ذلك ؟ قال : " يعطى قوة مائة " . رواه الترمذي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر مۆئمىنگە جەننەتتە، ئاياللىرى ھەققىدە جىنسى ئالاقە قىلىشى ئۈچۈن 100 ئەرنىڭ كۈچ ــ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ، (چۈنكى، ئۇنىڭ شۇنداق كۆپ ئاياللىرى باردۇر). تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

5637 – [ 26 ] ( ضعيف )وعن سعد بن أبي وقاص عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لو أن ما يقل ظفر مما في الجنة بدا لتزخرفت له ما بين خوافق السماوات والأرض ولو أن رجلا من أهل الجنة اطلع فبدا أساوره لطمس ضوؤه ضوء الشمس كما تطمس الشمس ضوء النجوم " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتىكى نەرسىدىن تىرناقچىلىك نەرسە، دۇنياغا ئاشكارا بولسا، ئاسمان ــ زېمىندىكى بارلىق سەت نەرسىلەرمۇ زىنەتلىك بولۇپ كېتەتتى، جەننەت ئەھلىدىن بىر ئەر، ئۆزۈكىنى، بىلەيزۈكىنى چىقارسا، ئۇنىڭ نۇرى، خۇددى قۇياش نۇرى، يۇلتۇزلار نۇرىنى بېسىۋالغاندەك قۇياشنىڭ نۇرىنى بېسىۋالىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېدى، ئەلۋەتتە بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز، بۇ توغرۇلۇق سەھىھ ھەدىس، ئايەت يېتەرلىك، كۇپايە، ئەمما، بۇ ھەدىسلەر ئىسنادى، يولى، راۋىيلار جەھەتتىن زەئىپ بولىدۇ.

5638 – [ 27 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أهل الجنة جرد مرد كحلى لا يفنى شبابهم ولا تبلى ثيابهم " . رواه الترمذي والدارمي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى تۈكسىز، پاكىز بولىدۇ، سۈرمە تارتىقلىق، ياشلىقى، كىيىم ــ كېچەكلىرىمۇ كونىرىمايدۇ، دېگەن ھەدىسنى زەئىپ دەپ شۇ ھەدىسنىڭ ئاستىدىكى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، خاتىرلەنگەن ھەدىسنى مۇشۇ ھەدىس سەۋەبىدىن ھەسەن دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۈكسىز بولىدۇ، تېنىدە، ئىڭىكىدە تۈك يوق، گۆزەل 30 ـ 33 ياشلاردا دېگەن ھەدىس ھەسەن بولغان، زەئىپ دېگىنى مۇرسەل، غەرىپتۇر.بۇ سەھىھلەردىمۇ باردۇر.

5639 – [ 28 ] ( حسن بما قبله )وعن معاذ بن جبل أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يدخل أهل الجنة الجنة جردا مردا مكحلين أبناء ثلاثين – أو ثلاث وثلاثين – سنة " . رواه الترمذي

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى،جەننەتكە

تۈكسىز، پاكىز ، سۈرمە تارتىقلىق ھالدا كىرىدۇ.ئۇلار تىنىدە، ئىڭىكىدە تۈك يوق، گۈزەل 30 ـ 33 ياشلاردا بولىدۇ . تىرمىزىي توپلىغان،ھەسەن.

**5640 – [ 29 ] وعن أسماء بنت أبي بكر قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم وذكر له سدرة المنتهى قال : " يسير الراكب في ظل الفنن منها مائة سنة أو يستظل بظلها مائة راكب – شك الراوي – فيها فراش الذهب كأن ثمرها القلال " رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەسمائەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىدرەتۇلمۇنتەھا توغرىسىدامۇنداق دىگەن: ئۇنىڭ شاخلىرىدىن بىرتال شاخىنىڭ سايىسىدا ئاتلىق كىشى 100 يىل سەيرە قىلىپ ماڭىسمۇ، (بىرىباشقا ئۇزۇپ چىقالمايدۇ)ياكى ئۇنىڭ سايىسىدا 100 ئاتلىق كىشى سايىدىيالايدۇ، ئۇنىڭدا ئالتۇن پەرۋانىلەر باردۇر(يەنى ئەتراپىدا پەرىشتىلەر ئۇچۇپ يۈرىدۇ) ئۇنىڭ قۇلىقى، پىلىنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىغان، مېۋىسى بولسا چوڭ ـ چوڭ ناۋاقلارغا ئوخشايدىكەن،تىرمىزى توپلىغان .

**5641 – [ 30 ] ( حسن ) وعن أنس قال سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم ماالكوثر ؟ قال : " ذاك نهر أعطانيه الله يعني في الجنة أشد بياضا من اللبن وأحلى من العسل فيه طير أعناقها كأعناق الجزر " قال عمر : إن هذه لناعمة قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " أكلتها أنعم منها " رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كەۋسەر توغرۇلۇق سورالغاندا مۇنداق دىگەن: كەۋسەر بولسا، ئاللاھتائالا ماڭا جەننەتتە بەرگەن ئۆستەڭدۇر، تۇپرىقى مىسكە ئەنبەردەكتۇر، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىقتۇر، بۇ كۆلگە بويۇنلىرى خۇددى تۆگىنىڭ بويىنىغا ئوخشاش قۇشلار چۈشۈپ ئوتلايدۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇ قۇش نىمە دىگەن باياشات نىئمەتتە ھە! دىدى، رەسۇلۇللاھ ؛ئۇنى يىگۈچى، ئۇلاردىن نىئمەتلىكرەك تىخمۇ لەززەت ئالىدۇدىدى.تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ سۈرە كەۋسەرنىڭ تەپسىرى بولىدۇ.

**5642 – [ 31 ] ( ضعيف )وعن بريدة أن رجلا قال : يا رسول الله هل في الجنة من خيل ؟ قال : " إن الله أدخلك الجنة فلا تشاء أن تحمل فيها على فرس من ياقوتة حمراء يطير بك في الجنة حيث شئت إلا فعلت " وسأله رجل فقال : يارسول الله هل في الجنة من إبل ؟ قال : فلم يقل له ما قال لصاحبه . فقال : إن يدخلك الله الجنة يكن لك فيها ما اشتهت نفسك ولذت عينك رواه الترمذي**

بۇرەيدت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بىر ئەر جەننەتتە ئات بارمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ سىنى جەننەتكە كىرگۈزسە، سەن جەننەتتە قىزىل ياقۇتتىن بولغان ئاتقا مىنىپ ئۇچۇشنى مەخسەت قىلساڭ شۇنداق بولىدۇدىدى، يەنە بىر ئەر، تۆگە بارمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەرگە، ئالدىدىكىدەك دىمەي، مۇنداق دىدى، ئاللاھ سىنى جەننەتكە كىرگۈزسە، ئۇ جايدا نەپسىڭ ئىشتىھا قىلغان، كۆزلىرىڭ لەززەت ئالغان نەرسە باردۇر. تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، لىكىن، مەنىسى سەھىھ، بۇنى ئايەت قوللايدۇ، ئايەتتە خالىغىنى بار دىيىلگەن، شۇ كۇپايە، بۇ ھەدىسلەر ئىسناد، راۋى جەھەتتىن زەئىپ.

**5643 – [ 32 ] أيوب قال أتى النبي صلى الله عليه وسلم أعرابي فقال : يا رسول الله إني أحب الخيل أفي الجنة خيل ؟ قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أدخلت الجنة أتيت بفرس من ياقوتة له جناحان فحملت عليه ثم طار بك حيث شئت "**

رواه الترمذي . وقال هذا حديث ليس بالقوي وأبو سورة الراوي يضعف في الحديث وسمعت محمد بن إسماعيل يقول : أبو سورة هذا منكر الحديث يروي مناكير

ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەئرابىي كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ئاتنى بەك ياخشى كۆرىمەن، جەننەتتە ئات بارمۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئەگەر سەن جەننەتكە كىرگۈزۈلسەڭ، ساڭا ئىككى قانىتى بار ياقۇتتىن بولغان ئات كەلتۈرلىدۇ، سەن ئۇنىڭغا مىنسەن، ئاندىن ئۇ ئات سىنى جەننەت ئىچىدە، سەن خالىغان جايلارغا ئۇچۇپ ئاپىرىدۇ.تىرمىزى توپلىغان.جەننەتتە خالىغىنى بار.

**5644 – [ 33 ]** ( صحيح ) وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أهل الجنة عشرون ومائة صف ثمانون منها من هذه الأمة وأربعون من سائر الأمم " . رواه الترمذي والدارمي والبيهقي في كتاب البعث والنشور

بۇرەيدەت، ئىبنى ئاباس، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى 120 سەپتۇر، ئۇلاردىن 80 سەپ كىشى مۇشۇ ئۇممەتتىن بولىدۇ، (يەنى مۇھەممەدىييە سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممىتىدىن بولىدۇ) قالغان 40 سەپ كىشى باشقا ئۇممەتلەردىن بولىدۇ، (ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى، ھەمدۇ ــ سانالار بولسۇن) ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم،دارىمى، بەيھەقى، تەبرانى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5645 – [ 34 ]** ضعيف وعن سالم عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " باب أمتي الذين يدخلون منه الجنة عرضه مسيرة الراكب المجود ثلاثا ثم إنهم ليضغطون عليه حتى تكاد مناكبهم تزول " . رواه الترمذي وقال هذا حديث ضعيف وسألت محمد بن إسماعيل عن هذا الحديث فلم يعرفه وقال : خالد بن أبي بكر يروي المناكير

سالىمدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرىدىغان ئۇممىتىمنىڭ ئىشىكىنىڭ كەڭلىكى كاتتا ئۈچ ئاتلىق كىشىنىڭ مۇساپىسىدەك كېلىدۇ، يەنى شۇنداق كەڭرى، لېكىن، ئۇلار شۇنداقتىمۇ قىستىشىپ، مۈرىلىرى چىقىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ زەئىپ دېگەن. چۈنكى، بۇخارى رەھمەھۇللا، خالىد ئىبنى ئەبۇ بەكرى دېگەن كىشىنى مۇنكەر ھەدىس سۆزلەيدۇ دېگەن.بۇ تىرمىزى سۆزى،

**5646 – [ 35 ]** ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في الجنة لسوقا ما فيها شرى ولا بيع إلا الصور من الرجال والنساء فإذا اشتهى الرجل صورة دخل فيها " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر بازار بار، بۇ بازاردا ئېلىم ــ سېتىم، سودا ـ سېتىق يوق، ئەر ــ ئاياللار سۈرەتى بار بولۇپ، كىم قانداق سۈرەتنى ئارزۇ قىلسا، تاللىسا، شۇ سۈرەتكە كىرىپ قايتىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن. ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېدى، لېكىن مەنىسى سەھىھ.جەننەتتە خالىغىنى بار.

**5647 – [ 36 ]** ( ضعيف )وعن سعيد بن المسيب أنه لقي أبا هريرة فقال أبو هريرة : أسأل الله أن يجمع بيني وبينك في سوق الجنة . فقال سعيد : أفيها سوق ؟ قال : نعم أخبرني رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أهل الجنة إذا دخلوها نزلوا فيها بفضل

أعمالهم ثم يؤذن لهم في مقدار يوم الجمعة من أيام الدنيا فيزورون ربهم ويبرز لهم عرشه ويتبدى لهم في روضة من رياض الجنة فيوضع لهم منابر من نور ومنابرمن لؤلؤ ومنابر من ياقوت ومنابر من زبرجد ومنابر من ذهب ومنابر من فضة ويجلس أدناهم – وما فيهم دني – على كثبان المسك والكافور ما يرون أن أصحاب الكراسي بأفضل منهم مجلسا " . قال أبو هريرة : قلت : يا رسول الله وهل نرى ربنا ؟ قال : " نعم هل تتمارون في رؤية الشمس والقمر ليلة البدر ؟ " قلنا : لا . قال : " كذلك لا تتمارون في رؤية ربكم ولا يبقى في ذلك المجلس رجل إلا حاضره الله محاضرة حتى يقول للرجل منهم : يا فلان ابن فلان أتذكر يوم قلت كذا وكذا ؟ فيذكره ببعض غدارته في الدنيا . فيقول : يا رب أفلم تغفر لي ؟ فيقول : بلى فبسعة مغفرتي بلغت مترلتك هذه . فبينا هم على ذلك غشيتهم سحابة من فوقهم فأمطرت عليهم طيبا لم يجدوا مثل ريحه شيئا قط ويقول ربنا : قوموا إلى ما أعددت لكم من الكرامة فخذوا ما اشتهيتم فنأتي سوقا قد حفت به الملائكة فيها ما لم تنظر العيون إلى مثله ولم تسمع الآذان ولم يخطر على القلوب فيحمل لنا ما اشتهينا ليس يباع فيها ولا يشترى وفي ذلك السوق يلقى أهل الجنة بعضهم بعضا " . قال : " فيقبل الرجل ذو المترلة المرتفعة فيلقى من هو دونه – وما فيهم دني – فيروعه ما يرى عليه من اللباس فيما ينقضي آخر حديثه حتى يتخيل عليه ما هو أحسن منه وذلك أنه لا ينبغي لأحد أن يحزن فيها ثم ننصرف إلى منازلنا فيتلقانا أزواجنا فيقلن : مرحبا وأهلا لقد جئت وإن بك من الجمال أفضل مما فارقتنا عليه فيقول : إنا جالسنا اليوم ربنا الجبار ويحقنا أن ننقلب بمثل ما انقلبنا " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث غريب

سەئىيد ئىبنى مۇسەييبتىن، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن خاتىرلەنگەن ئۇزۇن ھەدىس زەئىپ دېيىلدى، بۇ ھەدىستە جەننەت بازىرى، ئاندىن جۈمئە مىقدارى بولغان كۈن، زىيارەت قىلىش، نۇرلۇق مۇنبەر، مىسكە ئەنبەر، ئالالاھنى كۆرۈش، بۇلۇتتىن نىئمەت پاك يامغۇر يېغىش، ئاخىرىدا ئەھلى كۈتۈۋېلىش، باشقا بىر گۈزەل جامال سۆزلىنىدۇ، ئىبنى ماجە، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيب دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5648 – [ 38 ]** ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أدنى أهل الجنة الذي له ثمانون ألف خادم واثنتان وسبعون زوجة وتنصب له قبة من لؤلؤ وزبرجد وياقوت كما بين الجابية إلى صنعاء "وبهذا الإسناد قال ( ضعيف ) ومن مات من أهل الجنة من صغير أو كبير يردون بني ثلاثين في الجنة لا يزيدون عليها أبدا وكذلك أهل النار "وبهذا الإسناد قال ( ضعيف ) إن عليهم التيجان أدنى لؤلؤة منها لتضيء ما بين المشرق والمغرب "وبهذا الإسناد قال ( صحيح لغيره ) المؤمن إذا اشتهى الولد في الجنة كان حمله ووضعه وسنه في ساعة كما يشتهي " وقال إسحاق بن إبراهيم في هذا الحديث : إذا اشتهى المؤمن في الجنة الولد كان في ساعة ولكن لا يشتهي ( قول اسحاق ليس من الحديث ) رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب . روى ابن ماجه الرابعة والدارمي الأخيرة

ئەبۇ سەئىددىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىگە 80000 خادىم بېرىلىدۇ، 72 ھۆر بېرىلىدۇ، گۆھەر، زەبەرجەتتىن جابىيەت بىلەن سەنئا ئارىلىقىدەك چوڭ گۈمبەز تىكلەپ بېرىلىدۇ، ئىسنادى زەئىپ دېدى.كىچىك ئۆلگەن، جەننەت ئەھلىمۇ، بەك چوڭ، قېرى ئۆلگەنلەرمۇ 33 ياشتا بولىدۇ، جەننەت ئەھلىلا ئەمەس، دوۋزخ ئەھلىمۇ شۇنداق دېگەن، بۇ ھەدىسمۇ ئىسنادى زەئىپ ئىكەن.

مۆئمىن جەننەتتە بالا ئارزۇ قىلىپ قالسا، ھامىلدار بولۇشى، تۇغۇشى، چوڭ بولۇشى، بىر سائەتتىلا ئارزۇسىدەك

بولىدۇ، بۇھەدىس سەھىھ . يەنە بىر خاتىرىدەئىسھاق : ئۇلار ئۇنى ئاررۇ قىلمايدۇ دەيدۇ، بۇ ھەدىس بولماستىن، ئىسھاقنىڭ سۆزى دېدى، تىرمىزى توپلىدى، كېيىنكىسى بولسا، ئىبنى ماجە، دارىملارنىڭ، ئەلبانى ئىسنادى زەئىپ دىگەن، مەنىسى سەھىھ بولۇشى مۇمكىن، جەننەتتە خالىغىنى بار _دە!

**5649 – [ 38 ]** ( ضعيف )وعن علي قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن في الجنة لمجتمعا للحور العين يرفعن بأصوات لم تسمع الخلائق مثلها يقلن : نحن الخالدات فلا نبيد ونحن الناعمات فلا نبأس ونحن الراضيات فلا نسخط طوبى لمن كان لنا وكنا له " . رواه الترمذي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:جەننەتتە ھۆر ئاياللار يىغىلىپ مۇنداق ناخشا تووۋلايدۇ:بىز مەڭگۈلۈك يوقىمايمىز،بىز نىئمەتلىك ئۈمىد ئۈزمەيمىز،بىز رازى غەزەپ قىلمايمىز، بىز بىرىلگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك دەيمىز. تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىگە ئەڭ گۈزەل ئاۋازلار بىلەن ناخشا ئوقۇپ بىرىدۇ، ئۇ ناخشىنى ھىچبىر كىشى ئاڭلاپ باقمىغان، ھەققەتەن ئۇلارنىڭ ناخشىسىدا مۇنداق سۆزلەر بار، بىز ئەڭ ياخشى، گۈزەل ۋە ئەخلاقلىق ئاياللار، ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ قەۋمنىڭ ئاياللىرى ئۇلار ناخشا ئېيتقاچ، شەھلا كۆزلىرى بىلەن قەلبىنى خاتىرجەم قىلىپ، كىشىنى خۇرسەن قىلىپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىدىن يەنە مۇنداق سۆزلەر بار، بىز مەڭگۈلۈكمىز ھەرگىز ئۆلمەيمىز، بىز خاتىرجەم، ئەمىنمىز، ھەرگىز قورقمايمىز، بىز مۇقىم تۇرىمىز، ھەرگىز كۆچمەيمىز، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى سەھىھ دىگەن.

**5650 – [ 39 ]** وعن حكيم بن معاوية قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في الجنة بحر الماء وبحر العسل وبحر اللبن وبحر الخمر ثم تشقق الأنهار بعد " . رواه الترمذي

ھەكىيم،مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن جەننەتتە تاتلىق سۇنىڭ دېڭىزى بار، ھەسەلنىڭ، سۈتنىڭ، ئېسىل مەينىڭ دېڭىزى بار، ئاندىن كېيىن، باشقا ئېرىق _ ئۆستەڭلەر شاخلاپ، يېرىلىپ چىقىدۇ، تىرمىزى 2494 _ ھەدىس، ئەھمەد 19197 _ ھەدىس، دارمى 2714 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5651 – [ 40 ]** ( لم تتم دراسته ) رواه الدارمي عن معاوية

**5652 – [ 41 ]** الفصل الثالث ( ضعيف )عن أبي سعيد عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : إن الرجل في الجنة ليتكئ في الجنة سبعين مسندا قبل أن يتحول ثم تأتيه امرأة فتضرب على منكبه فينظر وجهه في خدها أصفى من المرآة وإن أدنى لؤلؤة عليها تضيء ما بين المشرق والمغرب فتسلم عليه فيرد السلام ويسألها : من أنت ؟ فتقول:أنا من المزيد وإنه ليكون عليها سبعون ثوبا فينفذها بصره حتى يرى مخ ساقها من وراء ذلك وإن عليها من التيجان أن أدنىلؤلؤة منها لتضيء ما بين المشرق والمغرب رواه أحمد

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن جەننەتتىكى ئەر ئورنىدىن يۆتكىلىشتىن بۇرۇن 70 ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرالايدۇ، ئاندىن بىر ئايال كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرىدۇ، ئۇ بۇ ئايالنىڭ مەڭزىگە قارىسا، ئەينەكتىن سۈزۈك، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ تۆۋەن

گۆھەر، مەشرىق ـــ مەغرىب ئارىلىقىنى يورۇتالايدۇ، ئۆزئارا سالام قىلىشىپ، ئاندىن ئەر سىز كىم؟ دىسە، ئۇ ئايال، مەن، ئاللاھ قۇرئاندا سۆزلىگەن مەزىيەدىن يەنى زىيادە بېرىلىدىغان مۇكاپات بولىمەن. ئەر كۆز يۈگۈرتۈپ قارىسا، ئۇستىدە 70 كىيىم بار، شۇنداقتىمۇ پاچىقىنىڭ يىلىكى تېشىدىن كۆرۈنىدۇ، تاجىدىكى بىر تال گۆھەر مەشرىق ـــ مەغرىپنى يورۇتىدۇ، ئەھمەد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

5653 – [ 42 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يتحدث – وعنده رجل من أهل البادية – : " إن رجلا من أهل الجنة استأذن ربه في الزرع . فقال له : ألست فيما شئت ؟ قال : بلى ولكن أحب أن أزرع فبذر فبادر الطرف نباته واستواؤه واستحصاده فكان أمثال الجبال . فيقول الله تعالى : دونك يا ابن آدم فإنه يشبعك شيء فقال الأعرابي : والله لا تجده إلا قرشيا أو أنصاريا فإنهم أصحاب زرع وأما نحن فلسنا بأصحاب زرع فضحك رسول الله صلى الله عليه وسلم رواه البخاري

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ـ يىزا ئەھلىدىن بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئىدى ـ ھەققەتەن جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى، پەرۋەردىگارىدىن، زىرائەت تېرىش، دېھقانچىلىق توغرىسىدا ئىزنى، رۇخسەت سورايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ سەن خالىغان ئىشىڭدا ئەمەسمۇ؟ سەن ئۇچۈن بۇ جايدا خالىغان نەرسەڭ بار ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ؛ شۇنداق، لېكىن مەن زىرائەت تېرىشنى، دېھقانچىلىق قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن دەيدۇ، ئاندىن ئۇرۇقنى تېرىپ، يەنە بىر تەرىپكە بېرىپ بولغۇچە، بىر تەرىپى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ، يېتىلىپ، راۋۇرۇس پىشىپ، مول ـــ ھوسۇل بېرىپ، ئورۇشنى، ھوسۇلنى ئېلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنى ئالدىرىتىدۇ، ئاندىن ئۇ ھوسۇللار تاغدەك دۆۋىلىشىپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ ئى ئادەم بالىسى، بۇنى ئالغىن! ھەققەتەن بىرەر نەرسە سىنى تويغۇزالمايدىكەن دەيدۇ، ھېلىقى ئەئرابىي كىشى؛ الله بىلەن قەسەمكى، ئۇكىشى قۇرەيش ياكى ئەنسارىيلاردىن ئىكەن، چۈنكى ئۇلار زىرائەت ئەھلى، بىز دېھقان ئەمەسمىز دىدى، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كەتتى. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، بۇ سەھە ھەدىسىدىن، جەننەت ئەھلى ئۈچۈن، جەننەتتە پەقەت گۇناھ ـــ مەئسىيەت، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، بىئارام قىلىدىغان يالغانچىلىق بولمىسىلا، خالىغىنى باردۇر.

5654 – [ 43 ] وعن جابر قال : سأل رجل رسول الله صلى الله عليه وسلم : أينام أهل الجنة ؟ قال : " النوم أخو الموت ولا يموت أهل الجنة " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جەننەت ئەھلى ئۇخلامدۇ؟ دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇيقا دىگەن ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشى، جەننەت ئەھلى ئۆلمەيدۇ دىدى، يەنى ئۇخلىمايدۇ، بەيھەقى خاتىرلىگەن. ئەلبانى سەھىھنىڭ 6808 ـ ھەدىسىدە سەھە دىدى.چۈنكى، ئايەتتە ئۇخلىمايدىغانلىقى بار.

## باب رؤية الله تعالى – الفصل الأول جەننەتتە ئاللاھنى كۆرۈش توغرىسىدا

5655 – [ 1 ] عن جرير بن عبد الله قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنكم سترون ربكم عيانا " . وفي رواية : قال : كنا جلوسا عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فنظر إلى القمر ليلة البدر فقال : " إنكم سترون ربكم كما ترون هذا القمر لا تضامون في رؤيته فإن استطعتم أن لا تغلبوا على صلاة قبل طلوع الشمس وقبل غروبها فافعلوا " ثم قرأ ( وسبح بحمد ربك قبل طلوع الشمس وقبل غروبها ) متفق عليه

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇغلۇق ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ 14كۈنلۈك ئايغا قاراپ مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن سىلەر يېقىندا،يەنى قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنى ئۇچۇق ئاشكارا كۆرىسىلەر.خۇددى مۇشۇ ئاينى كۆرىشتە،قىستى قىستاڭ، دە ـ تالاش قىلماي قېنىپ كۆرگەندەك، **الله** نى قېنىپ كۆرىسىلەر،بۇنىڭدا شەك قىلمايسىلەر.ئەگەر كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى بومدات نامىزى بىلەن كۈن كىرىشتىن بورۇنقى ئەسىر نامىزىدىن مەغلۇپ بولماسلىققا قادىر بولساڭلار،شۇنداق قىلىڭلار.(يەنى بۇئىككى نامازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار،بۇ، ئاخىرەتتە **الله** نى كۆرۈشكە پايدىلىق.) ئاندىن :« كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ۋە كۈن كىرىشتىن بۇرۇن رەببىڭغا ھەمدە ئەيتىش بىلەن بىرگە تەسبىھ ئەيتىقىن(يەنى ناماز ئۇقۇغىن)دىگەن ئايەتنى ئۇقۇدى.بۇ ھەدىسنى بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنى ئايغا ئوخشاتمىغان، بەلكى ئاي چەكلىك، كىچىك مەخلۇق تۇرۇپ، ھەممىسى ئۇنى قېنىپ كۆرگەن، ئۆزنى ئاي بىلەن بىللە بولغاندەك ھىس قىلغان، ئاللاھ ئۇنىڭدىن كاتتا، ئۇلۇغدۇر، ئوخشىشى يوقتۇر، ھەممىسى ئۆزنى **الله** بىلەن بىللە ھىس قىلىدۇ، ئاللاھمۇ بىللە بولىدۇ، ھەممىسى قېنىپ كۆرىدۇ، بۇنىڭ ئۇچۇن بامدات نامىزىغا، ئەسىر نامىزىغا، ھەممە نامازغا چىڭ تۇرۇش لازىم، خىتاپ، ساھابىلارغا بولغان ئىكەن، ساھابىلاردەك بولۇش لازىم، **الله** نىڭ ئوخشىشى يوقتۇر.قىيامەت كۈنى ئاللاھنى مۆئمىنلەرنىڭ كۆرۈشى توغرىسىدىكى ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر، ئەڭ ئىشەنچلىك، قەتئى ئىلمنى پايدا بېرىدۇ، بۇنىڭغا ئايەتتىمۇ دەلىل باردۇر، ئايەتتىكى «زىيادە »دىگەننى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلار، تابىئىنلار، ئاللاھنىڭ جامالى دىگەن، «ئۇلار رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ» دىگەنمۇ بار، جەننەتتە جەننەت ئەھلىگە خالىغانلىرى بار دىگەن ئايەتمۇ بار، دەلىل كۆپتۇر.

**5656 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن صهيب عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا دخل أهل الجنة الجنة يقول الله تعالى : تريدون شيئا أزيدكم ؟ فيقولون : ألم تبيض وجوهنا ؟ ألم تدخلنا الجنة وتنجنا من النار ؟ " قال : " فيرفع الحجاب فينظرون إلى وجه الله فما أعطوا شيئا أحب إليهم من النظر إلى ربهم " ثم تلا ( للذين أحسنوا الحسنى وزيادة ) رواه مسلم**

سۇھەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندا، ئاللاھ ئۇلارغا؛ سىلەرگە بىرەر نەرسىنى زىيادە، ئارتۇق بېرىشىمنى خالامسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار يۈزلىرىمىزنى ئاق، نۇرلۇق قىلمىدىڭمۇ؟ دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە كىرگۈزمىدىڭمۇ؟ يەنە قانداق مۇكاپات ئۇ؟ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ پەردىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ،ئۇلار **الله** نىڭ يۈزىگە(جامالىغا)قارايدۇ، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى ئاللاھقا قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، بىرەر نەرسە بېرىلمەيدۇ، ئاندىن:« ياخشىلىق قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇھسىنلەرگە ياخشىلىق (يەنى جەننەت)ۋە زىيادە مۇكاپات(يەنى **الله** نىڭ دىدارى،جامالى ) بېرىلىدۇ» دىگەن ئايەتنى ئۇقۇدى. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ 521 ـ ھەدىسى.

**5657 – [ 3 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أدنى أهل الجنة منزلة لمن ينظر إلى جنانه وأزواجه ونعيمه وخدمه وسرره مسيرة ألف سنة وأكرمهم على الله من ينظر إلى وجهه غدوة وعشية " ثم قرأ ( وجوه يومئذ ناضرة إلى ربها ناظرة )رواه أحمد والترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە مەزىل، مەرتىۋە جەھەتتىن ئەڭ تۆۋەن كىشى، جانانلىرىغا، ئاياللىرىغا نىئمەت، خادىملىرىغا خۇشاللىق، نەرسىلىرىگە 1000 يىللىق مۇساپىدىن قاراپ تۇرىدۇ، شۇنداق كۆپ جەننەت ئەھلىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ھۆرمەتلىكى

بولسا، ئاللاھنى ئەتىگەن ــ ئاخشام مىقداردا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاندىن «نۇرغۇن يۈزلەر ئۇ كۈندە خۇشال، نۇرلۇق بولۇپ، رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئەھمەد، تىرمىزى خاتىرلىدى. ئەلبانى زەئىپ دېدى. چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ سۈۋەير دېگەن راۋىسنى سوپيان سەۋرى يالغانچى دېگەن، يەھيا ئىبنى مەئىين ئۇ ھېچنېمە ئەمەس دېدى، جوزجانى زەئىپ دېگەن، ئەبۇ زەرئەت كۈچلۈك ئەمەس دېدى. ئەبۇ ھاتەم زەئىپ دېگەن، نەسەئى، ئىشەنچىلىك ئەمەس دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلبانىمۇ زەئىپ دېگەن.

**5658 – [ 4 ] ( ضعيف وبعضهم يحسنه )وعن أبي رزين العقيلي قال : قلت : يا رسول الله أكلنا يرى ربه مخليا به يوم القيامة ؟ قال : " بلى " . قال : وما آية ذلك في خلقه ؟ قال : " يا أبا رزين أليس كلكم يرى القمر ليلة البدر مخليا به ؟ " قال : بلى . قال : " فإنما هو خلق من خلق الله والله أجل وأعظم " . رواه أبو داود**

ئەبۇ رەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قىيامەت كۈنى ھەممىمىز، ھەر بىرىمىز خالى ھالدا رەببى بىلەن يالغۇز قالغاندەكلا رەببىنى كۆرەلەمدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئەلۋەتتە دېدى، مەن؛ **الله** نىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدىكى شۇنىڭ ئالامىتى نىمە؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:ئى ئەبۇ رەزىين! سىلەرنىڭ ھەممىڭلار 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينى ئۇنىڭ بىلەن خالى قالغاندەكلا يالغۇز كۆرەلەمدۇ؟دېدى، مەن؛ ھەئە شۇنداق دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ئاي دېگەن **الله** نىڭ مەخلۇقلىرىدىن بىردانە مەخلۇقتۇر، **الله** تائالا ئۇنىڭدىن چەكسىز ئۇلۇغ، كاتتا، بۈيۈك زاتتۇر دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

**5659 – [ 5 ] ( صحيح ) الفصل الثالث**

**عن أبي ذر قال سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم : هل رأيت ربك ؟ قال : " نور أنى أراه " . رواه مسلم**

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رەببىلىرى **الله** نى كۆردىلىمۇ؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ زات نۇردۇر(بىرئىسمىمۇ نۇردۇر)مەن **الله** نى (يەنى زاتىنى)قانداق كۆرەلەيمەن دېدى.(يەنى نۇرىنى كۆرگەن،**الله** نىڭ ھىجابى نۇردۇر،**الله** نىڭ نۇرىنى كۆرسە، سىزنىڭچە قانداقراقتۇ ھە!) مۇسلىم توپلىغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن پەرۋەردىگارىم ئەززە ۋە جەللنى يەنى رەببىمنى كۆردۈم، ئەھمەد توپلىغان، سەھھە، ھاكىم توپلىغان بىر ھەدىستىمۇ مەن رەببىمنى كۆردۈم دېيىلگەن، بۇ تەپسىر جەلالەيندە بار.باشقا ھەدىسلەردە كۆردۈم، ئەڭ گۈزەل كۆردۈم دېگەن، خىلى كەڭرىدۇر، ئاللاھ قادىردۇر.بۇ يۇقىرىدىمۇ ئۆتتى،توغرا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كۆردى دېسە بۆھتان چاپلىغان بولىدۇدېدى، بىز كۆردى دېمىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى كۆردۈم دېدى، ئاندىن بىر ئايەت، سەھھە ھەدىسلەر بىلەن ئاللاھ قادىردۇر، كۆرسەتسە كۆرسىتەلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرۈپتۇ دېدۇق، ھەم شەكسىز ئىشەندۇق، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق، ئالىملار ئەقىدە كىتابلاردا ئاللاھنى چۈشىدە كۆرۈش، ئىنسانغا مۇمكىن بولىدۇ دەپ، تەبىرمۇ بەرگەن، ئەبۇ ھەنىفە نەچچە قېتىم كۆرگەنلىكىنى يەنى چۈشىدە، دىلىدا كۆرگەنلىكىنى يازغان، ئەھمەد رەھمەھۇللامۇ شۇنداق دېدى، ئەمما، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەدىسدىكى مەخسەت، چۈشىدە ئەمەس، ئوگىدا ئويغاق تۇرۇپ پىشانىسىدىكى ئىككى كۆزى بىلەن كۆرگەندۇر، دىلىدا،چۈشىدە كۆرگەنلىكىدە ئىختىلاپ يوقتۇر، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوقتۇر، ئاللاھ بىزلەرگە قىيامەت كۈنى جەننەتتە جامالىنى كۆرسەتكەي، ئامىن!

**5660 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس : ( ما كذب الفؤاد ما رأى . . . . ولقد رآه نزلة أخرى ) قال : رآه بفؤاده**

**مرتين . رواه مسلم وفي رواية للترمذي قال : رأى محمد ربه . قال عكرمة قلت : أليس الله يقول : ( لا تدركه الأبصار وهو يدرك الأبصار ) ؟ قال : ويحك ذاك إذا تجلى بنوره الذي هو نوره وقد رأى ربه مرتين**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:«ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى(يەنى راست كۆردى)............ ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى.(سۈرە 11-13-)دىگەن ئايەتكە تەپسىر قىلىپ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، **الله** تائالانى دىلى بىلەن ئىككى قېتىم كۆردى دېدى،مۇسلىم. تىرمىزىينىڭ رىۋايىتىدە؛ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىنى ئىككى قېتىم كۆردى دىيىلگەن. ئىكرەمەت؛**الله** تائالا:« كۆزلەر **الله**نى كۆرمەيدۇ،**الله** كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، **الله** (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر،ھەممىدىن خەۋەرداردۇر .»(سۈرە ئەنئام 103 ـ)دىگەن تۇرسا، دىسە، ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ساڭا ۋايدۇر، ئۇ دىگەن **الله** تائالا ئۆزىنىڭ نۇرى بىلەن تەجەللىي قىلسا دىگەن بولىدۇ، (يەنى شۇچاغدا نۇرىنى كۆرۈشكىمۇ قادىر بولالمايدۇ،لېكىن **الله** قۇدرەت بەرسە كۆرىۋېرىدۇ،شۇڭا) مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىنى ئىككى قېتىم كۆردى دېدى.تىرمىزى سەھىھ.

**5661 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن الشعبي قال : لقي ابن عباس كعبا بعرفة فسأله عن شيء فكبر حتى جاوبته الجبال . فقال ابن عباس : إنا بنو هاشم . فقال كعب : إن الله قسم رؤيته وكلامه بين محمد وموسى فكلم موسى مرتين ورآه محمد مرتين . قال مسروق : فدخلت على عائشة فقلت : هل رأى محمد ربه ؟ فقالت : لقد تكلمت بشيء قف له شعري قلت : رويدا ثم قرأت ( لقد رأى من آيات ربه الكبرى ) فقالت : أين تذهب بك ؟ إنما هو جبريل . من أخبرك أن محمدا رأى ربه أو كتم شيئا مما أمر به أو يعلم الخمس التي قال الله تعالى : ( إن الله عنده علم الساعة وينزل الغيث )فقد أعظم الفرية ولكنه رأى جبريل لم يره في صورته إلا مرتين : مرة عند سدرة المنتهى ومرة في أجياد له ستمائة جناح قد سد الأفق " رواه الترمذي وروى الشيخان مع زيادة واختلاف وفي روايتهما : قال : قلت لعائشة : فأين قوله ( ثم دنا فتدلى فكان قاب قوسين أو أدنى ) ؟ قالت : ذاك جبريل عليه السلام كان يأتيه في صورة الرجل وإنه أتاه هذه المرة في صورته التي هي صورته فسد الأفق**

شەئبى مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىپات تېغىدا كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە توغرىسىدا سورغاندا، كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ تاغلارمۇ تەڭ سادا چىقىرىپ جاۋاپ بىرىپ كەتكەنگە قەدەر قاتتىق تەكبىر ئەيتىپ كەتتى، ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛بىز دىگەن ھاشىم جەمەتىدىن بولىمىز،(يەنى بىز ئىلىم ـ مەئرىپەت ئەھلى، بىز مۇمكىن بولمايدىغان،يىراق سانىلىدىغان نەرسىدىن سورمايمىز) دېدى، ئاندىن كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا ئۆزىنى كۆرسۈتۈش بىلەن سۆز قىلىشىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا تەقسىم قىلدى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىككى قېتىم سۆز قىلدى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىنى ئىككى قېتىم كۆردى دېدى. مەسرۇق رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ؛ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىنى كۆرگەنمۇ؟دىسەم، ئۇ؛ سەن شۇنداق چوڭ بىر سۆزنى قىلىۋەتتىڭكى، چاچلىرىم بۇنىڭغا تىك تۇرۇپ كەتتى دېدى، مەن؛ئالدىرىماڭ، ماڭا مۆھلەت بىرىڭ دەپ،:« شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى.»دىگەن(سۈرە نەجمى 18 ـ)ئايەتنى ئوقۇسام، ئۇ؛ بۇ ئايەت سىنى قەيەرگە ئاپىرىۋەتتى؟ ئۇ دىگەن جىبرىئىلدۇر، كىم ساڭا؛ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىنى كۆردى دەپ خەۋەر بەرسە، ياكى ئۇ بۇيرۇلغان نەرسىدىن بىرەر نەرسىنى يوشۇردى دەپ خەۋەر بەرسە، ياكى مۇھەممەد

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **الله** تائالا:« قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەققەتەن **الله**نىڭ دەرگاھىدىدۇر. **الله** يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بىجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) **الله** بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، **الله** ھەققەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.(سۈرە لوقمان 34 ـ)ئايەتتە دېگەن بەش غەيبىنى بىلىدۇ دەپ خەۋەر بەرسە، ئۇنداق كىشى ئەڭ چوڭ بوھتان چاپلىغان بولىدۇ، لېكىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىلنى كۆرگەن ئىدى، ئۇنى پەقەت ئۆز سۈرىتىدە ئىككى قېتىملا كۆرگەن، بىر قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى. يەنەبىرقېتىم ئەجياد دېگەن جايدا كۆردى، جىبرىئىلنىڭ 600 قانىتى بار بولۇپ، بىر قانىتى ئۇپۇقنى توسۇۋالاتتى دېدى، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا:ئۇنداق بولسا، **الله** تائالانىڭ:« ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى.»دېگەن(سۈرە نەجمى 8 ـ 9 ـ)ئايەتلىرى قەيەردە قالدۇ؟دېسەم، ئۇماڭا؛ ئۇ دېگەن جىبرىئىلدۇر، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەركىشىنىڭ سۈرىتىدە كېلەتتى، بۇ قېتىم ئۆز سۈرىتىدە كەلگەندۇر، جىبرىئىلنىڭ 600 قانىتى بار بولۇپ، بىر قانىتى ئۇپۇقنى توسۇۋالاتتى دېدى،بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى توپلىغان.

**5662 – [ 8 ] ( متفق عليه ) وعن ابن مسعود في قوله : ( فكان قاب قوسين أو أدنى ) وفي قوله : ( ما كذب الفؤاد ما رأى ) وفي قوله : ( رأى من آيات ربه الكبرى ) قال فيها كلها : رأى جبريل عليه السلام له ستمائة جناح . متفق عليه وفي رواية الترمذي قال : ( ما كذب الفؤاد ما رأى ) قال : رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم جبريل في حلة من رفرف قد ملأ ما بين السماء والأرض وله وللبخاري في قوله : ( لقد رأى من آيات ربه الكبرى ) قال : رأى رفرفا أخضر سد أفق السماء**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:**الله** تائالانىڭ:« « ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى.» «ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى(يەنى راست كۆردى)....» « شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى.»دېگەن(سۈرە نەجمى 18 ـ )ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىپ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندۇر، ئۇنىڭ 600 قانىتى باردۇر دېدى،بۇخارى،مۇسلىم.تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە؛ «ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى(يەنى راست كۆردى)....دېگەن ئايەتكە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئاسمان ـ زېمىن ئارلىقىغا لىق كەلگىدەك رەفرەف يىپەك ئىچىدە كۆرگەندۇر،دېدى. تىرمىزىنىڭ ، بۇخارىينىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە؛« شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى.»دېگەن ئايەتكە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسمان ئۇپۇقلىرىنى توسقۇدەك يېشىل رەفرەفنى كۆردى دېدى.سەھەھ. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن پەرۋەردىگارىم ئەززە ۋە جەللىنى كۆردۈم، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھەھ،

**5663 – [ 9 ] وسئل مالك بن أنس عن قوله تعالى ( إلى ربها ناظرة فقيل : قوم يقولون : إلى ثوابه . فقال مالك : كذبوا فأين**

هم عن قوله تعالى : ( كلا إنهم عن ربهم يومئذ لمحجوبون ) ؟ قال مالك الناس ينظرون إلى الله يوم القيامة بأعينهم وقال : لو لم ير المؤمنون ربهم يوم القيامة لم يعير الله الكفار بالحجاب فقال ( كلا إنهم عن ربهم يومئذ لمحجوبون ) رواه في " شرح السنة "

مالىك ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، الله تائالانىڭ:« (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ.»دېگەن(سۈرە قىيامەت 23 ـ )ئايىتى توغرىسىدا، بەزى قەۋملەر(بۇنى بۇرمىلاپ)ساۋابىغا دەيدىكەن دەپ سورالغاندا، ئۇ؛ ئۇلار يالغان سۆزلەپتۇ، ئۇلار الله تائالانىڭ:« ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى كاپىرلار)بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان.»دېگەن(سۈرە مۇتەففىفىن 15 ـ )ئايىتىدىن قەيەردە قالغاندۇ؟ مۆئمىن كىشىلەر قىيامەت كۈنى الله تائالاغا ئۆز كۆزلىرى بىلەن قارايدۇ، ئەگەر مۆئمىن كىشىلەر قىيامەت كۈنى الله تائالانى كۆرەلمىگەن بولسا، الله تائالا كاپىرلارنى ئۆزىنى كۆرۈشتىن پەردىلەش بىلەن ئەيىبلىمىگەن بولاتتى، لېكىن ئۇلار توغرىسىدا:«ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى كاپىرلار)بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان.»دېگەندۇر(شۇنىڭغا قارىغاندا، قىيامەت كۈنى مۆئمىنلەر الله نى كۆرەلەيدۇ)دېدى. شەرھىسسۇننە تۇپلىغان، ئىمام شاپىئىيمۇ مۇشۇنداق دەلىل قىلغاندۇر.

**5664 – [ 10 ]** ( ضعيف )وعن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم : " بينا أهل الجنة في نعيمهم إذ سطع نور فرفعوا رؤوسهم فإذا الرب قد أشرف عليهم من فوقهم فقال : السلام عليكم يا أهل الجنة قال : وذلك قوله تعالى ( سلام قولا من رب رحيم )قال : فينظر إليهم وينظرون إليه فلا يلتفتون إلى شيء من النعيم ما داموا ينظرون إليه حتى يحتجب عنهم ويبقى نوره وبركته عليهم في ديارهم " . رواه ابن ماجه

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا جەننەت ئەھلى نېئمەتلەر ئىچىدە تۇرسا، بىر نۇر كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، رەبتائالا ئىكەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئاشكارا بولۇپ، ئى جەننەت ئەھلى دەپ سالام قىلىدۇ، ئۇ بولسا، سۈرە ياسىندىكى سالامون قەۋلەن دېگەن ئايەت شۇدۇر. ئاللاھ ئۇلارغا قارايدۇ، ئۇلار ئاللاھقا قارايدۇ، ئاللاھ پەردىلىنىۋالمىسىلا ئۇلار نېئمەتكە ئەمەس، ئاللاھقىلا قاراپ تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ نۇرى، بەرىكىتى ئۇلارنىڭ جايلىرىدا قېلىپ قالىدۇ. ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، پەزلۇددەققاشى دېگەن راۋىينى سوپىيان ھېچنېمە ئەمەس دېگەن. ئەھمەد زەئىپ دېگەن، يەھيا، ئۇ نىجىس، قەدرىيىە مەزھېپىدە دېگەن، باشقىلار مۇنكەر دېدى.

## باب صفةالنار وأهلها – الفصل الأول دوۋزاخنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

**5665 – [ 1 ]** عن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ناركم جزء من سبعين جزءا من نار جهنم " قيل : يا رسول الله إن كانت لكافية قال : " فضلت عليهن بتسعة وستين جزءا كلهن مثل حرها " . متفق عليه . واللفظ للبخاري . وفي رواية مسلم : " ناركم التي يوقد ابن آدم " . وفيها : " عليها " و " كلها " بدل " عليهن " و " كلهن "

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرى يېقىۋاتقان سىلەرنىڭ ھازىرقى مۇشۇ ئوتۇڭلار، جەھەننەم ئوتىنىڭ 70 پارچىسىنىڭ بىر پارىسىدۇر، 70دىن بىرىدۇر. ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!، ئەگەر مۇشۇ ئوت بولسىمۇ ئەلۋەتتە يېتەرلىك، كۇپايە ئىدى دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئوتى بۇ ئوتىنىڭ ئۈستىگە 69 ھەسسە ئارتۇق قىلىندى. ئاشۇ 69 پارچىنىڭ ھەممىسى، ھەر بىرسى مۇشۇ ئوتنىڭ قىززىق ھارارىتىدەك ھارارەتلىكتۇر. (70)

| |
|---|
| ھەسسە بىرلەشسە، قانداق بولۇپ كېتەر ھە!).بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. |
| **5666 – [ 2 ] ( صحيح وعن ابن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يؤتى بجهنم يومئذ لها سبعون ألف زمام مع كل زمام سبعون ألف ملك يجرونها " . رواه مسلم**<br><br>ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۇ كۈنى جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ 70000 ھالقا تۇتقىسى بار بولۇپ، ھەربىر تۇتقا بىلەن 70000 پەرىشتە بىللە ئۇنى سۆرەپ ئەكىلىدۇ. مۇسلىم 5076 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2496 ـ ھەدىس، سەھىھ. |
| **5667 – [ 3 ] وعن النعمان بن بشير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أهون أهل النار عذابا من له نعلان وشراكان من نار يغلي منهما دماغه كما يغلي المرجل ما يرى أن أحدا أشد منه عذابا وإنه لأهونهم عذابا " . متفق عليه**<br><br>نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلراقى، ئاسانراقى، ئوتتىن ئىككى ئاياغ كىيگەن كىشىدۇر، ئۇ ئىككى ئاياغنىڭ بوغۇچ، شوينىلىرىمۇ ئوتتىندۇر، شۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىززىقلىقىدىن، خۇددى قازان قاينىغاندەك، ئۇنىڭ دىمىغى، مېڭىسى قاينايدۇ، ئۇ ئۆزىدىن ئازابى ئەڭ قاتتىقراق ھېچبىر كىشى يوق دەپ قارايدۇ، پەقەت ئۆزىنى ئەڭ قاتتىق ئازابتا كۆرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بولسا، ئۇ ئازابى ئەڭ ئاسان، ئەڭ تۆۋەن كىشىدۇر،بۇخارى،مۇسلىم، سەھىھ. |
| **5668 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن أهون أهل النار عذابا أبو طالب وهو منتعل بنعلين يغلي منهما دماغه " . رواه البخاري**<br><br>ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى ئەبۇتالىپتۇر، ئۇنىڭغا ئوتتىن ئىككى ئاياق كەيدۈرلىدۇ، شۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىززىقلىقىدىن، خۇددى قازان قاينىغاندەك، ئۇنىڭ دىمىغى، مېڭىسى قاينايدۇ،بۇخارى. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى قەدىمىنىڭ ئاستىغا، ئىككى پۇتىنىڭ ئالقىنىغا ئىككى دانە چوغ قويۇلىدىغان كىشىدۇر، شۇ ئىككى چوغنىڭ قىززىقلىقىدىن خۇددى چۆگۈندە سۇ قاينىغاندەك، ياكى قازان بىلەن چۆگۈن قاينىغاندەك ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ، بۇخارى 6077 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2529 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17687 ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. |
| **5669 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يؤتى بأنعم أهل الدنيا من أهل النار يوم القيامة فيصبغ في النار صبغة ثم يقال : يا ابن آدم هل رأيت خيرا قط ؟ هل مر بك نعيم قط ؟ فيقول : لا والله يا رب ويؤتى بأشد الناس بؤسا في الدنيا من أهل الجنة فيصبغ صبغة في الجنة فيقال له : يا ابن آدم هل رأيت بؤسا قط ؟ وهل مر بك شدة قط . فيقول : لا والله يا رب ما مر بي بؤس قط ولا رأيت شدة قط " . رواه مسلم**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا ئەڭ نېئمەتلىك باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن دوۋزاخ ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، جەھەننەم ئىچىگە چۆڭقۇر تاشلىنىپ چۆكتۈرۈلۈپ،ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ؛ ئى ئادەم بالىسى! سەن بىرەر ياخشىلىق |

كۆرۈپ باقتىڭمۇ! ساڭا بىرەر نىئمەت كېلىپ يېتىڭدىن ئۆتۈپ باقتىمۇ؟ ئۇ كىشى: ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىم، ھەرگىز ياخشىلىق نىئمەت كۆرۈپ باقماپتىمەن دەيدۇ. بۇ دۇنيادا قاتتىق ئازابلانغان ئېغىر كۈنگە قالغان، تۇرمۇشى ناچار ئۆتكەن، ئەمما جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈلۈپ، جەننەت نىئمەتلىرىگە چۈمدۈرۈلۈپ، قاندۇرۇلۇپ،ئاندىن مۇنداق دېيىلىدۇ؛ ئى ئادەم بالىسى! سەن بىرەر قىيىنچىلىقنى، ئازابنى، ناچار تۇرمۇشنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟، ساڭا ئېغىر، قاتتىق كۈنلەر كېلىپ باقتىمۇ؟ ئۇ كىشى ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىم ماڭا ئۇنداق ئازابلىق ناچار تۇرمۇش قىيىنچىلىق كېلىپ باقمىدى، قاتتىق ئېغىر كۈنلەرنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم، ھەرگىز كۆرمىدىم دەيدۇ. (يەنى جەننەتكە نىسبەتەن شۇنداق دەيدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5670 – [ 6 ]** ( متفق عليه ) **وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يقول الله لأهون أهل النار عذابا يوم القيامة : لو أن لك ما في الأرض من شيء أكنت تفتدي به ؟ فيقول : نعم . فيقول : أردت منك أهون من هذا وأنت في صلب آدم أن لا تشرك بي شيئا فأبيت إلا أن تشرك بي " . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ تۆۋەن، يەڭگىل بولغىنىغا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ساڭا زىمىندىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى بېرىلسە، بۇ ئازابدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى پىدىيە بېرەمتىڭ؟، ئۇ؛ ھەئە پىدىيە بېرەتتىم دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا، مەن سەندىن سەن ئادەمنىڭ سۇلبىدا، پۇشتىدا تۇرغان ۋاختىڭدىلا ئۇنىڭدىن ئاسان، ناھايىتى يەڭگىل نەرسىنى سورىغان ئىدىم، ئۇ بولسىمۇ ماڭا ھېچنېمىنى شېرىك قىلماسلىقىڭ ئىدى، سەن پەقەت ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكىلا ئۇنىدىڭ، شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئۇنىمىدىڭ دەيدۇ، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5671 – [ 7 ]** ( صحيح ) **وعن سمرة بن جندب أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " منهم من تأخذه النار إلى كعبيه ومنهم من تأخذه النار إلى ركبتيه ومنهم من تأخذه النار إلى حجزته ومنهم من تأخذه النار إلى ترقوته " . رواه مسلم**

سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ بەزىسىنى دوۋزاخ ئوتى ھوشۇقىغىچە تۇتىدۇ، بەزىسىنى ئىككى تىزىغىچە، بەزىسىنى بېلىگىچە، بەزىسىنى گال ھالقۇم،بوينىغىچە تۇتۇپ كۆيدۈرىدۇ، مۇسلىم 5079 _ ھەدىس، ئەھمەد 19244 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5672 – [ 8 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما بين منكبي الكافر في النار مسيرة ثلاثة أيام للراكب المسرع " . وفي رواية : " ضرس الكافر مثل أحد وغلظ جلده مسيرة ثلاث " . رواه مسلم وذكر حديث أبي هريرة : " إذا اشتكت النار إلى ربها " . في باب " تعجيل الصلوات "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دوۋزاختىكى كاپىرنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى تېز چاپىدىغان ئاتلىق كىشىنىڭ ئۈچ كېچە _ كۈندۈزلۈك مۇساپىسىدەك كەڭدۇر، (قىيامەت كۈنى ئازابنى زىيادە قىلىش ئۈچۈن) كاپىرنىڭ چىشى، ئوھۇد تېغىدەك. تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدەق قېلىندۇ، مۇسلىم، تىرمىزى بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. جەسەدلىرىنى ئەنە شۇنداق يوغانتىپ ئازابلىمىسا بولمايدىغان كاپىرلار بار، خۇددى زالىم پىرئەۋنىدەك. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ ئەھلىدىكى كاپىرنىڭ چىشى ئوھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى جەببار، ئاللاھنىڭ گېزى بىلەن 40 گەزدۇر، بەزار توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەھەننەم ئەھلىدىكى كاپىرنىڭ چىشى قىيامەت كۈنىدە ئوھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى 70 گەزدۇر، بىلىكى بولسا، بەيزا تېغىدەك چوڭ، يوتىسى ۋەرقان دېگەن تاغدەك چوڭدۇر، دىنىسىنىڭ دوۋزاخدىكى ئولتۇرغان ئورنى مەن بىلەن رەبزەتنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭدۇر، (يەنى نەچچە كىلومېتىردۇر، ئاللاھ قادىردۇر) ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5673 – [ 9 ] الفصل الثاني** ( **ضعيف** )**عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أوقد على النار ألف سنة حتى احمرت ثم أوقد عليها ألف سنة حتى ابيضت ثم أوقد عليها ألف سنة حتى اسودت فهي سوداء مظلمة " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاختا 1000 يىل ئوت يېقىلدى، قىزاردى، ئاندىن يەنە 1000 يىل ئوت قالاندى، ئاقاردى، ئاندىن يەنە 1000 يىل ئوت يېقىلغان ئىدى، قارايدى. ھازىر ئۇ قاراڭغۇ ــ زۇلمەت ھالەتتە تۇرماقتا، تىرمىزى تەنها خاتىرلىگەن، باشقا كىتابلاردا يوق، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، نامەلۇم كىشى بار، شەرىك دېگەن راۋىسى خاتالىشىدىكەن، ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ غەلىتە ھەدىسلىرى بار دېگەن، بەزىلەر ئۇنى ئېلىشىپ قالغان دېدى.

**5674 – [ 10 ]** ( **ضعيف** )**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ضرس الكافر يوم القيامة مثل أحد وفخذه مثل البيضاء ومقعده من النار مسيرة ثلاث مثل الربذة " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى كاپىرنىڭ ئېزىق چىشى ئوھۇد تېغىدەك بولىدۇ، يوتىسى بولسا، ئوھۇد تېغىغا ئوخشاش تاغدەك بولىدۇ، ئۇنىڭ دوۋزاخدىكى ئولتۇرىدىغان جايى مەدىينە بىلەن رەبزەت دېگەن جاينىڭ ئارىلىقىدەك كەڭرىدۇر، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. لېكىن، كاپىرنىڭ ئېزىق چىشىنىڭ يوغان بولۇشى، ئوھۇد تېغىدەك بولۇشىغا مۇسلىمدا سەھىھ ھەدىس بار، لېكىن كېيىنكى يوتىسى، ئورنى سۆزلەنمەيدۇ، سىلەر بىلىسىلەر، سەھىھ ھەدىسكە بىر ئېغىز سۆز قوشسا يالغان بولىدۇ، زەئىپ بولۇشى تۇرغان گەپ، سەھىھ ھەدىس كىتابىغا زىت، خىلاپ ھەدىس بولسا، شاز دېگەن ئىسىم بىلەن زەئىپ بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى كاپىرنىڭ چىشى ئوھۇد تېغىدەك، يوتىسى بولسا، بەيزا تېغىدەك چوڭدۇر، ئۇنىڭ دوۋزاخ ئەھلىدىكى ئولتۇرغان ئورنى مۇشۇ جايدىن رەبزەتدەك ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە كېلىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ 3891 ـ ھەدىسى.

**5675 – [ 11 ]** ( **صحيح** ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن غلظ جلد الكافر اثنان وأربعون ذراعا وإن ضرسه مثل أحد وإن مجلسه من جهنم ما بين مكة والمدينة " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلىدىكى كاپىر، دىنىسىزنىڭ تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى، جاببار ئاللاھنىڭ گېزى بىلەن 42 گەزدۇر، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىر چىشى ئوھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، ئۇنىڭ جەھەننەمدە ئولتۇرىدىغان ئورنى، مەككە بىلەن مەدىينە ئارىلىقىدەك چوڭ، ھەم كەڭدۇر، (ھەممىسى ئازابنى زىيادە قاتتىق قىلىش ئۈچۈندۇر) تىرمىزى، ھاكىم ، سەھىھ.

**5676 – [ 12 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الكافر ليسحب لسانه الفرسخ والفرسخين يتوطؤه الناس " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حيث غريب**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كاپىرلارنىڭ تىلى بىر ـ ئىككى پەرسەخ يەنى 7 ـ 8 كىلومېتىر ئۇزۇراپ كېتىدۇ، ساڭگىلايدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ تىلىغا دەسسەپ يۈرىيدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

**5677 – [ 13 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الصعود جبل من نار يتصعد فيه سبعين خريفا ويهوي به كذلك فيه أبدا " . رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاندا سۆزلەنگەن سەئۇد دېگەن ئازاب، ئوتتىن بولغان تاغدۇر، 70 يىل ئۇستىگە ئۆرلەيدۇ، يەنە چۈشىدۇ، يەنە ئۆرلەشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، تا مەڭگۈ شۇنداق. تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5678 – [ 14 ] ( ضعيف )وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال في قوله : ( كالمهل أي كعكر الزيت فإذا قرب إلى وجهه سقطت فروة وجهه فيه رواه الترمذي**

يەنە شۇ كىشىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاندىكى موھلى دېگەن نەرسە، زەيتۇن يېغىنىڭ دۇغىغا ئوخشايدۇ، يۈزىگە يېقىن كەلسە، تېرىسىنى يۇلۇپ تاشلايدۇ، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، راشىدىن دېگەن راۋىينى ئەھمەد رەھمەھۇللا، زەئىپ دېگەن. يەھيا ئىبنى مەئىين، ھەدىسى يېزىلمايدۇ دېگەن، باشقىلار زەئىپ، ھەدىسى مۇنكەر دېگەن، دەررەجە دېگەن راۋىينىمۇ ئەھمەد رەھمەھۇللا مۇنكەر دېدى، ئىشەنچىلىك دېگەنلەرمۇ بار ئىدى،

**5679 – [ 15 ] ( ضعيف )عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن الحميم ليصب على رؤوسهم فينفذ الحميم حتى يخلص إلى جوفه فسلت ما في جوفه حتى يمرق من قدميه وهو الصهر ثم يعاد كما كان " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايناق سۇ ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قۇيۇلىدۇ، تا ئىچىگە كىرىپ ئىچىدىكى نەرسىلەر ئۈزۈلىدۇ، قايناق سۇ تېزلا تاپىنىدىن چىقىدۇ، مانا بۇ قۇرئاندىكى سەھرى ئېرىتىش دېگەن شۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. لېكىن، دوۋزاختا ھەرخىل ئازاب بولۇشى، ئايەت، سەھىھ ھەدىستە باردۇر، بولۇپمۇ بۇ ھەدىسلەردىكى قايناق سۇ، ئېرىتىش، موھلى دېگەنلەر ئايەتتىمۇبار.

**5680 – [ 16 ] ( ضعيف وعن أبي أمامة عن النبي صلى الله عليه وسلم في قوله : ( يسقى من ماء صديد يتجرعه ) قال : " يقرب إلى فيه فيكرهه فإذا أدني منه شوى وجهه ووقعت فروة رأسه فإذا شربه قطع أمعاءه حتى يخرج من دبره . يقول الله تعالى : ( وسقوا ماء حميما فقطع أمعاءهم )ويقول : ( وإن يستغيثوا يغاثوا بماء كالمهل يشوي الوجوه بئس الشراب )رواه الترمذي**

ئەلبانى بۇ ھەدىسنىمۇ زەئىپ دېگەن. مەنىسى يۇقىرقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ،

**5681 – [ 17 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد الخدري عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : لسرادق النار أربعة جدر كثف كل**

**جدار مسيرة أربعين سنة " . رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دوۋزاخنىڭ تاملىرى، چۆرىسى قۇرئاندىكى سورادىق، تۆت تامدۇر، ھەربىر تامنىڭ قېلىنلىقى 40 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ (تامنۇ ئۆتتۇر). تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**5682 – [ 18 ] ( ضعيف )وعنهقال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو أن دلوا من غساق يهراق في الدنيا لأنتن أهل الدنيا " . رواه الترمذي**

يەنە شۇ كىشىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر غەسساق دىگەن يىرىڭ، زەرداپ، قايناق سۇدىن بىر چېلەك دۇنياغا تۆكۈلۈپ كەتسە، پۈتۈن دۇنيا ئەھلى سېسىپ كېتەتتى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى،

**5683 – ( صحيح ) وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قرأ هذه الآية : ( اتقوا الله حق تقاته ولا تموتن إلا وأنتم مسلمون ) قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو أن قطرة من الزقوم قطرات في دار الدنيا لأفسدت على أهل الأرض معايشهم فكيف بمن يكون طعامه ؟ " رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم « **الله** تىن ھەققى لايىقىدا قورقۇڭلار، تەقۋادارلىق قىلىڭلار، سىلەر پەقەت مۇسۇلمان ھالىتىڭلار بىلەنلا ئۆلۈڭلار(يەنى دىنىدىن قايتىپ مۇرتەد بولماڭلار)»دىگەن ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دىگەن: ئەگەر زەققۇمنىڭ تامچىلىرىدىن بىر تامچە بۇ دۇنياغا تېمىپ چۈشۈپ كەتسە، پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ مەئىيشەت تۇرمۇشىنى پاساد قىلىپ بۇزۇۋېتىدۇ، دائىملىق تامىقى زەققۇم بولغان كىشىلەرنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر ھە؟!! ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5684 – [ 20 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : ( وهم فيها كالحون ) قال : " تشويه النار فتقلص شفته العليا حتى تبلغ وسط رأسه وتسترخي شفته السفلى حتى تضرب سرته " . رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كالىھون دىگەن ئايەتنى تەپسىرلەپ، ئۇ بولسا، دەۋزەخنىڭ كۆيدۇرىشىدىن،ئۈستۈن لەۋ قىسقىراپ، بېشىغا چىقىدۇ، ئاستىن لەۋ بولسا كېنىدىكىگە چۈشۈپ، پۇلاڭلاپ تۇرىدۇ دىدى، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، يەنى ئىسنادى، راۋىسى زەئىپ،

**5685 – [ 21 ] وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يا أيها الناس ابكوا فإن لم تستطيعوا فتباكوا فإن أهل النار يبكون في النار حتى تسيل دموعهم في وجوههم كأنها جداول حتى تنقطع الدموع فتسيل الدماء فتقرح العيون فلو أن سفنا أزجيت فيها لجرت " . رواه في " شرح السنة "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئى ئىنسانلار! **الله** تىن قورقۇپ يىغلاڭلار، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭلار، ئۆز ئارا يىغلىشىپ، ئۆزۈڭلارنى ئامال بار، **الله** تىن قورقۇپ يىغلاشقا تەكلىپ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلىگە يىغا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلار قاتتىق يىغلاپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ

تۆگەپ قان يىغلايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە ياشلار ئىرىقتا ئاققاندەك ئىقىپ، چوڭ كۆل ھاسىل بولىدۇ،قان ياشلار ئىقىشۇرىپ، كۆزلىرىنى جاراھەتلەندۈرۈپ، ئۇيۇپ كۆل ھاسىل قىلىشىدۇ، ئەگەر ئاشۇ كۆلدىكى كۆز ياش دىڭىزدا، چوڭ كىيمە ماڭدۇرۇلسا، ئەلۋەتتە بىمالال ماڭالايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن دوۋزاخ ئەھلى، شۇنداق يىغا ــ زار قىلىپ يىغلايدۇكى، ئەگەر كىمە، پاراخوتلار ئۇلارنىڭ ياشلىرىدا ماڭدۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ئەركىن ماڭالايدۇ، ھەققەتەن ئۇلار قان يىغلايدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5686 – [ 22 ]** ( ضعيف )وعن أبي الدرداء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يلقى على أهل النار الجوع فيعدل ما هم فيه من العذاب فيستغيثون فيغاثون بطعام من ضريع لا يسمن ولا يغني من جوع فيستغيثون بالطعام فيغاثون بطعام ذي غصة فيذكرون أنهم كانوا يجيزون الغصص في الدنيا بالشراب فيستغيثون بالشراب فيرفع إليهم الحميم بكلاليب الحديد فإذا دنت من وجوههم شوت وجوههم فإذا دخلت بطوهم قطعت ما في بطوهم فيقولون : ادعوا خزنة جهنم فيقولون : ألم تك تأتيكم رسلكم بالبينات ؟ قالوا : بلى . قالوا : فادعوا وما دعاء الكافرين إلا في ضلال " قال : " فيقولون : ادعوا مالكا فيقولون : يا مالك ليقض علينا ربك " قال : " فيجيبهم إنكم ماكثون " . قال الأعمش : نبئت أن بين دعائهم وإجابة مالك إياهم ألف عام . قال : " فيقولون : ادعوا ربكم فلا أحد خير من ربكم فيقولون : ربنا غلبت علينا شقوتنا وكنا قوما ضالين ربنا أخرجنا منها فإن عدنا فإنا ظالمون " قال : " فيجيبهم : اخسؤوا فيها ولا تكلمون " قال : " فعند ذلك يئسوا من كل خير وعند ذلك يأخذون في الزفير والحسرة والويل " . قال عبد الله بن عبد الرحمن : والناس لا يرفعون هذا الحديث . رواه الترمذي

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دوۋزاخ ئەھلىگە ئاچارچىلىق تاشلىنىدۇ، ئۇلار باشقا ئازابنى قويۇپ، شۇ ئازاب بىلەن قالىدۇ، پەرياد چىكىدۇ، ئۇلارغا سەمرىتمەس، ئاچلىقنى يوقاتماس، تىكەنلىك تائام بىلەن ياردەم قىلىنىدۇ، تائام سورايدۇ، تىكەنلىك تائام بىرىلىدۇ، يەنى زەققۇم . ئۇلار دۇنيادىكى تىكەننى، شاراپ بىلەن ئىچكەنلىكىنى، گىپلىدىن شاراپ بىلەن تۇرۇپ قالغان نەرسىنى ئۆتكۈزگىنىنى ئەسلەپ، سۇ سورايدۇ، ئۇلارغا تۆمۈر ئىلمەك تىكەن بىلەن بىللە سۇ بىرىلىدۇ، بۇ قايناس، قىززىق بولۇپ، يۈزىگە يىقىن ئەكىلىشى بىلەن تىرىسىنى شىلىپ تاشلايدۇ، ئىچىگە كىرىپ ئۈچەيلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، ئۇلار جەھەننەمنى باشقۇرغۇچىلارنى چاقىرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە رۇشەن ھۆججەت بىلەن ئەلچى كەلمىگەنمۇ؟ دەپ سورايدۇ، كاپىرلار كەلگەن دەيدۇ، ئۇلار ئۇنداق بولسا دۇئا قىلىشىڭلار، كاپىرلارنىڭ دۇئاسى باتىلدۇر دەيدۇ. ئۇلار مالىكنى چاقىرىڭلار دەپ ئى مالىك رەببىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتسۇن دەيدۇ، ئۇ جاۋاب بىرىپ، سىلەر مەڭگۈ قالىسىلەر دەيدۇ. ئەئمەش دىگەن كىشى، دۇئا بىلەن جاۋاب ئارىلىقى 1000 يىلدۇر دىگەن، بۇنى ئاللاھدىن باشقا ھىچ كىشى بىلمەيدۇ، ئۇلار رەببىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن ياخشىسى يوق دىيىشىدۇ، ئاندىن شەقىيلىقىمىز غالىپ كەپتۇ دىگەن ئايەتنى سۆزلەيدۇ، ئاللاھ جىم تۇرۇڭلار، سۆز قىلماڭلار دەيدۇ، بۇمۇ ئايەت، شۇ چاغدا ئۇلار، ئۈمىد ئۈزۈپ، ھەسرەتلىك تىنىشقا، ۋايجان تووۋلاشقا باشلايدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرەھمان بۇ ھەدىسنى ھىچ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇتاشتۇرمىدى،

يەنى بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىمىگەن دېدى، بۇنداق سۆزنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن باشقا ھېچكىشى دېيەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى زەئىپ دىگەن. بۇ ھەدىس مەۋقۇپ، ساھابىلار، تابىئىنلار سۆزى بولۇشى مۇمكىن.

5687 – [ 23 ] ( صحيح ) وعن النعمان بن بشير قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول :أنذرتكم النار " فما زال يقولها حتى لو كان في مقامي هذا سمعه أهل السوق وحتى سقطت خميصة كانت عليه عند رجليه . رواه الدارمي

نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرنى دەۋزەختىن ئاگاھلاندۇرىمەن، مەن سىلەرنى دەۋزەختىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەن، رەسۇلۇللاھ بۇسۆزنى يۇقىر ئاۋاز بىلەن تەكرار دەۋەردىكى، ئەگەر مىنىڭ مۇشۇ ئورنۇمدا تۇرغان بولسىمۇ، پۇتۇن بازار ئەھلى ئۇسۆزنى ئاڭلىيالايتتى، ھەتتا ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكى پۇتىغا چۈشۈپ قالدى.دارىمى توپلىغان.سەھىھ.

5688 – [ 24 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو أن رصاصة مثل هذه – وأشار إلى مثل الجمجمة – أرسلت من السماء إلى الأرض وهي مسيرة خمسمائة سنة لبلغت الأرض قبل الليل ولو أنها أرسلت من رأس السلسلة لسارت أربعين خريفا الليل والنهار قبل أن تبلغ أصلها أو قعرها " رواه الترمذي

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر بىر تاش دەپ بېشىغا ئىشارەت قىلدى، يەنى باشچىلىك تاش ئاسماندىن زىمىنغا تاشلانسا، بۇ 500 يىللىق مۇساپىنى كېچ كىرىشدىن بۇرۇن بېسىپ بولىدۇ، ئەگەر ئۇ تاش دوۋزاخ زەنجىرىنىڭ بىر ئۇچىدىن ئەۋەتىلسە، ياكى ئۇستىدىكى زەنجىردىن ئەۋەتىلسە، يەنە بىر چىتىگە ئەڭ تېگىگە يەتكىچە 40 يىللىق مۇساپىنى باسىدۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

5689 – [ 25 ] ( ضعيف )وعن أبي بردة عن أبيه أن النبي صلى ا لله عليه وسلم قال : " إن في جهنم لواديا يقال له : هبهب يسكنه كل جبار " رواه الدارمي

ئەبۇ بوردەتىدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، جەھەننەمدە ھوبھوب دېيىلىدىغان بىر جاي بار، ئۇ جايدا مەخسۇس جەببار، زالىملار، مۇتەكەببىرلەر تۇرىدۇ، دارىمى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

5690 – [ 26 ] الفصل الثالث عن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يعظم أهل النار في النار حتى إن بين شحمة أذن أحدهم إلى عاتقه مسيرة سبعمائة عام وإن غلظ جلده سبعون ذراعا وإن ضرسه مثل أحد "

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:دەۋزەخ ئەھلى دەۋزەخ ئىچىدە، ئازاپنى زىيادە قىلىش ئۈچۈن شۇنداق يوغان قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارلىقى 700 يىللىق مۇساپە كىلىدۇ، ھەققەتەن دوۋزاخ ئىچىدىكى كاپىر، دىنسىزنىڭ تىرىسىنىڭ قېلىنلىقى،70 گەزدۇر، ھەققەتەن ئۇنىڭ بىر چىشى ئۇھۇد تېغىدەك چوڭدۇر.ئەھمەد.

5691 – [ 27 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبدالله بن الحارث بن جزء قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن في النار حيات كأمثال البخت تلسع إحداهن اللسعة فيجد حموتها أربعين خريفا وإن في النار عقارب كأمثال البغال المؤكفة تلسع إحداهن

اللسعة فيجد حموتها أربعين خريفا " . رواهما أحمد

ئىبنى هارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن دەۋزەخ ئىچىدە بوينى ئۆزۈن تۆگىلەردەك چوڭ يىلانلار باردۇر، ئۇلارنىڭ بىرەرسى تىلىنى چىقىرىپ زەھىرىنى قۇيۇپ بەرسە، زەھىرىنىڭ قىززىقلىق تەسىرىنى 40 يىللىق مۇساپە يىراقتىن تاپالايدۇ. ھەققەتەن دەۋزەخ ئىچىدە ئۆچۈلۈق،تۇقام بىلەن ئىگەرلەنگەن چوڭ ـ چوڭ قىچىرلاردەك چوڭ چايانلار باردۇر، ئۇلارنىڭ بىرەرسى زەھىرىنى قۇيۇپ بەرسە، زەھىرىنىڭ قىززىقلىق تەسىرىنى 40 يىللىق مۇساپە يىراقتىن تاپالايدۇ.ئەھمەد17052 ـ ھەدىس.

5692 – [ 28 ] ( صحيح ) وعن الحسن قال : حدثنا أبو هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " الشمس والقمر ثوران مكوران في النار يوم القيامة " . فقال الحسن : وما ذنبهما ؟ فقال : أحدثك عن رسول الله صلى الله عليه وسلم فسكت الحسن . رواه البيهقي في " كتاب البعث والنشور "

ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇياش بىلەن ئاينىڭ قىيامەت كۈنى نۇرى ئۆچۈرۈلۈپ (بىر ــ بىرىگە يۆگىلىپ، كىرىشتۈرۈلۈپ)ھۆركىرەپ، مۆرەپ تۇرىدىغان ئىككى كالىدەك دوۋزاختا بولىدۇ، ئۇلارمۇ دەۋزەخكە تاشلىنىدۇ، ھەسەن بەسەرى؛ بۇئىككىسىنىڭ گۇناھى نىمە؟ دېگەندە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن ساڭا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس سۆزلەپ بىرىۋاتىمەن، (دېگىنىنى دېدىم، مەن بىلمەيمەن)دېدى، ئاندىن ھەسەن جىم تۇردى.بەيھەقى، تەيالىسى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھھە. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇياش بىلەن ئاينىڭ قىيامەت كۈنى نۇرى ئۆچۈرۈلىدۇ، (بىر ــ بىرىگە يۆگىلىپ، كىرىشىپ كېتىدۇ) بۇخارى توپلىغان، سەھھە. قۇياش بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىپ، كاپىرلار قاتتىق ئازابلىنىدۇ، بۇ ھەر قايسى تەپسىرلەردە كەڭرى باردۇر، بولۇپمۇ تەپسىر مىزانىدا مەن كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە دىنسىز، مۇشرىكلار ئۆز مەئبۇدلىرى بىلەن بىرگە دوۋزاخقا تاشلىنىدىغان ئايەت، ھەدىسلەر بار، دېمەك، قۇياش بىلەن ئاي، يۇلتۇزلار، چوقۇنغۇچىلىرى بىلەن بىرگە دوۋزاختا بولىدۇ.بۇكافىرلارنى ئازاپلاش ئۇچۈندۇر.

5693 – [ 29 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يدخل النار إلا شقي " . قيل : يا رسول الله ومن الشقي ؟ قال : " من لم يعمل لله بطاعة ولم يترك له معصية " . رواه ابن ماجه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخقا پەقەت شەقى كىرىدۇ، شەقى دېگەن كىم؟ دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ رازىلىقىدا ئىتائەت بىلەن ئەمەل قىلمىغان، مەئسىيەت گۇناھىنى تەرىك ئەتمىگەن كىشى دېدى، ئىبنى ماجە خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

باب خلق الجنة والنار – الفصل الأول

## جەننەت ــ دوۋزاخنىڭ ھازىرمۇ يارتىلىپ بولۇنغانلىقى توغرىسىدا

5694 – [ 1 ] عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " تحاجت الجنة والنار فقالت النار : أوثرت بالمتكبرين والمتجبرين وقالت الجنة : فما لي لا يدخلني إلا ضعفاء الناس وسقطهم وغرتهم . قال الله تعالى للجنة : إنما أنت رحمتي أرحم بك من

**أشاء من عبادي وقال للنار : إنما أنت عذابي أعذب بك من أشاء من عبادي ولكل واحدة منكما ملؤها فأما النار فلا تمتلئ حتى يضع الله رجله . تقول : قط قط قط فهنالك تمتلئ ويزوى بعضها إلى بعض فلا يظلم الله من خلقه أحدا وأما الجنة فإن الله ينشئ لها خلقا " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دوۋزاخ بىلەن جەننەت، ھۆججەت قويۇشۇپ داۋالىشىپ قالدى، دوۋزاخ دىدىكى، مەن مۇتەكەببىر، زالىم، زومىگەرلەردىن قىساس، ئىنتىقام ئېلىپ ئازابلايمەن، جەننەت بولسا، ماڭا پەقەت كىشىلەرنىڭ زەئىپ، تۆۋەن تەبىقىدىكى، ئاجىزلار كىرىدۇ دىدى، ئاندىن ئاللاھتائالا جەننەتكە؛ ھەقىقەتەن سەن مېنىڭ رەھمىتىم، سەن بىلەن بەندىلىرىمدىن مەن خالىغان كىشىگە رەھمەت قىلىمەن دىدى، دوۋزاخقا بولسا، سەن پەقەت مېنىڭ ئازابىم، سەن بىلەن بەندىلىرىمدىن مەن خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، ھەر ئىككىڭلار لىق تولىسىلەر، ئەمما، دوۋزاخقا كەلسەك، (ئۇ يەنە بارمۇ؟ دەپ) ھەرگىز تولمايدۇ، تاكى ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق قەدىمىنى قويغاندا دوۋزاخ قەتتۇ، قەتتۇ ئەمدى بولدى، ئەمدى كۇپايە دەپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا بەزىسى _ بەزىسىگە قاتلىشىپ، يىمىرىلىپ تولۇپ كېتىدۇ، ئاللاھتائالا مەخلۇقلىرىدىن ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ، (بۇ جازالاش ئادىللىقى) ئەمما، جەننەتكە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا جەننەتنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئالاھىدە مەخلۇق يارىتىپ، جەننەتكە پەيدا قىلىدۇ، بۇمۇ تولىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردىمۇ ئوخشىشى باردۇر، بۇ سەھىھ ھەدىستە ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۆزىگە لايىق قەدىمى باردۇر.

**5695 – [ 2 ] وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا تزال جهنم يلقى فيها وتقول : هل من مزيد ؟ حتى يضع رب العزة فيها قدمه فيزوي بعضها إلى بعض فتقول : قط قط بعزتك وكرمك ولا يزال في الجنة فضل حتى ينشئ الله لها خلقا فيسكنهم فضل الجنة " . متفق عليه وذكر حديث أنس : " حفت الجنة بالمكاره " في " كتاب الرقاق "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قېتىم جەھەننەمگە دوۋزاخ ئەھلى تاشلانسا، ئۇ؛ يەنە بارمۇ؟ يەنە بارمۇ؟ دەپ تولمايدۇ، تاكى ئۇنىڭغا غالىپ، ئىززەتنىڭ ئىگىسى بولغان رەبتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان ئوخشىشى يوق قەدىمىنى قويغاندا، دوۋزاخنىڭ بەزىسى بەزىسىگە يىمىرىلىپ، قاتلىشىپ، بوكۇلۇپ، قەتتۇ، ئەمدى بولدى، تولدۇم دەپ كېتىدۇ. ئىززىتىڭ بىلەن ئۇلۇغلۇقۇڭ، سېخىيلىقىڭ بىلەن قەسەمكى، تولدۇم دەيدۇ. جەننەتتە بولسا، ئوشۇق بوش ئورۇن بولۇپ، ئاللاھتائالا ئۇ جايغا يەنە بىر مەخلۇقلارنى يارىتىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئارتۇق بوش ئورۇنلىرىدا تۇرغۇزىدۇ، (ئى ئاللاھ، ئى ئاللاھ! بىزلەرنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزسىلە، ئامىن). بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**5696 – [ 3 ] الفصل الثاني ( حسن ) عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لما خلق الله الجنة قال لجبريل : اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها وإلى ما أعد الله لأهلها فيها ثم جاء فقال : أي رب وعزتك لا يسمع بها أحد إلا دخلها ثم حفها بالمكاره ثم قال : يا جبريل اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها ثم جاء فقال : أي رب وعزتك لقد خشيت أن لا يدخلها أحد " . قال : " فلما خلق الله النار قال : يا جبريل اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها فقال : أي رب وعزتك لا يسمع بها أحد فيدخلها فحفها بالشهوات ثم قال : يا جبريل اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها فقال : أي رب وعزتك لقد خشيت أن لا يبقى**

**أحد إلا دخلها " . رواه الترمذي وأبو داود والنسائي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جەننەتنى ياراتقاندا جىبرىئىلغا؛ سەن بېرىپ جەننەتكە قاراپ باققىن دېدى، ئۇ بېرىپ قارىغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتنى بىرەر كىشى ئاڭلاپلا قالسا، چوقۇم كىرىپ كېتىدۇ دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا جەننەتنى مۇشەققەتلىك سىناقلار بىلەن قورشاپ، ئى جىبرىئىل، ئەمدى بېرىپ قاراپ باققىن! دېدى، ئۇ بېرىپ قارىغاندىن كېيىن كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتكە بىرەر كىشىنىڭ كىرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېدى، ( توغرا، جەننەتكە ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن كىرگىلى بولىدۇ، ئەمەلمۇ رەھمەتتۇر)، ئاللاھتائالا دوۋزاخنى ياراتقاندا جىبرىئىلغا ئى جىبرىئىل، بېرىپ دوۋزاخنى كۆرۈپ كەل دېدى، ئۇ بېرىپ، كۆرۈپ كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، دوۋزاخنى بىرەرسى ئاڭلىسا ھەرگىز كىرمىگۈدەك دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا دوۋزاخنى شەھۋەتلەر بىلەن قورشاپ، پەردىلەپ، ئەمدى بېرىپ كۆرۈپ كەل دېدى، جىبرىئىل بېرىپ قاراپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھېچ بىر كىشى قالماي دوۋزاخقا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېگەن. ئەھمەد، ھاكىم، نەسەئى، داۋۇد، تىرمىزى توپلىغاي، سەھىھ. توغرا 100دىن 99ى دوۋزاخقا كىرىدۇ، كۆپىنچىسى ئاياللاردۇر. چۈنكى، ئاياللار بەك كۆپتۇر، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرى غۇرۇر، ئالدامچى، لەنەتكە ئۇچرىغان، ئاياللارمۇ شۇ، سەن جەننەتكە كىرەي دېسەڭ، شەيتاننىڭ سەركەردىسى ئاياللار بىلەن دۇنيادىن ھەزەر قىلغىن، بۇنى مەن ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېگەن، ئاياللار بىلەن دۇنيادىن ھەزەر قىلىڭلار، پىتنە ئاياللاردا يۈز بەردى دېگەن، دۇنيادىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر قىيامەت يېقىنلاشقانسىرى، ھاكىمىيەتلەر شەيتانلىشىپ، شەيتانغا يان تاياق بولۇپ، ھەققە، دىنغا قارشى ھەرىكەتلەر يامراپ كەتتى، ئى ئاللاھ! بىزگە ئۆزۈڭ ياردەم بەرگىن، ئامىن! ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن قورشاپ پەردىلەندى، دوۋزاخ بولسا، شەھۋەتلەر بىلەن قورشاپ پەردىلەندى، (ئۇنى بۆسۈپ ئۆتسە، بۇ ئىككىسگە كىرىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5697 – [ 4 ] الفصل الثالث ( صحيح عن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم صلى بنا يوما الصلاة ثم رقي المنبر فأشار بيده قبل قبلة المسجد فقال : " قد أريت الآن مذ صليت لكم الصلاة الجنة والنار ممثلتين في قبل هذا الجدار فلم أر كاليوم في الخير والشر " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، قولى بىلەن مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن بۈگۈن ھازىرلا سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندىن باشلاپ، مۇشۇ تامنىڭ تەرىپىدە ماڭا سۈرىتى شەكىللەنگەن ھالەتتە جەننەت ۋە دوۋزاخنى كۆردۈم، مەن ياخشىلىق، يامانلىق توغرىسىدا بۈگۈنكىدەك كۈننى كۆرۈپ باقمىغان، (باشقا خاتىرىدە ۋەقەنى تەپسىلى سۆزلەپ بەرگەن بار) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**9 – ( باب بدءالخلق وذكر الأنبياء عليهم الصلاة والسلام )**

## تۇنجى يارىتىلغان مەخلۇق ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

**5698 – [ 1 ] ( صحيح ) – الفصل الأول عن عمران بن حصين قال : إني كنت عند رسول الله صلى الله عليه وسلم إذ جاء**

قوم من بني تميم فقال : " اقبلوا البشرى يا بني تميم " قالوا : بشرتنا فأعطنا فدخل ناس من أهل اليمن فقال : " اقبلوا البشرى يا أهل اليمن إذ لم يقبلها بنو تميم " . قالوا : قبلنا جئناك لنتفقه في الدين ولنسألك عن أول هذا الأمر ما كان ؟ قال : " كان الله ولم يكن شيء قبله وكان عرشه على الماء ثم خلق السماوات والأرض وكتب في الذكر كل شيء " ثم أتاني رجل فقال : يا عمران أدرك ناقتك فقد ذهبت فانطلقت أطلبها وأيم الله لوددت أنها قد ذهبت ولم أقم . رواه البخاري

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدىم، تۇيۇقسىز بەنى تەمىم قەۋمى كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:ئى بەنى تەمىم! خۇش بشارەتنى قوبۇل قىلىڭلار دېدى، ئۇلار: بىزگە خۇش بشارەت بەردىڭ، ئۇنداق بولسا، بىزگە سوۋغا ـ سالام بەرسەڭ دېدى،(يەنى بۇدۇنيالىقنى سوردى، ئاخىرەتلىكىدىن غەپلەتتە قالدى)ئاندىن يەمەن ئەھلىدىن بولغان كىشىلەر كىرىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:ئى يەمەن ئەھلى!بەنى تەمىم قوبۇل قىلمىغان خۇش بشارەتنى سىلەر قوبۇل قىلىڭلار دېدى، ئۇلار:بىز قوبۇل قىلدۇق، بىز سىلىنىڭ يانلىرىغا دىندا يېقىھ شۇناس ئالىم بولۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا سىلىدىن مۇشۇئىشنىڭ ئەۋۋىلى (يەنى تۇنجى قېتىم يارىتىلغان مەخلۇق)توغرىسىدا سوراش ئۈچۈن كەلدۇق، دېدى. رەسۇلۇللاھ:ئەزەلدە الله لا بار ئىدى، الله تىن بۇرۇن ھېچ نەرسە يوق ئىدى(ھەتتا ئەشۇ بۇرۇن دېگەن زامانمۇ يوق ئىدى،ھېچ نەرسە الله تىن بۇرۇن ئەمەس ئىدى)الله نىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى، ئاندىن ئاسمان ـ زېمىنلارنى ياراتتى، زىكرىگە يەنى تەقدىرگە ھەممە نەرسىنى ئالدىن بىلىپ يازدى، دېدى. ئاندىن بىر كىشى كېلىپ؛ ئى ئىمران! تۆگەڭ قېچىپ كەتتى، ئۇنى تېپىپ تۇتىۋالغىن دېدى، مەن تۆگەمنى ئىزدەپ كەتتىم، الله بىلەن قەسەمكى، مەن تۆگەمنىڭ قېچىپ كېتىشىرىشىنى، ئەشۇ سۆزلەر قىلىنىۋاتقان ئورنۇمدىن قەتئىي تۇرماسلىقىمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ قالدىم.بۇخارى تويلىغان.

5699 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن عمر قال : قام فينا رسول الله صلى الله عليه وسلم مقاما فأخبرنا عن بدء الخلق حتى دخل أهل الجنة منازلهم وأهل النار منازلهم حفظ ذلك من حفظه ونسيه من نسيه " . رواه البخاري

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇپ، بىزگە تۇنجى قېتىم يارىتىلغان مەخلۇق توغرىسىدىن باشلاپ، ھەتتا جەننەت ئەھلى ئۆز ئورۇنلىرىغا كىرىپ بولغىچە، دوزەخ ئەھلىمۇ ئۆز ئورۇنلىرىغا كىرگەن چاغقىچە چالا قويماي، تولۇق خەۋەر قىلىپ بەردى، ئۇنى يادا ئالغانلار يادا ئېلىۋالدى، ئۇنتۇپ كەتكەنلەر ئۇنتۇپ كەتتى.(يەنى نۇرغۇن ساھابىلەر ئۇنى يادا بىلەتتى)بۇخارى تويلىغان.

5700 – [ 3 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله تعالى كتب كتابا قبل أن يخلق الخلق : إن رحمتي سبقت غضبي فهو مكتوب عنده فوق العرش " . متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بارلىق مەخلۇقلىرىغا ھۆكۈم قىلىپ، تەقدىرنى يېزىپ بولغاندا، مەخلۇقلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ كىتابىغا مۇنداق يازدى، بۇ كىتاب ھازىر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەرشنىڭ ئۈستىدە،يېزىقلىقتۇر، «ھەقىقەتەن مېنىڭ رەھمىتىم، غەزىپىمدىن غالىب كەلدى، ئۈستۈن بولدى».بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى تويلىغان، سەھەھ، شۇنىڭ ئۈچۈن 100 رەھمەت يارىتىپ، بىرنى يۈتۈن دۇنياغا تاشلاپ، 99نى قىيامەت ئۈچۈن ئېلىپ قويدى، لېكىن، غەزەپنى بۇنداق كۆپ ياراتمىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دىگەن: رەببىڭلار بارلىق مەخلۇقلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۆز قولى بىلەن ئۆز ئۆزىگە مۇنداق يازغان ئىدى، رەھمىتىم، غەزىپىمدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى، رەھمىتىم غالىپ كەلدى، رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۈستۈندۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مىنىڭ رەھمىتىم، غەزىپىمدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى، رەھمىتىم غالىپ كەلدى،بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ،

**5701 – [ 4 ]** ( صحيح ) وعن عائشة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " خلقت الملائكة من نور وخلق الجان من مارج من نار وخلق آدم مما وصف لكم " . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى، جىنلار بولسا، ئوتنىڭ تۈتۈن ئارىلاش يالقۇنىدىن يارىتىلدى، ئادەم بولسا، سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەن نەرسىدىن يەنى تۇپراقدىن يارىتىلدى، مۇسلىم 5314 _ ھەدىس، ئەھمەد 24186 _ ھە، سەھىھ.

**5702 – [ 5 ]** ( صحيح ) وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لما صور الله آدم في الجنة تركه ما شاء أن يتركه فجعل إبليس يطيف به ينظر ما هو فلما رآه أجوف عرف أنه خلق خلقا لا يتمالك " . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئالاللاھتائالا جەننەتتە ئادەم ئاتىمىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ھەيكىلىنى ياساپ، ئۆزى خالىغان مۇددەتكىچە قالدۇرۇپ قويىدى، ئىبلىس، شەيتان، ئادەمنى زىيارەت قىلىپ كۆرۈپ، ئادەمنىڭ ئىچى كاۋاك، بوش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن اللە نىڭ؛ ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىغان ئاجىز بىرمەخلۇقنى ياراتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5703 – [ 6 ]** وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :اختتن إبراهيم النبي وهو ابن ثمانين سنة بالقدوم متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەرئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 80 ياشقا كىرگەندە ئۆزىنى _ ئۆزى پالتىدا خەتنە قىلغان ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5704 – [ 7 ]** ( متفق عليه ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لم يكذب إبراهيم إلا في ثلاث كذبات : ثنتين منهن في ذات الله قوله ( إني سقيم ) وقوله ( بل فعله كبيرهم هذا ) وقال : بينا هو ذات يوم وسارة إذ أتى على جبار من الجبابرة فقيل له : إن ههنا رجلا معه امرأة من أحسن الناس فأرسل إليه فسأله عنها : من هذه ؟ قال : أختي فأتى سارة فقال لها : إن هذا الجبار إن يعلم أنك امرأتي يغلبني عليك فإن سألك فأخبريه أنك أختي فإنك أختي في الإسلام ليس على وجه الأرض مؤمن غيري وغيرك فأرسل إليها فأتي بها قام إبراهيم يصلي فلما دخلت عليه ذهب يتناولها بيده . فأخذ – ويروى فغط – حتى ركض برجله فقال : ادعي الله لي ولا أضرك فدعت الله فأطلق ثم تناولها الثانية فأخذ مثلها أو أشد فقال : ادعي الله لي ولا أضرك فدعت الله فأطلق فدعا بعض حجبته فقال : إنك لم تأتني بإنسان إنما أتيتني بشيطان فأخدمها هاجر فأتته وهو قائم يصلي فأومأ بيده مهيم ؟ قالت : رد الله كيد الكافر في نحره وأخدم هاجر " قال أبو هريرة : تلك أمكم يا بني ماء السماء . متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ قويغان، (ئەمەلىيەتتە بۇ يالغانچىلىق ئەمەس) بىرى ئاياللى تونغرىسىدا، ئىككىسى ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكى توغرىسىدا، تەۋھىد مەسىلىسىدە دىنسىز، مۇشرىكلارگە قارشى دىيىلگەن ئىدى، بۇتنى چېقىش مەخسىتىدە «مەن كېسەل» دەپ قويۇپ، ئايرىلىپ قالغان، يەنە بىرى بۇتنى سەن چاقتىڭمۇ؟ دىيىلگەندە، «مەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ چوڭراقى چاققاندۇ، بۇتلاردىن سوراپ بېقىڭلار»، دىگەن سۆزىدۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاياللى سارە بىلەن زالىم، زومىگەر بىر پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدۇ، ئۇ پادىشاھقا: ھەققەتەن بۇ جايغا بىر كىشى كەپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەنرەكى بولغان بىر ئايال بار ئىكەن دىيىلدى، پادىشاھ، ئىبراھىمغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ سارە توغرىسىدا سورىدى، ئۇ كىم؟ سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ، دېدى، ئىبراھىم: ئۇ مېنىڭ سىڭلىم، ھەمشىرەم دېدى، ئاندىن سارەگە كېلىپ، ئى سارە! يەر يۈزىدە مەندىن ۋە سەندىن باشقا بىرمۇ مۆئمىن يوق، بۇ پادىشاھ مەندىن سېنى سورىغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا سىڭلىم دەپ قويدۇم، مېنى يالغانچى قىلمىساڭ دېدى، (ئۇختى دىگەن قېرىنداش مەنىسىدە بولاتتى)، پادىشاھ، سارەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سارە كىرگەندە، ئۇنىڭغا قول سۇندى، شۇئان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ قولى تۇتۇلۇپ قالدى، يەنى ئىشلىمەس بولۇپ قالدى، ئاندىن ئۇ، ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ، قولۇم  ساقايسا مەن ساڭا زەرەر يەتكۈزمەيمەن دېدى، سارە ئاللاھقا دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قولى قويۇپ بېرىلىپ، ساقايدى، ئۇ ئاندىن سارەگە، ئىككىنچى قېتىم قول سۇنىۋىدى، قولى ئالدىدىكىگە ئوخشاش بەلكى قاتتىقراق تۇتۇلۇپ قالدى، كارغا كەلمىدى، ئۇ يەنە، ئاللاھقا مەن ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ، ئەمدى قەتئىي ساڭا زەرەر يەتكۈزمەيمەن دېدى، سارە، دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قولى ساقايدى، ئۇ خاس ھاجىپلىرىنىڭ بەزىسىنى چاقىرتىپ، ھەققەتەن سەن ماڭا ئىنساننى ئېلىپ كەلمەي، شەيتاننى ئېلىپ كەپسەن دېدى، ۋە سارەگە ھاجەرنى خادىم، چۆرىلىككە بەردى، سارە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قانداق بولدى؟ دېدى، سارە: ئاللاھتائالا پاجىر كاپىرنىڭ ھىيلە ـــ مىكرىنى ئۆزىگە قايتۇردى، خار ھالدا زىيانغا ئۇچراتتى، ئۇ تېخى ھاجەرنى خىزمەتچىلىككە بەردى دېدى، (ئى ئاسمان سۈيىنىڭ باللىرى!يەنى ئەرەپلەر!ئاشۇ ھاجەر، ئەرەبلەرنىڭ خۇسۇسەن ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئىدى).
بۇخارى 3108 ـــ ھەدىس، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5705 – [ 8 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نحن أحق بالشك من إبراهيم إذ قال : ( رب أرني كيف تحيي الموتى ) ويرحم الله لوطا لقد كان يأوي إلى ركن شديد ولو لبثت في السجن طول ما لبث يوسف لأجبت الداعي متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز شەككە يەنى قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىشقا ئىبراھىيمدىنمۇ بەكىراق لايىقراقمىز، ئۆز ۋاختىدا ئۇ: «ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق قايسى ھالەتتە تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتسەڭ دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن تېخى ئىمان كەلتۈرۈپ مۆئمىن بولمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئىبراھىم ئۇنداق ئەمەس، مەن مۆئمىن، شەكسىز ئىشەنگۈچى، لېكىن، قەلبىم ئارام تاپسۇن، خاتىرجەم بولسۇن ئۈچۈن سورىدۇم دېدى». ئاللاھ لۇتقا رەھمەت قىلسۇن، ھەققەتەن ئۇ ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتكە يەنى قوشۇنغا ئېرىشكەن. چۈنكى، ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، لېكىن، ئۇ كاشكى مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى، چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم دەپ سالدى» سۈرە ھود 80 ـ ئايەت. ئەگەر مەن تۈرمە ئىچىدە يۈسۈف تۇرغاندەك ئۇزۇن تۇرغان بولسام، ئەلچىتە چاقىرىپ كەلگەن كىشىگە جاۋاب بېرىپ تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتىم، مەن يۈسۈفنىڭ سەبىرىسىدىن ھەيران قالدىم.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى

ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5706 – [ 9 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن موسى كان رجلا حييا ستيرا لا يرى من جلده شيء استحياء فآذاه من آذاه من بني إسرائيل فقالوا : ما تستر هذا التستر إلا من عيب بجلده : إما برص أو أدرة وإن الله أراد أن يبرئه فخلا يوما وحده ليغتسل فوضع ثوبه على حجر ففر الحجر بثوبه فجمع موسى في إثره يقول : ثوبي يا حجر ثوبي يا حجر حتى انتهى إلى ملأ من بني إسرائيل فرأوه عريانا أحسن ما خلق الله وقالوا : والله ما بموسى من بأس وأخذ ثوبه وطفق بالحجر ضربا فوالله إن بالحجر لندبا من أثر ضربه ثلاثا أو أربعا أو خمسا " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بەكمۇ ھايالىق كىشى ئىدى، يۇيۇنسا، پەردە تارتىپ يۇيۇناتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق ھايا قىلغانلىقىدىن، تارتىنغانلىقىدىن، ئۇنىڭ بەدىنىدىن ھېچپىرى كۆرۈنۈپ باقمىغان، بەنى ئىسرائىللاردىن ئازار بەرگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئازار بەردى، ئۇلار؛ مۇسا چوقۇم بەدىنىدە بىرەر ئەيىب بولغاچقا يا ئاق كېسەل، يا پوداق بۆرىكى چىققاق ياكى بىرەر ئاپەت بولغانلىقىدىن پەردىلىنىدۇ دېيىشتى، ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە مۇسانى ئۇلار دېگەن سۆزلەردىن ئەيىبلەردىن پاكلاشنى ئىرادە قىلدى، بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام خالى ھالدا يالغۇز يۇيۇندى، كىيىمنى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە قويغان ئىدى، يۇيۇنۇپ بولۇپ، كىيىمنى ئېلىپ، كىيىش ئۈچۈن تاش تەرەپكە ماڭدى، تاش كىيىمنى ئېلىپ قاچتى، (سۇبھانالالا، بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى) مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى ئېلىپ، تاشنى قوغلايتتى، ئۇ، ئى تاش، ئى تاش، كىيىممنى قوي! ئى تاش مېنىڭ كىيىمم دەيتتى، تاش قېچىپ بىرىپ، بەنى ئىسرائىللارنىڭ جامائىتى يېنىغا باردى، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ياراتقان نەرسىنىڭ ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق ھالىتىدە يالىڭاچ كۆردى، ئەڭ گۈزەللىكىنى كۆردى، ئاللاھ ئۇنى ئۇلارنىڭ دېگەن تۆھمەتلىرىدىن پاكلىدى، تاش جىم توردى، ئۇ كىيىمنى ئېلىپ كىيگەندىن كېيىن، ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇشقا باشلىدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇسانىڭ ھاسا بىلەن ئۇرغان تەسىردىن، تاشتا ئۈچ تانۇق ياكى بەش دانە ئىز قالدى، ئۇ ئشلار بولسا، ئاللاھنىڭ مۇشۇ سۆزىدە سۆزلەندى، «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار بەرگەن بەنى ئىسرائىللاردەك بولماڭلار، ئاللاھ مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقان تۆھمەتلىرىدىن ئاقلىدى، مۇسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۈز ئابرۇيلۇق ئىدى» سۈرە ئەھزاپ 69 _ ئايەت. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5707 – [ 10 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : بينا أيوب يغتسل عريانا فخر عليه جراد من ذهب فجعل أيوب يحثي في ثوبه فناداه ربه : يا أيوب ألم أكن أغنيتك عما ترى ؟ قال : بلى وعزتك ولكن لا غنى بي عن بركتك رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن چېكەتكىلەر چۈشتى، ئەييۇب، كىيىمنىڭ ئىچىگە ئۇ چېكەتكىلەردىن چاڭگاللاپ تۇتۇپ سېلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا رەببى تەبارەك ۋەتەئەلا، يا ئەييۇب، مەن سىنى سەن كۆرگەن بۇ نەرسىلەردىن بىھاجەت قىلمىدىممۇ؟! دەپ نىدا قىلدى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، ئەلۋەتتە بىھاجەت قىلدىڭ، ئى رەببىم، ئىززەتلىرى بىلەن قەسەمكى، لېكىن مەن بەرىكەتلىرىدىن بىھاجەت بولالمەيمەن دېدى، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، (ھەرقانچە بىھاجەت بولغان كىشىگىمۇ ئاللاھنىڭ بەرىكىتى لازىم، ئۇ يەنىلا مۇھتاج، ئەقىدە كىتاپلىرىدا ، كىم **الله** تىن ئۆزىنى بىھاجەت تۇتسا، كاپىر بۇلىدۇ دېيىلگەن)

**5708 – [ 11 ] وعنه قال : استب رجل من المسلمين ورجل من اليهود . فقال المسلم : والذي اصطفى محمدا على العالمين .**

**فقال اليهودي : والذي اصطفى موسى على العالمين . فرفع المسلم يده عند ذلك فلطم وجه اليهودي فذهب اليهودي إلى النبي صلى الله عليه وسلم فأخبره بما كان من أمره وأمر المسلم فدعا النبي صلى الله عليه وسلم المسلم فسأله عن ذلك فأخبره فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " لا تخيروني على موسى فإن الناس يصعقون يوم القيامة فأصعق معهم فأكون أول من يفيق فإذا موسى باطش بجانب العرش فلا أدري كان فيمن صعق فأفاق قبلي أو كان فيمن استثنى الله . " . وفي رواية : " فلا أدري أحوسب بصعقة يوم الطور أو بعث قبلي ؟ ولا أقول : إن أحدا أفضل من يونس بن متى" 5709 – [ 12 ] ( متفق عليه ) وفي رواية أبي سعيد قال : " لا تخيروا بين الأنبياء " . متفق عليه . وفي رواية أبي هريرة : " لا تفضلوا بين أنبياء الله "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى بىلەن يەھۇدىيلەردىن بىر كىشى تىللىشىپ قالدى، مۇسۇلمان كىشى؛ ئالەملەرنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتتە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاللىغان **الله** بىلەن قەسەمكى،دېدى، يەھۇدىي؛ ئالەملەرنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تاللىغان **الله** بىلەن قەسەمكى،دېدى، شۇچاغدىلا مۇسۇلمان كىشى، يەھۇدىينىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى،يەھۇدىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ھېلىقى مۇسۇلماننىڭ ئىشىدىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى شىكايەت قىلىپ خەۋەر قىلدى، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى مۇسۇلماننى چاقىرتىپ سورىۋىدى، ئۇ بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مېنى مۇسانىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك دەپ ئۈستۈن بىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن كىشىلەر قىيامەت كۈنى قاتتىق چۆچۈپ، قورقۇپ ھۇشىدىن كېتىدۇ،(ئۆلىدۇ) مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ھۇشۇمدىن كېتىمەن، ھۇشىغا كېلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن. ناگاھان مۇسا، ئەرشنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇ چۆچۈپ ھۇشىدىن كېتىپ، ئاندىن مەندىن بۇرۇن ھۇشىغا كەلدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ مۇستەسنا قىلغان چۆچۈمەيدىغان، ھۇشىدىن كەتمەيدىغان كىشىدىنمۇ؟ (ياكى ئاللاھنىڭ جامالىنى سورىغاندىكى چۆچۈشى ھېساب قىلىندىمۇ؟) ھېچ بىلمىدىم.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلەر ئارىسىنى ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن بىرىنى يەنە بىرىسىدىن پەزىلەتلىك قىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئۆلۈپ ھەممىسى ھۇشىدىن كېتىدۇ، مەن زېمىن يېرىلىپ، قەبرىدىن تۇنجى بولۇپ چىقىدىغان كىشى بولىمەن، ناگاھان مۇسا ئەرشنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈكنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇ چۆچۈپ ھۇشىدىن كىتىپ ئۆلگەن، ئاندىن يەنە ھۇشىغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بارمۇ؟ ياكى تۇنجى قېتىمقى ھۇشىدىن كېتىشى ھساب قىلىندىمۇ؟ ھېچ بىلمىدىم.يەنەبىردە؛ سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى، بەزىسىنى بەزىسىدىن پەزىلەتلىك قىلماڭلار، (قىلسا ئاللاھ قىلسۇن)، ھەقىقەتەن سۇر پۈۋدەلگەندە، ئاللاھ خالىغان كىشىدىن باشقا ئاسمان ــ زېمىندىكى بارلىق كىشىلەر ئۆلىدۇ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم پۈۋدەلسە، تىرىلىپ قوپقان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، ناگاھان مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەرشكە ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا تۇر تېغىدىكى ھۇشىدىن كېتىش ھېساب قىلىندىمۇ ياكى مەندىن بۇرۇن تىرىلىپ قوپتىمۇ؟ ھېچ بىلمىدىم، مەن ھەرگىز بىرەر كىشىنى يۇنۇس، ئىبنى مەتا دېگەن پەيغەمبەردىن ئەۋزەل دېمەيمەن.سەھىھ.

**5710 – [ 13 ] ( متفق عليه ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما ينبغي لعبد أن يقول : إني خير من يونس بن متى " وفي رواية البخاري قال : " من قال : أنا خير من يونس بن متى فقد كذب "**

ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنىڭ مەن يۇنۇس ئىبنى مەتتا دېگەن پەيغەمبەردىن ياخشى دېيىشى لايىق ئەمەس. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەن يۇنۇس ئىبنى مەتا دېگەن پەيغەمبەردىن ياخشى دېسە، ھەققەتەن ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ. بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھەرگىز، مەن يۇنۇس پەيغەمبەردىن ياخشى دەپ سالمىسۇن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5711 – [ 14 ] وعن أبي بن كعب قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الغلام الذي قتله الخضر طبع كافرا ولو عاش لأرهق أبويه طغيانا وكفرا " . متفق عليه**

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىچىك بالا، ئۇنىڭ تەقدىرى پۈتۈلگەن كۈنىلا ئۇنى «كاپىر، دىنسىز» دەپ پۈتۈلۈپ مۆھۈر بېسىلىپ كەتكەن، (چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىدۇ) ئەگەر ئۇ بالا ياشاپ قالغان بولسا، ئەلۋەتتە زومىگەرلىك قىلىپ، تاجاۋۇز قىلىپ، كۇپۇرلۇقىدىن ئاتا ــ ئانىسىنىڭمۇ ئەمەللىرىنى كۆيدۈرۈپ بىكار قىلاتتى، (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى) بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5712 – [ 15 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إنما سمي الخضر لأنه جلس على فروة بيضاء فإذا هي تهتز من خلفه خضراء " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ «خىزىر» دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، خىزىر بىرەر ئاپئاق، قۇرۇپ قالغان ئوت ــ چۆپ، ئۆسۈملۈك ئۈستىدە ئولتۇرسا، ناگاھان ئۇ قۇرۇق ئوت ــ چۆپ خىزىرنىڭ ئاستىدا ياپيېشىل كۆكىرىپ، يەلپۈنۈپ كېتەتتى، ئۇ كەتكەندىن كېيىن يېشىل ھالەتتە ھەرىكەتلىنەتتى، بۇخارى،ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ئەۋلىيالار كارامىتى ھەق دېگەن چىقىدۇ، خىزىرنى پەيغەمبەر دېگەنلەر بار، ئەمما، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىدۇر.

**5713 – [ 16 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " جاء ملك الموت إلى موسى ابن عمران فقال له : أجب ربك " . قال : " فلطم موسى عين ملك الموت ففقأها " قال : " فرجع الملك إلى الله فقال : إنك أرسلتني إلى عبد لك لا يريد الموت وقد فقأ عيني " قال : " فرد الله إليه عينه وقال : ارجع إلى عبدي فقل : الحياة تريد ؟ فإن كنت تريد الحياة فضع يدك على متن ثور فما توارت يدك من شعرة فإنك تعيش بها سنة قال : ثم مه ؟ قال : ثم تموت . قال : فالآن من قريب رب أدنني من الأرض المقدسة رمية بحجر " . قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والله لو أني عنده لأريتكم قبره إلى جنب الطريق عند الكثيب الأحمر " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈم پەرىشتىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلدى، ئۇ كېلىپ؛ رەببىڭنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ جېنىڭنى بەر،دېگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىرنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيىۋەتتى، پەرىشتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ، مىنى ئۆلۈمنى خالىمايدىغان بەندىگە ئەۋەتىپلا،ئۇ مىنىڭ كۆزۈمنى قۇيىۋەتتى، دېدى، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە

قايتۇرۇپ بېرىپ، مۇنداق دېدى، قايتىپ بېرىپ دېگىن، سەن ھايات قېلىشنى مەقسەت قىلامسەن؟ئەگەر ھايات قالماقچى بولساڭ، الله مۇنداق دەيدۇ؛مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى كالىنىڭ دۈمبىسىگە قويسۇن، ئۇنىڭ قولى ياپقان بارلىق تۈكلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ باراۋىرىدە بىر يىلدىن ئۆمۈر بېرەي، پەرىشتە كېلىپ شۇنداق دېدى، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام، كېيىنچۇ؟ دېۋىدى، ئاندىن يەنە ئۆلىسەن دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئۇنداق بولسا، ھازىر ئۆلەي دەپ، ئاللاھدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بىر تاش ئېتىم مىقدارى يېقىن قىلىپ بېرىشنى سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى؛الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن شۇ يەردە بولسام، يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى، قىزىل دۆۋىنىڭ ئاستىدىكى ئۇنىڭ قەبرىسىنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قويغان بولاتتىم، بۇخارى، مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5714 – [ 17 ]** ( صحيح ) **جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " عرض علي الأنبياء فإذا موسى ضرب من الرجال كأنه من رجال شنوءة ورأيت عيسى بن مريم فإذا أقرب من رأيت به شبها عروة بن مسعود ورأيت إبراهيم فإذا أقرب من رأيت به شبها صاحبكم – يعني نفسه – ورأيت جبريل فإذا أقرب من رأيت به شبها دحية بن خليفة " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بارلىق پەيغەمبەرلەر نەڭلەندى، ناگاھان مۇسا ئەلەيھىسسالام شەنۇئەت ئەرلىرىگە ئوخشاش كىشى ئىكەن، مەريەم ئوغلى ئەيسانى كۆردۈم، ئۇ ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئىبراھىمنى كۆردۈم، ناگاھان ئۇ سەن كۆرگەن كىشىلەر ئىچىدە ساھىبىڭلارغا يەنى ماڭا ئوخشاپ كېتىدۇ، جىبرئىلنى كۆردۈم، ئۇ مەن كۆرگەن كىشىلەر ئىچىدە دىھيەتۇلكەلبىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى بۇ ئىنسان سۈرىتى ئىدى، مۇسلىم بىلەن تىرمىزى توپ، سەھىھ.

**5715 – [ 18 ]** **وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " رأيت ليلة أسري بي موسى رجلا آدم طوالا جعدا كأنه شنوءة ورأيت عيسى رجلا مربوع الخلق إلى الحمرة والبياض سبط الرأس ورأيت مالكا خازن النار والدجال في آيات أراهن الله إياه فلا تكن في مرية من لقائه " . متفق عليه**

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنى سەير قىلدۇرۇلغان كېچىسى مۇسانى كۆردۈم، ئۇ ئېگىز، ئۇسقانلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇدىر چاچ ئىكەن، خۇددى شەنۇئەت كىشىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئەيسانى كۆردۈم، ئۇ ئوتتۇرىھال نورمال، رەڭگى قىزىل بىلەن ئاقلىققا مايىل، چىچى مۇرىسىگە چۈشكەن، گۈزەل كىشى ئىكەن، مەن بۇ كېچە الله تائالا ماڭا كۆرسەتكەن ئالامەتلەر ئارىسىدا، دوۋزاخ باشقۇرغۇچى مالىكنى ۋە دەججالنى كۆردۈم، «ئۇنىڭغا(يەنى مۇساغا)ئۇچرىشىشتىن شەكتە بولمىغىن»ئايەت.بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد بىلەن بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**5716 – [ 19 ]** **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليلة أسري بي لقيت موسى – فنعته – : فإذا رجل مضطرب رجل الشعر كأنه من رجال شنوءة ولقيت عيسى ربعة أحمر كأنما خرج من ديماس – يعني الحمام – ورأيت إبراهيم وأنا أشبه ولده به " قال : " فأتيت بإناءين : أحدهما لبن والآخر فيه خمر . فقيل لي : خذ أيهما شئت . فأخذت اللبن فشربته فقيل لي : هديت الفطرة أما أنك لو أخذت الخمر غوت أمتك " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنى سەيرە قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى مەن مۇسانى كۆردۈم، ناگاھان ئۇ خۇددى شەنۇئەت قەبىلىسىنىڭ ئەرلىرىدەك

كىلىشكەن،چېچى تاراقلىق، بەستلىك كىشى ئىكەن، ئەيسانى كۆردۈم، ناگاھان ئۇ ئوتتۇر بوي، رەڭگى قىزىلغا مايىل، خۇددى ھازىرلا مۇنچىدىن چىققاندەك تۇرىدۇ، ئىبراھىمنى كۆردۈم، ئۇنىڭ باللىرى يەنى ئەرەبلەر ئىچىدە مەن ئۇنىڭغا بەك ئوخشايمەن، ئاندىن ماڭا ئىككى قاچا كەلتۈرۈلدى، بىرىدە سۈت، بىرىسىدە ھاراق بار ئىدى، ماڭا ؛ قايسىنى خالىساڭ ئىچكىن دېيىلدى. مەن سۈتنى ئېلىپ ئىچتىم، ئاندىم ماڭا سەن توغرا، ھەق دىن ئىسلام دىنىنى تاللىدىڭ، توغرا قىلدىڭ، ئەگەر سەن ھاراقنى ئالغان بولساڭ، ئۈممىتىڭ ئېزىپ كەتكەن بولاتتى دېيىلدى، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، بۇخارىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5717 – [ 20 ]** ( صحيح ) **وعن ابن عباس قال : سرنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم بين مكة والمدينة فمررنا بواد فقال : " أي واد هذا ؟ " . فقالوا : وادي الأزرق . قال : " كأني أنظر إلى موسى " فذكر من لونه وشعره شيئا واضعا أصبعيه في أذنيه له جؤار إلى الله بالتلبية مارا بهذا الوادي " . قال : ثم سرنا حتى أتينا على ثنية . فقال : " أي ثنية هذه ؟ " قالوا : هرشى – أو لفت – . فقال : " كأني أنظر إلى يونس على ناقة حمراء عليه جبة صوف خطام ناقته خلبة مارا بهذا الوادي ملبيا رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس،ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارلىقدىكى بىر جايدىن ئۆتكەندە، رەسۇلۇللاھ : بۇ قايسى جاي؟دېدى، ئۇلار؛ بۇ ئەزرەق ۋادىيسى دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛گوياكى مەن مۇشۇ ۋادىدا مۇساغا قاراۋاتىمەن، ـئاندىن ئۇنىڭ رەڭگىنى، چېچىنى سۈپەتلىدى ـئۇ ئىككى ئاق كاسايا ئىچىدە ئېھرام باغلىۋاپتۇ، ئىككى بارمىقىنى قۇلىقىغا قويۇپ، مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن ھالدا، **الله** قا ئىلتىجا قىلىپ تەلبىي ئەيتىپ كىتىۋاتىدۇ،دېدى. ئاندىن بىز سەيرى قىلىپ، سىنيەت دېگەن تاغ يولىغا كەلدۇق، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ قايسى سىنيەت؟قايسى تاغ يولى ؟ دېدى، ئۇلار؛ ھەرشا ياكى لەپىيت دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛گوياكى مەن يۇنۇسقا قاراۋاتىمەن، ئۇنى كۆرىۋاتىمەن، ئۇ نۇختىسى خورما قوۋزۇقىدىن بولغان قىزىل تۆگە ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئۈستىدە يۇڭدىن بولغان جۇۋا بار ئىكەن، ئۇ لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە!!! دەپ،مۇشۇ جايدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتىدۇ.مۇسلىم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ ئالىملار: مۇشۇنىڭدەك قەبرىدە ناماز ئوقۇغان، كەئبىنى تاۋاب قىلغان، سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن، سالاملاشقان ھەدىسلەرنى «سەن مۇساغا ئۇچرىششدىن شەكتە بولمىغىن» دېگەن ئايەتكە تەپسىر قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار مۇنداق دېگەن، ئۇلارنىڭ ھەج قىلىشى، ئۇلار شېھىددىنمۇ ئەۋزەل ھاياتتۇر، ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىشنى يىراق سانىغلى بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار يەنىلا تىرىكى ئەمەلنىڭ دۇنياسىدا ھەم ئۇلار رەببىگە يېقىن بولۇشنى خالايدۇ، كىشى قىلىۋاتقان ئىشى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى، زىكرى بىلەن دۇئادۇر، ياكى بۇ بىر چۈشتۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى شۇ ئۇسۇلدا سۈپەتلىگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھايات ۋاختىدىكى ئىشلار بولىدۇ، ياكى بۇ، ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھى بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى بۇنى ئىمام نەۋەۋى ئىماندا يازغان، قازى ئىياز سۆزى.

**5718 – [ 21 ]** ( صحيح ) **أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " خفف على داود القرآن فكان يأمر بدوابه فتسرج فيقرأ القرآن قبل أن تسرج دوابه ولا يأكل إلا من عمل يديه " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان يەنى زەبۇر شۇنداق يەڭگىل قىلىنغانكى، ئۇ ھايۋىنىنى يەنى ئېتىنى ئىگەر توقۇشقا بۇيرىيتتى، ئۇ ئېتىغا ئىگەر توقۇلۇشدىن بۇرۇنلا زەبۇر قۇرئانىنى ئوقۇپ تاماملاپ بولاتتى، ئۇ پەقەت ئۆز قولىنىڭ

ئەمگىكىدىن يەيتتى، (يەنى ئۇ تۆمۈرچى ئىدى) ئەھمەد بىلەن بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار خۇددى سەپەردە كارامەت بىلەن ماكان قاتلاپ بېرىلگەندەك، كارامەت بېرىلىپ، زامان قاتلاپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ۋاقىتتا قۇرئاننى تامامەن قىرائەت قىلىپ بولىدۇ دېگەن.بۇ تەپسىر مۇنىيرەدە باردۇر.

**5719 – [ 22 ] وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " كانت امرأتان معهما ابناهما جاء الذئب فذهب بابن إحداهما فقالت صاحبتها : إنما ذهب بابنك . وقالت الأخرى : إنما ذهب بابنك فتحاكما إلى داود فقضى به للكبرى فخرجتا على سليمان بن داود فأخبرتاه فقال : ائتوني بالسكين أشقه بينكما فقالت الصغرى :لا تفعل يرحمك الله هو ابنها فقضى به للصغرى متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى ئايال بىلەن بىللە بالىلىرى ئويناۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بىر بۆرە كېلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىنىڭ بالىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بىرى ھەقىقەتەن بۆرە سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ كەتتى دېسە، يەنە بىرسى، ئۇ سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى دەيتتى، بۇلار داۋالىشىپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كەلدى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بالىنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ چوڭراقىغا ھۆكۈم قىلىپ قويدى، ئۇلار چىقىپ كېتىپ بېرىپ داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراپ: بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا، ماڭا بىر پىچاق ئەكىلىڭلار، مەن ئۇ بالىنى بۇ ئىككى ئايالغا يېرىپ، بۆلۈپ بېرەي دېدى، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كىچىك ئايال: ساڭا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئۇنداق قىلمىغىن، بۇ بالا ئۇنىڭ ئىدى دېدى، ئاندىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بالىسغا ئىچى ئاغرىتقان بۇ ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بالىنى كىچىك ئايالغا بۇيرىدى، ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسنى «بىز سۇلەيمانغا پەھمى ئاتا قىلدۇق» دېگەن ئايەتكە تەپسىر قىلىدۇ، بۇ ئەسەر بىلەن تەپسىرلەش.

**5720 – [ 23 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :قال سليمان : لأطوفن الليلة على تسعين امرأة وفي رواية : بمائة امرأة – كلهن تأتي بفارس يجاهد في سبيل الله . فقال له الملك : قل إن شاء الله . فلم يقل ونسي فطاف عليهن فلم تحمل منهن إلا امرأة واحدة جاءت بشق رجل وأيم الذي نفس محمد بيده لو قال : إن شاء الله لجاهدوا في سبيل الله فرسانا أجمعون متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، بۈگۈن كېچە 100 ئايالىمنىڭ ھەممىسىنى زىيارەت قىلىپ، ھەممىسى بىلەن بىللە بولىمەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىدىغان ئاتلىق مۇجاھىددىن بىردىن تۇغىدۇ دېدى، ئۇنىڭ ھەمراھى پەرىشتە ئۇنىڭغا؛ ئىنشائاللاھ، ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېگىن دېدى، ئۇ ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېمىدى،ئۇنتۇپ قالدى، شۇ كېچىسى بارلىق ئاياللىرى بىلەن بىللە بولۇپ چىقتى، لېكىن، ئۇلاردىن بىرسىلا ھامىلدار بولۇپ، بىر ئىنسانىنىڭ يېرىمىنى كەلتۈردى، يەنى يېرىمى يوق بالىدىن بىرنى تۇغدى، (بۇ ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېمىگەنىنىڭ جازاسى) مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئىلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سۇلايمان، ئاللاھ خالىسا دېگەن بولسا، قەسىمنى بۇزمايتتى، گۇناھكار بولمايتتى، ھاجىتىگە يەتكەن بولاتتى، راستىنلا 100 مۇجاھىد تۇغۇلاتتى، ئۇلار ئاتلىق ھالدا **الله** يولىدا جىھاد قىلاتتى.بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ، سەيىيد قۇتۇپ رەھمەھۇللا، سۇلايماننىڭ تەختىگە تاشلانغان جەسەد مۇشۇ بالا شۇدۇر دەپ تەفسىر قىلغان، بۇ ھەدىسدىن بىرەر ئىشنى پىلانلىساق، ئىنشائاللا دېيىش، جىنسى مۇناسىۋەتنى ياخشى نىيەتلەر بىلەن قىلىش، شۇ چاغدا ساۋاب بار دېگەنلەر چىقىدۇ.

**5721 – [ 24 ] ( صحيح ) وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كان زكرياء نجارا " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ياغاچچى ئىدى، (يەنى ئۆز قولىنىڭ ئەمگىكىدىن ھالالدىن يەيتتى)، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە نوپلىغان، سەھىھ.

**5722 – [ 25 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا أولى الناس بعيسى بن مريم في الأولى والآخرة الأنبياء إخوة من علات وأمهاتهم شتى ودينهم واحد وليس بيننا نبي " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن دۇنيا ئاخىرەتتە مەريەم ئوغلى ئەيساغا باشقىلاردىن لايىقراق، ئەلاراق بولىمەن (يەنى يېقىن بولىمەن) مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر يوق (ئەيسا ئەۋەتكەن دەۋەتچىلەر بار) پەيغەمبەرلەر دادا بىر، ئانىلىرى باشقا _ باشقا قېرىنداش ئەۋلادلاردۇر، (يەنى ئانىلىرى بىر ئەمەس، نەسەپ كۆتىكى بىردۇر) ئۇلارنىڭ ئانىلىرى خىلمۇ _ خىل بولىدۇ، يەنى (ھەرخىل مىللەت، چېچىلاڭغۇ ) لېكىن، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىر (ئۇ بولسا، ئىسلام دىنىدۇر، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئادەم ئاتا، نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلام دىنى دىگەن چىقىدۇ، بۇ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4055 _ ھەدىس، ئەھمەد 8902 _ ھەدىس، مۇسلىم 4361 _ ھەدىس، بەيھەقى، ھەتتا بۇخارىدىمۇ باردۇر، سەھىھ.

**5723 – [ 23 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كل بني آدم يطعن الشيطان في جنبيه بأصبعيه حين يولد غير عيسى بن مريم ذهب يطعن فطعن في الحجاب " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسادىن باشقا بارلىق ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغۇلغان چاغدا، شەيتان بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىنى، بىقىنىنى چىمدىپ، ئازار بېرىپ يىغلىتىدۇ، شەيتان ئەيسانى چىمدىشقا باشلىغاندا، پەردە، ھىجاپ ئىچىدە چىمدىدى، لېكىن، ئەيسانى ھەقىقى چىمدىپ ئازار بېرىپ يىغلىتالمىدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5724 – [ 27 ] وعن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " كمل من الرجال كثير ولم يكمل من النساء إلا مريم بنت عمران وآسية امرأة فرعون وفضل عائشة على النساء كفضل الثريد على سائر الطعام " . متفق عليه وذكر حديث أنس : يا خير البرية " . وحديث أبي هريرة : " أي الناس أكرم " وحديث ابن عمر : " الكريم بن الكريم : في " باب المفاخرة والعصبية "**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەرلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر كامالەتكە يېتىپ، كامال تاپتى، ئاياللاردىن پەقەت پىرئەۋنىنىڭ، ئاللاھتائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن ئايالى ئاسىيە بىلەن ئىمراننىڭ قىزى مەريەم كامال تاپتى، ھەققەتەن ئائىشەنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى پەزىلىتى خۇددى باشقا تائاملار ئۈستىدىكى شورپىنىڭ پەزىلىتىگە ئوخشاشتۇر.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5725 – [ 28 ] الفصل الثاني ( ضعيف والبعض يحسنه )عن أبي رزين قال : قلت : يا رسول الله أين ربنا قبل أن يخلق خلقه ؟ قال : " كان في عماء ما تحته هواء وما فوقه هواء وخلق عرشه على الماء رواه الترمذي وقال:قال يزيد بن هارون : العماء :أي ليس معه شيء**

ئەبۇرەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! رەببىمىز **الله** تائالا مەخلۇقلىرىنى يارىتىشتىن ئىلگىرى قەيەردە ئىدى؟دەپ سورسام،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئەزەلدە **الله** لا بارئىدى، **الله** بىلەن بىرگە ھىچ نەرسە يوق ئىدى، (ئەلۋەتتە ھەممە نەرسىنى **الله** ياراتقان تۇرسا)**الله** نىڭ ئاستىدا ھاۋامۇ يوق ئىدى، ئۈستىدىمۇ ھاۋا يوق ئىدى،**الله** ئەرشىنى سۇ ئۈستىدە ياراتتى.تىرمىزى.(يەنى ئەزەلدىن **الله** لا بار بولۇپ، ئۇچاغدا **الله** دىن باشقا ھىچ نەرسە يوق ئىدى، ھىچ نەرسە **الله** تىن بۇرۇن ئەمەس ئىدى، ئاندىن **الله** تائالا ئەرشىنى سۇ ئۈستىگە ياراتتى، يەنەبىرخاتىردە؛ قەلەمنى تۇنجى قىتىم ياراتقان، ئاندىن ئاسمان ـ زىمىنلەرنى ياراتتى، ئاندىن كىيىن قۇرئان كىتابىدا:«**الله** تائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئەرشى ئۈستىدە »دىيدى، بىزمۇ شۇنداق دىيدۇق، **الله** ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئەرشى ئۈستىدە، ئەرشى **الله** نى كۆتۈرمەيدۇ، بەلكى **الله** ئەرشىنى كۆتۈرىدۇ، **الله** ئەرشىگە مۇھتاج ئەمەستۇر، ئەرشىنى يوقلۇقتىن ياراتقان تۇرسا، بارلىق مەخلۇقنى ئالدى ـ ئارقا، ئاستى ـ ئۈستى،ئوڭ ـ سولدىن ئىبارەت ئالتە تەرەپ قورشاپ تۇرىدۇ، **الله** نى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، چۈنكى ئوخشىشى يوقتۇر، ئەقلىمۇ **الله** نى چەك ـ چىگرا،دائىرىگە ئالالمايدۇ، پۈتۈن مەخلۇقنى **الله** تائالا ھۇجۇدقا كەل! دەپلا ياراتقان تۇرسا، **الله** ئەزەلىي ئەۋۋەلدۇر، **الله** ئەبەدىي ئاخىردۇر، مەڭگۈ كامىل ھاياتلىق ئىگىسىدۇر، ئەقىللەرگە ئالامەتلىرى بىلەن ئاشكارا، كۆزلەرگە بۇدۇنيادا يوشۇرۇندۇر، مۆئمىنلەر **الله** نى ئاخىرەتتە كۆرەلەيدۇ، ئەرشى، يەتتە ئاسمان، جەننەت ـ دەۋزەخنىڭ ھەقىقىتى، ئەرشى ئاستىدىكى سۇ.....قاتارلىق نەرسىلەرگە بىزنىڭ ئەقلىمىز يەتمەيدۇ، **الله** نىڭ ئەرشى ئۈستىدە ئىكەنلىكى، دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆزىگە لايىق چۈشىشى، بىز بىلەن بىللە بولىشى...قاتارلىق ئەقىيدە مەسىللىرىگىمۇ بىزنىڭ ئەقلىمىز يەتمەيدۇ، بۇئىشلارغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشىنىش ۋاجەب، مەنىسى مەلۇم، كەيپىياتى بىزگە بۇدۇنيادا نامەلۇم، كەيپىياتتىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر، بىز؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى نىمە دىسە، شۇنى دەيمىز، ئىسپاتلىسا، ئىسپاتلايمىز، نەپيي بولۇشىنى قىلسا، بىزمۇ نەپيي بولۇشىنى قىلىمىز، سۈكۈت قىلسا، بىزمۇ سۆز قىلماي سۈكۈت قىلىمىز، بىزنىڭ ئاساسى مەنبەئىمىز قۇرئان،سەھىھ ھەدىستىن مۇتىۋاتىر ھەدىستۇر.**الله** ئەئلەم.

**5726 – [ 29 ]** ( **ضعيف** )**وعن العباس بن عبد المطلب زعم أنه كان جالسا في البطحاء في عصابة ورسول الله صلى الله عليه وسلم جالس فيهم فمرت سحابة فنظروا إليها فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما تسمون هذه ؟ " . قالوا : السحاب . قال : " والمزن ؟ " قالوا : والمزن . قال : " والعنان ؟ " قالوا : والعنان . قال : " هل تدرون ما بعد مابين السماء والأرض ؟ " قالوا : لا ندري . قال : " إن بعد ما بينهما إما واحدة وإما اثنتان أو ثلاث وسبعون سنة والسماء التي فوقها كذلك " حتى عد سبع سماوات . ثم " فوق السماء السابعة بحر بين أعلاه وأسفله ما بين سماء إلى سماء ثم فوق ذلك ثمانية أو عال بين أظلافهن وركهن مثل ما بين سماء إلى سماء ثم على ظهورهن العرش بين أسفله وأعلاه ما بين سماء إلى سماء ثم الله فوق ذلك " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئاباباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر بۆلەك جامائەت ئىچىدە ئولتۇرغاندا، بىر پارچە بۇلۇت ئۆتۈپتۇ، ئۇلار قارىسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى سىلەر نىمە دەپ ئاتايسىلەر؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇلار، سىھاب بۇلۇت دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاندىن مۇزنى دىسە، ئۇلار شۇنداق مۇزنى دەپتۇ، ئىنان دىسە، شۇنداق ئىنان دەپتۇ. ئاسمان ـ زىمىن ئارىلىقى قانچىلىك بىلەمسىلەر؟ دىسە، ئۇلار بىلمەيمىز دەپتۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئارىلىق 71 ـ 72 ياكى 73 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، يەتتىنچى ئاسمان ئۈستىدە بىر دېڭىز بار بولۇپ، ئاستى

بىلەن ئۈستى ئاسمان زىمىن ئارىلىقىدەك كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە 8 سەپ ياكى 8 پەرىشتە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئىككى قوۋۇزغا ئارىسى ياكى قوۋۇزغا بىلەن يوتا ئارىلىقى ئاسمان ـ زىمىنچە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا ئەرش بار،ئەرشىنىڭ ئاستى بىلەن ئۈستى، ئاسمان ـ زىمىنچە كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاللاھ باردۇر، يەنى ئاللاھ ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن. چۈنكى، باشقا سەھىھ ھەدىستە ئىككى ئارىلىق 500 يىللىق مۇساپە دىگەن بار،

**5727 – [ 30 ]** ( ضعيف )وعن جبير بن مطعم قال : أتى رسول الله صلى الله عليه وسلم أعرابي فقال : جهدت الأنفس وجاع العيال ونهكت الأموال وهلكت الأنعام فاستسق الله لنا فإنا نستشفع بك على الله ونستشفع بالله عليك . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " سبحان الله سبحان الله " . فما زال يسبح حتى عرف ذلك في وجوه أصحابه ثم قال : " ويحك إنه لا يستشفع بالله على أحد شأن الله أعظم من ذلك ويحك أتدري ما الله ؟ إن عرشه على سماواته لهكذا " وقال بأصابعه مثل القبة عليه " وإنه ليئط أطيط الرحل بالراكب " رواه أبو داود

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەئرابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، جانلار قىينالدى، باللار ئاچ قالدى، مال ـ چارۋىلار ھالاك بولدى، بىز ئۈچۈن ئاللاھدىن سۇ سوراپ بەرسىلە، بىز سىلىنى ئاللاھقا شاپائەتچى قىلايلى، ئاللاھنى سىلىگە شاپائەتچى قىلايلى دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سۇبھاناللا! سۇبھاناللا! دەپ بىر نەچچە قېتىم دەپ كەتتى، بۇ ساھابىلار يۈزىدە بىلىندى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا ۋاي، ئاللاھنى ھېچ كىشىگە شاپائەتچى قىلىنمايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ، بۈيۈك زات. ساڭا ۋاي، ئاللاھنىڭ قانداق زاتلىقىنى بىلەمسەن؟ ھەققەتەن ئۇنىڭ ئەرشى ئاسمانلىرى ئۈستىدە مۇنداق تۇرىدۇ دەپ بارماقلىرىنى گۈمبەزدەك قىلدى، ئەرش ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىدىن خۇددى ئاتلىق كىشىنىڭ جابدۇقى غىچىرلىغاندەك غىچىرلاپ ئاۋاز چىقىرىدۇ دىدى، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**5728 – [ 31 ]** ( صحيح ) وعن جابر بن عبد الله عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أذن لي أن أحدث عن ملك من ملائكة الله من حملة العرش أن ما بين شحمة أذنيه إلى عاتقيه مسيرة سبعمائة عام " . رواه أبو داود

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا **الله** نىڭ ئەرشىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرىدىن بىر پەرىشتە توغرىسىدا سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىندى.ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى 700 يىللىق مۇساپە كىلىدۇ.ئەبۇداۋۇد،زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتە توغرىسىدا سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىندى، ئۇ پەرىشتىنىڭ ئىككى پۇتى ئەڭ تۆۋەندىكى زىمىندا، ئەرشى ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى بىر قۇشنىڭ 700 يىل ئۇچقان مۇساپىسىدەك كېلىدۇ، شۇ پەرىشتە مۇنداق دەپ تۇرىدۇ؛ قەيەردە بولۇشلىرىدىن قەتئىينەزەر سىلى پاك، ياكى قەيەردە بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر سىلى ھەممىدىن پاك، ئەۋسەت توپلىغان، سەھىھ.

**5729 – [ 32 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن زرارة بن أوفى أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لجبريل : " هل رأيت ربك ؟ فانتفض جبريل وقال : يا محمد إن بيني وبينه سبعين حجابا من نور لو دنوت من بعضها لاحترقت " . هكذا في " المصابيح "

زەرارەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:جىبرىئىلغا؛سەن رەببىڭنى كۆردۈڭمۇ؟ دىسە، جىبرىئىل تىترەپ كىتىپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن بىلەن **الله** نىڭ ئارلىقىدا 70 نۇر پەردە باردۇر، ئەگەر مەن ئۇ نۇر پەردىنىڭ بەزىسىگە يېقىنلاشسام‌لا كۆيۈپ كىتىمەن،دىدى.مەسابىھ.

**5730 – [ 33 ]** ( لم تتم دراسته ) **ورواه أبو نعيم في " الحلية " عن أنس إلا أنه لم يذكر : " فانتفض جبريل "**

**5731 – [ 34 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن الله خلق إسرافيل منذ يوم خلقه صافا قدميه لا يرفع بصره بينه وبين الرب تبارك وتعالى سبعون نورا ما منها من نور يدنو منه إلا احترق رواه الترمذي وصححه**

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:**الله** تائالا ئىسراپىلنى ياراتقان كۈندىن باشلاپلا، ئۇنى،ئۇنىڭ ئىككى قەدىمى سەپتە تۇرغان ھالىتىدە ياراتقاندۇر، (يەنى ئىسراپىل ئىككى قەدىمىنى سەپتە تۇرغاندەك تۇتۇقلىقتۇر)ئۇ كۆزىنى سۇرىدىن ھەرگىز باشقا ياققاكۆتۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن رەب تەبارەكە ۋە تەئالانىڭ ئارلىقىدا 70 نۇر پەردە باردۇر، ئەگەر ئۇ نۇر پەردىنىڭ بەزىسىگە يېقىنلاشسىلا كۆيۈپ كىتىدۇ.تىرمىزى تويلاپ سەھىھ دىدى.**الله** نىڭ ئوخشىشى يوقتۇر.

**5732 – [ 35 ] وعن جابرأن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لما خلق الله آدم وذريته قالت : الملائكة : يا رب خلقتهم يأكلون ويشربون وينكحون ويركبون فاجعل لهم الدنيا ولنا الآخرة . قال الله تعالى : لا أجعل من خلقته بيدي ونفخت فيه من روحي كمن قلت له : كن فكان " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:**الله** تائالا ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ باللىرىنى ياراتقاندا، پەرىشتىلەر؛ ئى رەببىمىز!ئۇلارنى يەپ ئىچىدىغان، نىكاھلىنىدىغان، مەركەپلەرگە مىنىدىغان يارىتىپلا، ئۇلارغا بۇ دۇنيانى، بىزگە ئاخىرەتنى قىلىپ بەرسىلە دىگەندە، **الله** تائالا؛ مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان، روھىمنى پۈۋدىگەن كىشىنى (يەنى ئادەمنى) ۋۇجۇدقا كەل دىسەم، ۋۇجۇدقا كەلگەن كىشىگە(يەنى پەرىشتىگە )ئوخشاش قىلمايمەن دىدى.(يەنى ئادەمگە ۋە باللىرىغا ئاخىرەت بىرىلدى)بەيھەقى تويلىغان.

**5733 – [ 36 ]** **الفصل الثالث** ( ضعيف )**عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " المؤمن أكرم على الله من بعض ملائكته " . رواه ابن ماجه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۆئمىن، ئاللاھقا بەزى پەرىشتىلىرىدىن ھۆرمەتلىكتۇر، ئۇلۇغدۇر، ئىبنى ماجە خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**5734 – [ 37 ]** ( صحيح ) **وعنه قال : أخذ رسول الله صلى الله عليه وسلم بيدي فقال : " خلق الله التربة يوم السبت وخلق فيها الجبال يوم الأحد وخلق الشجر يوم الاثنين وخلق المكروه يوم الثلاثاء وخلق النور يوم الأربعاء وبث فيها الدواب يوم الخميس وخلق آدم بعد العصر من يوم الجمعة في آخر الخلق وآخر ساعة من النهار فيما بين العصر إلى الليل " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا تۇپراق زىمىننى شەنبە كۈنى ياراتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تاغلارنى بولسا، يەكشەنبە كۈنى ياراتتى، دەرەخلەرنى دۈشەنبە كۈنى ياراتتى، مەكرۇھ ئىشلارنى، ياقتۇرۇلمايدىغان نەرسىلەرنى سەيشەنبە كۈنى ياراتتى، نۇرنى چارشەنبە كۈنى ياراتتى، زىمىن ئىچىگە ھايۋانلارنى بولسا، پەيشەنبە كۈنى ياراتتى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جۈمە

كۈنى ئەسىردىن كېيىن، مەخلۇقلارنىڭ ئاخىرىدا جۈمئەنىڭ سائەتلىرىنىڭ ئاخىرىدا،ئەسىر بىلەن كۈن كىرىش ئارلىقىدا ياراتتى، ئەھمەد 7991 _ ھەدىس، مۇسلىم 1410 _ ھەدىس، 4997 _ ھەدىس، تىرمىزى 450 _ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5735 – [ 38 ] ( ضعيف )وعنه قال : بينما نبي الله صلى الله عليه وسلم جالس وأصحابه إذ أتى عليهم سحاب فقال نبي الله صلى الله عليه وسلم : " هل تدرون ما هذا ؟ " . قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " هذه العنان هذه روايا الأرض يسوقها الله إلى قوم لا يشكرونه ولا يدعونه " . ثم قال : " هل تدرون من فوقكم ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " فإنها الرقيع سقف محفوظ وموج مكفوف " . ثم قال : " هل تدرون ما بينكم وبينها ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " بينكم وبينها خمسمائة عام " ثم قال : " هل تدرون ما فوق ذلك ؟ " . قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " سماءان بعد ما بينهما خمسمائة سنة " . ثم قال كذلك حتى عد سبع سماوات " ما بين كل سماءين ما بين السماء والأرض " . ثم قال : " هل تدرون ما فوق ذلك ؟ " قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " إن فوق ذلك العرش وبينه وبين السماء بعد ما بين السماءين " . ثم قال : " هل تدرون ما تحت ذلك ؟ " . قالوا : الله ورسوله أعلم . قال : " إن تحتها أرضا أخرى بينهما مسيرة خمسمائة سنة " . حتى عد سبع أرضين بين كل أرضين مسيرة خمسمائة سنة " قال : " والذي نفس محمد بيده لو أنكم دليتم بحبل إلى الأرض السفلى لهبط على الله " ثم قرأ ( هو الأول والآخر والظاهر والباطن وهو بكل شيء عليم ) رواه أحمد والترمذي . وقال الترمذي : قراءة رسول الله صلى الله عليه وسلم الآية تدل على أنه أراد الهبط على علم الله وقدرته وسلطانه وعلم الله وقدرته وسلطانه في كل مكان وهو على العرش كما وصف نفسه في كتابه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرۇغلۇق ئىدى، بىرپارچە بۇلۇت ئۆتتى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭ نىمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟دىدى. ئۇلار:**الله** ۋەرەسۇلى ئەئلەم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ،بۇلۇت،بۇزىمىننى سۇ بىلەن قاندۇرغۇچىدۇر،**الله** ئۇنى ئۆزىگە شۈكۈر قىلمايدىغان ، دۇئا ئىبادەت قىلمايدىغان كىشىلەرگە ھەيدەيدۇ.سىلەر ئۇستۈڭلاردىكىنىڭ نىمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟دىدى. ئۇلار:**الله** ۋەرەسۇلى ئەئلەم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇدىگەن ئاسمان،بىخەتەر ئۆگزە،دولقۇنلاپ ئۇرغۇپ تۇرغان ، تۇسۇلۇپ تۇرغان ھاۋا (ئاتموسپۇرا) دۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭلارنىڭ ئارلىقىدىكى مۇساپىنى بىلەمسىلەر؟دىدى. ئۇلار:**الله** ۋەرەسۇلى ئەئلەم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: 500 يىللىق مۇساپە دېدى.ۋەئۇنىڭ ئۇستىدە نىمە بارلىقىنى بىلەمسىلەر ؟دىدى. ئۇلار:**الله** ۋەرەسۇلى ئەئلەم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنىڭ ئۇستىدە ئاسمان بار،ئىككى ئارلىق 500 يىللىق مۇساپە كىلىدۇ.ئاندىن يەتتە ئاسماننى ساناپ ھەر ئىككى ئاسماننىڭ ئارلىقى 500 يىللىق مۇساپە كىلىدۇدەپ ، ئۇنىڭ ئۇستىدە نىمە بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟دىدى. ئۇلار:**الله** ۋەرەسۇلى ئەئلەم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنىڭ ئۇستىدە ئەرشى باردۇر،ئاسمان بىلەن بولغان ئارلىقى 500 يىللىق مۇساپە كىلىدۇدەپ ئاستىدا نىمە بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟دىدى. ئۇلار:**الله** ۋەرەسۇلى ئەئلەم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بۇنىڭ ئاستىدا يانا بىر زىمىن بار . ئىككىسىنىڭ ئارلىقى 500 يىللىق مۇساپە كىلىدۇدەپ يەتتە زىمىننى ساناپ ھەر ئىككى زىمىننىڭ ئارلىقى 500 يىللىق مۇساپە كىلىدۇ، **الله** بىلەن قەسەمكى ئەگەر سىلەر ئەڭ تۆۋەندىكى زىمىنغا ئارغامچا تاشلىساڭلار، ئەلبەتتە ئاللاھقا چۈشىدۇ دېدى ، ۋە سۈرە ھەدىيدنىڭ بېشىدىكى 3 ـ ئايەتنى ئۇقدى.« **الله**نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (**الله**) ئاشكارىدۇر(يەنى مەۋجۇتلىقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، **الله** ھەممە نەرسىنى

بىلگۈچىدۇر.» تىرمىزى : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇئايەتنى ئوقۇشى ، الله نىڭ ئىلمىغا ، قۇدرىتىگە ، سەلتەنەتىگە چۈشىدۇ دىمەكچى،الله نىڭ ئىلمى ، قۇدرىتى ، سەلتەنەتى ھەر قانداق ماكاندا باردۇر ، ئۆزى بولسا ، ئۆز كىتابىدا سۈپەتلىگەندەك ئەرشى ئۈستىدە ئەرشىدىنمۇ ئۈستۈندۇردىدى. الله نىڭ ئوخششى يوقتۇر.تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىدى، ئىسنادى ئۈزۈلۈك.

**5736 – [ 39 ] ( صحيح ) وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " كان طول آدم ستين ذراعا في سبع أذرع عرضا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەز، توغرىلىقى يەتتە گەز ئىدى.ئەھمەد توپلىغان.سەھىھ.

**5737 – [ 40 ] ( صحيح ) وعن أبي ذر قال : قلت : يا رسول الله أي الأنبياء كان أول ؟ قال : " آدم " . قلت : يا رسول الله ونبي كان ؟ قال : " نعم نبي مكلم " . قلت : يا رسول الله كم المرسلون ؟ قال : " ثلاثمائة وبضع عشر جما غفيرا "وفي رواية عن أبي أمامة قال أبو ذر : قلت يا رسول الله كم وفاء عدة الأنبياء ؟ قال : " مائة ألف وأربعة وعشرون ألفا الرسل من ذلك ثلاثمائة وخمسة عشر جما غفيرا "**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! پەيغەمبەرلەرنىڭ قايسىسى تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى؟دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئادەم ئاتا دىدى، مەن؛ ئادەممۇ پەيغەمبەر بولغانمۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ھەئە، ئۇمۇ الله تەرەپتىن سۆز قىلىنغان پەيغەمبەر بولغان دىدى، مەن؛ مۇرسەل پەيغەمبەرلەر نەچچە دىسەم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ 300ئۈچ يۈز ئون نەچچە ئىدى دىدى، يەنە بىردە؛ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى قانچىلىك؟دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلار 124000 پەيغەمبەر ئىدى، ئۇلاردىن 315 نىڭ ھەممىسى مۇرسەل پەيغەمبەر ئىدى دىدى.ئەھمەد توپلىغان،ئەلبانىي سەھىھ دىدى.

**5738 – [ 41 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ليس الخبر كالمعاينة إن الله تعالى أخبر موسى بما صنع قومه في العجل فلم يلق الألواح فلما عاين ما صنعوا ألقى الألواح فانكسرت . روى الأحاديث الثلاثة أحمد**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇلاقتا ئاڭلىغان خەۋەر، كۆز بىلەن كۆرگەن خەۋەرگە ئوخشاش ئەمەستۇر، ھەققەتەن، ئاللاھتائالا مۇساغا؛ ئۇنىڭ قەۋمى موزاي توغرىسىدا قىلغان ئىشلارنى، موزايغا چوقۇنۇپ كەتكىنىنى خەۋەر قىلىپ، دىگەندە، مۇسا، تاختايلانى تاشلىمىغان ئىدى، جىم تۇرغان ئىدى، ئۇ قەۋمىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆزى بىلەن كۆرگەندە بولسا، تەۋرات تاختىلىرىنى تاشلىۋەتتى، تاختىلار سۇنۇپ كەتتى، (مۇسانىڭ ئاللاھدىن قۇلاقتا ئاڭلىغان خەۋىرى، كۆزى بىلەن كۆرگەنگە ئوخشىماي قالدى، يەنى ۋەقە ئوخشاش بولسىمۇ، تەسىرى ئوخشاش بولمىدى، چىداپ تۇرالمىدى). ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، 1000 ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەۋلا دىگەن شۇ، ھەر قانداق ھېكمەتنىڭ قۇرئان، ھەدىس ئاساسى مەنبەسىدۇر. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇلاق ئاڭلىغان خەۋەر، كۆز كۆرگەنگە ئوخشاش ئەمەستۇر. تەبرانى، خەتىيب توپلىغان، سەھىھ.

[ 1 ] باب فضائل سيد المرسلين صلوات الله وسلامه عليه

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

5739 – [ 1 ] ( صحيح ) الفصل الأول عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بعثت من خير قرون بني آدم قرنا فقرنا حتى كنت من القرن الذي كنت منه " . رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەسىر زامانلىرىنىڭ ئەسىرمۇ ــ ئەسىر ئەڭ ياخشىسىدا ئەۋەتىلدىم، ھەتتا مەن دۇنياغا كەلگەن مۇشۇ ئەسىردە بولدۇم، (يەنى ياخشى كىشىلىرى ئىچىدىن ئەۋەتىلدىم) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

5740 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن واثلة بن الأسقع قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله اصطفى كنانة من ولد إسماعيل واصطفى قريشا من كنانة واصطفى من قريش بني هاشم واصطفاني من بني هاشم " . رواه مسلم وفي رواية للترمذي : " إن الله اصطفى من ولد إبراهيم إسماعيل واصطفى من ولد إسماعيل بني كنانة "

ۋاسىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كەنانە قەبىلىسىنى ئىسمائىلنىڭ بالىلىرىدىن تاللىدى، قۇرەيشنى كەنانەدىن تاللىدى، قۇرەيشلەردىن ھاشىم جەمەتىنى تاللىدى، ھاشىم جەمەتىدىن مېنى تاللىدى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

5741 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : أنا سيد ولد آدم يوم القيامة وأول من ينشق عنه القبر وأول شافع وأول مشفع " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:مەن قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ سەييىدى، خوجىسى، مەن قەبرىسى يېرىلىپ چىقىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى، تۇنجى شاپائەت قىلغۇچى،تۇنجى بولۇپ، شاپائىتى قوبۇل بولىدىغان، شاپائەت ھوقۇقى بېرىلگەن كىشى بولىمەن،مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ

5742 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا أكثر الأنبياء تبعا يوم القيامة وأنا أول من يقرع باب الجنة " . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغان كىشى بولىمەن، (مېنىڭ ئۈممىتىم شۇنداق كۆپ بولىدۇ) جەننەتنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى بولۇپ قاقىدىغان كىشى، مەن بولىمەن، يەنى مەن ۋە ئۈممىتىم ئالدى بىلەن جەننەتكە كىرىمىز، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ بىزنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن، بۇ ھەدىس ئۇچۇقلا مۆجىزە ئىكەن، قاراڭلار! راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى كۆپ ئىكەن.

5743 – [ 5 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " آتي باب الجنة يوم القيامة فأستفتح فيقول الخازن : من أنت ؟ فأقول : محمد . فيقول : بك أمرت أن لا أفتح لأحد قبلك " . رواه مسلم

ئەنەس،ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى

جەننەتنىڭ ئىشكى يېنىغا بىرىپ، ئىشكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىمەن، باشقۇرغۇچى خازىن، كىم سەن؟ دەيدۇ. مەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەيمەن، ئاندىن ئۇ؛ مەن سەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشكە ئىشكنى ئاچماسلىققا، پەقەت ساڭىلا ئېچىپ بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدىم دەيدۇ. مۇسلىم،تىرمىزي، ئەھمەد خاتىرلىگەن.سەھىھ

**5744 – [ 6 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا أول شفيع في الجنة لم يصدق نبي من الأنبياء ما صدقت وإن من الأنبياء نبيا ما صدقه من أمته إلا رجل واحد " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەننەت توغرىسىدا جەننەتكە ئاسىيلارنى ئەركىرىشتە تۇنجى شاپائەتچى بولىمەن، پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرسى مەن تەستىقلانغاندەك تەستىقلانمىدى، ھەققەتەن پەيغەمبەرلەردىن بەزى بىر پەيغەمبەر باركى ئۇنىڭغا پەقەت ئۈممىتىدىن بىرلا كىشى ئىمان كەلتۈرۈپ، تەستىقلىغان، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. دىمەك، بىر كىشى ئىمان كەلتۈرگەن پەيغەمبەرمۇ بار ئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىدىن 70000 كىشى ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ھەربىرى بىلەن يەنە 70000 باردۇر.

**5745 – [ 7 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثلي ومثل الأنبياء كمثل قصر أحسن بنيانه ترك منه موضع لبنة فطاف النظار يتعجبون من حسن بنيانه إلا موضع تلك اللبنة فكنت أنا سددت موضع اللبنة ختم بي البنيان وختم بي الرسل " . وفي رواية : " فأنا اللبنة وأنا خاتم النبيين " . متفق عليه**

ئۇبەي، جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى مىسالىم، مۇنۇ كىشىنىڭ قۇرلۇش مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر هويلا، ئۆي سېلىپ ناھايىتى گۈزەل، ياخشى، كامىل پۈتتۈرۈپ، پەقەت بىرلا قىشىنىڭ ئورنىنى قويۇپ قويىدۇ، قارىغۇچى كىشىلەر بۇ قۇرۇلۇشنى زىيارەت قىلىپ، ھەيران قالىدۇ، ۋە ئۇلار: كاشكى مۇشۇ بىر دانە قىشنىڭ ئورنىمۇ تولۇق تامام بولۇپ كەتكەن، پۈتۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟! دەپ قالىدۇ. مەن پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى ئاشۇ بىر تال قىشنىڭ ئورنى بولىمەن، مەن شۇ قىشنىڭ ئورنىنى كامىل تولۇقلايمەن. مەن بىلەن قۇرلۇش تولۇق،كامىل تامام بولىدۇ، مەن بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلىك تامام بولىدۇ، مەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرمەن.بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى، توپلىغان، سەھىھ

**5746 – [ 8 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من الأنبياء من نبي إلا قد أعطي من الآيات ما مثله آمن عليه البشر وإنما كان الذي أوتيت وحيا أوحى الله إلي وأرجو أن أكون أكثرهم تابعا يوم القيامة " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرگە كىشىلەر ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرگىدەك مىسلىسىز مۆجىزە ئالامەت بېرىلدى،ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرگەبېرىلگەندەك مۆجىزە ـ ئالامەت بىرىلدى. ھەققەتەن ماڭا بېرىلگەن مۆجىزە ئالامەت بولسا، ئاللاھتائالا ماڭا ۋەھيي قىلغان ۋەھيي قۇرئاندۇر، مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇشۇمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، (چۈنكى، قۇرئان مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرىدىغان مۆجىزە، ئالامەتتۇر، راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەممىدىن كۆپتۇر). بۇخارى، مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھەھ.

**5747 – [ 9 ] وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أعطيت خمسا لم يعطهن أحد قبلي : نصرت بالرعب مسيرة شهر وجعلت لي الأرض مسجدا وطهورا فأيما رجل من أمتي أدركته الصلاة فليصل وأحلت لي المغانم ولم تحل لأحد قبلي وأعطيت الشفاعة وكان النبي يبعث إلى قومه خاصة وبعثت إلى الناس عامة " . متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا بېرىلمىگەن بەش ئىش ماڭا بېرىلدى.

1. ماڭا بىر ئايلىق مۇسايە يىراقدىن كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى.

2. مەن ئۈچۈن يەنى بارلىق ئۈممىتىم ئۈچۈن زىمىن، مەسجىد قىلىندى، ۋە تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن پاكلىغۇچى پاكىز قىلىندى.ئۈممىتىمدىن كىمگە ناماز ۋاختى كىرسە، شۇ جايدا ناماز ئوقۇۋەرسە بولىدۇ، «بۇرۇنقىلار مەسجىددىن باشقا جايدا ناماز ئوقىيالمايتتى»

3. ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى، مەندىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە ھالال قىلىنمىغان «غەنىيمەتنى ئوت چۈشۈپ كۆيدۈرۈۋېتەتتى».

4. ماڭا شاپائەت بېرىلدى. 5. ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە خاسلا ئەۋەتىلگەن، مەن بولسام بارلىق كىشىلەرگە ئاممەتەن ئەۋەتىلدىم «يەنى بىرەر ئىنسان مارىسقا چىقىۋالسىمۇ، يەنىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىدۇر» بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5748 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال :فضلت على الأنبياء بست :أعطيت جوامع الكلم ونصرت بالرعب وأحلت لي الغنائم وجعلت لي الأرض مسجدا وطهورا وأرسلت إلى الخلق كافة وختم بي النبيون رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۈستىگە ئالتە نەرسە بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندىم، ماڭا كەلىمىلەر توپلىمى لەۋزى قىسقا ئىخچام، مەنىسى مول قۇرئان بېرىلدى، ماڭا كاپىرلار قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى، ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى، مەن ئۈچۈن زىمىن مەسجىد ۋە تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن پاك ـ پاكىز قىلىندى، مەن بارلىق كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، مەن بىلەن پەيغەمبەرلەر تامام قىلىنىپ، ئاخىرلاشتى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىستە ھۆكۈم ئوچۇقتۇر، ئۆزىلا چۈشىنىشلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزلەرگە ھەدىسنىڭ ئۆزى دەلىل ـ ئىسپات ھۆججەتتۇر.

**5749 – [ 11 ] ( متفق عليه ) وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " بعثت بجوامع الكلم ونصرت بالرعب وبينا أنا نائم رأيتني أوتيت بمفاتيح خزائن الأرض فوضعت في يدي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول بولغان كەلىمىلەر توپلىمى قۇرئان بىلەن ئەۋەتىلدىم، ماڭا دۈشمەنلەر قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى، مەن ئۇخلاۋاتسام، زىمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى كەلتۈرۈلۈپ، قولۇمغا قويۇلدى،

نەسەئى، بەيهەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5750 [ 12 ]** ( صحيح ) وعن ثوبان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله زوى لي الأرض فرأيت مشارقها ومغاربها وإن أمتي سيبلغ ملكها ما زوي لي منها وأعطيت الكنزين : الأحمر والأبيض وإني سألت ربي لأمتي أن لا يهلكها بسنة عامة وأن لا يسلط عليهم عدوا من سوى أنفسهم فيستبيح بيضتهم وإن ربي قال : يا محمد إذا قضيت قضاء فإنه لا يرد وإني أعطيتك لأمتك أن لا أهلكهم بسنة عامة وأن لا أسلط عليهم عدوا سوى أنفسهم فيستبيح بيضتهم ولو اجتمع عليهم من بأقطارها حتى يكون بعضهم يهلك بعضا ويسبي بعضهم بعضا " . رواه مسلم

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ماڭا زېمىننى قاتلاپ، يىغىپ كۆرسەتتى، مەن زېمىننىڭ مەشرىق، مەغرىپلىرىنى كۆردۈم، ھەقىقەتەن ئۈممىتىمنىڭ پادىشاھلىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى پات يېقىندا ماڭا كۆرسىتىلگەن جايلارغا يېتىپ بارىدۇ، ماڭا ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن ئىبارەت ئىككى كاڭ بېرىلدى، ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىم ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمدىن ئۇلارنى قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك قىلماسلىقنى سورىدۇم، شۇنداقلا، ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن باشقا دۈشمەنلەرنى غالىپ قىلماسلىقنى سورىدىم، دۈشمەنلەر غالىپ كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، سەلتەنەتلىرىنى تارتىۋالىدۇ، ھەقىقەتەن رەببىم ئاللاھ، ماڭا مۇنداق دېدى؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن مەن بىرەر ھۆكۈمنى، قازانى قىلسام، شەك ــ شۈبھىسىز ئۇ رەت قىلىنمايدۇ، مەن ئۈممىتىڭنى قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق بىلەن ئومومىيۈزلۈك ھالاك قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ سەلتەنەتلىرىنى تارتىۋالىدىغان، ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ قىلمايمەن، گەرچە دۈشمەنلەر ئۇلارغا قارشى پۈتۈن قىتئەلەر ئارا تەرەپ ــ تەرەپىدىن بىرلەششىمۇ يەنىلا ئۈممىتىڭ ئۈستىگە غالىپ قىلمايمەن، تاكى ئۇلار يەنى ئۈممىتىڭ بەزىسى ــ بەزىسىنى ھالاك قىلىپ، بەزىسى ــ بەزىسىنى يوقىتىۋېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىمگە زالالەتچى ئازغۇن، ئازدۇرغۇچى ئىماملاردىن قورقىمەن، شۇنداق ئىماملاردىن ئەنسىرەيمەن، ئۈممىتىم ئىچىگە ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، قىرغىنچىلىق ئۈچۈن قىلىچ قويۇلسا، قىيامەت كۈنىگىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ، ئۈممىتىمدىن بىر نەچچە قەبىلە مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ كەتمىگىچە، بىر نەچچە قەبىلە بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ھەقىقەتەن يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە 30 كاززاپ چىقىپ، ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ، مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، تامام قىلغۇچىسى، مەندىن كېيىن قەتئىي پەيغەمبەر چىقمايدۇ، ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ھەق ئۈستىدە ھەقىقەت ئۈستىدە غەلىبە قىلغان ھالدا، داۋاملىشىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۇلارغا زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى، قىيامەت كەلگەنگە قەدەر شۇنداق غەلىبە قىلىدۇ، مۇسلىم 5144 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2102 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3710 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3942 ــ ھەدىس، ئەھمەد 21415 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5751 – [ 13 ]** ( صحيح ) وعن سعد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر بمسجد بني معاوية دخل فركع فيه ركعتين وصلينا معه ودعا ربه طويلا ثم انصرف فقال : " سألت ربي ثلاثا فأعطاني ثنتين ومنعني واحدة سألت ربي أن لا يهلك أمتي بالسنة فأعطانيها وسألته أن لا يهلك أمتي بالغرق فأعطانيها وسألته أن لا يجعل بأسهم بينهم فمنعنيها " . رواه مسلم

سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنىي مۇئاۋىيىنىڭ مەسجىدىنىڭ يېنىدىن

ئۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، بىزمۇ بىللە ناماز ئوقۇدۇق، بۇنامىزىدا رەببىگە ناھايىتى ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، نامازدىن قايتقاندىن كىيىن مۇنداق دىگەن: مەن رەببىمدىن ئۈچ نەرسىنى سورىسام، ئىككىنى بىرىپ، بىرنى بەرمىدى، مەن رەببىمدىن ئۈممىتىمنى قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىسام، بۇنى ماڭا بەردى، مەن رەببىمدىن ئۈممىتىمنى غەرىق، توپان بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىسام، بۇنىمۇ بەردى، مەن يەنە ئۇلارنىڭ ئازابىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا قىلماسلىقنى، بەزىسى ــ بەزىسى بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقنى، ئىختىلاپ، زىندىيەت قىلماسلىقنى سورىسام، بۇنى مەندىن چەكلەپ بەرمىدى، ئەھمەد بىلەن مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5752 – [ 14 ]** ( صحيح ) **وعن عطاء بن يسار قال : لقيت عبد الله بن عمرو بن العاص قلت : أخبرني عن صفة رسول الله صلى الله عليه وسلم في التوراة قال : أجل والله إنه لموصوف ف التوراة ببعض صفته في القرآن :** ( **يا أيها النبي إنا أرسلناك شاهدا ومبشرا ونذيرا** ) **وحرزا للأميين أنت عبدي ورسولي سميتك المتوكل ليس بفظ ولا غليظ ولا سخاب في الأسواق ولا يدفع بالسيئة السيئة ولكن يعفو ويغفر ولن يقبضه الله حتى يقيم به الملة العوجاء بأن يقولوا : لا إله إلا الله ويفتح بها أعينا عميا وآذانا صما وقلوبا غلفا . رواه البخاري**

ئەتائ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ؛ ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدىن خەۋەر بەرگىن دىسەم، ئۇماڭا؛ بولىدۇ، **الله** بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاندىكى سۈپەتلىرىنىڭ بەزىسى بىلەن تەۋراتتىمۇ سۈپەتلەنگەندۇر، «ئى پەيغەمبەر! بىز سىنى گۇۋاھچى، مۆئمىنلەرگە بىشارەت بەرگۈچى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق» ئەرەپلەرنى قوغدىغۇچى قىلدۇق، سەن مىنىڭ بەندەم ۋە ئەلچەم، مەن سىنى تەۋەككۇل قىلغۇچى دەپ ئاتىدىم، ئۇنىڭ ئەخلاقى ناچار ئەمەس، تەبىئىتى، تىلى قوپال ئەمەس،دىلى قاتتىق ئەمەس، بازارلاردا يۇقىر ئاۋاز بىلەن ۋارقىرمايدۇ، يامانلىقنى يامانلىق بىلەن دەپئى قىلمايدۇ، بەلكى، ئەپۇ قىلىپ كەچۈرىدۇ، **الله** تائالا ئۇنىڭ سەۋەبلىك ئەگرى مىللەتنى « لائىلاھەئىللە **الله** » دىگۈزۈش بىلەن تۈزلىمىگىچە، ئۇنى ۋاپات تاپقۇزمايدۇ، بۇ ئىمان كەلىمىسى بىلەن كور كۆزلەرنى، گاس قۇلاقلارنى، قۇلۇپ سىلىنغان دىللارنى ئاچىدۇ،دىدى.بۇخارى.

**5753 – [ 15 ]** ( صحيح ) **وكذا الدارمي عن عطاء عن ابن سلام نحوه وذكر حديث أبي هريرة : نحن الآخرون في باب الجمعة**

**5754 – [ 16 ] الفصل الثاني** ( صحيح ) **عن خباب بن الأرت قال : صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاة فأطالها . قالوا : يا رسول الله صليت صلاة لم تكن تصليها قال : " أجل إنها صلاة رغبة ورهبة وإني سألت الله فيها ثلاثا فأعطاني اثنتين ومنعني واحدة سألته أن لا يهلك أمتي بسنة فأعطانيها وسألته أن لا يسلط عليهم عدوا من غيرهم فأعطانيها وسألته أن لا يذيق بعضهم بأس بعض فمنعنيها " . رواه الترمذي والنسائي**

خالىدىلخۇزائى، خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر قېتىم بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇپ بىرىپ، بۇ نامازنى ناھايىتى ئۇزۇن ئوقۇدى، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇرۇن ئوقۇپ باقمىغان بىر نامازنى ئوقۇدىڭىزغۇ؟دىگەندە مۇنداق دىگەن: شۇنداق،ھەقىقەتەن بۇ، ئاللاھدىن قورقۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمەت ـــ پەزلىنى ئۈمىد قىلىپ، قىزىقىپ ئوقۇلغان ناماز بولدى، مەن ئاللاھتائالادىن بۇ نامازدا ئۈچ خىسلەت ئىشنى سورىسام، ماڭا ئىككىنى بىرىپ، بىرنى بەرمىدى، مەن ئاللاھدىن سىلەرنى،ئۈممىتىمنى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگە يەتكەن قەھەتچىلىكتەك ئازاب بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىسام، ماڭا ئۇنى بەردى، مەن ئاللاھدىن

سلەرنىڭ خەلىپىلىك سەلتەنەتىڭلارغا دۈشمەننى غالىپ قىلماسلىقنى سورىسام، بۇنىمۇ بەردى، ئۇ چاغدا ئۇلار بۇ سەلتەنەتنى بۇلاپ تارتىۋالىدۇ ئىسلام ئۇممىتىنى ھالاك قىلىدۇ، مەن ئاللاھدىن سىلەرنى پىرقە ــ پىرقىگە بۆلۈۋەتمەسلىكنى، ئىختىلاپ قىلدۇرماسلىقنى، بەزىڭلارنىڭ ئازابىنى بەزىڭلارغا تېتىتماسلىقنى سورىسام، بۇنى ماڭا بەرمىدى، بۇ دۇئايىمنى ئىجاۋەت قىلمىدى. ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسنى ئالىملار سۈرە ئەنئام 65 ــ ئايەتكە تەپسىر قىلىشىدۇ، بۇ ئايەتتە ئاللاھ «سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ، بىرىڭلارغا ــ بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىشقا قادىردۇر» دېيىلگەن. بۇ ھەدىس، مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا شۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن، ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئەمما، ساھابىلار، تابىئىنلار، مۇجتەھىدلەر بولارنىڭ توغرا قىلغىنى ئىككى ئەجىر ئالسا، خاتالاشقىنى بىر ئەجىر ئالاتتى، خاتالىقى ئەپۇ قىلىناتتى، ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاكا ـ ئىنىلەردەك ئۇرۇشۇپ قالغان، بىز بۇنى توغرا چۈشىنىمىز، تېخىمۇ توغرا چۈشۈنۈپ، تەپسىلى بىلەي دېسىڭىز، ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «بەدايەت ۋە نەھايەت» دىگەن تارىخ كىتابىنى كۆرۈڭ.

**5755 – [ 17 ] وعن أبي مالك الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله عز وجل أجاركم من ثلاث خلال:أن لا يدعو عليكم نبيكم فتهلكوا جميعا وأن لا يظهر أهل الباطل على أهل الحق وأن لا تجتمعوا على ضلالة رواه أبو داود**

ئەنەس،ئەبۇمالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرنى(مىنىڭ ئۇممىتىمنى)ئۈچ خىسلەت ئىشتىن قۇتقۇزۇپ قالدى، 1 ـ ھەممىڭلارنىڭ بىراقلا ھالاك بولۇشىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە قارشى دۇئا قىلمايدۇ،2 ـ باتىل ئەھلى ، ھەق ئەھلىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ بولالمايدۇ،3 ـ سىلەرنىڭ زالالەت، ئازغۇنلۇق ئۈستىدە بىرلىششىڭلاردىن قۇتقۇزۇپ قالدى (ئۇممىتىم زالالەت ئۈستىدە بىرلەشمەيدۇ) ئەبۇداۋۇد،ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىس ئىجمائقا دەلىلدۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مىنىڭ ئۇممىتىمنى زالالەت، ئازغۇنلۇق ئۈستىدە بىرلىششىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى (ئۇممىتىم زالالەت ئۈستىدە بىرلەشمەيدۇ) ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، ھەسەن.

**5756 – [ 18 ] وعن عوف بن مالك قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لن يجمع الله على هذه الأمة سيفين : سيفا منها وسيفا من عدوها " رواه أبو داود**

ئەۋىف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا بۇ ئۇممەتكە قارشى ئىككى قىلىچنى بىرلەشتۈرمەيدۇ، بىرى بۇ ئۇممەتنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىچى، يەنە بىرى بولسا، دۈشمەنىنىڭ قىلىچى، بۇ ئىككى قىلىچ، بۇ ئۇممەتكە قارشى بىرلەشمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. يەنى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنسىزلار بىلەن بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، ئۇنداق كىشى مۇسۇلمان ئەمەس، مۇسۇلمانلار تەلەپكە لايىق نىيەتنى رۇسلىسا، ئاللاھ بۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

**5757 – [ 19 ] ( صحيح ) وعن العباس أنه جاء إلى النبي صلى الله عليه وسلم فكأنه سمع شيئا فقام النبي صلى الله عليه وسلم على المنبر فقال : " من أنا ؟ " فقالوا : أنت رسول الله . فقال : " أنا محمد بن عبد الله بن عبد المطلب إن الله خلق الخلق فجعلني في خيرهم ثم جعلهم فرقتين فجعلني في خير فرقة ثم جعلهم قبائل فجعلني في خيرهم قبيلة ثم جعله بيوتا فجعلني في خيرهم بيتا فأنا**

خيرهم نفسا وخيرهم بيتا " . رواه الترمذي

مۇتەللىپ ئىبنى ئەبۇ ۋەدائەت،ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا نەسەپ جەھەتتىن بىرەر يامان سۆز ئاڭلاپ قالغاندەك ھالەتتە كەلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېدى:مەن كىم؟ ئۇلار؛ سىلى الله نىڭ ئەلچىسى دېدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ ؛ مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپ بولىمەن،سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن ئاللاھ بارلىق خەلقلەرنى يارىتىپ، مېنى ئۇلارنىڭ ياخشىسىدا قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى ئىككى فىرقە، ئىككى تائىپە قىلىپ، يەنە مېنى ئۇلارنىڭ ياخشى پىرقىسىدا قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى قەبىلە _ قەبىلە قىلىپ، يەنە مېنى قەبىلە جەھەتتىنمۇ ئۇلارنىڭ ياخشىسىدا قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى ئۆي _ ئۆيگە بۆلۈپ، يەنىلا مېنى ئۆي جەھەتتىنمۇ ئۇلارنىڭ ياخشىسىنىڭ ئىچىدە قىلدى، مەن سىلەرنىڭ ئۆي جەھەتتىنمۇ ياخشىڭلار، نەپسى، نەسەپ جەھەتتىنمۇ ياخشىراقىڭلار،دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5758 – [ 20 ]** ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قالوا : يا رسول الله متى وجبت لك النبوة ؟ قال : " وآدم بين الروح والجسد " . رواه الترمذي

مەيسەرەت، ئەبۇلجەدئا، ئىبنى ئابباس،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن،ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلىگە پەيغەمبەرلىك قاچانراق ۋاجىب،مۇقۇم بولغان؟دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم ئاتا، روھ بىلەن جەسەد ئارىسىدىكى چاغدىلا، مەن پەيغەمبەر ئىدىم، (يەنى، مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش مۇقۇم قىلىنىپ پۈتۈلگەن).تىرمىزى،ئەبۇ نۇئەيىم،ئىبنى سەئىد،ئىبنى ھەببان توپلىغان،سەھىھ.

**5759 – [ 21 ]** ( صحيح ) وعن العرباض بن سارية عن رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه قال : " إني عند الله مكتوب : خاتم النبيين وإن آدم لمنجدل في طينته وسأخبركم بأول أمري دعوة إبراهيم وبشارة عيسى ورؤيا أمي التي رأت حين وضعتني وقد خرج لها نور أضاء لها منه قصور الشام " . رواه في " شرح السنة "

ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم ئاتا ئۆز لېيى ئىچىدە يۇغرىلىۋاتقاندا، (يەنى تۇپراقتىن يارلىۋاتقاندىلا)مەن الله نىڭ دەرگاھىدا:« پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى» دەپ يېزىقلىق ئىدىم، مەن ئۆزۈمنىڭ تۇنجى بىشارىتىنى سىلەرگە خەۋەر قىلىپ دەپ بېرەي، ئۇبولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى، ئەيسانىڭ بىشارىتى، ئانامنىڭ چۈشى ئىدى، ئانام مېنى تۇغقاندا بىر چۈش كۆرۈپتۇ، ئانامنىڭ چۈشىدە گوياكى، ئۇنىڭدىن بىر نۇر چىقىپ، شۇ نۇردىن شامنىڭ قەسىرلىرىمۇ نۇرلىنىپ يورۇپ كېتىكىدەك. ئەبۇ مەريەم غەسسانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە، مىساق ئالغاندەك، مەندىنمۇ ئەھدە، مىساق ، ۋەدە، توختام ئالدى، مەن بىلەن مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىشارەت بەردى ۋە ئانام بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئىككى پۇتى ئارىلىقىدىن بىر چىراغ، نۇر چىقىپ، شامنىڭ يەنى سۈرىيە ئەتراپىنىڭ قەسىرلىرىنى يورىتىۋېتىپتۇ، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم، ئىبنى مەردۇيىيەلەر توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس ھەسەن دېگەن.

**5760 – [ 22 ]** ( صحيح ) ورواه أحمد عن أبي أمامة من قوله : " سأخبركم " إلى آخره

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئانام چۈشىدە

گوياكى، ئۇنىڭدىن بىر نۇر چىقىپ، شۇ نۇردىن شامنىڭ قەسىرلىرىمۇ نۇرلىنىپ يورۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپتۇ، (مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىشارەت ئىدى) ئىبنى سەئدى توپلىغان، سەھىھ. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى (يەنى قۇرئاندا كەلگەن دۇئادىكى كىشى مەن شۇ) مەن بىلەن بىشارەت بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بولدى (بۇ قۇرئاندا ئوچۇق سۆزلىنىدۇ، ئىسمى ئەھمەد دىگەن بار) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

5761 – [ 23 ] وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا سيد ولد آدم يوم القيامة ولا فخر وبيدي لواء الحمد ولا فخر . وما من نبي يومئذ آدم فمن سواه إلا تحت لوائي وأنا أول من تنشق عنه الأرض ولا فخر " رواه الترمذي

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: مەن قىيامەت كۈنى ئادەم باللىرىنىڭ سەييدى، يول باشچىسى بولىمەن، لېكىن، پەخىرلەنمەيمەن، ھەمدە بايرىقى مىنىڭ قولۇمدا بولىدۇ، يەنىلا مەندە پەخىر يوق، ئادەم ئاتا ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەر مېنىڭ بايرىقىم ئاستىدا بولىدۇ، مەن قېبرىسى يېرىلىپ چىقىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى، مەن تۇنجى شاپائەت قىلغۇچى، تۇنجى بولۇپ، شاپائەت ھوقۇقى بېرىلىدىغان شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشى بولىمەن، لېكىن، پەخىرلەنمەيمەن، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغا، سەھىھ.

5762 – [ 24 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : جلس ناس من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم فخرج حتى إذا دنا منهم سمعهم يتذاكرون قال بعضهم : إن الله اتخذ إبراهيم خليلا وقال آخر : موسى كلمه الله تكليما وقال آخر : فعيسى كلمة الله وروحه . وقال آخر : آدم اصطفاه الله فخرج عليهم رسول الله صلى الله عليه وسلم وقال : " قد سمعت كلامكم وعجبكم إن إبراهيم خليل الله وهو كذلك وآدم اصطفاه الله وهو كذلك ألا وأنا حبيب الله ولا فخر وأنا حامل لواء الحمد يوم القيامة تحته آدم فمن دونه ولا فخر وأنا أول شافع وأول مشفع يوم القيامة ولا فخر وأنا أول من يحرك حلق الجنة فيفتح الله لي فيدخلنيها ومعي فقراء المؤمنين ولا فخر وأنا أكرم الأولين والآخرين على الله ولا فخر " . رواه الترمذي والدارمي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ساھابىلار ئولتۇراتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ كەلدى، ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇزاكىرىلىرىنى ئاڭلاپ قالدى، بەزىسى، ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتتى دېسە، يەنە بىرسى مۇسانى خەلىيل دوست تۇتتى، سۆز قىلدى دېسە، يەنە بىرسى ئەيسا ئاللاھنىڭ كەلىمىسى روھ دېدى، يەنە بىرسى، ئاللاھ ئادەم ئاتىنى تاللىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، سۆزۈڭلارنى ئاڭلىدىم، ھەيران قالغىنىڭلارنى بىلدىم، ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خەلىيل، ئاللاھنىڭ دوستى، شۇنداق، ئاللاھ ئادەمنى تاللىدى، ئۇمۇ شۇنداق، ئاگاھ بولۇڭلار مەن ئاللاھنىڭ ھەبىيبى دوستى، پەخرى يوق، مەن قىيامەت كۈنى ھەمدە بايرىقىنى كۆتۈرىمەن، ئادەمدىن تارتىپ ھەممىسى شۇنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ، پەخىر قىلمايمەن، مەن تۇنجى شاپائەتچى، قىيامەت كۈنى ماڭا شاپائەت قىلىش بېرىلىدۇ، پەخىر يوق، مەن تۇنجى بولۇپ جەننەت ھالقىسىنى چېكىمەن، ئاللاھ ماڭا ئېچىپ بېرىدۇ، مەن بىلەن پېقىر مۆئمىنلەر كىرىدۇ، پەخىر قىلمايمەن، مەن ئاللاھقا ئەۋۋەل ـ ئاخىرقىلاردىنمۇ ھۆرمەتلىك، پەخىرلەنمەيمەن دېدى، تىرمىزى، دارمى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن، بۇ ئىشلارتوغرىسىدا ئايەت، سەھىھ ھەدىس كۆپايە، مەنىسى توغرا بولسىمۇ ئىسنادى زەئىپ.

5763 – [ 25 ] وعن عمروبن قيس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " نحن الآخرون ونحن السابقون يوم القيامة وإني

**قائل قولا غير فخر : إبراهيم خليل الله وموسى صفي الله وأنا حبيب الله ومعي لواء الحمد يوم القيامة وإن الله وعدني في أمتي وأجارهم من ثلاث : لا يعمهم بسنة ولا يستأصلهم عدو ولا يجمعهم على ضلالة " . رواه الدارمي**

ئەمرۇ ئىبنى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز يارىتىلىشتا ئاخىرقىلارمىز، قىيامەت كۈنى بولسا (ھېساب بېرىشكە جەننەتكە كىرىشتە بىزدىن بۇرۇن كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر جۈملىدىن، يەھۇدىيلار، ناسارالار قىلىپ)، بىز ھەممىدىن بۇرۇن كېلىمىز، مەن سىلەرگە پەخىرلەنمەستىن بىر سۆزنى قىلىپ بېرەي؛ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام **الله** نىڭ يېقىن دوستى، مۇسا ئەلەيھىسسالام **الله** نىڭ سۆز قىلىشىغا تاللىغان بەندىسى، مەن بولسام، **الله** نىڭ ھەبىيبى،ئەڭ يېقىن دوستى، قىيامەت كۈنى ھەمدە بايرىقى مىنىڭ قولۇمدا بۇلىدۇ، **الله** ماڭا ئۈممىتىم توغرىسىدا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ۋەدە قىلدى، **الله** ئۇلارنى ئۈچ ئىشتىن قۇتقۇزۇپ قالدى، ئۇلارغا قەھەتچىلىكنى ئومۇمىيۈزلۈك قىلمايدۇ(ئۇلارنى قەھەتچىلىكتە ھالاك قىلمايدۇ)ئۇلارنى دۈشمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلالمايدۇ،ئۇلارنى زالالەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرمەيدۇ.دارىمى توپلىغان.

**5764 – [ 26 ] وعن جابرأن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أنا قائد المرسلين ولا فخر وأنا خاتم النبيين ولا فخر وأنا أول شافع ومشفع ولا فخر " . رواه الدارمي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان قۇماندان يىتەكچىسى بۇلىمەن،يەنىلا پەخىرلەنمەيمەن، مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مەندە پەخىر يوق، مەن تۇنجى شاپائەت قىلغۇچى، تۇنجى بولۇپ شاپائەت ھوقۇقى بېرىلىدىغان شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشى بولىمەن، لېكىن، پەخىرلەنمەيمەن،دارىمى توپلىغان.

**5765 – [ 27 ]** ( **ضعيف** )**وعن انس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا أول الناس خروجا إذا بعثوا وأنا قائدهم إذا وفدوا وأنا خطيبهم إذا أنصتوا وأنا مستشفعهم إذا حبسوا وأنا مبشرهم إذا أيسوا الكرامة والمفاتيح يومئذ بيدي ولواء الحمد يومئذ بيدي وأنا أكرم ولد آدم على ربي يطوف علي ألف خادم كأنهن بيض مكنون أو لؤلؤ منثور " . رواه الترمذي والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەر تىرىلگەندە مەن تۇنجى بولۇپ چىقىمەن، ئۇلار ئەلچىدەك ماڭغاندا، مەن قوماندان بولىمەن، ئۇلار جىم تۇرغاندا مەن سۆز قىلىمەن، ئۇلار قامالغاندا مەن شاپائەت قىلىمەن، ئۇلار ئۈمىد ئۈزگەندە بىشارەت بىرىمەن شۇ كۈنى ئاچقۇچى مىنىڭ قولۇمدا، شۇ كۈنى ھەمدە بايرىقى مىنىڭ قولۇمدا، مەن ئادەم باللىرىدىن ئاللاھقا ئەڭ ھۆرمەتلىك، ماڭا 1000 خادىم خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلار خۇددى مارجان گۆھەر، چېچىلغان ئۈنچە ــ مارجان، دارمى، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**5766 – [ 28 ]** ( **ضعيف** )**وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " فأكسى حلة من حلل الجنة ثم أقوم عن يمين العرش ليس أحد من الخلائق يقوم ذلك المقام غيري . رواه الترمذي . وفي رواية جامع الأصول عنه : أنا أول من تنشق عنه الأرض فأكسى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۇنجى بولۇپ قىيامەت كۈنى مەن چىقىرىلىمەن،ماڭا كىيىم كىيدۈرۈلىدۇ، جەننەتتىن بىر توننى كىيىپ، ئەرشنىڭ ئوڭ

ئەرىپىدە تۇرىمەن، مەندىن باشقا ھېچكىم ئۇ جايدا تۇرالمايدۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى. چۈنكى، ھۆسەيىن دېگەن باش راۋى ئاجىز، ئىككىنچى راۋىيسىمۇ شۇنداق، يەزىدنى مۇنكەر دېگەنلەر بار، مىنھالنى مەزھەبى يامان، ئۇسال دېگەن،

**5767 – [ 29 ]** ( صحيح ) وعنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " سلوا الله الوسيلة " قالوا : يا رسول الله وما الوسيلة ؟ قال : " أعلى درجة في الجنة لا ينالها إلا رجل واحد وأرجو أن أكون أنا هو " . رواه الترمذي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالالھتائالادىن ماڭا ۋەسىلە بېقىنلىقنى سوراڭلار، ئۇلار؛ ۋەسىلە دېگەن نىمە؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ جەننەتتىكى دەرىجىنىڭ ئەڭ يۇقىرى، ئۇستۇنىدۇر، ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا كىشى ئېرىشەلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشىنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى بەكمۇ ئۇمىد قىلىمەن،دېدى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇ مەقامەھمۇدتۇر. سورىغان ئىكەن، ئالالھ بېرىدۇ، بىز ئۇنى ئەزاندا سورايمىز. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار ئۇ دېگەننىڭ ئوخشىشنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاڭلار، كىم ماڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، ئالالھ ئۇنىڭغا 10 رەھمەت يوللايدۇ، ئاندىن مەن ئۈچۈن ئالالھدىن ۋەسىلە، يېقىنلىق سوراڭلار، ئۇ جەننەتتىكى بىر ئورۇن، ئالىي مەرتىۋە بولۇپ، پەقەت ئالالھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە بىرلا بەندىگە لايىقتۇر، شۇ بەندە مەن بولۇپ قىلىشىمنى بەكمۇ ئۇمىد قىلىمەن، كىم مەن ئۈچۈن ئاشۇ ۋەسىلىنى، يېقىنچىلىقنى سورىسا، ئۇ كىشىگە شاپائىتىم ھالال بولۇپ يېتىدۇ، «مەقامەمەھمۇد بولۇشى مۇمكىن» مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالالھتائالادىن مەن ئۈچۈن ۋەسىلە سوراڭلار، ھەققەتەن بىرەر بەندە مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ۋەسىلە سورىسا، مەن ئۇ كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى، شاپائەتچى بولىمەن، ئەبۇ شەيبە، ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ھەسەن.

بىز بۇ ۋەسلىنى ئەزاندا مۇنداق سورايمىز، «رەببى ھازىھىددەئۋەتىتتامە ۋەسالاتىلقائىمە ئاتى مۇھەممەد دەنلۋەسىيلەتە ۋەلپەزىيلە ۋەبئەسھۇ مەقامەم مەھمۇدەنللەزى ۋەئەتتەھۇ ۋەرزۇقنا شاپائەتەھۇ يەۋمەلقىيامەت يا ئەرھەمەرراھىمىين، ئامىن!»

**5768 – [ 30 ]** ( حسن ) وعن أبي بن كعب عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إذا كان يوم القيامة كنت إمام النبيين وخطيبهم وصاحب شفاعتهم غير فخر " . رواه الترمذي

ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنىدە مەن بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمام، خەتىيپ بولىمەن، ئۇلارنىڭ شاپائەت ئىگىسى بولىمەن، لېكىن، پەخىرلەنمەيمەن، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**5769 – [ 31 ]** وعن عبدالله بن مسعود قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لكل نبي ولاة من النبيين وإن وليي

**أبي وخليل ربي ثم قرأ : [ إن أولى الناس بإبراهيم للذين اتبعوه وهذا النبي والذين آمنوا والله ولي المؤمنين ] . رواه الترمذي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلەردىن يېقىن دوستى بولىدۇ، شەك ــ شۈبھىسىز مېنىڭ يېقىن دوستۇم، ھەبىيبىم رەببىمنىڭ خەلىلى، دوستى بولغان مېنىڭ بوۋام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئاندىن « ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى بولغان) مۇئمىنلەردۇر. الله مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر.»(سۈرە ئال ئىمران 68 ـ ) ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى، تىرمىزى 2921 ــ ھەدىس، ئەھمەد 3879 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5770 – [ 32 ] وعن جابرأن النبي صلى الله عليه وسلم قا ل : " إن الله بعثني لتمام مكارم الأخلاق وكمال محاسن الأفعال " . رواه في شرح السنة**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن الله تائالا مىنى ئەخلاقنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى، ئېسىل ئەخلاقنى، ياخشى ئىشلارنى مۇكەممەل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئەخلاقنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى، ئېسىل ئەخلاقنى، مۇكەممەل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم، ئىبنى سەئد، ھاكىم، بەيھەقى، بۇخارى ئەدەبتە توپلىغان، سەھىھ.

**5771 – [ 33 ] وعن كعب يحكي عن التوراة قال : نجد مكتوبا محمد رسول الله عبدي المختار لا فظ ولا غليظ ولا سخاب في الأسواق ولا يجزي بالسيئة السيئة ولكن يعفو ويغفر مولده بمكة وهجرته بطيبة وملكه بالشام وأمته الحمادون يحمدون الله في السراء والضراء يحمدون الله في كل منزلة ويكبرونه على كل شرف رعاة للشمس يصلون الصلاة إذا جاء وقتها يتأزرون على أنصافهم ويتوضؤون على أطرافهم مناديهم ينادي في جو السماء صفهم في القتال وصفهم في الصلاة سواء لهم بالليل دوي كدوي النحل " . هذا لفظ " المصابيح " وروي الدارمي مع تغيير يسير**

كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇرئاندىكى سۈپەتلىرىنىڭ بەزىسى بىلەن تەۋراتتىمۇ سۈپەتلەنگەنلىكىنى ھىكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز تەۋراتتا«مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسى،ئۇ مېنىڭ ئاللانغان بەندەم ۋە ئەلچەم، (مەن ئۇنى تەۋەككۇل قىلغۇچى دەپ ئاتىدىم)، ئۇنىڭ ئەخلاقى ناچار ئەمەس، تەبئىتى، تىلى قوپال ئەمەس،دىلى قاتتىق ئەمەس، بازارلاردا يۇقىر ئاۋاز بىلەن ۋارقىرمايدۇ، يامانلىقنى يامانلىق بىلەن دەپئى قىلمايدۇ، بەلكى، ئەپۇ قىلىپ كەچۈرىدۇ،تۇغۇلىدىغان ئورنى مەككە، ھىجرەت قىلىدىغان ئورنى تەيىبب يەنى مەدىنە، پادىشاھلىقى ئىگىلىك ھوقۇقى شامدا بولىدۇ، ئۇممىتى الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتقۇچىلاردۇر، ئۇلار پايدا ـ ئەنىپەئەت يەتكەن خۇشال چاغلاردىمۇ، زەرەر يەتكەن خاپىلىق چاغلاردىمۇ الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىدۇ، ئۇلار ھەر بىر جايلاردا الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىدۇ،ئېگىز جايلارغا چىققاندا الله قا تەكبىر ئەيتىپ ئۇلۇغلايدۇ، ناماز ۋاقتىنى بىلىش ئۈچۈن كۈننى كۈزۈتىدۇ، نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ناماز ئۇقۇيدۇ، ئىشتانلىرىنى پاچىقىغىچە كىيىدۇ، قول ـ پۇتلىرىنىڭ ئەتراپلىرىنى يۇيۇپ تاھارەت ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ جاكارچى مۇئەززىنى ئىگىز جايغا چىقىپ نامازغا چاقىرىپ ندا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جەڭدىكى سەپلىرى بىلەن نامازدىكى سەپلىرى باراۋەر

ئوخشاشتۇر، ئۇلار ئۇچۇن كېچىسى خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاۋازلىرىدەك گۈڭ ـ گۈڭ تەسبىھ، قۇرئان تىلاۋىتى، يىغا ئاۋازلىرى باردۇر»دەپ تاپتۇق دېدى.دارىمى توپلىغان،مەسابىھ لەبزى.

**5772 – [ 34 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن سلام قال : مكتوب في التوراة صفة محمد وعيسى بن مريم يدفن معه قال أبو مودود : وقد بقي في البيت موضع قبره رواه الترمذي**

ئابدۇللا ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تەۋراتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى يېزىلغان، ئۇ ئىككىسى بىر جايغا دەپنە قىلىنىدۇ، ئەبۇ مەۋدۇدى راستىنلا بىر كىشىلىك جاي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى بار ئۆيدىن بىكار، يەنى ئەيسا ئەلەيھىسسالام شۇ جايغا دەپنە قىلىنىدۇ دېدى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى بۇ زەئىپ دېگەن.

**5773 – [ 35 ] الفصل الثالث عن ابن عباس قال : إن الله تعالى فضل محمدا صلى الله عليه وسلم على الأنبياء وعلى أهل السماء فقالوا يا أبا عباس بم فضله الله على أهل السماء ؟ قال : إن الله تعالى قال لأهل السماء [ ومن يقل منهم إني إله من دونه فذلك نجزيه جهنم كذلك نجزي الظالمين ] وقال الله تعالى لمحمد صلى الله عليه وسلم : [ إنا فتحنا لك فتحا مبينا ليغفر لك الله ما تقدم من ذنبك وما تأخر ] قالوا : وما فضله على الأنبياء ؟ قال : قال الله تعالى : [ وما أرسلنا من رسول إلا بلسان قومه ليبين لهم فيضل الله من يشاء ] الآية وقال الله تعالى لمحمد صلى الله عليه وسلم :[ وما أرسلناك إلا كافة للناس ] فأرسله إلى الجن والإنس**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۈستىگە ۋە ئاسمان ئەھلىنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى دېدى، ئۇلار؛ ئى ئىبنى ئابباس! **الله** تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى نىمە بىلەن ئاسمان ئەھلىنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى؟ دېدى، ئۇ؛ **الله** تائالا ئاسمان ئەھلىگە:« ئۇلاردىن كىمكى، مەن **الله**دىن باشقا ئىلاھمەن، دەيدىكەن، ئۇنى دەۋزەخ بىلەن جازالايمىز، زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز.»دېدى.سۈرە ئەنبىيا 29 ـ ) **الله** تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:« **الله**نىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نىئمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق .»دېدى.سۈرە پەتھىنىڭ بېشى)ئۇلار؛ پەيغەمبەرلەر ئۈستىدىكى پەزىلىتىچۇ؟دېدى، ئۇ؛ **الله** تائالا پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا:« قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (**الله**نىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلىشەلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق، **الله** خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش بولۇپ، ھىدايەت قىلىش ئىشى **الله**نىڭ ئىلكىدىدۇر). **الله** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»دېدى.سۈرە ئىبراھىم 4 ـ ) **الله** تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:« سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كافىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.»دەپ بارلىق ئىنسى ـ جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى،دېدى.سۈرە سەبەئ 28 ـ )

**5774 – [ 36 ] وعن أبي ذر الغفاري قال : قلت : يا رسول الله كيف علمت أنك نبي حتى استيقنت ؟ فقال : " يا أبا ذر أتاني ملكان وأنا ببعض بطحاء مكة فوقع أحدهما على الأرض وكان الآخر بين السماء والأرض فقال أحدهما لصاحبه : أهو هو ؟ قال : نعم . قال : فزنه برجل فوزنت به فوزنته ثم قال : زنه بعشرة فوزنت بهم فرجحتهم ثم قال : زنه بمائة فوزنت بهم فرجحتهم كأني**

**أنظر إليهم ينتثرون علي من خفة الميزان . قال : فقال أحدهما لصاحبه : لو وزنته بأمته لرجحها " . رواهما الدارمي**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى شەك ـ شۇبھىسىز ئىشەنگەنگە قەدەر، پەيغەمبەر ئىكەنلىكلىرىنى قانداق بىلگەن ئىدىلە؟دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئى ئەبۇزەر!مەن مەككىنىڭ بۇتھائە دىگەن يېرىدە تۇرسام، ماڭا ئىككى پەرىشتە كەلدى، ئۇلارنىڭ بىرسى زىمىنغا چۇشتى، يەنەبىرسى ئاسمان زىمىن ئارىسىدا تۇردى، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنەبىرسىگە؛ مۇشۇ كىشى شۇمۇ؟ دېدى، يەنەبىرسى؛ ھەئە شۇ دېدى، ئۇ؛ ئۇنداق بولسا، بۇنى بىركىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مىيزانغا سېلىپ تارتىپ كۆرگىن دېدى، مەن ئۇكىشى بىلەن مىيزانغا چۇشۇپ، ئۇنىڭدىن ئەغىر كەلدىم، ئاندىن ئۇ؛ بۇنى ئون كىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تارتقىن دېدى، مەن ئۇلاردىنمۇ ئەغىر كەلدىم، 100 كىشىنىڭ بارابىرىدە قويۇپ تارتقىن دېدى، مەن ئۇلاردىنمۇ ھەتتا 1000كىشىدىنمۇ ئەغىر كەلدىم، گۇياكى ئۇلار مىيزاندا يەگىل كەلگەنلىكىدىن ئۇستۇمدە تارقىلىپ ، چېچىلىپ يۇرىيدۇ، ئۇلار مىيزاندىن تۆكۈلۈپ چۇشۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنەبىرسىگە؛ئەگەر سەن بۇكىشىنى بارلىق ئۇممىتىنىڭ بارابىرىدە قويۇپ مىيزاندا تارتساڭمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەغىر كېلىپ، ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدۇ دېدى.(مەن شۇنىڭدىن بىلدىم)دارىمى توپلىغان.

**5775 – [ 37 ]** ( **ضعيف** )**وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كتب علي النحر ولم يكتب عليكم وأمرت بصلاة الضحى ولم تؤمروا بها " . رواه الدارقطني**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇربانلىق سىلەرگە ئەمەس، ماڭا پەرز قىلىندى، زوھا، چاشكا نامىزىغا سىلەر ئەمەس مەن بۇيرۇلدۇم، دارىقۇتنى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىدى. چۈنكى، بۇ ھەدىس ئېنىقلا سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت، خىلاپ تۇرسا، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردە قۇربانلىقنى ساھابىلار قىلغان ھەم بۇيرۇلغان، زۇھامۇ شۇنداق، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا زۇھا، چاشكا نامىزىنىڭ ھەدىسى سەھىھ دىگەن، بۇ ھەدىس مەنىسىدىنلا زەئىپ.

**[ 2 ] باب أسماء النبي صلى الله عليه وسلم وصفاته – الفصل الأول**

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى توغرىسىدا**

**5776 – [ 1 ] عن جبير بن مطعم قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إن لي أسماء : أنا محمد وأنا أحمد وأنا الماحي الذي يمحو الله بي الكفر وأنا الحاشر الذي يحشر الناس على قدمي وأنا العاقب " والعاقب : الذي ليس بعده شيء . متفق عليه**

جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ بەش ئىسمىم بار، يەنەبىردە؛بىر نەچچە ئىسمىم بار، مەن مۇھەممەد، مەن ئەھمەد، مەن ماھىي، ئاللاھ مەن سەۋەبلىك كۇپرىلىقنى ئۆچۈرۈپ يوقىتىدۇ، مەن ھاشىر، يەنى كىشىلەر مېنىڭ قەدىمىمگە توپلىنىدۇ، مەن ئاقىب، يەنى ئارقىدا كەلگۈچى ئۇنىڭ كەينىدە پەيغامبەر يوق. (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا دۇرۇت، سالام يوللىسۇن) بۇخارى،مۇسلىم، مالىك، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ دىيىلسە، ئەززە ۋە جەللە دىيىش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىلغا ئېلىنسا، دۇرۇت، سالام يوللاش، ساھابىلارغا رازىلىق سوراش، تابىئىنلارغا باشقىلارغا رەھمەت سوراش لازىم.

**5777 – [ 2 ]** ( **صحيح وعن أبي موسى الأشعري قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يسمي لنا نفسه أسماء فقال : "**

**أنا محمد وأحمد والمقفي والحاشر ونبي التوبة ونبي الرحمة " . رواه مسلم**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئۆزىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ بىرىپ مۇنداق دىگەن: مەن مۇھەممەد، مەن ئەھمەد، مەن مۇقفىي، يەنى ئاخىرقى پەيغەمبەر، مەن ھاشىر يەنى كىشىلەر بايرىقىم ئاستىغا قوپۇرۇلۇپ توپلىنىدۇ، مەن تۆۋبىنىڭ پەيغەمبىرى، رەھمەت پەيغەمبىرى، يەنى ئۈممىتىگە رەھىم قىلىنىپ، تۆۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، تەبرانى جىھادنى كۆپ قىلىدىغانلارنىڭ پەيغەمبىرى دىگەننى زىيادە قىلدى.

**5778 – [ 3 ]** **( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا تعجبون كيف يصرف الله عني شتم قريش ولعنهم ؟ يشتمون مذمما ويلعنون مذمما وأنا محمد " . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر، ئاللاھتائالانىڭ مەندىن قۇرەيشلەرنىڭ تىللاشلىرىنى، ھاقارەتلەشلىرىنى، لەنەتلىرىنى قانداق چۆرۈۋەتكىنىدىن ھەيران قالمىدىڭلارمۇ؟ ئۇلار مىنى مۇزەممەم يەنى خارلانغان دەپ تىللاپ، لەنەت قىلاتتى، مەن بولسام،مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنى مەدھىيلىنىدىغان، ماختىلىدىغان كىشى، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5779 – [ 4 ]** **( صحيح ) وعن جابر بن سمرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم قد شمط مقدم رأسه ولحيته وكان إذا ادهن لم يتبين وإذا شعث رأسه تبين وكان كثير شعر اللحية فقال رجل : وجهه مثل السيف ؟ قال : لا بل كان مثل الشمس والقمر وكان مستديرا ورأيت الخاتم عند كتفه مثل بيضة الحمامة يشبه جسده " . رواه مسلم**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاچ-ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن ئىدى، چىچىنى بۇياپ ياغ ئىشلەتسە، ئاق ئاشكارا بولمايتتى، چىچى تاراقسىز قالسا،چۈۋۇلچاق بولۇپ كەتسە،ئاق ئاشكارا بۇلاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساقىلى قويۇق، كۆپ ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى خۇددى قىلىچ نۇرىغا، ياق، بەلكى قۇياشقا، ئايغا ئوخشاش نۇرلۇق ئىدى، يۇملاق گۈزەل ئىدى. مەن پەيغەمبەرلىك بەلگىسىنى تاغىقىدا خۇددى كەپتەرنىڭ تۇخمىدەك كۆرگەن ئىدىم، ئۇنىڭ رەڭگىمۇ جەسىدىگە ئوخشاش ئىدى.مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5780 – [ 5 ]** **( صحيح ) وعن عبد الله بن سرجس قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم وأكلت معه خبزا ولحما – أو قال : ثريدا – ثم درت خلفه فنظرت إلى خاتم النبوة بين كتفيه عند ناغض كتفه اليسرى جمعا عليه خيلال كأمثال الثآليل . رواه مسلم**

ئابدۇ **الله** ئىبنى سىرجەسن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەن ئىدىم، تىبخى بىللە ئولتۇرۇپ، گۆش،نان يەپ، شورپا ئىچكەن ئىدىم، ئاندىن مەن ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئىككى تاغىقى ئارىسىدىكى يەنى سول تاغىقىنىڭ ئۇچىدىكى،(ئۈستىدىكى)پەيغەمبەرلىك بەلگىسىگە قارىسام، ئۇ بەلگە مانا مۇشۇنداق كەپتەر تۇخمىغا ئوخشايدىكەن-دەپ بارماقلىرىنى يىغىپ كۆرسەتتى-ئۇنىڭ ئۈستىدە تىرە ئۈستىدە ئاشكارا بۇلىدىغان دانە خۇرەك دانچىللىرىدەك خاللەر بار ئىكەن.مۇسلىم توپلىغان.

**5781 – [ 6 ]** **( صحيح ) وعن أم خالد بنت خالد بن سعيد قالت : أتي النبي صلى الله عليه وسلم بثياب فيها خميصة سوداء صغيرة فقال : " ائتوني بأم خالد " فأتي بها تحمل فأخذ الخميصة بيده فألبسها . قال : " ابلي وأخلقي ثم أبلي وأخلقي " وكان فيها**

**علم أخضر أو أصفر . فقال : " يا أم خالد هذا سناه " وهي بالحبشية حسنة . قالت : فذهبت ألعب بخاتم النبوة فز برني أبي فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دعها " . رواه البخاري**

ئۇممە خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە كىيىم _كىچەكلەر كەلتۈرۈلدى، ئۇكىيىملەر ئارىسىدا كىچىك بىر قارا كوڭلەك بارئىكەن، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇممە خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنهانى قىشىمغا ئىلىپ كىلىڭلار دەپتۇ، مەن كۆتۈرۈپ ئىلىپ كىلىندىم، رەسۇلۇللاھ ئۇ كوڭلەكنى مۇبارەك قولى بىلەن ئىلىپ، ماڭا كەيدۈرۈپ؛ ئى ئۇممە خالىد!سەن بۇكوڭلەكنى كىيىپ،كورناتىپ،چىرىتىۋەتكىن،ئۇزۇنغىچە كەيگىن دىدى، ئۇكوڭلەكتە يىشىل ياكى سىرىق بەلگە ئالامەت بارئىدى، رەسۇلۇللاھ ھەبەشي تىلىدا ؛ ئى ئۇممە خالىد!هازا سەناھ يەنى بۇ بەك ياخشى چىرايلىق ئىكەن دىدى،مەن ئارقىسىغا ئۆتۈپ، پەيغەمبەرلىك بەلگىسى خاتەمۇننەبۇۋۋەتنى ئوينىسام، دادام ماڭا ۋارقىراپ مىنى توستى،رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۇينىغىلى قويغىن دىدى.بۇخارى

**5782 – [ 7 ] وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم ليس بالطويل البائن ولا بالقصير وليس بالأبيض الأمهق ولا بالآدم وليس بالجعد القطط ولا بالسبط بعثه الله على رأس أربعين سنة فأقام بمكة عشر سنين وبالمدينة عشر سنين وتوفاه الله على رأس ستين سنة وليس في رأسه ولحيته عشرون شعرة بيضاء وفي رواية يصف النبي صلى الله عليه وسلم قال : كان ربعة من القوم ليس بالطويل ولا بالقصير أزهر اللون . وقال : كان شعر رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى أنصاف أذنيه وفي رواية : بين أذنيه وعاتقه . متفق عليه وفي رواية للبخاري قال : كان ضخم الرأس والقدمين لم أر بعده ولا قبله مثله وكان سبط الكفين . وفي أخرى له قال : كان شثن القدمين والكفين**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ جىسمى ئوتتۇرهال، نورمال ئىدى، بەكمۇ ئىگىز ئەمەس، بەكمۇ پاكار ئەمەس، ئورتىهال ئىدى، رەڭگى نۇرلۇق، ئاق ئىدى،لىكىن بەكمۇ ئاپئاق ئەمەس، بەكمۇ بۇغداي ئۆڭلۈك ئەمەس، نۇرلۇق ئاق، بۇغداي ئۆڭلۈك ئىدى، چىچى بەك قىسقا بۇدرە ئەمەس، بەك ئۇزۇنمۇ ئەمەس،قۇلىقىنىڭ يىمشىقىنىڭ ئوتتىرىغىچە، ئورتىهال نورمال ئىدى.يەنەبىرخاتىردە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ چىچى مۇرىسى بىلەن قۇلىقىنىڭ يىمشىقىنىڭ ئارلىقىدا ئىدى، **الله** تائالا ئۇنى 40 يىشىدا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، مەككىدە ئون يىل، مەدىنىدە ئون يىل تۇردى، 60 يىشىدا، **الله** ئۇنى ۋاپات تاپقۇزدى، يەنەبىرخاتىردە؛ 63 يىشىدا دىيىلدى، ۋەهالەنكى شۇ چاغدا چاچ ـ ساقىلىدا 20 تالمۇ ئاق تۈك يوق ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ باش سۆڭىكى چوڭ، ئىككى قول، ئىككى پۇتى توم ئىدى، يەنى گۆشلۈك ئىدى. ئىككى ئالقىنى كەڭ ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ۋە كىيىنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدەك كىلىشكەن گۈزەل كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم،بۇخارى،مۇسلىم، بەيهەقى، تىرمىزى تۇپلىغان، سەهىه. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ چىچى مۇرىسىدىن سەل ئۈستۈنرەك، قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىدىن سەل پەسرەك ئىدى. ئەبۇ داۋۇد 3655 _ هەدىس، تىرمىزى 1677 _ هەدىس، ئىبنى ماجە 3625 _هەدىس، سەهىه. جۇممە مۈرىسگە چۈشكەن چاچ، ۋەفرەت قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە يەتكەن چاچ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ چىچى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئاق چاچ، ئاق ساقاللىرى 20 تال ئەتراپىدا ئىدى. تىرمىزى، ئىبنى ماجە تۇپلىغان، سەهىه.

**5783 – [ 8 ] وعن البراء قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم مربوعا بعيد ما بين المنكبين له شعر بلغ شحمة أذنيه رأيته**

**في حلة حمراء لم أر شيئا قط أحسن منه . متفق عليه وفي رواية لمسلم قال : ما رأيت من ذي لمة أحسن في حلة حمراء من رسول الله صلى الله عليه وسلم شعره يضرب منكبيه بعيد ما بين المنكبين ليس بالطويل ولا بالقصير**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوتتۇرا بوي، ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى كەڭ، گەۋدىلىك ئىدى،قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا يەتكىچە چېچى بار ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھنى قىزىل تون ئىچىدە كۆرگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھتىنمۇ گۈزەلرەك بىرەر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم، بۇخارى،مۇسلىم.يەنەبىردە؛ مەن رەسۇلۇللاھنى قىزىل تون ئىچىدە كۆرگەن ئىدىم، چېچى ئىككى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى، ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى كەڭ، گەۋدىلىك ئىدى، جىسمى ئوتتۇرهال، نورمال ئىدى، بەكمۇ ئېگىز ئەمەس، بەكمۇ پاكار ئەمەس، ئورتىهال ئىدى،مەن رەسۇلۇللاھتىنمۇ گۈزەلرەك بىرەر كىشىنى، قىزىل تون ئىچىدە، چېچى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچەھالىتىدە كۆرۈپ باقمىدىم،دېيىلگەن.

**5784 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن سماك بن حرب عن جابر بن سمرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم ضليع الفم أشكل العينين منهوش العقبين قيل لسماك : ما ضليع الفم ؟ قال : عظيم الفم . قيل : ما أشكل العينين ؟ قال : طويل شق العين . قيل : ما منهوش العقبين ؟ قال : قليل لحم العقب . رواه مسلم**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاغىزى كەڭ، ئىككى كۆزىنىڭ ئىچىدا ئازراق قىزىللىق بار ياكى كۆزىنىڭ چانىقى ئۇزۇن، تاپىنىنىڭ گۆشى ئاز ئىدى. مۇسلىم 4314 _ ھەدىس، تىرمىزى 3580 _ ھەدىس، ئەھمەد 20080 _ ھەدىس، دارىمىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**5785 –[ 10 ] ( صحيح )وعن أبي الطفيل قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم كان أبيض مليحا مقصدا رواه مسلم**

ئەبۇتتۇپەيىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرلۇق ئاق ئىدى، جىسمى ئوتتۇرىهال ئىدى. مۇسلىم 4316 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5786 – [ 11 ] وعن ثابت قال : سئل أنس عن خضاب رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : إنه لم يبلغ ما يخضب لو شئت أن أعد شمطاته في لحيته – وفي رواية : لو شئت أن أعد شمطات كن في رأسه – فعلت . متفق عليه**

سابىت رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاچ-ساقىلىنى بوياشنىڭ توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاق چاچ-ساقاللىرى پۈتۈنلەي بويىغىدەك دەرىجىگە يەتمىگەن ئىدى، ئەگەر مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىڭىكىدىكى، بېشىدىكى ئاق چاچ-ساقاللىرىنى ساناشنى خالىسام ، ئەلۋەتتە سانىيالايتتىم،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.مۇسلىمنىڭ يەنەبىر رىۋايىتىدە؛ ئاق كىرگەن چاچ-ساقاللار رەسۇلۇللاھنىڭ ماڭقىيىدا،ئىككى چېكىسىدە، بېشىدا ئازراق بار ئىدى دېيىلگەن.20نەچچە تال دېگەنمۇبار.

**5787 – [ 12 ] وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم أزهر اللون كأن عرقه اللؤلؤ إذا مشى تكفأ وما مسست ديباجة ولا حريرا ألين من كف رسول الله صلى الله عليه وسلم ولا شممت مسكا ولا عنبرة أطيب من رائحة النبي صلى الله عليه وسلم . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى نۇرلۇق ئاق ئىدى، تەرلىرى

خۇددى گۆھەر، ئۇنچە ــ مارجاندەك ئىدى، يولدا ماڭسا، ئوتتۇرىھال، نورمال ماڭاتتى، ھەم كۈچلۈك تېز ماڭاتتى، ئالقىنى يىپەك رەختىنمۇ سىلىق، پۇرىقى مىسكە ــ ئەنبەردىنمۇ خۇشپۇراق ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالقىنىدىنمۇ يۇمشاق،سىلىقراق بىرەر يىپەك رەختنىمۇ سىلاپ باقمىدىم، خۇش پۇرىقىدىنمۇ بەكرەك مىزىلىك پۇرايدىغان مىسكە ـ ئەنبەرنىمۇ پۇراپ باقمىدىم. بۇخارى،مۇسلىم 4299 ــ ھەدىس، ئەھمەد 12594 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5788 – [ 13 ] وعن أم سليم أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يأتيها فيقيل عندها فتبسط نطعا فيقيل عليه وكان كثير العرق فكانت تجمع عرقه فتجعله في الطيب . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " يا أم سليم ما هذا ؟ " قالت : عرقك نجعله في طيبنا وهو من أطيب الطيب وفي رواية قالت : يا رسول الله نرجو بركته لصبياننا قال : " أصبت " . متفق عليه**

ئۇممە سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دائىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، چۈشلۈك ئارام ئېلىپ ئۇخلايتتى، ئۇ بىسات سېلىپ بېرەتتى، رەسۇلۇللاھ شۇ بىساتنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى، رەسۇلۇللاھ بەك كۆپ تەرلەيتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تەرلىرىنى يىغىپ ئېلىپ، خۇشپۇراق ئەتىرلىرى ئىچىگە سېلىۋاپتۇ، رەسۇلۇللاھ:ئى ئۇممە سۇلەيم! بۇ نىمە؟دېسە، ئۇ: بۇ سىلىنىڭ تەرلىرى، بىز ئۇنى ئەتىرلىرىمىز ئىچىگە سېلىۋالدۇق، تەرلىرى بولسا، ئەتىردىنمۇ بەكرەك خۇشپۇراق ئىكەن، بىز كىچىك باللىرىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ بەركىتىنى ئۈمۈت قىلىمىز دېسە، رەسۇلۇللاھ: توغرا قىلىپسەن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5789 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن جابر بن سمرة قال : صليت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاة الأولى ثم خرج إلى أهله وخرجت معه فاستقبله ولدان فجعل يمسح خدي أحدهم واحدا واحدا وأما أنا فمسح خدي فوجدت ليده بردا وريحا كأنما أخرجها من جؤنة عطار . رواه مسلم وذكر حديث جابر : " سموا باسمي " في " باب الأسامي " وحديث السائب بن يزيد : نظرت إلى خاتم النبوة في " باب أحكام المياه "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇنجى، بىرىنجى نامازنى (يەنى بامداتنى ياكى پېشىننى)ئۇقۇغان ئىدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەھلىنىڭ قېشىغا چىقتى، مەنمۇ بىللە چىققان ئىدىم، كىچىك باللار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا چىقتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ مەڭزىنى بىردىن ـ بىردىن سىلاشقا باشلىدى، مېنىڭمۇ مەڭزىمنى سىلىدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدا سوغۇقلۇقنى ياق! بەلكى خۇشپۇراق ئەتىر پۇرىقىنى تاپتىم، خۇددى قولىنى ئەتىر ساتقۇچىنىڭ خوجۇنىدىن چىقارغاندەكلا ئىكەن.مۇسلىم.

**5790 – [ 15 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن علي بن أبي طالب قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم ليس بالطويل ولا بالقصير ضخم الرأس واللحية شثن الكفين والقدمين مشربا حمرة ضخم الكراديس طويل المسربة إذا مشى تكفأ تكفأ كأنما ينحط من صبب لم أر قبله ولا بعده مثله صلى الله عليه وسلم . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىسمى ئوتتۇرىھال، نورمال ئىدى، بەكمۇ ئېگىز ئەمەس، بەكمۇ پاكار ئەمەس، ئوتتۇرىھال ئىدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشى گۆشلۈك ئىدى، باش سۆڭىكى چوڭ ئىدى، ساقىلى قويۇق ئىدى. ئىككى قول، ئىككى پۇتى توم ئىدى، يەنى گۆشلۈك ئىدى. ئىككى ئالقىنى كەڭ ئىدى، رەڭگى قىزىل رەڭ بىلەن رەڭ بىرىلگەندەك ئاق ئىدى، يەنى ئاقىراق بۇغداي ئۆڭلۈك، مەڭزى قىزىلراق ئىدى، ئەزالىرى ئۇستىخانلىق،سۆڭەكلىك، گەۋدىلىك ئىدى، مەيدىسىدىكى تۈكلەر

ئۇزۇن ئىدى، يولدا ماڭسا، ئوتتۇرىھال، نورمال ماڭاتتى، ھەم خۇددى ئۈستۈن جايدىن چۈشۋاتقاندەك كۆچلۈك
تېز ماڭاتتى، مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك كىلىشكەن گۈزەل
كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى، قىزىللىق بىلەن رەڭ بېرىلگەن، قىزىل رەڭ ئۇچۇرۇلگەندەك، ئاق، يەنى ئاقىراق، بۇغداي
ئۆڭلۈك ئىدى، كۆز قارىچۇقى قارا ئىدى، ناھايىتى كىرپىكلىك ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5791 – [ 16 ]** ( ضعيف )وعنه كان إذا وصف النبي صلى الله عليه وسلم قال : لم يكن بالطويل المغط ولا بالقصير المتردد وكان ربعة من القوم ولم يكن بالجعد القطط ولا بالسبط كان جعدا رجلا ولم يكن بالمطهم ولا بالمكلثم وكان في الوجه تدوير أبيض مشرب أدعج العينين أهدب الأشفار جليل المشاش والكتد أجرد ذو مسربة شثن الكفين والقدمين إذا مشى يتقلع كأنما يمشي في صبب وإذا التفت التفت معا بين كتفيه خاتم النبوة وهو خاتم النبيين أجود الناس صدرا وأصدق الناس لهجة وألينهم عريكة وأكرمهم عشيرة من رآه بديهة هابه ومن خالطه معرفة أحبه يقول ناعته : لم أر قبله ولا بعده مثله صلى الله عليه وسلم . رواه الترمذي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەكلا ئۇزۇن ئەمەستى، بەكمۇ قىسقا
ئەمەستى، ئوتتۇرىھال ئىدى، چېچى بەكلا بۇدرە ئەمەستى، ئۇزۇنمۇ ئەمەستى، ئوتتۇرىھال بۇدرە چاچ ئىدى،
سىمىزمۇ ئەمەس، ئورۇقمۇ ئەمەستى، يۈزى يۇمىلاق، چىكىسى قىزىلراق ئىدى، كۆز قارىسى قاتتىق قارا ئىدى،
كىرپىگى ئۇزۇن ئىدى، گەۋدىلىك، تاغاق ئارىلىقى، ئۇچى كەڭ، كاتتا ئىدى، بەدىنىدە تۈك يوق، كۆكسىدە
ئىنچىكە تۈكلەر بار ئىدى، پۇت ـ قوللىرى توم، بارماقلىرى توم ئىدى، ماڭسا، كۈچلۈك ماڭاتتى، خۇددى
ئۈستىدىن چۈشۋاتقاندەك، قارىسا گەۋدىسى بىلەن بىرلا قارايتتى، پەيغەمبەرلىك بەلگىسى ئىككى تاغاق ئارىسىدا
ئىدى، ئەڭ سېخى كۆكسى كەڭ، راستچىل، مۇلايىم، ئائىلىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان سېخى، تۇنجى قېتىم كۆرگەن
كىشى، ھەيۋىتىدىن قورقاتتى، ئارىلاشقاندىن كېيىن ياخشى كۆرۈپ، دوست بولاتتى، سۈپەتلىگۈچى بۇنىدىن
بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ ئوخشىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم دەيتتى. تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيب، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسنادى،
ئۈزۈلگەن ئۇلىنىشى بار دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نوقۇل تونۇشلىرى ئۇزۇن (تۈزۈك) ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.
ئەلبانى يۇقىرىقىدىن باشقا زەئىپ راۋىسىدىن بىرسى بار، يەھيا ئۇنى زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلغان،ئۇنىڭ
ھەدىسلىرى مۇرسەل ئىكەن.كۆپىنچە مەنىسى سەھىھ.

**5792 – [ 17 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن جابرأن النبي صلى الله عليه وسلم لم يسلك طريقا فيتبعه أحد إلا عرف أنه قد سلكه من طيب عرقه – أو قال : من ريح عرقه – رواه الدارمي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر يولدا ماڭسا، ئاندىن بىرەر كىشى
شۇيولدا مېڭىپ قالسا، ئۇكىشى چوقۇم رەسۇلۇللاھنىڭ تەرلىرىنىڭ ئەتىردەك خۇش پۇراقلىقىدىن ، رەسۇلۇللاھنىڭ
شۇيولدا ماڭغانلىقىنى تونۇپ بىلىۋالالايتتى.دارىمى توپلىغان.

**5793 – [ 18 ]** ( لم تتم دراسته ) وعن أبي عبيدة بن محمد بن عمار بن ياسر قال : قلت للربيع بنت معوذ بن عفراء : صفي لنا رسول الله صلى الله عليه وسلم قالت : يا بني لو رأيته رأيت الشمس طالعة . رواه الدارمي

ئەبۇئۇبەيدە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مۇئەۋۋەزنىڭ قىزى رەبىيئەرەزىيەللاھۇ ئەنھاغا؛سىز ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپىتىنى سۈپەتلەپ بېرىڭ دىسەم، ئۇماڭا؛ ئى ئوغلۇم! ئەگەر سەن رەسۇلۇللاھنىڭ

| |
|---|
| چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسەك، خۇددى كۈننىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇك دېدى.دارىمى توپلىغان. |
| 5794 – [ 19 ] ( لم تتم دراسته ) وعن جابربن سمرة قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم في ليلة إضحيان فجعلت أنظر إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم وإلى القمر وعليه حلة حمراء فإذا هو أحسن عندي من القمر . رواه الترمذي والدارمي<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئايدىڭ كېچىسى كۆرگەن ئىدىم، مەن رەسۇلۇللاھقا بىر قېتىم، ئايغا بىر قېتىم قاراشقا باشلىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىدە قىزىل تون بار ئىكەن، ناگاھان رەسۇلۇللاھ مىنىڭ نەزىرىمدە تولۇن ئايدىنمۇ گۈزەلرەك ئىكەن.تىرمىزى،دارىمى توپلىغان. |
| 5795 – [ 20 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : ما رأيت شيئا أحسن من رسول الله صلى الله عليه وسلم كأن الشمس تجري على وجهه وما رأيت أحدا أسرع في مشيه من رسول الله صلى الله عليه وسلم كأنما الأرض تطوى له إنا لنجهد أنفسنا وإنه لغير مكترث . رواه الترمذي<br><br>ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ گۈزەلرەك نەرسە كۆرۈپ باقمىدىم، خۇددى كۈن ئۇنىڭ يۈزىدە ماڭاتتى، شۇنداق نۇرلۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تېز ماڭىدىغان كىشىنى كۆرمىدىم، گويا كى زېمىن قاتلىنىپ بېرەلەتتى، بىز قىيىلىناتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيىلانمايتتى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى، |
| 5796 – [ 21 ] وعن جابربن سمرة قال : كان في ساقي رسول الله صلى الله عليه وسلم حموشة وكان لا يضحك إلا تبسما وكنت إذا نظرت إليه قلت : أكحل العينين وليس بأكحل . رواه الترمذي<br><br>جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى پاچىقى ئىنچىكىرەك زىلۋا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا كۈلەتتى، يەنى كۈلسە، تەبەسسۇم قىلاتتى خالاس. مەن رەسۇلۇللاھقا قارىسام، ئىككى كۆزىگە سۈرمە تارتىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتىم، ئەمەلىيەتتە سۈرمە تارتىقلىق ئەمەس ئىدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. |
| 5797 – [ 22 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم أفلج الثنيتين إذا تكلم رئي كالنور يخرج من بين ثناياه . رواه الدارمي<br><br>ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈتتۇرۇ چىشلىرىنىڭ ئارلىقى كەڭ ، بىر ـ بىرىدىن يىراق ئىدى، سۆز قىلغاندا، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن نۇرغا ئوخشاش نەرسە چىقاتتى.دارىمى |
| 5798 – [ 23 ] وعن كعب بن مالك قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا سر استنار وجهه حتى كأن وجهه قطعة قمر وكنا نعرف ذلك . متفق عليه<br><br>كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇرسەن بولۇپ، خۇشال بولغاندا، يۈزى خۇددى ئاينىڭ پارچىسىدەك نۇرلىنىپ كېتەتتى،بىز شۇنى تونىيالايتتۇق.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. |
| 5799 – [ 24 ] وعن أنس أن غلاما يهوديا كان يخدم النبي صلى الله عليه وسلم فمرض فأتاه النبي صلى الله عليه وسلم يعوده |

**فوجد أباه عند رأسه يقرأ التوراة فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا يهودي أنشدك بالله الذي أنزل التوراة على موسى هل تجد في التوراة نعتي وصفتي ومخرجي ؟ " . قال : لا . قال الفتى : بلى والله يا رسول الله إنا نجد لك في التوراة نعتك وصفتك ومخرجك وإني أشهد أن لا إله إلا الله وأنك رسول الله . فقال النبي صلى الله عليه وسلم لأصحابه : " أقيموا هذا من عند رأسه ولوا أخاكم " . رواه البيهقي في " دلائل النبوة "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر يەھۇدىي ياش بالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىزمەت قىلاتتى، ئۇ كېسەل بىلەن ئاغرىپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى يوقلاپ كىلىپ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۇنىڭ بېشىدا تەۋراتنى ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،ئۇنىڭغا؛ ئى يەھۇدىي! مەن سەندىن تەۋراتنى مۇساغا نازىل قىلغان **الله** نىڭ نامىدىن شۇنى سورايمەنكى؛سەن تەۋراتتا مىنىڭ (ماددى ۋە مەنىۋىي)ھەر جەھەتتىكى سۈپۈتۈمنى، ھىجرەت قىلىپ چىقىدىغان ئورنۇمنى تاپتىڭمۇ؟دىسە، ئۇيەھۇدىي؛ياق تاپمىدىم دىدى، ئاندىن ئۇنىڭ بالىسى ھېلىقى ياش يىگىت؛ياق! ئۇنداق ئەمەس، **الله** بىلەن قەسەمكى، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز سىلىنىڭ ھەر جەھەتتىكى سۈپەتلىرىنى، ھىجرەت قىلىپ چىقىدىغان ئورۇنلىرىنى تەۋراتتا تاپتۇق، (يەنە تاپالايمىز)گۇۋاھلىق بىرىمەنكى، **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى **الله** نىڭ ھەققى ئەلچىسى دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ساھابىللىرىغا؛ سىلەر بۇ قىرىندىشىڭلارنىڭ بېشىدا تۇرۇڭلار، سىلەر بۇنىڭ ئىشلىرىغا(يەنى كىسىلىنى،يۇيۇپ تاراشلىرىنى، كىپەنلىكىنى، دەپنە ئىشلىرىنى)بىر تەرەپ قىلىشقا ئىگە بولۇڭلار دىدى.دارىمى توپلىغان.

**5800 – [ 25 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " إنما أنا رحمة مهداة " . رواه الدارمي والبيهقي في " شعب الإيمان "**

ئەبۇ سالىھ، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن ئالەملەرگە رەھمەت ۋە ھىدايەت، يىتەكچىدۇرمەن،دارىمى،بەيھەقى، ئىبنى سەئىد، ھەكىيم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**[ 3 ] باب في أخلاقه وشمائله صلى الله عليه وسلم – الفصل الأول**

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى،ۋە قىسقىچە تەرجىمھالى توغرىسىدا

**5801 – [ 1 ] عن أنس قال :خدمت النبي صلى الله عليه وسلم عشر سنين فما قال لي : أف ولا : لم صنعت ؟ ولا :ألا صنعت ؟ متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئون يىل خىزمەت قىلدىم، بۇ جەرياندا ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ئوھۇي! چىك ـ ئا!!!ھ، ئوي ـ ۋۇي!دەپ باقمىدى، ۋە شۇنداقلا؛ بۇئىشنى نىمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟ بۇئىشنى نىمىشقا قىلمىدىڭ؟دەپمۇ باقمىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5802 – [ 2 ] ( صحيح ) وعنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم من أحسن الناس خلقا فأرسلني يوما لحاجة فقلت : والله لا أذهب وفي نفسي أن أذهب لما أمرني به رسول الله صلى الله عليه وسلم فخرجت حتى أمر على صبيان وهم يلعبون في السوق فإذا برسول الله صلى الله عليه وسلم قد قبض بقفاي من ورائي قال : فنظرت إليه وهو يضحك فقال : " يا أنيس ذهبت حيث أمرتك ؟ " . قلت : نعم أنا أذهب يا رسول الله . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل ياخشىراقى ئىدى، بىر كۈنى مىنى ھاجىتى ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولۇشىدى، مەن؛ بارمايمەن دەپ تۇرىۋالدىم، لېكىن قەلبىمدە رەسۇلۇللاھ مىنى بۇيرىغان ئىشقا بېرىشىم كېرەكلىكى بار ئىدى، مەن چىقىپ بازاردا ئويناۋاتقان سەبىي باللارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ قېلىپ(ئۇلار بىلەن ئويناپ قالدىم)ناگاھان رەسۇلۇللاھ ئارقام تەرەپتىن گەردىنىمنى تۇتتى، قارىسام، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ تۇرۇپ؛ ئى ئەنەس ! مەن سىنى بۇيرىغان جايغا باردىڭمۇ؟دېدى. مەن؛ ھەئە، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مانا ھازىر بارىمەن دېدىم.مۇسلىم توپلىغان.

**5803 – [ 3 ] وعنه قال : كنت أمشي مع رسول الله صلى الله عليه وسلم وعليه برد نجراني غليظ الحاشية فأدركه أعرابي فجبذه جبذة شديدة ورجع نبي الله صلى الله عليه وسلم في نحر الأعرابي حتى نظرت إلى صفحة عاتق رسول الله صلى الله عليه وسلم قد أثرت به حاشية البرد من شدة جبذته ثم قال : يا محمد مر لي من مال الله الذي عندك فالتفت إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم ضحك ثم أمر له بعطاء . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پىيادە مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىدە نەجرانغا مەنسۇپ، قىرغىقى قوپال تون بار ئىدى، ئاندىن بىر ئەئرابىي كىشى رەسۇلۇللاھنى تۇتۇپ قاتتىق تارتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۈرىسىدىكى توننىڭ قىرغىقى تۈرىدىغان جايغا قارىسام، ھېلىقى ئەئرابىينىڭ قاتتىق تارتقانلىقىدىن، توننىڭ قىرغىقى مۈرىسىگە ئىز چىقىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۇكىشى؛ ئى مۇھەممەد! الله تائالانىڭ سىنىڭ نەزىلىڭدىكى مېلىدىن ماڭىمۇ بىرلىشىگە بۇيرىغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاراپ، كۈلۈپ كىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا مال بېرىشكە بۇيرىدى.بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

**5804 – [ 4 ] وعنه قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم أحسن الناس وأجود الناس وأشجع الناس ولقد فزع أهل المدينة ذات ليلة فانطلق الناس قبل الصوت فاستقبلهم النبي صلى الله عليه وسلم قد سبق الناس إلى الصوت هو يقول : " لم تراعوا لم تراعوا " وهو على فرس لأبي طلحة عري ما عليه سرج وفي عنقه سيف . فقال : " لقد وجدته بحرا " . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكى، ياخشىراقى، سېخىيراقى، باتۇرراقى ئىدى.بىر كېچىسى مەدىنە ئەھلى «دۈشمەن كەپتۇ» دىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، چۈچۈپ كىتىپ، كىشلەر ئاۋاز چىققان شۇتەرەپكە ماڭدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆزى ئات سىلىپ، (يەنى قىلىچىنى بوينىغا ئېسىپ، ئەبۇتەلھەنىڭ ئېتىنى ئىگەرسىزلا يايداق مىنىپ،)ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، ئۇقۇپ كەلگەندىن كېيىن؛قورقماڭلار! چۈچۈپ كەتمەڭلار! بىز ھېچ بىر چۈچىگىدەك ئىشنى كۆرمىدۇق، خاتىرجەم بولۇڭلار، ھەقىقەتەن بۇ ئاتنى دېڭىزدەك تاپتۇق، يەنى ياخشى چاپىدىكەن،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھەھ، بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باتۇرلۇقى، مانا بۇ سۈپەتلەر يېتەرلىكتۇر.

**5805 – [ 5 ] وعن جابر قال : ما سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم شيئا قط فقال : لا . متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىرەر نەرسە سورىلىپلا قالسا، بىرەتتى، ياق،يوقتى دىمەيتتى.بۇخارى،مۇسلىم. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن

بىرەر نەرسە سورىلىپلا قالسا، بېرەتتى، ياكى ئالدىدا نەرسە بولمىسا جىم، سۈكۈتتە تۇراتتى، (ياكى ۋەدە بېرىپ كېيىن بېرەتتى). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش سورىلىپلا قالسا، ئۇ ئىشنى قىلىپ بېرەتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفىييە رەھمەھۇللادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورالغان نەرسىگە ياق، يوق دېمەيتتى، قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىشىدىن سورالسا، ھەئە، ماقۇل دەيتتى، قىلىشنى ئىرادە، مەخسەت قىلمىغان ئىشىدىن سورالسا، سۈكۈتتە جىم تۇراتتى، (بۇنىڭ ئۆزى رەت قىلىش ئىدى، بولسا بېرەتتى، بولمىسا ۋەدە بېرىپ كېيىن ئىجرا قىلاتتى). ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

**5806 – [ 6 ]** ( صحيح ) **وعن أنس أن رجلا سأل النبي صلى الله عليه وسلم غنما بين جبلين فأعطاه إياه فأتى قومه فقال : أي قوم أسلموا فو الله إن محمدا ليعطي عطاء ما يخاف الفقر** . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى تاغ ئارىسىدىكى قويلارنى سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ قويلارنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى، ئاندىن ئۇكىشى قەۋمىنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى قەۋمىم!مۇسۇلمان بولۇڭلار! **الله** بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مۇھەممەدسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق كۆپ سوۋغا ـ سالام بېرىدىكەنكى،ئۇ قەتئى پەقىرلىقتىن قورقمايدىكەن دېدى.مۇسلىم.

**5807 – [ 7 ]** ( صحيح ) **وعن جبير بن مطعم بينما هو يسير مع رسول الله صلى الله عليه وسلم مقفله من حنين فعلقت الأعراب يسألونه حتى اضطروه إلى سمرة فخطفت رداءه فوقف النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " أعطوني ردائي لو كان لي عدد هذه العضاة نعم لقسمته بينكم ثم لا تجدوني بخيلا ولا كذوبا ولا جبانا "** . رواه البخاري

ئىبنى ئەمرۇ،جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۈنەيىندىن قايتقاندا، ئەئرابىيلار نەرسە سوراپ ئېسىلىۋالدى، ھەتتا رەسۇلۇللاھنى سەمۇرە دەرىخىنىڭ يېنىغا قىستاپ ئاپاردى، دەرەخنىڭ شۇخىلىرى رىدايىنى ئىلىۋېلىپ يىرتىۋەتتى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ كىشلەر ئارىسىدا تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ئى ئىنسانلار! تون، رىدايىمنى قويۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ماڭا تەھامەنىڭ مۇشۇدەرەخلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ ماللار بولغان بولسىمۇ، ئۇنى مەن سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن بولاتتىم، ئاندىن سىلەر مېنى بېخىيل، قورقۇنچاق، كاززاپ تاپمايتتىڭلار، بەلكى، سېخى، باتۇر، سەممىي سادىق تاپاتتىڭلار،بۇخارى توپلىغان.

**5808 – [ 8 ]** ( صحيح ) **وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا صلى الغداة جاء خدم المدينة بآنيتهم فيها الماء فما يأتون بإناء إلا غمس يده فيها فربما جاؤوه بالغداة الباردة فيغمس يده فيها** . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، مەدىينە ئەھلى،خادىملىرى قاچىلىرىدا سۇ ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېلىپ كېلەتتى، ھەر قانداق سۇ بار قاچا كەلتۈرۈلسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سۇ بار قاچىغا قولىنى چىلاپ، سېلىپ بېرەتتى، (ئاندىن ئۇلار ئۇ سۇ بىلەن بەرىكەت تىلەيتتى)، ئۇلار كۆپىنچە ئەتىگەندە سوغۇق سۇ ئېلىپ كىلەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ بار قاچىغا قولىنى چىلاپ، سېلىپ بېرەتتى،مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا ئېلىپ كەلگەن، كېيىن ئۇنداق قىلمىغان، دىنىنى ساھابىلار، تابىئىنلاردەك چۈشىنىڭ، كارامىتى بار ئەۋلىيا بولسا، بەرىكەت تىلەتكۈزسە، دۇئا قىلىپ قويۇشنى سورىسا دۇرۇس بولىدۇ.

5809 – [ 9 ] ( صحيح ) وعنه قال : كانت أمة من إماء أهل المدينة تأخذ بيد رسول الله صلى الله عليه وسلم فتنطلق به حيث شاءت . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەدىنە ئەھلىنىڭ دىدەكلىرىدىن بىرەر دىدەك ،چۆرە قولمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئۆزى خالىغان يەرگە ئاپىرىپ سۆزىنى دىيەلەيتتى.بۇخارى.

5810 – [ 10 ] ( صحيح ) وعنه أن امرأة كانت في عقلها شيء فقالت : يا رسول الله إني لي إليك حاجة فقال : " يا أم فلان انظري أي السكك شئت حتى أقضي لك حاجتك " فخلا معها في بعض الطرق حتى فرغت من حاجتها . رواه مسلم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەقلىدە مەسىلە بار بىر ئايال:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!مىنىڭ سىلىگە بىر ھاجىتىم بار ئىدى دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى پالانىنىڭ ئانىسى! سەن مەدىنىنىڭ كوچا يوللىرىنىڭ قايسى تەرىپىنى خالىساڭ شۇ جايدا ئولتۇرغىن، مەنمۇ شۇ جايدا ئولتۇرۇپ، ھاجىتىڭنى ئادا قىلىمەن، دىدى.ئۇ ئەقلىدە مەسىلە بار ئايال يولدا ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ھاجىتىنى ئادا قىلدى، يەنى دۇئا قىلدى، ئايىتى شىپا ئوقۇپ قويدى. مۇسلىم 4293 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4182 _ ھەدىس، ئەھمەد 11752 _ ھەدىس، سەھىھ. بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، خەلققە كۆيۈنىشى ئىدى.

5811 – [ 11 ] ( صحيح ) وعنه قال : لم يكن رسول الله صلى الله عليه وسلم فاحشا ولا لعانا ولا سبابا كان يقول عند المعتبة : " ما له ترب جبينه ؟ " . رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاھىشە سۆز قىلمايتتى، لەنەت قىلمايتتى، تىللاپ ئەيىبلىمەيتتى، ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە تاپا قىلىپ كايىسا، مۇنداق دەيتتى: ئۇنىڭغا نىمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ پىشانىسى توپىا بولسۇن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سۆز خارلىق سۆزى بولۇپ، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدىن، ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۈۋەن، خار تۇتۇش چىقىپ تۇراتتى.دەل مۇشۇنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

5812 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قيل : يا رسول الله ادع على المشركين . قال : " إني لم أبعث لعانا وإنما بعثت رحمة " . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مۇشرىكلەرگە قارشى بەد دۇئا قىلسىلا دىيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن لەنەت قىلغۇچى قىلىنىپ ئەۋەتىلمىدىم، ئالەملەرگە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

5813 – [ 13 ] وعن أبي سعيد الخدري قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم أشد حياء من العذراء في خدرها فإذا رأى شيئا يكرهه عرفناه في وجهه . متفق عليه

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۆزىنىڭ چىمدىرىدىكى قىزچاقدىنمۇ بەكرەك ھايالىقراق ئىدى.بىرەر ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسە، بىز ئۇنى يەنى ياقتۇرمىغانلىقىنى يۈزىدىن تونۇيتتۇق.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5814 – [ 14 ] ( صحيح ) وعن عائشة رضي الله عنها قالت : ما رأيت النبي صلى الله عليه وسلم مستجمعا قط ضاحكا حتى أرى منه لهواته وإنما كان يتبسم . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىغىزىنىڭ تامغاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغانغا قەدەر بەك كۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا كۈلەتتى. بۇخارى توپلىغان.بۇھەدىس 4745 ـ ھەدىستە ئۆتكەن.

**5815 – [ 15 ] وعنها قالت : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم لم يكن يسرد الحديث كسردكم كان يحدث حديثا لو عده العاد لأحصاه . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،سىلەر كەينى ـ كەينىدىن تېز سۆزلىگەندەك، ئالدىراپ تېز سۆزلىمەي،بەلكى شۇنداق ئوچۇق، تەپسىلى ئالدىرىماي سۆزلەيتتىكى، ئەگەر سۆزلىرىنى سانىغۇچى ساناپ قالسا، ئەلۋەتتە دانىمۇ ــ دانە ھېسابلىيالايتتى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5816 – [ 16 ] ( صحيح ) وعن الأسود قال : سألت عائشة : ما كان النبي صلى الله عليه وسلم يصنع في بيته ؟ قالت : كان يكون في مهنة أهله – تعني خدمة أهله – فإذا حضرت الصلاة خرج إلى الصلاة . رواه البخاري**

ئەسۋەد رەھ مۇنداق دېدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆي ئىچىدە نىمە ئىشلارنى قىلاتتى؟دەپ سورىسام، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆي ئىچىدە، ئەھلىنىڭ مېھنەتلىك،جاپالىق خىزمەتلىرىنى قىلاتتى، ناماز ۋاقتى كەلسە، نامازغا چىقىپ كېتەتتى دېدى.بۇخارى

**5817 – [ 17 ] وعن عائشة قالت : ما خير رسول الله صلى الله عليه وسلم بين أمرين قط إلا أخذ أيسرهما ما لم يكن إثما فإن كان إثما كان أبعد الناس منه وما انتقم رسول الله صلى الله عليه وسلم لنفسه في شيء قط إلا أن ينتهك حرمة الله فينتقم لله بها . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككى ئىشنىڭ ئارلىقىدا تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، ئۇ گۇناھ بولمايدىغان ئىشلا بولسا، ئۇئىككى ئىشنىڭ ئاسانراقىنى،يەڭگىلراقىنى تاللايتتى، ئەگەر ئۇ گۇناھ بولىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ئۇئىشتىن كىشىلەرنىڭ يىراقراقى بولاتتى، (يەنى گۇناھ بولىدىغان ئىشتىن ھەممە كىشىدىن بەكرەك يىراق تۇراتتى) رەسۇلۇللاھ ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈنلا ئىنتىقام ئالمايتتى، پەقەت الله ھارام قىلغان نەرسە دەپسەندە قىلىنسا، الله نىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىپ، ھارام ئىشلار قىلىنىپ كەتسە، ئاندىن الله رازىلىق ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى.بۇخارى ،مۇسلىم.

**5818 – [ 18 ] ( صحيح ) وعنهاقالت : ما ضرب رسول الله صلى الله عليه وسلم لنفسه شيئا قط بيده ولا امرأة ولا خادما إلا أن يجاهد في سبيل الله وما نيل منه شيء قط فينتقم من صاحبه إلا أن ينتهك شيء من محارم الله فينتقم لله . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈنلا بىرەر نەرسىنى قولى بىلەن ئۇرۇپ باقمىغان،ئاياللىنى ياكى قۇل خادىمنىمۇ قولى بىلەن ئۇرۇپ باقمىغان، پەقەت الله يولىدا ئۇرۇش قىلسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى، رەسۇلۇللاھقا باشقىلار تەرىپىدىن بىرەر زەرەر مۇسىيبەت يەتسە، رەسۇلۇللاھ ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈنلا ئىنتىقام ئالمايتتى، پەقەت الله ھارام قىلغان نەرسە دەپسەندە قىلىنسا، الله نىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىپ، ھارام ئىشلار قىلىنىپ كەتسە، ئاندىن الله رازىلىق ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى. مۇسلىم.

**5819 – [ 19 ] الفصل الثاني عن أنس قال : خدمت رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا ابن ثمان سنين خدمته عشر سنين فما لامني على شيء قط أتي فيه على يدي فإن لامني لائم من أهله قال : " دعوه فإنه لو قضي شيء كان " . هذا لفظ " المصابيح " وروى البيهقي في " شعب الإيمان " . مع تغيير يسير**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەككىز ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ خىزمەت قىلىپ، ساق ئون يىل خىزمەت قىلدىم، بۇجەرياندا مېنىڭ قولۇمدا ھالاك بولۇپ كەتكەن نەرسىگە ماڭا پەقەتلا تاپا ـ تەنە قىلىپ باقمىدى، ئەگەر ئەھلىدىن بىرەرسى تاپا ـ تەنە قىلىپ قالسا، رەسۇلۇللاھ:بۇنىڭغا تاپا قىلماي، بۇنى جىم قويۇڭلار، ئەگەر بىر نەرسە تەقدىردە يېزىلىپ قالسا، ئۇ چوقۇم بولىدۇ دەيتتى.بەيھەقى توپلىغان

**5820 – [ 20 ] ( صحيح ) وعن عائشة رضي الله عنها قالت : لم يكن رسول الله صلى الله عليه وسلم فاحشا ولا متفحشا ولا سخابا في الأسواق ولا يجزي بالسيئة السيئة ولكن يعفو ويصفح . رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاھىشە سۆز قىلمايتتى، ئاغزى بەزەپ ئەمەستتى، پاھىشە سۆزلەشكە سەۋەب بولۇپ شۇنى تەلەپ قىلغۇچى بولمايتتى، بازارلاردا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىمايتتى، يامانلىققا يامانلىق قىلماستىن،يامانلىق قىلغان كىشىنىڭ جازاسىنى بەرمەستىن بەلكى، ئەپۇ قىلىپ، كەچۈرۈپ ئۆتۈۋېتەتتى.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**5821 – [ 21 ] وعن أنس يحدث عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه كان يعود المريض ويتبع الجنازة ويجيب دعوة المملوك ويركب الحمار لقد رأيته يوم خيبر على حمار خطامه ليف . رواه ابن ماجه والبيهقي في " شعب الإيمان "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەللەرنى يوقلايتتى، جىنازىغا ئەگىشەتتى، قۇللار چاقىرسىمۇ باراتتى، ئىشەككە مىنەتتى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ خەيبەر كۈنى نوختىسى خورما قوۋزىقىدىن بولغان بىر ئىشەككە مىنىۋالغىنىنى كۆرگەن ئىدىم.ئىبنى ماجە،بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلگىنىنىڭ ئارقىسىغا باشقىلارنى مىندۈرۈۋالاتتى، تامىقىنى زېمىن يۈزىگىلا قوياتتى، يەنى يەر يۈزىدىلا دوسقان سېلىپ يەيتتى، قۇللار چاقىرسىمۇ باراتتى، ئىشەككە مىنەتتى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5822 – [ 22 ] وعن عائشة نقالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يخصف نعله ويخيط ثوبه ويعمل في بيته كما يعمل أحدكم في بيته وقالت : كان بشرا من البشر يفلي ثوبه ويحلب شاته ويخدم نفسه . رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايىغىنىمۇ ئۆزى ياماق سېلىپ، كىيىمىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى، ئەر كىشىلەر ئۆيلىرىدە قىلىدىغان ئىش، خىزمەت، ئەمەللەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆيىدە قىلاتتى.ئۇ ئىنسانلاردىن بىر ئىنسان بولۇپ، كىيىمىگە ئۆزى قاراپ، پىت بارمۇ؟تەكشۈرەتتى، يەنى ئۆزى باقاتتى، قويىنى سېغىپ ئىچەتتى، ئۆزىگە ئۆزى خىزمەت قىلاتتى. ئەھمەد 23756 _ ھەدىس، تىرمىزى 2413 _ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشەككە مىنەتتى، ئايىغىغا ياماق سېلىپ كىيەتتى، كۆڭلىكىنى ياماپ كىيەتتى، ئۆزى كۆتۈرەتتى، يۇڭ كىيىم كىيەتتى، يەنى جۇۋا كىيەتتى، مۇنداق دەيتتى: كىم مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن. سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈش، كىبىر قىلىش، مەسخىرە

قىلىش، سۈننەت ئورنىغا بىدئەتنى دەسسىتىش ئېغىر گۇناھتۇر.

**5823 – [ 23 ] ( لم تتم دراسته ) وعن خارجة بن زيد بن ثابت قال : دخل نفر على زيد بن ثابت فقالوا له : حدثنا أحاديث رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : كنت جاره فكان إذا نزل الوحي بعث إلي فكتبته له فكان إذا ذكرنا الدنيا ذكرها معنا وإذا ذكرنا الآخرة ذكرها معنا وإذا ذكرنا الطعام ذكره معنا فكل هذا أحدثكم عن رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه الترمذي**

خارىجەت رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ دادام زەيدئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بىرنەچچە نەپەر كىشى كىرىپ؛ بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدىن سۆزلەپ بەرگىن دېدى، دادام؛ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ خوشنىسى ئىدىم، ئەگەر رەسۇلۇللاھقا ۋەھى نازىل بولۇپ قالسا، ماڭا كىشى ئەۋەتەتتى، مەن ئۇ ۋەھيىنى يېزىپ بېرەتتىم، بىز دۇنيانى تىلغا ئالساق، رەسۇلۇللاھمۇ بىز بىلەن بىللە ئۇنى تىلغا ئالاتتى، ئەگەربىز ئاخىرەتنى ئەسلەپ تىلغا ئالساق، رەسۇلۇللاھمۇ بىز بىلەن بىللە ئۇنى تىلغا ئالاتتى، بىز تاماقنى تىلغا ئالساق، رەسۇلۇللاھمۇ بىز بىلەن بىللە تاماقنى تىلغا ئالاتتى،مەن سىلەرگە مۇشۇنىڭ ھەممىسنى رەسۇلۇللاھتىن سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن دېدى. تىرمىزى توپلىغان.

**5824 – [ 24 ] وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا صافح الرجل لم ينزع يده من يده حتى يكون هو الذي ينزع يده ولا يصرف وجهه عن وجهه حتى يكون هو الذي يصرف وجهه عن وجهه ولم ير مقدما ركبتيه بين يدي جليس له رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى ئۇچرىشىپ بىللە تۇرسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىللە تۇراتتى، ئاشۇ كىشى يۈزىنى باشقا ياققا ئۆرۈپ قايتىپ كەتمىگىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن يۈز ئۆرۈپ قايتىپ كەتمەيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى ئۇچرىشىپ كۆرۈشۈپ قولىنى تۇتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ قولىنى تۇتۇپ بېرەتتى، ھەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئاشۇ كىشى قولىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تارتىۋالمىغىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئۇ كىشىدىن تارتىۋالمايتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەرسى ئۇچرىشىپ قۇلىقىغا سۆز قىلماقچى بولسا، قۇلىقىنى ئۇ كىشىگە تۇتۇپ بېرەتتى، ئاندىن ئاشۇ كىشى تارتىۋالمىغىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تارتىۋالمايتتى، يەنى ھەممىسىنىڭ ھاجىتىنى قاندۇراتتى.بىللە ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئالدىدا ئىككى تىزىنى ئىلگىرىرەك قىلىپ ئولتۇرغانلىقى كۆرۈلۈپ باقمىدى.تىرمىزى، ئىبنى سەئىد توپلىغان، ھەسەن.

**5825 – [ 25 ] وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان لا يدخر شيئا لغد . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىز ئەتە ئۈچۈن نەرسە ئېلىپ يوشۇرۇپ قويمايتتى، (يەنى شۇنداق سېخى مەرت ئىدى). تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ.

**5826 – [ 26 ] وعن جابربن سمرة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم طويل الصمت . رواه في " شرح السنة "**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆز قىلماستىن سۈكۈتتە ئۇزۇن تۇراتتى، ناھايىتى ئاز كۈلەتتى. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**5827 – [ 27 ] وعن جابرقال : كان في كلام رسول الله صلى الله عليه وسلم ترتيل وترسيل . رواه أبو داود**

جابىرئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى ئالدىرىماي ئاستا ـــ ئاستا، دانىمۇ ـــ دانە قىلاتتى، مۆھلەت بېرىپ قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد 4198 ـــ ھەدىس، ھەسەن.

**5828 – [ 28 ]** ( إسناده جيد ) **وعن عائشة قالت : ما كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يسرد سردكم هذا ولكنه كان يتكلم بكلام بينه فصل يحفظه من جلس إليه . رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،سىلەركەبىنى ـ كەينىدىن تىز سۆزلىگەندەك، ئالدىراپ تىز سۆزلىمەيتتى،لېكىن شۇنداق ئوچۇق، تەپسىلى، ئالدىرىماي سۆزلەيتتى، سۆزلىرى تەپسىلىي، ئوچۇق، رۇشەن، ئېنىق ئىدى،يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلىغانلىكى كىشى ئېنىق چۈشىنىپ، يادا ئالالايتتى.تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، ھەسەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى تەپسىلىي، ئوچۇق، رۇشەن ئىدى، ئاڭلىغانلىكى كىشى ئېنىق چۈشىنەلەيتتى. ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، ھەسەن.

**5829 – [ 29 ] وعن عبدالله بن الحارث بن جزء قال : ما رأيت أحدا أكثر تبسما من رسول الله صلى الله عليه وسلم رواه الترمذي**

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ كۆپرەك تەبەسسۇم قىلىدىغان بىرەر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم.تىرمىزى تويلىغان.

**5830 – [ 30 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن عبدالله بن سلام قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا جلس يتحدث يكثر أن يرفع طرفه إلى السماء . رواه أبو داود**

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىس سۆزلەش ئۈچۈن ئولتۇرسا، سۆز قىلىش جەريانىدا كۆزىنى(يەنى قاراشلىرىنى) ئاسمانغا كۆپ قېتىم كۆتۈرەيتتى.(يەنى پات ـ پات ئاسمانغا قاراپ قويۇپ سۆزلەيتتى) ئەبۇداۋۇد تويلىغان.

**5831 – [ 31 ] الفصل الثالث** ( صحيح ) **عن عمرو بن سعيد عن أنس قال : ما رأيت أحدا كان أرحم بالعيال من رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إبراهيم ابنه مسترضعا في عوالي المدينة فكان ينطلق ونحن معه فيدخل البيت وإنه ليدخن وكان ظئره قينا فيأخذه فيقبله ثم يرجع . قال عمرو : فلما توفي إبراهيم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن إبراهيم ابني وإنه مات في الثدي وإن له لظئرين تكملان رضاعه في الجنة " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك ، ئەھلى ئاياللىرىغا، بالىلىرىغا مېھرىبان، كۆيۈمچان، رەھىمدىل كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئوغلى ئىبراھىم مەدىنىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى بىر يېزىدا ئېمىتىلىشكە ئىنىك ئانىغا بېرىلگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ بالىسىنى ئېلىپ شۇ تەرەپكە ماڭدى، بىزمۇ بىللە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ ئۆيگە كىرگەندە، ئۆي تۈتۈنگە لىق تولۇپ كىتىپتۇ، چۈنكى ئوغلىنىڭ ئىنىك ئانىسىنىڭ ئېرى تۆمۈرچى ئىدى، ئۇ بالىنى ئېلىپ سۆيۈپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۆيگە قايتتى، ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئىبراھىم مېنىڭ ئوغلۇمدۇر، ئۇ ئەمچەكتە ئۆلۈپ كەتتى، يەنى سۈت ئېمىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتتى، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئىنىك ئانا بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ئېمىشىنى جەننەتتە تولۇقلاپ كامىل قىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم تويلىغان،

سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەبىي، كىچىك بالىلارغا ئەھلى ئايالىلىرىغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ مېھرىبان، رەھىمدىلرەكى ئىدى. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى ئايالىلىرىغا بالىلىرىغا مېھرىبان، كۆيۈمچان، رەھىمدىل ئىدى. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**5832 – [ 32 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن علي أن يهوديا يقال له : فلان حبر كان له على رسول الله صلى الله عليه وسلم في دنانير فتقاضى النبي صلى الله عليه وسلم فقال له : " يا يهودي ما عندي ما أعطيك " . قال : فإني لا أفارقك يا محمد حتى تعطيني . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا أجلس معك " فجلس معه فصلى رسول الله صلى الله عليه وسلم الظهر والعصر والمغرب والعشاء الآخرة والغداة وكان أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم يتهددونه ويتوعدونه ففطن رسول الله صلى الله عليه وسلم ما الذي يصنعون به . فقالوا : يا رسول الله يهودي يحبسك فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " منعني ربي أن أظلم معاهدا وغيره " فلما ترجل النهار قال اليهودي : أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أنك رسول الله وشطر مالي في سبيل الله أما والله ما فعلت بك الذي فعلت بك إلا لأنظر إلى نعتك في التوراة : محمد بن عبد الله مولده بمكة ومهاجره بطيبة وملكه بالشام ليس بفظ ولا غليظ ولا سخاب في الأسواق ولا متزي بالفحش ولا قول الخنا أشهد أن لا إله إلا الله وأنك رسول الله وهذا مالي فاحكم فيه بما أراك الله وكان اليهودي كثير المال . رواه البيهقي في " دلائل النبوة "**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەھۇدىيلەر ئارىسىدا پالانى ئالىم دېيىلىدىغان بىر يەھۇدىينىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە بىرنەچچە دىينار ئالتۇن ئېلىشى بار ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھتىن ئېلىشىنى سوئيلەپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئى يەھۇدىي!مىنىڭ يېنىمدا ھازىر ساڭا بەرگىدەك نەرسە يوق دېدى، ئۇ: ئى مۇھەممەد ! ئۇنداق بولسا، سەن ماڭا ئېلىشمنى بەرمىگىچە، مەن سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ:ئەمىسە مەن سەن بىلەن بىللە ئولتۇراي دېدى، رەسۇلۇللاھ پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن، بامدات نامازلىرىنى ئوقۇدى، (ئۇيەھۇدىي تېخىچە بارئىدى)ساھابىلەر ئۇنىڭغا تەھدىد سېلىپ،ئۇنى قورقۇتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى بىلىپ قېلىپ سۆز قىلغاندا، ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىر يەھىي سىلىنى قەرزىگە مەھبۇس قىلىۋالامدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ:رەببىم مىنى ئەھدى-توختامى بار زىممىي كىشىگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارغىمۇ زۇلۇم قىلىشىمدىن توستى دېدى، كۈن كۆتۈرلۈپ چاشكا ۋاقتى بولغاندا، ھېلىقى يەھۇدىي؛ گۇۋاھلىق بىرىمەنكى، **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سەن **الله** نىڭ ھەقىقى ئەلچىسى، مېلىمنىڭ يېرىمى **الله** يولىدا سەرىپ ئېتىلسۇن، **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن تۈنۈگۈندىن بىرى ساڭا قىلغان ئىشلارنى پەقەت سىنىڭ تەۋراتتىكى سۈپۈتۈڭگە قاراپ بېقىش ئۈچۈنلا قىلغان ئىدىم، سەن تەۋراتتا:« مۇھەممەدئىبنى ئابدۇالله، **الله** نىڭ ئەلچىسى،(ئۇ مىنىڭ تاللانغان بەندەم ۋە ئەلچەم، مەن ئۇنى تەۋەككۈل قىلغۇچى دەپ ئاتىدىم)، تۇغۇلىدىغان ئورنى مەككە، ھىجرەت قىلىدىغان ئورنى تەييىب يەنى مەدىنە، پادىشاھلىقى ئىگىلىك ھوقۇقى شامدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقى ناچار ئەمەس، تەبىئىتى، تىلى قوپال ئەمەس،دىلى قاتتىق ئەمەس، بازارلاردا يۇقىر ئاۋاز بىلەن ۋارقىرمايدۇ، يامانلىقنى يامانلىق بىلەن دەپئى قىلمايدۇ، بەلكى، ئەپۇ قىلىپ كەچۈرىدۇ، پاھىشە سۆز قىلمايدۇ، قەبىھ-سەت سۆز قىلمايدۇ، ئۇممىتى **الله** قا ھەمدۇ-سانا ئەيتقۇچىلاردۇر»،دەپ سۈپەتلەنگەن، گۇۋاھلىق بىرىمەنكى، **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سەن **الله** نىڭ ھەقىقى ئەلچىسى،مانا بۇ مىنىڭ مېلىمدۇر، بۇمېلىمدا **الله** تائالا ساڭا كۆرسەتكەن كۆرسەتمە بويىنچە ھۆكۈم قىلغىن دېدى، ئۇيەھۇدىينىڭ مال-مۈلۈكى ئىنتايىن كۆپ ئىدى.بەيھەقى توپلىغان.

**5833 – [ 33 ]** ( صحيح ) **وعن عبد الله بن أبي أوفى قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يكثر الذكر ويقل اللغو**

**ويطيل الصلاة ويقصر الخطبة ولا يأنف أن يمشي مع الأرملة والمسكين فيقضي الحاجة . رواه النسائي والدارمي**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنى ئەسلەشنى، زىكرىنى كۆپ قىلاتتى، لەغۋە قۇرۇق سۆزنى قىلمايتتى، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇيتتى، خۇتبىنى بولسا قىسقا قىلاتتى، تۇل ئاياللار بىلەن، مىسكىنلەر بىلەن، قۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ ھاجىتى ئادا بولغانغا قەدەر بىللە مېڭىشتىن كىبىر قىلمايتتى، چوڭچىلىق قىلمايتتى، تەكەببۇرلۇق قىلماي، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلاتتى.دارىمى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5834 – [ 34 ]** ( ضعيف )**وعن علي أن أبا جهل قال للنبي صلى الله عليه وسلم : إنا لا نكذبك ولكن نكذب بما جئت به فأنزل الله تعالى فيهم : [ فإنهم لا يكذبونك ولكن الظالمين بآيات الله يجحدون ] رواه الترمذي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن ئەبۇ جەھىل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ بىز سىنى يالغانچى دېمەيمىز، ئىنكار قىلمايمىز، لېكىن، سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى ئىنكار قىلىمىز دېدى ـدە، شۇ چاغدا «ئۇلار سىلىنى يالغانچى دېمەيدۇ، لېكىن زالىملار ئاللاھنىڭ ئايىتىگە، قۇدرىتىگە تېنىۋالىدۇ» دېگەن ئايەت چۈشكەن، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.

**5835 – [ 35 ] وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا عائشة لو شئت لسارت معي جبال الذهب جاءني ملك وإن حجزته لتساوي الكعبة فقال : إن ربك يقرأ عليك السلام ويقول : إن شئت نبيا عبدا وإن شئت نبيا ملكا فنظرت إلى جبريل عليه السلام فأشار إلي أن ضع نفسك "**

**5836 – [ 36 ] وفي رواية ابن عباس : فالتفت رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى جبريل كالمستشير له فأشار جبريل بيده أن تواضع . فقلت : " نبيا عبدا "قالت : فكان رسول الله صلى الله عليه وسلم بعد ذلك لا يأكل متكأ يقول : " آكل كما يأكل العبد وأجلس كما يجلس العبد " رواه في " شرح السنة "**

ئائىشە،ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئى ئائىشە! ئەگەر مەن خالىساملا مەن بىلەن بىللە چوڭ ئالتۇن تاغلار سەيرە قىلىپ ماڭغان بولاتتى، ماڭا بىر پەرىشتە كەلدى، ئۇنىڭ بېلى، قۇچاق ئېتىكى كەئبىدەك كەڭ ئىدى، ئۇ ماڭا؛ رەببىڭ ساڭا سالام يوللاپ مۇنداق دېدى؛ ئەگەر خالىساڭ، قۇل بەندە پەيغەمبەر بولغىن، ئەگەر خالىساڭ، پەيغەمبەر ھەم پادىشاھ بولغىن، مەن جىبرىئىلغا مەسلىھەت سالغاندەك قىلىپ قارىسام، ئۇ ماڭا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ؛ ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەر بولغىن دېدى، مەن؛ قۇل بەندە پەيغەمبەر بولاي دېدىم،شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيتتى،ۋە مەن قۇل يېگەندەك يەيمەن، قۇل خوجايىن ئالدىدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمەن،دەيتتى. ئىبنى سەئىد، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان.سەھىھ .يەھيا ئىبنى ئەبۇ كەسىير رەھ دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مەن قۇل خوجايىن ئالدىدا يېگەندەك ھالەتتە تائام يەيمەن ۋە قۇل ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمەن،ھەقىقەتەن مەن قۇل، ئاللاھنىڭ بەندىسى.ئىبنى سەئىد،بەيھەقى توپلىغان.سەھىھ

## [ 4 ] باب المبعث وبدء الوحي – الفصل الأول

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەلچى قىلىنىپ ئەۋەتىلىشى، ۋە ۋەھىينىڭ باشلىنىشى

5837 – [ 1 ] ( متفق عليه ) عن ابن عباس قال : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم لأربعين سنة فمكث بمكة ثلاث عشرة سنة يوحى إليه ثم أمر بالهجرة فهاجر عشر سنين ومات وهو ابن ثلاث وستين سنة . متفق عليه

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 40ياشقا كىرگەندە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدى، ۋەھى نازىل قىلىنغان ھالدا مەككىدە 13 يىل تۇردى، ئاندىن ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئۇ يەردە ئون يىل تۇردى، 63 ياشتا ۋاپات بولدى.بۇخارى،مۇسلىم.

5838 – [ 2 ] وعنه قال : أقام رسول الله صلى الله عليه وسلم بمكة خمس عشرة سنة يسمع الصوت ويرى الضوء سبع سنين ولا يرى شيئا وثمان سنين يوحى إليه وأقام بالمدينة عشرا وتوفي وهو ابن خمس وستين . متفق عليه

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە 15 يىل تۇردى؛ ۋەھى ئاۋازىنى ئاڭلاپ،نۇرنى كۆرۈپ،ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر نەرسىنى كۆرەلمەي يەتتە يىل تۇردى، ۋەھى قىلىنغان ھالدا سەككىز يىل تۇردى، (ھىجرەت قىلىپ)، مەدىنىدە ئون يىل تۇردى، 65 ياشتا ۋاپات بولدى.بۇخارى،مۇسلىم.

5839 – [ 3 ] وعن أنس قال : توفاه الله على رأس ستين سنة . متفق عليه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، الله تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى 60 يېشىدا ۋاپات تاپقۇزۇپ ئېلىپ كەتتى.بۇخارى،مۇسلىم.

5840 – [ 4 ] ( صحيح ) وعنه قال : قبض النبي صلى الله عليه وسلم وهو ابن ثلاث وستين وأبو بكر وهو ابن ثلاث وستين وعمر وهو ابن ثلاث وستين . رواه مسلم قال محمد بن إسماعيل البخاري : ثلاث وستين أكثر

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم63 يېشىدا ۋاپات تاپتى، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ63 يېشىدا ۋاپات تاپتى،مۇسلىم توپلىغان.ئىمام بۇخارى؛63يېشىدا ۋاپات تاپقان رىۋايەت كۆپتۇر دېگەن(يەنى مۇشۇ بەكىرەك سەھىھ،)ئىمام نەۋۋىيمۇ 63 يېشىدا ۋاپات تاپقىنى سەھىراق دېدى.

5841 – [ 5 ] وعن عائشة رضي الله عنها قالت : أول ما بدئ به رسول الله صلى الله عليه وسلم من الوحي الرؤيا الصادقة في النوم فكان لا يرى رؤيا إلا جاءت مثل فلق الصبح ثم حبب إليه الخلاء وكان يخلو بغار حراء فيتحنث فيه – وهو التعبد الليالي ذوات العدد – قبل أن يترع إلى أهله ويتزود لذلك ثم يرجع إلى خديجة فيتزود لمثلها حتى جاءه الحق وهو في غار حراء فجاءه الملك فقال : اقرأ . فقال : " ما أنا بقارئ " . قال : " فأخذني فغطني حتى بلغ مني الجهد ثم أرسلني فقال : اقرأ . فقلت : ما أنا بقارئ فأخذني فغطني الثانية حتى بلغ مني الجهد ثم أرسلني فقال : اقرأ . فقلت : ما أنا بقارئ . فأخذني فغطني الثالثة حتى بلغ مني الجهد ثم أرسلني فقال : [ اقرا باسم ربك الذي خلق . خلق الإنسان من علق . اقرأ وربك الأكرم . الذي علم بالقلم . علم الإنسان ما لم يعلم ] " . فرجع بها رسول الله صلى الله عليه وسلم يرجف فؤاده فدخل على خديجة فقال : " زملوني زملوني " فزملوه حتى ذهب

**عنه الروع فقال لخديجة وأخبرها الخبر : " لقد خشيت على نفسي " فقالت خديجة : كلا والله لا يخزيك الله أبدا إنك لتصل الرحم وتصدق الحديث وتحمل الكل وتكسب المعدوم وتقري الضيف وتعين على نوائب الحق ثم انطلقت به خديجة إلى ورقة بن نوفل ابن عم خديجة . فقالت له : يا ابن عم اسمع من ابن أخيك . فقال له ورقة : يا ابن أخي ما ذا ترى ؟ فأخبره رسول الله صلى الله عليه وسلم خبر ما رأى . فقال ورقة : هذا هو الناموس الذي أنزل الله على موسى يا ليتني فيها جذعا يا ليتني أكون حيا إذ يخرجك قومك . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أو مخرجي هم ؟ " قال : نعم لم يأت رجل قط بمثل ما جئت به إلا عودي وإن يدركني يومك أنصرك نصرا مؤزرا . ثم لم ينشب ورقة أن توفي وفتر الوحي . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىلىدىغان ۋەھى دەسلەپتە راست چۈشلەردىن باشلانغان، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك رۇشەن ئىدى، كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ ھىرائ غارىدا ئۆيىگە قايتماي،قانچىلىغان كېچىلەر يالغۇز ئىستىقامەت قىلاتتى، ئىستىقامەتكە چىققاندا ئۇزۇقلۇق ئېلىۋالاتتى، ئىستىقامەتتىن بوشىغاندا،خەدىچەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا قايتىپ كىلىپ، ئىككىنجى قېتىم چىقىش ئۈچۈن تەييارلىناتتى، بۇ ئىش ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەھى كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا پەرىشتە كىلىپ؛ئوقۇغىن!دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئوقۇشنى بىلمەيمەن دېدىم، رەسۇلۇللاھ؛ پەرىشتە مىنى تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋتىپ؛ئوقۇ دېدى، مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن دېدىم، مىنى ئىككىنجى قېتىم تۇتۇپ، قاتتىق سىقىپ قويۇۋتىپ؛ئوقۇ دېدى، مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن دېدىم، مىنى ئۈچۈنجى قېتىم يەنە تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كىيىن:« **ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»**(سۈرە ئەلەق 1 ـ 5 ـ )**دېدى،** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا پەيدا بولغان قورقۇنچ بىلەن خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىيچەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا قايتىپ كىلىپ،قورقۇنجىسنى بېسىش ئۈچۈن؛ مىنى يۆگەپ قويۇڭلار،يۆگەپ قويۇڭلار دېدى، ئۇنىڭ قورقۇنجىسى تۈگىگىچە ئۇلار ئۇنى يۆگەپ قويدى، ئۇ خەدىيچىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ؛ ئۆزەم توغرىسىدا قورقۇپ قالدىم،دېدى. خەدىيچە؛ئۇنداق ئەمەس، **الله** بىلەن قەسەمكى، **الله** سىلىنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سىلى خىش ـ ئەقرىبالارغا شەپقەت قىلىلا، سۆزنى سەمىيمى راست قىلىلا، ئاجىز،بىچارىلەرگە ياردەم قىلىلا، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىلا، مىھمانلارنى ياخشى كۈتىۋالىلا، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىلا، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەدىيچەرەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقەئىبنى نەۋپەلنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ؛ئى تاغامنىڭ ئوغلى!قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سال، دېدى.ۋەرەقە رەسۇلۇللاھتىن؛ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! نىمە بولدۇڭ؟ نىمىنى كۆردۈڭ؟دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئەيتىپ بەردى، ۋەرەقە ئۇنىڭغا؛ **الله** تائالا مۇسا پەيغەمبەرگەچۈشۈرگەن شەرىئەت مۇشۇشۇدۇر، ئىسىت!مەن سىنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان ۋاقتىلىرىڭدا ياش يىگىت بولغان بولسامچۇ!ئىسىت! مەن خەلقىڭنىڭ سىنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋاقتىدا ھايات بولسامچۇ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەجەبلىنىپ؛ ئۇلار تېخى مىنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرارمۇ؟ دېدى، ۋەرەقە؛ ھەئە، ھەيدەپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بولىدۇ، سىنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ھايات بولغان بولسام ، ساڭا پۈتۈندىن ياردەم قىلاتتىم، دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولۇپ كەتتى، ۋەھى ئۈزۈلۈپ قالدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5842 – [ 6 ] ( صحيح ) وزاد البخاري : حتى حزن النبي صلى الله عليه وسلم – فيما بلغنا – حزنا غدا منه مرارا كي يتردى من رؤوس شواهق الجبل فكلما أوفى بذروة جبل لكي يلقي نفسه منه تبدى له جبريل فقال : يا محمد إنك رسول الله حقا . فيسكن لذلك جأشه وتقر نفسه**

ئىمام بۇخارى مۇنۇ سۆزلەرنى زىيادە قىلدى؛ (ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدىن)رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق غەم قىلىپ، ئۆزىنى تاغنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى چوققىسىدىن تاشلىۋىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئەتىگەندە تاغقا باردى، ئۆزىنى تاغدىن تاشلىۋىلىش ئۈچۈن ھەر قېتىم تاغنىڭ ئۈستىگە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھقا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاشكارا بولۇپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن سەن **الله** نىڭ ھەقىقى ھەق ئەلچىسى دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى، قورقۇنچىسى تەسكىن تېپىپ، غەم ـ قايغۇسى يوقاپ، قەلبى خاتىرجەم بولاتتى.بۇخارى.

**5843 – [ 7 ] وعن جابر أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يحدث عن فترة الوحي قال : " فبينا أنا أمشي سمعت صوتا من السماء فرفعت بصري فإذا الملك الذي جاءني بحراء قاعد على كرسي بين السماء والأرض فجئثت منه رعبا حتى هويت إلى الأرض فجئت أهلي فقلت : زملوني زملوني فأنزل الله تعالى : [ يا أيها المدثر . قم فأنذر وربك فكبر . وثيابك فطهر . والرجز فاهجر ] ثم حمي الوحي وتتابع " . متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى توغرىسىدا ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دىگەن: ۋەھى مەندىن بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى، بىر چاغدا مەن كېتىۋېتىپ، ئاسمان تەرەپتىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم، كۆزۈمنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ قارىسام، ناگاھان ھىرائ ناملىق غاردا ماڭا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زىمىن ئوتتۇرىسىدا كۇرسى، تەختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قاچتىم، قاچىمەن دەپ زىمىنغا يىقىلىپ چۈشتۈم، مەن ئەھلىم خەدىيچەنىڭ يېنىغا كېلىپ، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! دېدىم، ئاندىن جىبرىئىل كېلىپ، مۇنداق دېدى؛«ئى ۋەھى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا كىيىمگە چۈمكىنىۋالغۇچى، پەيغەمبەر! ئورنۇڭدىن تۇر، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر، پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمىڭنى پاك تۇت، ئازابتىن يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن يىراق بول، كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە»، 74 _ سۈرە مۇدەسسىر 1 _ ئايەتتىن 6 _ ئايەتكىچە،ئاندىن كېيىن ۋەھى تازا قىزىق، كەينى ـ كەينىدىن كۆپ نازىل بولۇشقا باشلىدى.بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**5844 – [ 8 ] وعن عائشة أن الحارث بن هشام سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : يا رسول الله كيف يأتيك الوحي ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أحيانا يأتيني مثل صلصلة الجرس وهو أشده علي فيفصم عني وقد وعيت عنه ما قال وأحيانا يتمثل لي الملك رجلا فيكلمني فأعي ما يقول " . قالت عائشة : ولقد رأيته يترل عليه الوحي في اليوم الشديد البرد فيفصم عنه وإن جبينه ليتفصد عرقا . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ھارىس ئىبنى ھىشام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ۋەھى سىلىگە قانداق كېلىدۇ؟دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ماڭا ۋەھى بەزى چاغلاردا كولدۇرماجىرىڭلىغان ئاۋازغا ئوخشاش كېلىدۇ، ئۇ بولسا، ماڭا ئەڭ ئېغىر، قاتتىق تۇيۇلىدۇ، پەرىشتە مەندىن ئايرىلىپ،ۋەھى ئۈزۈلىدۇ ـ دە، مەن ئۇ دىگەن سۆزلەرنى يادا ئېلىۋالىمەن، بەزى چاغلاردا بولسا، پەرىشتە ماڭا

ئەركىشىنىڭ سىياقىدا كېلىپ سۆز قىلىدۇ، بۇ ماڭا ئاساندۇر، مەن ئۇ دېگەن سۆزلەرنى يادا ئېلىۋالىمەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن قاتتىق سوغوق كۈنلەردە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھى نازىل بولىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، پەرىشتە ئايرىلىپ، ۋەھى ئۈزۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پېشانىسى تەرنى قۇيۇۋەتتى.بۇخارى،مۇسلىم، مالىك ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

**5845 – [ 9 ]** ( **صحيح** ) **وعن عبادة بن الصامت قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا نزل عليه الوحي كرب لذلك وتربد وجهه**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھى چۈشكەندە، ۋەھيىنىڭ جەھتىدىن قاتتىق قىينىلاتتى، رەڭگى ئۆزگىرىپ، ئاق يۈزلىرى قارىداپ كېتەتتى. مۇسلىم 4305 ـــ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**وفي رواية : نكس رأسه ونكس أصحابه رؤوسهم فلما أتلي عنه رفع رأسه . رواه مسلم**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى نازىل بولغاندا، بېشىنى پەس قىلىپ تۇراتتى، ساھابىلىرىمۇ(ھورمەت يۈزىسىدىن) بېشىنى پەس قىلىپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋەھى كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن بېشىنى كۆتۈرەتتى. مۇسلىم 4306 ـــ ھەدىس، ئەھمەد 21671 ـــ ھەدىس، سەھىھ.

**5846 – [ 10 ] وعن ابن عباس قال : لما نزلت [ وأنذر عشيرتك الأقربين ] خرج النبي صلى الله عليه وسلم حتى صعد الصفا فجعل ينادي : " يا بني فهر يا بني عدي " لبطون قريش حتى اجتمعوا فجعل الرجل إذا لم يستطع أن يخرج أرسل رسولا لينظر ما هو فجاء أبو لهب وقريش فقال : " أرأيتم إن أخبرتكم أن خيلا تخرج من سفح هذا الجبل – وفي رواية : أن خيلا تخرج بالوادي تريد أن تغير عليكم – أكنتم مصدقي ؟ " قالوا : نعم ما جربنا عليك إلا صدقا . قال : " فإني نذير لكم بين يدي عذاب شديد " . قال أبو لهب : تبا لك ألهذا جمعتنا ؟ فنزلت : [ تبت يدا أبي لهب وتب ] متفق عليه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپا تېغىغا چىقىپ، پۈتۈن قەۋم ـــ جامائەتلەرنى چاقىرىپ؛ ئى پىھرى جەمەتى! ئى ئەدىي جەمەتى! دەپ، ئۇلارنى توپلاپ يىغدى، بارالمىغان كىشى ئۆزىنىڭ ئورنىدا نىمە دەيدىغانلىقىغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتتى، ئەبۇ لەھەب ۋە بارلىق قۇرەيشلەر كەلدى، رەسۇلۇللاھ قۇرەيش جەمەتىگە: ئى پىھرى جەمەتى، ئى بەنى ئەدى! ئى ئابدۇماناپ! ئى ئابدۇلمۇتتەللىب جەمەتى! قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر ماڭا قانداق قارايسىلەر؟ ئەگەر مەن سىلەرگە مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا سايلىق، يايلاقلاردا دۈشمەنلەر، ئاتلىق قوشۇنلار كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلىدىكەن دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ ئۇلار؛ھەئە، بىز پەقەت سىنى راستچىل، سەممىي دەپ تەجرىبە قىلدۇق، ئىشىنىمىز دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قاتتىق ئازابنىڭ يەنى دوۋزاخنىڭ ئالدىدا،شۇئازاپنىڭ سىلەرگە كېلىپ قىلىشىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇ ئازابدىن ھەزەر قىلدۇرغۇچى دېدى.يەنە بىردە؛ قەبىيسەت، زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇناماپ جەمەتى! ھەقىقەتەن مەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى، ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن مېنىڭ

مسالىم، مۇنۇ كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ دۈشمەننى كۆرۈپ دەرھال ئەھلىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەھلىگە ئۆزىدىن بۇرۇن ئىلگىرلەپ بېرىۋېلىشىدىن قورقىدۇ. ئۇ ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، دۈشمەندىن مەخپى ھالدا ئى سۈبھى ئەھلى! ئى قەۋمىم ــ جامائەتلەر، قېرىنداشلىرىم! دۈشمەن كەلدى، سىلەرگە دۈشمەن كەلدى، ھەزەر قىلىڭلار دەيدۇ. ئەنە شۇنىڭدەك مەن سىلەرنى دوۋزاخدىن ئاگاھلاندۇرىمەن.ئاندىن ئەبۇلەھەب ؛ ھۇ ئۆلگۈر!ساڭا بۈگۈندىن باشلاپ ھالاكەت بولسۇن، بىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن يىغدىڭمۇ؟!دىگەندە، «ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن.....»دىگەن سۈرە مەسەد نازىل قىلىندى. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5847 – [ 11 ] وعن عبد الله بن مسعود قال : بينما رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي عند الكعبة وجمع قريش في مجالسهم إذ قال قائل : أيكم يقوم إلى جزور آل فلان فيعمد إلى فرثها ودمها وسلاها ثم يمهله حتى إذا سجد وضعه بين كتفيه فانبعث اشقاهم فلماسجد وضعه بين كتفيه وثبت النبي صلى الله عليه وسلم ساجدا فضحكوا حتى مال بعضهم على بعض من الضحك فانطلق منطلق إلى فاطمة فأقبلت تسعى وثبت النبي صلى الله عليه وسلم ساجدا حتى ألقته عنه وأقبلت عليهم تسبهم فلما قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم الصلاة قال : " اللهم عليك بقريش " ثلاثا – وكان إذا دعا دعا ثلاثا وإذا سأل سأل ثلاثا – : " اللهم عليك بعمرو بن هشام وشيبة بن ربيعة والوليد بن عتبة وأمية بن خلف وعقبة بن أبي معيط وعمارة بن الوليد " . قال عبد الله : فو الله لقد رأيتهم صرعى يوم بدر ثم سحبوا إلى القليب قليب بدر ثم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " وأتبع أصحاب القليب لعنة " . متفق عليه**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى، ۋە ھالەنكى شۇجايدا قۇرەيشلەر توپى ئۆز مەجلىسلىرىدە ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز ئۇلاردىن بىرسى؛ قايسىڭلار پالانىنىڭ تۆگىسى بوغۇزلانغان جايغا بېرىپ، ئۇتۇگىنىنىڭ نىجاسەت،قانلىرىنى، قېرىنىنى ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن مۆھلەت بىرىپ كۈتۈپ تۇرۇپ، مۇھەممەد سەجدە قىلغاندا ئۇنى ئىككى تاغىقى ئارىسىغا قويۇپ قويىدۇ؟ دېدى، ئۇلارنىڭ ئەڭ شەقىراقى بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەجدە قىلغاندا ھېلىقى قېرىنىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى تاغىقى ئارىسىدا قويۇپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەجدە قىلغان ھالدا مۇقۇم تۇرىۋەردى، ئۇلار كۈلۈشۈپ كىتىپ، قاتتىق كۈلۈشكەنلىكىدىن بەزىسى بەزىسىگە مايىل بولۇپ يېتىشىپ كەتتى، ئاندىن بىركىشى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالدىراپ كەلدى، ئۇ كەلگەندىمۇ رەسۇلۇللاھ سەجدە قىلغان ھالدا مۇقۇم تۇرۇۋقلۇق ئىدى، ئۇ ھېلىقى قېرىنىنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ، قۇرەيشلەرنى تىللاپ ئەيىبلىدى، رەسۇلۇللاھ نامىزىنى كامىل ئوقۇپ بولغاندا، ئۈچ قېتىم:« ئى **الله** ! قۇرەيشلەرنى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلغىن،ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم »دېدى. ــرەسۇلۇللاھ دۇئا قىلسا، ئۈچ قېتىم قىلاتتى، بىرەر نەرسە سورىسىمۇ، ئۈچ قېتىم سورايتتى ـ ئاندىن ئى **الله** ! ئەمرۇئىبنى ھىشام، شەيبە ئىبنى رەبيئە، ۋەلىيدئىبنى ئۇتبە، ئۇمەييەئىبنى خەلەپ، ئۇقبەئىبنى ئەبۇمۇئىيت، ئەممارە ئىبنى ۋەلىيد قاتارلىقلارنى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلغىن،مەن ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم،دېدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛**الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەدىر كۈنى ئۆلتۈرلۈپ ھالاك بولغانلىقىنى، ئاندىن بەدىر قۇدۇقلىرىدىن بىر قۇدۇققا سۆرەپ ئاپىرلىپ تاشلانغانلىقىنى كۆردۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇقۇدۇق ئەھلىگە قىيامەت كۈنىگىچە لەنەت ئەگەشتۈرلىدۇ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5848 – [ 12 ] وعن عائشة أنها قالت : هل أتى عليك يوم كان أشد من يوم أحد ؟ فقال : " لقد لقيت من قومك فكان أشد**

**ما لقيت منهم يوم العقبة إذ عرضت نفسي على ابن عبد يا ليل بن كلال فلم يجبني إلى ما أردت فانطلقت – وأنا مهموم – على وجهي فلم أفق إلا في قرن الثعالب فرفعت رأسي فإذا أنا بسحابة قد أظلتني فنظرت فإذا فيها جبريل فناداني فقال : إن الله قد سمع قول قومك وما ردوا عليك وقد بعث إليك ملك الجبال لتأمره بما شئت فيهم " . قال : " فناداني ملك الجبال فسلم علي ثم قال : يا محمد إن الله قد سمع قول قومك وأنا ملك الجبال وقد بعثني ربك إليك لتأمرني بأمرك إن شئت أطبق عليهم الأخشبين " فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بل أرجو أن يخرج الله من أصلابهم من يعبد الله وحده ولا يشرك به شيئا " . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلىگە ئۇھۇد كۈنىدىنمۇ ئېغىر قاتتىقراق بىرەر كۈن كىلىپ باققانمۇ؟دىسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن قەۋمىڭدىن كۆپ ئەزىيەتلەرگە يولۇقتۇم، مەن ئۇلاردىن يولۇققان ئەزىيەتنىڭ ئەڭ قاتتىقى، ئەقبە كۈنىدىكى بولدى، ئۆز ۋاختىدا مەن ئۆزۈمنى ئابدۇيالىلنىڭ ئوغلىغا تەڭلىدىم، يەنى ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدىم، ئۇ مەن ئىرادە قىلغان نەرسىگە جاۋاب بەرمىدى، چاقىرقىمغا ئاۋاز قوشمىدى، مەن غەمگە پېتىپ يۈزۈمنى يەرگە قىلىپ كېتىۋاتاتتىم، مەن پەقەت، (نەجىد ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاش ئورنى بولغان) مەنزىللەرنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر تاغنىڭ قېشىدا ھوشۇمغا كەلدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، بىر پارچە بۇلۇت ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ، قارىسام ئۇ جايدا جىبرىئىل بار ئىكەن، ئۇ ماڭا نىدا قىلىپ: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرىنى ساڭا قايتۇرغان جاۋابلىرىنى ئاڭلىدى، ھەقىقەتەن ساڭا، تاغقا مۇئەككەل پەرىشتىنى ئەۋەتتى، سەن ئۇلار توغرىسىدا بۇ پەرىشتىنى خالىغان ئىشقا بۇيرىغىن دىدى، تاغ پەرىشتىسى ماڭا نىدا قىلىپ: ماڭا سالام قىلىپ، ئاندىن ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! جىبرىئىل يۇقىرقى سۆزلەرنى دەپ ئۆتتى، نېمىنى خالايسەن؟ ئەگەر خالىساڭ، مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەككىدىكى ئوخشۇپ دىگەن ئىككى تاغنى تاشلاپ باستۇرۇۋېتەي دىدى، مەن ئۇلارغا: ياق ئۇنداق قىلماڭلار، بەلكى مەن، ئاللاھتائالانىڭ ئۇلارنىڭ سۇلبىدىن، پۇشتىدىن يەككە _ يىگانە بىر ئاللاھقا ھىچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن دىدىم. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى 2992 _ ھەدىس، مۇسلىم 3352 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5849 – [ 13 ] ( صحيح ) وعن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كسرت رباعيته يوم أحد وشج رأسه فجعل يسلت الدم عنه ويقول : " كيف يفلح قوم شجوا رأس نبيهم وكسروا رباعيته " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇتتۇر چىشىدىن ئىككىسى سۇنۇپ كەتتى، بېشى يېرىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىدىن قاننى سۈرتۈپ ئەيتقاچ؛ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋەتكەن قەۋىم قانداقمۇ نىجات تاپسۇن؟دىدى.م

**5850 – [ 14 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اشتد غضب الله على قوم فعلوا بنبيه " يشير إلى رباعيته " اشتد غضب الله على رجل يقتله رسول الله في سبيل الله " . متفق عليه**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنۇپ كەتكەن ئۇتتۇر چىشىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: ئۆز پەيغەمبىرىگە مۇشۇنداق قىلغان(يەنى باش_ كۆزىنى يېرىپ، چىشلىرىنى سۇندۇرغان)قەۋمگە **الله** نىڭ غەزىپى قاتتىق بولىدۇ، **الله** نىڭ ئەلچىسى **الله** يولىدا ئۆلتۈرگەن كىشىگىمۇ **الله** نىڭ غەزىپى قاتتىق بولىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى، پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرگەن، ياكى پەيغەمبەر ئۆلتۈرگەن كىشىدۇر، يەنە بىرسى بولسا، كىشىلەرنى ئىلىمسىز ئازدۇرغان كىشى، ۋە شۇنداقلا، سۈرەت، ھەيكەل سىزىدىغان رەسسامدۇر، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**5851 – [ 15 ] وهذا الباب خال عن الفصل الثاني و الفصل الثالث عن يحيى بن أبي كثير قال : سألت أبا سلمة بن عبد الرحمن عن أول ما نزل من القرآن ؟ قال : [ يا أيها المدثر ] قلت : يقولون : [ إقرأ باسم ربك ] قال أبو سلمة : سألت جابرا عن ذلك . وقلت له مثل الذي قلت لي . فقال لي جابر : لا أحدثك إلا بما حدثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " جاورت بحراء شهرا فلما قضيت جواري هبطت فنوديت فنظرت عن يميني فلم أر شيئا ونظرت عن شمالي فلم أر شيئا ونظرت عن خلفي فلم أر شيئا فرفعت رأسي فرأيت شيئا فأتيت خديجة فقلت : دثروني فدثروني وصبوا علي ماء باردا فنزلت : [ يا أيها المدثر . قم فأنذر وربك فكبر . وثيابك فطهر . والرجز فاهجر ] وذلك قبل أن تفرض الصلاة . متفق عليه**

يەھيا رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇ سەلەمەتتىن قۇرئاندىن تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەت توغرىسىدا سورسام، ئۇماڭا؛ «يائەييۇھەلمۇددەسسىر»دېدى، مەن؛ ئۇلار؛ تۇنجى بولۇپ نازىل بولغان ئايەت« ئىقرەئ بىسمى رەببىك» دەيدىغۇ؟دىسەم، ئۇ؛ مەنمۇ بۇ توغرىسىدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورىغان ئىدىم، ۋە ئۇنىڭغا سەن ماڭا دىگەندەك دىسەم، ئۇماڭا؛مەن ساڭا پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسنى سۆزلەپ بىرىمەن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:مەن ھىرائ ناملىق غاردا بىر ئاي ئېتىكاپ قىلدىم، مەن ئېتىكاپ ئىبادىتىمنى تۈگۈتۈپ چۈشۋاتسام، ماڭا نىدا قىلىندى، مەن ئوڭ تەرىپىمگە قاراپ ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، سول تەرىپىمگە قاراپ ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، ئارقام تەرەپكە قاراپمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ، بىر نەرسىنى كۆردۈم ــ دە، مەن خەدىيچەنىڭ يېنىغا كېلىپ؛ مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! ئۈستۈمگە سوغوق سۇ قويۇڭلار دېدىم، ئاندىن جىبرىئىل كېلىپ، مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولدى «ئى ۋەھى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا كىيىمگە چۈمكىنىۋالغۇچى، پەيغەمبەر! ئورنۇڭدىن تۇر، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر، پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمىڭنى پاك تۇت، ئازابتىن يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن يىراق بول، كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە»، 74 ــ سۈرە مۇددەسسىر 1 ــ ئايەتتىن 6 ــ ئايەتكىچە، ئەشۇچاغ بولسا، ناماز پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى.بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

## [ 5 ] باب علامات النبوة – الفصل الأول پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا

**5852 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أتاه جبريل وهو يلعب مع الغلمان فأخذه فصرعه فشق عن قلبه فاستخرج منه علقة . فقال : هذا حظ الشيطان منك ثم غسله في طست من ذهب بماء زمزم ثم لأمه وأعاده في مكانه وجاء الغلمان يسعون إلى أمه يعني ظئره . فقالوا : إن محمدا قد قتل فاستقبلوه وهو منتقع اللون قال أنس : فكنت أرى أثر المخيط في صدره . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (كىچىك چاغدا)كىچىك باللار بىلەن ئويناۋاتسا، جىبرىئىل كېلىپ، ئۇنى تۇتۇپ بېسىپ، قەلبىنى يېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۇيۇل لەختە قاننى چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ؛ مانا بۇ شەيتاننىڭ سەندىن بولغان نىسۋىسىدۇردەپ، ئاندىن قەلبىنى ئالتۇن قاچىدا زەمزەم سۈيى بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن كىيىن يارغان جاينى يىغىپ ئېكىلىپ، ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ ياماپ قويۇپتۇ، ئاندىن كىچىك باللار ئالدىرىغان ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنىك ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى دەپتۇ، ئۇلار

رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا چىقسا، رەسۇلۇللاھنىڭ رەڭگى ئۆزگۈرۈپ كىتىپتۇ، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ كۆكرىكىدىكى ھېلىقى يىڭنىنىڭ ئىزىنى كۆرگەن ئىدىم.مۇسلىم تويلىغان سەھىھ.

**5853 – [ 2 ]** ( صحيح وعن جابر بن سمرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لأعرف حجرا بمكة كان يسلم علي قبل أن أبعث إني لأعرفه الآن " . رواه مسلم

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:مەن ھەقىقەتەن مەككىدىكى بىر تاشنى ئوبدان تونۇيمەن، ئۇ تاش مەن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىشىمدىن بۇرۇنمۇ ماڭا سالام قىلاتتى، مەن ئۇتاشنى ھازىرمۇ تۇنىيالايمەن.ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**5854 – [ 3 ]** وعن أنس قال : إن أهل مكة سألوا رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يريهم آية فأراهم القمر شقتين حتى رأوا حراء بينهما . متفق عليه

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەككە ئەھلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇلارغا بىرەر ئالامەت مۆجىزە كۆرسىتىپ قويۇشنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئاينى ئىككى پارچىغا بۆلۈپ بېرىپ كۆرسىتىپ قويغان ئىدى، تاكى ئۇلار ھىرا غارىنى ئاينىڭ ئىككى پارچىسىنىڭ ئارىسىدا كۆرگەن ئىدى.بۇخارى،مسلم.

**5855 – [ 4 ]** وعن ابن مسعود قال : انشق القمر على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فرقتين : فرقة فوق الجبل وفرقة دونه . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اشهدوا " . متفق عليه

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، ئاي ئىككى پارچا بۆلۈپ يېرىلغان ئىدى، بىر پارچىسى تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنەبىر پارچىسى تۆۋەندىرەك تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:گۇۋاھ بولۇڭلار دىدى. بۇخارى،مسلم.يەنى ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگەگۇۋاھچى..

**5856 – [ 5 ]** ( صحيح وعن أبي هريرة قال : قال أبو جهل : هل يعفر محمد وجهه بين أظهركم ؟ فقيل : نعم . فقال : واللات والعزى لئن رأيته يفعل ذلك لأطأن على رقبته فأتى رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو يصلي – زعم ليطأ على رقبته – فما فجئهم منه إلا وهو ينكص على عقبيه ويتقي بيديه فقيل له مالك ؟ فقال : إن بيني وبينه لخندقا من نار وهولا وأجنحة . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو دنا مني لاختطفته الملائكة عضوا عضوا " . رواه مسلم

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇجەھىل ئادەملىرىگە؛ مۇھەممەد يەنە ئاراڭلاردا تۇرۇپمۇ يەرگە يۈزىنى قويۇپ سەجدە قىلىۋاتامدۇ؟دىدى، ئۇنىڭغا؛ھەئە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دىيىلسە، ئۇ؛ لات،ئۇززا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئۇنىڭ يەنە شۇنداق قىلغىنىنى كۆرۈپ قالسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ گەردىنىگە دەسسەيمەن دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتسا، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ گەردىنىگە دەسسەشنى ئىرادە قىلىپ كىلىپ، تۇيۇقسىزلا ئارقىسىغا چېكىنىپ قاچتى، ئۇ ئىككى قولى بىلەن بىرەر نەرسىدىن ھەزەر قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭغا؛ ھويى!ساڭا نىمە بولدى؟(دەسسەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئارقاڭغا قېچىۋاتىسەنغۇ؟) دىيىلدى، ئۇ؛ ھەقىقەتەن مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئوتلۇق ئازگال تۇرىدۇ، ۋە يەنە قورقۇنۇچلۇق بىر نەرسە، قاناتتەك بىر نەرسىمۇ تۇرىدۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئەگەر ئۇ ماڭا يەنە يېقىنلاشقان بولسا، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەر ئۇنى بىر ئەزادىن، بىر ئەزادىن تىتىۋەتەتتى،ئەزالىرىنى يۇلۇپ تاشلايتتى دىدى.مۇسلىم

**5857 – [ 6 ]** ( صحيح ) **وعن عدي بن حاتم قال : بينا أنا عند النبي صلى الله عليه وسلم إذا أتاه رجل فشكا إليه الفاقة ثم أتاه الآخر فشكا إليه قطع السبيل . فقال : " يا عدي هل رأيت الحيرة ؟ فإن طالت بك حياة فلترين الظعينة ترتحل من الحيرة حتى تطوف بالكعبة لا تخاف أحدا إلا الله ولئن طالت بك حياة لتفتحن كنوز كسرى ولئن طالت بك حياة لترين الرجل يخرج ملء كفه من ذهب أو فضة يطلب من يقبله فلا يجد أحدا يقبله منه وليلقين الله أحدكم يوم يلقاه وليس بينه وبينه ترجمان يترجم له فليقولن : ألم أبعث إليك رسولا فليبلغك ؟ فيقول : بلى . فيقول : ألم أعطك مالا وأفضل عليك ؟ فيقول : بلى فينظر عن يمينه فلا يرى إلا جهنم وينظر عن يساره فلا يرى إلا جهنم اتقوا النار ولو بشق تمرة فمن لم يجد فبكلمة طيبة " قال عدي : فرأيت الظعينة ترتحل من الحيرة حتى تطوف بالكعبة لا تخاف إلا الله وكنت فيمن افتتح كنوز كسرى بن هرمز ولئن طالت بكم حياة لترون ما قال النبي أبو القاسم صلى الله عليه وسلم : " يخرج ملء كفيه " . رواه البخاري**

ئەدى ئىبنى هاتەم رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن، بىر چاغدا مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئىدىم، تۇيۇقسىز بىر كىشى كىلىپ؛ يوقسۇزلۇق،پەقەرلىقتىن شىكايەت قىلدى، ئاندىن يەنە بىر كىشى كىلىپ؛ يولنىڭ ئەمىن ئەمەسلىكىدىن، قاراقچىلاردىن شىكايەت قىلدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئى ئەدىي! سەن هەيرەت دىگەن جاينى كۆرگەنمۇ؟ ئەگەر ساڭا هاياتلىق ئۇزۇن بولۇپ قاسا، (يەنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قالساڭ) تەنها، يالغۇز سەپەر قىلغان ئايال كىشىنىڭ هەيرەت دىگەن جايدىن چىقىپ، هىچ نەرسىدىن قورقماي، پەقەت بىر **الله** تىن قورققان هالدا بەيتۇ**الله** نى تاۋاپ قىلغىنىنى كۆرىسەن، ئەگەر ساڭا هاياتلىق ئۇزۇن بولۇپ قاسا، (يەنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قالساڭ )كىسرانىڭ ئالتۇن ـ كاڭلىرىنى ئىشغال قىلىپ غەنىيمەت ئالىسەن، ئەگەر سەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قالساڭ، كىشىنىڭ ئالقىنىدا لىق ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى ئىلىپ چىقىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تەلەپ قىلىپ ئىزدەپ، ئۆزىدىن ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تاپالمايدىغانلىقىنى كۆرىسەن.ئاندىن بىرىڭلار **الله** قا ئۇچۇرشۇپ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پەردىسىز، تەرجىمانسىز هالدا تۇرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ مەن ساڭا مال ــ دۇنيا بەرمىدىممۇ؟ ساڭا پەزىلەت ئاتا قىلمىدىممۇ؟دەيدۇ، ئۇ ئەلۋەتتە بەردىلە دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ، ساڭا ئەمرىمنى يەتكۈزىدىغان ئەلچى ئەۋەتمىدىممۇ؟ دىسە، ئۇ ئەلۋەتتە ئەۋەتتىلە دەيدۇ، ئوڭ تەرىپىگە قاراپ دوۋزاخدىن باشقىنى كۆرمەيدۇ، سول تەرىپىگە قاراپمۇ دوۋزاخدىن باشقىنى كۆرمەيدۇ، بىرىڭلار، يىرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوۋزاخدىن ساقلانسۇن، ئەگەر تاپالمىسا، ياخشى سۆز قىلىش بىلەن ساقلانسۇن،ئەدىي مۇنداق دەيدۇ؛ مەن راستىنلا تەنها، يالغۇز سەپەر قىلغان ئايال كىشىنىڭ هەيرەت دىگەن جايدىن چىقىپ، هىچ نەرسىدىن قورقماي، پەقەت بىر **الله** تىن قورققان هالدا بەيتۇ**الله** نى تاۋاپ قىلغىنىنى كۆردۈم، مەن كىسرانىڭ ئالتۇن ـ كاڭلىرىنى ئىشغال قىلىپ غەنىيمەت ئالغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بار ئىدىم، ئەگەر سىلەرگە هاياتلىق ئۇزۇن بولۇپ قاسا، (يەنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قالساڭلار)ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئىلىپ چىقىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تاپالمايدىغان كىشىنىمۇ چوقۇم كۆرىسىلەر دىدى. بۇخارى توپلىدى، 1324 ــ هەدىس، سەهىه.

**5858 – [ 7 ]** ( صحيح ) **وعن خباب بن الأرت قال : شكونا إلى النبي صلى الله عليه وسلم وهو متوسد بردة في ظل الكعبة وقد لقينا من المشركين شدة فقلنا : الا تدعو الله فقعد وهو محمر وجهه وقال : " كان الرجل فيمن كان قبلكم يحفر له في الأرض فيجعل فيه فيجاء بمنشار فيوضع فوق رأسه فيشق باثنين فما يصده ذلك عن دينه والله ليتمن هذا الأمر حتى يسير الراكب من صنعاء إلى حضرموت لا يخاف إلا الله أو الذئب على غنمه ولكنكم تستعجلون " . رواه البخاري**

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا، مۇشرەكلەردىن ئۇچۇرىغان قاتتىق ئەزىيەتلەر توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ كەلسەك، رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ سايىسىدا تون كاساياسىنى بېشىغا قويۇپ ياتقان ئىكەن، بىز: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** قا دۇئا قىلمامىلا؟ دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا ئولتۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بۇرۇنقى مۇسۇلمان كىشىلەر، دۈشمەن تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا زىمىندا ئازگال كولىناتتى، ئاندىن ئۇ مۇسۇلماننى ئازگالغا سېلىپ، ھەرە كەلتۈرلۈپ، بېشىغا قويىلاتتى، ئاندىن ھەرە بىلەن تىلىنىپ، ئىككى پارە قىلىناتتى، ئۇ ئىشلارمۇ ئۇلارنى دىنىدىن توسالمىدى، دىنىدىن ياندۇرالمىدى، تۆمۈر تاغاق كەلتۈرۈلۈپ ئوتتا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ گۆشى، سۆڭەكلىرىدىن، پەيرىلىدىن تارىلاتتى، بۇ ئىشمۇ ئۇنى دىنىدىن ياندۇرۇپ توسالمىدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتائالا بۇ ئىشنى يەنى ئىسلام دىنىنى شۇنداق مۇكەممەل كامىل قىلىدۇكى، ئاتلىق كىشى سەنئادىن ھەزرە مەۋتكىچە شۇنداق يىراق چۆللۈكتە يالغۇز، تەنھا ماڭسىمۇ پەقەت ئاللاھدىنلا قورقىدۇ، قويغا نىسبەتەن بۆرىدىن ئەنسىرەيدۇ، باشقا نەرسىدىن قورقمايدۇ، لېكىن، سىلەر بەك ئالدىراپ كىتىسلەر، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ئوچۇقلا مۆجىزە بولغان، شۇنداقلا ھەق بىلەن باتىل قەدىمدىن تارتىپ، تىرىكىشىپ، كۆرەش قىلىپ كەلمەكتە، بىزمۇ شۇلاردەك دىندا چىڭ تۇرايلى.

**5859 – [ 8 ] وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يدخل على أم حرام بنت ملحان وكانت تحت عبادة بن الصامت فدخل عليها يوما فأطعمته ثم جلست تفلي رأسه فنام رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم استيقظ وهو يضحك قالت : فقلت : ما يضحكك يا رسول الله ؟ قال : " ناس من أمتي عرضوا علي غزاة في سبيل الله يركبون ثبج هذا البحر ملوكا على الأسرة أو مثل الملوك على الأسرة " . فقلت : يا رسول الله ادع الله أن يجعلني منهم فدعا لها ثم وضع رأسه فنام ثم استيقظ وهو يضحك فقلت : يا رسول الله ما يضحكك ؟ قال : " ناس من أمتي عرضوا علي غزاة في سبيل الله " . كما قال في الأولى . فقلت : يا رسول الله ادع الله أن يجعلني منهم . قال : " أنت من الأولين " . فركبت أم حرام البحر في زمن معاوية فصرعت عن دابتها حين خرجت من البحر فهلكت . متفق عليه**

ئەنەس، ئۇممە ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ ئۇبادەنىڭ ئايالى ئۇممە ھەرامنىڭ ئۆيىگە پات-پات كىرىپ تۇراتتى، بىر كۈنى كىرىۋىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھقا تاماق بەردى، ئاندىن ئولتۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىدا پىت بارمۇ؟-يوق قاراۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇخلاپ قالدى، ئاندىن كۈلگەن ھالدا ئويغاندى، مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!سىلىنى نىمە كۈلدۈردى؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاللاھ يولىدا غازات قىلغان ھالىتىدە ماڭا تەڭلىنىپ كۆرسىتىلدى. ئۇلار مۇشۇ دېڭىزنىڭ يۈزىدە، قاپ ئوتتۇرىدا خۇددى پادىشاھلار تەختى ئۈستىدە خاتىرجەم ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم، كەڭ _ كۇشادە سەپەر قىلىۋاتقىدەك. مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!**الله** نىڭ مىنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىپ قويۇشىغا دۇئا قىلىپ قويسىلا دىسەم، ماڭا دۇئا قىلىپ قويدى، ئاندىن بېشىنى قويۇپ يەنە ئۇخلاپ قالدى، ئاندىن كۈلگەن ھالدا ئويغاندى، مەن ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!سىلىنى نىمە كۈلدۈردى؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاللاھ يولىدا غازات قىلغان ھالىتىدە ماڭا تەڭلىنىپ كۆرسىتىلدى دەپ، تۇنجى قېتىمقىدەك دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!**الله** نىڭ مىنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىپ قويۇشىغا دۇئا قىلىپ قويسىلا دىسەم، سەن دىگەن ئەۋۋەلقىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ بولدۇڭ دېدى، ئۇممە ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا دېڭىزغا ئۇرۇش سەپىرى

ئۇچۇن چىقىپ، دېڭىزدىن چىققاندا ئۆلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، الله يولىدا شېھىد بولدى.بۇخارى 5810 _ ھەدىس،مۇسلىم 3535 _ ھەدىس،نەسەئى 3120 _ھەدىسى،بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ،سەھىھ.

**5860 – [ 9 ]** ( صحيح ) **وعن ابن عباس قال : إن ضمادا قدم مكة وكان من أزد شنوءة وكان يرقي من هذا الريح فسمع سفهاء أهل مكة يقولون : إن محمدا مجنون . فقال : لو أني رأيت هذا الرجل لعل الله يشفيه على يدي . قال : فلقيه . فقال : يا محمد إني ارقي من هذا الريح فهل لك ؟ فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الحمد لله نحمده ونستعينه من يهده الله فلا مضل له ومن يضلل فلا هادي له وأشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له وأشهد أن محمدا عبده ورسوله أما بعد " فقال : أعد علي كلماتك هؤلاء فأعادهن عليه رسول الله صلى الله عليه وسلم ثلاث مرات فقال : لقد سمعت قول الكهنة وقول السحرة وقول الشعراء فما سمعت مثل كلماتك هؤلاء . ولقد بلغن قاموس البحر هات يدك أبايعك على الإسلام قال : فبايعه . رواه مسلم وفي بعض نسخ " المصابيح " : بلغنا ناعوس البحر وذكر حديثا أبي هريرة وجابر بن سمرة " يهلك كسرى " والآخر " ليفتحن عصابة " في باب " الملاحم " وهذا الباب خال عن : الفصل الثاني**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، زىماد مەككىگە كەلدى، ئۇ شەنۇئەتىنىڭ ئەزەد قەبىلىسىدىن ئىدى، ئۇ جىن چاپلىشىۋالغان ساراڭلارنى رۇقيي قىلىپ داۋالايتتى، ئۇ مەككى ئەھلىنىڭ نادانلىرىدىن مۇھەممەد مەجنۇن ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، ئەگەر مەن بۇ كىشىنى كۆرۈپ باقسام، الله بۇكىشىگە مىنىڭ قولۇمدا شىپالىق ئاتا قىلسا ئەجەپ ئەمەس دەپ، رەسۇلۇللاھغا ئۇچۇرشۇپ؛ ئى مۇھەممەد! مەن جىن چاپلىشىۋالغان ساراڭلارنى رۇقيي قىلىپ داۋالايمەن، ماڭا ھاجىتىڭ بارمۇ؟دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بارلىق ھەمدۇ _ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ _ سانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايمىز. ئالاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۈل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. (شۇنىڭ ئۇچۇن بىز ئاللاھدىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز). ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە،شىرىكى يوقلىقىغا، مۇھەممەد سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، (قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن بىرگە تېرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز)گۇۋاھلىق بېرىپ، ئىمان كەلتۈرىمىز.ئەمما بەئدۇ دېدى، ئۇ؛ بۇ سۆزلىرىڭنى ماڭا قايتىلاپ بەرگىن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم قايتىلاپ بەردى، ئاندىن ئۇ:ھەقىقەتەن مەن جىنكەش كاھىنلەرنىڭ، سېھىرگەرلەرنىڭ، شائىرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باققان، لېكىن مەن سىنىڭكىدەك بۇنداق ئىسىل سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، بۇ سۆزلەر پاساھەت،بالاغەتتە ئەڭ يۇقىر چەككە يەتتى، قولۇڭنى بەرگىن ، مەن ساڭا ئىسلامغا ، مۇسۇلمان بولۇشقا بەيئەت قىلاي دېدى، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ بەيئەت قىلدى، مۇسلىم توپلىغان،سەھىھ.

**5861 – [ 10 ] الفصل الثالث عن ابن عباس قال : حدثني أبو سفيان بن حرب من فيه إلى في قال : انطلقت في المدة التي كانت بيني وبين رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : فبينا أنا بالشام إذ جيء بكتاب النبي صلى الله عليه وسلم إلى هرقل . قال : وكان دحية الكلبي جاء به فدفعه إلى عظيم بصرى فدفعه عظيم بصرى إلى هرقل فقال هرقل : هل هنا أحد من قوم هذا الرجل**

الذي يزعم أنه نبي ؟ قالوا : نعم فدعيت في نفر من قريش فدخلنا على هرقل فأجلسنا بين يديه فقال : أيكم أقرب نسبا من هذا الرجل الذي يزعم أنه نبي ؟ قال أبو سفيان : فقلت : أنا فأجلسوني بين يديه وأجلسوا أصحابي خلفي ثم دعا بترجمانه فقال : قل لهم : إني سائل هذا عن هذا الرجل الذي يزعم أنه نبي فإن كذبني فكذبوه . قال أبو سفيان : وأيم الله لولا مخافة أن يؤثر علي الكذب لكذبته ثم قال لترجمانه : سله كيف حسبه فيكم ؟ قال : قلت : هو فينا ذو حسب . قال : فهل كان من آبائه من ملك ؟ قلت : لا . قال : فهل كنتم تتهمونه بالكذب قبل أن يقول ما قال ؟ قلت : لا . قال : ومن يتبعه ؟ أشراف الناس أم ضعفاؤهم ؟ قال : قلت : بل ضعفاؤهم . قال : أيزيدون أم ينقصون ؟ قلت : لا بل يزيدون . قال : هل يرتد أحد منهم عن دينه بعد أن يدخل فيه سخطة له ؟ قال : قلت : لا . قلت : فهل قاتلتموه ؟ قلت : نعم . قال : فكيف كان قتالكم إياه ؟ قال : قلت : يكون الحرب بيننا وبينه سجالا يصيب منا ونصيب منه . قال : فهل يغدر ؟ قلت : لا ونحن منه في هذه المدة لا ندري ما هو صانع فيها ؟ قال : والله ما أمكنني من كلمة أدخل فيها شيئا غير هذه . قال : فهل قال هذا القول أحد قبله ؟ قلت : لا . ثم قال لترجمانه : قل له : إني سألتك عن حسبه فيكم فزعمت أنه فيكم ذو حسب وكذلك الرسل تبعث في أحساب قومها . وسألتك هل كان في آبائه ملك ؟ فزعمت أن لا فقلت : لو كان من آبائه ملك . قلت : رجل يطلب ملك آبائه . وسألتك عن أتباعه أضعافاؤهم أم أشرافهم ؟ فقلت : بل ضعفاؤهم وهم أتباع الرسل . وسألتك : هل كنتم تتهمونه بالكذب قبل أن يقول ما قال ؟ فزعمت أن لا فعرفت أنه لم يكن ليدع الكذب على الناس ثم يذهب فيكذب على الله . وسألتك : هل يرتد أحد منهم عن دينه بعد أن يدخل فيه سخطة له ؟ فزعمت أن لا وكذلك الإيمان إذا خالط بشاشته القلوب . وسألتك هل يزيدون أم ينقصون ؟ فزعمت أنهم يزيدون وكذلك الإيمان حتى يتم وسألتك هل قاتلتموه ؟ فزعمت أنكم قاتلتموه فتكون الحرب بينكم وبينه سجالا ينال منكم وتنالون منه وكذلك الرسل تبتلي ثم تكون لها العاقبة . وسألتك هل يغدر فزعمت أنه لا يغدر وكذلك الرسل لا تغدر وسألتك هل قال هذا القول أحد قبله ؟ فزعمت أن لا فقلت : لو كان قال هذا القول أحد قبله قلت : رجل أئتم بقول قيل قبله . قال : ثم قال : بما يأمركم ؟ قلنا : يأمرنا بالصلاة والزكاة والصلة والعفاف . قال : إن يك ما تقول حقا فإنه نبي وقد كنت أعلم أنه خارج ولم أكن أظنه منكم ولو أني أعلم أني أخلص إليه لأحببت لقاءه ولو كنت عنده لغسلت عن قدميه وليبلغن ملكه ما تحت قدمي . ثم دعا بكتاب رسول الله صلى الله عليه وسلم فقرأه . متفق عليه وقد سبق تمام الحديث في " باب الكتاب إلى الكفار "

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ: ئەبۇسۇپيان ئىبنى سەخرى ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن مۇنداق دەپ بەرگەن:مەن بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن مەزگىلدە، مەن شامغا بارغان ئىدىم،(يەنى ھازىرقى سۈرىيە)مەن شامدىكى چاغدا دىيەكەلبى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىرەقلىگە يازغان مەكتۇپىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇسرانىڭ ۋالىيسى ئارقىلىق ھىرەقلىگە تاپشۇرغان ئىكەن، ھىرەقلى؛ ئۆزىنى پەيغەمبەر ھىساپلىغان بۇ ئادەمنىڭ خەلقىدىن بۇيەرەدە بىرەركىشى تېپىلامدۇ؟دەپ سوردى، يېنىكىلەر; ھەئە تېپىلىدۇ دېيىشتى، مەن ۋە قۇرەيشلىك بىرقانچە ئادەم ھىرەقلە تەرپىدىن چاقىرتىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردۇق، ئۇ بىزنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ؛ ئۆزىنى پەيغەمبەر ھىساپلىغان بۇئادەمگە قايسىڭلارنىڭ نەسەبى ئەڭ يېقىن؟دەپ سوردى، مەن ئۇنىڭغا؛ مىنىڭ نەسەبىم ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئەيتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزدىى، ھەمراھلىرىمنى ئارقامدا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ تەرجىمانىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇ ئارقىلىق بىزگە: مەن بۇ كىشىدىن ئۆزىنى پەيغەمبەر ھىساپلىغان ئادەم توغرۇلۇق سورايمەن، ئەگەر ئۇ يالغان ئەيتسا، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىڭلار ، دېدى. ئەبۇسۇپيان مۇنداق دەيدۇ؛ **الله** بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

ئەگەر ئۇلارنىڭ مىنى يالغانچى دېيىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئەلۋەتتە يالغان سۆزلىگەن بۇلاتتىم، ئاندىن ئۇنىڭ تەرجىمانى ئارقىلىق ئارىمىزدا مۇنداق سوئال ـ جاۋابلار بولدى؛ ھىرەقلە؛ ئاراڭلاردا ئۇنىڭ(يەنى پەيغەمبەرنىڭ)نەسەبى قانداق؟ ئەبۇسۇپيان؛ئۇنىڭ نەسەبى ئېسىل ، ئاتا ـ بوۋىللىرىنىڭ ئىچىدە پادىشاھ بولغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ ياق، ئۇ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىشىدىن ئىلگىرى ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن قارىلىغىنىڭلار بارمۇ؟ ياق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر يۇقىرى تەبىقىدىنمۇ؟ياكى تۆۋەن تەبىقىدىنمۇ؟ تۆۋەن تەبىقىدىن، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتامدۇ؟ ئازىيىۋاتامدۇ؟ كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدە دىنىنى ياقتۇرماي يېنىۋالغانلار بارمۇ؟ يوق، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ؟ قىلدۇق، قايسىڭلار غالىپ كەلدىڭلار؟ بەزىدە ئۇ غالىپ كەلدى، بەزىدە بىز غالىپ كەلدۇق، مۇھەممەدنىڭ قىلغان ۋەدىسىگە خىيانەت قىلغان جايلىرى بارمۇ؟ يوق، ھازىر ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا كېلىشىم بار، بۇزامدۇ يوق؟بۇنى ئۇقمايمىز، (ئەبۇ سۇپيان؛**الله** بىلەن قەسەمكى، بۇسۆھبەتكە مۇشۇبىر جۈملە سۆزدىن باشقىنى ئۆز يېنىمدىن كىرگۈزۈشكە مۇمكىن بولمىدى دەيدۇ) مۇھەممەدتىن بۇرۇن ئاراڭلاردا پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان كىشى بولغانمۇ؟ ياق، ئاندىن كېيىن ھىرەقلى تەرجىمانى ئارقىلىق ئەبۇسۇپيانغا مۇنداق دېدى؛ مۇھەممەدنى ئېسىل نەسەپلىك دېدىڭ، پەيغەمبەر دېگەن شۇنداق ئېسىل نەسەپلىك بۇلىدۇ، ئاتا ـ بوۋىللىرىدىن پادىشاھلىق قىلغان كىشى يوق دېدىڭ، ئەگەر بولغان بولسا، ئۇنى ئاتا ـ بوۋىللىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ دەيتتىم، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر دېدىڭ، ئەنە شۇنىڭدەك پەيغەمبەرلەرگە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئەگىشىدۇ، ئۇ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىشتىن ئىلگىرى يالغانچىلىق بىلەن قارالانمىغان دېدىڭ، ئۇ كىشىلەرگە يالغانچىلىق قىلمىغان ئىكەن، **الله** قىمۇ يالغانچىلىق قىلمايدۇ، ئەگەشكۈچىللىرى ئىچىدە ئىماندىن يېنىۋالغانلار يوق دېدىڭ، ئىمان دېگەن قەلبىگە سىڭىپ كەتكەندە شۇنداق بۇلىدۇ، ئەگەشكۈچىللىرىنى كۆپىيىۋاتىدۇ دېدىڭ، ئەھلى ئىمان شۇنداق كۆپىيىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقانلىقىڭلارنى، گاھى ئۇنىڭ، گاھى سىلەرنىڭ غەلبە قىلغانلىقىڭلارنى ئەيتتىڭ، پەيغەمبەر شۇنداق سىنىلىدۇ، ئاخىرى ئۇلار ئۇتۇپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ خىيانەت قىلمىغانلىقىنى ئەيتتىڭ، پەيغەمبەر شۇنداق بۇلىدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچ كىم پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلمىغان دېدىڭ، پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان كىشى بولغان بولسا، ئۇنى دوراپ قىلغان دەيتتىم، ئاندىن ئۇ ئەبۇسۇپياندىن؛ مۇھەممەد سىلەرنى نېمىلەرنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟دەپ سورغان، ئەبۇ سوپيان مۇنداق جاۋاب بەردىم دەيدۇ؛ بىزنى ناماز ئۇقۇشقا، زاكات بىرىشكە، يېقىن تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، بۇچاغدا ھىرەقلى ئەبۇسۇپيانغا مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇنىڭ ھەققىدە ئەيتقانلىرىڭ راست بۇلىدىغان بولسا، مۇھەممەد ھەق راست پەيغەمبەر ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ زاماندا مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئۇنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىقىپ قالا دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، ئەگەر ئۇنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىمنى بىلسەم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچۇرۇشۇشنى ياقتۇراتتىم، ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا بۇلىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى يۇيۇپ قۇياتتىم، ئۇنىڭ ھۆكمرانلىقى چۇقۇم رۇم زىمىنىغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ، ئاندىن كېيىن ھىرەقلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇپىنى ئۇقۇدى، مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:« ئىككىلا دۇنيادا كۆپ رەھىم شەپقەت قىلغۇچى **الله** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، **الله** نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇمنىڭ چوڭى ھىرەقلىگە؛ توغرا يولغا ئەگەشكۈچىلەرگە سالام بولسۇن، مەن سىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىمەن، مۇسۇلمان بولساڭ ئامان بۇلىسەن، مۇسۇلمان بولساڭ، **الله** ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاپ بىرىدۇ، (بىرسى ئەيسائەلەيھىسسالامغا،ئىككىنجىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان ئەيتقىنى ئۈچۈندۇر) ئەگەر ئىسلامنى قوبۇل قىلمىساڭ، پۈتۈن خەلقىڭنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ، «ئى ئەھلى كىتاپلار! سىلەر بىلەن

بىزنىڭ ئارىمىزدا ئورتاق بولغان مۇنداق بىر سۆزگە كېلىڭلار، اللە تىن باشقا ھېچ كىمگە ئىبادەت قىلمايلى، اللە قا ھېچ كىمنى شېرىك كەلتۈرمەيلى، اللە تىن غەيرى بىر ـ بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالمايلى، ئەگەر ئەھلى كىتاپلار يۈز ئۆرۈسە، بىزنىڭ ھەقىقەتەن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار دەڭلار»(سۈرە ئال ئىمران 64 ـ )ھىرەقلى مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرى چۇقان سېلىشىپ كەتتى، ئۇ بىزنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى، ـ مەن چىقىپ كېتىۋېتىپ ھەمراھلىرىمغا؛ مۇھەممەدنىڭ ئىشى رۇم پادىشاھىسى قورقۇدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ دېدىم، شۇنىڭدىن بۇيان تاكى اللە مېنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇيەسسەر قىلغانغا قەدەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدىم، زۇھەيرى مۇنداق دەيدۇ؛ ھىرەقلى رۇمنىڭ چوڭلىرىنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ قورۇسىغا يىغىپ؛ئى رۇملۇقلار! سىلەر مەڭگۈ ھىدايەت تېپىشنى ۋە پادىشاھلىقىڭلارنىڭ داۋاملىششىنى خالامسىلەر دېۋىدى، ئۇلار ياۋايى ئېشەكلەردەك دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قېچىشتى، قارىسا دەرۋازا تاقاقلىق تۇرغان، ھىرەقلى ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ؛ سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا چىڭ تۇرىدىغانلىقىڭلارنى سىناپ كۆردۈم دېدى.ئۇلار ھىرەقلىگە ئېگىلىپ تازىم قىلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشتى.بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

## [ 6 ] باب في المعراج

## مىئراج يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقى توغرىسىدا

الفصل الأول 5862 – [ 1 ] عن قتادة عن أنس بن مالك عن مالك بن صعصعة أن نبي الله صلى الله عليه وسلم حدثهم ليلة أسري به : " بينما أنا في الحطيم – وربما قال في الحجر – مضطجعا إذ أتاني آت فشق ما بين هذه إلى هذه " يعني من ثغرة نحره إلى شعرته " فاستخرج قلبي ثم أتيت بطست من ذهب مملوء إيمانا فغسل قلبي ثم حشي ثم أعيد " – وفي رواية : " ثم غسل البطن بماء زمزم ثم ملئ إيمانا وحكمة – ثم أتيت بدابة دون البغل وفوق الحمار أبيض يقال له : البراق يضع خطوه عند أقصى طرفه فحملت عليه فانطلق بي جبريل حتى أتى السماء الدنيا فاستفتح قيل : من هذا ؟ قال : جبريل . قيل : ومن معك ؟ قال : محمد . قيل وقد أرسل إليه . قال : نعم . قيل : مرحبا به فنعم المجيء جاء ففتح فلما خلصت فإذا فيها آدم فقال : هذا أبوك آدم فسلم عليه فسلمت عليه فرد السلام ثم قال : مرحبا بالابن الصالح والنبي الصالح ثم صعد بي حتى السماء الثانية فاستفتح قيل : من هذا ؟ قال : جبريل . قيل : ومن معك ؟ قال : محمد . قيل : وقد أرسل إليه ؟ قال : نعم . قيل : مرحبا به فنعم المجيء جاء ففتح . فلما خلصت إذا يحي وعيسى وهما ابنا خالة . قال : هذا يحي وهذا عيسى فسلم عليهما فسلمت فردا ثم قالا : مرحبا بالأخ الصالح والنبي الصالح . ثم صعد بي إلى السماء الثالثة فاستفتح قيل : من هذا ؟ قال : جبريل . قيل : ومن معك ؟ قال : محمد . قيل : وقد أرسل إليه ؟ قال : نعم . قيل : مرحبا به فنعم المجيء جاء ففتح فلما خلصت إذا يوسف قال : هذا يوسف فسلم عليه فسلمت عليه فرد . ثم قال : مرحبا بالأخ الصالح والنبي الصالح ثم صعد بي حتى أتى السماء الرابعة فاستفتح قيل : من هذا ؟ قال : جبريل . قيل : ومن معك ؟ قال : محمد . قيل : وقد أرسل إليه ؟ قال : نعم . قيل : مرحبا به فنعم المجيء جاء ففتح فلما خلصت فإذا إدريس فقال : هذا إدريس فسلم عليه فسلمت عليه فرد ثم قال : مرحبا بالأخ الصالح والنبي الصالح ثم صعد بي حتى أتى السماء الخامسة فاستفتح قيل : من هذا ؟ قال : جبريل . قيل : ومن معك ؟ قال : محمد . قيل : وقد أرسل إليه ؟ قال : نعم . قيل : مرحبا به فنعم المجيء جاء ففتح فلما خلصت فإذا هارون قال : هذا هارون فسلم عليه فسلمت عليه فرد ثم قال : مرحبا بالأخ الصالح والنبي الصالح ثم صعد بي إلى السماء السادسة فاستفتح قيل : من هذا ؟ قال : جبريل . قيل : ومن معك ؟ قال :

محمد . قيل : وهل أرسل إليه ؟ قال : نعم . قال : مرحبا به فنعم المجيء جاء فلما خلصت فإذا موسى قال : هذا موسى فسلم عليه فسلمت عليه فرد ثم قال : مرحبا بالأخ الصالح والنبي الصالح فلما جاوزت بكى قيل : ما يبكيك ؟ قال : أبكي لأن غلاما بعث بعدي يدخل الجنة من أمته أكثر ممن يدخلها من أمتي ثم صعد بي إلى السماء السابعة فاستفتح جبريل قيل : من هذا ؟ قال : جبريل . قيل : ومن معك ؟ قال : محمد . قيل : وقد بعث إليه ؟ قال : نعم . قيل : مرحبا به فنعم المجيء جاء فلما خلصت فإذا إبراهيم قال : هذا أبوك إبراهيم فسلم عليه فسلمت عليه فرد السلام ثم قال : مرحبا بالابن الصالح والنبي الصالح ثم رفعت إلى سدرة المنتهى فإذا نبقها مثل قلال هجر وإذا ورقها مثل آذان الفيلة قال : هذا سدرة المنتهى فإذا أربعة أنهار : نهران باطنان ونهران ظاهران . قلت : ما هذان يا جبريل ؟ قال : أما الباطنان فنهران في الجنة وأما الظاهران فالنيل والفرات ثم رفع لي البيت المعمور ثم أتيت بإناء من خمر وإناء من لبن وإناء من عسل فأخذت اللبن فقال : هي الفطرة أنت عليها وأمتك ثم فرضت علي الصلاة خمسين صلاة كل يوم فرجعت فمررت على موسى فقال : بما أمرت ؟ قلت : أمرت بخمسين صلاة كل يوم . قال : إن أمتك لا تستطع خمسين صلاة كل يوم وإني والله قد جربت الناس قبلك وعالجت بني إسرائيل أشد المعالجة فارجع إلى ربك فسله التخفيف لأمتك فرجعت فوضع عني عشرا فرجعت إلى موسى فقال مثله فرجعت فوضع عني عشرا فرجعت إلى موسى فقال مثله فرجعت فوضع عني عشرا فرجعت إلى موسى فقال مثله فرجعت فوضع عني عشرا فأمرت بعشر صلوات كل يوم فرجعت إلى موسى فقال مثله فرجعت فأمرت بخمس صلوات كل يوم فرجعت إلى موسى فقال : بما أمرت ؟ قلت : أمرت بخمس صلوات كل يوم . قال : إن أمتك لا تستطيع خمس صلوات كل يوم وإني قد جربت الناس قبلك وعالجت بني إسرائيل أشد المعالجة فارجع إلى ربك فسله التخفيف لأمتك قال : سألت ربي حتى استحييت ولكني أرضى وأسلم . قال : فلما جاوزت نادى مناد : أمضيت فريضتي وخففت عن عبادي " . متفق عليه

قەتادە،ئەنەس ، مالىك ئىبنى سەئسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەيرە قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى توغرىسىدا ئۇلارغا ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دىگەن: بىر چاغدا مەن ھەتىيم، يەنى كەئبىنىڭ ئۇل تېشىدا ياكى ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىدا ياتسام، تۇيۇقسىز بىرسى كېلىپ، يەنە بىر خاتىرىدە ئۇچ كىشى كېلىپ قورسىقىمنى كىندىكىمدىن كۆكرىكىمگىچە يېرىپ، يۈرىكىمنى چىقىرىپ، ئىمان ۋە ھىكمەتكە لىق تولغان ئالتۇن قاچا كەلتۈرلۈپ، يۈرىكىم يۇيۇلدى، زەمزەم سۈيى بىلەن يۇيۇلدى، ئىلىم ـ ھىكمەت، ئىمان توللاندى، ئاندىن ئۇچەيلىرىم ۋە باشقا ئەزالىرىم جايىغا قايتۇرۇلۇپ، ياماپ قويغاندەك ئەسلىگە قايتۇرۇلدى، ئاندىن ماڭا بوراق كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئېشەكتىن چوڭراق، قېچىردىن كىچىكرەك ئۇزۇن ئاق ھايۋان ئىدى، يۈگۈرسە، قەدىمنى تۇۋۇقىنى كۆزى يەتكەن جايغا قوياتتى، يەنى بىر كۆز يېتىم مىقدارىغا بىر ئاتلايتتى، مەن ئۇنىڭغا مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە كەلدىم، ئۇنى پەيغەمبەرلەر ئۇلۇغىنى باغلايدىغان ھالقىغا باغلاپ قويۇپ، مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن چىقسام، ماڭا جىبرىئىل بىر قاچىدا ھاراق، بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەپتۇ، مەن سۈتنى تاللىدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى، سەن پىترەتنى يەنى دىننى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەتنى، ئىسلام دىنىنى سۈننەتنى، توغرا يولنى تاللىدىڭ، ئاندىن بىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى، كىم سەن؟ دىيىلدى، ئۇ جىبرىئىل دېدى، سەن بىلەن كىم بار؟ دىيىلدى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى، ئۇ ئۈستىگە چاقىرىلغانمۇ؟ «ئالىملار ئۇلار پەيغەمبەرلىكنى بىلگەچكە ئۇنى سورىمىغان، پەقەت چاقىرىلغانلىقىنى سورىغان دىدى» جىبرىئىل ھەئە چاقىرىلغان دىدى، بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى، ناگاھان مەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن،مانا بۇ

بۇۋاڭ ئادەم بۇلدۇ، ئۇنىڭغا سالام قىلغىن دېدى، مەن سالام قىلدىم، ئۇماڭا سالام قايتۇرۇپ، ياخشى پەيغەمبەر، ياخشى سالىھ بالىغا مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ ماڭا ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلدى، يەنى ياخشىلىقنى سورىدى، ئاندىن بىز ئىككىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى سورىدى، كىم سەن دېيىلدى؟ جىبرىئىل، سەن بىلەن كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈستىگە چاقىرىلدىمۇ؟ ھەئە، بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى، ناگاھان مەن، ئاچا ــ سىڭىللارنىڭ ئىككى بالىسى، مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن زەكەرىيا ئوغلى يەھيانىڭ يېنىدا تۇرىمەن، «ئۇلار بىر نەۋرە بولۇپ، ھامملارنىڭ ئوغۇللىرى» بىز سالاملاشقاندىن كيين،ئۇلارمۇ منى قارشى ئېلىپ، خۇش كەپسىز دەپ مەن ئۈچۈن ياخشىلىقنى سوراپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز ئۈچىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرقىدەك سۇئال ــ جاۋابلاردىن كيين، ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن، ئۇنىڭغا بارلىق گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلىپتۇ، ئۇمۇ مەرھابا دەپ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلدى، ئاندىن بىز تۆتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، كىم بۇ؟ جىبرىئىل، سەن بىلەن بىللە كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ يۇقىرغا چاقىرىلغانمۇ؟ شۇنداق، ئاندىن بىزگە ئىشىك ئېچىلدى، ناگاھان مەن ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، بىز سالاملاشقاندىن كيين ، ئۇمۇ منى قارشى ئېلىپ، مەن ئۈچۈن ياخشىلىقنى سوراپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ بۇ پەيغەمبەر توغرىسىدا «بىز ئۇنى ئۈستۈن، ئالى ئورۇنغا كۆتۈردۇق» دىگەن. ئاندىن بىز بەشىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، يۇقىردەق سۇئال - جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا ھارۇن ئەلەيھىسسالام بار بولۇپ، ئۇمۇ مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن بىز ئالتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، سۇئال ـ جاۋابلاردىن كيين ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بولۇپ، منى قارشى ئېلىپ دۇئا قىلدى. بىز ئۆتۈپ كىتىۋاتساق، ئۇ يىغلاپ كەتتى، سىنى نىمە يىغلاتتى دېيىلدى، ئۇ؛ مەن شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايمەنكى، مەندىن كيين پەيغەمبەر قىلىنىپ  ئەۋەتىلگەن كىشىنىڭ ئۇممىتى، مىنىڭ ئۇممىتىمدىن كۆپرەك جەننەتكە كىرىدۇ(ھەم بۇرۇن كىرىدۇ )دېدى، ئاندىن بىز يەتتىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرقىدەك سۇئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ناگاھان مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، مانا بۇ بۇۋاڭ ئىبراھىيم بۇلىدۇ، ئۇنىڭغا سالام قىلغىن دېدى، مەن سالام قىلدىم، ئۇماڭا سالام قايتۇرۇپ، ياخشى پەيغەمبەر، ياخشى سالىھ بالىغا مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ ماڭا ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلدى، ئۇ ئۆچىسىنى بەيتۇلمەئمۇرغا يۆلىۋاپتۇ، بۇ ئۆيگە ئىبادەت، زىيارەت ئۈچۈن ھەر كۈنى 70000 پەرىشتە كىرىپ تۇرىدىكەن، ئۇلار ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلمەيدىكەن، ئاندىن مەن سىدرەتۇلمۇنتەھاغا ئاپىرىلدىم، «بۇنداق ئاتىلىش، پەرىشتىلەر ئىلمى، شۇ جايدا توختايدۇ، چۈشكەن، ئۆرلىگەن نەرسىمۇ شۇنداق، بۇ جايدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەملا ئۆرلىيەلىگەن» ئۇنىڭ قۇلىقى، پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىغان، مېۋىسى بولسا چوڭ ـ چوڭ تاۋاقلارغا ئوخشايدىكەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن ئۇنى قورشاشقا تىگىشلىك نەرسە قورشىغان چاغدا، ئۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى سۈپەتلەپ بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ،ئۇجايدا ئىككىسى ئاشكارا، ئىككىسى يۇشۇرۇن تۆت ئۆستەڭ بار ئىكەن، مەن؛ ئى جىبرىئىل! بۇ قايىسى ئۆستەڭلەر؟دىسەم،ئۇ؛ بۇ ئىككى مەخپى يۇشۇرۇن ئۆستەڭ بولسا، جەننەتتىكى ئۆستەڭلەردۇر، بۇئىككى ئاشكارىسى بولسا، نىيل دەرياسى بىلەن پۇرات دەرياسىدۇر دېدى، (ئاندىن منى بەيتۇلمەئمۇرغا كۆتۈرۈلدى، سۈتنى تاللىغىنى باشتا سۆزلەندى)ئاللاھ ماڭا ۋەھى قىلىشقا تېگىشلىك، ۋەھى قىلماقچى بولغان نەرسىنى ۋەھى قىلدى، ماڭا بىر كېچە ــ كۈندۈزدە 50 ۋاخ نامازنى پەرىز قىلدى، «ئۇممىتىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە» ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغىچە چۈشتۈم، ئۇ رەببىڭ ئۇممىتىڭگە نېمىنى پەرىز

قىلدى؟ دېدى، مەن 50 ۋاخ نامازنى دېدىم، ئۇ رەببىڭگە قايتىپ، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن، ئۈممىتىڭ ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ، مەن بەنى ئىسرائىللارنى سىناپ كۆرگەن دېدى، مەن رەببىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم، «يەنى مۇناجاتلاشقان جايغا كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم مۇناجات قىلدىم، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، خالىسا زىمىندا پەرز قىلالەتتى، لېكىن، ناماز كاتتا ئىبادەت بولغاچقا، ئاسماندا پەرز قىلىندى، يۇقىرقى ھەربىر ئاسماندىكى پەيغەمبەرلەر ئەھۋالى ۋە بۇ مۇناجات ئەھۋالى قانداقلىقى، كەيپىياتى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بىز ئۇنى بىلمەيمىز، ئەمما، شەكسىز ئىمان كەلتۈرىمىز» مەن كېلىپ، ئى رەببىم، ئۈممىتىمدىن يەڭگىللەتسىلە دەپ سورىدىم، مەندىن بەشنى ئېلىپ تاشلىدى،يەنەبىردە ئۇننى، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەشنى ياكى ئۇننى ئېلىپ تاشلاپ يەڭگىللەتتى دېدىم، ئۈممىتىڭ قادىر بولالمايدۇ، يەنە قايتىپ بېرىپ سورىغىن، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى، مەن رەببىم بىلەن مۇسا ئارىلىقىدا بەش ۋاخ ناماز قالغىچە چۇشۇپ چىقىپ، يۈردۈم، ئۇيەنە؛ يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دەپ تۇرىۋالدى، ئاخىرى ئاللاھتائالا؛ ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن بۇ بىر كېچە كۈندۈزدىكى بەش ۋاخ نامازدۇر، ھەربىر ۋاخ نامازغا ئۇنى بېرىلىدۇ، ئۇ بەش ناماز 50 ۋاخ بولىدۇ، كىم بىر ياخشىلىقنى مەخسەت، نىيەت قىلىپ، ئەمەل قىلالمىسا، بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئەگەر ئەمەل قىلسا، ئۇن ياخشىلىق بىرنىڭ بەراۋىرىگە يېزىلىدۇ، ئەگەر يامانلىققا مەخسەت قىلىپ ئەمەل قىلمىسا، ھېچنېمە يېزىلمايدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلىپ سالسا، بىر گۇناھ يېزىلىدۇ،مەن بەندىللىرىمدىن يەڭگىللەتتىم، ئەمدى سىلەر بۇ پەرزنى راۋان قىلىپ ئىجرا قىلىڭلار دېدى، مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، بۇلارنى خەۋەر قىلدىم، ئۇ يەنە قايتقىن، رەببىڭدىن يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى، مەن رەببىمنىڭ قېشىغا بېرىۋېرىپ خىجىل بولۇپ، ھايا قىلىپ، تارتىنىپ قالدىم دېدىم.ئەھمەد 17165 _ ھەدىستە، نەسەئى 444 _ ھەدىستە، تىرمىزى 3269 _ ھەدىستە، بەيھەقى ھەتتا بۇخارى مۇسلىملارمۇ توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس سەھىنىڭ 127 _ ھەدىستە يېزىلىپ بولغان، ئۇ ھەدىسنى ئەھمەد بىلەن مۇسلىم، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ، ھەر ئىككىلى ھەدىس مىئراج ھەدىسى دېيىلىدۇ، جەزمەن بەش نامازنىڭ پەرز قىلىنىشى 50 ۋاخدىن بەش ۋاختا چۈشۈرۈلۈشى، 127 _ ھەدىس بىلەن سەھىھنىڭ 2866 _ئوخشاش.

**5863 – [ 2 ]** ( صحيح ) وعن ثابت البناني عن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أتيت بالبراق وهو دابة أبيض طويل فوق الحمار ودون البغل يقع حافره عند منتهى طرفه فركبته حتى أتيت بيت المقدس فربطته بالحلقة التي تربط بها الأنبياء " . قال : " ثم دخلت المسجد فصليت فيه ركعتين ثم خرجت فجاءني جبريل بإناء من خمر وإناء من لبن فاخترت اللبن فقال جبريل : اخترت الفطرة ثم عرج بنا إلى السماء " . وساق مثل معناه قال : " فإذا أنا بآدم فرحب بي ودعا لي بخير " . وقال في السماء الثالثة : " فإذا أنا بيوسف إذا أعطي شطر الحسن فرحب بي ودعا لي بخير " . ولم يذكر بكاء موسى وقال في السماء السابعة : " فإذا أنا بإبراهيم مسندا ظهره إلى البيت المعمور وإذا هو يدخله كل يوم سبعون ألف ملك لا يعودون إليه ثم ذهب بي إلى سدرة المنتهى فإذا ورقها كآذان الفيلة وإذا ثمارها كالقلال فلما غشيها من أمر الله ما غشي تغيرت فما أحد من خلق الله يستطيع أن ينعتها من حسنها وأوحى إلي ما أوحى ففرض علي خمسين صلاة كل يوم وليلة فترلت إلى موسى فقال : ما فرض ربك على أمتك ؟ قلت : خمسين صلاة كل يوم وليلة . قال : ارجع إلى ربك فسله التخفيف فإن أمتك لا تطيق ذلك فإني بلوت بني إسرائيل وخبرتهم . قال : " فرجعت إلى ربي فقلت : يا رب خفف على أمتي فحط عني خمسا فرجعت إلى موسى فقلت : حط عني خمسا . قال : إن أمتك لا تطيق ذلك فارجع إلى ربك فسله التخفيف " . قال : " فلم أزل أرجع بين ربي وبين موسى حتى قال : يا محمد إنهن خمس صلوات كل يوم وليلة لكل صلاة عشر فذلك خمسون صلاة من هم بحسنة فلم يعملها كتبت له حسنة فإن عملها كتبت

**له عشرا ومن هم بسيئة فلم يعملها لم تكتب له شيئا فإن عملها كتبت له سيئة واحدة " . قال : " فترلت حتى أنتهيت إلى موسى فأخبرته فقال : ارجع إلى ربك فسله التخفيف " فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فقلت : قد رجعت إلى ربي حتى استحييت منه " . رواه مسلم**

بۇھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىككى ھەدىس بىرلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىندى.سەھىھ.

**=5864 – [ 3 ] وعن ابن شهاب عن أنس قال : كان أبو ذر يحدث أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " فرج عني سقف بيتي وأنا بمكة فترل جبريل ففرج صدري ثم غسله بماء زمزم ثم جاء بطست من ذهب ممتلئ حكمة وإيمانا فأفرغه في صدري ثم أطبقه ثم أخذ بيدي فعرج بي إلى السماء الدنيا . قال جبريل لخازن السماء : افتح . قال : من هذا ؟ قال جبريل . قال : هل معك أحد ؟ قال : نعم معي محمد صلى الله عليه وسلم . فقال : أرسل إليه ؟ قال : نعم فلما فتح علونا السماء الدنيا إذا رجل قاعد على يمينه أسودة وعلى يساره أسودة إذا نظر قبل يمينه ضحك وإذا نظر قبل شماله بكى فقال مرحبا بالنبي الصالح والابن الصالح . قلت لجبريل : من هذا ؟ قال : هذا آدم وهذه الأسودة عن يمينه وعن شماله نسم بنيه فأهل اليمين منهم أهل الجنة والأسودة عن شماله أهل النار فإذا نظر عن يمينه ضحك وإذا نظر قبل شماله بكى حتى عرج بي إلى السماء الثانية فقال لخازنها : افتح فقال له خازنها مثل ما قال الأول " قال أنس : فذكر أنه وجد في السماوات آدم وإدريس وموسى وعيسى وإبراهيم ولم يثبت كيف منازلهم غير أنه ذكر أنه وجد آدم في السماء الدنيا وإبراهيم في السماء السادسة . قال ابن شهاب : فأخبرني ابن حزم أن ابن عباس وأبا حبة الأنصاري كانا يقولان . قال النبي صلى الله عليه وسلم : " ثم عرج بي حتى وصلت لمستوى أسمع فيه صريف الأقلام " وقال ابن حزم وأنس : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " ففرض الله على أمتي خمسين صلاة فرجعت بذلك حتى مررت على موسى . فقال : ما فرض الله لك على أمتك ؟ قلت : فرض خمسين صلاة . قال : فارجع إلى ربك فإن أمتك لا تطيق فراجعت فوضع شطرها فرجعت إلى موسى فقلت : وضع شطرها فقال : راجع ربك فإن أمتك لا تطيق ذلك فرجعت فراجعت فوضع شطرها فرجعت إليه فقال : ارجع إلى ربك فإن أمتك لا تطيق ذلك فراجعته فقال : هي خمس وهي خمسون لا يبدل القول لدي فرجعت إلى موسى فقال : راجع ربك . فقلت : استحييت من ربي ثم انطلق بي حتى انتهى إلى سدرة المنتهى وغشيها ألوان لا أدري ما هي ؟ ثم أدخلت الجنة فإذا فيها جنابذ اللؤلؤ وإذا ترابها المسك " . متفق عليه**

ئەبۇ زەر، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھەببەتۇلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن مەككىدىكى چاغدا، ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسى ئېچىلىپ، جىبرىئىل چۈشتى، ئۇ كۆكسىمنى يېرىپ ئېچىپ، ئاندىن قەلبىمنى زەمزەم سۈيى بىلەن يۇدى، ئاندىن ھىكمەتكە، ئىمانغا تولغان ئالتۇن قاچا، پەتنۇسنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى قەلبىمگە تۆكۈپ، كۆكسىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تىكىپ قويدى، ئاندىن قولۇمدىن تۇتۇپ، مېنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆرلەتتى، بىز ئاسمانغا كەلگەندە، جىبرىئىل دۇنيا ئاسمىنىنىڭ خەزىنىچىسىگە مۇنداق دېدى، ئىشىكنى ئاچقىن! ئۇ: كىمسەن؟ دېدى، جىبرىئىل: مەن جىبرىئىل بولىمەن دېدى، ئۇ: سەن بىلەن بىرەرسى بارمۇ؟ دېدى، جىبرىئىل: ھەئە، مەن بىلەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار دېدى، ئۇ: ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىلگەنمۇ؟ دېدى، ھە ئەۋەتىلگەن، دىگەندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، بىز دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆرلىگەن چاغدا ناگاھان بىر كىشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە قارا نەرسىلەر بار بولۇپ، ئوڭ تەرىپىگە قارىسا كۈلەتتى، سول تەرىپىگە قارىسا يىغلايتتى، ئۇ كىشى: سالىھ، ياخشى پەيغەمبەرگە مەرھابا، ياخشى

ئوغۇل، خۇش كەپسز دېدى. مەن: ئى جبرئىل، بۇ كىم؟ دېدىم، ئۇ: بۇ ئادەم ئەلەيھسسالام بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى قارا نەرسە، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ روھلىرىدۇر، ئوڭ تەرەپ ئەھلى جەننەت ئەھلىدۇر، سول تەرەپتىكى بولسا، دوۋزاخ ئەھلىدۇر، ئوڭ تەرىپىگە قارىسا كۈلىدۇ، سول تەرىپىگە قارىسا يىغلايدۇ دېدى، ئاندىن مېنى، جبرئىل ئىككىنچى ئاسمانغا كەلگەنگە قەدەر ئۆرلەتتى، ئاندىن ئۇ:ئىشىك باقار خەزىنىچىگە ئىشىكنى ئاچ دېدى، بۇ خەزىنىچى خۇددى دۇنيا ئاسمىنىدىكى خەزىنىچىگە ئوخشاش سۇئال سوراپ، جاۋاب بېرىلگەندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى، مەن ئىدرىسنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈنۈمدە ئۇمۇ: سالىھ، ياخشى پەيغەمبەرگە، قېرىنداشقا مەرھابا، خۇش كەپسز دېدى، مەن بۇ كىم بولىدۇ؟ دېسەم، ئۇ: بۇ ئىدرىس بولىدۇ دېدى، ئاندىن مۇسانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتىمەن، ئۇمۇ ياخشى پەيغەمبەر ياخشى قېرىنداشقا مەرھابا دېدى، كىم بۇ دېسەم، مۇسا دېدى، ئاندىن كېيىن ئەيسانىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم، يەنە شۇنداق سۆزلەر دېيىلدى، ئاندىن ئىبراھىمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم، ئۇمۇ مەرھابا دېدى، ئاندىن مېنى شۇنداق ئۈستۈنگە ئۆرلەتتىكى، ھەتتا مەن مۇستەۋاغا ئۆرلىدىم، يەنى رەببىم بىلەن مۇناجات قىلىدىغان ئۈستۈنگە ئۆرلىدىم، مەن ئۇ جايدا قەلەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ئاللاھتائالا مېنىڭ ئۈممىتىمگە 50 ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى، مەن شۇنىڭ بىلەن قايتىپ چۈشۈپ، مۇسانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدىم، مۇسا: رەببىڭ ئۈممىتىڭگە نېمە پەرز قىلدى؟ دېدى، مەن، ئاللاھ ئۇلارغا 50 ۋاخ ناماز پەرز قىلدى دېدىم، مۇسا ماڭا: رەببىڭگە قايتىپ بار، چۈنكى، ئۈممىتىڭ تاقەت قىلالمايدۇ، ئۇنىڭغا قادىر بولالمايدۇ دېدى، مەن رەببىمگە قايتىپ باردىم، ئۇنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى، مەن بۇنى قايتىپ چۈشۈپ مۇساغا دېدىم، ئۇ يەنە رەببىڭگە قايتىپ بېرىپ، مۇراجەت قىلغىن، ئۈممىتىڭ ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمايدۇ دېدى، مەن يەنە رەببىمگە قايتىپ باردىم، رەببىم مۇنداق دېدى: ئۇ بەش ۋاخ ناماز 50 ۋاخ نامازغاتەڭ بولىدۇ، ئەمدى سۆز مېنىڭ نەزىلىمدە ئۆزگەرمەيدۇ، يۆتكەلمەيدۇ، (كىم بەش ۋاخت ناماز ئوقۇسا، 50 ۋاخ ناماز ئوقۇغان بولىدۇ) دېدى، مەن مۇساغا قايتىپ چۈشسەم، ئۇ يەنە رەببىڭگە قايتقىن دېدى، مەن ئۇنىڭغا مەن تولا بېرىپ، رەببىمدىن ھايا قىلىپ، تارتىنىپ قالدىم، خىجىل بولۇپ قالدىم دېدىم، ئاندىن مېنى سىدرەتۇلمۇنتەھاغا يەتكەنگە قەدەر ئاپىرىلدىم، ئۇنىڭ مېۋىلىرى ھەجەر زېمىننىڭ تاۋاقلىرىدەك چوڭ ئىكەن، قۇلاقلىرى پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭ بىر تال قۇلىقى بۇ ئۈممەتنى يېپىۋالغىلى تاس قالىدۇ، شۇنداق چوڭ ئىكەن، ئۇنى ھەرخىل رەڭلەر، نۇرلار قورشىۋالدى، مەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىم، ھېچ كىشى ئۇنى سۈپەتلەپ بېرەلمەيدۇ، ئاندىن مەن جەننەتكە كىرگۈزۈلدۈم، ناگاھان ئۇنىڭ ئىچىدە گۆھەر گۈمبەزلەر بار ئىكەن، تۇپراقلىرى مىسكە ئەنبەرئىكەن، مۇسلىم 237 _ ھەدىس، ئەھمەد 20326 _ ھەدىس، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5865 – [ 4 ]** ( صحيح ) **وعن عبد الله قال : لما أسري برسول الله صلى الله عليه وسلم انتهى به إلى سدرة المنتهى وهي في السماء السادسة إليها ينتهي ما يعرج به من الأرض فيقبض منها وإليها ينتهي ما يهبط به من فوقها فيقبض منها قال : [ إذ يغشى السدرة ما يغشى ] . قال : فراش من ذهب قال : فأعطي رسول الله صلى الله عليه وسلم ثلاثا : أعطي الصلوات الخمس وأعطي خواتيم سورة البقرة وغفر لمن لا يشرك بالله من أمته شيئا المقحمات** . رواه مسلم

ئابدۇ**الله** رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سەيرە قىلدۇرۇلغاندا، سىدرەتۇلمۇنتەھاغا ئاپىرلىپتۇ، بۇدەرەخ ئالتىنچى قەۋەت ئاسماندا بولۇپ، زېمىندىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن نەرسە، شۇ دەرەخنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئاندىن يەنە شۇنىڭدىن ئېلىنىدىكەن، ئۈستىدىن چۈشكەن نەرسىمۇ شۇ دەرەخنىڭ يېنىدا توختۇتۇلۇپ، ئاندىن يەنە شۇنىڭدىن ئېلىنىدىكەن،ئۇ؛« (ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى).دىگەن (سۈرە نەجم 16 ـ )ئايەتنى تەپسىر قىلىپ؛ بۇ ئايەتتىكىسى ئالتۇن

پەرۋانىلەردۇر دېدى، ۋە يەنە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ كېچىسى ئۈچ نەرسە بېرىلگەن؛1 ـ بەش ۋاقىت ناماز بېرىلدى،2 ـ سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى بېرىلدى،3 ـ ئۈممىتىدىن الله قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىگە ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى بېرىلدى.مۇسلىم توپلىغان،س.

**5866 – [ 5 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقد رأيتني في الحجر وقريش تسألني عن مسراي فسألتني عن أشياء من بيت المقدس لم أثبتها فكربت كربا ما كربت مثله فرفعه الله لي أنظر إليه ما يسألوني عن شيء إلا أنبأتهم وقد رأيتني في جماعة من الأنبياء فإذا موسى قائم يصلي . فإذا رجل ضرب جعد كأنه أزد شنوءة وإذا عيسى قائم يصلي أقرب الناس به شبها عروة بن مسعود الثقفي فإذا إبراهيم قائم يصلي أشبه الناس به صاحبكم – يعني نفسه – فحانت الصلاة فأممتهم فلما فرغت من الصلاة قال لي قائل : يا محمد هذا مالك خازن النار فسلم عليه فالتفت إليه فبدأني بالسلام " . رواه مسلم وهذا الباب خال عن : الفصل الثاني**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمنى مىئراج كېچىسى ئاسماندىن چۈشكەندىن كېيىن، ھىجىردا(يەنى كەئبىنىڭ غەربىدىكى ئايلانما تاش تامنىڭ ئۇستىدە) يەنە بىر خاتىرىدە مەككىدە كۆردۈم، قۇرەيشلەر بولسا، مەندىن، مىنىڭ سەيرى قىلىشىم توغرىسىدا، بەيتۇلمۇقەددەس توغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىدى، مەن ئۇنى ئوبدان يادا ئالمىغاچقا، زېھنىمدە ساقلىيالمىغاچقا، قاتتىق قىينالدىم، غەم قىلدىم، مەن ئۇنداق خىجىل بولۇپ، قىينىلىپ باقمىغان، ئاندىن، ئاللاھتائالا ماڭا، بەيتۇلمۇقەددەسنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆرسەتتى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇلار سورىغان نەرسىگە بىر ــ بىرلەپ خەۋەر قىلىپ، جاۋاب بەردىم، مەن يەنە شۇ كېچىسى ئۆزۈمنى پەيغەمبەرلەر جامائىتى ئىچىدە كۆردۈم، ناگاھان مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇرىدۇ، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، ناگاھان ئۇ شەنۇئەت ئەرلىرىدەك ئۇسقانلىق، كېلىشكەن، پاكىز، بۇدرە چاچ كىشى ئىكەن، ناگاھان ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، (بۇ ناماز، زىكرى، دۇئا مەنىسىدە بولۇپ، بۇنى بىز دېگەن) ئەيساغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئوخشاپ كېتىدىغىنى، ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇد سۇقەفى ئىكەن، ناگاھان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەڭ ئوخشاپ كېتىدىغىنى، ساھىبىڭلار يەنى مەن ئىكەنمەن، ناماز ۋاختى كەلدى، مەن ئۇلارغا ئىمام بولدۇم، نامازدىن پارىغ بولغىنىمدا بىرسى ماڭا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بۇ دوۋزاخنى باشقۇرغۇچى مالىك، خازىن بولىدۇ، سالام قىل دېدى، مەن ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ ماڭا باشتا سالام قىلدى. مۇسلىم 251 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**5867 – [ 6 ]** **الفصل الثالث عن جابر أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لما كذبني قريش قمت في الحجر فجلى الله لي بيت المقدس فطفقت أخبرهم عن آياته وأنا أنظر إليه " . متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەيتۇلمۇقەددەسكە سەيرە قىلدۇرۇلغان ئىش توغرىسىدا مېنى قۇرەيشلەر ئىنكار قىلىپ، يالغانچى دېگەن چاغدا، مەن كەئبىنىڭ غەربىدىكى ئايلانما تاش تامنىڭ ئۇستىدە تۇردۇم، ئاللاھتائالا ماڭا بەيتۇلمۇقەددەسنى روشەن كۆرسەتتى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى خەۋەر قىلىپ، دەپ بېرىشكە باشلىدىم. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## [ 7 ] باب في ا لمعجزات – الفصل الأول      مۆجىزىلەر توغرىسىدا

5868 – [ 1 ] عن أنس بن مالك أن أبا بكر الصديق رضي الله عنه قا ل : نظرت إلى أقدام المشركين على رؤوسنا ونحن في الغار فقلت يا رسول الله لو أن أحدهم نظر إلى قدمه أبصرنا فقال : " يا أبا بكر ما ظنك باثنين الله ثالثهما "متفق عليه

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غارغا يوشۇرۇنغاندا، مۇشرىكلارنىڭ پۇتلىرىنى باشلىرىمىز ئۇستىدىلا كۆردۇم، ئاندىن ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەرەر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى پۇتىغا قاراپ قالسىلا، بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ بەكرى! ئىككى كىشى بولسا، ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى بىر ئاللاھدۇر، سىنىڭ گۇمانىڭ قانداقراق؟ دېگەن، (يەنى ئاللاھ بىز بىلەن بىللە، خاتىرجەم بولغىن دېگەن).بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

5869 – [ 2 ] وعن البراء بن عازب عن أبيه أنه قال لأبي بكر : يا أبا بكر حدثني كيف صنعتما حين سريت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : أسرينا ليلتنا ومن الغد حتى قام قائم الظهيرة وخلا الطريق لا يمر فيه أحد فرفعت لنا صخرة طويلة لها ظل لم يأت عليها الشمس فترلنا عندها وسويت للنبي صلى الله عليه وسلم مكانا بيدي ينام عليه وبسطت عليه فروة وقلت نم يا رسول الله وأنا أنفض ما حولك فنام وخرجت أنفض ما حوله فإذا أنا براع مقبل قلت : أفي غنمك لبن ؟ قال : نعم قلت : أفتحلب ؟ قال : نعم . فأخذ شاة فحلب في قعب كثبة من لبن ومعي إداوة حملتها للنبي صلى الله عليه وسلم يرتوي فيها يشرب ويتوضأ فأتيت النبي صلى الله عليه وسلم فكرهت أن أوقظه فوافقته حتى استيقظ فصببت من الماء على اللبن حتى برد أسفله فقلت : اشرب يا رسول الله فشرب حتى رضيت ثم قال : " ألم يأن الرحيل ؟ " قلت : بلى قال : فارتحلنا بعد ما مالت الشمس واتبعنا سراقة بن مالك فقلت : أتينا يا رسول الله فقال : " لا تحزن إن الله معنا " فدعا عليه النبي صلى الله عليه وسلم فارتطمت به فرسه إلى بطنها في جلد من الأرض فقال : إني أراكما دعوتما علي فادعوا لي فالله لكما أن أرد عنكما الطلب فدعا له النبي صلى الله عليه وسلم فنجا فجعل لا يلقى أحدا إلا قال كفيتم ما ههنا فلا يلقى أحدا إلا رده . متفق عليه

بەررائى ئىبنى ئازىبنىڭ دادىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ئى ئەبۇبەكرى! سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ ماڭغاندا قانداق قىلغانلىقلىرىڭلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن دېسە، ئۇ؛ بىز بىر كېچە ۋە ئەتىسى كۈن تىكلىشىپ چىڭ چۈش بولغىچە ماڭدۇق، ئۇچاغدا يولدىن ھېچ بىر كىشى ئۆتمەيدىغان بولۇپ يول خالى قالغان ئىدى، ئاندىن بىزگە سايىسى بار ئېگىز بىر تاش كۆرۈندى، ئۇنىڭ سايىسىغا كۈن نۇرى چۈشمەيدىكەن، بىز ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۇ جايغا چۈشتۇق، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇ سايىدا يېتىپ ئۇخلىشى ئۈچۈن قولۇم بىلەن ئۇجايىنى تۈزلەپ ئاستىغا تون جۇۋىنى بىسات قىلىپ سېلىپ بېرىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! يېتىپ ئۇخلىسىلا، مەن پوستاتۇرۇپ ئەتراپىللىرىغا قاراپ تۇراي دېدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇخلاپ قالدى، ئاندىن مەن چىقىپ قارىسام،ناگاھان بىر پادىچى بىز تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا؛ قويلىرىڭدا سۈت بارمۇ؟دېسەم، ئۇ؛ھەئە بار دېدى، مەن؛ سېغىپ بېرەمسەن؟دېسەم، ئۇ؛ بولىدۇ دەپ، قويدىن بىرنى تۇتۇپ قاچىغا ئازراق سۈت سېغىپ بەردى، مېنىڭ يېنىمدا مەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈت ۋە سۇ ئىچىشى،

تاهارەت ئېلىشى ئۈچۈن ئېلىۋالغان بىر قاچا بار ئىدى، مەن ئۇ سۇتنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھنى ئويغۇتىۋېتىشنى ياقتۇرمىدىم، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزى ئويغانغان ۋاقتىغا مۇۋاپىق كەلتۈرۈپ، ھېلىقى سۈتنىڭ ئۈستىگە قاچىنىڭ ئاستى مۇزلىغانغا قەدەر سۇ قۇيۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!بۇنى ئىچىۋالسىلا دېدىم، رەسۇلۇللاھ سۈتنى ئىچتى، مەن رازى بولدۇم، (يەنى خىزمىتىمدىن مەمنۇن بولدۇم)ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ يولغا چىقىدىغان ۋاقىت بولمىدىمۇ؟ دېدى. مەن؛ ئەلۋەتتە ۋاقتى بولدى دېدىم، بىز كۈن قەرىلىگەندىن كېيىن يولغا چىقتۇق، بىزگە سۇراقە ئىبنى مالىك ئەگىشىپ كەلدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار بىزنى تېپىۋاپتۇ، بىز تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇق دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛غەم قىلمىغىن ، **الله** بىز بىلەن بىللە دەپ، ئۇنىڭغا قارشى دۇئا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ پۇتلىرى قۇرسىقىغىچە زېمىنغا پېتىپ قالدى، ئۇ بىزگە؛ مەن سىلەرنىڭ ماڭا قارشى دۇئا قىلغانلىقىڭلارنى كۆردۈم، مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇڭلار، سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن **الله** ماڭا كېپىلدۇر (يەنى مەن ۋەدەمگە **الله** نى كېپىل قىلاي)مەن سىلەردىن سىلەرنى ئىزدەپ كەلگەنلەرنى ئارقىغا قايتۇرىۋېتىمەن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويدى، ئاندىن ئۇ نىجات تېپىپ قۇتۇلۇپ، ئارقىغا يېنىپ، ئۇچراشقانلىكى كىشىگە؛ سىلەرگە بۇتەرەپتىن كۇپايە قىلىندى، مەن بۇ تەرەپتە بىرمۇ كىشىنى ئۇچراتمىدىم دەپ، ئۇچراشقانلىكى كىشىنى ئارقىغا قايتۇرىۋەتتى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5870 – [ 3 ]** ( **صحيح وعن أنس قا ل سمع عبد الله بن سلام بمقدم رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو في أرض يخترف فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال إني سائلك عن ثلاث لا يعلمهن إلا نبي : فما أول أشراط الساعة وما أول طعام أهل الجنة ؟ وما يترع الولد إلى أبيه أو إلى أمه ؟ قا ل : " أخبرني بهن جبريل آنفا أما أول أشراط الساعة فنار تحشر الناس من المشرق إلى المغرب وأما أول طعام يأكله أهل الجنة فزيادة كبد الحوت وإذا سبق ماء الرجل ماء المرأة نزع الولد وإذا سبق ماء المرأة نزعت " . قال : أشهد أن لاإله إلا الله وأنك رسول الله يا رسول الله إن اليهود قوم بهت وإنهم إن يعلموا بإسلامي من قبل أن تسألهم يبهتوني فجاءت اليهود فقال : " أي رجل عبد الله فيكم ؟ " قالوا : خيرنا وابن خيرنا وسيدنا وابن سيدنا فقال : " أرأيتم إن أسلم عبد الله بن سلام ؟ " قالوا أعاذه الله من ذلك . فخرج عبد الله فقال أشهد أن لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله فقالوا : شرنا وابن شرنا فانتقصوه قال : هذا الذي كنت أخاف يا رسول الله رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئابدۇ**الله** ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بوستانلىقىدا مېۋە ئۈزۈۋېتىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەلگەنلىكى ئاڭلاپ كېلىپ،مەن سىلىدىن پەيغەمبەردىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدىغان ئۈچ ئىشدىن سورايمەن، قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ تۇنجىسى قايسى؟ جەننەت ئەھلىنىڭ تاماقلىرىنىڭ تۇنجىسى قايسى؟ بالا نېمە ئۈچۈن دادىسىغا ياكى ئانىسىغا ئوخشايدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:تېخى باياتىنلا جىبرىئىل ماڭا بۇلارنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرگەن ئىدى، ئەمما قىيامەتنىڭ تۇنجى ئالامىتى، مەشرىق تەرەپتىن چىقىدىغان ئوت بولۇپ، كىشلەرنى مەغرىپ تەرەپكە توپلايدۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ تۇنجى قېتىم يەيدىغىنى لەھەڭ بېلىقنىڭ جىگىرىنىڭ زىيادە پارچىسىدۇر، ئەمما، ئۇ بۇ دۇنيادىكىگە زادى ئوخشىمايدۇ، ئەمما، بالىسىنىڭ دادىسىغا ياكى ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىشىگە كەلسەك، ئەرنىڭ مەنىي سۇيى ئايالنىڭكىدىن ئىلگىرلەپ كەتسە، بالا ئەرگە تارتىپ ئوخشاپ كېتىدۇ، ئايالنىڭ مەنىي سۇيى ئەرنىڭكىدىن ئىلگىرلەپ كەتسە، بالا ئانىغا ئوخشاپ كېتىدۇ،دېدى. ئابدۇ**الله** ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى **الله** نىڭ ئەلچىسى، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! يەھۇدىيلەر بوھتانچى قەۋىمدۇر، ئەگەر ئۇلار سىلىنىڭ ئۇلاردىن سوراشلىرىدىن بۇرۇن مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلىپ

قالسا، ماڭا بوهتان قىلىدۇ، دېدى. ئاندىن يەھۇدىيلەر كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ(ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوشۇرۇپ قويۇپ تۇرۇپ)ئۇلارغا؛ ئابدۇللاھ ئاراڭلاردا قانداقراق كىشى؟دېدى، ئۇلار؛ ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەڭ ياخشىمىز، ئەڭ ياخشى كىشىمىزنىڭ بالىسى،سەييىدىمىز، سەييىد خوجىمىزنىڭ بالىسى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛قېنى دەپ بېقىڭلار، ئەگەر ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولۇپ قالسا، قانداق قارايسىلەر؟دېدى، ئۇلار؛ الله ئۇنى شۇنىڭدىن ساقلاپ قالسۇن دېدى، ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ؛ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسى، دېدى، ئۇلار؛ بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەڭ يامان كىشى، ئەڭ يامان كىشىمىزنىڭ بالىسى دەپ، ئۇنى ئەيىبلىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن مانا مۇشۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم دېدى. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5871 – [ 4 ] ( صحيح ) وعنه قا ل : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم شاور حين بلغنا إقبال أبي سفيان وقام سعد بن عبادة فقال : يا رسول الله والذي نفسي بيده لو أمرتنا أن نخيضها البحر لأخضناها ولو أمرتنا أن نضرب أكبادها إلى برك الغماد لفعلنا . قال : فندب رسول الله صلى الله عليه وسلم الناس فانطلقوا حتى نزلوا بدرا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : هذا مصرع فلان " ويضع يده على الأرض ههنا وههنا قا ل : فما ماط أحدهم عن موضع يد رسول الله صلى الله عليه وسلم .رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇسۇپياننىڭ شام تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى بىزگە يەتكەندە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن مەسلىھەت ئالدى، ئاندىن سەئدئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! جېنىم قول ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىزنى مۇشۇ قورۇقلۇق ئۇلاغلىرىمىز بىلەنلا دېڭىزغا كىرىشىمىزگە بۇيرىسىلا، ئەلۋەتتە بىز ئىككىلەنمەستىنلا دېڭىزغا كىرىمىز، ئەگەر بىزنى بىزدىن بەشكۈنلۈك يىراق بولغان بەركۇلغىماد دېگەن جايغا سەپەر قىلىشىمىزغا بۇيرىسىلا، ئەلۋەتتە بىز ئۇ سەپەرنى قىلىمىز دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىردى، ئۇلار بېرىپ بەدرگە چۈشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛مانا بۇ پالانى كاپىرنىڭ ئۆلۈپ يىقىلىدىغان جايىدۇر دەپ، قولىنى زېمىنغا قويۇپ تۇرۇپ؛ مانا مۇشۇ جايدا،مانامۇشۇ جايدا ئۆلىدۇ دېدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن بەلگىلەپ بەرگەن جايدىن يىراقلاپ كەتمەي دەل شۇ جايدىلا ئۆلدى.مۇسلىم.

**5872 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال وهو في قبة يوم بدر : " اللهم أنشدك عهدك ووعدك اللهم إن تشأ لا تعبد بعد اليوم " فأخذ أبو بكر بيده فقال حسبك يا رسول الله ألححت على ربك فخرج وهو يثب في الدرع وهو يقول : " [ سيهزم الجمع ويولون الدبر ] " . رواه البخاري**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر كۈنى چېدىر ئىچىدە تۇرۇپ مۇنداق دېدى:ئى الله ! مەن سىلىدىن سىلىنىڭ ئەھدىلىرىنى، ۋەدىلىرىنى تەلەپ قىلىمەن، ئى الله! ئەگەر سىلى خالاپ قالسىلا، بۈگۈندىن كېيىن سىلىگە ئىبادەت قىلىنماي قالىدۇ(يەنى بىزنى ھالاك قىلماي،بىزگە ياردەم قىلسىلا)ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدىن تۇتۇپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەمدى بولدى قىلسىلا، سىلى رەببىلىرىدىن بەك يېتەرلىك سورىدىلا دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ جەڭ كىيىمى ئىچىدە سەكرىگەن ھالدا چىقىپ؛« (مۇشرىكلار) تولىمۇ مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ.»دېدى.بۇخارى.54 ـ 45 ـ

**5873 – [ 6 ] ( صحيح ) وعنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال يوم بدر : هذا جبريل آخذ برأس فرسه عليه أداة الحرب رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدرىكۈنى مۇنداق دىگەن: مانا بۇ جىبرىئىل ئىبتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇستىدە جەڭ كىيىمى بار ئىكەن. بۇخارى 3694 ــ ھەدىس

**5874 – [ 7 ] ( صحيح ) وعنه قا ل : بينما رجل من المسلمين يومئذ يشتد في إثر رجل من المشركين أمامه إذ سمع ضربة بالسوط فوقه وصوت الفارس يقول : أقدم حيزوم . إذ نظر إلى المشرك أمامه خر مستلقيا فنظر إليه فإذا هو قد خطم أنفه وشق وجهه كضربة السوط فاخضر ذلك أجمع فجاء الأنصاري فحدث رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " صدقت ذلك من مدد السماء الثالثة " فقتلوا يومئذ سبعين وأسروا سبعين . رواه مسلم**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا مۇسۇلمانلاردىن بىركىشى شۇكۈنى(يەنى بەدىر كۈنى) مۇشرىكلەردىن بىركىشىنى ئالدى تەرەپكە قاتتىق قوغلاپ كىتىۋىتىپ، تۇيۇقسىز ئۈستى تەرەپتىن قامچىنىڭ ئاۋازىنى ۋە بىرئاتلىق كىشىنىڭ :«ئى ھەيزۇم! ئالدىغا تىز چاپقىن»دىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، تۇيۇقسىز ئۇ ھېلىقى مۇشرىككە قارىسا، ئۇ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭغا قارىغىدەك بولسا، ناگاھان ئۇ خۇددى بىرسى ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرغاندەك، يۈزى يېرىلىپ، بۇرنىغا نوختا سالغاندەك ئىز چىقىپ قاپتۇ،شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى كۆكىرىپ كىتىپتۇ، ئاندىن ھېلىقى ئەنسارى كىلىپ،بولغان ۋەقەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسە، رەسۇلۇللاھ:راست دىدىڭ، ئەشۇ بولسا، ئۈچۈنجى قەۋەت ئاسماننىڭ مەدەتلىرىدىندۇر، دىدى. ئۇلار شۇكۈنى مۇشرىكلەردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ،70 كىشىنى ئەسىر ئالدى.مۇسلىم.

**5875 – [ 8 ] وعن سعد بن أبي وقاص قال : رأيت عن يمين رسول الله صلى الله عليه وسلم وعن شماله يوم أحد رجلين عليهما ثياب بيض يقاتلان كأشد القتال ما رأيتهما قبل ولا بعد يعني جبريل وميكائيل . متفق عليه**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئاق كىيىملىك ئىككى كىشىنى كۆردۈم، ئۇلار قاتتىق جەڭ قىلدى، مەن ئۇلارنى شۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، ۋە شۇنىڭدىن كىيىنمۇ كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇلار جىبرىئىل بىلەن مىكائىل ئىكەن.بۇخ،م

**5876 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن البراء قال بعث النبي صلى الله عليه وسلم رهطا إلى أبي رافع فدخل عليه عبد الله بن عتيك بيته ليلا وهو نائم فقتله فقال عبد الله بن عتيك : فوضعت السيف في بطنه حتى أخذ في ظهره فعرفت أني قتلته فجعلت أفتح الأبواب حتى أنتهيت إلى درجة فوضعت رجلي فوقعت في ليلة مقمرة فانكسرت ساقي فعصبتها بعمامة فانطلقت إلى أصحابي فانتهيت إلى النبي صلى الله عليه وسلم فحدثته فقال : ابسط رجلك فبسطت رجلي فمسحها فكأنما لم أشتكها قط رواه البخاري**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، (ئىسلام دۈشمىنى بولغان)ئەبۇرابىئىنى ئۆلتۈرۈۋىتىش ئۈچۈن بىر توپ كىشىلەرنى ئەۋەتتى،ئاندىن ئابدۇاللە ئىبنى ئەتىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇ ئۇخلاۋاتقان چاغدا كېچىسى كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن كىرىپ قىلىچىمنى ئۇنىڭ قورسىقىغا سانجىدىم،قىلىچ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بولغانلىقىمنى بىلگەندە، ئىشىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىشقا باشلىدىم، مەن پەشتاقنىڭ پەلەمپەيىگە كەلگەندە، ئايدىڭ كېچە بولغاچقا، تۈز يەرمىكىن دەپ ئالدىمغا قاراپ تۈزلا مېڭىپتىمەن، پۇتۇمنى ئالدىمغا قويۇشۇم بىلەنلا پۇتۇم پەشتاقتىن تېيىلىپ

كتىپ، پاچىقىم سۇنۇپ كەتتى، مەن پاچىقىمنى سەللەم بىلەن تېڭىۋېلىپ، قېرىنداشلىرىمنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدىم، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: پۇتۇڭنى سۇنغىن دېدى، مەن پۇتۇمنى سۇنۇپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ پۇتۇمنى سىلاپ قويۇشدى، گويااكى پۇتۇم پەقەتلا ئاغرىپ باقمىغاندەكلا ساقىيىپ كەتتى،قەتئىي ئاغرىق ھىس قىلمىدىم.ئىمام بۇخارى توپلىغان.

**5877 – [ 10 ] وعن جابر قا ل إنا يوم الخندق نحفر فعرضت كدية شديدة فجاؤوا النبي صلى الله عليه وسلم فقالوا : هذه كدية عرضت في الخندق فقال : " أنا نازل " ثم قام وبطنه معصوب بحجر ولبثنا ثلاثة أيام لانذوق ذوقا فأخذ النبي صلى الله عليه وسلم المعول فضرب فعاد كثيبا أهيل فانكفأت إلى امرأتي فقلت : هل عندك شيء ؟ فإني رأيت بالنبي صلى الله عليه وسلم خمصا شديدا فأخرجت جرابا فيه صاع من شعير ولنا بهمة داجن فذبحتها وطحنت الشعير حتى جعلنا اللحم في البرمة ثم جئت النبي صلى الله عليه وسلم فساررته فقلت : يا رسول الله ؟ ذبحنا بهيمة لنا وطحنت صاعا من شعير فتعال أنت ونفر معك فصاح النبي صلى الله عليه وسلم : " يا أهل الخندق إن جابرا صنع سورا فحي هلا بكم " فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تترلن برمتكم ولا تخبزن عجينكم حتى أجيء " . وجاء فأخرجت له عجينا فبصق فيه وبارك ثم عمد إلى برمتنا فبصق وبارك ثم قال " ادعي خابزة فلتخبز معي واقدحي من برمتكم ولا تترلوها " وهم ألف فأقسم بالله لأكلوا حتى تركوه وانحرفوا وإن برمتنا لتغط كما هي وإن عجيننا ليخبز كما هو . متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز خەندەق كۈنى مەدىنىنە ئەتراپىغا ئازگال كولاۋاتساق، تۇيۇقسىز كولايدىغان جايدىن چوڭ قۇرام تاشتەك قاتتىق بىر زېمىن چىقىپ قالدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، بۇ قۇرام تاش خەندەق كولىشىمىزنى تۇسۇپ قويدى دېدى، رەسۇلۇللاھ: مەن ئۆزۈم چۈشەي دەپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى-ۋەھالەنكى قورسىقىغا ئاچلىقتىن تاش تېڭىغلىق ئىدى، چۈنكى بىز ئۈچكۈندىن بىرى ھېچ نەرسە تېتىپ باقمىغان ئىدۇق-ئاندىن تاش چۇقۇيدىغان مىتاڭنى ئېلىپ ھېلىقى تاشتەك قاتتىق زېمىنغا بىرنى ئۇرىۋىدى، ئۇ خۇددى بىردۆۋە تارقاق قۇمدەك بولۇپ كەتتى، ئاندىن كېيىن مەن ئايالىمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ يېنىڭدا يېگىدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاچ قالغانلىقىنى كۆردۈم دېسەم، ئۇ بىر سا ئارپا بار تۇلۇمنى ئېلىپ چىقتى، بىزنىڭ ئۆيدە باققان بىر دانە ئۆچكۈمىز بار ئىدى، مەن ئۇنى بوغۇزلاپ، ھېلىقى ئارپىنى ئۇن قىلىپ، گۆشنى قازانغا سېلىپ قويۇپ، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاستا مەخپى ھالدا؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن بىزنىڭ ئۆيدە باققان ئۆچكۈنى بوغۇزلاپ قازانغا سېلىپ قويۇپ، يەنە بىر سا ئارپىنى ئۇن قىلىپ قويۇپ كەلدىم، سىلى ۋە سىلى بىلەن بىرگە بىر نەچچە نەپەر كىشى مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭلار دېسەم، رەسۇلۇللاھ يۇقىرى ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ؛ ئى خەندەق ئەھلى!!جابىر سىلەرگە زىياپەت راسلاپتۇ، ھەممىڭلار مېڭىلار!زىياپەتكە بېرىڭلار دېدى، ئاندىن ماڭا؛ مەن بارمىغىچە قازاننى ئوچاقتىن چۈشۈرمەي تۇرغىن، خەمىردا نان راسلىماي تۇرغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ كەلگەندىن كېيىن خېمىرنى ئېلىپ چىقتۇق، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا سۈف دەپ، بەركەت تىلىدى، ئاندىن قازاننىڭ قېشىغا بېرىپمۇ سۈف دەپ، بەركەت تىلىگەندىن كېيىن ئايالىمغا؛ ئەمدى نان راسلايدىغانلارنى چاقىرغىن، ئۇلار سەن بىلەن بىللە نان قىلسۇن، قازىنىڭلاردىن شورپىنى ئۇسسۇپ ئېلىۋېرىڭلار لېكىن قازاننى ئوچاقتىن چۈشۈرمەڭلار دېدى، (بىز شۇنداق قىلدۇق)ئۇلار 1000دىن ئارتۇق ئىدى، **الله** بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەپ- ئىچىپ تويۇپ قايتىشىپ، ئۇنى شۇ پېتى قالدۇردى، قازىنىمىز ئاۋۋالقىدەكلا گۆش لىق ھالەتتە قايناۋاتاتتى، خېمىرىمىزدىنمۇ شۇ پېتى كاملىماي نان قىلىنىۋاتاتتى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5878 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن أبي قتادة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لعمار حين يحفر الخندق فجعل يمسح رأسه ويقول : " بؤس بن سمية تقتلك الفئة الباغية " . رواه مسلم**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەممارغا ؛ ئۇخەندەك كولاۋېتىپ، بېشىنى سۈرتۈپ ئەيتىۋاتسا مۇنداق دىگەن: ساڭا ۋايدۇر، ساڭا قاتتىق غەم قايغۇلۇق كۈنلەر كېلىدۇ، ئى سۇمەييەنىڭ ئوغلى يەنى ئەممار، سېنى تاجاۋۇزچى، زالىم پىرقە بولغان ھەددىدىن ئاشقانلار ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، مۇسلىم 5192 _ ھەدىس، ئەھمەد 10588 _ ھەدىس، بۇخارىدىمۇ باردۇر، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزىدۇر. خۇزەيمەت ئىبنى سابىت، ئەمرۇ ئىبنى ئاسدىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھدىن، ئەمرۇ ئىبنى ھەزىمدىن، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممار ئىبنى ياسىرنى ھەددىدىن ئاشقان زالىم جامائەت ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، (راستىنلا ئۇ خاتالاشقانلار تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلدى) مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى، ھەددىدىن ئاشقان، خاتالاشقان، تاجاۋۇزچى جامائەتلەر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، (بۇ راستىنلا شۇنداق بولغان، بۇ كىشى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇرۇشىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپتە تۇرۇپ شېھىد بولىدۇ) ئەبۇ نۇئەيىملەر توپلىغان سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممارغا ئىككى ئىش بىراقلا تەڭلەنسە، ئۇ بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئەڭ توغرىسىنى تاللايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دىگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ھەربىر سۆڭەك، پەيلىرىنىڭ ئۇچىغىچە ئىمان لىق تولغاندۇر، نەسەئى 4921 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 144 _ ھەدىس، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممارغا ۋاي، ئۇنى ئىسلام خەلىپىسىگە قوراللىق كۆتۈرگەن ھەددىدىن ئاشقان تاجاۋۇزچى زالىم جامائەتلەر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئەممار ئۇلارنى جەننەتكە چاقىرسا ئۇلار ئەممارنى دوۋزاخقا چاقىرىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى ت، سەھىھ.

**5879 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن سليمان بن صرد قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم حين أجلي الأحزاب عنه : " الآن نغزوهم ولا يغزونا نحن نسير إليهم " . رواه البخاري**

سۇلەيمان ئىبنى سەرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنى قورشىۋالغان ئەھزاپ قوشۇنلىرى چېكىندۈرۈلگەندە مۇنداق دىگەن: مانا ئەمدى بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، ھۇجۇم قىلىمىز، ئۇلار بىز بىلەن ئۇرۇش قىلالمايدۇ، بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ، ئۇلارغا بىز بارىمىز، «بۇ ھەدىسنى مەدىنىنى قورشىۋالغان ئەھزاپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرگەندە دىگەن ئىدى، كېيىن راستىنلا شۇنداق بولدى) بۇخارى 3901 _ ھەدىس، ئەھمەد 25949 _ ھەدىس، سە ھىھ.

**5880 – [ 13 ] وعن عائشة قالت : لما رجع رسول الله صلى الله عليه وسلم من الخندق وضع السلاح واغتسل أتاه جبريل وهو ينفض رأسه من الغبار فقال قد وضعت السلاح والله ما وضعته أخرج إليهم قال النبي صلى الله عليه وسلم فأين فأشار إلى بني قريظة فخرج النبي صلى الله عليه وسلم . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەق ئۇرۇشىدىن قايتقاندا، قورالىنى قويۇپ يۇيۇنىۋاتسا، جىبرىئىل بېشىدىن چاڭ ـ تۇزانلارنى سۈرتكەن ھالدا كېلىپ؛ سەن قورالنى قويۇپ ، جەڭ

كىيمنى سىلىۋېتىپ يۈيىنىۋاتامسەن؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن تېخى قۇرالىمنى قويمۇدۇم، سەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىققىن دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ:قەيەرگە؟دېسە، ئۇ: بەنىي قۇرەيزىلەر تەرەپكە ئىشارەت قىلىپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىققان ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5881 – [ 14 ] ( صحيح ) وفي رواية للبخاري قال أنس : كأني أنظر إلى الغبار ساطعا في زقاق بني غنم موكب جبريل عليه السلام حين سار رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى بني قريظة**

بۇخارىنىڭ يەنەبىررىۋايىتىدە؛ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنىي قۇرەيزىلەر تەرەپكە ئۇرۇشقا ماڭغاندا، مەن بەنىي غەنەم قەبىلىسىنىڭ كۈچىلىرىدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ جامائىتىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى خۇددى تۇۋرۈكتەك يۇقىرىغا ئۆرلىگىنىنى كۆرگەن ئىدىم،دېيىلگەن.

**5882 – [ 15 ] وعن جابر قال عطش الناس يوم الحديبية ورسول الله صلى الله عليه وسلم بين يديه ركوة فتوضأ منها ثم أقبل الناس نحوه قالوا : ليس عندنا ماء نتوضأ به ونشرب إلا ما في ركوتك فوضع النبي صلى الله عليه وسلم يده في الركوة فجعل الماء يفور من بين أصابعه كأمثال العيون قال فشربنا وتوضأنا قيل لجابر كم كنتم قال لو كنا مائة ألف لكفانا كنا خمس عشرة مائة متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىشىلەر ھۇدەيبىييە كۈنى قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا بىر قاچىدا سۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ سۇدا تاھارەت ئالدى، ئاندىن كىشىلەر رەسۇلۇللاھ تەرەپكە كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ يېنىمىزدا تاھارەت ئالغىدەك ھەتتا ئىچكىدەكمۇ سۇ قالمىدى، پەقەت سىلىنىڭ قاچىلىرىدىكى سۇلا قالدى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قولىنى قاچىغا قويۇۋىدى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن خۇددى بۇلاقتەك سۇ ئېتىپ چىقىشقا باشلىدى، بىز ھەممىمىز شۇ سۇدىن ئىچتۇق، تاھارەت ئالدۇق، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ سىلەر شۇ چاغدا قانچە كىشى ئىدىڭلار؟دېيىلدى، ئۇ؛ ئەگەر بىز 100000كىشى بولغان بولساقمۇ، ئۇ سۇ ئەلۋەتتە بىزگە يېتەتتى، بىز شۇ چاغدا 1500ئىدۇق دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5883 – [ 16 ] ( صحيح ) وعن البراء بن عازب قا ل : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم أربع عشرة مائة يوم الحديبية والحديبية بئر فترحناها فلم نترك فيها قطرة فبلغ النبي صلى الله عليه وسلم فأتاهافجلس على شفيرها ثم دعا بإناء من ماء فتوضأ ثم مضمض ودعا ثم صبه فيها ثم قال : دعوها ساعة " فأرووا أنفسهم وركابهم حتى ارتحلوا . رواه البخاري**

بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز ھۇدەيبىييە كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە 1400 كىشى ئىدۇق، بىز ھۇدەيبىييە قۇدۇقىدىكى سۇنى تارتىپ ئىلىۋېلىپ، بىرتامچىمۇ سۇ قويمىدۇق، بۇئىش رەسۇلۇللاھقا يەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ كېلىپ، ئۇقۇدۇقنىڭ لىۋىدە ئولتۇرۇپ، بىر قاچىدا سۇ كەلتۈرۈپ، تاھارەت ئېلىپ،ئاندىن ئاغزىنى چايقاپ، دۇئا قىلىپ، ئاندىن ئۇسۇنى قۇدۇققا تۆكۈپ؛ بۇ قۇدۇقنى سۇتارتماي بىر سائەت قويۇپ قويۇڭلار دېدى، ئاندىن كېيىن ئۇلار شۇ قۇدۇقتىن چىققان سۇ بىلەن ئۇجايدىن قايتىپ كەتكىچە ئۆزلىرىنى ۋە ئۇلاغلىرىنى سۇغۇرۇپ قاندۇردى.بۇخارى تويلىغان.

**5884 – [ 17 ] وعن عوف عن أبي رجاء عن عمر بن حصين قا ل : كنا في سفر مع النبي صلى الله عليه وسلم فاشتكى إليه الناس من العطش فترل فدعا فلانا كان يسميه أبو رجاء ونسيه عوف ودعا عليا فقال : " اذهبا فابتغيا الماء " . فانطلقا فتلقيا امرأة بين مزادتين أو سطحتين من ماء فجاءا بهاإلى النبي صلى الله عليه وسلم فاستترلوهاعن بعيرها ودعا النبي صلى الله عليه وسلم بإناء ففرغ فيه من أفواه المزادتين ونودي في الناس : اسقوا فاستقوا قال : فشربنا عطاشا أربعين رجلا حتى روينا فملأنا كل قربة معنا**

**وإداوة وايم الله لقد أقلع عنها وإنه ليخيل إلينا أنها أشد ملئة منها حين ابتدأ . متفق عليه**

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بىر قېتىملىق سەپەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولغان ئىدۇق، كىشىلەر ئۇسسۇزلۇقتىن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلىغدىن چۈشۈپ، ئەلى بىلەن يەنە بىر كىشىنى چاقىرىپ؛ ئىككىڭلار بېرىپ ئازراق سۇ تېپىپ كېلىڭلار دېدى، ئۇلار كېتىپ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تېرىدىن بولغان تۇلۇمنىڭ بىر تەرىپىگە ئۆزۈق ـ تۈلۈك، يەنەبىرتەرىپىگە سۇ ئېلىۋالغان بىر ئايالغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇلار ئۇ ئايالنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ، تۆگىسىدىن چۈشۈردى، رەسۇلۇللاھ قاچىدىن بىرنى كەلتۈرۈپ، ھېلىقى سۇ بار تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن قاچىغا سۇ قۇيدى، ئاندىن كىشىلەرگە: سۇ ئىچىۋېلىڭلار!!دەپ نىدا قىلىندى، ئۇلار سۇ ئىچىشتى، بىزدىن قاتتىق ئۇسسۇز قالغان 40 نەپەر كىشىمۇ قانغىچە سۇ ئىچتۇق، يېنىمىزدا ئېلىۋالغان بارلىق تۇلۇن، قاچىلىرىمىزنى سۇغا لىق توللۇدۇق، **الله** بىلەن قەسەمكى، كىشىلەر سۇغا قېنىپ قايتقاندىن كېيىنمۇ، ئۇ سۇ شۈپىتى لىق قالدى، ھەتتا بىزگە ئۇ تۇلۇن؛ ئۇنىڭدىن دەسلەپتە سۇ ئېلىنغان چاغدىكىدىنمۇ لىقراقتەك خىيال قىلىندى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5885 – [ 18 ]** ( **صحيح** ) **وعن جابر قال : سرنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى نزلنا واديا أفيح فذهب رسول الله صلى الله عليه وسلم يقضي حاجته فلم ير شيئا يستتر به وإذا شجرتين بشاطئ الوادي فانطلق رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى إحداهما فأخذ بغصن من أغصانها فقال انقادي علي بإذن الله فانقادت معه كالبعير المخشوش الذي يصانع قائده حتى أتى الشجرة الأخرى فأخذ بغصن من أغصانها فقال انقادي علي بإذن الله فانقادت معه كذلك حتى إذا كان بالمنصف مما بينهما قال التئما علي بإذن الله فالتأمتا فجلست أحدث نفسي فحانت مني لفتة فإذا أنا برسول الله صلى الله عليه وسلم مقبلا وإذا الشجرتين قد افترقتا فقامت كل واحدة منهما على ساق . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ، كەڭرى بىر ئوزلەڭلىككە چۈشتۇق، رەسۇلۇللاھ تەرەت قىلغىلى كېتىپ، دالدا قىلىپ پەردىلەنگىدەك ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى، ناگاھان ئۇ ۋادىينىڭ بىر چېتىدە ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھ ئۇدەرەخلەرنىڭ بىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ شاخلىرىدىن بىر شاخنى تۇتۇپ تۇرۇپ؛ **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن ماڭا بويسۇنغىن دېدى، ئۇ دەرەخ خۇددى بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگە يېتىلىگەن ئىگىسىگە بويسۇنۇپ بىللە ماڭغاندەك، رەسۇلۇللاھقا بويسۇنۇپ بىللە مېڭىپ، يەنە بىر تۈپ دەرەخنىڭ قېشىغا كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇدەرەخنىڭمۇ شاخلىرىدىن بىر شاخنى تۇتۇپ تۇرۇپ؛ **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن ماڭا بويسۇنغىن دېدى، ئۇ دەرەخمۇ شۇنىڭدەك بويسۇندى، ئۇلار قاپ ئوتتىرىغا كېلىپ بارابەر سەپكە تىزىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن ماڭا پەردە بولۇش ئۈچۈن كىرىشىپ گىرەلىشىڭلار دېدى، ئۇئىككى تۈپ دەرەخ بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ پەردە بولۇپ بەردى، مەن ئۆز ئۆزۈمگە:بۇگۈن ماڭا ئىلتىپات قىلغىدەك بىر ئىش ئاشكارا بولدى، بۇگۈن مەن ئاجايىب ـ غارايىب بىر ئىشنى كۆردۈمغۇ دەپ، پىچىرلاپ ئولتۇرسام، ناگاھان رەسۇلۇللاھ مەن تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخ بولسا، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ، ھەرقايسى ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ تۇردى.مۇسلىم توپلىغان.

**5886 – [ 19 ]** ( **صحيح** ) **عن يزيد بن أبي عبيد قال : رأيت أثر ضربة في ساق سلمة بن الأكوع فقلت يا أبا مسلم ما هذه الضربة ؟ فقال : هذه ضربة أصابتني يوم خيبر فقال الناس أصيب سلمة فأتيت النبي صلى الله عليه وسلم فنفث فيه ثلاث نفثات**

| |
|---|
| **فما اشتكيتها حتى الساعة . رواه البخاري**<br><br>يەزىيد ئىبنى ئەبۇئۇبەيدە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پاچىقىدا قىلىچ ئۇرۇلغان بىر ئىزنى كۆرۈپ؛ ئى ئەبۇمۇسلىم! بۇقىلىچ ئىزىنىڭ ئىشى قانداق ئىش؟دىسەم، ئۇ؛ بۇ ماڭا خەيبەر كۈنى تەككەن قىلىچنىڭ ئىزى، كىشىلەر شۇچاغدا سەلەمتكە مۇسىيبەت يېتىدىغان بولدى، ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى دىيىشىپ كەتتى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ پاچىقىمغا ئۈچ قېتىم سۈۋ دەپ قويىدى، شۇنىڭدىن بىرى تا ھازىرغىچە، مەن بۇ پۇتۇمدا ھېچ بىر ئاغرىق ـ ئەلەم ھىس قىلىپ باقمىدىم دېدى.بۇخارى توپلىغان. |
| **5887 – [ 20 ] ( صحيح ) وعن أنس قال نعى النبي صلى الله عليه وسلم زيدا وجعفرا وابن رواحة للناس قبل أن يأتيه خبرهم فقال أخذ الراية زيد فأصيب ثم أخذ جعفر فأصيب ثم أخذ ابن رواحة فأصيب وعيناه تذرفان حتى أخذ الراية سيف من سيوف الله حتى فتح الله عليهم . رواه البخاري**<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، يىراقتىكى بىر ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ، زەيد،جەئپەر،ئىبنى رەۋاھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمنىڭ شېھىد بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ؛بايراقنى زەيد ئالدى، ئۇنىڭغا مۇسىبەت يېتىپ شېھىد بولدى، ئاندىن جەئپەر ئېلىپ، ئۇ شېھىد بولدى، ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھ ئېلىپ، ئۇمۇ شېھىد بولدى، ئاندىن مەسلىھەتسىز، ئەمىر ـ پەرمانسىزلا بايراقنى ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ بولغان خالىد ئېلىپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەلىبە ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن ئىشغال قىلدى، ھەقىقەتەن ئۇ شېھىد بولغانلارنىڭ، مىنىڭ ئالدىمدا بولۇشى، مىنى ياكى ئۇلارنى خۇرسەن قىلىپ كەتمەيدۇ، يەنى شېھىدلىق ياخشى بولدى دەۋەتىپ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈپ كەتتى. بۇخارى، نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خالىد ئىبنى ۋەلىيد ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچتۇر، (ئۇشۇنىڭدىن باشلاپ، سەيفۇاللە دەپ ئاتالغان) بەغۋى توپلىغان، سەھىھ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خالىد ئىبنى ۋەلىيد، ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ بولۇپ، ئاللاھتائالا بۇ قىلىچنى مۇشرىكلارغا قارشى سۇغاردى، غىلاپىدىن چىقاردى، (ئۇ قوماندان ئىدى) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. |
| **5888 – [ 21 ] ( صحيح وعن عباس قال : شهدت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم حنين فلما التقى المسلمون والكفار ولى المسلمون مدبرين فطفق رسول الله صلى الله عليه وسلم يركض بغلته قبل الكفار وأنا آخذ بلجام بغلة رسول الله صلى الله عليه وسلم أكفها إرادة أن لا تسرع وأبو سفيان آخذ بركاب رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم أي عباس ناد أصحاب السمرة فقال عباس وكان رجلا صيتا فقلت بأعلى صوتي أين أصحاب السمرة فقال والله لكأن عطفتهم حين سمعوا صوتي عطفة البقر على أولادها فقالوا يا لبيك يا لبيك قال فاقتتلوا والكفار والدعوة في الأنصار يقولون يا معشر الأنصار يا معشر الأنصار قال ثم قصرت الدعوة على بني الحارث بن الخزرج فنظر رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو على بغلته كالمتطاول عليها إلى قتالهم فقال هذا حين حمي الوطيس ثم أخذ حصيات فرمى بهن وجوه الكفار ثم قال انهزموا ورب محمد فوالله ما هو إلا أن رماهم بحصياته فما زلت أرى حدهم كليلا وأمرهم مدبرا . رواه مسلم**<br><br>ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ھۇنەيىن كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا |

قاتناشقان ئىدىم، مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ، مۇسۇلمانلار ئارقىسىنى قىلىپ قېچىشقا باشلىدى،رەسۇلۇللاھ خېچىرىنى كاپىرلار تەرەپكە ھەيدەشكە باشلىدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ خېچىرىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇقلۇق ئىدىم، مەن خېچىرنىڭ تىز مېڭىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى تۇسۇپ تۇردۇم، ئەبۇسۇپيان رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈزەڭگىسىگە ئېسىلىغلىق ئىدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئى ئاbباس! سەمۇرە دەرىخى ئاستىدا بەيئەت قىلغانلارنى توۋلىغىن دېدى، مەن ئاۋازى يۇقىرى چىقىدىغان كىشى ئىدىم، ئەڭ يۇقىرى ئاۋازىم بىلەن: سەمۇرە دەرىخى ئاستىدا بەيئەت قىلغانلارقەيەردە سىلەر!!دېدىم، **الله** بىلەن قەسەمكى ئۇلار خۇددى كالا بالىسىغا كۈيۈنۈپ قايتقاندەك، ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا؛لەببەي،لەببەي!مانا بىز تەييار دەپ قايتىپ كېلىپ، كاپىرلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى، ئاندىن چاقىرىق ئەنسارلارغا قىلىنىپ؛ ئى ئەنسارلار گۇرۇھى!ئى ئەنسارلار جامائىتى! دەپ توۋلاندى،ئاندىن ئى ھارىس جەمەتى! دەپ توۋلاندى(ئۇلارمۇ قاتتىق جەڭ قىلدى)ئاندىن رەسۇلۇللاھ خېچىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، خۇددى غالىپ كەلگەن كىشى بويىنىنى سوزۇپ قارىغاندەك، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا قاراپ؛ مانا ئەمدى جەڭ تازا قىززىپتۇ، مانا بۇ ئۇرۇش قاتتىق كۈچەيگەن ۋاقىتتۇر دەپ، بىر چاڭگال تاشنى ئېلىپ، ئۇنى كاپىرلارنىڭ يۈزىگە ئاتتى، ئاندىن؛ مۇھەممەدنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەمدى يېڭىلىپ قاچىدۇ دېدى، **الله** بىلەن قەسەمكى، ئاندىن ئۇلار يېڭىلىپ قاچتى، ئۇلارنىڭ يېڭىلىشى پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا تاشنى ئېتىشى بىلەنلا بولدى، مەن كاپىرلارنىڭ جەڭدىكى كۈچلۈك،باتۇرلىقىنىڭ ئاجىزلاپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇم.مۇسلىم.

**5889 – [ 22 ]** ( صحيح ) **وعن أبي إسحق قال قال رجل للبراء يا أبا عمارة فررتم يوم حنين قال لا والله ما ولى رسول الله صلى الله عليه وسلم ولكن خرج شبان أصحابه ليس عليهم كثير سلاح فلقوا قوما رماة لا يكاد يسقط لهم سهم فرشقوهم رشقا ما يكادون يخطئون فأقبلوا هناك إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم ورسول الله صلى الله عليه وسلم على بغلته البيضاء وأبو سفيان بن الحارث يقوده فترل واستنصر وقال أنا النبي لا كذب أنا ابن عبد المطلب ثم صفهم . رواه مسلم . وللبخاري معناه**

ئەبۇئىسھاق مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ئى ئەبۇئەممارە! سىلەر راست ھۇنەين كۈنى جەڭدىن قاچقانمۇ؟دېدى، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ياق، **الله** بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەڭدىن ئارقىسىنى قىلىپ قېچىپ باقمىدى، لېكىن ساھابىلىرىدىن بىر تۈركۈم ياش يىگىتلەر، ئۈستىدە جەڭ كىيىمى يوق، ھەم قۇراللىرى تولۇق بولمىغان شارائىت ئاستىدا ئۇرۇشقا چىقىپ قالغان ئىدى، ئاندىن ئۇلار ئوقياغا ماھىر ياچاقچى قەۋمگە ئۇچراپ قالدى، بۇقەۋملەرنىڭ بىرتال ئوقىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتمەيتتى، ئۇلارقارىغا ئېتىشتا شۇنداق ماھىر ئىدىكى، قەتئىي خاتالاشمايتتى، ئاندىن ئۇلار ھېلىقى ياشلارنى قاتتىق ئوققا تۇتتى، ئاندىن ئۇياشلار شۇچاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىشتى،(بۇمۇجەڭدىن قاچقانلىق ئەمەس ئىدى) رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ئاق خېچىرى ئۈستىدە ئىدى، ئەبۇسۇپيان ئۇنى يېتىلەۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ خېچىرىدىن چۈشۈپ نۇسرەت ياردەم تەلەپ قىلىپ؛ مەن ھەق پەيغەمبەر، يالغانچى ئەمەسمەن، مەن ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ بالىسى بولىمەن»دەپ،ئاندىن ئۇلارنى سەپكە تىزغان ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5890 – [ 23 ]** ( متفق عليه ) **وفي رواية لهما قال البراء كنا والله إذا احمر البأس نتقي به وإن الشجاع منا للذي يحاذيه يعني النبي صلى الله عليه وسلم**

يەنەبىرخاتىردە؛ بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛، **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇرۇش تازا قاتتىق قىززىغاندا،بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزىمىزگە قالقان قىلىپ، دۈشمەندىن رەسۇلۇللاھ بىلەن ساقلىناتتۇق،

بىزدىن خېلى ـ خېلى باتۇركىشلەرمۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋېلىپ جەڭ قىلاتتى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5891 – [ 24 ] ( صحيح ) وعن سلمة بن الأكوع قال غزونا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم حنينا فولى صحابة رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما غشوا رسول الله صلى الله عليه وسلم نزل عن البغلة ثم قبض قبضة من تراب من الأرض ثم استقبل به وجوههم فقال شاهت الوجوه فما خلق الله منهم إنسانا إلا ملأ عينيه ترابا بتلك القبضة فولوا مدبرين فهزمهم الله عز وجل وقسم رسول الله صلى الله عليه وسلم غنائمهم بين المسلمين رواه مسلم**

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھۇنەيىن ئۇرۇشىنى قىلغان ئىدۇق، بىر تۈركۈم ياش ساھابىلار قاچتى، كاپىرلەر رەسۇلۇللاھنى قورشىۋالغاندا، رەسۇلۇللاھ خېچىردىن چۈشۈپ، زېمىندىن بىر چاڭگال تۇپىنى ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى ؛«كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى قەبىھ بولسۇن»دەپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قارىتىپ ئاتتى، ئۇلاردىن **الله** تائالا ياراتقان ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىككى كۆزىگە،**الله** شۇبىر چاڭگال تۇپىدىن لىق تۇپا توللىۋەتتى، ئاندىن ئۇلار ئارقىسىنى قىلىپ قېچىشتى، ئۇلارنى **الله** ئۆزى يەڭدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.مۇسلىم.(چۈنكى قۇرئاندا تاشنى سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى **الله** ئاتتى دېيىلگەن)

**5892 – [ 25 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال شهدنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم حنينا فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لرجل ممن معه يدعي الإسلام هذا من أهل النار فلما حضر القتال قاتل الرجل من أشد القتال وكثرت به الجراح فجاء رجل فقال يا رسول الله أرأيت الذي تحدثت أنه من أهل النار قد قاتل في سبيل الله من أشد القتال فكثرت به الجراح فقال أما إنه من أهل النار فكاد بعض الناس يرتاب فبينما هو على ذلك إذ وجد الرجل ألم الجراح فأهوى بيده إلى كنانته فانتزع سهما فانتحر بها فاشتد رجال من المسلمين إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالوا يا رسول الله صدق الله حديثك قد انتحر فلان وقتل نفسه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم الله أكبر أشهد أني عبد الله ورسوله يا بلال قم فأذن لا يدخل الجنة إلا مؤمن وإن الله ليؤيد هذا الدين بالرجل الفاجر . رواه البخاري**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا قاتناشتۇق، رەسۇلۇللاھ: ئىسلام داۋاسى قىلىدىغان، ئۆزى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر كىشىنى«بۇكىشى دەۋزەخ ئەھلىدۇر»دېدى، جەڭ باشلانغاندا ئۇكىشى قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ، كۆپ جاراھەتلەندى، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى ؛«بۇكىشى دەۋزەخ ئەھلىدۇر»دىگەن ئۇكىشى **الله** يولىدا قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ، كۆپ جاراھەتلەندىغۇ، دېدى، رەسۇلۇللاھ يەنە: «ئۇ جەزمەن دەۋزەخ ئەھلىدۇر»دېدى، كىشىلەرنىڭ بەزىسى بۇسۆزنى ئاڭلاپ، شەكلەنگىلى تاس ـ تاس قالدى، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ھېلىقى كىشى جاراھىتىنىڭ قاتتىق ئەلەملىرىگە بەرداشلىق بىرەلمەي، ئوق خالتىسىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى (يەنەبىردە؛قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرىۋالدى دېيىلگەن،يەنى ئوق بىلەن ئۆلمەي ئاندىن قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرىۋالغان) ئاندىن مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئالدىراپ كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** تائالا سىلىنىڭ سۆزلىرىنى راستقا چىقاردى، پالانى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:**الله** ئەكبەر!مەن ئۆزۈمنىڭ **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئى بىلال! ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە مۇنداق ئېلان قىلغىن، جەننەتكە پەقەت مۆئمىنلا كىرىدۇ، مۆئمىندىن باشقىلار كىرەلمەيدۇ، ھەقىقەتەن ئالللاھتائالا بۇ ئىسلام دىنىنى پاسىق، پاجىر كىشىلەر بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ،

پاسقلار بىلەنمۇ ئىسلامغا ياردەم بېرىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5893 – [ 26 ] وعن عائشة قالت سحر رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى إنه ليخيل إليه أنه فعل الشيء وما فعله حتى إذا كان ذات يوم وهو عندي دعا الله ودعاه ثم قال أشعرت يا عائشة أن الله قد أفتاني فيما استفتيته جاءني رجلان فجلس أحدهما عند رأسي والآخر عند رجلي ثم قال أحدهما لصاحبه ما وجع الرجل قال مطبوب قال ومن طبه قال لبيد بن الأعصم اليهودي قال في ماذا قال في مشط ومشاطة وجف طلعة ذكر قال فأين هو قال في بئر ذروان فذهب النبي صلى الله عليه وسلم في أناس من أصحابه إلى البئر فقال هذه البئر التي أريتها وكأن ماءها نقاعة الحناء ولكأن نخلها رءوس الشياطين فاستخرجه متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىيلەر تەرىپىدىن سېھىرلىنىپ قېلىپ، قىلمىغان ئىشنى قىلغاندەك، قىلغان ئىشنى قىلمىغاندەك خىيال قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مېنىڭ يېنىمدا **الله** قا دۇئا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن يەنە تەكرار دۇئا قىلغان ئىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! مەن سېھىرلەنگەندە پەتىۋا سورىسام، ئاللاھنىڭ ماڭا يول كۆرسەتكىنىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ ماڭا ئىككى كىشى كېلىپ، بىرسى بېشىم تەرەپتە، يەنە بىرسى بولسا پۇتۇم تەرەپتە ئولتۇردى، بېشىم تەرەپتىكىسى يەنە بىرسىگە، بۇ كىشى قانداق كېسەل بولۇپتۇ؟ دېدى. ئۇ؛ بۇ كىشى سېھىرلىنىپتۇ دېدى، بېشىم تەرەپتىكىسى، كىم سېھىرلەپتۇ؟ دېسە، ئۇ لۇبەيدە ئىبنى ئەئسەم دېگەن يەھۇدىي دېدى، ئۇ كىشى؛ نېمىگە؟ دېسە، ئۇ؛ تاغاقتا، تاغاق بىلەن تارلىپ چۈشكەن چاچقا ۋە ئەركەك خورمىنىڭ قوۋزاق شېخىغا قىلىپتۇ دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى، قەيەردە ئىكەن؟ دېسە، ئۇ: زەرۋان قۇدۇقىدا دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئائىشە! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېھىرنىڭ تەسىرىدىن ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى خۇددى خېنىنىڭ لاي دۇغىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، خورما قوۋزىقى بولسا، شەيتانلارنىڭ بېشىدەك سەتلىشىپ كېتىپتۇ،دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ساھابىللىرى بىلەن بىللە بېرىپ، ماڭا كۆرسىتىلگەن قۇدۇق مۇشۇ شۇ دەپ، ئۇنى چىقىرىپ،(سۈرە فەلەق بىلەن ناسنى ئوقۇپ ساقىيىدۇ) بۇخارى 5321 ــ ھەدىس، مۇسلىم 4059 ــ ھەدىس، ئەھمەد 23211 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5894 – [ 27 ] وعن أبي سعيد الخدري قال بينما نحن عند رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو يقسم قسما أتاه ذو الخويصرة وهو رجل من بني تميم فقال يا رسول الله اعدل فقال ويلك ومن يعدل إذا لم أعدل قد خبت وخسرت إن لم أكن أعدل فقال عمر له ائذن لي أضرب عنقه فقال دعه فإن له أصحابا يحقر أحدكم صلاته مع صلاتهم وصيامه مع صيامهم يقرءون القرآن لا يجاوز تراقيهم يمرقون من الدين كما يمرق السهم من الرمية ينظر إلى نصله إلى رصافه إلى نضيه وهو قدحه إلى قذذه فلا يوجد فيه شيء قد سبق الفرث والدم آيتهم رجل أسود إحدى عضديه مثل ثدي المرأة أو مثل البضعة تدردر ويخرجون على حين فرقة من الناس قال أبو سعيد أشهد أني سمعت هذا الحديث من رسول الله صلى الله عليه وسلم وأشهد أن علي بن أبي طالب قاتلهم وأنا معه فأمر بذلك الرجل فالتمس فأتي به حتى نظرت إليه على نعت النبي صلى الله عليه وسلم الذي نعته**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ غەنىيمەت تەقسىم قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بەنىي تەمىم قەبىلىسىدىن ئىنچىكە بەل بىر كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئادىللىق قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ساڭا ۋايدۇر، مەن ئادىللىق قىلمىسام كىم ئادىللىق قىلىدۇ؟ ئەگەر مەن ئادىللىق قىلمىسام، ھەققەتەن سەن ھەر جەھەتتىن زور زىيان تارتىسەن، ھالاك بولىسەن دېدى، ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇكىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛

بۇنى قۇيۇۋەتكىن، بۇندىن كېيىن ئاراڭلاردا بىر تۈركۈم بۇنىڭ ھەمراھلىرى بولغان قەۋملەر چىقىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامىزى، روزىسى، ئەمەللىرىگە نىسبەتەن سىلەرنىڭ نامىزىڭلارنى، روزاڭلارنى بارلىق ئەمەل، ئىبادەتلىرىڭلارنى ھاقارەتلەپ، كىچىك، ئاز سانايدۇ، سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ناماز- رۇزىسىغا نىسبەتەن،ناماز- رۇزاڭلارنى ئاز ساناتسىلەر، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن، قۇرئان تەسىرى، پايدىسى، گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانىغا تېگىپ، تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئوقنى ئاتقۇچى، ئوقنىڭ ئۇچىغا، تىغىغا قاراپ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ئوقنىڭ ياغىچىغا ھەتتا، پەيلىرىگە قاراپمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ئاندىن ئۇ ياچاقنىڭ ئوقيا قويىدىغان زەي تارىسىغا قاندىن بىرەر نەرسە يۇقۇپ قالغاندىمۇ يا؟ دەپ شەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئوق نىجاسەتلەرنى ۋە قاننى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى،(يەنى ئەنە شۇنىڭدەك ئوقىغا ھېچ نەرسە يۇقمىغاندەك ئۇ كىشىگە ئىسلامدىن ھېچ نەرسە يۇقمايدۇ). ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارا تەنلىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىكى شۇنداق سىمىز، توم بولۇپ، خۇددى سۆڭىكى يوقتەكلا، ئۇنىڭ بىر بىلىكىنىڭ باش تەرىپىدە ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنىڭ تۇپچىسىدەك مونەك بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق تۈكلەر باردۇر، ياكى ئويناخشىپ تۇرىدىغان بۇلجۇڭ گۆش باردۇر، ئۇلار كىشىلەر قۇتەپەررىق بولۇپ كەتكەن چاغدا چىقىدۇ دېدى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانلىقىمغا شۇنداقلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ،ئۇلارنى باستۇرغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرەلەيمەن، مەن شۇ چاغدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە بار ئىدىم، ئۇ شۇنداق بەلگىسى بار كىشىنى ئىزدەشكە بۇيرىدى، ئۇكىشى كەلتۈرۈلگەندە مەن قاراپ باقسام، ئۇكىشى راستىنلا رەسۇلۇللاھ سۈپەتلىگەندەك ئىكەن دېدى.بەيھەقى، بۇخارى 6419 _ ھەدىس، مۇسلىم 1764 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 165 _ ھەدىس، ئەھمەد 11150 _، سەھىھ.

**وفي رواية : أقبل رجل غائر العينين ناتئ الجبين كث اللحية مشرف الوجنتين محلوق الرأس فقال يا محمد اتق الله فقال : " فمن يطيع الله إذا عصيته فيأمنني الله على أهل الأرض ولا تأمنوني " فسأل رجل قتله فمنعه فلما ولى قال : " إن من ضئضئ هذا قوما يقرءون القرآن لا يجاوز حناجرهم يمرقون من الإسلام مروق السهم من الرمية يقتلون أهل الإسلام ويدعون أهل الأوثان لئن أدركتهم لأقتلنهم قتل عاد "**

يەنەبىرخاتىردە؛ پېشانىسى ئۆرلەڭگۈ، ئورا كۆز، ساقىلى قويۇق، ئىككى مەڭزى ئۇستۇگە ئۆرلەپ چىققان، بېشى يەنى چېچى چۈشۈرتۈگلۈك پاقىر باش بىر كىشى كېلىپ؛ ئى مۇھەممەد! **الله** تىن قورققىن دېدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام، ئاللاھقا كىم ئىتائەت قىلىدۇ؟! زىمىن ئەھلىگە نىسبەتەن ئاللاھ ماڭا ئىشىنىپ، خاتىرجەم بولسا، سىلەر ماڭا ئىشەنمەمسىلەر؟ بىركىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى توسىۋالدى، ئۇ كىشى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى؛ ھەقىقەتەن مۇشۇ كىشىنىڭ نەسلى، پۇشتىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر چىقىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق نىشانىغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇتقا چوقۇنغان مۇشرىكلارنى تەرك ئېتىپ قويۇپ قويىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنى تاپسام، ئەلۋەتتە ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرەتتىم، (ئۇ كىشىنى ناماز ئوقۇشى مۇمكىن دەپ ئۆلتۈرگىلى قويمىغان، شۇنداقلا ئىسلام دىنى ئىلىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمىلى بىلەن جازالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ دوۋزاخ ئەھلىنى دوۋزاخقىلا ياراتماي، مۇشۇ دۇنياغا چىقاردى، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ،

ئۇلار راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆيەتلىگەندەك چىققان،ئالىملار ئۇلار خاۋارىجلار بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن دېدى، يەنىلا، قىيامەتكىچە چىقىشى مۇمكىن ئىكەن) بۇخارى، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5895 – [ 28 ]** ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال كنت أدعو أمي إلى الإسلام وهي مشركة فدعوتها يوما فأسمعتني في رسول الله صلى الله عليه وسلم ما أكره فأتيت رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا أبكي قلت يا رسول الله : ادع الله أن يهدي أم أبي هريرة فقال : " اللهم اهد أم أبي هريرة " . فخرجت مستبشرا بدعوة النبي صلى الله عليه وسلم فلما صرت إلى الباب فإذا هو مجاف فسمعت أمي خشف قدمي فقالت مكانك يا أبا هريرة وسمعت خضخضة الماء قال فاغتسلت فلبست درعها وعجلت عن خمارها ففتحت الباب ثم قالت يا أبا هريرة أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله فرجعت إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا أبكي من الفرح فحمد الله وأثنى عليه وقال خيرا . رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئانام مۇشرىك ئىدى، مەن ئۇنى دائىم ئىسلامغا چاقىراتتىم، بىركۈنى مەن ئۇنى يەنە مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلسام، ئانام ماڭا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەققىدە مەن ياقتۇرمايدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاتتى، ئاندىن مەن يىغلىغان ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!**الله** قا دۇئا قىلغان بولسىلا، **الله** تائالا ئەبۇھۇرەيرەنىڭ ئانىسىنى ھىدايەت قىلغان بولسا دېدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ:«ئى **الله**! ئەبۇھۇرەيرەنىڭ ئانىسىنى ھىدايەت قىلسىلا»دېدى،ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسى بىلەن خۇش بىشارەت ئېلىپ چىقىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئىشىك يېنىغا كەلسەم، ناگاھان ئىشىك تاقاقلىق ئىكەن، ئانام مېنىڭ ئاياق تىۋىشىمنى ئاڭلاپ؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە!جايىڭدا جىم تۇرۇپ تۇرغىن دېدى، مەن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ئانام يۇيۇنۇپ ، كۆڭلىكىنى كىيىپلا، بېشىغا رومال سېلىشقا ئالدىراپ، روملىنى سالمايلا ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ؛ئى ئەبۇھۇرەيرە! «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، **الله** دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى»دېدى، مەن خۇشاللىقىمدىن يىغلىغان ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا قايتتىم، رەسۇلۇللاھ **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتقاندىن كېيىن ؛بەك ياخشى بولۇپتۇ دېدى.مۇسلىم.

**5896 – [ 29 ]** وعنه إنكم تقولون أكثر أبو هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم والله الموعد وإن إخوتي من المهاجرين كان يشغلهم الصفق بالأسواق وإن إخوتي من الأنصار كان يشغلهم عمل أموالهم وكنت امرأ مسكينا ألزم رسول الله صلى الله عليه وسلم على ملء بطني وقال النبي صلى الله عليه وسلم يوما : " لن يبسط أحد منكم ثوبه حتى أقضي مقالتي هذه ثم يجمعه إلى صدره فينسى من مقالتي شيئا أبدا " فبسطت نمرة ليس علي ثوب غيرها حتى قضى النبي صلى الله عليه وسلم مقالته ثم جمعتها إلى صدري فوالذي بعثه بالحق ما نسيت من مقالته تلك إلى يومي هذا . متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سىلەر؛ ئەبۇھۇرەيرە رەسۇلۇللاھتىن بەك كۆپ ھەدىس سۆزلەپ كەتتى دېيىسلەر، ھەممىمىزنىڭ ۋەدە قىلىنغان جايى **الله** نىڭ دەرگاھىدۇر،(يەنى قىيامەت كۈنى **الله** نىڭ دەرگاھىدا راسچىللارنىڭ راسچىللىقى،يالغانچىلارنىڭ يالغانچىلىقى ئاشكارا بولىدۇ)مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمنى بازارلاردىكى ئېلىم ـ سېتىم تىجارىتى مەشغۇل قىلىۋالدى، ئەنسارى قېرىنداشلىرىمنى بولسا مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ خىزمەتلىرى،دېھقانچىلىق مەشغۇل قىلىۋالدى، مەن بىر مىسكىن كىشى بولۇپ، قورسىقىم تويسىلا، رەسۇلۇللاھنى لازىم تۇتۇپ، قەتئىي ئايرىلمايتتىم، رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى:« سىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشى مەن مۇشۇ سۆزۈمنى تۈگەتكۈچە، كىيىمىنى ئېچىپ يېيىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى كۆكسىگە يىغىپ ياپسا، مېنىڭ سۆزۈمدىن ھېچ

ئەرسنى قەتئى ئۇنتۇپ قالمايدۇ»دېدى، مەن ئۇستۇمدىكى توننى رەسۇلۇللاھ سۆزنى تاماملاپ بولغىچە ئېچىپ تۇرتدۇم، ئۇستۇمدە ئۇنىڭدىن باشقا كىيىمىمۇ يوق ئىدى، ئاندىن مەن تونامنى كۆكسىمگە يىغىپ ياپتىم، رەسۇلۇللاھنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ سۆزىدىن باشلاپ، تاھازىرقى مۇشۇ كۈنگىچە، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىدىن ھېچ نەرسنى ئۇنتۇپ قالمىدىم دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5897 – [ 30 ] وعن جرير بن عبد الله قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا تريحني من ذي الخلصة ؟ " فقلت : بلى وكنت لا أثبت على الخيل فذكرت ذلك للنبي صلى الله عليه وسلم فضرب يده على صدري حتى رأيت أثر يده في صدري وقال : " اللهم ثبته واجعله هاديا مهديا " . قال فما وقعت عن فرسي بعد فانطلق في مائة وخمسين فارسا من أحمس فحرقها بالنار وكسرها . متفق عليه**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛« خەسئەم قەبىلىسىنىڭ زۇلخەلەسەت دېگەن بۇتخانىسنى چېقىپ تاشلاپ، قەلبىمنى راھەتلەندۇرۇپ، مېنى ئارام ئالدۇرامسەن؟»دېدى، مەن؛ ئەلۋەتتە بولىدۇ دەپ، ئات ئۈستىدە مەزمۇت ، مۇقۇم ئولتۇرالمايدىغانلىقىمنى دېدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قولى بىلەن كۆكسۈمگە بىرنى ئۇرۇپ قويدى،تاكى مەن قولىنىڭ ئىزىنى كۆكسۈمدە كۆردۈم، ئاندىن ماڭا دۇئا قىلىپ؛ئى الله! بۇنى مۇستەھكەم مۇقۇم قىلسىلا، بۇنى ھىدايەت تاپقان يېتەكچى ، توغرا يول تاپقان ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى مەھدىيلەردىن قىلسىلا دېدى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئېتىمدىن يىقىلىپ باقمىدىم، ئاندىن جەرىر بۇيرىقنا بىنائەن ئەھمەس قەبىلىسىدىن 150ئاتلىق ئەسكەرنى ئاپىرىپ، ھېلىقى بۇتخانىنى چېقىپ، ئوت بىلەن كۆيدۈرىۋەتتى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5898 – [ 31 ] وعن أنس قال : إن رجلا كان يكتب للنبي صلى الله عليه وسلم فارتد عن الإسلام ولحق بالمشركين فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن الأرض لا تقبله " . فأخبرني أبو طلحة أنه أتى الأرض التي مات فيها فوجده منبوذا فقال : ما شأن هذا ؟ فقالوا : دفناه مرارا فلم تقبله الأرض . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن ۋەھيىنى يېزىپ بېرەتتى، ئاندىن كېيىن ئۇكىشى مۇرتەد بولۇپ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ، مۇشرىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛«زېمىن ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى، ماڭا ئەبۇتەلھە مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ ئۇ ھېلىقى كاتىپ بولغان كىشى ئۆلۈپ كەتكەن زېمىنغا بارغان ئىكەن، ئۇكىشىنى زېمىن ئۈستىدە تاشلاندۇق ھالىتىدە ئۇچۇرتۇپ؛ بۇكىشىنىڭ ھالىغا نېمە بولدى؟بۇكىشى نېمە ئۈچۈن دېپنە قىلىنمىدى؟ دەپ سورىسا، ئۇلار؛ بىز بۇكىشىنى بىر نەچچە قېتىم دېپنە قىلغان بولساقمۇ، زېمىن بۇكىشىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىدى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.بۇخارى،مۇسلىم.

**5899 – [ 32 ] وعن أبي أيوب قا ل : خرج النبي صلى الله عليه وسلم وقد وجبت الشمس فسمع صوتا فقال : " يهود تعذب في قبورها " . متفق عليه**

ئەبۇئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن كىرىپ بولغان چاغدا سىرىتقا چىقىپ، بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ؛ يەھۇدىي قەبرىسىدە ئازاپلىنىۋېتىپتۇ دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**5900 – [ 33 ] ( صحيح ) وعن جابر قا ل : قدم النبي صلى الله عليه وسلم من سفر فلما كان قرب المدينة هاجت ريح تكاد**

**أن تدفن الراكب فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بعثت هذه الريح لموت منافق " . فقدم المدينة فإذا عظيم من المنافقين قد مات . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىملىق سەپەردىن كېلىۋېتىپ، مەدىنىگە يېقىن قالغاندا، ئاتلىق ـ ئۇلاغلىق كىشىنىمۇ يىقىتىپ كۆمۈپ، دەپنە قىلىۋەتكىدەك شۇنداق كۈچلۈك شامال چىقتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇشامال بىر مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەۋەتىلدى دېدى، ئاندىن مەدىنىگە كەلسەك، ناگاھان مۇناپىقلارنىڭ چوڭ كاتىۋېشىدىن بىرسى ئۆلۈپتۇ.مۇسلىم.

**5901 – [ 34 ] ( صحيح ) وعن أبي سعيد الخدري قال : خرجنا مع النبي صلى الله عليه وسلم حتى قدمنا عسفان فأقام بها ليالي فقال الناس : ما نحن ههنا في شيء وإن عيالنا لخلوف ما نأمن عليهم فبلغ ذلك النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " والذي نفسي بيده ما في المدينة شعب ولا نقب إلا عليه ملكان يحرسانها حتى تقدموا إليها ثم قال : ارتحلوا " فارتحلنا وأقبلنا إلى المدينة فوالذي يحلف به ما وضعنا رحالنا حين دخلنا المدينة حتى أغار علينا بنو عبد الله بن غطفان وما يهيجهم قبل ذلك شيء رواه مسلم**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقىپ، ئۇسپان دېگەن جايدا بىر نەچچە كېچە تۇرۇپ قالدۇق، كىشىلەر؛ بىز بۇ جايدا ھېچ ئىش قىلالمىدۇق، بىز بۇجايدا نىمە ئىش قىلىمىز؟ ئەھلىلىرىمىز ئارقىمىزدا قالدى، بىز ئۇلاردىن خاتىرجەم بولالمايمىز دېدى، بۇسۆزلەر رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە مۇنداق دېگەن: جېنىم قول ئىلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەدىنىنىڭ ھەربىر كوچا، يول ئېغىزلىرىدا ئىككىدىن پەرىشتە تۇرۇپ، تاكى سىلەر مەدىنىگە كىرگەنگە قەدەر پوستا تۇرۇپ ساقلايدۇ، مەدىنىنى قوغدايدۇ، ئاندىن كۆچۈڭلار! دېدى، بىز سەپەرگە چىقىپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلدۇق، قەسەم قىلىنىدىغان زات **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز مەدىنىگە كىرگەن چاغدىلا، تېخى يۈك ـ تاقلىرىمىزنى قويماي تۇرساق، غەتەقان جەمەتى بىزگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلارنى شۇنىڭدىن بۇرۇن(يەنى بىز كېلىشمىزدىن بۇرۇن) ھۇجۇم قىلىشقا نىمە قىززىقتۇرالمىغاندۇ؟ نىمە ئۈچۈن بۇرۇنراق ھۇجۇم قىلمىغاندۇ؟ ئۇلارنى زادى بۇنىڭدىن نىمە توسۇپ تۇرغاندۇ؟(يەنى پەرىشتىلەرنىڭ قوغدىشى)مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5902 – [ 35 ] وعن أنس قال أصابت الناس سنة على عهد النبي صلى الله عليه وسلم فبينا النبي صلى الله عليه وسلم يخطب في يوم جمعة قام أعرابي فقال يا رسول الله هلك المال وجاع العيال فادع الله لنا فرفع يديه وما نرى في السماء قزعة فوالذي نفسي بيده ما وضعها حتى ثار السحاب أمثال الجبال ثم لم ينزل عن منبره حتى رأيت المطر يتحادر على لحيته صلى الله عليه وسلم فمطرنا يومنا ذلك ومن الغد وبعد الغد والذي يليه حتى الجمعة الأخرى وقام ذلك الأعرابي أو قال غيره فقال يا رسول الله تهدم البناء وغرق المال فادع الله لنا فرفع يديه فقال اللهم حوالينا ولا علينا فما يشير بيده إلى ناحية من السحاب إلا انفرجت وصارت المدينة مثل الجوبة وسال الوادي قناة شهرا ولم يجئ أحد من ناحية إلا حدث بالجود وفي رواية قال : " اللهم حوالينا ولا علينا اللهم على الآكام والظراب وبطون الأودية ومنابت الشجر " . قال : فأقلعت وخرجنا نمشي في الشمس متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا كىشىلەرگە قاتتىق قۇرغاقچىلىق،قەھەتچىلىك يەتتى، بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ جۈمئە كۈنىسى خۇتبە سۆزلەۋاتسا، بىر ئەئرابى كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! چارۋا ـ ماللار ھالاك بولۇپ كەتتى، ئەھلى ـ بالىلار ئاچ قالدى، بىز ئۈچۈن **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى،ـ بىز بۇچاغدا ئاسماندا بىر پارچىمۇ

بۇلۇتنى كۆرمىگەن ئىدۇق-جىمىم قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ قولىنى دۇئادىن چۈشۈرمەي تۇرۇپلا، تاغدەك بۇلۇتلار دۈۋلىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ تېخى مۇنبەردىن چۈشمەي تۇرۇپلا، مەن يامغۇرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ساقاللىرىدىن تامچىلاپ ئېقىپ چۈشكىنىنى كۆردۈم، بىزگە شۇكۈنى، ئەتىسى، ئۆگىنى ھەتتا يەنە بىرجۈمەگىچە يامغۇر ياغدى، ئاندىن يەنە شۇ ئەئرابى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۆي-بىنالار ئۆرۈلۈپ چۈشتى، چارۋا-ماللار غەرىق بولۇپ كەتتى، بىز ئۈچۈن **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ؛ئى **الله**!يامغۇرنى ئۈستىمىزگە ياغدۇرماي، ئەتراپىمىزغا، تاغلارغا، يايلاقلارغا-يېزا-قىشلاقلارغا،دەل-دەرەخ،ئورمانزارلىقلارغا ياغدۇرسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ قولى بىلەن بۇلۇتتىن بىرەر تەرەپكە ئىشارەت قىلسىلا، بۇلۇت شۇئان تارقاپ كىتەتتى، مەدىنىنىڭ ھاۋاسى خۇددى چوڭ كۆلگە ئوخشاپ قالدى،(يەنى بۇلۇتلار مەدىنە ھاۋاسىنىڭ ئەتراپىدا ھالقا بولۇپ تۇردى،بىز ئاپتاپتا ماڭغان ھالدا چىقىپ كەتتۇق) يېزىلاردا يامغۇر سۈيى بىر ئايغىچە ئېرىق بولۇپ ئاقتى، شۇتەرەپتىن بىرەر كىشى كىلىپلا قالسا، بۇ مول يامغۇر توغرىسىدا سۆز قىلاتتى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5903 - [ 46 ]** ( صحيح ) **وعن جابر قال : كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا خطب استند إلى جذع نخلة من سواري المسجد فلما صنع له المنبر فاستوى عليه صاحت النخلة التي كان يخطب عندها حتى كادت تنشق فترل النبي صلى الله عليه وسلم حتى أخذها فضمها إليه فجعلت تئن أنين الصبي الذي يسكت حتى استقرت قال بكت على ما كانت تسمع من الذكررواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلىسە، مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر خورما كۆتىكىگە يۆلىنەتتى، رەسۇلۇللاھقا مۇنبەر ياسلىپ بىرىلگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇردى، ئاندىن يېنىدا خۇتبە سۆزلىنىدىغان ھېلىقى خورما كۆتىكى قاتتىق ئاۋاز قىلىپ، يېرىلىپ كەتكىلى تاس-تاس قالدى، رەسۇلۇللاھ مۇنبەر ئۈستىدىن چۈشۈپ، ئۇنى تۇتۇپ قۇچاقلىدى، ئاندىن ئۇ كۆتەك خۇددى ئانىسى تەرەپتىن پەس قىلىنغان كىچىك بالا يىغلاپ ئىسەدەپ، ئىنجىقلىغاندەك، ئىنجىقلاپ، ئىسەدەپ كىيىن پەس بولۇپ قالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛بۇ دائىم ئاڭلاۋاتقان زىكىر-تەسبىھلەردىن ئايرىلىپ قالغىنىغا يىغلاۋاتىدۇ دېدى.بۇخارى توپلىغان.ئەلۋەتتە بۇخارى-مۇسلىمنىڭ سەھىلىكىدە گەپ يوق.

**5904 - [ 37 ]** ( صحيح ) **وعن سلمة بن الأكوع أن رجلا أكل عند رسول الله صلى الله عليه وسلم بشماله فقال : " كل بيمينك " قال : لاأستطيع . قال " لا استطعت " . ما منعه إلا الكبر قا ل : فما رفعها إلى فيه . رواه مسلم**

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا سول قولى بىلەن تاماق يېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ئوڭ قولۇڭدا يېگىن دىسە، ئۇكىشى؛ مەن ئوڭ قولۇمدا يىيىشكە قادىر بولالمايمەن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنداق بولسا، ئوڭ قولۇڭدا يىيىشكە قادىر بولالمىغايسەن دېدى.-ئۇنى رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشدىن ئاجىزلىق ئەمەس،بەلكى، پەقەت كىبرى قىلىشلا تۇسۇپ قويغان ئىدى- ئاندىن ئۇكىشى ئوڭ قولىنى پەقەتلا ئاغزىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرالمىدى.مۇسلىم توپلىغان.

**5905 -** ( **38** ( صحيح ) **وعن أنس أن أهل المدينة فزعوا مرة فركب النبي صلى الله عليه وسلم فرسا لأبي طلحة بطيئا وكان يقطف فلما رجع قال : " وجدنا فرسكم هذا بحرا فكان بعد ذلك لا يجارى وفي رواية : فما سبق بعد ذلك اليوم رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر قېتىم مەدىنە ئەھلى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇتەلھەنىڭ ئۇششاق چامداپ ئاستا ماڭىدىغان ئېتىنى مىنىپ،دۈشمەن تەرەپكە چىقىپ

كىتىپ، قايتىپ كەلگەندە؛«بىز سىلىنىڭ بۇ ئىبتىڭلارنى دىڭىزدەك تاپتۇق(يەنى بەك تىز چاپىدىغان تاپتۇق) دېدى، ئۇ ئات شۇنىڭدىن كېيىن تا ھازىرغىچە مۇسابىقىدە يېڭىلىپ باقمىدى،(يەنى بەك تىز چاپىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى).بۇخارى توپلىغان.

**5906 – [ 39 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : توفي أبي وعليه دين فعرضت على غرمائه أن يأخذو ا التمر بما عليه فأبوا فأتيت النبي صلى الله عليه وسلم فقلت : قد علمت أن والدي استشهد يوم أحد وترك عليه دينا كثيرا وإني أحب أن يراك الغرماء فقال لي : " اذهب فبيدر كل تمر على ناحية ففعلت ثم دعوته فلما نظروا إليه كأنهم أغروا بي تلك الساعة فلما رأى ما يصنعون طاف حول أعظمها بيدرا ثلاث مرات ثم جلس عليه ثم قال : " ادع لي أصحابك " . فما زال يكيل لهم حتى أدى الله عن والدي أمانته وأنا أرضى أن يؤدي الله أمانة والدي ولا أرجع إلى أخواتي بتمرة فسلم الله البيادر كلها وحتى إني أنظر إلى البيدر الذي كان عليه النبي صلى الله عليه وسلم كأنها لم تنقص تمرة واحدة . رواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ دادام ۋاپات بولۇپ كىتىپ، ئۇستىدە نۇرغۇن قەرز قېلىپ قالدى، مەن قەرز ئىگىللىرىگە دادامنىڭ قەرزىنىڭ بەدلىگە خورمىلارنى ئېلىشنى تەكلىسەم، ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىمدى، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى دادامنىڭ ئۇھۇد كۈنى شېھىد بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلىلا، دادام نۇرغۇن قەرزنى قالدۇرۇپ كەتتى،مەن قەرز ئىگىللىرىنىڭ سىلىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن(يەنى ئۇلار سىلىنىڭ يۈزلىرىنى قىلىپ قەرزنى ئۆتنۈۋەتسە ئەجەپ ئەمەس) دېدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ سەن بېرىپ، ھەر بىر خورما تۈرىنى ئايرىم ـ ئايرىم بىرتەرەپكە دۆۋە قىلغىن دېدى، مەن شۇنداق قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى چاقىردىم، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ(قەرزنى ئۆتنۈۋىتىڭلار دەمدىكىن دەپ گۇمان قىلىپ)گۇياكى مەندىن شۇ سائەتتىلا قەرزنى قاتتىق سۈيلەيدىغاندەك قىلاتتى، (يەنى ئۇلار ئىچىدە قاتتىق چىڭ تۇرۇشنى پىلانلىدى) رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆرۈپ، ئەڭ چوڭ خورما دۆۋىسىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىۋىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى، ئاندىن ماڭا؛ قەرز ئىگىللىرىنى چاقىرغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ـ **الله** تائالا دادامنىڭ قەرزنى ئادا قىلىۋەتكەنگە قەدەر ـ خورما كەمچەنلەپ بىرىشكە باشلىدى، مېنىڭچە بولغاندا **الله** تائالا دادامنىڭ قەرزنى ئادا قىلىۋەتسىلا، مەن ھەمشىلىرىمنىڭ قېشىغا بىر تال خورما بىلەن قايتمىساممۇ شۇنىڭغا رازى بولاتتىم، لېكىن **الله** تائالا بارلىق خورما دۆۋىللىرىنى ساق ـ سالامەت ساقلاپ قالدى، ھەتتا مەن رەسۇلۇللاھ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇلارغا كەمچەنلەپ بەرگەن خورما دۆۋىسىگە قاراپ باقسام، ئۇنىڭدىنمۇ بىرتال خورمىمۇ كاملىماپتۇ.بۇخارى توپلىغان.

**5907 – [ 40 ] ( صحيح ) وعنه قال : إن أم مالك كانت تهدي للنبي صلى الله عليه وسلم في عكة لها سمنا فيأتيها بنوها فيسألون الأدم وليس عندهم شيء فتعمد إلى الذي كانت تهدي فيه للنبي صلى الله عليه وسلم فتجد فيه سمنا فما زال يقيم لها أدم بيتها حتى عصرته فأتت النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " عصرتيها " قالت نعم قال : " لو تركتيها ما زال قائما " رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مالىكنىڭ ئانىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تىرىدىن بولغان كىچىك تۇلۇمدا ياغ ھەدىيە قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ باللىرى كىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆي چىقىمى تەلەپ قىلدى، ئۇلارنىڭ يېنىدا ھېچ نەرسە يوق ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھقا ياغ ھەدىيە قىلغان ھېلىقى تۇلۇمغا قولىنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ياغ تاپتى، ئۇ تۇلۇمنى پاك ـ پاكىز قېقىپ سىقىپ، ئىچىدىكى ياغنى پۈتۈنلەي تۆكۈۋەتمىگىچە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ياغ، ئۇلارنىڭ ئۆي چىقىمى بولۇۋەرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ،

ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ سەن ئۇ تۇلۇمنى پاك-پاكىز قىقىپ سىقىپ، ئىچىدىكى ياغنى پۈتۈنلەي تۈكىتىۋەتكەنمۇ؟دېدى، ئۇ: ھەئە شۇنداق قىلىپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ئەگەر سەن ئۇنى جىم قويغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە دائىم ياغ چىقىۋىرەتتى،دېدى.مۇسلىم توپلىغان.

**5908 – [ 41 ]** ( صحيح ) وعن أنس قال : قال أبو طلحة لأم سليم لقد سمعت صوت رسول الله صلى الله عليه وسلم ضعيفا أعرف فيه الجوع فهل عندك من شيء ؟ فأخرجت أقراصا من شعير ثم أخرجت خمارا لها فلفت الخبز ببعضه ثم دسته تحت يدي ولاثتني ببعضه ثم أرسلتني إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم قال فذهبت به فوجدت رسول الله صلى الله عليه وسلم في المسجد ومعه الناس فقمت عليهم فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أرسلك أبو طلحة ؟ " قلت نعم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لمن معه قوموا فانطلق وانطلقت بين أيديهم حتى جئت أبا طلحة فقال أبو طلحة يا أم سليم قد جاء رسول الله صلى الله عليه وسلم بالناس وليس عندنا ما نطعمهم فقالت الله ورسوله أعلم قال فانطلق أبو طلحة حتى لقي رسول الله صلى الله عليه وسلم فأقبل رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبو طلحة معه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم هلمي يا أم سليم ما عندك فأتت بذلك الخبز فأمر به ففت وعصرت أم سليم عكة لها فأدمته ثم قال فيه رسول الله صلى الله عليه وسلم ما شاء الله أن يقول ثم قال ائذن لعشرة فأذن لهم فأكلوا حتى شبعوا ثم خرجوا ثم قال ائذن لعشرة فأذن لهم فأكلوا حتى شبعوا ثم خرجوا ثم قال ائذن لعشرة فأذن لهم فأكلوا حتى شبعوا ثم خرجوا ثم أذن لعشرة فأكل القوم كلهم وشبعوا والقوم سبعون أو ثمانون رجلا . متفق عليه وفي رواية لمسلم أنه قال : " أذن لعشرة " فدخلوا فقال : " كلوا وسموا الله " . فأكلوا حتى فعل ذلك بثمانين رجلا ثم أكل النبي صلى الله عليه وسلم وأهل البيت وترك سؤرا وفي رواية للبخاري قال : " أدخل علي عشرة " . حتى عد أربعين ثم أكل النبي صلى الله عليه وسلم فجعلت أنظر هل نقص منها شيء ؟ وفي رواية لمسلم : ثم أخذ ما بقي فجمعه ثم دعا فيه با لبركة فعاد كما كان فقال : " دونكم هذا "

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئەبۇتەلھە ئۇممە سۇلەيمگە؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋازىنىڭ ئاجىز بوش چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن قۇرسىقىنىڭ بەك ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم، يېنىڭدا يىگىدەك نەرسە بارمۇ؟دېدى، ئۇممە سۇلەيم ؛ھەئە بار دەپ، بىر نەچچە ئارپا تۇقىچىنى چىقىرىپ ئاندىن ئۆزىنىڭ رومىلىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بەزىسىدە ناننى يۆگەپ، ئاندىن ئۇنى قولتۇقۇمغا يۇشۇرۇپ قىستۇرۇپ، رومالنىڭ يەنە بىرقىسمىنى بېشىمغا سەللىدەك يۆگەپ،ئاندىن مىنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى، ئاندىن مەن ناننى ئېلىپ بېرىپ، رەسۇلۇللاھنى نامازگاھىدا تاپتىم، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بارئىكەن، مەن ئۇلارغا سالام قىلدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ سىنى ئەبۇتەلھە ئەۋەتتىمۇ؟دېدى، مەن؛ ئەھە شۇنداق دېدىم، رەسۇلۇللاھ؛تائام بىلەنمۇ؟دېدى، مەن؛ھەئە دىسەم، رەسۇلۇللاھ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرغان كىشىلەرگە؛ قوپۇڭلار، مەن بىلەن تاماق يىگىلى مېڭىڭلار دېدى، ئاندىن بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ ماڭدى، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا كىلىپ، ئەبۇتەلھەگە خەۋەر قىلدىم، ئەبۇتەلھە؛ئى ئۇممە سۇلەيم! رەسۇلۇللاھ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تاماققا كىلىۋېتىپتۇ، بىزنىڭ يېنىمىزدا ئۇلارغا تاماق قىلىپ بەرگىدەك نەرسە بولمىسا دېدى، ئۇممە سۇلەيم؛**الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ دېدى ، ئاندىن ئەبۇتەلھە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ كىتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئى ئۇممە سۇلەيم!ئۆيۈڭدە بار نەسنى كەلتۈرگىن دېدى، ئۇ ھلىقى نانلارنى كەلتۈردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنانلارنى ئۇششاق پارچىلاپ ئۇشتۇشقا بۇيرىدى، ئۇممەسۇلەيم ياغ بار تۇلۇمنى قىقىپ سىقىپ، چاي راسلىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا **الله** خالىغان بىر نەرسىلەرنى دەپ؛ ئون كىشىنىڭ كىرىشىگە ئىزنى بىرىڭلار

دېدى، ئۇلار ئىزنى بىلەن كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ:ﷲ نىڭ ئىسمىنى ئاتاپ يەڭلار دېدى، ئۇلار تويغىچە يەپ ـ ئىچىپ چىقىپ كەتتى، ئاندىن يەنە ئون كىشىنىڭ كىرىشىگە ئىزنى بىرىڭلار دېدى،يەنە ئونغا ئىزنى بەردى،(ئۇلار ئوندىن ـ ئوندىن كىرىپ)قەۋمنىڭ ھەممىسى تويغىچە يەپ ـ ئىچىپ قايتتى،ئۇلار 70 ،80 كىشى ئىدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ ۋە ئۆي ئىچىدىكىلەر يەپ ـ ئىچىپ، يەنە ئۇتاماقنى شۇ پېتى قالدۇردى، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە كاملىمىدى، مەن كاملامدۇ؟يوق قاراپ تۇرغان ئىدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قالغان تائاملارنى يىغىپ، ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ؛ بۇنى ئېلىڭلار دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5909 – [ 42 ] وعنه قا ل : أتي النبي صلى الله عليه وسلم بإناء وهو بالزوراء فوضع يده في الإناء فجعل الماء ينبع من بين أصابعه فتوضأ القوم قال قتادة : قلت لأنس : كم كنتم ؟ قال : ثلاثمائة أو زهاء ثلاثمائة . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەۋرائ دىگەن جايدىكى چاغدا بىرقاچا كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ قولىنى قاچىنىڭ ئىچىگە قويۇۋىدى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن خۇددى بۇلاقتەك سۇ ئېتىپ چىقىشقا باشلىدى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تاھارەت ئالدى، قەتادە ئەنەسكە؛ سىلەر قانچە كىشى ئىدىڭلار؟ دېدى ، ئۇ؛ 300 ياكى تەخمىنەن 300چە كىشى ئىدۇق دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**5910 – [ 43 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن مسعود قال : كنا نعد الآيات بركة وأنتم تعدونها تخويفا كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في سفر فقل الماء فقال : " اطلبوا فضلة من ماء " فجاءوا بإناء فيه ماء قليل فأدخل يده في الإناء ثم قال : " حي على الطهور المبارك والبركة من الله " فلقد رأيت الماء ينبع من بين أصابع رسول الله صلى الله عليه وسلم ولقد كنا نسمع تسبيح الطعام وهو يؤكل . رواه البخاري**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز مۆجىزە ـ ئالامەتلەرنى بەرىكەت دەپ سانايتتۇق، سىلەر ئۇنى قورقۇتۇپ ئاگاھلاندۇرۇش دەپ سانايدىكەنسىلەر، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كىتىۋاتقان بىر سەپەردە، سۇ بەكلا ئاز قالدى، رەسۇلۇللاھ:سۇنىڭ ئېشىپ قالغىنى بولسا، ئېلىپ كىلىڭلار دېدى، ئۇلار بىر قاچىنى كەلتۈردى، ئۇنىڭدا بەكلا ئاز سۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ قولىنى قاچىنىڭ ئىچىگە سىلىپ؛بەركەتلىك، مۇبارەك، پاك سۇغا كىلىڭلار(بۇنىڭدىن ئىچىپ تاھارەت ئېلىڭلار)بەرىكەت ﷲ تەرەپتىندۇر دېدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن خۇددى بۇلاقتەك سۇ ئېتىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ھەقىقەتەن بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا يېيىلىۋاتقان تاماقنىڭ تەسبىھلىرىنى ئاڭلايتتۇق.بۇخارى توپلىغان.

**5911 – [ 44 ] ( صحيح ) وعن أبي قتادة قال خطبنا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال إنكم تسيرون عشيتكم وليلتكم وتأتون الماء إن شاء الله غدا فانطلق الناس لا يلوي أحد على أحد قال أبو قتادة فبينما رسول الله صلى الله عليه وسلم يسير حتى ابهار الليل فمال عن الطريق فوضع رأسه ثم قال احفظوا علينا صلاتنا فكان أول من استيقظ رسول الله صلى الله عليه وسلم والشمس في ظهره ثم قال اركبوا فركبنا فسرنا حتى إذا ارتفعت الشمس نزل ثم دعا بميضأة كانت معي فيها شيء من ماء قال فتوضأ منها وضوءا دون وضوء قال وبقي فيها شيء من ماء ثم قال احفظ علينا ميضأتك فسيكون لها نبأ ثم أذن بلال بالصلاة فصلى رسول الله صلى الله عليه وسلم ركعتين ثم صلى الغداة وركب وركبنا معه فانتهينا إلى الناس حين امتد النهار وحمي كل شيء وهم يقولون يا رسول الله هلكنا وعطشنا فقال لا هلك عليكم ودعا بالميضأة فجعل يصب وأبو قتادة يسقيهم فلم يعد أن رأى الناس ماء في الميضأة تكابوا عليها فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم أحسنوا الملأ كلكم سيروى قال ففعلوا فجعل رسول**

**الله صلى الله عليه وسلم يصب وأسقيهم حتى ما بقي غيري وغير رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم صب فقال لي اشرب فقلت لا أشرب حتى تشرب يا رسول الله قال إن ساقي القوم آخرهم شربا قال فشربت وشرب قال فأتى الناس الماء جامين رواء . رواه مسلم هكذا في صحيحه وكذا في كتاب الحميدي وجامع الأصول وزاد في المصابيح بعد قوله آخرهم لفظة شربا**

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: سىلەر كەچ تەرەپتە سەيرى قىلىپ مېڭىپ ۋە كېچىچە مېڭىپ، ئەگەر **الله** خالىسا، ئەتە سۇ بار جايغا بارىسىلەر. كىشىلەر بۇسۆزنى ئاڭلاپلا، بىرسى-بىرسىگە قارايمۇ قويماي سۇ بار جايغا ئالدىرىشىپ ماڭدى، بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ سەيرى قىلىپ كىتىۋاتاتتى، تەڭ كېچە بولۇپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ يولنىڭ بىر چېتىگە چۈشۈپ ئۇخلاشقا بېشىنى قويدى، ۋە نامىزىمىزنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار دېدى، شۇنداقتىمۇ تۇنجى قېتىم ئويغانغان كىشى رەسۇلۇللاھ بولدى، بۇچاغدا كۈن چىقىپ ئۇچىسىغا نۇر تاشلىغان ئىدى، ئاندىن يولغا چىقىڭلار دېدى، بىز يولغا چىقىپ، كۈن كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر ماڭدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ چۈشۈپ، مەن يېنىمدا ئېلىۋالغان تاھارەت قاچىسىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭغا ئازىراق سۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن سۇنى ئايىغان ھالدا يەڭگىل تاھارەت ئالدى، ئۇنىڭدا يەنە ئازىراق سۇ قېلىپ قالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ سەن بۇ تاھارەت ئالىدىغان قاچاڭدىكى سۇنى ئوبدان ساقلىغىن، چۈنكى پات يېقىندا ھىلىلا بۇنىڭ ئۇچۇن چوڭ ، بۈيۈك خەۋەر يەنى مۆجىزە يۈز بىرىدۇ دېدى،ئاندىن بىلال نامازغا ئەزان توۋلىدى، رەسۇلۇللاھ بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ ئاندىن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ يولغا چىقتى، بىزمۇ بىللە يولغا يولغا چىقىپ، كۈن تىكلىشىپ ھەممە نەرسە تازا قىزىپ كەتكەن چاغدا كىشىلەرنىڭ قېشىغا باردۇق، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ھالاك بولىدىغان بولدۇق، بىز قاتتىق ئۇسساپ كەتتۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ؛سىلەرگە ھالاكەت يوق،سىلەر ھالاك بولمايسىلەر دەپ، ئاندىن ھېلىقى سۇبار قاچىنى كەلتۈرۈپ، كىشىلەرگە سۇ قۇيۇپ بىرىشكە باشلىدى، مەن ئۇلارنى سۇغىرىۋاتاتتىم، ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر قاچىدىكى سۇنى كۆرۈپ(سۇنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ)ھەممىسى ئولۇشۇپ قىستىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ جامائەتلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، ئەخلاقىڭلارنى ياخشى قىلىڭلار، ھەممىڭلار سۇغا قانىسىلەر دېدى، ئاندىن ئۇلارشۇنداق قىلدى، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرگە سۇ قۇيۇپ بىرىشكە باشلىدى، مەن ئۇلارنى سۇغىرىشقا باشلىدىم، ئاندىن مەن بىلەن رەسۇلۇللاھ تىن باشقا بارلىق كىشىلەر تۈگەپ،پەقەت ئىككىمىزلا قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سۇنى قۇيۇپ؛ ئىچكىن دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى ئىچمىگىچە مەن ئىچمەيمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛قەۋملەرنى سۇغارغان كىشى ئەڭ ئاخىردا ئىچىدۇ دېدى، ئاندىن مەن ئىچتىم، رەسۇلۇللاھ مۇ ئىچتى، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قەلبى ئارام تاپقىچە، سۇغا قېنىپ راھەتلەنگىچە، قانغىچە تولۇق سۇ بىرىلدى.مۇسلىم توپلىغان.

**5912 – [ 45 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : لما كان يوم غزوة تبوك أصاب الناس مجاعة فقال عمر : يا رسول الله ادعهم بفضل أزوادهم ثم ادع الله لهم عليها بالبركة فقال : نعم قال فدعا بنطع فبسط ثم دعا بفضل أزوادهم فجعل الرجل يجيء بكف ذرة ويجيء الآخر بكف تمر ويجيء الآخر بكسرة حتى اجتمع على النطع شيء يسير فدعا رسول الله صلى الله عليه وسلم بالبركة ثم قال خذوا في أوعيتكم فأخذوا في أوعيتهم حتى ما تركوا في العسكر وعاء إلا ملؤوه قال فأكلوا حتى شبعوا وفضلت فضلة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : أشهد أن لا إله إلا الله وأني رسول الله لا يلقى الله بهما عبد غير شاك فيحجب عن الجنة رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،تەبۇك ئۇرۇشى بولغان كۈنى كىشىلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يەتتى، ئۆمەر

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كىشىلەرنى چاقىرسىلا، ئۇلار ئۇزۇقلىرىنىڭ ئاشقانلىرىنى ئەكەلسۇن، ئاندىن سىلى ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇ**الله**:بولىدۇ شۇنداق قىلاي دەپ، سۇپۇر-دوسقان كەلتۈرۈپ سېلىپ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئۇزۇقلىرىنىڭ قېلىپ قالغانلىرىنى كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى، بەزى كىشى بىر چاڭگال قوناق ئېلىپ كەلسە، بەزىسى بىر چاڭگال خورما ئېلىپ كىلەتتى، يەنەبەزىسى سۇنۇق-پۇچۇق ناننى ئېلىپ كەلدى، شۇنداق قىلىپ دوسقان ئۇستىگە ئازراق نەرسە دۆۋلەشتى، ئاندىن رەسۇلۇ**الله** ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ؛ خۇجۇن-تۇلۇنلىرىڭلارغا ئېلىڭلار دېدى، ئۇلار بوخچا-تۇلۇنلىرىغا لىق-لىق ئالدى، ئەسكەرلەر ئىچىدە بىرمۇ خۇجۇن-بوخچا قويماي ھەممىسىنى تاماققا لىق توللىدى، ئۇلار تويغىچە يېدى، يەنە ئېشىپمۇ قالدى، ئاندىن رەسۇلۇ**الله**:گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مەن **الله** نىڭ ئەلچىسى، ھەرقانداق بىر بەندە شەك قىلمىغان ھالدا **الله** تائالاغا مۇشۇ ئىككى گۇۋاھلىق كەلىمىسى بىلەن ئۇچراشسا، ئۇ بەندە جەننەتتىن پەردىلىنىپ قالمايدۇ (يەنى ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ)دېدى.مۇسلىم توپلىغان.

**5913 – [ 46 ] وعن أنس : كان النبي صلى الله عليه وسلم عروسا بزينب فعمدت أمي أم سليم إلى تمر وسمن وأقط فصنعت حيسا فجعلته في تور فقالت يا أنس اذهب بهذا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقل بعثت بهذا إليك أمي وهي تقرئك السلام وتقول إن هذا لك منا قليل يا رسول الله قال فذهبت فقلت فقال ضعه ثم قال اذهب فادع لي فلانا وفلانا وفلانا رجالا سماهم وادع من لقيت فدعوت من سمى ومن لقيت فرجعت فإذا البيت غاص بأهله قيل لأنس عدد كم كانوا ؟ قال زهاء ثلاث مائة . فرأيت النبي صلى الله عليه وسلم وضع يده على تلك الحيسة وتكلم بما شاء الله ثم جعل يدعو عشرة عشرة يأكلون منه ويقول لهم : " اذكروا اسم الله وليأكل كل رجل مما يليه " قال : فأكلوا حتى شبعوا . فخرجت طائفة ودخلت طائفة حتى أكلوا كلهم قال لي يا أنس ارفع . فرفعت فما أدري حين وضعت كان أكثر أم حين رفعت . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن زەينەپنىڭ تويى بولغاندا ئانام ئۇممە سۇلەيىم خورما، ياغ، قۇرۇق سۈت قاتارلىقلارنى ئارلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدا باقالى ھالۋىسى قىلىپ، ئۇنى قاچىغا ئېلىپ؛ ئى ئەنەس سەن بۇنى رەسۇلۇللاھقا ئاپىرىپ بىرىپ؛ بۇنى سىلىگە ئانام ئەۋەتتى، ئانام سىلىگە سالام دېدى، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ سىلىگە بىزنىڭ ئازغىنە كۆڭلىمىز دېگىن دېدى، مەن بېرىپ شۇنداق دېدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ بۇنى قويۇپ قويۇپ، ئاندىن بېرىپ پالانى، پالانى، پالانى كىشىلەرنى ۋە سەن يولدا ئۇچراشقانلىكى كىشىلەرنى چاقىرىپ كەلگىن دېدى، مەن رەسۇلۇللاھ ئىسمىنى ئاتاپ بەرگەن ۋە مەن ئۇچراشقانلىكى كىشىلەرنى چاقىردىم، قايتىپ كىلىپ قارىسام، ئۆي ئەھلىگە لىق تولۇپتۇ، ئۇلار 300چە كىلىدۇ، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى ھېلىقى تاماقنىڭ ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇپ، **الله** خالىغان بىر نەرسىلەرنى دېگەنلىكىنى كۆردۇم، ئاندىن كىشىلەرنى ئوندىن-ئوندىن چاقىرىشقا باشلىدى، ئۇلار كىرىپ يېگىلى تۇرغاندا؛**الله** نىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ بىسمىللاھى دەڭلار، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يىسۇن دېدى، ئۇلار تويغىچە يېدى، بىر تائىپە كىشىلەر تويۇپ چىقىپ كەتسە، يەنە بىر تائىپە كىشىلەر كىرىپ تويغىچە يەيتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەپ تويدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا ؛ ئى ئەنەس!بۇنى ئەمدى كۆتۈرگىن دېدى، مەن ئۇنى ئېلىۋەتتىم، مەن ئۇتاماقنى دەسلىۋىدە قويغاندا كۆپ بوغىيمدى؟ياكى مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئالغاندىمۇ؟بۇنى بىلمىدىم.بۇخارى،مۇس

**5914 – [ 47 ] وعن جابر قال : غزوت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا على ناضح لنا قد أعيا فلا يكاد يسير فتلاحق بي النبي صلى الله عليه وسلم فقال لي ما لبعيرك قلت : قدعيي فتخلف رسول الله صلى الله عليه وسلم فزجره ودعا له فما زال بين يدي الإبل قدامها يسير فقال لي كيف ترى بعيرك قال قلت بخير قد أصابته بركتك قال أفتبيعنيه بوقية . فبعته على أن لي فقار ظهره**

**حتى المدينة فلما قدم رسول الله صلى الله عليه وسلم المدينة غدوت عليه بالبعير فأعطاني ثمنه ورده علي . متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدىم، بىر ئۇرۇشتىن قايتقاندا مەن بىزنىڭ سۇ توشۇيدىغان تۆگىنىڭ ئۈستىدە كېلىۋاتاتتىم، ئۇتۆگە شۇنداق قاتتىق ھېرىپ قالغانكى، ماڭالمىغىلى تاس ـ تاس قالاتتى، ئارقام تەرەپتىن رەسۇلۇللاھ كېلىپ؛ تۆگەڭگە نىمە بولدى؟دېدى، مەن؛ قاتتىق ھېرىپ قالدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ تۆگىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، چوھ!دەپ تۆگىگە ۋارقىراپ قويۇپ ئاندىن دۇئا قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن مىنىڭ تۆگەم ھەممە تۆگىلەرنىڭ ئالدىدا ماڭدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئەمدى تۆگەڭنى قانداقراق كۆردۈڭ؟دېدى، مەن؛ ئىنتايىن ياخشى، تۆگەمگە سىلىنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەركىتى يەتتى دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛تۆگەڭنى ماڭا 40 دەرھەمگە ساتامسەن؟دېدى، مەن تۆگەمنى مەدىنىگە مىنىپ كېلىۋېلىش شەرتى بىلەن رەسۇلۇللاھقا ساتتىم، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەندە، مەن تۆگەمنى ئەتىگەندە ئېلىپ باردىم، ئاندىن ماڭا تۆگىنىڭ پۇلىنى بىرىپ،تۆگەمنىمۇ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5915 – [ 48 ] وعن أبي حميد الساعدي قال : خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم غزوة تبوك فأتينا وادي القرى على حديقة لامرأة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اخرصوها " فخرصناها وخرصها رسول الله صلى الله عليه وسلم عشرة أوسق وقال : " أحصيها حتى نرجع إليك إن شاء الله " وانطلقنا حتى قدمنا تبوك فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ستهب عليكم الليلة ريح شديدة فلا يقم فيها أحد منكم فمن كان له بعير فليشد عقاله " فهبت ريح شديدة فقام رجل فحملته الريح حتى ألقته بجبلي طيئ ثم أقبلنا حتى قدمنا وادي القرى فسأل رسول الله صلى الله عليه وسلم المرأة عن حديقتها كم بلغ ثمرها فقالت عشرة أوسق . متفق عليه**

ئەبۇھۇمەيدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تەبۇك ئۇرىشىغا چىقىپ، يىزىدىكى بىر ئايالنىڭ بېغىغا كەلدۇق، رەسۇلۇللاھ؛بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى مۆلچەرلەڭلار دېدى، بىز مۆلچەرلىدۇق، رەسۇلۇللاھ ئۇباغنىڭ مېۋىسىنى ئون ۋەسقە (يەنى 60 سا مىقدارىدا كىلىدۇ)دەپ مۆلچەرلىدى، ۋە ھېلىقى ئايالغا؛ ئەگەر **الله** خالىسا، بىز قېشىڭغا قايتىپ كەلگىچە، سەن بۇباغنىڭ مېۋىسىنى ھىساپلاپ قويغىن دېدى، بىز مېڭىپ تەبۇكقا كەلدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛پات يېقىندا سىلەرگە بۈگۈن كېچىلا قاتتىق شامال چىقىدۇ، ئۇشامال چىققاندا سىلەردىن ھېچ كىشى ئورنىدىن تۇرمىسۇن، تۆگىسى بار كىشىلەر تۆگىسىنىڭ نوختىسىنى مەھكەم باغلاپ قويسۇن دېدى، ئاندىن راستىنلا قاتتىق شامال چىقتى،بىر كىشى ئورنىدىن تۇرىۋىدى، شامال ئۇكىشىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ، (يەمەندىكى)تەييىئ تېغىغا تاشلىدى، ئاندىن بىز ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ھېلىقى يىزىغا كەلدۇق، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى ئايالدىن باغنىڭ مېۋىسى قانچىلىك چىقتى؟دەپ سوردى، ئۇئايال؛ (دەل رەسۇلۇللاھنىڭ مۆلچەرلىگىنىدەكلا)ئون ۋەسقە چىقتى دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5916 – [ 49 ]** ( صحيح ) **وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنكم ستفتحون مصر وهي أرض يسمى فيها القيراط فإذا فتحتموها فأحسنوا إلى أهلها فإن لها ذمة ورحما أو قال : ذمة وصهرا فإذا رأيتم رجلين يختصمان في موضع لبنة فاخرج منها " . قال : فرأيت عبد الرحمن بن شرحبيل بن حسنة وأخاه يختصمان في موضع لبنة فخرجت منها . رواه مسلم**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سىلەر يات يېقىندا بىر شەھەرنى ئىشغال قىلىسىلەر، ئۇ جايدا قىيرات دەپ ئاتىلىدىغان بىر زىمىن باردۇر، سىلەر ئۇ شەھەرنى

ئىشخال قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئەھلىگە ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇچۇن ئەھدە، زىممە، كېپىللىك بار، ئەھدىسىدە تۇرۇش، رەھىم قىلىپ، كۆيۈنۈش بار. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ زەرگە؛ سەن بىر تال قىشىنىڭ ئورنىچىلىك ئورۇن توغرىسىدا داۋالاشقان ئىككى كىشىنى كۆرسەڭ، ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىپ قويماي، بۇ داۋادىن يېنىپ چىققىن دېدى، (يەنى قىيامەت يېقىنلاشقاندا، ھاكىم بولما دېدى) ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛(راستىنلا شۇ شەھەر ئىشغال قىلىندى) مەن ئىبنى شۇرەھبىل بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ بىر تال قىشىنىڭ ئورنىچىلىك ئورۇن توغرىسىدا داۋالاشقىنىنى كۆرۈپ، ئۇ جايدىن يېنىپ چىقتىم دېدى.ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5917 – [ 50 ] ( صحيح ) وعن حذيفة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " في أصحابي وفي رواية قا ل : في أمتي اثنا عشر منافقا لا يدخلون الجنة ولا يجدون ريحها حتى يلج الجمل في سم الخياط ثمانية منهم تك فيهم الدبيلة : سراج من نار يظهر في أكتافهم حتى تنجم في صدورهم " . رواه مسلم وسنذكر حديث سهل بن سعد : " لأعطين هذه الراية غدا " في " باب مناقب علي " رضي الله عنه وحديث جابر " من يصعد الثنية " في " باب جامع المناقب " إن شاء الله تعالى**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە (ھەمراھلىرىم ئىچىدە) 12 مۇناپىق بار بولۇپ، تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كەتمىگىچە ئۇلار ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، (يەنى جەننەتكە كىرىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس)، ھەتتا ئۇلار جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، ئۇ مۇناپىقلاردىن سەككىزىگە دەبىيلەت كېسىلى تېتىيدۇ، كۆپايە بولىدۇ، بۇ كېسەل دوۋزاخ ئوتىدىن بىر چىراغ ئوتتۇر، ئۇلارنىڭ تاغاقلىرى ئۇستىدە ئاشكارا بولۇپ، كۆكسىنى تېشىپ چىقىدۇ، مۇسلىم 4984 _ ھەدىس، ئەھمەد 22229 _ ھەدىس، سەھىھ.

**5918 – [ 51 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أبي موسى قال : خرج أبو طالب إلى الشام وخرج معه النبي صلى الله عليه وسلم في أشياخ من قريش فلما أشرفوا على الراهب هبطوا فحلوا رحالهم فخرج إليهم الراهب وكانوا قبل ذلك يمرون به فلا يخرج إليهم قال فهم يحلون رحالهم فجعل يتخللهم الراهب حتى جاء فأخذ بيد رسول الله صلى الله عليه وسلم قال هذا سيد العالمين هذا رسول رب العالمين يبعثه الله رحمة للعالمين فقال له أشياخ من قريش ما علمك فقال إنكم حين أشرفتم من العقبة لم يبق شجر ولا حجر إلا خر ساجدا ولا يسجدان إلا لنبي وإني أعرفه بخاتم النبوة أسفل من غضروف كتفه مثل التفاحة ثم رجع فصنع لهم طعاما فلما أتاهم به وكان هو في رعية الإبل فقال أرسلوا إليه فأقبل وعليه غمامة تظله فلما دنا من القوم وجدهم قد سبقوه إلى فيء الشجرة فلما جلس مال فيء الشجرة عليه فقال انظروا إلى فيء الشجرة مال عليه فقال أنشدكم بالله أيكم وليه قالوا أبو طالب فلم يزل يناشده حتى رده أبو طالب وبعث معه أبو بكر بلالا وزوده الراهب من الكعك والزيت . ( علق الشيخ أن ذكر بلال في الحديث خطأ إذ لم يكن خلق بعد )**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر قېتىم ئەبۇتالىپ شامغا بارغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ قۇرەيشلەردىن بولغان قېرى شەيخلەر ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى، ئۇلار بىر راھىبنىڭ مەنزىلىگە يەتكەندە چۈشۈپ يۈك ـ تاقلىرىنى يەشتى، راھىب ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقتى، ئۇلاربۇرۇن بۇ راھىبنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە راھىب چىقمايتتى، (بۇ قېتىم چىقتى، سەۋەبى ھازىر بايان قىلىنىدۇ)ئۇلار يۈك ـ تاقلىرىنى يېشىۋاتسا، راھىب ئۇلارنى ئارىلاپ مېڭىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدىن تۇتۇپ؛ مانا بۇكىشى ئالەملەرنىڭ

سەييدى خۇجىسى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسى، الله تائالا بۇنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىدۇ دېدى، قۇرەيشلەرنىڭ قېرىللىرى ئۇنىڭغا؛ سەن بۇنى قانداق بىلىسەن؟دېدى، راھىب؛سىلەر داۋان ئاشقاندىلا، دەل ـ دەرەخلەر،تاش ـ چالمىلار قالماي ھەممىسى سەجدە قىلدى، بۇلار پەقەت پەيغەمبەرگىلا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىدۇ، يەنە تېخى مەن بۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بۇنىڭ تاغىقىنىڭ ئۈچىدىن سەل پەسترەك جايلاشقان خۇددى ئالمىدەك پەيغەمبەرلىك بەلگىسىدىن تونىيالايمەن، دېدى. ئاندىن راھىب قايتىپ كىلىپ ئۇلارغا تاماق قىلىپ ئېلىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ تۆگىلەرگە قاراۋاتقان ئىكەن، راھىب ئۇنى تاماققا چاقىرىپ كىشى ئەۋەتىڭلار دېدى، رەسۇلۇللاھ كەلدى، ۋەھالەنكى بىر پارچە بۇلۇت رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىدە رەسۇلۇللاھقا سايا تاشلاپ كىلىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېقىن كەلگەندە، ئۇلار ئاللىبۇرۇن دەرەخنىڭ سايىسىغا ئورۇنلىۋشۇپ بولغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئولتۇرغاندا دەرەخنىڭ سايىسى رەسۇلۇللاھقا مايىل بولۇپ ئىگىلدى، راھىب؛ دەرەخنىڭ سايىسىغا قاراڭلار، سايا ئۇنىڭغا مايىل بولۇۋاتىدۇ، الله نىڭ نامى بىلەن تەلەپ قىلايكى،قايسىڭلار بۇنىڭ ئىگىسى؟ئەڭ يېقىن ئادىمى؟دېدى،ئۇلار؛ ئەبۇتالىپ دېدى، راھىب (رەسۇلۇللاھتىن قاتتىق ئەنسىرەپ)ئەبۇ تالىپتىن ئۇنى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ ئەكىتىشنى الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قاتتىق تەلەپ قىلدى، ۋە ئۇلارغا نان بىلەن زەيتۇن يېغىنى ئۇزۇقلۇق قىلىپ تەييارلاپ بەردى، (ئەبۇبەكرى شۇچاغدا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بىلالنى ئەۋەتكەن ئىدى.بۇھەدىسنىڭ مۇشۇ بىلال دىگەن لەبزى غەلەتتۇر،خاتاكىلىپ قالغان)تىرمىزى3553 ـ ھ سەھىھ.

**5919 – [ 52 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن علي بن أبي طالب رضي الله عنه قال كنت مع النبي صلى الله عليه وسلم بمكة فخرجنا في بعض نواحيها فما استقبله جبل ولا شجر إلا وهو يقول : السلام عليك يا رسول الله . رواه الترمذي والدارمي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەككىدىكى چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم ، بىز مەككىنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە چىقتۇق، رەسۇلۇللاھقا ئۇچراشقان ھەرقانداق بىر تاغ، دەرەخلەر؛ سالام ساڭا ئى الله نىڭ ئەلچىسى!دەپ سالام قىلدى.تىرمىزى،دارىمى توپلىغان.

**5920 – [ 53 ]** ( صحيح ) **وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم أتي بالبراق ليلة أسري به ملجما مسرجا فاستصعب عليه فقال له جبريل : أبمحمد تفعل هذا ؟ قال : فما ركبك أحد أكرم على الله منه قال : فارفض عرقا رواه الترمذي وقال هذا حديث غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىسرا كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يۈگەنلەنگەن، ئىگەرلەنگەن بىر بۇراق كەلتۈرۈلدى، بۇراق رەسۇلۇللاھنى مىنگىلى قويماي جاھىللىق قىلىۋىدى، جىبرىئىل ئۇنىڭغا؛ سەن مۇھەممەدكىمۇ شۇنداق قىلامسەن؟ الله قا بۇنىڭدىنمۇ ھۆرمەتلىكرەك بىرەر كىشى ساڭا مىنمەيدۇ (يەنى بۇ الله قا ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى تۇرسا)دېدى، ئاندىن بۇراق خىجىللىقتىن تەرلەپ كەتتى.تىرمىزى،سەھىھ

**5921 – [ 54 ]** ( ضعيف )**وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لما انتهينا إلى بيت المقدس قال جبريل بأصبعه فخرق بها الحجر فشد به البراق " . رواه الترمذي**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەيتۇلمۇقەددەسكە بارغان چېغىمىزدا، جىبرىئىل بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تاش يېرىلىپ ھالقا بولدى، بوراقنى شۇ تاشقا باغلىدى، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىدى، بىز، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىمىز، لېكىن، بۇ ھەدىس ئىسنادى، راۋىسى جەھەتتىن زەئىپ،

**5922 – [ 55 ]** ( صحيح لشواهده ) **وعن يعلى بن مرة الثقفي قال ثلاثة أشياء رأيتها من رسول الله صلى الله عليه وسلم بينا**

**نحن نسير معه إذ مررنا ببعير يسنى عليه فلما رآه البعير جرجر فوضع جرانه فوقف عليه النبي صلى الله عليه وسلم فقال أين صاحب هذا البعير فجاءه فقال بعنيه فقال بل نهبه لك يا رسول الله وإنه لأهل بيت ما لهم معيشة غيره قال أما إذ ذكرت هذا من أمره فإنه شكا كثرة العمل وقلة العلف فأحسنوا إليه قال ثم سرنا فنزلنا منزلا فنام النبي صلى الله عليه وسلم فجاءت شجرة تشق الأرض حتى غشيته ثم رجعت إلى مكانها فلما استيقظ رسول الله صلى الله عليه وسلم ذكرت له فقال هي شجرة استأذنت ربها عز وجل أن تسلم على رسول الله صلى الله عليه وسلم فأذن لها قال ثم سرنا فمررنا بماء فأتته امرأة بابن لها به جنة فأخذ النبي صلى الله عليه وسلم بمنخره فقال اخرج إني محمد رسول الله قال ثم سرنا فلما رجعنا من سفرنا مررنا بذلك الماء فسألها عن الصبي فقالت والذي بعثك بالحق ما رأينا منه ريبا بعدك . رواه في شرح السنة**

يەئلا ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۈچ مۆجىزىنى كۆردۈم، بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە كىتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۇستىدە سۇ تۇشۇلىۋاتقان بىر تۆگىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدۇق، تۆگە رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپلا ھۆركىرەپ،بوزلاپ ئاۋاز قىلىپ، بوينىنى يەرگە قويدى، رەسۇلۇللاھ تۆگىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ؛ بۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى قېنى؟دېدى، ئۇكىشى كىلىۋىدى، بۇ تۆگىنى ماڭا سېتىپ بەرگىن دېدى، ئۇكىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇتۆگىنى سىلىگە سېتىپ نىمەقىلاي؟، بەلكى ھەدىي قىلىپ بىرەي دېدى، ئۇ تۆگە بىر ئۆي ئەھلىگە مەنسۇپ ئىدىكى، ئۇلارغا بۇ تۆگىدىن باشقا تۇرمۇش-مەئىشەت يولى يوق ئىدى، رەسۇلۇللاھ؛(مەن بۇ تۆگىنى بىرەر غەرەزدە سېتىۋالاي دىگىنىم يوق)بۇ تۆگە ئۆزىنىڭ ئىشنى ماڭا مەلۇم قىلىپ، ئىش-ئەمگەكنىڭ كۆپلىكىدىن، ھەلەپ يېمەكلىكنىڭ بەكلا ئازلىقىدىن شىكايەت قىلىۋاتىدۇ، سىلەر بۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىڭلار(يەنى ئىشقا ئازراق سېلىپ،ھەلپىنى تولۇق بىرىڭلار)دېدى. ئاندىن بىز مېڭىپ، بىر ئورۇنغا چۈشتۇق، رەسۇلۇللاھ ئۇخلاپ قالغان ئىدى، بىر تۈپ دەرەخ رەسۇلۇللاھنى قورشاپ يۆگىگەنگە قەدەر زىمىننى يېرىپ كىلىپ، ئاندىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ئويغانغاندا مەن بۇئىشى دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ دەرەخ پەرۋەردىگارىدىن **الله** نىڭ ئەلچىسگە سالام قىلىۋېلىشقا ئىزنى سورىۋىدى، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىندى دېدى. ئاندىن بىز مېڭىپ سۇ بويىدىن ئۆتكىنىمىزدە، بىر ئايال مەجنۇنلۇق كېسىلى بار بالىسىنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ بالىنىڭ بۇرنىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ؛سەن چىقىپ كەتكىن، مەن مۇھەممەد، **الله** نىڭ ئەلچىسى بولىمەن دېدى، ئاندىن بىز يولۇپ كەتتۇق، كىيىن بىز سەپىرىمىزدىن قايتقاندا يەنە شۇ سۇ بويىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى ئايالدىن بالىسى توغرۇلۇق سورىۋىدى، ئۇئايال؛ سىلىنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن **الله** بىلەن قەسەمكى، سىلى دۇئا قىلىپ قويۇپ كەتكەندىن كىيىن بىز بۇ بالىدىن بىز ياقتۇرمىغىدەك ھېچ بىر يامان ھادىسىنى كۆرمىدۇق دېدى. شەرھىسسۇننى توپلىغان،سەھىھ.

**5923 – [ 56 ]** ( **ضعيف** )**وعن ابن عباس قال : إن امرأة جاءت بابن لها إلى رسول الله رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالت يارسول الله إن ابني به جنون وإنه ليأخذه عند غدائنا وعشائنا ( فيخبث علينا ) فمسح رسول الله رسول الله صلى الله عليه وسلم صدره ودعا فثع ثعة وخرج من جوفه مثل الجرو الأسود يسعى . رواه الدارمي**

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئايال بالىسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بالام سارائ بولۇپ قالدى، ئەتىگەن _ ئاخشام تائاملىرىمىزنى ئېلىپ، نىجىس قىلىۋېتىدۇ، بولغايدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىنىڭ كۆكسىنى سىلىغان ۋە

شۈنىڭ بىلەن بىرگە دۇئا قىلىۋىدى، بالا ھۆ قىلىپ،قۇسۇپ ئىچىدىن قارا ئىتنىڭ بالىسىدەك بىر نەرسە چۇشۇپ مىدىرلىدى، دارمى خاتىرلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىدى، بىز ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ مۆجىزە ئاينىڭ يېرىلىشىغا ئىشىنىمىز، بۇ ھەدىس زەئىپ.

**5924 – [ 57 ]** ( **صحيح** ) **وعن أنس بن مالك قال جاء جبريل إلى النبي صلى الله عليه وسلم وهو جالس حزين وقد تخضب بالدم من فعل أهل مكة من قريش فقال جبريل يا رسول الله هل تحب أن أريك آية قال نعم فنظر إلى شجرة من ورائه فقال ادع بها فدعا بها فجاءت وقامت بين يديه فقال مرها فلترجع فأمرها فرجعت فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم حسبي رواه الدارمي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە ئەھلىدىن قۇرەيشلەرنىڭ قەبىھ ۋەھشىيلەرچە قىلىقلىرىدىن يۈز-كۆزلىرى قانغا بۇيالغان ھالدا غەمگە پېتىپ ئولتۇرغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ساڭا بىرەر مۆجىزە-ئالامەت كۆرسىتىپ بېرىشىمنى ياخشى كۆرەمسەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە، كۆرسەتكىن دېدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىسى تەرەپتىكى دەرەخكە قاراپ؛ سەن بۇ دەرەخنى چاقىرغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇدەرەخنى چاقىرىۋىدى، دەرەخ كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام؛ئەمدى بۇ دەرەخنى ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېتىشكە بۇيرىغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇدەرەخنى شۇنىڭغا بۇيرىۋىدى، دەرەخ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەتتى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛بولدى قىلغىن، ماڭا كۇپايە بولدى،دېدى.(مۇشرىكلەر چاقىرىقىغا ئۇنىمىدى،لېكىن دەرەخ ئۇنىدى)دارىمى توپلىغان سەھىھ،

**5925 – [ 58 ]** ( **صحيح** ) **وعن ابن عمر قال كنا مع النبي صلى الله عليه وسلم في سفر فأقبل أعرابي فلما دنا منه قال له رسول الله صلى الله عليه وسلم تشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له وأن محمدا عبده ورسوله قال ومن يشهد على ما تقول ؟ قال : " هذه السلمة " فدعاها رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو بشاطئ الوادي فأقبلت تخد الأرض حتى قامت بين يديه فاستشهدها ثلاثا فشهدت ثلاثا أنه كما قال ثم رجعت إلى منبتها . رواه الدارمي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەردە ئىدۇق، بىر ئەئرابى كىشى ئالدىنى قىلىپ كەلدى، ئۇ يېقىنلاشقاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ يەككە-يىگانە بىر **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، **الله** نىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟دېدى، ئەئرابى كىشى؛ سەن دېگەن بۇ سۆزۈڭگە كىم گۇۋاھ بولالايدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛مۇشۇ دەرەخمۇ گۇۋاھ بولالايدۇ دەپ، ئۇدەرەخنى چاقىردى، دەرەخ ۋادىينىڭ بىر چېتىدە ئىدى، زېمىننى يېرىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى، رەسۇلۇللاھ ئۇدەرەختىن ئۈچ قېتىم شاھادەت كەلىمىسىنى دەپ گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىۋىدى، دەرەخ ؛ رەسۇلۇللاھ دېگەندەكلا دەپ، ئۈچ قېتىم شاھادەت ئېيتىپ گۇۋاھلىق بەردى، ئاندىن ئۇ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەتتى.دارىمى توپلىغان سەھىھ.

**5926 – [ 59 ]** ( **صحيح** ) **وعن ابن عباس قال جاء أعرابي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : بما أعرف أنك نبي ؟ قال : " إن دعوت هذا العذق من هذه النخلة يشهد أني رسول الله " فدعاه رسول الله صلى الله عليه وسلم فجعل يترل من النخلة حتى سقط إلى النبي صلى الله عليه وسلم ثم قال : " ارجع " فعاد فأسلم الأعرابي . رواه الترمذي وصححه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر ئەئرابى كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى نىمە بىلەن تونۇيمەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئەگەر مەن مۇشۇ

خورمىدىن ئەشۇ خورما غورىسى بار ساپاقنى چاقىرسام ، ئۇمۇ مىنىڭ **الله** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ دەپ، ئۇ ساپاقنى چاقىردى، خورما ساپىقى خورما دەرىخىدىن چۈشۈپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ئۆز ئورنىڭغا قايتقىن دېدى، ساپاق ئۆز ئورنىغا قايتتى، ئاندىن ئەئرابى كىشى مۇسۇلمان بولدى.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**5927 – [ 60 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال جاء ذئب إلى راعي غنم فأخذ منها شاة فطلبه الراعي حتى انتزعها منه قال فصعد الذئب على تل فأقعى واستذفر فقال عمدت إلى رزق رزقنيه الله عز وجل أخذته ثم انتزعته مني فقال الرجل تالله إن رأيت كاليوم ذئبا يتكلم فقال الذئب أعجب من هذا رجل في النخلات بين الحرتين يخبركم بما مضى وبما هو كائن بعدكم وكان الرجل يهوديا فجاء الرجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فأسلم وخبره فصدقه النبي صلى الله عليه وسلم ثم قال النبي صلى الله عليه وسلم إنها أمارة من أمارات بين يدي الساعة قد أوشك الرجل أن يخرج فلا يرجع حتى تحدثه نعلاه وسوطه ما أحدث أهله بعده " .**

**رواه في شرح السنة**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر چاغدا بىر كىشى قويلىرىنى بېقىۋاتسا، تۇيۇقسىز بىر بۆرە قويلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، بىر قوينى ئېلىپ قېچىپتۇ، ئۇ كىشى بۆرىنى قوغلاپ قوينى قۇتقۇزۇۋاپتۇ، بۆرە ئېگىز بىر جايغا چىقىپ، قۇيرىقىنى ئىككى پۇتى ئارىسىغا كىرگۈزۈپ، زوڭ ئولتۇرۇپ ئۇ كىشىگە:**الله** تائالا ماڭا ئاتا قىلغان بىر رىزىققا مەقسەت قىلىپ، ئۇنى تۇتىۋالسام، سەن ئۇنى مەندىن تارتىۋالدىڭ دەپتۇ، ئۇكىشى؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن بۇگۈنكىدەك بۆرە سۆز قىلغان كۈننى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم،دىسە، بۆرە؛ بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالدۇردىغان بىر ئىش بولسا،ئىككى ساي ئارىسىدىكى خورمىزارلىقتا يەنى مەدىنىدە بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ سىلەرگە بۇرۇن يۈز بېرىپ بولغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن،سىلەر بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر قىلىپ دەپ بىرەلەيدۇ دەپتۇ، ئۇكىشى يەھۇدىي بولۇپ، ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشلارنى خەۋەر قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بۇسۆزلىرىگە ئىشەنگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى؛بۇئىشلار قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالدىدىكى ئالامەتلەردىن بىر ئالامەتتۇر، بۇنىڭدىن كېيىن تېخى؛ كىشى ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، (يوتىسى يەنى يوتىسىدىكى نەرسە) ئايىغى، قامچىسى، ھاسىسى قاتارلىقلار، ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەھلى پەيدا قىلغان، سادىر قىلغان ئىشلارنى ئۇ كىشىگە خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمىگىچە،ئۇ ئۆيىگە قايتمايدۇ، ھەم شۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىگىچە ھەرگىز قىيامەت قايىم بولمايدۇ.ئەھمەد،شەرھىسسۇننى.سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر چاغدا بىر كىشى كالىغا مىنىپ كېتىپ بارسا، كالا ئۇ كىشىگە قاراپ ھەقىقەتەن مەن بۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلمىغان، مەن پەقەت زىرائەت، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن يەر ھەيدەشكە يارىتىلغان دەپتۇ، ھەقىقەتەن بۇ كالىنىڭ سۆز قىلىشىغا مەن، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئۈچىمىز شەكسىز ئىشىنىمىز، بىر چاغدا بىر كىشى قويلىرىنى بېقىۋاتسا، تۇيۇقسىز بىر بۆرە قويلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، بىر قوينى ئېلىپ قېچىپتۇ، ئۇ كىشى بۆرىنى قوغلاپ قوينى قۇتقۇزۇۋاپتۇ، بۆرە ئۇ كىشىگە: ھازىر بۇ جايدا سەن مەندىن بۇ قوينى قۇتقۇزۇۋالدىڭ، يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ كۈنى كەلگەندە، بۇ قوينى كىممۇ قۇتقۇزۇۋالا؟ ئۇ كۈندە بۇ قويلار ئۈچۈن مەندىن باشقا پادىچى يوق دەپتۇ، بۇ بۆرىنىڭ سۆز قىلغىنىغا مەن ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ئۈچىمىز شەكسىز ئىشىنىمىز، (بىزمۇ ئىشىنىمىز، ئالاھ ھەممىگە قادىردۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ۋە قىيامەت ئالامىتى بولۇپ سۆز قىلىپ چىقىدىغان ھايۋاننىڭ ئايەت،

ھەدىسلىرى مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا ھايۋانلاردا تىل بار، بۇ ئىشلار راستىنلا يۈز بېرىدۇ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋان ئىنسانغا سۆز قىلمىغىچە، كىشى قامچىسىنىڭ دەستىسىگە بىر تەرىپىگە ۋە ئايىغىنىڭ يىپىغا سۆز قىلمىغىچە، ئۇ كىشىگە يوتىسى (يەنى يوتىسىدىكى نەرسە) ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەھلى پەيدا قىلغان، سادىر قىلغان ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمىگىچە ھەرگىز قىيامەت قايىم بولمايدۇ. تىرمىزى 2107 _ ھەدىس، ئەھمەد 11365 _ ھەدىس، ئەھمەد 11413 _ ھەدىستە خەۋەر قىلىدىغىنى، ئايىغى، قامچىسى، ھاسىسى قاتارلىقلار بار. بۇنى ھاكىم، ئىبنى ھەببانلارمۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئالىملار: ئۇ نەرسىنى تېلفون، چاقىرغۇقاتارلىقلار شۇ، ئۆز ئەينى شۇ دېدى. مەن تور بېتىدىن بىر شىرنىڭ ئاللاھ! ئاللاھ!!! دېگەن سۆزىنى قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىدىم،كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇندىن باشقا ئىشلارمۇ بار، بۇ ھەدىسنىڭ 1000 يىل بۇرۇنقى ئەسلى نۇسخىسى ساقلاقلىق باردۇر. ئىلغار ئۇسكىنىدە تەكشۈرۈلسە بولىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ روشەن مۆجىزىسىدۇر.

**5928 – [ 61 ] ( صحيح ) وعن أبي العلاء عن سمرة بن جندب قال كنا مع النبي صلى الله عليه وسلم نتداول من قصعة من غدوة حتى الليل يقوم عشرة ويقعد عشرة قلنا : فمما كانت تمد ؟ قال : من أي شيء تعجب ؟ ما كانت تمد إلا من ههنا وأشار بيده إلى السماء " . رواه الترمذي والدارمي**

ئەبۇلئەلائىدىن، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە چوڭ بىر قاچىدىن ئەتىگەندىن باشلاپ كەچ كىرگىچە نۆۋەتلىشىپ تاماق يېدۇق، ئون كىشى قورسىقىنى تويغۇزۇپ چىقىپ كەتسە، يەنە ئون كىشى كىرىپ تاماققا ئولتۇراتتى، (يەنى يۇقىرقىدەك ئوندىن-ئوندىن كىرىپ يېگەن) بىز؛ بۇ تاماق قەيەردىن زىيادە بولۇۋاتقاندۇ؟دېسەك، رەسۇلۇللاھ؛قايسى نەرسىدىن ئەجەبلىنىسىلەر؟ بۇتاماق ئەشۇ تەرەپتىن زىيادە بولۇۋاتىدۇ دەپ ئاسمانغا ئىشارەت قىلدى.تىرمىزى،دارىمى توپلىغان،سەھىھ.

**5929 – [ 62 ] ( حسن ) وعن عبد الله بن عمرو أن النبي صلى الله عليه وسلم خرج يوم بدر في ثلاثمائة وخمسة عشر قال : " اللهم إنهم حفاة فاحملهم اللهم إنهم عراة فاكسهم اللهم إنهم جياع فأشبعهم " ففتح الله له فانقلبوا وما منهم رجل إلا وقد رجع بجمل أو جملين واكتسوا وشبعوا . رواه أبو داود**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر كۈنى 315 كىشى بىلەن جەڭگە چىقىپ؛ئى **الله** ! ئۇلار يالاڭ ئاياق،پىيادە، ئۇلارغائاياق بىرىپ، ئۇلارنى ئۇلاغلىق قىلسىلا، ئۇلار يالىڭاچ، ئۇلارغا كىيىم-كېچەك بەرسىلە، ئۇلار ئاچ قالدى، ئۇلارنى تويغۇزسىلا دېدى، ئاندىن **الله** تائالا ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن، ئىككىدىن تۆگە بىلەن قايتتى، ئۇلار كىيىم-كېچەككە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىمۇ تويدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن.

**5930 – [ 63 ] ( لم تتم دراسته ) وعن ابن مسعود عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قا ل : " إنكم منصورون ومصيبون ومفتوح لكم فمن أدرك ذلك منكم فليتق الله وليأمر بالمعروف ولينه عن المنكر " . رواه أبو داود**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە ياردەم بېرىلىپ نۇسرەت ئاتا قىلىنىدۇ، سىلەر غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىسىلەر، سىلەرگە نۇرغۇن جايلار ئىشغال

قىلىنىپ بىرىلىپ غەلبە ئاتا قىلىنىدۇ، سىلەردىن كىم شۇئىشلارنى تاپسا، **الله** تىن قورقۇپ تەقۋادار بولسۇن، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسۇن.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

**5931 – [ 64 ]** ( صحيح ) **وعن جابر بأن يهودية من أهل خيبر سمت شاة مصلية ثم أهدتها لرسول الله صلى الله عليه وسلم فأخذ رسول الله صلى الله عليه وسلم الذراع فأكل منها وأكل رهط من أصحابه معه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم ارفعوا أيديكم وأرسل إلى اليهودية فدعاها فقال سممت هذه الشاة فقالت من أخبرك قال أخبرتني هذه في يدي للذراع قالت نعم قالت قلت إن كان نبيا فلن يضره وإن لم يكن نبيا استرحنا منه فعفا عنها رسول الله صلى الله عليه وسلم ولم يعاقبها وتوفي بعض أصحابه الذين أكلوا من الشاة واحتجم رسول الله صلى الله عليه وسلم على كاهله من أجل الذي أكل من الشاة حجمه أبو هند بالقرن والشفرة وهو مولى لبني بياضة من الأنصار . رواه أبو داود والدارمي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ خەيبەر ئەھلىدىن بىر يەھۇدىي ئايال، كاۋاپ قىلىنغان قوي گۆشىگە زەھەر سېلىپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەدىي قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ قوينىڭ ئالدى قولىدىن ئېلىپ يېدى، ئۇقوينىڭ گۆشىدىن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ساھابىلاردىنمۇ بىر نەچچە كىشى يېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛بۇگۆشتىن قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار دېدى، ۋە ھېلىقى يەھۇدىي ئايالغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ؛ بۇقوينىڭ گۆشىگە سەن زەھەر سالدىڭمۇ؟دېدى، ئۇئايال؛ ساڭا بۇنى كىم خەۋەر قىلدى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ماڭا بۇنى قولۇمدىكى مۇشۇ ئالدى قول خەۋەر قىلدى دېدى، ئۇئايال؛ شۇنداق مەن زەھەر سالغان ئىدىم، ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولسا، زەھەر ئۇنىڭغا ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر بولمىسا، بىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ،راھەت ئارامغاچىقايلى دېدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇئايالنى جازالىمىدى، زەھەرلەنگەن قوي گۆشىدىن يېگەن ساھابىلار ئۆلۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ئەشۇ قوي گۆشىدىن يېگەنلىكى ئۈچۈن ئىككى تاغىقى ئارلىقىدىن قان ئالدۇردى، قاننى ئەبۇھىندى مۈڭگۈز ۋە پىچاق بىلەنلا ئېلىپ قويىدى، ئۇ بەنى بەيازەتنىڭ ئازادكەردە قۇلى ئىدى.ئەبۇداۋۇد ،دارىمى توپلىغان سەھىھ.

**5932 – [ 65 ]** ( صحيح ) **وعن سهل ابن الحنظلية أنهم ساروا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم حنين فأطنبوا السير حتى كانت عشية فجاء فارس فقال يا رسول الله إني طلعت على جبل كذا وكذا فإذا أنا بهوازن على بكرة أبيهم بظعنهم ونعمهم اجتمعوا إلى حنين فتبسم رسول الله صلى الله عليه وسلم وقال تلك غنيمة المسلمين غدا إن شاء الله ثم قال من يحرسنا الليلة قال أنس بن أبي مرثد الغنوي أنا يا رسول الله قال اركب فركب فرسا له فقال : " استقبل هذا الشعب حتى تكون في أعلاه " . فلما أصبحنا خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى مصلاه فركع ركعتين ثم قال هل حسستم فارسكم قالوا يا رسول الله ما حسسنا فثوب بالصلاة فجعل رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي وهو يلتفت إلى الشعب حتى إذا قضى الصلاة قال أبشروا فقد جاء فارسكم فجعلنا ننظر إلى خلال الشجر في الشعب فإذا هو قد جاء حتى وقف على رسول الله صلى الله عليه وسلم فسلم فقال إني انطلقت حتى كنت في أعلى هذا الشعب حيث أمرني رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما أصبحت اطلعت الشعبين كليهما فلم أر أحدا فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم هل نزلت الليلة قال لا إلا مصليا أو قاضي حاجة قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فلا عليك أن لا تعمل بعدها " . رواه أبو داود**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇلار ھۇنەيىن كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كەچ كىرگىچە ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈردى، ئاندىن بىر ئاتلىق كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن

پالانى، پالانى تاغقا قاراپ، ناگاھان ھەۋازىن قەبىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھلى باللىرى ۋە چارۋا ماللىرى بىلەن ھۇنەيىنگە توپلاشقانلىقىنى كۆردۈم دېدى، رەسۇلۇللاھ تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈپ قويۇپ؛ ئەشۇ سەن كۆرگەن نەرسىلەر ئەگەر **الله** خالىسا، ئەتە مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىيمەت ئالىدىغان نەرسىللىرىدۇر دېدى،(ئەتىسى راستىنلا شۇنداق بولدى)ئاندىن كىم بىزگە بۈگۈن كېچە پۇستا تۇرىدۇ؟دېدى، ئەنەس ئىبنى ئەبۇمۇرسەد؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مانا مەن پۇستا تۇراي دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ئاتقا مىنگىن دېدى، ئۇ ئاتقا مىنگەندىن كېيىن؛ سەن ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىققانغا قەدەر مۇشۇ تاغ يولىغا قاراپ ماڭغىن دېدى، بىز تاڭ ئاتقۇزغاندا رەسۇلۇللاھ نامازگاھىغا چىقىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ؛ پوستا تۇرغان ئاتلىق كىشىگلارنى تاپتىڭلارمۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ئۇنى ئۇچراتمىدۇق دېدى، ئاندىن نامازغا تەكبىر ئېيتىلدى، رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى، ۋەھالەنكى ناماز ئوقۇۋېتىپ، نامىزنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر تاغ يولى تەرەپكە كۆزىنىڭ بىر تەرپىي بىلەن مايىل بولۇپ قارايتتى، نامازدىن كېيىن؛ خۇش بىشارەت ئېلىڭلار، ئاتلىق كىشىگلار كەلدى دېدى، بىز تاغ يولىدىكى دەرەخلەر ئارىسىغا قاراشقا باشلىدۇق، ناگاھان ئۇ كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا توختاپ، سالام قىلغاندىن كېيىن؛مەن مۇشۇ تاغنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىققانغا قەدەر، مېنى رەسۇلۇللاھ بۇيرىغان جايغا بارغانغا قەدەر يول يۈردۈم، تاڭ ئاتقۇزغاندا ھەر ئىككىلى تەرەپتىكى تاغ يوللىرىغا قاراپ، ھېچ بىر كىشىنى كۆرمىدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن بۈگۈن كېچە ئېتىڭدىن چۈشتۈڭمۇ؟دەپ سوردى، ئۇ؛ ياق چۈشمىدىم، پەقەت ناماز ئوقۇغىلى، ۋە ھاجەت قىلغىلىلا چۈشتۈم دېدى، رەسۇلۇللاھ؛مۇشۇ بىر قېتىملىق خىزمەت ئەمىلىڭدىن كېيىن سەن نەپلى ئەمەللەرنى قىلالمىساڭمۇ، ساڭا ھېچ بىر زەرەر يوق دېدى.ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**5933 – [ 66 ]** ( لم تتم دراسته ) **وعن أبي هريرة قال أتيت النبي صلى الله عليه وسلم بتمرات فقلت يا رسول الله ادع الله فيهن بالبركة فضمهن ثم دعا لي فيهن بالبركة فقال خذهن واجعلهن في مزودك كلما أردت أن تأخذ منه شيئا فأدخل فيه يدك فخذه ولا تنثره نثرا فقد حملت من ذلك التمر كذا وكذا من وسق في سبيل الله فكنا نأكل منه ونطعم وكان لا يفارق حقوي حتى كان يوم قتل عثمان فإنه انقطع . رواه الترمذي**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر نەچچە دانە خورما ئېلىپ كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۈچۈن بۇخورمىلارغا بەركەت تىلەپ **الله** قا دۇئا قىلىپ بەرسىلە دېدىم، رەسۇلۇللاھ خورمىلارنى يىغىپ جۈغلاپ، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەركەت تىلەپ دۇئا قىلىپ بېرىپ؛ سەن بۇ خورمىلارنى ئېلىپ، ئوزۇق خالتاڭغا سېلىپ، ھەر قېتىم ئۇنىڭدىن خورما ئالماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئىچىگە قولۇڭنى سېلىپ تۇتۇپ ئېلىپ، بۇنى ھەرگىز چېچىۋەتمىگىن دېدى، مەن ئەشۇ بەركەت تىلەپ دۇئا قىلىنغان خورمىدىن **الله** يولىدا مۇنچىلىك-مۇنچىلىك ۋەسقەخورما ئالدىم، (بىر ۋەسقە دېگەن 60 سا)بىز ئۇنىڭدىن يەپ يەنە تېخى باشقىلارغا تائام قىلىپ بېرەتتۇق، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەن كۈن بولغانغا قەدەر، ئۇ خورما بار خالتا مېنىڭ ئىشتان بېغىمدىن ئايرىلمىغان ئىدى، ئۇ شۇكۈنى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالدى.تىرمىزى توپلىغان.

**5934 – [ 67 ]** **الفصل الثالث** ( ضعيف )**وعن ابن عباس قال تشاورت قريش ليلة بمكة فقال بعضهم إذا أصبح فأثبتوه بالوثاق يريدون النبي صلى الله عليه وسلم وقال بعضهم بل اقتلوه وقال بعضهم بل أخرجوه فأطلع الله عز وجل نبيه صلى الله عليه وسلم على ذلك فبات علي على فراش النبي صلى الله عليه وسلم تلك الليلة وخرج النبي صلى الله عليه وسلم حتى لحق بالغار وبات المشركون يحرسون عليا يحسبونه النبي صلى الله عليه وسلم فلما أصبحوا ثاروا إليه فلما رأوا عليا رد الله مكرهم فقالوا أين صاحبك هذا قال لا أدري فاقتصوا أثره فلما بلغوا الجبل اختلط عليهم فصعدوا في الجبل فمروا بالغار فرأوا على بابه نسج**

العنكبوت فقالوا لو دخل هاهنا لم يكن نسج العنكبوت على بابه فمكث فيه ثلاث ليال . رواه أحمد

ئبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، قۇرەيش مەككىدە بىر كېچە مەسلىھەت قىلىپ يىغىن ئاچتى، بەزىسى تاڭ ئاتسا ئۇنى يەنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى باغلاپ قويۇڭلار دېسە، بەزىسى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار دەيتتى، يەنە بەزىسى قوغلاپ چىقىرىڭلار دەيتتى، ئاللاھ بۇ خەۋەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىلدۈردى، بۇ كېچە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرپىسىدە ياتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ غارغا بېرىۋالدى، مۇشرىكلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممىكى دەپ كۈتۈپ گۈزەتچىلىكتە تۇردى، تاڭ ئاتقاندا، بىرلا ھۇجۇم قىلىپ قارىسا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇرغان، ئاللاھ ئۇنىڭ ھىلە ـــ مىكرىنى بىتچىت قىلدى، ئۇلار! ھەمراھىڭ قېنى؟ دېدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن بىلمەيمەن دېدى، ئۇلار، ئىز ئىزلەپ تاغقا بارغاندا، ئېلىشىپ قالدى، تاغقا چىقىپ غارغا قاراپ ئۆمۈچۈكنىڭ تور تارتقىنىنى كۆرۈپ، ئەگەر ئۇ بۇ جايغا كىرگەن بولسا، بۇ ئۆمۈچۈك تور توقۇيالمايتتى دېيىشىپ قايتىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ جايدا ئۈچ كۈن تۇردى، ئەھمەد خاتىرلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ بىر راۋىيسى خاتالىشىدىكەن، مىقسەم دېگەن كىشىنى بەزىلەر زەئىپ دېدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەدىس سەھىھ ھەدىسكە ھەتتا ئايەتكە زىت، خىلاپ. چۈنكى، ئايەتتە، سەھىھ ھەدىستە غاردا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىللە بار دېيىلدۇ، لېكىن، بۇ ھەدىس بۇ توغرۇلۇق سۆز قىلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

**5935 – [ 68 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أنه قال لما فتحت خيبر أهديت لرسول الله صلى الله عليه وسلم شاة فيها سم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم اجمعوا لي من كان ها هنا من اليهود فجمعوا له فقال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم إني سائلكم عن شيء فهل أنتم صادقي عنه فقالوا نعم يا أبا القاسم فقال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم من أبوكم قالوا فلان فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم كذبتم بل أبوكم فلان فقالوا صدقت وبررت قال : " هل أنتم مصدقي عن شيء إن سألتكم عنه " قالوا نعم يا أبا القاسم وإن كذبناك عرفت كما عرفته في أبينا قال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم من أهل النار قالوا نكون فيها يسيرا ثم تخلفوننا فيها فقال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم اخسئوا فيها والله لا نخلفكم فيها أبدا ثم قال لهم فهل أنتم مصدقي عن شيء إن سألتكم عنه قالوا نعم يا أبا القاسم قال : " هل جعلتم في هذه الشاة سما " . قالوا نعم فقال ما حملكم على ذلك فقالوا أردنا إن كنت كذابا نستريح منك وإن كنت نبيا لم يضرك . رواه البخاري**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ خەيبەر پەتھى قىلىنغان كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر دانە زەھەر سېلىنغان قوي گۆشى ھەدىيە قىلىندى، رەسۇلۇللاھ؛ماڭا بۇ جايدىكى بارلىق يەھۇدىيلارنى يىغىپ كېلىڭلار دېدى، ئۇلار يىغىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ مەن سىلەردىن بىر نەرسە توغرىسىدا سوئال سورايمەن، سىلەر ماڭا شۇنەرسە توغرىسىدا راست گەپ قىلامسىلەر؟دېدى، ئۇلار؛ ھەئە، ئى ئەبۇلقاسىم! بىز ئەلۋەتتە راست گەپ قىلىمىز دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئاتا ـ بوۋاڭلار كىم؟دېدى، ئۇلار ؛ پالانى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛يالغان سۆزلىدىڭلار، بەلكى سىلەرنىڭ بوۋاڭلار پالانى بولىدۇ دېدى، ئۇلار؛ راست دېدىڭ، ۋە بەك ياخشى سۆز قىلدىڭ دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ مەن سىلەردىن يەنە بىر نەرسە توغرىسىدا سوئال سورايمەن، سىلەر ماڭا شۇنەرسە توغرىسىدا راست گەپ قىلامسىلەر؟دېدى، ئۇلار؛ ھەئە، ئى ئەبۇلقاسىم! بىز بۇقېتىم ئەلۋەتتە راست گەپ قىلىمىز ، ئەگەر بىز ساڭا يالغان گەپ قىلساق، باياتىن دادىمىز توغرىسىدىكى يالغان سۆزىمىزنى بىلىۋالغاندەك بىلىۋالىسەن

ئەمەسمۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛كىم دەۋزەخ ئەھلى بولىدۇ ؟دېدى، ئۇلار: بىز دەۋزەختە ئازغىنا مۇددەت تۇرىمىز، ئاندىن بىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سىلەر دەۋزەختە بىزگە ئىز باسار بولۇپ قالىسىلەر دېدى، رەسۇلۇللاھ؛يالغان سۆزلىدىڭلار، بۇ ئىش توغرىسىدا ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭلار، **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز ھەرگىز مەڭگۈ دەۋزەختە سىلەرنىڭ ئىز باسارىڭلار بولۇپ قالمايمىز.ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ مەن سىلەردىن يەنە بىر نەرسە توغرىسىدا سوئال سورايمەن، سىلەر ماڭا شۇنەرسە توغرىسىدا راست گەپ قىلامسىلەر؟دېدى، ئۇلار: ھەئە، ئى ئەبۇلقاسىم! بىز بۇقېتىم ئەلۋەتتە راست گەپ قىلىمىز دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ سىلەر بۇ قويىنىڭ گۆشىگە زەھەر سالدىڭلارمۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ھەئە سالدۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ؛سىلەرنى شۇنداق قىلىشقا نىمە قىززىقتۇردى؟دېدى، ئۇلار؛ ئەگەر سەن يالغانچى بولساڭ، بىز سەندىن قۇتۇلۇپ راھەتكە چىقىشنى مەقسەت قىلدۇق، ئەگەر سەن راست ھەق پەيغەمبەر بولساڭ، زەھەر ساڭا ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ،قىلچە تەسىر قىلمايدۇ دېدى.بۇخارى توپلىغان.

---

**5936 – [ 69 ]** ( صحيح ) **وعن عمرو بن أخطب الأنصاري قال صلى بنا رسول الله صلى الله عليه وسلم يوما الفجر وصعد المنبر فخطبنا حتى حضرت الظهر فنزل فصلى ثم صعد المنبر فخطبنا حتى حضرت العصر ثم نزل فصلى ثم صعد المنبر حتى غربت الشمس فأخبرنا بما هو كائن إلى يوم القيامة فأعلمنا أحفظنا . رواه مسلم**

ئەمرۇئىبنى ئەختەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ، مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ پېشىن ۋاقتى كىرگىچە خۇتبە سۆزلەپ بەردى، ئاندىن چۈشۈپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگىچە خۇتبە سۆزلەپ بەردى، ئاندىن چۈشۈپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ كۈن كىرگىچە خۇتبە سۆزلەپ بەردى،بىزگە قىيامەت كۈنىگىچە بولىدىغان نەرسىلەر بىلەن خەۋەر بەردى، بىزنىڭ ئالىمراقىمىز، شۇكۈنىدىكى خەۋەرلەرنى يادا بىلگەكەرەكىمىزدۇر.مۇسلىم توپلىدى.

---

**5937 – [ 70 ] وعن معن بن عبد الرحمن قال سمعت أبي قال : سألت مسروقا : من آذن النبي صلى الله عليه وسلم بالجن ليلة استمعوا القرآن ؟ قال حدثني أبوك يعني عبد الله ابن مسعود أنه قال : آذنت بهم شجرة . متفق عليه**

مەئنى ئىبنى ئابدۇررەھمان رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن دادامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم؛ مەن مەسرۇقتىن؛ جىنلار قۇرئان تىڭشىغان شۇكېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇخەۋەرنى كىم بىلدۈرگەندۇ؟دەپ سورىسام، ئۇ؛ ماڭا داداڭ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ،مۇنداق دېگەن؛ ئۇكېچىسى جىنلارنى دەرەخلەر خەۋەر قىلىپ بىلدۈرگەن، دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

---

**5938 – [ 71 ]** ( صحيح ) **وعن أنس قال كنا مع عمر بين مكة والمدينة فتراءينا الهلال وكنت رجلا حديد البصر فرأيته وليس أحد يزعم أنه رآه غيري قال فجعلت أقول لعمر أما تراه فجعل لا يراه قال يقول عمر سأراه وأنا مستلق على فراشي ثم أنشأ يحدثنا عن أهل بدر فقال إن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يرينا مصارع أهل بدر بالأمس يقول هذا مصرع فلان غدا إن شاء الله قال فقال عمر فوالذي بعثه بالحق ما أخطئوا الحدود التي حد رسول الله صلى الله عليه وسلم قال فجعلوا في بئر بعضهم على بعض فانطلق رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى انتهى إليهم فقال يا فلان بن فلان ويا فلان بن فلان هل وجدتم ما وعدكم الله ورسوله حقا فإني قد وجدت ما وعدني الله حقا قال عمر يا رسول الله كيف تكلم أجسادا لا أرواح فيها قال ما أنتم بأسمع لما أقول منهم غير أنهم لا يستطيعون أن يردوا علي شيئا " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇبىلەن بىللە مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارلىقىدا يېڭى ئاينى كۆرمەكچى بولدۇق، مەن كۆزى ئۆتكۈر بىر كىشى ئىدىم، يېڭى ئاينى پەقەت مەنلا كۆرۈپتىمەن، مەندىن باشقا ھېچ بىر كىشى يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكىنى داۋا قىلمىدى، مەن ئۆمەرگە؛ سەنمۇ كۆرەلمىدىڭمۇ؟دېسەم، ئۇمۇ يېڭى ئاينى كۆرەلمەي؛ مەن كۆرپەم ئۈستىدە ياتقاچ كۆرۈشۈم مۇمكىن دېدى، ئاندىن ئۇ بىزگە بەدىر ئەھلى توغرىسىدا ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بەدىر ئەھلىدىن ئەتىسى ئۆلىدىغان كاپىرلارنىڭ يىقىلىدىغان ئورنىنى ئاخشىمى كەچتە كۆرسۈتۈپ بىرىپ؛ مانا بۇ ئەگەر الله خالىسا، پالانىنىڭ ئەتە  ئۆلۈپ يىقىلىدىغان ئورنىدۇر دېدى، ئۇنى ھەقلىق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ بەلگىلەپ كۆرسۈتۈپ بەرگەن جايدىن قىلچىلىكمۇ خاتاكەتمەي، دەل شۇجايىدىلا ئۆلدى، ئاندىن ئۇلار بەزىسى بەزىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان ھالدا قۇدۇققا تاشلاندى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ھېلىقى قۇدۇقنىڭ لىۋىدە، گىرۋىگىدە تۇرۇپ، قۇدۇققا تاشلانغان كاپىرلارنىڭ ئىسىملىرى، ئاتا ـ بوۋىللىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن نىدا قىلىپ؛ ئى پالانىنىڭ بالىسى پالانى! ئى پالانىنىڭ بالىسى پالانى!مانا ئەمدى الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلغان بولىشىڭلار سىلەرنى خۇرسەن قىلىۋاتامدۇ؟(يەنى ئىتائەت قىلساقچۇ!دەپ كەتتىڭلارمۇ؟)ھەقىقەتەن بىزمۇ رەببىمىز بىزگە ۋەدە قىلغانىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ سىلەرگە رەببىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى بۇ روھى يوق ئۆلۈكلەر جەسەدكە سۆز قىلىۋاتىلىغۇ؟ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:الله بىلەن قەسەمكى، مەن دېگەن سۆزلەرنى سىلەر ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئاڭلىيالمايسىلەر،ئۇلار ئاڭلايدۇ، لىكىن، ئۇلار ماڭا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ دېگەن ئىدى.قەتادە؛ الله تائالا ئۇلارنى تىرىلدۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرىنى ئۇلارغا تاپا ـ تەنە،مالامەت، ھەسرەت ـ نادامەت قىلىپ، ئۇلارنى خارلاپ،ھاقارەتلەپ ئاڭلاتقان دېدى.  ئەھمەد، بۇخارى، بەيھەقى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5939 – [ 72 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنيسة بنت زيد بن أرقم عن أبيها أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل على زيد يعوده من مرض كان به قال : " ليس عليك من مرضك بأس ولكن كيف لك إذا عمرت بعدي فعميت ؟ " قال : أحتسب وأصبر . قال : " إذا تدخل الجنة بغير حساب " . قالت: فعمي بعد ما مات النبي صلى الله عليه وسلم ثم رد الله بصره ثم مات**

ئەنىيسەتتىن، ئۇنىڭ دادىسى زەيدئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن كېسەل بولۇپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى يوقلاپ كىرىپ؛ ساڭا ھازىر كېسىلىڭدىن ھېچ قىسى يوق،چاتاق يوق، لىكىن سەن مەندىن كىيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، كور ئەئما بولۇپ قالغاندا، ھالىڭ قانداق بولۇپ كىتەر ھە! دېدى، مەن؛مەن سەۋرە قىلىپ، ساۋاپ ئۇمۇت قىلىمەن دېدىم،رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنداقتا شۇنداق قىلالىساڭ، ھىساپسىزلا جەننەتكە كىرىسەن دېدى، ئەنىيسەت مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كىيىن ، دادام راستىنلا ئەئما بولۇپ قالدى، ئاندىن الله تائالا ئۇنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ بەردى، ئاندىن دادام ئۆلۈپ كەتتى.بەيھ

**5940 – [ 73 ] وعن أسامة بن زيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من تقول علي مالم أقل فليتبوأ مقعده من النار " . وذلك أنه بعث رجلا فكذب عليه فدعا عليه رسول الله صلى الله عليه وسلم فوجد ميتا وقد انشق بطنه ولم تقبله الأرض . رواهما البيهقي في دلائل النبوة**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەن دېمىگەن سۆزنى مىنى دېدى دەپ، ماڭا يالغاننى توقۇپ چىقسا، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوزاختىن ئېلىۋالسۇن، (باشقا

خاترىدە ئۇ دوۋزاختا كىرىدۇ دېيىلگەن).بۇھەدىسنى دېيىشنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى؛ رەسۇلۇللاھ بىر كىشىنى بىرجايغا ئەۋەتسە، ئۇكىشى؛ رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى دەپ، رەسۇلۇللاھقا يالغاننى توقۇدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قارشى بەد دۇئا قىلىشۇدى، ئۇكىشى قورسىقى يېرىلىپ ئۆلدى، ئۇنى دەپنە قىلسىمۇ، زېمىن ئۇنىڭ جەسىدىنى قوبۇل قىلمىدى.(دەل شۇ چاغدا بۇھەدىسنى دېگەن ئىدى).بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5941 – [ 74 ]** ( صحيح ) وعن جابر أن رسول الله جاءه رجل يستطعمه فأطعمه شطر وسق شعير فما زال الرجل يأكل منه وامرأته وضيفهما حتى كاله ففني فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " لو لم تكله لأكلتم منه ولقام لكم " رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەققەتەن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا تاماق سوراپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا 30سا ئەتراپىدا ئارپا بېرىدۇ، ئۇلار بۇ ئارپىنى كەمچەنلىكىچە ئۆزى، ئايالى، مېھمىنى يەۋېرىدۇ، كەمچەنلىشىتىپ، بۇ تولگەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دېگەندە، رەسۇلۇللاھ «ئەگەر سەن ئۇ ئارپىنى كەمچەنلىمىگەن بولساڭ، سىلەر ئۇنىڭدىن يەۋېرەتتىڭلار، ئۇ ئارپا سىلەر ئۈچۈن تۇرمۇشۇڭلارنى بەرپا قىلىپ، مەڭگۈ كۇپايە بولاتتى، (لېكىن، سەن ئۇنى كەمچەنلەپ قويۇپ،كاملمىغىننى ئۇقۇپ بىلىپ قالدىڭ ــ دە، ئۇ تولگەپ كەتتى)دېگەن. مۇسلىم 4228 ــ ھەدىس، ئەھمەد 14214 ــ ھەدىس، سەھىھ، بۇ رۇشەن مۆجىزە، كارامەتتۇر.

**5942 – [ 75 ]** ( صحيح ) وعن عاصم بن كليب عن أبيه عن رجل من الأنصار قال خرجنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في جنازة فرأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو على القبر يوصي الحافر يقول : " أوسع من قبل رجليه أوسع من قبل رأسه " فلما رجع استقبله داعي امرأته فأجاب ونحن معه وجيء بالطعام فوضع يده ثم وضع القوم فأكلوا فنظرنا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم يلوك لقمة في فمه ثم قال أجد لحم شاة أخذت بغير إذن أهلها فأرسلت المرأة تقول يا رسول الله إني أرسلت إلى النقيع وهو موضع يباع فيه الغنم ليشترى لي شاة فلم توجد فأرسلت إلى جار لي قد اشترى شاة أن أرسل إلي بها بثمنها فلم يوجد فأرسلت إلى امرأته فأرسلت إلي بها فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أطعمي هذا الطعام الأسرى " رواه أبو داود والبيهقي في دلائل النبوة

ئاسىمنىڭ دادىسىن ، بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر جىنازا نامىزىغا چىقتۇق، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قەبرە ئۈستىدە تۇرۇپ، قەبرە كولىغۇچىغا؛ ئىككى پۇتى تەرەپىنى ۋە شۇنداقلا بېشى تەرەپىنىمۇ كەڭرەك كوۋلىغىن دەپ تاپىلاۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، قەبرىستانلىقتىن قايتقاندا مېيىتنىڭ ئايالىنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ چاقىردى، رەسۇلۇللاھ چاقىرغان جايغا باردى، بىزمۇ بىللە باردۇق، تاماق كەلتۇرۇلدى، رەسۇلۇللاھ تاماققا قولنى قويۇشۇدى، كىشىلەرمۇ قول سۇنۇپ تاماقتىن يېدى، بىز رەسۇلۇللاھقا قارىساق، رەسۇلۇللاھ ئاغزىدا بىر لوقما تاماقنى يۇتمەي ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ؛ مەن بۇ قوي گۆشىنىڭ، ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىنغان قوينىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم دېدى، ئاندىن ھېلىقى ئايال چاقىرتىلىشۇدى، ئۇ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن قوي سودىسى بولىدىغان نەقىئ دېگەن جايغا مەن ئۈچۈن بىر قوي سېتىۋېلىشقا كىشى ئەۋەتسەم، ئۇ جايدا قوي تېپىلمىدى، ئاندىن مەن قوي سېتىۋالغان خوشنامغا ماڭا بىر قوي ئەۋەتكىن، مەن ئۇنىڭ پۇلىنى بېرەي دەپ كىشى ئەۋەتسەم، ئۇمۇ يوق ئىكەن، ئاندىن مەن شۇ خوشنامنىڭ ئايالىغان كىشى ئەۋەتسەم، ئۇ ئايال ماڭا بۇ قوينى ئەۋەتىپتۇ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ بۇتاماقلارنى (دىنسىزلار تەرەپتىن ئېلىنغان)ئەسىرلەرگە بېرىۋېتىڭلار دېدى.ئەبۇداۋۇد،بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ.

ئىمام ئىبنى ھۇمام مۇنداق دېدى؛ (بۇھەدىستىكى ئىش ئالاھىدە رەسۇلۇللاھقا خاس ئىشتۇر، ياكى ئۇلار رەسۇلۇللاھنى بىرقېتىم تاماققا تەكلىپ قىلىشۋالغان بولسىمۇ، يۇقىرقى مۆجىزە بىلەن ئۇ تاماق يەنىلا يېيىلمىدى) ئەمەلىيەتتە مىيىت چىققان ئۆي ئەھلىنىڭ ئۆلۈم مۇناسىۋىتى بىلەن تاماق زىياپىتى بېرىشى مەكروھتۇر، قەبىھ بىدئەتتۇر، زىياپەت دېگەن يامان ئىشقا، خاپىلىققا بېرىلمەيدۇ، بەلكى خۇشاللىق ئىشلار ئۈچۈن بېرىلىدۇ، ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجە سەھىھ ئىسناد بىلەن جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى خاتىرلىگەن: بىز ساھابىلار؛ مىيىت ئەھلىگە يىغىلىپ تويلىششىنى، مىيىت ئەھلىنىڭ تاماق تەييارلىشىنى مىيىتكە ئاۋازلىق يىغلىغان گۇناھلار قاتارىدىن دەپ سانايتتۇق(يەنى بۇ ھارام دەپ سانىلاتتى)مىرقاتتىن ئېلىندى.

**5943 – [ 76 ]** ( ضعيف وقد يرقى إلى الحسن بتعدد طرقه ) **وعن حازم بن هشام عن أبيه عن جده حبيش بن خالد – وهو أخو أم معبد – أن رسول الله صلى الله عليه وسلم حين أخرج من مكة خرج مهاجرا إلى المدينة هو وأبو بكر ومولى أبي بكر عامر بن فهيرة ودليلهما عبد الله الليثي مروا على خيمتي أم معبد فسألوها لحما وتمرا ليشتروا منها فلم يصيبوا عندها شيئا من ذلك وكان القوم مرملين مسنتين فنظر رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى شاة في كسر الخيمة فقال : " ما هذه الشاة يا أم معبد ؟ " قالت : شاة خلفها الجهد عن الغنم . قال : " هل بها من لبن ؟ " قالت : هي أجهد من ذلك . قال : " أتأذنين لي أن أحلبها ؟ " قالت : بأبي أنت وأمي إن رأيت بها حلبا فاحلبها . فدعا رسول الله صلى الله عليه وسلم فمسح بيده ضرعها وسمى الله تعالى ودعا لها في شاتها فتفاجت عليه ودرت واجترت فدعا بإناء يربض الرهط فحلب فيه ثجا حتى علاه البهاء ثم سقاها حتى رويت وسقى أصحابه حتى رووا ثم شرب آخرهم ثم حلب فيه ثانيا بعد بدء حتى ملأ الإناء ثم غادره عندها وبايعها وارتحلوا عنها . رواه في " شرح السنة " وابن عبد البر في " الإستيعاب " وابن الجوزي في كتاب " الوفاء " وفي الحديث قصة**

ئۇممە مەئبەدنىڭ قېرىندىشى ھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ چىقتى، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئەبۇبەكرى، ئۇنىڭ ئازاد قىلغان قۇلى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، ۋە ئۇلارغا مەدىنىگىچە يول باشلاپ ماڭغان ئابدۇ**الله** لەيسى قاتارلىقلارمۇ بارئىدى،ئۇلار ئۇممە مەئبەدنىڭ چېدىرى يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن گۆش بىلەن خورما سوردى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن ھېچ نەرسە تاپالمىدى، چۈنكى قەۋمگە قاتتىق قەھەتچىلىك يېتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئوزۇق-تۈلۈكى قالمىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ چېدىرنىڭ بىر تەرىپىدىكى قويغا قاراپ؛ ئى ئۇممەمەئبەد!بۇ نىمە قوي؟دەپ سوردى، ئۇ؛ بۇ قوي ئورۇقچىلىقتىن قويلارغا يېتىشىپ ماڭالماي، مۇشۇ يەردە قالدۇرۇلغان دېدى، رەسۇلۇللاھ؛بو قويدىن سۈت چىقامدۇ؟دېدى، ئۇ؛ بۇ قوي بەكلا ئورۇقتۇر، بۇنداق ئورۇق قويدىن قانداق سۈت چىقسۇن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛بۇ قوينى سېغىۋېلىشىمغا ماڭا رۇخسەت قىلامسەن؟دېدى، ئۇ؛ ئاتا-ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، ئەگەر بۇ قويدا سۈت بارلىقىنى كۆرسىلە،سېغىۋالسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ قوينى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يەلىنىنى قولى بىلەن سىلاپ، **الله** نىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ،بىسمىللاھى دەپ، ئۇ قوي ھەققىدە دۇئا قىلدى، ئۇ قوي رەسۇلۇللاھقا سېغىۋېلىشى ئۈچۈن پۇتلىرىنى كېرىپ تۇرۇپ بەردى، ئاندىن مول سۈتنى قويۇپ بىرىپ كۆشەپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ جامائەتلەرنى سۈتكە قاندۇرغىدەك قاچىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مول جىڭغاپ تۇرغان سۈتنى سۈتنىڭ ئاق كۆپۈكلىرى ئۈستىگە ئۆرلىگەنگە قەدەر لىق ساغدى، ئاندىن سۈت بىلەن ئۇممە مەئبەدنى ئۇ قانغىچە سۇغاردى، ئاندىن ساھابىللىرنى ئۇلار قانغىچە سۈت بىلەن سۇغاردى، ئاندىن ئۆزى ئەڭ ئاخىرىدا ئىچتى، ئاندىن قاچىغا بىرىنجىسىدىن كېيىن يەنە ئىككىنى قېتىم قاچا لىق تولغىدەك سۈت سېغىپ، ئۇ سۈتنى ئۇممەمەئبەدنىڭ يېنىدا قالدۇردى، ۋە ئۇنى ئىسلامغا بەيئەت قىلدۇرۇپ، ئاندىن ئۇلار يولغا

راۋان بولدى.شەرھىسسۇننى،ئىبنى ئابدۇلبەررى،ئىبنى جەۋزىيلەر خاتىرلىگەن،ھەسەنگە كۆتۈرىلىدۇ.

قاراڭلار، تەپەككۇر قىلىڭلار، مۆجىزە ـ كارامەتلەر كائىناتتا، ئاسمان ــزىمىندا، دېڭىزدا، ھاۋادا، بۇلۇت،يامغۇر، شامالالاردا، ئىنسان، ھايۋان،ئۇسۇملۇكلەردە، تاماق،يىمەك ـ ئىچمەكلەردە يۈز بەرگەن، ھازىرمۇ قۇرئان بىلەن سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مۆجىزلىرى يۈقىرقى نەرسىلەردە ئاشكارا بولماقتا، بۇنى تور بەتلىرىدىن كۆرۈڭلار!!

**[ 8 ] باب الكرامات**

## ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن كۆرۈلگەن كارامەتلەر توغرىسىدا

**5944 – [ 1 ] ( صحيح ) الفصل الأول عن أنس أن أسيد بن حضير وعباد بن بشر تحدثا عند النبي صلى الله عليه وسلم في حاجة لهما حتى ذهب من الليل ساعة في ليلة شديدة الظلمة ثم خرجا من عند رسول الله صلى الله عليه وسلم ينقلبان وبيد كل منهما عصية فأضاءت عصى أحدهما لهما حتى مشيا في ضوئها حتى إذا افترقت بهما الطريق أضاءت للآخر عصاه فمشى كل واحد منهما في ضوء عصاه حتى بلغ أهله رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير بىلەن ئەبباد ئىبنى بىشر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا، ئۆز ھاجەتلىرى ھەققىدە كېچىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىچە سۆزلەشتى، بۇ قاتتىق قاراڭغۇ كېچە ئىدى، ئاندىن ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قولىدا بىردىن كىچىك ھاسىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ھاسىسى ئۇلارغا نۇر چىقىرىپ يولنى يورۇتتى، ئۇلار شۇھاسىنىڭ يورۇقلۇقىدا ماڭدى، ئۇلارنى يول ئايرىۋەتكەندە، يەنە بىرىنىڭمۇ ھاسىسى ئۇنىڭغا نۇر چىقىرىپ يولنى يورۇتتى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئەھلىگە يېتىپ بارغىچە ئۆز ھاسىلىرىنىڭ نۇر يورۇقلۇقىدا ماڭدى.ئىمام بۇخارى تونلىغان.مانا بۇ نۇرنىڭ مۆجىزىسى، نۇردا راستىنلا نۇرغۇن مۆجىزىلەر باردۇر.

**5945 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : لما حضر أحد دعاني أبي من الليل فقال ما أراني إلا مقتولا في أول من يقتل من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم وإني لا أترك بعدي أعز علي منك غير نفس رسول الله صلى الله عليه وسلم فإن علي دينا فاقض واستوص بأخواتك خيرا فأصبحنا فكان أول قتيل ودفنته مع آخر في قبررواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنىنىڭ كېچىسى دادام مېنى چاقىرىپ؛ مەن ئەتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن تۇنجى بولۇپ ئۆلتۈرۈلىدىغان كىشى بولىمەن، مەن كەتكەندىن كېيىن ماڭا رەسۇلۇللاھتىن قالسا سەندىنمۇ ئەزىزرەك بىرەر كىشىنى قالدۇرۇپ كەتمەيمەن، (يەنى ماڭارەسۇلۇللاھتىن قالسا سەنلا ئەڭ ئەزىز كىشى ھېساپلىنىسەن)مېنىڭ باشقىلاردىن قەرزىم بار، ئۇنى سەن ئادا قىلىپ بېرىۋەتكىن، ھەمشىرلىرىڭگە ياخشىلىقنى كۆپ تەۋسىيە قىلغىن، دېدى. بىز تاڭ ئاتقۇزغاندا، دادام تۇنجى بولۇپ ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولدى، مەن دادامنى يەنە بىر كىشى بىلەن بىللە بىر قەبرىگە دەپنە قىلدىم.بۇخارى تونلىغان. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇشۇ ھەدىسىدىن ۋە يۇقىرقى خورما كۆپىيىش ھەدىسىدىن؛ قەرزدار كىشى قەرزىنى بېرىدىغان ئادىمى بولسا، جىھادقا چىقىۋەرسە دۇرۇس بولىدۇ، ئەگەر دۈشمەنلەر ھازىرقىدەك خەلىپە زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ باستۇرۇپ كىرسە، مۇسۇلمانلار زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالسا، باللار ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئايال كىشى ئېرىدىن ، قول خوجايىنىدىن، قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن ئىزنى سورىماستىنلا جىھادقا ئاتلىنىدۇ، بۇ

پەرز ئەيىندۇر،بۇھۆكۈم تۆتلى ئىمامالارنىڭ بىردەك چىقارغان قاراردۇر.سەن خەلىپىلىككە كۈچ چىقارغىن!!!!!

5946 – [ 3 ] وعن عبد الرحمن بن أبي بكر أن أصحاب الصفة كانوا أناسا فقراء وإن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من كان عنده طعام اثنين فليذهب بثالث وإن كان عنده طعام أربعة فليذهب بخامس أو سادس " وأن أبا بكر جاء بثلاثة فانطلق النبي صلى الله عليه وسلم بعشرة وإن أبا بكر تعشى عند النبي صلى الله عليه وسلم ثم لبث حتى صليت العشاء ثم رجع فلبث حتى تعشى النبي صلى الله عليه وسلم فجاء بعد ما مضى من الليل ما شاء الله . قالت له امرأته : وما حبسك عن أضيافك ؟ قال : أوما عشيتيهم ؟ قالت : أبوا حتى تجيء فغضب وقال : والله لا أطعمه أبدا فحلفت المرأة أن لا تطعمه وحلف الأضياف أن لا يطعموه . قال أبو بكر : كان هذا من الشيطان فدعا بالطعام فأكل وأكلوا فجعلوا لا يرفعون لقمة إلا ربت من أسفلها أكثر منها . فقال لأمرأته : يا أخت بني فراس ما هذا ؟ قالت : وقرة عيني إنها الآن لأكثر منها قبل ذلك بثلاث مرار فأكلوا وبعث بها إلى النبي صلى الله عليه وسلم فذكر أنه أكل منها . متفق عليه وذكر حديث عبد الله بن مسعود : كنا نسمع تسبيح الطعام في " المعجزات "

ئابدۇرڕەھمان ئىبنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ سۇپا ئەھلى بەكلا پەقىر كىشلەر ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: كىمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كىشىلىك تاماق بولسا، ئاۋۇلاردىن بىرىنى ئۈچۈنجى كىشى قىلىپ تاماققا ئېلىپ ماڭسۇن.ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيىدە تۆت كىشىلىك تاماق بولسا، ئاۋۇلاردىن بەشىنجى ياكى ئالتىنجى كىشىنى تاماققا ئېلىپ ماڭسۇن.(يەنى ئىككى كىشىلىك تاماق ئۈچ،تۆت كىشىگە، تۆت كىشىلىك تاماق ، بەش،ئالتە كىشىگە كۇپايە بۇلىدۇ) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچ كىشىنى ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئون كىشىنى ئېلىپ كەتتى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماق يېگەن ئىكەن، ئاندىن ئۇيەردە خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغانغا قەدەر تۇرۇپ، ئاندىن نامازدىن كېيىن يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە قايتىپ، رەسۇلۇللاھ كەچلىك تاماق يېگىچە ئولتۇرۇپتۇ، ئاندىن كېچىدىن الله خالىغان ۋاقىت ئۆتۈپ بولغاندا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئايالى ئۇنىڭغا؛ مېھمانلىرىڭدىن سېنى نېمە توسۇپ قويدى؟دېدى، ئۇ؛ سەن تېخىغىچە ئۇلارغا كەچلىك تاماق بەرمىدىڭمۇ؟دېدى، ئايالى؛ سىلى قايتىپ كەلمىگىچە ئۇلار تاماق يېمەيمىز دەپ ئۇنىمىدى دېدى، ئۇ قاتتىق غەزەپ قىلىپ؛ الله بىلەن قەسەمكى، مەن مەڭگۈ تاماق يېمەيمەن دېدى، ئايالىمۇ تاماق يېمەسلىككە قەسەم قىلدى، ھېلىقى مېھمانلارمۇ تاماق يېمەسلىككە قەسەم قىلدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛بۇ شەيتان تەرەپتىن بۇلۇپ قالدى دەپ، تاماقنى كەلتۈرۈپ يېدى، ئۇلارمۇ يېدى، ئۇلار بىر لوقما تاماقنى ئاغزىغا كۆتۈرسىلا، ئاستىدىن ئۇنىڭدىن كۆپرەك تاماق كۆپىيىپ تۇردى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىغا؛ ئى بەنى پەراسنىڭ ھەمشىرىسى! بۇ نېمەئىش؟دېدى، ئايالى؛ ئاھ بۇ نېمەدېگەن كارامەت خۇشاللىق ھە!بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بەركىتى، ھازىر بۇتاماق دەسلەپقىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپرەكتۇر،دېدى، ئۇلار تويغىچە يەپ، ئاندىن ئۇتاماقتىن رەسۇلۇللاھقىمۇ ئەۋەتىپ بەردى، رەسۇلۇللاھمۇ ئۇ بەركەتلىك تاماقتىن يېدى، بۇخارى،مۇسلىم.

5947 – [ 4 ] الفصل الثاني عن عائشة قالت : لما مات النجاشي كنا نتحدث أنه لا يزال يرى على قبره نور . رواه أبو داود

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛(مۇسۇلمان بولغان ھەبەشىستان پادىشاھىسى)نەجاشىي ئۆلۈپ كەتكەندە، بىز ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىن دائىم نۇرنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى سۆزلىشەتتۇق.ئەبۇداۋۇد توپلىغان.

5948 – [ 5 ] ( حسن ) وعنها قالت : لما أرادوا غسل النبي صلى الله عليه وسلم قالوا : لا ندري أنجرد رسول الله صلى الله عليه وسلم من ثيابه كما تجرد موتانا أم نغسله وعليه ثيابه ؟ فلما اختلفوا ألقى الله عليهم النوم حتى ما منهم رجل إلا وذقته في

**صدره ثم كلمهم مكلم من ناحية البيت لا يدرون من هو ؟ اغسلوا النبي صلى الله عليه وسلم وعليه ثيابه فقاموا فغسلوه وعليه قميصه يصبون الماء فوق القميص ويدلكونه بالقميص . رواه البيهقي في " دلائل النبوة "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يۇيۇشنى مەقسەت قىلغاندا؛ بىز خۇددى مېيتلىرىمىزنى كىيىمىدىن يالىڭاچلاپ يۇيغاندەك، رەسۇلۇللاھنى كىيىمىدىن يالىڭاچلاپ يۇيامدۇق؟ياكى كىيىمى بىلەنلا يۇيامدۇق؟ھېچ بىلەلمىدۇق دېيىشتى، ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا، الله تائالا ئۇلارغا ئۇيقۇنى تاشلىدى، ئۇلاردىن ھەر بىر كىشى ئېڭىكىنى كۆكسىگە قويۇپ مۈگدەپ قالدى، ئاندىن ئۇلارغا ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدىن بىركىشى سۆز قىلىپ؛رەسۇلۇللاھنى ئۈستىدە كىيىمى بار ھالىتىدە يۇيۇڭلار دېدى، ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمىيتتى، ئاندىن ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئۈستىدە كوڭلەك كىيىمى بار ھالىتىدە يۇيدى،سۇنى كوڭلەكنىڭ ئۈستىدىن قويۇپ،كوڭلەك بىلەن سۈرتۈپ يۇيدى.بەيھەقى توپلىغان ھەسەن.

**5949 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن ابن المنكدر أن سفينة مولى رسول الله صلى الله عليه وسلم أخطأ الجيش بأرض الروم أو أسر فانطلق هاربا يلتمس الجيش فإذا هو بالأسد . فقال : يا أبا الحارث أنا مولى رسول الله صلى الله عليه وسلم كان من أمري كيت وكيت فأقبل الأسد له بصبصة حتى قام إلى جنبه كلما سمع صوتا أهوى إليه ثم أقبل يمشي إلى جنبه حتى بلغ الجيش ثم رجع الأسد . رواه في " شرح السنة "**

ئىبنى مۇنكەدىر رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادكەردە قۇلى سەپىينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇم زېمىنىدا قوشۇندىن ئادىشىپ قىلىپ، ياكى ئەسىر ئېلىنىپ، ئاندىن قېچىپ چىقىپ، قوشۇننى ئىزدەش جەريانىدا بىر يولۋاسقا ئۇچراپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇ يولۋاسقا؛ ئى ئەبۇھارىس!(يەنى بۇ يولۋاسنىڭ كىنايە ئىسمى)مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادكەردە قۇلى بولىمەن، مېنىڭ ئىشلىرىمدىن مۇنداق،مۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن دەپ سۆز قىلىدۇ، يولۋاس قۇيرىقىنى شىپاڭشىتىپ، ئۇنىڭغا بوي سۇنۇپ، يېنىغا كېلىپ تۇرىدۇ، ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، خۇددى سۆزگە قۇلاق سالغاندەك قىلىپ، ئۇ تەرەپكە قۇلىقىنى مايىل قىلىپ گەپ تىڭشايدۇ، ئاندىن ئۇ يولۋاس خۇددى يول باشلىغۇچىغا ئوخشاش ئۇنىڭ يېنىدا بىللە مېڭىپ ئۇنى قوشۇنغا يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېتىدۇ.شەرھىسسۇننى،سەھىھ.

**5950 – [ 7 ] ( ضعيف )وعن أبي الجوزاء قال : قحط أهل المدينة قحطا شديدا فشكوا إلى عائشة فقالت : انظروا قبر النبي صلى الله عليه وسلم فاجعلوا منه كوى إلى السماء حتى لا يكون بينه وبين السماء سقف ففعلوا فمطروا مطرا حتى نبت العشب وسمنت الإبل حتى تفتقت من الشحم فسمي عام الفتق . رواه الدارمي**

ئەبۇل جەۋزائىدىن مەدىنە ئەھلى قاتتىق قەھەتچىلىككە قالدى، ئۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ شىكايەت قىلدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىگە قاراڭلار، قەبرىدىن ئاسمان تەرىپىگە بىر تۆشۈك ئېچىپ قويۇڭلار، ئارىلىقدا ھېچنېمە بولمىسۇن، ئۇلار شۇنداق قىلدى، ئاندىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئوت ـــ چۆپلەر ئۈنۈپ، تۆگىلەر سەمرىپ، ياغلار يېرىلىپ ئېرىپ كەتتى، بۇ يىل فەتقى يىلى دەپ ئاتالدى، دارمى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن،

**5951 – [ 8 ] ( ضعيف )وعن سعيد بن عبد العزيز قال : لما كان أيام الحرة لم يؤذن في مسجد النبي صلى الله عليه وسلم ثلاثا**

ولم يقم ولم يبرح سعيد بن المسيب المسجد وكان لا يعرف وقت الصلاة إلا بهمهمة يسمعها من قبر النبي صلى الله عليه وسلم رواه الدارمي

سەئيد ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن، ھەررەت كۈنى، (يەنى مۇئاۋىيە ئوغلى يەزىيد مەدىينىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ساھابىلارنى، تابىئىنلارنى ئۆلتۈرگەن كۈنى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىگىمۇ چىقىشقا رۇخسەت بېرىلمىدى، ھەم ئەزان ـ تەكبىر ئېيتىلمىدى،سەئىيد ئىبنى مۇسەييىب مەسجىددە مۇقىم تۇرغان ئىدى، ئۇ نامازنىڭ ۋاختىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىدىن چىققان مەخپى ئاۋاز بىلەن بىلەتتى، دارمى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، بىر راۋىسى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئېلىشىپ قالغان.

**5952 – [ 9 ]** ( ضعيف )وعن أبي خلدة قال : قلت لأبي العالية : سمع أنس من النبي صلى الله عليه وسلم ؟ قال : خدمه عشر سنين ودعا له النبي صلى الله عليه وسلم وكان له بستان يحمل في كل سنة الفاكهة مرتين وكان فيها ريحان يجيء منه ريح المسك . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب

ئەبۇ خەلدەدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن ئەبۇلئالىيەگە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس ئاڭلىغانمۇ؟ دېسەم، ئۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە 10 يىل خىزمەت قىلغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلغان، ئۇنىڭ بىر بېغى بولۇپ، ھەر يىلى ئىككى قېتىم مېۋە بېرەتتى، ئۇ باغدىكى رەيھان گۈلدىن مىسك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**5953 – [ 10 ]** الفصل الثالث عن عروة بن الزبير أن سعيد بن زيد بن عمرو بن نفيل خاصمته أروى بنت أويس إلى مروان بن الحكم وادعت أنه أخذ شيئا من أرضها فقال سعيد أنا كنت آخذ من أرضها شيئا بعد الذي سمعت من رسول الله صلى الله عليه وسلم قال وماذا سمعت من رسول الله صلى الله عليه وسلم قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول من أخذ شبرا من الأرض ظلما طوقه إلى سبع أرضين فقال له مروان لا أسألك بينة بعد هذا فقال اللهم إن كانت كاذبة فأعم بصرها واقتلها في أرضها قال فما ماتت حتى ذهب بصرها ثم بينا هي تمشي في أرضها إذ وقعت في حفرة فماتت . متفق عليه وفي رواية لمسلم عن محمد بن زيد بن عبد الله بن عمر بمعناه وأنه رآها عمياء تلتمس الجدر تقول : أصابتني دعوة سعيد وأنها مرت على بئر في الدار التي خاصمته فوقعت فيها فكانت قبرها

ئۇرۋەت ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇۋەيسنىڭ قىزى ئەرۋا مەرۋاننىڭ قېشىغا؛ سەئىيدئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ زېمىنىمنى ئېلىۋالدى دەپ داۋالىشىپ،ئەرز قىلىپ باردى، سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ زېمىنىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىۋالامەنمۇ؟دېدى، مەرۋان؛سەن رەسۇلۇللاھتىن قانداق ھەدىسنى ئاڭلىغان؟دەپ سوردى، ئۇ؛مەن رەسۇلۇللاھنىڭ:«كىم زۇلۇم قىلىپ باشقىلارنىڭ زېمىنىدىن بىر غېرىچ جاينى ئېلىۋالسا، ئۇنىڭ بويىنىغا يەتتەقات زېمىن يۆگەشتۈرۈلۈپ قويۇلىدۇ»دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى، مەرۋان؛ مەن سەندىن مۇشۇ ھەدىستىن باشقا يەنە بىرەر ھۆججەت تەلەپ قىلمايمەن دېدى، سەئىيد؛ئى الله! ئەگەر بۇ ئايال يالغانچى بولسا، ئۇنىڭ كۆزىنى ئەئما قىلىپ قويسىلا، ئۇنىڭ ئۆز زېمىنىدا جېنىنى ئالسىلا دېدى، ئۇ ئايال ئەئما بولماي تۇرۇپ ئۆلمىدى، (يەنى ئەئما بولۇپ قىلىپ)، ئاندىن ئۆز زېمىنىدا كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ، ئۆز زېمىنىدا ئۆلدى، يەنەبىردە؛ ئۇئايال ئەئما بولۇپ قېلىپ، تامنى سىلاپ مېڭىپ؛ماڭا سەئىدنىڭ دۇئاسى يەتتى، دەيتتى. ئۇ

ئايال كىتتۇۋىتىپ، ھېلىقى داۋالاشقان ھويلىنىڭ ئىچىدىكى قۇدۇققا چۈشۈپ كىتىپ ئۆلدى، قۇدۇق ئۇنىڭ قەبرىسى بولۇپ قالدى دىيىلگەن.بۇخارى،مۇسلىم.

**5954 – [ 11 ] ( حسن ) وعن ابن عمر أن عمر بعث جيشا وأمر عليهم رجلا يدعى سارية فبينما عمر يخطب فجعل يصيح : ياساري الجبل فقدم رسول من الجيش فقال : يا أمير المؤمنين لقينا عدونا فهزمونا فإذا بصائح يصيح : يا ساري الجبل . فأسندنا ظهورنا إلى الجبل فهزمهم الله تعالى رواه البيهقي في دلائل النبوة**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇلارغا سارىيە دىگەن كىشىنى باش ئەمىير قىلدۇ، بىر چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە سۆزلەۋىتىپ؛ئى سارى!تاغنى لازىم تۇتۇڭلار! دەپ ئاۋاز قىلىپ ۋارقىراپ كەتتى، ئاندىن قوشۇن تەرەپتىن بىر ئەلچى كىلىپ؛ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىيرى! بىز دۈشمەنگە ئۇچۇرشۇپ، ئۇلار بىزنى يېڭىۋالغىلى تۇرغاندا، ناگاھان بىر ئاۋاز قىلغۇچى كىشى؛ ئى سارى!تاغنى لازىم تۇتۇڭلار! دەپ ئاۋاز قىلىپ ۋارقىراپ كەتتى،ئاندىن بىز تاغنى ئارقىمىزغا ئېلىپ، ئۇچىمىزنى تاغقا يۆلەپ، تاغ ئۈستىدىن ھۇجۇم قىلغۇدۇق، ئۇلارنى **الله** تائالا يېڭىۋەتتى دىدى.بەيھەقى توپلىغان.ھەسەن.

**5955 – [ 12 ] ( ضعيف )وعن نبيهة بن وهب أن كعبا دخل على عائشة فذكروا رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال كعب : ما من يوم يطلع إلا نزل سبعون ألفا من الملائكة حتى يحفوا بقبر رسول الله صلى الله عليه وسلم يضربون بأجنحتهم ويصلون على رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى إذا أمسوا عرجوا وهبط مثلهم فصنعوا مثل ذلك حتى إذا انشقت عنه الأرض خرج في سبعين ألفا من الملائكة يزفونه . رواه الدارمي**

نەبىيھەت ئىبنى ۋەھبدىن ھەققەتەن كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىردى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەسلەشتى، كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىدى، ھەر كۈنى 70000 پەرىشتە چۈشۈپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى قورشاپ، قاناتلىرىنى قېقىشىپ كىتىدۇ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت، دۇئايى سالام يوللايدۇ. كەچ كىرگەندە، ئۇلار ئۆرلەپ چىقىپ كىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا يەنە 70000 پەرىشتە چۈشۈپ شۇنداق قىلىدۇ، تاكى قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن زىمىن يېرىلغانغا قەدەرشۇنداق. يەنىلا تىرىلگەندە 7000 پەرىشتە ئارىسىدا قوپۇرىلىدۇ،دارمى خاتىرلىگەن.ئەلبانى رەھمەھۇللا گەرچەبۇ ساھابە سۆزى بولسىمۇزەئىپ دىگەن

**[ 9 ] باب هجرة أصحابه صلى الله عليه وسلم من مكة ووفاته – الفصل الأول**

## مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا

**5956 – [ 1 ] ( صحيح ) عن البراء قال : أول من قدم علينا من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم مصعب بن عمير وابن أم مكتوم فجعلا يقرآننا القرآن ثم جاء عمار وبلال وسعد ثم جاء عمر بن الخطاب في عشرين من أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم ثم جاء النبي صلى الله عليه وسلم فما رأيت أهل المدينة فرحوا بشيء فرحهم به حتى رأيت الولائد والصبيان يقولون : هذا رسول الله صلى الله عليه وسلم قد جاء فما جاء حتى قرأت : [ سبح اسم ربك الأعلى ] في سور مثلها من المفصل . رواه البخاري**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىزنىڭ قېشىمىزغا (يەنى مەدىنىگە)ھىجرەت قىلىپ كەلگەن تۇنجى كىشى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ئىبنى ئۇممە مەكتۇم

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى، بۇلار بىزگە قۇرئان ئۆگىتەتتى، ئاندىن ئەممار، بىلال، سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار كەلدى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن 20 كىشى بىلەن كەلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ كەلدى، مەن مەدىنە ئەھلىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولغانىدەك بىرەر نەرسىگە خۇشال بولغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ھەتتا كىچىك قىز-ئوغۇللارمۇ؛ مانا بۇ رەسۇلۇللاھ كەپتۇ، رەسۇلۇللاھ كەپتۇ دېيىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ، مەن مۇپەسسەل ئۇششاق سۈرىلەردىن «سەببىھىسمى رەببىكەلئەئلا»نى ئۆگۈنمىغىچە كەلمىدى، ئاندىن كېيىن كەلدى.بۇخارى توپلىغان.

**5957 – [ 2 ] وعن أبي سعيد الخدري أن رسول الله صلى الله عليه وسلم جلس على المنبر فقال : " إن عبدا خيره الله بين أن يؤتيه من زهرة الدنيا ما شاء وبين ما عنده فاختار ما عنده " . فبكى أبو بكر قال : فديناك بآبائنا وأمهاتنا فعجبنا له فقال الناس : نظروا إلى هذا الشيخ يخبر رسول الله صلى الله عليه وسلم عن عبد خيره الله بين أن يؤتيه من زهرة الدنيا وبين ما عنده وهو يقول : فديناك بآبائنا وأمهاتنا فكان رسول الله صلى الله عليه وسلم هو المخير وكان أبو بكر هو أعلمنا . متفق عليه**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ؛ ھەققەتەن بىر بەندىگە **الله** تائالا بۇدۇنيانىڭ بارلىق زىبۇ-زىننەت ياخشىلىقلىرىنى ئۆبەندىنىڭ خالىغىنىچە بېرىشى بىلەن ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنى تاللاشقا ئىختىيارلىق بەردى، ئۆبەندە **الله** نىڭ دەرگاھىدىكىنى تاللىدى دېدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى يىغلاپ كىتىپ؛ سىلىگە ئاتا-ئانىلىرىمىز پىدا بولسۇن دېدى، بىز ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ قالدۇق، كىشىلەر؛ ماۋۇ شەيىخقا قاراڭلار، رەسۇلۇللاھ؛ ھەققەتەن **الله** تائالا بۇدۇنيانىڭ بارلىق زىبۇ-زىننەت ياخشىلىقلىرىنى ئۆبەندىنىڭ خالىغىنىچە بېرىشى بىلەن ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنى تاللاشقا ئىختىيارلىق بەرگەن بىر بەندە توغرىسىدا خەۋەر بېرىۋاتسا، بۇ شەيىخ؛ سىلىگە ئاتا-ئانىلىرىمىز پىدا بولسۇن دەۋاتىدىغۇ دېدى، تاللاشقا ئىختىيارلىق بېرىلگەن بەندە رەسۇلۇللاھ ئىدى، ئەبۇبەكرى بىزنىڭ ئەڭ ئالىمراقىمىز ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**5958 – [ 3 ] وعن عقبة بن عامر قال : صلى رسول الله صلى الله عليه وسلم على قتلى أحد بعد ثماني سنين كالمودع للأحياء والأموات ثم طلع المنبر فقال : " إني بين أيديكم فرط وأنا عليكم شهيد وإن موعدكم الحوض وإني لأنظر إليه من مقامي هذا وإني قد أعطيت مفاتيح خزائن الأرض وإني لست أخشى عليكم أن تشركوا بعدي ولكني أخشى عليكم الدنيا أن تنافسوها فيها " . وزاد بعضهم : : " فتقتتلوا فتهلكوا كما هلك من كان قبلكم " . متفق عليه**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇددى تىرىكلەر بىلەن ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىلەن ۋىدالاشقاندەك قىلىپ، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان كىشىلەرگە سەككىز يىلدىن كېيىن جىنازا نامىزى ئوقۇدى،ئاندىن مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ مۇنداق دېدى: ھەققەتەن مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بېرىپ، سىلەرنى ساقلاپ تۇرىمەن، سىلەر ئۇچۇن ئالدىن تەييارلانغان ئەجرىڭىڭ ئورنىدا بولىمەن، مەن سىلەرگە گۇۋاھچى بولىمەن، ھەققەتەن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەن جاي، ھەۋزى كەۋسەر بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن ھازىر مۇشۇ ئورنىمداھەۋزى كەۋسەرگە قاراپ ئۇنى كۆرۈۋاتىمەن، ھەققەتەن ماڭا زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن شېرىك كەلتۈرۈپ، مۇشرىك بولۇشۇڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەن، لېكىن، مەن سىلەرنىڭ دۇنياغا قىزىقىپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن، ئاندىن ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىپ كىتىپ، خۇددى سىلەردىن بۇرۇنقى

كىشلەر ھالاك بولغاندەك، ھالاك بۇلۇپ كېتىسلەر، مەن ئەنە شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5959 – [ 4 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : إن من نعم الله علي أن رسول الله صلى الله عليه وسلم توفي في بيتي وفي يومي وبين سحري ونحري وأن الله جمع بين ريقي وريقه عند موته دخل علي عبد الرحمن بن أبي بكر وبيده سواك وأنا مسندة رسول الله صلى الله عليه وسلم فرأيته ينظر إليه وعرفت أنه يحب السواك فقلت : آخذه لك ؟ فأشار برأسه أن نعم فتناولته فاشتد عليه وقلت : ألينه لك ؟ فأشار برأسه أن نعم فلينته فأمره وبين يديه ركوة فيها ماء فجعل يدخل يديه في الماء فيمسح بهما وجهه ويقول : لا إله إلا الله إن للموت سكرات ثم نصب يده فجعل يقول : " في الرفيق الأعلى حتى قبض ومالت يده .رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالانىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نىئمەتلىرىدىن؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۆيۈمدە، مېنىڭ نۆۋبەت كۈنۈمدە، مېنىڭ قۇچۇقۇمدا ۋاپات بولدى، (يەنە مېنىڭ ئۆيۈمگە دەپنە قىلىندى)**الله** تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولىشى ئالدىدا مېنىڭ ئېغىز سۈيۈم بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ شالىسىنى بىرلەشتۈردى، مەن رەسۇلۇللاھنى يۆلەپ ئولتۇراتتىم، ئابدۇررەھمان قولىدا مسۋاك تۇتقان ھالدا كىرىپ كەلدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مسۋاككا قارىغانلىقىنى كۆرۈپ، مسۋاكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ؛ مسۋاكنى سىلىگە ئېلىپ بېرەيمۇ؟دىسەم، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ھەئە دېدى، مەن مسۋاكنى ئېلىپ بەردىم، مسۋاك بەك قاتتىق ئىدى، ئۇنى سىلىشى ئېغىر كەلدى، مەن؛ مسۋاكنى سىلىگە يۇمشۇتۇپ بېرەيمۇ؟دىسەم، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ھەئە دېدى، مەن مسۋاكنى ئېلىپ ئېغىزىمدا يۇمشۇتۇپ بەردىم، ئاندىن ئۇنى ئاغزىغا سېلىپ چىشلىرى ئۈستىدە ئۆياقتىن بۇياققا يۈرگۈزدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا قاچا بار ئىدى، ئۇنىڭدا سۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى سۇغا سېلىپ، قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ؛ «لائىلاھە ئىللەللاھ»!!ھەقىقەتەن ئۆلۈم ئۇچۇن ئۆلۈم قاتتىق مۇشەققەتلەر بار ئىكەن، سەكراتۇلمەۋت قاتتىق ئىكەن دېدى، ئاندىن قولىنى تىكلەپ (ئاسمانغا ئىشارەت قىلىپ)رەپىيقىلئەئلا يەنى مىنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەيغەمبەرلەر جامائەتىگەقوشۇپ قويسىلا دەپ قەبزى روھ قىلىندى، ئاندىن قولى پەسكە چۈشۈپ كەتتى.بۇخارى توپلىغان.

**5960 – [ 5 ] وعنها قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " مامن نبي يمرض إلا خير بين الدنيا والآخرة " . وكان في شكواه الذي قبض أخذته بحة شديدة فسمعته يقول : مع الذين أنعمت عليهم من الصديقين والنبيين والشهداء والصالحين . فعلمت أنه خير . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر كېسەل بولسا، ۋاپاتىدىن بۇرۇن دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ بىرىنى تاللاشقا ئىختىيارلىق بېرىلىدۇ، (ئاندىن ئۇ ئاخىرەتنى تاللايدۇ ــ دە، ۋاپات بولىدۇ). رەسۇلۇللاھنى ۋاپات بۇلۇپ كەتكەن كېسىلىدە قاتتىق ھۆتەل تۇتۇپ كەتتى، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ئى **الله** مىنى (ئاخىرەتتە)« **الله**نىڭ نىئمىتىگە ئېرىشكەن (سىلى نىئمەت بەرگەن)پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر )، ۋە شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە »قىلسىلا.ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھقا ئىختىيارلىق بېرىلگەنلىكىنى بىلدىم.بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**5961 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : لما ثقل النبي صلى الله عليه وسلم جعل يتغشاه الكرب فقالت فاطمة : واكرب أباه فقال لها : " ليس على أبيك كرب بعد اليوم " . فلما مات قالت : يا أبتاه أجاب ربا دعاه يا أبتاه من جنة الفردوس مأواه يا أبتاه**

إلى جبريل ننعاه . فلما دفن قالت فاطمة : يا أنس أطابت أنفسكم أن تحثوا على رسول الله صلى الله عليه وسلم التراب ؟ رواه البخاري

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى قاتتىق ئېغىرلاشقاندا، رەسۇلۇللاھنى ئېغىر مۇشەققەتلەر قورشاپ ھۇشىدىن كېتىشكە باشلىدى،ئاندىن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:ۋاي قېيىن مۇشەققەتكە قالغان دادام! دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: بۈگۈندىن باشلاپ داداڭغا مۇشەققەت، قىيىنچىلىق يوق دېدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ ئى پەرۋەردىگارى چاقىرسا، چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان دادام! ئى پىردەۋس دېگەن جەننەت تۇرار جايى بولغان دادام! بىز ئەمدى جىبرىئىلغا ئۆلۈم خەۋىرىڭنى بىرەمدۇق؟ دېدى، دەپنە قىلىنغاندا بولسا؛ ئى ئەنەس! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈستىگە تۇپا تاشلاشقا قەلبىڭلار رازى بولدىمۇ؟ ئۇنىڭغا قانداقمۇ كۆڭلۈڭلار يول قويدى؟دېدى،بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5962 – [ 7 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أنس قال : لما قدم رسول الله صلى الله عليه وسلم المدينة لعبت الحبشة بحرابهم فرحا لقدومه . رواه أبو داود وفي رواية الدارمي ( صحيح ) قال : ما رأيت يوما قط كان أحسن ولا أضوأ من يوم دخل علينا فيه رسول الله صلى الله عليه وسلم وما رأيت يوما كان أقبح وأظلم من يوم مات فيه رسول الله صلى الله عليه وسلم وفي رواية الترمذي قال : لما كان اليوم الذي دخل فيه رسول الله صلى الله عليه وسلم المدينة أضاء منها كل شيء فلما كان اليوم الذي مات فيه أظلم منها كل شيء وما نفضنا أيدينا عن التراب وإنا لفي دفنه حتى أنكرنا قلوبنا**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، ھەبشىيلەر رەسۇلۇللاھنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ قىلىچ ـ نەيزىللىرىنى ئويناپ كەتتى، ئەبۇداۋۇد، سەھىھ، يەنەبىرىدە؛ بىزنىڭ قېشىمىزغا رەسۇلۇللاھ كىرىپ كەلگەن كۈندىنمۇ گۈزەل ،نۇرلۇقراق بىرەر كۈننى كۆرۈپ باقمىدىم، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان كۈندىنمۇ قەبىھ سەت، زۇلمەتلىكرەك بىرەر كۈننى كۆرۈپ باقمىدىم، دىيىلدى دارىمى توپلىغان سەھىھ، يەنەبىرىدە؛ رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كىرگەن كۈنى ھەممە نەرسە نۇرلۇنۇپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان كۈنى ھەممە نەرسە زۇلمەتكە تولدى، بىز قوللىرىمىزنى تۇپىدىن سۈرتىۋېتمىگەن ئىدۇق، ۋەھالەنكى بىز رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىۋاتاتتۇق، ھەتتا بىز ئۆز قەلبىمىزنىمۇ ئىنكار قىلدۇق.تىرمىزى توپلىغان، (يەنى رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىپ ئۈستىگە تۇپا تاشلاشقا قولىمىز بارمايۋاتاتتى،ئۆز ئۆزىمىزگە ئىشەنمەيلا قالغان ئىدۇق، لېكىن بۇنىڭدىن ئامال يوق ئىدى)

**5963 – [ 8 ] صحيح وعن عائشة قالت : لما قبض رسول الله صلى الله عليه وسلم اختلفوا في دفنه . فقال أبو بكر : سمعت من رسول الله صلى الله عليه وسلم شيئا . قال : " ما قبض الله نبيا إلا في الموضع الذي يحب أن يدفن فيه " . ادفنوه في موضع فراشه . رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپقاندا، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىدىغان ئورۇن توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالدى، ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئاللاھتائالا ھەر قانداق پەيغەمبەرنى ۋاپات تاپقۇزسا، شۇ پەيغەمبەر دەپنە قىلىنىشنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئورۇندا ۋاپات تاپقۇزىدۇ، (يەنى ۋاپات تاپقان جايغا دەپنە قىلىنىدۇ، بۇنى ئاللاھمۇ شۇ پەيغەمبەرمۇ ياخشى كۆرىدۇ)، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋاپات

تاپقان كۆرپىسىنىڭ ئورنىغىلا دەپنە قىلىنغان (ئاندىن رەسۇلۇللاھ شۇجايىغىلا يەنى مىنىڭ ئۆيۈمگىلا دەپنە قىلىندى). ترمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5964 – [ 9 ] الفصل الثالث عن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول وهو صحيح : " لن يقبض نبي قط حتى يرى مقعده من الجنة ثم يخير " . قالت عائشة : فلما نزل به ورأسه على فخذي غشي عليه ثم أفاق فأشخص بصره إلى السقف ثم قال : " اللهم الرفيق الأعلى " . قلت : إذن لا يختارنا . قالت : وعرفت أنه الحديث الذي كان يحدثنا به وهو صحيح في قوله : " إنه لن يقبض نبي قط حتى يرى مقعده من الجنة ثم يخير " قالت عائشة : فكان آخر كلمة تكلم بها النبي صلى الله عليه وسلم : " اللهم الرفيق الأعلى " . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساق ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھەربىر پەيغەمبەر جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرمىگىچە، ئاندىن ياشاش ياكى ئاخىرەتكە جەننەتتىكە كېتىش توغرىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلمەي تۇرۇپ ۋاپات تاپمايدۇ، (جەننەتنى كۆرۈپ ئاندىن تاللاش ئىختىيارلىق بېرىلىپ ۋاپات تاپىدۇ)، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھقا ئۆلۈم چۈشكەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ بېشى مىنىڭ يۇتامدا ئىدى، رەسۇلۇللاھ ھوشىدىن كېتىپ، ئاندىن يەنە ھوشىغا كېلىپ؛ كۆزىنى ئۆگزى تەرەپكە كۆتۈرۈپ؛ «**الله** ھۇممە رەپىيقەلئەئلا»دېدى، مەن؛ ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھ بىزنى تاللىماي، ئاخىرەتنى تاللاپتۇ دېدىم، ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرگەن:« ھەققەتەن ھەربىر پەيغەمبەر جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرمىگىچە، ئاندىن ياشاش ياكى ئاخىرەتكە جەننەتتىكە كېتىش توغرىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلمىگىچە ۋاپات تاپمايدۇ»، دېگەن ھەدىسنى راست ئىكەن دەپ تونۇدۇم ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى:« «**الله** ھۇممە رەپىيقەلئەئلا»دېيىش بولدى، دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5965 – [ 10 ] ( صحيح وعنها قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في مرضه الذي مات فيه : " يا عائشة ما أزال أجد ألم الطعام الذي أكلت بخيبر وهذا أوان وجدت انقطاع أبهري من ذلك السم " . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقان كېسىلدە مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! مەن تا ھازىرغىچە خەيبەردە يېگەن تاماقنىڭ يەنى زەھەر سېلىنغان قوي گۆشىنىڭ ئەلەمىنى، زەھەر تەسىرىنى ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمەن، مانا ھازىربۇ شۇ زەھەرنىڭ تەسىرىدىن مېنىڭ جان تومۇرۇمنىڭ ئۈزۈلۈش ۋاقتى، يەنى جان ئۈزۈش ۋاقتىمدۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5966 – [ 11 ] وعن ابن عباس قال : لما حضر رسول الله صلى الله عليه وسلم وفي البيت رجال فيهم عمر بن الخطاب قال النبي صلى الله عليه وسلم : " هلموا أكتب لكم كتابا لن تضلوا بعده " . فقال عمر : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قد غلب عليه الوجع وعندكم القرآن حسبكم كتاب الله فاختلف أهل البيت واختصموا فمنهم من يقول : قربوا يكتب لكم رسول الله صلى الله عليه وسلم . ومنهم يقول ما قال عمر . فلما أكثروا اللغط والاختلاف قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قوموا عني " . قال عبيد الله : فكان ابن عباس يقول : إن الرزيئة كل الرزيئة ما حال بين رسول الله صلى الله عليه وسلم وبين أن يكتب لهم ذلك الكتاب لاختلافهم ولغطهم وفي رواية سليمان بن أبي مسلم الأحول قال ابن عباس : يوم الخميس وما يوم الخميس ؟ ثم بكى حتى بل دمعه الحصى . قلت : يا ابن عباس وما يوم الخميس ؟ قال : اشتد برسول الله صلى الله عليه وسلم وجعه فقال : " ائتوني بكتف أكتب لكم كتابا لا تضلوا بعده أبدا " . فتنازعوا ولا ينبغي عند نبي تنازع . فقالوا : ما شأنه أهجر ؟ استفهموه**

**فذهبوا يردون عليه . فقال : " دعوني ذروني فالذي أنا فيه خير مما تدعونني إليه " . فأمرهم بثلاث : فقال : " أخرجوا المشركين من جزيرة العرب وأجيزوا الوفد بنحو ما كنت أجيزهم " . وسكت عن الثالثة أو قالها فنسيتها قال سفيان : هذا من قول سليمان . متفق عليه**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئۆيدە نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆمەر رەزىيەللاهۇئەنهۇمۇ بارئىدى، رەسۇلۇللاھ؛كېلىڭلار، مەن سىلەرگە بىر مەكتۇپ يېزىپ بېرەي، سىلەر مەندىن كېيىن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر دېدى، ئۆمەررەزىيەللاهۇئەنهۇ: رەسۇلۇللاھقا كېسەل قاتتىق غالىپ كېلىپتۇ، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قۇرئان بارغۇ، سىلەرگە **الله** نىڭ كىتابى كۇپايە دېدى، ئاندىن ئۆيدىكىلەر ئىختىلاپلىشىپ،داۋالىشىپ كەتتى، بەزىسى؛ نەرسە كەلتۈرۈڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە نەرسە يېزىپ بەرسۇن دىسە، بەزىسى؛ ئۆمەررەزىيەللاهۇئەنهۇ دېگەندەك دېدى، ئۇلار چۇشۇنۇكسىز پاراڭلارنى ، ئىختىلاپلارنى كۆپ قىلىپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ؛ سىلەر مېنىڭ يېنىمدىن قوپۇپ چىقىپ كېتىڭلار دېدى، ھەقىقەتەن مۇسىيبەت، پىتنە ـ پاساد،ئىختىلاپنىڭ ھەممىسى، ئۇلارنىڭ چۇشۇنۇكسىز پاراڭلارنى، ئىختىلاپلارنى كۆپ قىلىپ كەتكەنلىكىدىن، رەسۇلۇللاھنى ئۇلارغا نەرسە يېزىپ بېرىشىدىن توسۇپ قويغانلىقىدىن بولدى.يەنەبىردە؛ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمۇنداق دەيدۇ؛پەيشەمبە كۈنى، ئۇ قانداق كۈن؟ ئاندىن ئۇ تاشلار ھۆل بولغىچە يىغلاپ كېتىپ؛ ئۇكۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى قاتتىق ئېغىرلاپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ماڭا بىردانە تاغاق كەلتۈرۈڭلار، مەن سىلەرگە بىر مەكتۇپ يېزىپ بېرەي، سىلەر مەندىن كېيىن مەڭگۈ ئېزىپ كەتمەيسىلەر دېدى، ئاندىن ئۇلار دە ـ تالاش قىلىپ كەتتى، پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا دە ـ تالاش قىلىش ھەرگىز لايىق ئەمەس ئىدى، ئۇلار؛ رەسۇلۇللاھقا نىمە بولغاندۇ؟ كېسەللىك سەۋەبىدىن ئېلىشىپ قالغاندىمۇ؟دەپ، سۆزىنى چۇشۇنۇشنى تەلەپ قىلىپ، رەسۇلۇللاھقا رەت قىلىشقا باشلىدى، رەسۇلۇللاھ؛مېنى تەرك ئېتىپ، جىم،تىچ قويۇڭلار، مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم سىلەر مېنى دەۋەت قىلىۋاتقان (مېنى قانداقتۇ؟)دېگەن نەرسەڭلاردىن (ماڭا بولغان گۇمانىڭلاردىن)كۆپ ياخشىدۇر دەپ، ئۇلارنى ئۈچ نەرسىگە بۇيرىدى؛ مۇشرىك، دىنسىزلارنى ئەرەب ـ يېرىم ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، ئەلچىلەرگە مەن ئىجازەت بەرگەندەك، ئىجازەت، رۇخسەت بېرىڭلار، سۇپيان؛ ئىبنى ئاbbاس ئۈچۈنچىسىدىن جىم تۇردى، ياكى ئۇنى دەپ بەرگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5967 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : قال أبو بكر لعمر رضي الله عنهما بعد وفاة رسول الله صلى الله عليه وسلم : انطلق بنا إلى أم أيمن نزورها كما كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يزورها فلما انتهينا إليها بكت . فقالا لها : ما يبكيك ؟ أما تعلمين أن ما عند الله خير لرسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فقالت : إني لا أبكي أني لا أعلم أن ما عند الله تعالى خير لرسول الله صلى الله عليه وسلم ولكن أبكي أن الوحي قد انقطع من السماء فهيجتهما على البكاء فجعلا يبكيان معها . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى، ئۆمەرگە؛ بىز بىلەن ئۇممە ئەيمەننىڭ قېشىغا بارغىن، بىز ئۇنى خۇددى رەسۇلۇللاھ زىيارەت قىلغاندەك زىيارەت قىلىپ كېلەيلى، دېدى، بىز ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇ يىغلاپ كەتتى، ئۇلار ئۇنىڭغا؛ سىنى نىمە يىغلاتتى؟ سەن رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن **الله** نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمەمسەن؟دېدى، ئۇممە ئەيمەن؛ مەن رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن **الله** نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمىگەنلىكىمگەيىغلىمىدىم،

| |
|---|
| لېكىن مەن ئاسماندىن ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا يىغلىدىم دەپ ئۇلارنىمۇ يىغلىتىۋەتتى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.مۇسلىم توپلىغان. |
| **5968 – [ 13 ] وعن أبي سعيد الخدري قال : خرج علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم في مرضه الذي مات فيه ونحن في المسجد عاصبا رأسه بخرقة حتى أهوى نحو المنبر فاستوى عليه واتبعناه قال : " والذي نفسي بيده إني لأنظر إلى الحوض من مقامي هذا " ثم قال : " إن عبدا عرضت عليه الدنيا وزينتها فاختار الآخرة " قال : فلم يفطن لها أحد غير أبي بكر فذرفت عيناه فبكى ثم قال : بل نفديك بآبائنا وأمهاتنا وأنفسنا وأموالنا يا رسول الله قال : ثم هبط فما قام عليه حتى الساعة . رواه الدارمي**<br><br>ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىز مەسجىدتە ئولتۇرساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇپ كەتكەن كېسەللىكىدە، بېزنىڭ قېشىمىزغا بېشىنى لاتا بىلەن تېڭىۋالغان ھالدا چىقىپ، مۇنبەر تەرەپنى مەقسەد قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقتى، بىز رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ قېشىغا باردۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ جېنىم قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ھازىر مۇشۇ ئورنۇمدا تۇرۇپ، ھەۋزى ـ كەۋسەرگە قاراۋاتىمەن، ھەقىقەتەن بىر بەندىگە بۇدۇنيا ۋە بۇنىڭ زىينىتى تەكلەندى، ئۇ ئاخىرەتنى تاللىدى، دېدى. بۇسۆزنى ئەبۇبەكرىدىن باشقا ھېچ كىم چۈشۈنەلمىدى، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈپ،ئۇقاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئاندىن ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز سىلىگە ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى، جان ـ ماللىرىمىزنى پىدا قىلىمىز، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنبەردىن چۈشۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئۇ مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ باقمىدى (يەنى شۇنىڭدىن كېيىنلا ۋاپات بولدى)دارىمى توپلىغان. |
| **5969 – [ 14 ] ( حسن ) وعن ابن عباس قال : لما نزلت [ إذا جاء نصر الله والفتح ] دعا رسول الله صلى الله عليه وسلم فاطمة قال : " نعيت إلي نفسي " فبكت قال : " لا تبكي فإنك أول أهلي لاحق بي " فضحكت فرآها بعض أزواج النبي صلى الله عليه وسلم فقلن : يا فاطمة رأيناك بكيت ثم ضحكت . قالت : إنه أخبرني أنه قد نعيت إليه نفسه فبكيت فقال لي : لا تبكي فإنك أول أهلي لاحق بي فضحكت . وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا جاء نصر الله والفتح وجاء أهل اليمن هم أرق أفئدة والإيمان يمان والحكمة يمانية " . رواه الدارمي**<br><br>ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ «ئىزا جائە نەسرۇ**الله** ھى ۋە لپەتھۇ»دېگەن سۈرە نەسر نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاتىمەنى چاقىرىپ؛ ماڭا مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىم بېرىلدى دېدى، ئاندىن ئۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛يىغلىمىغىن، چۈنكى سەن مېنىڭ ئەھلىمدىن تۇنجى بولۇپ ماڭا ئۇچۇرشىسەن دېدى، ئاندىن ئۇ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ يىغلاپ ئاندىن كۈلگىنىنى كۆرگەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ بەزىسى؛ ئى پاتىمە! بىز سېنىڭ يىغلاپ ئاندىن كۈلگەنلىكىڭنى كۆردۇق، بۇنىمە ئىش؟دېدى، ئۇ؛ دادام ماڭا؛ ماڭا مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىم بېرىلدى دەپ خەۋەر قىلدى، ئاندىن مەن قاتتىق يىغلاپ كەتتىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ماڭا؛يىغلىمىغىن، چۈنكى سەن مېنىڭ ئەھلىمدىن تۇنجى بولۇپ ماڭا ئۇچۇرشىسەن دېدى، ئاندىن مەن كۈلۈپ كەتتىم،دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛**الله** تائالانىڭ « **الله** نىڭ ياردىمى ۋە پەتھى غەلبە كەلگەن چاغدا»دېگىنى، يەمەن ئەھلى كەلدى، ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ دىللىرى شۇنداق يۇمشاق مۇلايىمدۇر، ئىمان يەمەندە، ھىكمەت يەمەندە دېگەن.دارىمى توپلىغان ھەسەن. |
| **5970 – [ 15 ] ( صحيح ) وعن عائشة أنها قالت : وا رأساه قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ذاك لو كان وأنا حي فأستغفر لك وأدعو لك " فقالت عائشة : واثكلياه والله إني لأظنك تحب موتي فلو كان ذلك لظللت آخر يومك معرسا ببعض** |

**أزواجك فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " بل أنا وا رأساه لقد هممت أو أردت أن أرسل إلى أبي بكر وابنه وأعهد أن يقول القائلون أو يتمنى المتمنون ثم قلت : يأبى الله ويدفع المؤمنون أو يدفع الله ويأبى المؤمنون " . رواه البخاري**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن كېسەلدىن ۋاي بېشىم!دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن ھايات تۇرۇپمۇ شۇنداق دەمسىز؟ ئەگەر مەن ھايات تۇرۇپ شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن سىزگە مەغپىرەت سوراپ دۇئا قىلىمەن دېدى، مەن؛ ۋاي ئانامەي، مەن ئۆلەي، **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن سىلىنى مىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن، ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا(يەنى مەن ئۆلۈپ كەتسەم) سىلى نۆۋبەت كۈنلىرىنىڭ ئاخىرىدىلا باشقا ئاياللىرى بىلەن بىللە بولۇشلىرى مۇمكىن دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛سىز ئەمەس، بەلكى مەن ۋاي بېشىم دىسەم بولىدۇ، ھەقىقەتەن مەن ئەبۇ بەكرىگە ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا ئەلچى ئەۋەتىشنى، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، خەلىپە ئىشىنى ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلىشىمنى مەخسەت قىلىپ بولۇپ، ـ چۈنكى خەلىپىلىك توغرىسىدا بەزىلەر سۆز قىلىپ باقىدۇ، بەزىلەر ئارزۇ قىلىپ باقاتتى ـ ، ئاندىن مەن؛ ئاللاھتائالا ئەبۇ بەكرىدىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ، مۆئمىنلەرمۇ ئەبۇ بەكرىنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ دەپ سۆز قىلىمىدىم، دېدى.(راستىنلا شۇنداق بولدى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: داداڭ ئەبۇ بەكرىنى ۋە قېرىندىشىڭنى چاقىرغىن، مەن بىر مەكتۇپ يېزىپ بېرەي، ھەقىقەتەن مەن ئەبۇ بەكرىگە قارشى ئارزۇ قىلغۇچىنىڭ «خەلىپىلىكنى» ئارزۇ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، ۋە بىرەرسىنىڭ بۇ ئىشقا مەن لايىق دىيىشىدىنمۇ ئەنسىرىدىم، ئاللاھ ۋە مۆئمىنلەر ئەبۇ بەكرىدىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ، پەقەت ئەبۇ بەكرىگىلا ئۇنايدۇ، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5971 – [ 16 ]** ( حسن وعنها : قالت : رجع إلي رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم من جنازة من البقيع فوجدني وأنا أجد صداعا وأنا أقول : وارأساه قال : " بل أنا يا عائشة وارأساه " قال : " وما ضرك لو مت قبلي فغسلتك وكفنتك وصليت عليك ودفنتك ؟ " قلت : لكأني بك والله لو فعلت ذلك لرجعت إلى بيتي فعرست فيه ببعض نسائك فتبسم رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم بديء في وجعه الذي مات فيه . رواه الدارمي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەقىئ قەبرىستانلىقىدىن بىر جىنازىدىن قېشىمغا قايتىپ كىلىپ، مىنى قاتتىق بېشىم ئاغرىۋاتقان ھالەتتە تاپتى، مەن؛ۋاي بېشىم،ۋاي بېشىم!دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ئى ئائىشە! سىز ئەمەس، بەلكى مەن ۋاي بېشىم دىسەم بولىدۇ، ئەگەر سىز مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسىڭىز، مەن سىزنى يۇيۇپ كېپەنلەپ، سىزگە جىنازا نامىزى ئوقۇپ دەپنە قىلىپ قويىمەن، شۇنداق بولغان ئىكەن سىزگە نىمە زىيىنى؟دېدى، مەن؛ گۇياكى مەن سىلىنى مۇنداق،مۇنداق ھالەتتە كۆرىۋاتىمەن، (مەن سىلىنى مىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن) **الله** بىلەن قەسەمكى،ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا(يەنى مەن ئۆلۈپ كەتسەم)سىلى يۇقىرقى ئىشلارنى قىلىپ بولۇپلا، مىنىڭ ئۆيۈمگە قايتىپ، مىنىڭ ئۆيۈمدىلا ئاياللىرىنىڭ بەزىسى بىلەن بىللە بولالا ھەقەچان دىسەم، رەسۇلۇللاھ تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈپ كەتتى،ئاندىن ۋاپات بولغان كېسىلى باشلىنىپ ئاشكارا بولدى.دارىمى توپلىغان،ھەسەن

**5972 – [ 17 ]** ( واه )**وعن جعفر بن محمد عن أبيه أن رجلا من قريش دخل على أبيه علي بن الحسين فقال ألا أحدثك عن رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قال : بلى حدثنا عن أبي القاسم صلى الله عليه وسلم قال : لما مرض رسول الله صلى الله عليه وسلم أتاه جبريل فقال : " يا محمد إن الله أرسلني إليك تكريما لك وتشريفا لك خاصة لك يسألك عما هو أعلم به منك يقول :**

كيف تجدك ؟ قال : أجدني يا جبريل مغموما وأجدني يا جبريل مكروبا " . ثم جاءه اليوم الثاني فقال له ذلك فرد عليه النبي صلى الله عليه وسلم كما رد أول يوم ثم جاءه اليوم الثالث فقال له كما قال أول يوم ورد عليه كما رد عليه وجاء معه ملك يقال له : إسماعيل على مائة ألف ملك كل ملك على مائة ألف ملك فاستأذن عليه فسأله عنه . ثم قال جبريل : هذا ملك الموت يستأذن عليك . ما استأذن على آدمي قبلك ولا يستأذن على آدمي بعدك . فقال : ائذن له فأذن له فسلم عليه ثم قال يا محمد إن الله أرسلني إليك فإن أمرتني أن أقبض روحك قبضت وإن أمرتني أن أتركه تركته فقال : وتفعل يا ملك الموت ؟ قال : نعم بذلك أمرت وأمرت أن أطيعك . قال : فنظر النبي صلى الله عليه وسلم إلى جبريل عليه السلام فقال جبريل : يا محمد إن الله قد اشتاق إلى لقائك فقال النبي صلى الله عليه وسلم لملك الموت : " امض لما أمرت به " فقبض روحه فلما توفي رسول الله صلى الله عليه وسلم وجاءت التعزية سمعوا صوتا من ناحية البيت : السلام عليكم أهل البيت ورحمة الله وبركاته إن في الله عزاء من كل مصيبة وخلفا من كل هالك ودركا من كل فائت فبالله فثقوا وإياه فارجوا فإنما المصاب من حرم الثواب . فقال علي : أتدرون من هذا ؟ هو الخضر عليه السلام . رواه البيهقي في " دلائل النبوة "

ئەلبانى رەھمەھۇللا بەيھەقى «دالائىلونەبووۋەت» دېگەن كىتابىدا خاتىرلىگەن، جەئپەر ئىبنى مۇھەممەددىن دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، جىبرىئىلنىڭ چۈشۈشى، ئەزرائىل ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ 100000 پەرىشتە بىلەن چۈشۈشى، ھەر بىرسى بىلەن يەنە 100000 پەرىشتە بارلىقى، ئاخىرىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزقىلغان خىزر ئەلەيھىسسالام بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى قاتتىق زەئىپ دېگەن. بولۇپمۇ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتلىق توغرۇلۇق ھەدىسلەرنى ئالىملار جۆملىدىن ئىبنى جەۋزى، ئۇسەيمىينلەر يالغان دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەدىس قاتتىق ئاجىزدۇر.

5964 – [ 1 ] ( صحيح ) عن عائشة قالت : ما ترك رسول الله صلى الله عليه وسلم دينارا ولا درهما ولا شاة ولا بعيرا ولا أوصى بشيء . رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن ـ كۈمۈش، قوي ـ كالا ـ تۆگە قالدۇرمىدى، ھېچ نەسىگىمۇ ۋەسىيەت قىلمىدى.مۇسلىم توپلىغان.

5965 – [ 2 ] ( صحيح ) عن عمرو بن الحارث أخي جويرية قال : ما ترك رسول الله صلى الله عليه وسلم عند موته دينارا ولا درهما ولا عبدا ولا أمة ولا شيئا إلا بغلته البيضاء وسلاحه وأرضا جعلها صدقة . رواه البخاري

ئەمرۇئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش،قۇل ـ دېدەك، قوي ـ كالا ـ تۆگىلەردىن ھېچ نەرسە قالدۇرمىدى، پەقەت ئاق خېچىرىنى، قۇرالىنى، سەدىقە قىلىۋەتكەن زېمىنىنى قالدۇردى.بۇخارى توپلىغان.

5966 – [ 3 ] وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " لا يقتسم ورثتي دينارا ما تركت بعد نفقة نسائي ومؤنة عاملي فهو صدقة " . متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ بالىلىرىم، ئەۋلادىم، مەندىن كېيىن دىنار، ئالتۇن ــ كۈمۈشنى تەقسىم قىلىشمايدۇ، چۈنكى، مەن مىراس قالدۇرمايمەن،

مەن قالدۇرغان نەرسە، ئاياللىرىمنىڭ نەپىقىسى، خىزمەتچى خادىملارنىڭ چىقىمى، ئىش ھەققى، ئۇلار بولسا، سەدىقىدۇر، مەن قالدۇرغان نەرسىمۇ سەدىقە. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5967 – [ 4 ] وعن أبي بكر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لا نورث ما تركناه صدقة متفق عليه**

ئۆمەر، سەئىد، تەلھە، زۇبەيىر، ئابدۇرەھمان،ئەبۇبەكرى، ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىس قىلىنمايمىز، بىز پەيغەمبەرلەر قالدۇرغان نەرسە سەدىقىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىسمۇ قىلىنمايمىز، بىز قالدۇرغان نەرسىلەر سەدىقە ــ ئىھساندۇر، ھەقىقەتەن بۇ مال، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى، ئۇلارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى، مىھمانلىرى ئۈچۈندۇر، مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۇ ماللار مەندىن كېيىنكى ئىشقا ئىگە بولغان خەلىپىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5968 – [ 5 ] ( صحيح وعن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال : " إن الله إذا أراد رحمة أمة من عباده قبض نبيها قبلها فجعله لها فرطا وسلفا بين يديها وإذا أراد هلكة أمة عذبها ونبيها حي فأهلكها وهو ينظر فأقر عينيه بهلكتها حين كذبوه وعصوا أمره " . رواه مسلم**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بەندىلىرىدىن بىرەر ئۈممەتكە رەھىم قىلىشنى ئىرادە قىلسا، شۇ ئۈممەتنى ھالاك قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىنى بۇرۇن ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، ئالدىن تەييارلانغان ئەجرە، كاتتا ساۋاب قىلىپ بېرىدۇ، ئاللاھ بىرەر ئۈممەتنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، شۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى ھايات چاغدىلا ئۇلارنى ئازاپلاپ ھالاك قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئاسىي بولغانلىقلىرى، ئۇنى ئىنكار قىلىپ يالغانغا چىقارغانلىقلىرى سەۋەبدىن ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى كۆرۈپ، قەلبى ئارام تاپىدۇ، خۇرسەن بولىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5969 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " والذي نفس محمد بيده ليأتين على أحدكم يوم ولا يراني ثم لأن يراني أحب إليه من أهله وماله معهم " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە بىرىڭلارغا شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، شۇ كۈنلەردە ئۇ مېنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشى ئۇنىڭغا پۈتۈن مال ــ مۈلكىدىن ھەتتا  ئەھلى، بالىلىرىدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## كتاب المناقب            پەزىلەتلەرنىڭ كىتابى

### [ 1 ] باب مناقب قريش وذكر القبائل      قۇرەيشنىڭ پەزىلتى ۋە قەبىلىلەر بايانى توغرىسىدا

**5970 – [ 1 ] ( متفق عليه ) الفصل الأول عن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الناس تبع لقريش في هذا الشأن مسلمهم تبع مسلمهم وكافرهم تبع لكافرهم " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەر كاڭ ــ

مەدەنگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھالىيەتتىكى ياخشىسى، فىقھى ئالىم بولسا، ئىسلام دىنىدىمۇ ياخشىدۇر، كىشىلەر مۇشۇ ئىشتا يەنى باشلىق بولۇشتا قۇرەيشلەرگە ئەگىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى قۇرەيشنىڭ مۇسۇلمانلىرىغا، كاپىرلىرىمۇ قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرىغا ئەگىشىدۇ. (ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا ئەگىشىدۇ). كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى مۇشۇ ئىشنى يەنى باش بولۇشنى قاتتىق ياقتۇرمايدىغان تاپىسلەر تاكى ئۇلار مەجبۇرى چۈشۈپ قېلىپ سايلىنىدۇ، (باشلىقلىققا چۈشۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ ياقتۇرمايدۇ).بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5971 – [ 2 ]** ( صحيح ) **وعن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " الناس تبع لقريش في الخير والشر " رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەر ياخشىلىقتىمۇ، يامانلىقتىمۇ قۇرەيشلەرگە ئەگىشىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5972 – [ 3 ] وعن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يزال هذا الأمر في قريش ما بقي منهم اثنان متفق عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇشۇ ئىش يەنى خەلىپىلىك، كىشىلەردىن ئىككى كىشى قېلىپ قالسىلا، قۇرەيشلەردە داۋام قىلىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5973 – [ 4 ]** ( صحيح ) **وعن معاوية قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن هذا الأمر في قريش لا يعاديهم أحد إلا كبه الله على وجهه ما أقاموا الدين " . رواه البخاري**

مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىش يەنى ئىسلام خەلىپىلىكى، قۇرەيشلەردە بولىدۇ، قۇرەيشلەر خەلىپىلىكنى لايىقىدا قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرسىلا، ئىسلام دىنىنى ھەققى لايىقىدا بەرپا قىلسىلا، ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىنى، ھۇجۇم قىلغان كىشىنى ئاللاھ يۈزىچە دۈم سېلىپ ھالاك قىلىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5974 – [ 5 ] وعن جابر بن سمرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا يزال الإسلام عزيزا إلى اثني عشر خليفة كلهم من قريش " . وفي رواية : " لا يزال أمر الناس ماضيا ما وليهم اثنا عشر رجلا كلهم من قريش " . وفي رواية : " لا يزال الدين قائما حتى تقوم الساعة أو يكون عليهم اثنا عشر خليفة كلهم من قريش " . متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ئىسلام دىنى، سىلەرگە 12 خەلىپە سايلىنىپ بولغىچە غالىپ ھالەتتە مۇقىم بەرپا بولۇپ تۇرىدۇ، (ئۇلاردىن ھەربىر خەلىپىگە پۈتۈن ئۈممەت بىرلىككە كېلىدۇ)، ھەممىسى قۇرەيشلەردىن بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇرۇش، زور قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ. يەنەبىردە؛ قۇرەيشلەردىن 12 كىشى كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئىگە، خەلىپە بولسىلا، ئۇلارنىڭ ئىشى مۇقىم ھالەتتە داۋام قىلىدۇ، يەنەبىرىدە؛ بۇ ئىسلام دىنى، تا قىيامەت قايىم بولغان كۈنگىچە ياكى كىشىلەرگە 12 خەلىپە سايلىنىپ بولغىچە غالىپ ھالەتتە مۇقىم بەرپا بولۇپ تۇرىدۇ،ئۇ خەلىپىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرەيشلەردىن بولىدۇ، دىيىلگەن.بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئۈممە ھانئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا قۇرەيشلەرنى يەتتە خىسلەت ئىشلار بىلەن پەزىلەتلىك قىلدى، بۇ ئىشلارنى ئۇلاردىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە بېرىپ باقمىغان، ھەم

بۇندىن كېيىنمۇ ھېچكىمگە بەرمەيدۇ. ئاللاھ قۇرەيشلەرنى مۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگە قىلدى، ھەققەتەن مەن ئۇلاردىن، پەيغەمبەرلىك يەنى مەن ئۇلارنىڭدىن، كەئبىنى باشقۇرۇش، ئاچقۇچىنى قولغا ئېلىش، خاس ھاجىبلىق ئۇلاردا، ھاجىلارنى سۇغۇرۇش، زەمزەم ئۇلاردا، پىل كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بەردى، ئۇلار ئاللاھقا 10 يىل ئىبادەت قىلغان، بۇ چاغدا ئۇلاردىن باشقا ھېچ كىشى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ باقمىغان، ئاللاھ ئۇلار توغرىسىدا قۇرئاندىن بىر سۈرە نازىل قىلدى، بۇ سۈرىدە ئۇلاردىن باشقا ھېچ بىركىشىنى زىكىر قىلمىدى، ئۇ سۈرە قۇرەيشتۇر، يەنى لىئىيلافى قۇرەيشتۇر، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، ھەسەن. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەندىن كېيىن 12 ئەمىر، خەلىيپە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرەيشلەردىندۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5975 – [ 6 ] (وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " غفار غفر الله لها وأسلم سالمها الله وعصية عصت الله ورسوله " . متفق عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: غىپار قەبىيلىسىگە ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن، ئەسلەم قەبىيلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن، ئەسىيەت قەبىيلىسى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلدى، بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلغاي، غەپپار قەبىلىسىنى مەغپىرەت قىلغاي، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ سۆزنى مەن دىمىدىم، ئاللاھمۇ شۇنداق دىدى، ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5976 – [ 7 ] وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " قريش والأنصار وجهينة ومزينة وأسلم وغفار وأشجع موالي ليس لهم مولى دون الله ورسوله " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرەيش، ئەنسار ، جۇھەينە، مۇزەينە، ئەسلەم، ئەشجەئ، غىپار قەبىلىلىرى مېنىڭ دوستۇم، ئۇلارغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن باشقا يېقىن دوست ۋە ئىگە يوقتۇر، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەسلەم، غەپپار، ئەشجەئ، مۇزەينەت، جۇھەينەت، بەنى كەئبدىن بولغان كىشىلەر مېنىڭ دوستلىرىم، باشقىلار ئەمەس، شۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئۇلارنىڭ مەۋلاسى ئىگىسى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5977 – [ 8 ] وعن أبي بكرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أسلم وغفار ومزينة وجهينة خير من بني تميم وبني عامر والحليفين بني أسد وغطفان " . متفق عليه**

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەسلەم، غىپار، مۇزەينەت، جۇھەينەت قەبىلىسى بەنى تەمىيم، ئەسەد، غەتقان، ئامىر ئىبنى سەئسەت قەبىلىسىدىن ياخشىراقتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسلەردىكى مەخسەت، شۇ قەبىلىلەر پەزىلىتىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەسلەم، غەپپار، مۇزەينەدىن ئازىراق كىشىلەر جۇھەينەت قەبىلىلىرى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەسەد، تەمىيم، ھاۋازىن، غەتىقان قەبىلىسىدىن ياخشىراقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5978 – [ 9 ] وعن أبي هريرة قال : " ما زلت أحب بني تميم منذ ثلاث سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول فيهم سمعته يقول : " هم أشد أمتي على الدجال " قال : وجاءت صدقاتهم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هذه صدقات قومنا " وكانت سبية منهم عند عائشة فقال : " اعتقيها فإنها من ولد إسماعيل " . متفق عليه**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەنى تەمىملەر توغرىسىدا ئۈچ نەرسىنى دىگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن باشلاپلا ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، رەسۇلۇللاھ؛ئۇلار(يەنى بەنى تەمىملەر)دەججالغا ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ قاتتىق قارشى تۇردىغان كىشىللىرىدۇر دىگەن. ئۇلارنىڭ سەدىقىللىرى كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ؛بۇ بىزنىڭ قەۋمىمىزنىڭ سەدىقىللىرى دىگەن. ئۇلاردىن بىر ئولجا ئېلىنغان ئايال ئائىشەنىڭ قولىغا چۈشكەندە، رەسۇلۇللاھ؛ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكىن، چۈنكى ئۇ ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن دىگەن ئىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**5979 – [ 10 ] الفصل الثاني عن سعدعن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من يرد هوان قريش أهانه الله " رواه الترمذي**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قۇرەيىشلەرگە ئاھانەت قىلىپ خارلاشنى ئىرادە قىلسا،**الله**، ئۇ كىشىنى خارلايدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى،نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قۇرەيىشلەرنى ئاھانەت قىلىپ خارلىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى خارلايدۇ. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5980 – [ 11 ] ( حسن صحيح ) وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم أذقت أول قريش نكالا فأذق آخرهم نوالا " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى **الله !** قۇرەيشلەرنىڭ ئەۋۋەلىگە بالا ئازاپنى تېتىتتىلا، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا مۇكاپات،سوۋغا ـ سالاملىرىنى تېتىسسىلا.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ. جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قۇرەيىشلەردىن ھەربىر كىشىگە ئۇلاردىن باشقىلاردىن ئىككى ئەرنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلگەن، ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5981 – [ 12 ] ( ضعيف )وعن أبي عامر الأشعري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم الحي الأسد والأشعرون لا يفرون في القتال ولا يغلون هم مني وأنا منهم " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ئامىر ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەسەد نېمە دىگەن ياخشى قەبىلە، ئەشئەرىيلىكلەر جەڭدىن قاچمايدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ، ئۇلار مەندىن، مەن ئۇلاردىن. تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

**5982 – [ 13 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الأزد أزد الله في الأرض يريد الناس أن يضعوهم ويأبى الله إلا أن يرفعهم وليأتين على الناس زمان يقول الرجل : يا ليت أبي كان أزديا ويا ليت أمي كانت أزدية " رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزەر قەبىلىسى، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى مۇقىم قىلغان ئەزەدى. كىشىلەر ئۇلارنى تۆۋەنلەشتۈرمەكچى بولىدۇ، ئاللاھ ئۇنىماي ئۈستۈن قىلىدۇ، كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئەر كىشى ئىستت! كاشكى دادام ـــ ئانام ئەزەد قەبىلىسىدىن بولغان بولسىچۇ دەپ كېتىدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيب دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

5983 – [ 14 ] ( ضعيف )وعن عمران بن حصين قال : مات النبي صلى الله عليه وسلم وهو يكره ثلاثة أحياء : ثقيف وبني حنيفة وبني أمية . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قەبىلىنى يامان كۆرۈپ ياقتۇرماي، بۇ ئالەمدىن كەتتى، ئۇلار سوقەيىب، بەنۇ ھەنىيفە، بەنۇ ئۇمەييەلەردۇر، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيب دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

5984 – [ 15 ] وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " في ثقيف كذاب ومبير " قال عبد الله بن عصمة يقال : الكذاب هو المختار بن أبي عبيد والمبير هو الحجاج بن يوسف وقال هشام بن حسان : أحصوا ما قتل الحجاج صبرا فبلغ مائة ألف وعشرين ألفا . رواه الترمذي

ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمائ،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سۇقەيىپ قەبىلىسىدە كاززاپ بار، ۋە كىشىلەر ئارىسىدا زۇلۇم قىلغۇچى، پاساد تېرىغۇچى كىشى بار دېدى، (ئىبنى ئەسسەمەت؛ كاززاپ بولسا، مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە، ئۇ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان كاززاپ ئىدى، مۇبىير پاسادچى بولسا، ھەججاج ئىبنى يۇسۇف شۇ،دېدى.ھىشامدىن؛ كىشىلەر ھەججاج زۇلۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى ساناپ، 120000 ئادەم چىقارغان دېيىلدى) تىرمىزى 2146 ـــ ھەدىس، مۇسلىم 4617 ـــ ھەدىس، ئەھمەد 25735 ـــ ھەدىس، سەھىھ.

5985 – [ 16 ] ( صحيح وروى مسلم في " الصحيح " حين قتل الحجاج عبد الله بن الزبير قالت أسماء : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم حدثنا " أن في ثقيف كذابا ومبيرا فأما الكذاب فرأيناه وأما المبير فلا إخالك إلا إياه وسيجيء تمام الحديث في الفصل الثالث

ھەججاج ، ئىبنى زۇبەيرنى ئۆلتۈرگەندە، ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگەمۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سۇقەيىپ قەبىلىسىدە كاززاپ بار، ۋە كىشىلەر ئارىسىدا زۇلۇم قىلغۇچى، پاساد تېرىغۇچى كىشى بار.كاززاپنى بىز كۆردۇق، پاسادچىنى بولسا، ھەججاجنىكى دەپ گۇمان قىلىمەن دېدى.مۇسلىم، ئىبنى ئۆمەر، سالامەت بىنتى ھور رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سوقەيىپ قەبىلىسىدە بىر كاززاپ ۋە بىر ھالاكەتچى، پاسادچى باردۇر، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما مۇنداق دېگەن: كاززاپ بولسا، ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېنىنى داۋا قىلىپ چىققان، نۇرغۇن شىيئەلەرنى توپلىغان، مۇختار كاززاپ شۇدۇر، بۇ كۇفەدە ئاشكارا بولغان، ھەتتا پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان، مۇبىير پاسادچى، ھالاكەتچى بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى ئۆلتۈرگەن، ھەججاج ئىبنى يۇسۇف بولۇپ، بۇ زالىم ئىدى دېگەن.

5986 – [ 17 ] وعن جابرقال : قالوا : يا رسول الله أحرقتنا نبال ثقيف فادع الله عليهم قال : اللهم اهد ثقيفا رواه الترمذي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزنى سۇقىيف قەبىلىسىنىڭ ئوقلىرى كۆيدۈرىۋەتتى،

ئۇلارغا قارشى **الله** قا بەد دۇئا قىلىسلا دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى **الله**! سۇقىيف قەبىلىسىنى ھىدايەت قىلىسلا دېدى.تىرمىزى توپلىغان.

**5987 – [ 18 ]** ( **ضعيف** )**وعن عبد الرزاق عن أبيه عن ميناء عن أبي هريرة قال : كنا عند النبي صلى الله عليه وسلم فجاء رجل أحسبه من قيس فقال : يا رسول الله العن حميرا فأعرض عنه ثم جاءه من الشق الآخر فأعرض عنه ثم جاءه من الشق الآخر فأعرض عنه فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " رحم الله حميرا أفواههم سلام وأيديهم طعام وهم أهل أمن وإيمان " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب لا نعرفه إلا من حديث عبد الرزاق ويروى عن ميناء هذا أحاديث مناكير**

ئابدۇررەززاقدىن دادىسىدىن، مەينائىدىن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، قىيس قەبىلىسىدىن بىر ئەر كېلىپ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ھومەيرا قەبىلىسىگە لەنەت ئوقۇسلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، تەتۈر قارىۋالدى، ئۇ يەنە بىر تەرەپدىن كەلگەن ئىدى، يەنە شۇنداق قىلدى، يەنە بىر قېتىم شۇنداق قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ ھۇمەيرا قەبىلىسىگە رەھمەن قىلسۇن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدا سالام، قوللىرىدا تائام بار دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ، بۇ ھەدىس غەرىيپ، شۇنداقلا ئابدۇرەززاقنىڭ مەينائىدىن سۆزلىگەن ھەدىسلىرى مۇنكەردۇر دېگەن.

**5988 – [ 19 ]** ( **صحيح** ) **وعنه قال : قال لي النبي صلى الله عليه وسلم : " ممن أنت ؟ قلت : من دوس . قال : " ما كنت أرى أن في دوس أحدا فيه خير " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ سەن كىمنىڭ جەمەلىسىدىن بولىسەن؟دېدى، مەن؛ دۇۋەيس قەبىلىسىدىن بولىمەن دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛مەن دۇۋەيس قەبىلىسىدە ياخشىلىقى بار بىرمۇ كىشى بار دەپ قارىمايمەن،(ئۇلاردا ياخشىلىق يوق) دېدى.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**5989 – [ 20 ]** ( **ضعيف** )**وعن سلمان قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا تبغضني فتفارق دينك " قلت : يا رسول الله كيف أبغضك وبك هدانا الله ؟ قال : " تبغض العرب فتبغضني " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېدى، سەن ماڭا غەزەپ قىلما، دىنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىسەن، مەن ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، سىلى سەۋەبلىك ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغان تۇرسا، قانداقمۇ مەن سىلىگە غەزەپ قىلاي؟ دېسەم، ئەرەبلەرگە غەزەپ قىلساڭ، ماڭا غەزەپ قىلغان بولىسەن دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دېگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا گەرچە ئۆزى ئەرەب بولسىمۇ، زەئىپ دېدى، شۇنداق، ئەرەبلەردىن مەڭگۈلۈك دوۋزاخقا ھۆكۈم قىلىنغانلارمۇ چىقتىغۇ؟ ھىلىھەممۇ چىقىۋاتىدۇ،

**5990 – [ 21 ]** ( **موضوع** )**وعن عثمان بن عفان قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من غش العرب لم يدخل في شفاعتي ولم تنله مودتي " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب لا نعرفه إلا من حديث حصين بن عمر وليس هو عند أهل الحديث بذاك القوي**

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەرەبلەرنى ئالدىسا، خىيانەت قىلسا، شاپائىتىمگە كىرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا مىنىڭ دوستلۇقۇم يەتمەيدۇ، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ، كۈچلۈك ئەمەس دېگەن. ئەمما، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ يالغان ھەدىس دېدى، ھۈسەيىن ئىبنى

ئۈمەرقاتارلىقلار ھەممىسى كازازاپ ئىكەن، ھەدىسلىرى مۇنكەر، زەئىپ ئىكەن، بۇخارى رەھمەھۇللادەك مۇھەددىسلەر سۆزى.

**5991 – [ 22 ] ( ضعيف )وعن أم حرير مولاة طلحة بن مالك قالت : سمعت مولاي يقول : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " من اقتراب الساعة هلاك العرب " رواه الترمذي**

ئۇممە ھەرىردىن مەن خوجايىنىم تەلھە ئىبنى مالىكدىن ئاڭلىدىم، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن دېدى: ئەرەبلەرنىڭ ھالاك بولۇشى، قىيامەتنىڭ يېقىن قىلىشىدۇر، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى. ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قىيامەت قايىم بولۇش ئۈچۈن) كىشلەرنىڭ تۈنجى قېتىم ھالاك بولىدىغانلىرى قۇرەيىشتۇر، قۇرەيىشلەردىن تۈنجى بولۇپ ھالاك بولۇپ، يوقىلىدىغىنى مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ھالاك بولۇشى، قۇرەيىشدىن بولغان بىر كىچىك غۇلامنىڭ قولىدىدۇر. (يەنى، بالا پادىشاھ، بالا ئەمىرنىڭ). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام خەلىپىسى مىراس قالدۇرۇلماستىن بەلكى مۆئمىنلەر ئۆزلىرى تاللاپ سايلايدۇ، ئەڭ دانا، ئالىم، تەقۋا كىشىنى تاللاپ سايلايدۇ، خۇددى تۆت خەلىپىنى تاللاپ سايلىغاندەك.

**5992 – [ 23 ] ( موقوف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الملك في قريش والقضاء في الأنصار والأذان في الحبشة والأمانة في الأزد " يعني اليمن . وفي رواية موقوفا . رواه الترمذي وقال : هذا أصح**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:پادىشاھلىق قۇرەيىشتە،قازىيلىق ئەنسارىلاردا، ئەزان ھەبەشىيلەردە، ئامانەت ئەزەد يەنى يەمەندە بولىدۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى بۇ ساھابە سۆزى، ھەدىس مەۋقۇپ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئەمەس ئىكەن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پادىشاھلىق، قۇرەيىشلەردە، قازىيلىق ئەنسارىلاردا، ئەزان تۇۋلاش ھەبەشىيلەردە، ئامانەت ئەزەد قەبىلىسىدە بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5993 – [ 24 ] ( صحيح ) الفصل الثالث عن عبد الله بن مطيع عن أبيه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول يوم فتح مكة : " لا يقتل قرشي صبرا بعد هذا اليوم إلى يوم القيامة " . رواه مسلم**

مۇتىيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھى كۈنى مۇنداق دېگەن: بۈگۈنكى مۇشۇ كۈندىن باشلاپ تا قىيامەت كۈنىگىچە قۇرەيىشلەر زۇلۇم قىلىنىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5994 – [ 25 ] ( صحيح ) وعن أبي نوفل معاوية بن مسلم قال : رأيت عبد الله بن الزبير على عقبة المدينة قال فجعلت قريش تمر عليه والناس حتى مر عليه عبد الله بن عمر فوقف عليه فقال : السلام عليك أبا خبيب السلام عليك أبا خبيب أما والله لقد كنت أنهاك عن هذا أما والله لقد كنت أنهاك عن هذا أما والله لقد كنت أنهاك عن هذا أما والله إن كنت ما علمت صواما قواما وصولا للرحم أما والله لأمة أنت شرها لأمة سوء – وفي رواية لأمة خير – ثم نفذ عبد الله بن عمر فبلغ الحجاج موقف عبد الله وقوله فأرسل إليه فأنزل عن جذعه فألقي في قبور اليهود ثم أرسل إلى أمه أسماء بنت أبي بكر فأبت أن تأتيه فأعاد عليها الرسول لتأتيني أو لأبعثن إليك من يسحبك بقرونك . قال : فأبت وقالت : والله لا آتيك حتى تبعث إلي من يسحبني**

**بقروني . قال : فقال : أروني سبتي فأخذ نعليه ثم انطلق يتوذف حتى دخل عليها فقال : كيف رأيتني صنعت بعدو الله ؟ قالت : رأيتك أفسدت عليه دنياه وأفسد عليك آخرتك بلغني أنك تقول له : يا ابن ذات النطاقين أنا والله ذات النطاقين أما أحدهما فكنت أرفع به طعام رسول الله صلى الله عليه وسلم وطعام أبي بكر من الدواب وأما الآخر فنطاق المرأة التي لا تستغني عنه أما إن رسول الله صلى الله عليه وسلم حدثنا : " أن في ثقيف كذابا ومبيرا " . فأما الكذاب فرأيناه وأما المبير فلا إخالك إلا إياه . قال فقام عنها ولم يراجعها . رواه مسلم**

مۇئاۋىيەئىبنى مۇسلىم رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىنىڭ داۋىنىدا كۆردۈم، (يەنى ھەججاج تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغانىنى كۆردۈم)قۇرەيشلەر ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ يېنىدىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا توختاپ ئۈچ قېتىم:ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئى ئەبۇخۇبەيب!دېدى، يەنە ئۈچ قېتىم؛**الله** بىلەن قەسەمكى، مەن سىنى مۇشۇنىڭدىن (يەنى ئاۋۇ يامان كىشىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ مۇشۇنداق ئاقىبەتكە قېلىشىڭدىن)توسقان ئىدىم دېدى، ئاندىن يەنە؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن مېنىڭ بىلىشىمچە كۆپ رۇزا تۇتقۇچى، كېچىسى قىيامدا تۇرغۇچى، سىلە-رەھىمنى ئۇلىغۇچى ئىدىڭ، سەن مايان سانىلىپ قالغان بۇ ئۇممەت، (سىنى يامان كىشى ھىساپلىغان بۇ ئۇممەت) ئەڭ يامان ئۇممەتتۇر، يەنەبىرخاتىردە كىنايە قىلىپ ئەڭ ياخشى ئۇممەتتۇر دەپ قويغان، ئاندىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولىغا راۋان بولدى، ئۇنىڭ تۇرىشى، پۇزىتسىسى ۋە سۆزلىرى ھەججاجغا يېتىشىدى، ئاندىن ھەججاج ئىبنى زۇبەيرنى چۈشۈرۈۋېتىشكە كىشى ئەۋەتتى، ئاندىن ئۇ دارغا ئېسىلغان شاختىن چۈشۈرۈلۈپ، يەھۇدىيلەر قەبرىستانلىقىغا تاشلاندى، ئاندىن ھەججاج ئۇنىڭ ئانىسى ئەسمائەگە كىشى ئەۋەتتى، ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئۇنىمىدى، ئاندىن ئۇ قايتا كىشى ئەۋەتىپ؛ يا ئۆزۈڭ كىلىسەن ياكى مەن ساڭا، سىنى ئۆرىمە چاچلىرىڭدىن سۆرەپ ئېلىپ كىلىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىمەن دېدى، ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھايەنە بېرىشقا ئۇنىماي؛**الله** بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا ئۆرىمە چاچلىرىمدىن سۆرەپ ئېلىپ بارىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتمىگىچە قېشىڭغا ھەرگىز بارمايمەن دېدى، ئاندىن ھەججاج؛ئايىقىمنى ئېلىپ كىلىڭلار دەپ، ئايىقىنى ئېلىپ، ئۇششاق چامداپ، كىبىرى قىلىپ مېڭىپ، ئەسمائنىڭ قېشىغا كىرىپ كىلىپ؛ ماڭا قانداق قارايسەن؟ **الله** نىڭ دۈشمىنىگە قانداقراق قىلدىم؟دېدى، ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛مىنىڭ قارىشىمچە سەن ئۇنىڭ (يەنى ئوغلۇمنىڭ)بۇ دۇنيالىقىنى بۇزدۇڭ، ئۇ سىنىڭ ئاخىرەتلىكىڭنى بۇزدى، ئاڭلىشىمچە سەن ئۇنى؛ ئى زاتىننىتاقەيىنىڭ ئوغلى دەپسەن، **الله** بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن راستىنلا ئىككى دانە بەلۋاغنىڭ ئىگىسى، ئۇنىڭ بىرىگە كەلسەك، مەن ئۇبەلۋاغ بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ تامىقىنى ئۇلاغقا ئارتىپ كۆتۈرگەن ئىدىم، يەنە بىرىگە كەلسەك، ئايال كىشى ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدۇ، رەسۇلۇللاھ بىزگە:« سۇقەيف قەبىلىسى ئىچىدە بىر كاززاپ بىلەن پىتنە-پاساد تېرىغۇچى يامان كىشى بولىدۇ»دىگەن ئىدى، يالغانچى كاززاپنىغۇ كۆردۇق، پىتنە-پاساد تېرىغۇچى يامان كىشىنى بولسا، سەن شۇمىكى دەپ گۇمان قىلىمەن دېدى، ھەججاج ئۇنىڭ گەپ-سۆز قايتۇرماي چىقىپ كەتتى.مۇسلىم توپلىغان.

**5995 – [ 26 ]** ( صحيح ) **وعن نافع عن ابن عمر أتاه رجلان في فتنة ابن الزبير فقالا : إن الناس صنعوا ما ترى وأنت ابن عمر وصاحب رسول الله صلى الله عليه وسلم فما يمنعك أن تخرج ؟ فقال : يمنعني أن الله حرم دم أخي المسلم . قالا : ألم يقل الله : [ وقاتلوهم حتى لا تكون فتنة ] فقال ابن عمر : قد قاتلنا حتى لم تكن فتنة وكان الدين لله وأنتم تريدون أن تقاتلوا حتى تكون فتنة**

ويكون الدين لغير الله . رواه البخاري

ناپئىتن، ئىبنى زۇبەيرنىڭ پىتنىسى توغرىسىدا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئىككى كىشى كېلىپ؛ كىشىلەر(يەنى ھەججاج) سەن كۆرگەن ئىشلارنى قىلىپ كەتتى، سەن بولساڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى بولسەن، سىنى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىشتىن نىمە توستى؟دېدى، ئۇ؛ مىنى ئۇرۇشقا چىقىشتىن الله تائالا نىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنىڭ قېنىنى ھارام قىلىشى توستى دېدى، ئۇلار؛الله تائالا:«پىتنە ـ پاساد بولمىغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار…» دىمىگەنمۇ؟دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بىز پىتنە ـ پاساد بولمىغانغا قەدەر، دىن الله قا خالىس بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدۇق، سىلەر ئەمدى پىتنە ـ پاساد بولغانغا قەدەر، دىن الله نىڭ غەيرىگە خاس بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتامسىلەر دېدى.بۇخارى توپلىغان.

5996 – [ 27 ] وعن أبي هريرة قال : جاء الطفيل بن عمرو الدوسي إلى رسول الله صلى الله عليه وسل فقال : إن دوسا قد هلكت عصت وأبت فادع الله عليهم فظن الناس أنه يدعو عليهم فقال : " اللهم اهد دوسا وأت بهم " . متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، دۇۋەيسلىك تۇپەيل، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ دۇۋەيس قەبىلىسى ھالاك بولدى، ئۇلار الله قا ئاسىيلىق قىلدى، ئۇلار ئىسلامغا كىرىشكە ئۇنىمىدى، ئۇلارغا قارشى الله قا بەد دۇئا قىلسىلا دېدى، كىشىلەر رەسۇلۇللاھنى ئۇلارغا قارشى بەد دۇئا قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ قالدى، ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ؛ئى الله! دۇۋەيس قەبىلىسىنى ھىدايەت قىلسىلا، ئۇلارنى ماڭا مۇسۇلمان ھالىتىدە كەلتۈرۈپ بەرسىلە دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.بۇھەدىستا دۇۋەيسلەردە ياخشىلىق بارلىقى باردۇر.

5997 – [ 28 ] ( موضوع )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أحبوا العرب لثلاث : لأني عربي والقرآن عربي وكلام أهل الجنة عربي " . رواه البيهقي في " شعب الإيمان "

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەرەبلەرنى ئۈچ ئىشدىن ياخشى كۆرۈڭلار، بىرسى مەن ئەرەب، ئىككىنچىسى، قۇرئان ئەرەب تىلى، ئۈچىنچىسى جەننەت ئەھلىنىڭ سۆزلىرى ئەرەب تىلى، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ يالغان ھەدىس دىگەن. مەنمۇ بۇ ھەدىسنى يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يازغان ئىدىم، ئۇ كىتابنى تۈزگۈچى ئاپتور، مۇھەددىسلەر پادىشاھى مۇھەممەد تاھىردۇر.

| [ 2 ] باب مناقب الصحابة – الفصل الأول | ساھابىلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا |
|---|---|

5998 – [ 1 ] عن أبي سعيد الخدري قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " لا تسبوا أصحابي فلو أن أحدكم أنفق مثل أحد ذهبا ما بلغ مد أحدهم ولا نصيفه " . متفق عليه

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر مىنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار، ئەيىبلىمەڭلار، جىنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىرىڭلار ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇننى سەدىقە قىلىپ، چىقىم قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بىر كىلوگرام ۋە ئۇنىڭ يېرىمچىلىك يەنى بىر جىڭ ئاشلىق يا خورمىنى سەدىقە ئىھسان قىلغىنىنىڭ ساۋابـ دەرىجىسىگىمۇ يېتەلمەيدۇ. مۇسلىم ــ 4610 ھەدىس، بۇخارى ــ 3397 ھەدىس، ئەھمەد 10657 ــ ھەدىس، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد،

تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5999 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أبي بردة عن أبيه قال : رفع – يعني النبي صلى الله عليه وسلم – رأسه إلى السماء وكان كثيرا ما يرفع رأسه إلى السماء . فقال : " النجوم أمنة للسماء فإذا ذهبت النجوم أتى السماء ما توعد وأنا أمنة لأصحابي فإذا ذهبت أتى أصحابي ما يوعدون وأصحابي أمنة لأمتي فإذا ذهب أصحابي أتى أمتي ما يوعدون " . رواه مسلم**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپۈنچە بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ قويۇپ سۆز قىلاتتى، بىر قېتىم بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ قويۇپ مۇنداق دېگەن: يۇلتۇزلار ئاسماننى ئەمىن، تىنىچ ھالەتتە مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسىدۇر، يۇلتۇزلار يوقىغان ھامان ئاسمانغا ۋەدە قىلىنغان نەرسە يېتىپ كېلىدۇ، (يەنى ئاسمان يېرىلىپ، سۇدەك ئېقىپ ھالاك بولىدۇ.) مەن ساھابىلىرىم ئۈچۈن ئەمىنلىك، تىنىچلىق ئېلىپ كەلگۈچى، مەن ھايات بولسام، ئۇلار ئەمىن تۇرىدۇ. مەن كەتكەن ھامان ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان نەرسە كېلىدۇ (يەنى پىتنە ــ پاسادتا تۇگىشىدۇ.) ساھابىلىرىم مۇشۇ ئۈممەت ئۈچۈن ئەمىنلىك، تىنچلىقتۇر، مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدۇ، ساھابىلار كەتكەن ھامان بۇ ئۈممەتىمگە ۋەدە قىلىنغان ئىشلار يېتىپ كېلىدۇ. (يەنى 73 پىرقىگە بۆلۈنۈش، ئىختىلاپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق، پىتنە ــ پاسادتا ھالاك بولۇشلار، خەلىپە تۇگەپ، پادىشاھلىق تۈزۈمى بولۇشلار كېلىدۇ. راستىنلا كەلدى، يەنە كېلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6000 – [ 3 ] وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يأتي على الناس زمان فيغزو فئام من الناس فيقولون : هل فيكم من صاحب رسول الله صلى الله عليه وسلم . فيقولون : نعم . فيفتح لهم ثم يأتي على الناس زمان فيغزو فئام من الناس فيقال : هل فيكم من صاحب أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فيقولون : نعم . فيفتح لهم ثم يأتي على الناس زمان فيغزو فئام من الناس فيقال : هل فيكم من صاحب من صاحب أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فيقولون : نعم . فيفتح لهم " . متفق عليه**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە بىر زامان كېلىدۇكى، كىشىلەردىن بىر بۆلەك جامائەت ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئاندىن ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى بارمۇ؟ دېيىلىدۇ. ئۇلار ھەئە بار دەيدۇ، ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلىنىدۇ، ئاندىن كىشىلەرگە يەنە بىر زامان كېلىدۇكى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ يولىدا غازات قىلىدۇ، ئۇلارغا ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىغا ھەمراھ بولغان تابىئىنلار بارمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار ھەئە بار دەيدۇ، ئۇلارغىمۇ غەلىبە ئاتا قىلىنىدۇ، ئاندىن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارغا ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھەمراھلىرى بولغان تابىئىنلارغا ھەمراھ بولغان ئەتبائ، ئەگەشكۈچىلەر بارمۇ دېيىلىدۇ، ئۇلار ھەئە بار دەيدۇ. ئۇلارغىمۇ غەلىبە ئاتا قىلىنىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**وفي رواية لمسلم قال : " يأتي على الناس زمان يبعث منهم البعث فيقولون : انظروا هل تجدون فيكم أحدا من أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ فيوجد الرجل فيفتح لهم به ثم يبعث البعث الثاني فيقولون : هل فيهم من رأى أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم ؟ فيفتح لهم به ثم يبعث البعث الثالث فيقال : انظروا هل ترون فيهم من رأى من رأى أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم ؟ ثم يكون البعث الرابع فيقال : انظروا هل ترون فيهم أحدا رأى من رأى أحدا رأى أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم ؟ فيوجد**

الرجل فيفتح لهم به "

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە؛ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىس بار بولۇپ، ساھابە،تابىئىن،ئەتباﺋ، ھەتتا ئەتباﺋلارنى كۆرگەن كىشى بار قوشۇنغىمۇ غەلبە ئاتا قىلىنىدۇ.سەھىھ.

**6001 – [ 4 ] وعن عمران بن حصين قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير أمتي قرني ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم إن بعدهم قوما يشهدون ولا يستشهدون ويخونون ولا يؤتمنون وينذرون ولا يفون ويظهر فيهم السمن " . وفي رواية : " ويحلفون ولا يستحلفون " . متفق عليه**

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەڭ ياخشىلىرىڭلار،ئۈممۈتۈمنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىللىرى مىنىڭ زامانىمدىكىلەر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن كېيىن، ئۇچىنچى ئەسىردىكى تابىئىنلارغا يېقىن بولغانلار، يەنى ئەتباﺋلار، ئاندىن كېيىن، شۇنداق قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇكى، ئۇلار گۇۋاھچىلىققا تەلەپ قىلىنماي تۇرۇپمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئامانەتنى ئادا قىلماي، خىيانەت قىلىدۇ، ۋەدە قىلىپ ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇلاردا سېمىزلىك ئاشكارا بولىدۇ، (يەنى دىن ئۇچۇن غەم قىلماي، خىزمەت قىلماي سەمرىيدۇ)قەسەم قىلىشى تەلەپ قىلىنمىسىمۇ،قەسەم قىلىپ كېتىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6002 – [ 5 ] ( صحيح ) وفي رواية لمسلم عن أبي هريرة : " ثم يخلف قوم يحبون السمانة "**

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن،ئىبنى مەسئۇد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ ياخشىسى مىنىڭ زامانىمدىكىلەردۇر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلاردۇر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغان ئۇچىنچى ئەسىردىكى كىشىلەردۇر، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىدۇ، ئۇلار سېمىزدۇر، سېمىزلىكنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلاردىن سورىلىشىدىن بۇرۇنلا يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ بولىدۇ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىشىلەرنىڭ ياخشىسى، مىنىڭ زامانىمدىكىلەر، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولغان ئۇچىنچى ئەسىردىكى كىشىلەردۇر، ئاندىن كېيىن، نۇرغۇن قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى، قەسىمىگە، قەسىمى گۇۋاھلىقىغا ئىلگىرلەپ كېتىدۇ، (يەنى، يالغان قەسەم، يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**مانا بۇ سەلەپ سالىھ ياخشىلاردۇر،**

**ئەھلى سۈننى ۋە لجامائەلەردۇر،**

**ئەقىدە بىلەن ئىبادەتتە توغرا يول تۇتقانلار،**

**ئەنە شۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەردۇر.**

**6003 – [ 6 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن عمر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أكرموا أصحابي**

**فإنهم خياركم ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يظهر الكذب حتى إن الرجل ليحلف ولا يستحلف ويشهد ولا يستشهد ألا من سره بحبوحة الجنة فليلزم الجماعة فإن الشيطان ثالثهم ومن سرته حسنته وساءته سيئته فهو مؤمن "**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ساھابىلىرىمنى، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان تابىئىنلارنى، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان ئەتبائىلارنى لازىم تۇتۇشۇڭلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن،ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار،ئۇلار ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر، ئاندىن كېيىن، يالغانچىلىق ئاشكارا يامراپ كېتىدۇ، ھەتتا، كىشى قەسەم تەلەپ قىلىنمىسىمۇ قەسەم قىلىپ كېتىدۇ، گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەر كىشى ئايال كىشى بىلەن يالغۇز، خالىي جايغا چىقمىسۇن، ئۇنداق قىلماي خالىي جايغا چىقسا، ئۇچىنچىسى شەيتان بولىدۇ، (ئاندىن كېيىن، ئۇچىلىسى شەيتان بولىدۇ) سىلەر جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار، تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىكتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان يالغۇز كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ، ئىككى كىشىدىن يىراقراق تۇرىدۇ، كىم جەننەتنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى،قاپ ئوتتۇرىسىنى ئىرادە قىلسا، جامائەتنى لازىم تۇتسۇن، (بولۇپمۇ خەلىپە جامائىتىنى لازىم تۇتسۇن) كىمنى ياخشىلىق قىلىشى، خۇرسەن خۇشال قىلسا، يامانلىقى خاپا قىلسا، ئەنە شۇ كىشى مۆئمىندۇر، ئەھمەد 109 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2354 _ ھەدىس، تىرمىزى 2091 _،نەسەئى، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**6004 – [ 7 ]** ( **حسن** ) **وعن جابر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال :لا تمس النار مسلما رآني أو رأى من رآني رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى كۆرگەن مۇسۇلمان كىشىگە ياكى مېنى كۆرگەنلەرنى كۆرگەن مۇسۇلمان كىشىگە دەۋزەخ ئوتى يەتمەيدۇ.تىرمىزى توپلىغان،ھەسەن. ئەبۇ سەئىد، ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى كۆرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرگەنلەرنى كۆرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرگەنلەرنى كۆرگەنلەرنى كۆرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، (يەنى ساھابە، تابىئىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە خۇش مۇبارەك) ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى كۆرۈپ ماڭا ئىمان ئېيتقان كىشىگە بىر قېتىم خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ماڭا شەكسىز ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگە يەتتە قېتىم خۇش مۇبارەك، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى تاپقان ۋە ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، (بۇلار ساھابىلاردۇر) مېنى تاپالمىسىمۇ كۆرەلمىسىمۇ ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگىمۇ خۇش مۇبارەكتۇر. ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ. ئىبى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى كۆرۈپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان كىشىگە ئۈچ قېتىم خۇش مۇبارەك، تەيالىسى، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، ئۇلار نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆزى بىلەن كۆرگەن، ۋەھيىنىڭ زامانىدا ياشىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىۋاستە دۇئا قىلىپ تۇراتتى، ئاسمان _ زېمىن ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار ئىدى، ھازىر بولسا، قۇرئاندىن باشقا مۆجىزە يوق، پىتنە _ پاساد زامانى، ئىماننى ساقلىماق تېخىمۇ قىيىن، خۇددى ئالقاندا چوغ ساقلىغاندەك، ئەمەلىيەتتە ساھابىلار ئۇلۇغ كىشىلەردۇر، بۇ ھەدىستە كېيىنكىلەرگىمۇ خۇش مۇبارەك دېيىلگەن.

**6005 – [ 8 ] وعن عبد الله بن مغفل قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الله الله في أصحابي لا تتخذوهم غرضا من**

**بعدي فمن أحبهم فبحبي أحبهم ومن أبغضهم فببغضي أبغضهم ومن آذاهم فقد آذاني ومن آذاني فقد آذى الله ومن آذى الله فيوشك أن يأخذه " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساھابىللىرىم ھەققىدە الله تىن قورقۇڭلار، ئۇلارنى پەقەت ياخشى سۆزلەر بىلەنلا تىلغا ئېلىڭلار، ئۇلارنى مەندىن كېيىن ئەيىبلەش نىشانى قىلىۋالماڭلار، كىم ساھابىللىرىمنى ياخشى كۆرسە، مەن مۇھەببىتىم بىلەن ئۇكىشىنى ياخشى كۆرىمەن، كىم ئۇلارنى ئۆچ كۆرسە، مەنمۇ ئۇكىشىنى غەزىپىم بىلەن ئۆچ كۆرىمەن، كىم ئۇلارغا ئازار بەرسە، ئۇ ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ، مەڭا ئازار بەرگەن كىشى الله قا ئازار بەرگەن بولىدۇ(چۈنكى مەن الله نىڭ ئەلچىسى) كىم الله قا ئازار بەرسە، الله تائالا ئۇكىشىنى ئازاپلىشى مۇمكىن.تىرمىزى توپلىغان.

**6006 – [ 9 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل أصحابي في أمتي كالملح في الطعام لا يصلح الطعام إلا بالملح " قال الحسن : فقد ذهب ملحنا فكيف نصلح ؟ رواه في " شرح السنة "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممۈتۈم ئىچىدە ساھابىللىرىمنىڭ مىسالى؛خۇددى تاماقلاردىكى تۇزغا ئوخشايدۇ، تاماق تۇزسىز ئىسلاھ بولمايدۇ، ھەسەن بەسەرى: بىزنىڭ تۇزىمىز كىتىپ قالغان تۇرسا ، بىز ئەمدى قانداق ئىسلاھ بولىمىز؟قانداقمۇ يارامىلىق بولالايمىز؟دېدى،شەرھ

**6007 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبدالله بن بريدة عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما من أحد من أصحابي يموت بأرض إلا بعث قائدا ونورا لهم يوم القيامة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وذكر حديث ابن مسعود " لا يبلغني أحد " في باب " حفظ اللسان "**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ساھابىللىرىمدىن ھەرقانداق بىر كىشى بىرەر زىمىندا ۋاپات بولسا، قىيامەت كۈنى مېنىڭ شۇ ساھابەم ئۇلارغا نۇر ۋە قوماندان بولۇپ قوپۇرۇلىدۇ.تىرمىزى توپلىغان.

**6008 – [ 11 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا رأيتم الذين يسبون أصحابي فقولوا : لعنة الله على شركم " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللاپ، ئەيىبلىگەن كىشىلەرنى كۆرسەڭلار، ئۇلارغا:«الله نىڭ لەنىتى سىلەرنىڭ يامان كىشىلىرىڭلارغا بولسۇن»دەڭلار.تىرمىزى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللاپ، ئەيىبلىگەن كىشىگە لەنەت قىلىدى. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللاپ، ئەيىبلىسە، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولىدۇ. يەنى ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ساھابىلىرىم تىلغا ئېلىنسا، سۆز قىلماي، جىم تۇرۇڭلار، «يەنى ئۇلارنى ئەيىبلىمەڭلار» يۇلتۇز تىلغا ئېلىنسىمۇ جىم تۇرۇڭلار، تەقدىر تىلغا ئېلىنسىمۇ سۆز قىلماي جىم تۇرۇڭلار، بۇ ھەدىسنى تەبرانى، ئىبنى مەسئۇددىن، ئىبنى ئەدى ئىبنى مەسئۇد، سەۋبان، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن

توپلىغان، سەھىھ.

**6009 – [ 12 ]** ( باطل )وعن عمر بن الخطاب قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " سألت ربي عن اختلاف أصحابي من بعدي فأوحى إلي : يا محمد إن أصحابك عندي بمنزلة النجوم في السماء بعضها أقوى من بعض ولكل نور فمن أخذ بشيء مما هم عليه من اختلافهم فهو عندي على هدى " قال : وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أصحابي كالنجوم فبأيهم اقتديتم اهتديتم " . رواه رزين

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، مەن رەببىمدىن، مەندىن كېيىنكى ساھابىلىرىمنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىشى توغرىسىدا سورىسام، ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن سېنىڭ ساھابىلىرىڭ مېنىڭ نەزىرىمدە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، بەزىسى بەزىسىدىن كۈچلۈك، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق نۇرى باردۇر، كىم ساھابىلىرىڭنىڭ ئىختىلاپىدىن بىرەر نەرسىنى تۇتسا، چىڭ ئېسىلسا، ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئاندىن مۇنداق دېدى، ساھابىلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، قايسىسىغا ئىقتىدا قىلىپ ئەگەشسەڭلار ھىدايەت تاپىسىلەر، رەزىين خاتىرلىگەن. ئەلبانى باتىل دېگەن، توغرا بۇ ھەدىسنىمۇ يالغان ھەدىسلەر قاتارىدا باتىل دېيىلگەن.

## [ 3 ] باب مناقب أبي بكر – الفصل الأول

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**6010 – [ 1 ]** عن أبي سعيد الخدري عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن من أمن الناس علي في صحبته وماله أبو بكر – وعند البخاري أبا بكر – ولو كنت متخذا خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا ولكن أخوة الإسلام ومودته لا تبقين في المسجد خوخة إلا خوخة أبي بكر " . وفي رواية : " لو كنت متخذا خليلا غير ربي لاتخذت أبا بكر خليلا " . متفق عليه

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا، مېلىدا، سۆھبىتىدە، ھەمراھلىقىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىكى، ئەمىنرەكى، ئەبۇ بەكرىدۇر، ئەگەر مەن ئاللاھدىن باشقا بىرەرسىنى يېقىن دوست تۇتۇپ قالسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتىمەن، خاس ياخشى كۆرىمەن، لېكىن، ئىسلام قېرىنداشلىقى، دوستلۇقى ئەۋزەل، مەسجىددە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا بارلىق مەسجىدكە قاراشلىق ئىشىكلەر(ھاۋادان تەكچىلەر) قالماي تاقىۋېتىلسۇن، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارىمۇ توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى زەبەير ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن، رەببىمنى قويۇپ رەببىمدىن باشقا بىرەرسىنى يېقىن دوست تۇتسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم، لېكىن، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەل ھەم ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم، ساھابەم، (شۇنداقلا مەن ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشىلەر ئىچىدە ماڭا نەپسىدىمۇ، جېنىدىمۇ، مال ــ مۈلكىدىمۇ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ قەھاپەدەك ئىشەنچلىك، ئەمىن كىشى يوق، ئۇ ماڭا يۇقىرى نەرسىلەردە ئەڭ ئىشەنچلىكتۇر، ئەگەر مەن كىشىلەردىن ئەڭ يېقىن دوست تۇتماقچى بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم، لېكىن، ئىسلام قېرىنداشلىقى، ئىسلام دوستلىقى ئەۋزەلدۇر، بۇ مەسجىددىكى ئەبۇ

بەكرنىڭ ئشكىدىن باشقا بارلىق ئشىكلەرنى مەندىن تاقۇۋتىڭلار، (يەنى مەسجىدىدىكى كىچىك يان ئشىك،ھاۋادان،تەكچى) ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**6011 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن مسعود عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لو كنت متخذا خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا ولكنه أخي وصاحبي وقد اتخذ الله صاحبكم خليلا " . رواه مسلم**

ئبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن يېقىن دوست تۇتسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم، لېكىن، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەل ھەم ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم، ساھابەم، (شۇنداقلا مەن ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى) **الله** تائالا مېنى يېقىن دوست تۇتتى. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.يەنەبىردە؛ ئەگەر مەن زىمىن ئەھلىدىن يېقىن دوست تۇتۇپ قالسام، ئەلۋەتتە ئبنى ئەبۇ قەھافەنى يەنى ئەبۇ بەكرىنى تۇتاتتىم، لېكىن، ساھىبىڭلار يەنى مەن، ئاللاھنىڭ خەلىلى، يېقىن دوستى.دىيىلگەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6012 – [ 3 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم في مرضه : ادعي لي أبا بكر أباك وأخاك حتى أكتب كتابا فإني أخاف أن يتمنى متمن ويقول قائل : أنا ولا ويأبى الله والمؤمنون إلا أبا بكر " . رواه مسلم وفي " كتاب الحميدي " : " أنا أولى " بدل " أنا ولا "**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: داداڭ ئەبۇ بەكرىنى ۋە قېرىندىشىڭنى چاقىرغىن، مەن بىر مەكتۇپ يېزىپ بېرەي، ھەقىقەتەن مەن ئەبۇ بەكرىگە قارشى ئارزۇ قىلغۇچىنىڭ «خەلىپىلىكىنى» ئارزۇ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، ۋە بىرەرسىنىڭ بۇ ئىشقا مەن لايىق دىيىشىدىنمۇ ئەنسىرىدىم، ئاللاھ ۋە مۆئمىنلەر ئەبۇ بەكرىدىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ، پەقەت ئەبۇ بەكرىگىلا ئۇنايدۇ، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6013 – [ 4 ] وعن جبير بن مطعم قال : أتت النبي صلى الله عليه وسلم امرأة فكلمته في شيء فأمرها أن ترجع إليه قال : يا رسول الله أرأيت إن جئت ولم أجدك ؟ كأنها تريد الموت . قال : " فإن لم تجديني فأتي أبا بكر " . متفق عليه**

جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر ئايال كېلىپ، بىر ئىش توغرىسىدا سۆز قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالنى كېيىن ئۆزىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىشكە بۇيرىدى، ئۇ ئايال؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا؟ ئەگەر مەن قايتىپ كەلگەندە سىلىنى تاپالمىسام، قانداق قىلىمەن؟دېدى،-يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كۆزدە تۇتتى- رەسۇلۇللاھ؛مېنى تاپالمىساڭ، ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كەلگىن دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.بۇ ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپە بولۇشىغا ئىشارەت ئىدى.

**6014 – [ 5 ] وعن عمرو بن العاص أن النبي صلى الله عليه وسلم بعثه على جيش ذات السلاسل قال : فأتيته فقلت : أي الناس أحب إليك ؟ قال : " عائشة " . قلت : من الرجال ؟ قال : " أبوها " . قلت : ثم من ؟ قال : " عمر " . فعد رجالا فسكت مخافة أن يجعلني في آخرهم . متفق عليه**

ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ زاتى سەلاسىل دىگەن قوملۇق زىمىنغا ئەۋەتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! كىشىلەرنىڭ قايسىسى

سىلىگە ئەڭ سۆيۈملۈك ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ئائىشە دېدى، مەن؛ ئەرلەردىنچۇ؟دىسەم، ئۇنىڭ دادىسى ئەبۇبەكرى دېدى، مەن؛ ئاندىن قالسىچۇ؟دىسەم ، ئۆمەر دېدى، ئاندىن بىر نەچچە ئەرلەرنى ساناپ بەردى، ئاندىن مەن مىنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىردا قىلىپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ جىم تۇرىۋالدىم.بۇخارى،مۇسلىم.

**6015 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن محمد بن الحنفية قال : قلت لأبي : أي الناس خير بعد النبي صلى الله عليه وسلم ؟ قال : أبو بكر . قلت : ثم من ؟ قال : عمر . وخشيت أن يقول : عثمان . قلت : ثم أنت قال : ما أنا إلا رجل من المسلمين رواه البخاري**

مۇھەممەد رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن دادام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىيىن قالسا، كىشلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى كىم؟ دىسەم، دادام؛ ئەبۇبەكرى دېدى، ئاندىن قالسىچۇ؟دىسەم، ئۆمەر دېدى، ـ مەن دادامنىڭ ئوسمان دىيىشىدىن ئەنسىرىدىم ـ مەن؛ ئاندىن قالسا سىلى ئەڭ ياخشى كىشمۇ دىسەم، دادام؛ مەن پەقەت مۇسۇلمانلاردىن بىركىشى خالاس دېدى.بۇخارى.

**6016 – [ 7 ] ( صحيح وعن ابن عمر قال : كنا في زمن النبي صلى الله عليه وسلم لا نعدل بأبي بكر أحدا ثم عمر ثم عثمان ثم نترك أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم لا نفاضل بينهم . رواه البخاري وفي رواية لأبي داود قال : كنا نقول ورسول الله صلى الله عليه وسلم حي : أفضل أمة النبي صلى الله عليه وسلم بعده أبو بكر ثم عمر ثم عثمان رضي الله عنهم**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا (رەسۇلۇللاھتىن قالسا )ئەبۇبەكرىگە ھېچ كىشىنى تەڭ قىلمايتتۇق، ئاندىن ئۆمەر،ئاندىن ئوسمان، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىللىرىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بەزىسىنى بەزىسىدىن پەزىلەتتە ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلماي جىم قوياتتۇق. بۇخارى. ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چاغدا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىيىن قالسىلا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كىشىسى ئەبۇبەكرى، ئاندىن ئۆمەر، ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار دەيتتۇق.دىيىلگەن.

**6017 – [ 8 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما لأحد عندنا يد إلا وقد كافيناه ما خلا أبا بكر فإن له عندنا يدا يكافيه الله بها يوم القيامة وما نفعني مال قط ما نفعني مال أبي بكر ولو كنت متخذا خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا ألا وإن صاحبكم خليل الله " . رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا بارلىق كىشلەرنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاپ قايتۇرۇپ بولدۇق، ئۇنىڭ شۇنداق بىر ياخشىلىقى باركى، قىيامەت كۈنى ئاللاھ قايتۇرىدۇ، ماڭا ئەبۇ بەكرىنىڭ مېلى مەنپەئەت بەرگەندەك، ھېچكىمنىڭ مېلى پايدا ــ مەنپەئەت بەرمىگەن، ئەگەر خەلىل، دوست تۇتسام، ئەبۇ بەكرىنى تۇتاتتىم، دىققەت قىلىڭلار، ساھىبىڭلار يەنى مەن ئاللاھنىڭ خەلىلى، دوستى. تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**6018 – [ 9 ] ( إسناده جيد ) وعن عمر رضي الله عنه قال : أبو بكر سيدنا وخيرنا وأحبنا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه الترمذي**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ سەييىدىمىز، ئەڭ ياخشى كىشىمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكىمىز دەيتتى.تىرمىزى توپلىغان، جەييىد.

| |
|---|
| **6019 – [ 10 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لأبي بكر : " أنت صاحبي في الغار وصاحبي على الحوض " . رواه الترمذي**<br><br>ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېدى: سەن مېنىڭ غاردىكى ھەمراھىم، شۇنداقلا ھەۋزى كەۋسەر بۇلاق بېشىدىمۇ ھەمراھىم، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانىي زەئىپ دىگەن. |
| **6020 – [ 11 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا ينبغي لقوم فيهم أبو بكر أن يؤمهم غيره " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىسىدا بار بولغان بىر قەۋمگە ئەبۇ بەكرىدىن باشقا بىر كىشىنىڭ ئىمام بۇلىشى ھەرگىز لايىق ئەمەستۇر. |
| **6021 – [ 12 ] ( حسن  وعن عمر قال : أمرنا رسول الله صلى الله عليه وسلم أن نتصدق ووافق ذلك عندي مالا فقلت : اليوم أسبق أبا بكر إن سبقته يوما . قال : فجئت بنصف مالي . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أبقيت لأهلك ؟ " فقلت : مثله . وأتى أبو بكر بكل ما عنده . فقال : " يا أبا بكر ؟ ما أبقيت لأهلك ؟ " . فقال : أبقيت لهم الله ورسوله . قلت : لا أسبقه إلى شيء أبدا . رواه الترمذي وأبو داود**<br><br>ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى **الله** يولىدا سەدىقە قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇ بۇيرۇق مېنىڭ قول ئىلكىمدىكى ماللىرىمغا مۇۋاپىق كېلىپ قالدى، مەن؛ مانا ئەمدى بۇگۈن ئەبۇبەكرىنى ئەجىر مۇسابىقىسىدە يىڭىۋالىدىغان بولدۇم، ئۇنى ھېچ بىر كۈندە يېڭەلمىگەن ئىدىم دەپ، مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدىم، رەسۇلۇللاھ؛ئەھلىڭگە نىمنى قالدۇردۇڭ؟دېدى، مەن؛ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مېلىمنىڭ يېرىمىنى قالدۇردۇم دېدىم، ئەبۇبەكرى قول ئىلكىدىكى بارلىق مېلىنى ئېلىپ كەپتۇ، رەسۇلۇللاھ؛ئەھلىڭگە نىمنى قالدۇردۇڭ؟دېدى، ئۇ؛ ئۇلارغا **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىنى قالدۇردۇم دېدى، ئاندىن مەن؛ مەن ئەبۇبەكرىنى ھېچ نەرسىدە مەڭگۇ يېڭەلمىگىدەكمەن دەپ قالدىم.تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەسەن. |
| **6022 – [ 13 ] ( ضعيف )وعن عائشة أن أبا بكر دخل على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " أنت عتيق الله من النار " . فيومئذ سمي عتيقا . رواه الترمذي**<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى «سەن ئاللاھنىڭ دوۋزاخدىن ئازاد قىلغان ئازادگەردىسى »دېدى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئەتىيق، ئازادگەردە دەپ ئاتالدى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى، لېكىن، تۆت خەلىپە ئۈندىن باشقىلار قوشۇلۇپ، 11 كىشىنىڭ جەننەتى بولۇشىغا بىشارەت بېرىلىشى سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرىگە مۇنداق دىگەن: سەن، ئاللاھنىڭ، دوۋزاخدىن ئازاد قىلغان ئازادگەردىسى، (ئۇ شۇندىن كېيىن ئەتىيقۇللاھ دەپ ئاتالغان)تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىمام ئەلبانىي بۇ ھەدىسنى سەھىھلەر توپلىمىنىڭ 1482 ـ ھەدىسىدە سەھىھ دېدى. |
| **6023 – [ 14 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا أول من تنشق عنه الأرض ثم أبو** |

**بكر ثم عمر ثم آتي أهل البقيع فيحشرون معي ثم أنتظر أهل مكة حتى أحشر بين الحرمين " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن تۇنجى بولۇپ تىرىلىپ، يەرنى يېرىپ چىقىمەن، ئاندىن ئەبۇ بەكرى چىقىدۇ، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاندىن بەقىئ دېيىلىدىغان قەبرىستانلىغا كېلىمەن، ئۇلار قوپۇپ، مەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ، ئاندىن كۈتۈپ تۇرىمەن، مەككە ئەھلى، ئىككى ھەرەم، مەككە _ مەدىنىنە ئەھلى تىرىلىپ قوپىدۇ، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**6024 – [ 15 ]** ( ضعيف )**وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أتاني جبريل فأخذ بيدي فأراني باب الجنة الذي يدخل منه أمتي " فقال أبو بكر : يا رسول الله وددت أني كنت معك حتى أنظر إليه . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أما أنك يا أبا بكر أول من يدخل الجنة من أمتي " . رواه أبو داود**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل كېلىپ، قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۈممىتىم كىرىدىغان جەننەت ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، يا رەسۇلۇللاھ، مەنمۇ سىلى بىلەن بىللە بولۇپ شۇ ئىشىككە قاراشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم دېدى، رەسۇلۇللاھ، ئى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىسەن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى تەكشۈرۈپ بۇ ھەدىس زەئىپ دېگەن. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەننەتكە كىرىشكە بۇندىن باشقا سەھىھ ھەدىس بار.

**6025 – [ 16 ] عن عمرذكر عنده أبو بكر فبكى وقال : وددت أن عملي كله مثل عمله يوما واحدا من أيامه وليلة واحدة من لياليه أما ليلته فليلة سار مع رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى الغار فلما انتهيا إليه قال : والله لا تدخله حتى أدخل قبلك فإن كان فيه شيء أصابني دونك فدخل فكسحه ووجد في جانبه ثقبا فشق إزاره وسدها به وبقي منها اثنان فألقمها رجليه ثم قال لرسول الله صلى الله عليه وسلم ادخل فدخل رسول الله صلى الله عليه وسلم ووضع رأسه في حجره ونام فلدغ أبو بكر في رجله من الجحر ولم يتحرك مخافة أن ينتبه رسول الله صلى الله عليه وسلم فسقطت دموعه على وجه رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " ما لك يا أبا بكر ؟ " قال : لدغت فداك أبي وأمي فتفل رسول الله صلى الله عليه وسلم فذهب ما يجده ثم انتقض عليه وكان سبب موته وأما يومه فلما قبض رسول الله صلى الله عليه وسلم ارتدت العرب وقالوا : لا نؤدي زكاة . فقال : لو منعوني عقالا لجاهدتهم عليه . فقلت : يا خليفة رسول الله صلى الله عليه وسلم تألف الناس وأرفق بهم . فقال لي : أجبار في الجاهلية وخوار في الإسلام ؟ إنه قد انقطع الوحي وتم الدين أينقص وأنا حي ؟ . رواه رزين**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىدا ئەبۇبەكرى تىلغا ئېلىنىنۋىدى، ئۇ يىغلاپ كېتىپ؛ مەن مېنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرىمنىڭ ئەبۇبەكرىنىڭ ياخشى ئەمەل قىلغان كۈنلىرىدىن بىر كۈنگە، كېچىللىرىدىن بىر كېچىسىگە تەڭ كېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ئۇنىڭ كېچىسى بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غارغا ماڭغان كېچىسىدۇر، ئۇلار غارغا يېتىپ بارغاندا، ئەبۇبەكرى؛ الله بىلەن قەسەمكى، سىلى كىرمەي تۇرسىلا، ئالدى بىلەن مەن كىرىپ باقاي، ئەگەر بۇغاردا بىرەر زەرەرلىك نەرسە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ زەرەرى سىلىگە ئەمەس بەلكى ماڭا يەتسۇن دەپ، غار ئىچىگە كىرىپ، ئۇنى پاك ـ پاكىز تازلاپ سۈپۈردى، غارنىڭ بىرتەرپىدە بىر نەچچە تۆشۈكلەرنى ئۇچۇرتۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى ئىشتىنىنى يىرتىپ شۇ لاتا بىلەن ئەتتى، يەنە ئىككى تۆشۈك قېلىپ قالدى، ئۇ تۆشۈكلەرگە پۇتىنى تاقاپ ئىتىپ تۇرۇپ؛ ئەمدى كىرسىلە دېدى، رەسۇلۇللاھ كىرىپ بېشىنى ئۇنىڭ

قوْچىقىغا قوْيۇپ ئۇخلاپ قالدى، ئەبۇبەكرىنىڭ پۇتىنى ھېلىقى تۇشۇكتىكى يىلان چېقىۋالدى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئويغۇنۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ مىدىرلىمىدى، ئاندىن ئۇنىڭ ياشلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگە چۈشكەندە، رەسۇلۇللاھ ئويغۇنۇپ؛ ئى ئەبۇبەكرى!ساڭا نىمە بولدى؟دېدى، ئۇ؛ ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇنكى، مىنى يىلان چېقىۋالدى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئايىتى شىپا ئوقۇپ سۈف دەپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇتاپىقان ئاغرىق ـ ئەلەملەر يۇقاپ كەتتى، ئاندىن كىيىن ئۇنىڭغا شۇ يىلاننىڭ زەھەرى قايتا قوزغۇلۇپ بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ بىر كۈنى بولسا، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا ئەرەبلەر مۇرتەد بۇلۇپ دىنىدىن قايتىپ؛ بىز زاكات بەرمەيمىز دېدى، (ناماز ئوقۇماسلىق ياكى زاكات بەرمەسلىك مۇرتەدلىك بولاتتى) ئەبۇبەكرى؛ ئەگەر ئۇلار ماڭا بىرتال ئارغامچا مىقدارىچىلىك زاكاتنى بەرمىسە، مەن شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن دېدى، مەن؛ ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىيپىسى! كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا مېھرىبانراق بولسىلا دىسەم، ئۇماڭا؛ جاھالىيەتتىكى چاغدا شجائەتلىك باتۇر بۇلۇپ، ئىسلام دىنى ئىچىدە ئاجىز قورقۇنچاق بۇلامسەن؟ۋەھى ئۈزۈلۈپ بولدى، ئىسلام دىنى مۇكەممەل،كامىل تامام بولدى، مانا ئەمدى مەن ھايات تۇرۇپ بۇدىن كاملاپ كىتەمدۇ؟دېدى.رەزىين توپلىغان.

## [ 4 ] باب مناقب عمر – الفصل الأول ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

6026 – [ 1 ] **عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقد كان فيما قبلكم من الأمم محدثون فإن يك في أمتي أحد فإنه عمر " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئىچىدە مۇھەددىس، ھەدىسشۇناس، ھەقىقەتنى سۆزلىگۈچى كىشىلەر بار ئىدى، ئەگەر مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىمۇ شۇلاردىن بىرەر كىشى بار دىيىلسە، ئۇ چوقۇم ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6027 – [ 2 ] **وعن سعد بن أبي وقاص قال : استأذن عمر رضي الله عنه على رسول الله صلى الله عليه وسلم وعنده نسوة من قريش يكلمنه ويستكثرنه عالية أصواقمن فلما استأذن عمر قمن فبادرن الحجاب فدخل عمر ورسول الله صلى الله عليه وسلم يضحك فقال : أضحك الله سنك يا رسول الله . فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " عجبت من هؤلاء اللاتي كن عندي فلما سمعن صوتك ابتدرن الحجاب " قال عمر : يا عدوات أنفسهن أقمبنني ولا قمبن رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قلن : نعم أنت أفظ وأغلظ . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إيه يا ابن الخطاب والذي نفسي بيده ما لقيك الشيطان سالكا فجا قط إلا سلك فجا غير فجك " . متفق عليه . وقال الحميدي : زاد البرقاني بعد قوله : يا رسول الله : ما أضحكك**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىزنى سوردى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا قۇرەيشلىك نۇرغۇن ئاياللار بار بۇلۇپ، ئۇلار ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كۆپ سۆز قىلىپ كىتىۋاتاتتى، ئۆمەر ئىزنى سورىۋىدى، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھىجاپلانغىلى ئالدىرىشىپ كەتتى، ئۆمەر كىرسە، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ تۇرغىدەك، ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** سىلىنى كۈلدۈرىۋەتتىپتۇغۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ مەن باياتىن بىرى مىنىڭ ئالدىمدا تۇرغان ئاۋۇ ئاياللاردىن ھەيران قالدىم،

ئۇلار سىنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپلا ھىجاپقا ئالدىرىشىپ كەتتى، دېدى.ئۆمەر؛ ئى ئۆز نەپسىنىڭ دۈشمەنلىرى! سىلەر رەسۇلۇللاھتىن ئەيمەنمەي، مەندىن ئەيمىنىپ قورقتۇڭلارمۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ھەئە، چۈنكى سەن قوپاللىراق، دىلىڭ قاتتىقراق دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ ئى ئىبنى خەتتاب! جىم تۇرغىن، بولدى قىلغىن، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شەيتان سەن بىلەن بىر يولدا ئۇچرىشىپلا قالسا، ئۇ سەندىن قورقۇپ، سېنىڭ يولۇڭدىن باشقا بىر يول بىلەن ماڭىدۇ،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئىنسان، جىنلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قاچقانلىقىنى كۆردۈم، ئىبنى ئەدى توپلىغان، ھەسەن.

**6028 – [ 3 ] وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " دخلت الجنة فإذا أنا بالرميضاء امرأة أبي طلحة وسمعت خشفة فقلت : من هذا ؟ فقال : هذا بلال ورأيت قصرا بفنائه جارية فقلت : لمن هذا ؟ فقالوا : لعمر بن الخطاب فأردت أن أدخله فأنظر إليه فذكرت غيرتك " فقال عمر : بأبي أنت وأمي يا رسول الله أعليك أغار ؟ . متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چۈشۈمدەئۆزۈمنى جەننەتكە كىرىپ كۆرۈپتىمەن، ناگاھان مەن ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالى رۇمەيسانىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئاندىن كېيىن مەن ئالدىم تەرەپتە بىر كىشىنىڭ ماڭغان ھەرىكەت ئاۋازىنى ئاڭلاپ؛ ئى جىبرىئىل! بۇ كىم؟ دېسەم، ئۇماڭا؛ بۇكىشى بىلال دېدى، مەن شۇ جايدا ئاق قەسىرنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قىزچاق تۇرىدۇ، بۇ قەسىر كىمنىڭ؟ دېسەم، ئۇلار؛ ئۆمەرئىبنى خەتتاپنىڭ دېدى، ئىچىگە كىرىپ قاراپ بېقىشنى ئىرادە قىلدىم يۇ، كېيىن سېنىڭ كۈندەشلىكىڭنى ئەسلەپ كىرمىدىم، ئى ئۆمەر! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، سىلىدىنمۇ كۈندەشلىك قىلارمەنمۇ يا رەسۇلۇللاھ دەپ يىغلاپ كەتتى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**6029 – [ 4 ] وعن ابن عمر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " بينا أنا نائم رأيت الناس يعرضون علي وعليهم قمص منها ما يبلغ الثدي ومنها ما دون ذلك وعرض علي عمر بن الخطاب وعليه قميص يجره " قالوا : فما أولت ذلك يا رسول الله ؟ قال : " الدين " . متفق عليه**

ئەبۇ ھەئىد، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئۇخلاۋېتىپ، چۈشۈمدە بارلىق كىشىلەرنىڭ ماڭا تەڭلەنگىنىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆڭلەك بولۇپ، بەزىسىنىڭ كۆكرىكىگە يېتەتتى، بەزىسىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەندە، پەس ئىدى، ئاندىن ماڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ تەڭلەندى، ئۇنىڭ كۆڭلىكى شۇنداق ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ كۆڭلىكىنى سۆرەپ يۈرىيدۇ، ئۇلار؛ يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ چۈشكە قانداق تەبىر بېرىلا؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ بولسا، دىندۇر دېدى، (دېمەك ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ،دىن ئىگىسى ھەم ئالىمدۇر).بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6030 – [ 5 ] وعن ابن عمر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " بينا أنا نائم أتيت بقدح لبن فشربت حتى إني لأرى الري يخرج في أظفاري ثم أعطيت فضلي عمر بن الخطاب " قالوا : فما أولته يا رسول الله ؟ قال : " العلم متفق عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا مەن

ئۇخلاۋاتسام، چۈشۈمدە تۇيۇقسىز ماڭا بىر قەدەھ سۈت كەلتۈرۈلدى، مەن ئۇنىڭدىن قانغىچە ئىچتىم، ھەتتا، قانغانلىقىمدىن سۈتلەر تىرناقلىرىمدىن ئېقىپ چۈشتى، ئاندىن مەن ئاشقىنىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەردىم، ساھابىلار بۇ چۈشلىرىگە قانداق تەبىر بىرىلا؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئىلىمدۇر دېدى، بۇخارى، مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6031 – [ 6 ]** ( متفق عليه ) **وعن أبي هريرة قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " بينا أنا نائم رأيتني على قليب عليها دلو ؟ فنزعت منها ما شاء الله ثم أخذها ابن أبي قحافة فنزع منها ذنوبا أو ذنوبين وفي نزعه ضعف والله يغفر له ضعفه ثم استحالت غربا فأخذها ابن الخطاب فلم أر عبقريا من الناس ينزع نزع عمر حتى ضرب الناس بعطن "**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر چاغدا مەن ئۇخلاۋېتىپ، ئۆزۈمنى بىر قۇدۇقنىڭ بويىدا كۆرۈپتىمەن، ئۇ جايدا چېلەك بار ئىكەن، ئۇ قۇدۇقتىن ئاللاھ خالىغان مىقداردا سۇ تارتتىم، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئىبنى ئەبۇ قەھاپە يەنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ، بىر ياكى ئىككى چېلەك سۇ تارتتى، ئۇنىڭ تارتىشىدا ئاجىزلىق بار ئىدى، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئاندىن ئۇ كىچىك چېلەك چوڭ چېلەككە ئۆزگەردى، ئۇنى ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ شۇنداق سۇ تارتتىكى، كىشىلەرنىڭ ئەڭ باتۇر، سەر خىلىنىمۇ ئۆمەر سۇ تارتقاندەك سۇ تارتىپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئاندىن كىشىلەر سۇ ئىچىشكە سۇ بىلەن سۇغۇرۇشقا تۆگىلىرى بىلەن كېلىشتى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6032 – [ 7 ] وفي رواية ابن عمر قال : " ثم أخذها ابن الخطاب من يد أبي بكر فاستحالت في يده غربا فلم أر عبقريا يفري فريه حتى روي الناس وضربوا بعطن " . متفق عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر چاغدا مەن بىر قۇدۇق بويىدا سۇ تارتىۋاتىمەن، تۇيۇقسىز ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر كېلىپ، ئەبۇ بەكرى چېلەكنى ئېلىپ، بىر ياكى ئىككى چېلەك سۇ تارتتى، ئۇنىڭ تارتىشىدا ئاجىزلىق بار ئىدى، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرسۇن، ئاندىن ئەبۇ بەكرىنىڭ قولىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ، ئۇ كىچىك چېلەك ئۇنىڭ قولىدا چوڭ چېلەككە ئايلاندى، (بۇ ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن كىنايە سۆزدۇر) مەن ئىنسانلارنىڭ ئېسىل، سەرخىللىرىنىڭمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇختا، كاتتا ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلالىغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، پەقەت ئۆمەرلا شۇنداق پۇختا، كاتتا ئەمەل قىلدىكى، ھەتتا كىشىلەر تۆگىلىرىنى سۇغارغىلى بۇ قۇدۇق بويىغا ئالدىراپ كېلىشتى، (ئالىملار بۇئىسلام دىنىنىڭ خەلىپىلىك ئىشى دېدى) ئەھمەد 5594 _ ھەدىس، بۇخارى 3361 _ ھەدىس، مۇسلىم 4407 _ ھەدىس، تىرمىزى 2213 _ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولۇپ ئىككى يىل ئۆتۈپلا ۋاپات بولدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىش جەريانىدا يەرشارىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىشغال قىلدى.

**6033 – [ 8 ] الفصل الثاني** ( حسن ) **عن ابن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله جعل الحق على لسان عمر وقلبه " . رواه الترمذي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەق، ھەقىقەتنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىلىدا ۋە قەلبىدە قىلدى، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ئۆمەردىن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئەبۇ زەردىن، ئەبۇ يەئلا، ھاكىم  ئەبۇ ھۈرەيرەدىن، تەبرانى، بىلال، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن

توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىش ــ ئىزلىرىنى، سۆزلىرىنى، تارىخنى مۇسۇلمانلار چىڭ تۇتۇشى لازىم. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەقىقەتنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىلىدا قويدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقىقەت بىلەن ھەقنى سۆزلەيدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. سەھىھنىڭ 1834 ـ ھەدىسى.

**6034 – [ 9 ]** ( **ضعيف** )**وفي رواية أبي داود عن أبي ذر قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن الله وضع الحق على لسان عمر يقول به "**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئاللاھ ھەق، ھەقىقەتنى ئۆمەرنىڭ تىلىدا قويغان، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ھەقىقەت بىلەن سۆزلەيدۇ، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.بۇھەدىسنى سەھىھنىڭ 1834 ـ ھەدىسىدە سەھىھ دىدى.

**6035 – [ 10 ] وعن علي رضي الله عنه قال : ما كنا نبعد أن السكينة تنطق على لسان عمر . رواه البيهقي في " دلائل النبوة**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛كوڭۈللەر تەسكىن تاپىدىغان، دىللار خاتىرجەم بولىدىغان غەيبى ئىشلارنىڭ ئۆمەرنىڭ تىلىدا سۆزلىنىشىنى بىز يىراق سانىمايتتۇق دىدى.ياكى ئۇ ياخشىلىقنى ئىلھام قىلىدىغان پەرىشتىنىڭ ئۆمەرنىڭ تىلىدا سۆزلىشىنى يىراق سانىمايتتۇق دىگەن بولىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

**6036 – [ 11 ]** ( **حسن صحيح** ) **وعن ابن عباس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : اللهم أعز الإسلام بأبي جهل بن هشام أو بعمر بن الخطاب " فأصبح عمر فغدا على النبي صلى الله عليه وسلم فأسلم ثم صلى في المسجد ظاهرا رواه أحمد والترمذي**

ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى **الله** ! ئىسلام دىنىنى ئەبۇجەھىل بىلەن ياكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بىلەن ئەزىز غالىپ قىلسىلا دەپ دۇئا قىلىۋىدى. ئاندىن ئۆمەر ئەتىگەندە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ، مۇسۇلمان بولدى،ئاندىن ئۇ مەسجىدتە ئاشكارا ناماز ئوقۇدى.ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، بىر ئىسنادى ھەسەن، يەنەبىرئىسنادى سەھىھ.

**6037 – [ 12 ]** ( **باطل** )**وعن جابر قال : قال عمر لأبي بكر : يا خير الناس بعد رسول الله صلى الله عليه وسلم . فقال أبو بكر : أما إنك إن قلت ذلك فلقد سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما طلعت الشمس على رجل خير من عمر " رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىيىن قالسا بارلىق ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى دەپ تۇۋلىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەمما سەن بۇ سۆزنى قىلىپ قالدىڭ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈن ئۆمەردىن ياخشىراق بىر ئەرنىڭ ئۈستىگە چىقمايدۇ دىگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن دىدى. تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيب دىگەن بولسا، ئەلبانى تەكشۈرۈپ بۇ ھەدىس باتىل دىدى.

**6038 – [ 13 ]** ( **حسن** ) **وعن عقبة بن عامر قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " لوكان بعدي نبي لكان عمر بن الخطاب " . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث غريب**

ئۇقبەت، ئەسمەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر مەندىن

كېيىن پەيغەمبەر بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر  بولغان بولاتتى، (لېكىن، قەتئىي پەيغەمبەر چىقمايدۇ، ھەتتا، ئەيسا ئەلەيھىسسالام چۈشسىمۇ يەنىلا مۇشۇ ئىسلام دىنى بويىچە، قۇرئان بويىچە سورايدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**6039 – [ 14 ]** ( حسن صحيح ) **وعن بريدة قال : خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم في بعض مغازيه فلما انصرف جاءت جارية سوداء . فقالت : يا رسول الله إني كنت نذرت إن ردك الله سالما أن أضرب بين يديك بالدف وأتغنى . فقال لها رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن كنت نذرت فاضربي وإلا فلا " فجعلت تضرب فدخل أبو بكر وهي تضرب ثم دخل علي وهي تضرب ثم دخل عثمان وهي تضرب ثم دخل عمر فألقت الدف تحت استها ثم قعدت عليها فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الشيطان ليخاف منك يا عمر إني كنت جالسا وهي تضرب فدخل أبو بكر وهي تضرب ثم دخل علي وهي تضرب ثم دخل عثمان وهي تضرب فلما دخلت أنت يا عمر ألقت الدف " . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب**

بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىپ، ئۇرۇشتىن قايتقاندا، قارا تەنلىك بىر ئايال كېلىپ:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مەن، ئەگەر **الله** سىلىگە غەلبە ئاتا قىلىپ سىلىنى ساق ـ سالامەت قايتۇرسا، ئالدىلىرىدا داق چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا ۋەدە قىلغان ئىدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئەگەر راستىنلا ۋەدە قىلغان بولساڭ، داپ چالساڭ بولىدۇ، ئەگەر ۋەدە قىلمىغان بولساڭ، چالما دېدى، ئۇئايال داق چېلىشقا باشلىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىردى، ئۇ چېلىۋەردى، ئەلى ،ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار كىرسىمۇ ئۇ چېلىۋەردى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىۋىدى، ئۇ دافنى ئاستىغا تاشلاپ، داپنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىۋالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ ئى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەقىقەتەن شەيتان ئەلەيھى لەنەت، سەندىن قورقۇپ قاچىدۇ،مەن ئولتۇرساممۇ بۇئايال داپ چېلىۋەردى، ئەبۇبەكرىرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىردى، ئۇ چېلىۋەردى، ئەلى ،ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار كىرسىمۇ ئۇ چېلىۋەردى،سەن كىرىۋىدىڭ، ئۇ دافنى ئاستىغا تاشلاپ، داپنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىۋالدى،دېدى.  ئەھمەد 21911 ـــ، تىرمىزى 3623 ـــ ھ، ئىبنى ھەببانمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**6040 – [ 15 ]** ( حسن ) **وعن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم جالسا فسمعنا لغطا وصوت صبيان . فقام رسول الله صلى الله عليه وسلم فإذا حبشية تزفن والصبيان حولها فقال : " يا عائشة تعالي فانظري " فجئت فوضعت لحيي على منكب رسول الله صلى الله عليه وسلم فجعلت أنظر إليها ما بين المنكب إلى رأسه . فقال لي : " أما شبعت ؟ أما شبعت ؟ " فجعلت أقول : لا لأنظر مترلتي عنده إذ طلع عمر قالت فارفض الناس عنها . قالت فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لأنظر إلى شياطين الإنس والجن قد فروا من عمر " قالت : فرجعت . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدە ئولتۇراتتى، بىز سىرتتىن يۇقىرى ئاۋازلىق پاراڭلارنى ۋە كىچىك باللارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرىتقا چىقساق، ناگاھان ھەبەشىيلىك بىر قىزچاق ئۇسۇل ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ، ئۇششاق باللار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پاراڭ سېلىشىۋېتىپتۇ، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئى ئائىشە! بۇياققا كېلىپ كۆرۈڭ دېدى، مەن كېلىپ، ئېڭىكىمنى رەسۇلۇللاھنىڭ مۈرىسىدە قويۇپ، ئۇقىزچاققا رەسۇلۇللاھنىڭ مۈرىسى بىلەن بېشىنىڭ ئارلىقىدىن قارىدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ تېخى قاراپ تويمىدىڭىزمۇ؟تېخىچە كۆرۈپ قانمىدىڭىزمۇ؟دەيتتى، مەن؛ رەسۇلۇللاھنىڭ نەزىلىدىكى مېنىڭ مۇھەببەت مەرتىبەمگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن ياق، ياق تېخى دېدىم، تۇيۇقسىز ئۆمەر چىقىپ كەلدى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ تارقاپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ؛ ھەقىقەتەن مەن جىنلارنىڭ، ئىنسانلارنىڭ شەيتانلىرىغا قاراپ ، ئۇ شەيتانلارنىڭ ئۆمەردىن قاچقانلىقىنى كۆردۈم،

دېدى. ئاندىن مەنمۇ قايتىپ كەتتىم.تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ، ئاللاھ بىزلەرگىمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەرگەندەك ئىمان ئاتا قىلسۇن، ئامىن! ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئىنسان، جىنلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قاچقانلىقىنى كۆردۈم، ئىبنى ئەدى توپلىغان، ھەسەن.

**6042 – [ 17 ] الفصل الثالث** ( متفق عليه ) عن أنس وابن عمر أن عمر قال : وافقت ربي في ثلاث : قلت : يا رسول الله لو اتخذنا من مقام إبراهيم مصلى ؟ فنزلت [ واتخذوا من مقام إبراهيم مصلى ] . وقلت : يا رسول الله يدخل على نسائك البر والفاجر فلو أمرتهن يحتجبن ؟ فنزلت آية الحجاب واجتمع نساء النبي صلى الله عليه وسلم في الغيرة فقلت [ عسى ربه إن طلقكن أن يبدله أزواجا خيرا منكن ] فنزلت كذلك

ئەنەس ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن رەببىمنىڭ ئۈچ ئىشقا ئايەت نازىل قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلىپ قالدىم، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەقام ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلمامدۇق؟دېسەم، «مەقام ئىبراھىمنى ناماز ئۇقۇيدىغان ئورۇن قىلىڭلار....»دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ياخشى كىشىمۇ، يامان ، پاسىق كىشىلەرمۇ كىرىدىكەن، ئۇلارنى ھىجاپلىنىشقا بۇيرىغان بولسىلا دېسەم، ئاندىن ھىجاب ئايىتى نازىل قىلىندى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى كۈنلەش مەسىلىسىدە بىرلىشۋاپتى، مەن؛ ئەگەر رەسۇلۇللاھ سىلەرنى تالاق قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ رەببى ئۇنىڭغا سىلەردىن ياخشىراق ئاياللارنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن دېسەم، ئەنە شۇنداقلا ئايەت نازىل قىلىندى،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6042 – [ 18 ]** وفي رواية لابن عمر قال : قال عمر: وافقت ربي في ثلاث :في مقام إبراهيم وفي الحجاب وفي أسارى بدرمتفق عليه

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن رەببىمنىڭ ئۈچ ئىشقا ئايەت نازىل قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلىپ قالدىم،مەقام ئىبراھىيم، ھىجاپ، بەدىر ئەسىرلىرى توغرىسىدا،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**6043 – [ 18 ]** ( ضعيف )وعن ابن مسعود قال : فضل الناس عمر بن الخطاب بأربع : بذكر الأسارى يوم بدر أمر بقتلهم فأنزل الله تعالى [ لولا كتاب من الله سبق لمسكم فيما أخذتم عذاب عظيم ] وبذكره الحجاب أمر نساء النبي صلى الله عليه وسلم أن يحتجبن فقالت له زينب : وإنك علينا يا ابن الخطاب والوحي يترل في بيوتنا ؟ فأنزل الله تعالى [ وإذا سألتموهن متاعا فاسألوهن من وراء حجاب] وبدعوة النبي صلى الله عليه وسلم : اللهم أيد الإسلام بعمر وبرأيه في أبي بكر كان أول ناس بايعه رواه أحمد

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بارلىق ئىنسانلار ئۈستىدىن تۆت ئىش بىلەن پەزىلەتلىك تۇردۇ، بىرىنچى، بەدىر كۈنىدىكى ئەسىر مەسىلىسى، ئۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرلى دېگەن. ئىككىنچىسى، ھىجاپ، روياش مەسىلىسى، بۇ ئىككى مەسىلىگە ئايەت چۈشۈپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوللىدى. ئۈچىنچىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئى ئاللاھ، ئىسلام دىنىنى ئۆمەر بىلەن كۈچلەندۈرسىلە دېگەن دۇئاسى. تۆتىنچىسى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغان، كۆز قارىشى بىلەن پەزىلەتلىك بولدى، ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن لىكىن بۇلار ئەمىليەتتۇر.تارىخقا قاراڭ.

**6044 – [ 19 ]** ( واه )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ذاك الرجل أرفع أمتي درجة في الجنة " . قال أبو سعيد : والله ما كنا نرى ذلك الرجل إلا عمر بن الخطاب حتى مضى لسبيله . رواه ابن ماجه

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇ ئەر ئۈممىتىم ئىچىدىكى جەننەتتە ئەڭ دەرىجىسى يۇقىرى كىشىدۇر دىدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىز ئۇ ئەر چوقۇم ئۆمەر دىيىشەتتۇق، تاكى ئۇ بۇ دۇنيادىن كەتكىچە شۇنداق دىدۇق، ئىبنى ماجە خاتىرلىدى، ئەلبانى ئاجىز دىدى،

**6045 – [ 20 ]** ( صحيح ) **وعن أسلم قال : سألني ابن عمر بعض شأنه – يعني عمر – فأخبرته فقال : ما رأيت أحدا قط بعد رسول الله صلى الله عليه وسلم من حين قبض كان أجد وأجود حتى انتهى من عمر . رواه البخاري**

ئەسلەم رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىنىڭ بەزىسىدىن سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا خەۋەر قىلسام، ئۇ مۇنداق دىدى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقاندىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھتىن قالسىلا، تاكى ئۆمەرنىڭ ئاخىرغىچە ئۆمەردىنمۇ سېخىيراق، ئىبادەتتە تىرىشچانراق بىرەر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم.بۇخارى، ئەبۇبەكرىمۇ بار ئىدى.

**6046 – [ 21 ]** ( صحيح ) **وعن المسور بن مخرمة قال : لما طعن عمر جعل يألم فقال له ابن عباس وكأنه يجزعه : يا أمير المؤمنين ولا كل ذلك لقد صحبت رسول الله صلى الله عليه وسلم فأحسنت صحبته ثم فارقك وهو عنك راض ثم صحبت أبا بكر فأحسنت صحبته ثم فارقك وهو عنك راض ثم صحبت المسلمين فأحسنت صحبتهم ولئن فارقتهم لتفارقنهم وهم عنك راضون . قال : أما ما ذكرت من صحبة رسول الله صلى الله عليه وسلم ورضاه فإنما ذاك من من الله من به علي وأما ما ذكرت من صحبة أبي بكر ورضاه فإنما ذلك من من الله جل ذكره من به علي . وأما ما ترى من جزعي فهو من أجلك وأجل أصحابك والله لو أن لي طلاع الأرض ذهبا لافتديت به من عذاب الله عز وجل قبل أن أراه . رواه البخاري**

مىسۇور رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلىچ ئۇرۇلغاندا، ئۇ قاتتىق ئاغرىق-ئەلەم ھىس قىلىۋىدى، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى جەزە-پەزە قىلىۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ؛ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! تولا جەزە-پەزە قىلمىسىلا، ھەسرەت چەكمىسىلە، چۈنكى سىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمراھ بولۇپ، سۆھبىتىنى ياخشى قىلدىلا، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سىلىدىن رازى بولغان ھالدا ئايرىلدى، ئاندىن ئەبۇبەكرگە ھەمراھ بولۇپ، سۆھبىتىنى ياخشى قىلدىلا، ئاندىن ئۇمۇ سىلىدىن رازى بولغان ھالدا ئايرىلدى، ئاندىن مۇسۇلمانلارغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ سۆھبىتىنى ياخشى قىلدىلا، ئەگەر ئۇلاردىن ئايرىلسىلا، ئەلۋەتتە ئۇلار سىلىدىن رازى بولغان ھالدا ئايرىلىلا دىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىنى ۋە رازىلىقىنى تىلغا ئېلىپ قالدىڭ، ئۇدىگەن **الله** تائالا ئۆزى تەرەپتىن ماڭا ئاتا قىلغان نىئمىتىدۇر، ئەبۇبەكرنىڭ سۆھبىتىنى ۋە رازىلىقىنى تىلغا ئېلىپ قالدىڭ، ئۇمۇ **الله** تائالانىڭ ئۆزى تەرەپتىن ماڭا ئاتا قىلغان نىئمىتىدۇر، ئەمما سەن كۆرىۋاتقان مىنىڭ جەزە-پەزەيىم بولسا، سىنىڭ جەھىتىڭدىن، ۋە ھەمراھلىرىڭنىڭ جەھىتىدىن بولىۋاتىدۇ، (يەنى سىلەر ئۈچۈن غەم يەۋاتىمەن)**الله** بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مىنىڭ زىمىن لىق تولغىدەك ئالتۇنلىرىم بولغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇئالتۇنلارنى **الله** نىڭ ئازابىنى كۆرۈشۈمدىن بۇرۇنلا، شۇ ئازاپلارنىڭ بەدىلىگە پىديە بەرگەن بولاتتىم دىدى.بۇخارى تورپلىغان.

## [ 5 ] باب مناقب أبي بكر وعمر رضي الله عنهما

## يۇقىرقى ئىككى خەلىپىنىڭ بىرگە سۆزلىنىدىغان پەزىلىتى

**6047 – [ 1 ]** ( متفق عليه ) **الفصل الأول عن أبي هريرة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " بينا رجل يسوق بقرة إذ**

**أعيي فركبها فقالت : إنا لم نخلق لهذا إنما خلقنا لحراثة الأرض . فقال الناس : سبحان الله بقرة تكلم " . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فإني أومن بهذا أنا وأبو بكر وعمر " . وما هما ثم وقال : " بينما رجل في غنم له إذ عدا الذئب فذهب على شاة منها فأخذها فأدركها صاحبها فاستنقذها فقال له الذئب : فمن لها يوم السبع يوم لا راعي لها غيري ؟ فقال الناس : سبحان الله ذئب يتكلم ؟ " . قال : أومن به أنا وأبو بكر وعمر " وما هما ثم . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىر چاغدا بىر كىشى كالىغا مىنىپ كېتىپ بارسا، كالا ئۇ كىشىگە قاراپ؛ ھەققەتەن مەن بۇنىڭ ئۇچۇن يارىتىلمىغان، مەن پەقەت زىرائەت، دىھقانچىلىق ئىشلىرى ئۇچۇن يەر ھەيدەشكە يارىتىلغان دېيتۇ، كىشىلەر ھەيران قىلىپ؛ سۇبھانەالله !! كالىمۇ سۆز قىلامدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ھەققەتەن بۇ كالىنىڭ سۆز قىلىشىغا مەن، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئۈچىمىز شەكسىز ئىشىنىمىز،دېدى.ئۇ ئىككىسى بۇجايدا يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ؛ بىر چاغدا بىر كىشى قويلىرىنى بېقىۋاتسا، تۇيۇقسىز بىر بۆرە قويلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، بىر قوينى ئېلىپ قېچىپتۇ، ئۇ كىشى بۆرىنى قوغلاپ قوينى قۇتقۇزۇۋاپتۇ، بۆرە ئۇ كىشىگە: ھازىر بۇ جايدا سەن مەندىن بۇ قوينى قۇتقۇزۇۋالدىڭ، يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ كۈنى كەلگەندە، بۇ قوينى كىممۇ قۇتقۇزۇۋالا؟ ئۇ كۈندە بۇ قويلار ئۈچۈن مەندىن باشقا پادىچى يوق دەپتۇ، كىشىلەر ھەيران قىلىپ؛ سۇبھانەالله !! بۆرىمۇ سۆز قىلالامدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ بۆرىنىڭ سۆز قىلغىنىغا مەن ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ئۈچىمىز شەكسىز ئىشىنىمىز،دېدى.بۇچاغدا ئۇلار بۇجايدا يوق ئىدى. (بىزمۇ ئىشىنىمىز، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر) بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ۋە قىيامەت ئالامەتلىرى، سۆز قىلىپ چىقىدىغان ھايۋاننىڭ ئايەت، ھەدىسلىرى مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا ھايۋانلاردا تىل بار، بۇ ئىشلار راستىنلا يۈز بېرىدۇ.

**6048 – [ 2 ] وعن ابن عباس قال : إني لواقف في قوم فدعوا الله لعمر وقد وضع على سريره إذا رجل من خلفي قد وضع مرفقه على منكبي يقول : يرحمك الله إني لأرجو أن يجعلك الله مع صاحبيك لأني كثيرا ما كنت أسمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " كنت وأبو بكر وعمر وفعلت وأبو بكر وعمر وانطلقت وأبو بكر وعمر ودخلت وأبو بكر وعمر وخرجت وأبو بكر وعمر " . فالتفت فإذا هو علي بن أبي طالب رضي الله عنه . متفق عليه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىنازىغا قويۇلغاندا، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلغان قەۋملەر ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم، تۇيۇقسىز بىر كىشى ئارقام تەرەپتىن جەينىكىنى مۈرەمگە قويۇپ تۇرۇپ؛ ئى ئۆمەر! الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، الله تائالانىڭ سىنى ئىككى ھەمراھىڭ بىلەن بىللە قىلىشىنى بەكمۇ ئۈمۈت قىلىمەن، چۈنكى مەن نۇرغۇن قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛ مەن ۋە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر بار ئىدىم، مەن ۋە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر مۇنداق قىلغان ئىدۇق، مەن ۋە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر بىللە بارغان ئىدۇق، مەن ۋە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەربىللە كىرىپ، بىللە چىققان ئىدۇق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى. قارىسام، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن.بۇخارى،مۇسلىم.

**6049 – [ 3 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبي سعيد الخدري أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن أهل الجنة ليراءون أهل عليين كما ترون الكوكب الدري في أفق السماء وإن أبا بكر وعمر منهم وأنعماروا في شرح السنة وروي نحوه أبو داود والترمذي وابن ماجه**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن

جەننەت ئەھلى، ئىللىين دەرىجىلىك، يۇقىرى ئورۇندىكى كىشىلەرنى خۇددى ئاسمان، ئۇپۇقدىكى يۇلتۇزنى كۆرگەندەك باشلىرىنى قايرىپ كۆرەلەيدۇ، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇلاردىندۇر، بۇ ئىككىسى شۇ دەرىجە بىلەن نېئمەتكە ئېرىشتى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، شەرھى سۇننىلەر خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن،

**6050 – [ 4 ] ( صحيح لشواهده ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أبو بكر وعمر سيدا كهول أهل الجنة من الأولين والآخرين إلا النبيين والمرسلين " . رواه الترمذي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، نەبىي، مۇرسەل پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئەۋۋەل ــ ئاخىر بارلىق جەننەت ئەھلىنىڭ ئوتتۇر ياشلىرىنىڭ خوجىسىدۇر، كاتتىسىدۇر، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەھمەد، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىبنى ماجە ئەبۇ جۇھەيپىدىن، ئەبۇ يەئلا، زىيائولمەقدەسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەۋسەت، جابىر ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**6051 – [ 5 ] ( صحيح ) ورواه ابن ماجه عن علي رضي الله عنه**

ئەنەس، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، نەبىي مۇرسەل پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئەۋۋەل ــ ئاخىر بارلىق جەننەت ئەھلىنىڭ ئوتتۇر ياشلىرىنىڭ سەيىيدى، خوجىسىدۇر. ئى ئەلى، بۇنى ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ دەپ قويمىغىن. تىرمىزى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمگە رەھىم قىلغاقراق، مېھرىبان كىشى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھنىڭ ئىشىدا قاتتىق چىڭ تۇرىدىغىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھاياللىقراقى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارىيراقى ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەرزگە ياكى مىراس ئىلىمغا ئالىمراقى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھالال ــ ھارامغا ئالىمراقى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك كىشىسى، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6052 – [ 6 ] ( حسن ) وعن حذيفة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لا أدري ما بقائي فيكم ؟ فاقتدوا باللذين من بعدي : أبي بكر وعمر " . رواه الترمذي**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئاراڭلاردا ھايات قالىدىغان ۋاختىمنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمەن، مەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەردىن ئىبارەت ئىككى كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ئەگىشىڭلار، ئەممارنىڭ ھىدايىتىگە، يېتەكلىشىگە چىڭ ئېسىلىڭلار، سىلەرگە ئىبنى مەسئۇد سۆزلەپ بەرگەن سۆزلەرنى تەستىقلاپ ئىشىنىڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىنكى ئىككى كىشىگە يەنى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا ئىقتىدا قىلىپ ئەگىشىڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6053 – [ 7 ] ( لم تتم دراسته ) وعن أنس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا دخل المسجد لم يرفع أحد رأسه غير**

**أبي بكر وعمر كانا يتبسمان إليه ويتبسم إليهما رواه الترمذي . وقال : هذا حديث غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدگە كىرسە، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن باشقا ھېچ بىر كىشى بېشىنى ئۇستۈن كۆتۈرمەيتتى، بۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھقا بېشىنى كۆتۈرۈپ، تەبەسسۇم قىلىپ كۈلەتتى، رەسۇلۇللاھمۇ بۇلارغا تەبەسسۇم قىلاتتى.تىرمىزى توپلىغان.

**6054 – [ 8 ]** ( **ضعيف** ) **ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم خرج ذات يوم ودخل المسجد وأبو بكر وعمر أحدهما عن يمينه والآخر عن شماله وهو آخذ بأيديهما . فقال : " هكذا نبعث يوم القيامة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ مەسجىدگە كىردى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوڭ تەرەپتە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سول تەرەپتە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت كۈنى مۇشۇ ھالەتتە تىرىلىپ قوپىمىز دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دېدى، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

**6055 – [ 9 ] وعن عبد الله بن حنطب أن النبي صلى الله عليه وسلم رأى أبا بكر وعمر فقال : " هذان السمع والبصر " رواه الترمذي مرسلا**

ئابدۇللا ئىبنى ھەنتەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈپ، بۇ ئىككىسى كۆز بىلەن قۇلاق دېدى، تىرمىزى مۇرسەل ھالدا خاتىرلىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنتەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ئىككىسى يەنى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆز بىلەن قۇلاقتۇر. يەنى كۆز بىلەن قۇلاقتەكتۇر. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ 7004 ـ ھەدىسىدە ئەلبەنى سەھىھ دېدى.

**6056 – [ 10 ]** ( **ضعيف** )**وعن أبي سعيد الخدري قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : ما من نبي إلا وله وزيران من أهل السماء ووزيران من أهل الأرض فأما وزيراي من أهل السماء فجبريل وميكائيل وأما وزيراي من أهل الأرض فأبو بكر وعمر رواه الترمذي**

ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ھەرقانداق پەيغەمبەرنىڭ ئاسمان ئەھلىدىن ئىككى، زېمىن ئەھلىدىن ئىككى ۋەزىرى بولىدۇ، مېنىڭ ئاسمان ئەھلىدىن بولغان ئىككى ۋەزىرىم، جىبرىئىل بىلەن مىكائىل. زېمىندىكى بولسا، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېدى. مەنىسى سەھىيدەك قىلىدۇ،

**6057 – [ 11 ]** ( **صحيح إن سلم من عنعنة الحسن البصري** ) **وعن أبي بكرة أن رجلا قال لرسول الله صلى الله عليه وسلم : رأيت كأن ميزانا نزل من السماء فوزنت أنت وأبو بكر فرجحت أنت ووزن أبو بكر وعمر فرجح أبو بكر ووزن عمر وعثمان فرجح عمر ثم رفع الميزان " فاستاء لها رسول الله صلى الله عليه وسلم يعني فساءه ذلك . فقال : " خلافة نبوة ثم يؤتى الله الملك من يشاء " . رواه الترمذي وأبو داود**

ئەبۇبۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ مەن چۈشۈمدە گۇياكى ئاسماندىن بىر مىزان چۈشۈپ كۆرۈپتىمەن، ئۇ مىزاندا سىلى ئەبۇبەكرى بىلەن تارتىلىپ، سىلى ئۈنىڭدىن ئېغىر

كەلدىلە، ئاندىن ئەبۇبەكرى ئۆمەر بىلەن بىللە تارتىلىپ، ئۆمەردىن ئېغىر كەلدى، ئۆمەر ئوسماندىن ئېغىر كەلدى، ئاندىن ئۇ ميزان كۆتۈرلۈپ كەتتى، دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇچۈشتىن قاتتىق غەم قىلىپ، مۇنداق تەبىر بەردى؛ سەن كۆرگەن بۇ چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ خەلىپىلىكى بۇلىدۇ، ئاندىن كىيىن **الله** تائالا پادىشاھلىقنى ئۆزى خالىغان بىركىشىگە بىرىدۇ دېدى.تىرمىزى ، ئەبۇداۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

**6058 – [ 12 ]** ( ضعيف ) **الفصل الثالث عن ابن مسعود أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يطلع عليكم رجل من أهل الجنة " . فاطلع أبو بكر ثم قال : " يطلع عليكم رجل من أهل الجنة " فاطلع عمر . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرگە ھازىر جەننەت ئەھلىدىن بىر ئەر چىقىپ كېلىدۇ دېدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەلدى، ئاندىن يەنە شۇنداق دەپتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەلدى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**6059 – [ 13 ]** ( موضوع )**وعن عائشة قالت : بينا رأس رسول الله صلى الله عليه وسلم في حجري ليلة ضاحية إذ قلت : يا رسول الله هل يكون لأحد من الحسنات عدد نجوم السماء ؟ قال : " نعم عمر " . قلت : فأين حسنات أبي بكر ؟ قال : " إنما جميع حسنات عمر كحسنة واحدة من حسنات أبي بكر " رواه رزين**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، سۈزۈلك، ئوچۇق بىر كېچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشى مىنىڭ قۇچۇقۇمدا ئىدى، مەن تۇيۇقسىز يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، يۇلتۇزلارنىڭ باراۋىرىدە ياخشىلىقى بار كىشىمۇ بارمۇ؟ دەپ سورىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار، ئۇ ئۆمەر دېدى، مەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەيەردە قالدى دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، جەزمەن ئۆمەرنىڭ بارلىق ياخشىلىقلىرى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئاران بىر ياخشىلىقىغا تەڭ دېدى، رەزىين خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس يالغان دېدى، راستلا يالغان.

**[ 6 ] باب مناقب عثمان – الفصل الأول** ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**6060 – [ 1 ]** ( صحيح ) **عن عائشة قالت : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم مضطجعا في بيته كاشفا عن فخذيه – أو ساقيه – فاستأذن أبو بكر فأذن له وهو على تلك الحال فتحدث ثم استأذن عمر فأذن له وهو كذلك فتحدث ثم استأذن عثمان فجلس رسول الله صلى الله عليه وسلم وسوى ثيابه فلما خرج قالت عائشة : دخل أبو بكر فلم تهتش له ولم تباله ثم دخل عمر فلم تهتش له ولم تباله ثم دخل عثمان فجلست وسويت ثيابك فقال : " ألا أستحي من رجل تستحي منه الملائكة ؟ " وفي رواية قال : " إن عثمان رجل حيي وإني خشيت إن أذنت له على تلك الحالة أن لا يبلغ إلي في حاجته " . رواه مسلم**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئىزنى سوراپ كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كاساياسىنى يېپىنىپ، ئىككى يوتىسىنى ياكى ئىككى پاچىقىنى ئۇچۇق قويۇپ كۆرپىسىدە ياتاتتى، شۇ ھالەتتە، بۇئىككىسىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلدى، ئۇلار چىقىپ كېتىپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇخسەت سورىسا، ئۆزىنى ئوڭشاپ، كاسايانى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بىرىپ، كىيمىڭنى تۈزلەپ كىيىۋال دېدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ئۇ ئىككىسى كىرىۋىدى، ئۇلارغا مىدىرلاپمۇ قويمىدىلا، پەرۋا قىلمىدىلا، ئاندىن ئوسمان كىرىۋىدى، تۈز ئولتۇرۇپ، كىيىملىرىنى رۇسلاپ كەتتىلە،بۇنىمە ئۇچۇن دىسە، رەسۇلۇللاھ ؛ پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىپ تارتىنىدىغان كىشىدىن مەن ھايا قىلمامدىم؟ تارتىنمامدىم؟ھەقىقەتەن مەن

شۇ ھالەتتە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىزنى بەرگەن بولسام، ئۇنىڭ ماڭا ھاجىتىنى يەتكۈزمەسلىكىدىن، ھاجىتىنى ئادا قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىدىم،چۈنكى، ئۇ بەك ئۇياتچان ، ھايالىق كىشى دېدى، مۇسلىم 4415 ــ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ھايالىق، ئۇياتچان بولۇش، پەردىلىنىش، ئىزنى رۇخسەت سوراش، ھاجەتنى ئامال بار قولدىن كېلىشىچە ئادا قىلىشتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەكمۇ ھايالىق، ئۇياتچان، ئۆزىنى دائىم پەردىلەپ تۇرىدىغان كىشىدۇر، ئۇنىڭدىن پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىدۇ، ئەبۇ يەئلا ، سەھىھ.

**6061 – [ 2 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته ) عن طلحة بن عبيد الله قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لكل نبي رفيق ورفيقي – يعني في الجنة – عثمان " رواه الترمذي**

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ بىردىن ھەمراھى باردۇر، مېنىڭ (جەننەتتىكى)ھەمراھىم ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.تىرمىزى توپلىغان. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوسمان جەننەتتە بولىدۇ، جەننەتكە كىرىدۇر، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**6062 – [ 3 ] وراه ابن ماجه عن أبي هريرة وقال الترمذي : هذا حديث غريب وليس إسناده بالقوي وهو منقطع**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەكمۇ ھايالىق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىدۇ، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ھايالىق كىشىسى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، ئىبنى ئەساكىر توپل، سەھىھ.

**6063 – [ 4 ] ( ضعيف )وعن عبد الرحمن بن خباب قال : شهدت النبي صلى الله عليه وسلم وهو يحث على جيش العسرة فقام عثمان فقال : يا رسول الله علي مائتا بعير بأحلاسها وأقتابها في سبيل الله ثم حض على الجيش فقام عثمان فقال : علي مائتا بعير بأحلاسها وأقتابها في سبيل الله ثم حض فقام عثمان فقال : علي ثلاثمائة بعير بأحلاسها وأقتابها في سبيل الله فأنا رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم ينزل عن المنبر وهو يقول : ما على عثمان ما عمل بعد هذه ما على عثمان ما عمل بعد هذه . رواه الترمذي**

ئابدۇرەھمان ئىبنى خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەيشۇلئۇسرەتگە يەنى قىيىنچىلىقدا ئۇرۇش قىلغان قوشۇنغا چاقىرىق قىلىپ، كىشىلەرنى قىزىقتۇرغاندا بار ئىدىم، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەس تۇرۇپ، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەن ئاللاھ يولىدا 200 تۆگىنى نوختا، جابدۇق، ھەممە نەرسىسى بىلەن بىرەي،ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمگە دېدى، ئاندىن يەنە تەرغىيپ قىلغان ئىدى، 300نى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردىن چۈشۈۋېتىپ، مۇنداق دېدى، مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان نېمە ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش يوق دېدى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى.

**6064 – [ 5 ] ( حسن ) وعن عبد الرحمن بن سمرة قال : جاء عثمان إلى النبي صلى الله عليه وسلم بألف دينار في كمه حين جهز جيش العسرة فنثرها في حجره فرأيت النبي صلى الله عليه وسلم يقلبها في حجره ويقول : ما ضر عثمان ما عمل بعد اليوم "**

مرتين . رواه أحمد

ئەبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىشىدا ـ ئۇسرەت قوشۇنىنى (يەنى قىيىن جەڭگەچىقىقان قوشۇننى)تەييارلىغان چاغدا ـ يېڭىدە 1000دىينار ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئېتىكىگە تۆكتى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇئالتۇنلارنى ئېتىكىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكەپ تۇرۇپ،ئىككى قېتىم مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم؛ ئۇسمان بۇگۈندىن باشلاپ نەيلە ئەمەللەرنى قىلالمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچ زەرەر يوقتۇر.ئەھمەد توپلىغان ھەسەن.

6065 – [ 6 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : لما أمر رسول الله صلى الله عليه وسلم ببيعة الرضوان كان عثمان رضي الله عنه رسول رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى مكة فبايع الناس فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن عثمان في حاجة الله وحاجة رسوله فضرب بإحدى يديه على الأخرى فكانت يد رسول الله صلى الله عليه وسلم لعثمان خيرا من أيديهم لأنفسهم . رواه الترمذي

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىزۋان بەيئىتىگە بۇيرىغاندا يەنى رازىلىق بەيئىتى دەرەخ ئاستىدا 1500 ساھابىدىن ئېلىنغان بەيئەت، بۇ چاغدا ئۇسمانرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە مەككىدە ئىدى، كىشىلەر بەيئەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇسمان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھاجىتىدە بولۇپ قالدى دەپ بىر قولىنى يەنە بىر قولىغا ئۇرۇپ، بۇ ئۇسماننىڭ بەيئىتى دېدى، ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولى كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىن ياخشى بولدى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى،

6066 – [ 7 ] ( ضعيف ) وعن ثمامة بن حزن القشيري قال : شهدت الدار حين أشرف عليهم عثمان فقال : أنشدكم بالله والإسلام هل تعلمون أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قدم المدينة وليس بها ماء يستعذب غير بئر رومة ؟ فقال : " من يشتري بئر رومة يجعل دلوه مع دلاء المسلمين بخير له منها في الجنة ؟ " فاشتريتها من صلب مالي وأنتم اليوم تمنعونني أن أشرب منها حتى أشرب من ماء البحر ؟ قالوا : اللهم نعم . فقال : أنشدكم بالله والإسلام هل تعلمون أن المسجد ضاق بأهله فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يشتري بقعة آل فلان فيزيدها في المسجد بخير منها في الجنة ؟ " . فاشتريتها من صلب مالي فأنتم اليوم تمنعونني أن أصلي فيها ركعتين ؟ فقالوا : اللهم نعم . قال : أنشدكم بالله والإسلام هل تعلمون أني جهزت جيش العسرة من مالي ؟ قالوا : اللهم نعم . قال : أنشدكم بالله والإسلام هل تعلمون أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان على ثبير مكة ومعه أبو بكر وعمر وأنا فتحرك الجبل حتى تساقطت حجارته بالحضيض فركضه برجله قال : " اسكن ثبير فإنما عليك نبي وصديق وشهيدان " . قالوا : اللهم نعم . قال : الله أكبر شهدوا ورب الكعبة أني شهيد ثلاثا . رواه الترمذي والنسائي والدارقطني

سۇمامەت ئىبنى ھەزەنلىقۇشەيرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى بار ئىدىم دەپ، ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى سۆزلەيدۇ، رومەت قۇدۇقىنى كولىغان، مەسجىد ئورنىنى سېتىۋالغان، قوشۇن تەييارلىغان، تاغ تەۋرەپ، ئى تاغ، جىم تۇر ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر، سىددىق ئىككى شېھىد بار دېگەن سۆزنى دەپ، مەن شېھىد دەپ ئۈچ قېتىم دېيىشى سۆزلەنگەن، تىرمىزى، نەسەئى، دارىقۇتنى خاتىرلىگەن، ئەلبانى بۇ ھەدىس زەئىپ دېگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ئوھۇد تېغى ئۈستىدە ئەبۇ بەكرى، ئۇسمان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىللە ئىدى، تاغ تەۋرىدى، ئاندىن «ئى ئوھۇد تېغى! جىم تۇرغىن، ھەققەتەن ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر، سىددىق، ئىككى شەھىيد بار» دېگەن، بۇ ھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم،

تىرمىزى ئەنەسدىن، تىرمىزى ھەم ئوسماندىن، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا  ئىبنى ھەببان سەھلى ئىبنى سەئىددىن توپلىغان سەھىھ.

**6067 – [ 8 ]** ( صحيح ) **وعن مرة بن كعب قال : سمعت من رسول الله صلى الله عليه وسلم وذكر الفتن فقر بها فمر رجل مقنع في ثوب فقال : " هذا يومئذ على هدى " فقمت إليه فإذا هو عثمان بن عفان . قال : فأقبلت عليه بوجهه . فقلت : هذا ؟ قال : " نعم " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي : هذا حديث حسن صحيح**

مۇررەت ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىتنە-پاسادلارنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بەكلا يېقىنلىقىنى سۆزلىدى، ئاندىن بىر كىشى باش-كۆزىنى كىيىمى بىلەن يۆگىۋالغان ھالدا ئۆتۈپ قالدى، رەسۇلۇللاھ شۇكىشىگە ئىشارەت قىلىپ؛ پىتنە-پاسادنىڭ شۇكۈنىدە مۇشۇ كىشى ھەق-ھىدايەتنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ دېدى، مەن بېرىپ قارىسام، ئۇكىشى ئوسمان ئىكەن، مەن ئۇنىڭ يۈزىنى رەسۇلۇللاھ تەرەپكە قارىتىپ تۇرۇپ؛ مۇشۇ كىشى شۇمۇ؟دىسەم،رەسۇلۇللاھ؛ھەئە شۇ دېدى.تىرمىزى بىلەن ئىبنى ماجە توپلىغان سەھھ

**6068 – [ 9 ]** ( صحيح ) **وعن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " يا عثمان إنه لعل الله يقمصك قميصا فإن أرادوك على خلعه فلا تخلعه لهم " . رواه الترمذي وابن ماجه وقال الترمذي في الحديث قصة طويلة**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئوسمان! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ساڭا بىر كۆڭلەكنى كىيدۈرىدۇ، يەنى خەلىيپە قىلىدۇ، ئەگەر مۇناپىقلار سەندىن ئۇ كۆڭلەكنى سالدۇرۇۋېلىشنى ئىرادە قىلسا، سەن ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر يەنى ئۆلمىگىچە ئۇنى سېلىپ بەرمە، يەنى خەلىپىلىكنى بەرمە. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھنىڭ 7947 ـ.

**6069 – [ 10 ] وعن ابن عمر قال : ذكر رسول الله صلى الله عليه وسلم فتنة فقال : " يقتل هذا فيها مظلوما " لعثمان . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب إسنادا**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىتنە-پاسادلارنى تىلغا ئېلىپ؛ پىتنە-پاسادنىڭ كۈنىدە مۇشۇ كىشى(يەنى ئوسمان)زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ دېدى.تىرمىزى توپلىغان،ھەسەن.

**6070 – [ 11 ]** ( صحيح ) **وعن أبي سهلة قال : قال لي عثمان يوم الدار : إن رسول الله صلى الله عليه وسلم قد عهد إلي عهدا وأنا صابر عليه . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح**

ئەبۇسەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ھويلىسىغا قامىلىپ قالغان كۈنى ئۇماڭا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا بىر ئەھدىنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى، مەن شۇنىڭ ئۈستىدە سەۋرە قىلىپ چىڭ تۇرىمەن دېدى.تىرمىزى توپلىغان،سەھىھ.يەنى بىر خەلىپىلىكتە چىڭ تۇرۇش ئىدى.

**6071 – [ 12 ] الفصل الثالث** ( صحيح ) **عن عثمان بن عبد الله بن موهب قال : جاء رجل من أهل مصر يريد حج البيت فرأى قوما جلوسا فقال : من هؤلاء القوم ؟ قالوا : هؤلاء قريش . قال فمن الشيخ فيهم ؟ قالوا : عبد الله بن عمر . قال : يا ابن عمر إني سائلك عن شيء فحدثني : هل تعلم أن عثمان فر يوم أحد ؟ قال : نعم . قال : هل تعلم أنه تغيب عن بدر ولم يشهدها ؟ قال : نعم . قال : هل تعلم أنه تغيب عن بيعة الرضوان فلم يشهدها ؟ قال : نعم ؟ قال : الله أكبر قال ابن عمر : تعال أبين لك أما فراره يوم أحد فأشهد أن الله عفا عنه وأما تغيبه عن بدر فإنه كانت تحته رقية بنت رسول الله صلى الله عليه وسلم وكانت**

**مريضة فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لك أجر رجل ممن شهد بدرا وسهمه " . وأما تغيبه عن بيعة الرضوان فلو كان أحد أعز ببطن مكة من عثمان لبعثه فبعث رسول الله صلى الله عليه وسلم عثمان وكانت بيعة الرضوان بعد ما ذهب عثمان إلى مكة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم بيده اليمنى : " هذه يد عثمان " فضرب بها على يده وقال : " هذه لعثمان " . فقال له ابن عمر : اذهب بها الآن معك . رواه البخاري**

ئوسمان ئىبنى ئابدۇ**الله** رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مىسر ئەھلىدىن بىركىشى بەيتۇ**الله** نى ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلىپ كېلىپ، ئولتۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ؛ ئاۋۇ كىشىلەر كىم بولىدۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ئاۋۇ كىشىلەر قۇرەيشلەر بولىدۇ دېدى، ئۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيخ كىم؟ دېدى، ئۇلار؛ئىبنى ئۆمەر بولىدۇ دېدى، ئۇكىشى كېلىپ؛ ئى ئىبنى ئۆمەر! مەن سەندىن بىرنەچچە ئىش توغرىسىدا سورايمەن، ماڭا راستىنى سۆزلەپ بەرگىن؛ ئۇھۇد كۈنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاچقانلىقىنى بىلەمسەن؟دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھەئە بىلىمەن دېدى، ئۇ؛ بەدىر كۈنىمۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غائىب بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەدىر ئۇرىشىغا قاتناشمىغانلىقىنى بىلەمسەن؟دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھەئە بىلىمەن دېدى، ئۇ؛ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىزۋان بەيئىتىدىنمۇ غائىب بولۇپ قاتناشمىغانلىقىنى بىلەمسەن؟دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھەئە بىلىمەن دېدى، ئۇ؛**الله** ئەكبەر!!!دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇياققا كەل! مەن ساڭا بىر بىرلەپ بايان قىلىپ بىرەي، ئۇنىڭ ئۇھۇد كۈنى قېچىشىغا كەلسەك، گۇۋاھلىق بىرىمەنكى، **الله** تائالا ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىپ ئۇتتۇۋەتتى، ئۇنىڭ بەدىر ئۇرىشىغا قاتنىشالمىغانلىقىغا كەلسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى رۇقىيە ئۇنىڭ ئايالى بولۇپ،ئۇقاتتىق كېسەل بولۇپ قالغان ئىدى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسمانغا؛ سەن قىزىمغا قارىغىن،ساڭا بەدىرگە قاتناشقانلارنىڭ ئەجرى ۋە غەنىيمەتتىن بولغان نېسىۋىسى بىرىلىدۇ دېگەندۇر، ئەمما ئۇنىڭ رىزۋان بەيئىتىگە قاتنىشالمىغانلىقىغا كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككىگە بىر ئىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى، ئەگەر مەككە ئەھلىدە ئوسماندىنمۇ ئەزىزراق بىرەر كىشى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە شۇكىشىنى ئەۋەتكەن بولاتتى، رىزۋان بەيئىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە كىتىپ بولغاندىن كيىن قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىغا؛ بۇ ئوسماننىڭ قولى دەپ، ئوڭ قولىنى يەنە بىر قولىغا ئۇرۇپ؛ مانا بۇ ئوسماننىڭ بەيئىتى دېدى، ئاندىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى كىشىگە؛مانا ئەمدى سەن يۇقىرقى سۆزلىرىم بىلەن قايتساڭ بولىدۇ دېدى.بۇخارى.

**6072 – [ 13 ] وعن أبي سلهة مولى عثمان رضي الله عنهما قال : جعل النبي صلى الله عليه وسلم يسر إلى عثمان ولون عثمان يتغير فلما كان يوم الدار قلنا : ألا نقاتل ؟ قال : لا إن رسول الله صلى الله عليه وسلم عهد إلي أمرا فأنا صابر نفسي عليه**

ئەبۇسەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەخپى يۇشۇرۇن رەۋىشتە بىر نەرسىلەرنى دېيىشكە باشلىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەڭگى ئۇنىڭدىن ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇ ئۆز ھويلىسىغا قامىلىپ قالغان كۈنى بولغاندا، بىز ئۇنىڭغا؛ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلمامدۇق؟دىسەك، ئۇبىزگە؛ ياق ئۇرۇش قىلمايمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا بىر ئەھدىنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى، مەن شۇنىڭ ئۇستىدە سەۋرە قىلىپ چىڭ تۇرىمەن دېدى.بەيھەقى توپلىغان.

**6073 – [ 14 ] وعن أبي حبيبة أنه دخل الدار وعثمان محصور فيها وأنه سمع أبا هريرة يستأذن عثمان في الكلام فأذن له فقام فحمد الله وأثنى عليه ثم قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إنكم ستلقون بعدي فتنة واختلافا – أو قال :**

اختلافا وفتنة – فقال له قائل من الناس : فمن لنا يا رسول الله ؟ أو ما تأمرنا به ؟ قال : " عليكم بالأمير وأصحابه " وهو يشير إلى عثمان بذلك . رواهما البيهقي في " دلائل النبوة "

ئەبۇھەببىبە رەھ هويلىغا كىرسە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ هويلىدا مۇھاسىرگە ئېلىنغان ئىكەن، ئاندىن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز قىلىش ئۈچۈن ئىزنى سورىغاندا، ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىزنى بېرىلدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، الله قا ھەمدۇ ـ سانالار ئېيتقاندىن كېيىن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى؛ سىلەر پات يېقىندا مەندىن كېيىن نۇرغۇن پىتنە ـ پاساد ۋە ئىختىلاپلارغا ئۇچرايسىلەر، كىشىلەردىن بىرسى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزنى كىمگە ئەگىششىكە بۇيرىيلا؟ياكى بىزنى نىمىگە بۇيرىيلا؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛سىلەر شۇ چاغدا ئەمىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى لازىم تۇتۇڭلار دەپ، بۇ سۆزى بىلەن بىرگە ئوسمانغا ئىشارەت قىلغان ئىدى، دېدى.بەيھەقى توپلىغان.

[ 7 ] باب مناقب هؤلاء الثلاثة – الفصل الأول    ئۇقىرقى ئۈچ خەلىپىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

6074 – [ 1 ] ( صحيح ) عن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم صعد أحدا وأبو بكر وعمر وعثمان فرجف بهم فضربه برجله فقال : " اثبت أحد فإنما عليك نبي وصديق وشهيدان " . رواه البخاري

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ئوھۇد تېغىغا چىقتى، ئەبۇ بەكرى،ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ بىللە ئىدى، تاغ تەۋرىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ تاغنى پۇتى بىلەن تېپىپ قويۇپ «ئى ئوھۇد تېغى، جىم تۇرغىن، ھەققەتەن ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر، سىددىق، ئىككى شەھىيد بار» دىگەن، بۇ ھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ئەنەسدىن، تىرمىزى ھەم ئوسماندىن، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان سەھلى ئىبنى سەئىددىن توپلىغان سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستە تۆت خەلىپە، تەلھە، زۇبەير رەزىيەللاھۇئەنھۇملار بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم :ئى ھىرائ تېغى جىم تۇر! ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، سىددىق ۋە شەھىد بار» دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، سەئىددىن، ئەھمەد ھەم ئەنەس ئۇبۇھۇرەيرەتتىن تەبرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھنىڭ 132 ـ ھەدىسى.

6075 – [ 2 ] وعن أبي موسى الأشعري قال : كنت مع النبي صلى الله عليه وسلم في حائط من حيطان المدينة فجاء رجل فاستفتح فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " افتح له وبشره بالجنة " ففتحت له فإذا أبو بكر فبشرته بما قال رسول الله صلى الله عليه وسلم فحمد الله ثم جاء رجل فاستفتح فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " افتح له وبشره بالجنة " . ففتحت له فإذا هو عمر فأخبرته بما قال النبي صلى الله عليه وسلم فحمد الله ثم استفتح رجل فقال لي : " افتح له وبشره بالجنة على بلوى تصيبه " فإذا عثمان فأخبرته بما قال النبي صلى الله عليه وسلم فحمد الله ثم قال : الله المستعان . متفق عليه

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەدىنە باغلىرىدىن بىر باغنىڭ ئىچىدە ئىدىم، بىركىشى كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بەرگىن دېدى، ئىشىكنى ئاچسام، ناگاھان ئەبۇبەكرى ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ دىگەنلىرى بىلەن خۇش بىشارەت بەردىم، ئۇ الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتتى، ئاندىن يەنە بىركىشى كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بەرگىن دېدى، ئىشىكنى ئاچسام، ناگاھان ئۆمەر ئىكەن، مەن

ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ دىگەنلىرى بىلەن خۇش بىشارەت بەردىم، ئۇمۇ **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتتى، ئاندىن كىيىن يەنە بىركىشى كىلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بىرىشنى تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا يىتىدىغان بالا ـ مۇسىيبەت بىلەن بىرگە جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بەرگىن دىدى، ئىشىكنى ئاچسام، ناگاھان ئوسمان ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ دىگەنلىرى بىلەن خۇش بىشارەت بەردىم، ئۇ **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ،ئاندىن كىيىن؛ ياردەم پەقەت بىر **الله** تىنلا سورىلىدۇ دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6076 – [ 3 ] الفصل الثاني ( حسن صحيح ) عن ابن عمر قال : كنا نقول ورسول الله صلى الله عليه وسلم حي : أبو بكر وعمر وعثمان رضي الله عنهم . رواه الترمذي**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چاغدىلا، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار **دەيتتۇق** (يەنى ئۇلار شۇ تەرتىپ بۇيىچە خەلىپە بولاتتى)تىرمىزى توپلىغان،سەھىھ.

**6077 – [ 4 ] الفصل الثالث ( ضعيف )عن جابرن أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أري الليلة رجل صالح كأن أبا بكر نيط برسول الله صلى الله عليه وسلم ونيط عمر بأبي بكر ونيط عثمان بعمر " قال جابر : فلما قمنا من عند رسول الله صلى الله عليه وسلم قلنا : أما الرجل الصالح فرسول الله وأما نوط بعضهم ببعض فهم ولاة الأمر الذي بعث الله به نبيه صلى الله عليه وسلم . رواه أبو داود**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن بۈگۈن كېچە، سالىھ، ياخشى بىر ئەرنى چۈشۈمدە كۆردۈم، گوياكى ئەبۇ بەكرى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگەشتى، ئۇنىڭغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگەشتى، ئۇنىڭغا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگەشتى، بىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدىن تۇرغاندا، سالىھ ئەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇدۇر، ئەگەشكەن ئۈچەيلەن ئىشلارغا يەنى خەلىپە بولىدىغان ئۈچەيلەن شۇ دىيىشتۇق، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى، ئەگەر بۇنداق ھەدىس سەھىھ بولغان بولسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، خەلىپىلىك ئىشىنى ئالتە كىشى ئارىسىغا مەسلىھەتكە تاشلاپ قويماي، ھەدىسكە ئەمەل قىلاتتى. بۇ مەسلىھەت سەھىھ مۇسلىمدا بار.

**[ 8 ] باب مناقب علي بن أبي طالب – الفصل الأول** **ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

**6078 – [ 1 ] عن سعد بن أبي وقاص قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لعلي : " أنت مني بمترلة هارون من موسى إلا أنه لا نبي بعدي " . متفق عليه**

سەئىد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دىگەن: سەن ماڭا نىسبەتەن خۇددى مۇساغا نىسبەتەن ھارۇننىڭ ئورنىدا تۇرىسەن، (يەنى ھارۇن، مۇساغا نىسبەتەن قانداق ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا، سەن ماڭا نىسبەتەن شۇنداق ئورۇننى ئىگىلەيسەن)، لېكىن، شەك ــ شۈبھىسىز مەندىن كېيىن قەتئىي پەيغەمبەر كەلمەيدۇ،بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۇشۇ چاغقىچە مۆجىزە بولدى، بۇندىن كېيىنمۇ مۆجىزە بولىدۇ، چۈنكى، راستىنلا ھەقىقىي پەيغەمبەر كەلمىدى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ماڭا نىسبەت،خۇددى مۇساغا نىسبەتەن ھارۇننىڭ ئورنىدا بولىدۇ، يەنى ئەلىنىڭ ئورنى، ھارۇننىڭ ئورنىدەك، لېكىن، شەك ــ شۈبھىسىز مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، ئەبۇ بەكرىلمەتىيرى توپلىغان، سەھىھ.

**6079 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن زر بن حبيش قال : قال علي رضي الله عنه : والذي فلق الحبة وبرأ النسمة إنه لعهد النبي الأمي صلى الله عليه وسلم إلي : أن لا يحبني إلا مؤمن ولا يبغضني إلا منافق . رواه مسلم**

زەر رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: دانلارنى يېرىپ بىخلىتىدىغان، جانلارنى ياراتقان زات الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ماڭا مۇنداق ئەھدى قىلغان؛ مىنى پەقەت مۆئمىن كىشى ياخشى كۆرۈپ، مۇناپىق كىشى ئۆچ كۆرىدۇ.مۇسلىم.ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سېنى پەقەت مۆئمىن كىشىلا ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتىدۇ، سىنى پەقەت مۇناپىقلا ئۆچ كۆرۈپ، ساڭا غەزەپ قىلىدۇ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6080 – [ 3 ] وعن سهل بن سعد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال يوم خيبر : " لأعطين هذه الراية غدا رجلا يفتح الله على يديه يحب الله ورسوله ويحبه الله ورسوله " . فلما أصبح الناس غدوا على رسول الله صلى الله عليه وسلم كلهم يرجو أن يعطاها فقال : " أين علي بن أبي طالب ؟ " فقالوا : هو يا رسول الله يشتكي عينيه . قال : " فأرسلوا إليه " . فأتي به فبصق رسول الله صلى الله عليه وسلم في عينيه فبرأ حتى كأن لم يكن به وجع فأعطاه الراية فقال علي : يا رسول الله أقاتلهم حتى يكونوا مثلنا ؟ فقال : " انفذ على رسلك حتى تنزل بساحتهم ثم ادعهم إلى الإسلام وأخبرهم بما يجب عليهم من حق الله فيه فوالله لأن يهدي الله بك رجلا واحدا خير لك من أن يكون لك حمر النعم متفق عليه وذكر حديث البراء قال لعلي :أنت مني وأنا منك " في باب " بلوغ الصغير**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى مۇنداق دىگەن: مەن ئەتە بۇبايراقنى بىر كىشىگە بىرىمەن، الله تائالا شۇكىشىنىڭ قولىدا غەلبە ئاتا قىلىدۇ، ئۇكىشى الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسمۇ ئۇكىشىنى ياخشى كۆرىدۇ دېدى، كىشىلەر تاڭ ئاتقۇزغاندا، ئەتىگەندە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ، ھەممىسى بايراقنى ئۆزىگە بەرىسكەن دەپ ئۈمۈت قىلىشتى، رەسۇلۇللاھ؛ ئەلى قېنى ؟ دېدى، ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىڭلار، ئۇ كەلسۇن دېدى، ئۇ كىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كۆزىگە سۈپ دەپ ئايىتى شىپا ئۇقۇپ قويىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزى گۇياكى كېسەل يوقتەكلا ساقىيىپ قالدى،ئاندىن بايراقنى ئۇنىڭغا بەردى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار بىزگە ئوخشاش مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلامدىم؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلارنىڭ بىر چېتىگە چۈشكەنگە قەدەر ئاستا يۈرۈش قىل، ئاندىن دۈشمەنلەرنىڭ بىر چېتىگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرغىن، ئۇلارغا ئىسلام دىنىدا ئاللاھنىڭ ھەقلىرىدىن ۋاجىپ بولىدىغان نەرسىلەرنى خەۋەر قىلغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ سەن سەۋەبلىك بىر كىشىنى ھەقكە ھىدايەت قىلىشى، سەن ئۈچۈن نۇرغۇن ئېسىل تۆگىلەرنىڭ مال _ دۇنيانىڭ بولۇشىدىن ياخشىدۇر،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ، بىر نەپەر مۆئمىن يەر شارىدىنمۇ مۇھىمدۇر، كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشايلى، بۇ،بىز ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى بەرگەندىنمۇ ياخشىدۇر.

**6081 – [ 4 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن عمران بن حصين أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " إن عليا مني وأنا منه وهو ولي كل مؤمن " . رواه الترمذي**

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ئەلىيدىن نېمىنى ئىرادە قىلىسلەر؟ دەپ ئۈچ قېتىم دېۋىتىپ، ھەقىقەتەن ئەلى مەندىن، مەن ئەلىيدىن، ئەلى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەندىن كېيىن ھەربىر مۆئمىننىڭ ئىگىسىدۇر، دوستىدۇر. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.بەررائى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: مەن سەندىن، مەن سېنىڭ جۈملەڭدىن، سەن مەندىن دىگەن، (يەنى شۇنداق يېقىن نەسەبى بىردۇر، دىنى بىردۇر، ئاللاھ خالىسا ئاخىرەتتىكى جايى بىردۇر) بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6082 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن زيد بن أرقم أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : من كنت مولاه فعلي مولاه رواه أحمد والترمذي**

بەررائى، بۇرەيدە، زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن كىمنىڭ ئىگىسى،دوستى بولسام، ئەلىمۇ ئۇنىڭ ۋەلىي دوستى بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن كىمنىڭ ئىگىسى، ۋەلىسى بولسام،ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ۋەلىيسى بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى،ئىبنى ھاكىم، توپلىغان، سەھىھنىڭ 6524 ـ ھەدىسى.

**6083 – [ 6 ] وعن حبشي بن جنادة قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " علي مني وأنا من علي ولا يؤدي عني إلا أنا وعلي " رواه الترمذي ورواه أحمد عن أبي جنادة**

ھەبشى ئىبنى جۇنادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلى مەندىن مەن ئەلىدىن، (بىز شۇنداق يېقىن بىر نەسەب) مەندىن پەقەت مەن ئۆزۈم ياكى ئەلى ئادا قىلالايدۇ، يەنى قەرزنى ياكى قۇربانلىقنى، ئەھمەد 16853 ـــ ھەدىستە قەرزنى دىيىلگەن، تىرمىزى 3653 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 116 ـــ ھەدىس، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ قەرزىمنى تۆلەپ، ئادا قىلىدۇ، بەزار توپلىغان، ھەسەن، بۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى.

**6084 – [ 7 ] ( ضعيف )وعن ابن عمر قال : آخى رسول الله صلى الله عليه وسلم بين أصحابه فجاء علي تدمع عيناه فقال : آخيت بين أصحابك ولم تؤاخ بيني وبين أحد . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنت أخي في الدنيا والآخرة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىنى تېخىمۇ يېقىن قىلىش ئۈچۈن، مەنىيىدە ئۆزئارا ئاكا ـــ ئىنى، قېرىنداش قىلىپ قويدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ كېلىپ مۇنداق دېدى: باشقا ساھابىلىرىنى ئاكا ـــ ئىنى قىلىپ قويۇپ، مېنى ھېچكىم بىلەن ئاكا ـــ ئىنى، قېرىنداش قىلمىدىڭىزغۇ؟، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن مېنىڭ دۇنيا ـــ ئاخىرەتتىكى ئىنىم، قېرىندىشىم دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىس غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېدى.

**6085 – [ 8 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : كان عند النبي صلى الله عليه وسلم طير فقال : " اللهم ائتني بأحب خلقك إليك يأكل معي هذا الطير " فجاء علي فأكل معه . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا قۇش گۆشى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى ئاللاھ بەندىلىرىڭدىن ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بەندەڭنى كەلتۈرسەڭ، ئۇ مەن بىلەن بۇ قۇشدىن يىسە دېدى،ئاندىن ئەلى رە كېلىپ ئۇگۈشدىن يېدى. تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ

| |
|---|
| دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن. |
| **6086 – [ 9 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : كنت إذا سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم أعطاني وإذا سكت ابتدأني . رواه الترمذي وقال : هذا حديث " حسن غريب "**<br><br>ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەرسە سورىسام بىرەتتى، جىم تۇرسامىۇ مەندىن باشلاپ بىرەتتى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن. |
| **6087 – [ 10 ] ( لم تتم دراسته ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أنا دار الحكمة وعلي بابها " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب وقال : روى بعضهم هذا الحديث عن شريك ولم يذكروا فيه عن الصنابحي ولا نعرف هذا الحديث عن أحد من الثقات غير شريك**<br><br>ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مەن ھېكمەت ھويلىسى بولسام، ئەلى ئۇ ھويلىنىڭ ئىشىكىدۇر.تىرمىزى توپلاپ، غەرىپ دېگەن. |
| **6088 – [ 11 ] ( ضعيف )وعن جابر قال : دعا رسول الله صلى الله عليه وسلم عليا يوم الطائف فانتجاه فقال الناس : لقد طال نجواه مع ابن عمه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما انتجيته ولكن الله انتجاه " . رواه الترمذي**<br><br>جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تائىپە كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ مۇڭداشتى، كىشىلەر ئۇنىڭ مۇڭدىشىشى، تاغىسىنىڭ ئوغلى بىلەن بەك ئۇزاراپ كەتتى دېيىشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن مەن مۇڭداشمىدىم، ئاللاھ مەن ئارقىلىق مۇناجات قىلىپ ئۇنۇڭ بىلەن مۇڭداشتى دېدى. تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. |
| **6089 – [ 12 ] ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لعلي : " يا علي لا يحل لأحد يجنب في هذا المسجد غيري وغيرك " قال علي بن المنذر : فقلت لضرار بن صرد : ما معنى هذا الحديث ؟ قال : لا يحل لأحد يستطرقه جنبا غيري وغيرك . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**<br><br>ئەبۇ سەئىيد، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن دېدى. ئى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ مەسجىددە مەن بىلەن سەندىن باشقىلارنىڭ جۇنۇپ ھالدا يۈرۈشى ھالال ئەمەس دېگەن. تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېدى. |
| **6090 – [ 13 ] ( ضعيف )وعن أم عطية قالت : بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم جيشا فيهم علي قالت : فسمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو رافع يديه يقول : " اللهم لا تمتني حتى تريني عليا " . رواه الترمذي**<br><br>ئۇممە ئەتىييەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دۇئا قىلغىنىنى ئاڭلىدىم، ئى ئاللاھ، ماڭا ئەلىنى كۆرسەتمىگۈچە مېنى ئۆلتۈرمىگىن، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. |
| **6091 – [ 14 ] ( ضعيف ) الفصل الثالث عن أم سلمة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لا يحب عليا منافق ولا** |

يبغضه مؤمن " . رواه أحمد والترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب إسنادا

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلىنى مۇناپىق ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭغا مۆئمىن غەزەپ قىلمايدۇ، ئەھمەد بىلەن تىرمىزى خاتىرلەپ ئىسنادى غەرىيپ دىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سىېنى پەقەت مۆئمىن كىشىلا ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتىدۇ، سىنى پەقەت مۇناپىقلا ئۆچ كۆرۈپ، ساڭا غەزەپ قىلىدۇ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6092 – [ 15 ] ( ضعيف )وعنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من سب عليا فقد سبني " . رواه أحمد

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئەلىنى تىللىسا، ئەيىبلىسە، ئۇ مىنى تىللىغان بولىدۇ، ئەھمەد توپلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئازادكەردە قۇلى راپىئىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىگە ئاللاھتائالا تاجاۋۇز قىلىدۇ، ئۇنى دۈشمەن تۇتقان كىشىنى ئاللاھ دۈشمەن تۇتىدۇ، ئىبنى مۇندەھ توپلىغان، سەھىھ.

6093 – [ 16 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " فيك مثل من عيسى أبغضته اليهود حتى بهتوا أمه وأحبته النصارى حتى أنزلوه بالمترلة التي ليست له " . ثم قال : يهلك في رجلان : محب مفرط يقرظني بما ليس في ومبغض يحمله شنآني على أن يبهتني . رواه أحمد

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:سەندە ئەيسا ئەلەيھىسسالامدەك ئىشلار يۈز بېرىدۇ، يەھۇدىيلار ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ ئانىسىغىمۇ بۆھتان قىلدى، ناسارالار ياخشى كۆرۈپ كېتىپ، ئۇ لايىق بولمىغان مەرتىۋىگە قويدى، يەنى ئىلاھ قىلىۋالدى، بۇ خىل ئىش سەن توغرىسىدىمۇ يۈز بېرىدۇ، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىدى، مەن توغرىلىق ئىككى كىشى ھالاك بولىدۇ، بىرى مىنى قاتتىق ياخشى كۆرگۈچى، ئۇ مەندە يوق سۈپەتلەر بىلەن مىنى مەدھىيلەپ كېتىدۇ، ھەتتا ئىلاھ قىلىۋالىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، مىنى ئۆچ كۆرگۈچى، مىنى ئۇنىڭ ئۆچ كۆرۈشى مەن توغرىسىدا يالغان سۆزلەشكە، بۆھتان چاپلاشقا ئاپىرىدۇ، ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. چۈنكى، ھەكەم دىگەن راۋىينى يەھيا ئىبنى مەئىين زەئىپ دىگەن. ئىبنى خەرراس ھەدىسى زەئىپ دىدى. ئەبۇ ھاتەم، ھەدىسى مۇزتەرىپ، كۈچلۈك ئەمەس دىدى، ئەبۇ داۋۇد مۇنكەر دىدى، نەسەئى كۈچلۈك ئەمەس دىدى، ھارىس دىگەن راۋىيسى شىيئە مەزھىپىدە لىكىن سادىق، راستچىل كىشى ئىكەن، خۇلاسە بۇ ھەدىس زەئىپ.

6094 – [ 17 ] ( ضعيف )وعن البراء بن عازب وزيد بن أرقم أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما نزل بغدير خم أخذ بيد علي فقال : " ألستم تعلمون أني أولى بالمؤمنين من أنفسهم ؟ " قالوا : بلى قال : " ألستم تعلمون أني أولى بكل مؤمن من نفسه ؟ " قالوا : بلى قال : " اللهم من كنت مولاه فعلي مولاه اللهم وال من والاه وعاد من عاداه " . فلقيه عمر بعد ذلك فقال له : هنيئا يا ابن أبي طالب أصبحت وأمسيت مولى كل مؤمن ومؤمنة . رواه أحمد

بەررا ئىبنى ئازىپ، زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەدىير خۇممىن يەنى خۇممىن دىگەن جايدىكى كۆلگە چۈشكەندە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ

سىلەر مېنىڭ مۆئمىنلەرگە ئۆلارنىڭ ئۆز جانلىرىدىنمۇ ئەۋلاراق ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟ دىدى، بىز بىلىمىز دېسەك، ھەربىر مۆئمىنىنىڭ جېنىدىنمۇ ئۇنىڭغا مەن لايىق، ئەۋلا يەنى مىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈشى لازىم، بۇنى بىلەمسىلەر؟ دېدى. بىز بىلىمىز دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن كىمگە ئىگە خوجايىن بولسا، ئەلى شۇنىڭ مەۋلاسى، ئىگىسى، دوستى، ئى ئاللاھ ئۇنى دوست تۇتقان كىشىنى دوست تۇت، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىگە تاجاۋۇز قىل، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچقۇشۇپ، خۇشمۇبارەك يا ئەلى، سەن ئەمدى ھەربىر مۆئمىنىنىڭ مەۋلا ئىگىسى، دوستى بولۇپ قالدىڭ دېدى، ئەھمەد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېدى، چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ بىر راۋىيسى ھەدىسى كۈچلۈك ئەمەس، تەرىك ئېتىلگەن كىشى ئىكەن.

6095 – [ 18 ] ( صحيح ) وعن بريدة قال : خطب أبي بكر وعمر فاطمة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنها صغيرة " ثم خطبها علي فزوجها منه . رواه النسائي

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇبەكرى ئاندىن كيىن ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەلچى كىرگۈزسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ قىزىم تېخى كىچىك دېدى، ئاندىن كيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلچى كىرگۈزىۋىدى، قىزىنى ئۇنىڭغا بەردى.نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

6096 – [ 19 ] ( ضعيف )وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أمر بسد الأبواب إلا باب علي . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدىدىكى بارلىق ئىشىكلەرنى ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇدى، پەقەت ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قالدى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن.بۇتوغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا مۇتېۋاتىىر ھەدىس بار.

6097 – [ 20 ] ( ضعيف )وعن علي قال : كانت لي مترلة من رسول الله صلى الله عليه وسلم لم تكن لأحد من الخلائق آتيه بأعلى سحر فأقول : السلام عليك يا نبي الله فإن تنحنح انصرفت إلى أهلي وإلا دخلت عليه . رواه النسائي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئۇچۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىسبەتەن ھېچكىشىگە بولمىغان ئالاھىدە يېقىنلىق مەرتىۋە بار ئىدى، تاڭ سەھەردە بېرىپ سالام قىلاتتىم، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەيتتىم، ئەگەر يۆتۈلۈپ قويسا، ئۆيۈمگە قايتىپ كېتەتتىم، ئۇنداق قىلمىسا ئۆيگە كىرەتتىم، نەسەئى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

6098 – [ 21 ] ( ضعيف )وعنه قال : كنت شاكيا فمر بي رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا أقول : اللهم إن كان أجلي قد حضر فأرحني وإن كان متأخرا فارفعني وإن كان بلاء فصبرني . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كيف قلت ؟ " فأعاد عليه ما قال فضربه برجله وقال : " اللهم عافه – أو اشفه – " شك الراوي قال : فما اشتكيت وجعي بعد . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن كېسەل چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ قاپتۇ، مەن مۇنداق دۇئا قىلىۋاتاتتىم، ئى ئاللاھ، ئەجىلىم توشقان بولسا مېنى ئارام تاپقۇزسىلا، ئەجىلىم تەخىر قىلسا، مەندىن بۇ كېسەلنى كۆتۈرسىلە، بالا سىناق بولسا، سەۋرە قىلدۇرسىلا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم نېمە دېدىڭ؟ دېۋىدى، مەن ئۇ دۇئانى قايتىلاپ بەردىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى پۈتى بىلەن تېپىپ مۇنداق دېدى، ئى ئاللاھ، ئۇنى ساقلىسىلا، شىپالىق ئاتا قىلسىلا، مەن شۇندىن كېيىن كېسەل بولۇپ ئاغرىمىدىم، تىرمىزى خاتىرلەپ ھەسەن، سەھىھ دىگەن بولسىمۇ، ئەلبانى رەھىمەھۇللا زەئىپ دىگەن.

## [ 9 ] باب مناقب العشرة رضي الله عنهم جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ پەزىلىتى

**6099 – [ 1 ] ( صحيح ) – الفصل الأول عن عمر رضي الله عنه قال : ما أحد أحق بهذا الأمر من هؤلاء النفر الذين توفي رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو عنهم راض فسمى عليا وعثمان والزبير وطلحة وسعدا وعبد الرحمن . رواه البخاري**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇئىشقا يەنى خەلىپىلىككە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رازى بولغان ھالدا ۋاپات بولغان ئاشۇ بىرنەچچە نەپەر كىشلەردىن باشقا ھېچ بىر كىشى ھەقلىق ئەمەستۇر دەپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى؛ ئەلى، ئوسمان، زۇبەير، تەلھە، سەئدى، ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر.بۇخارى.

**6100 – [ 2 ] ( صحيح وعن قيس بن حازم قال : رأيت يد طلحة شلاء وقى بها النبي صلى الله عليه وسلم يوم أحد رواه البخاري**

قىيس ئىبنى ھازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن تەلھەنىڭ قولىنىڭ ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قولى بىلەن قوغدايمەن دەپ، تىتىلىپ،پارا ـ پارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم،بۇخارى

**6101 – [ 3 ] وعن جابر قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " من يأتيني بخبر القوم يوم الأحزاب ؟ " قال الزبير : أنا فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إن لكل نبي حواريا وحواري الزبير " متفق عليه**

جابىر، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھزاب كۈنى:ماڭا دۈشمەن كىشلەرنىڭ خەۋىرىنى كىم ئېلىپ كېلىدۇ؟دېدى، زۇبەير؛ مانا مەن ئېلىپ كېلەي دىسە، رەسۇلۇللاھ؛ ھەققەتەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ھاۋارىيى يېقىن ئادىمى، ھەمراھى باردۇر، جەزمەن مىنىڭ ھاۋارىيىم، ھەمراھىم ياردەمچى ساھابەم زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر،دېدى. بۇخارى 2634 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4436 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3678 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 119 ـ ھەدىس، ھاكىم ۋە ئەھمەد 14408 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6102 – [ 4 ] وعن الزبير قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يأتي بني قريظة فيأتيني بخبرهم ؟ " فانطلقت فلما رجعت جمع لي رسول الله صلى الله عليه وسلم أبويه فقال : " فداك أبي وأمي " . متفق عليه**

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ماڭا بەنىي قۇرەيزىلەرنىڭ خەۋىرىنى كىم ئېلىپ كېلىدۇ؟دېدى، زۇبەير؛ئۇلارنى چارلاشقا مەن بېرىپ كەلدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ماڭاپىدا قىلىپ؛ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6103 – [ 5 ] وعن علي قال : ما سمعت النبي صلى الله عليه وسلم جمع أبويه لأحد إلا لسعد بن مالك فإني سمعته يقول يوم أحد : " يا سعد ارم فداك أبي وأمي " . متفق عليه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەئدئىبنى مالىكتىن باشقا بىرەر كىشىگە ئاتا ـ ئانىسىنى پىدا قىلغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇھۇد كۈنى؛« ئى سەئدى!ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئاتىن،ئوق ئاتقىن!دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6104 – [ 6 ] وعن سعد بن أبي وقاص قال : إني لأول العرب رمى بسهم في سبيل الله . متفق عليه**

سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ھەققەتەن مەن  الله  يولىدا ئوق ئاتقان تۇنجى ئەرەپ بۇلىمەن دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.ئۇ ئەرەپلەرنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، الله يولىدا ئوق ئاتقان ئىدى.

**6105 – [ 7 ] وعن عائشة قالت : سهر رسول الله صلى الله عليه وسلم مقدمه المدينة ليلة فقال : " ليت رجلا صالحا يحرسني " إذ سمعنا صوت سلاح فقال : " من هذا ؟ " قال : أنا سعد قال : " ما جاء بك ؟ " قال : وقع في نفسي خوف على رسول الله صلى الله عليه وسلم فجئت أحرسه فدعا له رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم نام . متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەن چاغدا بىر كېچە ئۇيقۇسىز قېلىپ؛ كاشكى سالىھ ياخشى بىر كىشى ماڭا پوستا تۇرغان بولسىمۇ!دېدى، تۇيۇقسىز بىز قۇرالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدۇق، رەسۇلۇللاھ؛بۇ كىمۇ؟دېدى، ئۇكىشى؛ مەن سەئدى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛سىنى بۇجايغا نىمە ئېلىپ كەلدى؟دېدى، ئۇ؛ قەلبىمگە الله نىڭ ئەلچىسىدىن ئەنسىرەش خەۋپى كىرىۋېلىپ، ئۇنى پوستا تۇرۇپ قوغداش ئۈچۈن كەلدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قويۇپ،ئاندىن ئۇخلاپ قالدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6106 – [ 8 ] وعن أنس قال :قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : لكل أمة أمين وأمين هذه الأمة أبو عبيدة بن الجراح متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھەربىر ئۇممەتنىڭ ئىشەنچىلىك ئادىمى بولىدۇ، شەك ــ شۈبھىسىز بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ئادىمى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر،ئۇ ئىشەنچىلىك، ئەمىين كىشىدۇر،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان،سەھىھ.ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ئادىمى بار، مېنىڭ ئىشەنچىلىك ئادىمىم ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6107 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن ابن أبي مليكة قال : سمعت عائشة وسئلت : من كان رسول الله صلى الله عليه وسلم مستخلفا لو استخلفه ؟ قالت : أبو بكر . فقيل : ثم من بعد أبي بكر ؟ قالت : عمر . قيل : من بعد عمر ؟ قالت : أبو عبيدة بن الجراح . رواه مسلم**

ئەبۇمۇلەيكەدە  رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەلىپە سايلاپ قويماقچى بولسا، كىمنى سايلاپ قوياتتى؟دەپ سورالغاندا ئۇ؛ ئەبۇبەكرىنى دېدى، ئۇنىڭدىن كىينچۇ؟دېيىلدى، ئۇ؛ ئۆمەرنى دېدى، ئۇنىڭدىن كىينچۇ؟دېيىلدى، ئۇ؛ ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى دېدى، مۇسلىم.

**6108 – [ 10 ] ( صحيح وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان على حراء هو وأبو بكر وعمر وعثمان وعلي وطلحة والزبير فتحركت الصخرة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اهدأ فما عليك إلا نبي أو صديق أو شهيد " . وزاد بعضهم : وسعد بن أبي وقاص ولم يذكر عليا . رواه مسلم**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، تۆت خەلىپە، تەلھە، زۇبەير،سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ھىرائ تېغى ئۈستىدە ئىدى، تاغ تەۋرىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛« ئى ھىرائ تېغى! جىم تۇر! ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ياكى سىددىق ياكى شەھىد بار» دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ

داۋۇد، ئىبنى ماجە سەئىددىن، ئەھمەد،مۇسلىم ئەنەس، ئۇبۇھۇرەيرەتتىن، تەبرانى ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**6109 – [ 11 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن عبد الرحمن بن عوف أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أبو بكر في الجنة وعمر في الجنة وعثمان في الجنة وعلي في الجنة وطلحة في الجنة والزبير في الجنة وعبد الرحمن بن عوف في الجنة وسعد بن أبي وقاص في الجنة وسعيد بن زيد في الجنة وأبو عبيدة بن الجراح في الجنة " . رواه الترمذي**

سەئىيد ئىبنى زەيد، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير جەننەتتە، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋق جەننەتتە، سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس جەننەتتە، سەئىيد ئىبنى زەيد جەننەتتە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ جەننەتتەبۇلدۇ، تىرمىزى، ئەھمەد، زىيائولمەقدەسى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دىگەن.بۇ ھەدىستە، يۇقىرقى 10 كىشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى جەننەتكە ھايات چېغىدا كىرىدۇ دەپ بىشارەت بېرىلگەن، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز، بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز.بىزمۇ شۇلاردەك بولايلى!!

**6110 – [ 12 ] ( صحيح ) ورواه ابن ماجه عن سعيد بن زيد**

سەئىيد ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئون كىشى جەننەتتە بولىدۇ، پەيغەمبەر جەننەتتە، ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير ئىبنى ئاۋام جەننەتتە، سەئىد ئىبنى مالىك جەننەتتە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋق جەننەتتە، سەئىيد ئىبنى زەيىد جەننەتتە بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، باشقا خاتىرىلەردە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەررەھمۇ باردۇر،يەنەبىرخاتىردە؛ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئونىنچىسى دىگەن، سەھىھ ھەدىس بار، ئەنە شۇلار ھايات چاغدىلا جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن كىشلەر ئىدى، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن، بۇ نېمىدىگەن چەكسىز بەخت، نېمىدىگەن زور خۇشاللىق ھە! ئاللاھ بىزلەرنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ، جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن!

**6111 – [ 13 ] وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أرحم أمتي بأمتي أبو بكر وأشدهم في أمر الله عمر وأصدقهم حياء عثمان وأفرضهم زيد بن ثابت وأقرؤهم أبي بن كعب وأعلمهم بالحلال والحرام معاذ بن جبل ولكل أمة أمين وأمين هذه الأمة أبو عبيدة بن الجراح رواه أحمد والترمذي وقال:هذا حديث حسن صحيح وروى معمر عن قتادة مرسلا وفيه : " وأقضاهم علي "**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمگە رەھىم قىلغاقراق، مېھرىبان كىشى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھنىڭ ئىشىدا قاتتىق چىڭ تۇرىدىغىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ھايالىقراقى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارىيراقى ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەرزگە ياكى مىراس ئىلمىغا ئالىمراقى زەيىد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھالال ــ ھارامغا ئالىمراقى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ھەر بىر ئۈممەتنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى بولىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىسى، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

6112 – [ 14 ] ( حسن ) وعن الزبير قال : كان على النبي صلى الله عليه وسلم يوم أحد درعان فنهض إلى الصخرة فلم يستطع فقعد طلحة تحته حتى استوى على الصخرة فسمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : أوجب طلحة رواه الترمذي

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇستىدە ئىككى دانە جەڭ كىيىمى بارئىدى، رەسۇلۇللاھ چوڭ بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى بولۇپ تۇرۇپ ، كىيىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن تاشنىڭ ئۈستىگە چىقالمىدى، ئاندىن تەلھە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ بەردى، رەسۇلۇللاھ تەلھەگە دەسسەپ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ راۋ-رۇس تۇرۇپ بولغاندا؛ تەلھەگە جەننەت ۋاجىب بولدى،دېدى.تىرمىزى،ھەسەن.

6113 – [ 15 ] ( ضعيف )وعن جابر قال : نظر رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى طلحة بن عبيد الله قال : " من أحب أن ينظر إلى رجل يمشي على وجه الأرض وقد قضى نحبه فلينظر إلى هذا " . وفي رواية : " من سره أن ينظر إلى شهيد يمشي على وجه الأرض فلينظر إلى طلحة بن عبيد الله " رواه الترمذي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلھەت ئىبنى ئۇبەيدەللاغا قاراپ، كىم يەر يۈزىدە ھاجىتىنى ئادا قىلىپ شېھىد بولغان ھالدا ماڭغان كىشىگە قاراشنى ياخشى كۆرسە، تەلھەگە قارىسۇن، تىرمىزى خاتىرلەپ ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىدى.سەھسسمۇ بار.

6114 – [ 16 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : سمعت أذني من في رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " طلحة والزبير جاراي في الجنة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئىككى قۇلىقىم بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، تەلھە بىلەن زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەننەتتە مېنىڭ خوشنام، ھەمراھىم بولىدۇ. تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى.

6115 – [ 17 ] ( ضعيف )وعن سعد بن أبي وقاص أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال يومئذ يعني يوم أحد : " اللهم اشدد رميته وأجب دعوته " . رواه في " شرح السنة "

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد كۈنى مۇنداق دىگەن: ئى الله ! سەئىدىنىڭ ئوق ئېتىشىنى كۈچلۈك ھەم توغرا تېگىدىغان قىلسىلا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلسىلا.شەرھسسۇننى.

6116 – [ 18 ] ( صحيح ) وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " اللهم استجب لسعد إذا دعاك " رواه الترمذي

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى الله ! سەئىدى سىلىگە دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلسىلا.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

6117 – [ 19 ] ( صحيح ) وعن علي رضي الله عنه قال : ما جمع رسول الله صلى الله عليه وسلم أباه وأمه إلا لسعد قال له يوم أحد : " ارم فداك أبي وأمي " وقال له : " ارم أيها الغلام الحزور " . رواه الترمذي

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەئدئىبنى مالىكتىن باشقا بىرەر

كىشىگە ئاتا ـ ئانىسنى بىرلەشتۈرۈپ پىدا قىلغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ئۇھۇد كۈنى سەئدكە؛ « ئى سەئدى!ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئاتىن،ئوق ئاتقىن! ئى ياش يىگىت!ئوق ئاتقىن»دېدى.تىرمىز،سەھىھ

**6118 – [ 20 ] ( صحيح ) وعن جابر قال : أقبل سعد فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " هذا خالي فليرني امرؤ خاله " . رواه الترمذي وقال : كان سعد من بني زهرة وكانت أم النبي صلى الله عليه وسلم من بني زهرة فلذلك قال النبي صلى الله عليه وسلم : " هذا خالي " . وفي " المصابيح " : " فليكرمن " بدل " فليرني "**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەئد ئالدىنى قىلىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مانا بۇ مېنىڭ ئانا تەرەپ تاغام بولىدۇ، ماڭا كىشى مۇشۇنداق تاغىسى بولسا كۆرسەتسۇن. (يەنى بۇ سەئدنىڭ پەزىلىتى بولۇپ، سەئدى بەنىي زۆھرە جەمەتىدىن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىسمۇ، بەنى زۆھرە جەمەتىدىن بولغاچقا، سەئدنى تاغام دېگەن). تىرمىزى 3685 ـــ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**6119 – [ 21 ] الفصل الثالث عن قيس بن حازم قال : سمعت سعد بن أبي وقاص يقول : إني لأول رجل من العرب رمى بسهم في سبيل الله ورأيتنا نغزو مع رسول الله صلى الله عليه وسلم وما لنا طعام إلا الحبلة وورق السمر وإن كان أحدنا ليضع كما تضع الشاة ماله خلط ثم أصبحت بنو أسد تعزرني على الإسلام لقد خبت إذا وضل عملي وكانوا وشوا به إلى عمر وقالوا : لا يحسن يصلي . متفق عليه**

قەيس ئىبنى ھازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ھەقىقەتەن مەن ئەرەبلەردىن الله يولىدا ئوق ئاتقان تۇنجى كىشى بولىمەن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازات قىلغان ھالىتىمىزگە قاراپ باقسام، ئۇچاغلاردا بىزگە يېگىلى تاماق يوق ئىدى، پەقەت سەمۇرە دەرىخىنىڭ مېۋىسى بىلەن قۇلىقى بار ئىدى، بىزنىڭ ھەر بىرىمىز ئۆنىگىدىن يەپ، خۇددى قوي ماياقلىغاندەك ماياقلايتتى، ئۇماياقنىڭ قۇرۇقلىقىدىن بەزىسى بەزىسىگە زادى ئېلىشمايتتى، ئاندىن بەنى ئەسەدلەر منى ئىسلامغا ئاساسەن(يەنى نامىزىم توغرىسىدا)ئەيىبلەپ،تاپا ـ تەنە قىلىشتى، ئۇنداقتا ئەگەر ئۇلار دېگەندەك بولىدىغان بولسا، مەن چوڭ زىيان تارتقان بولىمەن، ئەمەللىرىم بىكار بۇلۇپ كەتكەن بولمامدۇ؟دېدى، ئۇلار ئۇنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ، چېقىپ بېرىپ؛ئۇ نامازنى ياخشى ئوقۇمايدۇ دېگەن ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**6120 – [ 22 ] ( صحيح ) وعن سعد قال : رأيتني وأنا ثالث الإسلام وما أسلم أحد إلا في اليوم الذي أسلمت فيه ولقد مكثت سبعة أيام وإني لثالث الإسلام . رواه البخاري**

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۆزۈمگە قاراپ باقسام، مەن ئىسلام ئەھلىنىڭ ئۈچۈنچىسى بۇلىمەن، (يەنى تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان بولغان كىشلەرنىڭ ئۈچۈنچىسى ئىدىم)ئۇ چاغدا مۇسۇلمان بولغان ھەرقانداق بىركىشى مەن مۇسۇلمان بولغان شۇكۈنلا مۇسۇلمان بولغان ئىدى، مەن شۇ ھالەتتە يەتتە كۈن تۇردۇم، ھەقىقەتەن مەن يەنىلا تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان بولغان كىشلەرنىڭ ئۈچۈنچىسى بولدۇم.بۇخارى توپلىغان.

**6121 – [ 23 ] ( حسن ) وعن عائشة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول لنسائه : " إن أمركن مما يهمني من بعدي ولن يصبر عليكن إلا الصابرون الصديقون " قالت عائشة : يعني المتصدقين ثم قالت عائشة لأبي سلمة بن عبد الرحمن سقى الله أباك**

**من سلسبيل الجنة وكان ابن عوف قد تصدق على أمهات المؤمنين بحديقة بيعت بأربعين ألفا . رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنكى، مېنى ئەڭ كۆپ غەم قىلدۇرىدىغان نەرسە، سىلەرنىڭ ئىشىڭلاردۇر، مەندىن كېيىن سىلەرنىڭ نەپىقە ئىشىڭلارغا پەقەت سابىرلار، سىددىق،سەدىقە بەرگۈچى، سەبرە قىلغۇچىلارلا سەبرە قىلالايدۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئابدۇررەھماننىڭ ئوغلى ئەبۇسەلەمەتكە؛ **الله** تائالا داداڭنى جەننەتنىڭ سەلسەبىيل دېگەن بۇلاقلىرىدىن سۇغارسۇن، چۈنكى داداڭ ئىبنى ئەۋف، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىللىرى بولغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىغا قىممىتى 40000 دەرھەملىك باغنى سەدىقە قىلغان ئىدى دېدى.تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6122 – [ 24 ]** ( ضعيف )**وعن أم سلمة قالت : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول لأزواجه : " إن الذي يحثو عليكن بعدي هو الصادق البار اللهم اسق عبد الرحمن بن عوف من سلسبيل الجنة " . رواه أحمد**

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىغا مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم؛ ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن سىلەرگە كۆيۈنىدىغان كىشى، راستچىل، ياخشىلىق قىلغۇچى كىشىدۇر، ئى ئاللاھ ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنى جەننەتنىڭ بۇلاقلىرىدىن سۇغارسىلا، يەنى مۇشۇكىشىنى كۆيۈنگۈچى دېمەكچى، ئەھمەد خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**6123 – [ 25 ] وعن حذيفة قال : جاء أهل نجران إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالوا : يا رسول الله ابعث إلينا رجلا أمينا . فقال : " لأبعثن إليكم رجلا أمينا حق أمين " فاستشرف لها الناس قال : فبعث أبا عبيدة بن الجراح . متفق عليه**

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، نەجران ئەھلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىزگە ئەڭ ئىشەنچلىك بىركىشىنى (دىندىن تەلىم بىرىش ئۈچۈن)ئەۋەتسىلە دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم؛مەن سىلەرگە ھەقىقى ئىشەنچلىك كىشىنى ئەۋەتىمەن دېدى، كىشىلەر قايسىمىزنى ئەۋەتەركىن دەپ تاما قىلىشىپ قارىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەبۇئۇبەيدەئىبنى جەرراھنى ئەۋەتتى.بۇ،مۇ،

**6124 – [ 26 ]** ( ضعيف )**وعن علي قال : قيل لرسول الله : من نؤمر بعدك ؟ قال : " إن تؤمروا أبا بكر تجدوه أمينا زاهدا في الدنيا راغبا في الآخرة وإن تؤمروا عمر تجدوه قويا أمينا لا يخاف في الله لومة لائم وإن تؤمروا عليا – ولا أراكم فاعلين – تجدوه هاديا مهديا يأخذ بكم الطريق المستقيم " . رواه أحمد**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە سىلىدىن كېيىن كىمگە بويرۇلىمىز؟ كىم بىزگە ئەمىر بولىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئەگەر سىلەرگە ئەبۇ بەكرى ئەمىر بولسا، ئۇنى ئىشەنچلىك دۇنيادىن زاھىد ئاخىرەتكە قىزىققۇچى تاپىسىلەر، ئەگەر سىلەرگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئەمىر، خەلىپە بولسا، ئۇنى كۈچلۈك، ئىشەنچلىك، ئاللاھ يولىدا تاپىدىن، مەلامەتتىن قورقماس تاپىسىلەر، ئەگەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئەمىر بولسا «سىلەرغۇ ئۇنداق قىلمايسىلەر، ھەم قىلمىدىڭلار» بۇ ئەلىينىڭ سۆزى، ئۇنى توغرا يولغا يىتەكلىگۈچى ھەم يىتەكلەنگەن تاپىسىلەر دېدى، ئەھمەد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن، شۇنداق، بۇ ھەدىس سەھىھ بولسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ خەلىپە ئىشنى ئالتە كىشى ئارىسىغا مەسلىھەتكە، كېڭەشكە تاشلاپ قويماىتتى، شۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلاتتى.

6125 – [ 27 ] ( ضعيف )وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رحم الله أبا بكر زوجني ابنته وحملني إلى دار الهجرة وصحبني في الغار وأعتق بلالا من ماله . رحم الله عمر يقول الحق وإن كان مرا تركه الحق وما له من صديق . رحم الله عثمان تستحييه الملائكة رحم الله عليا اللهم أدر الحق معه حيث دار " رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەبۇ بەكرىگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇ ماڭا قىزىنى بەردى، ھىجرەت دىيارى مەدىنىگە مىنى تۆگە بىلەن ئاپاردى، ماڭا غاردا ھەمراھ بولدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆز مېلىدىن ئازاد قىلدى، ئاللاھ ئۆمەرگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇ گەرچە ھەق ئاچچىق بولسىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ، ھەقىقەت ئۇنى تاشلاپ قويدى، ئۇنىڭغا دوست يوقتۇر، ئاللاھ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەھمەت قىلسۇن، پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدۇ، ئاللاھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەھمەت قىلسۇن، ئى ئاللاھ، ئۇ قەيەرگە بارسا، ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتنى بىللە ئايلاندۇرسىلا، بىللە قىلسىلا دېدى. تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيپ دېگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن،بۇھەدىس مۇنكەر. چۈنكى، مۇختار ئىبنى نافىئ دېگەن راۋىينى ئەبۇ ھاتەم نەسەئى، ساجى، بۇخارى، ئەبۇ زەرئەتلەر ھەدىسى مۇنكەر دېگەن.

## [ 10 ] باب مناقب أهل بيت النبي صلى الله عليه وسلم – الفصل الأول

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلە _ تاۋابىئاتلىرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

6126 – [ 1 ] ( صحيح ) عن سعد بن أبي وقاص قال : لما نزلت هذه الآية [ ندع أبناءنا وأبناءكم ] دعا رسول الله صلى الله عليه وسلم عليا وفاطمة وحسنا وحسينا فقال : " اللهم هؤلاء أهل بيتي " رواه مسلم

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «بىزنىڭ باللىرىمىزنى ۋە سىلەرنىڭ باللىرىڭلارنى ....چاقىرايلى........» دېگەن مۇباھىل يەنى دۇئادا دوئىلغا چۈشۈش ئايىتى نازىل قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى، پاتىمە، ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى چاقىرىپ؛ئى الله ! ئەنەئاشۇلار مىنىڭ ئەھلى بەيتىم دېدى.مۇ

6127 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن عائشة قالت : خرج النبي صلى الله عليه وسلم غداة وعليه مرط مرحل من شعر أسود فجاء الحسن بن علي فأدخله ثم جاء الحسين فدخل معه ثم جاءت فاطمة فأدخلها ثم جاء علي فأدخله ثم قال : [ إنما يريد الله ليذهب عنكم الرجس أهل البيت ويطهركم تطهيرا ] رواه مسلم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەتىگىنى سىرتقا چىقتى، ۋە ھالەنكى، ئۈستىدە قارا يۇڭدىن تىكىلگەن نەقىشلىك كەڭ كاسايا بار ئىدى، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كەلدى، ئۇنى كاسايا ئىچىگە كىرگۈزدى، ئاندىن ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىردى، ئاندىن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كەلدى، ئۇنىمۇ كاسايا ئىچىگە كىرگۈزدى، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىمۇ كىرگۈزۈپ؛« ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! الله سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ.»دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.(يەنى شۇلار ئائىلىسىدىكىلەردۇر)مۇسلىم توپلىغان.(33ـ سۈرە ئەھزاب 33ـ ئايەت)

6128 – [ 3 ] ( صحيح وعن البراء قال : لما توفي إبراهيم قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن له مرضعا في الجنة " رواه البخاري

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغلى ئىبراھىيم ۋاپات تاپقاندا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بالام ئىبراھىمنىڭ جەننەتتە ئۇنى ئىمىتكۈچى ئىنىك ئانىسى بار،بۇخارى، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئىبراھىم مىنىڭ ئوغلۇمدۇر، ئۇ ئەمچەكتە ئۆلۈپ كەتتى، يەنى سۈت ئېمىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتتى، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئىنىك ئانا بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ئىمىشىنى جەننەتتە تولۇقلاپ، كامىل قىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ.

**6129 – [ 4 ] وعن عائشة : قالت : كنا – أزواج النبي صلى الله عليه وسلم – عنده . فأقبلت فاطمة ما تخفى مشيتها من مشية رسول الله صلى الله عليه وسلم فلما رآها قال : " مرحبا بابنتي " ثم أجلسها ثم سارها فبكت بكاء شديدا فلما رأى حزنها سارها الثانية فإذا هي تضحك فلما قام رسول الله صلى الله عليه وسلم سألتها عما سارك ؟ قالت : ما كنت لأفشي على رسول الله صلى الله عليه وسلم سره فلما توفي قلت : عزمت عليك بما لي عليك من الحق لما أخبرتني . قالت : أما الآن فنعم أما حين سار بي في الأمر الأول فإنه أخبرني : " أن جبريل كان يعارضه بالقرآن كل سنة مرة وإنه قد عارضني به العام مرتين ولا أرى الأجل إلا قد اقترب فاتقي الله واصبري فإني نعم السلف أنا لك " فلما رأى جزعي سارني الثانية قال : " يا فاطمة ألا ترضين أن تكوني سيدة نساء أهل الجنة أو نساء المؤمنين ؟ "وفي رواية : فسارني فأخبرني أنه يقبض في وجعه فبكيت ثم سارني فأخبرني أني أول أهل بيته أتبعه فضحكت**

پاتىمە،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالدىنى قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ مېڭىشى، رەسۇلۇللاھنىڭ مېڭىشىدىن پەرقلەنمەيتتى،(يەنى تامامەن ئوخشاپ كىتەتتى) رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرۈپ: مەرھابا قىزىم، خۇش كەپسىز دەپ، ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا مەخپى يۇشۇرۇن سۆز قىلىۋىدى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ غەم قىلىپ ئازاپلانغىنىنى كۆرۈپ؛ ئىككىنجى قېتىم يەنە مەخپى سۆز قىلىۋىدى، ناگاھان ئۇ كۈلۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرىتقا چىقىپ كەتكەندە، مەن ئۇنىڭدىن؛ ساڭا قانداق مەخپى سۆز قىلدى؟دەپ سورسام، ئۇ ماڭا؛ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مەخپىيەتلىك سىرىنى ئاشكارىلىمايمەن دىدى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپقاندا، مەن يەنە ئۇنىڭغا؛ مەن ئەمدى سەن ماڭا خەۋەر قىلىپ بەرمەكچى بولغان ھەققىمنى ئېلىشنى مەقسەت قىلدىم، قېنى دەپ بەرگىن دىسەم، ئۇ؛ ئەمدى دەپ بەرسەم بولىدۇ، دادام بىرىنجى قېتىم ماڭا مەخپى سۆز قىلغاندا مۇنداق دىدى؛ ھەقىقەتەن جىبرئىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم تەكلەيتتى، يەنى تىڭشاپ ئۆتكۈزەتتى، ئۇ ماڭا بۇ يىل قۇرئاننى ئىككى قېتىم تەكلەپ، تىڭشىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەجىلىم توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ھەقىقەتەن سەن مىنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن تۇنجى بولۇپ ماڭا قوشۇلىسەن، ئاللاھدىن قورققىن، تەقۋادار بولغىن، سەۋرە قىلغىن. ھەقىقەتەن مەن سەن ئۈچۈن نېمىدىگەن ياخشى تەييارلانغان، ئالدىدىن كېتىپ ساقلاپ تۇرىغان كىشى ھە!دىدى، ئاندىن مىنىڭ جەزە-پەزەلىرىمنى كۆرۈپ،ئىككىنجى قېتىم؛ ئى پاتىمە! سەن مۆئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ،جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى بولۇشۇڭغا رازى بولمامسەن؟ دىدى، ئاندىن مەن كۈلدۈم دىدى. يەنەبىردە؛ شۇ قېتىمقى كېسىلدە ۋاپات بولۇشىنى خەۋەر قىلدى، مەن يىغلىدىم، ئاندىن سەن مىنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن تۇنجى بولۇپ ماڭا قوشۇلىسەن، دىۋىدى، مەن كۈلدۈم دىيىلگەن. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

**6130 – [ 5 ] وعن المسور بن مخرمة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " فاطمة بضعة مني فمن أغضبها أغضبني " وفي**

**رواية : " يريبني ما أرابها ويؤذيني ما آذاها " . متفق عليه**

مسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مېنىڭ بىر قىسمىم، يۈرەك پارەم، ئۇنى غەزەپلەندۈرگەن، ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن كىشى مېنىڭ غەزىپىمنى، ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن بولىدۇ، ھەقىقەتەن پاتىمە مېنىڭ يۈرەك پارەم، ئۇنى خاتىرجەمسىز بىئارام قىلغان نەرسە، مېنىمۇ بىئارام قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئازار، ئەزىيەت يەتكۈزگەن نەرسە، ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەن بولىدۇ، (ھازىرمۇ شۇنداق بولىدۇ) بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مېنىڭ بىر پارەم، ئۇنى خاپا قىلغان، غەزەپلەندۈرگەن نەرسە مېنى خاپا قىلغان بولىدۇ، ئۇنى خۇشال، خۇرسەن قىلغان نەرسە مېنى خۇرسەن قىلىدۇ، ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى بارلىق نەسەپلەر ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن، مېنىڭ نەسەبىم مېنىڭ سەۋەبىم ماڭا تۇتاشقان سەۋەب، مېنىڭ قۇدا ــ باجىلىق مۇناسىۋىتىم ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ، ئەھمەد 18149 ــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6131 – [ 6 ]** ( صحيح ) **وعن زيد بن ارقم قال : قام رسول الله صلى الله عليه وسلم يوما فينا خطيبا بماء يدعى : خما بين مكة والمدينة فحمد الله وأثنى عليه ووعظ وذكر ثم قال : " أما بعد ألا أيها الناس فإنما أنا بشر يوشك أن يأتيني رسول ربي فأجيب وأنا تارك فيكم الثقلين : أولهما كتاب الله فيه الهدى والنور فخذوا بكتاب الله واستمسكوا به " فحث على كتاب الله ورغب فيه ثم قال : " وأهل بيتي أذكركم الله في أهل بيتي أذكركم الله في أهل بيتي " وفي رواية : " كتاب الله عز وجل هو حبل الله من اتبعه كان على الهدى ومن تركه كان على الضلالة " . رواه مسلم**

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارلىقىدىكى خۇممەن دىيىلىدىغان سۇ بويىدا تۇرۇپ خۇتبە سۆزلىدى، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ، نۇرغۇن ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قىلىپ مۇنداق دىگەن: ئەمما بەئدۇ يەنى ھەمدۇ سانادىن كېيىن، ئى ئىنسانلار! ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن بىر ئىنسان، ماڭا پات يېقىندا رەببىمنىڭ ئەلچىسى يەنى ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىشى مۇمكىن، مەن ئاندىن جاۋاب بېرىمەن، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ كېتىپ قالىمەن، مەن ئاراڭلارغا ناھايىتى ئېغىر ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كېتىمەن، بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، ئۇنىڭدا ھىدايەت، توغرا يول، نۇر باردۇر، كىم قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىپ، ئۇنى مەھكەم تۇتۇپ ئەمەل قىلسا، ئۇ ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ، كىم قۇرئانغا خاتالاشسا، چىڭ تۇتالمىسا، ئۇ ئازىدۇ، زالالەتتە بولىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىپ، مەھكەم تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار، ئىككىنچى قالدۇرۇپ كەتكىنىم بولسا، ئەھلى بەيتىم، ئەھلى بەيتىم توغرىسىدا سىلەرگە ئاللاھنى ئەسلىتىمەن دەپ ئىككى قېتىم دېدى، (بەلكىم بۇ دېگىنى سۈننەت ھەدىس بولۇشى مۇمكىن) يەنەبىردە: **الله** نىڭ كىتابى قۇرئان (ئاسماندىن زىمىنغا ئۇزۇن سوزۇلغان)، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىدۇر، كىم قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىپ، ئۇنى مەھكەم تۇتۇپ،ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەمەل قىلسا، ئۇ ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ، كىم قۇرئانغا خاتالاشسا، چىڭ تۇتالمىسا،ئۇنى تەرىك ئەتسە ئۇ ئازىدۇ، زالالەتتە بولىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىپ، مەھكەم تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار،دېيىلگەن. مۇسلىم، ئەھمەد، ئابدۇ ئىبنى ھەمەيد توپلىغان، سەھىھ.

**6132 – [ 7 ]** ( صحيح ) **وعن ابن عمر أنه كان إذا سلم على ابن جعفر قال : السلام عليك يا ابن ذي الجناحين . رواه البخاري**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، جەئپەرنىڭ ئوغلىغا سالام قىلسا، ئى ئىككى قاناتلىق كىشىنىڭ ئوغلى! ساڭا سالام بولسۇن،دەيتتى.بۇخارى.چۈنكى« بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دىگەن: ھەققەتەن ئاللاھ جەئپەرگە قانغا بويالغان ئىككى قانات قىلىپ بەردى، جەئپەر ئۇ ئىككى قانىتى بىلەن پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە (جەننەتتە)ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، ھاكىم، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ، (جەئپەر شېھىد بولغان ئىدى، بۇ جىھادنىڭ پەزىلىتى) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەئپەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنى جەننەتتە خۇددى پەرىشتىدەك ئىككى قانات بىلەن پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆردۈم، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6133 – [ 8 ] وعن البراء قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسلم والحسن بن علي على عاتقه يقول : " اللهم إني أحبه فأحبه متفق عليه

بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ مۇنداق دىگەن: ئى ئاللاھ! مەن بۇنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنى سىلمۇ ياخشى كۆرسىلە، (بۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى، سىلمۇ ياخشى كۆرسىلە)بۇخارى،مۇسلىم.

6134 – [ 9 ] وعن أبي هريرة قال : خرجت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في طائفة من النهار حتى أتى خباء فاطمة فقال : " أثم لكع ؟ أثم لكع ؟ " يعني حسنا فلم يلبث أن جاء يسعى حتى اعتنق كل واحد منهما صاحبه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم إني أحبه فأحبه وأحب من يحبه " . متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن كۈندۈزنىڭ بىر قىسمىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سىرتتا چىققان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ چېدىرىغا كېلىپ؛ لۈكەئ يەنى ھەسەن مۇشۇ يەردە بارمۇ؟دېدى، ئۇزۇن تۇرمايلا، ئۇ ئۈيناخشىپ سەكرەپ كەلدى، ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ ئى ئاللاھ! مەن بۇنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنى سىلمۇ ياخشى كۆرسىلە، بۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى، سىلمۇ ياخشى كۆرسىلە،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

6135 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن أبي بكرة قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم على المنبر والحسن بن علي إلى جنبه وهو يقبل على الناس مرة وعليه أخرى ويقول : إن ابني هذا سيد ولعل الله أن يصلح به بين فئتين عظيمتين من المسلمين رواه البخاري

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يېنىدا ئىدى، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرگە بىر قېتىم ئالدىنى قىلىپ،ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئالدىنى قىلىپ مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن بۇ بالام يەنى ھەسەن، سەييىد، خوجا، يولباشچىدۇر، ئاللاھ بۇ بالام بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان چوڭ ئىككى جامائەت ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ، سۈلھى قىلىشى مۇمكىن، بۇخارى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس مۆجىزىدۇر. چۈنكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، خەلىپىلىكنى مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، شام بىلەن ئىراق ئارىسىنى چوڭ ئىككى قوشۇننى ياخشى ئۇسۇل بىلەن بىرلەشتۈرگەن، بۇ بىرلىشىش يىلى دەپ ئاتالغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇلارنى ھەر ئىككىلىسىنى مۇسۇلمان دىگەن، ئۇلارنىڭ ئىشى ئاكا ـ ئۇكىلار ئىشىغا ئوخشايدۇ، ئىجتىھاد نەتىجىسىدىن بولغان، توغرا قىلسا، ئىككى ئەجىر ئالىدۇ، خاتا قىلسا بىر ئەجىر ئالىدۇ، خاتالىقى مەغپىرەت، ئەپۇ قىلىنىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، ئۇلار ياخشى كىشىلەر، جەننەت ۋەدە قىلىنغان كىشىلەر، تارىخ كۆرسىتىپ ئىبنى كەسىرنىڭ بەدايەتكە ئوخشاشنى (بەدايەت ۋە نەھايەتكە) ئوخشاش ئىشەنچىلىك توغرىسىنى كۆرۈڭ، خاتا، ساختا بۇرمىلانغاندىن ھەزەر قىلىڭ.

**6136 – [ 11 ] ( صحيح ) وعن عبد الرحمن بن أبي نعم قال : سمعت عبد الله بن عمر وسأله رجل عن المحرم قال شعبة أحسبه يقتل الذباب ؟ قال : أهل العراق يسألوني عن الذباب وقد قتلوا ابن بنت رسول الله صلى الله عليه وسلم وقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " هما ريحاني من الدنيا " . رواه البخاري**

ئابدۇررەھمان رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىركىشى ؛ ئىھرام باغلىغۇچى كىشى چىۋىننى ئۆلتۈرسە بولامدۇ؟ دەپ سورغاندا ئۇ؛ ئىراق ئەھلى مەندىن چىۋىننى ئۆلتۈرسە قانداق بولىدۇ؟ دەپ سوراۋاتىدۇ، ۋەھالەنكى ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تۇرسا!! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن مىنىڭ بۇ ئىككى ئوغلۇم يەنى ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، بۇ دۇنيادىكى رەيھان گۈلۈمدۇردېگەن تۇرسا!!دېدى.بۇخارى. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مىنىڭ بۇ ئىككى ئوغلۇم يەنى ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار،بۇ دۇنيادىكى رەيھان گۈلۈمدۇر(يەنى شۇنداق ئەتىۋارلىق، ھۆرمەتلىك، مىزىلىك كۆڭۈل خۇشۇمدۇر) ئىبنى ئەدى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**6137 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : لم يكن أحد أشبه بالنبي صلى الله عليه وسلم من الحسن بن علي وقال في الحسين أيضا : كان أشبههم برسول الله صلى الله عليه وسلم . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھېچ بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا ھەسەن ئىبنى ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادەك ئوخشمايتتى،(يەنى بۇ بەك ئوخشايتتى)ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ رەسۇلۇللاھقا شۇنداق بەك ئوخشايتتى. بۇخارى، مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ ھەسەن مەندىن يەنى ماڭا ئوخشايدۇ، ھۈسەيىن رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ بولسا، ئەلىيدىن، يەنى ئەلىيگە ئوخشايدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6138 – [ 13 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : ضمني النبي صلى الله عليه وسلم إلى صدره فقال : " اللهم علمه الحكمة " وفي رواية : " علمه الكتاب " . رواه البخاري**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن:ئى **الله** ! بۇنىڭغا ئىلىم ـ ھىكمەتنى بىلدۇرسىلە، يەنەبىردە؛ بۇنىڭغا كىتاپ قۇرئاننى (يەنى قۇرئان ئىلمىنى،تەپسىرىنى)بىلدۈرسىلە دېگەن.بۇخارى.

**6139 – [ 14 ] وعنه قال : إن النبي صلى الله عليه وسلم دخل الخلاء فوضعت له وضوءا فلما خرج قال : " من وضع هذا ؟ " فأخبر فقال : " اللهم فقهه في الدين " . متفق عليه**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالاغا كىرىپ كىتتۋىدى، مەن تاھارەت سۈيىنى قۇيۇپ قويدۇم، خالادىن چىققاندا؛ بۇ سۇنى كىم قۇيۇپ قويدى؟دېدى، ئاندىن مىنىڭ قۇيۇپ قويغانلىقىم خەۋەر قىلىنغاندا رەسۇلۇللاھ؛«ئى **الله** ! ئۇنى دىندا پىقھى شۇناس ئالىم قىلسىلا» دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6140 – [ 15 ] ( صحيح ) وعن أسامة بن زيد عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه كان يأخذه والحسن فيقول : " اللهم أحبهما فإني أحبهما "وفي رواية : قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يأخذني فيقعدني على فخذه ويقعد الحسن بن علي على فخذه**

**الأخرى ثم يضمهما ثم يقول : " اللهم ارحمهما فإني أرحمهما " . رواه البخاري**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى ۋە ھەسەننى ئېلىپ ، ئىككىمىزنى ئىككى يوتىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ،قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ! مەن بۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنى سىلمۇ ياخشى كۆرسىلە، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى سىلمۇ ياخشى كۆرسىلە،مەن بۇلارغا رەھىم شەپقەت قىلىمەن، سىلمۇ بۇلارغا رەھىم قىلسىلا.بۇخارى، ترمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مانا بۇ ئىككىسى يەنى ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار مېنىڭ ئوغلۇم ۋە قىزىم پاتىمەنىڭ ئوغلىدۇر، ئى ئاللاھ! مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنى سىلمۇ ياخشى كۆرسىلە، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى سىلمۇ ياخشى كۆرسىلە.ترمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغا، ھەسەن.

**6141 – [ 16 ] وعن عبد الله بن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم بعث بعثا وأمر عليهم أسامة بن زيد فطعن بعض الناس في إمارته فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن كنتم تطعنون في إمارته فقد كنتم تطعنون في إمارة أبيه من قبل وأيم الله إن كان لخليقا للإمارة وإن كان لمن أحب الناس إلي وإن هذا لمن أحب الناس إلي بعده " متفق عليه وفي رواية لمسلم نحوه وفي آخره : " أوصيكم به فإنه من صالحيكم "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئۇسامەنى باشلىق قىلىپ قويدى، كىشىلەرنىڭ بەزىسى بۇنىڭغا تەنە قىلىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ باش قوماندان بولۇشىغا تەنە قىلغان بولساڭلار، مۇندىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ دادىسى زەيدىنىڭ باش قوماندان بولۇشىغىمۇ تەنە قىلغان ئىدىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ دادىسى ئەمىرلىككە، باشلىقلىققا لايىق ئىدى، ئۇ بولسا، ماڭا بارلىق كىشىلەردىن سۆيۈملۈك، دوستراق ئىدى، ھەقىقەتەن بۇ ئۇسامە دادىسىدىن كېيىن ماڭا بارلىق ئىنسانلارنىڭ سۆيۈملۈكرەكى، دوستراقى بولدۇ، مەن سىلەرگە ئۇسامەنى باش قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىمەن، ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ياخشى، سالىھ كىشىلىرىڭلاردىندۇر،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەسىيەت قىلغانىدەك ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن چوڭ بىر جەڭدە ئۇلار غەلىبە قىلدۇ.

**6142 – [ 17 ] وعنه قال : إن زيد بن حارثة مولى رسول الله صلى الله عليه وسلم ما كنا ندعوه إلا زيد بن محمد حتى نزل القرآن [ ادعوهم لآبائهم ] متفق عليه وذكر حديث البراء قال لعلي : " أنت مني " في " باب بلوغ الصغير وحضانته "**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، زەيدئىبنى ھارىسە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادكەردە قۇلى ئىدى، بىز ئۇنى پەقەت زەيدئىبنى مۇھەممەد دەپلا چاقىراتتۇق، ئاندىن «ئۇلارنى يەنى بېقىۋېلىنغان بالىلارنى دادىلىرىغا نىسبەت بىرىپ چاقىرىڭلار»دېگەن ئايەت نازىل قىلىنغاندا، زەيدئىبنى ھارىس دەپ چاقىردۇق.بۇخا،مۇ

**6143 – [ 18 ] الفصل الثاني ( صحيح بالذي بعده ) عن جابر قال : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم في حجته يوم عرفة وهو على ناقته القصواء يخطب فسمعته يقول : " يا أيها الناس إني تركت فيكم ما إن أخذتم به لن تضلوا : كتاب الله وعترتي أهل بيتي " . رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلىش جەريانىدا، ئارىپات كۈنى

قەسۋائە دېگەن تۈگسىنىڭ ئۈستىدە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەققەتەن مەن ئاراڭلاردا بىر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىپ چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلساڭلار، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى، قۇرئان كەرىم، مېنىڭ ئەھلى بەيتىم، (يەنى سۈننەت ھەدىسلىرىم) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6144 – [ 19 ] وعن زيد بن أرقم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني تارك فيكم ما إن تمسكتم به لن تضلوا بعدي أحدهما أعظم من الآخر : كتاب الله حبل ممدود من السماء إلى الأرض وعترتي أهل بيتي ولن يتفرقا حتى يردا علي الحوض فانظروا كيف تخلفوني فيهما " . رواه الترمذي**

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرگە، مەھكەم ئېسىلساڭلار مەندىن كېيىن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان نەرسىنى قالدۇرۇپ كېتىمەن، بىرسى يەنە بىرسىدىن ئۇلۇغراق، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى «قۇرئان» ئۇ ئاسماندىن زېمىنغا سوزۇلغان ئارغامچا، ئىككىنچىسى، ئەھلى بەيتىمنىڭ سۈننىتىدۇر. بۇ ئىككىسى ھەۋزە كەۋسەر يېنىدا مېنىڭ قېشىمغا كەلگەنگە قەدەر ئايرىلمايدۇ، بۇ ئىككىسىدە ماڭا قانداق خەلىپە، ئىز باسار بولغانلىقىڭلارغا قاراڭلار، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، زەيد ئىبنى ھەسەن ئەنماتىنى، ئەبۇ ھاتەم مۇنكەر دېدى. ئىمام زەھەبى زەئىپ دېگەن. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئاراڭلاردا ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كېتىمەن، ئەگەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلساڭلار، مەندىن كېيىنمۇ ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، بىرسى يەنە بىردىن ئۇلۇغ، كاتتىدۇر، ئۇ بولسا، ئاللاھنىڭ قۇرئاندىن ئىبارەت كىتابى بولۇپ، ئۇ ئاسماندىن زېمىنغا سوزۇلغان ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىدۇر، (بۇ ئارغامچىغا ھەممىڭلار بىرلىكتە مەھكەم ئېسىلىڭلار) يەنە بىرسى بولسا، مېنىڭ ئەھلى بەيتىم بولىدۇ، (يەنى سۈننەت ھەدىس) بۇ ئىككىسى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ماڭا كەلگەنگە قەدەر بىر ـ بىرىدىن قەتئىي ئايرىلمايدۇ، سىلەر ئۇ ئىككىسىدە ماڭا قانداقراق ئىز باسار، خەلىپە بولغانلىقىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار (پادىچىلىقتا دىققەت قىلىڭلار) تىرمىزى 3720 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10707 ـ ھەدىس، سەھىھنىڭ 2458 ـ ھەدىسى.

**6145 – [ 20 ] ( ضعيف )وعنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لعلي وفاطمة والحسن والحسين : " أنا حرب لمن حاربهم وسلم لمن سالمهم " . رواه الترمذي**

يەنە شۇ كىشىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەلى، پاتىمە، ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئۈچۈن كىم ئۇلار بىلەن جەڭ قىلسا، مەن ئۇ كىشىگە جەڭ ئېلان قىلىمەن، ئۇلارنى سالامەت قويسا، سالامەت قويىمەن، دېگەن.تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**6146 – [ 21 ] ( حسن ) وعن جميع بن عمير قال : دخلت مع عمتي على عائشة فسألت : أي الناس كان أحب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ قالت : فاطمة . فقيل : من الرجال ؟ قالت : زوجها إن كان ما علمت صواما قواما . رواه الترمذي**

جەمىيئ ئىبنى ئۇمەير رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن هاما ئانام بىلەن بىللە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ؛ كىشلەرنىڭ قايسىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ سۆيۈملۈك ئىدى؟دەپ سورسام، ئۇ؛ پاتىمە ئەڭ سۆيۈملۈك ئىدى، دېدى، مەن؛ ئەرلەردىنچۇ؟دىسەم، ئۇ؛ ئۇنىڭ ئېرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ سۆيۈملۈك ئىدى، مىنىڭ بىلىشىمچە ئۇ بەك كۆپ روزا تۇتقۇچى

ۋە كېچىسى قىيامدا تۇرغۇچى ئىدى دېدى.تىرمىزى توپلىغان،ھەسەن.

**6147 – [ 22 ]** ( ضعيف إلاالجملة الأخيرة فصحيحة ) وعن عبد المطلب بن ربيعة أن العباس دخل على رسول الله صلى الله عليه وسلم مغضبا وأنا عنده فقال : " ما أغضبك ؟ " قال : يا رسول الله ما لنا ولقريش إذا تلاقوا بينهم تلاقوا بوجوه مبشرة وإذا لقونا لقونا بغير ذلك ؟ فغضب رسول الله صلى الله عليه وسلم حتى احمر وجهه ثم قال : " والذي نفسي بيده لا يدخل قلب رجل الإيمان حتى يحبكم لله ولرسوله " ثم قال : " يا أيها الناس من آذى عمي فقد آذاني فإنما عم الرجل صنو أبيه " رواه الترمذي . وفي " المصابيح " عن المطلب

ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ،ھەققەتەن ئاباس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا غەزەپ قىلغان ھالدا كىردى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سىنى نىمە غەزەپلەندۈردى؟ دېدى.ئۇ:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!بىز بىلەن قۇرەيشلەرگە نىمە بولۇپ كەتتى ؟ ئۇلار ئۆز ئارا ئۇچراشسا تەبەسسۇم چىراي بىلەن كۇلۈشۈپ كېتىدىكەن ، بىزگە ئۇچراشسا ئۇنداق ئەمەس دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەزەپتىن ئاچچىقى كېلىپ يۈزى قىزىرىپ كەتتى ، ئاندىن الله بىلەن قەسەمكى ھەرقانداق بىر كىشى سىلەرنى الله،ۋەرەسۇلى ئۈچۈن ياخشى كۆرمىگىچە ، ئۇنىڭ قەلبىگە ئىمان كىرمەيدۇ ، ئى خالايىق ! كىم تاغامغا ئازار بەرسە، ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ ،كىشىنىڭ تاغىسى دادىسىنىڭ بىر شەخى ئوخششى،دادىسىنىڭ ئورنىدادىدى. ئەلبانى باش تەرىپى زەئىپ، ئاخىرى سەھىھ دىگەن، يەنى بۇ ھەدىسنى مەتنىسى، مەنىسى بىلەن تەكشۇرگەن،

**6148 – [ 23 ]** ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " العباس مني وأنا منه " رواه الترمذي

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاباس مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن دىگەن، تىرمىزى توپلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن.

**6149 – [ 24 ]** ( إسناده جيد وزيادة رزين منكرة ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم للعباس : " إذا كان غداة الاثنين فأتني أنت وولدك حتى أدعو لهم بدعوة ينفعك الله بها وولدك " فغدا وغدونا معه وألبسنا كساءه ثم قال : " اللهم اغفر للعباس وولده مغفرة ظاهرة وباطنة لا تغادر ذنبا اللهم احفظه في ولده رواه الترمذي وزاد رزين : واجعل الخلافة باقية في عقبه وقال الترمذي : هذا حديث غريب

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاباسقا؛ دۈشەنبە ئەتىگەن بولغان چاغدا سەن ماڭا باللىرىڭنى ئېلىپ كەلگىن، مەن سىلەرگە بىر دۇئا قىلىپ قۇياي، الله تائالا بۇدۇئايىم سەۋەبلىك ساڭا ۋە باللىرىڭغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ دېدى، ئۇ شۇئەتىگىنى سەھەردە ماڭدى، بىزمۇ بىللە ماڭدۇق، ـ بىز ئۇنىڭغا كاساياسىنى كەيدۈرۈپ قويغان ئىدۇق ـ ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛«ئى الله!ئاباباسقا ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا زاھىرى ۋە باتىنى، ئاشكارا ـ يۇشرۇن مەغپىرەت قىلسىلا، سىلىنىڭ بۇ مەغپىرەتلىرى ھېچ بىر گۇناھنى قالدۇرماي مەغپىرەت قىلغۇتىدۇ، ئى الله ! ئۇنى باللىرى ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلسىلا،يەنى ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئەزىز قىلسىلا»دېدى.تىرمىزى توپلىغان،ئىسنادى جەييد، رەزىيننىڭ ؛«ئى الله!خەلىيپىلىكنى ئاباسنىڭ باللىرى ئىچىدە مەڭگۈلۈك قىلسىلا، دىگەن بۇزىيادە رىۋايىتى باتىلدۇر.

**6150 – [ 25 ]** ( ضعيف )وعنه أنه رأى جبريل مرتين ودعا له رسول الله صلى الله عليه وسلم مرتين . رواه الترمذي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،ئۇ جىبرىئىلنى ئىككى قېتىم كۆرگەن، ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قېتىم دۇئا قىلغان، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**6151 – [ 26 ]** ( **حسن** ) **وعنه أنه قال : دعا لي رسول الله صلى الله عليه وسلم أن يؤتيني الله الحكمة مرتين . رواه الترمذي**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا **الله** تائالا نىڭ ئىلىم ـ ھىكمەت ئاتا قىلىپ بىرىشىگە ئىككى قېتىم دۇئا قىلغان ئىدى، تىرمىزى خاتىرلىدى،ھەسەن.

**6152 – [ 27 ]** ( **لم تتم دراسته** ) **وعن أبي هريرة قال : كان جعفر يحب المساكين ويجلس إليهم ويحدثهم ويحدثونه وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم يكنيه بأبي المساكين . رواه الترمذي**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىسكىنلەرنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا سۆزلەپ بىرەتتى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا سۆز قىلاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئەبۇلمەساكىين دەپ كىنايە قىلاتتى،يەنى مىسكىنلەرنىڭ دادىسى دەيتتى،تىرمىزى توپلىغان.

**6153 – [ 28 ]** ( **صحيح** ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رأيت جعفرا يطير في الجنة مع الملائكة " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەئپەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنى جەننەتتە خۇددى پەرىشتىدەك ئىككى قانات بىلەن پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆردۇم، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۆتكەن كېچە جەننەتكە كىرىپ قارىسام، ناگاھان، جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، ناگاھان ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەننەتتە ساپا كارۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، (چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى شېھىد قىلىنغان) تەبرانى، ئىبنى ئەدى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6154 – [ 29 ]** ( **حسن صحيح** ) **وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الحسن والحسين سيدا شباب أهل الجنة " . رواه الترمذي**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەسەن ــ ھۈسەيىن ئىككىسى جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ سەئىددىن، تەبرانى ، ئۆمەر، ئەلى، جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەۋسەت، ئۇسامە، زەيىددىن، ئىبنى ئەدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەسەن ــ ھۈسەيىن، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ خوجىسى، لېكىن، بىر تۇغقان ھامملارنىڭ ئىككى ئوغلى، يەنى بىرسىنىڭ ئانىسى، يەنە بىرسىنىڭ ھاممىسى بولغان ئىككى ئوغۇل، بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇلار بولسا، مەريەم ئوغلى ئەيسا بىلەن يەھيا ئىبنى زەكەرىيا، پاتىمە جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ خوجىسى، لېكىن، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، بۇنىڭ سىرتىدا، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر، قۇررەتىم مالىك، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەسەن ــ ھۈسەيىن، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى، ئۇ ئىككىسىنىڭ دادىسى، ئەلى ئۇلاردىن ياخشىدۇر، ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

6155 – [ 30 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الحسن والحسين هما ريحاني من الدنيا " . رواه الترمذي وقد سبق في الفصل الأول

ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەسەن ــ ھۈسەيىن ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى رەيھان گۈللىرىمدۇر (يەنى بۇ تەشبىھ ئۇخشىتىشدۇر، يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى قۇچاقلاپ، پۇراپ كېتەتتى)، تىرمىزى توپلىغان.سەھىھ

6156 – [ 31 ] ( ضعيف )وعن أسامة بن زيد قال : طرقت النبي صلى الله عليه وسلم ذات ليلة في بعض الحاجة فخرج النبي صلى الله عليه وسلم وهو مشتمل على شيء ولا أدري ما هو فلما فرغت من حاجتي قلت : ما هذا الذي أنت مشتمل عليه ؟ فكشفه فإذا الحسن والحسين على وركيه . فقال : هذان ابناي وابنا ابنتي اللهم إني أحبهما فأحبهما وأحب من يحبهما  رواه الترمذي

ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىر ھاجەت بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىگە كېچىدە باردىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەرسىنى يۆگەپ چىقىپتۇ، نېمىلىكىنى بىلمىدىم، ھاجىتىمدىن بىكار بولۇپ سورىسام، ئېچىپ كۆرسەتتى، ئۇ ھەسەن ــ ھۈسەيىن ئىكەن، ئاندىن مۇنداق دېدى، بۇ مېنىڭ ئىككى بالام، قىزىمنىڭ باللىرى، ئى ئاللاھ، مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، سىلمۇ ئۇلارنى ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرسىلە دېدى. تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

6157 – [ 32 ] ( ضعيف )وعن سلمى قالت : دخلت على أم سلمة وهي تبكي فقلت : ما يبكيك ؟ قالت : رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم – تعني في المنام – وعلى رأسه ولحيته التراب فقلت : ما لك يا رسول الله ؟ قال : " شهدت قتل الحسين آنفا " رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ يىغلاۋېتىپتۇ، مەن سىلنى نېمە يىغلاتتى، دىسەم، ئۇ، مەن چۈشۈمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈم، چاچ ــ ساقاللىرىدا توپا بار ئىكەن، مەن سىلىگە نېمە بولدى دىسەم، مەن باياتىن ھۈسەيىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى كۆردۈم دېدى، تىرمىزى خاتىرلەپ، زەئىپ دىدى، ئەلبانى زەئىپ دىدى.

6158 – [ 33 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم : أي بيتك أحب إليك ؟ قال : " الحسن والحسين " وكان يقول لفاطمة : " ادعي لي ابني " فيشمهما ويضمهما إليه . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قايسى باللىرى بار ئۆي سىلىگە سۆيۈملۈك؟ دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن دېدى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۇ ئىككىسىنى چاقىرتىپ پۇرايتتى، قۇچىقىغا باساتتى، تىرمىزى خاتىرلەپ غەرىيب دېدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

6159 – [ 34 ] ( صحيح ) وعن بريدة قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يخطبنا إذ جاء الحسن والحسين عليهما قميصان أحمران يمشيان ويعثران فترل رسول الله صلى الله عليه وسلم من المنبر فحملهما ووضعهما بين يديه ثم قال : " صدق الله [ إنما أموالكم وأولادكم فتنة ] نظرت إلى هذين الصبيين يمشيان ويعثران فلم أصبر حتى قطعت حديثي ورفعتهما " . رواه الترمذي

**وأبو داود والنسائي**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەۋاتاتتى،تۇيۇقسىز ھەسەن ــ ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما ئىككىسى، ئۇستىدە قىزىل كوڭلەك بار ھالدا مېڭىپ كىلىۋېتىپ، يىقىلىپ چۈشتى، رەسۇلۇللاھ بۇنى كۆرۈپ، سۆزنى توختۇتۇپ،مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا قويۇپ قويۇپ مۇنداق دىگەن: ئاللاھ ۋە ئەلچىسى ھەقىقەتەن راست سۆزلەپتىكەن، «ھەقىقەتەن مال ــ مۈلكۈڭلار، ئەۋلاد، باللىرىڭلار ھەقىدىن توسىدىغان سىناق پىتىنسىدۇر) مەن بۇ ئىككى سەبىي باللارنىڭ ئۇيناپ كېتىۋېتىپ، يىقىلىپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ، سەبرى قىلالماي، سۆزۈمنى ئۈزۈپ، خۇتبىنى توختۇتۇپ، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ كەتتىم. ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6160 – [ 35 ] ( ضعيف )وعن يعلى بن مرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " حسين مني وأنا من حسين أحب الله من أحب حسينا حسين سبط من الأسباط " رواه الترمذي**

يەئلا ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھۇسەيىن مەندىن، مەن ھۇسەيىندىن، ئى ئاللاھ ھۇسەيىننى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرسىلە، ھۇسەيىن قۇرئاندا سۆزلىنىدىغان 12 سىبتىدىن بىر سىبتى، يەنى ئىمام، باشلىق مەنىسىدە، تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**6161 – [ 36 ] ( ضعيف )وعن علي رضي الله عنه قال : الحسن أشبه رسول الله صلى الله عليه وسلم ما بين الصدر إلى الرأس والحسين أشبه النبي صلى الله عليه وسلم ما كان أسفل من ذلك . رواه الترمذي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، ھەسەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە كۆكسىدىن بېشىغىچە ئوخشايدۇ، ھۇسەيىن بولسا، ئۇنىڭ ئاستىدا ئوخشايدۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىدى.

**6162 – [ 37 ] ( إسناده جيد ) وعن حذيفة قال : قلت لأمي : دعيني آتي النبي صلى الله عليه وسلم فأصلي معه المغرب وأسأله أن يستغفر لي ولك فأتيت النبي صلى الله عليه وسلم فصليت معه المغرب فصلى حتى صلى العشاء ثم انفتل فتبعته فسمع صوتي فقال : " من هذا ؟ حذيفة ؟ " قلت : نعم . قال : " ما حاجتك ؟ غفر الله لك ولأمك إن هذا ملك لم ينزل الأرض قط قبل هذه الليلة استأذن ربه أن يسلم علي ويبشرني بأن فاطمة سيدة نساء أهل الجنة وأن الحسن والحسين سيدا شباب أهل الجنة " رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، مەن ئانامغا؛ ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە شام نامىزىنى ئوقۇپ، رەسۇلۇللاھتىن ماڭا ۋە سىزگە مەغپىرەت سوراپ قويىشنى سوراپ كىلەي دەپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىلىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە شام نامىزىنى ئوقۇدۇم، رەسۇلۇللاھ شامنى ئوقۇپ ئاندىن خۇپتەننىمۇ ئوقۇپ قايتتى، مەن رەسۇلۇللاھقا ئەگەشتىم، رەسۇلۇللاھ مىنىڭ ماڭغان ئاۋازىمنى ئاڭلاپ؛بۇ كىمۇ؟ ھۇزەيپىمۇ؟دىدى، مەن؛ھەئە دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ نىمە ھاجىتىڭ بار؟ الله تائالا ساڭا ۋە ئاناڭغا مەغپىرەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن بۇ پەرىشتە مۇشۇ كېچىدىن بۇرۇن زىمىنغا قەتئى چۈشۈپ باقمىغان، ئۇ پەرىشتە، پەرۋەردىگارىدىن چۈشۈشكە، ماڭا سالام قىلىپ، ماڭا ھەقىقەتەن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنها جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدى، خوجايىنى ئىكەنلىكىگە، ھەقىقەتەن ھەسەن

| |
|---|
| بىلەن ھۇسەيىن، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى ئىكەنلىكى بىلەن بىشارەت بېرىش ئۈچۈن ئىزنى، رۇخسەت سوراپ چۈشۈپتۇ،دېدى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېخى باياتىن مىنى توسۇۋالغان كىشىنى كۆرمىدىڭمۇ، ئۇ پەرىشتىلەردىن ئالاھىدە بىر پەرىشتە بولىدۇ، ئۇ بۇ كېچىدىن بۇرۇن زېمىنغا قەتئىي چۈشۈپ باقمىغان. بۇ كېچە ئۇ، رەببى ئەززە ۋە جەللىدىن ماڭا سالام قىلىشقا ۋە ھەققەتەن ھەسەن ــ ھۇسەيىن جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ خوجىسى، سەييىدى ئىكەنلىكىگە ۋە ھەققەتەن پاتىمە جەننەت ئەھلىنىڭ ئايال كىشىلىرىنىڭ خوجىسى، سەييىدى ئىكەنلىكىگە ماڭا خۇش بىشارەت بېرىشكە ئىزنى، رۇخسەت سوراپ چۈشۈپتۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. |
| **6163 – [ 38 ]** ( ضعيف )وعن ابن عباس قال : كان رسول الله صلى الله عليه وسلم حاملا الحسن بن علي على عاتقه فقال رجل : نعم المركب ركبت يا غلام فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " ونعم الراكب هو " . رواه الترمذي<br><br>ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەننى مۈرىسىدە كۆتۈرۈۋېلىپتىكەن، بىرسى ئى بالام، سەن نېمە دېگەن ياخشى مەركەبكە مىنىۋالدىڭ ھە! دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىگۈچى نېمە دېگەن ياخشى دەپتۇ، تىرمىزى خاتىرلىدى. ئەلبانى زەئىپ دىدى. |
| **6164 – [ 39 ]** ( ضعيف )وعن عمر رضي الله عنه أنه فرض لأسامة في ثلاثة آلاف وخمسمائة وفرض لعبد الله بن عمر في ثلاثة آلاف . فقال عبد الله بن عمر لأبيه : لم فضلت أسامة علي ؟ فو الله ما سبقني إلى مشهد . قال : لأن زيدا كان أحب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم من أبيك وكان أسامة أحب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم منك فآثرت حب رسول الله صلى الله عليه وسلم على حبي . رواه الترمذي<br><br>ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئۇسامەگە 3500نى بۆلۈپ بېرىدۇ، بالىسى ئابدۇللاھقا 3000نى بېرىدۇ، ئابدۇللا دادىسىغا نېمە ئۈچۈن ئۇسامەنى مەندىن ئۈستۈن قويىسىز؟ دەيدۇ. ئالللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ مەندىن بۇرۇن بارمىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى زەيد، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە داداڭ ئۆمەر يەنى مەندىن بەكىرەك سۆيۈملۈك ئىدى، ئۇسامەمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەندىن بەكىرەك سۆيۈملۈك، شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياخشى كۆرگىنىنى مىنىڭ ياخشى كۆرگىنىم ئۈستىدە قويدۇم دېدى. تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. |
| **6165 – [ 40 ]** ( ضعيف )وعن جبلة بن حارثة قال : قدمت على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : يا رسول الله ابعث معي أخي زيدا . قال : " هو ذا فإن انطلق معك لم أمنعه " قال زيد : يا رسول الله والله لا أختار عليك أحدا . قال : فرأيت رأي أخي أفضل من رأيي . رواه الترمذي<br><br>جەبلەت ئىبنى ھارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، قېرىندىشىم زەيدنى مەن بىلەن بىللە ئەۋەتسىلە دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق بولسۇن، ئەگەر ئۇ سەن بىلەن بارسا توسمايمەن دېدى، زەيد، مەن ئالللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلىنىڭ ئۈستىلىرىگە بىرەرسىنى تاللىمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى جەبلەت، قېرىندىشىمنىڭ كۆز قارىشىنى مىنىڭكىدىن ئەۋزەل كۆردۈم دېدى. تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېدى. |

| |
|---|
| 6166 – [ 41 ] ( حسن ) وعن أسامة بن زيد قال : لما ثقل رسول الله صلى الله عليه وسلم هبطت وهبط الناس المدينة فدخلت على رسول الله صلى الله عليه وسلم وقد أصمت فلم يتكلم فجعل رسول الله صلى الله عليه وسلم يضع علي يديه ويرفعهما فأعرف أنه يدعو لي . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب<br><br>ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى قاتتىق ئېغىرلىشىپ، رەسۇلۇللاھ ئاجىزلاپ قالغاندا مەن مەدىنىگە چۈشتۇم، كىشىلەرمۇ چۈشتى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرسەم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى سۆز قىلالمىغىدەك دەرىجىگە چۈشۈپ قاپتىكەن، رەسۇلۇللاھ سۆز قىلالماي، ئىككى قولىنى مېنىڭ ئۈستۈمگە قويۇپ، قولىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى، مەن شۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ماڭا دۇئا قىلىپ قويغىنىنى بىلدىم.تىرمىزى تولىغان،ھەسەن. |
| 6167 – [ 42 ] ( حسن ) وعن عائشة قالت : أراد النبي صلى الله عليه وسلم أن ينحي مخاط أسامة . قالت عائشة : دعني حتى أكون أنا الذي أفعل . قال : " يا عائشة أحبيه فإني أحبه " . رواه الترمذي<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، (ئۇسامە كىچىك چېغىدا)رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بۇرۇن سۈيىنى ئەيتىۋەتىشنى ئىرادە قىلدى، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنى قىلغىلى قويسىلا، بۇئىشنى مەن قىلاي دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئى ئائىشە! بۇنى ياخشى كۆرگىن، چۈنكى بۇنى مەن بەك ياخشى كۆرىمەن دېدى.تىرمىز،ھەسەن، |
| 6168 – [ 43 ] ( ضعيف )وعن أسامة قال : كنت جالسا إذ جاء علي والعباس يستأذنان فقالا لأسامة : استأذن لنا على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت : يا رسول الله علي والعباس يستأذنان . فقال : " أتدري ما جاء بهما ؟ " قلت : لا . قال : " لكني أدري فأذن لهما " فدخلا فقالا : يا رسول الله جئناك نسألك أي أهلك أحب إليك ؟ قال : " فاطمة بنت محمد " فقالا : ما جئناك نسألك عن أهلك قال : " أحب أهلي إلي من قد أنعم الله عليه وأنعمت عليه : أسامة بن زيد " قالا : ثم من ؟ قال : " ثم علي بن أبي طالب " فقال العباس : يا رسول الله جعلت عمك آخرهم ؟ قال : " إن عليا سبقك بالهجرة " . رواه الترمذي وذكر أن عم الرجل صنو أبيه في " كتاب الزكاة "<br><br>ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئولتۇرۇغلۇق ئىدىم، تۇيۇقسىز ئەلى بىلەن ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار كېلىپ، ئىزنى سورىدى، مەن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇلار ئىزنى سوراۋاتىدۇ دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ نىمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ دېدى، مەن ياق دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن بىلىمەن، ئۇلارنى چاقىر دېدى، ئۇلار كىردى، ئاندىن ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىز سىلىدىن ئەھلىلىرىنىڭ قايسىسى سىلىگە سۆيۈملۈك دېگەننى سورىغىلى كەلدۇق دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دېدى، ئۇلار بۇنىڭدىن ئەمەس دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئەھلىمدىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى ئاللاھ قۇرئاندا؛ ئاللاھ نىئمەت بەرگەن سەنمۇنىئمەت بەرگەن.دىگەن ئۇسامە ئىبنى زەيد دىدى، ئۇلار ئاندىن قالسچۇ؟ دېۋىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىدى، ئاباس تاغىلىرىنى ئاخىرىدا قىلامىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، چۈنكى، ئەلى سىزدىن بۇرۇن ھىجرەت قىلغان دېدى. تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېدى. |
| 6169 – [ 44 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن عقبة بن الحارث قال : صلى أبو بكر العصر ثم خرج يمشي ومعه علي فرأى |

**الحسن يلعب مع الصبيان فحمله على عاتقه . وقال : بأبي شبيه بالنبي ليس شبيها بعلي وعلي يضحك . رواه البخاري**

ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسر نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن پىيادە مېڭىپ چىقتۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىچىك باللار بىلەن بىللە ئوينىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى مۇرىسىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ؛ ئەلىگە ئوخشىماي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشىغان بالىغا دادام پىدا بولسۇن دېدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا كۈلۈپ قويدى.بۇخارى توپلىغان.

**6170 – [ 45 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : أتي عبيد الله بن زياد برأس الحسين فجعل في طست فجعل ينكت وقال في حسنه شيئا قال أنس : فقلت : والله إنه كان أشبههم برسول الله صلى الله عليه وسلم وكان مخضوبا بالوسمة . رواه البخاري وفي رواية الترمذي قال : كنت عند ابن زياد فجيء برأس الحسين فجعل يضرب بقضيب في أنفه ويقول : ما رأيت مثل هذا حسنا . فقلت : أما إنه كان أشبههم برسول الله صلى الله عليه وسلم . وقال : هذا حديث صحيح حسن غريب**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىبنى زەيىيادقا ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاللىسى پەتنۇس لىگەنگەئېلىنىپ كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۇنى قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن نۇقۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى، ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقى،گۈزەللىكى توغرىسىدا تەنە گەپ قىلدى، ئاندىن مەن؛ بۇ ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ ئوخشاپ كېتىدىغانراقى ئىدى دېدىم، ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى قارىغا مايىل سېرىق رەڭدە بوياىلغان ئىدى.بۇخارى. تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە؛ مەن ئىبنى زەيىيادنىڭ قېشىدا ئىدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاللىسى پەتنۇس لىگەنگەئېلىنىپ كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۇنىڭ بۇرنىغا قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن نۇقۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى، ۋە مەن بۇنىڭدەك گۈزەل جامالنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم دېدى، ئاندىن مەن؛ بۇ ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ ئوخشاپ كېتىدىغانراقى ئىدى دېدىم،دېيىلگەن.

**6171 – [ 46 ] وعن أم الفضل بنت الحارث أنها دخلت على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقالت : يا رسول الله إني رأيت حلما منكرا الليلة . قال : " وما هو ؟ " قالت : إنه شديد قال : " وما هو ؟ " قالت : رأيت كأن قطعة من جسدك قطعت ووضعت في حجري . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رأيت خيرا تلد فاطمة إن شاء الله غلاما يكون في حجرك " . فولدت فاطمة الحسين فكان في حجري كما قال رسول الله صلى الله عليه وسلم . فدخلت يوما على رسول الله صلى الله عليه وسلم فوضعته في حجره ثم كانت مني التفاتة فإذا عينا رسول الله صلى الله عليه وسلم تهريقان الدموع قالت : فقلت : يا نبي الله بأبي أنت وأمي مالك ؟ قال :أتاني جبريل عليه السلام فأخبرني أن أمتي ستقتل ابني هذا فقلت : هذا ؟ قال : نعم وأتاني بتربة من تربته حمراء "**

ئۇممە پەزلى بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن بۈگۈن كېچە بەكمۇ يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن دېدىم، رەسۇلۇللاھ؛قانداق چۈش كۆرۈپسەن؟دېدى، مەن؛ ئۇ بەكمۇ يامان چۈش دىسەم، يەنە زادى قانداق چۈش كۆرۈپسەن؟دېدى، مەن؛ مەن چۈشۈمدە گۈياكى سىلىنىڭ جەسەدلىرىدىن بىر پارچە كىسىلىپ، مېنىڭ قۇچىقىمغا قويۇلغىدەك، ئەنە شۇنداق يامان چۈش كۆرۈپتىمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛سەن ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، ئەگەر **الله** خالىسا، پاتىمە بىر ئوغۇل تۇغىدۇ، ئۇ ئوغۇل سىنىڭ قۇچىقىڭدا بولىدۇ دېدى، ئاندىن پاتىمە ھۈسەيىننى تۇغدى، ئۇ خۇددى رەسۇلۇللاھ دېگەندەكلا مېنىڭ قۇچىقىمدا بولدى،ئاندىن كېيىن بىر كۈنى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ،ھۇسەيىننى رەسۇلۇللاھنىڭ قۇچىقىدا قويىدۇم، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھقا قارىسام، ناگاھان رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈۋېتىپتۇ، مەن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، سىلىگە نىمە بولدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق خەۋەر قىلدى: ھەقىقەتەن مىنىڭ ئۈممىتىم، مۇشۇئوغلۇم ھۇسەيىننى ئۆلتۈرۈدىكەن، جىبرىئىل ماڭا قىزىل تۇپراقنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى، يەنى بۇ تۇپراق ئۇنىڭ شېھىدلىق جايى بۇلىدىكەن دېدى، مەن: مۇشۇ ئوغۇلنىمۇ؟دىسەم، ھەئە مۇشىنى دېدى.بەيھەقى، ھاكىم مۇستەدرەكتە توپلىغان، سەھىھ.

**6172 – [ 47 ]** ( صحيح ) **وعن ابن عباس قال : رأيت النبي صلى الله عليه وسل فيما يرى النائم ذات يوم بنصف النهار أشعث أغبر بيده قارورة فيها دم فقلت : بأبي أنت وأمي ما هذا ؟ قال : " هذا دم الحسين وأصحابه ولم أزل ألتقطه منذ اليوم " فأحصي ذلك الوقت فأجد قتل ذلك الوقت** . رواهما البيهقي في " دلائل النبوة " وأحمد الأخير

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن بىر كۈنى چىڭ چۈشتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاچلىرى چۇۋۇلچاق، چاڭ ـ توزان باسقان ھالىتىدە چۈشۈمدە كۆردۈم، قولىدا شىشە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە قان بارئىكەن، مەن: ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، بۇنىمە؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ:بۇ ھۇسەيىنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قېنى، مەن بۇقانى بۈگۈندىن باشلاپ تىرىۋاتىمەن دىگىدەك، مەن شۇ ۋاقىتنى ھىساپلاپ كۆرۈپ، دەل شۇ ۋاقىتتا ھۇسەيىنىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تاپتىم.بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ.

**6173 – [ 48 ]** ( ضعيف )**وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أحبوا الله لما يغذوكم من نعمه فأحبوني لحب الله وأحبوا أهل بيتي لحبي "** . رواه الترمذي

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، ئاللاھنى سىلەرگە نىئمەت، غىزا بەرگەنلىكىدىن ياخشى كۆرۈڭلار، مىنى بولسا، ئاللاھ ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ياخشى كۆرۈڭلار، ئەھلى بەيتىمنى بولسا، مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ياخشى كۆرۈڭلار. تىرمىزى خاتىرلىدى. ئەلبانى زەئىپ دىگەن

**6174 – [ 49 ]** ( ضعيف )**وعن أبي ذر أنه قال وهو آخذ بباب الكعبة : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " ألا إن مثل أهل بيتي فيكم مثل سفينة نوح من ركبها نجا ومن تخلف عنها هلك "** . رواه أحمد

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كەئبىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن مىنىڭ ئەھلى بەيتىم، ئائىلە ــ تاۋاباتىم قېتىڭلاردا خۇددى نۇھنىڭ كېمىسىگە ئوخشايدۇ، كىم كىمىگە چىقىۋالسا نىجات تاپىدۇ، كىم چىقمىسا ھالاك بولىدۇ دېدى، ئەھمەد خاتىرلىدى. ئەلبانى زەئىپ دىدى. بۇلارنىڭ پەزىلىتىگە ئايەت بىلەن سەھىھ ھەدىسلەر كۇپايە، زەئىپ ياكى يالغانغا ھاجەت يوق

**[ 11 ] باب مناقب أزواج النبي صلى الله عليه وسلم – الفصل الأول**

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**6175 – [ 1 ] وعن علي رضي الله عنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " خير نسائها مريم بنت عمران**

وخير نسائها خديجة بنت خويلد " متفق عليه وفي رواية قال أبو كريب : وأشار وكيع إلى السماء والأرض

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى ئاياللارنىڭ، جەننەت ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىمراننىڭ قىزى مەريەم بىلەن خەدىيچە بىنتى خۇۋەيلىددۇر، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالەملەردىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆتتۇر، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، خەدىيچە بىنتى خۇۋەيلىد، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە يەنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇنجى ئايالى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، فىرئەۋننىڭ ئىمان ئېيتقان ئايالى مەزاھىمنىڭ قىزى ئاسىيەدۇر، ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6176 – [ 2 ] وعن أبي هريرة قال : أتى جبريل النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " يا رسول الله هذه خديجة قد أتت معها إناء فيه إدام وطعام فإذا أتتك فأقرأ عليها السلام من ربها ومني وبشرها ببيت في الجنة من قصب لا صخب فيه ولا نصب متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى ئالالھنىڭ ئەلچىسى! مانا بۇ خەدىيچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سىنىڭ قېشىڭغا قاچىدا چاي، تائام، شاراپ ئېلىپ كەلدى، يەنى ھازىر كېلىدۇ، ئەگەر ئۇ قېشىڭغا كەلسە، ئۇنىڭغا؛ رەببى ئالالھتىن ۋە مەندىن سالام يوللىغىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا جەننەتتىكى ئىچى كاۋاك گۆھەر مارجان، جەۋھەردىن بولغان ئۆي بىلەن بىشارەت بەرگىن، ئۇ ئۆيدە ئاۋاز، ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ يوق، مۇشەققەت يوق دېدى، مۇسلىم توپلىدى، سەھىھ، بۇخارى، مۇسلىمغا سەھىھ دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى، بۇ ئىككى كىتاب سەھىھدۇر.

6177 – [ 3 ] وعن عائشة قالت : ما غرت على أحد من نساء النبي صلى الله عليه وسلم ما غرت على خديجة وما رأيتها ولكن كان يكثر ذكرها وربما ذبح الشاة ثم يقطعها أعضاء ثم يبعثها في صدائق خديجة فيقول : " إنها كانت وكانت وكان لي منها ولد " . متفق عليه

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىدىن ھېچ بىرىكىشگە خەدىيچەرەزىيەللاھۇ ئەنھاغا كۈندەشلىك قىلغاندەك كۈندەشلىك قىلىپ باقمىدىم، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىدىم، لېكىن رەسۇلۇللاھ خەدىيچەرەزىيەللاھۇ ئەنھانى بەك كۆپ تىلغا ئالاتتى، كۆپىنچە قوي ئۆلتۈرۈپ قالسا، ئۇنىڭ گۆشىنى پارچىلاپ، خەدىيچەنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بىرەتتى، رەسۇلۇللاھ دائىم دېگىدەك؛ خەدىيچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنداق ئىدى، ئۇ مۇنداق ئىدى، ئۇنداق قىلاتتى، مىنىڭ ئۇنىڭدىن باللىرىم بار ئىدى دەيتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

6178 – [ 4 ] وعن أبي سلمة أن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا عائش هذا جبريل يقرئك السلام " . قالت : وعليه السلام ورحمة الله . قالت : وهو يرى ما لا أرى متفق عليه

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! رەزىيەللاھۇ

ئەنها، مانا بۇ جىبرىئىل ساڭا سالام يوللىدى.ئاندىن مەن؛ ۋە ئەلەيھىسسالام ۋە رەھمەتۇاللە ھى دېدىم، رەسۇلۇللاھ مەن كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيتتى.بۇخارى.،مۇسلىم، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**6179 – [ 5 ] وعن عائشة قالت : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أريتك في المنام ثلاث ليال يجيء بك الملك في سرقة من حرير فقال لي :هذه امرأتك فكشفت عن وجهك الثوب فإذا أنت هي فقلت : إن يكن هذا من عند الله يمضه متفق عليه**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: سەن ماڭا چۈشۈمدە ، ئۈچ كېچە ئۈچ قېتىم كۆرسىتىلدىڭ، سېنى پەرىشتە، يىپەك رەختتىنىڭ پارچىسى ئىچىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ، بۇ سېنىڭ ئايالىڭ دېدى، پەردىنى ئېچىپ قارىسام، سەن ئىكەنسەن، مەن؛ ئەگەر بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولسا، چوقۇم ئىجرا قىلىپ يورىتىدۇ، ئۇچۇمدا بولىدۇ دېدىم، بۇخارى.،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6180 – [ 6 ] وعنها قالت : إن الناس كانوا يتحرون بهداياهم يوم عائشة يبتغون بذلك مرضاة رسول الله صلى الله عليه وسلم . وقالت : إن نساء رسول الله صلى الله عليه وسلم كن حزبين : فحزب فيه عائشة وحفصة وصفية وسودة والحزب الآخر أم سلمة وسائر نساء رسول الله صلى الله عليه وسلم فكلم حزب أم سلمة فقلن لها : كلمي رسول الله صلى الله عليه وسلم يكلم الناس فيقول : من أراد أن يهدي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فليهده إليه حيث كان . فكلمته فقال لها : " لا تؤذيني في عائشة فإن الوحي لم يأتني وأنا في ثوب امرأة إلا عائشة " . قالت : أتوب إلى الله من ذاك يا رسول الله ثم إنهن دعون فاطمة فأرسلن إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فكلمته فقال : " يا بنية ألا تحبين ما أحب ؟ " قالت : بلى . قال : " فأحبي هذه " . متفق عليه وذكر حديث أنس " فضل عائشة على النساء " في باب " بدء الخلق " برواية أبي موسى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، كىشىلەر ئۆز ھەدىيلىرىنى بىرىشتە مىنىڭ نۆۋبەت كۈنۈمنى ئىزدەيتتى، ئۇلار شۇئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشاتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئىككى گۇرۇھ ئىدى، بىر گۇرۇھتە مەن، ھەپسە، سەپىيە، سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھالار بار ئىدۇق، يەنە بىر گۇرۇھتە بولسا، ئۇممە سەلەمەت ۋە قالغان ئاياللىرى بار ئىدى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ گۇرۇھى ئۇنىڭغا؛ سەن رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلساڭ، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرگە مۇنداق دىسە؛ كىم رەسۇلۇللاھقا ھەدىي قىلماقچى بولسا، ھەدىيسىنى رەسۇلۇللاھ قەيەردە بولسا، شۇ يەرگە بەرسە دېدى، ئۇ سۆز قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ سەن ماڭا ئائىشە توغرىسىدا ئازار بەرمىگىن، چۈنكى مەن ئائىشەدىن باشقا ئاياللىرىمنىڭ كۆرپىسىدىكى چېغىمدا، ماڭا ۋەھى كەلمەيدۇ، پەقەت ئائىشەنىڭ كۆرپىسىدە بولسامۇ، ماڭا ۋەھى كىلىۋىرىدۇ دېدى، ئاندىن ئۇ؛ ئى **اللە** نىڭ ئەلچىسى! مەن بۇسۆزۈمدىن **اللە** قا تۆۋبە قىلدىم دېدى، ئاندىن ئۇلار پاتىمەنى چاقىرىپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ، ئۇمۇ سۆز قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ئى قىزىم! سىز مەن ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرمەمسىز؟دىسە، ئۇ؛ ئەلۋەتتە سىلى ياخشى كۆرگەننى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ؛ئۇنداق بولسا، سىز ئائىشەنى ياخشى كۆرۈڭ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6181 – [ 7 ] الفصل الثاني ( صحيح ) عن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " حسبك من نساء العالمين مريم بنت عمران وخديجة بنت خويلد وفاطمة بنت محمد وآسية امرأة فرعون " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللاردىن (كامالەتكە يەتكەن ئەۋزەللىرەكىنى، ئالى مەرتىبىسىنى سۈرۈشتە قىلساڭ)، ساڭا ئالەملەرنىڭ ئاياللىرىدىن پەقەت تۆۋەندىكى

| |
|---|
| تۆت ئايال كۈپايە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى پاتىمە، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە (بولار كامالەتكە يەتتى) ئەھمەد 11942 ــ ھەدىس، تىرمىزى 3813 ــ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. |
| 6182 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن عائشة أن جبريل جاء بصورتها في خرقة حرير خضراء إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " هذه زوجتك في الدنيا والآخرة " . رواه الترمذي<br><br>ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يىشىل يىپەك رەختنىڭ ئىچىدە مىنىڭ سۈرىتىمنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ؛ مانا بۇ سېنىڭ بۇدۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئايالىڭدۇر دەپتۇ.تىرمىزى توپلىغان،سەھىھ.(يەنى يۇقىرقى ھەدىستىكى چۈشىدە دىگىنى شۇدۇر) ئەنەس ، قىيس ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىبرىئىل ماڭا مۇنداق دېدى: سەن ھەپسىگە قايتىۋالغىن، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋال، چۈنكى، ئۇ دائىم روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇيدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ سېنىڭ جەننەتتىكى ئايالىڭدۇر، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. |
| 6183 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : بلغ صفية أن حفصة قالت : بنت يهودي فبكت فدخل عليها النبي صلى الله عليه وسلم وهي تبكي فقال : " ما يبكيك ؟ " فقالت : قالت لي حفصة : إني ابنة يهودي فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " إنك ابنة نبي وإن عمك لنبي وإنك لتحت نبي ففيم تفخر عليك ؟ " ثم قال : " اتقي الله يا حفصة " . رواه الترمذي والنسائي<br><br>ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ؛«سەپىيە يەھۇدىينىڭ قىزى»،دىگەن سۆزى سەپىيەگە يېتىپ ئۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قېشىغا كىرسە، ئۇ يەنە يىغلاپ ئولتۇرغىدەك، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن سىزنى نىمە يىغلاتتى دەپ سورىسا، ئۇ؛ ھەپسەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مىنى يەھۇدىينىڭ قىزى دەپتۇ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ ئۇنداق ئەمەس بەلكى سىز پەيغەمبەرنىڭ قىزى، سىزنىڭ تاغىڭىزمۇ پەيغەمبەردۇر، (يەنى ئۇ ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن ئىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تاغىسى بولاتتى)سىز ھازىرمۇ مەندىن ئىبارەت پەيغەمبەرنىڭ ئايالى، ئۇنىمىسىگە سىزگە پەخىرلىنىدىكەن؟دەپ، ئاندىن ئى ھەپسە!سەن الله تىن قورقىن دېدى.تىرمىزى،نەسەئى توپلىغان،سەھىھ. |
| 6184 – [ 10 ] ( إسناده جيد ) وعن أم سلمة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم دعا فاطمة عام الفتح فناجاها فبكت ثم حدثها فضحكت فلما توفي رسول الله صلى الله عليه وسلم سألتها عن بكائها وضحكها . قالت : أخبرني رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه يموت فبكيت ثم أخبرني أني سيدة نساء أهل الجنة إلا مريم بنت عمران فضحكت . رواه الترمذي<br><br>ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەتھى يىلى پاتىمەرەزىيەللاھۇ ئەنھانى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا مەخپى مۇناجات قىلدى، ئۇ يىغلىدى، ئاندىن يەنە مەخپى سۆز قىلىشتى، ئۇ كۈلدى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات تاپقاندا، مەن ئۇنىڭ يىغلىشىدىن ۋە كۈلىشىدىن سورىسام، ئۇ؛ دادام ماڭا ۋاپات بولىشىنى خەۋەر قىلىشتى يىغلىدىم، ئاندىن ماڭا؛ مىنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدى خوجىسى ئىكەنلىكىمنى، لىكىن، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى كۈلدۇم دېدى.تىرمىزى، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاجەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ |

سەييىدى، خوجىسى، لېكىن، ئىمرانىنىڭ قىزى مەريەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا يەنى مەريەممۇ خوجىسى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6185 – [ 11 ] الفصل الثالث ( صحيح ) عن أبي موسى قال : ما أشكل علينا أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم حديث قط فسألنا عائشة إلا وجدنا عندها منه علما . رواه الترمذي . وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىغا بىرەر ھەدىس مۇشكۇل بولۇپ قالسا، ئاندىن بىز ئۇنى ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورساقلا، ئۇنىڭ نەزلىدە ھەدىستىن بولغان مول ئىلىمنى تاپاتتۇق(يەنى ئۇ مۇشكۇلىمىزنى ھەل قىلىپ بىرەتتى)تىرمىزى توپلىغان،سەھىھ.

**6186 – [ 12 ] ( صحيح ) وعن موسى بن طلحة قال : ما رأيت أحدا أفصح من عائشة . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح غريب**

مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ پاساھەتلىكرەك بىرەر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم،دېدى.ت

## [ 12 ] باب جامع المناقب ئۇمۇمى پەزىلەتلەر توغرىسىدا

**6187 – [ 1 ] ( متفق عليه ) – الفصل الأول عن عبد الله بن عمر قال : رأيت في المنام كأن في يدي سراقة من حرير لا أهوي بها إلى مكان في الجنة إلا طارت بي إليه فقصصتها على حفصة فقصتها حفصة على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " إن أخاك رجل صالح – أو إن عبد الله رجل صالح – " . متفق عليه**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن چۈشۈمدە مۇنداق كۆرۈپتىمەن؛ گوياكى قولۇمدا بىر پارچە يىپەك رەخت تۇرغىدەك، مەن ئۇنىڭ بىلەن جەننەتتە قايسى ماكانغا بېرىشنى مەقسەت قىلسام، ئۇ رەخت مىنى شۇجايغا ئۇچۇرۇپ ئاپارغىدەك، مەن بۇ چۈشۈمنى ھەپسىگە سۆزلەپ بەرسەم، ھەپسە ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛قېرىندىشىڭ **ئابدۇالله** سالىھ ياخشى كىشى ئىكەن دەپتۇ.بۇخا،مس

**6188 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن حذيفة قال : إن أشبه الناس دلا وسمتا وهديا برسول الله صلى الله عليه وسلم لابن أم عبد من حين يخرج من بيته إلى أن يرجع إليه لا ندري ما يصنع أهله إذا خلا . رواه البخاري**

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يول كۆرسىتىش جەھەتتىن، يولدا مېڭىش سەيرە جەھەتتىن، ھىدايەت جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ ئوخشاپ كىتىدىغىنى ئەلۋەتتە ئۇممەئابدۇنىڭ ئوغلى ئىبنى مەسئۇدتۇر، ئۇ ئۆيىدىن چىققاندىن باشلاپ، ئۆيىگە قايتقىچە رەسۇلۇللاھقا شۇنداق بەك ئوخشايتتى، ئەھلىدە خالى بولغاندا ئۇنىڭ نىمە قىلىدىغىنىنى بىز بىلمەيمىز.بۇخارى توپلىغان.

**6189 – [ 3 ] وعن أبي موسى الأشعري قال : قدمت أنا وأخي من اليمن فمكثنا حينا ما نرى إلا أن عبد الله بن مسعود رجل من أهل بيت النبي صلى الله عليه وسلم لما نرى من دخوله ودخول أمه على النبي صلى الله عليه وسلم . متفق عليه**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن قېرىندىشىم بىلەن بىللە يەمەندىن كىلىپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئىبنى مەسئۇد بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىگە كۆپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىمىزدىن، ئۇلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھلى بەيتىدىن ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمىز.بۇخارى،مۇسلىم.

**6190 – [ 4 ] وعن عبد الله بن عمرو أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " استقرؤوا القرآن من أربعة : من عبد الله بن مسعود وسالم مولى أبي حذيفة وأبي بن كعب ومعاذ بن جبل " . متفق عليه**

ئبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر قۇرئاننى تۆۋەندىكى تۆت كىشىدىن تەلەپ قىلىپ، شۇلاردىن ئېلىپ ئوقۇڭلار، بىرىنچىسى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىككىنچىسى، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادكەردە قۇلى سالىم، ئۈچىنچىسى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، تۆتىنچىسى، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، يەنى مۇشۇ تۆت كىشىنىڭ قىرائىتى بويىچە ئوقۇڭلار، بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6191 – [ 5 ] ( صحيح ) وعن علقمة قال : قدمت الشام فصليت ركعتين ثم قلت : اللهم يسر لي جليسا صالحا فأتيت قوما فجلست إليهم فإذا شيخ قد جاء حتى جلس إلى جنبي قلت : من هذا ؟ قالوا : أبو الدرداء . قلت : إني دعوت الله أن ييسر لي جليسا صالحا فيسرك لي فقال : من أنت ؟ قلت : من أهل الكوفة . قال : أو ليس عندكم ابن أم عبد صاحب النعلين والوسادة والمطهرة وفيكم الذي أجاره الله من الشيطان على لسان نبيه ؟ يعني عمارا أو ليس فيكم صاحب السر الذي لا يعلمه غيره ؟ يعني حذيفة . رواه البخاري**

ئەلقەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن شامغا كىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن «ئى **الله**!ماڭا ياخشى مەجلىسنى ئاسان قىلىپ بەرسىلە» دىدىم، ئاندىن بىر قەۋمنىڭ يىنىغا كىلىپ ئولتۇردۇم، ئاندىن بىر شەيخ كىلىپ يىنىمدا ئولتۇردى، مەن؛ بۇ كىمۇ؟دىسەم، ئۇلار؛ بۇ ئەبۇدەردائى بولىدۇ دىدى، مەن؛مەن «ئى **الله**!ماڭا ياخشى مەجلىسنى ئاسان قىلىپ بەرسىلە»دەپ **الله** قا دۇئا قىلغان ئىدىم، ماڭا سىنىڭ مەجلىسڭنى ئاسان قىلىپ بىرىپتۇ دىسەم، ئۇ؛ سەن كىم بولىسەن؟دىدى، مەن؛ كۇفە ئەھلىدىن بولىمەن دىسەم، ئۇ؛ سىلەرنىڭ يىنىڭلاردا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى ئايىقىنى، تەكيە-ياستۇقىنى، تاھارەت سۇيىنى تەييارلاپ بىرىدىغان كىشى ئىبنى مەسئۇد يوقمۇ؟ ئاراڭلاردا **الله** تائالا ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق شەيتاندىن ساقلاپ قالغان كىشى ئەممار يوقمۇ؟ ئاراڭلاردا ئۆزىدىن باشقا ھىچ كىشى بىلمەيدىغان سىر ئىگىسى ھۇزەيپە يوقمۇ؟دىدى.(يەنى شۇلار ئەڭ ئالىم، مەجلىسى ئەڭ ياخشى ئىدى)بۇخارى توپلىغان.

**6192 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " أريت الجنة فرأيت امرأة أبي طلحة وسمعت خشخشة أمامي فإذا بلال " . رواه مسلم**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەننەتتە ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالىنى كۆردۈم، ئاندىن ئالدىم تەرەپتە شىپ ــ شىپ قىلغان ھەرىكەت ئاۋازنى ئاڭلاپ قارىسام، بىلال تۇرىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ بىر بىشارەتتۇر.

**6193 – [ 7 ] ( صحيح ) وعن سعد قال : كنا مع النبي صلى الله عليه وسلم ستة نفر فقال المشركون للنبي صلى الله عليه وسلم : اطرد هؤلاء لا يجترؤون علينا . قال : وكنت أنا وابن مسعود ورجل من هذيل وبلال ورجلان لست أسميهما فوقع في نفس رسول الله صلى الله عليه وسلم ما شاء الله أن يقع فحدث نفسه فأنزل الله تعالى : [ ولا تطرد الذين يدعون ربهم بالغداة والعشي يريدون وجهه ] . رواه مسلم**

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز ئالتە نەپەر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، مۇشرىكلەر كىلىپ رەسۇلۇللاھقا؛ سەن ئاۋۇ كىشلەرنى قوغلىۋەتكىن، ئۇلار بىز بىلەن ئارلىششقا جۈرئەت قىلالمايدۇ دېدى، بىز؛ مەن،ئىبنى مەسئۇد، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بىر كىشى، بىلال، يەنە ئىككى كىشى (يەنى خەبباب،ئەممار) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىگە **الله** تائالا خالىغان بىر نەرسلەر چۈشۈپ، (مۇشرىكلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن)شۇنداق قىلىشنىمۇ ئىرادە قىلغىلى تاس ـ تاس قالدى، ئاندىن **الله** تائالا:« **الله**نىڭ رازىلىقنى دەپ ئەتىگەندە ،ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن،ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن).سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ،ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ،زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن ».دىگەن سۈرە ئەنئام 52 ـ ئايەتنى نازىل قىلدى.مۇسلىم توپلىغان.

**6194 – [ 8 ] وعن أبي موسى أن النبي صلى الله عليه وسلم قال له : يا أبا موسى لقد أعطيت مزمارا من مزامير آل داود متفق عليه**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دىگەن: ئى ئەبۇ مۇسا! ھەقىقەتەن ساڭا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاۋازىدىن بىر ئاۋاز بېرىلىپتۇ، (ئۇ قۇرئاننى مۇڭلۇق، گۈزەل ئوقۇيتتى). بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئەبۇ مۇساغا داۋۇد ئائىلىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن بىر ئاۋاز بىرىلىپتۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئابدۇللاھ ئىبنى قىيسقا، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن نەيگە ئوخشاش مۇڭلۇق ئاۋازى بېرىلىپتۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**6195 – [ 9 ] وعن أنس قال : جمع القرآن على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم أربعة : أبي بن كعب ومعاذ بن جبل وزيد بن ثابت وأبو زيد قيل لأنس : من أبو زيد ؟ قال : أحد عمومتي . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، قۇرئاننى تۆۋەندىكى تۆت كىشى توپلاپ يادا ئالغان ئىدى، بىرىنچىسى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، ئىككىنچىسى، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۈچىنچىسى،زەيدئىبنى سابىت، تۆتىنچىسى، ئەبۇ زەيد، يەنى تاغىللىرىمنىڭ بىرسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار،(يەنە ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادكەردە قۇلى سالىم، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇبار،)بۇخارى،مۇسلىم.

**6196 – [ 10 ] ( متفق عليه ) وعن خباب بن الأرت قال : هاجرنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم نبتغي وجه الله تعالى فوقع أجرنا على الله فمنا من مضى لم يأكل من أجره شيئا منهم : مصعب بن عمير قتل يوم أحد فلم يوجد له ما يكفن فيه إلا نمرة فكنا إذا غطينا بها رأسه خرجت رجلاه وإذا غطينا رجليه خرج رأسه فقال النبي صلى الله عليه وسلم : " غطوا بها رأسه واجعلوا على رجليه الإذخر " . ومنا من أينعت له ثمرته فهو يهدبها . متفق عليه**

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە **الله** نىڭ جامالىنى (رازىلىقنى)تەلەپ قىلىپ ھىجرەت قىلدۇق، بىزنىڭ ئەجرىمىز **الله** قا مۇقۇم بولدى(يەنى **الله** ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئەجرىمىزنى چوقۇم بىرىدۇ)بىزدىن بەزىلەر ئەجرىدىن ھېچ نەرسىنى يىمەستىنلا كىتىپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىرى، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير بولۇپ، ئۇ ئۇھۇد كۈنى ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولدى، ئۇنى كېپەنلىگىدەك بىرەر نەرسە

تېپىلماي، پەقەت يوللۇق،قىلىن يىرىك بىر تون تېپىلدى، ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى ياپساق، ئىككى پۇتى چىقىپ قالاتتى، ئىككى پۇتىنى ياپساق، بېشى چىقىپ قالاتتى، رەسۇلۇللاھ؛تون بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يېپىپ، پۇتى تەرەپكە ئىزخىر دېگەن ئۇسۇملۇك،ئوت ـ چۆپنى قىلىپ قويۇڭلار دېدى، بىزدىن بەزىلەرنىڭ مېۋىلىرى پىشىپ يېتىلىپ، ئۇ مېۋىلىرىنى ئۈزۈپ يەۋاتىدۇ(يەنى ئەجرى بىرلىۋاتىدۇ)بۇخارى،مۇسلىم.بۇنىڭ ئوخشىشى ئۆتكەن.

**6197 – [ 11 ] وعن جابر قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " اهتز العرش لموت سعد بن معاذ " وفي رواية : " اهتز عرش الرحمن لموت سعد بن معاذ " . متفق عليه**

ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەئدى ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن رەھمانتائالانىڭ ئەرشى تەۋرەپ كەتتى، ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنە شۇنداق كىشى ئۈچۈنمۇ قەبرە تارايغان، تەقۋالىقتا چىڭ تۇرۇڭلار، قەبرە ئازابىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەڭلار.

**6198 – [ 12 ] وعن البراء قال : أهديت لرسول الله صلى الله عليه وسلم حلة حرير فجعل أصحابه يمسونها ويتعجبون من لينها فقال : " أتعجبون من لين هذه ؟ لمناديل سعد بن معاذ في الجنة خير منها وألين " . متفق عليه**

ئەنەس، بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن يىپەك رەختتىن توقۇلغان رىدا، تون ھەدىيە قىلىندى، ساھابىلار ئۇنى كۆرۈپ سىلاشقا باشلىدى، ۋە ئۇنىڭ سىلىقلىقىدىن ھەيران قالغاندا،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىلەر مۇشۇنىڭدىن ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ جەننەتتىكى لۆڭگىسى، قول ياغلىقى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشىدۇر، ھەم سىلىق كۆزەلدۇر دېگەن. تىرمىزى 3782 ـ ھەدىس، نەسەئى 5207 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12673 ـ ھەدىس، بۇخارى 2423 ـ ھەدىس، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6199 – [ 13 ] (وعن أم سليم أنها قالت : يا رسول الله أنس خادمك ادع الله له قال : " اللهم أكثر ماله وولده وبارك فيما أعطيته " قال أنس : فو الله إن مالي لكثير وإن ولدي وولد ولدي ليتعادون على نحو المائة اليوم . متفق عليه**

ئۇممە سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بالام ئەنەس سىلىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن **الله** قا دۇئا قىلىپ قويسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى **الله**! ئەنەسنىڭ ماللىرىنى، باللىرىنى كۆپ قىلىپ بەرسىلە، ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسىللىرىدە بەرىكەت بەرسىلە دېدى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛**الله** بىلەن قەسەمكى(شۇدۇئانىڭ بەركاتىدىن)ھازىر ماللىرىم بەك كۆپتۇر، بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ باللىرىم، باللىرىمنىڭ باللىرى بولۇپ 100گە يېتىدۇ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6200 – [ 14 ] وعن سعد بن أبي وقاص قال : ما سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول لأحد يمشي على وجه الأرض " إنه من أهل الجنة " إلا لعبد الله بن سلام . متفق عليه**

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛يەر يۈزىدە ھايات مېڭىۋاتقان بىرەر كىشىگە «بۇ جەننەت ئەھلىدىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم، لېكىن ئابدۇ**الله** ئىبنى سالامنى ئۇ ھايات چاغدىلا «بۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر» دېگەن ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**6201 – [ 15 ] وعن قيس بن عباد قال : كنت جالسا في مسجد المدينة فدخل رجل على وجهه أثر الخشوع فقالوا : هذا رجل من أهل الجنة فصلى ركعتين تجوز فيهما ثم خرج وتبعته فقلت : إنك حين دخلت المسجد قالوا : هذا رجل من أهل الجنة . قال : والله ما ينبغي لأحد أن يقول ما لا يعلم فسأحدثك لم ذاك ؟ رأيت رؤيا على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فقصصتها عليه ورأيت كأني في روضة – ذكر من سعتها وخضرها – وسطها عمود من حديد أسفله في الأرض وأعلاه في السماء في أعلاه عروة فقيل لي : ارقه . فقلت : لا أستطيع فأتاني منصف فرفع ثيابي من خلفي فرقيت حتى كنت في أعلاه فأخذت بالعروة فقيل : استمسك فاستيقظت وإنها لفي يدي فقصصتها على النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " تلك الروضة الإسلام وذلك العمود عمود الإسلام وتلك العروة العروة الوثقى فأنت على الإسلام حتى تموت وذاك الرجل عبد الله بن سلام " . متفق عليه**

قيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن مەدىينە مەسجىدىدە ئولتۇراتتىم، يۈزىدە خۇشۇئىنىڭ (يەنى **الله** تىن قورقۇپ ئەيمىنىپ تۇرۇشنىڭ)ئەسىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر كىشى كىردى، ئۇلار: بۇكىشى جەننەت ئەھلىدىندۇر دىدى، ئاندىن ئۇكىشى يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناما ئوقۇپ چىقىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىپ؛ سەن مەسجىدكە كىرگەندە، ئۇلار سىنى؛ بۇكىشى جەننەت ئەھلىدىندۇر دىدى،بۇ قانداق گەپ؟دىسەم، ئۇماڭا؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، كىشىنىڭ بىلمىگەن نەرسىنى سۆزلىشى لايىق ئەمەستۇر، ئۇلارنىڭ نىمە ئۈچۈن شۇنداق دەيدىغانلىقىنى مەن ساڭا سۆزلەپ بىرەي؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر چۈش كۆرۈپ ئۇنى رەسۇلۇللاھقا سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، مەن چۈشۈمدە گۇياكى ئۆزۈمنى ناھايىتى كەڭ ھەم گۈزەل ياپيېشىل بىر باغدا كۆرۈپتىمەن، باغنىڭ ئوتتىرىدا تۆمۈر تۈرۈك بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئاستى زىمىندا بولسا، ئۈستى ئاسماندا ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىردانە ھالقا تۇتقا بارئىكەن، ماڭا يۇقىرغا ئۆرلە دىيىلدى، مەن؛ ئۆرلەشكە قادىر بۇلالمايمەن دىسەم، ماڭا بىر ياردەمچى خادىم كىلىپ، ئارقام تەرەپتىن كىيىمىم بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭا ياردەملەشتى، مەن يۇقىرغا ئۆرلەپ تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھېلىقى تۇتقىنى تۇتتۇم، ماڭا بۇنى چىڭ تۇت!دىيىلدى، مەن ئۇنى قولۇمدا چىڭ تۇتۇقلۇق ھالىتىمدە ئويغۇنۇپ كەتتىم، ئاندىن مەن بۇچۈشۈمنى رەسۇلۇللاھقا سۆزلەپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ؛ئەشۇ باغ بولسا، ئىسلامدۇر، تۈۋرۈك ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر، تۇتقا (قۇرئاندا سۆزلەنگەن) مۇستەھكەم تۇتقا شۇدۇر،(يەنى ئىماندۇر) سەن ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئىسلام ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىكەنسەن دىگەن دىدى.ئەشۇكىشى ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدۇر.بۇخارى،مۇسلىم.

**6202 – [ 16 ] ( صحيح ) عن أنس قال : كان ثابت بن قيس بن شماس خطيب الأنصار فلما نزلت هذه الآية : [ يا أيها الذين آمنوا لا ترفعوا أصواتكم فوق صوت النبي ] إلى آخر الآية جلس ثابت في بيته واحتبس عن النبي صلى الله عليه وسلم فسأل النبي صلى الله عليه وسلم سعد بن معاذ فقال : " ما شأن ثابت ايشتكى ؟ " فأتاه سعد فذكر له قول رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال ثابت : أنزلت هذه الآية ولقد علمتم أني من أرفعكم صوتا على رسول الله صلى الله عليه وسلم فأنا من أهل النار فذكر ذلك سعد للنبي صلى الله عليه وسلم . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " بل هو من أهل الجنة " . رواه مسلم**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سابىت ئىبنى شىماس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارلارنىڭ خەتىيبى ئىدى،«ئى مۆئمىنلەر!ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىر كۆتۈرمەڭلار....»دىگەن ئايەت نازىل قىلىنغاندا، ئۇ ئۆيىدە ئولتۇرىۋېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆرۈنمىدى، رەسۇلۇللاھ سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛ سابىتقا نىمە بولۇپتۇ؟ ئۇئاغرىپ قاپتىمۇ؟دەپ سوردى، ئاندىن سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سابىت ئىبنى شىماس رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ قىشىغا كىلىپ ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى دىدى، ئاندىن سابىت؛ بۇئايەت نازىل

قىلىندى، سىلەر مىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۈستىگە ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى قىلىپ سالىدىغانلىقىمنى ئۇبدان بىلىسىلەر، مەن دەۋزەخ ئەھلىدىن ئىكەنمەن دېدى، سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ:ئۇ دەۋزەخ ئەھلىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر دېدى.مۇسلىم توپلىغان.

**6203 – [ 17 ] وعن أبي هريرة قال : كنا جلوسا عند النبي صلى الله عليه وسلم إذ نزلت سورة الجمعة فلما نزلت [ وآخرين منهم لما يلحقوا بهم ] قالوا : من هؤلاء يا رسول الله ؟ قال : وفينا سلمان الفارسي قال : فوضع النبي صلى الله عليه وسلم يده على سلمان ثم قال : " لو كان الإيمان عند الثريا لناله رجال من هؤلاء " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئىدۇق، تۇيۇقسىز سۈرە جۇمئە نازىل قىلىندى، « ھەمدە (پەيغەمبەرنى) تېخى ئۇلارنىڭ زامانىدا بولمىغان (كېيىن كېلىدىغان) ئىككىنچى بىر قەۋمگە (يەنى قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇسۇلمانلارغا) ئەۋەتتى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى زاماندىشلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى قىيامەتكىچە كېلىدىغان كىشىلەرگىمۇئومۇمىيدۇر)، **الله** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»(سۈرە جۇمئە3 ـ )دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار كىملەر؟دەپ سورىدى، ئارىمىزدا سەلمان پارىسىمۇ بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ قولىنى سەلماننىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ : ئەگەر ئىمان يۇلتۇزدا بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى ئەنە ئاۋۇ پارىسلىقلاردىن بولغان ئەرلەر ئالغان بولاتتى،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئىمان ھۇكە يۇلتۇزدا بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا پارىسلىقلارنىڭ باللىرىدىن بىر كىشى بېرىپ، ئىماننى ئېلىپ كېلەتتى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستە پارىسلاردىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلىتىدىن باشقا مۇھىم بىر سىرلىق ئىشارەت باردۇر، ئۇ بولسىمۇ، يۇلتۇزلار ئارا، پىلانىتلار ئارا ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلىشتۇر، بۇ ئىشارەتتىن ئېلىنغان دەلىلدۇر.

**6204 – [ 18 ]** ( صحيح ) **وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم حبب عبيدك هذا " يعني أبا هريرة " وأمه إلى عبادك المؤمنين وحبب إليهم المؤمنين " . رواه مسلم**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئى **الله**!بۇبەندىلىرى ئەبۇھۇرەيرىنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى مۆئمىن بەندىلىرىگە، مۆئمىلەرنى بۇلارغا ياخشى كۆرسەتسىلە، دېگەن ئىدى.مۇسلىم توپلىغان.

**6205 – [ 19 ]** ( صحيح ) **وعن عائذ بن عمرو أن أبا سفيان أتى على سلمان وصهيب وبلال في نفر فقالوا : ما أخذت سيوف الله من عنق عدو الله مأخذها . فقال أبو بكر : أتقولون هذا لشيخ قريش وسيدهم ؟ فأتى النبي صلى الله عليه وسلم فأخبره فقال : يا أبا بكر لعلك أغضبتهم لئن كنت أغضبتهم لقد أغضبت ربك " فأتاهم فقال : يا إخوتاه أغضبتكم قالوا : لا، يغفر الله لك يا أخي . رواه مسلم**

ئائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇسۇپيان بىرنەچچە نەپەر كىشىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان سەلمان، سۇھەيب، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇلار؛ **الله** نىڭ قىلىچى **الله** نىڭ دۈشمىنىنىڭ بويىنىدىن تېگىدىغان جايىغا تېخى تەگمىدى، دېدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى ؛ سىلەر قۇرەيشلەرنىڭ سەييىدى، شەيخىغىمۇ مۇشۇنداق دەمسىلەر؟دېدى، ئاندىن ئۇ كېلىپ، بۇئىشلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلغاندا،

رەسۇلۇللاھ؛ئى ئەبۇبەكرى! سەن ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويساڭ، رەببىڭنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىسەن دېدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى قېرىنداشلىرىم! مەن سىلەرنى خاپا قىلىپ قويدۇمۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ياق ھېچ قىسى يوق، ئى قېرىندىشىمىز! **الله** تائالا ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن دېدى.مۇسلىم توپلىغان،.

**6206 – [ 20 ] وعن أنس عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : آية الإيمان حب الأنصار وآية النفاق بغض الأنصارمتفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاۋە ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ئالامىتى، ئەنسارىلارنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتۇش، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر، نەسەئى توپلىغان، بۇخارى ،مۇسلىمدىمۇبار سەھىھ. مۇئاۋىي، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ئەنسارىلارنى دۈشمەن تۇتقان كىشىنى ئاللاھمۇ دۈشمەن تۇتىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بۇخارى، تارىخ توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىماننىڭ ئالامىتى، ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈش، نەسەئى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

**6207 – [ 21 ] وعن البراء قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الأنصار لا يحبهم إلا مؤمن ولا يبغضهم إلا منافق فمن أحبهم أحبه الله ومن أبغضهم أبغضه الله " . متفق عليه**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنى پەقەت مۆئمىنلا ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى پەقەت مۇناپىقلارلا دۈشمەن تۇتىدۇ، ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەن كىشىنى ئاللاھمۇ ئۆچ كۆرۈپ دۈشمەن تۇتىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن، ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ئەنسارىلارنى ئۆچ كۆرمەيدۇ، دۈشمەن تۇتمايدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6208 – [ 22 ] وعن أنس قال : إن ناسا من الأنصار قالوا حين أفاء الله على رسوله صلى الله عليه وسلم من أموال هوازن ما أفاء فطفق يعطي رجالا من قريش المائة من الإبل فقالوا : يغفر الله لرسول الله صلى الله عليه وسلم يعطي قريشا ويدعنا وسيوفنا تقطر من دمائهم فحدث رسول الله صلى الله عليه وسلم بمقالتهم فأرسل إلى الأنصار فجمعهم في قبة من أدم ولم يدع معهم أحدا غيرهم فلما اجتمعوا جاءهم رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : " ما كان حديث بلغني عنكم ؟ " فقال فقهاؤهم : أما ذوو رأينا يا رسول الله فلم يقولوا شيئا وأما أناس منا حديثة أسنانهم قالوا : يغفر الله لرسول الله صلى الله عليه وسلم يعطي قريشا ويدع الأنصار وسيوفنا تقطر من دمائهم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني أعطي رجالا حديثي عهد بكفر أتألفهم أما ترضون أن يذهب الناس بالأموال وترجعون إلى رحالكم برسول الله صلى الله عليه وسلم " . قالوا بلى يا رسول الله قد رضينا . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، **الله** تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ماللىرىدىن ئۇرۇشسىز ئولجا-غەنىيمەت بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلىك كىشىلەرگە 100دىن،100دىن تۆگە

بىرىشكە باشلىدى، ئاندىن ئەنسارلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر؛ **الله** تائالا رەسۇلۇللاھقا مەغپىرەت قىلسۇن، رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلەرگە نەرسە بېرىپ، بىزگە بەرمىدى، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قىلىچلىرىمىز ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئاقتۇرغان ئىدى دېدى، ئۇلارنىڭ بۇسۆزى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلىندى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەنسارلارغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تېرىدىن بولغان چېدىرغا يىغىپ، ئۇلاردىن باشقا بىر كىشىنىمۇ بۇچېدىر ئىچىدە قالدۇرماي، ئۇلار يىغىلىپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ كېلىپ؛ سىلەردىن ماڭا مۇنداق سۆزلەر يەتتى، بۇ راستمۇ؟دېدى، ئۇلارنىڭ پىقھى شۇناس ئالىملىرى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ رەئيى ئىگىسى بولغان ئالىملىرىمىز، چوڭلىرىمىز ھېچ نەرسە دېمىدى، ئەمما يېشى كىچىك بىر نەچچە كىشىلىرىمىز ؛ **الله** تائالا رەسۇلۇللاھقا مەغپىرەت قىلسۇن، رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلەرگە نەرسە بېرىپ، بىزگە بەرمىدى، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قىلىچلىرىمىز ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئاقتۇرغان ئىدى دەپ ساپتۇ، دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ؛ھەقىقەتەن مەن، كۇپرىلىقتا زامانى يېڭى بولغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن نەرسە بېرىمەن، كىشىلەر مال ــ دۇنيا بىلەن قايتسا، سىلەر ئۆيۈڭلەرگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن قايتساڭلار يەنە رازى بولماسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىللە قايتقان نەرسە، ئۇلار ئېلىپ قايتقان نەرسىدىن ياخشىدۇر، ھەقىقەتەن سىلەر مەندىن كېيىن قاتتىق شەخسىيەتچىلىكنى، ماڭلا بولسا دېگەننىلا كۆرىسىلەر، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋرى قىلىپ، چىداڭلار، مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر يېنىدا ساقلايمەن،دېدى، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ئەلۋەتتە رازى دېيىشتى. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6209 – [ 23 ]** ( صحيح ) **وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لولا الهجرة لكنت امرءا من الأنصار ولو سلك الناس واديا وسلكت الأنصار واديا أو شعبا لسلكت وادي الأنصار وشعبها والأنصار شعار والناس دثار إنكم سترون بعدي أثرة فاصبروا حتى تلقوني على الحوض " . رواه البخاري**

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەنسارىلارجامائىتى! مەن سىلەرنى زالالەتتە ئازغۇن تاپمىدىممۇ؟ ئاندىن ئاللاھ سىلەرنى مەن سەۋەبلىك ھىدايەت قىلدى، سىلەر مۇتەپەررىق ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مەن سەۋەبلىك بىرلەشتۈردى، سىلەر پېقىر، نامرات ئىدىڭلار، ئاللاھ مەن سەۋەبلىك سىلەرنى باي قىلدى، كىشىلەر تۆگە، قويلارنى ئېلىپ كەتسە، سىلەر ئۆيگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مېنى ئېلىپ كەتسەڭلارمۇ يەنە رازى بولماسىلەر؟ ھىجرەت بولمىغان بولسا مەن ئەنسارىلاردىن بىر ئىنسان بولغان بولاتتىم، ئەگەر كىشىلەر يايلاق، تاغ جىلغىيوللىرىغا يول سالسا، ئەنسارىلار يەنەبىر يايلاق، تاغ جىلغىيوللىرىغا يول سالسا، ئەلۋەتتە مەن ئەنسارىلار ماڭغان يولغا يول سالاتتىم، ئەنسارىلار بولسا، ئىچ كىيىمدۇر، باشقا كىشىلەر تاشقى كىيىمدۇر، (يەنى ئەنسارىلار خاس ئىچكى كىشىلىرىم) ھەقىقەتەن سىلەر مەندىن كېيىن، ھەممىسى ماڭا بولسا دەيدىغان شەخسىيەتچىلىككە ئۇچرايسىلەر، سىلەر ماڭا ھەۋزى كەۋسەر كۆلىدە ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋرى قىلىڭلار، يەنى ئۆلگىچە سەۋرى قىلىڭلار. بۇخارى 3985 ــ ھەدىس، مۇسلىم 1758 ــ ھەدىس، ئەھمەد 15879 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى دائىم سەھىھتە بۇخارى، مۇسلىمنى تىلغا ئالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار سەھىھ.

**6210 – [ 24 ]** ( صحيح ) **وعنه قال : كنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم الفتح فقال : " من دخل دار أبي سفيان فهو آمن ومن ألقى السلاح فهو آمن " . فقالت الأنصار : أما الرجل فقد أخذته رأفة بعشيرته ورغبة في قريته . ونزل الوحي على رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " قلتم أما الرجل فقد أخذته رأفة بعشيرته ورغبة في قريته كلا إني عبد الله ورسوله هاجرت**

**إلى الله وإليكم فالمحيا محياكم والممات مماتكم " قالوا : والله ما قلنا إلا ضنا بالله ورسوله . قال : " فإن الله ورسوله يصدقانكم ويعذرانكم " . رواه مسلم**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، پەتھى كۈنى بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ؛ كىم ئەبۇسۇپيانىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئۇئەمىن بولىدۇ، كىم قورال تاشلىسا، ئۇ ئەمىن بولىدۇ دېدى، ئاندىن ئەنسارلار؛ بۇكىشىنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى)ئۆزۈق-تۇققانلىرىغا مېھرىبانلىق قىلىش، ئۆز يۇرتىغا قىزىقىش تۇتۇپ كەتتى، دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھقا ۋەھى نازىل قىلىندى، رەسۇلۇللاھ؛سىلەر باياتىن بۇكىشىنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى)ئۆزۈق-تۇققانلىرىغا مېھرىبانلىق قىلىش، ئۆز يۇرتىغا قىزىقىش تۇتۇپ كەتتى، دېدىڭلار، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، مەن **الله** تەرەپكە ھىجرەت قىلدىم، مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ھىجرەت قىلىپ باردىم، مېنىڭ ھايات-ماماتىم سىلەرنىڭ ھايات _ماماتىڭلاردۇر(مەن سىلەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن)دېدى، ئۇلار؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇسۆزلەرنى قەيەت **الله** نىڭ نېئمەت-پەزلىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبەت-شەرىپىگە بېخىللىق قىلىپ، بۇ پەزىيلەتلەرنىڭ بىزدىن باشقىلارغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق دەپ سالدۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ؛**الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى سىلەرگە ئىشىنىدۇ، ئۆزرەڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ دېدى.مۇسلىم توپلىغان.

**6211 – [ 25 ] وعن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم رأى صبيانا ونساء مقبلين من عرس فقام النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " اللهم أنتم من أحب الناس إلي اللهم أنتم من أحب الناس إلي " يعني الأنصار . متفق عليه**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توي زىياپىتىدىن قايتقان (ئەنسارلارنىڭ) كىچىك باللىرىنى ۋە ئاياللىرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله**! سىلى مېنىڭ راست سۆزلىگىنىمنى بىلىپ تۇرىلا، ئى ئەنسارلار! سىلەر ماڭا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى دەپ ئىككى قېتىم دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6212 – [ 26 ]** ( صحيح ) **وعنه قال : مر أبو بكر والعباس بمجلس من مجالس الأنصار وهم يبكون فقال : ما يبكيكم ؟ قالوا : ذكرنا مجلس النبي صلى الله عليه وسلم منا فدخل أحدهما على النبي صلى الله عليه وسلم فأخبره بذلك فخرج النبي صلى الله عليه وسلم وقد عصب على رأسه حاشية برد فصعد المنبر ولم يصعده بعد ذلك اليوم . فحمد الله وأثنى عليه . ثم قال : " أوصيكم بالأنصار فإنهم كرشي وعيبتي وقد قضوا الذي عليهم وبقي الذي لهم فاقبلوا من محسنهم وتجاوزوا عن مسيئهم " . رواه البخاري**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇبەكرى بىلەن ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، ئەنسارلار مەجلىسلىرىدىن بىر مەجلىسنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار يىغلاۋاتقۇدەك، ئۇ؛ سىلەرنى نىمە يىغلاتتى؟دىسە، ئۇلار؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىز بىلەن بىللە ئولتۇرغان مەجلىسنى ئەسلەپ قالدۇق دەپتۇ، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، بۇسۆزلەرنى خەۋەر قىلىپتۇ،ئاندىن رەسۇلۇللاھ بېشىنى تونىنىڭ قىرغىقىدا تېڭىپ چىقىپ، مۇنبەر ئۈستىگە ئۆرلەپ، -شۇكۈنىدىن كېيىن مۇنبەرگە قەتئى چىقمىدى-**الله** قا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ مۇنداق دېدى؛مەن سىلەرگە ئەنسارلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن، (يەنى ئۇلارنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار) ئەنسارلار مېنىڭ سىرداشلىرىم، ئىچكى خاس ئادەملىرىم، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلەرنى، مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىپ بولدى، ئۇلارنىڭ ھەقلىرى قېلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىلىرىدىن قوبۇل قىلىڭلار، يامانلىقلىرى كۆرۈلۈپ قالسا، ئەپۇ قىلىپ ئۆتۈنۈۋېتىڭلار، بۇخارى 3515 _

| |
|---|
| ھەدىس، مۇسلىم 4565 ــ ھەدىس، تىرمىزى 3842 ــ ھەدىس، ئەھمەد 13075 ــ ھەدىس، سەھىھ. |
| **6213 – [ 27 ] ( صحيح ) وعن ابن عباس قال : خرج النبي صلى الله عليه وسلم في مرضه الذي مات فيه حتى جلس على المنبر فحمد الله وأثنى عليه ثم قال : " أما بعد فإن الناس يكثرون ويقل الأنصار حتى يكونوا في الناس بمنزلة الملح في الطعام فمن ولي منكم شيئا يضر فيه قوما وينفع فيه آخرين فليقبل عن محسنهم وليتجاوز عن مسيئهم " رواه البخاري**<br><br>ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقان كېسەللىك ھالىتىدە چىقىپ، مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ ھەمدۇ ــ سانادىن كېيىن، ئى ئىنسانلار، ھەقىقەتەن كىشىلەر كۆپىيىپ ئەنسارىلار ئاز قالىدۇ، تاكى ئەنسارىلار كىشىلەر ئىچىدە تائامدىكى تۇزنىڭ ئورنىدا بولۇپ قېلىپ شۇنداق ئاز قالىدۇ، كىم سىلەردىن بىرەر قەۋمگە پايدا ــ زىيان يەتكۈزگىدەك ئىشقا يەنى خەلىپە، ئەمىرلىككە ئىگە بولسا، ئەنسارىلارنىڭ ياخشىلىق قىلغانلىرىدىن قوبۇل قىلسۇن، يامانلىقلىرى سادىر بولۇپ قالسا، ئەپۇ قىلىپ، ئۆتۈۋەتسۇن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. |
| **6214 – [ 28 ] ( صحيح ) وعن زيد بن أرقم قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " اللهم اغفر للأنصار ولأبناء الأنصار وأبناء أبناء الأنصار " . رواه مسلم**<br><br>زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ!ئەنسارلارغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئەنسارلارنىڭ باللىرىغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئەنسارلارنىڭ باللىرىنىڭ باللىرىغا مەغپىرەت قىلسىلا، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.بۇنداق دۇئانىڭ ئوخشىشى ئۆتكەن،يەنى مۇھاجىر ـ ئەنسارلارغا مەغپىرەت سورىغان دۇئا. |
| **6215 – [ 29 ] وعن أبي أسيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " خير دور الأنصار بنو النجار ثم بنو عبد الأشهل ثم بنو الحارث بن الخزرج ثم بنو ساعدة وفي كل دور الأنصار خير " . متفق عليه**<br><br>ئەنەس، ئەبۇ ئۇسەيد، ئەبۇ ھۇمەيد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەنسارىلارنىڭ ھويلا، ئۆيلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ بەنى نەججار ھويلىسى، بەنى ئابدۇ ئەشھەل ھويلىسى، بەنى ھارىس ھويلىسى، ئاندىن خەزرەج ئاندىن بەنى سائىدەت ھويلىسى، ئەنسارىلارنىڭ ھەربىر ھويلا، ئۆيلىرىدە ياخشىلىق باردۇر، (بۇ ئەنسارلار پەزىلىتىدۇر) بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، مۇسلىم توپلىغن، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ ياخشىسى، بەنۇنەججارنىڭ دىيارىدۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ ياخشىسى، ئابدۇ ئەشھەل جەمەتىدۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. |
| **6216 – [ 30 ] وعن علي رضي الله عنه قال : بعثني رسول الله صلى الله عليه وسلم أنا والزبير والمقداد – وفي رواية : أبا مرثد بدل المقداد – فقال : " انطلقوا حتى تأتوا روضة خاخ فإن بها ظعينة معها كتاب فخذوا منها " فانطلقنا تتعادى بنا خيلنا حتى أتينا الروضة فإذا نحن بالظعينة قلنا لها : أخرجي الكتاب قالت : ما معي كتاب . فقلنا لتخرجن الكتاب أو لتلقين الثياب فأخرجته من عقاصها فأتينا به النبي صلى الله عليه وسلم فإذا فيه : من حاطب بن أبي بلتعة إلى ناس من المشركين من أهل مكة يخبرهم ببعض أمر رسول الله صلى الله عليه وسلم . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " يا حاطب ما هذا ؟ " فقال : يا رسول الله لا تعجل علي إني كنت امرأ ملصقا في قريش ولم أكن من أنفسهم وكان من معك من المهاجرين من لهم قرابات يحمون بها أموالهم وأهليهم** |

**بمكة فأحببت إذ فاتني ذلك من النسب فيهم يدا يحمون بها قرابتي وما فعلت كفرا ولا ارتدادا عن ديني ولا رضى بالكفر بعد الإسلام . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنه قد صدقكم " فقال عمر : دعني يا رسول الله أضرب عنق هذا المنافق . فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إنه قد شهد بدرا وما يدريك لعل الله اطلع على أهل بدر فقال : اعملوا ما شئتم فقد وجبت لكم الجنة وفي رواية فقد غفرت لكم فأنزل الله تعالى [ يا أيها الذين آمنوا لا تتخذوا عدوي وعدوكم أولياء ] متفق عليه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى ۋە زۇبەير، مىقداد ياكى ئەبۇمۇرسەدنى ئەۋەتىپ؛ سىلەر رەۋزەتەخاخ دېگەن جايغىچە بېرىڭلار، ئۇجايدا يالغۇز سەپەر قىلغان بىر ئايال بار، ئۇنىڭدا خەت بار، سىلەرى ئۇنىڭدىن خەتنى ئېلىپ كىلىڭلار دېدى، بىز ئاتلىرىمىزنى ناھايىتى تىز چاپتۇرۇپ شۇ جايغا بارساق، ناگاھان ئۇجايدا ھېلىقى ئايال تۇرىدۇ، بىزئۇنىڭغا؛ خەتنى چىقار دېسەك، ئۇ؛ مەندە خەت يوق دېدى، بىز؛ يا خەتنى چىقىرىسەن ياكى كىيىمىڭنى سالىسەن دېسەك، ئۇ خەتنى چاچ ئۆرىمىسىدىن چىقاردى، بىز خەتنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدۇق، خەتتە؛ھاتىپتىن مەككە ئەھلىنىڭ مۇشرىكلىرىگە......دەپ ، ھاتىپ ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشلىرىنىڭ بەزىسىنى خەۋەر قىلىپتۇ، رەسۇلۇللاھ؛ئى ھاتىب!بۇنىمەئىش؟دىسە، ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ئالدىراپ كەتمىسلە، مەن قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزنەسىبىدىن ئەمەس، بەلكى مەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ قالغان كىشى، سىلى بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ ئۇلار بىلەن يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىق مۇناسىۋىتى بار، بۇلار شۇنىڭ بىلەن مەككىدىكى ئەھلى-بالىلىرىنى،ماللىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەسەپتىن بولغان شۇ مۇناسىۋەت مىنىڭ قولۇمدىن كەتكەچكە، مەندە بولمىغاچقا، مەن ئۇلارغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قۇيۇشۇمنى ياخشى كۆردۇم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىنىڭ يېقىنلىرىمنى قوغداپ ھىمايە قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن بۇئىشنى كۇپۇرلىق قىلىپ ، دىنىدىن يېنىپ مۇرتەد بۇلۇپ ، ئىسلامدىن كيىن كۇپۇرغا رازى بۇلۇپ قىلمىدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ سىلەرگە راست سۆزلىدى دېدى، ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، مەن بۇ مۇناپىقنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇپ كاللىسىنى ئالاي دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇ بەدرى ئۇرىشىغا قاتناشقان، ساڭا نىمە بىلدۇرىدۇ؟سەن قانداق بىلىسەن؟ **الله** تائالا بەدىر ئەھلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ؛ ئى بەدىر ئەھلى!خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرگە مەغپىرەت قىلىۋەتتىم، سىلەرگە جەننەت ۋاجىب بولدى، دىگەن بۇلىشى مۇمكىن،دېدى. ئاندىن **الله** تائالا« ئى مۆئمىنلەر!سىلەر مىنىڭ ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار...»دىگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6217 – [ 31 ]** ( صحيح ) **وعن رفاعة بن رافع قال : جاء جبريل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " ما تعدون أهل بدر فيكم " . قال : " من أفضل المسلمين " أو كلمة نحوها قال : " وكذلك من شهد بدرا من الملائكة " . رواه البخاري**

رۇپائەت ئىبنى راپىئدىن، راپىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى؛ سىلەر ئاراڭلاردا بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنى قانداق كىشىلەردىن سانايسىلەر؟ مەن ئۇنىڭغا؛ ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىلىرىمىز،مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرى دېسەم، ئۇ؛ ئەنە شۇنىڭدەك پەرىشتىلەردىنمۇ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر دېدى، ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6218 – [ 32 ]** ( صحيح ) **وعن حفصة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إني لأرجو أن لا يدخل النار إن شاء الله أحد شهد بدرا والحديبية " قلت : يا رسول الله أليس قد قال الله تعالى : [ وإن منكم إلا واردها ] قال : " فلم تسمعيه يقول :**

**[ ثم ننجي الذين اتقوا ] وفي رواية : " لا يدخل النار إن شاء الله من أصحاب الشجرة – أحد – الذين بايعوا تحتها رواه مسلم**

ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن، ئاللاھ خالىسا، بەدرى ئۇرۇشىغا ۋە ھۇدەيبىييە ئۇرۇشىغا قاتناشقان كىشىلەردىن بىرەر كىشىنىڭمۇ دوۋزاخقا كىرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئاندىن مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** تائالا؛« سىلەردىن ھەر بىر كىشى دەۋزەخكە بارماي قالمايدۇ»دىمىدىمۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛**الله** تائالانىڭ؛«ئاندىن بىز مۇتتەقىيلەرنى قۇتقۇزىمىز»دىگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟دېدى.يەنەبىردە؛ جابىر، ئۇممە مۇبەششەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ئەگەر **الله** خالىسا، سەمۇرە دەرىخى ئاستىدا رىزۋان بەيئىتىنى قىلغانلاردىن ھېچ بىر كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. (بەلكى، جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار 1400 ئىدى). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6219 – [ 33 ] وعن جابر قال : كنا يوم الحديبية ألفا وأربعمائة . قال لنا النبي صلى الله عليه وسلم : أنتم اليوم خير أهل الأرض متفق عليه**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز ھۇدەيبىييە كۈنى 1400 ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنداق دېگەن:سىلەر بۇگۈن زىمىن ئەھلىنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىللىرى.بۇخارى،مۇسلىم.

**6220 – [ 34 ] ( صحيح ) وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يصعد الثنية ثنية المرار فإنه يحط عنه ما حط عن بني إسرائيل " . وكان أول من صعدها خيلنا خيل بني الخزرج ثم تتام الناس فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كلكم مغفور له إلا صاحب الجمل الأحمر " . فأتيناه فقلنا : تعال يستغفر لك رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : لأن أجد ضالتي أحب إلي من أن يستغفر لي صاحبكم . رواه مسلم وذكر حديث أنس قال لأبي بن كعب : " إن الله أمرني أن أقرأ عليك " في " باب بعد فضائل القرآن**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن كىم، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى تار يول سەنىيەتۇلمەرار دېگەن جايدىكى ئېگىز جايغا ئۆرلەپ چىقسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن بەنى ئىسرائىللاردىن ئۆچۈرۈلمىگەن گۇناھلار ئۆچۈرۈلىدۇ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇ جايغا تۇنجى بولۇپ چىققانلار بىزنىڭ ئاتلىق قوشۇنىمىزدىن بەنى خەزرەجنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى بولدى،ئاندىن كىشىلەر تولۇق چىقىپ بولدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ھەممىڭلارغا مەغپىرەت قىلىنىدى، پەقەت قىزىل تۆگە ئىگىسى مۇناپىقىقا مەغپىرەت قىلىنمىدى دېدى. بىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ؛ بۇياققا كەل! رەسۇلۇللاھ ساڭا مەغپىرەت سوراپ قويسۇن دىسەك، ئۇ؛ مىنىڭ يۇقاپ كەتكەن تۇگەمنى تېپىۋېلىشىم، ماڭا ساھىبىڭلار يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ مەغپىرەت سوراپ قويۇشىدىن كۆپ ياخشىدۇر دېدى(ئۇ ئابدۇ**الله** ئىبنى ئۇبەي مۇناپىق ئىدى). مۇسلىم 4986 _ ھەدىس، سەھىھ.

**6221 – [ 35 ] الفصل الثاني ( ضعيف )عن أبن مسعود عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " اقتدوا باللذين من بعدي من أصحابي : أبي بكر وعمر واهتدوا بهدي عمار وتمسكوا بعهد ابن أم عبد " . رواه الترمذي**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساھابىلىرىمدىن، مەندىن كېيىنكى ئىككىسىگە يەنى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە ئىقتىدا قىلىپ ئەگىشىڭلار، ئەممارنىڭ ھىدايىتى بىلەن توغرا يول تېپىڭلار، ئابدۇللا ئىبنى ئۇممە مەكتۇمنىڭ ئەھدىسىگە ئېسىلىڭلار. تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى، ھۇزەيفە، ئىبنى مەسئۇد،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىنكى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ئىبارەت ئىككى كىشىگە ئەگىشىڭلار، ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىدايىتى بىلەن ھىدايەت يولىنى تېپىڭلار، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەپ بەرگەن سۆزگە ئىشىنىپ قوبۇل قىلىڭلار.تىرمىزى،ئىبنى ئەدى،رۇيانى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ1143 ـ 1144 ـ ھەدىسى.ئەلبانى ئۇجايىدا سەھىھ دېدى.

**6222 – [ 36 ] ( واه )وعنعلي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لو كنت مؤمرا من غير مشورة لأمرت عليهم ابن أم عبد " رواه الترمذي وابن ماجه**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن مەسلىھەتسىزلا ئەمىر، باشلىق سايلىسام، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئابدۇللا ئىبنى ئۇممە مەكتۇمنى سايلايتتىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە خاتىرلىدى. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**6223 – [ 37 ] ( صحيح ) وعن خيثمة بن أبي سبرة قال : أتيت المدينة فسألت الله أن ييسر لي جليسا صالحا فيسر لي أبا هريرة فجلست إليه فقلت : إني سألت الله أن ييسر لي جليسا صالحا فوفقت لي فقال : من أين أنت ؟ قلت : من أهل الكوفة جئت ألتمس الخير وأطلبه . فقال : أليس فيكم سعد بن مالك مجاب الدعوة ؟ وابن مسعود صاحب طهور رسول الله صلى الله عليه وسلم ونعليه ؟ وحذيفة صاحب سر رسول الله صلى الله عليه وسلم ؟ وعمار الذي أجاره الله من الشيطان على لسان نبيه صلى الله عليه وسلم ؟ وسلمان صاحب الكتابين ؟ يعني الإنجيل والقرآن . رواه الترمذي**

خەيسەمەت رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەدىنىگە كېلىپ؛ **الله** تائالادىن ماڭا سالىھ ياخشى ئىلمى مەجلىسنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىشنى سوردۇم، ئاندىن ماڭا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەجلىسنى ئاسان قىلىپ بەردى، مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ؛ مەن **الله** تائالادىن ماڭا سالىھ ياخشى ئىلمى مەجلىسنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىشنى سورىغان ئىدىم، ماڭا سىنىڭ مەجلىسىڭ مۇۋاپىق كېلىپ قالدى دېسەم،ئۇ؛ سەن قەيەردىن؟دېدى، مەن؛ كۇپەئەھلىدىن بولىمەن، مەن بۇجايغا ياخشىلىقنى ئىزدەپ تەلەپ قىلىپ كەلدىم دېسەم، ئۇماڭا؛ ئاراڭلاردا دۇئاسى ئىجابەتلىك سەئدئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوقمۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەت سۈيىنى ۋە ياستۇقلىرىنى ۋە ئاياقلىرىنى تەييارلاپ بېرىدىغان ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوقمۇ؟ رەسۇلۇللاھنىڭ (مۇناپىقلار توغرىسىدىكى)سىرلىق مەخپى سۆزىنىڭ ئىگىسى بولغان ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوقمۇ؟ **الله** تائالا ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق شەيتاندىن ساقلاپ قالغان ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوقمۇ؟ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئوبدان بىلىدىغان ئىككى كىتابنىڭ ئىگىسى سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوقمۇ؟دېدى. تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**6224 – [ 38 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " نعم الرجل أبو بكر نعم الرجل عمر نعم الرجل أبو عبيدة بن الجراح نعم الرجل أسيد بن حضير نعم الرجل ثابت بن قيس بن شماس نعم الرجل معاذ بن جبل نعم الرجل معاذ بن عمرو بن الجموح " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث غريب**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىدېگەن ياخشى ئەر، ئۆمەر نېمىدېگەن ياخشى ئەر، ئەبۇ ئۇبەيدە نېمىدېگەن ياخشى ئەر، ئۇسەيد نېمىدېگەن ياخشى ئەر، سابىت ئىبنى قەيس، مۇئاز ئىبنى جەبەل، مۇئاز ئىبنى ئەمرۇ، سۇھەيل ئىبنى

بەيزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار نىمىدىگەن ياخشى كىشىلەر ھە!. تىرمىزى، ھاكىم، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**6225 – [ 39 ] ( ضعيف )وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الجنة تشتاق إلى ثلاثة علي وعمار وسلمان " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت، ئەلى، ئەممار، سەلماندىن ئىبارەت ئۈچ كىشىگە ئىشتىياق چېكىدۇ، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەت، ئەلى، ئەممار، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنى سېغىنىپ ئىشتىياق چېكىدۇ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.سەھىھىنىڭ 1598 ـ ھەدىسى،ئەلبانى بۇجايدا ھەسەن دېدى.

**6226 – [ 40 ] ( حسن ) وعن علي رضي الله عنه قال : استأذن عمار على النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " ائذنوا له مرحبا بالطيب المطيب " . رواه الترمذي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەممار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىزنى سورغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ئۇنىڭغا ئىزنى بىرىڭلار، قەلبى پاك، ئەمەللىرى پاك،خۇشپۇراق كىشىگە مەرھابا دېدى.تىرمىزى3733 ـ ئىبنى ماجە143 ـ ئەھمەد740 ـ 1026 ـ ھەدىسلەر ھەسەن.

**6227 – [ 41 ] ( حسن لغيره ) وعن عائشة قالت : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما خير عمار بين أمرين إلا اختار أرشدهما " رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەممارغا ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىدا بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىق بېرىلسە، ئۇ ئىككى ئىشنىڭ ئەڭ توغرىسىنى تاللايدۇ، يەنى ئېھتىيات قىلىدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن لىغەيرىھ.

**6228 – [ 42 ] ( صحيح ) وعن أنس قال : لما حملت جنازة سعد بن معاذ قال المنافقون : ما أخف جنازته وذلك لحكمه في بني قريظة فبلغ ذلك النبي صلى الله عليه وسلم فقال : " إن الملائكة كانت تحمله " . رواه الترمذي**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەئدئىبنى مۇئازنىڭ جىنازىسى كۆتۈرۈلگەندە، مۇناپىقلەر؛ ئۇنىڭ جىنازىسى نىمىدىگەن يەڭگىل دىيىشتى، ـ ئۇلارنىڭ بۇسۆزنى دىيىشى؛ مۇئازنىڭ بەنىي قۇرەيزىلەر توغرىسىدا ئەسكەرلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرىغان ھۆكمىنىڭ جەھەتىدىن ئىدى ـ مۇناپىقلەرنىڭ شۇسۆزى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ؛ئۇنىڭ جىنازىسىنى پەرىشتىلەر كۆتۈرگەن ئىدى، (شۇڭا يەڭگىلدۇر)دېدى.تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

**6229 – [ 43 ] ( حسن ) وعن عبد الله بن عمرو قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " ما أظلت الخضراء ولا أقلت الغبراء أصدق من أبي ذر " . رواه الترمذي**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇتۇق سۆز ئىگىسى بولغان ئىنسانلاردىن ئەبۇ زەردەك سەممىي، راستچىل كىشىگە، ئاسمان سايە تاشلاپ باقمايدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ سەممىيرەك كىشىنى زېمىن كۆتۈرۈپ باقمايدۇ، (يەنى ئۇ ھەممىدىن بەك راستچىل، سەممىي كىشى). ھاكىم،

تىرمىزى 3737 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 152 ــ ھەدىس، ئەھمەد 6341 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**6230 – [ 44 ] ( حسن ) وعن أبي ذر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ما أظلت الخضراء ولا أقلت الغبراء من ذي لهجة أصدق ولا أوفى من أبي ذر شبه عيسى بن مريم " يعني في الزهد . فقال عمر بن الخطاب كالحاسد : يا رسول الله أفتعرف ذلك له ؟ قال : " نعم فاعرفوه له " . رواه الترمذي وقال : حديث حسن غريب**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:زاھىدلىقتا مەريەم ئوغلى ئەيساغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەبۇ زەردىنمۇ ۋاپادارراق، راستچىل، سەممىيرەك كىشى ئۈستىگە، ئاسمان سايە تاشلاپ باقمايدۇ، زېمىن ئۇنداق كىشىنى كۆتۈرۈپ باقمايدۇ، نۇتۇق سۆز ئىگىسى بولغان ئىنسانلارنىڭ ئەبۇ زەر سەممىيرەكى، راستچىل،زاھىد، ۋاپادارراقى ھېسابلىنىدۇ.ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇددى ھەسەد قىلغان كىشىدەك: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەشۇ پەزىلەتلەرنى بۇنىڭغا ئېتىراپ قىلدىلىما؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە، سىلەرمۇ ئېتىراپ قىلىڭلار دېدى. تىرمىزى 3738 ــھەدىس،ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

**6231 – [ 45 ] ( صحيح ) وعن معاذ بن جبل لما حضره الموت قال : التمسوا العلم عند أربعة : عند عويمر أبي الدرداء وعند سلمان وعند ابن مسعود وعند عبد الله بن سلام الذي كان يهوديا فأسلم فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إنه عاشر عشرة في الجنة " . رواه الترمذي**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇنىڭغا ئۆلۈم ھازىر بولۇپ كەلگەندە، ئۇ مۇنداق دېدى؛ سىلەر ئىلىمنى تۆت كىشىدىن تەلەپ قىلىڭلار، ئۇۋەيمىردىن، سەلماندىن، ئىبنى مەسئۇدتىن ، ئابدۇالله ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن تەلەپ قىلىڭلار،ئىبنى سالام يەھۇدىي ئىدى، ئاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئابدۇللاھ ئىبنى سالام جەننەتكە كىرىدىغان ئون كىشىنىڭ ئونىنچىسىدۇر، ئەھمەد،تىرمىزى، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6232 – [ 46 ] ( ضعيف )وعن حذيفة قال : قالوا : يا رسول الله لو استخلفت ؟ قال : " إن استخلفت عليكم فعصيتموه عذبتم ولكن ما حدثكم حذيفة فصدقوه وما أقرأكم عبد الله فاقرؤوه " . رواه الترمذي**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇلار ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۆزلىرىگە خەلىپە سايلاپ قويغان بولسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەگەر مەن سىلەرگە خەلىپە سايلاپ قويسام ئاسىيلىق قىلساڭلار ئازابلىنىسىلەر، لېكىن، ھۇزەيفە سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسكە ئىشىنىڭلار، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ئوقۇغان قىرائەت بىلەن قىرائەت قىلىڭلار دېدى. تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**6233 – [ 47 ] ( صحيح ) وعنه قال : ما أحد من الناس تدركه الفتنة إلا أنا أخافها عليه إلا محمد بن مسلمة فإني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " لا تضرك الفتنة " . رواه أبو داود**

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن پىتنە ـ پاسادلەر تاپقان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ شۇپىتنە ـ پاسادلەردە ئېزىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، لېكىن مەن مۇھەممەدئىبنى مەسلەمەدىن ئەنسىرىمەيمەن، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇھەممەدكە؛ساڭا پىتنە ـ پاسادلار زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ،دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.ئەبۇداۋۇد توپلىغان،سەھىھ.

**6234 – [ 48 ]** **( ضعيف )وعن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم رأى في بيت الزبير مصباحا فقال : " يا عائشة ماأرى أسماء إلا قد نفست ولا تسموه حتى أسميه " فسماه عبد الله وحنكه بتمرة بيده . رواه الترمذي**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، زۇبەيىرنىڭ ئۆيىدە چىراغ يانغىنىنى كۆرۈپ، ئى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئەسما تۇغقان ئوخشايدۇ، مەن ئىسىم قويمىغۇچە سىلەر ئىسىم قويماڭلار دەپ ئىسمىنى ئابدۇللا قويدى، خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دىگەن. چۈنكى، ئابدۇللا ئىبنى مۇئەممەل دىگەن، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيىسىنى ئىبنى ھەببان خاتالىشىدۇ دىگەن، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا مۇنكەر دىگەن، يەھيا ئىبنى مەئىين زەئىپ دىگەن. ئەلبانى زەئىپ دىگەن، ھەر قانداق زەئىپ ھەدىسنىڭ ئەنە شۇنداق ئىسناد، يول، راۋىسى،مەتنىسى، مەنىسى جەھەتتىن مەسىلىسى چوقۇم بار. زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا يالغان ئىكەنلىكى ئېنىق، راۋىيلاردا مەسىلە بار، سىز بۇلارنى زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمىدا كۆرىسىز، ئۇ كىتابدا ھەربىر ھەدىسكە بەرگەن باھا، ھۆكۈمگە ئالاھىدە سەۋەب، ئىللەت كۆرسىتىلگەن.

**6235 – [ 49 ]** **( صحيح ) وعن عبد الرحمن بن أبي عميرة عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال لمعاوية : " اللهم اجعله هاديا مهديا واهد به " . رواه الترمذي**

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ئى **الله**! مۇئاۋىينى توغرا يول تاپقان،ھىدايەت تاپقان، ھىدايەتكە باشلىغۇچى يېتەكچى قىلسىلا، ئۇنىڭ سەۋەبلىك باشقىلارنىمۇ ھىدايەت قىلسىلا دىگەن ئىدى.تىرمىزى توپلىغان،سەھىھ.

**6236 – [ 50 ]** **( حسن لشاهده ) وعن عقبة بن عامر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أسلم الناس وآمن عمرو بن العاص " . رواه الترمذي وقا ل : هذا حديث غريب وليس إسناده بالقوي**

ئوقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:كىشىلەر مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئەمرۇ ئىبنى ئاس مۆئمىن بولغاندۇر.ياكى كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان مۆئمىنرەكى ئەمرۇ ئىبنى ئاستۇر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6237 – [ 51 ]** **وعن جابرقال : لقيني رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال : يا جابر ما لي أراك منكسرا " قلت يا رسول الله استشهد أبي قتل يوم أحد وترك عيالا ودينا قال أفلا أبشرك بما لقي الله به أباك قال قلت بلى يا رسول الله قال ما كلم الله أحدا قط إلا من وراء حجاب وأحيا أباك فكلمه كفاحا فقال يا عبدي تمن علي أعطك قال يا رب تحييني فأقتل فيك ثانية قال الرب عز وجل إنه قد سبق مني أنهم إليها لا يرجعون قال وأنزلت هذه الآية [ ولا تحسبن الذين قتلوا في سبيل الله أمواتا ] الآية . رواه الترمذي**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچراپ:ئى جابىر! ساڭا نىمە بولدى؟ مەن سىنى قەلبىڭ سۇنۇق، غەم قىلىۋاتقان كۆردۇمغۇ؟دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! دادام ئۇھۇد كۈنى ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولۇپ، ئەھلى باللىرىنى، ۋە يەنە نۇرغۇن قەرىزىنى قالدۇرۇپ كەتتى دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ئى جابىر! مەن ساڭا داداڭ، ئاللاھتائالاغا، ئاللاھ، داداڭغا ئۇچراشقان خەۋەرنى بىشارەت بەرمەيمۇ؟مەن بولىدۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ ؛ئاللاھتائالا ھەر قانداق بىر كىشىگە سۆز قىلسا، پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلاتتى، داداڭغا بولسا ئۇنى تىرىلدۈرۈپ يۈز تۇرانە، بىۋاستە پەردىسىز سۆز قىلىپ؛ ئى بەندەم! سەن ماڭا ئارزۇ قىل، سورا، مەن ساڭا

بېرىمەن دېدى. داداڭ؛ ئى رەببىم! مېنى تېرىلدۈرسەڭ، مەن سېنىڭ يولۇڭدا ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولسام دېدى. رەب تائالا: ھەقىقەتەن مەن تەرەپتىن مۇنداق ھۆكۈم ئىلگىرى قىلىنىپ بولغان، ھەقىقەتەن ئۆلۈپ كەتكەن ئاخىرەت ئەھلى، دۇنياغا قايتمايدۇ، شۇڭا سەن ئۇ دۇنياغا تېرىلىپ قايتمايسەن دەيدۇ. داداڭ: ئى رەببىم، ئۇنداق بولسا، مېنىڭ بۇ پەزىلەت، دەرىجەم، خۇش بىشارەتلەرنى كەينىمدە قالغانلارغا يەتكۈزگىن دېدى. ئاندىن «الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دېمەڭلار،ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلماڭلار، بەلكى ئۇلار ھاياتتۇر...» دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى. (شۇڭا ئايەتتە ۋە مۇشۇنداق ھەدىسلەردە يەتكۈزۈلدى). تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھلىك 7905 ـ ھەدىسى.

**6238 – [ 52 ]** ( لم تتم دراسته ) وعنه قا ل : استغفر لي رسول الله صلى الله عليه وسلم خمسا وعشرين مرة . رواه الترمذي

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا 25 قېتىم مەغپىرەت سورىغان.تىرمىزى.

**6239 – [ 53 ]** ( حسن ) وعن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كم من أشعث أغبر ذي طمرين لا يؤبه له لو أقسم على الله لأبره منهم البراء بن مالك " رواء الترمذي والبيهقي في دلائل النبوة

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان، ئەمما ئۆزى نۇرغۇن، چاچلىرى چۇۋۇق، توپا ــ چاڭ باسقان، بەكمۇ كونىراپ كەتكەن ياماق كىيىملەرنى كىيىۋالىدىغان، كەلسە، قارشى ئېلىنماي يىراقتا ئىتتىرىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بار بولۇپ، ئەگەر، ئۇ، ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى دەرھال ئىجاۋەت قىلىپ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، بەررا ئىبنى مالىك ئەنە شۇلاردىندۇر. تىرمىزى 3789 ــ ھەدىس،بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ھەممىمىز بەررا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش بولايلى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەمدىن ــ كەم ئاز ئۇچرايدىغان، چاچلىرى چۇۋۇق، كونا جونداق كىيىملىك، ھاقارەتلىنىپ قارشى ئېلىنمايدىغان، قېقىلىپ سوقۇلۇپ يۈرىيدىغان كىشى باركى، ئەگەر ئۇ ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ سورىغىنىنى بېرىپ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، بەزار توپلىغان، ئالىملار بۇ ھەدىسنى زاھىد، ئەۋلىيالارغا دەلىللەيدۇ، سەھىھ.

**6240 – [ 54 ]** ( ضعيف )وعن أبي سعيد قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ألا إن عيبتي التي آوي إليها أهل بيتي وإن كرشي الأنصار فاعفوا عن مسيئهم واقبلوا من محسنهم " . رواه الترمذي وقال هذا حديث حسن

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن جايلىشىدىغان خاس جايىم، خۇسۇسىيىتىم سىرلىق، ئورنۇم ئەھلى بەيتىم. ئائىلەم سىرداشلىرىم، خاس كىشىلىرىم بولسا ئەنسارىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يامانلىق قىلغۇچىسىدىن ئەپۇ قىلىڭلار، ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىڭلار. تىرمىزى خاتىرلەپ بۇ ھەدىس ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، ئەتىييە دېگەن راۋىينى ئەھمەد رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن، ئەبۇ زەرئەت، ئەبۇ ھاتەم؛ زەئىپ، ئاجىز دېگەن، ئەبۇ داۋۇد ئۇنىڭغا تايىنىشقا بولمايدۇ دېگەن.

**6241 – [ 55 ]** ( ضعيف )وعن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " لا يبغض الأنصار أحد يؤمن بالله واليوم الآخر " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح

| |
|---|
| ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان كىشى ئەنسارىلارغا غەزەپ قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەيدۇ دېگەن، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ سەھىھ دىسىمۇ، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.يۇقىردا سەھىھ ھەدىسى ئۆتتى. |
| **6242 – [ 56 ] ( ضعيف )وعن** **أنس وأبي طلحة قال : قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أقرئ قومك السلام فإنهم ما علمت أعفة صبر . رواه الترمذي** ئەنەس ئەبۇ تەلھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەۋمىڭگە مەندىن سالام دېگىن، مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇلار ئىپپەتلىك، سەۋرچان دېدى، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. |
| **6243 – [ 57 ] ( صحيح ) وعن جابر أن عبدا لحاطب جاء إلى النبي صلى الله عليه وسلم يشكو حاطبا إليه فقال : يا رسول الله ليدخلن حاطب النار فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " كذبت لا يدخلها فإنه شهد بدرا والحديبية " . رواه مسلم** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھاتىبنىڭ بىر قۇلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ھاتىپ توغرىسىدا شىكايەت قىلغىلى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھاتىپ چۇقۇم دوزەخكە كىرىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ سەن يالغان سۆزلىدىڭ، ھاتىپ دوزەخكە كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ بەدىر ئۇرۇشىغا ۋە ھۇدەيبىييە ئۇرۇشىغا قاتناشقان دېدى.مۇسلىم توپلىغان،سەھىھ. |
| **6244 – [ 58 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم تلا هذه الآية : [ وإن تتولوا يستبدل قوما غيركم ثم لا يكونوا أمثالكم ] قالوا : يا رسول الله من هؤلاء الذين ذكر الله إن تولينا استبدلوا بنا ثم لا يكونوا أمثالنا ؟ فضرب على فخذ سلمان الفارسي ثم قال : " هذا وقومه ولو كان الدين عند الثريا لتناوله رجال من الفرس " . رواه الترمذي** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئەگەر سىلەر يۈز ئۆرىسەڭلار، ئاللاھ سىلەردىن باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەردەك بولمايدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندا، ئۇلار بۇ كىملەر؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەلمان پارىسنىڭ يوتىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، مانا بۇ ۋە ئۇنىڭ قەۋمى پارىسلار، ئەگەر دىن يوكە يۇلتۇزدا بولسا، ئەلۋەتتە پارىسدىن بولغان ئەرلەر ئالاتتى دېدى. تىرمىز خاتىرلىدى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا ئابدۇللا نەجىيھ بولۇپ، ئالىملار بۇ كىشىنى زەئىپ دېگەن. بۇخارى قاتارلىق ئالىملار زەئىپ دېگەن، ئەبۇ ھاتەم؛ مۇنكەر دېدى، ئەمما، بۇ توغرۇلۇق يەنى پارىسلار، يوكە يۇلتۇز ھەدىسى، بۇخارى، مۇسلىمدا باردۇر،ئۇ سەھىھ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىرمىزى ھەسەن دەرىجىسگە كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا مەسىلە بولغاچقا، بىر قىسىم لەۋزى، مەنىسى سەھىھ ھەدىسكە زىت، خىلاپ بولغاچقا زەئىپ دېيىلگەن. |
| **6245 – [ 59 ] ( ضعيف )وعنه قال : ذكرت الأعاجم عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لأنا بهم أو ببعضهم أوثق مني بكم أو ببعضكم رواه الترمذي** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، غەيرى ئەرەبلەر بولغان ئەجەملەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ئۇلارغا ياكى بىر قىسمىغا سىلەردىن ياكى بىر قىسمىڭلاردىن بەكىرەك ئىشىنىمەن دېدى، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ، غەرىيپ دېدى، ئەلبانى زەئىپ |

دېگەن. چۈنكى، سوپيان ۋەكىئ دېگەن باشتىكى راۋىينى ئەبۇ زەرئەت يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن دېدى، ئەبۇ هاتەم ئاجىز دېدى، نەسەئى ئىشەنچلىك ئەمەس دېدى، ئىبنى ئىياس دېگەن راۋىسى خاتالىشىدىكەن، سالىھ دېگەن راۋىيسى زەئىپ، نامەلۇم ئىكەن، يەھيا بىلەن نەسەئى سۆزى، زەھەبى ئاجىز، زەئىپ دېگەن. خۇلاسە، زەئىپ، ئەلبانىيگە ئىشىنىڭ، دەلىلى باردۇر.

**6246 – [ 60 ] الفصل الثالث** ( لم تتم دراسته ) **عن علي رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن لكل نبي سبعة نجباء رقباء وأعطيت أنا أربعة عشرة قلنا : من هم ؟ قال : " أنا وابناي وجعفر وحمزة وأبو بكر وعمر ومصعب بن عمير وبلال وسلمان وعمار وعبد الله بن مسعود وأبو ذر والمقداد . رواه الترمذي**

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ يەتتە دانە تاللانغان ئىسىل، ھۆرمەتلىك، كۈزەتچى مۇھاپىزەتچىسى باردۇر، ماڭا شۇنداق كىشىلەردىن 14 كىشى بېرىلدى، بىز ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ئۇلار كىملەر؟دېسەك،ئۇ؛ مەن، ئىككى ئوغلۇم ھەسەن ـ ھۈسەيىن، جەئپەر، ھەمزە، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، مۇسئەب، بىلال، سەلمان، ئەممار، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇزەر، مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنلاردۇر دېدى.تىرمىزى توپلىغان،

**6247 – [ 61 ]** ( **صحيح وعن خالد بن الوليد قال : كان بيني وبين عمار بن ياسر كلام فأغلظت له في القول فانطلق عمار يشكوني إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فجاء خالد وهو يشكوه إلى النبي صلى الله عليه وسلم قال : فجعل يغلظ له ولا يزيده إلا غلظة والنبي صلى الله عليه وسلم ساكت لا يتكلم فبكى عمار وقال : يا رسول الله ألا تراه ؟ فرفع النبي صلى الله عليه وسلم رأسه وقال : " من عادى عمارا عاداه الله ومن أبغض عمارا أبغضه الله " . قال خالد : فخرجت فما كان شيء أحب إلي من رضى عمار فلقيته بما رضي فرضي**

خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،مەن بىلەن ئەممارنىڭ ئارلىقىدا ئازراق گەپ ـ سۆز بولۇپ قېلىپ،مەن ئۇنىڭغا قاتتىق گەپ قىلسام، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ مىنى شىكايەت قىلغىلى كەتتى، مەنمۇ ئۇنى شىكايەت قىلىپ ئەرز قىلغىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ،يەنە قاتتىق گەپ قىلدىم، رەسۇلۇللاھ سۆز قىلماي جىم تۇراتتى، ئەممار يىغلاپ كىتىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇنىڭغا قارىمامال؟ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دىدى: كىم ئەممارغا تاجاۋۇز قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ، ئەممارنى دۈشمەن تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۆچ كۆرۈپ دۈشمەن تۇتىدۇ.ئاندىن مەن يېنىپ چىقتىم، شۇنىڭدىن كيىن ماڭا ئەممارنى رازى قىلىشتىنمۇ سۈيۈملۈكرەك بىرەر نەرسە بولۇپ باقمىدى، مەن ئۇنىڭغا ئۇ رازى بولىدىغان ئىشلار بىلەن(يەنى كەمتەرلىك،قۇچاقلاش،رازلىق سوراش بىلەن) ئۇچراشتىم، ئۇ مەندىن رازى بولدى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6248 – [ 62 ]** ( **صحيح** ) **وعن أبي عبيدة أنه قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " خالد سيف من سيوف الله عز وجل ونعم فتى العشيرة " . رواهما أحمد**

ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خالىد، ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچتۇر، ئۇ نېمىدېگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ياخشى ياش يىگىت ھە! نېمىدېگەن ياخشى، يېقىن تۇغقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خالىد ئىبنى ۋەلىيد، ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ بولۇپ، ئاللاھتائالا بۇ قىلىچنى مۇشرىكلارغا قارشى سۇغاردى، غىلاپىدىن چىقاردى، (ئۇ قوماندان ئىدى) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خالىد ئىبنى ۋەلىيد ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچتۇر، (ئۇشۇنىڭدىن باشلاپ،ئۇ سەيفۇالله دەپ ئاتالغان) بەغۋى توپلىغان، سەھىھ.

**6249 – [ 63 ] وعن بريدة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إن الله تبارك وتعالى أمرني بحب أربعة وأخبرني أنه يحبهم " . قيل يا رسول الله سمهم لنا قال : " علي منهم " يقول ذلك ثلاثا " وأبو ذر والمقداد وسلمان أمرني بحبهم وأخبرني أنه يحبهم " . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن غريب**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:**الله** تائالا مېنى تۆت كىشىنى ياخشى كۆرۈپ دوست تۇتىشىمغا بۇيرىدى، ۋە ئۇلارنى **الله** نىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغىنىنى خەۋەر قىلدى، ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!بىزگە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بەرسىلە دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۈچ قېتىم؛ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەلى دېۋېتىپ، ئاندىن ئەبۇزەر، مىقداد،سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر، **الله** تائالا مېنى ئەشۇ تۆت كىشىنى ياخشى كۆرۈپ دوست تۇتىشىمغا بۇيرىدى، ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغىنىنى خەۋەر قىلدى، دېدى.تىرمىزى توپلىغان،

**6250 – [ 64 ] ( صحيح ) وعن جابر قا ل : كان عمر يقول : أبو بكر سيدنا وأعتق سيدنا يعني بلالا . رواه البخاري**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دائىم ؛ ئەبۇبەكرى بىزنىڭ سەييىدىمىز، ئۇ بىزنىڭ سەييىدىمىز بىلالنى ئازاد قىلغان دەيتتى.بۇخارى توپلىغان.

**6251 – [ 65 ] ( صحيح وعن قيس بن أبي حازم أن بلالا قال لأبي بكر : إن كنت إنما اشتريتني لنفسك فأمسكني وإن كنت إنما اشتريتني لله فدعني وعمل الله . رواه البخاري**

قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ئەگەر سەن مېنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن سېتىۋالغان بولساڭ، مېنى قولۇڭدا ساقلاپ تۇتۇپ قال، ئەگەر سەن مېنى **الله** رازىلىقى ئۈچۈن سېتىۋالغان بولساڭ، مېنى **الله** رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا قويىۋەتكىن دېدى.بۇخارى توپلىغان.

**6252 – [ 66 ] وعن أبي هريرة قال جاء رجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال إني مجهود فأرسل إلى بعض نسائه فقالت والذي بعثك بالحق ما عندي إلا ماء ثم أرسل إلى أخرى فقالت مثل ذلك وقلن كلهن مثل ذلك فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " من يضيفه ويرحمه الله " فقام رجل من الأنصار يقال له أبو طلحة فقال أنا يا رسول الله فانطلق به إلى رحله فقال لامرأته هل عندك شيء قالت لا إلا قوت صبياني قال فعلليهم بشيء ونوميهم فإذا دخل ضيفنا فأريه أنا نأكل فإذا أهوى ليأكل فقومي إلى السراج كي تصلحيه فأطفئيه ففعلت فقعدوا وأكل الضيف فلما أصبح غدا على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لقد عجب الله أو ضحك الله من فلان وفلانة "وفي رواية مثله ولم يسم أبا طلحة وفي آخرها فأنزل الله تعالى [ ويؤثرون على أنفسهم ولو كان بهم خصاصة ] متفق عليه**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن بىر پەقىركىشى، مەن بەكلا

مۇشەققەتكە قالدىم دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ئۆيىگە تاماق ئۈچۈن كىشى ئەۋەتتى، ئايالى: سىلىنى ھەقلىق بىلەن ئەۋەتكەن **الله** بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ يېنىمدا پەقەت سۇلا باردۇر دېدى، يەنەبىرىنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتسە، ئۇمۇ شۇنداق دېدى، ئاندىن ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛بۈكېچىنى كىم مېھمان قىلىدۇ؟ئۇكىشىگە **الله** رەھمەت قىلىدۇ دېدى، ئەنساردىن ئەبۇتەلھە دېيىلىدىغان كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مانا مەن مېھمان قىلاي دەپ، ئۇكىشىنى ئۆيىگەئاپىرىپ ئايالىغا؛ يېنىڭدا يېگىدەك نەرسە بارمۇ؟دېدى، ئايالى؛ ھېچ نەرسە يوق، پەقەت باللارنىڭ يېمەكلىكى بار دېدى، ئەبۇتەلھە؛ سەن باللارنى بىر ئامال بىلەن گوللاپ، ئۇلارنى ئۇخلۇتۇپ قويغىن، مېھمىنىمىز كىرگەندە ئۇنىڭغا بىزنى تاماق يەۋاقاندەك كۆرسەتكىن، ئۇتاماقنى يېيىشنى مەقسەت قىلغاندا، سەن چىراقنىڭ قېشىغا ئۇنى ئوڭشاش ئۈچۈن بارغان قىياپەتتە بېرىپ، ئۇنى ئۇچۇرۇۋەتكىن، (ئۇ بىزنىڭ تاماق يېمەي قاچىنى قۇرۇق تاراڭلىتىپ ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن)دېدى، ئايالى شۇنداق قىلدى، ئۇلار ئولتۇردى، مېھمان ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق تاماقنى يېدى، تاڭ ئاتقاندا ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلدى، رەسۇلۇللاھ؛ ھەقىقەتەن **الله** تائالا پالانى ئەر بىلەن پالانى ئايالدىن ئەجەبلىنىپ كۈلۈپ كەتتى، ۋە«ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرى بار بولسىمۇ، ھاجەتمەنلەرنى ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئەلا بىلىدۇ»دىگەن ئايەتنى نازىل قىلدى دېدى.بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**6253 – [ 67 ]** ( **ضعيف** )**وعنه قال : نزلنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم منزلا فجعل الناس يمرون فيقول رسول الله صلى الله عليه وسلم " من هذا يا أبا هريرة ؟ " فأقول : فلان . فيقول : " نعم عبد الله هذا " ويقول : " من هذا ؟ " فأقول : فلان . فيقول : " بئس عبد الله هذا " حتى مر خالد بن الوليد فقال : " من هذا ؟ " فقلت : خالد بن الوليد . فقال : " نعم عبد الله خالد بن الوليد سيف من سيوف الله " رواه الترمذي**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر جايغا چۈشتۇق، كىشىلەر ئۆتۈشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كىم؟ دىدى، مەن پالانى دىسەم، ئۇ ئالLاھنىڭ نېمە دىگەن ياخشى بەندىسى دېدى، ئاندىن بۇ كىم دىۋىدى، پالانى دىسەم، بۇ ئالLاھنىڭ نېمە دىگەن يامان بەندىسى دېدى، تاكى خالىد ئىبنى ۋەلىيد ئۆتكىچە شۇنداق بولدى، ئۇ ئۆتكەندە بۇ خالىد دېسەم، خالىد ئىبنى ۋەلىيد، ئالLاھنىڭ نېمە دىگەن ياخشى بەندىسى، ئۇ ئالLاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ دېدى، تىرمىزى خاتىرلىدى، ئەلبانى تەكشۈرۈپ زەئىپ دىگەن. لېكىن، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سەيپۇ**الله** ئالLاھنىڭ قىلىچى دىگەن بۇ سۆز مەشھۇردۇر.سەھىھ ھەدىسمۇباردۇر.

**6254 – [ 68 ]** ( **صحيح** ) **وعن زيد بن أرقم قال : قالت الأنصار : يا نبي الله لكل نبي أتباع وإنا قد اتبعناك فادع الله أن يجعل أتباعنا منا فدعا به " رواه البخاري**

زەيدئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنسارلار؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىللىرى بارئىكەن، بىز شەكسىز سىلىگە ئەگەشتۇق، سىلى **الله** قا دۇئا قىلسىلا، **الله** تائالا بىزنىڭ ئەگەشكۈچىللىرىمىزنى بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ جۈملىسىدىن قىلىپ بەرسە،دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنىڭغا دۇئا قىلدى.بۇخارى تويلىغان.

**6255 – [ 69 ]** ( **صحيح** ) **وعن قتادة قال ما نعلم حيا من أحياء العرب أكثر شهيدا أعز يوم القيامة من الأنصار . قال : وقال**

**أنس : قتل منهم يوم أحد سبعون ويوم بئر معونة سبعون ويوم اليمامة على عهد أبي بكر سبعون . رواه البخاري**

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئەرەپ قەبىلىللىرى ئىچىدە ئەنسارلاردىنمۇ شېھىدلىرى ئەڭ كۆپ بولغان، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئەزىز بولغان بىرەر قەبىلىنى بىلمەيمىز(يەنى ئەنسارلار ئەڭ ئەزىز، شېھىدلىرى ئەڭ كۆپتۇر)ئەنەستىن؛ ئەنسارلاردىن 70كىشى ئۇھۇد كۈنى، 70 كىشى مەئۇنەت قۇدۇقى كۈنى، 70 كىشى ئەبۇبەكرنىڭ زامانىدا يەمامەكۈنى ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولغان دېدى.بۇخارى.

**6256 – [ 70 ] ( صحيح ) وعن قيس بن حازم قال : كان عطاء البدريين خمسة آلاف . وقال عمر : لأفضلنهم على من بعدهم . رواه البخاري**

قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ تۇرمۇش مائاشى 5000دەرھەم،5000 دەرھەمدىن ئىدى،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئەلۋەتتە مەن بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنى ئۇلاردىن كېيىنكى كىشلەر ئۈستىگە پەزىلەتتە ئۈستۈن قويىمەن دەيتتى.بۇخارى توپلىغان.

**باب تسمية من سمي من أهل البدر في " الجامع للبخاري "**

## بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ ئىسمىلىك، تىزىملىكى توغرىسىدا

**1 – النبي محمد بن عبد الله الهاشمي صلى الله عليه وسلم . 2 – عبد الله بن عثمان أبو بكر الصديق القرشي . 3 – عمر بن الخطاب العدوي . 4 – عثمان بن عفان خلفه النبي صلى الله عليه وسلم على ابنته رقية وضرب له بسهمه . 5 – علي بن أبي طالب الهاشمي . 6 – إياس بن البكير . 7 – بلال بن رباح مولى أبي بكر الصديق . 8 – حمزة بن عبد المطلب الهاشمي . 9 – حاطب بن أبي بلتعة حليف لقريش . 10 – أبو حذيفة بن عتبة بن ربيعة القرشي . 11 – حارثة بن الربيع الأنصاري قتل يوم بدر وهو حارثة بن سراقة كان في النظارة . 12 – خبيب بن عدي الأنصاري . 13 – خنيس بن حذافة السهمي . 14 – رفاعة بن رافع الأنصاري . 15 – رفاعة بن عبد المنذر أبو لبابة الأنصاري . 16 – الزبير بن العوام القرشي . 17 – زيد بن سهل أبو طلحة الأنصاري . 18 – أبو زيد الأنصاري . 19 – سعد بن مالك الزهري . 20 – سعد بن خولة القرشي . 21 – سعيد بن زيد بن عمرو بن نفيل القرشي . 22 – سهل بن حنيف الأنصاري . 23 – ظهير بن رافع الأنصاري . 24 – وأخوه . 25 – عبد الله بن مسعود الهذلي . 26 – عبد الرحمن بن عوف الزهري . 27 – عبيدة بن الحارث القرشي . 28 – عبادة بن الصامت الأنصاري . 29 – عمرو بن عوف حليف بني عامر بن لؤي . 30 – عقبة بن عمرو الأنصاري . 31 – عامر بن ربيعة العنزي . 32 – عاصم بن ثابت الأنصاري . 33 – عويم بن ساعدة الأنصاري . 34 – عتبان بن مالك الأنصاري . 35 – قدامة بن مظعون . 36 – قتادة بن النعمان الأنصاري . 37 – معاذ بن عمرو بن الجموح . 38 – معوذ بن عفراء . 39 – وأخوه . 40 – مالك بن ربيعة أبو أسيد الأنصاري . 41 – مسطح بن أثاثة بن عباد بن المطلب بن عبد مناف . 42 – مرارة بن الربيع الأنصاري .43 – معن بن عدي الأنصاري 44 – مقداد بن عمرو الكندي حليف بني زهرة .5 4 – هلال بن أمية الأنصاري رضي الله عنهم**

1 ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،2 ـ ئابدۇالله ئىبنى ئوسمان ئەبۇ بەكرى سىددىق،3 ـ ئۆمەر،4 ـ ئوسمان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قىزىغا قاراشقا قويۇپ، نىسىۋە بۆلۈپ بەرگەن،5 ـ ئەلى،

6 ـ ئىياس ئىبنى بۇكەير، 7 ـ بىلال ئىبنى رەباھ،8 ـ ھەمزە،9 ـ ھاتىپ،10 ـ ئەبۇھۇزەيپە،11 ـ ھارىس ئىبنى رەبىئ يەنى بەدىر كۈنى پوستا تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھارىس ئىبنى سۇراقە،12 ـ خۇبەيب،13 ـ خۇنەيس،14 ـ رۇپائە ئىبنى راپىئ،15 ـ رۇپائە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر،16 ـ زۇبەير ئىبنى ئاۋام،17 ـ زەيدئىبنى سەھلى ئەبۇتەلھە،18 ـ ئەبۇزەيد، 19 ـ سەئدئىبنى مالىك،20 ـ سەئدئىبنى خەۋلەت،21 ـ سەئىيد ئىبنى زەيد،22 ـ سەھلى ئىبنى ھۇنەيف،23 ـ زۇھەير، 24 ـ ئۇنىڭ قېرىندىشى،25 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد،26 ـ ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف،27 ـ ئۇبەيدەئىبنى ھارىس،28 ـ ئۇبادەت ئىبنى سامىت،29 ـ ئەمرۇئىبنى ئەۋف،30 ـ ئۇقبەت ئىبنى ئەمرۇ،31 ـ ئامىر ئىبنى رەبىئە، 32 ـ ئاسىم ئىبنى سابىت، 33 ـ ئۇۋەيم ئىبنى سائىدە،34 ـ ئىتبان ئىبنى مالىك، 35 ـ قۇدامە ئىبنى مەزئۇن، 36 ـ قەتادە ئىبنى نوئمان،37 ـ مۇئاز ئىبنى ئەمرۇئىبنى جەمۇھ،38 ـ مۇئەۋۋەز ئىبنى ئۇپەرائ،39 ـ ئۇنىڭ قېرىندىشى(يەنى بۇلار ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرگەنلەر)40 ـ مالىك ئىبنى رەبىئە ئەبۇ ئۇسەيد،41 ـ مىستەھ،42 ـ مۇرارەت ئىبنى رەبىئ،43 ـ مەئنى ئىبنى ئەدىي،44 ـ مىقداد ئىبنى ئەمرۇ،45 ـ ھىلال ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر.مانا بۇلار بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردۇر، مانا بۇلار جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلگەنلەر، بۇخارى رەھىمەھۇ الله توپلىغان سەھىھ.

## [ 13 ] باب ذكر اليمن والشام وذكر أويس القرني – الفصل الأول

## يەمەن، شام (ھازىرقى سۇرىيە) ۋە ئۇۋەيسلقەرنى دىگەن تابىئىن توغرىسىدا

**6257 – [ 1 ] ( صحيح ) عن عمر بن الخطاب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن رجلا يأتيكم من اليمن يقال له : أويس لا يدع باليمن غير أم له قد كان به بياض فدعا الله فأذهبه إلا موضع الدينار أو الدرهم فمن لقيه منكم فليستغفر لكم " وفي رواية قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إن خير التابعين رجل يقال له : أويس وله والدة وكان به بياض فمروه فليستغفر لكم " . رواه مسلم**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سىلەرگە يەمەندىن ئۇۋەيس دىيىلىدىغان بىر كىشى كېلىدۇ، ئۇ يەمەندە ئۆزىنىڭ ئانىسىدىن باشقا نەرسە قالدۇرمايدۇ، ئۇ ئانىسىغا بەكمۇ ياخشىلىق قىلاتتى، ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بار ئىدى، ئاللاھقا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ساقىيىپ، پەقەت بىر دانە تەڭگىنىڭ ئورنىدەكلا جاي قېلىپ قالدى، سىلەردىن بىر كىشى ئۇنىڭغا ئۇچراشسا، سىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت سوراپ، دۇئا قىلىپ قويۇشىغا بۇيرۇڭلار، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن، دۇئاسى ئىجاۋەت بولغۇدەك، سالىھ ياخشى كىشىدىن دۇئا ئېلىش مۇھىمدۇر.ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن تابىئىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇۋەيس دىيىلىدىغان كىشىدۇر، ئۇنىڭ بىر ئانىسى بولۇپ، ئۇ ئانىسىغا بەكلا ياخشىلىق قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ، ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئەلۋەتتە قەسىمىگە ۋاپا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئاق كېسىلى بار بولۇپ، ئاللاھقا دۇئا قىلسا، ئۇنى ئۇ كېسەلدىن ساقايتىۋېتىدۇ، پەقەت بىر تەڭگە مىقداردا قېلىپ قالدۇ، ئەگەر ئۇ سىلەرگە ئۇچراشسا، ئۇنى سىلەرگە مەغپىرەت سوراپ، دۇئا قىلىپ قويۇشقا بۇيرۇڭلار، مۇسلىم 4612 ــ ھ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6258 – [ 2 ] وعن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " أتاكم أهل اليمن هم أرق أفئدة وألين قلوبا الإيمان يمان والحكمة يمانية والفخر والخيلاء في أصحاب الإبل والسكينة والوقار في أهل الغنم " . متفق عليه**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەرگە يەمەن

ئەھلى يۇرەكلىرى يۇمشاق، قەلبى مۇلايىم ھالدا كېلىدۇ. ئىمان يەمەندە، ھېكمەت يەمەندە. پەخىرلىنىش، مۇتەكەببىرلىك، تۆگە ئەھلىدە. خاتىرجەملىك، كاتتا ئۇلۇغلۇق قوي ئەھلىدە بۇلىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىدى، سەھىھ.

6259 – [ 3 ] وعنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رأس الكفر نحو المشرق والفخر والخيلاء في أهل الخيل والإبل والفدادين أهل الوبر والسكينة في أهل الغنم " متفق عليه

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۇفرىنىڭ بېشى مەشرىق، كۆڭ چىقىش تەرەپتىدۇر، پەخىر قىلىش، كىبىر، تەكەببۇرلۇق، ئات ــ تۆگە ئەھلىدە، تۆگە يۇڭىنىڭ ئەھلى بولغان كالا ــ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىدا ۋارقىۋاپ، دېھقانچىلىق قىلىدىغانلاردا بولىدۇ، (ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دىندىن خەۋەرسىز، قەلبى قېتىپ كېتىدۇ) خاتىرجەملىك، چوڭ سۈپەتلىك قوي ئەھلىدە بولىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، مالىك بىلەن بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

6260 – [ 4 ] وعن أبي مسعود الأنصاري عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : " من ههنا جاءت الفتن – نحو المشرق – والجفاء وغلظ القلوب في الفدادين أهل الوبر عند أصول أذناب الإبل والبقر في ربيعة ومضر " . متفق عليه

ئىبنى مەسئۇد،ئەبۇمەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بارلىق پىتنە ــ پاسادلار مۇشۇ تەرەپتىن يەنى كۆڭ چىقىش تەرەپتىن كېلىدۇ، قوپاللىق، ئەخلاقسىزلىق، دىلى قاتتىقلىق، نادانلىق، تۆگە ـ كالىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاۋاز قىلىدىغان، تۆگە يۇڭى ئەھلىدە، موزەر بىلەن رەبىيئە قەبىلىسىدە بولىدۇ، (تۆگە، كالىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاۋاز قىلىش، دېھقانچىلىقتىن يەر تېرىشتىن كىنايە). بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان يەمەندە بولىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن قەلبىنىڭ قېتىپ كېتىشى، قوپاللىقى، كالا ــ تۆگىلەرنىڭ قۇيرىقىدا ئاۋاز قىلىپ، ۋارقىرايدىغانلاردا بولىدۇ، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئاشكارا بولۇپ چىقىدىغان جايدا بولىدۇ، مۇزەر رەبىئە قەبىلىلىرىدە بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۇنداق چۈشەندۈردى، تۆگىنىڭ ئارقىسىدا ۋارقىرايدىغانلار دېھقانلار، پادىچىلار، زىرائەتگارلىقتا، چارۋا ــ ماللارنى ھەيدەشتە ۋارقىرايدۇ، يېزىلاردا دېھقانچىلىق قىلىدۇ، يايلاق، جاڭگاللاردا پادا باقىدۇ، بۇلار قۇرئان، ھەدىسىدىن ئىلىمسىز قېلىپ، قەلبى قېتىپ، قاسماق بولۇپ كېتىدۇ، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى دېگەن سۆزگە كەلسەك، توغرىسىنى ئاللاھ ۋە ئەلچىسى بىلىدۇ، ھەدىس، زاھىرى بويىچە قالىدۇ شۇنداقتىمۇ ئەللامەئۇسەيمىيىن مۇنداق دېگەن: بۇ شەيتانغا، خۇددى بىر پادىشاھ شەرىقنى، غەرىپنى ئىلىپ، ئىگىلەپ، زۇلقەرنەيىن ئىككى مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ دېيىلگەندەك، شەرىق ، غەرىپ ھەممە جايدا ۋەسۋەسە قىلىپ، ئىگىلىگەچكە شۇنداق دېيىلگەن.

6261 – [ 5 ] ( صحيح )

وعن جابر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " غلظ القلوب والجفاء في المشرق والإيمان في أهل الحجاز " . رواه مسلم

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىنىڭ قوپال، قاتتىقلىقى، مەشرىق يەنى كۆڭ چىقىش تەرەپنىڭ ئەھلىدە بولىدۇ، ئىمان، خاتىرجەملىك، چوڭ سۈپەتلىك، ھىجاز ئەھلىدە بولىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە يەمەن ئەھلىدە بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6262 – [ 6 ] ( صحيح ) وعن ابن عمر قال : قال النبي صلى الله عليه وسلم : " اللهم بارك لنا في شامنا اللهم بارك لنا في

يمننا " . قالوا : يا رسول الله وفي نجدنا ؟ قال : اللهم بارك لنا في شامنا اللهم بارك لنا في يمننا قالوا : يا رسول الله وفي نجدنا ؟فأظنه قال في الثالثة : " هناك الزلازل والفتن وبها يطلع قرن الشيطان " . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئى الله!بىزنىڭ شام دىيارىمىزغا بەركەت ئاتا قىلسىلا، بىزنىڭ يەمەن دىيارىمىزغا بەركەت ئاتا قىلسىلا، دېدى.ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ نەجىد دىيارىمىزغىمۇ دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ يەنە؛ ئى الله!بىزنىڭ شام دىيارىمىزغا بەركەت ئاتا قىلسىلا، بىزنىڭ يەمەن دىيارىمىزغا بەركەت ئاتا قىلسىلا، دېدى.ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ نەجىد دىيارىمىزغىمۇ دۇئا قىلسىلا دېدى،مەن ئۈچىنچى قېتىم دۇئا قىلامدىكى دەپ گۇمان قىلدىم، لېكىن رەسۇلۇللاھ؛ ئەشۇ تەرەپتە(يەنى يەمەن تەرەپتە)قاتتىق يەر تەۋرىيدۇ، نۇرغۇن پىتنە-پاسادلار چىقىدۇ، شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى شۇ تەرەپتىن چىقىدۇ دېدى.بۇخارى توپلىغان.

6263 – [ 7 ] الفصل الثاني ( لم تتم دراسته ) عن أنس عن زيد بن ثابت أن النبي صلى الله عليه وسلم نظر قبل اليمن فقال : " اللهم أقبل بقلوبهم وبارك لنا في صاعنا ومدنا " . رواه الترمذي

ئەنەس،زەيدئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەمەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:ئى الله!ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىز تەرەپكە قارىتىپ بەرسىلە،بىزنىڭ سا،مۇد، جىڭ-تارازىلىرىمىزدا بىزگە بەركەت بەرسىلە.تىرمىزى توپلىغان.

6264 – [ 8 ] ( صحيح ) وعن زيد بن ثابت قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " طوبى للشام " قلنا : لأي ذلك يا رسول الله ؟ قال : " لأن ملائكة الرحمن باسطة أجنحتها عليها " رواه أحمد والترمذي

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : شامغا خۇش مۇبارەك دېگەن، بىز؛ نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟دېسەك، رەسۇلۇللاھ؛ چۈنكى، رەھمانتائالانىڭ پەرىشتىلىرى شام ئۈستىگە قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىدۇ، (شام ھازىرقى سۈرىيەدۇر)دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6265 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن عبد الله بن عمر قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " ستخرج نار من نحو حضرموت أو من حضرموت تحشر الناس " قلنا : يا رسول الله فما تأمرنا ؟ قال : " عليكم بالشام " . رواه الترمذي

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەتنىڭ ئالدىدا ھەزرە مەۋت دېگەن جاي تەرەپتىن بىر ئوت چىقىپ، كىشىلەرنى مەشرىقتىن مەغرىپكە توپلايدۇ، بىز؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزنى نىمىگە بۇيرىيلا؟دېسەك، رەسۇلۇللاھ؛شامنى لازىم تۇتۇڭلار دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، ئىبنى كەسىرنىڭ بەدايەت ۋە نەھايەتتە بۇ ئوتنى بىر قېتىم چىققان دەپ يازىدۇ. مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قىيامەت ئالدىدا ياكى پىتنە ـ پاساد دەۋرىدە) شام دىيارىنى لازىم تۇتۇڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، شام، سۈرىيە ئەتراپى.

6266 – [ 10 ] ( ضعيف )وعن عبد الله بن عمرو بن العاص قال : سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " إنها ستكون هجرة بعد هجرة فخيار الناس إلى مهاجر إبراهيم " . وفي رواية فخيار أهل الأرض ألزمهم مهاجر إبراهيم ويبقى في الأرض

شرار أهلها تلفظهم أرضوهم تقذرهم نفس الله تحشرهم النار مع القردة والخنازير تبيت معهم إذا باتوا وتقيل معهم إذا قالوا رواه أبو داود

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بۇندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئىبراھىمنىڭ ھىجرەت قىلغان جايىغا ھىجرە قىلغىنى دېدى، يەنە بىر خاتىرىدە شۇنداق سۆزنى قىلىپ، ئاندىن زېمىندا ئۇلارنىڭ يامانلىرى قالىدۇ، زېمىن ئۇلارنى نىجىس كۆرۈپ، قوينىغا ئالمايدۇ، ئوت ئۇلارنى توڭگۇز، مايمۇنلار بىلەن بىللە توپلايدۇ،ئوت ئۇلار نەدە قونسا شۇ جايدا قونۇپ، نەگە بېرىپ تۇرسا چۈشلۈك ئارام ئالسا شۇ جايغا بارىدۇ دېيىلگەن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن.

**6267 – [ 11 ]** ( صحيح ) عن ابن حوالة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " سيصير الأمر إلى أن تكونوا جنودا مجندة جند بالشام وجند باليمن وجند بالعراق " . فقال ابن حوالة : خر لي يا رسول الله . إن أدركت ذلك . فقال : " عليك بالشام فإنها خيرة الله من أرضه يجتبي إليها خيرته من عباده فأما إن أبيتم فعليكم بيمنكم واسقوا من غدركم فإن الله توكل لي بالشام وأهله " . رواه أحمد وأبو داود

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئىش يەنى خەلىپىلىك سىلەر توپلاشقان نۇرغۇن قوشۇن بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ، يات يېقىندا شۇنداق بولىدۇ، بىر قوشۇن شامدا، بىر قوشۇن يەمەندە، بىر قوشۇن ئىراقتا بولىدۇ،مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر مەن شۇ چاغنى تېپىپ قالسام، ماڭا مەن چىلىك تۇتىدىغان بىر قوشۇننى تاللاپ بەرسىلە دېسەم، رەسۇلۇللاھ ؛ شۇ چاغدا سەن شامنى لازىم تۇت، ھەققەتەن ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشى زېمىندۇر، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى تاللىنىپ شۇ جايغا بارىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭلار، يەمەندە تۇرىۋېرىڭلار، سىلەرگە ئەھدىنى بۇزۇپ خىيانەت قىلغان كىشىگىمۇ سۇ بېرىڭلار، ھەققەتەن ئاللاھتائالا ماڭا شام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە كېپىل بولدى،دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6268 – [ 12 ]** الفصل الثالث ( ضعيف )عن شريح بن عبيد قال : ذكر أهل الشام عند علي [ رضي الله عنه ] وقيل العنهم يا أمير المؤمنين قال : لا إني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول : " الأبدال يكونون بالشام وهم أربعون رجلا كلما مات رجل أبدل الله مكانه رجلا يسقى بهم الغيث وينتصر بهم على الأعداء ويصرف عن أهل الشام بهم العذاب "

شورەيھ ئىبنى ئۇبەيد رەھمەھۇللادىن، شام خەلقى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنىپ، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇسىلا دېيىلگەندە، ئۇ ياق، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئابداللار يەنى ئەۋلىيالار شامدا بولىدۇ، ئۇلار 40 ئەر بولۇپ، بىرسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرنى ئالماشتۇرىدۇ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئابدال دېيىلىدۇ، ئۇلار سەۋەبىدىن يامغۇر يېغىپ سۇغۇرۇلىدۇ، دۈشمەنلەرگە قارشى ياردەمگە ئېرىشىدۇ، ئازاب، بالا چۆرۈلۈپ كېتىدۇ، شام ئەھلىدىن، ئەھمەد خاتىرلىگەن. ئەلبانى زەئىپ دېگەن. ئىبنى كەسىيردىمۇ زەئىپ دېيىلگەن، مۇختەسەر ئىبنى كەسىيرنىڭ ئۈچىنچى دەپتىرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەدىس سۆزلىنىدۇ، زەئىپ دېيىلىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. لېكىن، ئابدال، سالىھ كىشىلەر، ئەۋلىيالار، مەشھۇر ساھابە تابىئىنلارنىڭ، ئۆلىمالارنىڭ ئاغزىدا كۆپ سۆزلەنگەن.

**6269 – [ 31 ]** ( ضعيف )وعن رجل من الصحابة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " ستفتح الشام فإذا خيرتم المنازل

**فيها فعليكم بمدينة يقال له دمشق فإنها معقل المسلمين من الملاحم وفسطاطها منها أرض يقال لها : الغوطة " . رواهما أحمد**

ساھابىنىڭ بىرسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە شام ئىشغال قىلىنىپ، زېمىنى تالالاشقا ئىختىيارلىق بېرىلسە دەمەشىق دېيىلىدىغان شەھەرنى تاللاڭلار، «ھازىرقى سۈرىيە پايتەختى»، ئۇ جاي مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ جەڭدىن پاناھلىنىدىغان، ئىلتىجا قىلىدىغان جايدۇر، ئۇنىڭ چوڭ چېدىرى يەنى قورغانى غوتەت دېيىلىدىغان جايدۇر دېدى، ئەھمەد رەھمەھۇللا يالغۇزلا خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن. چۈنكى، ئىبنى ئەبۇ مەريەم دېگەن كىشىنى ئەھمەد يەھيا ئىبنى مەئىين، ئەبۇ ھاتەم رازى، جوزجانى قاتارلىق مۇھەددىسلەر زەئىپ دېدى، ئەبۇ زەرئەت مۇنكەر دېگەن. بۇ كىشىدىن كېيىنكى راۋىينىڭ ھەدىسمۇ مۇنكەر دېيىلگەن، باشقىلار ئۇنى ئىشەنچىلىك دېگەن، خۇلاسە بۇ ھەدىس زەئىپ.

**6270 – [ 14 ] ( ضعيف )وعن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " الخلافة بالمدينة والملك بالشام "**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسلام خەلىپىلىكى مەدىنىدە بولىدۇ، پادىشاھلىق بولسا، شامدا بولىدۇ دېگەن، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن،

**6271 – [ 15 ] ( صحيح ) وعن عمر رضي الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " رأيت عمودا من نور خرج من تحت رأسي ساطعا حتى استقر بالشام " . رواهما البيهقي في " دلائل النبوة "**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مەن نۇردىن بولغان بىر تۈۋرۈكنىڭ، بېشىمنىڭ ئاستىدىن نۇر چاچقان ھالدا چىقىپ شامدا قارار ئالغىنىنى كۆردۈم.بەيھەقى ، سەھىھ.

**6272 – [ 16 ] ( صحيح ) وعن أبي الدرداء أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن فسطاط المسلمين يوم الملحمة بالغوطة إلى جانب مدينة يقال لها : دمشق من خير مدائن الشام " . رواه أبو داود**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن زور كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغالغان جەڭ كۈنلىرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر پاناھلىنىدىغان، قورغانلىنىدىغان جايى، دەمەشىق دېيىلىدىغان شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى غوتەت دېيىلىدىغان جايدۇر، ئۇ قورغان جايى، شام شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، ئەبۇ داۋۇد 3746 _ ھەدىس، ئەھمەد 20732 _ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ زور كۆلەملىك چوڭ جەڭ بولىدىغان كۈندىكى قورغان جايى غوتەت دېگەن زېمىندۇر، بۇ جايدا دەمەشىق دېيىلىدىغان شەھەر باردۇر، بۇ شەھەر ۋە شۇ قورغان جايى شۇ كۈنى مۇسۇلمانلار مەنزىللىرىنىڭ ئەڭ ياخشى جايىدۇر، (سۈرىيە پايتەختى دەمەشىق) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6273 – [ 17 ] ( ضعيف )وعن عبد الرحمن بن سليمان قال : سيأتي ملك من ملوك العجم فيظهر على المدائن كلها إلا دمشق . رواه أبو داود**

ئابدۇرەھمان ئىبنى سۇلەيمان رەھمەھۇللا، يېقىندا غەيرى ئەرەب ئەجەملەردىن بىر پادىشاھ كېلىپ، دەمەشىقدىن باشقا بارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىدۇ دېگەن، ئەبۇ داۋۇد خاتىرلىگەن. گەرچە بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزى ھەدىس بولمىسىمۇ، ئەلبانى رەھمەھۇللا زەئىپ دېگەن.

[ 14 ] باب ثواب هذه الأمة – الفصل الأول بۇ ئۈممەتنىڭ ساۋابى توغرىسىدا

**6274 – [ 1 ]** ( صحيح ) عن ابن عمر عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إنما أجلكم في أجل من خلا من الأمم ما بين صلاة العصر إلى مغرب الشمس وإنما مثلكم ومثل اليهود والنصارى كرجل استعمل عمالا فقال : من يعمل إلى نصف النهار على قيراط قيراط فعملت اليهود إلى نصف النهار على قيراط قيراط ثم قال : من يعمل لي من نصف النهار إلى صلاة العصر على قيراط قيراط فعملت النصارى من نصف النهار إلى صلاة العصر على قيراط قيراط . ثم قال : من يعمل لي من صلاة العصر إلى مغرب الشمس على قيراطين قيراطين ؟ ألا فأنتم الذين يعملون من صلاة العصر إلى مغرب الشمس ألا لكم الأجر مرتين فغضبت اليهود والنصارى فقالوا : نحن أكثر عملا وأقل عطاء قال الله تعالى : هل ظلمتكم من حقكم شيئا ؟ قالوا : لا . قال الله تعالى : فإنه فضلي أعطيه من شئت " . رواه البخاري

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ مۇددىتىڭلار، بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەرگە نىسبەتەن ئەسىر نامىزىدىن كۈن كىرگىچە بولىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ۋە يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ مىسالى؛ نۇرغۇن مەدىكار، ئىشچىلارنى ئىجارە ئېلىپ ئىشلەتكەن كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئۇ كىشى؛ كىم ئەتىگەندىن چۈشكىچە بىر قىيرات ــ بىر قىيراتقا ئىشلەيدۇ؟ دېدى، ئاندىن بۇ بىر قىيراتقا يەھۇدىيلار ئىشلىدى، ئاندىن ئۇ كىشى؛ كىم چۈشتىن ئەسىرگىچە بىر قىيراتقا ئىشلەيدۇ؟ دېدى، بۇنىڭغا ناسارالار ئىشلىدى، ئاندىن ئۇ؛ كىم ئەسىردىن باشلاپ، كۈن كىرگىچە ئىككى قىيرات، ئىككى قىيراتقا ئىشلەيدۇ؟ دېدى، ئاشۇ ئىككى قىيراتقا ئىشلىگەنلەر سىلەر بولىسىلەر،سىلەرگە ئەجىر ئىككى ھەسسە بېرىلىدۇ. يەھۇدىي، ناسارالار غەزەپ قىلىپ، ئاچچىقى كېلىپ، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئەمىلىمىز، جاپا، مۇشەققەتلىرىمىز كۆپ، ئەجىر مۇكاپاتىمىز ئاز بولىدۇ؟ دېيىشتى، ئاللاھ ئۇلارغا؛ مەن سىلەرگە ھەققىڭلاردىن بىرەر نەرسىگە زۇلۇم قىلدىممۇ؟، ھەققىڭلاردىن ئاز بەردىممۇ؟ دەيدۇ، ئۇلار، ياق ھەرگىز زۇلۇم قىلمىدىلا دەيدۇ، ئاللاھ، ئۇلارغا بەرگىنىم بولسا، مېنىڭ رەھمەت پەزلىم، مەن ئۇنى ئۆزۈم خالىغان كىشىگە بېرىمەن دەيدۇ، مالىك، ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1. بىزنىڭ مۇددىتىمىز بەكلا قىسقا، يەنى ياشاش مۇددىتىمىز، ئۆمرىمىز قىسقا، ئەمەل، ئىبادەت قىلىش ۋاختىمىز قىسقا، قەبرىدەتۇرۇش ۋاقتىمىز، ئەمەللىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭكىدىن ئازدۇر.

2. لېكىن، ئەجىر، مۇكاپاتىمىز كۆپ، كاتتا بولىدۇ.

3. بۇ، ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بولۇپ، خالىغانغا بېرىدۇ.

4. مىسال، تەمسىل قىلىپ سۆزلەش دۇرۇس.

5. ئىشچى ئىجارە ئېلىش دۇرۇس. ئالىملار بۇ ھەدىسدىن مۇنداق ھۆكۈم ئالغان.

6. ئەسىرنىڭ ۋاختى كېيىنرەك ئوقۇلىدۇ، چۈنكى، پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقتىتىن ئەسىر بىلەن كۈن كىرگىچە بولغان ۋاقىت قىسقىراقتۇر دىگەن، ئۇسەيمىن بۇ دىگەن مىسال كەلتۈرۈش، يەنىلا نامازنىڭ ۋاختى،

ۋاختىنى سۆزلىگەن ھەدىسلەردىن ئېلىنىدۇ دىگەن، بۇ سەھىھ.

**6275 – [ 2 ] ( صحيح ) وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن من أشد أمتي لي حبا ناسا يكونون بعدي يود أحدهم لو رآني بأهله وماله " . رواه مسلم**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە مېنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار مەندىن كېيىن مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى بارلىق مال ــ مۈلكىنى، ئەھلى ــ بالىلىرىنى بىرىپمۇ بولسا شۇلارنىڭ بەدىلىگە مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مانا ھازىرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانلار كۆپ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرسى مېنى بىر قېتىم كۆرىۋېلىشنى، بارلىق مال ــ مۈلكى، ئەھلى، بالىلىرىنىڭ باراۋىرىگە سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6276 – [ 3 ] وعن معاوية قال : سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " لا يزال من أمتي أمة قائمة بأمر الله لا يضرهم من خذلهم ولا من خالفهم حتى يأتي أمر الله وهم على ذلك " . متفق عليه وذكر حديث أنس " إن من عباد الله " في " كتاب القصاص**

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىرئۈمەت (بىرتائىپە) كىشىلەر، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر، كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە غەلىبە قىلغان ھالەتتە، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەرپا قىلغان ھالدا ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان، ئاسىي بولغان، ئۇلارنى خارلىماقچى بولغانلار زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىر بۆلەك كىشىلەر قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى تائىپە ئارىسىغا مەريەم ئوغلى ئەيسا چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمرى، خەلىپىسى بۇياققا كەل! بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگىن دەيدۇ. ئەيسا: ياق، ھەقىقەتەن بەزىڭلار بەزىڭلارغا ئەمىر، ئىمام بولىسىلەر، بۇ ئاللاھتائالانىڭ بۇ ئۈممەتنى ھۆرمەتلىشىدۇر دەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر، تاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرى دەججالغا قارشى ئۇرۇش قىلغانغا قەدەر، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان قارشى كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ تائىپە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى، خەلىپىلەر سۈننىتىنى چىڭ چىشلىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ساھابىلار، تابىئىنلارنىڭ ئەقىيدىسىدىكى، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى توغرا يولنى يول تۇتقان، سەلەف، سالىھلار يولىدىكى ھەقىقەتچى، سۈننەتچى، ئەسلىيەتچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ شۇئارى، لا ئىلاھە ئىللەللاھ!، قۇرئان كالامۇللاھ، ھەدىسى رەسۇلۇللاھ، ساھابىلار، تابىئىنلار دەپ تووۋلاشتۇر، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى ساھابىلار، تابىئىنلار، سەلەف، سالىھلار ئاشۇ بىر تائىپە غالىبلار قاتارىدىن قىلسىلا ئامىن!ئۇلار يەنە؛ الله بىزنىڭ غايىمىز، قۇرئان بىزنىڭ قانۇنىمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ قوماندان يېتەكچىمىز، جىھاد بىزنىڭ يولىمىز، شېھىد بولۇش مۇرادىمىز، ئارزۇ ئارمانىمىز!!! دەيدۇ.بۇلار تائىپەتۇممەنسۇر دەپ ئاتىلىدۇ.

**6277 – [ 4 ] الفصل الثاني ( صحيح لطرقه ) عن أنس قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " مثل أمتي مثل المطر لا يدرى أوله خير أم آخره " . رواه الترمذي**

ئەنەس، ئەممار، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئوخشىشى يامغۇرغا ئوخشايدۇ، بۇ يامغۇرنىڭ ئەۋۋەلقىسى ياخشىسىمۇ ياكى ئاخىرقىمۇ ،باشتىكىسى مەنپەئەت قىلدىمۇ؟ ئاخىرىمۇ؟ بىلگىلى بولمايدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك ئاخىرىقىسىدىنمۇ ياخشىسى چىقىپ قالىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، يامغۇرنىڭ باشتىكىسى ئاساس سېلىپ ئۈندۈرگەندەك، كېيىنكىسى بولسا، بارىغا پايدا قىلغاندەك، بۇ ئۇممەتنىڭ ئەۋۋەلكى ساھابىلار، تابىئىنلار ئەۋزەلدۇر، ئۇلار ياخشىدۇر، كېيىنكىسى بولسا، ئەگەشىدۇ خالاس، ئەگەر شۇلارغا ئوخشاش ماڭالمىسا، ياخشى ئەگەشەلمىسە كېيىنكىلەر ياخشى ئەمەس، بەلكى يامان بولۇپ ھالاك بولىدۇ. بۇرۇنقى سەلەف، سالىھلارنى ماختاپ، مەدىيلىگەن نۇرغۇن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى، لېكىن، بۇ ھەدىس بىلەن زىت ئەمەس، چۈنكى، بۇ ھەدىسىدىن مەخسەت، ياخشى، سالىھ، ئەۋلىيالار تۈگىگىنى يوق، يەنىلا بىر تائىپە كىشىلەر چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇمىد ئۈزمەڭلار، ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش توغرا ئەقىدە، ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇڭلار دېمەكچى.

**6278 – [ 5 ] الفصل الثالث ( لم تتم دراسته ) عن جعفر عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أبشروا إنما مثل أمتي مثل الغيث لا يدرى آخره خير أم أوله ؟ أو كحديقة أطعم منها فوج عاما , ثم أطعم منها فوج عاما لعل آخرها فوجا أن يكون أعرضها عرضا وأعمقها عمقا وأحسنها حسنا كيف تهلك أمة أنا أولها والمهدي وسطها والمسيح آخرها ولكن بين ذلك فيج أعوج ليسوا مني ولا أنا منهم " رواه رزين**

جەئپەرنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئوخشىشى يامغۇرغا ئوخشايدۇ، بۇ يامغۇرنىڭ ئەۋۋەلقىسى ياخشىسىمۇ ياكى ئاخىرقىمۇ ،باشتىكىسى مەنپەئەت قىلدىمۇ؟ ئاخىرىمۇ؟ بىلگىلى بولمايدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ مىسالى؛ بىر بۇلۇڭلۇك جامائەتلەرگە بىر يىل تاماق بېرىلگەن،ئاندىن كېيىن يەنە بىر بۇلۇڭلۇك جامائەتلەرگە بىر يىل تاماق بېرىلگەن باغقا ئوخشايدۇ، ئۇمۇتكى ئاخىرقى جامائەتلەر ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر، (يەنى ئەڭ كۆپ)ئەڭ ياخشى بۇلىشىمۇ مۇمكىن، مەن ئەۋۋەلدە، مەھدىي ئوتتۇرىدا، ئىيسا ئەڭ ئاخىردا بولغان ئۇممەت قانداقمۇ ھالاك قىلىنسۇن؟ لېكىن شۇنىڭ ئارلىقىدا يوللىرى ئەگرى جامائەتلەر باردۇر، ئۇلار مەندىن ئەمەس، مەن ئۇلاردىن ئەمەسمەن.رەزىين توپلىغان،تەكشۈرۈلمىگەن.

**6279 – [ 6 ] ( ضعيف ) وعن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " أي الخلق أعجب إليكم إيمانا ؟ " قالوا : فالنبيونقال : " وماهم لا يؤمنون والوحي يترل عليهم ؟ " قالوا : فنحن . قال : ومالكم لا تؤمنون وأنا بين أظهركم ؟ قال : فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : إن أعجب الخلق إلي إيمانا لقوم يكونون من بعدي يجدون صحفا فيها كتاب يؤمنون بما فيها**

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيبىدىن دادىسىدىن، بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنى قايسى مەخلۇقنىڭ ئىمانى ھەيران قالدۇردى؟ دېگەن ئىدى، ئۇلار پەيغەمبەرلەر دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار نېمىشقا ئىمان كەلتۈرمىگىدەك، ۋەھى ئۇلارغا چۈشىدىغان تۇرسا؟

دېدى، ئاندىن ئۇلار بىز دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر نېمىشقا ئىمان كەلتۈرمىگىدەكسىلەر، مەن قېتىڭلاردا تۇرسام؟ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مىنى ئىمانى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان مەخلۇق، مەندىن كېيىن دۇنياغا كېلىپ، مېنى كۆرمەي، كىتابنى تېپىپلا ئىمان كەلتۈرگەنلەر دېدى، بەيھەقى خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. سەھىھ ھەدىستە ھەق ئۈستىدە ئاداققىچە چىڭ تۇرۇپ، غەلىبە قىلىدىغان توغرا ئەقىدىدىكى تائىپىگىمۇ بۇنداق دېمىگەن تۇرسا؟!

6280 – [ 7 ] ( لم تتم دراسته ) وعن عبد الرحمن بن العلاء الحضرمي قال : حدثني من سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول : " إنه سيكون في آخر هذه الأمة قوم لهم مثل أجر أولهم يأمرون بالمعروف وينهون عن المنكر ويقاتلون أهل الفتن " رواهما البيهقي في دلائل النبوة

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ماڭا رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان كىشى مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:پات يېقىندا بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىدا بىر قىسىم قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلارغا بۇئۈممەتنىڭ ئەۋۋەلكە بېرىلگەن ئەجىر-ساۋاپلار بېرىلىدۇ، ئۇقەۋملەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ، پىتنە-پاساد ئەھلىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ.بەيھەقى توپلىغان.

6281 – [ 8 ] ( ضعيف ) وعن أبي أمامة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " طوبى لمن رآني [ وآمن بي ] وطوبى لمن لم يرني وآمن بي " . رواه أحمد

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى كۆرگەن ۋە كۆرۈپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، مىنى كۆرمەيمۇ ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئەھمەد رەھمەھۇللا خاتىرلىگەن، ئەلبانى زەئىپ دېگەن. ئەبۇ ئۇمامە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنى كۆرۈپ ماڭا ئىمان ئېيتقان كىشىگە بىر قېتىم خۇش مۇبارەك، مىنى كۆرمەي تۇرۇپ ماڭا شەكسىز ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگە يەتتە قېتىم خۇش مۇبارەك، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنى كۆرۈپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان كىشىگە ئۈچ قېتىم خۇش مۇبارەك، تەيالىسى، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، ئۇلار نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەھيىنىڭ زامانىدا ياشىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىۋاستە دۇئا قىلىپ تۇراتتى، ئاسمان — زېمىن ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار ئىدى، ھازىر بولسا، قۇرئاندىن باشقا مۆجىزە يوق، پىتنە — پاساد زامانى، ئىماننى ساقلىماق تېخىمۇ قىيىن، خۇددى ئاللقاندا چوغ ساقلىغاندەك، ئەمەلىيەتتە ساھابىلار ئۇلۇغ كىشىلەردۇر، بۇ ھەدىستە كېيىنكىلەرگىمۇ خۇش مۇبارەك دېيىلگەن. «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»نىڭ 3926 ـ ھەدىسلىرىدە بۇ خىل خۇش مۇبارەكلەر كۆيتۇر.

6282 – [ 9 ] ( صحيح ) وعن أبي محيريز قال : قلت لأبي جمعة رجل من الصحابة : حدثنا حديثا سمعته من رسول الله صلى الله عليه وسلم . قال : نعم أحدثكم حديثا جيدا تغدينا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم ومعنا أبو عبيدة بن الجراح فقال : يا رسول الله . أحد خير منا ؟ أسلمنا وجاهدنا معك . قال : " نعم قوم يكونون من بعدكم يؤمنون بي ولم يروني " . رواه أحمد والدارمي وروى رزين عن أبي عبيدة من قوله : قال : يا رسول الله . أحد خير منا إلى آخره

ئەبۇمۇھەيرىز رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇجۇمئە دىگەن ساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان ھەسىنى سۆزلەپ بەرگىن دېدىم، ئۇ؛ بولىدۇ، مەن سىلەرگە كاتتا ئۇلۇغ بىر ھەدىسىنى سۆزلەپ بىرەي، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئەتىگەنلىك تاماق يىدۇق، بىز بىلەن بىللە ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھمۇ بار ئىدى، ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز مۇسۇلمان بولۇپ، سىلى بىلەن بىللە، كاپىرلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلدۇق، بىزدىنمۇ ياخشىراق كىشىلەر بارمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە باردۇر، ئۇلار سىلەردىن كيىن مەيدانغا كىلىدىغان قەۋملەردۇر، ئۇلار مىنى كۆرمەي تۇرۇپمۇ، ماڭا ئىمان كەلتۇرىدۇ دېدى.ئەھمەد،دارىمى، رەزىين توپلىغان،ئىمام ئەلبانى؛بۇھەدىس سەھىھ دېدى.

**6283 – [ 10 ] ( صحيح ) وعن معاوية بن قرة عن أبيه قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " إذا فسد أهل الشام فلا خير فيكم ولا يزال طائفة من أمتي منصورين لا يضرهم من خذلهم حتى تقوم الساعة " قال ابن المديني : هم أصحاب الحديث . رواه الترمذي وقال : هذا حديث حسن صحيح**

قۇررەت ئىبنى ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شام ئەھلى بۇزۇلسا، سىلەرگە ياخشىلىق يوق، مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر تائىپە، بىر بۆلەك كىشىلەر دائىم ياردەمگە ئېرىشىپ تۇرىدۇ، تا قىيامەت قايىم بولغۇچە ئۇلارنى خارلىماقچى بولغانلار،ئاسىيلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئىبنى مەدىيەنى؛ ئۇلار ھەدىس ئەھلىدۇر دېدى. ئەھمەد تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6284 – [ 11 ] ( صحيح لطرقه ) وعن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال : " إن الله تجاوز عن أمتي الخطأ والنسيان وما استكرهوا عليه " . رواه ابن ماجه والبيهقي**

ئەبۇ زەر، ئىبنى ئاباس، سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مەن ئۈچۈن ئۇممىتىمدىن خاتالاشقان ئىشلارنى، ئۇنۇتقان ئىشلارنى، مەجبۇرلانغان ئىشلارنى ئەپۇ قىلىپ، ئۆتنۈەتتى، ئەھمەد،بەيھەقى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، خاتالاشقان ئىشىدا ئەپۇ قىلىش ئايەتتە، سەھىھ ھەدىسلەردە كۆپ، مۇجتەھىد خاتالاشسا، بىر ئەجىر ئالىدۇ، مەجبۇرلانغان ئىشمۇ دىلىدا ئىماننى يوشۇرۇپ، تىلىداباشقاسۆزنى سۆزلەپ قويۇش ئايىتىدە باردۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ئۇممىتىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىللىرى ۋەسۋەسە قىلغان نەرسىلەرنى ئەمەل قىلىنۇەتمىسلا، ئاغزىدا سۆزلىنۇەتمىسلا، ئەپۇ قىلىپ، ئۆتنۈەتتى، (ئەمەل قىلسا، سۆزلىسە يېزىلىدۇ) شۇنداقلا ئۇلار مەجبۇرلانغان ئىشلارنىمۇ ئۆتنۈەتتى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مەن ئۈچۈن ئۇممىتىمدىن ئۇلارنىڭ دىللىرى خوتۇر ۋەسۋەسە قىلغان ئىشلارنى ئەمەل قىلىپ، سالمىسلام ياكى سۆزلەپ سالمىسلا ئەپۇ قىلىپ ئۆتنۈەتتى، بۇخارى، ئەھمەد، نەسەئى ت، سەھىھ.

**6285 – [ 12 ] ( حسن ) وعن بهز بن حكيم عن أبيه عن جده أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في قوله تعالى : [ كنتم خير أمة أخرجت للناس ] قال : " أنتم تتمون سبعين أمة أنتم خيرها وأكرمها على الله تعالى " رواه الترمذي وابن ماجه والدارمي وقال الترمذي : هذا حديث حسن**

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛**الله** نىڭ «سىلەر كىشلەر

ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر....»دېگەن ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: سىلەر 70 ئۈممەتنى تاماملاپ، تولۇقلايسىلەر، سىلەر ئۇ 70 ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشىراقى، ئاللاھقا ھۆرمەتلىكرەكى ھېسابلىنىسىلەر، يەنى ئاخىرقى ياخشى ئۈممەت، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ، ماڭا ئىمان ئېيتقان مۆئمىن قېرىنداشلىرىمغا ئۇچرىشىشمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ياخشى كۆرىمەن، (ئەلۋەتتە بىزمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇچرىششنى بەكلا ياخشى كۆرىمىز). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.
ئەرەپچى نۇسخىسى 737 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ 1 ـ كۈنى ھ . تەرجىمىسى : 2007 ـ يىلى 8 ـ 1 ـ م 1428 ـ رەجەبنىڭ 16 ـ ھ

**رەببە نا لەكەلھەمدۇ كەما يەنبەغىي لىجەلالى ۋەجھىكە ۋە ئەزىيمى سۇلتانىكە.شۈكرەن لەكە يا رەببى!!بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار الله قا خاستۇر، الله قا چەكسىز، سان ـ ساناقسىز شۈكرىلەر بولسۇن، الله تائالا بارلىق مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا مەغپىرەت قىلىپ رەھمەت قىلسۇن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ كەچۈرسۇن، توغرا يولغا ھىدايەت قىلسۇن، ساھابىلەر،تابىئىنلەر ئەقىدىسى ۋە چۈشەنچىسىنى ئاتا قىلسۇن، ئاخىرەتتە جەننەتنى ۋە جامالىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!!!ھەقىقەتچى مۆئمىنلەرگە غەلبە ئاتا قىسۇن، قۇرئان ـ سەھىھ ھەدىس بىلەن يول تۇتىدىغان قىلسۇن، بۇ ئۈممەتنىڭ خەلىپىلىكىنى مەڭگۈ ئۆز قولىدا قىلسۇن، ئامىن!!!! ئىنسان بالىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خاتالىقتىن خالى ئەمەسمەن، «ئادەم باللىرىنىڭ ھەممىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆۋبە قىلغۇچىلاردۇر»مەن، الله قا چىن قەلبىمدىن تۆۋبە قىلىمەن، گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشنى سورايمەن، ئى الله ! مىنى ئەپۇ قىلىپ،كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلسىلا، مەن سىلىدىن پەيغەمبەرلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورغاننى سورايمەن، پاناھ تىلىگەندىن پاناھ تىلەيمەن، يا ھەييۇن،ياقەييۇم! يازەلجەلالى ۋە لئىكرام. ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! سىلەرمۇ مىنى ئەيىبلەپ كەتكەي، مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، مەغپىرەت سوراپ قويۇڭلار! الله ھەممىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن ئامىن! الله قا ئامانەت، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇاللە ھى ۋە بەركاتۇھۇ.......**

## پايدلانغان ماتريياللار:

1. كۆمپيۇتېر ،
2. ئېنتېرنېت تور بەتلىرى
3. مۇھەددىس پىروگىراممىسى
4. توققۇز كىتاب پىروگىراممىسى
5. ھەدىس _تەفسىر پىروگىراممىسى
6. لوغەتلەر پىروگىراممىسى
7. تارىخ پىروگىراما پىلاستىنكىللىرى
8. فىقھى _ئەھكام پىروگىراممىسى
9. ئۇسۇل كىتابلىرى
10. ئەقىيدە كىتابلىرى
11. پەتىۋالار پىروگىراممىسى
12. يېزىقچىلىق ۋە تەرجىمە ئىلمى كىتابلىرى
13. يۇقىرقى پىروگىراما پىلاستىنكىللىرىدىكى بارلىق تەپسىر ،ھەدىس كىتابلىرى
14. بارلىق ھەدىس كىتابلىرىنىڭ شەرھى ئىزاھاتلىرى(مەسىلەن:پەتھۇلبارىيدەك.)

لىسانۇلئەرەب، قامۇس، ئىمام ئىبنى ئەسىرنىڭ «نەھايەت في غەرىيبۇلھەدىس»دېگەن كىتابلار.

www.alalbany.net – الإمام محمد ناصر الدين الألباني

مەسئۇل مۇھەررىرى : نەسرۇ الله رەھمەتۇالله
ئىسمائىل يەئقۇب
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىسھاق ھۆسەيىن

مۇقاۋىنى لاھىلىگۈچى: تېيەن ئاخۇن

**«مىشكاتۇل مەسابىھنىڭ تەرجىمىسى»**

**ئاپتور: مۇھەممەدئىبنى ئابدۇالله خەتىب تەبرىيزىي**
**تەھقىق: ئىمام مۇھەممەد ناسىرۇ ددىن ئەلبانىي**
**تەرجىمە قىلغۇچى: شەيىخ ئەبۇ مۇھەممەد زاھىدىي**

**************

**مىللەتلەر دىن مەدەنىيتى نەشرىياتى**
**جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى**
**ئۆلچىمى:1140 850x مىللىمېتىر 3/16**
**باسما تاۋقى: 44.1 ،قىسۇرما ۋارىقى: 3**
**2007ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى 1ـ نەشر**
**2007ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى 1ـ بېسىلىشى**
**ISBN_7_228_03228_4**
**تىراژى: 1_3000**
**باھاسى: 70.00 يۈەن**

**بېسىلىشتا ۋە تۈپلەشتە خاتالىق بولسا، نەشرىياتىمىزغا**

**ئەۋەتىپ بېرىڭ ، تېگىشىپ بېرىمىز.**